ئابدۇلقۇددۇس ھافىز

# ئۇيغۇر مەرىپەت مەشئەللىرى




تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل

ئۇيغۇر مەرىپەت مەشئەللىرى

## ئۇيغۇر ئالىملىرى

ئەكرەم ئابدۇمىجىت

ئىلمۇ ـ ئىرپان ئاسمىنىدىن پارلىغان ئالىملىرىم،
ئۇشبۇ ئىلىم سىرلىرىنى يايلىغان ئالىملىرىم،
پىكرى قانچە قەرنىلەردىن ھالقىغان ئالىملىرىم،
قانچە دەۋران دولقۇنىنى چايقىغان ئالىملىرىم،
ھەر تەرەپكە نام ـ نىشانى تارقىغان ئالىملىرىم.

بىزمۇ ئۈت زاتنى ئاۋۋال بىلگەن ئەقلىنىڭ شاھىدا،
سۇ، ھاۋا، ئوت، يەرنى جەم قىلغان تەپەككۇر جامىدا،
قانچە سىلك مۆجىزىلەر تۇرماقتا ئۇيغۇر نامىدا،
ئۇنى تەسۋىرلەش قىيىندۇر تومەن كىتاب بابىدا،
مەرىپەتنىڭ بوستانىدا ئۇرلۇق قەسەر ئالىملىرىم.

ئۇنىۋۇقۇق، يوللۇغ تېكىندەك ئەزىمەتلەر بىر زامان،
چىقتى بىزدىن تارىخنى تاشلارغا ئويغانلار ھامان،
بىزدىكى سىگنىتۇي بىلەن گارىزنى كۆرسە گەر جاھان،
«قانچە دانىش ئەجرى بۇ» دەپ داڭقىتىپ قالغاي شۇئان،
ۋە لېكىن ھەرگىز ئاتاق، نام ئالمىغان ئالىملىرىم.

ئەركە چىڭگىزخانغا ئۇستاز بولغىنى تاتاتۇڭا،
بەلكى باركى يەنە قانچە ئالەمشۇمۇل ئەۋلىيا،
كۆز ئەنە، ئۈنجى بولۇپ ئىدراكى ـ يەم بارىدا،
يەرنى يۆپيۇمىلاق قىلىپ يەرگەن سىزىپ مەھمۇد بوۋا،
شۇ ئۇزاق تارىخ بېشىدە چاقنىغان ئالىملىرىم.

شۆھرىتى قايسى ئەل بىلمەيدۇ خاس ھاجىپ دېسەك،
ئۇ يېزىپ چىققان «بىلىك» بەرگەچ جىسى پەندىن دېرەك،
قانچە سۇلتانلار ئۇنى بىلگەن ئۇلۇغ دەستۇرىدەك،
ئالىمغان كىملەر ئۇنىڭدىن مەنىۋى لەززەت دېمەك،
يازمىلاردا نامى كۆندەك پارلىغان ئالىملىرىم.

ئەل فارابى قانچە يىل پەشمەككە ئالەم سىرلىرىن،
ئۇنچە تەنھا ئۆتكۈزۈپ كەلگەن كېچە ـ كۈندۈزلىرىن،
بىر ئۇمۇر ھېكمەت بىلەن ئاپىرىپ ئىلمىنىڭ تۈرلىرىن،
ئۇشبۇ ئالەم لەززىتىگە سالمىغان كۆزنىڭ قىرىن،
رۇم، بەدەخشان، مەككە، شامدا قاترىغان ئالىملىرىم.

قانچە ئەل ـ يۇرتنى كېزىپ ئىرپان ئۈچۈن قىلغان سەپەر،
شۇ ئۇلۇغ زاتلار ئارا بار ھەم تەجەللى مۆتىۋەر،
ئەل ـ جامالەت ساقلىغچۈن ئەجىر قىپ شامۇ ـ سەھەر،
خېمىيە، مېدىتسىنانىڭ كانىدىن قازغان گۆھەر،
بولسىمۇ دىندار، ئىلمىدىن قايىمىغان ئالىملىرىم.

بىر زامان تەتۈر قويۇنلار توختىماي چىققاندىمۇ،
نەسلى ئالۋاستى خاقانلار ئەلنى چېلىك سىققاندىمۇ،
قانچە دەستۇر يازمىلارنى كۆيمۇ ـ ئۆي يىققاندىمۇ،
شۇ سىراسلارنى يۇتۇنلەي كۆيدۈرۈپ چاققاندىمۇ،
ئىلىم ـ ھېكمەت مەنزىلىدىن يانمىغان ئالىملىرىم.

قانچە تارىخ بەتلىرىنى ئەجرىدە كەلگەن يۇدۇپ،
ئا، مۇھەممەت ھەمدە ئۆتكۈر ئاكىلار كەتتى ئۇتۇپ،
بۇندا ھېكمەت ئىزلىرى قالغان ئەمەس ھەرگىز ئۆچۈپ،
دەۋرىمىزدە خالمۇرات ھەمدە زەپەركاملارمۇ كۆپ،
ئۇزۇلۇپ ھېچبىر زاماندا قالمىغان ئالىملىرىم.

زامان ئۆتتى، ئۇتۇپ يەتتىنىڭ كېتكەلتىنىڭ قىممىتى،
خوشلۇق ئايتىنىڭ يۈتمەس بەخت، ھىدايەتنىڭ نۇرىدىن،
نى ـ نى ئىزىم مانا شۇھال بەرىبات بولدى قەستىدىن،
بۇدۇر نىشان ئالالاھ سۇنغان ئىلمىنىۇ ـ ئىرپان ھىكمىتى،
پارلاق بولغا دادىل قەدەم تاشلىغان ئالىملىرىم. ①

ئىزاھ :

① بۇ كۇپلېت مېنىڭ قەلىمىمدىن.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇلقۇددۇس هافىز

# ئۇيغۇر مەرىپەت مەشئەللىرى

تۈركىيە ــ 2019

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇلقۇددۇس هافىز
ئېلخەت : ateskalp2 @gmail.com
تېلىفۇن نۇمرى : 05364417258

ئالاقىلاشقۇچى: ئابدۇخېلىل هاجىم
تېلىفۇن نۇمرى : 05343268456

سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى

2 . 2020

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلاتمۇ ـ ئەۋلات مىراس قالدۇرۇپ ئوقۇپ تۇرىشىغا ئەرزىيدىغان قامۇس خارەكتىرلىك كىتاۋى
## «ئۇيغۇر مەرىپەت مەشئەللىرى»
## توغرىسىدا


(كىرىش سۆز ئورنىدا)................................1

ئۇيغۇر مەرىپەت مەشئەللىرى........................................ .12
(ئىسىم ـ پامىلىلەر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلى ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ رەت تەرتىۋى بۇيىچە كۆرسىتىلدى)

ئا

ئابباس بورھان.................. 12
ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم............... 20
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر .................. 21
ئابدۇراخمان شائىر.................. 26
ئابدۇراخمان قاھار.................. 27
ئابدۇرەشىدخان.................. 27
ئابدۇرېشىت جەلىل قارلۇق............... 29
ئابدۇرېشىت ياقۇپ .................. 34
ئابدۇرېھىم ئەمىن .................. 35
ئابدۇرېھىم ئەيسا .................. 36
ئابدۇرېھىم مەۋلىۋى.................. 39
ئابدۇرېھىم نىزارى.................. 40
ئابدۇرېھىم ئوسمان ھاجىم............... 52
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر.................. 54
ئابدۇسالام توختى. .................. 87
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن............... 88
ئابدۇقادىر تاش.................. 104
ئابدۇقادىر جالالىدىن.................. 107
ئابدۇقادىر داموللام.................. 108
ئابدۇقەييۇم خوجا.................. 135
ئابدۇگولى ئاخۇن .................. 138
ئابدۇل ئەزىز رەھمەتۇللا ئەلى.......... 141
ئابدۇلئەزىز مەخسۇم .................. .145
ئابدۇللا تالىپ.................. 148
ئابدۇللاخان مەخسۇم .................. 151
ئابدۇللا داموللا.................. 152
ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئوغلى.......... 153
ئابدۇل ھەكىم مەخسۇم ھاجى.......... 156
ئابلىز ھوشۇر.................. 159
ئابلىمىت يۇسۇف داموللاجىم .......... 160
ئابدۇۋاست غۇلام.................. 162
ئابلەت ئابدۇرېھىم.................. 162
ئابلەت مەجۇن.................. 163
ئاتايى.................. 163
ئاخۇن ئاغىچا.................. 167
ئادىل ھوشۇر.................. 167
ئادىلجان ياسىن.................. 172
ئارسلان.................. 173
ئاشۇر ئاخۇن غەرىبى.................. 174
ئالىپ ئەرتۇڭا(ئاپراسىيا).......... 174
ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان.......... 180
ئالىم ئەھەت .................. 182
ئالىم پۇلات.................. 185

ئالىمجان ئىنايەت ........ 187
ئامانىنساخان (نەفسى) ........ 189
ئايازبېك قۇشچى ........ 193
ئايخان ئانا ........ 195
ئايۇپ مەنسۇرى ........ 195


## ئە


ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ........ 196
ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ........ 196
ئەبۇلغازى باھادىرخان ........ 204
ئەخەت تۇردى ........ 205
ئەختەم ئۆمەر ........ 205
ئەخمەتجان قاسىمى ........ 206
ئەخمەتشاھ قاراقاشى ........ 207
ئەخمەت غۇجامنىياز قىسسۇرى ........ 209
ئەخمەد ۋاھىدى ........ 210
ئەرشى ........ 211
ئەرشىدىن رېشىت راشىد ........ 211
ئەركىن ئەمەت ........ 212
ئەركىن سىدىق ........ 213
ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن ........ 230
ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ........ 238
ئەزىزوف قاسىم ........ 250
ئەسقەر ھىمىت ........ 250
ئەكبەر ئېلاخۇن ........ 251
ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى ........ 252
ئەل فارابى ........ 254
ئەلقەم تۇرسۇن ........ 258
ئەلىشىر نەۋائىي ........ 264
ئەنجانباي ........ 266
ئەنۋەر ناسىرى ........ 267
ئەنۋەر ھامۇت ........ 269
ئەھمەت زىيائى ........ 270
ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى ........ 274
ئەھمەد ۋاھىدى ........ 283
ئەھمەد يەسەۋى ........ 283


## ب


بابا رەھىم مەشرەپ ........ 289
بابۇر شاھ ........ 312
باتۇر تەگرىقۇت ........ 313
باتۇر رۇزى ........ 318
باۋۇدۇن مۇساباي ........ 319
بايانچۇر قاغان ........ 319
برۇنى ........ 325
بۇغدا ئابدۇللا ........ 325
بۈبى زەينەپ ........ 326
بىلال ئەزىزى ........ 327
بىلال نازىمي ........ 327
بىلال ئىلياس ........ 327


## پ ،ت


پەرھاد جىلان ........ 328
تاتاتۇڭا ........ 329
تاشپولات تېيىپ ........ 330
تاھىر تالىپ بەكتۇر ........ 331
تەجەللى ........ 332
توختى باقى بوۋاي ........ 340
تۇرداخۇن ئاكا ........ 340
تۇردى سامساق ........ 342
تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى ........ 343
تۇردى ھاجى ........ 344
تۇرسۇنئاي ساقىم ........ 345
تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ........ 345
تۇرسۇنئاي يۇنۇس ........ 346
تۇرسۇن ئايۇپ ........ 347
تۇرسۇن قۇربان ........ 350
تۇرغۇن ئالماس ........ 352
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم ........ 353
تۇمارىس ........ 358
تۇنيۇقۇق ........ 363
تۆمۈر خەلىپە ........ 369


## ج ،چ ،خ


جالالىدىن بەھرام ........ 372
جامالىدىن ئاقسارايى ........ 373
جامالىدىن قەشقەرى ........ 374
جان باشلاق(شىراخان) ........ 375

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جانبەك ئۆگدۈلمىش ........ 376
جىيەن بوزەن ........ 377
چىڭگىزخان داموللام ........ 378
چىن مودەن ........ 378
خاراباتى ........ 378
خالمۇرات غوپۇر ........ 399
خالمۇرات نەسىردىن ........ 399
خەمىت تۆمۈر ........ 400
خوجا جاھان ئەرشى ........ 401
خېۋىر تۆمۈر ........ 402

## د، ر، ز

دىلبەر دورغا ........ 402
دىلشات ئابلا ........ 402
دىلشات ھېۋىزۇللا ........ 410
رابىغۇزى ........ 415
رائىلە خانىم ........ 415
رەيھانگۈل بەكتۇر ........ 415
رۇزى توختى غوجا دەۋرانى ........ 417
رۇزى سايىت ........ 418
رۇزى ھاجىم ........ 425
رىشات ئابباس ........ 425
رىشات ئابدۇرۇسۇل ........ 443

زەلىلى ........ 444
زوردۇن سابىر ........ 444
زۇلپىقار بارات ئۆز باش ........ 446
زۇلپىقار مۇھەممەت ئېلى ........ 448
زۇنۇن قادىر ........ 449
زىيا سەمەدى ........ 451

## س، ش

سابىت داموللام ........ 453
سابىر ئاخۇن بىن ئابدۇقادىر
ناقىس ........ 456
سادىر پالۋان ........ 456
سادىقى ........ 462
سالىھ داموللا ھاجىم ........ 462
ساڭگى ........ 464
ساھىپ جامال دۆلەت ........ 464
سەككاكى ........ 465
سەئىد جېلىل شەمسىددىن ئۆمەر ........ 468
سەئىددىن كاشغەرى ........ 469
سوپاخۇن سوۋۇرۇپ ........ 472
سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ........ 482
سۇلتان سەئىدخان ........ 485
سۇلتان مەھمۇتخان ........ 487
سىنقۇسلى تۇتۇڭ ........ 488
شاھ غېرىپ مىرزا ........ 488
شاھ قۇلى ئۇيغۇر ........ 489
شەمسىددىن تۇردى داموللام ........ 489

## غ، ف، ق

غازىباي ........ 489
غەرىب خەستە ........ 491
غەيرەتجان ئوسمان ........ 491
غەيرەت غېنى ........ 494
غوجا باۋۇدۇن جامالىددىن ھاجى ........ 495
غېنى باتۇر ........ 495
فارابى ........ 497
فۇرقەت ........ 497
قايىنام جاپپار ........ 498
قەلەمدار بەگ، ئىبراھىم بەگ ........ 500
قەلەندەر ........ 500
قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ........ 501
قۇربانجان رۇزى شەيدائى ........ 514

## ك، گ، ل، م

كېرىم خوجا ........ 515
گۇمنام (خىرقىتى) ........ 518
لۇتپۇللا مۇتەللىپ ........ 520
لۇتفى ........ 535
مارىيە ئابلىز خانىم ........ 535
مەخسۇت مۇھىتى ........ 536
مەدىنە ئابلىكىم ........ 536
مەشرەپ، بابارەھىم ........ 539
مەمتىلى ئەپەندى(توختاجى) ........ 539

مەتىمىن هوشۇر .................. 541
مەھمۇت قەشقەرى .................. 580
مەھمۇد كاشغەرى .................. 647
مەۋلانا لۇتفى .................. 647
مەۋلىۋى ئابدۇرېھىم .................. 647
موللا ئابدۇل ئەلەم شائىر ئاخۇن .................. 647
موللا ئارىپ خوتەنى .................. 647
موللا ئالاۋىدىن غەربى .................. 648
موللا ئەيىت ئىبنى موللا غەرىپ .................. 648
موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ نازىمى .................. 648
موللا توختى غەربى .................. 650
موللا زەيدىن .................. 650
موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى .................. 652
موللا سوپۇرگى سەنجارى (غەربى) .................. 654
موللا مۇسا سايرامى .................. 654
موللا مۇھەممەد بىننى
ئابدۇللاخاراباتى .................. 661
موللا مۇھەممەد تۆمۈر .................. 662
موللا مۇھەممەد سىيىتنىياز .................. 662
موللا مۇھەممەد نىياز .................. 662
موللا مۇھەممەد نىياز ياركەندى .................. 662
موللا مىرسالىھ .................. 662
موللا نىياز .................. 662
موللا هاجى .................. 662
موللا هالاۋۋدۇن غەربى .................. 662
موللا هەيدەر .................. 662
موللا ئىسلام ( شاگزۇك ) .................. 663
موللا ئىسمەتۇللا بىن موللانىمەتۇللا
مۆجىزى .................. 663
موللا يۇنۇس ياركەندى .................. 663
مۇسابايېفلار .................. 663
مۇسا جارۇللاھ .................. 669
مۇسا سايرامى .................. 677
مۇھەممەت بىن ئابدۇللاخان مەخدۇم .................. 677
مۇھەممەت تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر .................. 678
مۇھەممەت تومۇر قاراقاشى .................. 683
مۇھەممەت تومۇر كاشغەرى .................. 683
مۇھەممەتجان راشدىن .................. 683
مۇھەممەت ئېلى هاجىم ۋە ئەبراباي .................. 686
مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى .................. 687
مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف .................. 687
مۇھەممەد ئەۋەز .................. 688
مۇھەممەد بىن ئەلى جاففار .................. 688
مۇھەممەد دۆلەت خوجايار ئوغلى
غەرىب ـ شەھيارى .................. 688
مۇھەممەد خوجا نىزامىدىن .................. 688
مۇھەممەد رەھىم .................. 688
مۇھەممەد رۇسۇل شەۋقى .................. 690
مۇھەممەت سالىھ داموللام .................. 691
مۇھەممەد سىدىق بەرشدى .................. 695
مۇھەممەد سىدىق رەشدى .................. 696
مۇھەممەد سىدىق زەلىلى .................. 696
مۇھەممەد غەرىپ شەھيارى .................. 697
مۇھەممەد قاسىم هاجىم .................. 697
مۇھەممەد مەسۇم .................. 698
مۇھەممەد مۇسا خارەزمى .................. 698
مۇھەممەد مىرزاھەيدەر كورەگانى .................. 699
مۇھەممەد ۋەلەد مىر ئەھمەد شەيخ
غەربى .................. 699
مۇھەممەد ئىبنى مۇسا خارەزمى .................. 700
مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى خىرقىتى
(گومنام) .................. 700
مۇھەممەد يۇسۇپ .................. 700
مۆجىزى .................. 702
مىرزا زىبرەك چالىش .................. 702
مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى .................. 702
مىرزا ھەيدەر .................. 704
مىرزاھىد كەرىمى .................. 704
مىسكىن موللا ھەيدەر .................. 704

## ن ، ھ

نادىرە .................. 704
نازۇگۇم .................. 705
ناسىر بەگ .................. 706
نەزەر خوجا .................. 706
نورۇزاخۇن زىيائى .................. 707
نۆبىتى .................. 707
نىزامۇلمۇلۇك .................. 708
نىزامى .................. 708
نىمشېھىت .................. 708
نىياز كېرىم شەرقى .................. 717

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىيازى ........ 730
ھاجى قۇتلۇق قادىرى ........ 730
ھاجى مىرزاھىد كېرىمى ........ 732
ھافىز خارەزمى ........ 735
ھاپىز نىياز قۇمۇلى ........ 735
ھافىز نىياز قۇمۇلى ........ 737
ھەبىبۇللا ئابلىمىت ........ 737
ھەمدەمبەگ ھاجى ........ 744
ھۇسەينى ........ 745
ھۇسەيىن ئىبن خەلەف كاشغەرى ........ 745
ھۇۋەيدا ........ 745
ھېكىم ھەسەن ........ 745

**ئو، ئۇ، ئې، ئى، ي**

ئوبۇل ھەسەن مۇسابايوف ........ 746
ئۆمەرباي ھاجىم ........ 749
ئۆمەر ھەييام ........ 750
ئېلجان رۇسۇل ........ 752
ئېلخان ھەزرىتىم ........ 753
ئېپارخان ........ 754
ئىسمائىل داموللام ........ 763
ئىسمايىل نۇرۇللا ........ 765
ئىلھامجان قادىر ........ 766
ئىمادۇدىن قەشقەرى ........ 768
ياسىن كەرىم ئۇيغۇرى ........ 768
ياسىنجان سادىق چوغلان ........ 769
يەتتە قىزلىرىم ........ 769
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ........ 776
يۈسۈپ سەككاكى ........ 794
يۈسۈپجان ياسىن ........ 794
يۈسۈپ غەرىبى، ئىبنى يۈسۈپ جۇبەيرى
ئىبن پەتەنۇش ........ 804

**2 . مۇھىم قوشۇمچىلار ........ 805**

1) ئۇيغۇرلاردىكى ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى ........ 805
2) ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇغ ـ تۇققان ناملىرى ........ 808
3) قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئىسىملار ........ 813
4) قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان دەرىجە ـ ئەمەل ناملىرى ........ 823
5) قۇرىقار (غەربى دىيار) دىكى قەدىمكى بەگلىكلەر ........ 825
6) ئۇيغۇر تارىخىدىكى كەشپىياتلار ........ 826
7) ئۇيغۇرلارنىڭ ئوزۇقلۇنۇش ئادەتلىرى ۋە تائاملىرى ........ 829
8) ئۇيغۇر مىللى ئارمىيە تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر ........ 833
9) ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىختىكى رولى توغرىسىدا ........ 838
10) ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئۇيغۇر ساتقىنلار ........ 853

**3 . ئاخىرقى سۆز ........ 858**

**4 . مەنبەلەر ........ 860**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر مەرىپەت مەشئەللىرى




ئاببىاس بۇرھان


ئابدۇخالىق ئۇيغۇر


ئابدۇراخمان قاھار


ئابدۇرېشىتخان


ئابدۇرېشىت جەلىل قارلۇق


ئابدۇرېشىت ياقۇپ


ئابدۇرېھىم ئوسمان


ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر


ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت


ئابدۇقادىر تاش


ئابدۇقادىر جالالىدىن


ئابدۇقادىر داموللا


ئابدۇقەييۇم خوجا


ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ


ئابدۇلئەزىز مەخسۇم


ئابدۇللا تالىپ


ئابدۇللا داموللام


ئابدۇللا يۈسۈپ
داموللا ھاجىم


ئابلەت ئابدۇرېھىم


ئابلەت مەجۇن


ئادىل ھوشۇر


ئادىلجان ياسىن


ئارسلان

www.uyghurkitap.com



ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان




ئالىم ئەھەت



ئالىمجان ئىنايەت



ئامانىنساخان



ئايخان ئانا



ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا




ئەختەم ئۆمەر




ئەھمەتجان قاسىم



ئەخمەتشاھ قاراقاشى



ئەخمەد ۋاھىدى



ئەرشىدىن رېشىت راشىد



ئەركىن ئەمەت



ئەركىن سىدىق



دوكتۇر ئەركىن سىدىق ئەپەندىم ئامېرىكا 1 ـ قېتىم ئايغا ئادەم چىقارغاندا ئىشلەتكەن ئايغا قونغۇچى ("Moon Lander") مودېلىنىڭ يېنىدا.



ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن



ئەسقەر ھىمت




ئەكبەر ئىبلاخۇن



ئەلائىددىن مۇھەم-
-مەد خوتەنى



ئەل فارابى




ئەلىشىر ناۋائى



ئەنۋەر ناسرى



ئەھمەت زىيائى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


بابۇر شاھ


باتۇر تەگرىقۇت


باتۇر روزى



برۇنى


بۇغدا ئابدۇللا


پەرھات جىلان


تاھىر تالىپ



تەجەللى


توختى باقى


تۇردى سامساق


تۇردى ھاجى


تۇرغۇن ئالماس



تۇمارىس



تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم


تۆمۈر خەلپە


جامالىدىن ئاقسارايى


جەمەن بوزەن


خاراباتى


خالمۇرات غوپۇر


خەمىت تۆمۈر


خېۋىر تۆمۈر



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبىرى
دولقۇن ئەيسا


دىلشات ئابلا


دىلشات ھ


راىلە خانىم


رۆزى توختى غوجا دەۋرانى


رۆزى سايىت


رىشات ئابباس


زوردۇن سابىر


زۇلپىقار بارات ئۆز باش


زۇنۇن قادىر


زىيا سەمەدى


سابىت داموللام


سادىر پەلۋان


سۇپاخۇن سۇۋۇروپ


سۇلتان ساتۇق بۇغراخان


سۇلتان سەئىدخان


غازبىاي


غەيرەتجان ئوسمان


غەيرەت غېنى


غېنى باتۇر


قايىنام جاپپار


قۇتلۇق ھاجى شەۋقى


قۇربانجان رۆزى شەيدائى


كېرىم خوجا

www.uyghurkitap.com


لۇتپۇللا مۇتەللىپ


لۇتفى


مەخسۇت مۇھىتى


مەمتىلى ئەپەندىم (توختاجى)


مەمتىمىن ھوشۇر


مەھمۇت قەشقەرى


موللا ئارىپ خوتەنى


موللا بىلال نازىمى


موللا زەيدىن


موللا مۇسا سايرامى


مۇسابايوپلار


مۇھەممەت تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر ھاجىم


مۇھەممەتجان راشىدىن


مۇھەممەت ئىبلى


مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوپ


مۇھەممەد رەھىم


مۇھەممەد سالىھ داموللام


مۇھەممەد مۇسا خارزەمى


مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى


مۇھەممەت يۈسۈپ


نازۇگۇم


نىمشېھىت


نىياز كېرىم شەرقى



ھاجى قۇتلۇق قادىرى



ھاجى مىرزاھىد كېرىمى



ھاپىز نىياز قۇمۇلى



ھەبىبۇللا ئابلىمىت



ھۈسەينى



ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف



ئۆمەر ھەييام



ئېلخان ھەزرىتىم



ئىپارخان



ئىسمائىل داموللام



ئىلھامجان قادىر



ياسىن كەرىم ئۇيغۇرى




ياسىنجان سادىق چوغلان



يەتتە قىزلىرىم

www.uyghurkitap.com



## ئۇيغۇرلارنىڭ
## ئەۋلاتمۇ ـ ئەۋلات مىراس قالدۇرۇپ ئوقۇپ
## تۇرىشىغا ئەرزىيدىغان قامۇس خارەكتىرلىك كىتاۋى
# «ئۇيغۇر مەرپەت مەشئەللىرى»
## توغرىسىدا

**(كىرىش سۆز ئورنىدا)**

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

ئايانكى، جەنابىي ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ توغرا يولدا يېتەكلىنىشى ئۈچۈن ھىكمەت ۋە ئىلاھىي قۇدرىتى بىلەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئىبەرتتى ۋە بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇناسىپ دەستۇرى سۈپىتىدە سەماۋىي كىتاپلارنى چۈشۈرۈپ بەردى.

بۇلاردىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇنياۋىي پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئىبەرتىلدى ۋە ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق قۇرئانى كەرىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاستىسى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ دەستۇر سۈپىتىدە ئەبەدىي قوللىنىلىشىغا چۈشۈرۈلۈپ، ئىسلام دىنى دۇنياۋىي دىن سۈپىتىدە ئەمىر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت دەۋرىنىڭ يېپ ـ يېڭى باسقۇچى باشلاندى. كىشىلىك ھاياتىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى نىمە بىلەن بولىدىغانلىغى ۋە قانداق يۈكسىلىدىغانلىغى، نىمە بىلەن دەپسەندە بولىدىغانلىغى ۋە قانداق خاراپ بولىدىغانلىغى مانا شۇ ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق قۇرئانى كەرىمدە ناھايىتى تولۇق ۋە مۇكەممەل شەرھىلەندىكى، ئىنساننى ياراتقۇچى ۋە مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتكۈچى پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھۇ تەئالادۇر! ھەر قانداق غەيرىچە ئوي ـ پىكىرلەر خۇددىي قۇرئانى كەرىمدە بايان قىلىنـ

ـغىنىدەك، بۇ دۇنيادىن پاجىئەلىك هالدا ئىز ـ دېرەكسىز يوقۇلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ!

بۇ جەهەتتە ئاللاھۇ تەئالا قۇرئانى كەرىمدە نۇرغۇنلىغان پەندى ـ نەسىھەتلىك سۆزلەرنى قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ بىر قىسمى تارىخىي مەلۇماتلارنى تەكرار ۋە كەڭ دائىرىدە ئېيتقانلىغىدا كۆرىلىدۇ. مەسىلەن، «ئەئراف» سۈرىسىدە ، نوھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى بۇتپەرەسلىكتىن توسۇپ، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغاندا، قەۋمىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىمان ئېيتمىغانىنىڭ ئۈستىگە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق زۇلۇم قىلغانلىغى ئۈچۈن ئاللاھۇ تەئالا نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەردىن باشقىلارنى «تۇفان بەلاسى» بىلەن هالاك قىلغانلىغى، هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ بۇتپەرەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ رەھمىتى ۋە شەپقىتىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىغى ھەتتا هۇد ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق زۇلۇم قىلغانلىغى ئۈچۈن ئۈچ يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچار قىلىپ، ئاخىرىدا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز شىددەتلىك بۇران ـ چاپقۇن بىلەن هالاك قىلغانلىغى، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ بۇتپەرەستلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئاللاھ هىكمەت بىلەن ياراتقان تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىغى، ھەتتا سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇن ـ باللىرىنىمۇ ئۆلتۈرىۋېتىش سۈيىقەستىنى پىلانلىغانلىغى ئۈچۈن ئاللاھۇ تەئالا ئۇلارنى قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى بىلەن هالاك قىلغانلىغى، بابىللىقلار يۇلتۇز ۋە بۇتلارغا چوقۇنغانلىغى، ھەتتا پادىشا نەمرۇتنى ئىلاھ دەپ ئېتىقات قىلغانلىغىغا قارشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەكرار ـ تەكرار نەسىھەت قىلغاندا ، نەمرۇت ئىبراھىم ئەلەھىسسالامنى كۆيدۈرۈپ يوق قىلماقچى بولغاندا ئاللاھۇ تەئالا هىكمەت كۈچى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوتنىڭ ئىچىدە ئامان ـ ئىسەن ساقلاپ قالغانلىغى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت قەبىھ ئىشلارنى قىلغانلىغى، ھەتتا لۇت ئەلەيھىسسالامنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بولغانلىغى ئۈچۈن ئاللاھۇ تەئالا بۇ قەۋمنى ئوت يالقۇنلۇق تاش ياغدۇرۇپ هالاك قىلغانلىغى، ئاللاھۇ تەئالا فىرئەۋنگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن نەسىھەت قىلسىمۇ فىرئەۋن يانىلا ئاللاھقا ئىشەنمەسلىكتە چىڭ تۇرغانلىغى ۋە ئىسرائىل ئەۋلاتلىرىغا چېكىدىن ئاشقان زۇلۇملارنى سالغانلىغى ئۈچۈن ئاللاھۇ تەئالا ئاخىرى فىرئەۋننى دېڭىزدا سۇغا غەرق قىلىپ ئۆلتۈرۈشتەك ئۇسۇل بىلەن هالاك قىلغانلىغى . . . قاتارلىقلار تەپسىلى سۆزلىنىدۇ.

جەنابىي ئاللاھ مانا شۇ هالدا بىزگە تارىخىي ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىش ئاساسىدا تەڭداشسىز بۈيۈك قۇدرەت كەمالىنى ناھايىتى رۇشەن تونۇتۇپ ، ئۇلۇق قۇرئانى كەرىم يادرولىغىدىكى ئىسلامىي يولدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش ــ ئىلگىرلەشنىڭ ناھايىتىمۇ زۆرۈرلىگىنى تەشەببۇس قىلىدۇ .

ناھايىتى رۇشەنكى، نۇرغۇنلىغان ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلىرى ئاللاھۇ تەلانىڭ ئەمىر ـ مەرۇپلىرىنى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاچچىق ساۋاقلىق تارىخىي مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىگىنى ھەمدە تەڭداشسىز قۇدرىتىنى تونۇتۇش ئاساسىدا ئىنسانلارغا توغرا يول كۆرسىتىۋاتقانلىق ۋە شۇ توغرا يولدا مېڭىپ تۇرۇپ ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ تەشۋىقات ـ تەرغىباتچىلىرى بولۇپ ئۆز مىللىتى، ئۆز قەۋمىنىڭ ئاقىلانە يېتەكچىلىرىدىن بولۇپ كەلدى.

بۇ جەهەتتە ئۇيغۇر مەرىپەتپەرۋەرلىرىنىڭ خىزمەتلىرىمۇ شۇ قەدەر كاتتا بولۇپ كەلدىكى، بۇ ھەقتىكى تارىخنى يېزىپ بايان قىلىپ بولۇش ھەرگىزمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ھەرقانداق ئىمانى كامىل ۋىجدانى ئويغاق ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلى بۇ ھەقىقەتنى ئىنشا ئاللاھ شەكسىز قوبۇل قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تارىخى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە قارايدىغان ئەرزىمەس تارىخ ئەمەس، بەلكى، ئىنسانىيەتكە بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە ئۇستاز بولغان، ئىنسانغا ئىنسانلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىغىنى تونۇتقان جەڭگىۋار، ئادالەت ـ ھەقىقەتپەۋەر ئۇلۇغۋار بىر مىللەتنىڭ تارىخى، تىللاردا داستان بولغان سانسىزلىغان مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەرلەر يېتىشىپ چىققان ۋە ئالەمشۇمۇل شان ـ شۆھرەتلەرنى قازانغان بىلىمخۇمار مىللەتنىڭ تارىخى!

مانا شۇنداق تارىخىمىزنى، مانا شۇنداق مەرىپەتپەرۋەرلىرىمىزنى زاماندىشلىرىمىز ۋە كەلگۈسى

ئەۋلاتلىرىمىزغا تونۇشتۇرۇشنىڭ ئىنشا ئاللاھ كاتتا ئەهمىيىتى بار، ئەلبەتتە. چۈنكى، «ئەۋلادلار ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق تارىخى ئارقىلىق غورۇرلىنىدۇ ھەم ئۇلاردىن كەلگەن روھىي ئىنرگىيەنى بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ئۆتمۈشتە ئىز قالدۇرغان ساناقلىق مەشھۇرلارغا ئىگە ئەۋلادلار ئۈمىد مەشئىلىنى ھامان يۇرىتىدۇ. بەلكىم شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئۆز مەشھۇرلىرىنى ئەزەلدىن خاتىرلىرىدىن چۈشۈرۈپ قويمىغان، ھۆرمەت ھەققىنى بىرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلۇغلىرىنى ئۇلۇغلايدىغان ئەنئەنگە ئىگە بىر مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزمۇ تارىختىكى نۇرغۇن مەشھۇر زاتلىرىمىزنىڭ ھەققىنى بەردۇق. ۋەلىكىن ھەرتۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلى بۇ جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىمىز يېتەرلىك بولالمىدى. تارىختا ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ئىزلار قالدۇرغان، ئەمما ئۇنتۇلۇۋاتقان يەنە نۇرغۇن تۆھپىكارلىرىمىز بار. بىزدىنمۇ ئۇ زاتلارنى ئىزدىنىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان، ھەتتا ئۇلار ھەققىدە ماقالە،كىتاپ يازىدىغان كىشىلىرىمىز كۆپلەپ چىقىشى كېرەك...».

بۇ، ئەلبەتتەكى قاتتىق ئويلىنىش ۋە جىددىي ئويغىنىشنى تەقەززا قىلىۋاتقان ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە.

مىڭ ئەپسۇس ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە يوقۇتىشتىن ئىبارەت قارا نىيىتى بىلەن يۈرگۈزىۋاتقان لەنەت تەككۈر ئاسمىلاتسىيە سىياسەتلىرى سەۋەپلىك ، خەلقىمىزگە ، جۈملىدىن ياش ئەۋلاتلىرىمىزغا مۇنداق قىممەتلىك تارىخىي كىتاپلارنى يېزىپ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىمكانىيەتلەر ئانا ۋەتىنىمىزدە مۇمكىن بولمىغانلىغى ئۈچۈن ، خەلقىمىز ، جۈملىدىن ياش ئەۋلاتلىرىمىز شەرەپلىك كىملىكلىرىنى بىلىشتىن مەھرۇم بولۇشقا باشلىدى .

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن نۆۋەتتە «يا رەببىم!» دەپ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىس ـ شەرىپلەرنى ئىمانىي ئىلمىي يېتەكچى، تۈرلۈك كىتاپ ـ ماتېرىيال ۋە تور بەتلەردە ئېلان قىلىنغان ئەسلىمە ۋە خاتىرىلەرنى ئىلمىي ئۈزۈۋق قىلىپ، «گۈل چاڭدانلىرىدىن شىرنە يىغىش» ئاساسىدا خەلقىمىزگە ، جۈملىدىن ياش ئەۋلاتلىرىمىزغا ئاشۇ «شىرنىلەر»نى تەقدىم قىلىش، روھى ئىلھامچى بولۇش ئۈچۈن بۇ «ئۇيغۇر مەرىپەت مەشئەللىرى» ناملىق كىتاپنى زوق ـ ئىشتىياق بىلەن تەييارلىدىم. بۇ يەردە مەن «گۈل چاڭدانلىرى»نى تونۇشتۇرغان ۋە بۇ كىتاپتا ئەمگىگى تىلغا ئېلىنغان ئەزىزلىرىمگە ئالەمچە رەھمەت ئېيتىمەن.

شۇ ھالدا كۆرىسىلەركى ، بۇ كىتاپتا تونۇشتۇرۇلغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېلوگىيە بۇيىچە تەربىيىلەنگەن ۋە ئەسەرلىرىدە بۇ خىل روھىي پەزىلەتنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن كىشىلەر بولسا، بەزىلىرى نوقۇل پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەنلا شوغۇللانغان كىشىلەردۇر . ئەمما مەن بۇددىستلىقتا داڭ چىقارغان ئاتالمىش مەشھۇر كىشىلەرنى ، شۇنداقلا ئۇلۇق ئىشلارنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئېزىز جېنىدىن ۋاز كېچىپ قانلىق كۆرەشلەرنى قىلغان بولسىمۇ ، بىلىمسىزلىك، بىخوتلۇق ، نام ـ مەنپەئەتپەرەستلىگى ۋە شەخسىيەتچىلىك ، ئۆز بېشىمچىلىغى تۈپەيلى سانسىزلىغان بىگۇنا كىشىلەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ ناھەق ئۆلۈپ كىتىشىگىمۇ سەۋەپچى بولۇپ قالغان ھەتتا رەقىپلىرىنىڭ قانلىق سۇئىقەستلىرىگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم ، چۈنكى بۇخىل كىشىلەرنىڭ تارىخى تۈپەيلى ياش ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ قەلبىنى ئازارلاشنى خالىمىدىم .

مېنىڭ ئاتالمىش «بۇددىست داڭدارلار»نى كىرگۈزمەسلىگىمدە ، جەنابىي ئاللاھنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتىمىزنىڭ ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق دەستۇرى قۇرئانى كەرىمدە ئېيتىپ ئۆتكەن مۇنۇ تەلىمى يېتەكچى بولدى : «يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ» ( ئى مۇئمىنلەر! ھاراق

**ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار** ) ( سۈرە «مائىدە»، 91 ـ 92 ـ ئايەتلەر)

شۈڭلاشقىمۇ ئاللاھۇ تەئالا ھەتتا «بۇددىزم تەلىماتى» نامىدا «كىتاب»مۇ چۈشۈرمىگەن. بەلكى ئۇلارنى شىرىك ئەقىدە مۇخلىسلىرى قاتارىدا قاتتىق لەنەتلەپ، پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ ۋاستىسى بىلەن شىددەتلىك ئوت ئاچقان ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك قاتتىق جازالىغان.

مۇشۇنداق بولغان ئىكەن، بىزنىڭ بۇددىزىمنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى «داڭلىق» كىشىلەرنى مەسئەل قاتارىدا ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ ئۇچۇرۇشقا ئەسلا ھەققىمىز يوق. بەلكى بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىقات چۈشەنچىسىگە تەنقىدىي، نەپرەتلىك كۆز قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئاڭ ـ ئېتىقادىمىزنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىش تەۋسىيە ۋە تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەلبەتتە.

ئەمدى، ئۇلۇق ئىشلارنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئېزىز جېنىدىن ۋاز كېچىپ قانلىق كۆرەشلەرنى قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما بىلىمسىزلىك، بىخوتلۇق ۋە نام ـ مەنپەئەتپەرەسلىكى ، شۇنداقلا شەخسىيەت ـ ـچىلىك ، ئۆز بېشىمچىلىق تۈپەيلى سانسىزلىغان بىگۇنا كىشىلەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ ناھەق ئۆلۈپ كېتىشىگىمۇ سەۋەپچى بولۇپ قالغان ھەتتا رەقىپلىرىنىڭ قانلىق سۇئىقەستلىرىگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرگە كەلسەم، بۇلارمۇ قاتتىق ئاچچىق ساۋاق ئېلىشىمىزنىڭ دەرسلىكىكى، ئۇلارنى مۇتلەق ئەجابىي قەھرىمانلىرىمىز دەپ قاراشقا ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. چۈنكى مۇشۇ خىل كىشىلەر تۈپەيلى بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىز ئېغىر زىيانلارغا ئۇچراپ ، پارلاق غايىۋىي ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزغا يېتەلمىدۇق ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ يەردە قاتتىق ئاگرىتىپ ئېيتىمەنكى ، قىلغان ئىشىمىز، قەھرىمانلىقلىرىمىز قەتئىي ۋە قەتئىي شەخسى شان ـ شۆھرەت قازىنىش ۋە نام ـ مەنپەئەتكە ئېرىششنىڭ دەسمايىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك!

ئەمدى ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن يېتىلمىگەن، يېتىلىشكە سەل قارىغان، كىشىلەرگە كەلسەم ، بۇلاردىن ئۈمىت بار . ئۇلارغا ئىلىم ھەقىقىتىنىڭ ماھىيىتى نىمە ئىكەنلىكىنى بىر قەدەم ئىلگىرلىگەن ھالدا تونۇتساق ، ئۇلار ئىنشا ئاللاھ توغرا يولدا ئىلگىرلەشكە قەدەم تاشلىيالايدۇ ، دەپ قارايمەن . دېمەك، ئۇلار بىلىشى كېرەككى، ئاللاھۇ تەئالا بىزنى ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتىمىزنىڭ ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق دەستۇرى بولغان قۇرئانى كەرىم يادرولىغىدىكى ئىسلامىي ئاڭ ئىدېئولوگىيىنى يېتەكچى قىلىپ، تەڭداشسىز ئۇلۇق ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھۇ تەئالاغا تەسبىھ، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللۇنۇش ئاساسىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللۇنۇشقا، پەقەت ۋە پەقەت ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق قۇرئانى كەرىم يادرولىغىدىكى ئىسلامى ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيىنى يىتەكچى قىلغاندىلا ئاندىن دۇنيانى گۈللەندۈرۈشكە، ئىنسانىيەتنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىدەك توغرا يولدا مېڭىشقا ياراتقان. ئۇنۇتمايلىكى، بۇ جان ئاللاھنىڭ ئامانىتى. ھېچ كۈتۈلمىگەن بىر چاغدا قەبرى روھ بولۇپ 1 ـ 2 مىترلىق كېپەنگە ئورۇلۇپ كۆمۈلگەن چاغدا بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى نەتىجىلىرىمىز ئۇ دۇنيالىق بەخت ـ پاراغەتلىك ھاياتىمىزنىڭ كاپالەتچىسى بولالمايدۇ!!! بىز ئۆزىمىزنى ھەر قانچە ئەقىللىق، بىلىملىك دېگىنىمىز بىلەن، ئاللاھۇ تەئالا : «.... **ھەر ـ بىر بىلىملىك كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىملىك زات بار...**» (سۈرە «يۇسۇف»، 76 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ ئاگاھلاندۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ، «**پەرۋەردىگارىم ! ماڭا ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلغايسەن، مېنى ياخشىلارغا قوشقايسەن. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغايسەن. مېنى نازۇ ـ نىمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغايسەن**»(26 ـ سۈرە «شۇئەرا »، 83 ـ 84 ـ 85 ـ ئايەتلەر) دىيەلەيدىغان ۋە مۇشۇ ئىمان ، ئېتىقادىمىز ئاساسىدا ئىزدىنىش، تەتقىقات بىلەن شوغۇللىنالايدىغان بولىشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com



بۇ يەردە ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنداق بىر ھەدىسى شەرىپنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمەن . ئۇ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«قىيامەت كۈنى ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كىشىلەردىن شېھىد قىلىنغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ سوت مەيدانىغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ. ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نېئمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنىڭدىن ئۇ نېئمەتلەرنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىگە ھەققىدە سورايدۇ. ئۇ : سېنىڭ يولۇڭدا شېھىد بولغانغا قەدەر ئۇرۇشتۇم، دەيدۇ. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا : يالغان ئېيتتىڭ، سەن دۇنيادا كىشىلەر ئارىسىدا < باتۇر ـ جەسۇركەن > دېيىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشتۇڭ، دەيدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداقلىقى سەۋەبلىك ، ئۇ يۈزىچە سۆرەپ ئاپىرىلىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ. دۇنيادا ئىلىم ئۆگەنگەن ، ئۆگەتكەن ، قۇرئان ئوقۇغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ سوت مەيدانىغا كەلتۈرۈلىدۇ. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ. ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نېئمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنىڭدىن ئۇ نېئمەتلەرنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىنى سورۇشتە قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىپ ۋە ئۆگەتكەنلىكىنى، پەرۋەردىگارى ئۈچۈن ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا : < يالغان ئېيتتىڭ. سەن دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا < ئالىم ئىكەن > دېيىلىش ئۈچۈن ئۆگەندىڭ، قۇرئاننى قارى ئىكەن دېيىلىش ئۈچۈن ئوقۇدۇڭ>، دەيدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداقلىقى سەۋەبلىك، ئۇ يۈزىچە سۆرەپ ئاپىرىلىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ.

مانا بۇ ئەھۋال ھەر ـ بىر مەرىپەت ئەھلىنىڭ سەمىدە بولۇشى كېرەك....!

خوش، ئەمدى، ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن دىلى يورىغان ئالىملىرىمىزنىڭ يازمىلىرىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، مەشھۇر دۇنياۋى تىلشۇناس ئالىم مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق

مەشھۇر كىتاۋىنى بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) **وبه العون** (پەقەت ئاللاھلا ياردەم بىرەلەيدۇ.) دەپ باشلىغان بولسا، دۇنياۋى پەيلاسوپ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالەمشۇمۇل شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» نى

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ دەپ باشلاپ، ئاللاھۇ تەئالاغا ھەمدۇ سانا ، پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت ۋە ئاندىن ساھابىلەرگە سالام ئېيتىش بىلەن چۈشكۈرلاپ ماختىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يىگانە ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» نى ئۇلۇغ «قۇرئانى كەرىم» نىڭ ئىزناسى ۋە يۈكسەك ئىلھامى بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مۇستەھكەم ئىسلام ئېتىقادىنى چىقىش قىلىپ يېزىپ چىققان بولۇپ، داستاننىڭ مۇقەددىمىسىدىن تارتىپ تاكى خاتىمىسىغىچە بولغان ئۆزۈن مۇساپە جەريانىدا بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار قوللىنىپ كەلگەن روھ ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى قوللىنىپ، داستاننىڭ قۇرۇلما ـ ئۆلچەملىرىنى پۈتۈنلەي ئۇسۇلى ئىسلامغا ئۇيغۇن ـ ـلاشتۇرغان. مەشھۇر ئالىمىمىز ئابدۇلقادىر داموللام بولسا «مەقسەتلەرنىڭ مۇھىمى، ئارزۇلارنىڭ ئۇلۇغى بولسا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ئاللاھۇ تەئالانى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئىسلامنىڭ ئەھكام ـ پرىنسىپلىرىنى، ئەمىر ـ پەرمان ۋە ھۆكۈملىرىنى جانابىي ھەقنىڭ تەلىمگە مۇۋاپىق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقتۇر. بۇنداق بىلىش ۋە تەستىق قىلماغلىقنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس تەكلىپ قىلىدۇ...»دەپ، سۆز ـ ھەرىكىتىدە ھەرقاچان ئاللاھۇ تەئالانى ياد ئېتىپ، ئىلىم ـ ھىكمەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى رۇشەن شەرھلەپ بەرگەن. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن يەنە قانچىلىغان ئىسلامىي مەرىپەتپەرۋەرلىرىمىزنىڭ يازمىلىرىدىنمۇ مانا شۇنداق قىممەتلىك ئىسلامىي ئىلھام قايناقلىرىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز....

ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، بۇ دۇنيا باقى ئەمەس، فانىدۇر. دېمەككى، ھېچ قانداق كىشى بۇ

دۇنيادا مەڭگۈ قالالمايدۇ، ئاخىر بارىدىغان جايىمىز ئاللاھۇ تەئالانىڭ دەرگاھىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مانا شۇ جايغا بارغاندا بېرىدىغان ھېساپ-كىتاپنى قانداق بېرىشنى ئويدان ئويلىنىشىمىز كېرەك ۋە ئاللاھۇ تەئالانىڭ: **«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اﷲ قا خاستۇر، اﷲ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [189]. شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار [190]. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اﷲ نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن [191]. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق يارەمچى بولمايدۇ [192]. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) "رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار" دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن [193]. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن» [194]]** (سۈرە «ئال - ئىمران») دېگەن تەلىمى ھەرقاچان سەممىزدە بولۇشى كېرەك!

خوش، ئەمدى كىتاپتا تۈنۈشتۇرۇلغان كىشىلەرنىڭ ئىسىم-پامىلىرىنىڭ رەتلىنىشىگە كەلسەم:

**1)** بۇ كىتاپتا **280**دىن ئارتۇق كىشىنىڭ تەرجىمە ھالى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا دەرھال تېپىپ كۆرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئىسىملار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ رەت تەرتىۋى بۇيىچە تىزىلدى. ئەگەر ئىسىملار ئوخشىشىپ قالغان بولسا ، ئۇ ھالدا پامىلىسىنىڭ باش ھەرپلىرىنىڭ ئېلىپبەلىك تەرتىۋىگە ئەھمىيەت بېرىلدى.

**2)** بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسمى ماتېرىياللاردا ئىككى خىل يېزىلغان بولغاچقا، ئوقۇشماسلىق يۈز بەرمەسلىگى ئۈچۈن ھەر ئىككى خىل يېزىلىشى باش ھەرپى بۇيىچە مۇناسىپ ئورۇنغا تىزىلدى. تەرجىمھال بۆلۈمىدە بولسا بىرسىگە تەرجىمھالى بېرىلدى، يەنە بىرخىل يېزىلىشىنى قوش تىرناق ئىچىگە يېزىپ ئىزاھلاپ قويۇلدى.

**3)** كىتاپنىڭ پايدىلىنىلىش قىممىتىنى ئاشۇرۇش ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى جانلان-دۇرۇش ئۈچۈن، بۇ كىتاپ نوقۇل ھالدىكى تەرجىمھال جۇغلانمىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بەلگىلىك ساھەلەردە بىلىم - چۈشەنچىلەرگە ئېرىشىشنىڭ ئىلمىي دەستۇرى بولۇشى نىشانلانغان ھالدا تەييارلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتاپتا تونۇشتۇرۇلغان كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگىلا ئەمەس ، بەلكى تېپىلسا شۇ كىشىنىڭ تەسىرلىك يازمىلىرىدىن ۋەكىل خارەكتىرلىك ئەسەرلىرىمۇ «نەقىل» سۈپىتىدە كۆرسۈتۈلدى.

**4)** پايدىلىنىشچىلار ئۈچۈن كىتاپنىڭ ئاخىرىغا بىر نەچچە ماۋزۇلۇق مەلۇمات قوشۇمچە قىلىن-دى.

كۆپ ئەپسۇسلىنىمەنكى، بۇ قېتىم بەزى كىشىلەرنىڭ تەرجىمھالىنى ۋاختى بىلەن ئىگەللىيەل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ـمگەنلىگىم ئۈچۈن بۇ كىتاپتا تونۇشتۇرالماي قالدىم. ئىنشا ئاللاھ كېيىنكى نەشرلىرىگە ئۇلگۇرتۇپ ئۇلارنىمۇ تونۇشتۇرۇشقا تىرىشىمەن.
ئاخىرىدا، چۈشىنىشىمىزنىڭ چوڭقۇرراق بولىشى ئۈچۈن بەزى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىمىنىڭ تېماتىك مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

## 1. كىتاپلار:

1)«ئاللاھۇ تەئالانىڭ مۆجىزىۋىي بىشارەتلىرى» (نەشرگە تەييار)؛
2)« قۇرئانىي كەرىم مەزمۇن ئاچقۇچى » (نەشرگە تەييار)؛
3)«ئاخىرقى نەپەس» (تۈركچىدىن تەرجىمە، نەشرگە سۇنۇلدى)؛
4)«ئىسلامى كىملىگىمىزنى قوغدايلى» (تۈركچىدىن تەرجىمە، نەشرگە سۇنۇلدى)؛
5)«خەنزۇچە ـ رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى» (1988 ـ يىلى نەشر قىلىندى )؛
6)«خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى» (1992 ـ يىلى نەشر قىلىندى)؛
7)«خەنزۇچە ـ ياپونچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما ياپونىيە كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى»(بۇ لۇغەت مەن تۈركىيىگە چىققانلىغىم سەۋەپلىك نەشر قىلىشتىن توختىتىۋېتىلدى)؛
8)«ئۇنىۋېرسال تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە، ئۇيغۇرچە ـ تۈركچە قوش يۆنىلىشلىك لۇغەت» (ئىشلىنىش باسقۇچىدا)؛
9)« قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟؟؟» (1982 ـ يىلى يېزىلىشقا باشلىغان ، هازىر جىددىي داۋاملىشىۋاتىدۇ)
10) «ئانا تىلىم ـ جان تىلىم» (نەشرگە تەييار)؛
11) «ئۈچ تىل توغرىسىدا مۇهاكىمە» (نەشرگە تەييار)؛
12) «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىگى» (1 ـ قىسىم ، نەشرگە تەييار)؛
13) «ئۇيغۇر مەرپەت مەشئەللىرى» (يەنى ، بۇ كىتاپ ، نەشرگە تەييار)؛
14) «ئۇيغۇر ـ ئىسلام هۆسنىخەت گۈلزارى» (چوڭلار ۋە باللار نۇسخىسى ، نەشرگە تەييار)؛
15)«چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى» (نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ):

(1) " چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرى تەرجىمىسىنىڭ توغرا بولىشىغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئەهمىيەت بېرەيلى" (كىرىش)
(2) " دۇنيادىكى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئاهالىلەرنىڭ قوللىنىۋاتقان تىللىرى، مىللەت ناملىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئىسىم تەرجىمىسى ئۈچۈن پايدىلىنىلىدىغان تىل جەدۋەللىرى"؛
(3) " ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر" ؛
(4) رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(5) " فرانسۇزچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(6) " ئىسپانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(7) " نېمىسچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(8) " ياپونچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(9) " ئىتالىيانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(10) " پورتىگالچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(11) " رومانىيانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(12) ” مون ـ كخمېرچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “

(13) ” بۇلغارچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “ ؛

(14) ” ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “ ؛

(15) ” لاتىنچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “ ؛

(16) ” گرېكچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “ ؛

(17) ” دانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “ ؛

(18) ” كورىيانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر ” ؛

(19) ” فارسچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “ ؛

(20) ” تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “ ؛

(21) ” ئىبرايچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “ ؛

(23) ” پولەكچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(24) ” چېخچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(25) ” ۋېنگىرچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(26) ” ئالبانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(27) ” سېربىيانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(28) ” فىنچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(29) ” شۋېتچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(30) ” نورۋېژچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(31) ” ئىسلاندچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر“ ؛

(32) ” هوللاندچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(33) ” موڭغۇلچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(34) ” لائۇسچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(35) ” مالتاچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(36) ” بېرمانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(37) ” هىندونېزىيانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(38) ” تاگالوگچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(39) ” مالەيچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(40) ” هىندىچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(41) ” ئۇردۇچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(42) ” سېنخارۇچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(43) ” بېنگالچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(44) ” پۇشتۇچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(45) ” تامىلچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(46) ” فىجىچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(47) ” هىۋاھىلچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر“؛

(48) ” ئامھارچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(49) ” سومالچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(50) ” ماداغاسقارچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر؛

(51) ” خاۋساچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(52) ” بۇلچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر “؛

(53) ” تسۋاناچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر“؛

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



(54) " ۋولفچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر "؛
(55) " بەنتۇچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر"؛
(56) " دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئىسىم ـ فامىلىلەرنىڭ ئارقا ئۇلانمىلىرىنىڭ تەلەپپۇز ـ تەرجىمە شەكلى"؛
(57) چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ؛
(58) چەتئەل يەر ناملىرىنىڭ مەنالىرى؛
16)«تۇرمۇش تەسىراتلىرىدىن تاللانمىلار»(كىتاپ ئوقۇش ۋە تۇرمۇش جەريانىدا ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىم توپلىمى ، نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ ) ؛
17) « ئېلىنغۇسى قانلىق قىساس » (رومان) ؛
18)« مەرپەت ئىشقىدا ئۆتلانغان يۈرەك » (رومان) ؛
19)« سۆيگۈ شارابى » (پوۋىست) ؛
مونۇ 3 كىتاپ بىر بەد ـ بەخت شۇمنىڭ دۈشمەنلىگى بىلەن نابۇت بولۇپ كەتتى ، قايتا يېزىلىدۇ .

## 2.پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە :

### 2ـ1: ئىختىرالار :

1) زىرائەتلەرنىڭ ھۇسۇلدارلىغىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش سۇيۇقلىغى. بۇ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېتىبارسىز قارالدى، مېنىڭ تەجرىبە شارايىتىم ، ئىقتىسادىي ئاساسىم بەكمۇ ناچار بولغاچقا ئەمىلىيەتكە تەدبىقلىيالمىدىم . ئەمما ، 17 يىلدىن كېيىن بېيجىڭدىكى بىر نەچچە ئالى بىلىم يۇرتلىرىدىكى پروفېسسورلارنىڭ بىرلىشىپ تەتقىق قىلىشى بىلەن دەل مېنىڭ تېخنىكىلىق بېكىتىش يوللىرىم بۇيىچە ئىشلەنگەن سۇيۇغلۇق « 丰产素» ( مول ھوسۇل دورىسى )، «叶面宝» (يوپۇرماق گۆھىرى) نامى بىلەن بازارغا سېلىندى ....
2) قوناق تېرىش سىيالكىسى . بۇمۇ ئوخشاشلا يۇقارقىدەك ئاقىۋەتكە دۇچ كەلدى، 7 ـ 8 يىلدىن كېيىن يەنە مېنىڭ پىلان ـ لايىھەمدىكى بوخىل سىيالكا دىيارىمىزنىڭ ھەر قايىسى يېزىلىرىدا پەيدا بولدى .....
3) تىك ئوقلۇق سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ توك چىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تېخنىكىسى. بۇ ناھىيىلىك سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىدە ئىشلەۋاتقان يىللاردا تەجرىبە ئارقىلىق نەتىجىسى كۆرۈلگەن ئىش بولۇپ ، 21 كىلوۋاتلىق ئىستانسىيىدىن 43 كىلوۋات توك چىقىرىش ئۇسۇلىنى ئىختىرا قىلغان ئىدىم. ئەمما چەكلىمىگە ئۇچرىدى.....
4) سۇ ئورنى ۋە توك بېسىمىنى ئاپتوماتىك تۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى. بۇمۇ سۇ ئېلىكتىر ئىسىـ ـتانسىيىسىدە ئىشلەۋاتقان يىللاردا ئىختىرا قىلىنغان ۋە تەجرىبە ئارقىلىق نەتىجىسى كۆرۈلگەن ئىش تۈرى ئىدى . ئەمما چەكلىمىگە ئۇچرىدى .....

### 2ـ2 : ماقالىلار

1) زىرائەتلەرنى پۈركۈپ سۇغۇرۇپ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئىلمىي ئاساسى ؛
2) كۆممە قوناق تېرىش سىيالكىسى ۋە ئۇنىڭ دېھقانلارنىڭ مېھنەت سىجىللىغىنى يوقۇتۇشتىكى كاتتا ئەھمىيىتى توغرىسىدا " ( ھۆكۈمەتكە دوكلات ) ؛
3) كۆممە قوناق تېرىش سىيالكىسىنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا؛
4) تىك ئوقلۇق سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ توك چىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق تەدبىرى ؛
5) سۇ ئورنىنى ئاپتوماتىك نورماللاشتۇرۇپ ، توكنى نورماللاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى ؛

6) توك بېسىمنى ئاپتوماتىك تۇراقلاشتۇرۇپ يوللاش قۇرۇلمىسى؛
7) كەسىپ ئەهلى ئەمەسلەر ۋە كەسپىيات ( خىتايچىدىن تەرجىمە ماقالە ) ؛
8) دۇرا ئىشلىتىشتىكى خاتا چۈشەنچىلەر ( خىتايچىدىن تەرجىمە ماقالە ) ؛
9) مەشهۇر فرانسۇز ئالىم ژولىيو كيۇرى توغرىسىدا ؛
11) ئادەم بەدىنىدىكى سانلار ( خىتايچىدىن تەرجىمە) ؛

## 3. تىل - ئەدەبىيات ساهەسىدە :

### 3-1. ماقالە-ئەسەرلەر:

1) چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرى تەرجىمىسى ۋە فونېتىكا (1995 - يىلى شۋېتسىيىدە چاقىرىلغان« 13- قېتىملىق خەلقئارا فونېتىكاشۇناسلار قورۇلتىيى »غا قاتنىشىپ ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالە)؛
2) چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە يېزىشنىڭ ئىلمىي پرىنسىپى توغرىسىدا؛
3) خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ؛
4) رۇس تىلى تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ ؟
5) « ESPERANTO » هەقىقەتەن دۇنيا تىلى بولالامدۇ ؟؟؟
6) تىل ۋە ئىقتىسادىي قىممەت ( تۈركچە ) ؛
7) ئىنگلىز تىلى مۇقەددەس تىلمۇ ؟؟؟
8) تىل توغرىسىدا قىزىقارلىق پاراگلار؛
9) تەبرىك ۋە ئۈمىت؛
10) يېزىق ئۆزگەرتىش قارا قۇيۇنى چىقارغۇچىلارغا بەس ! ( 1 - ، 2 - )؛
11) نيۇتوننىڭ مۇشۇكلىرى ؛
12) « ئۇيغۇر تىل- يېزىق مەدەنىيىتى بىر ئىنقىلاپقا مۇهتاج » مۇ؟؟؟
13) تەھرىرلىك خاتالىغى سەۋەبلىك پەيدا بولىۋاتقان تىل - ئىملا بۇزۇقلىغى؛
14) زېمباۋۋى يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىش ئەهۋالى ( خىتايچىدىن تەرجىمە)؛
15) تەشەببۇسنامىلەر:
(1) پۇتكۇل يەرشارى خارەكتىرلىك ئۇيغۇر تىلى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى چاقىرىش زۆرۈرلىگى توغرىسىدا ب د ت نىڭ مائارىپ ، ئىلىم - پەن تەشكىلاتىغا؛
(2) پۇتكۇل يەرشارى خارەكتىرلىك ئۇيغۇر تىلى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى چاقىرىش زۆرۈرلىگى توغرىسىدا ئامېرىكا دۇنيا ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورگىنىغا؛
16) «ئاجايىپ بالا شەرىق» ( تۈركچىدىن تەرجىمە )؛
17) « ئانا تىل قەسرىدە يايرايدۇ ئىنسان »؛
18) « سۆيگۈ گۈلزارىنىڭ شاهانە خۇشناۋا بۇلبۇلى » ؛
19) «گۈزەل ياشلىقنىڭ ئوتلۇق نىداسى» ؛
20) « هەقىقىي گۈزەللىكنىڭ ئوتلۇق مېلودىيىسى » ؛
21) «تىكىرقاشتىن غالىپ كەلگەن جەسۇر يۈرەك » ؛
22) توغرىسىنى ئۆگىنەيلى، توغرىسىنى ئۆگىتەيلى. ئەۋلاتلىرىمىزنى خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ قۇربانى قىلىۋەتمەيلى. ئۇيغۇر تىل-يېزىغى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا ، هوشيار بولايلى!!!

### 3-2. شېئىرلار

1) « ئاللاھۇ ئەكبەر » ؛
2) « ئىمتىھان » ؛
3) « ئانا تىلىم ــ جان تىلىم » ؛
4) « ئانا تىل مارشى » ؛
5) «ۋەتەن سۆيگۈسى »؛
6) « ئوغلىمەن » ؛
7) « ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي باش كىيىمى دوپپا »؛
8) «ھەر كۈنى ئېيتىمەن ئاشۇ ناخشىنى »( ل . مۇتەللىپكە بېغىشلانغان ، فىلىم شەكىللىك ) ؛
9) « ئىز » (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە بېغىشلانغان ، فىلىم شەكىللىك ) ؛
10) « سادىر پەلۋانغا » ؛
11) « ئەقىدە » ؛
12) « دوستۇمغا سوغا »؛

## 4. قىسقا تەرجىمە فىلىملەر:

1) « قەھرىمان چېچەنىستان خەلقى » ( تۈركچىدىن تەرجىمە ) ؛
2) « جەھەننەمگە خوش كەپسىز » ( تۈركچىدىن تەرجىمە ) ؛

ئاخىردا شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىمەنكى ، بۇ كىتابنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن پەخىرلىك ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىم ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىم ، دۇنياۋى ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى فوند رەئىسى ئابدۇلجېلىل ئەمەت شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىگى ۋە مائارىپ جەمىيىتى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئەپەندىم ۋە يەنە قانچىلىغان قېرىنداشلىرىم ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن كاتتا يار ـ يۆلەك بولدى . جەنابىي ئاللاھتىن ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە ئەبەدىي سالامەتلىك تىلەيمەن !

خەير ، ئاللاھقا ئامانەت بولۇڭلار ئەزىزلىرىم !

ھۆرمەت بىلەن :

ئابدۇلقۇددۇس ھافىز

# ئۇيغۇر مەرپەت مەشئەللىرى

## ئابباس بۇرهان



«زور ئىنقىلاپ» ئاخىرلىشىپ ، ئىلىم ـ پەننىڭ باهارى
چىچەك ئېچىپ پەن ـ تېخنىكا بولدى ئۇنىڭ سويگۈنى.
شۇ ساهەگە ئىككى قېتىم رەئىس بولۇپ سايلانغان،
قالدى ئۇنىڭ نادانلىقنى تۈگىتىشكە كويگىنى.
ئون بىر پارچە پەننى كىتاپ تەييارلىدى نەشرگە،
«بىلىم ـ كۈچ» ۋە «پەن ۋە تۇرمۇش» جىلۋە قىلدى يۈز ئېچىپ.

مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇهەررىرى ئەركىن ئابدۇقادىرنىڭ قامۇس خاراكتېرلىك ئەسرى «غۇرۇرنامە» دە ئابباس بۇرهان ئەپەندى تونۇشتۇرۇلۇپ، يۇقۇرىقى مىسرالار ئار ـ قىلىق باها بېرىلگەن .

ئۇزۇن يىللار جاهالەت ئىچىدە قالدۇرۇلۇپ ، مائارىپىمىز ۋە ئىلىم ـ بىلىم، پەن ـ تېخنىكىلارغا سەل قارىلىپلا قالماي، بەلكى مەقسەتلىك هالدا بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇلغان بىز ئۇيغۇر خەلقى ئۇچۇن ، ئۆز مىللىتىگە ئوخشىمىغان ماكان هەم زاماندا ئوخشىمىغان شەكىللەردە خىزمەت قىلغان مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىزنى بىلىش، تونۇتۇش هەم ئۇلارنى قەدىرلەش مەڭگۈ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچتۇر.

ئابباس بۇرهان ئەپەندى ، دىيارىمىز (ئاتالمىش شىنجاڭ) پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان مەزگىللەردە ، ئۆز ئەمىلىيىتى بىلەن ، قىلغان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ كوز يۇمغىلى بولمايدىغان هەقىقەتلىرى بىلەن ، ئۇيغۇرلارغا پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ساهەسىدە ئىنتايىن زور تۆهپىلەرنى قوشقان. ئۇ، هەرقانداق يېڭى بىلىم خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنسىلا ناهايىتى قۇدرەتلىك كۈچ هاسىل بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىغان ئىلىم سۆيەر ئادەم ئىدى.

مىللەتنىڭ ئومۇمى بىرلىك گەۋدىسىدە چىڭ تۇرۇش هەم ئۇنى قوغداش ، بۇ ئالىمىمىزنىڭ بېسىپ ئوتكەن پۈتۈن هايات مۇساپىسىدە ئەكس ئەتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ خۇشخۇي ، كەمتەر ـ كىچىك پېئىل ، هەر ۋاقىت باشقىلارغا ياردەم قىلىپلا تۇرىدىغان سالاپەتلىك ، قەتئىي ۋە جەسۇر خارەكتىرىدە ، تار گۇرۇهۋازلىق ، مەزهەپچىلىك ۋە ياكى يۇرتۋازلىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى.

ئىنسان هاياتىنىڭ قەدىرلىنىشى ، بولۇپمۇ ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ئەسلىنىشى ، هايات ۋاقتىدا باشقىلارغا بەرگەن مەنىۋى قىممىتى بىلەن خاتىرلىنىدۇ . بۇ دۇنيادىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ئەجىر ـ تىرىشچانلىقلىرى بىلەن نۇرغۇن شۆهرەتلەرنى قازىنىپ پۈتۈن بىر ئۆمۈر شەخسى هاياتىنى ئوتكۈزىدۇ . بىراق ئۇلار بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، قازانغان نام ـ ئابرويى هامان ئىنتايىن تېزلىكتە ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ . بىراق مەرهۇم ئاباس بۇرهان كەبى پۈتۈن هاياتىنى باشقىلارغا ئىلىم ـ بىلىم ئۆگۈتۈش ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىلىمنى قورال قىلىپ ئۆزلىرىنى تەرەققى قىلدۇرىشى ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك ۋە پەن ـ تېخنىكىدا ، ئۇيغۇرلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا يۈزلىنىشنى، خەلقنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان ئىشتىياقىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ۋە ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئەجىر قىلىپ ئوتكۈزگەن بىر ئالىم ، بىر ئۇستاز، بىر جامائەت ئەربابى، بىر دادا، ھەر ۋاقىت ئىلىم ـ پەننى سۆيگۈچىلىرى تەرىپىدىن، قەدىر ـ قىممىتىنى بىلگۈچى خەلقى تەرىپىدىن خۇددى ھايات ۋاقتىدىكىدەكلا ئالىملىقى ، ئادىمىلىكى ۋە ئەجىر ـ شىجائىتى ، مېھنەتلىرى بىلەن قەدىرلىنىپ ئەسلىنىدۇ.

ئاباباس بۇرھان 1932 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئىكساك كەنتىدە تۇ ـ غۇلغان بولۇپ ، 1939 ـ يىلدىن 1947 ـ يىلغىچە قەشقەر شەھرىدە باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە قازان مەدرىسىدە ئوقۇغان . شۇ جەريانلاردا ھۈنەر ئۆگىنىش ئۈچۈن تۇماقچىلىق كەسپىگە شاگىرتلىققىمۇ كىرگەن . 1950 ـ يىلى قەشقەردە بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇپ ، كۇرسنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاتۇشتا خىزمەتكە قاتناشقان. ئاباباس بۇرھان ئۆزىنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقى بىلەن بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە بىلىملىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر تاپقان پۇرستىدە توختىماي ئۆگەنسە ، يەنە بىر تەرەپتىن قىزغىن ، ئاكتىپ ۋە پائالىيەتچان روھى بىلەن مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈش ، ياشلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىدىن باشقا يەنە ناھىيىلىك ياشلار ئۇيۇشمىسىدا خىزمەت ئىشلىگەن . 1951 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاتالمىش شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) غا ئوقۇشقا كەلگەن . 1952 ـ يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھاياتلىق ئىلمى (بىئولوگىيە) فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ 1957 ـ يىلى، 25 يېشىدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تاماملاپ ئۈرۈمچىگە قايتقان.

بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنىپ ئۆزۈن ئۆتمەي بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسنى ئۈستىگە ئالغان . ئۇ داۋاملىق ھاياتلىق ئىلمي تەتقىقاتىدا بىلىمنى تېخىمۇ تاكاممۇللاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەبئىي پەن ئىلمي مۇتەخەسسىسلىرىنى، بىلىم ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش پۇرستىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ پۇرسەتنىڭ دەل مۇشۇ يەردىن ، يەنى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ ئۈمىدىنى ئاشۇ ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەكچى بولغان ئوقۇغۇچىلىرىغا باغلاپ ، قان تەرىنى مۇنەۋۋەر بىئولوگىيە ئىلمى ئوقۇغۇچىلىرىنى بايقاش ۋە تەربىيىلەشكە سەرپ قىلغان ھەمدە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ داۋاملىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇشلىرى ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرگەن ۋە ياردەمدە بولغان. ئاباباس بۇرھان ئەپەندى ئوقۇغۇچىلىرىغا تەبئىي پەن ئىلىمنىڭ چوڭقۇرلىقى ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتى ، مىللەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە بولغان زۆرۈرلىكىنى تونۇتقان . شۇنداق قىلىپ ، 1957 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە بىئولوگىيە پەنلىرى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ فىزىئولوگىيە ، زوئولوگىيە ۋە ئىرسىيەت دەرسلىرىنى ئۆتكەن ۋە فاكۇلتېت مۇدىرى ، مەكتەپ ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق مەمۇرى خىزمەتلەرنىمۇ ئىشلىگەن .

ئۇنىڭ تەربىيىلەش نىشانى ئېنىق ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ماھىر ، رەھبەرلىك ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا ، تەشكىل ئۇنى 1976 ـ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان شىخەنزە (تاش ئېرىق) ئۇنىۋېرسىتېتىغا مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تەيىنلىگەن . شۇھالدا ئاباباس بۇرھان ئەپەندىنىڭ مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان ھاياتى 20 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان .

ئاباباس بۇرھانىنىڭ ئىلمى يېزىقچىلىق، ئىلىم ـ پەننى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئىلمى ماقالىلىرى 1954 ـ يىلدىن باشلاپ ئاتالمىش«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، «شىنجاڭ ئاياللىرى» قاتارلىق گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا ۋە جامائەتچىلىككە

تۇنۇلۇشقا باشلىغان ئىدى .

داۋاملىق ھالدا، پۈتۈن ئۇيغۇر زىيالىلىرى ، ئېگىلىك تىكلىگۈچىلەر ۋە ئېگىلىك تىكلەشكە ئىنتىلگۈچىلەرگە «بىلىم ئۆزى بىر كۈچ» ، «كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلىمدىندۇر، سائادەت ئىلىمدىندۇر» دېگەن ئۇقۇملارنى ئىزچىل ئىچۇرۇشكە تىرىشقان . ئىلىم ـ پەن ، بىلىم بىلەن كۈچلىنىش ئارقىلىق يېزا ئېگىلىكنى تەرەققى قىلدۇرۇپ ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يوقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈچ سەرپ قىلغان . پۈتۈن ئىشتىياقى ـ ھەسسىياتى، ھۆر ـ مىتى، مۇھەببىتى ۋە سۆيگۈسى بىلەن دېھقانلارغا ياردەم قىـ ـلىشنى ، ئۇلارنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا يېڭى تېخنىكا ۋە ئىلىم ـ بىلىم ئارقىلىق ياردەمدە بولۇشنى ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇرلۇق بۇرچى دەپ بىلەتتى.

**1978** ـ يىلدىن ئېتىبارەن، ئاباس بۇرھان يەنە جوڭگو ئىلمىي يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق مۇدىرىيەت ھەيئەتلىگىگە دائىمى ھەيئەت ، ئاپتونوم ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلمىي يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق مۇدىرىيەتلىگىگە مۇدىر بولۇپ سايلانغان . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىرسىيەت ئىلمى جەمئىيىتى ، ھايۋاناتلار تەتقىقاتى ئىلمى جەمئىيىتى ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئاسراش ئىلمى جەمئىيىتى ، مۇھىت ئاسراش ئىلمى جەمئىيىتى ، كېلىچەك ئىلمى جەمئىيىتى ، شەھەر قۇرۇلىشى ئىلمى جەمئىيەتلىرىگە ۋە «قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى» ژورنىلىنىڭ مۇدىرىيەت مۇدىرى ، مۇئاۋىن مۇدىرى ، پەخرى مۇدىرى ۋە مەسلىھەتچى قاتارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن . پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان .

ئاباس بۇرھان ئەپەندى پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنى يوقتىن بار قىلىپ قايتا قۇرۇپ چىقىش بىلەن بىرگە **1980** ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۆز تىرىشچانلىغى بىلەن جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ـ قازاق شۇبە نەشرىياتى ۋە باسمىخانىسىنى قۇرۇپ چىقىپ ، «بىلىم ـ كۈچ» ۋە «پەن ۋە تۇرمۇش» ژورنىلىنى تەسىس قىلىپ ، باش مۇھەررىرلىگىنى ئۈستىگە ئالغان.

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاباس بۇرھان ئەپەندى جاپالىق ئىشلەپ ئورگان شتاتىنى تولۇقلىغان ، مەمۇرى ئىشخانىلارنى قۇرغان . ئىقتىدارلىق ، تالانتلىق بىر تۈركۈم ئۇيغۇر، قازاق زىيالىيلىرىنى، شۇنداقلا بەدىنىيەتلەر ئىنقىلاۋى (ئاتالمىش «مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى») جەريانىدا تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ، چەتكە قېقىلىپ تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشتىن مەھرۇم قالغان پىشقەدەم تەبىئىي پەن خادىملىرىنى پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىگە ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى ۋە باسمىخانىسىغا يۆتكەپ ئەكەلگەن ئىدى . نەشرىيات تېزلىكتە ئىشقا كىرىشىپ يۈزلىگەن پەن ـ تېخنىكا كىتاپلىرىنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ ۋە ياكى بىۋاسىتە يازدۇرۇپ نەشرگە بەرگەن . ئاباس بۇرھان ئەپەندى ئۆزى قول سېلىپ كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ ، بىر تەرەپتىن پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى باشقۇرسا ، بىر تەرەپتىن كېچىلىرى نەچچە ئونلىغان كىتاپلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ نەشرگە تەستىقلىغان . بۇ ئارىدا يەنە پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ ، توختىماي تىرىشىپ نورغۇنلىغان ئىلمى جەمئىيەتـ ـلەرنى تەسىس قىلىش بىلەن بىرگە يەنە پەن ـ تېخنىكا يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنى بەرپا قىلغان . پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرىنى، يازغۇچىلىرىنى مۇكاپاتلاش ، كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دېھقانلار ۋە چارۋىچىلار ـ نىڭ پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەر تۈردىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئاممىۋىلاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان.

ئۆزى باش مۇھەررىرلىگىنى ئۈستىگە ئالغان «بىلىم ـ كۈچ» ۋە «پەن ۋە تۇرمۇش» ژورنىلىنىڭ ھەر ـ بىر سانىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن تەھرىرلىگەن . شۇ ھالدا ئايلىق «بىـ ـلىم ـ كۈچ» ژورنىلىدىن **137** سان ، «پەن ۋە تۇرمۇش» پەسىللىك ژورنىلىدىن **28** سان چىقارغان بولۇپ، نەچچە مىڭ پارچە ئىلمى ماقالىلارنى تەپسىلى كۆرۈپ ، تەھرىرلەپ ، خاتالىقلارغا يول قويمىغان . پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتىدا باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن بىر قانچە يىل ئىچىدە نەچچە

يۇزلىگەن ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كىتاپلىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ ۋە كىتاپ چىقىرىش پىلانلىرىنى تۈزۈپ ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە زور كۈچ سەرىپ قىلغان . ئەشۇ ۋاقىتلاردا نەشىردىن چىقىرىۋاتقان «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىغا **1986** - يىلى «پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى» دىگەن شەرەپلىك نام بىرىلىپ مۇكاپاتلانغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئاباس بۇرھان ئەپەندىگە جۇڭگو بويىچە «پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى» بىرىلگەن . **1986**-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۈنۋان باھالاش كومىتېتى ئاباس بۇرھانغا «ئالى مۇھەررىر» دىگەن ئىلمى ئۈنۋاننى بەرگەن. **1983**-يىلى جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى، جوڭگو پەن - تېخنىكا ۋە ئەمگەك-كادىرلار مىنىستىرلىگى ئاباس بۇرھاننى «ئىلغار پەن-تېخنىكا خىزمەتچىسى» دەپ تەقدىرلىگەن .

**1984** - يىلى ئاباس بۇرھاننىڭ ھارماس تىرىشچانلىقى، تەشكىلاتچانلىقى ۋە پائالىيەتچانلىقى نەتىجىسىدە، پۈتۈن قۇرۇلۇش خىراجىتى جۇڭگو مەركىزى پەن - تېخنىكا قۇرۇلمىسى فونددىن ئېلىپ كەلگەن ئاساستا، رايونىمىزغا ھىچقانداق ئىقتىسادى مەبلەغ بېسمى چۈشمىگەن ھالدا، تۇنجى پەن-تېخنىكا سارىيىنى ئۈرۈمچىدە قۇرۇپ چىقىپ قەد كۆتەرگۈزگەن ئىدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەرىپىدىن ھاياتلىق ئالىمى» دىگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ئاباس بۇرھان ئەپەندى «پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى» نىڭ **12** يىل رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يۇزلىگەن شەھەر-ۋىلايەت، ناھىيە-ئوبلاست، يېزا-قىشلاقلىرىدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش شۆبە جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇپ، دىھقانلارنى يېزا ئېگىلىگى بىلەن ئىلمي شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر بىئولوگىيە ۋە مىكرو بىئولوگىيە پىننىڭ بەرپا قىلىنىشى، مەخسۇس بىئولوگىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى ، كېيىنكى بىر ئەۋلاد بىئولوگىيە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خادىملىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا زور تۆھپە قوشقان. ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

بەدنىيەتلەر ئىنقىلاۋى ( يەنى **1966** - يىلى قوزغالغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى») دىن كېيىنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاساسى ئىلىم ئېقىمى ئەدەبىيات - سەنئەت بولىۋاتقان، زىيالىيلار قوشۇنى ئاساسلىغى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى يازغۇچىلار ، شائىرلار، دراما - تىياتىر ئارتىسلىرى بولىۋاتقان، يازغۇچىلارنىڭ يازىدىغىنى يىگى دەۋرنىڭ ئەۋزەللىگىنى كۈيلەش، ئۆتمۈش دەۋرنىڭ قانخورلىغىنى پاش قىلىش بولغان ئىدى . بىر خىل مودا بولۇپ قالغان بۇخىل كەيپىيات بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ۋە ماددى ئېھتىياجىنى تولۇق قامداشقا مۇمكىن بولمايتتى . بولۇپمۇ ئىسلاھات ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان **70**- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بۇرۇختۇملۇق كەيپىياتتا مەنىۋى دۇنياسى قاغجىراپ كەتكەن خەلقىمىز دۇنياۋىي پەن - تېخنىكا مۆجىزىلىرى بىلەن تونۇشۇش، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ ئىلمي تەپەككۇر ئىدىيىسىنى تىكلەشكە، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ باي بولۇشقا تەشنا ئىدى.

بۇخىل تەخىرسىز يۈزلىنىشنى ئالدىن سەزگەن ئاباس بۇرھان ئەپەندى ئاۋام خەلق ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ، ياش-ئۆسمۈرلەر چۈشىنەلەيدىغان ئۇسلۇپتا بىر يۈرۈش پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيەتلىرىنى روياپقا چىقارغان ئىدى.

ئاباس بورھان ئەپەندى بەدنىيەتلەر ئىنقىلاۋى ئەمدىلا ئاخىرلىشىپ ، «سول»چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالماي نىمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغان بىر قىسىم ئۇيغۇر رەھبەرلەرگە ئوخشاش ئورنىدا جىم-جىت تۇرۇپ قالماي، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە دادىل ئىزدىنىپ بىر يۈرۈش ئىلمي پائالىيەتلەرنى تەشكىللىگەن ۋە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇيغۇر خەلقىنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ، يېتەكلەپ، تەربىيلەپ، ئۆزىنى تونۇش ، ئىلىم - پەنگە تەلپۈنۈش تۇيغۇسىنى يېتىلدۇرۇش ، پەيدىن - پەي پەن - تېخنىكىغا قاراپ ئىلگىرلەش ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزىنى يېتىلدۇرىشى ئۈچۈن قولدىن كېلىدىغان بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆلارغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئىدى .

تەبىئىي پەن ساھەسىدە ئۇيغۇر پەن - تېخنىكا زىيالىيلار قوشۇنىنى كۈچەيتىش ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى جىددىي ئېھتىياجىغا نىسپەتەن بىر بوشلۇق ھېساپلىناتتى . بولۇپمۇ كىتاپخۇمار ياشلار، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جۇڭگونىڭ مەشھۇر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى گاۋ- شىچى، رۇسىيەلىك ئىلىن، ئامېرىكادىكى مەشھۇر ئالىم ، ئىلمى فانتازىيە يازغۇچىسى ئىساك ئاسىموف قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى قاتارىدا ئاباس بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئاممىباپ تىلدا يېزىلغان ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە تېخى تولۇق ئېچىلمىغان پەننى سىرلارنى ئېچىپ بەرگەن بىر يۈرۈش ئىلمىي ئەسەرلەرنى كۆرەلەيدىغان بولغان.

ئەينى ۋاقىتتىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قەلبىدە ئاباس بۇرھان ئەپەندى يالغۇز بىئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر مۇتەخسس بولۇپلا قالماي بەلكى يەنە قەلىمى پىشقان، يېزىقچىلىق تەجرىبىسى مول، كۆپ قىرلىق بىلىمگە ئىگە بىر يازغۇچى ، ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئىلىم-پەن ساۋاتلىرى بىلەن تەربىيىلەيدىغان كۆيۈمچان ئۇستاز ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى مەتبۇئاتلاردا، رادىئو-تېلېۋىزورلاردا ئاباس بۇرھاننىڭ نامى ئۇچراپ قالسا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ، ئەسەرلىرى ئۇچراپ قالسا ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىدىغان بولغان ئىدى . نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئاباس بۇرھان ئەپەندى ئاپتورلىغىدا يېزىلغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كىتاپ ۋە ماقالىلىرىنىڭ شۇنداقلا ئۇنىڭ يېتەكچىلىگىدىكى ژورناللارنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلىك قىياپەتلىرىگە مەھلىيا بولۇپ ، ئاباس بۇرھان ئەپەندىگە ھۆرمەت ھىسياتلىرى پەيدا بولۇش بىلەن بىرگە پەن - تېخنىكىغا ۋە ئىلىم بىلىمگە قىزىقىش ھاسىل قىلىشقا باشلىغان ئىدى .

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ياشلىق ھاياجانلىرى ئۇخچۇپ تۇرغان پەيتلەردە ئوقۇغان ئەڭ ياخشى كىتاپ ياكى ئاڭلىغان تەسىرلىك بىر قېتىملىق نۇتۇق ۋە ياكى ئەھمىيەتلىك پائالىيەت شۇ كىشىنىڭ ھاياتىدا بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى ياكى بەشەرىيلىك ئۇچقۇننى چاقنىتىدىغان سەرەڭگىنىڭ بىر تېلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئاباس بۇرھان ئەپەندى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرىگە قىزىقىشىنى ئاشۇرۇشتا ئەنە شۇنداق سەرەڭگىلىك رولىنى ئوينىغان ئىدى.

ئاباس بۇرھان ئەپەندى دۇنياۋى مەشھۇر پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇش مىخانىزىمى بەرپا قىلىپ ، يېزا-قىشلاقلاردا، ئاپتونوم رايوندا ۋە ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە توختىماي ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان . ئوزى ئاكتىپلىق بىلەن ئىلمىي نۇتۇق سۆزلەپ، كىشىلەرنىڭ ئىلىم-بىلىمگە ۋە پەن - تېخنىكىغا بولغان تونۇشى، قىزىقىشىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. ياش ئۇسمۇرلەر ئۇچۇن كەڭ-كولەمدە ھەر تۈرلۈك يازلىق لاگىر پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىشقا تىرىشقان .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، 40 نەچچە يىل ئىچىدە ، ئاباس بۇرھان ئەپەندى نۇرغۇن ماقالە ۋە ئوقۇشلۇقلىرى ئارقىلىق پەن-تېخنىكىنىڭ رولىنى تەشۋىق قىلغان . تۈرلۈك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماقالىلىرىدىن 397 پارچىنى ئېلان قىلغان ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرىدىن 454 پارچىنى تەھرىرلىگەن. شۇ ئاساستا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ پەننى ئوموملاشتۇرۇش ئىجادىيتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىستىراتېگىيلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمى ئەمگەكلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان . يازغان ئۇيغۇرچە كىتاپلىرى 11 پارچە بولۇپ، ئۇلار : «ھاياتلىقنىڭ سىرى» ، «قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى» ، «ئۆسۈملۈك ئاسراش ھەققىدە» ، «زىرائەتلەرنى ئاسراش چارىلىرى» ، «مىكرو ئورگانىزىم ۋە يېزا ئىگىلىك» ، «يېزا ئېگىلىگى ۋە ھاشارەتلەر» ، «ئىرسىيەت ۋە ئىرسىيەت قۇرۇلىشى»، «پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى»، «ھاياتلىق ۋە مۇھىت» ، «ئىنسانلارنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى» ، «ھاياتلىق قۇرۇلىشى» قاتارلىق پەننى كىتاپلاردۇر . بۇ كىتاپلار مىللەتلەر نەشرياتى، جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى ، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر-قازاق شۆبىسى ، شىنجاڭ ياشلار

www.uyghurkitap.com



نەشرىياتى، پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژورنىلىنى تەسىس قىلغان . 31 پارچە كىتابىنى ۋە «ئۇيغۇرچە ـ خىتايچە بىئولوگىيە لۇغىتى»، «دېھقانچىلىق بىلىملىرىگە ئىزاھلار»، «خىتايچە ـ ئۇيغۇرچە پەن ـ تېخنىكا لۇغىتى» قاتارلىق 3 پارچە لۇغەتنى تەرجىمە قىلغان ۋە تەھرىرلىگەن . ئۇ ، جۇڭگو تەبىئىي پەن ئاتالغۇلىرىنى بېكىتىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى بولۇپ ، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيىدا ئەڭ مۇنەۋۋەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى بولۇپ مۇكاپاتلانغان . 1990 ـ يىلى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . «ئېرسىيەت ۋە ئېرسىيەت قۇرۇلۇشى» دېگەن كىتاۋى «جۇڭگو مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا ئەسرى» مۇكاپاتى بىلەن تەغدىرلەنگەن.

ئابباس بۇرھان ئەپەندى خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ ئالاھىدە ئاكتىپ بولغان . ئۇ، خەلقئارا نوپۇزلۇق ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ ، لېكسىيە سۆزلىتىپ ۋە چەتئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشقا ئاكتىپ كۈچ چىقارغان ئىدى . بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئالاھىدە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پاكىستانلىق نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 3 ـ دۇنيا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكا ـ دېمىكى، ئىتالىيىنىڭ پايتەختى رىمدا تەسىس قىلىنغان خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكا ئورنىنىڭ رەئىسى دوكتۇر مۇھەممەد ئابدۇسالام بىلەن بىلەن شەخسى دوستلۇق ئورنىتىپ ، در. مۇھەممەد ئابدۇسالامنىڭ شەخسى مېھمىنى سۈپىتىدە 1985 ـ يىلى ئىتالىيىگە زىيارەتكە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئىتالىيىگە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىقىرىش پىلانىنى تۈزگەن ۋە نەتىجىلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۆزىمۇ دوكتۇر مۇھەممەد ئابدۇسالامنى 1986 ـ يىلى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان . كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ نوبېل مۇكاپاتى ئالىدىغان زىيالىلارنىڭ چوقۇم چىقىدىغانلىقىغا چەكسىز ئۈمىد باغلىغان ۋە مۇتلەق ئىشەنگەن ھىسسىياتى بىلەن، ئۇيغۇر ياشلىرىغا مۇسۇلمان ئالىم دوكتۇر ئابدۇسالامنى ئۈلگە قىلىشقا تىرىشقان . دوكتۇر مۇھەممەت ئابدۇسالام ئاباس بۇرھان ئەپەندى بىلەن قەشقەردىكى چېغىدا ئەينى ۋاقىتتىكى جەنۇبى ئۇيغۇر دىيارى بويىچە ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى، دۇنيا بويىچە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ سانلىق نىسبەتنى ئىگەللەيدىغان قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتىغا بېرىپ ، فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ، تەجرىبىخانىسىنى ، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەپلىنىشىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان ۋە قىممەتلىك تەكلىپ پىكىرلەرنى بەرگەن ئىدى .

ئاباس بۇرھان ئەپەندى ـ ئىلىم مەرىپەتنىڭ بىر شەخسىنىڭ روناق تېپىشىدا ۋە بىر مىللەتنىڭ كۆتۈرۈلىشىدە ئاجايىپ زور رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشۈنۈپ يەتكەن . ئۇ ئۆز ھاياتىدا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىنسانى خىسلىتى ۋە مول ھوسۇللۇق ئىلمى ئىجادىيىتى ھەمدە يىراقنى كۆرەرلىككە رەھبەرلىك سەنئىتى ئارقىلىق خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ۋە ئۆزى بىلىدىغان ، بىلمەيدىغان، يىراق ۋە يېقىندىكى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا ئىجابى تەسىرلەرنى كورسەتكەن ئىدى.

بۇ جەھەتتە ، ئامېرىكىدا ئوقۇپ يېتىشكەن، ياش ئىقتىسادشۇناس قەيسەر مىجىتنىڭ ئاباس بۇرھان ئەپەندىگە بېغىشلاپ يازغان مەرسىيەسىدە ، ئۆز ھىسسىياتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

شۇنداق بىر ناتىۋان چاغلار ئىدى ئۇ ،
ئوسمۇرلۇك قەلبىمگە ھېچ ئىز چۈشمىگەن.
تەسەۋۋۇر كەپتىرىم باغلاقلىق ئىدى ،
چۈنكى مەن ئۇپۇقنى كورۇپ يەتمىگەن.

تاغلارغا ئەل بولغان كىچىك شەھەردە،
غالىپلىق روھىدىن ۋەھى كەلمىگەن.

سىز كىرىپ كەلدىڭىز بىر قۇتلۇق كۈندە،
تىگىرقاش ئىچىدە يۈرگەن روھلارغا.
ھېلىمۇ ئىسمىدە ئاشۇ مىنۇتلار،
ئىسمايىل ئىسىملىك ياش بىر مۇئەللىم،
پەخىرلىك تۈيغۇدا سوزلەپ بەرگىنى،
مەرىپەت مەشئىلى ياققان زېمىننىڭ،
سويۈملۈك، تالانتلىق ئالىم ئوغلانى.

ئاڭلايتتۇق سىز ھەقتە نۇرغۇن ھىكايە،
ئىلاھىم قۇت بەرسۇن شۇ مۇئەللىمگە.
بىر ئۆلگە بولدىڭىز سەبى دىللارغا،
سىز بىلەن بىز بولدۇق تونۇشىسىز ـ تونۇش،
ۋە قىلدۇق سىزنى بىز ھەمىشە ئۆلگە،
يول ئالدۇق سىز باسقان يوللارنى بويلاپ،
ئوزىمىز تەلپۈنگەن ئالى مەكتەپكە
چۈش بىلەن رەئاللىق تۇتىشىدىكەن،
مەرىپەت بەغىغا كىرگەن ئادەمگە.

ئاشۇ روھ ـ تىكلەنگەن باللىق چاغدا،
ياش بىلەن تەڭتۇش بوپ چوڭىيىپ باردى.
مۇمكىنلىك ئىزدىدىم غۇۋالىق ئارا،
بۇ ئەجىر ئاخىرى كوپ مىۋە بەردى.
سىز بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز كورۇشتۇم ئۇستاز،
سوزىڭىز قەلبىمدىن چىلىك ئورۇن ئالدى.
ھەم ئالىم ئىكەنسىز ھەم ياخشى ئادەم،
شۇ سەۋەپ ھورمىتىم، ئىخلاسىم ئاشتى.

شۇم خەۋەر كەلگەندە قەدىردان ئۇستاز،
كوزۈمگە ياش كەلدى، قەلبىمگە كەلكۈن.
مەن ئەمەس، كوپ ئۇيغۇر يىغلىدى شۇ كۈن،
چۈنكى سىز مەشئەل بوپ كويگەن ئەل ئۈچۈن.
ئەلۋىدا، ئۇيغۇرنىڭ سويۈملۈك ئوغلى،
ئەلۋىدا دىمەكتە چاقماق دەرياسى.
ئەل ئۇلۇغ ـ ئەل بېرەر ئەركەككە يەكۈن:
سىز كەبى ئەل سويەر ئىسىل زات ئۈچۈن،
ھەممەيلەن تىلەيدۇ بېھىشتىن ئورۇن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



غەيرەتجان ئوسمان بىلكىيارنىڭ «سەنئەتخۇمارلىقتىن ئىلىم خۇمارلىققا كۆچۈشنىڭ تەخىرسىزلىگى توغرىسىدا - بۇ ماقالەمنى مەشھۇر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى، ئىلىم-پەن پائالىيەتچىسى، ھاياتلىق ئىلمى ئالىمى مەرھۇم ئابباس بۇرھان ئەپەندىمنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن» دەپ يازغان ماقالىسىدا مۇنداق ئەسلەيدۇ:

«ئېھتىمال ، 1987 - يىلى بولسا كېرەك ، شۇ ۋاقىتتىكى ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن-تېخنىكا خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ماۋدىخۇا قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشقان ، كۆئىنلۇن مېھمانخا-نىسىدىكى بىر يىغىندا، ئۇ سۆزىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ سەممىيلىك بىلەن قىلغان: « ئالدى بىلەن كۆپچىلىكتىن ماڭا ، ھەر ساھە ، ھەر قايسى كەسپلەردىكى ئاساسى قاتلامدىن كەلگەن جاپاكەش ، ھەر مىللەت پەن-تېخنىكا خادىم-لىرىغا كەمىنە ئابباس بۇرھاننىڭ خۇسۇسىي نامىدىن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا جەمئىيتىگە ۋاكالەتەن ئەڭ سەممى مىنەتدارلىغىم ۋە ئالى ئېھتىرامىمنى بىلدۈرۈپ،بىلىشىمغا ئىجازەت بېرىشىنى سەممىي ئۈتىنىمەن.» دەپ ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بېرىشى بىلەن جىمى يىغىن ئەھلىنىڭ چاۋاك ئۇرغاچ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىگى ۋە بىر ھازاغىچە چاۋاكلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېتىشلىرى، يەنە بىر قېتىم ئاساسىي قاتلام پەن-تېخنىكا خادىملىرىغا سۆز قىلىشىتىپ ئۆلارنى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە كۆچلۈك دەۋەت قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق دېگەن بولسا كېرەك : « بىز كۆپچىلىك، ھەر قانداق بىر ئالىم-مۇتەخەسسىس ياكى ئادەتتىكى بىر پەن -تېخنىكا خادىمى بولىشىمىزدىن قەتئى نەزەر، بىزنىڭ شۇنداق بىر ئورتاق ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىمىز ۋە ۋىجدانى بۇرچىمىز باركى ، ئۇ بولسىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئىلىم-پەن ئۈرۈغلىرىنى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا چېچىپ، بارلىق دىللارنى يورۇتۇش ۋە ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈۋشكە خالىس تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەرگىز ئانچىكى ئىشلەپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىشكە بولىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ شۇنداقلا بىز پەن-تېخنىكا خادىملىرىغا تەگرى يۈكلىگەن ساماۋىي مەسئۇلىيەت ۋە مەڭگۈلۈك مۇقەددەس ۋەزىپە. بۇنى تونۇپ يېتەلمىگەن ۋە بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى ھەققىي ئادا قىلالمىغان كىشلەر قانداقمۇ «ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دىگەن شەرەپلىك نامغا نائىل بولالىسۇن؟! ۋە ئۇنداقلارنى قانداقلارچە لاياقەتلىك بىر ئىلىم ئەھلى دېگىلى بولسۇن؟!» دېگەن ئىبارىلىرى ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ . ۋاھالەنكى ، ئۇنىڭدىكى ئەنە شۇنداق ئادەتتىكىدىن تاشقىرى پاراسەت ، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىلمىي قىزغىنلىق، ناتىقلىق ۋە پائالىيەتچانلىق ، ئۇنىڭغا بالدۇر «كۆز تېگىپ» ، بالدۇر «پېنسىيەگە چىقىشى» غا تۈرتكە بولغانلىغىنى كىملەر بىلمەيدۇ؟

ئاباس بۇرھان ئەپەندى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە قەتئىي ئىرادىسى بىلەن ئۆزىنىڭ 78 يىللىق كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە ئۇيغۇر ياشلىرى ئورنەك قىلغۇدەك ئىزدىنىش روھى ۋە ئېسىل پەزىلىتىنى ھەمدە پۈتكۈل ئۇيغۇر جامائىتى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا خاتىرلىگۇدەك نۇرغۇن مەنىۋي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، مەشھۇر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى، ئالى مۇھەررىر، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى، بىر ئۆمۈر قان- تەرىنى، مېھىر-مۇھەببىتىنى ۋە سويگۇ ئىخلاسىنى ئۆز خەلقىنىڭ يۈكسىلىشىگە بېغىشلىغان ئىلىم - پەن پائالىيەتچىسى ، ئۇيغۇر دىھقانلىرىنىڭ غەمگۇزارى ، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تۇنجى تەبىئى پەن، ھاياتلىق ئىلمى ئالىمى ، قابىلىيەتلىك رەھبەر ، مەسئۇلىيەتچان ئۇستاز ، تەلەپچان ۋە مېھرىبان دادا ئاباس بۇرھان 2010 - يىلى 22 - ماي ئۇرۇمچىدە بۇ فانى ئالەم بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.....

ئۇيغۇر زىياللىرى مەرھۇم ئاباس بۇرھان ئەپەندىنى ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنىگە

ئاتاپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتىنىڭ ئالى مۇھەررىرى، ئەل سويەر زىيالى مۇھەممەت پالتا يازغان «قەبرىڭىزدىن گۈل ئۈنۈر» دېگەن شېئىرىدىكىدەك ھىسسىياتلىرى بىلەن ھەر دائىما ياد ئېتىشىدۇ:

رىزا بىز سىزدىن شۇدەم، ئالىملىق خىسلىتىڭىز نامايەندۇر،
نادان دىللارنى ئويغاتقان تەپەككۇر جەۋھىرىڭىز جاندۇر.
تىلىڭىزدىن دۇر تۆكۈپ ، دىلىڭىزدىن نۇر، خەلقىم روھىنى ئويغاتتىڭىز،
ئىلىم روھىنى چاچتىڭىز ھەر چاغ قەلب ئوتىڭىز گۈلخاندۇر.
ئۆچمەس روھىڭىز بىزگە بولغاي قەلب نۇرى كومپاسى،
كوڭلىڭىزگە پۈككەن ئارزۇ ئۈمىد ۋۇلقان بولۇپ ئېتىلۇر.
ئەگەر بولسا مەخمۇت بوۋام، يۇسۇپ خاستەك بۈيۈك ئۇستاز،
ئېيتار ئىدى ئۇشبۇ خىسلەت ئەسلى بىزنىڭ قاندىدۇر.
تەكتى بىلىم ماكانى بۇ، يالغۇز «ئۇسۇل» ئۆچۈن ئەمەس،
تىنچ يېتىڭ ئاباس ئاكا، قەبرىڭىزدىن گۈل ئۈنۈر.

بۇ يەردە شۇنى تەكرار تەكىتلەپ ئۆتىمەنكى ، ئاباس بۇرھان ئەپەندىمنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىلمي پەزىلىتى ـ ئۇنىڭ ئاللاھۇ تەئالانىڭ تەلىمىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىمۇ كاتتا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەنلىكىدە . دېمەككى، ئۇ ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئىلمىنىڭ ھەر قانداق ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن نامۇ ـ شەرىپىگە مۇناسىپ ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىدۇر. شۇڭا ئۇ پاكىستانلىق فىزىكا ئالىمى دوكتۇر ئابدۇسالام بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورناتقاندىن كېيىن ، چوڭقۇر ھاياجان بىلەن «دانىشمەن دوكتۇر ئابدۇسالام» ماۋزۇلۇق كىتاۋىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتقان.

جەنابىي ئاللاھ مەرھۇمنىڭ ياتقان جايىنىڭ جەننەتتە بولىشىنى نېسىپ ئەيلىگەي، ئامىن!

# ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم

مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم **1896** ـ يىلى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدە تۇنۇلغان ئۆلىما ئابدۇللا مۇپتىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، **16** ياشقا كىرگەندە شائىر مەۋلانا ھۇسەيىنخان تەجەللىگە شاگىرت بولغان ۋە تەجەللىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ھەرخىل ئىلىملەرنى پۇختا ئىگەللەپ، ئىستېدات ۋە قابىلىيەت جەھەتتە تېزلا ئۆسكەن. ئۈچ يىللىق تەربىيىدىن كېيىن تەجەللى ئابدۇجېلىلنى يېقىن دوستى ئابدۇقادىر داموللامغا تونۇشتۇرغان. ئابدۇقادىر داموللام تەجەللىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئابدۇجېلىلنى سەممىي قوبۇل قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن.

ئابدۇجېلىل قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە باشقا تونۇلغان بىلىم ئەھلىلىرىدىنمۇ ئەتراپلىق بىلىم ئالغان. ھىجرىيىنىڭ **1338** ـ يىلى (مىلادىيە **1929** ـ **1930** ـ يىللار) ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، «داموللا» دېگەن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن.

داموللام ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۇمىغا قايتىپ كېلىپ خەلققە ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش بىلەن شوغۇللانغان.

**1934** ـ يىلى ھەج سەپىرى بىلەن يولغا چىقىپ ، ئەرەبىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولغان . ئۇ يەرلەردىمۇ كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىرى بىلەن تونۇشقان، مۇشائىرە بولۇشقان ۋە ئىلمي سۆھبەتلەردە بولغان . **1937** ـ يىلى ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن . ئەمما شۇ يىلى پۈتكۈل

ئۇيغۇر دىيارىدا شىڭشىسەي ئېلىپ بارغان باستۇرۇش ، تېرورلۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم شەخسى غەرەزلەردىن خالى ، ئاجىز ـ مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىشنى ئىنسانى بورچ دەپ بىلىدىغان ساپ نىيەتلىك دىنىي ئۆلىما ۋە يېتىلگەن شائىر ئىدى . ئۇ ئانا تىل، ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىدا تۈرلۈك ژانىرلاردا شېئىر يازغان بولسىمۇ ، كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇر تىلىدىكى 10 پارچە شېئىرىنى ئابدۇلھېكىم مەھدۇم ھاجى «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلدى . ئابدۇلھېكىم مەھدۇم ھاجى يەنە شائىرنىڭ ئەرەپ تىلىدا يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىنى نەشىرگە تەييارلىدى.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر



ئالىجاناپ غايە ، يۈكسەك تالانت ، ئېگىلمەس ـ سۇنماس قەيسەر ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1901 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇرپان ناھىيە يېڭى شەھەردىكى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ، دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئەرەپ ، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ، شەرق ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان . 1916 ـ يىلى چوڭ دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ رۇسىيىگە بارغان. شائىرنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىغى ۋە چەت ئەللەرگە قىلغان سەپەرلىرى ئۇنى رۇس ، ئەرەپ ، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئىجتىمائى تەرەققىياتنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدا ھەر خىل سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقلەر ۋە مىللەتلەر ، سىنىپ ۋە تەبىقىلەر بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇلارنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان . بولۇپمۇ ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى رۇسىيىگە قىلغان سەپەرلىرى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتىلىغان مەزگىلىگە توغرا كەلگەچكە ، جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكە تالىشىپ قىلغان ئادالەتسىز ئۇرۇشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن .

1926 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەندە ، خەلقىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالدا خورلىنىپ ياشاۋاتقانلىغى ، خۇسۇسەن ئۆز خەلقىنىڭ سىياسى جەھەتتە يېتەرلىك ئاڭغا ئىگە بو ـ لالمايۋاتقانلىغى ، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەندە ئىنتايىن ئارقىدا قېلىۋاتقانلىغى ، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە تەرەققى قىلغان ئەللەرنىڭ تەرەققىياتى ئۆز يۇرتىدىن خېلىلا ئىلگىرلەپ كەتكەنلىگى شائىردا خەلق ئازادلىغى ۋە دېموكراتىيە ئىدىيىسىنى پەيدا قىلىپ ، ئۇنى ئىنقىلاپ يولىغا باشلىغان . نەتىجىدە شائىر ھاياتىنى پۈتۈنلەي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ ، خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ، باراۋەرلىگىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب ئىشقا بېغىشلىغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى پائالىيىتىدە ئىككى قورالنى ـــ قەلەم بىلەن ئەلەمنى تەڭلا كۆتۈرۈپ چىقتى . ئۇنىڭ بىر قولىدىكى قەلىمى خەلقنى ئويغىتىش ، سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسا ، يەنە بىر قولىدىكى ئەلەمى خەلقنى يېتەكلەپ ، ئۆز ئازادلىغىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا باشلامچىلىق رولىنى ئوينىدى . ئۇ يالغۇز ئىنقىلاۋىيلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ تەشۋىقاتچىسىلا ئەمەس ، بەلكى بىۋاستە ئىشتىراكچىسى بولدى . ئۇ يالغۇز ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان بىر ئىنقىلاۋىي شائىرلا ئەمەس ، بەلكى سىياسىي جەھەتتە ئۆز دەۋرىدىكى خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇچى رەھبەر ئىدى . ئۇ 1927 ـ يىلى «ئاقارتىش بىرلەشمىسى» نامىدا مەرىپەت جەمئىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئىئانە توپلاپ مەكتەپ ئاچتى . بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ بەزىلىرى كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇپ كېلىپ ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول

ئوينىدى . دىيارىمىزدا سىنىپىي ، مىللىي ۋە باشقا تۈرلۈك زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ ئىنتايىن كەسكىنـ ـلەشكەن ، بۇ زىددىيەتلەر گويا بىر دۆۋە قۇرۇق ئوتۇنغا ئوخشاش بىر سۇركىلىش بىلەنلا ئوت ئېلىپ يەر ـ جاھاننى قاپلىغۇدەك ئوت يالقۇنغا ئايلىنىدىغان ۋەزىيەتتە تۇرغاندا ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز سەپداشلىرى بىللە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ، 1931 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1932 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تۇرپان ئويمانلىغىدا ، ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى چىرىك ھاكىمىيتىگە قارشى قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇردى . 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مىللەتپەرەست جىن شۇرېن تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن تۇرپانغا جازا قوشۇنى ئەۋەتكەندە ، قوزغىلاڭچىلار يېڭى شەھەرنىڭ غەربىدىكى قۇملۇقتا «ئوت قالاپ كۈتۈۋېلىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بىر يوللا بىر نەچچە يۈز دۈشمەننى تار ـ مار قىلىپ، نۇرغۇن قورال ـ ياراغ ، ئوق ـ دورا غەنىمەت ئېلىپ دەسلەپكى غەلبىگە ئېرىشكەن ( شائىر بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى «مۇزلىدى» دېگەن شېئىرىدا تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن . ) بىراق ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا بارغان قانخور شېڭ شىسەي 1933 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن دەككىسىنى يەپ ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ تۇرپانغا كەلگەندە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنىۋى تەرغىباتچىلىرى ، دەپ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىغان . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۈرمىدە دۈشمەننىڭ سۈيىقەستىنى پاش قىلىپ «ئېچ پۇشۇش» دېگەن شېئىرىنى يازغان . سۈيىقەستى پاش بولۇپ قالغان شېڭ شىسەي 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئۇنى سەپداشلىرى بىلەن قوشۇپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ، ۋەھشىيلىك بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىـ ـۋەتكەن . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بوينىغا قىلىچ ئۇرۇلغاندا:« ياشىسۇن ئەركىنلىك! »، « ياشىسۇن ئازادلىق ! » دەپ ياڭراق شۇئار توۋلاپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ئۇ گەرچە قۇربان بولۇپ بىز بىلەن ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرلىك شېئىرىي خىتاپلىرى قەلبىمىزدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ ، ئۆزگە ئوخشاش ئەركىنلىك ، ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان ۋىجدانى روھى پەزىلەتنى بېغىشلىماقتا.

تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر نەچچە پارچە شېئىرىنى ھۆرمەت بىلەن سۇنىمەن:

## ئېچ پۇشۇش

كۆزۈم يۇمسام بىلەلمەيمەن، ئۆزۈم ئۇخلاقمۇ ـ ئويغاقمۇ ؟
كۆزۈم ھەم ئىلغىيالماس ئۇ قارامۇ ياكى بۇ ئاقمۇ ؟
قوپۇرمەن، ئولتۇرۇرمەن، ئۆز ـ ئۆزۈمنى ھېچ بىلەلمەسمەن،
بېسىپ تۇرغان يېرىم ھازىر سىلىق غىلتاڭمۇ، تايغاقمۇ ؟
سۆزى قاتتىق، كۆزى قىيپاش، بۇ كەلگەن دارىن ـ ئامبالنىڭ،
غەزەپلىك كۆزلىرى بىزدە مەقسىتى بىزنى چاپماقمۇ ؟
گۇناھسىز بىز، ئەيىپسىز بىز، بۇ شۇملار ئالدىدا قىلچە،
ۋە ياكى بىز ئۇنۇپ چىققان ئورۇپ تاشلاشقا چاققاقمۇ ؟
جاھان تارىخىدا مەشھۇر ئاتالغان نامىمىز ئۇيغۇر،
قېلىشمايمىز بۇ شۇملاردىن، ئەمەسمىز ياكى ئاسقاقمۇ.
بۇلار قىلماقتا بىزلەرگە تۈمەن ـ تۈرلۈك ھاقارەتلەر،
بىلەلمەيمەن بۇ سۆزلەرنى، قىلىنغان بىزگە چاقچاقمۇ ؟
ئاتايدۇ بىزنى چىيەنتۇ دەپ، قوشۇپ ھايۋان بىلەن بىر سەپ ،
چىداشقا زەررە تاقەت يوق، ھاياتلىق بىزگە شۇنداقمۇ ؟
شۇڭا ئالدۇق تاياق ـ توقماق ۋە ھەم پالتا، قارا مىلتىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


باشلىدۇق بىز ئۇلۇغ جەڭنى قارا تاغلارنى ئاتلاپمۇ...
خەۋەر تاپتىم بۇ ئەھۋالدىن، قوزغۇلدىن پارتلىغان بۇ جەڭ،
خۇشاللىقتىن تۇرۇپ كەتتىم، ئورۇن - كۆرپەمنى تاشلاپمۇ؟
داۋاملاشتى بۇ جەڭ دەھشەت، چۆچۈتۈپ ھۆكۈمرانلارنى،
زۇلۇمدىن تارتمىغان قولنى، گۇناھسىز ئەلنى باغلاپمۇ.
ئىشتىراك قىلدىم سەپەرگە، ئۆزۈمنى دەڭسەمەي دوستلار،
ئۆزۈق كەمچىل ئۇزۇن يولغا، بۇ يول ئويي - دۆڭمۇ، پاتقاقمۇ؟
بۇ دۈشمەن چامددى ئالغا، چېكىندۇق ئاز، بۇ دۈشمەندىن،
لېكىن غايەت ئېغىر ئەھۋال، ئاسارەتتىن قۇتۇلساقمۇ.
ياۋاشنىڭ دۈشمنى كۆپتۇر، ياۋاشلىق بىر بىلىمسىزلىك،
بىلىمسىزلىك جاھالەتتە ياشاش مۇمكىندۇ قانداقمۇ ؟
چۈۋۈلدى ساپ زېھىن، تارقاپ پىكىر، باشنى خىيال باستى،
بۇ ئىش ماقۇلمۇ يا ئۇ ئىش ۋە ياكى جىملا تۇرماقمۇ؟
يۈرەكتە بارمۇ يا بىر دەرت، نىمىشقا سالىدۇ تىترەپ،
كۆيۈك دەردىمۇ، قۇللۇقمۇ ۋە يا تېگىدە قورقاقمۇ ؟
يىراقتا پارقىرار يۇلتۇز، ئەجەب ئايمۇ ۋە ياكى چۆل،
كېچمۇ ياكى كۈندۈزمۇ ۋە ياكى ئىچ پۇشار چاغمۇ؟
تىلىم ھەم ئىلغىيالماس تاتلىق بىلەن ئاچچىق ئاراسىنى،
چۈچۈكمۇ بۇ ئىچىملىك ياكى شورمۇ ۋە ياكى قىرتاقمۇ؟
بولالماي ئاھۇ تارتىپ، ئەيلىدىم پەريادى ۋاۋەيلا،
ئېغىزدىن كۆككە چىققاي ئوت، بۇ ئىش دەردىمگە ئايغاقمۇ؟
ئۇزۇن تۈن قاپقاراڭغۇ، بارچە جان ئىستىراھەتتە،
بىلەلمەيمەن نە بولدۇم، ئاغرىدىممۇ ياكى مەن ساقمۇ؟
قوپۇپ ماڭماقچى بولسام گەر ، يۈرەلمەيمەن نە ھادىس بۇ،
بېسىپ تۇرغان يىرىم ياكى خەتەرلىك پەسمۇ قىرغاقمۇ؟
قېنى مۇڭداشقىلى يارەي مۇۋاپىق، بارمۇ بۇ يەردە،
ۋە يا مىسكىن پېقىر ئۇيغۇر ئاسارەتتە ئۆزى تاقمۇ!؟

## غەزەپ ۋە زار

ئەي پەلەك،بۇ دەھشەتتىڭدىن ئىنتىھا بىزارىمەن،
ئىستىدىم كۆپ،تاپمىدىم بۇ دەردىمە ھېچ دارىمەن.
ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ دەردىدە،
گاھ ئۆلۈپ،گاھ تىرىلىپ،كۆپتىن بېرى ئاۋارىمەن.
بىر پۇراپ كۆلسەم نە ئارمان،بېغىم باھارى گۈلنى،
ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن.
دوستلىرىم ئوۋغا چىقاردا كەلتۈرۈر مىسالىغا،
قارچىغا قۇشلار ئۇلا، مەن مىسالى سارىمەن.
يۈز قىلماس تەئەررۇز كۆپ كۆكۈلچاندۇر ئۇلار،
كۆرسەم چاينار نىجىس گوياكى دىل ئازارىمەن.
لا ئەقىل دەپ ئويلىدى،چىندىن نەزەر سالماي تۇرۇپ،

يېگىلىپ كەتتى ئۇلار،كۆپتىن بىرى ھۇشيارىمەن.
قولدىن ئىش كەلمەيدۇ دەپ،دائىم غىدىقلايدۇ مېنى،
مەن ئۇلارنىڭ شۇ سۆزىگە بەكمۇ ـ بەك خۇنبارىمەن.
پەنگە ماگىساق كۆز ئېچىپ كاپىر، جەددىت دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.
چۆل ـ جەزىرە، دەشتۇ ـ سەھرا ئىچرە قالدىم نائىلاج،
ئاھ قاچان بىر يول تېپىپ قوشۇلاي قاتارىمەن.
سۇغا تەشنادۇر بۇ چۆل، بىپايان مۇنبەت زېمىن،
مىسلى دەريا تاپماي ئېقىش، قاينام بولۇپ قاينارىمەن.
ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى ـ مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۇت ئۇيقۇدا، چۇش كۆرۈپ ياتارىمەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسالى يالاڭ ئاياق دەسسەپ تىكەن ماگارىمەن.
ئىلىم ـ پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ ـ خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن.
تىل ـ ھاقارەت، تەنە ـ دىخمار ۋاي داد!...بۇ جاننى قىينىدى،
ئەمدى نە قىلماق كېرەك، ئەجەپمۇ بولدۇم خارىمەن.
زۇلۇمنىڭ ئوكيانىدىن تاپماي پاراغەت ئارىلى،
تاغ كەبى دولقۇندا ئۆرلەپ، ھەققە ئاھ ئۇرارىمەن.
دەۋرى جەبرىدىن ئىست! ھالىڭغا ئۇيغۇر ۋايكىم،
جاننى ئالقانغا ئېلىپ چىق،تاپمايسەن باشقا چارىسەن!

## ئويغان

ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزەڭنى قۇتقازمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.
قوپ! دېدىم، بېشىڭ كۆتەر، ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىنىڭ بىشنى كەس، قاننى چاچ،
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلسەن ئارماندا بىر كۈن ، يوق ئىلاج.
ھېلىمۇ جانسىزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،
شۇڭا يوقمۇ ئانچە ئۆلۈمدىن غېمىڭ؟
چاقىرسام قىمىرلىمايلا ياتسەن،
ئويغانماي ئۆلمەكچىمۇ سەن شۇ پېتىڭ؟
كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلان ئۇزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىمەت، پۇرستى،
كېلىچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا، ھەي ئۇيغۇرۇم،
سەبدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇققۇنۇم.
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا ئويغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن زادى، نېمە بولغىنىڭ؟!
كېلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلىسەن،
تەكتىگە گەپنىڭ شۇ چاغدا يېتىسەن.
«خەپ» دېسەڭ شۇ چاغدا ئۆلگۈرمەي قالۇر،
شۇندا، ئۇيغۇر، سۆزىگە تەن بېرىسەن.
1921 ـ يىل، تۇرپان

## ئاچىل

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ،
باشقا سانجىلاي دەيدۇ.
يارىمنىڭ يۈرەك ئوتى،
تەنگە يامشاي دەيدۇ.
يارىم ماڭا ناز قىلۇر،
كۈلۈپ مېنى ماز قىلۇر.
يار قەدرىنى بىلمەيسەن،
زىمستاننى ياز قىلۇر.
يار دەردىدە خۇن بولدۇق،
تۈگمەنلەردە ئۇن بولدۇق.
قورقۇنچۇڭدىن قاتتىق تاش،
بىرلىشەلمەي قۇم بولدۇق.
ياش تەلەپلەر ئۇخلاشما،
يار يولىدا پۇتلاشما.
يارىم ئۈچۈن جان پىدا،
قەدىمىڭگە مىڭ تىللا.
غەيرەت گۈلۈم ئاچىلغىل،
ھىممەت يولۇم ئاچىلغىل.
يارىم ئۈچۈن بەرسەم جان
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم.
يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم،
يارىم ئاچىلغىن.

ئەمدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەردىن ئارىيە:

## ئوغۇل بالا ئەلنى تاشلاپ قاچمايدۇ

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى بىر نەچچە قېتىم يامۇلغا چاقىرىپ كېلىپ سوراق قىلغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنى چاتقال دېگەن جايغا كېتىپ ۋاقتىنچە شۇ يەردە پاناھلىنىپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ لەۋزىنى يىرالماي ، ئىگەرلىنىپ ئالدىغا ئەكىلىنگەن ئاتقا مىنگەن بولسىمۇ، ھويلا ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇغ ـ تۇغقان ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ يىغا ـ زار قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ مەن قېچىپ كەتمەي! ئەل ـ يۇرت جامائەتلەر بۇ يەردە يىغا ـ زار قىلىشىۋاتسا مەن كەتسەم بولمايدۇ ، مەن ئۈچۈن ئەل ـ يۇرت ئازاپ تارتمامدۇ؟ ئوغۇل بالا ئەلنى تاشلاپ قاچمايدۇ، مەن ئۆلـ ـسەممۇ ئەل ـ يۇرتۇم بىلەن بىللە ئۆلىمەن، دەپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئۆزى ئۈچۈن يىغا ـ زار قىلىشىۋاتقان كىشىلەر توپى ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ.

## ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز

1933 ـ يىلى ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چىققان شىڭ شىسەينىڭ باندىت قوشۇنلىرى 17 نەپەر كىشىنى تۇرپان يېڭى شەھەر بۇتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يالاپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى جازا تۈۋرۈكلىرىگە باغلايدۇ. بۇلار تۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئالىي تەشكىلىي ئورگىنى «ئىنقىلاۋىي ھەيئەت» نىڭ ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ بار ئىدى.

كۈن پېتىش مەزگىلىدە جاللاتلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئىنقىلاپچىلارنىڭ كاللىسىنى كېسىشكە تەييارلىنىدۇ ، شائىر ئالدىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن جاللاتلارغا قاراپ ، مەردانە ئاۋاز بىلەن خىتاپ قىلىدۇ:

ـ كۈن ھازىر ئولتۇرۇپ كېتىدۇ . جاھاننى قاراڭغۇچىلىق باسىدۇ . لېكىن شۇنى بىلىڭلاركى ، ئەتە يەنە تاڭ ئېتىپ كۈن پارلايدۇ!. . .

شائىرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىمۇ تىز پۈكمەيدىغان ئىنقىلاۋىي جاسارىتىدىن تىترىگەن جاللاتلار غالجىرـ لاشقان ھالدا شائىرنىڭ بويىنغا قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇبارەك كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ.

## ئابدۇراخمان شائىر

ئابدۇراخمان چوڭاخۇن ئوغلى 1912 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئىتارچى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ دادىسى مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ ، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش يولىدا تىرىشقان. ئابدۇراخمان ئۆز يۇرتىدا ۋە 1928 ـ يىلى ئائىلىسى قارا شەھەرگە كۆچۈپ چىققاندا ، شۇ يەردىكى ئابدۇكېرىم داموللام دېگەن كىشىنىڭ تەربىيىسىدە دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن . ئەرەب ، شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان . 1934 ـ يىلى مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق) ئەپەندى ئاچقان قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىن كۇرسىدا ئوقۇغان . كۇرسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاستىن ئاتۇشنىڭ مىيى يېزىسىدا قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇدىر ۋە باش مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن . بۇ جەرياندا ئىشتىن سىرتقى كەچ كۇرسلارنى ئېچىش ، چوڭلار ئارىسىدا ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىنى ئويۇشتۇرغان.

ئابدۇراخمان 1937 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئاتۇش مەھشەت يېزىسىنىڭ قۇمباغ كەنتىدە قۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مەكتەپ رەھبەرلىرى ، ئوقۇتقۇچىلار سۆھبەت يىغىنىدا ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۆزلىگەن نۇتقىدىن تەسىرلىنىپ ، شۇ مەيداندىلا «ۋەدە» ماۋزۇلۇق بىر غەزەل يېزىپ، دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن:

« كۆيۈمچان ئوت يۈرەك باغۋەن چېۋەر ئۇستازىمىزبىزنىڭ،
دىلىمدا مەڭگۈ پارلايدۇ، ئەقدە ـ مېھرىڭىز سىزنىڭ.
كى قورقۇشنى راۋا كۆرمەس ۋەتەن پەرزەنتى بولغان ئەر،
ۋەتەن، مىللەت باھارىغا سوقار پاك قەلبىمىز بىزنىڭ.
ئۆگەتكەن سىز ۋەتەن ـ ئەلنى سۆيۈش ھەركىمگە بورچتۇر،
شۇڭا سىزنى قىلىپ ئۈلگە داۋاملاش ئەھدىمىز بىزنىڭ.
قۇۋۋەت بولدى بۇگۈن بىزگە سۆزىڭىز ئۆزگىچە ئىلھام،
ئىلىم ـ ئىرفان يولىن بويلاپ مېڭىش چىن قەرزىمىز بىزنىڭ.
مەگەر خائىن، مۇناپىقلار قىلىپ قەست زەھرىنى سالسا،
پىدا ئەيلەپ بۇ جانلارنى، يوقاتماق شەرتىمىز بىزنىڭ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قەسەم بەر ئابدۇراخمان سەن چۇەر ئۇستاز ھۇزۇرىدا،
ۋەتەن، مىللەت ئۈمىدىنى ئورۇنلاش ۋەدىمىز بىزنىڭ.

1937 ـ يىلى ئاپرىلدا مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق) ئەپەندى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان شائىر ئاتۇش مائارىپىنىڭ ۋاقتلىق مەسئۇللىقىغا بەلگىلەنگەن. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئابدۇ ـ راخمان شائىرمۇ قولغا ئېلىنغان ۋە 1938 ـ يىلى ئەتىيازدا تۈرمىدا قەتلى قىلىنغان.

1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئاتۇش شەھىرىدىكى پىشقەدەملەردىن مىرئەھمەد سەئىد، ئابدۇكېرىم هاجى قاتارلىقلار ئابدۇراخمان شائىرنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، ئۇنىڭ 10 نەچچە پارچە شېئىرىنى نەشرگە تەييارلىدى . شائىرنىڭ غەزەل، مۇخەممەس ۋە مەسنىۋى شەكلىدە يېزىلغان بۇ شېئىرلىرى تىل ، ئۇسلۇب جەھەتتە يېڭىچە جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ ، ئۇلاردا قۇمۇل دېهقانلار قوز ـ غىلىڭى ، 30 ـ يىللاردا بارلىققا كەلگەن ئويغىنىش ، مەرىپەتچىلىك ، ئاقارتىش دولقۇنى ۋە بۇ دولقۇندا بارلىققا كەلگەن نەتىجىلەر كۈيلەنگەن ، شائىرنىڭ ئۆزىنى مىللەت ، خەلق خىزمىتىگە ئاتاشتەك جەسۇر ئىرادىسى نامايان قىلىنغان.

# ئابدۇراخمان قاهار

ئابدۇراخمان قاهار 1936 ـ يىلى1 ـ ئايدا غۇلجا شەهرىنىڭ بىنكىسك مەهەللىسىدە قول هۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1953 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە سابىق شىنجاڭ ئېنىستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىلاردا مائارىپ ساهەسىدە ئىشلىگەن، كېيىن ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتوتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.



ئابدۇراخمان قاهار ئەدەبىيات ساهەسىگە 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن كىرىپ كەلگەن . كېيىنچە، «ئانا ۋەسىيتى» ، «ئە ـ مەت هاجى» ، «دېهقان سازەندە» قاتارلىق هېكايىلارنى يازغان . 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بىر تۈركۈم يىرىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ، پىروزىچىلىق ساهەسىدە خېلى چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

ئابدۇراخمان قاهارنىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى:

«ئىلى دولقۇنلىرى» (ئىككى قىسىملىق رومان) ، «كۆكۆل» ، «هايات سىرى» (رومان) ، «كە ـ چۈر، مېنى نازاكەت» ، «ئاھ، ياشلىغىم» (پوۋېستلار توپلاملىرى) ، «ۋاپا» (هېكايىلار توپلىمى).

# ئابدۇرەشىدخان

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان «يەكەن خانلىغى» («سەئىدىيە خانلىغى») دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدە ـ نىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان مەرىپەتپەرۋەر دۆلەت ئەربابى، تالانتلىق هەربىي سەركەردە، شائىر ۋە مەشهۇر مۇقام ئۇستازى.



ئابدۇرەشىدخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى بولۇپ ، مىلادى 1509 ـ 1510 ـ يىللىرى پەرغانىدە تۇغۇلۇپ ، مىلادى 1569 ـ 1570 ـ يىللىرى يەكەندە ۋاپات بولغان. ئۇ «يەكەن خانلىغى» نىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى بولۇپ، باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تارتىپلا ئىلىم ـ پەننىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى بويىچە ئەتراپلىق بىلىم ھاسىل قىلىپ ، ئۆز دەۋرىنىڭ خەلقپەرۋەر دۆلەت ئەربابى ، مەشھۇر سىياسىيون ، شائىر ، سازەندە ۋە ئۇستا خەتتات بولۇپ يېتىشىدۇ . ئۇ دادىسى بىلەن بىللە كۆپ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ ، ھەربىي ئىلىمنىمۇ پۇختا ئۆگىنىدۇ . ئۇ دادىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ، جۇملىدىن ئەينى دەۋردىكى مەرپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە كىچىگىدىن تارتىپ ئىلىم ـ پەننى قەدىرلەيدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان خەلقپەرۋەر بىر كىشى بولۇپ يېتىلىدۇ . ئۇ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ سەئىدىيە خانلىغىنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈ ـ رۈش ئۈچۈن ، خەلق ئارىسىدىكى تالانت ئىگىلىرىنى ، قابىلىيەتلىك ئالىم ، ئەدىپلەرنى ، مۇزىكانت ۋە مۇقامشۇناسلارنى ، ھۈنەرۋەنلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ ، مەدەنىيەتنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلدى.

موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسرىدە: «ئابدۇرەشىدخان تىرەندازلىق (مەرگەنلىك) ۋە چابوكسۇۋار (چەۋەنداز) لىقتا ئۇلۇغ خان سۇلتان سەئىدخاندىن ئېشىپ كەتتى. ئابدۇرەشىدخان پادىشاھ زەدەئى دىلاۋەر ۋە مەردانە خۇش مەنزەر ۋەنكوسە يىگىرمە ئۈچ يېشىدا تەختكە ئولتۇردى ، شېئىر فارىسى ۋە تۈركىنى خوپ ئېيتۇر ئىدىلەر، خۇش سەۋاد ئىدى . ھەر نەچچە بى ئىملا خەت بولسە ، خوپ يادا ئالغاندەك ئوقۇر ئېردى،» دەپ بايان قىلغان ئىدى .

گۈللەنگەن سەئىدىيە دەۋرى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي ئۇتتۇقلىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ . شۇڭا ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئەڭ پارلاق مەدەنىيەت دەۋرى ئېچىلىپ ، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى ، مۇقامچىلىقى دەۋر بۆلگۈچ ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپىقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ . شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم تۆھپىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە بېيىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە گەۋ ـ دىلىنىدۇ . ئۇ ئەينى دەۋردە ئۆزى باش بولۇپ خانلىق ئوردىسى يېنىدا مۇزىكا مۇئەسسەسى (ئورگىنى) قۇرۇپ ، ئۇنىڭغا مەشھۇر مۇقام ئۇستازى ، شائىر قىدىرخان بىلەن خوتۇنى مەلىكە ئامانىسانى باش يېتەكچى قىلىپ بەلگىلەيدۇ . بۇ مۇزىكا مەكتۇۋى ئەتراپىغا خانلىق تەۋەسىدىكى ئاتاغلىق مۇزىكىچىلار، مۇقامچىلار جەم بولۇپلا قالماي ، يەنە ئىراق ، ئىران ، تېبرىز ، خارەزىم ، سەمەرقەند ، ئەنجان ، ئىستانبۇل ، كەشمىر ، بەلخ ، شىراز قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن كۆپلىگەن شاگىرتلار جەم بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نى توپلاش ، ئۆگىنىش ، رەتلەش دولقۇنى ئەۋج ئېلىپ ، ئون ئىككى مۇقامنى ئىلمىي ۋە سىستېملىق ھالدا يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىشى روياپقا چىقىدۇ . بۇنى مۇقام تارىخىدىكى ئىككىنچى چوڭ گۈللىنىش باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك ، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئەۋج ئېلىپ ، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى مۇتەئەسسىپ روھانىيلار ۋە سۇپى ـ ئىشانلارنىڭ سۇيىقەست ۋە زىيانكەشلىكلىرىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇچرىۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا ، ئابدۇرەشىدخان مىسلىسىز جۈرئەت ۋە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ، «ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەشكە يېتەكچىلىك قىلىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇردى . شۇڭا بۇ تارىخىي تۆھپە قىدىرخان ۋە مەلىكە ئامانىسا بىلەن بىللە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغىمۇ مەنسۇپ ، ئەلۋەتتە. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە» ناملىق ئەسرىدە ئېيتىلىشىچە: «ئابدۇرەشىدخان موللا ، فازىل (شائىر) بولۇپ ، فارس ۋە تۈركىي نەزمنى ياخشى ئېيتۇر ئىدى. ئىلمىي مۇسىقىدا گوياكى فىساغوروس سانى (ئىككىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



فساغوروس) ئىدىلەر» . «تارىخى رەشدى» (زەيلى) دە ھەم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۈپەتلىرىنى تەرىپلەپ: «ئۇ مۇزىكا ئىلمىنى پۇختا بىلەتتى ، بەلكى مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇسەننىپىسى ئىدى ، ئۇ چا ـ ھارتار (تۆت تار)، دۇتار ، قالۇن ، تەمبۇر ، راۋاپ ، ئۇد ، غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. ئابدۇ ـ رەشىدخان ساز چالغاندا ھەر قانداق بى مازاق (رەۋقى) قىلاتتى. ئابدۇرەشىدخان خۇش نەۋىس (خەتتات) ئىدى ، پارسى ۋە تۈركى تىللار شېئىرلىرىنى ئىجاد قىلىشقا كامىل شائىر ئىدى» دەپ بايان قىلغان . موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە مۇقامشۇناس مەلىكە ئامانىسانى تەرىپلەپ ، ئۇنىڭ «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق بىر مۇقام ئىجاد قىلغانلىقىنى ھەمدە بۇ مۇقام ئەينى دەۋرىدە ئابدۇرەشىدخان نامىغا باغلىنىپ ئەل ئىچىگە يېيىلغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ . مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ بايان بىزگە «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنىڭ ئىجاد قىلىنىپ تارقىلىشىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بىر ئۈلۈش ئەمگىكى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . سۇلتان ئابدۇرەشىدخان «رەشىدى» دېگەن نام بىلەن تۈركىي ۋە پارس تىلىدا مۇھەببەت ، ۋاپا ، ئۈمىدۋارلىق ، ساداقەت تۈيغۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى يازغان ، ئۇنىڭ «دىۋان رەشىدى» ، «غەزەلىياتى رەشىدى» ، «سالاتىننامە» قاتارلىق دىۋانلىرى بولغان ، ئەپسۇسكى ئۇلار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن .

قىسقىسى، ئابدۇرەشىدخان ئىنساپ ـ ئادالەتنى ، خەلقپەرۋەرلىكنى ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ زامانىدا ئەدلى ـ ئادالەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت، مەرىپەت ۋە سەنـ ـئەت ئۆز زامانىسىغا لايىق ھالدا نۇر چېچىپ، سەئىدىيە ئاسمىنىدا پارلىغان ئىدى، بولۇپمۇ « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» تېخىمۇ نۇرلانغان ئىدى.

# ئابدۇرېشىت جەلىل قارلۇق



ئابدۇرېشىت جەلىل قارلۇق 1972 ـ يىلى ئاپرېلدا قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم سايباغدا ئابدۇجەلىل تۇردى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ ، ئۇ بەشكېرەم سايباغدىكى ئەڭ چوڭ جەمەتلەرنىڭ بىرى بولغان باي يۈسۈپ جەمەتىنىڭ ئەۋلادى بولىدۇ.

ئۇنىڭ جەمەتى ۋە ئائىلىسى «سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۆزلۈكسىز «تەنقىد، تەقىب ۋە ئۆزگەرتىش» ئوبيېكتى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، كېيىنچە «دېھقان» كىملىكىدە مەۋجۇدىيىتىنى داۋام قىلدۇرغان. ئابدۇرېشىتنىڭ ئائىلىسىدىكى دۇنياغا كۆز ئاچقان 12 قېرىنداشتىن ئالتىسى ھايات قېلىپ ، ئۇنىڭ قالغان 5 قېرىنداشلىرى ئاساسەن ئۆزلۈكسىز ئوقۇش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولالمىغان . پەقەت ئابدۇرېشىتلا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا ئۆزلۈكسىز ئوقۇپ ، «زىيالىي» بولۇشقا تىرىشالىغان . 1979 ـ يىلى ئابدۇرېشىتنىڭ 22 يىللىق ئوقۇش ھاياتى بەشكېرەم سايباغ باشلانغۇچتىن باشلىنىپ ، 2003 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇغىچە داۋام قىلغان . ئۇ ئارىلىقتا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا قاراشلىق مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىدە ئىككى يىللىق كەسپىي تەرجىمان تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان . دوكتورلۇق ئوقۇشى تاماملانغاندىن كېيىن ، ئۇ 2003 ـ يىلى فېۋرالدىن 2014 ـ يىلى سېنتەبىرگىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى ۋە تەتقىقاتچى بولغان . ئۇ 2004 ـ يىلى ياردەمچى دوتسېنت (لېكتور)، 2006 ـ يىلى دوتسېنت، ۋە 2012 ـ يىلى پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. 2008 ـ يىلى نويابىردىن 2009 ـ يىلى نويابىرغىچە ئاۋستىرالىيە جەنۇبىي كىنسلەند ئۇنىۋېرسىتېتىدا (University of Southern Quensland، USQ) مېھمان تەتقىقاتچى ۋە 2010 ـ يىلى ئىيۇلدىن

2010 ـ يىلى سېنتەبىرگىچە ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرستېتى مەركىزىي ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقاتلىرى فاكۇلتېتىدا تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن . ئۇ 2011 ـ يىلى يانۋاردىن بۇگۈنگىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى نىغدە ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن ، ئۇشبۇ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا تەكلىپلىك چەتئەللىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

2013 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئالىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىغى ۋە ھۆكۈمەت مەھـ ـكىمىسىنىڭ ئەنگە ئېلىشى بىلەن نىغدە ئۇنىۋېرستېتىدا «مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر ـ خەن تەتقىقات مەركىزى»نى قۇردى. ئۇشبۇ مەركەزدە يەنە تۈركىيە ئالىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن كەسپلەر ئارا (interdiscipline) «ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقاتلىرى» ماگىستىر ۋە دوكتورلۇق پىروگراممىسىنى ئېچىپ، 2014 ـ يىلى تۈركىيە ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 22 ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى باشلىدى. شۇ ھالدا «ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقاتلىرى» بويىچە دوكتورلۇق پىروگراممىسى تۈركىيەدە تۇنجى بولۇپ مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر ـ خەن تەتقىقات مەركىزىدە ئېچىلغان بولدى.

ئوقۇش ۋە خىزمەت تەجرىبىسى جەريانىدا ئابدۇرېشىت يات ۋە قېرىنداش خەلق تىللىرىدا كەڭ دائىرىلىك ئاساسلارغا ئىگە بولغان بولۇپ ، ئۇنىڭ خەنزۇچىسى مۇكەممەل، ئىنگلىزچىسى راۋان، پارسچىسى باشلانغۇچ سەۋىيەدە؛ تۈركىيە تۈركچىسى مۇكەممەل، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز ۋە ئەزەربەيجان تۈركچىلىرى ياخشى سەۋىيەدە، چاغاتايچە ۋە قەدىمكى تۈرك/ئۇيغۇرچىنىمۇ بىلىدۇ.

ئابدۇرېشىتنىڭ تەتقىقات دائىرىسى: ئىجتىمائىي ـ مەدەنىي ئۆزگىرىش، كۆپ كۇلتۇرچىلىك، ياۋرو ـ ئاسىيا تۈرك ئىجەمئىيەت ـ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى، ئۇيغۇر تەتقىقاتى، ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانى، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر قۇرۇلمىسى، خەن مەدەنىيىتى تەتقىقاتى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن كۆپ سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق بىر بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قانچە ئاساسلىق دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئابدۇرېشىت جەلىل قارلۇقنىڭ ئەمگەك نەتىجىلىرىدىن «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى» (تۈركچە، 2006)، «كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈركچە ئىسىم ـ فامىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى» (2007) دېگەن ئىككى كىتاۋى نەشر قىلىندى. ھەمدە «ئۇيغۇر جەمئىيەتشۇناسلىغىغا كىرىش» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ . كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ئەسەر ـ لىرىدىن «مەسنەۋىي ھېكايەتلەر» ، «مۇنازىرە» ، «ھىندى سەيياھنىڭ قىسسەسى» (2007) ، «دىۋانى ھېكمەت» (2012) قاتارلىقلارنى چاغاتايچە ۋە تۈركىيە تۈركچىسىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچىسىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوخشىمىغان تىللاردا يازغان 45 پارچە (12 پارچە تۈركچە، 17 پارچە ئۇيغۇرچە، 14 پارچە خىتايچە، 2 پارچە ئىنگلىزچە) ئىلمىي ماقالىسى نوپۇزلۇق ژورناللاردا ئېلان قىلىندى.

تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش جەريانىدا، دوكتور ئابدۇرېشىت جەلىل قارلۇق جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى 20 دىن كۆپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان ۋە ماقالە ئوقىغان ، ھەر خىل تىللاردا 20 دىن كۆپ مۇھىم لېكسىيەلەرنى سۆزلىگەن.

ئۇ يەنە ئوخشىمىغان ئۇنىۋېرستېتلاردا ئوقۇتقۇچى بولۇپ دەرس بېرىش جەريانىدا تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىققا كىرىش، مىللەت جەمئىيەتشۇناسلىغى، دىن جەمئىيەتشۇناسلىغى قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق ئاساسلىق دەرسلەرنى، ماگىستىر ئاسپىرانت ۋە دوكتور ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تەرەققىيات جەمئىيەتشۇناسلىغى ۋە جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى، جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئۆزگىرىش تەتقىقاتى قاتارلىق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت ـ ـچانلىقى كۈچلۈك بولغان دەرسلەرنى بەرگەن، جۇڭگو ئىچى ۋە سىرتىدا 11 مۇستەقىل تەتقىقات تۈرىنى ئىشلىگەن، ۋە ئاساسلىق تەتقىقاتچى سۈپىتىدە بەش چوڭ تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان.

**ماقالە ـ ئەسەرلىرى:**

1. «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سوتسىئو ـ كۇلتۇرەل قۇرۇلمىسى» ، ئەنقەرە ئاتىلىم نەشرىياتى 2006 ـ

www.uyghurkitap.com



يىل ئەنقەرە، تۈركىيە
2. «كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈركچە ئىسىم ـ فامىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى»، مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىل بېيجىڭ.
3. «ئۇيغۇر جەمىيەتشۇناسلىقىغا كىرىش» (ماقالىلەر توپلىمى)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا (2013).
4. «جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت قارىشى ۋە هازىرقى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر قۇرۇلمىسى»، (تۈركچە، تۈركىيەدە نەشر قىلىنىش ئالدىدا).

## چاغاتايچە ۋە تۈركىيە تۈركچىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى

5. «مەسنەۋى هىكايەتلەر»، جالالىدىن رۇمى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 3 ـ سان، 2004 ـ يىل 4 ـ سان، 2004 ـ يىل 6 ـ سان، 2005 ـ يىل 1 ـ سان. ئۈرۈمچى.
6. «مۇنازىرە»، «هىندى سەيياهنىڭ قىسسەسى»، ئابدۇرەئوف فىترات، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 6 ـ سان، 2006 ـ يىللىق ـ 1 ـ سان، 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان. ئۈرۈمچى.
7. «دىۋانى هىكمەت»، ئەهمەت يەسەۋى، مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012 ـ يىل، بېيجىڭ.

## ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىن تاللانما

8. «تاتارلارنىڭ ئۇيغۇر جەدىدچىلىكە قوشقان تۆهپىسى ۋە تەسىرى توغرىسىدا»، «قىرىم» 36 ـ 40 بەتلەر، 2002، ئەنقەرە. (تۈركچە)
9. «جۇڭگودائىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر»، «كۆك تەتقىقاتى»، كۆك سوتسىئال ۋە ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى، 2001 ـ يىلى، 1 .جىلت 3 ـ سان، ئەنقەرە. (تۈركچە)
10. «بۇددىزىم مۇهىتىدىكى سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزىم ئېتىقادى»، «ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقاتلىرى» 2003 ـ يىللىق 24 ـ سان، ئەنقەرە. (تۈركچە)
11. «كۇنمىڭزىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك نامى»، «مىراس»، 2003 ـ يىللىق 5 ـ سان، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)
12. «تۈركلەردە نومۇس قارىشى»، «مىراس»، 2003 ـ يىللىق6 ـ سان، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)
13. «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇسىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاهات»، «تۇرپان»، 2003 ـ يىللىق 4 ـ سان، تۇرپان. (ئۇيغۇرچە)
14. «كۇلتۇرنىڭ مەدەنىيەتتىن پەرقى ۋە مىللىي كۇلتۇرلەر»، «تۇرپان» 2004 ـ يىلى 2 ـ سان. (ئۇيغۇرچە). كېيىن خەن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن. (مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل بېيجىڭ. (خەنزۇچە)
15. «كۇنمىڭ ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى دىن ۋە مىللىي كىملىكنىڭ مۇناسىۋىتى هەققىدە»، «كۆك تەتقىقاتى»، كۆك سوتسىئال ۋە ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى II ـ سان، 2004 ـ يىل، ئەنقەرە. (تۈركچە)
16. «ئۇيغۇرلاردا ئائىلە»، «جەمىيەتشۇناسلىق لىكسىيەلىرى»، ئۈتتۈز ئىككىنچى كىتاپ، ئىستانبۇل، 2005 ـ يىل، (پروفېسسور دوكتۇر، دەمەت ئۆلۈسوي بىلەن بىرلىكتە يازغان). (تۈركچە)
17. «ئۇيغۇر ئائىلە قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر»، «بىلىگ» (ئەهمەت يەسەۋى ئۇنىۋېرسىتېتى ژورنىلى) 2005 ـ يىل 34، ئەنقەرە. (تۈركچە)
18. «كۇنمىڭزىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيە تۈركلىرىگە بولغان پوزىتسىيىسى»، «چاغداش تۈركلۈك تەتقىقاتى» ژورنىلى، ئەنقەرە. 2006 ـ يىلى، 2 ـ سان (تۈركچە)

**19**.«سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئىشلىتىشى توغرىسىدا سوتسىئولوگىيىلىك تەھلىل»، «ھاجەتتەپە تۈركىيات تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، **2006**-يىللىق **1**-سان، ئەنقەرە. (تۈركچە)

**20**. «تىل بىلەن تەپەككۇر مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى» **2006**-يىل**2**-سان ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

**21**. «تىل بىلەن كۇلتۇرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، **2006**-يىللىق **2**-سان، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە). كېيىن خىتايچە «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، **2008**-يىل، بېيجىڭ. (خەنزۇچە)

**22**. «تۈرك كىشى ئىسىم فامىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، **2006**-يىللىق **2**-سان. ئۈرۈمچى.

**23**. «كۈنىمىزدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا بولغان پوزىتسىيىسى توغرىسىدا»، «سېرىق ئۇيغۇر كۇلتۇرى» (尧熬尔文化)، **2006** -يىللىق **1**-سان، گەنسۇ سۇنەن(خىتايچە)، تەكرار «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، **2007**-يىل، بېيجىڭ. (خىتايچە)

**24**. «غەرپنى ئېچىش ۋە مىللى كۇلتۇرلەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، **2007**-يىللىق **2**-سان، ئۈرۈمچى.

**25**. «ئىناق جەمىيەت ۋە مىللى كۇلتۇرلەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، **2007**-يىللىق**4**-سان، **5**-**10**، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

**26**.«جەدىدچىلىك ھەركىتى ھەققىدە تۈرك ئىسلام كۇلتۇرىنىڭ زامانىۋىلىشىش ھەركىتى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، **2007**-يىل، **275**-**288** بەت، بېيجىڭ. (خىتايچە)

**27**. «مۇسابايوپ ئائىلىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، **2007**-يىل بېيجىڭ، **260**-**275** بەت، (خىتايچە).

**28**. «دىۋانى ھېكمەت ۋە ئەھمەد يەسەۋى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، **2008**-يىللىق**5**-سان،**44**-**55** بەت، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

**29**. «كۇلتۇر، مەدەنىيەت ۋە مىللىي كۇلتۇر مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، **2008**-يىل، **71**-**84** بەت، بېيجىڭ. (خىتايچە)

**30**. «مەھمۇد كاشغەرى ۋە كۈنىمىز ئۇيغۇر مەنىۋىياتى مۇناسىۋىتىگە سوتسىئولوگىيىلىك نەزەر»، تەۋەللۇتىنىڭ **1000**-يىلىدا خەلقئارالىق كاشغەرلىك مەھمۇد ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى، رىزە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، رىزە-تۈركىيە، **501**-**507** بەت، **2010**. (تۈركچە).

**31**. «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بېيجىڭدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېتەكچى جەمىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، **2009**-يىل **1**-سان، **47**-**59** بەت، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

**32**. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللەتلەر قۇرۇلمىسى ۋە مىللەت-نوپۇس ئالاھىدىلىكى»، «ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، **2009**-يىلى كۈز **2**-سان، **63**-**91** بەت، ئەنقەرە. (تۈركچە)

**33**. «ئۇيغۇر زامانىۋىيلىشىشى جەريانىدىكى ئىستانبۇلچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى توغرىسىدا»، «تۈرك كۇلتۇرى»، تۈرك كۇلتۇر تەتقىقات ئېنستىتوتى ژۇرنىلى، **2009**-يىل **2**-سان، **290**-**328** بەت، ئەنقەرە. (تۈركچە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



34. «سوتسىئولوگىيە ۋە ئانترىپولوگىيەدە كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا ئىزاھات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژورنىلى، 2009 ـ يىللىق 5 ـ سان، 48 ـ 58. ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە).

35. «يەرشارىلىشىش ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 2010 ـ يىل 1 ـ سان، 28 ـ 38، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

36. «تەرەققىيات، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە بەدەل تەرەققىيات ئەسناسىدا قەشقەر شەھرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە سوتسىئولوگىيىلىك نەزەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2010 ـ يىللىق5 ـ سان، 12 ـ 29، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

37. «ئۇيغۇر زامانىۋىيلىشىشى جەريانىدا ئىستانبۇلچىلارنىڭ تەسىرى»، «تۈرك كۈلتۈرى»، تۈرك كۈلتۈر تەتقىقات ئىنستىتوتى ژورنىلى، 2010 ـ يىل 2 ـ سان، 72 ـ 112 بەت، ئەنقەرە. (تۈركچە).

38. «شىمالىي جوڭگودا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش مۇھىتى، تۇرمۇش ۋە ماسلىشىش مەسىلىرى ھەققىدە»، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «مىللەتلەر تەتقىقاتىدىكى دىنامىكلەر»، 2010، بېيجىڭ. (خىتايچە)

39. «بېيجىڭ، تيەنجىن شەھەرلىرىدە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش مۇھىتى ۋە تۇرمۇشقا ماسلىشىشتىكى مەسىلىرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئۆزگىرىشلەر»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2010 ـ يىل، 306 ـ 323 بەت، بېيجىڭ. (خىتايچە).

40. «تۈركىيەنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياستى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2010 ـ يىل، 380 ـ 398 بەت، بېيجىڭ. (خىتايچە).

41. «ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا كۆرۈلگەن خەن كۈلتۈر تەھلىللىرىدىن تۈركلۈك تەتقىقاتىدا خەنشۇناسلىق(سىنولوگىيە) نىڭ مۇھىملىغى»، 3. نۆۋەتلىك تۈركىيات تەتقىقاتلىرى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى، ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرستېتى تۈركىيات تەتقىقاتلىرى ئېنستىتوتى نەشرىياتى، 689 ـ 695، 2010 ـ يىلى، ئەنقەرە، تۈركىيە (تۈركچە)

42. «ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى كۈلتۈرەل ئۆزۈكلۈك ھادىسىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2011 ـ يىللىق1 ـ سان، 29 ـ 39، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

43. «جەمىيەتشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر جەمىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 2010 ـ يىل 4 ـ سان، 35 ـ 46، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

44. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا رايون خاراكتېرلىق بىخەتەرلىك ۋە HIV/AIDS »، ئاۋستىرالىيە تاشقى ئىشلار ژورنىلى، 2011 ـ يىلى، 1 ـ سان، 203 ـ 219 ـ بەت.( دوكتور ئاننا خايەس بىلەن بىرلىكتە)، (ئىنگلىزچە).

45. «بېيجىڭ ۋە تيەنجىن شەھەرلىرىدە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەرنىڭ تۇرمۇشتا ماسلىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش»، «شىمالىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى ژورنىلى»، 2011 ـ يىلى، 2 ـ سان، 63 ـ 69، يىنچۈەن، نىڭشىيا (خىتايچە)

46. «ئىجتىمائىيلىشىش مۇھىتى ۋە بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇرلاردا كۆرۈلگەن كۈلتۈرەل ئۆزۈكلۈكلەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 2011 ـ يىلى، 2 ـ سان، 109 ـ 123 بەت. ئۈرۈمچى (ئۇيغۇرچە).

47. «بېيجىڭدا ياشاۋاتقان تىبەتلىك زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ۋە بۇنىڭغا تەسىر قىلىۋاتقان ئامىللار»، «شىمالىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى ژورنىلى»، 2011 ـ يىلى، 5 ـ سان، 42 ـ 49، يىنچۈەن، نىڭشىيا (خىتايچە).

48. ئاز سانلىق مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ھەققىدە

تەتقىقات ـ بېيجىڭدا ئوقۇغان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆرنىگىدە. «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركەزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، **2013**، (خىتايچە)، (مىجىت قادىر بىلەن بىرلىكتە).

**49**. كۆنىمىز ئۇيغۇرلىرىدا تەسىرلىشىش ۋە ئىجتىمائىي مۆلكىنىڭ قوغدىلىشى قاتار چاي ئۆرنىگىدە، «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، **2013**، (خىتايچە)، (مىجىت قادىر بىلەن بىرلىكتە).

**50**. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ پروگراممىلىرىغا ئىلتىماس قىلىشتىكى ئارزۇلىرى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشىنى تەكشۈرۈش ـ بېيجىڭدا ئوقۇغان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆرنىگىدە، «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ تەتقىقاتى ژورنىلى»، **2013** ـ يىل، بېيجىڭ، (خىتايچە).

**51**. يىپەك يولىنىڭ باشلانغۇچ لىنىيەسىدە خەتەر ئاستىدىكى تۈرك جەمئىيەت ۋە كۆلتۈرلەرى، خەلقئارالىق يىپەك يولىدا تۈرك دۇنياسى ئورتاق كۆلتۈر مىراس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر كىتاۋى، تۈرك يۇردۇ نەشرىياتى **2014**، **76** ـ **S.56**. (تۈركچە)

# ئابدۇرېشىت ياقۇپ



مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرېشىت ياقۇپ گېرمانىيە بېرلىن براندېنبۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇپ، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى، ئۇيغۇر تىلى، رۇسچە، ئېنگلىز تىلى، ياپون تىلى، گېرمان تىلى، تۈرك تىلى، فرانسوز تىلى، پارس تىلى، قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلى، سانسكرىت تىلى، توخرى تىلى، جۇڭگو قەدىمقى موڭغۇل تىلىدىن ئىبارەت **13** خىل تىلنى ئىگەللىگەن مەشھۇر تىلشۇناس .

**1984** ـ يىلى **20** ياشلىق ئابدۇرېشىت ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قېلىپ تىلشۇناسلىق قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. **1996** ـ يىلى ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغاندىن كېيىن ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورئاشتى بولغان.

كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مەزگىلىدە، بىر پروفېسسور ئابدۇرېشىتنى ئاسپىرانتلارغا جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىنى تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدۇ. دەرس ۋاقتىدا، ئوقۇغۇچىلار ئابدۇرېشىتنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن سىچۇەننىڭ تىبەتچە شۋىسى، مياۋزۇچىدىكى ئاھاڭ ۋە چاسا جۇاڭزۇچە خەت توغرىسىدىكى سوئاللارنى سورايدۇ. ئابدۇرېشىت مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇناسىۋەتلىك دەرسلەرنى ئاڭلىغان بولغاچقا، بۇ مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىدۇ. كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى بۇنچە ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىغا تولىمۇ ھەيران قالىدۇ. كېيىن، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى يازما ھۆججەتلەرنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ، ئابدۇرېشىتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مىڭ خەتلىك دەستۇر توغرىلىق ئىلمىي ماقالە تەييارلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىلمىي ماقالە يازغان مەزگىلىدە، ئۇ موڭغۇل يېزىقى، زاڭزۇ يېزىقىدا مىڭ خەتلىك دەستۇرنىڭ تەرجىمىسى بارلىقىنى بايقاپ، ئۆرنەك قىلىپ سېلىشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىدا موڭغۇل ۋە زاڭزۇ يېزىقىدىكى مىڭ خەتلىك دەستۇردىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا بىر قەدەر يۇقىرى باھاغا ئېرىشىدۇ.

ئۇزاق مەزگىل ياپونىيە ۋە ياۋروپادا ئۆگىنىش ۋە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئۇ

www.uyghurkitap.com



مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى بۇ بىردىنبىر كۆپ مىللەتلىك ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ ئەۋزەل شارائىتى ۋە مۇھىملىقىنى، ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئىناق بىللە تۇرۇپ، تەڭ تەرەققىي قىلىپ، مىللەت، تىل ۋە يېزىقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى سېستىملىق ئۆگىنىشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك شەرت ـ شارائىتنى هازىرلاپ بېرەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

2008 ـ يىلى ئابدۇرېشىت «چاڭجياڭ ئالىمى» ئالاھىدە تەكلىپلىك پروفېسسورى بولۇپ تەكلىپ قىلىنىپ، بىرىنچى بولۇپ بۇ نامغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر دىيارىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر ئالىمى بولۇپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتىدا خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت هازىرلاپ بەردى. ئۇ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «غەربىي يۇرت ـ ئوتتۇرا ئاسىيا فىلولوگىيە تەتقىقاتى»، «ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تىل فونكسىيىسى ـ تىپولوگىيە تەتقىقاتى» قاتارلىق تەتقىقات قوشۇنىنى تەشكىللىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا يەنە، «غەربىي يۇرت ـ ئوتتۇرا ئاسىيا فىلولوگىيىسى»، « دالا تىلشۇناسلىغى ۋە تىل ئارخىپى » يۆنىلىشى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلدى. « ئالتاي تىل سىستېمىسى تىل فونكسىيىسى ـ تىپولوگىيە تەتقىقاتى» قاتارلىق تەتقىقات قوشۇنىنىڭ بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى نەشر قىلىندى، «غەربىي يۇرت ـ ئوتتۇرا ئاسىيا فىلولوگىيە تەتقىقاتى» تەتقىقات قوشۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرى توپلىمى» (جەمئىي يەتتە توم، خەنزۇچە نەشرى) شائخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

2013 ـ يىلى ئابدۇرېشىت مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ تەكلىپ قىلىندى. ئۇ ئۆز نىشانىنى شۇنداق بايان قىلدى: ئالدىنقىلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، باشقا مىللەتتىكى كەسىپداشلار بىلەن بىرگە خەلقئارالىق نەزەر بىلەن جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىغى بىلەن ئەدەبىيات ئوقۇتۇش تەتقىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەت مائارىپى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشمەن.

گەرچە هازىر ئۇيگە قايتىدىغان پۇرسەت كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئابدۇرېشىت ئۇيغۇر دىيارىدىكىلەر ۋە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئىشلارغاچوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. 2006 ـ يىلى گېرمانىيىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئابدۇرېشىت ئۇيغۇر دىيارىدا «تەڭرىتاغ ئالىملىرى»ئالاھىدە تەكلىپلىك پروفېسسور قوبۇل قىلىش ئۈچۈرىنى كۆرۈپ، ئويلىنىپ يۇرمەستىنلا تىزىملاتتى.

2011 ـ يىلى ئابدۇرېشىت شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورلىغا تەكلىپ قىلىندى. 2014 ـ يىلى يەنە ئۇيغۇر دىيارى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتى« قۇرۇم (كۇئېنلۇن) ئالىملىرى» لېكسىيە پروفېسسورى بولۇپ تەكلىپ قىلىندى.

# ئابدۇرېھىم ئەمىن

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىبلىسى بولغان ئۇلۇغ كەبىنىڭ ئالتۇن ئىشىگىگە ئالتۇن بىلەن يېزىلغان خۇشخەتلەر ئارىسىدا " ئابدۇرېھىم ئەمىن " دېگەن ئىسىم ھېلىھەم كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بۇ بىز سۆزىنى قىلىۋاتقان ئابدۇرېھىم ئەمىن دېگەن بىر ئۇيغۇر خەتتاتىنىڭ نامى. پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەلبى تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ۋە ناماز ھەم دۇئالىرىدا ئۇنىڭغا يۈزلىنىدىغان ئۇلۇغۋار قىبلىسى ـ كەبىنىڭ ھەر كۈنى مىڭلارچە كىشى قوللىرى بىلەن ئېسىلىپ ، يۈزلىرىگە سۈرتۈپ كېلىۋاتقان ئالتۇن ئىشىگىگە بىر ئۇيغۇرنىڭ نامى يېزىلغانلىقى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەققەتەن پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك كاتتا ئىشتۇر .

2008 ـ يىلى 17 ـ ماي كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دۆلەت تېلېۋىزىيە قانىلىدا، كەبىنىڭ يوپۇغىنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر سۆھبەتتە ، كەبىنىڭ يوپۇغىغا خەت يېزىش

ئىشىنىڭ باشلىنىش تارىخى ئۇستىدىكى باياناتتا ، سەئۇدى ئەرەبىستانى تارىخىدا كەبىنىڭ يوپۇغىنى دەسلەپ قىلىپ توقۇپ چىقىش ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلغان ۋە كەبىنىڭ ئىشىگىدىكى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن خۇشخەتلەرنى يازغان مەشھۇر ئۇيغۇر خەتتات ئابدۇرېھىم ئەمىن توغرىلىق سۆز ئېچىلىپ، خەتتات ئابدۇلھەق قارى تۈركىستانى مۇنداق دېدى: «كەبىنىڭ يوپۇغىدىكى گۈزەل نەقىشلەر ۋە ئېسىل ـ چىرايلىق خەتلەر ئۇستىدە سۆز ئاچىدىغان بولساق، بۇ ھەقىقەتەن مۇقەددەس مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۈزەللىكتۇر. ئىلگىرى كەبىنىڭ يوپۇغىدا خەت ياكى نەقىشلەرمۇ يوق ئىدى . بۇ ئىشنى دەسلەپ يولغا قويغانلار تۈركلەر بولۇپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە كەبىنىڭ يوپۇغىغا قۇرئان ئايەتلىرىنى خۇشخەت بىلەن يېزىش ئىشى باشلانغان ئىدى . شۇندىن بىرى مۇسۇلمانلار كەبىنىڭ يوپۇغىنى ئەڭ كۆركەم ۋە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە نەقىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. كېيىنچە ئىشلار تەرەققى قىلىپ، كەبىنىڭ يوپۇغىنى ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ئىچۈرۈلگەن خالىس يىپەك يىپى بىلەن قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىپ نەقىشلەش دەۋرى باشلىنىپ، شۇندىن بىرى ھەر يىلى بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدىغان كەبىنىڭ يوپۇغى ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ئىچۈرۈلگەن خالىس يىپەك يىپى بىلەن ئۇستىگە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى يېزىپ نەقىشلەش ئىشى داۋام قىلىپ كەلمەكتە. سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇنجى قېتىم كەبە يوپۇغىنىڭ توقۇلۇش ۋە ئۇنىڭ ئۇستىگە خۇشخەتلەرنى يېزىش ئىشلىرىغا بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلغان كىشى مەشھۇر خەتتات ئابدۇرېھىم ئەمىن ئىدى. مەرھۇم خەتتات ئابدۇرېھىم ئەمىن ئۇيغۇر دىيارىدىن بولۇپ، ۋەتىنىدىن كىچىك ئايرىلغان ۋە خەتتاتلىقنى مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە ئۆگەنگەن ئىكەن. 1962 ـ يىلى سەئۇدى ئەرە ـ بىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە كەبىنىڭ يوپۇغىنى توقۇش مەخسۇس فابرىكىسى تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغاندىن بىرى مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئەمىن بۇ مۇئەسسەئەنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن ئىكەن.»

ئابدۇلھەق قارى تۈركىستانى خەتتات ئابدۇرېھىمنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئابدۇرېھىم ئەمىن كەبىنىڭ 280 كىلو ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ھازىرقى ئىشىگىدىكى خۇشخەتلەرنى يازغان خەتتاتنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ ناھايىتى تىرىشچان ۋە ئىخلاسمەن ئادەم بولۇپ ، ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇن ـ لاشتا ناھايىتى جىددىي ئىدى. كەبىنىڭ ئالتۇن ئىشىگىگە ئالتۇن ھەل بىلەن خۇشخەتلەرنى يېزىشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۇستىگە ئالغان ئاشۇ كۈنلەرنى ئارام ئېلىش، ھاردۇقنى چىقىرىۋېلىش دېگەنلەرنى قەتئىي ئۇنۇتقان ھالدا بېرىلىپ ئىشلىگەنلىگىنى پىشقەدەملىرىمىز سۆزلىمەكتە.»

خەتتات ئابدۇلھەق قارى تۈركىستانىي يەنە مۇنداق دېدى:« سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى شۇ ۋاقىتتىكى مىسىر رەئىسى جامال ئابدۇلناسىر بىلەن ئارىسى بۇزۇلغانلىق سەۋەب بىلەن تارىختىن بىرى مىسىردىن كېلىۋاتقان كەبىنىڭ يوپۇغىنى مەككىگە ئېلىپ كېلىشتىن توسقان ۋە كەبىنىڭ يوپۇغىنى ئۆزىمىز توقۇيمىز ، دېگەن مەقسەت بىلەن مەككىنىڭ ھازىرقى كونا جىددە يولىدا «كەبىنىڭ يوپۇغىنى توقۇش فابرىكىسى» نى قۇرۇپ چىققان. ئابدۇرېھىم ئەمىن سەئۇدى ئەرەبىستانى تەۋەسىدە ئۇستا خەتتات بولۇپ تونۇلغانلىقتىن، ئۇ مەزكۇر فابرىكىدا كەبىنىڭ يوپۇغىغا خۇشخەتلەرنى يېزىش ئىشلىرىغا تەيىنلەنگەن».

خەتتات ئابدۇرېھىم ئەمىن ھاجىم 1993 ـ يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە ۋاپات بولغان.

# ئابدۇرېھىم ئەيسا

ئۆمۈرنىڭ سەپىرىدە ھامان بىر ئۆلەر ئىنسان،
مەگەر ۋىجدان بىلەن ئۆلسە، قالار نامى بولۇپ داستان.
(ۋېن تيەنشياڭ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئابدۇرېھىم ئەيسا 1921 ـ يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ سۇنتاغ يېزا مەشھەد كەنتىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . دەسلەپ دىنى مەكتەپتە ساۋادىنى چىقىرىپ ، كېيىن ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ پېشۋاسى مەمتىلى ئەپەندى ئاچقان يېڭى پەننى مەكتەپنىڭ تۇنجى قارارىدا ئەلا ئوقۇغان . ئۇ ئاشۇ مەكتەپتىكى100 نەچچە ئوقۇغۇچىدىن تەركىپ تاپقان «ئىزچىلار» ئەترىتىگە قوشۇلۇپ، يېڭى پەن ـ مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىپ ، نادانلىق ، خۇراپاتلىق جاھالەت كۈچلىرىگە قارشى كەسكىن كۆرەشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان . ئۇلار ياڭراتقان «ئىزچىلار» مارشى پۈتۈن ئاتۇش ، قەشقەر ئاسمىنىدا كۈچلۈك سادا ياڭرىتىپ ، خەلق قەلبىنى زىلزىلىگە سالغان:

بىز ئىزچىلارمىز ،پۈت ـ قوللىرىمىز ،
كۆزلىرىمىز ھەممىسى ساغلام.
خەلق يولىدا كۆرەش قىلىمىز ،
دۈشمەنگە ساقلاپ دىلدا ئىنتىقام.
ئۆمرىمىز ئۆتتى زالىم قولىدا ،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا .
قۇللۇق ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئەمدى ،
ئۆرلەيمىز ئىلىم ئىرپان يولىدا .

مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار ئىستەكلەرنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولغان يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىش روھى ئۇنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، بىلىم ئېلىش يولىدا جاپالىق كۆرەش قوينىغا باشلاپ كىردى . ئۇ 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇدى.1944 ـ يىلى دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ كورلىغا كېلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىدى . بۇجەرياندا ئۇ ئۆزى يازغان «قىزىل چاچلىق ياۋايى ئادەم» دراممىسىنى سەھنىلەشتۈرۈپ ، بىۋاستە ئۆزى رول ئېلىپ ئويۇن قويۇپ كەڭ خەلق ئامممىسىنىڭ زۇلمەتلىك جەمىيەتكە ، نادانلىق خۇراپاتلىققا قارشى روھىنى ئۇرغۇتۇپ كىشلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالدى. ئۇ يەنە بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىلار بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىگە قارشى بىرقاتار سىياسى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى ، بۇ پائالىيەتلەر ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ ، گومىنداڭ ساقچى دائىرلىرى تۇتۇش بۇيرىقى چىقارغاچقا كورلىدىن ئايرىلىپ ئۈچتۇرپانغا بېرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى . ئۇ 1947 ـ يىلى يازدا ئۈچتۇرپاندا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى.

ئۇ تۈرمىدە ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلارغا بەرداشلىق بىرىپ ، تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ئۇلۇغۋار غايە تىكلىدى . زۇلمەتلىك كونا دۇنيانى ئۆزگەرتىش ، خەلقنىڭ ئەركىنلىگىنى، ھەق ـ ھوقوقىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن يالغۇز ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشۋىقاتلا بولسا كۇپايە قىلمايدىغانلىغىنى ، تېخىمۇ مۇھىمى مىل ـ ـلەتنىڭ مائارىپ ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ كەڭ خەلق ئامممىسىنى ئويغىتىشنىڭ مۇھىملىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ، ئوقۇتقۇچى بولۇشتەك ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىگە پۈكتى . شۇ يىلى ئۆلكىلىك «11بېتىم»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئۆمىگىنىڭ ئارىلىششى بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. 1948 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئابدۇرېھىم ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرىشى بىلەن ئۆلكىلىك دا ـ رىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى بولدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقنى جېنىدىن ئەزىز بىلەتتى . ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن سەبىيلەردىن پەخىرلىنەتتى . ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنىڭ خوجايىنلىرى بولۇپ قالىدىغانلىغىغا شۈب ـ ـھىسىز ئىشىنەتتى . شۇڭا ئۇلار بىلەن مەيلى سىنىپتا ، مەيلى مەيداندا قەلبداش ئىدى . دەرسنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆتەتتى . دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتىنى نامايەن قىلات ـ ـتى . خەتلىرىنىڭ چىرايلىق ۋە توغرىلىغى ، سۆزلىرىنىڭ جاراڭلىق ۋە ئېنىقلىغى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى

جەلىپ قىلاتتى. دۇتتارنى ئاجايىپ مۇڭلۇق، ھېسياتلىق چېلىپ ئادەمنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىـ ـتەتتى. ئىلھامى كەلگەندە چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلارنى يازاتتى. 1949 ـ يىلى مەرھۇمنىڭ «ھەقتىن بىر خىتاب»ناملىق شېئىرى شىنجاڭ گېزىتىدە «ئۇرخۇن»تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلىنغان ئىدى:

بۇيۇك كۆرسەم چىناردۇر شاھانە سۇرۇك،
قېلىپسەن چۆل باياۋاندا ياگىرىماس ئۇنۇك.
شۇ تۇرمۇش بىرلە شاد ئۆتەرمۇ كۇنۇك،
تالڭ ئاتماسمۇ ئېلىڭدە يورۇماسمۇ تۇنۇك.

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك روھى دۇنياسىنى، نىجاتلىق ئىزدەش ۋە يورۇقلۇققا، ھۆرلۈككە بولغان ئىنتىزارلىقىنى، جاھالەتلىك ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتىنى سىمۋوللۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىنتايىن تەسىرلىك ۋە روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. شېئىر يېزىلغان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇھىتنى دەۋر ئارقا كۆرۈنىشى قىلىپ تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزسەك ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ تارىخىي ئىزلارنى، ئەينى دەۋردىكى زىيالىلارنىڭ تېگىرقاش ۋە زىددىيەت بىلەن تولغان قەلب ساداسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

ئۇ 1950 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قاراشەھەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە يۆتكىلىپ كېلىپ 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. بۇجەرياندا ئۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشلىرىغا يۈرەك قېنىنى سەرىپ قىلىپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، بىلىملىك يېڭى بىر ئەۋلات ئىزباسارلارنى تەربىيلەپ ھەرقايسى ساھەلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان ئوقۇتقۇچى ۋە كا دىرلار قوشۇنىغا ئاساس سالدى.

1953 ـ يىلى كورلىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن(ھازىرقى باينغولىن ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ)نى قۇرۇش ئىشلىرىغا كىرىشتى كەتتى. ئۇنىڭ ئىزدىنىشلىرى بىكارغا كەتمىدى، بۇ قۇرۇلۇش 1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تاماملىنىپ، كورلا ۋىلايەتلىك(بۇ چاغدا كورلا ۋىلايەت بولۇپ قۇرۇلغان) دارىلمۇئەللىمىنىڭ يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى قەد كۆتۈردى. بورا كەپىلىك سىنىپلاردا خىش كېسەكلەرنى ئۇستەل، ئورۇندۇق قىلىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئازادە يورۇق سىنىپلارغا كۆچۈرۈپ كىردى ھەمدە بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئابدۇرېھىم ئەيسا 1957 ـ يىلى تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىۋىگە 3 ـ قېتىم قايتىپ كېلىپ زىممىسىگە چۈشكەن خىزمەتنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى. شۇنداقلا «شىنجاڭ مائارىپى» قاتارلىق ھەرخىل گېزىت ژورناللاردا ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا ئائىت بىر قاتارئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

1958 ـ يىلى پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا ئومۇمى خەلق پولات تاۋلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. قەھرىتان سوغوقتا ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىندىكى مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچى نەنسەن پولات تاۋلاش مەيدانىغا ئاتلاندى، شۇ قېتىم پولات تاۋلاش ھەركىتى ئابدۇرېھىم ئەيسانىڭ تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنىڭغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك «گۇناھ» ئارتىلدى: بىرىنچىسى، 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتە قالدۇرۇپ، مەركەزنىڭ «ئومۇمى خەلق پولات تاۋلاشقا قاتنىشىش»چاقىرىغىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ئىككىنچىسى، مەركەزنىڭ پولات تاۋلاشتا«سۇنئىي ھەمراھ قويۇۋېتىش» تىن ئىبارەت ئىستىراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرىشىغا قارشى چىقتى. ئۈچىنچىسى، ئۈرۈمچى ئىككىنچى دارىلمۇئەللىمىن زور مىقتاردا سۈپەتسىز تاش قېزىپ پولات تاۋلاش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتا لۇشيەنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ مەكتەپتىكى بارلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ قوشۇمچە كەسىپ ئىشخانىسىغا مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ

يۆتكىۋېتىلدى. 1960 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قاراشەھەر 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئادەتتىكى خىزمەتچى قىلىپ چۈشۈرۈۋېتىلدى. 1966 ـ يىلى يەنە چارە كۆرۈلۈپ يېزىغا چۈشۈرۈلدى . ئابدۇرېھىم ئەيسا يېزىدا يەر تېرىش ، خامان تېپىش ، زەيلەك چېپىش ، ئېغىل ـ قوتان قۇرۇغداش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى . ھەتتا قەھرىتان سوغۇقتا باغراش كۆلىگە بېرىپ قومۇش ئوردى . ئىشتىن بىكار بولسىلا كۆرەش قىلىندى . كېچىسى خامان باقتى . ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت ئەلەم ، ئېغىر ئەمگەك جىسمانىي ۋە ئەقلىي قۇۋۋىتىنى خورىتىپ ئېغىر ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كۆچۈردى . ئەمگەك يېشىغا توشمىغان پەرزەنتلىرىنىڭ غەم ـ قايغۇسى ، ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىياسىي كۆرەشلەر ، ھەددى ـ ھېساپسىز جىسمانىي ۋە روھى زەربە بۇ پىشقەدەم ئۇستازنى ھالسىراتتى . پۈتۈن ھاياتى ۋە يۈرەك قېنىنى مىللەتنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بۇ پىشقەدەم پېداگوگنىڭ يالقۇنلۇق يۈرىكى 1971 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 51 يېشىدا ۋاقىتسىز سوقۇشتىن توختىدى.

مەرپەت — جاھالەتنىڭ گۆركارى . بىر مىللەتنىڭ تارىخى مەۋجۇتلىغى شۇ مىللەتنىڭ جۇلالانغان مەرپەت شولىسىدا ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ . ئابدۇرېھىم ئەيسا ئەپەندىنىڭ مىللىي مەرپەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بېغىشلىغان جاپالىق ھەممە شەرەپلىك ھاياتى خۇددى يېقىنقى ۋە يۇگۈنكى ئىلىم ـ پەن تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەرپەت مەشئەللىرىنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش شۇ دەم شۇ پەيتتە ئۇيغۇر مىللىي مەرپەت ئىشلىرى يولىدا كۈچ بېرىۋاتقان مىڭلىغان «ئىزچىلار» ئۈچۈن مۇنەۋۋەر ئۈرنەك ئەلۋەتتە. مىللىتىمىز ئۆز تارىخىدا ياشاپ ئۆتكەن ئەنە شۇنداق مەرپەت مەشئەللىرىنىڭ ئەجىر ـ تەرىسىز ، جاپالىق ھاياتى بەدەللىرىسىز بۇگۈنكى ساپا ۋە ئورۇنغا ئېرىشەلمەس ئىدى . شۈبھىسىزكى مەرھۇمنىڭ ھاياتى ، مەقسەتلىرى مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ مەرپەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىۋاتقان ھەر ـ بىر ۋىژدان ئېگىسىنىڭ پەخىرلىك ، شەرەپلىك ۋەزىپىسى بولۇپ قالغۇسى.

**ئىزاھ:**

ۋېن تيەنشياڭ ـ (1236 ـ 1283) جەنۇبى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مىللىي قەھرىمان، شائىر . بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تۈرمىسىدە ئۆلۈم ئالدىدا قان بىلەن يازغان.

# ئابدۇرېھىم مەۋلىۋى

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئالىم مۇھەممەد قاسىم ھاجىم ئابدۇرېھىم مەۋلىۋى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇرېھىم مەۋلىۋى ياشىغان زاماندا سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىپ قالغان ئۆلىما ئادەم . ئۇنى مەۋلىۋى دېيىشتىكى سەۋەب، ئۇ ھىندىستاننىڭ «دەييۇبەندى» ناملىق مەشھۇر مەدرىسىدە ئوقۇغان . ئابدۇرېھىم مەۋلىۋى 1911 ـ يىلى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ياركەند شەھىرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ ، ئىپتىدائىي تەلىمنى ئاتىسى رەھمەتۇللا داموللامدا تاماملىغان . 1924 ـ يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلاپ بىرقانچە يىل داۋام قىلغان بولسىمۇ 1932 ـ يىلى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆتۈرۈلگەن خەلق ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە ياركەندگە قايتىپ بېرىپ ، تېخىمۇ كۆپ ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا شۇ جايدىن ھىندىستانغا سەپەر قىلغان.

ھاجىم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇرېھىم مەۋلىۋى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئىلمىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى «خوتەن ۋەقىپ ئۆيى» دە ئۆزى مەخسۇس كۈتۈپخانا ئاچقان ۋە ئۇيغۇرچە كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان . مەسىلەن: ئۇنىڭ «بەيداۋى تەپسىرىنىڭ نېگىزى» ناملىق ئەسىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان . تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن «ئىسلامدا مىراس قانۇنى» ، «روھ» ، «تاللانغا خۇتبىلار» قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ مەدىنە

مۇنەۋۋەرە شەھرىدە نەشر قىلىنىپ ھەقسىز تارقىتىلغان . مۇندىن باشقا مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ «ئەقائىد زۆرۈرىيە» ۋە «ئىبادەت ئىسلامىيە» ناملىق ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتقان . »

بۇ كىشى 1996 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن .

# ئابدۇرېھىم نىزارى

تالانتلىق شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى 1776 ـ يىلى قەشقەر كونا شەھەر بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ باشلانغۇچ ساۋادىنى ئۆز مەھەللىسىدە چىقىرىپ، كېيىن شۇ چاغدىكى ئالى بىلىم يۇرتى بولغان قەشقەر «خانلىق مەدرىسى»دە ئىلىم تەھسىل قىلغان .

كىچىگىدىنلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغان نىزارى ئوقۇش ھاياتى داۋامىدا ، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەدەبىيات پېشۋالىرى ـ فىردەۋسى ، شەيخ سەئىدى ، خۇسراۋ دېھلەۋى ، خوجا ھافىز شىرازى ، بىدىل ، ئابدۇرەھمان جامىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پۇختا تونۇشقان . بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن نەۋائىي ، لۇتفى ، سەككاكى قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ، ئۇنىڭدىن بەدەئىي ئوزۇق ئېلىش بىلەن بىللە ئۇلارغا ئىجادىي ھالدا ياندىشىپ ئەدەبىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان . شائىرنىڭ «مۇخەممەس نىزارى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم شېئىرلىرى ئەنە شۇ چاغلاردا يېزىلغان ئىدى . ئۇ، ئىلمىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدبىياتىنى ، ئەرەپ ، پارس تىللىرىنى ھەم خەتتاتلىق سەنئىتىنى پۇختا ئىگەللىگەن .

شائىر ياشىغان دەۋر (18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى) ئۇيغۇر خەلقى مانجۇ ھاكىمىيىتى ۋە ئۆز ئىچىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىپ، ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئېغىر تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان دەۋرگە توغرا كەلدى . شۇڭا شائىرنىڭ ئۆمرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كەمبەغەللىك ئىچىدە ئۆتتى . ئۇ ئۇزاق زامان كىشىلەرنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى يېزىپ بېرىش ، تۈرلۈك كىتاپ نۇسخىلىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزدى . ئۇ 1830 ـ يىلى (60 يېشىدا) قەشقەرنىڭ ئورۇنباسار ۋاڭى ـ زۇھۇرىدىن ھېكىمبەگ تەرىپىدىن ئوردىنىڭ مىرزا (كاتىپ)لىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن، 1835 ـ يىلى لۈكچۈن ۋاڭى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئىلتىماسى بىلەن لۈكچۈنگە بېرىپ «لۈكچۈن ۋاڭى ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ قەشقەر ھاكىمبېگى زۇھۇرىدىنغا يوللىغان سالىمى» ، ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئاتىسىنىڭ قەشقەردىكى تارىخى ئەكس ئەتكەن «مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ ھەققىدە قىسسە» ، «ئەسھابۇل كەھپ ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى تەلەپ بويىچە يېزىپ بېرىپ ، بىر يىلدىن كېيىن قايتىپ قەشقەردىكى خىزمىتىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە( تەخمىنەن 10 يىل) ئىشلىگەن ئىدى .

شائىر نىزارى ئۆمرىنىڭ ئاساسى قىسمىنى ئىجادى پائالىيەت بىلەن ئۆتكۈزدى . بولۇپمۇ ئاخىرقى دەۋرى ئىجادىيىتىنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرى بولدى . بۇ دەۋرلەردە شائىر ئۆزىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق 48 مىڭ مىسرالىق بۈيۈك ئەسىرىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك تاماملىدى . بۇ ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەڭ زور شېئىرى داستان ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئەسەر «رابىئە ـ سەئدىن» ، «ۋامۇق ـ ئۇزرا» ، «مەھزۇن گۈلنىسا» ، «مەسئۇد ـ دىلئارام» ، «چاھار دەرۋىش» (بۇنىڭ ئىچىدە بەش كىچىك داستان بار) ، «پەرھاد شىرىن» ، «لەيلى ـ مەجنۇن» ، «بەھرام گۆر» . . .قاتارلىق 18 داستاندىن ئىبارەت . نىزارىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى»دىن باشقا يەنە دىنى مەزمۇندىكى «دۇررۇل ـ نىجات»(نىجاتلىق ئۈنچىلىرى) ناملىق يەنە بىر ئەسىرى بار.

نىزارى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى جانلىق تىلغا يېقىن ، راۋان ۋە ئاممىباپ . تىل تەركىۋىدە ئەرەپ ـ پارس سۆزلۈكلىرى ئىلگىرىكى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىغاندا ئاز.

www.uyghurkitap.com

نىزارى نەۋائىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلق ئارىسىغا تارقىتىشتا ئەڭ كۆپ كۈچ سەرىپ قىلغان . نەۋائى ئۇستىدىكى ئەمگەكلەر كېيىنكى مەزگىللەردە نىزارىنىڭ نەۋائى ئىزىدىن مېڭىپ ، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نىزارى «خەمسە» چىلىگىنىڭ مەيدانىغا چىقىشىغا ئالاھىدە زېمىن ھازىرلىدى.

زامانىسىدا تونۇلۇپ مەشھۇر بولغان نىزارى زۇھورىدىن ھاكىمبەگنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى بىلەن ئەتراپىغا تونۇلغان شائىرلار ، تارىخچىلار ، ئالىم ۋە سەنئەتكارلارنى ، ماھىر خەتتات ۋە رەسسامـ ـلارنى توپلاپ ، شۇ دەۋر مەدەنىيىتىدە يېڭى بىر گۈللىنىشنىڭ سەھىپىسىنى ئاچتى . ئەنە شۇ مەزـ ـگىللەردە زۇھورىدىن ھاكىمبەگ نىزارىنى ئۆز ئالدىغا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:

چۇ ئۇششاقلارنىڭ ھىكاياتىنى،
كى بادىن ئۆتكەن رىۋاياتىنى،
قىلىپ جەمئى نەزىم، ئەيلىسە خوبدۇر،
كەلامى تەبئەتكە مەرغۇبدۇر.

نىزارى ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆز خەلقىگە ئۇستازى نەۋائىدەك گۆھەرلەر غەزىنىسىنى تەقدىم قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ ۋە بۇ ئۈچۈن تىرىشىدۇ . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇننىڭ تەكلىۋى بىلەن زۇھورىدىن ھاكىمبەگ زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئەدىپلىرى نىزارى ، زىيائى ۋە غەرىبىنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئېۋەتىدۇ . 1841 ـ يىلىدىن 1843 ـ يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار تۇرپان شەھىرىدە ئەفرىدون ۋاڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ، ئىجادىيەت ۋە ئەسەرلىرىنى قايتا ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . ھەمدە ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بىرلەشمە توپلىمىنى ئىشلەپ چىقىدۇ.

نىزارى، زىيائى، غەرىبلەر ئىجادىي ھەمكارلىقتا ئىشلىگەن بۇ توپلام 18 داستان ، قىسسە ۋە 24 ھىكايەتتىن تۈزۈلگەن . توپلامدىكى ھىكايەتلەرنىڭ كۆپچىلىگى نىزارى قەلىمىگە مەنسۇپتۇر.

نىزارى داستانچىلىقىنىڭ بىر ئالاھىدىلىگى قەھرىمانىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشىگە تولىراق ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت . شائىر ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى غەزەل شەكلى بىلەن چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە سۈرەتلەپ بېرىپ ، ئوقۇغۇچىدا قەھرىمانلارغا نىسپەتەن چوڭقۇر ھىسداشلىقنى ئويغىتىش مەخسىتىگە يېتەلىگەن . شائىرنىڭ داستانلىرىغا كىرگۈزگەن غەزەللىرى مەيلى مەزمۇن ياكى بەدىئىلىك جەھەتتە بولسۇن بىر قەدەر يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ غەزەلچىلىكتىمۇ پىشقان لىرىك شائىر ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نىزارىنىڭ يەنە باللار توغرىلىقمۇ يازغان بىرمۇنچە شېئىرلىرى بار.

نىزارى 1839 ـ يىللىرى زۇھورىدىن ھاكىم بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قەشقەردە قولغا ئالغان «دۇررۇلنەجات» ناملىق ئەسىرىنى تۇرپاندا قايتا ئىشلەپ تاماملىدى . بۇ ئەسەردە ھۆكۈمەت ئورگانـ ـلىرىنىڭ تۈزۈمچان بولىشى، ئەمەلدارلارنىڭ ئادىل ۋە ئاقىل بولىشى ، خەلققە كۆيىنىشى كېرەكلىگى ئۆتكۈر سۇئال ـ جاۋاپ بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ . سۇئال مۇدبىر خۇدبىن ناملىق سەلبىي ئوبرازنىڭ ئاغزىدىن بېرىلىپ ، جاۋاپ مۇقبىل رەۋشەندىل ناملىق ئىجابىي ئوبرازنىڭ ئاغزىدىن ئېلىنىدۇ. تۈزۈـ ـلىشى نەسرى ـ نەزمى شەكىلدە بولۇپ، ئومۇمىي كىتاپ 88 سۇئال ، 92 جاۋاپ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

نىزارى ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك كىشىسى بولغانلىقتىن ، پۈتۈن ئەسەرلىرىنى خەلقىغە بېغىشلىدى . ھۆكۈمران تەبىقىلەرگە خۇشامەت قىلىپ ، ئۇلارنى ماختاشتىن ئۆزىنى ساقلىدى . شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە كىشىلىك جەمئىيىتىنى ئىنسانپەرۋەرلىك ، ۋاپادارلىق ، مەرتلىك ، گۈزەللىككە ۋە دىيانەتكە چاقىردى . ئالدامچىلىق ، مۇناپىقلىق ، زالىملىقنى قاتتىق قامچىلىدى . ئۇ يەنە ئۆز ئەسەرلىرىدە چەت تىللارنى مۇمكىنقەدەر ئاز ئىشلىتىپ ، خەلققە چۈشىنەرلىك تىل ، يېنىك ۋە ساددا ئۇسلۇپ ئىشلەتتى.

شائىرنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئەدەبىيات غەزىنىسىدىكى ئېسىل بايلىق ھېساپلىنىدۇ.
مۇتەپەككۇر ، رېئالىزىمچى شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆمرىنى خەلقىنىڭ كۈيىنى كۈيلەپ تەخمىنەن 1850 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەستى «ھەزرىتى موللام» قەبرىسى جايلاشقان دۆڭلۈكنىڭ غەربى شىمالى يانباغرىغا قويۇلدى . ئۇنىڭ قەبرىسى ھېلىمۇ «ئابدۇرېھىم سىجىلات مەقبەرىسى» بىلەن مەشھۇر.
ئەمدى تۇۋەندە ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ 1835 ـ يىلى يېزىلغان تراگېدىيەلىك تارىخىي داستان «رابىيە ـ سەئىدىن» نىڭ باش قەھرىمانلىرى رابىيە بىلەن سەئىدىنىنىڭ سەرگۈزەشتىسىگە ئالاقىدار ھەقىقىي تارىخىي رىۋايەت بىلەن نىزارى داستانلىرىدىكى ئاياللارنى قەدىرلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالىنى ھۆرمەت بىلەن سۇنىمەن ۋە ئۇشبۇ ماقالىنى تەييارلىغان سابىرجان سىيىت ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن:

## 1) رابىيە ـ سەئىدىن ۋە « قوشماق مازار »

سابىرجان سىيىت

19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋاسى، مۇتەپەككۇر، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ 1835 ـ يىلى يېزىلغان تراگېدىيەلىك تارىخى داستان «رابىيە ـ سەئىدىن» نىڭ باش قەھرىمانلىرى رابىيە بىلەن سەئىدىن چىن ھەقىقى تارىخى شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار ئەينى زاماندىكى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ بايتوقاي بەگلىگى كۆكچى يېزىسىنىڭ سۇبھانالال ( سۇبھانئاللا ) كەنتىدە ( ھازىرقى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيار يېزا سۇبھانالال 14 ـ كەنتىدە ) دۇنياغا كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆز ـ ئارا پاك مۇھەببەتنى دەپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان.
نىزارى داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى مەلۇماتلار 178 يىلدىن بۇيان ھۆرمەت بىلەن زىكرى قىلىنىپ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن رىۋايەتلەردۇر .
ئاشۇ رىۋايەتلەرنىڭ ماددىي ئىسپاتى بولغان قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا سۇبھانالال كەنتىدىكى «قوشماق مازار» دا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ بىرى بولغان رابىيەنىڭ ھېلىھەم يامانيار يېزىسىدا ياشاۋاتقان تۇغقانلىرىدىن ناسىر ياقۇپ، ئابدۇرشىت ياقۇپ قاتارلىقلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، رابىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يامانيار يېزىسى تەۋەسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ بويىدىكى سۈيى ئەلۋەك ، يېرى مۇنبەت گۈزەل بوستانلىق سۇبھانالال 14 ـ كەنتىدىكى يەر، سۇ ئىگىسى بولغان چوڭ باي ياقۇپباي ئائىلىسىدە ، رابىيە بىلەن قۇرداش بولغان سەئىدىن بولسا شۇ يەردىكى كەمبەغەل دېھقان، ھۈنەرۋەن كاسىپ ئىبراھىم ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇلار كىچىكىدىنلا بىللە ئويناپ ، بىللە ئۆسكەن ، شۇ كەنتتىكى دىنىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇپ ، ئىلىم ئۆگەنگەن ، بۇ جەرياندا چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. يېشىنىڭ چوڭىيىـ ـشىغا ئەگىشىپ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋە قىيامەتلىك ئاشىق ـ مەشۇق بولۇشقا ئەھدى قىلىشقان . بۇلارنىڭ پاك مۇھەببىتىدىن خەۋەر تاپقان سەئىدىنىنىڭ دادىسى ئىبراھىم ئاخۇن بۇ ئىككى ياشنىڭ تويىنى قىلىپ ، ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياقۇپباينىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزگەندە، ئىبراھىم ئاخۇننىڭ قۇدا بولۇش تەلىۋى رەت قىلىنغان . دۇنياپەرەس ئاچكۆز ، بېخىل ياقۇپباي ئارزۇلۇق قىزى رابىيەنىڭ سەلدەك ئاققان كۆز يېشى ۋە نالە ـ زارىغا پىسەنت قىلماي ، تېخىمۇ كۆپ يەر ـ سۇ ۋە ئابرۇي ـ ئاتاققا ئىگە بولۇش نىيىتىدە ئۇنى 50 نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان بايتوقاينىڭ بېگى جابىرغا بەرمەكچى بولغان. پاك مۇھەببىتىنىڭ مەسۇم غۇنچىسى ۋەھشى مەلئۇنلار تەرىپىدىن رەھىمسىز چەيلەنگەن ، پاك ئىنسانى تۇيغۇسى ئادەمخور يىرتقۇچلار تەرىپىدىن خورلانغان سەئىدىن مەشۇغى رابىيەنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا مەجنۇن بولۇپ ، ئاچچىق ھەسرەت ، لەختە ـ لەختە قان يۇتۇپ رابىيەنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلغان ھالدا سۇبھانالالادا دەرت تارتىپ ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەن ، ياقۇپباي رابىيەنى ئاخىر جابىرغا مەجبۇرى ياتلىق قىلغان . ساپ مۇھەببەت ئىشقىدا يانغان رابىيە جابىرغا قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمىغان . توي كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كېلىپ ، سىڭلىسى بىلەن بىللە يېقىن

www.uyghurkitap.com



ئەتراپىتىكى دەريادىن سۇ ئەكىلىشنى باھانە قىلىپ ، سەئىدىنىنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ ، ئاشىقىنىڭ تۇپراق بېشىنى ئايلىنىپ ، ئىچىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ، ھەسرەت ـ پىغانلىرىنى تۆكۈپ ، ئامراق سىڭلىسىنى باغرىغا بېسىپ خوشلاشقان ۋە «سەئىدىن مەن ھازىرلا يېنىڭىزغا بارىمەن» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ ، سەئىدىنىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ سۇ ئالىدىغان كاچكۇلىغا ئۆزىنى تاشلاپ مۇز ئاستىغا كىرىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان (تەلۋىچۇك دەرياسى كېيىنچە ئېقىننى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كونا ئېقىن ئىزى ھېلىھەم رابىيە ـ سەئىدىن قەبرىسىنىڭ يېنىدا روشەن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ) . بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر يىغا ـ زارە قىلىشىپ، پالتا، كەكە ، كەتمەن ، گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دەريانىڭ مۇزىنى چېقىپ رابىيەنىنىڭ جەسىدىنى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىغان . كېيىنكى يىلى (تەخمىنەن 1834 ـ يىلى) ئەتىيازدا مۇزلار ئېرىپ ، توڭ كۆتۈرۈلگەندە رابىيەنىڭ جەستى دەريا ئىچىدىن سەئىدىن قەبرىسىگە ئۇدۇل بولغان بىر لايلاتمىدىن تېپىلغان . ئەجەپلىنەرلىك يېرى ، رابىيەنىڭ جەسىدىنىڭ بېلىنىڭ ئاستى لاي ئاستىدا ، بېلىنىڭ ئۈستى لاي ئۈستىدە تىك ھالەتتە بولۇپ باش يۈز تەرىپى سەئىدىنىنىڭ قەبرىسى تەرەپكە قاراپ تۇرغان تىرىك ئادەمدەك قىياپەتتە تېپىلغان . چىرايى دەريا سۈيىدە چايقىلىپ سۈزۈلۈپ قالغان . شۇنىڭ بىلەن يۇرت ـ ـتىكىلەر باش قوشۇپ مەسلىھەت قىلىشىپ : «بۇلار ھايات ۋاقتىدا بىر ـ بىرىگە قوشۇلالمىدى ، ئەمدى روھى بىر يەردە بولسۇن» دېيىشىپ ، رابىيەنى سەئىدىنىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىپ ، يوغان قىلىپ بىر جۈپ قەبرە ياسىغان . شۇنىڭدىن باشلاپ بىر ـ بىرىگە تۇتاش قىلىپ ياسالغان بۇ بىر جۈپ قەبرىنى كىشىلەر «قوشماق مازار» دەپ ئاتايدىغان بولغان . قەبرە ياسىلىپ بىر يىلدىن كېيىن بۇ ئىككى قەبرە ئوتتۇرىسىدىن ئىككى تۈپ گۈل كۆچتى ئۈنۈپ چىقىپ ، شاخ ـ چاتاقلىرى بىر ـ بىرىگە ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ ئۆسكەن ۋە يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر تۈپى قىزىل ئەتىرگۈل يەنە بىر تۈپى ئاق ئەتىرگۈل بولۇپ ئېچىلغان . يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، نەچچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئورۇندىن ئىككى تۈپ يۇلغۇن ئۈنۈپ چىققان ، يۇلغۇننىڭ بىر تۈپى قىزىل، بىر تۈپى ئاق ئېچىلغان ، باراقسان شاخ ـ چاتاقلىرى چىرمىشىپ ئۆسكەن . بۇ ئىككى تۈپ يۇلغۇننىڭ چېچەكلىرى خۇددى بىر تۈپ يۇلغۇندا ئېچىلغان ئىككى خىل چېچەكتەك كۆرۈنگەن . شۇڭا، يەرلىك كىشىلەر بۇ مازارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۆز ـ ئۆزىدىن قورقۇپ يەنە «چاتاق مازار» دېمۇ ئاتىغان ۋە كېچىلىرى بۇ يەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالسا قەبرە يېنىدىكى يول بىلەن ماڭماي ئەگىپ ماڭىدىغان بولغان. ھازىر بۇ يېزىدىكىلەر «قوشماق مازار» ۋە «چاتاق مازار» دېگەن بۇ ئىككى ئىسمنى تەڭ قوللىنىلىدۇ ھەمدە رابىيە ـ سەئىدىن مەقبەرىسى جايلاشقان مەھەللىنى «چاتاق مازار مەھەللىسى» دەپ ئاتايدۇ. رابىيە ـ سەئىدىن مەقبەرىسىنىڭ ئورنى يامانيار يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان يەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شانۇ ـ شەۋكەتلىك تارىخىنى ، ئالىملىرىنى ، قەھرىمانلىرىنى ۋە مۇنەۋۋەر ئوغۇل ـ قىزلىرىنى خىلمۇ ـ خىل شە ـ كىللەر بىلەن خاتىرلەشنى بىلدى ۋە شۇنداق قىلىپ كەلدى . رابىيە بىلەن سەئىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇلارنى خاتىرلەپ يىرىك داستان ـ «رابىيە ـ سەئىدىن» نى يازدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەرنىڭ بىرى ئەھمەت زىيائى 1943 ـ يىلى نىزارى ئىزىدىن «رابىيە ـ سەئىدىن » ئوپېراسىنى يازدى ۋە 1985 ـ يىلى يامانيار يېزىسىدا يېرىم يىل تۇرۇپ يەنە يىرىك داستانى «رابىيە ـ سەئىدىن» نى يېزىپ نەشر قىلدۇردى . تالانتلىق شائىر، دراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، سەمەت دۇگايلى قاتارلىقلار ئۇستازلار ئىزىدىن «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىنى يېزىپ قەشقەر سەھنىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

سۇبھانالللا خەلقى ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى رابىيە بىلەن سەئىدىن مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشنى تەرك ئەتمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى . ھازىرمۇ ھەر يىلى 8 ـ ، 9 ـ ئايلاردا ، يۇلغۇن چېچەكلىگەن مەۋسۇمدە كىشىلەر «قوشماق مازار»نى زىيارەت قىلىشىدۇ . پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىل، ئاق يۇلغۇن

چىچەكلىرىنى چىكىسگە قىسىشىدۇ . ياشانغانلار رابىيە بىلەن سەئىدىن روھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىسا ، ياشلار قىزىل چىچەكنى رابىيە ، ئاق چىچەكنى سەئىدىن دەپ ، ئۇلارنىڭ شاخلىرىنى بىر ـ بىرىگە چىتىپ ، مەدھىيە قوشاقلىرىنى ئېيتىپ ئۆزلىرىنىڭ رابىيە ـ سەئىدىننىنى خاتىرىلەيدۇ .

بىراق ، ئون يىللىق بالايى ئاپەتلىك يىللار «قوشماق مازار» دا ئىز قالدۇرماي ئۆتمىدى. رابىيە بىلەن سەئىدىنگە «فېئوداللىزمنىڭ ئاشىق ـ مەشۇقلىرى» دېگەن تامغا ، خەلقنىڭ خاتىرىلەش پائالىيىتىگە «تۆت كونىلىق» دېگەن تامغا بېسىلىپ يۇلغۇن چىقىرىلىپ تاشلىنىپ قەبرە چېقىپ تاشلاندى . لېكىن تارىخنى بۇرمىلىغىلى بولمىدى، ھەقىقەت يوقالمىدى، خەلق ئالدانمىدى . مەقبەرە ئورنىدا پەقەت بىر دۆۋە شور توپىلا قالغان ، يۇلغۇن ئاساسەن قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما يەنە كۆكلەپ باراقسان بولدى . مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى رابىيە ـ سەئىدىن مەقبەرىسىنى 1985 ـ يىلى قايتىدىن ياساتتى . يۇلغۇن قايتىدىن كۆكلەپ چېقىپ يەنىلا بىر تۈپى قىزىل، بىر تۈپى ئاق ئېچىلدى . 2011 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ «قوشماق مازار» نىڭ ئەسلى ئورنىدا « رابىيە ـ سەئىدىن» باغچىسى، قەبرىسى بىر گەۋدە قىلىنغان ساياھەت نوقتىسىنى ياسىدى . مەنزىرىلىك كۆچەتلەر قويۇلدى ، ئىككى مو كۆلەمدە گۈلزارلىق، باغ ئەھيا قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدىنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى . رابىيە ئائىلىسىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بولغان ناسىر ياقۇپ ، ئابدۇرشىت ياقۇپلار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرى ماددى ـ مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسى بولۇپ ئەنگە ئېلىندى ۋە يېڭىدىن ياسالغان «رابىيە ـ سەئىدىن قەبرىسى» باغچىسىغا قاراشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار ھازىر ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە «رابىيە ـ سەئىدىن» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بەرمەكتە.

## 2) نىزارى داستانلىرىدا ئاياللارنىڭ قەدىرلىنىشى توغرىسىدا

شىرىنئاي سابىر
(ئىلى پېداگوگىكا ئېنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى، ماگىستىر)

ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆزىنىڭ باي ئىجادىي داستانلىرى بىلەن 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە داڭلىق ئەدىب، ئۇنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» ، «لەيلى ـ مەجنۇن» ، «شاھ بەھرام ۋە دىلئارام» ، «ۋامۇق ـ ئۇزرا» ، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا» ، «مەسئۇد ۋە دىلئارا» ، «رابىيە ـ سەئىدىن» قاتارلىق مۇھەببەت داستانلىرىغا مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس ، ئۇ بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتى ۋە كەيپىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر . چۈنكى شائىرنىڭ ھاياتى فېئودال ھۆكۈمرانلىرى چىرىكلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ، سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەت راسا ئەۋجىگە چىقىپ ، چېكىگە يەتكەن ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئودال كۈچلەرگە بولغان نارازىلىقى ۋە كۈنسېرى قارشىلىق ئۇلغايغان بىر دەۋرگە توغرا كەلدى . ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى نامراتلىق ، غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەن شائىر خەلقنىڭ ئاھۇ ـ زارىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ، خەلقنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان فېئوداللىزمنىڭ ئېغىر زۇلۇمى ۋە بالايى ـ ئاپەتلىرىنى يەتكۈدەك تېتىدى . بۇ ھال شائىردا مېھنەتكەش خەلققە نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسداشلىق ، ئىستىبداتلىققا ، ھاكىم مۇتلەقلىققە ، جاھالەتلىك زامانغا نىسبەتەن چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئويغاتتى ۋە مۇھەببەتنى تېما قىلغان ھالدا خەلقنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىنى ، گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەپ ، يۈكسەك خەلقچىللىق روھىغا، روشەن رېئالىزملىق ئېلېمېنتقا ئىگە قىلدى.

مەلۇمكى، «ئايال» دېگەن بۇ سۆزگە گۈزەللىك ، كەڭ قورساقلىق ، پېداكارلىق ، ئاق كۆڭۈللۈك ، كۆيۈمچانلىق ، ۋاپادارلىق ۋە چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت سىڭگەن . شۇڭا ، ئۇلارسىز جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . ئاياللار مىللەتنىڭ ، دۆلەتنىڭ ھەتتاكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىگى ۋە ئۈمىدى . ئايال مۇھەببەت دۇنياسىنىڭ كۆركى ـ زىنىنتى ، ئاياللار خىلمۇ ـ

www.uyghurkitap.com

خىل مۇھەببەتلەرنى دەۋر قىلىپ ۋە ئۇنىڭ مەركىزىدە ياشاپ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بارلىق سۆيگۈ ھارارەتلىرىنى يالقۇنلاۋاتقان ۋولقانغا ئايلاندۇرۇپ ، ئۆز يۈرەك ـ باغرىنى كۆيدۈرۈش بەدىلىگە باشقىلارغا مېھىر ـ مۇھەببەت ، بەخت ـ سائادەت ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ، ئاسايىش ۋە ئەمىنلىك ئاتا قىلىدۇ. خۇددى كائىناتتىكى بارچە شەيئى قۇياشنىڭ خاسىيەتلىك ، سېخىي نۇرلىرى ئاستىدا ئېھتىياج ئۇرۇغلىرىنى بىخلىتىپ، چېچەكلىتىپ مېۋە بەرگىنىدەك ، ئاياللىق ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن ياشايدۇ ، كۆچىيىدۇ ، كامال تاپىدۇ ۋە مۇراد ـ مەقسەت ھاسىل بولىدۇ .ئۇيغۇر ئاياللىرى تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چىن مۇھەببەت ، مېھىر ـ ۋاپا ، سەممىيلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلىرى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەت قەلبىدە ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس ئوبرازىنى تىكلىگەن . بىز مول مەزمۇنلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ، ئەدىپ ـ لىرىمىزدىن ئەلشىر نەۋايى ، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي خاسلىقى ئاساسىدا ئۆتكۈر ۋە تالماس قەلىمى بىلەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى سۈرەتلەپلا قالماي ، پۈتكۈل ئاياللارنى جان دىلى بىلەن قەدىرلەپ كەلدى . بولۇپمۇ نىزارى قەلىمى ئاستىدىكى ئاياللارنىڭ روھىي دۇنياسى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە تېخىمۇ يارقىن ، تېخىمۇ جەزىبدار ، تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن . ئابدۇرېھىم نىزارى داستانلىرىدا ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى تۆۋەن ئورنىدىن نارازى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتىۋاتقان تەقدىر ـ قىسمەتلىرىگە قاتتىق ئېچىنغان . ئاياللارنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى چېكىدىن ئاشقان قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئىنسانىي ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىپ رابىيە، شېرىن ، لەيلى ، گۈلنىسالاردەك چىن مۇھەببەت قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان .

نىزارىنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدىكى داستانلىرى ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممەت جەھەتتىن ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولالايدۇ . مۇھەببەت تېمىسىدىكى داستانلار ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى ، كىشىلىك ئەركىنلىك ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، خەلقپەرۋەرلىك ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سەممىي دوستلۇق ، ۋاپا ، ساداقەت ، باتۇرلۇق ، ئادالەت ، مەملىكەت ئاسايىشلىقى، ئاياللار ھوقۇقى قاتارلىق ئىدىيەلەرنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىسا ، ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ، پاك مۇھەببەتنى قەدىرلەش ، بىر ـ بىرىگە ۋاپادار، سادىق بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

**18** ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، **19** ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نىزارى ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق «لەيلى ـ مەجنۇن» ، «پەرھاد ـ شېرىن» ، «رابىيە ـ سەئىدىن» ، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا» قاتارلىق نادىر داستان ـ لارنى روياپقا چىقارغان بولۇپ ، بۇ دەۋر فېئودال كۈچلەر خەلقنى خالىغانچە بوزەك قىلىپ ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ، كەمسىتىدىغان ، خورلايدىغان ، پەس كۆرىدىغان ، ئاياللارنىڭ ئورنىنى تۆۋەن چاغلايدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت ھەممە يەرنى قاپلىغان ئىدى . شۇڭا نىزارى «لەيلى ـ مەجنۇن» ، «رابىئە ـ سە ـ ئىدىن» داستانلىرىدا خەلقنىڭ مۇڭ ـ زارىنى ھەم ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى . شائىر لەيلى ۋە مەجنۇن ئوبرازى ئارقىلىق فېئودالىق جەمئىيەتتىكى مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ، ساداقەت بىلەن ساداقەتسىزلىك ئوت ـ تۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرسە ، مەجنۇن ئوبرازىنى شەخسى ئازاتلىق ، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ . نىزارى «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدا، ئۆتمۈشتە ئەركىن كىشىلىك مۇناسىۋەت ، سۆيگۈگە يول يوقلىقىنى ، ئادىمىيلىك شان ـ شەرىپى ئاياغ ـ ئاستى قىلىنغانلىقىنى ھەمدە كىشىلەرنىڭ بېشىغا تۆھمەت تاشلىرى ياغدۇرۇلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ . نىزارى ئۆزى ياشىغان دەۋر روھىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇھەببەت داستانلىرى بىلەن بىر تەرەپتىن ، جاھالەت زەنجىرى بىلەن كىشەنلەنگەن خەلقنىڭ مۇڭ ـ زارىنى ئەكس ئەتتۈرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆزى ياراتقان غايىۋى ئوبرازلارنى ۋاستە قىلىپ ، فېئوداللىق زۇلۇم ئاستىدا لەختە ـ لەختە قان يۇتقان خەلقنىڭ ئەركىنلىك ، ھۆرلۈككە بولغان تەلپۈنۈشىنى ، ۋاپادارلىقنى ، سەممىيەتكە ، ھەققانىيەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈردى .

ئۇ جەمئىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىگى ھەم نارازىلىغىنى ئىپادىلەش ئۇچۇن مۇھەببەت تېمىسىنى ئۆزىنىڭ بىردىن - بىر ئۆتكۈر قورالى قىلغان . مۇشۇ قورال ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ ، ئاياللارنى قەدىرلەش ئىدىيەسىنى ئىپادىلەيدۇ .

نىزارى ئاياللارنىڭ قىممىتى يوق ، دەپ قارالغان جەمئىيەت رېئاللىغىدا بولغان كۈچلۈك نارا - زىلىغى ، قارشىلىغىنى ئىپادىلەپ ، لەيلى ، شېرىن ، رابىيە ، گۈلنىسا قاتارلىقلارغا ئوخشاش چىن مۇھەببەت ، ئەركىنلىك ، ھۆرلۈك ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتىن قورقماي ، فېئودال كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش روھىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئويغىتالىغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى يارىتىپ ، ئاياللار ۋۇجۇ - دىدىكى قەيسىرانە روھنى ، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتنى ، پىداكارانە خىسلەتنى ، چىن ساداقەتنى ، ۋاپادارلىقنى مەدھىيەلەپ ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئىززەت - ھۆر - مىتى ۋە رولىغا سەل قارىماسلىقنى ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قەدىرلەش ھەم قوغداشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ .

ئەينى دەۋردە فېئوداللىق كونا ئەدەپ - ئەخلاق ۋە نىكاھ تۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاياللار ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ، ئۇلۇغۋار غايىسى ، ئارزۇ - ئار - مانلىرى ۋە غەيرەت - جاسارىتىنى نامايان قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمايتتى ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاياللار بۇنداق ئادالەتسىز زامان ، رەھىمسىز تەقدىرگە تەن بەرمەي فېئودال كۈچلەرگە قارشى چىقىپ ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى قەدىرلەشنى كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ .

«چۇ دەردىگە بەرھەم تاپا ئالمايىن .
ستەمگەر جاھاندىن ۋەفا ئالمايىن .
تۇتۇپ رازىنى ئول ئۇلۇستىن نىھان .
گىرىھ غۇنچە يەڭلىغ ئىچى ئىردى قان . »[1]

شائىر يۇقىرىقى مىسرالار ئارقىلىق زامانىنىڭ زۇلمىغا ، جەمئىيەتنىڭ رەزىللىگىگە بولغان كۈچلۈك قارشىلىق ، نارازىلىغىنى ئىپادىلەپ ، مۇدھىش جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ:

«چۇ يەئقۇبغە سۆزىنى سەراسەر دىدى .
پەزىر ئەتمەيىن سۆز مۇغەييەر دىدى .
كى ئىبرايىم ئاندىن چىقىپ غەم بىلەن .
يېتىپ باردى ئۆيگە بۇ ماتەم بىلەن . »[2]

دېگەن مىسرالار ۋە يەنە:

«كى فەرزەنت ھالىن ئاتا بىلمىدى .
ئەگەر ئاڭلاسا ھەم نەزىر قىلمادى . »[3]

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ياقۇپقا ئوخشاش ئاچكۆز بايلارنىڭ مال - دۇنيا ، مەنسەپ - مەرتىۋە ئۈچۈن چىن مۇھەببەتنى ، ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈكنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ ، ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى قاتتىق سۆككەن ۋە رەزىل جەمئىيەت رېئاللىقىدا نابۇت بولىۋاتقان گۈل - غۇنچىلارغا چوڭقۇر ئېچىنغان .

«لەيلى - مەجنۇن» داستانىدىمۇ 19 - ئەسىر جەمئىيەت رېئاللىغىنى قاتتىق قامچىلىغان ۋە شۇنداق رەھىمسىز رېئاللىققا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى بەدىئىي ئەدەبىيات ئارقىلىق ئىپادىلەپ ، لەيلىدەك ئىسيانكار ، قەيسەر ئاياللار ئوبرازىنى بارلىققا كەلتۈرگەن .

www.uyghurkitap.com



«قىلىپ ئىشق ئەھلىگە بىدارلىق.
زامانى ئاتا بەرمەيىن شادلىق...
جاھاندا ۋىسال ئىلە بەرمەي مۇردا
داۋامى قىلىپ غەملەيىن زىيار...
نەچ سەرۋى قەددىنى خازان ئەيلەدى.
رىيازەتتە ئارزە جان ئەيلەدى...»[4]

دېمەك، نىزارى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان لىرىك داستانلىرىدا ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان ياشلىق باھارىنى خازان قىلغان، چىن سۆيگۈ-مۇھەببەتكە سادىق ئاشىق-مەشۇقلارنى بىر-بىرىدىن جۇدا قىلغان ۋە ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان قانخور ھۆكۈمرانلار ۋە جاھالەت قاپلىغان ئىجتىمائىي رېئاللىققا نەپرەت ئوقۇغان. تەڭسىز جەمئىيەت رېئاللىغىدا رابىيە، لەيلى، شىرىن، گۈلنىسالاردەك چىن مۇھەببەت ئۈچۈن بارلىغىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان مەردۇ مەردانە ئاياللار ئوبرازىنى روياپقا چىقىرىپ، جاھالەت ۋە زالالەتكە بولغان كۈچلۈك قارشىلىغىنى ئىپادىلىگەن.

ئاياللار - ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى ۋە گۈل زىباسى، ئاياللار - مۇھەببەتنىڭ نۇر زىياسى. نىزارى ئۆز داستانلىرىدا ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە ئاياللارغا خاس جىلۋە-نازاكەتلىك، غەيرەت-شىجائەتلىك، قەيسەر، ئىسيانكار ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان.

تارىخقا نەزەر سالساق، قەدىمدىن تاكى ھازىرغىچە چىن ۋاپا، ساداقەت مۇھەببەتنىڭ ئاساسى ۋە يىلتىزى بولۇپ كەلگەن. بۇ ھەقتە ف. شىللىر مۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇھەببەت ھەممە نەرسىنى يېڭىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە بىزمۇ تەسلىم بولىمىز.» دېمەك، سۆيگۈ-مۇھەببەت دۇنيانىڭ تىرىگى بولغان ئاياللار ئۈچۈن، ھاۋايى-ھەۋەس ئەمەس، بەلكى ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى ۋە ھۆ-جەيرىسىدۇر. ئۇنىڭ تۈپ ئۆلچىمى ۋاپا، ساداقەت، دوستلۇق، ھالاللىق، پاكلىق بولۇپ، ئۇنىڭ دۈشمىنى - مەنپەئەتپەرەسلىك، قەبىھلىك، مۇناپىقلىق، ئىككى يۈزلىمچىلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى چىن ۋاپاسى، سەممىي ساداقىتى بولمىغان يار تۇز سالمىغان ئاشقا، يىلتىزى كېسىلگەن گۈلگە ئوخشايدۇ. ساداقەت، چىن ۋاپا ئىنسان قەلبىنىڭ گۈلىستانى، ساداقەت، ۋاپا بولغاندىلا ئىنسان ھەقىقىي قەلب گۈزەللىگىگە، چىن سۆيگۈ-مۇھەببەتكە ئېرىشەلەيدۇ، شۇنداقلا ۋاپادار بولغاندىلا، باشقىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. ئادەم ئادەمدەك كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ ۋە ئۆزگىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولۇپ ياشايمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن قەلب بوستانلىغىنى ساداقەت، ۋاپا گۈلزارلىغىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. چىن ساداقەت، ۋاپادارلىق ئىنساننىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلىتى، ۋاپادارلىق، ساداقەت بولمايدىكەن، چىن مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. كىم ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئىشتىراكچىسى بولىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن ئۆز قەلبىدە مېھىر-ۋاپا، ساداقەت ئۇرۇقلىرىنى بىخلاندۇرۇشى كېرەك. نىزارى داستانلىرىدا ئاياللارنى ئەنە شۇنداق ساداقەتلىك ۋە ۋاپادارلىقنىڭ مەڭگۈلۈك كۈيلىگۈچىسى قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ پاك ۋۇجۇدىدا ساداقەت، ۋاپادارلىقنىڭ ئۆلمەس بىخلىرىنى كۆكلەتكەن. ئۇلار ۋاپادارلىقنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى نامايان قىلىپلا قالماي، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ خاراكتېرىدىكى ساداقەت، ۋاپا ئۇنچىلىرىنى ئەبەدىل-ئەبەد جۇلالىنىپ چاقناپ تۇرىدىغان مارجان قىلىپ بۇگۈنكى ۋە كېلەچەكتىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ئۆچمەس ئابىدە سۈپىتىدە قالدۇرغان.

«رابىيە-سەئىدىن» داستانىدىكى رابىيەنىڭ ساداقەتمەنلىكى، ۋاپادارلىغىنى ئۇنىڭ ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق بولۇپ، جابىر بىلەن بىرگە ئۆتتۈشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. رابىيە، لەيلى، شىرىن، گۈلنىسالار ملىڭ بىر جاپا-مۇشەققەتلەر ئالدىدا قىلچە باش ئەگمەستىن، زاماننىڭ زۇلۇم-ستەملىرىگە تىز پۈكمەي، ئۆز ۋاپادارلىغىنى بىلدۈرۈپ، چىن مۇھەببەت يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولۇشتەك قەيسەرانە روھنى نامايان قىلىدۇ:

«تۇتۇڭ ساقىيا بىزگە جامى ۋىسال.
كى بولسۇن نەزەرگە مۇئەييەن جەمال.
بولۇپ مەھىۋ يارىمغە مەدھۇش ئولاي.
نىگارىم بىلەن دۇش ـ بەردۇش بولاي.
تىرىكلىك كېرەكمەس سېنىڭسىز ماڭا.
مۇرادىم بۇدۇر كىم يېتىشسەم ساڭا.»[5]

شائىر داستاندا ئېزىلگۈچى سىنىپنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىبراھىمنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ . ئۇنىڭ ئوغلى سەئىدىنىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئېيتقان مۇنۇ مەرسىيەسى شائىرنىڭ فېئودالىزم جەمئىيىتى ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىدۇر:

«رىيازەتكە ئۆتكەن باشىڭغا دەرىخ،
قىزىل قانلار ئاققان ياشىڭغا دەرىخ.
كى تۇپراققا تولغان كۆزۈڭگە دەرىخ،
سارىخ گۈلدەك سولغان يۈزۈڭگە دەرىخ.
شەركەۋار شېرىن سۆزۈڭگە دەرىخ،
سۆزۈڭگە دەرىخ ھەم ئۆزۈڭگە دەرىخ.
قازا تېخى تۆككەن قانىڭغا دەرىخ.
پىراق ئىچدە ئۆتكەن جانىڭغا دەرىخ،
چۇ مېھنەتتە كەزگەن يولۇڭغا دەرىخ.
ئاچىلماي سۇنغان گۈلۈڭگە دەرىخ،
كى ھىجران يوق ئەتكەن جىسمىڭغا داغ.
جۇدالىقتا ئۆتكەن مىرادىڭغا داغ،
سەھەرلەردە چەككەن پىغانىڭغا داغ.
ۋاپاسىز ئاشۇ زامانىڭغا داغ.»

بۇ مىسرالار يالغۇز ئىبراھىمنىڭلا ئەيىپنامىسى بولۇپ قالماستىن ، بەلكى فېئودالىزم جەمئىيىتىدە خورلانغان مىليونلىغان خەلقنىڭ فېئودالىزمغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتى ئىدى .

«پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا شېرىنىنىڭ ساداقەتلىك بىلەن ئۆز سۆيگۈسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىن قورقمايدىغانلىغىنى قەيسەر خاراكتېرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . ئۇلارنىڭ مۇھەببەت يولىدا كۆرسەتكەن ساداقىتى ، ۋاپادارلىغى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ھۆرمەت ، زىنىنتىگە زىنەت قوشۇپ ئۇيغۇر ئاياللىرىنى بۈيۈكلۈك تەختىگە ئىگە قىلدى . ئۇلار چىن ساداقەت ، مېھىر ـ ۋاپادىن گۈلدەستىلەر تىزىپ يار ۋەسلىگە يەتمەكچى بولىدۇ ، ئەمما رەزىل فېئودال جەمئىيەت بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ، شۇنداقتىمۇ فېئوداللىق تۈزۈم ئۇلارنىڭ پاك قەلبىدىكى ساداقەت بىخلىرىنى ھەرگىز قۇرۇتۇۋېتەلمەيدۇ .

«مېنى دەپ قىلىپ كۆھنى لالەزار.
ساڭا ھەم قىلايمەن بۇ جاننى نىسار.
دېدى ئاھ مېھنەتتە ئۆتكەن غەرىب.
مېنى دەپ كى تاغ ئىچرە يۈرگەن غەرىب
ۋىسالىم بىلەن بولمادىڭ بەھرىمەند.
ساڭا يەتكۈزۈپ چەرخ تۈرلۈك گەزەند.»[6]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ مىسرالاردىن شىرىننىڭ پەرھاد ئۈچۈن ئاھ چېكىۋاتقانلىقىنى ، پەرھاتقا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ، ئۇنىڭ ئۆز سۆيگۈنى ھەم ۋاپادارى پەرھاد ئۈچۈن ئەزىز جېنىدىنمۇ كېچىشكە رازى بولۇشتەك چىن ساداقىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

نىزارى داستانلىرىدىكى ئايال ئوبرازى ئەنە شۇنداق چىن ساداقەتلىك ، ۋاپادارلىقى بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ غۇلماس ئابىدىسى ۋە نادىر ئۈلگىسى بولۇپ كەلمەكتە .

فېئوداللىق تۈزۈم ئەۋج ئالغان ، زالىملار قۇتراپ كەتكەن ئاشۇنداق دەۋر رېئاللىقىدا نىزارى رابىيە ، شىرىن، لەيلىلەردەك مۇھەببەت يولىدا جېنىنى ئايىمايدىغان، زالىم، ياۋۇز بايلارغا غەزەپ ئوتىنى ياقالايدىغان ، ئەركىنلىك ، ھۆرلۈك ئۈچۈن جان پىدا قىلالايدىغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئاشۇ مۇدھىش جەمئىيەت رېئاللىقىغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ، قارشىلىقىنى ئىپادىلەپ ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىسيانكار روھىغا ئاپىرىن ئوقۇپ ۋە بۇ خىل روھىغا مەدەت بېرىپ ، ئۇلارنى ئەركىنلىك ، ھۆرلۈك ، چىن مۇھەببەت ئۈچۈن تىخمۇ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان . رابىيە دادىسى ياقۇپنىڭ زورلىشىغا باش ئەگمەي ، چىن مۇھەببەت يولىدا جېنىنى پىدا قىلىدۇ ، ئۇ ئۆز غۇرۇرى ، ۋىجدانى ، پاكلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم يولىنى تاللايدۇ ، بۇ ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ قورقۇنچاقلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق دەۋر رېئاللىقىنىڭ ئىپلاس ـ رەزىللىكىنى ، جەمئىيەتنىڭ قانخور ماھىيىتىنى مەسخىرە قىلغىنى ، جۇملىدىن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلغىنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ . ئۇ دادىسى ۋە جابىرنىڭ پەسكەش ، رەزىل نىيىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا يول قويماستىن ، ئۇلارنى داغدا قويۇپ ، دادىسىنى مات قىلىدۇ ۋە مال ـ دۇنيادىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ ، بۇ رابىيەنىڭ ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىش ، ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۇسۇلىدۇر . نىزارى داستانلىرىدىكى ئاياللار ئەنە شۇنداق گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتى، چىن مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتەك خىسلىتى ۋە قەھرىمانلارغا خاس غەيرەت ـ جاسارىتى ، پىداكارلىق روھى بىلەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ئۇلارنى ئۇلۇغ ۋە ئالىيجاناب ئانا، ھارماس ـ تالماس ئۇستاز ، پىداكار ئاچا ـ سىڭىل ، سۆيۈملۈك قان ـ قېرىنداش ھېساپلاپ ، ئۆز جېنىدىن چارە كۆرۈپ ، قەدىرلەشنى چىن دىلىدىن تەشەببۇس قىلغان .

ئابدۇرېھىم نىزارى داستاندا رابىيەنىڭ جابىر بىلەن بىرگە ئۆتۈشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكى، شىرىننىڭ پەرھاد ئۈچۈن باشقا نۇرغۇن شاھزادىلەرنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىشى ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا بېرىلىپ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۇلارنىڭ ئىنتايىن پاك ، دىيانەتلىك ، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

قەيسەرلىك ـ ھاياتلىق يولىدىكى ماياكقا ئوخشاش تۇرمۇشتىكى رىيازەت ، مۇشكۇلات ۋە غەم ـ غۇسسىدىن ئۈگۈشلۈق ھالدا غالىپ كېلىشمىزگە ياردەم بېرىدىغان مەنىۋى كۈچتۇر . ھايات يولى ئەگرى ـ توقايلىقلار بىلەن تولغان بولىدۇ ، گاھ بەختتىن كۈلسە ، گاھ ئازاپ ـ ھەسرەتتە پىغانلىق ياش تۆكىدىغان ، بەزىدە راۋان بولسا ، بەزىدە نىجادلىق يولى تاپالماي گاڭگىراپ قالىدىغان مۇرەككەپ يولدۇر.

ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆز داستانلىرىدىكى ئاياللارغا كۈچلۈك قەيسەر روھ ، غەيرەت ـ جاسارەتنى يار قىلىپ ، ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ باتۇر ، قورقماس ، قەيسەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقىغان . ئۇلار سۆيگۈ ـ مۇھەببەت يولىدىكى تۈگىمەس مۇشكۇلاتلارنى ، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى ، تۈرلۈك توسالغۇلارنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىش يولىدا ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدۇ ، چىن مۇھەببەت يولىدا تىز پۈكمەستىن كۈرەش قىلىدۇ . گۈلنىسانى مىسالغا ئالىدىغان بولساق ، مەھزۇننىڭ ۋەسلىگە يېتىش يولىدا سانسىز مۇشكۇللەرگە ئۇچرىسىمۇ ئىرادىسىدىن ھەرگىز يانمايدۇ . لەيلى ، رابىيەلەرمۇ مۇھەببەت يولى ـ ـدىكى توسالغۇلارغا باش ئەگمەستىن ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىدۇ . بۇنداق قەيسەرلىك روھى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھەققىي ئوبرازىنى تىكلەپ بېرىپلا قالماستىن ، ئۇلارنىڭ قەيسەرلىكىگە ، باتۇرلىقىغا مەدھىيە

ئوقۇشقا ۋە ئۇلارنى قەدىرلەشكە ئۈندەيدۇ .

نىزارى داستانلىرى بارلىققا كەلگەن دەۋردە نە ھۆرلۇك ، نە ئەركىنلىك ، نە چىن مۇھەببەت دېگەنلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى . مانا مۇشۇنداق دەۋر شارائىتىدا رابىيە ، لەيلى ، شېرىن ، گۈلنىسالارنىڭ ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈك كۆرۈشىگە دادىل ئاتلىنىپ چىقىشى تېپىلغۇسىز ئۇلۇغۋار روھ ھېساپلىنىدۇ . چۈنكى ئۇ زامانلاردا ئۇيغۇر جەمئىيىتى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئىدى . ئەمما گۈلنىسا ، رابىيە، لەيلى ، شېرىنلار ئۆز دەۋرگە نىسبەتەن بالدۇر ئويغانغان، چىن مۇھەببەت ، مېھىر ـ ۋاپا ، ھۆرلۈك ـ ئەركىنلىكنىڭ نېمىلىگىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ، ئەقىللىك ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئالدىن كۆرەر ۋە ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە ئىكەنلىگىنى نامايان قىلدى . ئۇلار چىن مۇھەببەتكە ئېرىشىش يولىدا ئاجايىپ كۆپ رىيازەتلەرنى چەككەن بولسىمۇ ، بىراق ئۆزىنىڭ ئار ـ نومۇس ۋە پاك غۇرۇرىنى ساقلاش يولىدا جېنىدىن ئايرىلغان . بىز داستاندا شېرىننىڭ تاغنى تېشىپ سۇ باشلىماقچى بولغىنىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، قورقماس ، چىداملىق ، قەيسەر قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز .

نىزارى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار ھېكايىسىنى **19** ـ ئەسىر ئۇيغۇر رېئاللىغىغا تەتبىقلاپ شۇ دەۋر رېئاللىغىغا نىسبەتەن خېلى ئىلغار ئوبرازلارنى بارلىققا كەلتۈردى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ داستانلىرىدىكى ئاياللارنى قەدىرلەش روھى شۇ دەۋر رېئاللىغىدا زور قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە قەھرىمانلىق روھىغا ئىگە . نىزارى قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان لەيلى ، شېرىن ، گۈلنىسا ، مېھىنبانۇ قاتارلىق ئايال ئوبرازلار ئۆزگىچە خىسلەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس مەرتلىك ، ئەقىل ـ پاراسەت ، غەيرەت ـ شجائەت ، قەيسەرانە روھى بىلەن ئۆز خاسلىغىنى نامايان قىلىدۇ . بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا قارشىلىق ، تىز پۈكمەسلىك، قەھرىمانلىق روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز ۋىجدانىنى، پاك غۇرۇرىنى، چىن سۆيگۈسىنى ساقلاش يولىدا ، فېئوداللىق ئائىلە نىكاھ تۈزۈمىنىڭ بوغۇشىدىن قورقماي قەيسەرانە روھ بىلەن ئۇلارغا قارشى تۇرغان . باشتىن ـ ئاخىر تىز پۈكمەي چىن مۇھەببەت يولىدا جېنىنى پىدا قىلغان (گۈلنىسادىن باشقىسى) . يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، **19** ـ ئەسىر ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى فېئوداللىق تۈزۈم ئاسارىتىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە يول قويماي ، ئادەمنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممـ ـمىتىنى، ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ ، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان جەمئىيەت رېئاللىغىدا ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى نۇرغۇنلىغان زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى، داۋالغۇشلارنى ۋە ئازاپلىق كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چىن مۇھەببىتىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان فېئوداللىق تۈزۈمگە ، رەزىل قارا كۈچلەرگە ۋە شۇ جەمئىيەتنىڭ سادىق ھىمايىچىلىرى بولغان چىرىك ئەمەلدارلارغا ، ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغۇزغان مۇدھىش ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئوت ئاچماقچى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار نۇرغۇن جەھەتلەردە ئاجىزلىق قىلىدۇ . ئۆزلىرىنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىشنىڭ مۇۋاپىق بىر چىقىش يولىنى تاپالمايدۇ . ئۇلار ئەنە شۇنداق بېسىم ئالدىدا ئۆزلىرىنى تايانچىسىز ، يار ـ يۆلەكسىز ، يەككە ـ يېگانە ھېس قىلىدۇ . چىن مۇھەببەت يولىـ ـدىكى ئاشۇ مۇشكۈلاتلار ئۇلارنى قانداق قىلىش توغرىسىدا گاڭگىرىتىپ قويىدۇ . ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىنتىلىش ئۇلارنى شۇنچىلىك بىئارام قىلسىمۇ ، ئۇلار ئاقىلانە چارە تاپالمايدۇ . ئۇلار زامانىنىڭ كۈلپەتـ ـلىرىگە چىدىماي روھى ئازاپ چېكىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى قانلىق ئازاپ يېشى بىلەن توشۇپ كېتىدۇ . ئۆز سۆيگۈسى خازان بولىۋاتقان رېئاللىق ئالدىدا ئامالسىز قېلىۋاتقانلىغىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈش ياشلىرىنى تۆكىدۇ . بۇ ھەقتە شائىر «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ھىجران ئازاۋىدا ئۆرتىنىۋاتقان مەجنۇننىڭ ئۆزىگە چاڭگال سېلىپ كېلىۋاتقان ئەجەل ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ قىلغان نالە ـ پەريادلىرىنى ۋە ئېچىنىشلىق ئازاپ ـ ھەسرىتىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

«ئەي ئەجەل ئاھستەرەۋ زۇلم نەمايەن ئەيلەدىڭ،
قىبلەگاھىمنى قارا يەر بىرلە يەكسان ئەيلەدىڭ.
جانۇ كۆڭلۈمگە قويۇپ ئەمدى يېتىملىك داغىنى،

بۇ تىرىكلىكتىن داغى كۆڭلۈم پەرىشان ئەيلەدىڭ.
ئۇچرادى بادى خەزانغە ئابرويىم گۈللارى،
ئەي قازايى بىمۇرۇۋۋەت بەرگى رىزان ئەيلەدىڭ.
نە ئىدى جۇرمۇم، ئايىردىڭ مېھرىبانلاردىن مېنى،
قالىبى تەن ئىچرە قاتتىق دەردنى جان ئەيلەدىڭ.»[7]

فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا رابىئە ، لەيلىلەرگە ئوخشاش چىن مۇھەببەت ئىستىكىگە بېرىلگەن ـ ـلەرنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا ئېلىپ ، كۆزلىگەن ئارزۇسىغا يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇلار ھامان فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ، ۋە ئائىلە ـ نىكاھ تۈزۈمنىڭ قاتمۇ ـ قات ئىسكەنجىسى ئاستىدا مجىلىپ دەھشەتلىك تۈردە ھالاك بولاتتى . نىزارى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتە ئاشۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوبرازىغا تايىنىپ ئۇلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ، ئازاپ ـ ئوقۇبەت ئالدىدا گاڭگىراشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى تېخىمۇ قەيسەر ، غەيرەت ـ شجائەتلىك، ۋاپادار بولۇشقا ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئۇلارنى قەدىرلەشكە چاقىرغان.

نىزارى ئەنە شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىنى كۆزىتىپ ، ئاشۇنداق قاتمۇ ـ قات زۇلۇم ئاستىدا يەنچىلگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ گۈزەل ئوبرازىنى ياراتتى ۋە ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە بولغان ئېچىنىشنى ئىپادىلەپ، رەزىل جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلدۇ ، نىزارى داستانلىرىدىكى ئاياللارنىڭ چىن مۇھەببەت يولىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ، ئېچىنىشلىق ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرى ، ئېغىر كۈلپەتلىرى ، پاجىئە بىلەن تولغان تىراگېدىيەلىك تەقدىرى ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ . مۇشۇلارغا ئوخشاش كۈرمىڭلىغان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئاشۇنداق رەزىل كۈچلەرنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى . ئۇلارنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى ئەگرى ـ توقايلىقلار ، رىيازەتلەر ، مۇشكۈل خەتەرلەر ھەققەتەن قورقۇنۇچلۇق . رابىيە ئۆز سۆيگۈنى سەئىدىن ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ ، چىن مۇھەببەتكە ئېرىشىش يولىدا شۇنچە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، ئاچكۆز دادىسى ياقۇپنىڭ مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلىگى تۈپەيلى ۋىسال تاپالماستىن ، جابىرغا تۇتۇپ بېرىلىدۇ ، رابىيە جازانخور جابىر بىلەن بىرگە ئۆتۈشنى ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلىپ قېچىپ كېتىدۇ ، لېكىن دادىسى ياقۇپ ئۇنىڭ نالە ـ پەريادلىرىغا قۇلاق سالماي ، ئۇنى قايتىپ كېتىشكە زورلايدۇ ، بۇنداق خورلۇققا چىدىمىغان رابىيە ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپ ئۆزىنى يامانيار دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلتۈۋالىدۇ.

«قاپاغىنى قويدى فىغان باشلادى.
دېدى «ئاھ» ، سۇغا ئۆزىنى تاشلادى.
كى بىچارە ئىردى سەداقەت ۋىسار،
جانىن قىلدى جانانىسگە نىسار...»[8]

يۇقىرىقى مىسرالار ئەينى دەۋردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى، ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ۋە بۇنىڭ بىردىن ـ بىر سەۋەبچىسىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم ، جاھالەتلىك دەۋر ، ئاچكۆز ، زالىم ھۆكۈمدارلار ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقچىلىرى ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ بەرگەن:

«چۇ مەجنۇن كىرىپ يارنىڭ قاشىغە،
كى پەرۋانەدەك ئۆيرۈلۈپ باشىغە.
چۇ لەيلى جامالىغە سالدى نەزەر،

كى تەكلىپ ئېتىپ يانغە سىيمبەر.
چېكىپ بىر ساۋۇغ ئاھ، تاپشۇردى جان،
كى مەشۇق هە مانۇ بۇ ئاشىق هامان.
ئىككى پاك ئاشىق جاهاندىن كېچىپ،
كى روهى قوش كاكداندىن كېچىپ.
قەبلە بولۇپ داغى هەسرەتتە لال،
بارى خەلق ئولۇب بۇ مۇسىبەتتە لال.»[9]

يۇقىرىقى مىسرالاردىن قانخور جەمئىيەتنىڭ رەزىللىگى تۈپەيلىدىن نۇرغۇنلىغان قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەتنىڭ قۇربانى بولۇپ پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچار بولغانلىغىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا ، نىزارى داستانلىرىدا هۆرلۈك ، مۇھەببەت ، چىن سۆيگۈ ، ساداقەت يولىدا جاپا - مۇشەققەتلەردىن قورقماي ، دادىللىق بىلەن رەزىل كۈچلەرگە قارشى ئوت ئاچقان قەيسەر ، غەيرەت - شجائەتلىك ، ئەخلاق - پەزىلەتلىك ، مېهرى ئوتلۇق ، ۋاپادار ئۇيغۇر ئاياللىرىنى قەدىرلەش ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس خۇلق - نازاكىتى ، جىلۋىسى، ئەقىل - پاراستى ، چىدام - غەيرتى ، چىن ساداقىتى بۇگۈنكىدەك چىن مۇھەببەت كۈندىن - كۈنگە سۇسلىشىۋاتقان سۆيگۈ - مۇھەببەت ۋە ئەخلاق - پەزىلەت قارىشى خۇنۇكلىشىۋاتقان ، پۇل ، مال - دۇنيا مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىۋاتقان ، قەيسەرلىكنىڭ ئورنىنى چۈشكۈنلۈك ، شۆهرەت - پەرەستلىك، مەنمەنلىك ، قورقۇنچاقلىق ئەج ئېلىۋاتقان جەمئىيەت رېئاللىغىدا نىزارى قەلىمى ئاستىدىكى ئاياللار ئوبرازى بۈگۈنكى دەۋردىكى قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى بولۇپ قالغۇسى.

**ئىزاھاتلار:**


[1][2][3][5][6][7][8][9] ئابدۇرېھىم نىزارى: «نىزارى داستانلىرى»، **1985**-يىل **4**-ئاي **1**-نەشرى، 251- ، 252- ، 254- ، 356- ، 357- ، 496- ، 500- ، 535- ، 542- ، 373 - بەتلەر.

[4] ئابدۇشۈكۈر تۇردى:«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ، **2003** -يىلى **4**-ئاي ، **1**-نەشرى، **173**-بەت.


# ئابدۇرېھىم ئوسمان هاجىم



ئابدۇرېھىم هاجىم ـــــ ۋەتەنپەرۋەر ۋە مەرپەتپەرۋەر ئوسمان قارى هاجىمنىڭ ئوغلى بولۇپ ، قەشقەر قىزىلسۇ تاغارچى مەھەللىسىدە **1955**-يىلى **3**-ئاينىڭ **10**-كۈنى تۇغۇلغان. ئابدۇرېھىم هاجىم **1974** - يىلى قەشقەر تىببىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، قەشقەر يېڭى شەهەر ئېلكتىر ئىدارىسىدە دوكتۇر بولۇپ ئىشلىگەن. **1980**-يىلدىن **1986**-يىلغىچە قەشقەر ياۋاغ كوچا باشقارمىسىدا ئۆز ئالدىغا دوختۇرخانا ئېچىپ كېسەل داۋالىغان ۋە دىنىي ئوقۇشلاردا قەشقەرنىڭ ئاتاغلىق ئالىملىرىدىن تۇرسۇن ئىمام ئاخۇنۇم ، سەلەي داموللام ، يۇسۇپ قاراخۇنۇم ، مەمتاخۇن خەلپىتىم ، ئابلىمىت داموللام ، ئابدۇلكەرىم قارى ئاخۇنۇم قاتارلىق دىنىي زاتلاردىن تەلىم ئېلىپ ئىلىم تەهسىل قىلغان. **1986**-يىلى تۈركىيىگە مۇهاجىر بولۇپ كېلىپ ئىستانبۇلدا ئۆز ئالدىغا دوختۇرخانا ئېچىپ كېسەل داۋالاش بىلەن بىرگە دىنىي تەلىم-تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. دوختۇر ئابدۇرېھىم هاجىمنىڭ بىر تۇققان ئاكىسى نۇر مۇهەممەتجان قارىمۇ دوختۇر بولۇپ يېتىشكەن هەمدە قەشقەر مىللىي شىپاخانىنىڭ ئامبۇلاتۇرىيىسىدە ئىشلىگەن. كېيىن تۈركىيىگە كېلىپ يەرلەشكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھازىر ئاكا ـ ئۇكا ئىككىلەن ئىستانبۇلدا ياشماقتا.

ئابدۇرېھىم ھاجىمنىڭ ھازىر 5 پەرزەنتى بار. بۇلاردىن ئىككى ئوغۇل ، ئىككى قىزى دىنىي ساھەدە يېتىشكەن قارى ـ ھافىزلاردۇر .

بۇ كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ باش كۆتىرىشى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىمان، ئېتىقادى كۈچلۈك كىشىلەر بولۇپ ، ئەينى زاماندىكى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى پادىشاسى ئەنۋەر پاشانىڭ پۈتكۈل كاۋكازىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي تۇران ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلىدىغانلىغانلىغىنى ئېلان قىلىشىنى قىزغىن قوللىغانلىغى ۋە ئەمەلىي ھەركەتلەردە بولغانلىغى بۇنىڭ جانلىق پاكىتىدۇر.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي قوماندانى ئەنۋەر پاشا كاپكازىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇران دۆلىتى (يەنى، بۈيۈك تۈركىيە) قۇرىدىغانلىغىنى جاكارلاپ ، 40 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ رۇسلارغا تاقابىل تۇرالماي يېڭىلگەن. چۈنكى ، مىللىي تۇران ئىتتىپاقى رۇسلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغاچقا ، جاللات ستالىن دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ، رۇس ۋە كاۋكازىيەلىك جاسۇس غالچىلارنى ئىشقا سېلىپ ۋە كاۋكازىيەلىكلەرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىغىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ناھايىتى ئاسانلا ئۈجۈقتۇرىۋەتكەن . بۇنىڭ بىلەن ھەددى ـ ھېساپسىز ئادالەت ، ھەقىقەت قەھرىمانلىرى شېھىت بولۇپ كەتكەن . ئەنۋەر پاشامۇ بۇ قىسمەتكە دۇچ كەلگەن . نۇرغۇن كىشىلەر ئافغانىستانغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەرگە قېچىپ كەتكەن . ئابدۇرېھىم ھاجىمنىڭ بۇ ھەرىكەتكە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان تۇققانلىرىدىن سوفى مەخسۇم ھاجىم بولسا 1000 دەك قوشۇن بىلەن قەشقەرگە چېكىنگەن . ئاندىن بۈيۈك ئالىملاردىن ئابدۇلقادىر داموللام ، باۋۇدۇن داموللام بازار ۋە قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ستالىننىڭ قانلىق كېڭەيمىچىلىك قارانىيىتىنى پاش قىلىپ ، ئەگەر ئۇ قەشقەرگىچە كەلسە ئەھۋالنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك بولىدىغانلىغىنى قايتا ـ قايتا ئاگاھلاتقان . ئەپسۇس ، قەشقەرنىڭ بايلىرى پەرۋا قىلمىغان . نەتىجىدە تەشۋىقاتنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان. . . .

ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلىدىغان تۇران دۆلىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى سەۋەپلىك نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ قەشقەرگە چېكىنگەنلىگىنى ئاڭلىغان مۇسا جارۇللاھ قەشقەرگە كېلىپ قايتىدىن موللىلار ۋە بايلار بىلەن كۆرۈشكەن بولسىمۇ يانىلا پايدىسى بولمىغان .

مۇسا جارۇللاھ ۋە مەخسۇم ھاجىم باشچىلىغىدىكى ھەيئەت قەشقەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ ، خەلقنىڭ نامرات ، پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئېچىنغان . تېخىمۇ ئېچىنارلىغى ، ئۇلارنىڭ بىكار تەلەپلىك بىلەن لاغايلاپ يۈرىشى ، خانقادا ئۆمچىنى ئىچىپ ، مەيدىسىنى ئاپتاپقا قاخلاپ تەركى دۇنيا بولۇپ ، دۇنيادىن بىخەۋەر ياششى ئىدى. بۇ تۈپەيلى مۇسا جارۇللاھ : «مۇنداق ئوۋ يىمىدەك ياشىۋاتقان بۇ مىللەتنىڭ ئازاتلىق ، ئەركىنلىك تۇغىنى كۆتىرەلىشىدىن ئۈمىت كۈتۈش ، ئۇلارنى ئويغۇتۇش ھەقىقەتەن بەسى مۈشكۈل. . . .» دەپ قەشقەردىن ئايرىلغان. . . . . .

ئابدۇرېھىم ھاجىمنىڭ چوڭ دادىسى ھارپىچان قاراخۇن كاتتا مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ ، تۇرانچىلار مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن قەشقەرگە چېكىنىپ ھىيتكا جامەسىدە بالا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە نۇرغۇن قارى ، ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن . بۇ كىشىنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ ، ئۇلارمۇ قارىلىقتا ۋايىغا يەتكەن . ئۇلارمۇ بالا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن قارى ، ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن.

ئوسمان قارى ھاجىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قىبلىگە قاراپ قول كۆتۈرۈپ باللىرىغا مۇنداق دەپ دۇئا ، ۋەسىيەتلەرنى قىلغان:

« ئوغلۇم سىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم . يولۇڭ ئۈچۈق بولسۇن . ھەر قەيەردە بولساڭ ۋەتەننى ئۇنۇتما . ناماز ئىبادەتلىرنى ھەرگىزمۇ تاشلاپ قويما.

ساڭا يول باشلايدىغان دىن ـ دىيانەتلىك مەرداننى تاپ ،

ۋىجدانى ، ئەخلاق ، ئىمانى ساپ ، سېنى باغرىغا باسالايدىغان سەركەرنى تاپ.
ھىلىگەر ، قورقاق ، خىيالپەرەس ساختىكاردىن ئۆزاق تۇر،
ھېچ قاچان ئۆزگەرمەيدىغان رەھبەرى سەرۋەرنى تاپ.
ھەق يولىدا تاۋلىنىپ بىلەنگەن داتلاشماس خەنجەرنى تاپ،
توختىما ، پارچىلا تاشنى تالقان قىل، ساپ گەۋھەرنى تاپ.
ئەسلا ئۈمىتسىز بولما ، دىن ، ۋەتەن يولىدىن شاشما،
دەس تۇر ، دوستلار قولىنى مەھكەم تۇت ، ماھۇ ئەنبەرنى تاپ.
ئەجدادىڭدىن ساۋاق ئال ، بوشاشما ، پەرھات ـ شىرىننى تاپ.
قۇرۇق قول كېلىپ قالما ، يۈزۈڭنى داپتەك قىزارتىپ،
كۆك يۈزى نۇرغا چۆمۈلسۇن ، جەڭگاھتىن ئىسمىڭنى تاپ.
ئوغلۇم ئاللاھ رىزاسىچۇن بۇ خىزمەتنى ئورۇنلا،
بىزنىڭمۇ باشىمىز تىك بولسۇن، غەمگە قىلما مۇپتىلا.
ئۆخلىما ، مەھشەركۈندە ھېساۋىنى بىرسەن،
رازى قىلماق ئۈچۈن مېنى ، ئۇچۇپ بارار جەننەتنى تاپ.
يا ئەرھەمەر راھمىن ، ئاللاھقا تاپشۇردۇم سېنى،.....
(توگىدى دۇئا شۇ ھالدا كۆزياشلىرىنى سلاپ).»...

ئابدۇرېھىم ھاجىمنىڭ دادىسى ئوسمان قاراخۇنۇمنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەر ئۇپال يېزىسىدا دىندار مەرپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، دەسلەپتە ئۇپال «مەھمۇدىيە مەدرىسسى»دە ، كېيىن قەشقەر «خانلىق مەدرىسى»دە ئوقۇپ ، قوقاندا شەيخۇل ئىسلام تەربىيلەپ چىقىرىدىغان قوقان «خانلىق مەدرىسى»دە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بارغان . قوقاندا توي قىلىپ 2 ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان . 2 ئوغۇل قوقان خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن . ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي قۇماندانى ئەنۋەر پاشا كاپكازىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇران دۆلىتى (يەنى، بۈيۈك تۈركىيە) قۇرىدىغانلىغىنى جاكارلاپ ئۇرۇش قىلىپ رۇسلارغا تاقابىل تۇرالماي يېڭىلگەنىدە چوڭ دادىسى ھارىپ قاراخۇن ۋە دادىسى سوپى مەخسۇم قاتارلىقلار بىر پولىك ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە چېكىنگەن . قەشقەرلىكلەر بۇ ئەسكەرلەر ۋە خەلقلەرنى كۆرۈپ «ئەنجان ياغلىغى» دەپ ئىسىم قويغان ئىكەن . قەشقەرگە چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى بولغان تاغىسى سوپى مەخسۇم قەشقەر ئەنجان رەستى كوچىسىغا يەرلەشكەن ئىكەن..... چوڭ دادىسى ھارىپ قاراخۇنۇم قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىگە يەرلىشىپ ، ھېيتگاھ جامىسىدە خاتىپلىق قىلغان ۋە قەشقەردە توي قىلىپ 3 پەرزەنتى بولغان . خاتىپلىق قىلغاچ نۇرغۇن ئالىم ـ ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرگەن . دادىسى ئوسمان قاراخۇنۇم قەشقەر جان قورغاندا ئىمام بولغاچ بالا ئوقۇتۇش بىلەن ئۆتۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر



ئىستىداتلىق يازغۇچى، ھارماس قەلەمكەش ، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم كىچىكىدىلا يېتىم قالغان . دادىسى تىلەش بېگىم ئاتۇش تىجەنلىك كىشى بولۇپ ، ئالەمدىن ئۆتەر چېغىدا ، ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى قۇمۇل مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان دوستى ئوسمان ھاجىغا ئوغۇللۇققا بېرىۋەتكەن . ئوسمان ھاجىم كۆپنى كۆرگەن ، ئوقۇمۇشلۇق ، تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى . ئۇ ئۆمۈر بويى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولغاچقا،

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى ئىنتايىن ئاززۇلاپ ، كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن . ئۇنى ئۆزى ئوقۇتۇپ خەت ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن دىنىي مەكتەپكە بەرگەن . دىنىي مەكتەپتە دەرسلىك قىلىنغان كلاسسىك ئەسەرلەر ئىچىدە «سوپى ئاللا يار» دېگەن كىتاپ تىلىنىڭ چۈشىنىشلىك ، ئاممىباپ ، گۈزەل ، تەسىرلىك بولۇشى ۋە ۋەزنىنىڭ جاراڭلىقلىقى بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككى مىڭ مىسرادىن ئارتۇق شېئىردىن تۈزۈلگەن بۇ كىتاپنىڭ كۆپ قىسمىنى يادىلاپ بولغان . **1934** ـ يىلى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر باشلانغۇچ مەكتەپتە پەننىي بىلىم ئېلىشقا باشلىغان ۋە **1936** ـ يىلى ئۈرۈمچى بىرىنچى گىمنازىيىدە ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ، **1939** ـ يىلى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقىغان . **1942** ـ يىلى بۇ مەكتەپنىڭ پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن . ئۇ ئوقۇش جەريانىدا «گاڭ قانات لاچىن»، «دولقۇنلۇق ھايات» ، «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر» ، «چىن مودەن»(ل.مۇتەللىپ بىلەن بىرلىشىپ يازغان) قاتارلىق شېئىر ، داستان ۋە دراممىلارنى يېزىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات سېپىگە ئۈمىدلىك ياش كۈچ بولۇپ قوشۇلغان . **1943** ـ يىلى باھاردا مىللەتارست شىڭ شىسەي تەرەقـ ـقىيپەرۋەرلىك نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلاپ ، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن ياش شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرمۇ قانچىلىغان تەرەققىيپەرۋەر ياشلار قاتارىدا **1944** ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى . ئۇ، **1945** ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ نەشرىيات ئورۇنلىرىدا تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇ قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە «ياخشى» ، «كېرەك بولسا» ، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» ، «بوغدا ئانام» ، «مەن ئاق بايراق ئەمەس» ، «قەشقەر كېچىسى» ، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ، «گۈل ۋە ئازغان» ، «شېئىر ۋە شائىر» ، «تۇرپان تەسراتلىرى» قاتارلىق شېئىر ، داستان ۋە باللادىلارنى ، «ئىز» ، «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىنى ئېلان قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى تولۇق نامايان قىلغان ئىدى . ئەپسۇسكى بۇ ھارماس قەلەمكەش ، ئىستېداتلىق يازغۇچى ، ئەدەبىياتـــشۇناس ئالىم ئابدۇرېھىم تىلەشۇۋ ئۆتكۈر **1995** ـ يىلى **10** ـ ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خەيرلەشتى.

شۇنداق . ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خەيرلەشتى . ئەمما بۇ خەيرلىشىش مىسلى كۆرۈلمىگەن ھۆرمەت قايناملىرى بىلەن داۋاملاشتى .

ئۇ ۋاپات بولغان كۈن، ـــــ **1995** ـ يىل **10** ـ ئاينىڭ **6** ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت **12** دىن **50** مىنۇت ئۆتكەندە ، ئۈرۈمچى نوغاي مەسچىتى ئىچىدىن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ مېيىتى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ھالدا، ئاستا ئەمما ھەيۋەت بىلەن ئېلىپ چىقىلدى . كوچىدا ئادەم مىغىلدايتتى، چىرايلىق بېزەلگەن تاۋۇت نەچچە مىڭلىغان ئادەم دېڭىزى ئىچىدە قېيىقتەك يېنىك چايقىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. زېمىن تىترەيتتى ، دەل ـ دەرەخلەر نالە قىلاتتى ، پۈتكۈل ئۈرۈمچى شەھىرى سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى . كىشىلەر بۇقۇلداپ يىغلىشاتتى ... چۈنكى بۈگۈن خەلقىمىز ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە بىرئالمىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى.

تاۋۇت كىشلەرنىڭ باش ئۈستىدە بۇلۇتتەك لەيلەپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. كىشىلەر ئۇنى مۇرىسىدە ئەمەس ، بەلكى ئىشتانكا كۆتۈرگەن تەنھەرىكەتچىلەردەك ئالقىنى بىلەن مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە ئېگىز كۆتۈرەتتى . نەچچە يۈزلىگەن قوللار تاۋۇتقا ئۇزىتىلغان ئىدى . ھەر ـ بىر كىشى تاۋۇتنى بىر دەم كۆتۈرۈۋېلىشنى، ھېچ بولمىغاندا تاۋۇتقا بىر قېتىم قول تەگكۈزىۋېلىشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلاتتى . پۈتكۈل شامالباغ يولىدا قاتناش توختىغان ئىدى . يول بويىدىكى ئاشخانا ۋە دۇكانلار تىجارەتنى توختىتىپ كوچىغا چىقىپ سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا بۇ مەشھۇر زاتنى ئۇزاتماقتا ئىدى. ئائىلىلىكلەر بىناسىدىكى بارلىق دېرىزىلەر كوچىغا قارىتىپ ئېچىۋېتىلگەن ، دېرىزىلەردىن نۇرغۇن ئاياللار ۋە باللار باشلىرىنى چىقىرىشىپ ئۆزلىرىنى بېسىۋالالماستىن ئىختىيارسىز ھېقىقداپ يىغلىشاتتى... كوچىدا ئادەملەر ئاقاتتى ، پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى كىشلەرنىڭ ھەممىسى گويا ئۈرۈمچى شامالباغ كوچىسىغا سىغدۇرالغاندەك قىلاتتى ، بۇ كوچا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى!

تاۋۇت ئادەملەر دېڭىزىدا قېيىقتەك ئاستا ـ ئاستا ئالغا ئىلگىرىلەپ ئۈزەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە خەلقىنىڭ

مەشھۇر بىرئوغلانى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى . ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «ئۆتكۈر ئەپەندى» دېگەن مۇبارەك نام بىلەن ئاتايتتى . «ئۆتكۈر»دېگەن سۆز بۇ زاتنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىسمى-جىسمىغا لايىقلاشقان ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىگە تولۇق تويۇنغان ئىدى . «ئەپەندى» دېگەن سۆزنى بولسا ئۇيغۇر خەلقى پەقەت بىرى دانىشمەن خوجا نەسىردىننى، يەنە بىرى مۇشۇ زاتنى سۈپەتلەش ئۈچۈنلا ئىجاد قىلغاندەك ئىدى!

تاۋۇت كىشىلەرنىڭ يىغا-زارى ئىچىدە ئاستا-ئاستا ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدىن، ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان ئانا تۇپراقنىڭ تەكتىدىن دىرىلدىگەن ئاۋاز كېلەتتى. پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارى مۇسىبەتكە چۆمگەن ئىدى. تارىم دەرياسى نالە قىلاتتى، ئىلى دەرياسى ھەسرەتلىك شاۋقۇنلايتتى، تەڭرىتاغلىرى ـــ ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ئوغلانى ئارقىلىق «مەن ئاق بايراق ئەمەس» دەپ پۈتۈن جاھانغا جاكارلىغان ئەنە شۇ تەڭرى ئاتا چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئېغىر-ئېغىر تىناتتى. سوغۇق «قەشقەر كېچىسى» كىشىلەر قەلبىنى مۇزلىتىپ ، پۈتكۈل قەشقەر ئاسمىنىنى ھەسرەت تۇمانىغا ئورىغان ئىدى . يىراق تەكلىماكان بويىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان مىڭلىغان «ئۇلۇغ ئانا»لار «چۆچەك» ئېيتىشنى توختىتىپ ، بۇ ئاددىي ئەمما سۆيۈملۈك ئوغلى ئۈچۈن ياش تۆكمەكتە ئىدى . بۇ زات ھەقىقىي خەلق ئوغلى ئىدى . خەلق يىغلىغانغا يىغلاپ ، خەلق كۈلگەنگە كۈلەتتى. ئاددىي خەلق ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن تەقدىرداش تۇغقانلىرى ، دوستلىرى ، يىلتىزى ئىدى . ئۇنىڭ خەلق غېمىدىن باشقا شەخسىي غېمى يوق ئىدى ، خەلق مەنپەئىتىدىن باشقا شەخسىي مەنپەئىتى يوق ئىدى ، خەلق ئارزۇسىدىن باشقا شەخشىي ئارزۇسى يوق ئىدى ، خەلقتىن ئىبارەت بۇ بايلىقتىن باشقا شەخسىي بايلىقى يوق ئىدى! بىر چاغلاردا بارلىق ھەقىقەت ئىگىلىرىگە ئوخشاش ئۇمۇ ئازار يېگەن ئىدى . بىراق ئۇ قىلچە زارلانماي:

«مالامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا ،
بوسۇقتىن دالجىماس ئىتتەك ماڭا ئەھدۇ ۋاپا ياخشى»

دەپ جاكارلاپ ، ۋەتەن-خەلققە بولغان مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان ئىدى! ئۇ ھەقىقەتەن بىر مەشھۇر ئالىم بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى كامالەتكە يەتكەن بىر ئۇلۇغ پەزىلەت ئىگىسى ئىدى!

تاۋۇت كىشىلەر دولقۇنى ئىچىدە ئاستا-ئاستا ئالغا سىلجىيتتى ... ئۇنىڭ پاك روھى ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتلىق شەكىل بولۇپ بەرگەن تەندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ساماغا كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭ ھاياتلىغى كىرتىك نۇقتىدىن ھالقىپ كەتتى . توغۇلۇش ، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتتى. مۇئەييەنلىك ئىنكار قىلىندى ، ئىنكار يەنە قايتا ئىنكار قىلىندى . ئۇ ئەسلىدىكى چەكسىز نۇقتىسىغا قايتتى. ئاسادىيپىلىق بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىگىنى ئېزىپ ، مۇقەررەرلىكنى نامايان قىلىۋاتاتتى.

تاۋۇت كىشىلەرنىڭ باش ئۈستىدە ، كۆكتە جەۋلان قىلاتتى. ئۇنى كۆتۈرۈپ ، ئوراپ ، يىغلاپ ، ئۆكسۈپ كېتىۋاتقان مىڭلىغان كىشىلەر ئىچىدە زىيالىيلار ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ، كارخانىچىلار ، سودىگەرلەر ، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ، ئىشچىلار ، قول ھۈنەرۋەنلەر ، دىنىي زاتلار ، ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ، ئىشقىلىپ ھەر قايسى كەسىپ ، ھەر قايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى . بۇ بىر خەلقنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلىدىغان تەسىرلىك كۆرۈنۈش ئىدى.

ئىگىز كۆتۈرۈلگەن تاۋۇت قۇياش نۇرىدا ۋاللىدايتتى. كىشىلەر رەتلىك سەپ تۈزۈپ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيتتى . پېشقەدەملەر ياشلارنى تاۋۇتنى ماشىنىغا سېلىۋېلىشقا دەۋەت قىلاتتى . ئەمما ياشلار بۇنىڭغا زادىلا قوشۇلمايتتى . ئۇلار بۇ ئاخىرقى پەيتتە ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مۇبارەك تېنىنى ئۇزاقراق كۆتۈرۈۋېلىشنى ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقراق بىللە بولۇۋېلىشنىلا ئويلايتتى . ئۇلار قىلچىلىك چارچاش ھېس قىلمايتتى... ئۇلار تاۋۇتنى مۇشۇنداق ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى قەبرىستانلىققىچىلا ئەمەس ، بەلكى جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىگە بېرىشقىمۇ رازى ئىدى.

سائەت **2** دىن **50** مىنۇت ئۆتكەندە، يەنى توپ-توغرا ئىككى سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن بۇ زاتنىڭ مۇبارەك تېنى گۈلساي قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىلىپ يىغا-زار ئىچىدە يەرلىككە قويۇلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىڭلىغان كىشىلەر ئالقانلىرى بىلەن توپىلارنى سىقىمداپ ئېلىپ ئۇستىگە تاشلاپ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى . ئۇنى تۇغقان ، ئۇنى پەرۋىش قىلىپ گىگانت ئادەم قىلغان ئانا تۇپراق يەنە ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى . . .

ئۇنىڭ «ئويغانغان زېمىن»دىكى مۇبارەك ئىزلىرى مەرۋايىتتەك پارقىراپ مەڭگۈلۈك جۇلالىنىپ قالدى!

مۇشۇ ئېغىر ۋەدالىشىش مىنۇتلىرىدا ئاشۇ نەچچە مىڭلىغان ئۇزاتقۇچىلار بىلەن بىللە بولالمىغان بولسامۇ ، چوڭقۇر هۆرمەت بىلەن پەيدا بولغان ئىلهاملىرىم ئۇشبۇ نەزمىنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولدى:

ئەلۋىدا!

ئەي قەدىردان ، هۆرمەت سىزگە ئەلۋىدا ،
ئالتۇندەك پاك ئىز قالدۇرۇپ كەتتىڭىز بىزگە ، ئەلۋىدا .
شۇ ئىزلاردىن ئېچىلماقتا مىليون گۈلدەك غۇنچىلار ،
ئورنىدىڭىز نەقىش كەبى قەلبىمىزگە ، ئەلۋىدا .
— ئاققان قانلار هەر تامچىسى بولغۇسى جەڭ كۈيچىسى ،
ۋە يەتكەيمىز كۆتكەن ئۇلۇق غايىمىزگە ، ئەلۋىدا .
ئىنشا ئاللاھ ئەشۇ چاغلار روھىڭىزمۇ سۆيىنەر ،
بۇلبۇلى گۈلشەنىمىز جۆر نەزمىڭىزگە ئەلۋىدا .
ئەل ئۈچۈن ، مىللەت ئۈچۈن چەككەن جاپا ـ ھەسرەتىڭىز ،
بۇك باراخسان گۈل ئاچقۇسى بەختىمىزگە ، ئەلۋىدا .
بەلكى مۇندا جەنابى هەق ساۋابۇ ـ شەرەپ بىرلە ،
ئاتىغايكىم نۇر ـ جەننەتىن بەهرىڭىزگە ، ئەلۋىدا!

ئەلۋىدا!

ئەي قەدىردان شائىرىمىز ، ئەلۋىدا ،
ئالتۇن مۇنار تىكلىگەيمىز قەبرىڭىزگە ، ئەلۋىدا!

ئەزىز قېرىنداشلىرىم!

ئەمدى ، مەرهۇمنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى هۆرمەت بىلەن سۇنىمەن .

## قەلەمگە!

بەس قەلەم ، كۆرگەن مۇقامغا يورغىلاشتىن توختا سەن ،
بارنى سۆزلە ، هەقنى كۈيلە ، سەپسەتىلەر ساتما سەن .
نە كېرەك يوق نەرسىلەردىن باش قاتۇرماق شۇنچىلىك ،
ساپلىغىڭنى بۇلغىتىپ ، ياشلار ئاققۇزماق شۇنچىلىك .
مەن سېنى كۆرەش ئۈچۈن قىيدىم بوۋامنىڭ تىغىدا ،
بول ماڭا ئۆتكۈر قىلىچ ،ياتما مەزلۇملىق قىنىدا .
قەغىزىم ئۈستىدە ماڭساڭ ، كۆتكىنىمدىن ئىز ياسا ،
هەر چېكىتتە هۆرىيەت ـ ئىقبالىغا نېگىز ياسا .
كۈيلە تاغ باشىدا بولساڭ ، تاغۇ ـ تاشلار تىترىسۇن ،
هەيۋەتىڭدىن ئەزگۈچى هاكىم سىنىپ قان يىغلىسۇن!
قەغىزىم ئۈستىگە ئەمدى چۈشمىگەي ياش ئىزلىرىڭ ،

خوش ـ خوش ئېيتىپ ، كەتسۇن ئەمدى بۇ يىغىچان گەزلىرىڭ.
مەن سېنى ماۋزۇ قىلىپ ، چوڭ جەڭ ئۇچۇن ئاتىدىم ،
بىر كېچە گويا خىيالدا ياۋ كۆزىگە قادىدىم.
جەڭدە يەڭگەچ قەبرىمە < لەۋھە > بولۇپ ياتماقچىسەن ،
تۇنلىرىمنى كۇن ياساپ ، گۆھەر كەبى يانماقچىسەن.
قېنى ئەمدى كۇيلىگىن ئەسرىمگە لايىق ناخشىنى،
مەنمۇ تاللاپ يۇرمىدىم سەندىن بۆلەك بىر ياخشىنى!

## رۇبائىلار

خام قاپاقنىڭ ئىچى لەشتۇر پارقىراپ تۇرغان بىلەن،
مېغىزى شېرىن، ياڭاق تېشى قوتۇر بولغان بىلەن.
كۆكتىكى پارچە بۇلۇتتىن ئەلگە تەگمەس قىلچە نەپ،
ئىسىستار ئەلنى كۆمۇر يەر ئاستىدا ياتقان بىلەن.

مېۋە بەرمەس هېچقاچان هاي ـ هاي چاپان ھەشقىپىچەك،
يۆمشىپ ھەرنەرسىگە مىڭ يۇقرى چىققان بىلەن.
يەر بېغىرلاپ ياتسىمۇ قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ پىلىگى،
تولدۇرار يېزا ـ بازارنى نىمەتۇ ـ ئەلۋان بىلەن.

ئالدىراپ ھەركۇنلىگى بىر ئېچىلۇر ھەشقىپىچەك،
كۇن چىقار ـ چىقمايلا تېز سولىشۇر جا نەرسىدەك.
مىرزە، سەبدە ، گۇلى رەيھان يا قىزىل مودەنگە باق،
تاكى كەچكۇز كىرمىگۇچە كەتمەس يېنىدىن كېپىنەك.

سايە بەرمەيدۇ سۇۋادان غادىيىپ ئۆسكەنسىرى،
بەلكى ئاسان سۇنغۇسى بۇران ـ شامال تەگكەنسىرى.
سۇبويىدا جىلۋە قىلغان لەيلى ـ مەجنۇن تالنى كۆر،
ئاشىدۇ كۆركى ئۇنىڭ ئۆز قەددىنى پۈككەنسىرى.

گۇللا بولسا گۇل ئەمەس ، گۇلدەك پۇراقى بولمىسا،
گەپلا بولسا گەپ ئەمەس ، مەزمۇن تۇراقى بولمىسا.
ئىككى پۇتلاپ ماڭمىش ئېيىقمۇ بەزەن تىك بولۇپ،
ئەرلا بولسا ئەر ئەمەس ، ئادەم سىياقى بولمىسا.

ئادىمنى ئادىمى ئەتكەن ئۇنىڭ ھۆسنى ئەمەس،
ھۆسنى بىر سۇرەت ئىرۇر دىلنىڭ چىراغى بولمىسا.
بىرمىسال ، پانۇسنى كۆر ، شام ـ چىراغسىز يۇرۇماس،
نۇر چاچامدۇ شام ـ چىراغ؟پىلىك ۋە ياغى بولمىسا.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



## ئايلىناي!

ئەي ئەزىز يۇرتۇم سېنىڭ باغچا ـ سارايلىرىڭدىن ئايلىناي ،
زەپىران تۇسلۇك سېنىڭ غەمكىن چىرايىڭدىن ئايلىناي.
قوينۇڭدىكى ئالتۇن _ كۈمۈشلۈك تاغلىرىڭدىن ئايلىناي ،
كۆكسۈڭدىكى لەختە _ لەختە قان داغلىرىڭدىن ئايلىناي.

دەريايىڭدا مۆڭلىنىپ ئاققان سۈيۈڭدىن ئايلىناي ،
قايغۇ _ ماتەم ، غەمگە چۆككەن ناخشا _ كۈيۈڭدىن ئايلىناي.
سۇمبۇل چاچلىق ، قەلەمقاشلىق قىزلىرىڭدىن ئايلىناي ،
ئانىلىق دەردىدە قالغان قان ئىزلىرىڭدىن ئايلىناي.

تىلى باغلىق ، دىلى داغلىق شائىرلىرىڭدىن ئايلىناي ،
زۆھراسى يوق ناتىۋان تاھىرلىرىڭدىن ئايلىناي.
ئايلىناي يۇرتۇم ئايلىناي ، ئالىملىرىڭدىن ئايلىناي ،
تىلى يۇمشاق دىلى قاتتىق زالىملىرىڭدىن ئايلىناي!

## خەجلە ، خائىنلار خەجلە!

خەجلە ، خائىنلارەي، خەجلە ، بۇ ئەلنىڭ مالىنى خەجلە،
يېتىشمەي قالسلار ئۇ ھەم ئېلىپ سەن جانىنى خەجلە.
خېنىمغا ئۇسما دەپ خەجلە ، بېگىمگە تاسما دەپ خەجلە ،
تالان ـ تاراجدىن قالغان پارچە نانىنى خەجلە.
دېھقانغا ئاچقۇزۇپ بوزنى ، دۇكانغا توقۇتۇپ بۆزنى ،
سېلىپ ئالۋاننى يۈز قاتلام ، ئىچىپ سەن قانىنى خەجلە.
كۆلدە بېلىقى كۆپ دەپ ، يەر ئاستى بايلىقى كۆپ دەپ ،
قەدەمدە مىڭ تېپىپ ھىيلە ، ئېچىپ سەن كانىنى خەجلە.
پالانى ئاقچىدۇر ـ كۆكچى ، بۇ ئۆتكۈرمۇ يامان دوقچى،
دەپ پارچىلاپ بۇ مىللەتنى ، سېتىپ ۋىجدانىنى خەجلە

## توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا!

توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا ، ھەر ـ بىر قاراپ ئەتراپقا مەن،
تولغىنىپ كەتتىم يىلان چاققان كەبى ئازاپتا مەن.
نېمە بۇ ، بىر چۈشمۇ يا دەھشەت < قىيامەت > بولدىمۇ،
ياكى ئەلنىڭ ئەجلى ـ پەيمانىسى لىق تولدىمۇ ؟

ئاندا قىيقاس،
مۇندا ئۇر ـ چاپ،

قول سۇنۇق،
باش - كۆز يارا،
نى يىگىت - قىزلار جان تالىشىپ مەيدان ئارا.

تۈنۈگۈن < يولداش > دېيىشكەن جان بۇرادەرلەر بۈگۈن،
بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بەسلىشەرلەر كۈن ۋە تۈن.
بولدى مەكتەپ زاللىرى قىرغىنچىلىق قورغانلىرى،
تەجرىبە ئەسۋاپلىرى - بومبا ياساش سايمانلىرى.

كارخانا نەيزە ياسار، ئورغاق سوقۇشنى توختىتىپ،
كېيدى قالپاق بەزىلەر گېتلىر ساراڭغا ئوخشىتىپ.
ئاقتى قانلار كوچىلاردا، ئاقتى زاۋۇت سېخىدا،
ئېلىنىپ قالدى جەسەتلەر گاھ دەرەخلەر شېخىدا.

ئاقتى قان، ئاقتى قېرىنداش ھەم بۇرادەرلەر قېنى،
نېمە دەپ يەكۈن ياسارگەن بۇنىڭا تارىخ بىر كۈنى!
< توۋا > دەپ تۇتتۇم ياقا، ھەر كۈنلىگى قانغا قاراپ،
شۇنچە قانغا كىم خەلقنىڭ ئالدىدا ئېيتار جاۋاب؟

## جەنۇپقا خەت!

ئەي جەنۇپ، دەردمەن جەنۇپ، ئەي مۇڭلىنىپ ياتقان جەنۇپ،
خۇددى تارىم سۈيىدەك كۆز ياشلىرىڭ ئاققان جەنۇپ.
گاھ يانار تاغدەك يېنىپ، سەن پارتىلىدىڭ يالقۇن چېچىپ،
ئەمدى تۇتقۇن شىر كەبى مەيۈسلىنىپ ياتقان جەنۇپ.

كۆپتىن ئەمدى قاينىدى مۇڭلىرىڭ، ئاھ _ زارلىرىڭ،
كەتتى ھەسرەت ئىچىدە نى كۈرەشچان ئەرلىرىڭ.
ۋەھشىي بىر ئورمان بولۇپ قالدى خىيالىڭ باغچىسى،
تەڭرىگە يەتمەي ئۆتەرمۇ ئاھلىرىڭ، پەريادلىرىڭ!

يىغلاپ ئۆتتى سەن ئۈچۈن ئەسرىمىزنىڭ قانچىسى،
بۇ يىغىغا باقمىدى جەبىر _ زۇلۇمنىڭ قامچىسى.
كەلمىگەي ھېچكىم بېشىغا ساڭا كەلگەن كەلگۈلۈك،
ھېچ ئۈزۈلمەسمۇ بۇ قۇللۇق زەنجىرى _ ئارغامچىسى؟

ياق، ئۈمۈت بولغاي سېنىڭ ئارزۇلىرىڭنىڭ قولدىشى،
تاڭ ئېتىپ ئەلۋەتتە بىر كۈن سۈرتۈلەر كۆزنىڭ يېشى،
كۈيلە _ كۈيلە ئەرك _ ئازادلىق كەتسە بۇ ئۆتكۈر بېشى،
قالغۇسى خانتەڭرىدە مەغرۇر كۈلۈپ قەبرە تېشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## باھار چىللايمەن...!

زېرىككەچ جانلار بۇ زىمستاندىن،
جانىۇ - جانىمدىن باھار چىللايمەن.
تۈنلەر كېچىسى ھۇۋۇلىغان شىردەك،
ئاھ - پىغانىمدىن باھار چىللايمەن.
نە تاقىتىم بار، نە سەۋرىم ئەمدى،
قايناق بىر قازان يۈرىگىم ئەمدى.
گويا بىر ۋۇلقان تىلىگىم ئەمدى،
شۇ ۋۇلقانىمدىن باھار چىللايمەن.
ئۆلۈمدىن ئارتۇق يىغلاپ ئۇلتۇرماق،
مىراسىمدى بۇ ياشلار ئاققۇزماق؟
خائىنلار ئىشى باش ئېگىپ تۇرماق،
پاك ۋىجدانىمدىن باھار چىللايمەن.

شۇنى كۈيلەيمەن زىمستاندىمۇ،
تىلىگىم زەنجىردە باغلانغاندىمۇ،
كۆكرەككە نەيزە قادالغاندىمۇ،
ئىسىق قېنىمدىن باھار چىللايمەن.

ئۈمىدىم بۇگۈن خىيالدىن يۈكسەك،
ئۈمىت باغىدا ئاتتى كۆپ چېچەك.
خىيالدىن ئارتۇق تاشقىن بۇ تىلەك،
كۈرەشچان تاڭدىن باھار تىلەيمەن.
باھار چىللايمەن، باھار چىللايمەن،

خەلق بەختىگە بىر يار تىلەيمەن.
ئارزۇيۇم باھار، ئۈمىدۈم باھار،
ئۈندىن ئۆزگىگە كۆڭۈل بۆلمەيمەن.
باھار چىللايمەن، باھار چىللايمەن،
خەلق مۇڭى شۇ، شۇنى كۈيلەيمەن.
بوۋامىز ماڭا شۇنى ئۆگەتكەن،
ئۈندىن ئۆزگىنى نېچۈك سۆيەي مەن.

باھار چىللايمەن، تۈنلەر كېچىسى،
مەيلى تۈزىسۇن ئۆمرۈم غۇنچىسى.
رازىمەن شۇندىن، قىلچە ئارمان يوق،
بولالىسام مەن خەلق مۇڭچىسى.

## ئارمان نىمە

بولمىسا جانىم ئارا ئىشقىڭ، ماڭا بۇ جان نىمە،
سادىغاڭ بولسۇن بۇ جان، سەندىن بۆلەك جانان نىمە.
كۆلمىسە جۇشقۇن خىيالىم ئاسمىنىدا ئاپتىپىڭ،
مەن ئۈچۈن ئالەم نىمەيۇ، گۆر نىمە، بوستان نىمە.

ھېچ تېگىشمەس بىر كۈنىڭنى دەۋرى-دەۋرانغا كۆڭۈل،
بولمىسا ۋەسلىڭ نەسىۋى ماڭا مىڭ دەۋران نىمە.
ئۆتتى باشتىن شۇنچە يىللار قالدۇرۇپ ماڭلايدا ئىز،
بولسا سەندىن بىر خەۋەر، ئۆمرۈم ئۈچۈن پۇشمان نىمە.

تەلمۈرۈپ شۇنچە يولۇڭغا ئاقتى كۆزنىڭ نۇرلىرى،
چاڭلىرىڭنى تۇتىيا قىلسام ئىدىم، ئىمكان نىمە.
گۈلنى ھەر تاڭدا پۇراپ، بولدۇم يەنە قىلماي شۈكۈر،
شۇنچە نەلەر ئەيلىسە، ئۇ نىمدىگەن نادان نىمە.

كاشكى مەن ئۆمرۈمدە بىر كۆرسەم سېنى ئاي يۈزلۈگۈم،

جان بېرىپ ئۆلسەم شۇ دەم ، دۇنيا ئارا ئارمان نېمە.
ئاھ ئۇرۇپ ئۆتكۇر ئادا بولدى ، قەلەندەردەك كىزىپ،
يوقمىدۇر شۇنچە جاھاندا دەرتكە بىر دەرمان نېمە.

## ئۇچراشقاندا

سەھەر كۆرگەن چېغىم كۆزۈڭ سۈلتاننى،
دېدىم سۈلتانمۇ سەن ؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.
كۆزلىرى يالقۇنلۇق ، قوللىرى خېنىلىق،
دېدىم چولپانمۇ سەن ؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.
دېدىم ئىسمىڭ نېمە؟ دېدى ئايخاندۇر.
دېدىم يۇرتۇڭ قەيەر ؟ دېدى تۇرپاندۇر.
دېدىم باشقىدىكى ؟ دېدى ھىجراندۇر.
دېدىم ھەيرانمۇسەن ؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.
دېدىم ئايغا ئوخشار ، دېدى يۈزۈممۇ؟
دېدىم يۇلتۇز كەبى ، دېدى كۆزۈممۇ؟
دېدىم يالقۇن چاچار ، دېدى سۆزۈممۇ
دېدىم ۋولقانمۇسەن ؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.
دېدىم قىياق نەدۇر ؟ دېدى قاشىمدۇر،
دېدىم قۇندۇز نەدۇر ؟ دېدى ساچىمدۇر.
دېدىم ئۇن بەش نەدۇر ؟ دېدى ياشىمدۇر،
دېدىم جانانمۇسەن ؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.
دېدىم دېڭىز نەدۇر ؟ دېدى قەلبىمدۇر،
دېدىم رەنا نەدۇر ؟ دېدى لېۋىمدۇر،
دېدىم شېكەر نەدۇر ؟ دىدى تېلىمدۇر،
دېدىم بىر ئاغزىمە ؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.
دېدىم زەنجىر تۇرار ، دېدى بوينۇمدا،
دېدىم ئۆلۈم باردۇر، دېدى يولۇمدا.
دېدىم بىلەيزۈكچۇ ؟ دېدى قولۇمدا،
دېدىم قورقارمۇسەن ؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.
دېدىم نىچۈن قورقماسسەن؟ دېدى تەگىرىم بار،
دېدىم يەنچۇ ؟ دېدى خەلقىم بار.
دېدىم يەنە يوقمۇ ؟ دېدى روھىم بار،
دېدىم شۇكرانمۇسەن ؟ ئۇ دېدى ياق - ياق.
دېدىم ئىستەك نەدۇر ؟ دېدى گۈلۈمدۇر،
دېدىم چېلىشماققا ؟ دېدى يولۇمدۇر.
دېدىم ئۆتكۇر نىمەڭدۇر ؟ دېدى قولۇمدۇر،
دېدىم ساتارمۇسەن ؟ ئۇ دېدى ياق - ياق!

www.uyghurkitap.com



## مۇزلىغان شەھەر

مۇزلۇق كوچىنىڭ تاملىرى قىيسىق،
مەھزۇن شەھەرنىڭ دەملىرى سىقىق.
بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنى قويماي چارلىدى ـ
قىشنىڭ ساقچىسى چېلىپ ئىسقىرىق.

كۈننىڭ ئەسىرى يوق ، ھاۋا تۇمانلىق،
يەرلەر تىترىشۇر، مۇزلىغان جانلىق.
ھەر نە شاتلىقتىن جۇدادۇر ھايات،
ئاڭلىنۇر ھەر ئۈن مۇڭلۇق ، پىغانلىق.

كۆزلەر غەزەپلىك ، قاپاقلار تۈرۈك،
ھاياتنىڭ دېمى سىقىق ۋە ئۈزۈك.
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىللار،
ئاچچىق ئۈن بىلەن چالاتتى گۈدۈك.

تۇرغۇن تۈۋدە يىرتىق كۆن ئۆتۈك،
چورۇق تىترەيدۇ تاپىنى تۆشۈك.
مەسۇم گۆدەكلەر چىرايى سېرىق،
قوللار سۇنۇلغان، بويۇنلار بۈكۈك.

دوقمۇش ـ دوقمۇشتا چولاق كەتمەنلەر،
دۇغدىيىشىپ يۇرگەن يىرتىق چەكمەنلەر.
پارچە نانغا زار، تېلىققان كۆزلەر،
چەرخلىرى سۇنۇق يەمسىز تۈگمەنلەر.

مۇزلامىش شەھەر ، مۇزلامىش ھېسار،
قۇۋۇقلار سۇنۇق ، كونا بىر مازار.
شەھەر ئۈستىدە لالما بۇلۇتلار،
ئوزۇق ئىزلىشىپ قىلىدۇ شىكار.

كۆزلەر غەزەپلىك، قاپاقلار تۈرۈك،
ھاياتنىڭ يىپى ئۇلاق يا ئۈزۈك.
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىللاپ
ئاچچىق ۋاقىراپ چالىدۇ گۈدۈك.

1946 ـ يىلى 5 ـ دېكابىر

## تاڭ زىياسى يوقمىدۇر

بۇ قارا ھىجران تۈننىڭ ئىنتىھاسى يوقمىدۇر،
ۋەسلى دىدار كۈنلىرىنىڭ ئىپتىداسى يوقمىدۇر.
ئۆلگىدەك جانىمغا تەگدى ھىجىر ئاخشامى يامان،
بىر خەۋەر كەلسە نە بولغاي تاڭ ساباسى يوقمىدۇر.
بىر نەپەس يۈز يىل بىلىندى ئىنتىزارلىق دەستىدىن،
تەشنە ئى قەلبىم ئۈچۈن نەشئۇ نەماسى يوقمۇدۇر؟
ئۆرتىدى جىسمىمنى ھەردەم دىلدا يالقۇنلاپ كۆيۈك،
خەستە دىلگە بىر شىپا دۇرا ـ داۋاسى يوقمىدۇر؟
يار خيالى بىرلە سولدۇم ، يەتتى ئۆمرۈمگە خازان،
تەنگە جان بەخش ئەتكىلى كۆكلەم ھاۋاسى يوقمىدۇر؟
بۇ جۇنۇنلۇق دەشتلىرى كەڭ ، مېنى ئازدۇردى تالاي،
ئەمدى يول كۆرسەتكۈچى بىر رەھنەماسى يوقمىدۇر؟
كەتمىگەي ئارماندا ئۆتكۈر كۆزدە قانلىق ياش بىلەن،
يىرتقلى تۈن پەردىسىنى تاڭ زىياسى يوقمىدۇر؟
( 1949 ـ يىل )

## چىللاك خورىزىم، چىللاك

نىم دىگەن ئۇزۇن كېچە ، ئەجەپمۇ تاك ئاتماي قالدى،
چىللاك خورىزىم ، چىللاك ، تاڭغا قاراپ كۆزۈم تالدى.
چىللاك خورىزىم ، چىللاك ، ئۇخلاق جاھانىم ئويغا نسۇن،
مېنى تاشلاپ ئۇخلىغان گۈلى رەيھانىم ئويغا نسۇن.
چىللاك خورىزىم ، چىللاك ، يارنى چىللاپ ئويغىتىك ،
يۈزىگە قانات يېيىپ ، ئاستا سىپاپ ئويغىتىك.
ئاچسا يارىم كىرپىگىنى يەنە ئۇيقۇ باسمىسۇن ،
ئۇيقۇ بىرلە مەن غېرىپنى مەڭگۈ تاشلاپ كەتمىسۇن.
چىللاك خورىزىم ، چىللاك ، تاك ئاتىدۇ دەپ چىللاك ،
تاك ئالدىدا يارىڭىز سىزنى كۈتىدۇ دەپ چىللاك.
چىللاك خورىزىم ، چىللاك ،چىللاك ئۇ گۈلۈستانغا ،
يارىم ئويغانسا خەۋەر بېرىك مەن باغرى قانغا.

## ھىدايەتنامە

ئۆمۈر مەنزىلىدىن تىنماي ئىزدىدىم ھەقىقەتنى،
تەپەككۇر بولدى بىر ھادى تېپىشتا چىن ھىدايەتنى،
تىلەپ ھەر سۆزگە باي مەنا يەنە جانلىق پاساھەتنى،
دىلىم ئىستەيتتى ئىزھارگە ھەمىشە مەقبۇل پۇرسەتنى،
كېلىك ئەي دوستلىرىم ئەمدى خۇشال باشلايلى سۆھبەتنى.

سۆزۈمنىڭ بېشى بىسمىللاھ، بۇ مۆئمىنلىك ۋەزىپەمدۇر،
سانايۇ ـ ھەمدىلەر ئېيتسام تۈمەن مىڭنى يەنە كەمدۇر،
قۇرۇق، تۈزسىز ئىبادەتتىن ئەمەل ئەۋزەل، ئەقىدەمدۇر،
بۇ دەۋايىمغا بورھانىم مۇشۇ يازمىش قەسىدەمدۇر،
تىلەيمەن رەببىم ئاللاھتىن قولۇمغا كۈچ ۋە قۇۋۋەتنى.

تەئەججۇپ ئەيلىشەر بەلكىم بىراۋلەر بۇقەسىدەمدىن،
ئەجەپلەنمەس ئىدى ئېچسە ئەگەر بىر قەترە چەشمەمدىن،
ئېرىقتىم مەنمۇ بىر چاغلار ناگاھ تەۋرەپ ئەقىدەمدىن،
شۈكرىكىم رەھنامە تاپتى كۆڭۈل سۇلتانى تەۋبەمدىن،
ئىلاھا ئەيلىگىل مەقبۇل ماڭا بۇ بەختۇ ـ ئامەتنى.

تۇغۇلغاچ ئىككى مۆئمىندىن ئۆتۈپ ئەللىكتە سەككىز يىل،
يەكۈنلەش سائىتى يەتتى ئۆمۈرنى ئەمدى ئەستايىدىل،
نەزەر سالسام بېسىپ ئۆتكەن يولۇمغا بولمايىن غاپىل،
ئاقۇر كۆز ياشلىرىم گويا بولۇپ ئىرتىش ۋە ياكى نىل،
جاھاندا چەكمىگەي ھېچكىم مىنىڭدەك كۆپ نادامەتنى.

www.uyghurkitap.com

سەھەردە ھەمدىلەر ئېيتار ئۇچار قۇشلارمۇ ھەر دەمدە،
نىمشقا بولمىسۇن بىر ھىس تىرىك پەرزەنتى ئادەمدە،
ۋاھالەنكى ئادا بولماي ھىساپسىز قەرز بۇ زىممەمدە،
ھامان قايىنايدۇ ھەسرەتلىك پۇشايمانلار بۇ قەلبىمدە،
ئۆمۈرنى زايە قىلماڭلار ئېلىپ مەندىن بۇ ئىبرەتنى.

باھار يامغۇرلىرى ھەرتاڭ يۇيار ھەم ياشىنتار تاغنى،
ئېرىقلار بىرلە كەلگەن سۇمۇ ھەتتا گۈللىتەر باغنى،
مۇيەسسەر قىلسا مەقسىدىم مۇراتقا يولنى ئاچماقنى،
ئېرىتسە ھېچ ئەجەپمەسكىم كۆزۈمنىڭ ياشلىرى داغنى،
ئاتا قىلسا ئىلاھىم خەزىنەسىدىن قەترە رەھمەتنى.

سىراتەل مۇستەقىم تاپماق ئەگەر بولسا نەسىۋەمدە،
نادامەت داغلىرى قالماس ئىدى مەھزۇن بۇ سىنەمدە،
ئۈمۈدۋۇم بىر بېقىپ ئىقبال كۈلۈپ تەلەي پىشانەمدە،
جاراڭلاپ كەتسە قەلبىمنىڭ ساداسى بۇ قەسىدەمدە،
نېسىپ ئەيلەپ ياراتقان زات ماڭا بەختۇ ـ سائادەتنى.

خىيالىم دېڭىزى تىنماي چايقىلىپ ھەمىشە قايناق،
كېچىلەر ئاز يۇمۇپ كۆزنى ۋە گاھى تاڭغىچە ئويغاق،
قولۇم يەتمەيدىغان شاخقا ئېسىلدىم شۇنچىلىك مۇشتاق،
ئىلاھىم ئۆزى يار بولغاي ئۈمۈدۋمگە يەنە جىقراق،
ئاسان ئەيلەپ بۇ مەنزىلدە ماڭا ئۇچرار مۇشەققەتنى.

پىكىر دەرياسىغا قانچە تېرەن چۆمگەنسىرى ھەر تۈن،
كۆڭۈلنىڭ كىرلىرى شۇنچە يۇيۇلدى، تارقىدى ئەپسۇن،
ھاياتىم گەرچە پۇشمانلىق، دىلىمدۇر ناتىۋان مەھزۇن،
ۋە لېكىن جان كىتاۋىگە قوشۇلدى تۈمەن مىڭ مەزمۇن،
يېقىن كەلتۈرمە ئى رەببىم! كۆڭۈلگە ئەمدى غەپلەتنى.

تەپەككۇر كۆز بىلەن باقسا كىشى ئالەمگە بىر مەررە،
ئەمەستۇر خالىي ھېكمەتتىن ۋە ھەتتاكى ھەسەل ھەرە،
ئادىمزات يۈكسىلىپ گەرچە ئاتومدىن تاپتى مول زەررە،
ۋە لېكىن بىپايان سىر دېڭىزىدىن بۇ تېخى ئازغىنە قەترە،
ئىلاھا قىل كەرەم كۆپرەك بىلەيلى سىرۇ ـ ھېكمەتنى.

بىلىپ يەتكەنسىرى ئىنسان خەزىنەڭ سىرىنى كۆپرەك،
كۆڭۈل رۇشەنلىشىپ ئاندىن تۇنۇر ئۆز زاتىنى خوپراق،
مىسال: قارىغۇ نىچۇك بىلسۇن، قۇياش قانداغۇ، ئاي قانداق،
بىلۇر ئەمما گۆدەك ھەتتا نىچۇكدۇر گۈل، نىچۇك ياپراق،

دېمەككى مەئرىپەتتىن جان تاپۇر ئەقلى ـ پاراسەتنى.

تۇمەن مىڭ يىل داۋامىدا ئۆتتۇپ سانىسىز ئاقىل ـ دانىش،
هايات سىرىنى بىلمەكنى قىلىشتى ئارزۇ هەم خاهىش،
بىراۋلەر قىلىسمۇ كۈچەپ خۇداسىزلىقنى پەرمايىش،
ۋە لېكىن ئەكسىرى مۇتلەق ئېلىپ مەيداندا ئەزمايىش،
ئاخىرى ئۇ ئېتىراپ قىلدى ئۇلۇغ بىر روهى قۇدرەتنى.

مىسال: بىر قەتىردىن ئادەم بىنا بولغاننى ئويلاپ باق،
ئانا قارنىدا بۇ جانغا هاۋا بولغاننى ئويلاپ باق،
تۇغۇلماق سائىتى يەتسە ئانا بولغاننى ئويلاپ باق،
مۇنۇ مۇشكۇلگە نە قانۇن پاناه بولغاننى ئويلاپ باق،
شۇ چاغدا تاپقۇسى قەلبىڭ بىرەر مەنتىقى ـ پىكرەتنى.

بۇگۈن پەن يۈكسىلىپ شۇنچە قىلۇر پەرۋازىنى ئەركىن،
ۋە هەتتا ئاي ۋە يۇلتۇزدا يەر ئوغلى ياققۇسى يالقۇن،
بۇڭا ئەۋلادى ئادىمزات ئۇقۇر مىڭ مەدھىيە، تەلقىن،
لېكىن ئادەم بىنا قىلماق بۇ ئادەمگە نىچۈك مۇمكىن،
ياراتقان تەڭرىدىن باشقا كىشى تاپماس بۇ قۇدرەتنى

نېمىشقا ئاياغ ئىككى، كۆز ئىككى، ئېغىز بىردۇر،
يەنە كۆزلەرگە قاش كىرپىك بىنا قىلغان قايسى تەھرىردۇر،
نىمىشقا مىڭ كىشى چېھرى يەنە مىڭ خىلدا تەسۋىردۇر،
قېنى ئېيتىڭچۇ؟ بۇ سىرغا نىچۈك سۆز توغرا تەئبىردۇر،
تەپەككۇر ئاچقۇسى كەڭ يول چۈشەنمەككە بۇ سۇرەتنى.

ئۆلۈمنى ئويلىسا هەر كىم بىلۇر ئۆز زاتىنى ئاندىن،
تۇغۇلماق سۆگرە ئۆلمەكلىك ئاياندۇر هەممىگە ئايدىن،
لېكىن نەدە، قاچان، قانداق ئۆلۈشنى كىم بىلۇر ئالدىن،
ئېچىلماس سىر بولۇپ كەلدى بۇ ماۋزۇ دەۋرى ـ دەۋراندىن،
هەمىشە يىغسىمۇ دۇنيا بۇ سىرغا هەممە دىققەتنى.

ئۆلۈمگە بىر داۋا ئىزلەپ جاهاندىن كەتتى كۆپ دەنا،
ۋە لېكىن تاپمىدى هېچكىم بۇ ئىشتىن زەررىچە مەنا،
ئارىستو ياكى لوقماندەك هەكىملەرمۇ بىمۇستەسنا،
دېيىشتى ئاخىرى مۇتلەق ئۇلۇغ قۇدرەتكە ئامەننا،
دېمەك مۆئمىن ئەمەس بۇزماق بۇ قانۇنى زۆرۈرەتنى.

قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار سامادا سەيىر ئېتەر هەر كۈن،
مۇئەييەن يول ۋە تەرتىپتە خاتاسىز دەۋر ئېتەر هەر كۈن،
بۇڭا هاكىم ئىكەن مۇتلەق ئەجەپ بىر مۇنتەزىم قانۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ چەكسىز كائىنات تاپمىش ئەشۇ خىلدا تولا مەزمۇن،
يورۇپ نۇرلانغۇسى قەلبىڭ چۈشەنگەنچە بۇھالەتنى.

ۋە بەلكى بەزىلەر ئېيتار تۈزەلمەكلىك تەبىئەتتۇر،
ۋەھالەنكى تەبىئەت ھەم ئەجەپ بىر خىلدا ھەيئەتتۇر،
بۇ ئالەم سىرلىرى بىزگە ھۇنۇن بىر ياخشى ئىبرەتتۇر،
شېغىل تاش ھەر زامان تاشتۇر، زۇمرەتلەر ـ زۇمرەتتۇر،
تەپەككۇر تاشقىنى يۇتسۇن كۆرەڭ باتىل ـ جاھالەتنى.

مىسال: پەن ـ ھۇنەر ئەسرى قۇرۇپ ھېكمەت دۇكاننى،
ياراتتى ئېپتىخارلىق بۇمۇ ئىجازەتلەر زاماننى،
يەنە ھەم ئاشقۇسى كۆپلەپ بۇيۇك ھىممەت داۋاننى،
لېكىن ئادەم تۆگۆل ھەتتا ئۇنىڭ بىر قەترە قاننى،
ياسالماس ھەر نىچۇك ئالىم قىلىپ تەقلىد بۇ قۇدرەتنى.

ھاياتلىق سىرىغا تەكرار تۇخۇمنى كەلتۈرەي بۇرھان،
تۇخۇسىز ئالۇر ھەر كىم تۇخۇمدىن چۈجىنى ئاسان،
ئەگەرچە يەنە مىڭ ھەسسە تەرەققى قىلسىمۇ دەۋران،
تۇخۇمنىڭ ئۆزىنى لېكىن ياسالماس بەلكى بۇ ئىنسان،
دېمەك مەخلۇق ھامان مەخلۇق، بىلۇر خالىقلا خەلقەتنى.

نەزەر سالساق ئەگەر بۇغداي ۋە ياكى باشقا بىر دانغا،
تېرىپ ئۆستۈرمىسە دېھقان ھوسۇل تولمايدۇ خامانغا،
ئەگەرچە دان ياساش مۇمكىن بولۇپ قالسىدى ئىنسانغا،
زاۋۇتلاردا ياساپ ھەر كۈن پۈلى توختايتتى ئەرزانغا،
دېمەك مەخلۇق ئەمەس قادىر ياراتماققا تەبىئەتنى.

ھاياتلىق سىرلىرى شۇنداق ئاجايىپ كەڭرى دۇنيادۇر،
بىلىپ يەتكىنمىز تامچە، ئەگەر ئۇ بەھرى دەريادۇر،
كىمكى مەۋجۇدات زاتەن ئۇلۇغ ھېكمەتلەر ئەھيادۇر،
كى تۇپراق بولمىدى كىميا مەگەر بولسا ئۇ خۇليادۇر،
ھايات قانۇنى ھەردەمدە قىلۇر تەكرار بۇ ئىبرەتنى.

مىسالنى يەنە يۈز ـ يۈزلەپ تېپىش مۇشكۇل ئەمەس ھەر ئان،
ۋە لېكىن ھەممىدىن ئەئلا ئۇلۇغ مۆجىزىدۇر قۇرئان،
خۇسۇسەن بولسا تەپسىرى يېتىپ ئاشار « سۇرە رەھمان »،
كۆپايە قىلمىسا كاشكى ئاشۇنچە «ما تۇكەززىبان »،
قۇلۇپلۇق بولمىسا قەلبىڭ قۇبۇل ئەيلەر بۇ نېئمەتنى.

تۇلۇق ئون تۆت ئەسىر ئۆتتى نە ئىشلەر بولمىدى سادىر،
نېمىكى دېسە قۇرئاندا بۇگۈن دۇنيادا شۇ زاھىر،

بۇنىڭدەك مۆجىزە ئىشىگە نىچۇك مەخلۇق بولۇر قادىر،
ئۇنىڭ تەئرىپىگە سۆزنى تاپۇر قايدىن ئەدىپ، شائىر،
نېسىپ قىلمايدىكەن تەڭرى ئەگەر تىلغا بالاغەتنى.

ئۆتۈپ بىر مىڭدا تۆت يۈز يىل هاۋادىسلەر بىلەن بىر ـ بىر،
بىرەر ئىش قالمىدى شەكلەن ۋە مەئنەن بولمىغاي تەغىير،
بىراۋلار قەست بىلەن هەرئان قۇرئان بېتى قىلسىمۇ تەهرىر،
لېكىن ئۆزگەرمىدى بىر هەرپ، بىرەر ساكىن ۋە ياكى زىر،
چۈشەنمەكلىك نە مۈشكۈلدۇر بۇ مۆجىزە ـ كارامەتنى.

پۈتۈن ئۆمرىدە يا مەكتەپ يا ئۇستاز كۆرمىگەن بىر زات،
پۈتۈن ئىنسانغا يول باشچى بولۇپ يېتىشتىغۇ هەيهات،
تېپىپ قۇددۇسى قۇدرەتنىڭ ئۇلۇغ ئەنۋارىدىن ئىرشات،
نەبۇۋەت ئەسرىنىڭ شانلىق تۇغىنى ئەيلىسە بۇ نىيات،
نىچۇكمۇ ئىتراپ قىلماس ئەقىل مۇنداق هەقىقەتنى.

ئۇقۇپ كۆرسەڭ بۇتارىخنى ئەجەپ بىر ئەسرى هېكمەتتۇر،
مۇبارەك تەرجىمىهالى تامامى پەزلى ـ خىسلەتتۇر،
رەقىپلەر ئېتراپىمۇ بۇڭا ئەلۋەتتە هۆججەتتۇر،
بۇ زاتنىڭ ئىسمى شەرىپى رەسۇل ئەكرەم مۇهەممەددۇر،
ياراتتى مەڭگۈ ئۆلمەس بىر ئۇلۇغ ئەسرى سائادەتنى.

نەبۇۋەت تاڭى ئاتماستا ئەرەپنىڭ هالىنى ئەسلەڭ،
جاهالەت دەستىدىن ئەلنىڭ ئايانچ ئەهۋالىنى ئەسلەڭ،
زالالەت هەم رەزىللىكنىڭ ياۋۇز ئىمسالىنى ئەسلەڭ،
مىسال: بىر قىز تۇغۇلسا گەر زەبۇن ئىقبالىنى ئەسلەڭ،
يىمىردى نەبۇۋۋەتلا ئەرەپتىن بارچە زۇلمەتنى.

ۋەهنى بەزىلەر ئىلهام دىيىشتى بىر زامان هۆكمەن،
ۋەهالەنكى ئۇلۇغ قۇرئان ئەمەستۇر قىسسە يا رومان،
ئۇنى ئىلهام بىلەن ئىجاد قىلىشقا بولسا گەر ئىمكان،
نىمىشقا يازمىدى بىر كىم يەنە ئىككىنجى بىر قۇرئان،
نىچۇكمۇ ئېتراپ قىلماس كىشى مۇنداق هەقىقەتنى.

بىراۋلار قىلدىلەر دەئۋا، نەبىلىك ئۈستىدە هەتتا،
تېپىپ مىڭ هىلە ـ نەيرەڭلەر، ئۆزىنى كۆرسىتىپ تەقۋا،
يېزىپ ئايەتكە تەقلىدلەر، ۋەهەتتا قىلسىمۇ غەۋغا،
جاهاندىن كەتتىلەر لېكىن، بولۇپ ئالەمگە مىڭ رەسۋا،
تاپالماس چۈنكى باتىللىق، هەقىقى شانۇ ـ شۆهرەتنى.

بۇلارنىڭ هەممىسى جانلىق ئۇلۇغ مۆجىزە ئەلۋەتتە،

يەنە قانداق دەلىل لازىم بايان قىلماققا بۇ ھەقتە،
ئەقىل ساھىپلىرى جاندىن ئۆتەر تەستىق، قانائەتتە،
ئەگەرچە ياق دېسە بەزى مۇخالىپلار جاھالەتتە،
ئۆزىگە رەھنامە قىلسۇن ئەدىل، مەردانە پىكرەتنى.

خاتىمە

بايان قىلغانلىرىم گەرچە دېڭىزدىن تامچىدۇر ئەمما،
نامايەندۇر قوياش ئەكسى بىر تامچە سۇدىمۇ ھەتتا،
قەسدەم ئەلگە يەتكۈزسە ھىدايەتتىن بىرەر مەئنا،
مۇكاپات شۇ ئىدى مەنچۇن، ئەمەسمەن ئۆزگىگە تەشنا،
كۆچەتنى تىككۈچى مەيلى كۆرەلمەي ئۆتسە راھەتنى.

ئەقدەم ھەققە باغلانغان، بۇ يولدا ئەتمادىم بار،
شۇكرىكىم، ھەق ئاتا قىلغان ئىرادە، ئېتىقادىم بار،
ئەقدە ساھىبى بولغاچ دىلىمدا پەخرۇ ـ يادىم بار،
دېمەيمەن مۇنچە گۇستاھلىق، قىلىشقا نىمە ھەددىم بار،
پىسەنت قىلماس كۆڭۈل چۈنكى قۇرۇق تەئنە ـ مالامەتنى.

جاھان باقى ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر رۇمى ئىسكەندەر، ۋە ھەتتا ۋەھشى چىڭگىزخان،
كېلىپ ـ كەتمەك بىلەن مەشغۇل، جاھانغا بىھېساپ كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەت ھەقلا سۇرەر دەۋران،
ئۈمۈر مەنزىلدە تاپتىم نىھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

باھار بولدى پۈتۈن دۇنيا يۈزىدە ئىلمىلىك ئەلگە،
ئىشەنگەن ھەم چۈشەنگەن ئەمەلدە ئىشلىگەنلەرگە،
قۇلاق سالماي، ئەمەل قىلماي، ئۇلۇغ تەڭرىم سۆزىگە،
قۇرۇق دەۋادا بولغانلار تويۇنماس بىر قوناق نانگە،
بۇيۈك ئىسلام ئۆگەتكەن بىزگە بىلمەك ھەم تىرىشماقنى.

چاقىرغان ئۇستۇن بولماققا، ئىگىلمەي ئەجنەبى خانگە،
ئۇلۇغ تەڭرىم ئېچىلدۇرساڭ دىلىم باغىدا گۈل ـ ئەترە،
تېمىتساڭ رەھمىتىڭ دەرياسىدىن قەلبىمگە بىر قەترە،
ئۆچۈرسەڭ چوڭ ـ كىچىك قىلمىشلىرىم قىلماي مېنى رەسۋا،
قىيامەت دەشتىدە ياپساڭ، گۇناھىم ئەيلىسەڭ سەترە،
ھاياتىم دۇنيادا قۇربانىڭ، گەر ئۆلسەم مەقسىدىم رىزۋان،
رەسۇلللاھ يولىچۇن ئۆمرۈم بارىنى ئەيلىسەم نەزرە...!

ئەمدى، تۈرك يازغۇچى ئۆزگۈر ئاينىڭ **«ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە ئۇنىڭ «ئىز» نامىلىق رومانى ھەققىدە»** ماۋزۇلۇق تەقرىزىي ماقالىسىنى ھۆرمەت بىلەن سۇنىمەن.

بۇ ماقالىنى يۇسۇپجان ياسىن ئەپەندىم تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغان بولۇپ، نەزىرىڭلار نۇۋەتتە مۇشۇ ماقالىدە بولغاي:

## «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە ئۇنىڭ «ئىز» ناملىق رومانى ھەققىدە»

## <u>ئۆزگۈر ئاي</u>

**تۈركچىدىن يۇسۇپجان ياسىن تەرجىمىسى**




ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن ئېتىبارەن ئاتاقلىق شائىر، يازغۇچى ۋە تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى تۈركىيىدىكى زىيالىلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا باشلىدى. بىر قىسىم شېئىرلىرى تۈرك ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت كىتاپلارغا كىرگۈزۈلدى. بەزى ئەسەرلىرى ئۈستىدە ماقالىلار يېزىلدى ۋە مەخسۇس دىسسىرتاتسىيەلەر ياقلاندى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ھۆليا كاساپئوغلۇ چەنگەل تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان شېئىرلىرى 2000 ـ يىلى «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىر ـ لىرى» (I)دېگەن نام بىلەن مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىگى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان «ئىز» ناملىق رومانىمۇ نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا. تۈركىيىنىڭ ئىزمىر شەھرىگە جايلاشقان ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى ئۆزگۈر ئاي تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە تۈركچە ـ ئىنگلىزچە ئىككى تىلدا نەشر قىلىنىدىغان «تۈرك تەتقىقاتلىرى» دېگەن ژۇرنالنىڭ 2007 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە ئۇنىڭ < ئىز > ناملىق رومانى ھەققىدە» دېگەن بۇ ماقالە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۈركىيە ئىلىم ساھەسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە تۈركىيە تۈركلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر مەدەنىيەت كۆۋرۈكى قۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان. بۇ ماقالە رومانىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى تېخى ئىشلەنمىگەن بىر ۋاقىتتا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئاپتور ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى پاكىت بىلەن دەلىللەش ئۈچۈن ئەسلى رومانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك پارچىلىرىنى نەقىل قىلىپ كۆرسەتكەن. تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئاشۇ پارچىلاردىنمۇ ئەسەرنى ئاپتورنىڭ ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەنلىكىنى ۋە تەرجىمىسىنىڭمۇ ناھايىتى ياخشى ئىشلەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ .بۇ ماقالە رومان يېزىقچىلىقىدىكى مېتودلارغا تايىنىش بىلەن بىللە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ مىللىي — ئىجتىمائىي غايىسىنى ۋە زىيالىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ نەزەرگە ئالغان ھالدا تەھلىل قىلىنغان. لېكىن ماقالە ئاپتورى پەرقلىق بىر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتا يېتىشكەن كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن رومانىنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرى ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرى پەرقلىق ماھىيەتنى ئىپادە قىلغان. شۇڭا، بۇ نۇقتىلارنى قىسقارتىۋېتىشنى لايىق تاپتۇق. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇشىنى سورايمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ماقالە بىر ئوبزور بولۇشتىن بەكرەك رومانى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر ئىلمىي ماقالە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتور ئەسىردە ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا ئەدەبىي تەھلىل يۈرگۈزۈشتىن يىراق تۇرغان. ھەر ھالدا بۇ ماقالە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدا قانداق باھالىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىزدە بەلگىلىك بىر كۆزنەك رولىنى ئوينايدۇ.

—— ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا يېتىشكەن ئەڭ مۇھىم كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ھەر ساھەسىدە ئەسەر يازغان، ئىلمىي تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات ۋە سەنئەتكە پەلسەپىۋىي مەنىدىمۇ ھەسسە قوشقان كۆپ قىرلىق شائىر، يازغۇچى، تۈركولوگ ۋە مۇنەۋۋەر بىر شەخس. بۇ يولدا 50 يىل كۈرەشكەن ۋە ئىزتىراپ چەككەن ئا. ئۆتكۈرنىڭ كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا قالدۇرغان ناھايىتى كۆپ ئەسىرى بار. «ئىز» رومانى بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى.

«ئىز» ھۆججەتلىك خاراكتېردىكى تارىخىي رومان بولۇپ، تۇنجى نەشرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان. 1907 ـ يىللىرىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە 1912 ـ يىللىرىدىكى تۆمۈر خەلپە ئىسيانىنىڭ ئىلھامى بىلەن كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا بىر ئىز قالدۇرۇش مەخسىتىدە يېزىلغان بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇم ۋە زورلۇققا قارشى قىلغان ئىنقىلاپلىرىنىڭ داستانىي بىر ئىپادىسىدۇر. جەمئىي 419 بەتلىك بولغان بۇ رومان 28 باپقا ئايرىلغان ۋە ئەسەرنىڭ بېشىغا يەتتە بەتلىك بىر مۇقەددىمە، ئاخىرىغا 11 بەتلىك بىر خاتىمە قوشۇلغان. ئەسەر ئەرەپ يېزىغىنىڭ يېڭى ئىملا قائىدىسى بىلەن بېسىلغان.

تۈركىيىدە «ئىز» رومانىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۆتكۈر ـ نىڭ رومانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەڭ كەڭ دائىرىلىك تەتقىقات دوكتۇر گۈلزادە تەڭرىتاغلىغا ئائىت. ئۇ، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر رومانچىلىقى» ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىدە ئۆتكۈردىن باشلاپ ئۇيغۇر رومانچىلىقى ھەققىدە توختالدى. بولۇپمۇ بۇ تېمىدا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مىللىي ئىنقىلاپ سىمپوزيۇمى»دىمۇ «ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا ئا. ئۆتكۈرنىڭ ئورنى» ناملىق بىر ماقالە ئوقىدى. ئاپتور بۇ ماقالىسىدا «ئىز» رومانىنى «ھۆججەتلىك خاراكتېردىكى تارىخىي رومان» دەپ خاراكتېرلەندۈردى. تەڭرىتاغلى رومانىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە ئۇنىڭ كىرىش سۆزى ھەققىدە توختىلىپ، «رومانىنىڭ كىرىش سۆزى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسلىق تۈر بولغان رومانىنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە» دەپ باھالىدى.

تۈركىيىدىكى «ئىز» رومانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنىڭ بىرى ئابدۇلھەكىم ئىلتەبىرنىڭ

«كۈنىمىزدىكى ئۇيغۇر تۈرك تارىخىي رومانلىرىدا ئازاتلىق تېمىسى» دېگەن ما ـ قالىسىدۇر. بۇ ماقالىدا «ئىز» رومانى تارىخىي بىر رومان سۈپىتىدە خاراكتېرلەندۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان(شىنجاڭ ـ ت)دىكى تۈرك خەلقىنىڭ چىن(مەنچىڭ ۋە مىللەتارىستلار ھاكىمىيتى—ت)گە قارشى تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىكىدە قوزغىغان ھۆرلۈك كۆرىشىگە ئائىت رومان ئىكەنلىگى ھەققىدە قىسقىچە بىر چۈشەنچە بېرىلىدى.

«ئىز» رومانى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك، تارىخىي بىر رومان بولۇپ، ھەر بىر بۆلەكلىرىگە ئىچكىرلەپ كىرگىنىمىزدە ئۇنىڭدا «ھۆججەتلىك» ئىپادىلەش ئالاھىدىلىگىنىڭ بارلىغىنى كۆرىمىز. رومان بىرىنجى شەخسىنىڭ تىلىدىن بايان قىلىش شەكلى ۋە ھەم زامان، ھەم ماكان، ھەم ۋەقەلەرگە سادىق بولۇش يولى بىلەن يېزىلغان. ئاپتور رومانغا تېما قىلغان ۋەقە ۋە شەخسلەرنى شۇ دەۋردىكى ئاشۇ ۋەقەلەرگە قاتناشقان ھەققىي كىشىلەر ئارقىلىق ياراتقان. ئاپتورنىڭ رومانىنىڭ كىرىش سۆزىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىش داۋامىدا ئۆزىگە ياردەم قىلغانلارغا رەھمەت ئېيتىشى ئۇنىڭ ئەسىرىنى يېزىۋاتقاندا ئارخىپ بىلملىرىدىن، شۇ دەۋرنى بېشىدىن ئۆتـ ـكۈزگەنلەرنىڭ شاھىتلىق سۆزلىرىدىن پايدىلانغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ئۇيغۇر تۈركلىرى ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشقان قوشاقلارنىڭ ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە تەسىرىنىڭ بارلىغىنى كۆرىمىز.

«ئىز» رومانىنىڭ كىرىش سۆزىدە «قەدەم ئىزى — بىراۋنىڭ ماڭغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن جۈملىنى ئۇچرىتىمىز. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىجادىي ھاياتىنىڭ(گەرچە بىر مۇنچە ئېزىش ئەھۋالى بولسىمۇ) پەلسەپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش نوقتىسىدىن مۇھىم ئىكەنلىگىنى ئېيتىشقا بولىدۇ .ئاپتور «ئىز» رومانىنى «ئىز» دېگەن بىر شېئىر بىلەن باشلايدۇ. بۇ شېئىر بىر نوقتىدىن ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ھۆرلۈك كۈرەشلىرىنى مىسرالاشتۇرسا، يەنە بىر نوقتىدىن بۇ رومانىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شېئىر رومان يېزىلىشتىن **30** يىل بۇرۇن يېزىلغان ۋە ئاھاڭغا سېلىنغان. خېلىلا مەشھۇر بولغان بۇ شېئىر ۋە ناخشا **1966** ـ **1976** ـ يىللاردىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە چەكلەنگەن. ئاپتور بۇ ئىجادىيەت پائالىيىتى سەۋەبىدىن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «ئىدىيىدە خاتالاشقان» دەپ قارىلىپ ئۇزۇن يىل تۈرمىدا ياتقان.

«ئىز» دېگەن شېئىردىن كېيىن، ئۆتكۈر «ھۆرمەتلىك كىتاپخانلار» دېگەن خىتاپ بىلەن كىرىش سۆز قىسمىغا ئۆتىدۇ. بۇنىڭدا رومانىنىڭ يېزىلىش سەۋەبىنى، كىمگە بېغىشلانغانلىغىنى، قايسى تېمىنى، قايسى پېرسوناژلار ئارقىلىق نىمە سەۋەپتىن بايان قىلغانلىغىنى ئۆز ئاغزىدىن كىتاپخانلارغا يەتكۈزىدۇ.

ئۆتكۈرنىڭ«شۇنداق غەزەللەرنى ياڭرىتىپ، بىپايان دالىلاردا كۆمۈلمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئۆتكەن كارۋانلار يۇرۇش باشلىغان چاغلاردا، بەلكى سىز تېخى تۇغۇلمىغان، ياكى تۇغۇلغان بولسىڭىزمۇ «تال چۈشىقنى ئات ئېتىپ» ئويناپ يۈرگەن بولغىيتتىڭىز؛ كىم بىلىدۇ، بەلكى شۇ يۇرۇشلەرنىڭ بىرەرسىدە قارا بوراندەك ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن ئەزىمەتلەر بىلەن بىللە جەڭ مەيدانلىرىدا قىلىچ ئويناتقانسىز، ياكى ئېڭىزلىقلارنى كۆكرىگىڭىز بىلەن تىلغاپ، چۆچەكلەردىكى ئەجدەرھالاردەك ئاغزىدىن ئوت چېچىپ تۇرغان پوتەيلەرگە ئۆزىڭىزنى ئۇرغاندا، بەدىنىڭىزنىڭ بىر يېرى پىژ قىلىپ قالغاندۇ ـ دە، ئۆزىڭىز شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك بولۇپ قالغانسىز. ئەمدى بولسا بەدىنىڭىزدىكى تاتۇقلارنى ھەر كۆرگەندە، شۇ كۈنلەر يادىڭىزغا كېلىپ، كۈلۈپ قويىدىغانسىز... كىم بىلىدۇ بەلكى، بايىلا سىزنى خۇش چاقچاقلىرى بىلەن كۈلدۈرۈپ ئولتۇرغان سەپدىشىڭىزنى بىردەمدىن كېيىن يۇلغۇن تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇشقا توغرا كەلگەندە، كۆزلىرىڭىزدىن تارام ـ تارام ياشلار تۆكۈلگەندۇ، ياكى قاراڭغۇ كامىرلار يۇتۇپ كەتكەن يولداشلىرىڭىزنى ھەر ئەسلىگەندە ، يۈرەك باغرىڭىز ئېزىلىپ كېتىدىغاندۇ... شۇنداق، شۇنداق. بۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com



ھەممىسى ئۆتمۈش، ھەممىسى تارىخ، ھەممىسى يورۇق دۇنيا ئۆچۈن بولغان ئىشلار. چۈنكى ئۇ چاغلاردا دۇنيا بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى. بۇ قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ، يورۇقلۇق يۈزىنى كۆرۈش ئۈچۈن، بەك ئۇزۇن مەنزىللەرنى بېسىپ، ئاسمان پەلەك داۋانلاردىن ئېشىشقا توغرا كېلەتتى ۋە خۇددى ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك، دانكوغا ئوخشاش پىداكار يول باشلىغۇچىلار لازىم ئىدى»(ئۆتكۈر،1985، 2) دېگەن بايانلىرى بىردەم چۆچەكسىمان، بىر دەم داستانسىمان لەززەت بېرىدىغان بىر خىل ئىپادە بىلەن شۇ دەۋرنى كۆرگەنلەردىن ئاڭلىغانلارغا، شېھىتلەردىن غازىلارغا قەدەر ھەر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى چېرمايدىغان ۋە شېئىريي تەم بېرىدىغان بىر ئۇسلۇب بىلەن سۇنۇلغان .

ئۆتكۈر بۇ دەۋرنىڭ قاراڭغۇ ۋە زۇلمەتلىك يىللىرىنى تەسۋىرلىگەندە ماكسىم گوركىنىڭ ئەسىرىدىن پارچە كۆرسەتكەن. گوركىنىڭ «دانكو» ئىسىملىك پېرسوناژى قاراڭغۇ بىر جاڭگاللىقتا (بېسىم ۋە زۇلۇمغا بولغان قارشىلىققا سىمۋول قىلىنغان) يۈرگىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ قاراڭغۇنى قاچۇرىدۇ: «جاڭگاللىق شۇنداق قاراڭغۇلاشتىكى، دۇنيا يارالغاندىن بۇيان، قانچە قاراڭغۇ كېچىلەر ئۆتكەن بولسا، گويا شۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلغاندەك بولۇپ قالدى... دانكو بىردىنلا ئۆزىنىڭ كۆكسىنى قولى بىلەن ياردى ـ دە، يۈرىگىنى يۇلۇۋېلىپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتەردى. يۈرەك خۇددى كۈنگە ئوخشاش، ھەتتا كۈندىنمۇ يورۇق لاۋۇلدىدى. مانا ئەمدى ئادەملەرگە بولغان ئۇلۇغ مۇھەببەت مەشئىلى بىلەن يورىغان پۈتۈن جاڭگاللىق جىمجىت بولۇپ قالدى. قاراڭغۇ زۇلمەت يورۇقلۇقتىن قېچىپ، جاڭگاللىق ئىچكىرىسىدىكى سېسىق سازلىققا بېرىپ تىقىلدى...» (ئۆتكۈر،1985 ،2 ـ ،3، )

ئۆتكۈر ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ دانكوغا ئوخشاش قەھرىمانلىرىنىمۇ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆز رومانىنىڭ باش پېرسوناژىغا كۆچىدۇ. ئۆتكۈر بۇ كىرىش سۆزدە ئۆز رومانىنىڭ پېرسوناژى تۆمۈر خەلپىنى دانكوغا ئوخشىتىدۇ: «قەدىمكى ئىتالىيىدە، قۇللار ئارىسىدىن چىققان سپارتاك، خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدىن چىققان باھادىر شاھ لى زىچىڭ بىلەن «تەيپىنەم» زامانىسىنىڭ ساماۋىي شاھى خۇڭ شيۇچۈەن، كونا رۇسىيىدىكى كازاكلاردىن چىققان ستېپان رازىن بىلەن يېمىليان پۇگاچېۋ ، ئۈچتۇرپان شەھرىدىن چىققان رەھمىتۇللا بەگ بىلەن قۇمۇل تاغلىرىدىن چىققان تۆمۈر خەلپىمۇ، ئاشۇ دانكوغا ئوخشايدىغان كىشىلەر ئىدى.» (ئۆتكۈر،1985، 3 )

ئۆتكۈر كىرىش سۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلۈمدە تۆمۈر خەلپىنى «بوران قۇشى»غا ئوخشىتىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئېپىك — داستانى تەرەپىنى ۋە ئۇيغۇرنىڭ ھۆرلۈك كۆرىشىدىكى ئورنىنى تەسۋىرلەيدۇ:«تۆمۈر خەلپە جۇڭگودا ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال خانلىققا خاتىمە بېرىپ، ۋەتەن زېمىنىدا تۇنجى قېتىم جۇمھۇرىيەت بايرىقىنى تىكلىگەن <شىڭخەي ئىنقىلاۋى>نىڭ ئىلھامى بىلەن تىيانشان ئېتەكلىرىدىمۇ، ئىنقىلاپ بورانلىرى باشلانغاندا، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان ئاجايىپ جەسۇر < بوران قۇشى > ئىدى. ئۇنىڭ پەرۋازى بىلەن قۇمۇل دىيارىدا باشلانغان بوران ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن شۇنداق كۈچەيگەن ئىدىكى، ئۈچيۈز نەچچە يىللىق قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ كۆيىقاپقا ئوخشاپ كېتىدىغان سۇرلۇك ئوردىسى بىلەن ئۇرۇمچى جاڭجۈڭلىرىنىڭ قارا دەرۋازىلىق ياملۇلىرى زىلزىلىگە كېلىپ، گۇم بولۇشقا ئاز قالغان ئىدى. تارىختىكى بىر مۇنچە دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا ئوخشاش، بۇ قوزغىلاڭ ھەم مۇرادىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ۋاڭ ئوردىسى بىلەن جاڭجۈڭ ياملۇلىرىنى گۇم قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىگە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئىشەندۈرۈپ، ئۇلارغا كۈچ ۋە ئۈمىت بەخش ئەتتى، ئاچچىق ساۋاقلارنى بېرىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۆمۈر خەلپە يەتمىش نەچچە يىلدىن بۇيان، قۇمۇل خەلقىنىڭ ئاغزىدا داستان بولۇپ كەلمەكتە.»( ئۆتكۈر، 1985، 3 ـ 4)

كلاسسىك رومان ئەنئەنىسى ۋە بىزدىكى رومان ئەنئەنىسىنىڭ دەستلەپكى ئۆرنەكلىرىدە ئادەتلەنگەن ئۇسلۇبنىڭ سىرتىدا ئۆتكۈرنىڭ مۇشۇنداق بىر شەرھىيلىك كىرىش سۆزنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىشى ئومۇمەن ئاپتورنىڭ رېئالىزمچى بولۇش ئارزۇسىدىن شەكىللەنگەن. ئۆتكۈر روماندا باشتىن ئاخىر

بۇ ئۇسلۇبنى داۋاملاشتۇرۇپ، بەزىدە ۋەقەلەرنىڭ باياننى توختىتىپ، ئىزاھات، چۈشەنچە ۋە شەرھىيلەرنى سۇندۇ، ھەتتا بەزىدە ئۆزىنىڭ بۇ خىل مەلۇماتلارنى بېرىشتىن مەمنۇن ئەمەسلىگىنى، ئەمما مەجبۇرەن مۇشۇنداق قىلغانلىغىنى تىلغا ئالدۇ. بىزدىكى تانزىمات رومانچىلىغىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئاھمەد مىتھاتنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر ئۇسلۇبنى قوبۇل قىلغانلىغىنى كۆرىمىز. لېكىن رومانچىلىق ئۇسۇلى جەھەتتىن قارىغاندا بۇنىڭ قوبۇل قىلىنغان بىر ئۇسلۇب ئىكەنلىگىنى تىلغا ئالماسلىغىمىز مۇمكىن ئەمەس.

ئۆتكۈر «ئىز» رومانىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىلھام بەرگەن ۋەقەلەرنى يەنە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر خاتىرە بىلەن بىلدۈرىدۇ. ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، **1936**- يىلى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلگەن. بۇ يەردە ئۆزى تونۇيدىغان قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى ۋە قوزغىلاڭدىن كېيىن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان خوجا نىياز ھاجىنىڭ مېھمانخانىسىدا بىر مەزگىل تۇرغان. خوجا نىياز ھاجىنىڭ سۆھبەتلىرىگە قاتناشقان ئۆتكۈر ئۇنىڭدىن تۆمۈر خەلپە يىغىلىغى ۋە تۆمۈر خەلپىنىڭ كىشىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلارنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلەنگەن. ئۆتكۈر مۇنداق دەيدۇ:

« — < تۆمۈر خەلپە يىغىلىغى > توغرىسىدا سىنىڭمۇ ئاڭلىغانلىرىڭ بارمۇ ؟ - دېدى ئاباسوف، ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا .

مەن باللىق چاغلىرىمدا، مارىخان بوۋىمىز بىلەن تۆگىچى بارات بوۋىدىن بىر مۇنچە ھېكايە- چۆچەكلەر قاتارىدا <تۆمۈر خەلپە يىغىلىغى> ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىمدىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئاباسوف قىزىقىپ ئاڭلىدى ۋە خاڭچىلىك قەبرىستانلىغىغا بىرىپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى.

بىز قەبرىستانلىق يېنىدىكى كىچىككىنە بىر مەسچىت ئالدىدا، بېشىغا سەللە ئورىغان بىر بوۋاينى ئۇچراتتۇق. ئۇ كۆرۈنىشىدىن شۇ مەسچىتنىڭ مەزىنى ئىدى. سالامدىن كېيىن، تۆمۈر خەلپىنىڭ قەۋرىسىنى سورىدۇق. بوۋاي:<سىلەر تۇغقانلىرى بولامسىلەر؟> دېدى ۋە جاۋابىمىزنى ئاڭلاپ، بىزنى كونا بىر قەۋرە ئالدىغا باشلاپ باردى .< مانا مۇشۇ قەۋرە شۇ. بۇ قەۋرىنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن قاتۇرغان> دېدى بوۋاي، ئاندىن، -< قېنى ئولتۇرۇڭلار، بۇ يەرگە كەلگەن بولغاندىن كېيىن، ئايەت ئوقۇپ ئۆتكۈلۈك> دەپ قىرائەت باشلىدى. دۇئادىن كېيىن، بىز يانچۇقلىرىمىزنى كولاپ، بار پۇلىمىزنىڭ ھەممىسىنى بوۋاينىڭ ئالدىغا قويدۇق. بوۋاي بىزگىمۇ دۇئا قىلدى.

— بۇ قەۋرە بەك ئولتۇرۇشۇپ كىتىپتۇ. يېڭىلاپ قويساق بوپتىكەن، يا بولمىسا، بىر گۈمبەز قوپۇرۇپ قويساق ياخشى بولغىدەك، - دېدى ئاباسوف بوۋايغا قاراپ.

— ئوبدان گەپ قىلدىڭىز بالام. گۈمبەز قوپۇرۇپ قويساق ئوبدان بولاتتى. بۇ ئىش مىنىڭ قولۇمدىن كەلمىدى. بۇ ئەمدى سىلەرنىڭ ئىشىڭلار، - دېدى بوۋاي بىزگە قاراپ.

— بۇ كىشى ناھايىتى ھېكمەتلىك گەپ قىلدى. تۆمۈر خەلپىگە چوقۇم بىر گۈمبەز ياساش لازىم، - دېدى ئاباسوف، قەبرىستانلىقتىن چىقىپ كىلىۋېتىپ.

ئەپسۇسكى، بۇ گۈمبەزنى قوپۇرۇشقا خوجا نىياز ھاجىمنىڭمۇ، ئاباسوفنىڭمۇ ئۆمرى يار بەرمىدى. يىللارنىڭ بوران- چاپقۇنلىرىدا، تۆمۈر خەلپىنىڭ قەۋرىسىمۇ ئىزسىز يوقىلىپ كەتتى. ھېلىقى بوۋاينىڭ ئېيتقىنىدەك تۆمۈر خەلپە ئۈچۈن بىر گۈمبەز قوپۇرۇش كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ ئىشى ئىدى. تاش- تۇپا ياكى پولات- بېتوندىن ئەمەس ئېبقى قەغەز، قارىسى سىيا بىلەن قوپۇرۇلغان گۈمبەزلا ھەر قانداق بوران- چاپقۇنغا بەرداشلىق بىرىپ، ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا قالىدىغان گۈمبەز بولالايتتى. مەرھۇم ئاباسوفنىڭ دىگىنىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك.»( ئۆتكۈر، **1985**، **4**-**5**)

بۇ پارچىدىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، ئۆتكۈر ماددىي شەكىلدىكى بىر قەۋرە قاتۇرۇشنىڭ ئورنىغا مەڭگۈگە داۋاملىشىدىغان «سىيادىن بىر قەۋرە» قاتۇرۇشنى قارار قىلغان. «ئىز» رومانىنىڭ ئىلھام

www.uyghurkitap.com

مەنبەسىنى بۇ ھېكايىدىن تونۇغان. لېكىن، ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۇچۇن بۇ ھېكايىنىڭ سۆزلەنگەن ۋاقتىدىن ئۇزۇن بىر زاماننىڭ ئۆتىشىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئون يىللىق تۈرمە ھاياتىنى باشتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. ئۆتكۈر مۇنداق يازىدۇ:

«ئۆزۈمنىڭ ناتىۋانلىغىمغا قارىماي، شۇنداق گۇمبەز قوپۇرۇش نىيىتىدە بىر قانچە يىللار ئىزدەندىم، ئۆگەندىم، يىغدىم ۋە يېزىشقا كىرىشتىم. بىراق يازغانلىرىمنى <ئون يىللىق جۇت> شۇۋرغانلىرى ئۇچۇرۇپ كەتتى. قەلىمىم سۇندى.

قەلەم سۇندى، ئەلەم ئەزدى دىلىمنى،
شامال دارىپ، كەكەچ قىلدى تىلىمنى.
قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس، پالەچ مەن،
نىمەم بىرلە قىلاي رازى ئېلىمنى!

يۈزىمنى شۈكرىكىم، قايتا باھار باشلاندى. باھار يامغۇرلىرى يېغىپ، سۇلىرى تاشتى. باھار قۇشلىرى سايراپ دىلىمغا ئىلھام ۋە ئۈمىت، قولۇمغا كۈچ ۋە قۇۋۋەت بەخش قىلدى. دەۋران ماڭا يېڭى قەلەم بەردى. ئەمدى يازماي قاچان يازغۇلۇق!»( ئۆتكۈر،1985، 6)

ئۆتكۈر رومانىنىڭ پېرسوناژى تۆمۈر خەلپىنى «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قانلىق سەھىپىلىرىدىكى بىر قەھرىمان شەخس. ئۇ تارىخنىڭ كۆز يېشى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. (ئۆتكۈر،1985، 6) شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر خەلپە ئەسەردە ئۇيغۇر تۈرك ھۆرلۈك كۆرىشىنىڭ ئۇنتۇلماس بىر قەھرىمانى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ.

ئۆتكۈر رومان ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە بۇ رومانىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنىمۇ بەرگەن. بۇ توغرىسىدا ئۇ ماركسنىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىپ مۇنداق يازىدۇ: «تارىخ - ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئاددىي خاتىرىسى ئەمەس، بەلكى ماركس ئېيتقاندەك،< ئۆز مەقستىنى ئىزلەپ يۈرگەن ئادەمنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت> بولغاچقا، تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومان، چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ھەم ھەقىقىي تارىخ، ھەم بەدىئىي ئەسەر بولۇشى، يەنى تارىخشۇناسلىق بىلەن رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ قانلىق بىرىكمىسى بولالىشى، ھەممىدىن ئاۋۋال، تارىخىي چىنلىقنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم. مۇنداق بىر ئەسەر مۇئەللىپتىن تارىخ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ۋە تارىخ ئىچىدىن قاڭقىپ چىقىش ماھارىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.»( ئۆتكۈر، 7،1985) ئۆتكۈر بۇ قاراشنىڭ تامامەن ئۆزىنىڭ رومان چۈشەنچىسىنىمۇ خۇلاسىلىغانلىغىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئۆتكۈر بۇ باياناتلاردىن كېيىن 28 باپتىن تەشكىل تاپقان ئەسلى ۋەقەگە ئۆتكەن. بۇ باپلارنىڭ ھەر - بىرىگە بىردىن خاس ماۋزۇلارنى قويغان، يەنە بۇ باپلارنىڭ باش قىسمىغا شۇ باپتىكى ۋەقەلەرنى خۇلاسىلايدىغان بىر كۇپلېت شېئىر، ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆز قىستۇرغان. يەنە ھەر بىر باپ ئۆز ئىچىدىن نۇرغۇن بۆلۈملەرگە ئايرىلغان. رومانىنىڭ ئاخىرىغا «خاتىمە» دېگەن ماۋزۇ بىلەن يازغۇچىنىڭ ۋەقەلەرنىڭ نەتىجىسىدە نىملەرنىڭ بولغانلىغىنى چۈشەندۈرىدىغان سۆزى بىر بۆلۈم قىلىپ قوشۇلغان .

ئاپتور بىرىنچى باپنى بىر ياز تەسۋىرى بىلەن باشلايدۇ. تەسۋىر توختىغان يەردە بىردىنلا جانلىق بىر مەزمۇنغا كىرىدۇ. بۇنىڭدا بىر يىگىت ئېيىق قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر قىزنى قۇتقۇزىۋالىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ پېرسوناژلىرى ۋە باشقا باپلار ئەسلىدە باش تېمىنى ۋە باش پېرسوناژنىڭ پائالىيىتىنى يورىتىشنىڭ بىر لايىھىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. كلاسسىك رومان چۈشەنچىسىدە ۋەقە، زامان ۋە پېرسوناژلارنىڭ بۇ خىل شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرىلىشى كىتاپخانلارنى دەرھال ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ئۆتكۈرنىڭ كلاسسىك شەكىلدىكى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنىڭ سىرتىدا ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىنىمۇ سىناق قىلىشقا تىرىشقانلىغىنى كۆرستىدۇ.

بۇ باپتىن باشلاپ كىتاپخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل ھاياتنىڭ خېلىلا مۇھىم ئىكەنلىگىنى ھېس قىلىمىز. ئاپتور ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن نىكاھ تۇرمۇشىغا، ئېتىقاتىدىن قائىدە — يۇسۇنلىرىغا قەدەر ھەر خىل مەلۇماتلارنى بۇ ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ كىتاپخانلارغا يەتكۈزىدۇ. بۇ باپ فولكلورىك نوقتىدىن خېلىلا مول مەزمۇنغا ئىگە. بۇ باپتا مۇشۇ مەلۇماتلار بىلەن بىرلىكتە لىرىكىزممۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

ئۈتكۈر ئىككىنجى باپتا قازاق قىزى ئايقىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىتاپخانلارنى ئەسلى ۋەقەگە باشلاپ كىرىپ، خۇسۇسىي ھاياتتىن ئىجتىمائىي ۋەقەگە كۆچىدۇ. رومانىنىڭ يېزىلىش شەكلى جەھەتتە ۋەقە بىلەن زامانىنىڭ تەرەققىياتى شەخستىن جەمئىيەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئۈتكۈرنىڭ بىر تەرەپتىن بۇ چۈشەنچىنى، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرلۈك تۈرك توپلۇلۇقلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق تارىخىنى خىيالىي قەھرىمانلار ئارقىلىق كىتاپخانلارغا يەتكۈزۈشكە تىرىشقانلىغىنى كۆرىمىز. بۇ ۋەقەلىكلەر ئىچىدە ئايقىز بىلەن ئامانقۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاخىرى مۇھەببەتكە ئايلىنىشى، مېھمان سۈپىتىدە تۇرىۋاتقان ئايقىزغا شۇ يەرلىك بىر بەگنىڭ كۆز تاشلىشى رومانىنىڭ ۋەقەلىگىنى بېيىتىپ، قىزىقىشنى كۈچەيتىكەن. ئاپتورنىڭ بۇ ۋەقەلەرنىڭ بايانى داۋامىدا ئىسلامدىكى خاتا پەتۋالار بىلەن مۇناسىۋەتلىك نوقتىلار ھەققىدىمۇ ۋەقەلەر ئارقىلىق توختالغانلىغىنى كۆرىمىز. بۇ يەردە ھەم ۋەقەلەرنى ئەسلى ئېقىمىغا يۆتكىشى ھەم باش پېرسوناژنى روماندا ئوتتۇرىغا چىقىرىشى دىققەتنى تارتىدۇ.

ئۈچۈنجى باپتا «بوز ئاتلىق» دېگەن ئىسىم قويۇلغان تۆمۈر خەلپە دانالىغى بىلەن ھەم ياخشى بىر چارە تاپىدۇ، ھەم ئىسلامىي نوقتىدىن توغرا بىر پەتۋا چىقىرىپ مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رومانىنىڭ باش پېرسوناژى تۆمۈر خەلپە ئەسلى سالاھىيىتىنىڭ سىرتىدا يەنە بىر قىياپەت بىلەن روماندا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. رومانىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى باپلىرىدىكى قىياپەت تەسۋىرلىرىدە تۆمۈر خەلپە ئەڭ مۇھىم كىشىگە ئايلىنىدۇ. ئۈتكۈرنىڭ تۆمۈر خەلپە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر تۈرلۈك دېتاللارغا ئەھمىيەت بەرگەنلىگىنى كۆرىمىز. يەنى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «بۇ بوز ئاتلىق كىشى تۆمۈر خەلپە ئىدى. ئۇ چاغلاردا خەلق ئۇنى كەسپىگە قاراپ تۆمۈر مۇجاڭ(ياغاچچى) دەپ ئاتايتتى. كېيىنچە قوزغىلاڭ جەريانىدا خەلق ئۇنىڭغا <خەلپە> دەپ ئۇنۋان بەردى. تۆمۈر خەلپە تەخمىنەن **1871** ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چەت يېزىلىرىدىن بولغان بوغاز دېگەن يەردە بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۈچ قىز ئىچىدە بىر ئوغۇل ئىدى»(ئۈتكۈر، **1985**، **32**) دېگەن بايانلىرى ئۇنىڭ بىئوگرافىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايانلار ئارقىلىق تەسۋىرلەيدۇ : «سەپەرقۇل بۇ ئوتتۇرا بويى، كەڭ غوللۇق، كەكە ساقال، قاتۇراڭغۇ كىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى، رەۋشەن موماي<خويمۇ ئوبدان ۋاقتتا كەپتىلا، ئۇكام> دەپ ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مېھمان قىزىق پاراڭ بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بېشىدىن كىگىز قالپىغىنى ئالغاندا، ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرى چىراق شولىسىدا ئوتتەك پاقرايتتى. كەڭ ماڭلىيىدىكى چوڭقۇر قورۇقلىرى، ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن يۈزلىرى، قول — بىلەكلىرىدىكى كۆپچۈپ چىققان تومۇرلىرى ئۇنىڭ كۆپ جەۋرى ـ جاپا چەككەنلىگىدىن دېرەك بىرەتتى.» (ئۈتكۈر، **1985** ، **31**) ئۈتكۈر تۆمۈر خەلپىنىڭ ھۆرلۈك كۆرىشىدە بىر سىمۋولغا ئايلىنىشىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆزى ھەققىدىمۇ سۆز ئېچىش ئارقىلىق ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا چۈشەندۈرىدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ تەربىيىلىنىش جەريانىنى، بولۇپمۇ دادىسىنىڭ ئارزۇسى بىلەن ياغاچچى بولىشىنى، دادىسىنىڭ قەرزى سەۋەبىدىن ئون ئىككى يىل قۇلدەك ئىشلىگەنلىگىنى، شۇنداقتىمۇ تۆمۈرنىڭ كىشىلىگىدە كىچىككىنىمۇ بىر ئازغۇنلۇقنىڭ يوقلىغىنى، ئەكسىچە ئۇيغۇر تۈركلىرى ئارىسىدا ھۆرمىتىنىڭ ئاشقانلىغىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۈتكۈر تۆمۈر خەلپىنىڭ يىتەكچىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. سەۋرچان، پاراسەتلىك، ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋە ئىسلام دىنى بىلىملىرىنىڭ مول ئىكەنلىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەردىن بىر قانچە مىسال ھېساپلىنىدۇ. تۆمۈر خەلىپىنىڭ تەمكىن، كىلىشتۈرگۈچى ۋە سەۋرچان پوزىتسىيىسى يازغۇچى تەرىپىدىن تەكىتلىنىش بىلەن بىرلىكتە ئاسان ئالدانغانلىقى ياكى ئىتتىكلا تىت ـ تىت بولىشى سەۋەبىدىن خاتا ئىشلارنى قىلىپ قويغانلىقىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھەتتا بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى سەۋەبىدىن ئاخىرى چىن ھاكىمىيتى(مىلتارىست ياڭ زىڭشىڭ ھۆكۈمىتى—ت) تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىمۇ روماندا ئېنىق كۆرسىتىلگەن. تۆمۈر خەلىپىنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتىمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ خىل ئۇمۇدۋارلىقىدىن بولغان. بۇلار ئۆتكۈر تونۇشتۇرماقچى بولغان ئازاتلىق چۈشەنچىسىنىڭ ئاستىقۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان. رومان تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن خۇسۇسىي ۋەقەلەردىن ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە يۆتكىلىدۇ. ۋەقەلىك باياني ئاۋۋال ئۇيۇشۇش، تەشكىللىنىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. ئۆتكۈرنىڭ بۇ ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەندە دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلىرىنىمۇ ئارخىپ مەلۇماتلىرىغا تايىنىپ كىتاپخانلارغا سۇنغانلىقى كۆرىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى «تورپاق يېغىلىقى» دۇر. ئۆتكۈر چىن ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنى قانداق ئالدىغانلىقى، كېيىن ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ مۇھىم يول باشچىلىرىنى قانداق ھىيلە ـ مىكىر بىلەن يوقاتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ . تۆمۈر خەلپە بۇ ۋەقەگە قاتناشقان ۋە بۇھەقتە ئويلانغان بىر قەھرىمان سۈپىتىدە ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. رومانىنىڭ باش پېرسوناژىغا ئايلىنىشىمۇ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىدىن بولىدۇ. تۆمۈر خەلپە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ بىر ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تەشكىللەش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. قارشىلىقنى تاغدا ئىسيان كۆتۈرۈش ئارقىلىق باشلاشقا قارار قىلىشى روماننى تېخىمۇ جانلىق بىر باسقۇچقا كۆتۈرىدۇ. بۇ مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «يېرىم يىل ئىچىدە، قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەر، بۇ تۆكۈلۈۋاتقان قىپ ـ قىزىل قانلار تۆمۈر خەلپىنى باشقىچە بىر ئادەم قىلىپ قويىدى. ئۇ، نىمىنىدۇر خىيال قىلاتتى، نىمىنىدۇر ئىستەپ تاپقۇسى كىلەتتى، ئۆز يۇرىگىنىڭ نىمىگىدۇ تەلپۈنۈۋاتقانلىقىنى سىزەتتى. شۇنداق خىياللار بىلەن يۇرۇپ ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ شىمال تەرىپىدە سىلىنىۋاتقان يوغان بىر بۇتخانا قورۇلۇشىدا ئىككى يىللىق ئۆمرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئەمما، بۇ بۇتخانا قورۇلۇشىدا ئىشلەپ يۇرۇپ، تورپانلىق مۆيدىن، ئۈرۈمچىلىك گامازا تونگانىدەك نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، جان دوست بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۆز ئارىلىرىدا قانداقتۇ بىر ئۇخشاشلىق بارلىغىنى سېزەتتى. قاياققىدۇ كېتىۋاتقان بىر كارۋانغا قوشۇلۇپ، ئۇچەيلەن بىللە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. بۇ كارۋاننىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن زادى ئايرىل ـ ـماسلىغىنىڭ لازىملىغىنى چۈشەنگەندەك بولاتتى »(ئۆتكۈر،1985 ، 43)

بۇ كۆرەش جەريانىنىڭ باشقا بىر ھالىتى بىزگە ئورخۇن ئابىدىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرى ئارىسىغا ئەۋەتكەن جاسۇسلىرى ۋە ئۇلارنى پارچىلاش ئۈچۈن قۇرغان تۇزاقلىرىغا ئائىت بابلار كىتاپخانلارغا ئادەتتە تارىختا ھېچنىمىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلدۇرىدۇ:«شۇنىڭ ئۈچۈن، ـ دەپ داۋام قىلدى ياڭ جاڭجۈڭ، ـ سىز مۇپەتتىشنى ئىككى كۈن ئىچىدە يولغا چىقىشقا بۇيرۇيمەن. بەي ۋىنچاۋ بىلەن شامەخسۇت ۋاڭغا مېنىڭ گەپلىرىمنى ئېنىق چۈشەندۇرۇڭ ۋە ئۆزىڭىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن يەرلىكلەردىن لايىق ئادەملەرنى تېپىپ، يارىششى توغرىسىدا تۆمۈرگە ئەلچىلىككە چىقىرىڭ. قانچە راسخوت كەتسە مەيلى، لازىم تېپىلغاندا ئۆزىڭىزمۇ چىقىڭ. گەپ ناھايىتى يۇمشاق بولسۇن. قورت ئۆزىنىڭ يۇمشاقلىقى بىلەن ھەر قانداق قاتتىق ياغاچنى يەۋېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇۋاپىق پەيىتە، ھاپىز يىڭجاڭ بىلەن نىياز يىڭجاڭنىڭ چىرىكلىرىنى رەتكە سىلىپ، ئۈچ ئاتلىق باتالىيون ئەۋەتىمەن. بۇ ئۇيغۇر ـ مۇسۇلمان باتالىيونلىرى تاغقا يېقىنلاشماي، يىراقتا باراڭ كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر تۆمۈر ياخشىلىقچە ئەل بولمىسا، يەنە بىر توپچى ۋە ئىككى پىيادىلەر باتالىيونى يىتىپ بارىدۇ. ئۇ چاغدا قىلىچىمىزنى قانغا قانچە مىلىسەك شۇنچە ياخشى... ئۇيغۇرلارنى خەنزۇلارغا، خەنزۇلارنى ئۇيغۇرلارغا

قارشى قىلىپ قويغاندىلا، بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. مەن خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ قىلىشىدىن ناھايىتى قورقىمەن. مائارىپ بىلەن كۆزى ئېچىلىپ قىلىشتىن تېخىمۇ قورقىمەن. مىللەتلەر ئاڭ ـ سەۋىيىلىك بولۇپ، ئىتتىپاقلىشۋالسا، ئۇلارنى باشقۇرماق تەس، نادان ھالەتتە بۆلۈنۈپ تۇرسا، ئىدارە قىلماق ئاسان. شۇڭا قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن، كۈچ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلاش مۇۋاپىق. ئۇلارنى ھەرگىزمۇ چوڭ ئىتتىپاقلىققا ئىگە قىلدۇرماسلىق لازىم. شۇنداق قىلغاندا ھەر قايسى ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىسيان قىلالمايدىغان بولىدۇ. ئىككىنجىدىن، ئۇيغۇرلاردا «ئۆز گۆشنى ئۆزىنىڭ يېغى بىلەن قورۇش» دېگەن گەپنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم. دەرۋەقە، قوينىڭ گۆشنى ئۆزىنىڭ يېغى بىلەن قورىسا، ھەم تاتلىق، ھەم تېجەشلىك بولىدىكەن. ئۇيغۇرلاردا يەنە « سېپى ئۆزىدىن » دېگەن گەپمۇ بار ئىكەن. بۇنىڭ مەنىسى ئادەتتە پالتىنىڭ سېپى ياغاچتىن بولىدۇ، پالتا بىرىپ ياغاچنى كېسىدۇ ، دېگەن بولىدىكەن. دەرۋەقە، پالتىنىڭ سېپى تۆمۈر ياكى باشقا مېتالدىن بولسا، قولنى قېقىپ ئاغرىتىدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇيغۇر مۇسۇلمان پۇقرالار ئىسيان كۆتەرسە، مەسىلەن قۇمۇلدىكى تۆمۈر بىلەن تۇرپاندىكى مۆيدىنگە ئوخشاش، ئۇلارنى ئۆز كىشىلىرىنىڭ قولى بىلەن باستۇرغاندا، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقسەن، يەنى ئۆلگۈچىمۇ، ئۆلتۈرگۈچىمۇ شۇلارنىڭ ئۆزى بولىدۇ. سېنىڭ قولۇڭغا قان يۇقمايدۇ. بۇ قەدىمكى دانىشمەنلەرنىڭ «ياتنى ياتنىڭ قولى بىلەن ئىدارە قىلىش» دېگەن سۆزىنىڭ دەل ئۆزى. دېمەك، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلاردىن پايدىلىنىشنى بىلمىسەم، مىنىڭ شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرالىشىم مۇمكىن ئەمەس... — ياخشى دىدى، ـ ياڭ جاڭجۇڭ، ـ ئۇنداق بولسا، بىز قىلچىنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى بولغان قۇرئاندىن پايدىلىنىپ كۆرسەك بولغىدەك. مېنىڭ ئۇقۇشۇمچە، مۇسۇلمانلار قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەننى ھەر قانداق ھۆكۈمنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى قىلىدىكەن. بۇ بىز ئۈچۈن ياخشى ۋاستە. ئەمدى مەن شۇنداق بىر ئىش قىلايكى، يا تۆمۈر ماڭا ئەل بولسۇن، ياكى ئۆزىنىڭ جاھىللىغىدا تۇرۇپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا خۇداسىنىڭ دەرگاھىغا كېتىدىغان بولسۇن.»( ئۆتكۈر، 1985، 329، 331،330، 347)

ئۆتكۈر تارىخىي ئارخىپلاردىن ئىلھاملىنىپ بەرگەن مەلۇماتلار ۋە بەتنىڭ ئاستىغا قىستۇرغان ئىزاھاتلار ئارقىلىق رومانىدىكى ئېنىقلىق ۋە رېئاللىق تۈيغۇسىنى كۈچەيتكەن:«قوراي ـــ قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى تىيانشان تاغ تىزمىلىرى مەركىزىگە جايلاشقان تاغلىق يېزا. ئۇنىڭ شىمال ۋە شەرق تەرىپى ئېگىز تاغ تىزمىلىرىدىن، غەرپ ۋە جەنۇپ تەرىپى ئېدىرلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئېرغايتۇ، قىزىلىيار، قوراي، نېرىن، تۆرۈك، كۆشۈتە دېگەن ئالتە مەھەللە بىر دورغىلىق يەر بولۇپ، ئومۇمىي نامى «قوراي» دەپ ئاتىلاتتى. كۆشۈتۈدىن باشقا مەھەللىلەرنىڭ ھەممىسى تۆمۈرتۇ دېگەن تاغدىن كېلىدىغان ئېقىن بويىلاپ، بىر غولغا جايلاشقان ئىدى. بۇ ئىقلىمى مۆتىدىل، ھۆل ـ يېغىنى كۆپ، يازلىقى قاتتىق ئىسسىقتىن، قىشلىقى ئاچچىق سوغاقتىن خالىراق يەر بولغاچقا، تېرىقچىلىق ۋە مال بېقىشقا ئەپلىك ئىدى. بىراق تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن ئۇلاقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن ئۇنىڭ بەگلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. دېھقانلار ئاساسەن يەرلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى. ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن بىر مىڭ ئالتە يۈز كىشى ئىدى. ئاھالە ئاتمىش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇمۇل بازىرىغا كۆتەك ھارۋىلاردا ئۆتۈپ، تەڭنە ئاپىرىپ سېتىپ، بىر قىسىم ئېھتىياجىنى تەمىن قىلاتتى.»( ئۆتكۈر،1985، 48)

يەنە پەرقلىق تۇرمۇشنى بۇ كۆرەشنىڭ پەرقلىق بىر دائىرىسى سۈپىتىدە رومانىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قانچە خىل ۋەقەنى «ئاربلاشما» بىر ئۇسلۇب بىلەن كىتاپخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنىدۇ. بۇ مەنىدە شامەخسۇت ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش جەريانلىرى دىققەتنى تارتىدۇ:«شۇ ئارىدا، مېھرىبانۇنىڭ چوڭ قىزى(چوڭ ئايلا خېنىم) تېخى ياتلىق قىلىنماي تۇرۇپلا، تۇيۇقسىز بىر ھادىسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى. كىچىك قىزى(كىچىك ئايلا خېنىم)مۇ بويىغا يېتىپ، ھەتتا شۇ زاماننىڭ قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتتى. چۈنكى قۇمۇل تەۋەسىدە <ئاق سۆڭەك> (ۋاڭ جەمەتى)دىن ئۇنىڭغا لايىق

www.uyghurkitap.com



تېپىلمىدى. ئاددىي پۇخرالارنى ئۇلار ئۆزىگە لايىق كۆرمەيتتى. مېھربانۇ چىڭ ۋاڭ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرغاندا، ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد بېشىر ۋاڭنىڭ تەيجىسى ھەم ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان تاجىددىن تەيجى دېگەن كىشىنىڭ قۇمۇل تاغلىرىنىڭ بىرىدە ئامان ساقلىنىپ قالغان بىر ئوغلى بارلىقىنى ئاڭلاپ قالدى-، دەرھال ئۇنى تېپىشقا شۇمشۇقلۇق تاھىر مىراپنى ئەۋەتتى. تاھىر مىراپ نەرناسۇ دېگەن تاغدا ياشايدىغان بىر مومايىنىڭ ئۆيىدىن ئىزلىگەن كىشىسىنى تاپتى. بۇ راستىنلا تاجىدىن تەيجىنىڭ ئوغلى شامەخسۇت بولۇپ، يېغىلىق يىللىرى دادىسى قوزغىلاڭچىلاردىن قېچىپ تاغقا چىققاندا، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان ۋە ئاتا ـ بالا ئىككىسى پۇقراچە ياسىنىپ جان بېقىپ يۈرگەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا شامەخسۇت ئون نەچچە ياشلىق بالا ئىدى. ئۇ، دادىسىدىن كېيىن، ھېلىقى مومايىنىڭ قويىنى بېقىپ جان ساقلىغان. موماي باشقىلارغا تونۇتماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ بېشىغا گۆڭگۆرت پوقنى سۈرتۈپ، تازغا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى. ئۇ يىگىرمە ئالتە يېشىغىچە ئۇستىدە ياغاق جۇۋا، پۇتىدا چورۇق بىلەن شۇ تاغدا ياشىغان. مېھربانۇ ئۇنى ئوردىغا كەلتۈرۈپ، بىر نەچچە ۋاقىت پەرۋىش قىلغاندىن كېيىن، چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيوغۇل قىلىپ ئالغان ۋە ئوردىنىڭ مۆھۈردارلىق(تامغىچى) مەنسىۋىنى بەرگەن.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندە، مېھربانۇ چىڭ ۋاڭ:< نىملا دېگەن بىلەن مەن ئايال كىشى، گايى — گايىدا ئۆزەمنى بىر قانىتى يوق قۇشتەك سېزىپ قالىمەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆلۈم دېگەن قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا، مېنىڭدىن كېيىن ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلۇم يوق، شۇڭا، كۈيوغلۇم شامەخسۇت بەگنى ئۆزۈمگە ياردەمچى ۋاڭ قىلىپ بېرىش توغرىسىدا بېيجىڭ خانغا خەت سۇنساممىكىن> دېگەن خىيالغا كېلىپ، بۇنى ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى نەمتۇللا قېزبەككە ئېيتىدۇ.نەمتۇللا قېزبەگ ئاددى خەلق ئىچىدىن چىققان، كۆڭلى تۈز، گېپى ئوچۇق ساددە ئادەم ئىدى. كۆپىنچە پۇقرالار تەرەپتە تۇرۇپ، مېھربانۇ چىڭ ۋاڭغا ياخشى مەسلىھەتلەر بېرەتتى. شۇڭا، مېھربانۇ چىڭ ۋاڭمۇ ئۇنى قەدىرلەپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ۋە بەزى ئىشلاردا ياردەمچىسى قىلىۋالغان ئىدى. نەمتۇللا بولسا، ئۆزىنىڭ ساددىلىقىدىن،<كىم بىلىدۇ، كۆڭلىنىڭ بىرىدە، مېھربانۇ چىڭ ۋاڭنىڭ كۆڭلى ماڭا چۈشۈپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. ئۇ نىملا دېگەن بىلەن ئېرى يوق ئايال كىشى ئەمەسمۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا، بىرىمىز ۋاڭ، بىرىمىز پۈجۈڭ ئاغىچا بولۇپ ئالەمدىن ئۆتمەيمىزمۇ> دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شامەخسۇتنىڭ پۇقرالارغا نىسبەتەن قاتتىق كۆڭۈللىگى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۆغەمبەرلىك ئويناپ تۇرىدىغان قوڭۇر كۆزلىرى نەمتۇللاغا زادى ياقمايتتى. شۇڭا مېھربانۇنىڭ بايىقى پىكرىنى قەتئىي رەت قىلدى.

بىراق، مېھربانۇ چىڭ ۋاڭ ئۆز پىكرىدىن يانماي، يۇقىرىدىكى مەزمۇندا مانجۇ خانغا ئىلتىماس يېزىشنى ئوردىنىڭ خەنزۇ كاتىپلىرىغا تاپشۇردى. شامەخسۇت ئىلتىماسقا تامغا باسىدىغان چاغدا، بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ، مەسئۇل كاتىپنى نۇرغۇن نەق پۇل ۋە كىلچەككە مەنسۇپ ۋەدە قىلىش بەدىلىگە سېتىۋالىدۇ — دە، بۇ ئىلتىماسنى ئۆز پايدىسىغا يازدۇرۇپ، بېيجىڭغا ماڭدۇرىدۇ. بېيجىڭدىن: < ئىلتىماسىڭلارغا بىنائەن، شامەخسۇت چىڭ ۋاڭ، مېھربانۇ ياردەمچى ۋاڭ بولسۇن>دېگەن مەزمۇندا جاۋاپ كېلىدۇ. مېھربانۇ ھەيرەت ۋە غەزەپ بىلەن ئالا — توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، بۇ سۇيىقەستنىڭ سىرىنى ئېچىشقا نەمتۇللانى بۇيرىدۇ. نەمتۇللا قاتتىق تەپتىش قىلىپ، شامەخسۇتنىڭ نەيرىڭى ئىكەنلىگىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. دەل شۇ چاغدا، شامەخسۇت ئۆز كىشىلىرى ئارقىلىق خەلق ئىچىگە <مېھربانۇ خېنىم نەمتۇللا قېزبەككە ئۆگىنىپ قاپتۇ، كىچىلىرى بىللە بولىدىكەن> دېگەن ئىغۋانى تارقىتىدۇ — دە، ئۆزى مېھربانۇ چىڭ ۋاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ، < بۇ نىمە دېگەن سەت گەپ! سۈۋشتۈرۈپ كۆرسەم، نەمتۇللا دېگەن قارا يۈزنىڭ ماختانچاقلىق قىلىپ، ئۆزى تارقاتقان گەپلەر ئىكەن> دەپ چاقىدۇ . مېھربانۇ نومۇس ۋە غەزىۋىدىن ھوشىدىن كەتكىدەك دەرىجىگە يېتىپ، < ئۇ قارا يۈزنى نىمە قىلىسىڭىز قىلىڭ،

مېنى بۇ بەدىنامدىن قۇتۇلدۇرۇڭ> دەيدۇ. دەل شۇنداق بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرغان شامەخسۇت نەمتۇللانى تاياقتا بېسىپ، يوتا ئىلىگىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. نەمتۇللا تاياقنىڭ زەربىسى بىلەن ئۈزۈنغا بارماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. شامەخسۇت ئۆز رەقىبىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلاتلىرىدىنمۇ قىساس ئالىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مانجۇ خانىنىڭ قۇ- مۇلدىكى ھەربىي مەمۇرى ئەمەلدارى زوزۇڭتاڭ باشچىلىغىدا زور داغدۇغا بىلەن ۋاڭ ئوردىسىغا كىرىپ، شامەخسۇتقا چىلڭ ۋاڭلىق تاجىنى كىيدۈرىدۇ. مېھرىبانۇ ياردەمچى ۋاڭ نامىدا بىر نەچچە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.»(ئۆتكۈر،1985، 101-104) بۇ پارچىلاردا پسىخلوگىيىلىك تەھلىللەر ۋە ئىچكى مونولوگلارمۇ دىققەتنى تارتىدۇ. بولۇپمۇ شامەخسۇت ۋاڭنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تەسۋىرلەنگەن شۇ بۆلەك بۇنىڭغا ئۆرنەك بولىدۇ. يەنى«بىر كۈنى، شا مەخسۇت پۈجۈڭ ئاغىچىنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدى. ئاجايىپ چىرايلىق نەقىشلەنگەن مورىدا ئۇرۇك ئوتىنى خۇش پۇراق چېچىپ كۆيۈپ تۇراتتى. بىردەملىك ئۇيقۇغا كەتكەن شامەخسۇت ۋاڭنى يەنە قارا باستى: شەرق تەرەپتىن ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن ئۇچۇپ كەلگەن يوغان بىر ئەجدەرھا شىڭشىڭشا تاغلىرىنىڭ بېشىغا قونۇۋېلىپ، ئاغزىدىن ئوت چېچىۋاتقۇدەك؛ بىر دەمدە قارا بوران كۆتۈرىلىپ، ئوردىنىڭ ئىگىز راۋىغىنى ئۆرۈپ تاشلىغىدەك. ئەجدىرھا بىر قولىنى سوزۇپ، شامەخسۇتنى گېلىدىن سىققان پېتى ئالدىغا تارتىپ بېرىپ ،< ھە سىنى نىمە قىلسام بولۇر> دېگىدەك. شۇ ئارىدا يەڭلىرىنى جەينىگىچە تۈرىۋالغان بىر قارا ساقاللىق كىشى ياغاچچىلار ئىشلىتىدىغان ئۆتكۈر پالتىنى كۆتۈرۈپ ئەجدىرھانىڭ ئالدىغا كەپتۇ- دە، <بۇنى ماڭا بىرىڭ، قۇمۇل خەلقىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلاي> دېگىدەك. ئەجدەرھا قاقاقلاپ كۈلۈپ،<خالىغىنىڭنى قىل> دەپ شامەخسۇتنى ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرگىدەك. ھېلىقى كىشى ئوردا قوۋىقىنىڭ ئالدىغا يىغىلغان قېلىن خەلق توپى ئىچىدە ئۇنى بىر كۆتەككە بېسىپ تۇرۇپ، پالتىسىنى ئىگىز كۆتۈرگىدەك...

شۇ چاغدا شامەخسۇت < ۋاي جان> دەپ قاتتىق چۆچۈپ ئويغاندى. پۈجۈڭ ئاغىچىمۇ ئويغىنىپ كېتىپ، دەرھال يوغان كىرسىن لامپىنى ياقتى- دە، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ قورقۇپ كەتتى ۋە يۈز- كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈشكە باشلاپ، < تىۋىپ چاقىرايمۇ > دىدى. شامەخسۇت بېشىنى چايقىدى. شۇ ئارىدا ئوردا مەسچىتىنىڭ مەزىنى ناماز بامداتقا ئەزەن ئېيتتى. شامەخسۇت نامازنى ئۆيىدىلا ئوقۇپ، سەۋسەر تۇمىغى بىلەن قاما جۇۋىسىنى ئىلدام كىيدى- دە، بايا چۈشىدە بوران ئۆرىۋەتكەن ئوردا راۋىغى تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرى ئەگەشتى.

شامەخسۇت راۋاقتا چىقىپ دەرھال شەرققە قارىدى. ئۆرلەپ چىقىۋاتقان كۈننىڭ نۇرلىرى قېلىن بۇلۇتلارنى خۇددى نەيزىدەك تېشىپ، تاغ باشلىرىغا سانجاق-سانجاق ئەلەملەرنى سانجىۋاتقىدەك كۆرىنەتتى. بىراق، شامەخسۇتقا كۈن ئەمەس، بايا چۈشىدە كۆرگەن ئەجدەرھانىڭ ئوت چېچىۋاتقان ئاغزى، تاغ ۋە بۇلۇتلار بولسا ئۇنىڭ گەۋدىسى بولۇپ كۆرۈندى- دە، ئۇ ئالقىنى بىلەن دەرھال كۆزىنى ئېتىۋېلىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ئوردىنىڭ غەرىپ ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىنى يېرىم چەمبەرسىمان ئوراپ تۇرغان ساناقسىز پاكار- پاكار ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان كۆكۈش ئىس ھالقىلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئۆزى تەرەپكە خىرىس قىلىپ كىلىۋاتقان بىر توپ ئەجدەرھادەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئوردىغا يېقىنراق جايلاشقان مەسچىتلەردىن ئۆيلىرىگە تارقىلىۋاتقان توپ - توپ جامائەت شامەخسۇت ۋاڭنىڭ راۋاقتا تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ ھەر قايسىسى ئورۇنلىرىدا يەرگىچە ئىگىلىپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. شامەخسۇت ئۇلارغا قارىدى- دە، ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ بايا چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى قارا ساقاللىق كىشى پالتا تۇتۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شامەخسۇت:< يا ئاللا، بۇ نىمە كارامەت؟ مەن نىمە بولىۋاتىمەن!> دەپ خىيالغا چۆمدى.»( ئۆتكۈر،1985، 106- 108)

روماننىڭ بېشىدىن باشلاپلا ئايقىز بىلەن ئامانقۇلنىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تويى بولغىچە بولغان ئارىلىق روماننىڭ تېمىسىغا ئايلانغان. بۇ باپ ئاساسەن بارلىق رومانلاردىكىگە

ئوخشاش ئەسەرنىڭ لىرىكىلىق ۋە مۇھەببەتلىك تەرىپىنى كۈچەيتكەن.«قىزنىڭ چۇگۇلۇپ كەتكەن قاپ ـ قارا چاچلىرى ئارىسىدا خۇددى بۇلۇتلار ئىچىدىن يېرىم كۆرۈنۈپ تۇرغان تولۇن ئايدەك يوملاق يۈزى مومدەك ئاقىرىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى؛ گەز باغلاپ كەتكەن نىپىز لەۋلىرى مەھكەم يۇمۇقلۇق تۇراتتى. يىگىت بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن دەرمانى كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ، نېرىراقتا قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ تۇرغان ئېتىنى تۇتۇپ كەلدى — دە، تېرە خۇرجۇندىن چايجۆشنى چىقىرىپ، چاي قاينىتىشقا كىرىشتى.چاي قايناتقاچ، ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، ياغاچ چۆچەكتە چاي ئىچكۈزۈشكە باشلىدى. قېنىق چاي بىلەن بىر پارچە پىشلاق قىزغا دەرمان بولدى چېغى، ئۇ خېلى تىتىكلىشىپ، بوينىغا چۈشۈپ قالغان ھال شايى ياغلىقىنى بېشىغا چىگىۋالدى. شۇ ئارىدا ئۆتكۈنچى يامغۇر قۇيۇۋەتتى. يىگىت بىلەن قىز بىر قارىغاي تۈۋىگە كېلىپ، يانمۇ ــ يان ئولتۇرۇشتى. قىز شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، يىگىت ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا بىر- ئىككى قېتىم قارىۋالدى. قىزنىڭ يېشىل مەخمەل كەمزۇلىغا قادالغان ئۈششاق كۆمۈش تەڭگىلەر بىلەن تۇمشۇقلىرى تاشتا تىلىنىپ كەتكەن گۈللۈك ئۆتىگى يىگىتكە غەلىتە كۆرۈندى .< ھەي بۇ قىز بىز خەقتىن ئەمەسقۇ؟ نەدىن كېلىپ بۇ يەردە يالغۇز تىنەپ يۈرگەندۇر !؟> دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئەمما گەپ سوراشقا پېتىنالمايتتى. قىز بولسا، ئۆزىنىڭ نىجادچىسى بولغان بۇ يىگىتكە ئاستىرتتىن قاراپ، نىمدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، گەپ قىلالماي لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.»( ئۆتكۈر، 1985، 10)

رومانىنىڭ كىرىش سۆزىدە بىلدۈرىلگىنىدەك، ئاپتورنىڭ مەخستى يالغۇز تۆمۈر خەلپىنى ياكى ئۇ باشلىغان مىللى ئىنقىلاپ ھەركىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشلا ئەمەس ئىدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ ۋەقەلەر بىلەن بىرلىكتە بىر كۈرەشنىڭ تارىخىي كۆلىمىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان. ئۆتكۈرنىڭ بۇ دىداكتىك مەۋقەسى رومانىنىڭ شەكلىنى ئاجىزلاتقاندەك ھېس قىلىنىسمۇ، ئاپتور مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ھەقىقىي مەلۇماتلارنى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مىللىي ئاڭنى ئويغاق تۇتۇش مەقسىتىمۇ كۆرسەتـ- ـمەكچى بولغان. ئۆتكۈرنىڭ (ئۆزىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا) بىر تەرەپتىن بىر بەدىئىي ئەسەر يارىتىش، يەنە بىر تەرەپتىن بىر زىيالىنىڭ ئۆز مىللىتىگە بولغان مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئورۇنداش مەخستىنىڭ بارلىغىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. رومانىدىكى شەخسلەر، ماكان ۋە زامان قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسۋىرىدە ئاشۇ مەقسەتكە دىققەت قىلىنغانلىغىنى كۆرىمىز. ھەم بارلىق كىشىلەر، ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى، ماكان قاتارلىق ئامىللار تامامەن تارىخىي رىئاللىقتا ئۇيغۇن بولغان. ئۆتكۈرنىڭ ئارىلاپ- ئارىلاپ تەپسىلىي يازغان باپلىرىنى بۇ «رىئالىزمچى» مەۋقەنىڭ بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە چۈشىنىش لازىم.

«ئىز» رومانى باشتىن ئاخىر «قۇمۇل تەلەپپۇزى» بىلەن قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، ناھايىتى مول بىر فولكورىك قۇرۇلمىغا ئىگە. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رومانىدا ئىنتايىن راۋان ۋە چۈشىنىشلىك بىر تىل ئىشلەتكەن ۋە تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشنى كۈچەيتكەن. ئاپتور ئەسەردە ئىشلەتكەن يات سۆزلۈكلەر خەلق تەرىپىدىنمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان ئورتاق تۈرك(ئۇيغۇر) ئەدەبىي تىلىنىڭ سۆزلۈكلىرى ئىدى. ئىدىيوملار ، ماقال ـ تەمسىللەر ۋە قوشاقلار مەۋجۇت تىلنىڭ تەركىپلىرى سۈپىتىدە رومانىدا ئۇتۇقلۇق ھالدا قوللىنىلغان. ئۆتكۈر ھەر قانداق ۋەقەنى خۇلاسىلاپ، تەسۋىرلەپ ۋە ئارىفانە بىر ئۇسلۇپ بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندىغان ۋە ئۇيغۇر تۈركلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىدىيوملار، ماقال- تەمسىللەر ۋە ھىكمەتلىك سۆزلەرگە ئورۇن بەرگەن. بۇ ئارقىلىق مەۋجۇت تىلنىڭ بارلىق تەركىپلىرىنى رومانغا ئېلىپ كىرگەن ۋە «تىل»نىڭ مىللىي كۈلتۈرنىڭ داۋاملىششىدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيتىنى تەدبىقلاپ كۆرسەتكەن. دىققەتنى تارتىدىغان باشقا بىر نوقتا بولسا، بۇ خىل تىل ۋە ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرى، ماقال- تەمسىل، ئىدىيوملار ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر ئاناتولىيە تەۋەسىدىكى شۇ خىل تەركىپلەر بىلەن بىر مۇنچە تەرەپتىن ئوخشاشلىقتا ئىگە ئىدىكى، بۇ خۇسۇس ئايرىم بىر ماقالىنىڭ تېمىسى بولغىدەك دەرىجىدە مول ۋە

ئەھمىيەتلىكتۇر. مەسىلەن:

ئاق ئىت، كۆك ئىت ـ ھەممىسى بىر ئىت(ئۆتكۈر، 1985، 36)

قۇشنى دان ئالدايدۇ، ئادەمنى گەپ. (ئۆتكۈر، 1985، 40)

ئاققىنا ياغلىق ئىچىدە،
بىر تۇگۇن گۈل ساقلىدىم.
گۈلنى ئېلىپ بېشىمغا،
تاجى قىلىپ سانجىدىم. (ئۆتكۈر، 1985، 310)

بۇ خىل ئەسەرلەردە شەكىل جەھەتتىكى تەپسىلاتلاردىن بەكرەك دېداكتىك قۇرۇلمىغا دىققەت قىلىشنى تېخىمۇ توغرا دەپ قارايمىز. چۈنكى تۈرك ئەدەبىياتى ئاناتولىيە ئەدەبىياتى بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس. بۇ ئۇقۇمنىڭ ئىچىگە بالقاندىن كاۋكازغا، جە ـ نۇپتا ئەرەپ يېرىم ئارىلىغا ۋە ئاسىياغا سوزۇلغان ناھايىتى كەڭ بىر جۇغراپىيىلىك بۆلگە ۋە بىر مۇنچە تۈركىي قەۋملەر، توپلۇقلار ۋە دۆلەتلەر كىرىدۇ. «ئىز» رومانى ئومۇمىي ئالاھىدىلىگى بىلەن بىر مەۋجۇتلۇق كۆرىشىنىڭ داستانىي ئىپادىسىدۇر. ئۆتكۈر تېخىمۇ ئىلگىرلەپ، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق كۆرىشىنىڭ داستانلىرىنى تېما قىلىش كىرەكلىگىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ يەردە «جەمئىيەت ئۈچۈن سەنئەت» بىلەن «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىنىمۇ ئەسكە ئېلىش مۇمكىن. ئۆتكۈرنىڭ بۇ چۈشەنچىسىدىن ئۇنىڭ «جەمئىيەتچى» تەرەپتە ئىكەنلىگىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. ھۆرلۈك كۆرىشى ئىچىدە تۇرۋاتقان مىللەتلەرنىڭ شائىرلىرى ۋە يازغۇچىلىرى ئومۇمەن ھەر ۋاقىت بۇ خىل مەۋقەنى(قىسمەن ئەھۋاللانى بۇنىڭ سىرتىدا) قوبۇل قىلغان.

ئەدەبىياتنى جەمئىيەتنىڭ ئەينىكى دەيدىغان نوقتىدىن ئېيتقاندا، ئۆتكۈرنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى «ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى چۈشىنىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش»، «مىللىي ئاڭنى ئويغاق تۇتۇش» ھەرىكىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش كېرەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەدەبىياتتىكى ھەر ـ بىر يېڭى تۈر ئاۋۋال تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. خۇددى ئاناتولىيە ئەدەبىياتىدا تانزىمات ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزغا كىرگەن تۈرلەرگە ئوخشاش، رومان تۈرىنىڭ بىزدىكى ئۆرنەكلىرىمۇ بەزىدە ئۆتكۈرنىڭ رومانىدا ئۇچرايدىغان شەكىل خاتالىقلىرىدىن خالى بولالمىغان ئىدى .لېكىن بۇ خىل ئەسەرلەر پەقەت بىر باسقۇچنى تەشكىل قىلىش ۋە كېيىنكى زىيالىيلارغا يول كۆرسىتىش جەھەتتىن ھەر ۋاقىت ئەھمىيەتلىكتۇر.

ئاخىرىدا، مەرھۇمنىڭ قەدىناسىنىڭ ئەسلىمىسىنى ئالاھىدە يەتكۈزىمەن:

## مەرھۇم قەدىناسىم ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنى ئەسلەيمەن

### خەلچەم تىلەشۋا



مەن ئۆتكۈرگە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇنىڭ ئايالى، ھەمراھى، يولدىشى ھەم سىرداش دوستى سۈپىتىدە ئەگىشىپ كەلدىم.

ھۆرمەتلىك ئۆتكۈر ئەپەندىم بىزدىن ئايرىلغىنىغا مانا ھەش ـ بەش دېگۈچە 18 يىل بولۇپ قاپتۇ. ئەپەندىم گەرچە نۇرغۇن ئارمانلار بىلەن كەتكەن بولسىمۇ، بىر مۇسۇلمان بولۇش سالاھىيىتى ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن خەلق ئۈچۈن، پايدىلىق ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

جۇملىدىن، ئائىلىمىز، پەرزەنتلىرىمىز ۋە كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇچۇنمۇ ئادىمىيلىكى ۋە پەزىلەتلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ قويۇپ كەتتى. مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!

مەن ئۆتكۈرگە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇنىڭ ئايالى، ھەمراھى، يولدىشى ھەم سىرداش دوستى سۈپىتىدە ئەگىشىپ كەلدىم. بۇ جەرياندا ئۆتكۈر بەزى تەتۈر سىياسەتلەرنىڭ شامىلىغا ئۇچراپ، ئائىلىمىز نۇرغۇن سەرسانلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆپلىگەن دىشۋارچىلىقلارنى تارتقان بولساقمۇ، ئەپەندىم مەيلى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بولسۇن ياكى ئۆز ئەسەرلىرىدە بولسۇن، ھەر قاچان ئۆز غورۇرىغا خىلاپ ئىش قىلىشتىن ساقلىنىپ كەلدى، ۋەتەن، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەت ھايات سىزىقىدىن چەتنەپ باقمىدى. ئۇنىڭ ھەر ـ بىر شېئىرى ۋە ئەسىرىنىڭ بىر ئارقا كۆرۈنۈشى بار دېيىشكە بولىدۇ.

1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بىراق، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق خېلى مەسىلە ئىدى. دېگەندەك ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي، ئۆتكۈر بۇ ئورۇندىكى ئەمەلدارلارنىڭ تۈرلۈك يول بىلەن خەلققە قىلىۋاتقان تالان ـ تاراجىنى ۋە پارىخورلۇقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، بۇ ئەمەلدارلار بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى توسۇش ئۇچۇن كۆرەش قىلىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ سۆزلىرى ھېچنەرسىنى ھەل قىلالمايدۇ. مانا مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر خادىم ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان خىراجەت ئىسمىيىسىنى ئۆتكۈرنىڭ ئىشخانىسىغا كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۆتكۈرگە قول قويۇپ تەستىقلاپ بېرىشنى ئېيتىدۇ. ئۆتكۈر ئىسمىيەگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قول قويۇشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئەمەلدار ئۆتكۈردىن نارازى بولۇپ، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ «تازىمۇ ئەخمەق بىر نېمە ئىكەنسەن، گەپ قىلماي قول قويىۋەرمەمسەن، ئۆزۈڭنىڭ تېگىشلىكىنى ئېلىپ خەجلەۋەرمەمسەن، بۇنداق ئىشلارغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىسەن؟» دەيدۇ. ئۆتكۈر بۇنىڭغا خاپا بولۇپ، ئۆزىنى باسالماي قالىدۇ ـ دە، خىراجەت ئىسمىيتىنى يىرتىپ ئۇ ئەمەلدارنىڭ بېشىغا ئېتىپ تىللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ باشقا ئىشخانىدىكىلەرمۇ يۈگۈرۈشۈپ چىقىدۇ. ئاخىرى بۇ ئىشقا سابىق رەئىس بۇرھان شەھىدى ئەپەندىممۇ ئارىلىشىپ جېدەل ئاران بېسىقىدۇ. ئەپەندىم شۇ خاپىچىلىقتا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بىر ئاخشامدا ئوقۇرمەنلەرگە تونۇش بولغان «خەجلە خائىنلار، خەجلە» دېگەن شېئىرنى يېزىپ چىقىدۇ ۋە ئەتىسىلا گېزىتخانىغا ئاپىرىپ ئېلان قىلدۇرىدۇ. بۇ شېئىردىكى مۇنۇ مىسرالار ئەپەندىمنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتى بولسا كېرەك.

خەجلە خائىنلەرەي خەجلە، بۇ ئەلنىڭ مالىنى خەجلە،
يېتىشمەي قالا ئۇ ھەم، ئېلىپ سەن جاننى خەجلە.

بۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈرنىڭ خىزمەتتىن كۆڭلى سوۋۇپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ قايتىپ كېلىدۇ ۋە كېيىنچە دارىلمۇئەللىمىن ۋە گېزىتخانىدىكى خىزمەتلىرىدىنمۇ ئىستىپا بېرىپ، ئەركىن ياشاپ ئۆز يېزىقچىلىقىنى قىلىپ ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەنمۇ ئەپەندىمنىڭ ئارزۇسىغا قوشۇلدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دادىسى ئوسمان ھاجىمدىن قالغان ئۇچتۇرپاندىكى قورو جايغا كۆچۈپ بېرىپ ياشاشنى قارار قىلدۇق ۋە شۇ يىلى 5 ـ ئايلاردا ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كەلدۇق.

ئۆتكۈرنىڭ يېزىقچىلىق قىلىدىغان قىرائەك چاغلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەينى چاغدىكى تەتۈر سىياسەتنىڭ كاساپىتى بىلەن تۈرمە ۋە رېجىم ئاستىدا ئۆتۈپ كەلمەسكە كەتكەن بولسىمۇ، سىياسەت ياخشىلانغاندىن كېيىن ئۇ ئۆمرىنى خەلق ئۇچۇن بىر نەچچە پارچە ئەسەر قالدۇرۇشقا بېغىشلىدى. 1970 ـ يىللىرىدىن باشلاپلا، يەنى ئەپەندىم ياغاچچىلىق قىلىپ ئائىلىمىزنى قامداۋاتقان چاغلاردىن باشلاپلا ئۇنىڭدا «ئىز» رومانىنى يېزىش ئويى شەكىللەنگەن ئىدى. ئۇ دەسلەپتە «قەشقەر كېچىسى»

داستاننى قايتا تۈزىتىپ يېزىش بىلەن بىللە يەنە بەزى شېئىرلارنى يېزىپ تۇردى. 1978 ـ يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەتقىقاتچى بولۇپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا يېزىقچىلىق ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت ھازىر بولدى. مەرھۇمنىڭ ئۆزى يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرىدىن باشقا ئەڭ پەخىرلىنىدىغان ۋە رازى بولغان ئەمگەكلىرىنىڭ بىرى شاھانە ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تەرجىمىسى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەش ۋە باش مۇھەررىرلىگىنى ئۆتەش بولدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە ماڭا ۋە باللارغا ئېيتقان: «مۇشۇ ”دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك“ بىلەن ”قۇتادغۇبىلىك“ كە مېنىڭ جىق قان ـ تەرىم سىڭدى جۇمۇ» دېگەن سۆزى ھېلىمۇ ئېسىمدە. بولۇپمۇ دەسلەپتە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نەشردىن چىققاندا ، ئۇ تولىمۇ خۇشال بولۇپ: «ئالالاھقا شۈكرى، ياﺋاللا بۇ كىتاپنى خۇددى بالامنى كۆتۈرگەندەك شەھەرمۇ ـ شەھەر كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، تىقىپ ساقلاپ بەكمۇ ئەنسىرىگەن ئىدىم. ھېلىمۇ بۇ ئەسەر تەرجىمە قىلىنىپ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى» دېگەن ئىدى. بۇ ھەقتە بىر قىستۇرما بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

1949 ـ يىللىرى بىز ئۈچتۇرپاندىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۆيدىكى بەزى كىلاسسىك ئەسەرلەرنى شۇ يەردىكى تاشاخۇن دادام دېگەن كىشىگە ساقلاپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدۇق. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى قالايمىقان ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن بۇ خىل كىتاپلارنى ئائىلىمىزدە ساقلاش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ساقلاپ قويۇشقا بەرگەن كىتاپلارنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ع ئۆتكۈر» دېگەن ئىمزاسى قويۇلغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»مۇ بار ئىدى. كېيىن يەنى، 1955 ـ يىلى بولسا كېرەك، سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى بۇ كىتاپنى سۈرۈشتۈرۈپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇ كىتاپنى يوشۇرۇپ قويغانلىقىمىزنى ئېيتىپ، كىتاپنى ساقلىغان تاشاخۇن دادىمىزغا كىتاپنى مۇشۇ سەيپىدىن ئەپەندى ئەۋەتكەن كىشىلەرگە بېرىش توغرىلىق بىر پارچە خەت يېزىپ، قولۇمنى بېسىپ بەردىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ ئۇ كىتاپنى نەدە، كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىگىدىن خەۋىرىمىز بولمىدى. 1978 ـ يىلى ئۆتكۈر ئەپەندىم ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە باشقا تەتقىقاتچىلار بىلەن بىرلىكتە دىۋاننى تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدىلا، كىتاپنىڭ ئىككىنچى ۋارىقىنى ئېچىپ بۇ دەل ئۆزىنىڭ ” ع ئۆتكۈر “ ئىمزاسى قويۇلغان ئاشۇ كىتاۋى ئىكەنلىگىنى كۆرۈپ بەك ھاياجانلانغان ئىكەن. ئۇقۇشمىزچە ئۇ كىتاپ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، سەيپىدىن ئەپەندىم بۇ كىتاپنى مۇزېيغا ئەۋەتىپ بەرگەن ئىكەن. مەنمۇ بۇ دۇنياۋى ئەسەرنى ئاسراپ، ساقلاش ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچۈمنى چىقارغىنىمدىن خۇشال بولدۇم.

مەن ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن «ئىز»، «ئويغانغان زىمىن» رومانلىرىنى يېزىش ئۈچۈن قۇمۇلنىڭ بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغ سەپىرىدە توپلىغان نۇرغۇن ئۇنىئالغۇ لېنتىلىرى، خەت ـ چەكلەر ۋە يانچۇق دەپتەرلىرىنى رەتلەپ چىقتىم. ئۆتكۈر ئەپەندىم ياش چېغىدىن تارتىپلا مەيلى خىتاي تىلى ئۆگىنىشتە بولسۇن، مەيلى ماتېرىيال توپلاش، زىيارەت ۋە سەپەرلەردە بولسۇن يېنىدىن يانچۇق دەپتەرلىرىنى ئايرىمايتتى. مەن ئۆزۈممۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قانچە قېتىم قۇمۇل تاغلىرىغا ماتېرىيال توپلاشقا بىللە بارغان ئىدىم. ئۇ بارغانلا يېرىدە شۇ يەردىكى ياشانغان كىشىلەر، تارىخى شەخسلەرنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان يەرلىك شىۋە ۋە ماقال ـ تەمسىللەرنى كىچىك يانچۇق دەپتەرلىرىگە يېزىۋالاتتى. ئۇ رومانلارنىڭ تۈرمۇشقا يېقىن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنىدەك چىقىشىغا، بەلكىم مۇشۇ خىل ئۇسۇللارنىڭمۇ ياردىمى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۆتكۈر بىر قېتىم ماڭا: ” خەلچىخان، ئەگەر توقۇلما رومان يازغان بولسام، بۇ چاققىچە نەچچە رومان پۈتۈپ بولغان بولاتتى، تارىخى رومان يازماق ھەقىقەتەن تەسكەن» دېگەن ئىدى.

ئۆتكۈر ئەپەندىم ھاياتىدا بەزى خاتا سىياسەت تۈپەيلى بىر قانچە قېتىم تۈرمىگە ئېلىنغان بولۇپ، تۇنجى قېتىم 1944 ـ يىلى 28 ـ مارت كۈنى 21 ياش چېغىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئەسەرلەرنى

ئوقۇغانلىقى، جۇملىدىن ئۆزىنىڭ ئىلغار پىكرلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن شىڭشىسەي تۈرمىسىگە سىياسي مەھبۇس سۈپىتىدە قامىلىدۇ. ئۇ چاغلاردا سەل ـ پەل ئىلغار پىكرلىك بولۇپ قېلىشنىڭ ئۆزىلا سىياسي مەھبۇسلۇققا تۇشۇپ قالىدىغان شەرت ئىدى. دېمەك، ئۇ زامانلاردا قانۇن دېگەن يوق بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ تەقدىرى بىر ئوچۇم جاللاتلارنىڭ قولىدا ئىدى. جاللات شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ ئىلغارلىق نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلاپ نەچچە ئونمىڭلىغان كىشىلەرنى، ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردە ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن ئۆسمۈر باللارنىمۇ سىياسى مەھبۇس قىلىپ تۈرمىلەرگە قامىدى. ئەپەندىمنىڭ «قەشقەر كېچىسى» داستانىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالار ئەنە شۇنىڭ ئىنكاسى ئىدى:

قىزىل پاچاق ئاتالدى ھەر زىيالى،
كۈنى شورلۇق،ئايانچلىق بولدى ھالى.
كىمكى داد دېسە، كەستى تىلىنى،
تىلى تۇرماق تۆكۈپ ئىچتى قېنىنى.

ئۆتكۈر ئەپەندىم تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ئانتېمىزمۇ ۋەيران بولۇپ كەتتى. چوڭ ئوغلىمىز جىددىي كېسەل بىلەن قازالاپ كەتتى. مەنمۇ قولۇمدىكى تۇققانلارنىڭ يېنىغا كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. كېيىن بىر يىلدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ يالقۇنلىرى كۆتۈرۈلگەندە، گومىنداڭ سىياسى نەيرەڭ ئىشلىتىپ ئاممىنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كېپىللىگى بىلەن بىر قانچە زىيالىلارنى تۈرمىدىن بوشىتىدۇ. شۇلارنىڭ قاتارىدا ئۆتكۈر ئەپەندىممۇ بار ئىدى. لېكىن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ نەزەربەند ئاستىدا قولۇلدا ياشىدۇق.

1950 ـ يىلى ئۆتكۈر ئەپەندىم يەنە بىر قېتىم سىياسىي مەھبۇسلار تۈرمىسىدە ئالتە ئاي ياتقاندىن كېيىن سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتىۋىدە رىجىم ئاستىدا تەرجىمانلىق قىلىدى. كېيىن 1953 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» دە نۇرغۇن پىرىنسىپال خاتالىقلار كۆرۈلگەچكە، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بۇيرىقى بىلەن ئۆتكۈرنى تەرجىمە ـ تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكەيدۇ. كۆپىنچە ئادەملەر ئۆتكۈر ئەپەندىنى پەقەت يازغۇچى، شائىر دەپلا تونۇيدۇ. ئەمما ئۆتكۈر ئەپەندى يەنە بىر يېتىلگەن ئەدەبىي تەرجىمان ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئىككىمىز بىر بۆلۈمدە ئىشلەيتتۇق. بۇ جەرياندا ئۆتكۈر ئەپەندىم تەرجىمە ئىشلىرىنى جان دىلى بىلەن ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە باشقا تەرجىمان يولداشلارغىمۇ كۆچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا خىتايچە جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا ، ئۇنى ئۆلۈك تەرجىمە قىلماستىن جانلىق، ئاممىباب تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزى بارلىق تەرجىمە ماقالىلەرنى باشتىن ـ ئاخىر سىلىشتۇرۇپ چىقىدۇ. باشقىلار سەككىز سائەت ئىشلىسە، ئۆتكۈر ئەپەندىم رېجىمدا بولغاچقا ئون سائەت ، ھەتتا بەزىدە ئون ئىككى سائەت ئىشلەيتتى. كېيىن 1956 ـ يىلى ئۇنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ھەپتىدە بىر قېتىم ئارام ئالىدىغان بولدى ۋە سىرتلارغىمۇ چىقىپ دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇق. شۇ يىللىرى «شەرقىي تۈركىستان گېزىتى» دە "رېنزاۋ ۋېيشىڭ 人造卫星 " دەيدىغان بىر ئاتالغۇ پەيدا بولدى. بۇنى ئۇيغۇرچىدە قانداق تەرجىمە قىلىش مەسىلىسى تەرجىمانلارنىڭ بېشىنى قاتۇردى. بەزىلەر ئاينىڭ يولدىشى دېسە، بەزىلەر ئاينىڭ ساياقدېشى، يەنە بەزىلەر ئاينىڭ سايىسى دېگەندەك پىكرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بىرلىككە كېلەلمەي ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆتكۈر ئەپەندى «سۈنئىي ھەمراھ»دېگەن ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئاتالغۇنى ھەممەيلەن بىردەك قوللايدۇ. بۇ ئاتالغۇ ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندى مەيلى تۈرمە ھاياتىدا بولسۇن ۋە ياكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا بولسۇن، ناھايىتى رەتلىك پاكىزە يۈرۈيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈمىدۋار روھى بولغاچقىلا، يەنە ھەر قېتىملىق قېقىلىپ-سوقۇلۇشلاردىن باش كۆتۈرۈپ، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىنى تىكلەپ، ئۆز مەيدانى ۋە ياشاش پەلسەپىسىدىن ئازماي يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇ تۈرمىدە ياتقان كۈنلەردە ، بىز يوقلاپ بارساق، گەرچە ئۇنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي ھوقۇقلىرى تارتىۋېلىنغان بىر ھالەتتە بولسىمۇ، ھەر قېتىم بىز بىلەن كۆلۈمسىرەپ كۆرۈشەتتى. ئالدىمىزغا رەتلىك. پاكىزە كىيىنىپ چىقاتتى. ئۆزىنىڭ دەپ بېرىشىچە، تۈرمىدە ساقال ئالغۇدەك تىغلىق نەرسە بولمىغاچقا، ئاياقدا قاققان ناھالنى سىلىقداپ بىلەپ ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ ئالدىمىزغا چىققان ئىكەن. شۇڭا، مەنمۇ دائىم پەرزەنتلىرىمىزگە «داداڭلارنىڭ بۇ خىل ئۈمىدۋار روھىنى ئۈلگە قىلىڭلار» دەپ تەربىيە بېرىپ تۇرىمەن.

مەرھۇمنىڭ ماڭا تەسىر قىلغان يەنە بىر پەزىلىتى شۇكى، ئېسىمنى بىلسەملا باشقىلار ئەپەندىم بىلەن ھەمسۆبەتتە بولۇپ مۇڭدىششقا ئامراق ئىدى. ئۆتكۈر ئەپەندىممۇ مەيلى تەڭتۇش،كەسپداش، ئۇلپەتداشلىرى بولسۇن ياكى شاگىرت ھېرىسمەن ئوقۇغۇچىلىرى بولسۇن ۋە ياكى مويسىپىت تونۇش بىلىش بۇرادەرلىرى بولسۇن، ئۇلار بىلەن كىچىك پېئىللىق بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولاتتى.سۆھبەتلەردە ئۇلار بىلەن دانالارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى، ماقال-تەمسىللەرنى ۋە ئۇلۇغ كىتاپلاردىن مىساللارنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇلارنى مەنپىئەتلەندۈرەتتى. ئۆتكۈر ئەپەندىم ئىزدەپ كەلگەن ھاجەتمەنلەرنى ھەرگىز ئۈمىدسىز يولغا سالمايتتى. گەرچە بەزى ئىشلاردا ئەمەلدار بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قولىدىن كەلمىسىمۇ، «ئۇ ئادەملەر ماڭا ئىشىنىپ كەپتۇ، بۇلارغا ھېچ بولمىسا بىر يول كۆرسىتىپ قويۇشۇم لازىم» دەيتتى ۋە ئۇ ئادەملەرنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىشقا ۋە ئۆزىنىڭ تونۇش-بىلىشلىرىگە خەۋەر قىلىپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياتتى. ئۆتكۈر ئەپەندىم يەنە باشقىلارنىڭ تەلىۋىنى ئاسان رەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭ رەت قىلالماسلىقىمۇ يەنە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدىن ئىدى. **1984**-يىلى بىر كۈنى ئۇ گېزىتتە بىر ئەرباپنىڭ تەڭرىتېغىنى ئاق بايراققا ئوخشىتىپ يازغان ئەسىرىنى ئوقۇپ، شۇ كۈنى كېچىچە ئۇخلىيالمايدۇ ۋە ئەتىسى ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا «مەن ئاق بايراق ئەمەس» ناملىق بىر شېئىر يازغىنىنى ماڭا ئېيتىدۇ. لېكىن، ئۇ شېئىرنى سالامەتلىگى ياخشى بولماي قېلىپ بىر مەزگىل تېخى ھېچيەردە ئېلان قىلمىغان ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۈنۋېرستىتى ئوقۇغۇچىلىرى كېلىپ، ئۆتكۈر ئەپەندىنى **1984**-يىلى **9**-دىكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى پائالىيىتىنى خاتىرلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەپەندىم ئۆزىنىڭ دەم سىقىلىش كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قالغىنىغا قارىماي ئۇ ياشلارنىڭ تەلىۋىنى يەردە قويماي سورۇنغا بارماقچى بولىدۇ. مەن قىزىم روشەننى دادىسىغا ھەمراھ قىلىپ يۆلەپ بېرىشنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈر ئەپەندى شۇ كۈنكى سورۇندا ئاشۇ «مەن ئاق بايراق ئەمەس» دېگەن شېئىرنى تۇنجى قېتىم ئوقۇغان ئىدى. بىزمۇ كېيىن تېلېۋىزۇردىن كۆردۇق. ئۇ شېئىرنى شۇنچىلىك ھاياجان بىلەن ئوقۇپتۇ. سورۇندىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ ئارىلىقتا نەچچە قېتىم چاۋاكلار ياڭرىتىپ، شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قايتا چاۋاكلار بىلەن ئۇلارمۇ ئۆز ھاياجانلىرىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ سورۇننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس بىر سورۇن بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

ئۆتكۈر ئەپەندىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن چەتئەلدىكى ئۇرۇق-تۇققانلىرىمىز ۋە تونۇش-بىلىشلەرنىڭ يەتكۈزگەن ئۇچۇرلىرىغا ئاساسەن چەتئەلدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرشۇناس تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ۋە ئەسەرلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. مەسلەن: ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى**jastin Jon Rudelson** ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى «بوستانلىق كىملىگى» ناملىق كىتاۋىدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى ئۇيغۇر ئەدىپلىرىگە ۋەكىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىپ، ئۆتكۈرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىنى ئوقۇتمەنلەرگە سۇنغان. 1994 ـ يىلى ئاۋستىرالىيەدىكى Griffith University گرىففىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى Colin Mackerras شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن ۋاقتىدا، ئۆتكۈر ئەپەندىم بىلەن ھەمسۆبەتتە بولغان بولۇپ، ئۇ ئادەم قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆز كىتاۋىدا «ئىز» شېئىرىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان ۋە «ئىز» رومانىنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلغان. تۈركىيە گازى ئۇنىۋېرسىتېتىنى پروفېسسورى ھۈليا كاساپ ئوغلۇ چەگگەل دوكتۇرلۇق دېسسېرتاتسىيەسىنى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى بىلەن ياقلىغان. بۇ گۈزەل خانىم «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرى» ناملىق كىتاپ (2000 ـ يىلى) ۋە «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرىدىكى ھۆرىيەت ۋە كۈرەش»(1998 ـ يىلى)، «ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم تىلەشۇپ ئۆتكۈر» (2002 ـ يىلى) ، «تۈركولوگ ۋە شائىر يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر» قاتارلىق ماقالىلەرنى خەلقئارالىق ژورناللاردا ئېلان قىلىپ ۋە كونفىرانسلاردا ئوقۇپتۇ.

مەرھۇمنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسىپ ئەھلىلىرى تەھلىل ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. مەن پەقەت ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل پەزىلەتلىرى ئۈستىدىلا ئۆزۈم گۇۋاھ بولغان بەزى ئىشلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. ئۆتكۈر ئەپەندىم بىزگە ماددىي بايلىق قالدۇرۇپ كەتمىدى، ئائىلىمىزدىكىلەرگە بىر ئۆلۈغ ئاتا بولۇشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بېرىپ كەتتى، كېيىنكى ئىزباسارلارغا ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم نەمۇنە ـ ئابىدىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئابىدىلىرى بىزنىڭ مەڭگۈلۈك بايلىقىمىز.

2013 ـ يىل 28 ـ ئىيۇل ، ئۈرۈمچى

# ئابدۇسالام توختى

ئابدۇسالام توختى 1934 ـ يىل 11 ـ ئايدا غۇلجا ناھىيسىنىڭ نوغايتۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ، 1941 ـ يىلدىن 1951 ـ يىلغىچە غۇلجا «ئۇمىد مەكتىۋى» دە، ئەخمەت ـ جان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىدا ئوقىغان. 1951 ـ يىلى سابىق ئاتالمىش شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ، 1953 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىندە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن . 1956 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ دەرسلىك بۆلۈمىدە ۋە ئاتالمىش شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا مۇھەررىر ، باش مۇھەررىر ، نەشرىيات باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئابدۇرسالام توختى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ، ئۇ ، 1952 ـ يىلى «ئالغا» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «مېنىڭ ئەقىدەم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئىزچىل تۈردە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «ۋەتەن» ، «قوش يۈرەك» ، «گۈلدەستە» ، «دوستلۇق شەنىگە» ، «نۇر چېچىپ ئاتقاندا تاڭ» ، «خەلقىمگە» ، «تەڭرىتاغ ھەققىدە مۇخەممەس» ، «ئانا تىل» قاتارلىق نەچچە يۈزلەپ شېئىر ۋە بىرقىسىم داستان ، بالىلارنى كىتاپخانلارغا تەقدىم قىلغان .

ئابدۇرسالام توختى پىشقان مۇھەررىر ۋە نەشرىياتچى . ئۇ ، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە 40 يىلغا يېقىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىشلەپ ، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش ۋە ئۇلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن ئەمەلىي ھەم ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى . ئابدۇسالام توختى «ئەدەبىيات» ، «ئېلىپبە» ، «ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى» ، «ئوقۇشلۇق ۋە يېزىقچىلىق» ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ، «تىل ـ ئەدەبىيات پايدىلىنىش قوللانمىسى» قاتارلىق 37 خىل دەرسلىك

كىتابىنى شەخسەن ئۆزى تۈزۈپ چىقتى . ئۇ يەنە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (1 ـ ، 2 ـ قىسىم) ، «ئەدەبىيات» ، «چەتئەل ئەدەبىياتى» ، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق دەرسلىك كىتاپ ۋە «تارىم چېچەكلىرى» ، «قىزىل تاغ باتۇرلىرى» ، «ئۇيقۇسىز كېچىلەر» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بولۇپ 300 پارچىدىن كۆپرەك كىتاپنىڭ جاۋاپكار مۇھەررىرى بولدى.

ئابدۇسالام توختى يەنە ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىمۇ ئاز بولمىغان ئىشلارنى قىلغان . ئۇ ، شېكسپىر ، پۇشكىن ، چېخوۋ ، ئۆمەر ھەييام ، دۇفۇ ، بەي جۈيى ، لۇشۈن ، گومورو ، ئەي چىڭ قاتارلىق جۇڭگو ۋە چەت ئەل شائىر ـ يازغۇچىلىرىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىدىن 500 پارچىدىن كۆپرەكىنى تەرجىمە قىلىپ ، خەلقىمىزگە تونۇشتۇرغان.

ئابدۇسالام توختىنىڭ «گۈلدەستە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1981 ـ يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، بىر قىسىم شېئىرلىرى كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن.

ئابدۇسالام توختى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ، ئاتالمىش شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان ئىدى.

50 يىللاپ مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇرچە ساۋادىنى چىقىرىشنى ئۆلچەملىك ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتكەن بۇ تۆھپىكار پىداگوك ، پېشقەدەم شائىر ئابدۇسالام توختى ئەپەندى 2011 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى (پەيشەنبە) چۈشتىن كېيىن كېسەل سەۋەبى بىلەن 77 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتتى . 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى (جۈمە) ئۈرۈمچى بەيتۇلمەئمۇر جامەسى (نوغاي مەسجىدى) دە جۈمە نامىزىدىن كېيىن نامىزى چۈشۈرۈلۈپ ، ئۈرۈمچى گۈلساي قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى . مەرھۇمنىڭ ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي !

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن



ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىق ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەم بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر ئالىم، تالانتلىق ئەدىپ، تۆھپىكار مائارىپچى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغئېرىق كەنتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ دىنىي تەربىيىنى قىسقا مۇددەت ئالغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلىغىچە نەزەرباغدىكى قەشقەر دارىلمۇئەللىمى ئوتتۇرا مەكتىۋىدە 4 يىل ئوقۇغان. 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدىكى سابىق ئاتالمىش شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو ـ خىمىيە فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1955 ـ يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان ئاتالمىش شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى (ئۇيغۇرچە نەشرى)نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ تەتقىقات ھاياتى ئەنە شۇ يىللاردا رەسمىي باشلانغان. ئۇنىڭ ئىككى تىلدا يازغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1956 ـ يىلى مەركىزىي ئىلمىي ژورنالنىڭ خىتايچە ھەم ئۇيغۇرچە سانىدا ئېلان قىلىنغان . بۇ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قۇتادغۇبىلىك ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تۇنجى ئىلمىي تەتقىقات ئىدى. ئەمما ئۇ مۇشۇ ماقالىسى سەۋەبىدىن 20 يىل ئوڭچى قالپىقى كىيگەن. 1959 ـ يىلى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا ئەۋەتىلىپ، 1961 ـ قويۇۋېتىلگەن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» باشلانغانغا قەدەر تۆت يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەريانىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا نازارەت ئاستىدا ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا جۇڭگونىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلىرى بولغان«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرىنى، 24 تارىخنى،ئەنگلىيە دراماتورگى شېكسپىرنىڭ 36 سەھنە ئەسىرى، ھىندىستاننىڭ رامانايا،ماخاپىراتا داستانلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان 15توملۇق(32كىتاپ) دۇنيا تارىخى، ئومۇمي تاڭ نەزملىرى، بايرۇننىڭ دون خۇئان داستانى، ھومېرنىڭ ئىللادا ۋە ئودېسسا داستانلىرى، يۇنان ۋە رىمنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، قۇرئان كەرىم، ئىنجىل ۋە تەۋراتنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرى، ئەپلاتۇن، ئارستوتىل ئەسەرلىرى، دانتىنىڭ تەڭرى كومىدىيىسى داستانى، گومورو ۋە تيەنخەننىڭ تارىخى دراملىرى، نەۋائى، بابۇر، مەشرەپ شېئىرلىرى قاتارلىقلارنى ئوقۇغان ۋە ئۆگەنگەن. ئۇ بۇجەرياندا 30 نەچچە خاتىرە دەپتەرنى ئۆگىنىش خاتىرىسى بىلەن تولدۇرغان. ئۇ مۇشۇ يىللاردا «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق داستان ۋە «سۇمۇرۇغلار قوشىغى»، «قەدىمكى يىپەك يولى»، «خەن ئوردىسىدا باھار»، «مەلىكە خۇارۇڭ»، «تەڭـ ـرىتاغ ناخشىسى»، «دات باسماس قىلىچ»، «پىلە مەلىكىسى» قاتارلىق يەتتە پارچە تارىخىي دراما يېزىپ چىققان. «جاۋاھىرۇل ھاقايىق» دېگەن ماۋزۇدا قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا(بۇ كىتاپ 1995 ـ يىلىنىڭ بېشىدا 4 ـ قېتىم تۈزىتىلگەندە ئالىم قەدىمكى تۇران تارىخى دەپ ئاتىغان) ناملىق كىتاپنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى قولدىن چىقارغان. يەنە بارماق ۋەزنىلىك بىر تۈركۈم مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يېزىپ چىققان.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش روھى كۈچلۈك بۇ ئالىم ئاق تېرورلۇق قاپلىغان ئاشۇ ئەنسىز يىللاردا پارچە ـ پارچە يازغان 500 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىيسىنى رەتلىگەن . «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»(بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى تۇنجى نەسرلەر توپلىمى)ناملىق لىرىك نەسرلەر توپلىمىنى تولۇق تاماملىغان . 1978 ـ يىلى «سىياسي جەھەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ھەم خاتا ئوڭچى قىلىنغان» دېگەن خۇلاسە بىلەن ئاقلانغان ۋە 1980 ـ يىلى ئەدەبىيات فاكۇلتىتىغا يۆتكىلىپ ئومۇمي ئىستىتىكا دەرسىنى تەسس قىلىپ ئۆتتۆشكە كىرىشكەن . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كىتاپ، ماقالە، رۇبائىي، شئىر ـ غەزەللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلان قىلىنىشقا باشلىغان. 1986 ـ يىلى ئۇ ياپونىيىدە ئىلمي زىيارەتتە بولۇپ «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يىتۆك قامۇسى ـ قۇتادغۇبىلىك» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەن. 1980 ـ يىللاردا ئۇنىڭ 200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمي ماقالىسى ، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە، شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسۇل سەنئىتى، فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى، ئومۇمي ئېستېتىكا، چوغلۇق، رۇبائىيات (1)، رۇبائىيات(2)، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» قاتارلىق كىتاپلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ئېلان قىلىنغان: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «ئارىفنامە»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» قاتارلىق بىر قاتار ئىسىل ماقالىلىرى ۋە «سىكتاي ـ ساك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق»، «ئۇيغۇر ئەجـ ـدادلىرى مەي مەدەنىيىتى»، «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»، «ئەلشىر نەۋائىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىخانلىق ئەنئەنىسى»، «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا» ، «ھەققەت ئۈسـ ـتىدە ئىزدىنىش» ، «ھەقىقي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مۇلاھىزە ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنى چۈشىنىشتە ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى يول ئېچىپ بەردى . ھەققەتەنمۇ بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنىڭ ئاشۇ يىللاردا يازغان ۋە تۈزەتكەن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، «غەربىي يۇرت تاشكىمىر سەنئىتى» ، «قوتادغۇ بىلىك خەزىنىسى»، ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» قاتارلىق كاتتا ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ نەشر قىلىندى . «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسلىسى ھەققىدە» ، «يىپەك يولى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىش» ، «سوغدىلار ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا» ، «چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئىلمي ماقالىسىمۇ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى .

بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىغا يېپ - يېڭى تۆس قوشقان ئىدى.
ئەپسۇسكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى،تالانتلىق ئەدىبى، تۆھپىكار باغۋىنى، مول مېۋىلىك پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ئۆزىنىڭ بىر تالاي يازمىلىرىنى، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى خەلقىگە قالدۇرۇپ، 1995 - يىلى 2-ئاينىڭ 27-كۈنى زىققا كېسىلى تۈپەيلى تۈزۈلمە قوزغىلىشى سەۋەبى بىلەن 62 يېشىدا بۇئالەم بىلەن خوشلاشتى.
خەلقىمىز بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ!

## ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى

(ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىننىڭ «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر» ناملىق كىتاۋىنىڭ ئاخىرىغا يېزىلغان «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى» دېگەن ماقالىدىن ئېلىندى)

## نەشر قىلىنغان كىتابلىرى:

1. «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (1980 - يىلى)
2. «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى "ئون ئىككى مۇقام"ھەققىدە» مىللەتلەر نەشرىياتى (1980-يىلى)
3. «رۇبائىيات»(1) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى(1982 - يىلى)
4. «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى(1982 - يىلى)
5. «چوغلۇق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (1986 - يىلى)
6. «ئومومىي ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى (1985 - يىلى)
7. «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستىمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى(1986 - يىلى)
8. «قارلىق تاغ شەجەرىسى» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى(1988 - يىلى)
9. «رۇبائىيات» (2)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى (1989 - يىلى)
10. «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىستېتى نەشرىياتى(1994 - يىلى)
11. «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى(1997 - يىلى)
12. «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى(1997 - يىلى)
13. «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى(1998 - يىلى)
14. «"قۇتادغۇبىلىك"خەزىنىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى(1999 - يىلى)
15. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى(2000 - يىلى)
16. «ئابدۇشكۈر مۇھەممەتئىمىن ھىكمەتلىرى» (1) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى( 2000 - يىلى)
17. «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھىكمەت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى(2001 - يىلى)
18. «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدىنىيتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى(2002 - يىلى)
19. «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»("تۇران تارىخى") ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى(2002 - يىلى)
20. «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى(2002 - يىلى)

## ئالىمنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن كىتاپلار:

1. «جاھاننامە»(2) (بۇ كىتاپقا "گۈللۈك دوپپا توغرىسىدا " ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)
2. « مەھمۇد قەشقەرى» ( بۇ كىتاپقا "ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 -ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى" ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)
3. « غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر » (بۇ كىتاپقا بەش پارچە غەزەل ، بىر پارچەمۇخەممەسى كىرگۈزۈلگەن )
4. «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا » ( بۇ كىتاپقا " يۈكسەك قەلبنىڭ شېئىرى ھەيكىلى " ناملىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئوبزورى كىرگۈزۈلگەن )
5. « يېڭى رۇبائىيلار » ( بۇكىتاپقا ئالتە پارچە رۇبائىيسى كىرگۈزۈلگەن )
6. «"قۇتادغۇ بىلىك" ھەققىدەبايان»(1) (بۇ كىتاپقا «"قۇتادغۇ بىلىك" ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)
7. «"قۇتادغۇ بىلىك" ھەققىدە بايان»(2) (بۇ كىتاپقا « ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)
8. «ئاھ، يۇلتۇزلار» (بۇ كىتاپقا بىر پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن)،
9. «ياپراقتىكى نەقىشلەر» ( بۇ كىتاپقا تۆت پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن)
10. « توي چاچقۇسى» ( بۇ كىتاپقا 17 پارچە رۇبائىي ۋە غەزىلى كىرگۈزۈلگەن)
11. «100 شېئىر» ( بۇكىتاپقا ئىككى پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن )
12. «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» ( بۇ كىتاپقا بىر پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن)
13. «قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر» ( بۇ كىتاپقا "ئىزگۈ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى" ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)
14. «قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە » ( بۇ كىتاپقا "ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە " ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن )
15. « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە » (بۇ كىتاپقا ئالىمنىڭ "ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى توغرىسىدا" ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)
16. « ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى » (2) (ئالىم بۇ كىتاپنىڭ ئىككىنچى قىسىم 2 ـ پاراگراف ۋە 2 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ ، 10 ـ بابلىرىنى يازغان)
17. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى» (بۇ كىتاپقا "ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى توغرىسىدا" ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)
18. «ئىبىن سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىگى » (ئالىم بۇ كىتاپنىڭ كىرىش سۆزىنى يېزىپ بەرگەن)
19. «سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ئاساسلىرى» (ئالىم بۇ كىتاپقا بېغىشلىما ماقالىسى يېزىپ بەرگەن)
20. «ئاھ، نۇرلۇق ئابىدىلەر» (بۇ كىتاپقا بەش پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن)
21. «ئابدۇكېرىم خوجا ئىجادىيىتى توغرىسىدا» (بۇ كىتاپقا بىر پارچە شېئىرى ۋە "ئۇ شېئىرلىرى بىلەن خەلق قەلبىدە ياشايدۇ" ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)
22. «ئەدەبىيات » (بۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ يىللىقنىڭ دەرسلىك كىتاۋى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالىمنىڭ " كىتاپ ۋە كىتاپ مەدەنىيىتى" ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)
23. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» ( بۇ كىتاپقا «ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى» ناملىق ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن)
24. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى» ( ئالىم بۇ كىتاپنىڭ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا ئائىت قىسمىنى يازغان)
25. «يىپەك يولى مۇزىكا سەنئىتى» ( بۇ كىتاپقا «ئون ئىككى مۇقام ۋە تۆردى ئاخۇن » ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) (خىتايچە نەشر قىلىنغان).
26. «شاھنامە» (بۇ كىتاپقا «شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مىسلىسىز ئەزىمەت ـ ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن )
27. «كۆكزى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 2540 يىللىقىنى خاتىرلەش مۇھاكىمە ماقالىلار توپلىمى» (بۇ كىتاپقا «كۇڭفۇزى ۋە قوچۇ مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن )
28. «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر ناۋائىي» ( بۇ كىتاپقا «ئەلىشىر ناۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدە ئىز ـ دىنىش» ۋە «ئەلىشىر ناۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى» قاتارلىق ئىككى پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن )

29.«تارىم ۋە مەن» ( بۇ كىتاپقا «تەبرىك ۋە ئۈمىد» ناملىق بىر پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن )
30.«تاللانغان رۇبائىيلار» (بۇ كىتاپقا ئالىمنىڭ 10 پارچە رۇبائىيسى كىرگۈزۈلگەن)
31.«بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىگى» (بۇ كىتاپقا ئالىمنىڭ«شېئىرىيەت ئېستېتىكىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن )

## ئالىمنىڭ ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى:

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىننىڭ تا هازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى 200 پارچىگە يېقىن بولۇپ، بۇ ماقالىلاردىن «غەربىي يۇرت تاشكىمىر سەنئىتى» دە 168 پارچە ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» دا 181 پارچە ، «كىتاپ مۇنبىرى» ژورنىلىدا 170 پارچىنىڭ كاتولوگى ئېلان قىلىنغان ئىدى .

1. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى»( «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى » 1956 ـ يىل ئۇيغۇرچە 3 ـ سان ، خىتايچە 4 ـ سان ).
2. «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە تىپ مەسىلىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىم» ( «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1956 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 4 ـ سان )
3. «ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىسلىرى »( <1> «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1980 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 2 ـ سان ؛ <2> «پەلسەپە تەتقىقاتى» ژورنىلى 1980 ـ يىللىق خىتايچە 4 ـ سان )
4. «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1980 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 4 ـ سان )
5. «نان ۋە تونۇر» («مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» 1980 ـ يىلى 3 ـ سان ، خەنزۇچە نۇسخىسى )
6. «ئون ئىككى مۇقام ۋە تۇردى ئاخۇن» ( <1> «شىنجاڭ گېزىتى» 1980 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈندىكى سانى ؛ <2> «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1980 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 1 ـ سان ؛ <3> «يىپەك يولى مۇزىكا سەنئىتى» 1980 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان خەنزۇچە ماقالىلار توپلىمى، بۇ توپلامغا ئالىمنىڭ يۇقارقى ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن؛ <4> «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى 1980 ـ يىللىق خىتايچە 4 ـ سان ) .
7. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ـ ئىبنى سىنا» (ئىبنى سىنا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ) ،«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» ئۇيغۇرچە 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان
8. «ئەرەپ مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا ئويغىنىشى» (<1> «كىتاپلارغا باها» ژورنىلى،1980 ـ يىللىق 4 ـ سان ؛ <2> «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان)
9. «يۈسۈپ خاس هاجىپ ـ فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان ).
10. «مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى» («تارىم» ژورنىلى 1981 ـ يىللىق 4 ـ سان)
11. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ تەتقىقات تېزىسلىرى» («بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىللىق 1 ـ سانى )
12. «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى» ("پەلسەپە تەتقىقاتى" ژورنىلى 1981 ـ يىللىق 1 ـ سانى )
13. «قەدىمى كۆسەننىڭ ئاتاغلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى كۇمراجىۋا» («پەلسەپە تەتقىقاتى» ژورنىلى

www.uyghurkitap.com



1981 ـ يىللىق 11 ـ سان)

14. «ئەل قانۇن فىت تىپ ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان )

15. «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدا بوستانلىق بىلەن چۆللۈكنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان ).

16. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت زاتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان )

17. «گۈزەللىك تەربىيىسى ۋە ئۇنىڭ رولى» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق 10 ـ ، 11 ـ ، 12 ـ سانلىرى )

18. «ئامانىنساخان ۋە ئون ئىككى مۇقام» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان)

19. «ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە 1982 ـ 4 ـ سان 20. «رۇخسارى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ ئىجادچىسى زىكرى ئەلفەتتا» («شىنجاڭ گېزىتى» 1982 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانى).

21. «ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۆلۈغۋار نامايانده» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان).

22. «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ يېڭى زېمىننى ئاچايلى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سان ).

23. «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق خەزۇچە 2 ـ سان ).

24. «قۇتادغۇبىلىك ۋە مائارىپشۇناسلىق» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق 9 ـ ، 10 ـ سانلىرى ).

25. «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگىنىڭ تارىخى تەسۋىرى» («قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان ) .

26. «قەدىمكى كۈسەن كلاسسىك ئۇسۇلى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى سانى ).

27. «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى» («قۇمۇل ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان ).

28. «پەرھاد ـ شىرىن تراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى» («ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان ).

29. «قەدىمكى كلاسسىك ئۇسۇلنىڭ يېڭى ھاياتقا ئېرىشىشى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1984 ـ يىللىق 25 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى ).

30. «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» («تارىم» ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق 5 ـ سان).

31. «ئۈرۈمچىنىڭ ھەرخىل يەرناملىرى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 ـ يىلى 23 ـ مارتتىكى سانى)

32. «ئەڭ قەدىمكى ئۈرۈمچى ۋە ئۆرە قاڭقىللار» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇندىكى سانى ).

33. «ئېستىتكا قانداق پەن؟» («ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى» 1984 ـ يىلى ئوموميي 8 ـ سان ).

34. «يۈكسەك قەلبىنىڭ شېئىرىي ھەيكىلى» («كىتاپلارغا باھا» ـ «شىنجاڭ كۈتۈپخانىچىلىقى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى 3 ـ سان ).

35. «تۇرپان ئۈزۈمى ۋە تۇرپان شارابى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1985 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇندىكى سانى ).

36. «ئەلشىر نەۋائىي ۋە سەددى ئىسكەندەر» (<1> «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىللىق 4 ـ سان. <2> «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985 ـ يىلى 2 ـ نويابىردىكى سانى ).

37. «پۇتمەس ـ تۈگمەس بايلىق ۋە ئەبەدىي يادىكارلىق» ( «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تولۇق نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن) ، تارىم ژۇرنىلى1985 ـ يىللىق12 ـ سان.
38. «كۈسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسۇل سەنئىتى»(1)«شىنجاڭ سەنئىتى»ژورنىلى، خەنزۇچە 4 ـ سان).
39. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئىپتىخارى» («شىنجاڭ سەنئىتى»ژورنىلى 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان).
40. «ۋېنتسىيلىك ماركوپولو ۋە شەرق مەدەنىيىتى» ( «تىيانشان ئىكرانى» ژورنىلى 1985 ـ يىللىق 6 ـ سان).
41. پاكىستان رەڭلىك ھىكايە فىلمى ـ «پاكلىق»(«شىنجاڭ گېزىتى» 1985 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇستتىكى سان)
42. «قوغۇن ۋە ئۇنىڭ ماكانى» ( «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985 ـ يىلى 12 ـ مايدىكى سانى).
43. «ئوتتۇرائەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى ـ "قۇتادغۇبىلىك" » (1) «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان؛ (2) «جەنۇبىي ئوكيان ئىلمىي ژورنىلى» ياپونچە 11 ـ سان.
44. «پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تەسەۋۋۇر تېزىسلىرى» (1) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتى ئىلمىي ژورنىلى» 1987 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ (2)«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» خەنزۇچە 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان.
45. «"قۇتادغۇبىلىك" ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى » (1) «يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى»، خەنزۇچە 1986 ـ يىللىق 2 ـ سان؛ (2) «يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى» ئىنگلىزچە 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان.
46. «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى بىر مۇھىم قانۇنىيەت» (1) «شىنجاڭ گېزىتى» 1986 ـ يىلى 11 ـ ماي خەنزۇچە سانى: (2) «شىنجاڭ گېزىتى» 1986 ـ يىلى 17 ـ ماي ئۇيغۇرچە سانى).
47. «"قۇتادغۇبىلىك"نىڭ ئىلمىي قىممىتى» ( "قەشقەر گېزىتى" 1986 ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى).
48. «ئېمپېدوكىل بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشىدىكى ئومۇملۇق ۋە ئالاھىدىلىك توغرىسىدا» ( «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان).`
49. «خاراكتېر ۋە خاراكتېر گۈزەللىگى» ( «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىلى 9 ـ ، 10 ـ ، 11 ـ فېۋرالدىكى سانلىرى).
50. «بىر شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» ( «شىنجاڭ گېزىتى» 1986 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇندىكى سانى).
51. «ئالۋاستى ۋە ئۇنىڭ يېگى قىياپىتى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇندىكى سان)
52. «رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى، شەكلى ھەققىدە» ( «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان).
53. «يۇقىرى ماھارەت ۋە ئېسىل سەنئەت ـ "مۇقام"ماي بوياق رەسىمى ھەققىدە» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1986 ـ يىللىق 12 ـ ماي سانى).
54. «گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ كومېدىك سىېلىشتۇرمىسى»(تىيانشان ئېكرانى 1986 ـ يىلى 6 ـ سان)
55. «مىرزا ھەيدەر ۋە تارىخىي رەشدى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 ـ يىللىق 3 ـ سان)
56. «ھەشەمەتخورلۇقنىڭ ئون چوڭ كاساپىتى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇندىكى سانى).
57. «جاباغان ئېلگە ساياھەت» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىلى 11 ـ ، 12 ـ ئايلاردىكى سانى)
58. «گۈللۈك دوپپا»( تارىم ۋە نەزىم )«شىنجاڭ سەنئىتى گېزىتى» 1986 ـ يىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



59. «"ئون ئىككى مۇقام"نىڭ تارىخىي قاتلىمى ۋە ئىستىتىك ئالاھىدىلىكى»(1) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان؛ (2)"شىنجاڭ سەنئىتى" ژۇرنىلى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ سان .
60. «يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر ـ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ( «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 ـ يىللىق 1 ـ سان).
61. «ئىجتىمائىي تەرەققىيات شەكلىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 2 ـ ، 3 ـ سانلار).
62. «ئەلشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۇستىدىكى ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېر ـ سىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان).
63. «ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتى تارىخىدىكى يېڭى نامايەندە» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىـ ـلى 1987 ـ يىللىق 6 ـ سان ).
64. «مۇھەممەد خارازمى ۋە "مۇھەببەتنامە"» (1)«بۇلاق» مەجمۇئەسى 1987 ـ يىلى ئومۇ ـ مىي 18 ـ سان (2) «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى خىتايچە 1990 ـ يىلى 2 ـ سان .
65. «ھاپىز شىرازى ـ شەرق شېئىرىيىتىدىكى ئىسيانكار ئۇستاز» («بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومومىي 20 ـ سان)
66. «مەشرەپ ـ ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر» («بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومومىي 19 ـ سان ).
67. «ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە ئوقۇلغان شىكايەتنامە» (" كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى" توغرىسىدا» ): «بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومومىي 18 ـ سان .
68. «بىر شېئىر ھەققىدە سۆز» ("شىنجاڭ گېزىتى" 1987 ـ يىلى 24 ـ يانۋاردىكى سانى ).
69. «ئىككى شېئىر ھەققىدە پاراڭ»("شىنجاڭ گېزىتى" 1987 ـ يىلى 19 ـ سېنتەبىردىكى سانى ).
70. «"ئاقسۇ ئەدەبىياتى"دىكى شېئىرىيەت ئۇنچىلىرىگە نەزەر» («ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1987 ـ يىللىق 3 ـ سان ).
71. «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1988 ـ يىللىق 10 ـ ، 11 ـ سانلىرى ).
72. «"يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى" دېگەن كىتاپقا باھا» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خىتايچە 1988 ـ يىللىق 5 ـ سان ).
73. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىنىزملىق مەدەنىيەت» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىللىق 5 ـ سان ).
74. «فارابى پەلسەپە ئىدىيىسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقىلىك زىددىيەت» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان ).
75. «خوجا باھاۋىدىن نەقشبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى" 1988 ـ يىللىق 3 ـ سان ).
76. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسەۋى ۋە يەسەۋىيچىلىك» («ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر» 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان ).
77. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى پروگراممىسى»(تۆت توملۇق«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتاپ ئۈچۈن تەييارلانغان)؛(1)«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمى ژۇرنىلى» 1987 ـ يىللىق3 ـ ،4 ـ سان:(2)«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتى ئىلمى ژۇرنىلى» 1987 ـ يىللىق4 ـ ،6 ـ سانلار.
78. «ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى» («بۇلاق» مەمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان ).
79. «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نىزامى گەنجىۋى» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان ).
80. «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ناسىر خىسراۋ» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 3 ـ سان ).
81. «شائىر خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدە» («بۇلاق» مەجمۇئەسى

1988 - يىللىق 4 - سان ).
82. «سەئىد شىرازى» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 - يىللىق 4 - سان ).
83. «زەللىلى شېئىرىيىتىنىڭ ئىدىيۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» 1988 - يىللىق 1 - سان ).
84. «كلاسسىك مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيۋى تەپەككۇر» ("شىنجاڭ گېزىتى" 1988 - يىلى 3 - دېكابىر سانى)
85. «ما زۇچاڭ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 16 - ئىيۇندىكى سانى).
86. «ھەمرائى غەزەللىرىنىڭ ھەققى مۇئەللىپى توغرىسىدا» («تارىم» ژورنىلى 1988 - يىللىق 5 - سان).
87. «ياش تامچىسىدىن ئۇرغىغان شېئىرلار» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1988 - يىللىق 3 - سان).
88. «ئەنئەنىۋىي ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 12 - ئىيۇندىكى سانى).
89. «تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش - مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 2 - ئۆكتەبىردىكى سانى ).
90. «ياشلار ۋە ئىقتىدار قىممىتى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 28 - ئىيۇلدىكى سانى ).
91. «ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مىللىي ئويغىنىش» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 13 - نويابىردىكى سانى ).
92. «ئۇ شېئىرلىرى بىلەن بىللە خەلق قەلبىدە» («شىنجاڭ گېزىتى" 1988 - يىلى 12 - مارت سانى)
93. «ئەسسالام قەشقەر، سالام ئانا دىيار» («قەشقەر گېزىتى» 1988 - يىلى 9 - سېنتەبىر سانى).
94. «"قۇتادغۇبىلىك" نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ھەققىدە» (1) «قەشقەرپېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» 1989 - يىللىق 1 - سان (2) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1990 - يىللىق خەنزۇچە 4 - سان .
95. «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنگىۋشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1989 - يىللىق 4 - سان ).
96. «مەدەنىيەت سىنكرېتىك قاتلام نەزىرىيىسى ھەققىدە بايان» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى 1989 - يىللىق 4 - سان ).
97. «شېئىرىيەتىمىزگە ئائىت بىر قانچە ئېستېتىكىلىق مەسىلە» («تارىم» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 1 - سان)
98. «شەرقى تەڭرىتاغ ئېتەكىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكىلات» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1989 - يىللىق 4 - سان ).
99. «مەدەنىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراش - سىنكرېتىك قاتلام قارىشى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىللىق 1 - سان ).
100. «مىللەتلەر تەرەققىيات تارىخى ئويلىنىشقا مۇھتاج» («يېڭى كۆزەتكۈچى» ژورنىلى 1989 - يىللىق 7 - سان ).
101. «ئېچىۋېتىلگەن ئاڭ ۋە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى» («جۇڭگو غەربىي قىسىم ئەدەبىياتى» ژورنىلى، خەنزۇچە 1989 - يىللىق 1 - سان ).
102. «مۇھىم بىر تارىخى تەجرىبە» («شىنجاڭ گېزىتى» 1989 - يىلى 8 - نويابىردىكى سانى ).
103. «ئاياللىق قەلبىنىڭ مىلودىيىسى» («تارىم» ژورنىلى ).
104. «ھەشەمەتخورلۇق ۋە قۇرۇق شۆھرەت» («شىنجاڭ گېزىتى» 1989 - يىلى 25 - يانۋاردىكى سانى ).
105. «ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يىپەك يولىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1989 - يىلى 27 - ئاپرېلدىكى سانى ).

www.uyghurkitap.com



106.«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە شائىرلىرىدىن نەمۇنە» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى سانى ).
107.«هەسەتخورلۇق هەققىدە هەسرەتلىك خىياللار»(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 1989 ـ يىللىق 6 ـ سان)
108. «مىللەتنىڭ بىرلىك ـ هەمدەملىگى ۋە ئۇنىڭ يۈرتۋازلىققا يەملىگى» («شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژورنىلى 1989 ـ يىللىق 5 ـ سان ).
109. «روهنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» (1) («شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژورنىلى 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان) ؛ (2) («مىللىي يازغۇچىلار» ژورنىلى 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان ).
110. «4 ـ ماي هەركىتى ۋە لۇشۈن روهى» («تارىم» ژورنىلى 1989 ـ يىللىق 10 ـ سان ).
111. «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخى قاتلىمى» (1) («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتى ئىلمىي ژورنىلى» 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان )
112.«ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ـ ئىلاهىيەت قاراشلىرى هەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى» 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان ).
113. «ئاسنا مەلىكە ـ غەربىي يۇرت سەنئىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى ئىلمىي ژورنىلى» 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان ).
114.«يېتىلگەن سەنئەت ، سېھىرلىك هېكمەت ۋە يالقۇنلۇق مۇهەببەت» («غازى ئەمەت ماي بوياق رەسسىملىرى» توپلىمىغا باها): «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى1990 ـ يىللىق 4 ـ 5 ـ سانلىرى.
115. «ئىزگۈ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى»(«قەشقەر ئەدەبىياتى» 1990 ـ يىللىق1 ـ سان)
116. «هازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت» («شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژورنىلى 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان ).
117. «مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىگى» («شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژورنىلى 1990 ـ يىللىق 5 ـ سان ).
118. «خەلقنى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ـ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» («تارىم» ژورنىلى 1990 ـ يىللىق 8 ـ سان ).
119. «كۆڭفۇزى ۋە قوجۇ مەدەنىيتى» («ۋېنخۇيباۋ» خىتايچە 1990 ـ يىلى 27 ـ فېۋرالدىكى سانى ).
120. «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيتى هەققىدە قىسقىچە بايان» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1990 ـ يىللىق 27 ـ فېۋرالدىكى سانى ).
121.«ئۈزۈم سەيلىسى هارپىسىدا»(1) «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە 1990 ـ يىل 18 ـ ئاۋغۇست؛ (2) خىتايچە 2 ـ سېنتەبىردىكى سانى).
122. «مىللىي ئۇسۇلنىڭ سىرى ۋە سېھرىي كۈچى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى 1990 ـ يىللىق 5 ـ سان)
123. «ناخشا ـ ئۇسۇل ماكانىنىڭ يېڭى جىلۋىسى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان)
124.«شەرق سەنئىتىدىكى بىباها گۆهەر ـ "ئون ئىككى مۇقام" نىڭ تولۇق رەتلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن» («شىنجاڭ گېزىتى» 1990 ـ يىللىق 15 ـ سېنتەبىردىكى سانى ).
125. «ئىلهامبەخش ئىلهام قەترىلەر» («تۇرپان» ژورنىلى 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان ).
126. «تەبرىك ۋە ئۈمىد» («تارىم» ژورنىلى 1990 ـ يىللىق 10 ـ سان).
127.«ئەلشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى»(«شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژورنىلى 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان ).

128. «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 1991- يىللىق 4- سان ).
129. «مەدەنىيەت، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1991- يىللىق 3- سان ).
130. «ئەزىز دىيار ، شانلىق ئىپتىخار» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1991- يىللىق 3- سان ).
131. «"قۇمۇل ئەدەبىياتى" ژورنىلىنىڭ 100 سانى» («قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1991-يىللىق 3- سان)
132. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆت چوڭ ئالاھىدىلىگى» («قەشقەر گېزىتى» 1992- يىللىق 14- ئاۋغۇستتىكى سانى).
133. «سىكتاي - ساك - ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1992- يىللىق 2- سان).
134. «ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1992-يىللىق 4- سان ).
135. «كۇسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى» (1) «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 1992- يىللىق 3- سان ؛ (2) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى1993- يىللىق 5- سان ).
136. «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرت ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 1992- يىللىق 4- سان ).
137. «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىيخانلىق» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 1992-يىللىق 5- سان ).
138. «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1992- يىللىق 4- سان ).
139. «"قارا جاڭگال" نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىرات» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1992- يىللىق 4- سان)
140. «كلاسسىك ئەدىبىياتتا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن مانى دىنى رەسساملىرىنىڭ بايقىلىشى» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1992- يىللىق 4- سان ).
141. «نەۋائىي مىسرالىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قىممىتى» (1) «شىنجاڭ گېزىتى» 1991- يىللىق 5- ئۆكتەبىردىكى سانى . (2) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» 1992- يىللىق 4- سان .
142. «تىل قۇدرىتى - تىل پەزىلىتى بىلەن» («تىل ۋە تەرجىمە» ژورنىلى 1992- يىللىق 4- سان ).
143. «شەرق ئەدەبىياتىدىكى غايەت زور بايلىق "شاھنامە"» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1993- يىللىق 3- سان ).
144. «ئون ئىككى مۇقامدىكى 24 مەسىلە»(«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى 1993-يىللىق1- سان)
145. «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادى قىممىتى»(«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 1993-يىللىق 27-مارت سانى)
146. «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 1993- يىللىق 1- سان ).
147. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ۋە ئېقىملىرى» («ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993-يىلى نەشرى .
148. «يىپەك يولىدىكى يېڭى سەھىپە ۋە تۆگە قۇشى روھى» («مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغى» ژورنىلى 1993- يىللىق 1- سان).
149. «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 1993- يىللىق 2- سان).
150. «مەنىۋىئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يىللىق 16 ـ فېۋرالدىكى سانى ).
151. «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىللىق 19 ـ يانۋار سانى)
152. «لىرىك شېئىرىيەت ، مەپتۇنكار لەززەت» («تەرىتاغ ژورنىلى» 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان ).
153. «تۇپراقنىڭ مونولوگى» ("قەشقەر ئەدەبىياتى" ژۇرنىلى 1993 يىللىق 5 ـ سان ).
154. «كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى» («ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىللىق 23 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى ).
155. «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 1993 ـ يىللىق 5 ـ ، 6 ـ سانلىرى)
156. «زەينۇلئابىدىن مەۋلىۋى داموللا ھاجى تەرىپىدە» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان ).
157.«تارىخ تەتقىقاتىدىكى تېڭى مېتود ـ ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلى» (1) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى، ختايچە 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان؛ (2) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى ئىلمىي ژورنىلى» 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان .
158.«ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان ).
159. «ئۇيغۇر ئەجداتلىرىدا مەي مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى ئىلمىي ژور ـ نىلى» 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان ).
160.«ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىدىكى بىر قانچە مەسىلە» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى 1994 ـ يىللىق 6 ـ سان (خەنزۇچە).
161.«ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1992 ـ يىللىق 17 ـ نويابىردىكى سانى ).
162. «غەربىي يۇرت مائارىپ تارىخىدىن بىر ئۇچۇر» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىللىق ئاۋغۇستتىكى سانى ).
163. «مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىللىق 29 ـ ئىيۇلدىكى سانى ).
164. «ئوقۇغۇچى توغرىسىدا» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانى)
165. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى جەمئىيەت مودېلى» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان ).
166. «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مەشھۇر ئالىم ـ ئۇلۇغبەك» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1994 ـ يىللىق 27 ـ دېكابىردىكى سانى ).
167.«مەنسۇر ھەللاجنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى» («تەڭرىتاغ» ژورنىلى 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان ).
168.«يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» 1995 ـ يىلىق 2 ـ سان ).
169. «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى ئىلمىي ژورنىلى» 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان ).
170.«غەربىي دىيار تىياتىر سەنئىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان ).
171. «ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى» ( بېيجىڭ: جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسى «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى»ژورنىلى 1995 ـ يىللىق خەنزۇچە 5 ـ سان ).

172. «ئەھمەد ئىبىن مۇھەممەد ئەل - فەرغانە» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىللىق 3 - سان ).
173. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمى دىن» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىللىق 3 - سان ).
174. «يىپەك يولى ۋە سىلىشتۇرما ئەدەبىيات» («تارىم» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 6 - سان ).
175. «بالاساغۇنىنىڭ ئورنى مەسلىسى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىللىق 4 - سان ).
176. «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 5 - ، 6 - قوشما سان ).
177. «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى»(«شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 3 - سان)
178. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 1995 - يىلىق 4 - سان ).
179. «مائارىپشۇناس، مۇتەپەككۇر سائىر خوجا نەزەر ھۇۋەيدا» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژرنىلى 1997 - يىللىق 2 - سان ).
180. «"چىن" ۋە "ماچىن" ئىبارىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى سانى ).
181. «ۋاقىت ھەققىدە يېزىلغان ياخشى شېئىر» («شىنجاڭ گېزىتى» 1990 - يىللىق 5 - ماي سانى)
182. «ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل - پاراسەت» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1995 - يىللىق 5 - سېنتەبىردىكى سانى ).
183. «سوكونات» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1995 - يىللىق 29 - ئاۋغۇستتىكى سانى ).
184. «تەبەسسۇم» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1995 - يىللىق 1 - ئاۋغۇستتىكى سانى ).
185. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1986 - يىللىق تۇنجى سانى؛ 1987 - يىللىق 1 - ، 2 - سانلىرى ).
186. «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1996 - يىللىق 12 - نويابىردىكى سانى ).
187. «ئەنقا يۇرتىدىكى ئەنقا - پىشۋا» (»شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1996 - يىللىق 1 - سان)
188. «كومىراجىۋا» (كىنو سىنارىيىسى) («شىنجاڭ مەدىنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 1 - سان).
189. «تەپەككۇر دەرىخىدىن مىۋىلەر» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996 - يىللىق 4 - سان ).
190. «روھىيەت ۋە مەدەنىيەت» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1996 - يىللىق 6 - سان ).
191. «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 - يىللىق 1 - سان ).
192. «دولان - قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998 - يىللىق 1 - سان ).
193. «بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 - يىللىق 1 - سان ).
194. «ئەنئەنىۋى ئاك گۈگۈمدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئاك سەھەردىكى ئويغىنىش» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 - يىلى 1 - سان ).
195. «ئارىفنامە» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 - يىلى 4 - ، 5 - قوشما سان ).
196. «ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك سىرى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2001 - يىلى 3 - سان ).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئالىمنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى

1. «چوغلۇق قىز» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ يىلى نەشر قىلغان.
2. «توققۇز نەزىم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى .
3. «ئېستېتىكىدىن لېكسىيىلەر»1987 ـ يىلى شىنجاڭ رادىئو ـ تېلۋىزىيە ئۇنىۋېرستىتى باسمىسى .
4. «شكىسپىر سونىتلىرىدىن تاللانما».
5. «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» "تارىم" 1984 ـ يىلى 5 ـ سان .
6. «شاھنامە»(باشقىلار بىلەن) : شىنجاڭ خەلىق نەشر ياتى 1998 ـ يىلى نەشرى.

## ئالىمنىڭ نەشر قىلىنمىغان كىتاپلىرى:

1. «ھەمراھى غەزەللىرى»؛
2. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئىلمىي ئەسەر ، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
3. «ئانالىتك پوئېتكا» (ئىلمىي ئەسەر، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان، تاماملانمىغان).
4. «يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى» (ئىلمىي ئەسەر، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
5. «غەزەلىيات» ( غەزەللەر توپلىمى، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
6. «باھارىيات» ( غەزەللەر توپلىمى، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
7. «شېرىن ۋە سېرىن» ( شېئىرلار توپلىمى،ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
8. «ئاق توز» ( شېئىرلار توپلىمى، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
9. «شەبنەم ۋە ئۇچقۇن» (شېئىرلار توپلىمى، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
10. «ئىزگۈلۈك مەلىكىسى» (ئايالى رەنا مەخسۇتقا بېغىشلاپ يازغان ئۈچ قىسىملىق ئەسلىمە، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان ) .
11. «مەن ۋە مىنىڭ خەلقىم» ( ئۆزى ھەققىدىكى ئەسلىمە، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان)

## ئالىمنىڭ ئېلان قىلىنمىغان باشقا ئەسەرلىرى:

1. «ھاياتىم ھەققىدە قايتا ئويلىنىش» (ماقالە).
2. «سكتايلارنىڭ متال تاۋلاش ھۈنەر سەنئىتى» (ماقالە).
3. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەنئەنىۋى ھايات قاراشلىرىغا باھا» (ماقالە).
4. «تۈرك مەدەنىيىتى ھىندىستاندا» (ماقالە ).
5. «كۇسەن مەلىكىسى» (كىنو سىنارىيىسى ).
6. «مۇھەببەت يىغلايدۇ» (پوۋېست ، تاماملانمىغان ).
7. «فارابى» (رومان ، تاماملانمىغان ).

ئەمدى ئالىمنىڭ تۆۋەندىكى تارىخىي ئەسىرىنى ئالاھىدە قوشۇمچە قىلىمەن:

## تۇران باتۇرى سپىتامىن

مەركىزى ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاپىرىدىگاھلىرىدىن بىرى. مەركىزى ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئۇچاقلىرىنىڭ بىرى. ئەنە شۇ مەركىزى ئاسىيا دەپ ئاتالغان بۇ بۇيۈك زېمىندا بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ياشاپ كەلگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ مۇقەددەس زېمىننى قوروپ

چىقىش، تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە بۇ بۈيۈك زېمىننى ياۋلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ بىزلەرگە گۈزەل قەھرىمانلىق قىسسىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەنە شۇ گۈزەل قىسسەلەرنىڭ بىرى ـ مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ئاتا ـ ئەجداتلىرىمىز ماسساگېتلارنىڭ شۇ زاماندىكى ئەڭ چوڭ ئىستىلاچى ھۆكۈمدار ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن(ئالېكساندىر ماكېدونسكى)نىڭ بۇ بۈيۈك زېمىنىمىزنى ئىستىلا قىلىش مەقسىتىدە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا باتۇرانە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ زېمىنى قوغداش يولىدا ئىسسىق قېنىدىن ئايرىلغان ياش ماسساگېت قەھرىمانى ـ سىپتامىن قىسسەسىدۇر.

مىلادىدىن بۇرۇنقى Vئەسىردىن باشلاپ ماكېدونىيىنىڭ گىرىتسىيەدىكى تەسىرى كۈچىيىشكە باشلىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ماكېدونىيە زور دەرىجىدە كۈچىيىپ سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا تەييارلاندى. دەل شۇ چاغدا ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ئىسكەندەر (ئالېكساندىر) تەختكە چىقدۇ. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 336 ـ يىلىدىن باشلاپ شەرققە قارىتا كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى قوزغىدى. ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 330 ـ يىلى ئىران ئاخمانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى دارا III نى يېڭىپ ئاخمانىيلار سۇلالىسىنى تۈلۈۋ مۇنقەرز قىلدى. شۇندىن باشلاپ ئىسكەندەر(ئالېكساندىر) كاسپىي دېڭىزنى بويلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلدى. لېكىن ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار، ساكلار ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ.

ئىسكەندەرنىڭ ئاخمانىيلار سۇلالىسىنى پارچىلاپ ھالاك قىلىش جەھەتتىكى پەلسەپىۋى ۋە ھەربىي تەدبىرلىرى كەڭ مەركىزى ئاسىيا رايونلىرىغا ئۈيغۇن كەلمىدى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، مىسىر، بابىلىيە ۋە پېرسىيەنى بېسىۋالغان ئىسكەندەر مەركىزى ئاسىيا بوسۇغۇسىدىلا 3 ـ 4 يىل تۇرۇپ قالدى. ئۇ گەرچە «ئۆزىنى تۇتىۋېلىش، يول قويۇش ۋە ئاسىيالىشىش تەدبىرلىرى» نى ئىشلەتكەن بولسىمۇ مەركىزى ئاسىيانىڭ ئاساسىي رايونى ماۋەرائۇننەھىر(«ئىككى دەريا ئارىسىدىكى زېمىن» دېگەن مەنىدە) دە پۇت تىرەپ تۇرالماي چېكىندى.

ئىسكەندەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329 ـ يىلى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئېشىپ مەركىزى ئاسىيا بوسۇغۇسىدا پەيدا بولدى. دەسلەپتە قەدىمكى باكتىرىيەنى ئىشغال قىلدى. ئاخمانىيلار ئىمپېرىيىسى ۋاقتىدىكى باكتىرىيە ۋە سوغدىئانا ۋالىيسى بېسس بوياققا قاراپ قاچقان دارا III نى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى ئاخمانىيلار شاھى ئارتاكسېرىس كىس دەپ جاكارلىغان ئىدى. ئىسكەندەرنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بېسس ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا ـ قەدىمكى بۇخارا سەمەرقەندكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا باكتىرىيە كېنەزى بەخشۇن بەرتار (ئاكسارت) ئىراندىن قاچقان كېنەز دەتەفەرنىلەر قوشۇلدى. دەسلەپتە ئۇلارغا مەركىزى ئاسىيانىڭ سىپتامىن باشچىلىقىدىكى چەۋەندازلىرى بىلەن سىر دەريا بويىدىكى داخىي ماساگېتلىرى مەدەت بېرىپ تۇردى.

ئىسكەندەرنىڭ ھەيۋىتى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى ئاسىيانى تىزگىنلەشتە ئىرانلىق ئاقسۆڭەكلەردىن پايدىلىنىش سىياستى بېسس ئىتىپاقىنى داۋالغۇتۇپ قويدى. سىپتامىن بىلەن دەتەفەرىن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېسسنى تۇتۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ئەلچىلەر ئەۋەتتى ۋە ئۇنى قولغا چۈشۈردى. ئىسكەندەر سىپتامىننىڭ ۋەدىسىگە بىنائەن بەلگىلەنگەن جايغا ئۆز سەركەردىسى پىتلومى لاگىنى ئەۋەتتى. سىپتامىن ئاخمانىيلارنىڭ بۇ كونا ۋالىيسىنىڭ ئۆز يۇرتىنى داۋاملىق دەپسەندە قىلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ مەركىزى ئاسىيا مەسىلىسىدە ئىرانلىق ئاقسۆڭەك قاچقۇن سەترابلارنىڭ ساتقۇنلىقىدىن دائىم ئەنسىرەيتتى. شۇنىڭدەك خىزمەت كۆرسىتىپ ئىسكەندەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشنىمۇ خالىمايتتى. سىپتامىن بېسسنى ئۆز قولى بىلەن پىتلومى لاگقا تاپشۇرۇپ بەرمەستىن مەلۇم بىر قىشلاققا قالدۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ كىشىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ يىراقلاپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسكەندەر قوشۇنلىرى بىلەن مەركىزى ئاسىيا تۇرانىيلىرىنىڭ ئۇچۇق ـ ئاشكارا قانلىق كۆرەشلىرىنىڭ سەھىپىسى ئېچىلدى. گەرچە ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ قىلىش ماھارىتى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەركىزى ئاسىيا رايونىدا ئۆزاققىچە جەڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. ئىسكەندەرنىڭ غالىب بايرىغى مەركىزى ئاسىيادا تۇنجى قېتىم سۇندى ۋە شەخسەن ئۆزىمۇ ياردار بولدى. كەيخسراۋ، كىر ۋە دارانىڭ ئۆلۈم تۆپرىغى بولغان بۇ مۇقەددەس تۇرانىيە دىيارى ئىسكەندەرنى ئۆمۇرلۇك روھى ۋەھىمگە سېلىپ قويغان ئىدى.

سىپتامىن بېسىنى ئىسكەندەر قوشۇنلىرىغا قالدۇرۇپ ئامۇ دەرياسىدىن شىمالغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىسكەندەر ماراكاندادا قوشۇن قالدۇرۇپ، بىر قىسىم كۈچلەر بىلەن مىلادىدىن ئىلگىركى 329 ـ يىلى باھاردا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سىپتامىننىڭ ئىزىنى قوغلاشقا چۈشتى. يولدا ئۇنىڭغا ئوسرۇشان تاغلىرىدىكى خەلق قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ ئارقا سەپ قوشۇنلىرىنى قىرىپ تاشلىدى. ئىسكەندەر بۇ خەلققە قارشى جەڭ قىلىپ تۇنجى قېتىم ياردار بولدى . ئىسكەندەر بارلىق كۈچ بىلەن بۇ تاغنى ئىگىلەپ بىر قېتىمدىلا بۇ تاغدىكى 30 مىڭ ئاھالىدىن 22مىڭنى قىرىپ تاشلىدى. بۇ خىل كۈچ كۆرستىش تۆپەيلى بەزى تۇران ـ ساك قەبىلە ئاقساقاللىرى ئىسكەندەر ئالدىغا ھۆرمەت ئەلچىلىرى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ ھالەتنى تېز ئارىدا غەزەپلىك كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ كۈچلۈك ساداسى بېسىپ كەتتى. بۇ قوزغىلاڭغا سىپتامىن يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى. ئوسرۇشان تېغىدىكى قىرغىنچىلىق سەمەرقەند ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىسكەندەرنى ئىرانلىقلار زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى، دەپ تونۇپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بىرىش ئۈمىتلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. قوزغىلاڭنىڭ ئاساسلىق ئىشتىراكچىلىرى «دەريا بويى ۋارۋارلىرى» دەپ ئاتالغان سىر دەريا ۋە يەتتە سۇ رايونىدىكى كانگىيە ساكلىرى ئىدى. ئىسكەندەر ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سوغدى دىيارىغا كىرگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەركىزى ئاسىيانى قولغا كىرگۈزۈش مەقسىتىدە باكترىيىدىكى زارئاسپو شەھرىدە شەھەر ۋە رايون باشلىقلىرى ئومۇمى يىغىن ئېچىشنى جاكارلىغان ئىدى. بۇ يىغىنغا پۈتكۈل ماۋەرائۈننەھىر شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرىنىڭ ھاكىملىرى ئۆزلىگىدىن كېلىشى لازىم ئىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە يوقىرىقى قوزغىلاڭ پارتلىدى. ئىسكەندەر دەرھال سىپتامىنغا كىشى ئەۋەتىپ، بۇ قوزغىلاڭنى تىنجىتىپ، تۆھپە كۆرستىپ يىغىنغا كېلىشنى ئۇقتۇردى. ئەمما، سىپتامىن قۇراللىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ بۇ خەلق قوزغىلىڭىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئىسكەندەر «يىغىن ھىيلىسى» نى يىغىشتۇرۇپ جەڭگە ئاتلاندى. سىپتامىن گازا قاتارلىق يەتتە شەھەرنى جەڭ ئىستېھكامى قىلدى. ئىسكەندەر بەش شەھەر ـ قەلئەگە جىددى ھۇجۇم قوزغاپ ئىككى كۈندە ئۇنى ئىشغال قىلدى. سىپتامىن كىشلىرى ماراكاندادىكى ئىسكەندەرنىڭ ھەربىي لاگېرىنى قامال قىلىۋالدى. ئىسكەندەر قوشۇنلىرى ئىككى ياندىكى قوزغىلاڭچىلار تەرپىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىندى. ئىسكەندەر بۇ قېتىم قايتا ياردار بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇران تىلىنى بىلىدىغان فارنۇخ دېگەن سەركەردىنى قوماندان قىلىپ سىپتامىنغا قارشى قوشۇن ئەۋەتىپ ئۆزى دەريا نېرىسىدىكى ساكلار بىلەن بىۋاستە سوقۇشماقچى بولدى. ئۇ سوغدىدىكى بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۇچۇن 17 كۈن ئىچىدىلا «ئىسكەندەر ئېسخاتا» قەلئەسىنى ياساتقۇزدى. قەلئە پۈتكەندىن كېيىن ئىسكەندەر جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ سال ۋە تولۇملار بىلەن سىر دەرياغا چۈشتى. ھەممە جايدىكى گىرىك قوشۇنلىرىغا دۇچ كەلگەن شىمالىي سىر تۇران ساكلىرى چۆلگە چېكىندى. ئىسكەندەر دەشتى چۆل لېۋىدە تەشۇنشلىنىپ تۇرۇپ قالدى. قوشۇن ئىچىدە باشلانغان مەيدە كىسەللىكلىرى ئۇنىڭ ھالىنى قويمىدى. نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەنلىكتىن ئۇ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. سىپتامىنگە قارشى قوشۇن باشلاپ كەتكەن فارنۇخنىڭ ئەھۋالى ئېخمۇ بەتتەر بولدى. بارغانسېرى ئۇلغىيۋاتقان سىپتامىن قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرالمىغان فارنۇخ ئىسكەندەردىن قايتا ـ قايتا ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. ئىسكەندەر كروپولدىن فارنۇخقا قوشۇن يۆتكەپ ياردەم قىلغاندىن كېيىنلا سىپتامىن قوشۇنلىرى ماراكاندا قامالىنى تاشلاپ بۇخارا تەرەپكە قاراپ چېكىندى. فارنۇخ ئىز قوغلاپ چۆل ياقىسىغىچە كەلدى. سىپتامىن قوشۇنلىرى چېكىنگەن قىياپەتتە دۈشمەننى ئالداپ گاھ ئوڭدىن گاھ سولدىن ھەرىكەتچان زەربە بېرىپ فارنۇخ قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئۇزۇن نەيزە تۇتقان قالقانلىق سەپ تارتىپ ماڭغان ئىسكەندەر قوشۇنلىرى، ئاتلىق ھەرىكەتچان زەربە بەرگۈچى سىپتامىن قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. فارنۇخ ئاخىرى ئىسكەندەرگە ئۆزىنىڭ ھەربىي

لاياقەتسىزلىگىنى ئىقرار قىلىپ ئىستېپا بەردى. شۇ چاغدا ماختانچاق قۇماندان كاران ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، زەرەپشان دەرياسىدىن ئاتلىق قوشۇننى كەچكۈزۈپ ئۆتكۈزۈپ بۆكتۈرمە قىلىنغان تۇران ساكلىرىغا دۇچ كېلىپ مەغلۇپ بولدى. سپىتامىن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماراكەندىدىكى بىر قىسىم ماكېدونىيەلىكلەرنى بىر كىچىك ئارالغا ئالداپ كىرگۈزۈپ، كۆپچىلىگىنى قىرىپ تاشلاپ، ماراكەند(سەمەرقەند)نى قايتىدىن ئىشغال قىلىۋالدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىسكەندەر تۆت كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ماراكەندىگە يېتىپ كېلىدۇ. سپىتامىن دەرھال قامالنى بوشىتىپ، بۇخارا ئارقىلىق چۆلگە چېكىنىدۇ. ئىسكەندەر سپىتامىننى غەزەپ بىلەن قوغلايدۇ ۋە زەرەپشان قىرغاقلىرىدا ياتقان كاران باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرىنىڭ جەسەتلىرىگە بېغىشلاپ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن قايتا چۆل ياقىسىغا كېلىدۇ ۋە ئارقىغا يېنىشتىكى ئۇچرىغانلىكى ئاھالە رايونلىرى، ئېتىز ۋە باغ ـ ۋارانلارغا قىساسكارلىق بىلەن ئوت قويىدۇ. مەلۇماتلاردا، ئىسكەندەرنىڭ **120**مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇسرۇشان تاغلىرىدىكى قىساسكارلىقىدىن **10** ھەسسە ئارتۇق قان تۆككەنلىگىنى دەلىللەيدۇ. قىشنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە غەلبە ئىشەنچىسىنىڭ قاراڭغۇلىشىشى تۈپەيلىدىن ئىسكەندەر باكترىيەدىكى زارىئاسپ قەلئەسىگە قىشلاققا قايتىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى **328** ـ يىلى باھارنىڭ كېلىشى بىلەن ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنى بەش ئەترەتكە بۆلۈپ، سوغدى رايونىغا، ئۆزگە قارشى چىققان خەلقنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا سپىتامىن شىمالدىكى داخې ماسساگېتلىرى ئارىسىدا ئىدى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ سوغدى زېمىنىغا قوشۇن ئەۋەتكەنلىگىنى ئاڭلاپ، تۇيۇقسىز **600** ئاتلىق چەۋەنداز بىلەن باكترىيەدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ھەربىي ئىستېھكاملىرىغا ھەتتا زارىئاسپ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ھودۇققان ئىسكەندەر كراتىر باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتكەندە سپىتامىن بىردىنلا غايىپ بولۇپ چۆلگە چېكىنىدۇ. كراتىر ئىز قوغلاپ سپىتامىن بىلەن تۇتىشىدۇ. سپىتامىن ياردەمگە كەلگەن مىڭدىن ئارتۇق ماسساگېتلار بىلەن كراتىغا زەربە بېرىپ چۆلگە كىرىپ كېتىدۇ. سپىتامىن قايتىدىن قوشۇن توپلاپ سوغدىدىكى ئىسكەندەر ئىستېھكامىغا ھۇجۇم قىلغاندا يۇشۇرۇنۇپ تۇرغان ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ **800** ياراملىق ئاتلىق چەۋەندازلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ سپىتامىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق جېڭى ئىدى. بۇ چاغدا بەزى سوغدى باكترىيە چەۋەندازلىرى ئىسكەندەرگە تەسلىم بولىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ ئۆزى قاتنىشىدىغان بەھەيۋەت جەڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر ماسساگېت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىغىنى پارچىلىۋېتىدۇ. ماسساگېتلارنىڭ بەزى ئاقسۆڭەكلىرى قەھرىمان سپىتامىننىڭ بېشىنى كېسىپ ئىسكەندەرگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. كۇرتسىي روفنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، سپىتامىننىڭ خوتۇنى ئېرىگە تەسلىم بولۇش مەسلىھەتى بەرگەندە سپىتامىن رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدا خوتۇنى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئىسكەندەر لاگىرىغا يەتكۈزۈپ بەرگەنمىش.

ئەپراسىياپ ئەۋلادى زارىنا، سپارېترا ۋە تۇمارىستىن كېيىنكى يەنە بىر كۆزگە كۆرۈنگەن تۇران قەھرىمانى، ھەرىكەتچان «تۇران تاكتىكىسى» نىڭ ماھىرى سپىتامىن ئەنە شۇنداق گۈزەل تارىخى رىۋايەتلەرنى قالدۇرۇپ ياش ھاياتىدىن ئايرىلغان. سپىتامىننىڭ خىيانەتكارانە ئۆلتۈرۈلىشىدىن كېيىن گەرچە داغدۇغىلىق جەڭلەر يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى توختاپ قالمىدى.

# ئابدۇقادىر تاش

ئابدۇقادىر تاش سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر ژورنالىست بولۇپ، **1951**ـ يىلى تائىف شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، **1975** ـ يىلى رىياز شەھرىدىكى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئۇنىۋېرسىتىدا ئەرەپ تىلى ئەدەبىياتىدا باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. **1978** ـ يىلىدىن **1980** ـ

www.uyghurkitap.com





يىلغىچە ئامېرىكىدىكى ئوكلاھوما ئۇنىۋېرسىتىدا ئاخباراتچىلىق ۋە مۇخبىرلىق كەسپىدە ماگىستىرلىقتا ، 1980 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە ئالنوۋي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتىدىن مۇخبىرلىق ۋە خەلقئارا ئاخباراتچىلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

دوكتۇر تاش يېتەكچىلىك قىلىش ئىشلىرىدا تېز كۆتۈرۈلۈپ 1984 ـ يىلى 1990 ـ يىلغىچە رىياز شەھــرىدىكى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئۇنىۋېرسىتىدا ياردەمچى ئۇستاز، پروفېسسور ئۇستاز ۋە ئاخبارات قىسمىنىڭ رەئىسى بولۇپ خىزمەت قىلدى . 1990 ـ يىلى دەۋەت ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولدۇ . 1991 ـ يىلى خەلقئارالىق «مۇسلىمۇن» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدۇ . 1994ـ يىلى كۇنلىگى چىقىدىغان ئىنگلىزچە «ئەرەپ خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدۇ . 1998 ـ يىلى «ئوقۇ» ناملىق تېلۋېزور قانىلىنى تەسىس قىلىپ ، 2000 ـ يىلغىچە مۇدىر بولۇپ خىزمەت قىلدى. بۇ قانال ئەرەپ دۇنياسىدا تۇنجى ئىسلامىي قانال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ . 2000 ـ يىلى مەدىنە گېزىتىدىكى «رىسالە» قىسمىنى قۇرغۇچى ۋە نازارەتچى بولدۇ.

2001ـ يىلى دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىدىكى تەشۋىقات ۋە ئالاقە بۆلۈمىنىڭ باش مودىرى ۋە «ئىسلام دۇنياسى» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدۇ. 2001 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە سەئۇدىنىڭ كۇندىلىك «بىلاد» ناملىق گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدۇ. 2003ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە كارخانىچىلارنى يېتىشتۈرۈش ئېنىستوتىنىڭ مۇدىر ۋەكىلى بولدۇ. 2003 ـ يىلى ئاخباراتچىلىق مەسلىھەتى ۋە تەتقىقات مەركىزىنى قۇردى. 2004 ـ يىلى پادىشاھ فەھدى دوكتۇر تاشنى ئىنسان ھوقۇقى جەمئىيتىنىڭ ئەزاسى قىلىپ تاللايدۇ.

دوكتۇر تاش ئىمام مۇھەممەد سەئۇدى ئۇنىۋېرسىتىنى پۇتتۇرگەندىن تارتىپ ، ئىسلام تەشۋىقات ساھەســدە ئون نەچچىلىغان كىتاپلارنى نەشر قىلدۇ. ئۇنىڭ «غەرپ تەشۋىقاتىدىكى ئىسلام ۋە ئەـ رەپلەرنىڭ سۈرىتى» ، «مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات» ، «تەشۋىقات ۋە ئىســلام رىئاللىق مەسىلىلىرى» ، «ئىسلام تەشۋىقاتى توغرىسىدا يورۇتما» ، «دەۋەت ۋە ئىسلام تەشۋىقاتىدىكى ماقالىلەر»قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرى بار .

دوكتۇر تاش ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، قولىغا كەلتۇرگەن ئاخباراتچىلىق بىلىملىرىنى ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى.

دوكتۇر ئابدۇقادىر تاش ئىسلام بىلەن غەرپنىڭ ئالاقىسىگە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى ، ئىسلام ۋە غەرپ سۆھبىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگۈچىلەرنىڭ بىرسى ئىدى . ئۇ مۇشۇ مەسىلىگە ئالاقىدار بىر قانچە قېتىم قۇرۇلتايلارغا قاتنىشىدۇ ، بۇ توغرىدا : «ئامېرىكا بىلەن ئىسلام تىنچ ياشامدۇ ياكى توقۇنۇشامــدۇ؟» ، «غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ كىرىزىسى ۋە ئىسلامنىڭ ھەل قىلغۇچ چارىسى» دېگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىدۇ.

دوكتۇر ئابدۇقادىر تاش پىكرى ساھەدە : «دەۋەت يولىدىكى ئويلار» ، «مۇسۇلمان بولۇش بىزنىڭ تەقدىرىمىز» قاتارلىق بىر قانچە ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇردى.

ئۇ، ئالەمدىكى ئېزىلىۋاتقان ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارمەسىلىسىنى كۆز ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ خىزمەت قىلدۇ . بۇ توغرىدا بىر قانچە ئەسەر يازدۇ ۋە گېزىتلەردە ماقالە ئىلان قىلدۇ . بۇ توغرىدا يازغان: «ئوتتۇرا ئاسيا مۇسۇلمانلىرى ۋە تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئىسلام رولى» ناملىق ئەسەرلىرىدىن سىرت ، خەلقئارا قۇرۇلتايلارغا تەقدىم قىلـغان تەتقىقاتلىرىمۇ 100 دىن ئاشىدۇ.

دوكتۇر ئابدۇقادىر تاش كەمتەرلىگى ۋە چىقىشقاق گۈزەل ئەخلاقى بىلەنمۇ مەشھۇر . ئۇ «بىلاد» نامــلىق گېزىتىنىڭ مۇخبىرلىرىنىڭ ئايلىق ماشى كېچىكىپ قالغان چاغدا ، ئۇلارنىڭ مائاشىنى يانچۇغىدىن بېرىدۇ ، بۇ گېزىت ئۇ تەھرىرلىك قىلغان ئاخىرقى گېزىت ھېساپلىنىدۇ . دوكتۇر ئابدۇقادىر تاشنىڭ يېتەكچىلىك قىلغان ۋە زور تەسىر قالدۇرغان ئىشلىرىنىڭ چوڭراغى «ئوقۇ» ناملىق ئىسلامى تېلۋېزىيە قانىلى ، ئۇنىڭدىن سىرت ئۇ دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىدا ئاخباراتچىلىق خىزمىتىدە بولدۇ. ئەـ

رەپچە ۋە ئىنگلىزچە تۇرلۇك گېزىت - ژورناللارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

دوكتۇر تاش ئىسلام دۇنياسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىسلامى ئاخباراتچىلارنىڭ يېتەكچىسى. ئۇ، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاسىنىڭ ئاخبارات مەسلىھەتچىسى ئىدى ، چوڭ قۇرۇلتايلارغا پادىشاھ بىلەن بىللە باراتتى.

دوكتۇر ھەر قەدىمدە ئىسلام دىنىنى كۆز ئالدىغا قويۇپ تەپەككۇر قىلاتتى ۋە قەدەم باساتتى. ئىسلام دۇنياسىدىكى داڭلىق ئالىم دوكتۇر يۈسۈپ قەرداۋى ئەرەپ يېرىم قانىلىدا«شەرىئەت ۋە ھايات» ناملىق مەشھۇر پروگرامما ئارىلىغىدا دوكتۇر ئابدۇقادىر تاشنى تونۇشتۇرۇپ ، تەزىيە بىلدۇرۇپ: «ئىسلام ئۇممىتى يېقىنقى بىر قانچە كۈن ئىچىدە مۇھىم ئىككى رەھبىرىدىن ئايرىلىپ قالدى ، ئۇلار: شەيخ ئەھمەد ياسىن ۋە دوكتۇر ئابدۇلقادىر تاش» ، دەيدۇ.

ئاخباراتچىلار «دوكتۇر تاش ئاخبارات مەكتىۋى ئىدى ، ئۇ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ھايات» ، دەپ تەرىپىنى قىلىشماقتا.

بىر قانچىلىغان ئەدىپ ۋە ئاخباراتچىلار دوكتۇر تاشقا تەزىيە بىلدۇرگەندىن كېيىن ، دوكتۇرنىڭ قەلبىنىڭ ساپلىقى ، خىزمىتىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىسلام ئۇممىتى مەسىلىلىرى ئارقىسىدا جىددى پوزىتسىيىدە تۇرغانلىقىنى بىردەك تەكىتلەشمەكتە . پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئۇنىۋېرسىتىنىڭ خەۋەرلىرى گېزى تىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى دوكتۇر ئابدۇراھمان ھەبىب سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئىسلام ئۇممىتى گېزىت، ژورنال، رادىيو ـ تېلېۋىزور ۋە قىممەتلىك ئەسەرلىرى ئارقىلىق جىھاد قىلغان كۆزگە كۆرۈنگەن ئىسلامى ئاخباراتچى ئالىملىرىدىن بىرىنى يوقاتتى. دوكتۇر ئابدۇلقادىر تاش نۇرلۇق ۋە ئالاھىدە كۆز قاراشلىرى، يۇقۇرى ئىنسانپەرۋەر ئەخلاقى ۋە كەمتەرلىگى بىلەن مەشھۇر بىر زات ئىدى. ئۇنىڭ ئىلمى ۋە ئاخبارات ساھەسىدە ياراتقان ئىجادىيەتلىرى كۆپ، ئۇ ئاخبارات قىسمىنىڭ رەئىسى ۋە بىر قانچىلىغان ماگىستىرلىق ۋە دوكتۇرلۇق دىسسېرتاتسىيەلىرىنىڭ نازارەتچىسى ۋە مەسئۇلى بولۇپلا قالماي، تۇرلۇك گېزىت ـ ژورناللارنىڭ مەسئۇل مۇھەررى بولۇپ، ئاخىردا «ئوقۇ» ناملىق ئىسلامى تېلىۋىزيە قانىلىنى تەسىس قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن غايىلىك يېڭى ئاخباراتچىلىق كەسپىنىڭ يېتەكچىلىرىنىڭ بىرسىدۇر. ئالللاھ ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن ۋە مەڭگۈلۈك بەخت ئاتا قىلسۇن !»

دوكتۇر تاشنىڭ يېقىن دوستى، ھەممىگە تونۇشلۇق ئاخباراتچى ئۇسامە سىبائى مۇنداق دەيدۇ: « دوكتۇر تاش ئۇممىتىگە ۋە دىنىغا پايدىلىق ئىشلاردا قەلىمىنى ئىشقا سالغان ئىخلاسمەن ۋە راستچىل تەشۋىقاتچى مۇسۇلمان ئىكەنلىگىنى بىزگە تونۇتتى. دوكتۇر گەرچە ئامېرىكىدا ماگىستىرلىق ۋە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان بولسىمۇ، غەرپ مەدەنىيىتىگە ئالدىنىپ قالمىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆز قارىشى، ئاكادېمىيە ئۇسۇلى ۋە پاك تەپەككۇر قىلىشى جانلىق تىكلىنىپ بولغان ئىدى .

جىددە ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر مۇدىرى ئۇستاز ئابدۇلئەزىز سۆز قىلىپ: «دوكتۇر تاش بىزنىڭ كۆپ ئوقۇشىمىز ۋاجىپ بولغان چوڭ كىتاپتۇر» دەيدۇ.

شائىر ئەھەد قىران دوكتۇرنى سۈپەتلەپ: «ئۇ قايسى بىر ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا كۆرىنەرلىك نەتىجە قازىناتتى، ئۇ ئاخبارات كەسپىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ۋە ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە يېڭىلىنىۋاتقان يېڭى نەرسىلەرگە يېتىشىپ تەڭ قەدەمدە ھەرىكەت قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ ئاخباراتچىلىق كەسپى ئارقىلىق غەرپ ئەللىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا توقۇپ چىققان تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بېرىدىغان شەخسلەرنىڭ قاتارىدىن ئىدى»، دەيدۇ. دوكتۇر ھەبىبۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: « ئاخباراتچىلىق جەمئىيىتى يەككە ـ يېگانە تارازىدىكى بىر مۇتەپەككۇرنى يوقىتىپ قويدى ، دوكتۇر ئابدۇلقادىر تاشنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئەرەپ ۋە ئىسلام ۋەتىنى تۇراقلىق ، يېتىشكەن ۋە مۇتىدىل كۆز قاراشقا ئىگە ئاخبارات مۇتەپەككۇرىدىن ئايرىلىپ قالدى . بۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىغى ۋە خىزمىتىنى ياخشى كۆرىشى ئارقىلىق كىشلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن ئىدى . ئاخباراتچىلىق جەمئىيىتى سۆزىنى ئۆز جايىغا قويالايدىغان ، مۇناسىپ سۆزلەرنى تاللاشتا پۇختا قابىلىيەتكە ئىگە ، كىشلەرگە ياخشىلىقنى سۆيۈش ، ۋەتىنىنى سۆيۈش ۋە ئىخلاس بىلەن ئىش ـ ھەرىكەت قىلىشنى ئۆگىتىۋاتقان قەلىمىنى جايىدا ئىشقا

www.uyghurkitap.com



سالالايدىغان يەككە ـ يېگانە تارازىدىكى مۇتەپەككۇر ئىدى . ئۇ ئاخباراتچىلىق كەسپىدە بىر مەدرىسە ئىدى، باشقىلارغا مەلۇمات يەتكۈزۈشتە ناھايىتى ھوشيار ئىدى . ئۇ خىزمەتچىلىرىگە كۆيۈنۈپ ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەيلەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ، ئۇ كىچىكلەرگە كۆيۈنۈپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيتتى، باشقىلارغا ياخشى ئوي بىلەن قارايتتى، ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىۋەتمەيتتى.

ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن ، ئۇنىڭ قەبرىسىنى جەننەتنىڭ گۈلى قىلىپ بەرگىن...!

# ئابدۇقادىر جالالىدىن



ئابدۇقادىر جالالىدىن 1964 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان . 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان . 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1988 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچى بولغان . 1988 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدا ئىلمىي ژورنال مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان . 1990 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ فىلولوگىيە شۆبە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ . 1993 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لېكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . 1998 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مۇئاۋىن پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ، 2004 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2005 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە شۆبە ئىنستىتۇتىنىڭ پەننىي ساھەدىكى باشلامچىسى بولۇپ باھالانغان . 2009 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ، ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولغان.

1998 ـ يىلى ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «يازغۇچى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن . 1999 ـ يىلى خەتاي ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىكى ئىلمىي ماقالە باھالاشتا 1 ـ دەرىجىگە ئېرىشكەن . 2001 ـ يىلى مائارىپ ئىنستىتۇتىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغان . 2001 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغان . 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش نەتىجە مۇكاپاتىنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . 2004 ـ يىلى شىنجاڭ خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2006 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىك خادىم بولۇپ باھالانغان.

**ئەسەرلىرى**

1) «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى توپلىمى»(200 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)؛

2) «ئۆزىنى ئىزدەش يۇسۇغىسىدا نامىلىق ماقالىلەر توپلىمى» ( 2005 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)

3) «ئەقىل ـ پاراسەت مۇنسى ۋە شەيتان» ـ ماقالىلار توپلىمى (1995 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)؛

4) «سوقۇۋاتقان يۈرەك» ـ شېئىرلار توپلىمى (1993 ـ يىلى شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)؛

5) «بوشلۇق» ـ شېئىرلار توپلىمى (2001 ـ يىلى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)؛

# ئابدۇقادىر داموللام



مىللەتنىڭ ساپاسى مائارىپقا باغلىق . مائارىپ تەرەققىي قىلىدىكەن ، ئۇ ھالدا مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرماپ ئالغان قالاقلىق ، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىققا ئوخشاش مەنىۋى ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ ، ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچقىلى ، مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ، دۇنيادىكى ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

مانا بۇ ، يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ شانلىق پەخرى ۋە ئىپتىخارى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى ، تالانتلىق مائارىپچى، «غازى» تەخەللۇسلۇق يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر داموللا ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس ئەزىزىنىڭ مائارىپ كۆزقارىشى .

ئەزىزى - ھۆرمەتلىك دېگەن بولۇپ ، كىشىلەر داموللامنى ئىززەتلەپ ئەنە شۇنداق ئاتاشقان . كېيىن بۇ سۈپەت داموللامغا لەقەب بولۇپ قالغان . «قەشقەرى» دېگەن تەخەللۇسنى قوشۇپ ئاتىغۇچىلارمۇ بار .

ئابدۇقادىر داموللام **69** يىللىق ھاياتىنى جاھالەت بىلەن كۆرەش قىلىپ ، يېڭىلىققا يول ئېچىش ، كونا مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ، دوگما ، قالاق ھالەتتىكى مائارىپنى دەۋرنىڭ تەلىۋىگە ، تەرەققىياتىغا ماسلاشقان پەننىي مائارىپقا ئۆزگەرتىش ، خۇراپات پاتقىقىغا پېتىپ قالغان نادان خەلقنى ئىلىم - پەننىڭ قۇدرىتى بىلەن پاتقاقتىن تارتىپ ، مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە سەرپ قىلدى .

ئابدۇقادىر داموللام ھىجرىيە **1271** - يىلى (مىلادىيە **1854** - **1855** - يىللىرى) ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدىكى ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ، باللىق دەۋرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن .

كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھىجرىيە **1278** - يىلى (مىلادىيە **1861** - ، **1862** - يىللىرى) دەپ ئېلىنغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ دادىسىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى بويىچە ئېلىندى .

مەشئەت - قاراخانىيلار خاقانلىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خاقان - سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسر سامانى دەپنە قىلىنغان مەشھۇر جاي . تارىختا كىشىلەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئەبۇ نەسر سامانىينىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەبرىگاھ يېنىغا مەسچىت ، مەدرىسە ، خانىقالارنى بىنا قىلغان . ماھمۇت ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھەمرا خېنىمدەك تالانت ئىگىلىرى مانا مۇشۇ يەردىكى «ھەزرىتى سۇلتانىيە مەدرىسە» سىدە ئوقۇپ ، بىلىم ئىگىلىگەن . ئابدۇقادىر داموللامۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى مۇشۇ مەدرىسىدە ئالغان . **15** ياشقا كىرگەندە قەشقەر شەھىرى ئوردا ئىشىگىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە»گە ئوقۇشقا كىرىپ ، «موكا» لەقەملىك ياقۇپ ئاخۇن داموللام ۋە موللا ئىسلام داموللامدا ئوقۇپ ، ئىلىم ئۆگەنگەن.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قايناق ئوقۇش ھاياتى قەشقەرنىڭ تازا تىنچ بولمىغان بىر مەزگىلگە توغرا كەلدى . مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان قانلىق زۇلمى ، ھەددى - ھېسابسىز ئالۋان-سېلىقلىرى، خەلق ئاممىسىنى ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى . كۇچادا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە راشىدىن خوجا ھاكىمىيىتى ، خوتەندە كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ھاكىمىيىتى ، شىمالىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە ئىلى سۇلتانلىقى ، ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە تۇنگان تۇمىڭ

ئاخۇن ھاكىمىيىتى بارلىققا كېلىپ ، مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىنى پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىپ قويىدى . قەشقەردىمۇ قىرغىز سىددىقبەگنىڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى . بۇ ھاكىمىيەت ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ، قوقەندىن كەلگەن بۇزۇكخان تۆرىنىڭ ، ئاندىن ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئالماشتى . بۇنداق تېز ـ تېز ھاكىمىيەت ئالمىشىشلار ۋە بۇ جەرياندىكى ئىچكى ئۇرۇش ، نىزا ـ جاڭجاللار ، ئەنسىزچىلىكلەر بىلىمنى ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك دوست تۇتۇپ ، بىلىم ئىشقىدا كۆيگەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى . لېكىن ، ئۆزى ئىگىلىگەن قىسمەن بىلىملەرگە قانائەت ھاسىل قىلىپ ، ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا بولمايتتى . ئۇ ، بىلىم تولۇقلاش مەقسىتىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن بۇخاراغا بېرىپ ، ئۇ يەردىكى "ئابدۇلئەزىزخان" مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا كىردى . بۇ جەرياندا قۇرئان ، ھەدىس ، ئىلمى تەجۋىد ، ئاقائىد قاتارلىق ئىسلام تەلىماتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي ، ئەدەبىيات ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، ئىلمى مەنتىق ، ھېساپ دەرسلىرىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى ، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ، ئەرەپ ، پارس ، ئوردۇ تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىدى . خوجا ھاپىز ، شەيخ سەئدى ، سوپى ئاللايار ، خوجا ئەھمەت يەسەۋى ، ھۇۋەيدا ، فۇزۇلى ، ناۋائى ، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ ، ئەدەبىيات ھەۋەسنى يېتىلدۈردى . فارابى ، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق يۇنان پەلسەپىسى بىلەنمۇ تونۇشتى . ئابدۇقادىر داموللام «مفتاھۇل ئەدەپ» كىتاۋىدا بۇخارا مەدرىسەلىرىدىكى ئۇستازلىرىدىن مەۋلانا ئابدۇرازاقنى ، بۇخارا مۇپتىسى داموللا ئەۋەز خوجەندىنى ، قوقەندىنىڭ شەيخۇلئىسلامى داموللا ئۇلۇقخان تۆرەمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ . ئابدۇقادىر داموللام ئۇ يەردىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن سەمەرقەند ، ئۇفا قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلدى . «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ، «ئىبادەت ئىسلامىيە» ـ داموللامنىڭ سەمەرقەند ، ئۇفالاردا مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا دەرسلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ تۈزگەن تۇنجى كىتاپلىرى بولۇپ ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇفادا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان ئىدى (بۇ كىتاپلار قەشقەرلىق ئۆمەر باينىڭ ئىقتىسادى ياردىمى بىلەن بېسىلغان) . ئابدۇقادىر داموللام ۋەتەنگە قايتىشتىن ئىلگىرى تاشكەنت ، خوجەند ، قازان ، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولۇپ ، **1907** ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى . ئۇ قايتىپ كەلگەن چاغ دەل قەشقەردە ئەمدىلا بىخلىنىپ ، كونىدىن ـ كونىگە باراقسان بولۇۋاتقان يېڭىچە پەننى مائارىپ بىلەن دىنى ئەقىداتنى مەزمۇن قىلغان يەككە ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى مائارىپ ئۆز ـ ئارا تىركىشۋاتقان پەيتكە توغرا كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ئابدۇقادىر داموللام يېڭىچە پەننى مائارىپنىڭ تەشەببۇسلىرى بولغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوپلار (ھۈسەيىن باي ، باھاۋىدىن باي) تەرەپتە تۇرۇپ ، ئۇلارنى قىزغىن قوللىدى . چۈنكى ، «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس ، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى ؛ جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس ، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرى؛ سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس ، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى . باشقا مىللەتلەر ئىلىم ـ مەرىپەت سايىسىدا ، ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىۋاتقاندا ، سۇ ئاستىدا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەر ـ كىن ئۈزۈشۈۋاتقاندا ، يەنىلا غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىپ ، كونا مەكتەپلەرنىڭ رىئال ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ، خەلقنىڭ ئەمەلى ئېھتىياجىغا ، دەۋرنىڭ تەلىۋىگە قىلچە ماسلاشمايدىغان دوگما تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىغا ، پۈتۈنلەي ئەرەپ ـ پارس تىلىدىكى دىنى كىتاپلارنى دەرسلىك قىلغان ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىم ئىقتىدارى بىلەن ھېساپلاشماستىن ، چۈشەنسىمۇ ـ چۈشەنمىسىمۇ كىتاپنى قارىغۇلارچە يادلىتىپ ، قارىغۇلارچە تەكرارلىتىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ، مۇئەييەن مۇددەتتى بولمايدىغان ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە زادى يېپىشىۋېلىشقا بولمايتتى . بۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن ئابدۇقادىر داموللام ئۆز ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر مائا ـ رىپىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسىگە ئىجادى ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنى مائارىپنىڭ

ھازىرقى يېزىلىشى ۋە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇردى. ئۇ يازغان «سەرپ نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) ، «تەسھىلىل ھېساپ» (ھېساپ ئىلمى) ، «جۇغراپىيە ئىلمى» ، «ئاقائىد جەۋھەرىيە» (ئېگىزلىك ئەقىدىلەر) ، «مۇتالىئە ھىدايەت» (باشلامچى ئوقۇشلۇق) ، «ىبدايەتۇس سەرپ» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس) ، «ھىدايەتى نەھۋى» ، «تەلىمى سەبىيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە) ، «فاسايىھۇل ئەتفال» (ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) قاتارلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنى ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ، بالىلار تەربىيىسىگە ئائىت كىتاپلار پەننى مەكتەپلەرمۇ ، دىنى مەكتەپلەرمۇ ئوخشاشلا قوللانسا بولىدىغان ئاممىباپ دەرسلىكلەر ئىدى . ئابدۇقادىر داموللام دەرسلىك تۈزۈش بىلەنلا توختاپ قالماستىن ، ئۆزى تۈزگەن بۇ دەرسلىكلەرنى يېڭىسارلىق نۇرھاجى دېگەن مەرىپەتپەرۋەر كىشى 1910 - يىلى باھاۋىدىن باينىڭ ئىقتىسادى ياردىمى بىلەن قۇرغان «مەتبەئەسى خۇرشىد ، مەتبەئى نۇر» (قۇياش مەتبەئەسى ، نۇر مەتبەئەسى) ناملىق تاش مەتبەئەدە نەشر قىلدۇرۇپ ، مەكتەپلەرنى بىر يۈرۈش دەرسلىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى . ئۆزى غوجا چوڭنىڭ قۇملۇقتىكى ئۆزبېكلەر ئاچقان مەدرىسەگە ، ئاندىن كېيىن قەشقەر شەھەر يارباغ كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق بەشئېرىق مەھەللىسىدىكى لايپەشتاق مەدرىسەگە بېرىپ مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكلەرنى ئوقۇتۇش ئەمەلىيتى جەريانىدا سىناق قىلىپ ، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىغىدىن ئۆتكۈزدى . **ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تىپتىكى ئاممىباپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تالىپلار قىزغىن قوللىدى ، ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۇنىڭ شان- شۆھرىتى يېقىن - يىراقلارغا تارىلىشقا باشلىدى .** ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىناۋىتى ، شان - شۆھرىتىگە ھەسەت كۆزى بىلەن قاراشقان بىر قىسىم جاھىل موللىلار ، مۇتەئەسسىپ سوپى ، ئىشان ، خەلىپىلەر ئۇنى «جەدىت»لىكتە ، «دەھرى»لىكتە ئەيىپلەپ ، بىرمۇنچە ئېغۋالارنى توقۇشتى . نەتىجىدە جاھىللىق ، خۇراپاتلىق ، نادانلىق ئەۋج ئېلىپ ، قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان ئۇ زاماندا ، ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئۇنى ھىمايە قىلغان خېلى بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇمۇشلۇق زاتلار زور بېسىمغا ئۇچرىدى . بۇ ۋەزىيەتتىن ئىچى پۇشقان ئابدۇقادىر داموللام ھەجگە بېرىشنى باھانە قىلىپ ، يەنە بىر قېتىم ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى . ئۇ ، 1918 - يىلى تاشكەنتكە باردى . ئاندىن شەمەي ، ئۇفا ، قازان ، ئورال ، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل ساياھەتتە بولغاندىن كېيىن مەككىگە باردى . سەئۇدى ئەرەبىستاندا بىر مەزگىل تۇردى . ئاندىن مىسىرغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ئالىم-ئۆلىمالار بىلەن ئۇچراشتى . ئابدۇقادىر داموللام بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتاقلىق ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ، زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىدى . مىسىر ئالىم ــ ئۆلىمالىرى ئۇنىڭغا چوڭ ئىلتىپاتلار كۆرسىتىشتى . ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مىسىردا ئىلمى سۆھبەتتە بولغان تاتار خەلقىنىڭ بۈيۈك تارىخ ئالىمى زاكىر قادىرى 1951 - يىلى ئەينى چاغدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمى سۆھبەتتىن ئالغان تەسىراتىنى بايان قىلىپ: «ئابدۇقادىر داموللام ئىسلام دۇنياسىدا تەڭدىشى ئاز تېپىلىدىغان ، يېتىشكەن زور مۇتەپەككۇر ۋە مۇسلىھ (ئىسلاھاتچى) ، مۇجاھىد (كۆرەشچان) بۈيۈك ئالىم ئىدى... » دەپ باھا بەرگەن . ئابدۇقادىر داموللام ئۇلار بىلەن ئىلمى سۆھبەتتە بولۇش جەريانىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتتە ھەقىقەتەن ئارقىدا قالغانلىقىنى ، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى مەڭگۈ قۇللۇقتا ، نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىدىن بولىۋاتقانلىقىنى ، ئەگەر ئۇلار يەنىلا ھېچ يەرنى كۆرمەي ، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي ، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاۋەرسە ، قۇللۇق ، جاھالەت ، نادانلىقتىن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . ئۇ ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقى باراۋەرلىگىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ، ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىق ، مىللىي ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ ، بىر نىيەت ، بىر مەقسەتتە ئۇيۇشۇشنى ئۆزىنىڭ بىردىن- بىر شوئارى ۋە كۆرەش نىشانى قىلدى . 1920 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، خەلقنىڭ قان-تەر بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى ئەمەلدارلارغا ، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار سوپى ، ئىشانلارغا ، ئاچ كۆز ، جان باقار بايلارغا قارشى كۆرەشنى باتۇرلۇق بىلەن باشلىۋەتتى . ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ: «ھەر قايسىلىرى يۇرتىنىڭ

كۆزى ، خەلقنىڭ بېشى . هالبۇكى ، خەلقىمىزنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە ، تەرەققىياتقا باشلىماستىن ، پۈتكۈل ئىجتىھات ۋە ئىشتىياق بىلەن مۆھۈر ھەققىگە مەپتۇن بولۇپ ، كۆندە چۈشكەن تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ خاتىرجەم ئۇخلاشسىلا ، خەلقىمىزنىڭ هالى قانداق بولار؟ بىز ئۆز باللىرىمىزغا مەكتەپ ئاچماي ، ئۇلارنى تاشلىۋەتتۇق... تېخى ھەرخىل جازا چارىلىرىنى قوللىنىپ ، خەلقنىڭ بېشىغا دەرد سېلىپ ، ئۇلارنى جاراھەتلەندۈرمەكتىمىز . ئەگەر بۇ توغرىدا قايغۇرمايدىغان بولساق ، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا بىز ناھايىتى ئۇياتقا قېلىشىمىز ، لەنەت ـ نەپرەتكە كۆمۈلۈشىمىز مۇقەررەر گەپ» (خېۋىر تۆمۈرنىڭ «ئابدۇقادىر داموللام» ناملىق تارىخىي ئوچېركىدىن ئېلىندى ، («بۇلاق» مەجمۇئەسى ، 1981 ـ يىل 1 ـ سان، 246 ـ 247 ـ بەتلەرگە قاراڭ ) دېگەن خىتاپلىرىنى ئەسەبىيلىك دەپ بىلىشىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۆھمەتلەر توقۇشتى . بۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت ئوقۇپ ، خەلق كويىدا بولۇشقا ئۈندەشنىڭ ئۆزى «كالا مۈڭگۈزىدە گۈل ئۈندۈرۈش» بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئابدۇقادىر داموللام ئۈمىدىنىڭ يەنىلا خەلقتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ، خەلققە چەكسىز ئىشەنچ باغلىدى . ھەركۈنى نامازدىگەردىن كېيىن ھېيتگاھ جامەدە ئەمرى مەرۇپ ، مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، خەلققە ئۈزلۈكسىز تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئېلىپ باردى . «نەسىھەتى ئاممە» ـ ئاپتورنىڭ خەلق ئاممىسىنى مانا شۇنداق ئويغىتىش مەقسىتىدە يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئابدۇقادىر داموللام خەلق ئاممىسىنى خۇراپاتلىق ، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا يالغۇز تەشۋىقات ـ تەرغىباتقىلا تايىنىپ قالماستىن ، بەلكى بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ، قەشقەر ئۆلىمالىرى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلىدى . ئۇ ، قازى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى قۇرئان ، ھەدىسكە ئاساسەن توغرا ، ئادالەت بىلەن بىر ياقلىق قىلىپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەندىن باشقا ، يېڭىچە كۆز قاراشتىكى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە بايلارغا خىزمەت ئىشلەپ ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە ھىممىتى بىلەن 52 نەپەر ياشنى گېرمانىيە ، فرانسىيە ، تۈركىيە ، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چىقاردى . ئابدۇقادىر سامانى ، چىڭگىز داموللام ، ئابدۇۋايىت ئاخۇن... غا ئوخشاشلار قەشقەر بايلىرىدىن ئوبۇلھەسەن ھاجى ، ئۆمەر بايلارنىڭ ياردىمى بىلەن فرانسىيىگە بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ×× ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى يېڭىچە كۆزقاراشقا ئىگە ئۇيغۇر ياشلىرى ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام ياشلارنى ئىلىم ـ ئېرپاندىن ، دۇنيادىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن مائارىپ سېپىگە قايتىدىن ئاتلىنىپ ، دىنىي ئىلىمنى ھەم پەننىي ئىلىمنى بىلىدىغان يېڭىچە قاراشتىكى بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى . قەشقەر شەھەر ئەلگەك بازىرىدىكى توقام مەدرىسەسى (بۇ مەدرىسەنىڭ ئورنى لەنەت تەككۈر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دا بۇزۇپ تاشلانغان . ھازىر بۇ ئورۇنغا خەلق باشقۇرۇشىدىكى قەشقەر شەھەرلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تىل ـ تېخنىكا مەكتىۋى ۋە مەكتەپ قارمىغىدا دوختۇرخانا سېلىندى) ، ئوردا ئىشىگىدىكى ۋاڭلىق مەدرىسەسى(بۇ مەدرىسە ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدا بولۇپ، 1935 ـ يىلى دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتىلگەن). 1938 ـ يىلى دارىلمۇئەللىمىن نەزەر باغقا كۆچكەندىن كېيىن ، «ئوردا ئىشىگى باشلانغۇچ مەكتىۋى» (بۇ مەكتەپ «لەيلى ناھار» <كېچە ـ كۈندۈزلۈك مەكتەپ> دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) سېلىنغان.) «خانلىق مەدرىسەسى»( ھېيتگاھ مەدرىسەنىڭ ئورنى ھېيتگاھ جامە ئىچىدە بولۇپ، ھېلىمۇ بار . بۇ مەدرىسەدە 1956 ـ يىلدىن باشلاپ ئوقۇش توختىتىلغان) ، «ھېيتگاھ مەدرىسەسى»(خانلىق مەدرىسەنىڭ ئورنى ئوردا ئىشىگىدە بولۇپ ، 1958 ـ يىلدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن) ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياشلارنى تەربىيىلەشتە بىر ئۆمۈر تەر تۆككەن ئىلىم ـ مەرىپەت بۇلىقى ئىدى . ئۇنىڭ تەربىيىسىدە ئۇسۇپ يېتىلگەن شەمسىدىن داموللام ، سابىت ئاخۇن داموللام (ئابدۇلباقى) ، ھاشىم ئاخۇن خەلپىتىم ، ئابدۇلئەزىز داموللام ، سالىھ داموللام ، ئىنايەتخان مەخسۇم ، جامال ئاخۇن خەلپىتىم ، سالى ئەلەم ئاخۇنۇم (يەكەنلىك) ، ھېلىمدىن ئاخۇنۇم (يەكەنلىك) ، مۇھەممەت ئابدۇللا ـ خان (يەكەنلىك) ، ئابدۇللا قازىھاجىم (يەكەنلىك) ، ئىسراپىل داموللام (پوسكاملىق) ، ئېلى ئاخۇن

خەلپىتىم (قاغىلىقلىق) ، ئابدۇجېلىل داموللام (گۇملىق) ، مۇسەيىپ ئاخۇن خەلپىتىم (كۇچالىق) ، ئابدۇللا داموللام (تۇرپانلىق، ئەدەبىي تەخەللۇسى «نەئىمى»)... قاتارلىقلار 30 - يىللاردىن باشلاپ قەشقەر مائارىپىنىڭ داڭلىق پېشۋالىرى ، ئابدۇقادىر دامولام تەشەببۇس قىلغان يېڭىچە مائارىپنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە ۋارىسلىرى بولۇپ قالغان ئىدى . يەكەنلىك ھىلمىدىن ئاخۇنۇم ئالتۇنلۇقتىكى كونا خانلىق مەدرىسە ئورنىغا ، ئابدۇللا قارىھاجىم يەكەن ئېلىشقۇغا ، مۇھەممەت ئابدۇللا خان خوجام يەكەن شەھەر ئىچى مانجۇ كۆلبېشىدىكى ئىمنبەگنىڭ ھويلىسىغا ( «مەتلەئىل ئېرپان» نامى بىلەن ئاتالغان بۇ مەكتەپ كېيىن جۇۋىچى كۆلى ئالدىدىكى چوڭ مەدرىسەگە يۆتكەلگەن) ئاچقان مەكتەپلەر ئابدۇقادىر دامولامنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەسىرى بىلەن ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپلەر ئىدى.

ئابدۇقادىر دامولام ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەلىم - تەربىيىسىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى . ئۇ ، كېچىلىرى ھامىمادا ، كۈلدە يېتىپ ، كۈندۈزى تىلەمچىلىك بىلەن كۈن كۆچۈرىۋاتقان يېتىم - يېسىر باللارنى كۆرگەندە ، ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىندى ، تەقدىر - ئىستىقبالىدىن قايغۇردى . بۇ جەھەتتە مەجبۇرىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . ئۇ ئۆشرە ، زاكات ، سەدىقە ، ئېھسان ، ئىسقاتتىن كەلگەن پۇللارنى يېتىم - يېسىرلەرگە ئۇلەشتۈرۈپ بېرىپ ، ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلدى . قەشقەر شەھرىدە «مەتلەئىل ھىدايەت» ناملىق مەكتەپ تەسىس قىلىپ ۋە ئۆزى باشقۇرۇپ ، يېتىم - يېسىرلارنى تەربىيىلەپ ، توغرا يولغا باشلىدى .

ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە ، شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرىنىڭ قەشقەردە ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ، دوختۇرخانىلارنى ئېچىپ ، يېتىم-يېسىرلارنى ، كەمبەغەل-نامراتلارنىڭ باللىرىنى ئالداپ ، كاتولىك دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىغى ، ھەدەپ ئۆز مەتبەئەخانىسىدىن پايدىلىنىپ ، «ئىنجىل» نى كۆپەيتىپ بېسىپ ، كاتولىك دىنى ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ ، دىنى سىڭىپ كىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىغى ئابدۇقادىر دامولامنى چوڭقۇر ئويغا سالغان ۋە قەشقەردىكى ھەممە ئادەم ئىنتايىن نارازى بولۇپ ، جىددىي كۆڭۈل بۆلىۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەردىن بىرى ئىدى. ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن قەشقەر ئۆلىمالىرى ، مۆتىۋەرلىرى ، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ۋە شەھەر خەلقى موللا ، ئۆلىمالارنىڭ تېزدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ خىرىستىئان دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىش قىلمىشىنى دەرھال توسۇشنى ھەر ۋاقىت ئۈمىد قىلاتتى . ئابدۇقادىر دامولام بۇ ئىشقا قارىتا كەسكىن تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن قۇم دەرۋازا سوت - قايماق كوچىسىلىق ئىمىن خەلپەت ھاجىم (مەرھۇم ھامىت ئىمىنوپنىڭ دادىسى) ، غەزنىچى بەگ مەھەللىلىك ياقۇپ ھاجىم ، باغ كوچىسلىق مەتنىياز خەلپىتىم ، ئوردائالدىلىق مامۇت ھاجىم ، مەنسۇر ھىدايەت قاتارلىق شەھەر مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، شۋېد دوختۇرخانىسىنى تاقىتىۋەتمەكچى ، شۋېدلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇشتى . نەتىجىدە قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇپتىسى بولغان ئوردا ئالدىلىق مامۇت ھاجىم بۇ ئىش توغرۇلۇق قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئاساس كەلتۈرۈپ پەتىۋا يازدى . ئابدۇقادىر دامولام شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازى رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پەتىۋاغا مۆھۈر باستى . پەتىۋا قولدا كۆچۈرۈلۈپ ، شەھەر ئىچىدىكى ھەممە چوڭ-كىچىك مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرگە تارقىتىلدى . پەتىۋادىن خەۋەر تاپقان مۇسۇلمان خەلق ئاممىسى ئۆزلىگىدىن تەشكىللىنىپ ئابدۇقادىر دامولام ، مامۇت ھاجىم ، ياقۇپ ھاجىم ، ئىمىن خەلپەت ھاجىم ، مەتنىياز خەلپىتىم ، جامال ئاخۇن خەلپىتىم ، زۇنۇن ھاجىم ، مەمتىلاجى شاڭخەي ، ئىنايەتخان مەخسۇم قاتارلىق موللا ، ئۆلىمالارنىڭ باشچىلىقىدا شۋېدلارنىڭ قۇم دەرۋازىدىكى ۋاكالەتخانىسىغا (ھازىر بۇ ئورۇندا قەشقەر شەھەرلىك قوراللىق بۆلۈمى ۋە ۋىلايەتلىك ئىستراخۇۋانىيە شىركىتىنىڭ ئائىلە بىناسى بار) باستۇرۇپ كىردى . پەتىۋاغا ئاساسەن دوختۇرخانىنى پېچەتلىمەكچى بولغاندا ، شۋېدلار قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن ، غەزەپلەنگەن ئامما ۋاكالەتخانا ئىچىدىكى ئۆي - ئۆيلەرگە كىرىپ ، دىن تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ، «ئىنجىل»نىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى كۆيدۈردى . مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى . ئابدۇقادىر دامولامنىڭ ئۆلۈمىدىن قورقماسلىقتەك بۇ خىل جاسارىتى زور كۆپچىلىك دىنىي زاتلارنىڭ ، كەڭ خەلق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى ، مەدەتكارلىقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، ئەمما يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ، بىر قىسىم موللا ، قازى ـ قۇززات ، ئىشان ، بايلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى . ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامغا نىسبەتەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، ئۇنى يەۋەتكۇدەك ئەلپازدا ھاقارەتلەشتى . بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر دوتەيى جۇرۇيچى ئابدۇقادىر داموللام ، مامۇت ھاجىم ، ياقۇپ ھاجىم باشلىق 30 غا يېقىن كىشىنى 40 كۈن ھەپسىگە سولاپ قويدى . ئابدۇقادىر داموللام ھەپسىدىن چىققۇچە ئۇلار چەت ئەللىكلەرگە مەسلىھەت بېرىپ ۋە تىل بىرىكتۈرۈپ ، سۇيىقەست پىلانلاپ ، ھىجرىيە 1342 ـ يىلى (مىلادىيە 1923 ـ 1924 ـ يىللىرى) ماھى مۇھەررەمنىڭ 1 ـ كۈنى سەيشەنبە (8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى) كېچىدە ئۆز ئۆيىدە ياللانغان قاتىل ئارقىلىق مەخپىي ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى . . .

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەتلىئام قىلىنغان ئاي ـ كۈنى كۆپ ماتېرىياللاردا «ئەتىياز پەسلى» دەپ قەيت قىلىنغان. ئەمما، مەرھۇمنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان داڭلىق ئۆلىما، تالانتلىق شائىر شەمسىدىن داموللامنىڭ ئابدۇقادىر داموللام قەتلىئام قىلىنغان كۈنى ئۆلۈمگە كەلگەن كاتتىلار ئالدىدا مەرھۇم داموللامنىڭ ھويلىسىدىكى بىر تۈپ ئانار دەرىخىگە قارىتىپ ئوقۇغان ئەرەپچە قەسىدىسىدىكى: «ئايا شەجرى رۇممان مالىكە نەزىرتەن، كى ئەنتىكە لەم تەجەز ئى ئەلا ئىبنى ۋارىسى» (ئەي ئانار دەرىخى، شۇنچە يىللار كۆكىرىپ گۈزەل تۇرۇپسەن. (بۈگۈن) ۋارىس ئوغلى (ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ) ئۈچۈن چۆچۈمگەندەك تۇرىسەنغۇ؟!) دېگەن مىسرالار بۇ ۋاقىتنىڭ ئېنىق ياز پەسلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كىم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى بىردەك ئەمەس . بەزىلەر: «ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەتلىئام قىلىنىشىدا موللا ئىسلام داموللامنىڭ قولى بار، ئۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كىشى بولغاچقا ، خەلقلەر ئۇنى ” قازى ئورۇس“ ، دەيتتى» ، دېسە ، يەنە بەزىلەر: «ئابدۇقادىر داموللامنى قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ موللىسى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام بىلەن قەشقەرنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى ئۆمەر باي ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كونسۇلخانىسىدىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەھمەت دېگەن ("ھېلىم مەزىن" دېگۈچىلەرمۇ بار) تەلۋە ئارقىلىق ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى» دەيدۇ. ھازىر مەلۇم بولغان پاكىتلار باشقىچە. بۇنىڭ ئۈچۈن گەپنى باشتىنراق دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام 1918 ـ يىلى ھەجگە بېرىش يولىدا تاشكەنتتە بىر مەزگىل توختىغان. بۇ ۋاقىت تېخى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قالايمىقانچىلىقى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشمىغان ، بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا تېخى تىكلىنىپ بولالمىغان ، منشېۋىكلارنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى كۈرەشلىرى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان بىر چاغ بولغاچقا ، ئابدۇقادىر داموللام منشېۋىكلارنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى بىر قېتىملىق نامايىشىغا بىلمەي قاتنىشىپ قالغان . نامايىشچىلار ئارىسىدىكى يۈسۈپ ئىسىملىك بىرى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياقا يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى دەرھال سېزىۋېلىپ ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ھەمدە ئۇنىڭ ياقا يۇرتلۇق تۇرۇپ ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى قوللىغانلىقىغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ، خەيرخاھلىق بىلدۈرگەن . بىرنەچچە زامان ئۆيىدە قوندۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغان . ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھەجگە بارىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ ، بىللە بېرىش تىلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە ئابدۇقادىر داموللام بىلەن شەمەي ، ئۇفا ، قازان ، ئورال ، تۈركىيە ، لوندون ، مىسىر ، ھىجاز ، مەككە قاتارلىق جايلارغا بىللە بارغان . ھەج سەپىرىنى تۈگىتىپ ، تاشكەنتكە كەلگەندە يۈسۈپ تاشكەنتتە قالغان ، ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن . 1923 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردىكى چوڭ موللا ، ئۆلىما ، بايلارنى كۈتىۋالغان . بۇ كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە مۆيەسسەر بولغان ئابدۇقادىر داموللام كونسۇلخانىنىڭ زىياپەت زالىغا كىرگەندە ھېلىقى يۈسۈپ دېگەن كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان . بۇ كىشىنىڭ مۇشۇ كونسۇلخانىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، زىياپەتكە قاتناشماي دەرھال قايتىپ كىرگەن . ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن جاڭقورغانلىق زۇنۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىدە

چاي بولغان . ئىنايەتخان مەخسۇم ، ئابلىراخۇن مەخسۇم ، مەمتىلاجى شاڭخەي ، چۇمبۇسلۇق مەمتىلاجىم قاتارلىق كاتتىلار قاتناشقان بۇ سورۇندا ئابدۇقادىر داموللام مۇئاۋىن كونسۇل يۇسۇپنىڭ ئىشنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن ھەمدە: «شۇنىڭدىن بۇيان ئۆزۈمدىن ۋەھىمە قىلىپ قالدىم» دېگەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى مەمتىلاجى شاڭخەي دوتەي يامۇلغا بېرىپ ، دوتەينى كونسۇلخانىغا چاقىرتـ ـقانلىغى ھەققىدىكى خەتنى كۆرگەن . دوتەي كونسۇلخانىغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت كونسۇلى دوتەيگە: «قەشقەردە ھازىر بىر ئادەم بار، بۇ ئادەم تالىپلارغا تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساپ ئۆگىتىمەن دەپ يۈرىمىش. بۇ ئادەم تارىخ ، جۇغراپىيە ، ھېساپ ئۆگىتەلەمدۇ؟ ئەگەر ئۆگەتسە ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا بۇ ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى دەرھال تەپتىش قىلىپ ، نەتىجىسىنى ماڭا مەلۇم قىلىڭ!» دېگەن.

دوتەي كونسۇلخانىدىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ، ئۆمەرباي ئارقىلىق ئابدۇقادىر داموللامنى سۈرۈشتۈرگەن . ئۆمەرباي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلغان ، ئەمما دوتەي بۇنىڭغا كۆنمەستىن ، مەدرىسەدىكى پائالىيەتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە بۇيرىغان . ئۆمەر باي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دەرس ئارىلىغىدا تارىخقا ئائىت بىلىملەرنى قىستۇرۇپ بايان قىلىپ بېرىدىغانلىغىنى تالىپلار ئارقىلىق بىلگەندىن كېيىن ، دوتەيگە مەلۇم قىلغان . دوتەي بۇ ئاخباراتنى كونسۇلغا مەلۇم قىلغان . كونسۇل ئابدۇقادىر داموللامنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىشقا بۇيرىغان . ئەگەر بۇ ئىشتا دوتەي سۇسلۇق قىلسا ، ياتـ زىڭشىنغا مەلۇم قىلىدىغانلىغىنى ئېيتىپ پوپوزا قىلغان . سوۋېت كونسۇلىنىڭ پوپۇزىسىدىن قورقۇپ كەتكەن جۇ دوتەي خىزمىتى بەدىلىگە 300 سەر كۈمۈش تەڭگە بېرىش ، ئۆزىنىڭ ۋە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئەبەدىي كاپالەتلىك قىلىش شەرتى بىلەن قاتىل ئەھمەتنى ياللىۋېلىپ ، ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆلتۈرگۈزىۋەتكەن . كېيىن قاتىل ئەھمەت تۇتۇلغان بولسىمۇ ، بۇ ئىشتا سوۋېت كونسۇلى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قولى بولغانلىقتىن ، ئىشنى ئارقىسىغا سۆرەش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئەھمەتنى جىنايى جاۋاپكارلىقتىن قاچۇرۇپ ، ھېچقانداق چارە كۆرمىگەن . قاتىل ئەھمەت كېيىنكى چاغلاردا خەلقنىڭ نەپرىتى تۈپەيلىدىن نېرۋىسىدىن ئادىشىپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ ئۆلگەن.

ئابدۇقادىر داموللام قەتلى قىلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى يۇسۇپ توقام دېگەن كىشى: «بۇ ئۆمەربايىنىڭ قىلغان ئىشى» دېگەن . بۇ سۆزگە ئاساسەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتلىرى ئۆمەربايىنى ئىزدەپ ، ھېساپلاشماقچى بولغاندا ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇ ئۆمەربايىنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس ، ئابدۇقادىر داموللام شۆھرەت دوختۇرخانىسىغا ئوت قويغانلىغى ئۈچۈن شۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈ ـ رۈلگەن» دېگەن . ئۆمەرباي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانىدىن پۈتۈنلەي خەۋەردار بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزىنىڭ پۈتكۈل سودا ئىشى سوۋېت بىلەن بولىدىغان بولغاچقا ، بۇ سىرنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان . بۇ سىرنى بىلىدىغان ئىنايەتخان مەخسۇم ، ئابلىراخۇن مەخسۇم ، مۇساخان تېۋۈپنىڭ ئوغلى ئابدۇۋايىت ئاخۇن ، ئوردائالدىلىق مامۇت ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ھاجىم ، مەمتىلاجى شاڭخەي ، جاڭقورغانلىق زۇنۇن ھاجىم ، خان ئېرىقلىق ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلار: «ئابدۇقادىر داموللامنى شۆھرەتلەر ئەمەس ، ئورۇسلار قول تىقىپ ئۆلتۈرگۈزدى» دېگەنلىگى ئۈچۈن ، جۇ دوتەي بۇلارنى تۇتۇپ ، ھەپسىگە سولاپ قويغان . ئىنايەتخان مەخسۇم ، ئابلىراخۇن مەخسۇملار بۇ ئىشنى ئىككىنچى تىنماسلىققا ۋەدە قىلىپ ، چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن . جامال ئاخۇن خەلپىتىم كالتايلاققا ، زۇنۇن ھاجىم غۇلجىغا ، مەمتىلاجى شاڭخەيگە كەتكەن . شۇنىڭ بىلەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرى يېشىلمەي، شۇ پېتى بېسىلىپ قالغان.

ئەسلى گەپكە كەلسەك ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرى چاقماق تېزلىگىدە پۈتكۈل شەھەرگە ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى قوغان ، سەمەن ، ئاۋات ، بەشكېرەم ، توققۇزاق ، ئاتۇش ، پەيزىۋات قاتارلىق يېزىلارغا ئاڭلاندى. 10 مىڭلىغان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ، قول ھۈنەرۋەن ، كاسىپ ، سودىگەرلەرنىڭ ، دېھقانلارنىڭ بۇ مۇسىبەتتىن يۈرىگى مۇجۇلدى . ھەممە يەرنى ھەيرانلىق ئىلكىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غۇلغۇلا قاپلىدى ، ھەممە كۆزلەردىن قاتىللارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرەت ئۇچقۇنى چاقنىدى ، ھەممە كىشىنىڭ چىرايىدىن قاتىللارغا بولغان ئۆچمەنلىك نامايان بولدى . پەيشەنبە كۈنى ھېيتگاھ جامەنىڭ ئىچى ـ تېشى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نامىزىغا داخىل بولۇش ئۈچۈن كۆن بويى ئىشتىن توختىغان ئادەملەر بىلەن لىق تولدى . پېشىندىن كېيىن 10 مىڭلىغان ئادەم سەپ ـ سەپ بولۇپ، داموللامنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى . نامازدىن كېيىن قوللىرىغا ھاسا ئېلىپ ، تۇماقلىرىنى تەتۈر كىيىشكەن مىڭلىغان تالىپلارنىڭ:

«تاغۇ ـ تاشلار تەۋرىشىپ،
قاتتىق چاقماق چاققانمۇ؟
تۇمەن سۈيى قان بولۇپ،
بۇگۈن تەتۈر ئاققانمۇ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى،
چاڭ ـ تۇمانلار باسقانمۇ؟
قەشقەرنىڭ جاھانىنى ،
قايغۇ ـ ماتەم باسقانمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز ،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز .
داموللامغا دۈيۈزلەر،
قەست قىلالماس دەپتىمىز» .

دېگەندەك مەرسىيە شېئىرلىرىنى ئوقۇشۇپ ، دەۋرىي ساما سېلىشىپ ، يول ئېچىشى؛ بېشىغا سەللە ، بەللىرىگە ئاق باغلىغان مەرھۇمنىڭ يۈزلىگەن دوست ـ يار، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرى، بالا ـ چاقا، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ «ئاھ دادام، ئاھ قېرىندىشىم» دەپ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ ھازا ئېچىشىپ، جىنازا ئالدىدا مېڭىشى، ھېيتگاھتىن تۈشۈك دەرۋازىغىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كىشىلەر توپىنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشى ئارقىسىدا، مېيىت سېلىنغان تاۋۇت ئۈزۈتىپ چىقىلدى ، داموللامنىڭ جەستى ھەزرەتتىكى تاختا كۆۋرۈك دېگەن يەرگە دەپنە قىلىندى. قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1996 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 28 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەبرىسىنى «شەھەر دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلدى.

ئابدۇقادىر داموللام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادەر ۋە مەسلەكداشلىرىدىن شەمسىددىن داموللام ، مەھمۇت ئاخۇن داموللام ، تەجەللى ھەزرەت ، مۇراد رەمزەبەگ ھەزرەتلىرى (مۇراد رەمزەبەگ ئابدۇقادىر داموللامغا بېغىشلاپ 160 مىسرالىق مەرسىيە يازغان بولۇپ ، بۇ مەرسىيىدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پۈتكۈل ئىش ـ ئىزلىرىنى تىلغا ئېلىپ مەدھىيىلىگەن ، ۋاپاتىغا ئېچىنغان. ئابدۇقادىر داموللامغا يۇقىرى باھا بەرگەن . ئۇ كىشى ھىجرىيە 1352 ـ يىلى (مىلادىيە 1933 ـ ، 1934 ـ يىللىرى غۇلجىدا ۋاپات بولغان) چەت ئەلدىكى دوستلىرىدىن ئەنۋەر ساھىب داموللام (كەشـ ـمىرلىك)، ئالىم، مۇئەررىخ رىزا ئىبنى پەخرىددىن ھەزرەتلىرى (تاتار، ئۇفالىق) قاتارلىقلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىپ ، مەرھۇمغا ئاتاپ مەرسىيىلەر يېزىشتى . ئۇنىڭ سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىگىنى چۈچەكتە تۇرۇپ ئاڭلىغان مەمتىلى توختىھاجى (تەۋپىق) مۇ ئىنتايىن چۆچۈگەن ھالدا:

«مەرھۇم داموللا ئابدۇقادىرى ناھەق كەتتىلەر،
گۇناھ نىمە؟ پەقەت بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر».
(مەمتىلى توختىھاجىنىڭ «ئوقۇدى ـ ئاشتى» غەزىلىدىن ئېلىندى.) دەپ يېزىپ، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلغان مۇتەئەسسىپ دۆيۈز، مۇناپىق قارا كۈچلەرگە غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈردى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتى ئەينى دەۋردە يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيانىلا ئەمەس، ھەتتا غەربىي ئاسىيا، جۇملىدىن مۇسۇلمان شەرق ئەللىرىنىمۇ قاتتىق زىلزىلىگە سالغان ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان ئىنايەتخان مەخسۇم: «ھىندىستان ، مىسىر ، قازان ، كەشمىردىكى مەتبۇئاتلاردا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ يېزىلغان مەرسىيە شېئىرلىرى ۋە ماقالىلەرنى توپلام قىلسا بىرنەچچە جىلدلىق چوڭ توپلام ھاسىل بولۇر ئىدى» دېگەن (ئىنايەتخان مەخسۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ توقام مەدرىسەدە ئوقۇتقان شاگىرتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئابدۇقادىر داموللامنى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ قول تىقىپ ئۆلتۈرگەنلىگىنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەپسىگە ئېلىنغان، كېيىن بۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئالمايدىغانلىق ھەققىدە يەرلىك دائىرىلەرگە تىلخەت بېرىپ ، ھەپسىدىن چىققان ۋە شۇ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كەتكەن . ھىجرىيە 1367 ـ يىلى (مىلادىيە 1947 ـ 1948 ـ يىللىرى) سەئۇدى ئەرەبىستاندا ۋاپات بولغان).

ئابدۇقادىر داموللام ھەقىقەتەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىياغا تونۇلغان ئۇستا ناتىق ، ماھىر مۇنازىرىچى ، خەلقپەرۋەر ئالىم ، تالانتلىق شائىر بولۇپ ، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى ، داستانلىرى (120 مىسرالىق بىر مۇخەممىسى ، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق داستانى) ، تىرەن مەنىلىك رۇبائىيلىرى (ئابدۇقادىر داموللامنىڭ رۇبائىيلىرى تاشكەنتتە تاش مەتبەئەدە نەشر قىلىنغان «شەۋقى گۈلىستان» ناملىق چوڭ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن) بار.

ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ پاساھەت ، بالاغەتتىكى ئۇستۇنلىگى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭلا ئەمەس ، بەلكى چەت ئەللەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان بولغاچقا ، ئەسەر ـ لىرى ئۇلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان ئىدى . ئۇنىڭ كۆپ ئەسەرلىرى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا قازاندىكى «مىللەت» مەتبەئەسىدە ، تاشكەنتتىكى «غۇلامىيە» مەتبەئەلىرىدە بېسىلىپ ، كەڭ تۈردە تارقىتىلغان . بىرقىسىم ئىلمى ئەمگەكلىرى شۇ زاماننىڭ ئاتاغلىق مەجمۇئەسى «شۇرا ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىنغان . ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ، بىر قىسىم ئەسەرلىرى قەشقەر قازانچى يار بېشىدا قۇرۇلغان «مۇھەممەدىيە» مەتبەئەسىدە ، دەمەشقتە ، جىددەدە نەشر قىلىندى . ئۇ يازغان «جاۋاھىرۇل ھىيقان» (ھەقىقەت جەۋھەرلىرى) ، «ئىرشادىل مۇسلىمىن» ، «شەرھى ئامالى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئاپتونوم رايو ـ نىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۇتۇپخانىلاردا ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش ئىشخانىلىرىدا ساقلى ـ نىۋاتقاندىن باشقا ، مىسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا .

«مىفتاھۇل ئەدەب» ـ ئاپتورنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ ئىنچكە ، ئەڭ نازۇك ، ئەڭ پاساھەتلىك تەرەپلىرىنى ئەرەپ تىلى ئۆگەنگۈچىلەرگە بىلدۈرۈش ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ ئەرەپ تىل ـ ئەدەبىياتى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە يازغان دەرسلىك كىتاپلىرىنىڭ بىرى . بۇ كىتاپ ھىجرىيە 1328 ـ يىلى (مىلادىيە 1910 ـ 1911 ـ يىللىرى) قەشقەردە يېزىلغان . شۇ يىلى تاشكەنت «غۇلامىيە» مەتبەئەسىدە سىراجىدىن مەخدۇمنىڭ خىراجىتى ۋە شۇ ساخاۋەتلىك زاتنىڭ ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈشى ئارقىسىدا تاش مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققان .

ئاپتور كىتاپنى يېزىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەقسەتلەرنىڭ مۇھىمى، ئارزۇلارنىڭ ئۇلۇغى بولسا ، ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئىسلامنىڭ ئەھكام ـ پرىنسىپلىرىنى، ئەمىر ـ پەرمان ۋە ھۆكۈملىرىنى جانابىي ھەقنىڭ تەلىمگە مۇۋاپىق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقتۇر. بۇنداق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس تەكلىپ قىلىدۇ... لېكىن قۇرئان ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى بىلىش ـ ئالدى بىلەن ئەرەپ تىلىنى ۋە ئۇنىڭ لەتىپ ، ئىنچكە ئۇسلۇبىنى بىلىشكە باغلىقتۇر . ئەرەپ تىلىنىڭ

ئەڭ ئىنچىكە بالاغىتى ئەرەپلەرنىڭ ھېكمەت، باتۇرلۇق، ئەخلاق، نەسەبەت ۋە لەتىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك ئەدەبىياتىدا كۆرۈلىدۇ...

قازى بەيزاۋى ئۆز تەپسىرىدە: «ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرىدىن قارىغاندا ، ئەرەپلەرنىڭ شېئىرلىرى ئەرەپ تىلىدا چۈشكەن قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتا بىردىن - بىر ئاساسلىق ياردەمچى مەنبە ئىكەنلىگىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىدى . مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ، ئىلگىرىكى ئالىملار ئەرەپ تىلىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەرەپ شېئىرىيىتىدىن ئەرەپ تىلىنىڭ قائىدىسىنى ۋە شېئىرىيەتىنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىپ يەكۈنلىگەن ھەمدە بۇ يەكۈن ئارقىلىق ، ئىسلام ئەھلىنى ئاللاھنىڭ كىتاۋى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى بىلىشكە دالالەت قىلغان ۋە يېتەكلىگەن ئىدى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). ئەپسۇسكى، ھەسرەت ئۈستىگە ھەسرەت! زامانىمىزدىكى مۇشۇ دىياردا ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار ئەرەپ شېئىرىيىتىنىڭ بالاغىتىگە ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبىغا قارىماي ، شۇنداقلا ئالىي بىلىم ھاسىل قىلىش پىكرىدە بولماي ، بوگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كىمىيىپ كېتىشىدەك ، ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ چۈشكۈنلىششى ۋە خاراپلىششىدەك يامان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوقۇغۇچىلارنى بارلىق ئىلىملەردىن، بولۇپمۇ ئۇلۇمۇ قۇرئان ، ئۇلۇمۇ ھەدىس ۋە پىقھە( پىقھە ئىلمى-شەرئىەتنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قانۇنى) ئىلمىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى... ئەگەر مەدرىسەلىرىمىزدىكى ئوقۇتۇش ئاشۇ قالاق ئۇسۇل بىلەن كېتىۋېرىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن شەرئىەت ئەھكام - پىرىنسىپلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ، ئىسلامىيەت تەرەپدارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشتەك ۋەزىپىنى قاچان ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولار؟ شەرئىەت ، ئەھكام ئىشلىرىنى جاھىل ، نادانلارنىڭ قولىدىن قاچانمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولار... ئۇلار پايدىلىق سۆزنى زەرەرلىك دەپ ، توغرا سۆزنى يالغان دەپ ھېساپلاۋاتسا ، ئۇ ھالدا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىنى ، ئىقتىدارلىق كىشىلىرىنى ئىچىنارلىق ھالدا يوقاتقان بۇ مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشتىن قانداقمۇ ئۈمىد بولسۇن ؟! ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىمىز بويىچە ئالىي ھىممەت كۆرسىتىپ ، ئوقۇغۇچىلارنى ، بەلكى ئومۇمىي ئەھلى ئىسلامنى ياخشى پېشۋالارنىڭ ئىش ئىزلىرىغا يېتەكلەپ ، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئالىي مائارىپنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەشەببۇسكار بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن».

مانا بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ ئۆز كىتاۋىنى مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ، بولۇپمۇ كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ ، ئوقۇغۇچىلارنى ئاسان ئۇسۇل بىلەن ئىلىمدىن كۆپ مەنپەئەتلىنەلەيدىغان قىلىشقا ھەمدە پايدىلىق ئىلىملەرنى كۆپرەك ئۆگىنىپ ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ يېتىلىشكە رىغبەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ يازغانلىغىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .بۇ كىتاپنى نەشرگە تەييارلىغان مەرىپەتپەرۋەر زات سىراجىدىن مەخدۇم كىتاپنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە: «سۆز جەھەتتىكى پاساھەت ۋە بالاغىتى فىردەۋسنىڭ (فىردەۋسى-جەننەتنىڭ ئىسمى) ھۆرلىرىدىنمۇ گۈزەل ، لاتاپەتلىك ، مەزمۇنى جەھەتتىكى سەلسەبىل دېگەن بۇلاقتىنمۇ چوڭقۇر ۋە سۈزۈك . تېكستى ئۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ» ، دەپ يازسا ، تاشكەنتنىڭ شۇ زاماندىكى پازىل ئۆلىماسى، مەشھۇر ئەدىپلىرىدىن بىرى مۇراد خوجا ئىشان تاشكەندى مۇنداق تەقرىز يازغان: «خۇش خەۋەر ، خۇش خەۋەر ، ئەدىپلەرگە خۇش خەۋەر! ئەرەپ ئەدەبىياتىنىڭ ئاچقۇچى بېسىلىپ چىقىدىغان بولدى . بۇ كىتاپنى تاللانغان (ئاتاقلىق) يازغۇچىلارمۇ ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىپ يېزىۋالسا ، ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ . ۋاھ ئەجەبا! بۇ كىتاپنىڭ مەنە جەھەتتىكى بالاغىتى فىردەۋسنىڭ ھۆرلىرىدىنمۇ گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك ، ئۇنىڭ تېكستى كەۋسەردىنمۇ تاتلىق ، بۇ كىتاپ مەنە ، بايان ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردە كۆڭۈلنى ئاچىدىغان ئازادە ، جىلۋىلىك كىيىملەر بىلەن بېزەلگەندۇر . بۇ كىتاپنىڭ پىكىر مەنىلىرى ئابھاياتتۇر ، ئىلمىي قۇۋۋەتتە ئالتۇن بۇلاقتۇر . كىمكى پەزىلەتتە ، ئەدەپ كامالەتتە ھېكمەتلەردىن ئالىي مەرتىۋە تېپىشنى خالىسا ، ئاڭا «بۇ مەقبۇل كىتاپنى چىڭ تۇت» دېگىل! شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئاشۇ پەزىلەت ئارقىلىق ئالىي مەرتىۋە تاپقاي . بۇ كىتاپ نىل دەرياسىنىڭ سۈيىدەك دوستلارغا شېرىن ، دۈشمەنگە زەھەر

تېتىدۇ . سەۋىيىسى تۆۋەن كىشىلەر ئاچچىغىدا ھەر نەرسىلەرنى دېسمۇ ، ئەمما توشاق ئالىملار ئاپېرىن دېمەي تۇرالمايدۇ . ئەقلىمگە بۇ تاللانما كىتاپنىڭ تۇپلىنىشى ۋە نەشىردىن چىقىشى قاچان دېسەم ، ئەقلىم ئاپېرىن يۇزىسىدىن بۇنىڭ تارىخى (مىفتاھۇل ئەدەپ) («مىفتاھۇل ئەدەپ» ھەم كىتاپ نامىنى ، ھەم ئەبجەد ھېساۋى بويىچە ھىجرىيە 1328 - يىلى (مىلادىيە 1910 - 1911 - يىللىرى) نى كۆرسىتىدۇ.) دېگەن نامدا ياسالغان دېدى.

«مىفتاھۇل ئەدەپ» - ئىككى قىسىم بولۇپ ، بىرىنچىسى 10 باپ ، ئىككىنچىسى بەش باپتىن تۈزۈلگەن . بىرىنچىسىنىڭ ئاخىرىدا : «مىفتاھۇل ئەدەپ» نىڭ بىرىنچى قىسمى تامام بولدى ، ئىككىنچى قىسمى بۇنىڭ كەينىدىن ئۇلىنىدۇ . ئۇنىڭدا ئىلىم ماكانى ، بايان ، بەدىئى ئۇسلۇپ ، ئەرۇز ، قاپىيە... گە دائىر مەسىلىلەرنى بېرىش ۋە «تەلخىسۇل مىفتاھ» دىكى شېئىرلارنى يېشىش مەزمۇن قىلىنىدۇ» دېيىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئىككىنچى قىسىم كىتاپنىڭ يۇرتىمىزغا يېتىپ كەلگەنلىگى ھازىرچە نامەلۇم .

ئاپتور ئۆز كىتاۋىغا ئەرەپ ئەدەبىياتىدىكى ئىلىم - ھېكمەت، قەھرىمانلىق ، ئىپتىخارلىق ، ئىـ-ـچىملىك توغرىسىدىكى، شۇنىڭدەك تارىخى ۋەقەلەر ھەققىدىكى قەسىدە ، مەرسىيە ، غەزەللەرنى تاللاپ كىرگۈزگەن. بىرىنچى كىتاپ 95 بەت، 1746 مىسرا بولۇپ ، بۇنىڭدىن ئىككى مىسراسى ھەبەش (ھازىرقى ئېفىئوپىيە) تىلىدا ، قالغىنى ئەرەپ تىلىدا ۋە ھەبەش تىلىدا يېزىلغان:

« ئەرەھ بەرەھ كەنكەرە،
كەراكىرى مەندەرە ».

(دۇنيادا نۇرغۇن ئېسىل كىشىلەر ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئارىمىزدا پەقەت سەنلا سىمۋول قىلىشقا يارايسەن) دېگەن بۇ ئىككى مىسرانى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ھەزرىتى بىلال ئوقىغان . قالغان 1744 مىسرانى مۇسۇلمان ئەللىرىگە مەشھۇر بولغان 100 گە يېقىن ئەرەپ ، پارس ، تۈرك ۋە ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللىۋالغان . بۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى تەجەللىنىڭ 164 مىسرا ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ 148 مىسرا ، سىراجىدىن مەخدۇمنىڭ سەككىز مىسرا ، مۇراد خوجا ئىشان تاشكەندىنىڭ 22 مىسرا شېئىرى بار . ئۇنىڭدىن تاشقىرى «لەيلى - مەجنۇن» داستانىدىن پارچىلار بار .

ئاپتور ئۆز كىتاۋىغا نېمە ئۈچۈن «مىفتاھۇل ئەدەپ لىفەھمى كەلامۇل ئەرەپ» (ئەرەپ تىلىنى چۈشىنىشتىكى ئەدەبىيات ئاچقۇچى) دەپ ئىسىم قويغانلىغى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كەمىنە ئۆزىنىڭ تۆۋەن ئىقتىدارىغا قارىماي ، ئوقۇغۇچىلارنى پايدىلىق ئىلىملەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۇ - رۇش نىيىتى بىلەن ئەرەپ دىۋانلىرىدىن ئىلىم - ھېكمەت ، مەدھىيە ، قەھرىمانلىق ، پەخىرلىنىش ، غەزەل ، زەھرىيات (گۈل - چېچەكلەر)، ئىچىملىكلەر ، تەنقىد ، مەرسىيە ، تارىخ...قا ئائىت نەپىس شېئىرلارنى تاللاپ ئەدەبىيات ئالىملىرىنىڭ ئەرەپ تىلى قائىدىسى ۋە ئەدەبىيات ئۇسۇللىرىدىكى مەنە ، بايان ، بەدىئى ئۇسلۇپ ، ئەرۇز ، قاپىيىگە مۇناسىۋەتلىك پىكىرلىرىنى توپلاپ ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ ، بىرىنچى قىسىمنى 10 باپ ، ئىككىنچى قىسىمنى بەش باپ قىلىپ تۈزدۈم . «تەلخىسۇل مىفتاھ» دا بايان قىلىنغان شېئىرلارنى ھەم بۇ توپلامغا قوشتۇم . چۈنكى ، بۇ قىسقىغىنا توپلام ئوقۇغۇچىلارنى دىۋاندىكى پاساھەت ، بالاغەت ، ئاجايىپ ئۇسۇللار ، بەدىئى مەنىلەرگە ئاشنا قىلىپ ، ئۇنىڭدىكى ئىلىم دېڭىزىدىن دۇر - گۆھەرلەرنى قازماقتا ، ھەدىسلەر گۈلشەنىدىن گۈللەر ئۈزمەككە دالالەت قىلالمىدىكىن دېگەن ئۈمىدتە بۇ لەتىپىلىك توپلامنى «مىفتاھۇل ئەدەپ لىفەھمى كەلامۇل ئەرەپ» دەپ ئاتاشنى مۇناسىپ كۆردۈم».

كىتاپنىڭ كىرىش سۆزىدە گەرچە «مەقسەتلەرنىڭ مۇھىمى ، ئارزۇلارنىڭ ئۇلۇغى بولسا ، ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ، ئىسلامنىڭ ئەھكام - پرىنسىپلىرىنى ، ئەمر - پەرمان ۋە ھۆكۈملىرىنى جانابى ھەقنىڭ تەلىمگە مۇۋاپىق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقتۇر. بۇنداق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس تەكلىپ قىلىدۇ» دېيىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما

www.uyghurkitap.com



كىتاپتا بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەر ناھايىتى ئاز بېرىلگەن . ئاساسلىقى ئىنساننىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدۇ؟ ئىنساندا قانداق ئەخلاقى پەزىلەتلەر بولىشى لازىم؟ ئىنسان كىشىلىك تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزىشى كېرەك؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەقىل ، بىلىم ، بەخت ، گۈزەللىك ، باتۇرلۇق ، قەھرىمانلىق ، ھاكىمىيەت ، ۋەتەن ، مىللەت ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، ئادالەت ، ھۆرلۈك ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ۋاستىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان ، ئىنسانى پەزىلەتلەردىن ئىناقلىق ، ئىتتىپاقلىق ، ياخشىلىق ، خەير ـ ساخاۋەت ، كەم سۆزلۈك ، ئۆزىنى تۇتۇش ، ئۆزىنى بىلىش ، باشقىلارغا باھا بېرىش ، باشقىلارنى چۈشىنىشكە ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەپ ، كىشىلەرنى بۇ خىل خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە چاقىرغان . ئەكسىچە ، يامانلىق ، ئاچ كۆزلۈك ، شۆھرەتپەرەسلىك ، ھاماقەتلىك ، ھەسەتخورلۇق ، شاللاقلىق ، ئۆزەمچىلىك ، بىكىنمىچىلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكۈپ ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشقا ئۈندىگەن ؛ زاماننىڭ يولسىزلىقى ، تەتۈرلىگى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىپ ، ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن . مانا بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا «مفتاھۇل ئەدەپ» نى 20 ـ ئەسرنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»ى دېيىشكە بولىدۇ . ئەگەر «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «مفتاھۇل ئەدەپ» ئوتتۇرىسىدا پەرق بار دېيىلسە ، بىرىنچىدىن ، بۇ پەرق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ، ھاكىمىيەت ، قانۇن ، بەخت ـ سائادەت ، ئەقىل ، بىلىم ، ئىنسانى پەزىلەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تۆت پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىگىدە؛ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بولسا، بۇ مەزمۇنلارنى ئەرەپ، پارس، تۈرك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان قىسىملارنى تاللاپ توپلاش ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىگىدە كۆرۈلىدۇ . ئىككىنچى پەرق، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتاۋىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان ، ئابدۇقادىر داموللام ئىسلامىيەتتىكى ئومۇمى تەربىيىنى جەمئىيەتنى يېتەكلىگۈچى موللىلار ئارقىلىق يۈرگۈزۈش ئوڭاي دەپ ھېساپلىغانمۇ ، ياكى موللىلاردا ھەۋەس قوزغاشنى مەقسەت قىلغانمۇ ، ياكى بولمىسا ئەسلىگە سادىق بولۇشنى خىيال قىلغانمۇ، كىتاپنى ئەرەپ تىلىدا يازغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆز كىتاۋىدا بىرىنچى بولۇپ تەكىتلىگىنى ئەقىل ، بىلىم ، ئەخلاق ـ پەزىلەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت . چۈنكى ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئەقىل ، بىلىم ، ئەخلاق ـ پەزىلەت ـ ئىنسانىنى خار ۋە زەبۇنلۇقتىن ساقلاپ سائادەتمەن قىلىدىغان ، تىلەك ، مەقسەتلەرگە يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر . ئەگەر ئىنسان ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولمايدىكەن ، ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىم بايلىقلىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرمايدىكەن ۋە گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئۆزىدە يېتىلدۈر ـ مەيدىكەن ، مەڭگۈ قۇل بولۇپ ئۆتىدۇ . «ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئەقىل ۋە ئەدەپتىن گۈزەل نېمەت بەرمىدى» (1 ـ بېيىت) ، «ئەقىل ، ئەدەپ ياشلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى ، ئەقىل ، ئەدەپنى يوقاتقان ياشلار ھايات سەھنىسىدىن تېزرەك يوق بولغىنى ياخشىراق» (2 ـ بېيىت) ، «ئەگەر سەن ئەقلىڭنى توغرا ئىشلىتەلىسەڭ ، ياتقان ئورنۇڭ ئېچىدىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن دائىم يورۇپ تۇرىدۇ» (12 ـ بېيىت)، ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا ، ئەقلىڭدىن باشقىنى كېرەكسىز ھېساپلا» (13 ـ بېيىت) . ئۇ ، ئىلىمنىڭ خاسىيىتىگە توختىلىپ : «ھەر ـ بىر پەزىلەتتە ئۈستۈنلۈك بار . ئەمما ، ئىلىمنى ھەممە پەزىلەتتىن ئۈستۈن تاپتىم» (3 ـ بېيىت) ، «ئىلىمدىن باشقىنى زەخىر (سەرمايە) دەپ ھېساپلىما ، چۈنكى ، ئىلىم دېگەن تۈگىمەس خەزىنە» (4 ـ بېيىت) دەيدۇ . ئۇ يەنە: «ھەي ياش ، ئىلىم ئۆگەن ، چۈنكى نادانلىق نومۇس ، نادانلىققا ئېشەكتىن باشقا نەرسە رازى بولمايدۇ» (6 ـ بېيىت) ، «ئىلىم بىلەن نىجات تاپ ، مەڭگۈ ياشايسەن ، نادانلار ئۆلۈك ، ئالىملار تىرىك» (5 ـ بېيىت) ، «ئىلىم ئىگىلىرى ۋە ئىلىم يولىدا ماڭغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەڭلىك ۋە خارلىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى دېمە!» (16 ـ بېيىت)، «ئىلىم ئارتقاندا دۈشمەننىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى توپىغا مىلىگىلى بولىدۇ ، ئىلىمنىڭ ھۆسنى ھەركەتنى ئىسلاھ قىلىشتۇر» (17 ـ بېيىت) دەپ خىتاپ قىلىدۇ.

مانا بۇلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «ھەر تۈرلۈك ياخشىلىقلار ئەقىلدىن

كېلىدۇ ، ئەقىل ـ ئىنسان ئۈچۈن ملىڭ خىل پەزىلەتنىڭ بېشى ، ئۇ كېچىدەك قاراڭغۇلۇقتىكى ئىنسانـ ـنىڭ دىلىنى مەشئەل كەبى يورۇتىدۇ . ئەقىللىق بولۇش ـ تەڭرىنىڭ نېمىتى ، ئەقىللىق ئىنسان بۈيۈكتۇر» ، «ئىلىم ـ كۈچ ، ئىلىم ـ بەخت قورالى ، ئىلىم ـ ئىنسان قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئۆلى ، ئىنسان ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ ، بىلىملىك كىشىنىڭ ئورنى كۆك (ئاسمان) دىنمۇ ئېگىز. كىشىلەرنى هايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسلىق ، بەلكى دوزاخ ئىشىگىنى پېچەتلەيدىغان نەرسە پەقەت ئىلىم ، بىلىملىك كىشىنىڭ ئۆخلىشى تەقۋادار زاهىتنىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرىشىدىن ئەۋزەل» دېگەن قاراشلىرى بىلەن نېمىدېگەن ئوخشاش ـ هە!

ئابدۇقادىر داموللام ئۆز كىتاۋىدا يەنە ئىنسان پەزىلىتىنىڭ نېگىزلىك ماهىيەتلىرىدىن بىرى بولغان ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىرىدە بىر قاتار ئىلغار قاراشلىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، بۇ جەهەتتە ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس هاجىپقا ياندىشىدۇ . يۈسۈپ خاس هاجىپ ياخشىلىق توغرىسىدا: «ئىنسان بۇ دۇنياغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈنلا يارالغان ، ياخشىلىق ـ ئىنساننىڭ ماهىيتى ، شۇنداقلا كىشىلىك جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچى . ياخشىلىق ـ هاياتلىقنىڭ دەسمايىسى ، ياخشىلىق ئىنساننىڭ ئەبەدىي يېمەك ـ ئىچمگى . بەخت ـ سائادەت ئىنسانغا ياخشىلىق ئارقىلىق كېلىدۇ . ياخشىلىق ئىنساننى شان ـ شۆهرەت ، ئىززەت ـ هۆرمەتكە ، مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرىدۇ . ياخشىلىق ـ دۇنيادا ئەبەدىي قېرىمايدىغان ، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان مۇتلەق نەرسە . ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈگى ياخشىلىق بىلەندۇر . ئىنسان گەرچە ئۆلگىنى بىلەن ياخشىلىق ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈ ئۇنتۇلدۇرماي ، ئەبەدىي ساقلايدۇ» دېسە ، ئابدۇقادىر داموللام مۇنداق دەپ يازىدۇ : «ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى ، مەيلى ئۇ ئىنسان ياخشى ئەمەلنى ئاز قىلسۇن ، كۆپ قىلسۇن ، گۈزەل ئەمەلىيىتىگە باغلىق» (27 ـ بېيىت) ، «ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى ، كىشىلەر ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىقنى ئىرغىتىپ تاشلاپ ، مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشى» (150 ـ بېيىت)، «ئەگەر قادىر بولالىساڭ ، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئىشلاردىن باشقىنى قىلما . بارلىق يامان ئىشلاردىن يىراق بول» (10 ـ بېيىت)، «ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇغىنى چاچ ئورۇنسىز يەر بولسىمۇ، چۈنكى ياخشىلىق ئۇرۇغى قەيەرگە چېچىلسا هەرگىز زايە بولمايدۇ» (41 ـ بېيىت)، «ياخشىلىق قىلغىن، زامان ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ . چۈنكى، ئۇ ياخشىلىقنىڭ هوسۇلىنى تېرىغان كىشىدىن باشقىسى ئورۇيالمايدۇ» (42 ـ بېيىت)، «ياخشىلىقنى ئادەت قىلىش ئۈچۈن ئوچۇق قول بولۇش كېرەك ، ئوچۇق قول كىشى ئىززەتتىن نېرى بولمايدۇ» (43 ـ بېيىت) ، «هەي بالىلار ، پۈتكۈل خەلققە مېهرىبان بولۇڭلار ، ئۇلارغا مەرهەمەت ، شەپقەت نەزىرىڭلار بىلەن قاراڭلار» (39 ـ بېيىت) ، «چوڭلارنى هۆرمەتلەپ ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ ، بارلىق ئىشلاردا ياراتقان زاتنىڭ هەققىنى ئادا قىلىڭلار»(40 ـ بېيىت)

بۇ يەردە بىر مەسىلىنى ئىزاهلاپ ئۆتۈش لازىمكى ، ئاپتورنىڭ ياخشىلىق توغرىسىدىكى قارىشى يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ، مەلۇم جەهەتلەردە كونكرېتلىققا ئىگە . يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە هەممىگە قارا ـ قويۇق ياخشىلىق قىلىشنى ، هەتتا يامانلىق قىلغۇچىغىمۇ ياخشىلىق قىلىش بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا؛ ئابدۇقادىر داموللام ياخشىلىقنى بىلگۈچىگە قىلىشنى ، يامان ئادەملەرگە ئەسلا ياخشىلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىغىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ : «هەرقاچان ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەرنى هۆرمەتلىسەڭ ، سەنمۇ هۆرمەتكە ئىگە بولىسەن ؛ ئەگەر ئېپلاس ئادەملەرنى هۆرمەتلىسەڭ ، ئۇ هەددىدىن ئېشىپ ، سېنى يەرگە ئۇرىدۇ» (98 ـ بېيىت) ، «خەير ـ ئېهسان قىلىش ئورنىغا قىلچىنى ئىشلىتىش زىيانلىق بولغىنىدەك ، قىلىچ ئورنىغا خەير ـ ئېهساننى قويۇشمۇ زىيانلىق» (99 ـ بېيىت)، «ئېپلاس ئادەملەرگە لوتفۇ مەرهەمەت قىلما ، ئۇنى هەددىدىن ئاشۇرۇپ قويسەن» (100 ـ بېيىت) ، «قاتتىق تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتىدۇ ، ئەگەر تۆمۈرگە دېڭىز سۈيىنى قۇيسىمۇ ئەسلا يۇمشىمايدۇ» (101 ـ بېيىت) ، «قۇدرەت تاپساڭ بىر كۈنمۇ پۇرسەت بەرمە ، يامانلارنى چاققان بىر تەرەپ قىل ، بولمىسا ئۇلار سەن ئىگە بولغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئەتىلا ئىگە بولۇۋالىدۇ» (103 ـ بېيىت).

www.uyghurkitap.com



ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ قارىشى ئەينى زامان رېئاللىقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ تەبىقىگە بۆلۈنۈپ ياشاۋاتقانلىقى ، هۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بىلەن هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى ، ئۇلاردا ئورتاق ھېسسىيات بولمىغانلىقتىن ، ھەممىگە قارا ـ قويۇق ياخشىلىق قىلىش مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلغان.

«مىفتاھۇل ئەدەپ»تە ئىجتىمائىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىدە سۆزلەنگەن مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىرى سۆز قائىدىسى توغرىسىدىكى قاراشتىن ئىبارەت . ئابدۇقادىر داموللام بۇ توغرىدا مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بىرىنچى ، سۆزنى قائىدىلىك قىلىش ، سۆزنى بۇزماسلىق ؛ ئىككىنچى ، كەم سۆز بولۇش ، كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋېرىپ شالاقلىق قىلماسلىق ؛ ئۈچىنچى ، كەسكىن سۆزلەش ، سۆرەلمىلىك ، ئەزمىلىك قىلماسلىق . مانا بۇلارغا رىئايە قىلماسلىق ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قارىشىچە ، كىشىلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقتا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشلار بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئادەمگىمۇ خەۋپ يەتكۈزىدىغان زىيانلىق ھادىسە ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ئابدۇقادىر داموللام : «سۆزنى گراممانىكا بىلەن گۈزەللەشتۈر ، چۈنكى سۆز قائىدىسىدىن مەھرۇم بولغان كىشى سۆزنى بۇزىدۇ» (18 ـ بېيىت) ، «ئەقىل دېگەن زىننەت ، كەم سۆخەنلىك دېگەن سالامەتلىك ، شۇڭا ئورۇنسىز سۆزنى تولا سۆزلىمە» (49 ـ بېيىت) ، «كەم سۆخەنلىككە بىر قېتىم پۇشايمان قىلسام ، كەم سۆزلىگەنگە مىڭ قېتىم پۇشايمان قىلدىم» (50 ـ بېيىت)، «ئىنسان ھەرقاچان ئۆز تىلى بىلەن سىرىنى پاش قىلىپ ، باشقىلارنىڭ مالامىتىگە قالسا ، ئۇ ئەخمەق ئىنساندۇر» (119 ـ بېيىت)، «سۆزلەيدىغان ئورۇننى تاپساڭ چوقۇم كەڭتاشا سۆزلە ، ئەگەر سۆزلەيدىغان ياخشى سۆزنى تاپساڭ ئايىماي سۆزلە» (227 ـ بېيىت)، «چۈنكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىلىم ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇ سۆزدىن توغرا چۈشەنچە ئالىدۇ» (122 ـ بېيىت)، «ھەرقاچان پىكىر قىلساڭ كەسكىن پىكىر قىل ، چۈنكى سۆرەلمىلىك كىشىنى ئىككىلەندۈرىدۇ» (102 ـ بېيىت). ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ قاراشلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويغان تۆۋەندىكى ئوي ـ پىكىرنىڭ تولۇقلانمىسى دېيىشكە بولىدۇ:

167 سۆزۈڭنى كۆزەتكىن ، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن ، چىشىڭ سۇنمىسۇن.
169 ئېسەنلىك تىلەسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ،
تىلىڭدىن چىقارما ياراقسىز سۆزۈڭ.
173 كىشى بولغۇسى شاھ ئۆسۈپ سۆز بىلەن،
تولا سۆز بېشىڭنى قىلار يەر تۆۋەن.
175 پاساھەت بىلە قىل شۇڭا سەن سۆزۈڭ ،
پەسىھ بولسا تىلىڭ ، ئۆسەرسەن ئۆزۈڭ .

دۇنياپەرەسلىك ـ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئاچ كۆزلۈكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ، ئاچ كۆز كىشىلەر ئادەتتە ئىنتايىن شەخسىيەتچى، ھەسەتخور، پىخسىق، بېخىل كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە نىيىتى تەلتۆكۈس بولسىمۇ، ئەمما مال ـ دۇنياغا كۆزى تويمىغانلىقتىن، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ھامان ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ . مال ـ دۇنيا ئالدىدا نومۇس ، ھايانى ئۇنتۇپ ، ھەرقانداق پەسكەش قىلىق ـ لارنى قىلىشتىن يانمايدۇ . شۇڭا ، دۇنياپەرەسلىكنى «ئىنسان ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا چۈشكەن مىتە» دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام دۇنياپەرەسلىكنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىپ يەتكەنلىكتىن، كىشىلەرنى بۇ زەھەرلىك زىياندىن بىلەن ئۆزىنى جاراھەتلەندۈرۈۋالماسلىققا ئۈندەپ، «مىفتاھۇل ئەدەپ» تە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «دۇنيا بىر ھالەتتە داۋام قىلمايدۇ، ئۇ بەزىدە ئالدىنى قىلىدۇ، بەزىدە كەينىنى قىلىدۇ» (139 ـ بېيىت)، «دۇنيا كەينىنى قىلسا، ئىنسان ھەرقاچان ھەسرەتلىنىدۇ؛ ئالدىنى

قىلغاندا، ئۇنىڭ غەملىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ» (109 ـ بېيىت)، «ئىنسان بىرەر ئىشتا خۇرسەن بولسا دۇنيانى ماختايدۇ، ئەگەر ئازراق خاپىلىق تارتسا، هاياتىم بىلەن قەسەم قىلمەنكى، ئاز ئۆتمەستىن ئۇ دۇنيانى تىللايدۇ» (108 ـ بېيىت)، «قارىمامسەن! دۇنيا دېگەن قۇرۇلغان بىنالىرنى ئۆرۈيدۇ، بەرگەن نەرسىلىرنى قايتۇرۇۋالىدۇ، توغرا نەرسىلەرنى بۇزىدۇ» (110 ـ بېيىت)، «تولا نادانلار دۇنيادا پۇل ـ مالغا تويماي ئۆتسە، كۆپلىگەن بىلىمدارلار يوقسۇزلۇقتىن دۇنيادا هەسرەت چېكىپ ئۆتىدۇ» (22 ـ بېيىت)، «خاپىلىق كۆرمەي هاياتنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزەي دېسەڭ، دۇنياپەرەسلىكتىن ئىبارەت ئادەمنى هالاكەتكە ئېتتىرىدىغان بۇ نەپسانىيەتچى يولنى تۇتما» (111 ـ بېيىت)، «دۇنياپەرەسلىكنى تاشلا! چۈنكى، ئالى مەرتىۋىلىك كىشلەرنى خارلاشتۇرۇش، ئېتىبارسىز كىشلەرنى مەرتىۋىلىك قىلىش دۇنيانىڭ تەبىئىتىدۇر» (21 ـ بېيىت)، «قارىمامسەن! تۇغۇلغاندا بوۋاقنىڭ قولنى چىڭ يۇمۇپ ئالغىنى هاياتقا بولغان ئامراقلىقنىڭ دەلىلىدۇر» (115 ـ بېيىت)، «ئۆلگەن چاغدا ئالىقىنىنى ئاچقىنى، قاراڭلار دۇنيادىن قۇرۇق قول قايتتىم، دەپ ئىبرەت قىلغىنغا ئىشارەتتۇر» (116 ـ بېيىت).

يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇ مەسىلىنى تارىختا مال ـ دۇنيانىڭلا كويىدا بولۇپ، هەددى ـ هېسابسىز مال ـ دۇنيا توپلىغان ۋە بۇ مال ـ دۇنيالىرىنىڭ كۆپلىگى بىلەن ماختىنىپ ئالەمگە پاتماي قالغان شەددات ، فىرئەۋنلەرنىمۇ مال ـ دۇنياسىنىڭ قۇتقۇلدۇرۇپ قالالمىغانلىغىنى ، ئۆلۈم مال ـ دۇنيانى ئۇلاردىن ئايرىپ ئېلىپ قالغانلىغىنى ، قارۇن مال ـ دۇنياغا تويماي بېخىللىق قىلغانلىقتىن، ئاخىرقى هېساپتا يەر يۇتۇپ كەتكەنلىگىنى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق، دۇنياپەرەسلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرگەن هەمدە مۇنداق يازغان:

2004 . كۆزى ئاچ كىشلەر بولماس مالغا باي،
پۈتۈن دۇنيا بولساڭ ئۇنىڭ، ئۇ گاداي.
2002 . بۇ ئاچ كۆزلۈك ئاغرىق، داۋا يوق ئاڭا،
جاهاندا هېكىم چارە تاپالماس بۇڭا.
5389 . كۆزى ئاچقا يەتمەس پۈتۈن بۇ جاهان،
قانائەت قىلغانلار بەختلىك هامان.

«مىفتاهۇل ئەدەپ»تە «قۇتادغۇبىلىك»تىكى مەزمۇنلارغا ئوخششىپ كېتىدىغان ياكى بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىنى ئالغا سۈرىدىغان جايلار ناهايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. «مىفتاهۇل ئەدەپ»نىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇنلىرىدىن بىرى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، مىللەتنىڭ ئىستقبالىغا كۆيۈنۈش تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. ئابدۇقادىر داموللام بۇ تۇيغۇنى «ۋەتىنىم نېمە دېگەن شەرەپلىك، ئۇنىڭدىن زۇلۇم كۆرگەن بولسامۇ؛ مىللىتىم نىمە دېگەن قەدىرلىك، ئۇ مىللەتتىن جاپا كۆرگەن بولسامۇ» (94 ـ بېيىت) دېگەن بىر جۈملە بىلەن ناهايىتى چىرايلىق، يارقىن، هېسياتلىق ئىپادىلىگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ ئەخلاق ۋە ئېتىقاتقا ئوخشاش، ئادەملەرنى ئالىيجاناپلىققا باشلايدىغان، هەقىقى گۈزەل نەرسىلەرنى بارغانسېرى چۈشىنىش ۋە سۆيۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن هۇزۇرلاندۇرىدىغان هەمدە تۈرلۈك يوللار بىلەن گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە نامايان قىلىشقا يېتەكلەيدىغان غايىۋى كۈچ. هەقىقى ۋەتەنپەرۋەرلىك چىرايلىق سۆزدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش يولىدىكى هەرىكەتلەردە، يەنى ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ هازىرقى هالىتى بىلەن پاسسىپ هالدا قانائەتلىنىپ، ئۇنىڭـ ـدىن پەخىرلىنىدىغان ئەمەس، بەلكى هازىرقى هالىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇ ئۆزگەرتىشنى پۈتكۈل كۈچى بىلەن قوللاپ ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى هەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، هەرقايسى مەملىكەت، هەرقايسى مىللەتلەردە نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئۆتتى. ئۇلارنىڭ زور بىر قىسىملىرى ۋەتەنپەرۋەرلىكتە، مىللەتپەرۋەرلىكتە ئاجايىپ قەهرىمانلىقلارنى كۆرستىپ، بۈيۈك داستانلارنى ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىملىرى ئۆز غايىسىنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا يەككە ـ يىگانە قالغاندا، چەتكە قېقىلىپ، بېسىمغا، تەھدىتكە يولۇققاندا، ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق، قايغۇسىغا ھەمدەم بولالماي، ۋەتەننى مىللەتنى تاشلاپ، چەت مەملىكەتلەرگە مۇھاجىر بولۇپ چىقىپ كەتتى. بىراق، ئابدۇقادىر داموللام ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ، «مىفتاھۇل ئەدەب» تە زامانغا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بۇ زامان پەسكەشلەرنىڭ ئورنى يۇقىرى بولىۋاتقان، ئۇلۇغ، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ شۆھرىتى بېسىلىپ كېتىۋاتقان ئېپلاس زاماندۇر» (66 ـ بېيىت)، «بۇ زامان ـ مەرۋايىت مارجانلىرى ئاستىغا چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكەن، ئۇلۇغلارنىڭ تاپلىرى ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان دېڭىزغا ئوخشىشىدۇ» (67 ـ بېيىت)، «تۇرمۇش ـ ئەقىللىق ـ پاك كىشىلەرگە كەيىننى قىلىۋالغان» (54 ـ بېيىت)، «ئىلىم ئەھلى ۋە سەنئەتكارلار كاساتلاشقان، نادان، جاھىللار بازار تاپقان زاماندۇر» (62 ـ بېيىت)، «تۇرمۇش لوگىكىسى شۇنداق، دۇنيادا نادان كىشىلەر ئاتاقتا ئېرىشىدۇ، ئالىم كىشىلەرنى جاپا ـ مۇشەققەت چىرمىۋالىدۇ» (63 ـ بېيىت)، «ئەگەر رىزقى ـ نەسىبە ئەقىلگە قاراپ بولىدىغان بولسا ئىدى، مانا شۇ ۋاقىتتا ھايۋانلار نادانلىقلىرىدىن ھالاك بولغان بولاتتى» (64 ـ بېيىت)، «ئوت كۆيگەن ئوتۇندا ئوتنىڭ يالقۇنى بولمىسا ئىدى، ئارچا ياغىچىنىڭ خۇش پۇرىقى تۇنۇلمىغان بولاتتى» (69 ـ بېيىت)، «بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى قايتا ـ قايتا تېتىپ كۆردۈم، لېكىن، مەن تېتىغان نەرسىلەر ئىچىدە گادايلىقتىن تەمى ئاچچىق نەرسە يوق ئىكەن» (78 ـ بېيىت)، «مېنى قايغۇغا تاشلىغان نەرسىلەر ئىچىدە دۈشمەننىڭ شادلىقىدىن غەيرىنى تاپالمىدىم، مېنى شاد ـ لاندۇرغان نەرسىلەر ئىچىدە ھەسەتخوردىن غەيرىنى تاپالمىدىم» (84 ـ بېيىت)، «ئەپسۇسكى، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى دوستلىرىممۇ مېنى چېقىشتىن تارتىنمايدىغان قوملۇقنىڭ زەھەرلىك يىلانلىرىغا ئايلىنىپتۇ» (85 ـ بېيىت)، «مەن ئۇلارنى سىناپ، ياخشىلىق كۈتكەن بولساممۇ، ئەمما ئۇلار مېنى ھېچ نىمە ئۇنمەيدىغان قاقاس بىر ئويمانغا تاشلىۋېتىپتۇ» (86 ـ بېيىت)، «ھەركۈنى ئۇلارغا ئوق ئېتىشنى ئۆگەتسەم، ئۇلار بىلگىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن مېنى ئاتتى» (87 ـ بېيىت)، «ئۇلارنى دۈشمەن ئوقىدىن مۇداپىئە قىلىدىغان زەرلىك چاپان قىلىۋالسام، ئۇلار دۈشمەن ئوقىنىڭ ئۇچى بولدى» (88 ـ بېيىت)، «دۈشمەندىن بىر قېتىم ھەزەر ئەيلىگۈچى، دوستتىن مىڭ قېتىم ھەزەر ئەيلىسە بولغۇدەك» (89 ـ بېيىت)، «چۈنكى دوست ئۆزگەرسە، بۇ دوست زىيانكەشلىك قىلىشقا تولىمۇ ماھىر بولىدىكەن» (90 ـ بېيىت)، «كىشىلەردىن سادىق، ۋاپادار دوست بولۇش ھەققىدە ئۆتۈنسەم، ئۇلار بۇنىڭغا يول يوق، دېيىشتى» (81 ـ بېيىت) دەپ يازغىنىدەك، مۇئەللىپ ئۆچۈن زامان قاراڭغۇ، تار زىندان بولغان؛ كىشىلەر نادانلىقى، ھەسەتخورلىقى تۈپەيلىدىن يىلان ـ چايان بولۇپ مۇئەللىپكە نەشتەر ئۇرغان، دوستلىرىمۇ دۈشمەن بولۇپ، ئۇلاردىن ئازار يەتكەن. قىسقىسى، ۋەتەندىن زۇلۇم، مىللەتتىن جاپا كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇئەللىپ ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، كۆرگەن زۇلۇم، تارتقان جاپاسىنى بىر يولى ئۇنتۇپ، ۋەتەننىڭ قايغۇسىدا يىغلىدى، مىللەتنىڭ غېمىدە سارغىيىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچۇلاندى. ۋەتەننىڭ ئازادلىقىنى، مىللەتنىڭ ھۆرلىكىنى ۋە زاۋاللىقتىن قۇتۇلۇپ، گۈللىنىشنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمىدى. ئابدۇقادىر داموللام بۇنىڭ بىردىن ـ بىر يولى بىكىنمىچىلىككە خاتىمە بېرىش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، سىرتقا چىقىش، دۇنيانى كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ، «مىفتاھۇل ئەدەب» تە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «سېنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىڭ چەتكە چىقماسلىق بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ... سەپەر قىلغىن» (37 ـ بېيىت)، «سۇ ـ ئۆزۈن تۇرۇش بىلەن سېسىقلىققا ئايلىنىدۇ، ئاي ـ كىچىكلىكتىن ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ، تولۇقلىنىپ، 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئايلىنىدۇ» (38 ـ بېيىت)، «سەپەر قىل، چۈنكى، ئارزۇ ـ ئىستەكلەر سەپەردە قولغا كىـ ـلىدۇ، توختام سۇنىڭ قېشىدا تۇرۇۋەرمەي، سۈزۈك سۇ ئىزدە» (141 ـ بېيىت). ئۇ، ھۆرلۈكنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ھۆر ئادەم زۇلۇم ئاستىدا قېلىشقا چىدىمايدۇ، زۇلۇمغا پەقەت ئېشەكلا چىدايدۇ» (144 ـ بېيىت)، «ھۆر ـ قەيەرگە بارسا قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ». خۇددى قۇياش ھەر ـ بىر بۇرجىدا نۇرانە بولغانـ ـدەك» (147 ـ بېيىت)، «قارا، ئۇ يولۋاس ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرمىدى، گويا ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغاندەك، سەن ھەممەتلىك ۋە شەپقەتلىك

ئۇ هۆر ئادەمنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالىدىڭمۇ؟ »(97 ـ بېيت).

كىشىلەرنى چۈشىنىش، كىشىلەرگە باھا بېرىش ـ «مىفتاھۇل ئەدەپ»تە تەكىتلەنگەن مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كىشىلەر ئۆزى مۇناسىۋەتلىشىۋاتقان شەخسكىمۇ، ئۆزىگىمۇ توغرا باھا بېرەلمەسلىك، توغرا مۇئامىلە قىلالماسلىق تۈپەيلىدىن ھەركۈنى دېگۈدەك سانسىزلىغان زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ، نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ئەگەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغۇچى ھەر ئىككى تەرەپ مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى ئۆزىدىن ئاختۇرمىسا، زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ساغلام راۋاجلاندۇرالماسلىقى مۇمكىن. ئابدۇقادىر داموللام بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقتىن، «مىفتاھۇل ئەدەپ»تە ئۇنى ئىنساننىڭ ماھىيىتىدىن باشلاپ تەھلىل قىلىپ، كىشىلەرنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆزى دۇچ كەلگەن زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشقا، توغرا يولغا سېلىشقا يېتەكلىگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «زۇلۇم قىلىش ئىنسان تەبىئىتىدىكى نەرسە، ئەگەر زۇلۇمدىن خالىي قالغان كىشىلەر بار دېيىلسە، ئۇ مەلۇم بىر تۇسالغۇنىڭ سەۋەبىدىن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولىشى مۇمكىن» (95 ـ بېيت)، «يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن زۇلۇمغا ئۇچرىماي ھايات قالغانلىرى كۆپ، بىراق، ئىنسانلاردىن زۇلۇمغا ئۇچرىمىغان بىرەرىنىمۇ تاپالمايسەن» (93 ـ بېيت)، «ئىنسانلار ئىچىدە ئۆز ئەيىۋىنى ئۇنتۇپ، قېرىندىكى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەيىپ ـ نۇقسانىنى ئەسكە سالىدىغان قەبىھ، يامان ئادەت بار» (126 ـ بېيت)، «بارلىق ئەخلاق، تەبىئىتىدىن رازى بولىدىغان كىم بار؟ چەكلىك ئەيىۋى بولۇشنىڭ ئۆزى پەزىلەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ» (45 ـ بېيت)، «گۈزەللىكنى ياشلىقتا دەلىل قىلما، بارلىق ھەل بېرىلگەن تۆمۈر كېرەكلىك ئەمەس» (47 ـ بېيت)، «سەن قانچە قېتىملاپ كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن توسسەن، ئۆزۈڭ يانمايسەن، قانچە قېتىملاپ كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىسەن، ئۆزۈڭ ئاڭلىمايسەن» (117 ـ بېيت)، «ھەي بىلەي تاش! قاچانغىچە تۆمۈرنى ئىت ـ ـتىكلىتىسەنۇ، ئۆزۈڭ كەسمەيسەن؟!» (118 ـ بېيت)، «ئەگەر كۆزۈڭ باشقىلارنىڭ ئەيىۋىنى كۆرسەتسە، سەن ئۇ كۆزۈڭگە < باشقىلارنىڭمۇ كۆزى بار > دېگىن » (125 ـ بېيت)، «ئەگەر ئەقىل ئىگىسى بولساڭ باشقىلارنى ئەيىپلىمەيتتىڭ، ئەگەر ئۆزۈڭدىكى ئەيىپنى كۆرەلىسەڭ، بۇ ئەيىۋىڭ بىلەن جىم بولاتتىڭ» (127 ـ بېيت)، «ئەيىپلىرىنى سېزەلمىگەن كىشى يېزىلىشتا بار، ئوقۇلۇشتا يوق بولىدىغان (غىمدو) دېگەن سۆزنىڭ (و) سىغا ئوخشاش» (128 ـ بېيت)، «ئەقىلسىزلىك بىلەن كورنى ھاقارەتلىمە، چۈنكى ئاقىللارنىڭ كوردىن ئاغزىنى يۇمۇشى توغرا ئىشتۇر» (130 ـ بېيت)، «كوردىن ھايانى قانداق ئۈمىد قىلىسەن، ئۇنىڭ ھايا قىلىش ئەزاسى خاراب تۇرسا».

ئابدۇقادىر داموللام كىشىلەرنى چۈشىنىش، كىشىلەرگە باھا بېرىش ئۈستىدە توختالغىنىدا ئالاھىدە قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ياشلارنىمۇ چۈشىنىشنى، ئۇلارغا باھا بەرگەندە نەسلىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتىنى ئۆلچەم قىلىشنى، ئۇلارنىڭ باللارچە بەزى قىلىقلىرىنى ئورۇنسىز ئەيىپلىمەستىن، بەلكى جۈرئىتىنى قەدىرلەپ، قوللاشنى تەلەپ قىلىدۇ: «ئەسلى نەسلىم مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدۇ دېمە، چۈنكى، مەڭگۈلۈك نەسەپ ياشلار قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلەردۇر» (24 ـ بېيت)، «بەزىدە دادا تەربىيىسىدىن مەھرۇم قالغان ئىنسانلارمۇ خوجا بولالايدىغۇ؟ بىلىش لازىمكى، غەلدە ـ غەشلەر ياخشى بوتىدا تاۋلاش ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىدۇ» (25 ـ بېيت)، «قىزىلگۈل چوقۇم تىكەندىن ئېچىلىدۇ، نەرگىس گۈلمۇ پىيازدىن ئۆسىدۇ» (26 ـ بېيت)، «قىلىچنىڭ ئۆزىنى چىڭ تۇت، غىلىپىنى تاشلا! ياشلارنىڭ ياسانچۇقلىغىغا قارىماستىن، پەزىلىتىنى قەدىرلە» (36 ـ بېيت)، «چىراي شەكلىنىڭ گۈزەللىگى ياشلارغا پايدا بېرەمدۇ؟ ئەخلاقى ھەرقاچان گۈزەل بولمىسا» (46 ـ بېيت), «ئەگەر بىر نەرسىدىن ھەيران قالدىم دېسەم، ياشلارنىڭ قەدىر ـ قىممەتسىز ئىش ـ ھەرىكەتلىرى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولاتتى» (151 ـ بېيت).

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياشلارنى چۈشىنىش ھەققىدىكى يۇقىرىقى قاراشلىرى تەبىقچىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەينى دەۋر شارائىتىدا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇنى ھۆكۈمران تەبىقىلەرگە قارشى قىلىنغان ئىسيان دېيىشكە بولىدۇ.

«مىفتاھۇل ئەدەپ»تە ئىشق ـ مۇھەببەتمۇ نۇقتىلىق ۋە يارقىن يورۇتۇلغان ئاساسلىق تېمىلاردىن بىرى. ئاپتور بۇنىڭغا دائىر مەزمۇنلارنى كىتابنىڭ ھەرقايسى بابلىرىغا، بولۇپمۇ «مەدھىيىلەر ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدىكى سېخىيلىق، بېخىللىق توغرىسىدا»، «غەزەل توغرىسىدا»، «تەنقىد ھەققىدە»، «چېچەك ھەققىدە»، «ئىچىملىك توغرىسىدا» قاتارلىق بابلىرىغا كىرىشتۈرۈپ بايان قىلغان.

مۇھەببەت تېمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆلمەس تېمىلارنىڭ بىرى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا بۇ تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە ئىشق ـ مۇھەببەتكە چىن قەلبىدىن بېرىلگەن قىز ـ ئوغۇللارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ۋاپا ـ دارلىقى، يار ۋەسلىگە يېتىشكە ئىنتىزار بولۇپ، ھىجران ئازاۋىدا قىينالغانلىقى بايان قىلىنىپ، ياخشىلىق، ۋاپادارلىق، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش، ئار ـ نومۇسنى ساقلاشتەك ئېسىل پەزىلەتلەر مەدھىيىلەنگەن. بۇنداق ئىپادىلىنىش ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمكى تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ ـ ئادىتىگە تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ، كۆچۈپ يۈرۈش تۈپەيلىدىن قىز ـ ئوغۇللار ئارىسىغا چۈشىدىغان ھىجرانچىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قىز ـ ئوغۇللارنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى ئاساسەن چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەردە ئىشق ـ مۇھەببەت "بىدئەت" ھېسابلىنىپ، قىز ـ ئوغۇللارنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخش كۆرۈپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى چەكلەندى. ئەدەبىياتتىمۇ بۇ تېمىنىڭ خاراكتېرى قەدىمكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ، ئۇ، يازغۇچىلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىققا نارازىلىقنى ئىپادىلەيدىغان، نىكاھ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ، فېئودالىزمنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدىغان ۋاستىسىگە ئايلاندى. ئابدۇقادىر داموللام مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان»، ھەدىسنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىۋاتقان بۇ كىتاۋىغا ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسنى سىڭدۈرۈپ قويۇشى بىرئاز غەلىتىرەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما بۇ ئارقىلىق ئىشق ـ مۇھەببەتنى ئىسلام دىنىنىڭمۇ رەت قىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، بۇ ھەقتىكى خۇراپىي قاراشلارغا رەددىيە بەرمەكچى بولىدۇ. مانا بۇ تارىختىن بۇيانقى ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەرگە نىسبەتەن مىسلىسىز يېڭىلىق، ھەممە يەرنى خۇراپاتلىق، جاھالەت، نادانلىق قاپلاپ كەتكەن ئەينى دەۋردە ياشاۋاتقان ئابدۇقادىر داموللام ئۈچۈن ئېيتقاندا، يۈكسەك شجائەت ۋە قورقماس جاسارەت دېيىشكە بولىدۇ. «مۇھەببەت ـ مۇرۇۋۋەت، ۋاپادارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مۇھەببەت ئەھلىگە گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەردىن باشقىسى كېرەك ئەمەس» (431 ـ بېيت)، «مۇھەببەت ئەھلى بولمىغان كۆپ كىشىلەر مۇھەببەت دەۋاسى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇھەببەتتىن بەكمۇ يىراق، مۇھەببەت دېگەن قورقۇنچاق ئەخمەقلەرگە نەدە تۇرۇپتۇ» (432 ـ بېيت)، « سېيماسى تولۇن ئايدەك مەھبۇبقا پەم ـ پاراستى يۇقىرى، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلەر ئاشىق بولۇپ، مۇھەببەت دەردىدە ئۆرتىنىدۇ» (440 ـ بېيت)، «يۈرەك ـ جامالى ئايدەك ئۇ مەھبۇبقا ئىنتىلدى، ئۇنىڭ نازاكەت، لاتاپەتلىرى يۈرەكتىن ئورۇن ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ ماڭا قىلغان مۇئامىلىسى قوپال، قەبىھ بولدى» (465 ـ بېيت)، « ئۇ، كۆز ئوقى بىلەن مېنى ئاتتى، كۆز ياشلىرىم خۇددى بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقتى» (461 ـ بېيت)، «ئۇ قاتىلىم مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، كۆز ئوقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بۇ كىشىگە كىم ناماز ئوقۇيدۇ؟ دېدى» (462 ـ بېيت)، «ئۇ مەھبۇبنىڭ ھۆسنى كامالەتتە تەڭداشسىز بولۇپ، گۈزەللىك ـ ئۇ ھۆسنىنىڭ سۇلتانى، چېچەنلىك ـ قوشۇنلىرى ئىدى» (476 ـ بېيت)، «ئۇنىڭ خۇلقى لەززەتلىك، تەبىئىتى زىل، لەتىپ، توغرىلىقتا زامانىنى ھەيران قالدۇرغۇچى يەككە ـ يېگانە بولۇپ» (480 ـ بېيت)، «قەددى ئىنچىكە، لېۋى ھەسەل، جامالى ئايغا ئوخشاش، ئاغزى ۋە تۈپرۈكى ھەسەل ۋە ھەسەلچىنىڭ ئۆزى ئىدى» (241 ـ بېيت)، «تولۇن ئاي ئۇ دىلرەبانىڭ گۈزەل قامىتىگە، سۆزۈك ھۆسنىگە رەشك قىلىپ، خىجىللىقتىن بۇلۇت ئاستىغا مۆكۈنۈۋالاتتى» (240 ـ بېيت)، «شاراپەت ئاسمىنىدىكى تاكامۇللاشقان بەخت يۇلتۇزىمۇ بۇ تولۇن ئاينىڭ سائادىتىدىن ئارزۇسىغا يەتكەن ئىدى» (477 ـ بېيت)، «ئۇ دىلرەباغا بېرىلىپ، ئىشق ـ مۇھەببىتىدە ساراڭ بولۇپ كەتكەن، كۆز ئوقىدا ئۆلگەن ياشلارمۇ ئاز ئەمەس» (242 ـ بېيت)، «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئۇنىڭغا ئاشىق بولسام گۇناھ بولامدۇ؟ قىيامەتتە ماڭا ئازاب بولامدۇ؟» دەپ

سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خۇدا بۇيرۇسا گۇناھ يوق» دېدى، (392 ـ بېيىت)، «سەن نېمە ئۈچۈن لېۋىمنى ئاشۇ مەھبۇبنى سۆيۈشتىن چەكلەيسەن؟ ھالبۇكى، زىرائەت تېرىغۇچىنىڭ ئۇ زىرائەتتە ھەققى بار ئەمەسمۇ؟ » (400 ـ بېيىت)، «ئىشق ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقانلىقىمنى ھەققى مۇھەببەتنى چۈشىنىدىغان بارلىق كىشلەردىن سورىغىن، شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھەققىي مۇھەببەت ئەھلى ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن» (435 ـ بېيىت)، «مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالما، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىزگە قارىتا يامان خىيال، ئوي ـ پىكرى بار» (436 ـ بېيىت)، «قىزىلگۇل بىلەن نىقاپلانغان ئۇ مەھبۇبنىڭ مەڭزىگە سۆيدۇم. ھالبۇكى، يۈرىگىم ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن قۇتۇلدىغاندەك ئەمەس» (397 ـ بېيىت)، «ئۇ مەھبۇب ئاچچىقلانغان ھالدا بېشىنى تارتتى، مەن ئۇنىڭغا: "ئىسلامدا جاراھەتلەنگەنلەرگە قىيامەتتە قىساس بار، شۇڭا زۇلۇم قىلماي ئاغزىمغا سۆيۈۋالغىن" دېدىم» (398 ـ بېيىت)

«مىفتاھۇل ئەدەپ»تە يەنە ئادالەت، باتۇرلۇق، گۈزەللىك، تەنقىت، كېڭىشىش ھەققىدە ئاجايىپ ياخشى ئوي ـ پىكىرلەرمۇ ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى كىتاپخانلارنى ئادالەتپەرۋەرلىككە، باتۇرلۇققا ئۈندىسە، يەنە بەزىلىرى كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئەخلاقى جەھەتتە چوڭقۇر تەربىيىگە، تەجرىبە ـ ساۋاققا ئىگە قىلىپ، ئىنساننىڭ مەنىۋى پەزىلىتىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ، بولۇپمۇ گۈزەللىك ھەققىدىكى بايانلىرى كىشىگە ئاجايىپ ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ. «مىفتاھۇل ئەدەپ»تە باھارنىڭ گۈزەللىگى: «باھار شۇنداق بىر پەسلىكى، ھەرقانداق ۋاقىتتا پەخىرلەنسە بولغۇدەك، ئۇ باھار ئىنساننىڭ كۆزى، قەسىدىلەرنىڭ كۈيلىنىلىرىدۇر» (608 ـ بېيىت)، «باھار ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ئىللىق شاملى، چىرايلىق گۇللۈك كىيىملىرى بىلەن كەلدى» (607 ـ بېيىت)، «ئۇ شاخلارغا قارا! ئۇلار قانداق گىرەلىشىپ، قانداق ئايرىلىشقان ـ ھە! » (597 ـ بېيىت)، «ئۇ شاخلار خۇددى سۆيۈشكە ئىنتىلىۋاتقان، ئەمما ماراقچىلار كۆرۈپ قالغانلىقتىن بۇ ئىزاغا تەن بېرىپ، ئايرىلىشقان ئاشىقلاردەك» (598 ـ بېيىت)، «مەن ئۇ شاخلاردىن: "نېمە ئۈچۈن قىشتا يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، ئەتىيازدا كىيىم بىلەن كۆرۈنىسلەر ؟" دەپ سورىسام، ئۇلار ماڭا: " قىشتا كىيىممىزنى باھاردىن ئىبارەت بۇ خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىگە سېلىپ بېرىمىز "، دېدى» (614 ـ ، 615 ـ بېيىتلەر) دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ناھايىتى يېقىملىق تەسۋىرلەنگەن.

«مىفتاھۇل ئەدەپ» پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە ناھايىتى باي بولۇپ، ئۇنىڭدا دىئالېكتىكىلىق ماتېر ـ يالىزم كۆزقارىشى بەلگىلىك دەرىجىدە سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، «ئىنسان كىشىلەردىن ئايرىلىپ تاغ چوققىسىغا چىقىۋالسىمۇ، زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ» (28 ـ بېيىت)، «قاتتىقچىلىقتىن كېيىن كەڭرىچىلىك كېلىدۇ، قايغۇ ـ ھەسرەت يېقىنقى خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىدۇ» (132 ـ بېيىت)، «بارلىق ھادىسىلەر ئاخىرىغا يەتكەندە ئاڭا يورۇقلۇقنىڭ يېتىپ كېلىشى يېقىن». مانا بۇ مىسالنىڭ بىرىنچىسىدە زىددىيەتنىڭ مەڭگۈلۈكلىگى ئېچىپ بېرىلگەن بولسا ، ئىككىنچىسىدە دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمنىڭ ماددا ئالمىشىش قانۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«مىفتاھۇل ئەدەپ» تە يەنە بەزى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ۋاپات بولغان ، مازارلارنىڭ ، بىنالارنىڭ رېمونت قىلىنغان ۋاقىتلىرى ئەبجەد ھېساۋىدا بېرىلگەن بولۇپ ، ئۇ ، كىشىلەرنىڭ تارىخىي بىلىمنى كېڭەيتىش ، بەزى تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ .

«مىفتاھۇل ئەدەپ» ـ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مەزمۇنىنىڭ مولىلىقى ، تەسۋىرلىرىنىڭ گۈزەللىگى ، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ چوڭقۇرلىقى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەڭگۈ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغۇسى.

## ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھېكمەتلىرىدىن تاللانمىلار

ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى مەيلى ئۇ ياخشى ئەمەلنى ئاز قىلسۇن ياكى كۆپ قىلسۇن ، گۈزەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەمەلىيىتىگە باغلىق.

زاماننىڭ هاتەملىرى سانىلىدىغان ئەرلەر مۇهتاجلارنىڭ هاجىتىنى راۋا قىلغان ، دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يەتكەن ، بىناۋالارنىڭ كۆڭلىنى ئالغان ، هەق سۆزنى ئېيتقان كىشلەرنى هىمايە قىلالىغان ئەرلەردۇر.

ئالىملار ئۆز ئىلمىنى ئەتراپقا رىياسىز تارقاتسا ، ئۇلارنىڭ هەر ـ بىر لەۋزىدىن قەنت ـ شېكەر تامسا ، ئالەم نۇرغا تولۇپ زاماننىڭ قاراڭغۇسىمۇ يورۇيتتى.

ئەقىل ئىگىسى بولساڭ ، قۇرۇق دېمەي بۇ سۆزگە قۇلاق سال: غەيرەت ئەهلى دائىم قانائەتچان بولسا نىمە دىگەن ياخشى؟ بىر مىسال باركى ، كىشىدىن تەمە قىلماق گويا ئۆكۈزدىن سۈت ، مۇزدىن ئوت تەمە قىلغان بىلەن باراۋەر.

ئەگەر ئادەم ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىگىنى ئۆزى ئاشكارىلاپ بولۇپ ، ئۇنى «يېپىۋەتتى» دەپ باشقىلار ـ نى ئەيىپلىسە ، ئۇ ئەخمەقتۇر . چۈنكى ، ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىگىنى ئۆز قەلبى سىغدۇرالمىسا باشقىلارنىڭ قەلبى قانداق سىغدۇرالىسۇن؟!

توغرا سۆزگە ئىشەنمەي ، خاتا سۆزگە ئىشىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى پۇتۇنلەي يوقاتقان قەۋم ئەهۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش قىيىن.

گەرچە لاياقەتسىز يەر بولسىمۇ ياخشىلىق تېرىغىن ، ياخشىلار قەيەرگىلا تېرىلسۇن ، زايە كەتمەيدۇ. ياخشى ئىشقا گەرچە ئۇزۇن زامان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ هوسۇلىنى پەقەت تېرىغان كىشىلا كۆرىدۇ.

كىتاپ ئوقۇغان كىشى تەپەككۇرنى هەمراھ قىلماي ، كىتاپنىڭ شەرھ ـ ئىزاهلىرىغىلا ئېسىلىۋالسا، گويا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ .

كىشىلەرنى هۆرمەت قىل ، سەن باشقىلارغا هۆرمەت قىلساڭلا ، ئاندىن باشقىلاردىن هۆرمەت كۆرەلەيسەن .

چىراينىڭ هۆسنىگە تولمىغى بىلەن تۆمۈرنىڭ پارقىراق بولمىغى بىلەن يىگىتنىڭ پەزىلەت شەرتى تولامدۇ؟ يەمەندىن چىققانغا دەلىل بولامدۇ؟

كېچەيۇ ـ كۈندۈز مېهنەت بىلەن بولۇپ ، ئۆز ئابرويىنى ساقلىسا ، مۇنداق كىشى ئەلدىن ئازار كۆرمەيدۇ ، هېچ زامان خار بولمايدۇ .

پەسەندىلەرگە هەرگىزمۇ مېهرىبانلىق كۆرسەتمە ، ئۇنى هەددىدىن ئاشۇرۇپ قويىسەن . قوپاللىق قىل، ئىتائەت قىلىپ باش ئەگكەن هالدا ئالدىڭغا كىلىدۇ . شۈبهىسىزكى ، تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتىدۇ ، ئەمما ئۇنىڭغا پۇتون دېڭىز سۈيىنى قۇيساڭمۇ يۇمشىمايدۇ .

ئەگەر سەن سۆيۈكنى «ئەخلەت چۆشكەن» دەپ ئىچمىسەڭ ، ئۇسسۇز قالىسەن . قانداق كىشىنىڭ

سۈيىنىڭ ھەممىسى ساپ بولغان؟ يەنە قانداق كىشىنىڭ ھەممە ئىشى دۇرۇس دەپ قارالغان؟ كىشىنىڭ ئەيىپلىرىنىڭ سانالغانلىغى ئاشۇ كىشىنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىگىنىڭ يېتەرلىك ئىسپاتىدۇر .

ھەرقانداق كېسەلگە تېپىلىسمۇ ئەم ، يوق ھەرگىز ئەخمەقنى ساقايتار مەلھەم .

نەپسى شۇنداق بالادۇركى ، ئەگەر ئەقىل ئۇنىڭغا شاھلىق قىلالمىسا ، ئۇ ئادەمنى ئىتتىنمۇ پەسلەشتۈرۋېتىدۇ . خۇدا ، نەپسى بالاسىدىن ساقلىغايسەن!!!.

بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى قايتا ـ قايتا تېتىپ كۆردۈم . لېكىن، مەن تېتىغان نەرسىلەر ئىچىدە گادايلىقتىنمۇ تەمى ئاچچىق نەرسە يوقكەن . مېنى قايغۇغا سالغان نەرسىلەر ئىچىدە دۈشمەننىڭ شادلىغىدىن باشقىسنى تاپالمىدىم.
ئالىم شاگىرتلىرىغا ئىلىم ئۆگەتكەندە ، غەرەزدىن خالىي بولۇپ ، ئۇلارغا ھەققىي كۆڭۈل قاراتسا ، زامان ئەھلى نەزىرى تار موللىلاردىن قۇتۇلىدۇ .

ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولمىغان جايدا مەرىپەت ئەھلىنىڭ شۆھرىتى يوقىلىپ ، خارۇ ـ زارلىقتا يۈزلىنىدۇ.

غەپلەتتە دائىم ئۇخلىماق ـ يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر.

كىشىلەرنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى دائىم ھەجۋىي قىلىدىغان كىشى پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ يۈرىگىنى ھەجۋىي بىلەن يارا قىلىدىغانلاردۇر . بۇنداقلارنىڭ ھەجۋىيسىگە تۈكۈرمەك كېرەك .

ياخشىلىققا يات ، مال ـ دۇنياغا مايىل بولۇپ ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى كۆزىگە سۈرتۈپ ئۆتكەن غېـ ـنىلەر ياخشى يولدا مېڭىشتىن باش تارتقان جىنايەتكارلاردۇر . ئۆز مېلىدىن ئۆشرە ـ زاكات ئايرىمىغان بايلار خىيانەتكارلاردۇر . بۇنداقلارنىڭ قولىدىكى مال ئامانەتدارنىڭ قولىدىكى مالغا ئوخشاش ئۆزىگە ئەسقاتمايدۇ . ئۇلار ئۆلىدۇ . مېلى قالىدۇ .

دۇنيادا نىيەت ـ ئىقبالى دۇرۇس ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمۇ يېتەرلىك نۇرغۇن ئادەملەر ئۆتكەن . ئەمما ئۇلار دائىم ئارزۇلىرىغا يېتەلمىگەن . يەنە نۇرغۇن زەئىپ ، ئاجىز كىشىلەرمۇ ئۆتكەن . ئۇلار ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە قېنىپ، مۇرادى دىگۈدەك ھاسىل بولۇپ ئۆتكەن .

سۆز زىنىنەتتۇر ، سۈكۈت بولسا خاتىرجەملىكتۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ سۆزلىمە . مەن سۈكۈت قىلغىنىمغا بىر قېتىممۇ پۇشايمان يېمىدىم . ئەمما ، سۆزلىگىنىمگە كۆپ قېتىم پۇشايمان يېدىم.

ھازىر ۋە كەلگۈسىنىڭ بەخت ـ سائادەت ۋە شاراپەتلىرى ياخشى نىيەت ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن ھاسىل بولىدۇ .

بىلىڭلاركى ، بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىقنىڭ زامانىسى ئەمەس ، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىسىدۇر . جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس ، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر ؛ سۇسلۇق ۋە بىكارچىلىق ۋاقتى ئەمەس ، تىرىشىش ۋە غەيرەت ـ ئىجتىھات ۋاقتىدۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈل شۇنچە باراقسان ھەم خۇش پۇراق ئېچىلغان بولسىمۇ ، ئاخىرى تۇزۇپ چېچىلىشتىن خالىي بولالمىدى . ئادەمنىڭ ئۆمرى شۇ گۈلنىڭ ئېچىلىشىدىن توزۇغانچىلىك ۋاقىتتۇر . مۇشۇنچىلىك ۋاقىتنى غەنىمەت بىلمەي ، كۆڭۈللەرنى ئورۇنسىز رەشك ـ ھەسرەت زەردابلىرى بىلەن ئۇپرىتىشتىن بىزگە نېمە پايدا بار؟

ئىلىم بىلەن نىجات تاپ ، مەڭگۈ ياشنايسەن .

ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى كىشىلەر ئۇستىدىكى ئېغىرچىلىقنى ئىرغىتىپ تاشلاپ ، مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشىدۇر . ئەگەر قادىر بولالىساڭ ، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئىشلاردىن باشقىنى قىلما ، بارلىق يامان ئىشلاردىن يىراق بول .

ھەركىمنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىغا ئۆزىنىڭ پېئىل ـ ئىتبارى سەۋەپچىدۇر .

ئىتتىپاق ـ بۆلۈنمەسلىكتۇر . ئىلگىرىلەش ـ چېكىنمەسلىكتۇر .

سۇئال: ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى نېمە بىلەن بولىدۇ؟
جاۋاپ: ھەقىقەت ۋە راستچىللىققا ئەگىشىپ ئەمەل قىلماق بىلەن بولىدۇ .

كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغۇچى بولما . دوستلار سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقىدۇ . شۈبھىسىزكى، خارلىق دېگەن كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىماقتۇر. گەرچە سېنىڭ سورىغىنىڭ «يول نەدە؟» دېگەن سۇئال بولسىمۇ.

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىقلىرى ھەممەتىلىك ئىنسانلارنىڭ ئەمگەكچان قوللىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ گۈزەللىگى ئۈچۈن سەرىپ قىلىنغان . شۇڭا ، بىزنىڭ قىلىۋاتقان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزمۇ دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈزەللىگى ئۈچۈن بولىشى كېرەك .

ھەرقانداق بىر ئىش ياخشى نىيەت بىلەن بولمىسا، ئۇ قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ .

سۇئال: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا سەۋەپ نېمىدۇر؟
جاۋاپ: ئىككى نەرسىدۇر: بىرى ، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق ؛ يەنە بىرى ، تەپرىقىچىلىك ھەم ئىختىلاپتۇر.

نىيەت قانچە ياخشى بولسىمۇ ، پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە ، كامالەتكە يېتەلمەيدۇ .

قانائەت ئەھلى ئەل ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئەلالىرىدىن سانىلىدۇ . ھەرقانچە ئىززەتلىك ، ئېسىلزادە كىشى بولسىمۇ تەمەخور بولسا ، ئىززىتى نابۇت بولىدۇ . ئېتى «ئەنقا» ئاتىلىدىغانلارنى زاماندىشلىرىمىزدىن كىم كۆرۈپتۇ؟ دېمەك ، قانائەت ئەھلى ئەنقا كەبى يوقسەك ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر .

ئەقىل ، بىلىم ۋە ئەخلاق خارلانغان جايدا نەپس نادانلىقنىڭ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشى مۇقەررەر .

بىز ئۆچۈن قىممەتلىك نەق بايلىق ھېسابلىنىدىغان ئۆمرىمىز ئەتتىگەندىن كەچكىچە ئايىغى چىقمايدىغان رەشك ـ خۇسۇمەتلەر ئىچىدە ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى . بىز بولساق ، بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىلارغا پىسەنت قىلماي ، غەپلەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز .

دۈشمىنىڭدىن بىر قېتىم ئېھتىيات قىلساڭ ، دوستۇڭدىن مىڭ قېتىم ئېھتىيات قىل . كۆڭلەرنىڭ بىرىدە دوستۇڭ دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالسا ، زىيان سېلىشتا دۈشمەندىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ .

يۇرتۇم ماڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ سۆيۈملۈكتۇر . مېنىڭ خەلقىم ماڭا بېخىللىق قىلغان تەقدىردىمۇ سېخىيدۇر .
ئەگەر كۆزۈڭ باشقىلارنىڭ ئەيىۋىنى كۆرسەتسە ، سەن كۆزۈڭگە «باشقىلارنىڭمۇ كۆزى بار»دېگىن . ئەگەر ئەقىل ئىگىسى بولساڭ ، باشقىلارنى ئەيىپلىمەيتتىڭ . ئەگەر ئۆزۈڭدىكى ئەيىپنى كۆرەلىسەڭ جىم بولاتتىڭ .

مۇھەببەت ۋاپادارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس . مۇھەببەت ئەھلىگە گۈزەل ئەخلاقلىق ، ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەردىن باشقىسى كېرەك ئەمەس .

ھەر ـ بىر ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھات بىلەن بەرپا بولىدۇ .

قوشنىلارغا پىشكەللىك يەتسە ، ياردەم بەرمەسلىك قوشنا ھەققىنى ئادا قىلمىغانلىقتۇر: دوست دېگەندەك ساماندەك سەيلىدە ، باغدا ئايرىلۇر دوست ـ دۈشمەن ئەڭ قىيىن چاغدا .

بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى يىغىسى دۇنيانىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىدىكى نەرسىلەرنى بىلدۈر ـ گەنلىگىدىن بولىدۇ . ئۇنداق بولمىسا ، بوۋاقنىڭ قورساقتىن كەڭرى جايغا چىقىپمۇ يىغلىغىنىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بالا دۇنيانى كۆرۈپلا دۇچ كېلىدىغان ئازاپلارنىڭ تەھدىتىنى ھېس قىلغاندەك يىغلاپ كېتىدۇ .

دەۋر بىرخىل ھالەتتە تۇرمايدۇ ، بەزىدە ئارقىسىنى قىلىدۇ . ئەگەر ئۇ سېنى سەن ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا ئۇچراشتۇرسىمۇ سەۋر قىل . چۈنكى دەۋر سەۋر قىلمايدۇ .

قەلەم ئەھلىنىڭ ئاچكۆز بولغىنى ھەممىدىن يامان . ئۇنداقلار نەپسىنىڭ خاھىشى بىلەن بىرىنى يىغلاتسا ، بىرىنى كۈلدۈرىدۇ . بۇنداقلاردىن قايتا ـ قايتا ھەزەر قىلماق كېرەك .

قەلەم ئەھلىنىڭ ئەدىل ـ ئىنساپلىق بولغىنى (بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ھېچكىمگە ئەلەم يەتمىسە) ھەممىدىن ئەلا .

بىراۋنىڭ ۋەسفىنى قىلغان شائىر شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھەقىقىي سۈپەتلىرىنى مەدھىيلىگەن بولسا ، شۇ شائىر دوستلۇققا يارايدۇ . بۇ خىلدىكى شائىرلار ھەقىقىي ئەقىل ئىگىلىرىدۇركى ، ئۆزىنىڭ يازغانلىرىدا ئەيىپ ـ نۇقسان بار ـ يوقلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى تۈگىتىش ـ ـنىڭ كويىدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۇئال: ئىززەت ـ ئابروي ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟
جاۋاپ: ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش ۋە ئۆز ـ ئارا ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ.

تەڭرىنىڭ ئىنسانغا كۆپتۇر تارتۇغى ، ئىلىمدۇر بىباھا ، قازسا پۈتمەس كان .
ئەقىل ۋە ئەدەپتىن يوقتۇر ئارتۇغى . ئىلىمدىن باشقىسى كىمگە ئەسقاتقان .
ئەقىل ۋە ئەدەپ ھەر ياشنىڭ جامالى ، ئىلىملار نىجادلىق بىرەر مەڭگۈلۈك ،
ئۇنىڭسىز بولماس ھاياتنىڭ كامالى . بىلىملىك ھاياتتۇر،جاھىللار ئۆلۈك .
پەزىلەت كۆپ ئىرۇر بۇ ئالەم ئارا ، ئى ياش بىل ، جاھىللىق نومۇستۇر بىشەك .
ئىلىمدۇر ھەممىدىن ئەلىيۇئەلا ، نادانلىق زۇلمغا رازىدۇر ئىشەك .

كىمكى ئۆزىنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن دۇنيانى ماختىسا ، قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ھېچقانچە ئۆتمەيلا ئۆزىنى ئەيىپلەيدۇ . ئەگەر دۇنيانىڭ قولدىن كەتكەنلىگى ئۇنىڭ ھەسرىتى بولسا ، كەلگەنلىگى ئۇنىڭ غېمىنى كۆپەيتىدۇ.

بەزىلەر بار « گەرچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ ، خورجۇننىڭ ئالدىنىلا كۆرۈپ ، لېكىن قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي؟» دېمەيدىغان . «ئارقا كۆز نە بار؟» دەپ غەم يېمەيدىغان .

ئەمالارنى «دۆت» دەپ ئەيىپلىمە . بۇ مەسىلىدە دانالارنىڭ سۆكۈت قىلىشى توغرىدۇر . سەن قارىغۇلاردىن ھايا كۈتمە . چۈنكى ، ئۇنىڭدىكى ھايانىڭ ئورنى خاراپتۇر .

خار ھاياتتىن ئۆلۈم گۈزەلرەك . چۈنكى ، بەزى نومۇسسىز ئىشلارنى ھېچقانداق كىشى ئۆچۈرەلـ ـمەيدۇ . پەيتى كەلسە ياخشى مالدىن كەچسەڭ بىراق ، ئابرويۇڭ مەڭگۈ سېنىڭدىن كەتمەس يىراق .

ئەگەر مەن بىرەر نەرسىدىن ھەيران قالدىم دېسەم ، ياشلارنىڭ قەدىر ـ قىممەتسىز ئىش ھەرىكەتـ ـلىرى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولىدۇ .

بوۋاقنىڭ تۇغۇلغاندا ئالقىنىنى يۇمۇۋالغانلىغى ھاياتلىقتىكى ھېرىسمەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر . ئۆلەر ۋاقتىدا ئالقىنىنى ئېچىپ قويغانلىغى بولسا ، «ئاگاھ بولۇڭلار مەن دۇنيادىن ھېچ نەرسە ئالماي كەتتىم» دېگىنىنىڭ بېشارىتىدۇر.

باق ئوغلۇم خەلقىڭگە ئىللىق كۆز بىلەن ،
كىچىككە رەھىم قىل ، چوڭغا ئىززەت ،
ھەم كۆرسەت مېھرىڭدىن لۇتفى ئىنايەت .
خەلق ئەتكەن ھەققىگە قىلما خىيانەت.

ئەگەر سەن ئەقلىڭنى توغرا ئىشلەتسەڭ ، ياتقان ئورنۇڭ كېچىدىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن دائىم يورۇپ تۇرىدۇ .

بىر قەۋمدە ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىققا يېتەكلىگۈچى مەنىۋى رەھبەر بولمىسا ، بۇ قەۋم كىشىلىرىنىڭ چېچىلغىنى چېچىلغان .

ئەيىپلىك كىشىلەرنىڭ ئەيىۋى بىلەن پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ پەزىلىتىنى خەلق بىلمەمدىكىن دەپ قالما . چۈنكى ، خەلق ئەڭ ئادىل نازارەت قىلغۇچى(كۆزەتكۈچى)دۇر .

ئىنسانىنىڭ ئەڭ يامان ئىشى ئۆزىنىڭ ئەيىۋىنى ئۇنتۇپ قېلىش ۋە قېرىنداشىدىكى يىپىلىپ قالغان ئەيىپلەرنى تىلغا ئېلىپ يۈرۈشتۇر . ئەگەر ئىنسان ئەقىل ئىگىسى بولغان بولسا ، ئۆزىگە قارىسا يېتەرلىك ئەيىپلىرى تۇرغان يەردە باشقىلارنى ئەيىپلىمىگەن بولاتتى .

دۇنيادا ئىتتىپاقلىشىپ ، بىر ياقىدىن باش چىقارغان ئەل كۆزلىگەن مەقسەتكە مۇقەررەر يېتىدۇ . مۇشەققەتلەردىن كېيىن ئارزۇغا يېتىش مۇقەررەردۇر.

تارىخ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇغلۇققا ، بەدەۋىيەتتىن مەدەنىيەتكە ، قالاقلىقتىن تەرەققىياتقا ، قابا ـ ھەتتىن گۈزەللىككە قاراپ راۋاجلانغان .

شۇنىڭچىلاپ ، داۋالاش قىيىن بولغان كېسەلگە سەۋر داۋا بولىدۇ .

ئۆمرىدە مېلىغا ئاپەت تەگمىگەن ، دۆلىتى زىيادە بولغان سودىگەرلەر ئۆز مېلىدىن ۋاختىدا ئۆشرە ـ زاكات ئايرىيالىغان ، غېرىپلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرالىغان ، ئاچلارنى ۋاختىدا تويغىزالىغان ، يالىڭاچلارغا تون ياپالىغانلاردۇر .

زامان ئەھلى ھەرقاچان ئاگاھ بولمىقى لازىمدۇر ، كىشىنىڭ تېنىدە ئەقىل بىلەن نەپس دائىم ئېلىشىش ئۈستىدىدۇر . نەپس ئادەمنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلەر ، ئەيش ـ ئىشرەت ، كەيپ ـ ساپالار قىزىنىپ تۇرغان غاپىللىق يولىغا تارتسا ، ئەقىل ئادەمنى زامانىنىڭ ناشايان ھالاۋەتلىرىگە بېرىلمەسلىككە ، ھەرقاچان غاپىللىقتىن ھوشيار تۇرۇشقا تارتىدۇ . كىمدە ئەقىل غالىپ بولسا ، ئۆمۈر بويىي پۇشايمان نادامەتتىن خالىي ھالدا شاد ـ خۇراملىقتا ھەمراھ بولۇپ ئۆتىدۇ . نەپسى غالىپ بولغان كىشى ئاخىرىغىچە تەمە خارلىقى بىلەن ئۆتىدۇ .

ياخشىلىقنى ئادەت قىلىش ئۈچۈن ئوچۇق قول بولۇش كېرەك . ئوچۇق قول كىشى ئىززەتتىن نېرى بولالمايدۇ .

ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا . ئەقىلدىن باشقىسىنى كېرەكسىز ھېساپلا .

خارلارنىڭ خار تۇرمۇشىغا رازى بولۇشى ئۇلارنى تېخىمۇ خارلاشتۇرىدۇ .

دۇنيادىكى بىردىن ـ بىر ئۆلۈغ كىشى دۇنيادا باشقىلارغا تايانمايدىغان كىشىدۇر.

دانىشمەنلەر شۇنداق كىشىلەركى ، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلىدۇ . ئولتۇرۇشلارنىڭ تۆرى ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن زىننەتلەنگەن بولىدۇ . كۆڭلەرنىڭ بىردە مەسىلەلەرنىڭ يۈزى غۇۋالىشىپ قالسا ، ھەق يولىنىڭ يۈزى ئۇلار بەرگەن جاۋاپ بىلەن نۇرلىنىدۇ . ئۇلار سۈكۈتتە تۇرسا ، باشقىلارنىڭ سۆكۈتتە تۇرىشىغا ئورۇن قالمايدۇ . گەپ قىلسىمۇ باشقا گەپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئورۇن قالمايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەن قەيەردە بولۇشۇمدىن قەتئىي نەزەر كۆڭلۈم خۇشال ياشايمەن . قانداقلا بولسۇن ئاپەت ، زىيانلاردىن قورقۇپ قالمايمەن .

مۇھەببەت ئەھلى بولمىغان كۆپ كىشلەر مۇھەببەت دەۋاسى قىلىشىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇھەببەتتىن بەكمۇ يىراق . مۇھەببەت دىگەن قورقۇنچاق ۋە ئەخمەقلەرگە نەدە تۇرۇپتۇ . سىيماسى تولۇن ئايدەك مەھبۇبقا پەم ـ پاراستى يۇقىرى ، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشلەر ئاشىق بولۇپ ، مۇھەببەت دەردىدە ئۆرتىنىدۇ .

ئاي ئۆزىنىڭ سەۋرچانلىغى بىلەنلا ئۇلۇغلۇققا ، ئالىي مەنزىلگە ۋە گۈزەللىككە ئىگە تولۇن ئايغا ئايلانغان .
سۆزنى گىرامماتىكا بىلەن گۈزەللەشتۈر . چۈنكى ، سۆز قائىدىسىدىن مەھرۇم بولغان كىشى سۆزنى بۇزىدۇ .

ئورۇننى تاپساڭ ، چوقۇم كەڭتاشا سۆزلە . ئەگەر سۆزلەيدىغان ياخشى سۆزنى تاپساڭ ، ئايىماي سۆزلە . چۈنكى ، كىشلەر ئۆزىنىڭ ئىلىم ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇ سۆزلەردىن توغرا چۈشەنچە ئالىدۇ .

ناۋادا رازى بولسام ، دوستلىرىمنىڭ ئەيىۋىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسىم ئەيىپلىرىنىمۇ كۆرمەيمەن . خۇددى نەپرەت كۆزى ئەيىپتىن باشقىنى كۆرمىگەندەك . دوستلۇق كۆزى ئەيىپلەرنى كۆرۈشكە ئاجىزدۇر .

ئۇ ئاشىقلارغا تەبەسسۇم قىلغان پىتى كۆرۈنىۋىدى ، پۈتۈن ئىنسانلار ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا ھەيرانۇ ـ ھەس بولدى . مەن ئۇلارغا زىلەيخانىڭ ئۆزنى ئەيىپلىگۈچىلەرگە قارىتا ئېيتقان:«سىلەر مىنىڭ ئاشۇنداق گۈزەل ئالدىدا ئېزىققانلىغىمنى ئەيىپلىدىڭلار» ، دىگەن سۆزنى دىدىم.

ئېرنىڭ پەرمانىدىن چىقماي ھەم مۇسۇلمانچىلىق ھەم روزىغار خوتۇنلۇق بۇرچىنى ئادا قىلىش بىلەن بولغان ئايالالارنى ئىنسان ئەمەس ، بىھىشنىڭ ھۆرى دەپ بىلمەك كىرەك . بۇ خىلدىكى خوتۇنلارغا ئەر بولغانلارنىڭ ئىقبالى ھەرقاچان يورۇقتۇر .

قاچانكى ، كىشلەرنىڭ ئەخلاقلىرى بوزۇلسا ، ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا نۇقسان يىتىدۇ. ئىتتىپاقلىق يوقىلىدۇ . ھورۇنلۇق ، بىكارچىلىقلار ، زۇلۇم ۋە خيانەتچىلىكلەر كۆپىيىدۇ . ئىلىم ـ مەرىپەت كىمىيىپ ، شان ـ شۆھرەت خارۇ ـ زارلىققا ئالمىشىدۇ .

قايغۇ ـ ھەسرەت يىقىنقى خۇشاللىقتىن بىشارەت بىرىدۇ .

بەزىلەر مىنىڭ ئۇ مەھبۇبنى ياخشى كۆرگىنىمنى ئەيىپلەشتى . بۇ مالامەتلەر مىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى . مىنى مالامەت قىلغۇچىلار ئۇ مەھبۇبنىڭ تال ـ چىۋىقتەك قەددى ـ قامىتىنى كۆرگەندە ، ماڭا ئۆزرە ئېيتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ . چۈنكى ، ئۇ تەبىئىتى نازۇكلۇقتا ۋە ئەخلاقى ئېسىللىكتە زامانىنىڭ تەڭداشسىزىدۇر .

مەن شۇنداق كىشمەنكى، سەممىيلىك ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق مىنىڭ تەبىئىتىمدۇر. ئارتۇقچىلىق،

ئەخلاق ۋە هىممەتلەر مەندە باردۇر .سېخىيلىغىم كاتتىلىق شەرىپىمنىڭ دەلىلىدۇر. خىسلەتلىرىمنىڭ ئەڭ ئەقەللىيسى خەير ـ ئېھسان ۋە سېخىيلىق قىلىشتۇر. دانالىق، ئېھتىياتچانلىق، ئىشەنچ، بىلىم ۋە ئىشتىياق، ئىلىم ـ ئېرپان ۋە هېكمەتلەرمۇ مېنى تونۇيدۇ.

مەشھۇر ئالىمىمىز مانا شۇنداق قىممەتلىك ، بەلكى باھا يەتمەس سۆزلىرى بىلەن قەلب تۆرىمىزدە گۈلدەك جۇلالىنىپ مەڭگۈ يادلىنىدۇ ۋە پۈتمەس ـ تۈگمەس ئىلھام قايىنىمى بولۇپ تۇرىدۇ. . .
قەرەللىك ئۆتكۈزىلىۋاتقان خاتىرلەش پائالىيەتلىرىمىز بۇنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر.

تۆۋەندە، بۇ جەھەتتىكى بىر ئەسلىمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمەن:

## مەرىپەت مەشئىلى خاتىرىسگە بېغىشلانغان كېچىلىك

(بۈيۈك مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇقادىر داموللام تۇغۇلغىنىنىڭ 150 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن)




سەيشەنبە كۈنى قۇددۇس غوجامىياروۋ نامىدىكى جۇمھۇرىيەتلىك دۆلەت ئۇيغۇر تىياتىرىدا جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى، «تۇران دۇنىياسى» فوندىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە جۇمھۇ ـ رىيەتلىك ئۇيغۇر تىياترى، خەلىقارا قازاق ئەجادىي بىرلىگى، «تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت فوندى» ۋە قازاقىستان ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىگىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن بۈيۈك مەرىپەتچى ئابدۇقادىر داموللام تۇغۇلغىنىنىڭ 150 يىللىغىغا بېغىشلانغان كېچىلىك بولۇپ ئۆتتى.
كېچىلىكنى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئارتىستى گۈلباھار ناسىرووۋا كىرىش سۆز بىلەن ئېچىپ، رىياسەتچىلىك قىلدى. دەسلەپكىلەردىن بولۇپ سۆز نۆۋىتىنى ئالغان پېشقەدەم ژۇرنالىست يادىكار سابىتوۋ كۆپچىلىكنى بۈيۈك زاتنىڭ قايناق ھاياتى ۋە كۆپ قىرلىق پائالىيىتى بىلەن تەپسىلىي تونۇشتۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى شاھىمەردان نۇرۇموۋ ، قازاق ئېكونومىكا ۋە كانسالتىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رېكتورى ، قازاق ئەجادىي بىرلىگىنىڭ پرېزىدېنتى ئەبەن نۇرمانوۋ ، قىرغىز جۇمھۇرىيىتى «ئىتتىپاق» جەمىيەتلىك بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئارتۇق ھاجىيېۋ،دىنىي زات رەخمجان قارى ھوشۇرباقىيېۋ ، جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئىجرائىي مۇدىرى رابىك ئىسمايىلوۋ سۆزگە چىقىپ ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتىغا ۋە ئىجادىيىتىگە ئائىت ماۋزۇلاردا يۈرەك تۆرىدىن چىققان قەلب سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىشتى . بولۇپمۇ «تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت فوندى» نىڭ پرېزىدېنتى ئاخمەتبەي داغدۇراننىڭ «بىز، تۈركىي خەلقلەر ، بىر باش ، بىر يۈرەك ، بىر تىلمىز . ئەگەر بىز بىر بولساق ، بىزدىن دۇنيا تەپ تارتىدۇ . شۇ نەرسىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تەكىتلەيمەنكى ، دۇنيا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالدىدا قەرىزدار، چۈنكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى زور . بۇ ئادەتتىكى شوئار ئەمەس ، تارىخىي پاكىت» ، — دېگەن يۈرەك تۆرىدىن چىققان نۇتقى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولدى .
كېچىلىك جەريانىدا «ناۋا» ئانسامبلىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تەييارلانغان كونسېرت كۆپچىلىككە ئارامبەخش دەملەر بىلەن ئۇستۇن كەيپىيات ئاتا قىلدى . مۇشۇ يەردە شۇنى قوشۇمچە قىلىش كېرەككى ، بۇ كۈنى بۈيۈك مەرىپەت مەشئىلىنىڭ تۇغۇلغىنىنىڭ 150 يىللىغىغا مۇناسىۋەتلىك تۈركىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مەرىپەتپەرۋەرلەر ئەركىن ئەمەت بىلەن ئەركىن ئەكرەمدىن ، شىۋىتسىيەدە ئىستىقامەت قىلىدىغان كۆرنەكلىك ئالىم ئەسەت سۇلايماندىن ۋە تۈركسوي خەلقئارا تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىۋى

www.uyghurkitap.com



دۇيسەن قاسەينوۋتىن ئىللىق تىلەكلەر ئىزهار قىلىنغان تەبرىك تېلىگراممىلار كەلدى .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەندى ، بۈيۈك مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۇغۇلغىنىنىڭ **150** يىللىقىغا بېغىشلانغان ئۇشبۇ خاتىرە كېچىلىكى «تۇران دۇنياسى» فوندىنىڭ مۇدىرى كارلىن مەخپىرووۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دەسلەپكى قېتىم قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ بولسا ، مىللەتپەرۋەر ئالىم ئىجادىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىلىشىگە ۋە ياشلىرىمىز قەلبىدە مىللەتپەرۋەرلىك هېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ئويغىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.



# ئابدۇقەييۇم خوجا

**http://www.akademiye.org/ug/?p=9936**

تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئارخېئولوگى، كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئابدۇقەييۇم خوجا **1941** ـ يىل **5** ـ ئاينىڭ **12** ـ كۈنى غۇلجا شەهرىدە تۇغۇلغان. ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىلىرى ۋە تۆهپىلىرى بىلەن **1988** ـ يىل **2** ـ ئايدا «كاندىدات تەتقىقاتچى»، **1994** ـ يىل **12** ـ ئايدا «ئالىي تەتقىقاتچى» دېگەن كەسپىي ئۇنۋانلارنى ئالغان.

ئابدۇقەييۇم خوجا **1949** ـ يىلدىن **1956** ـ يىلغىچە غۇلجا شەهرىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان تۇنجى قارارلىق ئاتالمىش «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى» غا ئوقۇشقا كەلگەن. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئارخېئولوگىيە كەسپىگە قەدەم باسقاندىن كېيىن ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن بىباها يادىكارلىقلارنى قىدىرىپ تېپىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىپ خەلقىمىزگە تونۇتۇش يولىدا نەچچە ئون يىل جاپالىق ئىشلەپ، قۇمۇل رايونىنىڭ ئاراتۈرك ـ نوم دېگەن ئەڭ چەت جايلىرىدىن تارتىپ تۇرپان ئويمانلىقى، تارىم ۋادىسى، لوپنۇر ۋادىسى، ئىلى ۋادىسى، ئالتاي ـ چۆچەك دالىلىرى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ هەرقايسى تارماقلىرى ۋە ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىدىكى جىلغىلىرىدىكى نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر مۇساپىدە ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قالغان. بۇ جەرياندا ئۇ نەچچە ئون مىڭ خەتلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى يازغان، نۇرغۇنلىغان خەرىتىلەرنى سىزغان، سۈرەتلەرنى تارتقان...

تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئارخېئولوگى، تەتقىقاتچى ئابدۇقەييۇم خوجا ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىلىرى ۋە تۆهپىلىرى بىلەن **1988** ـ يىل **2** ـ ئايدا «كاندىدات تەتقىقاتچى»، **1994** ـ يىل **12** ـ ئايدا «ئالىي تەتقىقاتچى» دېگەن كەسپىي ئۇنۋانلارنى ئالغان. ئۇ «ختاي ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى»، «ختاي مۇزېيشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»، «ختاي تۈركلوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى»، «ختاي مىللەتلەر قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقات جەمئىيىتى»، «ختاي تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» ۋە «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتى» نىڭ هەيئەت ئەزاسى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، «ئۇيغۇر ئېلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «ئۇيغۇر ئېلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) تەزكىرىچىلىكى» قاتارلىق ژورناللارنىڭ تەهرىر هەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئارخېئولوگىيە ـ ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن ساهەسىنىڭ هەرقايسى تارماقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك پەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن كۆپ تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە بولۇش، چوڭقۇر ئىزدىنىش، ئەستايىدىل ئىشلەش تەلەپ قىلىناتتى. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن تەلەپچان ئارخېئولوگ ئابدۇقەييۇم خوجا **60** ـ يىللاردىن تارتىپ ئارخېئولوگىيە كەسپىگە دائىر بىلىملەرنى، ختاي تىلىنى

ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىشنى توختاتمىغان. 1972 ـ يىل ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتىيە مەكتىۋىدە ئېچىلغان «تەرجىمان يېتىشتۈرۈش كۇرسى» دا بىر يىل ئوقۇپ، خىتاي تىل ـ يېزىغى ئاساسىنى ئېخمۇ مۇستەھكەملىگەن. ئۇ 1977 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1980 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تەسىس قىلىنغان «قەدىمكى تۈركىي تىل سىنىپى» دا ئوقۇپ، قەدىمكى تۈرك يېزىغى (ئورخۇن يېزىغى)، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىغى، چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىغى، تىلشۇناسلىق بىلىملىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى... قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن.

ئابدۇقەييۇم خوجا بېيجىڭدا چىقىدىغان «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژورنىلىنىڭ 1962 ـ يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان «شىمالىي ئۇيغۇر ئېلىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرى» ناملىق ماقالىسى بىلەن تەتقىقات سېپىگە كىرگەن. ئۇ 1979 ـ يىلدىن ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت ـ ژورناللاردا 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئېلان قىلغان ئەسەر ۋە ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ تېمىسى ھەرخىل، چېتىلىدىغان تىل ـ يېزىق دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر دىيارىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيەسى، قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى يازما يادىكارلىقلىرىغىچە بولغان كەڭ دائىرىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئابدۇقەييۇم خوجانىڭ كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋە ئۆز ئالدىغا ئايرىم تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر بىلەن بىرلىكتە تەييارلىغان)، 1984 ـ يىل ئۇيغۇر ئىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان؛

2. «نىزارى داستانلىرى» نى تېيىپجان ئېلىيوف، مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدىن قاتارلىقلار بىلەن نەشرگە تەييارلىغان، 1985 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان؛

3. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى سەھنە ئەسىرى «مايترى سىمىت» نى ئەسلىي قوليازما نۇسخىسىغا ئاساسەن، كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان، كىتاپ 1987 ـ يىل ئۇيغۇر ئىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان؛

4. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازما يادىكارلىقلىرىدىن موللا سىدىق يەركەندىنىڭ «سەددىي ئىسكەندەرىي» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى يەشمىسى بىلەن ئىشلەپ نەشرگە تەييارلىغان، كىتاپ 1995 ـ يىل ئۇيغۇر ئىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان؛

5. «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ناملىق كىتاپنى يېزىپ چىققان، بۇ كىتاپ 1995 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان

6 «مۇھەببەتنامە مېھنەتكام» نى ئىسراپىل يۈسۈپ بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان، 1995 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

7. «مۇھەببەتنامە»نى ئىسراپىل يۈسۈپ بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان، 2004 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

8. «دىيارىمىزدىن تېپىلغان قىسمەن يادىكارلىقلار ھەققىدە»، 2009 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئاپتور ئۆزى قاتناشقان كۆپ قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى «قۇم ئاستىدا قالغان مەدەنىيەت» دېگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابى نەشردىن چىققان.

ئابدۇقەييۇم خوجىنىڭ ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىلىرى تەتقىقاتچىلارنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى نەتىجىلەرنى باھالاشلاردا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئابدۇقەييۇم خوجا خېلى يىللاردىن بۇيان ئىجتىمائىي پەن ساھەسى بويىچە ئېچىلغان خەلقئارالىق، جۇڭگو ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي يىغىنلارغا ماقالە تەييارلاپ قاتناشقاندىن تاشقىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن ئۇيغۇر تىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتى، ئۇيغۇر تىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، ئۇيغۇر تىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە بىر قىسىم ئاسپىرانتلارغا تەكلىپكە بىنائەن لېكسىيە سۆزلىگەن، دەرس ئۆتكەن.

ئۇ يەنە **1986** ـ يىل **3** ـ ئاينىڭ **6** ـ ئايغىچە «ئۇيغۇر تىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» بىرىنچى تۈركۈم گۇرۇپپىسى بىلەن ياپونىيەنىڭ ناگاشىما شەھرىدە خىزمەت ئۆتىدى. **1992** ـ يىل **12** ـ ئايدىن **1993** ـ يىل **2** ـ ئايغىچە «ئۇيغۇر تىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) كروران مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» ئىككىنچى تۈركۈم كۆرگەزمە گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ياپونىيەنىڭ فۇكوكا (فۇگاڭ) شەھرىدە خىزمەت ئۆتىدى. «ئۇيغۇر تىلى (ئاتالمىش شىنجاڭ) كروران قىزى» نى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇناسىپ ھەسسە قوشقان.

## كروران گۈزىلى ھەققىدە

كۆزگە كۆرۈنگەن ئارخېئولوگ، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئابدۇقەييۇم خوجا ئۆزىنىڭ **1993** ـ يىلى «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ **3** ـ سانىدا ئېلان قىلغان «قەدىمكى كروران گۈزىلى قەبرىسىنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىش جەريانى» ناملىق مەشھۇر تەتقىقات ماقالىسىدە كروران گۈزىلى ھەققىدە مۇنداق ئۇچۇر بەرگەن:

بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان «كروران گۈزىلى» نىڭ قەبرىسى **1980** ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بايقالغان. بۇ قەدىمكى قەبرە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى (يەنى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئېقىمى) بىلەن تىمەن دەرياسىنىڭ قولتۇقى (ئۈچ بۇرجەك ۋادىسى) غا توغرا كېلىدىغان بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى **7** ـ **8** مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئېگىزلىككە جايلاشقان قەدىمكى قەبرە قېزىپ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئابىيومى تۆۋەندىكىدەك بولغان: لەھەت سوقچاق تۆت چاسا قېزىلغان بولۇپ، چوڭقۇرلىقى بىر مېتىر ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقى **1.74** مېتىر، كەڭلىكى **0.7**مېتىر. لەھەت ئىچىگە بىر ئايال يەنى (كروران گۈزىلى) نىڭ جەسىتى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان پېتى دەپنە قىلىنغان. يۈزىگە كەندىر چۇۋۇقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن ناھايىتى قېلىن ۋە زىچ قىلىپ قاتۇرۇلغان بىر خىل ئالاھىدە ياپقۇ يېپىلغان. ئايالنىڭ بېشىغا قوڭۇر رەڭلىك كىگىزدىن تىكىلگەن ئۈچلۈق قالپاق كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، قالپاقنىڭ سول يېنىغا ئىككى تال قۇش پېيى قىستۇرۇلغان. ئۈچىسىغا قوڭۇر رەڭلىك يۇڭ يىپتىن قوپال توقۇلغان يۇڭ توقۇلما يۆگەلگەن. پۇتىغا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن پوپۇچ كىرگۈزۈلگەن. ئايالنىڭ ئېگىگى سەل ئۇچلۇق، كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر، قاش ـ كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قويۇق، بۇرنى قاڭشارلىق ۋە ئىنچىكە، كالپۇكى نېپىز، چاچلىرى سۇس قوڭۇر بولۇپ مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسى ئانالىز قىلىپ، جەسەتنىڭ **3800** يىل بۇرۇنقى جەسەتلىگىنى بىكىتتى. شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۆلگۈچىنىڭ **40** ـ **45** ياشلار ئەتراپىدا، بويى ئېگىزلىكى **152** سانتىمېتىر، قۇرۇپ قالغان جەسەتنىڭ ھازىرقى ئېغىرلىقى **10.7** كىلوگرام ئىكەنلىگى ئېنىقلاندى. ئۇندىن باشقا ئاناتومىيىلىك

كۆزىتىش، ئانالىز قىلىش ئارقىلىق بۇ ئايالنىڭ قان تىپى O بولۇپ چىققان.
مەنبە: ئىزدە قامۇسى

# ئابدۇگولى ئاخۇن

ئابدۇگولى ئاخۇن 1891 ـ يىلى قومۇل شەھرىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان پالۋانلار يۇرتى ـ قالغايىتىدا ئولتۇرۇشلۇق دىنىي زات سېيىت ھاجى (1850 ـ 1904) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە قومۇل شەھەر ئىچىدىكى ۋاڭلىق مەدرىسىدىكى مەشھۇر ئۆلىما سەدەنشاھ ئەلەم (1953 ـ 1947) دىن دىنىي تەلىم ئالغان . 18 يېشىدىن باشلاپ سۇنايچىلىقنى ، كېيىنچە تېۋىپچىلىقنى ئۆگەنگەن.

سۇنايچىلىق ۋە تېۋىپلىق ئابدۇگولى ئاخۇننىڭ ئاتا كەسپى بولۇپ ، ئۇنىڭ قومۇلدىكى تۇنجى بوۋىسى ئىسلام ئاخۇن ئۆز دەۋرىدە ئۇستا سۇنايچى ھەم تېۋىپ ئىدى . ئىسلام ئاخۇن مىلادى 1677 ـ يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (1514 ـ 1678) نىڭ يارلىقى ، قومۇل ۋاڭلىقى (1606 ـ 1930) نىڭ تەكلىۋى بىلەن ئىككىنچى ئوغلى (ئىسلام ئاخۇننىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى) ئابدۇگولى ئاخۇن① (ئۇ ۋاقىتتائابدۇگولى ئاخۇن قورامىغا يەتمىگەن بالا ئىدى) نى ئېلىپ يەكەندىن قومۇلغا كېلىپ ئەبەيدۇللا تارخان بەگ②ئوردىسىدا ئاخۇنلۇق قىلغان . ھەمدە ئۆز كەسپى سۇنايچىلىق ، تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئىسلام ئاخۇن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇگولى ئاخۇن ئوردىدا ئاخۇن بولغان. ئۇ كىشىمۇ ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، سۇنايچى ھەم تېۋىپلىق قىلغان. ئابدۇگولى ئاخۇن ئوچۇق پىكىرلىك ، زېھنى ئۆتكۈر ، قەددى ـ قامەتى كېلىشكەن ئادەم ئىدى . شۇڭا ۋاڭ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن . بىراق بۇنى ئوردىدىكى بىر قىسىم ھەسەتخور ئەمەلدارلار كۆرەلمەي ، ئىچى تارلىق قىلىپ، پىتنە ئويدۇرۇپ چىقىپ ، ۋاڭ بىلەن ئابدۇگولى ئاخۇن ئارىسىغا سوغاقچىلىق سېلىپ ، ئاخىرى ئۇنى نوم زىندانىغا پالاتقۇزىۋېتىدۇ . لېكىن كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ۋاڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن ، ئابدۇگولى ئاخۇننى زىنداندىن چىقىرىش بۇيرۇقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ ، بىراق ئابدۇگولى ئاخۇن ئاللىقاچان نوم زىنداندا ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى③. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇگولى ئاخۇننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇرېشىت ئاخۇننى ۋاڭ ئوردىغا ئالدۇرۇپ كېلىپ ئاخۇنلۇققا تەيىنلەيدۇ④.بۇ كىشىمۇ سۇنايچى ھەم تېۋىپ ئىدى . ئابدۇرېشىت ئاخۇن ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن ، ئوردا ئاخۇنلۇقنى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى قاسىم ئاخۇن⑤ داۋاملىق ئۆتەيدۇ . ئۇ كىشىمۇ ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، سۇنايچى ھەم تېۋىپ بولغان ئىدى .

1867 ـ يىلى قومۇلدا يۈز بەرگەن دايۈەنشەي (大袁帅) يېغىلىغىدا قاسىم ئاخۇن ئۈچ ئوغلى ۋە ئايالى قۇبزە ئاپپاق (قومۇلدىكى باغ جەمەتىدىن) نى ئېلىپ قېچىپ چاھارباغ كۆۋرۈك⑥كە كەلگەندە كەينىدىن ئىككى تۇڭگان (خۇيزۇ) ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئەر ـ ئايال ئىككەيلەننى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۈچ بالا يېتىم قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بوۋىسى ئابدۇرېشىت ئاخۇن چوڭ نەۋرىسى ھامۇت ئاخۇن (1847 ـ 1920، ئاپتورنىڭ ئاتاتەرەپ ئۈلۈق بوۋىسى) نى شەھەر ئىچى يېزىسى غوجامخىي مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇخالىق ئەلەم (بۇ كىشى ئۆمرىدە پەرزەنت كۆرمىگەن) گە، ئىككىنچى نەۋرىسى سېيىت ھاجى (ئاپتورنىڭ ئانا تەرەپ ئۈلۈق بوۋىسى) نى جىگدە⑦لىك مۇتىئى دورغا⑧غا ئوغۇللۇققا بېرىۋېتىدۇ . كىچىك نەۋرىسى ھادى ئاخۇن (1853 ـ 1928) نى ئۆزى بېقىپ تەربىيىلەيدۇ . سېيىت ھاجى مۇتىئى دورغىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولۇپ ، ئۇمۇ سۇنايچىلىقنى ئۆگىنىدۇ . قالغايىتى مۇتىئى دورغىنىڭ يايلىقى بولۇپ ، سېيىت ھاجى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنى بېقىپ تەربىيىلىگەن دادىسى مۇتىئى دورغىنىڭ قالغايىتىدىكى مال ـ چارۋىلىرىنى باشقۇرۇپ ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ . ئۇ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن قومۇل دىيارىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان نىياز دېھقان (نىياز پالۋان ، 1982 ـ ؟) ، قاسىم پالۋان (1985 ـ 1931) ۋە ئابدۇگولى ئاخۇنلار دۇنياغا كېلىدۇ . قاسىم

پالۋاننىڭ كىشلەر ئارىسدا پالۋانلا ئەمەس بەلكى مەشھۇر سۇنۇقچى دېگەن نامى بار ئىدى . ئۇ شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئوردىسدا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىغى بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ ئوردىدىن كەلگىچە⑨ئۆيىنىڭ ئالدىدا كېسەل كۆرسىتىش ھەم سۇنۇق تاڭدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن كىشلەرنىڭ مەپىلىرى تىزىلىپ كېتەتتى .

ئابدۇگۇلى ئاخۇننىڭ دادىسى سېيىت ھاجى ، ئاپىسى بۇنىيازخان ھاجى (1856 ـ 1930) ۋە ئىككىنچى ئاكىسى تاھىر ھاجى (1878 ـ 1937) لار 1903 ـ يىلى ھەج قىلغىلى سەئۇدىي ئەرەبىستانىغا بېرىپ⑩، قايتىشدا سېيىت ھاجى سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ مەستۆرە دېگەن يەرگە كەلگەندە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ . ئابدۇگۇلى ئاخۇن ئوردىدىكى دىنىي ئوقۇشنى تاماملاپ ، 18يېشىدىن باشلاپ ئاكىسى قاسىم پالۋاننى ئۇستاز تۇتۇپ ، سۇنۇقچىلىق ۋە تېۋىپلىقنى ئۆگىنىدۇ . ئۇ ئەستايىدىل ھەم چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنگەچكە ، ئاكىسى قاسىم پالۋاندىن قېلىشمايدىغان سۇنۇقچى ھەم تېۋىپ بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ ، نامى ئەلگە تارىلىدۇ . شۇڭا شاھ مەخسۇت ۋاڭ (1849 ـ 1930) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئوغلى نەزەر(1883 ـ 1933) ۋاڭلىقنى تەلەپ قىلىپ ئۇرۇمچىگە بارغاندا ئابدۇگۇلى ئاخۇننى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى قىلىپ ئۇرۇمچىگە بىللە ئېلىپ بارىدۇ .

1931 ـ يىلى ئەتىيازدا قومۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار ئىنقىلاۋى پارتلايدۇ . ئابدۇگۇلى ئاخۇن ئاكىلىرى نىياز دېھقان (نىياز پالۋان) ، قاسىم پالۋانلارغا ئەگىشىپ ئىنقىلاپقا قاتنىشىدۇ . ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلسا ، يەنە بىرتەرەپتىن يارىدارلارنىڭ سۇنۇقىنى تېڭىپ ، يارىلىرىنى داۋالاپ ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ .

قومۇل دېھقانلار ئىنقىلاۋىدىن كېيىن تاكى 1949 ـ يىلىغا قەدەر ئۇ سۇنۇقچىلىق ۋە تېۋىپچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ ، نۇرغۇنلىغان بىمارلارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ ، كىشلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىش ـ ـكەندىن سىرت ، نامى ئەلگە تارىلىپ ، مەشھۇر سۇنۇقچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ .

1949 ـ يىلىدىن كېيىن ، ئابدۇگۇلى ئاخۇننىڭ سۇنۇقچىلىق ۋە تېۋىپلىق ئىشلىرىغا تېخىمۇ ياخشى شارائىت تۇغۇلىدۇ . ئۇھەرقانداق سۇنۇقنى رېنتگېندە ئېلىنغان رەسىمگە قاراپ تاڭىدىغان سەۋىيىگە ئىگەبولىدۇ . شۇڭا ھەرقانداق ئېغىر سۇنۇقلارنىڭمۇ ساقىيىش نىسبىتى يۇقىرى ، ئۈنۈمى تېز بولغاچقا بىمارلارنىڭ ئاغرىق ئازاۋى تېزلا يىنىكلەپ قالاتتى . ئۇ بىر ئۆمۈر سان ـ ساناقسىز سۇنۇقنى تېڭىپ ، كېسەلنى داۋالاپ ئۆتكەچكە ، بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇش ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ ۋاقتىنى ئېلىپ قويىدۇ. شۇڭا بىز پەقەت بۇ يەردە بىرقانچە مىساللارنى كەلتۈرۈشنى لايىق دەپ ئويلىدۇق.

1970 ـ يىللاردا پالۋانتۈر يېزا جىگدە بۇلاق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق دېھقان قاسىم ھاشىم[11] نىڭ چوڭ يوتىسىنى هارۋا بېسىۋېلىپ ئۈزۈۋەتكەن ئىدى . بۇ بىر چوڭ سۇنۇق بولۇپ ، شۇ ۋاقىتتىكى دوختۇرلارنىڭ سەۋىيىسى بويىچە ھېساپلىغاندا خېلى قىيىن بىر ئىش ئىدى . شۇڭا بۇخىلدىكى بىمارلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ داۋالىنىشقا توغرا كېلەتتى . لېكىن ئۇنى ئابدۇگۇلى ئاخۇن تېڭىپ تولۇق ساقايتىدۇ . كېيىنكى كۈنلەردە قاسىم ھاشىم لوياڭ (洛阳)غا بېرىشقا توغرا كېلىپ ، شۇ يەردە دوختۇرلارغا پۇتىنى كۆرسەتكەندە ، دوختۇرلار ئۇنىڭدىن قايسى دوختۇرخاندا داۋالانغانلىغىنى سورايدۇ. قاسىم ھاشىم سۇنۇقچى تېڭىپ ساقايتقانلىغىنى ئېيتقاند ، دوختۇرلار ئابدۇگۇلى ئاخۇننىڭ ماھارىتىنى ماختىشىپ يۇقىرى باھا بېرىدۇ.

1970 ـ يىللاردا قومۇلدىكى لى فامىلىلىك بىر مۇئاۋىن ۋالىنىڭ ئايالىنىڭ چوڭ يوتىسى سۇنۇپ كېتىپ ، شۇ ۋاقىتتىكى داۋالاش سەۋىيىسى ياخشى بولمىغاچقا تولۇق ساقىيالمىغان ئىدى . ئاخىر ئۇلار ئابدۇگۇلى ئاخۇنغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، بۇئايالنىمۇ تولۇق ساقايتىدۇ. لى ۋالى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرگەنلىكتىن ئابدۇگۇلى ئاخۇننىڭ ماھارىتىگە ھەيران قالىدۇ ھەم «سىز بىمارلارنىڭ نىجاتكارى ئىكەنسىز» دەپ مەدھىلەيدۇ.

1970 ـ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭلىق قاۋۇل ئىسىملىك كان ئىشچىسىنى كان بېسىۋېلىپ داس سۆڭەك سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ ، شاڭخەيدە ئۇزۇن تۇرۇپ داۋالانغان بولسىمۇ ساقىيالمىغانلىقتىن ، دۆلەت

تەرىپىدىن «1 ـ دەرىجىلىك مىيىپ» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان . كېيىن ئۇلار شاڭخەيدە كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن بارغان ، قومۇل شەھرى پالۋانتۇر يېزا غول ئېرىق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەمدۇللا يۇنۇس(12)دىن ئابدۇگولى ئاخۇننىڭ داڭلىق سۇنۇقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، بۇ بىمارنى ئابدۇگولى ئاخۇنغا كۆرسەتـ ـكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى ماڭالايدىغان دەرىجىدە ساقايغان .

ئابدۇگولى ئاخۇن ئادەمنىڭ سۆڭەك قۇرۇلمىسىنى رېنتگېنگە ئېلىنغان رەسىمنى كۆرگەندەك ناھايىتى پىششىق بىلەتتى . قوي گۆشىنى پارچىلىسا ھەرگىز پالتا ئىشلەتمەيتتى . شۇڭا ھەرقانداق ئېغىر سۇنۇقلار، ھەتتا سۆڭەكلىرى ئۇگۇلۇپ كەتكەن سۇنۇقلار بولسىمۇ، ئۇ بىمالال تېڭىپ تەلتۆكۈس ساقايتالايتتى . ئۇ پۇتۇن ئۆمرىدە نۇرغۇن ئىز باسار ـ شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەرمىللەت بىمارلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ، قەدىرلىشىگە ، مەڭگۈ ياد ئېتىشىگە سازاۋەر بولۇپ ئۆتكەن ئىدى . ئۇنىڭ قىزى گۆھەرخېنىم (ئايلاخان، 1928 ـ 2001) مۇ ئۇستا سۇنۇقچى بولۇپ ، ئۆمرىدە نۇرغۇنلىغان بىمارلارنى ئاغرىق ئازاۋىدىن خالاس قىلغان ئىدى .

ھازىر ئابدۇگولى ئاخۇننىڭ كەنجى ئوغلى قاسىم ئاخۇن (تۆرىخان سۇنۇقچى ، 1941 ـ يىلى ) ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ سۇنغىنى تېڭىپ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولماقتا .

قومۇل دىيارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سۇنۇقچى تېۋىپلارنىڭ ئۇستازى ، مەشھۇر سۇنۇقچى ئابدۇگولى ئاخۇن 1974 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى (قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى ، پەيشەنبە) كېسەل سەۋەبى بىلەن 84 يېشىدا قومۇل شەھرىنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسىدا ۋاپات بولدۇ. ئۇنىڭ نامىزىغا نەچچە مىڭ ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسى قاتنىشىپ مۇسبەت ئىچىدە يەرلىگە قويدۇ.

ئىزاھاتلار:

① بىز تونۇشتۇرىۋاتقان ئابدۇگولى ئاخۇننىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسى.

② ئەبەيدۇللا تارخان بەگ1697 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان.

③ ئابدۇگولى ئاخۇننىڭ جەسىدىنى تۇققىنى ئىمىن ئەلەم نومدىن قومۇل شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كىلىپ دەپنە قىلغان. 1999 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى قەبرە كۆچۈرۈشتە ئابدۇگولى ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ، نەۋرىلىرىنىڭ قەبرىلىرى دۆربەجىن غولئېرىق قەبرىستانلىقىغا كۆچۈرۈۋېتىلگەن .

④ ئابدۇگولى ئاخۇننىڭ ئىككى ئوغلى بار بولۇپ ، چوڭ ئوغلى باقى دېھقان ، دۆربەجىن غولئېرىقتا تېرىقچىلىق قىلىدۇ . غولئېرىق مەھەللىنى ئابدۇگولى ئاخۇن بەرپا قىلغان ئىدى .

⑤ ئابدۇرېشىت ئاخۇننىڭ قاسىم ئاخۇن ، شېرىپ ئاخۇن ، يۇنۇس ئاخۇن قاتارلىق ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ ، شېرىپ ئاخۇن 1880 ـ يىللار ئەتراپىدە دۆربەجىن سايتۇر مەھەللىسىدە يۈز بەرگەن «نەۋرىشاھ ھاجى يېغىلىغى» دا چېرىكلەر تەرىپىدىن چېپىپ تاشلانغان . يۇنۇس ئاخۇن كېيىن ئاكىسى قاسىم ئاخۇننىڭ ئورنىغا ئوردىغا ئاخۇن بولغان . «نەۋرىشاھ ھاجى يېغىلىغى» دا ئۇنىڭ ئىسمى تىزىملىككە چۈشۈپ قالغانلىقتىن ، ۋاڭ يۇنۇس ئاخۇننى «ئوردىنىڭ ئاخۇنى تۇرۇپ توپىلاڭغا قاتنىشىپتۇ» دەپ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىغان .

⑥ ھازىرقى چاھارباغ ئىسلام دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسى بىلەن ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ ئوتتۇ ـ رىسىدىن ئۆتكەن يولدىكى كۆۋرۈك.

⑦ ھازىرقى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى (بىڭتۇەنى) قومۇل يېزا ئىگىلىك 13 ـ دېۋىزىيىسى دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 5 ـ روتىسى.

⑧ مۇتئى دورغا قومۇللۇق بولۇپ ، ئۇ قومۇل ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن جىگدىنىڭ دورغىسى ئىدى.

⑨ قاسىم پالۋان ھەر ئاخشىمى ۋاڭ ئوردىسىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئوردىدا ياتاتتى .

⑩ ئۇ يىللاردا ھەج ـ تاۋاپ قىلغىلى بارغان كىشىلەر ئۆلاغلىق بارغاچقا، بېرىپ ـ كېلىش ئۈچۈن بىر يىل ۋاقىت كېتەتتى.

⑪ قاسىم ھاشىم 2014 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 81 يېشىدا قومۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر بازىرى جىگدە بۇلاق كەنتىدە ۋاپات بولغان.

⑫ ھەمدۇللا يۇنۇس ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادىيۇتانت (فۇگۇەن) ى يۇنۇس موللام (1890 ـ 1949) نىڭ 2 ـ ئوغلى ، 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 78 يېشىدا قومۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسى غولئېرىق كەنتىدە ۋاپات بولغان.

# ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ ئەلى



دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ 1971 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خوتەن شەھىرىدىكى بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇلئەزىزنىڭ ئاتىسى مەرھۇم رەھمەتۇللاھ مۇھەممەد ئەلى ئەينى چاغ تىجارەت ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىگىلىك تىكلىگەن كىشى بولۇش بىلەن بىرگە ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلى سۆيەر بىر كىشى بولۇپ ، ئۇزۇن يىللىق سەييارە تىجارەت قىلىش داۋامىدىكى ھەر قايسى يۇرتنىڭ كاتتىلىرى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن مۇلاقەتتە بولۇش ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى ۋە ئىلمى ئەنجۇمەنلىرىگە ئىشتىراك قىلىشتەك ئەۋزەللىكلەر ئۇنىڭدا پەرزەنتلىرىنى ئاشۇ كاتتا ئالىملارنىڭ ئىز باسارلىرى قاتارىدىن قىلىش ئارزۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. 1984 ـ يىلى ئۇ كىچىك ئوغلى ئابدۇلئەزىز ۋە ئۇنىڭ ئاكىسىنى بىرگە ئېلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىش ۋە ئوغۇللىرى ئۈچۈن مۇۋاپىق مەكتەپ ئىزدەش ئىستىكىدە سەپەرگە ئاتلىنىدۇ . بۇ سەپەر دوكتور ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەينى ۋاقىت قەشقەر شەھىرى 3 ـ ئوتتۇرىدا تولۇقسىز 1 ـ يىللىقنى تۈگەتكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ . ئاتىسى رەھمەتۇللاھ قارىھاجىم ھەج سەپىرىدىن قايتىشتا ئوغۇللىرىنى مىسىر ئەرەپ جۇمھۇ ـ رىيىتىگە ئېلىپ بېرىپ مىسىر پايتەختى قاھىرەدىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىگە قاراشلىق ئەرەپ تىلى سىنىپىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىدۇ. ئۇ 1985 ـ يىلى تەييارلىق سىنىپىغا ئورۇنلىشىپ ، 1986 ـ يىلى ئەزھەر تارمىغىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىدۇ. 1989 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەپ ئىسلام تەتقىقاتى فاكولتېتىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ . 1993 ـ يىلى فاكولتېتنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ 1994 ـ يىلى فاكۇلتېتنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ . 1997 ـ يىلى ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى تاماملاپ 2001 ـ يىلى ھەنەفىي مەزھەپ فىقھى ئالىملىرىدىن ھىجرىيە 428 ـ يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر فىقھ، ئىمام قۇدۇرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھنىڭ «ئەتتەجرىيد» ناملىق قولىيازما فىقھى كىتاۋىنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» بۆلۈمىنى مەزھەپلەر ئارا سېلىشتۇرما ئاساسىدا تەھقىقلەپ چىقىپ بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ماقالىسىنى تاماملايدۇ ۋە 2001 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئەلا دەرىجە بىلەن ئالىدۇ. 2002 ـ يىلى دوكتورلۇق ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەتەنگە قايتىدۇ . 3 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، 2005 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاش نىيىتىدە قايتا مىسىرغا بارىدۇ ۋە 2008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مەشھۇر فىقھشۇناس ۋە تەپسىرشۇناس ئالىملاردىن ھىجرىيە 375 ـ يىلى ۋاپات بولغان بۈيۈك ئىسلام فىقھى «سەمەرقەندلىك بۈيۈك ئەللامە ئەبۇللەيسنىڭ فىقھى تەرجىھاتلىرى» ناملىق دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى ياقلاپ «سېلىشتۇرما فىقھى»دا 1 ـ دەرىجىلىك دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالىدۇ .

ئىلمى خىزمەتلىرى:

دوكتور ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن ساھەلىرىدىن بىرى دىنى مائارىپنى قانداق قىلغاندا مۇشۇ دەۋر ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن شەكىلدە قۇرۇپ چىقىش ، دىنى بىلىم ئىگىلەش ئىستىگىدە بولغانلارغا بۇ ئىلمنى قايسى ئۇسۇل ۋە قانداق يۈنىلىشتە يەتكۈزۈشتۇر . شۇڭا ، ئۇ شارائىت ۋە ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە بۇ ھەقتىكى خىزمەتلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە . خۇسۇسەن ، ئۇ قۇرغان «ساجىيە ئىسلام بىلىملىرى تورى» بۈگۈنكى دەۋر ئۇچۇر تەرەققىياتى ئارقىلىق ئىلمى ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئېلىپ بېرىش ، شۇنداقلا دىنى ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ، تەتقىقاتچىلار بولۇپ ھەرساھە ئىلىم ئاشنالىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قىممەتلىك ۋە مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىماقتا . بولۇپمۇ بۇ يەردە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دىنى بىلىمگە ئىشتىياقى كۈچلۈك ئەمما تېگىشلىك ئىمكانىيەت تاپالمايۋاتقانلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكىلەرنىڭ دەرس ۋە ياكى ئىزدىنىشلىرىگە پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن ئۇ يولغا قويغان «ئاۋازلىق دەرسلەر پروگراممىسى» ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئۇ يولغا قويغان ئاۋازلىق دەرسلىكلەر قاتارىدا تۆۋەندىكىلەرنى نەمۇنە سۈپىتىدە ساناپ ئۆتۈش مۇمكىن:

1 . سېلىشتۇرما فىقھى ساھەسىدىكى مۆتىۋەر ئەسەر «بىدايەتۇلمۇجتەھىد» نىڭ ئاۋازلىق دەرسى .

2 . ھەنەفى مەزھەپ فىقھىسىدىكى مۆتىۋەر ئەسەر «ئەلئىختىيار» نىڭ ئاۋازلىق دەرسى.

3 . ئەرەپ ئەدەبىياتى «ئەلمۇئالەئەتۇل ئەزھەرىيىيە» يۇرۇشلۇك قىسىملىرى ئاۋازلىق دەرسى.

4 . مۆتىۋەر تەپسىرلەردىن «تەپسىرى نەسەفى» نىڭ ئاۋازلىق دەرسى ۋە باشقىلار...

ئىلمىي ئەمگەكلىرى:

دوكتور ئابدۇلئەزىز مەيلى ئوقۇش دەۋرىدە بولسۇن ياكى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى ئىلمى خىزمەت داۋامىدا بولسۇن ، ئىلمىي خىزمەتنى توختىتىپ قويغان ئەمەس . بۇ ئورۇندا ئۇنىڭ ئۆز ئىجتىھادى ۋە ئىلمى ئىستىداتىنىڭ سەمەرىسى بولغان «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» يۇرۇشلۇك ئەسىرىنى ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخىدىكى پەتىۋا خىزمىتى ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن بۇسۇش خاراكتېرىدىكى يېڭىلىقلار قاتارىدا تىلغا ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ .

ئۇنىڭ تەرجىمە ساھاسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى تىلغا ئىلىش مۇمكىن:

1 . دوكتور يۇسۇپ قەرداۋىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان ھەمدە دۇنيادىكى 100 دىن ئارتۇق تىلغا تەرجىمە قىلىنىش شەرىپىگە نائىل بولغان مەشھۇر فىقھى ئەسەر: «ئىسلامدا ھالال ۋە ھارام» ناملىق كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى .

2 . بىرقانچە دىنىي زىيالىيلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن روياپقا چىققان «مۇختەسەرى تەفسىرى ئىبنى كەسىر» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى .

3 . قۇرئاندىن قالسا سەھىھلىك دەرىجىسى 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان مەشھۇر «سەھىھۇلبۇخارى» ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى . (نۆۋەتتە بۇ ئەسەر دوكتورنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا تەھرىرلىنىش باسقۇچىدا كېتىۋاتىدۇ).

ئۇنىڭ فىقھى، ئىلمى تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلىرى ۋە ئاكادېمىك تەتقىقات سۈپىتىدىكى رىساللىرى قاتارىدا تۆۋەندىكىلەرنى تىلغا ئېلىشىمىز مۇمكىن:

1 . ئاللاھنىڭ ئېيى بۇ رامىزان. (مۇبارەك رامىزان ئېيىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئەھكاملار).

2 . ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا دائىر ئەھكاملار.

3 . شەرىئەتتە قەرز ئەھكاملىرى.

4 . شەرىئەتتە قۇربانلىق ئەھكاملىرى.

5 . شەرىئەتتىكى مۇزارەبە شىركىتى تۈزۈمى .

6 . ئەقىقە ئەھكاملىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



7. سەدىقە پىترى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار .

8. ئاياللاردىن كېلىدىغان خۇن ئەھكاملىرىنىڭ بايانى.

ئىلمىي تەتقىقات پىلانى:

دوكتور ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئەمەلىي خىزمەت پىلانلىرى ئىلگىرىلەش ئىچىدە بولۇپ، پەقەت بۇيەردە ئۇ ئۆز يېتەكچىلىگى ۋە بىۋاستە ئىشتىراك قىلىشى بىلەن داۋاملىشىۋاتقان قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئىلمىي تەتقىقات تۈردىكى خىزمەتلەر ئىچىدە تۆۋەندىكىلەرنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن:

ئەقىدە تەتقىقاتى:

مەزكۇر تەتقىقات تۈرى بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر خەلقىگە ئىسلام ئەقىدىسىنى ساپ ۋە ساغلام ھالىتى بىلەن تەقدىم قىلىشنى نىشان قىلغان بولۇپ ، مەزكۇر تەتقىقات تۈرى ئىلمىيلىگى كۈچلۈك ، بىر قەدەر مۇپەسسەل ۋە ئاكادېمىك تەتقىقات يۈنىلىشىگە ئۇيغۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . مەزكۇر تەتقىقات لايىھىسى شانلىق تارىخقا ئىگە بۇ ئەقىدىلىك مىللەتكە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئەقىدىسىنى ئۆز ئانا تىلىدا بىۋاستە ۋە ئەتراپلىق تونۇشۇپ چىقىش ئىمكانىيىتى ھازىرلاشنى ئاساسى ئورۇنغا قويىدۇ.

فىقھى تەتقىقاتى :

مەزكۇر تەتقىقات لايىھىسى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىبادەت ۋە مۇئامىلە قىسمىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كاتېگورىيىسى بويىچە ئامىباپ ، ئىلمىي ۋە ئوتتۇراھال يۆنىلىشتە شەرھلەپ چىقىش ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەرىئەت ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا دائىر مەلۇماتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش، شۇنداقلا ئۇلاردا شەرىئەت روھىنى بەرپا قىلىش ھەمدە ئۇلارغا شەرىئەت كۆرسەتمىلىرى ۋە ئىلاھىي قانۇن بويىچە ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتىنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلارنى نىشان قىلىدۇ .

پەتىۋا خىزمىتى:

بۇ تۈر دىيارىمىز مۇسۇلمانلىرى نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ئېتىقاد ، شەرىئەت ۋە ئەخلاق جەھەتلەردىكى ھەرخىل مەسىلىلەرگە پەتىۋا بېرىش ، بولۇپمۇ قەدىمدە مەۋجۇت بولمىغان ، ئەمما دەۋرىمىزدە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان يېڭى- يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ، پەتىۋا يۆنىلىشىنى ئەسلىدىكى ئىخچام جاۋاپلاش ھالىتىدىن ئىلمىي ئىزاھلاش ھالىتىگە كۆتۈرۈش ۋە بېرىلگەن پەتىۋالارنى يىغىپ توپلاشنى ئاساس قىلىدۇ . مەزكۇر تۈر «ساجىيە ئىسلام بىلىملىرى تورى» قۇرۇلغاندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئىلمىي لايىھەدە بۇ تۈرنى ئىلمىيلىك ۋە سۈپەت جەھەتلەردە يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، كۈچەيتىش پىلانلانماقتا.

ئاللاھدىن دوكتور ئابدۇلئەزىزگە غەيرەت ، ئۇتۇق ۋە خەيرلىك نەتىجىلەر يار قىلىشنى تىلەيمىز !

دوكتور ئابدۇلئەزىزنىڭ ئېلخەت ئادرېسى : aazizrah@gmail.com

**ئالاھىدە ئىزاھات :**

«ئەزىزانە قەشقەر»دىن بۇرادىرىمىز كۆكلەم ھۆرمەتلىك دوكتۇر ئابدۇل ئەزىزنى روھىي جەھەتتىن ئازراق بولسىمۇ قوللاش مەخسىتىدە«ساجىيە مەدرىسىسى» توغرىسىدا قىسقىچە تونۇشتۇرما يازغان ئىكەن . بۇ يەردە ھەر ـ بىرلىرىنىڭ مۇبارەك كۆڭۈللىرىگە ئىلھام ـ بەخش بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ئالاھىدە سۇنغۇم كەلدى ، كۆرۈپ باقارسىلەر :

بسم الله الرحمن الرحيم

**ساجىيە مەدرىسىسى**

ساجىيە مەدرىسىسى مىلادى 926 ـ يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇكەرىم) تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەدرىسە بولۇپ ، ئۇ يەنە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

مەدرىسە: ئىسلام دىنى بويىچە بىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ، بىلىم يۇرتى دېگەن مەنىدە بولسا، ساجىيە دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىسى ساچىيە بولۇپ ، «ساچ» قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا چېچىش ، يېيىش ، دېگەن مەنىدە بولغاچقا ، ساجىيە مەدرىسىسى: ئىلىم ـ پەن نۇرىنى چاچىدىغان ئالىي مەكتەپ دېگەن بولىدۇ.

مىلادى 926 ـ يىلى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان سامانىيلار خانلىقىنىڭ شاھزادىسى ، ئىسلام دەۋەتچىسى يېتۈك ئالىم ئەبۇ نەسر سامانىينىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى . شۇنىڭدىن باشلاپ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي مىللەتلەر ئىسلامىيەت دەۋرىگە قەدەم قويىدى . ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن كەنت ، مەھەللىلەردە مەسچىت قىلىنىپ، مەسچىتنىڭ يېنىغىلا مەكتەپ (مەدرىسە) بىنا قىلىناتتى ، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتتى . بۇمەزگىللەردە قەشقەر قايتىدىن مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى .

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام نۇرىنى چاقنىتىپ ئىلىم تارقىتىش مەقسىتىدە ئۇستازى ئەبۇ نەسر سامانىينىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۇنجى بولۇپ قەشقەر ئاتۇشتىكى مەشھەدتە «مەدرىسەئى ساجىيە»نى ئاچقان . بۇ مەدرىستە دىنىي بىلىملەر ، ئاسترونومىيە ، تەبىئەتشۇناسلىق ، تىل ـ ئەدەبىيات ۋە ھېساپ دەرسلىرى ئوقۇتۇلۇپلا قالماي يەنە ئارستوتىل ، فارابى ، خارەزمى قاتارلىقلارنىڭ پەلسەپىلىرى ۋە شەرق كلاسسىكلىرىدىن ئابدۇراخمان جامى، نەۋائىي، شەيخ سەئدى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ قوشۇپ ئوقۇتۇلغان، ھەر يىلى ھەممە ئىقلىملاردىن مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان.

ساجىيە مەدرىسىسىدە ئوبۇل ھەسەن سەيىر ھاتەم ، سەيىر جالالىدىن باغدادى ، جامالىدىن قەشقەرى قاتارلىقلار دەرس ئۆتكەن بولۇپ ، بۇ مەدرىستە ئوقۇغانلاردىن نۇرغۇنلىغان مەشھۇر زاتلار ، ئالىم ، تېۋىپ ، ھۈنەرۋەن ، دانىشمەنلەر يېتىشىپ چىقىپ دۇنياغا تونۇلغان . مەسىلەن: بۇ مەدرىستىن دەسلەپتە يېتىشىپ چىققانلاردىن ئەللامە راشىدىن كاشغەرى ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاغلىق مۇدەررىسى ۋە تارىخچىسى ئابدۇغاپپار ئىبنى ھۇسەيىن كاشغەرى ، جەرراھ ئىمامىدىن كاشغەرى ، مەھمۇد كاشغەرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۇستازى ھۇسەيىن خەلەف كاشغەرى قاتارلىقلار بار . بۇلاردىن بەزىلىرى بۇ مەدرىستە ئۇزۇن يىل مۇدەررىسلىك قىلغان .

كېيىنكى دەۋردە ئوقۇغان ۋە يېتىشىپ چىققان ئالىملاردىن شائىر ، تارىخچى ، جامائەت ئەربابى ، مەھمۇد ھېكىم بەگ ، سالىھ داموللا ھاجىم (بۇگۈنكى دەۋردىكى بۈيۈك دىنىي زات ، ئۇستازىمىز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ئاتىسى) ، شائىر ۋە ئۆتكۈر مەسخىرىچى ئەمەت داموللام ، جاھالەتكە قارشى پىداكار جەڭچى ئابدۇقادىر داموللام ، مەۋلىۋى داموللا ھاجىم ، خەلق شائىرى ، مەنبەشۇناس ئەبۇبەكرى زەللىي ، شائىر مۇھەممەد يۈسۈپ تۈركىي ، جامائەت ئەربابى ئابدۇراخمان يۈسۈپ قاتارلىقلار بار .

ساجىيە مەدرىسىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى بىلىم يۇرتى بولغاچقا بۇ مەدرىس ئەينى دەۋردىن باشلاپلا دىنىمىزنىڭ تارقىلىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن ھەم كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە قەشقەردىمۇ تارماق مەدرىسلىرى قۇرۇلۇپ نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ ئۇيغۇر مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئۇل سالغان . تارىختىن باشلاپلا ساجىيە جاھالەتنى قوغلاپ ، كىشىلەر قەلبىنى ئىلىم نۇرلىرى بىلەن يورىتىپ كەلگەچكە ، گەرچە قەدىمكى ساجىيەنىڭ ئىزلىرى يوقالغان بولسىمۇ ئىسمى دىللاردا يادلىنىپ تىللاردا

تارقىلىپ كەلمەكتە ھەم ساجىيە نامىدا ھەرخىل تىل تەربىيلەش مەكتەپلىرىمۇ ئېچىلماقتا .

بۈگۈنكى كۈندە ئۇستاز دوكتور ئابدۇلئەزىز ئەينى دەۋردىكى بىلىم بۇلىغى بولغان ساجىيە مەدرىسسىنىڭ سىماسىنى تور دۇنياسىدا قايتا نامايان قىلىپ ئىلىم سۆيەر خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ۋە دىنى ئىز باسارلارنى تەربىيلەپ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قولىدىن قولىغا ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ساجىيە مەدرىسسىنىڭ ئىلىم مەشئىلىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيتىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ .

دوكتورنىڭ خەلقىمىزگە بولغان بۇ جانكۆيەرلىگىنى كۆرۈپ ، ئۆزىمىزدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن قىسقىچە بولسىمۇ ساجىيە مەدرىسسىنى تونۇشتۇرۇش ، مۇشۇ ئارقىلىق دوكتورنى روھى جەھەتتىن ئازراق بولسىمۇ قوللاش مەقسىتىدە بۇ يازمىنى تەييارلىدۇق .

# ئابدۇلئەزىز مەخسۇم

ئۇلۇغ پەيغەمبىرىم چەككەن جاھاندا ئۇممىتىم دەپ غەم.
ئۇنىڭ بىر ئۇممىتى زىنداندا ياتقاي مىللىتىم دەپ ھەم




كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالغۇچى ئۆتكۈر شىئىر ـ غەزەللىرى ، ئېگىلمەس ـ سۇنماس پىداكارانە روھى ئارقىلىق بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ تىللىرىدا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەر شائىرىمىز ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ، **1894** ـ يىلى ئۇيغۇر يېڭىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بايراقدارى ، جامائەت ئەربابى ، يېتىشكەن ئالىم ، شۇنداقلا يېڭى زامان ئۇيغۇر مائارىپىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇلقادىر ئابدۇلۋارىس (تەخەللۇسى: غازى) داموللامنىڭ ئائىلىسىدە ئاتۇشتا دۇنياغا كەلدى.

ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئاتىسى ئابدۇلقادىر دامموللامنىڭ ئائىلە تەربىيىسى بىلەن باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قەشقەر شەھرىدە پۈتتۈردى . بۇ جەرياندا دامموللام ۋە باشقا بىر قىسىم ئۇستازلاردىن ئەرەپ ، پارىس تىللىرىنى ئۆگەندى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇلقادىر دامموللام ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى چەتئەلدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيلەش مەقسىتىدە ھىندىستانغا ئەۋەتىدۇ.

**20** ـ ئەسىرنىڭ **20** ـ يىللىرىدا ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھىندىستاندا ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلى ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك كۆرەش جەريانىغا توغرا كېلىدۇ . ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھۆرلۈك ، ئەركىنلىكنى ئۆزلىرىنىڭ ئالىي نىشانى قىلغان بۇ خىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ . ئېزىلگەن ھىندىستان خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەش سەپلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالىدۇ .

**1924** ـ يىل **8** ـ ئايدا مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ يوشۇرۇن پىلانلىشى ، ساتقىن مۇناپىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئابدۇلقادىر دامموللام ئۆزىنىڭ قەشقەر شەھەر كونا ئوردادىكى كۇتۇپخانىسىدا رەھىمسىزلەرچە قەتلى قىلىنىدۇ . شۇ يىلى كۈز مەزگىلىدە بۇ شۇم خەۋەردىن ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇلئەزىز مەخسۇم دادىسىنىڭ قاتىلىنى ، توغرىسى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ قاتىلىنى تېپىپ ،



خەلقنى ئىبارەت بۇ ئادىل سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ھىندىستاندىن ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئەپسۇسكى، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ـ ـنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك توسقۇنلىقى بىلەن ئۇ ئاچقان داۋا ئۇنۇمسىز ئاخىرلىشىدۇ.

ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋەتەن ئۈچۈن ئاتىغان ئابدۇلئەزىز مەخسۇم **1920**ـ يىللاردىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت سەمەرلىرىگە ئېتىقاد نوقتىسىدىن قاراشنى ئۆزىنىڭ مۇتلەق سۆيگۈسىنى، بارلىقىنى ۋەتىنىنى، خەلقىنى ، ياشلارنى ، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ، ئار ـ نومۇسىنى ، مەدەنىي مىراسلىرىنى ، ئېتىقادىنى، ئومۇمەن ۋەتەن ـ مىللەتكە بولغان ئىخلاسىنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنۇتمىغان شائىر ، ئانا تۇپراقنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرىشتىن ، جەننەت مىسالى گۈزەل ۋەتىنىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەشتىن ، رەقىپلەرگە نەپرەت ياغدۇرۇشتىن باشقىغا ئىشەنمىدى . شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى ـ رەقىپلەرگە بولغان نەپرىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولسا ، كۈرەشتىكى سەۋرچانلىقى ۋە پىداكارلىقى ، ئىسيانكارلىقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . قاراڭغۇ تۈرمە ، زەي زىندان ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بۇ ئېتىقادلىق ئىنساننىڭ گىگانت گەۋدىسىنى ھۆرلۈك دەۋاسىدىن ، ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە كۆندۈرەلمىدى . مىللەتنى ئويغۇتۇش ، يېڭىلىققا ئىنتىلدۈرۈش ، ۋەتەننى سۆيۈش ، خائىنلارنى قامچىلاش ، زۇلۇمغا قارشى كۆرەشكە چاقىرىش ، ئىنسانىيەت كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ـ شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم شېئىرلىرىنىڭ مەركىزى تېمىسى بولۇپ ، ئۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى رەھىمسىزلەرچە قامچىلاپ تەنقىدلىگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن تەكلىماكان ئەھلىنىڭ جەددى تەشۋىشلىرى ۋە ئۈمىت ئىشەنچلىرىدىن يوغۇرۇلغان بىر غېرىپ كۆيىنىڭ يۈرەكنى لەززىگە سالىدىغان ياڭراق مۇزىكىسىنى ئاڭلىغاندەك بولىمىز.

ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىن باشلاپ(**1914** ـ **1924**)، جىن شۇرىن(**1924** ـ **1933**)، شېڭ شىسەي(**1933** ـ **1944**)، گومىنداڭ ھاكىمىيتى(**1944** ـ **1949**) دەۋرلىرىدە ۋە **1949**ـ يىلدىن كېيىنكى تۆرلۈك «سولچىل سىياسىي ھەرىكەتلەر» (**1949** ـ **؟**) ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە بولۇپ ، چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى **58** يىللىق ھاياتىنىڭ **43** يىلدىن كۆپرەگىنى تۈرمىلەردە ئۆتكۈزگەن ئىدى.

شائىرنىڭ تازا جاسارەتكە تولغان چاغلىرى مىڭلىغان ئۇيغۇر ئەزىمەتلىرىنى چىرىتىپ تۈگەتكەن قاراڭغۇ كامىرلاردا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدا ئۆتتى . **1980**ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا شائىرنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە كېسەل ئىكەنلىگى سەۋەپلىك تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى . ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلىغان ئانا يۇرت خەلقى ، قېيەرگىلا بارسا شائىرنى بېشىدا كۆتۈردى ، چەكسىز ئىززەت ـ ئىكرام ، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن قارشى ئالدى . شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم قەشقەر ، كۇچار ، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا بىر قاتار زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ يەرلىشىدۇ .

ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن، خەلق بىلەن كۆيىنى بىللە كۆيلەپ ، يىغىسىنى تەڭ يىغلاپ ، كۈلكىسىنى تەڭ كۈلۈپ ئۆتكەن بۇ جاسارەتلىك ئىنسان ، ھېچ كىشى چۈشۈنەلمەيدىغان ، ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ، ئاتالمىش «پۈيىز ۋەقەسى» دە ( **1982**ـ يىلى **8**ـ ئايدا) ئۈرۈمچىدە ئۆزى ئۈچۈن ھاياتىدا كېچىككىنە بىر خۇۋلۇق كۆرسەتمىگەن بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى .

ئىنقىلاۋى شائىر، مەشھۇر جامائەت ئەربابى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم بىر دىنىي ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن:

«ۋەتەن ۋە مىللەتنى سۆيمەك ئەھلى ئىسلام شانىدۇر،
بۇ ھەققەت ، بۇ ئادالەت تەڭرىنىڭ پەرمانىدۇر.»

دىگەندەك جاراڭلىق مىسرالىرى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ساداسىنى ياڭرىتىپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ھەققى ئۆلگىسىنى يارىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆلمىدى ، ئۇ مىليونلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ كۆرەش يولىدىكى نامايەندىسىگە ئايلاندى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات !

ئەمدى ، تۇۋەندە مەرھۇمنىڭ بىر پارچە شېئىرىنى ئوقۇغايسىلەر .

## ياشلارغا دائىر مەدھىيە

ياشلىق ئۆمۈرنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغى،
قايىنام ھاياتنىڭ بەك كۆركەم باغى،
ھۆرلۈك ـ بۇ گۈلزار باغنىڭ مېۋىسى،
ۋىجدان ـ تېنىدۇر، ھىممەت ـ ياپراغى.

ياشلىق زور نېئمەت بۈيۈك غەنىمەت،
بۇ غەنىمەتنىڭ قەدرى بەك قىممەت.
مىللەت ـ ۋەتەنگە تەقدىم قىلغاندا.
ئىرۇر ئەڭ شانۇ ـ شەرەپلىك ھىممەت.

ھەر كۈن تارىختىن ئۇچار بىر ياپراق،
ھايات شېخىدىن چۈشەر بىر ياپراق.
ياشلىق دەۋرانى ـ شوخلۇق جەريانى،
شۇل ھايات ئۇچۇن ئەڭ خۇشبۇي پۇراق.

ياشلىق بىر ياقتىن ئۆتكۈر كەسكىنلىك،
جۇنۇن ئارىلاش شوخلۇق ئەركىنلىك.
سۈندۇرالمايدۇ ياشلىق روھىنى،
تۈرلى خام ـ خىيال قىسمەن قىيىنچىلىق.

ئوتتەك يالقۇنلاپ ياشلىق مەزگىلى،
ئېچىلىپ تۈرغاي خۇش ھىدلىق گۈلى.
ئەڭ شانۇ ـ شەرەپ ھەر بىر ياش بىلسۇن،
ۋەتەن مىللەتنىڭ ئۆتكۈر بۇلبۇلى.

ياشلىق ھاياتنىڭ شەرەپ ـ شانلىرى،
ياشلار مىللەتنىڭ ئارسلانلىرى.
ۋىجدانلىق ياشلار ھەققانىيەتلىك،
جەڭ مەيدانلىرىنىڭ قەھرىمانلىرى.

ۋىجدان ئەسلىتەر مەقسەت نىشانىنى،
چىقىرىپ تاشلار قۇرۇق ئارمانىنى.
ئەركىن ئازاتلىق يولىدا ۋىجدان،
كۆزلەر ھەققانى كۆرەش مەيدانىنى.

ياشلىق جەريانى مەۋسۇمى باھار،
كۆكلۈلۈك گۈزەل رەڭگا ـ رەڭ گۈلزار.
تېخىمۇ ياشناپ تېخىمۇ گۈللەپ،
بولۇر بۇ گۈلزار ياشاشقا مادار.
ياشلىق ھاياتنىڭ كۆركەم زامانى،
شانۇ ـ شەۋكەتلىك گۈزەل دەۋرانى.
يالقۇنلاپ تۇرغاي ئەزىز ياشلارنىڭ،
ئوتلۇق يۈرەگى ئۆتكۈر ۋىجدانى.

ياشلار ئىلگىگە قەلەم ئالغاندا،
تىرەن ئىلھاملار كېلەر يازغاندا.
بايراق كۆتۈرۈپ جەڭگە ئاتلانسا،
چاقماق چاقتۇرار قىزىل مەيداندا.

ياشلار جىسمانى قابىلىيەتلىك،
روھى جىسمانى ئۆتكۈر خىسلەتلىك،
بولسۇن ياشلاردا مىللى ھىسيات،
بولغۇسى شۇ چاغ زور پەزىلەتلىك.

ياشلىق گۈللىرى نىمدىن ئىبارەت،
يەنى ۋىجدانى ھىممەت جاسارەت.
ۋەتەنگە كۆيۈش مىللەتنى سۆيۈش،
شۇ خۇشبۇي گۈللەر ئۇچۇن بىشارەت.

بولسۇن ھەر ـ بىر ياش ئالىي نىيەتلىك،
دىن ۋە دىيانەت ھەققانىيەتلىك.
مىللىتى ئۇچۇن بولۇر ئىپتىخار،
ۋىجدان ئىگىسى ئىنسانىيەتلىك.

يۇزۇڭلارنى ياخشى ئاقلاڭلار،
تارىخىڭلارنى ئوبدان ساقلاڭلار.
ۋەتەن مىللەتنى جان دىلدىن ئاسراپ،
ھەققانىي يولنى دائىم ياقلاڭلار.

ئەزىز ياشلىرىم بولۇپ مەردانە،
ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن كۆيۈپ پەرۋانە.
قۇرۇق ئوي بىلەن خام تەمە قىلىپ،
بولۇپ قالماڭلار ھەيران ۋەيرانە.

ئەزىز ياشلىرىم غەييۇر ئارسلان،
ياۋلارغا قارشى جەسۇر قەھرىمان.
باسقان ئىزىدىن يانماس ئوت يۈرەك،
قېرىنداشلىرى ئۈچۈن دائىم مېھرىبان.

ئەزىز ياشلىرىم ئۆتكۈر ۋىجدانلىق،
ئىسلام دىنىنى سۆيىدۇ ئىمانلىق.
مەھكەم ئىرادە قەيسەر نىشانلىق،
مانا شۇ ئۈلگە تولۇق ۋىجدانلىق.

ئەزىز ياشلىرىم بولسۇن بەختىيار،
دېگەن تىلەكتە غايەت ئۈمىدۋار.
بولغاچ «ئەزىزى» ياشلار شەنىگە،
يېزىپ ئەسەر قىلىندى يادىكار.

— ئابدۇلئەزىز مەخسۇم (ئەزىزى)

# ئابدۇللا تالىپ



ئاتاقلىق يازغۇچى ۋە شائىر ئابدۇللا تالىپ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1945 ـ يىلى «ئاقسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «شامالغا خىتاب» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن . ئۇ ئەينى يىللىرى ئاقسۇدىكى ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ، ئابدۇللا روزى ، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش ، ھەقىقىي ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلقنى ئالدى بىلەن مائارىپ ئارقىلىق ئاقارتىش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى . ئۇ مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار غايە ئاساسىدا ئوقۇدى ، ئۆگەندى ، ئالغا باستى ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى قەدەممۇ ـ قەدەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىدىن پىشقان مائارىپشۇناسقا ئايلاندى . ئەدەبىي ئىجادىيەتنى قورال قىلىپ ، قەلىمى ئارقىلىق جاھالەت ـ نادانلىقنى سۆكۈپ ۋە پاش قىلىپ ، خەلقنى ئويغىتىپ ، تەربىيىلەپ ، يېڭى ئازاد زامان ئۈچۈن ئالقىش ياغدۇردى ۋە بىر ئۆمۈر جاپاغا چىداپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى . «قايىنام ئۆركىشى» ، «چالا تەگكەن ئوق» ، «لالە قۇربان» ، «ئىگەرلىك ئات» قاتارلىق رومان ، پوۋېستلارنى يېزىپ ، ئۇيغۇر پروزا ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشتى . 20 ـ ئەسىرنىڭ 47 ـ ، 48 ـ يىللىرى «ئەركىن ـ جانان» ، «سۆيگۈنۈم ئەلا» ناملىق دراما ـ ئوپېرالارنى يېزىپ سەھنىلەشتۈرۈپ ، ئاقسۇنىڭ تىياتىر سەھنىسىنى جانلاندۇرۇپ ، ئۇيغۇر دراما سەنئىتىنىڭ غايەت زور تەسىر كۈچىنى نامايان قىلىشقا ھەسسە قوشتى . ئۇ يازغان «سەددىچىن» ، «يايلاقتىكى ئىشلار» ، «ئۇنتۇلماس خاتىرە» ناملىق يىرىك داستانلار ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن نەمۇنە بولدى . ئۇنىڭ ئىلگىرى ـ ئاخىر نەشر قىلىنغان «جۇپ ھەيكەل» ، «يىللار ۋە ئەقىدە» ، «ئانا يۇرت سۆيگۈسى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىمۇ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى . 1986 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 24 كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ھەم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ياساش قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلدى . يازغۇچى ئابدۇللا تالىپمۇ باشقا ئالىم ، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىللە بۇ كاتتا يىغىلىشقا ئىشتىراك قىلدى . ئۇنىڭ «قۇتاد غۇبىلىك»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى

www.uyghurkitap.com



مۇناسىۋەتلىك بىلەن يېزىپ يىغىنغا ئېلىپ كەلگەن «قۇتادغۇبىلىك تەسراتلىرى» ناملىق شېئىرىدىكى چاقناپ تۇرغان مىسرالار بۇ يىتۈك شائىرنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلىپ ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدا زىلزىلە قوزغىدى:

«قۇتادغۇبىلىك» گويا ئېسىل ئالتۇن ، ھىدى ئىپار،
قىش ـ ياز توزىماس بىر گۈل، نە بىر گۈل، بىپايان گۈلزار.
شاھانە تاجىدا چاقنار، مۇقەددەس بىر ئۇلۇغ شوئار ،
«بىلىم كۈچتۇر، بىلىم ئۇزار ، بىلىمسىز شۈبھىسىز توزار».
بىلىم چىراغ ، بىلىم نۇرلۇق ، بىلىملىك خۇددى تولۇنئاي،
بىلىمسىزلەر چېكەر ھەسرەت ، بىلىمسىز توڭلىغان بىر لاي.

ئۇنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆلمەس شېئىرلىرى بىلىمنىڭ قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىنى، بىلىمنىڭ ئىنسان ئۈچۈن پۈتمەس ـ تۈگىمەس خەزىنە ، نۇرلۇق چىراغ ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ ، ياشلارنى ئەجدادلار روھىدىن ئۆگىنىپ ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ بىلىم ئېلىپ ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە چاقىردى .

ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ناھايىتى مول ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەن يىتۈك ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئەڭ قىيىن ، ئەڭ مۇرەككەپ تارىخىي دەستۇر «24 تارىخ» نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان .

ئۇ پىشقان پېداگوك ، قابىل مائارىپ تارىخچىسى بولۇش سۈپىتىدە مائارىپ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «ئۇيغۇر ئانتولوگىيىسىگە قوشۇلغان پارلاق نەمۇنە» ، «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى توغرىسىدا مۇقەددىمە» ، «ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مەرپەتپەرۋەرلىك» ، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ يۈز يىللىق تارىخى»، «مەنىۋى مەدەنىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ، «مائارىپ تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزە ـ ئانا دەرسلىك شەجەرىسى» ، «دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپىدىكى رولى» ، «يېزىق تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزە» قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ ، مائارىپ مۇنبىرىنى ئىلمىي تەرەققىيات قاراشلىرى بىلەن جانلاندۇردى .

ئۇ يەنە «قەدەم ئىزلىرى» ناملىق تۆت مىڭ بەتلىك ئاتاقلىق پېداگوگلارغا دائىر ئەسلىمىلەرنى يېزىپ ، كېيىنكىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ يەنە «قۇتادغۇبىلىكنىڭ مەرپەت ئىدىيىسى» ، «مىللىي مىراس ۋە ئەسەر ھوقۇقى» ، «خەير ـ خوش 20 ـ ئەسىر» قاتارلىق دېداكتىك ئەسەرلىرىمۇ ھازىرغىچە قەلب تۆرىمىزدە قەدىرلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق يىرىك ئەسىرى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تارىخى ، نەچچە ئەۋلاد ۋارىسلىرى ۋە ئاتاقلىق ۋەكىللىرىنى قايتا نۇرلاندۇرۇپ بەردى .

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ تۆھپە ياراتقان بۇ زاتنىڭ ۋاپاتى بىز ئۈچۈن ھەقىقىي چوڭ يوقىتىش ، ئاي ـ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ قەدرى تېخىمۇ ئۆتۈلمەكتە .

ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى ھەقىقەتكە تەلپۈنىدىغان ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان ، راست گەپ ، راست ئىش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ئادەم ئىدى . يۇرتۋازلىق قىلىدىغان ، گۇرۇھ ـ مەزھەپ ئۇيۇشتۇرىدىغان ، باشقىلارنىڭ تۆھپە ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ھەسەت قىلىدىغان ئادەملەردىن بىزار ئىدى . ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يوروق تەرەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، پاسسىپ ، قالاق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ ، مائارىپ ئارقىلىق خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلدى.

ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى كەمتەر ، ئاددىي ـ ساددا ، چىقىشقاق ، يۇمۇرىستىك خاراكتېرى

كۈچلۈك ، پاراگەندە ئىلمىي قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بار ، سەمىمىي، ھەققانىي ، ئەقىللىق ، تىرىشچان ، ئىشچان ، قىزغىن، كۆيۈمچان، ئادەمگە ياخشىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئېشىپ -تاشقان غەيرەت -شىجائەتكە ئىگە، كەڭ قورساق، ساپ يۈرەكلىك، كۈچلۈك ، پاراگخۇمار ئادەم ئىدى . ئۇ ئىشچى - دېھقان ، ھۈنەرۋەن - كاسىپ ، تىجارەتچى... لەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ، ئۇلار بىلەن خۇددى قومغا سىڭگەن سۇدەك ئۆزلىشىپ ياشىدى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بۇ پەزىلىتىگە قول قوياتتى ، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنەتتى ، چاقچاقلىرىدىن كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى ، ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىكىدىن سۆيۈنەتتى .

ئومۇمەن ، ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى ۋەتەن ، خەلق ئۈچۈن ياشاپ ، مائارىپنى ئاقارتىش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن ئىبارەت ئىككى مۇقەددەس ئىشقا ئۆزىنى ئاتاپ ، خەلقىمىزنى زامانىۋى ئاڭغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى ئىدى . شۇڭا بىز ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىمىز ۋە ياد ئېتىمىز !

مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئېلان قىلغان ۋە تېخى ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن بىر قىسىم ئەسەر- لىرىنىڭ كاتالوگى:

«قاينام ئۆركىشى» ، «چالا تەگكەن ئوق» ، «لاله - قۇربان» (رومان) ، «ئىگەرلىك ئات» (تارىخىي پوۋېست) ، «داستان سەددىچىن» (تارىخىي داستان) ، «يايلاقتىكى ئىشلار» (داستان) ، «كارىز قوشىقى»(داستان) ، «ئۇنتۇلماس خاتىرە» (تارىخىي داستان)، «توققۇز بۇلاققا ساياھەت» (ئۆچېرك ) ، «ل. مۇتەللىپ ۋە ياش ئەۋلادلار» (تارىخىي ئۆچېرك) ، «يىللار ۋە ئەقىدە» (رۇبائىيات ۋە ئوچېرك) ، «ئۆمۈر خاتىرىلىرى» (ئەسلىمىلەر) ، «جۇپ ھەيكەل» (شېئىرلار توپلىمى) ، «مەرپەت ئانا» (شېئىرلار توپلىمى)، «ئەركىن - جانان» ( ئوپېرا)، «سۆيگۈنۇم ئەلا» (دراما) ، « مائارىپ تارىخى ھەققىدە مۇقەددىمە» (ئىلمىي ئەسەر) ، «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» (ئىلمىي ئەسەر) ، «تەرەققىيات ۋە تەتقىقات » (ئىلمىي ئەسەر)؛

## مەرھۇمنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى

«تاللانغان ئەقلىيە سۆزلەر»(كىتاپ)، «تۆمۈر يول ساۋاتلىرى» (دەرسلىك)؛

## مەرھۇمنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى

«سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق توغرىسىدا» ، «مائارىپ پسىخولوگىيسىنىڭ تەرەققىيات تارى- خى»، «دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپىدىكى رولى» ، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ يۈز يىللىق تارىخى» ، « قۇتادغۇبىلىكنىڭ مەرپەت ئىدىيىسى» ، «مەنىۋىي مەدەنىيەت ھەققىدە مۇلاھىزە» ، «ئاتا كەممۇ ، لاتا كەم ؟» ، «خەير - خوش، 20 - ئەسىر» ، «بالا مۇئەللىم ۋە ئاتمىش بەش يىل» ، «شانلىق مەشئەل ، پارلاق ھەيكەل» ، « قاينام ئۆركىشى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ »، «يېزىق تارىخىدىكى ئۇلۇق مۆجىزە» ، « كىتاپ ، مەدەنىي مىراس ۋە ئەسەر ھوقۇقى»، «ئون ئىككى مۇقام ۋە ئاقسۇ، كۇچا ئەلنەغمىلىرى»؛

## مەرھۇمنىڭ تېخى ئېلان قىلىنمىغان رۇبائىيلىرىدىن تاللانمىلار

كۈچلۈكتىن كۈچلۈك بار جانلىق ئالەمدە ،
مەڭگۈلۈك كۈچ بولماس بەلكى ھاتەمدە .
كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئەي كۈشەن غاپىل ،
تۈنۈگۈن كۈلگەنلەر بۈگۈن ماتەمدە .

ھەر قاچان ۋاپاغا جاپا سەپەرداش .
چىداملىق ، غەيرەتلىك بولسا گەر كىشى
نامەرتلەر لەت بولۇپ كېلەر ئىگىپ باش.

تۆھمەتكە كۆنۈكمەن ، ھەسەتكە بەرداش،

بىر پېلەك نوتىدىن چۈشەر كۆپ خېمەك ،
كۆپى ساق، گاھلىرى يىگلەش تەرخەمەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىنسانمۇ گېپىدىن ئايرىلار شۇنداق،
گاھى زىل ، گاھلىرى ھېلىگەر ـ كەمەك.

ئۇچىمىز بىرلىشىپ سىلىشىشاق پاراك ،
مەزمۇنى يا مەنسەپ يا ئۇزۇم ، باراك.
يا غەيۋەت ، شىكايەت ، ھەيرانمەن ئاغا،
بىلمىدىم ، نېرۋىمىز ساقمۇ يا گاراك ؟

ئەركىنلىك يولىنى تاللاپسەن مەيلى،
قۇش بولۇپ سامادا قىلغىن سەن سەيلى.
ئۆزگە تايىنىش مۇقەددەس ئەخلاق،
يىقىلساڭ ئۆزۈڭ تۇر ، سېنى ئەر دەيلى.
نەپ ھىلە سېھىرىسى قىلتاق ھازازۇل ،
ئەسىرلىك قەپەزگە كۆنۈپ قاپتۇ قۇل.
ئاھ پەلەك ، نېمانچە ئويۇنلىرىڭ كۆپ،
ئادەمنى شەيتانغا ئايلاندۇرار پۇل .

ئوغرىنىڭ كۆزىدە ئوغرى ئەتىۋا،
شۇندىمۇ ، رەستىدە بولىدۇ رەسۋا .
زامانىنىڭ قولىدا ئارغامچا ئۇزۇن،
ھەققەت بىر كۈنى ئاتىدۇ پەشۋا .

بۇ ئەسىر ئالماشقان پەللىدە تۇرۇپ،
ئۆتمۇشنى ئەسلىدىم ئۇزاق مۇڭلۇنۇپ .
روھىمغا چاپلاشقان ئىللەتنى ساناپ ،
قەلەمنى يۇگۇرتتۇم تەكرار ئويلۇنۇپ .

تىكەننىڭ ئۇستىدە ئۆسكەن گۇل گۆزەل ،
تىكەنلەر ئىچىدە چېنىقىپ تۇزەل .
ئەركىلەپ چوڭ بولغان بالا «مال» بولماس،
شامالغا يولۇقسا بولىدۇ يۆتەل .

تۇرخۇننىڭ ئىسىدۇر بايلىق ۋە مەنسەپ ،
تورۇيدۇ ، ئىگىزگە بىر مەزگىل ئۆرلەپ .
بىلمىدۇر قەلبىڭدە ئۆچمەس شام ـ چىراق ،
ئىسلىما دىلىڭنى ، نەپسىڭنى كۆزلەپ .

# ئابدۇللاخان مەخسۇم

ئايانكى، «مىڭ بىر كېچە»ئەرەپلەرنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە كاتتا ئەسىرى . بۇ ئەسەر تارىخنىڭ ئۇزۇنلىغى ، تىلىنىڭ پاساھەتلىكى ، ۋەقەلىگىنىڭ قىزىقارلىغى ۋە مەزمۇنىنىڭ مولىلغى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىگى بىلەنمۇ مەشھۇردۇر .

«مىڭ بىر كېچە» دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ئەسەر بولۇپ كەلدى . جۈملىدىن بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارغا ئەڭ دەسلەپ 18 ـ ئەسىردىلا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلدى . بۇ ئەسەرنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان كىشى ئاقسۇ دىيارىدىن يېتىشىپ چىققان يىتۇك ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇللاخان مەخسۇمدۇر.

ئەپسۇسلىنارلىغى ، ئابدۇللاخان مەخسۇمنىڭ ئاقسۇنىڭ قايسى يېرىدە قاچان تۇغۇلۇپ ، قاچان ۋاپات بولغانلىغى ۋە باشقا ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە بىزدە ھازىرغىچە ئىنىق مەلۇمات يوق . بىراق ، «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ بېشىغا بىرىلگەن «مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاخان مەخسۇم ئاقسۇرى تەرجىمىسى»(1)دىگەن سۆزلەردىن مۇشۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ تولۇق ئىسمىنىڭ مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خان مەخسۇم ئىكەنلىگىنى ، ئاقسۇدا ياشاپ ئۆتكەنلىگىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز . تەرجىمە ئەسەرنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا ئاساسەن تەرجىماننىڭ زامان جەھەتتىن 18 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ ئىكەنلىگىگە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن(2).

ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىقكى ، «مىڭ بىر كېچە» ئەرەپ خەلقىنىڭ قەدىمقى ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى . ئۇ ئىراق قەدىمكى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئىشلار يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن يىزىپ چىقىلغان سىرلىق خەلق ئەدەبىيات غەزىنىسىدۇر . بۇ ئەسەر ھەرخىل رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيا ئوقۇرمەنلىرىگە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەپلەرنىڭ ئىجدىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئەرەپ دۇنياسىنى نامايەن قىلىپ بەرگەن ، دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر

كلاسسك ئەسەر.

ئەنە شۇنداق دۇنياغا مەشھۇر ، زور ھەجىمدىكى مۇرەككەپ ئەسەرنى ئەرەپ تىلىدىن بىۋاستە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى مۇشكۈل ئىش سانىلاتتى . ئۇ ، تەرجىماندىن ئەرەپ تىلىغا ناھايىتى پىششىق بولۇش بىلەنلا قالماي ، يەنە ئەرەپلەرنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇشنى ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى پۇختا ئىگەللىگەندىن سىرت ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پىروزا ۋە پوئېزىيە شەكلىدە پىشقان قەلەم ساھىبى بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى .

ئابدۇللاخان مەخسۇم يۇقىرىقىدەك ئىقتىدارلارنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ تەرجىمە قىلغان «مىڭ بىر كېچە» ناھايىتى مۇۋاپپىقيەتلىك چىقىپ ، ئۇيغۇر كىتاپخانلار ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىغان ھەم ئۇلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەر بولۇپ قالغان .

ئابدۇللاخان مەخسۇم بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىگە ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان بولۇپ ، تەرجىمە جەريانىدا ئوبرازلىق ، جانلىق ، نەپىس ، راۋان تىللارنى تاللاپ ئىشلەتكەن ھەم زۆرۈر تېپىل ـ ـغاندا شەرھى ـ ئىزاھلارنىمۇ بىرىپ ئۆتكەن.

قىسقىسى، ئۇ تەرجىمە قىلغان«مىڭ بىر كېچە» ئەسلى تېكستكە سادىق بولۇش ، تىلى راۋان بولۇش ۋە شەرھى ـ ئىزاھاتلىرى تولۇق بولۇشتەك ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئۇ تەرجىمە جەريانىدا ئىشلەتكەن زور مىقداردىكى سۆز ـ جۈملىلەر چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى تەتقىق قىلىشتا زور ماتىريال قىممىتىگە ئىگە.

18- ئەسىردە ئابدۇللاخان مەخسۇم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەر 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا رەسمىي تۈردە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىشقا پۇختا ئاساس سالدى ، يەنى 80 ـ يىللاردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان«مىڭ بىر كېچە» دەل ئابدۇللاخان مەخسۇم 18 ـ ئەسىردە تەرجىمە قىلغان نۇسخا ئاساسىدا قايتىدىن رەتلىنىپ نەشرگە تەييارلانغان.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، مۇھەممەد بىن ئابدۇللاخان مەخسۇم ئۆز زامانىسىدىكى ئەرەپ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ، بىلىم دائىرىسى كەڭ ، ئەرەپلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى پىششىق ئىگىللىگەن تالانتلىق ئەدەبىي تەرجىمان ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەرجىمە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇشقا تېگىشلىك نامايەندىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللاخان مەخسۇمنىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ئىجادىيىتى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش سانىلىدۇ ، ئەلۋەتتە.

# ئابدۇللا داموللا



تېۋىپ ـ ھۆكىما ئابدۇللا داموللا داموللام 1888 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭى ئاۋات يېزا ، ئوتۇن كەنتى «مىڭ بېشى» مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق تېۋىپ ـ ھۆكىما راشىدىن ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . يەتتە يېشىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان . 10 ياشقىچە ئۆز يۇرتىدا ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان. 1898 ـ يىلى خوتەنگە كېلىپ ، شەھەر ئىچىدىكى «شېھىت باغ» مەدرىسىدە ئوقىغان . 1912 ـ يىلى بۇ مەدرىسنى پۈتتۈرۈپ ، قەشقەرگە بېرىپ ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقىغان . 1916 ـ يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسنى پۈتتۈرۈپ ، چەتئەلگە چىقىپ ، راۋالپىندى، كاراچى، دېھلى، بومباي قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ دىنىي بىلىم ئالغان . كېيىن بومبايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەركەنلىك باۋۇدۇن باينىڭ تونۇشتۇرىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەر ئايدا ئوقۇش ياردەم پۇلى ۋە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشى بىلەن ۋەتەنداش ساۋاقدىشى ھەسەن مەۋلىۋى بىلەن بىرگە بومباينىڭ «لاكنو» دېگەن يېرىدىكى «لاكنو تېبابەت ئېنىستوتى» دا ئوقىغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنە ۋەتەنداش باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي

ياردىمى ۋە يوللىغى بىلەن چەت ئەلدىكى 14 يىللىق ئوقۇشنى تۈگىتىپ نۇرغۇن كىتاپ ، قول يازما ، ئوقۇشلۇق ، دورا ـ دارمانلارنى ئېلىپ ساۋاقدىشى مەۋلىۋى بىلەن بىرگە ھەجدىن يانغان كارۋانلارغا قوشۇلۇپ قايتىپ كېلىپ ، شەھەر ئىچىدىكى «شېھىت باغ» مەدرىسىگە مۇدەررىسلىك قىلغاچ بىر تەرەپتىن تىبابەتچىلىك بىلەن ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىز باسارلىرىنى ئوقۇتۇپ تەربىيلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ساۋاقدىشى ھەسەن مەۋلىۋىمۇ باشقا مەكتەپتە مۇدەرسلىك قىلغاچ تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان . 1956 ـ يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ، خوتەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرگەچ تېبابەتچىلىك ئىزباسارلىرىنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان. ئابدۇللا داموللام تىبابەتچىلىك ئىلمى بويىچە ئەينى چاغدا چەتئەلگە چىقىپ ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس تەربىيسىنى ئالغان ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ پىشىۋالىرىدىن بىرى (يەنە باشقا ئىككى نەپىرىدىن بىرىنجىسى ھەسەن مەۋلىۋى، ئىككىنجىسى ئابدۇكېرىم ھاجىم) بولۇپ ، مەخسۇس ئوقۇپ سىستېمىلىق ئالىي مەكتەپ تەربىيسىنى كۆرگەن . ئەرەپ ، پارس ، ئۇردۇ ، ھىندى ، تۈرك تىللىرىنى پىششىق ئىگەللەپ ، بىلىملىك يېتىلگەن ھۆكىما بولۇپ ، ئەرەپ ، پارىس ، ئۇردۇ تىللىرىدىكى مىزان تىپ ، تېببى ئەكبەر قاتارلىق نۇرغۇن كىتاپلارنى تەرجىمە قىلىپ ، دەرس ئۆتۈپ ، ئېلى ھاجىم ، ئابدۇۋايىت ھاجىم ، ئابدۇكىرىم ھاجىم ، مەتتۇرسۇن ھاجىم ، ھېبىبۇللا ھاجىم ، مەتتوختى ھاجىم ، تۇرسۇن خەلپەم قاتارلىق تېبابەتچىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان . ئابدۇللا داموللام ئەل ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت كۆرگەن . قەشقەردە ئوقۇغىنى ئۈچۈن ، «داموللا» ، ھىندىستاندا ئوقۇغىنى ئۈچۈن «مەۋلىۋى» دەپ ئاتالغان بولۇپ ، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرـ خانىسىنىڭ ئەڭ چوڭ تېبابەت پىشىۋاسى ئىدى . ئابدۇللا داموللام تەربىيلەپ چىققان يۇقىرى تېبا ـ بەتچىلىك مۇتەخەسسىلىرىنىڭ كۆپى ھازىر ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى مۇدىر ۋىراچ بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تۆھپە قوشقان تۆھپىكارلاردۇر .

ئابدۇللا داموللام 1975 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 86 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .

# ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئوغلى




19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 ـ ئەسىردىن باشلاپ ، شىنجاڭدا ئىستىبدات ھاكىمىيەتلەرنىڭ تەقىپ قىلىشلىرىغا قارىماي ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋە تارىخچىلىرى ئۆز خەلقىنىڭ شانلىق كۈرەشلىرى ، تارتقان زۇلۇم ، ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرى ھەققىدە تارىخىي ئەسەرلەرنى يازدى . بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز خەلقى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسىمۇ ، نۇرغۇنلىرى تېخىچە ئۆز ئوقۇر ـ مەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى يوق . بەزىلىرى ھەرخىل سىياسىي مالىمانچىلىقلاردا ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ مەڭگۈلۈك يوقالدى . ئەمما ئۆز تارىخىنى ، ئۆز خەلقىنىڭ ئەمگەكلىرىنى كۆز قارىچۇغىدەك ئەزىزلىگەن ، خەلق نەشر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي كەلگەن بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى قولىيازما ھالىتىدە ساقلاپ قالدى.

ئىلى تەۋەسىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارىخچى ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى بىلەن زاماندىش بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۆتكەن تارىخچىلاردىن ئىمىن ھۇسەيىن بىلەن ئىمىنجان باھاۋۇدۇنلار بىزگە مەلۇم . ئىمىن ھۇسەيىن «ئىمىن تارىخ» نامى بىلەن ئىلى دىيارىدا مەشھۇر . ئۇ «شىنجاڭ تارىخى»نىڭ ئاپتورى . بۇ كىتاپ 1946 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ ، ئون بىر پەسىل، 134 ماۋزۇدىن ئىبارەت بۇ چوڭ قولىيازما شىنجاڭنىڭ ، بولۇپمۇ ئىلىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبەدۇر.

تارىخچى ۋە فولكلورشۇناس ئىمىنجان باھاۋۇدۇنمۇ (1897 ـ 1948) ئابدۇللا غوجامبىر ھاجىنىڭ ماۋزۇسىغا مۇراجىئەت قىلغان تارىخچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ، ئۆز ھاياتىدا ئىلىم ئىگەللەش يولىدا كۆپ

ئىزدەنگەن بولۇپ ، «ئىسلام ئۆلىمالىرى» ، «ئىسلام خەلىپىلىرى» ، «ئىسلام تارىخى» ، «ئىلى تارىـ ـخى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان . («ئىلى دەرياسى» 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان ، 70 ـ بەت)

ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىنى جاھانغا تونۇتۇشتا جاپالىق ئەجىر قىلغان ئېتنوگراف ، تارىخچى ، ئالىم ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئوغلى 1897 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق قورغاس ناھىيىسىنىڭ قورغاسمازار يېزىسىدا ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن . ئابدۇللانىڭ جەددى ـ جەمەتى بىلىملىك ، مەرىپەتـ ـپەرۋەر كىشىلەر بولغاچقا ، بۇ مۇھىت ئۇنىڭ كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپ زوقمەنلىك بىلەن بىلىم ئېلىشقا ، تىرىشچان ، ئەدەپلىك بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر قىلغان . ئۇ دەۋرلەردە ئادەملەردە ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەدرىسە ۋە بىلىملىك خەلپەتلەردە ئوقۇتۇش ئادەتكە ئايلانغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللا مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە شائىر ئېلى ھاجىم ئىسىملىك خەلپەتتە ساۋادىنى چىقىرىپ ، 1900 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ياركەنتتىكى شائىر نىزامىددىن ئاخۇنۇمدىن بىلىم ئېلىشقا باشلىغان . شائىرلارنىڭ غەزەل ، رۇبائىيلىرىنى تەھلىل قىلىپ ، بىلىمنى كۆڭدىن ـ كۆڭگە ئاشۇرغان ، ئوغلىنىڭ بىلىم ئېلىشتىكى ئىشتىيا ـ قىغا ھەۋەسى كەلگەن ئاتا ئۇنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشقا بەل باغلىغان . يەركەنتتە نىزامىددىن ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئۆزى ئوقۇغان مەدرىسىدە تالىپلارغا دەرس ئۆتۈپ ، دادىسى مەككىگە كەتكۈچە مۇددەرىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن .

پەرزەنتىنى ئوقۇتۇش ئارزۇسىدا يانغان غوجامبىر ھاجى 1904 ـ يىلى ئابدۇللانى ئىستانبۇلدا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۆزى مەككە ـ مەدىنىگە كەتكەن . ئابدۇللا ئىستانبۇلدىكى تىل ـ ئەدەبىيات ، تارىخ دارىلفۇنۇنىدا بىر قانچە يىل بىلىم ئالغان . دادىسى غوجامبىر ھاجى 1910 ـ يىلى ئىككىنچى نۆۋەت ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارغىنىدا ئابدۇللانى ئىستانبۇلدىن ئۆزى بىلەن بىللە ھەج قىلىشقا ئېلىپ بارغان .

قورغاسمازار خەلقى غوجامبىر ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ھاجىلارنىڭ مەككە ـ مەدىنىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى چوڭ داغدۇغا ۋە خوشاللىقلار بىلەن كۈتىۋالغان . ئۇلارنىڭ شەرىپىگە قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۇيۇشتۇرۇپ ، قورغاسمازاردا مەسچىت ، مەكتەپ ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا ئاق يول تىلىگەن . ئابدۇللا قورغاسقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسىغا ياردەمچى خەلپەت بولۇپ تالىپلارغا دىنىي دەرس بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى قورغاسمازار يېزىسىدا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ئۆسمۈرلەرنى زامانىۋى يېڭى ئىستىقبالغا ئېلىپ چىقىش ئىدى . ئۇ مانا بۇ يولدا ھارماي ـ تالماي خىزمەت قىلدى .

1916 ـ يىلى قورغاسمازار خەلقى ھاياتىدا چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى . خەلق ئۆزلىرى ئىئانە قىلغان خىراجەتلىرى بىلەن تۆت سىنىپلىق زامانىۋى مەكتەپ بىناسىنى تىكلەپ ، ئۆسمۈرلەرگە بىلىم ئىشىگىنى ئاچتى . بۇ مەكتەپنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمغا يىراق ـ يېقىندىن يۈرت مۆتىۋەرلىرى ، ئىلىم ئەھلى ، قا ـ رىلار ، خەلپەتلەر ۋە ئابدۇللا ھاجى ئەپەندىنىڭ يېقىن سەبداشلىرى ئابدۇقادىر ئەپەندى ، ئابدۇراخمان ئەپەندى ، لۇتپۇللا قارى ، سىيىت ئەپەندى ، قارى بوساقۇفلار قاتناشتى ، بۇ مەكتەپ قورغاسمازار تەۋە ـ سىدە دەسلەپكى ئۇسۇلى جەدىد مەكتىۋى دەپ ئېلان قىلىندى . مەكتەپكە «نىجات» دەپ نام بېرىلدى . ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇللا ھاجى ئەپەندىنىڭ بۇ دىياردا ياندۇرغان مەرىپەت چىرىغى يالقۇنلاشقا باشلىدى . ئەگەر بىز 1870 ـ يىلى ئىلى بەيتۇللا مەسچىت يېنىدىكى مەدرىسىدە سالدۇرغان تۆت سىنىپلىق مەكتەپنى ئىلى ۋىلايىتى تارىخىدىكى تۇنجى زامانىۋى مەكتەپ («شىنجاڭ سودا گېزىتى» 1993 ـ يىل ماي) دەپ ئېتىساق ، قورغاس ناھىيىسىدە تۇنجى يېڭى مەكتەپنىڭ ئاساسىنى 1916 ـ يىلى ئابدۇللا ئەپەندى غوجامبىر ھاجى سالغان دېيىشكە ھەقلىقمىز .

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ قورغاس ناھىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆسمۈرلەرگە بىلىم بېرىش ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى يۈكسىلىشكە باشلىدى . ئاما ئىلىم ـ پەن ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىـ ـرىدىكى مۇنداق تەرەققىيات ۋە يېڭىلىقنى كۆرەلمىگەن نادان ، خۇراپات جاھالەت تەرەپدارلىرى ئابدۇللا ئەپەندىگە تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى چاپلاپ : «ئابدۇللا ئەپەندى دەپ بىر كالتە قۇيرۇق چىقتى ، باللارغا قالايمىقان نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ...» دەپ كۆرە ناھىيىسىدىكى جاڭجۇڭگە چېقىپ ، شىكايەت قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باردى ، شۇ تۈپەيلى ئابدۇللا ئەپەندى تۈرمىگە تاشلاندى .

1920 ـ 1930 ـ يىللىرى ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ ھاياتى تولىمۇ مۇرەككەپ شارائىتتا ئۆتتى . ئۇنىڭ ئۆز خەلقىنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئۈندەش توغرىسىدىكى ئارزۇلىرى ، ئۇيغۇر خەلقىنى زامانىۋى يېڭى ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللاندۇرۇش دېگەن مەقسەت پائالىيەتلىرى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن تەقىپ قىلىندى . ئۇنى ئاللىقانداق تۆھمەتلەر بىلەن قامىدى ، ئازاپلىدى . شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرى بولغان جېرجىس ھاجى ، ئابدۇراخمان ، يۈسۈپ ئاخۇن باقىيېف ، ياقۇپجان باقىيېف ، سالجانباي ، مەسئۇت سەبرىي ، تۇرسۇن ئەپەندى ، سىيت ئەپەندى ، پاتىمە زەينالوۋاغا ئوخشاش ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىمۇ شۇ چاغدىكى دوتەي ياڭزېڭشىن 1926 ـ يىلى قامىدى . ئابدۇللا ئەپەندىمنى سوراق قىلغاندا: «سەن پانتۈركىست، ئىسلام جەمئىيىتى قۇرماقچى، «نىجات» دېگەن تەشكىلاتىڭلار قەيەردە؟ 1926 ـ يىلى باكۇدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا نېمە ئۈچۈن بارماقچى ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا كىملەر بىلەن ئالاقەڭ بار» دەپ سوراق قىلىپ قىيىن ـ قىستاققا ئالدى .

ئابدۇللا ئەپەندى 1932 ـ يىلى قاماقتىن بوشىنىپ تا 1938 ـ يىلىغىچە ئۆزى سۆيگەن ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى ئىشلىگەن بولسىمۇ ، 1938 ـ يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي ئۇنى يەنە قاماققا ئالدى ۋە بۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى غۇلجىدىكى جىڭساجۈي تۈرمىسىگە سولىنىپ، 1944 ـ يىلى كۈزدە بوشاندى.

ئۇ تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىپلا ئىلىدىكى قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى . ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدە ئىلىم يولىغا كىرىشىشىدە قەدىمىي شەھەر ئالمالىقنىڭ ، توغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان . ئۇ دەسلەپ خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەر ، خەلق تارىخچىلىرىنىڭ يازمىلىرىغا ، ئېغىزچە خاتىرىلىرىگە ، بۇ يەرگە كەلگەن چەتئەل ساياھەتچىلىرىنىڭ ئىزدىنىشلىرىگە بەك قىزىقتى . يىللار ئۆتكەنسېرى ئالمالىق شەھرىنىڭ تارىخى، توغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ بىنا بولۇشى ۋە ئۆتمۈشتىن قالغان يادىكارلىقلار توغرىسىدىكى مەنبەلەرگە ياندىشىپ ، بۇ قەدىمكى جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈش كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كەلدى . 1920 ـ يىللىرى ئابدۇللا ئەپەندى ئالمالىق شەھەر خارابىسىدىن 100 مو يەرنى ئابدۇراخمان دېگەن كىشىدىن سېتىۋېلىپ ، ئۆزى باشلىق بىر نەچچە كىشى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى . نەتىجىدە ئۇ يەردىن قەبرە تاشلىرى (مەڭگۈ تاش) ، قورال ـ ياراغ ، قاچا ـ قۇمۇش ، كۆمۈش تەڭگە ، مىس ۋە باشقا مەدەنلەردىن ياسالغان جابدۇقلار ، پىچاق ، پالتا ، خەنجەر، چىراقپاي ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى قېزىۋالدى .

ئىلى تەۋەسىدە ئابدۇللا غوجامبىر ھاجى ئوغلى ئابدۇللا تارىخ نامى بىلەن مەشھۇر. ئابدۇل لا ئەپەندى 1944 ـ يىلدىكى ئىلى ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىش ، ئۆگىنگەن ۋە تەتقىق قىلىپ چىققان ماتېرىياللىرىنى رەتلەش ئارقىلىق تۇنجى قېتىم «قەشقەر تارىخى» ناملىق كىتاۋىنىڭ قولىيازمىسىنى يېزىپ تاماملىغان . بۇ تەخمىنەن 1945 ـ يىلى بولۇپ ، ئەپسۇسكى بۇ ئەسەر مەتبۇئات يۈزى كۆرەلمىگەن . ئۇنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق كىتاپىنى يازغانلىقى ئۆزى ياشىغان يۇرت ئىچىگە ۋە يېقىن مەسلەكداشلىرىغا مەلۇم بولغان . بۇ ئىزگۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سابىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە قورغاسمازارىغا چىقىپ ، ئابدۇللا ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىپ ، مەزكۇر تارىخنى ئېلىپ كەتكەن . 1946 ـ يىلى ئېلىخان تۆرە غايىپ بولغاندا «قەشقەر تارىخى» قولىيازمىسىمۇ تەڭلا غايىپ بولۇپ كەتكەن .

ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ يەنە بىر ئەمگىكى «ئۇيغۇرلار تارىخى» ناملىق قول يازمىسى ئىدى . بۇ ئەسەر تەخمىنەن 200 ۋاراق ھەجىمدە بولۇپ بەكمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ئىكەن .

ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ئۇنىڭ ئوغلى شائىر شۈكرى ئابدۇللا (ئۇ ھازىر تاشكەنت شەھرىدە تۇرىدۇ) ۋە باشقىلار خېلى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەردى:

ــ «دادامنىڭ تارىخ ھەققىدە خېلى قىممەتلىك ۋە پۇختا ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى بىلىمەن ، «ئۇيغۇرلار تارىخى» قولىيازمىسى ئۆزى ۋاپات بولغاندا بېشىدىكى ياستۇغىنىڭ ئاستىدىن چىققان .

دادامدا ئالىملىق شەھىرى ھەقىدە كىتاب يېزىش نىيىتى بار ئىدى . تارىخقا دائىر يازغان نەرسىلىرىنى جۇملىدىن «ئۇيغۇلار تارىخى»نى مەن بىلىدىغان بىر توپ كىشىلەرگە بېرىۋەتكەن . مىللىي ئىنقىلاپتىن كېيىن بولسا كېرەك، دادامدىن ئاسارە ـ ئەتىقىلەرگە دائىر بىر قىسىم نەرسىلەرنى بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىپ ئېلىپ كەتكەن . 1948 ـ يىلى «ئۇيغۇرلار تارىخى»نىڭ يەنە بىر نۇسخا قوليازمىسىنى بىز باستۇرىمىز دەپ ئېلىپ كەتكەنلىگى ئېسىمدە...» دەيدۇ.

ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ تارىخ توغرىسىدىكى قىممەتلىك ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىرسى «ئىلى تارىخى» بولۇپ ، بۇ ئەسەرنى 1920 ـ يىللىرى قورغاس ناھىيىسىدە يازغان . ئەمما ئەسلى نۇسخا (مۇئەللىپىنىڭ قوليازمىسى) بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن . پەقەت 3 ـ قېتىم يەنى 1923 ـ يىلى ئەسلى نۇسخىدىن يۇسۇپجان غاپپاروف كۆچۈرۈپ ئالغان . بۇ نۇسخىدىن 1930 ـ يىلى غۇلجىدا ھېسامىدىن ئابلىز ئوغلى كۆچۈرۈپ ساقلىغان . بۇ قوليازمىنىڭ مۇقاۋىسىغا ئاخىرقى كۆچۈرگۈچى : بۇ قوليازمىنى قورغاس مازارلىق (تۈغلۇق تۆمۈرخانلىق) ئابدۇللا ئەپەندى يېزىپ قالدۇرغان ئەسەر ، دەپ يېزىپ قويغان . قوليازما 96 بەت بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك 26 ماۋزۇغا بۆلۈنگەن، 80 ـ بەتكىچە كۆك سىياھتا ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلىرى سۆسۈن قېرىنداش بىلەن غۇلجىدا كۆچۈرۈلگەن . بۇ قوليازما ھازىر مەۋجۇت .

ئۇيغۇر تارىخچىسى، ئېتنوگراف ئابدۇللا غوجامبىر ھاجىنى ئەسلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ، تارىخىي ئاسارە ـ ئەتىقە ، ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىيال ۋە قوليازمىلىرىنى يىغىپ توپلاپ ، ئۇيغۇر تارىخى سەھىپىسىگە كىرگۈزىشىمىز كېرەك . شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزى دىللاردا ، نامى قامۇستا قالغۇسى ، ئىنشائاللاھ.

(سۈرەت ئابدۇرېشىت سىراجىدىن خەلپەت ئوغلىنىڭ 1956 ـ يىلى تارتقان سۈرىتىدىن قايتا تارتىلغان)

# ئابدۇل ھەكىم مەخسۇم ھاجى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئۇستازى ، يېتۈك ئالىمى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم 1925 ـ يىلى دىيارىمىزنىڭ گۆما ناھىيىسىدە ئۆز ۋاقتىدا ھەممىگە تونۇلغان ۋەتەن ، مىللەتكە سادىق دىنى زات ئابدۇجىلىل داموللاھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ يەنىلا ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇلجېلىل داموللاھاجىمنىڭ ھايات قىسسىلىرىنىڭ داۋامى ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز .

ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي زومىگەر شىڭ شىسەينىڭ چىرىك تۈزۈمىگە قارشى چىققان بارلىق ۋەتەنپەرۋەر ، ئېتىقادىغا سادىق كىشىلەر ئۇچۇن ئۆز ۋەتىنىنىڭ تار كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر پايدىسىز شارائىتنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئابدۇلجېلىل داموللام ، ئوغلى ئابدۇلھەكىم مەخسۇمنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ ئافغانىستانغا چىققان ۋە 1936 ـ يىلى مەككە مۇكەررەمەگە كېلىپ ، ھەج پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ، بىر قىسىم مەسلەكداشلىرىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ۋەتەنگە قايتقان . بىراق ، جالالات شىڭ شىسەينىڭ يالاكچۈش غالچىلىرى تەرىپىدىن ئابدۇلجېلىل دامولاھاجىم ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن ئوغلى ئابدۇلھەكىم بىلەن بىرگە تۈرمىگە تاشلانغان . 1937 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلغىچە بولغان 5 يىل جەريانىدا شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن 250 مىڭدىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇس قاماققا ئېلىنغان ۋە ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق قەتلى قىلىنغان . بۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن ئەڭ خەتەرلىك سانالغان ئابدۇلجېلىل دامولاھاجىممۇ شەھىد قىلىنغان . ياش ئېتىبارى بىلەن تولىمۇ كىچىك دەپ قارالغان ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم بۇ قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان . 1944 ـ يىلى شىمالدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتىلىغاندىن كېيىن ، قاغىلىق ، پوسكام ۋە تاشقۇرغان قاتارلىق رايونلاردا يېڭىلىنجاشقا باشلىغان ئىنقىلاپ سېپىگە كۆپ ساندىكى مەسلەكداشلىرى بىلەن ئاكتىپ ھالدا بىلەن قاتناشقان . رۇ ـ

www.uyghurkitap.com



سىيە هۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە ئارىلىششى بىلەن ئېچىنىشلىق ئاخىرلاشقان بۇ كۆرەش ئابدۇلھەكىم مەخسۇمنىڭ 1946 ـ يىلدىن 1948 ـ يىلغىچە بولغان ئىككىنچى قېتىم مەھبۇس بولۇپ تۈرمىگە تاشلىنىشىغا ۋە ئىنتايىن ئېغىر ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتىشىغا سەۋەب بولۇپ قالغان . 1948 ـ يىلى قۇرۇلغان قورچاق هۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئۇنى قاماقتىن بوشاتقان . ئابدۇلھەكىم مەخسۇم هاجىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ، «مىللەتنىڭ مەغلۇبىيىتى جاهالەتتىن باشقا نەرسىدە ئەمەس» دېگەن تونۇشقا كېلىپ ، قاغىلىقتا بىر دىنى مەكتەپ ئاچقان ۋە بۇ يەردە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلىرىغا دىنى تەلىماتلارنى بىرىشكە باشلىغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتنىڭ ئومۇمي تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك جىددى مەسىلىلەر بويىچە ئوقۇغۇچىلىرىغا ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ئىشارىلەرنى بېرىپ كەلگەن . 1955 ـ يىلى خوتەن ، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا هۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانلار بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن ، ئابدۇلھەكىم مەخسۇممۇ بۇ ئىسيانلارغا ئاۋاز قوشقان ، دېگەن قاراش بىلەن قولغا ئېلىنىپ ، تۈرمىگە تاشلانغان . 1956 ـ يىلى نويابىر ئېيىنىڭ ئاخىرى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم تۈرمىدىن بوشىتىلغان . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەخسۇمنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلىرى يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىغان . شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ئىسلام دىنى بويىچە تەلىم تەربىيە خىزمىتىنى قايتىدىن باشلىغان . 1957 ۋە 1958 ـ يىللىرى خوتەن ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن بىر قىسىم قوزغىلاڭلاردا باشلامچىلىق بىلەن رول ئوينىغان ياكى ئالدىنقى سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ يەنىلا ئابدۇلھەكىم مەخسۇمنىڭ تالىپلىرى ئىكەنلىگى ئېنىقلانغاندىن كېيىن ، مەخسۇمنىڭ دىنى مەكتىۋى دەرھال پېچەتلىنىپ ، ئوقۇغۇچىلىرى تارقىتىۋېتىلگەن ، مەكتەپنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان . بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئابدۇلھەكىم مەخسۇم نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغان ۋە 1959 ـ يىلى 12 ـ مارتتا 20 يىللىق قاماق جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان .

1979 ـ يىلى 12 ـ مارتتا تۈرمىدىن چىققان ئابدۇلھەكىم مەخسۇم هاجىم ، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا ، بىر قارىخانا ئاچقان . دىيارىمىزنىڭ هەر قايسى تەرەپلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ، ئۆزبېك ، قازاق ، قىرغىز ، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم هاجىمنىڭ ئەتراپىغا كۈنسىرى توپلىنىپ ، دىنى تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشقا باشلىدى .

1959 ـ يىلدىن تاكى 1979 ـ يىلغا قەدەر ، مەسجىدلەرگە كىرىش ، قۇرئان ئوقۇش ، ۋەز ـ نەسىھەت ، تەبلىغ قىلىش هەتتا جىنازە نامىزىنى ئوقۇشقا قەدەر ئىشلارنىڭ هەممىسى چەكلەندى . 1965 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1975 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە داۋام قىلغان 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دىن ئىبارەت ئىسمى چىرايلىق، ۋۇجۇدى بەد ـ بەشىرە هازازۇل هەرىكەت يۇقىرىقى چەكلىمىلەرنىڭ ئەڭ ۋايىغا يەتكەن جەريانىنى تەشكىل قىلدى . ئابدۇلھەكىم مەخسۇمنىڭ مۇستەقىل نەزىرىيىسى بويىچە مىللەتنىڭ مىللى مەۋجۇتلىغى ، ئۇنىڭ دىنى جەھەتتىكى سالاھىيىتىنى قانچىلىك ئېنىق بەلگىلىيەلىشىدە ئىدى . ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ئۆزىنىڭ بۇ خىل نەزىرىيىلىرىنى قۇرئان كەرىم ۋە هەدىسلەردىن مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىزاھلاشقا تىرىشاتتى . ئوقۇغۇچىلىرىغا بۈگۈنكى دەۋر ئىلىم ـ پېنى هەققىدە يېڭى ـ يېڭى ئۇچۇرلارنى بىرىشنىمۇ ئونۇتمىغان ئىدى . 1980 ـ يىلدىن كېيىن، جوڭگودا سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياستى يولغا قويۇلدى ۋە دىنى جەھەتتە ئەركىنلىك بارلىغى ئېلان قىلىندى . بۇ ئابدۇلھەكىم مەخسۇمنىڭ دىنى تەلىم ـ تەربىيىسى ئۈچۈن ئاجايىپ ياخشى شەرت ـ شارائىتلارنى هازىرلاپ بەردى . مەخسۇمنىڭ يۈزلەرچە تالىپلىرىنىڭ سانى مىڭلارچە بولۇپ كەتتى . ئىلىم ئەھلىنى هامان چىن دىلىدىن سۆيىدىغان قارغىلىق خەلقى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ بىرىنى مەخسۇمنىڭ يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن تالىپلىرىغا ئېچىپ بىرىپ ، ئۆزلىرىنىڭ تالىپلارغا بولغان ئىززەت ـ ئىكراملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلىشقا تىرىشتى .

1985ـ يىلى، يەنى 49 يىلدىن كېيىن، مەككە مۇكەررەمەگە هەج قىلىش ئۈچۈن چىقتى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى ، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ، هال ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۆز يۇرتى قارغىلىققا قايتىپ كەلدى .

دىيارىمىزدا ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ تۆرتكىسىدە مىڭلارچە مەدرىسلەر مەيدانغا كەلدى، ئوخشىمىغان جايلاردا ئۇنىڭ تالىپلىرى بۇ ئىشنى بار كۈچى بىلەن جانلاندۇردى . بۇ ، 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنى ساھەدىكى ئەڭ جانلىنىش كەيپىياتىنى تەشكىل قىلدى . ئابدۇلھەكىم مەخسۇمنىڭ ھەر تەرەپتىن يېتۈك بىر شەخس ئىكەنلىگى ھەممىگە ئايدىڭ ھەقىقەتكە ئايلاندى . مەخسۇم ئۇرۇمچىگە كېلىپ «خىزمەت» قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغاندا رەت قىلغان ئىدى. چۈنكى، ئۆزى كۈنۈككەن شەھەر ، ئەجرىنى بېغىشلىغان تالىپلىرى ، ئەل ـ جامائەت ، قىسقىسى ، بارلىغىنى زاۋۇت ، فابرىكىلارنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى قاپلىغان ئۇرۇمچى شەھرىگە قۇربان قىلىپ بېرىش مەخسۇم ئۈچۈن ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى . ئەمما ، ئىسلام دىنى ئىنىستىتوتىدىكى دىيارىمىزنىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمغا بولغان ئىشتىياقلىرى ، ئۇلارنىڭ مەخسۇم ھاجىمغا بولغان ئېھتىياجلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بولغاچقا ، ھاياتىدا تەلىم ـ تەربىيىگە ھېچ نەرسىنى تېگىشىپ باقمىغان مەخسۇم ھاجىم 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ ، تاكى بارىن توپىلىڭى يۈز بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇمچى ئىسلام ئېنىستىتوتىدا دەرس بېرىپ كەلدى .

1990ـ يىلقى بارىن توپىلىڭىدىن كېيىن ، مەخسۇمنىڭ دىنى مەدرىسىسى قايتىدىن پېچەتلەندى ۋە مەدرىسە مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى ، مەخسۇم ھاجىمۇ نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. . .

ھاياتى ئاددى ـ ساددا ، ئەمما مەنىۋى دۇنياسى تولىمۇ باي ئۆتكەن ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم بارلىغىنى تەلىم ـ تەربىيىگە بېغىشلىدى . مەيلى تۈرمىدە بولسۇن ياكى جەمئىيەتتە بولسۇن ، بەش ۋاقت نامىزىنى تاشلىمىدى ، باشقىلارغا بېرىدىغان تەلىم ـ تەربىيىسىنى ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە داۋام ـ ـلاشتۇردى . شۇڭىمۇ خەلقىمىز مەخسۇمنىڭ شان ـ شەرىپى ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ھامان ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويدى . ئۇنى دىيارىمىزنىڭ نەرىگىلا بارمىسۇن، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى. . .

مەرھۇم 1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ناماز شامغا تاھارەت ئېلىپ ، نامازغا تۇرىدىغان چاغدا باقى ئالەمگە سەپەر قىلدى . مەرھۇمنىڭ ۋاپات خەۋىرى تامامىي ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى قاتتىق قايغۇغا سالدى . گەرچە ، مەخسۇمنىڭ نامىزىنى چىقىرىدىغان كۈنى ، قارغىلىققا كىرىدىغان قاتناش يوللىرى توسۇلۇپ قالغان بولسىمۇ ، يەنىلا ئون مىڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ نامىزىغا قاتناشتى. . . .

شۇنداق ، ئابدۇلھەكىم ئابدۇلجېلىل مەخسۇم ھاجىم ۋاپات بولدى ، بىراق ، ئۇنىڭ مىڭلىغان تالىپلىرى دىيارىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق خاراكتېرگە ئىگە ھىمايىچىلىرىگە ئايلاندى . مەيلى ۋەتەن ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن ، ئۇلار ھامان خەلقىمىزنىڭ دىنى ئېتىقادىغا، مىللىي مەنپەئەتلىرىگە ئىگە چىقتى .

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا ، بۇ كىشى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ھامان بىر سەپتە تۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلۈپ ، تەڭ يىغلىدى . ئۇلار كىم ۋە قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ، ئىمكانى يار بەرگەن ھەر قانداق خىزمەتتىن باش تارتمىدى . ئۇلارنىڭ تەقدىرى قىسمەتلىرى گەرچە تۈز سۈيىدەك ئاچچىق ئۆتكەن بولسىمۇ ، اللەتىن باشقا ھېچكىمگە ۋايسىمىدى ، ھېچكىمدىن باشپاناھلىق تىلىمىدى. . . . . مانا بۇلار مەخسۇم ھاجىم روھىنىڭ ئۇنىڭ تالىپلىرىدا يېتىلىۋاتقان ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى ئىدى.

جانابى اللەتىن ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم ۋە ئاتىسى ئابدۇلجېلىل داموللاھاجىملارنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلىپ بېرىشىنى، قىلغان ئەمەللىرىنى سەدىقە جارىيە (يەنى ساۋابى ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە) قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمىز، ئامىن!

الله ئۇلارنىڭ مىڭلارچە تالىپلىرىنى ئىككى دۇنيا بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشتۈرگەي! ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مىڭلارچە مەخسۇم ھاجىملارنى يېتىشتۈرۈپ ، دىنىمىزنىڭ الله كۆرسەتكەن پىرىنسىپلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا مۇۋەپپەق ۋە مۇيەسسەر قىلغاي! ئامىن!!!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئابلىز ھوشۇر

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان مەشھۇر زات چىڭگىزخان داموللامنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابلىز ھوشۇر بولۇپ ، بۇ كىشى «چىڭگىزخان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ نامنىڭ نەدىن كەلگەنلىگىنى بىلىش ئۈچۈن، بۇ زاتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئابلىز ھوشۇر 1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بۈگۈرنىڭ يېڭىسار يېزىسىدا موللا ھوشۇر داموللا ھاجى دېگەن دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . باشلانغۇچ دىنىي مەلۇماتنى بۈگۈر ۋە كۇچالاردا ئالغان . 1932 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇپ ، داموللام دېگەن ئۇنۋاننى ئالغان . كېيىن ، ھىندىستان ، مەككە ، مىسىر قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا داۋاملىق ئوقۇغان . مىسىرنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بولغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئالاھىدە تەسىرى بار ئوقۇغۇچى بولغان .

ئابلىز ھوشۇر مانا مۇشۇ ئىسلامىيەت دۇنياسى بويىچە ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېت بولغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋاقتىدا ئىلتىماس قىلىپ ، مىسىر پادىشاھىنىڭ ئالاھىدە رۇخستى بىلەن دىنىي ئالىملارنىڭ خەلقئارالىق مۇنازىرىسىگە قاتنىشىپ ، مۇنازىرىدە ئۈستۈنلۈك قازانغانلىغى ئۈچۈن مىسىر پادىشاھى فارۇق: «سەن ئىلىم دۇنياسىنى بويسۇندۇرغان چىڭگىزخان ئىكەنسەن!» دەپ ئالاھىدە ماختىغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ «چىڭگىزخان»دېگەن نامغا لايىق تالانت ئىگىسى بولۇپ ، دىنىي بىلىمى ئالاھىدە چوڭقۇر ، نەزەر دائىرىسى ئالاھىدە كەڭ ، ناتىقلىق سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەن ، بەش ـ ئالتە خىل چەت ئەل تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغان كىشى ئىدى .

چىڭگىزخان داموللام شۇ يىللىرى مىسىردىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، ماۋۇت شىجاڭ بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياپونىيىگە بارغان. شۇ مەزگىللەردە، جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى بولىۋاتاتتى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئالاھىدە مەقسەت بىلەن ماۋۇت شىجاڭ ۋە چىڭگىزخان داموللام ئىككەيلەننى بېيجىڭغا ئورۇنلاشتۇرغان. ماۋۇت شىجاڭ 1944 ـ يىلى بېيجىڭدا ۋاپات بولغان. چىڭگىزخان داموللام كېيىن نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقىغان .

چىڭگىزخان داموللام كېيىن جۇڭگونىڭ مىسىردىكى ئەلچىخانىسىدا بىر مەزگىل ئىشلىگەن. 1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، مىسىردىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن . ئۇ ، تۇققان يوقلاش ئۈچۈن بۈگۈرگە قايتىپ كەلگەندە ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى بىلەن گومىنداڭ تەرەپ ھاسىل قىلغان «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» نىڭ باشلىغى جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە خىزمەتكە تەيىنلىگەن . چىڭگىزخان داموللام قوشۇمچە سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن ، كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىگىگە تەيىنلەنگەن .

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ، ئەيسا بەگ ، قۇربان قۇداي قاتار ـ لىق كىشىلەر چىڭگىزخان داموللامنى بۈگۈردىكى ئۆيىدىن ئېلىپ ، چەت ئەلگە قاراپ قاچقان . بۇلار ـ نىڭ بىرقىسمى چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، يەنە بىر قىسمى ئۆتەلمەي قالغان . چىڭگىزخان داموللا يەكەندە ئىككى ئاي تۇرۇپ قالغان . «ئازاتلىق ئارمىيە»نىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسمى چىڭگىزخان داموللامنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ ، ئۈچ ئايلىق دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇرغان . ئۈچ ئايدىن كېيىن قولغا ئېلىپ ، 1950 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ، قەشقەر تۈرمىسىدىن ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەپ ، 1952 ـ يىلنىڭ ئاخىرى ، «خەلق دۈشمىنى» دەپ ئۆلۈم جازاسى بەرگەن .

# ئابلىمىت يۈسۈپ داموللاجىم



ئابلىمىت يۈسۈپ داموللاجىم 1924 ـ يىلى خوتەن شەھرىدە بىر مەرپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ، ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ، زېرەك بولۇپ ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە قىزىقاتتى . ئۇ 1930 ـ يىلىدىن كېيىن ، قارىقاش ، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا يۈرۈپ ، رىيازەت چېكىشتىن قورقماي ، ئىلاھىيەت ئىلمى ، ئەرەپ ، پارس ، تۈرك ، ئوردۇ تىللىرى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزىرىيىسىنى ئۆگىنىپ ، چوڭقۇر ئىلىم تەھسىل قىلغان . 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاتىسى يۈسۈپ ئاخۇنۇم ۋە باشقا داڭلىق تىۋىپلاردىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمىنى ئۆگىنىپ ، ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . ئاتىسى يۈسۈپ ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، خۇسۇسىي هالدا داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، خەلق ئارىسىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان ، داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللىكلەرنى يەرلىك دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتىپ ، كىشىلەرنى ئاغرىق ئازاۋىدىن خالىي قىلغان . 1954 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئېچىلغان مىللىي تىۋىپلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ ، غەرب تېبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن . 1955 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر تېبابەت ئامبولاتورىيەسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ ، ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئۆزىنىڭ نەزىرىيە بىلىمى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان رېتسىپلار قوللانمىسى» دېگەن كىتاپنى يېزىپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ، روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان . ئەپسۇسكى ، 1959 ـ يىلىغا كەلگەندە خاتا ھالدا قولغا ئېلىنغان . ئۇ ، بۇ جەرياندا قىلچە مەيۈسلەنمەي ، ئىلىم ـ مەرپەت ئۆگىنىش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي ، غەرب تىبابەت ئىلمىنى پۇختىلاش، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن بولغان . 1977 ـ يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تار ـ مار قىلىنغاندىن كېيىن ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىقىرىلىپ ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە شۇ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا خىزمەتكە قويۇلۇپ ، ئىچكى كېسەللىك بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن . گەرچە ئۇنىڭ يېشى ئوتتۇرا ياشقا يەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن غەيرەت ـ شىجائىتىنى ئۇرغۇتۇپ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن .

ئۇ ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ شاگىرت تەربىيىلەش بىلەنلا قالماي، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرلۈك تىببىي مەكتەپلەرنى ئاچقان ۋە خوتەندىكى ئۇيغۇر تېبابەت ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر تېبابەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، ئۈرۈمچى تېببىي مەكتەپتە ئېچىلغان ئۇيغۇر تېبابەت تەربىيىلەش سىنىپى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك كۇرسلىرىغا نەزىرىيە ئاساس، ئىچكى كېسەللىك، ئوردۇ تىلى، تېببىي ئەخلاق قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلار ۋە كۇرسانتلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان .

1985 ـ يىلى دىيارىمىز ئۇيغۇر تېبابەتچىلىگى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇھىم تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ ، پروگراممىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەقسىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ياخشى تۈزۈلۈشىدە تېگىشلىك رول ئوينىغان ھەمدە پروگراممىغا ئاساسەن بۇ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىگىنى تۈزۈش ئىشىغا كىرىشكەن . 1987 ـ يىلى مەكتەپ قۇرۇش ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ، ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەزكۇر مەكتەپكە رەسمىي يۆتكىلىپ، ئوقۇتۇش پىلانلىرىنى تۈزۈش، دەرسلىك تەييارلاش ، تۈزۈش ، دەرس ئۆتۈش ، قوشۇمچە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ ، دەرسلىك تۈزۈش ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ، جاپا مۇشەققەت، ھېرىپ ـ چارچاشقا قارىماي ، كۆپلەپ ماتېرىيال يىغىپ ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ، قايتا ـ قايتا يېزىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارقىلىق ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئاساسىي نەزەرىيىسى»، «ئۇيغۇر تىبابىتى دىئاگنوز ـ تىكا ئىلمى» (ھاجى باقى ئالىم بىلەن بىرلىشىپ يازغان)، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى روھىي ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر ئىلمى» قاتارلىق دەرسلىك كىتابلارنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان . ھەممە باشقا دەرسلىك كىتابلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەپ ، تەھرىرلەش ، تۈزىتىش ، نەشر قىلدۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن.

1990 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سەھىيە نازارىتى ئۇنى مەكتەپنىڭ پەخرى مۇدىرلىقىغا تەيىنلىگەن . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈكى ئېغىرلاشقان بولسىمۇ ، لېكىن بۇنى قىلچە بىسىم ھېس قىلماي، مەكتەپ رەھبەرلىرىنى ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرىنى پىلانلاش ، باشقۇرۇلىشىغا ياردەملىشىپ ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئىزباسارلىرىنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىنچىل تۈردە ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرىپ قىلغان . شۇڭا ئۇ مەكتىۋىنىڭ رەھبىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ، شۇنداقلا كەڭ ئۇيغۇر تىبابەت خادىملىرىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر سۆيۈملۈك ئۇستازى بولۇپ سانالغان .

ئۇ مول تىل، تارىخ ۋە شېئىرىيەت بىلىمگە ئىگە ئىدى . ئۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ، ئەرەپ، پارس ، تۈرك ، ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى . خەنزۇ ، ئىنگلىز تىللىرىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنالايتتى . ئۇ، 1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ، مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ ، «تۈركى تىللار دىۋانى»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان . خوتەن تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يېزىپ ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن . شېئىرىيەت جەھەتتىكى ئىقتىدارىغا ئاساسەن ۋەتەننى، خەلقنى، ئانا تىلنى كۈيلەيدىغان، چوڭقۇر پىكىرلىك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى شېئىرلارنى يېزىپ، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن .

مەرھۇم ئابدۇلھېمىت يۈسۈپ داموللاھ ھاجى يۇقىرى بىلىملىك ، چوڭقۇر پىكىرلىك ئالىم بولۇپلا قالماي يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىگىسى ئىدى . ئۇ ئومۇمىي جامائەت ئەخلاقى ۋە كەسپىي ئەخلاقتا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، «ئىنسان ئۆزىنىڭ جىسمانىيىتى بىلەنلا ئەمەس بەلكى بىلىمى ۋە ئېسىل ئەخلاقى پەزىلىتى بىلەن گۈزەل ۋە ئۇلۇغ ھېساپلىنىدۇ» دەيتتى ۋە بۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئۆزى رىئايە قىلاتتى . ئۇ مەيلى ياشتا چوڭ كىشىلەر بولسۇن ۋە مەيلى كىچىك بولسۇن ، مەيلى رەھبەر ياكى ئاددىي پۇقرا بولسۇن ، مەيلى زىيالىي ياكى ساۋاتسىز بولسۇن ھەممە كىشىنى ئوخشاش كۆرۈپ ھۆرمەتلەيتتى . ئۆيگە قانداق كىشى كىرسە ئۇنىڭغا چوڭقۇر سالام بېرىپ ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى ھەمدە قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ ، ئەھۋال سوراپ ھاجىتىدىن چىقىدىغانلىكى ئىش بولسا ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى . شۇڭا ئۇنى بىر كۆرگەن كىشى بىلىمگىلا ئەمەس ، ئەخلاق پەزىلىتى ، كىچىك پېئىل ، مۇلايىملىقىغا قايىل بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغۇسى ، پات ـ پات يوقلاپ كۆرۈشكىسى كېلىپ تۇراتتى . كىشىلەر ھەمىشە«بىلىملىك ئادەم تېپىلىدۇ ، لېكىن ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ داموللا ھاجىدەك بىلىم ۋە ئەخلاقى پەزىلەتتە تەڭ يېتىلگەن كامالەت ئىگىسى ئاز تېپىلىدۇ .» دېيىشەتتى.

مەرھۇم ئابدۇلھېمىت يۈسۈپ داموللاھ ھاجى 1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. . .

گەرچە مەرھۇم ئابدۇلھېمىت يۈسۈپ داموللا ھاجى بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ سەھىيە، ئېلىم ـ پەن ، مائارىپ ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ . ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرچىلىك مىراسلىرىنى قېزىش ، رەتلەش ، يۇقىرى كۆتىرىش ، گۈللەندۈرۈش ، قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى ئۇيغۇر تىبابەت خادىملىرى ، ئۇيغۇر تىبابەت مائارىپچىلىرى ، ئۇيغۇر تىبابەت ئىز باسارلىرى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدۇ . مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىشلىرى ئۈچۈن زور يوقىتىش! ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆگىنىشىگە ۋە ۋارىسلىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ .

خاتىرجەم يات قەدىردان مەسلەكدىشىمىز ،
ئەمگەكلىرىڭ خەلقىمىزگە بولۇر دۇردانە ،
ئۆزۈڭ گەرچە كەتسەڭمۇ بىزدىن ئايرىلىپ ،
ئەزىز نامىڭ ياڭرايدۇ مەڭگۈ مەردانە .
(ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ مەرھۇم ئۈچۈن يازغان مەرسىيەسىدىن )

# ئابدۇۋاست غولام

بۇ كىشى **1975**-يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان . ئامېرىكا ساينىت لۇئىس ئۇنىۋېرسىتېتى « **Saint Louis University**» مۇھىت پەنلىرى تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى . شۇغۇللىنىدىغان ئاساسلىق تەتقىقات يۆنىلىشى: سۇنئىي ھەمرا ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى«**Remote Sensing**» ۋە جۇغراپىيەلىك ئۇچۇر سىستېمىسى «**Information System Geographical**».

ئابدۇۋاست غولام تەتقىقات جەريانىدا جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژورناللاردا **20** نەچچە پارچە يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان ۋە ئۆز ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن . شۇ ۋەجىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەندە تەكلىپكە ئاساسەن ئامېرىكىغا كېلىپ خىزمەت قىلغان. **2008**-يىلى «دۆلەتلىك مۇنەۋۋەر دوكتۇرلۇق ماقالىسى» مۇكاپاتىغا ، **2006**-يىلى «مۇنەۋۋەر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقوغۇچى» مۇكاپاتىغا ، **2004**-يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن «ئىلمىي يېڭىلىق يارىتىش» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن .

# ئابلەت ئابدۇرېھىم



**1970**- يىل **2**- ئاينىڭ **6**- كۈنى غۇلجىدا تۇغۇل-غان. ئاتالمىش شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ **1993**- يىلى **7**- ئايدا ئاتالمىش شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانىسىسى ئۇيغۇر دېكتورلار بۆلۈمگە ئورۇنلاشقان. **2002**-يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىيسى ئۇيغۇرچە ئىقتىساد-تۇرمۇش قانىلىغا يۆتكىلىپ مۇخبىرلىق ، دېكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللانغان .

ئۇ **21** يىللىق خىزمىتى جەريانىدا ئانا تىلغا بولغان ئوتتەك مۇھەببەت ، كەسپكە بولغان ئىشتىياق ، ئېكرانغا بولغان مەسئۇلىيەت بىلەن بىجانىدىل ئىشلىمەكتە .

ئۇ «مەدەنىيەت بوستانى» نى باشقۇرغان **10** يىل مابەينىدە **500** سان پروگراممىا ئىشلەپ **1500** نەپەر ئالىم ، مۇتەخەسسىس ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى ئىلىم ئىگىلىرى بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولۇپ ، خەلقىمىزنىڭ ئىدىيە ، ئاڭ ۋە تەپەككۇرىنىڭ يېڭىلىنىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتمەكتە . ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « مېنىڭچە ، رىياسەتچى قىزغىن ، ئەقىدىلىك ، چوڭقۇر بىلىم ئىگىسى بولغاندىلا ئاندىن ئېكراننىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلىنالايدۇ . رىياسەتچى ھاكاۋۇر خان-پادىشاھ ئەمەس ، بەلكى پاراسەتلىك قوماندان بولۇشى كېرەك .»

سىياسى ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمگە ۋە جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى بۇرچۇم دەپ قارايمەن . كىتاب ئوقۇش ، يېزىقچىلىق ، لىكسىيە ۋە نۇتۇق سۆزلەش ، ئىلمىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش مېنىڭ ئىزچىل ۋە دائىملىق خىزمىتىمنىڭ بىرقىسمى .

ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئەقلىيە سۆز ـ ئىبارىلەر: كۆپ تىللىق بولۇش شەرەپ، ئەمما ئانا تىلنى ئۇنتۇش نومۇس .(چىڭغىز ئايتماتوف)؛ بەدەننى ئوپىراتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئۆخلىتىش كېرەك ، روھنى ئوپىراتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئويغۇتۇش كېرەك . (لىۋ . تولستوي) **ئۇ** ئىخلاس قىلىدىغان ئەدىپلەر: **ئابدۇرېھىم** ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر.

## ئابلەت مەجۇن



پەلەك ئەركىسى ئابلەت مەجۇن 1970 ـ يىلى7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1987 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 9 ـ ئايدا يېڭىسار ناھىيەلىك سىرك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان . ئۇ ، بۇ جەرياندا كەسپىي سىركچى ، قىزىقچى ، ئۇسسۇلچى ، مۇزىكانت ۋە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى ، توكچى بولۇپ ئىشلىگەن . 1990 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىرك ئۆمىكىگە يۆتكەپ كېلىنگەن.




ئابلەت مەجۇن دارۋازلىق ئويۇنى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەندىن بۇيان ، دارۋازلىق سەنئىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىپ، سىرك سەنئىتىنىڭ نۆۋەتتىكى كەسكىن رىقابەت ئېھتىياجىغا ماسلاشقان يېڭى ھەرىكەت ، يېڭى ماھارەتلەرنى ئۈزلۈكسىز يايقاپ ۋە مۇلاھىزە قىلىپ ، ئۆنى ئۆزىنىڭ ئويۇن قويۇش جەريانىغا باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ ماڭغان . ئۇ دارۋازلىق سەنئەت ئويۇنىغا ماس كېلىدىغان بىر خىل ئىگىز ، قىيىن ھەرىكەتلەرنى ئىجاد قىلىپ ، نەچچە مىڭ مەيدان ئويۇن قويۇپ ، بارغانلىكى يەردە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ، شۇنداقلا كەسپىي ساھەدىكىلەرنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن . ئۇ ھازىرغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تايلاند ، مالايسىيا ، ياپونىيە ، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ قەدىمىي دارۋازلىق سەنئىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ ، دۇنيانىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان . 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مالايسىيانىڭ كوئالالومپۇر شەھرىدە بوشلۇقتىكى سىم ئۈستىدە دارۋازلىق سەنئىتى كۆرسىتىپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى مالايسىيا زۇڭلىسى ماخادىر ئەپەندىنىڭ ئالاھىدە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن.

## ئاتايى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان مەشھۇر شائىر ئاتايى ئۆزىنىڭ بەدىئىي

جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن لىرىك غەزەللىرى ئارقىلىق دۇنياۋىي ئەدەبىيات ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان .

ئاتايىنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتلار يوق . بەزى مەنبەئەلەر ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . شائىر ئۆزىنىڭ بۇ سەمەرىلىك ئىجادىي دەۋرىنى مەلۇم تارىخىي سەۋەپلەر بىلەن سەمەرقەند ، ھىرات ۋە بەلخ شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزگەن . ئۇنىڭ غەزەللىرى ئىچىدىكى ئايرىم مىسرالار بۇ پىكرنى دەلىللەيدۇ . ئەلىشىر ناۋايىمۇ «مەجالىسۇن نەفائىس» دىگەن ئەسىرىدە ئاتايى توغرىلىق قىسمەن مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان . بىز ناۋايىنىڭ بۇ ئەسىرىدىكى قىسقىلا مەلۇماتىدىنمۇ ئۇنىڭ بەلخ شەھىرىدە تۇغۇلغانلىقى ، ئەھمەت يەسەۋىنىڭ قېرىندىشى ئىسمائىل ئاتىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىگىنى بىلىۋالالايمىز .

ئاتايىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە ««ئاتايى» تەخەللۇسىنى قوللانغانلىقىمۇ ئۇنىڭ شەيخلەر نەسەبىگە تەۋە ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ .

شائىر گەرچە كېلىپ چىقىش ئېتىۋارى جەھەتتىن سوپىلار جەمەتىگە مەنسۇپ بولسىمۇ ، لېكىن ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تۈرلۈك زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنىڭ ئۇنىڭ ئېڭىغا بولغان تەسىرى ۋە دۇنيا قارىشى تۈپەيلىدىن پەيدىن ـ پەي ئىلگىرىلەپ ، ھاياتنى تەرەققىيپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن كۆزەتتى . ھاياتقا ۋە كەلگۈسىگە مۇھەببەت ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىدى . شۇنىڭ بىلەن دۇنياۋىي ئەدەبىياتنىڭ راۋاجى ئۈچۈن ئۇنۇملۇك ئەمگەك سىڭدۈردى . ئاتايى شېئىرلىرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىرلا قول يازما نۇسخىلىق دىۋانى بولۇپ ، ھازىر لېنىنگراتتا يەنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانماقتا .

ئاتايى ئانا تىلى ئۇيغۇرچىدا تەسىرلىك لىرىك غەزەللەرنى يازغان تالانتلىق سۆز ئۇستىسىدۇر . ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا غەزەلچىلىكنى باشلاپ بەرگەن ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزگەن لۇتفى ، سەككاكى ، ناۋايىلارنىڭ نامى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ . شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ئاساسەن غەزەلدىن ئىبارەت . ئۇنىڭ غەزەللىرى ھېسسىياتقا باي بولۇپ ، ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە . تىلى بولسا تازا ، نەپىس ، ئوبرازچان ، چۈچۈك ۋە يېقىملىقتۇر . شېئىرىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئالغاندا ، ئاتايى غەزەللىرىنىڭ ۋەزنى شوخ ، قۇرۇلمىسى پۇختا ۋە جانلىق . ئۇنىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ھايات گۈزەللىگىنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش ، چىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش ، ۋاپادارلىقنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى كۆيلەشكە قارىتىلغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز .

شائىر ئىجتىمائىي ھاياتنى تەرەققىيات ۋە ئىلغارلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن . ئاتايى ئۆز غەزەللىـ ـرىدە خۇشامەتگۇي ساراي شائىرلىرىغا ئوخشاش ئەينى زامان ھۆكۈمرانلىرىغا ، زالىم پادىشاھلارغا قا ـ رىغۇلارچە مەدھىيە ئوقۇشتىن ساقلاندى . ئۇ دارتىملاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ، خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ۋە غەم ـ قايغۇسى بىلەن قىلچە كارى بولمىغانلىقىنى ۋاستىلىك ھالدا پاش قىلدى . سۆيگەن يارغا بولغان ساداقىتى ۋە ۋىسال ئارزۇسىنى ئىپادىلەشنى ۋاستە قىلىپ ، مەنسەپ شوتىسىغا يامىشىپ ، ھەمىشە يۇقىرىغا چىقىشنى كۆزلەيدىغان مەنسەپپەرەس ، خۇشامەتچى ، تاماخور شەخسلەرنى تەنقىت قىلدى . شائىر ئۆز غەزەللىرىدە ھاياتقا قىزغىن مۇھەببەت بىلەن قارىغۇچى كىشىلەر ئۈچۈن ئۆز ئارزۇسى يولىدا كۆرىشىپ غەم ـ قايغۇدىن قۇتۇلۇشتىن باشقا ھېچقانداق بىر تەسەللى بەرگۈچىنىڭ يوقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . جۈملىدىن ھاياتنىڭ چىن گۈزەللىگىگە ئىنتىلگۈچى كىشى رەنجۇ ـ كۈلپەتكە دۇچ كەلسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس ، چۈنكى دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەك نەرسە تېپىلمايدۇ ، دىگەن كۆز قاراشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

شائىر ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ قىممىتى ، گۈزەللىگى ۋە لەززىتى ۋاپا ، ساداقەت ۋە تەۋرەنمەس ئەقىدىدە ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ھايات تەمسىز ھاياتتۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي ئىنسان بولۇشنى ئارزۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلغان كىشى ئۆز ئەقىدىسى يولىدا ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشى ۋە ئۇ ئەقىدىگە مەڭگۈ سادىق بولۇشى ، ۋاپا ھەم ساداقەتنى ئەڭ ئالىي بىلىشى ، ئۇنى قەدىرلىشى لازىم ، دەپ قارايدۇ.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە شۇ دەۋردىكى دۇنياۋىي ئەدەبىياتنىڭ ئىلغار خاھىشلىرى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ . ئاتايى غەزەللىرى شېئىرى شەكىل ۋە تىل ئۇسلۇبى جەھەتتە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىگە ، بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىغا تولىمۇ يېقىن . «دىۋان شەيخزادە ئاتايى»دىكى **260** پارچە غەزەلنىڭ **100**پارچىدىن ئارتۇغراقى ئەسلىدە تۈركىي خەلق قوشاقلىرىنىڭ ۋەزنىي بولغان بەھرى رەمەل مۇسەممەن مەقسۇر ۋەزنىدە يېزىلغانلىغى ۋە بۇ غەزەللەردە ماقال ـ تەمسىل خارەكتىرى كۈچلۈك بولغان خەلق تىلى ۋە خەلق ئىبارىلىرى قوللىنىلغانلىغى بۇنى تولۇق دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئاتايى غەزەللىرىدە كۆزگە چېلىقىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ساپ ۋە نەپىس ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان . باشقىچە ئېيتقاندا شائىر ئۆز غەزەللىرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گۈزەللىگىنى، ئۇنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى كەڭ ئىمكانىيىتىنى تولۇق نامايان قىلغان . ئاتايىنىڭ پارس تىلى پۈتكۈل ھاكىمىيەت ، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ئىشلىرىدا ھۆكۈمران ئورۇننى تۇتقان ئەينى دەۋردە ئۆز ئانا تىلىنىڭ ساپلىغى ئۈچۈن كۆرەشكەنلىگى ئۇنىڭ قەدىرلەشكە مۇناسىپ يەنە بىر ئۇلۇغ ئەجرى ھېساپلىنىدۇ .

## ئاتايى غەزەللىرى

**(1)**

ھەر كۆڭۈلكى جان تىلەر ھەم ۋەسلى جانان ئارزۇلەر.
ئەھلى ئىشق ئالىندە مۇشرىكدۇركى، ئىمان ئارزۇلەر.
شەربەتى ئىچمەيتۇرۇر ساھىب نەزەرلەر جامىدىن،
كىمكى خوبلەر دەردىغە دارويۇ دەرمان ئارزۇلەر.
با ۋۇجۇدى لەئلى جان بەخشۇ ئۇشۇل ھۆرلىقا،
ئادەم ئېرمەس ئول كىشىكىم ئابىھەيۋان ئارزۇلەر.
چۇن يۈزىن سېۋدى كۆڭۈل زۇلفۇ زەنەخدانىن تىلەر،
ئارى يۇسۇفنى سېۋەنلەر بەندۇ زىندان ئارزۇلەر.
بىر سېنى ئېرمەسسېن ھەۋاسى بىرلە خارۇ مۇبتەلا،
ئەي ئاتايى، ئول يۈزى گۈلنى ھەزاران ئارزۇلەر.

**(2)**

سېنى بىر قامەتى شەمشاد ئوقۇرلەر.
غەمىڭ بىرلە كۆڭۈلنى شاد ئوقۇرلەر.
مېنۇ رۇخسارۇ زۇلفۇڭ زىكرۇ فىكرى،
خەلايىق سۇبھۇ شام ئەۋراد ئوقۇرلەر.
كۆڭۈللەر قۇشلەرىن سەيد ئېتمەك ئىچرە،
كۆزۈڭ شەھبازىنى سەيياد ئوقۇرلەر.
مۇھەببەت شەرئىدە خوبلەر قۇلىنى
نىھالى سەرۋىدەك ئازاد ئوقۇرلەر.
نەسىمى يار قويىنىدىن تاپىلسە،
سۇلايمان مۇلكىنى بەرباد ئوقۇرلەر.
دەمى مەھبۇبسىز ئاشىق ھاياتىن،
ئەگەر خىزىر ئېرسە بىبۇنياد ئوقۇرلەر.
ئاتايىنى گەدالەر ئىچرە مەزلۇم،

سىنى شاھىنشاھى بىداد ئوقۇرلەر.

(3)

سىۋدى خوبلەرنى، ئايىردى خانۇمانىمدىن كۆڭۈل.
ئۆزگەنى ئىستەر مىنىڭ بۇ قىلچە جانىمدىن كۆڭۈل.
ئاھ مىن جانىمغە يىتتىم، جەۋر چىكمەكتىن، نىتەي.
زەررە مىھر ئۆزمەس ئوشۇل نامىھرىبانىمدىن كۆڭۈل.
بۇ مىنىڭ يۈگرۈك ياشىم زارىمنى ئېلگە قىلدى فاش،
ئاشكارا قىلمادى سىرى نىھانىمنى كۆڭۈل.
ۋەسلى ھەجرىڭ قىسسەسىن بىر كۈن سەڭا شەرھ ئەيلەگەي،
چۈنكى ۋاقىفدۇر مىنىڭ ياخشى-يامانىمدىن كۆڭۈل.
بولغالى بىزار مىندىن ئاي يۈزۈڭنىڭ مىھرىدە يىل كىچەر،
كىچمەس مىنىڭ بىر كۈن گۇمانىمدىن كۆڭۈل.
بىتسەم بولغاي نەسىھەتنامەلەر يۈز «پەنج گەنج»
ئۆزگە قىلماس خىسراۋى شىرىن دەھانىمدىن كۆڭۈل.
جان بىرۈر مەھبۇب ئۇچۇن ئاشىق ئاتايى نىچە سىن،
ھەردەم ئەيتۇرسىن ئايىردى خانۇمانىمدىن كۆڭۈل.

(4)

ساقىيا كەلتۈر مەيى گۈلگۈنكى، خۇش دەمدۇر بۇ كۈن.
ئالەمى فەرخۇندەئى نەۋرۇزى ئالەمدۇر بۇ كۈن.
نەكھەتى بادى سەبادىن تاپتى ئۆلگەنلەر ھايات،
ھەببەزا، بادى سەبا ئېيسايى مەريەمدۇر بۇ كۈن.
قامەتى گۈلبۇن چەمەنلەر سەھنىدە تەئزىم ئۈچۈن،
ساقىئى گۈلرۇخ بىكىن سەرۋ ئالدىدا خەمدۇر بۇ كۈن.
يەر يۈزىندە گۈلشەنۇ باغۇ باھارۇ باغچە،
گۈنبەزى خەزرا مىڭىزلىك سەبزۇ خۇررەمدۇر بۇ كۈن.
ھەر كىشىگە كىم مۇيەسسەردۇر پەرىۋەش يار ئىلە،
جۈرئەيى نوش ئەيلىمەك ھاشا كى ئادەمدۇر بۇ كۈن.
كىمگە كىم بولسە سەفالى بىرلە مەيدىن جۈرئەيى،
ئۇشبۇ توققۇز شىشەدىن كۆڭلىگە نى غەمدۇر بۇ كۈن.
سەلسەبىلۇ كەۋسەرۇ مائىمەئىن كەلتۈرسەلەر جامى مەي
مەجلىسدە بارچەدىن مۇقەددەمدۇر بۇ كۈن.
كەل دەمى مەيخانەنىڭ بەيتۇل ھىرامىن قىل تاۋاف،
كىم سەنەملەر لەئلىدىن مەي ئابى زەمزەمدۇر بۇ كۈن.
ئەي ئاتايى بولما غافىل، بىر نەفەس ھەمدەم تىلە،
ئۆمرنى ھەمدەم كېچۈرمەكلىك بەسى كەمدۇر بۇ كۈن.

(5)

مەڭا جەۋر ئەيلەر ئول دىلبەر ھەمىشە.
كۆڭۈللەر قۇشلەرىن ئاۋلەر ھەمىشە.
سۇچۇك تىلدىن ئاچىق سۆزلەر ھەمىشە.
نەسىمى زۇلفىدىن يۈز رەشك ئېلىتىپ،
ئۆزىن ئوتقا سالۇر ئەنبەر ھەمىشە.
كېزىپ خۇرشىدى خاۋەر ئۆيىدىن ئۆيگە،
يۈزۈندىن شوئلەئى ئىستەر ھەمىشە.
ۋەفاسىز سەرۋ قامەتلەر غەمىندىن
كۆڭۈل يافراقتەيىن تىترەر ھەمىشە.
كۆزى قاشىندىن ئوق يانى كېتەرمەس،

ئەجەبدۇر، ئۆزلەرى سېۋگەن كىشىنى
جەفا بىرلە سىنار خوبلەر ھەمىشە.

ئاتايى شېئىردىن لەززەت قىلۇر كەسپ،
ئۇشال لەب ۋەسفىدە شەككەر ھەمىشە.

# ئاخۇن ئاغىچا

**19** ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (**1833** ـ يىلى) خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن شائىر. ئۇ، **1860** ـ يىلى خوتەندە زۇلۇمغا قارشى پارتىلىغان خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ سەركەردىسى ئابدۇراخمان خان غوجام (**1833** ـ **1863** ) نىڭ ئانىسى بولۇپ ، ئۇ ئوغلى ئابدۇراخمانخان غوجام قۇربان بولغاندا ئۇنىڭ قەھرىمانلىغىنى مەدھىلەپ ۋە زامان كۈلپەتلىرىدىن زارلىنىپ نۇرغۇن قوشاقلارنى يازغان .

# ئادىل ھۇشۇر





ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپلىگەن مەشھۇرسىياسونلىرى ، ئالىملىرى ، مەدەنىيەت ھەم جامائەت ئەرباپلىرى بولۇپلا قالماي بەلكى دۇنياۋى رىكورتلارنى ياراتقان چەمپىيونلىرىمۇ بار . دارۋازلىق مانا شۇجەھەتتىكى بىر تۈر بولۇپ ، بۇ جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىل ھوشۇر ، ئابلەت مەجۇن ، ئەسقەر قاتارلىق پەخىرلىك ئوغلانلىرى دۇنيا جىنس رىكورتى يارىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار غا زور شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى! قالماي بەلكى دۇنياۋى رىكورتلارنى ياراتقان چەمپىيونلىرىمۇ بار . دارۋازلىق مانا شۇجەھەتتىكى بىر تۈر بولۇپ ، بۇ جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىل ھوشۇر ، ئابلەت مەجۇن ، ئەسقەر قاتارلىق پەخىرلىك ئوغلانلىرى دۇنيا جىنس رىكورتى يارىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار غا زور شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى!

ئادىل ھۇشۇر ۋە ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى **2012** ـ **09** ـ **17** **10:28** دە خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان ئەيجەيدە دېخاڭ چوڭ جىلغىسنى غەلبىلىك بويسۇندۇردى ، ئۇچەيلەننىڭ سىمدا مېڭىشى ھەقىقەتەن خەتەرلىك بولۇپ ، ئۇلار ھىچقانداق تەمترىمەستىن كۆلۈمىسرىگىنىچە **1400** مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ۋە **3** يېرىم سانتىمېتىر توملۇقتىكى پولات سىم ئۈستىدە ئۆز ـ ئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلاپ كىشلەرگە ھەقىقي بىر مۆجىزىنى نامايەن قىلدى.

پولات سىمدىكى غەلبىسىنى تاماملاپ يەرگە چۈشكەن ئادىلنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى. ئۇ مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ دياۋيۇداۋ ئارىلىغا بېرىپمۇ پولات سىمدا مېڭىش ئارزۇسىنىڭ بارلىغىنى ئېيتتى.

تۆۋەندىكى سۈرەت: ئادىل ھوشۇر ۋە ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى ماھارەت كۆرسەتمەكتە .





ئادىل هوشۇرنىڭ ئاكىسى ئالىم ئۇلارنىڭ مەشخۇلاتنى بىخەتەر تاماملىشىغا دۇئا قىلماقتا.



ئادىل هوشۇرنىڭ ماهارىتىنى كۆرۈشكە كەلگەن ساياهەتچىلەر ۋە تاماشابىنلار.

پەلەك شاهزادىسى ئادىل هوشۇر خاڭجۇدا ماهارىتىنى كۆرسەتتى



2013 ـ 05 ـ 07 06:05:35 دە خاڭجۇ چاڭبەن پورتى دىشىڭ دەريا بويىدىكى 106 مېترلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېگىزلىكتە، ئۇيغۇر داۋازلىق سەنئىتىنىڭ 6 ـ ئەۋلاد ۋارىسى ئادىل هوشۇر پولات سىمدا مېڭىپ ماهارەت كۆرسەتتى.

بۇ قېتىم پولات سىم تۆت بىنانىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كىرىست شەكلىدە تارتىلغان. بۇ ئادىل هوشۇرنىڭ بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان پولات سىمدا تۇنجى قېتىم مېڭىشى . ئادىل هوشۇر دىئامېتىرى 32 مىللىمېتىر كېلىدىغان پولات سىمدا كۆزىنى تېڭىپ كەينىچە مېڭىش قاتارلىق بىر تۈركۈم قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان هەرىكەتلەرنى كۆرسەتتى ، تاماشىبىنلار بەس ـ بەستە قىيا ـ چىيا قىلىشىپ بارىكاللا ئوقۇدى .

## ئادىل هوشۇر ياراتقان سەككىز تۈرلۈك جىننىس دۇنيا رېكورتى

پۈتكۈل دۇنياغا نامى پۇر كەتكەن ئۇيغۇر دارۋاز ئادىل هوشۇر 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ هازىرغىچە جەمئىي سەككىز قېتىم جىننىس دۇنيا رېكورتى يارىتىپ ، پولات ئارقان ئۈستىدە مېڭىشنىڭ پېشۋاسى بولۇپ قالغان . ئادىل هوشۇرنىڭ هېچقانداق قوغدىنىش قورالى قوللانمىغان ئەهۋال ئاستىدا كۆپ قېتىم پولات ئارقان ئۈستىدە مېڭىپ جىننىس دۇنيا رېكورتىغا جەڭ ئېلان قىلىشتەك يۈرەكلىكلىگى ۋە باتۇرلىغى دۇنيا ئەهلىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن .

تۆۋەندىكىلىرى ئادىل هوشۇر هازىرغىچە ياراتقان جىننىس دۇنيا رېكورتلىرى:



1. تۇنجى قېتىملىق پولات ئارقاندا مېڭىشى 97 ـ يىلى چاڭجياڭ دەرياسىدىكى سەنشيا بوغۇزى ئۈستىگە تارتىلغان پولات ئارقاندىن ئۆتۈشى بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ئۇزۇن پولات ئارقان ئۈستىدە مېڭىشى ئىدى.

2. كانادالىق كوكراين 95 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەنشيا بوغۇزىدىن 53 مىنۇت 10 سېكونتتا ئۆتۈپ پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان . بۇنىڭدىن ئىلهاملانغان ئادىل هوشۇر «چەتئەللىكلەر قىلالىغان ئىشنى بىزمۇ قىلالايمىز ، قىلغاندىمۇ ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ قىلالايمىز» دەپ ئويلاپ بۇ تۇرگە جەڭ ئېلان قىلىپ ، 97 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇن سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان ، ئۇزۇنلۇقى 646 مېتىر ، ئېگىزلىكى 402 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارقاندا 13 مىنۇت 48 سېكونتتا ئۆتۈپ ، كانادالىق كوكراين ياراتقان رېكورتنى يېڭىلىغان ۋە جىننىس دۇنيا رېكورتى ياراتقان .

3. 2002 ـ يىلى 16 ـ ئاپرېلدىن 11 ـ مايغىچە جىنخەي كۆلى ئۈستىدە 25 كۈن تۇرۇش ئارقىلىق جىننىس دۇنيا رېكورتى ياراتقان ۋە بۇ جەرياندا 12 كىلوگراملىق ئېغىر تەڭشەكنى كۆتۈرۈپ كۈندە توختىماي 8 سائەت 20 مىنۇت مېڭىپ بۇ تۈردىمۇ بىر قېتىم جىننىس دۇنيا رېكورتى ياراتقان .

4. 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىر ، ئېغىرلىقى 12 كىلوگرام كېلىدىغان تەڭشەكنى كۆتۈرگەن ئادىل هوشۇر خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خېڭشەن تېغىدىكى جۇرۇڭ چوققىسى بىلەن فۇرۇڭ چوققىسىغا تارتىلغان ئۇزۇنلىقى 1399.6 مېتىر ، ئېگىزلىگى 436 مېتىرلىق پولات سىمدىن 52 مىنۇت 10 سېكونتتا مېڭىپ ، يەنە بىر قېتىم جىننىس دۇنيا رېكورتى ياراتقان . بۇ ئۇنىڭ جىننىس دۇنيا رېكورتى تارىخىدىكى ئەڭ تەستە قولغا كەلگەن بىر قېتىملىق رېكورتى . 2000 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۇ تەڭشەكنى قولغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ، يامغۇر يىغىپ، ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ، سىم هەم تېيىلغاق، هەم كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان . گەرچە ئۈچ ئايروپىلان تۇماننى تارقاقلاشتۇرغان بولسىمۇ ئۇنۇمى بولمىغان ، زەمبىرەك ئېتىپ تۇماننى تارقاقلاشتۇرۇشنىڭمۇ ئۇنۇمى بولماي ، 5 مىنۇتقا قالمايلا ئەتراپنى يەنە تۇمان قاپلاپ كەتكەنلىكتىن بۇ مۇسابىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغاندا ، ئۇ «مېنىڭ ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بار، مەن چوقۇم غەلىبە قىلىمەن» دېگەن . ئالدىنقى قېتىم بىلەن ئوخشىمايدىغىنى بۇ مۇسابىقىدە تارتىلغان ئارقاننىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسى يۇقىرى ، سىم هۆل هەم تېيىلغاق بولۇپ ، ئەگەر تاسادىپىي تېيىلىپ كەتسە ، هاۋا تۇمان بولغانلىقتىن ئارقاننى كۆرەلمەي ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بولماي قالىدۇ ، شۇنداقلا تۇمان ئىچىدە ئۇنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى هېچكىممۇ كۆرەلمەيدۇ ۋە قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارالمايدۇ . بۇنىڭدىن بىلىۋالالايمىزكى ، بۇ قېتىمقى غەلىبە ئۇنىڭ هاياتىدىكى غايەت زور تەۋەككۈلچىلىك بەدىلىگە ھەقىقەتەنمۇ تەستە قولغا كەلگەن نەتىجە .

5. 2003 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ، چۇڭچىڭدىكى ئەڭ چوڭ ئازگال جىڭ جيې ئازگىلىدا ئۇزۇنلىغى 570 مېتىر ، ئېگىزلىگى 662 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارقاندا مېڭىپ يەنە بىر قېتىم دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقان . بۇ ئازگالنىڭ دىئامېتىرى 620 مېتىردىن ئارتۇق ، چوڭقۇرلىغى 666 مېتىر كېلىدىغان بولۇپ ، ئادىل هوشۇر بۇ ئازگالدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈش ئارقىلىق «دۇنيادىكى بىرىنچى ئازگال»نى بويسۇندۇرغان قەھرىمان بولۇپ قالغان .

7. 2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قاناس مەنزىرە رايونىدا پولات ئارقاندا مېڭىشقا رەسمىي جەڭ ئېلان قىلغان ، بۇ قېتىملىق يۇقىرى بوشلۇقتا پولات ئارقاندا مېڭىش ماھارىتى دېڭىز يۈزى بىلەن بولغان ئېگىزلىگى ئەڭ ئېگىز ، يەنى 1530 مېتىر كېلىدىغان بوشلۇقتا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ، ماھارەت كۆرسىتىشنى باشلىغاندا ئىككى ئادەم پولات ئارقاننىڭ ئىككى تەرىپىدىن مېڭىپ ، ئوتتۇرىدا كېسىشكەن ۋە مۇساپىنى غەلىبىلىك تاماملاپ يەتتىنچى قېتىملىق جىننىس دۇنيا رېكورتىنى ياراتقان.

8. 2010 ـ يىلى مايدا ، شىنجاڭ داۋاز سەنئىتىنىڭ داڭلىق ۋارىسى ئادىل بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئاساسلىق مەيدانى «قۇش چاڭگىسى»دا ئىككى ئايلىق بوشلۇقتا دۇنيا رېكورتىغا جەڭ ئېلان قىلغان . ئۇ «قۇش چاڭگىسى»نىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى 9 كۋادرات مېتىرلىق كىچىك ئۆيدە تۇرۇپ ، كۈندە تەخمىنەن 5 سائەت ئەتراپىدا پولات ئارقاندا مېڭىپ ماھارەت كۆرسىتىپ ، «بوشلۇقتا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ياشاش» داۋاملىشىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، «بوشلۇقتا مېڭىش» جۇغلانما ئارىلىغى ئەڭ يىراق بولۇشتەك دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقان.

## پەلەك شاهزادىسى ئادىل هوشۇر داردا ئىككى دۆلەتنى كېسىپ ئۆتتى

**2015 ـ 10 ـ 03 11:08:20** تە ئادىل هوشۇر جۇڭگو قورغاس خەلقئارا چېگرا هەمكارلىق مەركىزىدە نەچچە مىڭ تاماشىبىنغا دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولغان دارۋازلىق سەنئىتى ـ بوشلۇقتىكى پولات ئارغامچىدا ماھارەت كۆرسەتتى .



قورغاس خەلقئارا چېگرا هەمكارلىق مەركىزى جۇڭگو قازاقىستان ئىككى دۆلەت ئېغىزىدىكى چېگرا ئاتلىغان ئىقتىسادىي سودا رايونى ۋە رايون هەمكارلىق تۈرى ، جۇڭگو باشقا دۆلەت بىلەن قۇرغان تۇنجى خەلقئارالىق چېگرا هەمكارلىق مەركىزى ، بۇ قېتىملىق ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى هەمكارلىق مەركىزنى تۇتاشتۇرۇش لىنىيەسى هېساپلىنىدۇ . ئىگىلىنىشچە ، ئادىل هوشۇر داردا ماڭغان سىمنىڭ ئۇزۇنلىغى **80** مېتىر ، ئېگىزلىگى **21** مېتىر بولۇپ ، گەرچە قىيىنلىق دەرىجىسى ئادىل هوشۇرنىڭ ئىلگىرىكى دارۋازلىق ماھارەت كۆرسىتىشى بىلەن پەرق مەۋجۇت بولسىمۇ ، بۇ قېتىم يەنە بىر رېكورت ياراتقان ، ئۇ بولسىمۇ تۇنجى قېتىم داردا ئىككى دۆلەتنى كېسىپ ئۆتكەن .

دارۋازلىق ئۇيغۇرلارنىڭ **2000** يىل بولغان سىرك سەنئىتى بولۇپ ، ئادىل هوشۇر دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد ۋارىسى ، ئىلگىرى بەش قېتىم دۇنيا جىنس رېكورتىنى ياراتقان .

ئۇ نۆۋەتتە ، **17** ـ ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن تۇنجى قېتىم پولات سىمدا سىناق تەرىقىسىدە مېڭىپ، سەددىچىن سېپىلىغا غەلىبىلىك هالدا جەڭ ئېلان قىلدى . چۈشتىن كېيىن سائەت **14:00** دە، سەددىچىن سېپىلىدىكى خۇڭيا جىلغىسىدا پەيدا بولۇپ ، **4** ـ **5** بال شامالغا قارىماستىن ، پولات سىمدا قوغدالمىغان هالەتتە سىناق تەرىقىسىدە ماڭدى . ئۇنىڭ هەر ـ بىر قەدەمى ئىنتايىن سالماق بولۇپ ، پات ـ پات قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان هەرىكەتلەرنى ئىشلەپ قويدى .

## ئادىل هوشۇر تۇرپاندا دۇنيا رېكورتىغا جەڭ ئېلان قىلىپ يېڭى رېكورت ياراتتى

ئادىل هوشۇر ئىلگىرى بوشلۇقتا مېڭىشتا بەش قېتىم دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىغان. بۇ قېتىم ، تۇرپان بۈيلۈقتىكى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونىدا ئۇزۇنلىغى **1650** مېتىر كېلىدىغان پولات سىمدا قىيىنلىق دەرىجىسى ئالاهىدە يۇقىرى بولغان ئۈچ تۈرلۈك بوشلۇق ماھارىتىنى كۆرسىتىپ ، دۇنيا رېكورتىغا جەڭ ئېلان قىلدى .

بۇنىڭ بىرى ، تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى هالەتتىكى دارۋازلىق ماھارىتى؛ ئىككىنچىسى پولات سىمنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى هالەتتىكى دارۋازلىق ماھارىتى؛ ئۈچىنچىسى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن نۇقتىدىكى دارۋازلىق ماھارىتى .

پائالىيەت **16:00** دە باشلانغان بولۇپ ، بۇ چاغدا تۇرپاننىڭ تېمپېراتۇرىسى **40**℃ قا يېتىش بىلەن ، ئاپتاپقا قاقلانغان پولات سىمنىڭ تېمپېراتۇرىسى **50**℃ تىن ئېشىپ كېتەتتى . ئەمما ئادىل هوشۇر ماھارەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشتى.

# ئادىلجان ياسىن



دۆلەت دەرىجىلىك ئۈچ تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن دارۋاز ۋارىسى ئادىلجان ياسىن قەشقەر ۋىلايىتى مەكىت ناھىيىسى تۆمەنتال يېزىسىدا سېرىكچىلەر ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. ئادىلجان كىچىكىدىنلا سىمدا مېڭىشنى باشلىغان بولۇپ، 2003-يىلى ئىككى يېرىم يېشىدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن دارۋازلىق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ «دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك دارۋاز» دېگەن نامغا ئېرىشتى. شۇ يىلى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىسى ئۆتكۈزگەن «جەڭ ئېلان قىلىشنى خالامسىز» پروگراممىسىغا قاتنىشىپ ئۇدا بەش يىل جۇڭگو ۋە چەتئەلدىكى پولات سىمدا مېڭىش تۈرىدىكى ئەڭ كىچىك دارۋاز دېگەن نامنى ساقلاپ قالدى، 2004-يىلدىن 2006-يىلغىچە ئايرىم-ئايرىم ھالدا جۇڭگونىڭ بېيجىڭ، خېنەن، شېنجېن شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دارۋازلىق مۇسابىقىسىدە ئۇدا بىرىنچى بولۇپ شان-شەرەپ قۇچتى ۋە ھەر قايسى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا ماھارەت كۆرسىتىپ ئۇيغۇر دارۋازچىلىقىنى جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە تونۇتۇشقا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشتى...

ئادىلجان ئۆز نەتىجىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ يېنىدا ئاتا يوللۇق تاغىسى، تەلەپچان ئۇستازى، كۆيۈمچان مەشقاۋۇلى نۇر ئېلى تۇرغۇن بار ئىدى. توغرا بۇ تەلەپچان ئۇستاز ئادىلجاننىڭ كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ پارلاق نەتىجىلىرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرىپ قىلدى. ئادىلجانمۇ ھەم ئۇستازىنىڭ ھەم ۋەتەن ۋە خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى ئۈچۈن جاپا-مۇشاقەتلەرگە باش ئەگمەي پۈتۈن كۈچى بىلەن مەشقىنى داۋاملاشتۇردى.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتتى. ھازىر ئالتىنچى قولتۇق (六道湾) تەرەپتىكى ئالمىلىق باغدا ئۆيۈن قويۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مەشىق ۋاقتى ھەركۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11:00 دە باشلانسا كەچ سائەت 5:00 تە ئاخىرلاشتى. بەزى كۈنلىرى ھەتتا ئۇنۇڭدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. لېكىن ئۇ ۋايسىمىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئاللاقاچان يۈكسەك ئارزۇلار ئىگەللىگەن ئىدى. جاپالىق مەشىق، توختىماي تىرىشىشتىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئاخىرى دۇنيا سىم ئۈستىدە ياشاش رىكورتىغا جەڭ ئېلان قىلدى.

ئادىلجاننىڭ يېڭى رىكورت ياراتماقچى بولغان سىم ئۈستىدە ياشاش ۋاقتى 80 كۈن، جەڭ ئېلان قىلىش ۋاقتى دۇنيا بويىچە سىم ئۈستىدە ياشاش تۈرىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن بىر قېتىملىغى بولۇپ، جىسمانى كۈچ ۋە يوقىرى بولغان بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ھەمدە چىدامچانلىق روھىنى تەلەپ قىلاتتى.

جەڭ ئېلان قىلىش داۋامىدا ئادىلجان يەنە يېڭى تۆرلۈك رېكورت سىم ئۈستىگە ئورۇندۇق قويۇپ، ئورۇندۇق ئۈستىدە 10 مىنۇت ئۆرە تۇرۇش رېكورتىنى ياراتماقچى، بۇ تۈرنىڭ خەتىرى چوڭ شۇنداقلا ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئەڭ يېڭى تۈر ئىدى. ئادىلجان بۇ كۈننى كۈتىۋاتقىلى قانچىلىك ئۇزۇن بولدى ھە؟ ئۇ تىرىشتى. توختىماي تىرىشتى. مۇشۇ تۈر ئۈچۈن بەش يىل تەر ئاققۇزدى. ئاخىرى ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن يول ئېچىلدى. تاغىسى نۇر ئېلى تۇرغۇن ئۇنىڭ ئىزچىل يول باشچىسى شۇنداقلا مەدەتكارى بولدى. نۇرغۇنلىغان تەييارلىقلار ۋە پىلانلاشلاردىن كېيىن ئادىلجان جەڭ ئېلان قىلماقچى بولغان سىم ئېگىزلىگى 13مىتىر قىلىپ بېكىتىلىپ، شىنجاڭدىكى 13 مىللەتكە سىمۋول قىلىندى. سىمنىڭ ئۇزۇنلىغى 56 مىتىر قىلىنىپ، جۇڭگودىكى 56 مىللەتكە سىمۋول قىلىندى. شۇنـ ـداقلا بۇقېتىمقى جەڭ ئېلان قىلىشنىڭ ئادىل، ئۇچۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن بۆرچىن ناھىيەلىك گۇۋاھلىق بېرىش ئىشخانىسى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى.

جەڭ ئېلان قىلىش ۋاقتى 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ22 ـ كۈنى شىنجاڭ ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 10 دا سىمغا چىقىپ 2016 ـ يىلى9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سىمدىن چۈشۈش مۇقىملاشتى . پائالىيەت ئورۇنلاشتۇ ـ رۇلغان ئورۇن بولسا ئالتاي ۋىلايىتى بۇرچىن ناھىيىسى ئاق كۆنگەي تاش ئادەم ساياھەت مەنزىرە رايونى .

ناھايىتى رۇشەنكى ، ھەربىر دەۋرنىڭ قەھرىمانى بولىدۇ . شۇنداقلا ئاشۇ قەھرىمانلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى بىلەن تىكلىگەن ئابىدىسى خەلقنى غۇرۇرلاندۇرىدۇ ، پەخىرلەندۈرىدۇ ھەمدە ھارغىن روھىغا كۈچ ۋە مەدەت بېغىشلايدۇ . مىللىتىمىزنىڭمۇ بۇخىلدىكى قەھرىمان ئوغۇل ـ قىزلىرى باشقا ھەرقانداق مىللەتلەرنىڭكىدىن كۆپ بولسا بولىدىكى ھەرگىزمۇ كەم ئەمەس . يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەرخىل تۈرلەر ئارقىلىق ئۆز جاسارىتى ۋە تەۋەككۈلچىلىك روھى بىلەن تۈرلۈك خەتەرلەرگە دادىل يۈزلىنىپ مىللىتىمىزگە شان ـ شەرەپ بېغىشلاپ كەلگەن باھادىر ئەزىمەتلىرىمىز ھېلىھەم توختاپ قالغىنى يوق ، شۇنداقلا توختاپ قالمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقىمۇ بۇنداق ئەزىمەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق شۇنداقلا ئۇنتۇپ قالمايدۇ . . .

10 نەچچە يىللار مۇقەددەم ئەمدىلا ئىككى يېرىم ياشقا كىرگىنىگە باقماي ، پۇلات ئارغامچا ئۈستىدە تۈرلۈك ماھارەتلىرى بىلەن يەردە ماڭغاندەك مېڭىپ خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشقا ئېرىشكەن ، جۇڭگونىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا نۇرغۇنلىغان كۈرۈرمەنلەرنىڭ قايىللىغىنى قوزغىغان ، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ باش بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ پەخىر ـ لىنىش تۇيغۇلىرىنى ئويغاتقان شۇنداقلا مىللىتىمىز ئىچىدە تۇنجى بولۇپ «دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك دارۋاز» دىگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن شۇنداق بىر پىرسوناژ دەل دولان دىيارىدىن چىققان تۆتىنچى ئەۋلات دارۋاز ۋارىسى ئادىلجان ياسىندۇر .

بىرچاغلاردا كۆزلىرىدىن سەممىلىك ۋە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ مەردانە بالىنىڭ ئۇبرازى ۋە ياراتقان نەتىجىلىرى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قايتىدىن قاراپ چىقىشنى شۇنداقلا پەرزەنت تەربىيىسىگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئۆگەتكەن بولسا ، كىچىكلەرگە نىسبەتەن دىللىرىغا شان ـ شەرەپ روھىنى تىكلەپ ، ھاياتقا تەۋەككۈلچىلىكنى، ئىزچىللىق ۋە جاسارەتنى يېتىلدۈرۈش سىناقلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى . شۇچاغلاردىكى بىر قىسىم مەسئۇلىيەتسىز ئاتا ـ ئانىلار ئۆز تەربىيىسىنىڭ ۋەزنىنى ئۆلچەش تۇغۇل پەرزەنتلىرىنى يارىماسقا چىقىرىپ بەزى ئائىلە ماجىرالىرىمۇ كېلىپ چىقىپ ئۆلگۈرگەن ئىدى . . .

يىللار نىمە دىگەن تېز ئۆتىدۇ ھە؟ مانا ھەش ـ پەش دەپ بولغۇچە ئەينى يىللاردىكى يۈزلىرى يۇمۇلاق ، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان كىچىككىنە ئادىلجان يىللارنى كەينىگە قالدۇرۇپ ، ئۇن ـ تىنسىز جاپالىق مەشقلىرىنى داۋاملاشتۇرغانچە چوپ ـ چوڭ يىگىت بۇلۇپ قالدى .

ئاپىرىن جاسارەتلىك ئوغلان!

# ئارسلان



«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» ، «يۇلتۇزلار يۇرتى» ، «كىندىك قېنىم تامغان ماكان» قاتارلىق داستان ، شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ئىقتىدارلىق شائىر ئارسلان 1950 ـ تۇغۇلغان ، 1996 ـ يىلى ۋاپات بولغان . ئۇ ئەسەرلىرىدە باشتىن ـ ئاخىر ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى مۇھىم ئورۇندا قويغان بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى تېخىمۇ بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئەۋلادلىرى قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن

ئالغان .

# ئاشۇر ئاخۇن غەرىبى

ئاشۇر ئاخۇن غەرىبى 1833 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خوتەندە ياشىغان . ئۇنىڭ «ئەمىر ئەلى» ناملىق بىر داستانى بار بولۇپ ، داستاندا فېئودال مۇستەبىت ياقۇپبەگنىڭ مىلادى 1870 ـ يىلى «يەتتە شەھەر» لەشكەرلىرىنى باشلاپ تەگرى تاغلىرىدىن ھالقىپ ، ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان بىھۇدە ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن . شائىر بۇ ئەسىرىدە 1864 ـ 1867 ـ يىللىرى ئۆتكەن ئىزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھۆرلۈك ، ئەركىنلىك ۋە ئادالەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەققانىي ھەرىكەتلىرى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن . ئۇ مېھنەتكەشلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئوبرازلىق يوسۇندا ئىپادىلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشىنى چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلغان . شائىرنىڭ خىيانەتچى ۋە مۇناپىقلارنى ئېپىپلاپ يازغان ئوتلۇق شېئىرلىرى ھېكمەتلىك سۆزلەردەك چىققان . شائىرنىڭ تولۇق ئىسمى ئاشۇر (ئوشۇر) ئاخۇن ئىبىن ئىسمايىل ئىبنى مۇھەممەد (غەرىبى).

## ئالپ ئەر تۇڭا(ئاپراسىياپ)

ئۇنتۇلماس شۇ ئاپراسىياپ ئالىپ ئەرتۇڭا،
قەدىم ئەجدات بوۋىمىزدۇر يادلايمىز شۇڭا.
كۆپ ئەسىرلەردىمۇ ئەجدادىمىز سانالغان،
(شاھنامە)دە ئاپراسىياپ دەپمۇ ئاتالغان.
بەشكىرەمدىكى خانئۆي شەھرى خارابىسى،
پايتەختى ئىكەن ئۇنىڭ تارىخ يالدامىسى.
زاماندىش ئىكەن ئۇ مۇسا پەيغەمبەر بىلەن،
ئەجدادىمىزنى قۇدرەتلىك قىلغانىكەن تىمەن.
(ئەل تۇران)نى دائىم ياۋدىن قوغداپ ھارمىغان،
كۈچى تۇرۇپمۇ تاجاۋۇز قىلىپ باقمىغان.
شۇڭا ئۇ ئۆلگەندە ئەجدات ئەل ئاۋام يىغلاپ،
قوشاقلار توقۇپ مەرسىيە ئوقۇشقان جىقلاپ.

ئالىپ ئەرتۇڭانى قاراخانىلار سۇلتانلىرى ئىزچىل ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ قاراپ كەلگەن. تارىخىي مەنبەلەردە باتۇر تۇمارىس ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ چەۋرىسى دېيىلگەن.«ئەمىر تۆمۈر كورەگان ھەققىدە قىسسە» دىگەن كىتاپتا ئالىپ ئەرتۇڭا مۇسا پەيغەمبەر بىلەن زاماندىش ، دېيىلگەن. نۇھ ئەلەيھىسسا ـ لامدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە مىڭ يىل ئۆتكەن . ئىبراھىم ئەيھىسسالامدىن ھازىرغىچە بەش مىڭ يىل ئۆتكەن . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن 2500 يىلدىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام كەلگەن . يەنە 500 يىلدىن كيىن ئىسا ئەلەيھىسسالام كەلگەن . يەنە 600 يىلدىن كيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن .

قەدىمكى يۇنان ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە كەيخىسراۋ تۈركىي خەلقلەر ئەجدادى بولغان سكىف ھۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com



رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كەيخسراۋ تۈركىي خەلقلەر ئەجدادى بولغان سكىفلارنى ئۇرۇش ئارقىلىق مىدىيە (ئىران)دىن ھەيدەپ چىقىرىشقا ئامالسىز قېلىپ ، ئاخىردا ھىيلە ئىشلىتىش ۋاستىسىنى تاللىغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سكىفلار يولباشچىسى مەدىنى سۈلھى بىلەن يارىشىش زىياپىتىگە چاقىرىپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن. نەتىجىدە سكىفلار پارچىلىنىپ ، بىر قىسمى ھالاك قىلىنغان بولسا ، يەنە بىر قىسمىنى مىدىيىلىكلەر ئۆزلىرىگە قوشىۋېلىپ ، ئۇلاردىن خاس قوشۇن تەشكىللىگەن . ئەسىرگە چۈشكەن سكىف جەڭچىلىرى مىدىيىلىك ياشلارغا ئوقيا ئېتىش ۋە ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق ئۇرۇش ماھارەتلىرىنى ئۆگەتكەن . رۇس تۈركولوگلىرىدىن س.يۇ.نېكلىيۇدوۋنىڭ دەلىللىشىچە ، تۈركىي خەلقلەر تىل بايلىغىدىكى ئېر (ئەر) ، ئېرلىك ، خان ، بەگەتۇر ، مەئەدىر ، باتۇر ، پەخەتۇر ، كۈچۈ ، بەگۈ ، بۆكە ، مەرگەن قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى كۈچلۈكلۈك ، باھادىرلىق ۋە قەھرىمانلىق مەنىلىرىنى بىلدۈرگەن .

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمان تىمسالىغا ئايلانغان ئالىپ ئەرتۇڭا تارىخىي شەخس سۈپىتىدە مەدىنىڭ ئومۇملاشقان بەدىئىي ئوبرازى بولۇپ ، ئەمىلىيەتتە ئالىپ ئەر بىلەن مەدى بىر كىشى ئىسمىنىڭ ۋارىيانتلىرىدۇر . مەدى-مەئەدىرنىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ ، ئۇباھادىر (ئالىپ ئەر) دېگەن مەنىنى بىلدۈردۇ ۋە ھازىرقى توۋا تىلىدا ئەينەن «مەئەد»شەكلىدە قوللىنىدۇ. تۈركىيەلەردە «م» بىلەن «ب» ئالمىشىدۇ. مەسىلەن: بايرام-مەيرەم، بويۇنچاق-مويۇنچاق...دېمەك، مەئەدىر-باھادىر ئالىپ ئەر مىلادىدىن ئالدىنقى 7-ئەسىردە ياشىغان تۈرك خاقانىنىڭ ئىسمى بولۇپ ، بۇ جاسارەتلىك پادىشاھ مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەرلىرىدە ئالىپ ئەرتۇڭا ساپ تۈركچە ئىسمى «دۇكۇخان» دەپ ، پارس ئەدەبىياتىدا ئەپراسىياپ نامى بىلەن تەسۋىرلەنگەن . «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»تە ئالىپ ئەرتۇڭا ئوبرازى يارىتىلغان داستانىنىڭ پارچىلىرى ساقلانغان .

ئۇ ئەقىللىق ، تەدبىرلىك ۋە بىلىملىك خاقان بولۇپ ، ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئەينى زاماندا ئۆز قەۋمى ئارىسىغا كەڭ تارقاتقان . ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ»تە ئۇنىڭ ئاتىلار سۆزلىرىگە ئايلانغان ماقالىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان . داستاندىكى «ئۇلۇغ خان»(85-بېيىت) ، «تاغ يۈرەك جەسۇر ئەر»(2337-بەت) ، «توڭا» (1409-، 2482-بېيىت) ، «بۆكە» (5523-، 5043-بېيىت) ، «ئۈچ ئورداخېنى» (5569-بېيىت) ، «ئېلچى ئۇلۇغ» (5884-بېيىت) قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن كەلتۈرۈلگەن ھېكمەتلەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى خاقانلىرىغا جۈملىدىن دۇكۇخان(ئالىپ ئەرتۇڭا)غا ئىشارە قىلىنغان بولۇپ ، پەيلاسوپ شائىر ئەسەردە «ئەللەر بېشى»(3172) بولغان بۇ قەھرىمان خاقانغا مۇنداق مەدھىيە ئوقۇغان:

276. بۇ تۈرك بەگلىرىگە سېلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.
277. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تۇڭائالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.
278. ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىلەتلىك دىلى،
بىلىملىك،ئەقىللىق، خەلقنىڭ خىلى.
279. ئىدى ئۇ سەرخىل، زېرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زېرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران.
280. تاجىكلار دەيدۇ ئۇنى ئەپراسىياپ،
بۇ ئەپراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.
283. ئەجەپ ياخشى ئېيتقان جەسۇر باتۇر ئەر،
جاسارەتلىك ئەر چىڭ تۇگۈننى يېشەر.

پارس-تاجىك ئەدەبىياتىدا كەيخسراۋ ۋە ئاپراسىياپقا ئائىت ئونلاپ ئەپسانىلەر تۈركۈمى يارىتىلغان . ھەتتا پىردەۋسى «شاھنامە»دە قەدىمكى مىدىيە بىلەن سكىفلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز-ئارا

ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقلىرىنى كەڭ سەھىپە ئاجىرىتىپ تەسۋىرلىگەن . مىدىيە ھۆكۈمدارىنىڭ سىكىفلار خاقانى مەدىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشگە ئائىت تارىخىي ۋەقەلەر كېيىنچە تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«ماناس» ۋە «ئالپامىش» داستانلىرىدىمۇ ئالپ ئەرتۇڭا توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئەسلىتىدىغان ۋەقەلىك ماتىفلىرى بار. تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا كەڭرى تارقالغان ئالپ ئەرتۇڭا نامىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە ئاناتولىيە تۈركلىرى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «ئالپ ئەرتۇڭا» داستانىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسرىدە ساقلانغان مەرسىيەلەردە مەزكۇر پاجىئە قايغۇلۇق بىر كەيپىياتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

تۈرك قەدىمشۇناسى رەفىق ئازدېك يۇقىرىقىدەك تۈرلۈك مەنبەلەر ئاساسىدا ئالپ ئەرتۇڭا داستانىنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل نۇسخىسىنى تىكلىگەن بولۇپ ، بۇ تەتقىقات ئالىمىنىڭ «تۈركلەرنىڭ ئالتۇن كىتاۋى» ناملىق ئەسرىگە كىرگۈزۈلگەن . تۆۋەندە داستاننىڭ تولۇق تېكىستىنى ھۆزۈرۇڭلارغا سۇنىمەن:

### «ئالپ ئەرتۇڭا»داستانى

ئالپ ئەر تۇڭا دېگەن خاقان بار ئىدى،
ئۇڭا زامان ۋە كۆكيۈزى تار ئىدى.

تۇغ ئەيلىگەندى ئۇ قۇياشنى كۆككە،
دانالىقتا تەڭسىز،جاھاندا يەككە.

كۆك تۈركلەر، ئۇيغۇر، قارلۇق، قارىخانلىق،
يەنە دېسەڭ تۈركلەر ئىنساپ ـ ئىمانلىق.

ئۇنى ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىشقان،
زەپەر شۆھرىتىنى ھەريان يېيىشقان.

بەندىلىگىنى بېجا كەلتۈرگەچ خاقان،
ئەل ـ يۇرت كۆك لىباسقا پۈركەندى شۇئان.

قەۋم سېغىنىش بىلەن نامىنى يادلاپ،
قالدى ياقا يىرتىپ ۋە چەكتى ئەپغان.

تۇران بىلەن ئىراندىن ئىبارەت ئىككى ئەل بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىدى. ئىران مەملىكىتىنىڭ تەختىدە مانۇ چېھر، تۇران ئۆلكىسىنىڭ تەختىدە بولسا ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ئاتىسى پېشاڭ ئوغلى ئالپ ئەرتۇڭاغا: «پارسلار بىزگە كۆپ ۋەيرانچىلىقلار كەلتۈرگەن ، ئەمدى تۈركنىڭ ئۆچ ئالىدىغان پۇرستى كەلدى» دېدى . ئالپ ئەرتۇڭامۇ ئۇزۇندىن بىرى شۇنداق ئويلاپ يۈرگەن ئىدى . شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن: «ئارسلان بىلەنمۇ ئېلىششقا تەييارمەن ، ئىراندىن ئەلۋەتتە قىساس ئالىمەن» دېدى . شۇڭا ئالپ ئەرتۇڭا جەڭگە تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى . لېكىن پېشاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئالپ ئارىز پارسلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىمايتتى . ئالپ ئەرتۇڭا ئارسلاندەك ياللىق ، گويا سەرۋى دەرىخىدەك قامەتلىك ئىدى . ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


دۈشمەنگە تىمساختەك تاشلىناتتى ، شىكاردا بۆرىدەك چاققان ، جەڭ ۋاقتىدا پىلدەك قۇدرەتلىك ئىدى . يول يۈرگەندە يەرلەر گۈرۈسلەيتتى ، ئوق ئاتقاندا زېمىن لەرزىگە كېلەتتى . ئۇ غەزەپلىنىپ جەڭگە كىرگۈدەك بولسا قەدەم قويغان جايدىن چوڭقۇرلۇق ، تۆككەن قېنىدىن ئېقىن پەيدا بولاتتى . دوستلىرىغا ئۈمىد ۋە سائادەت بەخش ئەتكۈچى تىلى دۈشمەنلىرى ئۈچۈن زەھەرلىك قىلىچنىڭ ئۆزى ، دانالىقتا ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كىشى يوق ئىدى . كۆڭلى دەريادەك كەڭ ، قولى يامغۇر تۆككۈچى باھار بۇلۇتلىرىدەك ئوچۇق ئىدى . ئاتىسىنىڭ ئىسمى پېشاڭ بولۇپ ، ئۇنىڭ قەۋمىمۇ ئاتىسىنىڭ قەۋمىدەك تۈرك ئىدى . ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ئوغۇل ۋە قىزلىرى بولغان . قىزلىرىنىڭ بىرى غازدەك چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن قاز (غاز) دەپ ئىسىم قويۇلغان ئىكەن . ئاتىسى ئۇنىڭغا ئاتاپ ، ئىلى دېڭىزىغا قۇيىلىدىغان چوڭ بىر دەريانىڭ قىرغىقىغا قەلئە ـ ساراي سالدۇرغان ئىدى . قاز (غاز) بۇ يەردە بەختىيار ئۆزۈپ يۈرەتتى . شۇ سەۋەپتىن تۈركلەر بۇ دەريانى «قاز سۇيى»دەپ ئاتاشقان . كېيىن قاز ياشىغان ۋە ئەركىن ئۆسكەن بۇ ماكان شەھەرگە ئايلاندى . شەھەرگە «قاز ئۆيىنى»نامى بېرىلدى ، بۇ ھازىرقى قازۋىن شەھىرىدۇر...

ئالپ ئەرتۇڭا ئۆز قوشۇنى بىلەن ئىران تەرەپكە راۋان بولدى . ئىككى ئەل لەشكەرلىرى دېھىستان دېگەن جايدا توقۇنۇشتى ، شۇيەردە تۈرك جەڭچىلىرىدىن بارمان ئىسىملىك يىگىت ئېتىنى مەيدانغا چاپتۇرۇپ كىرىپ پارسلار بىلەن يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇنىڭ بىلەن جانبازلىق قىلىشقا پارس قوماندانىنىڭ ئىنىسى قۇباد سۇرەن ـ چوقان بىلەن كىرىپ كەلدى . ئىككى باھادىر تا ئەتتىگەندىن شامغىچە قىلىچۋازلىق قىلىشتى . ئاخىرىدا بارمان قۇبادنى يەر چىشلىتىپ ، ئالپ ئەرتۇڭا ھۇزۇرىغا غەلىبە بىلەن قايتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئەل قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا گىرەلەشمە جەڭ باشلاندى . شۇنداق شىددەتلىك ئۇرۇش بولدىكى ، ئۇنى تەرىپلەشكە قەلەم ئاجىزدۇر... بۇ جەڭدە ئالپ ئەرتۇڭا زەپەر قۇچتى . جەڭ مەيدانىدا پارسلارنىڭ ئۆلىگى تاغدەك دۆۋىلەندى . ئىران پادىشاھى چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ ، دېھىستان قەلئەسى تامان يول ئالدى . ئالپ ئەرتۇڭا قەلئەنى قورشاپ ، رەقىپ پادىشاھنى ئەسىرگە ئالدى . ئارقىدىن ئىران بىلەن بىر مەۋقەدىكى قابۇل دۆلىتىنىڭ قەھرىمانلىقتا نامى يىراق ـ يېقىنغا پۇر كەتكەن پادىشاھى زال پارسلارغا ياردەمگە كەلدى . ئۇ تۈرك قوشۇنلىرىنى بىر ھۇجۇم بىلەن تارمار كەلتۈردى . بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئالپ ئەرتۇڭا قولىدىكى پارسلار شاھىنى قەتل قىلدى . ئەمما ئۇكىسى ئالپ ئارىز بىر قىسىم ئەسىرلەرنىڭ قېچىپ كېتىشىگە قاراپ تۇردى ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە قارشى چىقىپ سارى شەھىرى تامان تىرىك قويۇۋەتتى . نەتىجىدە ئالپ ئەرتۇڭا ئۇنىڭمۇ بېشىنى ئالدى ، يەنە ئۇزاق ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئالپ ئەرتۇڭا نۇسرەت قۇچۇپ ، ئىران شاھىنىڭ شاھلىق تاجىنى كىيگەن ھالدا رەي شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى . پارسلار بولسا ئۆلتۈرۈلگەن پادىشاھىنىڭ ئورنىغا زېۋ ئاتلىق كىشىنى شاھ قىلىشقان ئىدى . ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا قايتىدىن ئۇرۇش باشلاندى . ئۇزاققا سوزۇلغان قان تۆكۈشلەر جەريانىدا ئاچارچىلىق يۈزبەردى . دۈشمەنلەشكەن ئىككى تەرەپ پادىشاھى «قىرغىنچىلىق ۋە ئاچارچىلىق ئادەملەرنىڭ نەسلىنى قۇرۇتمىسۇن»دېگەن مەقسەتتە سۈلھى تۈزۈشكە رازى بولۇشتى . نەتىجىدە ئىراننىڭ شىمالىدىكى ۋىلايەتلەر تۇرانغا ئايرىپ بېرىلدى . ئىران پادىشاھى زېۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى شەرتنامە بۇزۇلۇپ ، ئالپ ئەرتۇڭا قايتا ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى . پارسلار ئەمدى زالدىن ياردەم سورىدى . ئۇ قېرىپ قالغانلىغى سەۋەبىدىن مەردۇ ـ مەردانىلىقتا ئۆزىدىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان ئوغلى رۇستەمنى جەڭگە ئەۋەتتى . ئاقىۋەتتە زال ئوغلى رۇستەم تۈركلەرنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى . بۇ ئىران تەختىگە كەيقاباد ئولتۇرغان دەۋرلەر ئىدى . رۇستەم بىر ھۇجۇمدىلا 1160 نەپەر باھادىر تۈركنى يوقاتقانلىغى ئۈچۈن ئالپ ئەرتۇڭانىڭ غەلبىگە كۆزى يەتمەي ، ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلدى . ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىتلار ئۆتتىكىن تاڭ ئىران تەختىگە كەيكاۋۇس ئولتۇردى ، بۇ ۋاقىتلاردا ئىران بېسىۋالغان ئەرەپلەر ئىسيان كۆتۈردى . ئالپ ئەرتۇڭا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئىراننىڭ ئىچكىرىسىگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى ۋە مىڭلىغان كىشىلەرنى ئەسىر ئالدى . ئەمما قابۇل پادىشاھىنىڭ ئىرانغا ياردەم بېرىشى بىلەن تۈركلەر مەغلۇپ بولدى . ئۇرۇشتىن كېيىن رۇستەمنىڭ ئىتىپاقداشلىرى بىلەن مەخپى كېلىشىپ، جەڭگە تەييارلىنىۋاتقانلىغى مەلۇم بولدى. دۈشمەننىڭ مەقستىنى

بىلگەن ئالىپ ئەرتۇڭامۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى مەشقلەندۈرۈشكە باشلىدى . لېكىن ئۇ شۇ پەيتتە يامان چۈش كۆرگەچكە، بەگلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئىران بىلەن سۈلھى تۈزدى . شەرت بويىچە سەمەرقەند، بۇخارا ۋە چاچ شەھەرلىرى پارسلارغا تەۋە بولدى . ئۇشبۇ كېلىشىمگە رازى بولمىغان كەيكاۋۇس ئوغلى سىياۋۇش ۋە رۇستەمگە غەزەپلەندى. نەتىجىدە رۇستەم قېيداپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى ، سىياۋۇش بولسا تۈركلەرنىڭ پايتەختى گەڭ شەھىرىگە بېرىپ ئالىپ ئەرتۇڭادىن پاناھلىق تىلىدى . سىياۋۇش دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ھەقىقىي تۈركىي كىشىدەك ، ئۆزىنى ئۇلارغا يېقىن قىلىپ كۆرسەتتى ۋە ئۇ يەردە تۈرك باھادىرلىرىدىن پىراننىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەندى ، پەرزەنت كۆردى ۋە ئۇنىڭغا كەيخسراۋ دەپ ئىسىم قويدى . يەنە بىر مۇدەتتىن كېيىن سىياۋۇش ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ گۈزەل مەلىكىسى فەرەنگىز بىلەن توي قىلدى . ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بىر تەرەپتىن تۈرك ئۇدۇملىرىنى مەنسىتمىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركلەرگە پايدىسىز سىياسى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا ئالىپ ئەرتۇڭا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . بۇ قېتىم سىياۋۇش ئۈچۈن قىساس ئېلىش مەقسىتىگە كەلگەن رۇستەم قايتىدىن قوشۇن تەشكىللەپ ، ھۇجۇمغا ئاتلاندى ۋە تۈركلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى . ئۇرۇشتا ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئوغلى سەركە ئۆلۈپ ، تۇراننىڭ بىرقانچە شەھەرلىرى بۇلاپ ـ تالاندى ۋە كۆيدۈرۈلدى . ئالىپ ئەرتۇڭا قانلىق كۆزياشلىرىنى تۆكۈپ ، تۇران ئۈچۈن قىساس ئېلىشقا قەسەمياد قىلدى . ئۇ ئىرانغا قىلغان قەھرلىك ھۇجۇملاردا ئىكىنزارلىقلارغا ئوت قويۇپ ، قىرغىنچىلىق قىلدى ۋە سان ـ ساناقسىز ئادەملەرنى ئەسىرگە ئالدى . يەتتە يىل داۋاملاشقان ئاچارچىلىقتىن پارسلارنىڭ كۆپىنچىسى قىرىلىپ تۈگىدى .

كېيىنكى زامانلاردا ئالىپ ئەرتۇڭا بىلەن رۇستەم ئوتتۇرىسىدا پات ـ پات ئۇرۇشلار بولۇپ تۇردى ، بۇ ئۇرۇشلاردا بەزىدە تۈركلەر يەڭسە بەزىدە پارسلار غالىپ كېلەتتى . شۇنداق جەڭلەرنىڭ بىرسىدە ئالىپ ئەرتۇڭاغا ياردەمگە كەلگەن چىن خاقانىمۇ ئەسىرگە چۈشتى . شۇ پەيتلەردە ئىران تەختىنى تۇراندا تۇغۇلغان سىياۋۇشنىڭ ئوغلى كەيخسراۋ ئىگىللىگەن ئىدى . تۈركلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ئىران شاھى ئۆزىنى دۇنياۋى جاھانگىردەك ھېس قىلدى . يەنە ئىراننىڭ مەشھۇر باھادىرلىرىدىن بولغان بىجاننى يۇشۇرۇنچە تۇرانغا ئەۋەتتى . بىجان تۇران چېگراسىغا كىرىپ ئورمانلىقتا راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كەيىپ ـ ساپا قىلىۋاتقان بىر توپ قىزلارنى كۆرۈپ قالدى . قىزلار خۇددى گۈلنى ئايلىنىپ يۈرگەن كېپىنەكلەردەك ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ گۈزەل مەلىكىسى مانىجاننىڭ ئەتراپىدا ئۇسۇل ئويناپ ، ناخشا ئېيتىپ يۈرۈشەتتى . بىجان مانىجاننى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالدى ۋە ئۇنى ئۆز قەسرىگە ئېلىپ كەلدى . بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئالىپ ئەرتۇڭا غەزەپلەندى ، بىجاننى زىندانغا تاشلاپ مانىجاننى سۈرگۈن قىلدى.

ئىران پادىشاھى قەرەلىدە قايتىپ كەلمىگەن سەركەردىسىنى تېپىپ كېلىش ۋەزىپىسىنى رۇستەمگە تاپشۇردى . بۇ قېتىم رۇستەم سودىگەر قىياپىتىدە ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ سارىيىغا كەلدى . ئۇ سۈيقەست ئىشلىتىپ، پارس باھادىرىنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ بىجان ۋە مانىجاننى ئوكۇشلۇق ھالدا ئىرانغا قاچۇرىۋەتتى . رۇستەم بۇ ھيلىۋى غەلبىسى بىلەن بىر زامان جاھانغا پاتماي كەتتى . بۇنداق نومۇسلۇق ئەھۋالدىن غەمگە پېتىپ ، ۋاقىتنىچە ئۆزلەتتە ياشىغان ئالىپ ئەرتۇڭا كۆنلەرنىڭ بىرىدە بەگلىرىنى يىغىپ : «مەن سىلەرنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى خاقانىڭلار ، شۇپەيتكىچە تۇران ئىران ئالدىدا غۇرۇرلىنىپ كەلگەن . لېكىن بۈگۈنگە كەلگەندە پارسلار سارىيىمىزغىچە كېلىپ بىزگە ھاقارەت قىلدى . ئەمدى لەك مىڭ ، لەك مىڭ لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالماقچىمەن!» دېدى . شۇنىڭ بىلەن تۇران قوشۇنى جەڭگە ئاتلاندى . ئالىپ ئەرتۇڭا بولسا ئامۇ دەريا بويىدىكى قارارگاھىدا ئالتۇن كۇرسىتا ئولتۇرۇپ غەلبە خەۋىرىنى كۈتتى . ئويلىمىغاندا تالاپەت خەۋىرى كەلدى ، قېرىغان تۈركلەر پادىشاھى غەم دەرياسىغا چۆمدى . بولۇپمۇ ياش ئوغلىنىڭ پارسلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىشى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ يۈرىگىنى داغلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاقانلىق ئىختىيارىدىكى بارلىق قوشۇنلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ يەنە يۈرۈش باشلىدى . ئۇ قۇترىغان ياۋايى پىلدەك جەڭگە ئاتلاندى . قېرىپ قالغىنىغا قارىماي يەككمۇ ـ يەككە ئېلىشىپ پارسلارنىڭ تاغ يۈرەك باھادىرلىرىدىن نەچچىنى يەر چىشلەتتى . ئاقىۋەتتە كەيخسراۋنى بىرمۇ ـ بىر ئېلىششقا چىللاپ ئات سالدى . ئەمما تۇران پالۋانلىرى ئۇنىڭ ئىران

www.uyghurkitap.com



شاھى بىلەن ئۇرۇشۇشنى توسۇپ مەيداندىن قايتۇردى . كەيخسراۋ كۆچكە تولغان نەۋقىران چاغلىرى بولۇشقا قارىماي ، يارلانغان ياۋايى شىردەك ھۆركۈرەۋاتقان قېرى تۇران شاھى بىلەن ئېلىششقا پېتىنالمىدى . جەڭدىن كېيىن ئالپ ئەرتۇڭا قوشۇنى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ بېرىقى ساھىلىغا ئۆتتى ۋە بۇ يەردە قاراخانىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ بۇخاراغا كېينىرەك باشكەنت چەك شەھىرىگە قايتتى . پايتەخت چەك جەننەتتەك گۈزەل شەھەر ئىدى . تۆپىرىغىدىن مۇشكى ـ ئەنبەر تارقىلىپ خىشلىرى ئالتۇندەك پارلايتتى . ئاسمان پەلەك قەلئەلىرىدىن بۇركۇتمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيتتى ، ھەممە يەردە قايناپ تۇرغان بۇلاقلارنىڭ سۈيى بىلەن تولغان كۆللەر كۆك ئاسمان بىلەن رەڭ تالىشاتتى . ئالپ ئەرتۇڭا مۇشۇنداق راھەتبەخش جايدا تۇرۇپ چىن خاقانىدىن ياردەم سوراپ مەكتۇپ جۆنەتتى . بۇ قېتىملىق جەڭدە كەيخسراۋ بىلەن رۇستەم ئاۋۋال ئۆزلىرىنى چېكىنگەندەك كۆرسىتىپ ، كېيىن تۇران زېمىنىغا يەنە باستۇرۇپ كىردى ۋە باشكەنت چەكنى قورشىۋالدى . ئالپ ئەرتۇڭا بولسا بىرقانچە بېگىنىڭ ھەمراھلىقىدا يوشۇرۇنچە شەھەردىن چىقىپ كەتتى ۋە شۇ ماڭغىنىچە ياردەم سوراش ئۈچۈن چىن خاقانى تامان يۈردى . كېيىن خاقانى چىن نۇرغۇن قوشۇن تەييارلاپ قويغانلىقىنى بىلدۈردى . بۇنىڭدىن خەۋەرتاپقان تۈرك قەبىلىلىرى ئالپ ئەرتۇڭانىڭ بايرىقى ئاستىغا قايتىدىن يىغىلىدىغان بولۇپ تەييارلىقنى باشلىدى . ئەمما جەڭ ھارپىسىدا چىن خاقانى ۋەدىسىدە تۇرمىدى ، ئۇنىڭ كەيخسراۋ بىلەن يوشۇرۇن كېلىشىۋالغانلىقى مەلۇم بولدى . شۇ چاغدا ئالپ بەگ ئىران شاھىغا خىلۋەت جايدا ئۇنىڭ بىلەن تەنھا جانبازلىق قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ خەت يازغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ تەكلىۋى رەت قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن قوشۇنى تارقاپ كەتكەن ئالپ ئەرتۇڭا روھى چۈشكەن ھالدا زەرە دېڭىز بويىغا كەلدى . ئۇ چوڭقۇر دېڭىزدىن ئات بىلەن ئۈزۈپ ئۆتۈپ ، گەڭدىزى شەھىرىگە يەتتى . كەيخسراۋ بولسا بېھىساب قوشۇنى بىلەن ئۇنى قورشاپ كېلىۋاتاتتى . ئالپ ئەرتۇڭا تىكەندەك يالغۇز ، ئىچىشكە نە سۈيى ، يېيىشكە نە ئوزۇقى قالمىغان ھالەتتە بىچارە ئىدى . ئۇ بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ شۇم تەقدىردىن نالىدى . تەڭرىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت سوراپ ئىلتىجا قىلدى . شۇ پەيتتە غايىپتىن پەيدا بولغاندەك خۇم ئاتلىق بىرسى خۇداغا مۇراجىئەت قىلىۋاتقان بۇ ئىنسانىنىڭ ئالپ ئەرتۇڭا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى . چۈنكى تۈركچە بۇنداق چىرايلىق سۆزلەش ۋە ئىلتىجا قىلىش پەقەت ئالپ ئەرتۇڭاغىلا خاس ئىدى . خۇم تۇيدۇرماستىن ئالپ ئەرتۇڭانى تۇتىۋالدى . ھمايىسىز باتۇر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلىدى . سۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەر ئۆزلىرىنى ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ئادەملىرىدەك ، گويا ئۇنى قۇتقۇزىۋالىدىغاندەكدەك قىلىپ كۆرسەتتىيۇ ئەمەلىيەتتە تۇران شاھى قىرغاقتا يېقىنلاشقاندا تۇتىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى . ئەمما تارىختا كەيخسراۋنىڭ ئالپ ئەرتۇڭانى يارىشىش زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىپ ، زەھەرلەپ ھالاك قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار . كۆپ ئۆتمەي بۇ شۇم خەۋەر پۈتۈن تۇران ئېلىگە تارقىلىپ ، كىشىلەرنى چوڭقۇر قايغۇغا سالغان . بارچە تۈركلەر ھۆكۈرەپ ۋە ياقا يىرتىپ يىغلاشقان ، يۈزلىرىنى تىلغاپ قانلىق ياش تۆكۈپ قەھرىمان شاھى ئالپ ئەرتۇڭاغا ماتەم تۇتقان ، دەپنە مۇراسىمىدا ئادەملەرنىڭ قوشاق قوشۇپ يىغلىغان يىغىسىغا مۇغەننىيلەرمۇ قوبۇز چېلىشىپ جور بولغان ئىدى .

## ئالپ ئەرتۇڭا مەرسىيەسى

ئالپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
يامان دۇنيا قالدىمۇ،
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئەرلەر بۆرىدەك ھۆۋلىشىپ،
ياقا يىرتىپ ۋارقىرىشىپ،
ئۈننىنىڭ بېرىچە چىقىرىشىپ،
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلۇر.

زامان پۇرسەت كۆزەتتى،
ئوغرى تۇزاق ئۇزاتتى،

بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى،
قاچسا قانداق قۇتۇلۇر.

ئادەتتىن زور نەرسە يوق،
باشقا بانىلارمۇ ھەم كۆپ،
ئاتسا زامان چەنلەپ ئوق،
تاغلار بېشى يەنچىلۇر.

بەگلەر ئېتىنى ھارغۇزدى،
قايغۇ ئۇلارنى تۇرغۇزدى،
مەڭزى، يۈزى سارغايدى،
خۇددى زەپىرەڭدەك سارغىيۇر.
يېغى ئاتىن ئۆچۈرگەن،
ئوردىسىدىن كۆچۈرگەن،
ئىشنى كېسىپ بېجىرگەن،
ئەجەل ئوقى تەگدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈر.

زامان گەزدىن ئوق ئاتسا،
كىم تۇرانى قوغدىسۇن،
تاغقا تەگسە تاغ تۇگەل،
ۋادىلارمۇ يىرتىلۇر.

زامان پۈتۈنلەي ئايىندى،
ئوسول كىشىلەر تەۋرىدى،
پەزىلەت تامامەن سىرەكلەشتى،
دۇنيا بېگى يوقلىپ.

كۆڭلۈم ئىچى ئۆرتەندى،
پۈتكەن جاراھىتىم تىلىندى،
كەچمىش خاتىرەمگە كەلدى،
كۈن - تۈن ئۇنى ئىستەرمەن.

كېچە - كۈندۈز يىغلايمەن،
كۆزياشلىرىم سورىلۇر.

# ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان




قۇتلۇق بىلگە قاغاننىڭ ۋاختىدا (742 ـ 747) ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىغى قۇدرەتلىك باسقۇچقا كىردى . شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسى باش بولۇپ قۇرغان ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىغى كېيىنكى شەرقى تۈرك قاغانلىغى ( 682 ـ 744 ) بىلەن چىقىشالماي دايىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان ئىدى . قۇتلۇق بىلگە خاقان 742 ـ يىلدىن باشلاپ قارلۇقلار ۋە باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ شەرقى تۈركلەرگە قارشى كەسكىن ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى.

قارلۇقلار تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە سانىنىڭ كۆپلىگى ، جەڭگىۋارلىغى ۋە تارىخىنىڭ ئۇزۇنلىغى بىلەن مەشھۇر ئىدى . «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى رىۋايەتكە قارىغاندا، «قارلۇق» دېگەن نامنى ئوغۇزخان قويغان ئىكەن . ئۇ رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ : ئوغۇزخان غەرپكە قىلغان يۈرۈشىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ بوز ئايغىرى تاغ ئىچىگە قېچىپ كېتىدۇ . ئوغۇزنىڭ بەگلىرىدىن بىرى بۇ بوز ئايغىرنى ئىزدەپ كىتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنى تاغ ئىچىدىن تېپىپ كېلىدۇ . شۇ چاغدا ھېلىقى بەگنىڭ ئۈستى بېشىنى قار قاپلاپ كەتكەن ئىكەن . بۇنى كۆرگەن ئوغۇزخان بۇ بەگكە «قارلىق بەگ» دېگەن نامنى قويۇپ قويىدۇ ۋە ئۇنى شۇ يەردىكى قەبىلىگە بەگ قىلىپ قويىدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ بەگنىڭ قەبىلىسى ئۆزلىرىنى «قارلۇق» دەپ ئاتايدىغان بولىدۇ . «قارلۇق» دېگەن نام 8 ـ ئەسىردە ئورنىتىلغان ئورخۇن ئابىدىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ . قارلۇقلار ئۈچ قەبىلىدىن ـ بويىلا، سىبەگ، تاشلى (تاشلىق) لاردىن ئىبارەت ئىدى . قارلۇقلار ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ياشايتتى . كېيىن ئۆتۈكەن تاغلىرىغىچە سىلجىپ كېلىپ شەرقى ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولغان . قۇتلۇق بىلگە قاغان 742 ـ يىلى قارلۇقلار ۋە باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ ، شەرقى تۈرك قاغانىنى ( 740 ـ 742 )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلتۈردى . لېكىن باسمىللار ئۇستۇن كېلىپ قاغانلىق ئورنىنى ئىگىلىۋالدى . باسمىل خانى ئاسناس قاغان بولدى . ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ خانلىرى سول ۋە ئوڭ قول يابغۇلۇق مەنسەپلىرىدە قالدى . قۇتلۇق بىلگە قاغان بۇ ئىشقا زادى رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ باسمىللارنىڭ ئۇستۇنلىگىنى يوق قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى .

باسمىللار ئەڭ قەدىمقى چاغدىن تارتىپ ئۆتۈكەن تاغلىرىدا، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا، قىرغىزلارنىڭ شەرقى جەنۇبىدا ياشىغان . ئۇلار قەدىمقى چاغدا «جەدە ئاتلار» دەپمۇ ئاتالغان . تۈرك قاغانلىغى ۋاقتىدا تۈركلەر تۇدۇنلىقلارنى ئەۋەتىپ باسمىللارنى ئىدارە قىلغان . باسمىللار كېيىنكى چاغلاردا ئاستا ـ ئاستا غەرپكە ، ئاساسەن ھازىرقى جىمسار ئەتراپلىرىغا كۆچكەن . قۇتلۇق بىلگە قاغان مىلادىنىڭ 744 ـ يىلى شەرقى تۈرك قاغانى بولمىش قاغان ( 742 ـ 744 ) نى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتىدى . ئارقىدىنلا باسمىللاردىن بولغان ئاسناس قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى ۋە باسمىللارنى تولۇق بويسۇندۇرىۋالدى .

قۇتلۇق بىلگە قاغان 744 ـ يىلى شەرقى تۈركلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ، ئۆزىگە بويسۇندىغان شەرقى ئۇيغۇرلارنى ئىككى چوڭ تارماقتىن ئىبارەت 19 قەبىلىگە بۆلدى . ئۇلار ـ ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇزلاردىن ئىبارەت ئىدى .

ئون ئۇيغۇرلار

| | |
|---|---|
| 1) ياغلاقار | 6) خوغورسۇ |
| 2) قوتۇرغۇر | 7) ياغما |
| 3) بوقاسقىر | 8) ئاياۋىر |
| 4) ئاۋچاغ | 9) تورلام ۋىبۇر |
| 5) هازار ـ قاسار | 10) ئادىز |

توققۇز ئوغۇزلار

| | |
|---|---|
| 1) ئۇيغۇر | 6) چىبنى |
| 2) بايىرغۇ | 7) ئىزگىل |
| 3) خون | 8) قارلۇق |
| 4) بوكو | 9) باسمىل |
| 5) توڭرا | |

ئۇيغۇر قاغانلىغىنىڭ تارىخىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ بايان قىلىش مومكىن:

بىرىنجى باسقۇچ ـ مۇستەقىللىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ ، بۇ باسقۇچ تۇپتوغرا 100 يىل ( 646 ـ 744 ) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنجى باسقۇچ ـ ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىغىنىڭ قۇدرەتلىك بىر ئىمپىرىيە قىياپىتىدە شەرقى ئاسىيا قورۇغلىقىدا قەد كۆتۈرگەن دەۋرى بولۇپ ، بۇ باسقۇچ قۇتلۇق بىلگە قاغاندىن (مىلادىنىڭ 744 ـ يىلىدىن) تارتىپ ئالىپ بىلگە تەڭرى ئۇيغۇر قاغانىغىچە ( 825 ـ 832 ) بولغان 80 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مانا شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىغىنىڭ ھەربىي كۈچى مۇستەقىللىق باسقۇچىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇندىن 221 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇنغا كۆپەيگەن ئىدى . بۇ قوشۇن 17 ئاتلىق دىۋىزىيە ( ھەر بىر دىۋىزىيە 13 مىڭ جەڭچىدىن تەركىپ تاپقان) دىن ئىبارەت ئىدى. ئەنە شۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىغىنىڭ تېرىتۇ ـ رىيىسى شەرقتە ھازىرقى ھىنگان تاغلىرىنىڭ شەرقىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلى ۋە يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىملىرىغىچە ، جەنۇپتا سەددىچىن سېپىلىغىچە ، غەربى جەنۇپتا ئالتۇن تاققىچە ، غەرپتە

پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتە سۇغىچە تۇتاشقان ئىدى.

شەرقى ئۇيغۇرلار شەرقتىكى قىتان قومۇقلارنى ، شىمالدىكى قىرغىزلارنى ، غەرپتە تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى ۋە پەرغانە ، يەتتە سۇدىكى تۈرك خەلقلىرىنى بويسۇندۇرغان ئىدى . قۇتلۇق بىلگە قاغان **646**-يىلى تۇمىد قاغان ئورناتقان دۆلەت تەشكىلى تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى . پايتەخت قارا بالغاسۇن بولدى .

ئۇچىنجى باسقۇچ - ئۇيغۇر-ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تۈرلۈك سەۋەپلەرگە كۆرە ئاجىزلىشىپ ، قاغانلىقنىڭ سىياسى مەركىزىنى ئۆتۈكەندىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە يۆتكىگەن چاغدىكى ئون يىللىق ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئالىم ئەھەت




ئالىم ئەھەت **1973**-يىلى **6**-ئاينىڭ **14**-كۈنى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ شايار ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. **1995**-يىلى **7**-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكولتېتى ھېساپلاش ماتېماتىكىسى كەسپىنى پۈتتۈرگەن. «قوللىنىشچان ماتېماتىكا» كەسپىدە ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، **2009**-يىلى «كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشى» ماگىستېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئالىم ئەھەت، ئۇيغۇر سوفت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە يۇمشاق دېتال ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇمشاق دېتال بازىرى ئۈچۈن يېڭى ۋە قولايلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. ئۇ ئاكىسى ياسىن ئەھەت بىلەن ھەمكارلىشىپ **1997**-يىلى **6**-ئايدا «كومپيۇتېر ئىنگلىز تىلى» ناملىق كىتاۋىنى نەشر قىلدۇرغان . بۇ كىتاپتا تۇنجى قېتىم كومپيۇتېرغا ئائىت **3000** سۆز-ئىبارە ۋە ئاتالغۇنى ئېلان قىلغان . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا كومپيۇتېر ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىدىن دەرس بەرگەن . قوللىنىشچان ماتېماتىكا كەسپىدە ئاسپىرانتلىق ، يۇمشاق دېتال ئىنژېنېرلىق كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن .

ئالىم ئەھەت **20** يىلدىن ئارتۇق يۇمشاق دېتال لايىھەلەش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ ، **C/C++** ۋە **NET** . **Microsoft** پروگراممىا لايىھەلەش تىللىرىنى پىششىق بىلىدۇ . ئۇ **17** يېشىدىن باشلاپلا كومپيۇتېر پروگراممىلىرىنى تۈزۈشكە باشلىغان . **1998**-يىلى **6**-ئايدا يەنى **24** يېشىدا «ئۇيغۇرسوفت» شىركىتىنى قۇرۇپ چىققان .

ئۇ **2008**-يىلى **11**-ئايدا «جۇڭگو يۇمشاق دېتال ساھەسىدىكى **10** مۇنەۋۋەر شەخس»نىڭ بىرى بولۇپ تەقدىرلەنگەن . ئۇ غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدە مۇشۇ شەرەپكە ئېرىشكەن تۇنجى ۋە بىردىنبىر كىشى بولۇپ قالدى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە **2011**-يىلى **4**-ئايدا بېيجىڭدىكى «جۇڭگو ئىقتىساد گېزىتى» ، «جۇڭگو ياشلار گېزىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن «جۇڭگونىڭ پەخرى ، **12**-نۆۋەتلىك جۇڭگو ھازىرقى دەۋردە يېڭىلىق ياراتقان **10** مۇنەۋۋەر شەخس»نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان .

ئالىم ئەھەت **1991**-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا ۋە سىستېما پەنلىرى ئىنستىتۇتى (ئەسلىدىكى ماتېماتىكا فاكولتېتى) ھېساپلاش ماتېماتىكىسى كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان . ئۇ ماتېماتىكا كەسپىگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن سرت يەنە «كومپيۇتېر قاتتىق ۋە يۇمشاق دېتال تېخنىكىلىرى»نى ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگەن . كېيىن پروگراممىا لايىھلەشتە تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ ، **1993**-

www.uyghurkitap.com



يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسور هوشۇر ئىسلام يېتەكچىلىكىدىكى تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتناشقان . بۇ جەرياندا UDOS ئۇيغۇرچە مەشغۇلات سىستېمىسى ، كۆپ تىللىق يېزىق تەھرىرلىگۈچ، ئۇيغۇرچە تاۋۇش بىرىكتۈرۈش ۋە تونۇش سىستېمىسى قاتارلىقلارغا قاتنىشىپ ، كوللېكتىپ ھەمكارلىق روھىنى يېتىلدۈرۈپ ، يۇمشاق دېتال ئېچىشتا مول تەجرىبە ۋە ئەمەلىي قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى پۇختا يېتىلدۈرگەن . 1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن بېيجىڭ تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى (ئەسلىدىكى 9 ـ فاكولتېتى) غا كومپيۇتېر بىلىملىرىدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكولتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان . 1998 ـ يىلى6 ـ ئايدا ، ئۈرۈمچى قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر بازىرىدا ، شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ۋە قىرغىزچە يۇمشاق دېتال شىركىتى ـ ئۈرۈمچى ئۇيغۇر سوفت كومپيۇتېر شىركىتىنى قۇرغان .

**بىرىنچى:«ئۇيغۇر سوفت ئەلكاتىپ»**

1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ۋە قىرغىزچە TrueType خەت نۇسخىسىنى ياساپ «ئۇيغۇر سوفت ئەلكاتىپ» (ALKATIP) نى بازارغا سالغان . ئۇ Windows مۇھىتىدىكى تۇنجى ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ۋە قىرغىزچە فونت ۋە كىرگۈزگۈچ بولۇپ ، شىنجاڭ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ساھەسىدە يېتەكچىلىك رول ئوينىغان . ئۇنىڭ سېتىلىش مىقدارى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ ، كەڭ ئومۇملاشقان . شىنجاڭ يۇمشاق دېتال ساھەسىدە «ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتال ماركىسى» نى ياراتقان .

**ئىككىنچى:«ئۇيغۇر سوفت لۇغىتى»**

«ئۇيغۇر سوفت لۇغىتى 2005» (خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە)

«ئۇيغۇر سوفت لۇغىتى 2007» (ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە)

«ئۇيغۇر سوفت لۇغىتى 2008» (ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچە)

«ئۇيغۇر سوفت لۇغىتى» دە خەنزۇ تىلى خەت لۇغىتى، سۆزلۈك لۇغىتى ۋە تۇراقلىق ئىبارە لۇغىتى قاتارلىقلار مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن مەزمۇنلار تولۇق ، تەپسىلىي ۋە ئەتراپلىق. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر 26 نەپەر خادىمنىڭ (2001 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 2005 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە) تۆت يىللىق ئەجىر ـ مېھنەت تەرگە پۈتۈپ چىققان ئۇنىۋېرسال لۇغەت بولۇپ ، بۇ ساھەدىكى چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇردى .

**ئۈچىنچى:«ئۇيغۇر سوفت كوررېكتورى»**

ئۇيغۇر سوفت كوررېكتورى ئاخبارات ـ نەشرىيات ۋە ئىشخانا ئاپتوماتلاشتۇرۇش ساھەسىدە ، ماقالىنىڭ ئىملا سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن ، خاتالىقنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ ھەمدە خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ خادىملارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ .

بىر ماقالىگە ئادەم ئارقىلىق كوررېكتورلۇق قىلغاندا 4 ـ 5 قېتىم كۆرۈشكە توغرا كېلىدىغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا كېتىدىغان ۋاقتىمۇ كۆپ ، چىقىمىمۇ يۇقىرى بولغاندىن سىرت يەنە خاتالىقتىن ساقلانماقمۇ قىيىن . يۇقىرى ئۈنۈمدىكى ئىملا خاتالىقىنى تېپىش ۋە تۈزىتىش يۇمشاق دېتالىنى تەتقىق قىلىش ، ئادەم ئارقىلىق كوررېكتورلۇق قىلغاندىكى خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ، ۋاقىت ۋە زۆرۈر بولمىغان چىقىملارنى تېجەپ بېرىدۇ .

مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسى ، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى سوت ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ، ئۈرۈمچى شەھىرى ھەر قايسى رايونلۇق سوت ، تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ساقچىخانا ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ، بىر قىسىم نەشرىيات ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار «ئۇيغۇر سوفت ئەلكاتىپ» ، «ئۇيغۇر سوفت لۇغىتى» ، «ئۇيغۇر سوفت كوررېكتورى» قاتارلىقلارنى ئىشلەتمەكتە .

**تۆتىنچى:باشقا نەتىجىلەر**

1. «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» ژورنىلى:
ئالىم ئەھەت شىركەت قۇرغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى بازىرىنى ئېچىش ئۇچۇن تۇنجى كومپيۇتېر ھەۋەسكارلىرى ژۇرنىلى - «كومپيۇتېر دۇنياسى» نەشىردىن چىقتى . بۇ ژۇرنال 2002 - يىلى 10 - ئايدا ، «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» قا ئۆزگەرتىلىپ ، ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن داۋاملىق چىقىرىلىپ كەلدى . نۆۋەتتە ئۇنىڭ تىراژى 15 مىڭغا يەتتى .
2. لوندوندا ئىلمىي زىيارەت:
2001 - يىلى 1 - ئايدا ، ئەنگلىيە شەرقىي لوندۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى Michael C Boulter (مايكېل. س. بولتېر) ئەپەندىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن لوندۇنغا بېرىپ ، شەرقىي لوندۇن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇچ ئايلىق ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ ، ئۇنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا قاتناشتى . پروفېسسور Michael يازغان 《Extinction, Evolution and the Endof Man》 ناملىق كىتاپتا ئالىم ئەھەتنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى .
3. «2007 ھەمكارلىق» يىغىنى:
ئۇرۇمچى قارلۇق شىركىتى، ئۇيغۇر ئىجادىيەت تورى، ئامېرىكا ئالما (جۇڭگو) شىركىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە، تۇنجى نۆۋەتلىك يۇمشاق دېتال ئىجادىيەت (ھەمكارلىق 2007) يىغىنىنى پىلانلاپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭ زالىدا ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى. «ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتال ئېچىش تېخنىكىسى ۋە بازار ئىستىقبالى» ھەققىدە دوكلات بېرىپ، كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.
4. ئازسانلىق مىللەت ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتا قىلىنغان كارخانا دۆلەت «10 - بەش يىللىق پىلان» ۋە «11 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئا - لاھىدە ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتا قىلىنغان كارخانا شەرىپىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.
**بەشىنچى: ھەمكارلىق تەتقىقات تۈرلىرى:**
1. بېيجىڭ داياڭ شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ۋە قىرغىزچە تېلېۋىزىيە يېزىق سىستېمىسى.
2. ئۇرۇمچى كادىرلار ئىدارىسى ئۇنۋان باھالاش سىستېمىسى(خەنزۇچە)
3. چېڭدۇ سۇبېي شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ۋە قىرغىزچە تېلېۋىزىيە يېزىق سىستېمىسى .
4. ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى ۋە «ئالتۇن تىل» سودا شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى خەنزۇچە كىرگۈزۈش سىستېمىسى»
5. ئاپتونوم رايون رۇيلى شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن «شىنجاڭدىكى ئايرودروملاردا ئىشلىتىدىغان ئىنگلىزچە ، خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە تاۋۇش بىرىكتۈرۈش سىستېمىسى ، يەنى رادىئو ئاڭلىتىش يۇمشاق دېتالى»
6. جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ، ئۇيغۇر يېزىغىدىكى تۇنجى ATM سىستېمىسى .
7. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كېچۋاڭ شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ، ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى تۇنجى رەقەملىك تېلېۋىزىيە قوبۇللىغۇچ سىستېمىسى .
ھازىر «ئۇيغۇر سوفت» شىركىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا تەسرى بار يۇمشاق دېتال شىركەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى .

www.uyghurkitap.com



# ئالىم پۇلات

دوكتور ئالىم پولات خەلقئاراغا تونۇلغان مۇتەخەسسىس . ئۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئالىم بولۇپ، ئېلېكتىر ئېنژېنېرلىق ، دورا تەتقىقاتى ، غول ھۈجەيرە داۋالاش ئىلمى ، يۈرەك قان-تومۇر پەنلىرى ، شۇنداقلا يۈرەك زەئىپلىشىشنى داۋالاش يېڭى تېخنىكا ۋە ئىستىراتېگىيەسى قاتارلىق پەنلەردە خەلقئارادا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ، ئىنسانىيەت ۋە مىللىتىگە تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان نەتىجىلىك ياشلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان ئالەمگە مەشھۇر ئون ئالىمنىڭ بىرى بولغان دوكتور شۆھرەت مۇتەللىپنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر دوكتۇر ئاشتى تەتقىقاتچىسى ، ئۇستازىنىڭ پەخىرلىك ھەم ئامراق ئوقۇغۇچىسى ، «تەبىئەت» ژورنىلىدا ماقالىسى ئېلان قىلىنغان ئاۋانگارت ئۇيغۇر ئوغلانى. ئۇ يەنە ئوماق ئىككى پەرزەنتكە مېھرىبان ئاتا ۋە ئائىلىگە كۆيۈمچان، ۋاپادار ھەمراھ.

ئۇنىڭ خەلقئارالىق ئالىم بولىشى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە بىلىم قابىلىيىتى ، ئېغىر بېسىق مىجەز-خاراكتېرى ، مەسىلىلەرگە تۇتقان تەۋرەنمەس ئىرادىسى ، قىيىنچىلىقتىن قورقماس ، كەسپلەر ئارا ھالقىپ ئۆتۈپ ئۆزىگە رىقابەت ئېلان قىلغۇچى ھەقىقي بىر ئۈلگە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاسىيا ، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دۆلەتلىرىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقى ھەم يۇقىرى نەتىجە قازانغانلىقى ئۈچۈندۇر . ئۇ پەقەت بىر تەتقىقاتچىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە ئىلغار باشقۇرغۇچى ، ئۆزىنىڭ ھەر خىل كەسپلەر ئارا ئىگەللىگەن يۇقىرى تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن ئىنسانىيەتكە ئەمەلىي نەتىجە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىقتىدار ئىگىسى ، ياش ئالىم .

ئالىم پولات ئەمدىلا 34 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ ، نوبىل مۇكاپاتى ئالغان ئالىملارنىڭ ئالدىدا ساپ ئىنگىلىز تىلىدا تەمكىنلىك بىلەن ئىلمى دوكلات بېرىپ ئۇلارنىڭ تەبرىكلەشلىرىگە ئېرىشكەن، ئۇندىن باشقا يەنە تۆت خىل تىلدا راۋان پىكىرلىشىپ دۇنيانىڭ باشقا قىتئەلىرىدىن كەلگەن قېرىنداشلارنىڭمۇ ئادىمىيلىك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن .

دوكتۇر ئالىم پولات «شاڭخەي فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ ئېلېكتىر ئېنژېنېرلىق كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن تۇنجى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ، ياۋروپادىكى ئەڭ ياخشى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان شۋېتسىيە «چالمەرس» تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتىر ئېنژېنىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان تۇنجى ئۇيغۇر ماگىستىر ئوقۇغۇچى ، ئۈچ يىلدىلا ئەڭ يۇقىرى نەتىجە بىلەن شۋېتسىيە «لىنكوپىڭ» ئۇنىۋېرسىتېتىدا فىزىكال ئېلېكتىرلىق كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغۇچى ئۇيغۇر دوكتور . شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىن تۇنجى بولۇپ «تەبىئەت» ژورنىلىدا ماقالە ئېلان قىلغۇچى ، دوكتور شۆھرەت مۇتەللىپنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر دوكتۇر ئاشتى شاگىرتى ، شۋېتسىيە نوبىل مۇكاپاتى ئورگىنىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى تۇنجى ئۇيغۇر تەتقىقاتچى ، تۇنجى بولۇپ كەسپلەر ئارا ھالقىپ ئۆتۈپمۇ ھەممە كەسپلەردىن ئوخشاش يۇقىرى نەتىجە قازانغان بىرگە ماھىر ، كۆپكە قادىر تالانت ئىگىسى .

دائىملا رىقابەت ۋە يېڭىلىق ئىچىدە ياشاشنى ئۆزىگە ياشاش پرىنسىپى قىلغان دوكتور ئالىم پولات 2009-يىلى تېلېۋىزوردىن دوكتور شۆھرەت مۇتەللىپنىڭ غول ھۈجەيرە تەتقىقاتى بويىچە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىنى كۆرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەسپىدىن پۈتۈنلەي يىراق بولغان بىئولوگىيە كەسپىدە ئالىممىز شۆھرەت مۇتەللىپ بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىلىم-پەننىڭ تېخىمۇ يۇقىرى چوققىلىرىغا دادىل يۈرۈش قىلىشنى ئويلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىئولوگىيە ئىلمىگە بولغان ئىشتىياقى ۋە شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئالىلقاچان قولغا كەلتۈرگەن فىزىكا نانو تېخنىكىسىدىكى نەتىجىلىرىنى بىئوتېخنىكىسىغا قوللىنىش تەشەببۇسى بىلەن شۋېتسىيە تەتقىقات مەركىزىنىڭ تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئىلتىماس قىلىدۇ ۋە قولغا كەلتۈرىدۇ.

2011-يىلى دوكتور شۆھرەت مۇتەللىپنىڭ دۇنيادا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان غول ھۈجەيرە تەتقىقاتى تەجرىبىخانىسىدا قىزىقارلىق لېكىن قىيىنچىلىقتا تولغان تەتقىقاتنى باشلىۋېتىدۇ . ئۇ دوكتور

شۆھرەت بىلەن بىرگە تەتقىقات داۋامىدا بىئوتېخنىكا پەنلىرىنىڭ نەقەدەر جەلىپ قىلارلىق ھەم ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بىر پەن ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى بايقايدۇ ھەمدە تېخىمۇ قىزغىنلىق ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ خەلقئارادا ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە «تەبىئەت» ۋە «ھۈجەيرە» ژۇرناللىرىدا ئىككى پارچە يۇقىرى سەۋىيەلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، بىئوتېخنىكا ساھەسىدە غۇلغۇلا قوزغايدۇ. شۇنداقلا ھەر قايسى قىتئەلەردىكى چوڭ ـ چوڭ مىدىيالارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ ۋە ئۇلار توغرۇلۇق خەۋەرلەر بېرىلىدۇ . شۇ يىلى (2013 ـ يىلى) دوكتور شۆھرەت مۇتەللىپنىڭ بۇ تەتقىقاتى مېدىتسىنا ساھەسىدىكى دۇنيا بويىچە ئون چوڭ بۆسۈش ھاسىل قىلغان نەتىجىلەرنىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىدۇ . بۇ پەقەت بىر ئۇيغۇر يىگىتى ئۈچۈنلا ئەمەس ، ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ئۆز كەسپى ساھەسىدە يەتمەكچى بولغان نىشانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دېيىشكىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ ، چۈنكى دوكتۇر ئالىم پولاتنىڭ نەتىجىلىرى شۇ ساھەدىكى كۈچلۈك رىقابەتچى ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭمۇ ئارزۇ قىلىدىغان نىشانى ئىدى .

دوكتۇر ئالىم پولات نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان تەتقىقات ئورگىنى ، ھەر يىللىق نوبېل فىزىئولوگىيە ۋە مېدىتسىنا مۇكاپاتىنى تارقاتقۇچى ئورگان شۋېتسىيە «كارولىنسكا» ئىنستىتۇتىدا يۈرەك زەئىپلىششىنى غول ھۈجەيرە تەتقىقاتى ئارقىلىق داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ .

ئۇ ئۆزىنى ئالىم دېگەندىن كۆرە ئىنژېنىر دەپ ئاتىلىشقا بەكرەك ماس كېلىدۇ ، دەپ قارايدۇ . چۈنكى ئۇ پەقەتلا ئوخشىمايدىغان ئىككىلا كەسپتە دۇنياۋى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن باشقا يەنە ھەر قايسى قىتئەلەر ئارا ئوخشىمىغان تۈرمۈش ۋە تەتقىقات مۇھىتىغا ماسلىشىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان . ئۇنىڭ بۇ خىل يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەسىلە ھەل قىلىش خاراكتېرى ۋە ئىقتىدارى ئۇنى يەنە ئەمىلىيەتچىلەرنىڭ باشلامچىسى بولغان ئىنژېنىرلار سېپىگە تىزىشقا تامامەن ماس كېلىدۇ . ئۇ بىر تەرەپتىن دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ھۈجەيرە تەتقىقات مەركىزىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ پەن ـ تېخنىكىدا يۇقىرى پەللىگە يېتىشنىڭ سىرلىرىنى ئىگەللىگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىدىكى مۇشۇ ھاياتى كۈچ ۋە قابىلىيەتنى ئۆز خەلقىگە قانداق قىلىپ ئەڭ ياخشى يوسۇندا يەتكۈزۈش توغرىسىدا ئىزدىنىدۇ .

ئۇ خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە قايتۇرۇش تەشەببۇسچىسى . ئۇ ئۆز خەلقىنى پەقەت ئېلېكتىر ئىنژېنىرلىق ، دورا تەتقىقاتى ، غول ھۈجەيرە داۋالاش ئىلمى ، يۈرەك قان تومۇر پەنلىرى قاتارلىق پەنلەردىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن يەنە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللار مابەينىدە خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر، سودا ـ سانائەت ئاۋانگارتلىرى ، يۇقىرى ئۆلچەملىك خېرىدارلار قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرى ئارقىلىق توپلىغان خەلقئارالىق سودا تەجرىبىسىنىمۇ بىز بىلەن ئورتاقلاشماقچى . ئۇ خەلقىنىڭ پەقەت ئەنئەنىۋى سودا ساھەسىدىلا توختاپ قالماسلىقىنى ، دىيارىمىز سودا ـ سانائەت ، پەن ـ تېخنىكا ۋە باشقا جەھەتلەردىن ھەقىقى يوسۇندا خەلقئارا بازارغا يۈزلىنىشىنى ، پەقەت سىرتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى دىيارىمىزغا ئىمپورت قىلىپلا قالماستىن ، يۇقىرى تېخنىكىلارنى قوللىنىپ ، ئۆزىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىمۇ چەتئەللەرگە يۈزلەندۈرۈشنى ۋە چەتئەللەردە بازار تاپقۇزۇشنى خالايدۇ .

دوكتور ئالىم پولاتنىڭ چۈشى نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاتىلارنىڭ چۈشى: «ئۆزىنىڭ ھاياتلىق تەجرىبىلىرىنى خەلقى بىلەن ئورتاقلىشىش ۋە يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن گۈللىنىش . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «ئۆزۈمنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارقىلىق باشقىلارغا يول ئاچىمەن، سىلەرنى قوللاش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ قىممىتىمنى تاپىمەن.»

www.uyghurkitap.com



# ئالىمجان ئىنايەت



ئالىمجان ئىنايەت 1962 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تۇرپان ناھىيىسى چاتقال يېزىسىدا تۇغۇلغان . باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى شۇ يېزىدا پۈتتۈرگەن . 1984 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر پاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن بېيجىڭدە مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە تەرجىمان بولۇپ خىزمەت قىلىشقا باشلىغان . 1987 ـ يىلى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋۇجوڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن . 1988 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان . 1989 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىۋى بىلەن تۈركىيىگە كەلگەن ۋە شۇئىنستىتۇتتا تۈرك فولكلور پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىقتا ئوقۇپ ، 1992 ـ يىلى «ھۆرلىقا ـ ھەمراجان ھېكايىسى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغان . 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىدە تۈرك فولكلور پەنلىرى بويىچە دوكتورانتلىقتا ئوقۇپ ، 1995 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغان . 1994 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى گراجدانلىقىغا ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ياردەمچى ئوقۇتقۇچى (ئاسسىتانت) بولۇپ ئىشلەشكە باشلىغان . 1996 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە شۇئىنستىتۇتتا لېكتور ، 2002 ـ يىلدىن 2007 ـ يىلغىچە دوتسېنت بولۇپ خىزمەت قىلغان . 2005 ـ يىلدىن 2006 ـ يىلغىچە تەيۋەن دۆلەتلىك سىياسەت ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىلى ۋە مەدەنىيىتى بۆلۈمىدە زىيارەتچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن . 2007 ـ يىل10 ـ ئايدىن باشلاپ ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە .

ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندىم ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانىدا ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ھازىرغا قەدەر 6 كىتاب ۋە 70تىن كۆپ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ ، بۇلاردىن ئالاھىدە تەسىرلىك دەپ قارالغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

**كىتاپلار:**

1) تۈرك دۇنياسى ئەپسانە ۋە چۆچەكلىرىدە بىر دىۋە تىپى: «يالماۋۇز»؛ ئىستانبۇل، بىلىم، سەنئەت ، مەدەنىيەت نەشرىياتى، 2010.

2) « ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە شېئىرلىرى»؛ تۈرك تىلى كومىتېتى نەشرىياتى، ئەنقەرە ، 2007.

3) «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»؛ تۈرك تىلى كومىتېتى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2005.

4) «ماناس داستانى»؛ (پروفېسسور دوكتۇر فىكرەت تۈركمەن بىلەن بىرلىكتە)، ئاتاتۈرك كۈلتۈر مەركىزى نەشرىياتى ، ئەنقەرە، 1995.

**ماقالىلار:**

1) «ئۇيغۇرلاردا نورۇز»، تۈرك دۇنياسى نورۇز ئېنسىكلوپېدىيىسى، ئاتاتۈرك كۈلتۈر مەركىزى، ئەنقەرە، 2004، 423 ـ 433. بەتلەر)

2) «تۈركلەرنىڭ خەن مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى»؛ تۈركلەر، 4.جىلت ، ئەنقەرە ، 2002، 45 ـ 53 ـ بەتلەر.

3) «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مىللى كىملىكنى بەرپا قىلىشتىكى رولى ھەققىدە»؛ ئەنقەرە ، 2015، 153 ـ 161 ـ بەتلەر.

4) «خەن تىل ـ يېزىغىدىكى تۈركچە سۆزلەر» ، 2008 ـ يىل، 278 ـ 295 ـ بەتلەر.

5) «تۈركىي تىللار دىۋانىدا كۆرۈلگەن ”چىن“ ۋە ”ماچىن“ ناملىرى توغرىسىدا» ؛ 2007، 1174 ـ 1184 ـ بەتلەر ؛

6) «ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە ئەدەبىياتى» ؛ 2007، 365 ـ 382 ـ بەتلەر .

7) «چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئۆتۈش جەريانى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ رولى توغرىسىدا» ؛ ياپونىيە ئوساكا ئۇنىۋېرستىي .2010

8) «باساتىنىڭ تەپەگۆزنى ئۆلتۈرگەنلىگى ھەققىدىكى داستانىنىڭ يېڭى بىر تەھلىلى توغرىسىدا» ؛ ئىزمىر، 2015.

9) «قۇتادغۇ بىلىگ بىلەن خەن مەدەنىيتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە» ؛ تۈرك تىلى ژورنىلى، ئەنقەرە، 1994 ـ يىللىق سانى، 284 ـ 290 ـ بەتلەر.

10) «دەدە قورقۇتنىڭ بىر دۇئاسى ھەققىدە» ؛ ئىزمىر، 1999، 193 ـ 197 ـ بەتلەر.

11) «ئوسمانلى ۋە جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى تۈرك ـ ئۇيغۇر مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا» ؛ ( 1861 ـ 1934) ئىزمىر، 2000، 319 ـ 324 ـ بەتلەر.

12) «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر ھكايە: «چېنىقىش» ؛ تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتى ژورنىلى، 73 ـ 117 ـ بەتلەر.

13) «بىر مەدىنىيەت ۋادىسى سۇپىتىدە ئۇيغۇر دىيارى» ؛ 20 ـ 21. 03. 2010، ئىستانبۇل.

14) “ *bir kişi : y(a)ŋ(ı)ls(a)r : og(u)şı : bod(u)nı : bişükiŋä : t(ä)gi : kıdm(a)z : (ä)rm(i)ş in(i)si : [(ä)ç]isin : bilm(ä)z : (ä)rti : oglı : k(a)ŋın : bilm(ä)z : (ä)rti*

ئىبارىلىرى ھەققىدە ؛

15) «ئورخۇن يېزىغىنىڭ بايقىلىشىدىن 10 يىل كېيىنكى تۈركلۇك ۋە 21 ـ ئەسىر» ؛ ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرستى تۈركلوگىيە تەتقىقات ئېنستىتوتى 3 ـ قېتىملىق خەلقئارا تۈركلوگىيە تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ، 2010، ئەنقەرە.

بۇلاردىن، «قۇتادغۇ بىلىگ بىلەن خەن مەدەنىيتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت» ماۋزۇلۇق ماقالىدا، بىر تەيۋەنلىك تەتقىقاتچىنىڭ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەن مەدەنىيتى ۋە پەلسەپىسىنىڭ قاتتىق تەسىرىگە ئۇچرىغان» دېگەن كۆز قارىشىغا رەددىيە بېرىلگەن. مەزكۇر تەتقىقاتچى «قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى «بۇ كىتاپ چىن ئالىملىرىنىڭ شېرلىرى ، ماچىن ئالىملىرىنىڭ ھكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن» دېگەن ئىپادىلەرگە تايىنىپ ، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەنزۇ ئالىملىرى ۋە پەيلاسوپلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان . ھالبۇكى ، «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى بۇ ئىپادىلەر «قۇتادغۇ بىلىگ» يېزىلىشىدىن ئىككى يۈز يىل كېيىن مۇئەللىپلەر تەرىپىدىن كىتاپقا ئىلاۋە قىلىنغان ئىپادىلەردۇر . يەنە بىر تەرەپتىن ، «قۇتادغۇ بىلىگ» دىكى ”چىن“، ”ماچىن“ دېگەن ناملار خەنلەرنى كۆرسەتمەيدۇ . بۇ مەسىلە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كۆرۈلگەن «”چىن“، ”ماچىن“ ئىبارىلىرى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالىدا چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق يېشىپ بېرىلگەن . مەزكۇر ماقالىدا ئالدى بىلەن ”چىن“ دېگەن ئىبارىنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە توختىلىپ ، بۇ نامنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللاردا چىن شىخۇاڭ تەرىپىدىن قۇرۇلغان ”چىن“ سۇلالىسىنىڭ نامىدىن كەلگەنلىگى ، ”چىن“ سۇلالىسىنى قۇرغانلار خەنلەر ئەمەس ، تۈركلەر ئىكەنلىگى دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بىلەن بايان قىلىنغان . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كۆرۈلگەن ”چىن“ ۋە ”ماچىن“ دېگەن ناملارنىڭ ئەينى چاغدىكى قەشقەر ۋە خوتەن رايونلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىغى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا نۇرغۇن مۇنازىرىلەرگە سەۋەپ بولغان .

«ئوسمانلى ۋە جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى تۈرك ـ ئۇيغۇر مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالىدا بولسا تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي ، سىياسى ۋە مەدەنىيەت مۇنا ـ سىۋەتلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىغى ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئوسمانلى ھۆكۈمدارى سۇلتان ئابدۇل ئېزىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەۋرىدە باشلاپ سۇلتان ئابدۇلھەمىت دەۋرىدە قويۇقلاشقانلىقى ، جۇمھۇرىيەت دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ قويۇقلاشقانلىقى تارىخىي هۆججەتلەر بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن . بۇ ماقالە تۈركىيەدىكى نۇرغۇن تور بەتلەردە قايتا ـ قايتا ئېلان قىلىنغان.

«خەن تىل ـ يېزىقىدىكى تۈركچە سۆزلەر» ماۋزۇلۇق ماقالىدا ، خەن مەنبەلىرىگە ئاساسەن تېپىپ چىقىلغان 300 دىن كۆپ تۈركچە سۆز ئارقىلىق تۈركولوگىيە ساھاسىدا بۈگۈنگە قەدەر ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللەپ تۇرغان «تۈركچە خەن تىل ـ يېزىقىدىن سۆز قوبۇل قىلغان ، خەن تىل ـ يېزىقى تۈركچىدىن سۆز قوبۇل قىلمىغان» دېگەن كۆزقاراشقا خاتىمە بېرىلگەن . تۈركچىدىن خەن تىل ـ يېزىقىغا كىرگەن بۇ 300دىن ئارتۇق سۆز تۈرك تىل كومىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تۈركچىدىن باشقا تىللارغا كىرگەن سۆزلەملەر لۇغىتى» ناملىق كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن.

«تۈرك دۇنياسى ئەپسانە ۋە چۆچەكلىرىدە بىر دىۋە تىپى: يالماۋۇز» ناملىق كىتاپتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يالماۋۇز دەپ تونۇلغان تىپنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەردىكى فورمىلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى سېلىشتۇرمىلىق تەتقىقات مېتودى بىلەن تەتقىق قىلىنىپ ، بۇ تىپنىڭ ئاناتولىيە ساھاسىدىن باشقا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مەۋجۇت ئىكەنلىگى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە يالماۋۇزلارنىڭ ئەپسانە ۋە چۆچەكلەردە باش قەھرىماننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە گەۋدىلەندۈرۈلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان دۈشمەن/رەقىپ/ سەلبىي كۈچ ئىكەنلىگى ، بۇ كۈچنى كۆرەشتە يېڭەلمىگەن قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمان بولالمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بۇ ئەسەردىن كېيىن تۈركىيەدە فولكلور ساھەسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتلاردا ئېپىك ئەسەرلەردىكى ئىجابىي قەھرىمانلارغىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ رولىغا سەل قاراشتەك خاتا خاھىشلار تۈزىتىلگەن.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئەدەبىياتى» ماۋزۇلۇق ماقالىدا بولسا «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ مەنبەسى ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ تەرەققىيات جەريانى بايان قىلىپ بېرىلگەن . بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تۈركىيە ۋە چەتئەللەردە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان. . . .

# ئامانىساخان ( نەفسى)




يەكەن سەئىدىيە دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم گۈللىنىشگە ئەگىشىپ، شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان يەكەندە كۆپلىگەن ئالىملار ، شائىرلار ، مۇزىكىشۇناسلار، تارىخ ـ چىلار ، تېۋىپلار مەيدانغا كەلگەن . مانا شۇلار ئىچىدە يۈكسەك تالانت ۋە قابىلىيىتى بىلەن باشقىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى مەشھۇر مۇقامشۇناس ، شائىرە مەلىكە ئامانىسادۇر .

ئامانىسانىڭ تارىخى ھاياتى ھەققىدە تارىخچى موللا ئىسمەتۇللا بىننى مۇللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق رىسا ـ لىسىدىكى مەلۇماتتىن باشقا ئىشەنچلىك تارىخى مەنبەگە ئىگە ئەمەسمىز.

«تەۋارىخى مۇسقىيۇن» دا مەلىكە ئامانىسا ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان:

«. . . ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكەئى ئامانىسا خېنىم ئىدى . بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى ئىدى . ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ ، «دىۋان نەفسى» (نەفسى شېئىرلىرى توپ ـ لىمى) ناملىق شېرىن بىر كىتاپنى يازغان ئىدى. خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى . مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى ، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا

بولغان ئىدى، سۇلتانىنىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغان ئىدى: سۇلتان ئۆز ۋەزىرى ـ ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختى يەكەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى . سۇلتانىنىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملەر كىيىپ قونۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم ـ سەتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى . بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى . بۇ ئۆي مەھمۇت ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى ، بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇتنىڭ قىزى ئىدى».

مۆجىزى تارىخچى ۋە مۇزىكا ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز دەۋرىدە مەلۇم بولغان كۆپلىگەن تارىخىي كىتابلار ۋە مۇزىكا ھەققىدىكى نۇرغۇن رىسالىلەرگە ئاساسلىنىپ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق بۇ ئەسىرنى يازغان ، شۇنداق بولغاچقا ، مەلىكە ئامانىسا خېنىم توغرىسىدىكى بايانلار ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يۇرتى توغرىسىدا بىشارەت بېرىلگەن بىر قانچە نوقتا ئاپتورنىڭ قىياسى بولماستىن ، بەلكى ئۆزى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشەنچلىك مەلۇماتلار ئىكەنلىكى ئېنىق . مەزكۇر رىسالىدە ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ شىكار قىلىش ئۈچۈن پايتەخت يەكەن شەھرىدىن چىقىپ ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان ئەتراپىغا بارغانلىقى ۋە شۇ يەردە ئامانىسا خېنىم بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئېنىق بايان قىلىنغان. مۆجىزى ئېيتقان «تارىم دەرياسى» ، «تەكلىماكان ئەتراپى» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنىڭ بۈگۈندىن تۆت ئەسىر بۇرۇنقى (يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى) جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن ھازىرقى زاماندىكى ئۇقۇم مەنىسى ئۆزگەرگەن جۇغراپىيىلىك ئورنى ئوخشاش ئەمەس . بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا بۇ نۇقتىغا سەل قارالغانلىقتىن ، «ئامانىسا خېنىم مەكىت ناھىيىسىنىڭ تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قۇمۇش مەھەللە دېگەن يېزىدا تۇغۇلغان ، توققۇز يېشىدا ئائىلىسى بىلەن تەكلىماكان بۆر ـ جېگدىكى قازانكۆل جاڭگىلىغا كۆچۈپ كەتكەن» دېگەنگە ئوخشاش ئامانىسا خېنىم دەۋرىدىكى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان يەكۈن ئالغا سۈرۈلگەن ، چۈنكى ھازىرقى ۋاقىتتا «تارىم دەرياسى» بىر قانچە دەريا ئېقىنلىرى ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسى تەۋەلىگىدە قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان غول ئېقىننىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ . ئەگەر مۆجىزى كۆرسەتكەن «تارىم دەرياسى» نىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسىگە تەڭ دېيىلسە ، ئۇ چاغدا ئامانىسا خېنىمنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى يەكەن دەرياسىنىڭ ئەسلىدىكى نامى ۋە تۆت ئەسىر بۇرۇنقى بۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك . تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ، «يەكەن دەرياسى» دېگەن ئاتالغۇ يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى جۇغراپىيىلىك نام بولۇپ ، ئېخى ئۆتكەن ئەسىردىمۇ يەكەن دەرياسىنىڭ نامى تارىم دەرياسىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتالغان . يەكەن دەرياسى تارىم دەرياسىنىڭ باش قىسمى ۋە ئەڭ ئاساسلىق غولىدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بۇ دەريانىڭ نامى «ئۇسمە تارىم» ، «تارام دەرياسى» دەپ ئاتالغان . مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ بۇ دەريانىڭ نامىنى «ئۇسمە تارىم» دەپ تىلغا ئالغان . ھازىرقى يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان ئارال يېزىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى «تارام بويى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

«تارام» ـ دەريا تارمىقى ياكى تارماق دەريا دېگەن مەنىدە بولۇپ ، «تارام» بىلەن «تارىم» تامامەن ئوخشاش مەنىدىكى سۆز ھېساپلىنىدۇ . بۇ پاكىتلار «يەكەن دەرياسى» دېگەن نامنىڭ تارىختا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ، مۆجىزى تىلغا ئالغان «تارىم دەرياسى» دەل يەكەن شەھرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىن ئېقىپ ، شەرقىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەن «ئۇسمە تارىم» نى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق .

بۈگۈندىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىكى «تەكلىماكان ئەتراپى» دېيىلگەن جايلار ئۇسمە تارىم (ھازىرقى يەكەن دەرياسى) نىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرلەر ئىكەنلىكى شۈبھىسىز . بۇ جايلار بۈگۈندىن بىر ـ ئىككى ئەسىر بۇرۇن قويۇق توغراقلىق ، چاتقاللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن قاپلانغان جاڭگاللىقلار بولۇپ ، ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار ۋە قۇشلارنىڭ ماكانى ئىدى . يەكەن شەھرىگە يېقىن بولغان بۇ جايلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئادەملەر تەرىپىدىن باغۇ ـ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇ ـ لۇپ ، باغتوغراق ، تۆۋەن باغتوغراق ، توغراقلىق ھويلا ، توغراقمازار ، جاڭگال ، جاڭگالئېرىق ، ئازغانباغ ، ئاقتىكەن ، شوخلۇق ، چىغلىق ، چىغرىق ، چىغلىق ھويلا ، چىڭگىلىك دەپ ئاتىلىدىغان كەنت ـ مەھەللىلەرنى بەرپا قىلغان ، ھازىرمۇ بۇ جايلاردا ھەرخىل تەبىئى چاتقاللىقلارنى ، قۇمۇشلۇق كۆللەرنى ، تۇرلۇك ئىپتىدائى ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ .

يەركەن سەئىدىيە خانلىغى دەۋرىدە مەكىت مارالبېشىغا تەۋە بىر كىچىك يېزا بولۇپ ، «قۇمۇش مەھەللە» دىگەن كەنت ئېخى مۇشۇ ئەسرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئامانىسا خېنىمنىڭ ئوردىغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا نەۋائى ، فۇزۇلى قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى ، ئۆزىگە «نەفسى» دەپ تەخەللۇس قويۇپ شېئىر يازغانلىغى ، مۇزىكا ۋە خەتتاتلىقتا كامىل بولغانلىغى تەبىئىكى ، مۇئەييەن ئىجتىمائى مۇھىتقا باغلىق ، ئامانىسا خېنىمنى ئەنە شۇنداق ئىقتىدار ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىجتىمائى مۇھىت ئەينى زاماندىكى ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان يەكەن شەھرىدىن ئىبارەت .

دېمەك ، ھەم تەبىئى ، ھەم ئىجتىمائى مۇھىت جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە بولغان بۇ پاكىتلار ـ نى مۆجىزى ئوتتۇرىغا قويغان تارىخى قاتلاملار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا ، ئامانىسا خېنىم **1534** ـ يىلى تارىم دەرياسى (ھازىرقى يەركەن دەرياسى) نىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ بىرىدە مەھمۇت ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق بىر مۇزىكانت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ . مەھمۇت ئاكا ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇزىكانتى ۋە مۇقامشۇناسى بولۇپ ، مۇقام ئۇستازى قىدىرخان بىلەن ھەمنەپەس بۇرادەر ئىدى . بۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاش يەركەندىمۇ تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ نەخشبەندى ئىلغار ئىدىئولوگىيە ئېقىمى بىلەن ئەھرارى ۋەكىللىگىدىكى «تەركىدۇنيا»چىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ ئىدىئولوگىيە ئېقىمى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەش داۋام قىلىۋاتاتتى . ئەنە شۇ كەسكىن كۆرەش ئىچىدە تەركىدۇنياچىلار بىر مەزگىل ئەۋدەپ ، سەئىدىيە دەۋرىدە گۈللىنىشكە باشلىغان مۇقام مەدەنىيىتىنى «دەھرىلىك» دەپ ئەيىپلەپ ، مۇقامنى تەركىدۇنياچىلارنىڭ يىغا ـ زارى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرماقچى ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇپ ، كەچكىچە خانقادا «ئۇماچ بەندىسى» بولۇپ ئۆتۈشكە يېتەكلىدى .

ئون ئىككى مۇقامنى خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىدىغان قىدىرخان ، مەھمۇت ئاكا قاتارلىق مۇقامشۇناسلىرىمىز ئۇلار بىلەن تىغمۇ ـ تىغ ئېلىشتى . شۇنىڭ بىلەن تەركى دۇنياچى ئېزىتقۇلار ھەممە يەردە جەرە سېلىپ «ئەھلى دۇنيا» چىلار ئۈستىدىن پىتنە ـ پاسات تارقاتتى . شۇ قاتاردا مەھمۇت ئاكىنىمۇ كەمسىتىپ «ئوتۇنچى» (سەھرالىق تومپاي دىگەن مەنىدە) دەپ چەتكە قاقتى . «مەھمۇت ئوتۇنچى» دىگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ بولسا كېرەك .

مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ، پىتنە ـ پاساتچى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ خۇسۇمەتلى ـ ـرىدىن جاق تويغان مەھمۇت ئاكا توققۇز ياشلىق ئارزۇلۇق قىزى ئامانىسانى ئېلىپ ، يەركەن شەھرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جاڭگاللىق خىلۋەت ماكانغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان .

ئامانىسا سەككىز ياشقا كىرگەندە ئانىسىدىن يېتىم قالىدۇ . مەھمۇت ئاكا بۇ يالغۇز پەرزەنتىنى ناھايىتى ئارزۇلاپ تەربىيىلەيدۇ . كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنى بىر دىنى مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ . ئامانىسا كۈندۈزلىرى مەكتەپتە خەت ساۋادىنى چىقارسا ، كەچلىرى ئاتىسىدىن ساتار چېلىشنى ، مۇقام ئېيتىشنى ئۆگىنىدۇ . مەھمۇت ئاكا ئەسلىدە ئوقۇمۇشلۇق ، مەرىپەتپەرۋەر مۇزىكانت بولغاچقا ، ئۇلار شەھەردىن چەترەك جايغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ئامانىساغا ئۆزى بىۋاستە ئۇستاز بولۇپ ، ئۇنىڭغا مۇزىكا ۋە مۇقامدىن ساۋاق بەرگەن ، نەۋائى، فۇزۇلى ، بابۇر قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەتكەن . بۇ جەرياندا ئۇلار مۇقامشۇناس قىدىرخان بىلەن داۋاملىق باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرغان

ۋە مۇقام ھەققىدە بىرلىكتە مۇتالىئە قىلىشقان . بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىت ئامانىنىسانىڭ ياش قەلبىدە مۇزىكىغا ۋە مۇقامغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇپ ، 13 ـ 14 ياش مەزگىللىرىدە ساتارنى ماھىرلىق بىلەن چالالايدىغان ۋە بىر قانچە مۇقامنى تولۇق ئوقۇيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان . ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزگىچە تالانتى تېخى ئاشكارلانمىغان پەيتتە ، ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر سۇلتانى ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ ، ئۇنىڭ تەكلىۋى ۋە تەشەببۇسى بىلەن ئوردىغا كىرىپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى بولغان . مەلىكە ئامانىنىسا خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا خانىش بولۇپ ، ئوردىدا 20 يىل ھايات كەچۈرگەن . بۇ جەرياندا سەئىدىيە خانلىقى ئىقتىسادىي ، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ناھايىتى چوڭ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن ، مەلىكە ئامانىنىسا خېنىم ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى قىدىرخانلارنىڭ تەشەببۇسى ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا ، ئالدى بىلەن خانلىق تەۋەلىگىدىكى مەشھۇر مۇزىكانتلار ، مۇقامچىلار ، شائىرلار ئوردىغا تەكلىپ قىلىنغان ، ئوردىغا توپلانغانلار ئىچىدە مەلىكە ئامانىنىسانىڭ دادىسى مەھمۇت ئاكىمۇ بار ئىدى . ئامانىنىسا خېنىم قىدىرخان باشچىلىقىدىكى بۇ مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ، ئۆزىنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىلىم ۋە ماھارىتىنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرۈپ ، ئەل ئىچىدىن ئالغان مۇزىكىلىق ئوزۇق بويىچە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ ، ئۇيغۇر مۇقامچىلىق تارىخىدىكى كامالەتكە يەتكەن مۇقامشۇناس بولۇپ يېتىلگەن . مۆجىزىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا :« ...خۇدايىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى ، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق . ئۇ «دىۋان نەفسى» نى يازدى ، خوتۇن ـ قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق)ناملىق بىر كىتابنى يازدى ، «شورۇھۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى ، شائىرلىق ، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاپ ئاز ، «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغان ئىدى . ئەپسۇسكى ، بۇ قىممەتلىك مىراسلار كېيىنكى مەزگىللەردە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىمخان ئافاق خوجا تەرەپدارى خوجا ئىساق ۋەلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، تەركىدۇنياچى تەسەۋۋۇپچىلار ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى دەۋرىدە يوقىلىپ ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن .

مەلىكە ئامانىنىسانىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تارىخىدىكى ئۆلمەس زور تۆھپىسى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

بىرىنچى ، فارابى دەۋرىدىن سەئىدىيە دەۋرىگىچە داۋام قىلغان ۋە كەڭ تېررىتورىيىگە يېيىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ غەيرىي ئېلىشاڭغۇلۇق ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مۇزىكىلىق ئاھاڭ خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە رەتكە سېلىشقا ، سىستېملاشتۇرۇشقا كاتتا ئەجىر سىڭدۈردى ۋە بۇنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇردى .

ئىككىنچى ، ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدىكى چوڭ نەغمە ، داستان ، مەشرەپتىن ئىبارەت مۇقام تەركىپ ـ ـلىرىنى ھەر قايسى مۇقاملىق كۈي شەكلى بويىچە بىر پۈتۈن مۇقام قامۇسى قىلىپ يۇرۇشلەشتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى .

ئۈچىنچى ، مۇقام مۇزىكىلىرىنى نوقۇل دىنىي مۇناجاتلار ۋە بەزى چۈشىنىكسىز چاكىنا تېكىست ـ ـلاردىن ئازاد قىلىپ ، ئۆز دەۋرىدە مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن تېكىستلەشتۈردى . ئەمما ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى .

دېمەك ، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك تالانتى ۋە ئەقلى ـ قابىلىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسىدىن تارتىپ تېكىستلىرىغىچە تولۇقلاپ رەتلەپ ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ زامانىمىزغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىشىدە زور خىزمەت كۆرسەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقام ھەغدالىرى يۇرتى يەركەن شەھىرىدە ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە مەڭگۈلۈك مەرمەر ھەيكىلىنى تۇرغۇزدى .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك مۇقامشۇناسى ۋە شائىرەسى مەلىكە ئامانىنىسا تەخمىنەن 1568 ـ يىلى 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


# ئايازبېك قۇشچى

(تەخەللۇسى ئايازىي) 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ، سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ياشاپ ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ يېقىن باتۇر بەگلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان ، سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە دۆلەت ئەرباپلىرىدىن بىرى ۋە تونۇلغان شائىر سۈپىتىدە يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسى ۋە مەدەنىيەت ھاياتىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتـقان شەخستۇر . ئۇنىڭ «دىۋان ئايازى» دىگەن تولۇقسىز قولىيازمىسى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن . ئۇنىڭ 50 مىسرا شېئىرى «ئون ئىككى مۇقام»غا كىرگۈزۈلگەن .

### ئايازى غەزەللىرى

(1)

ساقى مەيى فەرەھبەخش تۇتكىم بەھار كەلدى.
ئىشرەت زەمانى يەتتى، ئول گۈلئۇزار كەلدى.

بولدى چەمەن مۇنەۋۋەر، ئاچىلدى رەڭگى گۈللەر.
تۇت جامى رۇھى پەرۋەركىم غەمگۇزار كەلدى.

كۆرسەتدى جىلۋە سۇنبۇل، ئاچىلدى نەرگىسى گۈل،
بولدى فىغاندا بۇلبۇل، ئەبر ئەشكبار كەلدى.

دەۋرانى ئەيشۇ ئىشرەت بەش كۈن ئېرۇر غەنىمەت،
چۈن چەرخى بىمۇرۇۋۋەت نا پايدار كەلدى.

يەتكۈرسە غۇسسە گەردۇن، چەك بادە، بولما مەھزۇن.
تەسكىن غەمغە گۈلگۇن مەي سازۋار كەلدى.

باشىمنى گۈي مەيدان قىلسام يوق ئەمدى ئەرمان،
ساھىبقىرانى دەۋران ئول شەھسەۋار كەلدى.

ئەي دەھر سەرفەرازى ئەبدۇرەشىد غازى
دەرگاھىڭە ئايازى ئۈممىدۋار كەلدى.

(2)

ئېيدى باھار ئەيىامدۇر، ساقى لەبا ـ لەب جام تۇت.
ئەيشۇ تەرەب دەۋراندۇر جامى مەيى گۈلفام تۇت.

جەمشىد فەر شاھى جەھان چۈن قىلدى ئەزمى گۈلىستان،
جەمئىيەتى ۋەقتى زەمان خۇشدۇر بۇگۈنكىم جام تۇت.

مەئلۇم ئەمەس دەۋران ئىشى چۈن مۇنقەلىبدۇر گەردىشى،
.......................................
بۇ دەمكى باردۇر فۇرسەتىڭ ئەھباب ئىلە جەمئىيەتىڭ،
لۇتف ئىلە بەزمۇ ئىشرەتىڭ ئەھلىنى شىرىن كام تۇت.

قوي دەھر سۇبھى خۇررەمىن، فىكر ئەتمە شامى ماتەمىن،
رۇخسار ئىلە زۇلفى غەمىن ئىشق ئىچرە سۇبھۇ شام تۇت.

تارتىپ ئەلايىقدىن ئېتەك، ئەۋارەلىقدىن ئۆزنى چەك،
فەقر ئىچرە قالغان قافدەك ساكىن بولۇپ ئارام تۇت.

ھەركىمكى ئىستەر نامۇ نەڭ، غەمدىن قۇتۇلماس ھېچ رەڭ،
ئۆزنى خەلاس ئەيلەي دېسەڭ، بەس، تەركى نەڭگۇ نام تۇت.

كۆڭلۈم قۇشىدۇر بۇلبۇلۇڭ، ئاچقىل ئۇزارى گۈل-گۈلۈڭ،
بۇ شىۋە بىرلە سۇنبۇلۇڭ دامىغە ئەيلەپ رام تۇت.

شاھەنشەھى فەرخۇندە فەر ئەبدۇررەشىدى نامۋەر،
ھەق لۇتف ئېتىپ فەتھى زەفەر تا مۇلكى مىسرۇ شام تۇت.

ئەيلەپ زىيادە ھەشمەتىن، ئەفزۇن قىلىپ جەمئىيەتىن،
يا رەبكى، ئۆمرۇ دەۋلەتىن كۆپ يىلۇ كۆپ ئەييام تۇت.

گاھى ئايازى سارىغە باقىل سارىغ رۇخسارىغە،
ياخشى-يامانىڭ بارىغە لۇتفۇ كەرەمنى ئام تۇت.

(3)

كۆرۈپ شول يۈزنى ئەي كۆز، مۇبتەلا قىلغان مېنى سەنسەن.
قەرارۇ سەبرۇ ھۇشىمدىن جۇدا قىلغان مېنى سەنسەن.

تەماشايى ھەزار ئەيلەپ، كۆڭۈلنى بىقەرار ئەيلەپ،
بۇ ۋادىدا گىرىفتارى بەلا قىلغان مېنى سەنسەن.

تۇشۇپ ئول زۇلفى پەرچىنغە سەۋادى خەتتى مۇشكىنغە،
قاراڭغۇ كېچەدەك بەختى قارا قىلغان مېنى سەنسەن.

نەزەر ئەيلەپ جەمالىڭغە، كۆڭۈل باغلاپ خەيالىڭغە،
ۋىسالىڭدىن مېنى زارۇ گەدا قىلغان مېنى سەنسەن.

جەمالىڭ ئەيلگەچ پىنھان قارا بۇلۇت بولۇپ گىريان،
بۇلۇتدەك دەم-بەدەم ماتەم ئارا قىلغان مېنى سەنسەن.

www.uyghurkitap.com



تۇگەنمەس رەنجۇ مېھنەتكە سالىپ ئەمما كى ھەسرەتكە،
دەرىخا، دەردى تالدەك دۇتا قىلغان مېنى سەنسەن.

ئوشۇل ئايغەكى نەززارە بولۇپ ئىشقىدا بىچارە،
ئايازدەك خەلايىققە بىنەۋا قىلغان مېنى سەنسەن.

# ئايخان ئانا




ئايخان ئانا يېڭى زامان تارىخىمىزدىكى تۆھپىكار شەخسلەرنىڭ بىرى . ئۇ، 1885 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان . غۇلجىدا دىنىي ۋە پەننى مەكتەپلەردە ئوقۇغان . 1933 ـ 1934 ـ يىللىرى دادىسى ۋە يولدىشىدىن قالغان مىراس تەئەلـ ـلۇقاتىنى سەرپ قىلىپ غۇلجىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە يېتىم باللار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ سالدۇرغان . بۇ مەكتەپ «غۇلجا خەيرىيەت مەكتىۋى» دەپ ئاتالغان . لېكىن جامائەتچىلىك بۇ مەكتەپكە كېيىن «ئايخان ئانا مەكتىۋى» دەپ نام بەرگەن . باللارنىڭ پۈتۈن تەمىناتىنى ئايخان ئانا ئۈستىگە ئالغان . ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ پورمىسىنى كەيدۈرگەن.
بۇ مەكتەپ ھازىرغىچە 70 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ ، 1934 ـ يىلدىن1937 ـ يىلىـ ـغىچە ، ئەينى چاغدىكى «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ قوشۇمچە سانىدا «ئۆمرىگىز ئۇزۇن بولسۇن ئايخان ئانا» ، «خەيرىيە مەكتەپكە مەدھىيە» ، «يېتىم باللارنىڭ ئانىسى ئايخان» ، «ئۇيغۇر قىزى» ، «ئايخان خانىم» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىر ۋە ئوبزورلار ئېلان قىلىنىپ ، ئايخان ئانىنىڭ مەرپەت سۆيەر روھى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەنگەن ئىدى.

# ئايۇپ مەنسۇرى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولغان شائىر ئايۇپ مەنسۇرى 1902 ـ يىلى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ياركەنت شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن . 1930 ـ يىلى ئايۇپ مەنسۇرى غۇلجىغا كېلىپ دەسلەپتە دوختۇرخانىدا ، كېيىن «ئىلى گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. گېزىتخا ـ نىدا ئايۇپ مەنسۇرى ئۆزىنىڭ رەسساملىق ۋە يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى نامايان قىلىپ ئىلى گېزىتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىشتە تۇرتكىلىك رول ئوينىغان . شۇڭا 1932 ـ يىلى ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىغىدا نەشر قىلىنىۋاتقان «يېڭى شىنجاڭ گېزىتى» دە كوررىكتور ، تەھرىر گېزىت باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن .
ئايۇپ مەنسۇرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا خەلق ئېغىز تىلىغا يېقىن بولغان بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلارنى تۇنجى بولۇپ يازغان شائىر ھېساپلىنىدۇ . گېزىتخانىدىكى مەزگىلىدە «كۆچ ـ كۆچ ھەققىدە» ، «ئايخان نەزمىسى» ، «سېغىندىم» ، «جاھانگىرگە» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى ۋە يۇبىلىستىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان . 1940 ـ يىلى «يېڭى شىنجاڭ گېزىتى»دە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى ھىكايە «بارات جەللىگۇر»نى ئېلان قىلغان . 1940 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سەۋەپسىز قولغا ئېلىنىپ ، 1942 ـ يىلى ئەتراپىدا سىبداشلىرى مەرۇپ سەئىدى ، خېلىل سەتتارىلار بىلەن بىرلىكتە تۈرمىدە دەھشەتلىك يوسۇندا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.
ئايۇپ مەنسۇرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبى تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان

تۆهپىكارلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ، ئەنۋەر ناسىرى، لۇتپۇللا قاتارلىق كېيىنكىلەرنىڭ ئىجادىيىتى ۋە تىل ئۇسلۇبىغا تەسىر كۆرسەتكەن .

ئايۇپ مەنسۇرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ، ھەتتا ئەسەرلىرى بېسىلغان ئىلى ۋە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئارخىپ نۇسخىلىرىمۇ ئاساسەن دىگۇدەك شىڭشىسەي تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلىپ ، بىزگە پەقەت ئاز ساندىكى ئەسەرلىرىلا يېتىپ كەلگەن بولغاچقا ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت مۇساپىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار كۆز ئالدىمىزدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ تۇرماقتا.

# ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 1951 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق چىرىيە ناھىيىسىنىڭ چىرىيە يې- -زىسىدا مەرپەتپەرۋەر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

1972 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن « شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان.

ئۇ ھازىر كانىدىدات ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانى بىلەن ئۇيغۇر ، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنغان مەزكۇر ژورنال رېداكسىيىسىنىڭ باشلىغى ۋە باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «كۆكلەم» ، «يۇلغۇن چېچىگى» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپ- -لاملىرى ، «ھەسەن ۋە ھۈسەن» ناملىق داستانلار توپلىمى ، «ئۈچ بولكا» ، «ئاجايىپ كۆزلەر» ، «سېرىق سەبدە» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرى ، «تۇنىدىكى چاقماق» ، «داغ» ، «بوز دالا» قاتارلىق تارىخىي رومانلىرى ، «نازىگۇل» ، «سىرلىق كارۋان» قاتارلىق دراما ۋە كىنو سىنارىيىلىرى نەشر قىلىنغان . خەنزۇچىدىن «ماركوپولو» ، «ئاجايىپ ۋەقەلەر» ، «ئەجدىھانىڭ ئۈچ ئېلىشى» قاتارلىق كىتاپ ، قىرىق پارچىغا يېقىن شېئىر ۋە ئوبزورلارنى تەرجىمە قىلغان.

# ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا



ئەل فارابىنىڭ شاگىرتى ئىنسىكلوپېدىك ئالىم - ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا شەرقلىقلەر «ئەش - شەيخور رەئىس» ، غەرپلىكلەر «ئاۋىسېننا» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئالىدىغان مەشھۇر ھېكىم ۋە پەيلاسوپ بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىكى تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئېلى ھۈسەيىن بىن ئابدۇللاھ بىن سىنا . ئۇ ، مىلادى 980 - يىلى بۇرۇنقى سامانىلار سۇلالىسى (مىلادى 875 - 999 - يىللىرى) نىڭ پايتەختى بۇخارانىڭ يېنىدىكى بىر قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەن . باللىق چاغلىرىدىلا دىنىي ئىلىملەر بىلەن بىرلىكتە گراماتىكا ، گېئومېترىيە ، مەنتىقە ، فىزىكا ۋە تىبابەت قاتارلىق ئەمەلىي پەنلەرنى ئۆگىنىپ ، تېزلا داڭ چىقارغان . فارابىنىڭ ئەسەر- لىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئارىستوتېل پەلسەپىسىدىكى تۈپ مەسىلىلەرنى يېشىپ ، ئوتتۇرا ئەسىردە ھەم شەرقتە ، ھەم غەربتە تونۇلغان ئەڭ مەشھۇر ھېكىم ۋە پەيلاسوپقا ئايلانغان .

ھاياتى ناھايىتى ئېغىرچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن ئىبن سىنانىڭ بىر مۇنچە ئەسىرى بار. ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۈللىيات ھالىتىدە كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن . ماقالە شەكلىدىكى رىسالىلىرى بىلەن قوشقاندا ئەسەرلىرىنىڭ سانىنىڭ 250 ئەتراپىدا ئىكەنلىگى تىلغا ئېلىنىسىمۇ ، بۇلاردىن 130 پارچىغا يېقىن ئەسەرنىڭ ئۆزىگە ئائىت ئىكەنلىگى قوبۇل قىلىنماقتا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىبن سىنا ئانتىك پەلسەپە ئەنئەنىسىنى ئىسلام تەپەككۇرى ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەن ۋە ئۆز غەيرىتىگە تايىنىپ ھەقىقىي بىر سىنتىز ياراتقان پەيلاسوپ . غەرپلىكلەر ئىسلام دۇنياسىدىن تەرجىمە ئارقىلىق تونۇلغان تۇنجى پەيلاسوپ ئىبن سىنادۇر . ئەسكەرتىپ قويىدىغان بىر نۇقتا باركى ، غەرپ ئەڭ دەسلەپتە ئۇنىڭ ھېكمىلىك سالاھىيىتىنى بىلدى ، كېيىن ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى ئۆگەندى .

ۋاتتېر ئىبن سىنانىڭ مەنتىققە ئائىت ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ ، **1658** ـ يىلى پارىژدا ئېلان قىلدى . دومىنكۇ گۇندىسسالىنۇس «نەجات» ناملىق ئەسىرىنىڭ مېتافىزىكىلىق قىسمى بىلەن «ھېك ـ ـمەت ۋە تەبىئەتكە دائىر توققۇز رىسالە» نى ، «ئاسمان ۋە كائىنات» ناملىق ئەسىرىنى ، ئاخىرىدا «شىفا» نىمۇ تەرجىمە قىلىپ ، بۇلارنى «تولۇق ئەسەر» دېگەن نامدا نەشر قىلدى .

سىرېمونالىق كىرارادمۇ ئىبن سىنانىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى . بولۇپمۇ «ئەل قانۇن فىت ـ تىب» ناملىق ئەسىرىنى لاتىنچىگە تەرجىمە قىلدى . ئىبن سىنانى ئەڭ مەشھۇر ھېكىملەر كاتېگورىيىسىگە يۈكسەلدۈرگەن بۇ ئەسەر نۇرغۇن تەرجىمانلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم لاتىنچىگە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى . **1593** ـ يىلى ئىتالىيىدە ئەرەپ يېزىقىدا ئەسلى نۇسخىسىمۇ بېسىلدى. بۇ چاغدا ئوسمانلىلاردا تېخى مەتبەئە يوق ئىدى . «ئەل قانۇن فىت ـ تىب» ناملىق بۇ ئەسەر مەتبەئە ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن ، «ئىنجىل» دىن قالسا ئەڭ كۆپ بېسىلغان كىتاپقا ئايلاندى .

بۇنىڭدىن باشقا ئاندرېس ئالپاگۇس ، فرانسىسكۇس د.ماكىراتا قاتارلىق تەرجىمانلارمۇ ئىبن سىنانىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىبن سىناغا ئائىت بولمىغان ، ئەمما ئۇنىڭغا بېغىشلانغان بەزى گۇمانلىق ئەسەرلەرمۇ تەرجىمە قىلىندى . نەتىجىدە غەرپتە ئىبن سىنانىڭ ئۆز پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن ئالتىسىنىڭ تولۇق تەرجىمىسى ، ئىككىسىنىڭ قىسمەن تەرجىمىسى مەيدانغا كەلدى . بۇ تەرجىمىلەرنىڭ تەخمىنەن **120** خىل قول يازما نۇسخىسى غەرپنىڭ تۈرلۈك كۇتۇپخانىلىرىدا كۈنىمىزگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە .

ئىبن سىنا تۇنجى تاشقى ئەزانى ئوپېراتسىيە قىلىش جەريانىدا ناركوز دورىسى ئىشلەتكەن دوختۇر . تۇنجى قېتىم ئادەم بەدىنىدە پارازىت قۇرت مەۋجۇت بولغانلىقىنى بايقىغان دوختۇر . ئۇ ئاشقازان يارى ـ ـسى توغرىسىدا ، راك كېسىلى ، دېئابىت ، ھامىلە ئانىسىنىڭ قان سۈيۈقلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە يازغان . شۇنداقلا ، ئۇ تېخى دورا ، ئۆسۈملۈك دورا ، كېسىش ، پارچىلاش ، ئاناتومىيە ، ئوزۇقلۇق ساھەلىرىدە قالدۇرغان ئەسەر ، بۇنىڭدىن تاشقىرى ، ئۇ يەنە پەلسەپە ، « لوگىكا ئىلمى » ، ئەدەبىيات ، ئاسترونومىيە ، فىزىكا ، خىمىيە ، بىيولوگىيە ، مۇزىكا قاتارلىق جەھەتلەردە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا ئەسلى بەلخلىق بولۇپ ، بۇخاراغا كېلىپ ياشىغان ئىدى . ئۇ دۆلەتمەن ۋە مەدەنىيەتلىك كىشى بولۇپ ، سامانىلار خانلىقىنىڭ كىچىك ئەمەلدارلىرىدىن ئىدى . مىلادى **999** ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى سامانىلار سۇلالىسىنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن ، ئىبنى سىنا بۇخارا ، ئورگەنچ قاتارلىق جايلاردا ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . كېيىنچە ئىراندىكى ئىسپاھان ، ھەمەدان قاتارلىق جايلاردا تىبابەتچىلىك ، فىزىكا ، ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇنىڭ «ئەلقانۇن» ، «كىتابۇل شىفا»(شىپالىق كىتاۋى) ، «دانىشنام» ، «رىسالەفى ئەل موسىقى غەيرمۇفى ئەل شىفا» (مۇزىكا توغرىسىدا«شىفا»دا بېرىلگەندىن باشقا رىسالە) قاتارلىق ئەسەرلىرى پۈتۈن شەرق ئەللىرى تىبابەتچىلىگى ۋە مۇزىكىچىلىغىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىبن سىنا مىلادى **1037** ـ يىلى ھەمەداندا ۋاپات بولغان.

ئىبن سىنانىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى تۆھپىسى مۇقاملارنىڭ «ئىسلام شەرق تىپى» ، يەنى ئىسلا ـ مىيەتتىن كېيىنكى تارىخىي تىپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئىبن سىنانىڭ مۇزىكىغا دائىر مۇلاھىزىلىرى«كىتابۇل شىفا»ئەسىرىگە ئالاھىدە كىرگۈزۈلگەن ، ئۇنى جۇرجانى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ، ئۇنىڭ «دانىشنامە» ناملىق ئەسىرىگە قوشۇپ ئېلان قىلغان . ئىبنى سىنا يەنە مۇزىكا ھەققىدە «كىتابۇن نىجاد» ناملىق ئەسەرنى يازغان . بۇ ئەسەر **1931** ـ يىلى

ئەرەپ ئالىمى مەھمۇدئەل خەۋفىنىڭ ئىبنى سىنانىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى ھەققىدە مەشھۇر كىتاۋى ئىچىدە نېمىس تىلىدا ئېلان قىلىنغان .

فارابىنىڭ شاگىرتى ، بۇخارادا غەربىي تۈرك خانلىغىنىڭ تۈرك مەدەنىيىتىدىن بىۋاستە ئوزۇقلانغان مۇتەپەككۇر ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئون ئىككى مۇچەل قارىشى ، سۇجۇپ ۋەكىللىگىدىكى ئون ئىككى بۇرچلۇق مۇقەددەس قارىشىنى ئەنئەنىلىرى ۋە ئىلگىرىكى شەرق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىدىكى ئون ئىككى تۈركۈملۈك (مۇقاملىق)كۈي شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈيشۇناسلىغىدىكى مۇزىكىلىق ئاكۇستىكا، ئىنتېرۋال، رىتىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى بەرگەن . ئىبن سىنا ئوتتۇرىغا قويغان ئون ئىككى كۈي شەكلى مۇنداق:

1.رەھاۋى 2.ھۇسەينى 3.راست 4.ھىجاز 5.ئابۇچەشمە 6.بۇزرۇك 7.ئىراق 8.ئىسپاھان 9 . ناۋا 10.ئۇششاق 11.زەنگۇلە 12.سەلىقە؛

لېكىن بۇ ناملار ئەينى ۋاقىتتا يۇرۇشلەشكەن كۈيلەر سىكلىنى ئاتىلاتماستىن ، كۈيلەرنىڭ ئاكوس ـ ـتىكىلىق ئورۇنلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

ئىبن سىنانىڭ ئەنە شۇ مۇزىكا نەزەرىيىسى ئاساسىدا ئەزەربەيجاندا ياشىغان مۇزىكشۇناس سەيفىد ـ دىن ئابدۇلمۇئمىن ئىبنى يۇسۇپ ئەل ـ ئۇرماۋى(مىلادى1216 ـ 1294 ـ يىللار) «كىتاب ئەل ـ ئەدۋار» (دائىرىلەر توغرىسىدا كىتاپ)دېگەن ئەسىرىدە ئون ئىككى «مۇقام»دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك ، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئەل فارابىغا ئوخشاش ، ئۇيغۇر«ئون ئىككى مۇقامى» ھەمدە شەرق خەلقلىرى مۇقاملىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تەرەققىياتى ۋە سىستېمىلىشىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئالىمدۇر .

## مۇھىم قوشۇمچىلار:

### 1) ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا رۇبائىيلىرىدىن پارچىلار:

شۇل خاكى سىياھتىن، تا ئەۋجى زۇھال
(توپا ـ چاڭدىن ساتۇرنىنىڭ شەكىللىنىشىگىچە...)
ھەر نەچچىكى مۇشكىلات ئىدى، ئەتتىم ھەل،
ئاچتىم نەچچە زەنجىر ـ زەنجىرى مىكرى خىيال،
يەشتىم نەچچە بىر تۈگۈن ، قالدى ئەجەل.

ساقى، قەدەھى جۇرئىتى جامىڭ قايدا؟
ئول ئەينەك نۇرى، جاھانىڭ قايدا؟
سۇن ماڭاكى، كۆڭلۈمنى ئايان ئەيلەيىن،
تەقۋانى شىكەست ئەيلىگىنىڭ قايدا؟

پىر بولدۇڭ، ئىشقىنى ئاشكار ئەتمەسسەن،
چاچ ئېقى بىرلە، پىرلىرىڭ پىنھان ئەتمەسسەن.
تۈن زۇلمىتىدە ھەرنىمە قىلدىڭ، قىلدىڭ،
تاڭ روشىنىدە بولدى، ئايان ئەتمەسسەن.

ئەي مېھىر، بارمىدۇ سەن كەبى ئالەمگىرد
(ئالەمنى بىلگۈچى، ئالەمنى قوينىغا ئالغۇچى)

ئازغۇن يولۇچىمەن، ئۆزۈڭ يول كۆرسەت.
كۆردۈڭمۇ ئۆزگىلەرنى يەنە ئىشق يولىدا،
كىم يۈزىدە شۇنچە زار ئىمىش، كۆڭلىدە دەرت.

زۇلپىڭ چېچىلىپ، بويۇڭ قەدەر چۇشەر
(زۇلپىڭ—ئاياللارنىڭ چېكىسىدىكى يۆگىمە چېچى)
ئاگاھمىسۇن نېچۈن بۇنچە چۇشەر؟
چۈن لەيلىڭ ئارا، لەيلىيۇ زۇمرەت كۆربان،
ئەجداھ بولۇپ، مىسلى كەمەر چۇشەر.

بىزدۇرمىز ئەشۇ خەققە تەۋەللا قىلغان،
لۇتپىڭنى تىلەپ، ئۆزنى تەبەررا قىلغان.
ھەر جايدا ئىنايىتىڭ گەر بولسا، بولۇر،
قىلغان، قىمىغانۇ، قىلمىغان گويا قىلغان.

نې خۇشكى، جاھاندىن كېچىپمۇ كەتكەيسەن،
مەنزىلگە پۇشايمانسىز بەلكى يەتكەيسەن.
ھەر نىمە ئەيلىسەڭ، بۇگۈن ئەيلە ئادا،
چۈن، ئەتىگە ناتىۋان قېلىپ كەتكەيسەن.

ئەي نەپسى، سەن غەرىق ئەيلە، ھاۋايى ـ ھەۋىسىڭ،
چۈن ئۆلكى، بىر ھىمايىتى نەپسىڭ.
دۇنيا دىمە، مال ـ دۆۋلەتۇ، بايلىق دىمە،
كىم، دوست دەپ دۈمەنگە گىرىپتار بولسەن.

يۈزىڭ كەبى ئاپتابى نۇرى قېنى؟
زۇلپىڭ كەبى ھەر شامۇ سەھەر سايە قېنى؟
بۇل تۆۋىگە ئول گۇناھ نېچۈك زىننەت ئىمىش؟
بۇ ئىككىسىدەك ھەمدەمۇ، ھەمسايە قېنى؟ (ھەمسايە—خوشنا)

كىم بەردى، روھى لالىيۇ گۇلبار ساڭا؟
بۇل سۇمبۇلى نوتىنى، گۇلنار ساڭا؟
كۇندۈزنى قارا تۈن قولىغا كىم بەردى؟
بۇل يارۇ سازانى، سازاۋەر ساڭا.

ئەي تۈن، ئىنايەت ئەت، يەنە ئەيلىمە خۇن،
بول رازى دىلىمنى پاش ئېتىپ، قىلما فۇزۇن.
كۆردۈڭ، تۈنۈگۈن، كېچەم نە قەدەر بولدى ئۇزۇن،
ئەي، ۋەسلى ـ ۋىسال تۈنى، ئۇزۇن بول، ئۇزۇن.

سورىدىمكى: نىچۈن شىكەستە پالاندۇرمەن؟

ئېيتتى: سەۋەبى مەن گۈلى خەنداندۇرمەن.
سورىدىمكى: نېچۈن پايەگدە گىياھدۇرمەن؟
دېدىكى سەنەم: سەن تەنۇ، مەن جاندۇرمەن.

ئۈچ نەرسىگە سېنىڭ ئۈچگدىن ئالمىش تىمسال:
روھتىن-گۈلۈ، لەۋدىن-مۈگۈ، يۈزدىن-جامال.
ئۈچ نەرسىگە مېنىڭ ئۈچمدىن ھەم مىسال:
دىلدىن - غەم، يۈزدىن - نەم، كۆزدىن - خىيال.

زۈلپىڭ سەنىمى ئەگەردە لەرزان بولۇر،
ئەل ئىچرە باھايى ئەنبەر ئەرزان بولۇر.
گەر زۈلۈمىڭ ئارا يۈزىڭ نامايەن بولۇر،
نۇر تاڭ بىرلە تۈنگە تەڭ، پاراۋان بولۇر.

ئەي كاشكى، كىملىگىنى بىر بىلمىسە،
نېچۈن ساياقمەن، نەزەر قىلمىسا.
ساھىبى بەخىت بولسام، ئۇيناپ، كۈلمىسە،
بولمىسام، ياش تۆكۈپ، باغرىم تىلمىسا.

مېنىڭ كۈپرىم ئەيىپلەرگە دىلمدىن ئۆزگە سۇلتان يوق،
بۇل ئالەمدە مېنىڭ پاكىزە ئىمانىمدەك ئىمان يوق.
مۇسۇلمانلىقتا مەن ئەھلى زامان ئىچرە ئىدىم تەنھا،
ئەگەر كاپىر بولسام مەن ھەم، بۇل دۇنيادا مۇسۇلمان يوق.

(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:مۇھەممەد تۇرسۇن ئابدۇكېرىم شەيدائى)

## 2) ئىبىن سىنانىڭ 100 نەسىھەتى

قۇياش قارىغۇ كىشىگە كۆرۈنمىگەندەك ، توغرا يول بەلگىلىرى جاھىللارغا كۆرۈنمەيدۇ .

ياخشى - يامان خۇلقلارنىڭ ھەممىسى مۇھىت ، تەربىيە ، ئادەتلىنىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنى ئۇششاق سۆز ، ئۆچەكەشمەك ، جېدەل - شىكايەت ، نارازىلىق ، دادۇ- پەرياد-لاردىن خالىي قىلىپ چىقمىغۇچە شۇ خىل ئىپلاس ۋە پەسكەش خاراكتېردىن ئازاد بولالمايدۇ.

ئۇلۇغلۇق ئىنسانغا ھېچقانداق يامانلىقنى يېقىنلاششقا يول قويمايدىغان بىر ھالەتنى جەملىگۈچى كۈچتۇر.

كىشى بىرەر يامان ئەھۋالغا ياكى قايغۇ - ھەسرەتكە دۇچ كەلگەندە ، ئۇنىڭغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش ـــــ رەھىمدىللىك دېيىلىدۇ .

ئىنساندىكى ئەڭ يامان جىنايەتكار ئىللەت ـــــ ئىككى يۈزلىمىلىكتۇر .

سىرنى ساقلىساڭ سىر ساڭا مەھبۇس ، سىر ساقلىمىساڭ سەن سىرنىڭ مەھبۇسى.

توغرا سۆزلەش ۋە توغرا ئىشلەش؛ ھالال، پاك مېھنەت قىلىش؛ ھەممىگە ئىنساپ ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش؛ نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىغا ئۇشۇقچە بېرىلمەسلىك؛ ئالىم، بىلىملىك كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولۇش؛ چوڭلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بەجا قىلىش؛ كىچىكلەرگە شەپقەتلىك ، مەرھەمەتلىك بولۇش؛ چىن ۋە سەممىي دوستلۇق قىلىش؛ مۇھتاجلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارغا ئىنئام ـ ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماسلىق؛ نادانلارغا نەسىھەت قىلىش قاتارلىق ئون ئىش ھەممە ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا ئالائۇد دەۋلەنىڭ يۇرتىدىن قېچىپ، ھەمداندىن باغداتقا كېتىپ بارغىنىدا، شەتىت دەرياسى بويىدا بىر ئادەم دۇكان ئېچىپ ، دورا ـ دەرمەك سېتىپ تېۋىپلىك قىلىۋاتقان ئىكەن . ئىبنى سىنا تېۋىپنىڭ دۇكىنى ئەتراپىدا بىر ئاز ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا نەزەر سېلىشقا باشلاپتۇ . شۇ چاغدا بىر ئايال بىمار شېشىگە قاچىلانغان سۈيدۈكنى تېۋىپقا بېرىپتۇ . تېۋىپ ئايالغا قاراپ :

ـــ كېسەل، يەھۇدىيمۇ؟ ـــ دەپتۇ ۋە يەنە ئارقىدىنلا، ـــ سەن ئۇنىڭ خىزمەتكارىمۇ ـــ دەپ قوشۇپ قويۇپتۇ . ئايال ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپتۇ . تېۋىپ يەنە ئايالغا قاراپ:

ـــ كېسەلنىڭ ئۆيى شەرق تەرەپتىمۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ .

ـــ ھە ، شۇنداق، ـــ دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپتۇ ئايال .

ـــ كېسەل ئاخشام قېتىق ئىچكەنمىدى؟

ـــ ھە ، شۇنداق .

ھەممە ئۇنىڭ دانالىقىغا قايىل بولۇشۇپتۇ. ئىبنى سىنامۇ ھەيران بوپتۇ . تېۋىپنىڭ قولى بوشىغاندىن كېيىن ، ئىبنى سىنا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇدە :

ـــ بۇ نەرسىلەرنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ .

ـــ سېنىڭ ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا ئىكەنلىكىڭنى قانداق بىلگەن بولسام ، بۇ نەرسىلەرنى ھەم شۇنداق بىلدىم، ـــ دەپتۇ تېۋىپ.

ـــ بۇ ئۇنىڭدىنمۇ مۇشكۈلرەك ئىشقۇ، ـــ دەپتۇ ئىبنى سىنا . شۇ چاغدا تېۋىپ:

ـــ شېشىنى ماڭا ئۇزاتقاندا ، ئايالنىڭ يىڭى كىر ئىكەن . دېمەك، ئۇ بىراۋنىڭ خىزمەتكارى ئىكەن دەپ ئويلىدىم . يەھۇدىي مۇسۇلمانىنىڭ خىزمىتىنى قىلمايدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خوجايىنىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىگى ئېنىق ئىدى . ئايالنىڭ كىيىمىگە قېتىق تامغانلىقىنى كۆرۈپ ، دەرھال پەرەز قىلدىمكى ، ئاشۇ ئۆيدە قېتىق ئىچىشكەن ۋە بىمارغىمۇ بېرىشكەن . يەھۇدىيلارنىڭ ئۆيى ئادەتتە شەرق تەرەپتە بولىدۇ . دېمەك ، بىمار شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدە ياشايدۇ، ـــ دەپتۇ.

ـــ بۇ گەپلىرىڭغۇ توغرا ، لېكىن مېنى قانداق تونۇدۇڭ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ ئىبنى سىنا .

ئىبنى سىنا دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمىنى ، تېۋىپلارنىڭ تېۋىپى ئىكەن . كۈنلەردىن بىر كۈنى، شەھەرلىك بىر كىشى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

ـ ئەي، ئۇلۇغ تېۋىپ ، سېنى مىڭ بىر دەردكە داۋا تاپقان تېۋىپ دېيىشىدۇ، لوقمان ھېكىمدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەنمىشسەن، شۇ گەپ توغرىمۇ؟

ـ گېپىڭ ناتوغرا ، لوقمان ھېكىمدىن ئۆتۈپ كېتىش ماڭا نەدە تۇرۇپتۇ . ئۇ ھەزرەتكە كىچىك بىر شاگىرت بولالىسام ، ئۆزۈمنى ئەڭ بەختىيار كىشى ھېساپلار ئىدىم . ئەمدى مىڭ بىر دەردكە داۋا

تاپقىنىمغا كەلسەك ، بۇ سوئالىڭغا ھەم «ھەئە»نىڭ مەنىسى شۇكى ، كۆپ دەردكە داۋا تاپقىنىم ، قو ـ لۇمدا ناھايىتى كۆپ خەستىلەر شىپا تاپتى . «ياق»نىڭ مەنىسى شۇكى ، تېخى مەن بىلمىگەن كېسەللىكلەر ناھايىتى كۆپ، ــ دەپتۇ ئىبن سىنا.

ــ ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى يەنە.

ــ بۇ سوئالىڭمۇ جاۋاپ بېرىش مۇمكىن، ــ دەپتۇ ئىبن سىنا، ــ ئۆلۈمنى داۋالاشنى بىلمەيمەن. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش يوللىرىنى بىلىمەن .

ــ شۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويساڭ، ــ دەپ سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ھېلىقى ئادەم.

ئىبن سىنا:

ــ مەيلى، ئۆگىتىپ قويسام قوياي. سەن مەن بىلەن ئۆزۈم كۆكەرتكەن باغقا كىرسەڭ ، باغدا ساڭا ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورا بېرىمەن، ــ دەپتۇ ۋە ھېلىقى كىشىنى باشلاپ ، ئۆز بېغىغا ئەكىرىپتۇ . ئۇنىڭ قولىغا بىر تۇپ چىنار بىلەن بىر تۇپ نەشپۈت كۆچىتىنى بېرىپ:

ــ مانا بۇ چىنار كۆچىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا ئۆزۈڭگە ئۆي سالسەن . ماۋۇ نەشپۈت كۆچىتىنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ ، مېنى نەشپۈت يېيىشكە چاقىرسەن . شۇ چاغدا مەندىن ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورىنى ئالىسەن، ــ دەپتۇ . شەھەرلىك كىشى چىنارنى ئۆستۈرۈپ ئۆي سالماقچى، نەشپۈتنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ ، ھوسۇل تويىغا ئىبن سىنانى چاقىرماقچى بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ . مېھنەت قىلىۋېرىپ ، ھايات زەۋق ـ شەۋقى بىلەن ياشاپتۇ . مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ يۈز ياشتىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قاپتۇ .

قىسسىدىن ھىسسە ، بۇ ئۈمىدلىك دۇنيا ئىكەن. ئۈمىد قىلغان مۇرادىغا يېتىدۇ. نا ئۈمىد ئۆز ئايىغىدا يۈتىدۇ . ياخشى نىيەتلىك بولايلى.

بىر كىشىنىڭ ئوغلى ئىچمىلىككە بېرىلىپ كېتىپتۇ . ئەتىدىن كەچكىچە ئىچىپ ، ھېچ كىمگە تىنچلىق بەرمەيدىكەن . دادىسى ئۇنى يېتىلەپ ئىبن سىنانىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە :

ــ سىنى ھېكىملەرنىڭ ھېكىمى، دەپ تەرىپلىشىدۇ ، مۇشۇ ئوغلۇمنى داۋالاپ ، توغرا يولغا سېلىپ بەرسەڭ ، ــ دەپتۇ .

ــ نېمە كېسىلى بار؟ ــ سوراپتۇ ئىبن سىنا.

ــ ئىچمىلىككە بېرىلىپ كەتتى . بۇ يولدىن ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ توسۇيالمىدىم ، ــ دەپتۇ ئۇ كىشى .

ئىبن سىنا مۇنداق كېسەلنى ھەقىقەتەن داۋالاپ باقمىغان ئىكەن . شۇڭا ئۇ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:«مەيلى داۋالىسام داۋالاپ باقاي . ئۇنداقتا سەن ماڭا بىر بۇلبۇل ، بىر ئېيىق ، بىر توڭگۇز، ئىككى مايمۇن كەلتۈرسەن» دەپتۇ . باللىنىڭ دادىسى ئىبن سىنانىڭ دېگەنلىرىنى كەلتۈرۈپتۇ . ھېكىم ئۇنىڭ ھەر ـ بىرىنى ئالاھىدە قەپەسكە سولاپتۇ . كېيىن بىر خىزمەتكارىغا بىر پىيالە مەي ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكار ۋەزىپىنى بىجىرگەندىن كېيىن ھېكىم ئۇنىڭغا بۇلبۇل تۇرغان قەپەسكە كىرىشنى بۇيرۇپتۇ . خىزمەتكار قەپەسكە كىرىپ ، بىردەمدىن كېيىن بۇلبۇلغا قوشۇلۇپ سايراشقا باشلاپتۇ ، ناخشا ئېيتىپتۇ . ئۇ شۇ چاغدا شۇنچىلىك ھۇزۇرلىنىپتىكى ، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ھېلىقى يىگىت بىلەن ئىبن سىنانىڭمۇ ھەۋىسى كەپتۇ .

ئەتىسى ئىبن سىنا خىزمەتكارىغا ئىككى پىيالە مەي بېرىپ، ئېيىق تۇرغان قەپەسنىڭ يېنىغا كېلىشنى بۇيرۇپتۇ . ئۆزى ھېلىقى كېسەل يىگىت بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ . بىر ۋاقىتتا ھېلىقى مەي ئىچكەن خىزمەتكار راۋۇرۇس قىزىپ ، ئېيىققا ئوخشاش ھۆركىرەپ ئۇنىڭغا تاشلىنىپتۇ . ئېيىقنى ئۇرۇپ يىقىتماقچى بوپتۇ . ئىبن سىنا ئۇنى ھېلىقى ئىچەرمەن يىگىتكە كۆرسىتىپ «قانداق، تونۇدۇڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ . «ياق، تونۇمىدىم» ــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يىگىت . «ياخشى» دەپتۇ ئىبن سىنا.

ئىبن سىنا ئەتىسى شۇ خىزمەتكارىغا ئۈچ پىيالە مەي ئىچكۈزۈپ، توڭگۇزنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قويۇپتۇ . خىزمەتكار توڭگۇز نىمە قىلسا شۇنى قىپتۇ ، پاتقاقتا مىلەنسە مىلىنىپتۇ، توپىغا ئېغىنسا ئېغىناپتۇ . ئىبنى سىنا هېلىقى ئېچەرمەن يىگىتكە قاراپ: «تونۇدۇڭمۇ؟» دەپتۇ . يىگىت: «ياق، تونۇمىدىم» دەپتۇ . «ياخشى» دەپتۇ ئىبنى سىنا . كېيىن خىزمەتكارغا تۆت پىيالە مەي ئىچكۈزۈپ ، مايمۇننىڭ قەپىزىگە كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ . خىزمەتكار بىر پەستە مايمۇننىڭ ئۆزىلا بولۇپ قاپتۇ . ئىبنى سىنا ئېچەرمەن يىگىتكە «تونۇدۇڭمۇ؟» دەپتۇ . «ياق ، تونۇمىدىم» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يىگىت . كېيىن ئىبنى سىنا ئۇ يىگىتكە:

— ھەممىسى بىر ئادەم ئىدى . مەن ئۇنىڭ كىيىمىنى ئۆزگەرتتىم ، خالاس . باشقا يېرى ئۇنىڭ ئۆزى شۇ . ئۇنى ئېچكەن مەي ئۆزگەرتتى . بىر پىيالىدە بۇلبۇل بولدى . ئىككى پىيالىدە ئۆزىنى ئېيىق ھېساپلاپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولدى . ئۈچ پىيالىدە توڭگۇزغا ئايلاندى . تۆت پىيالىدە ئۆزىنى كۆردۈڭ ، مايمۇندىن پەرقى قالمىدى . ھە ، سەنمۇ ئېچكەن چاغلىرىڭدا بۇنىڭدىن بەتتەر بولاتتىڭ، — دەپتۇ.

ئېچەرمەن يىگىت :

— ھەي ئۇلۇغ ھېكىم ، سەن مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتىڭ . بۇنىڭدىن كېيىن مەي ئىچمىگىنىم ئىچمىگەن . ۋەدىسىدە تۇرمىغان نامەرد — دەپتۇ ۋە ئىبنى سىناغا رەھمەت ۋە ئاپىرىنلار ئېيتىپ ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ . شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ مەينى ئاغزىغا ئالمىغانىكەن .

ئىبنى سىنا تاغۇ ـ دەشتلەردە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ يۈرۈپ ، شۇ ئەتراپتا تۇرىۋاتقان بىر پادىشاھ قوشۇنى ئۇستىدىن چىقىپ قاپتۇ . پادىشاھ ئېغىر كېسەل بولۇپ ، ھېچ قانداق تېۋىپ ساقايتالمىغان ئىكەن. ئىبنى سىنانى كۆرگەن پادىشاھ كىشىلىرى :

— سەن نېمە دەپ بۇ يەرلەردە قاڭقىپ يۈرىسەن ياكى سەن جاسۇسمۇ؟ —— دەپ سوراققا تارتىپتۇ .

— ياق، تېۋىپمەن ، دورا ئۆسۈملۈكلىرى تېرىپ يۈرىمەن، —— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىبنى سىنا .

— تېۋىپ بولساڭ پادىشاھىمىزنى ساقايتىسەن ، ئۇ بىر قانچە يىلدىن بېرى بىتاپ . ھېكىملەر ئۇنى داۋالىيالماي باشلىرى قاتتى . سەن ساقايتساڭ ساقايتتىڭ ، بولمىسا ئۆزۈڭنى ئۇ دۇنيادا كۆرىسەن، — دېيىشىپتۇ ۋە ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىپتۇ . ئىبنى سىنا پادىشاھنى قانچە تەكشۈرسىمۇ كېسىلىنى ئېنىقلىيالماپتۇ . «نېمە بولسا بولار ، قىرىق كۈن مۆھلەت سورايمەن . رازى بولسا ، شۇ ۋاقىت ئىچىدە كېسىلىنى ئېنىقلاپ داۋالايمەن . بۇ جەرياندا بارلىق گىياھلارنى يىغىپ ، ئۇلار ئۇستىدىن ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىمنى يەكۈنلەپ چىقىشقا ئۇلگۇرىمەن . كېيىن نېمە قىلسا قىلار» ، — دەپ ئويلاپتۇ ۋە پادىشاھقا قاراپ :

— ئالەمپاناھ ، مۇشۇ يەردە قىرىق كۈن تۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ . مەن ھەر كۈنى سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى تەكشۈرۈپ تۇرىمەن . خۇدا شىپالىق بېرەر، —— دەپتۇ .

پادىشاھ رازى بوپتۇ . ئىبنى سىنا گىياھ يىغىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ . ھەر كۈنى پادىشاھنى بىر بولسا «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە» ، بىر بولسا «بۇ تەرىپىگە ئېلىپ بېرىڭلار!» دەپ بۇيرۇۋېرىپتۇ . ئۆزى گىياھ يىغىشنى تەرك قىلماپتۇ . قانداقتۇر ھاۋاسى ياقتىمۇ ياكى سۈيى خىل كەلدىمۇ ، ئىشقىلىپ پادىشاھ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزىنى ياخشى سېزىشكە باشلاپتۇ . بىر كەم قىرىق كۈن بولغاندا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ . ئۇ ئىبنى سىنانى چاقىرتىپ :

— سەن ھەقىقەتەن مۆجىزىكار تېۋىپ ئىكەنسەن ، تۈزۈلۈپ قالدىم ، رەھمەت ، دەپتۇ .

— سۇلتانىم ، رەھمەتنى ماڭا ئەمەس ، تۆت ئەتراپىڭىزدىكى مونۇ جايغا ، تاغۇ ـ تاشلارغا ئېيتىڭ . مۇشۇ جاي ، ھاۋا ۋە دورا گىياھلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بولمىغان بولسا ، ئىككىمىزنىڭمۇ جېنىغا ۋاي ئىدى، — دەپتۇ ئىبنى سىنا .

— نېمىشقا شۇنداق؟ پىكرىڭنى ئوچۇقراق ئېيت ، — دەپتۇ پادىشاھ .

ئىبنى سىنا :

— بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى ، شىپا بەخش سۇ ۋە گىياھى ، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇمىدىڭىز سىزنى

ساقلاپ قالدى . بولمىسا سىز تۆزەلمەيتتىڭىز ، ئۇنداق بولغاندا ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . يەنە سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز «پادىشاھىمىزنى ساقايتالمىدىڭ» دەپ تېرەمنى شىلىۋېلىشاتتى . سىزنىڭ ساقىيىشىڭىزغا مېنىڭ هېچ قانداق ياردىمىم بولمىدى . بۇيرۇڭ ، راستىنى ئېيتقانلىقىم ئۈچۈن مېنى نېمە قىلىشسا قىلىشسۇن، - دەپتۇ .

ساقىيىپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولغان پادىشاھ ئىبنى سىنانىڭ راست سۆزلىگى ئۈچۈن ، بىر ئات بىلەن بىر قۇر سەرپاي هەدىيە قىپتۇ .

# ئەبۇلغازى باھادىرخان

ئەبۇلغازى باھادىرخان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخشۇناس بولۇپ ، **17** - ئەسىردە ياشىغان . «شەجەرەئى تۈرك» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار . ئۇ ، چاغاتاي تىلىنى ئەرەپ ، پارىس تىلى تەركىپلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن تىمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى دەپ قارىغان . ئۇ ، ئانا تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ئۈچۈن بۇ تارىخ كىتاۋىنى («شەجەرەئى تۈرك»نى كۆرسىتىدۇ) ساپ تۈرك تىلىدا يېزىپ چىققان .

«شەجەرەئى تۈرك»نىڭ مەزمۇنى چوڭ جەھەتتىن **14** - ئەسىردىكى تىمۇر خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلىشىدىن **16** - ئەسىردىكى شايبان خانلىقىغىچە بولغان دەۋرنى ، يەنى ئۇيغۇر يېزىقى ھاكىمىيەت يېزىقى بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇ ، كىتاۋىدا تۇغلۇق تېمۇرخانىنىڭ لەشكىرىي ، سىياسىي ۋە دىنىي كۈچتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپلىمە كۈچ بىلەن بەشبالىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى ۋە ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن خاندانلىقنىڭ پارچىلىنىپ كېتىش جەريانىنى بايان قىلىپ ، شەرقتە قۇمۇل ، غەرپتە ئۇدۇن(خوتەن) ، قەشقەرگىچە بولغان بىپايان زېمىندا نۇرغۇن خانلىقلار ۋە رايونلار پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسەتكەن . بۇ بايانلار «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دىكى بايانلارغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ .

ئۇندىن باشقا ، بۇ كىتاپتا يەنە نۇرغۇن خانلىقلار ۋە رايونلار ئارا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى ۋە يۈەن سۇلالىسى ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ دىن ئەھۋالى بايان قىلىنىپ ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى غەربىي يۇرتقا دائىر خاتىرىلەرنىڭ كەمتۈك تەرەپلىرىنى تولۇقلىغان .

**تەرجىمانىنىڭ ئىزاهاتى:**

ئەبۇلغازى باھادىرخان ھىجرىيە **1074** - يىلى «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق مۇقەددىمىدىن باشقا توققۇز باپتىن تەركىب تاپقان داڭلىق تارىخ كىتاۋىنى يېزىپ تاماملاپ ، تارىخ سەھىپىسىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان . ئاپتور كىتاۋىنىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ بېشىدا ئۆزىنى : «... چىڭگىزخانىنىڭ ئەۋلادى - ئەرەپ مۇھەممەدخان ئوغلى چىڭگىزىي ۋە خارەزمىي» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ ، كىتاپنىڭ **1** - ، **2** - باپلىرىدىكى نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يافەستىن يافەس ئوغلانى تۈرك ، ئۇنىڭ ئوغلى تۈتەك ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى قاراخان ، ئۇنىڭ ئوغلى ئوغۇزخان ھەققىدىكى بايانلىرى ۋە ئۆزىنى ئوغۇزخان ئەۋلادىدىن دەپ قاراشلىرى مېنى بۇ مۇبارەك زات ئەسلى ئۇيغۇر بولسا كېرەك دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى . ئەمما بىر يىلنىڭ ئالدىدا «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر شەخسلەر تەزكىرىسى» (خەنزۇچە) دېگەن كىتاپتىكى ئەبۇلغازى باھادىرخانغا ئالاقدار بىر بەت كېلىدىغان بايانلارنى كۆرۈپ ، ئۆز قارىشىمنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىگىنى هېس قىلدىم . ئىلگىرى مەن كۆرگەن كىتاپلاردا ئەبۇلغازى باھادىرخانىنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى قاتارىدا ئۇچراتمىغان ئىدىم . بەلكىم ، بۇ مېنىڭ كۆرگەن ماتېرىياللىرىمنىڭ ئازلىقىدىن بولسا كېرەك . شۇڭلاشقا ، تارىخ ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىلمىي قاراشلىرىغا ياردىمى بولسۇن دەپ ، بۇ يازمىنى تەرجىمە قىلىپ ، جامائەتكە سۇنۇشنى لايىق

www.uyghurkitap.com



تاپتىم ، كۆپچىلىكنىڭ بۇ كىتاپنى كۆرۈپ بېقىشنى ھەمدە بۇ تېما ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن .

# ئەخەت تۇردى

1940 ـ يىلى قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان ، 1964 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن . ئۇنىڭ «گۈلخان» ، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» ، «مەرھابا ، باغۋەن» ، «مەھبۇس قىزى» ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ، «خەير ـ خوش ، توققۇز كۇنلۇك ماكان» ، «قىزىق ئىشلار» ، «يەر گۇۋاھ ، ئاسمان گۇۋاھ» قاتارلىق ھىكايىلىرى ، «قىيانلىق دەريا» ، «باھاردىكى جۇدۇن» ، «مۇزلىغان يۈرەك» ، «سەبىيلەر پاجىئەسى» ، «قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىغىدا» ، «ئەلۋىدا ، كۆز يېشىم» قاتارلىق پوۋېستلىرى ئېلان قىلىنغان . 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ، «ھايات شۇنداق» ، «بەختسىز سەئىدىيە» ، «ئاي يامغۇرى» قاتارلىق رومانلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى .

ئەخەت تۇردى ئۆز ئىجادىيىتىدە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان ئوخشاشمىغان باي ۋە مۇرەككەپ روھى دۇنياسىنى تىپىك ۋە ماھىيەتلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتتى . ئۇ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلارنىڭ كۆپىنچىسىدە زامانداشلىرىمىز ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرى تەبىئىي ۋە جانلىق يورۇتۇلۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىپىك خاراكتېرى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بۇ خىل تىپىك خاراكتېر يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋىي ھېسسىياتى ، جەمئىيەت ، تۇرمۇش ، تارىخ ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆز قاراشلىرى ، شۇنىڭدەك ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن .

ئەخەت تۇردى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ياش ۋاقتىمدىن تارتىپلا خاتىرە يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن . ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن تارتىپ ، «مەدداھ» لارنىڭ جەڭنامە ، ھېكايىلىرىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدىم ، خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان بۇ سۆزمەنلەرنىڭ قىزىقارلىق ۋەزلىرىدە ئادەمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان مۇبالىغە ، يېڭىچە ئوخشىتىش ، يۇمۇر ، ساتىرىك دېگەندەك ئوبرازلىق ، جانلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرى كۆپ ئىدى . مەن ئۇلارنىڭ ۋەزلىرىدىكى تەسىرلىك ، قىزىق ، ماقال يېڭى تۈيۈلغان ، ئاڭلىمىغان سۆز ـ جۈملىلەرنى ئېرىنمەي خاتىرىلىۋالاتتىم . كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ بۇ ئادىتىمنى تاشلىمىدىم ، يېزىدا يۈرگەن چاغلىرىمدا ياكى شەھەردە بولسۇن ، دېھقانلاردىن ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ ، دىنىي ئۆلىما ، زىيالىيلاردىن ، ھەتتا بەڭگى ـ قىمارۋاز ، ئوغرى ـ لۈكچەكلەردىن ئاڭلىغان يېڭى سۆز ـ ئىبارە ، ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ئالاھىدە روھىي كەيپىياتلارنى خاتىرىلىۋالىدىغان بولدۇم . بۇ خاتىرىلەر ئىجادىيەتلىرىمنىڭ تۈزىنى تەڭشەپ ، جەزبىدارلىقنى ئاشۇرۇشتا ئاجايىپ رول ئوينىدى . مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىڭ ئارتۇقچىلىقى بار دېيىلسە بۇ دەل تىل جەھەتتىكى جەزبىدارلىق ، يېقىملىقلىقىدىن ئىبارەت بۇ سۈپەت «خاتىرە» ئاتلىق كىچىك خەزىنەمدىن كەلگەن.

# ئەختەم ئۆمەر

ئەختەم ئۆمەر 1962 ـ يىلى مەكىت ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1981 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن . ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىنىڭ دېكتورى ، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كەسپى يازغۇچىسى ، تەڭرىتاغ كىنو ئىستودىيىسى ، ئاپتونوم رايۇنلۇق ناخشا ـ ئۇسۇل ئۆمىگىنىڭ سىنارىستى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن . ئاساسلىق




ئەسەرلىرىدىن: «ئەختەم ئۆمەر پوۋېستلىرىدىن تاللانما» ، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ، «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ، «قانلىق جىلغا» ، «سەھەرنىڭ قىممىتى» ، «يىراق قىرلاردىن ئانا يۇرتقا سالام» ، «يىگانە ئارال» (ئىككى قىسىم) ، «ئۆزۈڭگە ئىشەن» ، «غېرىپ ـ سەنەم» قاتارلىق پوۋېست ، ھېكايىلەر توپلاملىرى ۋە رومانلىرى بار بولۇپ ، بۇلاردىن: «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ، «قۇرۇتلاپ كەتكەن كۆل» ، «نۇرتاي ھاجى» (دراما)، «چىن مۇھەببەت» (تېلېۋىزىيە تىياتىرى) قاتارلىق ئىجادىيەتلىرى تۇرلۇك كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

# ئەخمەتجان قاسىمى




(1914 ـ 1949) «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلاۋى» نىڭ ئاتاغلىق رەھبىرى . زۇلۇمغا ، ئېزىلىشكە قارشى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققان ئەزىمەت ئوغلان ئەخمەتجان قاسىمى دىيارىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن قورقماس جەڭچىلەرنىڭ سەركىسىدۇر . ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ، مائارىپى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن بولۇپ ، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ، مىللى ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق باش قوماندان گېنېرال لېتنات ئىسھاقبەگ مونۇنوپ ، باش قوماندان ئورۇنباسارى گېنېرال مايۇر دەلىلقان سۇغۇربايوپ، ھۆكۈمەت ئەزاسى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئىش باشقۇرغۇچىلار غېنى كېرىموپ ، ئابدۇرشىت ئىمىنوپ ، مەدەنىيەت ئۇيۇشما خادىمى لوجىژ ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەخسۇس مۇھاپىزەتچىسى ئوسمانجان ناسىرلار جاللات ستالىن تەرىپىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان تېرورلۇقنىڭ قۇربانى بولدى .

خەلقىمىز بۇ مۇنەۋۋەر رەھبەرلىرىنى مەڭگۈ چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلەيدۇ . چۈنكى ئۇلارنىڭ جىددى ، ھەل قىلغۇچ پەيتتە قىلغان ۋىجدانىي ۋە ئىمانىي سۆز ـ ھەرىكىتىدىن ئالەمچە پەخىرلەنگەن ئىدى . شۇنداق !

«موسكۋا رەھبىرى» ئالدىدا ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاك نىيەتلىك پەرزەندىسى سۈپىتىدە تونۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق تارىخى ، مەدەنىيىتى ، تىل ـ يېزىغى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئىككى ئەسىردىن بۇيان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ، تەقىپ ئېتىلگەنلىكى ، مەھەللى خەلقىنىڭ ئېتىقادى بوغۇپ تاشلانغانلىقىنى پاكىتلار بىلەن سۆزلەپ كەتتى . ئەخمەتجان قاسىمى تەرىپ ئەتكەن مۆدھىش ۋەقەلەرنىڭ قەلبلەرنى ئۆرتىگەنلىكى ، دۆلەت بايلىقىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىنغانلىقى ۋە گۇناھسىز دىللارغا تىغ سانجىلغانلىقىنى ھېچ قورقماستىن ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇنىڭ ئىزتىراپقا تولغان قەلبىدە ئۆتكەنكى شەخسلەرگە نېسىپ بولمىغان ئېتىقاد ، ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن مەردانە كۈرەش قىلىش غايە يۈكسەكلىكى مۇستەھكەم ئىدى . بۇ يۈكسەكلىككە زامانىنى توغرا باھالاش كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراش ئۈچۈن جۈرئەت ـ جاسارەت قوشۇلۇپ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ئىدى....

بەس! ـ دېدى موسكۋا رەھبىرىنىڭ جەھلى چىقىپ ، «شىنجاڭدا مىللىي ئىنقىلاپنى بىز باشلاپ بەرگەنمىز . ئۇنىڭ نەتىجىسىنىمۇ بىز چىقىرىمىز . بىزنىڭ پىكرىمىزگە قارشى چىقىش يوقلىلىش دېمەكتۇر . سىز ئەخمەتجان قاسىموۋ سوۋېت ئىتتىپاقى تەربىيىسىنى كۆرگەن ، موسكۋادا مەخسۇس كۇرسنى تاماملىغان ، ئۇلۇغۋار مەقسەتلەرگە خىزمەت قىلىشنى شەرەپ دەپ ئانت ئىچكەنلىكىڭىزنى ئەستىن چىقىرىۋاتىسىز . ھازىرقى ۋەزىيەت سىز ئۈچۈن ھەقىقى سىناقتۇر....»

ــ ئىنسان قېتىپ قالىدىغان ، بىر مۇقامدا ئىش كۆرىدىغان ماشىنا ئەمەس ، قەتئىي دادىل

جاۋاب بەردى ئەخمەتجان قاسىمى ، ـ سوۋېت تەربىيىسىنى كۆرگىنىم راست . سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ تاشقى سىياستى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى جەزم ئەتكىنىممۇ راست . بۇنى ھاياتىم تارىخىدىن ئۆچۈرەلمەيمەن . ئۇ ۋاقىتلاردا خاراپ بولغان ۋەتىنىمنىڭ ئاۋازى ئىچىگە چۆككەن ئىدى . پۈتۈن ئەتراپنى قورقۇتۇش ، ئىزتىراپ ، تەشۋىش ، ئۈمىدسىزلىك چولغاپ ئالغان ئىدى . ئەمەلدارلاردىن قورقۇش ، جاسۇس جاللاتلاردىن قورقۇش ، ھاكىمىيەت ۋە تۈزۈمدىن قورقۇش ، چەتئەل ئادەملىرىدىن قورقۇش دەھشەت سالاتتى . ۋەتەن خەلقىمىزنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇر ، قەددىدىكى قۇدرەت ، تىلىدىكى ئەركىنلىك ، دىلىدىكى جۈرئەت ، ئېتىقادىدىكى ئىشەنچ سۇنغان ئىدى . ۋەتەن خەلقى ئاللاھتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىشەنمەس ئىدى . مەن ۋەتىنىمگە قەدەم قويغىنىمدا تارىختا ھېچ كۆرۈلمىگەن پاجىئەلەرگە گۇۋاھ بولدۇم . گۆرۋەھ ـ گۆرۋەھ قاماش ، قاتىللىق ، سۈرگۈن ئەۋج ئالغان ئىدى . قەلبىم ئۆرتەندى ، غەزەپ ـ نەپرىتىم قايناپ تاشتى . خەلققە پەقەت ئازاتلىق ، مۇستەقىللىق كېرەك ئىدىكى ، بۇ ئۈچۈن جاننى ئالقانغا ئېلىپ مەردانە كۈرەش قىلىشتىن باشقا ھېچ بىر يول يوق ئىدى . شۇنداق كۈرەش — مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ نىلقا رايونىدا پارتلىدى . گومىنداڭچىلار كۆپ قوراللىق كۈچكە ئىگە بولسىمۇ خەلقنىڭ غەزىۋىگە قارشى تۇرالمىدى . مانا شۇ ئىنقىلاپ مېنى تەربىيىلىدى ، ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. 1947 ـ يىلى ۋەتىنىمنىڭ قىشلاق ، ۋىلايەت ، شەھەرلىرىنى ئارىلاپ چىقتىم . خەلقنىڭ قەلبىگە قۇلاق سالدىم . ئەسرى زۇلۇمنىڭ پاجىئەلىرى مېنىڭ ئېتىقادىمنىمۇ، چۈشەنچەمنىمۇ تۈپتىن ئۆزگەرتىپ تاشلىدى، ھاياتقا پۈتۈنلەي باشقىچىلا قاراشقا مەجبۇر بولدۇم . ئۆتمۈشتىكى قاراشلىرىمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى . ۋەتەننىڭ پەرزەنتى بولۇشتەك ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە قىلدى . ئەمدىلىكتە بۇ غايىدىن قايتىش خائىنلىقتۇر . ئۇلۇغ گروزىن شائىرى تاراس شېۋچېنكونىڭ «كىمنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىغا مۇھەببىتى بولمىسا ، ئۇنىڭ قەلبى مېيىپ ، مېيىپتىنمۇ قاششاقتۇر» دېگىنىنى ئەسلەش جائىزدۇر......

باشقا رەھبەرلىرىمىزمۇ يۈرەكلىك پىكىر ـ چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ ، ۋەتەن ۋە مىللەت ئالدىدىكى ۋىجدانىي ۋە ئىمانىي مەسئۇلىيىتىنى كەسكىن رەۋىشتە ئىپادىلىگەن ئىدى ..... !

ئەمما ئاخشام سائەتلىرىدە باتۇرلىرىمىز رۇس جاللاتلىرىنىڭ غالجىرانە سۇئىقەستىگە ئۇچرىدى...!

ئەلۋىدا ، ئەزىزلەرىمىز ، ئەلۋىدا !

ياتقان جايىڭلار نۇر ـ جەننەت ئىچىدە بولغاي ، ئامىن !

# ئەخمەتشاھ قاراقاشى




(1740 ـ 1828) يازمىلىرى : « ئات قىسسىسى » ، « پۇل » ، « مۇئەللىم سۆھبىتى » ، « قىچىشقاق » قاتارلىقلار.

«قاراقاشى» — بۇ شائىرنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ ، خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيىسىدىكى قاپاقلا يېزىسى ھالايلى(ھويلا ئالدى) مەھەللىسىدە بىر دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان . ئەھمەد شاھنىڭ دادىسى مۇبارەكشاھ قاپاقلا يېزىسىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولغان . ئەينى ۋاقىتلاردا مۇبارەك شاھ قاتارلىقلار تەرىپىدىن دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇتىلىۋاتقان نەۋائى، سوپى ئاللايار قاتارلىقلارنىڭ غەزەللىرى ئەھمەد شاھقا كىچىگىدىن تەسىر قىلغان . ئەھمەد شاھ 1767 ـ يىللىرى قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە كېلىپ ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل ئالىي مەدرىس تەلىمىنى قوبۇل قىلىدۇ . بولغۇسى شائىر ئەنە شۇ چاغلاردىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىققان . ئۇ قەشقەردىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قاراقاشتىكى چوڭ مەدرىسە «گۆزەر» مەدرىسىگە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىنىدۇ . ئەھمەد شاھ قەشقەردە نەزەر دېگەن بىر ئاقسۇلۇق تالىپ بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقىغان ئىكەن . ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ئاقسۇدا مۇفتى بولغان . بۇ خەۋەردىن ۋاقىپ بولغان ئەھمەد شاھ

دوستىغا نامى مەشھۇر ئاقسۇ ئىتىدىن بىرنى ئېلىپ ئەۋەتىش توغرۇلۇق ئالاھىدە خەت يېزىپ، يېتەرلىك پۇل ئەۋەتىدۇ . ئات ئەھمەد شاھنىڭ كۆتكىنىدەك بولماي قالىدۇ . بۇنىڭ بىلەن شائىر قاتتىق رەنجىپ كۆڭلۈك ھەجۋى تۈسكە ئىگە «نەزەر مۇفتىغا خەت»نى يېزىپ چىقىدۇ . بۇ سالام خەت خەلق ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن ھەر خىل نام ، ھەجىم ۋە شەكىلدە كەڭ تارقىلىدۇ .

«ئاتنامە»دە ئاتنىڭ ئوبرازى يۇكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈلگەن . شائىر چاكىنا ۋە خۇمسى دوستىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سېتىۋالغان ئاتنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

بايان ئەيلەي يەنە بىر ـ بىر بۇ ئاتنىڭ ئەيىبنى، ئاڭقا،
قىڭىر قۇيرۇق، سىڭا سۆڭگەچ، پۇتى مايماق،بويى لاڭقا،
بىرى تەپكەك، بىرى مۈڭگەك، بۇ ئەيىپلەر ئۇستىگە ماڭقا،
ساماندىن بەش كۈشۈك يەپ، ھەرقەدەمدە بىر تۇرۇپ ساڭقا،
تۇغۇلماس ھېچ ۋىلايەت ئىچرە بىر ئات ئۇ قىيافەتتە.
مىنىپ چىقسام ئالىپ ئۇردى، يىقىلدىم، نەچچە كۈن ياتتىم.
قويۇپ بەرسەم، بۇزۇپ باغنى، ھەممىشە ئەلنى قاقشاتتىم،
سۇغارغاندا قاچىپ سۆرەپ، ئاران ھارغاندا توختاتتىم،
تىگىشتىم ئۇي بىلە بەش ـ ئالتە نەۋبەت، ئون قاتىم ساتتىم.
قىلىپ دەۋا كېلۋەدى، ماڭا ياندى شەرئەتتە.
ئەگەر يولغا مىنىپ چىقسام ،تۇزۇك يۈگرەپ چاپالمايدۇ،
ۋەيا ئۇي توختاپ ئالغاندا ئۇرۇپ قويسا چىچاڭلايدۇ،
مىنىپ تۇرغان كىشى شۇئان بېرىپ يەرنى قۇچاقلايدۇ،
خەتەرلىكتىن بۆلەك خىسلەت تېپىلماس بۇ كەسافەتتە.
ئۇرۇپ مىڭ تەستە چاپتۇرسام، سوكۇلدايدۇ ئېشەك ئوخشاش،
قورساق سانجىق بىلەن ئاغرىپ، كېتەر گويا زىڭىلداپ باش،
يەنە بىر ئەيىبى شولدۇر چىرقىراپ سىت ، يولدا تاپ توختاش،
زېرىكمەي مىنسە ، بىر سائەت بېرەلمەس ھېچ كىشى بەرداش،
شەھەر ـ يېزا ئارا قىلغان سەفەر، سەيلى ـ ساياھەتتە.

يالغۇز بۇلا ئەمەس، شائىر يەنە كۆپ كۆچ سەرپ قىلىپ ، ئاتنىڭ كۆرنىشى ، خۇيى ، خاراكتېرى ۋە ھالىتىنى تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىپ ، ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىدا تەبىئەت دۇنياسىدىن يەنە بىر ئوخشىشىنى تاپقىلى بولمايدىغان «لەقۋا ئات» ئوبرازىنى سىزىپ چىقىدۇ.

مانا بۇ نەزەر مۇفتىنىڭ ئاغىنىسى ئەۋەتكەن ئەڭ ياخشى ئات كېلىدىغان **50** تەڭگىنى خەجلىۋېلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن سۈيلەپ خەت يازغاندىن كېيىن ئىلاجىسىز ئەھۋالدا قالغان نەزەر مۇفتىنىڭ بىر يىلدىن كېيىن ئەۋەتكەن «ئارغىماق» ئېتىنىڭ ئەينى كۆرنىشى . داستاندا شائىر غەزەپلىك ھېسسىياتى بىلەن «لەقۋا ئات»نى پاش قىلىش بىلەن بىرگە ، بۇ ئاتنىڭ ۋاستىسى بىلەن ۋاپاسىز ، خىيانەتكار ، قىزىل كۆز نەزەر مۇفتىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى قاتتىق پاش قىلغان . ئەھمەد شاھ ئىشىنىدىغان ۋە ھۆرمەت قىلىدىغان دوستى توغۇرلۇق مۇنداق يازغان :

دۇئايى بىئەدەد، خاجە، نەزەر مۇفتىمغە ئەلبەتتە،
تەھىيياتۇ سەلامىم ئانچۇنان ئاھۇ نەدامەتتە،
ۋىسال ئۇلغاي دۇئا بىرلەن سەلامىم ياخشى سائەتتە،
سېنى ياد ئەيلەگۇم ھەركۈن سەھەرلەردە ئىبادەتتە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كى سەندىن ئۆزگە دوستۇم يوق ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتتە.
ساڭا نامە يازدىم، نا مۇناسىپ لەفزدىن، ئەي يار،
بىھەمدۇللا، تىرىكلىكتىن نىشانە ئەيلەدىم ئىزھار،
بىلىشنى ئىستەسەڭ، مۇندا شۈكۈركىم، بىز ئەمەس بىمار،
تېنىڭ ساقمۇ بۇ كۈنلەردە سېنىڭ، ئاندا نەھالىڭ بار،
مۇشەققەتلىكمۇ سەن، يا ئۆتتىمۇ ئۆمرۈڭ فەراغەتتە.
قارىيلىق ھالىدىن سورىسام، يېتىشتى نەچچىگە ياشىڭ،
سېنىڭ ھالا بۇ كۈنلەردە ئاقارمىشمۇ قارا باشىڭ،
ئايال، ئۇششاقلىرىڭ ساقمۇ، يەنە قەۋمۇ ـ قېرىنداشىڭ،
نېچۇكدۇر ئىشتىھايىڭ ھەم، سىڭەمدۇر ئابىيۇ ئاشىڭ،
مىزاجىڭ خوب، چىرايىڭ تازەمۇ ھۆسنۇ مالاھەتتە؟
ئىشتىكىل، ئەي رەفىقا، سۆزنى ئەھمەدشاھ قاراقاشتىن،
بايان ئەيلەيكى ھالىمنى ساڭا ئەمدى يېڭىۋاشتىن،
ئەقدەم بار ئىدى شۇنچە يەقىن تۇغقان قېرىنداشتىن،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ماڭا قاتتىق ئىكەن گويا قارا تاشتىن ،
كۆرۈپمەن، بىلگەنىم يوق مەن ئۇنى ئەينى زەرۇرەتتە.
سېنى مەن دوستۇ ـ يارىم دەپ ، كۆڭلۈمدە ئېتىقاد ئەتكەچ،
مۇھەببەت رىشتەسىدىن ھەر زەمان كۆڭلۈمنى شاد ئەتكەچ،
سىفاتىڭنى قىلىپ دائىم خوتەن ئەھلىغە ، ياد ئەتكەچ،
ئىبەردىم ساڭا ئاتمىش تەڭگەنى، كۆپ ئىتماد ئەتكەچ،
ئىبەرگەيمۇ دەبان بىر ياخشى ئات، ئۆتتۇم خىيالەتتە.
پۇلۇمنى توختاتىپ بىر يىل، ئىبەرىبسەن ماڭا بىر ئات،
ئېشەكچە يوقتۇر رەفتارى، بۇ ئاتنىڭ ھەرنە فىئىلى يات،
كى يولدا توختىۋالدى قامچە بىرلەن ئۇرماسام پات ـ پات،
كۇلا، ئارغامچەنى ئۈزدى، قوزۇققا باغلاسام قات ـ قات،
ئۇلاپ ئارغامچەنى ھاردىم ، كۈنى قالدىم ھالاكەتتە .(«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»دىن ئېلىندى)

# ئەخمەت غۇجامنىياز قىسسۇرى

ئەخمەت غۇجامنىياز ئوغلى قىسسۇرى ھىجرىيە 1133 ـ يىلى (مىلادىيە 1717 ـ يىلى) پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن مەدرىسە ئالدى مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . باللىق، ياشلىق دەۋرىنى لۈكچۈندىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇش ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. كىچىكىدىنلا ئىلىم ـ مەرىپەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان ئەخمەت غۇجامنىياز قىسسۇرى تېخىمۇ يۇقۇرى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، قەشقەرگە بېرىپ ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ ، كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن تونۇشقان ھەمدە ئەرەپ ، پارس تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ، شۇنداقلا قەشقەردىكى ئاتاغلىق تېۋىپلاردىن تىببىي ئىلمىنى قوشۇمچە ئىگىلىگەن .

شائىر قەشقەر خانلىق مەدرىسنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىدە باش مۇدەررىس ۋە ئەلەم ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن . شائىر مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش

جەيانىدا ئۆز ئالدىغا يېڭىچە يول تۇتۇپ ، بۇرۇنقى مەدرىسىلەردە يولغا قويۇلغان ئەرەپ ، پارس تىلىدا ئوقۇشنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇشقا ئۆزگەرتىپ ، تالىپلار ئۈچۈن كۆپ ئاسانلىق تۇغدۇرغان . ئەرەپ ، پارس تىلىدىكى دەرسلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ، ئۆزىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلارنى يېزىپ ئومۇملاشتۇرغان . تالىپلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ۋە سۆزلەش ، يېزىش قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈش ئۈ-چۈن ، سۆز ئويۇنى ھەم شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىلىرىنى ئويۇشتۇرغاندىن باشقا ، شېئىري تېپىشماقلارنى يېزىپ ، ئۇلارنىڭ ئويلىنىشى ، ئىزدىنىشگە بەرگەن . قىسسۇرى ئەجادىيىتى ئۇنىڭ مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا باشلانغان ، يەنى مىلادىيە 1737-يىلىدىن باشلاپلا كىچىك ھەجىمدىكى غەزەل رۇبائىي ، مەسنەۋى شەكلىدىكى لىرىك شېئىرلارنى يېزىش بىلەن باشلانغان . ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار پىكىرلىك ، ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ، تەرەققىپەرۋەر كىشى بولغاچقا ، ئۆز شېئىرلىرىدا ئىلىم-پەننى كۆيلەپ ، ئادالەت ، ھەققانىيەتنى ياقلىغان .

شائىر ئۆز ھاياتىدا تەرجىمە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، ئەرەپ ، پارس تىللىرىدىن« ئەسھا-بۇلكەھف تەزكىرىسى» ، «ئەسھابۇلكەيف» ۋە «قەسىدە بوردىيە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەر-جىمە قىلىش ئارقىلىق ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتىن بېيىپ مۇكەم-مەللىششىگە ، خەلقىنىڭ مەنىۋي ھاياتىنىڭ جانلىنىشىغا ھەسسە قوشقان .

شائىر ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئەسىرىنى ھىجرىيە 1202- يىلى (مىلادىيە 1788- يىلى)يېزىپ چىققان . بۇ ئەسەر «رەۋزەتۇز - زوھرا» (كۆكلەم باغ) ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستاندۇر . ئۇ مۇشۇ داستانى بىلەن تونۇلغان . بۇ داستان ئۈچ كىچىك داستاندىن تەركىپ تاپقان . 3000 مىسرالىق بولۇپ ، شائىر ئۇنىڭدا مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا مۇھەببەت ، ۋاپادارلىق ، ساداقەت ، ئىلىم-مەرىپەت ، ئەدەپ-ئەخلاق ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلارنى بايان قىلغان . لۇكچۈن مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان شائىر ئىمىن سەيپۇللا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان .

شائىرنىڭ «رەۋزەتۇز-زوھرا» ناملىق داستانىدىن باشقا ، مۇخەممەس ، غەزەل ، مۇئەمما ، رۇبا-ئىلىرىدىن تۈزۈلگەن دىۋانى بار بولۇپ ، بۇ قىممەتلىك دىۋان بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن . ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن چەكسىز ، مول مەزمۇنلۇق ئىجادىي بايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەن . ئۇ تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماي يەنە داڭلىق ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى . ئۇ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان .

تالانتلىق شائىر ۋە تىبابەت ئالىمى ئەخمەت غوجامنىياز قىسسۇرى 110يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ، 1827-يىلى لۇكچۈندە ۋاپات بولغان . ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۇيۇق ئەسھابۇلكەھف مازىرى ئۇدۇلىدىكى تاغ باغرىغا دەپنە قىلىنغان بولۇپ ، ھېلىھەم بىر زىيارەتگاھ سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە .

# ئەخمەد ۋاھىدى



ئەخمەد ۋاھىدى 1946- يىلى كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا تومبرىق كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن . 1953-يىلىدىن 1963- يىلىغىچە ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈر- گەن ، 1968- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ، 1970-يىلى 10-ئايغىچە مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ چاسا ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىككى يىل چېنىققان . ئۆز يۇرتىدا ئوقۇتقۇچى ، تەرجىمان ، كاتىپ بولۇپ ، 1974- يىلى 1- ئايدا «ئاقسۇ گېزىتى» ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ، ئەدەبىي مۇھەررىر ۋە مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن . 1981- يىلى 5- ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىگە يۆتكىلىپ كېلىپ «ئاقسۇ پەن-تېخنىكا گېزىتى» دە مەسئۇل

مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . بۇ جەرياندا كانددات ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانغا ئېرىشكەن . 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان .

شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى 1963 ـ يىلى 10 ـ ئايدا باشلانغان بولۇپ ، ھازىرغىچە ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 400 پارچىغا يېقىن شېئىرى ، ئەدەبىي ئاخباراتلىرى ۋە درامىلىرى ئېلان قىلىنغان . «قەلب سادالىرى» ، «زەپەر ناخشىلىرى» ، «باراڭ ئاستىدىكى پاراڭ» قاتارلىق شېئىر ، داستان ، ساتىرالار توپلىمى نەشر قىلىنغان . 2012 ـ يىلى ئۇ «تۇنجى مۇھەببەت» ناملىق ئىككى توملۇق رومانىنى ، «بېشىمغا كۆن چۈشكەندە» ناملىق ئەسلىمىلەرنى ھەمدە «ۋەتەن مۇھەببىتى» ناملىق شېئىر ، داستانلار توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى . ئۇنىڭ ئاتاغلىق يازغۇچى ، دراماتورگ ۋە مەسەلچى زۇنۇن قادىرنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن «بورانلىق كېچە» ناملىق بىيوگرافىيەلىك رومانى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان ، كىتاپخانلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە . ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمىيىتىنىڭ ئەزاسى .

يازغۇچى ئەخمەد ۋاھىدى 2013 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكىدا سەيلى ـ ساياھەتتە بولغان . بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى چىنلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان قەلىمى ئارقىلىق 15 باپلىق «ئامېرىكىغا سەپەر» ناملىق ساياھەتنامە كىتاۋىنى يېزىپ چىققان . بۇ ئەسەر ئوقۇرمەنلەر بىلەن پات ئارىدا يۈز كۆرۈشىدۇ.

# ئەرشى

(1685 ـ 1755) خوجاجاھان(ياقۇپ) (تەخەللۇسى ئەرشىي) 18 ـ ئەسىردە ياشىغان شائىر . خوجەندتە تۇغۇلغان . ئۇ 1730 ـ يىلدىن 1756 ـ يىلغىچە ئالتە شەھەرنىڭ خانى بولغان . ئادالەت ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك بىلەن يۇرتنى گۈللەندۈرگەن . 1756 ـ يىلى جوڭغارلارنىڭ ياردىمىگە تايانغان بۇرھاندىن خوجا تەرىپىدىن پۈتۈن ئۇرۇق ـ جەمەتى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن . شائىرنىڭ «دىۋان ئەرشىي»ناملىق بىر توپلىمى بار . ئۇنىڭ 60 مىسرا شېئىرى «ئون ئىككى مۇقام»غا كىرگۈزۈلگەن.

# ئەرشىدىن رىشت راشد

ياش كەسپىي خەتتات ئەرشىدىن رىشت راشد 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدا لوپنۇر ناھىيەسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 2007 ـ يىلى قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ باكلاۋېرلىق ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتى ئىجادىيىتى 2001 ـ يىلدىن باشلانغان . 2005 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان . ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت ئەسرى ئېلان قىلىنغان . 50 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنخەت ئەسرى مۇكاپاتلانغان ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئىشلىگەن توپلام ـ قامۇسلارغا كىرگۈزۈلگەن . بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى كورىيە ، پاكىستان ، قازاقىستان ، سىنگاپور ، تۈركىيە ۋە مالايسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆرگەزمە قىلىنغان ، بىر قىسىملىرى شۇ جايلاردا يىغىپ ساقلاشقا ئېلىپ قېلىنغان .

ئۇ 2010 ـ يىلى تۈزگەن «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئۆگىنىش قوللانمىسى» (سۇلۇس نۇسخىسى) 2011 ـ يىلى شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان .2011 ـ ، 2012 ـ يىللىرى ئۇنىڭ بىر يۈرۈش ئۇيغۇر يېزىغى ۋە ئەرەپ يېزىغىدىكى خەتتاتلىق ئەسەرلىرى بېيجىڭ ، كۇئالالامپۇر ، توكيو ،

دۇبەي ، رىياد ، ئىستانبول ، بېرلىن ، پارىژ ، لوندۇن ۋە نيويورك قاتارلىق شەھەر ۋە ئورۇنلاردا كۆرگەزمە قىلىنغان .

ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىستانبول ، ئۈرۈمچى ، قەشقەر ، لوپنۇر ، يەكەن ۋە مارالبېشى قاتارلىق شەھەر ، ناھىيەلەردە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى» ، «نەۋايى غەزەللىرى» ، «مەرھابا نورۇز» ، «لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» ، «ئۇيغۇر 12 مۇقام تېكىستلىرى» تېمىلىرىدا شەخسىي خەتتاتلىق سەنئىتى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزگەن . 2012 ـ يىلى «جۇڭگو تۈركىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يىلى» مەزگىلىدە ۋە 2013 ـ ، 2014 ـ ، 2015 ـ يىللىرى خەلقئارا ئىسلام مەدەنىيەت ، سەنئەت ، تارىخ تەتقىقات مەركىزى «IRCICA» يۇلتۇز سارىيىدا مەخسۇس خەتتاتلىق زىيارىتى ، ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە بولغان . ئىستانبولدا تونۇشلۇق خەلقئارالىق خەتتاتلار ، ئەبرۇ سەنئەتكارلىرى ، رەسساملار بىلەن دوستلۇق ئورناتقان ھەمدە شەخسىي خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزگەن. ئۇ 2002 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ئۇستاز خەتتاتلاردىن قۇربانجان روزى شەيدائى (2002) ، سۇلايمان ئىسمائىل خالى (2010) ، غازى ئەھمەد (2011)، ئابدۇكېرىم خوجا (2012) قاتارلىق ئۇستازلاردىن بىۋاسىتە تەلىم ئېلىپ ئۆگىنىپ كەلگەن . 2013 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «تۆھپىكار خەتتات» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ خەلقئارا سەۋىيەدىكى تەرەققىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىش، شاگىرت تەربىيەلەش، ھەرقايسى نۇسخىلاردا ئىجادىيەت ئىشلەش ، كىتابەت قولىيازما كۆ ـ چۈرۈش، ماركا، تامغا ـ مۆھۈر لا ـ يىھەلەش ، ھۆسنخەت قەلەم ۋە ئۇيغۇر خەتەن قەغىزى تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزدىنىپ كەلمەكتە.

2015 ـ يىلى ئىستانبولدا بىر ئاي ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەكشۈ ـ رۈش جەريانىدا خەلقئارادا يېڭى ـ دىن بارلىققا كەلگەن مىخ خەت سەنئىتى، ئەبرۇ رەسىم (سۇغا رەسىم سىزىش)، تۈچ خەت سەنئىتى، ياغاچ ئويما ھۆسنخەت ، تەزھىپ (نەققاشلىق) ، قولدا قەغەز ياساش ، گىلەم لايىھەلەش خەت سەنئىتى بىرلەشكەن تاۋار مەھسۇلاتلىرى لايىھەلەش قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئۆگەنگەن . ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پېشقەدەم كا ـ دىرلار خەتتاتلىق ـ رەسساملىق ئىلمى جەمئىيىتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئەركىن ئەمەت



دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەمەت شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتى يوپۇرغا ناھىيىسى ئاچچىق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى يەكشەنبە بازار كەنتىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، يوپۇرغا ناھىيىلىك 1 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ئۇ، 1982 ـ يىلى بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىيات كەسپىنى تۈگەتكەن. شۇ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىغان دوكتور ئەركىن ئەمەت، 1988 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئوقۇش ئۈچۈن تۈركىيىگە كەلگەن ۋە ئالدى بىلەن ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ۋە تارىخ ـ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ماگىستىر، ئاندىن دوكتورلۇقنى پۈتتۈرگەن. ئۇ، 1992 ـ يىلىدىن تارتىپ ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ۋە تارىخ ـ جۇغراپىيە فاكۇلتېتى ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى ۋە ئەدەبىياتلىرى

كافېدراسىدا ئۇيغۇر تىلى دەرسلىرىنى بەرمەكتە.

دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەمەت بىر مەزگىل كافېدرا مۇدىرلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن.

نەشر قىلىنغان كىتابلىرى:

1. «ئۇيغۇرلاردا نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى». 1997 ـ يىلى ئەنقەرەدە، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىگى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

2. «هازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرلىرى» . 1998 ـ يىلى ئەنقەرەدە تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىگى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

3. «شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر دىيالېكتلىرى» . تۈركىيە تىل تەتقىقات ئىدارىسى تەرىپىدىن 2008 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم، 2015 ـ يىلى 2 ـ قېتىم ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان.

4. «5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى». ئەنقەرە گرافىكەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2009 ـ يىلى تۈرك تىلىدا، ئارقىدىن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان.

5. «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس» (دەرسلىك) . 2013 ـ يىلى ئەنقەرەدىكى گرافىكەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

6. «چاقچاقچى هىسام ۋە ئۇنىڭ چاقچاقلىرى». 2013 ـ يىلى ئەنقەرەدىكى گرافىكەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

7. «21 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىراگېدىيەسى كۆچۈش».2018 ـ يىلى ئەنقەرەدىكى ئاقچاغ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەمەت ئەپەندى هازىرغىچە 21 توملۇق «تۈركلەر» ناملىق قامۇس بىلەن «تۈرك دۇنياسى ئەدەبىياتچىلار قامۇسى»نىڭ ئۇيغۇرلار قىسمىنى يازغان.

دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەمەت هازىرغىچە تۈركىيە ئىچى ۋە سىرتىدا 40 ئەتراپىدا خەلقارالىق ئىلمىي ۋە شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى يىغىنلاردا دوكلات بەرگەندىن سىرت، تۈركىيىنىڭ هەرقايسى شەهەرلىرىدە شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا دوكلات بەردى ۋە كۆپ قېتىم تېلېۋىزيە، رادىئو پروگراممىلىرىغا چىقىپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئاڭلاتتى. ئۇنىڭ 30 پارچە ئەتراپىدا ماقالىسى هەر خىل تىللاردا نەشر قىلىندى.

دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەمەت 1998 ـ يىلىدىن تارتىپ ئالدى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىدا، كېيىن شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) قۇرۇلتىيىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئۇ، 2017 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ميۇنخېندا چاقىرىلغان پەۋقۇلاددە قۇرۇلتىيىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سېكرېتارلىك ۋەزىپىسىگە سايلاندى.

## ئەركىن سىدىق



ئامېرىكىنىڭ ئىنگلىزچە «NASA» دەپ ئاتىلىدىغان هاۋا قاتناش ۋە ئالەم بوشلۇق تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تارمىقىدا پۈتۈن دۇنيادىكى هەر خىل مىللەتلەردىن بولۇپ 5000 كىشى بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 1700 دەك تېخنىكىلىق خادىمنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار، ئىنگلىزچە ئىسمى «Jet Propulsion Laboratory» بولۇپ ، قىسقارتىلىپ «JPL» دەپ ئاتىلىدىغان دۇنياغا تونۇلغان بىر تەتقىقات مەركىزى بار. بۇ ئىدارىنى 1930 ـ يىللىرى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپ ـ كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى قۇرغان بولۇپ ، شۇنىڭدىن كېيىن JPL ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى سۈنئىي هەمراسىنى ياساپ چىقتى. تۇنجى

قىتىملىق ئالەم ئۇچقۇرىنى ئايغا چىقاردى. ھەمدە قۇياش سىستېمىسىدىكى 8 پلانېتانىڭ ھەممىسىگە ئالەم ئۇچقۇرى ئىبەرتتى . ئاشۇ ئىدارىدە هازىر بىر ئۇيغۇر ئالىم ئالىي دەرىجىلىك ئۇپتىكا ئىنجىنىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ . ئۇ كىشى NASA ـ JPL دىكى ئۇيغۇر مىللىتىدىن كېلىپ چىققان بىردىن ـ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى دوكتۇر ئەركىن سىدىق ئەپەندىمدۇر.

ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى سىدىق مەمەت جەگجىدىكى بىر يوقسۇز، نامرات دېهقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ ، دەسلەپتە ئىسلام دىنى مەكتۇپدە قارى بولغىچە ئوقۇپ ، كېيىن يېڭى مەكتەپتە تاكى سفەن مەكتۇنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇغان . دىنىي مەكتەپتىكى ئاساسى ياخشى بولغاچقا ، يېڭى مەكتەپتە ھەر يىلى سىنىپ ئاتلاپ ئوقۇپ ، ئوقۇشنى ناھايىتى تېزلا تاماملىغان . شۇڭا ئۇ تولۇق ساۋاتلىق بولۇپ ، 1953 ـ يىلدىن باشلاپ ئارال يېزىلىق ھۆكۈمەتتە كادىر بولۇپ ئىشلىگەن . ئەركىن سىدىقنىڭ ئاپىسى پاتەمخان بولسا مەكتىتىكى يېرى كوپ ، مۆلۈككە باي بىر دېهقاننىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن . 1949 ـ يىلدىن بۇرۇن مەكتىتىكى يەرلەرنىڭ كۆپۈنچە قىسمى پاتەمخاننىڭ ئاپىسى ۋە ئۇنىڭ قالغان 4 ئاكا ، ئىنى ۋە سىڭىللىرىغا تەۋە بولغان . ئەركىن سىدىق مانا شۇنداق ئائىلىدە 1958 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئارالنىڭ جەگجى كەنتىدىكى بوۋا ـ مومىسىنىڭ (دادىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى) ئۆيىدە تۇغۇلغان .

ئەركىن سىدىق باللىق دەۋرىنى ئۇيغۇر دىيارىنى ئاچارچىلىق بېسىپ كەتكەن مەزگىلدە قوسىغى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەي ئۆتكۈزگەن . باشلانغۇچ مەكتەپنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» نىڭ قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاقسۇ شەھەرلىك 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان(بۇ مەكتەپ هازىر خەنزۇ مەكتەپ قىلىۋېتىلگەن ـــــ مۇھەررىردىن) . ئوتتۇرا مەكتەپنى «دېڭ شياۋپىڭنى كۆرەش قىلىپ ، ئىشكنى ئېچىپ قويۇپ مەكتەپ باشقۇرۇش» ھەرىكەتلىرى بولىۋاتقان دەۋردە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان . نۇرغۇن ۋاقتلىرى سياسىي ھەرىكەتكە قاتنىشىش ۋە يېزا ئېگىلىك بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ، يېزا ـ زاۋۇتلارغا بېرىپ ئىشلەش بىلەن ئۆتكەن . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى(هازىر ئونسۇ ناھىيىسى دېيىلىدۇ ـــــ مۇھەررىردىن) بىر يېزىغا «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن بېرىشقا مەجبۇر بولغان . ئۇ يەردە بىر يېرىم يىل دېهقان بولۇپ ئىشلىگەن . دەل شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ دۆلەت رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىمتىهان ئارقىلىق تاللاش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن ، ئەركىن سىدىق 1977 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇنجى قېتىملىق ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىهانىغا قاتنىشىپ ، ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئېلىنغان ئىمتىهاندا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى بويىچە 2 ـ بولغان . ھەمدە 1978 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رادىئو ـ ئېلېكترونىكا كەسپى ئۇيغۇرلار سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرگەن.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1 ـ يىلدىكى پەقەت خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىدىغان «تەييارلىق باسقۇچى» نى تۈگەتكەندىن كېيىن ، بىر تەرەپتىن باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش كەسپىي دەرسلەرنى ئوقۇپ ، بىر تەرەپتىن ھەر خىل ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ئىشلەپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىگىدىن چەت ئەل تىلىنى ئۆگەنگەن . ھەمدە ئۆز ئۇستىگە ئالغان مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى (ئۇ چاغدا هازىرقىدەك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى دېيىلمەيتتى ـ ـ مۇھەررىردىن) نىڭ رەئىسى ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون (ئۇ ئا ر) لۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئۇ ئا ر لىق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەندىن سىرت ، ئالىي مەكتەپتىكى 5 يىللىق ھاياتى جەريانىدا ، خەنزۇ، ئىنگلىز ۋە ياپون تىلىدىن ئىبارەت 3 تىلنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ بولغان . 1983 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئالىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە دائىرىلەر ئۇنىڭغا باشلىق بولۇپ ، مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرستىنى بەرگەن (كۆپلىگەن كىشىلەر «ئەركىن سىدىق ناھايىتى تېزلا ئاپتونوم رايونغا رەئىس بولۇپ كېتىدۇ» ، دەپ پەرەز قىلىشقان) . ئەمما ئۇ ھېلىقى تەكلىپنى رەت قىلىپ ، ئۆز مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچى بولغان . 1983 ـ يىلى شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئېلېكترو ـ ماگنېتىكىسى ۋە مىكرو ـ دولقۇن تېخنىكىسى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان . 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1988 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ياپونىيىدە ئىككى يېرىم يىل بىلىم ئاشۇرۇپ ، مىكرو دولقۇن تېخنىكىسى كەسپى بويىچە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان . 1988 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كېلىپ ، فىزىكا كەسپىدە ماگىستىرلىق ۋە ئېلېكتىر ئىنژىنېرلىقى كەسپى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان . 1991 ـ يىلى چىققان «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ بىر ساندا ئەركىن سىدىقنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى مۇنداق خۇلاسىلەنگەن:

«ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ 77 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى . ئۇ ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدىلا خەنزۇ تىلىنى ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگەن . كېيىن ئاقسۇدا شىنجاڭ بويىچە (ئۇيغۇرچە قوبۇل قىلىش نومۇر ئۆلچىمىدە) ئىككىنچى نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن . رادىئو ـ ئېلېكترونىكىسى كەسپىدە ئوقۇغان . ئۆگىنىش جەريانىدا جاپاغا چىداپ، ئىخلاس بىلەن تىرىشىپ ئەلا ئوقۇغانلىقتىن مەملىكەت بويىچە ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئۈلگىسى بولۇپ باھالانغان . مەكتەپتە ئېلىپ قېلىنغاندىن كېيىن ياپون تىلىنى ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ ، ئىمتىھان بېرىپ ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان . تىرىشىپ ئىلگىرىلەپ ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 72 دۆلەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە تۆتىنچىلىككە ئېرىشكەن . ھازىر ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتىدۇ . ئىككى يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ياپون ، ئىنگلىز تىللىرىدا 19 پارچە دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى ئېلان قىلدى . بەزى دىسسېرتاتسىيە ماقالىلىرى ئامېرىكىدىكى دۇنيانىڭ ئالىي قاتلىمىغا مەنسۇپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. . . .»

ئەركىن سىدىق ئامېرىكىدىكى ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، يەنى 90 ـ يىللاردا ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ئەركىن سىدىقتىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان . ھەمدە بۇ پائالىيەتنى «ئەركىن سىدىق ھادىسىسى» دەپ ئاتىغان . بۇ يەردىكى «ھادىسە» بىر ئۇيغۇرنىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدە خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات ژورنىلىدا تونجى بولۇپ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغانلىقى ، ھەمدە قىسقىغىنە 2 يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە ئىلمىي تەتقىقاتتا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ بىرسى بولغان ياپونىيەلىكلەرنىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىك ھادىسىسىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا «ئەركىن سىدىق ھادىسىسى» پائالىيىتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ قورۇسىدىن ھالقىپ چىقىپ ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگىمۇ كېڭەيتىلگەن . 1991 ـ يىلى ئۇيغۇر دىيارىدىكى داڭلىق شائىر ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئەركىن سىدىقنى مەدھىيىلەپ ، « تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدى پەرۋاز » ناملىق شېئىرنى يازغان ئىدى.

ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپتىكى ھاياتىغا ئاساسەن ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تۆۋەندىكى فورمۇلاسىنى خۇلاسىلاپ چىققان ئىدى:

مۇۋەپپەقىيەت = تالانت + تىرىشچانلىق + پۇرسەت

ئەركىن سىدىقنىڭ ھاياتى يۇقىرىقى فورمۇلانىڭ ئىسپاتى بىلەن لىق تولغان . بۇ فورمۇلادىن باشقا ، ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى كۆيۈمى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان پولاتتەك ئىرادە ، ھېچ قانداق جاپا ـ مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان غەيرەت ـ شىجائەت، توختىماي بىلىم ئۆگىنىدىغان ، ئۆزىگە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان ۋە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان

ئىزچىل ئىپادىسى بىلەن پۈتۈن دۇنيا جامائىتىگە يەنە بىر نەرسىنى ئىسپاتلىدى : **باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ . ئەركىن سىدىق بۇ بىر پاكىتنى ھازىرمۇ داۋاملىق ئىسپاتلىماقتا.**
ئۇنىڭ قىلىۋاتقان كەسپى تەبىئى پەن ۋە ئېنژېنىرلىك ساھەسىدىكى ئەڭ قىيىن كەسپلەرنىڭ بىرىسى تۇرۇپمۇ ئۇ ھازىرغىچە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خەلقئارا ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى ۋە ژورناللىرىدا 100 پارچىدىن كۆپ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان . ئۇ 1995 - يىلى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر يېرىم يىل ئامېرىكىنىڭ سانديا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا دوكتور ئاشتى بولغان ھەمدە ئوپتېكا ساھەسىدە ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان . 1996 - يىلى كۈزدىن 2004 ـ يىلغىچە شىمالىي كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى 3 ئوپتىكىلىق يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركىتىدە ئوپتىكا ئېنژېنىرى ۋە ئېنژېنىرلار باشلىغى بولۇپ ئىشلەپ ، 2004 - يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكا ئالەم قاتناش ئىدارىسى ناسانىڭ بىر مەركىزى بولغان ج پ ل گە خىزمەتكە كىرىپ ، ھازىرغىچە بىر ئالىي دەرىجىلىك ئوپتېكا ئېنژېنىرى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇ ھازىر بىر قانچە ساھەنىڭ مۇھىم مۇتەخەسسىسى سالاھىيتى بىلەن تاشقى پىلانېتلارنى بىۋاستە كۆرەلەيدىغان ئالەم تېلىسكوپىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.



ئەركىن سىدىق ئەپەندىم ئامېرىكا 1 ـ قېتىم ئايغا ئادەم چىقارغاندا ئىشلەتكەن ئايغا قونغۇچى ("Moon Lander") نىڭ مودېلىنىڭ يېنىدا.

NASA ـ JPL دە شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئامېرىكا دۆلەت مەخپىيەتلىكگە ياتىدىغان ئىشلار بولۇپ ، ئۇلار توغرىسىدا ئىدارە سىرتىدا سۆزلەشكە ، ياكى ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغان بولسىمۇ ، دۇنياۋى تېخنىكا ساھەسىدە ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋاقتىنىڭ پەقەت 20 پىرسەنتىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە 2006 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدىلا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا ئۇ جەمئىي 3 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى . NASA نىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى پروگراممىسى» (ئىنگلىزچە "Origins Program") دەپ ئاتىلىدىغان بىر پروگراممىسى بار بولۇپ ، بۇ پروگراممىنىڭ نىشانى تۆۋەندىكى 3 سوئالغا جاۋاپ تېپىش ئىكەن:

1. بىز (ئىنسانلار) نەدىن كەلدۇق؟
2. بىز كائىناتتا يالغۇزمۇ؟
3. بىز نەگە بارىمىز؟

ئەركىن سىدىقنىڭ ھېلىقى 3 ئىلمىي ماقالىسى 2 ـ سوئالغا جاۋاپ تېپىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، يېقىندا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 2014 ـ يىلى ئالەم بوشلۇغىغا چىقىرىلىدىغان «James Webb ئالەم تېلېسكوپى» نىڭ تەتقىقاتىغىمۇ قاتنىشىشقا باشلىغان.

ئەركىن سىدىق ئەپەندىم مانا شۇنداق تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆز كەسپى ساھەسىدە 118 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 73 پارچە ماقالە خەلقئارادىكى داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى . ئەركىن سىدىقنىڭ يەنە 4 دانە ئامېرىكا پاتېنتى بار.

ئەركىن سىدىق ئەپەندىم ھازىرغىچە يازغان ماقالىلىرىنى توپلاپ 15 توملۇق كىتاپ ھالىغا كەلتۈرگەن بولۇپ ، ئۇلاردىن 7 سىنى ئۆز خىراجىتى بىلەن 1000 پارچىدىن نەشر قىلدۇرغان . ئەركىن سىدىق ئەپەندىمنىڭ پۈتكۈل كىتاپلىرىنىڭ PDF نۇسخىسى بار بولۇپ ، ئۇلارنى تور بېتى http://www.meripet.com/Kitab دىن ئىزدەپ تاپالايسىز .

ئەركىن سىدىق ئەپەندىم قانداق مۇساپىلەرنى بېسىپ، ھازىرقى ھالەتكە كېلەلىدى؟ ئۇ قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە قانداق يول تۇتىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى نېمە؟ ئۇنىڭ ئائىلىگە ۋە پەرزەنتلەرگە بولغان قارىشى قانداق؟ مۇشۇنداق بىر ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت 2 دۆلەتتە 20 نەچچە يىل ياشاپ باققان ، دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەبىئى پەن ۋە ئىنژېنېرلىق مۇتەخەسسىسلىرى قاتارىدا ئىشلەۋاتقان بىر ئۇيغۇر بىز ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ھەر خىل ئۇيغۇر مەسىلىلىرىگە قانداق قارايدۇ؟

ئېھتىمال نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ يوقۇرقىدەك سوئاللىرى باردۇر. 2005 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئامېرىكىدىكى «بىلىۋال» تور بېتى ئەركىن سىدىق بىلەن بىر ئىنتېرنېت يازما سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. بۇ سۆھبەت ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەرەپچە يېزىغى (UEY) ۋە ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى (ULY) نۇسخىلىرى http://www.Biliwal.com ، http://www.bilik.cn ، http://www.Bostan.cn قاتارلىق تور بەتلىرىدە بار.

بۇ سۆھبەتتە ئەركىن سىدىق ئەپەندىم يۇقىرىقىدەك سوئاللارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا جاۋاب بېرىۋاتىدۇ . بىز ھەر بىر ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بۇ سۆھبەتنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز . شۇنداقلا، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلىرىدىن ، ئەركىن سىدىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياسىغانhttp://www.meripet.com دېگەن تور بېتىنى زىيارەت قىلىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەركىن سىدىق ئەپەندىمنىڭ كەسپى ۋە تەتقىقاتىغا قىزىقىدىغانلار تۆۋەندىكى تور بەتنى ئېچىپ ئۇ يەردىكى ئىلمىي ماقالىلارنى كۆزدىن كۆچۈرسە بولىدۇ:

http://www.meripet.com/Main/Erkin_Bio.htm

نۆۋەتتە شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىمەنكى ، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئالىم ، مۇتەخەسسىسلىرى ، پۈتكۈل ئىزدەنگۈچى ئىلىم ئەرباپلىرىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىمنى مۇتلەق ۋە مۇتلەق ئۈلگە قىلىشى ، ئۇنىڭ

روھىيتىنى ئۆزىگە مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرىشى لازىم . چۈنكى ، ئالىملىق ، مۇتەخەسسىسلىك ــــ نوقۇل ھالدىكى ئىشخانا ئىچىدىكى خىزمەت بىلەن شوغۇللىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. زۆرۈل تېپىلغاندا خۇددىي مەشھۇر فرانسۇز ئاتوم ئېنېرگىيە ئالىمى پيېر كيۇرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاش ۋەتەن ، مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ ، كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىزكى ، ئۇيغۇرلار ھازىر تارىختا كۆرۈلمىگەن زۇلۇم ـ كۈلپەتلەرگە دۇچ كەلمەكتە ، بۇ بولسىمۇ ، دىنىمىزنىڭ قاتتىق دەپسەندە قىلىنىشى ، سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىغىمىزنىڭ چەكلىنىشى ھەتتا يوق قىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىشى .... قاتارلىقلار . ئەركىن سىدىق ئەپەندىم بۇ جەھەتتە قاتتىق ئېغىر ۋىجدان ئازاۋى چېكىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن ، چەتئەلدىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى جىددىي ئويغۇنۇشقا چاقىرماقتا !

بۇ جەھەتتە ، بۇ پەخىرلىك ئالىمىمىزنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرلىرىنى ھۆرمەت بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

## چاقىرىق

**2017 ـ يىلى 15 ـ سېنتەبىر**

قاپلىدى ۋەتەننى تېررورلۇق تۇمان ،
بوپ قالدى مىللىتىم ياتلارنىڭ قۇلى .
قالمىدى ئىنسانچە ئەركىنلىك ، ھوقۇق ،
قالمىدى ياشاشنىڭ ئىمكانى ، يولى .

كېسىلدى مىللەتنىڭ ئۇيغۇرچە تىلى ،
خارلاندى قۇرئانى ، ئىمان ھەم دىنى .
دۆۋىلەندى ئازابى ئېگىز تاغ بولۇپ ،
يارىلاندى ۋۇجۇدى ، بەدەن ھەم دىلى .

يول قويماس قىلچىمۇ ياردەمچى مەردكە ،
مۇمكىن ئەمەس ھېچ كىمگە بويسۇنماي شەرتكە .
غايىب بوپ يۈرەك ـ پارە ئۇنىسىز ، دېرەكسىز ،
بارغانچە چىڭ پاتتى كۆپ يۈرەك دەردكە .

ئېزىلدى ھەر يۈرەك چەكسىز ئەلەمدە ،
ياشاۋېرىپ دوزاختەك ئاپەت ئىچىدە .
بىز كۆرگەن كۈنلەرنى كۆرمىگەن ياتلار ،
ياشىماق بەكمۇ تەس كۈندۈز ـ كېچىدە .

چىقتۇق بىز چەت ئەلگە ئوكياندىن ئاتلاپ ،
ئىشلەشكە مىللەتكە يۇرتلارنى تاشلاپ .
ئاغرىتار يۈرەكنى ۋەتەن ھالىتى ،
ياشايمىز ھەر كۈنى كۆزلەرنى ياشلاپ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئۆزگەردى بۇ دۇنيا يامانغا قاراپ،
جىم تۇردى دەرد چۈشسە ئۇيغۇر بېشىغا.
ياشىغانتۇق ياتلارغا مېھرىبان بولۇپ،
ئەي ئاللاھ بەر دىققەت ئۇيغۇر يېشىغا.

ئۆتكۈزدۇق كۆپ يىلنى ياتقا بېقىنىپ،
تەلمۈردۇق بىر يەردىن ياردەم كېلەر، دەپ.
ئۇيغۇرمۇ تارىختا تۆھپىكار بولغاچ،
ئىنسانلىق، ئادىللىق بىزنى يۆلەر، دەپ.

يوقاتقاچ قولدىكى مالنى، بايلىقنى،
كەلمىدى ھېچ ياردەم بىز كۈتكەن يەردىن.
تەس بولدى ئېرىشىش ھېسداشلىقىمۇ،
بىكاركەن باشقىسى كۈرەش ۋە تەردىن.

بەرمەيدۇ ھۆرلۈكنى ياردەمنى ئاللاھ،
ھۆرلۈكچۈن ئالمىسا جانلارنى قولغا.
ئاتا قىپ بارىنى خەلقى ـ يۇرتىغا،
ئاتلىنىپ كۈرەشكە چىقمىسا يولغا.

ئۇندەيمەن قەۋمىمنى سەۋر قىلىشقا،
ئۆستۈرۈپ ئەقلىنى كۈچنى يىغىشقا.
ۋىجدانلىق، ئۈمىدۋار، تىرىشچان بولۇپ،
مىللەتكە، ۋەتەنگە ئىگە چىقىشقا.

ۋاز كېچىپ رەڭگارەڭ مەزھەپ تۈزۈشتىن،
بىرلىشەيلى ئۇيغۇرلار ئورتاق نىيەتتە.
ئېرىشەلمەك مەۋجۇتلۇقنى بولسۇن چىن غايە،
ساقلايلى ئۆزلەرنى كېلىپ غەيرەتكە.

ئۆستۈرگىن كۈچۈڭنى ئىلىم ـ پەن بىلەن،
ئەي خەلقىم قىل ئىشنى ئەقىل ـ پەم بىلەن.
تاللىغىن نىشاننى، چارىنى توغرا،
يۈكسەلسۇن يۇرت ـ خەلقىم سەن ۋە مەن بىلەن.

## كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم

**2017 ـ يىلى 10 ـ نويابىر**

ئېسىمدە بالا چاغدا ئۇماچ ئەتكىنىم،
كالىغا مىنىۋېلىپ خامان تەپكىنىم.
قىش ئۇچۇن يەرنى كولاپ گەمە ياپقىنىم،
كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم.

بارىتتۇق كۆپ جايلارغا يارىيار ھارۋىدا،
ئۇخلايتتۇق باغ، ئۆگزىدە يۇلتۇز قوينىدا.
مۇڭداشقان تۇغقانلىرىم باغلىق ھويلىدا،
كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم.

يۇرتۇمدا ھەممە كىشى مېھرىبان ئىدى،
ئاياللار بەك كۆيۈمچان ھەم ئىشچان ئىدى.
ئەرلەرمۇ ھېچ يېڭىلمەس قەھرىمان ئىدى،
كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم.

ئېسىمدە كۆپ چۆمۈلگەن يېزا ئۆستىڭى،
كېچىلەردە ھارۋىلىق ئېزىشلار تېخى.
بىلمىگە ئېسىۋالغان پىچىغىم قېنى؟
كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم.

مەكتەپتە قىز ـ ئوغۇللار ئىناق، شوخ ئىدى،
ئانا تىلدا دەرس ئاڭلاپ دىللار توق ئىدى.
كىملىكتە ياتلىشىش قەتئىي يوق ئىدى،
كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم.

چەت ئەلدە ئوقۇش ئۇچۇن قاتتىق تىرىشتىم،
بەش يىلدا ئۈچ تىل بىلىپ، شەرتكە يېتىشتىم.
ماگىستىر ۋە دوكتورلۇق تونغا ئېرىشتىم،
كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم.

كۆرۈنەر ئىللىققىنا ئۇيغۇرۇم چېھرى،
ئۆزگىچە تەملەر بېرەر بارلىق ئاش ـ نېنى.
بىر ماكاندا تۇغۇلغاچ چىرمىشار جېنى،
كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدارىگە قىلغانلىرىم يېقىپ كەتسىمۇ،
نەتىجەم تەلەپتىن كۆپ ئېشىپ كەتسىمۇ.
ژورناللار جىق ماقالەمنى بېسىپ كەتسىمۇ،
كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم.

ياشايمەن بىر يېرىم كەم ئۆيلۈم بولسىمۇ،
ھەمرايىم، قىز ـ ئوغلۇمدىن كۆيۈم بولسىمۇ.
ئەلگە ياققان ئەمىلىم، سۆزۈم بولسىمۇ،
كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم.

يۇرت ـ ۋەتەن مۇھەببىتى ئىكەن بىر ئوكيان،
تەڭ كېلەلمەس قەدرىگە باشقا ھېچ ماكان.
تۇيغۇلار سىغىنىشتىن ياسار بىر ۋولقان،
كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم.

پىغانسىز ئۆتمەس ھازىر بىر سائەت، بىر كۈن،
ھەسرەتتە قېتىپ قالدى بارلىق ئاۋاز ـ ئۈن.
ئەي ئاللاھ! قىل بۇ كۈننى تاڭ ئالدىدىكى تۈن،
كەلمەيدىكەن چىن بەخت سەنسىز ۋەتىنىم.

## ئەجدادىمنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان

**2017 ـ يىلى 12 ـ دىكابىر**

ئاسىيانىڭ كىندىگى قالدۇرغان كۆپنى ھەيران،
نەچچە مىڭ يىل ياشىغان ئۇنىڭدا خەلقىم ئامان.
خوجايىن بوپ ئۆتكەن ھەم، ھۆرلۈكتە سۈرۈپ دەۋران،
ئاتا مىراس تۇپراق ئۇ، مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

چەكسىز كەتكەن ئۇ يەردە تاش، قۇملۇق ۋە سايلىق بار،
شۇ قۇم ـ سايلىق ئاستىدا سۇ، قاشتاش ۋە مول بايلىق بار.
بىپاياندۇر يايلىغى، كانلىرى كۆپ تاغلىق بار،
ئەجدادىمنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

بەكمۇ مۇنبەت تۇپرىغى، ئوخشايدۇ كۆكتات ـ ئاشلىق،
باغقا تولغان ھەممە يەر، يېمىشلەر تەملىك، تاتلىق.
خەلقىم خوشال ياشايتتى، ماگىسىمۇ ئىشەك ـ ئاتلىق،
ئەجدادىمنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

ۋەتەن يولى ئۇزۇلدى، قۇرۇغلۇق چوڭ يېرىقتەك،
شۇڭا تەملىك غىزامۇ تېتار گويا قېرىقتەك،
ۋەتەنسىزلىك قىپ قويدى بىزنى سۇسىز بېلىقتەك،
ئەجدادىمنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

ئۆز ئۆيۇمنىڭ خۇشلىغى پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلىغى،
ئېگىسگە بىلىنمەس نەرسىنىڭ بار ـ يوقلىغى.
تۇيۇلار سەل ئاچلىقمۇ قورساقنىڭ بوپ توقلۇقى،
ئەجدادىمنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

ئۇ يۇرتتا مەن ئۆتكۈزگەن بەختلىك هايات، ياشلىق،
مەكتىپىدە بىلىم ئېپ، ئېتىزدا تېرىپ ئاشلىق.
شۇڭا گۆهەر كۆرۈنەر سايدىكى شېغىل ـ تاشلىق،
ئەجدادىمنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

بۇلغانماستا مۇهىتى گۈزەلتى زېمىن، ئاسمان،
ياققان قارلار چىلىڭ توڭلاپ ماڭىتى چانا راۋان.
مېهرى بىلەن قانداشلىق ئۆتەتتى خوشال زامان،
ئەجدادىمنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

ۋەيرانچىلىق باشلاندى ئورمانلىق ۋە يايلاقتا،
سېسىپ كەتتى كۆللىرى كۆپ ئادەم كەپ، ماغزاپتا.
يارىلاندى هەر يۇرەك زۇلۇملار ۋە ئازابتا،
ئەجدادىمنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

چۆللىرىدە قالمىدى كۆيگۈدەك يانتاق ـ ياغاچ،
كۆللىرىدە قالمىدى پاقىلار ۋە قارلىغاچ.
باغلىرىدا قالمىدى كېپىنەك، پاختەك، قۇشقاچ،
ئەجدادىمنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

بولۇپ قالدى مەن ئۆسكەن ئانا يۇرت بىر ئەسلىمە،
يېتەر، ئەمدى بولدى قىل، ئېگىسنى قەستلىمە.
خەلقىمدە بار ئىرادە، بولمايدۇ هېچ تەسلىمە،
ئەجدادىمنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

هەر تارتۇقنىڭ ئالدىدا مۇشكۇللەر ۋە سىناق بار،
مەنزىلىدىمۇ كۆزلىگەن يېقىن بىلەن يىراق بار.
«سەن يوقايسەن!» سۆزىدە كۆپ گۇمان ۋە تىرناق بار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەجدادىمىنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

ئانا بىزگە سەن ۋەتەن، هەرگىز بىزنى تاشلىما،
قىلسۇن ياتلار نېمىلەر، كۆزۈڭنى هېچ ياشلىما.
ئاتمىغىچە تاڭ بىزگە بەل قويۇشنى باشلىما،
ئەجدادىمىنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

ئاللاھ چېچىپ هەر يەرگە شەپقەتلىك نۇر، هارمىدىڭ،
بەردىڭ هۆرلۈك كۆپلەرگە، ۋەدەڭدىن هېچ يانمىدىڭ.
پات يېقىندا كەلگۈسى بىزگىمۇ نۇر-ياردىمىڭ،
ئەجدادىمىنىڭ زېمىنى مەن شەرتسىز سۆيگەن ماكان.

بۇ پەخرلىك ئالىمىمىزنىڭ بۇ كەمگىچە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى:

**2016 ئۈنىۋېرسال تېمىلار**

- دۇنيادىكى ئادەملەر ئۈزۈن ئۆمۈر كۆرىدىغان 7 رايون (2016-12-12)
- ئاياللار بىلىشكە تېگىشلىك ئەرلەرگە ئائىت مۇهىم ئىشلار (2016-12-5)
- ئەرلەر بىلىشكە تېگىشلىك ئاياللارغا ئائىت مۇهىم ئىشلار (2016-11-28)
- دۇنيادىكى ئىجادچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك 16 دۆلەت (2016-11-25)
- دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت قىسقىچە چۈشەنچە (2016-11-11)
- شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم پەرقلەر (2016-11-4)
- ئەركىن سىدىقنىڭ توركتاپلىرى (2016-10-29)
- ياخشى ئەخلاق ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ (2016-10-28)
- تاللىشىڭىز بىلەن هاياتىڭىزنى ئۆزىڭىز كونترول قىلىڭ (2016-10-21)
- هاياتنىڭ ئەگرى-توقايلىقلىرى (2016-10-14)
- ئەندىشە تەرغىپچىلىرىنى رەت قىلىڭ (2016-10-7)
- كەپتەر تەجرىبىسى ئىسپاتلىغان 2 هېكمەت (2016-7-22)
- بەخت ۋە هاياتنىڭ مەقستى (2016-7-8)
- ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ئاسىيا ئەللىرىنىڭ بەزى پەرقلىرى (2016-7-1)
- قاتسانلىق تەشكىلاتلار (2016-6-24)
- گېرمانلارنىڭ ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيەت خاراكتېرلىرى (2016-6-17)
- ئىشلارنى مۇهىملىق دەرىجىسىگە ئايرىپ قىلىش (2016-5-27)
- چايان ۋە ئىنسان تەبىئىتى (2016-5-20)
- ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇش (2016-5-13)
- روهىي جەهەتتە كۈچلۈك بولۇش ئۇسۇللىرى (2016-5-6)
- [بۆرە010] ئەركىن سىدىق ئاكا، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار سىزگە رەهمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز (2016-5-4)
- روهىي جەهەتتە كۈچلۈك كىشىلەر ساقلىنىدىغان 13 ئىش (2016-4-28)
- دادىلار بىلىشكە تېگىشلىك مۇهىم ئىشلار (2016-4-15)

- بەزى ئەرباپلارنىڭ داغلىق سۆزلىرى (2016 ـ 3 ـ 31)
- ئالىي مەكتەپ تاللاشتا كەسىپ مۇھىممۇ ياكى مەكتەپمۇ؟ (2016 ـ 3 ـ 24)
- قەغەزگە يېزىلغان نىشان (2016 ـ 3 ـ 18)
- ئابدۇۋەلى ئايۇپقا ئائىت يازمامىغا تولۇقلىما (2016 ـ 2 ـ 25)
- ئابدۇۋەلى ئايۇپ ماقالىلىرى ئۈستىدىكى مۇنازىرە ھەققىدە ئويلىغانلىرىم (2016 ـ 2 ـ 24)
- بىلمخۇمار ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن روھ (شەمشەر، 2016 ـ 2 ـ 20)
- مېنىڭ 3 ـ كىتاۋىم چىقتى (2016 ـ 2 ـ 19)
- قەلپ خەرىتىسى ئارقىلىق مېڭىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ھەققىدە (2016 ـ 2 ـ 12)
- ياشاۋاتقان تۆھپىكارلارنى خاتىرىلەش (2016 ـ 1 ـ 29)
- تېز كىتاپ ئوقۇش ماھارىتى ھەققىدە( 2016 ـ 1 ـ 8)

2016 ناسا

- يولۇچىنى ئاسماندا توشۇيدىغان تاكسى (2016 ـ 6 ـ 15)
- كائىناتقا ئائىت يېڭى خەۋەرلەر (5) (2016 ـ 3 ـ 1)
- كائىناتقا ئائىت يېڭى خەۋەرلەر (4) (2016 ـ 2 ـ 12)
- كائىناتقا ئائىت يېڭى خەۋەرلەر (3) (2016 ـ 2 ـ 5)
- كائىناتقا ئائىت يېڭى خەۋەرلەر (2) (2016 ـ 1 ـ 29)
- كائىناتقا ئائىت يېڭى خەۋەرلەر (1) (2016 ـ 1 ـ 22)
- ناسا 2015 ـ يىلى قىلغان چوڭ ئىشلارنىڭ خۇلاسىسى ( 2016 ـ 1 ـ 15)
- ئىككى قارا ـ ئۆڭكۈرلۈك گالاكسىدىن بىرىسى بايقالدى (2016 ـ 1 ـ 7)
- قارا ئۆڭكۈر ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە (2016 ـ 1 ـ 1)

2016 دىن

- دىن ۋە مىللەت (2016 ـ 4 ـ 22)
- دىنىمىزنى قىينىلاشتۇرۇۋەتكەن ئۆزىمىز (2016 ـ 3 ـ 18)
- ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلىگى ھەققىدە (2016 ـ 2 ـ 26)
- تۈزىتىشكە تېگىشلىك بىر قانچە ئىشلار (2016 ـ 2 ـ 19)
- ئويغان قوللانغان تۆت چوڭ قىينچىلىقنى يېڭىش ئۇسۇلى (2016 ـ 2 ـ 5)
- تۈغۈلما مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىدىغان تۆت چوڭ قىينچىلىق ھەققىدە (2016 ـ 1 ـ 22)
- ئىسلام زىيالىيلىغى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش (2016 ـ 1 ـ 1)

2016 بالا تەربىيىسى

- پەرزەنتلەر بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار (2016 ـ 9 ـ 30)
- بالا تەربىيىسى ۋە كىملىك (2016 ـ 9 ـ 23)
- گېرمان بالىلىرىدىكى بىر ئالاھىدىلىك — ئۆزىگە تايىنىش (2016 ـ 8 ـ 26)
- بالىلارنى ئەقىللىق قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولامدۇ؟ (2016 ـ 8 ـ 19)
- بالىلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق سۈپىتىنى يېتىلدۈرۈش (2016 ـ 8 ـ 12)
- بالىلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم سۈپەت (2016 ـ 8 ـ 6)
- بىرىنچى رول ئوقۇتقۇچىلىق، ئىككىنچىسى ئاتا ـ ئانىلىق (2016 ـ 7 ـ 29)
- ئاتا ـ ئانىلار بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار (2016 ـ 7 ـ 15)
- سىزنىڭ تاللىشىڭىز باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ (2016 ـ 6 ـ 10)
- بالىڭىزغا سەممىيەتلىكنى ئۆگىتىڭ (2016 ـ 6 ـ 3)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



2016 نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ـ 25 (دىلىيار بارات، 2016 ـ 4 ـ 15)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ـ 24 (ماھىرە مەخمۇت، 2016 ـ 4 ـ 7)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ـ 23 (بۇخەلچەم مەمتىمىن، 2016 ـ 2 ـ 5)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ـ 22 (دولقۇن تۇرسۇن، مەمەتجان ياسىن، 2016 ـ 1 ـ 29)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ـ 21(دىلمۇراد تىلۋالدى، 2016 ـ 1 ـ 15)

2015 ئۇنىۋەرسال
- بىز نېمىشقا دوستلارغا موھتاج؟ (2015 ـ 11 ـ 27)
- 2 ـ كىتاۋىمنىڭ پ د ف نۇسخىسى (2015 ـ 11 ـ 24)
- دوست تاللاشتا بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار (2015 ـ 10 ـ 16)
- ئېلكىتاب (پ د ف): ئەركىن سىدىق يازمىلىرى (1 ـ قىسىم) (2015 ـ 10 ـ 16)
- تۇنجى كىتاۋىم ھەققىدە (2015 ـ 10 ـ 15)
- تارتىنچاقلىق ۋە ئۇنى يېڭىش ئۇسۇللىرى (2015 ـ 9 ـ 11)
- ناسادىكىلەرنىڭ بىر ئۇيغۇرغا بەرگەن باھالىرى (2015 ـ 8 ـ 28)
- ھۇرۇنلۇقنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇشنىڭ 10 خىل ئۇسۇلى (2015 ـ 8 ـ 7)
- ھۇرۇنلۇقنىڭ ئىلمىي چۈشەندۈرۈلىشى
- ياشاش مۇھىتى ئادەم چىرايىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلامدۇ؟
- ئىشنى كەينىگە سوزۇش ئىللىتىگە ئائىت ئىلمىي قاراشلار
- «پەيلاسوپ» مۇنازىرىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم
- پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى
- پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ 4 چوڭ قەدەم ـ باسقۇچى (2 ـ بۆلۈم)
- پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ 4 چوڭ قەدەم ـ باسقۇچى
- تارىختىكى ۋە ھازىرقى پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشلارنىڭ مىساللىرى
- «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە
- كىشىلىك خاراكتېرنىڭ 7 يادرولۇق سۈپىتى

2015 بالا تەربىيىسى ۋە مائارىپ
- تارتىنچاق بالىغا ياردەم قىلىش ئۇسۇللىرى (2015 ـ 12 ـ 11)
- خەلقئارا كومپيۇتېر تەربىيىسى ھەپتىسى پائالىيىتى ھەققىدە (2015 ـ 12 ـ 9)
- بالىڭىزنىڭ ئۆز غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا يول قويۇڭ (2015 ـ 9 ـ 18)
- ستۇين خاۋكىڭغا ياردەم قىلىۋاتقان يېڭى تېخنىكىلار (2015 ـ 8 ـ 21)
- ناسادىكى «دوكتور ـ ئاشتى تەتقىقات كۈنى» (2015 ـ 8 ـ 21)
- ئامېرىكىدىكى «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» دەپ ئاتىلىدىغان خىزمەت ئورۇنلىرى ھەققىدە(2015 ـ 8 ـ 14)
- ئامېرىكىدىكى يېڭى ئىگىلىك پىلانى مۇسابىقىسى
- ناسا خادىملىرىغا ئۆتۈلگەن لىدېرلىق دەرسلىرى
- بىر ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كەشپىيات مەركىزى ـ «ئويلاش ساندۇغى»
- ناسانىڭ يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى
- ناسادىكى «ئىلىم ـ پەن مۇسابىقىسى»
- ناسادىكى «بالىنى ئىشقا ئاپىرىش كۈنى» پائالىيىتى

2015 نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار

- گۈلەنئاي خاۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئۆتتى (2015 ـ 12 ـ 15)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (20): لالە داۋۇت (ئامېرىكا، 2015 ـ 11 ـ 13)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (19): مەتتۇرسۇن بەيدۇللا (تۈركىيە، 2015 ـ 10 ـ 23)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (18): نۇرانىيە راخمان (تۈركىيە، 2015 ـ 9 ـ 5)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (17): ئابدۇكېرىمجان توختى (تۈركىيە، 2015 ـ 8 ـ 21)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (16): مۇختەر ئوسمان
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (15): نۇرسىمانگۈل يۇسۇپ، ئەنۋەرجان يۇسۇپ
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (14): ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (13): مۇتەللىپ هامۇت، پاتىگۈل ئابىخان
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (12): گۈلناز ئابدۇقادىر
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (11): رەيهانگۈل ئەمەت ، بۇرهان سىتى ، مەخمۇت ياسىن
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (10): مۇختەرجان ئابدۇراخمان، خەيرىنىسا ياسىن، دوكتۇر ئەيساجان ئابدىن
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9): مارۋايىت هاپىز
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (8): نەفىزە ئابدۇراخمان، زەينۇرە سابىر
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (7): ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرىشىت، ئابلاجان سۇلايمان، غەيرەت غېنى
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (6): نۇرشىدە پولات، پاتىگۈل ئىمىن، ناسىرهاجى مەمتىلى
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (5): ئابلەهەت ئىبراهىم، دىلرەبا ئىبراهىم، بەرنا ئىبراهىم
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (4): ئابلىز ئابدۇقادىر، ئەركىنئاي ئابلىز
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (3): ئىلياس قاسىم، دىلشات ئابلا، ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (2): ئەبەيدۇللا ئابدۇۋەلى، غاپپار پەتتار، مۇقەددەس قۇربان
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (1): شاكىر شەمشى، ئەركىن ئابدۇۋايىت
- بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ (3)
- بىزنى نېمە بەختلىك قىلىدۇ؟
- بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ (2)
- بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ (1)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (0): تۇغلۇق ئابدۇرازاق، گۈلناز ئابدۇقادىر (2015 ـ 1 ـ 2)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ( ـ 1): ئەكبەر شېرىپ، مىرشاد ئابدۇرېهىم (2014 ـ 12 ـ 26)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ( ـ 2): مەخمۇت ئابلا، نۇرنىسا قۇربان (2014 ـ 12 ـ 19)
- نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ( ـ 3): تۆمۈر پالتاش، ئاينۇر ئابدۇرازىق، مۇهەممەتجان ئابدۇللانىمۇ (2014 ـ 12 ـ 12)

2015 دىن

- نېمشقا مۇسۇلمانلار ئارقىدا قالدى؟ (2015 ـ 12 ـ 4)
- سېھرگەرلىكنىڭ رېئاللىقى هەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە (2015 ـ 12 ـ 3)
- نېمشقا يامانلىقلار يۈز بېرىدۇ؟ (2015 ـ 11 ـ 20)
- تىرىشچانلىق ۋە ئىبادەت (2) (2015 ـ 11 ـ 6)
- تىرىشچانلىق ۋە ئىبادەت (1) (2015 ـ 10 ـ 30)
- هاياتنىڭ مەقستى ۋە قىممىتى هەققىدە (2015 ـ 9 ـ 25)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



- نام ـ ئاتاق، كىشلىك تۇرمۇش ۋە مەجبۇرىيەت (2015 ـ 7 ـ 17)

**2015 ناسا**

- ناسا: ساتۇرنىنىڭ 2 ھەمراھىنىڭ بىر يېڭى رەسىمنى تارقاتتى (2015 ـ 12 ـ 17)
- ناسا: كىچىك پلانېتا سىرېسنىڭ يۈزىدىكى ئاق داغلارنىڭ سىرى ئېچىلدى (2015 ـ 12 ـ 16)
- مەن قىلغان يەنە بىر يېڭىلىق ناسا ژورنىلىدا خەۋەر قىلىندى (2015 ـ 10 ـ 23)
- بىزنىڭ گۇرۇپپىمىز ئىشلىگەن، تاشقى ـ پلانېتنى تاپىدىغان ئالەم تېلېسكوپى ھەققىدىكى ۋىدېئو
- مەن قىلغان يەنە بىر يېڭىلىق ناسا ژورنىلىدا خەۋەر قىلىندى

**2014: دىن ھەققىدە**

- بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق ـ ـ بەدرى ئۇرۇشىدىن ئۆيلىغانلىرىم
- چۈش ۋە چۈش ئۆرۈش ھەققىدە
- قۇرئان نېمە ئۈچۈن ئەرەپ زېمىنىغا چۈشۈرۈلگەن؟
- ئىراقتا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىسىس ھەققىدە
- پەلەستىنلىكلەر ۋە ئەرەپ دۇنياسى
- ئىسلام دىنى ھەق دىندۇر
- ئىسرا ـ مىراج ۋەقەسىدە پەيغەمبىرىمىز كۆرگەن دوزاختىكى ئىشلار
- ئىسرا ـ مىراج ۋەقەسى ۋە كۆپ كائىنات پەرەزلىرى
- قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت  ئايەتۇل كۇرسى ھەققىدە
- ئىسلامدىكى ئەقىل بىلەن نەقىل چۈشەنچىلىرى
- ئىسلام ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايدۇ؟
- ئىسلامدىكى تەقدىر ئۇقۇمى ھەققىدە
- ئىسلامغا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟
- ئىسلام بىلەن ئىلىم ـ پەن بىر يەردىن چىقالامدۇ؟
- ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش
- شەرىئەتنىڭ قىينچىلىق ۋاقتىدا ئاسانلىق بېرىشى
- دىن، مۇزىكا، ۋە ئۇيغۇرلار
- قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدە
- شئەلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟
- ئىسلام دىنىدىكى ئوتتۇرا يول ھەققىدە
- ياسىر قازى بىلەن تونىي بلايېرنىڭ مۇنازىرىسى   [كونا يېزىق]
- سۈننى ئىسلامدىكى ۋاھابى ۋە سەلەفى ھەرىكەتلىرى   [كونا يېزىق]
- دىن ۋە زامانىۋىلىق   [كونا يېزىق]
- مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي ئامىللار   [كونا يېزىق]
- ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئەللىرى قانداق شەكىللەنگەن؟   [كونا يېزىق]

**2014: مائارىپ**

- ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى» پائالىيەتلىرى (2014 ـ 12 ـ 19)
- ئۆيدىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان ياشلارغا بىر قانچە تەۋسىيە (2014 ـ 09 ـ 19)
- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خەلقئارا ئالەم پونكىتى بىلەن سۆزلەشتى (2014 ـ 09 ـ 05)
- پاتېنت ھوقۇقىغا قانداق ئىلتىماس قىلىدۇ؟ (2014 ـ 06 ـ 21)

- ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ دەرسى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى (2014 ـ 06 ـ 09)
- مەكتەپ تاپشۇرۇقلىرى قانچىلىك بولسا ئەڭ مۇۋاپىق؟ (2014 ـ 05 ـ 30)
- ئامېرىكا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى «كەسىپ تاللاش» پائالىيىتى (2014 ـ 05 ـ 16)

2014: بالا تەربىيىسى

- بوۋاقنى كېچىسى ئوزۇقلاندۇرۇش زۆرۈرمۇ؟
- تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلار تەربىيىسى
- ئۈچ ـ تۆت ياشلىق بالىلار تەربىيىسى
- ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق بالىلار تەربىيىسى
- بىر ـ ئىككى ياشلىق بالىلار تەربىيىسى
- كىچىك بالىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنىڭ 10 چوڭ پايدىسى
- بۆشۈكنىڭ بوۋاققا زىيىنى بارمۇ؟
- تۇغۇلمىغان بوۋاققا كىتاپ ئوقۇپ بېرىشنىڭ پايدىلىرى

2014: باشقا تېمىلار

- يالغانچىلىققا ئائىت 12 ھەقىقەت (2014 ـ 12 ـ 26)
- يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ 9 خىل ئۇسۇلى (2014 ـ 12 ـ 12)
- ئالەم بوشلىغىدىكى سەپەر ۋە نىسپىيلىك نەزەرىيىسى (2014 ـ 12 ـ 05)
- گېرمانالارنىڭ 7 خىل كىشىلىك خاراكتېرى (2014 ـ 11 ـ 28)
- ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇئەللىم بىلەن ياپونىيىدە بىللە بولغان ۋاقتىلار (2014 ـ 11 ـ 21)
- تاشقى پلانېتلاردا جانلىقلار بارمۇ؟ (2014 ـ 11 ـ 14)
- مىكرو باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى (2014 ـ 11 ـ 07)
- كائىناتنىڭ چوڭلىغى قانچىلىك؟ (2014 ـ 09 ـ 12)
- قىيىن ۋاقىتقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ 14 خىل ئۇسۇلى (2014 ـ 08 ـ 29)
- ھەر قانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ (2014 ـ 08 ـ 22)
- ماڭا يېڭىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتلار ھەققىدە (2014 ـ 08 ـ 15)
- مەن قاتناشقان بىر يېڭىلىق — ئالەم تېلېسكوپىدا يەر تەۋرەشنى ئۆلچەش (2014 ـ 08 ـ 01)
- مەن قىلغان بىر يېڭىلىق ناسا ژۇرنىلىدا خەۋەر قىلىندى (2014 ـ 07 ـ 25)
- [پىھونون] «ياپونىيەلىكلەرنىڭ مىللىي روھى» دېگەن ماقالىگە ئىنكاس (2014 ـ 02 ـ 15) [كونا يېزىق]
- ياپونىيەلىكلەرنىڭ مىللىي روھى (2014 ـ 02 ـ 07) [كونا يېزىق]
- ياپونىيەلىكلەرنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاقى ۋە تەبىئىي خاراكتېرى (2014 ـ 01 ـ 11) [كونا يېزىق]

2013

- ئوقۇغان قېرىنداشلارغا بىر تەكلىپ
- يەھۇدىلارنىڭ كۈچلۈك بولالىشىدىكى مۇھىم ئامىللار [كونا يېزىق]
- يەھۇدىلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان ئامىللار [كونا يېزىق] [پدف]

2012

- ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن كەلگەن ئىنكاس ۋە ئېلخەتلەر توپلىمى
- بىر مىللەتنى ساقلاپ قېلىشتا كام بولسا بولمايدىغان ئامىللار قايسىلار؟ [پپت ـ ـ>پدف]
- كېپلېر ئالەم تېلېسكوپى ۋە تاشقىي پلانېتالار [پپت ـ ـ>پدف]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


- يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مائارىپ هوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقارالىق قانۇن ـ كېلىشىملەر [كونا يېزىق] [پدف]

**2011**

- ئۆزگىرىدىكى بارلىق تالانتلارنى بايقىۋېلىڭ (تولۇق تېكستى) [كونا يېزىق] [پدف]
- ئىنسان مۇكەممەللىكىنى قوغلىشىش (قىسقا ماقالە)
- ئۇيغۇر ياشلىرى هازىر روهىي چىدامىلىق بىلەن رېئاللىستىك ئۈمىدۋارلىققا مۇهتاج (قىسقا ماقالە)
- بىر لىدېردا چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك 21 سۈپەت [كونا يېزىق] [پدف]
- چوڭ پارتىلاش ۋە كائىناتنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى هەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە (پدف)
- يەر شارىنى بىر ئاستەروئىد سوقۇۋېتىش خەتىرى بارمۇ؟ (پدف)
- "ياخشى مەغلۇپ بولۇش" ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ (پدف)
- ئادەم خاراكتېرىنىڭ 6 تۈۋرۈكى [كونا يېزىق] [پدف]
- خەنزۇ مىللىتى ئىرقىي كەمسىتىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنىشى [كونا يېزىق] [پدف]

**2010**

- غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى [كونا يېزىق] [پدف]
- ئانا تىل نېمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇهىم؟ [كونا يېزىق]
- غايە تىكلەشنىڭ 10 ئۆلچىمى [كونا يېزىق]
- خەلقئارالىق مۇتەخەسسلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپقا بەرگەن تەۋسىيەنامىسى [كونا يېزىق]
- ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى
- شىركەت سۇۋوت ئانالىز ئۇسۇلى [كونا يېزىق]
- ئارتۇقچىلىق، ئاجىزلىق، پۇرسەت ۋە تەهدىت [كونا يېزىق]
- نىشان تىكلەشتە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار [كونا يېزىق]
- هونلارنىڭ داهىيسى ئاتتىلا ۋە ئاتتىلائىزم [كونا يېزىق]
- داهىي ۋە لىدېرلىق نەزەرىيىسى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە [كونا يېزىق]
- ئويلاشنىڭ ئالتە قالپىقى [كونا يېزىق]

**2009**

- سەلكىن تورىنىڭ ئەركىن سىدىق بىلەن ئۆتكۈزگەن تېلېۋىزور سۆهبىتى (ئا)
- سەلكىن تورىنىڭ ئەركىن سىدىق بىلەن ئۆتكۈزگەن تېلېۋىزور سۆهبىتى (ب)
- زىيالىي، يېتەكلىگۈچى ۋە باشقىلارنى ئىلهاملاندۇرۇش [كونا يېزىق]
- ئانا تىل هەققىدىكى يازمىلارغا چۈشكەن ئىنكاسلار توپلىمى
- خەلقئارالىق مۇتەخەسسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل: 1 ـ قىسىم [كونا يېزىق] [پدف ـ ئېلكىتاپ]
- خەلقئارالىق مۇتەخەسسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل: 2 ـ قىسىم [كونا يېزىق]
- خەلقئارالىق مۇتەخەسسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل: 3 ـ قىسىم [كونا يېزىق]

- خەلقئارالىق مۇتەخەسسلەر نەزىرىدىكى يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل: 4 ـ قىسىم [كونا يېزىق]

**2008**

- قوش تىللىق مائارىپ (2): «قوش تىللىق مائارىپ» قانداق بولىشى كېرەك؟ [كونا يېزىق]
- قوش تىللىق مائارىپ (1): باشلانغۇچتا ئانا تىلنى ئالدىدا ئۆگىتىش زۆرۈرلىگىنىڭ ئىلمي ئاساسلىرى [كونا يېزىق] [كونا يېزىق ئېلكتاپ]
- ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭە [كونا يېزىق]
- ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق! [كونا يېزىق]
- شىركەتنى ئوڭۇشلۇق ماڭدۇرۇش ئىقتدارى [كونا يېزىق]
- شىركەت قۇرۇشقا قانداق ئىقتدار كېرەك؟ [كونا يېزىق]
- غەرپلىكلەرنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى [كونا يېزىق]
- ۋاقتنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش [كونا يېزىق]
- ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ 7 ئادىتى [كونا يېزىق]
- ئەندىشە، چۈشكۈنلۈك ۋە ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىن تېز ئەسلىگە قايتىش ئىقتدارى [كونا يېزىق]
- مەكتەپ ھاياتىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش توغرىسىدا قىسقىچە تەۋسىيە [كونا يېزىق]
- ۋاداھىرنىڭ ئوچۇق خېتىگە جاۋاب [كونا يېزىق]

**2007** ـ يىلى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىلىرى

- ئۆمۈرلۈك كەسپىنى قانداق تاللاش كېرەك [كونا يېزىق]
- مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى تەڭلىمىسى [كونا يېزىق]
- ئىنتېرنېت ۋىرۇسلىرىدىن ساقلىنىش ئۇسۇللىرى [كونا يېزىق]
- قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى يەككە تىللىقمۇ؟ [كونا يېزىق]

# ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن **1976** ـ يىلى **9** ـ ئاينىڭ **18** ـ كۈنى قاراقاش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . **1999** ـ يىلى **7** ـ ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ قاراقاش مائارىپ ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان . **1996** ـ يىلى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان «تەڭرى تاشلاردىكى < تەڭرى > مۇقەددەسلىگى » ناملىق ماقالىسى بىلەن تەتقىقات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن . شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا **100** پارچىدىن ئارتۇق ئىلمي ماقالە ، ئوبزور ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان . تۆت پارچە ئەسىرى ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن . ئۇ يازغان ، تۈزگەن ۋە نەشرگە تەييارلىغان «ناۋائى دۇردانىلىرى» ، «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىز ـ دىنىش» ، «تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى» ، «ساتېرىك شائىر ئەھمەت شاھ قاراقاشى» ، «يېمەكلىكلەر مىزاجى» ، «تاللانغان شىپاھلىق رېتسېپلار» ، «دانىلىق زىرائەتلەرنىڭ شىپاھلىق رولى» ، «< قۇتاتغۇ بىلىك > تىن جەۋھەرلەر» ، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە پەرۋىش ۋە پەرھىز» ، «مېغىزلارنىڭ شىپاھلىق رولى» ، «تۆرلۈك كېسەللىكلەر پەرۋىشى» ، «ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقاتىدىن تەرمىلەر» ، «ئۇيغۇر تېبابىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رىتسىپلىق كاللندار» ، «ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى يېگى تىپىلغان مەخپى رېتسىپلار» ، «تۇرلۇك ئىمتىھانلارغا تاقابىل تۇرۇش يېتەكچىسى ــ تىل ـ ئەدەبىيات» قاتارلىق 20 پارچە كىتاۋى نەشر قىلىنغان.

ئۇنىڭ «يادىگارلىقلاردىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر» ، «ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن تەۋسىيەلەر» ، «ئۇيغۇر تىبابىتىدە يەككە دورىلار بىلەن كېسەل داۋالاش» ، «ئۇيغۇر تىبابەت تارىخى» قاتارلىق كىتاپلىرى يېقىندا نەشىردىن چىقىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيىتى جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ، ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ ماتېرىيال مەنبىئى ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ئاخبارات ، نەشرىيات ئورۇنلىرى نەشر قىلغان 14 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ـ ئەسەر ، شۇنىڭدەك ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان 1500 پارچە كىتاپنىڭ تىزىملىگى 335 تۈر بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ ئىشلەپ چىققان «ئەسەرلەر كاتالوگى» ۋە باشقا نۇرغۇن ماۋزۇلار ئاساسىدا ئىشلەپ چىققان « ئەسەرلەر كاتالوگى» مۇ بار بولۇپ ، بۇلار ئۇيغۇر ئىلىم ـ مەرىپەتىنىڭ نەقەدەر مۆجىزىۋىي ساھە ئىكەنلىگىنىڭ چۈشۈنىلىشىگە قوشۇلغان كاتتا نەتىجىلەر ھېساپلىنىدۇ.

«كاتالوگ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تىلىمىزغا رۇس تىلى ئارقىلىق گرېكچىدىن كىرگەن، ئۇ گرېك ـ ــچىدىكى «catalogs» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ، بۇنىڭدىن 500 يىللار ئىلگىرى ئىنگلىز تىلىغا قوبۇل قىلىنغان ، بىزدىكى ئىستېمال مەنىسى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) 860 ـ بەتتە مۇنداق ئىزاھلانغان: بىر تۈردىكى كىتاپ ، قولىيازما قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تۈزۈلگەن روىخېتى ، مۇندەرىجىسى ، تىزىمى . كاتالوگقا ئالاقىدار يەنە بىر ئاتالغۇ «بىبلىئوگرافىيە» بولۇپ ، «كىتاپ ، پۈتۈك» مەنىسىدىكى «بىبلىئو» دېگەن سۆز بىلەن «رەسىم، سىزما» مەنىسىدىكى «گراف» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن . ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى: 1) ئېنىق قائىدە ـ تەرتىپلەر بويىچە كىتاپلارنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەش ۋە كىتاپلارنى بەلگىلىك قانۇنىيەتلەر بويىچە تۈرلەرگە ئايرىش ئىلمى؛ 2) مەلۇم بىر ساھە ياكى مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ كىتاپ ياكى ماقالە ـ ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلەر بويىچە ئايرىلغان كاتالوگى؛ 3) (گېزىت ـ ژورناللاردا بېرىلگەن) كىتاپ ـ ژورنال ياكى ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى دېگەندىن ئىبارەت. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) 163 ـ بەت) كاتالوگ قەدىمكى دەۋردىكى كىتاپ ساقلاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىلمىي مېۋە .

كاتالوگ تۈزۈش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر ئىش . ئەينى ۋاقىتتا قەدىمكى بابىلۇندا تۈزۈلگەن تۇرلۇك قانۇنلار پادىشاھنىڭ بۇيرىغى بويىچە رەتلەپ توپلىنىپ ، قانۇنلار كاتالوگى تۈزۈلگەن . قەدىمكى ئېرۇسالىمدا يەھۇدىي دىنىغا ئائىت كىتاپلار رەتلىنىپ كاتالوگ تۈزۈلگەن . ئەرەپ ئابباسىيلار سۇلالىسىغا كەلگەندە ، ئەرەپ مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويغان بولۇپ ، فارابى قاتارلىق ئالىم ـ ئۆلىمالار ئەرەپ تىلىدىكى كىتاپلارنى يىغىپ ، رەتلەپ ئىلمىي كاتالوگ تۈزۈپ چىققان . ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىگە كەلگەندە ، ھەر خىل ئەسەرلەر رەتلىنىپ ، شۇ ۋاقىتتىكى گۈللەنگەن مەدەنىيەتنىڭ كاتالوگى تۈزۈپ چىقىلغان . روسىيەدە بىبلىئوگرافىيە ئىلىم سۈپىتىدە 19 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن ، ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە كىتاپلار تونۇشتۇرۇلغان بىبلىئوگرافىيە خاراكتېرىدىكى دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىققان . شۇنىڭ بىلەن بىبلىئوگرافىيە نەزەرىيىسىمۇ شەكىللىنىشكە باشلىغان . ۋ.گ. ئاناستاسېۋىچ، ۋ. س. سوپىكوۋ، ب. گ. مېزوۋ، ن. ئا. رۇباكىن قاتارلىقلار بۇ نەزەرىيەلەرنىڭ ئاساسچىلىرىدىن ھېساپلىنىدۇ . 20 ـ ئەسىردە، ئا. گ فومىن، ئې. ئى. شامۇرىن، ك. ر. سىمونوۋ قاتارلىقلار بىبلىئوگرافىيە ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى تارىخىي خاراكتېرلىك خۇلاسىلىدى . دېمەك ، بىبلىئوگرافىيە رۇسىيەدە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىلا بىر ئىلىم سۈپىتىدە ئۆز نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە بىبلىئوگرافىيىنىڭ ئادەتتىكى نەزەرىيىسى تەتقىق قىلىنغان بولسا، 80 ـ 90 ـ يىللاردىن

كېيىن كەسپىي بىبلىئوگرافىيە نەزەرىيىسى تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان.

جۇڭگودىكى ئەڭ دەسلەپكى كاتالوگ ئەسىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، كۆڭزىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ليۇ شياڭ ۋە ليۇ شىنلار تۈزگەن «يەتتە خىل كىتاپلار» («七略») دېگەن كىتاپ جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى كاتالوگ ھېساپلىنىدۇ. ئەمما بۇ كىتاپتىن ئىلگىرىكى «جۇاڭزى . جاھان» (《庄子•天下篇》)، «شۈنزى 12 پەرزەنتتىن باشقا» (《荀子•非十二子》)، «خەن فېيزى، زاھىرلىق» (《韩非子•显学》) قاتارلىق بەزى لۇغەتلەردىمۇ بىبلىئوگرافىيىنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىغىلى بولىدۇ. ليۇ شياڭ، ليۇ شىنلاردىن كېيىن بىبلىئوگرافىيە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە جى يۈن دېگەن كىشى باش بولۇپ تۈزگەن «تۆت يۈرۈش كىتاپلارنىڭ ئومۇمىي تىزىمى» (《四库全书总目提要》)نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن، چەت ئەلنىڭ بىبلىئوگرافىيە نەزەرىيىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇ ئىلىم رەسمىي قولغا ئېلىنغان. شۇ دەۋرلەردە جۇڭگو بىبلىئوگرافىيە ئىلمىنىڭ پېشۋاسى ياۋ مىڭدا دېگەن كىشى 1935 ـ 1936 ـ يىللىرى «جۇڭگونىڭ بىبلىئوگرافىيە تەرەققىيات تارىخى» (中国目录学发展史) دېگەن كىتاپنى يېزىپ، 1936 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان. بۇ جۇڭگونىڭ بىبلىئوگرافىيە تارىخى ۋە نەزەرىيىسىنى تۇنجى قېتىم تولۇقراق بايان قىلىپ بەرگەن ئەسەر ھېساپلىنىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو بىبلىئوگرافىيىسى يېڭى بىر تەتقىقات باسقۇچىغا كىردى. بۇ دەۋردە، جۇڭگونىڭ قەدىمكى بىبلىئو ـ گرافىيىسى ئاساسىدا، چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، بىبلىئوگرافىيىنىڭ مەزمۇنى بېيىتىلدى. 1983 ـ يىلى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنياڭ شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك بىبلىئوگرافىيە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ، بىبلىئوگرافىيە تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئىمكا ـ نىيەت يارىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، مەخسۇس بىبلىئوگرافىيە ھەققىدە بىر قىسىم ئەسەرلەر، ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلىپ ۋە ئېلان قىلىنىپ، بىبلىئوگرافىيە خىزمىتىنىڭ ئۆلچەملىشىشى، قېلىپلىشىشى ۋە تورلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

بىبلىئوگرافىيە ئىلىم سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا تەتقىق قىلىنىشى ئانچە ئومۇملىشىپ كەتمىگەن بىلەن كاتالوگ تۈزۈش بىزگە نىسبەتەن يات ياكى يېڭى ئۇقۇممۇ ئەمەس. تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، بىزدىمۇ بۇرۇندىنلا كاتالوگ تۈزۈش ئادىتى بولغان. ئالايلى، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەردىكى ھەمدىيە مەدرىسىدە شۇ ۋاقىتتىكى تالىپلارنىڭ ئوقۇشىغا، پايدىلىنىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقەرى دېگەن كىشى ئەرەپ ـ پارسچىدىكى ئوقۇشلۇق، پايدىلىنىش كىتاپلىرىنى يىغىپ، رەتلەپ، شۇ كىتاپلارنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈپ چىققانلىقى مەلۇم. تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئۆز زامانىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇلۇغبەگنىڭ پەرمانى بىلەن قەدىمكى كىتاپ ـ قوليازمىلار توپلاپ، رەتلىنىپ، ئوردا پۈتۈكچىلىرى تەرىپىدىن مەخسۇس قەدىمكى ئەسەرلەر كاتالوگى تۈزۈلگەن. 15 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىي «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ كاتالوگىنى كۆرسەتسە، «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە 458 نەپەر شائىر ۋە ئۆلىمانىڭ بىر نەچچىدىن ئەسىرىنىڭ تىزىمىنى كىرگۈزگەن، مىلادىيە 1854 ـ 1855 ـ يىللىرى (ھىجرىيە 1271 ـ يىلى) يېزىلغان موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىئمەتۇللا مۇئجىزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسقىيىيۇن» ناملىق ئەسەرگە خەرىرى، فارابى، نەۋائىي، ئامانىنساخان قاتارلىق 17 نەپەر مۇزىكا ـ مۇقام ئۇستازلىرىنى تەرتىپ بويىچە كىرگۈزۈپلا قالماي، ھەر ـ بىر ئۇستازنىڭ ئىجاد قىلغان مۇزىكا ئەسىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىمۇ رويخەتكە ئالغان. 19 ـ ئەسىردە قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ ئەينى دەۋرنىڭ مەشھۇر ئالىم ـ ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇرەھىم نىزارى، نەۋرۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى، تۇردى

uyghurkitap.com



نازىم غېرىبى قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ ، قەدىمكى كىتاپ ـ قولىيازمىلارنىڭ كاتالوگىنى تۈزدۈرگەن .

1957 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاتالمىش شىنجاڭ يەرلىك مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى تىل ، تارىخ ، ئەدەبىياتقا دائىر 74 پارچە ئەسەردىن تەركىب تاپقان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قولىيازمىلىرىنىڭ كاتالوگى»نى تۈزۈپ ، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا مىخ مەتبەئەدە باستۇردى . 1962 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە تارىخنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ مۇزېيى ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى ، شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان سىياسىي ، ئىقتىسادقا ئائىت 172 پارچە ئەسەر ، دىن ، پەلسەپەگە ئائىت 104 پارچە ئەسەر ، تىل ـ ئەدەبىياتقا ئائىت 217 پارچە ئەسەر (جەمئىي 493 پارچە ئەسەر)نىڭ تىزىمى كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ كىتاپلىرى كاتالوگى»نى تۈزۈپ شاپىگىرافتا باستۇرغان . 1980 ـ يىللاردىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان ئەسەرلەر كاتالوگلىرى ئايرىم كىتاپ تەرىقىسىدە نەشر قىلىنىشقا باشلىدى . ئالايلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش ، رەتلەش ، نەشر قىلىش ، پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى «شىنجاڭ رايونىدىكى كىتاپلار مۇندەرىجىسى توپلىمى» (1 ـ ، 2 ـ قىسىم)نى 1985 ـ يىلى شاپىگىراف باسمىسىدا ئېلان قىلدى . 1988 ـ يىلى يەنە يۇقىرىقى ئورۇن «ئۇيغۇر ، ئۆزبېك ، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى»نى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. دىلبەر ياقۇپ ، ئابلاجان تۇرغۇنلار تۈزگەن «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى كىتاپلار مۇندەرىجىسى» ناملىق كاتالوگ 1990 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . بۇ كاتالوگقا 1981 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە مەزكۇر نەشرىياتتا نەشر قىلىنغان كىتاپلار كىرگۈزۈلگەن . تۇرسۇنمۇھەممەد سابىت تۈزگەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىك ماتېرىياللار بۆلۈمى 1991 ـ يىلى شاپىگىرافتا باستۇرغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي ماتېرىياللار كاتالوگى»غا ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، رۇسچە ، ئىنگلىزچە ، ياپونچە ، نېمىسچە ، ئەرەپچە ، تۈركچە ، ئۆزبېكچە تىللاردىكى ئالاقىدار 3540 پارچە ، ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك تەسىرى بار شائىر ، ئەدىپلەرنىڭ بىرقانچە خىل تىلدىكى باسما ۋە قولىيازما ئەسەرلىرىدىن 660 پارچە ، جەمئىي 4200 پارچە ماتېرىيال تىزىملىكى كىرگۈزۈلگەن . رەخىمە ئوسمان ، خالىدە شاھرەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر كاتالوگى» 1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ، بۇ كاتالوگقا 1980 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇرچە گېزىت («شىنجاڭ گېزىتى» دىن ئېلىنغانلىرى 1950 ـ يىلىدىن بۇيانقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىغا ئائىت 2600 دىن ئارتۇق ماقالە ۋە تارىخىي ماتېرىيال (خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لارنىڭ تىزىمى كىرگۈزۈلگەن . ئابلاجان تۇرغۇن تۈزگەن «مەرىپەت بۇلىقى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» ناملىق كاتالوگ 1996 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىچكى قىسىمدا نەشر قىلىنغان ، بۇ كاتالوگقا 1981 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە مەزكۇر نەشرىياتتا نەشر قىلىنغان بارلىق كىتاپلار كىرگۈزۈلگەن . راھمان خانبابا تۈزگەن كاتالوگ ئاساسىدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى تولۇقلاپ تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت ئەسەرلەر كاتالوگى» 1998 ـ ، 1999 ـ يىللىرى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدا ئۇلاپ ئېلان قىلىندى ، تۇرنىسا روزى بىلەن ياسىن تۇرسۇن ئۇلتاش تۈزگەن «چەت ئەللەردىكى تىلشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى» ناملىق كاتالوگ 2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ، مەزكۇر كاتالوگقا خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق تىل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تىلغا ئائىت مۇھىم كىتاپ ۋە ماقالىلىرى ، خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق تىل تەتقىقات ئاپپاراتلىرى تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت ، مەخسۇس ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت كىتاپلار ۋە ماقالىلەرنىڭ نامى ، ئاپتور ئىسمى ، نەشر قىلىنغان ۋاقىت ۋە ئورۇن قاتارلىقلار ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلدى.

ئارزۇگۈل تۇراپ ، شادىيە سابىت ، گۈلشەن بەسرىلەر تۈزگەن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى» ناملىق كىتاپقا «يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلەر بىبلىئوگرافىيىسى» ماۋزۇسىدا 1400 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىنىڭ كاتالوگى بېرىلدى . بۇ مەزگىلدە ھەرقايسى ژورنال تەھرىر بۆلۈملىرىمۇ مەزكۇر ژورنالدا نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگىنى ئىشلىدى . ئالايلى ، 1984 - يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ مائارىپى» ژورنىلى 30 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى ، 1985 - يىلى «تارىم» ژورنىلى 30 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى ، 1989 - يىلى «بۇلاق» ژورنىلى 9 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى ، 1995 - يىلى «تۇرپان» ژورنىلى 15 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى ، 1996 - يىلى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى 15 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى ، 2001 - يىلى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى 20 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى ، 2002 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژورنىلى» 15 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتى . 2005 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش ، رەتلەش ، نەشر قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئۆز قارمىقىدىكى قەدىمكى قوليازمىلارنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈش بىلەن بىللە ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىمۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاكادېمىيە كۇتۇپخانىسى ۋە ئالاقىدار تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈملىرىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەپ ، يۇقىرىغا تاپشۇردى . ئۇندىن باشقا ئەشرەپ ئابدۇللا ئاپتورلىقىدىكى «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن ئەسەرلىرى بىبلىئوگرافىيىسى» ، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك كاتالوگى» ، نىزامىدىن توختى تۈزگەن «مەۋجۇدات كان» (يۇقىرىقى ماقالىلەر «كىتاپ مۇنبىرى» ژورنىلىنىڭ 1999 - ، 2000 - يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان) ، غەيرەتجان ئوسمان ئاپتورلىقىدىكى «نەۋائىي تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» («مىللەتلەر ئەدەبىياتى» 2003 - يىللىق 3 - سان، خەنزۇچە) ، «جۇڭگودا موللا بىلال تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى» مەجمۇئەسى ، 2000 - يىللىق 4 - سانى)، «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» («شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ 20 يىلى» غا بېغىشلانغان مەجمۇئەنىڭ 2000 - يىللىق 2 - سانى)، كۇرەش تاھىر ئاپتورلىقىدىكى «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى» («غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، 2002 - يىللىق 3 - سان، خەنزۇچە) ، «‹ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت - لىرى›نىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇچۇرلىرى» 2006 - يىللىق 3 - سان ، خەنزۇچە) ، مۇھەممەد ئابدۇۋەلى ئاپتورلىقىدىكى «ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ياپونىيەدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى» («تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2000 - يىللىق 3 - سانى) قاتارلىق بىبلىئوگرافىيە تۈسىدىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى كۆرستىش مۇمكىن .

كاتولوگ بىر دۆلەت ، بىر مىللەت ۋە بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر ئىلىم بولغاچقا ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە بۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىلىپ كەلگەن . ئەنئەنىۋى بىبلىئوگرافىيىنىڭ قايسى تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ، قانداق جارى قىلدۇرۇش ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئىلىم - پەن ، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئورنى ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتى ، ھاياتى كۈچى ، بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم تېما . چەت ئەللىكلەر كاتالوگ تۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئۇلار بىر پارچە ئەسەر ياكى ئىلمىي ماقالە يازماقچى بولسا ، شۇ ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك بۇرۇن ئىشلەنگەن ئەسەر - ماقالىلەرنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈۋالىدۇ ياكى تەييار كاتالوگ بولسا ، شۇنىڭدىن ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى تېپىپ ئوقۇپ ، ئاندىن ئۆزى يازماقچى بولغان ئەسەر ئۈستىدە ئويلىنىدۇ . مانا بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا كاتالوگنىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بولىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر ئېھتىياجى كۆپ خىللاشتى ، ئۇنىۋېرساللاشتى ۋە ئىجتىمائىيلاشتى . كاتالوگ دەل ئەشۇنداق ئىجتىما ـ ئىيتىمىزنىڭ ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدىغان كۆۋرۈك . كاتالوگ كەسپىي ۋە ئىلمىي ئىشلاردا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ . مەسىلەن ، ئۇلۇغ ئالىم فارابى (مىلادىيە 870 ـ 950 ـ يىللار)نىڭ ئىلىم ـ پەنگە قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن چوڭ دېيىمىز ، لېكىن ئۇنىڭ زادى قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس ئىدى ، تۈركىيە ئالىمى ئەھمەد ئاتەش «فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى» ناملىق كىتاۋىدا فارابىنىڭ ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە يازغان 160 پارچە ئەسىرىنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسىتىدۇ . كېيىنچە ئۆزبېكىستانلىق بىر فارابىيشۇناسمۇ «فارابىي ئەسەرلىرى بىبلىئوگرافىيىسى»نى تۈزگەن بولۇپ ، ئۇنىڭغا فارابىنىڭ 200 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرىنىڭ تىزىملىكى كىرگۈزۈلگەن . يەنە مەسىلەن ، 19 ـ ئەسىردە قەشقەردە ياشاپ ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن نەۋرۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى چەكلىك بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىغا تولۇقراق جاۋاب بېرەلمەي كېلىنگەن ئىدى ، 1991 ـ يىلى ئۇنىڭ ئايرىم بىر قوليازمىسى تېپىلغان بولۇپ ، قولىيازمىغا ئۇنىڭ بىر بۆلۈك ئەسەرلىرى ۋە زىيائىي ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى (كاتالوگى) كىرگۈزۈلگەن .

مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋالالايمىزكى ، كاتالوگ قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىجادىيەت سەمەرىلىرىدىن ئەۋلادلارنى خەۋەردار قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

نۆۋەتتە ، ياش قەلەمكەش ۋە تەتقىقاتچى ئېنىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى» (تارىخ ـ مەدەنىيەت قىسمى) (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 7 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان) ۋە ئىككى توملۇق «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان تېببىي، ئەدەبىي ئەسەرلەر كاتالوگى» (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان) ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى ، تارىخى ، مەدەنىيىتى ، تېبابىتى ، ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە بىر بوشلۇقنى تولدۇرغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . بۇ كاتالوگنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كاتالوگلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى ، «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى» (تارىخ ـ مەدەنىيەت قىسمى)غا جۇڭگودىكى ھەر دەرىجىلىك ئىلمىي ، ئەدەبىي ژۇرناللار ۋە گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار 14 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنغان 1500 پارچە كىتابنىڭ تىزىملىكى 335 تۈر بويىچە كىرگۈزۈلگەن . ھەر ـ بىر ئەسەرنىڭ نامى ، ئاپتور ئىسمى ، نەشر قىلىنغان ئورۇن ، ۋاقىت ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن . گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ نامى ، ئاپتورى ۋە ئېلان قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرنال ، ئۇنىڭ قايسى يىل ، قايسى سانىغىچە ئېنىق ئۇچۇر بېرىلگەن . «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان تېببىي ، ئەدەبىي ئەسەرلەر كاتالوگى» ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بىرىنچى قىسمىغا 1951 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «تارىم» (1951 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان جەمئىي 538 سانىدىكى 22 مىڭ ئەسەر) ، «بۇلاق» (1980 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان 105 سانىدىكى 1470 پارچە ئەسەر) ، «مىراس» (1980 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان 92 سانىدىكى 1590 پارچە ئەسەر) ، «تۇرپان» (1981 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان 99 سانىدىكى5090 پارچە ئەسەر) ، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» (1980 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان 116 سانىدىكى 3957 پارچە ئەسەر) ، «يېڭى قاشتېشى» (1979 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان 146 سانىدىكى 8935 پارچە ئەسەر) ، تەڭرىتاغ» (1986 ـ يىلدى 2005 ـ يىلغىچە بولغان 113 سانىدىكى 4994 پارچە ئەسەر) ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (1980 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە بولغان 47 سانىدىكى 802 پارچە ئەسەر) قاتارلىق ژۇرنال ۋە مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىنغان جەمئىي 48 مىڭ 838

پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن . 2 ـ قىسىمغا 1951 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ھەرقايسى نەشرىياتلار نەشر قىلغان 2594 پارچە كىتاپ ۋە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» (1980 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 5570 پارچە ئەسەر)، «ئىلى دەرياسى» (1978 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 5097 پارچە ئەسەر)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (بۇ ژورنال 1951 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان ، كاتالوگقا كىرگۈزۈلگىنى 1985 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 1467 پارچە ئەسەر) ، «شىنجاڭ ياشلىرى» (بۇ ژورنال 1954 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان ، كاتالوگقا كىرگۈزۈلگىنى 1992 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 8892 پارچە ئەسەر) ، «شىنجاڭ ئاياللىرى» (1984 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 5856 پارچە ئەسەر) ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» (بۇ ژورنال 1972 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان ، كاتالوگقا كىرگۈزۈلگىنى 1980 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 11214 پارچە ئەسەر) ، «جۇڭگو مىللەتلىرى» (بۇ ژورنال 1988 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان ، كاتالوگقا كىرگۈزۈلگىنى 1990 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 1915 پارچە ئەسەر) ، «كىرورەن» (ئىچكى ژورنال ، 1979 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان4696 پارچە ئەسەر) ، «مايبۇلاق» (1977 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 4759 پارچە ئەسەر) ، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگى» (1986 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 1709 پارچە ئەسەر) ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» (1991 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 1016 پارچە ئەسەر) ، «ساقلىقنى ساقلاش» (1983 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 4685 پارچە ئەسەر) ، «كىتاپ مۇنبىرى» (تارىخى ئۇزۇن ئىچكى ژورنال، 507 پارچە ئەسەر) ، «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» (1952 پارچە ئەسەر) قاتارلىق سىياسىي ، ئىلمىي ، ئەدەبىي ، كەسپىي ، نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان 59 مىڭ 335 پارچە ئەسەر كونكرېت تۈرلەر بويىچە كىرگۈزۈلگەن . بۇ ئىككى قىسىم كاتالوگقا جەمئىي 108 مىڭ 135 پارچە ئەسەرنىڭ تىزىمى كىرگۈزۈلگەن .

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى ، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى» (تارىخ ـ مەدەنىيەت قىسمى) ۋە «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان تېببىي ، ئەدەبىي ئەسەرلەر كاتالوگى» (1 ـ ، 2 ـ قىسىم) ئۇيغۇر كاتالوگچىلىقى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى . ئۇ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسى كەسىپ ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنى ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاپ ئوقۇش ئېھتىياجىنى مول ماتېرىيال مەنبەسى ئۈچۈن بىلەن تەمىنلىدى . مەزكۇر «كاتالوگ» ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىقى، يىل دەۋرىنىڭ ئۇزۇنلىقى ، ساھەسىنىڭ كەڭلىگى بىلەن ئىلگىرىكى كاتالوگلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسلىق رولى ۋە ئەھمىيىتى تۆۋەندىكىدەك:

بىرىنچى ، ئۇچۇر قىممىتىگە ، ۋاقىت تېجەشچانلىق قىممىتىگە ۋە ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە . مەزكۇر «كاتولوگ» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ، پەن تەتقىقات خادىملىرى ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى ، ئاسپىرانتلار ، شۇنداقلا ياش ئەۋلادلارنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات ، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدىن خەۋەردار قىلىپ ، بىرىنچى قول ماتېرىيالدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ تەتقىقاتتىكى كۆزقاراشلىرىنى دەلىل ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. تېما تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۆز تېمىسىنى ئىشلەش جەريانىدا ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئاپتورلارنىڭ مۇشۇ تېما ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىدىن خەۋەردار قىلىپ ، ئارتۇقچە ياكى بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتىن خالىي قىلىدۇ . پايدىلانغۇچىلارنى نەزەرىيە ، كۆزقاراش ، مېتود ، سانلىق مەلۇماتنىڭ كېلىش مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ، ئەسىرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ .

ئىككىنچى ، شۇ دەۋرنىڭ تىل ـ يېزىق ئەھۋالى ، مەدەنىيىتى ، تارىخى ۋە كاتالوگ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللەتنىڭ روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . كاتالوگقا 50 ـ يىللاردىن بۇيانقى تىل ـ يېزىق ، مەدەنىيەت ، تارىخ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئەسەرلەر ، بولۇپمۇ ئورخۇن ـ يېنسەي دەۋرىدىن تارتىپ ، يېقىنقى زامانغىچە ، چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ مەلۇم شەخسلەرگىچە بولغان ئۇزۇن تارىخنى ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەتقىقات نەتىجىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، بىزنى مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى كۆچەيتىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ . مانا مۇشۇ تەتقىقات ئۇچۇرلىرىدىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى تەتقىق قىلالايمىز ھەم ئۇلارغا ئوبيېكتىپ باھا بېرەلەيمىز.

ئۈچىنچى ، كاتالوگقا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر تىزىملىكىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولغاچقا ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەتقىقات ۋە ئىجادىيەتتە بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي ئىزىنى ئەسلەپ ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ، تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئەينەك بولىدۇ .

تۆتىنچى ، پەن تەتقىقات ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ، ئىجادىيەت مۇساپىسىدە قالدۇرغان ئىزلىرى بىلەن تەمىنلەپ ، ئۇلارنىڭ تەتقىقات ، ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن ئەۋلادلارنى خەۋەردار قىلىدۇ ھەمدە ھەر ـ بىر زىيالىينىڭ ئۆزىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىشىنى مول ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ . تۈنۈگۈنىمۇ ئەسلى كەلگۈسى ئىدى ، ئۇنىڭ بۈگۈنگە ئايلىنىپ ، ئاندىن تۈنۈگۈنگە ئايلانغىنى ئىنتايىن تېز بولغىنىدەك ، ئەتىنىڭمۇ بۈگۈنگە ، ئاندىن تۈنۈگۈنگە ئايلانمىقى ناھايىتى تېزلا بولىدۇ . 50 ـ يىللاردىكى جۇشقۇن بىر ئەۋلاد ئىلىم ـ پەن خادىملىرىمىز ، يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى بىز بىلەن ۋىدالاشتى ، بىر قىسمى مانا ئەمدى بەللىرى مۈكچەيگەن ، كۆزلىرى خىرەلەشكەن بوۋاي ـ مومايلارغا ئايلاندى ، ئۇلارنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى قان ـ تەرىنىڭ مېۋىسىدىن ئەۋلادلارنى خەۋەردار قىلىش ھازىرقى زامانداشلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى . بۇنى تونۇپ يەتكەن ياش تەتقىقاتچى ۋە ئىزدەنگۈچى ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن ھەم جاپالىق ، ھەم ساۋاپلىق بىر ئەمگەكنى قىلىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى . كاتالوگ تۈزۈشنىڭ جاپالىق يېرى شۇكى ، ئۇ ھەم قول تۆتىدىغان ، ھەم زېھىن تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە ئىش . ئەڭ ئەقەللىيسى يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە مۇنتىزىم نەشرىياتچىلىق ۋە مەتبۇئاتچىلىقىمىزدا يورۇقلۇققا چىققان ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىغا مەنسۇپ ئەسەرلەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى تېپىش ، ئۇنى يىل دەۋرى ، ژانىر ئايرىمىسى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىش ، كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ ، رەتلەپ چىقىش ھېچقانداق بىر ئورۇن ۋە كوللېكتىپنىڭ ياردىمىسىز شەخسىي مەبلەغ بىلەن نەشر قىلدۇرۇش كىشىدىن تولىمۇ زور چىدام ۋە غەيرەت ، خەلقنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىغا ئاياناماسلىقتەك قۇربان بېرىش روھى تەلەپ قىلىدۇ . مانا مۇشۇ جاپالىق ئەمگەك ۋە مەسخىرىلەرگە چىداشمۇ بەسى مۈشكۈل بىر ئىش . «كاتالوگ» تۈزۈشنىڭ ساۋاپلىق يېرى شۇكى ، ئۇ پەقەتلا ئاپتورنى مەنىۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي، مۇھىمى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنى ، يازغۇچى ـ شائىرلىرىنى ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ، شۇنداقلا كەڭ ئۇيغۇر زىيالىلىرى ۋە ئوقۇرمەنلىرىنى ئەتراپلىق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ ، ئۇلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىلمىي ، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىگە قولايلىق مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ ، شۇنداقلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئىلمىي ، ئەدەبىي ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى خۇلاسىلەپ بېرىدۇ . ئىشىنىمىزكى ، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىننىڭ ئىشلىمەكچى بولۇۋاتقان «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان تەبىئىي پەن ئەسەرلىرى كاتالوگى»نىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى بىلەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرى ئەتراپلىق خۇلاسىلانغۇسى . ئاخىرىدا ئاپتورنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيەت ، تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمىز .

ئاخىرىدا شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىمەنكى ، 2013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ7 ـ كۈنى كورلا

شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يىغىن زالىدا ، ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن نامىدىكى «ئۇيغۇر رو ـ مانچىلىقىغا نەزەر» تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئوبزورلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى . يىغىنغا بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غەيرەت زىرىش رىياسەتچىلىك قىلدى . «كروران» ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كروران تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇكاپاتلاش قارارىنى ئېلان قىلدى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ سېكرېتارى ، مۇئاۋىن رەئىسى دىلشات روزى نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، ئەنئەنىسى ھەققىدە توختالدى .

بۇ قېتىمقى «ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا نەزەر» تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئوبزورلارنى مۇكاپاتلاش مەبلىغىنى ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن چىقارغان بولۇپ، «كروران» ژورنىلىنىڭ كېلەر يىللىق 1 ـ سانىدىن باشلاپ ژانىر چەكلىمىسى بولمىغان ئەھۋالدا «كروران ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

# ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر دىيارىدىكى مىسرانىم، باغداش، ئىزدىنىش ۋە بوزقىر قاتارلىق تور سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىپ كېلىنىۋاتقان تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن، بولۇپمۇ «دوناي دەرياسىدىن ئورخۇن بويلىرىغىچە» ناملىق كىتاۋى ۋە «قىتئەلەر ئارا قاناتلانغان كۆي — سەنۇبەر تۇرسۇن» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇلغان، 2004 ـ يىلى لوندوندا «لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى» نى قۇرۇپ چىققان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا ۋە سەنئەت مەدەنىيىتىنى بۈيۈك برىتانىيەنى مەركەز قىلغان ھالدا ياۋروپا دۆلەتلىرىدە پائال تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سەنئەتكار، يازغۇچى، تەرجىمان، ۋە مۇستەقىل تەتقىقاتچى ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 1970 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي بويلىرىدىكى بوستانلىق يۇرت شايار ناھىيىسىنىڭ تويبولدى بازىرى يېڭى يېزا چىمەن كەنتىدە بىر يېزا دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك يىللىرىنى يېزىدا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى شايار ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇپ، 1991 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەل تىللى فاكۇلتېتى رۇس كەسپىنى پۈتتۈرگەن.

ئۇ 1991 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1999 ـ يىلىغا قەدەر ئاقسۇ شەھىرىدە مەمۇرىي ۋە تىجارى ئورۇنلاردا تەرجىمان بولۇپ خىزمەت قىلدۇ. 1999 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە قىرغىزىستان، تۈركىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەردە ياشايدۇ. 2001 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بۈيۈك برىتانىيەنىڭ لوندون شەھرىگە كېلىپ يەرلەشكەندىن كېيىن، ھازىرغا قەدەر ئائىلىسى بىلەن بىللە لوندوندا ئوقۇش، خىزمەت، ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ 2011 ـ يىلدىن باشلاپ باش شتابى لوندونغا جايلاشقان خەلقئارا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 1986 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا تۇنجى ئەسىرىنى ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىش بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئاقسۇدا ئۆتكەن يىللىرىدا رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە تەرجىمان بولۇپ ئىشلەش بىلەن بىرگە يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئاقسۇ گېزىتى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا شېئىر ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇ. ئۇ 1999 ـ يىلى ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مۇھاجىرەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر ئەدەبىيات ۋە ئاخبارات ساھەلىرىدە ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ ، نۇرغۇن شېئىرىي ، ئەدەبىي ، ئىلمىي ۋە ئاخبارات ئەسەرلەرنى يازدۇ. ئۇيغۇر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىرادىسى يۇرىگىگە مەھكەم پۈكۈلگەن ۋە بۇ يولدا بىر كۈنمۇ ئىزدىنىشنى، ئەجىر سىڭدۈرۈشنى توختاتماي كېلىۋاتقان ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئوبزور، ئەدەبىي خاتىرىلەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، خەلقىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تەقدىم قىلدۇ.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 2007 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2008 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە بۈيۈك برىتانىيە (ئەنگلىيە) دۆلەت ئىگىلىگىدىكى بۈيۈك برىتانىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى BBC — نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزبېك بۆلۈمىدە ئىختىيارى مۇخبىر ۋە تور يازغۇچىسى بولۇپ خىزمەت قىلدۇ. بۇ جەرياندا خەلقىمىزنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىگە ئائىت 10 نەچچە پارچە ئەسەر ۋە خەۋەر يېزىپ، مەزكۇر ئاگېنتلىقنىڭ تور بېتىدە ئۇيغۇر يېزىغىدا ئېلان قىلدۇردۇ.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 2004 ـ يىلى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنى قۇرۇپ چىققاندىن بۇيان، بۈيۈك برىتانىيە ۋە ياۋروپانىڭ ھەر قايسى دۆلەتلىرىدە ئۇيغۇر سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئۈچۈر ئالاقە تورىنى مەركەزلىك تېما قىلغان ھالدا ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ يەنە ھازىرغا قەدەر برىتانىيىلىك ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناس، دوكتور رەيچېل ھاررىس بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ بىر قىسىم مۇقام تېكىستلىرىنى ھەمدە 50 پارچىغا يېقىن ئۇيغۇر خەلق ناخشا تېكىستلىرىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇ يېقىندا «تاتارىيەدىن خەۋەر ـ پىكىندىن كەشمىرگە سەپەر» ناملىق تارىخىي كىتاپنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئائىت قىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ، تور ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئوقۇشىغا سۇندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ ئىنگلىز تىلىدا يازغان بىر قىسىم ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى ئەنگلىيەنىڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىلمىي ئەسىرى 2011 ـ يىلى دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم بىلەن بىرلىكتە ئەنگلىيەنىڭ كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى ئىچكى ئاسىيا ئىلىم ژورنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، دۇنيا ئىلىم ساھەسىنىڭ ئۇيغۇر تەتقىقاتىغا بولغان ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىغان «نەزىرگە تەكلىپ: ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئومۇمىي نەزەر» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىسىدۇر.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى يەنە دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكا سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ئەنگلىيەگە تەكلىپ قىلىش، ئەنگلىيەگە كەلگەن ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىش، ئۇلارغا تەرجىمان ۋە ياردەمدە بولۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنىمۇ قىلدۇ. شۇ ئارقىلىق بۈيۈك برىتانىيە بىلەن ئۇيغۇر دىيارى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئالاقىلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدىن تەشكىللەنگەن بىر ئۆمەك ئەنگلىيەگە ئويۇن قويۇشقا كېلىدۇ. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن بۇ ئۆمەكتىكىلەر بىلەن 15 كۈن بىللە بولۇپ، ئۇلارغا تەرجىمانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە ياردەم قىلدۇ. 2014 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاتاقلىق سەنئەتكارىمىز سەنۇبەر تۇرسۇن باشچىلىقىدىكى بىر ئۆمەكنىڭ لوندون، پارىس ۋە ۋېناس قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر كۆرسىتىش ۋە سەنئەت بويىچە ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدۇ.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيانقى ئىنگلىز مائارىپىدا بىلىم ئېلىش ئارزۇسى لوندونغا كەلگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ 2001 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە لوندوندىكى مورلېي (Morley College)ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش مەكتىۋىدە تولۇق كۈنلۈك سىنىپتا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدۇ. 2005 ـ يىلدىن 2009 ـ يىلغىچە لوندون لامبېت ئىنستىتۇتىدا (Lambeth College) ئىنگلىز تىلى ۋە

قوش تىل مائارىپى ۋە كومپيۇتېر كەسپىدە، 2009-يىلدىن 2011-يىلغىچە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى بېرىكبەك ئىنستىتۇتىدا (Birkbekk College) كومپيۇتېر ئۇچۇر ئىلمى، تور لايىھەلەش ۋە مېدىيە تېخنىكا كەسپلىرى بويىچە ئوقۇشىنى تاماملايدۇ. ئۇ ھازىر لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تارمىغىدىكى «جۇڭگودىكى ئىسلامى ئاۋاز» ناملىق تەتقىقات تورىدە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ قوشۇمچە برىتانىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىگى كۆچمەنلەر ئىدارىسىدە تەرجىمان بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئانا ۋەتەندىن يىراقتىكى ھاياتىنىڭ قىسمەتلىرى، بىزگە ئېيتىلمىغان ھېكايەتلىرى تېخىمۇ كۆپ. نىكاھىنىڭ غايىب بولغىنىدەك تەقدىرىنىڭ قىسمەتلىرى ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت تەتقىقاتىغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان برىتانىيەلىك ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكشۇناس دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم 2001-يىلى سېنتەبىردە لوندون پارلامېنت بىناسىنىڭ يېنىدىكى ۋېستمىنستېر (Westminster) دا ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا تونۇشىدۇ. 2004-يىلى بۇ بىر جۇپلەر لوندوندىكى گۈزەل بىر باغچىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئائىلە قۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھازىر لەيلىگۈل ۋە سەنەمجان ئىسىملىك قىزلىرى بىلەن بىللە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان ھاياتىنى لوندوندا داۋام ئەتكۈزۈۋاتىدۇ.

## لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى

بىز ئىنسانلار دۇنياسىدا مۇزىكا ھەممە مىللەتلەر تەرىپىدىن تەرجىمانسىز چۈشىنىلىدىغان بىر ئومۇملۇققا ئىگە تىلدۇر. جۇملىدىن ئاسىيانىڭ مەركىزىدە ياشاپ كەلگەن سۈيۈملۈك خەلقىمىز ئۆز ئەقىل-ئىدراك ۋە ھايات-پائالىيەتلىرى ئاساسىدا ياراتقان ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىپلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا سەنئىتى 2004-يىلى لوندون شەھرىدە «لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى» نىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن بۆشۈگى ھېساپلىنىدىغان بۈيۈك برىتانىيە پايتەختىدە ياڭراشقا باشلىدى.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە بەرگەن بىر قېتىملىق تېلېۋىزىيە سۆھبىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ناخشا-مۇزىكا دېمەك بىر مىللەتنىڭ مىللىي روھىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگىنى روشەن گەۋدىلەندۈرىدىغان، مىللىي كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئويغىتىدىغان، ئۆز زامانىدىكى شادلىغى ۋە قايغۇسىنى يارقىن ئاھاڭ ۋە مۇڭلۇق ئاۋازلار بىلەن ئىپادە قىلىدىغان بىر سەنئەت شەكلىدۇر. بولۇپمۇ ئۆز ئانا ۋەتىنىدىن سەرسان بولۇپ ئايرىلىپ يات ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى كۆپ خىل ۋە چوڭقۇر، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە ئىگە بولىدۇ.

بىز دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بولمايلى، بىزنىڭ ئۇيغۇر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىزنىڭ بىر يەككە، تۈز-سىزىقلىق يولى بولمايدۇ. خەلقىمىز ئۆتكەن ئەسىردىكى قايتا كەلمەس پۇرسەتلەرنى جاھىللىق ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئەمدى بۇ ئەسىردىكى بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز ھەر كىم ئۆز قولىدىن قانداق ئىش كەلسە كەلسۇن، ئۇيغۇر مىللىي مەنپەئەتىگە پايدىلىق ئىش بولسىلا قىلىشىمىز ۋە بۇ خىزمەتلىرىمىز ئارقىلىق ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇشىمىز كېرەك. مەن ئەنگلىيەگە يېڭى كەلگەن يىللاردا ساۋاقداشلىرىم مېنىڭدىن قەيەردىن كەلگەنلىكىمنى، مىللىتىم ۋە تىلىمنى سورىغاندا «مەن ئۇيغۇر» دەپ جاۋاب بەرسەم، ئۇلار مەندىن «ئۇيغۇر؟ بۇ قانداق نەرسە؟ يەيدىغان نەرسىمۇ؟» دەپ

www.uyghurkitap.com



سورايتتى. كېيىنچە بۇ دۇنيانى ھېچ چۈشەنمەيدىغان، نەزەر دائىرىسى تار ياۋروپالىقلارغا «ئۇيغۇر» نى چۈشەندۈرىمەن دەپ ۋاقتىمنى زايە قىلماسلىقنى نىيەت قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن مەندىن بىرەرسى «قەيەردىن كەلدىڭ؟» دەپ سورىسا، ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا «مارستىن» دەپ جاۋاب بېرىدىغان بولدۇم. ئۇلار مەندىن «سەن نېمىشقا مۇنداق چاقچاق قىلىسەن؟» دەپ سورىغان سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردىم: «مەن ئۆزۈمنى ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلدىم، مەن ئۇيغۇر، دېسەم، سەن چۈشەنمەيسەن. بۇنى ساڭا چۈشەندۈرۈشكە كۆپ ۋاقت كېتىدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن مەن شۇنداق دېدىم» دەپ ئېيتىدىغان بولدۇم. بۇ تەنبىھ گېپىم تەسىر قىلغانلىرى كېيىنچە «ئۇيغۇر» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، ئاندىن ماڭا ئۆزلىرى ئازراق ئىزدىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئازراق چۈشىنىۋالغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۇ ۋاقىتلاردا لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرنى قانداق قىلغاندا ئۇنۇملۇك تونۇشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئاخىرى بۈگۈنكى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنى قۇرۇپ چىقىشقا ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇۋەققەت بولالىدىم».

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 2006 ـ يىلى 17 ـ ماي كۈنى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تور بېكىتىگە بىر پارچە ماقالە يازىدۇ، ۋە ماقالىسىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق ئاياغلاشتۇرىدۇ:

« مەن لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنى قۇرغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆز كۆرگەنلىرىم ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەيلى ئۇيغۇرنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىسى چوڭ ھەشەمەتلىك تىياتىرخانىلاردا ياڭرىسۇن ياكى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان لوندوننىڭ مەركىزى باغچىلىرىدا ياكى تار كوچىلىرىدا ياڭرىسۇن، ئەگەر سىز شۇ مەيداندا بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ نەقەدەر گۈزەل مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى بولغىنىڭىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىسىز. ھەممە بۇ سەرسانلىق بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىڭىزدە چەتئەللىكلەرگە «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىمنى چۈشەندۈرۈپ بولالماي، قانچە قېتىملاپ ئاچچىق يۇتۇپ كەتكەن چاغلىرىڭىزنى دەرھال ئېسىڭىزگە ئالغىنىڭىزدا، تەمبۇرنىڭ بۇلبۇلدەك ياڭراۋاتقان خۇش ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، يۇقىرى ئاھاڭدا ئېيتىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن:

كىچىك بالىلار ئوينايدۇ يەي
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ،
غېرىب بالىلا يىغلايدۇ يەي
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.

تاغلاردىن ئورۇن ئالدۇق،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
ئۆز يۇرتلاردىن ئايرىلدۇق.
دۈشمەنگە بويۇن ئەگمەي.

دېگەن ناخشىلارنى ئاڭلىغىنىڭىزدا، ئىشىنىمەنكى، كۆزىڭىزگە كەلگەن ياشلىرىڭىزنى ئۆز ئىختىيارلىقىڭىز بىلەن توختىتالمايسىز. ئەلۋەتتە شۇ دەقىقىدە ھەر قانداق بىر چەتئەللىك ئالدىراش مېڭىۋاتقان قەدىمىنى توختىتىپ، ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىزدىن «بۇ قايسى دۆلەتنىڭ، قايسى مىللەتنىڭ مۇزىكىسى؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىماي تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالقىشلىرىنى، ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرمەي تۇرۇپ سىز بىلەن خوشلاشمايدۇ. دېمەك مەدەنىيەتلەشكەن، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى چۈشىنىدىغان، ھەممە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلىدىغان غەرب ئەللىرى ئۈچۈن سەنئەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ھەقىقەتەنمۇ مۆلچەرلىگۈسىزدۇر.

بايانلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، چەت مەملىكەتلەردە مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ئۆزۈمنىڭ لوندون ھورنسېي ئاتاتۈرۈك ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئۆتكۈزۈلگەن «3 ـ نۆۋەتلىك تۈرك مەدەنىيەت ـ سەنئەت فېستىۋالى» دا تىياتىرخانا تېمىغا ئېسىلغان

مۇستاپا كامال ئاتاتۈركنىڭ مۇنۇ بىر كەلىمە سۆزىنى ھەدىيە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم: « ئۆز سەنئىتىدىن ئايرىلغان مىللەتنىڭ بىر ھايات تومۇرى كەمدۇر . »

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى 2004 ـ يىلى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ ئۆز پائالىيىتىنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى لوندوندا ئاممىۋى شەكىلدە كۆرسىتىش بىلەن، يەنى «لوندون 2005 ـ يىللىق كۆچمەنلەر بايرىمى» گە قاتنىشىش بىلەن باشلايدۇ. كېيىن لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ بۇ تۈردىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ھەر ساھەلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. جۈملىدىن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناسلىق ئىلمى دوكتورى رەيچېل ھاررىس خانىمنىڭ كەسپىي جەھەتتىن قىزغىن قوللىشىغا ۋە يېتەكلىشىگە ئېرىشىدۇ.

دېمەك، لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى تۇنجى قېتىم بۈيۈك برىتانىيەدە تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ۋە ئامىباب ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلايدىغان سەنئەت گۇرۇپپىسى بولۇپ قۇرۇلغان. ئانسامبىلىنىڭ ناخشىچىلىرى ۋە مۇزىكانتلىرى ئۇيغۇر ئېلىدىن، قىرغىزىستاندىن ۋە بىرقانچە ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا ئىشتىياق باغلىغان برىتانىيەلىك ئىنگلىز مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئانسامبىلىنىڭ ئورۇنلىغان ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسى ئاساسلىقى ئۇيغۇر مۇزىكا تىڭشاق ئاھاڭلىرى، ئىجادىي ۋە خەلق ئاھاڭلار، بولۇپمۇ ئىلى خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ھەم ئەنئەنىۋى «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئانسامبىل 2004 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، سەنئەت پروگراممىلىرىنى تەييارلاپ چىقىش، ئانسامبىلنىڭ ئىنگلىز ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدىكى تور سەھىپىسىنى قۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى دۇنيا مىقياسىدا تەشۋىق قىلىش قاتارلىق ئانسامبىلنىڭ كەسپىي ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئانسامبىل مۇزىكانتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئائىلە ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئەنگلىيەگە كۆچمەن مۇساپىر سالاھىيىتى بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئانسامبىل ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى لوندوندا ئاممىۋى شەكىلدە 2005 ـ يىلدىن باشلاپ كۆرستىلىشكە باشلايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مانا بۈگۈن قۇرۇلغىنىغا 11 يىلدىن ئاشقان لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى لوندوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك برىتانىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە بولۇپ 100 قېتىمدىن ئارتۇق، ياۋروپا ۋە باشقا دۆلەتلەردە 20 قېتىمدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا ئۆزنەكلىرىدىن كونسېرت بېرىپ، سەنئەت سۆيەر برىتانىيەلىكلەرنىڭ ۋە باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسىنى چۈشىنىشىگە، ياقتۇرۇشىغا ۋە قىزغىن ئالقىشلىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى بۈيۈك برىتانىيەدىن باشقا يەنە ياۋروپادىكى ئىرېلاندىيە، نورۋېگىيە، ئىتالىيە، ۋېنگرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە، دۇنيانىڭ باشقا قىتئەلىرىدىكى تەيۋەن، ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۇيغۇر سەنئىتىدىن كونسېرت بېرىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئۆتكەنكى 10 يىلدىن بۇيان لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى ئىجراسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قىسىم مەخسۇس سەنئەت كېچىلىكلىرى ۋە كونسېرت بېرىش پائالىيەتلىرىنىڭ تىزىملىگى تۆۋەندىكىچە:

1 ) لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى لوندون شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن كۆچمەنلەر ئىدارىسى بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرغان "لوندون 2005 ـ يىللىق مۇساپىرلار بايرىمى" تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

2) 2005 ـ يىلى نويابىردا لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن « تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا فېستىۋالى » دا ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ناخشا ـ مۇزىكىسىدىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

3) 2006 ـ يىلى مارت ئېيىدا كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن 2006 ـ يىلى 24 ـ مارت نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش سەنئەت پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئورۇندىدى .

4) 2007 ـ يىلى 27 ـ ماي لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن « باھارنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە مۇزىكىسى بىلەن كۈتۈۋېلىش » سەنئەت پائالىيىتىدە ئۇيغۇر مۇزىكىسىدىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

5) لوندوننىڭ كەمدىن رايونلۇق يەرلىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان "2007 ـ يىللىق كۆچمەن مۇساپىرلار ھەپتىلىگى" پائالىيىتىدە ئانسامبىل ئۇيغۇر سەنئىتىدىن نومۇرلار كۆرسەتتى.

6) ئانسامبىل 2007 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 13 ـ كۈنى ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەتىنىڭ پايتەختى دۇبلىن شەھرىدە دۇبلىن ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن " 12 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارالىق جۇڭگو ۋە شەرقى جەنۇبى ئاسىيا مۇزىكا ئىلمى يىغىنى" دا ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىدىن ئويۇن كۆرسەتتى.

7) لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاپرېل كۈنى لوندون شەھرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان St Ethelburgas « تىنچلىق ۋە يارىشىش » مەركىزىدە ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسىدىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

8) لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى 2008 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇل كۈنى لوندون پادىشاھلىق باغچىسىدا (Hyde Park)لوندون شەھەرلىك ھۆكۈمەت، لوندون سەنئەت ھەمكارلىق شىركىتى ۋە لوندون پادىشاھلىق باغچىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان « لوندون 2008 ـ يىللىق مۇھاجىرەتتىكى مىللەتلەر سەنئەت فېستىۋالى» (Diaspora London Music Village 2008)غا قاتنىشىپ، 45 مىنۇت مەخسۇس ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ئۇسۇلدىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

9) ئانسامبىل ئەنگلىيەنىڭ شەرقى ـ جەنۇبىغا جايلاشقان Sidmouth, Dewon شەھرى تەرىپىدىن 2008 ـ يىلى 7 ـ ئاۋغۇست كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن « 2008 ـ يىللىق Sidmouth خەلق مۇزىكا بايرىمى» (Sidmouth Folk Festival)غا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداپ، ئۇيغۇرنىڭ كىملىكى، مەدەنىيىتى ۋە گۈزەل سەنئەتنى فېستىۋال تاماشىبىنلىرىغا تونۇتتى.

10) 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىۋى ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دۇنياغا داڭلىق بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىنىڭ يېنىغا جايلاشقان لوندون برۇنېي تىياتىرخانىسىدا مەخسۇس لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

11) ئانسامبىل 2009 ـ يىلى 3 ـ نويابىر كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا كۆرگىكى» سەنئەت كېچىلىكىدە ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنى نامايان قىلدۇ.

12) لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى 2010 ـ يىلى 30 ـ ماي تەيۋەن دۆلەتلىك «تەيپېي جۇڭگو ئوركېستىر» نىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن «2010 ـ يىللىق خەلقئارالىق يىپەك يولى فېستىۋالى» غا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا ئۆرنەكلىرىدىن نامايەندىلەرنى كۆرسىتىدۇ .

13) ئانسامبىل 2010 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى نورۋېگىيەنىڭ فۆردە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «فۆردە 2010 ـ يىللىق خەلقئارالىق مۇزىكا فېستىۋالى» غا قاتنىشىپ 3 كۈن ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ئۇسۇللىرىدىن ئۆرنەكلەرنى كۆرسىتىپ نورۋېگىيە خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدۇ. ئەڭ ئاخىرقى فېستىۋال يېپىلىش مۇراسىمدا ئانسامبىل ناخشىچىسى رەھىمە مەخمۇت

خانىم نورۇبگىيە پادىشاھى سونىيا خانىمنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ .

14) 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئەنگلىيەنىڭ Hitchin, Hertfordshire دە ئۆتكۈزۈلگەن «2011 ـ يىللىق دۇنيا رىتىمى دۇنيا مۇزىكا فېستىۋالى «» ـ Rhythms of the World) 2011 Festiwal of World Music in Hitchin)غا قاتنىشىپ ئالقىشلارغا ئېرىشىدۇ.

15) ئانسامبىل 2011 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇن ئىتالىيەنىڭ Foundation Uniwersity Ca 'Foscari ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن تۇرىن شەھىرىدىكى «شەرق سەنئەت مۇزېيى» تىياتىرخانىسىدا (Museum of Oriental Art ـ Turin) ئىككى كۈن ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىدىن دەرس ۋە كونسېرتلار بېرىپ ئىتالىيە خەلقىگە ئۇيغۇر سەنئەت ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ ئالقىشقا ئېرىشىدۇ.

16) 2012 يىلى 22 ـ فېۋرال ئانسامبىل ئۇرال ـ ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى يازغۇچىلار بىلەن ۋېنگىرىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە ۋە شۇ يىلى 7 ـ ئايدا «دۇنيا ھون قۇرۇلتىيى» سەنئەت فېستىۋالىغا قاتنىشىپ ئۇيغۇر سەنئەت مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

17) لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاپرېل گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى The Gasteigتىياتىرخانىسىدا نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش مەخسۇس سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، تاماشىبىنلارنىڭ زور ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ .

18) لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاپرېل گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى The Gasteigتىياتىرخانىسىدا نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش مەخسۇس سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، تاماشىبىنلارنىڭ زور ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ .

19) لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى 2014 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىر لوندون شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان St Ethelburgas «تىنچلىق ۋە يارىشىش» مەركىزىدە 2 ـ قېتىم ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسىدىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى ئەنگلىيەنى مەركەز قىلغان ھالدا ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋە ناخشا ـ مۇزىكىسىنى تونۇشتۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق يەتمەكچى بولغان نىشانى قىلغان بولۇپ، ئىنگلىز تىلىدا لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىگى ۋە ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا مەدەنىيىتى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان رەڭلىك تەشۋىقات كىتابچىسىنى نەشر قىلدۇرۇپ، كونسېرت ۋە فېستىۋال پائالىيەتلىرى داۋامىدا ئۇلاردىن 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇغىنى تارقاتقان.

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلىنىڭ تۇنجى ئالبومى «ئاق بېلىق» (White Fish) ناملىق ئۈن CD پلاستىنكىسى 2010 ـ يىلى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېت ستۇدىيىسىدە 4000 تىراژى بىلەن نەشر قىلىنىپ، دۇنيا مۇزىكىسىغا خۇشتار برىتانىيەلىكلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

## ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىگە تەقدىم قىلىنغان دۇنيا تورى: لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى تور سەھىپىسى

ئۆز خەلقىگە جۇملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە بولغان چىن مۇھەببەت بىلەن چىن يۈرەكتىن تۆكۈلگەن مېھنەتلەر بەدىلىگە يارىتىلغان ئەمگەك دۇنيانىڭ قەيرىدە بولمىسۇن قەدىرلىنىدۇ.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 2004 ـ يىلى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلىنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن

ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئىتىنى تونۇشتۇرغان ئىنگلىزچە مەنبەلەرنىڭ ناھايىتى كەملىگىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دەۋرىگە لايىق ھالدا لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ جانلىق سەھنە پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، برىتانىيە ۋە دۇنيا ئەللىرىگە مەخسۇس ئىنگلىز يېزىقىدا تونۇشتۇرىدىغان بىر تور بېكىتىنى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك تەرەققىيات نىشانى قىلىپ بېكىتىدۇ. بۇ مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا تور لاھىيەلەش ۋە ئۇچۇر تېخنىكا كەسپىنى ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ ئوقۇشى داۋامىدا بۇ ئىش توغرىسىدا قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، ئانسامبىلدىكى ئەزالار بىلەن مەسلىھەتلەشتى. شۇ ئارقىلىق ئۇدا ئىككى يېرىم يىل ئىزدىنىش، ماتېرىيال توپلاش، ئۇيغۇرچە مەنبەلەرنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىش، لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ رەسمىي سىمۋوللۇق بەلگىسىنى لايىھىلەش ۋە قۇرۇلىدىغان تور بېكەتنىڭ تېخنىكىلىق پروگراممىلىرىنى يېزىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆز قولى بىلەن قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، ئاخىرى 2007 ـ يىلى 7 ـ ئايدا لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ ئىنگلىز ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدىكى رەسمىي تور سەھىپىسىنى ئېلان قىلىدۇ.

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تور بېكىتى دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىم ئىنگلىز تىلىدا ياساپ تارقىتىلغان، مەخسۇس ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە تەقدىم قىلىنغان، ئىلمىي ۋە تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى بولغان مەنبەلەر بىلەن تەمىن ئېتىلگەن تور بېتى بولۇپ، ئۇنىڭغا 4000 پارچىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە ئائىت ماتېرىياللار قويۇلغان. ئانسامبىل تور بېكىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىلىرى، يەرلىك مۇقاملار، كلاسسىك مۇزىكىلار، كلاسسىك خەلق ناخشىلىرى، ھازىرقى زامان ئاممىباپ (پوپ) ناخشىلار، ئىشقاق ئاھاڭلار، ئۇيغۇر ئازغۇن ناخشا ـ مۇزىكىلىرى، مەشرەپ مۇزىكىلىرى ۋە ئەل ئىچىدىكى ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلار قويۇلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئەل ـ نەغمىلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى داۋامىدا ئىشلەنگەن ئۈن ۋە سىنگە ئېلىنغان فىلىم كۆرۈنۈشلىرىمۇ قويۇلغان. شۇنداقلا ئانسامبىلنىڭ بارلىق نەق مەيدان كونسېرتلىرى سىنگە ئېلىنىپ، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا مەزكۇر تور ئارقىلىق بارلىق كۆرگۈچىلەرگە تارقىتىپ تۇرۇلغان.




*رەسىم: لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تور بېتىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.*

ئەزىز ئەيسائەلكۈن ئەپەندىنىڭ 10 يىلدىن بۇيان خالىس ھالدا ئۆزىنىڭ ئىشتىن سىرتقى بارلىق ئىمكانلىرىنى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىنگلىز تىلىدا پۈتۈن دۇنياغا تور ئارقىلىق تارقاتقان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بارلىق ئىجتىمائىي تور ئالاقە ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئۈچۈن تەقدىم ئەتكەن پىداكارلىق ئەجىرلىرى 2010 ـ يىلى ئالاھىدە ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يەنى شۇ يىلى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تور بېكىتى بۈيۈك برىتانىيە دۆلەتلىك تور ئۇچۇر رەقەم ئارخىپى ئىدارىسى بىلەن برىتانىيە كۇتۇپخانىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. نەتىجىدە لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تور بېكىتىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنلىرى بۈيۈك برىتانىيىدە ئارخىپلاشتۇرۇپ ساقلاش ۋە قوغداش تور بېكەتلەر تىزىملىگىگە كىرگۈزۈلۈپ، رەسمىي رەقەملىك ئارخىپلاشتۇرۇلدى. ھەمدە بۇ ھەقتە

گۇۋاھنامە بېرىلدى. دېمەك، بۈيۈك برىتانىيەنىڭ گراموفون شىركىتى تەرىپىدىن 1909-يىلى قەشقەردە ئاۋازغا ئالغان «ئاشناجان» (Mushagaran Kashkarcha 'Ashnajan' song by Sadyk Mullo/Tokhta Akhun/Turdi Muazin) ناملىق ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسى بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسى ئاۋاز ئارخىپىغا ساقلاشقا كىرگۈزۈلۈپ 100 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىزنىڭ بۇ تەۋەررۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بۇ ئۇيغۇر پەرزەنتى ئۆز ئەجىر-مېھنىتى بىلەن قايتىدىن تەقدىم قىلدى.

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تور بېكىتىنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، بۇ تور بېكەتتە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورى رەيچېل ھاررىس خانىم بىلەن ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ 10 نەچچە يىلدىن بۇيان بىرلىكتە كۆپ قېتىم ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكا مەدەنىيەت-سەنئىتى، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق ساھەلىرى بويىچە ئېلىپ بارغان ئەل ئىچى تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان ئەڭ يېڭى تەتقىقات ماقالىلىرى دائىملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرغان. 2008-يىلى ئەنگلىيەنىڭ ئاشگاتە نەشرىياتىدا ئىنگلىز تىلىدا دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشى (The Making of a Musical Canon in Chinese Central Asia: the Uyghur Twelwe Muqam)» ناملىق كىتاپ يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىزنىڭ مىسالى بولالايدۇ. مەزكۇر كىتاپتا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ قېلىپلىشىش تارىخى ۋە قېلىپلىشىش جەريانلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىشى ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈشى، ئىنچىكىلىك بىلەن قېتىرقىنىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم بىلەن شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنىدىن ياسىن مۇخپۇل ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە يېزىپ چىققان ۋە 2002 - يىلى تۈركىيىدە «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى» دە ھەم ئەنگلىيە Ashgate نەشرىياتىدا ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكىسى» (Music of the Uyghurs) ناملىق چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - مۇزىكا مەدەنىيىتى تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان ئىلمىي ماقالە بىلەن ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ چېلىنىش ئۇرنەكلىرى ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىلگەن سىن فىلىملىرى كىرىشتۈرۈلۈپ ئىشلىنىپ تور ئارقىلىق دۇنياغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ. كېيىن بۇ مەنبە بولۇپمۇ ئىنگلىز تىلى قوللىنىدىغان دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا مۇزىكىشۇناسلىق ئىلمى بويىچە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىردىن بىر ئەمەلىي مىساللىق دەرسلىك مەنبەسى قىلىپ قوللىنىلىدۇ.

مانا بۇ مۇھاجىرەتتىكى 16 يىللىق ھاياتىنى ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرى بويىچە توختىماي ئىزدىنىش، دۇنيا مەدەنىيەتلىرى بىلەن بىر سەھنىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت دىئالوگى قۇرۇش ئۈچۈن مېھنەت ئاقتۇرغان، كۆپكە قادىر بىر سەنئەت سۆيەر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسىدۇر.

ھۆرمەتلىك پەخىرلىك ئالىمىمىز ، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ، ۋەتەن ۋە مىللەتپەرۋەر كۈرەشچىسى ئەركىن سىدىق ئەپەندىم ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ بۇ قەدەر قىممەتلىك ۋەتەن ۋە مىللەتپەرۋەر روھىدىن ناھايىتى پەخىرلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىم توغرۇلۇق يازما تەييارلاپ « نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار » ناملىق كىتاۋىدا ئېلان قىلدى . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئەركىن سىدىق ئەپەندىمگە ئال ؛ەمچە رەھمەت ئېيتىمەن.

## ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ مەتبۇئات ۋە تورلاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ئەمگەكلىرى تۆۋەندىكىچە:

www.uyghurkitap.com



## خەلقارالىق ئىلمى ژۇرناللادا ئېلان قىلغان ماقالىلىرى:

[1] “Invitation to a Mourning Ceremony: Perspectives on the Uyghur Internet” Authors: Rachel Harris & Aziz Isa, Published by Inner Asia Studies of Cambridge University. Inner Asia, Volume 13, Number 1, 2011 , pp. 27－49(23) Publisher: BRILL. This paper offers a historically located and sociopolitical reading of the Uyghur internet, focusing on Uyghur language sites which were legally operating within China. We argue that this internet－based discourse has much in common with earlier, pre－digital home－grown nationalist movements, and that its emphasis on mourning is representative of a more widespread sense of self within Uyghur popular culture: one which equates national identity with grief and loss. Keywords: INTERNET; UYGHUR; XINJIANG; INTERETHNIC VIOLENCE; DIASPORA; NATIONAL IDENTITY; MOURNING. Document Type: Research article DOI: 10.1163/000000011797372832 Publication date: 2011－09－01.
Publisher’s website: Global Oriental, an imprint of Brill.
http://www.ingentaconnect.com/co ... 003#expand/collapse

[2] Islam by Smartphone: the changing shape of Uyghur social media networks’ (already published online in Uyghur language: Eqilfon_Islam.pdf). English version forthcoming in Central Asian Survey, 2016(.

### ئۇيغۇر يېزىغىدا نەشر قىلىنغان كىتاپلىرى:

[3] « دۇناي دەرياسىدىن ئورخۇن بويلىرىغىچە» － 2011－يىلى شۋىتسىيەدە نەشر قىلىنغان.
http://www.uyghurensemble.co.uk/ ... ghiche_Aziz_Isa.pdf

تورلۇك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تور سەھىپىللىرىدە ئېلان قىلغان بىر قىسىم ئەسەرلىرى:

[4] « ئورخۇن بويلىرىغا سەپەر » (1－ قىسىم)
http://bbs.bagdax.cn/thread－27441－1－1.html
« ئورخۇن بويلىرىغا سەپەر » (2－ قىسىم)
http://bbs.bagdax.cn/thread－24299－1－1.html
[5] « ئۆزۆلمەس تارىخىي رىشتە »
http://bbs.bagdax.cn/thread－28622－1－1.html
[6] « ئەقلفون ئارقىلىق ئىسلاملىشىش: ئۇيغۇر ئىجتىمايى ئالاقە تورىنىڭ ئۆزگىرىشىگە نەزەر »
http://uyghurensemble.co.uk/uy/
[7] « ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئومۇمىي نەزەر »

http://uyghurensemble.co.uk/uy/

[8] « 1960 ـ يىلى يېزىق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا يېزىلغان كىتاپ ھەققىدە »
http://bbs.bagdax.cn/thread_19059_1_1.html

[9] « جاللات خېنىم رومانىدىن تەسراتلار »
http://bbs.bagdax.cn/thread_21037_1_1.html

[10] « قىتئەلەر قاناتلانغان كۈي ـ سانۇبەر تۇرسۇن »
(1) http://bbs.bagdax.cn/thread_20139_1_1.html
(2) http://bbs.bagdax.cn/thread_25657_1_1.html
(3) http://bbs.bagdax.cn/thread_25677_1_1.html

[11] « يازغۇچى مەسۇمجان زۇلپىقار ئاكىنى ئەسلەيمەن »
http://bbs.bagdax.cn/thread_23239_1_1.html

[12] « سىز بۈيۈك برىتانىيەنى قانچىلىك بىلىسىز؟ »
(1)http://bbs.bagdax.cn/thread_24259_1_1.html
(2)http://bbs.bagdax.cn/thread_24581_1_1.html

[13] « ھەسرەتلىك يىللار ـ ئانام تارتقان كۈلپەتلەر »
http://bbs.bagdax.cn/thread_27733_1_1.html

[14] « يىللار ھەسرىتى ـ ” رەگەتكە بىلەن قاغا ئېتىش “»
http://bbs.bagdax.cn/thread_27572_1_1.html

[15] « لوندونىدىكى قەشقەر كوچىسى » ـ شىنجاڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر تور بېكىتى:
http://uyghur.xjass.com/uyghur/content/2008_06/10/content_3172.htm
http://www.bbc.co.uk/uzbek/news/ ... 10_qeshqer_ar.shtml

[16] « قارچۇقۇمدا قاتقان دۇنيا »
http://bbs.bagdax.cn/thread_22544_1_1.html

[17] « ئۇيغۇرچە سوزلىشىش »
http://bbs.bagdax.cn/thread_22389_1_1.html

[18] « سويگۈ ۋە ئىنسانلىق »
http://bbs.bagdax.cn/thread_23736_1_1.html

[19] « بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار »
http://bbs.bagdax.cn/thread_22652_1_1.html

[20] « مەن كورەلمەيدىغان چۈش »
http://bbs.bagdax.cn/thread_27388_1_1.html

[21] « باللىق خاتىرەم ۋە لوندوندىكى ئايەم »
http://bbs.bagdax.cn/thread_23338_1_1.html

### تۇرلۇك ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئىملىي ئەسەر، تەرجىمە ۋە شېئىرلىرى:

[22]قازاقىستاندا نەشىردىن چىقىدىغان « ئىنتىزار » ناملىق پەسىللىك ئەدەبىي ژورنالنىڭ 2004 ـ يىلى فېۋرال ئېيىدىكى سانىدا « ئەزىز ئىسا ئەلكۈن شېئىرلىرى » سەرلەۋىسىدە ئۇنىڭ شىئېرلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ نەشىر قىلىنغان. « ئىنتىزار » ژورنىلى 2014 ـ يىلى، فېۋرال، 17 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com



[23]قازاقىستاندا نەشر قىلىنىدىغان « ئۇيغۇر پەن » ناملىق ئەدەبىي ژورنالنىڭ 2014 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تەرجىمھالى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تاللانغا بىر قانچە پارچە نادىر شېئىرلىرى نەشر قىلىندى. (مەزكۇر ژورنالنىڭ 72 ـ بېتىدىن 77 ـ بەتكە قارالسۇن)
[24]ئاۋستىرالىيەدە ئۇيغۇر ئۇسمۇرلىرىنى نىشان قىلغان « سەبىيلەر ساداسى » ناملىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژورنالنىڭ 2013 ـ يىللىق 9 ـ سان (توپلام 145 ـ بەت) « بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ » نەملىق شېئىرى ئېلان قىلىندۇ.
[25]ئىسپانىيەدىكى ئاز سانلىق مىللەت باسك خەلقى ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇش يىللىرىدا ، يەنى 1937 ـ يىلى 26 ـ ئاپرېل ئىسپانىيە مىللەتچى ھاكىمىيتى ئارمىيەسىنىڭ باسك رايوندىكى گېرنىكو شەھرىنى بومباردىمان قىلغان (Bombing of Guernica, Guernica ـ Gernika in Basque; officially Gernika ـ Lumo)ۋە 1،654 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مانا مۇشۇ تىراگېدىيە « گېرنىكو بومباردىمانىنىڭ قىلىنغانلىغىنىڭ 75 يىللىغى» نى خاتىرلەش مۇناسىۋېتى بىلەن باسك يازغۇچىلار جەمىيتى تەرپىدىن دۇنيادىكى 35 ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى تاللاپ باسك ۋە ھەر بىر شائىرنىڭ ئۆز تىلىدا ھەم ئېنگلىزچە ئۈچ خىل تىلدا 2012 ـ يىلى بىر شېئىرى توپلام نەشر قىلغان ئىدى. مانا شۇ كىتاپقا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ تەرجىمھالى بىلەن ئۇنىڭ بىر پارچە شېئىرى بۇ توپلامدا نەشر قىلىندۇ. (مەزكۇر كىتاپنىڭ 81، 82 ۋە 83 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن)
[26]قازاقىستان دولەتلىك « ئۇيغۇر ئاۋازى » گېزىتىنىڭ 2011 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇندىكى سانىنىڭ 9 ـ بېتىدە ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ تەرجىمھالى ۋە شېئىرى ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلدۇ.
[27]ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ 1999 ـ يىلىدىن 2002 ـ يىلغىچە يازغان ئىلمي ماقالىلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلىرى « ئۇيغۇر ئەزىزى » قەلەم نامىدا تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندۇ.
[28]ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلىرى 1986 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلغىچە « ئاقسۇ گېزىتى »دە ۋە مەزكۇر گېزىتنىڭ « جەنۇب شامالىرى » ئەدەبىي سەھىپسىدە نەشر قىلىندۇ.

تەرجىمە ئەسەرلىرى:

[29] « تاتارىيەدىن خەۋەر ـ پېكىندىن كەشمىرگە سەپەر »
(News from Tartary: A Journey from Peking to Kashmir by Peter Fleming)
(1)http://bbs.bagdax.cn/thread_27980_1_1.html
(2)http://bbs.bagdax.cn/thread_28311_1_1.html
[30] « تاتارىيەدىن خەۋەر ناملىق كىتاپ ھەققىدە »
http://bbs.bagdax.cn/thread_27868_1_1.html
[31] « بىر تۇيغۇ »
http://bbs.bagdax.cn/thread_22408_1_1.html
[32] « ئاھ ئاتىلار » ، « نۇزۇگۇمنىڭ چاقىرىغى » ، « ئۇيغۇر مۇقام تېكىستلىرى »
http:// www.uyghurensemble.co.uk

بۇ يازما ھۆرمەتلىك پەخرلىك ئالىمىمىز ، خەلقىمىزنىڭ پەخرلىك ئوغلانى ، ۋەتەن ۋە مىللەتپەرۋەر كۈرەشچىسى ئەركىن سىدىق ئەپەندىمىنىڭ « نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار » ماۋزۇلۇق كىتاۋىدا «ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن » ماۋزۇلۇق تونۇشتۇرمىسىغا ئاساسەن تەييارلاندى .

ماقالىنىڭ كېلىش مەنبەلىرى:

http://bbs.izdinix.com/thread-63804-1-1.html
http://bbs.bagdax.cn/thread-29893-1-1.html
http://bbs.bozqir.top/forum.php?mod=viewthread&tid=7247
http://www.ejdad.com/bbs/forum.php?mod=viewthread&tid=3370
http://www.alganur.cn/mb/forum.php?mod=viewthread&tid=3600
http://www.meripet.com/2015/20150529_chetel_uyghur14.htm

# ئەزىزوف قاسىم

(1924-1994)«ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلاۋى» نىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى ، ناھايىتى كۆپ جەڭلەرنىڭ شاھىدى گېنېرال ئەزىزوف قاسىم قورال ئېلىپ جەڭ قىلىدىغان جەڭچى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ھەربىي ئىلىم تەتقىقاتچىسى بولۇپ ، ئۇ يازغان «مارشالىنىڭ نەسىھىتى» ، «ئۇرۇش ۋە قوماندان» ، «جەڭ شەمشىرى» ، «قىساس خەنجىرى» قاتارلىق ئەسەرلەر كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرۇلغان ئېسىل مىراستۇر . گېنىرال ئەزىزوف قاسىم خەلق قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ .

# ئەسقەر ھىمىت



ئەسقەر ھىمىت 1968-يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاراتۆرك ناھىيىسىدە تۇغۇلغان . 1985-يىلى قۇمۇل تولۇق ئوتتۇرا مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن . 1991-يىلى شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە كەسپىدە باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغاندىن كېيىن ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە خىزمەت قىلغان . 1995-يىلى ئانا مەكتىۋىنىڭ ماگىستىرلىق ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپ ، شۇ يىلى شاڭخەيگە كېلىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان . 1998-يىلى ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ خالمۇرات غوپۇرنىڭ تەتقىقات گورۇپپىسىدا خىزمەت قىلغان . ئۇ بۇ جەرياندا تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىللە «غەيرى تەبىئىي سەۋدانىڭ مولىكۇلا بىئولوگىيە تەتقىقاتى» قاتارلىق تەبىئىي پەنلەر فوندى تەتقىقات تېمىلىرىنى ئېلىپ ئىشلىگەن . بۇ جەرياندا جۇڭگونىڭ ھۆجەيرە ۋە مولىكۇلا بىئولوگىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 10 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلغان . تەتقىقات جەريانىدا ئۇ چەتئەللەر بىلەن بولغان پەرقىنىڭ زورلىقىنى ھىس قىلغان ۋە چەتئەلگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىستىكى تۇغۇلغان . شۇنىڭ بىلەن 2003-يىلى كانادانىڭ (Queen’s University) خانىش ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر يىللىق زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولۇپ كەلگەن . ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن، شۇڭا 2005-يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن داۋاملىق ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. 2011-يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان . ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ توختاپ قالماي ، شۇ يىلى (University of Toronto) تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىغا دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچىسى بولۇپ كىرگەن . تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتى نەچچە يىللاردىن بۇيان تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ زورلىقى بىلەن دۇنيا بۇيىچە ئالدىنقى 20 ئۇنىۋېرسىتېت ئىچىدە سانىلىپ كېلىنىۋاتقان

www.uyghurkitap.com



بولۇپ، ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلارنىڭ سانى شىمالىي ئامېرىكىدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . ھازىرغىچە 9 نەپەر نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى چىققان . دىيابىت كېسىلىنىڭ دورىسى ـ كالا ئىنسۇلىن (胰岛素) دۇنيادا تۇنجى بولۇپ مۇشۇ تەتقىقات ئورنىدا ياسالغان . ئەسقەر ھەمتىنىڭ بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا كىرىپ دوكتۇر ئاشتى تەتقىقاتچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىشى ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ بىئولوگىيە ساھەسىدە دۇنيانىڭ ئالدىنقى سەۋىيىسىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . ئۇنىڭ 2012 ـ يىلى DNA ساھەسىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى **Nature Cell Biology** ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ ، ئۇ ھازىر شۆھرەت مۇتەللىپتىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئەڭ نوپۇزلۇق بىئولوگىيە ئالىمى بولۇپ قالدى . **Nature Cell Biology** تەبىئەت ھۈجەيرە بىئولوگىيەسى ژۇرنىلى دۇنيادىكى ھۈجەيرە ساھەسى بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە ژۇرنال بولۇپ ، تەسىرچانلىق ئاملى 19.488 . ئۇنىڭ بۇ نەتىجىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلىرىنى تۆۋەندىكى ئۇلانمىدىن كۆرۈڭ:

http://biochemistry.utoronto.ca/brown/people.html

# ئەكبەر ئېلاخۇن

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتلاقچىلىق مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتى تۇپراق ۋە ئاگراخىمىيە كافېدراسىنىڭ پرو- فېسسورى ، دوكتور ، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى ، رۇسىيە يېزا



ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مائارىپى ئۇچۇن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان «تۆھپىكار ئالىم» ئوردېنى ساھىبى ئەكبەر ئېلاخۇن مۇئەللىم 2015 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى رۇسىيە پەن ـ تېخنىكا ئالىملىرى سايلىمىدا ئورتاق بىلەت تاشلاش ئارقىلىق چەت ئەللىك ئاكادېمىك شەرىپىگە ئېرىشىپ ، 2015 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى (دۈ- شەنبە) رۇسىيە تەبىئىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى چەت ئەللىك ئاكادېمىكى كىنىشكىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

ئەكبەر ئېلاخۇن ، 1963 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىلى توققۇزتارا ناھىيەسى ئالماگاسغۇز 3 ـ كەنتىدە تۇغۇلغان . ئۇ باش ـ لانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز 2 ـ يىللىقىچە شۇ كەنت ۋە مەيداندا ئوقۇغان . تولۇقسىز 3 ـ يىللىقتىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرىغىچە توققۇزتارا ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان . 1982 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئاگرانومىيە فاكۇلتېتى ئاگرانوملۇق كەسپىگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان . 1987 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن شۇ مەكتەپنىڭ تۇپراقچىلىق كافېدراسىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان . 1995 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1998 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئاگراخىمىيە كەسپى يۆنىلىشى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقىغان ۋە ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسىنى ئوتتۇقلۇق تاماملاپ ، شۇ يىللىق مۇنەۋۋەر ماگىستىرلار دىسسېرتاتسىيە باھاسىغا ئېرىشكەن.

2001 ـ ، 2002 ـ يىللىرى ۋە 2005 ـ يىلدىن 2010 ـ يىللىرىغىچە رۇسىيە دۆلەتلىك تېمىريا- زىۋسكىي يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى قېتىم تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى بولۇپ تەربىيىلەنگەن . شۇ جەرياندا بۇ مەكتەپنىڭ تۇپراقچىلىق ۋە ئوغۇتچىلىق كەسپلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن .

ئۇ ھازىر ھازىر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتلاقچىلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتى پىروفېسسورى، دوكتور ۋە دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى، تۇپراق ئېكولوگىيەسى تەتقىقات ۋە تەجرىبىخانا مەسئۇلى. شىنجاڭ گۈزەل يېزا ئىگىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى . شۇنداقلا شىنجاڭ يېزا

ئەگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتى ، ياۋروپا ـ ئاسىيا تۇپراقچىلىق ئىلمىي جەمئى ـ ـيىتىنىڭ بىردىن ـ بىر جۇڭگولۇق ئىلمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە ياۋروپا ـ ئاسىيا تۇپراقچىلىق ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتى ، شىنجاڭ تۇپراقچىلىق ـ ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، قازاقىستان سەيفۇلىن تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتى ، ئالمۇتا مىللەتلەر يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە رۇسىيە دۆلەتلىك يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك ماگىستىر ، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى ، ئاپتو ـ نوم رايونلۇق ئۇنىۋان ئىشخانىسى مۇتەخەسسىسى.

ئۇ جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى ئاشكارا ژورناللاردا **70** پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلغان . نەشردىن چىققان دەرسلىك كىتاب ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى **6** پارچە بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە رۇسچە يېزىلغان بىر پارچە مونوگرافىيە بار.

ھازىر شىنجاڭ كورلا پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى ھاۋالە قىلغان كورلا نەشپۈتى مەخسۇس ئوغۇتى تەتقىقاتى ، دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر فوندى تۈرى ئىلى رايونى ئوتلاق ـ تۇپراق قاتلىمى قېلىنلىقى بىلەن تۇپراق سۈپىتىنىڭ چېكىنىش مۇناسىۋىتى ۋە جۇڭگو ـ رۇسىيە ھۆكۈمەتلەر ئارا ھەمكارلىق تۈرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

# ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى



تىببىي ئۇستاز ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى بۈيۈك تىببىي ئالىملار قاتارىدا بارلىقىنى ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بېغىشلىغان بولۇپ ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلى ھەققىدە رەجەپ يۇسۇپ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى ۋە ئەللامە كەنتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە : «ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى مىلادى **1160** ـ يىلى ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىگە قاراشلىق بورزات رايونى (باغچا يېزا)خەلچە كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن» دەپ يازسا ، مەرھۇم تىببىي ئالىم ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجى قاتارلىق كىشىلەر ماقالە ـ ئەسەرلەردە بىردەك «مىلادى **1150** ـ يىلى تۇغۇلغان» دەپ يازغان . ئالىمنىڭ تۇغۇلغان يىلى ھەققىدە **1150** ـ يىلىنى دەسلەپتە ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجى مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان . ئۆزىنى ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنىنىڭ ئەۋلادلىرى ھېساپلايدىغان بىر قىسىم تېۋىپلارمۇ مۇشۇ يىلنى نەسەپ تارىخى بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا بىز بۇ يەردە ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىنى ئىشەنچلىك دەپ قارايمىز .

ئالىم ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى خوجا مۇھەممەد ئىسىملىك بىر دىنى زات ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ ، ئاتىسى ئوغلىنى ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن . ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە دىنىي ئىلىمدە خېلىلا نەتىجە قازانغان بولغاچقا ، ئاتىسى ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىقىغا يېتەرلىك شارائىت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە ئۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق ئوقۇتۇش يۇرتى قەشقەر «ساچىيە مەدرىسى»گە دىنىيئىلىم ۋە تىببىي ئىلىم ئىگىلەپ ، ئۆزىنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەۋەتكەن ، ئەلائىددىن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئەرەپ ، پارىس تىللىرىنى تېخىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ، ئۆزلەشتۈرۈش ، مەزكۇر مەدرىسىنىڭ بارلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش بىلەن بىرگە ، ئاساسلىق زېھنى كۈچىنى تىبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىشكە قاراتقان. بۇ مەدرىستە بۈيۈك ئۇستازلار تىببىي ئىلىمدىن كۆڭۈل قويۇپ دەرس بەرگەچكە ۋە ئەمەلىيەت بىلەن باغلاشقا دىققەت قىلغاچقا، ئۇ ئۇستازلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا تىببىي ئىلىمدىن خېلىلا مۇكەممەل بىلىمگە ئېگە بولغان ۋە ئوقۇشنى تاماملاپ ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى خوتەنگە قايتىپ كەلگەن . ئالىم ئەلائىددىن خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇرت جامائىتى ئىچىدە ئۇنىڭ «ساچىيە

مەدرىسى»نى ئەلا نەتىجىدە تاماملاپ ئەللامە دېگەن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلىك خەۋىرى ناھايىتى تېزلا تارقالغان . نەتىجىدە ئۇنىڭدىن تىببىي ئىلىم ئۆگىنىشكە كېلىدىغانلار بىردىنلا كۆپىيىپ ، ئۆيى تارچىلىق قىلغان . ئوغلىنىڭ مانا شۇنداق خەيرلىك ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنگەن خوجامۇھەممەت ئۇنى ئاز بىلىمىنى تېخىمۇ كۆپلەپ تارقىتىش پۇرسىتىگە ئېگە قىلىش مەقسىتىدە چوڭ بىر مەدرىس ئېچىپ بەرگەن . شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئەللامە ئەلائىددىننىڭ كۆنلىرى تېخىمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىغان ، بەزى مەلۇمەتلارغا قارىغاندا ، ئۇنىڭ نامى تارىم ۋادىسىدىن ھالقىپ چەت ئەللەرگىمۇ تارقالغان بولۇپ ، يىراق ئەللەردىن ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن ، قىسقىچە بىر قانچە يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 3000 دىن ئېشىپ كەتكەن .

ئۇ بىرتەرەپتىن شەرئەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن تىببىي ئىلىم تارقىتىش، مەخسۇس تىببىي ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تىببى ئالىملارنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىش ئارقىلىق بىر قىسىم مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان .

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى ئالىمنىڭ ئىجادىيئەسەرلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا ئۇنىڭ تىببىي خادىملارنىڭ قەستەن ياكى سەۋەن سادىر قىلغان خاتالىقلىرىغا شەرئەت ھۆكمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىر قانچە ماددىلىق چارىلىرى ھەمدە يالغان تېۋىپلار ۋە باشقىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازالار تونۇشتۇرۇلغان . «ئەلقىھۇتىببىيە» (تىبابەت قانونلىرى) ناملىق كىتاپتا 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تىبابەت نەزىرىيىلىرى سۆزلەنگەن ھەم ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى ناھايىتى يىغىنچاق ۋە مۇكەممەل بايان قىلىنغان . «زۇبدەتىل قاۋانىل ئىلاج» (داۋالاش قائىدىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى) ناملىق كىتاۋىنىڭ بارلىقى ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار بار . يېقىندا مۇھەممەت باقى ئالىم قاتارلىقلار ئالىمنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پارچە ئەسىرىدىن باشقا «كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسىپلىرى» ، «داۋالاش قانونلىرىدىن خۇلاسە» قاتارلىقئەسەرلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۆز قولىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى . بۇ بىر يېڭى نەتىجە سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىبابەت تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇن ئىگەللەيدۇ . ئالىمنىڭ «ئەلقىھۇ تىببىيە» (تىبابەت قانونلىرى) ناملىق ئەسىرىنى مەرھۇم تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم مىراس سۈپىتىدە ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى 1950 ـ يىللىرى ئۆپ ـ چۆرىسىدە مەرھۇم تىببىي ئالىم ئابدۇلھېمىت يۈسۈپ ھاجىغا كۆرسەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دەۋرىگە كەلگەندە تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدىكى كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەر كۆيدۈرۈلگەن ، شۇلار قاتارىدا «ئەلقىھۇ تىببىيە»مۇ يوقاپ كەتكەن . بىر قانچە قېتىملىق كۆيدۈرۈشتىن ساقلىنىپ قالغان قىسمەن ئەسەرلەرنى بولسا تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم ۋاپات بولۇشىدىن بىر ـ ئىككى يىل ئىلگىرى كۈيئوغلى باقى ئالىمغا كۆمۈپ قويغان جايىدىن ئېلىپ بەرگەن . ھازىر ئۇنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتىدۇ .

ئالىم ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنىنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ھەققىدە يېزىلغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇنىڭ 1222 ـ يىلى ۋاپات بولغان دېگەنلەر خاتىرلىنىپ كەلگەن . بۇ قاراش مەيلى ئابدۇلھېمىت يۈسۈپ ھاجىنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىدە بولسۇن ۋە مەيلى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «داغ» رومانىدا بولسۇن بىردەك ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ . لېكىن تارىخنىئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە يىلنامىسىنىڭ توغرائەمەسلىكىنى تېزلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز.

مەلۇم بولغىنىدەك ، كىلاسسىك ئەسەرلەردە ئالىمنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ئېنىق يىلنامە يوق . پەقەت ئۇنى كۈچلۈكنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ . بىز كۈچلۈكنىڭ ھايات خاتىرىسى يېزىلغان ئەسەرلەردە جۈملىدىن ۋ.ۋ.بارتولدنىڭ «يەتتە سۇ تارىخي ئوچېرىكلىرى» ناملىق كىتاۋى ۋە ئابلەت تۇرغۇن ئەپەندىنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش » ناملىق كىتاپلىرىدا بىردەك كۈچلۈكنىڭ مۇڭغۇللار بىلەن ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ قاچقانلىقى ، شۇنداقلا پامىردىكى سارقۇم دېگەن جايدا كاللىسىنىڭ ئېلىنغانلىقى ، بۇ ۋاقتىنىڭ 1218 ـ يىللىرى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارنى

ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز . بولۇپمۇ «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكلىرى» ناملىق كىتاپتا بۇ ھەقتە خېلى تەپسىلى مەلۇمەتلار خاتىرلەنگەن ، شۇ سەۋەپتىن بىز كۈچلۈكنىڭ ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەننى ئۆلتۈرگەن ۋاقتىنىڭ 1222 ـ يىلى ئەمەس ، بەلكى 1218 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلارنى كۆزدە تۇتىدۇ ، دەپ قارايمىز . بۇ ھەقتە ئېنىق بىر يىلنامىنى كۆرستىش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدىنىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە .

# ئەل فارابى



فارابى 10 ـ ئەسردە، قاراخانىلار خانلىغى زامانىدا ياشىغان . ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ نەسر مۇھەممەت ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇق فارابى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۆز ئېتى مۇھەممەت فارابى دەپ ئاتىلىدۇ ، فامىلىسى ئەبۇ ناسىر ، تەخەللۇسى فارابى، لەقىمى «ئىككىنچى ئۇستاز» . فارابىنىڭ «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتىلىشى ـ ئۇنىڭ پەلسەپە ساھەسىدىكى گەۋدىلىك ئورنى ۋە كۆپ مىقداردىكى ئەسەرلىرى سەۋەبىدىن ، ئارىستوتىل تەلىملىرىگە پىششىقلىغىدىن ، ئارىستوتىل ئەسەرلىرىگە شەرھى يازغىنىدىن ھەم ئۇنىڭ ئارىستوتىلدىن كېيىنكى بۈيۈك پەيلاسوپ ۋە ئارىستوتىل تەلىماتلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر تاراتقۇچىسى بولغانلىغىدىندۇر.

ئارىستوتىل «بىرىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتالغاچقا ، فارابى ئۇنىڭ ۋارىسى ھەم تەلىماتلىرىنىڭ تاراتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئىككىنچى ئۇستاز» دېيىلدى . فارابى دىگەن بۇ نام ئۇنىڭ يۇرتى «فاراب»دىن كەلگەن بولۇپ ، بۇ ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى بويىغا جايلاشقان بىر يەر ئىدى . بەزىلەر فارابى سىر دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ۋاسىچ كەنتىدە تۇغۇلغان ، ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى ۋاسىچ كەنتى تەۋە بولغان فاراب ۋىلايىتى دىيىشكە مايىل . فاراب سۆزى سىر دەريا بىلەن ئادىس دەرياسى ئارىسىدىكى جايلارنى كۆرستىدىغان «قوش سۇ» دىگەن مەنىدە بولۇپ ، بۇ ئارىلىقنى تۈركلەر «ئوترار» ياكى «ئوترار كەنت» دەپ ئاتايتتى . فاراب نامىدا باشقا شەھەرلەرمۇ بار . بىرى تۈركىستاندا ، يەنە بىرى پىرسىيەدە . ئىبنى خەللىكان ۋە بەزى تارىخچىلار فارابى تۈركىستاننىڭ فاراب شەھرىدە تۇغۇلغان دەيدۇ . ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ يۇرتى ئۇيغۇر ـ قارلۇقلىرىنىڭ سىر دەريا بويىدىكى شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان فاراب ئىدى ، ئىبنى نادىم ئۆزىنىڭ فارابى ئالەمدىن ئۆتۈپ 38 يىلدىن كېيىن يازغان «كىتاپلار مەجمۇئەسى» دە: فارابىنىڭ يۇرتى پىرسىيەنىڭ فاراب شەھرى ، ئۇنىڭ ئاتىسى پارىس ، ئانىسى تۈرك، دەيدۇ .

ئەبۇ ناسىر فارابى ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل بىلىش تارىخىدا ، پەن ـ مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان يىتۈك مۇتەپەككۇر ۋە ئېنسىكلوپېدىك ئالىم . «شەرقنىڭ ئەڭ ئالى پەيلاسوپى ۋە ئارىستوتىلى» ئەبۇ ناسىر فارابى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركى خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ۋەكىلى بولۇپلا قالماي ، بىر پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەردىن بىرى.

فارابىنىڭ ئائىلىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ھارپىسىدا تۇرغان تۈرك ئائىلىسى بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى ئىسلام دىنى ۋە ئەرەپچە ئىسىم ـ فامىلىنى قوبۇل قىلغان بىرىنچى ئەۋلاتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . بۇھال سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ 932 ـ يىلى قەشقەردە ئۆز ئىسمىنى تۇنجى قېتىم ئابدۇكېرىم دىگەن ئەرەپچە ئىسىمغا ئۆزگەرتكەنلىگىگە ئوخشايدۇ .

بۇ ۋاقىتلاردا ئەرەپ خەلىپىلىگى ماۋەرائۇننەھىردە پۇت تىرەپ تۇرغان بولسىمۇ سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئاياغ باسالمىغان ئىدى . كېيىنچە قاراخانىلار خانلىغىنىڭ تۇنجى خاقانى كۆل بىلگە باھادىر قېدىرخان تالاس ـ فارابى ھەربى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىۋاتقان ئىدى. مىلادى 893 ـ يىلى سامانىلار خانلىغىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خانى ئىسمايىل سامانى تالاس ـ فاراب ـ بالاساغۇن لىنىيىسىگە هۇجۇم قىلىپ بۇ بوستانلىقنى قولغا كىرگۈزىۋالدى ، نەتىجىدە ئىسمايىل سامانىغا ئەسىر چۈشكەن 15 مىڭ كىشى مانى ئېتىقادىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى ، فارابى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن مۇسۇلمان بولدى . بۇ چاغدا ئۇ 22 ياشلاردا بولسا كېرەك . فارابى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىدى ، ئۇ ، ئۇيغۇر ـ تۈركى تىل ئەدەبىياتى ، مۇزىكا سەنئىتى جۈملىدىن پارس تىلىنى پىششىق ئىگەللىدى . هىجرىيىنىڭ 310 ـ يىلى يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئەينى زامان ئىسلام شەرقىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان باغداد شەهرىگە كەلدى ، شۇ چاغدا ئۇ 50 ياشقا يېقىنلاشقان ئىدى(ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەت ئىمىننىڭ ئەسەرلىرىدە 30 ياشتىن هالقىغان دەپ ئېلىنغان) . ئۇ ئەرەپ تىلىنى بىلىمگەچكە باغدادتا ئەبۇ بەكرى ئىبن سىراجىدىندىن ئەرەپ تىلىنى ئۆگەندى ، مەشهۇر خرىستىيان ئالىمى ئەبۇ بەشر مەتتە يۇنۇستىن گىرېك تىلى بىلەن لوگىكا ئىلمىنى ئۆگەندى ، كېيىن هەرران شەهرىگە بېرىپ ئەبۇ بەشر مەتتەنىڭ ئۇستازى ، ئەينى زاماندىكى ئاتاقلىق خرىستىيان ئالىمى ، ئارىستوتىل لوگىكىچىسى يۇهەننا بىننى هەيلان جىلددىن پەلسەپە ، لوگىكا ، تىبابەتچىلىكنى ئۆگەندى . ئۇنىڭ ئاشۇنداق ياشتا يەنىلا ئوقۇغۇچى بولىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىدى .

بۇ ئەينى دەۋردىكى ئەهلى ئىلىملەرنىڭ ئادىتى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ هەممىسى ئايىغى چىققاندىن تارتىپ ئۆلگىچە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇراتتى . ئىلىم ئېلىش ، بىلىم تارقىتىش ۋە يۇرت كېزىش ئۈچۈن فارابى ساياهەتكە هېرىس ئىدى . فارابى ناسىر ئىبن ئەخمەت زامانىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر قېتىم كېلىپ سىياسى ۋەزىيەت تۈپەيلى بۇ يەردە قالالماي ئوتتۇرا يېقىن شەرققە قايتىپ كەتتى ، ئۇ ناسىر ئىبن ئەخمەتكە «ئەتتەلىم ئەسسانى» (ئىككىنچى تەلىمات) ناملىق كىتاۋىنى سوۋغا قىلدى ۋە «ئىككىنچى ئۇستاز» دىگەن هۆرمەتلىك نامغا ئىگە بولدى ، كېيىن ئۇ هىجرىيىنىڭ 330 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىمالى سۈرىيە هەمەدان خانلىقىغا سۇلتان سەيپۇددەۋلە هۇزۇرىغا سەپەر قىلدى.

فارابى سەرگەردان قىياپەتتە تۈركى لىباستا سەيپۇددەۋلە ئالدىغا كىرىپ كەلگىنىدە ، ئۇنىڭ كىملىگىنى باشقىلار بىلمىگەن بولسىمۇ ئىلمى مۇهاكىمىلەر ۋە مۇزىكا ماهارىتى بىلەن ئۇنى تونىدى ۋە دۆلەت ئۇستازى سۈپىتىدە هۆرمەت بىلدۈردى ، ئۇ هەلەپ ، دەمەشىق ، مىسىرغا بېرىپ ئىلمى لېكسىيەلەر سۆزلىدى ، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مىسلىسىز ئۇلۇغ ئالىمى ، شەرق ئارىستوتىلى ، ناتۇرال پانتېزىملىق پەلسەپە سېستىمىسىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە غايەت زور شۆهرەت قازاندى .

فارابىنىڭ تالانتلىقىنى تەركىدۇنيا ، ئىقتىسادچىل تۇرمۇش ئىدى . تۇرمۇشى غورىگۈل ئۆتەتتى ، فارابىنىڭ نامراتلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، ئۇ كېچىسى كىتاپ كۆرۈش ئۈچۈن ياقىدىغان چىراقنىڭ مېيىنىمۇ تاپالمىغاچقا ئىشىك باقارنىڭ چىرىغىنىڭ يورىغىدا كىتاپ كۆرۈپ ئەسەر يازغان . فارابى پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يالغۇزلۇقنى ياقتۇراتتى . فارابىنىڭ زور بىر قىسىم تىرىشچانلىقى پەلسەپە تەتقىقاتىغا قارىتىلغان ، بولۇپمۇ ئارىستوتىل پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تەتقىقاتى ئۇنىڭ ناهايىتى نۇرغۇن زېهنىنى ئالغان . ئىبىن خەللىكان ئۇزىنىڭ ئارىستوتىلنىڭ «روه هەققىدە» ناملىق كىتاۋىنى كۆرگەنـ ـلىگى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن «بۇ كىتاپنى100 قېتىم ئوقۇدۇم» دەپ يېزىپ قويغانلىغىنى قەيت قىلىدۇ . فارابى يەنە «پەيلاسوپ ئارىستوتىلنىڭ " فىزىكا " ناملىق كىتاۋىنى مەن قىرىق قېتىم ئوقۇدۇم ، بىراق يەنە چۈقۇم ئوقۇشۇم كېرەكتەك هىس قىلىمەن» دىگەنمىش.

فارابى هىجرىيىنىڭ 339 ـ يىلى(مىلادىنىڭ 950 ـ يىلى) ماهى رەجەپ (دېكابىر) ئېيىدا سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەهرىنىڭ سىرتىدا لېكسىيە قىلىش سەپىرىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ جەسىدىنى سەيپۇد دەۋلە باشلىق كىشىلەر دەمەشىق شەهرىنىڭ «بەبەس سەغىر» ناملىق كىچىك سېپىل دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى . فارابى ئۆيلەنمىگەن بولۇپ، پەرزەنتسىز ئىدى . يىتۈك ئالىم ، پەيلاسوپ ئەبۇ نەسىر فارابى كۆپلىگەن خاس ئەسەرلەر ۋە شەرهى ئەسەرلەرنى يازدى . تۈركىيىلىك فارابىشۇناس ئەخمەت ئاتەشنىڭ كۆرسىتىشىچە ، فارابى ئەسەرلىرى ئىچىدە تىزىمغا ئېلىنىپ مەلۇم بولغانلىرى 160 پارچىدىن ئارتۇق ئىكەن.

فارابىنىڭ خاس ئەسەرلىرىگە: «ئىھسائۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تىزىگە ئايرىلىشى) ، «ئۇيۇنىل ماسائىل»(مەسىلىلەرنىڭ نىگىزلىرى) ، «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا» ، «بەخت توغرىســـدا» ، «ئەقىل ھەققىدە» ، «كىتاب جەمئىيۇل مەنتەقە» (لوگىكا توغرىسىدىكى12 ئەسەر)، «چوڭ لوگىكا كىتاۋى» ، «خىمىيە ئىلمىنىڭ زۆرۈرلىگى توغرىسىدا» ، «ئادەم ئورگانىزىمى توغرىسىدا» قاتارلىقلارنى ئۆلگە قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن . فارابىنىڭ شەرھى ئەسەرلىرىگە ئۇنىڭ ئارىستوتىلنىڭ «كاتىگورىيە» ، «مېتافىزىكا» ، «سوفىستىكا» ، «ئىزاھاتنامە» ، «بىرىنچى ئانالىتىكا» ، «ئىك ـ ـكىنچى ئانالىتىكا» ، «توپىكا» ، «رىتورىكا» ، «پوئېتىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە يازغان شەرھىنا ـ مىلىرىنى، پىتلومىنىڭ «ئالماگېستا» ناملىق زور ھەجىملىك كىتاۋىغا ، ئېۋكىلىدىنىڭ «گېئومېترىيە» ، پارفىزنىڭ «ئىزاگوك» ، ئالىكساندىر ئافرودىتىسكـــىنىڭ «روھ ھەققىدە» ناملىق ئەسەرلىرىگە يازغان شەرھىناملىرىنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن . بۇ ئەسەرلەردە فارابى قەدىمقى گىرىك ئالىملىرى ۋە ئىسكەندەرىيە ئىلمى گۈرۈھىدىن كېيىنكى پەن يىگـــىلىقلىرى بۇيىچە ئەسەر مەزمۇنىنى تۇزەتتى، راۋاجلاندۇردى . فارابى ۋە ئۇنىڭ ئىلمى ئەمگەكلىرى ئۇستىدىكى تەتقىقات 70 ـ يىللارنىڭ ئالدىدىلا باشلانغان بولسىمۇ ، 70 ـ يىللاردىن كېيىن پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتىدا خاس تارماق ـ فارابىشۇناسلىق ئىلمى شەكىلـــلەندى .

فارابى ـ ئەرەپ دۇنياسى پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي پىشىۋاسى . بۈگۈنكى كۈندە بىز ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ تۇنجى ئاساسچىسى دەپ ئاتايدىغان ئىلىم ئىگىسى دەل مۇشۇ ئادەم . ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئەرەپ پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىسى ئىچىدە ئۇنى چىقىش نۇقتا قىلمىغان ئىدىيە يوق دېيەرلىك . فارابى ـ پەلسەپە تارىخى ۋە ھەر قايسى مەزھەپ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن ئادەم . ئۇ يەنە ئەپلاتۇن بىلەن ئارىستوتىل ئارىسىدىكى ئوخشاشمىغان قاراشلارنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشكە كۆچىگەن . سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ئۇنىڭ شۆھرىتى ھەرگىز پەلسەپە ساھەسىدىكى ئورنىدىن تۆۋەن ئەمەس . مۇزىكا ئىلمى جەھەتتە ، فارابى ئۆز دەۋرىنىڭ تالانت ئىگىسى . بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «مۇزىكا دەستۇرى» دىگەن مەشھۇر بىر ئەسىرى بار . ئىبنى خەللىكان ئۇنى «قالۇن» دىگەن چالغۇنىڭ ئىجادچىسى دەپ ھىساپلايدۇ .

فارابى ئەسەرلىرىدىن 40 پارچىسىلا بىزگە يېتىپ كەلگەن . بۇ ئەسەرلەرنىڭ 32 پارچىسى ئەسلى نۇسخا ، 6 پارچىسى ئىبرايچە تەرجىمە ، 2 پارچىسى لاتىن تىلىدىكى تەرجىمە .

«پەن تەرتىپى»

بۇ ئەسەر فارابىنىڭ قىممەتلىك ئەسىرى . مەزكۇر ئەسەر 1931 ـ يىلى قاھىرەدە تۇنجى قېتىم نەشىردىن چىقىپ ، كىلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى . مەزكۇر ئەسەردە فارابى ئىلىمنى بەش رەتكە ئايرىپ ، سەككىز تۈركۈم بويىچە تەتقىق قىلدۇ .

فارابى بىرىنچى رەتكە تىلشۇناسلىقنى قويۇپ ، ئۇنى يەتتە تارماققا ئايرىيدۇ:

(1) تاق سۆز ھەققىدىكى ئىلىم. (2) بىرىككەن سۆز ھەققىدىكى ئىلىم.(3) تاق سۆز گىراماتىكا قائىدىسى ئىلمى.(4) بىرىككەن سۆز گىراماتىكىسى.(5) توغرا يېزىش قائىدىسى ئىلمى.(6) توغرا ئوقۇش قائىدىسى ئىلمى.(7) شېئىر قائىدىلىرى ئىلمى.

ئىككىنچى رەتكە لوگىكىنى قويۇپ ، لوگىكىنىڭ ئەھمىيىتى ، ئورنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان تەقەززالىقنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

ئۈچىنچى رەتكە ماتىماتىكىنى قويۇپ، ئۇنى بەشكە تارماقلايدۇ:

(1) ئارفمېتىكا. (2) گېئومېترىيە.(3) ئاسترونومىيە. (4) مۇزىكا. (5) دىنامىكا.

تۆتىنچى رەتكە فىزىكا بىلەن مىتافىزىكىنى (ئىلاھىيەتنى) قويىدۇ.

بەشىنچى رەتكە ئەخلاق ۋە سىياسىينى تۆتكە تارماقلايدۇ:

(1) مەرىپەت. (2) فىقھ. (3) كالامىيەت.(4) تەۋھىد.

مەزكۇر كىتاپتا ئىپادىلەنگەن فارابى ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىگى ئوچۇق ھەم ئېنىق ۋە يۈكسەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ، باشقا ئەسەرلىرىدەك مۇرەككەپ چۈشىنىكسىز ئەمەس . فارابى تۆھپىلىرىنىڭ بىرى ، ئۇنىڭ بۇ كىتاۋىنى كېيىنكىلەر يېزىقچىلىقىنىڭ ئۈلگىسى قىلغانلىقىدا . مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە ھەكىم ئىبنىسىنامۇ ئۆزىنىڭ «ئەششىفا» دېگەن كىتاۋىنى فارابىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان . ئىبنىسىنا فارابىنى ئۆز ئۇستازى قاتارىدا كۆرگەن بولۇپ ، ئىبنىسىنادىن فارابى پەلسەپىسىنىڭ ۋارىسلىرىغا خاس خىسلەتنى كۆرگىلى بولىدۇ.

فارابىدىن ئىبارەت بۇ پەيلاسوپنىڭ قانچىلىك تەسىرى بارلىقىنى ۋە ئورنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىگىنى بىلمەكچى بولغانلارغا ئىبنىسىنادەك ھاكاۋۇر، چوڭچى، ھەتتا ئەپلاتۇننىڭ پەلسەپىسىنىمۇ ئانچىلا ۋاي دەپ كەتمىگەن ئەرزىمەيدۇ دەپ باھا بەرگەن ئادەمنىڭ فارابىنىڭ ئالدىدىكى كەمتەرلىگىنى ئىشارە قىلىشلا كۇپايە . ئىبنىسىنا مۇنداق ئېتىراپ قىلغان: «مەن ئارىستوتىلنىڭ ‹مېتافىزىكا› سىنى قىرىق قېتىم ئوقۇپ ئازراقمۇ ھەزىم قىلالمىدىم . پەقەت فارابىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن شەرھىي ئەسرى قولۇمغا چىقىشى بىلەن زېھنىم كەڭ ئېچىلىپ كەتتى».

«ئىككى پەيلاسوپنىڭ قاراشلىرىغا مۇرەسسە»

بۇ ئەسەر ناھايىتى يۇقۇرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە . بۇ ئەسەردە فارابى ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتىل ئارىسىدا تالاش ـ تارتىشتا تۇرىۋاتقان مەسىلىلەرنى چۈشەندۇرۇپ ئۆتىدۇ.

«ئېسىلبالىق (پەزىلەتلىك شەھەر) ئاھالىسى توغرىسىدىكى قاراشلار»

بۇ كىتاپ فارابىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى . بۇ كىتاپتىن بىز فارابىنىڭ پىكىر دۇردانىلىرىنى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرىنى كۆرەلەيمىز . كىمكى فارابىنىڭ قاراشلىرىنى بىلمەكچى بولسا ، پەقەت مۇشۇ كىتاپنى ئوبدان ئوقۇپ كۆرسە بولىدۇ. بۇ كىتاپ **37** باپ بولۇپ ، پەلسەپە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن .

فارابى باشقا ئىلىم ساھەسىدىمۇ **200** پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان . فارابىنىڭ ئۆز ئۆمرىدە يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى بۈگۈنگىچە دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ، ھاياتىغا ئاجايىپ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن .

بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ، تۈرلۈك ئىلىم ساھەسىدە ئىزلىنىۋاتقان ، ئالىم ۋە ئادەم ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ قولىغا قەلەم ئېلىۋاتقان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ، فارابى روھىنى تەشەببۇس قىلىش ئەڭ ئاقىلانە تاللاش دېيىش ئارتۇق كەتمەس . چۈنكى گەپنىڭ ئوچۇغىنى ئېيتقاندا ، ئەقلى تەپەككۇر ئالەمدە ئۆزگىلەرنىڭ ئەقلىنى ، قاراشلىرىنى سۈيئىستىمال قىلىپ ، ئۆزى مۇستەقىل تەپەككۇر يۈرگۈزمەيدىغان ، ھەتتا بىر ئۆمۈر باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىپ ، ئۆز نوپۇزىنى تىكلىگەن ساختا ئىلىم ئەھلىلىرىنى يوق دېيەلمەيمىز . بۇنىڭغا قوشۇلۇپ قەدىمدىن بۈگۈنگىچە ساپ ۋە ھەققى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئىلمى ئەمگىگى دەل ۋاقتىدا ئېتىراپ قىلىنماسلىق ، ئۇلارغا بىنورمال دەپ باھا بېرىلىش سەۋەبىدىن چەتكە قېقىلىش تەقدىرى فارابىدەك يېگانە تالانت ئىگىلىرىنى يالغۇزلۇققا ، پىكرى مەسلەكداشلارنىڭ يوق بولۇشىغا قىستىغان . فارابىنىڭ تارىخىدىكى بۇ خىل يالغۇزلۇق قىممىتى ھەققىدە تۈرك يازغۇچىسى نافىز دانىشمەن «فارابىنىڭ بۇ يالغۇزلىقنى ئۆزى ھىس قىلغىنىغا ئوخشاش ، ئەتراپىدىكىلەرمۇ تولۇق ھىس قىلغان . شۇ سەۋەبتىن ئۆز زامانداشلىرى ، ھەتتا بىر مەملىكەت ، بىر شەھەردە بىللە ياشىۋاتقان زاماندىشلىرى گويا ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن خەۋەرسىزدەك ھەركەت قىلاتتى ھەم ئۇنىڭ قارىشىدا سۆزلىگىدەك بىر نەرسە تاپالمىغاچقا ، پەقەت ئۇن چىقارمىغان ھالدا سۆزلىشەتتى . ئەبۇل ناسىر فارابىنىڭ ئۆلچەملىرى ئەڭ بىلىملىك ھېساپلانغان زاماندىشلىرىنىڭمۇ باشلىرىنى ئايلاندۇرغىدەك دەرىجىدە كەڭ ئىدى...»دەپ يازغان . نافىز دانىشمەن يەنە «فارابىنىڭ ئۇسلۇبى ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە خىلاپ ھالدا ئوچۇق ، قولاي ھەم ئاددىدۇر . بۇنىڭغا قارىماستىن ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاسانلىقچە ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى، تېما ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ بەك ئابستراكت ئىكەنلىگىدىندۇر...ئۇ ھاياتىنىڭ ھېچبىر باسقۇچىدا ماددى نەرسىلەرگە ئۆزىنى ئۇرمىغان ، بېغىشلاش روھىنى تولۇق نامايەن قىلغان ، زۆرۈرىيىتى ئېھتىياجلىرىدىن ئاشقان مائاشنى ئېلىشنى رەت

قىلغان ، شادلىقتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ، جامائەت ئىچىدە ياشاش ۋە نەپسنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئىشچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن . مەغرۇرلۇق قىلغۇچىلارغا قاتتىق نەپرەتلىنىپ ، ئۇلارغا قاراشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ ياشىغان...». بۇنىڭدىن بىز فارابىنىڭ يېگانە بولغاندىمۇ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان يېگانە شەخس ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدە ئۆز تەنھالىقىنىڭ سەۋەبىنى ناھايىتى جايىدا ئىپادىلىگەن :

«زامانىنىڭ تەتۈرلىكى ، دوستلۇقنىڭ پايدىسىزلىقى ، ھەر باشلىقنىڭ كىشىنى بىزار قىلىشلىرى ۋە ھەر كالللىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى كۆرگىچە ئۆيۈمگە مۆكۈنۈپ شەرىپىمنى (نامىمنى) ساقلاشنى زۆرۈر بىلدىم...» .

نافىز دانىشمەن فارابىغا باھا بېرىپ يەنە مۇنۇ بايانلارنى يازغان : «ئەبۇل ناسىر فارابى ئىراقتىن سۇرىيەگە كەلگەندە ، بۇ مەملىكەتنىڭ دانىشمەن ئالىملىرى يىغىلىپ ئۇنى مۇنازىرىگە تەكلىپ قىلغان . مۇنازىرە باشلانغاندا ، ھەر تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تەنقىت ۋە ئېتىراز ئاۋازلىرى فارابىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتماي قويغان ئىدى . لېكىن ئۇنىڭ قايىل قىلارلىق جاۋاپلىرى ئالدىدا بۇ ئاۋازلار ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ ، ئاخىرى يوقالغان . پەقەت فارابىلا سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرغان ، باشقا ئالىم ـ ئۆلىمالار قوللىرىغا قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى خاتىرىلەشكە كىرىشكەن...فارابى يېقىن ـ يىراقلاردىن ئۆزى بىلەن پىكىرداش بولغىدەك ھەمسۆھبەت ئادەم تاپالمايتتى . شۇسەۋەپتىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنيا ـ سىغا چۆكۈپ ، ئۇرغۇۋاتقان روھى ۋە ئەقلى كامالىتىنىڭ چەكسىز ئۇپۇقلىرىدىن ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەيتتى...ۋاھالەنكى ، فارابىنىڭ بۇ كاتتا يالغۇزلۇق ھاياتىنى بېزەپ ، ھۆسۈن قوشۇپ تۇرغان باشقا گۈزەللەرمۇ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئاجايىپ باي روھىيىتىنىڭ سىماسىدا جىمىرلىشىپ تىترەۋاتقان يۇلتۇزلارنى بىرخىل مەستلىك(سىرلىق)بېقىشلار بىلەن تاماشا قىلىپ ، كائىناتنىڭ ئىلاھى ئاھاڭىنى ئۆز ئىجادىيىتى بولغان ساز ۋە قالۇن تارلىرى بىلەن مۇڭداشتۇرۇپ ، كۆكلەم پەيزىدە گۈل ـ گىياھلارنىڭ خۇش ھىدلىرى بىلەن بارلىققا كەلتۈرگەن ھېكمەتلىرىنىڭ سىرلىرى ئىچىدە مەستخۇش بولاتتى...» .

مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتىكى ، فارابى روھ ئالىمدە ۋە رېئاللىقدا ئەڭ مۇكەممەل ھايات كەچۈرگۈچى بولغان . ئۇنىڭ ھاياتىدا تەپەككۇر قىلىش ، ساز چېلىش ئاساسلىق پائالىيەت بولغان .

فارابىنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە شان ـ شەرىپى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، ئۇ بىر ئۆمۈر تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلار ، ئورۇنسىز خىيال ، ئادەملەر ئارىسىدىكى بىمەنە قائىدە ـ يوسۇنلار تەرىپىدىن پاراكەندە بولمىغان . ئۆز ھاياتىدىكى بارلىق تەپسىلاتلاردىن ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتي كۈچنى ئىزدىگەن ۋە ياخشى ياشاش ئىستىگىدە ئىزچىل تەپەككۇر ئالىمگە ئىنتىلگەن . بۇ مەنىدىن ، ئۇزلۇق ئوغلى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى ئەبۇل ناسىر فارابىنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچراشقۇچىلارنى ھاياتلىق ئالىمىدىكى تەلەيلىك بەندىلەر دېيىشكە بولىدۇ .

فارابىنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ۋە فارابى توغرىسىدىكى يىرىك ئەسەرلەر سوۋېت ئىتتىپاقى ، شەرقى ياۋرۇپا ئەللىرى ، فرانسىيە ، ئامېرىكا ، تۈركىيە ، مىسىر ، سۇرىيە ، ئىراق ، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە كۆپلەپ نەشر قىلىندى .

# ئەلقەم تۇرسۇن

دوكتۇر ئەلقەم تۇرسۇن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە ناھىيە يېيىق تاغلىق يېزىسىدا تىببى خادىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . بۇ يېزىدا ئەينى ۋاقىتتا **400** ئەتراپىدا ئاھالە بار بولۇپ ، باللار ئۈچۈن كوڭۇل ئېچىش پائالىيىتى بولسا يېزىنىڭ بۇرجىگىنى بېسىپ ياتقان ئېگىز قۇم بارخانلىرىغا يامىشىپ چىقىپ ئويناش بىلەن چەكلىنىپ قالاتتى . شۇڭا كۆپىنچە باللىق ۋاقىتلىرىنى ۋە مەكتەپتىن كېيىنكى ۋاقىتلىرىنى ئۆيدە ئىنى ، سىڭىللىرىنى بېقىش ۋە ئۆي ئىشلىرىغا ياردەم قىلغاچ ئانىسىدىن ھېكايە ئاڭلاش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىلەن ئۆتكۈزگەن . بۇ جەرياندا ، ھازىرغىچە ئۆزىگە دائىم مىزان قىلىپ كەلگەن «سەۋەپ قىلساڭ سۆۋەتتە سۇ توختايدۇ» ، «كۆڭۈل قويىغان ئادەمگە، قىيىن ئىش يوق ئالەمدە» دىگەن ھىكمەتلەرنى ئانىسىنىڭ ياردىمىدە ئەمىلي مىساللار ئارقىلىق شۇ چاغلاردا چۈشىنىپ يەتكەن . دوكتور ئەلقەم ھاياتىدىكى ئەڭ تەسىر كۆچىگە ئىگە بولغان تەربىيلەرنى مۇشۇ باللىق ۋاقىتلىرىدا ئانىسىدىن ئالغانلىقىنى جەزىملەشتۈرىدۇ . ئۇنىڭ ئىلىپبە ساۋادى چىققاندىن كىيىن دادىسىنىڭ قوللىشى بىلەن نۇرغۇن تەربىيۋىي كىتاپلارنى ئىلىپ ئوقۇپ كىتاپقا بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرىدۇ . ئۇ 10 ياش چىغىدا نىيە ناھىيە ئىچىگە كۆچۈپ كىلىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە شۇ يەردە ئوقۇيدۇ . بۇ جەرياندا دەرسلىكلەردە نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولۇپلا قالماستىن ، ئالتىنچى يىللىقتا «مىنىڭ يىزام» ناملىق ئەسىرىنى ناھىيلىك رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىش بىلەن «ئۆسمۈر يازغۇچى» لىق دەۋرىنى باشلايدۇ. ھەم ھازىرغىچە ئۆز ھاياتىدا يىتەكچى بولغان كۈندىلىك خاتىرە يازمىلىرىنى يىزىشنى باشلايدۇ. دادىسىدىن شاھمات ئويناشنى ئۆگىنىپ ، تەڭ تۇشلىرى ئىچىدە شاھمات ماھىرى بولۇپ چىقىدۇ . ئۇ شاھماتتا «ئات» نىڭ بىر نوختىدا تۇرۇپ سەككىز ئورۇنغا سەكرەپ چۈشەلەيدىغانلىقىنى ، بۇنىڭغا سەل قارىسىلا «چاتاق» چىقىدىغانلىقىنى تونۇپ يىتىپ ، «ئات» ئۇقۇمىنى ئۆز تۇرمىشىدىكى مەسىلىلەرنى ئىھتىياتچانلىق بىلەن ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە باشلايدۇ . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە گەرچە بىر ئۆمۈر يىزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئادەم تەربىيلەشنى نىشان قىلغان بولسىمۇ ، دادىسىنىڭ تەسىرىدە تىببى ساھەدە خىزمەت قىلىشقا بەل باغلايدۇ .

ئۇ تىببى ئىنىستىتوتنىڭ داۋالاش كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەندىن كىيىن ئۆزىگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ . ئۇ تىببى كەسىپ دەرسلىكلىرى ۋە خەنزۇچىنى تىرىشىپ ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆگەنگەچ ، كۈندە بىر سائەت ئىنگىلىز تىلىنى ئۆگىنىپ ، تۆت يىل ئىچىدە  ئالى مەكتەپ ئىنگىلىز تىلى تۆتىنچى ۋە ئالتىنچى دەرىجىلەردىن ئۆتىدۇ . ئۇ ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا تەتقىقاتچى دوكتور بولۇشقا بەل باغلايدۇ . دادىسىنىڭ تونۇشتۇرىشى ۋە قىزىقتۇرىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەبئىي پەن مىراسى ۋە ئەڭگۈشتەرى بولغان ئۇيغۇر تىبابەت دورىلىرىنىڭ تەسىر قىلىش مىخانىزىمىنى تەتقىق قىلىشنى نىشان قىلىپ ، ئاساسى پەن تەتقىقاتچىسى بولۇشنى كۆزلەيدۇ. تىببى ئىنىستوتىنى «باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى» بىلەن پۈتتۈرگەندىن كىيىن ، شۇ يىلى ، يەنى 1997 ـ يىلى «ئۇيغۇر تىبابەت ئالى تېخنىكومى» دا خىزمەت قىلىدۇ . بۇ ئالى بىلىم يۇرتىدا بىرتەرەپتىن فارماكولوگىيە (دورىلارنىڭ تەسىر قىلىش مىخانىزىمىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن) دەرسى ئۆتكەچ ، ئىشتىياق بىلەن ئۇيغۇر تىبابەت ئاساسى نەزىرىيلىرىنى ۋە دورىلىرىنى ئۆگىنىدۇ . بۇ جەرياندا ، ئۇيغۇر تىبابىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ، ئۇيغۇر تىبابىتىدە كىسەللىك دەپ قارايدىغان مەلۇم كىسەللىك ھالىتىنى ھايۋانلاردا پەيدا قىلىپ ( يەنى، مەلۇم كىسەلگە گىرىپتار بولغان «ھايۋان مودىلى» پەيدا قىلىپ) ، ئاندىن ئۇ كىسەلنى داۋالايدىغان دورىنىڭ تەسىر مىخانىزىمىنى تەتقىق قىلىش كىرەكلىكىنى ھىس قىلىدۇ . ئۇيغۇر تىبابىتىدە دىئاگنۇز قويىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ كىسىلىنى ھايۋانلاردا پەيدا قىلىپ ، تەتقىقاتقا ئىشلىتىدىغان«ئىشەنچىلىك كىسەل مودىلى» بەرپا قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس بولۇپ ، ئۇنى بۇ خىل تەتقىقاتنى بۆرۈنراق باشلىغان «جوڭگو تىبابىتى» دىن ئۆگىنىپ كىلىپ ئاندىن ئۆرۈنۈپ بىقىشنى نىيەت قىلىدۇ ۋە «جىجياڭ جوڭگو تىبابىتى ئىنىستوتى» غا بىرىپ، دورا ئۆسۈملۈك«ئادىراسماننىڭ ساچقاننىڭ ئۆگۈنۈش ۋە ئەستە ساقلاش جەريانىغا بولغان تەسىرى» نى تەتقىق قىلغاچ ، جوڭگو تىبابىتىنىڭ فارماكولوگىيلىك تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىدۇ . يىتەكچى پروفىسسورى لى دا پىڭ ئۆزى تەتقىق قىلغان راكقا قارشى ئۆسۈملۈك دورىنى كىلىنكىلىق داۋالاشقىچە ئىلىپ چىقىپ شەخسى دورا زاۋۇدى ۋە شىركىتى قۇرغان بولۇپ ، دوكتور ئەلقەمگە ئەقلى جەھەتتىن جىق تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئەلقەم 2002 ـ يىلى ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغاندىن كىيىن ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كىلىپ ئۇيغۇر تىبابىتىدە ئىزدىنىشنى باشلايدۇ.

ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپىنچە كۆپ خىل ئۆسۈملۈك دورىلارنى قوشۇپ «مۇرەككەپ دورا» قىلىپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ ، قايسى ئۆسۈملۈك دورىنىڭ قايسى تەركىۋىنىڭ كېسەلگە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلمەك تەس ، لېكىن بىر خىللا يەككە ئۆسۈملۈك دورىنى ئىشلەتسە ئۇنىڭ تەسىرى ئاجىز بولۇپ چىقىدۇ. دوكتۇر ئەلقەم ، ئەجدادلار ئۇزۇن يىللىق سىناش ئارقىلىق ئوخشاش داۋالاش تەسىرى بېرىدىغان بىر خىل تەركىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوخشىمىغان ئۆسۈملۈك دورىلارنى قوشۇپ ئىشلىتىپ ، بۇ دورىلارنىڭ داۋالاش تەسىرىنى كۈچەيتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ چۈشىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇيغۇر تىبابىتىدە سەۋەبى ئوخشىشىپ كېتىدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان ئوخشىمىغان نامدىكى مۇرەككەپ دورىلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق ئىشلىتىلگەن ئۆسۈملۈك دورىلارنى تىزىملاپ ، بۇ ئۆسۈملۈك دورىلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق مەۋجۇت بولغان يەككە تەركىپنى ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئېنىقلاپ چىقىدۇ . بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى سەۋدا خىلتى ئائىلىسىدىكى كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان دورىلارنىڭ ئىچىدە بادەرەنجى بۇيا ، ھىندى ۋە گاۋزىبان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەكرار ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بايقايدۇ . بۇلاردىكى ئورتاق تەركىپنىڭ «ئارتۇق سەۋدا» دىن كېلىپ چىقىدىغان ياشانغانلاردىكى ئۇنتۇغاقلىقنى داۋالاش تەسىرىنى تەتقىق قىلىشنى مەخسەت قىلىدۇ . بۇ يىللاردا خوتەن شەھىرىدە ياش-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ھەقسىز «ئىلىم ئال» كومپيۇتېرخانىسى قۇرۇش بىلەن بىرگە ھەقسىز ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، كىچىك ۋاقتىدىكى ئادەم تەربىيىلەش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

2002 ـ يىلى سەھىيە مىنىستىرلىگى ئۇيۇشتۇرغان ئېنگلىز تىلى سەۋىيە ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى بولىدۇ ھەم شۇ يىلى چەتئەلگە چىقىش سالاھىيەت تىل ئۆلچەم سىزىغىدىن ئۆتكەن بىرلا شىنجاڭلىق بولىدۇ . پروتوكول جۇڭگو بويىچە شۇ يىلى مۇشۇ ئۆلچەمدىن ئۆتكەنلەر 3000 دىن ئارتۇق بولۇپ ، پەقەت 300 كىشىلا چەتئەلگە چىقىش ئوقۇش مۇكاپاتى ئىلتىماس قىلىشقا يول قويىلىدۇ . ئۇ بۇ 300 سانىنىڭ ئىچىدە تاللىنىپ ، «ياپونىيە ساساكاۋا مالىيە جۇغلانمىسى تەتقىقات ياردەم پۇلى» غا ئىلتىماس قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ . جۇڭگو سەھىيە مىنىستىرلىگى بۇ 300 ئىلتىماستىن 150 نى تاللاپ «ياپونىيە ساساكاۋا مالىيە جۇغلانمىسى» غا يوللايدۇ ئاندىن ئۇلار بۇ ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا ئاساسەن 78 كىشىنى تاللاپ قوبۇل قىلىدۇ . دوكتۇر ئەلقەم تۇرسۇن «ئۇيغۇر تىبابەت دورىسى بادەرەنجى بۇيا تەركىبىنىڭ ياشانغانلاردىكى ئۇنتۇغاقلىقنى داۋالاش ھەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن تەتقىقات تېمىسى بىلەن تاللىنىشنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ياپونىيەگە چىقىپ تەتقىقات قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ . 2004 ـ يىلى ياپونىيەگە چىققاندىن كېيىن بۇ تەتقىقات تېمىسىنى ئۇنۇملۈك ئىشلەپ چىقىپ ، ماقالىسىنى خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ژۇرنالدا ئېلان قىلىدۇ . بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنى ياپونىيەدىكى ئۆز ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارغا تونۇشتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولۇپلا قالماستىن ، ياپونىيەگە سېلىشتۇرغاندا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، داۋالاش سەۋىيىسى تۆۋەن رايوندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى يەنە كېلىپ شۇنچە ياشانغاندىمۇ ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشنىڭ ئازلىقىنى ياپونىيە ئالىملىرىغا تونۇشتۇرىدۇ . شۇنداقلا بۇلارنى ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ قوللىنىشچانلىقىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى، شۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ساغلام كىشىلەرنىڭ بادەرەنجى بۇيا ۋە شۇ تۈردىكى ئۆسۈملۈك دورىلارنى چاي ۋە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ، ياپونلارنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغايدۇ . شۇنداقلا بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنى ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدا ئېچىلغان خەلقئارالىق نېرۋا ئىلمى تەتقىقات يىغىنلىرىدا دوكلات قىلىدۇ . مۇشۇ تەتقىقات جەريانىدا ، «ياپونىيە دورىگەرلىك ئۇيۇشمىسى» نىڭ تەكلىۋى بىلەن ئۇيغۇر تىبابىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئىككى سائەتلىك لېكسىيە

www.uyghurkitap.com



سۆزلەيدۇ.

2005 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ناگويا ئۇنىۋېرستىتىنىڭ «هۇجەيرە ئاخبارات مېدىتسىنا» كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنىپ ، 2008 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالدۇ. ياپونىيەدە مېدىتسىنا كەسپىدە دوكتورلۇق ئوقۇش ۋاقتى ئادەتتە تۆت يىلدىن بەش يىلغىچە بولۇپ، دوكتور ئەلقەم تۇرسۇن تەتقىقاتتا بولغان ئۇرغۇپ تاشقان ئىشتىياقىنىڭ تۈرتكىسىدە، شەنبە ، يەكشەنبە، دەم ئېلىش كۈنلىرى هەم تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز تەجرىبخانىدا ئۆتكۈزۈپ ، نۇرغۇنلىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ ۋە ئېلان قىلىپ ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئۈچ يېرىم يىلدا ئېلىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ . ئۇ تۇرۇشلۇق تەجرىبىخانىدىكى باشقا ياپونىيىلىك ۋە جۇڭگولۇقلار تۆت ـ بەش يىلدا ئاندىن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بولۇپ ، دوكتور ئەلقەم تۇرسۇن كۆزگە كۆرىنەرلىك نەتىجە بىلەن ئۆزى بىلەن بىرگە ئوقۇشقا كەلگەن جۇڭگولۇق ۋە ياپونىيىلىكلەرنى يەڭگەنلىگىدىن ناهايىتى پەخىرلىنىدۇ . ئوقۇش پۈتتۈرۈشىنىڭ ئالدىدا ئۆزى لاهىيلەپ ئىشلىگەن ئۈچ پارچە تەتقىقات ماقالىسىنى خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ژورناللاردا ئېلان قىلىپ بولغان بولۇپ ، بۇ ئۈچ يېرىم يىلدا تاماملىغان ۋە تۆهپە قوشقان باشقا 5 پارچە ماقالىسىنى داۋاملىق ئېلان قىلىدۇ . ئۈچ يېرىم يىللىق ئوقۇش ـ تەتقىقات جەريانىدا «ئۇئېخارا چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش مۇكاپاتى» ئالىدۇ. يەنە ناگويا ئۇنىۋېرستىتىنىڭ «نەمۇنىلىقلار مەركىزى» ( Center of Excellence, COE) نىڭ دائىملىق تەتقىقات خادىمى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئىككى يىل COE تەتقىقاتچىسى بولۇش جەريانىدا تۇنجى بىر يىللىق تەتقىقات خىزمىتى ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى ئېلىش بىلەن بىرگە ئىككى قېتىم «COE تەتقىقات فوندى» ئالىدۇ . ئىقتسادى جەهەتتىن تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولغاچقا ، پۈتۈن ۋاقتى ۋە زېهنىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات خىزمىتىگە قارىتىپ ، تەتقىقات نەتىجىسىدە ياپونىيىلىكلەر بىلەن تەڭمۇ ـ تەڭ بولۇشقا هەتتاكى ئېشىپ چۈشۈشكە تىرىشىدۇ هەم قىلالايدۇ . ئۇنىڭ تەجرىبەخانىدا سەرىپ قىلغان ۋاقتى باشقا ياپونىيىلىكلەردىنمۇ كۆپ بولغاچقا، باشقىلار ئۇنى «تەجرىبەخانا ئەرۋاهى» دەپمۇ ئاتاپ قويىدۇ. ئوقۇشىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئۇ ئۆزى لايىهلەپ ئىشلىگەن تەجرىبە نەتىجىسى ئۆزى يىتەكلەۋاتقان ياپونىيىلىك ئوقۇغۇچىسى تەرىپىدىن «مەكتەپ ئىچىدىكى يىللىق 100 پارچە يېڭى تەتقىقات نەتىجىسىنى باهالاش مۇسابىقىسى» دە ئېلان قېلىنىپ «ئەڭ ياخشى نەتىجە» مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ . بۇ نەتىجە تەجرىبىخانىسىنىڭ 16 يىللىق تارىخىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان 20 دىن ئارتۇق دوكتور ئاسپىرانتلارنىڭ ئىچىدىكى تۇنجى قېتىملىغى بولۇپ ، بۇ نەتىجە دوكتور ئەلقەم تۇرسۇنغا زور ئىلهام ۋە ئىشەنچ ئېلىپ كېلىدۇ . شۇنداقلا تۇنجى قېتىم ياپونلۇق كەسپداشلىرىنىڭ هەقىقى هۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ . ئۇنىڭ بۇ تەتقىقاتى ياللۇغلىنىشنى باشلىغۇچى ئامىل دەپ قارالغان TNF ـ a (ئۆسمە نېكروزلاشتۇرغۇچى ئامىل) مالېكولىسىنىڭ ئەلىزخايمېر كېسىلىنىڭ (ياشانغانلاردىكى مېڭە يىگىلەش تىپىدىكى ئۇنتىغاقلىق كېسلى) باشلىنىشىدا مۇهىم رول ئوينايـ ـدىغانلىغىنى هايۋانات مودېلىدا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ . مۇشۇ نەتىجىلىرى بىلەن شۇ يىلى «ناگويا ئۇنىۋېرستېتى ئوقۇتۇش ياردەمچىسى» لىق سالاهيىتىگە ئېرىشىدۇ. هەم ياپونىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق مېڭە ئىلمى تەتقىقات يىغىنىدا بىر دوكلات گورۇپپىسىنىڭ يىغىن باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىق سالاهيىتىدە مۇشۇنداق بولالىغىنىدىن ناهايىتى خۇشال بولىدۇ . ئۇ مۇشۇ ياخشى باهالاشقا ئېرىشكەن ماقالىسىنى داۋاملىق ئىشلەپ سالىدومايىد (thalidomide)دەپ ئاتىلىدىغان، TNF ـ a نىڭ خەۋەرچى RNA نى پارچىلاپ، ئەلىزخايمېر كېسلىنى داۋالاشتا ئۈنۈمى بارلىغىنى تەجرىبخانا هايۋانلىرىدا تۇنجى قېتىم ئىسپاتلاپ چىقىدۇ . مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىنى «پائالىيەتلىك مېڭە تەتقىقاتى» (Behavioral Brain Research) ژورنىلىغا يوللايدۇ ۋە ماقالىسى بەش كۈندىلا قوبۇل قىلىنىپ هەيرانلىق، خۇشاللىق ۋە ئىشەنچ ئېلىپ كېلىدۇ (ئادەتتە ئوڭۇشلۇق بولغاندا ماقالە قۇبۇل قىلىنىشقا ئۈچتىن ئالتە ئايغىچە ۋاقىت كېتىدۇ) . بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خەلقئارادىكى باشقا تەتقىقات

ئورونلىرىنىڭ سالدومايدىنىڭ ئەلىزخايمېر كېسلىنى داۋالاشقا بولغان تەتقىقات قىزغىنلىقىنى قوزغاپ ، ئىلگىرلەپ ئىزدىنىشلەرگە ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى . هازىر ئامېرىكىدىكى دورا شىركەتلىرى سالدومايدىنىڭ ئەلىزخايمېر كېسلىنى دۈۋالاشتىكى ئۈنۈمىنى كېلىنىكىلىك تەتقىقاتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. دوكتۇر ئەلقەم تۇرسۇننىڭ تەجرىبە نەتىجىسى بۇ كېلىنىكىلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىپ بېكىتىلگەن . ئەگەر كېلىنىكىلىك تەتقىقاتىنىڭ 3 ـ باسقۇچى ئۈنۈملۈك بولسا ، ئامېرىكا دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى (FDA) نىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ دوختۇرخانىلاردا ئىشلىتىشكە باشلايدىكەن . دوكتۇر ئەلقەم تۇرسۇن بۇ دورىنى بايقىغانلىقى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا پاتېنىت ئىلتىماس قىلمىغان بولۇپ ، ئەگەر بۇ دورا ئەلىزخايمېر كېسلىنى داۋالاشتا بازارغا سېلىنسىمۇ ئۇنىڭغا هېچقانداق ئىقتىسادى مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدىكەن . ئەمما دوكتۇر ئەلقەم تۇرسۇن «بۇ نەتىجە ماڭا زور روهى مەدەت ئېلىپ كېلەلەيدۇ، ماڭا شۇ كۇپايە» دەيدۇ .

دوكتۇر ئەلقەم تۇرسۇن دوكتورلۇق ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا ، ئامېرىكا خاۋراد ئۇنىۋېرستىتى بىلەن ئىرلاندىيە دابلىن ئۇنىۋېرستېتى بىرلىشىپ تەشكىللىگەن ئەلىزخايمىر كېسلىنىڭ پاتالوگىيەسىنى هەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىدىغان ، ئەلىزخايمىر كېسلىنىڭ تەتقىقاتىدا ئاساسلىق كۆزگە كۆرۈنگەن گورۇپپىنىڭ دوكتۇر ئاشتىلىق تەتقىقاتچى خادىملىقىغا تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان (ئەمما بىر يىلنىڭ ئالدىدا پىنسىيەگە چىقىپ كەتكەن) يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى «باشقا يەرگە كەتمەي مېنىڭ يېڭىدىن قۇرغان تەجرىبخانامدا ئىشلە» دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن ، يېتەكچىسىنى هۆرمەتلەش يۈزىسىدىن بارماقچى بولغان تەتقىقات گورۇپپىسىنىڭ باش يېتەكچىسىگە هازىر يېتەكچىسىدىن يۈز ئۆرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆزۈر خالىق ئېيتىپ تەكلىپنى رەت قىلىدۇ . ئۇ كىشىمۇ ئەپسۇسلانغان هالدا چۈشەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ ( خارۋاد ئونىۋېرستىدىكى ئۇ پروفېسسور بىلەن هازىرمۇ ئالاقىلىشىپ تۇرىۋاتىدۇ) . شۇنىڭ بىلەن ياپۇنىيەدە تەتقىقات فوندى ئىلتىماس قىلىشقا كىرىشىپ ياپۇنىيە سەهىيە مىنىستىرلىگى ئۇيۇشتۇرغان «خەتەرلىك خېمىيلىك ماددىلارنى تەتقىق قىلىش» گورۇپپىسىنىڭ تەتقىقات خىزمەت ئورنىغا ئېرىشىدۇ . بۇ گورۇپپىنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات تېمىسى بولسا تاماكىنىڭ تەركىۋىدىكى «تاماكا ئىشغارى» دەپ ئاتىلىدىغان نىكوتىن دېگەن ماددىنىڭ قورساقتىكى يېتىلىۋاتقان بوۋاقنىڭ مېڭە فونكىتسىيە تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىش بولىدۇ . ياپۇنىيەدە ياشانغانلارنىڭ سانى كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما تۇغۇش نىسپىتى ئازلاۋاتقان بولۇپ ، ياپۇنىيە هۆكۈمىتى تۇغۇلۇۋاتقان بوۋاقلارنىڭ ئەقلى ۋە جىسمانى سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىۋاتقان ئامىللارنى تېپىپ چىقىش هەمدە ئۇلارنىڭ يېڭى ئەۋلاتلارغا بولغان تەسىرىنى ئازايتىش ئارقىلىق ياپون مىللەتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناهايىتى كۆپ ئىقتىسادى مەبلەغ چىقىرىدۇ . خەلقئارادا هامىلدار ئاياللارنىڭ تاماكا چەكمەسلىگى هەمدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا باشقىلارنىڭ تاماكا چەكمەسلىگى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، تاماكىغا خۇمار بولغان كۆپ كىشلەر بۇنىڭغا ئانچە پىسەنىت قىلمايدۇ . يەنە كېلىپ تاماكا شىركەتلىرى تاماكىدىن ئىلغاپ ئالغان نىكوتىننىڭ تاماكىنىڭ خۇمارىنى باسىدىغانلىقىنى پەش كەلتۈرۈپ، تاماكا تاشلىيالمايدىغان هامىلدار ئاياللار هامىلدارلىق مەزگىلىدە تاماكا چېكىشنىڭ ئورنىغا نىكوتىنلىق مەهسۇلاتلارنى ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى ، نىكوتىننىڭ قورساقتىكى بوۋاققا بولغان تەسىرىنىڭ تاماكىدىن ناهايىتى زور دەرىجىدە تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ ، ئۆز مەهسۇلاتلىرىنىڭ بازىرىنىڭ كاساتلىشىپ كەتمەسلىگىگە تىرىشىدۇ . دەسلىۋىدە بۇ سەپسەتىلەرنى قوللىغان تەتقىقاتچىلار كېيىن قوللاشتىن يېنىۋالغان هەم ئۇنىڭغا قارشى بەزى ماقالىلارنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ هەر خىل تەجرىبخانىلارنىڭ تەتقىقات شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىغى تۈپەيلىدىن خۇلاسىدە بىرلىككە كېلىش تەس بولىدۇ . دوكتۇر ئەلقەم تۇرسۇن شۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ ، نىكوتىننى تەتقىق قىلىش جەريانىدا تالاش تارتىش قىلىۋاتقان هەر خىل مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ هەجىملىك بىر تەجرىبە لايىهىلەپ، هامىلدارلىق مەزگىلىدە نىكوتىن

www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىشنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى بوۋاقنىڭ روھى ۋە ئەقلىي پائالىيىتىگە بولغان تەسىرى ھەم ئۇنىڭ مېخانىزىمىنى تەجرىبىخانا ھايۋاناتلىرىدا تەتقىق قىلدى . تەتقىقات نەتىجىسى ھامىلدار ۋاقتىدا نىكوتىن ئىشلىتىش (ياكى تاماكا چېكىش) نىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرى ئارىسىدا ئۆچۈر يەتكۈزۈپ زىرەكلىكىگە كاپالەت بولىدىغان نورئادرېنالىن دەپ ئاتىلىدىغان ماددىنىڭ ئەملى ئىشلىتىلىشنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغانلىقىنى ، بۇ ئارقىلىق دىققىتى چېچىلاڭغۇ بولۇش ، ئەنسىزلىك ھىس قىلىش ، ئۆز-ئارا ئىجتىمائى مۇناسىۋىتى پاسسىپ بولۇش قاتارلىق ئاجىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى . بۇ تۇغرۇلۇق ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنىڭ بىرسى مەخسۇس ياخشى ماقالىلارنى تونۇشتۇرىدىغان «يۇقىرى نۇرلۇق تەتقىقات» (highbeam research) ناملىق پەننى گېزىتتە تونۇشتۇرۇلدى . دوكتور ئەلقەم مۇشۇ تاماكىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلالىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ .

2010-يىلى ئامېرىكىغا كېلىپ ، ساغلاملىق پەنلىرى غەربى ئۇنىۋېرسىتېتى ( Western University of Health Sciences) غا دوكتور ئاشتى تەتقىقاتىغا كېلىپ ، ئۆزى ئۆزۈندىن بېرى قىزىقىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى قەرەللىك قوستۇرۇش ئارقىلىق مېڭە ساغلاملىقىنى ساقلاش ۋە مىجەزىنى تەڭشەش ئۇسۇلىنىڭ (ئۇيغۇر تىبابىتى دەرسلىكىدە 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە دېيىلىدۇ) ھازىرقى زامان ئىلمى ئاساسى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ . ھەم ئاشقازان ئۈچەي غىدىقلىنىپ ھايۋان قوستۇرۇلغاندا ، ھايۋاننىڭ مېڭە غولىمۇ (نۇرغۇنلىغان نېرۋا فونكتسىيە مەركەزلىرى جايلاشقان ۋە ئۆتۈشىدىغان ئورۇن) غىدىقلىنىپ ، يەرلىك ئورۇندىكى مېڭە ھۈجەيرىسىدىكى 2-ئۈچۈرچى دەپ ئاتىلىدىغان cAMP مىقدارىنىڭ يۇقىرىلايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نىشان مالىكولىسى PKA (نېرۋا ھۈجەيرىسىنى قوغداش رولىغا ئىگە ئاقسىل) نىڭ ئاكتىپلىغىنىڭ ئاشىدىغانلىقىنى بايقايدۇ . بۇلارنىڭ مېڭىدىكى ئازلىشى بولسا روھسىزلىنىش ۋە ئۇنتۇغاقلىق كېسىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، بۇلارنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق بۇ كېسەللەر داۋالىنىدۇ . ئەجدادلارنىڭ كۆزۈتۈش خۇلاسىسىنىڭ نەقەدەر ئىنچىكە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ . بۇنداق قوسالايدىغان ھايۋان مودېلى كۆپ ئەمەس بولۇپ ، ئامېرىكىدا مۇشۇ تەجرىبەخانىدىلا ئىشلىتىلىدۇ . شۇڭا يۇقىرىدىكى ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئائىت تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەلۇم شارائىت چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ (ھايۋاننىڭ تېنى كىچىك بولغاچقا) . شۇڭا ئۇ يەنە بۇرۇنقى كەسپىگە قايتىپ ، ئەلىزخايمېر كېسىلىنىڭ قان تومۇر پاتالوگىيىسى ۋە ئىمونىت سىستې-مىسىغا ئائىت تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . ھازىر شۇ مەكتەپتە «يېتىلگەن مېڭىدىكى غول ھۈجەيرە» تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، راك كېسىلىنى داۋالاشتىن كېيىنكى ئۇنتىغاق بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، راكقا قارشى دورىلارنىڭ مېڭە غول ھۈجەيرىسىدىن باشلاپ يېتىلگەن نېرۋا ھۈجەيرىسگىچە بولغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە مېخانىزىمى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ ۋە ماقالىلىرىنى ژورناللارغا يوللاۋاتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن نىكوتىنغا يولۇقۇشنىڭ ئۆسمۈرلۈك ، ياشلىق ، ياشانغان چاغدىكى مېڭە غول ھۈجەيرىسىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . ئۇ ھازىر ئامېرىكا نېرۋا پەنلىرى جەمىيىتىنىڭ ئەزاسى . ئۇ يېقىندا پسىخوفارماكولوگىيە (Psychopharmacology) ژورنىلىنىڭ قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنقى ماقالىلارنى كەسپى جەھەتتىكى باھالىغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى .

ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئايالى دوكتور زوھرە تۇمۇرمۇ شۇ مەكتەپتە راك ئىلمى بويىچە دوكتور ئاشتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، راك ھۈجەيرىلىرىنىڭ تارقىلىش مېخانىزىمىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلغاچ ، ئۇيغۇر تىبابەت دورىلىرىدىن بادرەنجى بۇيا ۋە باشقىلارنىڭ راكقا قارشى ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ . بۇ ئىككى دوكتور ئۇيغۇر تىبابەت تەتقىقاتىغا داۋاملىق تۆھپە قوشقۇسى .

ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ساغلاملىق ۋە بەخت تىلەيمەن .

**پايدىلىش ماتىرىيالى:**

1. دوكتۇر ئەلقەم تۇرسۇننىڭ ئىلمى ماقالىلىرىنى ئامېرىكا تىببى پەنلەر كۇتۇپخانىسىنىڭ تۋەندىكى ئۇلىنىشىدىن تاپالايسىز :
http://www.ncbi.nlm.nih.gov/pubmed/?term=Alkam+Tursun

2. سالىدومايىدىنىڭ ئامېرىكىدىكى كىلىنىكىلىق تەتقىقات ئۇچۇرىنى تۋەندىكى ئۇلىنىشتىن تاپالايسىز.
http://www.alzforum.org/therapeutics/thalidomide

# ئەلشىر نەۋائى




شەرق شېئىرىيىتىنىڭ ئاجايىپ جىلۋىدار گۈلتاجى ، ئىجادى بىلەن جاهانغا تونۇلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ شانلىق ئىپتىخارى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋائى **1441** ـ يىلى **9** ـ فېۋرالدا هىراتتا تۇغۇلغان . يەتتە يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن . ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى ناهايىتى كۆپ بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە «خەزائىنۇل مەئانى» ناملىق دىۋانى بىلەن «خەمسە» ناملىق داستانلار توپلىمى ئالاهىدە ئورۇن تۇتىدۇ .

ئەلشىر نەۋائى بىر ئۆمۈر بالا ـ چاقىسىز ئۆتكەن . بۇنىڭ شەخسى ۋە سىياسى سەۋەپلىرى بار ئىدى. ئۇ 7 ياش چېغىدا شاهرۇھ مىرزا ئۆلۈپ كېتىپ، شاهزادىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش جېدىلى كۆتۈرۈلۈپ ، كىشىلەر ئامانلىق ئىزدەپ تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن ئىدى . غىياسىدىن(نەۋائىنىڭ ئاتىسى) ئائىلىسىمۇ ئىراققا كۆچۈپ بېرىپ 3 يىلچە ياشىغان . ئەلشىر نەۋائى **12** ياشقا كىرگەندە ئاتىسى غىياسىدىن(بۇ چاغدا قايتىپ كېلىپ بىر ناهىيىگە هاكىم بولغان ئىدى) ۋاپات بولۇپ ، نەۋائى ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىدا قالغان . نەۋائى**15** يېشىدا هۆسەيىن بايقارا بىلەن بىرگە ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان . **1458** ـ يىلى پايتەخت سۇلتان ئەبۇ سەئىد تەرىپىدىن ئىگەللەنگەندىن كېيىن ئوبۇلقاسىم بابورنىڭ ئەرباپلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان . شۇ قاتاردا ئەلشىر نەۋائىنىڭمۇ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ ، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىغى ئۈچۈن سەمەرقەنتكە كېتىشكە مەجبۇر بولغان . دېمەك ئەلشىر نەۋائى يىگىتلىك چېغىدا سىياسى ۋە ئىقتىسادى جەهەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان . ئەلشىر ناۋائى هىراتتا تۇرغان **18** ـ **19** ياش مەزگىللىرىدە دۆلەتمەن ئائىلىلەردىن بىر كىمنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان ۋە يىگىت ـ قىز ئوتتۇرىسىدا ئىشق ـ مۇهەببەت رىشتى باغلانغان . بۇ ئاشىق ـ مەشۇق ئارىسىدا خەت ـ ئالاقە ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن . بۇ هەقتە ئەلشىر نەۋائىنىڭ غەزىلىدە ئېنىق بايانلار بار . بۇ يەردە ناۋايىنىڭ تۋەندىكى شېئىرىنى مىسال سۈپىتىدە كۆرۈشكە بولىدۇ :

بىر كۆرۈپ هەسرەتتە قالدىم ئول پەرى رۇخسارىنى ،
ئىككى كۆرسەم دەپ تىلەيمەن كۆزلەرى خۇمارىنى.
ئۈچ كۆرۈپ جان بەرسەم شەهدۇ ئىشقىمەن،
تۆت كۆرۈشكەندە سالۇرلەر خەنجەرى تەييارىنى.
بەش كۆرۈشمەكلىك بىلە يۈزىگە خالۇ جانغادۇر،
ئالتە كۆرگەندە تىلەرمەن قابىزۇل ئەرۋاهىنى.
يەتتە ئىقلىمدا سېنىڭدەك كۆرمىدىم نازۇك بەدەن،
سەككىز جەننەتكە بەدەل قىلغايمۇ سەندەك يارىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توققۇز ئۆرگۈلسەم يېنىڭدىن، تاكى جانىم تەندە بار،
ئون قولۇم بىرلە تاۋاپ قىلسام نىگارىم يايىنى.
ئون بىر ئاي بولدى ناۋايى يارىدىن ئايرىلغىلى،
ئون ئىككى ئاي——بىر يىل ئىچرە كۆرمىدىم غەمخارىنى.

بىراق ئەلىشىر ئىشىق كويىغا كىرگەن ۋاقىتلاردا ئۇ ھىراتتا ئىگە ـ چاقىسىز ، باش پاناھسىز بولۇپ قالغان ئىدى . بۇ غۇربەتچىلىك ئۇنىڭ ئىشق ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا چوڭ توسقۇنلۇق قىلدى . دېمەك، «باي ـ بايىنىڭ قاياشى» بولغان ئۇ زاماندا ، نەسەپ ، مەرتىۋە سۈرۈشتۈرىدىغان ئائىلىدە ئۆسكەن بۇ قىز ناۋائىغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ ، ئۆزگە ئوخشاش دۆلەتمەن ئائىلىگە ياتلىق بولۇشنى راۋا كۆرىدۇ .

نەۋائى بىرىنچى قېتىم ۋەدىلەشكەن مەشۇقى ۋاپاسىزلىق قىلغاندىن كېيىن «فەقىرلەر» (نامراتلار) دىن لايىق تاپىدۇ . ئەپسۇسكى نىكاھلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ . چۈنكى بۇ لايىغى تويۇقسىز تەگكەن كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ناۋائى ھاياتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئۆيلەنمەيدۇ ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ .

بۇ جەھەتتە كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى كىتاپلىرىدا باشقا كىلاسسىك شائىرلارنىڭ نەۋايىنىڭ 63 پارچە كىتاۋىنى ئوقۇغانلىغى ، مەدرىسىلەردە دەرسلىك قىلىنغانلىغى قەيت قىلىنىدۇ . بۇ ھەقتە خوتەنلىك ئالىم مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسقيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) ناملىق ئەسىرىدە نەۋايىنىڭ 63 پارچە كىتاپ يازغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ . شائىرىمىزنىڭ بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن ئەسەرلىرى قانچىلىك ، بۇ ئېنىق ئەمەس ، بىزگە قول يازما ۋە تاش باسما ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:

**دىۋانلار**

«غەرايىبۇس سىغەر» (باللىق غارايىباتلىرى) ، «نەۋادىرۇش شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) ، «بەدايىئۇل ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) ، «فەۋائىدۇل كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىقلىرى) ، «دىۋانى فانى» (فارسچە توپلام) ، «خەزائىنۇل مەئانى»دىكى تۆت دىۋاننىڭ ھەر ـ بىرىدە 650 تىن جەمئىي 2600 غەزەل ، 210 قىتئە ، 133 رۇبائىي ، 86 فەرد ، 5 مۇئەمما ، 13 تويۇق ، 10 مۇخەممەس ، 10 چىستان ، بەش مۇسەددەس ، تۆت تەرجىبەند ، تۆت مۇستەھزاد ، بىر مۇسەممەن ، بىر تەركىبەند ، بىر قەسىدە ، بىر مەسنەۋى ، بىر ساقىينامە بولۇپ ، شەرق شېئىرىيىتىدىكى شېئىرىي شەكىللىرىنىڭ 16 خىل تۈرى بار.

**خەمسەلەر**

«ھەيرەتۇل ئەبرار» (ياخشىلارنىڭ ھەيرانلىغى) ، «فەرھاد ـ شىرىن» ، «لەيلى ـ مەجنۇن» ، «سەبئەئى سەييارە» (يەتتە دوست) ، «سەددىي ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر سېپىلى) ؛

پارس ئەدەبىياتىدىكى خەمسەچىلىككە جاۋابەن تۈركىي تىل ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم يارىتىلغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى بۇ تىلنىڭ ناھايىتمۇ باي ۋە چەكسىز ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە تىل ئىكەنلىگىنى دەلىللىگەن . 52 مىڭ مىسرادىن تەركىپ تاپقان بۇ يىرىك ئابىدە 15 ـ ئەسىر ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ تەبىئەت ، ئىنسان ، جەمئىيەت ، ئەخلاق ۋە كامالەت ھەققىدىكى ئۆزگە خاس قامۇسىدۇر .

**تىل ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر**

«رىسالەئى مۇئەمما» (تېپىشماقلار ھەققىدە) ، «مىزانۇل ئەۋزان» (ۋەزىنلەر ئۆلچىمى) ، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» (ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە)؛

**تەزكىرىلەر**

«مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر سورۇنى) ، «نەسائىمۇل مۇھەببەت» (مۇھەببەت شامالليرى)؛

**دىنىي، ئەخلاقىي ۋە پەلسەپەگە دائىر ئەسەرلىرى:**

«مۇناجات» ، «چىھىل ھەدىس» (قىرىق ھەدىس) ، «نەزمۇل جەۋاھىر» (نەزمىلەر جەۋھىرى) ، «لىسسانۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ، «سىراجۇل مۇسلىمىن» (مۇسۇلمانلار چىرىغى) ، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» (كۆڭۈللەر دوستى) ؛

**تەرجىمھال ئەسەرلەر:**

«ھالاتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر» ، «خەمسەتۇل مۇتەخەييەرىن» (كېچىكىپ يېزىلغان خەمسە) ، «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەت» ؛

**تارىخى ئەسەرلەر**

«تارىخى مۇلكى ئەجەم» (ئىران تارىخى) ، «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكۇما» (پەيغەمبەر، پەيلاسوپلار تارىخى) ؛

**مەكتۇپلار:**

«مۇنشائات» (مەكتۇپلار توپلىمى) ، «ۋەقفنامە» ؛

بۇلاردىن باشقا ، بەزى مەنبەلەردە كۆرستىلىشچە ، ئەلشىر نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئۆز قەسىدىلىرىنى توپلاپ ، «فۇسۇلى ئەربەئە» (تۆت فاسىل) ۋە «لىستەئى زەرۋۇرىيە» (ئالتە زۆرۈرىيەت) ناملىق ئىككى توپلام تۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن . بۇلاردىن باشقا «رىسالەئى مۇفرەدات دەرفاننى مۇئەمما» دېگەن ئەسىرى بولغان . «نەسرۇل لەئالى» نى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان .

ئەلشىر نەۋائى ئۇلۇغ تىل ئۇستىسى ئىدى، چەتئەل ئالىملىرى نەۋائى ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن تىل بىلەن دۇنيادىكى بىر قىسىم داڭلىق ئەدىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ سانىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارغا قارىغاندا نەۋائى ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىگىنى بايقىغان.

نەۋايى بىزدىن ئايرىلغىلى 5 ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ، شائىرنىڭ دىللارغا ھوزۇر بېغىشلىغۇچى ئوتلۇق غەزەللىرى ، قەلبلەرنى نۇرغا تولدۇرغۇچى ھېكمەت دۇردانىلىرى ، پەلسەپۋى ئىدىيە تەشەب-بۇسلىرى بىزنى ھەر ۋاقىت ئەڭ ئالدى بىلەن ياراتقۇچىنىڭ بىرلىگى ۋە بارلىغىغا ئىمان كەلتۈرۈشكە ، ئۆزىمىزنى قەدىرلەشكە ، ئىنساندەك ياشاشقا ، ۋەتەننى سۆيۈشكە ، ئىلىم - مەرپەت ئىگەللەشكە ، شاھ-ئەمەلدارلارنى ئادىل بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ ھەمدە مۇھەببەت - ئىشقىنىڭ ساپ بولىشىغا چاقىرىق قىلىدۇ. . .

قىسقىسى، نەۋائى «ئىنسان» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ!

# ئەنجانباي

ئەنجانباي 1906 - يىلى ئەنجاندا تۇغۇلۇپ ، يەتتا ياشقا كىرگەندە تاشكەنت 10 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ . 1918 - يىلى 5 - سىنىپنى پۈتكۈزۈپ ، 1919 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە 1920 - يىلدىن 1923 - يىلغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ . شۇ مەزگىلدە تاھىر ، زاھىر دىگەن ئىككى ئاكا - ئۇكا قىرغىز بىلەن دوست بولۇپ ، ئۇلاردىن قارىغا ئېتىش ، ئات ئۇستى ماھارىتى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۇستا مەرگەن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ . قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۈچىيىشى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ، ئۆمەر داموللا ئەسكەر ئالىدۇ . ئەنجانباي ئۆمەر داموللىغا فوگۇەن بولۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ، ئوپال، بۇلاقسۇ ، تاشمىلىق ، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ . بىراق ، ئۆزاققا قالماي ئەسكەرلەر تارقىتىۋېتىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئەنجەنباي ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ .

1939 - يىلى ئەنجانباي ئەمەت بۆرە دېگەن بەگنىڭ ئوغلى خەلپەت بىلەن بولغان جەڭگى -

www.uyghurkitap.com



جېدەلدە قولغا ئېلىنىپ ، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جىنايەتچىلەرگە چوڭ كەچۈرۈم قىلغاندا قويۇپ بېرىلىدۇ . 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تاشقورغان قوزغىلاڭچىلىرى ئوپالغا كېلىدۇ . ئەينىدىن ، جامالىدىن قاتارلىقلارنىڭ ئەسكەرلىككە كىشى قوبۇل قىلىش تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە ئەنجانباي ئەسكەرلىككە يېزىلىدۇ . شۇ كۈنى ئەنجانباينىڭ ئىنىسى قادىرخان ، سىڭلىسىنىڭ ئوغلى ئېزىز ، شۇنداقلا ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى بولۇپ يەتمىش نەچچە ئادەممۇ ئەسكەرلىككە يېزىلىدۇ . 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەنجانباي گومىنداڭغا قارشى تۇنجى جەڭنى باشلايدۇ ۋە ئوپال يېزىلىرىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ . گومىنداڭ تەرەپ 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چەش تاققا تۇەنجاڭ باشچىلىقىدا 700 ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرىدۇ . ئەنجەنباي 10 ئەسكىرى بىلەن كېچىدە چەش تاغقا ھۇجۇم قىلىپ ، چەش تاغدىكى گومىنداڭنى پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ . ھەتتا ئوپال، تاشمىلىق بېگى ئەمەت بەگ بېقىۋاتقان 70 مەرگەنمۇ تۇگىشىدۇ . شۇ چاغدا قوماندانلىق ئەنجانبايغا پولك قۇرۇش ئىجازىتى بىلەن پود پولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىدۇ.

بۇ كۈنلەردە تاشقورغان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قوماندانلىق باش شتاۋى قىسىملارغا «تاغ رايونىنى ساقلاش ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلماسلىق بۇيرۇقى كۈتۈش»توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ . جۈملىدىن ئويتاغ لىنىيىسىدىكى قىسىملارمۇ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرىدۇ . بۇ يىللاردا ئەنجانباينىڭ قول ئاستىدا 70 تىن ئارتۇق قوراللىق ، 40 تەك قورالسىز كىشىلەر بار ئىدى .

زەينىدىن ئەسلىدە ئەمەت بەگنىڭ ئادىمى بولۇپ ، ئەنجەنباينىڭ قىسمىغا سوقۇنۇپ كىرىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ ۋە يالغان خەۋەر بېرىپ ، ئوپال لەڭزىدە گومىنداڭ قىسمىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىدۇ . بۇنىڭغا ئىشەنگەن ئەنجانباي يارامىلىق 30 ئادەم بىلەن ئوپال لەڭزىگە قاراپ ماڭىدۇ . ئەمما يولدا بۆكتۈرمە قىلىنغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچراپ قىسمىدىن ئايرىلىدۇ ، ئۆزىمۇ قوربان بولىدۇ . گومىنداڭ جاللاتلىرى ئەنجانباينىڭ بېشىنى كېسىپ سازايى قىلىدۇ . كېيىن ئەنجانباينىڭ سىڭلىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېلىپ كىلىپ دەپنە قىلىدۇ . ئەنجانباي ۋاپات بولغاندىن كېيىن گومىنداڭـ ـچىلار ئۇنىڭ قالغان ئەسكەرلىرىنى قىرىپ تاشلايدۇ.

# ئەنۋەر ناسىرى



بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى ياش يازغۇچى ، ئەدەبىيات تەشكىلاتچىسى ، ئىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قىزغىن پەرۋىشكارلىرىدىن بىرى بولغان ئەنۋەر ناسىرى 2015 ـ يىل 18 ـ نويابىر چۈشتىن كېيىن ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت 4:00 لەردە غۇلجا شەھرىدە 46 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى ، ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!

تۆۋەندىكى پارچە مەرھۇم ئەنۋەر ناسىرنىڭ ئۆمۈر بايانى ھەققىدە 19 ـ نويابىردىكى جىنازا نامىزىدا ئوقۇپ ئۆتۈلگەن مۇسىبەتنامىدىن ئارىيە:

مۆھتەرەم جامائەت!

خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئەدەبىيات تەشكىلاتچىسى، ئىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىزغىن پەرۋىشكارلىرىدىن بىرى ، ئاپتونوم رايونىمىزدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ياش يازغۇچى ئەنۋەر ناسىرى 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاختى سائەت تۆتتە غۇلجا شەھرىدە يۈرەك ۋە قان بېسىم كېسىلى سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇ بۇ يىل ئەمدىلا 47 ياشقا كىرگەن ئىدى . ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغىلا ئەمەس ، بەلكى ھەممەيلەنگە ئېغىر مۇسىبەت ئېلىپ كەلدى .

مەرھۇم كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى ئىلدىلا ئەمەس ، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىگە ناھايىتى تېز تارقالدى . ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن مجىت ناسىرى ، غوجىخان ھاكىموۋ ، ئوبلاست ـ شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەردىن زۇنۇن ئەكبەر ، جالالىدىن كامال ، ئابلىكىم نۇرامبەگ ، نەبى ئەمەت ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئازات سۇلتان ، مۇئاۋىن رەئىسى غەيرەت ئاسىم ، پىشقەدەم ئەدىپلىرىمىزدىن مەتىمىن ھوشۇر ، ئابلىمىت سادىق ، غوجىئەخمەت يۇنۇس ، ئالىمجان ئىسمايىل ، ئۇرۇمچىدىكى قەلەمكەش دوستلىرىدىن پەرھات ئىلياس، ئابلىكىم ھەسەن، ئەيبۇ ياقۇپ ، ئىلغارجان سادىق قاتارلىقلار ، ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەر تەزىيە تېلگىراممىسى ئەۋەتىپ مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا بولغان چوڭقۇر قايغۇسىنى ئىپادىلىدى .

مەرھۇم ئەنۋەر ناسىرى 1969 ـ يىلى 1 ـ ئايدا توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ دۆڭمەھەللە يېزىسى دۆڭتام كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن . باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى يۇرتى توققۇز تارا ناھىيىسىدە تاماملاپ ، 1987 ـ يىلى شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان . 1989 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان .

مەرھۇم ئەنۋەر ناسىرى تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا ياشايتتى ، ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆيۈنەتتى ، بولۇپمۇ ھەمرىيى ۋە پەرزەنتلىرىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قوياتتى ، ئۇ جەمئىيەتتە ياخشى پۇقرا ، خىزمەتتە قابىل كادىر ، ئائىلىدە مەسئۇلىيەتچان ئائىلە باشلىقى ، كۆيۈمچان ئەر ، مېھرىبان ئاتا ئىدى . قېرىنداشلىرى ، ئاچا ـ سىڭىللىرىغا ياخشى ئۈلگە بولغان ئىدى . ئۇ دوستلۇقنى قەدىرلەيتتى ، مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئېنىق ئىدى . ئۇنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئائىلە ئەزالىرىنىلا ئەمەس ، ئەترا ـ پىدىكىلەرنىمۇ كۈچلۈك تەربىيىگە ئىگە قىلغان ئىدى.

ئۇ ئەدەبىياتقا بولغان قىزغىن ئىشتىياقى ۋە مۇھەببىتى تۈرتكىسىدە قولىغا بالدۇرلا قەلەم ئېلىپ، ئۆزىنى ۋە ئەل ـ يۇرتىنى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئىپادىلەش سەپىرىنى باشلىغان . ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى 1986 ـ يىلى ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرى ئىزچىل ئېلان قىلىنىپ كەلدى .

ئەنۋەر ناسىرى كۆپ ژانىردا قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان ئەدىپ بولۇپ ، ھېكايىلىرىدىكى ئىنچىكە تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق رېئاللىقنىڭ ئەڭ تەخىرسىز نۇقتىلىرى ئۈستىدە كىشىنى ئويغا سالىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ . پوۋېستلىرىدا ئىلى توققۇزتارانىڭ سېھىرلىك ھېكايەتلىرى سۆزلىنىدۇ . ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ئەتراپىمىزدىكى كىمدۇر بىرسىگە ئوخشاپ قالسا ، ئۇ ياراتقان ئايال پېرسوناژلار ئوبرازى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئۆزگىچە خاراكتېرلىنىدۇ . نەسرلىرىدە ھايات گۈزەللىكى ، مېھرى ـ مۇھەببەت ، بالىلىق شوخلۇقلىرى سۈرەتلەنسە ، بالىلار ھېكايىلىرىدا بالىلارنىڭ ساددا ، ساپ قەلبى ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى جۇلالىنىدۇ . ئەدەبىي ئاخباراتلىرى بىزنى ھاياتقا توغرا قاراشقا ، ئۈمىد بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدۇ .

ئاپتورنىڭ «خۇدانىڭ غەزىپىنى ئۇنتۇش» ناملىق ھېكايىسى تۇنجى قېتىملىق ئىلى «غۇنچە» مۇكاپاتىغا ، «قۇشقاچلار ئۇچۇپ كەتتى» ناملىق ھېكايىسى 2 ـ قېتىملىق «ئىلى دەرياسى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا، «خلۋەتتىكى مەھەللە» ناملىق پوۋېستى 14 ـ قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ـ غا، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدە تۆھپىكار ئاپتور مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . «ئەنسىز ئادەم» ، «مېنى كىچىك كۆرمىگىن» ناملىق كىتاپلىرى نەشر قىلىپ تارقىتىلغان . «ئەنسىز ئادەم» ناملىق ھېكايىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان. «سۇنغان قانات» ناملىق ھېكايىسى ئۇيغۇرچە ، قازاقچە تولۇقسىز قىسىم ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن . بىر پارچە ئەسىرى كىنو قىلىپ ئىشلەنگەن . ئۇ ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ، ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى . «خلۋەتتىكى مەھەللە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشرگە تاپشۇرۇلغان، «لاي قەلئە» ناملىق كىتاۋى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە ئىدى .

www.uyghurkitap.com



مەرھۇمنىڭ ئەسەرلىرىدىن «بەيتۇللانىڭ ئەزان مۇنارى» ناملىق ئەسىرىدىن ئارىيە:

بىر... ئىككى... ئۈچ...

ئاستاغىنا ئۆتۈپ بارىمەن قوش قانتى ئەزان مۇنارىنىڭ يېنىدىن . بەيتۇللانىڭ ئەزان مۇنارى تارىخنىڭ نەقىش گۈللىرى .

ئىھ ، مۇناردا تارايدۇ مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى . ئېتىقادلىق ، مۆمىن پۇقرانى ئاگاھلاندۇرۇپ پەرىزنى ئادا قىلىشقا ، گۇناھلاردىن نىرى تۇرۇپ تىنچ ، ئىناق ، بەرىكەتلىك ياشاشقا ئۈندەپ .

بەيتۇللانىڭ ئەزان مۇنارى!

چىيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 38 ـ يىلى ئاپىرىدە بولغان بەھەيۋەت ، بۇندىن مۇقەددەم 240 يىل بۇرۇن تىكلەنگەن بولسىمۇ ، يىللار بورىنى ، قار ۋە يامغۇرى ، تومۇز ئىسسىقلىرىدا ئۆزگەرمىدى ئاشۇ قىياپەت .

بەيتۇللانىڭ ئەزان مۇنارى!

بەش ۋاق نامازلىق بەندىلەرنىڭ بەش ۋاق سەجدىگاھى . ئۇندا توختىماس شۇنداق ھالال ئەمگەك ، ھالال تەردىن چىنار كەبى ياشاشقا ئۈندەپ .

بىر...ئىككى...ئۈچ

ئۆتۈپ بارىمەن بەيتۇللانىڭ ئەزان مۇنارى يېنىدىن جىمجىت...

# ئەنۋەر ھامۇت

دوكتور ئەنۋەر ھامۇت 1952 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان . 1960 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1969 ـ يىلى7 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 32 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ، 1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1971 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتۇەدە ئوقۇغان .

ئەنۋەر ھامۇت 1971 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خىزمەتكە قاتناشقان بولۇپ ، توقسۇن ناھىيە ئاۋانگارت (ھازىرقى غولبويى) يېزىسىنىڭ تەرجىمانى ، ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش ئىدارىسى ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ، ئاخبارات تەتقىقات كومتېتىنىڭ مۇدىرى ، ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى ، سابىق شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن . 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سانائەت ئىنستىتۇتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلـ ـگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئەنۋەر ھامۇت 1977 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يەر شارى فىزىكىسى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن . 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋە 2004 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئامېرىكا سېنتېنارى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى ۋە ئامېرىكا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان . ئەنۋەر ھامۇت ئالىي مەكتەپلەردە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىش جەريانىدا ، بىر تەرەپتىن ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈن كۆچ چىقارسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىزچىل ماگىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلارغا دەرس ئۆتۈپ ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەنمۇ ھارماي ـ تالماي شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە . ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش بويىچە ئۆلۈغچات ناھىيسىدىكى 6.8 بال يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىپ ، دۆلەت ، ئۆلكە مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىلگىرىلەش مۇكاپاتىغا ، يەنە بىر تۈردە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «نېفت ۋە دۆلەت بىخەتەرلىگى» ، «رەھبەرلىك ئىلمىدىن قىسقىچە بايان» ناملىق كىتاپلىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ زور تەسىر پەيدا قىلدى . شۇنداقلا ھەرقايسى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا «نېفت مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە سىياسىيغا

بولغان تەسىرى توغرىسىدا» ، «ئۇئارنىڭ ئەۋزەل بايلىقلىرىنىڭ ئۇنۇمى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ، «غەربىي رايونلارنى ئېچىش ۋە ئۇئارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھەققىدە تەتقىقات» ، «ئۇئارنىڭ غەربىي رايونلارنى ئېچىش جەريانىدىكى ئەۋزەللىكلىرى ۋە چەكلەش ئامىللىرى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق 22 پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ كەسپداشلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن .

ئۇ ھازىر جۇڭگو باشقۇرۇش پەنلىرى ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاكادېمىكى ، رۇسىيە ئالتاي چېگرا رايونى دۆلەتلىك سانائەت ئېنستىتۇتىنىڭ پەخرىي دوكتورى ، قازاقىستان شەرق سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ، جۇڭگو خەلقئارالىق مائارىپ ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر خەلقئارالىق ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزىنىڭ كېڭەش ئەزاسى ، 2002 ـ يىللىق خەلقئارالىق تىنچ ئوكيان مۇھىتىنى يىراقتىن تەكشۈرۈپ پەرق ئېتىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ پەخرىي مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ قوشۇمچە ئۆتىمەكتە .

# ئەھمەت زىيائى



ئاتاغلىق شائىر ، دراماتورگ ئەھمەد زىيائى ـ ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ ، 1913 ـ يىلى قەشقەرنىڭ يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ قۇمۇشئېرىق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1928 ـ يىلغىچە دادىسى موللاخۇن ھاجىمدىن بىلىم ئالغان ، موللاخۇن ھاجىم بىلىملىك زات بولۇپ ، ئەرەپچە ، پارىسچە كىتاپلارنى كۆپ ئوقۇغان ھەم ساقلىغان كىشى ئىدى. «خۇمۇلى» (بۇلۇڭدا ئولتۇرغۇچى) دېگەن تەخەللۇسدا ئەرەپچە ، پارسچە شېئىرلارنى يازاتتى . زېرەك ئەھمەد كىچىگىدىن باشلاپلا ئاتىسىنىڭ كىتاپ ـ لىرىنى كۆرەتتى ، ئاتىسى بىلەن شېئىر ـ قوشاقلار توغرۇلۇق پاراڭ ـ لىشاتتى . ئەھمەد زىيائى 10 يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن . 13 يېشىدا «نۇر» تەخەللۇسى بىلەن پارس تىلىدا يازغان «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى شۇ چاغدىكى ئىلىم ئەھللىرىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان ھەمدە قول يازما ھالىتىدە خەلق ئارىسىغا تارقالغان . 1935 ـ يىلى ئەھمەد زىيائى بۇ داستانىنى قايتا پىششىقلاپ «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئېلان قىلدۇرغان . ھەمدە شۇ يىلدىن باشلاپ «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىنغان . قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە چىقىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتى پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارىغا ، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلاتتى . بۇ گېزىت جاھالەتكە ۋە نادانلىققا قارشى كۈرەش قىلىشنى ئاساس قىلغاچقا خەلق ئاممىسىنى ئويغۇتۇش ، تەرەققىيات ۋە يېڭىلىققا يېتەكلەشتە غايەت زور رول ئوينىغان ئىدى ، شۇ سەۋەپتىن جاللات شىڭ شىسەي 1937 ـ يىلى قۇتلۇق شەۋقىنى تۈرمىگە تاشلاپ شۇ يىلى 10 ـ ئايدا مەخپىي ئۆلتۈرىۋەتكەن . شۇنىڭدىن باشلاپ «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ بارلىق ئىشلىرى زىيائىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن . ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ ، گېزىتنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلىغان . بۇنى بىلگەن شىڭ شىسەي ئەھمەد زىيائىنى خەتەرلىك دەپ قاراپ كۆز ئالدىدا نازارەت قىلىش ئۈچۈن 1943 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»گە يۆتكەپ ئاپارغان ، ئەھمەت زىيائى «شىنجاڭ گېزىتى»گە بارغاندىن كېيىن تۇرغۇن ئالماس ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ ، ئىدىيە جەھەتتە تېخىمۇ يۈكسىلىپ ئاجايىپ ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان . ئەھمەد زىيائىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىلغار ئىدىيىلەر شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەبىت سىياسىتىگە قارشى بولغاچقا ، 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ نۇرغۇن ئازاپلارنى تارتقان .

1947 ـ يىلى «ئون بىر بىتىم» مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر گېزىتى» نىڭ مەسئۇللىقىنى تاكى 1952 ـ يىلغىچە ئۆتىگەن .1947 ـ يىلى «تۇزىماس چېچەكلەر» ، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ، «لاداخ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يولىدا كارۋان» قاتارلىق كىتابلىرى بىراقلا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ ، ئەدەبىياتتىكى شۆھرىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەپ دۆلەتلىرىگە قەدەر تارقالغان . 1957 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن . مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ، تۈرمىلەرگە قامالغان. شۇ جەرياندا نۇرغۇن ئەسەرلىرى يوقاپ كەتكەن . 1980 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئىشقا ئورۇنلىشىپ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ هازىرقى زامان يەشمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشقان . ئەهمەد زىيائى ئازغىنا 60 يىلدىن ئارتۇق ئىجادىيەت هاياتىدا ئاساسلىغى شېئرىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئەمگىگى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات سېپىمىزنىڭ پەخرىگە ئايلانغان . بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ، جۈملىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى ئەهمەد زىيائىيسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . ئۇستازنىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيا ـ تىغا كۈچ قوشۇش ـ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ مۇهىم بۇرچى ، ئەلۋەتتە .

ئەهمەد زىيائىنىڭ ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە:

«گۈل ۋە بۇلبۇل» ( داستان ) ، 13 يېشىدا پارس تىلىدا يازغان .

«قارا كۆڭلەر، نۇرلۇق هايات» ( دراما) ، 1938 ـ يىلى يېزىلغان .

«خائىن ۋاڭ جىڭۋېي» (دراما) ، 1938 ـ يىلى يېزىلىپ ئوينالغان .

«رابىئە ـ سەئىدىن»( ئوپېرا) ، 1943 ـ يىلى يېزىلىپ ئوينالغان .

«تۇزىماس چېچەكلەر» (شېئىرلار توپلىمى) 1947 ـ يىلى«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلغان ، 1963 ـ يىلى يەنە مىسىردا ئەينەن نەشر قىلىنغان .

«لاداخ يولىدا كارۋان»(ساياهەت خاتىرىسى) ، 1947 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلغان ، شۇ مەزگىللەردە خەنزۇ ، ئېنگلىز ، رۇس ، ئوردۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان .

«رابىئە ـ سەئىدىن»(شېئىرىي رومان) ، 1985 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان . «ئەهمەد زىيائى ئەسەرلىرى» (شېئىرلار، سەهنە ئەسەرلىرى ۋە ماقالىلەر توپلىمى) ، 1987 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

«ئىلمىي ئابىدىلىرىمىز ئىجادچىلىرى ـ يۈسۈپ ۋە مەهمۇت»(تارىخىي داستان) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

«تۆت ئۆلۈپ ،بىر تىرىلىش» (رومان) ، يېزىشنى باشلىغان بولسىمۇ ، تاماملانماي قالغان.

«مەدەنىيەت ۋە يېڭى قۇرۇلۇش» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، 1943 يىل 15 ـ فېۋرال سانى.

«ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» ، «شىنجاڭ گېزىتى» 1943 ـ يىل نويابىردىكى هەر قايسى سانلىرى .

«ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدا بولغان خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى» ، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1954 ـ يىل 13 ـ ماي سانى

«ۋىجدان ۋە مۇهاكىمە» (پوبلىستىك ئەسەر) ، 1947 ـ يىلى«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلغان .

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئېقىمى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز» ، « شىنجاڭ گېزىتى» ، 1957 ـ يىل 31 ـ ماي سانى .

«كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىلىگى ۋە ئۇنىڭ چەت تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەر ـ يانى» ، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1984 ـ يىل 11 ـ سان .

«قۇتادغۇبىلىك كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئېنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1987 يىل 1 ـ سان .

«زەپەرنامە» ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلى ، 1957 ـ يىل 7 ـ 8 ـ 9 ـ سانى .

«قۇتادغۇبىلىك» ، (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تەييارلىغان) ، 1984 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى

تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان .
«غازات دەر مۇلكى چىن» ، جۇنەيد بەكرى بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان .
«رەۋزە تۇسسافا» ( دوستلار گۇلستانى) ، پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان .
«ئىسلام پەلسەپە تارىخى» ، تۇركچىدىن تەرجىمە قىلغان .
«قۇتادغۇبىلىك ئىندېكسى» ، تۇركچىدىن تەرجىمە قىلغان .
«قۇتادغۇبىلىك ئىنجۇمەنلىرى» ، تۇركچىدىن تەرجىمە قىلغان .
«بۇيۇك هۇن ئىمپىراتورلىغى تارىخى» ، تۇركچىدىن تەرجىمە قىلغان .
«تارىخىي رەشىدى» ، پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان .

يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن نەشرگە تەييارلانغان «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى ئابدۇرېهىم نىزارىنىڭ ئەسرى ، «زەپەرنامە» موللا شاكىرنىڭ ئەسرى . پارس ۋە تۇرك تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلەنگەن بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تەتقىقاتچىلار ئىچكى قىسىمدا پايدىلىنىپ كەلمەكتە . هازىر شائىرنىڭ ئىنىسى ئىمامهەسەن ئېگىشەهەر ناهىيىسىنىڭ قومۇشئېرىق يېزا قارادۆڭ كەنتىدە چوڭ مەسچىتنىڭ ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە . بىر سىڭلىسى ئاتىسى ياققان چىراقنى ئۆچۈرمەي ياشماقتا . پەرەنتلىرىدىن ئارسلان ئەهمەد شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە . قالغان ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى هەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولمىغاچقا تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمىدۇق . ئاتىسى موللاخۇن هاجىنىڭ قەبرىسى قارادۆڭ كەنت 6 ـ مەهەلـ ـلىگە جايلاشقان بولۇپ ، قومۇشلار ئۆسۈپ ، قەبرە گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەنلىكتىن پەرقلەندۈرۈشمۇ تەس . قەشقەرلىك داڭلىق شائىر تاهىر تالىپ ئۆزىنىڭ «سۆزۈك سۇلار قايسى بۇلاقتىن چىققان» ناملىق ماقالىسىدا بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئۈچ ئالىم توغرىلىق خېلى تەپسىلى توختىلىپ ، ئالىمنىڭ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى ئوڭشاش ، بۇ هەقتە ئومۇمىي خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى ئېپادىلىگەن بولسىمۇ هازىرغا قەدەر بۇ ئىشنىڭ رۇياپقا چىققىنى يوق . ئەمدىلىكتە پەقەت خەلقنىڭ ئاغزىدا موللاخۇن هاجى توغرىلىق نۇرغۇن رىۋايەتلەرلا تارقىلىپ يۈرمەكتە . يەنە يىللار ئۆتسە ئۇنىڭ قەبرىسىنىمۇ تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن .

بىزگە مەڭگۈ تۈگىمەس مەنىۋى بايلىقلارنى قالدۇرغان شائىر ، ئەدەبىياتشۇناس ، دراماتۇرگ هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆلمەس تۆهپىلەرنى قوشقان پىشقەدەم ئۇستازىمىز موللاخۇن هاجى ئوغلى ئەهمەد زىيائى هاجىم 1989 ـ يىلى 76 يېشىدا بىزگە تۈگىمەس مىراسلارنى قالدۇرۇپ بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى ، بۇ ئۇستازىمىزنى كەڭ خەلق مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ.

ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن تارتقان ئەلەمنى ،
شاهلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.
خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ ،
مىڭ يىللىق راهەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.

تۈلكىلىك قىلىپ هايات سۈرگىچە ،
شىرانە سۆۋلەت بىلەن ئۆلگۈلۈك.
ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئەي زىيا ،
يىغلىسا يىغلاپ كۈلسە كۈلگۈلۈك..

مانا بۇ شائىرنىڭ بىزگە قالدۇرغان يۈرەك سۆزى.
ئەمدى، ئەهمەت زىيائىنىڭ قىممەتلىك كۆڭۈل خاتىرىسىدىن قىسقىچە تونۇشتۇرما بېرىپ

ئۆتمەن:

بۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ :

**1) ئەدىپ ئانا تىلنىڭ ساپلىقىنى قوغدىشى كېرەك**

تىل بىر مىللەتنىڭ روشەن بەلگىسى . ئۆز تىلىنى يوقاتقان ھەر قانداق بىر مىللەت باشقا ھەر قانداق نەرسىسىنى ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ . ئەدىپ ـ تىل ئۇستىسى . ئۇنىڭ بۇرچى ئانا تىل بايلىقىنى قېزىش ، بېيىتىش ، گۈللەندۈرۈش ، ئۇنىڭ گۈزەللىگى ، ئەۋزەللىكلىرىنى نامايان قىلىش ، ئانا تىل ئارقىلىق ئەل يۇرتى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش . ئانا تىلنىڭ ساپلىقىنى قوغدىيالمىغان ئەدىپنى ھەقىقي ، پىشقان ئەدىپ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ . چۈنكى، ئانا تىلنى سۆيۈش ئۆز ئانىسىنى ، ئۆز مىللىتىنى ، ئەل ـ يۇرتىنى سۆيۈش بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن . ئانا تىلنى سۆيمىگەن ئادەمدىن باشقا سۆيۈشلەرنى كۈتكىلى بولمايدۇ . شۇڭا سىلەر ياشلار ئانا تىلنى ياخشى ئۆگىنىڭلار .




**2) ياشلارنى ئەيىپلەۋېرىش زىيانلىقكى ، پايدىلىق ئەمەس**

ئەھمەت زىيائى «ياش ئەدىپلەرگە ياردەم» دېگەن بىر يۈرۈش ماقالە ئېلان قىلىپ ، ياش ئەدىپلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى . شۇڭا ، ياشلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىلھام بېرىش زۆرۈر . "ياش" دېگەن سۆز جۇشقۇن ، ئالغا ئىنتىلىش ، يۇقىرى ئۆرلەش دېگەن مەنىگە ئىگە . ياشلار ھامان ئالغا ئىنتىلىپ ، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئىزدىنىپ تۇرۇشى كېرەك . بولمىسا جەمئىيەتمۇ ، ئەدەبىياتمۇ تەرەققىي قىلمايدۇ . ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى جۇشقۇن ، ھارماي ـ تالماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بولۇشى كېرەك . ياشلاردا تەجرىبىسىزلىك تۈپەيلىدىن بەزى نۇقسانلار بولىدۇ . لېكىن قايسى بىر پېشقەدەم ياشلىق چاغلىرىدا نۇقسان سادىر قىلمىغان؟! ھازىرمۇ قايسى بىر پېشقەدەم نۇقسانىم يوق دېيەلەيدۇ؟! شۇڭا ، ياشلارنى يا ئۇنداق ، يا مۇنداق نۇقسانى تۈپەيلى ئەيىپلەۋېرىش زىيانلىقكى ،

ھەرگىزمۇ پايدىلىق ئەمەس . ئۇلارغا زوروري - سەممىي ياردەم ، دېگەن ئىدى .

**3) ئالدى بىلەن چىن ئادەم بولۇشى كېرەك**

بەزى ئەدىپلىرىمىزنىڭ تىلى باشقا ، دىلى باشقا . ئەسلىدە ئەدىپلەر پەرىشتىلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىناتتى ، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى دەپ تەرىپلىنەتتى . ئۇلارنىڭ پاك ، سەممىيلىگىدىن شۇنداق ئاتالغان . ھازىر بەزىلەر ئۇنداق ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئەدىپ بولۇشىدىكى نىيىتى باشقا . ئۇلار نام - شۆھرەت ، مەنسەپ - ئەمەل ، مال - دۇنيا كۆزلىگەن ، ئەدەبىياتنى ئاشۇنداق مەقسەتكە يېتىشنىڭ پەلەمپىيى ، شوتىسى قىلىۋالغان . شۇڭا بەزىلەر چېقىمچىلىق ، پىتنە تارقىتىش ، مەزھەپچىلىك ، خۇشامەتچىلىك قىلىدۇ . بەزىلەر «دېھقان ئوغلىمەن» دەپ ۋارقىرايدۇ - يۇ ، پۇرسەت تاپسىلا دېھقاننى شۇلىدۇ . ئەدىپ بولماق ئانچە قىيىن ئەمەس . ئەمما چىن ئادەم بولماق قىيىن ، ھەقىقىي ئەدىپ بولاي دېگەن ئادەم ئالدى بىلەن چىن ئادەم بولىشى ، ھەممىنى ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرىشى كېرەك . چىن ئادەمنىڭ بەلگىسى پاك ، سەممىي ، ھالال بولۇش ، بىر ئىرادە تىكلەش ۋە ئۇنىڭدىن تايماسلىق ، تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولۇش ، باشقا قىلىچ كەلگەندىمۇ راست گەپ قىلىشتۇر . مۇشۇنداق ئادەم بولالىغان ئەدىپنىڭ ئەسىرى ئەل كۆڭلىگە ياقىدۇ . ئادىمىيلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، قايسى مىللەت بولىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئاساسىي تەلەپ ئوخشاش بولىدۇ . سىنىڭ ئادىمىيلىگىنىڭ ئەسىرىڭدىكى مىللىيلىك ئارقىلىق نامايەن بولسا ، ئاندىن باشقىلار ئەدىپ ھېساپلايدۇ .

# ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى

**(1110؟ - 1180؟) 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 13 - ئەسىرنىڭ** باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ ، قاراخانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەشھۇر شائىرلارنىڭ بىرى . بىزگە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتەنلەر بوسۇغۇسى) ناملىق بىرلا ئەسىرى يېتىپ كەلگەن . شائىرنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. داستاندا قوشۇمچە قىلىنغان بەزى شېئىرلاردىن ئىسمى ئەھمەد ، ئاتىسى مەھمۇد بولۇپ ، يۈكنەك دىگەن يەردىن ئىكەنلىگى ۋە كۆزىنىڭ تۇغما قارىغۇ ئىكەنلىگى مەلۇم .

قاراخانىيلار مەدەنىيىتى ۋە ئەدىبىياتىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۈچ كاتتا ئەسەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق»داستانى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىگى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ، شۇنىڭدەك دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە خارەكتىرلىكتۇر :

**بىرىنچىسى: بۇ** داستان قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان بىر تۇغما ئەما شائىر تەرىپىدىن يۈكسەك شجائەتلىك روھ بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، تىل ، دۇنيا قاراش ، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ، بەدىئىي مۇۋاپىقىيەت جەھەتتىن تۇپتىن يىڭىلىق يارىتىلغان ۋە بۇ جەھەتتە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى ياراتقان.

**ئىككىنچىسى: بۇ** داستان شېئىرى شەكىل، ۋەزىن، بەھىر جەھەتتىن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋىي شېئىر شەكلى بولغان خەلق قوشاقلىرى ئېچىدىكى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن «رۇبائىي» لىق تەلەپكە تامامەن ئويغۇن كېلىدىغان ، تۆتلۈكلەر بىلەن ئەرەپ ، پارس ئەدەبىياتىدىكى رۇبائىي شەكلى ئۆز - ئارا بىرلەشتۇرۇلگەن .

**ئۈچىنچىسى: بۇ** بۇداستان ئىجاد قىلىنىش جەريانىدا ئەدىپ ئەھمەد يۈكنەكى قەدىمكى دەۋر خەلق قوشاقلىرى، داستان، ئېپوسلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىش يولى بولغان مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىگىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ھاپىزلىق يولى بىلەن ئېغىزاكى ئىجاد قىلغان ۋە ئاۋام ئارىسغا شۇ يول بىلەن تارقاتقان .

**تۆتىنچىسى:** بۇ داستان تىل نوقتىسىدىن ئالغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا سادىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولغان ، ئانا تىلنى چەكسىز ئۇلۇغلىغان ئاساستا ئىجاد قىلىنغان ، شۇنىڭدەك ئەرەپ، پارس تىلى ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۇچرىغان .

**بەشىنچىسى:** بۇ داستان ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئەدىپلەرنىڭ ئىجادىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا ئىنساننىڭ ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۇلۇغلاشنى ، بۇنىڭغا يات بولغان ئىللەتلەرنى پاش قىلىشنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن . يۈكسەك دەرىجىدىكى دېموكراتىك خاھىش ، تىنچلىقپەرۋەرلىك ، خەلقپەرۋەرلىك ، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى ئىلگىرىكى ھەر قانداق دەۋردىكى ئەدىپلەرنىڭ ئىجادىيىتىدىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن . «بارلىق ئىنسانلار باراۋەردۇر» دېگەن ئىدىيىنى بەدىئىي ئەدەبىياتتا بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان .

**ئالتىنچىسى:** بەدىئىي مۇۋاپىقىيەت جەھەتتىن ئالغاندا ، خەلق ئېغىز تىلىغا ، خەلق قوشاقلىرىغا ئەڭ يېقىن ، ئاممىباپ ، جانلىق تىل قوللىنىلغان ، شۇنداقلا ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىجا- دىيەتلىرىدىكى مەجازىي ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش ئاساسىدا يېڭىدىن - يېڭى مەجازىي ۋاستىلەر يارىتىلغان .

**يەتتىنچىسى:** داستاننىڭ ئۇمۇمىي ئىجادىيەت خاھىشىدىن ئالغاندا يازما ئەدەبىيات تارىخىمىزدا تەنقىدى رېئالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى مۇۋاپىقىيەتلىك باشلاپ بەرگەن .

داستاننىڭ يۇقارقى مۇۋاپىقىيەتلىرى 13 - ئەسىردىن كېيىنكى گۈمانىزىم ئەدەبىياتىغا جۈملىدىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئانا تىلنى ئۇلۇغلاش خىسلىتىگە ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، دېموكراتىزىملىق دۇنيا قارىشىغا، ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن .

## «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ تولۇق تېكستى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ

### نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» ھازىرغىچە مەلۇم بولغان قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم يازما يادىكارلىق- لارنىڭ بىرى بولۇپ، مەزكۇر شېئىرىي ئەسەر «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەققەت ئىشىگى) ئەدىپ ئەخمەت يۈكنەكى تەرىپىدىن يېزىلغان . ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋختى ئېنىق ئەمەس ، بىراق ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە تىل خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ، ئۇنى 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، يەنى قاراخا- نىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئەسەر 14 باپ، 484 مىسرادىن تەركىپ تاپقان. ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان 3 پارچە شېئىرنى قوشقاندا 512 مىسرا بولىدۇ . ئەسەر ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يۈكسەك ماھارەت بىلەن يېزىلغان .

ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى «ئەدىپ ئەخمەت» دېگەن نام بىلەن ئاتايدۇ. ئەسەرگە ئىلاۋە قىلىنغان پارچىلاردا ئاپتور «ئەدىپ» نامى بىلەن ئاتالغاندىن باشقا ، بىر پارچىدا ئەدىپنىڭ يۇرتى «يۈكنەك» ئىكەنلىكى ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى «مەخمۇت يۈكنەكى» ئىكەنلىگى ئېيتىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتورنىڭ تولۇق نامىنى «ئەدىپ ئەخمەت بىننى مەخمۇت يۈكنەكى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ .

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» دىداكتىك داستان بولۇپ ، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەخلاقى ، پەلسەپۋىي قاراش- لىرىنى ئوبرازلىق شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ . ئاپتور ئىلىم - مەرىپەتكە ، بىلىم ئىلىش ئۈچۈن تىرىشقان كىشىلەرگە ، مەرتلىك ، ئادىللىق ، كەمتەرلىك قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە قىزغىن مەد- ھىيە ئوقۇيدۇ؛ بىلىمسىزلىك ، جاھىللىق ، خەسىسلىك ، ئاچكۆزلۈك ، تەكەببۇرلۇق قاتارلىق ئىللەت-

ـلەرنى قاتتىق ئەيىپلەيدۇ ۋە مەسخىرە قىلىدۇ . ئاپتورنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا زور ئىلغارلىققا ئىگە . لېكىن دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ، ئاپتور بىر مۇنچە پاسسىپ قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان . بىز بۇ ئەسەرنىڭ مۇنداق پاسسىپ تەرەپلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە .

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەش بىلەن بىرۋاقتتا، ئۇيغۇر تىلى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان تەرىپىدىن يېزىلىپ ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان بىر شېئىرىدا ئەسەر «قەشقەر تىلى» بىلەن يېزىلغان دەپ ئېنىق ئەسكەرتىلگەن . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قەشقەر تىلى بىلەن مەھمۇد قەشقىرى «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»تە تىلغا ئالغان «خاقانى تۈرك تىلى» ئەمەلىيەتتە بىر تىل بولۇپ، ھەر ئىككىسى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ . ئەسەردە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرى بىلەن چاغاتاي تىلى (14 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق تىلى) ئامىللىرىنىڭ ئارىلاش قوللىنىلغانلىقىنى، ئەسەر تىلىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن چاغاتاي تىلىغا كۆچۈۋاتقان ئۆتكۈنچى تىلنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكىنى كۆرىمىز . بۇ ھال ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تارىخىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركى تىللار ئىچىدىكى تارىخىي ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ 3 خىل قولىيازما نۇسخىسى بار: بىرى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ( ئا نۇسخا) بولۇپ 1444 ـ يىلى زەينۇل ئابىددىن، سۇلتان بەخت، ھۆسەيىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن سەمەرقەنتتە كۆچۈرۈلگەن . ھازىر بۇ نۇسخا ئىستانبۇلدىكى ئاياسوفيا (ئاياسوفيا) كۇتۇپخاـ نىسىدا ساقلانماقتا. ئىككىنچىسى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن ئەرەب يېزىغىدا قۇرمۇ ـ قۇر پاراللىل قىلىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (ب نۇسخا) بولۇپ، 1480 ـ يىلى ئابدۇلراززاق قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىستانبولدا كۆچۈرۈلگەن، بۇ نۇسخىمۇ ئىستانبولدىكى ئاياسوفيا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.
ئۈچىنچىسى، يالغۇز ئەرەب يېزىغىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (ك نۇسخا) بولۇپ بۇمۇ ئىستانبولدا كۆچۈرۈلگەن، بۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىق ئەمەس، بۇ نۇسخا ھازىر ئىستانبولدىكى توپكاپى سارىيى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا .

بۇ ئەسەر بەزىدە «ھەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر سوۋغىسى) دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ . بۇ نام ئەسەرنىڭ ب،ك نۇسخىلىرىغا بېرىلگەن نامدىن كېلىپ چىققان . ئەسەرنىڭ ئا نۇسخىسى باشقا نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن كونا ھەم تولۇق بولۇپ، شۇ نۇسخىدا ئەسەرنىڭ نامى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دېيىلگەنلىگى ھەم بۇنام ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر ئەسەر ئومۇمەن شۇ نام بىلەن ئاتالماقتا .

بىز كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ بولۇپمۇ تىل ـ ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشى ۋە پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى تۈركىيە تۈركولوگى رىشت رەخمەتى ئاراتنىڭ تەبيارلىشى بىلەن تۈركىيە ئاتەش نەشرىياتى تەرىپىدىن 1951 ـ يىلى ئىستانبولدا نەشر قىلىنغان نەشردىكى قولىيازما نۇسخىلىرىغا ئاساسەن ۋە رىشت رەخمەتى ئاراتنىڭ 3 خىل نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ توغرىلاش ئاساسىدا بېكىتكەن تېكستى ۋە تۈركچە تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىپ كونا ئۇيغۇر يېزىغىدا ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتۇق . سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقتىن كەمچىلىك خاتالىقلارنىڭ بولىشى تەبىئىي . بۇ جەھەتتە بېرىلگەن تەنقىدلەرنى سەممىي قارشى ئالىمىز .

تۆۋەندىكىسى تېكست تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى


**بىسمىللاهىر رەهمانىر رەهىم**

**1 ئاللانىڭ مەدهىيىسى ھەققىدە**

1 . خۇدا ساڭا كۆپلەپ مەدھىيە ئوقۇيمەن،
(دائىم) سىنىڭ رەھمىتىڭدىن ياخشىلىق كۈتىمەن .
2 . (سىنى) لايىغىڭدا مەدھىيىلەشكە مېنىڭ بۇ تىلىم يارارمۇ،
ئىقتىدارىمنىڭ بارىچە سۆزلەي، ماڭا يارى بەر .
3 . جانلىق، جانسىز، ئۇچقان، يۈگۈرگەن(ھەممە)نەرسىلەر،
سىنىڭ بارلىغىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ .
4 . سىنىڭ بىرلىگىڭگە دەلىل ئىزدىگەنلەر،
بىر ئىشتىن مىڭلارچە دەلىلگە ئىگە بولىدۇ .
5 . يوق ئىدىم، ياراتتىڭ، يەنە يوق قىلىپ،
ئىككىنچىلەپ بار قىلسەن، مەن بۇنىڭغا ئىقرار مەن .
6 . ئەي، شەك يولىدا يۈرگەنلەر، ئويغىنىڭلار،
كېلىڭلار، ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلارنى ئوتتىن قۇتقۇزۇڭلار .
7 . قادىر(ئاللا)تۈننى ۋە كۈندۈزنى ياراتتى،
(ئۇلار)بىر بىرىگە ماسلىشىپ ئالدىن - كېيىن ماڭىدۇ .
8 . (ئۇ)كۈننى كەتكۈزۈپ تۈننى كەلتۈرىدۇ .
تۈننى ھەم كەتكۈزۈپ قايتىدىن تاڭنى يارىتىدۇ .
9 . (ئۇ)ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ ھەم تىرىكنى ئۆلتۈرىدۇ ،
كۆرسەن، بۇنى ياخشى بىل .
10 . بۇ قۇدرەتنىڭ ئىگىسى بىر تەڭرىدۇر،
ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش - ئۇنىڭغا ئاساندۇر .

**2 . پەيغەمبەر مەدھىيىسى ھەققىدە**

11. ئەمدى پەيغەمبەر پەزلىدىن بىر ئاز سۆز ئىشتىڭلار،
سۆزۈمنى ئەقىل - ھۇشۇڭلار بىلەن ئاڭلاڭلار .
12 . ئۇ خەلق سەردارى، ئىنسانلارنىڭ قۇتلۇغىدۇر،
(شۇنى)بىلىڭكى، يارىتىلغانلارنىڭ(ئىچىدە) ئۇنىڭ تەڭ - تۇشى يوقتۇر،
13 . رەسۇللار ئاق يۈز(كېلىدۇ). ئۇ بولسا بۇ يۈزنىڭ كۆزىدۇر،
ياكى ئۇلار قىزىل مەڭىزلىكتۇر، ئۇ بولسا شۇ مەڭىزدىكى مەڭدۇر .
14 . (مەن) ئۇنى مەدھىيىلىسەم تىلىم تاتلىق بولىدۇ ،
(چۈنكى)ئۇنىڭ مەدھىيىسى مەن ئۈچۈن شەھدۇ - شىكەردۇر .
15 . ئەتە نۇرغا چۆمۈلسەم، قولۇمدىن تۇتقۇچى بولىدىغان،
ئۇ(رەسۇلغا)بۇگۈن مەندىن سالات ۋە سالام تەگسۇن .

**3 . تۆت ساھابە مەدھىيىسى ھەققىدە**

16 . يەنە چارىيارلارغا سالام يوللايمەن،
مەن ئۇلاردىن ھېچقاچان تانمايمەن .
17 . بىرى ئەتىق، (بىرى)فارۇق، ئۈچىنچىسى زىننۇرەيىندۇر،
تۆتىنچىسى ئەلى - قەھرىمان يىگىتتۇر .
18 . كىمكى بۇ تۆت يارەنگە بەد ئېتىقادلىق قىلسا،
مەن ئۇنىڭغا مىڭ لەنەت ئوقۇيمەن .

19 . ئىلاھى، كەچۈرگۈچى رەببىمسەن؛ مەن سىنىڭ ئالدىڭدا
قانچىلىك گۇناھكار قۇل بولساممۇ مېنى كەچۈرگىن .
20 . ھىممىتىڭگە ئىرىشسەم قۇتۇلمەن،
ئەگەر ئادالىتىڭنى قوللانمىساڭ، بۇ مەن ئۈچۈن پالاكەت بولىدۇ .

**4. بۈيۈك ئەمىر مۇھەممەد دات ئىسپەھسالار بەگ مەدھىيىسى**

21 . ئەي، تىل، مەدھىيىلەر ياراتقىن ۋە سۆزلىگىن، قىنى،
مەن ئۇنى شاھىمغا سوغا قىلاي .
22 . (مەن)شاھىم مەدھىيىسى بىلەن كىتابنى بىزەي،
ئوقۇغان كىشىنىڭ جېنى سۆيۈنسۇن .
23 . ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى، مەردلىگى ۋە مىسلىسىز ئېھسانى،
مەدھىيىلەشنى بىلمىگەن كىشىگە مەدھىيە ئۆگىتىدۇ .
24 . ئۇ ئەقىل ـ ھۇش ۋە پەم ـ پاراسەت ماكانى،
بىلىم ئوچىغى ۋە پەزىلەت كانىدۇر .
25 . ئۇ (ئۆز) ھىممىتىنى سىماك(يۇلتۇزى) دىن يۈكسەك تۇتىدۇ ،
مەردلىك بىلەن كەڭ قورساقلىق(ئۇنىڭ)ئىككى دەرمانىدۇر .
26 . ئۇ رەئىيەگە قارىتا شەپقەتچان، لىللا ۋە يۇمشاق تىلدۇر،
لېكىن غەزەپلەنگەندە شەرا ئارىسلانىدۇر .
27 . (ئۇ)غەيرەت ـ شىجائەتتە خۇددى ئۆمەرگە ئوخشايدۇ،
مەردلىك ۋە ئالىيجاناپلىقتا (بولسا) ئوسمانغا جۈر بولىدۇ .
28 . ئۇ زىرەكلىكتە ئاياسنى بېسىپ چۈشىدۇ،
ئادالەت ۋە ھەققانىيلىقتا ئانۇشىرۋاننىڭ ئۆزىدۇر .
29 . ئۇنىڭ ئېھسانى ئالدىدا بۇلۇت خىجىل بولىدۇ ،
بۇ سۆزنىڭ توغرىلىغىنى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ .
30 . ئەي شاھىمنىڭ ياخشىلىقلىرىنى سانىغان (كىشى)،
چۆلدىكى قۇم ۋە شېغىلنىڭ سانى (ئۇنىڭغا)تەڭ كىلەلمەيدىكەن .
31 . سىياسەت، رىياسەت، قىياسەت ۋە كەڭ قورساقلىق،
(بۇلارغا) ئادالەتنى قوش: بۇلارنى ئاڭلا ۋە چۈشەن .
32 . يەنە شەرەپ، ئىنسانىيەتچىلىك ۋە مەردلىك ـ ھەممىسىنى
قادىر (ئاللا) شاھىمغا ئاتا قىلدى .
33 . بۇلۇت ئۇششاق قەترىنى ھەدىيە قىلسا،
دېڭىز(ئۇنى) ئاز ـ كۆپ دېمەي قوبۇل قىلىدۇ .
34 . شاھىمنىڭ كۆكسى ـ قارنى دېڭىزدىن مىڭ ھەسسە كەڭدۇر،
بۇ ئەرزىمەس ھەدىيىنى قوبۇل قىلسا، ئەجەپ ئەمەستۇر .

**5.كىتاپنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە**

35 . بۇ كىتاپنى داد ئىسپەھسالار بەگ ئۈچۈن يازدىم،
ئۇنىڭ نامى دۇنيادا قالسۇن دەپ .
36 . كىتاۋىمنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان كىشى،
شاھىمنى دۇئا بىلەن ياد ئەتسۇن دەپ .
37 . كۆڭۈللەر ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولۇپ،
جاھان ئۇنىڭ يادى بىلەن تولسۇن دەپ .
38 . كېيىن دۇنياغا كەلگەن كىشىلەر ئارىسىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئۇنىڭ خاتىرىسى مىسلىسىز يۈكسەك بولسۇن دەپ .
39 . بۇ كىتاپنى ئەڭ ئېسىل سۆزلەر بىلەن بىزىدىم،
(ئۇنى)كۆرگەن، ئوقۇغانلار بەھىر ئالسۇن دەپ .
40 . مەن بۇكىتاپنى شاھىمغا سوغا قىلىپ ئەۋەتتىم،
ھاۋادارلىغىمنى تۇگەل بىلسۇن دەپ .

**6.بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىينى ھەققىدە**

41 . سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،
ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا .
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،
بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ .
42 . بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر،
بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز ياماقتۇر .
بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز ھېچقاچان تەڭ بولالمايدۇ .
بىلىملىك ئايال گويا ئەر، نادان ئەر گويا ئايالدۇر .
43 . ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە ئىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ،
ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ ئىلىكتۇر .
بىلىمسىز(كىشى) ئىلىكسىز سۆڭەكتەك كاۋاك بولىدۇ،
(ھالبۇكى) ئىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ .
44 . ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ .
بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ، نامى تىرىك قالىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ نامى ئۆلۈك بولىدۇ .
45 . بىر بىلىملىك مىڭ بىلىمسىزگە تەڭ كېلىدۇ،
تەڭلەشتۈرگەندە بىلىمنىڭ سالمىغى ئايان بولىدۇ .
ئەمدى ئەقلىڭ بىلەن بايقاپ كۆرگىن،
بىلىمدىن پايدىلىق يەنە قانداق نەرسە بار .
46 . ئالىملار بىلىم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ،
بىلىمسىزلىك ئەرنى يەرگە چۆكۈردى .
بىلىمنى زېرىكمەي ئىزدە، شۇنى بىلگىنكى،
ھەق رەسۇل: «بىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ ئىزدەڭلار» دېگەن .
47 . بىلىمنى دائىم بىلىملىكلەر ئىزدەيدۇ،
بىلىم تەمىنى ئەي دوست، بىلىملىك بىلىدۇ .
بىلگىكى، بىلىم قەدرىنى بىلىم بىلدۈرىدۇ ،
بىلىمسىز ئەخمەق بىلىمنى نېمە قىلىدۇ؟
48 . بىلىمسىزگە ھەق سۆز تەمسىز بىلىنىدۇ،
ئۇنىڭغا پەند ـ نەسىھەت پايدىسىز تۇيۇلىدۇ .
ھەرقانداق كىرنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ،
(لېكىن)نادانلىق يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر .
49 . قارا، بىلىملىك كىشى ئىشنىڭ پەيتىنى بىلىدۇ،
ئۇ ئىشنى بىلىپ قىلىدۇ، كېيىن ئۆكۈنمەيدۇ .
بىلىمسىز ھەممە ئىشقا ئۆكۈنىدۇ .

ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا قىسمەت يوق .
50 . بىلىملىكلەر كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ،
كېرەكسىز سۆزلەرنى كۆمۈپ تاشلايدۇ .
بىلىمسىزلەر دائىم بىلمەستىن سۆزلەۋېرىدۇ .
ئۇنىڭ ئۆز تىلى ئۆز بېشىنى يەيدۇ .
51 . ياراتقۇچى ئىگەم بىلىم بىلەن تونۇلىدۇ،
بىلىمسىزلىكتىن ياخشىلىق كۆرگەن(كىشى)بارمۇ؟
بىلىمسىزلىكتىن بىرمۇنچە خەلق،
ئۆز قولى بىلەن بۇت ياساپ، شۇنى ئىگەم دېدى .
52 . بىلىملىكنىڭ سۆزى پەند ـ نەسىھەت ۋە ئەدەپتۇر،
بىلىملىكنى ئەجەممۇ، ئەرەپمۇ ماختىدى .
مۇلۇكسىزگە بىلىم تۈگىمەس مۇلۇك،
نەسەپسىزگە بىلىم ئۆزۈلمەس نەسەب .
**7 .تىلنى تىزگىنلەش ھەققىدە**
53. بىلىملىكلەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن،
(ئۇلار)ئەڭ بىرىنچى پەزىلەت تىلنى تىزگىنلەش، دەيدۇ .
تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن،
ئەگەر(ئۇ) قاماقتىن چىقىپ كەتسە، چىشىڭنى چاقىدۇ .
54 . ئويلاپ سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزى سۆز جەۋھىرىدۇر،
كۆپ مەمەدانلىق قىلغان تىل قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان دۈشمەندۇر .
ئاغزىڭغا كەلگىننى سۆزلەۋەرمە، تىلىڭنى يىغىپ تۇت ،
ئېغىز بوشلىغى ئاخىر بېشىڭغا چىقىدۇ .
55 . ئاغزى بوش كىشىنى ئەقىللىق دېگىلى بولمايدۇ ،
ئېغىز بوشلىغى نۇرغۇن باشنى يېدى .
كىشىنى تىل بىلەن ئازاپلىما، شۇنى بىلگىنكى،
ئوق يارىسى ساقىيىدۇ، (لېكىن) تىل يارىسى ساقايمايدۇ .
56 . تەنتەكنىڭ تىلى ئۆز بېشىغا دۈشمەندۇر،
ئۆز تىلى سەۋەبىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قېنى تۆكۈلدى .
كۆپ سۆزلىگەنلەردىن ئۆكۈنگەنلەر كۆپ،
تىلنى تىزگىنلىگەنلەردىن ئۆكۈنگىنى قېنى؟ .
57 . كىشىگە ھەر ئىش كەلسە، تىلىدىن كېلىدۇ،
كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ ئەسكىلىگى تىلىدىن مەلۇم بولىدۇ .
بۇ سۆزنى ئاڭلىغىن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگىنكى،
تەن ھەرتاڭدا تۇرۇپ تىلغا يۈكۈنۈپ يالۋۇرىدۇ .
58 . ئەگەر بىر كىشىدە (مۇنۇ)ئىككى نەرسە بىرىكسە،
ئۇ كىشىگە ئادەمگەرچىلىك يولى ئېتىلىدۇ:
(ئۇنىڭ)بىرى قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىش بولسا،
ئىككىنچىسى يالغان سۆزلەشتۇر .
59 . يالغانچىدىن يىراق تۇرغىن ۋە تەزگىن،
ئۆمرۈڭنى راستچىللىق بىلەن ئۆتكۈزگىن .
راست گەپ ئېغىز ۋە تىلنىڭ بىزىگىدۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

راست گەپ قىلىپ تىلىڭنى بىزە .
60 . تىلىڭنى تىزگىنلە، ئاز سۆزلىگىن،
تىلىڭنى تىزگىنلىسەڭ، ئۆزەڭ قوغدىلىسەن .
رەسۇلىللا :«كىشىنىڭ يۈزىنى ئوتقا ئاتقۇچى تىلدۇر»دېدى،
تىلىڭنى يىغ، ئوتتىن ئۆزۈڭنى قۇتقاز .
61 . راست گەپ ھەسەلدەك، يالغىنى پىياز،
ھەسەل يېگىن، پىياز يەپ ئاغزىڭنى ئاچچىق قىلمىغىن.
يالغان سۆز گويا كېسەل، راست سۆز شىپادۇر،
بۇ بۇرۇندىن تارتىپ دېيىلىپ كەلگەن مەسەلدۇر .
62 . راستچىل بول، راستچىللىق قىل، راستچىل ئاتال،
كىشلەر سىنى راستچىل ئادەم دەپ بىلسۇن .
ئەگرىلىكنى قويۇپ، راستچىل تونىنى كىيگىن،
كىيىملەرنىڭ ياخشىسى راستچىللىق توندۇر .
63 . چىڭ ساقلا سىرىڭنى كىشلەر بىلمىسۇن،
سۆزۈڭدىن ئۆزەڭگە تۈگۈنچ كەلمىسۇن .
بارلىق يۇشۇرۇن ئىشلىرىڭ ئاشكارا بولۇپ،
(بۇنى)كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلار ساڭا كۈلمىسۇن .
64 . دوستۇم دەپ ئىشىنىپ سىرىڭنى ئېيتما، ھەزەرقىل،
ھەرقانچە ئىشەنچلىك يېقىن دوستۇڭ بولسىمۇ .
سىرىڭنى ئۆزەڭ ساقلىيالمىساڭ ،
دوستۇڭ ساقلىيالارمۇ، بۇنى ياخشى ئويلان .

**8.دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە**

65 . بۇدۇنيا(يولۇچىلار)چۈشۈپ ئۆتىدىغان سارايدۇر،
سارايغا چۈشكۈچىلەر مىڭىش ئۈچۈن چۈشىدۇ.
كارۋاننىڭ ئالدى قوزغىلىپ ئۇزاپ كەتتى،
ئالدى بىلەن قوزغالغان كارۋان قانداقمۇ كېچىكىپ قالسۇن ؟!
66 . نېمىشقا بۇ دۇنيانىڭ كەينىدىن يۈرگۈلۈك؟
خەسسىلىكتىن ساقلىنىشقا ئۆزەڭ كۈچە .
نېمىشقا مال ـ دۇنياغا مۇنچىلا كۆڭۈل بېرىسەن؟
بۇ مال ـ دۇنيا ئەتىگەندە كەلسە كەچتە يەنە كېتىدۇ .
67 . مۇلۇكپەرەسلىكنى كۆڭۈلدىن چىقارغىن،
ئەڭلىك پۈتۈن، قوسۇغۇڭ توق بولسا شۇنىڭغا قانائەت قىلغىن .
ئەتىگە ئوزۇغۇڭ بولمىسا، بۇ يوقسۇللۇقتۇر،
مۇلۇك يوقلۇغىنى يوقسۇللۇق دېمە.
68 . بۇ دۇنيا نەرسلىرىدىن يەيدىغان بىلەن كېيىدىغاننىلا ئال،
ئارتۇق تىلمە، گۇناھ يۈكلىنىدۇ .
رەسۇل بۇ دۇنيانى ئېتىزلىق دەپ ئاتىغان ،
بۇ ئېتىزلىقتا ئىشلە، ياخشىلىق تېرى .
69 . بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى باقىي ئەمەس،
مەززە مۇددىتى خۇددى ئۆتكۈنچى شامال.
يىگىت قېرىيدۇ، يېڭى كونىرايدۇ ،

قاۋۇللار كۆچىدىن قېلىپ ئاجىزلىشىدۇ .
70 . بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى بۇگۈن بار، ئەتە يوق،
مېنىڭ دېگەن نەرسەڭ باشقىلارنىڭ قىسمىتى .
ھەممە كۆپ(نەرسە) ئازىيىدۇ،تەل (نەرسە)كېمىيىدۇ،
بارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خاراپلىق بولىدۇ .
71 . (ئادەملىرى)سىغىشمايدىغان بىرمۇنچە يەرلەر بار ئىدى،
(ھازىر)ئادەملىرى كېتىپ، يېرى بوش دېگۈدەك قالدى .
قانچىلىك ئالىم ۋە پەيلاسوپلار بار ئىدى،
قېنى بۈگۈن ئۇلارنىڭ مىڭدىن بىرى؟
72 . دۇنيا كۆلۈمسىرەيدۇ ۋە قاپىقىنى تۈرىدۇ،
بىر قولىدا ھەسەل تۇتۇپ، بىرقولىدا زەھەر ساقلار .
ئاۋال ھەسەل بېرىپ، ئاغزىڭنى تاتلىق قىلىپ قويۇپ،
كېيىن زەھەر قېتىلغان قەدەھنى سۇنار .
73 . تاتلىقنى تېتىغان بولساڭ، ئاچچىقنى تېتىشقا تەييارلان،
راھەت بىرلەپ كەلسە، زەخمەت ئونلاپ كېلىدۇ .
ئاھ، غەم ئۈمىدكە قوشۇلماي ئېقىۋېرىدۇ،
بۇ دۇنيا قاچان ئۈمىد ئورنى بولغان؟
74 . بۇ دۇنيا گويا يىلاندۇر، يىلاننى ئۇرۇش كېرەك،
(ئۇ)قول بىلەن يوقاتماقچى يۇمشاق،(لېكىن ئۇنىڭ) ئىچى زەھەر بىلەن تولغان .
يىلان يۇمشاق بولغىنى بىلەن ياۋۇزلۇق قىلىدۇ،
(شۇڭا ئۇنىڭدىن)يىراق تۇرغۇلۇق، يۇمشاق دەپ ئازمىغۇلۇق.
75 . بۇ دۇنيامۇ سىرتتىن قارىماققا گۈزەلدۇر،
لېكىن(ئۇنىڭ)ئىچىدە تۈمەنلىگەن ناخۇشلۇقلار بار.
سەن ئۇنىڭ تاشقى بىزىكىنى كۆرۈپلا،
(ئۇنىڭغا)كۆڭۈل بەرسەڭ، بۇ ئەڭ چوڭ خاتالىق بولىدۇ.
76 . دۇنيا بەزىدە نىقاۋىنى قايرىپ يۈزىنى ئاچىدۇ،
(ئۇ)قۇچاقلىماقچى بولغاندەك قولىنى يايىدۇ ، (لېكىن)يەنە تېز قاچىدۇ .
بەخت گويا ياز بۇلۇتى ياكى بىر چۈشتۇر،
تۇرماستىن كىتەر ياكى قۇشتەك ئۇچار.

### 9 . مەرتلىك ۋە بېخىللىق ھەققىدە

77 . ئەي دوست، بىلىملىكنىڭ ئىزىدىن ماڭغىن،
ئەگەر سۆزلىمەكچى بولساڭ بىلىپ سۆزلىگىن .
ماختىساڭ مەرتنى ماختىغىن،
بېخىلغا چىڭ يا ئوقنى بەتلىگىن .
78 . ھەممە تىل مەرتلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ،
مەرتلىك بارلىق ئەيىپلەرنىڭ كىرىنى يۇيىدۇ .
مەرت بول، ساڭا تىل ـ ئاھانەت كەلمىسۇن،
(چۈنكى)ئۇ تىل ـ ئاھانەت يولىنى ئېتىدۇ .
79 . ئېگىلمەس كۆڭۈلنى مەرتلەر ئېگىدۇ،
يەتكىلى بولمايدىغان مۇراتقا مەرتلەر يېتىدۇ .
بېخىللىقنى ماختىغان تىل قېنى، قەيەردە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


مەردلىكنى ئاددىي ۋە خاس ـ پۈتۈن خەلق ماختايدۇ .
**80** . قارا، مەرتلەر چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولىدۇ،
مال ـ دۇنيانى شۇنىڭغا ساتتى ۋە مەدھىيە ئالدى .
(ئۇلار)مىسكىنلەرگە تىلەكداش بولۇپ ياشىدى،
(بۇ)دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇپ كەتتى .
**81** . بېخىل ھارامدىن كۆپلەپ ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغدى،
(ئۆزىگە) گۇناھ ۋە قارغىش يۈكلەپ كەتتى .
(ئۇنىڭ) مال ـ دۇنياسى كىشلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىندى ،
بۇنىڭدىن بېخىلغا تەككىنى پۇشايماندىن ئىبارەت بولدى .
**82** . ئەي، مال ئىگىسى ـ مەرت، ياخشى ئادەم،
تەڭرى ساڭا بەرگەندىكىن، سەنمۇ بەرگىن .
ئەيىپلەنگەن ۋە قارغىشقا قالغانلار يىغىشنى بىلىپ، بېرىشنى بىلمىگەنلەردۇر،
(ئەگەر) بېرىشنىمۇ بىلسەڭ، قانچىلىك يىغساڭ يىغ .
**83** . ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ۋە ئادەتلەرنىڭ ئەيىپسىزى مەردلىكتۇر،
بىلگىنكى ، بېخىللىق (ئۇلارنىڭ ئەڭ) چىركىنىدۇر.
قوللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قۇتلۇق قول ـ بەرگۈچى قولدۇر،
ئېلىپ بېرىشنى بىلمەيدىغىنى قوللارنىڭ قۇتسىزىدۇر .
**84** . بېخىللىق داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەلدۇر،
بېرىشكە كەلگەندە بېخىلنىڭ قولى ئىنتايىن چىڭدۇر .
يىغىش بىلەن ئاچكۆز بېخىلنىڭ كۆڭلى تويمايدۇ .
ئۇ مال ـ دۇنياغا قۇلدۇر، مال ـ دۇنيا ئۇنىڭغا ھاكىمدۇر .
**85** . خەلق ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئادەم ـ مەرت ئادەمدۇر،
مەرتلىك شەرەپ، ئىقبال ۋە جامالنى ئاشۇرىدۇ .
كىشلەر ئارىسىدا ئىززەتكە ئېرىشمەكچى بولساڭ،
مەرت بول، مەرتلىك سىنى ئىززەتكە ئېرىشتۈرىدۇ .
**86** . بېخىل ـ ناكەس، ئەخمەق، مۇلۇك ساقچىسىدۇر،
يېمەي ـ ئىچمەي يىغىدۇ ۋە ئۇنى چىڭ تۇتىدۇ .
ھايات ۋاقتىدا دوستقا تۇزىنىمۇ تېتتىمايدۇ،
ئۇ ئۆلىدۇ، (مېلى) قالىدۇ،(ئاخىرىدا)مېلىنى دۈشمىنى يەيدۇ.

# ئەھمەد ۋاھىدى

(«ئەخمەد ۋاھىدى»غا قاراڭ)

# ئەھمەد يەسەۋى

ئۆتمۈش ئاددىللىق نۇرى بىلەن يورۇتۇلمىغان جايدا، نۇرانە كەلگۈسىنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس.
(ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن)



ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەھمەد بىن ئىبراھىم بىن ئىلياس يەسەۋى ئىدى. ئەھمەد يەسەۋى، بۈيۈك سەلجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى شانلىق دەۋرلىرىدە ياشىغان بولۇپ، ئۇ، «تۈركىستان پىرى، تۈركىستان خوجىسى، ھەزرىتى سۇلتان، ئەۋلىيالار سۇلتانى، ئەۋلىيالار سەركىسى ۋە ئاناتولىيىنىڭ مەنىۋىي پەتھ قىلغۇچىسى» دېگەندەك شەرەپلىك ناملارغا نائىل بولغان. ئۇ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلام تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ساھەسىدە



تەسرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن مۇتەسەۋۋۇپ، شائىر ۋە پەيلاسوپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاناتولىيە ۋە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئىسلامىيەت بىلەن تۈركىي تىللىرىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە كېڭىيىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان زاتتۇر. يەسەۋىلىك تەخەللۇسى بىلەن تەساۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بىرى بولغان «ھەزرەتى تۈركىستان» نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. خوجا ئەھمەد يەسەۋى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈگى بولۇشقا مۇناسىپ شەخس بولۇپ، بىز ئۇيغۇرلار ئىپتىخارلىق تۇيغۇمىز بىلەن ئەسلەيدىغان ئۇلۇغ ئالىمدۇر.

ئۆز زامانىدا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئەڭ داڭلىق شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان مەنسۇر ئاتا دېگەن كىشىنىڭ نەسلىدىن كەلگەن يازغۇچى ھازىنى دېگەن كىشىنىڭ يېزىپ، ئوسمانلىق پادىشاسى مۇرات خانغا (1574 ـ 1595) تەقدىم قىلغان «جەۋاھىرۇل ـ ئەبرار مىن ئەمۋاجىل ـ بىھار» ناملىق ئەسەردە




ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 176 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سايرام دېگەن يەردە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ، بۇ يەرلەرنىڭ تەڭرىتاغ باغرىدىكى جىلغىلارغا تۇتىشىدىغانلىقىنى، بۇ جىلغىلاردىن شاھيار دەرياسىنىڭ ئاقىدىغانلىقى ، بۇ دەريا شەرققە قاراپ ئېقىپ لوپنۇر كۆلگە قۇيۇلىدىغانلىقى ، يەنە بىر تارمىقى بولسا تارىم دەرياسىنىڭ ئاساسلىق غولى ئىكەنلىكى يېزىلغان . يەنى ، ئەھمەد يەسەۋى 1093 ـ يىللىرى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئاقسۇغا قاراشلىق باي ناھىيەسى ئەتراپىدىكى سايرام دېگەن يەردە تۇغۇلغانلىقى ئېنىق بولۇپ ، كېيىن ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن بۇخارا تەرەپكە كېتىپ، ھازىرقى قازاقىستانغا تەۋە بولغان چىمكەنتنىڭ يەنى (ھازىر بۇ يەرنى تۈركىستان دەپ ئاتايدۇ) دېگەن يەردە 1166 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، بۇ يەردە ھەيۋەتلىك مەخپىرەسى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەمما ، قازاق خەلقى ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ۋاپات بولغان يېرىگە قاراپ ۋە «قازاقىستاننىڭ جەنۇبىغا تەۋە تۈركىستاننىڭ سايرام دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ...» دېگەن ئىبارىنى قوللىنىپ، بىزنىڭ قازاق مىللىتىدىن دەپ پەخىرلىنىدۇ. ھەمدە ئەھمەد يەسەۋىنىڭ روھىنى قازاق خەلقى ئىچىدە مەڭگۈ ياشىتىش ئۈچۈن تۈركىستان شەھرىگە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر بولغان «ئەھمەد يەسەۋى ئۇنىۋېرستى» نى 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە قۇرۇپ چىقتى.

ئەھمەد يەسەۋى ياشىغان دەۋرلەر قاراخانىلار خاندانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن زامانلار بولغاچقا ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى «تۈركىستان» دەپلا ئاتايتتى . شۇڭا ئەھمەد يەسەۋى يەنە ئۆز شېئىرلىرىدا «تۇغۇلغان يېرىم ئۇل مۇبارەك تۈركىستاندىن» دېگەن مىسرالارنى يازغان ئىدى . قازاق خەلقى تارىختىن بىرى «يەسى» دەپ ئاتىلىپ كىلىۋاتقان يەرنى ھازىر «تۈركىستان» دەپ ئاتاپ ، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تۇغۇلـ غان يېرىنىڭمۇ قازاقىستان ئىكەنلىكىنى مەڭگۈلۈك مۇقۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھۇل سالدى.

ئۆزبەك خەلقى ئەھمەد يەسەۋىنىڭ بۇخارادا ئىلىم ئالغانلىقى ۋە ئۇ يەردە چوڭ مەدرىسلەردە ئىلىم ـ تەھسىل قىلىپ، كىيىن نۇرغۇن ئالىملارنى تەربىيىلەپ چىققىنىغا ۋە چىمكەنت ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئەسلىدىنلا ئۆزبەك خەلقىنىڭ ياشاپ كەلگەن زىمىنلار ئىكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ، ئەھمەد يەسەۋىنى ئۆزبەك مىللىتىدىن دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئۆزبەك دوپپىسى، ئۆزبەك چەكمەن چاپانلىرىنى كىيگەن رەسىملىرىنى سىزىپ تارقىتىپ، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ روھىنى ئۆزبەك خەلقى ئىچىدە ياشنىتىۋاتىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەھمەد يەسەۋىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى قىلىپ، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۇنىڭ نامىدا ئۇنىۋېرسىتلارنى قۇرۇپ، ھەيۋەتلىك ھەيكەللىرىنى تۇرغۇزۇپ، مەقبەرىسىنى قايتا كاتتا رىمونت قىلدۇرۇپ ، ئەسەرلىرىنى بېسىپ تارقىتىپ، مەكتەپلەردە ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئەسەرلىرىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى زامانىدىن قالغان قاغجىراپ كەتكەن روھىيەت دۇنياسىنى قايتىدىن كۆكەرتىۋاتىدۇ. ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئىدىيىسىگە بولغان باغلىقلىقى ئارقىلىق مىللى ۋە دىننى كىملىگىنى يۈكسەلدۈرۈشكە قاراپ يول ئېلىۋاتىدۇ.

بۇ بىز ئۇيغۇرلارنى پەخىرلەندۈرۈپ، ئېپتىخار تۇيغۇمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغان بىر ھەقىقەتتۇر.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «دىۋانى ھىكمەت» تە قوللانغان تىل ۋە ئىپادىلىگەن مەزمۇنلار ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ بىرىدۇ.

ئۇيغۇرلار «دىۋانى ھىكمەت» تىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېلىنغان شىئېرلارنى ئوقۇپلا 80% چۈشىنەلەيدۇ. ئەمما تۈركلەر بۇ كىتاپتا قوللانغان تىلنى چۈشىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەخسۇس تۈرك تىلىدا ئىزاھات بەرگەن.

«دىۋانى ھىكمەت»تە ئىشلەتكەن تىل يېزىق ـ ھازىرقى قازاق تىلىغا ياكى ئۆزبەك تىلىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، ئەمما بىز ئىشلىتىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش.

يەسەۋىنىڭ بۇ كىتاۋىنىڭ ۋە ئىدىيىلىرىنىڭ تۈرك دۇنياسىدا تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولسا ئۆز ۋاختىدىكى ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىنى شۇ زامانىنىڭ مودا تىللىرىدىن بولغان ئەرەپ تىلى ۋە پارس تىللىرىدا يازغان بولسا، ئەھمەد يەسەۋى تۈرك تىلىدا (ئۇيغۇرچە) يازغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى تۈرك تىلى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ۋە ئۆز دەرگاھلىرىدا مىڭلەرچە شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇنىڭ تۈركىستاندە ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تا يېزا ـ قىشلاقلىرىغىچە تارقىلىشى ۋە ئەمەللىشىشىگە زور تۆھپە قوشقان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ بۇ «دىۋانى ھىكمەت» ناملىق كىتاۋى تۈرك ئوغۇز بويلىرىدا قۇتسال كىتاپ بولۇپ قالغان.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ دادىسى شۇ زامانىدىكى داڭلىق ئالىملاردىن بىرى بولغان شەيخ ئىبراھىمدۇر. ئانىسىنىڭ ئىسمى قاراچاچ ئايشە خانىمدۇر. ئەھمەد يەسەۋى يەتتە ياشقا كەلگەندە دادىسى ئىبراھىم شەيىق ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئانىسى ئايشە خانىم ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن كىچىك ئەھمەد ئۆزىدىن بىرقانچە ياش چوڭ بولغان ھەدىسى گۆھەر شەھناز بىلەن يېتىم قالىدۇ.

گۆھەر شەھناز يەتتە ياشلىق ئەھمەدكە ھەم ئانا ھەم دادا بولىدۇ. ئۇ ئەھمەدنى ھازىرقى

قازاقىستاننىڭ چىمكەنت يېنىدىكى يەسى دېگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى داڭلىق ئالىم ئارسلان ئاتا دېگەن كىشىگە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بېرىدۇ.

بۇ توغرۇلۇق ئەھمەد يەسەۋى ئۆزىنىڭ «دىۋانى ھىكمەت» ناملىق مەشھۇر كىتاۋىدىكى 16 ـ شېئىرنىڭ 6 ـ كۇبلېتىنىڭ 1 ـ مىسراسىدا :

«غارىبلىغدە ئارسلان بابام ئىزلەپ تاپتى»، دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يەسى دېگەن يەرگە مۇساپىر ئىكەنلىگىنى ئىپادىلىگەن ۋە ئارسلان بابانىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىگىنى قەيت قىلغان. شۇنىڭدەك يەتتە ياشلىق ئەھمەد ئۆزىنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان سېغىنىش ۋە مۇھەببىتىنى 16 ـ شېئىرنىڭ 5 ـ كۇبلېتىدا مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

غارىبلىغدا يۈز يىل تۇرسا ئەرۋر مىھمان،
تاخت ئۇ باخت ئۇ بوستانلارى ئەرۋر زىندان.
غارىبلىغدا قۇل بولدى ماھمۇد سۇلتان،
ئەي يارەنلەر غۇربەت ئىچرە كۆيدۇم مەنا.

ئەھمەد يەسەۋى تا ئارسلان بابا ۋاپات بولغىچە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئىلمەلەرنى، جۈملىدىن «ئەھلى بەيىت» سۆيگىسى ۋە بۇ توغرىسىدىكى تاساۋۋۇف پەلسەپەسىنىڭ بىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ 24 ياشقا كىرگەندە ئارسلان بابا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئەھمەت يەسەۋى بولسا ئۇلۇغ ئۇيغۇر پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇر ئالىم ئەبۇ ناسىر فارابى (870 ـ 950) نىڭ كۆز ئالدىدا باغداتتا مۇتەئەسسىپ موللىلار تەرىپىدىن دارغا ئىسىلغان، تاساۋۋۇف پەلسەپەسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان مەنسۇر ھاللاچنىڭ ناھەق ئۆلۈمى توغرىسىدىمۇ ئۆز ئەسىرىدە ئۈچۈر بېرىپ ئۆتكەن. (99 ـ شېئىر 3 ـ 4 ـ 5 ـ مىسرالار)

مانسۇر بىر كۈن يىغلادى ئەرەنلەر راھىم ئەيلەدى،
چىلتەن شەربەت ئىچۇردى مانسۇرغا مېھرىنى سالىپ.

مانسۇر ئايتۇر «ئەنەل ھاقق» ئەرەنلەر ئىشى بەرھاق،
موللىلار ئايتۇر نەھاق كۆڭلىگە يامان ئالىپ.

ئايتماگىل «ئەنەل ھاقق» دەپ «كافىر بولدى مانسۇر» دەپ،
كۇران ئىچرە بۇلدۇر دەپ ئۆلتۇردىلەر تاش ئاتىپ.

ئەھمەد يەسەۋى 27 ياشقا كىرگەندە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بۇخاراغا ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن سەپەر قىلىدۇ. قاراخانىلار زامانىدا بۇخارا ھەقىقەتەت ئىلىم ـ پەننىڭ بۆشىگى ئىدى.

بۇخارادا ئىلىم ئۆگىنىپ تا 34 ياشقا قەدەر ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن يېتىشتۈرىدۇ. 34 ياشتىن كېيىن رەسمى ئالىم بولۇپ شېئىر يازىدۇ ۋە ھىكمەتلىك سۆزلەرنى سۆزلەشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرلىرى پۈتۈن تۈرك دۇنياسىغا تارقىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك مىللەتلىرى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغاچقا ۋە ياكى مۇسۇلمان بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر قەۋم بولغاچقا، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ. تۈرك تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان سۆيگىسىنى ۋە ئۇنىڭغا چىن دىلى بىلەن باغلىق ئىكەنلىگىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغلىغىنى ئەڭ چوڭقۇر

www.uyghurkitap.com



مەناسى بىلەن شەرھلەپ ئۆتىدۇ.

ئۆزىنىڭ «دىۋانى ھىكمەت»ناملىق كىتاۋىدا ئىسلامنى «تۆت ئىشىك» نەزەرىيىسى بىلەن شەرھلەيدۇ. يەنى، شەرىئەت ، تەرىقەت، مەرىفەت ۋە ھەقىقەت . ھەر ـ بىر «ئىشىك» نى يەنە **10** پىرىنسىپ بويىچە ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «تۆت ئىشىك» نەزەرىيىسىگە ئوخشايدىغان ئۇقۇملار ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر ئارىسىغا يېيىلغان شامان دىنىدىمۇ بار بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرىش پۈتۈنلەي ئۆز مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىش ئەمەسلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، تۈركلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشىنى تېزلەتكەن. بۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مىللەتلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلسىمۇ ۋە لېكىن بەزى شامان دىنىغا ئائىت بولغان ئادەتلەرنىڭ تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىشىنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى دەل ئاشۇ يەسەۋىزىمنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرى يەسەۋىنىڭ ئىزىنى بويلاپ تۈركىيە ۋە بالقانلارغىچە يېتىپ كەلگەن.

شامانىزىمدا شەرق، غەرپ، شىمال ۋە جەنۇپتىن ئىبارەت تۆت يۆنىلىشنى قۇتسال تۆت پىرىنسىپ دەپ بىلىدۇ . بۇ تۆت يۆنىلىشنى تۆت رەڭ بىلەن ئىپادىلەيدۇ. يەنى، كۆك، ئاق، قارا ۋە قىزىل. شۇنىڭدەك دەرەخ، تۆمۈر، سۇ ۋە ئوت بىلەنمۇ سىمۋوللاشتۇرغان. شامان دىنىغا ئاساسەن كائىنات ۋە ئىنسان بولسا ئادالەت ، قۇدرەت، ئاقىل ۋە ماسلىششتىن تەركىپ تاپىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇ «دىۋانى ھىكمەت» ناملىق كىتاۋىدىكى **19** ـ شېئىرنىڭ **9** ـ مىسراسىدا «تۆت ئىشىك» نەزەرىيەسنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

شەرىئەتنىڭ بوستانىدا جەۋلان قىلدىم،
تەرىقەتنىڭ گۈلزارىدا سەيران قىلدىم.
ھەقىقەتدىن قانات تۈتۈپ تايران قىلدىم،
مەرىفەتنىڭ ئىشىگىنى ئاچتىم دوسلار.

ئەھمەد يەسەۋى ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتا ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا تەڭ باراۋەرلىكنى تەرغىپ قىلغان. مەدرىسلىرىدە ئەر بىلەن ئايالالار بىرلىكتە زىكىر قىلىش، بىرگە ئىلىم ئېلىشنى يۈرگۈزگەن ئۇلۇغ بىر شەخس ۋە يۇقۇرى تەشكىلاتچانلىقتا ئىگە ھەم ئۆز ھىكمەتلىرى بىلەن پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنىڭ ھەممە تەرىپىگە تەسىر كۆرسەتكەن نادىر ئۇيغۇر ئالىمدۇر.

ئۇ ئۆز ھاياتىدا مىڭلارچە ئوقۇغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، تۈرك دۇنياسىنىڭ ھەممە تەرىپىگە ئەۋەتىپ ئۆز ئىدىيىسىنى تارقاتقۇزغان. ئۇنىڭ شېئىرى ھىكمەتلىرى ھەرخىل سازلار بىلەن خەلق ئىچىگە قوشاق شەكلىدە كەڭ تارقالغان. بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بەزى تۈرك قەۋملىرى يەسەۋىنىڭ ئەۋەتكەن مۇرتلىرىدىن ئۆز مەدەنىيەتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتمەيدىغان ھادىسلەرنى كۆرۈپ، ئىسلامنى ئوڭايلا قوبۇل قىلغان.

يەسەۋىنىڭ مۇرتلىرى بارغانلا يەرلىرىدە ھاياتنى جانلاندۇرغان. قۇرغاق يەرلەرگە بېرىپ، سۇ ئىنشائات ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، دىخانچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرسا، شەھەرلەردە تىجارەتچىلەرگە سودا ئىشلىرىدىن دەرسلەرنى بېرىپ، سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان ۋە تاغلىق رايونلاردا قوراللىق ئامانلىقنى ساقلاش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇ يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ھەقىقى يورۇق يۈزىنى خەلق ئىچىدە نامايەن قىلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلغان.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىلىم ئادەملىرىنىڭ تەسرى ۋە ئۇنىڭ روھنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن تۈركلەر ئاناتولىيىنى ئىگەللەپ بۈيۈك سەلجۇقلار ئىمپىراتورلىغىنى قۇرغان. بولۇپمۇ موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىغا قارشى جەڭلەردە، ئەھمەت يەسەۋى روھى تۈرك ئالپلىرىگە مەنەۋى جەھەتتىن يار ـ يۆلەك

بولغان.

يەسەۋى مەكتەپلىرىدە يېتىشىپ چىققان ئوقۇغۇچىلاردىن سارى سالتۇق بولسا ئالتىن ئوردۇ خاقانى بەركەيى ۋە باش قوماندانى نوگاينى مۇسۇلمان قىلغان. ئۆزبەك خاننى مۇسۇلمان قىلغان تۆكلۈ بابامۇ يەسەۋىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى.

ئۆز دەۋرىدىكى ئۇلۇق پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، شائىر، ئالىملاردىن هاجى بەكتاش ۋەلى، يۇنۇس ئەمرە، مەۋلانە جەلالىدىن رۇمى قاتارلىقلارمۇ يەسەۋىنىڭ ئىزباسارلىرىدىن ئىدى. گەرچە ئەهمەد يەسەۋى ئوتتۇرا ئاسيادا ياشىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ تەسىرى تا ئاناتولىيىگىچە يېتىپ كەلگەن. ئوسمان ئىمپىرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان غازىنىڭ قايىن دادىسى ئەدە بالىمۇ يەسەۋىنىڭ ئاناتولىيىنى مەنىۋى فەتھ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن مۇرتلىرىدىن ئىدى. شۇڭا ئوسمانلىق ئىمپىراتورلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەهمەت يەسەۋىنىڭ ئىزباسارلىرى مۇهىم روللارنى ئوينىغان.

ئەهمەد يەسەۋىنىڭ ئىدىيىلىرى تۈرك دۇنياسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئۇرۇلغان تامغا بولۇپ، يۈزيىللاردىن بېرى ئۈچمەي بەلگى داۋاملىق يۈكسىلىپ، تۈرك ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

تۆۋەندە مەن ئەهمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋانى هىكمەت» ناملىق كىتاۋىدىكى بىر قىسىم شېئىرلارنى ئەسلى نۇسخىسى بويىچە سۇنىمەن:

**(92 ـ شېئىر 3 ـ 4 ـ 5 ـ 6 ـ مىسرالار):**

مۇسۇلمان مۇسۇلماننى قىلدى قاتىل،
ناهەق تۇتۇپ هەق ئىشلارنى قىلدى باتىل.
مۇرد پىرگە قىلمايدىلار يۈز ئۇ خاتىر،
ئاجەپ شۇملۇق زامانلار بولدى دوستلار.

ئەهلى دۇنيا خەلقىمىزدە ساهاۋەت يوق،
پادىشاهلار ۋەزىرلەردە ئادالەت يوق.
دەرۋىشلەرنىڭ دۇئاسىدا ئىجابەت يوق،
تۈرلۈك بەلا خەلق ئۈستىگە ياغدى دوستلار.

ئاخىر زامان ئالىملەرى زالىم بولدى،
خوشامەتنى ئايتقۇچىلار ئالىم بولدى.
هاقنى ئايتقان دەرۋىشلەرگە غانىم بولدى،
ئاجەب شۇملۇق زامانەلەر بولدى دوسلار.

**(102 ـ شېئىر 5 ـ 10 مىسرالار):**

دۇنيا مېنىڭ دىگەنلەر جاهان مالىنى ئالغانلار،
كەركەس قۇشتەك بولۇبان ئۇل هارامغا باتمىشلار.

موللا مۇفتى بولغانلار يالغان فەتۋا بەرگەنلەر،
ئاقنى قارا قىلغانلار ئۇل تامۇغا كىرمىشلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قادى ئىمام بولغانلار ناھەق داۋا قىلغانلار،
ئول ھەمماردەك ئولۇبان يۈك ئاستىدا قالمىشلار.

ھارام يېگەن ھاكىملەر رۇشۋەت ئالىپ يېگەنلەر،
ئۆز بارماقىنى تىشلەبەن قورقۇپ تۇرۇپ قالمىشلار.

تاتلىق تاتلىق يېگەنلەر تۈرلۈك تۈرلۈك كىيگەنلەر،
ئالتۇن تاخت ئولتۇرغان توفراق ئاستىدا قالمىشلار.

مۇمىن قۇللار سادىقلار سىدقى بىرلە تۇرغانلار،
دۇنيالىغنى سەرىپ ئېتىپ ئۇچماغ ھۈرىن قۇچمىشلار.

قۇل ھاجى ئەھمەت بىلمىشسەن ھاققى يولىغا كىرمىشسەن،
ھاققى يولىغا كىرگەنلەر ھاققى دىدارىنى كۆرمىشلەر.

**(148 ـ شېئىر 69 ـ كوبلېت)**

مەنىڭ ھىكمەتلىرىمنى دەرتسىزگە ئېيتما،
باھاسىز گۆھەرىمنى نادانغا ساتما !

ئەھمەد يەسۋى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەر ۋە تۈركىيەدە شۇنچىلىك چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، يۈكسەك قەدىر ـ قىممەتكە مۇيەسسەر بولغان، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى مىمارى دەپ بىلگەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى.
بىر تۈپ ئالما دەرىخى ئۈچۈن ئۇنىڭ تۇپراقىدا چوڭقۇر كۆمۈلگەن يىلتىزى قانچە مۇھىم بولغاندەك، بىزنىڭ روھىمىز دۇملەنگەن ئاشۇ ئۆتمۈشمۇ بىز ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنىۋى قۇياشىمىز بولۇشقا ھەقلىق بولغان بۇ تارىختىكى ھەقىقەتلەرنى يازما شەكىلدە بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ئەسقاتىدىغان ھالدا شەرھلەپ بېرىش، ئىلىم ئادەملىرىمىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچىدۇر.
چۈنكى، يىراق قەدىمى ئەجداتلارنىڭ قەلبىگە ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغان روھىي ماھىيەت بۈگۈنكى ئەۋلاتلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتمىسە، ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇرغان بۇ رەڭگا ـ رەڭ ماددى دۇنيادا، مەنىۋى جەھەتتىن بارغانسېرى زەيىپلىشىپ كېتىمىز. مەنىۋى جەھەتتىن زەيىپلەشكەن قەۋمدە جەڭگىۋار روھلۇق، ئالى جاناپ ئەخلاقىي پەزىلەتلىك، چىن ئېتىقاتلىق، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ۋە شەيئىلەرنى پەرىق ئېتىش تۇيغۇسى يۇقۇرى بولغان ئەۋلاتلار يېتىشىپ چىقالمايدۇ. بۇنداق مىللەتنىڭ سەلتەنەتلىك كەلگۈسىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

# بابا رەھىم مەشرەپ

ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر ئازاپلىق ئىزدىنىپ ئۆتكەن ئەلەملىك شائىر، ئىسيانكار مۇتەپەككۇر، ئۇيغۇر، ئۆزبەك كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن بۈيۈك نامايەندە بابا رەھىم مەشرەپ 20 يىلغىچە داۋاملاشقان سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلاپ ئاجايىپ ئېسىل شېئىرلارنى



ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىدە، ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، جاھالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنى شەپقەتسىز پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن بەلخ ھاكىمى مەھمۇدخان تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇ خۇسۇستا مەرھۇم يازغۇچىمىز باتۇر روزى ئەپەندى «شاھ مەشرەپ ھەققىدە ھىكايە» ماۋزۇلۇق بىر پارچە پوۋېست يازغان. بۇ يەردە قىسقىچە مەلۇمات سۇنىمەن.

بابا رەھىم مەشرەپ ئاللاھ ياراتقان ئىلاھىي ئاشىق بىر مۆجىزىۋىي ئىنسان. شۇڭا ئۇ تۇغرۇلۇق بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ھەر ـ بىر ئەقىل ئىگىسىگە ھەقىقىي ئىنسانىي ھاياتنىڭ قانداق داۋاملىشىشى كېرەكلىكىنى ناھايىتى مەنالىق تەپەككۇرى بىلەن تونۇتىدۇ......

شۇنداق.

ئۇ، ئاللاھتىن قورقۇش، ھالالدىن رىزىقلانغان پەرزەنت بولۇش، ئادالەت، ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىشتەك ئەقىل ـ پاراسەتلىك، چىدام ـ جاسارەتلىك كىشى ئىدى. بۇنى تۇۋەندىكى باياند ـ ـلاردىن چۈشىنەلەيمىز:

ئۇنىڭ ئانىسى سىزىكلىك مەزگىلىدە ئۆزۈمگە سىزىك بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بازاردا كېتىۋېتىپ ئۆزۈم سېتىۋاتقان بىر باققالنىڭ قېشىغا بېرىپ قالىدۇ ۋە سېۋەتنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىككى دانە ئۆزۈمنى ئېلىپ، سۈرتۈۋېتىپ ئاغزىغا سالغاندا قورسىقىدىكى بالا(مەشرەپ):

ـ ئەي ئانا، تەڭرىدىن قورقماي، مەخلۇقتىن ئۇيالماي نىمە دەپ كىشىنىڭ ھەققىنى يەيسەن؟ ئەگەر ئۆزۈمنىڭ ئىگىسىنى رازى قىلمىساڭ، بولدى تۇغۇلمايلا قوياي، دەيدۇ. ئانىسى(سەلىمخان) بۇ ۋەھىيانە گەپلەرنى ئاڭلاپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپ چۈشىدۇ ۋە بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، مىڭ تەسلىكتە ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئېرىگە يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەر ـ ئاياللىق ۋە ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ تەڭرىگە دۇئا قىلىپ:

ـ بۇ تەڭرىدىن بېشارەت. تېز بارغىن، ئۆزۈم ساتىدىغان باققالنى رازى قىلىپ كەل! ـ دەيدۇ. سەلىمخان ئىككى تەڭگىنى ياغلىققا تۈگۈپ بازارغا بېرىپ خىجالەتچىلىك ئىچىدە بويۇنلىرىغىچە قىزارغان ھالدا باققالنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ ۋە:

ـ ئەي ئىنىم، بايا سېۋىتىڭنىڭ يېنىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىككى تال ئۆزۈمنى ئوغرىلىقچە يەۋالغاندىم، يەپ بولۇپ قاتتىق پۇشايماندا قالدىم. مۇنۇ ئىككى تەڭگىنى ئېلىپ ماڭا رازىلىق بەرسەڭ ۋە مېنى خىجالەتتىن قۇتۇلدۇرساڭ، دەيدۇ.

باققال سەلىمخاننىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالىدۇ ۋە بىر تەڭگىنى ئېلىپ، يەنە بىر تەڭگىنى بىر سېۋەت ئۆزۈم بىلەن قوشۇپ سەلىمخانغا قايتۇرۇپ بېرىپ:

ـ ئەي ناتىۋان ئانا، خۇدانىڭ سىلىگە ئوخشاش ياخشى بەندىسىمۇ بار ئىكەن. بۇ دۇنيا سىلىدەك ئىنساپلىق ئادەملەر بىلەنلا پاكلىنىدۇ. ئۆزۈمنى ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر يەيدۇ، تولىسى پۇل بەرمەي كېتىدۇ. مەن ھەممىگە رازى. سىلىدىنمۇ ئەلۋەتتە رازى. كۆڭۈللىرىنى غەش قىلمىغايلا، دەيدۇ.

سەلىمخان باققال بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ئويغىنىپ كېتىدۇ(ئەسلىدە چۈش كۆرگەن ئىكەن ۋە ئويغانغىنىدا ناماز بومداتنىڭ ۋاختى بولغان ئىكەن). ئۇ دەرھال تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغىلىشىغا قاتتىق تولغاق تۇتۇپ، پۈتۈن بەدىنىدىن چىلىق ـ چىلىق سوغۇق تەر چىقىپ كېتىدۇ...

بالا ساق ـ سالامەت تۇغۇلىدۇ. تۇغۇت ئانىسى بالىنىڭ بۇرنىنى چىمدىمىغىچە يىغلىمايدۇ، ئەمما بىر يىغلىغان پېتى نەچچە كۈنگىچە توختىماي يىغلايدۇ. بالا تۇغۇلۇپ ئىسىم قويغىچە ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى «بابا رەھىم» دەپ قويىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



موللا ئىسىم قويۇپ بولۇپ:
ـ تەڭرىنىڭ ئاشىق بەندىلىرىنىڭ بەلگىسى يىغلىماقتۇر. ئۇ ۋەھدەت (ئىلاھىي بىرلىك)تىن ئاجراپ زېمىنغا ئاپىرىدە بولدى. ئۇ تۇغۇلغىنىدا ۋەھدەتتىن ئايرىلغىنىغا يىغلايدۇ؛ ھاياتىدا ۋەھدەتكە قوشۇلالماي يىغلايدۇ. ئۇ ھامان يەنە ۋەھدەتكە قايتىدۇ، ئەنە شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۇ يىغلاشتىن مەڭگۈلۈك توختايدۇ. بالا ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ھامان مەدرىسكە بەرمەك لازىم. تەڭرى قۇرئاندا ئۆز ئائىلىسىنى جاھالەتتە قويغۇچىلارغا قاتتىق ئازاپ ۋەدە قىلغان. مەدرىستە ئىلمىي تەرىقەت يوللىرى بويىچە مۇكەممەل تەربىيە كۆرگەندىن كېيىن، ئاشىقلىق يولىغا سالماق لازىمدۇر. بىزنىڭ قەلەندەرىيە تەرىقىتىمىزدە بارلىق ئىلىم ۋە ئىبادەتلەر ئىلاھىي ئىشىققا جەملەنگەندۇر، دەيدۇ.
بالا ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە موللا ۋەلى(دادىسى) ئۇنى موللا بازاراخۇنۇمنىڭ مەدرىسگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. بابارەھىم چىرايىدىن نۇر يېغىپ، كۆزلىرى ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان زېرەك بالا بولىدۇ. موللا ۋەلى ئۇ ئوقۇش يېشىغا توشقىچە ئۇنىڭغا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتىپ، نۇرغۇن كىتاپلارنى ئوقۇپ بېرىپ بولىدۇ. مەدرىسنىڭ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ھويلىسىدا ئۇ موللا بازاراخۇنۇمنىڭ ھەممىلا ئادەم ئەيمىنىدىغان سۈرلۈك كۆزلىرىگە تىكىلىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇراتتى. موللا ۋەلى ئوغلىنىڭ بۇنداق قاراشلىرىنى ھاياسىزلىق دەپ چۈشەندىمۇ قانداق، خىجالەتچىلىكتە بېشىنى يەردىن ئۈستۈن قىلالمايدۇ. موللا بازاراخۇن بالىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزاق تىكىلگەندىن كېيىن:
ـ مەن بالىنىڭ ۋۇجۇدىنى كىتاپ ئوقىغاندەك ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاتەش ياندۇ، ئاتەش! بۇ تەڭرىنىڭ ئىشقىدىن ئالامەتتۇر. ئەمدى بۇ ئاتەشنى تەرىقەت ئىلمىنىڭ يەلپۈگۈچلىرى بىلەن يېلىنجاتماق لازىمدۇر.
موللا ۋەلى مۇرىسىدىن تۇگمەن تېشى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك يېنىك ئۇھ تارتىدۇ. تۇنجى ساۋاق شۇ كۈنىلا باشلىنىدۇ :
ـ بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم، "ئەلىف" دەڭ ئوغلۇم!ـ دەيدۇ ئۇستازى موللا بازار.
ـ بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم، ئەلىف!ـ دەپ تەكرارلايدۇ بابارەھىم.
ـ ئەمدى "بە" دەڭ!ـ دەيدۇ موللا بازار.
بابا رەھىم جىم بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ باللىق تەسەۋۋۇرلىرىغا غەرق بولغان ئىدى.
ـ مەندە بەرگىدەك بىرنەرسە بولمىسا،ـ دېدى ئۇ ئاخىرىدا ھەزىل قىلىپ.
ـ كىچىك تۇرۇپ، مەن بىلەن تاكاللاشماقچىمۇ سەن؟
موللا بازاراخۇننىڭ قۇيقا چاچلىرى كىرپىنەڭكىدەك تىك تۇرۇپ كېتىدۇ.
ـ ئەي، ھۆرمەتلىك ئۇستاز،ـ دەپ گەپ باشلايدۇ بابارەھىم بىرئاز جىددىيلىشىپ،ـ ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە، «ئەلىف»نىڭ مەنىسى «بىر» دېگەنلىك بولۇپ، مەنە جەھەتتە تەڭرىنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە نىسبەت قىلىنغانمىش. جاھاندا تەڭرىدىنمۇ ئۇلۇغ ھېچ نەرسە يوقتۇر، شۇڭا «ئەلىف»دىن ئۆتمەك خاتادۇر. كەچۈرگەيلا.
موللا بازار بابارەھىمنىڭ سادىدا، ئەمما مەنتىقلىق پىكىرلىرىگە قايىل بولۇپ قالدى بولغاي، ئاچچىغىنى يۇتۇۋېتىپ:
ـ تەڭرىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇستاز تۇتماق لازىمدۇر. ئۇستاز تەڭرىگە بېرىش يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. شۇڭا پىرنىڭ ئەمرى ۋاجىپتۇر، دەيدۇ.
بابارەھىم نەچچە يىل ئۆتمەيلا يادلىمىغان سۈرە، ئوقۇمىغان «ناۋائى»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قاتارلىق دەرسلىك كىتاپ قالمايدۇ. موللا بازاراخۇن ئۇنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەرەپ، پارس تىللىرىدىن ساۋاق بېرىشكە باشلايدۇ. ئارىدىن يەنە نەچچە يىل ئۆتمەيلا ئۇ خوجا ھاپىزنىڭ پارسچە شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، مەنە ئېيتالايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى سەئىدى شىرازىنىڭ «بوستان» ۋە «گۈلىستان»لىرىدىن تارتىپ پەرىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» ناملىق داستانى، جالالىدىن رۇمىنىڭ «پارسچە قۇرئان» دەپ شۆھرەت قازانغان زور ھەجىملىك مەشھۇر دىۋانى «مەسنەۋى»

ئۇنى ئۆزىگە قاتتىق جەلىپ قىلىۋالدۇ. شۇڭا ئۇ كىچە ـ كۈندۈز دىگۇدەك خىيال سۈرۈپ، پەرىددىن ئەتتار ۋە جالالىددىن رۇمى بىلەن ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سۆھبەتلىشىپ چىقاتتى. ئۇ بەكمۇ خىيالچان ئىدى. بەزىدە تاماقنىمۇ، ھەتتا ئۇيقۇسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. موللا بازاراخۇن ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەيدۇ. موللا بازاراخۇننىڭ نەزىرىدە مەشرەپ تالىپلىرىنىڭ كۆزى ئىدى. تالىپلار ئىچىدە ئۇ ھەممىدىن ئەقىللىق بولغاچقا، ئۇنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى. ئۇنى شۇ زامانلاردا ماۋەرائۇننەھىردە ئەۋج ئالغان قەلەندەرىيە مەزھىپىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەشنى ۋە ئۆزىگە ئىز باسار قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ باباراھىمگە ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن ۋەزخانلىق قىلاتتى:

ـ قەلەندەرىيە تەرىقەتى جىمى تەرىقەتلەرنىڭ گۈلتاجى. تەڭرىگە ئەڭ تېز يەتكۈزىدىغان يولدۇر. ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز ھەممىمىز تەڭرىنىڭ ئالدىدا قەلەندەرمىز. قەلەندەر ئىككەنلىگىمىزگە تەن بەرمەي گاھى باي، گاھى مەنسەپدار بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقماق تەڭرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق بىلەن باراۋەردۇر. رىزقىنى تەڭرى بېرىدۇ، لېكىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بېرىدۇ. بايلار، ھۆكۈمرانلار تەڭرى بەرگەن رىزقىنى ئاجىزلارنىڭ قولىدىن ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە زورلۇق بىلەن بۇلاپ ئالىدۇ. بىز بولساق بايلاردىن تىلەپ، كەمبىغەللەرگە بېرىپ، ئاللانىڭ رىزقىنى تەڭشەيمىز. ئاللا بىزلەرنى ئەنە شۇنداق تەڭشەك قىلىپ ياراتقان...

باباراھىم دەسلەپتە موللا بازارنىڭ ۋەزلىرىگە مەپتۇن بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قەلەندەر بولۇشقا تەييارلاندى. تەھدىت ۋە زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرىۋاتقان نەمەنگان شەھرىدە باباراھىم ھەقىقەتەن باي بىلەن كەمبىغەلنى تەڭشەيدىغان، ئادالەتسىزلىكنى تۈگىتىدىغان بىر تەڭشەكنىڭ لازىملىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە تەڭرى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر ئىدى. ئەمما تەڭرىنىڭ رىزقى نېمە ئۈچۈن ئاز ساندىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە بايلارنىڭ خەزىنىلىرىگىلا تىقىلىپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن رىزقدا تەڭ تۆرەلگەن سان ـ ساناقسىز بەندىلەر غۇربەتچىلىك ئازاۋىدا ئىڭرايدۇ؟ باباراھىم بۇ تەڭسىزلىكنى پەقەت كەڭ كۆلەملىك قەلەندەرلەر مەزھىپى تەشكىللەپلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى.

ئۇ ئوقۇۋېتىپ يېڭى كەلگەن پىرمەت ستارى دىگەن ئوقۇغۇچى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. پىرمەت ستارى دەسلىۋىدە ئەتىدىن ـ كەچكىچە خىيال سۈرۈپلا ئولتۇرىدىغان، خىيالىدىن باش كۆتۈرسە قولىغا گاھ تەمبۇر، گاھ ساتارنى ئېلىپ ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا قايىنغان ھالدا مۇڭلۇق ناخشىلارنى تەڭكەش ئوقۇيدىغان بۇ غەلىتە يىگىتتىن ئەيمىنىپ قالىدۇ. باباراھىمنىڭ مىجەزىلا ئەمەس، بەلكى تۇرقىمۇ غەلىتە ئىدى. قەددى ـ قامىتى كىچىككەن، ئەمما پېشانىسى كەڭ ئىدى، چاچلىرىنى بولىشىغا قويىۋەتكەن بولۇپ، مۈرىسىگە يېيىلىپ تۇراتتى. كۆزلىرىدىن كۈچلۈك بىر خىل ئوت چاقناپ، قارىغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆرتەپ تاشلايتتى. باباراھىم ئەنە شۇنداق دەرۋىش مىجەز، ئاۋازى بەكمۇ سۆزلۈك ۋە جاراڭلىق، ناخشىلىرى ناھايىتى تەسىرلىك ۋە مەزمۇنلۇق بولۇپ، بىر ئاڭلاپ قالغان ئادەمنىڭ قانىماي ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. تەمبۇر ۋە ساتارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالاتتى. پىرمەت ستارى دەسلىۋىدە ئۇنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، كېيىنچە ئۇ باباراھىم تەمبۇرنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، «مۇناجات»قا پۈتۈن خىيالى بىلەن بېرىلىپ چېلىۋىدى، پىرمەت ستارىمۇ ئىختىيارسىز ناخشا توۋلاپ جور بولۇشقا باشلىدى. پىرمەت ستارى ئۆز يۇرتىدا بولىدىغان سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ھەلقە ـ سۆھبەتلىرىدە تالاشتا قالىدىغان داڭلىق ھاپىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ باباراھىمدىن قېلىشمايتتى. ئۇ خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرىنى تولۇق يادا بىلەتتى. شۇڭا باباراھىممۇ بۇ ئاتەشنەپەس يىگىتكە مەپتۇن بولۇپ قالدى.

ـ تەڭرى ئەسلىدە ئىككىمىزنى بىر جۈپ قىلىپ ياراتقان ئىكەن، ئىنىم. بىراق خويمۇ كىچىكىپ ئۇچرىشىپتۇق. ۋۇجۇدىڭىزدىن كۆڭلۈمگە يېقىن بىرنەرسىنى تاپقاندەك بولدۇم. ئىسمىم باباراھىم، ئاتام نەمەنگاندا داڭقى بار كۈلالچى. تەڭرى دوستلىغىمىزنى مۇبارەك قىلغاي!

پىرمەت ستارى ھاياجانلىنىپ باباراھىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كېتىدۇ. باباراھىمنىڭ كېيىنكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ۋاقىتلاردا ئوقۇغان غەزەللىرى پىرمەت ستارىغا ناتونۇش ئىدى.

مىرادىڭغا يېتەي دېسەڭ، قەلەندەر بول، قەلەندەر بول،
ستەم ئەھلىن يوْتاي دېسەڭ، قەلەندەر بول، قەلەندەر بول،
ئېغىزدىن دۇر چاچاي دېسەڭ، شارابى ئىشق ئىچەي دېسەڭ،
يامانلاردىن قاچاي دېسەڭ، قەلەندەر بول، قەلەندەر بول.
رىيازەتسىز بولاي دېسەڭ، تېنىم ئازاد يۈرەي دېسەڭ،
جاھاننى سەير ئېتەي دېسەڭ، قەلەندەر بول، قەلەندەر بول،
بۇ تەقۋادىن كېچەي دېسەڭ، خانىقادىن قاچاي دېسەڭ،
ھەقىقەتنى ئاچاي دېسەڭ، قەلەندەر بول، قەلەندەر بول.

پىرمەت ستارى بۇ ناخشىلارنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. بابارەھىم كېيىنكى كۈنلەردە پىرمەت ستارىغا قەلەندەرىيە تەرىقىتىنىڭ ئەڭ نازۇك مىزانلىرىنى ئىزىپ ئىچۈرۈپ سۆزلەپ بېرىدۇ. پىرمەت ستارمۇ مەشرەپنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىلمىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك ئۇستازىم دەپ قول بېرىدۇ. پىر تۇتۇش قەلەندەرىيە تەرىقىتىنىڭ مۇھىم بىر مىزانى ئىدى.
بابارەھىم ئۆزىنىڭ تۇنجى مۈرىتىنىڭ بەرگەن قولىنى پەقەت رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا تۇتۇپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ «پىر ـ ئۇستاز» بولۇپ، گېدىيىۋېلىشتىن نومۇس قىلاتتى.
ئۇ ھارماي ناخشا توۋلايتتى.

كۆرسەت جامالىڭ مەستانىلەرگە،
ئىشقىڭدا كۆيگەن پەرۋانىلەرگە.
مەندىن دۇئادۇر، سەندىن ئىجاۋەت،
جانىم تەسەددۇق، جانانىلەرگە.
ئەي كۆڭلى قاتتىق، رەھىم ئەيلىمەسسەن،
قىلغىن نەززارە بىچارىلەرگە.
كۆيگەن غېرىپمەن، شەپقەت قىل ئاخىر،
كويۇڭدا يۈرگەن دىۋانىلەرگە.
مەشرەپ سىنى دەپ كەچتى جاھاندىن،
باشىنى قويدى ئاستانىلەرگە.

بۇنداق چاغلاردا پىرمەت ستارىنىڭ ۋۇجۇدى سىماپتەك ئىرىپلا كېتەتتى. ناخشا تۈگىگەندە بولسا ئۆزىنى شىددەتلىك دولقۇنلار بىردىنلا لەڭ ئۇرۇپ قىرغاققا ئىتتىرىۋەتكەن بېلىقتەك ھېس قىلىپ، بابارەھىمگە ناخشىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ تەلمۈرەتتى.
ـ مەشرەپ دېگەن كىم؟ ـ دەپ سورىدى ئۇ بىر كۈنى بابارەھىمدىن. بابارەھىم «مەشرەپ»نىڭ ئۆز تەخەللۇسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا پىرمەت ستارى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالىدۇ. مۇنداق پاساھەتلىك غەزەللەرنىڭ تېخى ئەمدىلا يىگىتلىك يېشىغا يېتىۋاتقان، بۇرۇتلىرى خەت تارتمىغان بابارەھىمنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئالدىراپ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.
ـ ئاپىرىن ئۇستاز! ـ دەيدۇ ئۇ ئاخىرىدا بابارەھىمنىڭ يالغان ئېيتمايدىغانلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن، ـ قالتىس ئالەمتىلىك ئىكەنمەن. ئەگەر تىلىم كۆيمىسە ئىدى، ئۇستازىنىڭ نەزمىلىرىدىكى پاساھەت ۋە بالاغەت ئالدىدا ھەزرىتى قۇل خوجا ئەھمەدنى گۇل يېنىدىكى ئازغانلەك چېنىپلا قالىدىكەن، دېگەن بولاتتىم.

- قۇل خوجا ئەھمەد شېئىرلىرىدىكى ھېكمەتنىڭ تىرەنلىگىگە قىل سىغمايدۇ، - دېدى مەشرەپ جاۋابەن، - مەن پەقەت ئۇ ھەزرەتلىرىنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئۆزۈمگە خاس تىل ۋە رەڭ بىلەن تەكرارلاپ يۈرگۈچى، خالاس. ھەزرىتى جالالىدىن رۇمىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى سۆزلىرىمگە مەزمۇنداشتۇر:

شۇ ئەخمەتمەنۇ، ئەمما ئاۋۋالقى ئەخمەت ئەمەسمەن،

سەمەندەر قۇشمەنۇ، ئەمما بۇرۇنقى داننى يېمەسمەن.

- ھۆرمەتلىك ئۇستاز، - دېدۇ پىرمەت ھاياجانلىنىپ تىترەك ئاۋاز بىلەن سۆزلىرىنى دا - ۋاملاشتۇرۇپ، - مالال كۆرمىسىلە، شېئىرىيەت بابىدىمۇ ماڭا ئۇستاز بولسىلا!

- پەممىچە، شائىرلىق تەڭرى پۈتكەن قىسمەت. بۇنداق قىسمەتكە گىرىپتار بولغۇچى شېئىر يازمايمۇ تۇرالمايدۇ. شۇڭا بۇ كەسىپتە ھېچكىم ھېچكىمگە ئۇستاز بولالمايدۇ. پەقەت ۋۇجۇدىڭىزدىكى ئاشىقلىقلا سىزگە ئۇستاز بولالايدۇ. سىز بۇ ئۇستازنى ئۆز ۋۇجۇدىڭىزدىن ئاختۇرۇڭ. جالالىدىن رۇمى ھەزرەتلىرى «كۆزۈڭنى يۇم، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ۋۇجۇدىڭىزنى زەن قويۇپ تىڭشاڭ، ئىنىم! تەڭرىنى بىلمەي شائىر بولماق مۇمكىن ئەمەس!

كېيىنكى كۈنلەردە مەشرەپ بىلەن موللا بازاراخۇن ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدۇ. موللا بازاراخۇن ئەتراپىغا ئولىشۋالغان مۇرىتلىرىدىن تەڭرىگە قارىغۇلارچە ئاشىق بولۇشتىن باشقا ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغان گۆدەك بالىغىلا ئايلىنىشنى، ھەممە ئىشتا پىر-ئۇستازلىرىنىڭ سىزغان سىزىغىدىن چىقمايدىغان رايىش مولللارنى دوراشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە، بۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغەتلىرىگە بېرىلىشنى قەتئىي چەكلەيتتى. ئۇلارنىڭ كېچە - كۈندۈز تەڭرىگە ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ- سانا ئېيتىپ يىغلاشتىن باشقا ھېچ ئىشى بولماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق مەشرەپ مەسىلىگە ئۇنداق قارىمايتتى. ئۇ تەڭرىنى ئەقىلنىڭ يۈكسەك پەشتاقلىرىدا تۇرۇپ چۈشىنىشنى ئىستەيتتى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ تەقۋادار ئىكەنلىگىنى، تەڭرىگە ئاشىق ئىكەنلىگىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلىدىغان رىياكارلاردىن يىرگىنەتتى. مەشرەپنىڭ تومۇرىدا ئۆزىنى تەڭرىنىڭ كۆلەڭگىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدىغان ۋە ھەققىي ئىنسانغا خاس ئەركىنلىكتىن يىتەرلىك بەھرىمەن بولۇشنى ئىستەيدىغان باشقىچە بىر قان ئۆركەشلەيتتى . ئۇ بارا - بارا موللا بازاراخۇن تەشكىللىگەن ھەلقە - سۆھبەتلەرگىمۇ قاتناشماي قويدى ۋە مەدرىستىكى تالىپلار ئارىسىدا مەنسۇر ھەللاجى، جالالىدىن رۇمى ۋە ئىبنى ئەرەبىيلەرنىڭ ھېكمەتلىرىدىن دەلىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ، موللا بازاراخۇننىڭ پەتىۋالىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىسيانكارانە نۇتۇقلارنى سۆزلەشكە باشلىدى . ھەتتا موللا بازاراخۇننى مەسخىرە قىلىدىغان بىر شېئىرنى يېزىپ، ئاھاڭغا سېلىپ تالىپلارغا ئوقۇپ بەردى . موللا بازاراخۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەر غەزەپكە كەلدى - دە، مەشرەپنى ئالدىغا چاقىرتتى .

- مەشرەپ، پىرنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى. ئۇنىڭغا قارشى چىقماق ئىمانسىزلىقتۇر!

- ئىماننى ئۆلچەيدىغان تارازا ئىگىسىنىڭ قولىدا. مەن پەقەت تەڭرى ئالدىدىلا جاۋابكارمەن، بەندە ئالدىدا جاۋابكار ئەمەسمەن!

- ئىلمي تەرىقەتتە پىر تۇتماق ۋاجىپتۇر.

- بىراق، پىرنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى دېيىلگەن ئەمەس - دە؟!

موللا بازاراخۇن غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. بىراق مەشرەپ پەرۋاسىزلىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- تەڭرى ھەزرىتى ئادەمنى يەر يۈزىگە چۈشۈردى. بىر كۈنى ھەزرىتى ئادەم نالە قىلىپ: «ئەي پەرۋەردىگار، سەن بارلىق سىرلارنى يەشكۈچىسەن. ئەۋلادلىرىمنىڭ روھىنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. شۇئان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تەڭرىدىن نىدا كەلدى: «ئەي ئادەم، ئوڭ تەرىپىڭگە قارىغىن». ئادەم ئەلەيھىسسالام ئوڭ تەرىپىگە قارىۋىدى، كۆزىگە تامامەن ئاق كىيىنگەن روھلار كۆرۈندى. ھەزرىتى ئادەم: «ئىلاھىم، بۇ قانداق روھلاردۇر؟» دەپ سورىۋىدى، تەڭرى: «بۇ مۆمىن پەرزەنتلىرىڭنىڭ روھىدۇر» دەپ جاۋاپ بەردى. ئادەم ئەلەيھىسسالام سول تەرىپىگە قارىۋىدى، تامامەن قارا كىيىنگەن روھلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆردى. ھەزرىتى ئادەم تەڭرىدىن سورىۋىدى، «بۇ كاپىر پەرزەنتلىرىڭنىڭ روھىدۇر» دەپ جاۋاپ بەردى. ئەي، ئاخۇنۇم، سىز شۇ چاغدا ھەزرىتى ئادەم بىلەن بىللە مېنىڭ روھىمنىڭ كاپىرلار قاتارىدا كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەنمىدىڭىز؟

موللا بازاراخۇن مەشرەپتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بەك ئوڭايسىزلاندى.

ـ بۇ ئىلمىي غەيىپكە ياتىدىغان ئىشلار. تەڭرىدىن ئۆزگە ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

ـ بايىقى سۆزلەردە ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتۋالدىلا. بۇنىڭدىن ئارتۇق كۇپۇرلۇق بولمايدۇ، تەقسىر. ئۆزلىرىنى ئۇستاز تۇتۇشتىن ۋاز كەچتىم، خەير!

مەشرەپ ھۇجرىسىغا كىرىپ تەمبۇر بىلەن ساتارنى قولىغا ئالدى ـ دە، مەدرىستىن چىقىپ كەتتى. پىرمەت ستارىمۇ تاپ باستۇرۇپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

مەشرەپكە ئون يىلدىن ئارتۇق ئەقىدە قىلغان ئۇستازىنىڭ ئاخىرىدا ئەقىدىگە زايا كېتىدىغان بىر ئادەم بولۇپ چىقىپ قالغىنى قاتتىق ئەلەم قىلغان ئىدى. ئۇ دەردىنى تەمبۇردىن ئالدى ۋە نەمەنگاندىكى قەلەندەرلەر مەزھىبىگە قوشۇلدى.

قەلەندەرلەر ئاساسلىق ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بىر خىل مەزھەپ بولۇپ، ھەممىلا جايدا خىلمۇ ـ خىل دىنىي پائالىيەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىھبۇد قەلەندەر، كوسا مەدداھ، زۇنۇن دىۋانە، شاھرۇھ قەلەندەر خوجەندى، ئارىپ قەلەندەر چەنگى، خالمۇھەممەت دىۋانە نەمەنگانى، ھۇسەيىن قەلەندەر تەمبۇرى، غازى مايماق قەلەندەر، نازىم تەنتەك، زابىر قەلەندەرباشى قاتارلىق **40** قا يېقىن قەلەندەر شۇ زاماندىكى قەلەندەرلەرنىڭ نوپۇزـ لۇقلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار ئۆزاقتا بارمايلا، مەشرەپنىڭ قىزغىن ھەمسۆھبەتلىرىدىن بولۇپ قالدۇ. مەشرەپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەممىلا يەردە قىزغىن دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىۋېتىدۇ. ئۇ قەلەندەرلەر بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلىرىدە گاھ نۇتۇق، گاھ ناخشا بىلەن زامانىنىڭ تەڭسىزلىگىدىن شىكايەت قىلىدۇ، مەسخىرىلىك تىللار بىلەن زالىم شاھلارنى، مەككار بايلارنى، رىياكار شەيخ ـ سوپىلارنى قامچىلايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە رىياكارلار دىن ۋە دىيانەت يولىدىكى قاراقچىلار ئىدى. ئۇ كۆپ ساندىكى مۆمىنلەرنىڭ يا دوزاختىن قورقۇپ، يا جەننەتنى تەمە قىلىپ، قانداقتۇر مۇئەييەن مەقسەت بىلەن قىلغان ئىبادەتلىرىنى دۇرۇس ھېساپلىمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي ئىبادەت غەرەزسىز ھالدا ئاللاھقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ قىلغان ئىبادەت ئىدى. بىر ناخشىدا ئۇ ھەتتا ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىمۇ مەسخىرە قىلىدۇ:

بۇ تەن خاكىنىيۇ، روھىي راۋاننى نە قىلاي؟
بولمىسا قاشىمدا جانانە، بۇ جاننى نە قىلاي؟
يارسىز ھەم بادەسىز مەككىگە بارماق نە كېرەك؟
ئىبراھىمدىن قالغان ئول ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي؟
ئۇرايىنمۇ باشىمە سەككىز بىھىشۇ ـ دەۋزەخىن،
بولمىسا ۋەسلى ماڭا، ئىككى جاھاننى نە قىلاي؟
ئەرشىنىڭ كۇنگۇرەسى ئۈستىگە قويدۇم ئاياغىم،
لاماكاندىن جاي ئالىپمەن، بۇ ماكاننى نە قىلاي؟
بىر خۇدادىن ئۆزگىسى بارچە غەلەتتۇر، مەشرەبا!
بولمىسا ئاشكارە ئول، سىرى نىھاننى نە قىلاي؟

بىر قېتىملىق ھەلقىدە مەشرەپ ئىچ ـ ئىچىدىن مۇڭلىنىپ ھاپىزلىق قىلىدۇ. ساما سېلىۋاتقانلار ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىن تەسىرلىنىپ ھۆڭرەپ يىغلىشىدۇ. ئارىدا قوشنا ئۆيدە ساما سېلىۋاتقان ئاياللاردىن بىرەيلەن مەشرەپنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ ھوشىدىن كېتىدۇ. بۇ ئايالنىڭ ئىسمى دىلسۆز بولۇپ، نەمەنگاندىكى

بىر ئوتتۇنچىنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ مەشرەپكە كۆيۈپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولغان ئىدى. ئېرى ئۇنى ئورۇنسىز كۇنلەپ، كۈن ئاتلىماي دېگۇدەك ئوتۇن بىلەن ئۇراتتى. شۇڭا ياتلىق بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئېرىدىن كۆڭلى قالغان ئىدى. شۇ ئاخشىمى ئۇلار سۆھبەت ئارىلىغىدا مەخپىي ئۇچرىشىدۇ. دىلسوز چۈمبەردىسىنى ئېچىۋىدى، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا مەپتۇن بولۇپ، مەشرەپنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئوت كېتىدۇ ۋە يىگىتلىك قۇرامىغا يېتىپ، ئايال زاتىنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىغان مەشرەپنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمايدۇ....

مەشرەپ ئۆز ھېسسىياتىنى بېسىۋالالماي ئەتىسى كەچتە دىلسوز بىلەن نەمەنگان شەھرىنىڭ سىرتىدىكى بىر كۆل بويىدا ئۇچرىشىشقا ۋەدە بېرىدۇ ۋە ئۇچرىشىدۇ. ئەمما ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ.... ئەتراپتىكى ھەممىلا نەرسە ئۇنتۇلىدۇ...

ئەمما توساتتىن قاراڭغۇلۇقتا تىمسقىلاپ يۈرگەن بىر توپ ئادەمنىڭ شەپىسى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. دىلسوز دەرھال مەشرەپنىڭ قويىندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كۆلگە ئۆزىنى تاشلايدۇ. مەشرەپمۇ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن كۆلگە سەكرەيدۇ ۋە دىلسوز سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ قالغاندىلا كۆرەلەيدۇ. مەشرەپ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئىچىدىن ئاچچىق بىر ئەلەم پارتلاپ چىقىدۇ ـ دە كۆل بويىغا يامىشىپ چىقىپ پايلاقچىلارنى قوغلايدۇ. بىراق تۇتالمايدۇ. پايلاقچىلار ئۇنىغا يېقىن ئادەم بولۇپ، ئۇلار موللا بازاراخۇننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەشرەپنى نەق ئىش ئۈستىدىلا تۇتۇۋېلىپ ئەل ئارىسىدا بىراقلا شەرمەندە قىلماقچى ئىدى. نەتىجىدە ئۇلار دىلسوزنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. ئۇ دىلسوزنىڭ جەستى بىلەن كۆل بويىدىلا خوشلىشىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆز يەتكۈسىز باياۋانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىدۇ... ئۇ يول بويى ئۆز ھەسرىتىنى ناخشا بىلەن چىقىرىپ ماڭىدۇ...

نەمەنگان شەھرىدىن كەتسەم، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟  
غېرىپلىق شەھرىدە يۈرسەم مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟  
مۇھەببەت شەربىتىن ئىچتىم، قازاندەك قاينىبان تاشتىم،  
بۇ پانىي دۇنيادىن كەچتىم، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟  
چۈشۈپتۇر باشىمە سەۋدا، رەمۇزى ئىشقتىن غەۋغا،  
ئۆزىگە ئەيلىدى شەيدا، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟  
تۇرارغا تاقىتىم يوقتۇر، بارارغا ھالىتىم يوقتۇر،  
يۈرەكتە ئىشق ئوتى چوغدۇر، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟  
بۇ مىسكىن زارى مەشرەپنىڭ، كىشى ھالىنى بىلمەيدۇ،  
بۇ يەردىن باش ئېلىپ كەتسەم، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟

نەمەنگاندا پىتنە ـ ئېغۋالار ئۆي ـ ئۆيلەرگە، كوچا ـ كويىلارغا يامراشقا باشلايدۇ. موللا ۋەلى بىلەن سەلىمخاننىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي مەشرەپنى ئىزلەپ بارمىغان يېرى قالمايدۇ. بىراق مەشرەپ ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان ئىدى.......

پىرمەت ستارى مەشرەپنى بىر ئايدىن ئارتۇق ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىر بۇخارادىكى داڭلىق ئۆلىما مەۋلانە شېرىپ ھۇزۇرىدىن تېپىۋالىدۇ. مەۋلانە مەشرەپكە ئىمام غەززالى ۋە ئىبنى ئەرەبىينىڭ تەلىماتلىرىدىن ساۋاق بېرىۋاتاتتى. پىرمەت ستارى كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەشرەپ بىلەن مەۋلانە ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك مۇنازىرە باشلىنىپ كېتىدۇ.

ـ تەرىقەت يولىنى تۇتقان ئادەم شەھۋەتنى چەكلەش لازىمدۇر، ـ دەيدۇ مەۋلانە.

ـ ھەزرىتى جالالىدىن رۇمىنىڭ ھېكمەتلىرىدە، ئىنسانىي مۇھەببەت ئىلاھىي ئىشققا كۆۋرۈك دېيىلگەن. ئىككى ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ئەمەلگە ئاشمايدىكەن، تەڭرى بىلەن بىرلەشمەك ۋە ھەقىقەتكە يەتمەكمۇ مۇمكىن ئەمەستۇر. تەڭرىگە يېتىش ئۈچۈن ئىنسان تەڭرى ئۆزىگە ئىنام قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەرگەن ئەسلى ئىنسانلىق تەبىئەتكە قايتمىغى شەرت. بىراق ئىنسان پەقەت ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانغا مۇھەببەت باغلاش بىلەنلا ئىنسانلىق تەبىئىتىنى تاپالايدۇ.

ـ هاۋايى ـ هەۋەس شەيتانىنىڭ ئىشى!

ـ بىراق، شەيتانمۇ تەڭرىنىڭ ياراتمىشى. هەزرىتى مەنسۇر هەللاجى تەڭرىنى «تەڭرىنىڭ خاهىشى» ۋە «تەڭرىنىڭ بۇيرىغى» دەپ ئىككى قۇتۇپقا بۆلگەن. شەيتان خاهىشقا تىمسالدۇر، پەرىشتە بۇيرۇققا تىمسالدۇر. ئىنسان تەڭرىنىڭ خاهىشى بىلەن بۇيرىغىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى. شۇڭا ئۇ تەڭرىگە يېتىش ئۈچۈن تەڭرىنىڭ بۇيرۇغىنىلا ئىجرا قىلىپ قالماي، بەلكى تەڭرىنىڭ خاهىشىنىمۇ چۈشىنىشى كېرەك.

بۇنداق مۇنازىرىلەردە مەۋلانە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تېرىكىپمۇ قالاتتى، ئارقىدىنلا ئۆز هاياجىنىنى ئۇستىلىق بىلەن پەسكويغا چۈشۈرۈۋالاتتى ـ دە، ۋەزمىن تەلەپپۇزدا گەپ باشلايتتى:

ـ ئىنسان تەڭرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈنلا تۆرەلگەن.

ـ يوقسۇ، تەقسىر. ئىنسان تەڭرىنى خاهىش ۋە بۇيرۇقلىرى بىلەن قوشۇپ تولۇق هېس قىلىش ئۈچۈن تۆرەلگەن. گەرچە تەڭرىنى تولۇق چۈشىنىش تا قىيامەت قايىم بولغىچە مۇمكىن بولمىسىمۇ، بىراق ئىنسان ئۇنى يېتەرلىك چۈشىنىشكە تىرىشمىغى شەرت. شۇڭا ئۇ ئاشكارىلانغان ئىلىملارغا جەملەنگەن بۇيرۇقلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇ تېخى ئاشكارىلانمىغان ئىلىملەرگە ئۆزىنى بېغىشلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئىنسان ئۆزىنى تەڭرىگە تولۇق بېغىشلىيالىغان بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىمۇ ئاللاھ: «ماڭا تولۇق يۈزلىنىڭلار!» دېگەن.

مەۋلانە ئاخىردا ئۆزىنىڭ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي چىچاڭشىپ كېتىدۇ ۋە مەشرەپنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق هاقارەتلەشكە باشلايدۇ:

ـ سەن بىر مەزلۇمنىڭ بېشىغا چىققان قاتىل!

ـ مەزلۇم تەڭرىدىن كەلگەن، يەنە تەڭرىگە قايتتى. تەڭرىنىڭ بۇيرىغىسىز قىل تەۋرىمەس. ئۇنىڭ ئۆلۈمگە پايلاقچىلار سەۋەپچى!

مەشرەپ پىرمەتنى ئەگەشتۈرۈپ مەۋلانەنىڭ هۇزۇرىدىن پېشىنى قېقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

بۇ كۈنلەردە مەشرەپنىڭ بۇخاراغا داڭقى پۇر كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ مەۋلانە هۇزۇرىدىن قايتىپ چىققىنىنى ئاڭلاپ، بىر توپ جامائەت ئەتراپىغا ئولىشىدۇ. كوچىدا ئادەملەر سەل بولۇپ ئاقىدۇ. مەشرەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خىيالى دۇنيادا كېتىۋاتقاندەك بىخارامان كېتىۋاتاتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ناخشا توۋلاپ، زالىملارنى شەپقەتسىز تۇردە قامچىلايتتى. ناتىۋان خەلق ئەھۋالىدىن دىلى قايغۇغا چۆمگەن مەشرەپ زامانىنىڭ تەڭسىزلىگىدىن قاقشاپ، مۇڭلۇق ناخشىلارنى يول بويى توۋلاپ ماڭاتتى.

ئېتەگىمنىڭ يەلپۈشىدىن يۈز خىزىر پەيدا بولۇر،
بۇ دىلىمنى كۆلىماڭ، ئاتەشگادا پەيدا بولۇر.
هەر تەرەپتىن نەرەي: "ۋاه، هەسرەتا" پەيدا بولۇر،
زۇهد ئېلىغا "هاي ـ هۇۋ" ئاچچىق نىدا پەيدا بولۇر،
ئەهلى تەقۋالار ئارا ۋاۋەيلاتا پەيدا بولۇر.
خوجا ـ سەييىد، بەگۇ ـ خان، سەردارىلەر بەدگار ئىسە،
زۇلم تىغىن تىز ئېتەردە هەر بىرى نامدار ئىسە،
كاسەلەس كاززاب شەيخلەر بۇ ۋەتەندە بار ئىسە،
مەزلۇم ئەللەر ئېگىرشىپكىم پارچە نانغا زار ئىسە،
كۆپىر ئېلىغا مەشرەبدەك رەهنەما پەيدا بولۇر.

مەشرەپنىڭ سۆز ـ هەرىكەتلىرىدىن بۇخارا هۆكۈمرانلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلار ئەتراپىغا مەۋلانە شىرىپ باشچىلىغىدىكى بىر توپ يالاقچى سوپى ـ شەيخلەرنى يىغىپ مەشرەپنى بۇخا ـ

رادىن ھەيدىۋېتىشكە قوترىتىدۇ. مەشرەپكە ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرگەن بىر توپ سوپىلار مەشرەپكە كوچىدىلا چالما ـ كېسەك ياغدۇرۇپ، مالامەت تاشلىرىنى ئېتىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىككە ئىخلاس قىلىپ ئەتراپىغا ئۇلىشىۋالغان خالايىقنىڭ قولىدا بولسا تۆمۈرنىڭ سۇنىغىمۇ يوق ئىدى. ئېغىر زۇلۇم دەستىدىن ئۇلارنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشقان ئىدى. ئۇلار كۆز ئالدىدا بولىۋاتقان ئىشلارغا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ رايىشلارچە تىكىلىپلا قاراپ قالدى، خالاس.

ـ بىر غىلاپقا ئىككى شەمشەر سىغماس! ـ دېدى مەشرەپ پىرمەتكە، ـ بۇ كاززاپلارنىڭ ۋەتىنى ئەمدى بىزگە ھارام. قەشقەردىكى ئاپاق خوجا ھەزرەتلىرىنى ئاجايىپ ھەقىقەتپەرۋەر ئۆلىما دەپ ئاڭلىدىم. قەشقەرگە بېرىپ ئاشۇ ئۇستازنىڭ ئېتەكلىرىنى سۆيەيلى!

تۇگمەس سەرگەردانلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان جاھانكەزدى مەشرەپ پىرمەت ستارىنىڭ ھەمراھلىقىدا، سۇسىز دەشت ـ چۆللەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەردىدە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ دېگۈدەك بۇخارادىن ئاخىر ئوشقا يېتىپ كېلىدۇ. تىرىكلەردە ئىمان ۋە ئەقىل بولمىغان بىر زامانغا خاتا تۇرىلىپ قالغان مەشرەپ پۈتۈن ئۆمىدىنى ۋە تەرىقەتتىكى چىقىش يوللىرىنى ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ روھىغا باغلىۋەتكەن ئىدى. مەشرەپ ئاسمانغا ھەرە چىشىدەك قادىلىپ تۇرغان قاتمۇ ـ قات تاغلاردىن مىڭ بىر مۇشەققەتتە ھالقىپ ئۆتۈپ ئاخىر ئاتۇشتىكى قىران دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار دەريا بويىدىكى چىملىقتا خېلى ئۇزاق ئۇخلىۋالدى. ئاندىن ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلغىلى يۈرۈپ كەتتى.

ـ ئەي، ئۇلۇغ خاقان! ـ دەپ خىتاب قىلدى مەشرەپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا كېلىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ـ سەن ئادالەت قىلىچىنى ئوينىتىپ قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن خەلقڭنى بىر قىلىچ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرغان ئىدىڭ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتقان ئىدىڭ. دىنىي بايراق ئاستىدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەڭرى كۆتكەن ھەقىقىي بىرلىكنى، ئىناقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدىڭ. ھالا بۇ كۆنلەردە ئەۋلادلىرىڭ ھەقىقەت يولىدىن تېيىپ، بىرلىكتىن ۋاز كېچىپ، غاپىللىققا چۆكۈپ، تەڭرىنىڭ بۇيرۇق ۋە خاھىشلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشقا باشلىدى!... ـ ئۇنىڭ مەڭزىگە ئىختىيارسىز ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى.

ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، پېشىن ۋاقتى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلدى. جاھانغا سىغمىغان ئىخلاسمەن مەشرەپ تەڭرى ئۆز ئالقىنى بىلەن سىلىغان بۇ ئەزىزانە شەھەردە ئۆز ئىخلاسىغا چىقىش يولى تاپماقچى ئىدى. نېسىپ بولسا مانا بۈگۈن ئاپاق خوجىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ، تەۋەرۈك پەشلىرىنى يۈزىگە سۈرتىدۇ.

ئۇ تۈمەن دەرياسىغا چۈمۈلۈپ تاھارەت ئالدى؛ ئاندىن دۇئا ـ تەكبىر بىلەن روھىنى پاكلاپ، «بىسمىللا» دەپ ئوڭ پۇتىنى چامداپ ياۋاغ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇ يول بويى ناخشا توۋلىدى.

ئانقەدەر نۇرغا تولۇپمەن ئاسمانغا سىغمىدىم،
تاقى ئەرشى كۇرسىيۇ لەۋھى جاھانغا سىغمىدىم.
كىمگە سايەم چۈشسە ئول نۇرى يېقىن بولدى شۇ دەم،
دەپتىرى روھىي قۇددۇستۇرمەن، زابانغا سىغمىدىم.
سايەئى ئادەمگە كەلدىم، نۇرى مەنى ئىزلىدىم،
جەننەتۇل پىردەۋسدەك ئالىي ماكانغا سىغمىدىم.
بار ئىدىم نوھ ۋاقتىدا، غەرق ئەتمىدى توپانى ھەم،
ھەمراھى مۇسا بولۇپ تۇرى سىنانغا سىغمىدىم.
ئەللىك يىل ئەيسا بىلەن يۈردۇم ئۆلۈكنى تىرگۈزۈپ،
بائىسى بىر نۇقتىدىن: مەشرەپ زامانغا سىغمىدىم.

www.uyghurkitap.com



مەشرەپ قەشقەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ بولۇپ، ئاپاق غوجىنىڭ هۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭ سالامخانىسىدا مۇبارەك پەشلىرىنى سۆيۈپ، ئايىغىغا يىقىلدى. ئاپاق خوجا ئايىغىغا يىقىلغان يىگىتلەرنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرىدىن سۆيۈنۈپ مەمنۇنىيار كۈلۈمسىرىدى ۋە ئۇلارنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا بۇيرۇدى....

ئەمدى مەشرەپ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئاپپاق خوجىنىڭ قارا ئىشلىرىنى قىلىشقا كىرىشتى ۋە بىر كۈنى كەچتە ئوتۇنخانا ئالدىدا ئوتۇن يېرىۋاتقاندا بىر كېنىزەك تۆت تەرەپكە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ مەشرەپكە يېقىنلاشتى.

ـ هارماي ئىشلەيدىكەنسىز، ـ دېدى ئۇ جان ئالغۇر كۆزلىرىنى مەشرەپكە ئوينىتىپ.

ـ پىرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ساۋاپ تاپاي دەيمەن. هارماس بىر ئاللا. هارسامۇ چىدايمەن ـ دە! ـ مەشرەپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

مەشرەپنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىنى كۆرۈپ كېنىزەككە تېخىمۇ جان كىردى.

ـ دائىم ساۋاپ قوغلىشىپلا يۈرىدىكەنسىز. هاياتىڭىزدا گۇناهمۇ قىلغانمۇ سىز؟

ـ قىلغان...

مەشرەپنىڭ كۆز ئالدىغا سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالغان دىلسۆز كەلدى ـ دە، ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتى. ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزنىڭ چىرايى دىلسۆزگە قەۋەت ئوخشايتتى. مەشرەپنىڭ قەلبى ئازاپ ئارىلاشقان بىر خىل مۇھەببەت هېسسىياتىنىڭ تۇرتكىسىدە داۋالغۇشقا باشلىدى. ئۇ پۈتۈن هېسسىياتىنى كۆزىگە يىغىپ قىزنىڭ كۆزلىرىگە بىر پەس سىنچىلاپ قارىدى. قىز بەرداشلىق بېرەلمەي بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. بۇ قىزنىڭ ئىسمى گۈلرۇز ئىدى. مەشرەپ شۇنىڭدىن كېيىن كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

موللا قاسىم كېنىزەكلەرنىڭ مەشرەپكە قىزىقىپ قالغانلىقىدىن تەشۋىشكە چۈشۈپ ئاپاق خوجىغا يۈراتتى. بۇ گەپلەر ئاپاق خوجىنىڭ قەلبىگە رەشك ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ قويدى ۋە مەشرەپنى ئەتىدىن باشلاپ يازلىق قارارگاھتىكى گۈلباغدا ئىشلەشكە بۇيرىدى . شۇنىڭدىن كېيىن پىرمەت بىلەن مەشرەپ ئىككىسى گۈلباغقا بېرىپ ئىشلەشكە باشلىدى . بۇ باغ جەننەتتەك گۈزەل ئىدى. باغنى ئاپاق خوجىنىڭ سادىق مۇرىتلىرىدىن بولغان شائىر مۇھەممەت ئىمىن خوجامقۇلى خىرقىتى باشقۇراتتى. ئۇ شۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ قايماقتەك تاتلىق تىل بىلەن يېزىلغان غەزەللىرى ئارقىلىق پۈتۈن قەشقەرگە پۇر كەتكەن شائىر ئىدى....

كۈنلەر ئۆتۈپ مەشرەپنىڭ خوجا ئاپاقتىن ئىخلاسى قايتىپ قالدۇ. چۈنكى «نەگىلا بارساڭ قازاننىڭ قۇلىغى تۆت» دېگەندەك، قەشقەردىمۇ تەڭسىزلىك، زۇلۇم ـ ستەم هۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

مەشرەپ گۈلباغقا كەلگەندىن كېيىن شائىرلىقى بېشىغا بالا بولىدۇ. چۈنكى مەشرەپكە هەسەت قىلىۋاتقان خىرقىتى ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزلەپ ئۇنىڭ كەينىگە دائىم ئادەم سېلىپ قوياتتى. ئەمما مەشرەپ بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئازغاشتۇرىۋېتەتتى. خىرقىتى ئۇنى يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئاپاق خوجىغا چېقىشتۇرۇپلا يۈرەتتى. مەشرەپ بىلەن پىرمەت ئىككىسى شۇ سەۋەبتىن دائىم جازاغا ئۇچراپ تۇراتتى.

مەشرەپ ئاچچىغىنى نەزمە بىلەن چىقىراتتى. ئۇ ئەمدىلىكتە ئايغاقچىلارنى، سوخەنچىلەرنى هەجۋىي قىلىدىغان شېئىرلارنى يېزىپ، پات ـ پات جامائەتكە ئوقۇپ بېرىشكە ئادەتلىنىپ قالىدۇ. پىرمەت ستارى ئاتەشنەپەس ئۇستازى ئوقۇغان نەزمىلەرنى خاتىرىلەپ، «دەپتەرى ئەشارى كالان» دەپ بىر دىۋان تۈزىدۇ. بىر قېتىم مەشرەپ بىلەن پىرمەت ئاپاق خوجىنىڭ ئىشى ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كەتكەندە، خىرقىتى ئۇلارنىڭ يېتىپ قوپىدىغان ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، بۇ دىۋاننى تېپىۋالىدۇ، ـ دە، ئاپاق خوجىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ئۇلار سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر جۈمە كۈنى ئاپاق خوجا قەشقەردىكى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى خانىقاغا يىغىپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا مەشرەپنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىپ سوراق قىلىدۇ.

- ئەي بەتقىلىق، ئەشارى تەۋەرۈكنى بۇلغاپ بىمەنە، ناشايان سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈپسەنغۇ؟ پىقىر ۋە سادىق مۇخلىسلىرىم ھەققىدە ئاغزىڭغا كەلگەننى بىلجىرلاشتا خۇدادىن قورقمىدىڭمۇ، بەندىدىن ئۇيالمىدىڭمۇ؟ يا سەردارى ئىشراقىيۇن، ئەھلى ھىرقە پېشۋاسى خىرقىتى، بۇ بەتقىلىقنىڭ ئىلىكىڭىزدە بولمىش «دەپتەرى ئەشارى كالان»دىن بىر نەزمە ئوقۇغايسىز. بۇ يەردە ھازىر بولغۇچىلار ئۇنىڭ نەز- مىلىرىنى ئاڭلاپ، كۆپۈرلۈق بابىدا قايسى دەرىجىگە يەتكىنىنى بىلىپ قالغاي ۋە ئۇنىڭغا مالامەت تاشلىرىنى ياغدۇرغاي!

ئاپاق خوجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن خىرقىتى ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، بوغۇلۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن تاللاپ قويغان نەزمىلىرىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ:

دىلىمنى نېمە ئەيلەپ بەس، ماڭا سالدىڭ جۇدالىقنى،
ساۋۇردۇڭ، يەلگە بەردىڭ، ھەي، بۇ ئەھدۇ ئاشنالىقنى.
سەن، ئەي خىرقەت، نەسىھەتنى بېرىپ ئىتلار ئارا قىلغىن،
جاھاندا كۆرمىدى ھەرگىز كىشى سەندەك رىيالىقنى.
زالالەت پېشەلىغنى ئەھلى جىنلار سىزدىن ئۆرگەنگەي،
مۇناپىق، بەدپىسەندلىك ھەم تاماگەر، رۇسىيالىقنى.
رىيا تائەت قىلىپ كۆندۈزلىرى ئۆزىن دىبان مۇرشىد،
كېچىدىن تاڭ قەدەر قىلغۇڭ ئۆزۈڭدەك يۈز قارالىقنى.
ھەمە ئەلنى خاراب ئەيلەپ، تەزەللۇم پىشە بولمىشسەن،
سېنىڭ پىرىڭ قىلۇر ئاخىر مەگەر دەئىۋى خۇدالىقنى.
نەچە مەزلۇم خالايىقنىڭ كۆزىن ياشلاپ، بۇ مەشرەپتەك،
نېسىپ ئەتكەي ساڭا ئاخىر خۇداۋەندە گادالىقنى.

نەزمە ئوقۇلۇپ «سېنىڭ پىرىڭ ئاخىر خۇدالىق دەۋاسى قىلىدۇ» دېگەن يەرگە كەلگەندە ئاپپاق خوجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ. خالايىقمۇ ياقىسىنى چىشلەپ، تۆۋە - ئىستىغپار ئوقۇشقا باشلايدۇ. خىرقىتىنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇغۇسى بار ئىدى. بىراق دەرغەزەپ بولغان ئاپپاق خوجا توختىتىپ قويىدۇ ۋە مەشرەپكە مىختەك قادىلىپ:

- ئەي مەشرەپ، پىقىر ۋە سادىق مۇرىتلىرىم ھەققىدە مۇنداق ھاقارەتلىك نەزمىلەرنى يۇتۇشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ جامائەت ئالدىدا تۆۋە قىلىپ، گۇناھىڭنى يۇغايسەن! دەيدۇ.

مەشرەپ ئاپپاق خوجىغا ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، جاۋابەن :

- يا پىرىم، مەيلى نېمىلا دېمەي، ھەق گەپنى قىلدىم. تۆۋە قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەسمەن.

مەشرەپنىڭ جاۋابىدىن تېخىمۇ دەرغەزەپ بولغان ئاپاق خوجا دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ، «دەپتەرى ئەشارى كالان»نى ئوتقا تاشلاشقا، مەشرەپكە قىرىق دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. پىرمەت ستارىنىمۇ مەشرەپكە ھامىيلىق قىلغانلىغى ئۈچۈن پۇت - قوللىرىغا كويزا - كىشەن سېلىپ بىر ئاي زىندانغا سولىۋېتىدۇ.

پىرمەت ستارى زىنداندىن چىققاندا مەشرەپنى قەشقەردىكى ۋەيرانە بىر قەلەندەرخانىدىن قان تۈكۈرۈپ، ئاغرىپ ياتقان ھالەتتە تېپىۋالىدۇ. خوجامقۇلى خىرقىتىنىڭ مەشرەپنى ئەل ئارىسىدا شەرمەندە قىلىش ئۈچۈن قاباھەتلىك ۋاستىلەرنى تاللاشتىنمۇ باش تارتىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ تېخى مەشرەپنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى ئۆزىنىڭ دىۋانىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، مەشرەپنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئۆز شۆھرىتىنى ئاشۇرماقچى بولىدۇ. بىراق قەشقەرنىڭ خۇداگۆي، سەممىي خەلقى بۇ بېيتلارنىڭ خىرقىتىنىڭ قولىدىن چىققانلىغىغا ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى بۇ شېئىرلار خىرقىتىنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆرە، خىرقىتى ئاپاق خوجىغا چېقىشتۇرغان شېئىرلارغا بەكرەك ئوخشاپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا يەكەندىكى ئىسمائىلخانىنىڭ ئابرۇيلۇق شائىرلىرىدىن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گورۇھ كىشى ئاپاق خوجىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ مەشرەپ ئۈچۈن دەۋاگەر بولدۇ. ئۇلار مەشرەپنىڭ شېئىرلىرىنى خىرقىتىنىڭ كۆچۈرۈۋالغانلىقى ئۈستىدە ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈشۈپ، خىرقىتنى مات قىلىپ قويۇشىدۇ....

كېيىنكى بىر كۈنى يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق بىلەن قوشۇلغان چاغدا كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان كېنىزەك بىلەن مەشرەپ ئۆزىنى ئوتقا ئاتقان پەرۋانىدەك بىر ـ بىرىنىڭ قۇچاقلىرىغا ئېتىشتى. ھەر ئىككىسلا بىر قەدەھتىن شاراپ ئىچكەندەك مەست ـ ئەلەس بولۇشقان بولۇپ، ئەتراپتىكى ھېچنەرسىنى كۆرمەيتتى. قۇلاقلىرى بالدەك شېرىن سۆزلەردىن باشقا ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىمايتتى. شۇ چاغدا تىمسقىلاپ كېلىپ دەرەخلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ماراپ تۇرغان لەزىز كاززاپ بىلەن ۋاھىد قەللاب چاچراپ چىقىپ ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئاجراتتى. ئۇلار مەشرەپنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئوتۇنخانىغا سولاپ قويۇپ، گۈلرۇزنى چېچىدىن سۆرەپ خانىقاغا ئېلىپ كىرىپ كېتىشتى. مەشرەپ قۇربان قىلىنىش ئالدىدا باغلاپ قويۇلغان قويدەك تىپچەكلەپ كەتتى.

ئاپاق خوجا ۋەقەدىن خەۋەردار بولسىمۇ ھېچنەرسىنى ئاڭلىمىغان كىشىدەك ۋەزمىن ۋە خاتىرجەم ئىدى. ئۇ تېخى ئىچىدە ئاجايىپ ياخشى ئۈچ ئىلىش پۇرستى كەلگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇ ئالدىرىماي سالامخانىغا چىقتى. ئۇنىڭ تاشتەك قاتقان يۈزىدە ياسالما ئۇلۇغۋارلىقتىن باشقا ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ غەزىۋىنى ئىچىگە يوشۇرغان بولۇپ، چىرايى پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشتەك جىمجىت ئىدى. ئۇ ئۆز كۇرسىغا ئولتۇرۇپ كەشمىر چاپانىنىڭ پەشلىرىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن قەددىنى رۇسلاپ، گۇناھكار يىگىتنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ساتىم قاراقچى بىلەن قاسىم بېجىرىم قولى كەينىگە باغلانغان، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مەشرەپنى سۆرىگەن پېتى سالامخانىغا ئېلىپ كىردى. مەشرەپ ئاپاق خوجىغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

ـ جىنايەتنى جازاسىز قالدۇرۇش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس، ـ دېدى ئاپاق خوجا سۇرلۇك ئاھاڭدا، ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ، گويا ئادالەت ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان پادىشاھتەك ئويغا پاتتى. رەشك ئوتىدا كۆيگەن يۈرىگى «مەشرەپنى دەرھال تاغارغا سولاپ مۇناردىن تاشلىۋەت!» دەپ تۇرسىمۇ، ئەقلى «ئالدىرىما، بۇ يالاڭتۆش شائىرنىڭ جامائەت ئارىسىدا مۇخلىسلىرى كۆپ. ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ ئۇنى ئەۋلىيا دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ، سەن ئەۋلىيانى ئۆلتۈرگەن قاتىلغا ئايلىنىپ قالىسەن» دەپ خىتاپ قىلاتتى.

ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى ـ دە، يانچۇقىدىن مىس ۋە تۆمۈر قېتىشمىسىدىن ئىشلەنگەن تامغىنى ئېلىپ، قاسىم بېجىرىمگە ئوتتا قىزىتىپ كېلىشكە بەردى.

ـ شەرئەتتىن يۈز ئۆرۈپ، گۇمراھلىق يولىغا ماڭغان بۇ بەندە ئۆلۈمگە لايىق، ـ دېدى ئۇ قاپىغىنى تۈرۈپ، ـ بىراق بىز قىساس ئېلىشنى ئەيىپ، ئەپۇ قىلىشنى ھۇنەر دەپ بىلىمىز. شۇڭا ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچتۇق. ئەمما جىنايەتنى جازاسىز قالدۇرۇشمۇ شەرئەتكە خىلاپ. شۇڭا بۇ پاسىق يىگىتنى ئەرلىكىدىن مەھرۇم قىلىشنى قارار قىلدۇق!

ئاپاق خوجا چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن تامغىنى سېپىدىن تۇتۇپ قولىغا ئالدى ـ دە، ئايغاقچىلار تەرىپىدىن باشلىرى ئەگدۈرۈلگەن مەشرەپنىڭ ئەسەپ تومۇرىغا كۆچەپ باستى. مەشرەپ ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. يىقىلىش ئالدىدا دەھشەت بىلەن چىرقىراپ كەتتى. سالامخانىدىكىلەر قورقۇپ غال ـ غال تىترەشتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن مەشرەپ ئەسلىگە كېلىپ، ئاستا ـ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قۇۋۋەت قالمىغان، چىرايى ئۆششۈك تەگكەن يوپۇرماقتەك ساپسېرىق ئىدى. پىرمەت ئۇنىڭغا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ تەسەللى بېرەتتى. پۈتۈن دۇنيا كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنگەن مەشرەپكە ھېچنەرسە تېتىمايتتى. ياخشى سۆزلەرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمايتتى. «مېنى پاسىق دەپ ئەرلىكىمدىن مەھرۇم قىلغان ئاپاق خوجىنىڭ ئۆزى تېخى كۈندە بىر كېنىزەك بىلەن نۆۋەتلىشىپ زىنا قىلىپ چىقىدۇ، تۇفى!».

مەشرەپكە ئۆزى ئەقىدە قىلىپ نەمەنگاندىن ئىزلەپ كېلىپ قول بەرگەن، ھەممە ئادەم ئەۋلىيا دەپ چوقۇنىۋاتقان ئاپاق خوجىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنى ئۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغۇچى، ئىچى

قارا مەلئۇن ۋە مۇناپىق بولۇپ چىققانلىقى قاتتىق ئەلەم قىلغان ئىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە قەشقەردىكى داڭلىق سازەندە ئۇستاز مۇھەممەد سىدىق ئەنجانى تەمبۇرى مەشرەپنىڭ يالقۇنلۇق غەزەللىرىگە قەشقەر مۇقاملىرى ئۇسلۇبىدا مۇڭلۇق ئاھاڭلارنى ئىشلەپ ئەل ئىچىدە تارقىتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ساددا خەلق ئاپاق خوجا بىلەن قىرىشقاندەك مەشرەپنى ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، «ساھىب كارامەت ئەۋلىيا» دەپ ئاتايدىغان، ئۇنىڭغا غايىۋانە تەلپۈنىدىغان بولۇشتى. ئاپاق خوجا ھۇزۇرىدا پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولغاندىن كېيىن مەشرەپ بىلەن پىرمەت ستارنىڭ ئاپاق خوجا ياشاۋاتقان قەشقەرنى كۆرەر كۆزى يوق بولدى. ئۇلار بېشى قايغان، پۇتى تايغان پەدىگە يۈرگىنىچە ئالاھەزەل ھەپتە - ئون كۈنلەردىن كېيىن يەكەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. مەشرەپ شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرە - كىرمەيلا دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان كازازاپلارنى قامچىلايدىغان ناخشىلارنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ئاھ دىلىمدا زاھىدا، مەسجىدۇ مۇنبەرىڭ كۆيەر،

قاچمىساڭ ئەمدى زاھىد تەسبىھۇ دەپتەرىڭ كۆيەر...

مەشرەپ پىرمەت ستارنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى - دە، ھاردۇق يېتىپ كەتكەچكە، دەرۋازا يېنىدىكى ئەسكى بىر دەڭگە چۈشتى. دەڭجا بۇ ئىككىيلەننىڭ جۇل - جۇل كىيىملىرىگە ۋە ۋەيرانە قىياپىتىگە قاراپ ئۇلارغا ئادەتتىكى بىر ياتاقنى ئېچىپ بەردى. مەشرەپ ياتاققا كىرىپلا چىلىمنى قولىغا ئېلىپ بولۇشىغا بەڭ چەكتى. پىرمەت چىلىمغا تارىشا گۇگۇت بىلەن توختىماي ئوت يېقىپ تۇردى. مەشرەپ ھايال ئۆتمەي ئۇيقۇغا كەتتى. پىرمەتنىمۇ مۈگدەك باسقىلى تۇردى. پىرمەتنىڭ كۆزلىرى ئەمدىلا يۇمۇلۇۋىدى، دەڭجا ھاسراپ - ھۆمىدەپ كىرىپ كەلدى ۋە خىرىلداپ تۇرۇپ پىرمەتتىن گەپ سوراشقا باشلىدى.

- ھەي يولۇچى، ئىسمىڭ نېمە؟

- ئىسمىم پىرمەت ستارى، - پىرمەت ئەجەبلىنىپ قالدى.

- مۇنۇ ئۇخلاپ قالغان ھەمراھىڭىزچۇ؟

- ھەزرىتى بابارەھىم مەشرەپ!

دەڭجا بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە قىلىشنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئاران ئېسىگە كەلدى - دە، دەرھال چىقىپ كېتىپ ئىككى چاكىرىغا تاۋار كۆرپە - يوتقان ۋە چىرايلىق گىلەملەرنى كۆتەرتىپ قايتىپ كىردى.

پىرمەت يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى.

- قاراڭ، ھۆرمەتلىك يولۇچى، بايا مەن بەڭ سەت ئىش قىپتىمەن. ھەزرىتىمنىڭ ۋە سىلىنىڭ ئۇلۇغ زاتلاردىن ئىكەنلىكلىرىنى تونۇماپتىمەن. ئەپۇ قىلىشقايلا. چاكارلار ئۆي ئىچىگە گىلەملەرنى يېيىپ، ئۇخلاپ قالغان مەشرەپنى ئېسىل تۆشەكلەرگە يۆتكىدى.

چاكارلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەڭجا پىرمەتتىن يەنە يېنىش - يېنىشلاپ ئەپۇ سورىدى - دە، ئۇردىدىن مەشرەپنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن نۆكەرلەرنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇلار ئۇخلاپ قالغان مەشرەپكە ۋە پىرمەتكە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

مەشرەپ كۈن چىڭقى چۈشتىن قايرىلغىچە مىدىرلىماي ئۇخلىدى. ئاخىر ئىسمائىلخاننىڭ بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى يەتكەندىلا پىرمەت ئامالسىز ئۇنى نوقۇپ ئويغاتتى.

مەشرەپ ئويغانغاندىن كېيىن تېگىدىكى ئېسىل يوتقان - كۆرپىلەرگە ۋە زىلچىلارغا قاراپ ھەيران قالدى. ئەتىگەندە چەككەن بەڭنىڭ تەسىرى تېخى يوقالمىغان ئىدى. ئۇ تام تەرەپكە قاراپ، يەكتىكىنى دالدا قىلىپ يوتقان - كۆرپىلەرگە جوقىرىتىپ سىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ پىنھان يېرىمۇ ھازىر سىيىشتىن باشقىغا يارىمايتتى.

- ھەزرىتىم، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ - دېدى پىرمەت تولىمۇ ئەجەبلىنىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ـ بۇنداق ئىززەتكە شۇنداق سىيمەك كېرەك!ـ دېدى مەشرەپ ئىشتان بېغىنى يېڭۋاشتىن ئىتتىۋېتىپ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن دەڭجانىڭ ئەتگەنكى قوپال مۇئامىلىسى ۋە سۇرۇن تىلەتى تېخى كەتمىگەن ئىدى.

دەڭجا چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا خان ئالىيلىرىنىڭ يەكەندىكى ئۆلىمالارنى ئەگەشتۇرۇپ، ھەزرەتلىرىنى قارشى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى ۋە شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى يەتكۈزـ دى. مەشرەپ ئويلىنىپ قالدى: يەكەندىكى ئۆلىمالار ئىلگىرى ئاپاق خوجا ھۇزۇرىغا مەشرەپ ئۈچۈن دەۋاگەر بولۇپ بېرىپ، ئۇنى ئاقلىغان ۋە خىرقىتىنى شەرمەندە قىلغان ئىدى. يەكەن خانى ئىسمائىلخان بولسا مەشرەپنى ئۆمۈرلۈك ئازاپقا دۇچار قىلغان مەلئۇن خوجا ئاپاقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. مەشرەپ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ خاننىڭ ئالدىغا چىقتى. يىراقتىكى ئاۋام ئالدىدا ئارغىماق ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان ئىسمائىلخان ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بۇدۇر چاچلىق، قوشۇما قاشلىق، ساقاللىق، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان يىگىتنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشتى ۋە نەچچە ئون قەدەم چامداپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېڭىشىپ سالام بەردى. مەشرەپمۇ كەمتەرلىك بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈردى. توپ تەۋرەپ كەتتى. قارشى ئېلىشقا چىققان ئاما كوچىدا سەلدەك ئاقاتتى. كۆرۈشۈش ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت داۋاملاشتى. مەشرەپنىڭ قوللىرى تېلىپ زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىغاندا، ئاندىن كۆرۈشۈش ئاياغلاشتى.

خان ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى. مەشرەپ كەمتەرلىك بىلەن باش ئېگىپ توپنىڭ ئالدىدا ئوردىغا قاراپ يول ئالدى.

مەشرەپ شەنىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان زىياپەتلەر، بەزمىلەر، ھەلقە ـ سۆھبەتلەر بىر ھەپتىگىچە داۋاملاشتى. مەشرەپ زىياپەتلەردە ئۆز شېئىرلىرىغا ئۆزى ئاھاڭ سېلىپ ئىشلىگەن غەزەللەرنى قانماي تۇۋلاپ، زىياپەت ئەھلىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىپ، قەلب تەشنالىقلىرىنى قاندۇرسا، ھەلقە ـ سۆھـ ـبەتلەردە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا يالقۇنلۇق ھېكمەتلەرنى بايان قىلىپ، يەكەندىكى دىنىي زاتلارنىڭ بۇرۇنقى چۈشەنچىلىرىنى تەۋرىتىپ تاشلىدى. ئاپاق خوجا ۋە ئاپاق خوجا ۋەكىللىـ ـگىدىكى دىنىي نىقاپقا ئورنىۋالغان، مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ تەڭرىنىمۇ ئۇنتىغان، ئەلنى ئالداپ قاقتىـ سوقتى قىلىش ۋە جەبىر ـ زۇلۇم سېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان كاززاپلارنى يەتكىچە قامچىلىدى. ئىسمائىلخانمۇ بۇرۇندىنلا ئاپاق خوجىنى ئەلنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاپەت دەپ قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بۇ قاراشلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ، پۇختا تەييارلىق قىلىپ ئاپاق خوجىنى قەشقەردىن ھەيدىۋېتىشكە ۋەدە بەردى. مەشرەپ خاننىڭ دانالىقىغا ۋە ساھىب تەدبىرلىكىگە، ئادالەتپەرۋەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، دۇئا قىلدى.

مەشرەپ خان بىلەن خوشلىشىپ، پىرمەتنى ئەگەشتۇرۇپ يولغا چىقتى. مەشرەپ يول بويى ناخشا تۇۋلاپ ماڭاتتى:

دۇنياغا كېلىپ بىلمەي، كۈلگە پاتە قالدىم،
دەرمان يوقىدىن نىچە ئېغىز سۆز فاتە قالدىم.
كۆردۈمكى ئانى دۈشمەن روھۇتەن ئىكەندۇر،
لا ئوقى بىلەن ئىككى كۆزنگە ئاتە قالدىم.
زاھىد ماڭا بىر شىشە مەي، ساڭا نامازىڭ،
مىڭ تەقۋانى بىر كاسەئى مەيگە ساتە قالدىم.
تا تەلۋىلىكىم شۆھرىتى ئالەمگە تولۇپتۇر،
بىر جىلۋەسىگە ئىككى جاھاندىن ئۆتە قالدىم.

مەشرەپ ئوقۇشتىن توختىغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ جۇل ـ جۇل ئېتەكلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتكىلى تۇردى. ئەلنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرى غايەت ئۇلۇغ ئىدى. مەشرەپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قەلب

كۆزىنى ئېچىپ قارىدى: ئۇلارنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرى نېمىدېگەن ساپ! بىراق بىر بەندىگە شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ ئىخلاس قىلىشى ياخشى ئىقبالدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ خەلق تەڭرىنى قويۇپ بەندىگە چوقۇنۇشنىڭ دەردىنى قاچانغىچە تارتىدىغاندۇر؟ ئەجەبا، ئاپاق خوجىغا چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان پاجىئەلەر بۇلارغا يەتمىدىمۇ؟ مەشرەپ بىر ئىلاج قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى قايتۇرماقچى بولدى...

خوتەندە مازار ئارىلاپ، ئۆزىگە كامالەت ئىزلەپ ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزگەن مەشرەپ ئاخىر ئىمام جەفرى سادىق مازىرى يېنىدىكى بىر توغراقزارلىقتا پىرمەت بىلەن يىغا ـ زارە قىلىشىپ خوشلاشتى. پىرمەت ھېچ قانداق قىلىپ ئۆز كامالىتىنى تاپالماي، ئاخىر پانى بولۇپ، تەڭرىگە تولۇق قوشۇلۇپ كېتىشنى ئىختىيار قىلىپ قالغان مەشرەپنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقىمۇ ئۇرۇنمىدى. چۈنكى مەشرەپ ئەزەلدىن دېگىنىنى قىلماي قويمايتتى. مەشرەپ ئۇنىڭدىن نەمەنگاندىكى ئاتا ـ ئانىسى ۋە سىڭلىسىغا سالام ئېيتتى، شېئىرلىرىنى دىۋان قىلىپ تۈپلەپ، يارۇ ـ بۇرادەرلىرىگە نەمۇنە قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇشنىلا تاپىلىدى. پىرمەت ھۆكرەپ يىغلىغان پېتى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تېز ـ تېز مېڭىپ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ مەشرەپنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى جان تالىشىشلىرىنى كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەن ئىدى.

مەشرەپ قولىدىكى ئارغامچىنى توغراقنىڭ قەغەزدەك كۆندىلەڭ ئۆسكەن يوغان پۇتىغىنىڭ ئۇچىغا چەگدى، يەنە بىر ئۇچىنى ھالقا قىلىپ بوينىغا سالدى ـ دە، توغراقنىڭ بېلىگىچە يامىشىپ چىقىپ، ئارغامچىنى ئوتتۇرىسىدىن قىسقارتىپ مەھكەم چەگدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم پانىي ئالەمگە نەزەر سالدى. توغراق ئېگىز ئىدى. ئۇ يۇلغۇنلۇق ۋە يانتاقلىقلار بىلەن قاپلانغان پايانسىز يىراقلىقلارغا كۆزلىرى تالغىچە قىيماي قارىدى. ئاندىن توغراق پۇتىغىغا سىنچىلاپ نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەڭرىنىڭ نۇرانە سىماسى كۆرۈنگەندەك بولدى... مەشرەپ ئۆزىنى پەسكە تاشلىۋەتتى. ئارغامچىنىڭ ھالقىسى قىسقىراپ گېلىدىن بوغدى. «يېرىم مىنۇتتىن كېيىنلا ئۇ ئالەمنى كۆرىمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

دەل شۇ چاغدا مۆجىزە يۈز بەردى: توغراقنىڭ شۇنچە يوغان پۇتىغى ھۆل چىۋىقتەك ئېگىلىپ، مەشرەپنىڭ يالاڭ ئاياغ تاپىنى يەرگە تېگىپ قالدى. گېلىمۇ تۈزۈك بوغۇلمىغان ئىدى. لېكىن ئۇ بۇلارنى سەزمەيتتى. مەشرەپ ئەنە ئۆلىمەن، مانا ئۆلىمەن دەپ ئۇزاق كۈتتى. لېكىن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا كۆزىنى ئاچتى ـ دە، تاپىنىنىڭ يەرگە تېگىپ قالغانلىقىنى، نەپسىنىڭمۇ راۋان يۈرۈۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ بىر خىل رىتىمدا سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

مەشرەپ قولىدىكى ئارغامچا بىلەن قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغان توغراققا قاراپ، باقىي ئالەمنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى چۈشەندى. خۇدا ئامانىتىنى ئالغىلى ئۇنىمىسا ئۇ يەرگە كەتكىلى بولمايتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندە كىشىلەر توپى خوتەن كوچىلىرىدا غەزەل ئوقۇپ يۈرگەن مەشرەپنى تونۇۋېلىپ، تۇشمۇ ـ تۇشتىن ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار مەشرەپنى ئارىغا ئالغانچە سومبەدىكى قەلەندەرخانىغا كىرىپ كېلىشتى ۋە جەرە ـ سامانى قىزىتىۋەتتى. ئۈچ كۈن ئىچىدە "سومبە"دىن "ھۆم، ھۆم، ھۆم!" قىلغان تەلقىن ساداسى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى. ئاشۇ ئاجايىپ جاراڭلىق، ئۇزۇنغا سوزۇلغان زىكرى ـ سامانىڭ ئاخىرقى كۈنى شاھ مەشرەپ "سومبە"دىن غىپپىدە يوقالدى.

مانا، ھەش ـ پەش دېگۈچە تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئاپاق خوجا ھۇزۇرىغا مەشرەپ ھەققىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ خەۋەرلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. ئاپاق خوجا مەشرەپنىڭ ئامما ئارىسىدا «شاھ مەشرەپ ئەۋلىيا» دەپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ يۈرگەنلىگىدىن ئېغىر تەشۋىشكە چۈشكەن ئىدى. شۇڭا قەشقەردىكى پايلاقچىلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىپ ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ ئايغاقچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى بولغان خىرقىتى مەشرەپنىڭ ئاتەشنەپەس شېئىرلىرىنىڭ تەسىرىدە كېيىنكى كۈنلەردە ئىلگىرى مەشرەپكە قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ خىزمىتىدىن قول ئۈزۈپ، مەشرەپنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە «گۇمنام» تەخەللۇسنى قويۇپ، ئىلگىرىكى پوقنىمۇ ھالۋا قىلىپ كۆرسىتىدىغان خوشامەتگۈي مىسرالىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشمايدىغان ئىسيانكار نەزمىلەرنى يېزىشقا كىرىشتى: «تېپىپ مەشرەپ يولىنى، تەرك ئەيلە زاھىدلىق يولىن گۇمنام» دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ئۆزىگە. شۇڭا بۇ قېتىم مەشرەپنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئايغاقچىلارنىڭ قاتارىدا خىرقىتى يوق ئىدى. ئەمما ئاپاق خوجىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

مەشرەپنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئايغاقچىلاردىن بىرنەچچىسى پىرمەت ستارىنى تۇتىۋېلىپ، پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي دېگۈدەك ئاپاق خوجىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. پىرمەت مەشرەپنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئېيتقاندا ئاپاق خوجا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدى. ئاپاق خوجىغا مەشرەپنىڭ روھى ھەممىلا يەرنى كېزىپ يۈرگەندەك، ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىدىغاندەك بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ پىرمەتنى يەنە زىندانغا بەنت قىلىپ تاشلىدى. ئۇنى تۇتۇپ كەلگەن ئايغاقچىلارنىڭ ئىچىدىن خۇش ئاۋازراق كەلگەن ئىبراھىم ئاقپەدەرنى ئاپاق خوجا ئەل ئارىسىدا ئۆلۈپ كەتكەن شاھ مەشرەپنىڭ رولىنى ئېلىپ، ئۆزىگە قارشى چىقىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ساددا خالايىقنى گوللاشقا بۇيرۇغان ئىدى. ئىبراھىم ئاقپەدەر خوتەن كوچىسىدا ئۆزىنى «شاھ مەشرەپى سەرسەرى» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ غەزەللىرىنى بۇزۇپ ئوقۇغىلى تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوتەن كوچىسىغا جىم ـ جىتقىنا كىرىپ كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ مەشرەپ ئىكەنلىكىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق كويىدا يۈرگەن مەشرەپ ئۇنى ئۆزىنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزىۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ، ئاچچىغىغا پايلىماي قالدى ـ دە، ئامالسىز ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ئىبراھىم ئاقپەدەرنى رەسۋا قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىبراھىم ئاقپەدەر مەشرەپنى كۆرۈپ، قازىخانىغا قاراپ قۇيرىغىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتتى. ئۇ ئايغاقچى، غالچىلىرىدىن بىر نەچچىنى سوپى ـ دەرۋىشلەرچە ياساندۇرۇپ «سۇمبە»گە ئەۋەتتى. «سۇمبە»دىكىلەر خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاشتىن باشقىنى ئويلىمايتتى.

پىرمەتنى سېغىنىپ مەشرەپنىڭ نەچچە ۋاقتتىن بېرى گېلىدىن غىزا ئۆتمەيۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ «سۇمبە»دىن غېپىدە قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. پىرمەتنى دېمىسە ھازىر ئۇنىڭ ئاپاق خوجىنى كۆرەر كۆزىمۇ يوق ئىدى!

نەمەنگان شەھىرىنىڭ كۆلالچىلار مەھەللىسىدىكى تار كوچىلارنىڭ بىرىگە جايلاشقان سوقما تاملىق ئاددىي ھويلىدا ئەما موماي بىلەن بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىز يالغۇزلا ياشايتتى.

ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر مومايغا ئوغلى ھەققىدىكى خىلمۇ ـ خىل ئەپسانىلەرنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇنىڭ ئوغلى «ئەۋلىيا» قىلىپ تەسۋىرلىنەتتى. بۇنداق خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئالدىدا تۇرغان بىر ئەبگا مومايىنىڭ «ئەۋلىيا شاھ مەشرەپ»نىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمۇ قالاتتى.

موماي دەسلىۋىدە ئوغلىنىڭ ئەۋلىيالىق ماقامىغا يەتكەنلىكىگە ئىشىنەلمىدى. بىراق ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كېلىۋەرگەن خەۋەرلەر ئۇنىڭ گۇمانىنى بىت ـ چىت قىلىۋەتتى. موماي ئاخىرى ئوغلىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە «ئوغلۇم قايتىپ كېلىپ ئەۋلىيالىق نەزىرىنى تاشلىسا كۆزۈم روشەنلىشىدۇ». «نېمە ئۈچۈنكىن، كۆڭلۈم ئېغىپلا تۇرىدۇ» دېدى بىر كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالماي چىققان موماي ئۇيقۇغا كەتكەن قىزنى نوقۇپ تۇرۇپ ئويغىتىپ: «سەگەك يات قىزىم، ئاكاڭ كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، كۆڭلۈم بىر بېشارەتنى تۇيۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ كېلىپ قالغۇدەك بولسا ئىشىكتە تۇرۇپ قالمىسۇن...» موماي قىزىغا سەگەك يېتىشنى يېنىش ـ يېنىشلاپ جېكىلەپ ئاخىر ئۇيقۇغا كەتتى. قىزنىڭ بولسا ئەمدىلىكتە ئۇيقۇسى قاچقان ئىدى. توساتتىن ئىشىك تۇۋىدە ئېـ ـشەكنىڭ پۇشقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا تەمبۇر مۇڭلۇق ئاۋازدا سايراشقا باشلىدى؛ بىراۋ تەمبۇرنى تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتقىلى تۇردى:

قۇۋانغىن ئەي ئانا، ئاخىر غېرىب بولغان بالاڭ كەلدى...

موماي چۆچۈپ ئويغاندى. قىز ئىشككە ئوقتەك ئېتىلدى. جۇل-جۇل كىيىملىك مەشرەپ ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ قانمىدى. يېنىدا رايىشلىق بىلەن قاراپ تۇرغان پىرمەت ستارىنىمۇ ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە بايقىمىدى. مومايىنىڭ يۈرىگى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغىلى تاس قالدى. پىرمەت ستارىنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئاپاق خوجىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ۋە جۇڭغارلارنىڭ خىزمىتىگە تۇتۇپ بېرىلگەن "غالچا يىگىت"لەر قاتارىدا ئېلىدىكى قونتەيجىگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن مەشرەپ، نەمەنگانغا ئاپاق خوجىنىڭ قولىدا ئېرىشەلمىگەن ھۆرلۈككە ئۇنىڭ پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ باغرى ئېرىگەن قونتەيجىدىن ئېرىشىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. مەشرەپ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن ئاقتۇرغان ياشلىرىغىمۇ ئېرىپ كەتمىدى: «جېنىم ئانا، ئىختىيار ئۆزۈمدە ئەمەس، مەن پەقەت ئاللانىڭ خاھىشى بويىچە ھەرىكەت قىلغۇچى بىر بەندىمەن، سەپەر تىزگىنىنى تەڭرىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغان بىر سەيياھمەن، خالاس».

شاھ مەشرەپ پىرمەت ستارى ۋە ئۆزىگە نەمەنگاندىن قوشۇلغان ئىسمەت قەلەندەر، شىرزاد سۈبھى، تۇرسۇنبابا مەقامى، ئەشرەپ قەلەندەر، ئاقىل كوسا، مىرزا رەھىم ساقى، ئابىد شىللىق قاتارلىق يەتتە نەپەر مەشھۇر قەلەندەرنى ئەگەشتۈرۈپ قابادىيانغا ئاتلاندى. قابادىيان قەدىمي تاۋاپگاھلاردىن ئىدى. بۇ مۇقەددەس جايدا مەشھۇر ئۆلىما مەۋلانە ناسىر خىسراۋ دۇنياغا كەلگەن ئىدى.

شاھ مەشرەپ ھەمراھلىرى بىلەن قابادىياننىڭ تەكيەخانىسىغا چۈشكۈن قىلدى. شاھ مەشرەپنىڭ قابادىيانغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەل ئارىسىغا پۇر كەتتى. شۇ كۈنلەردە مەشھۇر ئىشان سوپى ئاللايارمۇ قابادىياندا ئىدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، شاھ مەشرەپنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان سوپى ئاللايار ھەزرەتلىرى تەكيەخانىغا شاھ مەشرەپنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئىككى ئادىمىنى ئەۋەتتى.

ئىشان سوپى ئاللايارنىڭ مۇرىتلىرى شاھ مەشرەپكە قۇللارچە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

- ئەي قەلەندەرلەر شاھى، پىرىمىز ئىشانى سوپى بۇزرۇكۋارلىرى ئەزىزلىرىنى ئۆز كۈلبەلىرىغە مەرھەمەت قىلغاي!

شاھ مەشرەپ ئۇلارغا جاۋابەن:

- ماقۇل، ئەتە ناماز جۈمەدىن كېيىن ئىشان ھەزرەتلىرىگە قۇللۇق ئاداسى قىلغايمىز، - دېدى.

ئەتىسى جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شاھ مەشرەپ پىرمەت ستارى ۋە باشقا ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشان سوپى ھۇزۇرىغا قاراپ يول ئالدى.

ئىشان سوپى ھۇزۇرىغا نۇرغۇن جامائەت يىغىلغان ئىدى. قابادىيان قازىسى، قابادىيان ئاقساقىلىدىن تارتىپ باشقا يۇرت مۆتىۋەرلىرىگىچە ھەممىسى جامائەت ئارىسىدا تەق بولۇپ تۇرۇشقان ھالدا شاھ مەشرەپنىڭ دىدارىغا تەلمۈرۈشەتتى.

سالام - سەھەتلەردىن كېيىنلا قىزغىن سۆھبەت باشلىنىپ كەتتى. ئىشان ھەزرەتلىرى شاھ مەشرەپكە يۈزلىنىپ شۇنداق دېدى:

- يا مەشرەپى دىۋانە، شائىرلىق شۆھرىتىڭىز ئالەمنى تۇتتى. سىز بىلەن دىدارى غەنىيمەت ئارزۇسىدا يۈرگەنىدىم. مانا ئەمدىلىكتە تەڭرى بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزدى. خۇش كېلىپسىز!

شاھ مەشرەپ سۆھبەت ئارىسىدا شۇنداق دېدى:

- يا سوپۇم، سىز پۈتۈن ئۆمرىڭىز مابەينىدە پىلسىراتقا خۇشامەت قىلىپ كەپسىز. ھۇزۇرى دېگەن بىرسى بولسا بىر ئۆمۈر دوزاختا خۇشامەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. دوزاخ ۋە پىلسىرات دەھشەتلىرىدىن، دوزاخ ئازاپلىرىدىن ئاۋام خەلقنىڭ روھىنى لەرزىگە سالمىشسىزلەر. ئەي سوپۇم، ئىنساپ بىلەن تەپەككۇر قىلىنسا، دوزاخ ۋە پىلسىرات مۇشۇ يورۇق دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟ ئادەم ئۆمرىنىڭ باشتىن - ئاخىر بېسىپ ئۆتىدىغان يولىنىڭ ئۆزى - قىل ئۈستىدە تۇرماقلىق. پەلەك ۋە زالىملار ئادەم بېشىغا ياغدۇرىدىغان ئازاپ - ئوقۇبەتلەر ۋە ھەددى - ھېسابسىز پالاكەتلەر دوزاخ ئازابىدىن كەممۇ؟ ئەي، سوپۇم، ئاياغلىرىڭىز ئاستىغا بىر نەزەر تاشلاڭ، پىلسىرات ۋە دوزاخ ئۇ يەردە تەق بولۇپ تۇرغايلەر!

www.uyghurkitap.com


ئىشان ۋە باشقا ئۇلىمالار شاھ مەشرەپنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى ۋە تۆۋە ـ ئىستىغپار ئوقۇپ، مۇرىلىرىگە ھۇرۇشتى. ئىشان شاھ مەشرەپكە يۈزلىنىپ:

ـ يا مەشرەپ، گۇناھقا پاتماڭ. ئاللاتائالا بېھىش ۋە دوزاخنى سالىھ ۋە كاپىر بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقانمىش. غاپىل بەندىلەرنى بۇ ھەقىقەتتىن ئاگاھلاندۇرماق سىز ۋە بىز ئۈچۈن پەرز ھەم قەرزدۇر! ـ دېدى.

جامائەت بىر مەشرەپكە، بىر سوپى ئاللايارغا قاراپ سۆھبەتنىڭ داۋامىغا تەقەززا بولۇپ كۈتۈپ تۇرىشاتتى.

شاھ مەشرەپ ئىشانغا جاۋابەن شۇنداق دېدى:

ـ ئەي سوپۇم، ئەگەر ھەقىقەت ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، دوزاخ گۇناھكارلار بىلەن ئاللىبۇرۇن توشۇپ كەتكەن ۋە پۈت پاتقۇدەك جايمۇ قالمىغان بولاتتى. ئازاب پەرىشتىلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالاتتى. ئەكسىچە، جەننەت بوش قالاتتى. كېلىڭ، تا تەندىن جان چىقىپ كەتكۈچە يورۇق دۇنيانىڭ تەشۋىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكىنىمىز ياخشىراقتۇر...

ئىشان شاھ مەشرەپنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى. ئۇ سۆھبەت ئاخىرىدا شاھ مەشرەپكە يېلىندى:

ـ يا مەشرەپ، ئاڭلىسام تەكيەخانىدا ئىستىقامەت قىلىشىپتىسىز، ئۇ يەردە ئادەم كۆپ، دىلغا ئازار يېتىپ قالىدۇ. پېقىرنىڭ كۈلبەسى ئىختىيارىڭىزدا، مۇرىتلىرىممۇ خىزمەتلىرىڭىزگە تەيياردۇر.

شاھ مەشرەپ سوپىغا جاۋابەن:

ـ ئەي سوپۇم، ئىلتىپاتلىرىغا ئەرزىمەسمەن. تەكيەخانا مەن ئۈچۈن شاھانە قەسىردىنمۇ ئارتۇقتۇر. ئۇ يەردە جېنىم راھەتلىنىدۇ. پىتنە ـ پاساتلاردىن خالى بولىمەن، ـ دەپ ئۆزرە ئېيتىپ خوشلاشتى.

شاھ مەشرەپ شۇ تەرىقە قابادىياندا بىر ئايدىن ئارتۇقراق ئىستىقامەت قىلدى. خالايىق مەشرەپكە زىيادە ئىززەت ـ ئېھتىرام كۆرسەتتى. مەشرەپ قابادىيان پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاتاپ تۆۋەندىكى نەزمنى توقۇدى:

قەددى مېھنەت تاغىدىن خەم بولغان ئەي بىچارىلەر،
باغرى ۋەھشەت تىغىدىن يۈز پارە ھەم يۈز يارەلەر.
كۆرمىگەن ئۆمرى ئىچىدە بىردەمى بىر ياخشى كۈن،
تىرە غەمدىن دىلدا داغ ھەم كۆزلىرى گىريانىلەر.
بول قابادىيان ئارا كۆردۈم نېچە غەمخارىنى،
رەڭ زەھىل، كۆڭۈل سۇنۇغ، بىر نان ئۈچۈن كۆپ زارەلەر.
گەر شىكايەت قىلسا زالىم زۇلمىدىن مىسكىن غېرىب،
"كۇپرى قىلدىڭ" دەپ ئۇرۇپ، "تەقدىر قەلەم" دەپ يازەلەر.
قازىدىن سوردۇم ئەسا: "بۇ نە ئۈچۈن بىدادلىق؟"
قازى دەر: "ئەمرى خۇدادۇر، بولماغىل كۇپپارەلەر".
مەشرەبا ئەمرى خۇدا نېچۈن بۇ يەڭلىغدۇر قارا،
يا مەگەر ئەمرى خۇدانى بەد قەلەمدە يازەلەر!

شۇ يىلى قىشنى شاھ مەشرەپ بۇخارايى شېرىفتە ئۆتكۈزدى. قىش ئۆتۈپ باھار پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ مەشرەپ ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ نەسەپكە راۋان بولدى. مەشرەپ نەسەپتە بىر مەھەل سەيلە ـ تاماشا قىلدى. بۇ يەردىمۇ شاھ مەشرەپ ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشقا تاقەت قىلالمىدى. سەپەر جابدۇقلىرىنى ئېشەكلىرىگە يۈكلەپ، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش نىيىتىدە بەلخكە قاراپ ئاتلاندى.

بەلخ قەلەندەرلىرىنىڭ سەردارى ئاغاخان مەشرەپنىڭ بەلخكە قاراپ يول ئالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قول ئاستىدىكى بارلىق قەلەندەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، بەلختىن ئون مەنزىل يىراققا كېلىپ شاھ مەشرەپنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى.

شاھ مەشرەپ بەلخكە دەبدەبە – ئەسەسە بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە قەلەندەرخانىدا بىر مەزگىل كۆڭۈلەرنى ئاسايىش ئىچىدە ئۆتكۈزدى. بەلخ ئەتراپىدىكى شائىرلار، قەلەندەرلەر، دۇنيا ۋە دىنىدىن قول ئۈزگەن دەرۋىشلەر، دىۋانىلەر تەرەپ – تەرەپتىن كېلىپ مەشرەپنى تاۋاپ قىلدى. بەزىلەر مەشرەپ بىلەن سۆھبەتلەردە بولدى، مۇشائىرە قىلىشتى. سۆھبەت ئارىسىدا جەبىر – زۇلۇم دەستىدىن قاتتىق ئېزىلگەن خالايىق بەلخ پادىشاھى مەھمۇدبېك قاتاغان جەبرىدىن ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ زۇلمىدىن جاننى قاقشاتقۇدەك دەرىجىدە ئاچچىق – ئاچچىق شىكايەت قىلدى. شاھ مەشرەپنىڭ ئاۋازى مەھمۇدبېك قاتاغان قولاقلىرىغا يېرىپ يەتتى. مەھمۇدبېك مەشرەپتىن خاۋاتىرلىنىپ قالدى.

مەھمۇدبېك قاتاغان نۆكەرلىرىگە پەرغانە زېمىنىدىن كەلگەن دىۋانىنى ھۇزۇرىغا ھازىر قىلىشنى بۇيرۇدى. نۆكەرلەر كېلىپ مەشرەپكە ئەدەپ بىلەن سالام بەردى.

– ئەي قەلەندەر مەشرەپ، سىزنى ئالىيلىرى ئوردىغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ.

– مەن كىم، مەھمۇدتخان كىم؟ پېقىر بۇ تەكلىپكە لايىق ئەمەسمەن. سىلەر كېتىۋېرىڭلار. مەن سارايغا ئۆزۈم يالغۇز باراي، – دېدى مەشرەپ ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاغاخان سەردارنى ھەمراھ قىلىپ مەھمۇدخان ھۇزۇرىغا ئاتلاندى. ئوردىدا دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ئۆلىمالار تەق بولۇپ تۇرۇشقان ئىدى. مەشرەپ مەھمۇدبېككە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تەختنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. مەھمۇدتخان مەشرەپنىڭ تەزىمگە جاۋابەن ھال سورىغان بولدى.

– ئاڭلىسام بەيتۇللانى نىيەت قىلىپسىز. ئاللا مۇبارەك قىلغاي. شېرىن ئەشارلىرىڭىز قۇلاقلىرىمىزغا يەتتى. ئۈنىڭدىكى ھېكمەتلەردىن بىسيار لەززەت تاپتۇق. ئەمما بەزى ئۆلىمالار ۋە دۆلەت ئەركانلىرى ھەققىدە ناشايان سۆزلەرنى قىلىپسىز. بۇنى ئاڭلاپ ئازاپلاندۇق. ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز، مۇشۇ سۆھبەتنىڭ ئۆزىدىلا دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ئۆلىمالار ئالدىدا تۆۋە قىلغانلىغىڭىزنى بىلىشنى ئىستەر ئىدىم.

شاھ مەشرەپ مەھمۇدبېككە جاۋابەن شۇنداق دېدى:

– ئېيتقانلىرى راستۇركى، مۆمىن مۇسۇلمان بەندىلەرنى ئەمەس، بەلكى ھارام نىيەتلىك قازىلارنى، ئاقنى قارا قىلغۇچى مۇپتىلارنى، ئىككى تىللىق ئۆلىمالارنى، خۇشامەتچى موللىلارنى ھەجۋىي قىلدىم. يازغانلىرىم ھەقتۇر. ئۆزرە ئېيتماقلىق پېقىرگە ئادەت ئەمەس. ئىززەت – ئېكراملىرىغا كۆپ رەھمەت.

مەشرەپ ئىجازەت سوراپ سارايدىن چىقتى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتتى. شاھ مەشرەپ مەھمۇدبېك قاتاغان ۋە ئۇنىڭ ستەمكار ۋەزىرى بۇزرۇكخوجا بۇخارى ھەققىدە نەزمە پۈتۈپ بازار ۋە گۇزەرگاھلاردا ئوقۇدى. قەلەندەرلەر خالايىققا بەس – بەس بىلەن يادلاپ بېرىشتى.

جاندىن تويغان شاھ مەشرەپنىڭ ئاچچىق – ئاچچىق مەسخىرىگە تولغان ئۆتكۈر ھەجۋىي مىسرالىرى مەھمۇدبېك قاتاغاننىڭ قۇلاقلىرىغا يەتمەيمۇ قالمىدى. بۇزرۇكخوجا بۇخارى مەشرەپ ئۈستىدىن مەھمۇدبېك پادىشاھقا ئەرز – شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

– ئەي پادىشاھى ئالەم! – دېدى بۇزرۇكخوجا، – دىۋانە مەشرەپ ئالىيلىرى ھەققىدە بولمىغۇر نەزمىلەرنى پۈتۈپ، ئاۋام ئارىسىغا تارقىتىپ، خالايىقنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىۋېتىپتۇ. جىددىي تەدبىر قوللانمىساق، ئاقىۋەت چاتاق!

مەھمۇدبېك دەرغەزەپكە كەلدى ۋە نۆكەرلىرىگە:

– غەلىيانچى دىۋانىنى دەرھال ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرۈڭلار! – دېدى.

نۆكەرلەر چۇشكە يېقىن قەلەندەرخانىغا كېلىپ، مەشرەپ، پىرمەت ستارى، ئاغاخان ۋە باشقا بىرنەچچە قەلەندەرنىڭ پۇت – قولىنى زەنجىرلەپ، مەھمۇدبېك ھۇزۇرىغا ئېلىپ مېڭىشتى. دەرغەزەپ بولۇپ تۇرغان مەھمۇدخان كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ:

– ئەي قەلەندەر، مەن ساڭا دەرۋىشلەر قاتارىدا ئىززەت – ئېھتىرام كۆرسەتتىم؛ سەن ئەكسىچە ئىززەت – ئېھتىراملىرىمغا ئۇلتۇردۇڭ! – دېدى.

www.uyghurkitap.com



شاھ مەشرەپ مەھمۇدخانغا جاۋابەن ۋەزمىن، ئەمما قەتئىي تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى:
ـ ئەي مەھمۇتخان، جەبىر ـ زۇلمىڭ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، كىچىك باللار يىغلىسا، ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارنى «مەھمۇدخان كېلىۋاتىدۇ» دەپ قورقۇتۇپ، يىغىدىن توختىتىدىغان بولۇشتى. مەن دەرھەقىقەت دۇنيادىن كەچكەن دەرۋىشمەن. ئىززەت ـ ئىكراملىرىڭنىڭ مەن ئۈچۈن قوينۇمدىكى پىتچىلىك قىممىتى يوقتۇر. مەن سېنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىڭغا ئولتۇرغىنىم بىلەن، سەن دۆلەت ئەركانلىرىڭ بىلەن يۇرتنىڭ بېشىغا، خالايىقنىڭ بەختىگە ئولتۇرىۋاتىسەن. ھەركىمنىڭ جازاسىنى تاڭلا مەھشەردە تەڭرى ئۆزى بەرگۈسى. ئەل ئارىسىدا: «ھەركىم نېمىنى تەرگەن بولسا، شۇنىڭ ھوسۇلىنى ئالۇر» دەيدىغان ماقال بار. نېملا يازسام ھەق گەپنى يازدىم. قىيامەتتە سەندىن زوراۋانلىق، مەندىن ھەق سۆز پۈتۈلگەن كىتابەت قالغۇسى!
مەشرەپنىڭ سۆزلىرى مەھمۇدخاننىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ تەگمەكتە ئىدى.
مەشرەپ داۋاملىق نەشتەر ئۇرماقتا ئىدى:
ـ ساڭا جاۋابەن باشقا سۆزۈم يوق. قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل. قانداق ھۆكۈم قىلساڭ، بىسمىللا دەپ قوبۇل قىلارمەن!
ئېخچە دەرغەزەپ بولۇپ، ئوغسى قايناۋاتقان مەھمۇدخان گۇناھكارلارنى زىندانغا بەند قىلىشقا بۇيرۇق بەردى.
مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بەلخنىڭ «قاراقچىيان» زىندانغا بەند قىلىندى.
مەھمۇدخان ئۆلىمالارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. كېڭەشتە شەيخۇلئىسلام پەتىۋا بېرىپ شۇنداق دېدى:
ـ مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خالايىقنى گۇمراھلىققا ئۈندەپ، شەرىئەت ۋە تەرىقەتتىن ئازدۇرغان. ئەشارلىرىدىن كۇپۇر ئىسى كېلۇر. قۇرئان ۋە مەسچىتنى ھاقارەت قىلۇر. جامائەت ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغار. ئۇلارنىڭ جازاسى دارغا ئاسماقتۇر!
شاھ مەشرەپ زىنداندا ئېغىر قايغۇ ـ ئەلەم چەكتى. ئۇ ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ھالدا قىسمەتداش ھەمراھى پىرمەت ستارىغا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ شۇنداق دېدى:
ـ مۇبادا زىنداندىن سالامەت قۇتۇلساڭ، پۈتۈكلىرىمنى ئېلىپ بۇ ئۆلكىدىن ھايال بولماي پەرغانىگە يۈرۈپ كەت. ئەسەرلىرىمنى كىتاپ قىلىپ رەتلەپ، بىزنى ئەزىز بىلگەن خالايىق ئىچىگە تارقاتقىن.
مەشرەپ يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپلا يەنە يېڭىۋاشتىن تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولدى. زىندانئۇېشنى چاقىرىپ قەلەم، سىياھ ۋە قەغەز ئەكەلدۈردى. زىندانئۇېشمۇ شاھ مەشرەپ سورىغان نەرسىلەرنى ھېچ ھايال قىلماي ئەكېلىپ بەردى. مەشرەپ قەلبىنىڭ قايناپ تۇرغان قازنىدىن قانلىق كۆپۈكلەرنى چاچرىتىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى شىددەت بىلەن سۆزگە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ زىنداندا بولغىنى بىلەن كۆڭۈل كۆزىدە پۈتۈن ئالەمنى ۋە ساماۋى دۇنيانى تەپەككۇر قىلىپ ئولتۇراتتى. مەشرەپ زىنداندا يازغان نەزمىلىرىنىڭ بىرىدە تۆۋەندىكى مىسرالارنى پۈتتى:

چۈن كۆزۈم بىرلە قولۇمنى باغلىماق ھاجەت ئەمەس،
مەن ئۆلۈمگە رازىمەن، بەس، تۇرغىلى تاقەت ئەمەس.
مۇنچە شىددەت بىرلە بوينۇم بوغقالى زور ئەيلەمە،
بەسكى، ئادەم قانى تۆكمەك ساڭا ھەم تائەت ئەمەس.
ئۆمرى چۈن بەرقى ھاۋادىس، غاپىل ئادەم بىلمەدى،
ئايۇ كۈن ئارامغە بىرلەھزەئى پۇرسەت ئەمەس.
لەشكەرى خۇنرىزغا سەبرۇ ئارام قايدا بار،
مەجنۇنى دىۋانىلەرنىڭ شاھغە راھەت ئەمەس.

تۆككۇسى خۇنۇمنى ئاخىر بەلختە مەھمۇد پادىشاھ،
"ئەلقىسساسۇل ھەق" كالامى ئاڭا ھەم مۇددەت ئەمەس.
چۇن مۇبارەك بولسۇن، ئەي مەشرەپ قىزىل قانىڭ سېنىڭ،
خوپ ئىش بولدى بۇ ساڭا، جان بەرگىنىڭ ئاپەت ئەمەس.

مەشرەپ يەنە بىر غەزىلىدە مۇنداق يازىدۇ:

مىڭ شورى پىغان بىرلە ھاي - ھاي نە بالا كەلدى،
جان قىچقىرادۇر قوي دەپ، خەنجەرنى ئالا كەلدى.
قولىغا ئالىپ پولات، قاشىغا كېلۇر جاللات،
قىلدى مېنى بىبۇنىياد، تىغى گۇزەرا كەلدى.
كەتسەم بۇ ئەلەم بىرلەن، يۈز كاھىشى غەم بىرلەن،
غەۋغائى سەنەم بىرلەن، خۇش دەۋرى سەفا كەلدى.
رازى بولايىن ئۆلسەم، جان بەرگۇنچە بىر كۆرسەم،
مۇنداغ نە بالا بىرلەن، شىددەتلى قازا كەلدى.
زەخمەتۇ قازا يانداش، بولدى ھەممىسى يولداش،
ئول جەبرى - جاپا ئاداش، تىكلەپ بۇيۇرا كەلدى.
دىۋانەئى مەشرەپسەن، قورقۇپ نېگە يىغلايسەن،
ئاشىق كىشىگە ئۆلمەك: خۇش كەيپى سافا كەلدى.

شاھ مەشرەپ بۇ بېيىتنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ مەھمۇدخانغا ئەۋەتىپ بەردى. مەشرەپنىڭ ئۆز قىلمىشىغا تۆۋە قىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئاللىبۇرۇن ئۈزگەن مەھمۇدخان ئۇنىڭ ئەۋەتكەن بېيىتلىرىنى كۆرۈپ، مەزمۇنىنى ئانچە چۈشەنمەيلا مەشرەپنىڭ تۆۋە قىلىشىغا يېگۇۋاشتىن ئۈمىدلىنىپ قالدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەھمۇدخان ئالىيلىرىدىن گەپتان ئەلچىلەر كېلىپ شاھ مەشرەپنى ئۆلىمالار ۋە دۆلەت ئەركانلىرى ئالدىدا تۆۋە قىلىشقا دەۋەت قىلدى. شاھ مەشرەپ دەۋەتلەرگە قىلچە پىسەنت قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئەلچىلەرنى ئىگىسى مەھمۇدخان بىلەن قوشۇپ قاتتىق مەسخىرە قىلىپ چىقىرىۋەتتى.

مەھمۇدخان تەكرار-تەكرار ئەلچى ئەۋەتىپمۇ مەشرەپنى ھېچ ئىندەككە كەلتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىجرىيە 1123 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى، نۆكەرلەر زىندانغا بەند قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسنى بەلخ شەھرىنىڭ قەتلى مەيدانىغا يالاپ كېلىشتى، پۈتۈن بەلخ تەۋرەپ كەتكەن ئىدى!

زىندانغا بەند قىلىنغانلار بەلخنىڭ شاھپەر گۇزەرىدىن ئۆتكۈچە خەلق ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۇشمۇ تۇشتىن نۆكەرلەرگە ئېتىلدى. پىرمەت ستارى ۋە بىرنەچچە مەھبۇسنى خەلق قورشاۋغا ئېلىپ، نۆكەرلەرنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ يوشۇرۇۋالدى. شاھ مەشرەپنىڭ بولسا پۇت - قولى چەمبەرچاس باغلانغان، كىشەن ھالقىسنى نۆكەرلەر مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىدى. شۇڭا خالايىق شاھ مەشرەپنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ھېچ ئىلاج قىلالمىدى ۋە ئەپسۇس - نادامەت ئىچىدە ئۆز گۆشنى ئۆزلىرى يېگۇدەك بولۇپ كېتىشتى. نۆكەرلەر شاھ مەشرەپنى ئالاھىدە قوغداپ ماڭغان ئىدى.

رامىزان شەرىفنىڭ 17 - كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن مەھمۇدخان جاللاتلىرى شاھ مەشرەپنى مەنسۇرۋار سىياسەت دارىغا تارتىشتى. بۇ چاغدا مەشرەپ تېخى ئاران ئەللىك يەتتە ياشقا كىرگەن ئىدى. مەشرەپ دارغا ئېسىلغاندا خالايىق ھۇ تارتىپ يىغلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن بۇيۇك ئىسلام ئۆلىماسى مەنسۇر ھەللاجنىڭ «ئەنەلھەق، مەنەلھەق» دەپ دارغا ئېسىلغان كۆرۈنۈشلىرى كەچكەندەك بولدى. خالايىقنىڭ نەزەر ئېتىبارىدا مەشرەپنىڭ ئۇلۇغلۇقتا مەنسۇر ھەللاجى ھەزرەتلىرىدىن ھېچ قانچە پەرقى يوق ئىدى.

تەقدىرنىڭ بىر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغۇسى كەلسە ئاجايىپ تاسادىپىيلىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

مەشرەپ دارغا ئېسىلىپ ئۆچ كۈندىن كېيىن مەھمۇدخان يەر تەۋرەشتە تام ئاستىدا قېلىپ ئۆلىدۇ. خالايىق شاھ مەشرەپنىڭ: «ئەلقىسساسۇل ھەق كالامى ساڭا ھەم مۇددەت ئەمەس» دېگەن مىسرالىرىنى تەئەججۇپ ئىچىدە يادىغا ئېلىشىدۇ....

مەشرەپ ئىجادىيىتىدىن «مەبدەئى نۇر»، «دىۋان مەشرەپ» قاتارلىق ئەسەرلەر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ 140 مىسرا شېئىرى«ئون ئىككى مۇقام»غا كىرگۈزۈلگەن .

ئەمدى شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتمەنكى، بەزى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، مەشرەپ تەخەللۇسى بىلەن ئىجات قىلغان توققۇز نەپەر شائىر ياشاپ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**1. مەشرەپ مەشھەدىي**ـ بۇ شائىر ھەققىدە ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مەجالىسئۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە مەلۇمات بېرىپ، ئۇنىڭ بىر فارسچە شېئىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

**2. مىر ھۈسىين ئوغلى مەشرەپ كاشانىي**ـ ئىران شاھى ئابباسنىڭ (1642 ـ 1666) مۇلازىملىرىدىن بولۇپ،XVII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تەبرىزدە ۋاپات بولغان.

**3.ھەكىم ئابدۇراززاق مەشرەپ ئىسفەھانىي**ـ يۇكسەك ئىلىم ئېگىسى بولغان. بەدئىي ئىجاد قىلىش بىلەن بىرگە تىبابەت ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. بابۇ ـ رىيزادە ئافرانزەپ ھۆكۈمرانلىغى دەۋرىدە (1659 ـ 1707)ئابدۇراززاق ھىندىستانغا بارىدۇ ۋە 1715 ـ يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ.

**4. بەھۇرىي ستگا مەشرەپ**ـ ئەسلى ھىندىلارنىڭ رەجپۇت قەۋمىدىن. XVII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدە ياشىغان مۇھەممەت مۇقىم كەشمىرىينىڭ شاگىرتى بولغان. ۋەزىر شاجو ئۇد ـ دەۋلە سارىيىدا نەزىم ۋە نەسرىي ئەسەرلەر يېزىپ تونۇلغان. XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋاپات بولغان.

**5. مىرزا ئەشرەف مەشرەپ**ـ ئەسلى ئەرەپلەردىن بولۇپ، ئىران شاھى نادىر شاھنىڭ بۇيرىغى بىلەن كۆزىگە مىل تارتىلىپ كور قىلىنغان. شۇندىن كېيىن بىر مەزگىل شاھ سارىيىدا ياشىغان. XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىرازدا ۋاپات بولغان.

**6. مىر ئىنايەتۇللاھ مەشرەپ**ـ نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەر مۇئەللىپى. دېھلىدا ياشاپ ئىجات قىلغان. تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى ئېنىق ئەمەس.

**7. شاھ مەسۇم مەشرەپ**ـ شىرازدا تۇغۇلغان. تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى ئېنىق ئەمەس. تەخمىنىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ XVIIئەسىردە ياشاپ ئىجات قىلغان.

**8. ھازىرقى بابارەھىم مەشرەپ** نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان رەھىمبابا موللا ئوغلى مەشرەپ.

**9. موللا رۇزباي ئاخۇن مەشرەبى سانىي**(رەھىمبابا مەشرەپتىن كېيىنكى ئىككىنچى شائىر مەناسىدا «سانىي»سۆزىنى تەخەللۇسىغا قوشۇپ ئىشلەتكەن)XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ياشاپ ئىجات قىلغان قەشقەرلىك شائىر.

### مەشرەپنىڭ پەرزەنتى بولغانمۇ؟

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، بابا رەھىم ھەققىدە مەلۇمات بەرگۈچى كۆپلىگەن قوليازما مەنبەلەردە ياش شائىرنىڭ قەشقەردە ئافاق خوجا دەرگاھىدا خىزمەت قىلىپ يۈرگەندە،بىر ئۇيغۇر قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى ۋە شۇ سەۋەپتىن گۇناھ سانىلىپ، مەشرەپنىڭ جازالىنىشقا، يەنى ئەركەكلىك قۇۋۋىتىنىڭ يېچىلىشىگە سەۋەپ بولغانلىغى ھەققىدە مەلۇماتلار كەلتۈرۈلىدۇ. مەشرەپ پىر دەرگاھىدىن قوغلىنىپ، ئىلى ۋادىسىغا بېرىپ قالىدۇ. ئۇ يەردە قالماقلار شاھى خۇن تەيجى مەشرەپنى ئۆزىگە پىر قىلىپ، ئافاق ئىسمىلىك قىزىنى ئۇنىڭغا تەن مەھرەملىككە بېغىشلايدۇ. مەشرەپ قىزنىڭ قورسىغىغا قولىغىنى تۇتۇپ، تەبەسسۇم قىلىدۇ ۋە قىزغا قاراپ: «قورسىغىڭدىكى بالا ئاتا،نان بەر،ئانا نان بەر»دېيىشىۋاتىدۇ.مەن ئۆزۈمنىڭ كۈنۈمنى زورغا ئۆتكۈزۈۋاتىمەنۇ ئۇلارنى قانداق باقىمەن؟ دەپ ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ.

داڭلىق شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ بايانىدىن قارىغاندا، تەكلىماكاندا مەشرەپنىڭ ياشىغان جايى، تەييارلانغان ئوچىغى ھېلى ھەم ساقلىنىپ قالغانلىغى،شۇ يەردە شائىرنىڭ نۇرغۇن مۇخلىسلىرى، ئەڭ

قىزىغى ـ مەشرەپنىڭ ئەۋلاتلىرى ھەم ياشاۋاتقانلىقى، جۈملىدىن مەشرەپنىڭ تېمۇربەك ئىسىملىك ئوغلى بولغانلىقى، ئۆز ۋاقتىدا ماھىر سەركەردە بولۇپ تونۇلغانلىقى، نۇرغۇن جەڭلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم. لېكىن بۇ مەلۇماتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە راست ياكى يالغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

# بابۇر شاھ



سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىستېداتلىق ئالىم، مۇتەپەككۇر شائىر ۋە مەشھۇر دۆلەت ئەربابى، ئاقساق تۆمۈر ئەۋلادىدىن ئۇلۇغ «بابۇرىيلار ئىمپىرىيىسى»نىڭ قۇرغۇچىسى، ئىمپىراتور، ئىمانى كامىل ئۇلۇغ مۇسۇلمان ھەربىي سەركەردە، دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئۆز تارىخىنى ئۆزى يېزىپ چىققان پادىشاھ مۇھەممەت زەھىرىددىن بابۇر ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ فەرغانە ۋىلايىتىدە 1482 ـ يىلى خان جەمەتى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1530 ـ يىلى 48 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇل ئىمپىرىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى چاغاتايخاننىڭ باشقۇرىشىدا ئىدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تۈركى قەۋمىدىن بولغان تۆمۈرلەڭ بۇ رايونلاردىمۇ ئارمىيە تەشكىللەپ «تۆمۈرىلەر ئىمپىرىيىسى» نى قۇردى. بابۇر تۆمۈرلەڭنىڭ 6 ـ نەۋرىسى ئىدى. 1494 ـ يىلى ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن بابۇر پەرغانە پادىشاھى بولۇپ قالدى. بۇ ۋاقىت دەل پارچىلانغان تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ مىرزىلىرى ئۆزلىرى ئىگەللەپ تۇرغان زېمىنلاردا ئۆزلىرىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆز ـ ئارا زېمىن ۋە ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان، شۇنداقلا چاغاتاي نەسلىدىن بولغان خانلارمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە زېمىن كېڭەيتىۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا ئۆزبېك خانى شەيبانىخان كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىپ ئۇلارنىڭ قولىدىكى بۇ زېمىنلارغا چاڭ سېلىۋاتقان دەۋر ئىدى.

كىچىكىدىنلا ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، بىلىمگە ھېرىسمەن، سۆزگە ئۇستا بابۇر تەختكە چىقىشى بىلەنلا پەرغانە ۋىلايىتىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ 1501 ـ يىلى پەرغانىدىن ئاتلىنىپ سەمەرقەندنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى قېتىملىق جەڭدە يارىدەمسىز قىلىپ شەيبانىخاننىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا تەڭ كېلەلمەي بۇ رايوندىن چېكىنىپ 1504 ـ يىلى كابول (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ مەركىزى) ۋە غەزنىنى ئىشغال قىلىدۇ. كابولنى ئىشغال قىلغان چاغدا 20 ياشقا كىرگەن، تۇرقىدىن باتۇرلۇق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياش شاھزادە بابۇر كابۇلنى تايانچ بازا قىلىپ تۇرۇپ قوشۇننى بارغانسېرى زورايتىدۇ ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ زېمىنىغا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئۇنى قانداق كېڭەيتىش توغرىسىدا چوڭقۇر سوقۇشقا باشلايدۇ. ئۇ 1506 ـ يىلى ھىراتقا بېرىپ خۇراسان مىرزىلىرى بىلەن شايبانىخانغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. 1511 ـ يىلى ئىسمايىل شاھنىڭ ياردىمى بىلەن بۇخارا، سەمەرقەند، تاشكەند قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇمى سەۋەپلىك 1513 ـ يىل كابۇلغا چېكىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ زېمىندىن ئۈمۈدىنى ئۈزگەن بابۇر ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

1519 ـ يىلىدىن باشلاپ بىرقانچە قېتىم لەشكەر تارتىپ ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى بىرقانچە شەھەرنى ئىگەللەيدۇ. 1526 ـ يىلى ھىندى دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ ئاران 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن پەنىپەتتە ئىبرايىمنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى (ئىچىدە مىڭدىن ئوشۇق جەڭ

پىللىرى بار) بىلەن جەڭ قىلدۇ . مانا مۇشۇ هالقىلىق پەيتتە ئەسكەر ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ماهىر بابۇر ئاۋال پەنپەت قەلئەسىنى ئىگەللەپ ئەسكەرلىرىنى قەلئە يېنىدىكى خەندەكلەرگە ۋە ئورمانلىقتا ئورۇنلاشتۇ ـ رىدۇ، ئوتتۇرىسىغا بولسا ئېغىر توپ بېكىتىلگەن 700 گە يېقىن هارۋا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئىبرايىم لەشكەرلىرى ۋە پىللىرى ھەممىنى يوق قىلىۋېتىدىغان ئەلپازى بىلەن قويۇندەك هۇجۇمغا ئۆتىلىپ كېلىشى بىلەن بابۇر 700 توپنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشقا سېلىپ ئوق ئۈزىدۇ. جەڭ مەيدانى ئىس ـ تۈتەكلەر بىلەن قاپلىنىدۇ. ئىبرايىمنىڭ مىڭدىن ئوشۇق پىلى ئويۇر ـ تويۇر بولۇشۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاچىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بابۇرنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئىككى تەرەپتىن هۇجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەننى مۇهاسىرە چەمبىرىگى ئىچىگە قورشىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەهەل قاتتىق جەڭدىن كېيىن ئالدى ـ كەينىدىن هۇجۇمغا ئۇچرىغان ئىبرايىمنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى بىت ـ چىت بولىدۇ، ئىبرايىممۇ مۇشۇ جەڭدە ئۆلىدۇ. 1529 ـ يىلىدىكى بىرقانچە قېتىملىق جەڭدىن كېيىن پۈتۈن هىندىستان (هازىرقى پاكىستاننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالىدۇ. 1526 ـ يىلى دېهلى ۋە ئەگرەنى ئىشغال قىلىپ بۇ يەردە ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇشى بىلەن بۇ كەڭ زېمىندا 1761 ـ يىلغىچە هۆكۈم سۈرۈپ تارىختا «بابۇرىيىلەر سۇلالىسى» دەپ ئاتالغان ئىمپىرىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

بابۇر كىچىگىدىنلا مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەچكە، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ئىلىم ـ مەرىپەت ئەهلىنى ئەتراپىغا توپلاپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرگەندىن تاشقىرى، «بابۇرنامە»، «ئەسرار مۇسىقى»، «كۇللىيات بابۇر» قاتارلىق مۇهىم ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، چاغاتاي تىلى ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ۋەكىللەردىن بىرى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ بىرقىسىم غەزەللىرى « ئون ئىككى مۇقام » ئاهاڭلىرىغا سېلىنغان بولۇپ ، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن تا بۈگۈنگە قەدەر سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

## باتۇر تەڭرىقۇت

**ئەلقىسسە:**



بۇندىن نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى، بىر تاغ باغرىدا شۇنچىلىك گۈزەل بىر ماكان بولغان ئىكەن. بۇ ماكاندا كىشىلەر تولىمۇ ئىجىل ـ ئىناق ياشايدىكەن، بىرنى تاپسا مىڭغا بۆلۈپ بېرىدىكەن.

مۇشۇ بويىچە كۈن كۈننى قوغلاپ، ئاي ئاينى قوغلاپ ئۆتتۈۋېرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ جايغا بىر توپ قارا نىيەتلەر كېلىپ، كىشىلەرنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپتۇ، مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالاپتۇ. بۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇلارغا بوزەك بولۇپ ياشاپتۇ. ئاخىرى غەزەپلەنگەن خەلق قەۋم ئىچىدىن، پەم ـ پاراسەتلىك بىر يىگىتنى ئۆزلىرىگە باش قىلىپ سايلاپ چىقىپتۇ ھەم ئۇنىڭغا «سەركە» نامىنى بېرىپتۇ.

سەركە پەم ـ پاراسەتلىك، بىلىم تەشنالىغى كۈچلۈك يىگىت بولغاچقا بۇ جايدىن ئۆتكەن جاهان كەزدىلەر بىلەن هەمسۆهبەتتە بولۇپتۇ،هەرخىل ئاجايىپ ـ غارايىباتلاردىن خەۋەردار بولۇشتىن سىرت قانداق قىلسا قەۋمنى ئاسايىشلىقتا ئېرىشتۈرۈشنى ئويلىنىۋاپتۇ. ئۇ ئۆزلىرىگە زۇلۇم سېلىۋاتقانلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياغاچ قورغان ياساپتۇ، باشقا يۇرتتىن ئۆزلىرىگە جەڭ تەلىماتى ئۆگىتىپ قويۇشى ئۈچۈن ئادەم تەكلىپ قىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن ئەرلەر جەڭ تەلىماتى ئۆگىنىپتۇ. بىراق قارا نىيەتلەر تېخىمۇ ۋەھشىلىشىپ ئۇلارنى بەكلا قىرغىن قىلىۋېتىپتۇ. سەركە ئۆز قەۋمنىڭ تالاپىتىدىن كېيىن ئۆزىنى ئەيىپلەپتۇ، قەۋم ئۈچۈن هەسرەت چېكىپ گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ تەرەپكە بىر كىشى كېلىپ قاپتۇ، ئۇ كىشى بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ سەركە بىلەن كۆرۈشۈشنى ئېيتىپتۇ.

سەركە تولا غەم يەپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئىكەن. ئۇ قەۋمى ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ تۇرغىنىدا ھېلىقى كىشى كىرىپتۇ، ئۇلارخېلى ئۇزۇنغىچە ھەمسۆھبەتتە بولۇپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى غەۋۋا بولۇپ كۆپ ئەللەرگە بارغان ئىكەن. ئۇ تولىمۇ بىلىملىك كىشى بولۇپ، جەڭ ماھارىتىدىنمۇ خەۋىرى بار ئىكەن. غەۋۋا سەركىگە يول كۆرسىتىپ:

ـ سەركە، سېنىڭ قەۋمىڭ تولىمۇ تەس كۈنگە قاپتۇ، مەن ساڭا ياردەم قىلماي تۇرالمايمەن. ئەگەر گېپىمنى ئاڭلىساڭلا مەن سېنى بۇ ھەسرىتىڭدىن قۇتقۇزۇپ قويىمەن، دەپتۇ. سەركە:

ئەگەر سەن قەۋمىمنى مۇشۇ بالايى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغانلا بولساڭ، سېنىڭ ھەرقانداق گېپىڭنى ئاڭلايمەن ھەم خىزمىتىڭدە بولىمەن،دەپتۇ.

غەۋۋا سەركىگە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتقاچ، سەن ئۆز قەۋمىڭنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جەڭگىلا ئەھمىيەت بەرسەڭ بولمايدۇ. سەن ئاۋال قەۋمىڭنى باشقۇرۇشنى ئۆگەن، ئاندىن ئادەملىرىڭ بىلەن تەڭ جەڭ ماھارىتى ئۆگەن، ئەڭ مۇھىمى بىلىمىڭنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇر،دەپتۇ. سەركە ئۇنىڭدىن قەۋمىنى قانداق قىلىپ قارا نىيەتلەردىن ساقلاپ قېلىشنى سورىغاندا، غەۋۋا ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ـ ھازىردىن باشلاپ ئادەملىرىڭ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىسۇن، قالدى گەپلەرنى ساڭا ئالدىرىماي دەپ بېرىمەن، دېگىنىچە سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ.

سەركە ئۆزلىرىگە تەڭرىنىڭ نىجات يولتۇزى ئېۋەتكىنىگە خۇشاللىقىدىن يايراپ كېتىپتۇ. غەۋۋا سىرتقا چىقىپ بەستىلىك ئەركەكتىن 100نى تاللاپ، ئەتىسى نۇرغۇن قىممەتلىك بۇيۇملار بىلەن ئۇلارغا يېقىن مەملىكەتتىن 200 تۇياق ئات تېگىشىپ، ھۈنەرۋەنلەردىن تەكلىپ قىلىپ ئۆز ماكانىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار ماكانىغا كەلگىنىدە قەۋمىنىڭ يەنە تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەسرەت چېكىپتۇ. قارا نىيەتلەر ئۇلار كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قارشىلىق قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ماللىرىنى بۇلاپتۇ، سەركە بولسا قەۋمىنىڭ تېخىمۇ تالاپەتكە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى قارشىلىق قىلماسلىققا دەۋەت قىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قەۋمدىكىلەرنىڭ قارا نىيەتلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. قەۋمدىكىلەر غەۋۋانىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا يېتىپتۇ.

غەۋۋا كېلىپلا ئىشلارنى باشلىۋېتىپتۇ. ئۇ قەۋم ئىچىدىن ياش بەستىلىكلەرنى تاللاپ ئورماندىن ياغاچ ئەكەلتۈرۈپتۇ، ياغاچچىلار ئارقىلىق مۇستەھكەم قورغان ياساپتۇ . ئاندىن سەركە بىلەن يىگىتلەرگە ھەرخىل جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. مۇشۇ مەزگىلدە قارا نىيەتلەر نەچچە قېتىم كېلىپ بۇلاردىن ھېچ نەپ ئالالماي نائۈمىد قايتىشىپتۇ. بۇ ئىشلارقەۋمنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋېتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە غەۋۋا سەركىگە:

ـ ئەمدى سىلەرمۇ جەڭ ماھارەتلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ بولدۇڭلار، ئۆز ئالدىڭلارغا قورغىنىڭلارمۇ بولدى. مەنمۇ ساڭا قىلغان ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدۇم، ئىجازەت بەرسەڭ مەن يولۇمغا راۋان بولسام،دەپتۇ. سەركە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيماي، مېنىڭ بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. سەن ماڭا نۇرغۇن تەلىملەرنى بەردىڭ، بۇنىڭدىن مەن تولىمۇخۇشال. شۇڭا مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ دۆلەت قۇرۇش ئارزۇيۇمغا شېرىك بولساڭ، مەن سەندىن تولىمۇ خۇشال بولغان بولاتتىم، دەپتۇ. غەۋۋا سەركىنىڭ تەكلىۋىنى چىرايلىق رەت قىلىپ:

سەن دۆلەت قۇرۇشنى كۆڭلۈڭگە پۈككەن بولساڭ، چوقۇم ئارزۇيۇڭغا يېتەلەيسەن. بىراق مەن بۇنىڭغا شېرىك بولالمايمەن. ساڭا ئۈچ ئېغىز سۆز ھەدىيە قىلاي، سەن ئىسىڭدە چىڭ تۇتقىن. بىرىنچى: قەۋمىڭگە زەررىچە ئازار بەرمە. ئىككىنچى: ساڭا بېقىنغان بىلىملىكلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەت. ئۈچۈنچى: باشقىلار ساڭا قانچىلىك رەھىمسىزلىك قىلسىمۇ سەن رەھىمدىللىكنى ئۆزۈڭگە ئاشنا تۇت. شۇندىلا سەن غەلبە قىلغۇچى، دەپتۇ. بۇنىڭدىن ئالەمچە خۇشال بولغان سەركە ئۇنىڭغا مىڭ تەشەككۈرلەرنى ئېيتقاچ:

سەن يېنىمدا بولغان بولساڭ ئىدى، مەن سېنى ئۆزۈمنىڭ سەركىسى قىلغان بولاتتىم، دەپتۇ. غەۋۋا يەنىلا ئالدىنقى پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەن مىنىڭ ئۈچ جۈملە سۆزۈمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتساڭلا بولدى، ئەنە شۇ مەن سىنىڭ يېنىڭدا بولغانغا ئوخشاش، دەپ يەنە ئىجازەت سوراپتۇ. سەركە ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قالالمايدىغانلىغىغا كۆزى يېتىپ ئىجازەت بېرىپتۇ ھەم بىر كۈندىن كېيىن كېتىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئازراق كۆڭلىنى ئىپادىلىشۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. غەۋۋا ماقۇل بوپتۇ. سەركە ئادەملىرىگە قازان ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ.

قەۋمدىكىلەر غەۋۋانىڭ كېتىدىغانلىغىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. ئەمما ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي، مەرىكە ئۆتكۈزۈپ چرايلىق ئۇزۇتۇپ قويماقچى بولۇپتۇ. قازانلارمۇ ئېسىلىپ ھەممە تەييار بولۇپ، سەركىنىڭ ئىجازەت بېرىشىگە قاراپ تۇرۇپتۇ. سەركە باشلاشقا ئىجازەت بېرىپتۇ. مەرىكە شۇنداق قىززىپتۇكى، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى كۈيلەرگە جور بولۇپ ساماغا چۈشۈپتۇ. تاڭمۇ ئېتىپتۇ، غەۋۋا مىڭىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشى بىلەن نەچچە مىڭ ئادەم ئۇنى قورشۋېلىپ كەتمەسلىگىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما ئۇ رەت قىلىپ ماڭماقچى بولغىنىدا كىشىلەر ئازراقتىن نەرسە كىرەك ئەچقىپ ئۇنىڭغا سۇنۇپتۇ. غەۋۋا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن ئازراق بىر قىسمىنى ئېلىپ قالغىننى قايتۇرۇپ بېرىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

غەۋۋا كېتىپ خېلى يىللاردىن كېيىن بۇ قەۋمدىكىلەر كۆچلىنىشكە باشلاپتۇ. ئاخىرى سەركە ئارزۇسىغا يېتىپ بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى پەرزەنت ئوتى شۇنچە قىيناپتۇ. ئۇ يا بىرەسىگە ئېيتالماي، يا بىرەر پەرزەنت كۆرەلمەي دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنى سەزگەن بەزى كىشلەر ئۇنىڭدىن، نىمىشقا بۇنچە غەمگە قالغانلىغىنى سورىغىنىدا. ئۇ ئوتتۇز توققۇز خوتۇنىدىن بىرەرمۇ پەرزەنتىنىڭ يوقلىغىنى ئېيتىپتۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەل ئارىسىدىن يەنە بىر خوتۇن ئېلىشنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سەركە ئەل ئارىسىدىن بىر قىزنى ئاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خوتۇنى قورساق كۆتۈرۈپتۇ. بۇنىڭدىن ئالەمچە خۇشال بولغان سەركە ئەلگە يەتمىش قوي سويۇپ نەزىر بىرىپتۇ. سەركە تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان كۈنمۇ ئاخىرى يېتىپ كەپتۇ. كەنجى خانىش ئاخىرى سەركىگە قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن تېخىمۇ خۇشال بولغان سەركە ئەلگە يەنە نەزىر بېرىپتۇ.

سەركە چوڭ ئوغلىغا كۈنتۇغدى، كىچىگىگە ئايتۇغدى دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. كۈنتۇغدى كىچىگىدىن بىلىمگە ئىنتىلىپ مەدىرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ چوڭ بولۇپتۇ. ئايتۇغدى كىچىگىدىن جەڭ ماھارەتلىرىگە تولۇق پىشىپ چىقىپتۇكى، ئوقيانى ئالدىغا قانداق ئاتسا كەينىگىمۇ شۇنداق ئاتالايدىغان، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قارچۇغىمۇ قوتۇلۇپ قاچالمايدىغان بولۇپ يىتىشىپ چىقىپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ سەركە شۇنداق خۇشال بولۇپتىكى، بۇنى تەسۋىرلەش تولىمۇ تەس. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلارغا يېقىن بولغان كۆكچى دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بۇلارنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىپ، كۈچلىنىۋاتقانلىغىدىن خەۋەر تېپىپ ئورنىغا ئادەم قويۇپ ئۆزى لەشكەر باشلاپ مېڭىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئايتۇغدى ئاتىسىنىڭ يېنىغا، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تاقابىل تۇرىدىغانلىغىنى،ئادەم قوشۇپ ئېۋەتىشنى ئۆلتىجا قىلىپ كىرىپتۇ. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن سەركە ئۇلارنىڭ جەڭ ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلىگىنى، ئۇلارغا تەڭ كېلىپ بولالمايدىغانلىغىنى ئېيتقاندا، ئايتۇغدى قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ يەنە ئىجازەت سوراپتۇ. سەركە ئوغلىنىڭ جاسارىتىدىن سۆيۈنۈپ قوشۇلۇپتۇ ھەم ئۈچ تۈمەن ئادەم بىلەن يولغا ساپتۇ. ئۆزى بولسا تەڭرىدىن ئوغلىنىڭ زەپەر قۇچۇپ كېلىشىنى تىلەپ قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئايتۇغدى دۆلىتىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. ئىككى دۆلەت ئەسكەرلىرى ئۇچرىشىپتۇ. قارشى تەرەپنىڭ نىسبەتەن كۆپ بولسىمۇ ئايتۇغدى قىلچە قورقۇپ قالماپتۇ. جەڭ باشلىنىپ بىرىنچى كۈنى ئايتۇغدى يېڭىلىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ساۋاق ئالغان ئايتۇغدى ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپتۇ، كېيىنكى جەڭلەردە بولسا زەپەر قۇچۇپ ئۇلارنى ساراسىمىگە سېلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن چۆچىگەن پادىشاھ پۈتۈن سەپ بويىنچە جەڭگە چىقماقچى بولۇپ تۇرىشىغا، سەركە ئوغلىدىن ئەنسىرەپ ئېۋەتكەن تۆت تۈمەن ئەسكەرلەرمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئەمدى بۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىغىنى پەملىگەن پادىشاھ كېچىلەپ دۆلىتىگە قاراپ تىكىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قاچقانلىغىدىن خەۋەر تاپقان ئايتۇغدى ئاتىسىغا ئادەم ئېۋەتىشنى، ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە بېسىپ كىرمەكچى بولغانلىغىنى يەتكۈزۈپتۇ.

سەركە ئوغلىنىڭ جاسارىتىدىن سۆيۈنۈپ يەنە ئىككى تۈمەن ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ.

ئايتۇغدى يەتتە تۈمەن كىشلىك زور قوشۇن بىلەن كۆكچى مەملىكىتىگە يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار كۆكچى مەملىكىتى بىلەن ئىككى يىل جەڭ قىلىپ ئاخىرى بۇ مەملىكەتنى ئېلىپتۇ. بۇ خۇش خەۋەرنى ئاتىسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاتىسىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇزۇن بولمايلا خەۋەرچى ئاتىسىنىڭ بىتاپ بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايتۇغدى ئادەملىرىنى قاراشقا قويۇپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. سەركە ئوغلىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ باشقىدىنلا جانلىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ، ئاخىرى ئاتا ـ بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاتا بالىسىنىڭ جاسارىتىگە، باتۇرلىقىغا مىڭ شۈكرىلەرنى ئېيتىپتۇ. سەركە ئىككى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۆزلىرىنى تېخمۇ كۈچلەندۈرۈپتۇ.

ئايلار يىللار ئۆتۈپتۇ، ئايتۇغدى نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ نۇرغۇن شەھەر مەملىكەتلەرنى بويسۇندۇرۇپتۇ. سەركە پادىشاھ دەپ ئاتىلىپ، قۇدرەت تېپىپتۇ ھەم نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتىنى باغلاپتۇ، قارشىلاشقانلارغا كىچىك ئوغلى ئايتۇغدىنى ئەۋەتىپ جازا يۈرۈشى قىلىپتۇ.

پادىشاھ يىلدىن ـ يىلغا قېرىپ ئورنىغا پادىشاھ قويماقچى بولۇپتۇ. پەرمان پۈتۈپ ھەر قايسى ئاقساقاللارغا پادىشاھ ھۇزۇرىدىكى كېڭەشكە قاتنىشىنى يەتكۈزۈپتۇ. ھەممە پادىشاھ ھۇزۇرىغا جەم بولۇپتۇ. ئاكا ـ ئۇكىلارمۇ كىرىپتۇ، مەجلىس باشلىنىپتۇ. پادىشاھ:

ـ ھەممە ئاقساقال، مۆتىۋەرلەرنى بۇ يەرگەيىغىشىمدىكى مەقسەت، مەنمۇ قېرىپ يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى. مەنمۇ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرنى بولسىمۇ خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئورنۇمغا يېڭى پادىشاھ قويماقچىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسىڭلارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزمەكچىمەن، دەپ مەقسىتىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئوغلۇم كۈنتۇغدى سەن بالامنىڭ چوڭى، شۇڭا سەن ئاۋال كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتقىن،دەپتۇ. كۈنتۇغدى:

ـ شاھ ئاتا مەن كىچىگىمدىن ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتتۈم. جەڭ قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. ئۇكام ئايتۇغدى كىچىگىدىن جەڭ ماھارەتلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، ھازىرقىدەك كۈچلۈك دۆلىتىمىزنى قۇرۇپ چىقىشقا تۆھپە قوشتى. شۇڭا شاھ ئاتامنىڭ ئۇكام ئايتۇغدىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى، قابىلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ شاھلىق ئورنىنى قالدۇرىشىڭىزنى، ھەرقايسى ئاقساقاللارنىڭمۇ ئۇكامنى سايلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، دەپ ئايتۇغدىنى سايلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاقساقاللار«بەرھەق كىچىك شاھزادە شاھلىق ئورنىغا ئەڭ مۇۋاپىق»دەپ قوللاپتۇ. پادىشاھ چوڭ ئوغلى كۈنتۇغدى ھەم ھەرقايسى ئاقساقاللارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئوغلۇم ئايتۇغدى دېمىسىمۇ نۇرغۇن جەڭلەردە زەپەر قۇچۇپ كەلدى. مەنمۇ ئۇنىڭ مەندىن كېيىن خەلقنى چوقۇم ياخشى باشقۇرالىشىغا ئىشىنىمەن. ئوغلۇم سەن پادىشاھ بولغاندىن كېيىن قانداق ئارزۇيۇڭ بار دەپ باق مەن ئاڭلاپ باقاي، دەپتۇ. ئايتۇغدى:

ـ شاھ ئاتا، مەن شۇنچە جەڭلەردە زەپەر قۇچتۇم، پادىشاھ بولسام كەلگۈسىدە ھەممە تەرەپلەرگە ئەلچى ئەۋەتىمەن، مەن بىلەن قوشۇلۇشنى خالايدىغانلار بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتىمەن. قارشىلاشقانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىمەن، ئىقلىمنى بوي سۇندۇرۇپ بۈيۈك پادىشاھلىقىمىزنى تېخمۇ قۇدرەت تاپقۇزىمەن، دەپتۇ. ئوغلىنىڭ جاۋابىدىن سۆيۈنگەن پادىشاھ تولىمۇ خۇرسەن بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھلىق ئورنىغا كىچىك ئوغلى ئايتۇغدى ئولتۇرۇپتۇ.

ئايتۇغدى پادىشاھ بولۇپ، ئەڭ ئاۋال شەرق تەرەپتىكى ئەللەرگە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بىر قانچە ئەللەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا باشقا ئەللەر ئۇنىڭغا بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتىپتۇ. ئايتۇغدى ئۆزگە بېقىنمىغانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپتۇ. بەش يىل جەڭ قىلىپ شەرق پۈتۈنلەي ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ نامى تېزلا ھەممە جايغا تارقىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەزى مەملىكەتتىكىلەر ئۆزلىگىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ھەم نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتىپتۇ. ئايتۇغدى غەرىپكە ئەلچى ئەۋەتىپ بېقىنغانلارنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ھېساپلاپتۇ، قارشى ـ ـلاشقانلارغا جازا يۈرۈشى قىپتۇ. كېيىنچە ئۇنىڭ نامى تەڭرىقۇت بولۇپ تارقىلىپتۇ.

تەڭرىقۇتنىڭ نامىنى ئاڭلىغان شىمال، جەنۇپتىكىلەرنىڭ بەزىلىرى بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ

www.uyghurkitap.com



نۇرغۇن سوۋغا-سالاملارنى ئېۋەتىپتۇ. تەڭرىقۇت جەنۇپ، شىمالغا بىراقلا ئەلچى ئېۋەتىپ ئۆزلىرىگە بېقىنىشنى يەتكۈزۈپتۇ. بەزىلىرى بېقىنىپتۇ، بەزىلىرى جەڭ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، يەنە بەزىلىرى ئەلچىلەرنى قەتلى قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تەڭرىقۇت بېقىنغانلارنى يېنىغا تارتىپتۇ، جەڭ قىلىدىغانلارغا جازا يۈرۈشى قىپتۇ. ئەلچىلەرنى قەتلى قىلغانلارنىڭ مەملىكىتىگە ئايرىم-ئايرىم ئون نەچچە تۇمەندىن يىگىرمە نەچچە تۇمەن ئەسكەرلەر بىلەن بېرىپ مەملىكىتىنى تۈپ-تۈز قىلىۋېتىشنى بۇيرىماقچى بولۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قېرى پادىشاھ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

-ئوغلۇم ئاڭلىسام بىر قىسىم مەملىكەتكە جازا يۈرۈش قىلىپسەن، يەنە بىر قىسىم مەملىكەتنى تۈزلىۋەتمەكچى بوپسەن. شۇنداقمۇ؟ دەپتۇ. تەڭرىقۇت:

-شۇنداق شاھ ئاتا، ئۇلارقىلچە رەھىم قىلماستىن مېنىڭ ئەلچىلىرىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ،دەپتۇ. ئاتا ئوغلىغا:

- ئوغلۇم، مەن ياش ۋاقتىمدا بىزنىڭ قەۋمىمىز بەكلا ئاجىز ئىدى. ھەتتا ئۆزىمىزنىمۇ قوغ-دىيالمايتتۇق، بىراق تەڭرى بىزگە شۇنداق بىر نىجات يۇلتۇزىنى ئېۋەتتى. ئۇ بىزگە نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىچە ئۇ بۇرۇنلا بىز بىلەن خوشلىشالمايلا كېتىپ قاپتۇ، ئۇ ماڭا بىزدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن مۇنداق ئۈچ جۈملە سۆزنى ئېيتىپ كەتكەن: «بىرىنچى، قەۋمىڭگە زەررىچە ئازار بەرمە. ئىككىنچى، ساڭا بېقىنغان بىلىملىكلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەت. ئۈچىنچى، باشقىلار ساڭا قانچىلىك رەھىمسىزلىك قىلسىمۇ سەن رەھىمدىللىكنى ئۆزۈڭگە ئاشنا تۇت. شۇندىلا سەن غەلبە قىلغۇچى» سەن بۇ سۆزلەرنى مەڭگۈ ئېسىڭدە چىڭ تۇت،دەپتۇ. تەڭرىقۇت ئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پەرمان چۈشۈرۈپ بېقىنمايدىغانلارغا جازا يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئورنىغا ئاكىسى كۈنتۇغدىنى قويۇپ مەملىكەتنى ساقلاشنى تاپىلاپ جەڭگە مېڭىپتۇ.

تەڭرىقۇتنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى جەڭ سەپىرى بولۇپ، ئەسكەرلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ جەنۇب ۋە شىمالغا يۈرۈش قىلىپتۇ. شىمالغا تەڭرىقۇتنىڭ ئالىي سەركەردىسى باش بولۇپ ئاتلىنىپتۇ، جەنۇبقا تەڭرىقۇت ئۆزى باش بولۇپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار بۇ قېتىم يەتتە يىل جەڭ قىلىپتۇ. تەڭرىقۇت جەڭنى تۈگىتىپ مەملىكىتىگە قايتىپتۇ. شاھ ئاتىسى ئاللىبۇرۇن جان ئۈزگەن ئىدى، تەڭرىقۇت ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىگە تولىمۇ قايغۇرغان بولسىمۇ قاتنىشالمىغان ئىدى. ئۇلار مەملىكىتىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شىمالدىكىلەرنىڭ بويسۇن-دۇرۇلغانلىق خۇشخەۋىرى كېلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ تەڭرىقۇت ئاتىسىغا ئېيتقان ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ. كېيىنكىلەر ئۇنى باتۇر تەڭرىقۇت دەپ ئاتىشىپتۇ.

## باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ خاتالىقى

شىمالى يايلاقتىكى قۇدرەتلىك ھونلار توختىماستىن سەددىچىننىڭ ئەتراپىغا كېلىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلاتتى. ئۇلار ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىشقا، تۈزلەڭلىكلەردە ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداق تېز كېلىپ ھۇجۇم قىلغان بولسا، يەنە شۇنداق تېزلىكتە غايىپ بولۇپ، تۇتۇق بەرمەيتتى. خەن گاۋزۇنىڭ 6-يىلى(مىلادىدىن بۇرۇنقى200-يىلى)، باتۇر تەڭرىقۇت 400 مىڭ كىشلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن جىنياڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ تەييۈەن) نى قورشىۋالدۇ، خەن گاۋزۇ لىۇباڭ 300 مىڭ كىشلىك قوشۇن بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپ چىقىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن باتۇر تەڭرىقۇت ۋە ئۇنىڭ 400 مىڭ كىشلىك ئاتلىق قوشۇنى پىڭچېڭدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، بەيدېڭ تېغىدا ( پىڭچېڭنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر تاغ) خەن سۇلالىسى قوشۇنىنى قورشىۋالىدۇ. بىچارە لىۇباڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى يەتتە كۈنگىچە ئىچكى جەھەتتە ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتىدۇ، ياردەمچى قوشۇندىن ئەسلى خەۋەر كەلمەي كۆپ قىينىلىپ ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قالىدۇ. كېيىن لىۇباڭ چېن پىڭنىڭ ھىلىسى بويىچە تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىسىگە پارا بېرىدۇ، تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىسى تەڭرىقۇتقا «بۇ جاي خەن خانلىقىنىڭ زىمىنى، ئۇزۇن تۇتۇپ تۇرغىلى بولماس، قويىۋەتكەنلىرى تۈزۈك»دەپ نەسىھەت

قىلدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھونلار مۇھاسىرىسىنى ئازراق بوشىتىدۇ، تۇماندىن پايدىلانغان خەن قوشۇنى «مۇھاسىرىنى بىسىپ ئۆتۈپ» خەتەردىن قۇتۇلىدۇ. ھونلارنىڭ ھەربىي كۈچىدىن قورقۇپ كەتكەن لىۇباڭ كىچىچە ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ قارشى تەدبىر سورايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتچى لىۇجىڭ ئۇنىڭغا نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشتا قالغان «قۇدىلىشىش سىياستى»نى كۆرسىتىدۇ. خەن سۇلالىسى ئاخىرى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، خان جەمەتىدىن بىر قىزنى مەلىكە نامىدا لىۇجىڭنىڭ ئەلچىلىكىدە ھونلارغا ماڭدۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى قېرىنداشلىق ئەھدى ئىمزالاپ، سەددىچىننى ئىككى ئەلنىڭ چېگراسى قىلىپ بېكىتىدۇ.

دەل لىۇ جىڭ ئېيتقاندەك، ھون ئىمپېرىيىسىدىكى خەن گاۋزۇنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرى بىرقانچە يۈز يىلدىن كېيىن ھونچە فامىلىسىنى خەنزۇچە فامىلىگە ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنى خەنزۇ ھساپلاشتى، ئۇنىڭدىن باشقا تەڭرىقۇتلۇق تەختىنى تالىشىپ، ئۆز ـ ئارا ئۇرۇش قىلىپ، دۆلەتنى جەنۇبى ھون ۋە شەرقىي ھون دەپ ئىككىگە پارچىلىۋەتتى. باتۇر تەڭرىقۇت تاكى ئۆلگىچە «قۇدىلىشىش سىياستى» ئارقىلىق مەلىكە دەپ ئالغان ئايالىنىڭ ھەقىقىي مەلىكە ئەمەسلىكىنى ئۇيلىمىغان ئىدى. كىشىنىڭ ئېچىمۇ ئەقلى يەتمەيدىغىنى كېيىن خەن سۇلالىسى بىلەن جەنۇبىي ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ، شىمالىي ھونلارنى يوق قىلىۋەتكىنى بولدى. خەن سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، شىمالىي ھونلارنى قوغلاپ چىقارغان جەنۇبىي ھونلارنىڭ كېيىنكى تەغدىرى قانداق بولدى؟ جەنۇبىي ھونلار كېيىنچە خەنزۇلارغا ئاسسىملاتسىيە بولۇپ كەتتى، خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ بۇ سىياستى **300**يىلدىن كېيىن ئاندىن ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى، قۇدرەتلىك ھون ئىمپېرىيىسى ئىچكى ـ تاشقى ئاپەت ئىچىدە مىلادى **2** ـ ئەسىرگە كەلگەندە غايىپ بولدى.

ھەددى ـ ھساپسىز سوۋغا ـ سالاملار بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ كۆزىنى كۆرمەس، نازنىنلارنىڭ ناز ـ كەرەشمىلىرى يۈرەكلىرىنى سەزمەس قىلدى. قارىماققا باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسى مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشى يىنىكلىكچە چىقىرىلغان كىچىك سەۋەنلىكتەك كۆرۈلىدۇ. بىراق دەل مۇشۇ كىچىك سەۋەنلىك ئەينى ۋاقىتتا ئاسىيا ئىچكى قۇرۇغلىغىدىكى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ نەچچە يۈز يىل ئىچىدە يوقىلىشىغا سەۋەپ بولدى. يەنە بىر جەھەتتىن لىۇ جىڭنىڭ «قۇدىلىشىش سىياستى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايۇنلىرىنى ھونلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلاپ، بۇ رايۇننىڭ نەچچە يۈز يىللىق تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ رولى سەددىچىن سېپىلدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ.

# باتۇر روزى



باتۇر روزى **1966** ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ كاچۇڭ يېزىسىدا مائارىپچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋە باللىق دەۋرلىرىنى ئۇيغۇر سەنئىتىيە خانلىغىنىڭ ئاستانىسى يەكەندە ئۆتكۈزگەن ۋە قويۇق مىللىي مەدەنىيەت تەربىيىسى ئاستىدا ئۇيغۇر فولكلور قاتلىمىدىكى چوڭقۇرلۇقتا سىڭىپ چوڭ بولغان. ئۇ **1983** ـ يىلى ئۇيغۇر ئېلىدىكى بىردىن ـ بىر ئالىي بىلىم يۇرتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ مۇشۇ جەرياندا غەرپ مودېرنىزم ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان ۋە يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەن ھەم ئۆز ۋۇجۇدى ۋە روھىي قاتلىمىغا چوڭقۇر ئورنىغان ئۇيغۇرچە مۇڭنى، ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى شېئىرىي ۋە ئەقلىي تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆزىتىشكە باشلاپ، ئۇلارنى يۇقىرى بەدىئىي كامالەت بىلەن كىتاپخانلارغا سۇنغان بولۇپ، «پىلىسراتتىن ئۆتكەنلەر»(رومان)، «باش زىندانلىرىغا ھۇجۇم» (ماقالىلەر توپلىمى)، «زەللىي»، «شاھ مەشرەپ»، «ئابدۇقادىر داموللا» (بىئوگرافىك پوۋېستلار) ۋە **600** پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئوتتۇز نەچچە پارچە ماقالە ۋە بەش پارچە ئەدەبىي ئاخبارات، يۈز پارچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارتۇق تەرجىمە شېئىر ۋە تەرجىمە ھېكايىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىدىن «شائىر يوق دۇنيا»، «سۆڭەكمگە ئويۇلغان خەتلەر»، «شېھىت بولغان قەبرىسىز شائىر»، «ئايىسىز ئايدىڭ» قاتارلىقلار ئالاھىدە يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىكى ۋە ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىپلەردىن بىرى بولغان باتۇر روزى 27 ـ مارت يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا قىلدى ۋە شۇ ھالدا ھاياتىدا ئېغىر جەبرى ـ جاپالارنى تارتقان بولسىمۇ، ئۆز ئۆمرىنى مۇرەسسەسىز يېگانە ئۆتكۈزگەن بۇ ئېزىز ئوغلانىمىز ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىگە بىر يالقۇننى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ نەتىجىلىرى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭ جەبىر ـ جاپالىق، لېكىن سەمەرىلىك ئەدەبىي ھاياتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇ قىسقىغىنە 40 يىللىق ھاياتىنى ئازاپ، نامراتچىلىق، ئېغىر روھىي ۋە سىياسىي بېسىم ئاستىدا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما روھىي مەنىۋىيىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئادىمىيلىك جەھەتتە مۇرەسسەسىز مۇكەممەللىكنى قوغلىشىپ ياشىغان ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ مۇنداق بىرھىكمەتنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلغان ئىدى: «ئىنساننىڭ قەدرى ـ قىممىتى، قورال ـ ياراقسىز، پۇل ـ پېچەكسىز، ئەمەل ـ مەرتىۋىسىز تەنھا ھالەتتە ئۆلچىنىدۇ.»

شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ ئۇيغۇر تور بەتلىرىدە مەرسىيەلەر توقۇلدى ۋە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئازاپ ـ قايغۇلىرى ئىپادىلەندى .

# باۋۇدۇن مۇسابای

(« مۇسابايوفلار» غا قاراڭ )

# بايانچور قاغان

بايانچور قاغان ـ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مىلادىيە 747 ـ 759 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان مەشھۇر قاغانى بولۇپ، ئۇنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىكى نامى قارا قاغاندۇر. ئۇ «كونا تاڭنامە»دە «بىلگە كۆل قاغان» دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 759 ـ يىلى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئورنىتىلغان «قارا بالغاسۇن مەڭگۈ تېشى»دا ئۇ «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» دېيىلگەن. «قارا بالغاسۇن مەڭگۈ تېشى» (يەنە بايانچور مەڭگۈ تېشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بايانچور قاغان تەخمىنەن مىلادىيە 713 ـ يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلغان. 1

ئۇ چاغلاردا بايانچور قاغان تەۋە بولغان ياغلاقار ئۇرۇغى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 680 ـ يىللاردىن باشلانغان قۇتلۇق قاغان ( ئېلتېرىش قاغان) ۋە تونيۇقۇق رەھبەرلىكىدىكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ زەربىسىدە جەنۇب ۋە شىمالغا بۆلۈنۈپ، ياغلاقار ئۇرۇغى خېشى ۋادىسىغا كېلىپ، ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى سۈكۈت ئىچىدە كۈتۈۋاتقان ئىدى.

مىلادىيە 727 ـ يىلى خېشى ۋادىسىدىكى ياغلاقارلار رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن زىددىيەت، ئۇيغۇرلارنى ئۆز تەقدىرىنى باشقىچە ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، نەتىجىدە شۇ يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى قوشۇ قاغان ئۆز قوۋملىرىنى باشلاپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىلگە قاغان (716 ـ 734 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، خېشى ۋادىسىدىن موڭغۇلىيە ۋادىسىغا ـ كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا قايتىپ كەلدى ھەم بىلگە قاغاننىڭ ھۆكمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 742 ـ يىلغىچە ئۇيغۇرلار كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ تەركىۋىدە، تۈرك دېگەن ئورتاق نام ئاستىدا ئۆز كۈچىنى تەدرىجىي

كۆچەيتىپ، ئۆرۈق ـ قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتىپاقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، قايتىدىن مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ ھەقتە كونا، يېڭى «تاڭنامە»لەردىكى خاتىرىلەردىن باشقا «قارا بالغاسۇن مەڭگۈ تېشى» دا: «تۈرك ئىلىگە 26 يېشىمدا ( مىلادىيە 739 ـ يىلى)...بەردى، بويلا ( ئۇ يەرلەردىن )قايتىپ كەلدى، توققۇز ئوغۇز خەلقىمنى تىرىپ، يىغىپ ئالدىم، ئاتام كۆل بىلگە قاغان...»2 دەپ خاتىرلەنگەن. بۇ مەزگىلدە كېيىنكى تۈرك خانلىغى بىر مەزگىللىك گۈللىنىشتىن كېيىن ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي ۋە سىنىپى زىددىيەتلەر ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن بىر دەۋرگە قەدەم قويدى، بولۇپمۇ مىلادىيە 731 ـ يىلى كېيىنكى تۈرك خانلىغىنىڭ مەشھۇر ھەربىي قوماندانى ۋە دۆلەت ئەربابى كۆل تېگىننىڭ ۋاپاتى، مىلادىيە 734 ـ يىلى بىلگە قاغاننىڭ ئۆز بۇيرۇغى (ۋەزىرى) بۇيرۇق چۇر تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلىشى كېيىنكى تۈرك خانلىغىنىڭ شەۋكەتلىك تارىخىنىڭ ئاخىرلىشىش سىگنالى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە، شۇنىڭدىن كېيىن 10 يىل ئىچىدە، كېيىنكى تۈرك خانلىغى ھۆكمرانلار ئارىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرەشلىرى، قەبىلىلەر ئىچىدىكى زىددىيەت، بولۇپمۇ ياغلاقار رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى جەريانىدا ھالاك بولدى. مىلادىيە 744 ـ يىلى كېيىنكى تۈرك خانلىغىنىڭ ئورنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسى رەھبەرلىكىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغى تىكلەندى.

مانا مۇشۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغىنى مۇستەھكەملەش، جۈملىدىن ئالدى بىلەن موڭغۇلىيە ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يايلاق يىپەك يولىنىڭ راۋانلىغىغا كاپالەتلىك قىلىش، غەربى يۇرتنى ئېچىش، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى خەلقلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە قۇشۇ قاغاننىڭ نەۋرىسى، قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان ( 744 ـ 747 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ ئوغلى بايانچور قاغاننىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى.

بايانچور قاغاننىڭ تارىخى تۆھپىسى مىلادىيە 753 ـ يىلى ئورنىتىلغان «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»(يەنە «تارىيات مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مىلادىيە 759 ـ يىلى ئورنىتىلغان «قارا بالغاسۇن مەڭگۈ تېشى» (يەنە «بايانچور مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە كونا،يېڭى «تاڭنامە»لەردە خاتىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «بايانچور مەڭگۈ تېشى» بىلەن «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»دە بىر قەدەر ئېنىق ھەم تولۇقراق خاتىرلەنگەن. بىز بۇيەردە ئاساسلىغى مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەر ئاساسىدا، بايانچور قاغاننىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغىنى مۇستەھكەملەش جەريانىدىكى تارىخىي تۆھپىسىنى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. بايانچور قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، دادىسى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان ( كۆل بويلا) بىلەن بىللە موڭغۇلىيە ۋادىسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ ھۆكمرانلىغىنى موڭغۇلىيە ۋادىسىدا تىكلەشتە ھەم خانلىقنىڭ ھۆكمرانلىق دائىرىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگىچە كېڭەيتىشتە زور تۆھپە كۆرسەتكەن. مەسىلەن:«بايانچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»دا:

(6) قوشۇن ئەۋەتتى. مېنى مىڭبېشى قىلىپ ئەۋەتتى. ئالدى ( شەرق) تەرەپكە بېرىپ، كەيرەنىڭ شەرقىدىن يانغۇچى... (7) بويسۇندۇرۇپ، يەنە يۈرۈش قىلدىم، كەيرە بېشىدا ۋە ئۈچ بەركۈ دېگەن ( يەردە) خان قوشۇنى بىلەن قوشۇلدۇم. ئۇ يەر....... (8) قوغلىدىم، قارا قۇمدىن ئۆتۈپ، كوگۈردە، كۆمۈر تاغدا، يار دەرياسىدا، ئۈچ تۇغلۇق تۈرك خەلقى... (9) ئوزمىش تېگىن خان بولۇپتۇ، قوي يىلىدا ( مىلادىيە 743 ـ يىلى) يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى قېتىمقى ئۇرۇشنى بىرىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى( كۈنى) قىلدىم... ئوزمىش تېگىننى... (10) تۇتتۇم. خاتۇننى ( خانىشنى) ئۇ يەردە قولغا چۈشۈردۈم. تۈرك خەلقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يوقالدى، شۇنىڭدىن كېيىن توخۇ يىلىدا ( مىلادىيە 745 ـ يىلى) خەلق... تويۇپ... (11) ئۈچ قارلۇقلار كۆڭلىدە يامانلىق ئويلاپ قېچىپ كەتتى. غەرپتىكى ئون ئوق خەلقىگە ( يەنى غەربى تۈركلەرگە) قوشۇلدى. تۇڭگۇز يىلىدا ( مىلادىيە 747 ـ يىلى) تارمار قىلدىم... تاي بىلگە تۇتۇقنى (12) يابغۇ دەپ ئاتىدى، كېيىن ئاتام قاغان قازا تاپتى»3 دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بايانچورنىڭ مەڭبېشى بولۇپ تەيىنلىنىپ تۈركلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان ۋاقتى «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» دا «يىلان يىلى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ مىلادىيە 741 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. فىرانسىيەلىك لۇيىس بازىن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كۆگۈر، كۆمۈر، تاغ، يار دېگەن ئۈچ يەر قاراقۇمنىڭ ( شەرقىي جەنۇبى گوبى) جەنۇبىدا بولۇپ، كۆگۈر خەنچە تارىخنامىلەردىكى داچىڭشەن تېغىغا توغرا كېلىدۇ. كۆمۈر تاغ خەنچە تارىخنامىلەردىكى خېيشەن تېغىغا توغرا كېلىدۇ. يار دەرياسى بولسا لاڭشەن تېغى باغرىدىكى خۇاڭگې دەرياسىنىڭ شىمالىي تارمىغى بولۇپ، ئورۇن جەھەتتىن شىمالىي كەڭلىك 41 گرادۇس، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 107 نىڭ سەل شەرقىگە توغرا كېلىدۇ»4 «ئۆزمىش قاغان»بولسا كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ 8 ـ قاغانى بولۇپ، مىلادىيە 742ـ يىلى قاغانلىق تەختىگە چىققان. 744 ـ يىلى بايانچۇر ۋە ئۇنىڭ دادىسى قۇتلۇق كۆل بىلگە تەرىپىدىن يوقىتىلغان. قارلۇقلار بولسا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغىنى تەشكىل قىلغۇچى توققۇز ئوغۇز( يەنى خەنچە ماتېرىياللاردىكى تاشقى توققۇز ئۇيغۇر)لارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئىچىدىن يەنە بۇلاگ، چىگىل، تاشلىك قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇغقا بۆلۈنگەنلىگى ئۈچۈن ئۈچ قارلۇق دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار ئاساسەن هازىرقى بوغدا تېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار ۋادىسى ۋە ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى يەتتەسۇ ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان، كېيىن ئوڭ، سول ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ، سول تارمىغى موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن ئالتاي تېغىغىچە ماكانلىشىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ تەركىۋىگە كىرىپ تەدرىجىي ئۆزلىرىنىڭ نامىنى ئۇنتۇشقا قاراپ ماڭغان. ئوڭ تارمىغى ئالتاي تېغىنىڭ غەربى، جۇڭغار ۋادىسى، يەتتەسۇ ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ماكانلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ نىسپىي بىرلىگىنى ساقلاپ كەلگەن. «تايا بىلگە تۇتۇق» توغرىسىدا مەڭگۇ تاشلاردىكى خاتىرىلەرنى كونا، يېڭى«تاڭنامە»لەردىكى خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، ئۇ مىلادىيە 756ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىۋى بىلەن 4000 كىشىلىك قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئۆگلۈك ـ سۆيگىن توپىلىڭىنى باستۇرۇشتا هەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئۇيغۇر قوماندانى بولۇپ، ئەسلىدە بايانچور قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى، كېيىن ئورخۇن ۋادىسىغا كەلگەندىن كېيىن دادىسى بايانچورغا قارشى چىققانلىقتىن ئۆلتۈرۈلگەن. بايانچورنىڭ «ئاتام قاغان» دەپ ئاتىغىنى، مىلادىيە 744 ـ يىلى «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغى»نى قۇرۇپ چىققان كۆل بويلا، يەنى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان بولۇپ، «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى»دا ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى «توڭگۇز يىلى» (مىلادىيە 744 ـ يىلى) دېيىلگەن. تارىخنامىلەردە مىلادىيە 747 ـ يىلى بايانچۇر دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان يىل دېيىلىدۇ.

دېمەك، بايانچۇر قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىلگىرى دادىسى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان بىلەن بىللە شەرق ۋە غەربتىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىغى ۋە بىرقىسىم ئىسيانكار قەبىلىلەرنى يوقىتىپ، موڭغۇلىيە ۋادىسىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ هۆكمرانلىغىنى مۇستەهكەملەشتە زور رول ئوينىغان.

بايانچۇرنىڭ قاغانلىق تەختىگە چىقىشى توغرىسىدا «تېرخىن مەڭگۇ تېشى»دا:

(1) مەن، تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بىلەن تەڭرىدىن بولغان ئەل بىلگە قاتۇن، قاغان ۋە قاتۇن ئاتاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ چاغدا ئۆتۈكەننىڭ غەربىي چېتىدە، تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا بارگاھ (تەخت ئۆيى) قۇرغۇزدۇم... (2) ئەجدىها يىلى ئۆتۈكەن ئوتتۇرىسىدىكى سوڭۇز باشقان مۇقەددەس چوققىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە يايلىدىم، شۇ يەردە بارگاھ (تەخت ئۆيى) قۇرغۇزدۇم، سېپىل سوقتۇردۇم. مىڭ يىللىق، تۈمەن كۈنلۈك پۈتۈكۈمنى، تامغامنى شۇ يەردە (3) سىلىق تاشقا ئويدۇردۇم، يوغان تاشقا ئورناتقۇزدۇم، يۇقىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرىشى، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئېلىمنى قۇردۇم، تۈزۈملىرىمنى تىكلىدىم. ئالدىمدا كۈن چىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئاي چىقىشتىكى خەلقلەر (4)دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى خەلقلەر(ئۆزلىرىنىڭ) كۈچلىرىنى ماڭا بېرۇر...»5 دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، بايانچۇر دادىسى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان قازا قىلغاندىن كېيىن تاي بىلگە تۇتۇق قاتارلىقلارنىڭ ئىسيانىنى ئوڭۇشلۇق تىنچىتىپ، ئەجدادلىرىنىڭ ئادىتى ۋە ئەنئەنىسى بويىچە

قاغانلىق تەختىگە چىققان، ئۆزىنى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان دەپ، خانىشنى ئەل بىلگە قاتۇن دەپ جاكارلىغان، ئۆزى ۋە خانىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئوردا، قەسىرلەرنى سالدۇرغان. باياnچور قاغانلىق تەختىگە چىققان ۋاقىت موڭغۇلىيە ۋادىسى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن دەۋر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەجدادلىرىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى تەرتىپكە سالغان.

2. باياnچور قاغانلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي يۇرت بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى جانلاندۇرۇش ۋە ئۆز تەسىر دائىرىسىنى شۇ جايلارغىچە كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۆز زېھنىنى قاغانلىقنىڭ غەربىي زېمىنىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا( جۇملىدىن يەتتە سۇ رايونى) ھەم تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنى ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىشقا قاراتقان، بۇ كېيىنكى دەۋرلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ ھۆكمىرانلىق مەركىزىنى تەدرىجىي غەرپكە سىلجىتىشقا تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساس سېلىپ بەرگەن.

باياnچور قاغاننىڭ غەرپكە قىلغان يۈرۈشلىرى ھەققىدە «باياnچور قاغان مەڭگۇ تېشى»دا:

(19) .... ئىككى ئوغلۇمغا يابغۇ، شاد نامىنى بەردىم. (ئۆلارنى) تاردۇش (خاندانلىغىنىڭ غەربىي قىسمى)، تۆلەس يايلىغىنىڭ (خاندانلىقنىڭ شەرقىي قىسمى) خەلقىگە(باش) قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، يولۋاس يىلى (مىلادىيە 750 ـ يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى كەم دەرياسىدا (ئۇلارنى) تار ـ مار قىلدىم. (20) .... شۇنداق قىلىپ، شۇ يىلى كۈزدە شەرققە يۈرۈش قىلدىم. تاتارلارنى سوراققا تارتتىم(جازالىدىم). توشقان يىلى ( مىلادىيە 751 ـ يىلى) (25) .... قارلۇق ... كەم دەريا... ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئارقار باشى(دېگەن يېرى)نى مۇز قاپلاپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن، ئارقامشىنىڭ تۆۋەن يېنىدىن سال سېلىپ ئۆتتۈم. ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىدە( ئۇلارغا) ئۇچرىدىم. بولچۇ دەرياسىدا ئۈچ قارلۇقنى (26) تار ـ مار قىلدىم. ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدىم. مېنىڭ ملڭ ئادىمىم چىك خەلقىنى سۈرۈپ كەلدى... تەز ( دەرياسى) بېشىدىكى پاسلىم ئىچىدە يايلىدىم. ئۇ يەردە تەڭرىگە تاۋاپ قىلدىم. چىك خەلقىگە تۇتۇق ئەۋەتتىم، ئىشبارا ھەم تارقانلارنى ئەۋەتتىم... (40) ... قارلۇق خەلقى... شۇنداق قىلىپ، سەككىزىنچى ئاينىڭ ئۈچىدە يۈرۈش قىلدىم... قارلۇقلارنىڭ تىرىكلىرىنىڭ ھەممىسى تۈركەشلەرگە كەلدى. قايتىپ كېلىپ (41) ئونىنچى ئاينىڭ ئىككىسى باردىم... زەربە بەردىم(قايتىپ كەلدىم)، شۇنىڭدىن تارتىپ، باسمىل ۋە قارلۇقلار يوقىتىلدى. قوي يىلى ( مىلادىيە 755 ـ يىلى)»6 دەپ خاتىرلەنگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى «كەم دەرياسى» يېنسەي دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. «چىكلار» تۇۋالارنىڭ كىچىك بىر قەبىلىسى بولۇپ، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلاردا ياشىغان، «تاتارلار» سىبىرلارنىڭ مەڭگۇ تاشلاردىكى ئاتىلىشى بولۇپ، ئۆلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى جايلاشقان ئورنى ھەققىدە نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلار»تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سىبىرلارنىڭ 20 نەچچە قەبىلىسى بولۇپ خۇلۇنبىر كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىغا، ئىرغۇنا دەرياسى ۋە ئامۇر (خېلوڭجياڭ) دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى جايلارغا، نېنجياڭ دەرياسى ۋادىسىغا ۋە خۇلېنخې دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى جايلارغا تارقىلىپ ياشىغان» دەيدۇ. «بولچۇ» بولسا يەتتە سۇ ۋادىسىدىكى بىر دەريانىڭ نامى، «تۈركەش»لەر بولسا غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولۇپ، بەش تۇغلۇقلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۆلار چۇ دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسى ئوتتۇرىسىدا ياشىغان. كېيىن كۆچىيىپ 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆز سەردارى ئۇگىل باشچىلىقىدا تۈركەش خانلىقىنى قۇرۇپ، باش ئوردىسىنى سۇياب شەھىرىدە، كىچىك ئوردىسىنى ئىلى دەرياسىنىڭ بويىدا تەسىس قىلغان. 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قارلۇقلار يەتتەسۇدا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەن.7 بۇ يەردە باياnچۇر قاغاننىڭ يەتتەسۇدىكى قارلۇقلارغا جازا يۈرۈش قىلىشى ۋە يەتتەسۇ ۋادىسىدىكى جايلارغا ئۆز ھۆكمىرانلىغىنى يۈرگۈزىشى تەسۋىرلەنگەن. «باسمىللار» توغرىسىدا تۈركشۇناس بارتولد: «ئۆلار تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكەنلەر بولۇپ، ئۇ چاغلاردا بەشبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ياشايتتى، ئۆلارنىڭ ھۆكمىرانلىرى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلاتتى، كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«ئىدىقۇت» دېگەن نام باسمىللاردىن ئۇيغۇرلارغا مىراس بولۇپ قالغان، دەيدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن بىلىۋېلىشقا بولىدىكى، بايانچۇر قاغان ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، كۆپ قېتىم يەتتەسۇ ۋادىسى، يېنسەي دەرياسى ۋادىسىغا ۋە ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى ئېرتىش دەرياسى ۋادىسى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە بەشبالىق قاتارلىق جايلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، غەربىي رايونلاردىكى تەسىرىنى كۈچەيتكەن.

3. بايانچۇر قاغان بولغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش سىياستىنى يۈرگۈزۈپ، ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا چېگرا سودىسىنى يولغا قويۇپ، ئۆز ـ ئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرلىنىشىچە، بايانچۇر قاغان ھۆكمىرانلىق قىلغان دەۋردە، تاڭ سۇلالىسىدە ئۆكلۈك ـ سۈيگىن توپىلىڭى (مىلادىيە 755 ـ يىلى) يۈز بېرىپ، توپىلاڭـ ـچىلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي پايتەختى لوياڭ ۋە غەربىي پايتەختى چاڭئەننى ئىشغال قىلىۋالغان. بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئورخۇنغا ئەلچىلەر ئۈمگى ئەۋەتكەندە، بايانچۇر قاغان تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي ياردەم بېرىشكە قوشۇلغان ھەم ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا «ئاتقا يىپەك ئالماشتۇرۇش سودىسى يولغا قويۇلىدۇ، ھەربىر ئاتنىڭ نەرخى 40 توپ يىپەك شايى بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا كېلىشىم تۈزۈلگەن. تاڭ سۇلالىسى يەنە ئۇيغۇر قاغانىغا ئۆز مەلىكىسىنى ياتلىق قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان. نەتىجىدە، مىلادىيە 757 ـ يىلى بايانچۇر قاغان ئوغلى يابغۇ ۋە چوڭ سانغۇن دىدې باشچىلىقىدا 4000 كىشلىك خىللانغان ئاتلىق قوشۇننى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەمگە ئەۋەتكەن. كونا، يېڭى «تاڭنامە»لەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، يابغۇ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى تاڭ سۇلالىسى چېگراسىغا كېلىپلا فۇفېڭ ۋە شۇفاڭلاردا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، 757 ـ يىلى چاڭئەننىڭ غەربىدىكى شياڭجى بۇتخانىسىنىڭ يېنىدا ۋە فېڭشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىدە توپىلاڭچىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، 60 مىڭ توپىلاڭچىنى ئۆلتۈرۈپ چاڭئەننى قايتۇرىۋالغان. ئارقىدىنلا شىندىيەن قەلئەسىدە توپىلاڭچىلارغا يەنە بىر قېتىم ئەجەللىك زەربە بېرىپ، لوياڭنى قايتۇرىۋالغان. ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىدىن زورتۆھپىسىدىن رازى بولغان تاڭ سۇلالىسى يابغۇ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىنى ئېسىل سوۋغىلار بىلەن تارتۇقلىغان. تاڭ سۇلالىسى يادىشاھى سۇزۇڭ بايانچۇر قاغانىغا ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مىلادىيە 758 ـ يىلى ئۆزىنىڭ كىچىك قىزىغا «نىڭگو مەلىكە» ( يەنى دۆلەتنى ئەمىن تاپتۇرغۇچى مەلىكە) دەپ نام بېرىپ، بايانچۇر قاغانىغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن، يەنە ئۆزىنىڭ جىيەن قىزىنىمۇ بايانچۇر قاغانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن، بۇ قېتىمقى قۇدىلىشىش ۋە ئۇنىڭ جەريانى ھەققىدە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇلار ھەققىدە قىسسە» دە خېلى ئېنىق مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا بۇ قېتىمقى قۇدىلىشىش ھەققىدە:

(43) ... توخۇ يىلى ( 757 ـ يىلى)دا ... بېرىپتۇ... يوقتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ... كەلدى. ئىككى قىزىنى ( سوۋغا قىلىپ)(44) بەردى... سۆزىڭىزنى يىرماي، دېدى. خاتا ئىش قىلماي دېدى... سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسى بويىدا باي بالىقنى سالدۇردۇم» دەپ خاتىرلەنگەن بولۇپ، بۇ كونا، يېڭى «تاڭنامە»لەردىكى مەزمۇنلار بىلەن بىردەك.

مانا بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە رەسمىي قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ تىكلىنىشى بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئەلۋەتتە بايانچۇر قاغانىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغى ئىچكى ـ تاشقى ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن يىمرىلگەنگە قەدەر ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىق مۇناسىۋەت، ھەربىي ياردەم مۇناسىۋىتى، ئات ـ يىپەك سودىسى ئاساسەن ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن، بۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالـ ـماشتۇرىشىنى تېزلەتكەن.

ئىزاھلار:

1 . «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»نىڭ شىمالىي يۈزى 4 - قۇرى، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 20 - قۇرى
2. « بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»نىڭ شىمالىي يۈزى 4 - ، 5 - قۇرلىرى.
3. " بايانچۇر مەڭگۈ تېشى"نىڭ شىمالىي يۈزى 6 - 12 قۇرلىرى.
4. گىلڭ شىمىن: « قەدىمكى تۈركچە ئابىدىلەر ھەققىدە تەتقىقات» 217 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى 2005 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.
5. «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ غەربىي يۈزى 1 - 4 قۇرلىرى.
6. س.گ. كىلياشتورنىي:«قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىغىدىكى ئابىدىلەر» 283 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
7. ۋ.ۋ.بارتولد: «يەتتەسۇ تارىخى ئوچېركلىرى» 25 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

**قوشۇمچە:**

**1) ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقىنىڭ خاقانلىرى :**

**قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان.** ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى745 - يىلىدىن 747 - يىلىغىچە.
**بايانچۇرقاغان .** ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى747 - يىلىدىن 759 - يىلىغىچە.
**بۆگۈ قاغان .**ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى759 - يىلىدىن 779 - يىلىغىچە.
**تۇنباغا تارقان.**ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى779 - يىلىدىن 789 - يىلىغىچە.
**قۇت بۇلمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان.**ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى 789 - يىلىدىن 790 - يىلىغىچە.
**قۇتلۇق بىلگە قاغان .** ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى 790 - يىلىدىن 795 - يىلىغىچە.
**قۇتلۇق قاغان.**ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى 795 - يىلىدىن 805 - يىلىغىچە.
**قۇت بۇلمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان.**ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى805 - يىلىدىن 808 - يىلىغىچە
**قۇت بۇلمىش ئالىپ بىلگە قاغان.**ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى 808 - يىلىدىن 821 - يىلىغىچە
**ئۈلۈغ بۇلمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان .**ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى 821 - يىلىدىن833 - يىلىغىچە
**قۇت بۇلمىش ئالىپ كۈلۈگ بىلگە قاغان.**ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى: 833 - يىلىدىن 839 - يىلىغىچە.
**ھېسا قاغان .**ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى 839 - يىلىدىن 840 - يىلىغىچە.

**2) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانلىرى :**

1. قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان. بۇ كىشى 745 - يىلى ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرغان ،ئەمما ئىچكى نىزالار، قىرغىزلارنىڭ دۈشمەنلىكى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلى 1368 - يىلى ۋەيران بولغان.
2. بىلگە كۆل قادىرخان . بۇ كىشى 940 - يىلى قاراخانىلار دۆلىتىنى قۇرغان ۋە 1040 - يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرالىغان.



1



2

# بىرۇنى




ئۆزى ياشىغان ئەسىرنىڭ بىرۇنى ئەسىرى دېيىلىشكە سەۋەب بولغان دۇنياۋى ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرۇنى 973 ـ يىلى خارەزىمدىكى قاش شەھىرىنىڭ بىرون دىگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. تولۇق ئىسمى ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد بىننى ئەھمەد بىرۇنى.

بىرۇنى ئاتىسىدىن كىچىك يىتىم قېلىپ مەدرىستە تىرىشىپ ئوقۇ ـ ـغانلىقتىن ياش ۋاقتىدا خارەزىمشاھلار تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىپ تۈرك، پارس، ئەرەپ تىللىرىنى، قەدىمقى زامان تىللىرىدىن ئىبراي ۋە سۇرىيە تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن، 17 يېشىدا تۇنجى ئەسىرىنى يېزىپ، ماتېماتىكا، فىزىكا، پەلسەپە، دىن، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، تارىخ پەنلىرىدە شۇ زاماننىڭ ئالىملىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. 1017 ـ يىلى غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن غەزنىۋىگە بېرىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ھىندىستاندىكى راجاستان شتاتىنىڭ ئاگمىر دېگەن يېرىگە بېرىپ سانسكىرت يېزىغىنى ئۆگەنگەن. لاھور، مۇلتان، پىشاۋۇر قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ «ھىندىستان ھەققىدە كىتاپ» ناملىق ئىلمى ئەسەرنى يازغان. سانسكىرت ۋە ئەرەپ تىلىدا «قەدىمقى ئاسارە ئەتىقىلەر»، «مەسئۇدنىڭ ئىلمى نۇجۇم ۋە مۇنەججىملىك پىرىنسىپلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن بىللە ئوتتۇرا غەربى ئاسىيادىكى پىكىر ئېقىمى ۋە كەسپى بىلىملەرنى، پەلسەپىۋىي قاراش، ئاسترونومىيە ۋە تەبىئى پەن بىلىملىرىنى ھىندىستانغا يەتكۈزۈپ ئىسلام دىنىنىڭ ھىندىستانغا تارقىلىشىغا، ھىندىستان بىلەن ئوتتۇرا غەربى ئاسىيا ئارىسىدا ئىلمى ئالاقىنىڭ بولۇشىغا ئاساس سالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىرۇنى ھىندى تىلى ئۆگىنىپ، بىر يىلدا ھىندى تىلىدا كىتاپ يازغانلىقتىن ھىندى ئۆلىمالىرى چۆچۈپ كېتىشكەن، غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەسئۇد ئۇنىڭ «قانۇنى مەسئۇد» ناملىق ئەسىرى ئۈچۈن بىر پىل يۈكى كۈمۈش پۇل بەرگىنىدە بىرۇنى رەت قىلغان ئىكەن. بىرۇنى ئاخىرقى ئەسىرى بولغان «سەيدە ـ لەفتتىپ»(تىبابەت غوجىسى) ناملىق ئەسىرنى 80 يېشىدا تاماملاپ 1051 ـ يىلى غەزنە شەھرىدە ۋاپات بولغان.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنى كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «قولىدىن قەلەم چۈشمەيدىغان، كۆزى كىتاپتىن ئايرىلمايدىغان، ئىمانغا تولغان قەلبى تەپەككۇردىن بىر دەقىقمۇ توختاپ قالمايدىغان، ئۆزى ياشىغان ئەسىردىكى پۈتكۈل بىلىمنى ئىگەللىگەن ئەسىر ئىگىسى ئىدى» دەپ تەرىپلەنگەن بولۇپ، ياش چاغلىرىدا ئۆگەنگەن تۈرك، پارس، ئەرەپ، ئىبراي، سۇرىيە تىللىرىدىن سىرت يۇنانچە، لاتىنچە تىللارنى بىلگەن ۋە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، گېئومېترىيە، فىزىكا، خېمىيە، تىبابەت، تارىخ، جۇغراپىيە، فىلولوگىيە، ئېتنولوگىيە، گېئولوگىيە، دىنلار ۋە مەزھەپلەر بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلاردا 30 دىن ئارتۇق كىتاپ يازغان كۆپ ئىقتىدارلىق تالانت ئىگىسى ئىدى. ئۇ ئەينى يىللىرى قۇياش ھەرىكىتى ۋە ئاينىڭ دەۋرىگە قاراپ يەر شارىنىڭ ئايلانمىسىنىڭ 45 مىڭ كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ھىساپلاپ چىققان بولۇپ، بۇ خىل ھىساپلاش بۈگۈنگە قەدەر ئالەم ئارىلىقلىرىنى ھىساپلاشتىمۇ «بىرۇنى قورالى» دېيىلىپ قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

# بۇغدا ئابدۇللا

بۇغدا ئابدۇللا 1942 ـ يىلى لەنجۇدا تۇغۇلغان (ئەسلى يۇرتى يېڭىسار ناھىيىسى) . باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۈرۈمچىدە ئوقىغان. 1960 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ تولۇق كۇرسىدا ئوقىغان. 1965 ـ يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ۋە ھازىرقى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتۇش، ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ دوتسېنت، پروفېسسورلۇق



ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشكەن، 2004 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىجادىيەت، ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

بوغدا ئابدۇللا 37 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق هاياتىغا ئىگە بولۇپ، مەخسۇس كۇرس، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارغا «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «يېزىقچىلىق»، «يېزىقچىلىق ئىلمى»، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تەتقىقاتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروـ گراممىسى» (ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن)، «يېزىقچىلىق ئوقۇتۇش پروـ گراممىسى» قاتارلىقلارنى تۈزۈشكە قاتناشقاندىن سىرت، «يېزىقچىلىق توغرىسىدا»(1983 ـ يىلى) ناملىق دەرسلىكنىمۇ تۈزۈپ چىققان. مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇنلىشىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە، 1996 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى دەرسلىك باشقارمىسىنىڭ هاۋالىسىگە ئاساسەن، ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن «يېزىقچىلىق ئىلمى» ناملىق دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ كىتاب بوغدا ئابدۇللا ئۆزاق مۇددەتلىك مائارىپ، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئەمەلىيىتىنىڭ مەهسۇلى بولۇپ، 2000 ـ يىلى كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. يېزىقچىلىق ئوقۇتۇشى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك پەن بولۇپ، بۇ ئاساسلار پۇختا بولمىسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي يېزىقچىلىق ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن بوغدا ئابدۇللا ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىلمىي تەتقىقات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ «مىللىي تۇپراق ـ لىرىكا»، «بەدىئىي ئوبرازنىڭ مۇكەممەللىگى»، «قۇرۇلما سەنئىتى»، «شېئىرىيەتكە قايتىش»، «شېئىرىي ئوبيېكت ۋە غۇۋالىق ئېچىدىكى شېئىر»، «21 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق» ناملىق ئىككى توملۇق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. پروفېسسورنىڭ يەنە بىر ئىلمىي تەتقىقات كىتاۋى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

بوغدا ئابدۇللا 13 يېشىدىن باشلاپ شېئىرىيەت دۇنياسىغا كىرىپ كەلگەن بولۇپ، «باهار غۇنچىلىرى» (1978 ـ يىل)، «يەلكەن» (1983 ـ يىلى)، «چۈش كۆرىدۇ بىر تۈپ ئانار گۈل» (1988 ـ يىلى)، «قىز قەلئەسى» (1993 ـ يىلى)، «سالغا تېشى» (1998 ـ يىلى) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. ئاپتورنىڭ «مەلىكە ئامانىسا»، «مەريەم»، «جۇڭغار يۇلتۇزى»، «يېتىم قىز هەققىدە چۆچەك»، «شالدىراق گۈل»، «سالغا تېشى» قاتارلىق داستانلىرى جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. بۇلاردىن سىرت، بوغدا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرى خەنزۇ تىلىدىن باشقا رۇس، قازاق، ئۆزبېك تىللىرىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان . جۈملىدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە بولغان دەرسلىك كىتابلارغا كىرگۈزۈلۈپ ياخشى باهاغا ئېرىشكەن. ئۇ، بۇ نەتىجىلىرى بىلەن «جۇڭگو ئەدەبىيات قامۇسى»نىڭ 2 ـ تومىدا تونۇشتۇرۇلغان.

# بۇبى زەينەپ

1660 ـ يىلى يەكەن شەهرىدە تۇغۇلغان. ئىسمائىل خاننىڭ قىزى بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە يەركەندىكى يېشىل مەدرىستە ئوقۇغان. 1678 ـ يىلى ئاپپاق غوجا سەئىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ هاكىمىيەت ئىگىلىگەن مەزگىلدە ئىسمائىل خاننى جەمەتى بىلەن ئىلىغا يالاپ ئېلىپ كەتكەن. ئۆزاق ئۆتمەي 18 ياشلىق شائىرەنى قايىنتىلغان ياغقا تاشلاپ ئۆلتۈرىۋەتكەن ۋە ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرىۋەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# بىلال ئەزىزى

(1921 ـ 1945) ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ۋە مۇئەييەن بەدىئىي قىممەتكە ئىگە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى سەھنىسىگە نامىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلاۋىي شائىر بىلال ئەزىزى خوتەندە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نى قۇرغان ۋە ئالدىنقى مەسئۇللىرىدىن بولغان. ئەپسۇسكى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار بىلەن بىللە 1945 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىردە جاللات گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ چاغدا ئۇ ئاران 24 ياشتا ئىدى.

# بىلال نازىمى

بىلال نازىمي (1825 ـ 1902) موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ(تەخەللۇسى نازىمى) مىلادىيە 1825 ـ يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە نامرات موزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. غۇلجىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1864 ـ يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى چارروسىيە ئىشغالىيىتىدىكى ياركەنت شەھرىگە كۆچۈپ كەتكەن. 1902 ـ يىلى ئاشۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇ، «غەزەلىيات» ناملىق لىرىك غەزەللەر توپلىمى، «نۇزۇگۇم»، «چاڭموزا يۈسۈپخان»، «غازات دەر مۈلكى چىن» قاتارلىق تارىخى داستانلارنى يازغان. ئۇنىڭ 58 مىسرا شېئىرى «ئون ئىككى مۇقام»غا كىرگۈزۈلگەن.

# بىلال ئىلياس

بىلال ئىلياس 1958 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سۈيدۈڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتى ھېساپلاش ماتېماتىكا كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1982 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان.
بىلال ئىلياس تەبىئى پەن ، ماتېماتىكا دوكتورى. ياپونىيە رىتسۇمەئىكان ئۇنىۋېرسىتېنىڭ ئوقۇت ـ ـقۇچىسى. ماتېماتىكا ۋە CALL سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئىككى كەسپ ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.
ئۇ 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ياپونىيىگە ئەۋەتىلگەن 13 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى بولۇپ، ياپونىيە كيوتو ساكيو ئۇنىۋېرستې تەبىئى پەن ئىنىستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا قوبۇل قىلىنغان، 1986 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ شۇ فاكۇلتېتىنىڭ ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇپ، 1988 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ماتېماتىكا كەسپىدە ماگىستىر ئۇنۋانىنى ئالغان. ئوقۇشى پۈتكەندىن كېيىن 1988 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا لېكتور بولۇپ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ماگىستىر ئوقۇغۇچىلارغا ھېساپلاش ئۇسۇلى ۋە كومپيۇتېر تىللىرى قاتارلىق دەرسلەرنى بېرىش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاپ ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئىلمى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، فورتران77 تىلىدىكى ھېساپلاش ئۇسۇللىرىنىڭ پروگراممىلىرى(شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى) دېگەن ئالى مەكتەپلەر دەرسلىگىنى نەشر قىلغان. بىلال ئىلياسنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتتا ئېرىشكەن نەتىجىلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن 1991 ـ يىلى مۇئاۋىن پروفېسسورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن . ئۇ 1991 ـ يىلى دۆلەت خىراجىتىدە كيوتو ساكيو ئۇنىۋېرستېنىڭ سانائەت فاكۇلتېتىغا

مېھمان تەتقىقاتچى بولۇپ كېلىپ، **1992**ـ يىلى **4**ـ ئايدا تەبئىي پەن فاكۇلتېتى ماتېماتىكا كەسپىنىڭ دوكتورلۇق كۇرسىغا قوبۇل قىلىنىپ، **1995**ـ يىلى **3**ـ ئايدا ماتېماتىكا دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. ئۇ دوكتورلۇقتا ئوقۇش جەريانىدا يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تارقىلىشىنى ماتېماتىكا مودېلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، شۇ مودېل ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە دەۋرلىك دولقۇنسىمان يېشىمنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، يەنى شەرت ھازىرلانسا يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ دەۋرلىك ھالدا تارقىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. بىلال ئىلياس دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ، **1995**ـ يىلى **4**ـ ئايدىن باشلاپ كيوتو ئالىي تېخنىكا تەتقىقات ئورگىنىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئاساسەن ماتېماتىكا ۋە ئىنتېرنېت توغرىسىدىكى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. **1998**ـ يىلى **4**ـ ئايدىن باشلاپ، رىتسۇمەئىكان ئۇنىۋېرسىتېي ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى بولۇپ، **CALL**(چومپۇتەر ئاسسىست لاڭۇئاگە لەئارنىڭ: كومپيۇتېر ئارقىلىق تىل ئۆگىنىش) دېگەن يېڭى كەسپ ساھەسىدە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئوقۇتۇشتا زامانىۋى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئىنتېرنېتنى ئاساس قىلغان چاللى ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى لايىھىلەپ، ياپونىيە ئىچى ۋە سىرتىدا يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. ياپونىيە دۆلەت ئىچى ـ تېشىدا كۆپلىگەن ئىلمى ماقالە ئېلان قىلغان ۋە دوكلات بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى **CALL** ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى لايىھەلەش تېخنىكىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان: **Sankai**ـ**sha,CALL** ئاساسىدىكى خەنزۇچە ئالاقىلىشىش، **Asahi syuppansya** قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇ **2001**ـ يىلدىن **2003**ـ يىلغىچە «ئىنتېرنېت ئاساسىدىكى خەنزۇچە تىل ئۆگىتىش سىستېمىسىنى لايىھەلەش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش» دېگەن تېمىدا تېما باشلامچىسى بولۇپ ياپونىيە مائارىپ پەن ـ تېخنىكا ئورگىنىنىڭ تەتقىقات ياردىمىگە ئېرىشىپ، تەتقىقات تېمىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىغان. ھازىر ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىشتىن سىرت، كومپيۇتېرنى ئاساس قىلغان ئوقۇتۇش سىستېمىلىرىنىڭ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

بىلال ئىلياس ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىدىن سىرت، ئانا يۇرت ياشلىرىنىڭ ئوقۇتۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭدىن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ياپونىيىگە كېلىپ ئوقۇشى ئۈچۈن ئۆرۈمچى ۋە كورلا قاتارلىق جايلاردا ياپون تىلى مەكتىۋىنى ئاچقان. نەتىجىدە ۋەتەندىن كۆپلىگەن ياشلار كيوتو منسائى ياپون تىلى مەكتىۋىگە ئوقۇشقا كەلگەن. ئۇلار بىر مەزگىل تىل ئۆگەنگەندىن كېيىن ياپونىيىدىكى نۇقتىلىق مەكتەپلەرگە كىردى ۋە كىرىش ئالدىدا تۇرماقتا.

بىلال ئىلياس توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى **http://www.ritsumei.ac.jp/ec/~bilal** دىن كۆرەلەيسىز.

# پەرھاد جىلان




تالانتلىق يازغۇچى پەرھات جىلان **1945**ـ يىلى **8**ـ ئاينىڭ **8**ـ كۈنى غۇلجا شەھرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. **1954**ـ يىلدىن **1961**ـ يىلغىچە غۇلجا ۋە ئۆرۈمچى شەھەرلىرىدىكى رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. **1961**ـ يىلدىن **1966**ـ يىلغىچە ئۆرۈمچىدە ئۇيغۇرچە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. ئۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە «سول» چىلللىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تاشچىلىق ۋە ھەرىكەشلىككە ئوخشاش ياللانما ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ۋاقىتلىق تەرجىمە تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن. **1979**ـ يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتوتىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەسلەپتە رۇسچە تەرجىمان، كېيىنچە تەرجىمە ـ ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، **1991** ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، **1994** ـ يىلى **1** ـ ئايدىن باشلاپ تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

پەرھات جىلان **1966** ـ يىلىدىن بۇيان «پۇل»، «ئالتۇن قاندىكى تويى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ن . ئا . باسكاكوفنىڭ «تۈركىي تىللار» ناملىق ئەسىرىنى، «گراف مونتې ـ كرىستو» ناملىق مەشھۇر رومانىنى، تىلشۇناسلىققا ئائىت بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە ھېكايىلەرنى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان.

# تاتاتۇڭا

موڭغۇللار جۇڭگونىڭ شىمالى، موڭغۇل يايلاقلىرىدا شەكىللەنگەن مىللەت. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە **618** ـ **907** ـ يىللار) دە موغۇل شىرۋېي دېگەن نام بىلەن رەسمىي سىياسىي سەھنىگە چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار موڭغۇل يايلىغىدا ئىلگىرى ـ كېيىن دەۋران سۈرگەن ھا ـ كىمىيەتلەردىن تۈرك خانلىقى (مىلادىيە**744** ـ **552** يىللار)، ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە**744** ـ **840**يىللار) ۋە قىتان خانلىقلىرىغا تەۋە بولۇپ، بىر زامانلارنى ئۆتكۈزگەن. ئومۇمەن مىلادىيە **13** ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە موڭغۇل قەبىلىلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى باسقۇچىدا ئىدى. **12** ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى تېمورچىن دېگەن بىر ئەزىمەت دۇنياغا كېلىپ، موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە كىرىشكەن، **1206** ـ يىلى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، تېمورچىن «چىڭگىزخان»(ئالەمنىڭ خانى، دېڭىزدەك خان دېگەن مەنىدە) نامىدا ئاتىلىپ، موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن شەرقتە ھىنگان تاغلىرى، غەرپتە ئالتاي تاغلىرى، شىمالدا سىبىرىيە تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، جەنۇپتا گوبى چۆللۈكى قاتارلىق زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسى شەكىللىنىشكە باشلىغان. ئەمما، موڭغۇل قەبىلىلىرى شۇ كەمگىچە يېزىق ئىشلىتىش دەۋرىگە قەدەم قويمىغان.

موڭغۇللار دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى»نى ئىشلەتكەن ئىدى. «جۇڭگو بۈيۈك ئىنسىكلوپېدىيىسى، جۇڭگو تارىخى» تومىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى ئىشلەتكەن. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دائىم باشقا مىللەت ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: تاتاتۇڭا (塔塔统阿)نايمان خانى تاياڭخان (كۈنخان) تەرىپىدىن ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلىنىپ، ئاقچا ۋە ئاشلىق كىرىم ـ چىقىم قىلغاندا مۆھۈرنى باسقان. كېيىن چىڭگىزخاننىڭ يارلىغىغا بىنائەن شاھزادىلەرنى تەربىيىلەش ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان.»

موڭغۇللارغا يېزىقنى ئەنە شۇ مەشھۇر سىياسىئون، تىلشۇناس تاتاتۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىپ بەرگەن. سۇڭلىيەن (**1310** ـ **1381**) تەرىپىدىن يېزىلغان «يۈەننامە، تاتاتۇڭا تەزكىرىسى» دە بۇ ۋەقە تەپسىلىي خاتىرلەنگەن: « مىلادىيە **1204** ـ يىلى چىڭگىزخان ئالتاي ۋادىسىدا تۇرىۋاتقان تايمانلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن نايمان خانى تاياڭخاننىڭ ئوردىسىدا مۆھۈردارلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىن بولغان تاتاتۇڭانى تۇتىۋالغان. تاتاتۇڭا زېرەك، سۆزمەن ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ يېزىقىغا ئۇستا بولغاچقا، نايمان خانى ئۇنى ئۇستاز تۇتقان ھەمدە ئۇنىڭغا ئالتۇن تامغا تۇتۇش، پۇل، ئاشلىق باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان ئىدى. چىڭگىزخان نايمانىنى مۇنقەرز قىلغاندا، تاتاتۇڭا تامغىنى ئېلىپ قاچقان. ئۇ تۇتۇۋېلىنغاندا، چىڭگىزخان ئۇنىڭدىن: «تاياڭخاننىڭ پۇقرالىرى ھەم زېمىنى پۈتۈنلەي ماڭا مەنسۇپ بولدى. تامغىنى ئېلىپ نېمە قىلماقچىدىڭ»دەپ سورىغان. تاتاتۇڭا:«تاياڭخاننى تېپىپ بۇنى ئۆزىگە قايتۇرماقچىمەن، باشقا غەرىزىم يوق» دەپ جاۋاپ بەرگەن. چىڭگىزخان :«دىيانەتلىك، ۋاپادار ئادەم ئىكەنسەن» دېگەن. ئاندىن : «تامغىنى نىمىگە ئىشلىتىدۇ؟»

دەپ سورىغان. ئۇ : «پۇل ۋە ئاشلىقنى چىقىم قىلغاندا، كىشىلەرنى خىزمەتكە تەيىنلىگەندە ھەم باشقا ھەممە ئىشتا ئىناۋەت بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن . تاتاتۇڭا چىڭگىزخاننىڭ دىتىغا يېقىپ قالغان ھەم ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇللاردا پەرمان ۋە يارلىقلارغا تامغا ئىشلىتىش باشلانغان. چىڭگىزخان تامغىنى يەنىلا تاتاتۇڭاغا تۇتقۇزغان. چىڭگىزخان يەنە پەرمان چىقىرىپ تاتاتۇڭانى شاھزادە ـ ۋاڭلارغا ئۇيغۇر يېزىغىنى ئۆگىتىشكە، ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن موڭغۇل تىلىنى يېزىشقا بۇيرۇغان. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ موڭغۇللار «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىغى» نى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت يېزىغى قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىغان .

تاتاتۇڭا دۇنيا يېزىق تارىخىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى . شۇڭا ئۇنىڭ نامى ۋە تۆھپىسمۇ كىتاپ ـ نامىلەردە تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى.

# تاشپۇلات تېيىپ

تاشپۇلات تېيىپ **1958** ـ يىلى **12** ـ ئايدا غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ياشلار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى. **1976** ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، نىلقا ناھىيەسىنىڭ ئۆكتەبىر يېزىسىدا ئىككى يىل قايتا تەربىيە ئالغان. **1978** ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتى تەبىئىي جۇغراپىيە كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. **1983** ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. **1988** ـ يىلى ياپونىيەنىڭ توكيو تەبىئىي پەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بېرىپ، **1992** ـ يىلى **6** ـ ئايدا سانائەت پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. **1988** ـ يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. **1993** ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. **1994** ـ يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. **1994** ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولغان. **1996** ـ يىلى **9** ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. **1996** ـ يىلى، **2001** ـ يىلى جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ **5** ـ ، **6** ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ياشلار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان.

ئۇنىڭ نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى بار بولۇپ، بۇلاردىن، **1999** ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە **13** تەتقىقات تۈرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. بۇلاردىن باشقا ، «يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، «ئايرو فوتو سۈرەتلەرنى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش» ، «يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق تەبىئىي بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ۋە باھا بېرىش» ، « يىراقتىن سېزىلگەن سۈرەتلەرنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئانالىز قىلىش» ، «جۇغراپىيە ئۇچۇر سىستېمىسى» ، «يەر ئىنفورماتسىيە سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش» قاتارلىق يىگىدە دەرسلەرنى تەسىس قىلغان ھەم ئاسپىرانتلارنى يېتەكلىگەن.

ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدىغان ئىلمىي ماقالىدىن **80** پارچىغا يېقىن ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «فراكتال ئالاھىدىلىگىدىن پايدىلىنىپ سۈنئىي ھەمراھتا تارتىلغان سۈرەتلەر ئارقىلىق يەردىن پايدىلىنىش خەرىتىسىنى تۈزۈشنىڭ ئېنىقلىغىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇلى» ، «يىراقتىن سېزىلغان سۈرەتلەرنى كۆچەيتىپ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يىگى ئۇسۇلى» ، «سۈنئىي ھەمراھتا تارتىلغان سۈرەتلەر ئارقىلىق يەردىن پايدىلىنىش خەرىتىسى تۈزۈشتە مەشىق مەيدانىنى تاللاش توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلىرى **1994** ـ يىلى يىراقتىن سېزىش ئىلمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ۋە 1995 ـ يىلى ئېچىلغان جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق ياشلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئىككى پارچە ماقالىسى 1995 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرىنى باھالاش يىغىنىدا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك ياشلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2001 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 1 ـ دەرىجىلىك «پەن ـ تەتقىقات ئىلغار خىزمەتچىسى» مۇكاپاتىغا، 2002 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ئىلغار خىزمەتچىسى» مۇكاپاتىغا، 2004 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئاسپىرانت يېتەكچىسى» مۇكاپاتىغا، 2004 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو بويىچە «باۋگاڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» مۇكاپاتىغا، ئىككى قېتىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 211 قۇرۇلۇشىدىكى «ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن . 1998 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 2000 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىگى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر دەرسلىك بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2002 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىگى تەرىپىدىن «تايانچ ئوقۇتقۇچى» مۇكاپاتىغا، 2003 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك تەبىئىي پەنلەر بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتىغا، 2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە مۇنەۋۋەر پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2004 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن.

«تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىكى بوستانلىقلار بىلەن چۆللۈكلەرنىڭ گىرەلەشمە بەلبېغىدىكى مۇھىت ئۆزگىرىشىنى يىراقتىن تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈش ئۇستىدە تەتقىقاتى» ، «يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچى رايونىدىكى تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئۇستىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئىككى تۈرلۈك تەتقىقات تېمىسىغا قاتناشقان ھەم يېتەكچىلىك قىلغان.

# تاھىر تالىپ بەكتۇر



ئاتاقلىق شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان تاھىر تالىپ بەكتۇر 1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ يامانيار يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆز يېزىسى ۋە ناھىيە مەركىزىدە باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىغان.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1961 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «يېزىغا چۈشكەن كادىرلار» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا يېڭىچە شېئىرىي پىكىرگە، تېرەن شېئىرىي مەزمۇنغا، ئويناق شېئىرىي تىلغا، مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە كۆپلىگەن شېئىرلارنى ئېلان قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «خەير، ياشلىقىم»، «مەن ئادەم» قاتارلىق شېئىرى توپلاملىرى ھەرقايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «چۈنكى، مەن ئادەم»، «ئادەمنىڭ<سۇنئىي ھەمراھى>» ، «پەرزەنت ئىشقىدا» ، «ئۆيلەنمەيمەن» ، «ئاگاھ جاھان، مەھمۇد بىلەن ۋەتەنداشمەن» ، «سۆيۈپ قالدىم مۇشۇ دۇنيانى» ، «ئاسماندا ئاي، يېنىمدىمۇ ھەم» ، «يۇرت

مۇھەببىتى»، «ئويلاپ قالدىم»، «نۇر ئىشقىدا»، «ھەپرەڭ ۋە رەيھان»، «دەر ئىسە»، «كۆك گۈمبەزگە سىغمايدۇ ئالەم» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭ «مەن ـ ئادەم» ناملىق شېئىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىك كىتاۋىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئادىمىيلىكنى بىلدۈرۈش تەربىيەسىدە مۇھىم ئەسەرگە ئايلانغان.

تاھىر تالىپنىڭ شېئىرلىرى شېئىرىي پىكىرگە باي، تېمىسى يېڭى، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىدىيەسى قاتلاملىق، شېئىرىي تىلى كىشىگە يېڭىچە مەنە ۋە كىنايىلىك تۇيغۇلۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا شېئىرىي دىت ۋە پىكىر تۇرمۇشتىكى مەلۇم ۋەقە ياكى كۆرۈنۈشكە سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، شېئىرلاردا لېرىكا بىلەن ئېپىكا ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق شېئىرىي كەيپىيات شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا يېڭىچە مەنەلەرگە ئىگە شېئىرىي ئوبرازلار ئارقىلىق، ھاياتلىق، ئېكولوگىيە ۋە ياشاش مۇھىتىمىز ھەققىدىكى چوڭقۇر ئىزتىراپلار ئىپادىلەنگەن.

تاھىر تالىپ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزى يالغۇز ياكى باشقىلار بىلەن بىللە «لارسىننىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى، «پەرھاد ـ شېرىن» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى، «دىيانەت»، «دەھشەتلىك تېھران» قاتارلىق رومانلارنى، «قاچقۇن ما جۇڭيىڭ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ۋە نەشرگە تەييارلىغان. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇ جەمئىيەتىمىزدىكى زىيالىيلارغا ۋە ئىلىمگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ، شۇ ئىزدىنىشىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدىكى «زادى كىملەر زىيالىي؟» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

ئۇيغۇر دىيارىدىن ئىبارەت گۈزەل ئانا تۇپراقتا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئەل ئۈچۈن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغان ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستاز، ئاتاقلىق شائىر تاھىر تالىپ بەكتۇر ئەپەندىنىڭ **70** ياشقا تولغان قۇتلۇق كۈنى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ **55** يىللىغىنى تەبرىكلەش ۋە يېڭىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلغان «ئەتىكى قۇياش» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «مەدەنىيلىك ۋە زىيالىيلار» ناملىق ماقالە توپلىمىنىڭ تارقىتىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر «يامبۇ» مېھمانسارىيىنىڭ **5** ـ قەۋەت يىغىن زالىدا ناھايىتى تەنتەنىلىك مۇھاكىمە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتكە **200**دىن ئارتۇق ئەدىب، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى، يازغۇچى ـ شائىر، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ۋە ئاخبارات خادىملىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى. سابىق رەھبەرلىرىمىزدىن كاتتا تەبرىكنامىلەر كەلدى.

پائالىيەتتە شائىر تاھىر تالىپ بەكتۇرغا ھۆرمەت تونى ۋە چىمەن تاشكەنت دوپپا كەيدۈرۈلدى.

يەنە ، ھەرقايسى ناھىيە شەھەرلەردىن كەلگەن ئەدىپلەر ۋەكىللىرى، قەشقەردىكى ساخاۋەتچى كارخانىچىلار، كىتاپخانىچىلار، تىجارەتچىلەر، تاھىر تالىپ ئاكىمىزنىڭ دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى، يۇرتداشلىرى، چايداشلىرى، كەسپداشلىرى تاھىر تالىپ ئاكىمىزغا گۈل، لەۋھە، ھۆسنخەت، رەسىم سوۋغا قىلدى ۋە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىپ، شائىرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىنىڭ تېخىمۇ مول ھوسۇللۇق، تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

# تەجەللى




ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنى باغلاشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغۇچى ئەدىپلەرنىڭ بىرى، مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق شائىر، داڭلىق تېۋىپ، مائارىپچى ۋە خېمىك ھۈسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى **1850** ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك قاغىلىق ناھىيە زوڭلاڭ يېزا ئايىكەن كەنتىدە ئىسلام دىنىي ئالىمى، ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

تەجەللى ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە مەككىگە بارغان، باشلانغۇچ مەلۇ ـ ماتنى مەككىنىڭ مەدرىسلىرىدە ئالغان. ئوغلىنىڭ ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىغى ۋە ئىجتىھاتىنىڭ يۇقىرىلىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئاتىسى سەئىد قۇتبىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شاھ ئۆز پەرزەنتىنى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ ئىستىھان بەرگۈزۈپ، ئىستىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، دېھلى شەھىرىنىڭ دېھلى دارىلئۇلۇم مەدرىسىدە، ئاندىن ئىراننىڭ ئىسفاھان دارىلفۇنۇنىدا، ئافغانىستاننىڭ كابۇل دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇتىدۇ. تەجەللى ئوقۇش جەريانىدا ئەرەپ، پارس، ئوردۇ، ھىندى تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، خېمىيە، تېبابەت، ئىلمي نۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، يۇقىرى ماھارەت ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىياتقىمۇ قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەلۇم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ نەتىجىلىرى بىلەن «مەۋلىۋى» لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، مەدرىسنى تاماملىغان تەجەللى ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن مەككە، مەدىنە، دېھلى، كابۇل، تېھران، تۈركىيە، ھەتتا روسىيەلەرگىچە بېرىپ ساياھەت ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن خېلى بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ.

تەجەللى ھەج قىلىش ۋە ئىلىم ئېلىش پائالىيەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىندىستاندىن قايتىش يولىدا پاكىستاننىڭ گىلگىتقا كەلگەندە ئانىسى بۇبى گۈلسۇم خېنىم بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەركەن دەرياسى باش ئېقىننىڭ چاتۇلى يولىدىكى كېچىكتىن ئۆتۈشتە بارلىق بىساتلىرى دەرياغا غەرق بولىدۇ. تەجەللى قاتمۇ ـ قات مۇسىبەت، يول ئازابىدا غەم ـ قايغۇغا چۆمگەن ھالدا يەركەنگە كېلىپ، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. بۇ چاغدا شائىر تېخى يىگىرمە نەچچە ياشلىق يىگىت ئىدى. شۇ چاغدىكى يەركەن ۋالىيسى شائىرنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەت ـ كامالەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئاتىسى بىلەن بىرگە ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن تولغان سۆزلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كۆپلەپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. شائىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يازغان بەزى شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ئۆلىمالار ۋە زىيالىيلار ئارىسىدا قولدىن ـ قولغا ئېلىنىپ ئوقۇلىدۇ. شۇنداقلا ئالىملار ۋە ئەدىپلەرگە سۆزلىگەن دىنىي، پەننىي، ئەدەبىي بايانلىرى تىللاردا داستان بولۇپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب خىسلىتى ھەر تەبىقە زاتلىرىنى، ئاۋام خەلقنى مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يەركەندىكى «يېشىل مەدرىسە»گە مۇدەررىس بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. نۇرغۇن تالىپلار ئۇنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت دەرياسىدىن قېنىپ سۇ ئىچىپ، شېئىرىيەت گۈلشەندىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇ چاغلاردا ئۇ يەنە تېبابەتچىلىك كەسپى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن بىمارلارنىڭ كېسەلدىن شىپا تېپىشىغا يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولىدۇ. يوقسۇللاردىن ھەق ئالمايدۇ ھەم خېمىيە ئىلمى بويىچىمۇ تەجرىبە ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى تېبابەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

ئەپسۇسكى، مۇنداق ئوڭۇشلۇق شارائىت تەجەللىگە ئىنتايىن ئاز ۋاقىت خۇشاللىق ۋە يورۇقلۇق كەلتۈرىدۇ. ئالىمنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا مۇنداق چوڭ ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشى ئاز ساندىكى مۇتەئەسسىپ، خۇراپىي بىدئەتچىلەرنىڭ يۈرەكلىرىگە ھەسەت ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئالىمغا بولغان ئۆچمەنلىكى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. ئاخىر ئالىمغا ئىنتايىن رەزىل ۋاستىلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش كويىغا چۈشىدۇ. تەھدىت، ئەپسانىلەرنى توقۇپ ۋە ئۇيدۇرۇپ چىقىرىپ، ئالىمنىڭ ئىناۋەت ـ ھۆرمىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەتتا، ئالىمنىڭ ئالدىدا يۈزمۇ ـ يۈز بىئەدەپلىك قىلىپ، ئۇنىڭ پاك قەلبىنى ئازاپ ـ كۈلپەت خەنجىرى بىلەن جاراھەتلەندۈرىدۇ. مۇ ـ شۇنداق ھەسەتخور نادانلارنىڭ غەيۋەت شىكايەتلىرىگە نىشان بولۇپ قالغان نازۇك تەبىئەتلىك، يۈكسەك غەيرەتلىك ئالىم خېلى ئۇزاق مۇددەت يەركەن شەھرىدە دەرد ـ ئەلەملەر بىلەن ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەريانىدا ئۇ قەلەم شەمشىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەرەپ، پارس، ئۇيغۇر تىللىرىدا قەسىدە ـ شېئىرلارنى يېزىپ، ھەسەتخورلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. بۇ قەسىدىلەر ۋە شېئىرلار ئالىمنىڭ «بەرق تەجەللى»، «سەبەقە مۇجەللى»، «دىۋان ئەرەبى» ۋە «توھپەتۇل بەھرەيىن»قاتارلىق ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

بۇ ۋاقىتتا ئۇ يېقىن بۇرادىرى مۇتىۋۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ جان ـ دىل بىلەن قوغدىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە بىر مەزگىل خاتىرجەم هايات كۆچۈرىدۇ. بىراق، مەرىپەت ئەهلىگە ھەسەت قىلىش ۋە دۈشمەنلىك زەھىرىنى چېچىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئەبلەخلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى يەنە ئەۋجىگە چىقىدۇ. ھەتتا ئۇلار بۇ ۋاقىتتا ئەينى دەۋردىكى مۇستەبىت ئەمەلدارلارغا تەجەللى ئۈستىدىن نۇرغۇن تۆھمەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بەتنام چاپلاپ، ئۇنىڭ خاتىرجەم هايات كۆچۈرۈشىگە تەھدىت سالىدۇ. ئاخىرى ئۇ مۇتىۋۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يەركەننى تاشلاپ قاغىلىققا يۆتكىلىدۇ. ئالىم مۇتىۋۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم باشلىق قاغىلىقتىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەجەللىنى قاغىلىق بازىرىدا ئولتۇرۇپ مۇددەرىسلىك قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئالىم ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بولغان زوڭلاڭ يېزا ئايكەن كەنتىگە ئورۇنلىشىپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بورا كەنتىدە تۆت يىل تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن گۇما ناھىيىسىنىڭ كوھتامغا (ھازىرقى كىلياڭ) يېزىسىنىڭ دەريا بويىغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە سۇپۇرگە ھاجىم دېگەن كىشىدىن **82** تەڭگىگە بىر يۇرۇش ئۆي، يەر، ئورمان سېتىۋېلىپ، بۇ جايدا ئائىلىسى بىلەن يەتتە يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. شائىر ھەم خەتتات ئىسمائىل ھاجىمنىڭ قىزى ھەمراخاننى ئوغلى ئوبۇل ھۇداخانغا ئېلىپ بېرىپ، ئىسمائىل ھاجىم بىلەن قۇدا بولىشىدۇ. بۇ جەرياندا تېۋىپلىق ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىن قاغىلىقتىكى ئۆلىما، يۇرت ـ مۆتىۋەرلىرىنىڭ تەلۋى بىلەن كىلياڭ يېزىسىدىكى ئۆيىنى مۇساق ئاخۇن دېگەن كىشىگە **50** تەڭگىگە سېتىۋېتىپ قاغىلىققا كېلىدۇ. قاغىلىقتىكى بارلىق خەلقلەر ئۇنى مۇددەرىسلىك ياكى خاتىپلىققا ئوخشاش بىرەر خىزمەت ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما، ئالىم ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، ھاۋالىقراق يېزىلارنىڭ بىرىدە ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى ئاڭلىغان قاغىلىق چارباغ يېزا شور ئېرىق كەنتىدىكى مەرىپەتپەرۋەر شائىر، مۆتىۋەر زات نازارىخان ھاجىم تەجەللىگە ئىخلاس قىلغانلىقتىن، يېڭىدىن ياساپ ئەمدىلا كۆچۈپ چىقاي دەپ تۇرغان يەتتە ئېغىز ئۆي، بىر يۇرۇش باغلىق ھويلىنى ياردەم قىلىدۇ. ئالىم بۇ جايغا چىققاندىن كېيىن، ئايالى بۇۋى مەينىسا خېنىم ۋە ھىندىستاندىن قايتىپ كەلگەن شائىر فۇرقەت بىلەن تېبابەتچىلىك ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. **20** يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىپ، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەتنىڭ ئۇرۇغىنى ھەممە يەرگە چاچىدۇ. تەجەللىنىڭ ئىلىم ـ پەزىلىتى ۋە ئۆلىمالىقتىكى شۆھرىتىدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر، يەركەن، پوسكام، گۇما، خوتەن قاتارلىق يىراق ـ يېقىندىكى بىر قىسىم ئىلىم تەلەپكارلىرى ئۇنىڭ تەربىيىسىگە ھازىر بولۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن باشقا، ئۆز دەۋرىنىڭ خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلىرى دەپ سانالغان پېشقەدەم ئۆلىما مۇددەرىسلەرمۇ ئۆز بىلىملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلىم ئىقتىدارىنى سىناش يۈزىسىدىن تەجەللىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن دەرس ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەدەبىي تەلىماتلىرىدىن ئەڭ سۆيۈملۈك شاگىرتى گۇملىق ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم، شۇنىڭدەك ئالىم ۋە ئەدىپلەردىن ئابدۇقادىر داموللا، تاتار ئالىمى مۇسا جارۇللا، يەركەنلىك سالىھ داموللا، زىرىپ قارى ھاجىم، قەشقەرلىك ئابدۇقادىر زىيائى، پوسكاملىق ئىسرايىل داموللام، تۇرپاندىن مۇتىۋۇللا ئەلەم، قاغىلىقتىن ئابدۇۋايىت قازاخۇنۇم قاتارلىقلار ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق ئالغان.

ئۇ ئۆز تېببىي ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل كېسەللەرنى، جۈملىدىن يۈرەك كېسىلى، ئۆپكە، سىل كېسىلى قاتارلىق كېسەللەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە داۋالاپلا قالماي، بەلكى، بوگۇنكى كۈندە دۇنيا بويىچە داۋاسى تېپىلمىغان راك (سەرتان) كېسىلىنى يىلان گۆشى(زەھىرى) بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋالاپ ساقايتقان. تەجەللى يەرلىك چۆپ ـ دورىلارنىڭ خىمىيۋى تەركىپلىرىنى تەكشۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىققانلىقى ئۈچۈن، كېسەل كىشىلەرنى كۆپىنچە ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتقان.

دورىگەرلىك جەھەتتە، قەدىمكى تېببىي كىتابلاردىكى نۇسخىلار ۋە ئۆزى تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزۈپ چىققان نۇسخىلار ئاساسىدا تەرياك، ھەببى زۇفا، ھەببى جەۋھىرى، ئازاراقى سىستىرخىنىن كومۇلچى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



پولات كۆشتىسى، سىماب كۆشتىسى، پۈتۈن بەدەننى كۆچلەندۈرىدىغان ھالۋايى بىزە قاتارلىق ياخشى دورىلارنى ئىجاد قىلىپ، خەلقنى داۋالاپ، كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان ھەمدە بۇ تېببىي ئەسىرىدىن «تەجەللى نۇسخىلىرى»، «شىپايى سىيادادى»، «مۇجەررىباتى تەجەللى»، «شىپايى شەيخ»، «مۇرەببى تەجەللى» قاتارلىق قولىيازما كىتاۋنى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋە نۇرغۇنلىغان شا-گىرتلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى خەلقىمىزنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان .

خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى 125 يېشىدا ۋاپات بولغان مۇدىر ۋراچ، داڭلىق پېشقەدەم تېۋىپ تۇردى ھاجىم (مەزكۇرغا 1983-يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن ئىكەن) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا داڭلىق تېۋىپلاردىن قاغىلىقتىن يۈسۈپ ئەپەندىم، ياسىن ئاخۇن داموللام، سەيدىنا ئەپەندىم، سادىق مەخسۇم، گۇمىدىن مەھمۇد ھاجىم، ئىبراھىم ھاجىم، قەشقەردىن يۈسۈپ ھاجىم قەشقىرى (سۆھبەتدىشى)، مۇسا ئاخۇنۇم (شاگىرتى) قاتارلىقلار ئۇنىڭ تېببىي ماھارىتىدىن تەربىيە ئالغان تېۋىپلاردۇر.

تەجەللى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ مەزمۇنلارنى توغرا ئىزاھلاش، توغرا شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش يۈزىسىدىن مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ بىر قىسىم مەشھۇر كىتاپلىرىنى قايتا ئىشلەپ تولۇقلىغان. يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەن ئاساستا ئۇنىڭغا شەرھ يازغان.

ھىجرىيە 515-يىلى (مىلادىيە 1121-يىلى) ياشىغان خۇراسانلىق مەشھۇر ئالىم ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ «تەپسىرى كەششاف» ناملىق كىتاۋنى يېڭىلاپ يازغان. «تەجدىدى كەششاف» دېگەن ئەسىرى ئەنە شۇ مەقسەتتە قىلغان ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ بىرىدۇر.

تەجەللى جامائەتچىلىككە گەرچە ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ۋە مەشھۇر تېۋىپ سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خېلى كۆپ ۋاقتى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلىنىپ، ئۆز ئانا تىلىدا ئەدەبىيات ۋە تېبابەتكە دائىر مول مەزمۇنلۇق گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتقاندىن باشقا، شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ كۈچ سەرپ قىلىپ ھىندى، ئەرەپ، ئوردۇ، پارس، ئۇيغۇر تىللىرىدا كۆپلىگەن غەزەل ۋە قەسىدىلەرنى يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلغان. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بولغان «بەرقى تەجەللى»، «سەبەقە مۇجەللى» ناملىق دىۋانى ھىجرىيە 1317-يىلى (مىلادىيە 1899-يىلى) 43 يېشىدا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان قەشقەردىكى «مەتبەئى خۇرشىد» مەتبەئەسىدە 1000 دانە بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شان-شۆھرىتى تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر تارقىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. تەجەللىنىڭ تالانتىغا قايىل بولغان نۇرغۇن يازغۇچى-شائىرلار ئۇنى ئۇستاز سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ، خەت يېزىپ ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورناتقان. تەجەللىنىڭ قوقانلىق شائىر مۇھى، شائىر زاكىرجان خال مۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت، گۇملىق شائىر ئىسمائىل ھاجى قاتارلىقلار بىلەن ئالماشتۇرغان خەتلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

تەجەللى مۇھىنىڭ دوستلۇق خېتىگە نەزمە يېزىپ، مۇنداق جاۋاپ قايتۇرىدۇ. (15)

ئابى ھايات ئىچكەن كەبى مەسىھ قولىدىن،
سىنىڭ شېرىن سۆزلىرىڭدىن تىرىلىپ كەتتىم.
فۇرقەت گويا تولا قەدەھ مەي ئۇزارتقاندەك،
سىنىڭ لەتىپ مەكتۇبىڭنى بەردى سۆيۈندۇم.
فۇرقەت قەلبلەر تېۋىپىدۇر دائىم ساق بولسۇن،
خەت تاپشۇرۇپ بېرەلىدى دىللەرگە شىپاھ،
سەن ياخشى سۆز بۇلبۇلى سەن سايراۋەر مۇدام،
بۇ ئالەمدە ناۋايىدەك بولۇپ قال يەكتا.

مانا بۇ جاۋاب خەتتىن تەجەللىنىڭ مۇھىم بولغان كۆڭۈل ئىزھارى ۋە تەشەككۈرىنى، مۇھىمنىڭ نەتىجىسىگە بولغان قايىل بولۇش ھېسسىياتىنى، تىلەكداشلىق پوزىتسىيىسىنى، شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر-قويۇقلىغىنى ھەم بۇ دوستلۇقنىڭ مۇستەھكەملىنىشىدە قۇرقەتنىڭ ۋاستىلىك رول ئوينىغانلىغىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تەجەللىنىڭ شان-شۆھرىتى ئەينى دەۋردە يالغۇز قاغىلىقلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرقىي ئاسىيا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر تارقىلىشى ئۇنىڭ بىر قىسىم دۈشمەنلىرىنىڭ قاتتىق ھەسەتخورلىغىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەجەللىنى يوقىتىش كويىغا چۈشكەن بۇ چۈپرەندىلەر ئۆز-ئارا تېپىشىپ، بۆلۈك-پۈشقاقلاردا ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، تەجەللىگە قارشى بىرلەشمە سۈيىقەست پىلانلاپ، جاي-جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، تەجەللىنىڭ كىتاپ ئەسەرلىرىنى يىغىپ يەركەندە كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن تەجەللىنى قاغىلىقتىكى مۇھەممەد نىياز بېگىم دېگەن كىشى يېتىملىقۇم يېزىسىنىڭ كاسكى مەھەللىسىگە تەكلىپ قىلىدۇ. تەجەللى مەرھەمەت قىلىپ كېلىپ بۇ يەردە **25** يىلغا يېقىن تۇرۇپ، ھىجرىيە-**1345** يىلى (مىلادىيە **1927**-يىلى) رامىزان ئېيىنىڭ **11**-كۈنى سەيشەنبە كەچ **73** يېشىدا كېسەللىك بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئالىمنىڭ جەستى قاغىلىق ناھىيە بازىرى مەركىزىدىن بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى غەربىي شىمال قىسىمغا جايلاشقان كاسكا مازىرىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

ئالىم ئوتتۇرا بويى، چاچ-ساقاللىرى قويۇق، ئۇستىخانلىرى چىڭ، قاڭشارلىرى ئىنچىكە، چىرايلىق ۋە تۈز، بۇغداي ئۆڭلۈك، گۈلدەك ئېچىلغان تەبەسسۇملۇق، چىرايىدىن مېھر-مۇھەببەت جۇلالاپ، كۆزلىرىدىن تەپەككۇر نۇرلىرى يېغىپ تۇرىدىغان، جەسۇر ئىرادىلىك كىشى بولۇپ، ئىلمىي مەشغۇلاتى كۆپ، تۇرمۇشى رىيازەت بىلەن ئۆتكەنلىگى ئۈچۈن ۋۇجۇدى ئورۇقراق ئىدى.

تەجەللى ئوغۇللارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، تەجەللىنىڭ ئىككى ئاكىسىنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى سەبدەر ئىلى، كىچىگىنىڭ ئىسمى ھەيدەر ئىلى ئىكەن. ئەنگلىيە ھىندىستاننى ئىشغال قىلغان ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن. تەجەللىنىڭ ئۆگەي ئانىسى بۇبى خەدىچە خېنىم، تەجەللى ھەزرەتنىڭ ئانا بۆلەك بىر تۇغقانلىرى: مۇنىردىنخان ھەزرىتىم، نۇسرىدىنخان ھاجىم، سەئىد پارۇخخان ھەزرىتىم، مەختۇم خېنىم، مەپىزە خېنىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. نۇسرىدىنخان ھاجىم گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزا ئىسمىسسىلا كەنتىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن: ئىسراپىلخان بار، قالغان تۆت بىر تۇغقىنىنىڭ ئەۋلادلىرى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زوڭلاڭ يېزا دۆڭچاقار، ئايكەنت، قاغچى، قاراڭغۇ ئېغىز قاتارلىق كەنتلەردە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

تەجەللى ھەزرەت ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن. تۇنجى ئايالىدىن تۆت ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنت كۆرگەن. بۇ ئايالىنىڭ ئىسمى بۇبى مەينىسا خېنىم بولۇپ، زوڭلاڭ مازىرىنىڭ شەيخى يۇنۇس شەيخىمنىڭ قىزى. ئىككىنچى ئايالى زىننەت خېنىم گۇمىنىڭ پىشنا يېزىسىدىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن ھېساپلىنىدۇ. ئىككىنچى ئايالىدىن كارامەتنىسا خېنىم ئىسىملىك بىر قىزى بولغان. بىرىنچى ئايالىدىن بولغان باللىرىنىڭ ئىسمىلىگى: سەئىد ئەبۇلھۇداخان، سەئىد رۇھۇلھۇداخان، سەئىد نۇرۇلھۇداخان، سەئىد زورۇلھۇداخان، قەمەرنىسا خېنىم، بۇبى ئالىي خېنىم، ھاسانى خېنىم، مەھبۇبە خېنىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**تەجەللىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى**

تەجەللىنىڭ ئىجادىيىتى **19**-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، **20** - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى ئۆز-ئارا باغلاشتۇرۇپ تۇرغانلىغى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زامانىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتىنى ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بەرگەنلىگىدەك مۇھىم قىممىتى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەجەللى يازغان ئەدەبىيات، تېبابەت، پەلسەپە، دىن ئىلمىگە دائىر كۆپلىگەن مول مەزمۇنلۇق نادىر ئەسەرلەردىن خەلق قولىدا ساقلىنىپ قالغان «بەرق تەجەللى»، «سەبەق مۇجەللى» ناملىق **114**

www.uyghurkitap.com



بەتلىك چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي دىۋانى بىلەن خوتەن، گۇمىدا ياشىغان مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر يېزىغىدا بۇلغارىيىدە نەشر قىلىنغان «دىۋان تەجەللى» ناملىق ئەسىرى ۋە شۇ زامانىدىكى تۈركىيە سۇلتانى ئابلىمىت خانغا يېزىپ تەقدىم قىلغان «رەيىت» ناملىق كىتاۋى ھەمدە «دىۋان ئەرەبى» ، «مەجمەئەتۇل قەسايىد» ، «سەبدەر نامە» ، «تىلىسىم ئىشىق» ، «ساقى نامە» ، «مۇراققى كەلىمە شېرىف» قاتارلىق كىتاپلىرى يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى قىممەتلىك بەدىئىي يادىكارلىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. «بەرەقى تەجەللى»، «سەبەقە مۇجەللى» ناملىق توپلىمى ئالىمنىڭ ھىندىستاندىكى ئوقۇش مەزگىللىرىدىن تارتىپ تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەپچە ۋە ھىندى تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن 17 پارچە قەسىدە، 31 پارچە مۇسەددەس، 15 پارچە ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرلىرىدىن ۋە شائىرنىڭ دوستلىرىغا يازغان نەزمىلىك سالام خەتلىرىدىن تەركىپ تاپقان لىرىك شېئىرلار توپلىمىدىن ئىبارەت. ئالىم توپلىمىدىكى شېئىرلىرىنى زور ئىجتىھات بىلەن بەدىئىي جەھەتتىن كا ـ مالەتكە يەتكۈزگەنلىكتىن، ئەينى ۋاقىتتا ئالىمنىڭ ھايات چاغلىرىدىن باشلاپلا كونا مەكتەپلەردە ئەدەبىيات دەرسلىگى قىلىپ ئوقۇلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئوي ـ پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلىغى، پەلسەپۋى مۇلاھىزىسىنىڭ ئۆتكۈرلىگى، مەنتىقە باغلىنىشچانلىغىنىڭ كۈچلۈكلىگى، تىلىنىڭ گۈزەل، نەپىسلىگى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىل رەڭدارلىغى ھەمدە بەدىئىي سۈپەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي بولۇش، كۈچلۈك لوگىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

مەسىلەن:

سەنسىز ئۆلسەم باغ ئارا، ئول باغ مېھنەت تاغىدۇر،
سەن بىلەن باغ ئىچرە يۈرسەم تاغ جەننەت باغىدۇر.

(سەن بولمىساڭ باغ ئىچرە يۈرگىنىم بىلەن ئۇ باغ ماڭا زۇلۇمنىڭ تېغىدۇر، سەن بىلەن تاغدا يۈرسەم ئۇ تاغ ماڭا جەننەتنىڭ بېغىدۇر)

بۇ مىسرالاردىن شائىرنىڭ يۇقىرىقى ھېسسىياتىنى قىسمەن بولسىمۇ چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن، شائىر ھۈسەيىنخان تەجەللى بىلىم ئۆگىنىش، مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى خاسىيەتلىك ئىش دەپ بىلىدۇ. جۈملىدىن، «ھايات گۈلىستانىغا»، «شامالدەك ئۇچۇپ كىرىپ»، «چىمەن ئىچىدە بەزمە قۇرايلى» دەپ يېزىپ، ئەجىر ھەم مېھنەت بىلەن ھايات ھۇزۇرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ.

مەسىلەن:

ھەقايىقدە گاھ ئەجدىھادەك ئۆرۈپ دەم،
مەئارىفدە گاھ ئارسلاندەك يۈرەلىم.
باھاردا ۋە فايىق غەنىمەتتۇر ئول كىم،
چىمەن ئىچرە، بىر بەزمە ئىشرەت قۇرەلىم.

(ھەقىقەت ئىلمىدە ئەجدىھاغا ئوخشاش دەم تارتىپ مائارىپتا يولۋاس سۈپەت يۈرەيلى، باھارنىڭ ۋاپاسى يوق ئۇنى غەنىمەت بىلىپ، گۈلشەن ئارا ئىشرەت بەزمىسى قۇرايلى).

1895 ـ يىلى ئۈستۈن ئاتۇشتىكى مۇساباي ھاجى ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئوغۇللىرىغا «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم» مازىرىنى ياساپ چىقىشنى ۋە يېنىغا ئازادە مەكتەپ بىنا قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. مۇشۇ ۋەسىيەت بويىچە «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم» مازىرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ھۈسەينىيە مەكتىۋىنىڭ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشى 1896 ـ يىلى رەسمىي ئىش باشلىنىپ، 1898 ـ يىلى ئىككى يىلغا يېتەر ـ يەتمەي گۈمبەز مۇنارىسى ئاسمانغا بوي تارتقان كۆركەم مازار بىلەن ئازادە سېلىنغان يېڭى مەكتەپ بىناسى ئىككى ساقتا قەد كۆتىرىدۇ. بۇنى كۆرگەن تەجەللى ئۆزىنىڭ مەدھىيە شېئىرىدا بۇ ئىككى چوڭ قۇرۇلۇشنى ياساشقا ۋەسىيەت قالدۇرغان مۇساباي ھاجىغا ۋە بۇ ئىشنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بەجا كەلتۈرگەن ھۈسەيىن ھاجى

بىلەن باھاۋۇدۇن بايغا ۋە قۇرۇلۇشنى سالغۇچى ماھىر ئۇستىلارغا يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە غەزىلى بىلەن تەشەككۇر ئېيتىدۇ.

تەجەللى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يازغان بۇ قەسىدىسىدە «ھەبىب ئەجەم مازىرى» ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تەسىس قىلىنغان «ھۇسەينىيە» مەكتىۋىنىڭ قۇرۇلغانلىغىنى ھەمدە بۇ ئىككى بىنانىڭ قۇرۇلۇشىدا مەرتلىك كۆرسەتكەن مۇسا ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيتى بىلەن بۇ قۇرۇلۇشقا بەل باغلىغان ئوغۇللىرى ھۇسەيىن ھاجى، باھاۋۇدۇن بايلارنى ئىنتايىن يۇكسەك بەدىئىي تىل بىلەن مەدھىيىلىگەن. ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ «بەرق تەجەللى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ماۋزۇلۇق قەسىدىسى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. ھۇسەيىنخان بۇ قەسىدىدە ئۆتكۈر پەلسەپۋى مۇلاھىزىسى ئارقىلىق «قارا» بىلەن «ئاق»نىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىغىنى ۋە زىددىيەتلىرىنى كۆركەم بىر بەدىئىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇپ بەرگەن. قەسىدىدە «ئاق»، «قارا» سۆزى باشتىن ـ ئاخىر مەجازى ۋاستە سۈپىتىدە قوللىنىلغان، ئۇنىڭدىن بىز پىشقان بىر پەيلاسوپنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپۋى ئانالىزلىرىدىن ھادىسە ۋە شەيئىلەرگە بولغان ئوبيېكتىپ باھالىرىنى، مەلۇم قىممەتكە ئىگە ئىلمىي چۈشەنچىلىرىنى ھېس قىلالايمىز.

تەجەللى ئىجادىيىتىنىڭ خۇسۇسىيتى ھەققىدە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىشقا تېگىشلىككى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لىرىك ھېسسىيات چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. ھايات ھادىسىلىرىگە بولغان چۈشەنچە ۋە باھالار بىر قەدەر كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرى بەدىئىي سۈپەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي بولۇش خۇسۇسيىتى بىلەنمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

بولدى چۈن زەررىن لەۋا سۇبھە ئاقلىقدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۈن فەۋجى فىرار.
كەيمىش ئېردى قارا ئەتلەستىن ھاۋا بىر تەيلسان،
ئانى مېھر ئەتتى زىبا تىرناغى بىرلە تار تار.
چەشمائى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ،
يۈپ يۈزىدىن قارىسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار.

(سۇبھى ئاق نۇرىدىن ئالتۇن بايرىغىنى تىكلىگەن ئىدى، ئالەم سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گورۇھى قاچتى.

قارا ئەتلەستىن پۈركەنجى تون كىيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا توننىنى قۇياش نۇر تىرنىغى بىلەن تال تال قىلىپ يىرتىۋەتتى .

قۇياشنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى قارىنى (قاراڭغۇلۇقنى (يۇيۇپ، سۈپ ـ سۈزۈك ئەينەكتەك روشەن قىلدى).

بۇ مىسرالاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، روشەن سىېلشتۇرۇش ۋە ئىلمىي يەكۈن قاتارلىق ئىستىلىستىكلىق ۋاستىلەر ھەرقانداق كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

ھۇسەيىنخان (تەجەللى)نىڭ ئىجادىيەتلىرىدە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلارمۇ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ پارسچە شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ پارس تىلىغا ماھىر كىشى ئىكەنلىگىنى، بۇ تىلدىمۇ ئەسەرلەر يارىتىشقا ئالاھىدە قابىلىيتى بارلىغىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. شائىرنىڭ «بەرق تەجەللى»، «سەبەق مۇجەللى» ناملىق ئەسىرىمۇ ئاساسەن ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھايات، گۈزەللىكنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەن ـ پەرۋەرلىك، ئازادلىق، ھۆرىيەتكە ئىنتىلىشتەك ئىلغار ۋە جەڭگىۋار قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، ئىجتىمائىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىكنى چوڭقۇر پاش قىلغان. ساداقەت، سەمىمىيەت، مۇھەببەت قاتارلىق ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى ئۇلۇغلاپ، ساختىپەزلىك، زالىملىققا ئوخشاش رەزىل، ئىپلاس قىلمىشلارنى كەسكىن قارىلىغان.

ئۇ يەنە «تېببىي ئەزەم» ناملىق پارسچە تېبابەت كىتاۋىنى قاغىلىقنىڭ زوڭلاڭدا ياشىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەزگىلدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن.

## تەجەللىنىڭ قەبرىسى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ رەتلىنىشى ھەمدە گۈمىدىكى ئۆيىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى

تەجەللىنىڭ قەبرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يېڭىلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. تەجەللى دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، قاغىلىق خەلقى ئالىمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى بىلەن قەبرىسىنىڭ چۆرىسىگە ياغاچتىن پەنجىرە ياسىغان، قەبرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا بىر مو چامىسىدىكى دائىرىنى قورشىغان ھالدا قورۇتام ياسىغان ھەمدە قەبرە قورۇسىغا كىرىدىغان چوڭ ياغاچ دەرۋازا بېكىتكەن. ئۇستا نەققاشچىلار ۋە يەركەندىن چىققان ئۇستىكارلار قاغىلىقنىڭ بەشېرىق يېزىسىدىكى ئۇستا نەققاشچىلار تەرىپىدىن ئورنى يىتۈپ كېتەي دېگەن مەقبەرىنىڭ ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا سەككىز پۇڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، پىششىق خىش بىلەن ئىككى يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە قورۇتام چۆرۈدى. قەبرىنى كۆركەم قىلىپ ياساپ، گۈل ـ نەقىش چىقىرىپ ياغاچ پەنجىرىنىڭ ئىچىگە ئالدى ھەمدە خىش، سېمونت، پولات چىۋىق بىلەن ئۇيغۇرچە نۇسخىدا قەبرىگە كىرىش ئىشىكى ۋە گۈمبەز چىقاردى ھەمدە چوڭ قاتناش يولدىن قەبرىگە بېرىش ئۈچۈن، كەڭلىگى تۆت مېتىر، ئۇزۇنلۇقى **680** مېتىر قىلىپ يول ياسالدى. مەخسۇس بىر كىشىنى قەبرىنى مۇھا ـ پىزەت قىلىشقا بېكىتتى. **2007** ـ يىلى **10** ـ ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر بۇ جايىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، بۇ ناھىيىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن كەلگەندىن باشقا قوشنا ناھىيە، ۋىلايەتلەردىن بىر قىسىم يازغۇچى، شائىر، مۇخبىرلار، تەتقىقاتچىلار ۋە چەت ئەلدىن ئۇرۇق ـ تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن ساياھەتچىلەردىن بولۇپ نەچچە ئون مىڭلىغان كىشى بۇ مەقبەرىنى زىيارەت قىلدى.

شائىر ھۇسەيىنخان تەجەللى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىدىن خالىي بولۇش مەقستىدە، شائىر ھەم خەتتات ئىسمائىل ھاجىمنىڭ تەكلىۋى بىلەن شۇ زاماندا گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلىياڭ يېزا كۆتام مەھەللىسىگە كېلىپ، بۇ يەردىكى سۇپۇرگە ئاخۇن دېگەن كىشىدىن بىر يۇرۇش ئۆي ۋە يەر سېتىۋالغان، كۆتام گۇما دەرياسى (تازغۇن دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بويىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن باشلاپ يىپەك يولىنىڭ بىر تارمىغى مۇشۇ يەردىن كېسىپ ئۆتكەن. بۇ جاينىڭ ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. تەجەللى مۇشۇ جايدا تۇرغان مەزگىللەردە نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىلغار پىكىرلىك زاتلار بىلەن تونۇشقان، ھەمسۆھبەتتە بولغان. ئەتراپتىكى نۇرغۇن دېھقان، چارۋىچىلارنى داۋالاپ ساقايتقان، نۇرغۇن ياشلارنى ئوقۇتقان. تەجەللى كۆتامدا ئالتە يىل تۇرۇپ، 1922 ـ يىلى ئۆيلىرىنى مۇساق ئاخۇن دېگەن كىشىگە سېتىۋېتىپ، قاغىلىقنىڭ كاسكى يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن.

**1984** ـ يىلى **9** ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «تەجەللى مۇجەللى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلىپ **15** مىڭ نۇسخا تارقاتتى.

**2000** ـ يىلى **9** ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى مۇختار مامۇت مۇھەممەدى تۈزگەن «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» ناملىق قاتتىق مۇقاۋىلىق توپلامنى **3000** نۇسخا تارقاتتى.

مەرھۇم باتۇر روزى يازغان «شېئىرىيەت نۇرى ـ تەجەللى» ناملىق كىتاپنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى **5000** نۇسخا تارقاتتى.

تەجەللى ئەسەرلىرىنى قېزىش ئىشلىرىمۇ ياخشى ئىشلەندى. يېقىندىن بۇيان، تەجەللىنىڭ ئاق كىسەل قاتارلىق كېسەللەر ئۈچۈن يازغان **80** پارچىگە يېقىن يەككە دورىلار رېتسېپى «شىپايى سىيادادى»، «تەجەللى نۇسخىلىرى»، «مۇجەبەرباتى تەجەللى» ناملىق ئەسەرلىرى دوست ـ بۇرادەرلىرىگە يازغان **280** مىسرادىن ئارتۇق ئەرەپچە، پارسچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە شېئىرىي سالاملىرى «تۆھپەتۇل بەررەئىن»، «دىۋان ئەرەبى»، «بەرق تەجەللى»، «سەبەق مۇجەللى»، «مەجمەتۇل قەسەئىد» قاتارلىق كىتاپلىرى ھايات ۋاقتىدا بېشىغا ئورىغان مەللە رەڭ سەللىسى، يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن

رەڭ چىلىغان دۇۋتى، كېسەل داۋالىغاندا راك كېسىلىگە تاماق بەرگەن چىلان ياغىچىدىن ياسالغان تەخسىسى، دۇرا قۇتىسى ۋە ھاسىسى قاتارلىق نەرسىلىرى تېپىلغاندىن باشقا، ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمى ھەققىدە يازغان بىر قولىيازما كىتاۋىنى يەركەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تاپشۇرۇۋېلىپ ساقلىغان بولۇپ، 1958 ـ يىلى بېيجىڭدىن ئۇيغۇر تارىخىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن خادىملارغا يەركەن مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى تاپشۇرۇپ بەرگەن.

ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنىڭ قايتىدىن ياسىلىشى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى. بولۇپمۇ، ئىلىم سۆيەر، ئەمگەكچان قاغىلىق خەلقىنىڭ يۇر ـ تىنى گۈللەندۈرۈش، ئىلىم ـ پەننى ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىغا زور ئىلھام بەردى.

نۆۋەتتە تەجەللىنىڭ مازىرىنىڭ قورۇسىغا قويۇلغان باشقا مېيتلەر يۆتكىۋېتىلدى. تەجەللى مازىرى بۇ يىل ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق قىلىپ تەستىقلاندى. ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ «شىپايى سەھىيددى» ناملىق تېببىي كىتاۋى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.




## توختى باقى بوۋاي

يوقۇلۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان خوتەن قەغىزى ياساش تېخنىكىسىنىڭ 10 ـ ئەۋلاد ۋارىسى توختى باقى بوۋاي.

## تۇردى ئاخۇن ئاكا




مۇقام — ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسى. ئۇ ئەڭ ئىپتىدائىي سەنئەت شەكىللىرىنىڭ سىرلىق ئالەمدىن بۈگۈنكى زاماندىكى مۇزىكانتلارنىڭ ھەيۋەتلىك سىمفونىيىلىرىگىچە ئادەمنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئىستېتىك زوق ئېلىش سالاھىيىتىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى گۈزەللىك مۈلكىنىڭ مەڭگۈ سولماس چېچەكلىرىدۇر. ئۇلاردا ئىشق بار، دەرد بار، شادلىق بار... ئۇلاردا تىنىمسىز، ئوتلۇق قەلبنىڭ بۈيۈك تەلپۈنۈشلىرى، يۈكسەك، ئالىيجاناپ روھنىڭ تەكرار سۈرەتلىرى، مەنزىرىلىرى بار... تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۆزىگە تەئەللۇق مانا شۇنداق سىرلىق ئالەمنىڭ ئىچ ـ ئىچىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ۋە بىر ئۆمۈر ئۇنى ئۆزىگە رەھنامە قىلغان مۇقام ئۇستازىدۇر. ئۇنىڭ ئورنى، تەقدىرى مۇقام بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن.

مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا 1881 ـ يىلى قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئۇچار يېزىسىدا نەچچە ئەجدادىدىن تارتىپ ئەلنەغمىچىلىك بىلەن ياشاپ كەلگەن مۇقامچىلار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇن ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق نەغمىچىسى ۋە مۇقامچىسى بولۇپ، قەشقەردىكى مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا مۇقامچى ئاكا ـ ئۇكا چىلىم ئاخۇن، موللاخۇن مۇقام، سېتىۋالدى قاتارلىق مۇقام ئۇستىلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىسىدىن ئۆگەنگەن. بىراق تەۋەككۇل ئاخۇن جاھالەتلىك كونا جەمئىيەتتە ئىززەت ـ ئېتىبار تاپالماي، ساتارىنى ھەمراھ قىلىپ خارلىق ۋە سەرسانلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن. ئۇ ياشاش يولىنى ئىزدەپ ئائىلىسى بىلەن يېڭىسار ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ لاۋا دېگەن كەنتكە ئورۇنلىشىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە نەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، 88 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەۋەككۇل ئاخۇن ئىككى ئوغلى ئىمىن ئاخۇن بىلەن بىلەن تۇردى ئاخۇننى بالا ۋاقتىدىن باشلاپ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن ھەمدە ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ئەلنەغمە سورۇنلىرىغا قاتناشتۇرغان ۋە ئون ئىككى مۇقامنى سىستېمىلىق ئۆگەتكەن. ئۇلار 15 ـ 16 ياشلارغا كىرگەندىن باشلاپ، ئاتا ـ بالا ئۈچەيلەن بىر ئەلنەغمە گورۇپپىسى بولۇپ ئويۇشۇپ، نەغمىچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرگەن. تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ ئۇستاز بولۇپ تەربىيىلىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە ئىمىن ئاخۇن بىلەن تۇردى ئاخۇن پەزىلەتلىك، خۇش چاقچاق، ئېغىر ـ بېسىق، چىقىشقاق مۇقامچىلاردىن بولۇپ يېتىلىدۇ.

ئۇلار دادىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن دادىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ مۇقامچىلىق ۋە نەغمىچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ.

تۇردى ئاخۇننىڭ ھال ئوقىتى بىر ئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىدۇ. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىرىنچى ئوغلى ھوشۇر ئاخۇنمۇ مۇقام داپچىسى بولۇپ يېتىشىدۇ. ئۇلار بىر گورۇپپا بولۇپ يېڭىساردا ئون نەچچە يىل ئەلنەغمىچىلىك قىلغاندىن كېيىن، 1930 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يەكەنگە بېرىپ ئۆز كەسپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا مۇقام يۇرتى ـ يەكەندىكى كۆپلىگەن داڭلىق مۇقامچىلار بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇلار ئون ئىككى مۇقامنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ئۆز ـ ئارا ماھارەت كۆرسىتىشىپ، بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىدۇ. يەكەندىكى مۇقامچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇردى ئاخۇن ئاكىغا قايىل بولۇپ ئۇستاز دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ چاغلاردا ئۇ خوتەن چىرىيىدىن كەلگەن مۇقامچى سۇلايمان ئاخۇن بىلەن تونۇشىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىدۇ، كەم جايلىرىنى تولۇقلايدۇ. داڭلىق مۇقامچى ھېساپلانغان سۇلايمان ئاكىمۇ «سىلەر ئاكا ـ ئۇكا ئىككىڭلارنىڭ مۇقامچىلىق ماھارىتىڭلار يۇقىرى ئىكەن، مۇقامنى سىلەردىن ئۆگىنىش كېرەك ئىكەن»، دەپ ئۇلارغا قول قويىدۇ.

ئۇلار بىر مەزگىل يەكەندە تۇرغاندىن كېيىن، قاغىلىق ناھىيىسىگە بېرىپ يەرلىشىپ قالىدۇ، قاغىلىق خەلقى ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ.

1945 ـ يىللىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن تاشقورغان ئىنقىلاۋى پارتلاپ، ئىنقىلاپچىلار قاغىلىقنى ئىگىلەيدۇ. بېتىمنىڭ روھى بويىچە ئۇلار قاغىلىقتىن قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «ئىلى ئوغرىلىرىنى قارشى ئېلىپ ساز چالدىڭ» دېگەن باھانە بىلەن يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى قوترىتىپ ئاكىسى ئىمىن ئاخۇننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. تۇردى ئاخۇن ئاكىنى بولسا قاغىلىق ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قامايدۇ. بىراق بۇ مۇقامچىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان قاغىلىق خەلقى بىرلىشىپ ساقچى باشلىقىغا نۇرغۇن پارا بېرىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنى قاماقتىن ئېلىپ چىقىدۇ.

1946 ـ يىلى ئۆلكە رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى ۋە قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىقلار ئون ئىككى بېتىمنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەمەللىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەندە، ئۇلارغا بىرلىگەن زىياپەتتە مۇزىكا چالدۇرۇش ئۈچۈن تۇردى ئاخۇن ئاكىنى چاقىرىدۇ. بۇ بەزمىدە تۇردى ئاخۇن ئاكا ئىجرا قىلغان مۇقام نەغمىسىنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتالىقلار ئۇنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىغا ھۆرمەت تونى كەيگۈزىدۇ.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ كىچىك ئوغلى قاۋۇل ئاخۇنمۇ دادىسىنىڭ تەربىيىسى بىلەن قالۇن، چاڭ چېلىشتا يېتىشىپ چىقىپ كۆزگە كۆرۈنىدۇ.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بۇۋىسى قاۋۇل ئاخۇن ئاكا (ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى نامەلۇم) دىن تارتىپ ھازىر شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتقان كىچىك ئوغلى قاۋۇل ئاخۇنغىچە نەچچە ئەجداد ـ ئەۋلادلار ئۆمۈر بويى مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئۈزۈلمەس دولقۇنىدەك زامانىمىزغا يېتىپ كېلىشىدە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مۇقام ئۇستازلىرىدۇر.

ناۋادا يەركەن سەئىدىيە خانلىغى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مۇقام ئۇستازلىرى قىدىرخان يەركەندى

بىلەن مەلىكە ئامانىنسالار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەپ، يۇرۇشلەشتۇرۇپ ئۇيغۇر مۇقام تارىخىدا ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتتى دېيىلسە، ئۇ چاغدا تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇپ قالغۇچى ۋە زامانىمىزغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى بىردىن ـ بىر سەنئەت ئەربابى دېيىشكە بولىدۇ .

دەرۋەقە، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئون ئىككى مۇقامنى چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپلىرى بويىچە ئەڭ تولۇق، ئەڭ ساپ ساقلىغان پىشقەدەم نامايەندە ئىدى.

**1950**-يىلى **8**-، **9**-ئايلاردا ئۈرۈمچىدە ئون ئىككى مۇقام ۋە بىر قىسىم خەلق ناخشىلىرى سىنغا ئېلىندى، بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشقا پىشقەدەم مۇقامچى تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى هوشۇر ئاخۇن، داستانچى روزى تەمبۇر، داڭلىق مۇزىكانىت ۋە مۇقامچى زىكرى ئەلپاتتا، ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايۇۋ هەمدە مۇزىكاشۇناس ۋەنتۇڭشۇلار قاتناشتى .

**1955**-يىلى ئون ئىككى مۇقام قايتىدىن تەپسىلى لېنتىغا ۋە پىلاستىنكىغا ئېلىندى. بۇ قېتىمقى لېنتىغا ئېلىشتا پىشقەدەم مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ساتار بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق تېكىستى بويىچە ئوقۇپ چىقىشى، ئوغلى هوشۇر ئاخۇن ئاكىنىڭ داپ چېلىپ بېرىشى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى مۇقام تارىخىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك خىزمەت دېيىشكە بولىدۇ .

تۇردى ئاخۇن ئاكا يەتكۈزۈپ بەرگەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ نوتىسى **1956**-يىلى مەركىزى مۇزىكا نەشرىياتى بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي ئىككى توملۇق كىتاپ قىلىپ نەشر قىلىندى، تېكىستلىرى بولسا ئايرىم-ئايرىم كىتاپ بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئەت بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى .

ئون ئىككى مۇقامنىڭ خەلقئارا نوتىغا ئېلىنىشى مۇقامنى يېڭى تارىخى دەۋرگە ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن تۇردى ئاخۇن ئاكا خەلقنىڭ مۇقام بايلىقلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈش ئارزۇسىغا ئېرىشتى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا **1956**-يىلى **6**-ئاينىڭ **8**-كۈنى قەشقەر شەھرىدە **75** يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

شەرقنىڭ يارقىن يۇلتۇزى بولمىش تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەۋەرۈك **12** مۇقامى ئۇيغۇر ئەۋلاتلىرىنىڭ، هەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ، سەنئەت ئاسمىنىدا ئەبەدىل-ئەبەد پارلايدۇ.

# تۇردى سامساق



تۇردى سامساق **1923** ـ يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناهيەسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى ساۋاتىنى ئۆز يۇرتىدا چىقارغان، ئەمما هەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغان. **1944**ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، تەشۋىقاتچى، هەربىي مۇخبىر، كەڭسىاي ئاتلىق فولكىدا ئىسكاردروننىڭ مۇئاۋىن يېتەكچىسى، زەمبىرەكچىلەر قىسمىدا ئارقا سەپ تەمنات بۆلۈمىنىڭ كومىسسارى بولۇپ ئىشلىگەن. **1951** ـ يىلدىن **1953** ـ يىلنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۈرۈمچى هەربىي رايون قارمىغىدىكى هەربىي ـ سىياسىي كۇرسىنىڭ **2**ـ قارارىدا ئوقۇشنى تاماملاپ سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىۋى تىل ـ ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. **1954** ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، «ئالغا» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە، **1956** ـ يىلدىن تارتىپ «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (هازىرقى «تارىم» ژورنىلى) تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. **1979** ـ يىلدىن باشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئىشلەپ، ئاساسەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە 50 ـ يىللاردىن تارتىپ «قەشقەر گۈزىلى»، «سىرلىق ساندۇق»، «بەش تال ئوق»، «تىيانشان باغرىدا»، «ئىنتىقام»، «يۈرەك سىرلىرى» قاتارلىق بىر مۇنچە ھېكايە ـ پوۋېستلارنى ھەم «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ناملىق رومانىنى كىتاپخانلارغا تەقدىم قىلىپ، ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدىمۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، «زەنجىرلەنگەن ئادەملەر»، «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ» (ئۈچ قىسىملىق تىرىلوگىيە) قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ تاماملىغان.

ئۇ يەنە «قەھرىمان قىز»، «ئۆي ئىشىمۇ ئىش»، «تۇرمۇشقا كۈرەش» قاتارلىق دىراممىلارنى، جۈملىدىن ئىجادىيىتىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى پەللىسى ھېساپلىنىدىغان «ئۇيغۇر قىزى فىردەۋسى» ناملىق سەككىز كۆرۈنۈشلۈك تىراگېدىيەسىنى يېزىپ، دىرامچىلىق ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

1950 ـ يىل شىخودا يېزىلغان «تارىخى قەھرىمان» ماۋزۇسى ئاستىدىكى «خوش غۇلجا»، «باياندايدىن ئۆتكەندە»، «چەيلەڭزە»، «كۆرە»، «سالام كەڭساي»، «سايرام بويىدا»، «سۇرلۇك سادالار»، «توختا شوپۇر رولۇڭنى بىر دەم»، «جىڭ» قاتارلىق چاتما شېئىرلار تۇردى سامساقنىڭ ئەلەم ھەم قەلەمدە تەڭ يېتىلگەن جەڭگىۋار ئوبرازىنى نامايان قىلىپ بەرسە، كېيىنكى يىللىرى يېزىلغان «خوتەن»، «تۇرپان تەسراتلىرى»، «ئاقسۇ ھەققىدە» قاتارلىق چاتما شېئىرلار ئۇنىڭ ئاجايىپ ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئۇلۇغۋار ئوبرازىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

مۇشۇنداق ئۆتكۈر پىكىرلىك خەلقپەرۋەر ئاتاغلىق يازغۇچىمىز ئۈرۈمچىدە قەستكە ئۇچراپ 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 69 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەلۋىدا! جەنابىي ئاللاھ جەننەت مەكانى ئاتا قىلغاي، ئامىن!

# تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى

تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى (1802 — 1862) قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قوغان (ئىلگىرىكى بەشكېرەم بەگلىكىگە تەۋە) يېزىسىغا تەۋە تىلسۇراق كەنتىدە تۇغۇلغان. قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، ماھىر خەتتات ۋە تونۇلغان شائىر سۈپىتىدە ئەل ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ، بىر مەزگىل قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسلەردە مۇددەرىس بولغان. 1835 ـ يىلى قەشقەر ھاكىمبېگى زوھورىددىنىڭ ھۇزۇرىدا ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق بەش نەپەر ئەدىپ بىلەن بىرلىكتە دىۋانخانا (ئىشخانا)نىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋە بۇ يەردە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەخسىي ۋە كوللېكتىپ بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ باشقا كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە 1841 ـ 1842 ـ يىللىرى تۆرلۈك ماۋزۇ ۋە ھەجىمدىكى 39 پارچە ئەسەرنى جەمئىي قىلىپ، ئۇلارنى «ھېكايەتى غەرىب» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كوللېكتىپ «مەجمۇئات»، «ھېكايەتى ئۇششاق» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرى بىر مەزگىل «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپمۇ ئاتاپ كېلىشتى. غەرىپنىڭ مۇشۇ توپلامغا كىرگەن ۋە كىرمىگەن ئەسەرلىرىدىن «كىتابى غەرىب»، «بەھرام گور»، «غەزەللەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

«كىتابى غەرىب» (1841 ـ يىلى) 36 ماۋزۇ، 58 سوئال ـ جاۋاب بىلەن 33 خىل كەسىپنىڭ ئالاھىدىلىگى، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق بايان قىلغان. بۇ بىر ئەدەبىي ئەسەرلا ئەمەس، بەلكى 18 ـ ، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېساپلىنىدۇ.

«بەھرام گور» نەۋائىنىڭ «سەبئى سەييارە» داستانى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ باي تەسەۋۋۇرى ۋە چېۋەر تىل ماھارىتى ئىپادىلەنگەن.

# تۇردى هاجى



**1863** ـ يىلى **6** ـ ئاينىڭ خاسىيەتلىك بىر جۈمە كۈنىدە لوپ ناهىيىسىگە قاراشلىق تەۋەككۇل يېزىسىدا ئەخمەت ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ، ئەخمەت ئاخۇنۇمنىڭ ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا كۆرگەن پەرزەنتى ئىدى. ئەخمەت ئاخۇنۇم ئۆز زامانىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تېۋىپلاردىن بولۇپ، ئوغلى تۇردىنى تېۋىپ قىلىپ يېتىشتۈرۈش نىيىتىدە دىنىي ئالىم، تېۋىپ توختى ئاخۇن هاجىغا شاگىرت قىلىپ ئاپىرىپ بەرگەن. ئەخمەت ئاخۇنۇم ئوغلى تۇردى توققۇز ياشلارغا كىرگەندە قازا قىلغان. تۇردى ئاخۇن ئۇستازى يېنىدا **1894** ـ يىلىغىچە تۇرۇپ، تىبابەتچىلىك ئىلمىنى تىرىشىپ ياخشى ئۆگەنگەن. تۇردى هاجى **40** ياشلارغا كىرگەندە ئۇستازى هەج قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانغا قاراپ ماڭغان. ئۇلار هەج سەپىرىدە نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، تۇردى ئاخۇننىڭ كۈچتۈڭگۈرلىگى ۋە ئەقىل ـ پاراستى بىلەن هەر ـ بىر خەتەرنىڭ ئالدى ئېلىنغان. ئۇستازى توختى ئاخۇن سەپەردە بىتاپ بولۇپ قالغاندا، تۇردى ئاخۇن هاردىم ـ تالدىم دېمەي ئۇنى **17** كۈن هاپاش قىلىپ مېڭىپ، ئۇستازىنى كاراچىدا بىر مەزگىل ئارام ئالدۇرۇپ، ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ، هالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغان. شۇنداقلا شۇ جايدىكى هىندىستان پۇقرالىرىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى تاڭ قالدۇرغان، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن هىندىستاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ، تېۋىپلىق قىلغان. **1900** ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا لوپ ناهىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدىكى بەگ، ئۆلىمالار تەۋەككۇلغا كېلىپ، توختاخۇن تېۋىپتىن تۇردى هاجىنى سوراپ، سامپۇلغا ئېلىپ چىقىپ ئۆي ـ ماكانلىق قىلىپ سامپۇلدا تۇرغۇزغان. شۇنىڭ بىلەن تۇردى هاجى **1956** ـ يىلغا قەدەر سامپۇل يېزىسىدا ئۆز ئالدىغا تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇستازى توختاخۇن تېۋىپ **1915** ـ يىل ئەتراپلىرىدا قازا قىلغان .

**1956** ـ يىلى لوپ ناهىيىسىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دورا ـ دەرمەكلىرىنى پاي سېلىپ ئامبۇلاتورىيىگە كىرىپ ئىشلىگەن. ئامبۇلاتورىيە تارقىتىۋېتىلـ ـگەندىن كېيىن **1975** ـ يىلىغىچە سامپۇل يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. **1975** ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن.

تۇردى هاجىنىڭ كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپ، هازىرقى زامان تەكشۈرۈش سايمانلىرىنىڭ نەتىجىسى بىلەن ئوخشاش چىقاتتى. ئۇ تومۇر تۇتۇشتا بىمار تومۇرىنىڭ نورمال هالەتكە كېلىشىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، دىلىدىكى ۋەھىمىسىنى كۆتۈرىۋېتىپ، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن تومۇر هەرىكىتىنى تەكشۈرەتتى. ئۇ ئۇستازىدىن مىراس بولۇپ قالغان «تەرياق» دىگەن دورىنى كۆپ ياسايتتى هەم ئۇنى يېنىدىن ئايرىمايتتى. ئۇ «بۇ دورا **90** نەچچە خىل كېسەللىگە مەنپەئەت قىلىدۇ» دەيتتى. بۇ دورىنىڭ هەرخىل يەللەرنى هەيدەش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، شىپالىق ئۈنۈمى ھەقىقەتەنمۇ ناهايىتى يۇقىرى ئىدى. تۇردى هاجى ئاساسەن يۈرەك مېڭەقان تومۇر كېسەللىكلىرى، رېماتىزىم، مۇپاسىل، نۇقرىس قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا مول تەجرىبىلەرگە ئىگە ئىدى. كېسەل داۋالاشتا چاينى ئاساسي ئورۇندا قوياتتى. ئاددى رېتسىپلار ئارقىلىق كېسەل داۋالايتتى. **1984** ـ يىلى تۇردى هاجىنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئوغلى ئابدۇغوپۇر هاجىم **120** ياشتىن هالقىغان مۇبارەك دادىسى تۇردى هاجىمنى ئېلىپ مەككە مەدىنەمگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار هەج تاۋاپ پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەككىدە نەشر قىلىنغان نوپۇزلۇق گېزىتتە تۇردى هاجىمنىڭ **120** ياشتىن هالقىغاندىمۇ گۆس ـ گۆس دەسسەپ ماڭىدىغانلىغى، شۇنچە دىمىق بولغان مۇھىتتىمۇ دىمىنىڭ سىقىلمىغانلىغى مۆجىزە هېساۋىدا تونۇشتۇرۇلدى. بۇهال سەئۇدى

ئەرەبىستان پادىشاھىنى چوڭقۇر ھەسرەتتە قالدۇردى. چۈنكى پادىشاھ ئالىيلىرى گېزىتتىن تۇردى ھاجىم توغرىسىدىكى ئاجايىپ خەۋەرنى كۆرۈپ، بۇ مۆھتىرەم ئۆمۈر چولپىنىنى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئىسسىق قوللىرىنى سىقالمىغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلغان ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئوردا مۆتىۋەرلىرى ئۈزلىرىنىڭ تۇردى ھاجىمنىڭ ھەج تاۋاپقا كەلگەنلىگىنى پادىشاھ ئالىيلىرىغا ۋاقتىدا خەۋەر قىلىشمىغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھدىن تەنبىھ ئاڭلىغانلىقلىرىنى خوتەندىن ھەج تاۋاپقا بارغانلارغا دەپ بېرىشتى.

تۇردى ھاجى ئۆزىنىڭ 100يىلدىن كۆپرەك ئۆمرىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمى ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياراتقان مول تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئون نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى »دېگەن كىتابىنى يېزىپ قالدۇرغان.

نامۇ ـ شەرىپى، ياخشى ئەمەللىرى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھىدىن خىلئەت ماكان تەۋەككۈل بوستانلىقىدىكى ئاددى كىشلەرگىچە ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن بۇ مەشھۇر ھەكىم بىر ئەسىردىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرۈپ، 1987 ـ يىلى 124 يېشىدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

# تۇرسۇنئاي ساقىم

تۇرسۇنئاي ساقىم ئاتاغلىق ئەدەبىي تەرجىمان ۋە ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچى، جۇڭگو خەلقئارا رادىيو ئىستانسىسى تۈركچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ تۈرك تىلى دىكتورى ۋە تەرجىمانى بولۇپ، تارىخىي ئەسەرلەرنى قېزىش، رەتلەش، قايتا نەشر قىلىش ۋە تەرجىمە قىلىش جەھەتلەردە چوڭقۇر ئىزدىنىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان. خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ۋەكىل بولۇپ ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان قابىل تەرجىماندۇر. تۇرسۇنئاي ساقىم «چالىقۇشى»، «مەمەت ئاۋاق»، «جۇۋىلىق خانىم»، «ئۆكسۈش»، «ئۇيقۇسىز كېچىلەر»، «سۆيسىز ياز»، «ئېچىنىش» قاتارلىق رومان ھەم پوۋېستلارنى تۈركچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئىلمىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەردىن «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، «بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى»، «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى» قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان. شۇنداقلا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ تۈرك ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرغان. 1992 ـ يىلى تۈركىيە دۆلەتلىك فولكلور جەمئىيىتى تەرىپىدىن «تۈركىيە خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان شەخس» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە نائىل بولغان. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئاياللىرى رېداكسىيەسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتتە «تۆھپىكار ئانا ئەدىب» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ نامى «جۇڭگو ئىختىساس ئىگىلىرى قامۇسى» ۋە «21 ـ ئەسىردىكى ئىختىساسلىقلار ئامبىرى» قاتارلىق قامۇسلارغا كىرگۈزۈلگەن.

چالىقۇشى»، «مەمەت ئاۋاق» تۈركىيەدىن كۆچتى بىللە،
يىغلاتتىڭىز قانچە كۆزنى مۇھەببەت ئوتى ئۆچتى بىللە.
«ئانا يۈرتتىن ئاناتولىيە بويلىرىغىچە» تۆھپىڭىزدۇر ئانا ئەدىب،
تۇرسۇنئاي ساقىم ئۈچۈن يىغلايدۇ يۈرەك بىللە.

(خۇرشىدە)

# تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

تۇرسۇنئاي ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا بىر ئۆمۈر شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، شېئىرلىرى بىلەن ئاياللارنىڭ قەلب كۈيلىرىنى ئىزھار قىلغان، باللارنىڭ يۇمران قەلبىگە قەلەم

دۇردانىلىرىدىن قۇياش نۇرىنى تۆككەن، تۆھپىكار ئانا ئەدىپتۇر.

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن ئاياللار، بالىلار تۇغرىسىدا ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغان، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ھەسسە قوشقان. ئۇ دەسلەپ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ سەر خىل ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلپ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن ئۆز ھايات مۇساپىسىدە يازغۇچى، شائىرە، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، مۇھەررىر بولۇپ ھاياتىنى ئاياللار، خانىم - قىزلار، بالىلارنى كۈيلەشكە بېغىشلىدى. «جىنەستە»، «گۈل نىھال»، «بۇلبۇل ناۋاسى»، «چىغىر يول»، «سەھرادىن كەلگەن قىزچاق»، «باللىغىم»، «سەھرا نەزمىلىرى»، «قارا قۇشقاچ»، «توققۇز پارچە سۈرەت» قاتارلىق داستان، ھېكايە ۋە بالىلار ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇردى. 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازدى، پۇۋىسست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن 2004 - يىلى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئاياللىرى رېداكسىيىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان مۇكاپاتلاش مۇراسىمىدا «تۆھپىكار ئانا ئەدىپ» مۇكاپاتىغا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە «بالىلار ئەدەبىياتى تۆھپىكارى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. بۇ شەرەپ مەرھۇمە تۇرسۇنئاي ھۆسەيىنگە خەلقىمىزنىڭ قەلپ تۆرىدىن بېرىلگەن ھەققىي بىر ئەجىر سوۋغىسىدۇر.

يامغۇر بولۇپ ياغدىلا گۈللەر سۇغا قانسۇن دەپ،
ئانىلارنىڭ مېھرىدىن گۈل مايسىلار ئۈنسۇن دەپ،
ھەر ئىنسانغا ئانىلار قۇياشتەك نۇر چاچسۇن دەپ،
قەلبىمىزدە يادلانسۇن تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن دەپ.
500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازغان ئانا ئاز،
داستانى بار ئون پارچە قەلەم تۇتقان قولمۇ ئاز.
ئەجرىدىن ئالتۇندەك قۇرلارنى يازغان ئۇ ھەم ساز،
ھەممە ئانىغا نېسىپ بولماس «تۆھپىكار» دېگەن بۇ تاج.
قايرىلدى چىنار شېخى ئانا ئەدىب غولىدىن،
كەتتى بىزدىن قانچىسى تۆھپىكارلىق ئۆيىدىن.
«ئانىلار قەلبى» يىغلىدى «ساھىبجامال قىز» ئۈچۈن،
ئەلۋىدا ئەلنىڭ قىزى ئۇيغۇر يىغلار سىلى ئۈچۈن.
(خۇرشىدە ئابلىمىت)

## تۇرسۇنئاي يۇنۇس

تۇرسۇنئاي يۇنۇس ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ ئۆزىنىڭ ھېكايە، پۇۋېستى، ئەدەبىي ئاخبارات، ئىجتىمائىي خەۋەرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان تۆھپىكار ئانا ئەدىپتۇر. تۇرسۇنئاي يۇنۇس ئارتىس، پىركازچىك، مۇخبىر، تەھرىر، شائىرە ھەم يازغۇچى بولۇپ ئەدەبىياتىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان تونۇلغان ئايال يازغۇ - چىلىرىمىزدىن بىرى.

تۇرسۇنئاي يۇنۇس ئاخبارات سېپىدە ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ بالدۇر مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەم 500 پارچىدىن ئارتۇق تەسۋىرى خەۋەر، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئىجتىمائىي خەۋەر يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە 50 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى گېزىتتىن باشقا شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى ۋە ئۈرۈمچى خەلق رادىيو ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئاڭلىتىلىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغان. ئۇنىڭدىن باشقا خەلقىمىز ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىم، تەتقىقاتچى، يازغۇچى، شائىر، دوختۇر، پەن - تېخنىكا خادىمى، مائارىپچىلاردىن بولۇپ 50

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەچچە كىشىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى گېزىتتە تونۇشتۇرغان،

يازغۇچى تۇرسۇنئاي خانىمنىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەردىمۇ خېلى تەسىرگە ئىگە. ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان گېزىت ـ ژۇرناللىرىدىمۇ ئېلان قىلىنغان. تۇرسۇنئاي يۇنۇس 2004 ـ يىلى «كارۋان ئىزى» ناملىق رومانىنى ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇل تارىخىغا چوڭقۇر ئۇل سالغان، خەلقئارادا شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك قىزى، ئۇسسۇل پېشۋاسى قەمبەرخانىمنى تونۇشتۇرۇپ يازغان «قەمبەرخانىم» ناملىق بىئوگرافىك ئەسىرىنى نەشىر قىلدۇردى، ئۇ يەنە «ۋەتەن سۆيگۈسى» ناملىق رومانىنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تاپشۇردى. تۇرسۇنئاي يۇنۇس 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاياللىرى رېداكسىيەسى تەرىپىدىن بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتتە «تۆھپىكار ئانا ئەدىب» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن مۇكاپاتلاندى.

# تۇرسۇن ئايۇپ

تۇرسۇن ئايۇپ (1947~2003) 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قورغاستا تۇغۇلغان، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قورغاستا پۈتتۈرگەن. 1965 ـ يىلىدىن 1968 ـ يىلىغىچە سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1968 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1971 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە شىنجاڭدا ئىشلىگەن، 1971 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ بارغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 35 يىل جەريانىدا، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، ئاسپىرانتلار ۋە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى»، «قەدىمكى تۈركىي تىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گراممىتكىسى»، «ئۇيغۇر تىلى تارىخى» قاتارلىق 10 خىل كەسپىي ئاچقان. ئوقۇتۇش بىلەن ئەمەلىي تەتقىقاتنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق ›»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىلار»، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ئوغۇزنامە»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق كۆپلىگەن تەتقىقات تېمىلىرىنى تاماملىغاندىن باشقا، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلىغى» قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلەرنى ۋە كۆپلىگەن تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، تۈركولوگىيە ساھەسىگە زور تۆھپە قوشقان. تەكلىپ بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىپ كۆپ قېتىم دەرس ئۆتۈپ، دۇنيا تۈركولوگىيە تەتقىقاتىغا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىگەن 30 نەچچە يىل ئىچىدە سۆزلىگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى»، «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «قەدىمكى تۈركىي يېزىغىدىكى يازما يادىكارلىقلار گراممىتكىسى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، «ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئۇنىڭ بىلىمگە قايىل بولمايدىغىنى يوق. ئۇ ئىزچىل تۈردە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، يەنە ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى **demek** پېئىلى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك»، «كاشغەر تىلى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «‹ئالتۇن يارۇق ›نىڭ 24 ـ بۆلىكى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان ياكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقات يىغىنلىرىدا ئوقۇغان. «ئادەم قانداق پەيدا بولغان»، «دۇنيا تارىخىدىن پارچىلار» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن

كېيىنكى خىزمەت پىلانى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تارىخى ۋە قەدىمكى تۈركىي- ئۇيغۇر تىل- يېزىغىدىكى يادىكارلىقلارنى رەتلەش ھەم تەتقىق قىلىشنى نىشان قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەدىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈشنى ھەم شۇ ساھەدە مەخسۇس ئەسەر يېزىشنى بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىشىش نىشانىم قىلىپ ئىزدىنىمەن» دېگەن ئىدى.

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلىغى» ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى كەسپىدىكى (تولۇق كۇرستىن يۇقىرى) ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر يېزىق تىلى تەرەققىياتى تارىخىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە بولغان چۈشەنچىسىنى تىكلەش، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئىلمىي ۋە تارىخىي نۇقتىدىن چۈشىنىش، قەدىمكى يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىشتا زۆرۈر بىلىم ۋە سۆزلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان. «ئوقۇشلۇق»قا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى تۈركىي (ئۇيغۇر) يېزىغى، ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر (قوچۇ) يېزىغى، ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر (خاقانىيە) يېزىغىدىكى تۈرلۈك ژانىر ۋە مەزمۇندىكى يادىكارلىقلاردىن (بەزىلىرى پارچىلار) 25 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن. بۇلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىغى، قاراخانىيلار سۇلالىسى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىغى، كۆك تۈرك خانلىغىغا دائىر يادىكار- لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئوقۇتۇشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن يادىكارلىقلار يېقىندىن يىراققا، ئاد- دىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆتۈش تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەر- بىر دەرس تېكىست، سۆزلۈك، ئىزاھتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلۈپ، ھەر- بىر يېزىقتىكى يادىكارلىقلارنىڭ ئالدىغا شۇ يېزىق توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ۋە شۇ يېزىقنىڭ ئېلىپبەسى، ئىملا قائىدىسى قاتارلىقلار بېرىلگەن. يادىكارلىقلارنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنىشى، تىل ئالاھىدىلىگى، مەنبەسى، بۇ يادىكارلىقلار ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەھۋالى قاتارلىقلار ئۈچۈن ئومۇمىي چۈشەنچە ئورنىدا كىتاپنىڭ باش قىسمىغا مۇقەددىمە بېرىلگەن.

شۇڭا، مەزكۇر كىتاپ مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بولسۇن، مەيلى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئوقۇتۇش ماتېرىيالى نۇقتىسىدىن بولسۇن، تۇنجى ھەم يىگانە، مۇكەممەل ئىلمىي ئەمگەكتۇر.

بۇ كىشى تولىمۇ ئېغىر- بېسىق، كەڭ قۇرساق، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، كۆيۈمچان، چىقىشقاق، پەزىلەتلىك، كەمتەر كىشى ئىدى. شۇڭا، كىچىككىنە ئەمەل ئۈچۈن غۇرۇر- ۋىجدانىنى ساتىدىغان، كىچىككىنە ئەمەل تېگىپ قالسا، تېرىسىگە سىغماي گويا پۈتۈن يەر شارىنى ئۆزى يالغۇز پىرقىرىتىۋاتقاندەك كېرىلىپ يۈرىدىغان بەزى «بەگچەك» لەرگە قوچۇ تېكىستلىرىدىكى:

بەگمىسنمەيۈك بەە بولسار، بەلتىر سايۇ بەلگە سالۇر،
ئاتاقمىسنمايۇق ئاتىغ بولسار، ئارت سايۇ مايا قايۇر.

( بەگ بولمىغان بەگ بولسا، ھەر دوقمۇشقا بەلگە سالار، ئاتىغى چىقمىغاننىڭ ئاتىغى چىقسا، ھەر بىر تاغ ئۆتكىلىگە مایاق سالار.)

ئەردەملىگ كىشى ئەردىنى بىرلە تۈز ئول،
ئەردەمسىز كىشى ئۆتۈك ئىچىنتەكى ئۇلياق بىرلە تۈز ئول.

(پەزىلەتلىك كىشى (گويا) گۆھەرگە ئوخشايدۇ، پەزىلەتسىز كىشى (گويا) ئۆتۈك ئىچىدىكى پىتەككە ئوخشايدۇ.)

دېگەن ئەقلىيەلەرنى چىن مەنىسى بىلەن دەرس قىلىپ ئۆتكەن ئىدى ۋە: « ئەمەلدارنىڭ قىممىتى ئەمەلدە قانچىلىك ئۇزاق ئولتۇرغانلىقىدا ياكى قانچىلىك يۇقىرىغا ئۆرلىگەنلىگىدە ئەمەس، بەلكى ئەمەل تۇتقان ۋاقتىدا خەلقى ئۈچۈن قانچىلىك خىزمەت قىلىپ بەرگەنلىگىدە، ئۆز پەزىلىتىنى قانچىلىك نامايان قىلىپ، خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ھۆرمەت- ئېشەنچكە نائىل بولغانلىغىدا» ، دەپ قارايتتى.

مىللەتلەر نەشرىياتى مەرھۇمنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىدىن تەركىب تاپقان «ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر» ناملىق كىتاۋىنى ئۇستاز ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىغا ئۇلگۇرتۇپ نەشىردىن چىقاردى ھەم مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئۇستاز ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇستازنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى تونۇجى تارقىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. توپلامغا تۆۋەندىكىدەك ناھايىتى قىممەتلىك ماقالىلار كىرگۈزۈلگەن:

«ئۇيغۇر يېزىق تىلى تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا»، «‹كاشغەر تىلى› توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن ‹تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى›نى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق› توغرىسىدا»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›نىڭ توققۇزىنچى تۇپلەم يىگىرمە تۆتىنچى بۆلىگى ھەققىدە»، «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىدىكى قوشما جۈملە تىپلىرىغا تەھلىل»، «ئىدىقۇت پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر»، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ‹ئوغۇزنامە› ھەققىدە»، «ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكىنىڭ ‹ئەتەبەتۇلھەقايىق› ناملىق شېئىرىي ئەسىرى ھەققىدە»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك»، «ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹دېمەك› پېئىلى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «جۇڭگودىكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتىنىڭ يېقىنقى 20 يىللىق تەرەققىياتى».

ئايانكى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى دەۋرلەرگە ئايرىش ھەققىدە تالاش - تارتىش بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىنىڭ نامىمۇ تېخىچە بىرلىككە كەلگىنى يوق. ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بىر تېمىغا يىغىنچاقلاپ، بىر يىپقا ئۆتكۈزۈپ بايان قىلىپ بېرىدىغان بىرەر يىرىك ئەسەر تېخى روياپقا چىقمىدى. ئۇ كىشى بولسا ئۆز ماقالىسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى 4 باسقۇچقا بۆلۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى (ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۇ تاشلىرى تىلىدىن 9 - ئەسىرگىچە)، ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى (84 - يىلىدىن 13 - ئەسىرنىڭ بېشىغىچە، بۇ دەۋر ئىككى قاناتتىن تەركىب تاپقان، بىر قانات مانى، بۇددا دىنلىرىنىڭ تەسىرىدىكى قوچۇ ئۇيغۇر تىلى، يەنە بىر قانات ئىسلام دىنى تەسىرىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىغا تەۋە خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى، بۇلارنىڭ ئارقىسىدا 13 - ئەسىردىكى خارەزم ئۇيغۇر تىلى دەۋرى بىر باپ بايان قىلىنغان)، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى (14 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە، بۇ دەۋر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىمۇ دېيىلگەن. ھەرقايسى باسقۇچلاردا ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، شۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى، شۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە ئالاھىدىلىگى بايان قىلىنغان.

ئۇنىڭ خەنزۇ - ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇغان كىشى ئىلىم ساھەسىدە مۇجمەل بولۇۋاتقان ياكى تېخىچە ھەل بولمايۋاتقان بىرەر مەسىلىنىڭ جاۋابىغا ئېرىشەلەيتتى ياكى بۇ ھەقتە يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە بولاتتى. شۇڭا ھەرقايسى ئىلمىي ژورناللار ئۇنىڭ ماقالىسىنى تالىشىپ ئېلان قىلاتتى ياكى ئۇنىڭغا ماقالە يېزىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلاتتى.

ئۇ ناھايىتى ياخشى كۆيۈمچان «باغۋەن» ئىدى. بۇنى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى غەيرەتجان بىلەن بولغان سۆھبەتتىن چوڭقۇر چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

**1990** - يىلى، ماي، يىخپيۇەن باغچىسى.

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ھەرقايسى فاكۇلتېتلاردىن تاللانغان ئاكتىپلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئەتلىرى بىر كۈنلۈك باغچە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئۇستاز غەيرەتجان

بىلەن سەيلە قىلغاچ غەيرەتجاننىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى نىمە خىزمەت بىلەن شۇغۇللانماقچى ئىكەنلىگىدىن تارتىپ مۇھەببەت مەخپىيەتلىگىگىچە سورايدۇ. غەيرەتجانمۇ جاۋاب بەرگەچ كەلگۈسىدىكى خىزمەت، تۇرمۇش ھەققىدە بەزى سوئاللارنى سورايدۇ. ئۇستاز يىراقلارغا نەزەر سالغاچ مۇنداق دەيدۇ :

ـ ئۇكام غەيرەت، خىزمەت ئۇنچە سىرلىق، قورقۇنچلۇق ئەمەس، لېكىن ئۇنچە ئاسانمۇ ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى ئاساسلىقلارنى چىڭتىشىڭلارغا، مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملەرنى جەمئىيەتكە تەدبىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. سىلەر مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن بەزىلىرىڭلار مائارىپچى، بەزىلىرىڭلار تىلشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس، بەزىلىرىڭلار تەرجىمان ياكى ژورنالىست بولۇپ كېتىشىڭلار مۇمكىن، سىلەردىن بۇرۇن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەتكەنلەر مانا مۇشۇ ساھەلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىۋاتىدۇ. بىزنىڭ فاكۇلتېتىنىڭ، بۇ كەسپىنىڭ تەربىيىلەش ئوبيېكتىمۇ دەل شۇ. ئەلۋەتتە، يەنە بەزىلىرىڭلار مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەمەلدار بولۇپ كېتىشىڭلارمۇ مۇمكىن. سىلەرنىڭ ھازىرقى ئاساسىڭلاردىن قارىغاندا، بۇ جەھەتلەردە ھەرگىز چېنىپ قالمايسىلەر. لېكىن، كىشىلىك تۇرمۇش كىتاپلاردا ئېيتىلغاندەك ئۇنچىۋالا تۈپ ـ تۈز ئەمەس، خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا بەزى قىيىنچىلىقلارغا، ھەتتا بەزى ناھەقچىلىكلەرگە دۇچ كېلىشىڭلارمۇ ئېھتىمال. ئەمما سىلەردە «ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيمەن» دەيدىغان ئىرادە، ئىشەنچ بولىشى، شۇنداق ئىرادە، ئىشەنچنى يېتىلدۈرۈشۈڭلار كېرەك....

2003 ـ يىلى 9 ـ ئاپرېل، ئۇستاز 38 يېشىدا ۋاپات بولدى، ئەمما كەسپداشلار، ساۋاقداشلار، مەكتەپداشلار بىلەن بىللە بولغان سورۇنلاردا ئۇستازنىڭ تەرپىنى قىلمىغان سورۇن يوق دېيەرلىك. ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ياش تەتقىقاتچىلارغا يول كۆرسەتكۈچ ماياك بولۇپ، ئۇلارنى ئىلىم يولىغا يېتەكلەيدىغان نەزەرىيەۋى ئاساس بولۇپ تۇرماقتا.

# تۇرسۇن قۇربان

تۇرسۇن قۇربان 1973 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۇچا ناھىيەسىنىڭ خانىقتام يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا خەتتاتلىق، رەسساملىق كەسپلىرىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، مەكتەپنىڭ تۈرلۈك كۆرگەزمە پائالىيەتلىرىدە تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۇ ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا كەمتەر، چىقىشقاق پەزىلىتى ھەم تىرىشچانلىق خىسلىتى بىلەن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ياخشى ئوبرازىنى تىكلىگەن. 1994 ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ئۇ كەسپىي سەۋىيەسىنى ئېشمۇ ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە 2002 ـ 2005 ـ يىللىرى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇپ تولۇق كۇرس دىپلومىغا ئېرىشكەن. خىزمەت ۋە گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى تۆھپىلىرى گەۋدىلىك بولغاچقا، 2010 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قارمىقىدىكى خەتتاتلار جەمئىيىتىگە يۆتكەپ كېلىنگەن.

تۇرسۇن قۇربان 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرەك كېسىلى سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 42 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان 15 يىل جەريانىدا گۈزەل سەنئەت كەسپ ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشكە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا مەكتەپتە رەسساملىق، خەتتاتلىق كۆرگەزمىلىرىنى ئېچىپ ۋە قەرەللىك ھالدا كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي قىزغىنلىقىغا مەدەت بېرىپ تۇرغان. بۇ جەريانىدا ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ سۇلۇس، رۇقئى نۇسخىلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق ئىزدىنىپ، يۈزگە يېقىن نادىر ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆرگەزمىلەردە كۆپ قېتىم 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 2003 ـ يىلى بىر پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى كورىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا يېزىقلىرى خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىدە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2004 ـ يىلى 30 ـ قارارلىق شىنجاڭ خەتتاتلىق مۇھاكىمە يىغىنىدا مەرھۇمغا ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتى بېرىلگەن.

مەرھۇم تۇرسۇن قۇربان ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلىق جەمئىيىتىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر يىلى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ، خەتتاتلىق كۇرسلىرى ۋە كۆرگەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەتتاتلىق قوشۇنىنىڭ كېڭىيىشىگە تۆھپە قوشقان ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى تۆھپىلىرى گەۋدىلىك بولغاچقا، 2013 ـ ، 2014 ـ يىللىرى ئىدارە بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان ئىدى.

مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى رايونىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن زور يوقىتىش بولدى. ئۇ گەرچە بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەرھۇمنىڭ خىزمەتداش ـ كەسىپداشلىرى، شاگىرتلىرى ئۇنى ھەرزامان ياد ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى رايونىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە داۋاملىق چاقناپ تۇرغۇسى.

مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى رايونىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن زور يوقىتىش بولدى. ئۇ گەرچە بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەرھۇمنىڭ خىزمەتداش ـ كەسىپداشلىرى، شاگىرتلىرى ئۇنى ھەرزامان ياد ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى رايونىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە داۋاملىق چاقناپ تۇرغۇسى.

تۆۋەندىكىسى ئۇنىڭ خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن بىر نەمۇنە.



# تۇرغۇن ئالماس



ئاتاقلىق تارىخچى ۋە تالانتلىق شائىر تۇرغۇن ئالماس 1924 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى دۆلەت باغ يېزىسىنىڭ تارىبوغۇز كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ 1934 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلغىچە، بۇلاقسۇ رايونى ئۆركەش يېزا باشلانغۇچ مەكتىۋىدە ئوقۇدى. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچىدىكى سابىق ئۆلكىلىك پېداگوگىكا مەكتەپتە، 1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستوتىدا ئوقۇدى.

تۇرغۇن ئالماس 40 ـ يىللاردىن باشلاپلا رۇس، فرانسۇز، ئىنگلىز كلاسسىك يازغۇچىلىرى ۋە سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادى پائالىيىتى شېئىرىيەتتىن باشلانغان. 1941 ـ يىلى ئېلان قىلغان «قايتمايمىز» ناملىق شېئىرى شائىر ئىجادىيىتىنىڭ تۇنجى مېۋىسى ھېساپلىنىدۇ. 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سابىق ئۆلكىلىك پېداگوگېكا مەكتىۋىنى تاماملىغاندىن كېيىن قاراشەھەر ناھىيىسىنىڭ دەنزىل يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر بولىدۇ. 1943 ـ يىلى گومىنداڭچىلارنىڭ ھەقىقەتكە قارشى تۆھمەت بىلەن تولۇپ ـ تاشقان «نۇتۇق» لىرىغا قارشى چىققانلىغى ۋە ياشلار ئارىسىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستىك دىكتاتۇرىسىغا قارشى دادىل تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلىغى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىدۇ.

بۇ بىر مەزگىللىك تۈرمە ھاياتىدا ئۇ «تۇتقۇن»، «غېرىپ موماي»، «جەملە»، «ئازادلىق مەشئىلى»، «ئىككى تامچە ياش»، «چوپان» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئازاتلىققا بولغان تەشنالىغىنى ۋە كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئازاتلىق تېڭىنىڭ ئاتىدىغانلىغىغا بولغان كۈچلۈك ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىدى. 1946 ـ يىلنىڭ بېشىدا قاماقتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن يۇرتى قەشقەرگە پىيادە يېتىپ بېرىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۇقۇتقۇچىلىغىغا مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئېرىشكەن. شائىر بۇ مەزگىلدە «تەنلىرىم ياپراق»، «ياشلىغىم»، «ئانا تۇپراق ئۈچۈن» قاتارلىق يالقۇنلۇق ئىنقلاۋي شېئىرلارنى يېزىپ، خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشي كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭ «تەنلىرىم ياپراق» ناملىق شېئىرى خەلق ئارىسىدا ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەممە يېرىگە تارالدى.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «11 ماددىلىق بىتىم»(گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بىتىم) ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن شىنجاڭ خەلقى(ئاساسەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى يەتتە ۋىلايەت خەلقى) نىڭ ھاياتىدا قىسقا مۇددەت داۋام قىلغان دېموكراتىيە، تىنچلىق مەزگىلى باشلاندى. تۇرغۇن ئالماس بۇ ۋاقىتتا قەشقەردىكى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا مۇدىر، قوشۇمچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تەرتىپ مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ مەزگىلدە شائىر ئۆزىنىڭ «ئۈمىدلىك خىيال»، «جەنۇپ ساداسى»، «مۇڭلىرىم» قاتارلىق شېئىرلىرى ئارقىلىق خەلقنى گومىنداڭ فاشىستلىرىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى.

1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى، جاڭ جىجوڭلار جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەندە، تۇرغۇن ئالماس ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان خەلق ۋەكىللىرى تەركىۋىدە جاڭ جىجوڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ ھەققانىي مەيدانىنى ئىپادىلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى رايونلاردا ئاق تېررورلۇق يەنە ئەۋج ئالدى. مانا شۇنداق خەتەرلىك پەيتتە شائىر «ساتقۇنغا ئۆلۈم» ناملىق جەڭگىۋار شېئىرنى يېزىپ، جياڭ كەيشىنى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي غالچىلىرىنى ئاشكارا دۇمباللىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېچىسى، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى قورشاپ، تۇرغان ئالماسنى تۇتقۇن قىلىپ سابىق گومىنداڭ 42 ـ جۈنىنىڭ قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىدىكى

ھەربىي قاماقخانىسىغا قامىدى. گومىنداڭ سوراقچىلىرى شائىرنى قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ، ۋەھشىيلەرچە قىيناپ بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قىلچە تىز پۈكتۈرەلمىدى. ئۇ سولاقتا ياتقان چاغلىرىدىمۇ «گۈزىلىم» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۈمىدۋارلىقى بىلەن سۇنماس ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي تەلىۋى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى نەتىجىسىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 1949 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شائىرنى قاماقتىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى.

تۇرغۇن ئالماس ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن بۇيان، ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغاندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يازدى. تۇرغۇن ئالماسنىڭ «تارىم شاماللىرى»، «تاڭ سەھەر» ناملىق شېئىر توپلاملىرى، «پىچاق» درامىسى نەشر قىلىندى.

تۇرغۇن ئالماس ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا دائىر 40 پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى، بۇ ماقالىلەر «تارىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستوتى ئىلمىي ژورنىلى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «مىللىي يازغۇچىلار» قاتارلىق ژورناللاردا ئېلان قىلىندى.

تۇرغۇن ئالماس ختاي تىلى ـ يېزىقىنى مۇكەممەل بىلگەندىن تاشقىرى، رۇس، تۈرك تىللىرىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. تۇرغۇن ئالماس ھاياتىدا باش تەتقىقاتچى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، «قۇتادغۇبىلىگ» ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەردە بولغان.

تۇرغۇن ئالماس 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلار»، «ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى»، «تۈركلەر»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرى گېرمانىيىنىڭ ھامبورگدا نېمىس تىلىغا، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسىرى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. 1990 ـ يىلى ئەتىيازدا تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچەتارىخى» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتاۋى چەكلىنىپ، پۈتكۈل شىنجاڭ بويىچە «ئۈچ كىتاپ»نى تەنقىدلەش ھەركىتى قوزغالدى.

ھاياتىنىڭ يېرىمىنى جاپالىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بۇ پېشقەدەم تارىخچى ۋە شائىر 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 77 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

# تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم




تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم (تەخەللۇسى يىلتىز) 1964 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى لوپ ناھىيىسىدىكى بۇيا يېزىسىنىڭ كۆنزىيا كەنتىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1970 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1979 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئۆز يېزىسىدىكى كۆنزىيا باشلانغۇچ مەكتىۋىدە ۋە يۇرۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى تۈگەتكەن. 1979 ـ يىل 9 ـ 1981 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. 1985 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە خىزمەتتىن يېرىم ئايرىلىپ ئوقۇغان. 1989 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىدە خىزمەتتىن پۈتۈن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرغان. 1999 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى تاماملىغان. 2003 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇپ ئاسپىرانت بولغان.

تۇرغۇن يىلتىز 1981 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىرلىك، تەھرىرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1987 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 2002 - يىل 6 - ئايدىن 12 - ئايغىچە بېيجىڭدىكى «سودا نەشرىياتى»دا ۋەزىپە بىلەن چېنىققان. 2004 - يىل 11 - ئايدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژورناللىرى نەشرىياتى»نىڭ شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىغا يۆتكەلگەن.

تۇرغۇن يىلتىز 1978 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ ئەدەبىيات قوشۇنىغا كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ 1000 پارچىغا يېقىن ھەر خىل شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. «يۇرۇڭقاش شادلىقى»، «توي تەنتەنىسى»، «مەسىللەر خەزىنىسىدىن»، «ئارزۇ بوستانى»، «كار - ۋان(3)»، «كارۋان(6)»، «خوتەندە راۋان يوللار»، « ئاھ، نۇرلۇق ئابىدىلەر»، «تالالانغان رۇبائىلار» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق توپلامغا بىر تۈركۈم شېئىر ۋە داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن. «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىم»، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تەخمىس ژانىرىغا تەبىر»، «نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى» قاتارلىق 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي - نەزەرىيۋى ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ناخشا تېكىستلىرى تۈرلۈك باھالاشلاردا مۇكاپاتلانغان. ئۇ يازغان بىرقانچە مەخسۇس فىلىم ۋە ئىتوت ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنىپ كۆرسىتىلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتە تەسىر قوزغىغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بىلەن 1999 - يىلى 9 - نۆۋەتلىك ۋە 2004 - يىلى 11 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

تۇرغۇن يىلتىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى نەمۇنىلىك مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى تاللاپ «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 - يىل نەشرى)، نادىر ھەجۋىي شېئىرلارنى تاللاپ «قامچا» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1993 - يىل نەشرى)، بىرقەدەر ئېسىل رۇبائىيلاردىن تاللاپ «رۇبائىيلىق كالېندار» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى)، ئەنۋەر ھوشۇر بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى نەمۇنىلىك ھېكايىلەردىن تاللاپ «ئۇيغۇر ھېكايىلىرىدىن تاللانما(1) - < ئۇزاق كېچە>» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى) قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇ يەنە ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (9)»ناملىق كىتابنى ۋە «تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى جەۋھەرلىرى» قاتارلىق ئونغا يېقىن مەخسۇس كىتابنى ئۆز ئالدىغا تۈزۈپ، نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ھەر خىل دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلگەن.

شائىر تۇرغۇن يىلتىزنىڭ «سۆيگۈ ئارخىۋى» (داستانلار توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى1996 - يىل نەشرى)، «ئاچقۇچ ئېسىۋالغان بالا» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 - يىل نەشرى)، «سۆيگۈ تۇمارلىرى»(مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 - يىل نەشرى)، «جانان كېلىدۇ» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل نەشرى) «يول، يول، يول...» (داستانلار توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى) ناملاردىكى كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

تۇرغۇن يىلتىز شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

تۆۋەندە تۇرغۇن يىلتىز ئەپەندىمنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## تۈركىي تىللار دىۋانى
(مۇخەممەس)

زەر دىۋان، كەۋسەر دىۋان، دىلبەر دىۋان، سەرۋەر دىۋان،
تۈركىي تىللارغا خاقان، تىل تەختىدە رەھبەر دىۋان،
ئىپتىخارىم جانجان، پەن سەتھىگە ئەختەر دىۋان،
تىلشۇناسقا باغبان، داستان ئارا جەۋھەر دىۋان،
كۇللىياتقا تەرجىمان، ئۇكيانى تىل، مۇنبەر دىۋان.

داغدۇغا قۇچقان بۇ يىلنى ئىككىمىڭ سەككىز، دىيدۇق،
بەلكى «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يىلىدۇر» شەكسىز، دىيدۇق،
خەلقئالەم ئەتتى بەخش تاجدار باھا، تەقرىز، دىيدۇق،
ھۆرمىتى ئالەمگە ئىنسان ئەھلىنىڭ چەكسىز، دىيدۇق،
بارچە دىلنى شۇنچە مەستخۇش ئەيلىگەن ئەنبەر دىۋان.

قوزغىغان دۇنيا ئارا زور زىلزىلە كىمدۇر ئۆزى؟
كىم ئۇ پۈتكۈل ئەھلى ئىنسان ئالدىدا ئاپتاپ يۈزى؟
كىم ئۇ ۋەسلى مەرىپەتتە يەككە ھەم ئۆتكۈر كۆزى؟
كىم ئۇ مىليون تونناا زەرگە توختىغان ھەر بىر سۆزى؟
ئىسمى مەھمۇد كاشغەرىيدۇر، قولىدا ئەسەر دىۋان!

ۋادەرىخ! مىڭ يىل بۇرۇن دۇنياغاكەلدى بىر بوۋاق،
يۇرتى كاشغەر گۈلئۇزار، ئوپال ئاتا ئاچتى قۇچاق،
جىسمىدا ئۆركەشلىدى ئەركەك سۈيى نورۇز بۇلاق،
زېھنىنى تاۋلاشقا پاك تاۋابىئات بولدى ئوچاق،
مەكتۇۋى ئازىقتا باغاشلاپ قەلەم، دەپتەر، دىۋان.

ئاتىسى ئەمىر ھۇسەيىنبەختىيار ئەلنىڭ بېشى،
جەڭ ـ ئەلەم، خىزمەت، قەلەمدە تەڭ يېتىلگەن دانىشى؛
ئانىسىدۇر بۈۋى رابىيە خېنىم، كۆپ پەرۋىشى،
پەن ـ ئىلىم پەرۋانىسى، ئەخلاق ـ پەزىلەت خانىشى،
ئارزۇلۇق مەھمۇد ئۇلارنىڭ باغرىدا نۆۋەر، دىۋان.

شۇ زامان... ئالىي بىلىم ئوكيانى كاشغەر جانجىگەر،
كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا داڭقى، پەنگە ھۆددىگەر،
«مەدرىسەئى ساجىيە»، «ھامىدىيە»... ئەل بەھرىۋەر،
خۇددى شۇ ئوكياندا غەۋۋاس ئىزچى مەھمۇد مۇتتۇەر،
پەن ـ ئىلىمگە جان پىدالىق كۆكلىدە مۆلچەر، دىۋان.

روھنى دۇنياغا چاتسا مەنتىقە، ئىلمى نۇجۇم،
مەشغۇلى تارىخ، يەنە جۇغراپىيە بولدى ئۇدۇم،

تەتقىقات ئېلىپ جاھانسازلىق، تىبابەتتە چوققۇم،
ئەرەبى، پارس تىللىرىدا قالىمدى مۇجمەل ئۇققۇم...
بارچە پەن گوياكى ئالتۇن، ھەزرىتىم زەرگەر، دىۋان.

ئوردىسى قاراخانىلاردا ئېدىتلاپ مەشغۇلات،
ئىگىلەپ ئىدارە قىلماق ھەققىدە مول تەپسىلات،
قەھرىمان سەركەردىلەر كۆرسەتسە تەلىم، ئىلتىپات،
ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشتا قۇچتى يۈكسەك ئىستېدات،
ئوينىتىپ ئۇ نەيزە، قالقان ھەم قىلىچ، شەمشەر، دىۋان.

ھالقىغاندا ئىككى ئوندىن ياش، تازا پىشتى يۈرەك،
سۈردى بىخ دىل كەڭلىگىدە بىر يېڭى، ئالىي تىلەك:
مەدەنىيەت، تىل ۋە تارىختىن يىغىپ سەرخىل چېچەك،
تۈركىي مىللەت قوۋمىنى دۇنياغا قىلماق چوڭ كۆرەك،
مەلۇماتلاردىن يۈرۈشكە ئالدى يول لەشكەر، دىۋان.

شۇ ئۇلۇغ ئارماندا بالقىپ باشلىدى قۇتلۇق سەپەر،
ئىزدىنىشتە قالمىدى ئۇ بارمىغان سەھرا - شەھەر،
تۈركىي ئەل دۇنياسىنى تەكشۈردى پۈچقاقىقا قەدەر،
ئىختىرادا ئۆتتى تېز ئون نەچچە يىل... توپلاپ خەۋەر،
قايتتى كاشغەرگە، مۇناسىپ تەقلىنىپ مەرمەر، دىۋان.

كۆلسىمان تاشقاندا زەمزەمدەك تولۇق ماتېرىيال،
پەر قېقىپ ئۇچقان قەلەمنىڭ ئالدىغا چۈشتى سوئال،
ھەزرىتى موللام شۇئان يول ئالدى باغدادقا خۇشال،
بولدى ھەل ئۇندا چىگىشلەر، يۈز ئېچىپ ئىزگۈ ۋىسال،
ئىككى يىل قۇرلار چېچەكلەپ پۈتتى شام - سەھەر دىۋان...

يەتتە مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق سۆز - ئاتالغۇ، تەزكىرە،
دەۋرى قاراخانىلاردىن خاتىرە، ئۇز مەنزىرە؛
ئىككى يۈزدە قىرىق ئىككى ئەدەبىي راي سەمەرە؛
ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ھېكمەت جان، ھاياتقا ئەندىزە،
ھەر كەسىپ، تۇرمۇشقا دائىم تۇز ۋە بال، شېكەر دىۋان...

قەبىلە، قوۋملار ئارا جەڭلەر ئېسىل داستان سۈۋار،
سەجئىلەر، بېيىت - قوشاقلارغا ئوقۇرمەن چىن خۇمار،
بار ماقال - تەمسىل، رەجەزلەر مىسلىسىز كەتمەس باھار،
ئۆتمۇشى ئەجدادلىرىمىنىڭ ئۈنچىدەك قاتار - قاتار...
بايلىقى ئۇيغۇر، كۆڭۈللەردە ئەتىر - سەبدەر دىۋان.

دەيدۇلەر مەھمۇد بوۋام: «... سۆز دېگىنى بولدى قىيام،

www.uyghurkitap.com



ھېچكىشى قوللانمىغان ئۇسلۇپ بىلەن ئەتتىم تامام،
مەڭگۈ خەلقىمگە تەۋەررۇك چوڭ مىراس بولسۇن مۇدام...»
دەرھەقىقەت، بۇ ئەسەرنى ئەڭ بۈيۈك بىلدى ئاۋام...
شۇنچە ھېكمەتلەرگە باي، كاتتا، لېكىن كەمتەر دىۋان!

ئادىمىيات پەنلىرىدە بۇئەسەر يېگانىدۇر،
ھەر سۆزى، ھەر جۈملە، ھەرپى بىباھا دۇردانىدۇر،
ئۆزگىچە ئۇسلۇپ، ئاجايىپ مۆجىزە، شاھانىدۇر،
تەڭدىشى يوقتۇر جاھاندا، ئەل شۇڭا ھەيرانىدۇر،
يىلتىزىم، بەختىم، غۇرۇرۇم، دەستۇرۇم گۆھەر دىۋان!

## ئۇيغۇر پىچاقلىرى

قەسىدە

تەۋەررۇك بايلىغىم كۆپتۇر، زامانلار كۆكتىدە ئەختەر،
ئەقىللىق، كاتتا ئەجدادىم ياراتتى ئۆكسۈمەس جەۋھەر.
قەدىمدىن تاش، مېتاللاردىن ياساپ ھەر خىل قورال ـ سايمان،
ياشاپ كەلدى ھۈنەر ـ سەنئەت بېغىدا چىن بولۇپ سەرۋەر.
شەرەپ ـ شان قۇچتى بىس ـ تىغلار كۆزىدە چاقنىتىپ تارىخ،
تىلى سۆزلەپ تۇرار ئوقيا، قىلىچ، نەيزە، سىپەر، شەمشەر.

پىچاقلار تۈرى يەتمىش ئىككىدۇر، بىر ـ بىرسىدىن قالتىس،
بېزەپ، ئەيلەپ قولاي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، بېرەر كەۋسەر.
ئوچاق، بازغانۇ سەندەل، بولقا، ئۇشكە بەھرىدىن پۈتكەي،
سۇغارغاندا بەلەن ئۇستام، چاراقلار نۇرلىنىپ زەڭگەر.
پولاتتۇر بىسلىرى، دەستىسى مۈڭگۈز، تۇچ، قەلەي، ياقۇت،
قاماشتۇرغاي كۆزۈڭنى گۈل، نەقىشلەر، زەر، كۈمۈش، مەرمەر.
ياغاچچى، تىككۈچى، موزدۇز، كۇلالچى، سىرچى، قاسساپلار...
جىمى ماھىر ھۈنەرۋەننىڭ پىچاقسىز ھالى خوپ بەتتەر.
تۆشۈك ئىش ـ كارىمۇ قىڭراق ـ پىچاقلاردىن چېچەكلەيدۇ،
تائاملار ئوخشىغاي ئۆيلەردە، كۆلگەي ئانىلار، دىلبەر.
يىگىت ـ ئەرلەرگە زىننەت، بەلگىسى سۆلەت، جاسارەتتۇر،
تۇغار قۇت بارچە ئەركەك يانپېشىدا يارىشىپ خەنجەر.
لەۋەن قىزلار ھامان قەلەمتىراشنى ئايرىماس ياندىن،
ئىشەنچ پارلايدۇ دىللاردا، سېھىرلىكتۇر ۋۇجۇد، پەيكەر.
ئانا تۇغسا ئوغۇل پەرزەنت، بېرىشكەيلەر پىچاق سوۋغات،
پىچاق ھەمراھ بۆشۈك، تەكىيە، ياستۇقتا كەبى ئەسكەر.
قەسەم قىلماق بولۇشقاندا پىچاق سانجىپ قويۇپ يەرگە،
ئۇنى شاھىد قىلىپ دەرلەر: كۆرۈشكەيمىز كۈنى مەھشەر...!
ئۇلۇغلايدۇ پىچاقنى مىللىتىم بەك خاسىيەتلىك دەپ،
يېقىن كەلمەس پىچاق بار يەرگە شەيتان، جىن، گۇمان، خۇنپەر.
پىچاق يۇرتى ئەزەلدىن يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، غۇلجا،

يۈرۈپ ئاقسۇ، كوچىلاردا كۆرەرسەن شۇ قەدەر مۇنبەر...
پىچاقلار خسلىتى هەم مەڭگۈ بۇ مىللەت ئۈچۈن يىلتىز،
تەرپىلەيمەن مىراسىنى، بىلىپ ئۆزلۈككە خاس گۆهەر.

# تۇمارىس



تۇمارىس [1] مەركىزى ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ئايال قەهرىمانى ، تارىخى هۆكۈمدارى بولۇپ، ئۆز خەلقنى تەجاۋۇزچىلارنىڭ يولسىز هۇجۇمىدىن قۇتۇلدۇرغانلىغى ۋە جەسۇر خارەكتىرى بىلەن مەركىزى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سۆيۈنۈپ تىلغا ئېلىشىغا سازاۋەر بولغان تارىخى شەخستۇر. ئۇ بىر رىئال شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل مەركىزى ئاسىيانىڭ مىلادىدىن ئاۋۋالقى تارىخىدا مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ.

تۇمارىسقا بولغان چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەركىزى ئاسىيانىڭ شۇ دەۋردىكى تارىخى هاياتىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئۇچۇر بىرىش مەقتىسىدە، تۇمارىسقا بولغان تارىخى هۆرمەت تۇيغۇسىدا تۆۋەندىكى مەلۇمات ئالاهىدە سۇنۇلدى:

تۇمارىس توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ۋە نوپۇزلۇق ماتىريال يۇنان تارىخچىسى [3] هىرودوتنىڭ مىلادىدىن ئاۋۋالقى 5 ـ ئەسىردە يېزىلغان «تارىخ» [4]ناملىق ئەسىرىدىن كەلگەن. بۇ ئەسەردە يۇنان ـ پارىس ئالاقىلىرى ۋە پارىس ئىمپىرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى كۇرۇش [5] نىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا ماسساگىتلار[6] ۋە تۇمارىس توغرىسىدا ئۇچۇر بىرىلىدۇ. بۇ مەلۇماتلاردا هىرودوت ماسساگىتلارنىڭ جايلاشقان جۇغراپىيىسى ۋە ئىتنىك ئالاهىدىكلىرى، پارىس ئىمپىرىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، تۇمارىسنىڭ ماسساگىتلارنىڭ هۆكۈمرانى ئىكەنلىگى [7] ۋە كۇرۇشنىڭ تۇمارىس قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىك جەريانى بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن.

تۇمارىسنى چۈشىنىش ئۈچۈن تۇمارىس دەۋرىدىكى مەركىزى ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ سىياسى جۇغراپىيىۋى ئەهۋالىنى چۈشىنىش مۇهىمدۇر.

مىلادىدىن ئىلگىركى 6 ـ ئەسىردە مەركىزى ئاسىيا جۇغراپىيىسىدە هۇنلار ، ساك (سكىف) قەۋملىرى ، توخارلار ، پروتو تۈرك ئىتتىپاقىدىكى قاڭقىل ، تېلى ، دىڭلىڭ ،ئۇسۇن، ۋۇجىيى [8] ۋە قىرغىزلار بار ئىدى. هۇنلار شىمالي ئاسىيانىڭ كەڭ بوزقىرلىرى ۋە مەركىزى ئاسىيانىڭ شەرقى قىسمىدا ، پىروتو تۈرك قەبىلىلىرى [9] ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردىن مەركىزى ئاسىيانىڭ شىمالى ئۇرال تاغلىرىغىچە كەڭ جايلاشقان ئىدى ، ساك قەۋملىرى بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈنگەن هالدا بىر قىسمى كۆچمەن تۇرمۇش هالىتىدە پامىرنىڭ شىمالى ۋە تەڭرى تاغلىرىدىن قارا دىڭىزنىڭ شىمالىغىچە جايلاشقان ئىدى، بىر قىسمى شەهەر دۆلەتلىرى شەكلىدە تەكلىماكاننىڭ ئەتراپى [10] ۋە ماۋەرائۇننەهرگە جايلاشقان ئىدى. توخرلار خىشى كارىدورىدىن تارتىپ دۇنخۇاڭ، تۇرپان ، لوپنور ۋە قارا شەهەر قاتار ـ لىق رايونلارغا تارقاق ئورۇنلاشقان ئىدى. مەركىزى ئاسىيانىڭ شەرقى قىسمى ئاساسەن هۇنلارنىڭ هۆكۈمرانلىغى ئاستىدا بولدى ۋە هۇنلارنىڭ غەرپكە دەسلەپكى يۈرۈشلىرى بۇ دەۋردە باشلاندى. مەركىزى ئاسىيانىڭ غەربى جەنۇبىدا مىدىيە دۆلىتى بار ئىدى. مىلاددىن ئاۋۋالقى 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ مىدىيەنىڭ ئورنىدا يىڭى بىر مەركىزى هاكىمىيەت كۆچەيدى ، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى دۇنيا ـ ۋى ئىمپىرىيىسى بولغان پارىس ئىمپىرىيىسىدۇر .

پارس بىرىنچى ئىمپېرىيىسى [11] قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن پارس زېمىنلىرى مىدىيە دۆلىتىنىڭ [12] ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. مىدىيە دۆلىتىنىڭ زېمىنى غەرپتە ئاناتولىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن شەرقتە پامىرغىچە سوزۇلغان ئىدى، شىمالى ساك زېمىنلىرى بىلەن چېگرىلىنەتتى ، مىلادىدىن ئاۋۋالقى 559 ـ يىلى كۇرۇش ئۆزىنى شاھ دەپ جاكارلىدى ۋە مىدىيەلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ئاخمەنىش ئىمپىراتورلىقىنىڭ [13] رەسمىي قۇرغۇچىسى بولۇپ قالدى ، ئۇ تېز كۈچىيىپ لىدىيە [14] ، بابىلون ، مىسىر ۋە خارەزىم قاتارلىق جايلارنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى ۋە ئۈچ قىتئەگە سوزۇلغان پارس ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى .

پارس ئىمپېرىيىسى مىلادىدىن ئاۋۋالقى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم بىر دەۋر بۆلگۈچ نۇقتىسى، تۇنجى قىتئە ئاتلىغان دۇنياۋى ئىمپېرىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن كېيىنكى دۇنيانىڭ سىياسى جۇغراپىيىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى [15] . ھالبۇكى كۇرۇش بۇ ئىمپېرىيىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە بۈيۈك ئىمپىراتورى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ مىلادىدىن ئاۋۋالقى تارىخىدا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغانلىقى مەلۇم [16] . ئەمما كۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ھەربى ھۇجۇمى ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك سەلتەنەتىنى ئاخىرلاشتۇردى . بۇ دەۋردە تۇمارىس ياشاپ ئۆتكەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ شىمالىدا [17] بولسا يىگى كۈچەيگەن پارس ئىمپېرىيىسى قوشۇنلىرى ماسساگېت چېگرالىرىغا تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. كۇرۇشنىڭ ماسساگېتلارغا قوشۇن تارتىشىدىن بۇرۇن ئۇردا ئەھلىنىڭ پىكرىنى ئالغانلىقى [18] ۋە تەخمىنەن مىلا ـ دىدىن ئاۋۋالقى 530 ـ 529 ـ يىللىرى ماسساگېت زېمىنلىرىغا يېتىپ كەلگەنلىكى مەلۇم .

ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى ۋە جەريانىنى ھىرودوت بىر قەدەر تەپسىلى بايان قىلىدۇ .[19] كۇرۇش كىشى ئەۋەتىپ تۇمارىسنى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ [20] ، ئەمما تۇمارىس بۇنىڭ سۈيىقەست ئىكەنلىكىنى، كۇرۇشنىڭ ئالماقچى بولغىنى ئۆزى ئەمەس بەلكى ماسساگېت زېمىنلىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا تۇمارىس كۇرۇشنىڭ تەكلىۋىنى چىرايلىقچە رەت قىلىدۇ . مەقسىتىنى «تويى ھىيلىسى» بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان كۇرۇش جەڭ بىلەن ھەل قىلماقچى بولىدۇ ۋە قوشۇنلىرىنى ئاراس دەرياسى [21] بويلىرىغا يۆتكەيدۇ ۋە بۇ جايدا ھەربى ئەسلىھەلەرنى قۇرىدۇ . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۇمارىس كۇرۇشقا خەت ئەۋەتىپ مۇنۇلارنى بىلدۈرىدۇ: « ئەي ، مىدىيەلىكلەرنىڭ شاھى [22] ، قول ئاستىدىكىلىرىڭگە قىلدۇرۇۋاتقان ئىشلىرىڭنى توختات ! چۈنكى سەن بۇ قىلمىشلىرىڭنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشىنى بىلمەيسەن . .... دادام ئۆلسىمۇ بىز يەنە شۇنداق قەھرىمان، بۇ ئۇرۇشنى قوزغىساڭ مەيلى غەلىبە قىل ياكى مەغلۇپ بول، ساڭا قەتئىي پايدا يوق، غەلىبە قىلساڭ دۇنيا ئەھلى دادىسىغا كۈچى يەتمەي ئەمدى قىزىنى بوزەك قىلدى بۇ نامەرت ، دەيدۇ. لەنەتلىك نامىڭ مەڭگۈ تارىختا قالىدۇ. ئەگەر مەغلۇپ بولساڭ تېخىمۇ شەرمەندە بولىسەن، ياخشىسى قايت!... سۆزۈمنى ئاڭلا ، توختاپ قال . ئۆز دۆلىتىڭـ ـنىڭ شاھى بول، بىزنىڭ ئۆز خەلقىمىزنىڭ ئىگىسى بولىشىمىزغا يول بەر، ئەمما بىلمەن، سەن بۇ تەلىۋىمگە كۆنمەيسەن. خەير، ماسساگېتلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى سىنىماقچى بولساڭ ھازىرلانغىن. دەريا بويىدىكى ئىشلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ، دەريادىن ئۆت ۋە زېمىنىمىزغا كىر. بىز سىنى دەريا بويىدىن 3 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جايدا كۈتىمىز . ئەگەر ئۆز زېمىنىڭدا يارىشماقچى بولساڭ مەيلىڭ . بىزگە ئوخشاش قىل! » [23] . تۇمارىسنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۇرۇش كېڭەشچىلىرىنى [24] چاقىرىپ قانداق قارار چىقىرىش توغرىسىدا مەسلىھەت ئالىدۇ . كۆپ قىسىم كېڭەشچىلەر ئۆز زېمىنىدا جەڭ قىلىشنىڭ ئاقىللارچە ئىش بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ ،



پەقەتلا لىدىيە شاھى كىرويىس ماسساگېت زېمىنىدا جەڭ قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ : « شاھىم ، ئۆز زېمىنىڭىزدا جەڭ قىلىش خەتەرلىكتۇر . ئەگەردە يېڭىلسىڭىز بارلىق زېمىنلىرىڭىزدىن ئايرىلىسىز . چۈنكى ماسساگېتلار يەڭگەندىن كېيىن قۇرۇق قول قايتمايدۇ ، قوشۇنلىرى باشقا زېمىنلىرىڭىزنى ئىشغال قىلىدۇ. ناۋادا جەڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا ماسساگېت زېمىنلىرىغا ئىچكىرلەپ قوغلاپ ھۇجۇم باشلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ ... مېنىڭچە بولغاندا دەريادىن ئۆتۈپ ۋە ئۇلارنىڭ بارگاھىغا ئىچكىرلەپ كىرىش كېرەك. ماسساگېتلارنى مۇنداق يېڭىش مۇمكىن، بىلىشىمچە ماسساگېتلار پارسلار سۈرگەن راھەت ـ پاراغەتلەرنى سۈرۈپ باقمىدى . شۇڭا بارگاھىمىزدا بولىشىچە زىياپەت قۇرايلى ، گۆش ۋە ھاراقلارنى بولىشىچە تىزايلى ... چاغلىق كىشىلەرنى بارگاھدا قالدۇرۇپ ئاساسى قوشۇننى دەريا بويىغا چېكىندۈرگەيمىز . پەرىزىمچە ماسساگېتلار زىياپەتنى كۆرۈپ جايلىشىپ ، ھوزۇرىغا تەمشىلىدۇ ، ئاندىن بىز ھەيۋىمىزنى كۆرسەتكەيمىز .» [25] كۇرۇش كىرويىسنىڭ تەلۋىنى توغرا كۆرىدۇ، تۇمارىسقا خەت ئەۋەتىپ ماسساگېت زېمىنىدا جەڭ قىلىشقا سۆز بېرىدۇ ۋە كىرويىسنى ئوغلىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ جەڭدە يېڭىلسە تەختتىكە ۋارسلىق قىلىشنى ئۇقتۇرىدۇ [26] . بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش باشلىنىدۇ.

تۇمارىس دەسلەپتە قوشۇننىڭ ئۈچتىن بىر ئۈلۈشنى ئوغلى سپارگاپ [27] قوماندانلىغىدا يۇرتنى قوغداش جېڭىگە ئەۋەتىدۇ ، كىرويىسنىڭ ئويلىغىنىدەك ماسساگېت قوشۇنلىرى يەڭگەندىن كېيىن پارسلار قۇرغان زىياپەتكە تەمشىلىدۇ ، بۇ ۋاقىتتا كۇرۇش قوشۇنلىرىنى بارگاھقا يۆتكەپ ماسساگېت قوشۇننى «مەستلىك ۋە ئۇيقۇدا» يېڭىدۇ ۋە سپارگاپنى تىرىك تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۇمارىس كۇرۇشقا خەت ئەۋەتىدۇ : «قانغا تويمىغان قانخور كۇرۇش، باياتىن بولغان ئىشتىن كۆرەڭلەپ كەتمىگىن . ئۇ پەقەت ئۈزۈم ھارىغىنىڭ كۈچى خالاس. ئۇنى سەن ئىچسەڭ سەنمۇ خاتالىشىسەن . .. مېنىڭچە سەن ئالىپلىغىڭ بىلەن ئەمەس سۇيىقەستىڭ بىلەن ئوغلۇمنى يەڭدىڭ ، سەممى مەسلىھەتىمگە قۇلاق سال: ئوغلۇمنى ماڭا قايتۇر، ئۈچتىن بىر ئۈلۈش قوشۇنىمنى يەڭگىنىڭنى دەستەك بىلىپ زېمىنىمدىن چىقىپ كەت ... ئەگەر بۇنداق قىلىشقا كۆنمىسەڭ ، قانخور نەپسىڭنى قانغا تويغۇزغايمەن [28] ». كۇرۇش تۇمارىسنىڭ سۆزىنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتبارسىز قارىغانلىغى مەلۇم . سپارگاپ مەستلىكتىن يېشىلگەندىن كېيىن ئېسىنى بىلىپ نومۇستىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ [29] . ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقان تۇمارىس، قوشۇنلىرىنى ھەل قىلغۇچ جەڭگە ھازىرلاندۇرىدۇ .

ئۇرۇشنىڭ تەخمىنەن مىلاددىن ئاۋۋالقى 529 ـ يىلى بولغانلىغى مەلۇم . ھىرودوت بۇ ئۇرۇشنى تارىختىكى ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ بىرى ، دەپ خاتىرلىگەن ئىدى . تۇمارىس تاقابىل تۇرماقچى بولغان قوشۇن شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنى دەپ قارالغان ، جەڭلەردە ھېچ يېڭىلمىگەن بىر قوشۇن ئىدى [30] . جەڭ باشلىنىپ، ئىككى تەرەپ ئوقيا ياغدۇرۇشتىن كېيىن ئۆز ـ ئارا كىرىشمە جەڭگە كىرىشىدۇ. ئۇزۇن داۋاملاشقان جەڭنىڭ ئاخىرىدا ماسساگېتلار ئۈستۈنلۈك قازىنىدۇ ۋە پارس ئىمپىرىيىسى قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلىدۇ . ئۇرۇشتا كۇرۇش (ياۋروپا تارىخچىلىرى ئۇنى دارىئوس دەپ ئاتايدۇ)تىرىك ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. تۇمارىس: «بۇرۇن مال دۇنياغا تويمىغان ئىدىڭ ، ئەمدى مەن سېنى تويغۇزاي، دەپ ئالتۇننى ئېرىتىپ ئاغزىغا قۇيىۋېتىدۇ، كۇرۇش ئۆلگەندىن كېيىن: ««مەن غەلىبە قىلدىم ھەم ياشاۋاتىمەن! سەن ھىلە بىلەن ئوغلۇمنى مەندىن ئايرىدىڭ! قانغا تويمىغان قانخور. ئەمدى مەن سىنى قانغا تويغۇزىمەن!» دەپ تۇلۇمغا قان توشقۇزۇپ كاللىسىنى تۇلۇمغا سېلىپ، سېپىلغا نەچچە ئاي ئېسىپ قويۇپ ئۆچىنى ئالىدۇ.[31] ». كۇرۇشنىڭ ئاقىتى مۇشۇ ئىدى . بۇ جەڭ كۇرۇش قوشۇننىڭ چوڭ جەڭلەردە تۇنجى قېتىملىق مەغلۇب بولىشى ئىدى. بايان ئاخىرىدا ھىرودوت كۇرۇشنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ بىرقانچە خىل ئىكەنلىگىنى [32] ئەمما ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇچۇرنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ.

كۈنىمىزدە كۇرۇشنىڭ قەبرىسى ھېلىھەم ئىراندا مەۋجۇتتۇر ، ئەمما ئىچىدە جەستى يوق بولۇپ بۇمۇ بۇ كۆز قاراشنىڭ چىنلىقىنى ياقلايدىغان بىر ئىسپاتتۇر.

گەرچە ئارىدىن 2500 يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ تۇمارىس ھېلىھەم مەركىزى ئاسيا خەلقلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئارىسىدا تىگىشلىك تارىخىي ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇ بىر تارىخىي شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن روھىيتى ئىپتىخارلىنىشقا ھەقلىقتۇر . ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىگى، ئالىيلىغى ۋە ھەققانىيلىغى زامان ئەھلىنىڭ تەبىئى ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ ساماۋى خىسلىتىدىن زوق ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ تارىخى روھىيتىدىن قىممىتىنى تاپىدۇ . بىز ئۇنى چوڭقۇر ياد ئەتكەيمىز !

## ئىزاھلار:

[1] تۇمارىس سۆزىنىڭ ئەسلى گىرىكچە تەلەپپۇزى «تومرىس» دۇر، ماسساگىتلارنى ئىران تىللىق خەلق دەپ قارىغۇچىلار تەلەپپۇزنى تاھىم رەيىش دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى بۇ ئەمەلىيەتكە يىراقتۇر .

تومرىس تۈركچە تۆمىر (تۆمۈر) سۆزىنىڭ گىرىكچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە < س > بىلەن قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان بولىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

[3] يۇنان تارىخچىسى دىيىلگىنىدە ھىرودوتنىڭ مىللى كېلىپ چىقىشى كۆزدە تۇتۇلغان ، ھىرودوتنىڭ تۇغۇلغان جايى ئەينى دەۋردە پارس ئىمپىرىيىسىنىڭ زېمىنى ئىدى . تەخمىنەن ھازىرقى تۈركىيەنىڭ بۇدرۇم شەھرىگە توغرا كېلىدۇ.

[4] ھىرودوت بۇ ئەسىرى ئارقىسىدا تارىخشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى دەپ تەرىپلەندى . مۇئەللىپ مىلادىدىن ئاۋۋالقى 5 ـ ئەسىردە يېزىپ چىققان بۇ ئەسىرى ئارقىلىق تارىخ ۋە جۇغراپىيە ساھەسىگە ئۈچمەس تۆھپە قوشتى.

[5] كۇرۇشنىڭ ئىسمى ھەر قايسى ماتىرىياللاردا ھەر خىل ئېلىنغان . بۇ يەردە قەدىمكى پارسچە تەلەپپۇزى قوللىنىلدى.

[6] ماسساگىتلار ساكلارنىڭ بىر قەبىلىسى دەپ قارالماقتا . ماسساگىتلارنى دەسلەپكى پەچەنەكلەر دەپ قارايدىغان قاراشلارمۇ بار . ھالبۇكى ساكلارنىڭ (توغرا تەلەپپۇزى ساقا بولسا كېرەك) مىللى كىملىگى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا ئىختىلاپ مەۋجۇتتۇر.بىزچە ساكلار ھەر قايسى تىل سىستىمىسىدىكى، ئورتاق مەدەنىيەت تىپىغا ئىگە بىر قەبىلە ئىتتىپاقىدۇر. زامانىمىزدا ساقا نامىدا خەلق ھېلىھەم مەۋجۇتتۇر، ئۇلار سىبىرىيىدىكى تۈركىي خەلق ياقۇتلاردۇر. بۇ بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساك مەدەنىيتىنىڭ كۆچمەن تۈركى خەلقلەرنىڭ مىلادىدىن ئاۋۋالقى تارىخىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىگى توغرىسىدىكى قارىـ ـشىمىزغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

[7] ھىرودوت كىتاۋىدا تۇمارىسنىڭ يولدىشى قايتىش بولغاندىن كېيىن تەختكە چىققانلىغىنى تىلغا ئالىدۇ. بەزى تارىخچىلار بۇنى ماسساگىتلارنىڭ ئانىلىق جەمئىيەتتە تۇرىۋاتقانلىغىنىڭ ئىسپاتى دەپ قارايدۇ ، بۇ خاتا.

[8] ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تارىخى خاتىرلەردە شىمالدىكى خەلقلەرنىڭ ناملىرى ئۆز تەلەپپۇزىغا ماس ھالدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ ، ھۇن سۆزى شيوڭنۇ، توخار سۆزى يۆجى دەپ خاتىرلەنگەن ، لېكىن قەدىمكى تەلەپپۇزى ھازىرقىدىن پەرىقلىق.

[9] پىروتو تۈرك قەبىلىلىرى ئەسىردىن ئاۋۋالقى تۈركى قەبىلىلەرگە قوللىنىلغان تارىخى ئاتالغۇدۇر.

[10] ئىلىم ساھەسىدە دىيارىمىزدىن بايقالغان قەدىمكى ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن تۇمشۇق ۋە خوتەندىن بايقالغان ئەسەرلەرگە ساك تىلى دەپ نام بېرىلدى ، كۆپىنچە بىرى تۇمشۇقچە بىرى خوتەنچە دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. ھالبۇكى بۇ جايدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى ساكلارغا تەۋە دەپ قارىلىۋاتىدۇ.

[11] ئاخمەنىش ئىمپىرىيىسى پارس بىرىنچى ئىمپىرىيىسى دەپ قارىلىدۇ ، پارس ئىككىنچى ئىمپىرىيىسى ساسانىيلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

[12] مىدىيە بىر جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇ دەپ قارىلىدۇ، بۇ زېمىندىكى ئاھالىلەر مىدىيەلىكلەر دەپ ئاتالغان ئىدى.

[13] ئاخمەنىش ئىمپىراتورلىغى ھەر قايسى مەنبەلەردە ھەر خىل ئېلىنغان ئىكەن ، بۇ جايدا ئاخمەنىش دەپ ئېلىندى. قەدىمكى پارسچىسى خاقامانشىيان،دەسلەپتە مىدىيەگە قارام دۆلەت ئىدى.

[14] لىدىيەنىڭ ئورنى ھازىرقى ئاناتولىيىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ.

[15] كېيىنكى پارس ئىمپىرىيىسى زېمىنلىرى ئاساسەن مۇشۇ تېرىتورىيىگە جايلاشتى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرىمۇ ئاساسەن مۇشۇ زېمىنلارنى ئىگىلىگەن ئىدى . پارس ئىمپىرىيىسى بۇ زېمىنلارغا پارس مەدەنىيىتىنى تارقاتتى ۋە ئۆزلەشتۈردى.

[16] كۇرۇشنىڭ دەسلەپكى دېموكراتىيە تۈزۈلمىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە قەدىمكى زامان تارىخى تەتقىقاتچىلىرى ئەجابى باھا بىرىدۇ . كۇرۇش قۇرۇپ چىققان سىياسى تۈزۈلمە پارس ئىمپىرىيىسىنىڭ ھاياتى كۈچى دەپ قارالدى ۋە قەدىمكى يۇناننىڭ سىياسى تۈزۈلمىسىگە بولغان تەسىرى توغرىسىدا تەتقىقاتلار ئېلىپ بىرىلدى.

[17] تۇمارىسنىڭ ياشاپ ئۆتكەن جايى توغرىسىدا بىر قانچە قاراشلار بار . بەزى مەنبەلەر ئاراس دەرياسىنىڭ ئورنىغا قاراپ تۇرۇپ قاپقازدا ياكى ئىتىلدا بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ . ماسساگىتلارنىڭ جۇغراپىيىسى توغرىسىدىكى بايانغا ئاساسلانغانلار سىر دەرياسى ياكى ئامۇ دەرياسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ . بۇ يازمىدا ماۋەرائۇننەھىرنىڭ شىمالى دەپ ئېلىندى.

[18] كۇرۇشنىڭ ماسساگىتلارغا بولغان ئۇرۇشنى بەزى تارىخچىلار مىسىرغا بولغان يۇرۇشقە ئېلىپ كېلىدىغان يوشۇرۇن خەۋپنى يوقۇتۇش ئۈچۈن دەپ قارايدۇ.

[19] بۇ بايانلارنى ئەسلى ئەسەردىن ئۆز ئەينى بويىچە ئېلىپ قوش تىرناق ئىچىدە كۆرسىتىلدى ۋە ئەسلى ئەسەردىكى نۇمۇرى ئەسكەرتىلدى.

[20] قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخىدا بۇ خىل يوسۇن كۆپ كۆرۈلىدۇ . ئايال شاھنى ئەمرىگە ئېلىش ، ماھىيەتتە ئۇنىڭ زېمىنىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتىن دېرەك بەرگەن.

ھىرودوتنىڭ قول يازمىسى

[21] ھىرودوت تىلغا ئالغان بۇ دەريا توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار . تارىخى نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاراس دەرياسى ھازىرمۇ مەۋجۇت ( قاپقازدىكى ئەڭ چوڭ دەريا ) ، ئەمما ھىرودوتنىڭ كۆزدە تۇتقىنى بۇ دەريا بولمىسا كىرەك ، بەزى تارىخچىلار بۇ دەريانى ئىتىل (ۋولگا) دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىدى. ئەمما كۆپىنچە تارىخچىلار بۇنى سىر دەرياسى ياكى ئامۇ دەرياسى دەپ قارىدى.

[22] تۇمارىس كۇرۇشنىڭ ئەسلىدىكى مىدىيە زىمنىلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق ئاتىغان بولسا كىرەك.

[23] ھىرودوت« تارىخ» ، 215 ـ بەت

[24] بۇ جايدىكى كىچىكشىلەر كۇرۇشنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدىكى ھەر قايسى قارام رايونلارنىڭ رەھبەرلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

[25] ھىرودوت « تارىخ » 215 ـ 216 ـ بەتلەر[26] ھىرودوتنىڭ مەلۇماتىدا كۇرۇشنىڭ دەريا بويىدا كۆرگەن چۈشى توغرۇلۇق ئۇ ئۈچۈرلار بار ، ھىرودوت بۇ چۈشنىڭ كۇرۇشنىڭ مەغلۇب بولۇشنىڭ بىشارىتى دەپ قارىغان ، بۇ جايدا قىسقارتىلدى.

[27] سىپارگاپىنىڭ ئەسلى ئەسەردىكى گىرىكچە تەلەپپۇزى سىپارگاپىسس ، بۇ جايدا سۆزياسىغۇچى قوشۇمچە «سس» نى ئېلىپ سىپارگاپ دەپ ئاتالدى.

[28] ھىرودوت: «تارىخ» 219 ـ بەت

[29] سىپارگاپ مەستلىگىدىن ئېسىگە كېلىپ كۇرۇشتىن ئۆزىنى يىشىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ ، يىشلگەن ھامان ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ. سىپارگاپ ئۆزىنىڭ جەڭدە ئەمەس مەسلىكتە ئۆلۈپ قىلىشتىن نۇمۇس ھىس قىلسا كىرەك ، ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى تۇمارىسقا ئېغىر كېلىدۇ.

[30] كۇرۇشنىڭ قوشۇنى چوڭ جەڭلەردە ھىچقاچان يېڭىلمىگەن ئىدى.

[31] ھىرودوت :«تارىخ» 219 ـ بەت

[32] بەزى مەنبەلەردە كۇرۇشنى ئىمپىرىيە پايتەختىدىن بىرى بولغان پاسارگادتا كىسەل بولۇپ ئۆلگەن دەپ قارايدۇ. كۇرۇشنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ جايدىدۇر . ئەمما قەبرە قۇرۇق بولۇپ ھىرودوتنىڭ قارىشنى

دەللىلەيدۇ.

كۇرۇشنىڭ قەۋرىسى



# تۇنيۇقۇق

(788? —— ? 668) پەخرىي نامى بويلاباغا تارقان بولۇپ، تۈرك خانلىقى ( كۆك تۈرك خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، 552 ــ 745 ـ يىللار ) نىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆتكەن سىياسىيون، ھەربىي ئىستراتېگىيىچى، مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىپ. ئاشىدلار تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئاشىنادىن كېيىن تۇرىدىغان ئىككى ھۆكۈمران قەبىلىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كىچە ـ كۈندۈز ئەل-ئۇلۇسىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زات ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق قابىلىيەت ۋە يۇقىرى ئەخلاققا ئىگە بولغاچقا دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىغا قاتناشقان. تۈرك خانلىقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندە ئۇ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئىلتەرىش ( ؟ ـ 691 ) قاغاننىڭ قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، تۈرك خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەمدەم بولغان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەزگىلى ( 683 ـ 716 ـ يىللار )، بىلگە قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ( 716 ــ 734 ـ يىللار )گىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۈچ خانغا باش ۋەزىر بولغان.

تۇنيۇقۇق ـ ئادىز قەبىلىسىدىن چىققان زېھنى ئوچۇق ئادەم بولۇپ، ياش ۋاقتلىرىدا چاڭئەندە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئەلەم ۋە قەلەمدە تەڭ يېتىشكەن ھەربى ئىشلار ئالىمى ئىدى، تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تىشى بۇنىڭ گۇۋاچىسىدۇر .

قاراڭ:

**تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى** مەڭگۇ تاشلارنىڭ تۇنجىسى بولۇپ ، ئۇنى تۇنيۇقۇق ئۆزى يازغان ۋە مىلادىيە 716 ـ يىلى ئۆزى چەكتۈرگەن. بۇ مەڭگۇ تاشلارنىڭ تىكلىنىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىدا مەڭگۇ تاش تىكلەش ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە يول ئاچقان. بۇ پارچىدا تۇنيۇقۇقنىڭ بىر قېتىملىق ھەربى يۈرۈشى ، غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىش جەريانى ھەم ئۆزىنىڭ ئوينىغان رولى ھەققىدە قىممەتلىك بايانلار بېرىلگەن.

تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشىدىكى سۆز ـ جۈملىلەر ئىخچام ھەم مەردانە، مەزمۇنى ئېنىق، بايان ئۇسلۇبى راۋان بولۇپ، كىشىگە ھەم تارىخى ساۋاق ھەم خاراكتېر گۈزەللىگى ھەم ئەدەبىي زوق ئاتا قىلىدۇ.

تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا ئىككى پارچە مەرمەر تاشقا 62 قۇر خەت قىلىپ ئويۇلغان . 1897 ـ يىلى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئۇلانباتۇر شاھرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باين چوكتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى نەسرى ھەم نەزمى شەكىلدە ئىپادىلەنگەن ۋە 1 ـ شەخس تىلىدا يېزىلغان.

تېكىستنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىگى، جۈمللەر ئاساسەن ئاددى جۈملە.

تېكىستتە تونيۇقۇق ئۆزىنى ماختىغان بولسىمۇ بىزگە غەلىتە تۇيۇلمايدۇ. چۈنكى تونيۇقۇق ئۆزىنىڭ قىممىتىنى توغرا مۆلچەرلىگەن، كۆپتۈرۈپ يالغانچىلىق قىلمىغان .

**تەپسىلى كۆرىدىغان بولساق،** بۇ مەڭگۈ تاش 1897 ـ يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇلانباتۇر شەھرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باين ـ چوقتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان. ھازىر ئۆز ئورنىدا . مەڭگۈ تاش تېكىستى ئىككى پارچە تاش مۇنارىغا ئويۇلغان بولۇپ، جەمئىي 62 قۇر، مىلادىنىڭ 712 ـ ـ 716 ـ يىللىرى ئارىلىغىدا ئورنىتىلغان.

تونيۇقۇق ـ كوك تۈرك خانلىغىنىڭ خاقانلىرى ئىلتەرىش خاقان(682 ـ ـ 691 ـ يىللار) ، قاپاغان خاقان (716 ـ يىلى)ۋە بىلگە خاقان (734 ـ يىلى ۋاپات بولغان)قاتارلىقلارغا باش مەسلىھەتچى بولغان. تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى تونيۇقۇقنىڭ تەرجىمىھالى دېيىشكە بولىدۇ.

تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىنىڭ غەربىي يۈزىنىڭ تېكىست تەرجىمىسى :

1)بىلگە*تونيۇقۇق مەن ئۆزۈم تابغاچ *ئېلىدە ئوستۇم .(ئۇ زامانلاردا)تۈرك خەلقى تابغاچقا قارايتتى. 2)تۈرك خەلقىنىڭ خانى بولمىغانلىغى ئۈچۈن تابغاچتىن ئايرىلدى ۋە (ئۆزلىرىگە)خان تىكلىدى. (كېيىن)خاقانىنى تاشلاپ يەنە تابغاچقا تەۋە بولۇپ قالدى. تەڭرى مۇنداق دېگەن ئىكەن : سىلەرگە خان بەردىم، 3) خانىڭلارنى تاشلاپ تابغاچقا يەنە تەۋە بولغانلىغىڭلار ئۈچۈن تەڭرى سىلەرگە ئۆلۈم بەردى. (شۇڭا)تۈرك خەلقى ئۆلدى، ھالاك بولدى، يوقالدى. تۈرك سىر خەلقى يېرىدە 4)بوي ئادەم قالمىدى، ئورمانلىق ۋە تاغ ـ داللاردا قالغانلىرى يىغىلىپ يەتتە يۈز بولدى. بۇلارنىڭ ئىككى ئۈلۈشى ئاتلىق، بىر ئۈلۈشى پىيادە ئىدى. بۇ يەتتە يۈز كىشىنى باشلاپ يۈرگۈچى 5) قوشۇن ئۇلۇغى شاد ئىدى. ئۇ ماڭا (قوشۇنىمىزغا )قوشۇلغىن، دېدى. قوشۇلغان كىشى مەنكى بىلگە تونيۇقۇق ئىدىم. مەن ئۇنى خاقان قىلاي دېدىم. مەن مۇنداق ئويلىدىم :ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقا يىراقتا 6)ئۇسۇشسە، ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ. مەن ئاشۇنداق ئويلىدىم. شۇندىن كېيىن تەڭرى ماڭا ئەقىل بەرگەنلىگى ئۈچۈن مەن ئۇنى خاقان بولۇشقا دەۋەت قىلدىم. بىلگە تونيۇقۇق بويلاباغاتارقان 7)ئىلتەرىس قاغان بىلەن بىرلىكتە، جەنۇپتا......شەرقتە قىتانلار*، شىمالدا ئوغۇزلاردىن كۆپ ئۆلتۈردۇق. بىلگەسى لەشكەر باشلىغى مەنلا ئىدىم. بىز چوغاي قوزى ۋە قارا قۇمدا ئولتۇراقلاشقان ئىدۇق 8)كېيىك يەپ، توشقان يەپ كۈن كەچۈرەتتۇق. خەلقىنىڭ قارنى توق ئىدى. دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپىمىزدا قۇشلاردەك كوپ ئىدى. بىز جانسىز ھايۋاندەك ئىدۇق. شۇنداق ئولتۇرغىنىمىزدا، ئوغۇزلاردىن چارلىغۇچى كەلدى. 9)چارلىغۇچىنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى: توققۇز ئوغۇز (خەلقى)ئۈستىدە خاقان ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ تابغاچقا قۇنى سەڭۇنىنى*قىتانغا، تۇڭرا سەمنى(ئەلچىلىككە)ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار مۇنداق سۆزنى ئېلىپ بېرىپتۇ : ئازغىنە تۈرك خەلقى 10)ھەرىكەتلىنىپ يۈرۈۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر ئىكەن، مەسلىھەتچىسى دانىشمەن ئىكەن. ئۇ ئىككىسلا بولىدىكەن سەن تابغاچلارنى قىرىپ تاشلايدۇ، شەرقتە قىتانلارنى قىرىپ تاشلايدۇ، بىز ئوغۇزلارنى 11) قىرىپ تاشلايدۇ، تابغاچلار، سىلەر جەنۇبتىن تېگىڭلار ! قىتانلار، سىلەر شەرقتىن تېگىڭلار! مەن شىمالدىن تېگەي! تۈرك سىر خەلقى يېرىگە خان يولاتمايلى، مۇمكىن بولسا، ئۇلارنى يوقىتايلى ! 12)ئۇ سۆزنى ئىشتىپ تۈنى ئۇيقۇم كەلمىدى، كۈندۈزى ئولتۇرغۇم كەلمىدى. ئاندىن كېيىن خاقانىمدىن ئۆتۈندۈم: تابغاچ، ئوغۇز، قىتان بۇ ئۈچى بىرلىشىۋالسا، 13)بىز تايانچىسىز قالىمىز، ئىچكى تاشقى جەھەتتىن دۈشمەنگە تۇتۇلىمىز. يۇققا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي. يۇققا قېلىن بولۇپ كەتسە ئۇنى ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ، ئىنچىكە 14)توم

بولۇپ كەتسە ئۇنى سۈندۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ. شەرقتە قىتانلاردىن، جەنۇبتا تابغاچتىن، غەرپتە قۇرداندىن، شىمالدىن ئوغۇزلاردىن بولۇپ ئىككى ـ ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن كېلىشى مۇمكىن. مەن (خاقانىمغا)شۇنداق دېدىم. 15) خاقانىم مەن ئوزەم ـ بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئوتۇڭەن ئوتۇنچۇمگە قوشۇلدى ."ئوز كوڭلۇڭچە . ئىش قىلىۋەر" دېدى. كۆك ئوڭدىن يۇقىرىلاپ قوشۇننى ئوتۇكەن تاغقا باشلىدىم. ئوغۇزلار ئىنەك كۆلۈكلىرى بىلەن توغلا دەرياسىدىن كەلدى. 16)ئۇلارنىڭ ئەسكىرى ئۈچ مىڭ ئىكەن، بىز ئىككى مىڭ ئىدۇق. سوقۇشتۇق، تەڭرى ساقلىدى .....تارمار قىلدۇق. ئۇلار دەرياغا چۈشتى. قايتىش يولدا يەنە ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئۆلدى. شۇنداق كېيىن ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسى كەلدى. 17)تۈرك خاقانىنىڭ، تۈرك خەلقىنىڭ ئوتۇكەندە تۇرىۋاتقانلىغىنى، مەنكى بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئوتۇكەندە تۇرۇۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ، جەنۇپتىكى خەلقلەر ۋە غەرپتىكى، شىمالدىكى، شەرقتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى كېلىشتى. 18)بىز ئىككى مىڭ ئىدۇق، ئىككى قوشۇن بولدى. تۈرك خەلقى خەلق بولغاندىن، تۈرك خاقانى تەختكە ئولتۇرغاندىن بۇيان شەندۇڭ شەھەرلىرىگە دەريا ـ دېڭىزلارغا تېگىپ باقمىغان ئىدى. خاقانىمغا ئۆتۇنۇپ قوشۇن تارتتىم . 19)لەشكەرلىرىمنى شەندۇڭ شەھەرلىرىگە ۋە دەريا ـ دېڭىزلارغا هۇجۇم قىلدۇردۇم. ئۇلار يىگىرمە ئۈچ شەھەرنى ۋەيران قىلدى. بۇ يۇرتلار خارابىلارغا ئايلاندى. تابغاچ خانى دۈشمىنىمىز ئىدى. ئون ئوق خاقانى دۈشمىنىمىز ئىدى. 20)بۇنىڭدىن باشقا قىرغىز كۈچلۈك.....خاقانىمۇ دۈشمىنىمىز بولدى. بۇ ئۈچ خاقان مەسلىھەتلىشىپ، ئالتۇن (ئالتاي)تېغىدا ئۇچراشماقچى بوپتۇ. ئۇلار مۇنداق مەسلىھەتلىشىپتۇ : بىز شەرقتىن تۈرك خاقانىغا قوشۇن چىقرايلى، ئۇنىڭغا ئەسكەر چىقارمىساق، 21)ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر، ئەقىلدارى دانىشمەن ئىكەن، ئاخىرى بىر كۈنى بىزنى بەربىر يوقىتىدۇ. ئۈچەيلەن قوشۇن چىقرايلى، ئۇنى يوقىتايلى، دېيىشىپتۇ. تۈركەش خاقانى مۇنداق دەپتۇ : مېنىڭ خەلقىم ئۇيەرگە بارىدۇ. 22)تۈرك خەلقى ھەققەتەن بۇلغىنىپ (قا ـ لايمىقانلىشىپ)كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغۇزلارمۇ تارقىلىپ كەتتى. بۈگەپنى ئاڭلاپ تۈنى ئۇيقۇم كەلمىدى، كۈندۈزى ئولتۇرغۇم كەلمىدى. شۇچاغدا، مەن : 23)........ئالدى بىلەن قىرغىزلارغا قارشى ئۇرۇش قىلساق ياخشىراق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. كوگمەن (تېغى) غا بارىدىغان يول بىرلا ئىكەن. ئۇنى قار قاپلىۋاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، بۇ يولدا ماڭساق بولماسمىكىن دېدىم. يولچى ئىزدىدىم. چولگىدىكى ئاز پۇقراسىدىن بىرنى تاپتىم. 24)ئاز يېرىگە بارىدىغان يولنىڭ ئانى * دەرياسىغا يېقىن ئىكەنلىگىنى، پەقەت بىرلا ئات بىلەن مېڭىشقا بولىدىغان تار يول ئىكەنلىگىنى ئاڭلاپ، مەن ئۇنىڭدىن يەنە سورىسام، ئۇ بۇرۇن بىر ئاتلىق كىشىنىڭ بۇ يول بىلەن ماڭغانلىغىنى ئېيتتى. ئۇ يول بىلەن ماڭساق بولىدىكەن دېدىم. ئويلاندىم، خاقانىمدىن 25) ئۆتۈندۈم. قوشۇن چىقارتتىم. ئات بىلەن دەريادىن ئوتۇڭلار، دېدىم. ئاق تەرمەل دەرياسىغىچە يۇرۇش قىلدۇردۇم. ئاتلارغا مىنىپ، قارلارنى بۆسۈپ ماڭدۇق. ئاتلارنى يېتىلەتكۈزۈپ، تاياقتا تايانغۇزۇپ پىيادە تاققا چىقارغۇزدۇم. سەركەرلەر 26)قار ـ مۇزلارنى ئاچتى، بىز ئورمانلىق چوققىلاردىن ئاشتۇق. ناهايىتى مۇشكۇلدە تاغدىن چۈشتۇق. ئون كېچە ـ كۈندۈز تاغ يېنىدىكى توسالغۇلارنى ئەگىپ يۇرۇپ ماڭدۇق. يولچى ئاداشقاچقا بوغۇزلاندى. خاقانىمىز ئەنسىرەپ تېز مېڭىڭلار دېدى. 27)بىز ئانى دەرياسىغا يېتىپ باردۇق. ئۇ دەريانى بويلاپ تۇۋەڭە ماڭدۇق. يولدا قوشۇننى ساناش ئۇچۇن ئاتتىن چۈشۇردۇق، ئاتلارنى دەرەخلەرگە باغلاپ قويدۇق ......تۈننى تۈن دېمەي، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي شامالدەك تېز يۇردۇق. قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا بېسىۋالدۇق. 28)بىز نەيزە بىلەن ........نى ئاچتۇق. ئۇچاغدا ئۇلارنىڭ خاقانى ۋە لەشكەرلىرى توپلىنىپ بوپتىكەن. ئۇرۇشتۇق، سانچىشتۇق، خاقانىنى ئولتۇردۇق. قىرغىز خەلقى خاقانىمىزغا بويسۇندى، يۈكۈندى. بىز ياندۇق. كوگمەن تېغىنى ئەگىپ، 29)قىرغىزلارنىڭكىدىن ياندۇق. تۈركەش خاقانىدىن چارلىغۇچى كەلدى. ئۇنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى :بىز شەرقتىن تۈرك خاقانىغا لەشكەر چىقارمىساق، ئۇلارغا يۇرۇش قىلمىساق، ئۇلار بىزنى ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر، ئەقىلدارى دانىشمەن ئىكەن. ئاخىرى بىركۈنى 30)بىزنى ئولتۇرىدۇ، دەپتۇ. تۈركەش خاقانى يولغا چىقىپ بوپتۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تابغاچ ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىكەن. بۈگەپلەرنى ئىشتىپ، خاقانىم : مەن ئۆيگە بېرىپ

كېلەي، 31)خوتۇنۇم قازا قىپتۇ، ئۇنى دەپنە قىلىۋېتەي، سىلەر قوشۇننى باشلاپ ئىلگىرىلەۋېرىڭلار، ئالتاي تېغىغا ئورۇنلىشىڭلار، ئىنەل خاقان بىلەن تاردۇش شاد لەشكەر بېشى بولۇپ ئىلگىرىلىسۇن. دېدى. ئۇ مەنكى بىلگە تونيۇقۇقا مۇنداق دېدى: 32) "سەن بۇ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىل. قىيىن ئىشلاردا ئۇز كۆڭلۈڭچە قارار چىقىرىۋەرگىن! مەن ساڭا يەنە نېمە دەي ؟ ئەگەر ئۇلار كېلىپ قالسا، خەۋەرچىلەرنى كۆپەيتكىن، كەلمىسە تىل (ئەسىر)تۇتۇپ سۆزىنى توپلاپ تۇرغىن "دېدى. بىز ئالتۇن تېغىدا ئولتۇ-راقلاشتۇق. 33)ئۈچ پايلاقچى قايتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئوخشاش ئىدى: ئون ئوق خاقانى قوشۇن چىقىرىپتۇ، ئون ئوق قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي قوزغىلىپتۇ. ئۇلار بىز يارىس تۈزلەڭلىگدە توپلىنايلى دېيىشىپتۇ. بۇسوزلەرنى ئىشتىپ خاقانغا مەلۇم قىلدىم. قانداق قىلسام بولار، دەپ تۇرغىنىمدا يەنە جاۋاب كەلدى: 34)ئورنىڭلاردا تۇرۇۋېرىڭلار، ئاتلىق قاراۋۇللارنى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇڭلار دېگەن گەپلەرنى بوگۇ خاقان ماڭا ئەۋەتىپتۇ. لېكىن ئۇ ئاپاتارقانغا يەنە :"بىلگە تونيۇقۇق يامان ئادەم، قارا نىيىتى بار 35)ئەگەر ئۇ قوشۇن چىقىرىمەن دېسە ئۇنىماڭلار "دەپ مەخپىي گەپ ئەۋەتىپتۇ. بۇ سوزلەرنى ئىشتىپ قوشۇن چىقاردىم. بىز ئالتۇن تاغىنىڭ يولسىز جايلىرىدىن ئاشتۇق، ئېرتىش دەرياسىنىڭ كېچىكسىز جايلىرىدىن كېچىپ ئۆتتۇق. بىز تۈن بويى ئىلگىرىلىدۇق. بولچۇغا تاڭ يورۇغاندا تەگدۇق. 36)"تىل "كەلتۈرۈلدى، ئۇ يارىس تۈزلەڭلىگدە ئون تۈمەن ئەسكەر توپلاندى، دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئىشتكەندىن كېيىن بەگلەرنىڭ ھەممىسى: 37) يانايلى! ساپ نومۇس ئەلا ( شەرەپلىك مەغلۇپ بولغان ياخشى) ! دېدى. مەنكى بىلگە تونيۇقۇق ئۇلارغا :"بىز ئاتۇن تېغنى ئېشىپ، ئېرتىش دەرياسدىن 38)ئۆتۈپ كەلدۇق. كەلمىگىمىز قىيىنغا چۈشتى. كەلگىنىمىزنى ئۇلار تۇيمىدى. تەڭرى، ئۇماي، مۇقەددەس يەر - سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ. بىز يەنە نېمىشقا تېزىپ كېتىمىز ؟! 39)ئۇلارنىڭ ئادىمىنىڭ كوپلىگىدىن نېمە ئۈچۈن قورقۇپ كېتىمىز ؟ ئادىمىمىزنىڭ ئازلىغى تۈپەيلى ئۇلاردىن يېڭىلىپ قالاتتۇقمۇ ؟ تېگەيلى!" دېدىم. تەگدۇق. يېڭىپ چىقتۇق. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار يەنە كەلدى. 40) ئۇلار ئوتتەك قىزىپ كەلدى. سوقۇشتۇق، ئۇلارنىڭ ئىككى قاناتتىكىلىرى بىزنىڭكىلەردىن سىڭارچە(يېرىم ھەسسە) كوپ ئىدى. تەڭرى ساقلىغانلىغى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كوپلىگىدىن 41) قورقۇپ كەتمىدۇق. سوقۇشتۇق. تاردۇش شاد جەڭگە قاتناشتى. بىز يەڭدۇق. خاقاننى تۇتتۇق. يابغۇسى ۋە شادى 42) شۇيەردە ئۆلتۈرۈلدى. ئەللىكچە ئادىمنى تۇتتۇق. شۇكېچىسى ھەرقايىسى قەبىلىلەرگە ئەلچى ئەۋەتتۇق. بۇخەۋەرنى ئىشتىپ ئون ئوق بەگلىرى ۋە خەلقى پۈتۈنلەي 43) كەلدى، يۈكۈندى . ئەل بولغان بەگلەر ۋە خەلقلەرنى تەشكىللەۋاتقىنىمدا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. ئۇلارنى قوغلاشقا ئون ئوق ئەسكەرلىرىنى چىقارتتىم. 44) بىزمۇ ئەسكەر چىقاردۇق. ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ ماڭدۇق. يىنچۇ (ئۈنچە)دەرياسىدىن ئۆتۈپ، "تىنسى ئوغۇل" دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس ئاق تاغدىن ئاشتۇق. 45) تاكى تومۇر قاپىقىغىچە باردۇق. قوشۇننى شۇيەردىن ياندۇردۇق. ئىنەل خاقان ......ساقا *تەزىك * توقرى * 46) ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاسۇق باشچىلىغىدىكى سوغداق خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى، يۈكۈندى ........تۈرك خەلقى تومۇر قاپىقىغا 47) ۋە "تەڭرى ئوغلى "دەپ ئاتىلىدىغان تاققا ئەزەلدىن تېگىپ باقمىغان ئىدى . مەنكى بىلگە تويۇقۇق ئۇ يەرگە يۈرۈش قىلدۇرغانلىغىم ئۈچۈن 48) ئۇلار (سوغداقلار)سانىسىزلىغان سېرىق ئالتۇن، ئاق كۈمۈش، قىز-ئايالىلارنى، ئېسىل ئېگەر-جابدۇق ۋە ئۈنچە- مەرۋا- يىتلارنى كەلتۈردى. ئىلتەرىس خاقان دانا بولغانلىغى ئۈچۈن، 49) باتۇر بولغانلىغى ئۈچۈن تابغاچ بىلەن ئون يەتتە قېتىم سوقۇش قىلدى، قىتانلار بىلەن يەتتە قېتىم سوقۇشتى. ئوغۇزلار بىلەن بەش قېتىم ئۇرۇش قىلدى. شۇ چاغدىمۇ ئەقىلدارى 50) يەنىلا مەن ئىدىم، ياغىچىسى (تەشكىللىگۈچىسى) يەنىلا مەن ئىدىم. ئىلتەرىس خاقانغا، تۈرك بوگۇ خاقانغا، تۈرك بىلگە خاقانغا ...51) قاپاغان قاغان يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا، مەن قاپاغان قاغانغا ياردەملىشىپ ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم. تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم، 52) كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم، قارا تەرلىرىمنى ئاقتۇردۇم. مەن (دۆلەت)ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم. مەن ئوزەم يەنە ئاتلىق قوشۇن چىقاردىم. 53) مەن ئوردا قاراۋۇللىرىنى كېڭەيتتىم. يېنىپ-يېنىپ تۇرغان

www.uyghurkitap.com



دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇردۇم. خاقانىم بىلەن بىرگە (كۆپ قېتىم)جەڭگە قاتناشتىم. تەڭرى ساقلىدى. 54)مەن تۈرك خەلقى زېمىنىدا تولۇق قوراللانغان دۈشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم. بەلگىسى بار ئاتلارنىڭ ھەممىلا يەردە چېپىپ يۈرۈشىگە يول قويمىدىم. ئىلتەرىس خاقان تىرىشمىغان بولسا، 55) ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، مەن تىرىشمىغان بولسام، دۆلەت ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن، 56) دۆلەت يەنىلا دۆلەت بولدى، خەلق يەنىلا خەلق بولدى. ئۆزۈم قېرىدىم. ئۇلۇغ بولدۇم. ھەر قانداق يەردىكى خاقانلىق خەلقلەردە 57) مەندەك ئادەم بولىدىكەن، ئۇلاردا نېمە غەم بولسۇن. 58) تۈرك بىلگە خاقان ئېلىگە، مەنكى بىلگە تونيۇقۇق (بۇ مەڭگۇ تاشتىكى سۆزلەرنى ) يازدۇردۇم . 59) ئىلتەرىس خاقان تىرىشمىغان بولسا، مەن ئۆزۈم ـ بىلگە تونيۇقۇق تىرىشمىغان بولسام، مەن بولمىغان بولسام، 60) قاپاغان قاغان ۋە تۈرك سىر خەلقى تۇپرىقىدا خەلق ئادەم ـ ئىنسان بولمىغان بولاتتى. 61) ئىلتەرىس خاقان ۋە مەنكى بىلگە تونيۇقۇق تىرىشقانلىقىمىز ئۈچۈن قاپاغان قاغان ۋە تۈرك سىر خەلقى مۇشۇنداق ياشاپ قالالىدى . 62) تۈرك بىلگە خاقان تۈرك سىر خەلقىنى، ئوغۇزلارنى باقماقتا .

تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى ئىككىنچى تۈرك خاقانلىقىغا ئاساس سالغان ئېلتەرىش خاقاننىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە سەركەردىسى تونيۇقۇققا بېغىشلىنىپ، 712 ـ 716 ـ يىللاردا يېزىلغان. تونيۇقۇق قاپاغان ۋە بىلگە قاغانلارنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشىنى ئۆزى ھاياتلىقىدا يازدۇرغان بولۇپ، موڭغۇلىيەنىڭ بائىن سوكتو دىگەن يېرىدىن تېپىلغان. ھازىرمۇ شۇ ئورنىدا ساقلانماقتا.

مەڭگۇ تاشتا تۈركىيلەرنىڭ بىرقانچە دۈشمەن قەبىلىلەر بىلەن بولغان كۈرەشلىرى، تونيۇقۇقنىڭ خەلق ئالدىدىكى خىزمەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. پۈتۈكتە تونيۇقۇقنىڭ خىزمەتلىرى مەدھىيلىنىدۇ. تونيۇقۇق پۈتۈن كۈچىنى خەلقنى دۈشمەنلىرىدىن قوغداشقا، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ. تونيۇقۇقنىڭ دانالىقى، تەدبىركارلىقى، جەسۇرلىقى كۆپلىگەن غەلبىلەرنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى مەدھىيلىنىدۇ. پۈتۈكتە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر تونيۇقۇقنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە تۈرك خەلقىگە سادىق ئىكەنلىگىنى كۆرستىدۇ.

تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى يۈكسەك سەۋىيىدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن گۇمانسىز بولۇپمۇ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى بىلەن ئەھمىيەتلىكتۇر. مەزكۇر پۈتۈكتە خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى ئۇنىڭ بەدىئىيلىك دەرىجىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرگەن.

**مەڭگۇ تاشتىكى سۆزلەرگە ئىزاھات :**

تابغاچ ـ ـ مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىدە خاس تاڭ سۇلالىسىنى كۆرستىدۇ.

سىر ـ ـ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى.

شاد ـ ـ مەنسەپ ، ئەمەل نامى.

سەڭۈن ـ ـ قەدىمكى تۈرك تىلىدا جياڭجۈننى شۇنداق ئاتىغان.

ئۆتۈكەن تاغ ـ ـ تۈرك خەلقى ئەزەلدىن چوقۇنۇپ كەلگەن مۇقەددەس تاغلارنىڭ بىرى. ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا توغرا كېلىدۇ .

ئون ئوق خاقانى ـ ـ غەربىي تۈرك خاقانىنى كۆرستىدۇ .

تۈركەش ـ ـ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى.

ئاز ـ ـ يەتتە سۇ ئەتراپىدا ياشىغان تۈركەشلەرنىڭ بىر قوۋمى.

تىنسى ـ ـ خەنزۇچە تيەن زى (تەڭرى ئوغلى ) دىن كەلگەن.

تومۇر قاپىغ ـ ـ سەمەرقەند بىلەن بەلخ ئارىسىدىكى بوز قالا تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم ئۆتكەل .

**ئەسكەرتىش :** ئەسلى تېكىست ۋە تەرجىمىلەردە ئۇچرايدىغان "........" چېكىتلەر مەڭگۇ تاشتا ئۇپراپ بۇزۇلغان جايىنى كۆرستىدۇ . تەرجىمىدە ( ) ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر تەرجىمان تەرىپىدىن قوشۇلغان.

# بىلگە تونيۇقۇق ئەۋلادلىرىنىڭ شەجەرىسى




**1334** ـ يىلى تۈزۈلگەن يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىپ ئوۋ ياڭ شۈەن (欧阳玄) نىڭ قەلىمىدىكى «گۇيجەي مەجمۇئەسى» دېگەن ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن «قوچۇدىكى شى جەمەتى شەجەرىسى» دەل بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ شەجەرىسى بولۇپ، مەزكۇر شەجەرىنىڭ باش قۇرلىرىدا: « شى جەمەتى ئۇيغۇرلاردىندۇر، تونيۇقۇق ئۇلارنىڭ ئەجدادىدۇر ... » دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان كىشى، يەنى تونيۇقۇق ئاشىد قەبىلىسىدىن بولۇپ، تۇرالاردىن كېلىپ چىققان. ئاشنا قەبىلىسى باش بولۇپ **552** ـ يىلى تۈرك خانلىقىنى قۇرغاندا ئاشىد قەبىلىسى ئاشنالارغا يېقىندىن ھەمدەمدە بولغان. شۇڭا، ئاشىد قەبىلىسى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە چوڭ ئىمتىيازلىق غوللۇق قەبىلىگە ئايلانغان. **744** ـ يىلى ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندا، تونيۇقۇق جەمەتىنى يادرو قىلغان ئاشىد قەبىلىسى ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن تىركەشمەي ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. **840** ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرىز بولۇپ، ئورقۇن ۋادىسىدىكى خەلق غەرپكە كۆچۈپ قوچۇدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا كۆچكەندە، تونيۇقۇق جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ تەڭ كۆچۈپ قوچۇغا كەلگەن.

مەزكۇر «شى جەمەتى شەجەرىسى» دە: ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا جاھان تېنچ ئىكەن. تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋ يىللىرىدا ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى يۈز بەرگەندە، تاڭ ئوردىسىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، ئۇيغۇر خانلىقى تونيۇقۇقنى قوشۇن باشلاپ، توپىلاڭنى تېنجىتىشقا ئەبەرتكەن. تونيۇقۇق **120** يىل ياشاپ، ئالەمدىن ئۆتكەن، دەپ يېزىلغان. تونيۇقۇق ئەۋلادلىرى يەنى شى جەمەتى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىزچىل يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. كېيىن، چىڭگىزخان (چىڭغۇزخان) باش كۆتۈرۈپ، مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندا، شى جەمەتى ئەزالىرىمۇ مۇڭغۇل ئوردىسىدا خىزمەتتە بولغان. يۈەن دەۋرىدە ئۇلاردىن 47 نەپەر داڭدار كىشى يېتىشىپ چىققان. يۈەن سۇلالىسى ئاخىرلىشىپ، مىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، يۈەن ئوردىسىدا خىزمەت قىلىشقان شى جەمەتى ئەزالىرى كورىيىگە كۆچۈپ كېتىشكەن ۋە شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مىڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيىنىڭ سودا ئالاقىسىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە كۆچىيىشىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشقان. ئۇلاردىن شى شۈن (偰逊) دېگەن داڭلىق ئەدىپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ خەنزۇ تىلىدا «يېڭى زىكىرنامە خاتىرىلىرى»ناملىق بىر ئەسەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە شى شۈن كورىيە ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەدىپ قاتارىدا سانالماقتا.

ئوۋ ياڭشۈن ئەپەندى يازغان مەزكۇر «شى جەمەتى شەجەرىسى» دە، بۇ جەمەتنىڭ **500** ـ **600** يىللىق تارىخى قىسقا، ئىخچام ، مېغىزلىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بىز بۇ شەجەرىدىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەرگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن.

**1**. ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە يېزىپ قالدۇرۇش، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش ئەنئەنىسى بولغان.

**2**. نەسەبنامە بىزگە شۇ نەسەبكە تەئەللۇق جەمەت كىشىلىرىنىڭ تارىخي كەچمىشلىرى ۋە قىسمەتلىرىدىن ئۇچۇر بېرىپ قالماستىن، شۇ جەمەت ئەزالىرى ياشىغان ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ تارىخي ۋەزىيىتى، چوڭ ۋەقە ـ ھادىسىلەر ھەققىدىمۇ قىممەتلىك يىپ ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

3. تۇنيۇقۇق ئەۋلادلىرىنىڭ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد يىلتىزىنى يۇتتۇرۇپ قويماي گۈللەپ ياشنىشىدا ئۇلاردا جەمەت نەسەبنامىسى ياكى شەجەرىسى يېزىپ قالدۇرۇش ئېسىل ئەنئەنىسى بولغاندىن سىرت، مۇھىم راقى ئۇلار «شى» دىن ئىبارەت بىر تەگئاتنىڭ ئاستىغا ئۇيۇشقان. دېمەك تەگئات بىزگە ئەنە شۇنداق ئەجدادنى ئەۋلادقا ئۇلايدىغان ئۈزۈلمەس يىلتىز بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئەگەر ئۇلار شى تەگئاتى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، شى جەمەتىنىڭ شەجەرىسىنى يېزىپ قالدۇرمىغاندا ئىدى، بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى تۇنيۇقۇقنىڭ مىللىي كىملىگى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ئالاقدار نۇرغۇن ئىشلاردا قايمۇققان، خاتا ھۆكۈم قىلىشقان بولاتتى.

خۇلاسە، تەگئات بىزنىڭ كىملىگىمىزگە ئۇرۇلغان ئۆچمەس مۆھۈردۇر. جەمەت شەجەرىسى كىملىگىمىز، تارىخي قىسمەتلىرىمىز پۈتۈلگەن مۇھىم تارىخي ھۆججەتتۇر.

# تۆمۈر خەلپە




تۆمۈر خەلپە 1891 ـ يىلى تۇرپاندا ئىشلەمچى (كارىز چاپقۇچى) ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ھەددىدىن ئاشقان ئالۋاڭ ـ ياساق دەستىدىن ئائىلىسىدىكى تۆت جاننى باقالماي، 1893 ـ يىلى ياز پەسلىدە قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ يەرلىشىدۇ. بىراق قوراي يېزىسى قۇمۇل ۋاڭىغا قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى ئالۋاڭ ـ ياساق تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. شۇڭا، بۇ يەردىمۇ كۈن ئۆتكۈزۈش تەس بولۇپ، 1905 ـ يىلى ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن تۆمۈرنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ ـ دە، ياز كۈنلىرى نەنمېن سىرتىدا كېسەك قۇيىدۇ، قىش كۈنلىرى باداۋاندىكى كانلاردا ياللىنىپ كۆمۈر قازىدۇ. لېكىن ئۈرۈمچىدىمۇ جان بېقىش قىيىن بولۇپ، ئاخىرى قۇمۇلغا قايتىپ بېرىپ، قۇمۇل بازىرىغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە تۆمۈرنى ياغاچچىلىققا شاگىرتلىققا بېرىدۇ. زېرەك ۋە ئەقىللىق تۆمۈر ئۇزاق ئۆتمەي ياغاچچىلىقنى ئوبدان ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇنىڭ دۇكىنى بازاردا بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ۋاڭ ئۈستىدىكى شىكايەتلەرنى كۆپ ئاڭلاپ، ئېزىلگۈچى خەلقلەر بىلەن ئەزگۈچى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسى زىددىيەتنى چۈشىنىۋالىدۇ.

1907 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلىرى رەجەپ ئاكا باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق قۇمۇل ۋاڭ تەرىپىدىن پاجىئەلىك باستۇرۇلىدۇ. بۇ ئىش تۆمۈرنى سەگەكلەشتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇ ھەرقېتىم ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئادەم ئۇرغان ۋە ئادەم ئۆلتۈرگەن زوراۋانلىقلىرىنى ئاڭلىغاندا قاتتىق غەزەپلىنىپ: «رەجەپ ئاكا ھايات بولغان بولسا، دېھقانلار ئۈچۈن چوقۇم ئىنتىقام ئالغان بولاتتى»دەيدۇ .

بىر كۈنى، تۆمۈر خەلپە ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر تەرىپىدىن چوڭ دەرەخكە باغلاپ ئۇرۇپ، چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇلغان بىر دېھقاننى ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ داۋالاپ ساقايتىدۇ، ئۇنىڭ بۇ ياخشى خىسلىتى پۈتۈن قۇمۇل يېزىلىرىغا تارقىلىدۇ. دېھقانلار «بۇ قالتىس باتۇر بالىكەن ـ ھە، بۇ ۋاقىتقىچىمۇ ۋاڭ جازالىغان كىشىنى قۇمۇلدا ھېچ كىشى قۇتۇلدۇرالىغان ئەمەس» دېيىشىدۇ.

دېھقاننىڭ يارىلىرى ساقىيىپ ئائىلىسىگە قايتىش ۋاقتىدا ئۇنى ئۇزىتىپ ماڭغان تۆمۈر : «سىز ئوبدان ساقىيىڭ، بىزمۇ رەجەپ ئاكىدەك ۋاڭ ئوردىسىنى تاقىۋېتىمىز، خۇدا نۇسرەت ئاتا قىلسا، ۋاڭنى قۇمۇلدىن قوغلىۋېتىمىز ....... » دەيدۇ. تۆمۈرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن دېھقانلار ۋە ئۇنىڭ ئۇستىسى ناھايىتى رازى بولىدۇ. تۆمۈرنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى (ۋەقە تېرىيدىغانلىقى) نى ئويلاپ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى ئاسرايدۇ. شۇنداقتىمۇ تۆمۈرنىڭ ھېلىقى دېھقاننى قۇتۇلدۇرغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئوردىغا ئاڭلىنىدۇ، ۋاڭ تۆمۈر خەلپىنى تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ.

1910 ـ يىلى، تۆمۈر خەلپە ئىككىنچى قېتىم ئۆزى يالغۇز ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ

ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ سەييارە سىلاۋچىسى ليەنكۈي ئورنىنى يۇەن داخۇاغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى. يۇەن داخۇا شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئوت يالقۇنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا تۇتىشىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئىچكىرىسىدىن ياڭزېڭشىننى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا خۇيزۇلاردىن چېرىك تۇتۇپ بەش باتالىيون تەشكىللەشكە بۇيرۇيدۇ.

بۇ كۈنلەردە تۆمۈر خەلىپە ۋەزىيەتكە ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ ۋە ئېپى كەلسە ھەركەت قىلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا قايتىدۇ. تۆمۈر خەلىپە ئۇرۇمچىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ئۇستىسىغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىدۇ ۋە ئاخىرقى ھىساپتا ئۆلۈپ كەتسىمۇ رەجەپ ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي قويمايدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنقىلاپ يولىدا ئىزدىنىدۇ.

تۆمۈر خەلىپە ئىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىپ ئۇرۇمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق خەۋەر ئاڭلىغاندىن كېيىن، قۇمۇل دېھقانلىرىغا ئىچكىرى ئۆلكە ۋە ئىلى ئىنقىلاۋىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئاشكارا ھالدا «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ كۈنى ئاز قالدى» دەيدۇ. تۆمۈر خەلىپە قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى دېھقان ھەممىلا يەردا تۆمۈر خەلىپىنى تەرىپلەپ تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ ، شۇ ھالدا تۆمۈر خەلىپىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرويى ئۆسىدۇ. قۇمۇل دېھقانلىرى زور ئۈمىد بىلەن ۋاڭنىڭ ئاغدۇرۇلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ، يۇەن داخۇا ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ كېتىۋاتقان ئىلى خەلق قوشۇنىنى توسۇش مەخسىتىدە ، قۇمۇل ۋاڭىغا 500 ئەسكەر ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ . قۇمۇل ۋاڭى خەلققە ئۆزىنى كۆرسىتىش مەخسىتىدە : « يۇەن داخۇا ماڭا ئىشىنىدۇ ، مىنىڭ ۋاڭلىغىم مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، كىمكى ۋاڭ ئاغدۇرۇلىدۇ دەيدىكەن، كاللىسى ئېلىنىدۇ ! » دەپ خەلققە تەھدىت سالىدۇ ھەمدە ئۆزى ئۈچۈن تەھدىت دەپ ھېساپلىغان ئادەملەرنى ئەسكەرلىككە ئالىدۇ، تۆمۈر خەلىپە ئۆزلىگىدىن ئەسكەر بولىدۇ.

يېڭىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان 500 كىشى قۇمۇلدىن يولغا چىقىدۇ. تۆمۈر خەلىپە يول بويى قوزغىلاڭ قىلىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئېلىپ ماڭغان خەنزۇ باشلىقنى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. 500 ئەسكەر تۆمۈر خەلىپىنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇنى سەردار قىلىپ بەلگىلەيدۇ. بۇ قوشۇن كەينىگە قايتىپ، چاقماق تېزلىگىدە قۇمۇلغا باستۇرۇپ كىرىدۇ ، دېھقانلار ئۇلارغا كېلىپ قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىنقىلاپ باشلىنىدۇ. شەھەرگە قامالغان شاھ مەخسۇت بىلەن شەھەر ئامبىلى بەي ۋېنچاۋ يۇەن داخۇادىن ياردەم سورايدۇ.

1912 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى شۇەنتۇڭ ئۆزىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىگىنى جاكارلايدۇ. 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، يۇەن داخۇامۇ ئىستېپا بېرىدۇ. ئۇچاغدا ھۆكۈمەت ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭغا تۇتۇق قىلىپ تەيىنلەيدۇ. تۆمۈر خەلىپە باشچىلىغىدىكى قوزغىلاڭچىلار بۇ خەۋەردىن ھەقىقەتەن خۇشاللىنىدۇ. جۈملىدىن « شاھ مەھسۇت ئوردىدىن چىقىپ كەتسۇن ! دېھقانلار ئۈستىدىكى ئالۋاڭ ـ ياساقلار بىكار قىلىنسۇن ! »دىگەن خىتاپلار بىلەن شاھ مەھسۇتنى قىستايدۇ. ياڭ زېڭشىن باركۆلدە تۇرۇشلۇق ھەربى قوشۇن باشلىغى يې شىڭفۇغا قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ .

تۆمۈر خەلىپە بار كۆلدىكى ھەربى قوشۇننىڭ قۇمۇلغا يۈرۈش قىلغانلىغىنى ئاڭلاپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىدۇ. يې شىڭفۇ قوشۇننى باشلاپ نەنسەن ئېغىزىغا كەلگەندە ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ، قىسمىلىرى تەسلىم بولىدۇ، نۇرغۇن قورال غەنىمەت ئېلىنىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلار سانى 2000 دىن ئاشىدۇ.

1912 ـ يىلى ـ 6 ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يۇەن داخۇا ئىچكىرىگە قايتماقچى بولغىنىدا ، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا چيەن گۇاڭخۇەي بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش بۇيرىغىنى بېرىدۇ. يۇەن داخۇا بىلەن چيەن گۇاڭخەي بىرلىشىپ قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. تۆمۈر خەلىپە بۇ ئۇرۇشتىمۇ كۆپلىگەن قورال غەنىمەت ئالىدۇ (يۇەن داخۇا، چيەن گۇاڭخەيلەر 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يېڭىلىپ، ئىچكىرىگە كېتىدۇ ). جىددى ئۇرۇش ھازىرلىغىدا تۇرغان ياڭ زېڭ شىن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كيىن پىلانىنى ئۆزگەرتىپ ھيلە ـ

www.uyghurkitap.com



مىكىر پىلانلايدۇ. ئۇ ئۆردىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان ھاكىمدىن تۆۋەنرەك ئەمەلدار جاڭ سەيتىڭنى تۆمۈر خەلپە بىلەن سۆھبەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇن كۈن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت نەتىجىسىز بولۇپ، جاڭ سەيتىڭ قايتىدۇ. ياڭ زېڭشىن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق تۆمۈر خەلپىنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىدىن بولغان مۇھەممەتجان ھاپىز دېگەن كىشىدىن تۆمۈر خەلپىگە خەت ئەۋەتىدۇ. بۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى : «مەن سىزنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىڭىزنىڭ قۇمۇل ۋاڭغا قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشماقچى ئەمەسلىكىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن، سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلارغا نىسبەتەن مېنىڭ باشتىن ـ ئاخىر زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىم يوق .... » دېيىلگەن . دەل شۇ كۈنى ياڭزېڭشىن قۇمۇل ئامبىلى بەي ۋېنچاۋغا يازغان بىر پارچە مەخپى خېتىدە : « تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، تۆمۈر قارا نىيەت ئادەم ئىكەن، ئاسىيلىق قىلىش ھەرىكىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز شۇغۇللىنىۋاتىدۇ ... پېقىر تۇتۇق كەلگۈسىدىكى بالايى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى قەتئىي باستۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم ....» (ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغبار ھوجرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر»(2 ـ توپلام) تۆمۈر خەلپە مۇھەممەتجان ھاپىزدىن: «سىز ياڭ تۇتۇققا (قوماندان ياڭغا) ئىشىنەمسىز ؟ ياڭ تۇتۇقنىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتى بولمىسا نېمە ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ بىزنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ؟ ياڭ تۇتۇق مېنىڭ تۇتقۇنى تۇرۇپ ، نېمە ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى خانلىقى قۇمۇل ۋاڭغا بەلگىلەپ بەرگەن ھاشار تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ ؟ » قاتارلىق 10 نەچچە سوئال قويىدۇ. مۇھەممەتجان ھاپىز جاۋاپ بېرەلمەي قايتىدۇ.

بۇ ھىيلىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ياڭزېڭشىن خۇيزۇ باتالىيونىنىڭ كوماندىرى لى شۇفۇ، ئىچكى ئىشلار كابېنتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جايى گەنسۇ ـ شىنجاڭ تەپتىش خادىمى يۈەن ساڭ قاتارلىقلارنى 1913 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سۆھبەتكە ئەۋەتىدۇ.

لى شۇفۇ پۇخراچە ياسانغان بولۇپ، دىنىي بىلىمنى ئىشقا سېلىپ، ئىسلام مۆتىۋەرلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، تۆمۈر خەلپە تۇرغان ئۆيگە كىرىش بىلەن تەكبىر ئېيتىپ، قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ، نەقىل كەلتۈرۈپ سۆز باشلايدۇ ۋە ياڭزېڭشىن ئەۋەتكەن ئالاقىنى ئوقۇيدۇ. ياڭزېڭشىننىڭ خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى :« بىرىنجى ، قۇمۇل ۋاڭنىڭ دېھقانلارنىڭ ئۈستىگە قويغان ھەر ئايدىكى يەتتە كۈنلۈك ھاشار تۈزۈمى ئىككى كۈنگە قىسقارتىلىدۇ. ئىككىنجى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ھۆكۈمەتنىڭ ئاتلىق باتالىيونىغا ئۆزگەرتىلىپ، تۆمۈر باتالىيون كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ ۋە ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۈچىنجى، قوشۇندىن قايتىپ دېھقانچىلىق قىلىشنى خالايدىغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى ئەسلى يۇرتىغا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ...» لى شۇفۇ بۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئايەت ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ يەنە تەكبىر باشلايدۇ . ئىسلام دىنىي قائىدىسى بويىچە تۆمۈر خەلپە تەكبىرگە قوشۇلۇش ۋە دۇئاغا قول كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۆمۈر خەلپە ياڭزېڭشىن قويغان يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنى شەرتسىز قوبۇل قىلغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ياڭ زېڭشىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قۇۋلۇق ـ شۇملۇق ئىشلىتىپ، قۇمۇلدىكى ھەرقايسى تەبىقىدىكى زاتلار ۋە خەلقلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن تاغقا چىقىرىپ تۆمۈر خەلپىنى تەبرىكلەيدۇ. تۆمۈر خەلپە قىسمىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. بۇ پاجىئەنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ شەرقى كىچىك دەرۋازىسى سىرتىدا بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئىگىز گازارما بار ئىدى. بىرى، شەرقى گازارما بولۇپ، شور بۇلاققا، يەنە بىرى غەربە گازارما بولۇپ، دۆڭمىنىغا يېقىن ئىدى. تۆمۈر خەلپە قىسمىنى شەرقى گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. غەربى گازارمىغا ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ سادىق ئادىمى بولغان ما فۇشىڭ (ماتىتەي) باتالىيونىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇش غەرىزىدە تۆمۈر خەلپىنىڭ تۆكچىسىنى سىيپىلاپ، بىر تەرەپتىن تۆمۈر خەلپىنى نازارەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مافۇشىڭغا ھوشيار تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. مافۇشىڭ 1913 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ

كۈنى روزى ھېيتنى تەبرىكلەشكە تەييارلىق كۆرۈش باھانىسى بىلەن تۆمۈر خەلپىنى غەربى گازارمىغا ئالداپ ئېلىپ كېلىپ قولغا ئالدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ قوشۇننى ئۆز گازارمىسىدا قورالسىزلاندۇردۇ، ئۇنى تۈرمىدە قىين-قىستاققا ئالدۇ. خائىن ئىلگىركى سۆھبەتلىرىنى پاش قىلدۇ. ياڭ زېڭشىن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە تۆمۈر خەلپىگە : « گۇناھ مەندە ئەمەس، مانا بۇ ئۆز ئادىمىڭىز، مەن سىزنىڭ باتۇرلىغىڭىز ۋە ئەقىل-پاراستىڭىزگە ئىشىنىمەن. سىزگە كەلگەن ئۆلۈمنى تەڭرى ئالدىدىمۇ مەندىن كۆرمىگەيسىز. ئۆلۈم ئالدىدا مەن سىزنىڭ قاتىلىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ، سىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىمەن» دەيدۇ-دە، خائىن تۆگچىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردۇ.

خائىن نالە-پەريات قىلغاندا، « ئۆز مىللىتىگە ۋاپا كەلمىگەن سەن ئىتتىن ماڭا ۋاپا كېلەتتىمۇ ؟...»دەيدۇ ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا.

مافۇشىڭ تۆمۈر خەلپىنى ئېتىپ ئۆلتۈردۇ. ئەتىسى ئوردىغا تەكلىپ قىلىنغان ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرى تۆمۈر خەلپىگە ھەربى تۈزۈم بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىگىنى ئېلان قىلدۇ. پىشقەدەم يىڭجاڭ روزى ھاجى ياڭ زېڭشىنغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردۇ. ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشنى مافۇشىڭغا دۆڭگەپ قويدۇ.

خەلق ئاممىسى داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ جەسىتىنى خاڭچىڭدىكى قەبرىستانلىقنىڭ ھازىرقى خاڭچىڭ مەسچىتىدىن 50 قەدەملەر ئىچكىرىدىكى بىر جايغا دەپنە قىلدۇ. تۆمۈر خەلپە ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىدىكى 300 نەپەر جەڭچىنى قورالسىزلاندۇرۇپ قۇمۇلغا ئاپىرىپ قويىمىز، دىگەن باھانە بىلەن ئېلىپ مېڭىپ گۇچۇڭدىكى چۆەنزىگەي دىگەن يەردىن ئۆتكەندە ئالدىن تەييارلاپ قويغان قىسمىلىرى ئارقىلىق قىرغىن قىلىپ تۈگىتىدۇ.

تۆمۈر خەلپە ئۆلتۈرۈلۈپ 18 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىغىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ، قوزغىلاڭ يالقۇنى تېزلا پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلايدۇ....

# جالالىدىن بەھرام

جالالىدىن بەھرام 1942-يىل 8-ئاينىڭ 16-كۈنى تىككۈچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئاتىسى بەھرام ئەپەندى ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلى ناخشىلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغان خەلق ناخشىچىسى بولۇش بىلەن بىللە يەنە تالانتلىق يازغۇچى ھەم ئۇستا رەسسام ئىدى. ئۇ مانا شۇنداق مەرپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، خۇش-پېئىللىق ۋە چاقچاقچىلىق بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ زېرەك ھەم تېتىك چوڭ بولۇۋاتقان ئوغلىغا خەلق چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ھەرخىل رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، رەسساملىقنىڭ سېھرى-كۈچىنى تەرپلەيتتى. شۇڭا، جالالىدىن بەھرام : «مېنىڭ يۈمران قەلبىمگە ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، رەسساملىق ۋە ئەدەبىيات بىخلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئاتامنى ھەر دائىم مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيمەن...» ، دەيدۇ.

جالالىدىن بەھرامنىڭ ئەدەبى ئىجادىيەت پائالىيىتى 1963-يىلدىن باشلانغان. ئۇ دەسلەپتە كىچىك تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان. لېكىن، 1966-يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلىنىش بىلەنلا ئۇنىڭ «ئۆمۈر خاتىرىلىرى» قاتارلىق پوۋېستلىرى ھەمدە ساقلاپ كەلگەن نۇرغۇن ئەتىۋارلىق كىتابلىرى بۇلاپ كېتىلگەن ۋە ناھىيىنىڭ گۈلباغ رەستىسىدە كۆيدۈرۈلگەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دەپ ئاتالغان بۇ ئاپەتلىك يىللارنىڭ بورانلىرىدا، «قوشكۆل» لەردە ئىشلەشكە سۈرگۈن قىلىنغان . دەرت - ئەلەم ، ئازاپ-ئوقۇبەتكە تولغان بۇ تالانتلىق ئەرباپ «مېھرىگىياھ»، «ناتۇۋانلار»، «لېيغان بۇلاق»، «كۆمۈرچى بالا»، «ئامەت ۋە ئاپەت» قاتارلىق رومانلارنى ۋە بىر قانچە ساتىرىك پوۋېستلارنى ئېلان قىلغان.

# جامالىدىن ئاقسارايى




جامالىدىن ئاق سارايى ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلغان بۈيۈك ئەللامەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر تىببىي ئەسىرى «ئاقسارايى» بىلەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇن ئالدى.

ئالىمنىڭ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە بەزىلەر «ئىسـ تانبۇلنىڭ ئاقساراي دىگەن يېرىدا تۇغۇلغان» ، دەيدۇ . ئەمما ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. بەزى ماتېرىياللاردا «بۇ كىشىنىڭ 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاياغلىرىدا تۇغۇلغانلىقى مەلۇم» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئىشەنچلىك دەلىل كەلتۈرۈلمىگەن. 1936 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ دىيوبەن شەھرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئاسىيا ئۆلىمالىرى تارىخىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، جامالىدىن ئاقسارايىنىڭ چىڭگىزخان ئىستىلا قىلغان بىر ئەلدە تۇغۇلۇپ ھىندىستانغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. چىڭگىزخاننىڭ 1 ـ قېتىم غەرپكە يۈرۈش قىلىشى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى، يەنى 1219 ـ يىلى باشلانغان. دىمەك، ئالىم جامالىدىن ئاقسارايى بالدۇر دىگەندىمۇ 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى، يەنى 1220 ـ يىللىرى ئەتراپىدا چىڭگىزخان ئىستىلا قىلغان ئەلدىن ھىندىستاندىن كۆچۈپ بارغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. تىبابەت تارىخى ھەققىدە تونۇشتۇرۇش خاراكتىرلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئابدۇرېھىم قادىر قۇمۇلى ئەپەندى: «ئۇيغۇر تىبابىتى قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە ئالىم جامالىدىن ئاقسارايى ھەققىدە توختىلىپ مۇنۇلارنى يازغان : «ئالىمنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە بەزىلەر بۇ كىشىنى ئىستانبۇلنىڭ ئاقسارايى دىگەن يېرىدە تۇغۇلغان» دەيدۇ. ئەمما تولۇق دەلىل يوق. چۈنكى، ئىستانبۇلدىن خېلىلا يىراق بولغان ھىندىستانغا كۆچۈپ بېرىش ئېھتىمالدىن يىراق. يەنە بەزىلەر غەربىي ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، ئىراق ۋە ئىران تەرەپلەردە ئاقساراي دىگەن شەھەرلەردە تۇغۇلغان، دەيدۇ. گەرچە بۇ جەھەتتە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش كېرەك، دەپ قارىغاندىمۇ، تۆۋەندىكىلەردىن جامالىدىن ئاقسارايىنى خوتەن قارىقاش ناھىسىدىكى ئاقساراي يېزىسىدا تۇغۇلغان، دەپ دەسلەپكى خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، 1978 ـ يىلى خوتەنلىك مەرھۇم ئابدۇللا موللام مەۋلىۋى، مەرھۇم ھەسەن داموللام مەۋلىۋى، مەرھۇم مەتنىياز مەۋلىۋى ۋە ئاتۇشلۇق زەينۇل ئابىدىن مەۋلىۋى قاتارلىق ئالىملار ھىندىستان لەكنۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغاندا مۇئەللىم دەرس ئۆتىۋاتقان بىر كىتاپنى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ : ئاراڭلاردا خوتەندىن كەلگەنلەر بارمۇ ؟ دەپ سورىغان ھەمدە كىتاپ خوتەننىڭ ئاقسارايى دىگەن جايىدا تۇغۇلۇپ ھىندىستانغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر تىببىي ئالىمى جامالىدىن يازغان «ئاقساراي» دىگەن كىتاپ بولىدۇ، دىگەن. بۇ كىشىلەر ئۆز يۇرتىدىن چىققان بۇ ئالىمدىن ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھەمدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا مەرھۇم پىشقەدەم تىۋىپ ئەھمەد ھاجى، مەرھۇم ھاجى ئېلىخان ھەزرىتىم، داڭلىق دورىگەر ئىمىننىياز ئاخۇنۇم قاتارلىقلارغا ناھايىتى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگەن. بۇ دەل، 1936 ـ يىلى چىقىرىلغان يەكۈن ۋە مەرھۇم ئۇيغۇر تىبابىتى ئالىمى ئۇستاز ئابدۇلھېمىت يۈسۈپ ھاجىنىڭ «شىنجاڭدىن ھىندىستانغا ئوقۇشقا بارغان بىر قىسىم كىشىلەر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ كىشىنىڭ خوتەن قارىقاش ناھىيە ئاقساراي يېزىسىدىن بارغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقان» دەپ يازغىنىغا ئوخشاش.

ئالىم جامالىدىن ئاقسارايى موڭغۇللارنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ ھىندىستانغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنراق كېلىدۇ. ئالىم ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىبابىتى ھەققىدىكى يوقىرىقى ئەسەرنى يېزىپ، ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش ۋە ئۆزىنىڭ ئاقسارايلىق ئىكەنلىگىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن باشقا تىببىي كىتاپلاردىن ئۆزگىچە ھالدا ئۆزكىتاۋىغا«ئاقسارايى» دەپ نام قويغان. مەزكۇر ئەسەردە

ئۇيغۇر تىبابىتى نەزىرىيىلىرى، ھەر قايسى بۆلۈم كېسەللىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ داۋاسى، يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلار سۆزلەنگەن بولۇپ، نەزىرىيە قىسمى ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن ئىبنىسنانىڭ «ئەلقانۇن»نى كىچىكلىتىپ يازغان «مۇجىزىلقانۇن» (ئەلقانۇندىكى مۆجىزىلەر) دىگەن ئەسەردىكى خاتا كەتكەن جاي-لارغا تۈزۈتۈش كىرگۈزۈپ يورۇتۇپ بېرىلگەن ئىلمى ئاساسلاردىن تەركىپ تاپقان. شۇڭا، مەزكۇر قىسمى ئەسلى ئاپتور (ئىبن سىنانى دىمەكچى ) مۇنداق دىگەن: ئۇ (موجىزىلقانوننىڭ ئاپتورىنى دىمەكچى) مۇنداق دەپتۇ، مەن مۇنداق قارايمەن، دېگەن شەكىلدە يېزىلغان .«ئەلقانون» دىكى قىيىن مەزمۇنلار يورۇتۇپ بېرىلگەن « موجىزىلىق قانون» دىكى خاتا مەزمونلار تۈزۈتۈلگەن. ھەر قايسى بۆلۈم كېسەللىك-لىرىدىن **180**خىلى سۆزلەنگەن. يەككە دورىلاردىن **390** خىلى، مۇرەككەپ دورىلاردىن **144**خىلى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىبابىتى قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز تېۋىپلىرىمىزلا ئەمەس بەلكى چەتئەللەردىمۇ سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئالىمنىڭ «ئاقسارايي» ناملىق كىتاۋىنىڭ ئىلمي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئەرەپ يېزىغىدا پۈتۈلگەن بۇ قىممەتلىك ئەسەر قولدىن- قولغا تارقىلىپ **1899**-يىلىغا كەلگەندە لەكنۇدا رەسمي نەشر قىلىنىپ، **1929**-يىلىغىچە دىھلى ئۇنىۋېرسىتتى ئىسلام تىبابىتى ئىنىستىتوتىدا دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىلگەن. دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم تېۋىپلار ئۆز قولىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەزكۇر ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ تىبابەت ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

«دىڭىز ئۆنچىلىرى»، «قاراقاشنى چۈشنەيلى»، «مەشھۇر ئۇيغۇر تىۋپلىرى» قاتارلىق كىتاپلاردا جامالىدىن ئاقسارايى **19**-ئەسىرلەردە ئۆتكەن، دەپ يېزىلغان . ئەمما يېتەرلىك دەلىل-ئىسپات كەلتۈرۈلمگەن. شۇنىڭدىمۇ ئالىمنى **12** -ئەسىرلەردە ئۆتكەن، دىگەن قاراشنى ياقلىغۇچىلار ئاساسي ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىسپاتى ئازراق بولسىمۇ چىنلىققا ئېگە.

# جامالىدىن قەشقەرى

جامالىدىن قەشقەرى قەشقەردە تۇغۇلغان ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر مۇددەرىس.

ئۇيغۇر كىلاسسىك مائارىپى- ئۇرقۇن ،شامان ، مانى مائارىپ دەۋرى( **552 ~ 844** يىللىرى) ئىدىقۇت مائارىپى دەۋرى(**850 ~ 1250**- يىللار) بۇددىزىم مائارىپى دەۋرى( **75~ 992**- يىللار) جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كېيىن قەشقەر مەركەز قىلىنغان قاراخانىيلار ئىسلامىيەت مائارىپى دەۋرى (**870 211**-يىللىرى)گە قەدەم قويدى. بۇ دەۋردىكى مائارىپ - ئۇيغۇر كىلاسسىك مائارىپىنىڭ يۇقۇرى پەللىسى بولۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا زور شۆھرەت قازانغان ئىدى. ھەممە ۋىلايەت ، ناھىيەلەردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر قۇرۇلغان، بولۇپمۇ قەشقەردە مەشھۇر ئالى بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئي ساجىيە» تەسسىس قىلىنغان ئىدى. بۇ ئالى بىلىم يۇرتلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى - ماتېماتىكا، يۇنان پەلسەپسى، تىلشۇناسلىق، ئاستۇرنومىيە، تىبابەتچىلىك، ئىلمي مەنتىق(لوگىكا)، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئىلمي روھ ساھەلىرىگىچە كېڭەيگەن. بۇنداق ئالى بىلىم يۇرتىغا جامالىدىن قەشقەرىگە ئوخشاش داڭدار ئالىملا، ئاتاقلىق مۇددەرىسلەرلا دەرس بېرەلەيتتى.جامالىدىن قەشقەرىنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇ **10**- ئەسىردە قەشقەردە تۇغۇلغان ۋە ئۆز دەۋرىگە يارىشا ئەتراپلىق بىلىم ئالغان ھەمدە ھەر قايسى پەنلەردىكى ئىجتىھاتى ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە يېتىشىپ چىققان ئالىمىغا ئايلاندۇرغان. شۇڭا ئۇ «مەدرىسەئي ساجىيە»گە مۇددەرىسلىككە تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇزۇن يىللار مۇددەرىسلىك قىلغان. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىلىق «مەدرىسەئي ساجىيە» دە ئوقۇغانلاردىن ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە مۇتەخەسسلەر، ئاتاغلىق ئالىملار، ئەدىپلەر، مەشھۇر تىۋپلەر، پەيلاسوپلار يېتىشىپ چىققان.

www.uyghurkitap.com



ھەتتا ئۇلاردىن بىر قىسمى ئۆز ئىلمىي پائالىيەتلىرى بويىچە دۇنياغا تونۇلغان.

# جان باشلاق(شىراخان)

جان باشلاق(شىراخان) قەدىمىي غەربىي دىيار ئودۇن (خوتەن) لۇق مەشھۇر ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى بولۇپ، مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشىغان، تولۇق ئىسمى نامەلۇم. ئۇ چەرچەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ياش چېغىدىلا تىبابەتچىلىك ئىلمىگە قىزىقىپ، ئەمچى، ئاتاچى، قام ۋە باشقىلارنىڭ ھەرخىل داۋالاش تېپلىرىنى توپلاپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۇنلەش ئاساسىدا، كۆپ خىل دورىلارنى ياساش ۋە تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ھۆكۈمالىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ نامۇ ـ شەرىپى ئۆز يۇرتىدىن ھالقىپ قوشنا ئەللەرگە قەدەر تارالغانلىقتىن، مىلادى 8 ـ ئەسىردە تىبەتلىكلەرنىڭ 4 ـ ئەۋلاد خاقانى چىدې زۇزەن (407 ـ 457 گىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەرىپىدىن تىبەتكە تەكلىپ قىلىنىپ، بىر قانچە يىل ئەتىۋارلىنىپ ئوردا تىۋىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. تىبەتلىكلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ بىجى، زەنجى، شىراخان دەپ ئاتىغان. ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە «تېببىي خەزىنە» (50 باب، «كۆكرەك بوشلىغى ئاناتومىيىسى» (42 باب)، «قورساق بوشلىغى ئاناتومىيىسى» (23 باب)، «پۇت، قول تاشقى زەخىملىرىنى داۋالاش» (42 باب) قاتارلىقلارنى قەدىمكى ئودۇن تىلىدىن تىبەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلغان ھەم يۇقىرىقى كىتاپلارغا 3 توم ئىزاھات يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا «مۇرەككەپ زەخىملەرنى داۋالاش كۆرسەتمىسى»، «جاراھەتلەرنى كۆرستىپ دىئاگنوز قويۇش»، «قىممەت باھالىق يىرىك تارتقۇچى دورا تالقانلىرى»، «جاراھەتلەرنى يىرىڭسىزلاندۇرۇش» قاتارلىق كىتاپلارنى تەرجىمە قىلغان ۋە بۇ كىتاپلار ئارقىلىق نۇرغۇن مەخپىي رېتسپىلارنى تونۇشتۇرغان. ئۇ شاگىرتلىرىنى يېتەكلەپ «بىنەپشە تاشلىق دورىلارنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى» (ئىككى قىسىم)، «تېببىي دورىگەرلىك ئەسەرلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى» (3 قىسىم)، «كۆكرەك بوشلىغىنىڭ سىرى» (3 باب)، «باش كۆكرەك زەخىملىرىنى داۋالاش»، «يۈرەك قان تومۇر زەخىملىرىنى داۋالاش»، «گۆھەرنىڭ گۆھىرى» (70 باب)، «ئاياللار گۆھىرى» (7 باب) قاتارلىق كىتاپلارنى تەرجىمە قىلغان. «جەسەت ئاتلىسى» (26 باب)، «جەسەت بۆلەكلەر ئاتلىسى»، «تىرىك تەن ۋە جەسەتنى ئۆلچەش» (10 باب)، «كۆكرەك بوشلىغى ئاناتومىيىسى»، «سۆڭەكلەرنىڭ قۇرۇلمىسى» (13 باب)، «ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» (بىر قىسىم)، «دورا خۇسۇسىيەتلىرى خەزىنىسى» (10 قىسىم)، «تىۋىپلار دەستۇرى» (تۆت باب)، «قىممەتلىك خەزىنىلەر» (50 باب) قاتارلىق تېببىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، ئەينى چاغدىكى تىبەت خاقانىغا تەقدىم قىلغان. تىبەت خاقانى بۇ كىتاپلارنى توپلاپ تاۋار ـ دۇردۇن بىلەن مۇقاۋىلاپ، «ئوردىنىڭ كۇتۇنۇش ساقلىقنى ساقلاش دەستۇرى» دېگەن نام بىلەن خەزىنىدە ساقلىغان. تىبەت خاندانلىقىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد خاقانى چىسۇڭ دېزەن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن يۇقىرى تەمىنات بىلەن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ داڭلىق تىۋىپلىرىنى تىبەتكە تەكلىپ قىلىپ، تېببىي ئىلىمدىن تەلىم يۇرگۈزۈپ، داڭلىق تېببىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغۇزۇپ، تىبەت تېبابەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. شىراخان باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «تېببىي قامۇس» (7 باب)، «تېببىي ئىلىمنىڭ كەڭ مەنىدىكى چۈشەندۈرۈلىشى»، «سۈيدۈك ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇش»، «تېببىي قائىدىلەر ئەينىكى»، «تېببىي دورا پەرھىزلىرى»، «خەندى تومۇر تۇتۇپ دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى»، «قىممەتلىك شىكەرلىك مەخپىي رېتسپىلار»، «دورا خۇسۇسىيەتلىرى كۆرسەتمىسى»، «ئالاھىدە كۇتۇنۇش»، «دورىلارنىڭ تەپسىلى چۈشەندۈرۈلىشى»، «ئۆسمىلۈك دورىلار بايانى»، «رېتسپىلار توپلىمى»، «قولاققا تېمىتىلىدىغان دورا رېتسپىلىرى»، «قۇستۇرغۇچى دورىلار»، «سۈرگۈچى دورىلار»، «ئۇچەيي تازىلىغۇچى ئاستا خاراكتېرلىك دورىلار»، «ئۇچەيي تازىلىغۇچى تېز تەسىر

قىلغۇچى دورىلار»، «دورا يىغىش ئۇسۇللىرى»، «ئىسسىق سوغۇق دورا ۋاننىسى»، «ئىسسىق ـ سوغۇق دورىلار بىلەن سۈرتۈش»، «قان ئېلىپ داۋالاش»، «ئەمەن شېكەر سۈيى تېمىتلىمىسى»، «يىڭنە سانجىش تېخنىكىسى»، «ئىششىق قايتۇرغۇچى رېتسىپلار»، «دورا خۇسۇسىيەتلىرىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش» قاتارلىق ئىچىدىن داۋالاشقا ئائىت تېببىي كىتاپلارنى يازغان. بۇلاردىن باشقا يەنە سىرتىدىن داۋالاشقا ئائىت «بىباھا گۆھەر»، «خوتەننىڭ بويۇن زەخمىسىنى داۋالاش ئۇسۇلى» قاتارلىق كىتاپلارنى يېزىپ، كىتاپلارنىڭ ھەممىسىنى تىبەت خاقانى چىسۇڭ دېرىزىگە تەقدىم قىلغان. ئۇلار يەنە لوڭشۇزۇشى يازغان تېببىي ئەسەرلەردىن «يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى داۋالاش»، «شېكەرلىك رېتسىپلار كۆرسەتمىسى»، «گۆھەرلەر خەزىنىسى» (17 باب)، «مەخپى رېتسىپلارنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى» (76 باب)، «ئۈچ ئاملىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىغىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر» (25 باب)، «ئىچكى ئەزالارنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى» (16 باب)، «مۇرەككەپ كېسەللىكلەر قوللانمىسى» (37 باب)، «باش كېسەللىكلىرى» (21 باب)، «كۆكرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئاچقۇچى» (47 باب)، «پۇت قول كېسەللىكلىرى» (40 باب) قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ يۇرتىغا قايتىش ئالدىدا «قارا رەڭلىك تېببىي قامۇسى»نى ئوغلىغا قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم ئاناتومىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك كىتاپلار ۋە پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش، تومۇر تۇتۇش ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان «سېرىق تاشلىق شىراخان تەجرىبىلىرى» ناملىق كاتتا تېببىي ئەسىرنى تىبەت خاقانى چىسۇڭ دېزەنگە تەقدىم قىلغان. كېيىن بۇ كىتاپنىڭ نامى «خاقاننىڭ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈش رىسالىسى»گە ئۆزگەرتىلىپ، خان ئوردىسىدا ئاززۇلاپ ساقلانغان. بۇ ئەسەرلەر كېيىنچە تىبەت تېبابىتىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «تۆت قىسىملىق تېببىي قامۇسى»نىڭ پەيدا بولۇشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

# جانبەك ئۆگدۈلمىش

**(1190 ـ 1256؟)** ئىسسىق كول، «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانبەكنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى» ناملىق ئەسىرى بار.

مەزكۇر «كەچمىشلەر»نىڭ بىرىنچى بابىنى فرانسۇزچىدىن تاتارچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ كىرىش سۆزى:

«نۇرغۇن يىل ئىلگىرى يېزىشقا باشلاپ، بۈگۈنگە قەدەر تاماملىيالمىغان كىتاۋىم بار ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشىگە ئوقۇپ چىقىشقا تېگىشلىك بىر كىتاپنى ئىزدەپ تاپالمىغانلىغىم سەۋەپ بولغان ئىدى. ئاخىرى ياۋروپادىكى چوڭراق بىر شەھەرگە بېرىپ ھېلىقى كىتاپلارنى ئىزلەش سەپىرىگە ئاتلاندىم. تەڭرىمنىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ قىشنىڭ ئۈچ ـ تۆت ئېيىنى بېرلىن شەھرىدە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. ئۇ يەردىكى پروسىيە خانلىغىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا نۇرغۇن كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كىتاپخانىنىڭ شەرق شۆبىسىدە كىتاپلار كاتالوگىنى ئاختۇرۇپ تۇراتتىم، «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانبەكنىڭ كەچمىشلىرى» دېگەن كىتاپ ئىسمى كۆزۈمگە چېلىقتى. كىتاپ ئەسلى ئۇيغۇر تىلىدا بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىغىدا بېسىلغان ئىكەن. يېنىغا فرانسۇزچە تەرجىمىسى بېرىلىپتۇ. كىتاپ پارىژدا 1783 ـ يىلى بېسىلغان بولۇپ، 863 بەت ئىكەن.

مەن ئۇيغۇر يېزىغىنى تونۇمىساممۇ، فرانسۇزچىدىن مەنىسىنى بىلەلەيدىغان بولغاچقا، ئۈمىد بىلەن كىتاپنى سورىدىم. كىتاپنى ئارىيەتكە ئالغاندىن كېيىن، فرانسۇزچە تەرىپىنى ئىككى ھەپتىدە ئوقۇپ چىقتىم. جانبەك كەچمىشلىرىنى بايان قىلغاندا، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرى توغرىسىدا كەڭ مەلۇماتلار بەرگەن ئىكەن. مەن ئۆزۈم كىتاپنىڭ ھەققەتەن جانبەك تەرىپىدىن يېزىلغانلىغىغا ئىشىنىپ كېتەلمىدىم. تەرجىمىسىنىڭ ئۇسلۇبى ھېكايە شەكلىدە ئىكەن. يەتتە ـ سەككىز يۈز يىل مۇقەددەم

يېزىلغان ئەسەرگە ئوخشمايدۇ.

كىتاپنىڭ ئۇيغۇرچە تەرىپى بىرتۇتاش يېزىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، فرانسۇزچىسى يىگى شەكىلدىكى كىتاپلاردىكىدەك بابلارغا بۆلۈنۈپ، هەر ـ بىر باپقا بىر باش ماۋزۇ قويۇلغان! ئۇيغۇر يېزىغىنى تونۇيدىغان ئادەم تاپالىغان بولسام، ئۇيغۇرچىسىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىماقچى ئىدىم، ئەپسۇس تاپالمىدىم.

بۇ كىتاپ گەرچە جانىبەك يازغان بىر ئەدەبىي ئەسەر بولسىمۇ، ئۇنى تاتارلارنىڭ ئوقۇپ بىلىشى پايدىلىقتەك كۆرۈندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى فرانسۇزچىسىدىن تەرجىمە قىلماقچى بولدۇم. بىلمىدىم، ئوقۇرمەنلىرىم مېنىڭ قارىشىمغا قوشۇلارمىكىن تاڭ؟ ئەي...»

مۇئەللىپنىڭ تەكلىۋى

مانا، بۇ يۇقىرىدىكى يازما «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەكنىڭ كەچمىشلىرى»نى تەرجىمە قىلغان يازغۇچىنىڭ ئۆزى تەرجىمە قىلغان بىرىنچى باپنىڭ ئالدىغا بەرگەن كىرىش سۆزى. ئۇ يازغۇچى بېرلىنغا 1910 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا بارغاندەك قىلىدۇ. تەرجىمىنىڭ داۋامى « شۇرا » ژورنىلىنىڭ كېيىنكى سانلىرىدا چىقمىغانلىغىغا ۋە ئىسپاتلاشلارغا قارىغاندا، ئەسەرنىڭ ئاخىرى تاتارچىغا تەرجىمە قىلىنمىغان. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدا هەم ئۇيغۇر قەدىمي يېزىغىدا پۈتۈلگەن، پۈتۈكچىسى ئۆزىنى ئۇيغۇر ئۇلۇسىدىن (خەلقىدىن) دەپ ئاتىغان، بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي ئەسەردىن يەنى چوڭ هەجىملىك رومانىدىن هازىرغىچە بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق ئىكەن. مەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ ئىز ـ دېرىگىنى قىلىپ، ئۇنى ئۆز تىلىدا ئۆز خەلقى بىلەن كۆرۈشتۈرىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

# جيەن بوزەن



جيەن بوزەن (1898 ـ 1968 ـ يىللار) نىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى «جۇڭگو تارىخى تېزىسى»، «تارىخى پەلسەپە دەرسلىگى»، «جۇڭگو تارىخى تېزىسى پروگراممىسى»، «تارىخى مەسىلىلەر مەجمۇئەسى» قاتارلىقلار.

جيەن بوزەن خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن ناهيىسىدە تۇغۇلغان ئۇيغۇر ئىدى. ئۇ كىچىگىدىن ئەقىللىق ۋە تىرىشچان بولۇپ، 1924 ـ يىلى 26 ياش ۋاقتىدا ئامېرىكىغا بېرىپ ئىقتىساد ئىلمىنى ئۆگەنگەن، كېيىن يەنە گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تەكشۈرۈشتە بولغان . 1958 ـ يىلى «مەشهۇر نەزەرىيىچى» چېن بودا «تارىختا نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش» نۇقتىئى نەزەرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا جيەن بوزەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى چىققان. ئۇ ئەينى چاغدا «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېت ئىلمىي ژورنىلى» ۋە «نۇر گېزىتى»نىڭ تارىخ سەهىپىسىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغاچقا چېن بودا ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ «تارىختا نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش» نۇقتىئىنەزەرى هەققىدە: «قالپىغى چوڭ، مەزمۇنىنىڭ تايىنى يوق ماقالىلارنى قەتئىي باسماسلىق؛ قۇرۇق نەزەرىيە ماقالىلىرىنى قەتئىي باسماسلىق؛ چاكىنا چۇۋالچاق ماقالىلارنى قەتئىي باسماسلىق»تەك ئۈچ ماددىلىق تۈزۈم بېكىتكەن، ئەينى چاغدا بەزىلەر هوقۇقىنى پەش قىلىپ ئۇنىڭغا قورقۇنچ سالغاندا ئۇ كەسكىنلىك بىلەن: «ئۇنداقتا مېنىڭ هوقۇقۇمنى ئېلىپ تاشلاڭلار، شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ سىلەرنىڭ ماقالەڭلەرنى باسمايمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن ۋە ئۆزى ماقالا يېزىپ ئۇلارنىڭ قۇرۇق سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى چېن بودا، كاڭ شېڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۆچمەنلىگىنى قوزغىغاچقا، ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە ۋە ئۆزىنىڭ تارىخ قارىشىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىغان بولسىمۇ لېكىن جيەن بوزەن هەقىقى تارىخشۇناس بولغاچقا، ئۇلارغا قەتئىيلىك بىلەن

«ئۆزۈمنى تەكشۈرسەم بولىدۇ، لېكىن مەن ھەقىقەت مەسىلىسىدە ھەرگىز ئارقامغا چېكىنمەيمەن» دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن چىن بودا ،كاڭ شېڭ قاتارلىقلار «دۆلىتىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىنى بۇرژۇئازىيە كونترول قىلىۋاپتۇ، شۇڭا ئۇنى قايتۇرىۋېلىش كېرەك» دەپ يەكۈن چىقىرىشقان.

1965 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ياۋ ۋېنيۈەننىڭ «يېڭىدىن تۈزۈلگەن تارىخىي دراما —— خەي رۈينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلىشىغا باھا» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھەقىقىي تارىخشۇناس بولغان جيەن بوزەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، بۇ ماقالىگە قاتتىق رەددىيە بەرگەن. ياۋ ۋېنيۈەن قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «ئىلمىي مۇنازىرە» نامى بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، تارىخشۇناسلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن «جىنايى پاكىت» توپلاشقا ۋە جيەن بوزەننىڭ قاراشلىرىغا بۆھتان چاپلاپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىغان ۋە بۇ نامدىكى «ئىلمىي مۇنازىرە» ناھايىتى تېزلا سىياسىي جەھەتتىكى چوڭ كۆرەشكە ئايلىنىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭغا « ئەكسىيەتچىل ئىلىم نوپۇزلىغى»، «كومپارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر» قاتارلىق قالپاقلار كەيدۈرۈلۈپ، كۆرەشكە تارتىلغان. بۇ چاغدا 70 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان جيەن بوزەن كۆرەشكە تارتىلغاندا «ئىنقىلاۋىي» كىشىلەر تەرىپىدىن كالتەك ـ توقماق، مۇش ـ پەشۋا ۋە ئېغىر قىيناقلار بىلەن 100 قېتىمدىن ئارتۇق سوراق قىلىنغان. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى توختىماستىن ئۇنى مەسىلىسىنى تاپشۇرۇشقا قىستىغان ۋە ئۇنى توختىماستىن ئازاپلاپ تەن جازاسى بەرگەن. بۇ چاغدا جيەن بوزەننىڭ ئۆپكە كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئۇسكۈننىڭ ياردىمىگە تايانمىسا نەپەستە قىينىلىدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ لېكىن «ئىنقىلاپچىلار» ئۇنىڭغا قەتئىي يۈز ـ خاتىرە ۋە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغان، بەلكى ئۇنى خائىن، ئىشپىيون دىگەندەكناملار بىلەن تۈرمىگە تاشلايمىز دەپ تەھدىت سېلىپ، ئۇنىڭدىن لىۋ شاۋچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تاپشۇرۇشقا قىستىغان.

1968 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا يەنە مەسىلىسىنى تاپشۇرۇش ھەققىدە تەھدىت سېلىپ، بولمىسا تۈرمىگە تاشلىنىدىغانلىغىنى ئېيتقان. سالامەتلىگى ئىنتايىن ناچارلىشىپ، پۈتۈن ئۇمىدى ئۈزۈلگەن، بۇ ئەڭ ئۇلۇغ تارىخشۇناس ئاخىرى ئۆلۈم يولىنى تاللاپ، ئايالى بىلەن بىرلىكتە دورا ئىچىپ ئۆلىۋالغان.

# چىڭگىزخان داموللام

((«ئابلىز ھۇشۇر»غا قاراڭ)

# چىن مودەن

چىن مودەن 1740 ـ يىلى قومۇلنىڭ باغداش يېزىسىدا تۇغۇلغان. دادىسى ۋاڭنىڭ چارۋىچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى شەرۋانەم، ئوردىدىكىلەر ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى مودەنگۈلگە ئوخشىتىپ «چىن مودەن» دەپ ئاتاشقان. قومۇل ۋاڭى يۇسۇپ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئوردىغا ئالدۇرماقچى بولغان. ئوردىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ سۆيگەن يىگىتى بىلەن قېچىپ كەتكەن، ئوردا لەشكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ، ئېلىشىش جەريانىدا قىرىپ تاشلىغان. شۇنداق قىلىپ، چىن مودەن ئەركىن مۇھەببەت، ئىنسانىي ھوقۇقنى قوغداش يولىدا كۆرەش قىلىپ 1760 ـ يىلى قۇربان بولغان.

# خاراباتى

شائىر خاراباتى يەكەن خانلىغىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ياشىغان. تولۇق ئىسمى مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا بولۇپ، «خاراباتى» ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ مىلادى 1638 ـ يىلى ئاقسۇ شەھرىگە قاراشلىق

www.uyghurkitap.com





ئېگەرچى يېزىسىنىڭ چوغتال كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

مۇھەممەدنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ داۋاملىق ئوقۇشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. ئۇ ئاقسۇ، قەشقەر، بۇخارا قاتارلىق ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپ-مەدرىسىلەردە بىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۇيغۇر، جۈملىدىن شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى ئەدەبىياتى، پەلسەپە، مەنتىقە قاتارلىق ئىلىملەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن. ئۆز يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ئىماملىق ۋە مۇددەرىسلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شۇدەۋىردىكى خىلمۇ-خىل دىنى مەزھەپلەر ۋە گوروھلارنىڭ پىكىر قارمۇ-قارشىلىغى تۇپەيلىدىن يۈز بەرگەن نىزالار ئىچىدە ياشاپ بۇ نىزالاردىن ئۆزىگە خاس ۋە ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، ئۆز كۆزقارشى بويىچە ياشىغان. ئەمما يەنىلا ئاشۇ نادان، جاھىل، چىرىك مەزھەپ-گوروھلارنىڭ چۈشكۈن ئىدىيۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغان. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بىرىپ، تەركىي دۇنيالىقتا ئاشىق سۈپەت كۈن كەچۈرۈپ تەخمىنەن مىلادىيە **1733**-يىلى **92** يېشىدا ۋاپات بولغان.

مۇھەممەدنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى بۇخارادا ئوقۇپ تۇرغان چاغلىرىدا سېزىلىشكە باشلىغان. ئۇ، ئۇ يەردە فىقھى، ئىسلام پەلسەپىسىگە دائىر يىرىك مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ، مەكتەپداش تالىپلار ۋە مۇددەرىسلەر ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان. ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن دىنىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلمىي-ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت، تولغان ئەقىل-پاراسەت يۇرتداشلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. ئىناۋىتى يۇقىرىلاپ، كىشىلەر چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىخلاس قىلىدىغان مۆتىۋەر زاتقا ئايلىنىدۇ، دانىشمەن ئالىم سۈپىتىدە ئىززەتلىنىدۇ. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئالىمنى ئالاھىدە ئۇلۇغلاپ «هاجى خاراباتى» مەقبەرىسى ۋە خانىقاسىنى تىكلەيدۇ. ئالىمنىڭ خانىقاسى ئۆلىما-تالىپلار، ئىلىمخۇمار كىشىلەر توپلىنىپ مۇنازىرە، مۇتالىئە ئېلىپ بارىدىغان، ئىلمي ئۇتۇقلىرىنى كۆرەك قىلىدىغان بىر ئىلىم دەرگاھىغا ئايلىنىدۇ.

خاراباتى شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «مەيخانە ئەھلى، مەيخانىگە قاتنىغۇچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ مەنىلەردىن تاشقىرى تەسەۋۋۇپتا يەنە ۋۇجۇدنىڭ مۇتلەق فەنا بولىشى (فانىي مۇتلەق) غا قارىتامۇ «خەرابات، خەراباتى» دېيىلىدۇ. شائىر بۇسۆزنى ئەينى شۇ تەسەۋۋۇپى-مەجازى مەنىسى بىلەن ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ قوللانغان بولۇپ، دىلىنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى ئىلاھى ئىشىق رەمزى مەي ۋە ئۇنىڭ ماكانى مەيخانىگە مايىل ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلغان.

بۇ خەراباتى ئەزەلدىن مەيپەرەست،
كۈندۈز بادەنى يادىدە مەست.

دېگەن مىسرالاردىن بۇنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ.

خاراباتىنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئەسىرى «مەسنەۋى خاراباتى» بولۇپ ئەسەر نامى بەزى نۇسخىلاردا «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» دەپمۇ يېزىلغان بولغاچقا بەزىدە شۇ نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئەسەرنىڭ **1986**-يىلى قەشقەردە نەشر قىلىنغان قىسقارتىلما نەشرىدە كىتاپ نامى «مەسنەۋى خاراباتى» دېيىلگەن بولۇپ، تاشكەنتتىكى ياكوۋلېۋ مەتبەسىدە بېسىلغان تاش باسما نۇسخىلىرىدىن بىرى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلانغان.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى»، «مەسنەۋى خاراباتى» نامىدا توپلام قىلىنغان.

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» رېئالىزىملىق ۋە خەلقچىللىق روھقا باي ئەسەر بولۇپ، رېئالىزىمچى

شائىر خاراباتى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارەت بىلەن ئۇ جەمئىيەتنىڭ رەزىل قىياپىتىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردا جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن:

ئەي بۇرادەر بۇ جاھان زىندان ساڭا ،
بولماغىل زىنھارى شاد خەندان ساڭا،
خاھ غەنىيۇ، خاھ گادايۇ شاھ ھەممە،
خاھ شەيخۇ، خاھ سوفىيۇ، موللا ھەممە .
خاھى قازى، مۇفتى، خاھى مۇھتەسىپ،
ئىستەمەس ھەرگىز ھالالدىن نەسىپ.
بىر - بىرلىرىنى ھەممە قەسدەدۇر،
تىغ زەھەر ئالۇد دەستىدەدۇر.
تۇن - كۈن ئوغلى ئاتاغە مۇددەئىي !
ھەم قىساس دوختەر ئاتاغە مۇددەئىي.
ھېچكىم قورقماس كىشى ھەققىدىن ،
يادىغا كەلمەيدۇ ھەقنى قەھرىدىن.
كىم بىرادەر ھەققىدىن يەردا ئىچەر ،
ئول كىشىنىڭ كۆڭلىدىن گۆھەر كۆچەر.
ھېچكىم يوقدۇركى غەيباتدىن يىراق ،
ھەم بىراۋ شىركۇ ئاداۋەتتىن يىراق.

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ قولىيازما ۋە تاش باسما ھالەتتىكى بىر قانچە نۇسخىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلاردىن مىلادىيە 1822 ـ يىلى ئاقسۇلۇق كاتىپ موللا مۇھەممەد خوجا بىننى موللا توختى سوپى ئاخۇن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، ھازىر ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما نۇسخىسى، مىلادىيە 1909 ـ يىلى تاشكەنت ئارىپجانوپ مەتبەسىدە بېسىلىپ، ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى، يەنە تەخمىنەن مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنت «غۇلامىيە» مەتبەسىدە بېسىلىپ، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنى كۆرستىشى مۇمكىن.

ئاپتۇر بۇ دىۋاننى ھىجرىيە 1146 ـ يىلى (مىلادى 1733 ـ يىلى)، دېمەك 88 يېشىدا يېزىپ تاماملىغان.

نى ھىساب ئەيلەدىم تارىخگە،
مىڭ ۋە يۈز يانە قىرق ئالتىغە.

دېگەن مىسرالار بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ 13 مىڭ مىسرادىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك دىداكتىك (پەندى نەسھەت خاراكتىردىكى) دىۋان. ئۇنىڭدا دىنىي ئەقىدىلەردىن باشقا يەنە سەممىيلىك، راستچىللىق، كەمتەر بولۇش، كىشلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە شەپقەتلىك بولۇش قاتارلىق ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، مېھنەت سۆيەرلىك، ئىجاتكارلىق، ئىلىم مەرىپەتنى ئۇلۇغلاش، ھالال ياشاش، ھەقنى تونۇش قاتارلىق ئىسىل خىسلەتلەر توغرىسىدىكى ئىجابى پىكىرلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك مەملىكەتتە ئادالەتنى يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىش يۈزىسىدىن پادشاھ ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ رىئايە قىلىشىغا تېگىشلىك مىزانلىرى كۆرستىلگەن. ئاۋام خەلقنى نادانلىقتىن قول ئۈزۈپ، ئىلىم مەرىپەت يولىغا مېڭىشقا دالالەت قىلغان.

www.uyghurkitap.com



كىشىلىك ئەخلاق ئومۇمىيۈزلۈك بۇزۇلۇشقا باشلىغان، ئاۋام خەلق نادانلىق، جاھىللىق پاتقىقىغا پاتقان ئىجتىمائىي شارائىتتىكى راسا ئەۋجىگە چىققان نەپسانىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، مۇناپىقلىق (ئىككى يۈزلىمچىلىك)، تەمەخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك، پىتنەخورلۇق، راھەتپەرەسلىك، لايغەزەللىك، ئوغرىلىق، ماختانچاقلىق، تەكەببۇرلۇق، زالىملىق، پارىخورلۇق، نامەرتلىك، ئادالەتسىزلىك قاتارلىق يارىماس ئىللەتلەر كۈچلۈك تەنقىد قىلىنغان. مەسىلەن:

ئەي مەلىك سورغىل رەئىيەت ھالىنى،
ئىنسۇ ئۈلفەت بىرلە بەرھەم دادىنى.
زۇلۇمنى كۆپ قىلسا دۆلەتتىن تۈشەر،
سۆزلىسە كۆپ ، كۈلسە ئىززەتتىن تۈشەر.
شاھى ئادىل شەھرىغە نىئمەت دۇرۇر،
شاھى زالىم شەھرىغە لەنەت دۇرۇر.
يوقتۇر شاھغە ئەدلىدىن ياخشى ئەمەل،
شاھغە ھەم لازىم بولۇر چەندان ئەمەل.
شاھى ئادىل شەرئىنى پەيدا قىلۇر،
شاھى جاھىل پىسقىنى پەيدا قىلۇر.

دېگەن مىسرالاردا پادىشاھ ئەدلى ـ ئادالەتلىك بولغاندا توقچىلىق، باي ـ باياشاتلىق بولىدۇ، پادىشاھ زالىم بولسا خەلققە كۈلپەت، لەنەت ياغىدۇ. پادىشاھ چوقۇم خەلقنىڭ ھالىغا يېتىشى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى، ئادىل بولۇشى، دۆلەتنى قانۇن ـ تۈزۈم بىلەن ئادىل باشقۇرۇشى لازىمكى، نادان، جاھىل، زالىم بولماسلىقى كېرەك ، دېيىش ئارقىلىق كۈچلۈك خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

بولسا كىمنىڭ ئادەتى جۇدى كەرەم ،
ئول خەلايىق ئىچرە بولغاي مۆھتەرەم.
ئەي قاياشىم ئىستەشەڭ بولماق ئامان،
ياخشىلىق بىسيارى قىل خەلقى جاھان.
كىمدە بولسا ياخشى سۆز ۋە ياخشى خۇي ،
ئىككى ئالەم ئىچرە تاپقاي ئابرۇي.
كۆزلىگەيسەن ھەركىشىگە مەنپەئەت، `
تا مۇرادىڭغا يېتەرسەن ئاقىبەت.

دېگەن مىسرالاردا ياخشىلىق قىلىدىغان، مەرد كىشىلەر باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ياخشى سۆزلۈك، ياخشى خۇيلۇق كىشىلەر كىشىلەر ئارىسىدا ئابرۇي تاپىدۇ، مۇرادىغا يېتىدۇ. شۇڭا ئەلنىڭ بەختىيار، ئەمىن بولۇشى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشىلىق قىلىش كېرەك دېيىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ كىشىلىك ئەخلاقى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىۋىنى بەلگىلىك يولغا سېلىش ئارزۇسىدا كىشىلەرنى رەھىمدىللىك، سەمىمىيلىك ۋە ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ.

ئىشلىگەن خەلق نازۇ ـ نىمەتلەر يىگەي،
كىمكى بىكار ئۆتسە ھەسرەتلەر يىگەي.
باغبان ئۈندۈرسە باغدە ھەر نىمە،
سەن ئۈنى زىنھار بىھۇدە دىمە.

دېگەن مىسرالاردا ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، بىكارچىلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى ھەسرەت بولىدۇ. باغۋەنىنىڭ ئەجرى ئۇلۇغدۇر، ھەرگىز بىھۇدە ئەمەستۇر، دېيىش ئارقىلىق ئەمگەكنى سۆيۈش، ئەمگەكنى ئۇلۇغلاشقا، مېھنەت سۆيەرلىككە دەۋەت قىلىنغان.

ئەۋۋەلەن ئىلىم ئىستەگىل ئەي ھەق تەلەپ،
ئىلىمسىز ھەر ھەق تەلەبتۇر بى ئەدەپ.
ئەي بىرادەر تۈنۈكۈن بىدار بول،
ئەقىل بولسە ئاشقى دىدار بول.
بولمىسا ھەركىمدە ئىلمۇ ـ مەئرەپەت،
قويسا ھەر سارى قەدەم بولغاي غەلەت.
گەر كىشىدە ئىلىم يوق مۇرداردۇر،
بولمىسا تەن ئىچرە جان، تەن خاردۇر.
جىسمى ئادەم گويىيا دىۋاردۇر،
مەرىپەت دىل ئىچرە بىر گۈلزاردۇر.
ھەر كىشىگە مەئرەپەت بىر ياردۇر،
كىمكى بىلمەس قەدرىنى مۇرداردۇر.
ئەي ئوغۇل ئىززەتنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەئرىپەت ئىلمنى قىلغىل ئىختىيار.
ئادىمى بولماقنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەئرىپەت ئىلمنى قىلغىل ئىختىيار.
كىمدە بولسە مەئرىپەت ئىنسان ئىرور،
بارچە مۇشكۇللەر ئاڭا ئاسان ئىرۇر.
كىمدە بولسا مەئرىپەت ئالىمدۇرۇر،
مەئرىپەتسىزلەر ھەمە زالىم دۇرۇر.
مەئرىپەت گوياكى ئول ئابى ھايات،
ئىچسە ئانى ئۆلمەكتىن تاپقاي نىجات.

يۇقارقى مىسرالاردا شائىر ئىلىم ئىگەللەشنىڭ زۆرۈرلىگى، بىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇشنىڭ تەخىرسىزلىگى، بىلىمسىز كىشىنىڭ ھەر ـ بىر قەدىمىنىڭ خاتا بېسىلىدىغانلىغى، ئىلىمسىزنىڭ ئۆلۈكتىن پەرقسىز ئىكەنلىگى، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ كىشى قەلبىدىكى گۈلزارلىق باغدەك كىشىگە مەڭگۈلۈك يار بولىدىغانلىغى، ئىلىم قەدرىنى بىلمىگەنلەر مۇردىدىن پەرقسىز ئىكەنلىگى، ھۆرمەت تېپىش ئۈچۈن، ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ئىگەللەشنىڭ زۆرۈرلىگى، ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ ئاسانغا توختايدىغانلىغى، ئىلىم بىلەن كىشىنىڭ ئابى ھايات كەبى مەڭگۈلۈك ھاياتقا نائىل بولىدىغانلىغى، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن كىشى ئالىم، مەرىپەتسىزلىك بىلەن زالىم ئاتىلىدىغانلىغى قاتارلىق ئىلمنى ۋە ئىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق، جانلىق، ئىخچام ۋە كونكرېت ئوتتۇرىغا قويغان. ئاۋام خەلقنى نادانلىقتىن قول ئۈزۈپ، ئىلىم ـ مەرىپەت يولىغا مېڭىشقا دالالەت قىلغان.

راستلىك بىرلە ئامانەت ساقلىسە،
ئول ئامانەتكە خيانەت قىلمىسە.

www.uyghurkitap.com

ھەر كىشىكىم ئەھلى سىدق، سىددىق بولۇر،
ھەركىشىكىم ئەھلى جېھىل، زىندىق بولۇر.
ھەركىشىكىم قەستى دىل ئازاردۇر،
بىگۇمان ئاندىن خۇدا بىزاردۇر.
كىم ھارامدىن يىغسە مال بولماس ئەمىن،
بولغاي ئۇل مەھشەر كۈنى شەمرى لەئىن.
كىمكى ناقىستۇر ھارامخوردۇر بىلىڭ،
كىمكى سالىھدۇر ھالالخوردۇر بىلىڭ.
نەفسىدىن بولماق خالاس ئاسان ئېمەس،
نەفسىدىن بولماي خالاس ئىنسان ئېمەس.
ئەر ئېمەس كافىر بىلەن جەڭ ئەيلىگەن،
ئەر بۇدۇر نەفسى بىلەن جەڭ ئەيلىگەن.
ئەي بىرادەر نەفس بىر ئەجدەر تۇرۇر،
ئەژدەرى ئەنسفەر ئەمەس ئەكبەر تۇرۇر.
ئۇشبۇ ئەژدەردىن داۋام ئۇل ۋەھمەناك،
قىلغاي ئۇل ۋاقتىن تاپىب بىر كۈن ھالاك.
ئەي غېرىپ قىلغىل ئەدەپنى دەمبەدەم،
كىم ئەدەبلىكتۇر ئاڭا يەتمەس ئەلەم.
ھەركىشى قىلسە يىتىم كۆڭلىن خاراب،
كۆرگەي ئۇل دەۋزەخدە ھەرتۈرلۈك ئازاپ.
ھەر بالايى يەتسە شەھۋەتتىن بولۇر،
ھەر قازايى يەتسە راھەتتىن بولۇر.
خەشىملىغدىن بارچە دىل ئازاردۇر،
خەشىملىغلەردىن خۇدا بىزاردۇر.
ھېچكىم قورقماس كىشى ھەققىدىن،
يادىغە كەلمەيدۇ ھەقنى قەھرىدىن.
خاھى قازى، مۇفتى، خاھى مۇھتەسىب ،
ئىستەمەس ھەرگىز ھالالدىن نەسىب.
ھېچكىمدە يوق دۇرۇر مېھرۇ ۋاپا،
بىر ـ بىرلەرىغە قىلۇر جەۋرۇ جاپا.
ھەممە مەنلىك بىلەن قىلغاي تەكەببۇر،
ئۆزىنى ئەسلىنى قىلماس تەپەككۇر.
ھېچكىم تائەتى بولمايدۇ قوبۇل،
ھېچكىمدە پاك يوقتۇر بىر كۆڭۈل.
ھېچكىم يوقتۇركى غەيبەتتىن يىراق،
ھەم ھەسەد بەغزۇ ئاداۋەتدىن يىراق.
بارچە ھالى پىتنەيۇ تەراۋىردام،
ئۆتكەرۇر غەفلەتدە ئۆمرىن سۇبھى ـ شام.

يۇقارقى مىسرالاردا شائىر، سەممىي بولۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ئاقكۆڭۈل بولۇش، بىلمىسز مۇناپىق بولماسلىق، كىشى دىلىغا ئازار بەرمەسلىك، ھارام مال ـ دۇنياغا بېرىلمەسلىك،

سەممى ـ هالال ياشاش، نەفسگە بىرىلمەسلىك، ئەرلىك، ئىنسانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن نەفسى دېگەن بالايى ـ ئاپەتنى يېڭىش، هەر ۋاقىت ئۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇش، نەفسگە بىرىلىپ هالاك بولۇشتىن ساقلىنىش، هاياتىدا ئەلەم چەكمەي ياشاش ئۈچۈن نەفسنى يېڭىش بىلەن بىرگە، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆزگە هەمراھ قىلىش، يېتىم ـ ئاجىزلارنى بوزەك قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ هالىغا يېتىش، شەهۋەتكە بىرىلمەسلىك، راهەتپەرەسلىكتىن يىراق تۇرۇش، ئورۇنسىز غەزەپ قىلىشتىن ساقلىنىش، كىشىنىڭ هەققىگە چېقىلماسلىق، ۋاپادار بولۇش، پاك بولۇش، تەكەببۇر بولماسلىق، غەيبەت ـ شىكايەت، پىتنە ـ پاسات، هەسەد ـ ئاداۋەتتىن يىراق تۇرۇش، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش توغرىسىدا كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئىنسان مەنىۋىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن ناچار ئىللەتلەرنى كۆچلۈك قامچىلايدۇ.

ئەسەردە بىر نەچچە هېكايەت بىرىلگەن بولۇپ، بۇلاردىن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى مال ـ دۇنياپەرەس، ئۈچ خىل ئاچكۆز توغرىسىدىكى هېكايەتتۇر. ئۇنىڭدا يامان نىيەتنىڭ يامان ئاقىۋەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىغى :

پىتنەدىن ئۆلتۇردى ئۈچ تەن بىر ـ بىرىن،
نەفسى شەيتان بىرلە بولدى هەم قېرىن.

دېگەن مىسرالاردا ناهايىتى كونكرىت ۋە جانلىق ئىپادىلەنگەن.

سوفى گەر ئامى ئىرۇر ئەييارىدۇر،
مال جەمئ ئەيلەرگە ئول تەييارىدۇر.
سوفى ئامى سۈرىتىنى ئوخشاتۇر،
دامۇ تەزۋىر بىرلە ئەلنى يۇمشاتۇر.

دېگەن مىسرالاردا، سوفى (گۇنادىن يېنىپ ياخشى يولغا ماڭغۇچى، قەلبىنى تازىلىغۇچى) لارنىڭ ئىلمسىز، نادان، ساختىپەز، ئالدامچى، تەييارتاپ كىشىلەر ئىكەنلىگىنى، هيلە ـ مىكرى بىلەن ئەل ـ خەلقنى ئالداپ، ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ قىلىۋاتقان قەبىهلىكلىرىنى پاش قىلىدۇ.

بايلار ئالدىدا گەردان قىلما خام،
ئەهلى دۇنيالارغا هەرگىز ئۇرما دەم.

دېگەن مىسرالىرىدا، زۇلۇم ۋە ئىكسپىلاتاتسىيىگە قارشى ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. هەققەت تەرەپدارى بولۇش، رەزىللىك تەرەپدارى بولماسلىق، رەزىل كۈچلەرگە قارشى چىقالايدىغان جۈرئەتكە ئىگە بولۇشنى تەكىتلەيدۇ.

ئۆمرى ئۆتكەي ئول كىشىنىڭ بى خەبەر،
ئىككى ئالەمدە خۇدا قىلماس نەزەر.
غافىلا ئۆمۈر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
تەڭرىگە قۇللۇقنى قىل شامۇ ـ سەهەر.
يوق پاناهىم سەندىن ئۆزگە ئەي خۇدا،
بۇ خىجالەتتىن ماڭا بەرگىل پەنا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ يېزىپ، دىنى يول بىلەن نىجاتلىق ئىزدەش، ئارزۇ، غايە، بەخت ـ سائادەتنى شۇ يول بىلەن ھەل قىلىشتىن ئىبارەت تەقدىرچىلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. «ۋاپاسىز دۇنيا» دىن ۋاز كېچىپ، ھەممىنى تەڭرى يولىغا بېغىشلاشتەك تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

دېمەككى، بۇ ئەسەر كۆچلۈك دىداكتىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، شائىر ئەينى دەۋر روھىيىتىنىڭ ئەينىگى سۈپىتىدە جەمئىيەتتىكى بارلىق ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، كۆچلۈك تەنقىد ئاستىغا ئالىدۇ، توغرا، ھەق يولنى تەكىتلەيدۇ. خەلقنى كور ـ كورانە ئەقىدەپەرەسلىك، جاھىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى پاكلاش، ئىنساپ بىلەن ھالال ياشاش، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ديانەتلىك بولۇش، بارلىق ئىللەتلەرنىڭ مەنبەسى بولمىش نادانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگەللەش، شۇ ئارقىلىق كامىل ئىنسان بولۇشقا يېتەكلەشنى ئۆز ئالدىغا مەخسەت ۋە غايە قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا خاراباتى «شائىر ۋە شېئىر توغرىسىدا» ئۆزىگە خاس قاراشلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇھەقتە مۇنداق بايانلار بار:

شائىر ئېيتماغلىق ئىككى قىسمى تۇرۇر،
شائىر غەيبى ۋە ھەم تەبئى دۇرۇر.
شائىر گەر بولسا دائىم مەدەھخان،
بولغاي ئول شائىر جەھەننەمدىن ئامان.
شائىرى تەبئى ھەمە فەھمۇ زەرىق
شائىرى غەيبى خۇداغە ھەم قەرىپ.
شائىر غەيبى ھەمە ئىنئامۇ ھەق،
شائىرى تەبئى ھەمە ئىمانى شەق.
تەبئى پەرۋەر تەبئىغە مەغرۇردۇر،
دائىما ھەرتۈنۈكۈن رەنجۇردۇر.
قىلسە گەر مەخلۇقنى شائىر تەئرىپات،
بولمغاي دەۋزەختىن ئول ھەرگىز نىجات.
شائىر ئەشئەرىڭغە بولغىل ئىنتىزار،
مۇنتەزىر بول تەڭرىغە لەيلۇ نىھار.
ھەركىشى رەنج ئىچرەدۇر، گەنج ئىچرەدۇر،
ھەركىشى خەلق ئىچرەدۇر، رەنج ئىچرەدۇر.
ھەركىشى بولغان بىلەن مەقبۇل ئېمەس،
كۆزدە ياش بولغان بىلەن ئەفغان ئېمەس.
شائىرا ئۆتتى جاھاندىن قاپىلە،
ئىستەدىڭ دۇنياداچەندان قاپىيە.

يۇقارقى مىسرالاردىن، خاراباتىنىڭ قارىشىچە، شائىر ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى شائىرى غەيبى، يەنە بىرى شائىرى تەبئى. شائىرى غەيبى ھەقنى مەدھىلەيدۇ، ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ، شەك ـ شۈبھىسىز ئۇ جەننەتتە بولىدۇ. شائىرى تەبئى ئەقىللىق، زىرەك كېلىدۇ ئەمما ئىمانى سۇسراق بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز قىينچىلىق ۋە مۇشەققەت ئىچىدە ياشايدۇ. خۇددى تاش مەرمەر بولالمىغاندەك، تەبئىپەرۋەر تەڭرىپەر ـ ۋەرلەردىن بولالمايدۇ.

ئەگەر شائىر مەدھىيەگە ماھىر بولۇپ ھەقنى مەدھىيىلىسە ئۇ دوزاختىن ئامان قالىدۇ. ئەكسىچە مەخلۇقنى مەدھىيىلىسە ئۇ ھەرگىز دوزاختىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا شائىر بۇ دۇنيا راھەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ، خارۇ ـ زارلىقتا قالسىمۇ شېئىرغا ۋە شېئىردا مەدھىيىلىگەن ھەققە ئىنتىزار بولۇپ ئۆتۈشى كېرەك. ئۆزىنىڭ

بارلىغىنى، مەۋجۇتلىغىنى، ھاياتىنى قىينچىلىق، مۇشەققەت شارابى بىلەن تولدۇرالىغان ئىنسان پاك ۋە مەردانە ياشىغان بولىدۇ. كىمدە ـ كىم قىينچىلىق ئىچىدە بولسا، بايلىق، خەزىنە ئىچىدە بولغان بولىدۇ. خەلق ئىچىدە بولسا مۇشەققەت ۋە مېھنەت ئىچىدە بولىدۇ. بىر ئادەمنى تورۇقى، سۆزىگە قاراپلا ئادەم دەپ قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. تېۋىپلا بولسا لوقمانىدەك ئۇستا بولىشى، كۆزىدە ياش بولسىلا قايغۇ ـ ئەلەمدىن نالە ـ پەرياد قىلغان بولىشى ناتايىن. شۇڭا، مەن شائىر ، دەپ قولدا قەلەم كۆتۈرۋال ـ ـسىلا ئۇنى شائىر دىگىلى بولمايدۇ، شائىر بولغان كىشى چوقۇم غاپىل بولماسلىقى، ھەقنى تونىشى، راستنى سۆزلىشى، جاپادىن قورقماسلىقى، يازغانلىرىدا ئەڭ ياخشى قاپىيەنى قوللىنىشى لازىم. ئاندىن ئۇ شائىر بولىدۇ، يازغانلىرى شېئىر بولىدۇ. دىمەك، شائىر بولغان ئىكەن بۇ دۇنيا مۇشەقەتلىرىگە چىداش، مەۋجۇتلۇق شارابىنى خەلقنىڭ ئاھۇ ـ زارى ۋە پىغانلىرى بىلەن تولدۇرۇش، بۇنىڭ ئۇچۇن مەردانىلارچە شېئىر يېزىشقا يۈزلىنىپ، كېچە ـ كۈندۈز ھەققە ئىنتىزارلىقنى ئىپادىلەش، خەلقنىڭ قايغۇ ـ ئەلىمگە ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇش، خەلقنىڭ قايغۇسىغا قايغۇرۇش، نېمىنى قانداق مەدىھىلەش بىلەن نېمىنى قانداق سۆكۈش مەسىلىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم. شېئىر بولسا ھەقنى سۆزلىگەن، ئەڭ ئىسىل قاپىيە تىزمىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئۇبرازلىق تەسەۋۋۇر سەنئىتى بولىشى لازىم.

نېمىنى قانداق ماختاپ، نېمىنى قانداق سۆكۈش مەسىلىسىدە «مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ پۈتۈن مەزمۇنى ئەنە شۇ مەسىلىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇش، ھەقنى تونۇش، خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، سەممى ـ راستچىل بولۇش، ئەلگە ساداقەت، دوستقا ۋاپا ۋە مۇھەب ـ ـبەت، دۈشمەنگە غەزەپ ـ نەپرەت، جاپادا چىدام ۋە غەيرەت، يوقسۇللارغا، يېتىم ـ يېسىرلارغا شەپقەت، زوراۋانلارغا، ئالدامچى، مەككار، لەنەتگەرلەرگە نەپرەت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئالىيجاناپ پەزىلەتلەر ماختىلىپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلار سۆكۈلگەن. شېئىرنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائى جەمئىيەتنىڭ ياڭراق سىگنالى ۋە ئەينىگى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان تەخىرسىز مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ھەر زامان ئىلغار مەيداندا تۇرۇپ، خەلقنى ئويغۇتۇش ۋە تەربىيىلەش، قالاقلىق ۋە قاراڭغۇلۇققا قارشى تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەينەن ئاشكارىلاپ، كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە ھەقنى تونۇتۇشتىكى كۈچلۈك جەڭگىۋارلىق رولىنى ـ قۇراللىق خۇسۇسىيتىنى ئېنىق كۆرستىپ بەرگەن. ھەمدە شائىرلارنىڭ خەلقنىڭ قەلب جاراھەتلىرىنى داۋالاش، ھەقنى بايان قىلىشتىن قورقماسلىق، ئىنساپلىق، ئاقكۆڭۈل بولۇش، جاپا ـ مۇشاقەتكە دادىل يۈزلىنەلەيدىغان، شائىرلىق ۋىجدانى قايناپ تۇرىدىغان جاسارەتكە ئىگە بولۇش، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغارلىق رولىنى ئويناپ، كۈچلۈك بىر تەربىيىلىگۈچى بولۇش لازىملىغىنى قەيت قىلغان. شائىرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەڭ مۇھىم، كەم بولسا بولمايدىغان بايراقدار ئىكەنلىگىدىن بىشارەت بەرگەن. شائىرلىقنى ئادىمىيلىكنى چىقىش قىلىپ تەھلىل قىلىپ، ئۆزىنى ۋە خەلقنى ئىنسان تەبىئىتىدىكى ناچار ئىللەتلەردىن قول ئۈزۈپ، ئىنسانىي كامىللىققا يېتەكلەشنى كۈچلۈك بۇرچ ۋە مەجبۇرىيەت دەپ قاراپ، ئۆز ـ ئۆزىگە:

غافىلا ئۆمۈر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
ئەمدى ھەقنى ياد قىل شامۇ ـ سەھەر.

دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

كامىل ئىنسان ـ ئىلاھىيەت نۇرىدىن بەھرىمەن بولغان، شەرئەت ئەھكامىنى سۆزسىز ئورۇندىغان، ئىمانى پۈتۈن، ۋاپالىق، سادىق، سېخى، قانائەتچان، ھەلىم ـ مۇلايىم، خۇش ئەدەپلىك، ھىممەتلىك، قەلبى ئىلمۇ ـ ئىرپانغا كان بولغان كىشىدۇر. شۇنداقلا بۇنداق ئىنساندا «ئىلاھى جەزبە» كۈچلۈك بولىدۇ، يەنى كۆڭلىدە ئىشىق ئىزتىراپى بارغانچە كۈچىيىپ، ئۇنىڭ نەزىرىدە دۇنيا ئىشلىرى ئەرزىمەس نەرسە ھېساپلىنىدۇ.

خاراباتىنىڭ قارىشىچە، كامىل ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەر ـ ئەدەپ ـ ئەخلاق، نەفسىنى يېڭىش، مەردلىك ـ سېخىلىق، قانائەت، ھەقنى تونۇش ـ راستچىللىق، ئىنساپ ـ دىيانەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەدلۇ ـ ئادالەت، ھىممەت ـ ۋاپا، خەلقپەرۋەرلىكتۇر. خاراباتى رېئال ھاياتنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى قاراشلىرىنى رېئال ھاياتقا تەدبىقلاپ، ھەقنى مەدھىيىلەش ـ راستلىق، توغرىلىق، چىنلىق، دورۇسلۇقنى سۆزلەشنى، ھەقىقى ئادەمىيلىكنىڭ زۆرۈر شەرتى، جۈملىدىن، شائىرلىقنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ قاراپ، شائىر چوقۇم ھەقنى مەدھىيىلىشى، راستچىل بولىشى، راست سۆزلەشتىن قورقماسلىقى كېرەك دېگەن ئىدىيىسنى ئىپادىلىگەن.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر پەلسەپە ۋە شېئىرىيەت تارىخىنى ۋاراقلىغاندا، بۇ زاتنىڭ نامى كۆرۈنەرلىك ئورۇندا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇدەررىسلىك ھاياتى تېخىمۇ تەسىرلىك.

مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ـ خاراباتى ئىدىيىسىنىڭ جان تومۇرى. «خاراباتى» ناملىق كىتاپتا بۇ نوقتىغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. كىتاپنىڭ قىممىتى دەل خاراباتىنىڭ مۇشۇ خىل روھىنى كۆچەپ يۇرۇتقانلىقىدا.

خاراباتى ـ مەشھۇر پەيلاسوپ، شائىر، مائارىپچى ۋە كاتتا دىنىي ئۆلىما. ئۇنىڭ ھەر ـ بىر ئەمگىگە ـ تەربىيەت، مۇلاقەت، تەپسىر ۋە تەلقىنلىرىگە؛ ھەم يەنە شېئىر، پەتىۋا، مۇنازىرە ۋە تەرغىباتلىرىغا مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى يېتەكچى كۈچ بولۇپ سىڭدۈرۈلگەن. قۇرئان ۋە ھەدىستىن باشقا ئىلىم تۈرلىرىگە يول بېرىلمەيدىغان ئاشۇ دەۋر مۇھىتىدا بۇ قالتىس جاسارەت ۋە ئادەمنى ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل قىلىدىغان ۋىجدانى بېشارەت. توغرا، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ۋىجدان. شۇنداق دېيىش كېرەككى، مىللەت مەسىلىسى — ۋىجدان مەسىلىسى. ئىلىم ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل پىداكارلىقنى خاراباتى بىلەن زاماندىش بولغان غەرپ ئالىملىرىدىن قانچىلىك ئادەم ئىشقا ئاشۇرالىدى؟ ئۇيغۇرلار دۈچ كەلگەن ئاشۇ جاھالەتلىك مۇھىتتا سىلىشتۇرۇپ ئېيتقاندىچۇ؟

خاراباتىنىڭ ئەملىيىتىلا ئەمەس، ئىدىيىسىمۇ ئۆز دەۋر ۋىجدانىنىڭ يول ئاچقۇچىسى، يۇرۇت ـ ـقۇچىسى. ئۇنداقتا، بۇگۈنگە نىسبەتەنچۇ؟

خاراباتىنىڭ ۋىجدانى بۇرچ چەمبىرىگى دىنىي ئەخلاق، مىللىيەت، روھىيەت ۋە مەرىپەت كەبى كۆپ ساھەلەرنى قورشاپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يادرولۇق تارتىشچانلىق كۈچى يەنىلا مىللىيەت مەركىزىدىن تارىلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئالىمنىڭ مىللىيەت مايىللىقىنى ئەقدە قورشاۋىنىڭ يادروسى دېسەك، قەھرىمانلىق ئۇقۇمى ئۆز نۆۋىتىدە پايدىلىق مېھنەت ئۇقۇمىنىمۇ ئۆز دائىرسىگە قوشىۋالىدۇ. بۇ تەرىپى بىز چۈشىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى «قەھرىمان» ئاتالغۇسىنىڭ چېگراسىنى كېڭەيتىپ، بىزنىڭ يېنىمىزغىچە، تېخىمۇ مۇھىمى، ھەر ـ بىر ئۇيغۇرنىڭ يۈرىگىگىچە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھال، ھەركىم خالىغانچە قول سوزۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بۇ شۆھرەت پەللىسىنىڭ پەشتىغىنى زور دەرىجىدە چۈشۈرۈپ ئادەتتىكىدىن پەرقسىز بىر تەكشىلىككە قويىدۇ. قارىسىڭىز، سىزمۇ، مەنمۇ قەھرىماندەك، يەنە بىر قارىسا، ھەممىلا ئۇيغۇر قەھرىماندەك. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، خاراباتى ھەزرەتنىڭ مىللىي بۇرچ مىزانى بويىچە ئېيتقاندا، ھەر ـ بىر ئادەمنىڭ خائىن بولۇشىمۇ بەك ئاسان. بىر قارىسا، ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسىلا خائىندەك. ئۇيغۇر ئۇقۇرمەنلەر، خاراباتى ئىدىيىسىدىكى مۇشۇ خىل يادرولۇق مايىللىقنى ھېس قىلدىمىكىن؟ مېنىڭچە، خاراباتىنىڭ ئۇلۇغلىقى، ئۇنىڭ مېھنەتلىرى بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن ئاكتىۋال ئىدىيىسىنىڭ تەشەببۇسچىسى بولغانلىقىدا. خاراباتى ئىدىيىسىنىڭ ئۇلۇغلىقى دەل ئۇنىڭغا قىممىتى ئېشىپ بېرىۋاتقان پەلسەپىۋىي مايىللىقنىڭ يادرو قىلىنغانلىقىدا. يەنە كېلىپ، بۇ خىل مايىللىقنىڭ غايىۋى يۈكسەكلىكتىن ئاۋامنىڭ مېھنەت ئىمكانىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بىر پەللىگە چۈشۈرۈلگەنلىگىدە. يەنى، ئەنئەنىۋى قەھرىمانلىق ئۇقۇمىنىڭ مەنا پاسلىنى رېئاللاشتۇرۇپ، ئۇنى ئادەتتىكى خەلق ئاممىسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان مېھنەت پائالىيىتى قىلالىغانلىقىدا. شۇڭا بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ھېچ بولمىسا، ئۆز مېھنەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان مۇشۇ كەڭ قول مىزاننى رېئاللىقىغا تەدبىقلاپ بېقىشلىرى كېرەك.

خاراباتى ئىسلامنىڭ چىن ماھىيىتىگە يەتكەن تەقۋادار مۇسۇلمان. ئۇ، بارلىق ئەھلى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش، ئاللەمنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. «قۇرئانى كەرىم» ۋە

«ھەدىس» نى ئىسلام روھىنىڭ جان تومۇرى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە، ھەقىقىي مۇسۇلمان بىر ئاللاھقىلا چوقۇنىشى، ئەۋلىيا-ئەنبىيا، خوجا-ئىشان، پىر-مۇشرىكلار سىماھسىغا باش ئۇرماسلىقى لازىم. ئاللاھۇ تەئالا بىلەن نوپۇز تالاشقانلار دەھرى سانالغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارغا (خوجا-ئىشان، پىر-ئەۋلىيالارغا) ئەگەشكەنلەرمۇ ھەم كامىل مۇسۇلمان جۈملىسىدىن ئەمەس.

خاراباتى ئىسلامنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە ئەمەل قىلىشنى مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئەڭ ئۆلچەملىك مىزانى دەپ تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاللاھنىڭ ۋەھىيسى بولغان «قۇرئانى كەرىم» نىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناھايىتى دانا ۋە كەڭ قوللارچە تۈزۈلگەن قانۇن ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» نى ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە تەفسىر قىلماسلىقى لازىم. ئەمما، ئۇنى ئۆلۈك تەدبىق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. «قۇرئانى كەرىم»دە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناھايىتى كەڭ ئىمكانىيەتلەر قالدۇرۇلغان. ھەر-بىر مۇسۇلمان مۇشۇ ئىمكانىيەتلەرنىڭ پاسىلىنى سوزۇۋەتمەگەن ۋە بۇزۇۋەتمەگەن شەرت ئاستىدا، ئۇنىڭ روھىنى ئۆز پائالىيەتلىرىگە ئەمەلىي تەدبىق قىلسا بولىدۇ.

ئۇ، بىر تەرەپتىن، مەۋجۇد ئېتىقاد ئۇدۇملىرى ۋە ئادەتلەشكەن دىنىي ئەھكاملارنى ئىسلامنىڭ ئەمەلىيىتىگە قايتۇرۇش ئارقىلىق، بۇزۇلغان مىللىي ئەخلاق نىزاملىرى ھەم ئۇنىڭغا بۇرمىلىنىپ سىڭگەن دىنىي ئەقىدىلەرنى پاكلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «قۇرئانى كەرىم»دىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەھۋالىغا باپ تەفسىر ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزدەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر بولۇشقىمۇ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئورۇنىدۇ. ئۇ مۇنداق قارايدۇ: «ئۇيغۇرلار-مۇسۇلماندۇر، شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان بولۇشتىن مۇقەددەم ھەم ئۇيغۇردۇر.»

كۆرۈشكە بولىدىكى، خاراباتى ئۆزىنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمان دەپ تونۇيدۇ. دىنىي ئېتىقاد بىلەن مىللىي ئادەت ئايرىلىشىپ، ئاجرالماس بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بىر دەۋردە، يەنە كېلىپ، داموللام ئۇنۋانى بىلەن دىنىي ئىلىمنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىگە پۇت قويغان بىر ئادەمنىڭ مىللىي تەركىۋىنى ئېتىقاد قايىنىمىدىن سۈزۈپ چىقالىشى ۋە ئۇنى ئېتىقادىغا زىتلاشمايدىغان بۈيۈك بىر مەۋقەگە قويالىشى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋر مۇھىتىدا كام ئۇچرايدىغان مۆجىزىۋىي ھادىسە. دىنىي ئىلىم ساھەسىدىكى تالاي زاتلارنى تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاخىرقى ھېساپتا مىللىتىنىڭ بالىسى بولماي، دىنىنىڭ ئادىمى بولۇپ چىقىدۇ. ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئەنئەنە بايلىقىنى ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىنىنىڭ خىسلەت زېمىنىدىن ئاپىرىدە بولغان ئۈندۈرمە دەپ بىلىدۇ. ئۇلارچە، ئۆزى ئالدى بىلەن مۇخلىس، ئاندىن قالسا مىللىي گەۋدە ئىچىدىكى ئادەم، مۇخلىس بولۇشقا يارالغان، مۇخلىس بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، يەنە بەزى زاتلارنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇ خىلدىكىلەر دىنىي مەنپەئەت بىلەن مىللىي مەنپەئەتنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىپ، يەنە بىر ياققا مىللەتچىلىك توپىغا ئېغىپ كەتكەن. ئاخىرقى ھېساپتا ئۇلارنىڭ مىللەتچىلىكى ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىپ، ئېتىقادىدىن يىراقلىشىشقا ئېلىپ بارغان. ھەتتا خۇدانىمۇ تونۇمايدىغان ھالغا يەتكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىنى زېمىنىنىڭ ئەركىسى، ئادەملەرنىڭ ئەلاسى، دەپ بىلىپ، باشقا مىللەتلەرنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىگەنلىكى دەل ئۇلارنىڭ دىنىدىن ياتلىشىپ، ئاللاھۇ تەئالادىن يۈز ئۆرىگەنلىكىدۇر. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار ھەممە قەۋم ئاللاھنىڭ ئوخشاش بەندىلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بولاتتى.

ئەمدى خاراباتىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ساۋاق ۋە شەرھى، تەفسىرلىرىدە ئېتىقاد بىلەن مىللىي مەنپەئەتنى ئوت بىلەن سۇ ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويىدىغان دىۋەڭ ئالامەتلەرنى كۆرمەيمىز. بىرىنى يۇقىرى، بىرىنى تۆۋەن ئورۇنغا قويۇپ، قايسىدۇر بىر ياققا كەسكىن ئېغىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەيمىز. ئۇ پەقەت مىللىي مەنپەئەتكە دىنىي ئېتىقادىدىن پايدىلىق تەركىپ ئىزدەيدۇ. مىللىي ئېممونېتېتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق دىنىي كۈچتۈگۈرلۈكنى نامايىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر» ئۇقۇمىنى «مۇسۇلمان» ئاتالغۇسىنىڭ ئالدىغا قويۇشى-دەل ئۇنىڭ ئىسلام چەمبىرىكى ئىچىدە تۇرۇپ، مىللىي مەنپەئەتكە دىنىدىن ئىمكانىيەت ئىزدەش ئىدىيىسىنىڭ روشەن ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ ھەرگىزمۇ ئېغىش

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، تېنىش تېخىمۇ ئەمەس. ئەكسىچە، ئىنساننىڭ يارالمىش ۋە كەچمىش قىسمەتلىرىگە باپ ھالدىكى مەنىۋى ئۇيغۇنلۇقتۇر. ئۇنىڭ ئادەتتىكى سۆزلىرىدىمۇ ئېتىقادىقا ئۇيغۇن ھالدىكى مەنىۋى ئىزدىنىش مەۋقەسى ئۆز ئىزىنى قالدۇرۇپ بارىدۇ.

بىر خىرىستىيان مۇرتىنىڭ رىۋايىتىدىن مەلۇم بولىشىچە، مىلادىيە **1658**-يىلى يازدا، خاراباتى ھەزرەت ئىككىنچى بۇخارا ئاتالغان قەدىمىي ئاستانە قەشقەرگە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. يولدىكى بىر چۆشكۈندە مۇسۇلمان بىر ئەركەكنىڭ، سارايدىن چىقىپ كېتىۋاتقان يوچۇن قالماققا «تەخىيىڭ ئايرىلىپ قالدى» دەپ تەكرار-تەكرار ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەخەي قالماقنىڭ ئەمەس ئىدى. سەۋەپ، قالماقنىڭ مىنىپ ماڭغىنى خېچىر ئىدى. خېچىرنىڭ تەخىيى بار دېگەننى كىم ئاڭلىغان؟ غەزنىۋى تاشقان خاراباتى قولىنى كاناي قىلىپ توۋلاۋاتقان كىشىگە يۈزلىنىپ كېلىپ، شۇنداق سورايدۇ:

- ئۆزلىرى كىم بولىلا تەقسىر؟

- مەن. . . . يولوچى. قەشقەرلىك، تەقسىر . . . ._ خۇددى بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندەك دۇدۇقلاپ جاۋاپ بېرىدۇ مېھمان.

- ئەپتىلىرىدىن قەشقەرلىك ئىكەنلىكلىرىنى بىلدىم. دېمەنكى: ئۆزلىرى زادى كىم بولىلا؟

- پېقىرنى چىم(«كىم» دېگەننى «چىم» دەپ ئاتاش قەشقەرنىڭ تەلەپپۇز ئادىتى) بولىلا دەۋاتاملا؟ . . . - يېنىشلاپ بىر سورىۋېتىپ ئاندىن جاۋاپ بېرىدۇ مېھمان، - ھە، ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ئەلھەمدۇللا مۇسۇلمانمەن تەقسىر، قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ خادىمى.

- ئاغزىڭنى يۇم! - تۇيۇقسىزلا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك توۋلايدۇ خاراباتى.

ئۇنىڭ بىرەرسىنى «سەن»لىشىمۇ مۇشۇ تۇنجى قېتىم ئىدى، - دېمىسەڭمۇ سەن مۇسۇلمان ھەم يەنە ئۇيغۇرسەن. بىلىپ قوي، ئالدى بىلەن ئۇيغۇردۇرسەن. ئەمما، خانلىق مەدرىسىنىڭ ئادىمى مەن دەپ يالغان ئېيتما. قەشقەر خانلىق مەدرىسىدىن سەندەك ئادەم چىقمايدۇ . . . قېنى، مەدرىس ئادىمىدەك پەزىلەت بارمۇ سەندە؟ ساڭا دېسەم مېھمان، مەدرىس ئادىمى ئىستىقلال چىرىغىنى نۇرلاندۇرۇش كويىدا بولىدۇ. ساڭا ئوخشاش، ياتلارنىڭ پايلاقچىسىغا چىقىم بولۇپ يۈرمەيدۇ . . . قالماقلارنىڭ بۇ ئەلگە سالغان پاراكەندىچىلىگى ئازمۇ؟ ئۇلار ھەر قېتىم بۇلاڭ-تالاڭغا كەلگەندە بىر مۇنچە نەرسىلىرى-مىزدىن ئايرىلدۇق. قان-قېرىنداش، ئاكا-ئىنىلىرىمىزنى چاقتۇق. بىر-بىرىمىزنى تۇتۇپ بەردۇق. ئەمدى بىز قالماققا چاقمىغان كىچىككىنە تەخەي قالدىمۇ؟ .... بىز ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان تەخەي چاغلىق نەرسىلەرنىمۇ قالماقلارغا چېقىپ نىمە قىلماقچىمىز . . . ياق، مېھمان، بۇنداق قىلساق بولمايدۇ! مىللەت ئەزاسىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بىر ئېغىز تۈزكۈرانە سۆز، قىلدىن قىيىق كۆپۈرانە ھەرىكەتمۇ ئۇلۇغ خانلىقنىڭ ئۇلىغا زەرەر يەتكۈزىدۇ. گېپى كەلسە، ئىمان ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن دېيىلگەن بىر سۆزمۇ قۇدرەتلىك خانلىغىمىزنىڭ خىسلەتلىك چىرىغىنى نۇرلاندۇرىدىغان ماي، كۆچلەندۈ-رىدىغان پىلىك. ۋىجدان بىلەن ئىش قىل، مېھمان. سەن - ئۇيغۇر، سەن-مۇسۇلماندۇرسەن!. . .

(«خاراباتى» **106**-، **107**-، **108**-بەتلەر)

«مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا، ھاياجاندىن «ئاپىرىن» دەۋەتتىم،» دەيدۇ خىرىستىئان ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ــــ

چۈنكى بىزدە مۇشۇنداق دېيەلەيدىغان ئادەم چىقمايۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۆزىمىزگە تەئەللۇق مەنىۋى تۇپراقنى خىرىستىئان ئەھكاملىرى بىلەن تويۇندۇرۇپ، ئاخىرىدا ئىككى خاسلىق زېمىننى ئاجرالماس بىر يارالمىش قىلىپ چۆشەندۇق. نەتىجىدە، خىرىستىئان ئۈچۈن ئورۇنسىز بەدەللەرنى تۆلىدۇق. نەدە خىرىستىئان بولسا، شۇ يەردە بىز بار، دەپ قاراپ، بىزگە مۇناسىۋەتسىز زىددىيەتلەر ئۈچۈن تالاي قۇربانلارنى بەردۇق. يەنە قۇربان بېرىۋاتىمىز. ئەڭ يامان بولغىنى شۇكى، بىز-خىرىستىئان، خىرىستىئان-بىز دېگەن بىر گەۋدىچىلىك قاراشنىڭ يېتەكچىلىگىدە، بىر گەۋدە بولۇشقا تېگىشلىك دۇنيانى پارچىلاپ، دىنىي مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىغا سۆرەپ كىردۇق. ئەمما، ئۇزاق ئەسىرلەر

بۇرۇن، تولىمۇ يىراق ئەلدە ياشىغان خاراباتى دەل مۇشۇ مەسلىنى ئىنتايىن توغرا ھەل قىلىپ، مىللىي خاسلىق بىلەن دىنىي ئۆزلۈكنى دۇشمەنلەشتۈرۈۋەتمىگەن ھەم بىر ـ بىرىگە يەم قىلىۋەتمىگەن. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا مۆجىزانە مۇرەسسە ئىدى.

يۇقىرىدا كۆرگەن قۇرلار، ئۇنىڭ تەييارلىقسىز ھالەتتىكى مەۋقە ئىپادىلىشى. ئەگەر ئۇ، ساۋاق ياكى تەرغىبات قىيامىدا تۇرغان بولسا، «ئۇيغۇر، ئاندىن مۇسۇلمان» قارىشىنى تېخىمۇ ئېنىق شەرھىيلىگەن ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ مۇرەسسە ھالىتىنى چىرايلىق مەجازلار بىلەن يەنىمۇ ئىشەنەرلىك لەۋزدە بايان قىلغان بولاتتى.

مەن بىر خىرىستىئان مۇرتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىسلام ئۆلىماسى سانالغان خاراباتى ھەزرەتنىڭ روھ ۋە مەۋقەسىنى قورشاپ تۇرغان بىرلەمچى ئالامەتلەرنى ھەم ئۇنىڭ ئەبەدىيلىك يادرولۇق يۈزلىنىشىنى تولۇق چۈشەندىم دەپ ئېيتالمايمەن. بىراق، ئۇنىڭ مەنپەئەت بىلەن ئېتىقادنى قانائەتلىنەرلىك مۇرەسسە نوقتىسىغا ئېلىپ كېلىپ، مىللىي مەنپەئەتنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى ئىپادىسى ئۈچۈنمۇ زور مەسئۇلىيەت پوزىتسىيىسىدە بولۇشى ۋە ئامالسىزلىقتىن ئەجىر قىلالمىسىمۇ، ۋاز كەچمەسلىك روھى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاداققى تىنىقلىرىغىچە پارلاپ تۇرىدۇ. مەن مۇشۇ ئىشەنچلىك ئالامەتلەردىن ئۇنىڭ دىئالوگ، تەلقىنلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ھەتتا ئۇنى ئۆزى بىلەن دەۋرداش بولمىغان مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى جامالىددىن ئافغانى(مىلادىيە 1839 ـ 1993. 3. 9، ئىسلام، ئەرەپ پەيلاسوپى، كابۇلدا تۇغۇلۇپ، ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان) بىلەن خىيالەن مۇنازىرىگىمۇ سېلىپ كۆردۈم.

ـ خاراباتى ھەزرەت ـ دېدى جامالىددىن ئافغانى مېھمانلار داستىخانىغا تولۇق ئۆزلىشىپ، بىر ـ بىرىدىن تارتىنماس بىر ھالغا كەلگەندە، ئۆزى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدىغان پەيلاسوپقا ئىلتىجالىق تەلمۈرۈپ:

ـ ئۆزلىرىدىن بىر ئىش خۇسۇسىدا سورىماقنى نىيەت قىلىپ يۈرەتتىم. ئىجازەتمىدۇ؟

ـ خوش سوراۋەرسىلەر، ئىنىم، ـ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدى خاراباتى ھەزرەت.

ـ كەمىنە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ كۆپ يەرلىرىنى كەزدىم. ئەھۋال ئومۇمەن ئوخشاش. خۇلاسەم شۇكى، شەرقتىكى دۆلەتلەر (مۇسۇلمان ئەللىرى) ھەققىي ئورنىدىن تۇرماقچى بولسا جەزمەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشلىرى كېرەككەن. ئۆزلىرىچە، ئىسلاھاتنى ھۆكۈمەتتىن باشلاش كېرەكمىدۇ ياكى خەلقتىن باشلاش كېرەكمىدۇ؟

ـ خەلقتىن، ئادەتتىكى پۇقرادىن باشلىماق زۆرۈر. سەۋەب شۇكى، ئىسلام روھى ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە ئەمەس، ھەر ـ بىر شەخسنىڭ مەنىۋى ئالەمگە ئۆزلەشكەن. ئۇ يەنە ئاۋامنىڭ ئېتىقادىغا ئايلانغان ھەرىكەت ئىپادىلىرى ئارقىلىق مۇكەممەللىككە يېتىپ، يەكۈن تاپىدۇ.

ـ بارىكاللا، ئۇستاز. مەنمۇ ئۆزۈڭدىن شۇنداق ئويلاپ يۈرەتتىم. مانا بۈگۈن تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزدۇم. جاناپلىرى ئېيتقاندەك، ئىسلام دۇنياسى ئىسلاھاتنى خەلقتىن، شەخسىيدىن باشلىمىغى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي ئىپتىخار تۇيغۇسى ۋە مىللىي غورۇر بولۇشى زۆرۈردۇر. ھەم يەنە ئىسلاھات تەلۋى كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىكى تەلەپ بولۇپ قالماسلىغى، چىن دىلىدىن چىققان بولىشى كېرەك . . . يەنە بىر شەرت شۇكى، زۇلمەت ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلق ئۆزى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقنى بىلىشى لازىم. شۇندىلا ئۇنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش ۋە قانداق قوغداشنى بىلەلەيدۇ.(«بۈگۈنكى زامان ئىسلام ـ ئەرەپ پەلسەپىسى» 97 ـ بەت)

ـ بەك توغرا ئېيتتىلا ئىنىم، پىقىرمۇ شۇ قاراشتا. مەسچىت، مەدرىسلەر ۋە ئاۋام ئارىسىدا كۆپرەك تەرغىبات قىلىشىمنىڭ ۋەجھىمۇ ھەم شۇ.

ـ ئىسلاھاتنىڭ كۈچى بىلەن تۈرلۈك ئىلىملەر تەرەققى قىلسا، پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسى بىر بايراق ئاستىغا(توغرىسى، تۈركىيە بايرىغى ئاستىغا) ئۇيۇشۇپ، بىر خەلق بولۇپ ياشىسا . . . .

ـ بۇنىسى مۇمكىن ئەمەس، ئافغانى ئىنىم.

ـ ۋەجھى نېمە، ئۇستاز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



- ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئوخشىمىغى ئاللانىڭ ئىرادىسى. ئۇنىڭ ئايرىم قەۋم بولۇپ يارىتىلغانلىقىلا بۇنىڭ ئىسپاتى. مۇسۇلمان خەلقلەر بىر خىل ئېتىقاد چەمبىرىگى ئىچىدە ئۇيۇشۇپ، كۈچەيسە بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئۇيۇشۇش مىللىي خاسلىقنىڭ يەم بولۇشىغا ئېلىپ بارسا بولمايدۇ. يەر يۈزىدىكى ھەر-بىر مۇسۇلمان قەۋم ئاللا ياراتقان بىر گۈل. ئۇنى پەرۋىش قىلماق كېرەككى، ئۆلتۈرۈپ قويۇش جايىز ئەمەس.

- ئەدەپسىزلىك بىلىنمىگەي، مەن پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسى، خۇسۇسەن، مۇسۇلمان خەلقلەر بىر گەۋدە بولۇپ ياشىسا دېگەن ئۈمىددەمەن ھەم مۇشۇ مەۋقەنى قۇۋۋەتلەيمەن. تارتۇۋاتقان رىيازەتلىرىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن.

- مەن بۇ قاراشلىرىغا قوشۇلالمايمەن، ئىنىم. پاكىت كۆرسەتتىكى، ئاللا ئايرىم چىراي ۋە خۇلق بىلەن ياراتقان قەۋملەرنى غەيرى يول بىلەن بىر گەۋدە قىلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. زورلاپ قوشۇۋالغان ۋە ھەتتا خالاپ قوشۇلغان ھالەتتىمۇ مىللىي خاسلىق ھامان ئۆزىنى ئاشكارە قىلىدۇ. ئۇيغۇر دېگەن ئۇيغۇر. ئەرەپ دېگەن ئۇ ھامان ئەرەپ. ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغىنى ئۈچۈن، ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ قەۋمى بولغان ئەرەپلەرگە پۈتۈن بىر مىللەت بويىچە يېيىلىپ كەتمەيدۇ. ئەرەپلەرمۇ پەيغەمبەر قەۋمىدىن بولغانلىقى ئۈچۈنلا، دىنىي قېرىنداش بولغان ئۇيغۇرلارغا ئىنايەت قىلىپ، بىزنىڭ مىللىي تەركىۋىمىزگە سىڭىپ كەتمەيدۇ ھەم سىڭىپ كەتمەسلىگى كېرەك. خۇددى جاناپلىرى كابۇلدا دۇنياغا كۆز ئاچقان ئەرەپ تۇرۇغلۇق مۇسۇلمان ئافغانلارغا سىڭىپ كەتمىگەنلىكلىرىگە ئوخشاش(گەرچە ئافغانى دېگەن تەخەللۇسنى خالاپ ئىشلەتكەن بولسىلىرىمۇ)

- ئۇنداقتا، مۇسۇلمان قەۋملار ئارىسىدىكى بىرلىك زادىلا ئىشقا ئاشماسمۇ سىلىچە؟

- ئىشقا ئېشىشلىرى مۇمكىن. ئەمما، ھەر-بىر مىللەت ئۆز خاسلىغىنى ساقلىغان ھالدىكى سۇس مەنىۋى(ئېتىقاد) بىرلىك بولىدىكى، ھەرگىزمۇ ئەسلىنى يوقىتىش شەكلىدىكى كۈچلۈك سىياسىي بىرلىك بولالمايدۇ. مۇسۇلمان ئوسمان ئىمپىرىيەسىنىڭ ئىچكىي مەسىلىلىرى بۇ نوقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭسىز مۇشۇنداق يەكۈن چىقىرىش ئارتۇقچە ئەمەسكى، مىللىي خاسلىغىنى يوقىتىشنى بەدەل قىلغان ھەر قانداق شەكىلدىكى بىرلىك ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مەڭگۈ ئىشقا ئاشمايدۇ. زورلاپ ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىرىنىڭ قىسقا ئۆمرىگە بولسا تارىخ ئەينى باھا بەرگۈسىدۇر . ئويۇمغا كەلگەن شۇ نەرسىنىمۇ دەپ قويۇشۇم زۆرۈركى، تېنچ شارائىتتىكى دىنىي مەنپەئەتنىڭ مۇسۇلمان مىللەتلىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئالىي مەنپەئەت سانىلىدىغانلىقى سۆزسىز. ئەمما، مىللىي مەنپەئەت بىلەن دىنىي مەنپەئەت توقۇنۇشقاندا، كۆپىنچە مۇسۇلمانىنىڭ مىللىي مەنپەئەت تەرەپكە ئاغىدىغانلىغىدىمۇ گەپ يوق. ئەۋلاتلىرىمىز شۇنداق كۈنلەرنى كۆرىدۇكى، ھامان بىر كۈنى قايسى بىر مۇسۇلمان مىللەت مىللىي مەنپەئەتنى قوغداش يولىدا، مىللىي مەنپەئەتنىڭ دىنىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىغىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. ھەتتا شۇنداق كۈنلەرمۇ كېلىدۇكى، مەلۇم مۇسۇلمان قەۋمى مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنى يات دىندىكىلەرنىڭ دارى ئاستىغا سۆرەپ ئەكىلىپ بېرىدىغان ئەھۋالمۇ يۈز بېرىدۇ. مانا بۇ، مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن كۆرەش. خاسلىق كۈرىشى. خۇلاسىسە سۆز شۇكى، مىللىي خاسلىقنى يوق قىلىش ھېساۋىدىكى ھەر قانداق بىرلىككە ئۇرۇنۇش نەتىجىسىز ئاخىرلاشقۇسىدۇر. توغرا يول شۇكى، **مىللىي خاسلىقنى قوغداش ئاساسىدىكى ئىسلام بىرلىگىنى تەكىتلەش.** شۇندىلا خاسلىقمۇ يوقالمايدۇ، ئورتاق دىنىي ئەھكاملارمۇ پارچىلانمايدۇ. ئەكسىچە، چىن مەنىسىدىكى ئېتىقاد بىرلىگى تەبىئى ھالدىلا ئىشقا ئاشىدۇ.

مانا بۇلار، ئۇلارنىڭ مېنىڭ نەزەرىمدىكى مۇلاقتى. ئۆز مەۋقەلىرى ۋە كىملىگىنى ئاشكارىلاش يولىدىكى مۇنازىرىسى. قويىۋەتسەك، ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسى مەڭگۈ تۈگىمەسلىگى مۇمكىن. لېكىن ئايغى چىقمىغان مۇشۇ خىيالەن مۇنازىرىلەردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، خاراباتى ھەزرەت ئىسلام چەمبىرىگى ئىچىدىكى مىللىي خاسلىقنى كۈچەپ تەكىتلەش ئارقىلىق «مەن ئۇيغۇر، ھەم يەنە مۇسۇلمان» دېگەن قارىشىنى ئىسپاتلاشقا ھەرىكەت قىلغان. شۇ ئاساستا، مىللىي خاسلىق مېھرى بىلەن دىنىي ئېتىقاد مېھرىنى

ئاجرالماس قېرىنداشقا ئايلاندۇرۇپ، بۇلار ئارىسدا ئۆزئۆندىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نوپۇز كۆرىشى ياكى تەڭسىز مۇرەسسەنى ئىداركىي نوقتىدىن كېلىشتۈرۈشكە ئۆرۈنغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ ئۆرۈنۈشنىڭ سوبيېكتىپ نەتىجىسى يەنىلا مىللىي خاسلىق ئاساسىدىكى ئېتىقاد بىرلىگىدىن ئىبارەت بولغان. بۇ تەرىپى خاراباتىنىڭ مەۋقە، مېھنەت ۋە مەنىۋىيەت كىملىگىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك بولسا كېرەك.

ئەمدى، ئاسىيلىق(خائىنلىق)قا نىسپەتەن خاراباتى مۇنداق دەيدۇ:

ئاسىيلىق دېمەك ـ ھەق ـ ئادالەت ۋە ئومۇمىيەت يولىدىن چەتنەش دېمەكتۇر. شۇ زامانغا تەققاسلىغاندا، مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ۋە توغرا ئەخلاقى، دىنىي مىزانلىرى ھەققانىيەتتۇر. شۇل يولدىن چەتنەش ـ ئاسىيلىق ئېرۇر. ئاسىيلىقنىڭ دائىرىسى زەرا كەڭ بولۇر. چوڭ دائىرىدىن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى سېتىش ئاسىيلىقتۇر. كىچىگرەك دائىرىدىن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي مىزانلىرىنى بۇرمىلاش، روھىنى زەھەرلەرش، ئۇلارنى پاسىق ـ مۇناپىقلىق يولغا باشلاش؛ ئىچىملىك، چېكىملىك، قىمار كەبىي ناشايان ئىشلارغا ئۆگىتىش ئاسىيلىقتۇر. مىللەتنىڭ بېشىغا كۆن چۈشكەندە، خەلق قولىدىكى بىر بۇردا ناننىمۇ تارتىۋېلىش، ئۇلارنى كەمسىتىش دۈشمەننى كۆچلۈك كۆرستىپ، خەلقنى ئاجىز كۆرۈش، دۈشمەننى زىيادە تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ روھىنى سۇندۇرۇش، ئۈمىتسىزلىكنى تەرغىپ قىلىپ، جاسارەتنى پايمال قىلىشمۇ ئاسىيلىقتۇر».(«خاراباتى» 146 ـ ، 147 ـ بەتلەر)

خاراباتى ھەزرەت ئاسىيلىق(خائىنلىق) نىڭ تەبىرىگە ئۇلاپلا «قەھرىمانلىق» ئۇقۇمىغىمۇ شەرھى بېرىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «. . . يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە (ئاسىيلىققا تەبىر بەرگەننىڭ ئەكسىچە)، ياراق ئېلىپ غازاتقا چىققاندىن باشقا يەنە مىللىي قەھرىمانلارنى مەدھىيلىگەنمۇ قەھرىمان. قەھرىمان ئۈچۈن مەدەت بەرگەن، ياش تۆككەن، بىر پىيالە سۇ، بىر بۇردا نان بەرگەنمۇ قەھرىمان. قەھرىمانغا تەھسىن ئوقىغان، ئۇشۇل تەھسىن ئارقىلىق خەلققە روھى كۈچ ئاتا قىلغان، ئۈمىد بەخش ئەتكەن، ساۋاق ۋە تەربىيەت بەرگەنمۇ قەھرىمان. ئېغىر كۈنلەردە، خەلققە ئىشەنچ بېغىشلاپ، ئىستىقبال ۋە ئىستىقلال ئۈمىدىنى ئاشۇرغانمۇ ھەم قەھرىمان»(«خاراباتى» 147 ـ بەت)

مىللىي خاسلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئېتىقاد ئۇيۇشۇشچانلىقىغا يېتىشنى تەشەببۇس قىلغان خاراباتى ھەزرەتنىڭ، قەھرىمانلىق ۋە ئاسىيلىق(خائىنلىق)قا يۇقىرىقىدەك تەبىر بېرىش ھېچ ئەجەپلە-ـنەرلىك ئەمەس.

ئاۋام نەزەرىدىكى غايىۋى قەھرىمانلىق پەللىسىنى رېئاللىنى بىر نوقتىغا ـ خەلقنىڭ دائىملىق پائالىيەت سىزىغىغا قەدەر كېڭەيتىش ـ ھەزرىتى خاراباتىنىڭ مەنىۋى ئىزدىنىش مۇساپىسىدە مەۋقەسىگە ماس ھالدا قازانغان يەنە بىر ئۇتۇغى. مېھنەت قەدەملىرىنىڭ مۇھىم سەمەرىسى. غەرپ پەيلاسوپلىرىدىن بۇنداق جۇلا ۋە جۇرئەتنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

خاراباتىنىڭ ئۇيغۇرچە زۇۋان بىلەن ئېيتقان قەھرىمانلىق ۋە ئاسىيلىق ھەققىدىكى تەبىرىنى قايتا شەرھىيلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. لېكىن، «خاراباتى دەۋرى»نىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئىدراكى تەدبىقنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋىلىق تونى كىيگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ۋە تۈرلۈك زامانىۋى كەشپىياتلاردىن بەھىر ئېلىپ ئۈلگۈرگەن(گەرچە بۇنداقلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ) ئۇيغۇرلار ئېڭىغا قايسى دەرىجىدە ئۇيغۇنلىغىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئارتۇقچە ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

ئەستايىدىل كۆزەتسەك، خاراباتى تەبىرىدىكى قەھرىمانلىق ۋە ئاسىيلىق ئۇقۇمىنىڭ مەنا پاسلى ئۇيغۇرلار جامائىتىنىڭ كۈندىلىك مېھنەتلىرىگە شۇنچە يېقىن ئارىلىقتا بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتلىرى بارلىغىنى بايقايمىز. ئۇ بولسىمۇ، «مىللەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە» ۋە «پايدىلىق مېھنەت». مۇشۇ ئىككى ئۇقۇمنى مەنتىقى يۇسۇندا يۇغۇرساقلا، خاراباتىنىڭ پىكىر مەۋقەسى ئايدىڭلىشىدۇ ھەم ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ مېھنەت مىزانى ئۈچۈنمۇ بىر ئادىل مەنىۋى تارازا شەكىلـ-ـلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئەگەر، خاراباتى ھەزرەتىنىڭ ئۇيغۇر خاسلىغى سىڭگەن «مىللەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە» دېگەن گېپى «مىللەت كىرىزىسىغا پاتقاندا» دېگەن ئۇقۇمغا تەڭداش - مەنداش بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلار ھازىر ئېغىر كىرىزىستا. بۇ كىرىزىس، خاراباتى تىلى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار بېشىغا چۈشكەن بۇ كۈن ئالدى بىلەن مەنىۋى ياقتىن كۆزگە چېلىقىدۇ.

بۇ جەھەتتە ئالدى بىلەن كۆزىمىزگە خىرىس بولۇپ كۆرۈنىدىغىنى ۋە باشقا مىللەتلەرگە بىلىنگەن كەبى ئورتاق خىرىس - دۇنياۋى ئېقىمغا ئايلانغان غەرپ مەدەنىيىتى. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ غول ئېقىنىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇر مەنىۋىيەت غەزىنە لەشكەرلىرىمۇ بۇ مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىماقتا. دۇنياۋى ھادىسىگە ئايلانغان بۇ مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن جۇملىدىن باشقا ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھەتتا، غەيرىي رەسمىي دۇنيا تىلى ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن ئېنگلىز تىلىمۇ ئۆزى شەكىللەندۈرگەن «ئېنگلىز تىلى مەدەنىيىتى» قورغىنىنى سىرتقى مەدەنىيەت زەرەتلىرىدىن قوغداپ بولالماي ئاۋارە. دېمەك، بۇ، مەدەنىيەت ھەممىلا ساھەسىگە چېتىلىدىغان، ھەممىنى قۇرۇق قويمايدىغان قۇدرەتلىك ماگنىت، رەھىمسىز مەنىۋى ئوپقان.

ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئەزەلىيلىك ۋە ئەبەدىيلىك مۇھىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا تارىختىن بۇيان پاك ئۆسۈش تۇپرىغى بولۇپ كەلگەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەكتا بۆشۈك بولىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەمدىلىكتە ئۆز چېگرىسىنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىمۇ سىرتقى مەدەنىيەت زىل - زىلىسىدىن تەۋرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇپتۇ. بۇنى ئاز دەپ، ئەتراپ ئەللىرى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ھىندى، خەنزۇ كەبى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ كۈچلۈك خاسلىققا ئىگە مىللىي مەدەنىيىتى؛ رۇسلارنىڭ كۆرۈنىشى شەرقچە، يىلتىزى غەربچە بولغان خىرىستىئان دىنى(تارراق دائىرىدىن ئېيتقاندا، پىراۋسلاۋىيان دىنى) ئاساسىدىكى ماسلىششچان مەدەنىيىتى ۋە دىنى ئىسلام بولسىمۇ، ئەنئەنىسى ھەم ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۆزگىچە تۈسكە ئىگە ئوردۇ - ئافغان مەدەنىيىتى.. .قاتارلىق خاسلىق كۈچىگە ئىگە رايون خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئېقىنلىرىمۇ ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ يېتىلىش ۋە مەۋجۇدلۇق مۇھىتىغا خىرىس ئېلىپ كەلمەكتە. قىنىنى تارايتماقتا......

ئەڭ يامىنى شۇكى، دۇنياۋى ۋە رايون خاراكتېرىنى ئالغان مەدەنىيەت ئېقىنىنىڭ زەربىسىدىن ساقلىنىپ بولالمايۋاتقان قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆز غەمگۇزارلىرىنىڭ ئېغىش خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئىنتىلىش خاھىشى دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭكىدىن كۈچلۈك. شۇڭا دۇنيادىكى پايدىلىق ۋە پايدىسىز بارچە مەدەنىيەت ئۇيغۇر گەۋدىسىدە ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئۈلگۈرگەن. دۇنياۋى تىللارنى ئۆگىنىش قىزغىنلىغى ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەڭ زور دولقۇن. كومپيۇتېر سېتىۋېلىش، چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش....دەك قىزىق نوقتىلارمۇ كىشىنى ئالاھىدە جەلىپ قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئەجابىي يۈزلىنىش. لېكىن، سورۇن - سورۇنلاردا ئەڭ كۈچلۈك ھاراقلارنى ئۆزلىرى بەس - بەستە تالىشىپ ئىچىشىپ يەنە «بىزگە قالغىنى مۇشۇ ھاراقلا ئىكەن» دېگەن گەپلەرنى ئۇيغۇر ياشلىرىدىن باشقا يەنە قايسى بىر مىللەت ياشلىرى دەپ بېقىپتۇ؟ ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، دۇنياۋى ئىللەت بولغان زەھەر چېكىش ۋە ئەيدىز كېسىلىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يامراپ، ئادەمنى چۆچۈتكىدەك سانغا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، كۆرگەنلا يېڭىلىقلارغا قارىغۇلارچە مەستانە بولىدىغان ئادەتتىكى كىشلەردىن سىرت، ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ھەممە ئىشنى بىلىپ قىلىدىغانلارمۇ ئۆز مېھنەتلىرىگە بىلىپ - بىلمەي «يۇز ئۆرۈش» تامغىسىنى بېسىۋاتىدۇ. ئالايلى، داڭلىق ناخشىچىلار بىزنىڭ بۇ يەردىكى مودا ئاھاڭلارنى ياكى ئەتراپىدىكى ھىندى، ئوردۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كىنو ناخشىلىرىنى ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇپلا ساددا خەلقنى ئالداۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ «12مۇقام»ۋە ئېسىل خەلق ئاھاڭلىرىنى ئېيتىشنى ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى كونىغا يېپىشقانلىق، ئەرزىمەيدىغان ئىش دەپ ئۆسەك تارقىتىۋاتىدۇ. زىيالىيلارنىڭ بىر قىسىملىرى بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا مېھنەت قىلىپ نان تېپىپ يەۋاتقان تۇرۇقلۇق، پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇغلى

قويماي، تۈركۈم-تۈركۈملەپ باشقا تىللاردىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بېرىۋاتىدۇ. لېكىن ھېچبىرى مېنىڭ ھەممە ئوقۇرمەنلىرىم بىردىنلا باشقا تىلدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغان بولۇپ قالسا، مەن كىمگە ئاتاپ ئەسەر يازىمەن؟ نانىنى نەدىن تېپىپ يەيمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلىمايۋاتىدۇ. ئالىم، يازغۇچىلار ئارىسىدىن ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى كەمسىتىدىغانلار چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار «باشقا مىللەت تىلىدا يازالىغان بولسام، ئەسىرىم دۇنياغا يۈزلىنەتتى، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەتتىم» دەپ زارلىنىدىغان بولۇۋېلىشتى. ھەتتا ئايرىم ساندىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل ۋە مەدەنىيىتى ھازىر ئۆز رولىنى يوقاتتى، دەۋاتقانلىقىنى، ناھايىتى ئاز بىر قىسىملارنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ يارالغىنى ئۈچۈن نومۇس قىلىپ دىگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. بىر قىسىم ياشلار ئۇيغۇر تىلدا سۆزلىمەيدۇ. بۇمۇ ئانا تىلنىڭ قىممىتىنى ئىنكار قىلغانلىق بولماي نېمە؟ زىيالىيلار مۇشۇنداق قىلسا، ئاۋامدىن يەنە نېمىلەرنى كۈتۈش مۇمكىن؟ ئۇيغۇر تىل ۋە مەدەنىيىتى ئۇنىڭ ئېگىسى بولغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوغدالمىسا، ئۇنى باشقىلار قوغداپ بېرەمدۇ؟

قىسقىسى، يۇقۇرىقىدەك دۇنياۋى، ئەتراپ ۋە ئىچكى مەدەنىيەت ئامىللىرى ھەم ئۇنىڭغا توتقان تۈرلۈك پوزىتسىيە، مۇرەككەپ ئىمكانىيەت ۋەجھىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت غەمگۇزارلىرى تۆلەيدىغان بەدەل بەك كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك خىرىسقا دۇچ كەلدى، يەنى ئۇ كىرىزىس ھالىتىدە.

ئەمدىكى گەپ، مېھنەتنىڭ قايسى مەۋقەدە بولىشىدا قالدى. بۈگۈنكى كۈندە ھەر بىر ئۇيغۇر مېھنىتىنىڭ ئورتاق مىللىي مەنپەئەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىگى، ۋىجدانى مەسئۇلىيەتكە باپ ياكى مۇخالىپ ئىكەنلىگى ، ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلار بېشىغا چۈشكەن كۈن» گە ئازراق بولسىمۇ سايىۋەن بولالىغان ياكى بولالمىغانلىغى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. چۈشىنىش كېرەككى، خاراباتى شەرھىيسىدىكى قەھرىمانلىق ئۇقۇمىمۇ دەل مۇشۇ «پايدىلىق مېھنەت» پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆز خاراكتېرىگە ئۇيغۇنلىشىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا ئەمدى ئۇيغۇردا قەھرىمان كىملەر؟

بۇنىڭغا جاۋاپ بېرىش ئاسان بولمىسىمۇ، لېكىن بىر جۈملە گەپ: مۇشت كۆتۈرگەن قەھرىمان ئەمەس. خاراباتى ھەزرەتنىڭ ئىدراكىي يەكۈنىنى مىزان قىلغان ئەمەلىيەتچىل قەھرىمانلىق قارا كۈچنى ئەمەس، ئەقلىيلىقنى ئۇمۇرتقا قىلغان، ئەلۋەتتە. مۇشۇ جەھەتتىن، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ھەققىدىكى تەبىرنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مېھنەت مىزانى دېيىش مۇمكىن. ھازىر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق!

ئۇيغۇر جامائىتىگە شۇ نەرسە سىر ئەمەسكى، دۇنياۋىلىشىش دولقۇنى ھىمايىسىدە مىڭ-ئون مىڭلىغان مەدەنىيەت لەشكەرلىرى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت زېمىنىغا سەپ تارتىپ كىرىۋاتىدۇ. ئىنتېرنېتتىن باسقۇن قىلىۋاتىدۇ؛ رادىئو دولقۇنلىرى ئارقىلىق تارقىلىۋاتىدۇ؛ كىنو-تېلېۋىزىيە ۋە تىياتىر ۋاستىسىدە كىرىۋاتىدۇ؛ يۇقىرى تېخنىكىلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە تۈرلۈك زامانىۋى ئەسلىھەلەر ياردىمىدە ئومۇملىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئومۇملىشىشى بەزىدە ھايا بولۇپ، بەزىدە نومۇسسىزلىق بولۇپ ئاپىرىدە بولىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن راخمانمۇ ۋە شەيتانمۇ يارىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ تەسىرىدە، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋىجدانى كۈچ ۋە جاسارەت ئەيدىز ۋە زەھەرگە پايمال بولۇپ، مىللىي ئىستىقبالنىڭ ئېگىلىرى ئۆز ئەجدادلىرىنى دەردكە مۇپتىلا قىلىۋاتىدۇ.قىزلاردىكى كام تېپىلىدىغان گۈزەللىك، شەرمى-ھايا ۋە پەزىل-لەتاپەت نەفس ئويپىقانلىقىقا يەم بولۇپ، ئۇلاردىن ئەجدادى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز نومۇس ۋە مىللىي خورلۇق تۇغۇلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنىڭ غولىغا پىچاق ئۇرۇلىۋاتىدۇ. خاسلىققا تويۇنغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ رەئىس ئەزالىرىغا كۆيدۈرگە چىقىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتىدۇ. قەدىمي ۋە يېقىملىق، ئىپادىلەش كۈچى زور بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ پائالىيەت مۇھىتى تارىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مىللىي مائارىپ، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئەنئەنە، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە ھەتتا مىللىي پىسخىكا.....ئۆز خاسلىغى ۋە جەلپكارلىغىدىن قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاۋام روھىنى، يۇرت-يۇرتلارنى ئۈمىدسىزلىك شەيتىنى دەيدەيگە سېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن يەنىمۇ كۈچلۈك قويۇن ئۆرلەپ، مىللىي ئىستىقبال مەنزىلىنىڭ يۈزىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتىدۇ. تىل، مەدەنىيەت، ئەنئەنە، پىسخىكا...قاتارلىق ئۇيغۇر مەۋجۇتلىغىنىڭ ئۇمۇرتقىسىنى تەشكىل قىلىدىغان سۆيۈملۈك تەركىپلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاسسىملىياتسىيە بولۇش، ھېچ بولمىسا شالغۇتلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ.....ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بىر تەركىۋىي قاتلىمى بولغان بۇ مىللىي بايلىقنىڭ، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگىچە بىر خىل تەپەككۇر مېۋىسىنىڭ ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كېتىش ئاقىۋىتىنى ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا ئەھلى ھەم قوبۇل قىلالمايدۇ. لېكىن شۇنداق بولىشىغا قارىماي، كۆز ئالدىمىزدىكى مەدەنىيەت رېئاللىغى بەك رەھىمسىز ئىستىلاچىلىق رولىنى ئېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھەيۋىسى شۇ قەدەر زور بولىۋاتىدۇكى، ھەتتا ئۆزىنى يۇقىرى قاتلام زىيالىيسى سانايدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ خىل رېئاللىق ئالدىدا «ئاسسىملىياتسىيە» دېگەن ئۇقۇمنى تەبىي مۇقەررەرلىك شەكلىدە قوبۇل قىلىشقا پىسخىكا جەھەتتىن تەييارلىنىۋاتىدۇ. بۇ بەك خەتەرلىك يۈزلىنىش. دىققەت، ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم، بۇ بەك خەتەرلىك باشلىنىش!

ھەممىلا ياقنى ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك قاپلىغان، ئاجىزلىق ۋە روھىي زەئىپلىك مىللىي ئېتراپ دەرىجىسىگە ئۆرلەۋاتقان مۇشۇ ئاچچىق رېئاللىقتىن مۇشت، تېپىك كەبى قارا كۈچكە تايىنىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئەمەس، مىلتىق، ھەتتا يادرو قورالىغا تايىنىپمۇ بۇ خىل خىرىستىن قۇتۇلۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەھۋال مۇشۇ دەرىجىدە ئېغىر. شۇڭا دېيىش كېرەككى، بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر كۈن (خىرىس)كەلدى. ئەمدى بۇنىڭدىن كىملەرگىدۇ دادلاپمۇ ۋە ھەتتا 840 ـ يىللاردىكىدەك مىللەت بويىچە ياشاش ماكانىنى تاشلاپ، باشقا يەردىكى قېرىنداشلىرى ئارىسىغا قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. (مىلادى 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلار غەرپتىكى قېرىنداشلىرى زېمىنىغا سۈرۈلۈپ ئۆز مەسىلىسىنى ھەل قىلغان ئىدى، ئەمما ئەمدىكى تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر ھۇجۇمىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. يوشۇرمايلا دەپ قويايكى، شۇ يىللاردىكىدەك ئۇيغۇرنى قوينىغا ئالىدىغان قېرىنداش بوشلۇقمۇ ئەمدى يوق. بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ھالەتتىمۇ، ھازىرقى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى ئالدىدا نەگىلا قېچىش بەرىبىر.) شۇڭا، جىسمانىي مەردانىلىقنى تايىنىش كۈچى قىلغان ئىلگىرىكى مىكىرسىز قەھرىمانلىق بۈگۈنكى مەدەنىي نامەردلىك ۋە ئىدراكى رەھىمسىزلىك ئالدىدا ئۆز قىممىتىنى نامايەن قىلىشقا ئامالسىز. مۇنداقچە ئېيتساق، ئەمدى ئۇلار قەھرىمان ئەمەس. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ۋەتەندە پۈت دەسسەپ تۇرۇپ مىللەت مەنپەئەتى ئۈچۈن باش قاتۇرغانلارنى قەھرىمان دېسەك بولامدىكەن؟ ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىنى مەھكەم ساقلاپ، ئۇنۇملۈك ئەجىرلىرى ئارقىلىق تۆھپە يارىتىۋاتقانلار قەھرىمان ئەمەسمىكەن؟ ئۇستى ـ ئۇستىلەپ قويۇلۇۋاتقان ھاشار ـ سېلىقلارغىمۇ پىسەنت قىلماي، بىر سىيام يەر ئۈچۈنمۇ جان تىكىپ ئىشلەۋاتقان ۋە ئەۋلادى ئۈچۈن ياشاش ماكانى ساقلاپ بېرىۋاتقان جاپاكەش دېھقانلار قەھرىمان ئەمەسمىكەن؟ ئۆزى ئاچ ـ يالىڭاچ قالسىمۇ، مىللەت بەختى ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنى چىداپ ئوقۇتۇۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار قەھرىمان ئەمەسمىكەن؟

خاراباتى ھەزرەتنىڭ پىكرىي مەۋقەسىدىن كەسكىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ھايات بولغان بولسىمۇ يۇقۇرىقىلارنى جەزمەن قەھرىمان دەپ قارىغان بولاتتى. بۇلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئاۋام مېھنەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان قەھرىمانلىق تەبىرىنىڭ مەنەن روھى بويىچە ئېيتقاندا، بۈگۈنكى خىرىسقا تولغان دەۋردە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىستىقبال ۋە مەۋجۇتلىغى ئۈچۈن پىكىر ۋە مېھنەت قىلىۋاتقانلار قەھرىمان. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەۋجۇتلىغىنىڭ بەلگىسى بولغان ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئەنئەنىسى ۋە ئۇيغۇرغا خاس مەنىۋى دۇنيانى قوغداش يولىدا ئۈن ـ تىنسىز كۆرىشىۋاتقانلار قەھرىمان. ئۇيغۇر مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان، ئۇيغۇر ئۈچۈن ھەق گەپ قىلغان، مىللىي بۇرچىنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويالىغان قەھرىمان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئارقىلىق، دۇنياۋىي مەدەنىيەت قاينىمىدىن يېڭىچە بىر ھالەتتە ئۆزۈپ چىقىش غېمىدە تىرىشىۋاتقانلار قەھرىمان. سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاڭلىق ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خاسلىق قۇدرىتىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ۋە بۇ قۇدرەتنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كويىدا مېھنەت قىلغانمۇ قەھرىمان. خاراباتى تەبىرىگە ئەينەن مۇراجىئەت قىلساق، مىللەت ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت كىرىزىسىگە پاتقان مۇشۇ كۈندە، پەرقلىق مېھنىتى ئارقىلىق ئاۋامنىڭ مىللىي

ئىپتىخارىنى ئاشۇرۇپ، روھىنى ئۇرغۇتقان، ئۇلارغا ئۈمىد، ئىشەنچ بەخش ئەتكەن باتۇر تەۋەك-
-كۇلچىلەر، ئالىم، ئەدىپ ۋە سەنئەتكارلار قەھرىمان. ئەسەر، نوتۇق ۋە تۇرلۇك ئەمگەك پائالىيىتى
ئارقىلىق خەلقىگە ئىمان، ئېتىقاد، مىللىيەت ۋە پەزىلەت....تەربىيىسى بەرگەنمۇ قەھرىمان. دىلى، تىلى
ۋە ھەرىكىتىدىن زەھەر ھەم تۇرلۇك يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ زىيىنىنى شەرھىيلىگەن، ئۇنىڭ يامرىشىنى
توسۇپ، مىللىي زەئىپلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھەرىكەت قىلغانمۇ قەھرىمان. ئەڭ ئاددى خىزمەت
ئورنىدىمۇ مىللىي مەنپەئەتكە پايدىلىق مېھنەت قىلغان، تىلى ئىمكانسىز بولسىمۇ، دىلىدا مىللىي بۇرچ
مەۋقەسنى ياقىلغان قەھرىمان. ئۆزىگە ئەڭ پايدىسىز ھالەتتىمۇ ئۆزىنى «ئۇيغۇر» دېيەلىگەن ۋە ئانا تىلىدا
سۆيۈنۈپ تۇرۇپ بىر جۈملە سۆز قىلالىغانمۇ قەھرىمان. ھەم يەنە قەھرىمان دېيىلگەن يۇقىرىقى كىشلەر
بىلەن بىر سەپتە، بىر مەۋقەدە تۇرالىغان، ئۇلارغا ھەر يەر، ھەر جايدا تەھسىن ئوقۇيالىغان قەھرىمان.
ھەممە ئۆز غېمىدە قالغان مۇشۇ كۈندە، ئۆز خەلقىگە تېرىقچە ئېھسان قىلىپ، مىللىيەت مېھرى ھېس
قىلدۇرغان، يېتىم - يوقسۇللارغا بىر پىيالە سۇ، بىر بۇردا نان چاغلىق نەرسە بېرىپ، ئىمان ۋە
قېرىنداشلىقنى ئېسىگە سالغانمۇ قەھرىمان.....

يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە، چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى سېتىش
ئاسىيلىقتۇر. خاراباتى ھەزرەتنىڭ تەبىرىنى تەدبىق قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ بېشىغا كۈن (خىرىس)
كەلگەن پەيتتە، قىمار، زەھەر، پاھىشلىك ۋە تۇرلۇك يۇقۇملۇق كېسەللەر ۋاستىسى بىلەن مىللىي
زەئىپلىكنى كەلتۇرۇپ چىقىرۋاتقانلار خائىن. دۇنياۋى مەدەنىيەت يۈزلىنىشىگە كۆز يۇمۇپ، مىللىي
تەرەققىياتنى چەكلىگەنلەر-بوغۇپ قويغانلار خائىن. مىللىي مەدەنىيەتنى (تىل، ئەنئەنە، ئۆرپ-
ئادەت....كە ئوخشاش مەدەنىيەتكە تەئەللۇق ھەممە تەرەپنى) ئىنكار قىلىپ، سىرتقى مەدەنىيەتكە
قارىغۇلارچە مەپتۇن بولغانلار خائىن. دۇنياۋى مەدەنىيەت ھادىسىسىنى زىيادە سىرلىقلاشتۇرۇپ، خەلقنى
كەمستكەنمۇ خائىن. ئۆز خەلقى ۋە خەلقىنىڭ ھەممىلا نەرسىسىنى پەس كۆرگەنلەر خائىن. مىللەت
كەسكىن بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرغان بۇگۇنكى پەيتتە، تىلى، دىلى ۋە مېھنىتىدە مىللىي مەنپەئەتكە
پايدىسىز ئالامەتلەرنى سادىر قىلغانلارمۇ خائىن. مىللەتنى ئاجىز كۆرستىپ، سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىنى
زىيادە تەكىتلىگەنمۇ خائىن. مىللىي ئىستىقبال ۋە مەۋجۇدلۇق ھەققىدە ئۈمىدسىزلىك ئۇرۇغى چېچىپ،
خەلقنى قايمۇقتۇرغان، ئاۋام روھىنى چۈشۈرگەنمۇ خائىن......خاراباتى سۆزىنى ئەينەن ئېيتقاندا، خەلق
قولىدىكى بىر بۇردا نان ۋە بىر پىيالە سۇ چاغلىق ھالال مەنپەئەتكە خىيانەت قىلىپ، مىللىي قېرىنداشلىق
رىشتىگە دەز كەتكۈزگەنمۇ ھەم خائىن. بۇلا ئەمەس، (تۇرلۇك زۆرۈرىيەت ۋەجھىدىن، خائىنلىق ئۇقۇمىنىڭ
باشقا مەزمۇن، پاسىللىرى قىسقارتىلدى).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، باشتا ئېيتقىنىمدەك، خاراباتى نەزەرىدىكى قەھرىمانلىق بىلەن ئاسىيلىقنىڭ
مەنە پاسىلى شۇ قەدەر يېقىن. يەنە كېلىپ بۇ، ئاۋامنىڭ كۈندىلىك مېھنەتلىرىگە شۇ قەدەر
ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان. ھەر-بىر ئادەم، مەيلى ئۇ قايسى ساھەدە خىزمەت قىلسۇن، پەقەت خەلقىگە،
خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە پايدىلىق مېھنەت قىلسىلا (ھەتتا پايدىلىق بىر ئېغىز سۆز قىلسىمۇ) ئۇ
قەھرىمان. ئەكسىچە بولسا، ئاسىي. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەنىۋى پاسىل بىرلا سۆز، يەنى مېھنەتنىڭ
مىللىي مەنپەئەتكە پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىگى. خاراباتى چۈشەنچىسىدىكى زاكۇن مانا شۇنداق
ئاددى. شۇڭا ئۇنى بۇگۇنگە تەدبىقلاشمۇ ئاددى. تەدبىقلانغاندىن كېيىنكى مىللىي كىملىكنى ئايرىشمۇ
ئوخشاشلا ئاددى - بىر قارىسا، ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسى قەھرىماندەك، يەنە بىر قارىسا، ھەممە ئۇيغۇر ئاسىي
تەرەپكە ئۆتۈپ قالغاندەك.

ئەمما، ئۇيغۇرلار مەسىلىگە ئۇنداق ئاددى قارايدىغان، پىكرىي ئاڭقاۋ مىللەت ئەمەس. ئۇلارنىڭ
تىلىدا «پايدىلىق مېھنەت» دېگەن سۆز ئاجايىپ چوڭقۇر مەنالارغا ئىگە. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەتتا
دېھقانغىمۇ كۈندەك ئايدىڭ......

ياشاش يولىدىكى كۈرەش، تۇرلۇك مەنپەئەت ئېھتىياجى ۋە بىئىختىيار قىلىشۋاتقان ھەر خىل
ماددى، مەنىۋى ئەمگەكلەر نۇرغۇن كىشىنى « پايدىسىز مېھنەت» پاسىلغا سۆرىسىمۇ، لېكىن ئىمان ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


ئېتىقات بىلەن ياشاپ پايدىلىق مېهنەت قىلىۋاتقانلار يەنىلا مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، ئىشەنچ بىلەن ئېيتىشقا بولىدىكى، ئۇيغۇر يوقالمايدۇ. ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئەنئەنىسى.....يوقالمايدۇ. ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە قىممەتلىك بىلىنگەن ھېچنەرسىسى يوقالمايدۇ!

بىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار باشقىلار ئېيتقاندەك زىيادە ئاز نوپۇسلۇق مىللەت ئەمەس. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى بىر مىللەت تىلىنىڭ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملىشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئاز دېگەندىمۇ 100مىڭ ئادەم شۇ خىل تىلدا سۆزلىشىشى كېرەك دەپ كۆرستىدۇ». (ئۇيغۇرچە «بىلىم ـ كۈچ» ژورنىلى 2003 ـ يىللىق 10 ـ سانىغا قاراڭ). ئۇيغۇرنىڭ نوپۇسىنى مۇشۇ ساننىڭ يۈزلەرچە ھەسسىگە باراۋەر دەپ قاراش ئەقىلگە تامامەن ئۇيغۇن. شۇڭا، بۇنداق كۆپ نوپۇسلۇق مىللەتنىڭ تىلى يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى، پوستى ۋە كۆركى بولغان ئۇيغۇر تىلى يوقالمىغان ئىكەن ئۇيغۇرمۇ مەڭگۈ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت دىنى بولغان ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت يادرولۇق كۈچ سەۋەپلىك، بۇ مىللەت مىللىي خاسلىق كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، دەۋر يېڭىلىقلىرىنى ئۆز مىزانلىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلىدۇكى، ھەرگىزمۇ سىرتقى مەدەنىيەت تەسىرىدە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. (مەسىلەن، دەۋر قانچە ئۆزگەرسىمۇ ھالال ۋە ھاراملىق ئۆلچىمىنىڭ ئۆزگەرمىگىنىگە ئوخشاش)، بۇ خىل رىئاللىق، ئىسلام ئەھكاملىرىغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئۆدۈملىرىنى دىني ئېتىقاد تەسىرىدە ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق.

ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئاساسلىق بىر سەۋەپ شۇكى، ھازىرقى دەۋردە ئۇيغۇر بولۇپ يارالغانلىكى ئادەم ئۆز ئورنىنى چىن مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتتى. بۇ خىل تونۇش ئۇلارنى تەبىئىي ھالدىلا ئىستىقبال ئۈچۈن كۆرۈشۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكى شۇكى، مۇشۇ خىل ئۆزىنى تونۇشنىڭ تۈرتكىسىدە تۈركۈم ـ تۈركۈملىگەن زىيالىيلار مەۋجۇدلۇق كۈرىشىگە، يەنى، دىنى، ئانا تىلى، مەدەنىيىتى، ئەنئەنىسى ۋە ئېتىقادىنى قوغداش كۈرىشىگە ئاتلاندى. يۈزلىگەن، مىڭلىغان .....يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەر دىن، تىل، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ساھەلەردە ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسپىي ئورگانلاردا ئاكتىپلىق ھالدا مېهنەت قىلماقتا. بۇلارنىڭ سانى يەنە ئۆزلۈكسىز كۆپەيمەكتە. بىلىش كېرەككى، بۇلار زادىلا سەل قاراشقا بولمايدىغان كۈچ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلارنىڭ ھېچبىرى مىللىي مەۋجۇدلۇقىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ۋە نەۋائى ھەزرەت دەۋرلىرىدە «ئەرەپ تىلى ھەسەلەست، پارس تىلى شەكەرەست، ئۇيغۇر(تۈركىي) تىلى ھۇنەرەست» دەپ داۋاڭ سالدىغان شۇنچە كۆپ ئاسىي زىيالىيلىرى بار شارائىتتىمۇ مەۋجۇتلىقىدىن قالمىغان بۇ گۈزەل، قەدىمىي تىل، ـ «ئۇيغۇر تىلى ـ بارلىغىم، ئۇيغۇر تىلى ـ مەنىۋى ۋەتىنىم» دەپ قارايدىغان ۋە مۇشۇ مەۋقە ئۈچۈن مېهنەت قىلىۋاتقان سان ـ ساناقسىز زىيالىيلىرى يېتىشىپ چىقماقتا!

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، خىرىس يەنىلا ناھايىتى كۆپ. قەھرىمانلىق بىلەن خائىنلىقنىڭ پاسلى بەكلا يېقىن. ئۇ يەنە يېقىنلىشىۋاتىدۇ....ئەمما، كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى، كىرزىس ئېغىر بولغانسېرى، «پايدىلىق مېهنەت» مۇ شۇنچە كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ....

بۇ يەردە، خاراباتى پىكرىي مەۋقەسىدىن بالقىپ چىققان مەنىۋى ئىزنالار يەكۈنىنى سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭ ئەسلى ھەقدارلىرىغا قايتۇرىمەن:

«قەھرىمان يېنىمىزدا، خائىنمۇ يىراقتا ئەمەس!»....

## مەسنەۋى خاراباتىدىن ھېكمەتلەر

كىم مۇناپىق بولسا ئۇل مۇردارىدۇر،
بىل مۇناپىقتىن خۇدا بىزارىدۇر.

گەر كىشى ئالىم كىشىنى شاد ئېتەر،
بىر ئۆمۈر ئۆز قەلبىنى ئازاد ئىتەر.
قايسى ئەلدە گەپ تولادۇر بەرىكەت ئاز،
قايسى ئەلدە ئىش تولادۇر بەرىكەت ساز.
شاهى ئالىم شەهرىغە نىغمەت ياغۇر،
شاهى زالىم شەهرىغە لەنەت ياغۇر.
بارچە ئەخلاق باشىدۇر رەهمەت ۋاپا،
قىرىنداشقا پۇلنى دەپ قىلما جاپا.
راستلىق ياخشىلىقنىڭ ئالاماتىدۇر،
راستلىق ئەرنىڭ كاراماتىدۇر.
يۈك ئېغىر بولسا كىشنى تىندۇرۇر،
كوزىدا تاش بولسا بىر كۈن سۇندۇرۇر.
ئەيىپ ئەمەس گاچا بولسا نەچچە تىل،
ئىلمسىزلىك ئەيىپى دىلدۇر ئەيىپى دىل.
هەر نەپەستە قىلسا مىڭ جاننى پىدا ،
قىلغۇسىدۇر مەشۇقى ئاندىن نىدا .

**خاتىمە**

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلەر،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلەر .

## خاراباتىنىڭ هېكمەتلىك سۆزلىرى

ئەجەپلەنمەك كۆپىنچە نادانلىقتىن بولىدۇ.

يامان ئىشلار يا بەك ئاچلاردىن ۋە ياكى بەك توقلاردىن كېلىدۇ.

ئادەمنىڭ ئەڭ زەبۇنى ـ ئۆز سىرىنى ساقلىيالمايدىغانلاردۇر،
ئەڭ كۈچلۈگى ـ ئاچچىغىنى يەڭگۈچىلەردۇر،
ئەڭ ياخشىسى ـ ئۆزىنىڭ مۇهتاجلىغىنى يوشۇرغۇچىلاردۇر.

دوست بولساڭ ئوتتۇراهال بولغىن،
ئېهتىمال بىر كۈن كېلۇر دوستۇڭ دۈشمىنىڭ بولۇر.
كىشىلەرگە غەزەپ قىلساڭمۇ ئۆزۈڭنى تۇتقىن،
ئېهتىمال شۇ ئادەم بىر كۈنى دوستۇڭ بولۇر.
قايسى ئەلدە گەپ تولادۇر بەركەت ئاز،
قايسى ئەلدە ئىش تولادۇر بەركەت ساز.
زۇلۇمنى كۆپ قىلغۇچى دۆلەتىدىن ئايرىلۇر،
سۆزنى كۆپ قىلغۇچى ئىززىتىدىن ئايرىلۇر.

www.uyghurkitap.com



ئالدى بىلەن ئۆز نەپسىنى ئۆلتۈرمىسەڭ، ئاخىر ئۇ سېنى ئۆلتۈرىدۇ.

# خالمۇرات غوپۇر



1960 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھرىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1982 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن شاڭخەي جۇڭيى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. مەكتەپ تەشكىلى ئۇنى مەكتەپكە ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلغان بولسىمۇ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئانا يۇرت سۆيگۈسىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۆز يۇرتىغا ـ تەڭرىتاغ ئېتىكىگە قايتىپ كەلدى.

خالمۇرات غوپۇر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخا ـ نىسىغا ئورۇنلاشتى. خىزمەت داۋامىدا ئۇ بىلىم سەۋىيەسىنى داۋاملىق يېڭىلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلىپ، 1985 ـ يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى غەربچە داۋالاش نەپەس يولى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئاسپىرانتلىققا ئىمتىهان بېرىپ ئۆتتى. ئوقۇش جەريانىدا ئۇ ئىنگلىز تىلى ۋە رۇس تىلىنى ئۆزلىگىدىن ئۆگەندى ۋە 1988 ـ يىلى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئىمتىهانىدىن ئۆتۈپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى لېنىنگىرات تىببىي ئىنستىتۇتىغا كاندىدات دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇشقا باردى.

ئۇ پروفېسسور، دوكتۇر يېتەكچىسى، زىققا كېسىلى مۇتەخەسسىسى. دىيارىمىز جۇڭيى ئىنستىتو ـ تىنىڭ پروفېسسورى، 985 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە روسىيەدە سانت ـ پېتېربۇرگ تىببى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ رۇسىيە دۆلەتلىك تىببىي پەنلەر دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1993 ـ يىلدىن باشلاپ سېنىت ـ پېتېربۇرگ تىببى ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتۇر يېتەكچىسى، شاڭخەي جۇڭيى دورىلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى كاندىدات دوكتۇر يېتەكچىسى، خەلقئارا ئەنئەنىۋى مېدىتسىنا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى،دىيارىمىز مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي هەيئىتى بولغان خالمۇرات غوپۇر جۇڭيىنىڭ «خەپرۇك بولمىسا دىمى سقىلمايدۇ»، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ «نەزلىلىك زىققىنى داۋالاش نەزەرىيىسى» ۋە مېدىتسىنادىكى «نەپەس يولىدىكى ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر نەزەرىيىسى» گە ئاساسلىنىپ «زىققىدىكى بىئولوگىيىلىك كەملىك نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نەزەرىيە ئاساسىدا زىققا 1 ـ نومۇرلۇق دورىسىنى ياساپ چىقىپ، كلىنىكىدا داۋالاپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقاندا «جۇڭگو تىبابەتچىلىكىدىكى سىر»، «جۇڭيى دورىلىرى ۋە كانايچىدىكى زىققا كېسىلى» قاتارلىق بەش پارچە ئەسەر يازغان، بۇلار مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋ ـ دىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تىببىي ئالىي مەكتەپلىرىدە سىناق دەرسلىكى قىلىنىپ قوللىنىلغان. دۆلەت ئىچىدە جۇڭيى، ئۇيغۇر تىبابىتى، مېدىتسىنانى بىرلەشتۈرۈش نەزەرىيىسىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ تەرەپنى بىرلەشتۈرگەن تەتقىقات ئورنى ۋە داۋالاش مەركىزىنى قۇرۇپ چىققان. بۇرۇن بىر نەچچە دۆلەتلىك تەتقىقات تېمىسى بىلەن شۇغۇللانغان،روسىيە، گېرمانىيەبىلەن هەمكارلىشىپ «ئاسپىرىن زىققا» تەتقىقاتىنى ئېلىپ بارغان هەمدە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيلىگەن.

# خالمۇرات نەسىردىن

1968 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قورغاس ناهىيىسىدە تۇغۇلغان . 1991 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، دىيارىمىزنىڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسىگە تەخسىم قىلىنغان .

ئۇ نۇرغۇن كەشپىياتلارنى ياراتقان ۋە شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن ئەل سۆيگەن كەشپىياتچىدۇر .

ئۇنىڭ كەشپىياتلىرى :

1. باللارنىڭ بەدەن تېمپىراتۇرىسىدىن ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئەسۋابى .

2. ئاپتومبىللار بىر ـ بىرىدىن ھالقىپ كېتىشتە ياندىشىپ كەلمەي تۇرۇپمۇ ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ ئاز ـ كۆپلىگىنى، يىراق ـ يېقىنلىغىنى كۆزىتىپ بېرىدىغان ئەسۋاپ .

3. دېزىنپېكسىلەنگەن كۆپ قېتىم ئىشلىتىشكە بولىدىغان قاچا ، قوشۇق ، چوكا .

4. ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسسىيدىغان ئاياغ .

5. ساغلاملىق تالقىنى.

6. ئۇيغۇر تىبابەت دورىسى ۋە ئاچچىقسۇ ئارقىلىق دېزىنفېكسىيلەش ئەسۋابى.

7. قومنى قىزدۇرۇپ داۋالاش ئۇسكىنىسى. ( بۇ 2001 ـ يىلى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى : ZL 00204166.9

**خالمۇرات نەسرىدىن ئېرىشكەن شەرەپلەر :**

خالمۇرات نەسرىدىننىڭ «باللارنىڭ بەدەن تېمپىراتۇرىسىدىن ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئەسۋابى» كەشپىياتى :

1. ئاۋستىرالىيە ئەسىر لوڭقىسىنى تالىشىش بۇيىچە خەلقئارا يېڭى تېخنىكا ، يېڭى مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن لوڭقىغا ئېرىشكەن.

2. لوندون خەلقئارالىق پاتېنت نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن .

3. جەنۋە خەلقئارالىق پاتېنت نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشـ ـكەن .

4. جوڭگو يۇكاڭ كەشپىياتچىلار جەمىيىتى تەرىپىدىن پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

5. شاڭگاڭ خەلقئارا پاتېنت تېخنىكىسى كۆرەەزمە تەشكىلى ھەيئىتى تەرىپىدىن دۇنيا پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇۋاپىپقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ ھازىر ب د ت كەشپىياتچىلار جەمىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئەنگىلىيە ئەمەلىي تېخنىكا تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاسپىرانتى . دۇنيا پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر كەشپىياتچى دېگەن شەرەپـ ـلىك ناملارنىڭ ئىگىسى .

## خەمىت تۆمۈر




دەۋرىمىزنىڭ تۆھپىكار ئوغلانى، ئاتاقلىق تىلشۇناس، پېشقەدەم مائارىپچى، شىجائەتلىك تەرجىمان، پروفېسسور خەمىت تۆمۈر ئەپەندى 1931 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تۇرپان ئويمانلىغىنىڭ ئىدىقۇت تېغى ئېتىگىدىكى قارىغوجا يېزىسدا ئولتۇرۇشلۇق ھونەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 38 يىللىق ئالىي مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بار ـ لىغىنى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىغا بېغىشلاپ، بۇ ساھەدە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى ھەم بۇ ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق تەتقىقاتىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە تەتقىقات قوشۇنىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ئۇ 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر كومىتېتنىڭ تەتقىقات بۆلۈمىدە ئىشلىدى . ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلىغى، ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى، ئاسپىرانتلارنى تەربىيىلىدى، چەت ئەللىك بىلىم ئاشۇرغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت

www.uyghurkitap.com



گرامماتىكا كىتاپلىرىنىڭ تولىمۇ تولۇقسىزلىغىنى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تولۇق بايان قىلىنمىغانلىغىنى ھېس قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكسىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1987 ـ يىلى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكسى» (مورفولوگىيە) ناملىق 528 بەتلىك مەخسۇس ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى. ئۇيغۇر تىلى بويىچە بىرقاتار يېڭى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ كىتاب دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا تۆرتكە بولدى. بۇ نەتىجە بېيجىڭ شەھرى بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. سابىق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى.

ئۇ 1990 ـ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنى رەسىملىك تونۇشتۇرۇش» دېگەن كىتاپنىڭ تەھرىرلىگىگە قاتناشتى ۋە كىتاپنىڭ «چاغاتاي يېزىغى» قىسمىنى ئىشلەپ بەردى. ئۇنىڭ تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان«بىزنىڭ چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ماقالىسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان چاغاتاي تىلىدىكى دۇنياۋىي مەشھۇر ئەسەر«بابۇرنامە» مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە بېيجىڭ ئۇنىۋېرـ سىتېتىدىكى لى شياڭ خانىم بىلەن بىرلىكتە «پارس تىلىدىن ئاساس» ناملىق ھەم دەرسلىك ھەم لۇغەت رولىنى ئوينايدىغان كاتتا ئەسەرنى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1987 ـ يىلى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكسى» (مورفولوگىيە) ناملىق 528 بەتلىك مەخسۇس ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى. ئۇيغۇر تىلى بويىچە بىرقاتار يېڭى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ كىتاپ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا زور تۆرتكە بولدى. بۇ نەتىجە بېيجىڭ شەھرى بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. سابىق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور خوجائەخمەت سەدۋاققاسوف قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىلشۇناس، ئالىملار خەمىت تۆمۈرگە خەت يېزىپ بۇ كىتاپقا يۇقىرى باھا بەردى. قازاقىستان دۆلەتلىك پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خەمىت تۆمۈرنى ئالمۇتادا زىيارەتتە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەسپداشلار بىلەن ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋە لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئابدۇرەئوپ پولات ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدىكى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» ناملىق دەرسلىك كىتاپ مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.خەمىت تۆمۈر باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن «تەۋارىخى مۇسقىييۇن»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ترانسكىپسىيە، تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

خەمىت تۆمۈرنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىمۇ ئاز ئەمەس، خەمىت ئەپەندى 1979 ـ يىلى دوتسېنتلىققا، 1986 ـ يىلى پروفېسسورلۇققا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۆرلۈك ـ تۆرلۈك ئىلمىي ئورگانلارنىڭ مۇدىرى بولۇپ كاتتا خىزمەتلەرنى قىلدى.

# خوجا جاھان ئەرشى

(1685 ـ 1755) ياركەند خوجەننەتتە تۇغۇلغان. 1735 ـ يىلدىن باشلاپ ئالتە شەھەرگە ھۆكۈمران بولغان. 1755 ـ يىلى بۇرھاندىن خوجا تەرىپىدىن ياركەنتتە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. شائىرنىڭ «دىۋان ئەرشى» بىزگە يېتىپ كەلگەن.

# خېۋىر تۆمۈر



خېۋىر تۆمۈر 1922 ـ يىلى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يىڭى مەھەللە دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كۆچار، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1939 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ توقسۇن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1944 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ 1945 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا مۇھەررىر بولغان ۋە «بالا»، «ئالدانغان چولپان»، «تىنچلىق»، «يولۋاس ئۇخلاپ ياتتى» قاتارلىق ھېكايە داستانلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭ يەنە «موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئىككى توملۇق ئەسىرى، «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» ناملىق تارىخى قىسسىسى، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق تەرجىمھال خاراكتېرلىق قىسسىسى، «تاڭ ئالدىدا» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بۇلاق مەجمۇئەسىدە «ئابدۇقادىر داموللا» ناملىق تارىخى ئوچېرىك، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىدە «خەدىسخان»، «كۆلپەتلىك يىللار»، قەشقەر ئەدەبىياتى ژورنىلىدا «بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى»، «ياقۇپبەگ ۋە موللا مۇھەممەتيار خەلپە» قاتارلىق ئەسەرلىرى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلىدا «موللا زەيدىن» ناملىق كىنو سىنارىيىسى، «ئىككى ئانا»، «كەلدى باھار» ناملىق دراملىرى، تارىم ژورنىلىدا «ئالتۇن ئەقىل»، «سۈرەت»، «ۋاقتىم يوق» قاتارلىق ھېكايە، شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى . ئۇنىڭ بىر قىسىم تارىخقا دائىر ماقالىلىرى بەك جانلىق، پاكىتلىق ۋە ئىلمي يېزىلغان. بۇ جەھەتتە ئۇنى ھەم مۇنەۋۋەر تارىخچىمىز، دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

پەزىلەتلىك، كەمتەر، تىرىشچان يازغۇچىمىز خېۋىر تۆمۈر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىك ئەدىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1992 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە 70 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى.ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ئېسىل مىراسلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى غەزىنىسىدە مەڭگۈلۈك پارلاق چاچىدۇ.

# دىلبەر دورغا

دىلبەر دورغا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قاراقاش ناھيەسى دە ياشاپ ئۆتكەن تەنقىدىي رېئالىزىمچى شائىرە. ئۇنىڭ «مەزلۇملار ئاھى» («ئەرزنامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق مۇخەممىسى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

# دىلشات ئابلا




دىلشات ئابلا 1962 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى»نىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ئاتلاپ ئوقۇش تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى قېتىم يۇقىرى يىللىققا ئاتلاپ ئوقۇپ، 16 يېشىدا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى»دىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن.

ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن دىلشات ئابلا ئەينى ۋاقىتتا ئاتالمىش شىنجاڭ

www.uyghurkitap.com



تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ داۋالاش فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان 120 ئوقۇغۇچىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، دەسلەپتە سىنىپ مەسئۇللىرى ۋە باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ دەرس ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ ماڭالىشىدىن ئەنسىرەشكەن. لېكىن دىلشات خەنزۇچە تىل ئۆگىنىشتىن باشلاپ، قىيىن كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلەشكىچە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئوقۇش نەتىجىسىدە سىنىپنىڭ ئالدىدا ماڭغان. ئۇ بىر يىللىق خەنزۇچە ئۆگىنىش بىلەنلا كەسپىي دەرسلەرنى پۈتۈنلەي خەنزۇچە ئاڭلاپ چۈشىنىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارغاندىن باشقا، قوشۇمچە ھالدا ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ماڭغان. 1983-يىلى 12-ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى تاماملاپ، باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ شۇ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىغا ئېلىپ قېلىنغان.

ئۇ 1992-يىلى ياپونىيەدىكى ئىككى يىللىق ئوقۇشىنى تاماملاپ، شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىغا قايتىپ، 1996-يىلغىچە شۇ مەكتەپنىڭ فىزىئولوگىيە كافېدراسىدا لېكتور ۋە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1996-يىلى قايتىدىن ياپونىيەگە ئوقۇشقا كېلىپ، 2001-يىلى ياپونىيەنىڭ چىبا ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ نېرۋا پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2001-يىلدىن 2004-يىلى 3-ئايغىچە ياپونىيە پەن-تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئورگىنى (Japan Science and Technology Agency, JST) دا دوكتور ئاشتى، 2004-يىلدىن 2012-يىلى 3-ئايغىچە ياپونىيەنىڭ رىكېن (RIKEN) مېڭە تەتقىقات مەركىزى (Brain Science Institute, BSI) دە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. RIKEN دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئورۇن ياپونىيە بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەتلىك تەتقىقات ئىدارىسى بولۇپ، بۇ يەردە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تاللىنىپ قوبۇل قىلىنغان تەتقىقاتچىلار ئەلا شارائىت ۋە ياخشى ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن ھالدا يۇقىرى سەۋىيەلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. ئورتاق تىل سۈپىتىدە ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىدۇ.

دىلشات بۇ ئىدارىدىكى تەتقىقاتى جەريانىدا ئادەملەر دەسلەپكى تىل قوبۇل قىلىش، ئەستە قالدۇرۇش ۋە بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا ئۇلارنىڭ مېڭىسىنىڭ ئىچىدە قانداق تەرەققىيات باسقۇچلىرى ۋە نېيرونلۇق ھەرىكەت ئۆزگىرىشلىرى يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئائىت بىر يۈرۈش تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇ ئاشۇ تەتقىقاتلار ئۈچۈن مېڭە ئېلېكتىر دولقۇنى (EEG)، قىزىلغا يېقىن ئىنفىرا نۇرى (NIRS) ۋە فۇنكسىيەلىك ماگنىتلىق رېزونانس سۈرەتلەشتۈرۈش (fMRI) قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

ئۇ كىشىلەرنىڭ يات تىلغا ئوخشاش يېڭى بىر يۈرۈش چاتما ئۇچۇرنى ئۆگىنىش جەريانىدىكى ئۆگىنىش نەتىجىلىرى بىلەن نېرۋىلىق ھەرىكەت ئۇچۇرلىرىنىڭ تاناسىپلىق ئۆزگىرىشى، يەنى ئۆگىنىپ بولغانلار بىلەن تېخى ئۆگىنەلمىگەنلەرنىڭ مېڭىدىكى پەرقى ۋە نېرۋىلىق ھەرىكەت ئورۇنلىرى ھەققىدە يېڭى بايقاشلارنى ھاسىل قىلغان، ھەمدە «ئۆگىنىش كۆرسەتكۈچى» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ يېڭى نەتىجىلىرى 2008- ۋە 2009-يىللىرى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان، ھەمدە ياپونىيەدىكى ئىلىم-ئۇچۇر تور بەتلىرىدە ۋە ياپونىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيەسى NHK نىڭ ئالاھىدە پىروگراممىسى «ئىنسانلار تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى» دا تونۇشتۇ-رۇلغان.

دوكتور دىلشات ئابلا ھەر خىل تەپەككۇر، تونۇش، ئىجرا قىلىش قاتارلىق ئادەم مېڭىسىنىڭ ئالىي ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئائىت مېڭە ئېلېكتىر دولقۇنلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن توغرا ۋە تېز ئايرىشقا ئائىت يېڭى ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلغان ۋە بۇ ئۇسۇللارنى مېڭە سىگنالى بىلەن ماشىنا باشقۇرۇش (Brain-machine Interface, BMI) ساھەسىگە تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇ تويوتا ئاپتوموبىل شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياشانغانلار ئۈچۈن مېڭە سىگنالى ئارقىلىق ئاپتوموبىل تورمۇزىنى باشقۇرۇش، پۇت-قولى پالەچ بولۇپ قالغان بىمارلار ئۈچۈن مېڭىنىڭ ئوي-تەپەككۇرى بىلەنلا ماشىنا ئادەم ۋە چاقلىق ھارۋىلارنى باشقۇرۇپ، ئۆز ھاجەتلىرىدىن چىقىرىشتەك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. مېڭە ئۇچۇرى بىلەن سىرتقى ماشىنا ئاپپاراتلارنى باشقۇرۇش (BMI)

تېخنىكىسى دېگىنىمىز، مېڭە هۈجەيرىلىرىنىڭ قوزغىلىشىدىن كېلىپ چىققان مېڭە ئېلېكتىر دولقۇنلىرى (EEG) ئارقىلىق ماشىنا ئادەم، چاقلىق هارۋا ۋە لامپۇچكا قاتارلىق سىرتقى ماشىنا ئاپپاراتلارنى باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ. پۇت-قولى پالەچ، ئەمما مېڭىسىنىڭ كۆپلىگەن ئالىي ئىقتىدارلىرى نورمال بىمارلار ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مېڭە تەپەككۇرى ، يەنى مېڭە بۇيرۇغىنى بىۋاستە ماشىنا ئادەم ۋە چاقلىق هارۋا قاتارلىق سىرتقى ئاپپاراتلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى هەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، بىمارلارنىڭ تەلەپلىرى بويىچە مۇلازىمەت قىلدۇرۇش، BMI تەتقىقاتىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىدۇر.

دوكتور دىلشات ئابلا ئىنگلىز تىلىدا چىقىدىغان داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان ۋە بىرىنچى ياكى قوشۇمچە ئاپتور بولغان ئىلمىي ماقالىلەردىن 20 پارچىدىن كۆپرەكىنى ئېلان قىلغاندىن باشقا، يەنە ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق چوڭ يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى هەققىدە ئىلمىي دوكلات بەردى. ئۇ مېڭە سىگنالى بىلەن ماشىنا-ئاپپاراتلارنى باشقۇرۇش ئىلمىگە ئىنتايىن قىزىقىدىغان بولۇپ، بۇ جەهەتتىكى بىلىملىرىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، يېقىندا ياپونىيەدىكى ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاپتوموبىل كونترول سىستېمىسىنى باشقۇرۇشتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان NIKKI شىركىتىگە خىزمەت ئالماشتۇرۇپ كىردى. ئۇ هازىر ئاشۇ شىركەتتە ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر، شۇنداقلا كونتروللۇق باشقۇرۇش ۋە لايىهەلەش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ تەتقىقات خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئاپتوموبىلغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۈزلىگەن سەزگۈچى ئاپپاراتلاردىن قوبۇل قىلىنغان ئۇچۇرلارنى ئانالىز قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ماشىنىنىڭ مەركىزىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ بۇيرۇق كوماندىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش، نېرۋىلىق تورلىشىش تېخنىكىسى، گېنلىق ئالگورىزىم تېخنىكىسى ئارقىلىق سىگناللارنى دەلىللەش، كونترول قىلىش قاتارلىقلار، دەل ئۇنىڭ مېڭە سىگناللىرى بىلەن سىرتقى ئاپپارات-ماشىنىلارنى باشقۇرۇشتا ئىگىلىگەن تېخنىكىسىغا ماس كەلگەن بولغاچقا، دىلشات بۇ ئەمەلىي خىزمەتكە تېخىمۇ زور ئىشتىياق باغلاۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ مېڭە سىگناللىرى بىلەن شوپۇرنىڭ سەگەكلىك هالىتىنى بايقاش، ئاپتوموبىلنىڭ تورمۇز ۋە باشقا كونترول سىس-تېمىسىنى باشقۇرۇشقا ئائىت يېڭى تەتقىقاتلارنىمۇ ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.





كىچىك ئوغلى دانىيارغا چاقلىق هارۋا BMI تەجرىبىسى ئىشلىگەن ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.



كىچىك ئوغلىدا NIRS ئۈسكۈنىسى بىلەن يەنە باشقا بىر تەجرىبە ئىشلەۋاتقان كۆرۈنۈش.

ئاۋۇ كۆرۈنۈش ــــ ئۇنىڭ تەجرىبە ئىشلەۋاتقاندا ئىشلەتكەن ماشىنا ئادەم بىلەن بىرگە تۇرغان كۆرۈنۈشى.

يىغىپ ئېيتقاندا ، ئۇ ئاساسلىغى «ئادەملەر تىلنى قانداق قوبۇل قىلىدۇ؟»، «چوڭلارنىڭ تىل قوبۇل قىلىشى نېمە ئۈچۈن باللارنىڭكىدىن ئاستا بولىدۇ؟»، «مېڭە قانداق قىلىپ ئارقىمۇ-ئارقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياندىشىپ كەلگەن چاتما ئۇچۇرلار (تىل، مۇزىكا قاتارلىقلار) نى بۆلەككە ئايرىيدۇ، ئۆگىنىدۇ ۋە ئەستە قالدۇرىدۇ» قاتارلىق تېمىلار ئۈستىدە، 64 قانالىلىق مېڭە ئېلېكتىر دولقۇنى (EEG) ۋە ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق (near-infrared spectroscopy) مېڭە قان ئېقىمىنى ئۆلچەش تېخنىكىلىرى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. ئۇ ھازىر ياپونىيە پەن-تېخنىكا ئاكادېمىيىسى ( Japan Science and Technology Agency) نىڭ چەتئەللىك ئالاھىدە تەتقىقاتچىسى، ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئالىي تەتقىقات رايونى - RIKEN قارمىغىدىكى مېڭە تەتقىقات مەركىزى ( Brain Science Institute) نىڭ مۇقىم تەتقىقاتچىسى.

دىلشات ئابلا ياپونىيە پەن-تېخنىكا ئاكادېمىيىسىنىڭ 21-ئەسىر دۆلەتلىك نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرىدىن بىرىنى ئورۇندىدى. نۆۋەتتە RIKEN مېڭە تەتقىقات مەركىزىنىڭ مەخسۇس تەتقىقات تۈرىدىن باشقا، ياپونىيە مائارىپ مىنىستىرلىكى «مېڭە ۋە ئۇچۇر» تەتقىقات فوندىنىڭ تۈرگە گۇرۇپپا ئەزاسى بولۇپ قاتناشماقتا. خەلقئارالىق ژۇرنال ۋە خەلقئارالىق چوڭ يىغىنلاردا 40 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ھازىرقى«تىل ۋە مېڭە» ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشى، ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلى ئۇيغۇرچىدىن باشقا خەنزۇچە، ياپونچە، ئىنگلىزچە تىللىرىغا پۇختا بولۇش ئالاھىدىلىگى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇ چوڭلارنىڭ 2-تىل ئۆگىنىش قىيىنچىلىقىنى يېڭىش ۋە تىل ئىقتىدارى زەخىملەنگەن بىمارلارنىڭ تىلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق بولغان تەتقىقات مۇئلىرىنى يارىتماقتا.

ئۇنىڭ تەرجىمھالى ۋە تەتقىقات ئىش-ئىزلىرى 2003-يىلى ياپونىيەدىكى «پسىخلوگىيە دۇنياسى» ناملىق ژۇرنالدا تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. دىلشات ئابلا يەنە دوكتور ۋە ماگىستىرلىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتەكچىسى، ياپونىيە چىبا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك لېكتورى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە. ئۇ يەنە ياپونىيە نېرۋا پەنلەر جەمئىيتى، ياپونىيە فىزئولوگىيە جەمئىيتى، ياپونىيە كلىنىكا نېرۋا-فىزئولوگىيە جەمئىيتى، ئامېرىكا نېرۋا پەنلەر جەمئىيتىنىڭ ئەزاسى.

تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتا دوكتۇر دىلشات ئابلا ھەققىدە يەنە بىر قىسىم ئۇچۇرلار بار: http://www.researchgate.net/profile/Dilshat_Abla2

دوكتور دىلشات ئابلا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىگى (ئىنگلىزچە):

**(1) Journal Papers:**

1. Kamiyama, KS., Abla, D., Iwanaga, K & .Okanoya, K. (2013). Interaction between musical emotion and facial expression as measured by event-related potentials. Neuopsychologia, 51, 500-505.

2. Sun, F., Hoshi-Shiba, R., Abla, D & .Okanoya, K.(2012). Neural correlates of abstract rule learning: an event-related potential study. Neuopsychologia, 50, 2617-2624.

3. Kamiyama, K., Katahira, K., Abla, D & .Okanoya, K. (2010). Music playing and memory trace: Evidence from event-related potentials. Neuroscience Research. 67 (4): 334-340.

4. Abla, D & .Okanoya, K. (2009). Visual statistical learning of shape sequences: An ERP study. Neuroscience Research, 64 (2), 185-190.

5. Abla, D & .Okanoya, K. (2008). Statistical segmentation of tone sequences activates the left inferior frontal cortex: a near-infrared spectroscopy study. Neuopsychologia, 46, 2787-2795.

6. Katahira, K., Abla, D & .Okanoya, K. (2008). Neural processing of

intended sound and auditory feedback during musical performance. Neuroscience Research, 61, 120-128.

7. Abla, D., Katahira, K & .Okanoya, K. (2008). Online assessment of statistical learning by event-related potentials. Journal of Cognitive Neuroscience, 20 (6), 952-964 .

8. Fujii, N., Abla D., Kudo, K., Hihara, S., Okanoya, K & .Iriki, A. (2007). Prefrontal activity during Koh-do incense discrimination. Neuroscience Research 59: 257-264 .

9. Abla D., Nakajima, Y & .Shimoyama, I. (2001). Cerebral functional localization of word recognition process during silent reading of native and non-native languages: an ERP study. Chiba Medical Journal 77: 347-357.

10. Shibata T, Shimoyama I, Ito T, Abla D, Iwasa H, Koseki K, Yamanouchi N, Sato T, Nakajima Y. (1999). Attention changes the peak latency of the visual gamma-band oscillation of the EEG. NeuroReport 10: 1167-1170.

11. Shibata T, Shimoyama I, Ito T, Abla D, Iwasa H, Koseki K, Yamanouchi N, Sato T, Nakajima Y. (1999). Event-related dynamics of the gamma-band oscillation in the human brain: information processing during a GO/NOGO hand movement task. Neuroscience Research, 33: 215-222.

12. Abla D., Nakajima Y, Shimoyama I, Shibata T and Ito T. (1999). Event-related potentials (ERPs) for numerals and words recognition in native and second language. "Modern Research in High-technology & Science". pp16-24 .

13 .Shimoyama I, Nakajima Y, Shibata T, Ito T, Abla D, Kansaku K, Mizota J. (1999). Binocular interactions in visual evoked cortical potentials with two light-emitting-diodes. Doc Ophthalmol. 97(1): 1-7.

14 .Shibata T, Shimoyama I, Ito T, Abla, D., Iwasa H, Koseki K, Yamanouchi N, Sato T, Nakajima Y (1998). The synchronization between brain areas under motor inhibition process in humans estimated by event-related EEG coherence. Neuroscience Research, 31: 265-271.

15. Shimoyama I, Ito T, Shibata T, Abla, D.and Nakajima Y. (1998). Hemisphere laterality in contextual recognition. Jpn. J. Physiol., 48 (6): 493-397 .

16. Shimoyama I, Nakajima Y, Shibata T, Ito T, Abla, D. and Okamoto Y. (1998). Normalized wave energy for background activity in visual evoked potentials. Journal of Brain Science, 24 (1,2): 13-17.

17. Shibata T, Shimoyama I, Ito T, Abla, D., Iwasa H, Koseki K, Yamanouchi N, Sato T, Nakajima Y. (1997). The time course of interhemispheric EEG coherence during a GO/NO-GO task in humans. Neuroscience Letters, 233 (2-3): 117-120 .

18 .Shimoyama I, Nakajima Y, Shibata T, Ito T, Abla, D., Kansaku K. (1997). Human scalp evoked potentials using simultaneous stimuli with flashes and tones. Journal of Brain Science, 23 (2,3): 121-126

www.uyghurkitap.com

19 .Shimoyama, I., Nakajima, Y., Shibata, T., Ito, T., Abla, D., Kansaku K. (1997). Comparison between visual evoked potentials with a light-emitting-diode and stroboscope, analyzed with singular value decomposition. Journal of Brain Science, 23 (2,3): 115-120.

20 .Shimoyama, I., Nakajima, Y., Ito, T., Shibata, T., Abla, D. (1997). Flash- Visual Evoked Potential with Principal Component Analysis. Journal of Brain Science, 23 (2,3):101-106.

21.Hirai, N & .Abla, D. (1992). Physiology of Spinocerebellar Tracts (2). Spine & Spinal Cord 5(5), 369-373. (Japanese(

22.Hirai, N & .Abla, D. (1992). Physiology of Spinocerebellar Tracts (1). Spine & Spinal Cord 5(4), 265-269. (Japanese .(

23.Tanaka, Y., Abla, D., and Hirai, N. (1990). Activity of crossed spinocerebellar tract neurons in the thoracic spinal cord in relation to the central respiratory rhythm. Brain Research, 532: 339-341.

(2)**Conferences:**

24.Nagasaka, Y., Abla, D., Okanoya, K & .Fujii, N. (2011). Probabilistic learning for sounds segregation in Japanese monkeys. 41th Annual Meeting Society for Neuroscience (Neuroscience 2011). Washington, DC, USA. Nov. 12-16, 2011.

25 .Abla, D., Katahira, K & .Okanoya, K. Visual segmentation of musical chunks embedded in finite-state grammar strings: A neuro-behavioral approach. 14th European Congress on Clinical Neurophysiology 4th International Conference on Transcranial Magnetic and Direct Current stimulation. Rome, Italy; 21-25 June 2011.

26.Abla, D., Asamizuya, T., Ueno, K., Suzuki, C., Sun, P., Cheng, K . &Okanoya, K. (2010). Online statistical learning in the cortico-basal ganglia network: an fMRI study. The 15th Annual Meeting of the Organization for Human Brain Mapping. Barcelona, Spain. June 6-10, 2010 .

27.Abla, D., Katahira, K., Okanoya, K. (2010). Segmentation of chunks and hierarchies in artificial grammar learning task: a neuro-behavioral approach. (Review selected). CUNY2010: Conference on Human Sentence Processing. New York, USA, March 18-20, 2010.

28.Abla, D & .Okanoya, K. (2009). Visual statistical learning of shape sequences: An ERP study. The 15th Annual Meeting of the Organization for Human Brain Mapping. San Francisco, USA. June 18-23, 2009.

29.Abla, D & .Okanoya, K. (2009). Neural process of statistical sequence learning: ERP and NIRS studies. ESF-JSPS Frontier Science Conference Series for Young Researchers: Social Cognitive Neuroscience. Napoli, Italy. Feb. 27 - Mar. 4, 2009.

30.Abla, D., Katahira, K & ,.Okanoya, K. (2008). Segmentation of

Musical Sequence with Statistical Regularities: An Event-Related Potentials Study. The 10th International Conference on Music Perception and Cognition (ICMPC10), Sapporo, Japan. Aug25-29, 2008.

31. Abla, D., Okanoya, K. Neural changes in anterior cingulate cortex during sequence learning. 31th Annual Meeting of the Japan Neuroscience Society (Neuro2008). Tokyo, Japan. July 9-11, 2008.

32. Abla, D., Katahira, K & .Okanoya, K. (2007). Chunks and hierarchies in serial reaction-time task: a neuro-behavioral approach. 37th Annual Meeting Society for Neuroscience (Neuroscience 2007). San Diego, USA. Nov. 3-7, 2007.

33. Abla, D., Fujii, N., Kudo, N., Hihara, S., Okanoya, K. and Iriki, A. Prefrontal cortex manipulates reasoning process during Koh-Do performances. 30th annual meeting of the Japan Neuroscience Society, Yokohama, Japan. Sep. 10-12, 2007. (Symposium: “Neuroimaging of Beauty and Pleasure.(“

34. Okanoya, K & .Abla, D. (2007). Statistical Segmentation of Visual and Auditory Streams as Indicated by Event-related Potentials. The 2nd RIKEN BSI and Oxford-Kobe International Symposium: Reading and Dyslexia in Diffrent Languages. Kobe, Japan. April 15-17, 2007.

35. Fujii, N., Abla, D., Kudo, N., Hihara, S., Okanoya, K., Iriki, A. (2006). Prefrontal cortex manipulates abstract odour knowledge. 36th Annual Meeting Society for Neuroscience (Neuroscience 2006). Atlanta, GA, USA. Oct. 14-18, 2006.

36. Abla, D & .Okanoya, K. (2006). Neural correlates of statistical learning: ERP and NIRS studies. RIKEN BSI International Workshop: "Statistical Learning in Humans and Animals". Saitama, Japan. Jun. 24, 2006.

37. Abla, D & .Okanoya, K. (2006). Neuro-behavioral correlates of on-going sequence learning: a study of event-related potentials and dipole source analysis. 12th Annual Meeting of Human Brain Mapping (HBM2006), Florence, Italy Jun. 11-15, 2006. NeuroImage, 31 (Suppl.1): S39.

38. Abla, D & .Okanoya, K. (2005). Segmentation of Tone Sequence with Rule: Evidence from Near-infrared Spectroscopy Study. 35th Annual Meeting Society for Neuroscience (Neuroscience 2005). Washington, DC, USA. Nov. 12-16, 2005.

39. Abla, D & ,.Okanoya, K. Speech segmentation: a near-infrared spectroscopy study. 7th Annual Meeting of the Japanese Human Brain Mapping Society, Tokyo, Japan. Mar. 19-20, 2005

40. Abla, D & .Okanoya, K. (2004). Neuro-behavioral correlates of on-going sequence learning. 34th Annual Meeting Society for Neuroscience (Neuroscience 2004). San Diego, USA. Oct. 23-27, 2004

41. Abla, D. Kudo, N. and Okanoya, K. (2004). Brain potentials correlate with the degree of on-going sequence learning. The 2nd International Workshop on Man-Machine Symbiotic Systems. Kyoto, Japan. Nov. 23-24, 2004 .

42.Abla, D & ,.Okanoya, K. On-going sequence learning: evidence from event-related potentials study. Abstracts of the 26th annual meeting of the Japan Neuroscience Society, P3-268. Osaka, Japan. Sep. 21-23, 2004.

43.Abla, D., Katahira, K., Masuda, S., Okanoya, K. (2004). Auditory Feedback and Mental Representation of Musical Notes in Fluent Piano Players. 7th International Congress of Neuroethology, Hotel Nyborg strand, Denmark. Aug. 8-12, 2004.

44.Abla, D & .Okanoya, K. (2003). Segmentation of statistical sequences correlates with the strength of an event-related potentials. 33rd Annual Meeting of the Society for Neuroscience (Neuroscience 2003). New Orleans, USA. Nov. 8-12, 2003 .

45.Abla, D & ,.Okanoya, K. Auditory and Visual Event-related Potentials for online word segmentation. 20th annual meeting of Japanese Cognitive Science Society, Tokyo, Japan. Jun. 6-8, 2003.

46.Abla, D & ,.Okanoya, K. Segmentation of visual shape sequence: an event-related potentials study. Abstracts of the 32nd annual meeting of the Japanese Society of Clinical Neurophysiology, 31 (2) 164. Fukushima, Japan. Nov. 13-15, 2002.

47.Abla, D., Katahira K, Okanoya K: Segmentation of tone sequences: an event-related potentials study. Abstracts of the 25th annual meeting of the Japan Neuroscience Society, 3-F-251. Tokyo, Japan. Jul. 7-9, 2002.

48.Nishimura Y, Abla, D., Nakajima Y, Toma S, Nakazawa K, Simoyama I (2000). Effect of joint angle on recruitment property of single motor unit in human gastrocnermius muscle .XIII congress of international society of electrophysiology and kinesiology. Sapporo, Japan. June 25-28, 2000.

49.Abla, D., Nakajima Y, Shimoyama I, Shibata T, Nishimura Y and Nakazawa K: Gamma-band activity for word recognition of mother and foreign Languages. Jpn. J. Physiol Suppl. 2000, 2P099. 77th annual meeting of the Japan Physiological Society, Tokyo, Japan. Mar. 25-27, 2000.

50.Abla, D., Nakajima Y, Shimoyama I and Nakazawa K: Auditory event-related potential for word recognition as both native and second Language. Japn. J. Clin. Neurophysiol, Suppl. 28(2) p138, 1999. 29th Annual meeting of the Japanese Society of Clinical Neurophysiology. Tokyo, Japan. Nov. 10-12, 1999.

51.Shibata T, Shimoyama I, Ito T, Abla, D., Iwasa H, Koseki K, Yamanouchi N, Sato T, Nakajima Y (1998). The time course of inter- and intra-hemispheric EEG coherence during a GO/NO-GO task in man. The 6th international Evoked Potentials Symposium, Okazaki, Japan, Mar. 1998.

52.Abla, D., Nakajima Y, Shimoyama I, Shibata T and Ito T: Event-Related Potentials (ERPs) for Numeral Recognition of Either Mother or Foreign Language. Jpn. J. Physiol Suppl. 1998, 48: S167 (562). 75th annual meeting of the Japan Physiological Society, Kanazawa. Japan. Mar. 27-29, 1998.

53. Abla, D., Hirai N and Ichikawa T: Activity of dorsal sipino-cerebellar tract (DSCT) neurons in relation to the central respiratory rhythm. Chinese Association for Physiological Science, 4th northwest meeting, p27-29, 1993 .

54. Abla, D., Hirai N and Ichikawa T: Activity of cerebellar neurons in relation to the central respiratory rhythm. 1992' General Meeting of Kyorin Medicine, Kyorin Med. 23 (1). 1992. Mitaka, Japan.

55. Abla, D., Hirai N, Ichikawa T, Tanaka, Y.: Cerebellar 'Respiratory' area as determined by afferent inputs. Neuroscience Res. Suppl.16: S110 (1991). Abstracts of the Fifteenth annual meeting of the Japan Neuroscience Society, Tokyo. Japan Dec. 17-19, 1991.

56. Abla, D., Hirai N, Ichikawa T, Ohki Y, Suzuki T, Tanaka Y. (1991). Different roles of crossed and uncrossed spinocerebellar tract (SCT) neurons of the thoracic segments in respiratory movement. Third IBRO world congress of neuroscience, P65.4, August 6-9, 1991. Canada.

57. Abla, D.: Neural processes in segmentation of sound and musical sequences. Nara Institute of Science and Technology (NAIST) Academic Repository, Dec. 15, 2008. (Invited(

58. Abla, D.: Prefrontal cortex manipulates reasoning process during Koh-Do performances. 30th annual meeting of the Japan Neuroscience Society, Yokohama, Japan. Sep. 10-12, 2007. (Symposium: "Neuroimaging of Beauty and Pleasure") (Invited(

# دىلشات ھېۋىزۇللا




دىلشاد ھېۋىزۇللا دىيارىمىزغا كومپيۇتېر يېڭى كىرگەن 80-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئىنگلىز ۋە ياپون تىلىدىكى كومپيۇتېرغا ئائىت ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگەن. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپ ھوشۇر ئىسلام يېتەكچىلىگىدىكى دۆلەتلىك 863 تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنى كومپيۇتېردا ئاۋاز ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش سىستېمىسى قاتارلىق تۈرلەرنى ئىشلىگەن. ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەنگلىيىدە كومپيۇتېر كەسپىدە دوكتۇرلۇقنى ئوقۇپ تاماملىغان.

ئۇنى مۇخبىرلار زىيارەت قىلىش جەريانىدا قىممەتلىك پىكىر چۈشەنچىلىرىنى قويۇپ ئۆتتى:

مۇخبىر: ئەنگلىيىدە كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى قانداق؟ رايونىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا قايسى جەھەتتىكى پەرق زور؟

دىلشات ھېۋىزۇللا: كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن. ھەتتا ئەنگلىيىنىڭكىگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ، دېيىشكىمۇ بولىدىكەن. لېكىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىشى تەكشى ئەمەس ئىكەن. بەزى ئىدارىلەردە خېلىلا ياخشى ئومۇملاشقان، بەزى ئىدارىلەردە يەنىلا كۆپ ئارقىدا، مەكتەپ ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، تېخنىكىلىق ئورۇنلارنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن شەخسى كارخانا، شىركەتلەرنىڭ بەزى چەترەك رايونلاردىكى ئومۇملىشىشى تۆۋەن، كومپيۇتېر ۋە كومپيۇتېر تورىدىن پايدىلىنىش يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس ئىكەن. ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىش جەھەتتىكى ئومۇملىشىشى كېڭىيىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئەنگلىيىدە بولسا ھەممىلا جايدا ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دېگۈدەك ئومۇملىشىپ كەتكەن. بولۇپمۇ ئىچكى جەھەتتىن تورلىششى ۋە سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئۆز ـ ئارا ئۆلىنىشى جەھەتتە ناھايىتى ئىلغار. بارلىق ئىدارە ـ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇرلىرىنى ئۆزىنىڭ قىسمى تورى ئىچىدە ساقلايدۇ ھەم ئۆز ـ ئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ. ئىچكى تور ئارقىلىق مەلۇم كىشىنىڭ ئارخىپى، خىزمەت ئىپادىسى ۋە نەتىجىسى قاتارلىق ئۇچۇرلىرىنى ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرغىلى، مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇچۇرلارنى ھەتتا باشقا ئىدارە ـ شىركەتلەرنىڭ تورى ئارقىلىقمۇ بىلگىلى بولىدۇ. كۆپىنچە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇرلاشقان بولغاچقا نۇرغۇن ئىشلار تور ئارقىلىق بېجىرىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدا كومپيۇتېر ۋە كومپيۇتېر تورىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى سانلىق مەلۇماتقا ئايلاندۇرۇپ، خىزمەتلەرنى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئارقىلىق باشقۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈر. مەسىلەن، بىر ئىدارىدىكى پۈتۈن ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ئىچكى تورغا ساقلىنىشى كېرەك. ھەر قانداق نەرسىنى كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ تېز سۈرئەتتە تاپقىلى بولىدىغان بولىشى، مەلۇم خىزمەتنىڭ قاچان ئورۇنلانغانلىقى، كىمنىڭ ئورۇنلىغانلىغى، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ نەدە ساقلانغانلىقى ... قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئىچكى توردىن كۆرگىلى بولىدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ خىل ھالەت ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئومۇملاشقاندەك قىلىدۇ. لېكىن، چوقۇم چوڭ ـ كىچىك شىركەت ۋە ئىدارە ـ ئورگانلاردىمۇ ئومۇملاشقان ھالەتكە يەتسە ئاندىن ياخشى بولىدۇ. گەرچە، ھازىر ئىشلىتىش جەھەتتىكى پەرق چوڭدەك قىلسىمۇ، بىراق يۇقىرىدىكى پەرقلەر چوقۇم بارغانسېرى كىچىكلەپ ماڭىدۇ، بۇنىڭغا ۋاقىت ۋە جەريان كېرەك.

س :

رايونىمىزدىكى يۇمشاق دېتال شىركەتلىرى قايسى خىلدىكى يۇمشاق دېتالنى ئېچىشقا كۆپرەك كۈچ چىقىرىشى كېرەك؟

دىلشات ھېۋزۇللا: مېنىڭچە ئەڭ ئاساسلىغى يۇمشاق دېتاللارنىڭ كەسپلىششى ۋە ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئومۇملىششىغا كۆپرەك كۈچ چىقارسا بولىدۇ. مەسىلەن، ھەر خىل كەسپلەرگە ماس كېلىدىغان يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلەش، سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى توردا بىمالال خىزمەت قىلىدىغان ھالەتكە كېلىش، تور ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىدارە ۋە شىركەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ـ ئارا مۇلازىمەت قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. دېمەكچىمەنكى، كومپيۇتېرنى تورلاشتۇرۇشنى پەقەت قاتتىق دېتالدىكى تورلاشتۇرۇشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇچۇر جەھەتتىكى تورلاشتۇرۇشقا كېڭەيتىشى، كومپيۇتېرنى ئادەم ئۈچۈن ھەقىقىي مۇلازىمەت قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقىرىشى لازىم. بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سانلىق مەلۇم ئامبىرى تېخنىكىسى ۋە ئىنتېرنېت ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىپ ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىغان، باشقىلار كۆرەلمەيدىغان مەخپىي تور**Extranet** (ئېكسترانېت) تېخنىكىسى قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

س :

ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتاللارنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟ سىزنىڭچە قايسى جەھەتلەردە كەمچىللىك بار؟

دىلشات ھېۋزۇللا: ئۇيغۇر يۇمشاق دېتالىدا ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولىۋېتىپتۇ. يېزىق مەسىلىسىمۇ ھەل بولۇپتۇ. دۇنياغا ماسلىششتا ھەر قايسى يۆنىلىشلەرگە باغلىنىدىغان، ھەر قايسى كەسپلەرگە ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق دېتال بازىرىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ جەھەتتە سەل كەمچىل. لېكىن يەنىلا يېتىشتۈرۈپ كەتكىلى بولىدىغاندەك قىلىدۇ، يۆنىلىش بار، ناھايىتى ياخشى ئىلگىرلەش بار. ئەمدى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىش ئەمەس، دۇنيا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، بىرلىشىپ تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان، سىرتتىكى يۇمشاق دېتال شىركەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ تەتقىق قىلىدىغان بولۇشى كېرەك.

س :

سىزنىڭچە پروگرامما تۈزگۈچىلەر قانداق ئىقتىدارلارنى ھازىرلىشى كېرەك؟

دىلشات ھېۋزۇللا: پروگراممىدا تۈزگۈچىلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى پروگراممىنى تۈزۈش ئەمەس بەلكى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى، ئوخشىمىغان نۇقتىدىن مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىشى مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىش، باشقىلارنىڭ قانداق ھەل قىلغانلىقىغا قاراش كېرەك. يەنە بىرى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا قانداق قىلىپ ۋايىغا يەتكۈزۈش، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئىلغار، يېڭى ئۇسۇللارنى ئىشلىتىش، ئىشلەتكۈچىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىشلەتكۈچىلەر نېمىنى كۆرسە ھاياجانلىنىدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرۇپ تۈزۈش كېرەك. يۇمشاق دېتال تۈزگۈچىلەر چوقۇم ئەڭ ئالدى بىلەن ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ پىكىر قىلىشى، تەتقىق قىلىشى كېرەك، بۇ بەك مۇھىم. شۇنداق بولغاندا يۇمشاق دېتالنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى زور بولىدۇ. يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىش داۋامىدىمۇ يەنە خېرىدارلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارغا يەنە نېمىلەر كېرەكلىكىنى ئويلىشىپ، دەۋرىلىك ھالدا پروگراممىنى مۇكەممەللەشتۈرگەندە يۇمشاق دېتالنىڭ ئىقتىدارى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

س :

ئەسلى كودى ئېچۈېتىلگەن(**OPenSource**) يۇمشاق دېتاللارغا قانداق قارايسىز؟

دىلشات ھېۋزۇللا: **OPenSource** نى كەلگۈسى دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى يۇمشاق دېتاللارنىڭ تەرەققىياتى شۇنىڭغا يۈزلىنىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، مەسىلىنى ھەل قىلغاندا ياكى پروگراممىدا تۈزگەندە ئالدى بىلەن ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئىزدەپ بېقىش كېرەك. بازاردا سېتىلىۋاتقان پۇللۇق يۇمشاق دېتاللارنىمۇ، ئەسلى كودى ئېچۈېتىلگەن يۇمشاق دېتاللارنىمۇ كۆرۈپ بېقىش، ئەگەر ئازراق ئۆزگەرتىسلا ياكى تەڭشىسىلا يەنە بىرىدىن ياخشى بولۇپ كېتىدىغان بولسا شۇنى تاللاش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇمشاق دېتالنى كېڭەيتكىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئويلىشىش ئىنتايىن مۇھىم. بازاردا سېتىـ ـلىۋاتقان يۇمشاق دېتاللار شۇنى ئىشلىگەن شىركەت تەرىپىدىن داۋاملىق كېڭەيتىلىپ، يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئەسلى كودى ئېچۈېتىلگەن يۇمشاق دېتاللار بىر مەزگىلدىن كېيىن يېڭىلىنىشى ۋە كېڭەيتىلىشى توختاپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار. لېكىن، ئەسلى كودى ئېچۈېتىلگەن يۇمشاق دېتاللارنىڭ تۈرى ۋە سانى كۆپ. بەزىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ياخشى، ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىدىغان پروگراممىچىلار قوشۇنى بار. شۇڭلاشقا، قايسىسى ياخشى، قايسىسى ئىستىقباللىق ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇش كېرەك. ھازىر ئەسلى كودى ئېچۈېتىلگەن يۇمشاق دېتاللارنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز. پروگراممىچىـ ـلارغا غەيرى، باشقا تۈرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە تەلەپلەر قويۇلىۋاتىدۇ. يەنى، ئېچۈېتىلگەن كودلارنى ئىشلىتەلەيدىغان، بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرالايدىغان، تەڭشەپ، كېڭەيتىپ ئۇستىگە قۇرالايدىغان بولۇش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. باشتىن ـ ئاخىر ئۆزى پروگراممىدا تۈزىدىغان پروگراممىچىغا ئەمەس، بەلكى بار بولغان نەرسىلەرنى بىر بىرىگە ئۇلاپ كېڭەيتىپ، ئېچۈېتىلگەن كودتا يوق ئىقتىدارلارنى قوشالايدىغان ئادەملەرگە بولغان ئېھتىياج كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ باشتىن تۈزگەنگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە تەس، بۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ كۈچ ۋە ئەقىل كېتىدۇ، تېخىمۇ ئەتراپلىق بولغان مەسىلىنى ھەل قىلىش قابىلىيىتى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

س:

سىزنىڭچە ھازىرقى ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتاللارنىڭ باھاسى مۇۋاپىقمۇ؟ ئەنگلىيىدە كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى سېتۋېلىشقا قانداق قارايدۇ؟

دىلشات ھېۋزۇللا: ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتاللارنىڭ باھاسىغا قاراپ باقمىدىم، بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەنگلىيىدە بولسا كارخانا، ئىدارىلەردە ھەر قانداق كىچىك پروگراممىنىمۇ چوقۇم سېتىۋالىدۇ. چۈنكى كۆچۈرۈپ ئىشلەتكىنى ئاشكارلىنىپ قالسا تۆلەيدىغان بەدىلى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. شەخسلەردە بەزىدە ئۆزلىرى سېتىۋالغان بولسا يېقىن دوستلىرىغا كۆچۈرۈپ بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. لېكىن بەك كەڭ دائىرىدە ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭغا يول قويۇلمايدۇ، بۇ قانۇنسىز دەپ قارىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بىرەر يېرىم كۈن سەرىپ قىلىپ مەلۇم مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان كىچىككىنە بىر پروگراممىدا تۈزگەن بولسىڭىزمۇ ئۇنى ئالىدىغان ئادەم چىقىدۇ. بۇ يۇمشاق دېتال تۈزگۈچىلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇمشاق دېتال تەرەققىياتىدا ناهايىتى تۆرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

س:

ئۇيغۇرلاردا ئىنتېرنېتتا پروگراممىلارنى تۈزۈشتە قانداق كەمچىلىكنى هېس قىلىدىڭىز؟

دىلشات هېۋزۇللا: ئىنتېرنېت دېگەن بىر چوڭ ئوقۇم، ئىنتېرنىتتا پروگرامما تۈزۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر چوڭ ئوقۇم. ئۇيغۇرلاردا بۇ ساهە كۆپ ئاجىز. چۈنكى، **ASP** دېگەن تىللار بىلەن سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن ئوقۇپ تور بەتكە چىقىرىپ قويۇش ئادەتتىكى بىر ئىش، ئىنتېرنېتتا كارخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ هەم مۇرەككەپ پروگرامما تۈزگەندە چوقۇم قاتلاملار بويىچە تۈزۈلىدۇ. ئەڭ ئاستىدا تور قاتلىمى بولىدۇ. تور قاتلىمىنىڭ ئۈستىدە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بولىدۇ. سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئۈستىدە سانلىق مەلۇماتلارنى پروگرامما ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرىدىغان بۆلەك بولىدۇ. ئوبيېكتقا ئايلانغاندىن كېيىن، بۇ ئوبيېكتلارنى سانلىق ئامبارغا ساقلايدىغان بىر قاتلام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىقتىدار قاتلىمى ( **business layer** دەيمىز) بولىدۇ. بۇ قاتلامغا بىخەتەرلىك، **Transaction** دېگەندەك بۆلەكلەر قويۇلىدۇ هەم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ جەهەتتە يەنە **Asprct oriented, SOA(service oriented architecture)** دېگەندەك نۇرغۇن ئاتالغۇ، نەزەرىيىلەر بار. يىغىپ ئېيتقاندا، پروگراممىلار قاتلام هەم رامكىلار بويىچە قۇرۇلغان بولىدۇ. شۇ بويىچە ئەڭ ئاخىرىدا **Web component** دېگەن قاتلام بولىدۇ. بۇ قاتلامدا ئاندىن بەزى بۆلەكلەر **html** هۆججەتى ئارقىلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، بىر نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ ئىزدەش، تور ئارقىلىق نەرسە سېتىۋېلىش دېگەندەك. بەزى بۆلەكلەر باشقا پروگراممىلار بىلەن، **XML** بىلەن، ياكى **RMI ,Web service** ، قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىچكى تور، تاشقى تور بىلەن ئالاقە ئېلىپ بارىدۇ. مۇشۇ پروگراممىلارنىڭ هەممىسى قاتلام، بۆلەك ۋە ئۆلچەملىك رامكا هالەتتە ئۆز ۋەزىپىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ هەم ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. يەنى، هەر بىر بۆلەك ئاددىي بولىدۇ، بىراق بۇلارنى ئۆز- ئارا ئۇلاش، بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق چوڭ، مۇرەككەپ سىستېمىلارنى تۈزۈشكە بولىدۇ. بۇ جەهەتتە يەنە پروگراممىلارنى ئوراش تېخنىكىسى، ئۆز-ئارا ئۇلاش تېخنىكىسى قاتارلىق نۇرغۇن تېخنىكىلار بار. بۇلارغا تەلەپمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى ئارىسىدىكى مەلۇم بۆلەك پروگرامما ئىجرا بولماي قالسا ياكى خاتالىق كۆرۈلسە بىر كارخانىنى ۋەيران قىلىش ئېهتىماللىقى بار. شۇڭا بۇ جەهەتتە تەلەپ قاتتىق قويۇلىدۇ.مېنىڭچە، ئۇيغۇرلادا مۇشۇنىڭدەك كارخانىغا يۈزلەنگەن چوڭ تىپتىكى پروگرامما تۈزۈش كەمچىل، بۇ جەهەتتە چوقۇم هازىرقى ئىلغار بولغان ئىدىيە، ئۆلچەم ۋە تېخنىكىلارنى ئۈزلۈكسىز ئىگىلەش، ئىشلىتىش، ئۆز-ئارا هەمكارلىشىپ پروگرامما تۈزۈش ئىنتايىن مۇهىم.

س:

هازىرقى كومپيۇتېر تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ تېزلىششى بىلەن نۇرغۇن كەسپىي ئاتالغۇلار بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، بۇلارنى بىۋاستە ئىنگلىزچە هالىتىدە ئاتىساق بولامدۇ؟

دىلشات هېۋزۇللا: مېنىڭچە، ناهايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان بەزى ئۇقۇملارنى ئۇيغۇرچە ئىپادىلەش مۇۋاپىق بولمىغان بولسا ئىنگلىزچە ئاتىساق بولىدۇ. لېكىن بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىداش سۆزلىرىنى ياسىغىلى بولسا هەم قاراشتىلا ناهايىتى ئېنىق بولسا بىۋاستە ئۇيغۇرچە ئاتىساق تېخى ياخشى. مەسىلەن، «تور» دېگەن ئىسىم ناهايىتى ياخشى بولۇپتۇ. ئىنتېرنېتنى تور دېسەك بولمايدۇ. ئىنتېرنېت دېگەن ئىنتېرنېت، **NET** دېگەن تور بولىدۇ، بۇلارنىڭ پەرقى بار. «تور بەت» مۇ ناهايىتى ياخشى ئاتالغۇ بولۇپتۇ.ئەڭ مۇهىمى ئاتالغۇلارنىڭ ئىخچاملىقى جەهەتتە كۆپرەك باش قاتۇرۇش كېرەك. مەلۇم بىر ئاتالغۇ ئىنگلىزچىدە ناهايىتى ئىخچام بولسا، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسىنى ياسىغاندا ئۇزۇن بولۇپ كەتسە ياكى مۈجمەل بولۇپ قالسا بىۋاستە ئىنگلىزچىنى ئىشلەتكەن ياخشى. مەسىلەن،, **Extranet, Internet, Intranet, Process**، **Thread** دېگەندەك سۆزلەرگە ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ ياسىغاندا ئۇزۇن بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنىڭدەك ئاتالغۇ ناهايىتى كۆپ، يەنە كېلىپ كۈندە دېگۈدەك يېڭى ئاتالغۇلار بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىخچام هەم چۈشەندۈرۈلۈشنى بىر قېتىم كۆرگەندىن كېيىنلا

دەرھال ئەستە قالىدىغان ئىش بولسا بىۋاسىتە ئىنگلىزچىدىن ئالساق بولىدۇ. لېكىن، ھەممىلا سۆز-ئاتالغۇنى ئىنگلىزچىدىن ئېلىشقىمۇ بولمايدۇ.

س:

ئەنگلىيىدە كومپيۇتېر ساھەسىدە ماگىستىر ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشتا قانداق تەييارلىق قىلىش كېرەك؟ قانداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ؟

دىلشات ھېۋزۇللا: تەييارلىق تەلۋى باشقا كەسپلەرنىڭكىگە ئوخشاش. TOEEL، IELTS قاتارلىق بەلگىلەنگەن ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلسا ھەم بەلگىلەنگەن تەلۋىنى ئورۇنلاپ، ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى ئېلىش ئارقىلىق ئوقۇسا بولىدۇ. لېكىن، كومپيۇتېرغا نىسبەتەن ئوقۇش مۇكاپاتىنى ئېلىپ ئوقۇش تەسكە چۈشىدۇ. چۈنكى بۇ پۇل تاپىدىغان كەسىپ بولغاچقا، ئەدەتتە جىق ئورگانلار پۇل چىقىرىپ بەرمەيدۇ. پۇل تېپىشنىڭ قۇراللى بولغانلىقتىن ئوقۇيدىغان ئادەممۇ كۆپ. فىزىكا، ماتېماتىكا دېگەندەك پەنلەردە نۇرغۇن ئورگانلار ئىئانە قىلىدۇ، ئوقۇغۇچىلار تەتقىقات تېمىسىنى ئورۇندايدۇ. ئەمما، كومپيۇتېر كەسپى بولسا كارخانىلاشقان بولىدۇ. شۇڭا، تەتقىقاتلارنى كارخانا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىۋېرسىتېتلاردىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا كارخانا ئارقىلىق ئەكس ئېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى مەھسۇلات ۋە خېرىدار ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ.

س:

ئەنگلىيىدىكى شىركەتلەردە كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال تۈزگۈچىلەرگە قانداق تەلەپ قويۇلىدۇ؟

دىلشات ھېۋزۇللا: ئەنگلىيىدىكى شىركەتلەردە مەلۇم پروگراممىنى تۈزۈشتە، ئەگەر شۇنداق پروگرامما ھازىر بار بولغان بولسا (مەيلى ئۆزىدە ياكى باش شىركەتتە بولسۇن)، پروگرامما تۈزگۈچىلەرنىڭ قايتىدىن پروگرامما تۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ، بىۋاسىتە شۇ پروگراممىنى ئىشلىتىدۇ (باشقىلاردا بولسا سېتىۋالىدۇ). قايتىدىن پروگرامما تۈزۈشتە چوقۇم بۇرۇن ھېچ كىم تۈزۈپ باقمىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر يوق بولغان تەقدىردىمۇ، ئوخشاپ كېتىدىغىنى بولسا ھەم ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولسا شۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، پروگرامما تۈزگۈچىلەردىن پروگراممىلارنى تەكشۈرۈش، بىرلەشتۈرۈش، كەڭ دائىرىدىن ئويلاش، مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتلەردە قويۇلىدىغان تەلەپ ئىنتايىن يۇقىرى. ئۇنىڭدىن باشقا، پروگراممىچىلارنىڭ ئۆزى خالىغانچە پروگرامما تۈزۈشكە ھەرگىزمۇ يول قويۇلمايدۇ. چوقۇم ھازىرقى رامكىغا چۈشۈرۈش، ئۆلچەملەشكەن(standardization) ھالەتتە تۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۆزى بىر نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، يېڭىلىق ياراتىم دەپ يېڭىچە بىر ئۇسلۇپتا پروگرامما تۈزۈشكە بولمايدۇ. ئۇنداق قىلغاندا باشقا پروگراممىچىلارنىڭ چۈشىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ. ئەلۋەتتە، يېڭى نەرسىلەرنى تۈزۈش ئارقىلىق يېڭىلىقلار پەيدا بولىدۇ. لېكىن، شىركەتلەردە بۇنىڭغا يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى، ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە تۈزسە ئۇسلۇب جىق بولۇپ كېتىپ ئومۇمى گەۋدىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئۆزى ئىجاد قىلىش ئەمەس، ئەڭ ئالدى بىلەن ھازىر بار بولغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ ئۈستىگە قۇرۇشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلىدۇ. بەزىدە ئۆزگىچە ئۇسلۇبلار بىكارلىق تارقىتىلغاندىن كېيىن، كۆپ ئادەم تەرپىدىن ئىشلىتىلىپ، ياخشى باھا بېرىلسە يېڭى ئۇسلۇپ پەيدا بولىدۇ ھەم ئۆلچەملىشىشكە تۇرۇتكە بولىدۇ. مەسىلەن، Spring دېگەن ھېچقانداق ئۆلچەمگە چۈشمەيدىغان بىر نەرسە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتىكەن، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئىشلىتىشى بىلەن ھازىر بىر ئۆلچەمدەك بولۇپ قالدى. لېكىن، شىركەتلەردە ئۆزى خالىغانچە تۈزۈشكە بولمايدۇ، چوقۇم شۇ شىركەتتە بېكىتىلگەن ئۆلچەم بويىچە تۈزۈش كېرەك .

# رابغۇزى

ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ ئېپتخارى نەسىرىدىن بۇرهانىدىن ئوغلى رابغۇزى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئەينى دەۋىردىكى قەشقەرگە تەۋە بولغان ئۇلۇغ يوللۇق رابات دىگەن جايدىن. نەسىرىدىن رابغۇزى يالغۇز مەشهۇر يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن مۇتەپەككۇرى بولۇش سالاهىيتى بىلەنمۇ پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىغا تونۇلغان ئىدى. ئۇ قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبىياتىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھەقىقى ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ جاهانغا مەشهۇر رومانى «قىسسەئى رابغۇزى»نى يېزىپ قالدۇردى. ئەمما كۆپ ئەپسۇس، بۇ رومانىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ساقلانمىغان. ئۇنىڭ بۇ رومانىدىكى ئۈستۈن بەدىئى ماھارەتكە، ئۇنىڭدا خاتىرلەنگەن تارىخىي ۋەقەلەرگە، شۇنىڭدەك رومانىدا ئورۇن ئالغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە قاراپ، رابغۇزىنىڭ ئەرەپ، پارس تىلى ئەدەبىياتىنى پۇختا ئۆگەنگەن، تارىخ، پەلسەپە ۋە دىنىي ئىلىملەرنى پىششىق ئىگەللىگەن قابىلىيەتلىك ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

رابغۇزى شەرق دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىققان «قىسسەئى رابغۇزى» ياكى «قىسسەسۇل ئەنبىيا»(پەيغەمبەرلەر قىسسىسى) سەرلەۋھىلىك بۇ رومان ھىجرىيە 710 ـ يىلى، ھۇت ئېيىدا (مىلادى 1310 ـ يىلى 3 ـ ئايدا) يازغۇچىنىڭ يۇرتى رابات ئوغۇزدا مەيدانغا كەلدى. بۇ ھەقتە رومانىنىڭ ئۆزىدە مۇنداق مەلۇمات بار :

يەتتە يۈز ئون ئېردى يىلغا كىم بىتىلدى بۇ كىتاپ ،
تۇغمىش ئېردى ئول ئوغۇزدە ھۇت سائادەت يۇلدۇزى.

# رائىلە خانىم



(1860 ـ 1917) ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇئەللىمە، قەشقەرنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدىن بولۇپ، 1885 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاتۇش ئىكساق پەننىي مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. رائىلە خانىم ـ موللا ئاچا « ھۈسەينىيە مەكتىۋى » دە ئىككى يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئىزچىل تۆردە قىزلارنى تەربىيلەش بىلەن يېڭى مەكتەپ مائارىپىدا بىردىن ـ بىر تۇنجى ئاياللار مائارىپىنى ھاياتىنىڭ مەزمۇنى قىلغان. مائارىپنى كەڭ ئاياللارغا يۈزلەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئالىي غايىسى قىلىپ، بىر ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۈرگەن، «دەلائىلۇل ئۇلۇم» (ئىلىمگە دالالەت قىلغۇچى) ناملىق كىتاۋنى يازغان.(بۇ قولىيازما ھازىرمۇ ساقلانماقتا).«قۇرئان كەرىم»نى ھۆسنىخەت شەكلى بىلەن تولۇق كۆچۈرۈپ چىققان. ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگەللىگەن.

# رەيھانگۈل بەكتۇر

دوكتور رەيھان بەكتۇر ئاقسۇدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن ئەلا نەتىجە بىلەن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتىر ئېنژېنېرلىقى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. تولۇق كۇرسنى

پۈتتۈرگەندىن كېيىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقىغان ۋە ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپلا ئامېرىكا كلېمسون ئۇنىۋېرسىتېتى (Clemson University) ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىغى كەسپىگە تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن دوكتورلۇققا قوبۇل قىلىنغان. 2005 ـ يىلى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ ئۆزىنى ئۆتمەي ئامېرىكا يۇتا شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر ۋە ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىغى فاكۇلتېتىنىڭ مەڭگۈلۈككە تەكلىپ قىلىش سىستېمىسى بويىچە ياردەمچى پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىنغان ۋە تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدە ئامېرىكا تەتقىقات ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى بۇ خىل ئۇسۇلدا پروفېسسورلۇق خىزمىتىگە ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر بولۇپ قالغان. ئۇ قىسقىغىنە ئون نەچچە يىللىق تەتقىقات ھاياتىدا ئامېرىكىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان ۋە ئۆز ساھەسىدىكى ئامېرىكا ئىلمىي جەمئىيەتلىرى تەرىپىدىن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۈچۈن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان. ئۇ يەنە ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۇيغۇر دوكتور ۋە ماگىستىر ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرگەن تۇنجى ۋە بىردىن ـ بىر ئۇيغۇر پروفېسسور بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دوكتور رەيھان بەكتۆر 2009 ـ يىلى ۋە 2011 ـ يىلى ئىككى نۆۋەت يۇتا شتاتىنىڭ يىللىق «تېخنىكا ساھەسىدىكى ئايال» مۇكاپاتىنىڭ ئاخىرقى 16 نامزاتى تىزىملىكىگە كىرگەن. ئۇ 2011 ـ يىلى «يىللىق مۇنەۋۋەر پروفېسسور مۇكاپاتى» ۋە «مۇنەۋۋەر ئاسپىرانت يېتەكچىسى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. دوكتور رەيھان بەكتۆر ئېرىشكەن كاتتا مۇكاپاتلار ئىچىدە، 2013 ـ يىلى ئېرىشكەن «دون دۆدلىي مائارىپ مۇكاپاتى» ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئامېرىكا تەتقىقات ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى مەڭگۈلۈككە تەكلىپ قىلىش سىستېمىسىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئۇ 6 يىل ياردەمچى پروفېسسورلۇق خىزمىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈپ، يۇتا شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەسمىي «مەڭگۈلۈككە تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسورى» بولۇپ قالغان ۋە ئورۇنباسار پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا كۆتۈرۈلگەن. دوكتور رەيھان بەكتۆرنىڭ تەتقىقاتلىرى يۇقىرى تېخنىكىلىق ئاساسى ياساشقا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ھازىر ئۇ ئۆز ساھەسىدە ئامېرىكىدىكى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرىدۇر.

**خىزمەت تارىخى**

2005 ـ 2006 ئامېرىكا ئىللىنوي شتاتىدىكى موتورولا شىركىتىدە ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىگەن.

2006 ـ 2012 ئامېرىكا يۇتاھ شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتىر ۋە كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىغى فاكۇلتېتىدا ياردەمچى پروفېسسورلۇق خىزمىتىنى قىلغان.

2012 ـ يۇتاھ شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتىر ۋە كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىغى فاكۇلتېتىنىڭ مەڭگۈلۈككە تەكلىپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئورۇنباسار پروفېسسورلۇققا ئۆستۈرۈلۈپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

**تەتقىقات تۈرلىرى** (ئۆزىنى تىزىملىك بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىكى ئاساسلىقلىرى تىزىلدى):

دۆلەتلىك مېيىلىق ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەتقىقات ئىنستىتۇتى: ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىغا ئىگە روبوتلار (ماشىنا ئادەملەر)نىڭ سىمسىز توك سىستېمىسى (2014)، ھەمكارتۆر ئىگىسى، جەمئىي سوممىسى 106،424 دوللار، دوكتور بەكتۆرغا بۆلۈنگىنى 40 مىڭ دوللار.

ئامېرىكا دۆلەتلىك تەبىئىي پەن فوندى (#1128622) : كۆپ فۇنكسىيىلىك قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئانتېنا ئوقى تەتقىقاتى (2012 ـ 2015). باش تۆر ئىگىسى، جەمئىي سوممىسى 198،963 دوللار.

ئامېرىكا دۆلەتلىك تەبىئىي پەن فوندى (# 0801426): كىچىك سۇنئىي ھەمراھلارغا ئىشلىتىدىغان قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارىيە ئانتېناسى (2008 ـ 2011). جەمئىي سوممىسى 192،210 دوللار.

**تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلىرى**

پۈتتۈرگىنى: دوكتور 2 نەپەر، ماگىستىر 9 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر ئۇيغۇر دوكتور ۋە بىر نەپەر ئۇيغۇر ماگىستىرمۇ بار)

نۆۋەتتىكى ئوقۇغۇچىلىرى: دوكتور ئاسپىرانت 1 نەپەر، ماگىستىر ئاسپىرانت 1 نەپەر (بۇ يىل كۈزلۈك ئوقۇشقا يەنە بىر نەپەر ئۇيغۇر دوكتور ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**ئۆتتىدىغان ئاساسلىق دەرسلىرى**

ئېلىكتىر ماگنىت ئىلمى (تولۇق كۇرس):

http://www.neng.usu.edu/ece/faculty/breyhan/ECE%203870.html

ئانتېنا (تولۇق كۇرس):

http://www.neng.usu.edu/ece/faculty/breyhan/ECE%205850.html

ھېساپلاش ئېلىكتىر ماگنىت ئىلمى (ئاسپىرانت):

http://www.neng.usu.edu/ece/faculty/breyhan/ECE%207860.html

ئالىي ئېلىكتىر ماگنىت ئىلمى (ئاسپىرانت)

**ئېرىشكەن مۇكاپاتلىرى** (ئۆزۈن بىر تىزىملىك بولغاچقا قىسقارتىلدى)

خەلقئارا ئېلىكتىر ئىلمى ئىنژىنېرلىرى جەمئىيىتى (IEEE) نىڭ 2013 ـ يىللىق دونالد دۇدلىي «تولۇق كۇرس ئوقۇتۇش مۇكاپاتى»

يۇتاھ شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى 2011 ـ يىللىق «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» مۇكاپاتى

يۇتاھ شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى 2010 ـ يىللىق «مۇنەۋۋەر ئاسپىرانت يېتەكچىسى» مۇكاپاتى

يۇتاھ ئاياللار تېخنىكا كومىتېتىنىڭ 2009 ۋە 2011 ـ يىللىق «ئايال تېخنىك» مۇكاپاتى

ئاخىرقى تاللانغانلار تىزىملىكى:

خەلقئارا رادىئو ئىلمى بىرلەشمىسىنىڭ 2008 ـ يىللىق «ياش ئالىم» مۇكاپاتى

رادىئو ئىلمى بىرلەشمىسىنىڭ 2005 ـ يىللىق ئاسپىرانتلار ئىلمىي ماقالە مۇسابىقىسى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتى؛

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1998 ـ يىلى ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىنغان چىڭخۇۋا ئۇنىۋېرسىتېتى لى شۆ «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار» مۇكاپاتى

رەيھانگۈلنىڭ ئەسلى ئىسمى رەيھان گايىت بەكتۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى نەچچە يىللار بۇرۇن بەكتۇر دېگەننى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىشنى قارار قىلغان. بەكتۇر دېگەن بەك تۇر، يەنى، چىڭ تۇر، مۇستەھكەم تۇر، كۈچلۈك بول دېگەن مەنىلەردە. رەيھانگۈلنىڭ دادىسى ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئېتىقادى، ئىشەنچىدە چىڭ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپ بۇ فامىلىنى قوللانغان ئىكەن.

رەيھانگۈل بەكتۇرنىڭ ئالبۇمىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز:

http://www.biliwal.com/modules.php?name=coppermine&file=thumbnails&album=59

# روزى توختى غوجا دەۋرانى




روزى توختى غوجا دەۋرانى1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناهىيىسىنىڭ دول يېزىسىدا ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 2006 ـ يىلى شىنجاڭ كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ خىمىيە ـ سانائەت مەكتىۋى نېفىت ئايرىش كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، جۇڭگو نېفىتى مايتاغ نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى شىركىتىگە خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان. 2000 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر خەتتاتلىقىغا ئوتتەك ئىشتىياق باغلاپ، ئۇيغۇرچە ھۆسنىخەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئۇسلۇبلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بەل باغلىغان ۋە ئۆگىنىشكە كىرىشكەن، 2001 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ يازغان بىر قىسىم ھۆسنىخەتلىرى ھەر قايسى مەتبۇئات ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۈرۈمچى، خوتەن، قاراماي، مايتاغ قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن خەتتاتلىق مۇسابىقىلىرىدە ئۇنىڭ بىر قىسىم خەتتاتلىق ئەسەرلىرى مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئۇيغۇر خەتتاتلىغىنىڭ سېھرىي كۆچى يۈرىگىدە ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان روزى توختى غوجا دەۋرانى 2015 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ ئوتنى سەبىيلەر يۈرىگىدە يالقۇنجىتىش ۋە ئۇيغۇر خەتتاتلىغىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەخسىتىدە، مايتاغ دىيارىدا سەبىيلەر خەتتاتلىق كۇرسى ئېچىپ تەربىيلەشنى ئېلىپ بارغان ۋە ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتقان. ئۇيغۇر خەتتاتلىغىنىڭ بىخ هالىتىدىكى تەربىيىسىنى ئالغان سەبىيلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قەلبىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئوبرازىنى تىكلىگەن.

ئۇ هازىر ئۇيغۇر خەتتاتلىغىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەل بولغان نەزەرىيە ئاساسىنى يارىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىرىشچانلىغى مول مىۋە بېرىدۇ، ئىنشائاللاھ!

رۇزى توختى غوجا دەۋرانىنىڭ هۆسنىخەت ئەسەرلىرىنى سېتىۋالماقچى بولسىڭىز روزى توختى غوجا دەۋرانى ياكى ئەسقەر ئىدرىس ئەلپىدا بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

ئالاقە باغلاش تېلفۇنى : 18997701127، 18799773345

تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ هۆسنىخەت ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى.








## رۇزى سايىت

شائىر رۇزى سايىت ـــ، 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خوتەن گۇما ناهىيىسىنىڭ شەيدۇللا دېگەن تاغلىق كەنتىدە هەربىي گازارمىدا كونا ئەسكەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1973 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەـ بىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ ، 1976 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خوتەن ناهىيلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىدە ۋە خوتەن ناهىيە لاگرۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان .

شائىر روزى سايىت يەڭگىل ، هىسياتقا باي شېئىرلىرى بىلەن تونۇلغان . ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر

uyghurkitap.com





شېئىرىيىتىدە شۆھرەت قازانغان شائىر .

رۇزى سايىتنىڭ شېئىرلىرى ھاياتىنىڭ ھەر- بىر بۆلۈكلىرىگىچە يېتىپ بېرىپ، خەلقىمىزنىڭ ھالىغا مۇڭداش ، دەردىگە دەرمان بولدى .

ئۇنىڭ ھازىرغىچە «قاشتېشى رىۋايىتى» ، «شېئىرىي چۆچەكلەر» ، «بۇ قىز كىمنى تاللىسۇن» ، «مەرھابا» ، «خىيالدىن تۇرەلگەن خىياللار» ، «ئۆي ئالمىغىن ، ئۆيلەنمىگىن ، ئۆيلىمگىن» قاتارلىق داستانلار توپلىمى نەشرقىلىنغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىزچىل ھالدا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ، ئاۋام خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى . ئۇ 15 يىل دېھقان بولغىنىغا ۋە ئۆزىگە «دېھقان» دېگەن تەخەللۇسنى قويغىنىغا لايىق ئىزچىل ھالدا دېھقانلار تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ كەلدى ۋە ئەسەرلىرىنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە دېھقانلارغا چۈشىنىشلىك بولغان جانلىق خەلق تىلىنى قوللىنىپ ئەسەر يازدى . شۇڭمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى راۋان ، ئاسان ئەستە قالىدىغان ، خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشايدۇ . شائىر ئۆزىمۇ ئۆزىنى «قوشاقچى» دەپ ئاتايدۇ .

تۆۋەندە رۇزى سايىت شېئىرلىرىدىن بىر نەچچىنى بايان قىلىمەن:

## ئاھ ، مېنىڭ مىللىتىم

نەسەپتە كۆللى ئالەم ئىتراپلىق مىللىتىم باردۇ ،
ئوغۇز پۇشتى ـ مۇقامى كاتتىلىقتا زىنىنتىم باردۇر.
يۇسۇپ ، ماخمۇت كىتاۋىغا يېزىلغان نى باھادىرلىق ،
يەنە تاڭ قامۇسىدا قەيت ئەجرلىك مېھنىتىم باردۇر.
يىپەك، قاشتاش ، گىلەم ،بۇغداي ، بىدە ، قەغەز...گە بىز ھەغدا ،
(بۇنى جاڭچەنمۇ تەستىقلايدۇ تۆھپەم قىممىتىم باردۇر ).
قەدىم تۆھپە، يىراق ئۆتمۈشكە تالىق ماختىناي قانداق،
قۇياشلىق تاڭدا يۈكسەلمەككە تاغدەك ھىممىتىم باردۇر.
مىنىڭ بۇ مىللىتىم شۇنداق « قېرى »، ياق نەۋجىۋان مىللەت،
بۇ مىللەتنىڭ بۈگۈن ، ياق ، ئەتىسىدە تەن ـ تېتىم باردۇر.
مىنىڭ مىللىتىم« پەگا»غىمۇ چۈشكەن، « تۆر»گىمۇ چىققان،
بۇ ھەقتە سۆزلىسەم شان ـ شەۋكىتىم گاھ ئىللىتىم باردۇر.
ئۆزىنىڭ مىللىتىنى يەرگە ئۇرماس ھىچ كىشى زىنھار،
مىنىڭ بۇ« تىللىشىم»دا تەكتى ھۆرمەت خىزمىتىم باردۇر.

2

بۇ مىللەت شەنىنى يايغان جاھانغا ئوم ـ ئۇيۇشقاقلىق ،
ھالال ئەمدى چېچىلدى قوم كەبى ، تەستەك قويۇشماقلىق.
ھەسرەتلىك دىل ، ھەسرەتلىك گەپ ، ھەسرەتلىك كۆز... شۇڭا دائىم،
ئارام تاپمايدۇ كولاشتا تېخى كولاپ تويۇشماقلىق.
خىيالدا ئىلىم ـ ئىرپان ئەمەس جاڭجال ، رىيا ، پىتنە ،
ئەدەپ ـ ئەخلاقنى يەم قىلدى قىزىل كۆزلۈك ، ئۇرۇشقاقلىق.
كىچىكلەر چوڭغا بى ھۆرمەت ، ئەپۇ خالىماس چوڭلار ،
ئۇدۇم بوپ قالدىغۇ چۆجە ـ خورازدەك تۇرۇشماقلىق.
«مۇھەببەت ـ سۆيگۈدە گۈللەيدۇ ئالەم ، زىتلىشىش نەسلىك ،
بۇ نەسلىك يولنى تار قىلغاي نى ھىچ ئويلاپ قويۇشماقلىق.

كىشىنىڭ چىن ۋاپا ، ئىخلاستىن ئارتۇق غەمخورى نەدە ،
بۇ مىللەت ئۇشبۇ غەمخورلۇق بىلەن سۆھبەت قۇرۇشماقلىق .
ئىلىم ـ پەن راك بىلەن ئەيدىزگە تاپتى ـ تاپقۇسى مەلھەم ،
بۇ مىللەت خەۋپى راك يەڭلىغ مىجەزنى تونۇشماقلىق .

3

بۇ مىللەتتە « ساقاللىقلار » ناماز خانلىقتا يۈزلەندى ،
« ساقالسىزلار » لاغايلاشقا ، مەمەدانلىقتا يۈزلەندى .
ئويۇنپەزلەر سوقۇپ تاش بىلەن تاشنى كۆڭۈل ئاچسا ،
« كارا ok » ، « تانسكەش »نىڭ ۋاقتى بىزمانلىقتا يۈزلەندى .
جاھان نەدە ، ئۆزى نەدە ؟ بۇنى ئويلايدىغانلار ئاز ،
ھەجەپ ئىش ، پەيلى ـ خۇيدا بەخىرامانلىقتا يۈزلەندى .
پاسون ـ مودا كىيىم ، چاچ نۇسخىسى سۆھبەتكە ماۋزۇ ،
ياساتماقلىقنىڭ غىمى ھالى پەرىشانلىقتا يۈزلەندى .
«يىرى كەڭ ، بايلىغى مول ، خەلقى ئەمگەكچان » ئاتالغان يۇرت ،
ھورۇنلۇقتا كۈنى ئىسست ، خەيرى ـ ئىسھانلىقتا يۈزلەندى .
بۇ مىللەت ئىلىم ـ ئىرپان ، كەشىپ ـ ئىجاتتا تۆھپىكار مىللەت ،
نىمىشقا ئەمدى « ئەقلى كالتە ئىنسان » لىقتا يۈزلەندى ؟
بۇ مىللەتنىڭ غىمدە تۇرسا دەۋران ، يۈلسە ھەدەپ ،
نىمىشقا يۈلگەنچە سالپۇ ـ سەرسانلىقتا يۈزلەندى ؟ . . . . .

4

بۇ مىللەتنىڭ قېنىنى بۇزدى يۇرتۋازلىق ، خوتۇنبازلىق ،
ئاتا يانداشتى مەيخورلۇق بۇ « بازلىق» لار قىلىپ ئازلىق .
« قەيەرلىككەن ؟ » بىلەن ئۆلچەپ « يامانىنى » ، «ياخشىنى » توۋا ،
ئىمانى ، جاننى بەردى جانانلار تانسا قاش نازلىق .
ئىچىپ مەي زورلۇنۇپ ـ زورلاپ ، ئەقلىنى مەي بىلەن خورلاپ ،
كۆزنى مەستلىگى تورلاپ ، قىلىشتى غەمزە ـ غەمزارلىق .
بۇلارمۇ يەتمىگەندەك ، كۆر ، چىقاردى باشقىچە ئادەت ،
گۇرۇھ ئايرىپ ، جىدەل ئىستەپ ، گۇماندا ئۆتتى ھەمزارلىق .
ئۇ چىشلەپ ، بۇ تېپىپ ، ئۇ كوچىلاپ ، بۇ چوخچىلاپ . . .ھەيھات ،
ئاداۋەت غەم ـ مۇراتتا دىل يىرىنى ئەيلىدى سازلىق .
ئۆگەنمەك يوق ، تىرىشماق يوق ، ئىلىم تەھسىلگە قىلماق زوق ،
يەنە قېپقالدى بىرمۇنچە ئىسىل خۇي ، خۇيدا رەڭۋازلىق .
ئارام تاپسا سوقۇشتۇردى ، تالاشتۇردى خوراز ، ئىتنى ،
جاھاندا بارمۇ بىر مىللەت سۈپەتتە ئۇشبۇ ئەندازلىق ؟

5

مىنىڭ بۇ مىللىتىمنىڭ غەپلىتى ئۇندەيدۇ چۇقانغا :
ـ ئەجەپ مىللەت ئىدىڭ بوش كەلمىگەن كۆپ نوھى توپانغا .
جاھالەت دەۋرى پۈتكەندە ، زامانىنىڭ زورى يۈتكەندە ،
سىنىڭ روھى راۋانىڭ دەسسىدى ئىللەتتە قاپقانغا ،
«ئېتىز ، بوغداي ، قوناق . . »ئۆزگىسى يادىڭغا كەچمەيدۇ ،
ئەقىل ، كۈچنى خوراتتىڭ ئەسكى كەتمەن ـ « گۇپپۇ ـ گۇپپاڭ» غا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«ئوقۇيمەن! » دەپ تىرەجەپ يىغلىسا سەن زورلىغان تويغا،
يېشى ئون ئۈچ دىلبەرىڭ ـ قىزىڭ ئايلاندى چوكانغا.
ئوماق ئوغلۇڭ زامانى پەن كۆكىگە ئۆرلىمەكچىدى،
چىقاردىڭ مەكتەپتىن باقتى قوي ـ ئايلاندى چوپانغا.
ئايال ـ مەزلۇملىرىڭدىن قىزغىنىپ نۇر، ئاسقۇزۇپ چۈمبەل،
«بوگۇنكى ئۆپكە ئەلا» دەپ پۈچەك دان توشتى دوپپاڭغا.
قېنى، ئېيت مىللىتىم، دائىم ئۆتەمدۇ كۈنلىرىڭ شۇنداق،
ھەۋەس ئەيلەشتە كۆز چىمچىقلىتىپ ياتقانغا، قوپقانغا ؟....

**6**

خىيالىم شۇ : مېنىڭ بۇ مىللىتىممۇ نۇر قۇچاقلارمۇ ؟
نادانلىق ئىللىتىنى ئىلمۇ ـ ئىرپاندا پىچاقلارمۇ ؟
جاھان نۇر تېزلىگىدە، بەلكىم نۇردىن تېز سەپەر ئەتمىش،
«قورساق» تىن نېرىغا ئۆتمەس نىچۈن گەپ ـ « ۋاچ ـ پاچاقلار» مۇ ؟
رىقابەت، مەرپەتنىڭ ئالمى بۇ ـ باشقىچە ئالەم،
ئىلكتىرلەشتى بۇ كەمدە قازان ھەم چۈمۈچلەرمۇ.
پەقەت بىزلام تىرىپ تەمەچ، پاسار ياقساق تونۇر، مەشكە،
پېتىدىن چۈشمىسە توۋا، قەدىم تاش يارغۇچاقلارمۇ:
ھاراقتىن بىر تۈرۈشتا قانچىلىك ئىچمەكتە بەسلەشسەڭ،
دەرىغا ! ئەقلى ـ ئىدرەكنى بۇ قاشقالىق پاچاقلارمۇ ؟
جاھان مىللەتلىرىنىڭ سەپ ـ قاتارى بىزگىمۇ مەنسۇپ،
بۇ مەنسۇپلۇق« بىلىش »تە ! بىز بىلەلمەس دۆت ـ قاپاقلارمۇ ؟
ئۇنتۇما مىللىتىم، ئاۋالقىسى پۇشتۇڭغا تەۋە شان،
سىنىڭ شانىڭ نىمە، سۇنغان ساپال، دات تىغ ،رۇچاقلارمۇ ؟ !

**7**

مۇسەننىپ، بول ئۇمۇتۋار، مىللىتىڭ ئىقبالدا ياشايدۇ،
تېپىپ بىرلىك كۈچىدىن كۈچ قەدەمنى پۇختا تاشلايدۇ.
ئۇنى ئويغاتتى ئىسلاھەت تېگى، غاپىللىغى يۇتكەي،
ئەمەس ئانچە ئۇزاق توي مەزگىلى، مەشرەپمۇ باشلايدۇ.
ئۈمۈتلەن مىللىتىڭنىڭ ئەتىسىدىن، سۆيگۈسىدىن ھەم،
شىرىن پەرھادىنى، لەيلىسى مەجنۇننى باغاشلايدۇ.

ئەمەس ھېچقانچە مىللەتنىڭ كۈچى ئۆزىنى بىلگەنگە،
نى ئىللەت تاغنى، ئۆزىنى بىلگەنلەر پاچاقلايدۇ.
ئەقىل ـ ئىدرەكنى قاشتاشلىق تۇتالماس ئىلكىدە ئەمدى،
دەۋىر تۇرغاچقا پاكلاپ روھىنى، غاپىللىق ياۋاشلايدۇ.
كىرەم، دىلبەرگە باق، مىللەتنى كۆر، روھلان، خۇيۇڭنى تۈز،
ئىشەنمەسلەر ئۆزىگە « قىل » نى « پىل » دەپ، غەم ھاپاشلايدۇ.
جامائەتكە ئەجەپ جىق سۆزلىدىڭ روزى، يەنە سۆزلە،
دىگىن : ئۆزىنى بىلىشتە مىللىتىم گۈللەيدۇ، ياشنايدۇ !

**1993** ـ يىلى ئۆكتەبىر، خوتەن

## دېھقان بولماق تەس

شائىرمەن، قىلمىغاچ يالغانغا ھەۋەس،
سۆزلەيمەن ھەق گەپنى يالغاننى ئەمەس.
بىر ئوت بار يالقۇنى قەلبىمدە پەۋەس،
شۇ ئوتنىڭ ئۆرتىشى ئەتتى مېنى مەس،
مەسلىكتە دەپ ئالاي لېكىن مەن پەخەس،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

ئالەمنىڭ گۈللىشى ئۇنىڭ تەرىدىن،
چۆللەرنىڭ ئەبەدى ئۇنىڭ بەھرىدىن.
ئۇ باقار شەھەرنى كېچىپ مەھرىدىن،
ئۇنىڭ يوق تاماسى «تاختىپەرى»دىن.
پەرقى يوق تۆھپىدە ھەسەل ھەرىدىن،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

ئۇ مۆمىن، بەك ياۋاش،سادىدا،مۇلايىم،
بوشىماس ئالقىنى كەتمەندىن دائىم.
دەر: ئىشلەي ساق بولسا يەتتە ئەزايىم،
تەقدىردە ئېتىزدىن ئېلىنمىش رايىم.
رىزقىمنى،ئەجرىمنى بەرسۇن خۇدايىم،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

پاراغەت دىلبىرى ئاچچۇقچە قويۇن،
تۆت پەسىل توختىماي كۆرستەر ئويۇن.
قىشتا سوغ،يازدا ئوپ،باھاردا قۇيۇن،
گاھ كەلكۈن،گاھ تومۇز،قىستۇراربويۇن.
قىسمەت دەر «جاپاغا كېكىر ۋە تويۇن!»
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

قاراشلىق كەل ـ بار يالغۇز بېشىغا،
يۇگرەيدۇ ئۆستەڭگە دامبا بېشىغا.
ئىشلەيدۇ شۇلارنىڭ توپا ـ ئىشىغا،
ۋاقتىنىڭ ئاشقىنى ئېتىز بېشىغا.
قورۇقلار ماس كەلمەس ئۇنىڭ يېشىغا،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

ئۇ ئۆكۈز،توختىماي تارتىدۇ ساپان،
شاكراپ تەر دەستىدىن شورلايدۇ تاپان.
كۆيىدۇ چوققىسى، كۆيىدۇ تاپان،
چاڭ ـ چاڭ يېرىلىپ قانايدۇ ئالقان.
ئەمما ئۇ «ۋايجان!»لاپ كۆتۈرمەس چۇقان،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

تېرىمنىڭ كەينىدىن مايسا پەرۋىشى،
ھە دېمەي بولىدۇ يىغىم تەرۋىشى.
ئېتىزدىن بوشىسا ئۆينىڭ تەشۋىشى،
ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى،قوينىڭ مەرىشى.
يىل بويى ئۆكسىمەس پىشىپ تەرلىشى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

كېلىدۇ بايراملا ئايەمگە تۇتاش،
دېھقاننىڭ بايرىمى «ئوتاش ھەم پۇتاش».
ئوي ـ پىكىر ھېيىت ئەمەس ـ ھوسۇلنىبوداش،
ئايەم شۇ قازناقتا كۆپرەك كىرسە ئاش.
مەشرىپى ماتىمى خاماندا، ئاداش،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

ئۇ ئەمەس ئۇنۋاندار تەلەيلىك كىشى،
توشمايدۇ بىر ئۆمۈر پىنسىيە يېشى.
يوق « تۆمۈر تاۋىغى » ئۆرلەشتۇر ئىشى،
يوق مائاش، دەرىجە ئۆستۈرۈش ئىشى.
ھەر ئايدا ئوتتۇز كۈن ئىشلەر ياز ـ قىشى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

يەكشەنبە، شەنبىلەر يوقلىماس ئۇنى،
شيەنجاڭمۇ،شياڭجاڭمۇ يوقلىماس ئۇنى.
كانكول تەتىللەر ساقلىماس ئۇنى،
يوقلايدۇ، ساقلايدۇ ئەمگەك خاسئۇنى.
شۇ «خاس»لىقباغاشلاپ راست سۆيەر ئۇنى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

ئۇ تەرگەن پاختىدىن بىزنىڭ ئۈستى باش،
ئۇ چەشلەپ يىققان دان ـ بىزنىڭ يېگەن ئاش.
ھەم شۇنىڭ لىگەنگە چىققان گۆش ـ ئوتياش،
ئۇ باققان پىلىدىن بىزنىڭ يوتقان تاش.
ئۇ بولغاچ مەرد ھاتەم بىز مۇشۇنداق شاش،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

www.uyghurkitap.com



«مەن ،سەن ،ئۇ» ـ سەھرالىق يېزىدىن ئەسلى ،
دېمەك بىز ئەسلىدىن دېھقاننىڭ نەسلى .
نەسلىدىن ياتلاشقان كۆرمەس بەخت ۋەسلى ،
قەدرىنى بىلگەنگە ئۇ ئىللىق يەسلى .
«يەسلى» گە سوزمىسۇن قول ئاياز پەسلى ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس .

بەزىلەر دېھقاننى ساغار كالىدەك ،
ساغقانچە بىلىنەر سۈتى چالىدەك .
ئۆزىلا «ئاق» ئۇنىڭ كۆڭلى ئالىدەك ،
مۆڭلانسا تۇيىلار تۆھمەت ـ يالىدەك .
رىزقىغا چاڭ سالار ئۆگەي بالىدەك ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس .

ۋاھ خەقلەر كەتتىغۇ ئەجەپ سوللۇشۇپ ،
ھېلىسى يىلىسرى باردى موللۇشۇپ .
سەھنىدە تۈزۈشۈپ «توختام» ـ قوللۇشۇپ ،
«قاتلىشىپ ئاشتى »دەپ دوكلات يوللۇشۇپ .
مۆكاپات ئېلىشتى «تۆر»نى گوللۇشۇپ ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس .

ئەللىك كۈن تۈرۈقلۇق خالىس ئەمگىگى ،
يىل بويى ئىشلەيتتى ھاشار بەگلىگى .
رەت قىلسا تۆلەم بار ـ قالتىس دەللىگى ،
ئەرز قىلسا چار قونداقلار پەللىگى .
دېھقانغا مۇشۇنداق ياشاش تەگلىگى ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس .

«تەكىت»تە ئاجايىپ دېھقاننىڭ رولى ،
دېيىلەر «ئاساسنىڭ ئاساسى ـ ئۇلى» .
ئەمەلدە بېشى كەڭ ،تار ئاياغ يولى ،
شۇڭمۇ تىرنىغى ئۆسمەيدۇ غولى .
ئون قۇڭنى خەجلەشكە تىترەيدۇ قولى ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس .

ساتقىلى ئەپ كىرسە ياڭاق يا گۆلە ،
ئۇ كىلەر: يەر ھەققى تاپشۇرغىن ،بولە؟...
ئۇ كىلەر: دەپ قىنى رەسمىيەت تۆلە!...
دەپ قالسا: سەل توختاڭ ...دەر «يوقال ئۆلە!» ،
ئۇنىڭغا ھەممىسى توقۇيدۇ مۆلە ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس .

ئۇ دېسە: قىغ ـ تېزەك ھىدى بەستىدە...
ماۋۇ دەر: يول قىستاڭ ئۇنىڭدەستىدە...
يولنى ئۇ ياسىغان تۇرسا ئەسلىدە ،
ھارۋىسى ماڭالماس كوچا رەستىدە .
ئاھ ، گويا ھەممىسى ئۇنىڭ قەستىدە ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس .

خەزىنە تارقاتسا «يۆلەش پۇلى»نى ،
بانكىر دەر: «ئۇ بىلمەس بېيىش يولنى» .
يۆيامدۇ بىزنى، بىز يۆيساق قولنى؟
چىقرىپ تۇرسا كېيىن دولا ـ غولنى!
كۆزىمىز كۆرمىسۇن قەرزى تولنى!
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس .

مۇشۇنداق ھالەتتە دېھقان بىچارە ،
كۆزى ياش ،دىلى خۇن يۈرىگى پارە .
ئەپتى جۇل ،گېلى ئاچ ، مىسكىن ، ئاۋارە ،
ھالىغا ۋاي ئۇنىڭ قەيەردە چارە .
ھەتتاكى جانغىمۇ تۆلەر ئىجارە ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس .

ئۆزۈلەي دېگەندە ماغدۇر ـ يىلىگى ،
يۇقۇرىغا ئاڭلىنار ئارمان ـ تىلىگى .
ھال سوراپ كېلىشەر خىزمەت ئۆمىگى ،
«بېتەمدۇ يىلىغا ـ دەپ ئوزۇق يىمىگى؟» .
بارى ـ بار، نە ھاجەت «ئۇ ـ بۇ »دېمىگى ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس .

دېھقان دەر تەكشۈرۈپ كەلگەن ئۆمەككە ،
«ئوخشايدۇ ھالىمىز ئەتىمىز مۇنەككە» .
بىز گويا قارچۇغا چۈشكەن خۇنەككە ،
مۇھتاج بىز يۈرۈقىا ، بىر يار ـ يۆلەككە .
(دېمەك تەس بۇ گەپنى سىزدىن بۆلەككە) ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس .

جەدىۋەللەر« ئاشتى»غا يوللايدۇ سانىنى ،
ئالىدۇ سۈپۈرۈپ ئاخىرقى دانىنى .
ئالدايدۇ ئۆزىنى، كۆر بۇ زىيانىنى ،
پوچىلىق ـ «نوچىلىق»قىنايدۇ جانىنى .

جەرىمانە توختىماي كولايدۇ يانىنى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

كۆرۈڭلار ھالىمىز شۇ قەدەر ناچار،
ئاش تۆككەن قازناقتىن چاشقانمۇ قاچار.
يەي دېسەڭ تۇگىدى، يىمىسەڭ ئاچار،
بىز نىچۈن بوپ قالدۇق شۇ ھالغا دۇچار؟!...
كەتسەڭلار «چاقتىڭ!»دەپ قەھرىنى چاچار،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

ئىشقىلىپ بىرسى بار پەيلى بەزگەكتىن ،
ئىمتىياز تەختىدە تۇرۇپ ئەزگەكتىن .
چىقمىسا بۇ قەستىنى بىلگەڭ، سەزگەكتىن،
بولىمىز سەرگەردان - «جاھانكەزگەڭ»تىن.
گاراڭ بىز توختىماس تېپىك - تەستەكتىن،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

يۇرت-يۇرتتىن تەڭلەيدۇ كۆڭلەك، چاپان ،كەش،
ھەشقاللا ئېيتىمىز بولسىمۇ نىمكەش.
بىز شۇنداق تىلەمچى -گاداي ، كۆڭلى غەش،
قىززىق ئىش، يەر مۇنبەت ھەرخاماندا چەش.
بىلمىدۇق كىم جەمشىت، كىملەرلەيلىۋەش،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

«ئوغۇتمۇ پۇل!» دەيدۇ ، يالتىراقمۇ ھەم،
«تۇگمەنمۇ پۇل! »دەيدۇ جىن چىراقمۇ ھەم.
«پۇل»دەيدۇ تاغارمۇ ، توقۇناقمۇ ھەم،
«پۇل»دەيدۇ يولدىكى بوغۇناقمۇ ھەم.
پۇل قېنى؟پۇل نەدە؟ غەم ئۇستىگە غەم ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

بىزنىڭمۇ باي بولۇپ ئۆتكىمىز يوقمۇ؟
لەۋلىرى ماي بولۇپ ئۆتكىمىز يوقمۇ؟
نامراتلىق نومۇسقۇ، بىزگە ئورۇقمۇ؟
قىسمەتنىڭ پۈتكىنى ئامانەت، دوقمۇ؟
يوق ھەتتا تەسەللى- «ۋاينىمە قوق»مۇ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

دىمىسىمۇ مەركەزدىن «باي بولسۇن دېھقان!»
قۇلاقنى يۇپۇرغاچ يەرلىك بەگ، خاقان.
ھەددىدىن ئاشماقتا «ئۇچ قالايمىقان»،
بەس ! ئەمدى سالمىساق بولمايدۇ چوقان.
چاچما دەپ سىلقتەش يۈز -كۆزگە قوقان ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

دېھقاننىڭ بەختىگە سانما قارا!
دېھقاننىڭ قەلبىنى ئەيلىمە يارا!
دېھقاننىڭ يولىغا قازمىغىن ئورا!
كىم دېدى: دېھقاننىڭ قېنىنى شورا؟
دېھقاننىڭ بېشىنى سىلا ھال سورا،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

دېھقانمۇ ياشىسۇن ، كۈلسۇن، يايرىسۇن ،
دېھقانمۇ جاراڭلىق ئۈندە سايرىسۇن .
دېھقانمۇ كۆكلىسۇن، ئۆسسۇن - ئاينىسۇن،
قازنىنى ماي كۆرسۇن، شورپا قاينىسۇن.
«ئۇھ...»دېسۇن، ھېيت-بايرام ، مەشرەپ ئوينىسۇن،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماقتەس.

سەن بىزدەك گەردىنى قاتقان نەدە بار؟
مۇھ يەپ، شاخقا تىغ چاپقان نەدە بار؟
تۇز بەرگەن تۇزلۇقنى چاققان نەدە بار؟
ئەل-يۇرتنى دېھقاندەك باققان نەدە بار؟
ئېيتمىساق بولمايدۇ ئۇنىڭ دەردى بار!
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.

شائىرمەن دېھقاننىڭ باغرىدا ئۆسكەن ،
شائىرمەن ئۇ بەرگەن زاغرىدا ئۆسكەن .
شائىرمەن ئۇنىڭ ئاش تاغرىدا ئۆسكەن ،
شائىرمەن توي كۆرگەن-ناغرىدا ئۆسكەن .
يالغاننى يازماقتىن راست سۆزلەش تەسكەن ،
تەس دىسە جاھاندا ھەممىدىندېھقان بولماق تەس.

uyghurkitap.com



# روزى ھاجىم

(1962 ~ 1860 ) ، ۋەتەنپەرۋە، مىللەتپەرۋەر، مەرپەتپەرۋەر زات روزى ھاجىم ئۇرۇمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ ھەرخىل خەلق قوزغىلاڭلىرىغا قاتناشقاندىن سىرت، ئۇرۇمچىدە «ئەختەرىيە» (دەسلەپتە « تۇرانى » دېيىلەتتى ) مەكتۇپنى ئېچىپ ئەۋلاد تەربىيەلەشكە كۈچ چىقارغان. ئۇ يەنە دىيارىمىزنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىدىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، تارىخ سەھىپىسىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان.

# رىشات ئابباس



رىشات ئاباس 1960 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئاتۇشتا تۇغۇلغان بولۇپ، كىلىنىكىلىق دورىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ساھەسىدىكى باش تەتقىقاتچى . كەسپى ژورناللاردا ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا 80 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان ۋە ئوقىغان (ئومۇمىي ماقالە ـ ئەسەرلىرىنىڭ تىزىمى بۇ تۈنۈشتۈرمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ بىرىلدى).

دوكتور رىشات ئاباس بورھان نۆۋەتتە ئامېرىكانىڭ تېببىي دورا تەتقىقات ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ساھەسىدە خەلقئارادا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان دورا تەتقىقات بىرلەشمە ئىدارىسى ـ Pfizer دە راك ۋە باشقا كېسەللىرى دورا تەتقىقات تارمىغىنىڭ باش يېتەكچى (Lead Clinical Pharmacologist/Principle Investigator) تەتقىقاتچىسى ۋە كلىنىكىلىق دورىشۇناسلىق تارمىغىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا (2004 ـ يىلدىن ھازىرغىچە) . رىشات ئاباس بۇرھان 1989 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كېلىپ ، 1994 ـ يىلى ئوھىو شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا (The Ohio State Unwersiti, Columbus, OH, USA) تېببىي دورىشۇناسلىق ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن .

رىشات ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇغان ۋە تەبىئىي پەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر پەرزەنتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ . ئۇ 1994 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىگى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ تەتقىقات تەجرىبىخانىسىدا ( Wright ـ Patterson Air Force Base, Dayton, OH, USA) دوكتور ئاشتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان . 1994 ـ يىلدىن ھازىرغىچە ئامېرىكادىكى تېببىي دورا تەتقىقات خىزمەت ھاياتىدا ئامېرىكا دۆلەتلىك تەتقىقات تەجرىبىخانىلىرىدا ، خەلقئارالىق تېببىي دورا تەتقىقات ئىدارىلىرىدە يېڭى دورىلارنى تەتقىق ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ساھەسىدە زور ئۇنۇملۇك تەتقىقات خىزمەتلىرىدە بولغان ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشكەن .

رىشات ئاباس بۇرھان يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىش ، ئىستېمال قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى كلىنىكىلىق سىناقتىن ئۆتكۈزۈش جەھەتلىرىدە ، داۋاملىق مۇھىم مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئالاھىدە نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە: راك كېسەللىگىگە شىپا بولىدىغان يېڭى دورا ـ Erlotinib) Tarceva) ۋە Bosutinib) Bosulif)، يۈرەك ـ قان تومۇر

كېسەللىرىگە شىپا بولىدىغان يېڭى دورىلار PLETAL، نېرۋا كېسەلـ ـلىرىگە دەۋا ـ Abilify، ھەمدە دىيابەتىس كېسەللىرىگە شىپا بولـ ـىدىغان دورا ـ ئېغىزدىن ئىستېمال قىلىدىغان Insulin (ھازىر تېخى تەتقىقات ۋە مۇقىملىشىش باسقۇ ـ چىدا) لارنىڭ تەتقىقاتىغا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ھازىرغا قەدەر ئۇ 135 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمى ماقالىلەرنى خەلقئارا تېببىي دورا تەتقىقات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ژورناللاردا ۋە خەلقئارالىق تېببىي دورا تەتقىقات يىغىنلاردا ئېلان قىلدى . شۇنداقلا يەنە دورا ئىلمىگە ئائىت كىتاپلارنىڭ باپلىرىنى يېزىپ چىقتى . ئۇ تېببىي دورا تەتقىقات ساھەسىدە يەنە 2 پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

دوكتور رىشات ئابباس بۇرھان نۇرغۇن قېتىم دۆلەتلىك ۋە خەلقئارالىق پەن ـ تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە 1996 ـ يىلى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىگى (the U.S. Department of Defense) تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن «پەن ۋە تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتى» ((Science and Technology Achievement Award)، 1996 ـ يىلى ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيە باش ئىشتابىدىن (the U.S. Department of Air Force) بېرىلگەن «پەن ـ تەتقىقات نەتىجە مۇكاپاتى» (Scientific Achievement Award) ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىكتۇر . بىر پارچە ماقالىسى 1999 ـ يىلى «زەھەرلىك ماددىلار ئىلمى جەمئىيىتى» (Society of Toxicology) تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئەسەر» بولۇپ باھالانغان . 2001 ـ يىلى خەلقئارا دىئابىت كېسلى تېخنىكىلىق يىغىنىدا يەنە بىر پارچە ماقالىسى «ئەڭ ياخشى مەزمۇنلۇق ماقالە» بولۇپ باھالانغان . 2009 ـ يىلى ئۇنىڭ كۆكرەك راك كېسەللىكلىرىگە قارشى دورا تەتقىقات نەتىجىسى «پەۋقۇلئاددە ئىجادچانلىقتا ئىگە نەتىجە» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتقا قوشقان زور تۆھپىسى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى . ئۇندىن باشقا يەنە 2009 ـ يىلى ، قان راك كېسەللىكلىرىگە قارشى دورا تەتقىقات نەتىجىسى بۇ ساھەگە قوشقان تەتقىقات تۆھپىسىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى سەۋىيىدە بولغانلىغى ئۈچۈن «يېڭى بىر پەللىگە يەتكەنلەرنى ئېتىراپ قىلىش» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

دوكتور رىشات ئابباسنىڭ 2013 ـ يىلدىكى بىر ماقالىسى «دۇنيا بىو ـ مېدىتسىنا ئالدىنقى سېپى» (World Biomedical Frontiers) ژورنىلىنىڭ ئالدى مۇقاۋا بېتىدە تونۇشتۇرۇلۇشقا تەكلىپ قىلىندى . ئۇ 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە San Diego تا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمى دوكلات يىغىنىدا ( the 10th Annual Lysosomal Disease Network World Symposium, February 10 ـ 13, 2014, San Diego, California) ئۆزىنىڭ ئەڭ يېڭى ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . رىشات ئابباسنىڭ بۇ ياراتقان نەتىجىلىرى ئۇنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان ئالاھىدە ئۆتكۈرلىگى ۋە كېچە ـ كۈندۈز ھارماي ـ تالماي تىرىشقانلىغىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئۇ مۇشۇنداق ھەيران قالدۇرارلىق ئىلمي نەتىجىلىرى بىلەن «2006 ـ يىلدىكى ئامېرىكىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» ناملىق كىتاپتا ئۇيغۇر ئالىم ـ مۇتەخەسسىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق تونۇلغان ئىلىم ئەربابى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان . بۇ كىتاپ 1899 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، روزۋېلتتەك مەشھۇر سىياسئونلار، ئەينشتېيىندەك داڭلىق ئالىملار، كەننەتىھ ئارودەك نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىقتىسادشۇناسلار ۋە بىلل گايتىستەك دۇنياۋى كارخانىچىلارنىڭ ، قىسقىسى ھەر يىلى ھەر قايسى ساھەلەردە ئامېرىكا جەمئىيىتىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان شەخسلەرنىڭ ماتېرىياللىرى تاللىنىپ كىرگۈزۈلەتتى . 2006 ـ يىلى رىشات ئابباس يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نەتىجىلىرى بىلەن ئامېرىكا جەمئىيىتىدە قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەنلىگى ئۈچۈن بۇ كىتاپتا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغان .

مانا ، ئانا تىلى ئىنگلىز تىلى بولمىغان بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى دۇنياۋىي پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىلمي ژورناللاردا نۇرغۇن ئىلمي ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ ئامېرىكىنى ،

www.uyghurkitap.com



بەلكى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ، «كاتتىلار» سورۇنىدا گېگانىت قەد كۆتۈرمەكتە!!!

ئىلىم ساھەسىدە «ئالىم» دېگەن سۆز ــ ماددىي دۇنيانى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان مەلۇم ساھەدە(ئاساسلىغى تەبىئىي پەن) سىستېمىلىق بىلىمگە ئىگە بولغان ھەمدە كۆزىتىش ، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق جامائەت ئېتىراپ قىلغان ئىلمىي نەزەرىيە ۋە ياكى ماددىي شەكىلگە ئىگە مەھسۇلاتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن شەخسنى كۆرسىتىدۇ . لېكىن شۇنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىمكى ، بىر ئادەم مەلۇم خىل ئىلمىي ئۇنۋاننى ئالغانلىغى ئۈچۈنلا «ئالىم» بولۇپ ، ئالىمغانلىغى ئۈچۈن «ئالىم» بولالماي قالىدىغان ئىش يوق . مەسىلەن ، بىر ئادەم پەننىڭ مەلۇم بىر تۈرىدە «دوكتور» لۇق ئۇنۋانى ئالسۇن دەيلى، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ كىشىنى «ئالىم» دەپ ئاتاش ـ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان بۇ سۆزنى ياخشى چۈشەنمەي ، ئالدىراپ چىقارغان خۇلاسە بولىشى مۇمكىن . دوكتورلۇق ئۇنۋانى ـ ئالىملىق تونىنى كىيىشنىڭ بىر يېتەرلىك شەرتى ، ئەمما زۆرۈر شەرتى ئەمەس . كونىلار: «تۆردە ئولتۇرغان ھېساپ ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساپ» دېيىشكەن ئىكەن . گەپ سېنىڭ ئۇنۋانىڭدا ئەمەس ، ياراتقان نەتىجەڭدە . شۇڭا ئېينەكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تۇرۇپ شۇنداقمۇ ئېيتالايمىزكى ، يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋان ئالماي تۇرۇپمۇ ، ئۆزلىگىدىن تىرىشىش ئارقىلىق مەلۇم ساھەدە يېتىلگەن ، پەن ـ تەتقىقات نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان كىشىلەرمۇ «ئالىم»لىق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولىدۇ ، ئەلۋەتتە . ئەمما «ئالىم»لىقنىڭمۇ دەرىجىسى بولىدۇ . بىز بۇ يەردە دەۋاتقان ئالىم ـ بىر جەمئىيەتكىلا مەنسۇپ ، بىر مىللەت ئۆزىگىلا چۈشىنىشلىك ئالىممۇ ياكى خەلقئارا سەۋىيىدىكى ئالىممۇ؟ مۇنداق ئوخشىتىشقا بولىدۇ: بىر مىللەتنىڭ خەلقئارا سەۋىيىدىكى ئالىملىرى شۇ مىللەتنىڭ ماركىسى . بۇ ماركا دۇنياغا قانچە يۈزلەندى دېگەنلىك ـ مىللەتنىڭ دۇنياغا تونۇلدى دېگەن گەپتۇر . دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى بىلەن تونۇلغان مىللەت ـ جەلپكار مىللەت ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ، كەلگۈسى پارلاق بىر مىللەت . مەلۇم مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن توپ شەكلىدە يەنى خەلق سۈپىتىدە تەرەققىياتقا ئىنتىلىشى ۋە تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشى كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارغا بېرىپ تاقىلىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ نېمىگە يۈزلىنىشى ، يەنى قانداق يۆنىلىشنى تاللىشى ۋە شۇ خەلق تەشكىل قىلغان جەمئىيەتنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى مۇھىم . بۇ ـ ئەۋلادلارنىڭ قايسى خىل قىممەت قاراش بىلەن چوڭ بولىشىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئەگەر جەمئىيەتتە ئەيش ـ ئىشرەتچىلىك ئېغىرلىشىپ ، ئالىمنى ئەمەس ناخشىچىنى ، ئىلىمنى ئەمەس ، ئۇسسۇلچىنىڭ تولغاپ ئوينىغان بېلىنى چوڭ بىلىدىغان ، ئالىلقانداق ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىغىنى بىلمەي ناخشا توۋلايدىغانلارنى ياكى ھېچقانداق ئەخلاقىي ئۆلچەم ھەم ۋىجدان تارازىسىنىڭ چەكلىمىسى بىلەن ھېساپلاشماي ، غەيرى يوللار بىلەن «باي» بولغانلارنى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى ۋە ئىنتىلىش ئوبيېكتى قىلىدىغان خاھىش يامراپ كەتسە ، مۇقەررەركى بۇنداق مىللەتنىڭ كېلىچىگى گۇڭگا بولىدۇ، خالاس . ئۇلۇغ بوۋىمىز، مەھمۇد قەشقەرى بۇندىن 10 ئەسىر ئىلگىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ناخشا ـ ئۇسسۇلغا بېرىلگەن خەلق ـ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان خەلق» . بۇ سۆزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە . 1000 يىلدىن بۇيان ئۇنى چۈشەنمىگەن بولساقمۇ ، ئەمدى ئۇنىڭ تېگىگە يەتمىسەك بولمايدۇ . «ئەقىلگە ئىشارەت ، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» دەپ توغرا ئېيتقان ئىكەن دانالىرىمىز . بىز چوقۇم ئۆزىمىزگە تەلەپ قويىشىمىز ، ياشلىرىمىزنى ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىشىمىز ، خەلقىمىزنى مەرىپەت ئارقىلىق مەۋجۇتلىغىمىز ۋە كېلىچىگىمىز ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىرىق قىلىشىمىز ھەمدە كىشىلىرىمىز ئىچىدە ئىلىم ـ پەننى قەدىرلەيدىغان ، ئىلىم ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئىچىمىزدىن تېخىمۇ كۆپ خەلقئارا سەۋىيىدىكى ئالىملارنىڭ چىقىشىغا ئىلھام ۋە كۈچ بېرىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز زۆرۈر .

رىشات ئاباسىنىڭ قىسقىغىنە 10 يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي نەتىجىلىرى ، ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن بېرىلگەن باھالار ، مۇكاپاتلار ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئالىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . بۇ 10 يىل ئىچىدە دوكتور رىشات ئەپەندى ئۆزى باش بولۇپ ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ نۇرغۇنلىغان ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ، 80 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى ، يازغان ماقالىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىش نىسبىتى 100% بولدى ھەمدە ھەممىسى زەھەرشۇناسلىق ۋە دورىگەرلىك ئىلمى ساھەسىدە خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان «زەھەرشۇناس» ، «خەلقئارا زەھەرشۇناس» ۋە «دورىگەرلىك ئىلمى» قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى . بۇ جەرياندا ئۇ ياۋروپا ، ياپونىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق مەملىكەتتە ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنغا قاتنىشىپ 31 قېتىم ماقالە ئوقۇدى ، 10 قېتىم تەكلىپكە بىنائەن لېكسىيە سۆزلىدى . «ئەگەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ياراتقان ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەلقئارا سەۋىيەدىكى ئالىملارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشمىسە ، مۇشۇ قىلنى قىرىق يېرىپ ، ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا قىزىقىپ ، لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلارمىدى ؟ »

ئىلىم ـ پەننىڭ ۋەزىپىسى دۇنيانى ، شەيئىلەرنى ۋە ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈش ، ھەمدە ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن خۇلاسىنى ئىنسانىيەتنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن تەتبىقلاش .

مەسىلەن ، ئۆپكە راكى نېمىشقا پەيدا بولىدۇ؟ ئۇنى تاماكا چېكىش كەلتۈرۈپ چىقارامدۇ؟ تاماكا چېكىش بىلەن ئۆپكە راكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زادى قانداق؟ مانا بۇ بىر مېدىتسىنا تەتقىقاتچىسى قىلىدىغان ئىش .

نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەر راك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدۇ؟ ئۇنىڭ سەۋەبى خىمىيەلىك ئامىللارنىڭ تەسىرىدىنمۇ ۋە ياكى گېننىڭ (گەنەتىك) تەسىردىنمۇ؟ مانا بۇ بىر دورا تەتقىقاتچىسى تەتقىق قىلىدىغان مەسىلە .

باشقا شارائىت ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ، بىر گالون گازنىڭ باھاسى 1$ ئاشۇرۇلسا ، ئۇنىڭغا بولغان تەلەپ قانچىلىك تۆۋەنلەيدۇ؟ مانا بۇ بىر ئىقتىسادشۇناس تەتقىق قىلىدىغان مەسىلە .

جەمئىيەتتە كۆچلۈك تەسىر قوزغىغان ، مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ياكى شەخسلەرنىڭ تارىخىنى ، ئىش ـ ئىزلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا بايان قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتتە ساغلام بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئاكتىپ كەيپىياتنىڭ يارىتىلىشىغا ئاز ـ تولا ھەسسە قوشۇش مەقسىتىدە ئىزدىنىش بىر ئەدەبىي ئاخباراتچىنىڭ ۋەزىپىسى .

رىشات ئاباسىنىڭ دادىسى ئۇيغۇرلاردىن چىققان داڭلىق تەبىئىي پەنلەر ئالىمى ، پەننى ئومۇملاشتۇرغۇچى يازغۇچى ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرى بويىچە بىر ئۆمۈر ئۆز خەلقىغە ھارماي ـ تالماي خىزمەت قىلىپ كەلگەن ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا دائىرىسىدىمۇ چوڭ تەسىرى بولغان ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر جامائەت ئەربابى ھۆرمەتلىك ئۇستاز ـ ئاباس بۇرھان ئەپەندىدۇر(تەپسىلاتى بۇ كىشى ھەققىدىكى تونۇشتۇرمىدا بايان قىلىندى ) .

دوكتور رىشات ئاباسىنىڭ ئاپىسى مارىيە ئابلىز خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرلىگى ۋە بەختى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلغان ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ قەيسەر جەڭچىسى ۋە قابىل تەشكىللىگۈچى ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى مەرھۇم ئابلىز نىياز ئەپەندىنىڭ قىزى بولۇپ ، 1938 ـ يىلى 18 ـ مارتتا ئاتۇشنىڭ كاتتايلاق يېزىسىدا بىر مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئىنقىلاپچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1950 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مېدىتسىنا مەكتىۋىدە كىلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىدە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، ئۇيغۇر ئالىي مائارىپىنىڭ كۆزى بولغان ئۇنىۋېرسىتېتتا دوختۇر ۋە باش دوختۇر بولۇپ 40 يىلدىن ئارتۇق جان پىدالىق بىلەن خىزمەت ئىشلىدى . پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان بۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە سۆيۈملۈك ئانا ـ ئۇيغۇر تاتلىق يېمەكلىكلىرىنى تۇۋارلاشتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com



بازارغا سېلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىش كۆتۈپ تۇرغان خانىم ـ قىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى ئۆز ئەمگىكى بىلەن يېنىكلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تورت ـ يېمەكلىرى كارخانىسىنى قۇردى ۋە نۇرغۇن خانىم ـ قىزلارنى بۇ ساھەدە يېتىلدۈرۈپ ، ئۈرۈمچىنىڭ كۆپ ئورۇنلىرىدا تاتلىق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ سېتىش دۇكانلىرىنى قۇرۇشقا ياردەمدە بولدى . كېيىنچە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا شەھەرلىرىگىمۇ كېڭەيتتى ، ئۇنىڭ تەجرىبىسىدىن ئىلھام ئالغان نۇرغۇنلىغان خانىملار ئاشۇ خىل ئىگىلىك تىكلەش يولىدىن مېڭىپ ھەم ئۆزىنىڭ ياشاش شارائىتىنى ياخشىلىدى ھەم باشقىلارغا سايىسىنى چۈشۈرۈپ ، ئۇلارغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى . 5 يىل ئىچىدە مارىيە ئابلىز خانىمنىڭ ئەجرى بىلەن يارىتىلغان ۋە تەرەققى قىلغان بۇ كارخانىچىلىق كەسپى ئۇيغۇر ئېلىدە ئومۇملىشىپ، 30 ـ 40 ئەتراپىدىكى شەھەر ، ناھىيە ، كەنت ، بازارلاردا بولۇپ ، 1000 غا يېقىن پىشۇرۇپ سېتىش دۇكانلىرى قۇرۇلۇپ ، نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ ئىشسىزلىق ۋە ئائىلە ئىقتىسادى مەسىلىلىرى ھەل بولدى . مەرھۇمە مارىيە خانىم ـ ئاقكۆڭۈل ، سېخى ھەم ياخشى نىيەتلىك ئىنسان بولۇپ ، ھايات چېغىدا ياردەم قولىنى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئازاب تارتىۋاتقان ئاغرىق ـ سىلاقلارغا ۋە كەمبەغەل، يېتىم ـ يېسىرلارغا سۇنغانلىقى ئۈچۈن ، 2004 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ، مارىيە خانىم ۋاپات بولغان كۈنى ، كىشىلەر «ئۈرۈمچى ئاسمىنىدىن بىر خەيرى ـ ساخاۋەت يۇلتۇزى ئۆچتى» دەپ ھەسرەت چېكىشتى .

رىشات ئابباس ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانا مۇشۇنداق بىر جۈپ مۇنەۋۋەر ئوغۇل ـ قىزىنىڭ پەرزەنتى.

رىشات ئابباس ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ پەنگە ھېرىسمەنلىكىنى ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىنى ، خاراكتېرىدىكى ئېغىر ـ بېسىقلىقنى ئالىم دادىسىدىن ئۆرنەك ئالغان بولسا ، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە دورا تەتقىقات ئىلمىگە بولغان قىزىقىشىنى ـ ئاپىسىنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىدەك سەۋەبىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدرىكىنى ئويغىتىشىدىن دەپ قارايدۇ.

ئايانكى، بەزىلەر «ئالىملىق شەرتى»گە توشاي دېگىنى بىلەن ئۆزىنىڭ ياراتقان نەتىجىسىنىڭ يوق بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىجادىيىتى ۋە ھالال مېھنىتى ئارقىلىق يۈكسەلگەن ۋە شان ـ شەرەپ قۇچقان باشقا قېرىنداشلىرىغا ھەسەت قىلىش ۋە كىچىك كۆزلۈك بىلەن پىتنە قىلىش تۈپەيلى «ئادەمىيلىك» نىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بەزى جەھەتتە بۇ ئۆزگىرىشنى تەرەققىيات دەپ ئاتىساقمۇ بەزى جەھەتتە «تەرەققىيات» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئېغىر ئەخلاق كرىزىسىگە دۇچ كەلمەكتە. ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپىنىڭ يوقلىشى، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە راھەتپەرەسلىكنىڭ كۈچىيىشى، پىتنە ـ پاسات ھەم ھەسەتخورلۇقنىڭ يامرىشى، ۋاپاغا جاپا قىلىش، ئاشنى ئىچىپ بولۇپ چىنىنى چېقىۋېتىشتەك ئاللاكىملەردىندۇر يۇقqan ۋابا ـ قېرىنداشلار ئارا ئىشەنچىنى سۇسلاشتۇرۇپلا قالماي، ئۆز ـ ئارا ئاداۋەتنى پەيدا قىلىپ، ياخشى ۋە سەممىي كۆڭلى بولغان ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئازاپلىماقتا. . .

ئەگەر سەن كىم بولۇشۇڭدىن قەتئىنەزەر، ياخشىلارنى كۆرەلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىگە ھەسەت قىلىدىغان ۋە ياكى تۆل خوتۇندەك يىپچى، ياكى بولمىسا يىپچى خوتۇندەك پىتنىچى بىرسى بولساڭ، يەنى بىرەر ئۇيغۇر پەرزەنتى پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە شان ـ شەرەپ قۇچۇپ ھەتتا ياتلارمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋاقىتتا، «ئۇ قانچىلىك ئىشتى، بۇ قانچىلىك نېمە ئىدى» دەپ ياخشىلارنى ۋە ئىشلىرىدا ئۆتۈق قازانغانلارنى كەم سۇندۇرۇشقا ئورۇنىدىغان بىرسى بولساڭ، ئۇھالدا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئاقكۆڭۈل، تەرەققىيپەرۋەر خەلقىڭنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان بىرلا سۆز بار:

ياكى سەنمۇ تىرىشىپ شۇنداق بول، نەتىجە يارات، ياكى بولمىسا «ئاغزىڭغا تاش، ئېشىڭغا ماش» سېلىپ ئولتۇر.

چۈنكى، باشقا تائىپىدىن بولغان كىشىلەر مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرىمىزغا ھەسەت قىلسا ـ بۇ بىر

غەزەپلىنىدىغان ئىش، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىن بىرسى شۇنداق دېسە بۇ بىر ئېچىنارلىق ئىش!
ئاللاھ ھۆرمەتلىك ئالىمىمىزغا رەھمەت قىلسۇن ۋە تېخىمۇ زور تۆھپە قازىنىشنى نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!

## PUBLICATION (Peer Reviewed):

**1.** Chiho Ono, Poe-Hirr Hsyu, **Richat Abbas**, Cho-Ming Loi and Shinji Yamazaki. *Application of Physiologically-Based Pharmacokinetic Modeling to Understanding of Bosutinib Pharmacokinetics: Prediction of Drug-Drug and Drug-Disease Interactions*.

Drug Metabolism and Disposition February 6, 2017, dmd.116.074450; DOI: https://doi.org/10.1124/dmd.116.074450

2. **Richat Abbas** and Poe-Hirr Hsyu, Clinical Pharmacokinetics and Pharmacodynamics of Bosutinib, *Clin Pharmacokinet*, October 2016, Volume 55, Issue 10, pp 1191–1204. DOI 10.1007/s40262-016-0391-6. http://link.springer.com/article/10.1007/s40262-016-0391-6
3. **Richat Abbas**, PhD, Donna Palumbo, PhD, Faith Walters, PharmD, Heidi Belden, PharmD, Sally A. Berry, MD, PhD Single-Dose Pharmacokinetic Properties and Relative Bioavailability of a Novel Methylphenidate Extended-Release Chewable Tablet Compared With Immediate-Release Methylphenidate Chewable Tablet. *Clinical Therapeutics*, Volume 38, Issue 5, May 2016, Pages 1151–1157

DOI information: 10.1016/j.clinthera.2016.02.026

4. **Richat Abbas**, Glen Park, Bharat Damle, Raul Chertkoff, and Sari Alon. Pharmacokinetics of Novel Plant Cell-Expressed Taliglucerase Alfa in Adult and Pediatric Patients with Gaucher Disease. *Molecular Genetic and Metabolism*. Research Article.

**11.** PLOS ONE | DOI:10.1371/journal.pone.0128986 June 8, 2015. Volume 111, Issue 2, Pages S15–S16. http://dx.doi.org/10.1016/j.ymgme.2013.12.014

5. Edward C. Li, **Richat Abbas**, Ira A. Jacobs and Donghua Yin. Considerations in the early development of biosimilar products. *Drug Discovery Today* May 2015, Volume 20, Supplement 2, Pages 1–10. http://dx.doi.org/10.1016/j.drudis.2014.12.017
6. **Richat Abbas**, Joseph Boni, and Daryl Sonnichsen, Effect of Rifampin on the Pharmacokinetics of Bosutinib, a Dual Src/Abl Tyrosine Kinase Inhibitor, When Administered Concomitantly to Healthy Subjects *Drug Metabol Personal Ther. 2015 Mar;30(1):57-63. doi: 10.1515/dmdi-2014-0026.*
7. Hsyu PH[1], Mould DR, **Abbas R,** Amantea M. Population Pharmacokinetic and Pharmacodynamic Analysis of Bosutinib. *Drug Metab Pharmacokinet. 29 (6) 1-8 (2014)*
8. **Abbas R,** Leister C, Sonnichsen D. A clinical study to examine the potential effect of lansoprazole on the pharmacokinetics of bosutinib when administered concomitantly to healthy subjects. ***Clinical Drug Investigation:*** Volume 33, Issue 8 (2013), Page 589-595
9. Leena Gandhi, Rastislav Bahleda, Sara M Tolaney, Eunice L Kwak, James M Cleary, Shuchi S Pandya, Antoine Hollebecque, **Richat Abbas**, Revathi Ananthakrishnan, Anna Berkenblit, Mizue Krygowski, Yali Liang, Kathleen W Turnbull, Geoffrey I Shapiro, Jean-Charles Soria. Phase I Study of Neratinib in Combination With Temsirolimus in Patients With Human Epidermal Growth Factor Receptor 2-Dependent and Other Solid Tumors. *Journal of Clinical Oncology. 2014 Jan 10;32(2):68-75*

*10.* **Richat Abbas**, Stephan Chalon, Cathie Leister, Myriam El Gaaloul, Daryl Sonnichsen. Evaluation of the pharmacokinetics and safety of bosutinib in patients with chronic

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


hepatic impairment and matched healthy subjects. ***Cancer Chemother Pharmacol*** (2013) 71:123–132. DOI 10.1007/s00280-012-1987-7

*11.* Chow, L.W.-C., Xu, B., Gupta, S., Freyman, A., Zhao, Y., **Abbas, R.,** Vo Van, M.-L., Bondarenko, I. Combination neratinib (HKI-272) and paclitaxel therapy in patients with HER2-positive metastatic breast cancer. ***British Journal of Cancer***: volume 108, issue 10, year 2013, pp. 1985 – 1993

*12.* **Richat Abbas**, PhD; Cathie Leister, MS; Myriam El Gaaloul, PharmD; Stephan Chalon, MD, PhD; and Daryl Sonnichsen, PharmD. Ascending Single-Dose Study of the Safety Profile, Tolerability,and Pharmacokinetics of Bosutinib Coadministered With Ketoconazole to Healthy Adult Subjects. ***Clinical Therapeutics***/Volume 34, Number 9, September 2012, pp 2011 – 2019.el. *doi: 10.1016/j.clinthera.2012.07.006. Epub 2012 Aug 9. PMID: 22884766 [PubMed - indexed for MEDLINE]*

*13.* **Richat Abbas,** Bruce A. Hug, Cathie Leister, Daryl Sonnichsen. A double-blind, randomized, multiple-dose, parallel-group study to characterize the occurrence of diarrhea following two different dosing regimens of neratinib, an irreversible pan-ErbB receptor tyrosine kinase inhibitor. ***Cancer Chemother Pharmacol.*** 2012 Jul;70(1):191-9. doi: 10.1007/s00280-012-1857-3. Epub 2012 Mar 15. PMID:22418773[PubMed - indexed for MEDLINE]

*14.* **Abbas R**, Hug BA, Leister C, Gaaloul ME, Chalon S, Sonnichsen D. A phase I ascending single-dose study of the safety, tolerability, and pharmacokinetics of bosutinib (SKI-606) in healthy adult subjects. ***Cancer Chemother Pharmacol*** *(**2012**) 69:221–227.*

*15.* Daud A, Krishnamurthi S, Saleh M, Gitlitz BJ, Borad MJ, Gold PJ, Chiorean EG, Springett GM, **Abbas R,** Agarwal S, Bardy-Bouxin N, Hsyu PH, Leip E, Turnbull K, Zacharchuk C, Messersmith W. Phase 1 Study of Bosutinib, a Src/Abl Tyrosine Kinase Inhibitor, Administered to Patients With Advanced Solid Tumors. ***Clinical Cancer Research.*** 2012 Feb 15;18(4):1092-100. doi: 10.1158/1078-0432.CCR-11-2378. Epub 2011 Dec 16.

*16.* **Richat Abbas,** Bruce A. Hug, Cathie Leister, Daryl Sonnichsen. A randomized, crossover, placebo- and moxifloxacin-controlled study to evaluate the effects of bosutinib (SKI-606), a dual Src/Abl tyrosine kinase inhibitor, on cardiac repolarization in healthy adult subjects. ***Int J Cancer***. *2011 Nov 8. doi: 10.1002/ijc.27348.*

*17.* Cortes JE, Kantarjian HM, Brümmendorf TH, Kim DW, Turkina AG, Shen ZX, Pasquini R, Khoury HJ, Arkin S, Volkert A, Besson N, **Abbas R**, Wang J, Leip E, Gambacorti-Passerini C. Safety and efficacy of bosutinib (SKI-606) in chronic phase Philadelphia chromosome-positive chronic myeloid leukemia patients with resistance or intolerance to imatinib. ***Blood.*** 2011 Oct 27;118(17):4567-4576.

*18.* **Abbas R**, Hug BA, Leister C, Burns J, Sonnichsen D. Pharmacokinetics of oral neratinib during co-administration of ketoconazole in healthy subjects. *Br J Clin Pharmacol.* 2011 Apr;71(4):522-7. doi: 10.1111/j.1365-2125.2010.03845.x.

*19.* Jorge E. Cortes, Hagop M. Kantarjian, Tim H. Brümmendorf, Dong-Wook Kim, Anna G. Turkina, Zhi-Xiang Shen, Ricardo Pasquini, H. Jean Khoury, Steven Arkin, Angela Volkert, Nadine Besson, **Richat Abbas**, Junyuan Wang, Eric Leip, and Carlo Gambacorti-Passerini. Safety and efficacy of bosutinib (SKI-606) in chronic phase Philadelphia chromosome–positive CML patients with resistance or intolerance to imatinib *Blood-2011-05-355594;* ***Blood. volume 118, issue 17, year 2011, pp. 4567 - 4576***

**20.** Ramona F. Swaby' Zefei Jiang, Yan Sun, Khalil Zaman, Veronique Dieras, Charles Zacharchuk' Christine A. Powell, **Richat Abbas**, Mayuri Thakuria, Amy Freyman, and Kimberly L. Blackwell. A Phase I/II Study of Neratinib (HKI-272) in Combination with

Trastuzumab for the Treatment of Patients with Advanced Breast Cancer; submission to the ***Journal of Clinical Oncology**, 2011.*

21. **R. Abbas**, B. Hug, C. Leister, J. Burns, D. Sonnichsen Effect of Ketoconazole on the Pharmacokinetics (PK) of Bosutinib (SKI-606) in Healthy Subjects. ***J Clin Pharmacol***. December 2011 vol. 51 no. 12 1721-1727.
22. Bruce Hug, **Richat Abbas**, Cathie Leister, Jaime Burns, Daryl Sonnichsen. A Single Dose, Crossover, Placebo- and Moxifloxacin-Controlled Study to Assess the Effects of Neratinib (HKI-272) on Cardiac Repolarization in Healthy Adult Subjects. ***Clinical Cancer Research***. 16(15), 4016-4022, August 1, 2010.
23. Harold J. Burstein, Yan Sun, Luc Y. Dirix, Zefei Jiang, Robert Paridaens, Antoinette R. Tan, Ahmad Awada, Anantbhushan Ranade, Shunchang Jiao, Gary Schwartz, **Richat Abbas**, Christine Powell, Kathleen Turnbull, Jennifer Vermette, Charles Zacharchuk, Rajendra Badwe. Neratinib, an Irreversible ErbB Receptor Tyrosine Kinase Inhibitor, in Patients With Advanced ErbB2-Positive Breast Cancer. ***Journal of Clinical Oncology***, Vol 28, No 8 (March 10), 2010: pp. 1301-1307
24. Kwok-K. Wong, Paula M. Fracasso, Ronald M. Bukowski, Thomas J. Lynch, Pamela N. Munster, Geoffrey I. Shapiro, Pasi A. Jänne, Joseph P. Eder, Michael J. Naughton, Matthew J. Ellis, Suzanne F. Jones, Tarek Mekhail, Charles Zacharchuk, Jennifer Vermette, **Richat Abbas**, Susan Quinn, Christine Powell, and Howard A. Burris. A Phase I Study with Neratinib (HKI-272), an Irreversible Pan ErbB Receptor Tyrosine Kinase Inhibitor, in Patients with Solid Tumors. ***Clin Cancer Res*** 2009 15: 2552-2558.
25. Joseph Boni, **Richat Abbas**, Cathie Leister, Jaime Burns, Ronald Jordan, Mattew Hoffmann, William Demaio, and Bruce Hug. Disposition of Desipramine, a Sentisive Cytochrome P450 2D6 Substrate, When Coadministered with Intravenous Temsirolimus, ***Cancer Chemother Pharmacol*** (2009) 64:263-270.
26. Grant Sellar, John D Alvarez, Frank Loganzo, **Richat Abbas**, Fred Immermann, Maha Karnoub, Giora Z Feuerstein, Michael E Burczynski, Christina M Coughlin. Opportunities posed by novel patient selection biomarker approaches in oncology drug development: going beyond the cytotoxics. ***Biomarkers in Medicine***, April 2008, Vol. 2, No. 2, Pages 147-153.
27. Gunnar Folprecht, Josep Tabernero, Claus-Henning Köhne, Charles Zacharchuk, Luis Paz-Ares, Federico Rojo, Susan Quinn, Esther Casado, Ramon Salazar, Jordi Andreu, **Richat Abbas**, Chantal Lejeune, Irene Marimón, Jordi Andreu, Ulrike Ubbelohde, Hernan Cortes-Funes, Jose Baselga. Phase I PK/PD study of EKB-569 - an irreversible inhibitor of the epidermal growth factor receptor (EGFR) tyrosine kinase - in combination with irinotecan, 5-fluorouracil and leucovorin (FOLFIRI) in first-line treatment of patients with metastatic colorectal cancer. ***Clinical Cancer Research*** 14, 215, January 1, 2008.
28. Laheru Dan; Croghan Gary; Bukowski Ronald; Rudek Michelle; Messersmith Wells; Erlichman Charles; Pelley Robert; Jimeno Antonio; Donehower Ross; Boni Joseph; **Abbas Richat**; Martins Patricia; Zacharchuk Charles; Hidalgo Manuel. A phase I study of EKB-569 in combination with capecitabine in patients with advanced colorectal cancer. ***Clinical cancer research***: 2008;14(17):5602-9.
29. **R Abbas**, Y Hijazi, JP Tang, LM Renzetti, A Rames and H Welker· Effect of R411, a Dual $\alpha4/\beta1$-$\alpha4/\beta7$ Integrin Antagonist Being Developed for Asthma, on the Activities of the Major Drug Metabolizing Enzymes After Oral Administration in Healthy Subjects. *Clinical Pharmacolgy & Therapeutics, Vol. 75, No.2, p-79, 2004.*
30. M Kidron, S Dinh, Y Menachem, **R Abbas**, B Variano, M Goldberg, E Arbit, H Bar-On**.** A novel per-oral insulin formulation: proof of concept study in non-diabetic subjects. *Diabetic Medicine 05/2004; 21(4):354–357. [PubMed]*

www.uyghurkitap.com

*31.* **Richat Abbas,** Scott Fettner, Myriam Riek, Sunita Bulsara, Michael Pantze, Marta Hamilton, Paul Frohna, and Ashok Rakhit A drug-drug interaction study to evaluate the effect of rifampicin on the pharmacokinetics of the EGF receptor tyrosine kinase inhibitor, Tarceva$^{TM}$, in healthy subjects. Proc Am Soc Clin Oncol 22: page 137, a-548, 2003

*32.* C. Kapitza, E. Arbit, **R. Abbas**, M. Goldberg, M. Hompesch, L. Heinemann, T. Heise, Oral Insulin: Proof of concept in type 2 diabetic patients. *Diabetes.* 52-S.1. A37, 2003.

*33.* Ashok Rakhit**,** Scott Fettner, Stephen Davis, **Richat Abbas**, Flavio De Rosa, Ulrich Brennscheidt, Chis Twelves and Jose Baselga. Lack of pharmacokinetic interaction between erlotinib, docetaxel and capecitabine in breast cancer patients. European Journal of Cancer Supplements; Vol. 1, No. 5, p-S115 Sept. 2003.

*34.* Ashok Rakhit**,** Scott Fettner, Myriam Riek, Stephen Davis, Marta Hamilton, Paul Frohna, **Richat Abbas**. Clinical pharmacokinetics of erlotinib in healthy subjects. European Journal of Cancer Supplements; Vol. 1, No. 5, p-S168, Sept. 2003.

35. Zhongping John Lin, **Richat Abbas** , Lorraine M. Rusch and Linyee Shum - Development and Validation of a Sensitive LC-MS/MS Method for the Determination of Cromolyn in Human Plasma, Journal of Chromatography B 788 (2003) 159-166

36. **Richat Abbas**, Andrea Leone-Bay, Rajesh Agawal, Shingai Majuru, Paul Rolan, Cyril Clarke, Colin Scott, Ehud Arbit, Robert A. Baughman - Oral Insulin: Pharmacokinetics and Pharmacodynamics of Human Insulin Following Oral Administration of an Insulin/Delivery Agent Capsule in Healthy Volunteers. *Diabetes.* 2002, Volume 51, A48, S. 2.

**37. Richat Abbas**, Robert A. Baughman, S. De Bruyn[2], Donald Sarubbi, and Ehud Arbit - Oral Cromolyn: Pharmacokinetics of Cromolyn Sodium Delivered Orally in Healthy Volunteers. *Allergy* Vol. 57, S73, 338, 2002

*38.* **Richat Abbas,** Rajesh Agarwal, Terry Rivera-Schaub, Andrea Leone-Bay, Kiran Chaudhary, and Robert A. Baughman - Evaluation of the Effect of Three Different Oral Heparin/SNAC Formulations on Pharmacokinetics (PK) of Heparin Following Oral Administration in Healthy Subjects. Pharm. Sci Vol. 4, No. 4, R621, 2002.

*39.* **Richat Abbas**, A.Chaouki Zerouala, and Robert A. Baughman. PHARMACOKİNETİCS (PK) AND PHARMACODYNAMİCS (PD) OF SNAD/HEPARİN İN RHESUS MONKEYS. "Drug Metabolism Review" Vol. 33, 400, 2001.

*40.* **Richat Abbas**, Alda Pombo-Gentile, and Robert A. Baughman. Absolute bioavailability of SNAD and Pharmacokinetics of SNAD/heparin in rats. "Drug Metabolism Review" Vol. 33, 124, 2001.

*41.* Lorraine M. Rusch, **Richat Abbas**, Catherina M. O'Shaughnessy, Liangfu Chen, and Robert A. Baughman. Interspecies Comparison of SNAC and SNAD IN VITRO PLASMA PROTEIN BINDING. "Drug Metabolism Review" Vol. 33, 233, 2001.

*42.* Catherina M. O'Shaughnessy, Lorraine M. Rusch, **Richat Abbas**, Liangfu Chen and Robert A. Baughman. IN VITRO EVALUATION OF SNAC INTERACTION WITH HUMAN CYP450 ISOENZYMES. "Drug Metabolism Review" Vol. 33, 381, 2001.

*43.* **Richat Abbas**, Gregory Osgood, Terry Rivera-Schaub, James C. Kisicki, and Robert A. Baughman. A Clinical Drug-interaction Study to Evaluate Effect of Antacid Pre-treatment on the Absorption of Heparin and its Delivery Agent, SNAC, Following Oral Administration in Healthy Subjects. *Pharm. Res*. Vol. 21, No., pp. s. 2001.

*44.* **Richat Abbas**, Andrea Leone-Bay, Terry Rivera-Schaub, Shingai Majuru, James C. Kisicki, and Robert A. Baughman. An Open-label, Dose Escalation Study to Assess the Safety, Tolerability, and Pharmacokinetics of SNAD, an Oral Heparin Delivery Agent, when Administered Orally as SNAD Tablets or Heparin/SNAD Tablets to Healthy Male Volunteers. *Pharm. Res*. Vol. 21, No., pp. s- 2001.

*45.* **Abbas**, R., Chow, C. P., Browder, N. J., Thacker, D., Bramer, S. L., Fu, C. H. J., Forbes, W., Odomi, M. and Flockhart, D.A. *In vitro* Metabolism and Interaction of Cilostazol

with Human Hepatic Cytochrome P450 Isoforms. *Human & Experimental Toxicology. 19(3). March, 2000. 178-184.*

*46.* Lash, L. H., Putt, D. A. Brashear, W. T., **Abbas, R.,** Parker, J. C., and Fisher, J. W. Identification of S-(1,2-Dichlorovinyl) glutathione in the blood of human volunteers exposure to trichloroethylene *J. Toxicol Environ. Health* 56: 1-21, 1999.

*47.* Gu, Z., Tata, P. Zhou, D., **Abbas, R.,** Wu, J., Lewis, N. J., and Bramer, S. L. Sensitive and specific LC-MS/MS method for the analysis of low levels of OPC-29030 and ten metabolites in human plasma and urine. *Pharm. Sci.* S*uppl.* Vol. 1, No. 1, s-189, 1998.

*48.* **Abbas, R.,** Bramer, S. L., Cowart, D., Adeyemo, O. M., Kitani, M., Miyamoto, G., and Browder, N. J. Interspecies Comparison of TOBORINONE Pharmacokinetics in Rats, Rabbits, Dogs, Monkeys, and Humans. *Toxicological Sciences,* vol. 42, No.1-S, p216, 1998.

*49.* Adeyemo, O.M., **R. Abbas**, D. Sibley, R. Mailman, R. Wilcox, T. Kikuchi, T. Hirose, and N. J. Browder, OPC-14597: Unique pharmacology and receptor binding characterization studies on a novel antipsychotic agent, The Toxicologist, 42, No. 1215, p. 246, 1998.

*50.* **Abbas, R.,** Flockhart, D. A., Thacker, D., Bramer, S. L., Cowart, D., and Browder, N. J. In vitro metabolism of toborinone by human liver cytochrome P450 isoforms. *Toxicology Letters*, vol. 95, S1, p101, 1998.

*51.* Fisher, J.W., Mahle, D. and **Abbas, R.** A Human Physiologically Based Pharmacokinetic Model for Trichloroethylene and its Metabolites, Trichloroacetic Acid and Free Trichloroethanol. *Toxicol. Appl. Pharm.* 152, 339-359, 1998.

*52.* Browder, N. J., Flockhart, D. A., Thacker, D., Bramer, S. L., Cowart, D., and **Abbas, R**. EFFECT OF TOBORİNONE ON HUMAN LİVER CYTOCHROME P450 İSOFORMS AND INTERACTION WITH THEOPHYLLINE. *Toxicological Sciences,* vol. 42, No.1-S, p91, 1998.

*53.* Fu, C. J., **Abbas, R**., Tata, P. N. V., Cowart, C., Bramer, S. L. AN HPLC METHOD FOR THE ANALYSIS OF TOBORINONE (OPC-18790) AND FOUR METABOLITES IN HUMAN PLASMA. *Toxicological Sciences,* vol. 42, No.1-S, p219, 1998.

*54.* **Abbas, R**. Tata, P. Bramer, S. L. Li, Y. X. Heitkamp, J. and Velagaleti, P. A SENSITIVE AND SPECIFIC CHIRAL HPLC-MS/MS METHOD FOR QUANTITATIVE ANALYSIS OF LOW LEVELS OF R(+) AND S(-) ENANTIOMERS OF OPC-41061 IN HUMAN SERUM. *Pharm. Res*. Vol. 14, No. 11, pp. s-360, 1997.

*55.* **Abbas, R**. Browder, N. J. Chow, P. Odomi, M. and Bramer, S. L. INTERSPECİES COMPARİSON OF CİLOSTAZOL PHARMACOKİNETİCS İN MİCE, RATS, DOGS, MONKEYS, AND HUMANS. *Pharm. Res*. Vol. 14, No. 11, pp. s-360, 1997.

*56.* Moghaddam, A. P., **Abbas, R**., Fisher, J. W, and Lipscomb, J. C. The role of mouse intestinal microflora in the metabolism of Trichloroethylene, an *In Vitro* Study.*Human and Experimental Toxicology*. 16, 629-635. 1997.

*57.* Fu, C. J., **Abbas, R**. Tata, P. Chow, P. Browder, N. J. and Bramer, S. L. An HPLC method for the analysis of toborinone and four metabolites in human liver microsomal incubation solutions. *Pharm. Res*. Vol. 14, No. 11, pp. s-566, 1997.

*58.* **Abbas, R.**, Seckel, C. S., Kidney, J. K., and Fisher, J. W. PHARMACOKINETIC ANALYSIS OF CHLORAL HYDRATE AND ITS METABOLISM IN B6C3F1 MICE. *Drug Metabolism and Disposition.* Vol. 24, No. 12 p 1340-1346. 1996.

*59.* **Abbas, R**., and Fisher, J. W. A physiologically based pharmacokinetic model for trichloroethylene and its metabolites, chloral hydrate, trichloroacetate, dichloroacetate, trichloroethanol, and trichloroethanol glucuronide in B6C3F1 mice. *Toxicol. Appl. Pharm.* **127**, 15-30, 1997.

60. **Abbas, R**. and W. L. Hayton. A Physiologically Based Pharmacokinetic and Pharmacodynamic Model for Paraoxon in Rainbow Trout. *Toxicol. Appl. Pharmacol.,* **145**, 192-201, 1997.

61. **Abbas, R**., Schultz, I. R., Doddapaneni, S. and Hayton, W. L. Toxicokinetics of Parathion and Paraoxon in Rainbow Trout after Intravascular Administration and Water Exposure. *Toxicol. Appl. Pharmacol.* 136, 194-199, 1996.

62. **Abbas R.,** and Hayton W L. Gas Chromatographic Determination of Parathion and paraoxon in fish plasma and tissues. *Journal of Analytical Toxicology*, Vol. 20, 151-154, 1996.

63. Moghaddam, A. P., **Abbas, R.,** Fisher, J. W., Stavrou, S., and Lipscomb, J. C. Formation of dichloroacetic acid by rat and mouse gut microflora, an in vitro study. *Biochem. Biophys. Res. Comm.* **228**, 639-645, 1996.

64. Brashear. W. T., Bishop, C. T., and **Abbas, R.** Electrospray analysis of biological samples for trace amounts of trichloroacetic acid, dichloroacetic acid and monochloroacetic acid. *J. of Anal. Tox.* **21**, 330-334, 1997.

65. **Abbas,** R., Seckel, C. S. and Fisher, J. W.: Determination of kinetic rate constants for chloral hydrate, trichloroethanol, trichloroacetate and dichloroacetate: a PBPK model approach. *The Toxicologist*, vol. 36, No. 1, 164, 1997.

66. Fisher, J. W , J. D. Pleil, MacMahon, K. L. and **Abbas, R**.: A Physiologically Based Pharmacokinetic Model for inhalation of trichloroethylene in human volunteers. *The Toxicologist*, vol. 36, No. 1, 163, 1997.

67. Greenberg, M.S. **Abbas, R**. and Fisher, J. W: A Physiologically Based Pharmacokinetic Model for inhaled trichloroethylene and its major metabolites in B6C3F1 mice. *The Toxicologist*, vol. 36, No. 1, 162, 1997.

68. Geiss, K. T., Young, R. S., Randall, G., Kidney, J. K. Channel, S. R. and **Abbas, R**.: Induction of Peroxisome Proliferation-Associated genes after administration of Trichloroethylene to Mice. *The Toxicologist*, vol. 36, No. 1, 1185, 1997.

69. Bishop, C. T., Brashear, W. T., Pollard, D. L., and **Abbas, R**.: Analysis of Trichloroethylene in Biological Samples. *The Toxicologist*, vol. 36, No. 1, 1630, 1997.

70. Zhang, H. M, Brashear, W. T., Buttler, G. T., Callaghan, P. Black, R. and **Abbas, R**. : An Electron Capture Gas Chromatography Method for Analysis of Dichloroacetic Acid, Trichloroacetic Acid and Trichloroethanol in Biological Matrices. *The Toxicologist*, vol. 36, No. 1, 1631, 1997.

71. Lipscomb, J.C., Black, R.K., Janicki, T. J., Mahle D. A., Fisher, J. W. and **Abbas, R**.: Destruction of Cytochrome P450 in Vitro by Trichloroethylene: Loss of CYP3A and CYP1A Activity. The *Toxicologist*, vol. 36, No. 1, 1610, 1997.

72. Moghaddam, A. P., **Abbas, R**., Fisher, J. W, Stavrou, S. and Lipscomb, J. C. Metabolism of Trichloroethylene and Trichloroacetic Acid by Mouse Gut Microflora, an *In Vitro* Study. The *Toxicologist*, vol. 36, No. 1, 1610, 1997.

73. **Abbas, R**., Fisher, J. W. Black, R. K. and Garrity, B. L. A Physiologically Based Pharmacokinetic Model to Describe Disposition of Chloral hydrate and Trichloroethanol in Mice. *The International Toxicologist,* 1995, 33-20.

74. Hayton, W L, Yu. Z., **Abbas, R**., Vick, A. and Doddapaneni, S. Pharmacokinetics of Acriflavine in Rainbow Trout. *The International Toxicologist*, 1995, 89-16.

75. **Abbas, R.**, Fisher, J. W., Black, R. K., Janicki, T. J. and Garrity, B. L. Disposition of Trichloroethylene and Its Metabolites in B6C3F1 Mice after Oral Administration. *Pharm. Res*. Vol. 12, No. 9, pp. s-338. 1995.

76. **Abbas, R.** and Hayton, W. L., 1993. Paraoxon Tissue Distribution and AChE Inhibition in Rainbow Trout. *Pharm. Res*. Vol. 10, No. 10, s-365.

77. Doddapaneni, S., Hayton, W. L., Schultz, I. R. and **Abbas, R.**, 1993. Tissue Distribution and Metabolic Disposition of Parathion in Rat. *Pharm. Res*. Vol. 10, No. 10, s-365.
78. Doddapaneni, S., Herzberg, U., Schultz, I.R. and **Abbas, R.** and Hayton, W.L., 1992. Parathion and Paraoxon Pharmacokinetics and AChE Inhibition in Rat. *Pharm. Res*. Vol. 9, No.10,s 268.
79. **Abbas, R**., Schultz, I. R., Doddapaneni, S. and Hayton, W. L., 1992. Pharmacokinetics of Paraoxon in Rainbow Trout. *The Toxicologist*, 12:1554.

## CONFERENCE PRESENTATİON:

80. **Richat Abbas**, Ann Childress, Praneeta Nagraj, Richard Rolke, Sally A. Berry, Donna Palumbo. Pharmacokinetics and Relative Bioavailability of an Extended-Release Chewable Tablet of Methylphenidate When Chewed Versus Swallowed Whole: A Pilot Study in Healthy Subjects. Presented at the 2017 APSARD Annual Meeting, January 13-15, 2017, Washington D.C
81. **Richat Abbas**, PhD; Donna Palumbo, PhD; Faith Walters, PharmD; Heidi Belden, PharmD; Sally A. Berry, MD, PhD. Single-Dose Pharmacokinetics and Relative Bioavailability of a Novel Methylphenidate Extended-Release Chewable Tablet Compared With Immediate-Release Methylphenidate Chewable Tablet. Presented at the American Professional Society of ADHD and Related Disorders; January 15-17, 2016; Washington, D.C.
82. **Richat Abbas**, Donna Palumbo, Faith Walters, Heidi Belden, Sally A. Berry. Single-Dose Pharmacokinetics and Relative Bioavailability of a Novel Methylphenidate Extended-Release Chewable Tablet Compared With Immediate-Release Methylphenidate Chewable Tablet. 2015 Annula Meeting of American Academy of Child & Adolescent Psychiatry. October 26–31, 2015. San Antonio, TX
83. T. Nicholas, B.Damle, K. Albert, and **R. Abbas.** Population Pharmacokinetic/Pharmacodynamic Analysis of a Novel Formulation of Methylphenidate. American College of Clinical Pharmacology's Global Conference on Clinical Pharmacy, October 17–21, 2015, San Francisco, California.
84. Ira Jacobs, Jennifer Coiro, Fiona Hilton, John Orazem, **Richat Abbas**, and Charles Zacharchuk. A Phase 3 randomized, double-blind trial comparing PF-05280014 + docetaxel and carboplatin vs. trastuzumab + docetaxel and carboplatin for neoadjuvant treatment of operable HER2[sup]+[/sup] breast cancer. *2014 San Antonio Breast Cancer Symposium, December 9- 13, 2014, San Antonio, Texas. Cancer Research 05/2015; 75(9 Supplement): OT3-1-02-OT3-1-02. DOI:10.1158/1538-7445.SABCS14-OT3-1-02*
85. C. Ono, P. Hsyu, **R. Abbas**, C. Loi, S. Yamazaki. APPLICATION OF PHYSIOLOGICALLY-BASED PHARMACOKINETIC MODELING TO BOSUTINIB PHARMACOKINETICS: PREDICTION OF DRUG-DRUG INTERACTIONS AS CYP3A SUBSTRATE. American Society for Clinical Pharmacology and Therapeutics Annual Meeting, March 3-7, 2015, New Orleans, LA. *Clincial Pharmcology & Therapeutics. Volume 97, issue S1 2015, PII-051*
86. C. Ono, P. Hsyu, **R. Abbas**, C. Loi, S. Yamazaki. APPLICATION OF PHYSIOLOGICALLY-BASED PHARMACOKINETIC MODELING TO BOSUTINIB PHARMACOKINETICS: PREDICTION OF DRUG-DISEASE INTERACTION IN ORGAN DYSFUNCTION PATIENTS. American Society for Clinical Pharmacology and Therapeutics Annual Meeting, March 3-7, 2015, New Orleans, LA. *Clincial Pharmcology & Therapeutics. Volume 97, issue S1 2015, PII-052*
87. **R Abbas**, RL Hill, J Salageanu, RR LaBadie, B Damle. An Open-Label, Randomized, Crossover, Bioavailability Study of Depo®-Testosterone Administered by an Auto-

www.uyghurkitap.com

Injector versus Manual Injection in Hypogonadal Males. *American Association of Pharmaceutical Scientists Annual Meeting, November 2–6, 2014, San Diego, CA.* *https://2014aapsam.zerista.com/poster/member/21998*

88. **Richat Abbas**, Sari Alon, Glen Park, DrewLewis, Bharat Damle, and Raul Chertkoff. Pharmacokinetics of novel plant cell-expressed taliglucerase alfa in adult and pediatric patients with Gaucher disease" *Molecular Genetics and Metabolism 111 (2014) S15–S96.* http://www.sciencedirect.com/science/journal/10967192/111/2. *10th Annual Lysosomal Disease Network World Symposium, February 10-13, 2014, San Diego, CA*
89. **Richat. Abbas**, Bruce Hug, Cathie Leister, Daryl Sonnichsen. A Clinical Study to Assess Effect of Rifampin on the Pharmacokinetics (PK) of Neratinib (HKI-272), a pan-ErbB Receptor Tyrosine Kinase Inhibitor, when Administered Concomitantly in Healthy Subjects. Presented at the Annual Meeting of American Society of Clinical Pharmacology and Therapeutics, March 12 – 17, 2012, National Harbor, MD *(Clinical Pharmamacology and Therapeutics, Vol. 91, S. 1, March 2012)*
90. Poe-Hirr Hsyu, Diane Mould, **Richat Abbas**, Stuart Pearce, Michael Amantea. A Population Pharmacokinetic Model of Bosutinib, Presented at the AACR-NCI-EORTC, International Conference on Molecular Targets and Cancer Therapeutics, Nov. 12 -1 16, 2011, San Francisco, CA
91. **R. Abbas**, B. Hug, C. Leister, J. Burns, and D. Sonnichsen. A Clinical Study to Evaluate the Effect of Multiple Doses of Lansoprazole on the Pharmacokinetics of Bosutinib (SKI-606), a Dual Inhibitor of Src and Abl Tyrosine Kinases, When Administered Concomitantly to Healthy Subjects. American Association of Pharmaceutical Scientists (AAPS) Annual Meeting, Oct. 23-27, 2011. Washington, DC
92. **R. Abbas**, C. Leister, B. Hug, and D. Sonnichsen. Effect of Multiple Doses of Neratinib on the Pharmacokinetics of Single-dose Digoxin in Healthy Subjects. American Association of Pharmaceutical Scientists (AAPS). Annual Meeting, Oct. 23-27, 2011. Washington, DC
93. **Abbas R**, Chalon S, Leister C, El Gaaloul M, Sonnichsen D. A Clinical Study to Assess Pharmacokinetics and Safety of Neratinib in Subjects with Chronic Hepatic Impairment and Matched Healthy Subjects. 2011 European Multidisciplinary Cancer Congress (ECCO-ESMO), Sept. 23-27, 2011. Stockholm, Sweden. http://www.eccocongress.org/ecco_content/ECCO16_AbstractBook/index.html#/378/
94. L. Chow,,* S. Gupta, D. L. Hershman, R. Epstein, I. Bondarenko, M-L. Vo Van, A. Freyman, Y. Zhao, **R. Abbas**, A. Awada. Efficacy and Safety of Neratinib (HKI-272) in Combination With Paclitaxel in Her2+ Metastatic Breast Cancer. Poster Presented at the 33rd Annual San Antonio Breast Cancer Symposium, December 8-12, 2010, San Antonio, Texas.
95. Elzbieta Staroslawska, Luc Dirix, Thehang Luu, Véronique Diéras, Luis Manso, Binghe Xu, Junlan Yang, **Richat Abbas**, Andrew Strahs, Marie-Louise Vo Van, Anna Berkenblit, Valérie Agrapart, Christine Powell, Ahmad Awada. Safety and efficacy of neratinib (HKI-272) plus vinorelbine in the treatment of patients with ErbB2+ metastatic breast cancer pretreated with anti-HER2 therapy. Poster Presented at the 33rd Annual San Antonio Breast Cancer Symposium, December 8-12, 2010, San Antonio, Texas.
96. **Abbas-Borhan** R, Hug BA, Leister C, Burns J, Sonnichsen D. A clinical study to characterize the occurrence of mild-to-moderate diarrhea after administration of neratinib either once daily or twice daily for 14 days. Abstract #454 available at http://www.ecco-org.eu/Conferences-and-Events/EORTC-NCI-AACR-2010/Abstracts-online/page.aspx/2528. Poster 195 presented at the 22nd EORTC-NCI-AACR symposium on Molecular Targets and Cancer Therapeutics. Berlin, Germany, November 16-19, 2010.

97. **Abbas-Borhan R**, Hug BA, Leister C, Burns J, Sonnichsen D. A single-dose study to evaluate the relative bioavailability and pharmacokinetics of three new tablet formulations, an oral solution, and a reference capsule of bosutinib in healthy subjects. Abstract M1465 available at http://abstracts.aapspharmaceutica.com/pswc2010/Itinerary/login.asp. Poster presented at the International Pharmaceutical Federation (FIP) Pharmaceutical Sciences World Congress (PSWC) in association with the American Association of Pharmaceutical Scientists (AAPS) Annual Meeting in New Orleans, Louisiana, USA, November 14-18, 2010.
98. **Abbas-Borhan R**, Hug BA, Leister C, Burns J, Sonnichsen D. Assessment of bioequivalence of phase III and commercial formulations of bosutinib tablets in healthy volunteers. Abstract M1466 available at http://abstracts.aapspharmaceutica.com/pswc2010/Itinerary/login.asp. Poster presented at the International Pharmaceutical Federation (FIP) Pharmaceutical Sciences World Congress (PSWC) in association with the American Association of Pharmaceutical Scientists (AAPS) Annual Meeting in New Orleans, Louisiana, USA, November 14-18, 2010.
99. **Abbas-Borhan R**, Chalon S, Leister C, El Gaaloul M, Sonnichsen D. Evaluation of pharmacokinetics (PK) and safety of bosutinib in patients with chronic hepatic impairment (HI) and matched healthy subjects. Abstract #401 available at http://www.ecco-org.eu/Conferences-and-Events/EORTC-NCI-AACR-2010/Abstracts-online/page.aspx/2528. Presented at the 22nd EORTC-NCI-AACR symposium on Molecular Targets and Cancer Therapeutics. Berlin, Germany, November 16-19, 2010.
100. **Richat Abbas**, PhD; Poe-Hirr Hsyu, PhD; Joseph Boni, PhD. Pharmacokinetic (PK) assessment of bosutinib (SKI-606) administered orally to patients with advanced solid tumors in a phase 1 study. Presented at the 22nd EORTC-NCI-AACR symposium on Molecular Targets and Cancer Therapeutics. Berlin, Germany, November 16-19, 2010.
101. **Richat Abbas**, PhD; Cathie Leister, MS; Christina Coughlin, MD, PhD; Daryl Sonnichsen, PharmD. Evaluation of Neratinib (HKI-272) and Paclitaxel Pharmacokinetics (PK) in Asian and Caucasian Patients with ErbB2+ Breast Cancer: A Phase 1/2 Study of Neratinib in Combination with Paclitaxel. 35th Congress of the European Society for Medical Oncology. Milan, Italy. October 8 - 12, 2010.
102. **Richat Abbas-Borhan**, PhD; Inder Chaudhary, PhD; Joel Kantrowitz, PhD, Bruce A. Hug, MD, PhD; Cathie Leister, MS; Jaime Burns, BS; Daryl Sonnichsen, PharmD. An Open-Label Study to Assess the Mass Balance and Metabolic Disposition of an Orally Administered Single Dose of 14C-Labeled Neratinib, an Irreversible pan-ErbB inhibitor, in Healthy Subjects. Presentation at the 9th International ISSX (International Society for the Study of Xenobiotics) Meeting (www.issx2010.org) in Istanbul, Turkey September 4 - 8, 2010.
103. **Richat Abbas-Borhan**, PhD; Inder Chaudhary, PhD; Bruce A. Hug, MD, PhD; Cathie Leister, MS; Jaime Burns, BS; Sarvesh Vashishtha, PhD; John C.L. Erve, PhD; Daryl Sonnichsen, PharmD. Mass Balance, Metabolic Disposition, Metabolite Characterization, and Pharmacokinetics of Oral 14C-Labeled Bosutinib in Healthy Subjects. Presentation at the 9th International ISSX (International Society for the Study of Xenobiotics) Meeting (www.issx2010.org) in Istanbul, Turkey September 4 - 8, 2010.
104. **Richat Abbas,** Bruce A. Hug, Cathie Leister, Jaime Burns, and Daryl Sonnichsen. A Single Dose, Crossover, Placebo- and Moxifloxacin-Controlled Study to Assess the Effects of Bosutinib (SKI-606) on Cardiac Repolarization in Healthy Adult Subjects. Presented at the Annual Meeting of the European Hemotogy Assciation, June 9-13. 2010, Barcelona, Spain.

www.uyghurkitap.com


105. **R. Abbas**, J. Boni, B. Hug, C. Leister, J. Burns, D. Sonnichsen. Evaluation of the Effect of Rifampin on the Pharmacokinetics (PK) of Bosutinib (SKI-606), a Dual Inhibitor of Src and Abl Tyrosine Kinases, When Administered Concomitantly to Healthy Subjects. Presented at the Annual Meeting of the American Society for Clinical Pharmacology and Therapeutics, March 17-20, 2010, Atlanta, GA

106. **R. Abbas**, B. Hug, C. Leister, J. Burns, D. Sonnichsen. Assessment of the Effect of a High-Fat Meal on the Relative Bioavailability and Pharmacokinetics (PK) of Bosutinib (SKI-606), a Dual Inhibitor of Src and Abl Tyrosine Kinases, in Healthy Subjects. Presented at the Annual Meeting of the American Society for Clinical Pharmacology and Therapeutics, March 17-20, 2010, Atlanta, GA

107. **R. Abbas**, B. Hug, C. Leister, J. Burns, D. Sonnichsen. Ascending Single-Dose Study of Safety, Tolerability, and Pharmacokinetics of Bosutinib (SKI-606) in Healthy Subjects. Presented at the AACR-EORTC-NCI Meeting, November 15-19, 2009, Boston, MA

108. **R. Abbas**, B. Hug, C. Leister, J. Burns, D. Sonnichsen. Single-Ascending-Dose Study of Safety, Tolerability, and Pharmacokinetics of Neratinib (HKI-272) in Healthy Subjects. Presented at the Annual Meeting of the American Association of Pharmaceutical Scientists, Nov. 08 - 12, 2009, Los Angeles, CA. AAPS Journal. 2009; 11(S2).

109. **R. Abbas**, C. Leister, R. Epstein, C. Coughlin, and D. Sonnichsen. Neratinib and Paclitaxel Pharmacokinetics in the Chinese Patient Population in the Phase 1/2 Study of Neratinib in Combination with Paclitaxel in Patients with Solid Tumors and ErbB2+ Breast Cancer. Presented at the Annual Meeting of the Chinese Society of Clinical Oncology, October 14-18, 2009, Xiamen, China

110. M. El Gaaloul, **R. Abbas**, B. Hug, C. Leister, S. Chalon,[1] D. Sonnichsen. Ascending single-dose study of the safety, tolerability, and pharmacokinetics of bosutinib administered orally with multiple doses of ketoconazole to healthy adult subjects. 34h Congress of the European Society for Medical Oncology. Berlin, Germany, September 20-24, 2009. Eur J. Cancer Suppl. 2009. &. Abstract P-1239.

111. **R. Abbas**, B. Hug, C. Leister, J. Burns, D. Sonnichsen. A Drug Interaction Study to Evaluate the Effect of Ketoconazole on the Pharmacokinetics (PK) of Neratinib in Healthy Subjects. Presented at the Annual Meeting of American Society of Clinical Pharmacology and Therapeutics, March 18 – 22, 2009, National Harbor, MD

112. **R. Abbas**, B. Hug, C. Leister, J. Burns, D. Sonnichsen Effect of Ketoconazole on the Pharmacokinetics (PK) of Bosutinib (SKI-606) in Healthy Subjects. Presented at the Annual Meeting of American Society of Clinical Pharmacology and Therapeutics, March 18 – 22, 2009, National Harbor, MD

113. L. Chow, Z. Jiang, R. Epstein, I. Bondarenko, A. Awada, C. Coughlin, E. Gauthier, Y. Zhao, **R. Abbas**, D. Hershman. Safety and Efficacy of Neratinib (HKI-272) in Combination With Paclitaxel in Patients With Solid Tumors. *Journal of Clinical Oncology*, 2009 ASCO Annual Meeting Proceedings (Post-Meeting Edition). Vol 27, No 15S (May 20 Supplement), 2009: 3557.

114. R. Swaby; K. Blackwell; Z. Jiang; Y. Sun; V. Dieras K. Zaman; C. Zacharchuk; C. Powell; **R. Abbas**; M. Thakuria. Neratinib in Combination With Trastuzumab for the Treatment of Advanced Breast Cancer: A Phase 1/2 Study. *Journal of Clinical Oncology*, 2009 ASCO Annual Meeting Proceedings (Post-Meeting Edition). Vol 27, No 15S (May 20 Supplement), 2009: 1004.

115. A. Daud, S. Krishnamurthi, B. Hewes, C. Zacharchuk, **R. Abbas**, P. Martins, E. Dowling, A. Volkert, E. Martin, W. Messersmith. Bosutinib, a Dual Src/Abl Tyrosine Kinase Inhibitor: Preliminary Results from a Phase 1 Study in Patients With Advanced Malignant Solid Tumors. Presented at the 43rd American Society of Clinical Oncology

Annual Meeting June 1-5, 2007. Chicago, Illinois. *Journal of Clinical Oncology*, 2007 ASCO Annual Meeting Proceedings Part I. Vol 25, No. 18S (June 20 Supplement), 2007.

*116.* C. Gambacorti-Passerini, T.H. Brümmendorf, H. Kantarjian, M. Baccarani, D. Liu, T. Fisher, B. Hewes, A.D.G. Volkert, **R. Abbas**, J. Cortes. Bosutinib Exhibits Clinical Activity in Patients with Philadelphia Chromosome Positive CML or ALL Patients who Failed Imatinib. Presented at the 43rd American Society of Clinical Oncology Annual Meeting June 1-5, 2007. Chicago, Illinois. *Journal of Clinical Oncology*, 2007 ASCO Annual Meeting Proceedings Part I. Vol 25, No. 18S (June 20 Supplement), 2007: 7006

*117.* T.H. Brümmendorf, J. Cortes, H. Kantarjian, G. Martinelli, D. Liu, T. Fisher, B. Hewes, A.D.G. Volkert, **R. Abbas**, C. Gambacorti-Passerini. SKI-606 exhibits clinical activity in patients with Philadelphia chromosome positive CML or ALL who failed imatinib. Presented at 2007 Annual Meeting of European Society of Hematology, 7-10 June 2007, Vienna, Austria.

*118.* J. Cortes, H. Kantarjian, M. Baccarani, T.H. Brümmendorf, D. Liu, G. Ossenkoppele, A.D.G. Volkert, BA, B. Hewes, L. Moore, **R. Abbas**, C. Zacharchuk, and C. Gambacorti-Passerini. A Phase 1/2 Study of SKI-606, a Dual Inhibitor of Src and Abl Kinases, in Adult Patients with Philadelphia Chromosome Positive (Ph+) Chronic Myelogenous Leukemia (CML) or Acute Lymphocytic Leukemia (ALL) Relapsed, Refractory or Intolerant of Imatinib (ALL). *Presented at The American Society of Hematology*, 48th Annual Meeting and Exposition, Dec. 9-12, 2006, Orlando, FL. *Blood (ASH Annual Meeting Abstracts)* 2006. **108:** Abstract 168.

*119.* K. K. Wong, P. M. Fracasso, R. M. Bukowski, P. N. Munster, T. Lynch, **R. Abbas**, S. E. Quinn, C. Zacharchuk, H. Burris. HKI-272, an irreversible pan erbB receptor tyrosine kinase inhibitor: Preliminary phase 1 results in patients with solid tumors. *Journal of Clinical Oncology*, (2006 ASCO Annual Meeting Proceedings) Part I. Vol 24, No. 18S (06-20 S.), 2006: 3018

*120.* G. Folprecht, J. Tabernero, L. Paz-Ares, J. Baselga, H. Cortes-Funes, E. Casado, F. Rojo, J. Vauthier, **Richat Abbas**, C. Zacharchuk, C. Koehne. The irreversible EGFR tyrosine kinase inhibitor EKB-569 in combination with 5-fluorouracil, leucovorin and irinotecan (FOLFIRI) in patients with advanced colorectal cancer (ACC): A phase I/IIa pharmacokinetic and serial skin and tumor pharmacodynamic study. 29th European Society for Medical Oncology (ESMO) Congress. Oct. 29 – Nov. 2, 2004, Vienna, Austria.

*121.* **R. Abbas**, J. Boni, C. Leister, K. Saluti, S. Quinn, C. Zacharchuk. Evaluation of Pharmacokinetic Interactions Between EKB-569, an Irreversible Inhibitor of Epidermal Growth Factor Receptor Tyrosine Kinase, and Gemcitabine in Patients With Advanced Pancreatic Cancer. *2004 AAPS Annual Meeting and Exposition*, November 7-11, 2004, Baltimore, Maryland

*122.* **R Abbas**, Y Hijazi, JP Tang, LM Renzetti, A Rames and H Welker· Effect of R411, a Dual α4/β1-α4/β7 Integrin Antagonist Being Developed for Asthma, on the Activities of the Major Drug Metabolizing Enzymes After Oral Administration in Healthy Subjects Presented at the *2004 Annual Meeting of the American Society for Clinical Pharmacology and Therapeutics, March 24-27, 2004,* Maimi Beach, FL

*123.* **R Abbas**, Y Hijazi, JP Tang, LM Renzetti, A Rames and H Welker**.** Safety, Tolerability, and Pharmacokinetics of R411, a Dual α4/β1-α4/β7 Integrin Antagonist, after Oral Administration of Single-Ascending Doses in Healthy Male Subjects. Presented at the *2004 Annual Meeting of the American Academy of Allergy, Asthma and Immunology,* March 19 - 23, 2004, San Francisco, CA

*124.* **R. Abbas**, Y. Hijazi, J. P. Tang, L. M. Renzetti, A. Rames and H. Welker. Safety, Tolerability and Pharmacokinetics of R411, a Dual α4/β1 and α4/β7 Integrin Antagonist

www.uyghurkitap.com

after Multiple-ascending Doses in Healthy Subjects. Preseneted at the *2004 International Conference of the American Thoracic Society.* May 21-26, 2004, Orlando, FL

*125.* **Richat Abbas**, Scott Fettner, Myriam Riek, Sunita Bulsara, Michael Pantze, Marta Hamilton, Paul Frohna, and Ashok Rakhit A drug-drug interaction study to evaluate the effect of rifampicin on the pharmacokinetics of the EGF receptor tyrosine kinase inhibitor, Tarceva$^{TM}$, in healthy subjects. American Society of Clinical Oncology, May 31 – June 3, 2003 Chicago, IL

*126.* C. Kapitza, E. Arbit, **R. Abbas**, M. Goldberg, M. Hompesch, L. Heinemann, T. Heise, Oral Insulin: Proof of concept in type 2 diabetic patients. *18$^{th}$ International Diabetes Feration Congress, Aug. 24-29, 2003,* Paris, France.

*127.* **Richat Abbas**, Scott Fettner, Myriam Riek, Steve Davis, Marta Hamilton, Paul Frohna, and Ashok Rakhit. Effect of ketoconazole on the pharmacokinetics of erlotinib (TARCEVA$^{TM}$) in healthy adult male subjects. European Association of Clinical Pharmacology and Therapeutics (EACPT), June 24-28, 2003. Istanbul, Turkey

*128.* Ashok Rakhit, Scott Fettner, Stephen Davis, **Richat Abbas**, Flavio De Rosa, Ulrich Brennscheidt, Chis Twelves and Jose Baselga. Lack of pharmacokinetic interaction between erlotinib, docetaxel and capecitabine in breast cancer patients. Presented at the 12$^{th}$ annual Meeting of the Federation of European Cancer Society (ECCO-12), Sept. 21-25, 2003, Copenhagen, Denmark

*129.* Ashok Rakhit, Scott Fettner, Myriam Riek, Stephen Davis, Marta Hamilton, Paul Frohna, **Richat Abbas**. Clinical pharmacokinetics of erlotinib in healthy subjects. Presented at the 12$^{th}$ annual Meeting of the Federation of European Cancer Society (ECCO-12), Sept. 21-25, 2003, Copenhagen, Denmark.

*130.* Ehud Arbit MD, **Richat Abbas PhD**, Steve Dinh PhD and Michael Goldberg MD. The potential clinical implications of the pharmacokinetic profiles of insulin administered by alternate routes. Presented at the 2002 *Diabetes Technologies* Annual Meeting, Nov. 2002, Atlanta, GA

*131.* **Richat Abbas**, Andrea Leone-Bay, Rajesh Agawal, Shingai Majuru, Paul Rolan, Cyril Clarke, Colin Scott,Ehud, Arbit, Robert A. Baughman - Oral Insulin: Pharmacokinetics and Pharmacodynamics of Human Insulin Following Oral Administration of an Insulin/Delivery Agent Capsule in Healthy Volunteers – Presentation at the 62nd Annual Meeting American Diabetes Assciation, June 14-16, 2002, San Francisco, CA

*132.* **Richat Abbas**, Robert A. Baughman, S. De Bruyn, Donald Sarubbi, and Ehud Arbit - Oral Cromolyn: Pharmacokinetics of Cromolyn Sodium Delivered Orally in Healthy Volunteers - Presentation at the the XXI Congress of the European Academy of Allergology and Clinical Immunology, 1-5 June 2002, Naples, Italy.

*133.* **Richat Abbas**, Rajesh Agarwal, Terry Rivera-Schaub, Andrea Leone-Bay, Kiran Chaudhary, and Robert A. Baughman - Evaluation of the Effect of Three Different Oral Heparin/SNAC Formulations on Pharmacokinetics (PK) of Heparin Following Oral Administration in Healthy Subjects. Presented at the Annual Meeting of the American Association of Pharmaceutical Scientists. Nov. 10-14, 2002, Toronto, Canada

*134.* **Richat Abbas**, Robert A. Baughman, D. de Vries, Steve Dinh and, Ehud Arbit - Pharmacokinetics of Human Insulin Delivered Orally in Healthy Volunteers – Presented at the Diabetes Technologies Meeting, (This was accepted as a best abstract and presented at Diabetes Technologies Meeting). Nov. 2-3, 2001, San Francisco.

*135.* **Richat Abbas**, A.Chaouki Zerouala, and Robert A. Baughman. PHARMACOKİNETİCS (PK) AND PHARMACODYNAMİCS (PD) OF SNAD/HEPARİN İN RHESUS MONKEYS. Presented at the 6th ISSX Annual Meeting, October 7-11, 2001, Munich, Germany

136. **Richat Abbas**, Alda Pombo-Gentile, and Robert A. Baughman. Absolute bioavailability of SNAD and Pharmacokinetics of SNAD/heparin in rats. Presented at the 6th ISSX Annual Meeting, October 7-11, 2001, Munich, Germany.
137. **Richat Abbas**, Gregory Osgood, Terry Rivera-Schaub, James C. Kisicki, and Robert A. Baughman. A Clinical Drug-interaction Study to Evaluate Effect of Antacid Pre-treatment on the Absorption of Heparin and its Delivery Agent, SNAC, Following Oral Administration in Healthy Subjects. Presented at the Annual Meeting of the American Association of Pharmaceutical Scientists. Oct. 2001, Denver, CO.
138. **Richat Abbas**, Andrea Leone-Bay, Terry Rivera-Schaub, Shingai Majuru, James C. Kisicki, and Robert A. Baughman. An Open-label, Dose Escalation Study to Assess the Safety, Tolerability, and Pharmacokinetics of SNAD, an Oral Heparin Delivery Agent, when Administered Orally as SNAD Tablets or Heparin/SNAD Tablets to Healthy Male Volunteers. Presented at the Annual Meeting of the American Association of
139. Pharmaceutical Scientists. Oct. 2001, Denver, CO.
140. **Richat Abbas**, Theresa Rivera-Schaub, Igor Rubets, Rajesh Agarwal and Robert A. Baughman. Clinical Pharmacokinetics and Absolute Bioavailability of the Oral Delivery Agent SNAC when Dosed Orally as SNAC/Heparin to Healthy Volunteers. Presented at the Pharmaceutical Congress of Americas, March 24-29, 2001, Orlando FL.
141. Andrea Leone-Bay, Theresa Rivera-Schaub, Shingai Majuru, **Richat Abbas**, James Kisicki, and Robert A. Baughman. PHASE I STUDY TO ASSESS THE SAFETY AND TOLERABILITY OF AN ORAL HEPARIN TABLET. Presented at the American Society of Hematology 2001 Annual Meeting. December 7 - 11, 2001, Orlando, FL.
142. Gu, Z., Tata, P. Zhou, D., **Abbas, R.,** Wu, J., Lewis, N. J., and Bramer, S. L. A sensitive and specific LC-MS/MS method for the analysis of low levels of OPC-29030 and ten metabolites in human plasma and urine. Presented at the Annual Meeting of the American Association of Pharmaceutical Scientists. Nov. 15-19. 1998, San Francisco, CA.
143. **Abbas, R.,** Bramer, S. L., Cowart, D., Adeyemo, O. M., Kitani, M., Miyamoto, G., and Browder, N. J. Interspecies Comparison of TOBORINONE Pharmacokinetics in Rats, Rabbits, Dogs, Monkeys, and Humans. Presented at the 37$^{th}$ Annual Meeting of the Society of Toxicology, March 1-5, 1998, Seattle, WA.
144. **Abbas, R.,** Flockhart, D. A., Thacker, D., Bramer, S. L., Cowart, D., and Browder, N. J. In vitro metabolism of toborinone by human liver cytochrome P450 isoforms. Presented at the 37$^{th}$ Annual Meeting of the Society of Toxicology, March 1-5, 1998, Seattle. WA
145. **Abbas, R**. Tata, P. Bramer, S. L. Li, Y. X. Heitkamp, J. and Velagaleti, P. A LC-MS/MS METHOD FOR QUANTITATIVE ANALYSIS OF LOW LEVELS OF R(+) AND S(-) ENANTIOMERS OF OPC-41061 IN HUMAN SERUM. Presented at the 6$^{th}$ European International Society for the Study of Xenobiotics Meeting, June 30-July 3, 1997, Gothenburg, Sweden.
146. **Abbas, R**. Tata, P. Bramer, S. L. Li, Y. X. Heitkamp, J. and Velagaleti, P. A SENSITIVE AND SPECIFIC CHIRAL HPLC-MS/MS METHOD FOR QUANTITATIVE ANALYSIS OF LOW LEVELS OF R(+) AND S(-) ENANTIOMERS OF OPC-41061 IN HUMAN SERUM. Presented at the 12$^{TH}$ Annual Meeting of American Association of Pharmaceutical Scientists, Nov. 2-6, 1997. Boston.
147. **Abbas, R**. Browder, N. J. Chow, P. Odomi, M. and Bramer, S. L. INTERSPECİES COMPARİSON OF CİLOSTAZOL PHARMACOKİNETİCS İN MİCE, RATS, DOGS, MONKEYS, AND HUMANS. Presented at the 12$^{TH}$ Annual Meeting of American Association of Pharmaceutical Scientists, Nov. 2-6, 1997. Boston.

*148.* **Abbas,** R., Seckel, C. S. and Fisher, J. W.: Determination of kinetic rate constants for chloral hydrate, trichloroethanol, trichloroacetate and dichloroacetate: a PBPK model approach. Presented at the 36th Annual Meeting of the Society of Toxicology, March 9-13, 1997, Cincinnati, OH.

*149.* **R. Abbas,** J. W. Fisher, R. K. Black, T. J. Janicki, and , K. MacMahan. Development of A Physiologically Based Pharmacokinetic (PBPK) Model for Tricholoroethylene and its Metabolites B6C3F1 Mice. Presented at the 35th Annual Meeting of the Society of Toxicology, March 10-14, 1996, Anaheim, CA.

*150.* **Abbas, R**., Fisher, J. W. Black, R. K. and Garrity, B. L. A Physiologically Based Pharmacokinetic Model to Describe Disposition of Chloral hydrate and Trichloroethanol in Mice. Presented at the International Congress of Toxicology – VII, July 2-6, 1995, Seattle, WA.

*151.* **Abbas, R.,** Fisher, J. W., Black, R. K., Janicki, T. J. and Garrity, B. L. Disposition of Trichloroethylene and Its Metabolites in B6C3F1 Mice after Oral Administration. Presented at the 10TH Annual Meeting of American Association of Pharmaceutical Scientists, Nov. 5-9, 1995. Miami, FL.

*152.* **Abbas, R**. and Hayton, W. L., *In vivo* Acetylcholinesterase Inhibition in Rainbow Trout after Water Exposure to Paraoxon. Presented at the 25th Annual Pharmaceutics Graduate Student Research Meeting, 1993, West Lafayette, Indiana.

*153.* **Abbas, R.** and Hayton, W. L., Paraoxon Tissue Distribution and AChE Inhibition in Rainbow Trout. Presented at the 8TH Annual Meeting of American Association of Pharmaceutical Scientists, Nov. 14-18, 1993, Lake Vuena Vista, FL.

*154.* **Abbas, R**., Schultz, I. R., Doddapaneni, S. and Hayton, W. L., 1992. Pharmacokinetics of Paraoxon in Rainbow Trout. Presented at the 31st Annual Meeting of the Society of Toxicology, Feb. 23-28, 1992, Seattle, WA.

**PATENT:**

*155.* **Abbas, Richat,** et al. "Oral insulin therapy". United States Patent – 20030198666, U.S. Current Class: 424/452; 424/465; 514/3. U.S. Class at Publication: 424/452; 514/3; 424/465. International Class: A61K 038/28; A61K 009/48; A61K 009/20

*156.* **Abbas, Richat,** et al. "Formulations for Oral administration of Cromolyn Sodium" US Patenet No. 02789934.3-2123 – US0238247

**Book Chapter and Proceeding:**

*157.* Creech, J.R., R.K. Black, B.L. Garrity, R.J. Williams, J.N. McDougal, G.W. Jepson, **R. Abbas**, L. Dong, and A. Vinegar: Inhalation Uptake and Metabolism of Iodohalogenated Compounds, CF3I, C6F13I, and C3F7I. AL/OE-TR-1995-0089

*158.* Analysis of Biological Materials and Xenobiotics – Enviromental Chemistry, Boca Raton, CRC Press LLC 2000

# رىشات ئابدۇرۇسۇل

رىشات ئابدۇروسۇل **1962**-يىلى **7**-ئايدا غۇلجا شەھەردە تۇغۇلغان. **1979**-يىلى **9**-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتى ماتېماتىكا كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. **1984**-يىلى **9**-ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. رىشات ئابدۇروسۇل تەبىئى پەن دوكتورى. كانادا سىمون فراسەر ئۇنىۋېرستېتىنىڭ پوست-دوكتۇر(دوكتۇر ئاشتى) تەتقىقاتچىسى. ماتېماتىكىلىق كونترول نەزىرىسى ساھەسدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئۇ **1988**-يىلى **10**-ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ **3**-قېتىملىق ياپونىيگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى بولۇپ، ياپونىيە توكيو دەنكى ئۇنىۋېرستېتى تەبىئى پەن-

سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئۈچۈر فاكۇلتېتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا قوبۇل قىلىنغان. 1990 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئۇ ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىپ، 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شەخسىي راسخوتى بىلەن ئاسپىرانتلىق ئوقۇش ئۈچۈن قايتا ياپونىيىگە چىققان ھەم بۇرۇن بىلىم ئاشۇرغان فاكۇلتېتتا ماگىستىرلىق، دوكتورلۇقتا ئوقۇغان. 1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دوكتورلۇق ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن شۇ مەكتەپتە ۋاقىتلىق ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1998 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1999 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە كومپيۇتېر شىركىتى «Algo21 corporation» دا كومپيۇتېر ئىنژېنېرى بولۇپ ئىشلەپ، CAM(Computer Aided Manufacturing) سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىش ھەم ياساش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1999 ـ يىلى ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ، كەسپىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشقان. ئۇ 2004 ـ يىلى لېكتورلۇق سالاھىيىتى بىلەن شۇ مەكتەپنىڭ COE تەتقىقات گورۇپپىسىغا ئەزا بولۇپ قاتنىشىپ «Human Adaptive Mechatronics»، ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشالايدىغان ئېلېكتر مېخانىك سايمانلىرى (روبوت ـ ماشىنا ئادەم) توغرىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. 2005 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئائىلىسى بىلەن كاناداغا كۆچمەن بولۇپ بارغان بولۇپ، ھازىر كانادانىڭ Vancouver شەھەردە تۇرىدۇ.

ئۇ ئوقۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا خەلقئارالىق يىغىن، ژورناللاردا كۆپلىگەن ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئۇلانمىدىن تەپسىلىي كۆرەلەيسىز: .http://www.biliwal.com/PDF/RixatAbdursul.pdf

ئۇنىڭدىن باشقا ماتېماتىكا، ئىنفورماتسىيە ئىلمى، سىستېما كونترول نەزەرىيىسى توغرۇلۇق دەرسلەرنى ئۆتۈش بىلەن بىرگە ئاسپىرانتلارنى تەربىيىلەش جەريانىدا پروفېسسورغا ياردەمدە بولۇپ كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ بۇ نەتىجىلىرى بىلەن 2006 ـ يىلى Who's Who in the Worldنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. نۇرغۇن ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقىش ئىشلىرىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ياردەمدە بولغىنىمۇ ئۇنىڭ بىر نەتىجىسىدۇر.

# زەللىلى

## («مۇھەممەد سىدىق زەللىلى» گە قاراڭ)

# زوردۇن سابىر




زوردۇن سابىر (1937 ـ 1998) 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر رېئالىستىك يازغۇچى. ئۇ ئاساسلىغى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇلـ ـلىنىپ، كىتاپخانلار، ئوبزورچىلار تەرىپىدىن «ئۇيغۇر پروزىسىدىكى بايراقدار يازغۇچى» دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇ رۇس يازغۇچىلىرىدىن شولوخوف، تولستوي، گوركىي قاتارلىق رېئالىستىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان بولغاچقا، ئىجادىيەتتە ئاشۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۇرگەن. ئۇ رېئالىزمچى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولغاچقا تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلار ۋە يۈزەكى هادىسىلەرگە هەرگىز سەل قارىمايتتى. كۆزەتكەن، هېس قىلغانلىرىنى خاتىرىسىگە يېزىپ قالدۇرۋالاتتى. بۇنداق خاتىرىلەر كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى دەللىلەش رولىنى ئويناپ، ئەسەرنىڭ رېئالىزملىق پۇرىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئۇ بىر قېتىم تۇرمۇش ئۆگۈنۈش ئۈچۈن مەكتەپكە بارغاندا ئۇ يەردە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان دېھقان ئىسمائىل رۆزى بىلەن تونۇشىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن بۇ دېھقان ئۆز ئىگىلىكى توغرىسىدا ئەمەس، بۆرىكتى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەيدۇ. بۇ هال رېئال تۇرمۇشقا يازغۇچىدا باشقىچە ئىلھام پەيدا قىلىدۇ. يازغۇچى «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش» ناملىق ماقالىسىدە (بۇ ماقالە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان). بۇ ھەقتە تەپسىلى توختىلىدۇ . دېمەك، زوردۇن سابىر بەدىئىي توقۇلمىنى رېئال تۇرمۇشنى ياكى تۇرمۇشتىن كېسىۋالغان بىر پارچە ماتېرىيالنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ بارلىققا كەلتۈرىدۇ .

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ رېئاللىقا بولغان سادىقلىقى ئۇنىڭ «قەرزدار» هېكايىسىنى يېزىش جەريانىدىن تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يازغۇچى «قەرزدار» هېكايىسىنى يازغان 1980 ـ يىلى خەلق كوممۇنىسى تېخى بىكار قىلىنمىغان ئىدى. لېكىن يازغۇچى خەلق كوممۇنىسىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ قازاننىڭ جوڭگو دېھقانلىرىنى باي قىلالمىغانلىقىنى دېھقانلار ئارىسىدا يۈرۈپ كۆرگەن ئىدى. بۇ رېئاللىق ئۇنى «دېھقانلارنى ھەقىقى بېيىتىش ئۈچۈن بۇ چوڭ قازاننى چاقماي بولمايدۇ» دېگەن ئىدىيىنى چىقىش قىلىپ ئەسەر يېزىشقا ئۈندىگەن .

زوردۇن سابىر 1937 ـ يىلى باھار ئايلىرىدا غۇلجا ناھىيە يېڭىتام يېزا بوستان كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دادىسى سابىر ئاكا دېھقان بولسىمۇ، ئىلىم ـ پەنگە قىزىقىدىغان، ئىلىم ئەھلـ ـلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەم ئىدى. ئانىسى ئانارخان ھەدە ئىشچان، پاكىز، چېۋەر ئايال ئىدى. زوردۇن سابىرنىڭ بالىلىق ھاياتى شىمالدىن ئابرال تېغىنىڭ شامىلى ئۇرۇپ تۇرىدىغان مۇشۇ كىچىككىنە بوستانلىق مەھەللىدە ئۆتتى. 1942 ـ يىلى زوردۇن سابىر بەش ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ ئانىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، بۇ ئائىلىدىكى ئالتە جان ئادەم دادىسى سابىر ئاكىنىڭ ھەم دادا ھەم ئانا بولۇپ بېقىپ چوڭ قىلىشىغا قاراشلىق بولۇپ قالىدۇ .

1946 ـ يىلى زوردۇن سابىر مەھەللىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ، ئۈچىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەندە تۆتىنچى سىنىپ بولمىغاچقا داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇشقا ئامالسىز قالىدۇ.

شۇ ۋاقىتتا مەھەللە باشلانغۇچ مەكتىۋىدە زاماندىن ئەپەندى ئىسىملىك مۇئەللىم بار بولۇپ، ئۇ زوردۇن سابىرنىڭ داۋاملىق ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلغانلارنىڭ بىرى ئىدى. زاماندىن مۇئەللىم زوردۇن سابىرنى ئارا ئۆستەڭ يېزىسى ئارا مەھەللە كەنتىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاپىرىپ، تۆتىنچى سىنىپقا كىرگۈزگەن. زوردۇن سابىر بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۆگۈنۈشتىكى تىرىشچانلىقى، زېرەك، ئەقىللىقلىقى بىلەن سىنىپتا بىرىنچى بولۇپ ئوقىغان. بولۇپمۇ ماتېماتىكا دەرسىدە نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغان. بىراق ئۇنىڭ داۋاملاشتۇرىشى تولىمۇ قىيىن بولغان. كۆپىنچە ساۋاقداشلىرى بايلارنىڭ ياكى ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى ئائىلەرنىڭ بالىلىرى بالىلىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە زوردۇن سابىر نامرات ئائىلىنىڭ بالىسى قارىلىپ بەزىدە كەمسىتىلگەن .....

1955 ـ يىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئىلى دارىلمۇئەللىمىن(ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى) گە ئوقۇشقا كىرىپ، 1957 ـ يىلى پۈتتۈرىدۇ.

دۇنيادا مەيلى كىم بولسۇن ئۇستازنىڭ رولىسىز ھايات يولىنى توغرا باسالىغان ئەمەس. زاماندىن مۇئەللىم زوردۇن سابىرنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىغا ئىلھام بەرگەن ھەم ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۆرلەپ ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن.

زوردۇن سابىر 1957 ـ يىلى لەنجۇ مىللەتلەر ئىنستىتوتىغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ لەنجۇدىكى ۋاقتىدا «ئانا يۇرت» ناملىق هېكايىلەرنى ۋە شېئىرلارنى، ئوبزور ماقالىلەرنى يېزىپ ئۆزىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە چېنىقتۇرغان.

مۇدھىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ 1971 ـ

يىلغىچە ئۆز يېزىسىدا تۇرغان. كېيىن غۇلجا شەھەرلىك ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلىق هاياتى يەنىلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» نىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ . . .

زوردۇن سابىر 1970 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە زور قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ، يېڭى ـ يېڭى هېكايىلەرنى يېزىپ تېزلا تونۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېزلا رومان يېزىشقا كىرىشىپ «ئابىرال شامالىلىرى» رومانىنى يازىدۇ. بۇ رومان شۇ چاغدا تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق ئەدىپلەرنىڭ قىزغىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. ئاندىن يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىدۇ. رومان بولسا شاپىگىرافتا بېسىلىپ يازغۇچى، شائىرلارغا پىكىر ئېلىش، كۆرۈش ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلىدۇ . ئۇ 1979 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كېلىدۇ .

زوردۇن سابىر ئىجادىيەتتە رېئال تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى. رېئاللىق تەققازىزا بولىۋاتقان تېمىنى يازدى. رېئاللىق ئاتا قىلغان هېسسىياتنى ئىپادىلىدى. شۇڭا زوردۇن سابىرنىڭ كۆپىنچە ئەسەرلىرى رېئاللىقتىكى ئۆزى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ئىش ـ ۋەقەلەر ئاساسي ۋەقەلىك قىلىپ يېزىلغان. ئۇنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى ھەتتا ئۇ بىۋاستە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىنى ۋەقەلىك لىنىيىسى قىلىپ يېزىلغان. «گۆھەرنىڭ بەختى»مۇ مۇنداق : 1966 ـ يىلى قاش ئۆستىڭى ياسالغاندا دېھقانلارغا چاي توشۇيدىغان ئايخان دېگەن بىر ئايال بولغان. كېيىن بۇ ئۆستەڭ پۈتۈپ خەلققە بەخت ياراتقان. زوردۇن سابىر ئاشۇ ئايالنىڭ چاي توشۇش جەريانىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى ئاساس قىلىپ يۇقۇرىدىكى هېكايىسىنى يازغان.

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسى مول، نەزىرىيىۋى تەپەككۇرى چوڭقۇر بولغاچقا تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ماتېرىيال تاللاش ۋە تاۋلاشقا ماھىر ئىدى . ئۇ «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش»، «مەن بېسىپ كېلىۋاتقان مۇساپە ۋە ئىزدىنىش»، «ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە نادىر ئەسەر يارىتىش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «ئېسىل ئەسەر توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «تەنقىد ئەخلاقى توغرىسىدا سۆز» قاتارلىق ماقالىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى بىر قاتار قاراشلىرىنى شەرھلىگەن. يازغۇچىنىڭ قاراشلىرى رېئالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىنىشى ھەم تەشۋىق قىلىنىشى بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزدا يېڭىلىق يارىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يازغۇچىنىڭ بۇ ماقالىلەردە ئوتتۇرىغا قويغان ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ياش ئەدىپلىرىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك دەرسلىك بولدى. تۇرمۇشنى مەنبە قىلىش، تىپ ۋە تىپىكلىككە ئەھمىيەت بېرىش، بەدىئىي پىششىقلاشقا ماھىر بولۇش قاتارلىق رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى ئاساسلىق پرىنسىپلار بولۇپ، ئۇ تىپ توغرىسىدا توختالغاندا، «مەن ئەسەرلىرىمدە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە قېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىمەن» دەيدۇ .

زوردۇن سابىرنىڭ يالغۇز 86 هېكايىسى، توت رومان(«ئانا يۇرت»، «ئىزدىنىش»، «ئاۋرال شامالىلىرى» ۋە «ئاتا») توققۇز پوۋېستى، ئىككى دراممىسى، ئىككى ئەسلىمىسى، ئىككى زىيارەت خاتىرىسى شۇنداقلا ئالتە ماقالىسى بىزنىڭ تەتقىق ـ تەھلىل قىلىش ئوبېكتىمىز بولۇپ قالماي، يەنە يازغۇچىنىڭ هاياتى، ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيۈش روھىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ هاياتى توختىماي ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش بىلەن ئۆتكەن هايات !

# زۇلپىقار بارات ئۆز باش

زۇلپىقار بارات ئۆز باش 1975 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۈچتۇرپان ناهىيىسىدە

www.uyghurkitap.com



دۇنياغا كەلگەن. تەلەپچان ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيلىشى ئاستىدا بۇ ياش كىچىگىدىن باشلاپ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە «ھەممىنىڭ كۆزى» بولۇپ ئوقۇپ، تولۇق ئوتتۇرىنى غەلبىلىك تاماملاپ 1992 ـ يىلى 17 يېشىدا يۇقىرى نومۇر بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى....

كۆڭلىگە نۇرغۇن ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈككەن بۇ ياش 1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلىدى، ئۇ ئىنگلىز تىلى كۇرسىدا بىر يېرىم ئاي ئوقۇپلا ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ تېز ھەم ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ دەرھال كۇرستىن چېكىندى. ئۇ ھاردىم ـ تالدىم دېمەستىن بىر تەرەپتىن خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىسە يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ئۆگەندى، ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى 6 ئاي ئىچىدىلا مېۋە بېرىپ سەۋىيىسى ئىنگلىزتىلىنى نەچچە يىل ئۆگەنگەنلەردىن ئېشىپ چۈشتى. ئۇ باشقا ئىنگلىزتىلى ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېز ئىلگىرلىشىگە ياردەم قىلىش مەقسىتىدە 1999 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەش قارار ھەقسىز كۇرس ئېچىپ ئىنگلىزتىلى ھەۋەسكارلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، 4 قىسىملىق «سەرخۇش ئىنگلىزتىلى»، «جانغا ئەسقاتىدىغان سەرخۇش ئىنگلىزتىلى گىراماماتىكىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئۆگىنىش ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى ھەم شۇ يىلى «سەرخۇش ئىنگلىزتىلى تەربىيلەش مەركىزى» نى قۇرۇپ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈردى، ئۇ ئوقۇغۇچى تەربىيلەش جەريانىدا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقانلارغا ئىلھام بېرىش ھەم ئۇلارنى قوللاش مەقسىتىدە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ھەر يىلى «ئالىي مەكتەپلەر ئارا ئىنگلىزچە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى»، «ئىنگلىزچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى» ۋە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتتى، ئۇ يەنە ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان، قىزىقىدىغان «قۇرۇۋاتقان تەپەككۇر دەرىخى قاچانمۇ كۆكلەرسەن؟!» ، «رېئاللىقتىكى بىز ۋە ئەمەلىيەتتىكى بىز»، «مۇھەببەت ۋە لايىق تاللاش»، «مۇھەببەت يۈرەك تارىڭىزنى چەككەندە» ، «پىسخىكا ۋە تىل ئۆگىنىش»........قاتارلىق تېمىلاردا 100 نەچچە مەيدان لېكسىيە سۆزلەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

زۇلپىقار بارات ئۆز باشىنىڭ يۇقارقىدەك ئىش ـ پائالىيەتلىرى بارا ـ بارا جەمئىيەتتە كەڭ تارقىلىپ قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى ھەم خىلمۇ ـ خىل ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىشىغا ئېرىشتى.

زۇلپىقار بارات ئۆز باش ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھر ـ مۇھەببەت ۋە ئىللىقلىقنىڭ بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىۋاتقان پەيتتە ئىدارىسىدىن شاگىخەيگە 15 كۈنلۈك كاماندورۇپكىغا ئەۋەتىلدىۇ ھەم ياتاق ئالغىلى مېھمانخانىغا بارغاندا ياتاق ئالالماي قاتتىق ئازاپلىنىدۇ...

ئۇ يۇقارقىدەك ئىشلارنى تەھلىل قىلىش، ماتېرىيال كۆرۈش جەريانىدا بۇلارنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىققا كىرىدىغانلىقىنى ھەم جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بۇ مەسلىنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ «جەمئىيەتـ شۇناسلىق» كەسپىگە قىزىقىپ قالىدۇ ۋە بۇ كەسپتە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ.

زۇلپىقار بارات ئۆز باش تىل تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەمـ مەللىگى بىلەن 2006 ـ يىلى7 ـ ئايدا چېگدۇدا ئۆتكۈزۈلگەن چەتئەللىكلەرنىڭ مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ ئىلغار، يېڭىچە پىكىرلىرى بىلەن چەتئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىدۇ ھەم 2006 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپى بويىچە 3 يىل ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش چاقىرىغىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، شۇنداقلا، فورد تەشكىلاتىدىن جۇڭگوغا بېرىلگەن، ھەقسىز ئوقۇيدىغان 10سان ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى ۋە بىردىنبىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ تاللىنىپ، 3يىللىق ھەقسىز ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

زۇلپىقار بارات ئۆز باش 2007 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئامېرىكىغا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن بېرىپ،8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ھاۋاي ئۇنىۋېرستېتىدا «شەھەرلىشىش ۋە مىللىي كىملىك» توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ شۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى ھەم چەتئەللىك

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نەزىرىدىكى «ئەڭ ئۈمىدلىك ئۇيغۇر ئوغلانى»غا ئايلاندى. ئۇ ھازىر بىر تەرەپتىن ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغاچ يەنە بىر تەرەپتىن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا.

زۇلپىقار بارات ئۆز باشنىڭ يېتىلدۈرگەن قابىلىيەتلىرى:

**1. خەتتاتلىق**

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا تەئلىق، رۇقئى خەت نۇسخىلىرىدا يازغان 30پارچىغا يېقىن ھۆسنخەت ئەسىرى ئېلان قىلىنغان.

**2. ئەدەبىي ئىجادىيەت**

ئۇ 13يېشىدىن باشلاپ يېزىقچىلىققا كىرىشكەن ۋە «يۈز مېتىر ئارىلىق يىغلايدۇ»، «يۇرىگىمىز تونۇدى، لېكىن بىز مەغرۇر»، «كىم مېنى بىپەرۋا دەيدۇ؟»، «يارسىز ئۆتكەن سۆيگۈ بايرىمى»، «كۆڭلۈمدىكى قىزغا»......قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان.

**3. ئەدەبىي تەرجىمە**

ئۇ «رىشتە»(م.يوپوۋ ـ سوۋىت ئىتتىپاقى)، «خۇپپيانە ئۇچرىشىش»(جويىس كارول)، «كېچىكىپ ئېچىلغان ئەتىرگۈل»(تىئودور ستروم ـ گېرمانىيە)قاتارلىق ھېكايىلەرنى، «يوقالغان ئارال»(مارگارېت مېچىل ـ ئامېرىكا)، «تۇنجى مۇھەببەت»(تۇرگېنىف ـ روسىيە)، «پولكوۋنىكقا ھېچكىم خەت يازمايدۇ» (گارسىيە ماركىس ـ كولۇمبىيە)، «ئاجايىپ مەخپىيەت»(ستېفان زىۋېگ ـ ئاۋستىرالىيە) قاتارلىق پوۋېست ـ لارنى، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىگى» ، «ئۆلۈم كۆلەڭگىسى»(مېچىل زوھا ـ ئامېرىكا) قاتارلىق روماند ـ لارنى تەرجىمە قىلغان.

**4. ناتىقلىق**

**5. ئوقۇتقۇچىلىق**

ئۇ بەش يىلدىن ئارتۇق ئىنگلىزتىلى دەرس ئۆتۈش جەريانىدا 7000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

**6. ئىنگلىزتىلى تەتقىقاتى**

ئۇ 4 قىسىملىق «سەرخۇش ئىنگلىزتىلى»دەرسلىگى ۋە «جانغا ئەسقاتىدىغان سەر ـ خۇش ئىنگلىزتىلى گىراممatىكىسى»نى تۈزۈپ چىققان.

# زۇلپىقار مۇھەممەدئېلى

مۇشتىنى چىڭ تۈگ زۇلپىقار،
ساڭا ئەل ـ يۇرت مەدەتكار.




2016 ـ يىل 30 ـ يانۋار، شاڭخەي «شەرق» تەنتەربىيە مەركىزىدە بوكىس ئالاھىدە بوكىس مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىۋاتاتتى. خەلقىمىز نەق مەيداندىن تارقىتىۋاتقان كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلاندى. چۈنكى، بۈگۈنكى مۇسابىقىدە يۇرتىمىزنىڭ پەخرى، ئۈمىدلىك ياش بوكىس ماھىرى، بىرلەشمىدىكى «رەقىبنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەڭ تېز يەرگە يىقىتىش رېكورتى»نى ياراتقان، ياش بوكسچىمىز زۇلپىقار مۇھەممەدئېلى ئۈچىسىغا ئەتلەسنى زىننەت قىلغان تون، ئىككى قولىغا بوكس پەلىيى كىيىپ 76 كىلوگراملىقلارنىڭ ئالتە ئايلانمىلىقلار مۇسابىقىسىنىڭ ئۈچىنچى ئايلانمىسىدىلا ئاۋستىرالىيەلىك رىقابەتـ ـچىسى ستىۋېنغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئۇنى يەر چىشلىتىپ، بۇ ئايلانما مۇسابىقىدىكى يەنە بىر پارلاق يۇلتۇزغا ئايلانغان ئىدى. تېلېۋىزور ئالدىدىكى نەچچە مىليونلىغان خەلق ئۆزىنىڭ بۇ جاسارەتلىك پەرزەنتىدىن چەكسىز سۆيۈندى. ئۇ كەسپىي بوكسقا قاتناشقان ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئالتە مەيدان ئۇتۇپ، بىر مەيدان تەڭلىشىپ، تۆت قېتىم رەقىبنى يەڭدى. كېيىنكى قېتىمقى مۇسابىقىسىـ ـدە، يەنى بۇ يىل 5 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «دۇنيا ياشلار ئالتۇن كەمىرى»گە جەڭ ئېلان قىلماقچى.

زۇلپىقار مۇھەممەدئېلى 2015 ـ يىلى 24 ـ ئاپرېلدا بېيجىڭ «پايتەخت تەنتەربىيە سارىيى»دا ئۆتكۈـ زۈلگەن، خەلقئارا بوكسچىلار جەمئىيىتى (WBA) نىڭ ئالتە ئايلانمىلىق مۇسابىقىسىدە تايلاندلىق ماھىر خۇۋانا بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي بوكسچىلىق ھاياتىدىكى تۇنجى مەيدان مۇسابىقىدە رەقىبنى يەرگە يىقىتىپ غەلىبىگە ئېرىشكەن ئىدى. خەلقئارا بوكسچىلار جەمئىيىتىنىڭ شەخسلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ مۇسابىقىسى ھەر قېتىملىق ئۈچرىشىش ئۈچ مىنۇتتىن بولىدىغان، 4، 6، 8، 10، 12 قېتىم ئۈچرىشىش بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىن ئۆتۈپ، ئالتۇن كەمەر تالىشىدىغان مۇسابىقە ئىدى. بۇنىڭدا بوكس ماھىرلىرى دەسلەپتە تۆت ئايلانما مۇسابىقىگە چۈشۈشتىن باشلاپ قاتارغا قوشۇلۇپ، بۇ تۈردە يېڭىپ چىقسا، بىر باللداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئالتە ئۈچرىشىش مۇسابىقىسىدىكى ئۆتكەلنى ساقلاپ تۇرغان ماھىرغا جەڭ ئېلان قىلاتتى، مۇشۇ تەرىقىدە ئەڭ ئاخىرقى 12 ئايلانما مۇسابىقىگە قاتنىشىپ ئالتۇن كەمەرنى تالىشاتتى.

زۇلپىقارنىڭ كەسپىي نەتىجىسى ۋە سەۋىيەسىگە ئاساسەن، ئۇ تۇنجى مەيدان مۇسابىقىدىلا ئالتە مەيدان ئېلىشىش ئۆتكىلىدىكى تايلاندلىق ماھىر بىلەن ئۇچراشتى. زۇلپىقار مۇسابىقىدە خۇۋاناغا ئەجەلـ ـلىك نەچچە مۇشت ئېتىپ بىر نەچچە رەت دەلدەڭشىتىپ قويدى، زۇلپىقار پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، 5 ـ قېتىملىق ئۈچرىشىش ئاخىرلىشىش ئالدىدا توختىماي بىرنەچچە مۇشت ئاتتى، ئۇنىڭ كۈچلۈك ھەم دەل جايىغا ئاتقان مۇشتلىرى خۇۋانانى ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تاس قالدى. رېپېر ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، دەرھال مۇسابىقىنى توختاتتى. زۇلپىقار مۇسابىقىدە غەلىبە قىلدى، بۇ ئۇيغۇر بوكسچىلىرىنىڭ كەسپىي بوكس سەھنىسىدە تۇنجى قېتىم رەقىبنى يەرگە يىقىتىپ غەلىبە قىلىشى ئىدى.

زۇلپىقار مۇھەممەدئېلى 1994 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەكىت ناھىيەسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەدئېلى ناھىيەدە كۆزگە كۆرۈنگەن بوكس مەشقاۋۇلى ئىدى، مۇھەممەدئېلى بوكسچىلىق كەسپىدە ئۆزى يېتەلمىگەن ئارزۇلىرىغا ئوغلىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، زۇلپىقارنى كىچىگىدىن تارتىپ تەربىيىلەشكە كىرىشكەن، زۇلپىقارمۇ دادىسىنىڭ تەسىرىدە ئېسىنى بىلىپلا بوكس مەشغىنى قىلىشنى باشلىۋەتكەن ئىدى. زۇلپىقار 12 ياشقا كىرگەندە بوكسنىڭ ئاساسىي ماھارەتلىرىنى خېلى پۇختا ئىگەللەپ بولۇپ، ئۆزىنى چوڭ شەھەرلەردە مۇنتىزىم تەربىيىلەش توغرىسىدا دادىسىنىڭ «بېشىنى ئاغرىتىش»قا باشلىدى، دادىسى ئوغلىنىڭ ئارزۇسى بويىچە تېخى بالىلىق ئويۇنلىرىغا قانمىغان زۇلپىقارنى شىنجاڭ تەنتەربىيە مەكتىۋىگە ئەكىلىپ بەردى. زۇلپىقار تەنتەربىيە مەكتىۋىگە كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ مەشىق قىلدى ھەمدە ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 2008 ـ يىلى شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ شۇ يىلى تۇنجى قېتىم تەسىس قىلىنغان ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر كوماندىسىغا تاللىنىپ، مەرھۇم ئابدۇراخمان ئابلىكىم قاتارلىق ئۇستازلىرىنىڭ تېخىمۇ سىستېمىلىق تەربىيىلىشى ئارقىسىدا كەسپىي جەھەتتە تېز ئالغا باستى ھەم شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بوكس مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى. 16 ياشقا كىرگەندە قازاقىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بوكس مۇسابىقىسىدە بوكسچىلىقتا دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان كۇبا ماھىرىنى يېڭىپ، مەرھۇم ئۇستازى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ۋە ئابدۇشۈكۈر مىجىت قاتارلىقلارنى ئىنتايىن خوش قىلىۋەتتى. ئۇ يەنە قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك بوكس مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، چېمپىيونلۇقنىڭ تاتلىق تەمىنىمۇ،

مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىق تەمىنىمۇ ئۇبدانلا تېتىدى.
ئەمدىلا 21 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان زۇلپىقار كەسپىي بوكسچىلىق ھاياتىدىكى تۇنجى قەدىمىنى ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇستازلىرى سۆيۈنگىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك باستى.
بىز ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا بوكس سەھنىسىدە دىيارىمىزدىن چىققان يەنە بىر چولپان بولۇپ كۆزنى چاقنىتىشىغا تىلەكداشمىز.

# زۇنۇن قادىر



زۇنۇن قادىر 1911 ـ يىلى تارغاباتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئىقتىسادىي جەھەتتە گۇمران بولۇشقا، تۇرمۇش جەھەتتە نامراتلىششقا يۈزلەنـ ـگەن ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئۆتكەن.
ئۇ يەتتە يېشىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1937 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىككى يىل ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئاندىن يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئوقۇپ زامانىۋى بىلىم ئۆزلەشتۈرگەن. ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان. 1940 ـ يىلدىن تارتىپ تىياتىر ئۆمىكىدە ئارتىست، ئىجادىيەتچى ، رېژىسسور، دىكراتور، ئوقۇتقۇچى ۋە ئەدەبىيات بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە ھەربىي مۇخبىر ۋە «كۈرەش»، «ئىتتىپاق» قاتارلىق گېزىت ـ ژورناللاردا مۇھەررىر، باش مۇھەررىر بولغان. 1957 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان.
زۇنۇن قادىر كىچىكىدىن تارتىپ خەلق داستانلىرى ۋە چۆچەكلىرىنى ، مەدداھلارنىڭ قىسسە ۋە جەڭنامىلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى. ئۇ ساۋاتى چىقىشى بىلەنلا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قىزىقىپ، ناۋائى، مەشرەپلەرنىڭ كىتاپلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشتى. كېيىنچە شاھنامە، گۇلىستان قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر بىلەن تونۇشتى. رۇس ئەدەبىياتى كىلاسسىكلىرىنىڭ ۋە رۇس يازغۇچىسى ماكسىم گوركىنىڭ تاتار ۋە ئۆزبېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى، سەدىردىن ئەينى، ئۆمەر مۇھەممىدى ۋە نۇر ئىسرائىلنىڭ رومان، پوۋىست، ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ چىقتى.
دېمەك، زۇنۇن قادىرنىڭ ئىجادىيىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى بىلەن ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتى تەسىرىدە شەكىللەندى.
زۇنۇن قادىرى 1936 ـ يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، شۇندىن بۇيانقى 50 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە يازغان «چېنىقىش»، «غۇنچەم»، «خاتىرىلەر» ۋە باشقا مەسەل ۋە چوچەكلىرى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۇ ، ماكسىم گوركىينىڭ «ئارخىپ بوۋا ۋە لىيونكا»، تاتار يازغۇچىسى ئادىل كوتويىنىڭ «تاپشۇرۇلمىغان خەتلەر»، قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان تاڭجارىقنىڭ «گۈندىپاي» قاتارلىق پوۋېست، داستان، ھېكايىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. بىرمۇنچە چۆچەك، قوشاق، ماقال ـ تەمسىللەرنى توپلاپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ شۇ يىللار ئىچىدە ئېلان قىلىنغان، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار سىياسىي، ئېستېتىك قاراشلىرى سىڭدۈرۈلگەن ئەدەبىي ئوبزورلار جاما ـ ئەتچىلىك ئىچىدە خېلى چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان ئىدى.
زۇنۇن قادىرى ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ئەدەبىيات سېپىدىكى تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەشكە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. ئاتاغلىق ئۇيغۇر شائىرى تېيىپجان ئېلىيوۋ، ئاتاغلىق قازاق شائىرى قۇرمان ئەلىگە ئوخشاش تالانت ئىگىلىرىنىڭ بايقىلىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشىدە زۇنۇن قادىرنىڭ يېتەكلىشى ۋە

ياردىمى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئاتاغلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى، دراماتۇرگ، ئۇيغۇر هازىرقى زامان پروزىسى ۋە دراماتورگىيسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان زۇنۇن قادىر 1989-يىلى 9 - ئاينىڭ 24-كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 77 يېشىدا ۋاپات بولدى . ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقۇتۇش. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك بايلىغى بولۇش بىلەن بىللە مىللەتلەر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى پارلاق گۆهەر.

زۇنۇن قادىرنىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى:

<1> «غۇنچەم» — مەسەل، هىكايە، دىراممىلار توپلىمى. مىللەتلەر نەشرىياتى. 1957-يىل نەشرى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1980-يىل نەشرى.

<2> «چېنىقىش» — هىكايىلەر توپلىمى. 1957-يىل نەشرى.

<3> «خاتىرىلەر» — ئاپتوربىئوگرافىك ئەسلىمە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1984-يىل نەشرى.

<4> «مەسەل ۋە چۆچەكلەر» — شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1986-يىل نەشرى.

<5> «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» — ئومۇمىي توپلام. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1992-يىل نەشرى.

<6> «چېنىقىش» - هىكايىلەر توپلىمى(خەنزۇچە). جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرىياتى. 1958-يىل نەشرى.

<7> «غۇنچەم» — دىراممىلار توپلىمى(خەنزۇچە). جۇڭگو تىياتىر نەشرىياتى. 1960-يىل نەشرى.

زۇنۇن قادىرى يېزىشقا قاتناشقان «غېرىپ - سەنەم» كىنو سىنارىيەسى 1980-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «چېنىقىش» دىگەن هىكايىلار توپلىمى 1980-يىللاردا يەنە قايتا نەشر قىلىنغان.

# زىيا سەمەدى




هەقىقىي يازغۇچى بولۇش-هەممىدىن ئاۋۋال ئۆز خەلقىنىڭ مۇناسىپ ۋەكىلى بولۇش، ئۇنىڭ شاتلىغىنى، دەردىنى، ئەزگۈ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. زىيا سەمەدى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنە شۇنداق پەرزەنتى. بۇنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيتى بىلەن ئىسپاتلىدى.

زىيا سەمەدىنىڭ هاياتى ئۆز خەلقىنىڭ هاياتى بىلەن چەمبەر-چەس باغلانغان. زىيا سەمەدى ياش چاغلىرىدىن باشلاپلا جاپاكەش، ئەركپەرۋەر، ئازاتلىققا، مۇستەقىللىققا تەشنا خەلقىنىڭ ئىستەكلىرىنى قەلبىگە سىڭدۈرۈشكە ئىنتىلدى.

تالانتلىق يازغۇچى ۋە دراماتۇروگ زىيا سەمەدى 1914-يىلى هازىرقى قازاقىستاننىڭ تالدىقورغان ئوبلاستى فانفىلوف رايوننىڭ خونخاي يېزىسىدا تۇغۇلدى. ياركەندتىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئالموناچارسكى نامىدىكى رۇس مەكتۇپدە، 1929-يىلى س زەرۋاتوۋ نامىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتۇپدە ئوقىدى. 1931-يىلى ياش زىيالىي دادىسى ئۇنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ 1934-يىلى غۇلجا شەهرىدە ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر كۇرسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، «ئۈمىد» مەكتۇپدە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىدى ۋە شۇ يىلى چىقىشقا باشلىغان «ئىلى گېزىتى»نىڭ سەهىپىلىرىدە ئۆز شېئىرلىرى بىلەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. كېيىنچە بولسا «روشەن»، «قانلىق داغ» دراملىرىنى يازدى. يازغۇچىنىڭ دراماتۇرگىيە ساهەسىدىكى ئىجادىيتى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى.

زىيا سەمەدى شىنجاڭنىڭ يېڭى دېموكراتىك مەدەنىي ۋە مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن هاياتى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلدى. 1935-1936-يىللىرى غۇلجىدىكى شەرق مەكتۇپگە مۇدىر بولدى ۋە قوشۇمچە ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەدەنىي-مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىغى بولدى. زىيا سەمەدىگە ئوخشاش خەلق مەرىپەتچىلىرى ياققان چىراغ ئاشۇ يىللاردا پۈتكۈل

شىنجاڭنى يورۇتۇشقا باشلىغان ئىدى. قىسقىغىنا ۋاقىتتا خەلق ئىچىدىن ئىستىداتلىق، بىلىملىك ياشلار چىقىشقا باشلىدى. يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىمۇ خۇددى مۇشۇ يىللاردا بارلىققا كەلدى.

1936 ـ يىلى تېخى ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن زىيا سەمەدى «غېرىپ ـ سەنەم» ناملىق مۇزىكىلىق دىرامىسىنى، «كۆيۈمچان ئانا»، «سىر ئېچىلدى» ناملىق كومېدىيەلەرنى يازدى.

بۇ خەلق يازغۇچىسى ۋە غەمخورچىسى ئىجادىنى كۈرەشتىن، كۈرەشنى ئىجادىيەتتىن ئايرىپ قارىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش ئىجادىيەت مەزمۇنى، ئىجادىيەت بولسا كۈرەشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

زىيا سەمەدى پەقەت، تالانتلىق يازغۇچى، ئاكتىپ كۈرەشچى بولۇپلا قالماي، بەلكى ماھىر تەشكىلاتچى، جامائەت ۋە دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدىمۇ مەشھۇردۇر. ئۇ ئاكتىلىق ھاياتىنى باشلىغان دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا، يەنى 20 ياشقا كىرگەن چاغلىرىدىن باشلاپلا شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى، مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ماھىر تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى. ئۇ 1949 ـ يىلى پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلدى. 1950 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شەنشى، نىڭشا، گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ ئۆلكىلىرىدىن تەشكىل تاپقان غەربى شىمال ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەش ـ ـمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئەزاسى، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق مۇھىم رەھبىرى خىزمەتلەردە بولدى. 1956 ـ يىلى دېكابىردا ھىندىستان پايتەختى دېھلى شەھرىدە ئېچىلغان ئاسىيا يازغۇچىلىرىنىڭ كونفېرىنسىيەسىگە قاتناشتى.

زىيا سەمەدى تۈرمىلەردە ياتقان چاغلىرىدىمۇ، رەھبىرى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن چاغلىرىدىمۇ ئىجادىيەتنى تاشلاپ قويمىدى. ئۇ ھەمىشە بەرپا قىلىش، يارىتىش، خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى كۆپەيتىش ئىشقى بىلەن ياشىدى. 1951 ـ 1952 ـ يىللاردا «زۇلۇمغا زاۋال» دىرامىسىنى، 1953 ـ يىلى «ئىلى دەرياسى بويىدا» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى يازدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شۇ يىللاردا بېجىڭدا خەنسۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا نەشر قىلىنىپ تۇردى.

يازغۇچىنىڭ 1957 ـ يىلى بېجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتىدا بېسىلىپ چىققان تاللانما ئەسەرلەر توپلىمىغا ئۇنىڭ «ئىلى دەرياسى بويىدا»، «قانلىق داغ»، «غېرىپ ـ سەنەم»، «زۇلۇمغا زاۋال» ناملىق ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

زىيا سەمەدى 1961 ـ يىلى نويابىردا سوۋېتلار ئىتتىپاقىغا قايتىپ چىقتى. بۇ يەر ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان زىيا سەمەدىنى ئەمدى ئۇيغۇر ـ سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىسى دەرىجىسىگە كۆتۈردى. ئۇ تېز ئارىدىلا بىرقانچە رومانلارنى يېزىپ پۈتتۈردى. 1963 ـ يىلى «ئىلى دەرياسى بويىدا» ناملىق كىنو پوۋېستى، 1965 ـ يىلى «مايىمخان» رومانى، 1967 ـ يىلى «يىللار سىرى» رومانى(ئىككى قىسىملىق كىتاپ)، 1970 ـ يىلى «بىر تال پاپىروس»، 1974 ـ يىلى «ئەسىردىن ئەسىرگە» ناملىق توپلىمى، 1976 ـ يىلى «ئۆرۈك گۈللىگەن چاغدا»، 1978 ـ يىلى «دەرتمەننىڭ زارى» قىسسىلىرى، 1979 ـ يىلى «غېنى باتۇر» پوۋېستى قاتارلىقلار نەشر قىلىندى. «لاشمەن» ناملىق پيەسى سەھنىدە ئوينالدى.

يازغۇچىنىڭ رومانلىرى رۇس، ئۆزبېك ۋە قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

زىيا سەمەدىنىڭ رومانلىرى ئۆزىنىڭ تېماتىكىسى، ياراتقان ئوبرازلىرى، باي تىلى ۋە يۈكسەك غايىسى بىلەن ئۇيغۇر ـ سوۋېت ئەدەبىياتىنى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈردى ۋە بېيىتتى. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ـ نىڭ كۆپ قىسمى جايلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە، بولۇپمۇ ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستانلاردا 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىلا زامانىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى راۋاجلانغان بولسىمۇ، ئەمما 1938 ـ 1950 ـ يىللىرى ئارىسىدا چېكىنگەن. رابىك ئىسمايىلوفنىڭ ئېيتىشچە، شۇ ۋاقىتلارغىچە ئۇيغۇر ئەدە ـ بىياتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا خەلقلەرگە ئانچە تونۇش ئەمەس بولۇپ، زىيا

سەمەدى باشلىق ئۇيغۇر ئەدىپلىرىنىڭ تۆھپىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باشقا خەلقلەرگە تونۇش بولۇشقا باشلىدى. زىيا سەمەدىنىڭ «مايىمخان»، « يىللار سىرى» رومانلىرى ۋە باشقا ئەدىپلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن رۇس، قازاق، ئۆزبېك ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى. ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى باشقا خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇشتا ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مۇرات ھەمرايېۋ مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى.

## سابىت داموللام



سابىت داموللام ھەققىدە بۆكەمگىچە كۆرگەن ماتېرىياللاردا بەزى بايانلار بىردەكلىكنى ساقلىغان بولسىمۇ ، بەزى بايانلاردا ئوخشىماسلىقلار بار ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بۇ توغرۇلۇق ئاتاغلىق ئوبزورچى يالقۇن روزى ئەپەندىمنىڭ «سابىت داموللام كىم؟» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى گەۋدىلىك ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەن بۇ ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم، بەكمۇ بىئارام بولدۇم. چۈنكى، «مۇتەئەسسىپلىككە، خۇراپاتلىققا، قۇلچىلىققا، نادانلىققا ۋە جاھانگىرلىككە قارشى ھەققانىي ھەرىكەتلەرنى تەشكىللىگەن ئادەم» دېيىلگەن كىشىمۇ «خائىن»، «بۆلگۈنچى» ئاتىلىشى كېرەكمىدۇ؟

يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسىدىن قارىغاندا، ««شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى» دېگەن نوپۇزلۇق كىتاپتىمۇ شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن نەچچە يۈزلىگەن ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى يېزىلغان، ئەمما سابىت داموللام ئىسمىسى تىلغا ئېلىنمىغان. «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»ناملىق نوپۇزلۇق كىتاپتىمۇ يۈزلىگەن ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان، ئەمما سابىت داموللام ئىسمىسى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ كىتاپلاردا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن سەلبىي شەخسلەردىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭشىسەي، ما جۇڭيىڭ، ئېلىخان تۆرە، مەسئۇد سەبرى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، ئەيسائالىپتېكىن، ئوسمان ئىسلام قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان. شۇ قاتاردا سابىت داموللامىمۇ تونۇشتۇرۇلۇشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن تونۇشتۇرۇلمىغان. » دەپ يېزىلىپتۇ. بۇ زادى قانداق سىرلىق ئەھۋال؟ زادى نىمە سەۋەپتىن تونۇشتۇرۇلمايدۇ؟

خەيرىيەت، نۆۋەتتە مەن ئەسلى بىر تارىخشۇناس بولمىغانلىقىم ، خۇسۇسەن ئۇ كىشى بىلەن زامانداش بىر شەخس بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، يازما ماتېرىياللاردىكى بىرلىككە كېلىنگەن بايانلار ئاساسىدا قىسقىچە تونۇشتۇرما بېرىپ ئۆتىمەن. خاتا كەتكەن تەرەپلەر بولسا مۇھتەرەم تارىخشۇناس ئەرباپلىرىمىزنىڭ تەنقىدى تۈزىتىش بېرىشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمەن.

سابىت داموللام ئابدۇباقى كامالى 1883 ـ يىلى، ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە دۇنياغا

كەلگەن. باشلانغۇچ دىنىي تەربىيىنى ئازاقتا چوڭ ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن كىشىدىن ئالغان. كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان. 1910 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام ھەم مامۇت ئاخۇن داموللاملارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن، بۇخاراغا بېرىپ يۇقىرى مەلۇمات ئالغان. 1914 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ داموللا بولۇپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللام ھەم مەسلەكدىشى شەمسىدىن داموللام بىلەن بىللە مۇدەررىسلىك قىلغان. جۇملىدىن ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، قەشقەر تەۋەسىدە مۇتەئەسسىپلىككە، خۇراپاتلىققا، قۇللۇققا، نادانلىققا جاھانگىرلىككە قارشى ھەققانىي ھەرىكەتلەرنى تەشكىللىگەن. يەنە تەجەللى بىلەنمۇ ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ھەم شېئىر يېزىشىپ تۇرغان.

1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، سۇيىقەستـ ـچىلەرنىڭ نىشانى سابىت داموللامغا مەركەزلەشكەن. بۇنى سەزگەن سابىت داموللام 1925 ـ يىلى ھەجگە بېرىش باھانىسى بىلەن ئىلىغا يېنىپ چىققان ھەم ئىلىدىكى مە ـ رىپەتپەرۋەر، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، 1927 ـ يىلى، «شىرىن كالام» دېگەن كىتاپنى تۇنجى قېتىم كۇرەدە تاش مەتبەئەدە باستۇرغان. بۇ كىتاپتا نۇقتىلىق ھالدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەخلاق پەزىلەتلىرى سۆزلەنگەن. بۇ كىتاپ كېيىن ھىندىستاندا بېسىلىپ تارقىتىلغان.

سابىت داموللام دىنىي ئىلىملەردە، شۇنداقلا تۈركچە، ئەرەپچە، پارىسچە ئەدەبىـ ـياتنىڭ پۇتكۇل تۈرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولغاچقا، مەزكۇر تىللاردا بەزىدە نەسرىي، بەزىدە نەزمىي بىلەن سۆزلەش، يېزىش كامالىتىگە يەتكەن. ئۇ 1927 ـ يىلىـ ـدىن باشلاپ، غۇلجا شەھىرى دەڭ مەسچىتىدە «قۇرئان كەرىم» نى ئاغزاكى تەرجىمە قىلىشنى ئۈچ يىل داۋاملاشتۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن « ئىسلام قانۇنى»، « ئالفىيەنىڭ شەرھىسى» (بۇ ئىبنى مالىك دېگەن ئالىمنىڭ ئالفىيەسىگە قىلغان شەرھى ۋە ھاشىيىدۇر) ، «ئاقائىدە جەۋھەرىيە»، «بايان ئەل سۇننەت» دېگەن كىتاپلارنى يازغان. 1930 ـ يىلى يىلى كۈزدە قەشقەر ۋە ئاتۇشتىن چىققان شەمسىدىن داموللا، ياقۇپ ھاجى قاتارلىق يۈزدەك كىشى بىلەن بىرلىكتە ئون نەچچە ياشلىق ئوغلى ئابدۇللانى ئېلىپ ھەجگە ماڭغان ۋە 1931 ـ يىلى ھەج تاۋابىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلمىي زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن ئوغلى بىلەن بىللە كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشقان (بەزى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، سابىت داموللام، ھەج تاۋاپ قىلىش جەريانىدا تاتارلاردىن چىققان مەشھۇر دىنىي ئالىم مۇسا جارۇللايېۋ بىلەن كۆرۈشكەن. سابىت داموللام، مۇسا جارۇللايېۋ، شەمسىدىن داموللام ئۈچەيلەن سابىت داموللىنىڭ «ئىسلام قانۇنى» ناملىق كىتاۋى ئاساسىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھىغا دۆلەت قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن). سابىت داموللام سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بارغان. تۈركىيىدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇۋاتقان چېغىدا، مىسىردا دۇنيا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىسلام ئالىملىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، يىغىنغا ئۈلگۈرۈپ قاھىرەگە بارغان.

سابىت داموللام سەئۇدى ئەرەبىستانىدا، مىسىردا ۋە تۈركىيىدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ، ۋەتەنگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، 1932 ـ يىلى ھىندىستانغا كېلىپ دېھلىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان ھەم «ئاقائىدە جەۋھەرىيەت، بايان ئەل سۇننەت» ، «ئال ـ ـفىيەنىڭ شەرھىسى» ، «شىرىن كالام» ناملىق كىتابلىرىنى باستۇرغان.

1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، قارىقاشتا قوزغىلاڭ پارتلىغان. 1933 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە خوتەن تەۋەسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن . شۇنىڭ بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «ھۆكۈمەتى ئىسلامىيەت خوتەن» دېگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. سابىت داموللام قوزغىلاڭ جەريانىدا، يەكەن قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئوتتۇ ـ رىسىدىكى زىددىيەتنى مۇۋاپىقىيەتلىك ھەل قىلغان.

1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، سابىت داموللام شۋېتسىيە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋەكالەتخانىسىنىڭ قۇتلۇق ھاجى باش مۇھەررىر ـ لىكىدىكى باسمىخانىسىدا « شەرقىي تۈركىستان ھەپتىلىك گېزىتى » نى (بەزىلەر « يېڭى ھايات گېزىتى» دەيدۇ) چىقارغان. يېرىم ئايدىن كېيىن، «مۇستەقىللىق» ئايلىق ژورنىلىنى چىقارغان، ئۇنىڭدا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە مۇھىم ھۆججەتلەر بېسىلغان ۋە كەڭ كۆلەمدە جامائەت پىكرى تاييارلانغان. يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر « ئويغانغان زېمىن » ناملىق رومانىنىڭ 2 ـ قىسمىدا مۇنداق يازغان :« . . . ئۇنىڭدا جۇمھۇرىيەت رەئىسى خوجىنىياز ھاجىم دېيىلگەن كېيىن، سابىت داموللام (ئاتۇش) باش ۋەكىللىككە، جانىبېك قازى (قىرغىز) مۇئاۋىن باش ۋەكىللىككە، زېرىپ قارى ھاجى (ئۆزبېك) ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە، قاسىمجان ھاجى (خوتەن) خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم (قەشقەر) مائارىپ مىنىستىرلىكىگە، ئابدۇللاخان(ئۆزبېك) سەھىيە مىنىستىرلىكىگە، مەھمۇت موھىتى (تۇرپان) ھەربىي قوماندانلىقا، ئورازبېك (قىرغىز) دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە، يۈسۈپجان قوربېشى (ئۆزبېك) باش شتاپ باشلىقلىقىغا، ئۇبۇل ھەسەن ھاجى (ئاتۇش) سودا ـ دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىگە، شەمسىدىن داموللام (ئاتۇش) ئەۋقاپ ‹ۋەخپە› ئىشلىرى مىنىستىرلىكىگە، مۇھەممەدىن ھاجى (قەشقەر) ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا كۆرسىتىلگەن ئىكەن ».

1933 ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ستا ـ لىن ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ساراسىمگە سالغان.

سابىت داموللام 1934 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ ئۇرۇمچىدىكى تۈرمىسىگە قامالغان. خوجىنىياز ھاجىمۇ 1937 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قويرىقى» دېگەن توھمەت بىلەن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ زىندانغا تاشلانغان. خوجىنىياز ھاجى 1938 ـ يىلى ستالىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەربىيىلىنىپ ئۈرۈمچىگە ـ

شىنىڭ شىسسەيگە ياردەمگە ئەۋەتىلگەن ھاشىم ھاجى دېگەن كىشى تەرىپىدىن سىرتماقتا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. خوجىنىياز ھاجى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەر سابىت داموللامۇ ئۆلتۈرۈلۈپ بولدى دەپ قاراشقان. لېكىن، سابىت داموللام 1940 ـ يىلىغا كەلگىچە ھايات قالغان. 1940 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئىككىنچى تۈرمىنىڭ باشلىقى لىۋ بىندى ئىسىملىك خۇيزۇ بىلەن تونۇشۇپ قالغان. لىۋ بىندى سابىت داموللامنىڭ تەلۋىگە بىنائەن ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» بىلەن قەغەز ـ قەلەم ئەكىرىپ بەرگەن ھەم سابىت داموللامنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاپ بەرگەن. شۇ كۈندىن باشلاپ، سابىت داموللام «قۇرئان كەرىم» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ـ تەفسىر قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇن ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئۇ تەرجىمە ـ تەفسىرنى تولۇق تاماملىغان.

سابىت داموللا «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەرجىمە ـ تەفسىرنى تاماملاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1941 ـ يىلى ئەللىك سەككىز يېشىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان.

## سابىر ئاخۇن بىن ئابدۇقادىر ناقىس

**(1840 ـ 1920)** قەشقەر يېڭىسار، «دىۋان ناقىس»، «بەيس ھەكىمبەگ»، «مەۋجۇدۇل قۇلۇب»، «نوللى دىمەن»، «نەسىھەتنامە ئۇسنۇر بايانى» لارنى يازغان، شەيخ ئىنەيتۇللانىڭ «باھار دانىش» داستانىنى تەرجىمە قىلىپ «گۈلزار بىنىش» دەپ ئات قويغان.

## سادىر پالۋان




سادىر پالۋان 1798 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ موللا توختىيۈزى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . سادىرنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى دەل چىڭ خاندانلىغى زۇلمىنىڭ چېكىدىن ئاشقان مەزگىللىرىدە ئۆتتى. دەھشەتلىك ئېزىلىش ۋە ئېغىر ئالۋان ـ سېلىق دەستىدىن سەۋر قاچىسى تاشقان ئىلى دېھقانلىرى 1861 ـ يىلى چىڭ خاندانلىغىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى . سادىر ئۇلارنى 1864 ـ يىلدىكى باياندىي قەلئەسى بىلەن كۆرە قورغىنىنى ئېلىش جەڭلىرىگە ئۇيۇشتۇردى، ئۆزى سىپىللارنى پارتلىتىپ جەڭنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. شۇڭا خەلق ئۇنى «پالۋان» دەپ ئاتىدى. ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەشلەردە كۆپ قېتىم دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، دۈشمەنگە ھەرگىز باش ئەگمەي، پەم ـ پاراسەت ۋە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ، زىندان ـ يامۇلارنى تېشىپ چىقتى، سۈرگۈنلەردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، جەڭلەرنى داۋاملاشتۇردى .

سادىر پالۋان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باتۇر سەركەردىسى بولۇپلا قالماي، يەنە داڭلىق خەلق قوشاقچىسى ، ناخشىچىسى ۋە ئەلنەغمىچىسى ئىدى . خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ نۇرغۇن قوشاقلىرى ۋە تەسىرلىك ناخشىلىرى تارقالغان بولۇپ ، كىشىلەر ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلار سۈپىتىدە ساقلاپ ۋە قەدىرلەپ كەلمەكتە .

ئۆز ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئىشىغا سەرپ قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بۇ ئاتاقلىق يولباشچىسى ، مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى ۋە بۇ مەشھۇر خەلق پالۋىنى تارىختا

شەرەپلىك ئىز ۋە جاراڭلىق ناخشا ـ قوشاقلارنى قالدۇرۇپ، 1871 ـ يىلى ماي ئېيىدا 73 يېشىدا ئۆز يېزىسىدا ۋاپات بولغان .

ئۇ چاغ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى چېكىدىن ئېشىپ، خەلق ئىنتايىن ئېغىر جەبىر-زۇلۇم ئاستىدا ئىزىلىپ تۇمۇش كەچۈرىۋاتقان بىر دەۋردە ياشىغان. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر خەلقىمۇ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇللىقىدا ياشايتتى . ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ خۇشخۇي، شوخ، ئوچۇق پىكىرلىك ۋە غەيرەتلىك بولۇپ ئۆسىدۇ. مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەر ئۈستىدىن، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك زۇلمى ياش سادىرغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە سادىر ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جەبىر ـ زۇلۇملىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال 15 ياشلىق سادىرنىڭ قەلبىدە مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۈچلۈك ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ . سادىرنىڭ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئۆچمەنلىكى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بارىدۇ. ئۇ 18 ـ 20 ياشلارغا كىرگەن ۋاقىتتا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ :

سادىرنىڭ ئىسمائىل ۋە گايىت دېگەن دوسلىرى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇلار ئېتىزلىقتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى، يول بويىدا ئۈچ دېھقاننىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ، ئۇرۇپ ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئالتە چېرىككە يولۇقۇپ قالىدۇ. بۇ دېھقانلار سادىر بىلەن بىر مەھەللىدىن ئىدى .

سادىر چېرىكلەرگە يېقىن كېلىپ:

ـ بۇلار نېمە گۇناھ قىلدى ؟ ـ دەپ سورايدۇ.

ـ بۇلار ئالۋاڭ ـ سېلىقنى تۆلىمدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارغا جازا بېرىلىدۇ ، ـ دەيدۇ چېرىكلەر.

ـ بۇلارنىڭ باشقا يەنە نېمە گۇناھى بار ؟ ـ دەپ يەنە سورايدۇ سادىر.

چىرىكلارنىڭ ئاچچىغى كېلىپ:

ـ سەن كىم ، كىم سېنى سوراقچىلىققا قويدى ؟ ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەر، بولمىسا سېنىڭمۇ تېگىشلىك جازايىڭنى بېرىمىز، ـ دېيىشىدۇ. سادىر بۇ ناھەقچىلىققا چىداپ تۇرالمايدۇ ـ دە، دوسلىرى بىلەن بىللە ھېلىقى ئالتە چېرىكنى ئۇرۇپ يىقىتىپ، دېھقانلارنىڭ قوللىرى باغلانغان ئارغامچىلارنى يېشىۋېتىپ، چېرىكلەرنىڭ پۇت _قوللىرىنى باغلاپ قويۇپ قېچىپ كېتىدۇ.

ۋەقە بولغان كۈننىڭ ئەتىسلا 30 غا يېقىن چېرىك كېلىپ سادىرنىڭ مەھەللىسىنى قورشىۋالىدۇ ۋە ئۆيمۇ ـ ئۆي يۈرۈپ سادىر بىلەن ھېلىقى دېھقانلارنى ئاختۇرىدۇ. لېكىن ئۇلارنى تاپالمايدۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ سادىر يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئازادلىق كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. بۇ دەۋردە سادىرغا ئوخشاش مانجۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىغا چىدىماي قېچىپ يۈرگەن ئادەملەر ئىلى ۋىلايىتىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى . ئەكسىيەتچىلەر مۇنداق ئادەملەرنى «قاچقۇنلار»دەپ ئاتايتتى. سادىر ئەنە شۇ «قاچقۇنلار» سېپىگە قوشۇلدى.

سادىر ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك، باتۇر ، غەيرەتلىك ۋە ئوچۇق پىكىرلىكى بىلەن «قاچـ قۇنلار» ئارىسىدا چوڭ ئابرويغا ئىگە بولىدۇ. سادىر «قاچقۇنلار»دىن ئەسكەر تەشكىللەپ بۇ ئەسكەرلەرگە ئۆزى قوماندانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇنى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ، مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىئىنتايىن ئالاقزادىلىككە سېلىپ قويىدۇ . مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى بۇ قوشۇننىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ، بۇيرۇق بويىچە 200 گە يېقىن قوراللانغان چېرىكلەرنى سادىر باشلىق قىلغان قوشۇننى ئىزدەشكە ۋە سادىرنى تۇتۇشقا ئاتلىنىدۇ. بىر كۈنى ئۇلار سادىرنىڭ قوشۇنى جايلاشقان تاغنى تېپىپ چىقىدۇ. لېكىن ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ نەگە جايلاشقانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. ئەسكەرلەر چېرىكلەرنى كۆرۈپ جەڭگە تەييارلىنىدۇ ھەمدە ھەر تەرەپتىن چېرىكلەرگە تۇيۇقسىز ئوقيا ياغدۇرۇشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە چىرىكلەرنىڭ 10 ـ 15 ى ئارانلا قېچىپ قۇتۇلىدۇ. قالغانلىرى ھەممىسى ئۆلىدۇ. قېچىپ قۇتۇلغان چېرىكلەر جياڭجۇنگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. جياڭجۇن بۇ قېتىم 2000 غا يېقىن چېرىكنى ئەۋەتىدۇ . سادىرمۇ بۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈپ قويىدۇ. 2000 چېرىك سادىرنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم باشلايدۇ. سادىر ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئىنتايىن قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇشىدۇ. دۈشمەننىڭ ساندىن خېلىلا ئاز بولغان سادىرنىڭ ئەسكەرلىرى ئازادلىق

ئۇچۇن بولغان كۈرەش يولىدا نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىدۇ. لېكىن سادىر كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇ ـ رىدۇ. سادىر چاپىنى بىلەن مالخىينى بىر تاشقا كىيگۈزۈپ قويۇپ، ئۆزى باشقا يەرگە يوشۇرنۇۋېلىپ، نۇرغۇن چېرىكلەرنى قېرىپ تاشلايدۇ. قاراڭغۇ چۇشكەندە چېرىكلەر سادىرنى تۇتىۋالدۇ. سادىر بۇ تۇتۇلۇشىدا ئالتە ئاي يامۇلدا ياتىدۇ. جياڭجۇن سادىرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن سادىرنىڭ ئۆلىمى بىلەن ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى داۋاملىق قاماقتا تۇتىدۇ. سادىر يامۇلدىن قېچىشقا ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە يامۇلنى تېشىپ قاچىدۇ. سادىر بۇ قېچىشتا يەنە «قاچقۇنلار»غا قوشۇلۇپ ئۆلاردىن ئەسكەر تەشكىللەيدۇ ھەممە مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئازادلىق كۆرشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، سادىر پالۋان مانجۇ ھوكۈمرانلىرىغا قارشى ئازادلىق كۆرىشى جەريانىدا 13 قېتىم يامۇلغا سولانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قورقماس، قەيسەرلىگى، زېرەكلىگى بىلەن پەم ـ پاراسەتلىگى ۋە خەلقنىڭ ياردىمى بىلەن يامۇلدىن قېچىپ چىققان ۋە مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئازادلىق ئۇچۇن بولغان كۆرەشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇنى مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىلىدىكى كۈچلۈك، جاھىل قورغىنى بولغان باياندايي ۋە كۈرە قورغانلىرىنى ئېلىشتا ئاجايىپ پەم ـ پاراسەت ھەم قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ. سادىر پەلۋان سېپىل ئاستىدا ئاستىغا ئۆڭكۈر كولاپ دورا قويىدۇ. دورىلار پارتىلاپ سېپىلنى بۇزىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى قورغان قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئىگەللىنىدۇ، سادىر پەلۋان دېگەن نام پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىگە تارقىلىدۇ.

سادىر پەلۋان باشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭچىلار يەنە بىر قانچە جايلارنى دۈشمەنلەردىن تازىلايدۇ. غەلبە بايرىغى پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتى ئاسمىنىدا لەپىلدەيدۇ. لېكىن كېيىن خائىنلارنىڭ ساتقىنلىغى، مانجۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ كۈچلۈك، زور قوشۇن بىلەن ئۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە ئىنقىلاپنىڭ غەلبە مېۋىسى قولدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سادىر پەلۋان ۋە ئۇ باشچىلىق قىلغان قوشۇننىڭ ئازادلىق ئۇچۇن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئۇيغۇر خەلقى بۇ ئادالەتپەرۋەر قەھرىمان پەرزەنتلىرىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭغا «سادىر پەلۋان» دەپ نام بەرگەن. سادىر پەلۋان بۇ شەرەپلىك نامى بىلەن خەلقىمىز تەرىپىدىن تارىختىن بۇيان يادلىنىپ كەلمەكتە ۋە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

1762 ـ يىلى10 ـ ئايدا چىڭ ئوردىسى ئىلىدا جاڭجۇن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئىلى جاڭجۇنىگە قاراشلىق مانجۇ چېرىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ھەمدە ھەر قايسى شەھەرلەردىكى مانجۇ مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ تەمناتىنى قامداش، ئۇلارنى ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ئۇچۇن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ ،كۇچا ، تۇرپان، قۇمۇل، قاتارلىق جايلاردىن ئۆزىگە خەۋپلىك دەپ قارالغان كىشلەردىن بىرىنچى قېتىمدا 6000 ، ئىككىنچى قېتىمدا 2000 جەمئى 8000 تۈتۈننى ئىلىغا يانچى قىلىپ پالايدۇ. سادىرنىڭ دادىسى ئەخمەت ئاشۇ بىرىنچى قېتىم كۆچۈرۈلگەن 6000 تۈتۈننىڭ بىرى ئىدى. شۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا پالانغانلار ئەڭ يېقىن يول دەپ ھېساپلىنىدىغان مۇزداۋان يولى بىلەن ئىلىغا كۆچۈرۈلىدۇ. كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان بۇ مۇز داۋاندا دەھشەتلىك ھاڭ، يوشۇرۇن مۇز ـ قار ئۆڭكۈرلىرى، مۇز يېرىقلىرى بار ئىدى. ئالدىنقىلار ماڭغان يولغا مۇز، تاش پارچىلىرىنى بەلگە قىلىپ قوياتتى . كېيىنكىلەر شۇ ئىز بىلەن ماڭاتتى. ئات ئۇلاغلار ئالدىنقى ئۇلاغلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ تەسلىكتە ماڭاتتى .بۇ ئىگىز مۇز تاغ ئۇستىگە ئەتتىگەن سائەت تۆت بىلەن داۋان يولىغا ماڭغان ئادەملەر داۋانچىلار مۇزنى چوقۇپ ياسىغان پەلەمپەيلىرىگە كىگىز، پالاس ۋە جوۋا ، چاپانلارنى سېلىپ ئات ـ ئېشەكلەرنى (تۆگە ماڭالمايتتى) ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرى داۋانچىلارنىڭ ياردىمىدە مۇز داۋان ئۇستىگە چىقاتتى . داۋان ئۇستى بىردەم ـ بىردەم ئاق ـ قارا بۇلۇتلار ۋە قېلىن قارلار بىلەن قاپلىنىپ ئۇچ مېتىر ئالدىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى . بۇنداق چاغلاردا ئادەم ۋە ئۇلاغلار چوڭقۇر ھاڭلارغا چۇشۇپ كېتەتتى، گاھىدا تاغنى تۇتەڭ قاپلاپ ، ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ كېتەتتى . ھاۋا ئوچۇق بولغان چاغلاردا ، ھاڭدىن غۇلاپ كېتىپ ئۆلگەن ئات ـ ئۇلاغ ، ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى ، سودىگەرلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مال ـ مولكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . شۇ قېتىمقى كۆچ ـ كۆچتە نۇرغۇن كىشىلەر مۇز داۋاندا ئىس ـ تۈتەك ئېلىپ كېتىپ مۇزلاپ هاڭغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن ئىدى. شۇڭا مۇز داۋاندىن ساق ئۆتەلىگەن بىچارە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تارتقان چەكسىز دەرت ـ ئەلەملىرىنى مۇنداق قوشاق بىلەن ئىپادىلەشكەن ئىدى:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار
غېرىپنىڭ يولىنى باغلار،
غېرىپ ئۆلسە كىم يىغلار.
غېرىپقا غېرىپ يىغلار .

ئۇستەڭ چېپىش زۇلمىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئۇلار تۆۋەندىكى قوشاقلار بىلەن بايان قىلدۇ:

ئۇستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
مانجۇ تۆڭچىسى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

مانجۇ ئىستىبداتى يانچىلارنى قورغان سوقۇش، ئۈي سېلىش قاتارلىق هەر خىل هاشار ـ سېلىقلارنى ئادا قىلىشقا مەجبۇرلاپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلارنى يەر تېرىپ ، مانجۇ دائىرىلىرىگە ئاشلىق سېلىغى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدۇ. دەسلەپتە مانجۇلار هەر بىر تۈتۈندىن 16 خو ، كېيىنرەك 32 خودىن ئاشلىق سېلىق ئالدۇ. پۈتۈن هوقوق مانجۇ هاكىمىيىتىدە بولۇپ ، ئەمەلدارلار هەر خىل يول بىلەن پارە ئېلىپ قاقتى ـ سوقتى قىلدۇ. مانجۇ ئەمەلدارلىرى شۇنچە قەبىھ ئىدىكى، كوچىلاردا مانجۇ ئەمەلدارلىرىنى كۆرگەن هەر قانداق كىشى تىزلىنىپ تازىم قىلاتتى. مانجۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قىز ـ چوكانلىرىغا ئاپ ـ ئاشكارە زورلۇق قىلاتتى. مانجۇلارنىڭ مۇشۇنداق زورلۇقى ئاستىدا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ئازاپ چەككەن ئۇيغۇرلار مۇنۇ قوشاقلارنى ناخشىغا قېتىپ ئېغىر كۆنلەرنى بايان قىلدۇ.

جاننى چىرتىپ ئەتتى،
ئالۋانچىلارنى دەرەي .
جاندىن ئۆتۈپ كەتتى،
تۆڭچىلارنى زەرەي.

سادىر كىچىكىدىن شوخ ـ تېتىك ، خۇشخۇي ۋە جاسارەتلىك چوڭ بولغان. ئۇنىڭ زالىملارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى، ئېزىلگۈچى خەلقلەرگە بولغان سۆيۈنۈشى كىچىكىدىنلا پىشىپ يېتىلگەن . ئۇ هەر قېتىم خەلقنىڭ دەرت ـ ئەلەم بىلەن تولغان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا غەزەپكە تولسا، ئەركىنلىككە تەلپۈنگەن باتۇر هەرىكەتلىرىنى كۆرگەندە ئۆز غايىسىنى يېتىلدۇرۇشكە بەل باغلىغان. ئۇ ئېگىز بويلۇق، كەڭ كۆكسىلىك، غەيرەت ـ جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، هېچنەرسىدىن قورقمايدىغان، ناهەق ئىشلارغا چىداپ تۇرالمايدىغان، هەققانىيەتچى كىشى ۋە ئاتاغلىق ئۇستا قوشاقچى ئىدى. سادىر قاتمۇ ـ قات زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن، ئېغىر ئالۋان ـ ياساقنى تاپشۇرالمىغانلارنىڭ هالىغا يېتىپ ، مەزلۇملار تەرەپتە تۇراتتى. شۇ چاغلاردا ئالۋان ـ ياساقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چۆل ـ جىزىرىلەرگە قېچىپ كەتكەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى . زالىملار ئۇلارنى « قاچاقلار» دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنى تۇتماقچى بولسا، سادىر ئۇلارنى هېمايە قىلاتتى. سادىر ئاخىر بۇ «قاچاقلار» نى قوزغاپ ئوقيا ، نەيزە ئايپالتا ، چوماق ۋە قىلىچ بىلەن قوراللاندۇرۇپ، مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن ئېلىشىدۇ. مانا شۇ كۈنلەردىن باشلاپ «سادىر پالۋان» دەپ ئاتىلىدۇ . ئىلى جاڭجۇنى كۆپ قېتىم سادىرنى تۇتۇش هەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. خەلق سادىر تەرەپتە تۇرىدۇ . سادىرنىڭ تۇتۇلۇپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ . ئۇ زىندانغا قامالغان ۋاقىتلىرىدا ئۇستىلىق بىلەن قېچىپ چىقىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مانجۇ ئىستىبداتى بىلەن قىلغان كۈرەشلىرىنى مۇنداق دەپ قوشاققا قاتقان ئىدى:

سادىر دەپ ئېتىم يامان، ئونبەش ياشتا ئاتالغان .

دەسلەپتە تۇتۇلغاندا ، ئىككى چىقتىم تالاغا.
قۇمۇل ۋاڭغا پالانغان . مېنى باققان بەش يايى،
يامۇلنى تېشىپ قويۇپ ، ئەمدى قالدى بالاغا.

مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئالدى بىلەن خەنزۇ خەلقىدىن باشلىندۇ. 1863 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا گەنسۇ، شەنشى ، نىڭشىيا ئۆلكىلىرىدىكى خۇيزۇلار ئارىسىدا ۋە 1864 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ شىمالى، جەنۇبىدىكى جايلاردا قوزغىلىدۇ . ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلىڭى دەل شۇ چاغدا باشلىندۇ. سادىر پەلۋان ئىلى ۋىلايىتىدە پارتىلىغان قوزغىلاڭنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى.

1861 ـ يىلى 3000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى غۇلجا شەھرىگە ئىككى قېتىم ئومۇمىي يۇزلۇك هوجۇم قىلىدۇ، شەھەر خەلقى ئىچىدىن ماسلىشىدۇ. نەتىجىدە ئون كۇنلۇك ئۇرۇشتىن كېيىن غۇلجا شەھرى ئازات قىلىندۇ.

قارىغاندا سادىر پەلۋان 1864 ـ يىلى چىلپەڭزىگە هوجۇم قىلغاندا 40 ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە باغلانغان شامنى ياندۇرۇپ قويۇپ ، قۇيرىغىغا پوجاڭزا باغلاپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ چىلپەڭزىگە قارىتىپ قويۇپ بەرگەن، شام يۇرىغى ۋە پوچاڭزىنىڭ ئېتىلىشىدىن چۆچىگەن چىلپەڭزە ئامبىلى تېزلا تەسلىم بولغان. باياندايي ئۇرىشىدا سادىر پەلۋان ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن سېپىلنىڭ ئاستىغا لەخمە كولاپ بېرىپ دورا كۆمۈپ سېپىلنى پارتىلىتىدۇ . بۇ چاغدا 5000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى سېپىلدىن پەيدا بولغان يوچۇقتىن قەلئە ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، سېپىلنى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان. 1867 ـ يىلى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ئىلى تارانچى سۇلتانلىغىنى قۇرىدۇ . بۇ چاغدا ياشىنىپ قالغان سادىر پەلۋان ئۆز يېزىسى موللاتوختى يۇزىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە تۆت يىل ئۆتۈپ 1871 ـ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولىدۇ. خەلق ئۆزىنىڭ بۇ سەممى باتۇر پەرزەنتى ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرىدۇ. ئۇنى داۋاملىق ئەسلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى ئاهاڭغا سېلىپ ئوقۇپ بۇگۈنگىچە ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

## سادىر پالۋان قۇشاقلىرى

سېپىلنى تېشىپ چىقتىم،
كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم.
ئايماقلارنى جەملەشكە ،
تاغلارغا قېچىپ چىقتىم.

ئوتقا كىرسەم ،ئوت رەستە،
تاغقا چىقسام تاغ رەستە.
كۆزۈمنى ئاچقانلارنى،
دائىم تۇتىمەن ئەستە.

(6)موللا بىلال ئۆز باغرىم،
گېپىم بار ئاڭا دائىم.
يۇزمۇ يۇز سۆزلەشكىلى،
بەيتۇللاغا ئۈچ باردىم.

موللا بىلال تەقۋادان،
ئەلگە بولدى بەك هەيران .

دىدى: جەڭگە چىققۇلۇق،
يېتىپ بولغىچە ۋەيران.

ئوغۇل بالىمەن سادىر،
نەگە بارسام يولۇم بار.
موللا بىلال ئالدىدا ،
ئوك كۆكسۈمدە قولۇم بار.
موللا بىلال ئۇستازىم،
بېشىمدا ئالتۇن تاجىم.
زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشقا ،
يار يۆلەك ماڭا دائىم.

موللا بىلال خاتىپىنى ،
جاڭجۇن تۇتىمەن ، دەپتۇ.
بەردەڭگىلىك سادىر بار،
جاڭجۇن هۆل تېزەك يەپتۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تاغ بېشىدىن قول سۇنۇپ،
ئۈزەي كۆكتىن ھىلالنى.
سادىر ئۆزى ئېيىپ چىقار،
قازانچىغا(2) بىلالنى . (1)
موللا بىلال يوقلىدى.

كىمگە ئېيتاي دەرتلەرنى،
ئاڭلارغا قۇلاق بارمۇ؟
ئېيتقىنا نازىم ئۇستاز ،
قايىنامغا تۇۋاق بارمۇ؟

چوڭ ئوغلۇمغىمۇ بىلال،
بەردى ئىلمىي كالامنى .
باللىرىم ئەجەپ سىپا،
تاشلىمايدۇ سالامنى.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
بەيتۇللادىن قوغلىدى.
قازانچىغا مۆكۈنسەم ،

شەھەرگە بارار بولسام،
قازانچىنى(3) يوقلايمەن .
نازىمغا قىلىپ تازىم ،
سارايدىلا ئۇخلايمەن.

جاڭجۇن موللا بىلالنى ،
ئۆلتۈرۈپ چىدالمايدۇ.
جاڭجۇن قول سالغان كۈنى ،
ئىلىدا تۇرالمايدۇ

**ئىزاھ:** (1) بىلال ــ شائىر موللا بىلال نازىم . (2) قازانچى ــ غۇلجا ناھىيە موللا توختى يېزىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى بىر غولنىڭ نامى؛ (3)قازانچى ــ غۇلجا شەھرىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى .

## سادىر پالۋان مەقبەرىسى

(غۇلجا ناھىيىسىنىڭ توختىيۈزى يېزىسىنىڭ بارات مەھەللىسدە)موللا







تۆۋەندىكى تاش بولسا ئەينى ۋاقىتتا سادىر مالخېيىنى كەيدۈرۈپ چىرىكلەرنى باپلىغان تاش.

چىرىك ئاتىدۇ تاشقا، سادىر ئاتىدۇ باشقا...





## سادىقى

سادىق قەشقەرى(تەخەللۇسى سادىئەدىپ ۋە تارىخشۇناس مۇھەممەقىي) قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدە بىر دىنىي مۆتىۋەر زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. قەشقەردىكى «ساچىيە مەدرىسە»سىدە ئوقىغان. بىر مەزگىل قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى بولغان. **1850**-يىلى قەشقەردە بىر قېتىملىق سىياسى توپىلاڭدا ئۆلتۈرۈلگەن.

سادىقي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەلشىر ناۋايىدىن كېيىن ئۆتكەن يەنە بىر ھوسۇللۇق ئەدىپدۇر. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە «تەزكىرەئى ئەزىزان»(ئۇلۇغلار تەزكىرىسى)، «ئادابۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى)، «زۇبدەتۇلمەسائىل» (مەسىلىلەر جەۋھىرى)، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەئىب»، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھ» (ئىسكەنــدەر خانلىغى تارىخى ۋە شاھلارنىڭ تاجنامىسى) «رىسالەئى كەسپدار» (كەسپدارلار رىسالىسى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ **10** مىسرا شېئىرى «ئون ئىككى مۇقام»غا كىرگۈزۈلگەن.

## سالىھ داموللا ھاجىم

ئاتاقلىق ئۇستاز، داڭلىق ئۆلىما، شائىر سالىھ داموللا ھاجىم **1895**-يىلى ئاتۇشنىڭ تەختىيۇن كەنتىدە نىزامىدىن ھاجى ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

نىزامىدىن ھاجى ئۆزى بىلىملىك، يىراقنى كۆرەر ئادەم بولغاچقا، **1903**-يىلى سەككىز ياشلىق ئوغلى سالىھنى ئۆز يېزىسىدىكى بىر مەدرىسىگە ئوقۇشقا بەرگەن. زېھنى ئۆتكۈر سالىھ مەدرىسىدە ئون يىلغا يېقىن تەلىم ئالغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپرەك بىلىمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەربىيىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسى ، يېڭىچە تەشەببۇسلىرىنىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرىغان ھەم ئەرەپ تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەن.

سالىھ داموللاجى قەشقەردە مول بىلىمگە ئىگە بولۇپ ، **1922** -يىلى ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ ، ئون يىلغا يېقىن ۋاقتىنى گۇچۇڭدا ئۆتكۈزگەن. ئۇ گۇچۇڭدا سودا قىلغاچ تالىپ تەربىيىلىگەن، چۆچەككە كېلىپ پاناھلانغان داڭلىق تاتار ئالىمى، ئۆز زامانىسىنىڭ ئەللامىسى، تارىخشۇناس ھەزرىتى مۇراد ئەپەندى بىلەن خەت ئالاقە قىلغان. كېيىن بېرىپ كۆرۈشۈپ مۇراد ئەپەندىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈپ يۇقىرى

www.uyghurkitap.com

باھا ئالغان. سالىھ داموللام 1933 ـ يىلى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن ھەم كۆنلىرنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، تالىپ تەربىيىلەش بىلەن ئۆتكۆزگەن ھەم شەخسى رومال زاۋۇتى قۇرۇپ، تىجارەت ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سالىھ داموللا ھاجى ئۆز ئۆيىدە مەمتىلى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلاشقاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھەرقانداق خېيىم ـ خەتەر ئىچىدە تۇرۇپمۇ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدىغان، ئەۋلاتلارنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇپ، جاھالەتكە قارشى كۆرەشكە يېتەكلەيدىغان پىداكار روھىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن.

سالىھ داموللا ھاجىم 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىدىيىسىدە زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولۇپ، پەقەت بىلىم ئارقىلىقلا خەلقنى نادانلىقتىن، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەققانىيەت تۇيغۇسى بولغان كىشىلەردىلا جاھالەتكە ئوت ئېچىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئەزگۈچى كۈچلەرنى يوقىتىش، ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ئارزۇسى بولىدىغانلىقىنى، ئاشۇ ھەققانىيەت تۇيغۇسىنىڭ يەنىلا بىلىم ئارقىلىق شەكىللىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، نەچچە يىللاردىن بۇيان توپلىغان ئىقتىسا ـ دىنى ئۆز يۇرتى تەختىيۇندە مەكتەپ قۇرۇشقا سەرپ قىلىپ يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان. ئۆزى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا يېڭىچە ئىلىم ـ پەننىمۇ تەشۋىق قىلغان. نەتىجىدە ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى تېزلا كۆپەيگەن. سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ يېڭىچە پەننىي مائارىپنى يولغا قويۇپ مەكتەپ ئاچقانلىقىدەك خاسىيەتلىك ئىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتۇش ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەم ئۇيۇشما رەھبەرلىگى ئۇيۇشـمىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان پازىل قارى دىگەن كىشىنى بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئاجراتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ تەدرىجى كېڭىيىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيگەن.

سالىھ داموللا ھاجىم 1955 ـ يىلى تۇنجى قېتىملىق ھەج ئۈمىگى تەركىۋىدە ھەجگە بېرىپ، ھەجدىن كېيىن ئۈمەك بىلەن مىسىرنى زىيارەت قىلغان.

سالىھ داموللا ھاجى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېتىلگەن شائىر بولۇپ، كۆپلىگەن ئىلمىي ۋە شېئىرىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن ئەرەپ تىلىدا يازغان «ئەرەبى دىۋان»ناملىق ئەسىرى ، ئەرەپ تىلى ۋە گرامماتىكىسىغا دائىر ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «ئۇنۋانۇ سەرف» ناملىق كىتاۋى، شېئىرىي شەكىلدە يازغان «ئىقدۇلمەرجان»، «تەجۋىد تۈركى»، «مىشكات راۋىلەنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان شېئىرلار توپلىمى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» نىڭ قالايمىقانچىلىقىدا يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ 1944 ـ يىلى6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاتۇشتا چوڭ كەلكۈن كەلگەندە يازغان «كەلكۈن» ناملىق شېئىرى خېلى مەشھۇر بولۇپ، بۇ شېئىر ئۇيغۇر شېـئىرىيىتىدە تەبئەت ھادىـسىلىرىنى تېما قىلغان نادىر شېئىرلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇقېتىمقى كەلكۈننىڭ ئاتۇش خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايى ـ ئاپەتلىرى، كەلكۈنگە قارشى كۆرەش قىلغان باتۇر ئوغلانلارنىڭ ئۈچمەس ئىش ـ ئىزلىرىـنى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ شېئىر 1984 ـ يىلى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 13 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

سالىھ داموللا ھاجى1957 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇن كۈنى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆز يۇرتى تەختىيۇندە ۋاپات بولغان.

سالىھ داموللا ھاجىم ئوغلى مۇھەممەد سالىھنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن پۈتۈن ئىخلاس بىلەن تىرىشـقان، ئۇ ئوغلىنى خەلق سۆيگۈدەك ئىلىم ئىگىسى قىلىش ئۈچۈن كۆپ ئوقۇتقان. ئوغلىغا كەلگۈسىدە :«ئەرەپچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» تۈزۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەپ تىلىنى ئۆگىنىش، چۈشىنىش، قوللىنىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئىنشائاللاھ ، مەرھۇمنىڭ ئۈمۈدى يەردە قالماي ئوغلى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمۇ بۇ ساھەدە نۇرغۇن شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ ئۆز خەلقىگە تەقدىم قىلدى ھەم قىلىۋاتىدۇ.

# ساڭگې

قۇبلايخاننىڭ سول قول ۋەزىرى، جارچى-پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ مۇئەككىلى، ھۆدەيچى ۋە ئاغىچى مەھكىمىسىنىڭ مۇئەككىلى ساڭگې يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان سىياسەتچى، مالىيە مۇتەخەسسىسى نامى بىلەن مەشھۇر تارىخىي شەخستۇر.

ساڭگې كىچىگىدىن تارتىپلا تىرىشچان ، زېرەك ۋە سۆزمەن بولغاچقا ، قورامىغا يەتكۈچە كۆپ خىل تىل-يېزىقلارنى پۇختا ئىگىلىگەندىن سىرت ، دىنىي ئىلىمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن . مىلادى 1265 - يىلى تىبەتلىك راھىب ۋە خان ئۇستازى باسپاھ ساڭگېنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، خان يارلىغى بىلەن گەنسۇغا كېلىپ ساڭگې بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاپ ، ئۇنى ئۆز يېنىغا خىزمەتكە ئالغان . شۇنىڭ بىلەن ساڭگې باسپاھنىڭ يېقىن كەسپىدىشى ۋە مەسلەكدىشى بولۇپ ، خانبالىققا يۆتكىلىپ بارغان . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باسپاھ بىلەن بىللە كۆپ قېتىم خان ھوزۇرىغا چاقىرىلىپ ، قۇبلايخان بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆرلۈك مەنسەپلەرگە قويۇلغان.

ساڭگې قۇبلايخان تەرىپىدىن ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرگە قارىتا تەكلىپ پىكىرلىرىنى بېرىپ ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقى دائىرىسىدە ئىسلاھات قىلغان ۋە ئىچكى ئىشلارنى تەرتىپكە سالغان.

# ساھىپجامال دۆلەت

ساھىپجامال دۆلەت، ش ج ئۇ فىزىكا فاكۇلتېتى پروفېسسورى، 70-يىللارنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان، ھازىر 34-35 ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى ئاساسەن زەررىچىلەر فىزىكىسى، مەيدان نەزەرىيىسى دىگەنلەردىن ئىبارەت. ماددىلار زەررىچىدىن تۈزۈلىدۇ. ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان ئاساسى زەررىچە 47 خىل، ئۇلاردىن بىرىككەنلىرىنى قوشقاندا 100 نەچچە خىلغا بارىدۇ. لېكىن نۇرغۇنلىغان زەررىچىلەر تەبىئەتتىكى نورمال شارائىتتا مەۋجۇت بولالمايدۇ ياكى يەككە ھالەتتە ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بىز زەررىچە تېزلىتىش ئۈسكۈنىسى ئارقىلىق ئىنتايىن يۇقىرى ئېنېرگىيە ھالىتىدە زەررىچىلەرنى سوقۇشتۇرۇپ ئاندىن ئۇلارنى تەتقىق قىلالايمىز. شۇڭا بۇ يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىنسانلار ھازىر بىلگەن زەررىچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلچەملىك مودېل دەيدىغان بىر ئۇسۇل بويىچە تەسۋىرلەيمىز. ساھىپجامالنىڭ تەتقىقاتى ئاساسەن مۇشۇ مودېل ئۈستىدە بولىدۇ . ساھىپجامال مۇشۇنداق مۇھىم مودېللارنىڭ بىرىنى ھەل قىلغان ھەم شۇ ئاساستا مەلۇم زەررىچە مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئالدىن ھۆكۈم قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى دۇنيادىكى مۇشۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئەرباپلارنىڭ زور دىققىتىنى تارتقان، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرباپلار ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزىنىڭ ماقالىسىدا ئىشلەتكەن ياكى شۇ توغرىلىق توختالغان. دۇنيادا تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان فىزىكا ژورنىلىنىڭ بىرى ئامېرىكىدا چىقىدىغان «physics review letters» بولۇپ، ساھىپجامالنىڭ ماقالىلىرى شۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ژورناللارنىڭ SCI تەسىر كۆرسەتكۈچى ئىندېكىسى 8. 6 دىن ئاشىدۇ. ھازىر جۇڭگودا SCI تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان فىزىكىغا ئائىت ژورناللار 6-7 ئەتراپىدا، ئۇنىڭ ئىچىدە SCI تەسىر كۆرسەتكۈچى ئىندېكىسى ئەڭ يۇقىرىسى 0. 69 ئەتراپىدا. مۇشۇ پەرقتىنلا ھېس قىلىسىڭىز بولىدۇ. ئۇنى شىنجاڭدا، جۇڭگودا جىق ئادەم بىلمەيدۇ، چەتئەلدە كەسىپداشلىرى چوڭ بىلىدۇ. ئۇ ئىتالىيەدىكى «ئابدۇسالام نەزەرىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى، ھەر يىلى شۇ يەرگە بېرىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىمۇ بار. ئۇنىڭ يېرىم يىلى ش ج ئۇ دا

ئۆتسە، يېرىم يىلى ئىتالىيە، گېرمانىيە، ياپونىيەدىكى نەزەرىيە تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە تەجرىبىخانىلاردا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى نەتىجىسى بىلەن دۇنيادىكى خېلى خېلى چوڭ تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئۇنىۋېر-سىتېتلاردا ئىشلىيەلەيدۇ، لېكىن ئۇ مىللىتىم ئۈچۈن دەپ ھېچنىمىگە قارىماي يېنىپ كېلىدۇ. كېلىشىدە ئىنگلىزچە كىتاپلارنى توننىلاپ ئېلىپ كېلىدۇ. دوست-بۇرادەرلىرى: «بۇنچە جىق كىتاپلارنى كىملەر كۆرەر» دېسە، « ئەمدى مەن ئوقۇغۇچى تەربىيىلەيمەن، دەرس ئۆتىمەن، ئوقۇغۇچىلىرىم كۆرىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. كىتاپ دېگەن شۇنداق ئېغىر بىر نەمە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چەتئەلنىڭ كىتاپلىرى كىسەكتەك توم ھەم چوڭ بولىدۇ. ئاشۇ كىتاپلارنى بىر نەمە قىلىپ گېرمانىيىدىن ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ بولماقنىڭ ئۆزى بىر مۇشكۇل ئىش. ئۈرۈمچى ئايرىدۇرۇمىدا يۈك-تاقىڭىز 20 كىلودىن بىر كىلو ئېشىپ كەتسە كىلوسىغا 34 كوي تۆلەيسىز. قېنى سىز ھېساپلاپ بېقىڭ، ساھىپجامال شۇ كىتاپلارنى گېرمانىيىدىن ئەكىلىپ بولغىچە مانچە يەردە ئايروپىلان ئالمىشىپ نەچچە دوللار تۆلىگەندۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇ كىتاپلارنى بىزدىكى ئوقۇغۇچىلار ئەمەس ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىنمۇ پايدىلىنالايدىغانلار ساناقلىقلا. لېكىن ئۇنىڭ ئۈمىدى بەك چوڭ. «قولۇمغا تىرىشچان، ئەقىللىق ئوقۇغۇچى ئالالىسامالا بىرىنچى يىلى ش ج ئۇ دا كەسپى دەرس ئوقۇتىمەن، ئىككىنچى يىلى بېيجىڭدا، ئۈچىنچى يىلى ئىتالىيىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتىمەن، ئۆز ۋاقتىدا مەن مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى بەكمۇ تەستە ئالغان» ، دەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ھازىر بۇنىڭغا تامامەن كۈچى يېتىدۇ، قولىدا 2-3 خىل تەتقىقات فوندىنىڭ بەرگەن پۇلى 300مىڭ دوللەردىن ئاشىدۇ، ئىتالىيە، گېرمانىيىدىكى كەسپداشلىرى ئۇ تونۇشتۇرغان ئادەمگە شەكسىز ئىشىنىدۇ.

بۇ يەردە يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى ساھىپجامالنىڭ يولدىشى. ئۇ ساھىپجامال بىلەن بىر يۇرتتىن بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىللە ئۈرۈمچىدە قېلىپ خىزمەت قىلىپ، كېيىن توي قىلغان. ساھىپجامال بالىسىنى تۇغۇپ مانچە ئايلىق بولمايلا ئېرىگە تاشلاپ قويۇپ چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن. بارلىق بالا جاپاسىنى ئېرى تارتقان. ئۇ سانجىدىكى بىر ھۆكۈمەت ئورگىنىدا باشقارما دەرىجىلىك، ئىشكىتىن چىقسا ماشىنىسى بار كادىر بولۇپ، ساھىپجامال تولا ئۆيدە بولماي، ئۆي، بالا بېقىشتا زور قىينچىلىق تۇغۇلۇپ تۇرغاچقا، ئۇ ئۆتكەن يىلى خىزمىتىدىن ئىستىپا بىرىپ، ش ج ئۇ دا ئادەتتىكى بىر كىشىلىك خىزمەتچى بولۇپ ئورۇنلاشتى. ساھىپجامالنىڭ يەنە مەكتەپ ئىچىدە ماتىرىيال يۆتكەيدىغان، رەسمىيەت بېجىرىدىغان، پۇل تەستىقلىتىدىغان دېگەندەك پارچە پۇرات ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھازىر شۇ قىلىدۇ.

ساھىپجامال ئۆزى كىچىك پېئىل، چىقىشقاق، قەتئى تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغان ئايال. باشقىلارغا بەك كۆيىنىدۇ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ مائارىپىغا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىكار قالغان ئادەمگە بەك ئۆچ.

ساھىپجامال دوكتۇر دەۋر ئالماشقاندىن كېيىنكى فىزىكا فاكۇلتىتىنىڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى ھازىرچە بىردىن بىر رەسمى پروفېسسور. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر پېنسىيىگە چىققىچە ئاران ئېرىشەلەيدىغان پىروفىسسورلۇقنى ئۇ 30 نەچچە يېشىدىلا ئالغان ئىدى.

# سەككاكى

سىراجىددىن ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ ئىبىن ئەبۇ بەكرى ئەل خارەزمى سەككاكى —— مەشھۇر ئالىم، داڭلىق پىداگوگ ۋە يازغۇچىدۇر.

سەككاكى ئىسمىنىڭ بېشىغا قويۇلغان خارەزمى دېگەن جاي ئىسمىغا، شۇنداقلا ھازىرقى چاپچال ناھىيىسىنىڭ خۇنخەي دېگەن يېرىگە جايلاشقان مازارنىڭ سەككاكى نامى بىلەن ئاتىلىدىغانلىغىغا قاراپ ئۇنىڭ خارەزمدا تۇغۇلغانلىغى ۋە ئالمىلىق(ئىلى)دا ۋاپات بولغانلىغىنى بىلىۋالالايمىز.



سەككاكى مازىرى

سەككاكى ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا ئىلىم ـ پەنگە ئىشتىياق باغلاپ ئىرىشىپ ئۆگەنگەن. دىنىي ئىلىم، تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ،تىبابەت ئىلمى قاتارلىق پەنلەردە كامالەتكە يەتكەن. ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىلىنىمۇ پۇختا ئىگەللىگەن. مۇزىكا ساهەسىدىمۇ ئۆز ئىقتىدارىنى يىتىلدۈرۈپ «بايات» مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ « 9 ـ ئۇستاز » دەپ شۆهرەت قازانغان.

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، بويسۇندۇرۇۋالغان يەرلە ـ ـرىنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى. جۈملىدىن چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلى چاغاتايغا (تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى 1227 ـ يىلدىن 1242 ـ يىلغىچە) شەرق تەرەپتىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە، جەنۇپ تەرەپتىن بۇگۇنكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قارا شەهەرنىڭ غەربىدىكى رايونلار، غەرپ تەرەپتىن تا ئامۇ دەرياسىغىچە (ماۋەرائۇننەهرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولغان جايلار تەۋە بولدى. چاغاتايغا تەۋە بولغان بۇ رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش جەهەتتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى هەم قوشنا رايون ۋە مىللەتلەرگە تەسىر كۆرسەتتى. مەشهۇر ئالىم مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكى ئەنە شۇ مەزگىلدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بىرى بولۇپ هېساپلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئىجدىهات قىلىشى ئارقىسىدا چاغاتاينىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئالمىلىقتا هەرخىل مەكتەپلەر ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى تەسىس قىلىنىپ، مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلغان، قەشقەر، بۇخاراغا ئوخشاشلا ئالمىلىقمۇ ئاسىيا بويىچە ئىلىم ـ پەن مەركەزلىرىگە ئايلانغان ئىدى.

سەككاكى ئوردا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە بىر تەرەپتىن بىلىملىك كىشىلەرنى ئالمىلىققا توپلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپ ئېچىشقا پائال يىتەكچىلىك قىلغان. بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن دەرسلىك تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭ «مۇفتا هۇل ئۇلۇم»(ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق يىرىك ئەمگىكى ئەنە شۇ خىلدىكى بىر ئىلمىي ئەمگەك بولۇپ، ئۇنىڭدا تىل ـ ئەدەبىيات، لوگىكا، ئېستىتىكا، پەلسەپە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تارىخ، تىبابەت ، مۇزىكا ئىلمى قاتارلىق 13 تۈرلۈك ئىلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئەسەر مەزمۇنىنىڭ كەڭ هەم چوڭقۇرلىغى، قايىل قىلىش كۈچىنىڭ ئۈستۈنلىگى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدا كەم تېپىلىدىغان قىممەتلىك مەدەنىي مىراس بولۇپ هېساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چاغاتاي دەۋرىدىكى مەرىپەت يۇلتۇزى، هەققانىيەتچى، خەلق بىلەن تەقدىر ـ داش ئالىم يۈسۈپ سەككاكى گەرچە ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى ئازاتلىغى يولىدا تەر ئاققۇزغان خانغا دۆلەت باشقۇرۇش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدا ياخشى مەسلىهەت بەرگەن بولسىمۇ، ئوردىدىكى مەرىپەت دۈشمەنلىرى، هەسەتخور مەنسەپدارلارنىڭ چېقىمچىلىغى بىلەن زىندانغا تاشلىنىپ 3 يىل زىنداندا يېتىپ

www.uyghurkitap.com



ئالەمدىن ئۆتتدۇ. بۇ مەشهۇر ئالىم، داڭلىق پىداگوگنىڭ مازىرى هازىرقى ئىلى ئوبلاستىنىڭ چاپچال ناهىيىسىدە هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان.

مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكى مىلادى 1160 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1229 ـ يىلى ۋاپات بولغان. سەككاكى هەرتەرەپلىمە يېتىشكەن بىلىملىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئىچىدە «مىفتاهىل ئۇلۇم» («ئىلىملەر ئاچقۇچى») دېگەن ئەسىرى («قىسقارتىلىپ «مىفتاه» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن مەشهۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. «موڭغۇللار ئىستىبلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلىدۇ: «سەككاكى يالغۇز ئىلمىي نۇجۇمنى ئىگەللەپلا قالماستىن، بەلكى ئالخىمىك ۋە رەمچىلىك قاتارلىقلارنى، يەنى ئىسلام ۋە گرېك ئىلمىنىڭ هەممە تەرەپلىرىنى ئىگەللىگەن ئىدى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 ـ يىل 2 ـ سان، 84 ـ بەت). چاغاتاي سەككاكىنىڭ بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئوردىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆزىگە ئىلمىي مەسلىهەتچى قىلىۋالغان. سەككاكىنىڭ چاغاتاي تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەنلىكى ئوردىدىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن مەنسەپدارلارنىڭ هەسەتخورلىقىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەككاكىغا سۇيىقەست قىلىپ، چاغاتاي خاندا سەككاكىغا نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلغان. ئاخىر چاغاتاينىڭ سەككاكىغا بولغان گۇمانى كۈچىيىپ، ئاخىرىدا ئۇنى زىندانغا تاشلاتقۇزغان. سەككاكى ئۈچ يىلدىن كېيىن زىنداندا ئۆلگەن ۋە خونخاي مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. ئوبۇلغازى باهادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ 5 ـ بابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «موللا سەككاكى دېگەن زات ئۇنىڭ مەسلىهەتچىسى ئىدى»، «چاغاتاي خاننىڭ بىر ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ سەككاكىغا دۈشمەن ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ۋاقىت تېپىپ سەككاكىنى خانغا يامان كۆرسىتىپ زىندانغا سولاتتى. خۇدادىن تەقدىر ئېرىشىپ ئۇ شۇ زىنداندا ۋاپات بولدى.» مىرزا مۇهەممەت هەيدەر «تارىخىي رەشىدى» دە سەككاكىنى ۋە ئۇنىڭ مازىرىنى تىلغا ئالىدۇ: «بىراق بۇ شەهەرلەرنىڭ نامىنى بىلىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. ‹مىفتاه› نىڭ مۇئەللىپى مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىنىڭ مازىرىدا ئېگىز گۈمبەز بار. بۇ مۇشۇ كۆلنىڭ ئايىغىدىن باشلىنىدىغان تېكە دەرياسى بويىغا جايلاشقان. بۇ يەردە مۇشۇ گۈمبەزدىن تاشقىرى باشقا خارابە يوق. ئۇ بىر شەهەر بولۇشى ئېهتىمال. بۇنىڭدىن باشقا هېچقانداق ئىز قالمىغان. چاغاتاي خان (بۇ مەۋلانىنى) مۇشۇ يەردە ئۆلۈمگە مەهكۇم قىلغان بولۇشى، كېيىن (جازا بېرىلگەن جايدا) مۇشۇ ئىمارەت سېلىنغان بولۇشىمۇ ئېهتىمال، بۇنىڭ قانداقلىقىنى ئاللاه ئۆزى بىلىدۇ. مەۋلانا سەككاكى توغرىسىدىكى هېكايىلەر تارىخ كىتاپلىرىغا پۈتۈلگەن» («تارىخىي رەشىدى» 2 ـ قىسىم، 311 ـ ، 312 ـ بەتلەر). بۇ نەقىلدە تىلغا ئېلىنغان «مۇشۇ كۆل» بىلەن «تېكە دەرياسى»غا ئەسەردە ئىزاهات بېرىلمىگەن. كىتاپنىڭ مۇهەررىرى «مۇشۇ كۆل»نى «ئىسسىقكۆل» دەپ، «تېكە دەرياسى»نى «تېكەس دەرياسى» دەپ ئىزاهلىغان. «بۇ دەريا ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي چېتى ياكى ئايىغى ئەتراپىدىن باشلىنىپ، شەرققە قاراپ ئاقىدۇ» (شۇ كىتاب 311 ـ بەت) خونخاي مازىرى ئىلى ۋىلايىتىدىكى چاپچال ناهىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 60 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان خونخاي غولىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئېگىز دۆڭلۈككە جايلاشقان. جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرىسىغا يېقىن جايلاشقان بۇ مازار ئەتراپىدىكى خارابىلىكتىن بۇ جاينىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئاۋات مەهەللە ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا مازار ئەتراپىدا چاغاتاي دەۋرىدە شەهەر بارلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەسىرلەردىن بىرى خونخاي غولى بويىغا جايلاشقان ئۇيغۇر دېهقانلىرى دۆڭمەهەللە، دولاتا، چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا، سوپۇنبۇلاق، تېۋىلغا مەهەللە، خونخاي قاتارلىق يېزىلارنى بەرپا قىلىپ، بەش ئۆستەڭ چېپىپ، بۇ ئەتراپنى مۇنبەت ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرغان. ئەمما، مازار جايلاشقان ئېگىزلىككە سۇ چىقمىغاچقا، بۇ ئەتراپقا ئانچە كۆپ ئاهالە ئورۇنلىشالمىغان. زىيارەتچىلەر مازارنى زىيارەت قىلىپ بولۇپ، تۆۋەنكى مەهەللىلەرگە چۈشۈپ تۇرۇشقان. 1911 ـ يىلى غۇلجا شەهرىدىن، ئارا ئۆستەڭدىن، جاغىستايدىن، ياركەنتتىن، غالجاتتىن بولۇپ ئون تۆت ئۆيلۈك كىشى مازار بار دۆڭلۈككە كېلىپ، ئۆي سېلىپ ئورۇنلاشقان. 1916 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مازار ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشـ ـقانلارنىڭ سانى 300 ئۆيلۈككە يەتكەن. شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىك قىلىپ، مەجبۇرلىشى بىلەن بۇ

يەردىكى خەلقلەر 1943 ـ يىلى قىشتا تېكەس، موڭغۇلكۈرە ۋە غۇلجا شەھىرى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. خونخاي مازىرىدىكى بۇ ئاۋات مەھەللە شۇنىڭ بىلەن خارابىلىككە ئايلانغان.

ئۇستى چېدىر شەكلىدە ياسالغان مازارنىڭ تاملىرى تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، چېدىرچە ئۇستىدىكى تۇرلۇك رەڭلىك كاھىشلار رەڭگى ۋە شەكلىنى ھېلھەم يوقاتقىنى يوق . مازارنىڭ ئىشىگى جەنۇپقا قارايدۇ. مازار تېمىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئاسراش يۈزىسىدىن لىم ۋە تۈۋرۈكلەر قويۇلغان. بۇ، ئېھتىمال، 1911 ـ يىلى مازار رېمونت قىلىنغاندا قويۇلغان بولسا كېرەك. بۇ قېتىمقى رېمونت خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ياركەنتتىن ۋېلىباي كۆتۈرگەن، قالغىنىغا ئىلىدىكى مەنسۇر ئەئلەم (موللا ناسىر ئەئلەمنىڭ ئوغلى) تاپشۇرغان، خەلق ھەدىيە قىلغان پۇل ئىشلىتىلگەن.

خونخاي مازىرىنىڭ شەيخلىگىنى قىلىپ كەلگەن كىشىلەر ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بۇ مازارنى مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىنىڭ مازىرى دەپ تونۇپ كەلمەكتە. يىراق ـ يېقىندىن زىيارەتكە كەلگۈچىلەرمۇ شۇنداق دەپ قارايدۇ. 1987 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چاپچال ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ـلىرىنى ئاسراش ـ باشقۇرۇش ئورنى بۇ مازاردا چاقىرغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، مازارنىڭ ھازىرقى شەيخى 74 ياشلىق ئابدۇكېرىم شەيخ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «بىز تۆت ئەۋلادتىن بېرى بۇ مازارنىڭ شەيخلىگىنى قىلىپ كېلىۋاتىمىز. ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ بۇ مازارنى مەۋلانا سەككاكىنىڭ مازىرى دەپ تونۇيمىز.» ئىلگىرى ئۆتكەن مەرپەتپەرۋەر شائىر نەسۇھا داموللام 1920 ـ يىلى بۇ مازارنى زىيارەت قىلغاندا يازغان شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالار ئارقىلىق مازارنىڭ مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىنىڭ مازىرى ئىكەنلىگىنى كۆرسەتكەن ئىدى:

«خونخاي مازارىغا مەن زار ئىدىم،
كىم زىيارەت ئەيلىسە، مەن يار ئىدىم.»
«يۈسۈپ سەككاكى قىزىل گۇل بولسا،
مەن (گوياكى) بۇلبۇلى شەيدا ئىدىم.»

خونخاي مازىرى 1990 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان 3 ـ تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. مازارنىڭ تۈۋەن تەرىپىدە بۇلاق بار. خەلق ئارىسىدا: «ئادەم بەدىنىنىڭ قايسى ئەزاسىدا كېسەل بولسا، بۇلاق سۈيى بىلەن يۇغاندىن كېيىن شىپالىق تاپىدۇ»، دەپ تەرىپلىنىدۇ. مازارنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەر قايتىشىدا بۇلاق سۈيىنى ئىدىش ـ قاچىلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ جاي يىراق ـ يېقىندىن كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ زىيارەت ئورنى ۋە سەيلە ـ ساياھەت ئورنى بولۇشقا تازا مۇۋاپىق.

# سەئىد جېلىل شەمسىددىن ئۇمەر

(1211 ـ 1279 ) يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان داڭدار سىياسىئون ھەم يۈننەن قاتارلىق جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر تارىخىي شەخس.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 125 ـ جىلد «سەئىد جېلىل شەمسىددىنىنىڭ تەرجىمھالى» دا كۆرسىـ ـتىلىشچە، ئۇمەر دەسلەپتە چىڭگىزخاننىڭ چېدىرىدا قاراۋۇللۇق قىلىدىغان ئەسكەرلەرگە باشلىق بولغان، كېيىن موڭغۇل قوشۇنلىرى ئارىسىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئوگداي خان تەختكە چىققاندىن كېيىن، فىڭجۇ، چىڭجۇ، يۈەنجۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماق(يەنى بۈگۈنكى داتۇڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالى بىلەن كۆكخوت شەھىرى ئەتراپى)قا دارغاچ بولغان . كېيىن تەييۈەن، پىڭياڭ ئىككى ئايماققا دارغاچ بولغان . ئۇنىڭدىن كېيىن يەنجىڭ(بۈگۈنكى بېيجىڭ)ئايمىغىنىڭ دادخاھى بولغان .

www.uyghurkitap.com



قۇبلايخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، يەنجىڭ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۈچ ئايماقنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي باش ئەمەلدارى بولغان. جۇڭتوڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادى1261 ـ يىلى) دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان . بۇ مۇئاۋىن ۋەزىر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى مەنسەپ بولۇپ ، ئۆمەرنىڭ دەرىجىسى ئۆسكەنسېرى ئوردىدىكى ئابرويىمۇ تەدرىجى ئۆسۈپ، خان ـ ۋەزىرلەرنىڭ قاتلامىمۇ قاتلام تارتۇقلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.
ئۆمەر داڭدار مالىيە ئىقتىساد مۇتەخەسسىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەربىي جەھەتتىن پىشقان ماھىر سىياسەتچى ئىدى .
ئۆمەر يۈننەننىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىمۇ زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەنچەن، دالى، چۇشيۇڭ ۋە چۇچېڭ قاتارلىق جايلاردا 30 دىن كۆپرەك مەكتەپ ئاچقۇزغان. يۈننەننىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا مۇسۇلمان رەسەتخانىلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاسترونومىيە ئىشلىرىنى يولغا قويغان. دوختۇرخانا ۋە دورا دۇكانلىرىنى تەسىس قىلغان . ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلغار توقۇمىچىلىقىنى يۈننەنگە تارقاتقان ۋە يولغا قويغان.
لېكىن يۈننەندىكى بىر قىسىم جايلارنىڭ يەرلىك مۇتەئەسسىپلىرى ئۆمەر كەلگەندىن كېيىن مەنسۇپىدىن ئايرىلىپ، پۇخرالاردىن نەپ ئالالمىغان ، شۇڭا ، ئۇلار ئۆمەر يىراق ۋىلايەتكە مەسلە ھەل قىلغىلى كەتكەندە ، پۇرسەت تېپىپ خان ئوردىسىغا بارغان ھەم قۇبلايخانغا «ئۆمەر ئەسەبىيلەشتى» دەپ شىكايەت قىلغان . قۇبلايخان ئۇلارغا : «سەئىد جېلىل ئۆمەر دۆلەتنىڭ مۇھىم سىياسىي ئىشلىرىغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلىدىغان، خەلقپەرۋەر، توغرا نىيەتلىك ئادەم . مەن ئۇنى ئوبدان بىلىمەن» دەپ، شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەرنى ئۆمەرنىڭ ئۆز قولى بىلەن جازالىشى ئۈچۈن يۈننەنگە پالىغان. ئەمما ئۆمەر ئۇلاردىن ئۆچ ئالمىغان، ئەكسىچە ئۇلارغا :«سىلەر مېنى بىلمىگەن بىلەن ئۇلۇغ خانىمىز ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ ماڭا شۇڭا مۇشۇنداق چوڭ ئەمەل بەرگەن، مەن سىلەرنى گۇناھكار دەپ قارىمايمەن ، بەلكى ئەمەل بېرىمەن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆمەرگە باش ئۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ قايتىدىن ئەمەلگە ئېرىشكەنلىكىگە مەمنۇن بولغان ھەم توغرا نىيەتلىك ئادەم بولۇشقا ۋەدە بەرگەن.
مىلادى 1279 ـ يىلى ، ئۇ ھازىرقى كۈنمىڭ شەھرىدە ۋاپات بولغاندا داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ھەم خەلق شائىرلىرى تەرىپىدىن : «پۇقرالار يىغلىشار خالتا كوچىدا، ئۆمەر ئۆلگەچكە خەلق يولىدا» دەپ تەرىپلەندى . خان ئوردىسىدىن ئۇنىڭغا «تۆھپىكار ۋەزىر»، «خان ئۇستازى»، «باشلامچى سەركەردە»، «دۆلەت تۈۋرۈگى»، «ساداقەتلىك تۆرە» دېگەن ئۇنۋانلار بېرىلگەن .
ئۆمەرنىڭ ئەۋلادلىرى 4 ـ نەۋرىسىگىچە يۈننەن مەمۇرىي ئۆلكىسىنى ئىدارە قىلغان. ئۇنىڭ نەسرىدىن ، ھەسەن ، خوشىن ، مەسئۇد ۋە جەمسىدىن ، ئۆمۆلى قاتارلىق بەش ئوغلى بولۇپ ، ئەڭ يۇقۇرىسى مۇئەككەل (ۋەزىر بىلەن ئوخشاش)، ئەڭ تۆۋىنى باش بۇغ بولغان .

# سەئىدىدىن كاشغەرى

(1377 ـ 1456) قەشقەر، ھرات، ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئۇستازى، «مۇنيەتۇل مۇسەللى ۋە غېينەتۇل مۇفتەدا» ، «كەلىمەت خوجا باھائىدىن» ، «رىسالەئى لەتائىف»، «ۋۇجۇدنامە» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلىرى بار .
14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۆرنەرلىك تۆھپە قوشقان كاشغەرلىك ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە شائىر مەۋلانا سەئىدىدىن كاشغەرىي (سەئىددىندىن مۇھەممەد كاشغەرىي ، سەئىدۇلھەق ۋەددىنى كاشغەرى، سەد ئەلدىن مۇھەممەد ئەل كەشغەرى) ھجرىيە 1178 ـ (مىلادىيە 1377 ـ يىلى) كاشغەردە ئۇلۇغلار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ باللىق چاغلىرى كاشغەر ئاھالىسىنىڭ ئىنتايىن ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىك يىللىرىغا توغرا كەلگەن.

يەنى، **1369**ـ يىلى ئەمىر تۆمۈر(ئاقساق تۆمۈر) قەمەرىددىن كاشغەردە تونپلاڭ قوزغاپ، بەشبالىق خانلىغىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان(**1330**ـ **1363**) ئەۋلادى ۋە ئۇنى ياقىلايدىغان ھەر قايسى تەبىقە ئادەملىرىنى قىرغىن قىلىپ قانغا بويىغان، ئۇنىڭ كەينىدىنلا، يەنى مىلادى **1375**ـ يىلى ئەمىر تۆمۈر قەمەرىددىن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كاشغەر شەھرىنى تامامەن خاراپ قىلىۋەتكەن. نەتىجىدە كاشغەر خەلقى، جۈملىدىن سەئىددىندىن كاشغەرىنىڭ ئائىلىسى ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلىغان. بۇلار پەرغانە، خۇجەنت، سەمەرقەنت شەھەرلىرىدە ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئاخىرى بۇ جايلاردىمۇ تىنىم تاپالماي، بۇخاراغا كۆچۈپ بارغان. بۇ چاغدا سەئىددىندىن كاشغەرى بالاغەتكە يەتكەن بىر يىگىت بولۇپ قالغان. ئۇ بۇخارادا باھائىددىن نەقشبەندى(مىلادىيە **1318**ـ **1389**ـ يىللار) مۇدەررىسلىك قىلغان بۇخارا مەدرىسگە ئوقۇشقا كىرگەن ۋە ئوقۇش جەريانىدا ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خوجا باھايىدىن نەقشبەندىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغان. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىنتايىن سادىق مۇرىتىغا ئايلانغان. خوجا باھايىدىن نەقشبەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇجايدىكى شەيخلىرىنىڭ ھەسەتخورلىغى تۈپەيلىدىن خوراسان ئۆلكىسگە بېرىپ، بەلخ، ھىرات قاتارلىق جايلاردا رەسمى تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرگەن. شۇنداقلا مەۋلانا نىزامىدىن خامۇش ۋە جالالىدىن ئەبۇ يەزىد بۇرابى قاتارلىق تەسەۋۋۇپ پىرلىرىدىن داۋاملىق تەسەۋۋۇپچىلىقنى ئۆگەنگەن. شۇنداق قىلىپ تەسەۋۋۇپ ئۆلىمالىرىنىڭ ئىچىدە زور شۆھرەت قازانغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھىراتتا تۇرۇپ قالغان . ھىجرىيە **860**ـ (مىلادىيە **1456**ـ يىلى **5**ـ ئاينىڭ **13**ـ كۈنى ) يىلى **82** يېشىدا ۋاپات بولغان.ئۇنىڭ جەسدى ھىراتنىڭ ھىيابان دېگەن يېرىگە دەپنە قىلىنغان .

يەنە بەزى ماتىرياللاردا يېزىلىشچە، سەئىدىددىن كاشغەرىنىڭ قېيىن شارائىتتىمۇ كاشغەردە تۇرۇپ، يىگىتلىك چاغلىرىدا مەدرىستە ئوقۇغان. بۇ يەردە ئەرەپ، پارس تىللىرىنى،ئىسلام كالامىزىمنى، ئەرەبى، پارىسي، تۈركىي ئەدەبىياتنى ۋە باشقا شۇ چاغلاردا مەدرىستە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان تەبئىي،ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى پىششىق ئىگەللەپ، زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەللا مەسگە ئايلىنىپ بولغانلىغى قەيت قىلىنغان. كېيىن ئىچكى نىزا بەك كۈچىيىپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئائىلىسى بىلەن سەمەرقەنتكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان .

«تارىخىي رەشدى»دە يېزىلىشچە:«ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرى ـ كاشغەر ۋىلايىتى ئۇلۇغلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىقلىرى ئىچىدە، تەقۋادار ئالىملار ۋە سالىھ ئەۋلىيالار بار ...»بولغان، «مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىنىڭ تەبىقلىرى ئىچىدە ئۇلۇغ زاتلار بار ئىدى»، «مەۋلانا(سەئىددىندىن كاشغەرىي) ياشلىق ۋاقىتلىرىدا كاشغەردىن چىققان ئىدى. مەۋلانا مۇھەممەد ئەتتار مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ، ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئۇ زاتمۇ كاشغەرلىك. مەۋلانا مۇھەممەد ئەتتار مۇنداق دېگەن: مەۋلانا سەئىددىندىن بىلەن ئىككىمىز بىر شەھەردىن بولغانلىغىمىز ئۈچۈن، بىز سەمەرقەنتتە ھەمىشە بىر ـ بىرىمىزگە ھەمرا بولۇپ بىللە ئىلىم تەھسىل قىلاتتۇق. كۆپىنچە قىرائەت كىتاپلىرىنى بىللە ئۆتكۈزەتتۇق.دائىم ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇراتتۇق» . مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىي خوراساندا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا (**1438**ـ **1505**)مىرزا سالدۇرغان «مەلىكان مەدرىسى»دە مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇن ئەللامەلەرنى يېتىشتۈرگەن ھەم تەسىرى چوڭقۇر بولغان، ئۇنىڭ شا ـ گىرتلىرىدىن مەۋلانا ئابدۇراخمان جامى ، مەۋلانا ئۇلائىدىددىن، مەۋلانا شەمسىدىن رۇمى قاتارلىقلار خوراسان ئىلىم ئەھلى ئىچىدە ئۇلۇغلۇقتا ئەھلى ئىلىم ئېتراپ قىلغانلار بولۇپ تونۇلغان . «تەزكىرەتۇشۇئەرا»دا يېزىلىشچە: «مەۋلانا (نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى)نىڭ ئەسلى تۇغۇلغان جايى جام ۋىلايىتى خارجېرد يېزىسى بولۇپ، ئۆسكەن ۋە ھايات كەچۈرگەن يېرى پايتەخت ھىراتتۇر. ئۇ دەسلەپ ئىلىم، ئەدەپ ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولدى. بارا ـ بارا زامان ئالىملىرىنىڭ يىتەكچىسگە ئايلاندى. تەبىئەتتە ئىلىم ۋە پەزىلىتىنىڭ يەنىمۇ يۇقۇرىراق دەرىجىگە كۆتۈرىلىشىنى ئىستىدى. (شۇنىڭ ئۈچۈن) تالىپلىق دەردى ئالىي ھىممەتلىك ئىتىگىدىن تۇتتى. مۇرىتلىق قولىنى مەرىپەت ئىگىسى، شەيخۇلئىسلام، ھەققەت ئىزدىگۈچىلار قىبلەگاھى، شەيخلەر شەيخى، ئۇلۇغ خاجە

بەھائۇددىن نەقشبەندى جاناپلىرىنىڭ مۇرت ۋە خەلىپىلىرىدىن سەييد سەئىدىددىن مۇھەممەد كاشغەرىگە بەردى. مەۋلانا (ئابدۇراخمان جامى) بىرمۇنچە ۋاقىت مەۋلانا سەئىدىددىن (كاشغەرىنىڭ) ھوزۇرىدا تۈرلۈك ۋە مۇناسىپ خىزمەتلەرنى قىلدى. رىيازەت، مۇجاھىتلىق، پىقىرلىق سۈلۈكىدىن كۆپ مەرتىۋە ھاسىل قىلدى. ئۇ بۈزرۈكۋارنىڭ مۇبارەك خىزمەتلىرىنىڭ بەرىكىتى بىلەن مەۋلانا تەسەۋۋۇپتا ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشتى. مەۋلانا سەئىدىدىن كاشغەرىدىن كېيىن، مىللەت ۋە دىن نۇرى مەۋلانا ئابدۇراخمان جامى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئورۇنباسارى، تەرىقەت كۇرسىسىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى...»

دېمەك، «ئابدۇراخمان جامى نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد شەيخى سەئىددىنىدىن مۇھەممەد كاشغەرىينىڭ يېتەكچىلىكىدە، سوپىزىملىق سۈلىكىنى تەتقىق قىلىپ، مەزكۇر مەزھەپنىڭ سادىق مۇرىدى ۋە مەشھۇر ئۆلىماسىغا ئايلانغان ھەم ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن». يەنى ھىراتتا ئاساسەن نەقشبەندىيە سوپىزىمىنىڭ جەمىيىتىگە رەھبەرلىك قىلغان بۇ كىشىگە مەشھۇر ئا.جامى مۇرىدى،كېيىن ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولغان.

مەۋلانا سەئىدىدىن كاشغەرىي ئۆمرىدە ئەرەپچە ، پارسچە ئون نەچچە پارچە ئەسەر يازغان. يەنە ئەرەپ تىلىدىن پارسىي ۋە تۈركىي تىلىغا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ئىسلام پەلسەپىسى ۋە فىققە ـ قانۇنشۇناسلىقىغا بېغىشلانغان «مىنيەتۇل مۇساللا ۋەغەينەتۇل مۇفتەدا» ، «تۆھفەتۇل مۇسەللى، تەرجىمەئىي مىنيەتۇل» ، «كەلىمات خوجا باھائىددىن نەقشبەندى»، «رىسائىي لەتائىف»، «ۋۇـجۇتنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى تەسىر قوزغىغان ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگەن. بەزى مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ 15خىل نۇسخىسىدىن كۆپرەك قولىيازمىسى تاشكەنتتىكى ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىر، مەرھۇم مۇھەممەد زەئىيدىننىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان.

سەئىدىددىن كاشغەرىينىڭ مەۋلانا سەككاكى،ئەبەيدۇللا لۇتفى ، ئەلشىر نەۋايى قاتارلىقلارغا بولغان تەسىرىمۇ خېلى كۈچلۈك بولغان. جۈملىدىن ئەلشىر ناۋايىنى «خەمسەتۇل مۇتەھەيرىن» ناملىق كىتاۋىدا ئۇنى تەسەۋۋۇپنىڭ چوڭ ئەربابى سۈپىتىدە ئەسلەپ ئۆتۈپ مۇنداق بايان قىلغان : «ھەزرىتى قۇتبى تەرىقەت ۋە غەۋسى ھەقىقى مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىكىم ، ‹نەقشبەندىيە›خوجالەرى سىلسىلەسىنىڭ ئۇل زاماندا كامىل ۋە مۇكەممەل مۇرشىد ۋە خەلىفەسى ئەردى...»

سەئىدىددىن كاشغەرىي جەمەتىدە ئالىم ـ ئۆلىمالار كۆپ بولغان . ئۇنىڭ دادىسى زەيىندىن كاشغەرىي(كاغىراقى) ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاغلىق ئەللامەسى بولۇپ تونۇلغان . بۇ كىشىنىڭ ئەۋرىسى شەيخ ئالامدىن پارس تىلىدا «مۇناقىپ خوجا زەيىندىن»ناملىق كىتاپ يازغان . بۇ كىتاپنى ئابدۇئەلى سەرمەنى (كاشغەرى)1797 ـ يىلى كاشغەر ئۇيغۇر تىلى شۋىسىگە تەرجىمە قىلغان. سەئىدىددىن كاشغەرىينىڭ نەۋرىسى مەۋلانا مىرفازىل پارس تىلىدا«سىررەل ئەسرار»ناملىق كىتاپ يازغان بولۇپ، بۇنىڭدا سوفىزىمنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى ۋە تەرىقەت قائىدىلىرى شەرھلەنگەن...«تارىخىي رەشىدى» دە يېزىلىشىچە، سەئىدىددىن كاشغەرىي جەمەتىدىن شەيخ ھەبىب دېگەن كاتتا بىر زات يېتىشىپ چىقىپ زامانداشلىرى ئارىسىدا ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن دەپ چوقۇنۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىتاپتا ئۇنىڭ ئەۋلىيالىق ھەركىتىدىن بىر مىسال كەلتۈرۈلگەن. شەيخ ھەبىب شەيخ سەييد كارىزگەرنىڭ مۇرتى بولغان، شەيخ سەييد كارىزگەر بولسا شەيخ مۇھىب مۇجەررەدنىڭ مۇرتى بولغان. شەيخ ھەبىب بولسا ئەمىر سەييد ئەھمەد بىلەن زامانداش بولغان. ئەمىر سەييد ئەھمەد بولسا «تارىخىي رەشدى»نىڭ ئاپتۇرى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ تۆرتىنچى بوۋىسى ھېساپلانغان.

تەسەۋۋۇپ(سوپىزىم) ـ ئىسلام دىنىدىكى مۇرەككەپ بىر دىنىي پەلسەپۋىي ئېقىم بولۇپ ، ئۇ ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ باشقا ئەللەرگە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئىسلام دىنى تارقالغان رايونلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئىلگىرى ـ كېيىن يېتىپ بارغان ھەم شۇ ئەل ۋە رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ھاياتىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭىمۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھە ۋە قاتلاملىرىدا تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى ياكى ئۇنىڭ ئىزلىرى رۇشەن كۆرۈنۈپ

تۇردى.

تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەپ خەلىپىلىگى ئىمپىرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر، زىددىيەتلەر بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق ئىدى.

ئىسلام دىنىنى سىرتقا كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جىھاتلاردا بويسۇندۇرۇلغان ئەللەردىن ئېلىپ كېلىنگەن تۈرلۈك ماددى بايلىقنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر ھەمدە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئۇلجا ئۈلىشىپ، بارا ـ بارا ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىشكە باشلىغان ئىدى.

ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدا بولسا ھوقۇق ۋە ئۈستۈنلۈك تالىشىش مەخسەت قىلىنغان تۈرلۈك ئىچكى نىزالار، سۇيىقەستلەر كۆچىيىشكە باشلىغان. ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى دىنىي ئىشلار ئەمەس، بەلكى دۇنياۋىي (سىياسىي) ئىشلار بولۇپ، دىنى ئىشلار ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ تېخى ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۈز بېرىشكە باشلىغان بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر، ئېتىقادى كۈچلۈك بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەيشى ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئاددى خەلقنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەسلىگى، شۇڭا ئاۋام خەلق ئارىسىدا بۇ ئۆزگىرىشلەرگە نىسپەتەن مەلۇم دەرىجىدە نارازىلىق، قارشىلىق خاھىشىنىڭ تۇغۇلىشى، بۇ خىل كەيپىياتقا خاتىمە بېرىش ئىستىگىنىڭ ئويغىنىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن نارازى بولغان، ئېتىقادىنىڭ ساپلىغىنى ساقلاش، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ دىنىي ھايات ئىچىدە ياشاش ئىستىگىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇنداق بۇزۇقچىلىقلار بىلەن تولغان جەمىيەتتىن ئايرىلىپ خىلۋەتلەرگە جايلىشىپ تاۋاپ ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن ئىبارەت زاھىدلىق يولىغا ماڭىدۇ. مانا بۇ تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشى بولغان زاھىدلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش. دېمەك، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تەركىدۇنيا بولۇپ، زاھىدلىق يولىغا مېڭىشى ئاددىي خەلقنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان نارازىلىغىنىڭ، قارشىلىغىنىڭ پاسسىپ ھالدا ئىپادىلىنىشى ئىدى. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق پاسسىپ شەكىلدە بولسىمۇ ، ئەمما رېئاللىققا، فېئوداللىق زۇلۇمغا بولغان نارازىلىقنى ئىپادىلىدى . شۇڭا بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىدە تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى زاھىدلىقنى گەرچە رېئاللىققا بولغان نارازىلىقنىڭ پاسسىپ ھالدىكى ئىپادىسى بولسىمۇ، لېكىن شۇ تارىخىي مۇھىتقا نىسپەتەن يەنىلا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ قەيت قىلىنىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار ئىدىئولوگىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ھەسسە قوشقان سەئىدىددىن كاشغەرى پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى ئۈچۈن، مەنىۋىي ئىجادىيەت ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ روھى كامىللىغى ئۈچۈن بېغىشلاپ، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىلمىي نەزەرىيىۋىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دىن تارىخى، ئىدىئولوگىيە تارىخى ۋە باشقا پەن تارىخىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى.

## سوپاخۇن سوۋۇرۇپ

سوپاخۇن سوۋۇرۇپ 1915 ـ يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا ئۆدۈك كەنتىدە كەمبەغەل دېھقان سوۋۇر ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دادىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا دەسلەپتە لاپچۇق كەنتىدىكى موللام تۇغقىنىنىڭ دىنىي مەكتۇۋىدە ئوقىغان، ئەمما ئائىلىسى ئالۋاڭ ـ سېلىق، ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ، كۈن ئۆتكۈزۈشى قىيىن بولغانلىقتىن، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغان. ئۆسمۈر سوپاخۇن تارانچى كۆمۈر كېنىدا بالا ئىشچى بولۇپ

ئېغىر ئەمگەك قىلغان. كېيىن كاندىن قېچىپ چىقىپ، قومۇلغا كېلىپ بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئەمگەك قىلغان. ئاپىسى سوپاخۇننى شەھەر ئىچىدىكى بىر دىنىي مەكتەپكە بەرگەن.



تېكەس ئاتلىق پولكى قۇرۇلغاندا پولكوۋنىكلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن ۋاقىت(1945-يىلى)

دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرى، يەنى 1930-يىلى شاھ مەخسۇت ئالەمدىن ئۆتكەندە، سوپاخۇن ھەشەمەتلىك ئۆلۈم ئۇزىتىشنى كۆرگەن. 1931-يىلى 5-ئايدا قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلانغان. سوپاخۇن تاغدىكى قوزغىلاڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغان ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرگەن. ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىمۇ كۆرگەن، ئېزىلگەن ئائىلىدىن كېلىپ چىققان سوپاخۇندا دېھقانلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىڭىنى قوللاش ھېسياتى قوزغالغان.

1935-يىلى ئاستانە يېزا باشلىقلىرى سوپاخۇننى بازار باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا تۇتۇپ بېرىدۇ. سوپاخۇن مەكتەپتە دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىدۇ. 1936-يىلدىن 1939-يىلغىچە خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىۋىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىدە ئوقۇيدۇ. 1939-يىلى مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتكۈزۈپ، قەشقەردىكى ئەينى چاغدىكى مەھمۇت مۇھىتى شىجاڭ قوماندانلىقىدىكى شىنجاڭ 6-دىۋىزىيە ئاتلىق پولكىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. سوپاخۇن جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولىدۇ. كېيىن شېڭ شىسەي بۇ مىللىي 31-پولكنى ئۆزگەرتىپ يوقىتىش ئۈچۈن، 6-باتالىيون قىلىپ تۇرپانغا يۆتكەپ كورلىغا كەلگەندە، چاقىلىق تاشيولنى ياساش ئەمگىكىگە سالىدۇ. 1942-يىلى سوپاخۇن شېڭ شىجىن (شېڭ شىسەينىڭ 4-ئىنىسى) قوماندانلىقىدىكى پەۋقۇلئاددە تۇەننىڭ 9-ليەنىگە ليەنجاڭ بولۇپ تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدۇ. 1944-يىلى گومىنداڭ سوپاخۇننىڭ خەلق ئارىسىدىكى يۇقىرى ئىناۋىتىدىن قورقۇپ، «ئەسكەر ۋە خەلقنى ھۆكۈمەتكە قارشى قۇتراتتى» دېگەن باھانە بىلەن گۇچۇڭدىكى 46-دىۋىزىيىنىڭ تۈرمىسىگە قاماپ قاتتىق ئۇرۇپ كىسەلچان قىلىپ قويىدۇ، كېيىن سوپاخۇننىڭ ئەسكەرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى گومىنداڭ قوماندانلىق ئىشتابىغا بېرىپ نامايىش قىلىپ، سوپاخۇننى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، سوپاخۇن قويۇپ بېرىلگەن. گومىنداڭ قىسىمدا ھەربىي بولۇش جەريانىدا سوپاخۇن ۋە باشقا مىللىي جەڭچىلەر گومىنداڭ قىسىمىدىكى شاڭگۇەن قاتارلىقلارنىڭ چىدىغۇسىز كەمسىتىش ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغان، كورلا-چاقىلىق تاش يولنى ياساش جەريانىدا قارا ئىشچىگە ئوخشاش ئېغىر ئىشقا سېلىنغان ۋە يۈزلىگەن ئۇيغۇر باللىرى جاڭگاللاردا قەبرىسىز قالغان. جەڭچىلەر گومىنداڭ قوشۇنىدا تاماقتىن خورلىنىدۇ، ناھەق تۈرمىلەرگە تاشلىنىدۇ ھەتتا تىرىك كۆمۈلىدۇ، مىللىي ئەسكەرلەرگە ئىشەنمەسلىك ۋە چەتكە قېقىش تۈپەيلى، مىللىي جەڭچىلەرنىڭ غەزىۋى ئاخىرى ئۇلارنى گومىنداڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

سوپاخۇن شۇچاغدىكى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق قوشاق توقۇغان:

گۇچۇڭدىكى دۆڭلەرگە، پوتەيلەرنى كۆپ سالغان،
يوقسۇل-ئاجىز خەلققە ئالۋاڭ-ياساقنى كۆپ سالغان.
گۇچۇڭدىكى چېرىكلەر، خەلقنى بۇلاپ تالاپ،
بۇزۇپ ئۆي-ئىمارەتنى، ياغاچلىرىنى قالغان.
ياغاچ ساندۇق ئىچىدە، قانچىلىك دۇنياسى بار؟
ئەمگەك بىلەن ياشىغان، قازاقنىڭ نېمە گۇناھى بار؟
ئادەم ئەمەسمۇ ئەسكەر، ئانىسى يوقمۇ ئۇلارنىڭ،
ئانا-باللارنى ئۆلتۈرسە، ۋىجدانى بارمۇ ئۇلارنىڭ.
گومىنداڭنىڭ ئەسكىرى، قان ئىچەر جاللات بولدى،
نەئىلاج سوپاخۇنغا، باغرى ئۆرتەپ قان بولدى.

گومىنداڭغا ئەسكەر بوپ، ئىت ئورنىدا خارلاندۇق،
ياخشى خىزمەت قىلساقمۇ، تۈرمىلەرگە سولاندۇق.

1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتلىغاندا ،گومىنداڭ 31 ـ لېيەنىنىڭ 8 ـ ، 9 ـ لېيەنلىرى (بۇ جەرياندا بۇ ئىككى لىيەن مايتاغدا ئىدى)دىكى 120گە يېقىن ئەسكەر سوپاخۇننىڭ قوزغىتىشى بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىخو، مايتاغ، جىڭ ئەتراپىدىكى گومىنداڭنىڭ 20مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار قوشۇننى بۆسۈپ ئۆتۈپ، قوغلاپ كەلگەن گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى سېپىگە قوشۇلغان. يول بويى ئۇلار خەلقنىڭ ياردىمىگە كۆپ ئېرىشكەن. يولدا قازاق قېرىنداش نۇرپاينىڭ ئۆيىدە يارىلانغان جەڭچى ئەخەت ئېلىنى قالدۇرغاندا، دۈشمەنلەر نۇرپاي ئائىلىسىدىكى 13 ئادەمنىڭ ھەممىسىنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈپ، ئەخەت ئېلىنى ئىككى قولىدىن تۈۋرۈككە مىخلاپ، بۇرنى ۋە قۇلىقىنى كىسىپ يېپقا ئۆتكۈزۈپ خاماندىكى دېھقانلارغا كۆرسىتىپ ھەيۋە قىلغان، ئەخەت ئېلى بىرسوتكىغىچە ئىڭراپ بەك تەستە جېنى چىققان. نۇرپاينىڭ كىچىك قىزى خەدىچەنى جاسۇس كەمپىر بۇلاپ ئەكەتكەن.(1983 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوپاخۇن ئايالى تۇخان بىلەن نۇرپاينىڭ كىچىك قىزى خەدىچەنى ساۋەنگە يوقلاپ بارغان، خەدىچە تۇل قالغان بولۇپ، باللىرىنىڭ ياردىمىدە ياشاپ كەلگەن). 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ بوغدايلار باشاق تارتقان كۈنلىرىدە سوپاخۇن باشچىلىغىدىكى بۇ ۋىجدانلىق يىگىتلەر غۇلجا شەھىرىنىڭ باياندىي يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە، مىللى ئارمىينىڭ مۇئاۋىن قوماندانى زۇنۇن تېيىپوف ئۇلارنىڭ ئالدىغا مىللى ئارمىيە قوماندانلىق شتاۋى نامىدىن قارشى ئالغىلى چىقىدۇ، ئۇلار غۇلجىغا كىرگەن كۈنى خەلق بۇ قەھرىمان يىگىتلەرنى كارامەت تەنتەنە بىلەن كۈتىۋالىدۇ، ھەتتا بۇ جەڭچىلەر بازاردا بىرنەرسە ئالسا ياكى موزدوز ئۇستىلارغا ئاياقلىرىنى ئوڭشاتسا ھەرگىز پۇل ئالغىلى ئۇنىمايدۇ، خەلق بۇلاردىن شۇ دەرىجىدە رازى بولغان. بۇ ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلاۋىدىكى ئالاھىدە ئىش بولۇپ، تارىخقا يېزىلدى. 1945 ـ يىلى7 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆ ـ كۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مىللى ئارمىيىگە قوشۇلغان 120 نەپەر جەڭچىنى ئاساس قىلغان ھالدا پارتىزان ئەدرىتى تەشكىللەپ، سوپاخۇننى ئەترەت باشلىغى، قاسىمجان قەمبىرىنى ھۆكۈمەت ۋەكىلى، ئابدىكىرىم ئاباسوفنى سىياسى كومىسسار قىلغان قوشۇن 1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېكەستىن ئاقسۇ فرونتىغا ئاتلىنىدۇ. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە تېكەس خەلقى ئۇلارنى داغ ـ دۇغا بىلەن ئۇزىتىدۇ. ئۇلار ئېغىر تەبىئى شارائىت قىيىنچىلىغىنى يېڭىپ، مۇز داۋانلاردىن ئېشىپ ئاقسۇ تەرەپكە ئۆتىدۇ، بۇ قوشۇن باي، كونىشەھەر ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىپ، گومىنداڭ قولىدىن ئۇلجا ئېلىنغان ئاشلىقلارنى تەقسىپ ئاستىدا ئارانلا جېنى قالغان خەلققە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، خەلق ئۇلارنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ ۋە توپ ـ توپ يىگىتلەر ئۇلارغا قوشۇلىدۇ، كىشىلەر ئۆز ئوغۇللىرىنى سوپاخۇنغا پىدائىلىككە بېرىشىدۇ. يول بويى خەلق ئۇلارنىڭ كېلىدىغىنىنى ئاڭلاپ كېچىلەپ يول بويلىرىدا ئۇلارنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تىزىلىپ كېتىدۇ، ئۇلارنى يىغا ـ زارە بىلەن قارشى ئالىدۇ، ئۆز قوشۇننى كۆرگەن خەلق جەڭچىلەرنىڭ پەشلىرىنى يۈزلىرىگە سۈرتىدۇ، ئاتلارغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ، بوۋاي ـ مومايلار: «ئۆز قوشۇنىمىزنى كۆردۇق، ئۆلۈپ كەتسەك ئارمانىمىز يوق» دەپ دۇئا قىلىدۇ. نەچچە يۈز خەلق ئارا ـ توقماقلار بىلەن قوراللىنىپ ئۇلارغا مەدەت بېرىدۇ. سوپاخۇن موزات قورغىنىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى يوقىتىپ، دۈشمەننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي كۈچىنى تۈتۈپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ شىخوغا يۈرۈش قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سوپاخۇنغا موزات قورغىنىدىكى باتۇرلىغى ئۈچۈن 1 ـ دەرىجىلىك ئالتۇن مېدال، ئاقسۇ فرونتىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئالتۇن مېدال ۋە پولكوۋنىك ئۇنۋانى بەرگەن. سوپاخۇن كېيىن تېكەس ئاتلىق 1 ـ پولكىغا پولك كوماندىرى ، مىللىي ئارمىيە تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى، 1950 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە 5 ـ كورپۇس ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىغى بولغان. 1951 ـ يىلى ئوفتېسىرلار سىياسى ئۆگىنىش كۇرسىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



پولكوۋنىك دەرىجىسىدىن روتا دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇلغان ھەم ھەربى سەپتىن چىكىندۈرۈۋېتىلگەن، 1951 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلغان، 1953 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە دېھقانچىلىق 4 ـ دىۋىزىيە ترانسپورت 4 ـ ئەترىتىدە چوڭ ئەترەت باشلىقى ، بۆلۈم باشلىقى بولغان . 1955 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسىدە باشقۇرۇش ـ نازارەت قىلىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مېخانىزم ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تاشيول ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دا يەنە زىيانكەشـ ـلىككە ئۇچرىغان. كېيىن ئاقلىنىپ، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1984 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ ۋاقتىنى چاڭ تۇتۇپ ، زېھنى كۈچىنى يىغىپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا، ئاشۇ يىللاردىكى ئاجايىپ تارىخنى ئەينەن يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا تارىخىي ئەسلىمە يېزىپ چىققان. مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرقىلغان «مەن كەچكەن كېچىكلەر» بۇ پەخىرلىك قەھرىمانىنىڭ ئاشۇ ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەر ـ بىر ئۇيغۇر ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدىغان، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئۆچمەس نامايەندىلەرنىڭ بىرى، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىسىل ئەسەر. (بۇكىتاپنىڭ بىرىنچى نەشرى 2010 ـ يىل8 ـ ئايدا نەشرى قىلىنغان بولۇپ، قىسقىغىنە يېرىم يىلدىلا سېتىلىپ بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۈچلۈك تەلىۋىگە ئاساسەن ئىككىنجى نەشرى نەشردىن چىقىش ئالدىدا).

سوپاخۇن سوۋۇروۋ 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 7 دە ئۈرۈمچىدە بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. بۇ ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يۇقۇتۇش.

سوپاخۇن ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارغا، گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۆچمەنلىك بىلەن قولىغا قورال ئېلىپ، خەلقنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاپ، خەلق دۈشمەنلىرىگە قارشى باتۇرلۇق ۋە پەم ـ پاراسەت بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلەتتى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداملىق، پاك دىيانەتلىك، ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، ئوچۇق ـ يورۇق ، چىقىشقاق ، ئۈمىدۋار ئىدى، كەسپىنى قەدىرلەش، ئالغا ئىنتىلىش روھى كۈچلۈك ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئەۋلاد ـ لارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش روھى ئالاھىدە قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ . ئۇ 20 يىلدىن بېرى قۇمۇل، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋە نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 32 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق پۇل ۋە نۇرغۇن كىتاب ـ ژورناللارنى ئىئانە قىلغان. 2001 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ11 ـ كۈنى ئېغىر كېسەل بىلەن ياتقاندىمۇ(ۋاپات بولۇشتىن ئالتەكۈن ئىلگىرى) يېنىدا ساقلاپ كەلگەن ئالتە مىڭ يۈەن پۇلنى قۇمۇل شەھرىدىكى «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىۋىگە ئىئانە قىلغان.

## مۇھىم ئىزاھات: ــــــ

سوپاخۇن ھەققىدىكى مەزكۇر تونۇشتۇرمىنىڭ تەييارلىنىشىدا ئەمگىگى نەزەرگە ئېلىنغان ھۆرمەتلىك قېرىندىشىمىزنىڭ تەۋسىيىسى:

مەن، ھۆرمەتلىك گېنىرال، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇز سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ «مەن كەچكەن كېچىكلەر»ناملىق كىتاۋىنى ئوقۇپ ئىنتايىن ھاياجانلاندىم.

مۇشۇنداق ئىسىل كىتاپنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ مۇبارەك زاتقا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ كىتاپ مېنى ھەققى ھاياجانغا سالغان، رازى قىلغان ۋە شۇڭا ئەڭ قىممەتلىك ماتىريال سۈپىتىدە ئەبەدىي ساقلايمەن، دەپ چىرايلىق مۇقاۋىلاپ شكاپقا تىزغان كىتاپلىرىمنىڭ بىرى.

سوپاخۇن ھەقىقى ئۇيغۇر، ھەقىقى قەھرىمان. ھەر ـ بىر ۋىجدان ئىگىسى سوپاخۇنغا ئالاھىدە ھۆر ـ مەت بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز، سوپاخۇن مىڭلىغان مىللى قەھرىمانلار بىلەن بىرگە ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا يادلىنىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھەقىقى ئۆچمەس يۇلتۇز. مەن «مەن كەچكەن كېچىكلەر» ناملىق كىتاپنى ئوقۇپ بولۇپ، ھەر ـ بىر ئۇيغۇردىن مۇشۇ كىتاپنى بىر قېتىم ئوقۇشنى سەممى تەۋسىيە قىلىش




بىلەن، يەنە تورداشلارغا ئازدۇر-كۆپتۇر بىرنەرسە سۇ- نۇشنى ئويلاپ يۈرگەن چاغلاردا، «سىرلىق مۇنبىرى» دە سوپاخۇن توغرىسىدىكى «ئۇيغۇر گېنىرالىنىڭ ھۇزۇرىدا» دېگەن ماۋزۇنى كۆرۈپ قالدىم، بۇگۈن مەن بۇ ماۋزۇغا ئاساسەن، يەنە «مەن كەچكەن كېچىكلەر» ناملىق كىتاپتىكى بەزى مەزمۇنلارنى قوشۇپ دوستلارغا سۇندۇم ۋە سوپاخۇنغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىمنى شۇ ئارقىلىق بىلدۈرمەكچى بولدۇم.

«سىرلىق مۇنبىرى» دىكى مەزمۇن:

**2000**-يىلى «ئانا يۇرت» نىڭ داغدۇغىسىدىن تەسىرلەنگەن دوستلارنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئەتىياز كۇنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر گېنىرال سوپاخۇن سوۋۇروۋ بىلەن دىدارى مۇلاقەتتە بولۇش پۇرستى كېلىپ قالدى. خىيالىمدا سوپاخۇنكامنىڭ مەزكۇر رومانىنىڭ ئىككىنچى تومىنىڭ مۇقاۋىسىدىكى ئاي يۇلتۇزلۇق پاگۇن تاقىغان جەسۇر تۇرقى گەۋدىلىنىپ يول بويى ماڭا ھەمراھ بولدى. ئاخىرى ئۇ تەۋەررۈك غازىمىزنىمۇ كۆردۇم. كۆز ئالدىمدا مۇقاۋىدىكى كەسكىن قۇماندان ئەمەس، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ بەللىرى مۈكچەيگەن بىر بوۋاي تۇراتتى. سوپاخۇنكام بىزنى كۆرۈپ بەكمۇ ھاياجانلاندى بولغاي، ھەربىكىمىزنىڭ قولايسىز بولىشىغا قارىماي ھەممەيلەن بىلەن تەپسىلى كۆرۈشۈپ ئوقۇشىمىزنى سوراشتۇرۇپ چىقتى. بىز «ئانا يۇرت»تا تەسۋىرلەنگىنى بويىچە ئاغزى-ئاغزىمىزغا تەگمەي سوئال سورۇشۇپ بوۋاينىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق.

## ئەسكەرلىرىمنىڭ قۇماندانلىرى ئۇيغۇرچە كوماندا قوللىناتتى

سوپاخۇنكامدىن خوجانىياز ھاجى قوزغىلىڭى ۋە مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىش جەريانى ھەققىدە سورىغىنىمىزدا ئۇنىڭ مۆڭلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىراقلا نۇرلانغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ مۇبارەك زاتنىڭ ئاۋازىنى ساقلىۋالمىغىنىمغا كۆپ پۇشمان قىلىمەن. ئۇ كىشىنىڭ دېگەنلىرى ئىچىدە « قوزغىلاڭ مەخپىيەتلىگى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغىلىشقا توغرا كەلدى. دۈشمەن نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن يول بويى قوغلاپ توسۇپ زەربە بېرىپ كۆپ ھالسىراتتى. غۇلجىغا يېتىپ بارغىنىمدا 200دىن ئارتۇق ئەسكىرىمدىن ئاران 90 نەپچىسى ھايات قالغان ئىدى. غۇلجىغا بېرىشىمىزغا بىزنى رۇس ئوفتسىرلار قوراللىنىدۇرۇشتى. كېيىن ئېلىخان تۆرەم ئارىلىشىپ قورالىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەردى. بىز بارغاندا چوڭ كوماندىرلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇس بولۇپ ئەسكەرلەرنىڭ بۇيرۇقلىرى پۈتۈنلەي رۇسچە ئىكەندۇق. چوڭراق ھەربى يىغىنلاردا پىلان رۇسلاردىن بولۇپ ئۇيغۇرلاردىن مەخسۇس ھەربى تەلىم كۆرگەنلەرنىڭ كەملىگى بەكمۇ بىلىنگەنىكەن. بىز كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشلار بىر ئاز ئۆزگەردى. دەسلەپتە بىزنىڭ قىسمىلا رۇسچە كوماندا بويىچە مەشغۇلات قىلاتتى. كېيىن بارا-بارا ئۇيغۇرچە كوماندا ئومۇملاشتى...»

## «بىزنىڭ باللار قىزىقمايدۇ»

پاراڭ ئارىلىغىدا سوپاخۇنكامنىڭ ئايالى «ۋاي باللىرىم، سىلەر باشقا باشقا مەكتەپتىن تۇرۇپ،

www.uyghurkitap.com



ئۇقۇشۇپ ئاتايىن ئىزدەپ كەپسلەر، ئاڭلاپ تۇرسام شۇنچە جىق تارىخلارنى سوراپ كەتتىڭلار. بىزنىڭ باللار دادىسىدىن بۇلارنى سوراپمۇ قويمايدۇ، دادىسى توغرا كېلىپ سۆزلەپ سالسىمۇ قىزىقمايدۇ. ئورنىدىن دەس تۇرالمايدىغان مۇشۇ ئادەم جېنىدا توختىماي كىتاپ ئوقۇيدۇ. بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى بۇرۇنلا كىتاپ قىلىپ يېزىپ بولغان. ئەمما مۇھەررىرلەر جىق ئۆزگەرتىۋەتكەچكە نەشر قىلىشقا ئۇنىمىدى. چىقمىسا چىقمىسۇن، لېكىن يالغاننى قاتقۇزمايمەن دەيدۇ. بۇ ئادەمدىكى قانداق جانكى، سوغۇقتا دۈگدەيمەيدۇ، ئىسسىقتىن سالپىيىپ كەتمەيدۇ. مىدىرلىيالىسىلا چېنىقىدۇ. «ئانا يۇرت» نىمۇ كىتاپ چىقىپ بولغىچە تاقەتسىزلىنىپ چىقىشىغىلا ئېلىپ ئوقۇپ بولدى. بىزنىڭ باللار كىمنى دورىدىكى، دادىسى شۇنچە يىل ئەتىۋارلاپ ساقلىغان ئوردېنلىرىنىمۇ يوقۇتۇپ بولدى» دېدى ھەسرەتلىنىپ.

## «ئانا يۇرت»نى ئەسلى يەتتە قىسىم دېگەنتى

گەپ ئارىلىغىدا سوپاخۇنكام مەرھۇم زوردۇن سابىرنىڭ ئۆزى بىلەن بىر قانچە قېتىم كۆرۈشـ ـكەنلىگىنى ئېيتتى. «مەرھۇم ماڭا **1944**ـ يىللىرىدىكى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ ھەققىدە يەتتە قىسىملىق بىر تارىخىي رومان يازماقچى بولىۋاتقانلىغىنى ئېيتقان ئىدى. بەلكىم مەرھۇمنىڭ سالامەتلىگى يار بەرمىگەن بولىشىمۇ مۇمكىن، ياكى باشقا سەۋەپلەر بولىشىمۇ مۇمكىن، كىتاپ ئۈچ قىسىم چىقتى. زوردۇن سابىر مەن بىلەن ئۇزاق مۇڭداشقان ۋە بەزى يازمىلارنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى . رومانىنى نەشر قىلىنىشى بىلەنلا ئوقۇپ چىقتىم، ئۇيلىغانلىرىدەك يېزىشقا تىرىشپتۇ، لېكىن كۆپ قىسقارتىپتۇ». بىز سوپاخۇنكامنىڭ ئۆيىدە بىر سىزما رەسىمنى كۆردۇق. رەسىمدە ئاتقا مىنىپ تۇرغان ئىككى ئەر ۋە بىر ئايالنىڭ ئوبرازى توپنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. سوپاخۇنكامنىڭ ئېيتىشىچە ئىككى ئەرنىڭ بىرى سوپاخۇنكام، يەنە بىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بولۇپ رەسىمدىكى ئايال سوپاخۇنكامنىڭ تۇنجى ئايالى مەرھۇم تۇخان ئانا ئىكەن. زوردۇن سابىر مەزكۇر رەسىمنى كىتاۋىغا مۇقاۋا قىلىش ئۈچۈن سوراپ ئېلىپ كېتىپ رەسىمگە تارتىۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرگەن ئىكەن. بۇ رەسىمنى شىخودىن بىرئوقۇتقۇچى رەسسام سىزىپ سوپاخۇنكامغا سوۋغا قىلغان ئىكەن.

## «قورال تاشلىساڭ ئاتمايمىز» مۇ ياكى «قۇرال تاشلايمىز ئاتما» مۇ؟

ئاقسۇ سېپىلىنى قورشاپ تۇرغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى زەمبىرەك بولمىغانلىغى (سوۋېت ھۆكۈمىتى كاتيۇشا سېتىپ بېرىشنى رەت قىلغان ئىكەن) سەۋەپلىك سېپىلنى پارتلىتىشقا قادىر بولالماي قورشاۋ ئۇزىراپ كەتكەن. باش شتاپتىن چېكىنىش بۇيرىغى تاپشۇرىۋالغان سوپاخۇن ۋە جەڭچىلەر قايتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان دەملەردە، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گومىنداڭ قىسىملىرى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن. جەڭچىلىرىمىز پىداكارلىق بىلەن ئېلىشىپ دۈشمەننى چېكىندۈرگەن. دۈشمەن بىر ئاز ئېتىشىپ ئوق ئېتىشنى توختاتقان ۋە قوراللىرىنىڭ ئۈچىنى يەرگە قارىتىپ: «جىياۋ چىياڭ بۇ شا(قۇرال تاپشۇرساڭ ئاتمايمىز)دەپ ئالغا يۈرگەچ ۋارقىراشقان. بۇ چاغدا سوپاخۇنكام :« ئۇلار قورال تاپشۇرۇڭلار ئاتمايمىز دەۋاتىدۇ، قىرىپ تاشلايلى، دېسە، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ: «قورال تاپشۇرىمىز ئاتماڭلا دەۋاتىدۇ» دەپ ئىككىيلەن تالىشىپ قالغان. سوپاخۇنكام «ئابدۇكېرىم، تەسلىم بولىدىغان دۈشمەن قوراللىرىنى تاشلاپ بىر يەرگە توپلايدۇ، ئاندىن قۇرۇق قول بولۇپ ۋەكىل ئەۋەتىدۇ» دېسىمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قايىل بولماي ئەسكەرلەرگە تەييارلىق بۇيرىغى بەرگۈزمىگەن. دۈشمەن ئەسكەرلىرى يېقىن كېلىۋالغاندىن كېيىن، بىراقلا غالجىرلارچە ھۇجۇمغا ئۆتكەن، نەتىجىدە نۇرغۇن جەڭچى شېھىت بولغان ۋە قىسىم مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن، بۇنىڭ جەڭچىلەر ۋە خەلق ئىچىدىكى تەسىرى ئىنتايىن يامان بولغان.

ئاقسۇ ئازات بولۇشقا ئازلا قالغاندا مىللى ئارمىيە بىلەن گومىنداڭ تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ ۋە

سوپاخۇنلارنى چىكىنىشكە بۇيرۇق كېلىدۇ، چېكىنىش ۋاقتى 10 ـ ئايلاردا بولغاچقا، دېڭىز يۈزىدىن 5 مىڭ متىر ئېگىزلىكتىكى مۇزداۋاندىكى شىۋىرغان كۈچلۈك بولۇپ، تۇتەك ئىچىدە ئالدىدىكى ئادەمنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ، ئوكسىگىن يېتىشمەسلىك تۈپەيلى جەڭچىلەر ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ، جەڭچىلەر ئاتنىڭ قۇيرىقىغا ئېسىلىپ ماڭىدۇ، نەچچىلىگەن جەڭچىلەر قار ئاستىدا قالىدۇ، بەزى جەڭچىلەر ئاتنىڭ چۆلۈۋۈرنى بىلىگە ئورىۋالغاچقا ئات تېيىلىپ كەتسىلا ئۆلارمۇ ئات بىلەن ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ، بۇجەرياندا سوپاخۇنلار ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ، ئاقسۇخەلقى گومىنداڭنىڭ ئۈچ ئېلىشدىن قورقۇپ پاراكەندە بولۇپ، ۋەيرانچىلىققا قالىدۇ ۋە تەرەپ ـ تەرەپكە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. قاچالمىغان خەلقنى دۈشمەن ئۆچ ئېلىپ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. شۇڭا سوپاخۇن بۇ قېتىملىق چېكىنىشنى «قۇربان بېرىپ ئىجرا قىلغان بۇيرۇق» دەپ ئاتايدۇ، ئەسلىمىسىدە.

**خاتىمە:**

## گېنېرالنىڭ ۋەسىيتى

سوپاخۇنكام مۇنداق ئىككى ئىشنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىشىمىزنى تەكىتلىگەن ئىدى. مەنچە ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇ ئىككى ۋەسىيەتنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىرى، مىللەتنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش؛ يەنە بىرى كەسىپ ئىگىلەش. «باللىرىم، مەن ئەسكەر باشلاپ قۇرال كۆتۈرۈپ سوقۇش قىلدىم، تۇرمىگە چۈشۈپ مەھبۇسلار قاتارىدا ئېغىر ئەمگەكمۇ قىلدىم، زەي زىندانلاردا، قورقۇنچلۇق قىيناشلاردا خورلاندىم، ئەمما باش ئەگمىدىم، تىزلانمىدىم. مېنى ئىككى نەرسە يىقىلغان يېرىمدىن تۇرغۇزدى، بىرى مەن ئۆگەنگەن تارىخ، يەنە بىرى مەن ئىگىلىگەن ھۈنەر. مەن بىلگەن تارىخ ماڭا قەۋمى ئۈچۈن ھەق ئىزدىگەن، ھۆرلۈك تەلەپ قىلغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۈرەش ئىرادىلىرى ئارقىلىق مەنىۋى يۆلەك بولدى. بوۋىلىرىمىزنىڭ ھايات، دۇنيا، ئۆلۈم ۋە ھۆرلۈك ھەققىدىكى ھكايەت، ئۆگۈتلىرى ماڭا زەي زىندانلاردىمۇ باش پاناھ، روھي ئوزۇق بولدى. دۈشمەن ئاچ قويدى ئەمما ئۈمىدسىزلەندۇ ـ رەلمىدى، تېنىمنى قىينىدى، ئەمما روھىمنى باش ئەگدۇرەلمىدى. چۈنكى مېنىڭ روھى دۇنيايىمدا ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن توم ـ توم كىتاپلاردىكى ھىكمەتلەردىن ئالالقاچان يېقىلماس ئىرادە مۇنارى تىكلەنگەن ئىدى. بۇ خاسىيەتلىك مۇنارنى ھېچكىم قىيناپ يىقىتالمايتتى، ئازاپلاپ يوقۇ ـ تالمايتتى. مەن بوۋىلىرىمىزنىڭ «ئىنسانغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەرمۇ ئاز» دېگەن تەۋسىيسى بويىچە پۇرسەتلا بولسا ھۈنەر ئۆگەندىم. تۇرمىگە تاشلانغان چېغىمدا قولۇمدىن ناۋايلىق، شوپۇرلۇق، رېمۇنتچىلىق، كۆۋرۈك ياساش، تامچىلىق قاتارلىق ھۈنەرلەر كەلگەنلىگى ئۈچۈن ماڭا ئېھتىياج چۈشۈپلا تۇردى. بەلكىم مۇشۇ ھۈنىرىم خاسىيتىدىن بولسا كېرەك، شۇنچە قىينىدىيۇ ئۆلتۈرۈشمىدى. ھۈنەرنىڭ خاسىيتى سەۋەپلىك ھايات قالغان مەنلا ئەمەس، مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندىم خىزمەتتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ياغاچچىلىق بىلەن جان ساقلىغان، ئۆرۈمچىدە كونىلار ھېلىمۇ ئۆتكۈر ئەپەندىمنى «دارازا ياغاچچى» دەپ ئاتىشىدۇ. باللىرىم، ئىشخانىدا گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىۋاتىمەن ، دېمەڭلار ، قىزىل ۋاراقلارنى يىغىۋېلىپ بايلىقىمكىن دېمەڭلار. بوۋىلىرىمىز، «كىمدىن قالمىغان بۇ جاھان» دەپ توغرا ئېيتقان. بىز جىق جاھان كۆردۇق، باغلام ـ باغلام پۇللار بىركېچىدىلا قۇرۇق قەغەزگە ئايلاندى، ھەيۋەتلىك قەسىرلەردە غادايغانلار بىر كۈندىلا ئاچ ـ زارلارغا ئايلاندى. روھىمىز سۇلمىسۇن دېسەڭلار تارىخ ئۆگىنىڭلار، قەددىمىز سۇنمىسۇن دېسەڭلار ھۈنەر ئۆگىنىڭلار».

كەمىنە ئۆمۈرلۈك جەڭچى، يىقىلماس ئەزىمەت سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ بىلەن كۆرۈشكەن مىنۇتلارنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن. بۇ ئەرزىمەس يازمام ئارقىلىق مەرھۇمنىڭ روھىغا ئەمىنلىك تىلەيمەن. ئۇلۇق ئاللاھ مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلغاي، مەرھۇمنىڭ غايە مەشئىلىنى ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈلۈك قىلغاي.

uyghurkitap.com



## مۇھىم قوشۇمچىلار:

سۇپاخۇننىڭ ئىنقىلاۋىي ھاياتىغا دائىر رەسىملەر:









**3) توربەتلەردە سۇپاخۇن ھەققىدىكى يازمىلارغا يېزىلغان ئىنكاسلاردىن بەزىلىرى:**

**ئاقسۇ سېپىلىنى قورشاپ تۇرغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى زەمبىرەك بولمىغانلىقى (سوۋېت ھۆكۈمىتى كاتيۇشا سېتىپ بېرىشنى رەت قىلغان ئىكەن) سەۋەپلىك سېپىلنى پارتىلىتىشقا قادىر بولالماي قورشاۋ ئۇزۇراپ كەتكەن. باش شتاپتىن چېكىنىش بۇيرىغى تاپشۇرۇۋالغان سوپاخۇن ۋە جەڭچىلەر قايتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان دەملەردە، 9-ئاينىڭ 2-كۈنى گومىنداڭ قىسىملىرى كېلىشىمگە خىلاپلىق**

قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن. جەڭچىلىرىمىز پىداكارلىق بىلەن ئېلىشىپ دۈشمەننى چېكىندۈرگەن. دۈشمەن بىر ئاز ئېتىشىپ ئوق توختاتقان ۋە قورالللىرىنىڭ ئۈچىنى يەرگە قارىتىپ ، « جىياۋ چىياڭ بۇ شا»(قورال تاپشۇرساڭ ئاتمايمىز)دەپ ئالغا يۈرگەچ ۋارقىراشقان. بۇ چاغدا سوپاخۇنكام : ئۇلار قورال تاپشۇرۇڭلار ئاتمايمىز دەۋاتىدۇ، قىرىپ تاشلايلى، دېسە، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ « قورال تاپشۇرىمىز ئاتماڭلا دەۋاتىدۇ» دەپ ئىككىيلەن تالىشىپ قالغان. سوپاخۇنكام: « ئابدۇكېرىم، تەسلىم بولىدىغان دۈشمەن قورالللىرىنى تاشلاپ بىر يەرگە توپلايدۇ، ئاندىن قۇرۇق قول بولۇپ ۋەكىل ئەۋەتىدۇ » دېسىمۇ ئابدۇكېرىم ئاباسوپ قايىل بولماي ئەسكەرلەرگە تەييارلىق بۇيرۇقى بەرگۈزمىگەن. دۈشمەن ئەسكەرلىرى يېقىن كېلىۋالغاندىن كېيىن، بىراقلا غالجىرلارچە ھۇجۇمغا ئۆتكەن، نەتىجىدە نۇرغۇن جەڭچى شېھىت بولغان ۋە قىسىم مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن، بۇنىڭ جەڭچىلەر ۋە خەلق ئىچىدىكى تەسىرى ئىنتايىن يامان بولغان ئىدى.

مانا بۇ جانابى زىيالىينىڭ ھالقىلىق پەيتتە قىلغان ئىشى دەڭلار ، بۇ كومشاغا جەڭ مەيداندا نىمە بار؟ يات ملللەتتىن بولغان خوتۇنىنىڭ شورۋىسىنى ئىچىپ ئولتارماي...

بۇنى زادى قانداق بىر كۈچ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقارغان بولغىيتتى ، ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ ،

گومىنداڭ قوشۇنىدا نۇرغۇن مىللى ئوفىتسىر-ئەسكەرلەر بولۇپ، سوپاخۇن ئەنە شۇلار ئىچىدىكى ئۆز قوشۇنىغا، يەنى ھەققانىيەت تەرەپكە ئۆتكەن غۇرۇرلۇق يىگىت. ئەمما يەنە بىر بۆلۈم مىللى ئەسكەرلەر (خۇددى ھاكى قۇربانغا ئوخشاش) يەنىلا گومىنداڭنىڭ كۆتنى يالاپ، ئىتقا ئوخشاش ئەگىشىۋەردى.

يۇقارقى توزداش ئۇتتۇرغا قويغان «... بۇكومشاغا جەڭ مەيداندا نىمە بار...» دىگەن گىپىگە ئۈزۈمنىڭ كالتە بولسىمۇ چۈشەنچەمنى دەپ باققۇم كەلدى: بۇ كومشانى ئەينى يىلدىكى ئىگىسى ئاقسۇ ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەۋەرتكەن. قىسىم ئاقسۇ فرونىتىدا نۇرغۇن قۇربان بىرىپ، غەلىبە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان چاغدا قايتىشقا بۇيرۇق كېلىدۇ، بۇكومشا بۇيرۇقنى ئەڭ تېز ئىجرا قىلغۇزدى. ئېلىخان تۆرە ئوغلىنى ئاقسۇغا ئەۋەرتىپ، سوپاخۇنغا چېكىنىش بۇيرىغىنى ۋاقتىنچە ئىجراقىلماسلىقنى دىگەندە، سوپاخۇن قوشۇندىكى كومشانىڭ نازارىتى ئاستىدا ھەربى ھوقوقى ئاجىزلاپ كەتكەچكە ئامالسىز قالغان. ئەمما قوشۇن ئاقسۇدىن چېكىنگەندە دۈشمەن چوقۇم بىگۇناھ ئاممىنى قىرىپ تاشلىشى ئېنىق بولغاچقا، يەنە بىر مەلۇماتتا سوپاخۇننىڭ ئايالى تۇخان سوپاخۇننىڭ مىڭسىگە تاپانچا تەڭلەپ تۇرۇپ :« ئاقسۇدىن چېكىنىشكە بولمايدۇ، چېكىنسەڭلا نۇرغۇن بىگۇناھ خەلق ئۆلۈپ كېتىدۇ... چېكىنسەڭ سىنى ئېتىپ تاشلايمەن...» دىگەن مەزمۇنلارنىمۇ كۆرگەنمەن. مانا بۇلاردىن كومشانىڭ ئاقسۇ ئۇرىشىدا ھەققى ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۋېلىپ، ئەسكەرلەرنى قەستەن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەندىن سىرت، يەنە بىگۇناھ خەلقنىڭمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقارغان. تارىخ ھامان ئادىل، ئەڭ ئاخىردا بۇمۇناپىقمۇ ئىتنىڭ كۆنگە قالدى.... شۇنچىلىك سۆزلەي.

تېما ئىگىسگە مىڭلارچە تەشەككۇر، دوستلار، بىز مۇشۇ تارىخى ماتىرىياللارنى ئۆزىمىزلا ئوقۇپ بولدى قىلماي پەرزەنتلىرىمىزنىمۇ ئوقۇشقا يېتەكلەيلى ياكى ئۆزىمىز قىسقا ھېكايە شەكلىدە ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ شۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئۆز ئىختىيارلىغى بىلەن تارىخى كىتاپلارنى ئوقۇيدىغان ، تارىختىكى قەھرىمانلارنى ۋە خائىنلارنى تونۇپ يېتەلەيدىغان، ئۆزلىرىنىڭ بۇندىن كېيىن قانداق ئۆگىنىشى ، قانداق ئادەم بولۇش كېرەكلىگى توغرىسىدا ئويلىنىدىغان قىلىپ تەربىيلەش ئارقىلىق شۇ قەھرىمانلىرىمىز تۆككەن قانلارغا ئازراق بولسىمۇ جاۋاپ قايتۇرساق دىگەن ئۈمىتتىمەن، پەرزەنتلىرىمىزدىن قەھرىمانلارنى سورىساق كىشى تىلى كەلمەيدىغان بىرنىمىلەرنى دىمەي، سوپاخۇن، خوجنىياز ھاجى، تۆمۈر خەلپە، سابىت داموللام، غەنى باتۇر، نازۇگۇم، رىزۋانگۈل دەپ سانىشىدىن شۇ قەھرىمانلىرىمىزنىڭمۇ روھى خوش بولسا نېمە دىگەن خاسىيەتلىك ئىش بولاتتى-ھە؟

چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك. بىزنىڭ نۆۋەتتە قىلالايدىغىنىمىز ئۆز پەرزەنتلىرىمىزنى ئاشۇنداق ئوت يۈرەك ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش !

1 ـ سۇپاخۇن ئاقسۇ فرونتىدا ئۆزىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغان. ئاقسۇغا بولغان ھۇجۇمدا مۇز داۋاندىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەچكە، ئوكسىگىن كەمچىل بولغان تاغ چوققىسىدا سىز ئويلاپ يەتەلمىگەن قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت كۆپرەك كەتكەن.
2 ـ ئاقسۇ سېپىلىنى قورشاۋغا ئېلىشتا، سوۋېت كاتىيۇشا سېتىپ بىرىشنى رەت قىلغان. غۇلجا تەرەپتىن پارتىلاتقۇچ دۇرا بەرمىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقسۇ سېپىلىنى ئالالمىغان.
3 ـ مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللارنى كۆرۈپ باقساق، سۇپاخۇنلار ئاقسۇ خەلقىنى ناھايىتى ياخشى سەپەرۋەر قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاقسۇ خەلقى مىللى ئەسكەرلەرنى يىغا ـ زار بىلەن قارشى ئالغان، ھەتتا ئاتنىڭ ئۈزەڭگىلىرىگە، ئەسكەرلەرنىڭ پۇتلىرىغا سۆيگەن. خەلق شۇ دەرىجىدە ئىزىلگەچكە ئەنە شۇنداق ئۆز قوشۇنىغا تەشنا بولغان، شۇنداق ئىكەن ئۇلار سەپەرۋەرلىككە كەلمەسمۇ؟
4 ـ چېكىنىشتىكى قىرغىنچىلىقنى ھېلىقى ئابدۇكېرىم ئابباسوف دېگەن ئىتنىڭ كۆچۈگى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نۇرغۇن يىگىتلەر قىرىلىپ كەتكەن.
5 ـ مىللى ھۆكۈمەت گومىنداڭ بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ، سۇپاخۇنلارنى چېكىنىشكە بۇيرىغاندا، سۇپاخۇننىڭ ئايالى تۇخان سۇپاخۇننىڭ مىڭىسىگە تاپانچا تەڭلەپ تۇرۇپ: «چېكىنىشكە بولمايدۇ، چېكىنسەك، دۈشمەن ئاقسۇ خەلقىنى پۈتۈنلەر خانىۋەيران قىلىۋېتىدۇ» دېگەن، ئەمما ھۇقۇق ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ قولىدا بولغاچقا سۇپاخۇن ئامالسىز قالغان. بۇنىڭدىن ئاقسۇ خەلقىنىڭ مىللى ئارمىيىنى نەقەدەر ھمايە قىلغانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار چېكىنسە دۈشمەن خەلقتىن ئۆچ ئالغان. ئېلىخان تۆرە ئوغلىنى ئاقسۇغا سۇپاخۇننىڭ ئالدىغا ئەۋەرتىپ، مەخپى بۇيرۇق بىلەن چېكىنمەسلىككە دەۋەت قىلغان، ئەمما يۇقېرىدا دېگەندەك ئابدۇكېرىم ئابباسوف پۈتۈن كۈچى بىلەن سۇپاخۇن بىلەن ئېلىخان تۆرىنىڭ ئوغلىنى نازارەت قىلغان.
شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاقسۇ فرونتى مىللى ئارمىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ئويۇنى ئىدى، ئۇلارنىڭ مەقسىدى ھەرگىزمۇ سۇپاخۇنغا ئاقسۇنى ئازات قىلدۇرۇش ئەمەس ، بەلكى دۈشمەننى تۇتۇپ تۇرۇش خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇپاخۇننىڭ ئاقسۇنى ئېلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن ئىچىگە ھېلىقى ئىتنىڭ كۈچۈگىنى ئالاھىدە ھۇقۇق بىلەن قوشۇپ يولغا سالغان ۋە ئاچقۇچلۇق پەيتتە سىپىل پارتىلىتىش ئۈچۈن پارتلاتقۇچ دۇرا بەرمىگەن. شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە پارتلاتقۇچ دۇرا، ھەتتا ياردەمچى قوشۇنمۇ يېتەرلىك بار ئىكەن. ئەمما ئەكسىچە بولغان. بۇنىڭدىن ئاقسۇ فورونتى ئۇرۇشىنىڭ بىر ئويۇن ئىكەنلىگىنى، تارىخنىڭ نەقەدەر رەزىل ئىكەنلىگىنى بىلىشىمىز مۇمكىن.

سۇپاخۇن قوشۇنىنىڭ ھەربىي قوماندانى، ئابدۇكېرىم بولسا سىياسي كومىسار.
ھەربىي ئىشلاردا سىياسي كومىسارنىڭ يولىيۇرىغى بىلەن ئىش قىلىدىغان گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇكېرىم ئابباسوف بولسا ستالىننىڭ سۇپاخۇننى كۆزۈتىشكە قويغان كۆزى...

سۇپاخوننىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىسىدىن ئىككىسى بار؛ 1 ـ گومىنداڭدىن يۈز ئۆرۈپ مىللىي قىسىملارنى باشلاپ ھەققەقەتكە قايتىپ خەلقنىڭ ئىنقىلاۋى سېپىگە قايتىش، 2 ـ ئاقسۇ سەپىرى. ئەمما بۇ سەپەر سۇپاخۇنلارنى كۆزدىن يوقۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان سەپەر ئىدى...لىكىن سۇپاخۇن بۇسەپىرىدە گومىنداڭ بېسىپ ياتقان ئاقسۇ كوناشەھەر (ئۇنسۇ) ناھىيىسنى ئىشغال قىلدى، ئاقسۇ شەھرىنى قورشاۋغا ئالدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەينى ۋاقىتتا دۈشمەن ئويلىمىغان يەردىن جان يېرىگە بىرنى تەپتى

دىگەنلىك. ئاقسۇنى مۇھاسىرگە ئالدى دىگەنلىك جەنۇپ ـ شىمال قاتناش لىنىيىسىنى ئۈزدى دىگەنـلىك. ھەربىي ئىشلاردا قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئۈزۈلىشى ـ ئارقا سەپ بىلەن ئالدىنقى سەپ ئايرىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ . بۇ خۇددى بىر پۇتى ئۈزۈلگەن توكۇر ئادەمدەك دىگەن گەپ. سوۋېتلىكلەر باشتىن ـ ئاخىر سۇپاخۇندىن قاتتىق قورققان ھەم ئېھتىيات قىلغان. چۈنكى سۇپاخۇننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك خوجىنىياز ھاجى دەۋرىدىن قالغان ئەسكەرلەر. شۇڭا سۇپاخۇننى ئاز بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن ئاقسۇغا يولغا سالغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سۇپاخۇننى ئاقسۇنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭنىڭ سۇپاخۇندىن كۆپ بولغان ئەسكىرىي كۈچىگە سېپ بىرىپ يوق قىلماقچى بولغان..... ئەمما سۇپاخۇن شۇ چاغدا بۇ «شۇم قۇربانلىق» لاردىن ئامان قالغان. سۇپاخۇننىڭ قىسمى ئاقسۇ كونا شەھەردە خەلقنى خېلىلا سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگەن ،نۇرغۇن ئادەم ئاۋاز قوشقان ،چوڭ ئانامنىڭ دادىسىمۇ شۇ بىرتال ئارزۇلۇق چوڭ ئوغلىنى (ھازىر ھايات) سۇپاخۇنلارغا تاپشۇرغان. سۇپاخۇنلار كەتكەندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتا قورقۇپ ئاقسۇ شەھەرگە كىرىپ كەتكەن رۇستەم بۇغاز(ھاكىم) قايتىپ چىقىپ سۈرۈشتۈرۈپ، شۇ بوۋىمىزنى جان يېرىدىن ئېسىپ قويۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاقسۇنى ئېلىش نىيىتى بولغان بولسا بىر بۇيرۇق كەلگەن بولسا ياكى ئوق ـ دۇرا ياردىمى كەلگەن بولسا ھېچ قانچە گەپ ئەمەس ئىدى...

كۆپلەپ ئەسكەرلەرنىڭ شېھىت بولۇپ كىتىش مەسلىسىگە كەلسەك، بۇ مەسئۇلىيەت يەنىلا ئابدۇ كېرىم ئابباسوفنىڭ زىممىسىگە ئارتىلىشى كېرەك....

سۇپاخۇن ئايالىنى ئېلىپ قومۇلغا كەلگەندە مەن سۆھبەتتە بولغان(قومۇل شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغانلىغىنىڭ 60 يىللىغىدا) سۇپاخۇننىڭ دىيىشىچە، پەقەت 300 ئەسكەر بىلەن سوپاخۇننى ئاقسۇنى ئازات قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئەسكەر بەكلا ئاز بولغاچقا سوپاخۇن پارتىزانچە ئۇرۇش قىلغان.... سوپاخۇن ئەسكەرلىرى بىلەن بۇلاق ئەتراپىدا ئۇخلاۋاتقان دۈشمەنگە ئۇچراپ قالغان . سوپاخۇننىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئاتلىرى ھېرىپ قالغان، دۈشمەن بولسا دەم ئېلىۋاتقان. ئەگەر تۇتۇشۇپ قالسا سوپاخۇننىڭ زىيان تارتىدىغانلىغى ئېنىق. شۇڭا سوپاخۇن ئەسكەرلەرگە ئالدى بىلەن دۈشمەننى ئەمەس، ئاتلارنى ئېتىۋېتىشقا بۇيرۇق بەرگەن. ... نەتىجىدە بۇ تاكتىكا ئۈنۈم بېرىپ، دۈشمەننى تولۇق يوقاتقان.......

## سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان



ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار خاندانلىغىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خاقانى بولۇپ ئۇ ئۇيغۇر دىيارىغا تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنى تارقاتقان بولغاچقا، ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ پېشىۋاسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ . ئۇنىڭ قاچان تۇغۇلۇپ قاچان ۋاپات بولغانلىغى توغرىـسىدا ئېنىق مەلۇماتلار بولمىسىمۇ ، لېكىن بەزى تارىخىي ماتىرىياللار ئۇنىڭ 901 ـ يىلىدىن 956 ـ يىلىغىچە ياشىغانلىغىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەرلىگىنى دۆلەتنى قوغداش يولىدا ئالەمدىن ئۆتكەن كىشىلەر قويۇلغان جايغا قويۇشنى تەۋسىيە قىلغان ، ئۇ يەر « شېھىت ماكانى»، يەنى «مەشھەد» دەپ ئاتالغان. ئۇ يەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھازىرمۇ «ھەز سۇلتان»، «ھەز سۇلتۇنۇم » دىگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان مازىرى بار. «ھەز سۇلـتان» دىگەن سۆز «ھەزرەت سۇلتان» دېگەن سۆزنىڭ جانلىق تىلدا ئېيتىلىشى بولۇپ، « ھەزرەت سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» دىگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى. «سۇلتان» دىگەن سۆز ئەرەپچە «سەلتەنەت ئىگىسى» دىگەن مەنىدە بولۇپ ، سۇتۇق بۇغراخان نامىغا ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا قو ـ

شۇلغان بولۇشى مۇمكىن . تارىخى ماتېرىياللاردا بولسا «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئابدۇكېرىم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. «ئابدۇكېرىم» ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن قويۇلغان ئىسمى . 1990 ـ يىلى ئالدى دەرۋازا ۋە ئىككى ياندىكى ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يېڭى مۇنارىسى ياسالدى ، بۇ يەر «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى» دەپ ئاتىلىپ ، « جۇڭگو مەشھۇر ئاسارە ـ ئەتىقىلەر لۇغىتى» دىگەن كىتاپقا مەشھۇر ئاسار ـ ئەتىقىلەر سۈپىتىدە كىرگۈزۈلدى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ئاتۇش شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سۇنتاغ يېزىسى مەشھەت كەنتىگە جايلاشقان، خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76.10 گرادۇس، شىمالىي كەڭلىك 39.41 گرادۇس، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگى 1298 مېتىر، مازار ھەيۋەتلىك مۇنارلىق دەرۋازا، قورشاۋ تام، مەسچىت، سەرراپ، ياتاق (مۇساپىرخانا)، ئىش بېجىرىش ئۆيلىرى، هويلا، كۆل، قەبرىستانلىق ۋە مېۋىلىك باغلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ. قەبرىستانلىقتا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى (گۇمبەز) دىن باشقا يەنە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ مەقبەرىسى ۋە باشقا ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىلىرىمۇ بار.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار خانلىقىغا ئاساس سالغۇچى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ نەۋرىسى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد خاقانى ھەمدە خانلىقتا تۇنجى بولۇپ ئۆلىما ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ دەۋەت قىلىشى ۋە ئەرەپ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر قاغانى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتتا (مىلادىيە 943\ 942 ?? ـ 955\956 ـ يىللىرى) ئىسلام دىنىنى ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىدا ئومۇملاشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە تارقىتىش، كېڭەيتىش جەھەتتە زور كۈچ چىقارغان ۋە شىنجاڭدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان ئۇلۇغ ئۆلىما ھەم ھەربىي ئالىم. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھىجرىيە 344 ـ يىلى (مىلادىيە 955\956 ـ يىلى) ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى مۇسا بىننى ئابدۇلكېرىم(بايتاش ئارسلانخان) ئۇنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ مەقبەرىنى ياساتقان، بۇ مەقبەرە قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ تا هازىرغىچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە قايتا ياسالغان. مەقبەرە دەسلەپتە ياغاچ تۈۋرۈكلۈك، ۋاسا جوپ، تۈز تورۇسلۇق شەكىلدە بولۇپ، پۈتۈن قورۇلۇش تۇپا، ياغاچتىن ياسالغان، پۈتۈنلەي نەقىشلىك ياغاچ پەنجىرىلىك ئىمارەت بولۇپ، بۇ شىنجاڭ تەۋەسىدە ئەڭ بۇرۇن ياسالغان ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرە ئىمارىتى ۋە قەبرىگاھ ئىدى. غەرپ ئالىملىرى ئىچىدە بىللىيى تۇنجى بولۇپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلغان، ئۇنىڭ ئىسپاتلىشىچە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغان كاپىمان تارتقان سۈرەتكە قارىغاندا، مازارنىڭ قۇرۇلمىسى ھەشەمەتلىك گۇمبەز بولۇپ، گۇمبەزنىڭ تۆت ئەتراپىدىمۇ مۇنارلىرى بار. گۇمبەز كۆك، يېشىل، سېرىق كاھىش چاقچۇقلار ۋە نەقىشلەر بىلەن چىرايلىق قىلىپ بېزەلگەن. گۇمبەزنىڭ شەرقىي تەرىپىدە قولۇپلاغلىق ئېگىز ياغاچ ئەگمە دەرۋازا ئۈستىدە " 1838 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى زۇھۇرىدىن قايتا رېمونت قىلدۇرغان" دىگەن ئەرەپچە خەت بارلىغى مەلۇم.

چاغاتايچە «تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق قوليازمىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوجا مۇھەممەد شېرىپ دىگەن كىشىنىڭ بۇ مازارغا كەلگەنلىگى، مەسچىت سالدۇرۇپ، ئىمام ـ مەزىنلەرنى تەيىنلەپ، ۋەخپە يەر ئاجرىتىپ، مازارنى ئاۋاتلاشتۇرغانلىغى، ئۇنىڭ دىنىي جەھەتتىكى بىلىمى ۋە پازىللىغى بىلەن ئەل ئىچىدە ئابرۇيى قازانغانلىغى مەلۇم. جۇملىدىن يەكەن سەئىدىيە خانلىغى سەلتەنىتى دەۋرىدە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان (مىلادىيە 1533?? 1559 ـ يىللىرى)نىڭ ھەر يىلى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئاتۇشقا كېلىپ ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، قۇرئان تىلاۋەت ئۆتكۈزۈپ تۇرغانلىغى ھەمدە ئۇنى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن خىش قۇرۇلمىلىق گۇمبەز تورۇسلۇق قىلىپ كەڭ كۆلەمدە رېمونت قىلدۇرغانلىغى ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇپ چىققۇزغانلىغى، مازارنىڭ ئالدى تەرىپى ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن ئىشلەنگەن رەڭدار كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەنلىگى مەلۇم.

يەكەن سەئىدىيە خانلىغىنىڭ ئاخىرقى خانى مۇھەممەد ئىسمايىل باھادىرغازى (مىلادىيە 1670؟؟ 1678 ـ يىللىرى) ئالاھىدە يارلىق چىقىرىپ: «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا ۋەخپە قىلىنغان يەرلەردىن ئۆشرە ـ زاكاتتىن باشقا ھېچقانداق باج ـ سېلىق ئېلىنمايدۇ»غانلىغىنى بېكىتكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھىجرىيە 1241 ـ يىلى (مىلادىيە 1827\ 1826 ـ يىللىرى) قەشقەر ھۆكۈمرانى ئىسھاق ۋاڭ تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنىپ، ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ ھازىرقى شەكلىگە ئوخشاش قىلىپ ياسىتىلغانلىقى مەلۇم.

ئومۇمەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى 1000يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا، ھاكىمىيەت، دىنىي تەشكىلات، پۇلدارلار ۋە جامائەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنىپ كەلگەن.

مازاردىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ گۈمبىزى ئىلگىرى ـ كېيىن 1901 ـ 1902 ـ يىللاردىكى قەشقەر، ئاتۇش رايونىدا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ۋە 1944 ـ يىلىدىكى كەلكۈن ئاپىتىدە ۋەيران بولغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىگاھى 1956 ـ يىلى ۋە 1959 ـ يىللىرى تەكشى يۈزى تۆت چاسا شەكىلدە، خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ قايتا ياسالغان. تۆت تېمىنىڭ سىرتقى يۈزى گۈللۈك خىش تىزما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن، ئۈستى ئۈچبۇلۇڭلۇق ياغاچ لىم بىلەن يانتۇ ئۆگزىلىك، تۈز تورۇسلۇق قىلىپ يېپىلغان، ئوتتۇرىسىغا كىچىك مۇنار چىقىرىلغان. مۇنارنىڭ ئۈستىگە ھىلال ئاي بەلگىسى ئورنىتىلغان.



سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى

قەبرىگاھنىڭ كۆلىمى 196 كۋادرات مېتىر، ئۇزۇنلىغى بىلەن كەڭلىگى 14 مېتىر، ئېگىزلىگى 85 .5 مېتىر، ئۈستى بىگىزسىمان، قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى قەبرىگاھنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 3.20 مېتىر، كەڭلىگى 2.32 مېتىر، ئېگىزلىگى 1.55 مېتىر، سىرتى ئاق گەج بىلەن ئاقارتىلغان. قەبرە ئۈستىگە دۇخاۋا يوپۇق يېپىلغان، ئۈچ تەرىپىدە تۆمۈر پەنجىرىلىك دېرىزە بار بولۇپ، دېرىزىنىڭ ئېگىزلىگى 2.83 مېتىر، كەڭلىگى 1.80 مېتىر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىرتى نەقىشلەنگەن تۆمۈر رېشاتكا بىلەن ئورالغان. قەبرىگاھ دېرىزە تەكچىسىگە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە تاش قويۇپ قويۇلغان، تاۋاپچىلارنىڭ نەزىرىدە بۇ تاش خاسىيەتلىك بولۇپ، بەل ـ پۇت ئاغرىقى بارلار ئۇنى ئاغرىغان يەرلىرىگە سۈركىسە كېسىلى ساقىيارمىش. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ چاسا شەكىللىك ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۈستى يېپىلغان مەقبەرىسى بار بولۇپ، ئۇزۇنلىقى بىلەن كەڭلىكى **3.30** مېتىر، ئېگىزلىكى **3.70** مېتىر، كۆلىمى **11** كۋادرات مېتىر. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ ئالدى تەرىپىگە مەسچىت، مەدرىس، ياتاق، مۇنچا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىمارەتلەر سېلىنغان.

مازاردىكى مەسچىت ئېگىز كۆتۈرۈلگەن سۇپا ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن **19** ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياسالغان. مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى **1192** كۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى **7.43** مېتىر، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى **10889** كۋادرات مېتىر بولۇپ ئېچكىرى ـ تاشقىرى قىلىپ سېلىنغان. مەسچىتنىڭ ئىككى ئىشىكى، تۆت دېرىزىسى بار، ئىچىدە ئىككى رەت **12** تال تۈۋرۈكى بار، مەسچىتنىڭ شىمال، جەنۇب، شەرق تەرىپىدە ھەيۋەتلىك پېشايۋان بار بولۇپ، شىمال ۋە جەنۇبىدىكى پېشايۋاندا ئىككى رەت يەتتە تال تۈۋرۈك، شەرقىدە ئۈچ تال تۈۋرۈك بار. پۈتۈن مەسچىتنىڭ تۈۋرۈگى **43** تال. مەسچىتنىڭ مېھراب ۋە چاسا تورۇسلىرى بىلەن پېشايۋان تورۇسلىرى خىلمۇ ـ خىل رەڭلىك سىزما نەقىشلەر بىلەن ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن. مەسچىت تۇپا، خىش ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئەتراپى ياغاچ رېشاتكا بىلەن ئورالغان. ئۇنىڭ ياسىلىشى پۇختا، كۆركەم ۋە ئەتراپىدىكى مەنزىرىسى چىرايلىق بولۇپ، مەسچىت ئالدىدىكى سۇپ ـ سۈزۈك كۆل ۋە ياپ ـ يېشىل بوستان تېرەكلەر ئۆز ـ ئارا قوشۇلۇپ، پۈتۈن مازارغا ھۆسن قوشۇپ، ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ مازار جۇڭگو ۋە چەئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ماختىنىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. مازارنىڭ دەرۋازىسىدا **1993** ـ يىلى پۈتكەن **45** مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيۋەتلىك مۇنار بار. مازارغا تەۋە **12** مو باغ بار بولۇپ، بۇ باغدا ئەنجۈر، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئامۇت، ئانار، بادام ۋە قارىئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھازىرقى قەبرىگاھى **1996** ـ يىلدىن باشلاپ يېڭە قايتا ياسىلىشقا باشلاپ، ھازىر قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ئاساسىي قۇرۇلۇش بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئەسلى كۆلەم ۋە ئۇسلۇب بويىچە ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم قىلىپ ياسالدى، ھازىر مازارغا تەۋە مەسچىتمۇ قايتا ياسالماقتا.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى **10** ـ ئەسىردە بىنا قىلىنغاندىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان جايى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ داڭلىق سەيلىگاھ ۋە زىيارەتگاھ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مازار **1956** ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى.

## سۇلتان سەئىدخان



سۇلتان سەئىدخان مەشھۇر يەركەن خانلىقىنىڭ (مىلادى **1514** ـ **1679** ـ يىللار) قۇرغۇچىسى، ئاتاقلىق شائىر، ھەربىي ئالىم، داڭلىق مۇزىكانت ۋە مۇقامشۇناس. سەئىد خاننىڭ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ھاجى ئەخمەتنىڭ «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق كىتاۋىدا سەئىدخان **1495** ـ يىلى تۇغۇلغان دېيىلسە، ئابدۇرېھىم سابىت تۆزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دا مىلادى **1466** ـ يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەركىزى ئاقسۇدا تۇغۇلدى، دېيىلىدۇ. خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «غەربىي رايون مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر زاتلار» (خەنزۇچە) دېگەن كىتاپتا **1485** ـ يىلى

تۇغۇلغان دېيىلسە، ۋ.غوپۇر ، ئە.ھۈسەيىن تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»دا 1484 ـ يىلى تۇغۇلغان، دېيىلدۇ. بىزنىڭچە 1484 ـ يىلى تۇغۇلدى، دېگەن مەلۇمات بىر قەدەر ئىشەنچلىك، چۈنكى كۆپلىگەن مەنبەلەردە يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان يىلى مىلادى 1514 ـ يىلى بولۇپ، سۇلتان سەئىدخان 30 يېشىدا خانلىق تەختىگە چىققانلىقى ۋە 20 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، 1533 ـ يىلى تىبەتنى بويسۇندۇرۇپ يەكەنگە قايتىش سەپىرىدە ئالى ئېگىزلىكىدە ئىس ئېلىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى يولدا ۋاپات بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ. سەئىدخاننىڭ دادىسى سۇلتان ئەھمەتخان نەسەپ جەھەتتىن چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولۇپ، مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن مۇغۇلىستان خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق ھەربىي سەركەردە ئىدى. سەئىدخاننىڭ چوڭ دادىسى يۇنۇسخان بۈيۈك ئالىم، ئاسترونوم مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ياردىمى بىلەن مەشھۇر ئالىم مەۋلانا ئەلى يەزدىگە شاگىرت بولغان، ئۇنىڭدا 12 يىل ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئالىمى بولۇپ يېتىشكەن. سەئىدخاننىڭ دادىسى ئەھمەتخان يۇنۇسخاندىن بىۋاستە تەربىيە ئالغان ۋە ئوغلى سەئىدخاننى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئىلىم ـ مەرىپەت سۆيى بىلەن يۇغۇرغان. سەئىدخان يەنە بىر نەۋرە تۇغقىنى، ھەربىي ئالىم ۋە شائىر ئوبۇلقاسىم بابۇر بىلەن بىر مەزگىل ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ناھايىتى پۇختا ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 20 ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق ئالىمى بولۇپ تونۇلغان...

سەئىدخاننىڭ بىۋاستە تەربىيىسى ئاستىدا يېتىشكەن تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كوراگان «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) ناملىق ئەسىرىدە سەئىدخاننى مۇنداق تەرىپلىگەن: «سەئىدخان كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەر مەدەنىيەت ئاشناسى ئىدى... ئۇنىڭ دەۋرىدە قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسى نۇرلاندى، سەئىدخان ئېسىل، نىجاتكار ۋە ئالىيجاناپ كىشى ئىدى، تەكەللۇپنى ياخشى كۆرمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، جەسۇر ۋە جەڭگىۋار بولۇپ، سىپاگەرچىلىكتە قوماندان ئىدى.»، «سەئىدخان خەتتاتلىق، شېئىرىيەت، ھەلچىلىك، تامغىچىلىق، زەرگەرلىك، نەققاشچىلىق، مىمارچىلىق، سازچىلىق، ئوق ئۆتمەس تۆمۈر كىيىم ياساش، ئوق، قىلىچ، نەيزە ياساش، مېتال ئايرىش قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئەتلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق كامىلى ئىدى، سەنئەتنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۇد، ساتار، تەمبۇر، چاھارتار (تۆت تار)، غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. تۈركچە، پارسچە بەھۇزۇر شېئىر يازالايتتى. قىسقىسى، ئۇ ھەم ئەلەم، ھەم قەلەم ساھەسىنىڭ ئۇستىداتلىق ماھىرى ئىدى.» سۇلتان سەئىدخان مانا شۇنداق سۈپەتلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ناھايىتى تېز شۆھرەت قازانغان ۋە كۆپ ھىمايىگە ئىگە بولغان. ئۇ «يەكەن خانلىقى» نىڭ خانى سۈپىتىدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللىرىدە ئالدى بىلەن پارچىلىنىپ كەتكەن فېئودال بۆلۈنمە بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان «يەكەن خەلقى» دائىرىسىدە(سەئىدخان دەۋرىدە شەرقتە قۇمۇلدىن غەرپتە بەدەخشانغىچە بولغان رايونلارنىڭ ھەممىسى «يەكەن خانلىقى» غا قارايتتى) بىر قەدەر مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت تۇرغۇزغان، ھەرخىل ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىسلاھاتلىرىنى ئېلىپ بارغان. بولۇپمۇ ئۇ مەرىپەتنى قىزغىن سۆيگەچكە، ئۆز دەۋرىنىڭ بىلىم ئەھلىلىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلىغان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە باشقا پەنلەر بويىچە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخان دەۋرىدە قەشقەر ۋە يەكەن قايتىدىن جانلىنىپ، يەنە بىر قېتىم مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. سەئىدخان گەرچە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى توپلاپ، رەتلەش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈشتەك دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ئەھمىيەتلىك خىزمەتكە ئۆزى بىۋاستە ئىشتىراك قىلىمىغان بولسىمۇ، كۆڭلىگە ئاشۇنداق بىر يۈكسەك مۇددىئانى پۈكۈپ، بۇ ئىش ئۈچۈن ياخشى شەرت ـ شارائىت ھازىرلاشقا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئەينى چاغدا ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە قۇرۇلغان مەشھۇر «ساجىيە مەدرىسى» ۋە يەكەندە قۇرغان «خانلىق مەدرىسى» لىرى ھەمدە يەكەندىكى ئوردا كۆل بويىغا قۇرغان «دىۋانخانا» (خانلىق كۇتۇپخانا) شۇ ۋاقىتلاردا سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى ئىدى، بۇ ئىلىم يۇرتلىرىدا ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ھېساپ، تارىخ، مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە، دېھقانچىلىق، قول

uyghurkitap.com



ھۈنەر قاتارلىق ئىلىملاردىن تاشقىرى ئەدەبىيات، مۇسقى (مۇزىكاشۇناسلىق) قاتارلىق پەنلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ھەر قايسى جايلاردىكى مەشھۇر ئالىملار ئۇيۇشقان ئىدى، سەئىدخان دەۋرىدىكى قەشقەر ۋە يەكەننىڭ بۇنداق گۈللەنگەن ۋەزىيىتىنى خۇددى ئەلشىر ناۋائى دەۋرىدىكى ھىراتنىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشىتىش مۇمكىن.

سەئىدخان يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك تالانتلىق شائىر، مەشھۇر مۇسەننى ھەم موغەننى (مۇزىكانت ھەم مۇقامچى) بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيەتلىرى دەۋرىمىزگە تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن، پەقەت «تارىخى رەشىدى» دە ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە شېئىرلىرى ئۆرنەك قىلىنغان:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
ھۇر بىرلە جەننەتۇل ـ مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كۇيىدە يۈزمىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.
لەئلىدىن خەتتى بودۇر ھەر ھەم دەم تىرىكلىككە نىشان.
خۇش نىشاندۇركى ئىكى قاشىدىن تۇغراسى بار.
بىر سۇجۇك سۆز بىرلا ئۆلگەن جىسمىم بەردىڭ ھايات،
لەئى جان بەخشىڭدە گوياكىم مەسىھ ئەنفاسى بار.
يۈزى ئۈزرە كاكۇلۇ زۇلفىن پەرىشان كۆرگىلى،
ئى سەئىد ئاشۇفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.

سەئىدخاننىڭ بۇ شېئىرنى مۇقام ئاھاڭىغا سېلىپ ئېيتقانلىقى مەلۇم، بۇ پەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، سەئىدخان قۇرغان «يەكەن خانلىقى» دەۋرى «قاراخانىيلار خانلىقى» دەۋرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرى ھېساپلانسىمۇ، لېكىن بۇ دەۋردە تىل جەھەتتە ئەرەپ ۋە پارسلاشتۇرۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى ساپلىقى كۆرۈنەرلىك بۇزۇلۇشقا ئۇچراپ، شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا تىلىدا ئەكس ئەتكەن، بۇنداق ھالەتنى سەئىدخان دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ ئەپسۇسلىنارلىق تەرىپى دېيىش مۇمكىن.

# سۇلتان مەھمۇتخان

سۇلتان مەھمۇدخان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىيە **1487** ـ يىلى يۇنۇسخان ئۆلگەندىن كېيىن، يەتتىسۇ، فەرغانە ۋە تاشكەنت رايونلىرىنى بۆلۈۋېلىپ خانلىق قىلغان.

سۇلتان مەھمۇدخان زوھورىدىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ تاغىسى بولۇپ، ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بابۇر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە ئۇنىڭ شەيبانىخانغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ياردەم بېرىپ تۇرغان . بابۇرمۇ سۇلتان مەھمۇدخاننى ناھايىتى ھۆرمەتلىگەن ۋە شېئىرىيەت مەسىلىلىرى توغرىسىدا پىكىرلىشىپ تۇرغان.

سۇلتان مەھمۇدخان ئۆز زامانىسىدا تونۇلغان شائىرلاردىن بولغانلىقى، تۈركىي ۋە پارسىي تىللاردا كۆپلىگەن ياخشى شېئىرلارنى ئىجاد قىلغانلىقى مۇناسىۋەتلىك تارىخى ماترىياللاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، لىكىن ئۇنىڭ ئەدەبى مىراسلىرىدىن پەقەت بىر بېيىتلا ئەنە شۇ تارىخى ماترىياللار ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن:

«ئەھلى دۇنيا بىرلە دۇنيادىن ۋەفا كۆرمەس كىشى،
ئەي،خۇش ئول ئازادەكىم ئالەم بىمەن يوقتۇر ئىشى.»

1502 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ هاكىمىيىتى دەشتى قىپچاق ئۆزبەكلىرىنىڭ رەھبىرى شەيبانىخان تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان. 1509 ـ يىلى مەھمۇدخان شەيبانىخانغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ، خوجەنتنەت دىگەن جايدا ئالتە ئوغلى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەن .

# سىنقۇسلى تۇتۇڭ

سىنقۇسلى تۇتۇڭ تەخمىنەن 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى، مەشهۇر ئوقۇتقۇچى، داڭلىق تەرجىمان، ئەدىپ، يېتىشكەن تىلشۇناس ۋە تەتقىقاتچى.
سىنقۇسلى تۇتۇڭ ئىدىقۇت خانلىغىنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىق (جىمسار) دا دۇنياغا كەلگەن. سىنقۇسلى تۇتۇڭ ئىنتايىن تىرىشچان، زېھنى ئۆتكۈر بولغاچقا ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا يەنە تۇخارتىلى، ئەنەتكەك ـ سانسكرىت تىلى، خىتاي تىلى، تاڭغۇت تىلى قاتارلىق تىللارنى پۇختا ئىگەللىگەن.
سىنقۇسلى تۇتۇڭنىڭ بىزگىچە يىتىپ كەلگەن ئىجادىي ئەمگىگى خەلقئارا تۈركلوگلار تەرىپىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارالغان «ئالتۇن يارۇق» (ئالتۇن رەڭلىك نۇر چېچىپ، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شاھانە ئەسەر) بىلەن «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئابخادخارھا كوشاھ» قاتارلىق ئۈچ دانە تەرجىمە ئەسەردىن ئىبارەت.

# شاھ غېرىپ مىرزا

(15 ـ ئەسىر) شاھ غېرىپ مىرزا تۆمۈرىلەر ئەۋلادىدىن بولۇپ، نەۋائى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان، خۇراساندا كۆزگە كۆرۈنگەن تۈركىي تىللىق شائىرلاردىن بىرى ئىدى. ئەلشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» تا شاھ غېرىپ مىرزا ئۈستىدە توختىلىپ: «....يۇقىرى قابىلىيەتكە، ئۆتكۈر زېھنىگە، نازۇك خىياللارغا ۋە ئىنچىكە تەپەككۇرغا ئىگە يىگىت. ئۇ نەزمى ۋە نەسىردە تەڭداشسىز، خىيالچانلىق ۋە خاتىرە كۈچى جەھەتتە مىسلىسىزدۇر. قۇش ئوينىتىپ ئوۋ ئوۋلاش ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ. ئۇ دىۋانمۇ تۈزۈپتۇ. ياخشى مەتبەئەتلىرىنى يېزىپ كەلسەك، بۇ قىسقا كىتاپچىغا سىغماي، يەنە بىر كىتاپ يېزىلىپ كېتىشى مۇمكىن» دىگەنلەرنى يازىدۇ ۋە ئۇنىڭ «يانا» رادىپلىق غەزىلىدىن تۆۋەندىكى مەتلەئىنى مىسال قىلىپ ئالىدۇ:

« پارسا يارىمغا مەي ئىچمەك شىئار ئولمىش يانا،
بەسكى تارتار مەن سەبۇ،ئىگنىم فىگار ئولمىش يانا.»

(مېنىڭ تەقۋادار يارىم يەنە شاراپ ئىچىشنى ئادەت قىلىۋالدى،
مەي كوزىلىرىنى تۇشۇپ كىيىملىرىم يىرتىلىپ كەتتى.)

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، نەۋائى تەرىپىدىن نەزمى ۋە نەسىردە تەڭداشسىز ، تەپەككۇرىنىڭ ئۆتكۈرـ لىگى جەھەتتە مىسلىسىز دەپ تەرىپلەنگەن، ئەينى دەۋردە ئۆز شېئىرلىرى بىلەن ، بولۇپمۇ شېئىرلىرىنىڭ باشلانما بېيىت (مەتلەئ)لىرى بىلەن شۆھرەت تاپقان شاھ غېرىپ مىرزا چاغاتاي ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان ئەدىپلەردىن بىرىدۇر .

www.uyghurkitap.com



## شاھ قۇلى ئۇيغۇر

15 ـ ئەسىردە نەۋائى بىلەن زاماندا ش ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بىرى بولغان شاھ قۇلى ئۇيغۇر ھەققىدىكى مەلۇماتنى بىز پەقەت نەۋائىنىڭ«مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدىن ئالىمىز.
نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» تا شاھ قۇلى ئۇيغۇرنى: «كىچىگىدىن باشلاپ زېھنى ئىلىم تەھسىل قىلىشتا ۋە باشقا نۇرغۇن ھۈنەر ـ سەنئەتلەردە ئۆتكۈر ئىدى . ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئادەتتىن تاشـ ـقىرى ئامراقلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قېلىپ ، ناھايىتى كۆپ قابىلىيىتى زايا بولدى. ئۇ قەبىلىنىڭ مىرزىسى ئىدى، شۇڭا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئىشلارنى قىلدۇ. مۇئەممادا زېھنى ئۆتكۈر دەپ تەرىپلىنىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ «مەھۋى» نامىغا يېزىلغان تۆۋەندىكى مۇئەمماسىنى مىسال قىلىپ ئالىدۇ:

« ئەز مېھنەتىما بىھ پىشى ۋەي ھەرفى دۇ.
گەر مەسلىھەت ئەست بەگۇ مەگەرنىست مەگۇ.»
(بىزنىڭ مېھنىتىمىزنىڭ ئالدىدا ئىككى ھەرىپ بار ،
ئۇنى ئەگەر مۇۋاپىق بولسا ئېيتقىن، مۇۋاپىق بولمىسا ئېيتما.)

دېمەككى، شاھ قۇلى ئۇيغۇر ئەينى دەۋردە شېئىرىيەتنىڭ مۇئەمما (شېئىرى تېپىشماق) ژانىرىدا زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىگى، قابىلىيىتىنىڭ ئۇستۇنلىگى بىلەن تونۇلغان، نەۋائى تەرىپىدىن چاغاتاي ئەدەبىيا ـ تىنىڭ ۋەكىللىرى قاتارىدا تەرىپلەپ ئۆتۈلگەن .

## شەمسىدىن تۆردى داموللام

(1874 ـ 1934) سابىت داموللام بىلەن دېمەتلىك كىشى بولۇپ، ئاتۇشنىڭ تۆركۆل كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. قەشقەر ۋە بۇخارادىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىدا ھەم ئالىملاردا ئوقۇپ، ھىندىستان، ئەرەبىستاندىكى ئاتاقلىق ئالىملار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان ۋە ئۇلارنىڭ چوڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. شەمسىدىن داموللام سىستېمىلىق بىلىم ئالغان كىشى بولۇش سالاھىتى بىلەن، دىنىي ۋە پەننىي ئىلىم ساھەسىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن. بولۇپمۇ تىل ـ ئەدەبىيات، مەنتىق (لوگىكا) ، ئاسترونومىيە، شېئىرىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن.«ئولمۇھا تورزمۇ ـ چەيىن» ، «مۇھەمماتىز ـ زەۋجەيىن» (ئاياللارغا دائىر مۇھىم ئەخلاق ـ پەزىلەتلەر) قاتارلىق كىتاپلارنى يازغان.

## غازىباي




غازىباي خوتەندە ئۆتكەن ئاتاقلىق تېۋىپ بولۇپ ، ئۇ «غازىباينىڭ ئوت ـ چۆپ دورىلار قامۇسى» ناملىق مەشھۇر كىتاۋىنى يازغان . مىلادى 1200 ـ يىللىرى ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «ھەدىقەتۇل ئەقالىم» (ھەر قايسى ئەللەر تەزكىرىسى) دېگەن قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەردە مۇنداق مەزمۇندىكى مۇھىم مەنبەلەر قەيت قىلىنـــغان :« تېرىم (تارىم) يايلىغىدىكى غازىباي قەدىمكى خوتەن رايونى دائىرىسىدىكى نۇرغۇن دورىلارنى تەتقىق قىلىپ، 312 ماددىلىق دورا قامۇسىنى يازغان» ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇنانلىق ئالىم ئەپلاتون ئۆز شاگىرتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن ، ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئالتە ئاي تاغ ـ دەريالارنى كېزىپ غازىباينى تاپقان. غازىباينىڭ يۇرتىدا ھەر خىل مېۋە ـ چېچەكلەرنىڭ يەرگە تۆكۈلۈپ ياتقانلىقىنى، بىنەپشە ، بادىيان، سانا، يۇمغاقسۇت، ئوغرى تىكەن، ئاق لەيلى، لالە ئوت، ئاچچىق تاۋۇز ... قاتارلىق نەچچە مىڭ خىل ئوت ـ چۆپ دورىلارنىڭ

تارىم ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلىغانلىقىنى كۆرگەن، غازىبايىنىڭ 312 ماددىلىق دورىلار كىتاۋىنى كۆرۈپ ئاپىرىن ئوقىغان ھەمدە ئەپلاتۇننىڭ ھەر خىل ئىلىملەرنى تەھسىل قىلىدىغان ئالىم ئىكەنلىكى، ئەگەر ئەپلاتۇن بۇ ئەسەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىسا، غازىباي ۋە تارىم خەلقىگە ھەر جەھەتتىن زور ياردەملەرنى بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. غازىباي كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن ھەر قايسى ئەللەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، قىممەتلىك ئەسىرىنى 40 ياشلىق ئوغلى بارىينىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇپ ، كەلگەنلەر بىلەن بىللە ئەپلاتۇننىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن.

ئەپلاتۇن بارىينى ئالىي ئېھتىرام بىلەن قىزغىن قارشى ئالغان، غازىبايىنىڭ ئەسىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن كېچە ـ كۈندۈز ئوقۇپ چىقىپ، غازىبايىنىڭ تىببىي ئىلىمدىكى ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ھەمدە بۇنىڭغا جاۋابەن ئامراق قىزى ئەنفىيالۇسنى بارىيغا نىكاھلاپ بەرگەن. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بارىي بىلەن ئەنفىيالۇس تارىمغا قايتماقچى بولغاندا، ئەپلاتۇن غازىبايىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىگە جاۋابەن ھازىرقى خوتەن رايونىغا قاراشلىق شەھەرلەرنى تېخىمۇ ھەيۋەت ـ گۈزەل قىلىپ قۇرۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھۈنەرۋەنلەرنى قوشۇپ ئەۋەتكەن، بۇ ھۈنەرۋەنلەر بارىينىڭ رەھبەرلىكىدە ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن دىيارى خەلقى بىلەن بىللە ھازىرقى كىرىيە، خوتەن، قاراقاش، گۇما شەھەرلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن، بىنالار سالغان. يەرلىك خەلق خاتىرە ئۈچۈن كىرىيەنى سىپىراب، خوتەننى زىيھراب، قارقاشنى فاراب، گۇمىنى داراب دەپ يۇنانچە ناملار بىلەنمۇ ئاتىغان. ئەسەرنى ئاز دېگەندىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرى 350 يىل بۇرۇن يېزىلغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ . چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەرگە ئايانكى، ئەپلاتۇن مىلادىدىن بۇرۇن 427 ـ يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىدىن بۇرۇن 347 ـ يىلى ۋاپات بولغان دۇنياغا مەشھۇر قەدىمكى يۇنانلىق ئالىم.

شۈبھىسىزكى، ئەينى ۋاقىتتا ئەپلاتۇن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى غازىبايىنىڭ دورىلار قامۇسىدىن ناھايىتى زور مەنپەئەتلەر ئالغان. مەركۇز «قامۇس» نىڭ قايسى يېزىقتا يېزىلغانلىقى بىزگە ھازىرچە نامەلۇم. لېكىن، يېزىقشۇناس ئالىملارنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلانغاندا، دىيارىمىزدا مۇقەددەم زامانلاردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە جەمئىي 26 خىل يېزىق قوللىنىلغانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلار مىلادىدىن 300 ـ 400 يىللار ئىلگىرى كارۇشتى ۋە براھمى يېزىقلىرىنى قوللانغان. خوتەن ئۇيغۇرلىرى كارۇشتى يېزىغىنى ئىشلەتكەن. «شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىدىكى ئاقسىپىل قەدىمكى شەھەر خارابىسىدا ساقلىنىپ قالغان سىپىل تاملىرىنىڭ كېسەكلىرىدىمۇ ... كارۇشتى ھەرپلىرى تېپىلدى ... ۋە خوتەن رايونىدىن مىلادى 3 ـ ، 4 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تارشا، تېرە ۋە قەغەزگە يېزىلغان ئىجتىمائىي ـ مەمۇرىي ۋەسىقىلەر كۆپ تېپىلدى» ...ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ مىلادىـ ـدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ كارۇشتى يېزىغى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ماددىي پاكىت ... ئەينى زامانلاردا خوتەن رايونىدا كۆپ سانلىق ئىگىلىگەن ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ كارۇشتى يېزىغىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانلىقى» نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، مەزكۇر «قامۇس» نىڭ كارۇشتى يېزىغىدا يېزىلغانلىق ئېھتىمالى چوڭ دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى 3 ـ 4 ـ ئەسىرلەردىلا تىببىي ئىلىم جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغانلىقى، يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە يەكۈنلىرىنى ئورخۇن ـ يېنسەي (ئانا ساي) يېزىغى بىلەن مەنداش بولغان كارۇشتى يېزىغى بىلەن كىتاب قىلىپ يازغانلىقى، قەدىمكى يۇنان تىبابەت ئالىملىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنلىكى ۋە شۇلار ئارقىلىق ئەڭگۈشتەر قاتارىدا پۈتۈن دۇنياغا تارقاپ، ئىنسانىيەتنىڭ تىبابەت ئىلمىگە غايەت زور تۆھپىلەر قوشقانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# غەرىب خەستە

بۇ شائىر تەخمىنەن 19 ـ ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھىجرىيە 1299 ـ (مىلادى 1881 — 1882) يىلى كۆچۈرۈلگەن «ھەمزەنامە» ناملىق چوڭ بىر داستانى بار. داستاندا ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مەشھۇر تارىخىي شەخس ئەمىر ھەمزە ساھىبقىراننىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى، ئاجايىپ ـ غارايىپ سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن. داستاندا نۇشىرۋان ئادىل، ئىسكەندەر قاتارلىق نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن. بۇلار گەرچە تارىخىي شەخسلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى ئاساسىدا بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە يارىتىلغان.

يۇقىرىدا ئىككى بۇرادىرىمىزنىڭ كۆز ـ قاراشلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. مەرھۇم قۇتلۇق ھاجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەققىي ئەھۋال توغرىسىدا كىمنىڭ دېگەنلىرى راست، بۇنى كەسكىن ھالدا بىر نېمە دېيىش ئاسان ئەمەستەك تۇرىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ قارىشىم، مەيلى كىمنىڭ دېگەنلىرى راست بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ، ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان ئاشۇ گېزىت ياكى شېئىرلارنىڭ مەۋجۇتلىقىلا كىپايە. بىز مانا شۇلارنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇننى ئىگىلەپ ئالالىساقلا مەخسەت ـ مۇددىئالىرىمىزغا يەتكەن بولىمىز(؟) شۇنىڭ ئۈچۈن مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتە ئارتۇقچە تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئولتۇرماسلىقىنى ، بەلكى دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئاشۇ گېزىت ۋە شېئىرلارنى روھى ئۆزۈك قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمەن.

# غەيرەتجان ئوسمان



غەيرەتجان ئوسمان، ئەدەبىي تەخەللۇسى: ئۇتغۇر، تۇتۇرگى.

ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسو ـ رى، ماگىستېرانت يېتەكچىسى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كافېدراسىنىڭ مۇدىرى. ئۇ 1958 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قەشقەر شەھرىگە تەۋە يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. (ئەسلى يۇرتىنىڭ تەۋەلىكى كونا شەھەر ناھىيەسى بەشكېرەم يېزىسى). ئۇ ئۆز كەنتىدىكى يۇقىرىقى قازىرىق مەكتۆپدە باشلانغۇچ مەكتەپنى، كونا شەھەر ناھىيەسىگە تەۋە قوغان ئوتتۇرا مەكتۆپدە تولۇقسىز ، تولۇق كۇرسلىرىنى تاماملىغان. 1977 ـ يىلى 9 ـ 10 ـ ئايلاردا قوغان ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1978 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1983 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، شۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، يىگىرمە يىلغىچە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كەلگەن. 1994 ـ يىلى دوتسېنتلىققا، 2000 ـ يىلى ماگىستېرانت يېتەكچىسى سالاھىيىتىگە، 2004 ـ يىلى پروفېسسورلۇق كەسپى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى»، «شىنجاڭ دىن تارىخى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى»، ماگىستېرانتلارغا«ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى»، «ئۇيغۇرشۇناسلىق» قاتارلىق يىگىرمە نەچچە خىل دەرس ئۆتكەن. جۈملىدىن 30 يىلدىن بېرى ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە ئىزچىل دەرس ئۆتۈپ كەلگەن.

غەيرەتجان 2001 ـ ، 2002 ـ ۋە 2005 ـ يىللىرى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش لايىهىسى» نىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى» ، «كاتىباتلىق » ، «ئېكران ئەدەبىياتى »ئوقۇتۇش لايىهىسى قاتارلىقلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق 11 خىل دەرسلىكىنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىققان. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس»(1987) ، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2001) قاتارلىقلار ئۇنىڭ شەخسىي نامىدا ، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (2002 ،ئىككى قىسىم) ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» (ئىككى قىسىم، 2004 ـ 2005) قاتارلىق كىتاپلار باش تۈزگۈچىلىكىدە نەشر قىلىنىپ ئالىي تېخنىكوم دەرسلىگى قىلىنغان. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1993 ـ 1995 ،ئۈچ توم) ناملىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىگىنى يېزىشقىمۇ قاتناشقان. 32 نەپەر ماگىستىر تەربىيىلىگەن، ئىش ئۇستىدە ئوقۇپ ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغۇچى 10نەپەر ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ئىزچىل تۆردە دەرس ئۆتۈپ كەلگەن.

غەيرەتجاننىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (1999 ،خەنزۇچە) ، «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەرپتە» (2002) ، «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە»(2003) ، «قەدىمكى تارىم مەدەنىيتى»(2007) ، «قەشقەر كىلاسسىك ئەدەبىياتى»(2012) ۋە تۈزۈپ تەييارلىغان «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (1998) ، «بۈيۈك شائىر نەۋايى»(2001 ،خەنزۇچە) قاتارلىق كىتاپلىرى نەشر قىلىنـ ـغان ؛ «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلار قامۇسى» (1990) ، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى»(2000) ، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىرى شەجەرىسى» (2000) ، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»(1998 ، بىر توملۇق ،خەنزۇچە) ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (2006 ، تۆت توملۇق) ، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (2011 ،خەنزۇچە) قاتارلىق كىتاپلارنى يېزىشقا قاتناشقان. ئۇنىۋېرسىتېت دەرىجىلىك «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى» (1993) ، مائارىپ نازارىتى دەرىجىلىك «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى» (1993 ـ 1995) ،ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (1997 ـ 1999) ، دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيتى ھەققىدە» (2004 ـ 2006) ، «يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك تەكشۈرۈلۈشى» (2009 ـ 2011) قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلغان؛ «غەربىي يۇرت ئەدەبىيات تەتقىقاتى» (1993 ـ 1995) ، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتى»(1995 ـ 1997) ، «ئۇيغۇر باللىرى بىلەن ياپون باللىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات»(1996 ـ 1998) ، «ئۇيغۇرشۇناسلىق» (1995 ـ 1997) ، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى» (1999 ـ 2002) قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلەشكە قاتناشقان. 200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئۇيغۇر، خەنزۇ، ياپون، تۈرك تىللىرىدا ئېلان قىلىنغان. جۇڭگۇ ۋە چەتئەللەردە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئىلمىي ماقالە ئوقىغان.

غەيرەتجان يېتەكچىلىك قىلىپ يوللانغان«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»ناملىق دەرسلىك 2008 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ «ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە مىللىي تىلدىكى دەرسلىك قۇرۇلۇش پىلانى»تۈرىگە كىرگۈزۈلۈپ، نەشر قىلىنىشى تەستىقلانغان، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»دەرسلىگى 2009 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ «سەرخىل دەرسلىك» تۈر قۇرۇلىشىغا كىرگۈزۈلگەن، «ئۇيغۇر خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتىنىڭ ئۆچېرىكى» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ ئۆچېرىكى» (خەنزۇچە) قاتارلىق كىتاپلىرى ئاتالمىش شىنجاڭ

ئۇنىۋېرستېتىنىڭ 2010 ـ ۋە 2011 ـ يىللىق نادىر ئىلمىي ئەسەرلەر نەشر فوندى تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن.

غەيرەتجان 2005 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى تەرىپىدىن « تارىخ مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇشۇ تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىلىقىغا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئۇقۇپ ـ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىنغان، ئۇ هازىر دۇنيا فولكلور ـ شۇناسلار ئىلمىي جەمئىيتى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيتى، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيتى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيتى تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيتى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيتى، شىنجاڭ جۇڭخۇا ئەنئەنۋىي مەدەنىيتى تەتقىقات جەمئىيتى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى. ئاتالمىش «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» نى تەھرىرلەش ـ نەشر قىلىش مۇتەخەسسىسلەر گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، «شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژورنىلى»، «ئۇيغۇر تىبابىتى» قاتارلىق ژورناللارنىڭ تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ 2009 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى نۇقتىلىق پەن تۈرىنىڭ ئاساسىي پەنلەر يېتەكچىسىگە ۋە 2013 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان.

غەيرەتجان ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى تەرىپىدىن بىر قېتىم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى،بىر قېتىم مۇنەۋۋەر ماگىستىر يېتەكچىسى بولۇپ مۇكاپاتلانغان. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (خەنزۇ ـ چە) ناملىق كىتاۋى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق هۆكۈمىتى تەرىپىدىن نادىر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىدىكى ئۈچ مەسىلە» (خەنزۇچە) ناملىق ماقالىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتۇش تەتقىقاتى مۇكاپاتىغا،«قەدىمكى تارىم مەدەنىيتى» ناملىق كىتاۋى ش ئۇ ئا ر خەلق هۆكۈمىتى تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئون نەچچە قېتىملىق هەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

غەيرەتجاننىڭ تەرجىمھالى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرستېتى نەشر قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى قوللانمىسى» (1995 ـ يىلى)، «جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلىرى تەزكىرىسى» (جۇڭگو خەلقئارا رادىيو نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «ئالىي مائارىپ گۈللىرى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى )، «جۇڭگو ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى» (جۇڭگو كادىرلار نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلغان)، «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدىپلىرى لۇغىتى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان)، «دۇنيادىكى مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى » (جۇڭگو خەلقئارا ئالماشتۇرۇش نەشرىياتى 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەر تەزكىرىسى» (جۇڭگو خەلقئارا ئالماشتۇ ـ رۇش نەشرىياتى 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)،«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» (مىللەتلەر نەشرىياتى،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى)،«دۇنيا فولكلورشۇناسلىرى قامۇسى» (شياڭگاڭ ئەدەبىيات گېزىتخانىسى نەشرىيات شىركىتى 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلغان)، «جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ تاللانما ئەسەرلىرى قامۇسى» (شياڭگاڭ ئەدەبىيات گېزىتخانىسى نەشرىيات شىركىتى 2009 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان)،«جۇڭگو فولكلورچىلار قامۇسى»(2012 ـ يىلى) قاتارلىقلارغا كىرگۈزۈلگەن.

ئۇ 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان.

## غەيرەت غېنى



ئامستېردام شەھرىدە ئېچىلغان «خەلقئارا بوغۇم ياللۇغى تەتـقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ 2016 ـ يىللىق يىغىنىدا، ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچىسى، ئۇيغۇر يىگىتى غەيرەت غېنى 9 مۇنەۋۋەر ياش تەتقىقاتچى (Young Investigator Award OARSI) نىڭ بىرى بولۇپ شەرەپلەنگەن. ئىگىلىنىشچە، ئاسىيا قىتئەسىدىن يالغۇز بىرلا ئادەم باھالانغان بولۇپ، بۇ شەرەپ بىزنىڭ ئوغلانىمىز غەيرەت غېنىغا بېرىلگەن.

غەيرەت غېنى 2004 ـ يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 ـ دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن، 2008 ـ يىلى ياپونىيە توكيو مېدىتسىنا ۋە چىش ئىلمى ئۇنىۋېرسىتېتىغا دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كەلگەن، 2012 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملىغان. 2013ـ يىلدىن بۇيان توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئاشتى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

OARSI بولسا تۇنجى بولۇپ خەلقئارا سۆڭەك بوغۇم كېسەللىكلىرى ساھەسىدىكى ئالىملار ۋە سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن خەلقئارالىق ئىلمىي جەمئىيەت بولۇپ، دۇنيا بويىچە مۇشۇ ساھەدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي تەشكىلات ھېساپلىنىدۇ.

غەيرەت غېنى 1979 ـ يىلى چۆچەك شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1986 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە چۆچەك شەھرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىغان. غەيرەت غېنىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى بىر دوستى سۆڭەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولۇپ، ئاشۇ دوستىنىڭ كېسەل ئازاۋى غەيرەتتە «داۋالاش»نىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى بىر چوڭقۇر ئاڭنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇر ـ لۇق كەسپىگە قىزىقىشقا باشلىغان. 1998 ـ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكا كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، 2004 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ 2006 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان.

غەيرەت كىچىك ۋاقتلىرىدىن باشلاپلا ئامېرىكا فىلىملىرىگە ئامراق ئىدى. بۇ فىلىملەر ئۇنىڭدا يېڭى بىر خىل دۇنيا قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ چەكسىزلىگى، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەر خىللىقىنى تونۇتتى. بولۇپمۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئۇنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلاتتى. ئۇ ئاشۇنداق تەتقىقاتلارنى ئۆزىنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۆزىگە بولغان مۇنداق زور ئىشەنچ ئۇ كۆرگەن كىنولاردىكى باش پېرسۇناژلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرىدىن كەلگەن ئىدى.

غەيرەتتە ئاتا ـ ئانىسىنى پەخىرلەندۈرۈش ئارزۇسىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. كېيىنچە چەتئەلگە چىقىپ، مېدىتسىنا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئاشۇنداق ئىشلار مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 2006 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇ ياپونىيەگە ئوقۇشقا كەلدى. غەيرەت دوكتورلۇق ئوقۇشى ئۈچۈن توكيو مېدىتسىنا ۋە چىش ئىلمى ئۇنىۋېرسىتېتى شەكىل تۈزەش بۆلۈمىنىڭ تېرە ھەم نېرۋا تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. ئۇ كىرگەن بۆلۈمنىڭ پىروفېسسورلىرىنىڭ ئالمىششى ۋە تەتقىقات ئورنىنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ئىككى يىللىق دوكتورلۇق ئوقۇش ۋاقتى ئاساسەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھوسۇلسىز ئۆتۈپ كەتتى. غەيرەت ئۇچۇن دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تۆت يىل ئىچىدە تاماملاش شەرت ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئاخىرقى ئىككى يىلدا سۆڭەك بۆلۈمىنىڭ كۆمۈرچەك تەتقىقات كافدراسىغا كېلىپ، قاتتىق تى رىشىپ، تەلەپ بويىچە خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ژورنالدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى ھەم دېسسېرتاتسىيە باھالىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشىنى تاماملىدى.

غەيرەت غېنى دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا كۆمۈرچەك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ ئاساسلىغى تىز بوغۇم كېسەللىگى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تىز كېسەللىگى ھەر بىر ئادەم ئۆز ھاياتىدا چوقۇم دېگۈدەك بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان بىر كېسەللىك. تىزدىكى ئاغرىق سەۋەبىدىن ھەرىكەت چەكلىمىگە ئۇچراش، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىش، بۇنىڭ بىلەن سېمىزلىك، قان بېسىم، يۈرەك تىقىلمىسى ۋە نېرۋىلارنىڭ پالەچلىنىشى قاتارلىق ئەگەشمە كېسەللىكلەر ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىش بىلەن بىللە، يەنە ياشانغانلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ سۈپەتسىز بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇيغۇر بوۋاي-مومايلارمۇ ھازىر بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئازاۋىنى كۆپ تارتىۋاتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىغى، ھازىرغىچە بۇ كېسەلنى داۋالاش ئۇچۇن بىر ئۇنۇملۈك دورا تېخىغىچە ۋۇجۇتقا چىقمىدى.

غەيرەت غېنى دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا كۆمۈرچەككە مۇناسىۋەتلىك گېن تەتقىقاتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئانابولىك (؟) رول ئوينىغۇچى دورىلارنى ئىزدەش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ساھەدىكى نە-تىجىلىرىنى ياپونىيە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا دوكلات قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ «ئۇزۇم ئۇرۇغىنىڭ ئاجراتمىسىنىڭ تىز كېسەللىكلىرىگە بولغان ئۇنۇمى» دېگەن تېمىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى بىر ئىلمىي ژورنالدا ئېلان قىلىنىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. بۇ ماقالە دۇنياغا داڭلىق «تەبىئەت» (Nature) ژورنىلىدىمۇ تونۇشتۇرۇلدى، شۇنداقلا تىز كېسەللىكلىرى ئۇچۇن بايقالغان تەبىئىي دورىلار مۇندەرىجىسىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى ( Mevel.E.et al.Drug Discovery, 2014). ياپونىيەدىكى كىككومان شىركىتى بۇ خىل ئاجراتما ماددىدىن بىر خىل قۇۋۋەت يېمەكلىگى ئىشلەپ چىقاردى.

## غوجا باۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى

(1994 - 1916 ) پۈتۈن ئۆمرىدە ئەللىك يىلدىن ئارتۇق ۋاقتىنى تېبابەتچىلىك ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ساقلىغىنى ساقلاش ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن مۇھىم تۆھپە قوشقان غوجا باۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى راك قاتارلىق قىيىن كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا كۆپ ئىزدىنىپ ، يۇقىرى ئۇنۇم ھاسىل قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ تىرشچانلىغى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۈدۈم بولۇپ قالغۇسى.

## غېنى باتۇر

غېنى مۇھەممەت باقىر 1901 - يىلى غۇلجا ناھىيە قاش يېزىسىنىڭ تۇردىيۈز مەھەللىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . غېنى كىچىگىدىنلا ئىشچان، باتۇر، كۈچلۈك، غەيرەتلىك بالا بولۇپ، بالا ۋاقتىدا چېلىشتا داڭ چىقىرىدۇ ۋە ئېگىز بوي، گەۋدىلىك، يوغان باش، كەڭ ۋە سوزۇق يۈزى قىپ- قىزىل، قوي كۆزلۈك، كەم سۆز ئادەم بولۇپ يېتىلىپ چىقىدۇ .



غېنى 16 ياش ۋاقتلىرىدا بىر كۈنى تۇققۇز تارادا باتۇرلۇق ھەققىدە سۆز قىلىۋاتقان ئاتلىق بىر قازاق يىگىتكە «مەن مۇشۇ ئالا ئىتىكنى ئاشۇ قارا ياغاچ تۇۋىگە ئاپىرىپ ئەكەلسەم نىمە دەيسەن؟» دەپ 150 مېتىر ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ . قازاق يىگىت : « ئەگەر دىگىنىڭدەك قىلساڭ، ئاتنى ساڭا بەردىم. قىلالمىساڭ ئاۋۇ تورۇق ئىتىڭ مىنىڭ» دەيدۇ، غېنى بارغان پېتى ئاتنى يەلكىسىگە ئېلىپ ماڭىدۇ، قىيقاس كۆتۈرۈلىدۇ . غېنى ئاتنى كۆتۈرۈپ قارا ياغاچتىن 100مېتىر نېرى يەرگە ئېلىپ بېرىپ، قايتۇرۇپ ئەكېلىدۇ. خەلق ھەيران قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن غېنىنىڭ «باتۇر» دىگەن نامى پۈتۈن ئىلى رايونىغا تارقىلىدۇ . ھەم زۇلۇمغا، جازانخورلۇققا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان نوچىلار غېنىنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلايدۇ . ئۇلار زالىم بەگلەر، جازانخور بايلار، ئەمەلدارلارنى تىللايدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ، ئېپى كەلسە ئۇلارنىڭ مال مۈلكىنى ئوغۇرلاپ، يېتىم ـ يىسىرلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ . شۇڭا غېنى 1944 ـ يىلىغىچە كۆپ قېتىم تۈرمىلەرگە تاشلىنىدۇ، ھەر قېتىم قامالغاندا كىشەننى ئۈزۈپ تاشلاپ قاچىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 1944ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دۈشەنبە ئۈرۈمچى 2ـ تۈرمىدىن ( ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئورنىدا ) قېچىپ نىلقا ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ . شۇ كۈنلەردە نىلقا تاغلىرىدا گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان فاتىخ باتۇر، ئەكبەر باتۇر، قۇربان بۇرھاندوف، ئوسمان ئىبرايىموف، سىيىت ئاۋان(ئەكبەرنىڭ ئىنىسى)، نۇر ئوبولوف، ھوشۇر مامۇتوف ، مۇساقان قۇربان، خەمىت مۇسلىموف (فاتىخ باتۇرنىڭ ئىنىسى)، رەپىق بايچۇرىن قاتارلىق پارتىزانلار گۇرۇپپىسى غېنى باتۇرنىڭ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قېچىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىزدەپ تاپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن غېنى ئىنقىلاپقا قېتىلىدۇ. پارتىزانلىق شتاپ قۇرۇلغاندا غېنى 2ـ پارتىزانلار گوروپپىسىغا مەسئۇل بولىدۇ، بۇ گوروپپىدا زۇلۇمغا قارشى، ئەركىنلىككە ئىنتىلگۈچى 200 دىن ئارتۇق پارتىزان بار ئىدى .

غېنى شۇندىن باشلاپ ھەرقايسى ئۇرۇش رايونلىرىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن غېنى باتۇر دەپ تەرىپلىنىدۇ . غنى باتۇر ۋە پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ غۇلجا تەرەپتىن 10 ماشىنىدا كەلگەن ئەسكىرىنى توسۇپ زەربە بېرىپ، مازار رايونىغا كىرگۈزمەي يوقۇتۇپ ئۇلارنىڭ قورال ياراقلىرىنى غەنىمەت ئالىدۇ . سۇلتان ئوۋەيس مازىرىغا يوشۇرۇن كىرىپ، ساقچى ئىدارىسىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ . ھەر مىللەت خەلقىدىن قامالغان 30 نەچچە كىشىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. غنى يەنە قارا سۇ، سۇپتاي، مازار رايونىدىكى ئۇرۇشتا ئاتلىق ، ئىككى قولىدا ئىككى ماۋزۇر بىلەن يامغۇردەك يىغىۋاتقان ئوقتا قارىماي دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئۆتىدۇ . دۈشمەن توپىغا ئاتلىق بېسىپ كىرىپ دۈشمەن قولىدىكى قورالنى تارتىپ ئېلىپ چىقىدۇ . غېنىنىڭ بۇنداق باتۇرلىغى خەلق ئىچىدە ھەرخىل ئەپسانىلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ .

غېنى ئارشاڭنى ئېلىش ئۇرۇشىدا ئېغىر يارىلىنىپ ئالماتاغا داۋالىنىشقا بارىدۇ ۋە داۋالىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاقتلىق ھوكۈمەت ئۇنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى، قوماندانلىق ماھارىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىق ھەربى ئۇنۋان ۋە «خەلق قەھرىمانى» دىگەن ھۆرمەتلىك نامنى بېرىدۇ . ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، مىللى ئارمىيە ھەربى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولىدۇ . ئۇ بۇ جەرياندا «جۇمھۇرىيەت» ، «ئازاتلىق» ، «ئىستىقلالىيەت» ، «باھادۇرلۇق ئوردېنى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئوردېنلار بىلەن تارتۇقلىنىدۇ .

1953 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۆلكىلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىگە ئەزا بولىدۇ . 1954ـ يىلىنىڭ ئاخىرى غۇلجىغا كېتىدۇ ۋە 1956ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ھازىرقى قازاقىستانغا چىقىپ كېتىدۇ . 1997 ـ يىلى 96 يېشىدا ئالمۇتا شەھرىدە ۋاپات بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتاپ www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ئىنلقا قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى، ھەربى قوماندان غېنى باتۇر خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۇ ھايات.

## فارابى

(« ئەل ـ فارابى » گە قاراڭ )

## فۇرقەت

فۇرقەت ــ ئاتاغلىق كلاسسىك شائىر بولۇپ ، ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋردىن ئىزدىگەن شاتلىق ۋە بەختنى تاپالمىدى. بەلكى تاپالىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خارەكتېرىگە ئىگە مەشھۇر ئەسرى «مۇسەددەس» تە ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمغا بولغان قارشىلىقى، ئازاتلىققا ۋە ئەركىنلىككە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشى ۋە باراۋەرلىكنى ئارزۇ قىلىشى رۇشەن ئىپادىلەنگەن. گەرچە فۇرقەت بۇ شېئىرىنى ئۆزى كۆرگەن بىر ۋەقەدىن ئىلھاملىنىپ يازغان بولسىمۇ، ئۆز مېڭىسىدە ئۇزۇندىن بۇيان شەكىللىنىپ كېلىۋاتقان ئىدىيىنى شېئىرغا سىڭدۇرۇپ ئوبرازلاشتۇرۇپ بايان قىلىدۇ . شائىر يول ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بىر كىيىكنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن تەقدىرداش دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇۋچىغا ئۇنى قويىۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ :

سەيدىڭ قويىۋەر سەيياد ، سەييارە ئىكەن مەندەك ،
ئال دامنى بوينىدىن ، بىچارە ئىكەن مەندەك ،
ئۆز يارىنى تاپماستىن ئاۋارە ئىكەن مەندەك ،
ئىقبالى نىگۇن بەختى ھەم قارا ئىكەن مەندەك ،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارا ئىكەن مەندەك ،
كۆيگەن جىگەرى باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك .

كېس رىشتە نىكىم قىلسۇن چەپەكلەر ئاتىپ جەستە ،
ھەجرىدە ئەلەم تارتىپ بولدى جىگەرى خەستە ،
تاغلارغا چىقىپ بولسۇن يارى بىلەن پەيۋەستە .
كەل قويما بەلا دامى بىرلە ئانى پا بەستە .
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارا ئىكەن مەندەك .
كۆيگەن جىگەرى بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك .
بىش كۈن سېنىڭ دەۋرىڭدە بىچارە خىرام ئېتسۇن ،
ئاھۇلەر ئىلە ئويناپ ئەيشىنى مۇدام ئېتسۇن .
يامغۇر سۈيى تولگەندە تاغ لالىنى جام ئېتسۇن ،
ھەققىڭگە دۇئا ئەيلەپ ، ئۆمرىنى تامام ئېتسۇن .
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارا ئىكەن مەندەك ،
كۆيگەن جىگەرى باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك .

شائىر زالىم ئوبرازىدىكى ئوۋچىنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا رەھىم قىلىشقا ئۈندەيدۇ :

سەرگەشتە بۇ ۋادىدە بىر باشقە رەھىم ئېتكىل ،
يوق تاقەتى بەندىڭغە ، بەرداشقە رەھىم ئېتكىل .
يىغلاپ ساڭا تەلمۈرۈر . كۆز ياشقە رەھىم ئېتكىل .
رەھىم ئەتمىسەڭ ئۆزگە ، يولداشقە رەھىم ئېتكىل .
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارا ئىكەن مەندەك .
كۆيگەن جىگەرى باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك .

تاغدا ئاچىلىپ لالە يەر سەبزە باھار ئولسە ،
ئەخىر بۇ نىچۈك بىداد ، ئالەم ئاڭا تار ئولسە .
چىقمەي دىسە جايىدىن ، ئۆزلەتتە نىگار ئولسە .
گەر چىقسە بەنى گاھى دامىڭغا دۇچار ئولسە ،

ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارا ئىكەن مەندەك ،

كۆيگەن جىگەرى باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك .

شائىر زالىمغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ھىسداشلىقى تۇپەيلىدىن ، ھەتتا ئۇنى سېتىۋېلىپ ، ئۆزى ئازات قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ :

بىچارىنى زۇلۇم ئەيلەپ ، قول بويىننى باغلايسەن ،
ھەر سارى چېكىپ سودرەپ ، ئولدۇرگەلى چاغلايسەن ،
كۆكسىنى جاپا بىرلە لالە كەبى داغلايسەن .
سات ماڭا ، ئەگەر قەسدىڭ ئالغۇچى سوراغلايسەن .
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارا ئىكەن مەندەك ،
كۆيگەن جىگەرى باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك .

يوق ھۇشى ، پەرى تەككەن دىۋانىغە ئوخشايدۇر ،
كۆز ياشى يەنە تولغان پەيمانەغە ئوخشايدۇر .
غەم سېلى بىلە كۆڭلى ۋەيرانەغە ئوخشايدۇر .
فۇرقەتتە بۇ سەئدۇللا ، ھەيرانەغە ئوخشايدۇر .
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارا ئىكەن مەندەك ،
كۆيگەن جىگەرى باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك .

## قايىنام جاپپار



پەخىرلىك خەتتات ۋە فوتوگرافىمىز قايىنام جاپپار ئەپەندى جۇڭگو بۇيىچە 2 ـ دەرىجىلىك خەتتات بولۇپ، 1958 ـ يىل 5 ـ ئايدا مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. قايىنام جاپپار ھازىر جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى ئاخبارات ـ نەشرىيات خىزمىتى كومىتېتىنىڭ

ئەزاسى، ئۇيغۇر دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە ئاز سانلىق مىللەتلەر خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى،ئۇيغۇر دىيارىمىز فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۇيغۇ دىيارىمىز مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقات يۇرتى خەتتاتلار ـ رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، دۇنيا تىل ـ يېزىق سەنئىتى كۆرگەزمىسىنىڭ تەكلىپلىك سەنئەتكارى. ئۇنىڭ نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرى ۋە بىر پارچە ۋەكىللىك ئەسىرى «جۇڭگو هازىرقى زامان خەتتاتلىرى لۇغىتى» ( 1993 ـ يىلى بۇگۇنكى جۇڭگو نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)گە كىرگۈزۈلگەن؛

قايىنام جاپپار كىچىكىدىن باشلاپلا گۈزەل سەنئەت ۋە خەتتاتلىققا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. 1976 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە سابىق شىنجاڭ «1 ـ ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىنچىكە ئىگىرىش سېخىنىڭ رېمونتچىسى، پەرزەنتلەر مەكتىۋىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدا باشقا خەتتاتلار بىلەن بىرلىكتە ئىجاد قىلغان «مىڭ مېتىرلىق هۆسنخەت ئەسىرى يۆگىمى» ئەسىرى «جۇڭگو گۈزەل ئەخلاق چوڭ لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلگەن، تەشكىلىي هەيئەت ئۇنىڭغا «مېهرىبان خەتتات» دېگەن شەرەپلىك نامنى تەقدىم قىلغان؛ 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «ئولىمپىك تەنهەرىكەت مۇسابىقىسىگە بېغىشلانغان شىنجاڭ ئوتتۇرا ياش ۋە ياش خەتتاتلار ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» قاتارىدا بىر پارچە هۆسنخەت ئەسەرلىرى كىتاۋى نەشر قىلىنغان؛ 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تەكلىپكە بىنائەن كورىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «كورىيە ـ جۇڭگو خەلقئارا خەتتاتلىق سەنئىتى كۆرگەزمىسى»گە قاتناشقان. 2008 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان . قايىنام جاپپار 1984 ـ يىلدىن ئېتىبارەن «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى، «تارىم» ژورنىلى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى قاتارلىق گېزىت ـ ژورناللاردا 3000 پارچىدىن ئارتۇق هۆسنخەت، فوتوسۈرەت ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. 1989 ـ يىلدىن كېيىن ئىجاد قىلغان 100 پارچىغا يېقىن هۆسنخەت ئەسىرى «ئۇيغۇر خەتتاتلىقى» (1997 ـ يىل شىنـ ـجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ۋە «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «هۆسنخەت ۋە ئۈرنەك رەسىملەر» (1999 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ناملىق كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن. قىسمەن ئەسەرلىرى ئۆزبېكىستان، پاكىستان، مالايسىيا، كورىيە قاتار ـ لىق دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايرىمى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە كۆرگەزمە قىلىنغان. 1987 ـ يىلى ئۈرۈمچى رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن نەق مەيدان خەتتاتلىق ماهارىتى كۆر ـ سىتىش مۇسابىقىسىدا بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن؛ 1994 ـ يىلدىن هازىرغىچە كۆپلىگەن ئەسەرلىرى جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى هۆسنخەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچە هۆسنخەت ئەسىرى غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گۈزەل سەنئەت، هۆسنخەت، فوتوسۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن. 1995 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆز ئالدىغا تۇنجى قېتىم هۆسنخەت، فوتوسۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ،ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساهەسىدىكىلەرنىڭ يۇكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان .قايىنام جاپپار توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە كۆپ قېتىم خەتتاتلىق كۇرسى ئېچىپ نۇرغۇنلىغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلىگەن. ئۇنىڭ ئەجىر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان شاگىرتلىرى تۈرلۈك خەتتاتلىق مۇسابىقىلىرىدە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن .

تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ بىر قىسىم هۆسنخەتلىرىدىن تاللانمىلار :



## قەلەمدار بەگ، ئىبراھىم بەگ

(1499 ـ 1569) مارالبېشى، «قارلىغاچ خانىم»، «سائادەتنىڭ قاپقىنى»، «بەگلەرگە مەسلىھەت»، «بىلىمگە مەدھىيە»، «دولان تارىخى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان .

## قەلەندەر

( ؟ ـ 1747) قەلەندەر دېمەك نامرات، يوقسۇل دىگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن شائىرنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىگىگىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە ياشىغانلىقى، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ، كېيىنكى ھاياتىنى خوتەندە ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇنىڭ ئىجادى مىراسلىرىنىڭ ھەممىسى خوتەندە يېزىلغان ياكى توپلام قىلىنغان. شائىرنىڭ «دىۋان قەلەندەر» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن . ئۇنىڭ 72 مىسرا شېئىرى «ئون ئىككى مۇقام»غا كىرگۈزۈلگەن.

# قۇتلۇق هاجى شەۋقى



قۇتلۇق هاجى شەۋقى **1876** ـ يىلى قەشقەردە ئابدۇرەھىم بەگ ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپكى بىلىمنى ئۆز يۇرتىدا ئالغاندىن كېيىن، دادىسى بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولغان ۋە قاھىرەدىكى «جامىئۇل ئەزھەر دارىلئۇلۇم» دا، تۈركىيىگە كېلىپ ئىستانبۇلدا ئوقۇغان. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ يەنە بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۆز زامانىسىنىڭ توشقان ئىلىم ئىگىسى بولۇپ تونۇلغان.

ئەينى چاغ دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەرەپ ئەللىرى، كىچىك ئاسىيا، روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ روسىيەگە قاراشلىق جايلىرىدا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ۋە بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ ھال چەتئەلدە خېلى ئۇزاق تۇرغان قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئېڭىغا ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرمەي قالمىدى. فېئوداللىزىمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن بۇ بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە، شىنجاڭدىمۇ بىر خىل ئىسلاھات، يېڭىلاش ئېقىمى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ بىر قىسىم ئىلغارلىرى فېئودالىق ئاسارەت ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تونۇلدى. قۇتلۇق ھاجى ئەنە شۇ مەزگىلدە «شەۋقى» تەخەللۇسى بىلەن يازغان بىر قاتار سىياسىي لىرىكا، ماقاللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ ئىسلاھات، يېڭىلاش، مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بىر جەڭچىسى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى. ئۇ بىر شېئىرىدا:

«بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، كەس دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇسام،
ئۈزسە خەلقىنىڭ بويىنىدىن خارلىق كىشەن ـ زەنجىرىنى.
گەر خاراپكەن ئەل ـ ۋەتەن، كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،
كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.

دەپ يېزىپ ئۆز ئىرادىسىنى شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئېچىپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش دەۋرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگى ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى ۋە دەۋر ئۆز ئالدىغا قويغان تەلەپلەرنى توغرا تونۇپ ، سىنىپىي، مىللىي زۇلۇم ئاسارىتىدە قالغان، جاھالەت، قاششاقلىقتا ئۇخلاپ ياتقان خەلقنى ئويغىتىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەش ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ شېئىرلىرىدا بۇ خىل ئىدىيە ئۆزىنىڭ روشەن ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ «ئويغاندى» ناملىق شېئىرىدا ئۆز خەلقىگە مۇنداق خىتاپ قىلغان ئىدى:

«كۈرەش قىلىساق ئەرك ئۈچۈن، ئەركىنلىكتە ياشايمىز،
ئەزىز خەلقىم كۆزۈڭ ئاچ ، يەر ۋە ئاسمان ئويغاندى.
ئويغانغانلار ياشىندى، ئۇخلىغانلار قاقشىدى،
قايغۇرمىساڭ ھالىڭغا، شۇم زېمىستان ئويغاندى.
ئويغىنايلى ئۇيقۇدىن، ئەمدى ئۇخلاش بىزگە يات،

ئىلىم ـ ئىرپانلار ئۈچۈن بارچە جاهان ئويغاندى.»

ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر ئەنئەنىۋى تېما، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا بارلىققا كەلگەن زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەر نەتىجىسىدە بۇ تېما يەنىمۇ يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بولدى. ۋەتەن ساتقۇچ ئەكسىيەتچى هۆكۈمەت ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان فېئوداللىق جاهالەت، دىنىي ئاسارەت هامىيلىرىنىڭ قاراقچىنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا يول قويۇپ بېرىشىدەك ئىجتىمائىي رېئاللىق قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق ئويغانغان زىيالىيلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئۇرغۇشىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولدى . ئۇلار شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان «ئويغىنىش» نى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە قىلدى. شائىر قۇتلۇق شەۋقى ئۆزىنىڭ قەشقەر هەققىدىكى غەزىلىدە مۇنۇلارنى يازدى:

«كۆرمىگىل قەشقەرنى كەم، بۇ جايدا مەردانىلار ياتۇر،
هەزرەتى سۇلتان سۇتۇق بۇغرايى خاقانلار ياتۇر.
خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۆرەش،
ئول شەهىدۇ، قەهرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر.
نۇر چېچىپ ‹قۇتادغۇبىلىك› خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۈسۈپ هاجىپقا ئوخشاش ئەهلى ئىرپانلار ياتۇر.
يادىكار ئەيلەپ جاهانغا يازدى ‹دىۋان لۇغەت›،
مەهمۇدىل كاشغەر كەبى ئەهلى شەرەپ ـ شانلار ياتۇر.
ئەيلىگەن ‹شەۋقى› نى مەپتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەهەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.»

20 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ۋە **1924** ـ يىلى قەشقەردە مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان «ئويغان ۋە ئىنقىلاپ ئەشئارلىرى»، «ئاسارەت ۋە زالالەتكە ئوت ياق» ناملىق شېئىر توپلاملىرىغا شەۋقىنىڭ يۇقىرىقىدەك مەزمۇندىكى شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، «بۇ شېئىرلارنىڭ هەممىسىدە دېگۈدەك خەلقنىڭ چەت ئەل ئىمپېرىيالىستلىرى بىلەن فېئودال‌لارنىڭ زۇلمى هەم ۋەهشىيلىكلىرىگە قارشى قۇدرەتلىك ئىسيان ساداسى گۈكرەيدۇ.»

قۇتلۇق شەۋقى پائالىيىتىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك تەرىپى ئۇنىڭ قەشقەردە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ **1918** ـ يىلى تۇنجى قېتىم قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىدا «ئاڭ» گېزىتىنى نەشر قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، دېموكراتىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلدى. گەرچە ئەكسىيەتچى هۆكۈمەتنىڭ پىچەتلىشى بىلەن بۇ گېزىت مەلۇم مەزگىل چىقىپلا توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى ۋە ئۇيغۇر گېزىتچىلىكى تارىخىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى زور بولدى. ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىستەك ـ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي كۆرەش قىلغان شائىر قۇتلۇق شەۋقى **1933** ـ يىلى باشقىدىن «ئەركىن هايات»گېزىتىنى چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ گېزىت مەلۇم مەزگىل چىقىپ توختىتىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە قۇرۇلغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» ۋە قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تىرىشچانلىقى هەم زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا «يېڭى هايات» گېزىتى نامى بىلەن قايتا يورۇق كۆردى. **1936** ـ يىلى قەشقەر«شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى ۋە ئۇزۇن مۇددەت نەشر قىلىندى.

قۇتلۇق شەۋقى تارىخىي بىلىملەرنى ئەتراپلىق ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخىغا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزى نەشر قىلغان ۋە باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن گېزىتلەردە كۆپلىگەن جەڭگىۋار شېئىر، ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش بىلەنلا قالماستىن يەنە نۇرغۇنلىغان تارىخىي بىلىملەرنىمۇ تونۇشتۇرغان هەمدە شۇ مەزگىللەردە قەشقەردە ئېچىلغان

www.uyghurkitap.com



پەننى مەكتەپلەردە تارىخ دەرس ئۆتۈپ، ئەۋلادلارنى تەربىيىلىگەن ئىدى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1937 ـ يىلى ئاپرېلدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر شەھرى ياۋاغ تېرەلىك تۈرمىسىگە تاشلاندى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ جاللاتلىرى ياۋاغ تۈرمىسىگە ئوت قويۇۋەتتى. تۈرمىدە كۆيدۈرۈلۈپ، پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىمۇ بار ئىدى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئۆزىنىڭ 61 يىللىق ھاياتىدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى، مەدەنىيەت ـ ئاقارتىش، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسى ئەدەبىياتتىن باشقا يەنە تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.ئۇنىڭ «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئى كاشغەر» ناملىق ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

## قۇتلۇق ھاجى شەۋقىگە قىلىنغان تۆھمەت

خوتەن مائارىپ ئىنستىتوتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەرجان نۇرىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە قىلىنغان بىر قانچە تۆھمەت بايقالغان ، يەنى، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى تەتقىقات ئەمەلىي پاكىتقا ئەمەس، تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يېزىلغان، تارىخى بايانلار يىل تەرتىپى بويىچە ئەمەس بەلكى، توقۇلما ھېكايىنىڭ مەزمۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ قەلىمىگە تەۋە بولمىغان ئىككى شېئىر ئۇنىڭغا تەۋە قىلىپ ئېلان قىلىنغان. قىلمىغاننى قىلدى دېيىش تۆھمەتتۇر. شۇڭا، خاتانىڭ داۋاملىق تەكرارلىنىۋەرمەسلىكى ئۈچۈن شۇنداقلا ئەسلى ئەھۋال زادى قانداق، كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشى ئۈچۈن ئۆمەرجاننىڭ بايقاشلىرىنى بۇ يەردە تۈۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1. «ئاڭ» گېزىتى: پاكىتلىق ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۇيغۇرچە گېزىت 1910 ـ يىلى 10 ـ مارتتا كورەدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، بىر يىلدىن ئارتۇق نەشر قىلىنغان بۇ گېزىتنىڭ نامى «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» دۇر①. قەشقەردە نەشر قىلىنغان تۇنجى ئۇيغۇرچە گېزىت بولسا شۋېت مىسسىيونېرلىرى بىرلا سان نەشر قىلىپ توختىتىلغان «يارۇغلۇق ـ ئالتە شەھەرنىڭ رۇزنامە ـ سى»دۇر②. بىز ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ «كاشغەردىن مەكتۇپ» ناملىق ماقالىسىدىن 1911 ـ يىلغىچە قەشقەردە گېزىت باسىدىغان باسمىخانا يوق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.③ شۇنداق بولغاچقا ، 1910 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ رىسالىلىرى ۋە ئەھمەد كامال تۈزگەن دەرسلىكلەر قازاندا بېسىلغان ئىدى. ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنغان كۆپىنچە ماتېرىياللاردا قۇتلۇق شەۋقىنىڭ 1918 ـ يىلى «ئاڭ» گېزىتىنى نەشر قىلغانلىقى تەكىتلىنىپ كەلدى. ئەمما ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتىلمىدى. ئەمەلىيەتتە قۇتلۇق شەۋقى 1933 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇلدا، كېيىنچە «يېڭى ھايات» دەپ ئاتالغان گېزىتنىڭ تۇنجى سانىنى شۋېت باسمىخانىسىدا نەشر قىلغان. «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» بىلەن «يارۇغلۇق ـ ئالتە شەھەرنىڭ رۇزنامەسى» دىن كېيىن «يېڭى ھايات» گېزىتى نەشر قىلىنغىنىغا قەدەر قەشقەردىلا ئەمەس، پۈتكۈل شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە گېزىت نەشر قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھېچ قانداق ئىسپات ياكى ئەينى زاماندا يېزىلغان ھېچ بىر خاتىرە يوق. شۇڭا ، بەزىلەرنىڭ كىتابلىرىدا يېزىلغاندەك، 1910_ 1933 ـ يىللار ئارىسىدا مۇسابايېفلارنىڭ قەشقەردە زامانىۋىي مەتبەئەسى بولغان، قۇتلۇق شەۋقى 1918 ـ يىلى «ئاڭ» گېزىتىنى نەشر قىلغان دېگەن بايانلىرى ئاساسسىزدۇر، بۇ خىل ئاساسسىز بايانلارنى سۈرۈشتۈرمەي ئىشىنىۋېرىش ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەستۇر. «ئاڭ» دېگەن نامدىكى گېزىت ـ ژۇرنالنىڭ ئىشەنچلىك ئۈچۈرى مەسىلىسىگە كەلسەك، تاتارلار قازاندا 1912 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلغىچە ئەخمەت غەرەي خەسەنى تەرىپىدىن ئىككى ھەپتىدە بىر سان چىقىرىلغان پەننىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي رەسىملىك ژۇرنالنى كۆرستەلەيمىز. يەنە

بىرى، **1987** ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى» نىڭ **3** ـ بېتىدىكى «**47** ـ يىلى **11** بېتىمىدىن كېيىن» قەشقەر گېزىتى توختىتىلغان، «ئاڭ» گېزىتى نەشر قىلىنىپ ئەھمەد زىيائى باش مۇھەررىرى بولغان. بۇ گېزىتنىڭ **1947** ـ يىلى نەشر قىلىنغان باش بەتكە < شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە> دەپ ماۋزۇ قويۇلغان ئۇچۇق خەت بېسىلغان بىر نۇسخىسى بار. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، «ئاڭ» گېزىتى نەشردىن توختاپ، <قەشقەر گېزىتى> دېگەن نامدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان» دېگەن ئۇچۇرنى كۆرستەلەيمىز. ھەقىقەتەنمۇ ئەھمەد زىيائىنىڭ «ۋىجدان مۇھاكىمىسى» دېگەن نېپىز كىتاۋى «ئاڭ» گېزىت مەتبەئەسىدە بېسىلغان. شۇڭا، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ نامى بىلەن باغلانغان ئۇ خىل نامدىكى گېزىتنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلمىز.

2. ھاجى ئەھمەت قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى **1993** ـ يىلى نەشر قىلغان «سامانيولى» دېگەن شېئىر توپلىمىدا قۇتلۇق شەۋقىگە تەۋە قىلىپ قويۇلغان. مەسىلەن، مەزكۇر كىتاپنىڭ **47** ـ **48**، ـ بەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئىككى شېئىر ئەمەلىيەتتە قۇتلۇق شەۋقىنىڭ شېئىرى ئەمەس. بۇنىڭ بىرى ئالتە مىسرادىن تەركىب تاپقان «ئانا تىل» دېگەن شېئىر بولۇپ، بۇ شېئىر شۇنىڭدىن بېرى دەرسلىكلەردە، ئانا تىل ھەققىدىكى ھاياجانلىق نۇتۇقلاردا قۇتلۇق شەۋقىنىڭ شېئىرى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان، ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىلغاندىمۇ قۇتلۇق شەۋقىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئالتە مىسرالىق شېئىرنىڭ كىشىلەرگە تونۇش بولغان ۋارىيانتى مۇنداق:

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.
بۇ ئانا تىل بولسا گەر ئامېرىكايۇ، ئافرىقىدا،
سەرف ئېتىپ مىڭلارچە تىللا، ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.
ئەي، ئانا تىل بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن روھى زېمىندا ئېيتىخارلانغۇم كېلۇر.

بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى قۇتلۇق شەۋقى بولماستىن بەلكى، تۇرپانلىق ئابدۇللا نەئىمى (**1938** ـ **1896**) دۇر. ئابدۇللا نەئىمى بۇ شېئىرنى قەشقەردە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ دېۋىزىيە ئىشتاۋىدا باش كاتىپلىق قىلىۋاتقان چېغىدا يازغان.

ئابدۇللا نەئىمى **1896** ـ يىلى تۇرپان شەھرىدە شۆھرەتلىك بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنى مەلۇماتنى تۇرپاندا ئالغاندىن كېيىن، قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇغان. ئابدۇقادىر داموللام **1924** ـ يىلى **8** ـ ئايدا قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئابدۇللا نەئىمى تەھسىلنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن، چۆچەككە بېرىپ، تاتار ئالىمى مۇراد ئەپەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئوقۇغان. تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەل ئارىسىدا «ئابدۇللا داموللام» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان.

**1933** ـ يىلى تۇرپاندا مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەھمۇد مۇھىتلار باشلىغان ئىنقىلاپقا قوشۇلۇپ مىرئالاي ( پولك قوماندانى) لىق مەنسەپ بىلەن پۈتۈن ئىنقىلاپ جەريانىدا ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلغان.

خوجىنىياز ھاجى شېڭشىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ قەشقەردىن ئۇرۇمچىگە ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك مەنسۇپىگە ئولتۇرغىلى كەلگەندە، مەھمۇد مۇھىتى قەشقەر تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە دېۋىزىيە قوماندانى (تۇمەنبېشى) بولۇپ ئورۇنلاشقاندا، ئابدۇللا نەئىمى دېۋىزىيە ئىشتاۋىنىڭ كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئىستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەرگە كىرگۈزگەن ھەربىي ۋە ساقچى كۈچلىرىنىڭ ھەم شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتى ئاستىدىكى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بارلىق مەخپىي ھەرىكىتى ئابدۇللا نەئىمنىڭ قولى ئارقىلىق يۈرۈشتۈرۈلگەن. مەھمۇد مۇھىتىغا سىرتقى دۇنيانىڭ خەۋەرلىرىنى مەجىدىن ئەپەندى تەمىنلىگەن. بۇ ئىككى كىشى مەھمۇد مۇھىتىغا ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىزچىل يەتكۈزۈپ تۇرغان.

ئابدۇللا نەئىمى ئەسكىرى ۋەزىپىلىرىنى كامىل ئۆتىگەنىنىڭ ئۈستىگە دىنىي، مىللىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردىمۇ زور ئىشلارنى ئىشلىگەن. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، مۇئەللىملەر كۇرسى، دارلمۇئەللىمىن، دارىلئۇلۇم ۋە نەشرىياتقا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇيغۇرلاردىكى ئىككىنچى قېتىملىق جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇشقا كۆپ كۈچ چىقارغان. ئابدۇللا نەئىمى «ئىسلاھ مەدارىس ۋە مەساجىت ھەيئىتى» گە رەئىس بولۇپ، مەدرەسە ۋە مەسچىدلەرنى تەرتىپكە سېلىپ ، ئۆلىمالار ۋە دىنىي ئىشلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرغان.

1936 ـ يىلىغا كەلگەندە، غوجنىياز ھاجىنىڭ قەشقەردىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن كارى بولماسلىقى ۋە شىڭشىسەينىڭ مەھمۇد مۇھىتنى يوقىتىش ئۈچۈن يېقىن كىشىلىرىنى ئۆزىگە تارتىشى سەۋەبىدىن مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردە تۇرىۋېرىشكە ئىمكانىيەت قالمايدۇ. ھەتتا ئابدۇللا نەئىمنىمۇ ئۆرۈمچىگە نەچچە قېتىم چاقىرتقاندا، مەھمۇد مۇھىتى باھانە كۆرسىتىپ توسۇپ قالىدۇ. ئامالسىز قالغان مەھمۇد مۇھىتى يېقىن كىشىلىرى بىلەن 1937 ـ يىلى ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەندە، ئابدۇللا نەئىمىمۇ بىللە چىقىپ كېتىدۇ. ئابدۇللا نەئىمى ھىندىستاندا بىر مۇنچە شەھەرلەرنى ساياھەت قىلىدۇ، 1938 ـ يىلى مەھمۇد مۇھىتىغا ھەمراھ بولۇپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن مىسىر ۋە سۈرىيەلەرنى ساياھەت قىلىپ، تۈركىيەگە بېرىپ ئىستانبۇلدا بىر نەچچە كۈن تۇرىدۇ، كېيىن ھىندىستانغا قايتىپ كېلىدۇ. ئىنگلىزلار مەھمۇد مۇھىتنى جۇڭگوغا كېتىش شەرتى بىلەن قويۇپ بەرگەندە، مەھمۇد مۇھىتى باشلىق ئالتە كىشى شاڭخەيدىكى تېۋىپ باي ئەزىزنىڭ قېشىغا كېلىش ئۈچۈن 1938 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كالكۇتتادىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان دېڭىز سەپىرىدە ئاغرىپ قالغان ئابدۇللا نەئىمي 21 ـ نويابىر كۈنى شاڭخەيگە ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار ئەھۋالدا يېتىپ كېلىدۇ، 25 ـ نويابىر كۈنى 42 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. جەسىدى شاڭخەيدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خانىمى ۋە بىر ئوغلى تۇرپاندا قالغان ئىدى. ئابدۇللا نەئىمنىڭ بۇ ئوغلى كېيىن كۇچا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بولغان.

ئابدۇللا نەئىمى ئۆچۈق پىكىرلىك، ئەستايىدىل، شائىر تەبىئەت كىشى ئىدى، ئۇ ئانا تىلدا شېئىر يازغاندىن باشقا ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىدىمۇ شېئىرلارنى يازاتتى. باشقا مەدرىسە موللىلىرىدەك ئەرەپ ـ پارس تىلىنى زىيادە ئۇلۇغلاپ كەتمەيتتى. ئانا تىلدا شېئىر يېزىشنى شەرەپ دەپ بىلەتتى. 1930 ـ يىللاردىكى ئىنقىلاپ جەريانىدا ئوقۇلغان مارشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئابدۇللا نەئىمى يازغان ئىدى. ھەتتا قۇتلۇق شەۋقى باش مۇھەررىرلىك قىلغان «يېڭى ھايات» گېزىتىدىمۇ شېئىرلىرى بېسىلغان ئىدى. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «ئانا تىل» دېگەن شېئىرمۇ دەل قۇتلۇق شەۋقى سىر (باش) مۇھەررىرلىك قىلىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1935 ـ يىلى 12 ـ ئاۋغۇستتىكى 81 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ شېئىردا ئەينى يىللاردىكى موللا ئۆلىمالارنىڭ ئەرەپ، پارس تىلىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇيغۇر تىلىنى تۆۋەن كۆرۈشتەك مەدەنىيەت پىسخىكىسى قاتتىق تەنقىدلەنگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئانا تىلنى قەدىرلەش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىرنىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتىگە بېسىلغان ئەسلى تېكىستى مۇنداق:

## ئانا تىل

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.
يۇرتىمىزدا قەدرى يوق نەرسە ئانا تىلدۇر بۈگۈن،
بىلمىگەنلەرغە ئانىڭ قەدرىنى بىلدۈرگۈم كېلۇر.
بىز بالالارغا ئاتالاردىن قالىپدۇر يادىگار،
ياخشى ئاسراپ نەسل ئەۋلادلارغا قالدۇرغۇم كېلۇر.
بۇ ئانا تىل گەر ئىسە ئامىرىكا ۋە ئافرىكادا،
سەرف ئېتىپ مىڭلارچە تىللا ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.
ئەي ئانا تىل بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن رۇيى زەمىندە ئىفتىخار ئەتكۈم كېلۇر.
سەن قىزىل گۈل ياكى بۇلبۇل كۆكۈل گۈلزارى سەن،
ئۇشبۇ سۇرەتلەردۇر سەن ھەر زامان كۆرگۈم كېلۇر.
ئالما سەن ياھۇد ئانا سەن ياكى سەن شەمامى شام،
ئەترگۈلدەك بۇي ئالىپ باشىمغا قىستۇرغۇم كېلۇر.
قىزمۇسەن قۇزىمۇسەن ياكى قېزى بىلەن قىمىز،
ياخشى كۆرگەن ياخشىدىن ياخشىغە ئوخشاتقۇم كېلۇر.
ئۆز تىلىنى تاشلىغان ئاغزى بۇزۇقنىڭ ئاغزىغا،
تازا قاتتىغ چەرملىك كەفشىم ئىلە ئۇرغۇم كېلۇر.
ئۆز تىلىدىن ئۆزگە تىلنى ئىستىگەنلەر تىلىنى،
ئارادەك تىلغۇچ بىلەن نەچە تىلىم تىلغۇم كېلۇر.
ئۆز ئاتاسى ئۆز تىلى ئۆز دىنىدىن ئۆز يۇرتىدىن،
بىرسىدىن تانغان بىرىگە ئوخشادۇر دېگۈم كېلۇر.
ئۇشبۇ تىلىنى تاشلاغان ئادەم ۋەتەنغە دوست ئېمەس،
بىلكى ھەممە يۇرتىدىن بىگانە دەپ ئېيتقۇم كېلۇر.
ئانا تىلە ھەممىنى يازماقىغە مۇمكىن بولمادى،
ۋەر نە ھەممە سۆزنى مەن ئۇيغۇرچەلەپ يازغۇم كېلۇر.

_ ئابدۇللا نەئىمى

«سامانيولى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىدا قۇتلۇق شەۋقى نامىدا بېرىلگەن مۇنداق بىر غەزەل بار:

ئۇمىد ئەتمەك ۋاپا ھەر سەيلىلەردىن ئەينى نادانلىق،
دېسەم بولغاي تېپىلماس ئەھدى يالغانلاردىن ئىنسانلىق.
ۋاپا ئەھدىڭگە ئەيلە قەۋل بىلەن پەيلىڭدە سادىق بول،
مۇناپىقلىق نىشانىدۇر كىشىدە ئەھدى يالغانلىق.
ھەر ئىش ئەيلەردە ئەۋۋەل ئېھتىيات ئەيلەپ تەپەككۇر قىل،
قولۇڭدىن ئۆتسە ۋاقتى سوڭرە سۇد ئېمەس پۇشايمانلىق.
پانى دۇنيادىن غەمسىز كېتەرنىڭ يوقتۇر ئىمكانى،
بولۇر ھەر كىمسىنىڭ تەبئىگە باقساڭ پەرىشانلىق.
قەلەم يازغان قەدەردىن سەئىيئىلە ئۆتمەك مەھەل ئولغاي،
دىلىڭنى راست تۇتقىل ھەر كىمسە تاپقايمۇ سۇلايمانلىق؟

www.uyghurkitap.com



دىلىڭنى راست تۇتقىل، زاھىرۇ باتىنىڭدە بىردەك بول،
ئايا شەۋقى، بۇدۇر پەھملىسەڭ رەسمى مۇسۇلمانلىق.

بۇ غەزەل ئەسلى موللا مۇھەممەد ئابىد نەمەنگانىنىڭ «تۇھفەتۇل ئابىدىن» ( مەتقاسىم ئەكرەم، ئىمىن تۇمۇر نەشرگە تەييارلىغان، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى 1908 ـ يىلىدىكى چاپى نۇسخىسىغا ئاساسەن، 1993 ـ يىلى نەشر قىلىپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان نۇسخىسىنىڭ 213 ـ بېتى) دېگەن دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مۇنداق ئىدى:

## غەزەل شەۋقى

ئۇمىد ئەتمەك ۋەفا سىفلەلەردىن ئەين نادانلىغ،
دېسە بولغاي تاپىلماس ئەھدى يالغانلاردىن ئىنسالىغ،
ۋەفا ئەھدىڭگە ئەيلە قەۋل ئىلە فىئلىڭدە سادىق بول،
مۇنافىقلىق نىشانىدۇر كىشىدە ئەھدى يالغانلىغ.
ھەر ئىش ئەيلەردە ئەۋۋەل ئىھتىيات ئەيلەپ تەپەككۇر قىل،
قولۇڭدىن ئۆتسە ۋەقتى سوڭرە سۇد ئەتمەس پۇشەيمەنلىغ،
بۇ فانى دۇنيادىن غەمسىز كېتەرنىڭ يوقتۇر ئىمكانى،
بولۇر ھەر كىمسەنىڭ تەبئىگە باقساڭ بىر پەرىشانلىغ.
قەلەم يازغان قەدەردىن سەئىيلە ئۆتمەك مەھەل ئولغاي،
نەگىن تۇتماق بىلە بىر كىمسە تاپقايمۇ سۇلەيمانلىغ.
دىلىڭنى راست تۇتقىل، زاھىرۇ باتىندە سۇدەك بول،
ئەيا شەۋقى بۇدۇر فەھىم ئەيلەسەڭ رەسىم مۇسۇلمانلىغ.

بۇ غەزەلنى يازغان شەۋقى، ئېنىقكى «شەۋقى» تەخەللۇسىنى قوللانغان نەمەنگانلىق شەمسى ھوسەيىن (1805 ـ 1889) دۇر④. موللا مۇھەممەد ئابىد نەمەنگانىنىڭ 1908 ـ يىلى چاپى قىلىنغان دىۋانىغا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن «شەۋقى»، ھەرگىزمۇ قۇتلۇق شەۋقى ئەمەسلىگى ، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ غەزەلنىڭ خاتا ھالدا قۇتلۇق شەۋقى نامىغا تەۋە قىلىپ قويۇلغانلىغى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ غەزەلنىڭ تىلى قۇتلۇق شەۋقى «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1937 ـ يىلى 18 ـ مارت، 69 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەرتىياز تەسراتى» دېگەن شېئىرنىڭ تىلى بىلەن خېلى پەرقلىنىدۇ. قۇتلۇق شەۋقىنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ تىلىغا قاراپ باقايلى:

## ئەرتەياز تەسراتى

ئەرتەياز ۋاقتى يېتىپ كەلدى، چىقىپ خۇشبۇي شامال،
غەم تونى ـ قىش كەتتى، كۆرسەتتى باھار شىرىن جامال.
ئەي ۋەتەن! سەن نە چىرايلىق بەك يېقىملىق ئانامىز،
بۇ غېرىب ئەۋلادلىرىڭنى شاد قىل، شەفقەتلە ئال.
كۆپ زامان غەملىك قارا كۈنلەردە ئۆتكەن بالالارىڭ،
بىھايا زالىم ئاستىدا بولغان ئېدىلەر پەيمال.
ئەمدى كۆز ئاچدى سەنىڭ رۇشەن ھاۋايىڭ كۆرگىلى،
خۇش بولۇپ تافسۇن سېنىڭ مۇڭلۇق قۇچاغىڭدا كامال.

ياز بولۇپ ئاچىلغۇسى رەڭ ـ رەڭدە گۇللەر نۇر ساچىپ،
باغى سەھرا مايسا يافراقلار يەشىل رەڭ خۇشمۇ ھال.
سايراشۇر كۆك تالغۇ بىرلە قالدۇرغاچ ھەم سوفىياڭ،
ئول چىرايلىق قۇشلار ئاۋازى قىلۇر ئىنساننى لال.
خۇش ھاۋايىڭ ئەي ۋاتەن ھىجران غېمىڭ دارۇسى،
سەن ياشا ئىززەتۇ بىدارلىق ئىلە تافماي زاۋال.

ـ شەۋقى

دېمەك يۇقىرىقى غەزەل، شەۋقى نەمەنگانىنىڭ شېئىرى بولۇپ، قۇتلۇق شەۋقى ئىجادىيىتىگە قىلىنغان تۆھمەتتۇر.

بىزنى تەققازا قىلىۋاتقان بىر مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان نەشرىياتچىلىقىنىڭ بايراقدا ـ رى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى تېخىچە نەشر قىلىنمىدى. بىز باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ نامىغا يېزىپ ئاۋارە بولمىساقمۇ، قۇتلۇق شەۋقى باش مۇھەررىرلىك قىلغان «يېڭى ھايات» ۋە «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەردە قۇتلۇق شەۋقى نامىدا ئېلان قىلىنغان ماقالە ۋە شېئىرلارنىڭ ئۆزىنىمۇ بىر توپلام قىلىشقا يېتەرلىك مەنبەدۇر. شۇڭا، ئەستايىدىللىقى ئاجىز، چوڭقۇر ئىزدىنىشتىن ئېرىنىدىغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى بىر ـ بىرىنىڭ ئويدۇرما تەتقىقاتىنى كۆچۈرۈپ يۈرمەي، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن بىۋاستە تونۇشۇپ، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئەسىرى ئىدى، دېگەن ئەسەرنى ئەسلىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، خۇلاسە چىقىرىشى كېرەك. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بۇھتان تۇسنى ئالغان ئاتالمىش تەتقىقاتنىڭ كۆپ بولىشى، ئىجادىي ھەم ئىلمىي ئەمگەك قىلغان قۇتلۇق شەۋقىدەك مۇتەپەككۇر زاتلارنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزىدۇ. شۇڭا ، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە باھا بەرگەندە، يۇقىرىقىدەك تۆھمەتلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنىشىمىز زۆرۈر.

مەنبەلەر:

① «چىندە تۈركچە گېزىت» دېگەن نامدىكى ماقالە بېسىلغان ژورنال ـ «سىرەتەل مۇستەقىم»، 1910 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانى، ئىستانبۇل

YARRING,Gunnar Alferd: Printis from Kashghar, The Printing Office of the ② Swedish Mission in Eastan Turkistan, History and Production with an Attempt at a .Bibliografhy ,1991 ,Stockholm: Sevensca Forsking sinistitutet Istanbul

③ ھۇسەيىن مۇساباي : «كاشغەردىن مەكتۇب، سىرەتەل مۇستەقىم» (ژورنال)، 1910 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانى، ئىستانبۇل

④ «تۈركىيە سىرتىدىكى تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئانتولوگىيىسى» . 15 ـ توم، «ئۆزبەك ئەدەبىياتى ـ 2»، 187 ـ بەت، 2000 ـ يىلى تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىسترلىگى نەشرى

**ئەمدى** مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق ئەپەندىمىنىڭ « قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق يازمىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

www.uyghurkitap.com






«تۈركىي تىللار دىۋانى» 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان ئىنسىكلوپېدىيە خاراكتېرلىك لۇغەت بولۇپ، 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي قامۇسى ھېساپلىنىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا كەلگەن مىڭ يىلنىڭ مابەينىدە، تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئىچىدە ئىلىم دۇنياسىغا بىردە ئاشكارا بولۇپ، بىردە يوشۇرۇلۇپ، ئالىملار تەرىپىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئىلمىي مەدھىيە، ئېتىراپقا ئېرىشكەن، ئەتىۋارلاپ ساقلىنىشقا، قەدىرلەپ ئوقۇلۇشقا مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن. «دىۋان» ئەسلى ئەرەپچە يېزىلغانلىقتىن دەسلەپتە باغداد، مىسىر قاتارلىق ئەرەپ ئەللىرى ئالىملىرى تەرىپىدىن ئوقۇلۇپ، مۇتالىئە قىلىنىپ كەلگەن بولۇپ①، ئىلىم دۇنياسىغا تولۇق مەلۇم بولۇشى تېخى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئىش.

ھىجرىيىنىڭ 466 (مىلادىيە1073 ـ 1074) ـ يىلى باغدادتا يېزىلىپ قولدىن چىققان بۇ ئەسەر كېيىنكى دەۋرلەردە كۆپ قېتىم كۆچۈرۈلۈپ تارقالغان بولسىمۇ، بىزگىچە بۇ ئەسەرنىڭ پەقەت بىرلا نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن.

مىلادىيە 1266 ـ يىلى(«دىۋان»يېزىلغان ۋاقىتتىن 192 يىل كېيىن) ئىرانلىق مۇھەممەت بىننى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئوبۇلفەتھى تەرىپىدىن سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھرىدە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز قولىيازمىسىدىن كۆچۈرۈلگەن بۇ نۇسخا 1910 ـ يىللىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھرىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇنى ئوسمانلى ئېمپىرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىيبەيىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايال ساقلىغان ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن كىتاپپۇرۇش ئارقىلىق 1914 ـ يىلى دىيارى بەكرىلىك ئەلى ئەمىرگە ساتقان. تۈركىيىنىڭ كىلىس ۋىلايىتىدىن مۇئەللىم رىفئەت بىلگە بۇنى ئاڭلاپ، ئەلى ئەمىرنىڭ ماقۇللىغىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئەسەرنى 1915 ـ ، 1917 ـ يىللىرى ئۈچ توم ھالدا مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان. ئەنە شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولۇپ، تېزلىكتە ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 1930 ـ ، 1940 ـ يىللاردا، مارتىن ھارتمان، بروككېلمان قاتارلىق نېمىس ئالىملىرى، بېسىم ئاتالاي،،، دەھرى دىلچىن قاتارلىقلار ۋەكىللىگىدىكى تۈرك ئالىملىرى بۇ ئەسەرنى بەس ـ بەستە تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي ماقالىلەر يېزىشتى، ئېندېكس ئىشلىدى ھەم نېمىس، تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىشتى. بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان كۆپلىگەن ئەللەر ئالىملىرى ئوخشىمىغان ھالەتتە تەتقىق قىلىشىپ، ھېلھەم تەتقىقاتىدىن قانائەتلەنمەي باش قاتۇرىۋاتقان بولسىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»يەنىلا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ يېگانە نامايەندىسى ھالىتىدە چاقناپ تۇرماقتا.

ئەپسۇس، ئالىملارنىڭ نەزەرىدە ئەنە شۇنداق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى بىر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇشىغا قارىماي، خەلقىمىز بۇ ئەسەرنى تولىمۇ كېچىكىپ بىلدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا خەلقىمىزنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇلىشىغا دائىر بەزى ئىنچىكە مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بىر زامانلاردا، ئاسىيا قۇرۇغلىقىنىڭ بىپايان باغرىدا ئارغىماقلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ،، سەيياربىلەردەك ئەركىن ۋە بىمالال ياشاپ ئۆتكەن، شۇنداقلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنى يارىتىپ، تۈركىي ـ تۈركىي مەرىپەت يۇلتۇزلىرىنى چاقنىتىپ، مەدەنىيەت ئاسمىنىنى بېزىگەن» خەلقىمىز «يىپەك يولىنىڭ چۆلدەرىشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن ئەسەبىي ئىشانچىلىق، دىنىي خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپ نادانلىق، ھەم كوتا ـ قۇلچىلىق، ھەم تۆگمەس، ئەرزىمەس تەپرىقچىلىك، شۇنداقلا زۇلۇم ـ زالالەت قۇيۇنلىرى ئىچىدە قارا تەقدىرىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلغان»② بولۇپ، مەنۋى تۇرمۇش دېگەنلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

خەيرىيەت، «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئەيتاۋۇر باشقا ئەللەردە ياڭرىغان مەرىپەت قوڭغۇرىغىنىڭ ساداسىدىنمۇ ياكى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ دەھشەتلىك خورەك ئاۋازىدىنمۇ بەزى ئەقىل ـ ھۇشى ۋە ئىمان ـ ئېتىقادى سەزگۈر كىشىلەر بالدۇر ئويغىنىپ»③ ، خەلقىمىزنىڭ دەردىگە داۋا ئىزدىدى. ئىلىم ئىزدەش ياكى سودا ـ تىجارەت قىلىش يولى بىلەن جاھان كۆرگەن بىر تۈركىي ئۇيغۇر ئەزىمەتلىرى بۇ ئىزدىنىشنىڭ يول ئاچقۇچىلىرى بولۇپ قالدى.

يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى مەشھۇر دېموكراتىك شائىرلىرىمىزدىن بىرى، تارىخچى ۋە نەشرىـ ـياتچى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى مانا مۇشۇ ئىزدىنىشكە يېقىندىن ھەمكار ـ مەدەتكار بولغان بىر ئەزىمەت ئىدى.

ھاياتىنى پۈتۈن ئۆمرى غەپلەتتە قالغان مىللەتنى ئويغىتىش يولىدا مەرىپەت تارقىتىش، مىللىي مەدەنىيەت ئويغىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مىللىي نەشرىياتچىلىق، مەدەنىي ئاقارتىشتەك مەنۋىي كۈرەشلەرگە ئاتاپ، شۇ كۈرەشلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ساپ مىللىي غۇرۇرى، پاك ئىمان ـ ئېتىقادى بىلەن ياشىغانلىق «گۇناھى»ئۈچۈن ھۆكۈمران جاھالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان بۇ مەرىپەت ـ مەدەنىيەت جەڭچىسى 1876 ـ يىلى قەشقەر شەھرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە ئابدۇرېھىم بەگ ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر يەرلىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن قەشقەردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەپ ـ پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 1908 ـ يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى بېرىپ، قايتىشىدا مىسىردىكى «جامىئۇل ئەزھەر دارىئۇلۇم»ىغا ئوقۇشقا كىرىپ مەخسۇس ئەرەپ تىلى ۋە ئىسلام قانۇنلىرىنى ئۆگەنگەن. ئوقۇشنى تۈگەنكەندىن كېيىن تۈركىيىگە كەلگەن. شۇ چاغلاردا تۈركىيىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتچىلىق (جەدىتچىلىك) ھەرىكىتى تۈركىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆزگىچە يېڭى مۇھىتنى ـ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. جاھان كۆرۈپ مەلۇم جەھەتلەردە يېڭىچە ئىدىيىۋى تونۇشقا كېلىۋاتقان قۇتلۇق ھاجى بۇ يېڭىچە مەنزىرىنىڭ تەسىرىدە ئىستانبۇلدا قېلىپ، ئۇ يەردىكى بىر ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئوقۇغان. مۇشۇ جەرياندا تۈركىيىدە مۇستاپا كامال باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جاھالەتكە، قالاقلىققا، مۇتەئەسسىپلىككە قارشى يېڭىلاش (ئىسلاھات ـ جەدىتچىلىك)كۈرىشى قۇتلۇق ھاجىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى . ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ نامرات، قالاق ھالىتىنى ، قۇللۇق تۇرمۇشىنى پەقەت ئىلىم ـ مەرىپەت ئارقىلىق خەلقنىڭ روھىي ـ مادارىنى قوزغاپ، يېڭىلىققا يېتەكلىگەندىلا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. ئىستانبۇلدا ھەر قايسى ئىلىملەرنى ئۆگىنىش جەريانىدا، تۈرك ئەللىرىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەرنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ھەر جەھەتتىن بىلىمنى مۇستەھكەملەيدۇ. 1917 ـ يىللىرى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن قۇتلۇق ھاجى ۋەتەن، مىللەتنى جاھالەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، مەلۇم نىيەت ـ مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈش بىلەن بىللە، شۇ يىللىرى تۈركىيىدە بېسىلغان

www.uyghurkitap.com



«تۈركىي تىللار دىۋانى»نى مىللەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى دەپ قاراپ بىرگە ئالغاچ كېلىدۇ. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بايلار ۋە زىيالىيلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەر جەھەتتىن پۇختا تەييارلىق قىلىپ، بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1918 ـ يىلى مىخ مەتبەئەدە «ئاڭ گېزىتى»نى نەشر قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، دېموكراتىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدۇ . مىللىي ئويغىنىش، جاھالەتكە قارشى تۇرۇش، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش بۇ گېزىت ياڭراتقان جاراڭلىق سادا بولغانلىقتىن بىر مەزگىل چىقىپلا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پېچەتلىنىپ، توختىتىپ قويۇلىدۇ.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى «ئاڭ» گېزىتىنىڭ پېچەتلىنىشى بىلەن تەڭلا، ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر بايلارنىڭ ياردىمىدە موللا نازىم، نورۇز يۇسۇپى قاتارلىق شائىرلار بىلەن بىرلىشىپ، مىللىي ئويغىنىش، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش مەزمۇن قىلىنغان جەڭگىۋار شېئىرلىرىنى توپلام قىلىپ، «ئويغان ۋە ئىنقىلاپ ئەشئارلىرى»، «ئاسارەت ۋە زالالەتكە ئوت ياق» دېگەن ناملار بىلەن 1920 ـ ۋە 1924 ـ يىللىرى مىخ مەتبەدە باستۇرۇپ تارقىتىدۇ.④

خەلققە مىللىي مەدەنىيەتنى تونۇتۇش، ئەجدادلار روھىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق مىللىي روھنى ئويغىتىش، ئەزىز ۋەتەننىڭ، ئانا ماكانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇتۇش ـ قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىچە پائالىيىتىدۇر.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ قەددىنى كۆتىرىش يولىدىكى بۇ پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»ۋە مەھمۇد قەشقەرى توغرۇلۇق خەلقىمىزگە تۇنجى مەلۇمات بەرگەن ئىلىم ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ.

ھازىرغىچە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىشتە بولغان تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ 1940 ـ يىللاردىن كېيىن قولغا ئېلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، 30 ـ يىللاردىلا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ ، تونۇشتۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشىپ كەلدى.⑤

دەرۋەقە، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار يېتەرلىك بولمىسىمۇ، لېكىن قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بەزى ئەسەرلىرىدىن ۋە مەھمۇد قەشقەرى مازىرى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردىن بۇ ھەقتە خېلى ئىشەنچلىك تونۇشقا ئاساس تاپالايمىز.

مەلۇمكى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى باشقا ئىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى پۇختا بىلىشنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بۇ ھەقتە كۆپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىشلەردە بولغان. ئۇنىڭ تۈركىيىدىن قايتىشىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى بىرگە ئېلىپ كېلىشىمۇ مەقسەتسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە 1936 ـ يىلى قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، داڭلىق ئالىم موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان مەھمۇد قەشقىرى مازىرىغا كىتاپ ۋەخپە قىلغانلىق ھەققىدىكى تارىخىي ھۆججەتنى تېپىپ ساقلىغان⑥ . قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «قەشقەر» ناملىق غەزىلى خەلقىمىزگە مەھمۇد قەشقىرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن، ئەينى ۋاقىتتا ئاشكارا ئېلان قىلىنغان تۇنجى ئەسەردۇر:

كۆرمىگىل قەشقەرنى كەم بۇ جايدا مەردانىلار ياتۇر،
ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغرايى خاقانىلار ياتۇر.
خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۈرەش،
ئول شەھىدۇ قەھرىمان ئالىپ ئارسلانىلار ياتۇر.
نۇر چېچىپ «قۇتادغۇبىلىك» خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۇسۇپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئىرپانىلار ياتۇر.
يادىكار ئەيلەپ جەھانغا يازدى «دىۋانى لۇغەت»،

مەھمۇدىل قەشقەرى كەبى ئەھلى شەرەپشانلار ياتۇر.
ئەيلىگەن شەۋقنى مەپتۇن ئەل ئۇچۇن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.

مانا بۇ يالقۇنلۇق مىسرالار قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالماستىن، مىللىتىمىز تارىخى ھەققىدىكى نىسبەتەن كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مۇشۇنداق شەكىللەر ئارقىلىق مىللىتىمىزگە ئۆز تارىخىنى تونۇتۇپ، مىللەتنىڭ شانلىق تارىخى، مەدەنىيىتىنى، باتۇر، پاراسەتلىك، كۆرەشچان ئوغلانلىرىنىڭ، ئالىملىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، مىللەتنى ئەجدادلار ئىزىدىن مېڭىپ، ئىلىم-مەرىپەت بىلەن قوراللىنىپ، قۇللۇق-مەھكۇملۇق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قەد كۆتۈرۈش يولىغا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، يېتەكلەش مەقسىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن.⑦ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مىڭ يىللار ئىلگىرى تۈرك (ئۇيغۇر)تىلىنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئىجتىھات قىلغانلىقىنى، توسالغۇلار ئالدىدا قانچىلىك جاسارەت كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولۇۋاتقانلىقىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىپ، ئەسەرنى ھەرتەرەپلىمە چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەرجىمىنى ئىمكان قەدەر پىششىق قولدىن چىقىرىشقا تىرىشقان. ئۆگىنىش جەريانىدا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەپ-پارس تىللىرى بىلەن تەڭ بەيگىگە چۈشكەن تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ ھەققەتەنمۇ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۇقىرى، مەزمۇنغا باي تىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ چاغلاردا ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق زىيالىيلار يېتەكلىگەندە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تىل جەھەتتىنمۇ يېڭىلىققا يۈزلىنىپ، مىللىي تىلنى ساپلاشتۇرۇش (تىلىمىزدىكى ئەرەپ - پارس تىلى ئارىلاشمىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئورنىغا مىللىي تىلىمىزدىكى خاس سۆزلۈكلەرنى سەپلەش)، ئورتاق ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە «ئانا تىل نەزمىسى» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، خەلقىمىزگە ئانا تىلنىڭ قەدىر-قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتقان.

**1933**-، **1934**-يىللىرى يەنە ئارقا-ئارقىدىن «ئەركىن ھايات»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنى چىقىرىپ تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ مىللەت، ۋەتەننى زۇلۇم ئىلكىدىن ئازاد قىلىش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىستەكلىرىنى تەشۋىق قىلغان قۇتلۇق ھاجى شەۋقى بۇ گېزىتلەردە يەنە ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەر، ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇ. مەشھۇر تارىخىي ئەسىرى «تارىخى شەھەر، ۋاقىئاتى قەشقەر»نى يازدۇ. خەلقنى قۇللۇق ئىسكەنجىسىدە تۇتۇپ، يىلىگىنى شوراپ، ئۆزىنى سەمرىتىپ كەلگەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىرى، خەلقنى ئويغىتىش يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئوغلانلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ قاراپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك تۈردە تۇتقۇن قىلدۇ. شۇ قاتاردا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىمۇ قامايدۇ . ئاخىر **1937**-يىلى **5**-ئايدا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. تارىخ، مەدەنىيەتكە دائىر مىللىي مىراسلىرىمىزنىمۇ يىلتىزىمىزنى قىرقىشنىڭ بىر يولى سۈپىتىدە يوقىتىشقا يۈزلەنگەن جاللات ھۆكۈمەت سانسىزلىغان قەدىمكى كىتاپ جاۋاھىرلىرىمىزنى يىغىپ كۆيدۈرىدۇ . قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ توپلىغان كىتاپ-ماتېرىياللىرى ۋە يازغان ئەسەرلىرىمۇ شۇ چاغدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئازغىنە ئەسەرلىرى ئەينى يىللاردا چەتئەلدىكى گېزىت-ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان ۋە بەزى پىشقەدەملىرىمىزنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن ئىبارەت.

يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئىزىلگەن مىللەتنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك تارىخىي مىراسلىرىنى ھەققىي قەدىرلەش، توپلاش، تونۇتۇشنىڭ ئۆچمەس نامايەندىسى سۈپىتىدە پائالىيەت قىلغان مەرھۇم قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگىكى زۇلمەتلىك زامانىنىڭ ۋاپاسىزلىغى تۈپەيلى ئاخىر-لىشالمىغانلىقى ئۈستىگە ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن پاكىتلىق قاراشلار قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت مىللەتنىڭ بىباھا ئەگگۈشتىرىگە خېلى بۇرۇنىدىلا چوڭقۇر ئېتىبار ۋە ئىخلاستا بولۇپ، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى توپلاش ۋە ئىزدىنىش يولىدا كۆپ ئەجىر قىلغانلىقىنى موقىملاشتۇرىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ.

ھازىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تارىخى شەھەر، ۋاقىئاتى قەشقەر» ناملىق تارىخ كىتاۋى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا . ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن قەشقەر رايونىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تارىخى بىرقەدەر مۇپەسسەل يورۇتۇلغان بۇ كىتاپنى ھازىرچە كۆرۈپ پايدىلىنىش شارائىتىغا ئېرىشەلمىسەكمۇ، بۇ ئەسەردە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە مەھمۇد قەشقىرى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي بايانلار يوق دەپ ئېيتالمايمىز.

شۇڭا، بىز 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىدىن ئىبارەت بۇ مىللەت سۆيەر ئوغلانىمىزنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۇنجى بولۇپ خەلقىمىزگە تونۇشتۇرغان ۋە تەرجىمە قىلغان-لىغىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت تارىخىمىز سەھىپىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن بېرىش بىلەن بىرگە، ئەجدادلار تارىخىنى بىلىش، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بىباھا مىراسلىرىمىزنى قەدىرلەش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم.

ئىزاھاتلار:

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى، كىرىش سۆز 42 - ، 43 - بەت.

②③ م. سىيىت، ي. رۇزى: «مەمتىلى ئەپەندى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل نەشرى، سۆز بېشى 2 - ، 3 - بەت.

④ ن.زامان: «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ»، «تارىم» ژۇرنىلى 1986 - يىل 11 - سان 112 - بەت.

⑤ غ. سەدىۋاققاسوف: «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە»، «بۇلاق» 1997-يىل 1 - سان 118 - بەت.

⑥ مەزكۇر ھۆججەتنى يېقىنقى يىللارغىچە ساقلاپ، مەھمۇد قەشقىرى مازىرىنىڭ ئېنىقلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقان پېشقەدەم تارىخچى ئۆلىما، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئوغلى مەرھۇم ئىمىر ھۈسىين قازى ئاخۇنۇم بۇ ھۆججەتنىڭ ئاتىسى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىدىن قالغانلىغىنى ئېيتقان. «مەھمۇد قەشقىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1965 - يىل نەشرى، 97 - بەت.

⑦ ئەدەبىياتشۇناس ھاجى ئەھمەد كۆل تېكىن ئۆزىنىڭ «دېڭىز ئۈنچىلىرى» دېگەن كىتاۋىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەنلىگى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 195 - بەت.

ئەسكەرتىش: بۇ ھەقتە پاكىتلارنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قۇتلۇق ھاجى شەۋقىينىڭ «تارىخى شەھەر، ۋاقىئاتى قەشقەر» ناملىق تارىخ كىتاۋىنى نەشرگە تەييارلاپ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم بىر ئىشتۇر.

**كىچىككىنە خۇلاسە:**

يۇقىرىدا ئىككى بۇرادىرىمىزنىڭ كۆز - قاراشلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. مەرھۇم قۇتلۇق هاجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەقىقىي ئەھۋال توغرىسىدا كىمنىڭ دېگەنلىرى راست، بۇنى كەسكىن هالدا بىر نېمە دېيىش ئاسان ئەمەستەك تۇرىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ قارىشىم، مەيلى كىمنىڭ دېگەنلىرى راست بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ، هازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان ئاشۇ گېزىت ياكى شېئىرلارنىڭ مەۋجۇتلىقىلا كىپايە. بىز مانا شۇلارنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئىگەللەپ ئالالىساقلا مەخسەت - مۇددىئالىرىمىزغا يەتكەن بولىمىز(؟) شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھتەرەم قېرىنداشلىرىمىنىڭ بۇ جەھەتتە ئارتۇقچە تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرماسلىقىنى ، بەلكى دىققەت - ئېتىبارىنى ئاشۇ گېزىت ۋە شېئىرلارنى روھى ئۇزۇق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمەن.

## قۇربانجان رۇزى شەيدائى



دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى، تونۇلغان تالانتلىق ياش خەتتات قۇربانجان روزى شەيدائى 2016 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

ئەسلى، 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر پەيزاۋات ناھىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن داڭلىق خەتتات قۇربانجان روزى شەيدائىنىڭ ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ۋە خەتتاتلىق سەنئىتى ئەسەرلىرىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتكە پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، قۇربانجان روزى شەيدائىنىڭ دىيارىمىز تەۋەسىدىكى ئۇستاز - شاگىرتلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىرلار، خەتتاتلار، بىر قىسىم خەتتاتلىق ھەۋەسكارلىرى ۋە مۇخبىرلار بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان ئىدى.

تۆۋەندىكى كۆرۈنۈشلەر مانا شۇ چاغدىكى گۈزەل ھۆسن خەتلەر ۋە قايناق ئاممىۋى كەيپىياتنىڭ ئىپادىسىدۇر:



www.uyghurkitap.com





# كېرىم خوجا



ش ئۇ ئار خەتتاتلار جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، تونۇلغان ئۈن ـ سىن ـ كىتاب مۇقاۋا لايىھىلىگۈچىسى، ئۇستاز خەتتات كېرىم خوجا **1963** ـ يىل **5** ـ ئاينىڭ **1** ـ كۈنى كورلا شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن.

**1982** ـ يىلى مەركىزىي ھۈنەر ـ سەنئەت ئىنستىتۇتى سودا گۈزەل سەنئىتى كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، **1985** ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنغان.

كېرىم خوجا خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن رەسىم فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتۇش تەلىۋى بويىچە سىدام سىزما، دۇغ بوياق رەسىم، بېزەك رەسىم، خەتتاتلىق، ماركا لايىھىلەش قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ ئوقۇغۇ ـ چىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، شۇنداقلا مەكتەپ ۋە فاكۇلتېت رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ داڭلىق رەسسام ۋە خەتتات غازى ئەھمەدنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە تەمىنلىگەن ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، خەتتاتلىقتا خەلقئارا ئۆلچەمنى ئۈلگە قىلىپ ئۆگەندى. ئۇ يەنە دىيارىمىزدىكى داڭلىق خەتتاتلاردىن نىياز كېرىم شەرقى، ئابلەق ھوشۇر، سۇلايمان ئىسمائىل خالى، قايىنام جاپپار، قۇربانجان روزى شەيدائى قاتارلىق خەتتاتلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەشر قىلدۇرغان كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي بىلىملەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ يېڭىچە دەرسلىك قوللانمىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

مۇقاۋا لايىھىسىنى باھالاش مۇسابىقىلىرىدە ئۈزلۈكسىز تۈردە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، بۇ جەھەتتە يېڭى يۈكسىلىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان كېرىم خوجا **1989** ـ يىلى شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتىنىڭ كۈچلۈك تەكلىۋىگە ئاساسەن بۇ ئورۇنغا يۆتكىلىپ چىقىپ، بىردىن ـ بىر گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ **30** يىللىق خىزمەت ھاياتىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتاب مۇقاۋىسى، ئۈنئالغۇ لېنتىسى، سىنئالغۇ لېنتىسى، **CD**، **VCD**، **DVD** پىلاستىنكىسى قاتارلىق مىڭ خىلغا يېقىن نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھىلەش، ئوراپ قاچىلاش ۋە بېزەش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماي، **100** خىلدىن ئارتۇق ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم




يارىتىپ، كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

ئۇ لايىھىلىگەن «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق سەنئەملىرى»، «ئاۋات دولان مۇقام

www.uyghurkitap.com


مەشرەپلىرى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام سەنئىتى قامۇسى»نىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى، «ئون ئىككى يۇرۇش ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى»، «بالا نەسردىن ئەپەندى»، «قازاق باللار چۆچەكلىرى» قاتارلىق ئون ـ سىن بۇيۇملىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن نەشر بۇيۇمى مۇكاپاتى ۋە لايىھەلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن سىرت، باشقا نۇرغۇن قېتىملىق ئون ـ سىن بۇيۇملىرى مۇسابىقىسىدە «لايىھەلەش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

كېرىم خوجا يەنە داڭلىق خەتتات. ئۇ ش ئۇ ئا ر خەتتاتلار جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق، رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ يەنە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ تەلۋىگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ يىللىقلارنىڭ ھۆسنخەت دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە بۇ دەرسلىكلەر قازاقچە، قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.




2010 ـ يىلى شىنجاڭ ئون ـ سىن نەشرىياتى كېرىم خوجىنى نەشرىياتقا ۋاكالىتەن ئىراندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق كىتاب يەرمەنكىسىگە ئەۋەتتى. ئۇ يەرمەنكىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ئىران ۋە تۈركىيىنىڭ نەشرىياتچىلىق، خەتتاتلىق، نەققاشلىق، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىگە ئالاھىدە قىزىقتى ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا يېڭى بىر ئىلھام ۋە ئىزدىنىشلەرنى ئاتا قىلدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ۋە خەتتاتلىققا ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل رەڭلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يېقىنقى ئۈچ يىل مابەينىدە يېڭىچە بولغان رەڭ تەڭشەش قائىدىسىنى ئىجاد قىلىپ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ۋە خەتتاتلىق ساھەسىدىكى ئۇستازلار ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشكەندىن باشقا، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى ئۈچۈن يول ئاچتى.

ئۇستاز خەتتات كېرىم خوجا يۇرۇشلۇك رەڭلىرى 2015 ـ يىل 30 ـ مايدىن 1 ـ ئىيۇنغىچە ئېلىپ بېرىلغان «2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو شىنجاڭ ياۋرو ـ ئاسىيا ئالتۇن كۆۋرۈك خەلقئارا يەرمەنكىسى»نىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت پائالىيىتى بولغان «ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى تەرەققىيات نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى»گە قاتناشتۇرۇلۇپ، كەڭ ھەۋەسكارلار ۋە خەتتاتلارنىڭ تېخىمۇ زور ئالقىشى ۋە ئېتراپىغا ئېرىشتى. يەرمەنـ ـكىدە خەتتات كېرىم خوجىنىڭ بىر پارچە ھۆسنخەت ئەسىرى ئاتالمىش شىنجاڭ ئېھسان مايچىلىق شىركىتى لىدىرى ئابدۇشۇكۇر ھاجىم تەرىپىدىن 50 مىڭ يۈەنگە سېتىۋېلىنىپ، يەرـ مەنكىنىڭ يارقىن بىر نۇقتىسىغا ئايلاندى.

كۆرگەزمە كۆرۈنگەن ئۇستاز خەتتات ئابدۇكېرىم خوجا ئەپەندىمنىڭ «كېرىم خوجا خەتتاتلىق سىياھلىرى»رەسمىي بازارغا سېلىندى. ئۇستاز خەتتات كېرىم خوجا ئالاقىسى: 13565830008 ۋاكالىتەن

ساتقۇچىلار ئۇچۇرى: خەتتات ئەرشىدىن راشىد (13999893243)، «مۇئەللىم» مەھسۇلاتلىرى ئۇرۇمچىدىكى مەخسۇس سېتىش دۇكىنى، ئۇرۇمچى «هۇنبەگ» كىتابخانىسى (15999457473)، ئوسمانىيە چاي تائاملىرى (13899993874)،
مانا بۇلارخەتتات كېرىم خوجىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى:



## گۇمنام( خىرقىتى)

(1634 ـ 1724)، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»ناملىق داستانىنىڭ ئاپتورى مۇھەممەتئىمىن خىرقىتى، يەنى گۇمنام ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاهىدە ئورۇن تۇتىدىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر

شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى.

ئۇ، XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسى تازغۇن «باغچى» يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئاتىسىنىڭ ئىسمى غوجامقۇلى. گۇمنام ئاپپاق خوجىنىڭ دەۋرىدە، ياشلىقىدا قەشقەردىكى «ساجىيە مەدرىسى»سىدە ئوقۇغان. 30 ياشلارغا كىرگەندە دادىسى غوجامقۇلى بىلەن بىرلىكتە ئاپاق خوجا ھوزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭغا خىزمەتكار بولغان. ئۇ 1670 ـ يىللىرى يازغان «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكامە»ناملىق داستانىنى «خىرقىتى» (ئىشىق ئوتىدا كۆيگۈچى، قەلبى ئوت بولۇپ يانغۇچى دېگەن مەنىدە) تەخەللۇسى بىلەن يازغان بولسا، پۈتۈن لىرىك غەزەل، مۇخەممەسلىرىنى «گۇمنام» (ۋەھدەتى ـــ ۋۇجۇد يولىدا نامى يوقالغان دېگەن مەنىدە)تەخەللۇسى بىلەن يازغان. ئۇنىڭ 50 مىسرا شېئىرى «ئون ئىككى مۇقام»غا كىرگۈزۈلگەن.

گۇمنام ئاپپاق خوجانىڭ ھۇزۇرىدا باغۋەن، چىراقچى ۋە كاۋاپچى مەنسەپلىرىدە بولغان. بۇ ھەقتە شائىر داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئەگەر كىشى ساھىب تەسنىفنىڭ كەلامىن ئىشتىپ،نامىن بىلەيىن دېسە،مەجھۇل قالماسۇ،مەئالۇم بولسۇن ۋە مۇبھەم بولماسۇن. مەفھۇم بولسۇن دەپ،ھەددەف نامىمنى ۋە تەرەف مەقامىمنى تەئيىن قىلدىكىم مۇھەممەد ئىمىن ئىبن خاجەمقۇلى ۋە ئازادەلەر باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مېھنەت تاغىنىڭ گۈلى....بەندەئى ئەۋلادى مۇھەممەد كاشغەر ۋەلايىتىدىن، تازغۇن دەھى،پىرھىدا يەتىدىن خالىي،ئارغۇن رەھىدىن قىشلاغى باغچى مەنسەبى ھەم باغچى ۋە سانى چىراقچى ۋە سالىسە كەبابچى،بۇ ئىشلار ۋە بۇ رەۋىشلەر زۇبدەئى پەيغەمبەر زادەلەر ۋەشەھ ئازادەلەر دەۋرىدەدۇر.»

«ئېرور باغ مېھتەرى قىشلاقى باغچى،
ئىكىنچى مەنسەپ ئېردى چىراقچى.

كەبابچىلىق يەنە بىر مەنسەبىدۇر،
كەباب قىلماق،خاجەمنىڭ مەتلەيىدۇر.»

شائىرنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۇ ئاپپاق خوجا ھوزۇرىدا باغۋەنچىلىك مەنسۇپىدە ئىشلىسىمۇ، ئۆزىنى يەنىلا «ئازادەلەر (گۆزەللەر، ئېسىللەر)باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مېھنەت(جاپا ـ مۇشەققەت)تاغىنىڭ گۈلى» دەپ ئاتايدۇ.

دېمەك،خىرقىتى داستانىدا ياراتقان«سابا» ، «گۈل» ۋە «بۇلبۇل» قاتارلىق سىمۋوللۇق خاراكتېرىگە ئىگە ئوبرازلار ئارقىلىق جاپا ـ مۇشەققەتنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلغان ۋىسال شادلىغى ئىشقىدا كۆيۈپ ـ يېنىپ كۈيلەيدۇ.

شائىرنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتنامە»ناملىق داستانى 2000 مىسرا ئەتراپىدا بولۇپ ، مۇنداق ئۈچ قىسمىغا بۆلۈشكە بولىدۇ . بىرىنچىسى «مۇقەددىمە» قىسمى، بۇنىڭ ئالدىنقى بۆلىگى بىر قانچە ئابزاس نەسرىي بايان، بېيىت ۋە نەزمىلەردىن تەركىپ تاپقان. بۇلاردا شائىرنىڭ ئىشقىي مۇھەببەت ، ئەمگەك(مېھنەت) ، ۋىسال توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئوبرازلىق بايان قىلىنىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك بىر مۇقەددىمە ، بەش ماۋزۇ ئاجرىتىلىپ ، رەسۇللا ، چاھارىيالارغا ھەمدۇ سانا ئوقۇيدۇ؛ ئاخىرىدىكى بىر ماۋزۇدا ئاپتورنىڭ كىتاپنى باشلاش توغرىسىدىكى كۆزقارىشى بايان قىلىنىدۇ . ئىككىنچى بۆلەك داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ ، بۇ ئىككى باپتىن تەركىپ تاپقان . بىرىنچى باپى تۆت بەتلىك نەزمىدىن كېيىن 16ماۋزۇغا ، ئىككىنچى بابى ئۈچ بەتلىك نەزمىدىن كېيىن 23 ماۋزۇغا ئايرىلغان. ئۈچىنچى قىسمى «خاتىمە كىتاپ ۋە فاسىھەئى كىتاپ» دېگەن ماۋزۇ قويۇلغان بولۇپ ، بۇ داستاننىڭ خاتىمىسى ئىكەنلىگى ئۆزىدىن مەلۇم . داستان پۈتۈنلەي ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا تۆتلۈكلەردىن 24 كۇپلېت قوشۇمچە قىلىنغان . بۇنى داستان مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز

دېيىشكە بولىدۇ . شۇنداقلا ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ شائىرنىڭ چوڭقۇر ئىدىيۋى ھىسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رۇبائىي دەپ ھېساپلاشقىمۇ بولىدۇ.

مىرسۇلتان ئوسمانوۋ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان«دىۋانى گۇمنام» ـ خىرقىتىنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمىدۇر.

شائىرنىڭ «گۇمنام» دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتكەنلىكى توغرۇلۇق ئىسھاق ئىبن زىياۋۇدۇن «تەزكىرەئى قەلەندىران» (1719 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دەپ ئۇچۇر قالدۇرغان : ــ

«پىرمەت سېتارى رىۋايەت قىلىدۇركى، بىر نەچچە پۇرسەت پىقىر مەشرەبى مەجزۇپ خوجام پاشانىڭ يازلىق قارارگاھى بولمىش گۇلباغ مەۋزەئىندىكى بېغىدا خىزمەت ئادادىسدا بولدۇق. مەزكۇر باغ رەۋزائى رىزۋاندىن نىشانە ئىدى. جەننەتسىمال باغنىڭ مۇتەسسەددىسى خوجا پاشا خىشەلەرى بولمىش مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى خىرقەتى ئىدى . مەزكۇر خىرقەتى يەنە گۇمنام تەخەللۇسى قىلار ئەردى. ئانىڭ قەلەمىدىن بەغايەت پۇرمەئىنى ئەبىياتلار زوھۇرغا كەلمىشدىكىم، گۇمنام ئۇلارنى بىر يەرگە جەملەپ، ئەشئار دىۋانى ھەم تەرتىپ بەرمىشتى» .

«دىۋانى گۇمنام»دا غەزەل ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ . بۇندىن باشقا مۇخەممەس، رۇبائىي، تەرجىبەندلەرمۇ بار.

چۈشەندۈرۈشلەر :

①بەزى ماتېرىياللاردا، « شائىر 16يىل مەدرىستە ئوقۇپ ، ئەرەپچە ، پارسچە تىللارنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان» ، دېگەن مەلۇماتلار بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ مەنبە ئاساسى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. شۇڭا بۇلار توغرىسدا قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ .

②داستاننىڭ بىردىن ـ بىر قولىيازمىسى ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ ، نومۇرى 004، ئىلگىرى، يەنى 1957 ـ 1982 ـ يىللىرى ر.جارى قاتارلىقلار تەرىپىدىن قىسقارتىلىپ ئېلان قىلىنغان. 1993 ـ 1995 ـ يىللىرى ئى.يۈسۈپ، ئا،خوجىلار تەرىپىدىن قايتا تولۇقلىنىپ «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 1993 ـ يىلنىڭ3 ـ ،4 ـ سانلىرىدا ۋە ئايرىم كىتاپچە بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

③ ئاپتور ئۆزى «مۇقەددىمە» دېمىگەن، بايان قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق ئاتاپ تۇرۇلدى.

④«شەرق يۇلتۇزى»1990 ـ يىللىق8 ـ سان، تاشكەنت.

⑤ م.ئوسمانوۋ نەشرگە تەييارلاپ،«بۇلاق»ژورنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 3 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان گۇمنام غەزەللىرىگە قاراڭ.

# لۇتپۇللا مۇتەللىپ




لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يەتتە سۇ ۋىلا ـ يىتىنىڭ چۆنجى رايونى (ھازىرقى قازا ـ قىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى ئۇيغۇر رايونى) چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدا دۇنياغا كېلىپ، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ 23 يىللىق قىسقا ھايات مۇسا ـ پىسىدە بىزگە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ، تارىخنىڭ بېتىگە ئۆچمەس ئىزلارنى سىلىپ كەتكەن ھەمدە زۇلمەتلىك يىللار قوينىدا مەشئەلدەك يانغان ئوت يۈرەك شائىر، دراماتورگ ۋە رەسسام بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇ 14 يېشىدىن باشلاپلا نادىر شېئىرلارنى يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرلىرىدىن «يىللارغا جاۋاب»، «خىيالچان تىلەك»، «تەسراتىم»، «تۇن يېرىپ ئىزلار باسقاندا»، «يانار تاغلار» قاتارلىقلار بار. ئۇ يەنە «كۈرەش قىزى»، «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ»، «چىمەنگۈل»، «تاھىر ـ زوھرە» قاتارلىق دراممىلارنى يازغان. بۇلاردىن تاشقىرى «ئەجەل ھودۇقۇشىدا»، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» دېگەن داڭلىق فېلىيەتونلىرى، «تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىش تارىخى»، «سەنئەتكە مۇھەببەت» دېگەن ئىلمىي ماقالىلىرى بار. لۇتپۇللا يەنە «داۋانلار ئاشقاندا» دېگەن رومانىنى يېزىشقا باشلاپ، ئۇنىڭ 11 بابىنى يېزىپ تۈگەتكەن. ئەپسۇسكى، بۇنىڭ قولىيازمىسى ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

لۇتپۇللانىڭ دادىسى ھېزىم ئاخۇن قوشۇمچە مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىماملىغى ۋە دىنىي ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىغى ئۈچۈن « ھېزىم موللا » دەپ ئاتالغان. لۇتپۇللانىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئەركىلەتمە ئىسمى «لۇتۇن» بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدا بۇ ئىسمنى تەخەللۇس ئورنىدا ئىشلەتكەن.

لۇتپۇللا دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە بەش يېشىدىلا ساۋادىنى چىقارغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاۋۋال چۆنجىدا، كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار باشلانغۇچ مەكتىۋىدە ئوقۇپ تاماملىغان. 1936 ـ يىلى غۇلجىدىكى رۇس گىمنازىيىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ، رۇس تىلىنى پىششىق ئىگىلەپلا قالماستىن، رۇس ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشقان. گىمنازىيىدىكى ئوقۇش ھاياتى داۋامىدا ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن. بىلىمى چوڭقۇرلاشقان.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1937 ـ يىلدىن باشلاپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى سەپىگە قەدەم قويىدى. 1938 ـ يىلى ئەينى ۋاقىتتا «ئىلى گېزىتى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، «مىللەتلەر كۇلۇبى» نىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان شائىر ئەنۋەر ناسىرى بىلەن تونۇشۇش لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يۈكسىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئىجادىيەتتىن باشقا «مىللەتلەر كۇلۇبى» نىڭ پائالىيەتلىرىگىمۇ قىزغىن قاتنىشىپ جەمئىيەتتە تېزلا تونۇلدى.

شائىر ئەسەرلىرىنىڭ تىلى گۈزەل، چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق بولغاندىن سىرت، مىللەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك مەزمۇندارلىغى بىلەن يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا ۋە ئۈلگە قىلىشىغا مۇيەسسەر بولماقتا !!

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1941 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدە خىزمەتكە كىرىشكەن ئىدى. ئەمما، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن كۆزگە قادالغان مىخ دەپ قارىلىپ، 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاقسۇغا يۆتكىۋېتىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار كۈچلەردىن يىراقلاشتۇرماقچى، ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىنى سۇندۇرماقچى بولغان ئىدى. لېكىن ل. مۇتەللىپ بۇ يەردىمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالماي، كۈرەشچان ھەركىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا بىرقانچە قېتىم قىسقا مۇددەتلىك قاماقلاردىمۇ يېتىپ چىقىدۇ، ئەمما دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا دەلىل ـ ئىسپاتى تولۇق بولمىغاچقا قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ «ئاقسۇ گېزىتى» دە «جەنۇب شامىلى» ئەدەبىيات بېتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەر سانىدا دېگۈدەك ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار سىياسىي لىرىكىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ.

1945 ـ يىلى غۇلجىدا قوزغالغان ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە قارشى مىللى ئازادلىق ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرىدە ئۆزى بۇرۇندىن كۈزۈتۈپ كېلىۋاتقان ئەگەشكۈچىلىرىدىن مۇنىرىدىن خوجا ، ئابدۇللا داۋۇتوپ، يۈسۈپجان قاتارلىقلار بىلەن مىللى ئىنقىلاپقا يېقىندىن ماسلىشىش ئۈچۈن ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تەشكىللىك كۈرەش قىلىشنى باشلايدۇ ۋە قايتا ـ قايتا كېڭىشىپ ئاخىرى ئاقسۇدا «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نى رەسمى قۇرۇپ چىقىدۇ. (بۇ چاغدا 22 ياشتا ئىدى) . ل . مۇتەللىپ بۇ تەشكىلاتنى شىمالى شىنجاڭدىكى ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىلى ئىنقىلاۋىنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە ئاقسۇدىكى گومىنداڭغا قارشى خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ يادروسىغا

ئايلاندۇرماقچى بولىدۇ ۋە بىر قاتار خەتەرلىك ، ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.

1945 ـ يىلى مىللى ئارمىيىنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوف ، قاسىمجان قەمبىرى، سۇپاخون پولكوۋنىك باشچىلىقىدىكى جەنۇبى يۈنىلىش قىسمى ئاقسۇ رايونىغا ئاتلىنىدۇ. پارتىزانلار جاپالىق ئەگرى توقاي داۋان يوللىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خۇددى مۆجىزىلەردەك باي ناھىيىسىدە پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن خوشاللانغان ل. مۇتەللىپ ئىتتىپاق ئەزالىرىنى يىغىپ ۋە تېخىمۇ كەسكىن كۈرەشلەرگە تەييارلىنىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ . مۇشۇنداق قايناق جىددى كۈرەش باشلانغان ۋاقىتتا تەشكىلاتقا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان مىللى مۇناپىق ، خائىن ، جاسۇس ھېكىم نۇرنىڭ ساتقىنلىغى بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق تەشكىلاتنىڭ 21 نەپەر ئەزالىرى كەينى ـ كەينىدىن قولغا ئېلىنىدۇ ۋە 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرىلىدۇ ( ئۇ بۇ چاغدا 22 ياش 10 ئايلىق بولغان ئىدى ) . شائىرىمىز ئاخىرقى تىنىقى قالغىچە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىدۇ . ئۇنى ئۆلۈمگە ئېلىپ ماڭغاندا مىلتىقنىڭ پايىنگى بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ ئالدىغا بىرقانچە قەدەم مودۇرلىتىۋەتكەن گومىنداڭ چېرىكلىرىگە قاراپ قەھرى بىلەن: « جاللاتلار ! قانخور ئەبلەخلەر ! بىزنىڭ قان قەرزىمىزنى قانلىرىڭ بىلەن تۆلەيدىغانغا ھىچقانچە ۋاختىڭ قالمىدى. ئەل قىساسى سەنلەرنى تۇتماي قالمايدۇ » دەيدۇ. ل . مۇتەللىپ قۇربان بولۇپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن ، خەلق ئۇ ياتقان كامىرغا بارمىغنى چىشلەپ قېنى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان:

«بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دەۋزەخ ،
ياش گۈلۈمنى غازاڭ قىلدى قانخور ئەبلەخ .»

دىگەن ئىككى مىسرا شېئىرنىڭ تۇرغانلىغىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭدىن شائىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئاللا قاچان ئۆلۈمگە ئاتلىنىپ قويغانلىغىنى، دوشمەننىڭ بىر قاتار ئىلىپ بارغان قىيىن ـ قىستاقلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمىغانلىغىنى كۆرىۋالغىلى بولاتتى.

كېيىن كىشىلەر لۇتپۇللا قاتارلىقلارنىڭ مېيىتىنى تېپىپ ۋە يۇيۇپ ـ تاراپ ئاقسۇ شەھرى ئاق مەسچىتىنىڭ ئارقىسىدىكى (ھازىرقى شياڭگاڭ بازىرىنىڭ) ئۆتتۈرىدىكى ئاممۋى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلدى.

شائىرىمىز قىسقىغىنا ھاياتىدا بىرقاتار يۈرەكنى تىترەتكۈدەك ئىش ـ پائالىيەتلىرى بىلەن خەنزۇچە ، ئېنگىلىزچە ، روسچە ، فىرانسۇزچە قاتارلىق تىللاردا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنياغا تارقالغان ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى ۋە تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولالمىغان گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىزگە قالدۇرۇپ ۋاقىتسىز بىزدىن ئايرىلدى . ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئادەتتىكى بىر ئائىلىدىن تۇغۇلغان نۇرغۇنلىغان كىشىلىرىمىزگە ئوخشاشلا ئوخشاش ماكان ، ئوخشاش كىشىلەر ئارىسىدا ياشاپ ئۆتكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ تەپەككۇ ـ رى ، غايىسى، جاسارىتى، مەنىۋىيىتى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ، ئائىلىنىڭ ھەتتا مىللەتنىڭ رامكىسىدىن ھالقىپ، دۇنياۋىي خەلقلەرنىڭ ئىلغار تەپەككۇرى، غايىسى، جاسارىتى ۋە مەنىۋىيىتىنى ئۆزىنىڭ كۈرەشچان ھاياتى ۋە كۈرەشچان ئىجادىيىتىگە سىڭدۇرەلىگەن. مانا بۇ ئۇنىڭ روھىنىڭ بىزنىڭ قەلبىمىزدە ھېلىھەم شۇنچە يۇقۇرىلىغى ، ئۇنى نەچچە ئەۋلات كىشىلەرنىڭ شۇنچە ياد ئېتىپ تەرىپلەپ كېلىشىدىكى ئاساسى سەۋەپ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇيغۇر يىڭى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن شائىر، ئەدىپ بولۇپلا قالماستىن بەلكى مىللەتنىڭ ئازاتلىغى، تىنچلىغى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىدا قۇربان بولغان كۈرەشچان ئەزىمەت. بىز مەرھۇمنىڭ قىسقىغىنا ئەمما ئۇلۇغ ھاياتىدا قالدۇرغان ئۆچمەس ئىش ـ ئىزلىرىنى چەكسىز سېغىنىش ۋە چوڭقۇر ھۆرمەت ئىچىدە ئەسلەپ، ياد ئېتىپ تۇرىمىز !

ئۇ 1944 ـ يىلى يازغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرى «شائىر ھەققىدە مۇۋەششەھ» دە شائىرغا خىتاپ قىلىپ، خەلقنى «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» قىلىشقا چاقىرغان بولسا، 1944 ـ يىلىنىڭ يىڭى يىلىدا ۋە 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرى يازغان، ئىجادىنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«يىللارغا جاۋاب»، «خىيالچان تىلەك» ناملىق شېئىرلىرىدا كۈرەش ـ ھاياتنىڭ مەنبەسى، كىشىلىكنىڭ ئالىي خىسلىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى، ئازات رايونلار ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىن ئىبارەت «يورۇق بۇرجەكلەر» دىن خەلققە بېشارەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ خەلق ئازاتلىقى يولىدا يەڭ تۈرۈپ مەيدانغا چىققانلىقىنى جاكارلىدى.

ئۇ ئاقسۇدا يەنە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما تىياتىر ئۆمىكىنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن قاتنىشىپ بەزى دراما، ئوپېرالارنى يازدى، سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈش ئىشلىرىغا قاتناشتى ۋە رېژىسسورلۇق قىلدى، بەزى تىياتىرلاردا ئۆزى رول ئېلىپ چىقتى، ناخشا تېكىستلىرىنى يازدى، دېكوراتسىيىلەرنى ئىشلىدى. مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا خالىس تەربىيىچى بولدى، ئۇلارغا ناخشىلارنى ئۆگەتتى. قىسقىسى، ئۇ ئاقسۇغا كەلگەن چېغىدا ئېيتقان: «بىزنىڭ تالىشىدىغىنىمىز ـ مەنسەپ، شۆھرەت ئەمەس، پەقەت مەدەنىيەت ـ مائارىپ» دېگەن سۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھارماي ـ تالماي تىرىشتى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ 23 يىللىق قىسقا ھايات مۇساپىسىدە پەقەت توققۇز يىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئاز بولمىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ۋەتىنى ۋە خەلقىگە قالدۇرۇپ كەتتى، 14 يېشىدىلا ئەدەبىياتقا قەدەم قويغان بۇ ياش تالانت ئىگىسى ئۈزلۈكسىز ئىرىشىش ئارقىلىق ئۆز ئىجادىيىتىنى يۈزەكىلىكتىن چوڭقۇرلۇققا، ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا قاراپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىجا ـ دىيەت يولىنى ئاچتى. ئۇ بارماق ۋەزىن ۋە چاچما شېئىردىن ئىبارەت ئەركىن شەكىلنى تاللاپ ئېلىپ، ئۇنى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈردى، شېئىرنىڭ تۇپ ئاملى بولغان تىل ۋاستىسىنى قوللىنىش جەھەتتە يېڭىچە ئەدەبىي تىلدا يېزىشنى ئاساس قىلىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى ساپ، ساددا، راۋان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى. بولۇپمۇ، شائىر ھاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تالانت ۋە ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان ئىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ھەقىقەتەنمۇ، 40 ـ يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە تەسىرى جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇشقا مۇناسىپ. تۆۋەندىكى شېئىرلار ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ۋەتەن ، مىللەت ئۈچۈن بارلىقىنى مەردانە تەقدىم قىلالىغان جەڭگىۋار، ۋىجدانلىق، ئوت يۈرەك شائىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ:

ئوقۇپ ئەشئارلىرىنى غەرق مەست بولۇپ،
تەسراتىم چىنىسىگە تەسرات تولۇپ.

كۆزۈم بىر نۇقتىغا قاراپ قېتىپ قالدۇ،
ۋۇجۇدۇم خىيال بەھرىگە پېتىپ قالدۇ.
يېپيېڭى كىتاپنى ئۆزۈمگە سوئال بېرىمەن،
«نەۋايى قانداق بىر ئۇلۇغ ئادەمدۇر؟» دەيمەن.

قېنى شۇ نەۋايى؟ قېنى بىر كۆرسەم؟
مۇبارەك قوللىرىدىن ئۇنى بىر سۆيسەم.

قاراپ تۇرسام «خەمسە»نى يازغاندا،
قاراپ تۇرسام قەلەمدە گۆھەر قازغاندا.

قاراپ تۇرسام پەرھادقا رەسىم سىزغاندا،
قاراپ تۇرسام شېرىنگە گۈللەر تىزغاندا.

قاراپ تۇرسام بەھرامنىڭ قىياپىتىگە،
قاراپ تۇرسام گۈلەندەمنىڭ لاتاپىتىگە.

قوي شائىر! سۆزلىمە جۆيلۈپ يوققا،
نەۋايى كۆمۈلگەن ئەمەس تۇپراققا...

ئۇنىڭ مازارىنى ھەر ـ بىر ۋاراقتىن ئىزدە،
گۈمبەز قەبرىسىنى ھەر مىسرادىن ئىزدە.

ئۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمۈلگەن،

ئۇ ھەر مىسرا تۇۋىگە كۆمۈلگەن.

1944 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاقسۇدا يېزىلغان

## چال ، سازەندىم

(مۇخەممەس)

چال سازىڭنى زوق بىلەن ، تىنماي چال ، سازەندىم ،
ھەركىتىڭ تېتىك ،قوللىرىڭ مەجنۇن تال ، سازەندىم ،
ناخشاڭ شىرىن ،تاتلىق سېنىڭ ،گوياكى بال ، سازەندىم ،
ياشلىقنىڭ زىلۋا چېغىدا ، ئىجاد قىلىپ قال ، سازەندىم .

ئىجاد قىل ۋۇجۇدۇڭدا بار ئوبدان غەزەلنى ،
كۆرەشچان سەنئەت مەيدانىدا باغلىغىن بەلنى ،
سازلىرىڭ روھى بىلەن راست سۇغارغىن ئەلنى ،
سەنئەتتىن مەۋجۇت قىل دولقۇنلۇق سەلنى ،
شادىمان ھاياتنىڭ قوينىدا ئوبدان ئەھۋال ، سازەندىم .

بۇ ۋەتەندە جاراڭلىسۇن نەغمەڭ ساداسى ،
ھاۋالارغا ئۆرلەپ كەتسۇن مۇڭلۇق ناۋاسى ،
تەسەددۇق ، خويما كەڭ كۆزەللىك دۇنياسى ،
كونا مۇقاملار لەززەتنىڭ ئەڭ چوڭ باباسى ،
ئوسۇش ، ئىجاد ، يۈكسىلىشكە ئەپلىك ئامال ، سازەندىم .

بىھۇدە يات كىرلەرنى تازىلىغاي ئېسىل سەنئەت ،
ئىنكاسىدۇر ھاياتنىڭ ، جان ئۇچۇن لەززەت ،
ئىلھام بېرىپ ۋىجدانغا ، تەۋرەتسۇن خىسلەت ،
سازەندىنىڭ قولىغا بەرمىسۇن ھېچ دەرت ،
كۆڭۈل مەيلىنى سازىڭ ئىشقى قىلسۇن ئىشغال ، سازەندىم .

مۇقام ـ سەنەم ، سەن بول بىر ئاشىق غېرىپ ،
ئۇچرىششقا ئالدىرا ۋۇجۇدۇڭ بېرىپ ،
مۇھەببەتنىڭ مەنزىلىدە يۈر كۆكرەك كېرىپ ،
ھەر قەدەمدە ئۈنچە ـ مارجان ، ياقۇتلار تېرىپ ،
شانۇ ـ شەۋكەت زېمىندا ئوتتۇر نىھال ، سازەندىم .

ۋەتەن ، خەلق ئۇچۇندۇر دائىم بىزنىڭ ئېشىمىز ،
ئازات تۇرمۇش ئاشىنىسى بولدى ھەر ـ بىر كىشىمىز ،
ھۆر مەقسەتلەر يولىدا بىزنىڭ ئوي ۋە پىكرىمىز ،
ئىجات ئېتىشتۇر ھارماي يېپ ـ يېڭىنى زىكرىمىز ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوبۇل ئەيلەڭ شېئىرىمنى ،سىز بىمالال،سازەندىم.

شائىر «چال، سازەندىم» ناملىق بۇ مۇخەممەسنى 1944 ـ يىل 9 ـ ئايدا ھازىرقى مەشھۇر سازەندىمىز ۋە ئاتاقلىق مۇقامچىمىز زىكرى ئەلپاتتاغا بېغىشلاپ يازغان، گەرچە بۇ چاغدا شائىر لۇتپۇللا ئاقسۇدا ، زىكرى ئەلپاتتا غۇلجىدا بولسىمۇ،ئۇنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى شائىرغا زور ئىلھام بېغىشلىغان، شائىر ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئوپېراسى «تاھىر ـ زۆھرە» غەزەللىرىگە ئاھاڭ ئىشلەشتە زىكرى ئەلپەتتانىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىدىن كەڭ تۈردە پايدىلانغان ئىدى.

## خىيالچان تىلەك

تېگىرقىمايمەن دوستلار،تىلەيمەن ئالىي تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرگەن بۇ بىلەكلەرنى.

مەرد باغۋەن خازان قىلمايدۇ ۋاقتسىز باغنى،
تەربىيسىز سۇلدۇرۇپ گۈل ـ چىچەكلەرنى.

خىيالىم خۇددى تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبىي بالا،
ئىمىش ئۇچۇن قەدىرىدان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى.

لەززەتلىك خىيال ئارىسدا بېقىپ ئاسمانلارغا،
تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرىمەن روشەن بۇرجەكلەرنى.

جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نېچۇن تولغانماس؟
ئاشىقى كۈتۈپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى.....

نىمشقا يازماي تىلەك ئارىلاش مۇڭلۇق لىرىكىلارنى،
سۆيگۈ ئىشقى ئۆرتەپ كۆيدۈرسە بۇ يۈرەكلەرنى.

ئەزەلدىنلا خىيالچان...مۇڭلۇق بىر يىگىت ئىدىم،
تىڭشىغاچقا مومام ئاغزىدىن ساماۋى چۆچەكلەرنى.

سۆيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلىغىدا مەن قاينام تۇرسام،
ئۇسسۇزلۇغۇم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى.

## ياشلىق، ئۆگەن

ياشلىق،تىرىش ـ تىرماش ھارماي ئۆگەن،
ئىلىمنىڭ دېڭىزى قاينام ھەم چوڭقۇر.
نادانلىق ئۇ ، ھەممىنى بىلدىم دېگەن،
كۆرۈپ... ۋاراقلاپلا بىر قۇر.

ئىلىم مۆجىزىلەرىنىڭ سىرىن ئاچقۇچى،
بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن ئۇقى ئون يىل!
كۆزلا ئەمەس ئالدىڭغا نۇر چاچقۇچى،
قاراڭغۇنى يورىتىدۇ يورۇق دىل.

ھەر ـ بىر ھادىسە يوشۇرۇن سىر ساقلايدۇ،
توقۇلمىلىرى ئۇنىڭ ئاجايىپ.
ئىلىم ھارماس مەرت ئادەمنى ياقلايدۇ،
نادانىنىڭ كۆزىدىن ئۇ ھەرقاچان غايىپ.

راھىپ بول ئىلىمنىڭ نازاكەت چۆلىدە،
مۆجىزىلەر گۈمبىزىگە «شەيخ».
كۈن ـ تۈن زىكرى قىل شۇلار تۈۋىدە،
ئىجتىھات سېنى دېگۈزمەس دەرىخ.

ياشلىق،چاقماقسەن، چېقىپ ئۆچسەن،
ئەۋرىشىم چېغىڭ مۇشۇ، ئۆگەنگىن، ئۆگەن!
قاراڭغۇ دىل چۆلگە بىر كۈن چۆنسەن،
ئادەم بولۇش دۇلدۇلغا سالمىساڭ يۈگەن!

1943 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## ۋەتەن ئەلا، مىللەت ئەلا

قارا بۇلۇتلار ئۈچرىشىپ، چاقماقلار چاقسۇن،
مۆلدۈر يېغىپ، دەريالار سەل بولۇپ ئاقسۇن.
چىش ھىڭگايتىپ ئەجەللەر ئالىيىپ باقسۇن،
مەنزىل توسۇپ جاڭگاللار كۆكسىنى ياقسۇن.
شۇ چاغدىمۇ ۋەتەن ئەلا، مىللەت ئەلا!

دېڭىز ئۇپقۇن ياساپ قىرغاقتىن تاشسۇن،
جاھان قاپساپ جۇت بورانلار ھەددىدىن ئاشسۇن.
تاغلار ئۆرۈلۈپ ئۆتكەل، يوللارنى باسسۇن،
يولدا پۈتلاش ئەجدىھا، لۆجىلەر ياتسۇن.
يەنە بەربىر ۋەتەن ئەلا، مىللەت ئەلا!

مىليون ئېغىر قورال ـ توپلار بىردىن ئېتىلسۇن،
زەھەر گازلار، ئىس ـ تۈتەكلەر ھەريان چېچىلسۇن.
ئاندا چەكسىز جەڭ جېدەل مەيدانى ئېچىلسۇن،
سىناشتا تەقدىرىنىڭ تۈگۈنلىرى يېشىلسۇن.
مەيلى ئوخشاش ۋەتەن ئەلا، مىللەت ئەلا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


يەرلەر تىترەپ، تاغلار بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلسۇن،
سوقۇش (ئەۋلىيالىرى) نىڭ قارا كۆلى سورۇلسۇن.
تاڭ نۇرىدا قارا زۇلمەت قوينى يورۇلسۇن،
بىز كۆتكەن يېڭى گۈلباغ پارقىراپ قۇرۇلسۇن.
شۇندىمۇ بىزگە ۋەتەن ئەلا، مىللەت ئەلا!

ۋەتەن ئىشقى كۆكرىكىڭدە بولسا ئەگەر،
هەر غېرىچ يەر سىنىڭ ئۈچۈن بىباها گۆھەر.
بەس، هەم شۇ يەردە ياش ۋە ئاداققى قان تۆكىلەر،
تامچە قاندىن چۆل قۇچاقلاپ چىمەنلەر كۆكلەر.
هەر مىنۇتتا ۋەتەن ئەلا، مىللەت ئەلا!

جانلىنىش، كۆرەش هاياتلىقنىڭ ئاچقۇچى،
ۋەتەنپەرۋەرلىك خەلققە نۇرلار چاچقۇچى.
بولغىن شۇڭا گاڭ ئىرادىلىك بىر جەڭچى،
بولسۇن ساڭا بۇگۈن هەربىر يېڭىش بىرىنچى.
ئالغا چامدا، ۋەتەن ئەلا، مىللەت ئەلا!

## خوش

ئۆسكەن يېرىم ، مېنى كەتتى دەپ زادى زارلانما ،
ئۆزۈڭمۇ بىلسەن ، بىز بارىدىغان شەهەرنى .
يېڭى هايات نۇرلىرى ، ئەرك غۇنچىلىرى ،
ئېچىلىپ دولقۇنلاپ قاينىغان شەهەرنى .

كۆرسەڭ ئىدىڭ ، شەهرىم ، ئاندا مەكتەپ ، ئالىي جايلارنى ،
ئاندا زېرەك ، چېۋەر، تەكشى ئۆسىۋاتقان كۈچلەرنى .
ئاندا كۈرەش ، ئاندا قايناش ، شەربەتلىك باغلار،
ئاندا پىشىپ ، ئاندا مەي بولۇپ كېلىۋاتقان يېمىشلەرنى .

مانا بۈگۈن مەنمۇ شۇ دولقۇننىڭ كەڭ قوينىغا ،
قىپ ـ يالىڭاچ بولۇپ ئۆزۈمنى ئاتىمەن .
شۇ شەهەردە ئوزۇق ئېلىپ دىلىمغا ،
تاۋلىنىپ ، يۇرەككە يېڭى كۈچلەرنى تاپىمەن .

ئېخ ! دولقۇنلۇق ئۇندىكى قاينام نامايىشلار ،
قان بېرىدۇ يۇرەككە ، قىلىدۇ دىلنى مەپتۇن .
قارا مۇشت قوللار سوزۇلغاندا توغلارغا ،
سۇرۇلگەندى قېچىپ ئۇندىنمۇ قاپقارا تۈن .

كېلەر مەن يېڭى قۇۋۋەت توپلاپ يۇرەككە ،

ئۆلكەمنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدا ئىشلەش ئۈچۈن .
بىلدۈرۈپ ئاندىن ئالغان ساۋاقلارنى خەلقىمگە ،
ئالىي بالداق مېۋىسىنى پاتراق چىشلەش ئۈچۈن .

مەن كەتسەم ، مېنىڭ ئورنۇمغا مىڭلىغان ياشلار بار ،
بىزدە ھازىر ، شەھرىم ، ئورۇن قالماس ھەرگىز بوش .
سەنمۇ زادى چىقمايسەن ئېسىمدىن ئەسلا ـ ئەسلا ،
مەن كەتتىم ئۇ شەھەرگە ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھرىم ، خوش !

## كەل باھار

كۆكلەم باغرىم ،كەل ، سېغىندىم سېنى ،
يېشىل قوينۇڭغا تارتقۇال مېنى .
قۇشلىرىڭنىڭ سايرىشى ئارامى جاننىڭ ،
سۇلىرىڭنىڭ شارقىرىشى ھەرىكتى تەننىڭ .
كۆكلەم ، بول چاپسان ، تەبىئەتكە جان سال ،
چىرماشسۇن تىرىلىپ ، ماڭا مەجنۇنتال .
كۆكلەم ، جىگىرىم سەن ، ئاچ ئېتىزلارنى ،
كەڭ سەھنەڭگە تارتقۇال ئىشچان قىزلارنى .
سەيلە قىلسۇن ھەر ياندا باھار پەرۋازى ،
جاراڭلىسۇن ئېتىزدا ئەمگەك ئاۋازى .
كەتمەن ئالسۇن دېھقان ، تىلغىسۇن يەرنى ،
ئالتۇن تېپىش ئۈچۈن تۆكسۇن ساپ تەرنى .
تورغايلار ئىلھام بەرسۇن چىرىلداپ ھاۋاغا ،
ھەرياندا شادلىقتىن ھېسلار ھۆۋەيدا ،
كۆكلەم ، يەرگە دەم سال ، ئويغانسۇن قۇش ـ قۇرت ،
دەرەخلەر پەخىرلەنسۇن تارتىپ ساقال ـ بۇرۇت .
يېشىل باغلار ، ئارام چاغلار يۈزى ئېچىلسۇن ،
كەڭ ھاۋانىڭ قاتلىمىغا نۇرلار چېچىلسۇن .
دېھقان بالىسى چولپان بىلەن بەسلىشىپ تۇرسۇن ،
بوستان قىلىش ئۈچۈن يەرگە كەتمەننى ئۇرسۇن .
مەرۋايىتتەك تەرلىرى ماڭلايدىن ئاقسۇن ،
ئىشقا تويۇپ يەرلىرى قەنتىنى چاقسۇن .
بۇ قىياپەت ، بۇ كۆرۈنۈش شائىرغا ئىلھام ،
ھېچ تويماسمەن بۇلارنى زوق بىلەن يازسام .
كەل باھار ! مەرھابا ، كۈتمەن سېنى ،
يېشىل ئىلھام قوينىغا ئورىدىڭ مېنى .
**1944** ـ يىل ماي ئاقسۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ھەسەن ـ ھۈسەن

كەلگ ئالەمگە ياشرىتىپ تىنچلىق شولىرىنى ،
ھاۋالارغا يېزىپ، ئۇيۇشلار ئۇتتىن.
ئۇچۇرۇپ ئاسمانغا پەن شوشقارىنى ،
بۇلۇتلار بويىنغا مونچاق ئىسسلار ياقۇتتىن.

ۋەتىنىڭنىڭ ھاۋاسى ــ دەردىنىڭ دەۋاسى ،
بۇلۇت قۇچاقلاپ، يۇلتۇزلارنى باغ باغ ئېتشلار.
جاراڭلاتسۇن ئاسماننى گالگ قۇشلار ساداسى،
بومبا بىلەن دۈشمەننى يەردە تالقان ئېتشلار.

« تەقدىردىن بەزگەنلەر »تېخى زادى يوق،
ئەنە شۇ ئۇرۇش ئەۋلىياسى جاھاننى باسقان.
ئېغىزلىرى ئەزرائىل ،ئىسراپىل كۆزلىرى ئوتلۇق،
تەييار ئۇنىڭدا ئادەم گۆشىگە قاسقان.

كىم ئۇ بىھۇدە باغدا ماتەمگە مۇقام يۆتكىگەن؟
نېمشقا ئىشراپ چالىدۇ مۇشلۇق پەدە ؟
ئېلىشماستىن ۋاقىتسىز تەقدىرگە باش ئەگكەن
مەجنۇنلار ئۆگسى يوق تېخى ھېچ نەدە.

قېقىپ قانات، بۇلۇتنىڭ سەن زارىنى ئاشلاپ باق،
يەرگە قاراپ قان ـ ياش تۆكۈپ، زار ـ زار يىغلايدۇ.
يەردە بوران كۆرۈنمىگەچكە، ئۆپچۆرە، ھەر ياق،
تاقەت قىلالماي تېپىرلاپ ، سىنەلىرىنى تىلغايدۇ.

بۇلۇت يىغلايدۇ كۆيۈنۈپ، ۋەيران يۇرتلارغا قاراپ ،
گۇناھسىز قىرىلغان ھېساپسىز ئادەم باللىرىنى ئاياپ.
بۇلۇت بىلىدۇ، « بۇلۇت ئۆلمەس بىر ساياھەتچى»
سەيلە قىلىپ كۆرگەن ھەممىنى، جاھاننى ئارىلاپ.

بۇلۇتلار ئالىپ ھەم كارپاتتىن ئۆتكەندە ،
تۇتۇلۇپ، جۇتلىنىپ، جۇدۇنلار تۆككەن.
گۇلدۇرلىرى قاراسلاپ چاقماق سەپكەندە ،
يولغا چىققان قاتىللار تىترىشىپ مۆككەن.

جۇشگۇ دېڭىزى ساھىللىرىدىن ئۆتكەن بۇلۇتلار
ئارقا سەپنى كۆرگەچكە، دىلى بەك مۇشلۇق.
كەچۈرسىمۇ ئېگىز ھاۋادا « تىنچ »مىنۇتلار.
ھاياتىدا « شېرىن سىكۇنت »كۆرمىگەن ئوشلۇق.

بۇلۇت دەيدۇ : يەر يۈزىنى ھېچ كۆرەلمەيمىز ،
زومگەرلەر يەردىن سۈنئىي بۇلۇت ياسىغان.
ھەتتا ئاسماندا خاتىرجەممۇ يۈرەلمەيمىز ،
يانلىرىمىزنى سۈنئىي چاقماق، ئوتلار قاپلىغان.

سۈنئىي تۇتۇنلەر ئارىسىدىن كېلىدۇ ئاۋاز،
ئارقا سەپتە قىرىنداشلار خانىۇ ۋەيران.
بومبا تۆكۈپ قارا قۇشلار قىلغاچقا پەرۋاز،
قانلىق چۆللەر قۇچاقلار كېرىگەن ھەر يان.

بۇلۇت دەيدۇ : تىزگىنسىز قارا قۇشلارنىڭ،
توكيو ، بېرلىن ، رىم غارلىرىدا ئۇۋىلىرى بار.
قېنى ، تىنچلىق دۇنياسىنىڭ پولات قۇشلىرى،
شۇ ئۇۋىنى پارتىلىتىپ قىلىڭلار تارمار.

ئۇچۇڭلار ، مېھرىبان بۇلۇتلار يوللارنى ئاچسۇن،
تۈن قىزلىرى يۇلتۇزلار نۇرلىرىنى چاچسۇن،
ئېگىزلىكتە خالىسانە سەيلە قىلىڭلار،
زەھەر چاچقۇچ قارا قۇشلار گۆرىگە قاچسۇن!

سائادەتتىن ھاۋالارغا نەقىشلەر ئويۇپ،
قىزىل چوغدەك ياقۇتلاردىن شۇئار يېزىڭلار!
« ئىنسانىيەت تىنچلىقى» دىن بۇلۇت كۆكسىگە
زادى ئۆچمەس ھەسەن ـ ھۈسەن ياساپ تىزىڭلار!
ئاقسۇ، 1943 ـ يىل نويابىر

## غەزەل

دوستۇم ، دىيانەت قويىنىنى ئاچىدىغان دىلبەر تاپ،
ۋىجداندىن شەربەت ئەمدۈرىدىغان كەۋسەر تاپ.

ئىستىگىم مۇشۇ دەپ ، شامال ئارقىسىدىن يۈگۈرمە،
شەكىل ئۇچۇن ھاڭ تاڭ قالما ، مەڭگۇ جانلىق پەيكەر تاپ.

قىياپىتى ئۇنىڭ تىياتىر گىرىمى بولۇپ قالمسۇن.
ھېچقانداق ئۆڭمەيدىغان ھەقىقى سەرۋەچەر تاپ.

ئىچى كاۋاك سۆلەت ـ سەلتەنەتكە زادى يېپىشما،
ھەر سەھىپىسى دەرتكە دەرمان بېرىدىغان دەپتەر تاپ.

بولسۇن خىيالىڭ سېنىڭ ھەردەم ئىستىقبال قايغۇسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادالەت مەيدانىدا پارقىرايدىغان خەنجەر تاپ.

تاغ قازمىغۇچە دىل مەھبۇبى ـ غېرىن نەدە ؟!
پارچىلا بىكار تاشلارنى، بىباھا گۆھەر تاپ.

ئۆتمۈشنىڭ ساۋاقلىرى بەكلى سېنىڭ ئېسىڭدىدۇر ،
تارىخنى يورۇتقىن ،خۇرشىد ، ماھۇ ـ ئەنۋەر تاپ.

نېمە ئارمان ، ئۆركىشى ، دىل قايىنىمدا ئۆركەشلىسەڭ ،
دىلدا گۆھەر ، دىلدا كەۋسەر ، دىلدىن تاتلىق شېكەر تاپ.
1943 ـ يىل دېكابىر ، ئاقسۇ

## پەرياد

بۇ مېنىڭ غەملىك كۆڭلۈم بولارمىكىن بىر كۈن شاد،
غەم تاغلىرىدىن ئۆچۈپ ، بولارمەنمۇ مەن ئازاد.

يا ھەمىشە قىينىلىپ ، زۇلۇم ئوتىدا كۆيۈپ،
كۈننىڭ سېرىقىن كۆرمەي ، بولارمەنمۇ مەن بەربات.

ۋاقىتسىز غازاڭ بولغان ،باغلار چۆلگە ئايلانغان،
كۆڭۈلدىكى بۇ بوستان بولارمۇ يېنىپ ئاۋات.

بورانلاردا ئۆچماقتا مېنىڭ جان ئەمگەكلىرىم،
دەۋردە ئىناۋەت يوق ، كۈن ـ تۈن قىلمەن پەرياد.
1943 ـ يىل 12 ـ ئاي ،ئاقسۇ

## يىللارغا جاۋاپ

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار ، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

ئوغرلاپلا قاچىدۇ ئارقىغا يانماي،
بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ يورغىلىشىپ.
ياشلىق بېغىدا بۇلبۇللار قانات قاقماي ،
يوپۇرماقلار قۇيۇلىدۇ، پۈرلىشىپ.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.
يىرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىغى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

يىللار شاملى يەلپۈندۇ ، ئىزلار كۆمۈلدۇ ،
يۇپيۇرماقسىز ياغاچ بىچارە بولدۇ قاقشال...
يىللار سېخىي ، قۇرۇق كەلمەيدۇ ، ئەكىلىپ بېرىدۇ
قىزلارغا قورۇق ، ئەرلەرگە ساقال.

بىراق يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ ،
مەيلى ، ئۆتۈۋەرسۇن ئۆزىنىڭ يولى...
ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدۇ ،
چۆللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

يىللارنىڭ قوينى كەڭ ، پۈرستى نۇرغۇن،
تاغدەك ئىشلار يىللار بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ.
قاراپ باق ئاخشامقى بوۋاق كىچىككىنە تۇرسۇن،
تۈنۈگۈن ئۆمىلەپ، ھە ...بۈگۈن مېڭىپ يۈرىدۇ.

كۈرەشچان باللار قوغلىشىپ يىللار،
كۈرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار،
قەبرىسىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.

مەيلى، ساقال سوۋغا قىلسا قىلسۇن يىللار،
مەنمۇ تاۋلىنىمەن يىللار قوينىدا.
ئىجادىم شېئىرىمنىڭ ئىز تامغىسى بار،
ئالدىمدىن قېچىپ ئۆتكەن ھەر يىل بويىندا.

قېرىماسمەن كۈرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېئىرلىرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا.
ئۆلۈم پەستە قېلىش ، كۈرەشنىڭ داۋانلىق تۇغىدا ،
چىدام ـ غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەر دەم يادىمدا.

ئېسلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپيېشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۈرەش باياۋىنىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالىپ يولغا.

يىللار ، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاخلاپ كۈلمە ،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۇپۇقۇنلىرىڭنى ياردۇ بىزنىڭ كاراپ.
يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقتىپ باقساڭمۇ ،
ئىجاد يىللارنى قېرىتىدۇ، دەپ بېرىمىز جاۋاپ.
1943 ـ يىل يانۋار ،ئاقسۇ

## ئىككى شېئىر

### دوستۇم .... غا

خالايمەن ، دوستۇم ، بۇلاقتەك
خۇشال شارقىراپ ئېقىشنى.
خالايمەن ،ئەركىن تايلاقتەك
ئىجاد يايلىغىدا قىيغىتىشنى...

خالايمەن ،شېئىرىم ئۇرۇقلىرىنى
ۋەتەن باغرىغا چېچىشنى،
خالايمەن ،دەريا قىرغاقلىرىدا
رەنا گۈللەر ئېچىلدۇرۇشنى.
تۇغدى ئاناڭ سېنى ،چوڭ قىلدى ،

مېهرى بىلەن بېقىپ ،
تەربىيەلىدى ،ئوڭ قىلدى.
لېكىن سەن يەنە تىرىش ،ئوبدان ئادەم بول ،
ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئىككىنچى مەرپەت ئانىسىدىن تۇغۇل.

ـ 1944يىل مارت ،ئاقسۇ

### بىزنىڭ مەمەت

(باللار بايرىمىغا ئاتاپ)

مەمەت تېخى بۇ يىل
ئاران تۆت ـ بەش ياش.
قوللىرى بۇدۇرۇق ،
تېنى قاتتىق تاش.
يۈزلىرى ئاپئاق
هەمدە قارا قاش.
ئاسلان ۋە كۈچۈك
ئۇنىڭغا يولداش.
ئەتىگەن قوپىدۇ ،
يۇيىدۇ يۈزنى.
باسمايدۇ چاپاق ،
ئۇنىڭ كىكزىنى.

ئىشتاننى كىيىپ ،
كۆڭلەكنى ساپماي.
كۆڭلى تىنمايدۇ
مۈشۈكنى تاپماي.
مۈشۈ ك مىياڭلاپ ،
سالام قىلىدۇ.
بۇرۇتلىرى بىلەن ،
سۆيۈپ قويىدو.

ئاڭغىچە يىتىپ
كېلىدۇ كۈچۈك.

كۆزلىرى قىسىق ،
ئەركىلەپ چۈچۈك.
ئاۋايلاپ پۇراپ ،
ئاڭا قارايدۇ.

قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ
پۇتنى يالايدۇ.

چايناپ بىرىدۇ
ناننى مۈشۈككە ،
تاشلاپ بىرىدۇ
ئالا كۈچۈككە.

مەمەتمۇ قالماي
ئالغا چاپىدۇ.
خىيالدا ئۇ
يېڭىش تاپىدۇ.

هارۋىنى سۆرەپ
چىقار كوچىغا
كۈچۈكنى باغلاپ،
يىپنىڭ ئۇچىغا.

شۇنداق قىپ مەمەت
ئوينايدۇ كۈندە.
هەتتا چۈشكە
كىرىدۇ تۈندە.

ياساپ داۋانلار ،
توپا توشۇيدۇ.
زەمبىرەك ياساپ ،
مۈشۈك قىستىدۇ.

چۈشىدە يەنە
ئۇ بىر قوماندان.
ئالغا ـ ئالغا دەپ ،
يۈگۈرەيدۇ هەر يان.

پاقالچەكلىرى
راساد تۈرۈلگەن.
قولىدا چېۋىق
تالدىن ئۆرۈلگەن.

ئاز كۈندە مەمەت
چوڭمۇ بولىدۇ.
مەكتەپكە باللار
لىققىدە تولىدۇ.

ئوينايدۇ راسا
تەرلەپ هەم پىشىپ ،
قىززىق ئويۇنغا
تازا كىرىشىپ.

بەلكى ساۋاقنى
ئوقۇيدۇ ئەلا ،
باشقىلاردىن
قالمايدۇ ئەسلا.

ماڭىدۇ يوللار ،
كېچىدۇ سۇلار ،
ئارقىدىسا قالىدۇ ،
دۆمبەش داۋانلار

هەر بىر ئىشىدا
ئۇ چېچەن ، قارام.
تۈگىتىپ ئىشنى
ئالىدۇ ئارام.

"هوت كۈش " دەپ ئۇ
بېرىدۇ كوماندا.
توخۇ ـ ئۆردەككە
ياسايدۇ ئاتاكا...

هېچقانداق ئىشلار
قۇتۇلۇپ قالمايدۇ ،
ئەمما مىلتىقنى
ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

قاچىدۇ جۈجىلەر...
ئالدىدا قاقاخلاپ ،
قوغلايدۇ كۈچۈك
ئۇنى پالاقلاپ.

نېمىدېگەن راهەت
ئات بوپ ئوينىسا ،
نېمىدېگەن راهەت
مىلتىقلار ئاتسا

ئاقسۇ، ئاپرىل يىل ـ **1944**

# لۇتفى




نەۋائىنىڭ ئۇستازى، مەشھۇر شائىر، مۇزىكشۇناس مەۋلانا لۇتفىنىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.شاگىرتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، لۇتفى ھىرات يېنىدىكى بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ، 99 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، شۇ جايدا ۋاپات بولغان. 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى ۋە مۇزىكشۇناس موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تە ـ ۋارىخىي مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە : «بۇ ئەزىز مۇشۇ موغۇلىستاندىن (ئەسلىدە شەرقتە قاراشەھەر، غەرپتە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە شەھىرىنىڭ غەربىي، شىمالدا بالقاش كۆلى، جەنۇپتا قارا قۇرۇمغىچە بولغان ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ قاتارلىق رايونلار تارىختا «موغۇلىستان» دەپ ئاتىلىدۇ) ئىدى. ئۇ ئالىملىقتا ھەزرىتى ئەبۇ نەسىر فارابىدەك ، ھېكىملىقتا ھەزرىتى ئىبنى سىنادەك ، شائىرلىقتا ھەزرىتى ئەمرىنىزامىدىن ئەلىشىر ناۋائىدەك، نەغمىچىلىكتە قىدىرخاندەك ئىدى. بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان ئىلىم يوق ئىدى. زامانىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئىدى . ئۇنىڭ قولىدا 500 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە قارىي تەربىيىلىنىپ چىقتى . 200چە كىشى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەت تېپىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ 20دىن ئارتۇق كىتاب يازدى»دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

ئۇنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق مەشھۇر لىرىك داستانى(1411 ـ يىلى يېزىلغان، 120باپ، 2400 مىسرا) ۋە 280 غەزەل ، ئىككى قەسىدە ، ئون سەككىز قىتئەدىن تەركىپ تاپقان «دىۋان لۇغىتى»ناملىق شېئىر توپلىمى بار. يەنە ئۇنىڭ 15 ـ ئەسىردىكى تارىخچى شەرىپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن تۈركچىگە (ئۇيغۇرچىغا) تەرجىمە قىلغانلىغى مەلۇم. يەكەن ھۆكۈمدارى تاجى مۇھەممەد بەگنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا لۇتفىنىڭ يەنە «مەئنۇل ھەقايىق» («ھەققەتلەر شەرھى») ناملىق يەنە بىر داستانى بولۇپ، 1892 ـ يىلى «دەخلۇلجان ئەبىۋا بولجاھان» دېگەن نام بىلەن نەسرگە ئايلاندۇرۇلۇپ شەرھلەپ چىقىلغان. لېكىن بۇ داستان زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇنىڭ يەنە «لۇتفى تۇيۇقلىرى» ناملىق بىر توپلىمى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ قوليازمىسى ھازىر ئىستانبول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىغى مەلۇم.

لۇتفى ھىجرىيە ـ 878 يىلى(مىلادى 1465 ـ يىلى) 99 يېشىدا ۋاپات بولغان.

# مارىيە ئابلىز خانىم

مەرھۇمە مارىيە ئابلىز خانىم، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرلىگى ۋە بەختى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ قەيسەر جەڭچىسى ۋە قابىل تەشكىللىگۈچى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ، مەرىپەتپەرۋەر مەرھۇم ئابلىز نىياز ئەپەندىنىڭ قىزى ، پەخىرلىك ئالىمىمىز ، مەرھۇم ئابباس بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئايالى بولۇپ، 1938 ـ يىلى 18 ـ مارتتا ئاتۇشنىڭ كاتتايلاق يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1950 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مېدىتسىنا مەكتۇۋىدە كىلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىدە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، ئۇيغۇر ئالىي مائارىپىنىڭ كۆزى بولغان ئۇنىۋېرسىتېتتا دوختۇر ۋە باش دوختۇر بولۇپ 40 يىلدىن ئارتۇق جان پىدالىق بىلەن خىزمەت ئىشلىگەن . پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ھاياتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە ئىشچانلىقنىڭ، تىرىشچانلىقنىڭ ئىنسانغا سائادەت ئېلىپ كېلىدىغانلىغىغا ئىشىنىدىغان ئەقىل ـ پاراسەتلىك بۇ سۆيۈملۈك ئانا ـ ئۇيغۇر تاتلىق يېمەكلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بازارغا

سىڭىلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىش كۆتۈپ تۇرغان خانىم-قىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى ئۆز ئەمگىكى بىلەن يېنىكلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ ، ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تورت يېمەكلىرى كارخانىسىنى قۇرغان ۋە نۇرغۇن خانىم-قىزلارنى بۇ ساھەدە يېتىلدۈرۈپ، ئۈرۈمچىنىڭ كۆپ ئورۇنلىرىدا تاتلىق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ سېتىش دۇكانلىرىنى قۇرۇشقا ياردەمدە بولغان. كېيىنچە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا شەھەرلىرىگىمۇ كېڭەيتكەن ، ئۇنىڭ تەجرىبىسىدىن ئىلھام ئالغان نۇرغۇنلىغان خانىملار ئاشۇ خىل ئىگىلىك تىكلەش يولىدىن مېڭىپ ھەم ئۆزىنىڭ ياشاش شارائىتىنى ياخشىلىغان ھەم باشقىلارغا سايىسىنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىش پۇرستىنى يارىتىپ بەرگەن . 5 يىل ئىچىدە مارىيە ئابلىز خانىمنىڭ ئەجرى بىلەن يارىتىلغان ۋە تەرەققى قىلغان بۇ كارخانىچىلىق كەسپى ئۇيغۇر ئېلىدە ئومۇملىشىپ، 30-40 ئەتراپىدىكى شەھەر، ناھىيە، كەنت، بازارلاردا بولۇپ، 1000 غا يېقىن پىشۇرۇپ سېتىش دۇكانلىرى قۇرۇلۇپ، نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئىشسىزلىق ۋە ئائىلە ئىقتىسادى مەسىلىلىرى ھەل بولغان. مەرھۇمە مارىيە خانىم - ئاقكۆڭۈل، سېخى ھەم ياخشى نىيەتلىك ئايال بولۇپ، ھايات چېغىدا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئازاپ تارتىۋاتقان ئاغرىق-سىلاقلارغا ۋە كەمبەغەل، يېتىم-يېسىرلارغا ياردەم قولىنى سۇنغانلىقى ئۈچۈن، 2004-يىلى 7-ئاينىڭ 17 -كۈنى، مارىيە خانىم ۋاپات بولغان كۈنى، كىشىلەر «ئۈرۈمچى ئاسمىنىدىن بىر خەيرى-ساخاۋەت يۇلتۇزى ئۆچتى» ، دەپ ھەسرەت چېكىشكەن.

جەنابىي ئاللاھ مەرھۇمەنىڭ جەننەتى بولۇشىنى نېسىپ ئەيلىگەي ، ئامىن!

# مەخسۇت مۇھىتى



(1885 ~ 1931)«مەخسۇتىيە مەكتىۋى» ناملىق زامانىۋى مەكتەپنى سېلىپ ، بارلىق چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەرپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى خەلقىمىز ئەڭ پەخىرلىنىدىغان ئوغلانلىرىنىڭ بىرىدۇر . ئۇ 1931-يىلى قۇمۇلدا قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ جەڭ قىلغان . ئەپسۇسكى، شېڭ شىسەي ۋە ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئوق تېگىپ قۇربان بولغان. مەرھۇمنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ تېنىنى لۈكچۈن شەھىرىنىڭ سىرتىدىن، بېشىنى تۇرپان شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن تېپىپ كېلىپ ئاستانىگە دەپنە قىلغان. بۇ چاغدا ئۇ ئاران 46 ياش ئىدى...

# مەدىنە ئابلىكىم

مەدىنە ئابلىكىم 1986-يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىندى، ئۇ ناھايىتى تىرىشچان ۋە ئەقىللىق بولغاچقا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ دائىملىق پاراڭ ئوبيېكتى ئىدى . ئۇنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئىقتىدارى يۇقىرى بولغانلىقتىن فاكۇلتېت رەھبەرلىرى قارار چىقىرىپ سىنىپ ئاتلىتىپ ئوقۇتتى. 1990-يىلى مەدىنە ئاسپىرانتلىق ئۈچۈن ئېلىنىدىغان دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ، نەزەرىيىۋى فىزىكا ، مەيدان نەزەرىيىسى بويىچە ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى باشلىدى . ئوقۇش جەريانىدا ئۆزىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويدى. ھەر مىنۇت ۋاقتىنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ قېتىرقىنىپ ئۆگەندى . ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۆگەنگەندىن تاشقىرى ئۆز كەسپىگە ئالاقىدار ماتېرىيال كىتاپلارنى كۆپلەپ كۆردى . «زامان ، ماكان بىپايان ، كېزىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقالماس ئىنسان . كىتابەت قەترىسىدە بىلىم قۇياشى ئايان » دېگەندەك ، ئۇنىڭ كەسپكە ۋە كىتاپقا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى ئۇنىڭ كېيىنكى ئوقۇش ھاياتىغا پۇختا ئاساس سالدى . ئۇ بىر تەرەپتىن كىتاپ ـ ماتېرىيال دېڭىزىغا غەۋۋاس كەبى چۆكسە ، يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ئاساسى بولغان تەجرىبە قىلىپ كۆزىتىش مېتودىغا ھەر ۋاقىت ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ ئەڭ ئىنچىكە تەجرىبىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئىجتىھات بىلەن ئىشلىدى . ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بېيجىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنىغا ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، شاڭخەي شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئەمەلىي ماتېرىيال توپلىدى ھەمدە نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېچىلغان خەلقارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى . 1994 ـ يىلى ئاسپىرانتلىق ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، 9 ـ ئايدا مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئالاھىدە تاللاپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ئىتا ـ لىيىدىكى خەلقارالىق نەزەرىيىۋى فىزىكا تەتقىقات مەركىزىگە بىر يىللىق ئوقۇشقا ئاتالاندى . شۇ يىلى بۇ مەركەزگە جۇڭگودىن پەقەت مەدىنەلا بارغان بولۇپ ، ئۇ جۇڭگودىن بارغان تۇنجى ئوقۇغۇچى ئىدى . تەتقىقات مەركىزىنىڭ تۈزۈمى ئىنتايىن چىڭ ، دەرس مەزمۇنى قىيىن ۋە مۇرەككەپ بولۇپ ، ئەگەر ئۆتۈلىدىغان دەرستىكى ئىككى پەندىن لاياقەتلىك بولالماي قالسىلا جۇڭگوغا بېرىلىدىغان سان بىكار قىلىنىپ كېتەتتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن مەدىنەنىڭ كەينىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يېتەتتى . شۇڭا ئۇ ئالاھىدە تىرىشتى . كۆپ ھاللاردا تاڭلارنىڭ قانداق ئېتىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالاتتى . كۆز قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كۆز ئەينەك تاقاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئىدى . بۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا يول ئېچىلىپ ، شىنجاڭدىن ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ ئالتە نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بۇ مەركەزگە بىلىم ئاشۇرۇشقا باردى . مەدىنە شۇ جايدا تۇرۇپ بىر تەرەپتىن ئۆتۈلىدىغان دەرسنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنگلىيە دورخام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشى ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىپ ، ئوقۇش ھارپىسىدا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى ۋە 1995 ـ يىلى ئەنگلىيىگە ئاتالاندى.

ئەنگلىيە دورخام ئۇنىۋېرسىتېتى 170 يىللىق تارىخقا ئىگە مەكتەپ بولۇپ ، زەررىچىلەر فىزىكىسى كەسپىدە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ساناقلىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى ئىدى . مەدىنەنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئەنگلىيە خان جەمەتى ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ ئاكادېمىكى ، ماتېماتىكا ـ فىزىكا ئالىمى ئى كورىگىن ئەپەندى ئىدى . مەدىنە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىگىدە ئاساسىي زەررىچىلەر فىزىكا ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئوقۇشنى باشلىدى . مەدىنەنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى ئىككى ئۆلچەملىك كۋانت مەيدان نەزەرىيىسى ئىدى ، ئۇ مۇشۇ تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى كۆردى ، ئىزدەندى ، كونكرېت ھېساپلاش ئېلىپ باردى . ئۆگىنىشتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئىرادىسىنى قەتئىي بوشاشتۇرۇپ قويمىدى . يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ۋە فاكۇلتېتتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆپلەپ پىكىر ئالماشتۇردى ، ئۇ ئوقۇش جەريانىدا ئىككى قېتىم ئىتالىيەدە ئېچىلغان يازلىق كۇرسقا ، جۇڭگو ، شوتلاندىيە ، فرانسىيە ، ئەنگلىيەدە ئېچىلغان خەلقارالىق ئاساسىي زەررىچىلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتى ، كەسپىي جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى .

نەزەرىيىۋى فىزىكا ساھەسى ماتېماتىكىلىق تىل ئارقىلىق ئالىي ئۆلچەمگە يېتىشنى تەلەپ قىلىـ ـدىغان، ئېنىقلىق ، ئىنچىكىلىك ۋە لوگىكا جەھەتتىكى مۇكەممەللىك بىلەن ماددىي دۇنيا قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ، مەلۇم نوقۇل نۇقتىنى تەجرىبە ئارقىلىق كۆزىتىدىغان ئىلىم بولۇپ ، ھەر ـ بىر ئىلىم ئىگىسىدىن زور تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ ساھەگە قەدەم قويغان ۋە ئىلمىي مەسىلىنى ھەل قىلمەن دەپ بەل باغلىغان ھەر ـ بىر كىشىدە خۇددى ئامېرىكىلىق مەشھۇر شائىر ، مودېرنىزم شېئىرىـ ـيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى تېئېس ئېلىئوت ئېيتقاندەك : «ھۆددىسىدىن چىقىش قىيىن بىر ئىشنى قىلىشتا، ئادەمدە كۆيۈپ تۈگەيدىغان شامدەك ھېسسىيات بولۇشى كېرەك» . مەدىنە تۆت يىللىق دوكتورلۇق

ئوقۇشى جەريانىدا كۆپ ئىزدىنىپ ئاخىرى **1999** ـ يىلى **11** ـ ئايدا « چېگرالىق سىنە ـ گوردون مودېلى ۋە ئۇنىڭ ئۇلترا سىممېترىك كېڭەيتىلىشى» ماۋزۇلۇق ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسىنى يېزىپ تۈگەتتى . نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىكى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بۇ دوكتورلۇق ماقالىسىنى يېزىش جەريانىدا مەدىنە پەۋقۇلاددە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى .

مەدىنە ئابلىكىم **1999** ـ يىلى **12** ـ ئاينىڭ **20** ـ كۈنى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاپ، ئىككى سائەت داۋاملاشقان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاش داۋامىدا ئەنگلىيىدىكى نەزەرىيىۋى فىزىكا ساھەسىدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن تەشكىل تاپقان باھالاش ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سورىغان ھەر ـ بىر سوئالىغا ئىنگلىز تىلىدا قايىل قىلارلىق جاۋاب بەردى . ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىگە باھالاش ھەيئەتىدىكىلەر بىردەك يۇقىرى باھا بەردى . ئەنە شۇ مىنۇتلاردىن باشلاپ مەدىنە ئۇيغۇر خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان ، ئاساسىي زەررىچىلەر ئىلمى بويىچە تۇنجى دوكتورلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچى بولدى . مەدىنەنىڭ دىسسېرتاتسىيە باھالاش پىكرىگە مۇنداق دەپ يېزىلغان ئىدى : «چېگراسىز بوشلۇق جەھەتتىن ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان سىنە ـ گوردون مودېلىنى بۇ ساھەدىكى ئىلمىي تەتقىقاتچى ئالىملار تولۇق تەتقىق قىلىپ بولغان ئىدى ، لېكىن مودېلنىڭ بوشلۇق جەھەتتىن شەرت قويۇلغان چېگرالىق ھالىتىنى تېخى مۇكەممەل تەتقىق قىلىپ باقمىغان ئىدى . مەدىنە قىزنىڭ دىسسېرتاتسىيىسىدە چېگرالىق سىنە ـ گوردون زەررىچىلىرى ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۆرۈلگاندىن كېيىنكى قايتىش مىقدارىنى ھېساپلاپلا قالماستىن ، بۇ مودېلنى ئۇلترا سىممېترىك ئەھۋالغا كېڭەيتىپ تەتقىق قىلدى . بۇ خىزمەتنىڭ ئىلمىي نەتىجىسى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ : بىرىنچى ، مۇتەخەسسىسلەر بۇرۇن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەردىكى چېچىلىش مىقدارىدىكى خاتالىقنى بايقاپ ، ئۆزىنىڭ يېڭىچە كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى . ئىككىنچى ، ئۇلترا سىممېترىك شارائىتتا بوزۇن زەررىچىلىرىدىن باشقا يەنە فېرمىئون زەررىچىلىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك، فېر ـ مىئوننىڭ ئىككى نۇقتىلىق گىرىن فۇنكسىيىسىنىڭ چېگرالىق شەكلىنى مەدىنە ئۆزىنىڭ ئىلمى تەتقىقاتىدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى . بوزۇن ۋە فېرمىئوننىڭ چېچىلىش مىقدارىنى ھېساپلاش گەرچە تېخنىكا جەھەتتىن قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان خىزمەت بولسىمۇ ، مەدىنە ئۇنى ھېساپلاپ چىقتى . بۇ مۇشۇ ساھەدىكى قالتىس بىر چوڭ ئىلگىرىلەش بولۇپ ، ئىككى ئۆلچەملىك كۋانت مەيدان نەزەرىيىسىگە ئۆزىنىڭ يېڭى كۆز قارىشى بىلەن تۆھپە قوشتى . مۇشۇ ئىلمىي نەتىجە ئۈچۈن دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىشكە قوشۇلىمىز ».

مەدىنە ئابلىكىمنىڭ دوكتورلۇق تەتقىقات نەتىجىسى خەلقارالىق ھازىرقى زامان ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى ، ئوقۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەكلىۋى بويىچە ئەنگلىيەدە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ يەنە يېرىم يىل ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى ، ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقارالىق ژۇرناللاردا يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇردى . بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى پارچىسى خەلقارالىق يىغىنلاردا ئوقۇلغان بولۇپ ، يىغىنلارنىڭ توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى . مەدىنە **2000** ـ يىلى **7** ـ ئايدا مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بولۇپ ، جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بېيجىڭدىكى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن **2000** ـ يىلى **12** ـ ئايدىن باشلاپ بۇ يەردە دوكتور ئاشتى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ دوكتور ئاشتى سالاھىيىتىگە مۇيەسسەر بولدى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە دۆلەتلىك تەجرىبىخانىسىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ . ئۇ دوكتور ئاشتىلىق تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارالىق ئىلمىي ژۇرناللاردا بەش پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇردى . مەدىنە ئابلىكىم جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەۋاتقان دوكتور ئاشتى سالاھىيىتىگە ئىگە تۇنجى ئايال تەتقىقاتچى . ئۇ بەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خەلقارالىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكى 30 نەپەر ئالىمنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ تىزىلغان .

ئۇ ئۆزۈن يىللىق ئوقۇش جەريانىدا چەتئەللەردە مۇساپىرچىلىق ، غېرىپلىق مىنۇتلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى . ھەر قېتىم قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈش ئالدىدىكى سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز قىينچىلىقلار ئالدىدا قەتئىي بوشاشمىدى ، جاپا-مۇشەققەتلەر ئۈستى - ئۈستىلەپ كەلگەن چاغدا يۇرتىنى ، ۋەتىنىنى ، ئاتا-ئانىسىنى ۋە ئوماق پەرزەنتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىلىشى ، قېينئاتا-قېينئانىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ۋە پەرزەنتىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشى ۋە ئوقۇشقا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى ، ئۇستازلىرىنىڭ ئەجرى ، يولدىشى ۋىدات مىجىتنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بولمىغان بولسا ، مەدىنەنىڭ بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى تەس ئىدى . مەدىنە ئابلىكىمنىڭ ئاتىسى ئاگرونوم ، ئاپىسى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر ۋاقىت قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىشى ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەمدە بولۇپ رىغبەتلەندۈرۈشى مەدىنەنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى . مەدىنە ئۆزىنىڭ ئوقۇش ۋە تەتقىقات جەريانىدا ئالىملارغا خاس خىسلەتنى نامايان قىلدى . چەت ئەللەردە تۇرغاندا كەسپىي جەھەتتىلا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپلا قالماستىن ، ئەخلاقى - پەزىلەت جەھەتتىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ، مىللىتىمىزنىڭ ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىدى . ئۇ نەزەرىيىۋى فىزىكا ساھەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان تۇنجى ئايال ئالىم بولۇپ ، تارىختىن بېرى بۇ ساھەدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالىم بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى . ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسىنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت پەنلىرى تارىخىغا يېزىلىشقا تېگىشلىك . ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ ، ياشلا ئالىملىق شۆھرىتىگە ئىگە بولدى . ئۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سەنئەت ۋە ئىجتىمائىيەت پەنلىرى ساھەلىرىدە نەتىجە قازىنىپلا قالماي ، بەلكى تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدىمۇ زور ئۇتۇق قازىنالايدىغانلىقىنى دۇنياغا نامايان قىلدى . ئۇنىڭ چەتئەلدىكى ئىلمىي پائالىيەت ۋە نەتىجىلىرىدىن كۆپلىگەن چەتئەللىكلەر يىپەك يىپەك يولى باغرىدىكى ئىسلاھات قاينىمىدا كۆرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ باتۇرانە جاسارىتىنى كۆردى . شۇنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى ، ئۇ ئالىم بولۇش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى تەبىئەتتىكى مەھلىيا قىلغۇچى سىرلارنى يېشىش ئۈچۈن ئىزدەندى . بىز فىزىكا ئالىمەسى ، ئۇيغۇر قىزى مەدىنە خانىمنىڭ تەبىئەت پىنى بولغان ئاساسىي زەررىچىلەر ساھەسىدىكى تەتقىقاتىنى بوشاشتۇرماي ، تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە قىيىن بولغان ، پەن بىناسىغا ئۇل سالىدىغان ئىلىم قەسرىنى روياپقا چىقىرىش يولىدا ھارماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئوبرازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، يەنىمۇ بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز .

## مەشرەپ، بابارەھىم

(«بابارەھىم» گە قارالسۇن)

## مەمتىلى ئەپەندىم ( توختاجى )



مەمتىلى ئەپەندى 1901-يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتىدە توختاجى ئىسىملىك يېتىشكەن تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆز زامانىسىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىرىدىن بولۇپ ، ئائىلىسى مەرىپەتنى، ئىلىم -پەننى ھىمايە قىلغۇچى ئائىلە ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى دۇنياغا كۆز ئاچقان يىللار ھەممە يەرنى زۇلۇم قاپلىغان، خەلق نادانلىق ۋە قالاقلىق قوينىدا ئېغىر ھالسىراۋاتقان قاراڭغۇ دەۋر بولغاچقا، توختاجى ئوغلىنىڭمۇ نادان، قالاق بولۇپ

قالماسلىغى ئۈچۈن ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن گۆدەك مەمتىلىنى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپ «ھۈسەينىيە مەكتىۋى»گە ئوقۇشقا بېرىدۇ.

يېڭىچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇش، ئۇستازلىرىنىڭ ئەستايىدىل تەربىيىسى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىلغار دۇنيا قاراش شەكىللەندۇرۇشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى . مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن **1920** ـ **1921** ـ يىللىرى دادىسى توختاجى بىلەن بىرگە ئىلى، بورتالا ۋە چۆچەك قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ. ئۇ يەرلەردە كۆزى تېخىمۇ ئېچىلىپ جاھالەت ۋە نادانلىق ئىسكەنجىسىدىكى خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن كەڭ تۈردە ئۇچرىشىدۇ ۋە تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەڭ دائىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ ، خەلقنى بىلىم بىلەن ئويغىتىش ئىرادىسىنى تىكلەيدۇ، ئۇ چۆچەكتە كۆپ تەرەپلىمە مەلۇماتلىق دىنىي زات ، مەرىپەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان بۇ جاسارەتلىك يىگىتكە مېھرى چۈشۈپ قالىدۇ ھەم ئۇنى تەربىيىلەيدۇ. **1924** ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىغانلىغىنى ئاڭلىغان مەمتىلى ئەپەندى چەكسىز قايغۇ ـ ئەلەمدە «ئوقۇدى،ئاشتى» دىگەن شېئىرىنى يازىدۇ:

ئوقىدى ـ ئاشتى باشقىلاربىزدىن،ئەي قەدىردانلار،
كۆرگەچكە ئۇلارنىڭ ئىجتىھاتىنى قاينار ۋىجدانلار.
ھاۋادا لاچىندەك جەۋلان قىلۇر باشقا مىللەتلەر،
قالدۇق بىز ئۇلاردىن بەكمۇ ئارقىدا،ئويلا ئۆممەتلەر.

بۇ شېئىر كىشلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ تام ـ تاملارغا چاپلىنىپ كېتىدۇ، خەلق مەمتىلى ئەپەندىنى تېخىمۇ تونۇيدۇ. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چۆچەك تەۋەسىدە تەسىرىنىڭ كۈنسىرى كۆچىيىۋاتقانلىغىغا يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتقان ياڭ زېڭشىننىڭ ماراقچىسى ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز نازارەت قىلىدۇ. تەقىپ ئېچىدە قالغان ياش شائىر ، ئۇستازى مۇرات ئەپەندىنىڭ سەممىي ئاتىدارچىلىغى بىلەن **1926** ـ يىلى بىر كېچىدىلا چېگرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. يات ئەللەردىكى سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى **1928** ـ يىلى بىر ئاق كۆڭۈل تۈرك قېرىندىشىنىڭ ياردىمى بىلەن قىرىم ئارىلى ئارقىلىق ئىستانبۇلغا بارىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى **1920** ـ يىلى ئاتۇشتىن چىقىپ كەتكەندىن تارتىپ تاكى ئىستانبۇلغا يىتىپ بارغىچە بولغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ھاياتىنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز جاپا ـ مۇشەققىتىنى تارتىدۇ، ھەرخىل ئىدىيە ـ ئېقىملار ۋە خىلمۇ ـ خىل كىشلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. دىمەك ئۇ ئوتتۇز ياشقا قەدەم قويغىچە پىشىپ يىتىلگەن بىر ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ تۈركىيىگە يىتىپ كەلگەن يىللىرى، تۈركىيىنىڭ قانۇن تۈزۈملىرى يېڭىلىنىپ، مەدىنيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى گۈللىنىپ ، ئىقتسادى كۈچىيىپ ، تەرەققىيات سۈرئىتى تىزلىشىپ تەرەققىي تاپقان ئەلگە ئايلىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى . مەمتىلى ئەپەندى **1929** ـ يىلدىن **1932** ـ يىلغىچە بولغان ئۈچ يىللىق ئوقۇش جەريانىدا، ھەققىي بىر لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىغا خاس سالاھىيەتنى ھازىرلايدۇ . ئۇ تۈركىيە گېزىتلىرىدە كەينى ـ كەيندىن ئېلان قىلىنىۋاتقان شىنجاڭ ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرىدۇ، خەلقنىڭ تەقدىرى ۋە يۇرتنىڭ ئىستقبالىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلاۋى قوشۇنىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىگە ئۆتكەنلىگىنى ئاڭلاپ تۆۋەندىكى پارچىنى يازىدۇ:

ئاڭلىدۇق ئەي ئانا دىيار سەندىن چۇقان،
پارتىلىدى زالىمغا قارشى ۋولقان.
پاچاقلاشقا قۇللۇق كىشەن ـ زەنجىرىنى،
ئالغا ، ئارتقا قايتما جەڭدىن باتۇر ئىنسان.

مەمتىلى ئەپەندى خەلقنى نادانلىق، قاششاقلىق ۋە زۇلۇمدىن قۇتـقۇزۇش ئۈچۈن يۇرتىغا دەرھال قايتىپ ئاقارتىش ئېلىپ بېرىشنىڭ تەخىرسىزلىگىنى ھېس قىلىدۇ ۋە يۇرتىغا ئاخىر قايتىپ كېلىدۇ.

ئۇ بىر يىتىشكەن مەرىپەتچى سۈپىتىدە خەلق ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ مەرىپەت ۋە ئىلىم ـ ئېرپان ئىدىيسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ. يېڭى مائارىپ ھەركەتلىرى ۋە 3 ـ قېتىملىق مائارىپ دولقۇنى ئاتۇشتا يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ . مەمتىلى ئەپەندى بۇ جەھەتتە ئاكتىپ تەشكىللىگۈچى ۋە

www.uyghurkitap.com



پائالىيەتچى بولدۇ. ئۇ تەشكىل قىلغان «ئىزچىلار ئەدرىتى» زۇلمەت دۇنياسىنى يورۇتقۇچى مەشئەل بولۇپ ياندۇ. ئۇ مەشئەل دىنىي چەكلىمە، فېئوداللىق تەرتىپ ۋە زوراۋان كۈچلەرنىڭ قاتتىق ئىسكەنجىسىگە ئېلىنغان بولسىمۇ ئۆچۈپ قالمايدۇ. مەمتىلى ئەپەندى بۇ جەھەتتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بىز مۇئەللىم يورتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپ - يورۇق نۇرلار چاچىمىز.
تالاي يىللار زۇلمەتتە تىنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم - ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.

مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە 24 باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. ئۇ قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن ھالدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ دەسلەپكى قەدەمدە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ، ئاتۇشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلاش ، ئاقارتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈردى.

مەمتىلى ئەپەندى 1935 - يىلى يازدا ئوخشاش فورما كىيگەن يۈز نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ يەنى «ئىزچىلار ئەدرىتى» تەشكىللەپ ئۆزى باش بولۇپ مارش ۋە ناخشىلارنى ئېيتىپ پەيزىۋات، توقۇزاق، ئوپال ، تاشمىلىق ، يېڭىسار ۋە قەشقەر شەھەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ . يېڭى مائارىپ ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ جەڭگىۋار ھەرىكىتى قەشقەردە تۇرىۋاتقان قوماندان ۋە مەرىپەتپەرۋەر مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىدۇ . تالانتلىق ، ئوت يۈرەك شائىر مەمتىلى ئەپەندى نۇرغۇن شېئىرلارىبىلەن بىرگە «يانار تاغلار» سەرلەۋھىلىك چوڭ ھەجىملىك داستاننى يېزىپ تاماملايدۇ. مائارىپ خىزمىتى مۇقەددەس خىزمەت دەپ چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھارماي - تالماي كۆيۈپ - پىشىپ ئەجىر سىڭدۈرگەن مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى تاللىۋالغان توغرا يول ئۈچۈن ياش ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، - مەرىپەت دۈشمەنلىرى ئۇنى دەرس مۇنبىرىدىن تۇتۇپ كېتىپ ، 1937 - يىلى 30 - ماي كۈنى شىڭشىسەي ھاكىمىيتىنىڭ ژاندارمىلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە قەتلى قىلىنىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى تۈرمىگە ئېلىنغاندىن كېيىن ،تىز پۈكمەس ئىرادىسى ۋە قەيسەرانە روھىنى نامايان قىلىدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ :

ئۆرگۈپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر،
كۆندە مۇشتۇمدەك كىسەك خەت يېزىپ تۆگەپ كېتەر.

مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ تارىختا ئۆچمەس مائارىپ پائالىيەتلىرى ۋە ئەدىبي ئىجادىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبياتى ۋە مائارىپ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بىز ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدىبياتىنىڭ بۇ مەشھۇر ۋەكىلىنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە ئەسلەيمىز . ئۇ خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ھايات.

## مەمتىمىن ھوشۇر



مەمتىمىن ھوشۇر 1944 - يىلى غۇلجا شەھرىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1951 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە غۇلجا شەھرىدىكى «مۇراد» مەكتىۋىدە، 1956 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە غۇلجا شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقىغان. 1962 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1967 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل مەمۇرىي ئورگانلاردا كادىر، 1979 - يىلدىن تارتىپ «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ مەسئۇلى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق

يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان.

مەتتىمىن هوشۇر ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 1965 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئالما» ناملىق هېكايىسى بىلەن كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بولۇپمۇ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ پروزا ساهەسىگە يېڭىچە بىر خىل هاياتىي كۈچ بىلەن كىرىپ، هازىرغىچە «ناخشا»، «بۇ، چۇش ئەمەس»، «مۇساپىرلار قاۋىقدا»، «ئايخان»، «ساراڭ»، «بۇرۇت ماجراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت» قاتارلىق بىر تۈركۈم هېكايىلارنى، «نۇزۇگۇم»، «ساۋاقداشلار»، «سالام، هېسام ئاكا»، «خاسىيەتلىك قار» قاتارلىق بىر قىسىم پوۋېستلارنى يېزىپ، ئەدەبىيات ساهەسىدە ۋە كىتاپخانلار ئارىسىدا ياخشى باهاغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ هېكايىلىرىنىڭ مۇۋەپپىقىيىتى ئالاهىدە ئۇستۇن بولۇپ ، ئۇيغۇر هازىرقى زامان هېكايىچىلىقىدا مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سيۇژىتى قىزىقارلىق، قۇرۇلمىسى تەبىئىي هەم يېڭىچە، تىلى راۋان. كۆلكە ـ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەبىئىي هەمراهى، ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

مەتتىمىن هوشۇر پروزا ئىجادىيىتىدىن باشقا، ئەدەبىي ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئاجايىپ تۇرمۇش، غەلىتە مەنتىقە»، «10 يىللىق هېكايە ئىجادىيىتىمىز» قاتارلىق ماقالىلارنى، «ئالىم بولماق ئاسان ئەمەس» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخباراتلارنى ، «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» ناملىق بىئوگرافىك قىسسىسىنى يازغان . «ئىھ ، 15 ياشلىق خالىدەم» قاتارلىق بىر قىسىم هېكايىلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان . مەتتىمىن هوشۇرنىڭ هازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «نەي ئاۋازى» (1982 ـ يىل, شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «كونا ـ يېڭى ئىشلار»(ئېزىز ساۋۇت بىلەن بىللە ، 1986 ـ يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى) ناملىق هېكايىلار توپلاملىرى، «سالام، هېسام ئاكا» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، «بۇ، چۇش ئەمەس» ، «ئۆلۈككە يېزىلغان خەت» ناملىق هېكايىلار توپلىمى، «قۇم باسقان شەهەر» ناملىق رومانى قاتارلىقلار بار. مەتتىمىن هوشۇر هازىر كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

مەتتىمىن هوشۇر ئەپەندىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

تۆۋەندە، مەتتىمىن هوشۇر ئەپەندىمنىڭ ئىككى پارچە ئەسىرىنى هۆرمەت بىلەن سۇنىمەن .

## 1) چوشقىلارغا بايرام

(هكايە)

ساراڭنىڭ ئاپتورىدىن يەنە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم . ئۇ خەتكە قوشۇپ يەنە بىر ئەسەرنى ئەۋەتىپتۇ. رەئىس ئەپەندىم، ياخشىمۇسىز؟ ـ يېزىپتۇ ئۇ خېتىدە ،ئۆتكەنكى خېتىمنى ئوقۇپ تازا كۈلگەنسىز؟ رەئىس بولغان ئادەملەر ئۇنچە ئۇنچە كۈلمەمدۇيا ؟ مەنسىزنى رەئىس بولغاندىن بېرى قاپىغىنى تۈرۈپلا يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدىمىكىن ، دەپ پەرەز قىلىمەن. قىزىقكەنسىز ، بۇ جاهاننىڭ قاپاق تۈرگىچىلىگى بارمۇ ؟ باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇپ ، ئۈرۈمچىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى سىزدىن باشقا هېچكىمگە تىنمىدىم ، توۋا دەيمەن، دەرد تارتقانلارنىڭ دەردىنى يۈرەكلىك ئېيتالمايدىغان بولۇپ قالدىغىنىمۇ غەلىتە ئىشكەن . ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ هازىرقى بوۋاقلارنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئانىسنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپلا چېچىغا ئاق كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. يېقىندا بىر تاماكا چىقىپتۇدەك، ئۇنىڭ ئىككى بېشىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئۇتتۇردىن چېكىدىكەنسىز. بەزى كاتتىۋاشلارنىڭ بالا ـ چاقىسىنى تازا پۇل تاپىدىغان ئىشقا سېلىپ قويۇپ، < پۇل دېگەنگە ئۆزىنى تازا بەك ئۇرۇپ كەتكەنمۇ ياخشى ئىش ئەمەس> دەپ ۋەز ئېيتىدىغان بولىۋالغىنىغا مەن ھەيران. ئىچىم پۇشۇپ، ئۇ قېتىم راستىنلا چوشقىلار توغرىسىدا يازدىم .

بۇ ئاداش يازمىغان ئەمدى چوشقا قاپتىمۇ ، دەرسىز، قېنى كۆرۈپ بېقىڭ..« ئاپتۇرنىڭ چوشقا ھەققىدىكى ئەسىرى مانا مۇنداق باشلىنىپتۇ :

شەھىرىمىزنىڭ يان تەرىپى ئازراق سازلىق بولىدىغان ، ئۇ يەردە چوشقا باقىدىغان بىر ئائىللىك تۇراتتى . ئۇلار سازلىقنىڭ قۇرۇقراق يەرلىرىگە ئانچە ـ مۇنچە كۆكتات تېرىپ جاھاندارچىلىق قىلاتتى . كىچىك ۋاقتىمىزدا باللار بىلەن ئويناپ سازلىق تەرەپكە بېرىپ قالاتتۇق . سازلىقنىڭ سۈيىنى شالاپشىتىپ كېچىپ، خارتىلداپ قارا پاتقاقتا تۇمشۇغىنى تىقىپ ، سازلىقنى تىلغاپ يۈرگەن چوشقىلارنى كۆرۈپ ، چوشقا دېگەن پاتقاق يەيدىغان ئوخشامدۇ ؟ دەپ ئويلايتتىم . كېيىن ، بۇ سازلىقنىڭ سۈيى بارا ـ بارا تارتىلىپ ، قۇرۇپ كەتكىلى تۇردى . چوشقا باقىدىغان ھېلىقى ئائىلە كۆكتات تېرىيدىغان يەرلىرىنى قوشۇپ ئەتراپقا تام سوقۇپ ، بىكار ياتقان خېلىكۆپ يەرنى قاشالىۋالدى . شەھەرنىڭ ئابرويلۇق بىر باشلىقى «ئوغلۇمغا» ، دەپ شۇ ئەتراپقا كېلىشتۇرۇپ بىر ئۆي سالدى . بۇنى دوراپ ، ـ ئۆيىنىڭ ئەلمى ئۆتۈپ كەتكەنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سازلىققا ئۆي سېلىشقا باشلىدى . پېنسىيىگە چىققان بىر كىشى ئۇ يەرگە ئۈششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى ساتىدىغان بىر دۇكانمۇ ئېچىۋالدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ سازلىقنىڭ ئورنى بارا ـ بارا يېڭى بىر مەھەللە بولۇپ قالدى . بىزمۇ بۇ مەھەللىگە بىر نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىپ كۆچۈپ چىقىپ ، نەق چوشقا باقىدىغان ھېلىقى ئائىلە بىلەن قوشنا ئولتۇرۇپ قالدۇق . چوشقا باقىدىغان ئائىلىنىڭ چوڭى ئورۇق ، تىمەن بىر بوۋاي ئىدى . ئۇ ياشتا چوڭ ۋە بۇ يېڭى مەھەللىگە ھەممىمىزدىن كونا بولغاچقا ، مەھەللىدىكىلەر بۇ بوۋاي بىلەن ئۆچرىشىپ قالساق ، ھۆرمەتلەپ سالاملىشىپ ئۆتەتتۇق . ئەمدى چوشقىلارنىڭ تالادا يۈگۈرۈپ ، ھەممە يەرنىتىلغاپ يۈرگەنلىگىنى كۆرمەيدىغان بولدۇق . بوۋاي قوشنا ـ قولۇملارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ، چوشقىلىرىنى تالاغا قويۇۋەتمەيدىغان بولدى . ئۇلارنىڭ ھويلىسى كەڭرى ئىدى . بىز چوشقىلارنىڭ چىرقىراشقان ئاۋازىنى ھويلا ئىچىدىن ، تاملارنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاڭلايتتۇق . چوشقا دېگەننىڭ زادى نېمە يەيدىغانلىغىنى مەن شۇ بوۋايغا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئازراق چۈشەنگەندەك بولدۇم . دەسلەپتە بوۋاينىڭ چوشقىلىرىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ بالىلىرى ھەركۈنى سېۋەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئەتراپتىن ياۋا كۆكتات ، كۆكتات تاشلاندۇقلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى تېرىپ كېلىشەتتى .بوۋاي بۇ كۆكتاتلارنى يۇيۇپ ، توغراپ ، ئۇنىڭغا يەنە نېمىلەرنىدۇر ئارلاشتۇرۇپ ئاداپ قىلىپ چوشقىلارغا تۆكۈپ بېرەتتى . كەچكە يېقىن بوۋاي يوغان ئىككى چېلەكنى ئەپكەشكە ئېلىپ ، بازار ئىچىدىن ئاشخانىلارنىڭ تاماق قالدۇقلىرى ئارلاشقان يۇندى ـ چاقانلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى . كېيىن ئۇلارنىڭ چوشقىلىرى كۆپىيىپ ، بوۋاينىڭ ئائىلىسى رەسمىي چوشقا بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىگە ئايلىنىپ قالدى .

بۇ چاغقا كەلگەندە بوۋاينىڭ ئوغۇللىرىمۇ چوڭبولۇپ قالغان ئىدى . چوڭ ئوغلى بىر موتسىكلىت سېتىۋالدى . موتسىكلىتنىڭ ئارقىسىغا بىر كىچىك كوزۇپنى چېتىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆڭ ئورنىتىپ ئاشخانىلارنىڭ ئاشقان ـ تاشقان تاماقلىرىنى شۇنىڭدا توشۇپ كېلىدىغان بولدى . يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى بوۋاينىڭ ئائىلىسى شۇنداق تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتتىكى ، ئۇلارنىڭ قانداق بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئەقلىمىز يەتمەيلا قالدى . بۇ بوۋايغا ھازىر قېرىلىق يېتىپ قالغان بولۇپ ، ئائىلىنى

باشقۇرۇش ئىشىنى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى قولىغا ئالغان ئىدى . ئۇ هويلىسىنىڭ بۇرۇنقى كۆرۈمسىز توپا تاملىرىنى ئۆرۈپ تاشلاپ ، قىپ ـ قىزىل خىشتا تام قوپۇرۇپ چىقتى . بېقىۋاتقان چوشقىلىرىمۇ ناهايىتى كۆپ ئىدى . چوشقىلارنىڭ تۇرىدىغان يېرىنى ئايرىم قىلىپ ، چوشقا قوتانلىرىنىمۇ سېمونىت بىلەن سۇۋىتىۋاتتى .

خۇددى بىرى تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ، چوشقىلارنى يۇدۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ، ئېگىز تاملارنىڭ ئۈستىگىمۇ ئايلاندۇرۇپ تىكەنلىك سىم تارتىۋەتتى . هويلىسىنىڭ يەنە بىر چېتىگە ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ شۇنداق كاتتا ئىمارەت سالدىكى ، بۇنىڭ ئالدىدا مەھەللىمىز بويىچە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ، ئابرۇيلۇق هېلىقى باشلىقنىڭ ئوغلىغا سالغان ئۆي چېنىپلا قالدى . ئۇلارنىڭ چوشقىلىرىنىڭ شۇنچە تېز كۆپىيىپ ، بېيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈستىدە گەپ بولسا ، مەھەللىدىكىلەر 30 ـ 20 بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى بېقىۋاتقان چوشقىلار چەتئەل نەسلىدىن ئىكەن ، يېنىدا ئولتۇرۇپ بېشىنى سىلاپ بەرسە ، بىر تۇغقاندا بىراقلا نەچچە 10 نى تۇغقىدەك ،ـ دېيىشەتتى . يەنە بەزىلەر : ـ ئۇلارنىڭ ياپونىيىدىن ئەكەلگەن يەنە بىر غەلىتە چوشقىسى بار ئىكەن ،يېيىشكە پىششىق تاماق يەپ ، چېچىشقا تاراقلاپ تۇرغان قەغەز پۇل چىچارمىش ،ـ دەيتتى . مەھەللىدىكى ئۇششاق ـ چۈشەك نەرسىلەر ساتىدىغان دۇكاننى ئاچقان كىشى ئىلگىرى بىر مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن . ئۇ مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا سەل خاپا بولغاندەك بولۇپ : ھەممە ئىشنى چاقچاققا ئايلاندۇرىدىكەنسىلەر ئۇكىلىرىم ، مەسىلە دېگەنگە ئىلمىي قاراش كېرەك . چوشقا باققۇچىلارنىڭ بېيىپ كېتىشى شەھىرىمىزدىكى رېستورانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن توغرا تاناسىپ ،ـ دەيتتى . بۇ نېمە گەپ ، ئاكا ؟ ـ دەيتتۇق بىز ،ـ تاناسىپ ـ پاناسىپ دېگىنىڭىز نېمىسى ؟ ـ بۇ دېگەنلىك ،ـ دەپ چۈشەندۈرەتتى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ،ـ شەھىرىمىزدە رېستورانلار قانچە كۆپەيگەنسېرى چوشقا باقىدىغانلار شۇنچە باي بولىدۇ ، دېگەنلىك . رېستوران دېگەنگە قورسىقى توق غوجاملار كىرىدۇ . بىر ـ بىرىدىن ئابروي تالىشىپ تاماقنى هارغۇچە بۇيرۇپ قويۇپ ، ئازراقلا يەپ بولدى قىلىدۇ ، قالغىنىنى چوشقا باقىدىغانلار يىغىشتۇرۇپ ماڭىدۇ . چوشقىنىڭ بىكارغا كېلىدىغان مۇنداق يېمى كۆپىيىۋەرسە ، چوشقا باقىدىغانلار باي بولماي نېمە بولىدۇ ؟ بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى هازىر يىراق ـ يېقىنلارغا بارسا يېڭى سېتىۋالغان قاپقارا پىكاۋىغا ئولتۇرۇپ باراتتى . بوۋاينىڭ ئىككىنچى ئوغلى شەھەرگە يوغان تۇڭ ئورنىتىلغان يۈك ماشىنىسىنى ھەيدەيتتى . ئۇلارنىڭ شەھەردىكى داڭلىق ، چوڭ رېستورانلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى . ئۇ يەردىكى ئاشقان تاماقلار ئاشۇ ماشىنىدا توشۇپ كېلىنەتتى . راست دېگەندەك ، رېستورانلاردىن چوشقىلارغا تاماق توشۇپ كېلىدىغان يۈك ماشىنىسىدىكى سىرتىنى قېلىن ماي باغلاپ كەتكەن يوغان تۇڭنىڭ ئىچىگە قارىسىڭىز چۈشىڭىزدىمۇ كۆرمىگەن نەرسىلەرنى كۆرىسىز. قورۇلغان ، دۇملەنگەن ، ئېچىتىلغان ، ئىسسىق ـ سوغۇق ھەرخىل قورۇملار ، ئۆردەك ، غاز ـ توخۇ ، قىرغاۋۇل ، كەكلىك ... يەنە قانداقتۇر كەم ئۇچرايدىغان ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ گۆشلىرى ، بېلىق ، پاقا ، يىلان ، كەسلەنچۈك ، قۇرت ـ قوڭغۇز ، ئىت ـ مۈشۈك ، كالا ، قويلارنىڭ گۆشلىرىدىن تەييارلانغان خىلمۇ خىل تاماقلار ، كىملەرنىڭدۇر تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ تەييارلانغان ئېسىل تورتلار ، لەيلەپ تۇرغان ئاپئاق هورنان ، يۇتازا ، مانتا ، سامسا ، ـ پەرمۇدە ... ئايھاي ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت ـ رېتى بىلەن يېزىپ چىقىمەن دېسىڭىز كاتتا رېستورانلارنىڭ تاماق تىزىملىكىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ . مۇنچىۋالا نەرسىلەرنىڭ قانداق ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن ئېشىپ چىقىدىغانلىقىغا ئەقلىڭىزنى يەتكۈزەلمەيسىز . هازىر ئاشخانىلار قورسىقى ئاچقانلارنىڭ كىرىپ تاماق يەيدىغان ئورنىمۇ ياكى قورسىقى توقلارنىڭ كىرىپ تاماق بۇزىدىغان ئورنى بوپقالدىمۇ ؟ دەپ ئويلىنىپ قالىسىز . هېلىقى ئوقۇتقۇچى ئېيتقاندەك ، پۇلى بار غوجاملار ئېھتىمال ئۆيىدە قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇپ چىقىپ ، سۆلىتىنى داۋراڭ قىلىش ئۈچۈن يەنە كاتتا رېستورانلارغا كىرىپ نەچچە يۈز يۈەنلىك

www.uyghurkitap.com



تاماقلارنى بۇيرۇتۇپ قويۇپ ، يېمەي قاراپ ئولتۇرۇپلا قويۇپ كەتسە كېرەك . ھەي ، سىز شۇنداقمۇ دەيسىز ،ـ دەپ چۈشەندۈردى ماڭا بىر كۈنى بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ھېلىقى قاراپىكاۋدىن چۈشۈپ ، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇپ ، ـ ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي سورۇنلىرىدا پۈتمىگەن نۇرغۇن ئىشلار ، شىركەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل غەيرى رەسمىي توختاملار ، شەخسلەرنىڭ يەڭ ئىچىدىكى سودىلىرى بىزنىڭ ئاشۇ چوشقىلار يەيدىغان تاماقلار تىزىلغان جوزا ئۈستىدە پۈتىدۇ . شەھەر خەلقى بىزدىن خوش بولسا بولىدۇ . شۇ ئاشقان ـ تاشقان نەرسىلەرنى بىز يىغىشتۇرمىساق ، پۈتۈن شەھەر سېسىقچىلىققا چۆكۈپ قالامدۇ ؟ پۇلى بارلار قۇۋرۇغىسى يوق پۇلنى خەجلەپ بۇزۇپ چاچىدۇ ، بىز بۇزۇلغان ـ چېچىلغان نەرسىلەرنى يىغىپ كېلىپ يەنە يېڭى گۆشكە ئايلاندۇرىمىز ... بوۋاي ھازىر ئائىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنى چوڭ ئوغلىغا تاشلاپ بېرىپ ، ھېچنېمىگە ئارىلاشماي يۈرەتتى . ئاددى رەختلەردىن كىيىم كىيىپ ، ئۆزى بۇرۇندىن چېكىپ ئادەتلەنگەن ئەرزان تاماكىنى چېكەتتى . ئەتتىگەنلىك تامىقىغا ئىككى ـ ئۈچ تال پىلتە قۇيماق بىلەن ئۇماچ ئىچەتتى . ئۆيىدە شۇنچىلىك باياشاتچىلىق بولسىمۇ ، يەنە گۆشسىز قورۇمىلارنى قورۇتۇپ ، قوناق ھورنىنىنى ئەتىۋارلاپ يەيتتى . بالىلىرى ئۇنى ، بىزنىڭ بوۋاي كونا زاماننىڭ ئادىمى ، مېڭىسىمۇ كونا پېتى قېتىپ قالغان ، دەپ زاڭلىق قىلاتتى . بوۋاي بەزى كۈنلىرى چوشقا قوتىنىغا كىرىپ تاماكىسىنى چېكىپ ، رېستوراندىن كەلتۈرۈلگەن ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى تۆمشۇغىنى تىقىپ تىلغاپ يەۋاتقان چوشقىلارغا قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى . قانداقلا بولسۇن ، ئۇ بىر دېھقان ـ دە ، شۇ كۆكتات ، شۇ گۆشلەرنى يېتىشتۈرگۈچىلەرنىڭ جاپالىق ئەجرى ، شۇ ئاپئاق ھورنانلار تەييارلىنىدىغان بۇغداينى تەرگۈچى جاپاكەش دېھقاننىڭ چېچىلغان ھەر بىر تال بۇغداينى يەردىن ئېرىنمەي ئېڭىشىپ ئالىدىغان ھالىتى ، چوشقىلار تىلغاۋاتقان شۇ يېمەكلىكلەر ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرـ مەيدىغان نامرات ئائىلىلەر ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچىسە كېرەك ، بەلكىم . بەزىدە مەن بوۋاي بىلەن پاراڭلىشاي ، دەپ ئۇلارنىڭ چوشقا قوتىنىغا كىرىپ قالاتتىم . كۆزۈمگە بۇ چوشقىلار مەن كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن چوشقىلارغا ئوخشاشماي قېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ئادەملەر يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋەرگەچكىمۇ ، ئۇلارنىڭ گەندىسىمۇ ئادەملەرنىڭ گەندىسىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى . مىجەزلىرىنى دېمەمسىز ، مىجەزىمۇ ئۆزلىرى يەۋاتقان تاماقلارنى ئاشۇرۇپ قويغان ئادەملەرنىڭ مىجەزىگە تارتىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇلارنىڭ ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپ كېتىشلىرى قورسىقىنى بەك تويغۇزۇۋېتىپ ، ئۆزىنى ئالالماي دىۋاندا مۆگدەپ قالغان غوجاملارغا ئوخشىشىپ قالاتتى . بەزىلىرى ئالدىڭىزغا كېلىپ ، سەن نېمەڭگە يوغان سۆزلەيسەن ؟ بىز يەپ يۈرگەن يېمەكلىكلەرنى چۈشۈڭدىمۇ كۆرگەنمۇ سەن ؟ دېمەكچى بولغاندەك ، كۆزلىرىڭىزنىڭ ئىچىگە شۇنچىلىك قادىلىپ قارايدۇكى ، بەدەنلىرىڭىز جۇغۇلداپ كېتىدۇ . بەزى چىشى چوشقىلار ھە دېسە ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرىغا پالاقلايدىغان ئىشقىۋاز خېنىملارنى دوراپ ساغرىلىرىنى ئۇينىتىپ غەلىتە قىلىقلارنى چىقىرىپ مېڭىپ كەتسە ، ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا خۇشتار بايۋەچچىلەرنىڭ ئالدىدىن ئاشقان تاماقلارنى يەۋالغان بەزى ئەركەك چوشقىلارنىڭ ھېلىقى نايناق چىشى چوشقىلارنى ئەگىپ كېتەلمەي سۈركىلىشىپلا يۈرگەنلىگىنى كۆرىسىز . بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە يوغان بىر چىپار چوشقا بار ، ئۇنىڭ قولنى ئارقىسىغا تۇتۇپ كېرىلىشى ، چوڭ ئەمەلدارلاردەك غادىيىپ مېڭىپ كېتىشلىرىنى كۆرسىڭىز قورققىنىڭىزدىن ئىختىيارسىز ئېگىلىپ سالام بېرىۋېتىشكە تاسلا قالىسىز... يېقىندا ـ قايسى بىر بايرامنىڭ ئالدىدا ،شەھەر مەمۇرىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئاشخانا، رېستورانلارغا بىر ھەپتە تىجارىتىنى توختىتىپ تازىلىق قىلىشنى ئۇقتۇردى . ئاڭلىشىمىزچە يۇقىرىدىن شەھەرگە بىر چوڭ تەكشۈرۈش ئۆمىگى كەلمەكچى ئىكەن. ئۇقتۇرۇشتا«كىمكى ئۇقتۇرۇشقا خىلاپلىق قىلسا،ئېغىر جەرىمانە قويۇلىدۇ،تىجارەت كىنىشكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ» دەپ ئېنىق يېزىلغان ئىدى. مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. ئاشخانا، رېستورانلارغا كىرگەندە سىز كۆركەم زال، مەزىلىك تاماقلارنى كۆرىسىز؛ شۇ تاماق سورۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ۋە پارچە ـ پۇرات نەرسىلەر قويىلىدىغان ئۆيلەردىكى پاسكىنچىلىق، ئۇ يەردىكى

دۇكۇرلىشىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن چاچقانلار، گىژىلدىشىپ يۈرگەن چىۋىن، چىچىلىپ ياتقان يىمەكلىكلەرنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمەيسىز. لېكىن بارلىق تاماق سورۇنلىرىبىر ھەپتە تىجارەت توختاتسا، شۇ سورۇنلاردىن ئېشىپ چىققان نەرسىلەر بىلەن بېقىلىۋاتقان مىڭلاپ چوشقىلار نىمە يەيدۇ!؟ دېگەن مەسىلىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىدى، پاجىئەنىڭ بېشى مانا شۇنداق باشلاندى. بۇ بىر ھەپتىنىڭ ئالدىنقى ئىككى-ئۈچ كۈنى غۇۋاسىز ئۆتۈپ كەتتى . تۆتىنچى كۈندىن باشلاپ چوشقىلار ئاچلىقتىن ھەر تەرەپكە تېپىرلاپ ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى. چوشقا باققۇچىلارنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تېپىپ كەلگەن ئارپا، قوناق، بۇغدايلىرىغا، كېپەككە كۆكتات، ياۋا ئوت دىگەندەك قانداقتۇر بىر نىمىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ياساپ بەرگەن ئاداپلارغا ئۇلار قاراپمۇ قويمىدى. بەزىلىرى ئازىراق تېتىپ باققان بولسىمۇ، كۆڭلى ئايىنىپ قۇسۇۋېتىشتى. چۈنكى، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئېسىل يىمەكلىكلەر بىلەن ئۇزۇقلىنىشقا ئۆگىنىپ قېلىشقان ئىدى. شۇ كۈنلەردە مەن قوشنىمىزنىڭ قوروسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ،چوشقىلارنىڭ ئاچچىق چىرقىراپ نىمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراشقانلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. -ئۇلار بىزگە تاماق تەييارلايدىغان ئاشخانا، رېستورانلارنى تاقىۋېتىپ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ بىلەمسىلەر؟ -دەپ ۋارقىراۋاتاتتى بىر چوشقا. نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ -دەپ چۇرقىراشتى باشقا چوشقىلارمۇ . -تازىلىق قىلىۋېتىپتىمىش، تازىلىق! ئويلاپ بېقىڭلار، ھەممە پاسكىنچىلىقنىڭ مەنبەسى نىمە؟ ئادەم! ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى تازىلاشنىڭ لازىملىغىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. ئۇلار پاكىزلىققا چىۋىن، چاچقان، پىت-بۈرگىلەرنى يوقىتىپ يەتمەكچى بولۇۋېتىپتىمىش. بۇگۈن پۈتۈن زىمىننى بۇلغاۋاتقان زادى كىم؟ بۇ چوشقا شۇنچىلىك چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرگە چۆشۈپ كەتتىكى، ئۇ چۇقۇم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پىروفىسورلىرىنىڭ ئالدىدىن ئاشقان تاماقلارنى تاللاپ يېگەن چوشقا بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. -شۇنداقلىغىغا باقماي، -دەپ سۆز ئالدى ئىككىنچى بىر چوشقا، -ئۆزلىرىچە ئۆزلىرىنى ھەممىدىن ئالىي ھېساپلىشىدۇ. بىزلەرنى كۆزگىمۇ ئىلىپمۇ قويماي، قەپەستەك تار سېمۇنت تاملارنىڭ ئىچىگە سولاپ قويىشىدۇ. سوقۇشۇپ قالسا بىر-بىرىنى «چوشقا!» دەپ تىللىشىدىيۇ ئىزا تارتماي . تېرىلىرىمىزدىن ھەر خىل كىيىملەرنى تىكىشىپ كىيىشىدۇ، يۇڭلىرىمىزدا چوتكا ياساپ ، ئاغىزلىرىغا تىقىپ چىشلىرنى چوتكىلىشىدۇ . گۆشلىرىمىزدىن ھەرخىل قورۇمىلارنى قورۇپ، يېگىنى يەپ، يېمىگەنلىرنى يەنە بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئەكېلىپ تۆكۈشىدۇ. كىم بىلىدۇ، بىز ھازىرغىچە قانچە قېرىندىشىمىزنىڭ گۆشىنى يېۋەتكەندىمىز!؟ -ئېھ،بىزنىڭ قەدىمي ئورمانلاردا قىيغىتىپ يۈرگەن ئەركىن چاغلىرىمىز! -دەپ ھەسرەت چەكتى يەنە بىر چوشقا، -ئۇ چاغلاردىكى يىمەكلىكلەر قانچىلىك ساپ ۋە تەبئىي ئىدى ھە! -ئاڭلىدىڭلارمۇ؟- دېدى يەنە بىرچوشقا ئۇلارنىڭ چوڭ باشلىقلىرى تېخى ھېچكىم ئىسراپچىلىق قىلمىسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن، داستىخانلىرىمىزدىن چوشقىلارغا ھېچنىمە ئاشمىسۇن، ئاشۇرۇپ قويۇش چوڭ جىنايەت! دەپتىمىش... ھەممىدىنمۇ بەكرەك قوتراتقۇلۇق مەزمۇندىكى نۇتۇقنى ھېلقى يوغان چىپار چوشقا قوتاننىڭ سېمۇنت تېمىغا چىقىۋېلىپ، ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلىدى: -بۇ گەپچە ئەمدى بىز مەڭگۇ ئاچ يۈرگۈدەكمىزمۇ؟ -دەيتتى ئۇ، -بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياشىغان قەدىمي ماكانلىرىمىزنى ۋەيران قىلىپ، تەبئىيتىمىزنى، ياشاش شارائىتىمىزنى، ئۇزۇقلىنىش ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتكەن زادى كىم؟ بۇرادەرلەر، ئۇلارغا ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى... بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، « يائاللا! » دەپ ياقامنى تۇتۇپ، بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بىرىپ قالامدۇ، قانداق؟ دەپ قورقۇپ كەتتىم. تازىلىق تەكشۈرۈش بايرامنىڭ ئالدىدا ئاياغلاشتى. شەھەر تازىلىغى تەكشۈرۈش ئۆمگىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى . شەھەرنىڭ كوچا-كوي، بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىن تارتىپ ئاشخانا، رېستوران، سودا ئورۇنلىرنىڭ ئىشىك-دېرىزە، شىرە-ئورۇندۇق، پوللىرىغىچە ھەممە نىمە ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. بايرام كۈنى ئەتىگەندىلا ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، بارلىق رېستورانلار قايتىدىن تىجارەتنى باشلىۋەتتى. سەھەردىن باشلاپلا ئاشخا-نىلانىڭ تۇرخۇنلىرىدىن پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئاشپەزلەرنىڭ قىڭراقلىرى دۆشە ئۈستىدە

www.uyghurkitap.com



رىتىملىق تاكىلداپ، چۆمۈچلەر قازاننىڭ گىرۋىگىگە تېگىپ توختىماي داراڭلايتى. خوجايىنلار ھەر تەرەپكە پالاقلاپ، كۆتكۈچىلەرگە نېمىلەرنىدۇر تاپىلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. بۇ بىر ھەپتىدىن بېرى، رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلۈشكە تېگىشلىك بولغان توي ـ تۆكۈن، ھەرخىل مۇراسىم، شەخسى كۈتىۋېلىشلار يىغىلىپ قالغان بولۇپ، تاماق شىرەسىنىڭ ھەممىسى ئالدىن زاكاس قىلىنىپ بولۇنغان ئىدى. ۋاقىت سائەت 10لارغا يېقىنلاشقاندا، پىشقان تاماقلارنىڭ ئاشخانىلاردىن تارقالغان مەزىلىك پۇرىغى شەھەر ئاسمىنىنى قاپلاشقا باشلىدى. مەيىن شامال بۇ پۇراقنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇراتتى. پىششىق تاماقلارنىڭ پۇرىغىغا سىزىمى ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن چوشقىلار قوتانلىرىدا تىپىرلاپ تۇرالماي قالدى. ئۇلار نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ بولغاچقا، ئەمدى چىدىغۇدەك تاقىتى قالمىغان ئىدى. بىرىنچى بولۇپ ھېلقى چىپار چوشقا كەينىگە داجىپ تۇرۇپ، يۇگۇرگىنىچە كېلىپ بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ئورناتقان تۆمۈر دەرۋازىغا ئۆزىنى ئۇرغان ئىدى، دەرۋازا شانلىرىدىن ئاجراپ ئۇچۇپ چۈشتى. خۇددى شۇ مىنۇتتا، مەلىسھەتلىشۋالغاندەك شەھەرنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدىكى چوشقىلارمۇ قوتانلىرىنى ئۆرۈپ كوچىلارغا قۇيۇندەك ئېتىلىپ چىقتى. بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىشىپ كوچىلارغا چىققان ئادەملەر باشتا نىمىنىڭدۇر گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئارقىدىنلا، تەرەپ تەرەپتىن شەھەرگە يوپۇرلۇپ كىرۋاتقان چوشقىلارنى كۆرۈپ، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپلا قېلىشتى. ئاندىن قىيا ـ چىيا قاچ ـ قاچ باشلاندى. ئادەملەر بىر ـ بىرىگە پۇتلىشىپ دوملىشاتتى، ئاياللار يوقتىپ قويغان باللىرىنى ئىزدەپ ئالدى ـ كەينىگە يۈگۈرىشەتتى . ئاپتوبوس، ماشىنا شوپۇرلىرى نېمە قىلىشنى بىلمەي روللىرىنى تۇتقىنىچە قېتىپ قېلىشقان ئىدى. نۇرغۇن ئادەملەر قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئۈستىگە چىقۋېلىپ، دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ، قورقۇنچ بىلەن تۆۋەنگە قارىشاتتى. چوشقىلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ دىماغلىرىنى غىدىقلاۋاتقان مەززىلىك پۇراقلارنىڭ نەدىن تارقىلىۋاتقانلىقىنى خاتاسىز مۆلچەرلەپ، توپ ـ توغرا ئاشخانا، رېستورانلارغا قاراپ يۈگۈرمەكتە ئىدى. چوشقىلار رېستورانلارنىڭ تاماق زاللىرىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەلگەندە، كۈتكۈچىلەرنىڭ قوللىرىدىن پەتنۇسلار جاراڭلاپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى . مېھمانلار چۇرقىرىشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. ئاشپەزلەر پىچاق، چۆمۈچلەرنى تۇتقۇنچە قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى . چوشقىلار ھېچنىمىگە قارىماي پىشقان تاماقلارغا ئۆزىنى ئاتتى. گۆش قايناۋاتقان قازانلار ئۆرۈلۈپ، چىنە ـ قاچىلار جاراڭلاپ يەرگە چۈشەتتى. چوشقىلار ئۇچۇن ئۈستەللەرگە تىزىلغان تاماقلارنى رەت ـ رېتى بىلەن يەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار ھەممىنى ئارىلاشتۇرۇپ يالمايتتى. چوڭ ـ چوڭ پارچىلاپ پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى تۇمشۇغى بىلەن ئىتتىرىپ، يەردىن گىلەملەرگىچە سۆرىشەتتى. قايسى بىر رېستوراننىڭ خوجايىنى زىيانغا چىدىماي، ئاشخانىدىن نوغۇچنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، چوشقىلارنى بىر ئەدەپلەپ قويماقچى بولىۋىدى، چىپار چوشقا ئۇنى بىر ئۇسۇپ، دېرىزىدىن تالاغا ئۇچۇرۇپ چىقىرىۋەتتى. قېنى قىزىپ كەتكەن بەزى چوشقىلار يەنە كوچىلارغا قايتىپ چىقىپ، ماگىزىنلارنىڭ يېمەكلىكلەر تىزىلغان پەشتاخلىرى، كوچىدا پىششىق تاماق ساتىدىغانلارنىڭ تەنزىلىرىنىمۇ مالمالتاڭ قىلىۋەتتى. بىر كاۋاپچى بىر نەچچە چوشقىنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىپ، كاۋاپدانىدا ۋىژىلداپ پىشىۋاتقان كاۋاپلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ، بىر ئەپلىك سىيرىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. مال ساتقۇچى بىر خانىم ئاپئاق بىر سېمىز چوشقىنىڭ مال جازىسىنىڭ يۇقىرسىدا تىزىقلىق ھەر ـ بىر بوتۇلكىسى 1000 يۈەنلىك ئېسىل ھارىغىنى پۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئاغزىنى ۋاققىدە ئېچىپ، رومكىغىمۇ قۇيماي گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى . بىر چوشقا كۈچۈگى ماگىزىننىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كىتىۋېتىپ، ئايىغى ئاستىدىن چىقۋاتقان يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى. ئۇ بايا بىر خېرىدار ئالماقچى بولۇپ قاپقىغىنى ئېچىپ قويغان چوڭ پىئانىنونىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇ تۇغۇلغاندىن بېرى داڭلىق بىر مۇزىكانتنىڭ داستىخىنىدىن ئاشقان تاماقلارنى تالاپ يەپ چوڭ بولغان چوشقا ئىدى. ئۆزىدە

مۇزىكىغا بولغان ئاجايىپ سېزىملارنىڭ ئاللىبۇرۇن يېتىلىپ بولغانلىقىنى هازىرغىچە ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئايىغى ئاستىدىن چىقىۋاتقان رىتىملىك ئاۋازلارغا قىزىقىپ، ئۇ پىئانىنونىڭ ئۈستىدە توختىماي ئۇياق-بۇياققا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىن مۇزارت، بېتخوۋىنلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئارلاشمىسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان شۇنداق بىر مۇزىكا ساداسى جاراڭلاشقا باشلىدىكى، ھېلىقى 1000يۇەنلىك هاراقنى ئىچىۋالغان چوشقا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قويۇنىدەك پىرقىراشقا باشلىدى. ئارقىدىن كىرگەن چوشقىلارمۇ دۈكۈرلىشىپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ، بۇ كاتتا سودا سارايىنى بېشىغا كىيدى. مەلۇم بىر رېستوراننىڭ هەر كۈنى رېستوراندىن چىقمايدىغان سېمىز بىر خېرىدارى بارئىدى. ئۇنىڭ يانچۇغىدىكى خەجلىسە تۈگىمەيغان پۇللارنى زادى نەدىن كېلىدىغانلىقىنى خۇدايىم بىلمىسە، باشقا ئادەم بىلمەيتتى. چوشقىلار بۇ رېستوراننىڭ تۆۋەنكى قەۋىتىنى قالايمىقان قىلىۋاتقاندا، ئۇ يۇقىرقى قەۋەتتىكى ئالاھىدە بىر ئۆيدە خېنىملار بىلەن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى . تۆۋەندىكى گۈلدۈر-غالاپنى ئاڭلاپ ئۇ نېمە ۋەقە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، پەلەمپەيدىن چىقماقچى بولۇپ بۇرۇلغان بىر يوغان چوشقىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ قالدى. ھېلىقى چوشقا ئۈستىگە چاپلىشىۋالغان بۇغەلتە مەخلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قورۇقىنىدىن رېستوران ئىچىنى بىر ئايلىنىپ تالاغا قاراپ يۈگۈردى. سېمىز خېرىدار يەرگەبېشىچە ئۈچۈپ چۈشۈشتىن قورقۇپ، چوشقىنىڭ بوينىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغان ئىدى. كوچىدىكىلەرنىڭ كۆزىگە خۇددى چوشقىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر چوشقا مىنىۋالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا شەھەر ئىچىگە، بىر چوشقا يەنە بىر چوشقىنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، كوچىلارنى ئايلىنىپ، بۇگۈنكى قالايمىقانچىلىققا قوماندانلىق قىلىپتۇدەك، دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. بەزىلەر، ھېلىقى قوماندان ئادەم يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋېرىپ ئادەمگە ئايلىنىۋاتقان چوشقا ئىكەن دېسە، يەنە بەزىلەر، چوشقا يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋېرىپ چوشقىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان ئادەم ئىكەن، دېيىشەتتى. شەھەر مەمۇرىيىتى بۇ قالايمىقانچىلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن دەرھال يىغىن چاقىردى.بايرام كۈنى بولغاچقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى جەم قىلىشمۇ خېلى تەسكە توختىدى.كەلگەنلەرنىڭمۇ بەزىسى كەيىپ، بەزىلىرىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزارغان ئىدى.ئالدى بىلەن چوشقا باققۇچى ھەر قايسى ئائىللەرگە ئۆز چوشقىلىرىنى تونۇۋېلىپ دەرھال قايتۇرۇپ كېتىش توغرىسدا جىددى ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈلدى.بۇ قالايمىقانچىلىقتا قايسى چوشقا كىمنىڭ ئىكەنلىگىنى ئايرىشمۇ بىر گەپ ئىدى . چوشقا ئېگىلىرى شەھەر كوچىلىرىدا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ،قالايمىقانچىلىقنى تېخىمۇ ئاۋۇتىۋەتتى. شەھەر مەمۇرىيىتىدە ئېچىلىۋاتقان يىغىن تېخىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. شەھەرنىڭ ھايۋانلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر خادىمى ناھايىتى ئۇزاق سۆزلەپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم چۈشەنمىدى. -بۇگۈن يۈز بەرگەن بۇ پاجىئە، -دەپ سۆزنى داۋاملاشتۇراتتى ئۇ، -بىزنىڭ ئالدىمىزغا نۇرغۇن يېڭى مەسىلەرنى قويدى. بىزنىڭ كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ-ئۆي، قاتناش قۇراللىرىمىز قالتىس زامانىۋىلىشىپ كەتتى. يېمەك-ئىچمەكنى بەك تاللايدىغان بولۇپ كەتتۇق. لېكىن، بىزنىڭ روھى دۇنيارىمىزدا شۇنىڭغا لايىق قانچىلىك يۈكسىلىش بولدى؟ زادى قاچانلاردىن باشلاپ چوشقىلارنىڭ يەيدىغىنى بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز بىلەن ئوخشىشىپ قالدى؟ بىزنىڭ تاماقلىرىمىز چوشقىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ قىلىۋاتامدۇ ياكى چوشقىلارنىڭ تامىغى بىزنىڭ شىرەيىمىزگە چىقىپ قىلىۋاتامدۇ؟ مانا بۇ يېڭى بىر تەرەققىيات تېمىسى. دېمەكچىمەنكى، ئەگەر ھايۋانلارمۇ ئۆزىنىڭ يېيىشكە تېگىشلىك يەم-خەشەكلىرى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇلمىسا، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكىدەك قالايمىقانچىلىقلاركېلىپ چىقىدۇ. ئادەملەرنىڭ يېمەك-ئىچمىگى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ قالغىلى تۇرسىچۇ؟ ھە، ئۇ چاغدا ھايۋانلاردىن ئايرىلىپ چىققان ئىنسان يەنە ھايۋان تەبىئىتىگە قايتىپ كېتىدۇ... شەھەر باشلىقى تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرالماي قالدى . چۈنكى ئۇنىڭغا ھازىر مۇنداق ئۇزاقتىن-ئۇزاققا سوزۇلغان قۇرۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەپ ئەمەس، شەھەرنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئۇنۇملۇك بىر چارىسى ھەققىدىكى مەسلىھەت لازىم ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يان بۆلۈمگە چىقتى ـ دە، شەھەر ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان مەلۇم بىر قىسىمنىڭ رەھبىرىنى تېلېفونغا چاقىردى. ئۇنىڭ بىلەن بۇگۈنكى قالايمىقانچىلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە جىددىي سۆزلەشتى. كۆن پىشىندىن قايرىلغاندا، شەھەر باشلىغىنىڭ قالايمىقانچىلىقنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى تېخى يۇرگۈزۈلمەي تۇرۇپلا جاھان تىنجىپ قالدى. ئۇبدان يەپ ـ ئىچىپ، پۇخادىن چىققۇچە قىيغىتقان چوشقىلار ھارغان، قورساقلىرىنى كۆتۈرەلمەي بوششىپ كەتكەن ئىدى. قالايمىقان نەرسىلەرنى كۆپرەك يەپ قويغان بەزىلىرى قولىنى كانىيغا تىقىپ قەي قىلدى. يەنە بەزىلىرى ئاغزىنى جۇمەكتىن چۇشۇۋاتقان مۇزدەك سۇغا تۇتۇپ غار ـ غار قىلىپ، بەك تويۇپ كەتكەنمۇ ئانچە ياخشى ئىش ئەمەسكەن، دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار سەپ ـ سەپ بولۇپ شەھەر سىرتىغا ـ ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنگەن قوتانلىرىغا بېرىپ، تازا بىرئېغىناپ ئارام ئېلىشى لازىم ئىدى. ھەممىدىنمۇ ھېلقى سېمىز خېرىدارنى ئۈستىگە يۇدۇپ يۇگۇرۇپ يۇرگەن يوغان چوشقىنىڭ ھالى بەك خاراب بولۇپ، پۇت ـ قولىدا جان يوق يىقىلىپ قالغان ئىدى. سېمىز خېرىدارمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشكەندە ئىلگىرىكىدىن 10 كىلوگىرام ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدى. يىقىلىپ قالغان چوڭ چوشقىنى ئىككى چوشقا زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، سېمىز خېرىدار خۇددى يېقىنبىر تۇغقىنىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك كۆزىگە ياش ئالدى... شەھەر باشلىغى مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلگەندە شەھەركوچىلىرىدا بىرمۇ چوشقا قالمىغان ئىدى. ھەممە يەردە چوشقا گەندىلىرى، بۇزۇلغان ـ سۇنغان نەرسىلەر چېچىلىپ ياتاتتى. ـ ھېلىمۇ ياخشى ، تەكشۈرۈش ئۆمگى تونۇگۇن يېتىپ كەلگەن ئىكەن! ـ دېدى شەھەر باشلىغىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرى. ـ بۇگۈن چوشقىلارغا بايرام بوپتۇ ، ـ دە! ـ دېدى ئارقىدا تۇرغان يەنە بىرەيلەن. 5 قوشنىمىزنىڭ ھېلقى يوغان چىپار چوشقىسىدىن باشقا ھەممە چوشقىسى تولۇق قايتىپ كەلدى . قىززىق يېرى شۇكى، شۇ قالايمىقانچىلىقتا بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ئولتۇرىدىغان قارا پىكاپمۇ غايىب بولغان ئىدى. بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ئۇچۇرغانلا ئادەمگە : ـ پىكاپنى چىپار چوشقا ئېلىپ قاچتى. ھېلقى كۇنى مەن ئۇنىڭ پىكاپنى ھەيدەپ يېنىمدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم ...بىلەن كۆرگەن ـ دەپ يۇرەتتى. ـ ساراڭ بولماڭ، چوشقا قانداق ماشىنا ھەيدىيەلەيدۇ، ـ دەپ ئۇنى ھېچقايسىمىز ئىشەندۇرەلمىدۇق .

## 2) نۇزۇگۇم

### بىرىنچى باپ : تۇمەن سۈيى قان بولۇپ ئاقتى

تۇمەن دەريا نەرە تارتتى،
سۇ ئورنىدا قانلار ئاقتى.
شاھىت بولۇپ تارىخقا،
مىڭلاپ نۇزۇك نەزمە قاتتى.

— خەلق داستانى «نۇزۇگۇم» دىن

مىلادى 1927 ـ يىلى (داۋگۇاڭنىڭ يەتتىنچى يىلى) چىڭ لەشكەرلىرى تۇمەن دەرياسىنىڭ قەشقەر شەھىرى تەرىپىدىكى قىرغىغىنى خان بېيجىڭدىن ئەۋەتكەن زەمبىرەكلەر بىلەن ئۈچ كۈندىن بېرى قاتتىق توپقا تۇتماقتا ئىدى.

بۇگۈن كېچە تۈن يېرىمىدىن باشلاپ چىققان بوران، قۇم ـ توپىلارنى ئۇچۇرتىپ كېلىپ كۆز ئاچقۇزمىدى. تاڭ يورۇشى بىلەن چىڭ لەشكەرلىرى دەريادىن ناھايىتى ئوڭۇشلۇقلا ئۆتۈپ كەتتى. غوجىلار بۇ كېچىدىكى بورانلىق تۈن قاراڭغۇسىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئارىدىن قاچقان ئىدى، دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدا پەقەت ئۆي ـ ماكانلىرىنى ياۋدىن قوغداش ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىققان خەلق— سۇچىلار، ئوتۇنچىلار، كاسىپلار، كىچىك ئېلىپ ـ ساتارلار، قەشقەر مەدرىسىنىڭ ياش تالىپلىرى، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن يىغىلغان دېھقانلارلا قېپقالغان ئىدى. قولىدا تاش ـ توقماق، ئارا ـ گۈرجەكتىن باشقا ھېچنېمە بولمىغان بۇ پۇقرالار بىلەن تولۇق قوراللانغان چىڭ لەشكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ باشلاندى.

چىڭ خانىدانلىقىنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى ئۈچ تەرەپتىن شىددەتلىك باستۇرۇپ كەلدى. خەلق دەريا بىلەن شەھەر جايلاشقان ئېگىز يار ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا قىسىلىپ قالدى. ھېچكىمگە قېچىپ قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۆلۈمنىڭ دەھشەتلىك كۆلەڭگىسى ھەممىنىڭ ئۈستىگە يېيىلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ شۇنداق جەڭ بولدىكى، ئادەملەر: بەرىبىر ئۆلۈم، بىر دۈشمەننى بولسىمۇ ئۇشۇقراق ئۆلتۈرۈپ، مەردانە يىقىلىش كېرەك، دېگەن قارارغا كېلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى قەھرى بىلەن تاشلاندى... دۈشمەن ئاتلىرىنىڭ ئاچچىق كىشنەشلىرى، ھاۋانى كېسىپ ئۆتكەن قىلىچلارنىڭ ۋاللىداشلىرى، تاش تېگىپ، ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ پەريادى، قىلىچ تەگكەن دېھقاننىڭ ياۋغا قادالغان كۆزى، «يا خۇدا، مەدەت قىل!» دەپ توپ ئىچىدە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ ئالغا كېتىۋاتقان ئاقساقال ئادەمنىڭ رۇسلانغان گەۋدىسى، يىقىلغان دۈشمەننىڭ قولىدىكى قىلىچنى يۇلۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئېتىغا ئىرغىپ مىنىۋاتقان ياش يىگىتنىڭ نۇرلۇق چىرايى، توپ ئىچىدىن چۇلۇۋۇرنى سۆرەپ چىقىپ قېچىۋاتقان ئېگىسىز ئاتلار... بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدىن دەممۇ ـ دەم ئۆتۈپ تۇراتتى...

بۇ ئاجايىپ جەڭ مەنزىرىسىنى تولۇق تەسۋىرلەشكە مېنىڭ قەلىمىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. كىمكى ھەققىي رەسسام بولسا، قەھرىمانلارنىڭ ئەندىزىسىنى مانا مۇشۇ يەردىن ئالسۇن؛ كىمكى چىن شائىر بولسا، كۈچلۈكلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان ئاشۇ كۈچسىزلەر شەنىگە داستان پۈتسۇن؛ كىمكى ھەققىي قەلەمكەش بولسا، قوراللانغان ياۋغا قارشى شىردەك ئېتىلغان بۇ ئاددىي خەلقنىڭ جاسارىتىنى يېزىپ قالدۇرسۇن...

چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانى قارشى قىرغاقتا ئۆتكەن لەشكەرلەرنىڭ يېقىلىشىغا قاراپ كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتىمەن، دەپ ئويلاپ قالدى، ئۇ ئۆز قوشۇنىنىڭ ھەممىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ جەڭگە تاشلىدى، بىر ئازدىن كېيىن بۇ قوماندان مەسلىھەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، نېرىراقتىكى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۆزۈن دۇربۇن بىلەن جەڭ مەيدانىنى كۆزەتكەندە، باشقىچە ئەھۋالنى بايقاپ قالدى: مىڭلىغان ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قورشىلىپ تۇرغانلار — ئۇ ئويلىغاندەك مۇنتىزىم قوراللانغان قوشۇن بولماستىن، قوللىرىغا تاياق ـ توقماق تۇتقان ئاددىي پۇقرالار ئىدى. قوماندان ئاچچىق كۈلدى ـ دە، لەشكەر باشلىقلىرىغا، قارشىلىق قىلغانلىرىنى رەھىم قىلماي قىرىپ تاشلاش، كۆپلىرىنى تىرىك ئەسىر ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

ئاھ، تۈمەن دەرياسى! شۇ كۈنى سەندە سۇ ئەمەس، قىپ ـ قىزىل قان ئاقتى، شۇ كۈنى سەن كىملەرنىڭ ئەل ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەردانە بارغانلىقىنى؛ كىملەرنىڭ خەلقنى يىرتقۇچلار چاڭگىلىغا تاشلاپ، خاتىرجەملىك ئىزدەپ، خائىنلارچە قاچقانلىقىنى كۆردۈڭ. ئاخىرقى مىنۇتتا تۈمەن بويىدا قالغانلار — گەپنى چوڭ قىلغان غوجاملار، ساختا نىقاپتىكى ھەر خىل «زات»لار ئەمەس، ئاددىي خەلق بولدى. چىن قەھرىمان پەقەت ھەققىي جەڭ كۈنىلا سىنىلىدۇ. تارىخنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى، كەلگۈسىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

uyghurkitap.com



سەن يىلانمۇ كىمنى كۆرسەڭ
چاقسەن ئەيلەپ ئازاب،
يا ھوقۇشمۇ نەگە قونساڭ
ئۇشبۇ جاي بولغاي خاراب،
— سەئدى

چىڭ لەشكەرلىرى چۆشكە يېقىن قەشقەر شەھىرى ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى، قارىقى دەرۋازا تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت قىزىل تىلى بىلەن ئاسماننى يالايتتى. لەشكەرلەر كوچىدا ئۇچرىغان ھەرقانداق جاننى ئاتقا چەيلىتىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى، پۈتۈن شەھەرنى نارەسىدىلەرنىڭ يىغا ـ زارى، ساراسىمگە چۈشكەن خالايىقنىڭ قالايمىقان قىيچىشلىرى، غالجىرلاشقان لەشكەرلەرنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى قاپلىدى. مازارلارنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرى پاچاقلىنىپ، مەسچىت ـ مەدرىسلەرنىڭ ئاسمانغا سوزۇلغان مۇنارلىرى غۇلاپ چۈشتى. شەھەرنىڭ ئىس ـ تۈتەككە قاپلانغان ئاسمىنىدا، يۈزلىگەن كەپتەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىركى تىنچ ماكانىنى ئىزدەپ، سەرسان بولۇپ ئەگىشەتتى... قاتار ـ قاتار كەتكەن رەستىلەر، بايلارنىڭ سودا ـ سارايلىرى تالان ـ تاراج قىلىندى. بۇ دەھشەتلىك بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق ئۈچ كۈن داۋام قىلدى.

چىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆز لەشكەرلىرىنى قەشقەر شەھرىدىكى مەشھۇر چوڭ باغلاردىن بىرى بولغان گۈلباغقا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. تۈتىنچى كۈنى ئەتىگەندە بۇ باغنىڭ ھەشەمەتلىك چوڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، ئالدى بىلەن ئىككىدىن سەپ تۈزۈشكەن 12 رەت دۇمباقچىلار داقا ـ دۇمباق چېلىپ چىقىشتى. ئۇلاردىن 20 قەدەم ئارقىسىدا چىڭ خاندانلىقىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئاتلىق لەشكەرلەر كۆرۈندى، بايراقتىن يەنە 20 قەدەمچە نېرىدا بەشتىن سەپ بولۇپ تىزىلغان قوشۇن چىقىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قەشقەر شەھرىنىڭ ئېلىنغانلىقى شەرىپىگە ئۆتكۈزىلىدىغان «غەلىبە نامايىشى»نىڭ باشلىنىشى ئىدى.

قوشۇننىڭ ئالدى تەرىپىدە بېيجىڭ خانلىقى ئەۋەتكەن سېرىق كىيىملىك ئاتلىق لەشكەرلەر ماڭغان بولۇپ، ئەڭ ئالدىدىكى ئېگىز تورۇق ئات ئۈستىدە ئاق ساقاللىق قېرى گېنېرال كېلەتتى. ئۇنى لەشكەرلەر «بەيخۇزا ياڭ دارېن» دېيىشەتتى. قەشقەر قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىلى جياڭجۈنى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن لەشكەرلەر بولسا ئاددىي كۆك ماتادىن كىيىم كىيگەن بولۇپ، خانلىق لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدا، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى تۇزۇتقان توپا ـ چاڭلارغا كۆمۈلۈپ، پىيادە، تەرتىپسىز سۆرىلىپ كېلەتتى. ئېلى لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانى چىنگو تۇمەن بويىدىكى جەڭدە جېنىدىن ئايرىلغان ئىدى. قوشۇن دەرۋازا ئالدىدا توختاپ، ئۆلگەن بۇ لەشكەر بېشىنىڭ قارىلىغى ئۈچۈن توققۇز پاي پو ئاتقاندىن كېيىن شەھەر ئىچىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

چىڭ قوشۇنى شۇ تەرىقىدە مېڭىپ، شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئاھالىنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە بېكىنگەن ئىدى. بەزىدە ئېگىسىز ئىتلار كوچىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ قالاتتى. يول ئۈستىلىرىدە بۇزۇلغان ئىمارەتلەرنىڭ ياغاچ ـ تاشلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. يول ياقىلىرىدا سۇندۇرۇلغان ئىشىكلەر، بۇلاپ قۇرۇغداپ قويۇلغان دۇكانلار، كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان رەستىلەر، تاشلىنىپ قالغان دېھقان ھارۋىلىرى، ئۆلگەن ئاتلارنىڭ ئىت يەپ يالىڭاچلىنىپ قالغان سۆڭەكلىرى كۆزگە چېلىقاتتى.

ياڭ دارېن ئات ئۈستىدە خىيالغا پېتىپ كېتىپ باراتتى. ئۇزۇن چۆل يوللىرىنى بېسىپ كېلىپ قىلغان بۇ ئۇرۇش ئۇنى خوپ چارچاتقان ئىدى. ياڭ دارېننىڭ پۈتۈن ئۆمرى دېگۇدەك چىن خاندانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردىكى «توپىلاڭ» لارنى تىنچىتىپ بېرىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ساقاللىرى ئەنە شۇ يۈرۈشلەر جەريانىدا ئاقاردى. ئۇ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن جەنۇبىي جۇڭگودىكى بامبۇكزارلىقلاردا بولدى. قانچە يىللاپ گەنسۇنىڭ سېرىق توپىلىق ئېدىرلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈردى. نەچچە يىل

توپ ـ توپ قوتازلار يايلايدىغان تىبەت تاغلىرىدا تەمتىرەپ يۈردى . بۇ يۈرۈشلەردە ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئات قانچە قېتىم يەڭگۈشلەندى ، ئەجەل قانچە قېتىملاپ ئۇنىڭ تۇمشۇغى ئالدىغا كېلىپ ، يەنە قايتىپ كەتتى... شۇ ئىشلارنى ئويلىسا ياڭ دارىن ئۆزىنى بىر ـ ئىككى ئەسىر ئۆمۈر كۆرگەندەك ھېس قىلاتتى . ئۇ ئاخىرقى يىللاردا شۇنى چۈشىنىپ يەتتىكى ، پۇقرانىڭ خاندانلىققا قارشى قوزغىلىشلىرىنى باستۇرۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىكەن ، بۇ غوۋغالار ئۆچمەس ئۆچقۇندەك ھېلى بۇ يەردە يانسا ، ھېلى ئۇ يەردە يالقۇنجايتتى .

ياڭ دارىن بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنىڭ ئاخىرقى يۈرۈش بولۇپ قېلىشىنى خالايتتى . ئۇ قېرىغان ، ھارغان ، زېرىككەن ئىدى ، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى پىلانى قەشقەر «توپىلاڭ» چىلىرىنىڭ باشلىغىنى تىرىك تۇتۇپ بېيجىڭغا ئاپىرىپ ، خاندىن چوڭراق ئىنئام ئېلىپ ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى پايتەختتىكى ھەشەمەتلىك باغلاردا ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈش ئىدى .

ئەپسۇسكى ، تۈمەن بويىدىكى جەڭدە ئۇ «توپىلاڭ» چىلار باشلىغىنى قاچۇرۇپ قويدى .

ياڭ دارىن ئىلى لەشكەرلىرىنىڭ باشلىغى چىنگونىڭ «ئەگەر بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالسام ، ئادەملىرىنىڭ بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلايمەن!» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى ، چىنگو بۇ ئۈرۈشتا تارتقان زىيانلىرىغا چىدىماي ، ئەلەمدە شۇنداق دېگەن ئىدى . خانلىقنىڭ «شەھەر ئېلىنسا لەشكەرلەرنىڭ يېرىمى شۇ جايدا قالدۇرۇلسۇن!» دېگەن بۇيرۇغى بار . ئەخمەق چىنگو ! ئەگەر شەھەردىكى پۈتۈن ئادەم قىرىپ تاشلانسا ، نەچچە مىڭلىغان لەشكەرلەرنى كىم باقىدۇ ؟ . . . چىنگو ئۆزىمۇ شەھەر سېپىلى ئىچىگە قەدەم بېسىشقا ئۈلگۈرەلمىدى . تۈمەن بويىدىكى جەڭدە قاۋۇل تۆمۈرچى ئۇنى ئاتتىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ ، چويۈن توقماق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يانجىپ تاشلىدى .

ياڭ دارىن ھېيتگاھ مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. بۇ يەردە ئۇنى شەھەرنىڭ ئۆلۈغلىرىدىن ئىككى كىشى باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ، قول قوشتۇرۇپ كۈتۈپ تۇراتتى . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى پاكار بويلۇق ، قارا ساقاللىق كەلگەن كىشى سىدىق غوجا بولۇپ ، ئۇ بۇ قېتىم چىڭ لەشكەرلىرىگە يول باشلاپ كەلگەن ئىدى . ئېگىز بويلۇق ، ئاق يۈزلۈك ، قېرىراق كەلگەن ئىككىنچى كىشى ئابدۇرېشىت داموللا دەپ ئاتىلاتتى . ئۇ قەشقەر خەلقى ئىچىدە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بىر زات بولۇپ ، بايلار ، غوجىلار ، مۆتىۋەرلەر ئۆز جېنىنى دالدىغا ئېلىپ ، ھەر تەرەپكە پىتراپ كېتىشكەن شۇ كۈنلەردە ، ئۇ خەلق ئىچىدە قالغان ئىدى . ئۇ كىشىنى لەشكەرلەر بۇيرۇققا بىنائەن تۈنۈگۈن كېچىدىن بېرى ئىزدەپ ، ئاران تېپىپ كېلىشكەن ئىدى .

ياڭ دارىن ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز سۇپىغا چىقتى ، جامەنىڭ ئىچىگە ئېسىلغان يوغان قازانلاردا پۇرۇقلاپ گۆش قايناۋاتاتتى . چارسىلداپ قۇرۇق ئوتۇن كۆيۈۋاتقان ئوچاقلارنىڭ ئالدىدا ئاشپەزلەر ئالدىراش ئىدى ، ھاۋانى پىشقان گۆش ۋە داغلانغان ماي پۇرىقى قاپلىغان بولۇپ ، بۇ يەردە ياڭ دارىنغا ئالاھىدە زىياپەت تەييارلانماقتا ئىدى .

— ھوي ، قېنى ھېلىقى ئادەملەرنى بۇياققا كەلتۈرۈڭلار !

تۆۋەندە تۇرغان ھېلىقى ئىككى كىشى دارىننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى ، ئۇلار قورقۇنچ بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ قويدى ـ دە ، دارىن تۇرغان سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئاغزىدىن قانداق دەھشەتلىك گەپ چىقاركىن، دەپ باشلىرىنى ئېگىپ، قولاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇشتى .

— ئىككىڭلاردىن قايسىڭنىڭ مەرتىۋىسى چوڭ ؟ ـ دەپ سورىدى ياڭ دارىن .

سىدىق غوجا ئابدۇرېشىت داموللامنى نوقۇپ ئالدىغا چىقىشقا شەرەت قىلدى ، ئابدۇرېشىت داموللام ئۈنچىقماي ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ چىقتى .

— شەھەر خەلقىگە مېنىڭ بۇيرۇغۇمنى يەتكۈز ! ئۇلار ئۆيلىرىدىن چىقىپ ، ئىش ـ ئوقەتلىرىنى قىلىشسۇن ، كىمكى بۇزۇقلارغا ئەگىشىپ ، خانغا قارشى تۇرىدىكەن ، كاللىسى ئېلىنىپ ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىلىدۇ .

— خوپ ! ـ دەپ باش لىڭشىتتى داموللام .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



— ئۇلارغا ئېيت ! ئۇلار ھەر ئايدا ئۆزنگە چۈشكەن ئالۋان ـ سېلىقنى تولۇق بەجا قىلىپ ، لەشكەرلەرنى باقىدۇ .

— خوپ !

— ئۇلارغا يەنە شۇنىمۇ ئۇقتۇرۇپ قوي ! بىزنىڭ لەشكەر باشلىقلىرىمىز خوتۇن ، بالا ـ چاقىلىرىنى يىراق يەرلەردە تاشلاپ ، سىلەرنىڭ ئامانلىغىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى، كۆپىنچىسى ئۆزاق يىللارغىچە بۇ يەردە بولىدۇ . ئۇلارنىڭ قايسى بىرى ئۆيلىنىشنى خالىسا ، پۇقرالار ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق قىزلىرىنى بەرسۇن .

— مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ، ـ دېدى داموللام تاتىرىپ .

— نېمىشقا بولمايدۇ ؟!

— بولمايدۇ ، دېگەندىن كېيىن بولمايدۇ ، مەن مۇنداق بۇيرۇقنى خەلققە يەتكۈزەلمەيمەن !

ياڭ دارېن غەزەپتىن تىترەپ كەتتى . شۇ تاپتا يېڭىلگەن خەلقنىڭ بىر ۋەكىلى ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىشۋاتاتتى . دارېن قولىنى ئارقىسىغا سۇنۇۋىدى ، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان ئون نەچچە مۇھاپىزەتچى لەشكەر قىلىچلىرىنى تەڭلا سۇغۇرىۋېلىشتى . بىر لەشكەر ئۆز قىلىچىنى ئىككى قوللاپ دارېننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى . دارېن قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان پولات قىلىچنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىز سىلەردىن قىز ئالسا زادى نېمە بولماقچى ؟!

— مانا مۇنداق بولماقچى !

ئابدۇرېشىت داموللام قوينىدىن ئۆتكۈر خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ ياڭ دارېنغا ئاتتى . دارېننىڭ ئارقىسىدىكى بىر مۇھاپىزەتچى ئۇنى توسۇپ ئۆلگۈرگەن ئىدى ، خەنجەر ھېلىقى لەشكەرنىڭ نەق پېشانىسىگە سانجىلىپ ، ئۇنى ئارقىغا ئۆرۈۋەتتى . ئابدۇرېشىت داموللام لەشكەرنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن قىلىچنى شاپ قىلىپ ئالدى ـ دە ، ئۆزىنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتتى . ياڭ دارېن قورققىنىدىن ئارقىغا بىرنەچچە قەدەم داجىپ كەتتى . ئابدۇرېشىت داموللام ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ سۇپىلىرىنى قانغا بوياپ ، شۇ يەردىلا جان ئۈزدى .

— بۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىڭلار ! ـ دېدى قوماندان .

بىر جاللات قىلىچنى يالتىلدىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ ، داموللامنىڭ بېشىنى كېسىۋالدى ـ دە، شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ يۈگۈردى .

باياتىن ئابدۇرېشىت داموللامنىڭ يېنىدا تۇرغان سىدىق غوجا ئەمدى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىشىنى بىلەلمەي غال ـ غال تىترەپ تۇراتتى . ياڭ دارېن ئۇنىڭغا كۆز تىكىشى بىلەنلا ئۇ ئۆزىنى دارېننىڭ ئايىغىغا تاشلىدى .

— بۇيرۇقلىرىنى مەن ئۆزۈم يەتكۈزەي ، پەرماننى ئىجرا قىلماي ، پۇقرانىڭ ھەددى يوق .

— ھاي ! ماۋۇنىڭغا بىر جارچى بىلەن بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى قوشۇپ بېرىڭلار . ئۇ شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى قويماي ئايلىنىپ ، بۇيرۇقنى يەتكۈزسۇن !

سىدىق غوجا يېنىك بىر تىندى ـ دە ، ئۆمىلەپ قوپۇپ ، ياڭ دارېنغا تەزىم قىلدى . ئاندىن ئارقىسىغا بىرنەچچە لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ ، ھېيتگاھ مەيدانىدىن تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن كوچىلارنىڭ بىرىگە قاراپ چاپتى .

## ئۈچىنچى باب : دەرۋىش

دۇنيادىن سەن مۇساپىردەك، ياكى يولۇچىدەك ئۆتكىن .

— مۇھەممەت

ئۇستىگە قوپال توقۇلغان كاناپ رەختتىن ئۇزۇن جەندە كىيگەن ، پاخپايغان چاچلىرى بېشىدىكى يىرتىق كۇلاسىدىن چىقىپ ، يەلكىلىرىگە چۈشۈپ تۇرغان دىۋانە سۈپەت بىر كىشى بىرىنچى بولۇپ ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە پەيدا بولدى . قۇياش پۈتۈن ئەتراپقا ئىللىق نۇر تۆكۈپ تۇراتتى . ھېلىقى كىشى كۆزلىرىنى قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدىن قاچۇرۇپ بىرئاز قىستى ـ دە ، ئۆگزىدىكى غەمسىز ئۇچۇپ يۈرگەن كەپتەرلەرگە دان چاچتى .

— ئال جانىۋارلار ! يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ پەيلىدىن سىلەرمۇ ئاچ قالدىڭلار .

بۇ كىشىنىڭ نامرات كۆلبىسى يار ئۈستىدىكى ئېگىزلىكتە بولۇپ ، ئۆگزىگە چىقىپ قارىغاندا پۈتۈن قەشقەر شەھىرى دېڭىزدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، ئۇ كەپتەرلەرگە دان تاشلاپ بولۇپ ، خارابىلىققا ئايلانغان شەھەرگە ئېچىنىش بىلەن كۆز يۈگۈرتتى . شەرقنىڭ گۈل تاجىسى بولغان بۇ قايىنام ـ تاشقىنلىق شەھەر ھازىر سۈكۈتكە چۆككەن بولۇپ ، پەقەت ھېيتگاھ مەيدانى تەرەپتىن چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قالايمىقان ۋارقىراشقان ئاۋازى كېلەتتى . مەسچىت — مەدرىسلەرنىڭ كۆكتە ئېسىلىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرى ، سەلتەنەتلىك مۇنارلار يىقىلغان بولۇپ ، بۇ ئېسىل ئىمارەتلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزە ، تۈۋرۈكلىرىگە ئويۇلغان ھەرخىل نەقىشلەر ، تام ـ تورۇسلارغا چېكىلگەن نەپىس گۈللەر ، ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان كاھىشلار — شەرق بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالەمگە داڭلىق بۇ نادىر ئۈلگىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئىدى . . . تۆۋەندىكى تار ، ئۇزۇن كوچىلار ، قاتار كەتكەن رەستىلەر ئادەمسىز ، چۆلدەرەپ تۇراتتى . قېنى بۇ كوچىلاردىكى قايىنغان ھايات ، ئېلىپ ـ ساتارلارنىڭ قىزغىن ۋارقىراشلىرى ، مىسكەرچىلەر بازىرىدىكى داراڭلىغان بولقا ئاۋازلىرى ، دوغاپچىلارنىڭ «ھەم تاتلىق ھەم سوغۇق!» دەپ خېرىدار چاقىرىشلىرى ، چايخانىلاردىكى شاۋقۇنلۇق سۆھبەتلەر ، تۇن يېرىمىدىكى راۋاپ ئاۋازى . . . بۇلارنىڭ ھەممىسى قەيەرگە ئۇچتىكىن ؟! . . .

— جاڭ ! . . . جاڭ ! . . . جاڭ ! . . . ھاي خالايىق ! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ، يېڭى دارىيىنىڭ بۇيرۇغى ! . . .

جاكارچىنىڭ كوچىدىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋازى ئۆگزىدىكى كىشىنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى .

— جاڭ ! . . . جاڭ ! . . . جاڭ ! . . . خالايىق ! يېڭى دارىن پۇقرانى كەچۈرۈم قىلدى ، سىلەرنى ئۆيلىرىڭلاردىن چىقىپ ئىش ـ ئوقەت قىلىشقا بۇيرۇدى ! . . .

ھېلىقى كىشى يىراقلاپ كېتىۋاتقان جاكارچىنىڭ ئاۋازىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى ـ دە ، بېلىنى بىر تال چىگە بىلەن باغلاپ ، ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتتى . بىر ھازادىن كېيىن ، ئۇ دۇمبىسىگە خالتا تاشلاپ ، قوللىرىغا ساپايى بىلەن تاياق تۇتقىنىچە شەھەر كوچىلىرىدا پەيدا بولدى :

— ئېھ خۇدانىڭ مۆمىنلىرى ! ئى ، قورقۇنچاق بەندىلەر، ئىشىكىڭلارنى ئېچىڭلار ، ماڭا نان بېرىڭلار ، نان ! . . .

سۇ ۋە ئوزۇقلۇققا مۇھتاج بەزى نامراتلارنىڭ ئىشىك ئېچىپ چىققىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ، كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئىشىگى تېخى ئىچىدىن مەھكەم تاقاغلىق ئىدى . چاچلىرى گەجگىسىگە يېيىلىپ چۈشكەن ھېلىقى كىشى ئۆيمۇ ـ ئۆي يۈرۈپ ئىشىكلەرنى قېقىپ ۋارقىرايتتى : — ئى ، قورقۇنچاق بەندىلەر ، ئىشىكىڭلارنى ئېچىڭلار ، ماڭا نان بېرىڭلار ، نان ! . .

— ھەسەن دەرۋىش ، مانا ساڭا نان ، بۇ يەرگە كەلگىنە !

كىچىككىنە دەرۋازا ئۈستىدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسى ئېچىلىپ ، ساقاللىق بىر كىشىنىڭ تاتارغان چىرايى پەيدا بولدى . ئۇ كىشى يۇقىرىدا تۇرۇپلا دەرۋىشنىڭ خالتىسىغا نان تاشلىدى .

— دەرۋىش ، ئېيتقىنا ، لەشكەرلەر يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتامدۇ ؟ سەن نېمىشقا قورقماي ، كوچىغا چىقىپ ۋارقىراپ يۈرىسەن ؟

— چۈنكى قورىغان يەرگە قونىدۇ ، ئۆلۈم قورققانغا يېپىشىدۇ . ساتىراش ئۇستا ، قورقماي ئۆيۈڭدىن چىقىپ دۇكىنىڭنى ئاچ ، خانىنىڭ لەشكەرلىرى ھەممە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ، ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قورسىقىنى كىم باقىدۇ ؟!

دەرۋىش ساپايىسىنى شاراقلىتىپ ، يەنە ئىلگىرىلەپ كەتتى .

— ئەي ، خۇدانىڭ يۈرەكسىز بەندىلىرى ، ئىشىكتىكىلەرنى ئېچىڭلار . . .

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاتلىق ئىككى لەشكەر دەرۋىشنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ھەيران بولۇشۇپ توختاپ قالدى .

«ئۇ نېمە دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ ؟» ـ دەپ سورىدى بىرى يەنە بىرىدىن .

— مەن نەدىن بىلەي ئۇ نېمىلەرنىڭ تىلىنى .

— مەن ئۇنى چىپىپ تاشلايمەن !

مەست لەشكەر قولىنى قىلىچقا ئۇزاتقان ئىدى ، يېنىدىكى بۇرادىرى ئۇنى توستى .

— قوي ، ئۇ يەنە بىزنىڭ ياك دارىنىنىڭ بۇيرۇغىنى يەتكۈزۈپ يۈرگەن ئادەم بولۇپ قالمىسۇن . يۈر ، ئىتتىگرەك بېرىپ ھاراق تاپايلى .

دەرۋىش ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىپ ، قايتىپ كەتكەن ئەجەلدىن خەۋەرسىز ، ساپايىسىنى چېلىپ كېتىپ باراتتى . ئۇ بۇلاق بېشىغا چۈشۈپ كېتىدىغان تار كوچىلارنىڭ بىرىگە ئەگەشكەندە ، ئالدىغا بىر تالىپ بالا چىقتى .

— ھەسەن دەرۋىش ، سىنى ئۇستاز چاقىرىۋاتىدۇ .

بالا دەرۋىشنى كەڭ بىر ھويلىغا باشلاپ كىردى . ھويلىنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان تۆۋرۈكلۈك پېشايۋانلار ئاستىدا قاتار كەتكەن ھۇجرىلار بار ئىدى . بۇ — مەھەللە ئىچىدىكى كىچىك مەدرىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئىلگىرى بۇ يەر تالىپ باللارنىڭ شاۋقۇنلۇق ئاۋازلىرى بىلەن تولغان بولاتتى. ھازىر ھويلا جىمجىتلىققا چۈكۈپ، ئىشىكلىرى ئوچۇق قالغان ھۇجرىلار غېرىپسىنىپ تۇراتتى .

بالا بىلەن دەرۋىش ھويلىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ، كىچىك بىر ئىشىك ئارقىلىق ئارقىدىكى باغقا چىقتى .

تام ياقىلىرىغا ئانار كۆچىتى تىكىلگەن بۇ گۈللۈك باغنىڭ ئىشكى يېنىدىكى چوڭ ئۈجمە دەرىخى ئەتراپىغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى . ئۈجمە ئاستىدىكى سۇپا ئۈستىگە كۆرپە بىلەن ياستۇق تاشلانغان بولۇپ ، كۆرپىدە ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان بىر كىشى ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ھەسەن ، ئەپۇ قىلغىن ، ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم .

ئولتۇرغان كىشى ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ ، دەرۋىشنىڭ ئولتۇرۇشىغا جاي كۆرسەتتى . دەرۋىش خالتىسى بىلەن قولىدىكى ساپايىنى ئۈجمە يېنىغا قويۇپ ، سۇپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى .

— ساقلىغىنىڭ يوقمۇ ، قانداق ؟ كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ يۈسۈپ .

— قەشقەر خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى . مانا ، ماڭا بىرقانچە كۈندىن بېرى ئۇيقۇ يوق . مەن سىنىڭ ئاۋازىڭنى بۇ يەردە تۇرۇپ ئاڭلىدىم . سەن سالامەت ئىكەنسەن . ھەسەن ، مېنىڭ قىزىمدىن خەۋىرىڭ بارمۇ ؟

— قىزىڭ نوزۇڭ بۇ جەڭدە ئايال ئەمەس ، ئەر بولدى . مەن ئۇنى تۆمەن بويىدا ئات ئۈستىدە كۆردۈم ، شۇنداق بىر مەردانە پەرزەنت تەربىيىلىگىنىڭگە ئاپىرىن !

— ئۇ تىرىكمۇ ؟

— تىرىك ، ئەپسۇس ، ئۇ ھازىر دۈشمەن قولىدا . لەشكەرلەر تۆمەن بويىغا چىققان مىڭلاپ كىشىلەرنى قىرىپ تاشلىدى . ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن ! لەشكەرلەر يەنە نەچچە يۈز كىشىنى تىرىك تۇتۇپ باغلاپ ، ھازىر كونا گۈلباغدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەنە قانچىلىرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ، شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدى . پاراڭلارغا قارىغاندا ، قالغانلىرىنى ئىلى تەرەپكە ئېلىپ ماڭار ئىمىش .

يۈسۈپ ئۇستازنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى .

— كۆڭلۈڭنى بۇزما يۇسۇپ ، بۇ يالغۇز نوزۇگۇمغىلا كەلگەن بالا ئەمەس ، بۇ ئېغىر كۈن پۈتۈن قەشقەر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلدى . سەن ھۆرمەتكە لايىق ئاتا ، ئۆز نامىڭغا مۇناسىپ ئۇستازسەن ، سېنىڭ تەربىيىلىگەن پەرزەنتىڭ ، يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرىڭ ئەلنىڭ بېشىغا ئاپەت كەلگەندە ، ئۆزلىرىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەققىنى ئادا قىلدى .

— سەن ئۇلارنى قاچان ئېلىپ ماڭىدىغانلىغىنى بىلەمسەن ؟

— مەن ساڭا خەۋىرىنى بېرىمەن .

— ھەسەن ، مەن ساڭا كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى ئېيتىپ قالاي ، بەلكىم ، مەن ئۆلۈپ كېتەرمەن . قىزىم نوزۇكتىن ئايرىلدىم . سەن مەن بېقىپ چوڭ قىلغان يېتىم ئوغۇل باقىنى بىلسەن .

— باقى چۆل يوللىرىدا چەك لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا ئاپەت سېلىپ يۈرۈپتۇ . خۇدا ئۇنىڭغا مەدەت قىلسۇن ، يۇسۇپ .

—نوزۇگۇم بىلەن ئىككىسىنى بىللە ئوقۇتۇپ ، بىللە تەربىيىلىگەن ئىدىم . باللارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە ئامراق بولۇپ ئۆسكەن ئىدى . مېنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش نىيىتىم بار ئىدى .

— ئاللا سېنى ياخشى نىيىتىڭگە يەتكۈزسۇن !

— ھەسەن ، سەن خۇدانىڭ ئەركىن بەندىسى . سېنىڭ قەدىمىڭ يەتمەيدىغان يەر يوق . سەن بۇ سۆزلىرىمنى كۆڭلۈڭدە ساقلاپ قال . قىزىم خەلققە ، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولسۇن ، سەن ئۇنىڭغا ئېيت ، قىز ئۇچۇن ئۆز نومۇسىنى ، پاكلىغىنى ساقلاش ھەممىدىن ئەلا ، مانا بۇ خەنجەرنى بىر ئامال قىلىپ نوزۇگۇمغا يەتكۈزۈپ بېرەرسەن .

يۇسۇپ ئۇستاز يالتىراپ تۇرغان قارا ساپلىق خەنجەرنى ياستۇق ئاستىدىن ئېلىپ دەرۋىشنىڭ قولىغا ئۇزاتتى .

— خوش . مەن بۇ خەنجەرنى ، قىلغان ئامانەت سۆزلىرىڭنى بىر ئامال قىلىپ نۇزۇگۇمگە يەتكۈزىمەن . سۆزلىرىڭنىڭ مەنىسىگە چۈشەندىم . ياخشى ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە ياخشى تەربىيە بىلەن ياخشى سۆز قالدۇرىدۇ . قېنى يۇسۇپ ، ماڭىمۇ ئاتىغىنىڭنى بەر ، مەنمۇ يولۇمغا ماڭاي .

— ساڭا نېمە كېرەك ھەسەن ؟

— ماڭا نان بەر ، نان !

— خالتاڭدا بىرنەچچە كۈن يەتكۈدەك نان تۇرۇپتۇ . بىر كۈن يەتكۈدەك ئوزۇغى تۇرۇپ تىلەشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىگىنى بىلسەڭغۇ ، ھەسەن ؟

— مەن غېرىپ كۈلبەمگە كوچىدا قالغان يېتىم باللاردىن ئون نەچچىنى يىغدىم . ئۇلارغا نان توشۇپ يۈرىمەن. قېنى ئالدىڭدىكى ناندىن ئىككىلەنمەي بىرنى ماڭا سۇنغىن، ئۆزۈممۇ كۈن بويى ئاغزىمغا ھېچ نېمە سالمىدىم . ماڭىمۇ ھاياتلىق كېرەك . كىم بىلىدۇ، مەنمۇ نوزۇگۇم بىلەن بىللە ئۇۋەيس («ئۇۋەيس — چاغاتاينىڭ كېيىنكى خانلىقلىرىدىن بىرى ، ئۇنىڭ مازىرى ئىلىدا، خەلق ئۇنى «سۇلتانى ئۇۋەيس مازىرى» دەپ ئاتايدۇ.») مازارلىرى تەرەپكە بارارمەن .

دەرۋىش يۇسۇپ ئۇستاز بەرگەن ناندىن بىر بۇردا ئوشتۇپ ئاغزىغا سالدى ـ دە ، ئورنىدىن قوزغالدى . ئۇ ئۇچمە يېنىدىكى خالتىسى بىلەن ساپايىسىنى قولىغا ئېلىپ يەنە سۆزلەپ كەتتى :

— ئېسىڭدىدۇر يۇسۇپ ، ئىككىمىز كىچىگىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ، بىللە ئوقۇدۇق . كېيىن ، ھاياتتا ئىككىمىز تاللىغان يول بىر بولمىدى . سەن بۇخارا ، ئىران ، مەدىنىلەردە بولدۇڭ ، ئىلىم تەھسىل قىلدىڭ ، قايتىپ كېلىپ مەكتەپ ئاچتىڭ . ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن نادان خەلقنى تەربىيىلىمەك بولدۇڭ ، لېكىن بىلمىسىز يۇرت چوڭلىرى ، ياقا يۇرتلاردىن مەنسەپ ، مەرتىۋە ، بايلىق ئىزدەپ كەلگەن غوجا — ئىشانلار سېنى چەتكە قاقتى ، سېنىڭ ئارقاڭدىن پىتنە ـ پاسات تېرىدى . ساڭا «بىدئەت» دەپ تۆھمەت چاپلىدى . سەن ئازار يېدىڭ ، ئاغرىقچان بولۇپ قالدىڭ ، مەن بولسام نادانلىق ، قورقۇنچاقلىق ، ۋىجدانسىزلىق ، كاززاپلىق ، بىر چىشلەم لوقما، بىر بالداق

www.uyghurkitap.com



مەنسەپ — مەرتىۋە ئۆچۈن بىر - بىرىنى سېتىش ۋە ئالدامچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دۇنيادىن بىزار بولۇپ ، ئادەملەردىن ئۈزۈمنى چەتكە ئالدىم . سەن بىلىسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئۆمەر رەزىيالللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۈرىسىدىن سىلىكىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا : «دۇنيادىن سەن مۇساپىردەك ياكى يولۇچىدەك ئۆتكىن» دېگەن ئىدى . مەن ئاشۇ يولنى تاللىدىم . مال - مۈلۈك ، بارلىق دۇنيادىن ۋاز كېچىپ ، سەپەر خالتامنى مۈرەمگە تاشلاپ ، تاغۇ - دەشتلەرنى كەزدىم . ياراتقان ئىگەم مېنى كەچ قويسا قويدى ، ئاچ قويمىدى . ھەر - بىر مازار ، ھەر - بىر خانىقا ، ھەر - بىر ئۆتەڭدىكى قايناۋاتقان قازاندا مېنىڭمۇ بىر چىشلەم رىزقىم بار، ماڭا ئۇنىڭدىن زىيادە نەرسىمۇ كېرەك ئەمەس . . .

— بىزنىڭ ئارىمىزدا يەنە بىر كىشى بار ئىدى ، ھەسەن .

— توغرا ، مەن ساڭا ھازىر شۇنى ئەسلەتمەكچىدىم . بىزنىڭ ئارىمىزدا يەنە بىر كىشى بار ئىدى ، ئۇ غوجاملار ئەۋلادىدىن بولغان سىدىق غوجا ئىدى ، ئۇ مەنسەپ ۋە بايلىق تېپىش يولىدا جان كۆيدۈردى ، كېيىن ئۇ چوڭ مەنسەپدارمۇ بولدى . ھەددى - ھېساپسىز بايلىققا ئېرىشتى . ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئامەتلىك كۈنلىرى ئۇزاققا بارمىدى . غوجىلارنىڭ بۇ قېتىمقى تالىشىشىدا ئۇ يېڭىلىپ قاچتى ۋە نومۇسسىزلىق بىلەن بىزنىڭ ئۈستىمىزگە قانلىق قىلىچ تۇتقان لەشكەرلەرنى باشلاپ كەلدى . يېقىندا ئۇ يەنە پۇت - قوللىرى باغلانغان قۇللار ۋە بايلىق ئارتىلغان تۆگىلەرنى ئېلىپ ماڭىدىغان لەشكەرلەرگە يول باشلاپ ئىلىغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن چوڭ مەنسەپ ئېلىپ قايتىپ كەلمەكچى ، ئۇ ياش ۋاقتىدا بىز بىلەن ھەقىقەت ، ۋىجدان ، ھۆرلۈك ھەققىدە قىزىشىپ تالاش - تارتىش قىلىدىغاندىن ئىدىغۇ ؟ كۆردۈڭمۇ ، كىمكى ھارامدىن بايلىققا ئېرىشىپ ، نەپسىنىڭ يولىغا كىرىپ كەتسە ، ئۇنىڭدىكى ھەقىقەت ئۈچۈن بولىدىغان قىزغىنلىق ئۆچىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ قارىسام ، جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى كەمبەغەللەر ئىكەن . بايلار بولسا ، ھېساپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توسۇلۇپ قاپتۇ» دېگەن ئىدى . بايلىق ۋە مەنسەپكە بولغان ھېرىس ، ئىنساندىكى ھەممە ياخشى خىسلەتلەرنى يۇتۇپ كەتكۈچى ئەجدىھادۇر . مەن سىدىق غوجىنىڭ پېيىگە چۈشمەن ، ئۇنى ئۆلتۈرمىگۈچە قويمايمەن . بەلكىم ، بۇ يولدا ئۆزۈممۇ ئۆلۈپ كېتەرمەن ، ئۆلۈم مەن ئۈچۈن خۇشاللىق . ئادەملەر پۈتۈن ھاياتى بويى بەختنى ئىزدەيدۇ . ئەمما ئۆلۈمنىڭ ئۆزى بەخت ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي ، بۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەتتىن ئەخمەقلەرچە قاچىدۇ . كىشىنى جاھاننىڭ غەم - غۇسسىسىدىن ، جاھاندارچىلىقنىڭ ھىيلە - مىكىرىسىدىن خالاس قىلىدىغان ئۆلۈمنىڭ ئۆزى خاتىرجەملىك ، ئۇنىڭ ئۆزى بەخت . خەير ، كۆرۈشكىچە ئامان بول ، يۈسۈپ !

## تۆتىنچى باپ : خەير ، ئەزىزانە قەشقەر

خەير قىزىم نوزۇگۇم ،
ئەقلى تازا يۇلتۇزۇم .
كۆلپەت چۈشتى بېشىڭغا ،
تۇتقۇن بولدۇڭ قۇندۇزۇم .
— خەلق داستانى «نوزۇگۇم» دىن .

تۇتقۇنلارنى ئىلىغا ئېلىپ ماڭىدىغان كۈنى چىڭ لەشكەرلىرى پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يارباغ دەرۋازىسى ئالدىغا ھەيدەپ چىقتى . ئۇلار خانغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، پۇقرالارنىڭ يۈرىگىنى قاتتىق بىر مۇجىماقچى ئىدى . دەرۋازا ئالدىدىكى يېڭىدىن ئورنىتىلغان ئېگىز داردا نەچچە ئونلىغان ئادەم باشلىرى پۇلاڭلاپ تۇراتتى . لەشكەرلەر تۆمەن بويىدىكى جەڭگىدە تىرىك قولغا چۈشكەنلەر ئىچىدىن ئىشقا يارايدۇ ، دەپ قارىغانلىرىنى تاللىۋېلىپ ، قېرى - چۈرى ، بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ بۇ يەرگە ئاسقان ئىدى . دەرۋازا ئالدىغا يىغىلغان ئادەملەر

ئىچىدە يەكتەك كىيگەن ئاقساقال بوۋايلار ، كۆزلىرى ياشاڭغىرىغان مومايلار ، توپ ئىچىدە قىستىلىشىپ يۈرگەن يالىڭاچ بالىلار ، قوللىرى قاداقلاشقان كاسىپلار ، ئاپتاپتا قارايغان دېھقانلار كۆزگە كۆپرەك چېلىقاتتى . چىلك ئەمەلدارلىرى شەھەر خەلقىگە : «بىرمۇ جان قالماي يارباغ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقسۇن !» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ ، بۇ ئادەملەر ئىچىدە ياشلار كۆرۈنمەيتتى . يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن بولغان يېغىلىقلار تۈپەيلى ، ياشلار ئۆلۈپ تۈگىگەن ، ئاز قالغان بىر قىسىم ئوغۇل - قىزلارنى خەلق چىلك ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ يوشۇرۇشقان ئىدى .

«كەلدى ! كەلدى !» دېگەن ئاۋازلار بىلەن تەڭ ئادەملەر توپى تەۋرىنىپ ، شەھەر دەرۋازىسى ئىچىدىكى يولغا ئاقتى . يىراقتىن قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلۈپ ، ئاتلىق لەشكەرلەر چېپىپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئادەملەر توپىنى رەھىمسىز قامچىلاپ، ئاتقا دەسسىتىپ ، ئىككى تەرەپكە سۈرۈپ يول ئاچاتتى. ئارقىدىن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان تۆگە كارۋىنى كۆرۈندى . بۇ تۆگىلەرگە يولدا لازىمەتلىك نەرسىلەردىن باشقا ، قىممەت باھالىق ھەرخىل ماللار - بايلارنىڭ دۇكانلىرىدىن بۇلۇ-ۋېلىشقان توپ - توپ يىپەك رەختلەر ، ھىندى ، ئىران سودىگەرلىرىنىڭ سودا سارايلىرىدىن مۇسادىرە قىلىنغان تۇرلۇك بوياق ، ئىپار ۋە باشقا پۇراقلىق دورا - دەرمانلار ، خانغا سوۋغا قىلىنغان ئالتۇن-كۈمۈش ، گىلەم ، ئېسىل مىس جابدۇقلار ، مەرۋايىت ۋە باشقا قىممەت باھالىق تاشلار قاچىلانغان ساندۇقلار ئارتىلغان ئىدى . بۇ ماللارنى يۈزلەپ لەشكەر قوروقداپ كەلمەكتە ئىدى .

تۆگە كارۋىنىنىڭ ئارقىسىدىن بىر - بىرىگە چېتىپ باغلانغان نەچچە يۈز تۇتقۇن سۆرىلىپ كېلەتتى . بۇ سۈرگۈنلەرنىڭ ئەتراپىنى ئاتلىق لەشكەرلەر قورشىغان بولۇپ ، ئۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچ-لاپ، ئۆزلىرىگە سۇرلۇك تۇس بېرىشكە تىرىشىپ گېدىيىپ مېڭىشاتتى .

— ھەي خالايىق ، يول بېرىڭلار ! بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىڭلار ! خانغا قارشى قول كۆتۈرۈش چوڭ گۇناھ ! . . .

سۈرگۈنلەر توپى ئالدىدا پالاقلاپ كېلىۋاتقان پاكار بويلۇق ، ساقاللىق كەلگەن ئادەم كانىيىنى كېرىپ ، ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ ئۇزۇن پەرىجە چاپىنى ئايىغىغا يۆگىشىپ ، ئىتتىك مېڭىشىغا كاشىلا قىلاتتى . ئارقىدىكى ئاتلىق لەشكەر ئات ئۈستىدىن ئىڭىشىپ ، ئۇنى قامچە بىلەن پات - پات نوقۇپ ، چاپسان مېڭىشقا ئۈندەيتتى .

— سىدىق غوجا ! — دەپ غەزەپكە كەلدى يول چېتىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان ھەسەن دەرۋىش ۋە ، - تۇفى ، مۇناپىق ! — دەپ يەرگە تۈكۈردى .

تۇتقۇنلار شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا توپلانغان خالايىق ئارىسىدىن ئۆتكەندە ، ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل- قىزلىرىنى تونىغان ئادەملەر قول سۇنۇپ قېرىنداشلىرىغا ئېسىلدى ، چىلك لەشكەرلىرى ئۇلارنى ئاتلارنىڭ كۆكسى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ ، ئاتقا چەيلىتىپ ئۆتۈشكە باشلىدى ، ئاياغ ئاستىدىكى توپىلىق يول بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بويالدى .

ھەسەن دەرۋىش بۇ خورلۇقلارنى كۆرۈشكە چىدىماي كۆزىنى مەھكەم يۇمدى. . . .

شۇ چاغدا سۈرگۈنلەر ئىچىدىن بىر قىزنىڭ ياڭراق ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىسى كۆتۈرۈلدى :

نى يىگىتلەر ، سۇلۇن قىزلار ،
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى .
زالىم جاللات ، مەسۇملەرنىڭ ،
باشلىرىغا قىلىچ چاپتى .

. . . . . . .

دەرۋىش ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك بولۇپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى . قەشقەر خەلقى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى تونىدى . نوزۇگۇمنىڭ ئۈستىدىكى ئۇزۇن ئەتلەس كۆڭلەكنىڭ رەڭگى كۆن نۇرىدا ئۆڭگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇزۇن ، قارا چاچلىرى ساغرىسىدىن ئېشىپ تاشلىنىپ تۇراتتى . چېكە چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان قىزىل قان ، سول پېشانىسىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈپ ، قاپقارا قاشلىرى

ئۈستىدە ئۈيۈپ قالغان ئىدى . قىز ئەتراپتىكى قېرىنداشلىرىغا تويماي قارايتتى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى توپ ئىچىدىن كىملەرنىدۇ ئىزدەيتتى .

خەير ـ خوش ، دەردمەن دادا ، بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن ،
غەمگۇزارىم ياخشى قال . يارۇ دوستلار ياخشى قال .
كۆزلىرىم ئاقۇ قارىسى ، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ،
تەندە جانىم ياخشى قال . قەشقەر شەھرىم ياخشى قال .
. . . . .

— جېنىم قىزىم ، سېنى خۇدانىڭ ئۆزىگە تاپشۇردۇم . خۇدا سېنىڭ جىمى مۇشكۇلۇڭنى ئاسان قىلسۇن !

توپ ئىچىدە تۇرغان يۈسۈپ ئۇستاز قىزىغا تەلمۈرۈپ ئەنە شۇنداق پىچىرلىدى . ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تېخىمۇ جۈدەپ كەتكەن ئىدى . يۈسۈپ قىزىنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن توپ ئالدىغا ئۆتمىدى . ئۆزىنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ھاسا تايىقىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ، ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ، قىزىغا بېغىشلىغان ئەڭ ياخشى دۇئالىرىنى، يۈرەك سۆزلىرىنى، توقۇغان نەزمىلىرىنى پىچىرلاپ ئېيتىپ قالدى . . .

سۇرگۇنلەر يىراقلاشقانسېرى قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلغان خەلقىنىڭ يىغا ـ زارى ئەۋج ئالدى . ئۇزاپ كېتىۋاتقان سۇرگۇنلەر دەممۇ ـ دەم ئارقىسىغا قاراپ ، ئەل ـ ماكانىدىن كۆز ئۈزەلمەيتتى . . . باشلىرىنى يالىڭاچلانغان قىلىچ ئاستىغا تۇتۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ تەقدىرى نېمە بولار ؟ ئۇلارغا يەنە ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىپ، تۇمەن دەرياسىنىڭ لەززەتلىك سۇلىرىدىن ئوچۇملاپ ئېچىشكە نېسىپ بولارمۇ؟ . . .

— خەير ، ئەزىزانە قەشقەر !

— خەير ئىلىم ـ مەرىپەت ، ھۇنەر ـ سەنئەت ماكانى !

## بەشىنچى باپ: چايخانىدىكى ئۇچرىشىش

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم ،
پۇرسەت كۈتۈپ ياتارمەن .
يارغا بەرگەن ئەھدەم بار ،
ئۇنى چوقۇم تاپارمەن .

— خەلق داستانى «نوزۇگۇم» دىن

بورۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان بىر يىگىت توپىلىق ھارۋا يولىدا ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئەتراپىدىكى دالالاردا چۆل تورغىيى چۇرۇقلىشاتتى. يىراقتىكى توغراقلىقلاردىن كاككۇك ئاۋازى كېلەتتى . يوغان چاقلىق يار ـ يار ھارۋىنى ھەيدەپ كېتىپ بارغان دېھقان سوزۇپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ناخشىسى مايسىرىغان چاقلارنىڭ غىچىرلىشى بىلەن قوشۇلۇپ ، ئاچچىق بىر پەريادقا ئوخشىشىپ كېتەتتى . ئاتلىق يىگىتنىڭ خىيالى قەشقەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى . بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ شۇ يەردىن يارى بىلەن خوشلىشىپ چىققان ئىدى . زىلۋا بويلۇق قىز شۇ چاغدا ، نەقىشلىك دەرۋازىنىڭ قانىتىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ، يوغان شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قالغان ئىدى .

— خەير ، نوزۇگۇم ! دۈشمەن بوسۇغىدا تۇرغان چاغدا ئۆيدە كىتاب ۋاراقلاپ ئولتۇرۇش يىگىتنىڭ ئىشى ئەمەس، مەن كەتتىم، ئامان بولۇڭ ! ـ دېگەن ئىدى يىگىت.

شۇ چاغدا :

— مەن سىزنى توسمايمەن . چوقۇم قايتىپ كېلىڭ ! ـ دېگەن ئىدى قىز .

مانا ئارىدىن ئىككى يىلچە ئۆتتى . شۇ يىللاردا قەشقەر شەھرىنىڭ ئەتراپى تىنجىمىدى ، يىگىتمۇ ۋەدە قىلغان يارىنىڭ قېشىغا قايتىپ بارالمىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى تەكلىماكاننى ياقىلاپ كەتكەن چۆل يوللىرىدا ، چىلىڭ لەشكەرلىرىگە ئاپەت سېلىش بىلەن ئۆتتى . ئۇ بازارلىرى ئادەملەر بىلەن تولۇپ تۇرىدىغان شاۋقۇنلۇق قەدىمىي شەھىرىنى ، قىرغاقلىرى بوكىدە تاللىقلار بىلەن قاپلانغان تۇمەن دەرياسىنى ، ئارقىسىدا ئانارلىق بېغى بار ھويلىنى ، كىچىگىدىن بېشىنى سىلاپ ئۆستۈرگەن ئۇستازىنى ، ئەپچىل قوشاقلارنى قوشۇپ ، ناخشا قىلىپ ئېيتىدىغان قەدىردان قىزنى بەكمۇ سېغىنغان ئىدى . چۆللەردە ئېچىلغان دالا گۈللىرى ، يېگانە ئاڭلىنىدىغان كاككۇك ئاۋازى ، باھاردىكى يېشىل مايسىلار ، جەنۇبتىن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان قۇشلار . . . بۇلارنىڭ ھەممىسى يىگىتكە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىتىپ ئۇنىڭ سېغىنىشىنى كۈچەيتتى . چىلىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى باستۇرۇشى يىگىتنىڭ قەشقەرگە قايتىش ئۈمىدىنى بىراقلا يوققا چىقاردى .

يىگىت شۇنداق خىياللار بىلەن ئاقسۇ شەھرى ئىچىگە يېتىپ كەلدى . شەھەر نامراتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى . قول سۇنۇپ تۇرغان جۇل - جۇل كىيىملىك تىلەمچىلەر قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى . چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى سەينادا بىر قېرى مەدداھ ئەتراپىغا ئادەم يىغالماي كۈچىنىپ ۋارقىرايتتى . ئادەملەر كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىغا ، چايخانىلارغا توپلىشىۋالغان بولۇپ ، چىلىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىقى ۋە باشقا ۋەھىمىلەر ئۈستىدە قورقۇنچقا چۈشۈپ پاراڭ قىلىشاتتى . ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن بۇ گەپلەر جەڭنامىلەردىكى ھەرقانداق رىۋايەتلەردىن قىزىق ۋە دەھشەتلىك تۇيۇلاتتى . ھەممە جاينى ئەنسىزچىلىك باسقان ئىدى . يوغان سۆگەتنىڭ سايىسىدا چاچ ئېلىۋاتقان «ئۇزۇن قۇلاق» ساتىراش ئەتراپىدىكىلەرگە قەشقەر شەھرىدىن ھەيدەپ كېلىۋاتقان سۈرگۈنلەرنىڭ بوگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ ئەتراپىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى سۆزلەپ ، ئەتراپىغا ئولىشىپ گەپ ئاڭلاۋاتقانلارنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ ، ھۇزۇرلىناتتى ئىدى . بازار رەستىلىرىدىكى ئىشكلىرى قارا سىرلانغان دۇكانلاردا ئولتۇرغان سودىگەرلەر تەشۋىشكە چۈشۈپ، پوكەينىڭ ئارقىسىدىن بويۇنلىرىنى سوزۇپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن نېمە ئىش بولىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشەتتى .

يىگىت ئېتىنى يېتىلەپ ، ئادەملەر توپىنى ئارىلىماقتا ئىدى . ئۇ بۇ يەردىن ھەسەن دەرۋىشنى ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇ دەرۋىشنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىگىدىن خەۋەر تاپقان ئىدى . قەشقەردىكى ۋەقەلەر توغرىسىدا ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەرنى پەقەت ھەسەن دەرۋىشلا سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى . يىگىت بېشىغا كۇلاھ ، ئۇستىگە ئۇزۇن چاپان كىيگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قارايتتى . ئادەملەر توپلانغان بارلىق سورۇن ، ھەممە چايخانىلارغا بىر - بىرلەپ كىرىپ ئۆتەتتى .

ئاتلىق يىگىت ئاقسۇ شەھرى ئىچىنى ئەنە شۇنداق قېدىرىپ يۈرگەندە ، ھەسەن دەرۋىش شەھەر چېتىدىكى خىلۋەت بىر چايخانىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ چايخانىچىدىن بىر چەينەك چاي سورىدى . چايچىنىڭ ئۆزىنى دىۋانە دەپ ئويلاپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، داستىخانغا ئالدىن بىرنەچچە يارماق تاشلىدى . چايچى چاي كەلتۈرگەندىن كېيىن ، ئۇ قويىنىدىن بىر پارچە قاتتىق نان بىلەن بىر سىقىم ئۈرۈك مېغىزىنى ئېلىپ ، پەتنۇسقا تۆكتى - دە ، مۇستەھكەم چىشلىرى بىلەن قاتتىق ناننى كۇر - سۇلدىتىپ چايناپ ۋە ھەر قېتىمدا بىرنەچچە تال مېغىزنى قوشۇپ كاپ ئېتىپ، ئىشتىها بىلەن ئوزۇقلىنىشقا باشلىدى . يىللار بويى ئوتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قارىداپ كەتكەن پۇچۇق چەينەكنىڭ چېيى پۇراقلىق ھەم لەززەتلىك ئىدى . ئىسسىق چاي دەرۋىشنىڭ بەدىنىنى قىزىتىپ ، ھاردۇغىنى ئالغاندەك بولدى . دەل شۇ چاغدا ، چايخانا ئالدىغا ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ توختىدى .

— ھەي ، چايچى ئۇستام ! بۇ يەرگە دەرۋىش سۈپەت بىر مېھمان كەلگەندەك بولدىمۇ ؟

— قېنى ، ئاتتىن چۈش ئىنىم . شۇ تاپتا سەن ئېيتقاندەك بىر كىشى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ .

يىگىت ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئاتنى ئېرىق بويىدىكى سۆگەتكە باغلىدى - دە ، ئاتقا بىر ئاز يەم بېرىپ قويۇشنى تاپىلاپ ، چايچىنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھەسەن تاغا ! ـ يىگىت چايخانىنىڭ قىيسىپ كەتكەن پاكار ئىشىگىدىن ئېڭىشىپ كىرىپ ، دەرۋىشنىڭ قىلىن چاڭ باسقان چاپىنىنىڭ پېشىدىن سۆيدى .

— سالىمىڭ خۇداغا قوبۇل بولسۇن ، ئوغلۇم باقى .

دەرۋىش ، يىگىتنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى .

— سىلىنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىرىدىن خەۋەر تېپىپ ، خۇشال بولۇپ ، پۈتۈن شەھەرنى ئىزدەپ چىقتىم .

دەرۋىش باقىغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ سۆزلىدى :

— ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆپ جايدا پىكىر چېچىلىدۇ . بىكارچى تولا ئورۇندا پىتنە ـ پاسات كۆپ بولىدۇ . تاغاڭ خالىراق جايىنى ئىزدەپ ، بۇ يەرگە كېلىپ قالدى . قېنى ، نانغا ئېغىز تەگكىن !

دەرۋىش بىلەن باقى چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى . دەرۋىش قەشقەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى .

— چاڭ لەشكەرلىرى نۇزۇگۇمنى سورگۇنلار بىلەن بىللە ئەكېلىۋاتىدۇ . مەن ئۇلارنى شىكەركۆل («شىكەركۆل — مارالبېشىنىڭ ئۇستىدىكى بىر كۆل .») بويىدىكى يولدا يانداپ ئۆتۈپ كەتتىم . ئۇلارنى ئاتلىق 500 لەشكەر قورۇقداپ كەلمەكتە ، سېنىڭ ئىشلىرىڭ قانداق ؟ ـ دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى دەرۋىش .

— مېنىڭ ئەتراپىمدا ئون نەچچە كىشى بار ، ھەممىسى قورقماس يىگىتلەر . بىز بۇ ئەتراپتىكى چۆللەردىن ئۆتكەن ھەر ـ بىر لەشكەرنىڭ جېنىغا خەۋپ سېلىپ يۈرۈپتىمىز . مەن نۇزۇگۇمنى ئۇلارنىڭ قولىدىن چوقۇم ئاجرىتىۋالىمەن ، تاغا ! بۇ يولدا ياكى مەن ئۆلىمەن ، ياكى مەقسىتىمگە يېتىمەن . سىلى قەيەرگە قاراپ سەپەر قىلدىلىكىن ، بىلىشكە بولارمۇ ؟

— مەن سىلەرنى ئىزدەپ تاپماقچىدىم ، نىشانەمگە يەتتىم . مېنىڭ مەقسىتىم — خائىن سىدىق غوجىنى جازالاش . ئۇنىڭ خەلق ئالدىدىكى جىنايىتى چېكىدىن ئاشتى ، ئۇ يەنە بۇ قېتىم ئىلىغا ماڭغان لەشكەرلەرگە يول باشلاپ كېتىپ بارىدۇ . ئۇ ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىدىن چوڭ مەنسەپ ئېلىپ قايتماقچى . مەن ئۇنىڭ ئىپلاس ھاياتىنى ئۆز قولۇم بىلەن بۇرۇنراق تامامىلاشنى خالايمەن .

— ھەببەللى ! ـ باقى تۈگۈلگەن مۇشتىنى داستىخان ئۇستىگە قويدى ، ـ بۇ خائىنغا جازا بېرىشنى بىزمۇ خېلى بۇرۇنلا ئويلىشىپ قويغان .

— شۇنداقمۇ ؟

— ئەلۋەتتە ، بىز ئۇنى بۇ قېتىم ئامان قويمايمىز .

— خوش ، ئۇنداقتا سېنىڭ ئالدىڭدا ئىككى چوڭ ئىش تۇرۇپتۇ . بىرى ، ئاشىغىڭنى ياۋنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇلدۇرۇش ؛ يەنە بىرى ، خائىننىڭ ئەدىۋىنى بېرىش . سەن بۇ ئىككى چوڭ ئىشنىڭ قايسىسنى ئالدى بىلەن ئورۇنلىماقچى ؟

دەرۋىش ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىنى باقىغا تىكتى .

— لەشكەرلەر ئاقسۇدىن ئۆتۈپ ، ئالدىمىزدىكى ئۇزۇن چۆل يوللىرىغا چۈشكەندە ، خۇدا نېسىپ قىلسا ، ئادەملىرىم بىلەن ئۇلارغا قاپلاندەك تاشلىنىپ ، ھەم خائىننى جازالايمەن ، ھەم نۇزۇگۇمنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن .

ھاھ ! ھاھ ! ھاھ ! . . . . ـ دەرۋىش ساقاللىرىنى تىترىتىپ كۈلۈپ كەتتى ، ـ خۇدا ياخشى نىيەتلىكگە يەتكۈزسۇن ئوغلۇم . سەن تېخى يەنىلا بالا . ئون نەچچە ئادەم بىلەن 500 كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا چېقىلىش — تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان بىلەن باراۋەر . بىلىپ قوي ، ياخشى يولباشچى ئۆز ئادەملىرىنى خەتەرگە باشلىمايدۇ !

باقى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، دەرۋىشنىڭ قولىنى تۇتتى .

— تاغا، ئوغۇللىرى تېخى گۆدەك ، ئېيتسىلا ، سىلىچە قانداق قىلغىنىمىز توزۇك ؟

دەرۋىش ئۆز پىلانىنى باقىغا سۆزلىدى . ئۇلارنىڭ سۆھبىتى شۇ تەرىقىدە يەنە يېرىم سائەتچە

داۋاملاشقاندىن كېيىن ، ئۇلار چايچى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى .

— قېنى ئوغلۇم ، سەن ئېتىڭغا مىن ، مەن پىيادە ماڭىمەن ، خەير ، خۇدا سالامەت قىلسا ، سۇرگۈنلەردىن بىر كۈن ئىلگىرى سىلەر تۇرغان يەرگە يېتىپ بارىمەن .

باقى ئېتىغا مىنىپ يولغا چۈشتى . دەرۋىش ئارقىسىدىن ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ قالدى .

ئېھ ، ياشلىق ! سەن تەۋەككۈلچىلىك ، نادانلىق ، ئالدىراقسانلىققا ئوخشاش ھەرخىل ئىللەتلەرگە كۆمۈلگەن بولساڭمۇ ، يەنىلا گۈزەلسەن ! . . . دەرۋىش شۇ تاپتا ئۆزىنىڭمۇ ياشلىق كۈنلىرىنى ئەسلىدى . بىر چاغلاردا ئۇ قەشقەر كوچىلىرىنىڭ بىرىدىكى ئېگىز سۇۋادان تېرەككە يۆلىنىپ كېچە ـ كېچىلەپ تۇرغان ئىدى . تولۇن ئاي ئاسماندىن ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكەتتى . يىراقلاردىن يولۇچىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلىناتتى . ياش ھەسەن ئۇدۇلىدىكى بالىخانىلىق ئۆينىڭ پەنجىرىسىگە كۆز ئۈزمەي قارايتتى . بەزىدە ئۇ كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ يۈرگەن جانانىنىڭ جامالى پەنجىرىدىن لىپ ئېتىپ كۆرۈنۈپ قالاتتى ـ دە ، يوقىلىپ كېتەتتى . بىچارە ھەسەن شۇنىڭغا بولسىمۇ قانائەت ھاسىل قىلىپ ، خۇشال بولۇپ قايتاتتى . بۇ ئۇنىڭ مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى . سىنچى موللا بالا تالىپتىكى بۇ ئۆزگىرىشنى بايقاپ قالدى . بىر كۈنى ئۇ ھەسەننىڭ قىزغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ ، ئۇنىڭغا 30 دەررە ئۇرغۇزدى . ھەسەن مۇھەببەتنىڭ بۇ دەسلەپكى ئاچچىق سوۋغىسىنى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدى . بىر يىلدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئاشىق بولغان قىزى ئۆلۈپ كەتتى . لېكىن ، بۇ قىز دەرۋىشنىڭ كۆڭلىدە بىر ئۆمۈر ساقلىنىپ قالدى . ياشلىق نېمە دېگەن ياخشى ، بىرىنچى مۇھەببەتنىڭ ئوتى قانچىلىك ئۆچمەس ـ ھە ! . . . ھەسەن دەرۋىشنىڭ ئېسىگە شۇ تاپتا قايسى بىر شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرى كېلىپ چۈشتى :

ئەپسۇسكى ، يىگىتلىك مەۋسۇمى ئۆتتى ،
كۆكلەم ئۇزاپ كەتتى ، قىش پەسلى يەتتى .
ياشلىق دەپ ئاتالغان ئۇ شادلىق قۇشى ،
بىلمىدىم ، قاچاندۇر كەلدى ۋە كەتتى . . .

«ھە ، دۇنياغا كېلىپ، كەتمەيدىغان نېمە بار ؟» دەرۋىش ئاچچىق بىر كۈلدى ـ دە ، ساپايىسىنى چېلىپ يولغا چۈشتى .

دېمەك قاي سارى ئەزىم ئەتكۈڭ ، ماڭا يوق ئىختىيار ئاخىر ،
قازا ئىلكىگە بەرمىشمەن ئىنانۇ ئىختىيارىمنى .
تۆگەندى ئەشك كۈلگۈن ئەمدى قالمىش زەرپىرانە يۈز ،
پەلەك زۇلمى بەدەل قىلدى خازان بىرلە باھارىمنى .

(نەگە ماڭدىڭ دەپ سورىما ، ئىختىيار ئۆزۈمدە ئەمەس ئىختىيار تىزگىنىمنى تەقدىرنىڭ ئىلكىگە بەرگەنمەن . قىزىلگۈلدەك ياشلىقىم تۈگەپ، زەپىران چىرايىم قالدى ، پەلەك زۇلمى باھارىمنى خازانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. )

## ئالتىنچى باپ : قونالغۇدا

مۇز داۋانىنىڭ يولىدىن ،
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ ؟
ئىلىخوغا بارغۇچە ،
جېنىمىز ئامان بارمۇ ؟

——خەلق داستانى «نۇزۇگۇم» دىن .

www.uyghurkitap.com



چاڭ لەشكەرلىرى سۇرگۈنلەرنى قانچىلىك قامچىلىمىسۇن ، يول يەنىلا ئاۋۇمىدى . كۈندۈزلىرى چۆل قاتتىق ئىسسىپ ، قۇملۇقتا ئاياغ يۆتكەپ مېڭىش ئازاپ بولاتتى . ماڭالماي سۆرىلىپ قالغانلارنى لەشكەرلەر رەھىمسىز ھالدا چېپىپ تاشلىشاتتى . بەزىدە ئۆلگەن ئات ۋە تۆگىلەرنىڭ يۈكلىرىنىمۇ سۇرگۈنلەرگە ئارتىپ قويۇشاتتى . چۆل يولىدا ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان ئادەملەر ئۈستىدە قۇزغۇنلار ئەگىپ ئۇچۇشاتتى . ئات ـ تۆگىلەردىن چىقىۋاتقان ئىسسىق تىنىق ، ئادەملەرنىڭ بەدىنىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىق تەر پۇرىغى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتقۇدەك سېسىقچىلىق پەيدا قىلاتتى . پەقەت كۆيدۈرۈپ تۇرغان قۇياش ئولتۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىنلا سالقىن چۆل شامىلى پەيدا بولۇپ ، ئادەملەر قېنىپ نەپەس ئېلىشىپ ، يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولاتتى .

يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە «قەشقەر توپىلىڭى»نى بىسىقتۇرۇپ قايتقان لەشكەرلەرنى ياخشى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلگەن ئىدى . سۇرگۈنلەر بىلەن ئۇلجا ماللارنى ئەكېلىۋاتقان بۇ چوڭ قوشۇن چوڭ ـ كىچىك بازارلارغا يېقىنلاشقاندا ، يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى ، ھەر ـ بىر ئۆتەڭ ۋە قونالغۇلاردا كېلىۋاتقانلار ئۈچۈن ئالدىن قازان ئېسىلىپ تۇراتتى . ئالدى بىلەن چاڭ لەشكەرلىرى غىزالىنىپ ، ئاندىن ئاشقان ـ تاشقان نەرسىلەر سۇرگۈنلەرگە ئۈلەشتۈرۈلۈپ بېرىلەتتى . بۈگۈن ئۇلار ئالدىدىكى ئۆتەڭگە يېتىپ بارالماي ، چۆلدىلا توختاپ قوندى .

لەشكەرلەر ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئالدىراپ ـ تېنەپ بىرقانچە كىگىز ئۆي تىكىشتى . تۆگىلەر ئوچۇق دالىغا دائىرە قىلىپ چۆكتۈرۈلۈپ ، سۇرگۈنلەر كېچىسى قېچىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن پۇتىدىن زەنجىرلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلىنىپ ، تۆگىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ئەتراپتا لەشكەرلەر گۈلخان يېقىپ يېتىشتى .

شۇ تاپتا ، نېرىراقتىكى چوڭ گۈلخاننىڭ ئەتراپىغا بىرمۇنچە لەشكەرلەر ئولىشۋالغان بولۇپ ، ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان قېرىراق لەشكەر نېمە توغرىسىدىدۇر قىزىشىپ ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى .

— ھە ، شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ يىقىلدىمۇ ؟ ـ دەپ سوئال قويۇپ ئالدىراتتى سۆزلىگۈچىنى بىر لەشكەر .

— پاھ ، ئۇچىنچى ئادىمىمىزمۇ قىلىچ يەپ يىقىلدى . بىز بىرقانچىمىز ھېلىقى توپىلاڭچىنى قىستاپ كەلدۇق . يېقىنلاپ بېرىپ قارىسام ، ۋاھ ، تېخى ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن بىر شۇمتەك ئىكەن . مەن ئارقىسىدىن كېلىپ دەل ئۇنىڭ بويىنىغا قارىتىپ قىلىچ ئۇردۇم ، پاھ ، قانداق بولدى ، بىلمىدىم ، قىلىچ ئۇنىڭ بېشىغا سەل ـ پەل تېگىپلا ئۆتۈپ كەتتى . ئۇنىڭ چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان تۇمىقى بېشىدىن ئۇچۇپ كەتتى ـ دە ، ئۇزۇن چېچى چۇۋۇلۇپ ئارقىغا چۈشتى . باشتا مەن «ھوي ، بۇ بىزنىڭ تۆرىلىرىمىزدىن بىرەرىمۇ ، قانداق ؟!» دەپ چۆچۈپ كەتتىم . ئوبدان سەپ سالسام ، ئالدىمدا تۇرغىنى بىر قىز ئىكەن . مەن «ۋاھ» دەۋەتتىم . يېنىمدا تۇرغان بىرنەچـ ـچەيلەنمۇ تەڭلا «ۋاھ» دەۋېتىشتى . ئۇنىڭ چېچىغا قاراپ تېڭىرقاپ قالغان لەشكەرلەرنىڭ بىرى شۇ زامانلا قىلىچ يەپ يىقىلدى . شۇ ئەسنادا ، ئۇ ئېتىنى دېۋېتىپ ، بىزنىڭ قورشاۋىمىزنى يېرىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى ، بىز ئۇنىڭغا بىراقلا يوپۇرۇلۇپ بېرىپ باغلىۋالدۇق . پاھ ، تازىمۇ يامان نېمىكەن ، مەن شۇ يېشىمغا كېلىپ، مۇنداق سوققۇشقان ئايالنى كۆرمىگەن ئىدىم .

— نېمىشقا ئۇنى شۇ يەردىلا چېپىپ تاشلىمىدىڭلار ؟

— چېپىپ تاشلىماقچىدۇق ، لېكىن لەشكەر باشلىقى ئۇنى كۆرۈپ «پاھ ، نېمە دېگەن گۈزەل نېمە بۇ ! ئۇنى ئېلىغا ئاپىرىپ ، جياڭجۈننىڭ ئۆزىگىلا سوۋغا قىلىپ ، ئىنئام ئالىمىز» دەپ قالدى . سوققۇشتا ئاياللارنىڭ چىرايى ئۆز جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم . بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئامان قالدى .

— يول بويى ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى قىز شۇمۇ ؟

— ھە ، ئۆزى شۇ !

لەشكەرلەر نوزۇگۇمنىڭ تۇمەن بويىدىكى جەڭدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ھەققىدە ھېكايە

قىلىشىۋاتقان چاغدا ، ئۇ سىرگۈنلەر ئارىسىدا ، قوڭۇر چۆل ئاسمىنىغا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى . شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ ئاغرىقچان ئاتىسى نېمە قىلىۋاتىدىكىن ؟ نۇرۇۋگۈمنىڭ ئانىسى كىچىك چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى . بۇ مېھرىبان كىشى ئۇنىڭغا ھەم ئاتا ، ھەم ئانا بولدى ، ھازىر ئۇنىڭ ھالىدىن كىملەر خەۋەر ئېلىۋاتقاندۇ ؟ باقچۇ ، ئۇ قەيەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ ؟ . . .

نۇرۇۋگۈم يول بويى قېچىش خىيالىنى ئۈزىدىن نېرى قىلالمىدى. لېكىن، لەشكەرلەرنىڭ نازارىتى ناھايىتى قاتتىق ئىدى . نۇرۇۋگۈم پۈتۈن مۇڭىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كەلدى ، ئۇ لەشكەرلەر تىللىسىمۇ، ئۇرسىمۇ ئېيتىۋەردى . ئاخىر لەشكەرلەرمۇ ئۇرۇپ ـ تىللاپ زېرىكىپ ، ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەردى .

نۇرۇۋگۈم خىيال بىلەن ئۇياق ـ بۇياقتا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى . چۆل ئاسمىنىدا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى . ئەتراپتىن تۆگىلەرنىڭ پۇشۇلداشلىرى ، ئاتلارنىڭ ئوت يېيىشلىرى ، سىرگۈنلەرنىڭ ئۆلۈغ ــ كىچىك تىنغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى . پات ـ پات پانۇس كۆتۈرگەن قوروۇقچىلار ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ قالاتتى. تۇتەپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانلاردىن چۆل ئۆسۈملۈكلىرى يىلتىزىنىڭ پۇراقلىق ئىسى كېلىپ دىماغقا ئۇرۇلاتتى . كىگىز ئۆيلەردىن مەست بولۇپ قالغان لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىناتتى . «ھەي ، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ياشلىغىم تۈگىگەنمىدۇ ؟ ئىلىغا بارغاندا ئاجىز بېشىمغا نېمە كۈنلەر چۈشەر ؟ . . .» نۇرۇۋگۈممۇ شۇنداق ھەسرەتلىك خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇ چۈشىدە ئاتىسىنى كۆردى . ئاتا ئانارلىق باغدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ نۇرۇۋگۈمنى چاقىراتتى .

— نۇرۇۋگۈم !

نۇرۇۋگۈم بۇ ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى .

— نۇرۇۋگۈم قىزىم ، بۇ سىزمۇ ؟

ئۇنى راستىنلا بىرى چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلۈپ ، قېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ساقاللىق كىشىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى .

— نۇرۇۋگۈم ، قورقما قىزىم ! بۇ مەن — ھەسەن دەرۋىش .

— ھەسەن تاغا !

ھەسەن دەرۋىش قىزنىڭ يېنىغا قىسايدى ـ دە ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن توسۇدى .

— ئاستىراق .

— تاغا ، بۇ چۈشۈممۇ ، ئوڭۇممۇ ؟ سىلى بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىلا ؟

— چۈشۈڭ ئەمەس ، ئوڭۇڭ قىزىم . چۆل شاماللىرى ماڭا سىلەرنىڭ پۇرىغىڭلارنى يەتكۈزدى . قىزىم ، ماڭا ئەگىشىپ قېچىپ چىقىپ كېتەلەمسەن ؟

— تاغا ، بىزنىڭ پۇتلىرىمىز بىر ـ بىرىمىزگە چېتىپ كىشەنلەنگەن .

ھەسەن دەرۋىش نۇرۇۋگۈمنىڭ ئايغىنى سىلىدى . مۇستەھكەم تۆمۈر زەنجىر ئۇنىڭ قولىغا ئۆرۈلدى .

— خەيرىيەت ! ـ دېدى دەرۋىش ، ـ غەيرەتلىك بول ، خۇدا ساڭا ئازادلىق نېسىپ قىلغۇچە بوشاشما . مەن بۇ تەرەپكە ماڭغاندا ئاتاڭ ساڭا سالام ئېيتتى . سېنى پاك بولسۇن ، خەلقىگە مۇھەببىتىگە سادىق بولسۇن ، دېدى . بۇ ئاتاڭنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن سوۋغىسى .

نۇرۇۋگۈم دەرۋىشنىڭ قولىدىن ئېغىر پولات خەنجەرنى ئالدى ـ دە ، يوشۇردى .

— قىزىم ، ئېيتقىنا ، سىدىق غوجا قەيەردە ؟!

— سىدىق غوجا ؟! ـ نۇرۇۋگۈم سەسكىنىپ كەتتى ، ـ ئۇ يۈزسىز ھېچكىمنىڭ چىرايىغا تىك تۇرۇپ قارىيالمايدۇ . لەشكەرلەرمۇ ئۇنى ئارىغا ئالمايدۇ . ئۇ ئالدى تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇرغان كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكىدە يالغۇز تۇرىدۇ .

— خەير قىزىم ، ئامان بول !

دەرۋىش قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يەنە شۇنداق تېز غايىب بولدى . نۇرۇۋگۈم ئۇنىڭدىن ئاتىسى ، باقى ۋە يەنە نېمىلەر توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى سورىماقچى ئىدى ، ئەمما

ئۆلگۈرەلمىدى . نۇزۇگۇمگە بۇنىڭ ھەممىسى بىر تىنىق ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن چۈشتەك بىلىندى . لېكىن، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ قولىدا ئاتىسىنىڭ ئۆتكۈر خەنجىرى يالتىراپ تۇراتتى .

× × × ×

چىڭ لەشكەرلىرى سىدىق غوجىنىڭ يوقالغانلىقىنى تاڭ يورۇغاندىن كېيىنلا سەزدى . ئۇلار سىدىق غوجىنىڭ ئۆزى قېچىپ كەتكەنلىكى ياكى ئۇنى باشقىلار ئېلىپ قاچقانلىقىنى ئېنىقلىيالمىدى . سىدىق غوجىنىڭ يولدا مىنىدىغان ئاق قاشقىلىق ئېتى كىگىز ئۆي يېنىدا باغلاقلىق تۇراتتى . غوجىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىمۇ ئۆز جايىدىلا قالغان ئىدى . لەشكەرلەر ئەتراپقا ئات سېلىپ ، خېلى يىراقلارغىچە ئىزدەپ بېرىپمۇ قۇرۇق قايتىشتى . كېچىدىن بىرى چىققان چۆل شاملى قۇملارنى ھەر تەرەپكە ئېقىتىپ ، ھەممە ئىزلارنى كۆمۈپ تاشلىغان ئىدى . . .

## يەتتىنچى باپ: خائىنغا ئۆلۈم

ئاتا دۈشمىنىنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتما .

— خەلق ماقالى

ئېگىز قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بۇ خارابە گۈمبەز يىراقتىن قارىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقمايتتى. قاچاندۇر بىر چاغلاردا بۇ يەر ھەشەمەتلىك خانىقا ، مەسچىت ۋە تۈنەكخانىلار بىلەن ئاۋات ئىدى . مازارگۇي ئاشقىلار ئۈچۈن يوغان داش قازانلار توختىماي قايناپ تۇراتتى . ھازىر ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە قۇم ئاستىدا قالغان بولۇپ ، قايسى بىر ئەۋلىياغا ئاتاپ سېلىنغان مۇشۇ ئېگىز گۈمبەزلا چوخچىيىپ چىقىپ قالغان ئىدى . گۈمبەزنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا ئاق گەج بىلەن سۇۋاپ چېكىلگەن گۈللەر ئۆچكەن ، ئۇنىڭ ئەگمە قىلىپ ياسالغان تورۇسلىرىدىكى ئاجايىپ نەقىشلەر خىرەلەشكەن ئىدى . گۈمبەزنىڭ شەرققە قارىغان كىچىك ئىشىگىنىڭ ياغاچلىرى ھەر تەرەپكە قىيشىيىپ تۇراتتى . باقىنىڭ ئادەملىرى سىدىق غوجىنى مانا مۇشۇ گۈمبەز ئالدىغا ئەكېلىپ تاشلىغان ئىدى .

قولى ئارقىسىغا باغلانغان سىدىق غوجا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئالدىدىكى كىشىلەرگە يالۋۇرماقتا ئىدى . چىرايلىرى ئاپتاپتا قارايغان ئون نەچچە يىگىت ئۇنى ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى .

— رەھىم قىلىڭلار ئوغۇللىرىم ، خۇدا رەھىمدىل بولغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ . مەندەك بىر ئاسىي بەندىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىڭلار ! . . .

— تۇر ئورنۇڭدىن ! ـ دەپ ۋارقىرىدى باقى ، — سېنىڭ ھاياتىڭ ئۆزۈڭنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەشتىن نېرى بارمىدى . شۇ بىر قوشۇق قېنىڭ ئۈچۈن تالاي بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى سەل قىلىپ ئاققۇزدۇڭ .

— خۇدا ئازماس ، بىز خۇدانىڭ ئازغۇچى بەندىلىرىمىز ، مەن ئازدىم ، مېنى كەچۈرۈڭلار .

— سېنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئاللانىڭ ئۆزى كەچۈرسۇن ، بىزدە ساڭا رەھىم قىلىش ھوقۇقى يوق، خەلق سېنى ئاللىبۇرۇنلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان . بىز ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغۇچىلارمىز .

سىدىق غوجا «ۋاي ـ داد» سېلىپ ، چۆلنى بېشىغا كىيدى . گۈمبەز ئىشىگىگە يۆلىنىپ تۇرغان ھەسەن دەرۋىش شۇ تاپتا چوڭقۇر خىيالغا چۆككەن ئىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تۇمەن بويىدا تۆكۈلگەن قانلار ، قىرىلىۋاتقان خەلقنىڭ ئاھۇ زارى ، قەشقەر شەھىرى دەرۋازىلىرىغا ئېسىلغان باشلار ، چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا سۆرىلىپ كېلىۋاتقان سۇرگۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى . سىدىق غوجىنىڭ يالۋۇرۇپ بىلجىرلاشلىرى دەرۋىشنىڭ جەھلىنى قوزغىدى . قىزىق قان ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا تېپىپ،

قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ كەتتى . ئۇ يېنىدا تۇرغان يىگىتنىڭ غىلپىدىن ئۆتكۈر قىلىچنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، گۈرسۈلدەپ دەسسەپ ئوتتۇرىغا كەلدى .

— قېنى يىگىتلەر ، ئۇنىڭ قولىنى يېشىۋېتىڭلار . ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ، بىر مۇسۇلماننىڭ بالىسى ، ئۆلۈش ئالدىدىن تاھارەت ئېلىۋالسۇن .

يىگىتلەردىن بىرى كېلىپ ، سىدىق غوجىنىڭ قولىنى يېشىۋەتتى ، يەنە بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قاپاق سۇ كەلتۈردى . لېكىن سىدىق غوجا قولى بوشىشى بىلەنلا ھېچ نېمىگە قارىماي ھەسەن دەرۋىشنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىدى .

— ھەسەن ، سېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قانداق قولۇڭ بارىدۇ . خۇدادىن قورقمامسەن ! ؟

— ئاللانىڭ مۇبارەك نامىنى ھەممە تەڭ ئېغىزغا ئالىدۇ ، لېكىن كىمنىڭ خۇدادىن ھەقىقىي قورقۇپ پاك ياشىغانلىغى پەقەت مەھشەر كۈنىلا ئايرىلىدۇ . سېنى ئۆلتۈرۈش گۇناھ بولسا ، مەيلى ، ئاللا بۇ گۇناھنى مېنىڭ زىممەمگە يازسۇن !

— ئېيتقىنا ، مېنىڭ نېمە جىنايىتىم بار ؟ خەلققە يامانلىق قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى. لەشكەرلەر مېنى قىلىچ ئاستىغا ئېلىپ زورلىدى .

— ئابدۇرېشىت داموللامۇ ساڭا ئوخشاش زورلانغان ئىدى . ئەمما ئۇ دۈشمەننىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەشتىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلدى .

— شۇنداق ، مەن قورقۇنچاق ، مەن جىنايىتىمنى يۇيىمەن.

— ئېپلاس ! سېنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭ جىنايەت بىلەن تىنىپ كەتكەن . سەن ئۇنى ئۆز قېنىڭ بىلەن يۇمىغىچە يۇيۇپ تۈگىتەلمەيسەن . بىر كۈن ئوشۇق ئۆمۈر كۆرسەڭ زىممەڭدىكى جىنايەت بىر ئۆلۈش ئاشىدۇ . مەن سېنىڭ ھاياتىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن تاماملاش ئۈچۈن سېنى چۆل بويى قوغلاپ كەلدىم ، قوپ ئورنۇڭدىن ! تاھارەت ئېلىپ ، ئىمان ئېيتىۋال . ئۆلۈش ۋاقتىدا بولسىمۇ ئادەمدەك ئۆل !

سىدىق غوجا قۇم ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ، ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى . ئۇ يوغان كۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ ، جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان باشقا بىرەر نەرسە يوقمىدۇ ؟! دەپ ئالاق ـ جالاق قارايتتى . ئاۋازىنىڭ بارىچە پەرياد سالاتتى .

كىتاپخان ، چوشقىنى ئۆلتۈرسەڭ چىرقىراپ جان بېرىدۇ ، ھەيۋەتلىك قارىغاينى كەسسەڭ ، ئۇ ئۈنچىقماي ئۆرىلىدۇ . . . تاقەت قىلالمىغان دەرۋىش سىدىق غوجىنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ ، قىلىچ بىلەن بىر ئۇرۇپلا كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى ، شۇنىڭ بىلەن پەرياد ئاۋازى ئۈچۈپ ، گويا گۈركىرەپ چىقىۋاتقان بوران بىردىنلا تىنچىپ قالغاندەك ئەتراپنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى . خائىننىڭ كېسىلگەن بېشى گۈمبەز ئىشىگى يېنىغا قاڭقىپ چۈشۈپ ، قۇمغا دۈم بولۇپ پېتىپ قالغان ئىدى .

دەرۋىش قولىدىكى قىلىچنى يەرگە تاشلىدى .

— ھاي ، يىگىتلەر ! كېلىڭلار ، بۇ جەسەتنى ۋاقتىدا كۆمۈۋېتەيلى ۋە ئۇنىڭ قەبرىسى ئۇستىگە ھەممىگە ئىبرەت بولغۇدەك بىر سۆز يېزىپ قالدۇرايلى . . .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، كېيىن بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلار بۇ خارابە گۈمبەزنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغان يېڭى بىر قەبرىنى كۆرگەن . قەبرە يېنىغا قويۇلغان تاشقا ئېنىق قىلىپ ، «كىمكى بۇ يەردىن ئۆتسە ، خائىنغا لەنەت ئوقۇغاي» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغان ئىكەن .

× × ×

شۇ ئىشتىن كېيىن ، سۇرگۈنلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆلارنىڭ قارىسىنى يىتتۈرمەي ئەگىشىپ كېلىۋاتقان باقىنىڭ يىگىتلىرى تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ، چىڭ لەشكەرلىرىگە بىرنەچچە

www.uyghurkitap.com


قېتىم هۇجۇم قىلدى . ئەمما ، لەشكەرلەر سان جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ ئىدى . يىگىتلەر ھەر قېتىمدا ئۇن نەچچە دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ ، چېكىنىپ غايىپ بولۇشقا مەجبۇر بولاتتى .

چۆل قاپلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئارامسىزلانغان لەشكەر باشلىقلىرى ئاخىر كېڭىشىپ يۈزدىن ئوشۇق لەشكەرنى «قاراقچىلار»نى قوغلاپ يوقىتىشقا ئاجراتتى . قالغان لەشكەرلەر سۇرگۈنلەرنىڭ مېڭىشىنى ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن يول ئۈستىدىكى مەھەللىلەردىن دېھقانلارنىڭ ئېشەكلىرىنى بۇلاپ كېلىپ ، ھەر ـ بىر ئېشەككە ئىككىدىن تۇتقۇننى — ئەرنى ئالدىغا قارىتىپ ، ئايالنى ئارقىغا قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ باغلاپ ، ئۇلارنى جېدەللەپ ھەيدىدى . . . بارا ـ بارا ھاۋا سالقىنلىشىپ ، تاقىر تاغ ، قۇملۇقلار ئاخىرلىشىپ ، پايانسىز ئوتلاقلار ، قارىغايلىق تاغلار ئۇچراشقا باشلىدى . سۇرگۈنلەر ئىلى ۋادىسىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى .

«قاراقچىلار»نى قوغلاشقا ئاجرىتىلغان لەشكەرلەر باقىنىڭ يىگىتلىرى بىلەن كىچىك بىر تاغ ئېچىدە دوقۇرۇشۇپ قالدى. جاللاتلارنىڭ قىقاس چۇقىنى، تۆمۈر قورالالارنىڭ بىر ـ بىرىگە تېگىپ جاراڭلىشىدىن تاغ قۇشلىرى ئۈركۈپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى . بۇ قاتتىق جەڭدە باقى ئېغىر يارىدار بولدى . كۆڭلىگە بىر ھىيلىنى پۈككەن ھەسەن دەرۋىش يىگىتلەرنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى .

چۆل يىگىتلىرى ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان چىڭ لەشكەرلىرىنى بىر كۆرۈنۈپ ، بىر كۆرۈنمەي توپتوغرا ئۈچ كۈن ئەگەشتۈرۈپ يۈردى ـ دە ، ئاندىن غايىب بولۇشتى . چىڭ لەشكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى چۈشەنگەندە، تەكلىماكاننىڭ بارسا كەلمەس قۇملۇقلىرىغا ئاللىبۇرۇن ئىچكىرىلەپ بولغان ئىدى . بۇ يەردە نە سۇ ، نە گىياھ ، نە ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى . كۈندۈزلىرى قىزىق قۇياش باش ئۈستىدىن نېرى كەتمەي مېڭىلەرنى قاينىتىۋېتەتتى . كېچىلىرى دەھشەتلىك بوران كۆتۈرۈلۈپ ، ئات ـ ئۇلاغ ، ئادەملەرنى قۇمغا كۆمەتتى . يىگىتلەر چىڭ لەشكەرلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئەنە شۇنداق تىرىكلا دوزاخقا تاشلىدى . بۇ يەردىن بىرمۇ لەشكەر يول تېپىپ قايتىپ چىقالمىدى .

بىر مەزگىل بۇ چۆل ئاسمىنىنى قۇزغۇنلار قاپلىدى . ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلارغا قىلىچ ، قالقانلار ، قاغجىراپ ئاپئاق ياغاچقا ئوخشىشىپ قالغان ئۇستىخانلار ئۇچراپ تۇردى .

## سەككىزىنچى باپ : قۇل سودىسى

زالىم دوۋاڭ زار يىغلاتتى .
يوقسۇللارنى كۆپ قاقشاتتى .
ياش دېمىدى ياكى قېرى ،
دارغا ئاستى ، پۇلغا ساتتى .

— خەلق داستانى «نۇزۇگۇم» دىن .
(دۇۋاڭ — چىڭ خاندانلىقنىڭ ئەينى يىللاردىكى پادىشاھى داۋگۇاڭ )

ئىلگىرى ھەيدەپ كېلىنگەن سۇرگۈنلەر غۇلجا شەھىرى يېنىدىكى شەرقى يامۇلغا قامالغان ئىدى . ئۇن كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بارلىق گۇندىخانىلارنىڭ ئىشىگى ئېچىلىپ، سۇرگۈنلەر يامۇل ئىچىدىكى كەڭ بىر مەيدانغا ئېلىپ چىقىلدى . بۇ يەر ھەر قېتىم ئالتە شەھەردىن كەلتۈرۈلگەن تۇتقۇنلارنى ساتىدىغان رەسمىي بازار بولۇپ قالغان ئىدى . بۈگۈن بۇ يەردە ئىلىنىڭ كەڭ ، مۇنبەت يەر ـ سۈيىنى بۆلىشىۋالغان زېمىندارلار ، ئۇزۇن چاچلىق تۆرىلەر ، باشلىرىغا ئېگىز موزا كىيىپ ، قوللىرىغا يەلپۈگۈچ تۇتۇپ ، تاۋار چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى كۆتىرىۋالغان ئەمەلدارلار ئىغاڭشىپ يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۈچۈن دېھقان ، بەزىلىرى ئۈچۈن مالچى ، بەزىلىرىگە كۆمۈر قازغۇچى ، بەزىسىگە ئۆي چاكىرى ۋە

بەزىلىرىگە بولسا چىرايلىق قىزلار لازىم ئىدى . سوُرگۇنلەر چىقىشى بىلەن ھېلىقى ئادەم بېدىكلىرى ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئولاشتى . ئۇلار سوُرگۇنلەرنىڭ ئىچىنى ئارىلاپ ، خۇددى مال بازىرىدا مال كۆرگەندەك قاراشتۇرۇشقا باشلىدى . بەزىلىرى ئالماقچى بولغان ئادىمىنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ بۇلجۇڭ گۆشلىرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ باقاتتى . ئۆزلىرىنىڭ سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان سوُرگۇنلەر بۇ چىدىغۇسىز خورلۇقنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلەرگە ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن لەنەت ياغدۇراتتى . سودىسى پۈتكەن بايلار ئالغان ئادەملىرىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ ، چەتتە تۇرغان چاپار - مەنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنى خۇددى قاسساپلار مال بازىرىدىن ماللارنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك سۆرەشتۇرۇپ ئېلىپ مېڭىشقا باشلىدى .

ئىلىدىكى چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ بىرى بولغان شىسەن دالويى خوتۇنپەرەس ئادەم ئىدى . ئۇ قەشقەردىن چىرايلىق قىزلار كەلتۈرۈلۈپتۇ ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ، بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ مال ئالغۇچىسىنى ئەۋەتكەن ئىدى . شىسەن دالويى ئەۋەتكەن ئادەم — جۇ فامىلىلىك پاكار ، سېمىز نېمە بولۇپ ، باشقىلار ئۇنى «جۇ پاڭزا» دەيتتى ، جۇ پاڭزا سوُرگۇنلەر ئىچىدىكى ئاياللارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن نۇزۇگۇمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى - دە ، «پاھ ، ئادەم بالىسىمۇ مۇنداق قاملاشقان بولىدىكەن - ھە !» دەۋەتتى . بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەر ۋە ئۇزۇن يول ئازاۋى نۇزۇگۇمنىڭ چىرايىنى سارغايتقان بولسىمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن سىياقىدىن يەنىلا ياشلىق ۋە گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇراتتى . نۇزۇگۇمنىڭ قويۇق قارا چاچلىرى چىگىشلىنىپ، كۆڭلەكلىرى يىرتىلغان ئىدى ، ئۇ نازۇك قوللىرى بىلەن كۆكسىنىڭ ئوچۇق قالغان قىسمىنى جۇ پاڭزىنىڭ ھاياسىز تىكىلگەن كۆزلىرىدىن دالدا قىلدى .

— ھى ! . . . . ھى ! . . . . ھى — جۇ پاڭزا ھىجايغىنىچە ، سوُرگۇنلەرنى سېتىش ئىشىنى باشقۇرىۋاتقان ئەمەلدارنىڭ يېنىغا ئىغاڭلاپ كەلدى ، - بىزنىڭ دالويىغا ئاشۇ قىزچاقنى ئالساق بولارمىكىن باھاسى قانچىدۇ ؟

— دالويىغا بىرەر چەنتۇ قىزنى تارتۇق قىلدىغانمۇ يولىمىز بار ئىدى ، لېكىن يولدا كۆپ چىقىمدار بولدۇق ، بولمىسا . . .

— بولدى ، بولدى ، پۇلى قانچە ؟

— دالويىدىن كۆپ سورىمايمىز ، تاپان ھەققىمىز ئۈچۈن مانا مۇشۇنچىلىكلا بىر نەرسە بەرسەڭلا بولىدۇ .

ئەمەلدار قول ئىشارىسى بىلەن نۇزۇگۇمنىڭ باھاسىنى ئۇقتۇردى .

— ۋاھ ، بۇ بەك ئۆرە بولۇپ كەتتى . بۇنچىلىك پۇلغا شۇنداق چەنتۇدىن بەشنى سېتىۋالغىلى بولمامدۇ ؟!

— ئۆزلىرى مال تونۇيدىغان ئادەم ، كۆرۈپ تۇرۇپلا ، بۇ چەنتۇ قىزى مۇشۇ ماللارنىڭ ئالدى . باھاسىغا چىقسا ساتىمىز . بولمىسا ، جياڭجۇننىڭ ئۆزىگىلا سۇنساقمۇ خېلى ئىنئامغا ئىگە بولالايمىز .

— بولدى ، گەپنى ئۇزارتمايلى ، مۇنچىلىك ئالتۇن - كۈمۈش تۆلىسەك قانداق ؟

ئەمەلدار جۇپاڭزا ئېيتقان باھاغا كۆنمىدى . ئۇ ئۇزۇن قوللىرىنى جۇپاڭزىنىڭ بۇرنىغىچە سۇنۇپ، نۇزۇگۇمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساناپ كۆرسەتتى .

— بىرىنچىدىن ، ئۆزى گۈزەل ، ئىككىنچىدىن ، ئىشقا چېۋەر ، ئۈچىنچىدىن ، قاملاشتۇرۇپ ناخشا ئېيتالايدۇ .

جۇ پاڭزا نۇزۇگۇمغا يەنە بىر قېتىم لاپ قىلىپ قارىدى - دە :

— ھى . . ھى . . ھى ! بوپتۇ ، ئۇنداق بولسا ، مانا مۇنچىلىك ساپ ئالتۇن تۆلەي ، - دەپ باھانى يەنە ئۆرلەتكىنىنى ئىشارەت قىلدى .

ئۇزاق تالىشىشتىن كېيىن ، ئەمەلدار بىلەن جۇ پاڭزا نۇزۇگۇمنىڭ باھاسىنى پۈتۈشتى . پارقىراپ تۇرغان تىللالار ئەمەلدارنىڭ ئالقىنىغا تۆكۈلۈشى بىلەنلا ئىككى چاپارمەن كېلىپ ، نۇزۇگۇمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى . نۇزۇگۇمنىڭ ئايالاپ بىللە بولغان جاپاكەش سەپەرداشلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى . سۇرگۇنلەر ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنى ئۇزاتماقتا ئىدى .

— خەير ، سالامەت بولۇڭ نۇزۇگۇم !

— جاهان زالىملارنىڭلا بولۇپ كەتمەس ؟!

— خەير ، ئامان بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز !

نۇزۇگۇم كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى تۇتۇپ قالالمىدى . ئۇ ئىختىيارسىز دەرد ـ ئەلەملىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتتى :

ئاينى بۇلۇت توسۇپتۇ ، بېشىمىزدا جالالاتلار ،
يۇلتۇزلارمۇ ئۆچۈپتۇ . قىلچىنى ئوينىتار .
گۆر ئازابى ئۆلۈكتىن ، بۇ دوزاختىن نۇزۇكنى ،
تىرىكلەرگە كۆچۈپتۇ . قانداق بىر جان ئاجرىتار ؟!

— هوي ، هوي ! ـ دەپ سىلكىشتۈردى نۇزۇگۇمنى ئەكتىپ بارغان چاپارمەنلەر ، ـ نېمانچىلا كاكىرايسەن ؟ ئالدىرىما تېخى ، دالوينىڭ ئۆيگە بارغاندا ناخشىنى تازا ئېيتىۋالىسەن .

## توققۇزىنچى باپ : توي

ئەي زالىم ، يېتەر خەلققە ئازارىڭ ، سەلتەنەت سۇرمەك نەكېرەك ساڭا ؟
قاچانغىچە قاينار بۇ بازارىڭ ؟ خەلقنى ئەزگەندىن ئۆلگىنىڭ ئەلا !
— سەئدى

شىسەن دالوينىڭ ئايال خىزمەتكارلىرى نۇزۇگۇمنى يۇيۇندۇرۇپ ، ئۇنىڭغا بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيدۇرگەندىن كېيىن ، جۇ پاڭزا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم قىلغان سودىسىغا بەكمۇ مەمنۇن بولدى . نۇزۇگۇمنىڭ تويپا ـ چاڭ ئىچىدە قالغان چىرايى پاكىزلىنىپ ، ئۇنىڭ هۆسنىگە هۆسن قېتىلغان ئىدى . نۇزۇگۇمنى دالويغا كۆرستىش ئۈچۈن دالوينىڭ ياسىداق هويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىك خوتۇنلىرى ئۆز هۇجرىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ هەسەت بىلەن قاراشتى .

نۇزۇگۇمنى ئەكىرگەندە شىسەن دالويى ئۆينىڭ تۆرىدىكى كاڭدا ، قارا تاۋار كۆرپە ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ ئەپيۈن چېكىۋاتاتتى . شىسەن دالويى گۆشلۈك ، كەڭ يۈزىنى چېچەك ئىزى قاپلىغان چوقۇر ئىدى . ئۆمرى كەڭ جۇڭغار دالالىرىدا زوراۋانلىق قىلىپ ، قان كېچىش بىلەن ئۆتكەن بۇ زالىمنى كىشىلەر ئارقىسىدىن شىسەن مازا (شىسەن مازا — شىسەن چوقۇر ) دەپ ئاتىشاتتى . ئۇ ئېغىر گەۋدىسىنى تەسلىكتە قىمىرلىتىپ ، قىيسىق كۆزلىرى بىلەن نۇزۇگۇمغا سىنچىلاپ قارىدى . نۇزۇگۇمنىڭ ئۇزۇن ، قارا چېچى غۇنچە بويى بىلەن بويىلىشىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە نازۇك بويۇنلىرىدا بالىلارنىڭكىدەك مەيىن تۈكلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . قىزنىڭ چىرايى خۇنۇك ئاق چىرايلاردىن بولماي ، يېقىملىق ، قاراقۇمچاق چىرايلاردىن ئىدى ، ئۇنىڭ پۈتۈن سىياقى نۇرلىنىپ تۇرغان قىزىل ياقۇتقا ئوخشايتتى .

— هە ، يارايدۇ ، بۇ تازا مەن ئويلىغىنىمدىن ئىكەن ، ـ دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى شىسەن مازا .

جۇ پاڭزا يورغىلىغىنىچە دالوينىڭ ئالدىغا كېلىپ ، سۇرگۇنلەرنى ساتقان ئەمەلداردىن ئاڭلىۋالغان گەپلەرنى تەكرارلاپ ، نۇزۇگۇمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساناشقا باشلىدى .

— هى . . . هى . . . هى ! مۇنداق چەنتۇ قىزى كەم تېپىلىدۇ ، ئانىسى سىلىدەك غوجاملار

ئۆچۈنلا تۇغقان ـ دە ، بۇ قېتىم كەلگەن قىزلارنىڭ ئىچىدە ئالدى مۇشۇ ئىكەن ، شۇڭا باھاسىمۇ ئۆرىرەك بولدى .

— بولدى ، بولدى . كېرەك يوق !

— شۇنداق ، مال ياخشى ، ئۆزى گۈزەل ، ئىشقا چېۋەر ، يەنە ناھايىتى ناخشىچى ئىكەن ، مەن ئۇنى ناخشا ئېيتقۇزۇپ كۆرۈپ ئالدىم .

— ناخشىچى ؟! ھا . . . . ھا . . . . ھا ! قېنى ، ئۇنىڭغا ئېيت ، ئۇنىڭ ناخشىسىنى مەن بىر ئاڭلاپ باقاي .

جۇ پاڭزا شىسەن مازىنىڭ تەلىپىنى نوزۇگۇمغا تەرجىمە قىلىپ بەردى . نوزۇگۇم ھېچقانداق تارتىنىپ تۇرمايلا ناخشىسىنى باشلىۋەتتى .

يۇرتۇمنى مەن سېغىندىم ، باقەمنى كۆرۈپ ئۆلسەم ،
ئاتامنى مەن سېغىندىم . ھەرگىز ئارمان قىلماسمەن .
تىرىگىمكىن جان باقەم ؟
خەۋىرىنى بىلمىدىم . ئالتە ئايدىن يالغۇزمەن ،
قەشقەر يولىنى بىلمەسمەن .
يۇرتۇمغا يېتەلمەسمەن ، خۇدا مېنى ساقلىسا ،
ئاتامنى كۆرەلمەسمەن . سەن زالىمغا تەگمەسمەن .

— ھا ! ھا ! ھا . . . ئۇ نېمە دەپ ناخشا ئېيتتى ؟

— ئۇ بۇرۇن بۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى كۆرمىگەنلىگىنى ، مۇنداق چىرايلىق كىيىملەرنى كىيمىگەنلىگىنى قوشاق قىلىپ ئېيتتى . سىلىنى ماختىدى ، ـ دېدى جۇ پاڭزا .

— ھە ، ياخشى . ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ساز ئىكەن ، ماڭا زېرىككەندە ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن ، ئۇنىڭغا ئېيت ، ئۇ يول يۈرۈپ ھاردى . بىر ـ ئىككى كۈن ئوبدان دەم ئالسۇن ، ئاندىن مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن . ئۇ بۇنىڭدىنمۇ يۇزۇر ئۆيلەردە تۇرىدۇ ، تېخىمۇ ئېسىل كىيىملەرنى كىيىدۇ .

شىسەن مازا خىزمەتكارنى چاقىردى ـ دە ، تاپان ھەققى ئۈچۈن جۇ پاڭزىغا بىر توپ گۈللۈك تاۋار بېرىشكە بۇيرۇدى .

× × ×

شىسەن مازا نوزۇگۇمنى كۆرۈپ ھەققەتەن خۇشال بولغان ئىدى . ئۇ ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇنداق بىر چىرايلىق ، ياش خوتۇنغا ئېرىشىشنى ئويلاپ يۈرەتتى . ئەمدى ئۇ بۇ گۈزەل قىزنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ باشقا ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىشنى ئويلىغاندا ، خۇشاللىقى چېكىگە يەتتى . ئۇ نوزۇگۇمنى رەسمىي توي قىلىپ ئېلىش قارارىغا كەلدى . ئالمان ـ تالمان تەييارلىق قىلىپ ، ئۈچىنچى كۈنى توي باشلىۋەتتى .

تويغا يىراق ـ يېقىندىكى چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چاقىرىلدى . ئىلى جياڭجۈنى ئۆزى كېلەلمىگەن بولسىمۇ جياڭجۈن مەھكىمىسىدىن ئالاھىدە سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپ ، شىسەن دالويىنىڭ توينى قۇتلۇقلايدىغانلىغىنى بىلدۈردى .

توي كۈنى ئىچكىرى ـ تاشقىرى ھويلىدىكى ھۇجرىلارنىڭ ھەممىسىگە جوزا راسلاندى . ئارقىدىكى كىچىك ئۆيلەرگە ئالاھىدە مېھمانلار ئۈچۈن ئەپيۈن جابدۇقلىرى بىلەن ماجاڭلارنى راسلاپ قويۇشمۇ ئۇنتۇلۇپ قېلىنمىدى . ھويلىلارنىڭ ئىچىگە ئايلاندۇرۇپ گۈللۈك پانۇسلار ئېسىلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


مۇھاپىزەتچى چېرىكلەرگىمۇ «ئادەمگەرچىلىك» يۈزىسىدىن بۇگۈن بېتەرلىك ھاراق تارقىتىپ بېرىلدى . كەچكە يېقىن قورۇنىڭ يوغان پانۇسلار ئاستىدا يورۇپ تۇرغان قارا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چوڭ ـ كىچىك مەپىلەر تىقىلىشىپ قالدى. توي ناھايىتىمۇ قىزىپ، ئىچىشۋازلىق تاڭ يورۇغۇچە داۋاملاشتى. . .

شىسەن مازا «يىگىت» ئۇچۇن تەييارلانغان خاس ھۇجرىغا تۇن يېرىمىدىن ئاشقاندا كىرىپ كەلدى . بۇ چاغدا ئۇ دېگۈدەك مەست بولۇپ ، ئۆرە دەسسەپ تۇرالمايتتى . نۇزۇگۇم ئۆينىڭ تۆرىدىكى چىمىلدىق ئىچىدە ، ئاتىسى ھەسەن دەرۋىش ئارقىلىق ئەۋەتكەن خەنجەرنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتقىنىچە، مىڭ بىر خىياللار بىلەن ئولتۇراتتى . ئۇ ئاتىسى ئېيتقان «پاكلىقنى ساقلاش ، مۇھەببىتىگە سادىق بولۇش» دېگەن ۋەسىيەتلەرنىڭ ئەھدىسىدىن چىقارلارمۇ ؟ !

شىسەن مازا ئىشىك ئېچىپ كىرىشى بىلەن نۇزۇگۇمنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز قاتتىق سېلىپ كەتتى . خىزمەتچىلەر شىسەن مازىنىڭ سىرتقى كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى . شىسەن مازا ھجايغىنىچە چىمىلدىق تەرەپكە قاراپ ماڭدى .

— ھى . . . ھى . . . ھى ! قىز ، سەن تارتىنما ، — شىسەن مازا چىمىلدىقنى قايرىدى ، ـ قىز ، سەن يېقىن كەل . يۈرىكىڭ نېمانچە دۈپۈلدەيدۇ ؟ قورقۇۋاتامسەن ؟

شىسەن مازىنىڭ چوقۇر يۈزلىرى مەستلىكتىن ئۆپكىدەك قىزىرىپ ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ ، ئاغزىدىن ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىغى بۇقسۇپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزىنى باشقۇرالماي قىزنىڭ ئۇستىگە تاشلاندى ۋە شۇ ھامان ئاچچىق بىر ئاغزىقنى ھېس قىلدى ـ دە ، «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى . نۇزۇگۇمنىڭ كۈچ بىلەن ئۇرغان خەنجىرى ئۇنىڭ يۈلۈننى ئۈزۈپ تاشلىغان ئىدى . نۇزۇگۇم ئىككىنچى قېتىم خەنجەر ئۇرۇپ ، شىسەن مازىنىڭ كۆكرىكىنى بۆسۈۋەتتى . ئۇ خۇددى ئوت ئۇستىدىكى ھۆل قوۋزاقتەك تولغىنىپ چىمىلدىق يېنىغا گۈپ قىلىپ چۈشتى . بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئىسسىق قان دالوينىڭ ئوچۇق قالغان ئاغزىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى . ئۆمۈر بويى قان ئىچىپ تويمىغان بۇ جاللات بۇگۈن ئۆزىنىڭ تويىدا تويدى . . .

## ئونىنچى باب : قاچقۇن

يايى چىقتى تۇتقىلى ،
ئەجدىھا بولۇپ يۇتقىلى .
ئونلاپ يايى كېلىپتۇ ،
مەن نۇزۇكنى يۇتقىلى .

— نۇزۇگۇم قوشاقلىرىدىن

نۇزۇگۇم شىسەن مازىنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ تۇن قاراڭغۇسىدا ئۆزىنىڭ قاياققا قاراپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلەلمەي مېڭىۋەردى . ئۇستىدىكى ئېغىر تويلۇق كىيىملەر ئۇنىڭ ئىتتىك مېڭىشىغا كاشىلا قىلىپ ، ھەر قەدەمدە ئۇ نېمىلەرگىدۇ پۇتلىشاتتى . بارا ـ بارا ئۆيلەر شالاڭلىشىپ ، نۇزۇگۇم بىر ئۇچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى . ئېھتىمال ، بۇ ئەتراپ تېرىلغۇ يەر بولسا كېرەك ، يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ ئەنسىز ھاۋشىغان ئاۋازلىرى كېلەتتى . نۇزۇگۇم توختاپ ، ئۇستىدىكى قان يۇقى توي كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىدى ـ دە ، قولىدىكى بوپىسنى يېشىپ ، ئۆزىنىڭ كونا كىيىملىرىنى كىيدى .

قەيەرلەردىندۇر بۇلبۇل ئاۋازى كېلەتتى، ئالدى تەرەپتىن سالقىن شامال ئۇرۇلاتتى . كۈن چىقىش تەرەپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاقىرىپ ، يېقى بىر تاڭدىن بەلگە بەرمەكتە ئىدى . نۇزۇگۇم سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ـ دە ، غەيرەتلىنىپ يەنە مېڭىپ كەتتى . ئۇ ئەركىنلىك ماڭا راستىنلا قايتىپ كەلگەنمىدۇ ؟! دەپ ھاياجانلىناتتى .

ئەركىنلىك ! سەن ئۇلۇغ ۋە سۆيۈملۈكسەن ، تۆمۈر قەپەسكە سولانغان ساڭا تەشنا قۇش بۇگۈن قەپەسنى بۇزۇپ چىقتى ، لېكىن ئۇ ھازىر قاياققا ئۇچۇشنى ، قەيەرگە قونۇشنى بىلمەيدۇ . بۇ يات

يۇرتىنىڭ ئورمانلىرى ، كەڭ ئېتىزلىرى ، ھەر تەرەپكە قاراپ كەتكەن يالغۇز ئاياغ يوللىرى ئۇنىڭغا ناتونۇش ، ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى قىزىق توپىلىق يېزا يوللىرىنى ، لايقىپ ئاقىدىغان تۇمەن دەرياسىنى ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ۋاڭ - چۇڭلۇق كوچىلىرىنى تولىمۇ سېغىنغان . ئۇ شۇ مەنزىللەرگە يېتىپ بارالار- مۇ ؟ . . . نۇزۇگۇم بېشى ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇشلارغا تەلمۈرۈپ قارىدى . ئۇنىڭمۇ شۇ تاپتا ئاشۇنداق بىر جۈپ قانىتى بولسا ، ئۇ بۇلۇتلارغىچە كۆتۈرۈلۈپ ، قەشقەر تەرەپكە قاراپ بىراقلا ئۇچۇپ كەتسە . . .

نۇزۇگۇم ئۇچۇپ ئەمەس ، يەنىلا مېڭىپ كېتىپ باراتتى . ئۇ شىۋاقلىق كەڭ بوزنى كېسىپ ئۆتكەن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن تۆۋەنلەپ چۈشۈپ ، تۇيۇقسىز دەريا بويىدىن چىقىپ قالدى . بۇ چاغدا ئەتراپ يورۇپ كەتكەن ئىدى . نۇزۇگۇم قىرغاقلىرىغىچە سۇ بىلەن تولۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ ھەيران بولدى . ئۆز ئۆمرىدە ئۇ مۇنداق مول سۇلۇق ئېقىننى كۆرمىگەن ئىدى . دەريا ئوتتۇرىسىدىكى چاتقاللاردىن بىر توپ سۇ قۇشلىرى پالاقشىپ كۆتۈرۈلدى - دە ، كۆزدىن غايىب بولدى . نېرىراقتىكى قىرغاقتا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي سۇغا تاشلانغان قارماق يىپلىرىغا قارىغىنىچە ، خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى . نۇزۇگۇممۇ ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ توختىدى .

— ئەسسالام ، ئاتا !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، قىزىم ، بۇ قاق سەھەردە سەن قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ ؟ چىرايىڭ بىر قىسما كۆرۈنىدۇ . بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ ، ئۆزۈڭنى دەرياغا تاشلاشقا چىققان ئوخشىما- -سەن ؟

بوۋاي ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ قىرغاقلاردا بېلىقچىلىق قىلاتتى . دەرد - ئەلەمگە چىدىماي ئۆزىنى دەرياغا ئېتىۋالىدىغانلار ئۇنىڭغا كۆپ ئۇچراپ تۇراتتى . بەزىدە ئۇنىڭ تاشلىغان تورىغا بېلىق ئەمەس ، دەردمەنلەرنىڭ جەستى ئىلىنىپ چىقاتتى . شۇڭا ، ئۇ بۇگۈن سەھەردە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ قىزنى چوقۇم ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالدى .

— قوي قىزىم ، پەيلىڭدىن يان ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارنى ئاللامۇ ياخشى كۆرمەيدۇ . سەۋرى قىل .

نۇزۇگۇم نېمە دېيىشنى بىلمەي يەرگە قاراپ تۇراتتى .

— نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن ؟ قانداق ئىشلار سېنى بۇ يەرگە سۆرەپ چىقتى . ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە ؟

نوزۇگۇم بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ قايسى بىرىنى ئېيتىپ تۈگىتەلىسۇن ، ئۇ سۆزىنى تۇمەن بويىدىكى جەڭدىن باشلىسۇنمۇ ياكى چۆل يوللىرىدىكى ئازاپتىنمۇ ؟ ياكى ئۆز نومۇسىنى بۇلغىماقچى بولغان ياۋۇزنى بۇگۈن كېچە قانداق ئۇجۇقتۇرغىنىنى ئېيتسۇنمۇ ؟ . . .

نۇزۇگۇم بېشىنى كۆتۈرۈپ بوۋايغا قارىدى . مۇشەققەتلىك يىللار بوۋاينىڭ ئېگىز قەددىنى پۈككەن بولۇپ ، دەريادىن ئۇرغان يېنىك شامال ئۇنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق ساقاللىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى . كىم بىلىدۇ ، كۆز ئالدىدا تۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بۇ بوۋاي سەھەردە ئۇچرىغان خىزىرنىڭ ئۆزىمۇ ؟ . . . نۇزۇگۇم بىردىنلا ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى - دە ، بوۋاينىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنىڭغا بىرمۇ - بىر سۆزلىدى . . .

× × ×

چىڭ لەشكەرلىرى شىسەن مازىنىڭ ئۆلگەنلىگىنى پەقەت كۈن تېرەك بويى ئۆرلىگەن چاغدىلا بىلدى . دەسلەپتە ، دالويى تازا مەززە قىلىپ ئۇخلاۋاتقان ئوخشايدۇ ، دەپ ھېچكىم كىرىپ ئويغىتىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جۇرئەت قىلالمىدى ، لېكىن كۆپ ئوبدانلا ئۆرلەپ كەتكەندە ، ئۇنى ئويغاتمايمۇ بولمىدى . ئاخشام كېتەلمەي قونۇپ قالغان يۈزلۈك مېھمانلارنىڭ بەزىلىرىنى قائىدە بويىچە شىسەن دالوينىڭ ئۆزى ئۇزىتىپ قويۇشى لازىم ئىدى . دالويى چىقمىغاندىن كېيىن ، ئۇلارنى دالوينىڭ ئابرويلۇق خوتۇنى لىن تەتەي ئۇزاتتى . خوشلىشىۋاتقان ئەمەلدارلارنىڭ بەزىلىرى مەنىلىك ھجىيىشىپ :

— ھېچ ۋەقەسى يوق . دالويى بۈگۈن ئوبدانراق ئۇخلىۋالسۇن ! ـ دېيىشتى . بەزىلىرى :

— تەتەي ! كىرىپ ئاجرىتىپ قويمىسىڭىز ، دالويى ياش خوتۇنغا چاپلىشىپ قالمىسۇن يەنە ، ھا ! ھا ! ھا ! . . . . ـ دەپ ئوچۇق زاڭلىق قىلىشتى .

بۇ گەپلەر لىن تەتەينىڭ سەپراسىنى ئۆرلەتتى . ئۇ :

— ئوھۇش ، بۇ قېرى يۈزىنى داپتەك قىلىپ ، نېمانچە چىقالمايدۇ ؟! دېدى ـ دە ، بىرىپ ئىشىكنى قاقتى . ئىچىدىن ھېچ قانداق شەپە بولمىغاندىن كېيىن ، ئۇ ئاچچىق بىلەن ئىشىكنى بىر ئىتتىرگەن ئىدى ، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى . لىن تەتەي مىلەڭزىنى قايرىپ ئۆيگە كىرىپلا دەھشەتلىك چىرقىرىۋەتتى . شىسەن مازا چىملىدىقنىڭ يېنىدا قانغا چىلىشىپ ياتاتتى .

بۇ خەۋەر جياڭجۇن مەھكىمىسىدىكىلەرنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى . شىسەن دالوينىڭ ئەمەلدارلىق دەرىجىسىنى ھېساپقا ئالغاندا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى بېيجىڭدىكى خانلىق مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىش لازىم ئىدى . ئېلى جياڭجۇنى نۇزۇگۇمنى تىرىك تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تۆت ئەتراپقا چېرىك چىقاردى .

نۇزۇگۇمنى ئىزدەپ چىققان چېرىكلەرنىڭ بىر قىسمى دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەندە بېلىقچى بوۋاي نۇزۇگۇمنى كونا قولۋىقى بىلەن ئالىلقاچان يولغا سېلىۋەتكەن ئىدى . بوۋايدىن نۇزۇگۇمنى سوراپ، ئۇچۇرنى ئالالمىغان چېرىكلەر ئۇنىڭ يىكەنلەر بىلەن يېپىلغان كەپىسنى ئوكتەي ـ توكتەي قىلىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتىشتى .

دەريانىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىتتىك كېتىپ بارغان قولۋاقنى چېرىكلەر كەچكە يېقىن بايقاپ قالدى . ئەللىككە يېقىن ئاتلىق چېرىكلەر كەچكە يېقىن ئات سالدۇرۇپ قوغلاپ كەلگەندە ، نۇزۇگۇم دەريا بويىدىكى قېلىن قۇمۇشلۇقتا مۆكۈنۈپ ئولگۇرگەن ئىدى . چېرىكلەر باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان بۇ قەدىمكى قۇمۇشلۇقنى قانچە قېدىرىپمۇ نۇزۇگۇمنى تاپالمىدى . كۈن ئولتۇرۇپ ئەتراپ قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى . چېرىكلەر نۇزۇگۇمنى قۇمۇشلۇق ئىچىدىن چىقىرىش ئۈچۈن قۇمۇشقا ئوت قويۇۋەتتى . ئوت بىردەمدىلا ئولغىيىپ گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى . قىپ ـ قىزىل يالقۇن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنى يورۇتىۋەتتى . دەريانىڭ سۈيى قىزىل قاندەك تاۋلىناتتى . قىرغاقتا توپلانغان چېرىكلەر ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ ، قالايمىقان چۇقان سېلىشاتتى . . .

نۇزۇگۇم تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قۇمۇشلۇقتىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقىپ ، يەنە تۆۋەنگە يول سالدى . ئۇ دولقۇنلارغا ئۇرۇلۇپ تولۇق بىر كېچە ئاقتى . يەنە بىر يېڭى تاڭ ئاتتى . نۇزۇگۇم قوغلاپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن قولۋاقنى قىرغاققا تارتتى. دەريا بويىدىن باشلانغان يانتۇلۇق يۇقىرىلاپ بېرىپ يىراقتىكى قارىغايلىق تاغقا ئۇلىشاتتى . قارىغايلىق تاغ چوققىلىرى كۆكۈچ رەڭ ئالغان بولۇپ ، تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى . نوزۇگۇم قىرغاققا چىقىپ يۈز ـ كۆزىنى يۇدى . ئۇ ئەپلەك بىر جايىنى تېپىپ ، ئازراق سۇ قايىنتىپ ئىچىپ ، ئىسسىنىشنى ئىزدەيتتى . نوزۇگۇم قولۋاقتىن بېلىقچى بوۋاي بەرگەن مىس كورا بىلەن بىرنەچچە پارچە قاتتىق ناننى ئالدى ـ دە، كورىغا سۇ ئېلىپ ، يۇقىرىلاپ مېڭىپ كەتتى .

نۇزۇگۇم قارىغايلىق تاغ ئىچىگە كىرىپ ئۆزىگە پاناھلىق جاي ئىزدىدى . قېلىن قارىغايلىق ئىچى تېخى قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى . دىماغقا چىرىگەن ، نەمخۇش تۇپراقنىڭ ھىدى ئۇرۇلاتتى . قۇرۇپ يىقىلىپ ، بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن قەدىمكى ياغاچلار يولنى توسۇپ تۇراتتى . تىنچ ياتقان ساي ـ جىرالار ، سىرغىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى كىشىگە تولىمۇ سىرلىق سىزىملەرنى بېغىشلايتتى . نۇزۇگۇم يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىدا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان تۆشۈكنى كۆردى . ئۇ سىلىق تاشلار ئۈستىدىن ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆتۈپ ، ھېلىقى كامار ئىچىگە كىردى . (شۇڭقار تېغىنىڭ ھازىرقى سوۋېت

ئىتتىپاقى چىگرىسى ئىچىدە بىر غار بولۇپ ، ئۇنى هازىرمۇ كىشىلەر «نۇزۇگۇم» غارى دەيدىكەن .) بۇ ئىچى خىلىلا كەڭ قاراڭغۇ غار ئىدى . هەر هالدا ، كۇندۇزلىرى ئادەم كۆزىدىن ، كېچىلىرى بوران - چاپقۇندىن دالدا بولغۇدەك يەر تاپتىم ، دەپ خوشال بولدى نۇزۇگۇم .

نۇزۇگۇم ئەتراپتىكى قۇرۇق ئوتۇنلارنى يىغىپ ، غار ئاغزىدىكى قورام تاشنىڭ ئالدىغا گۈلخان يېقىپ ، مىس كورىنى قويدى . ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئۇخلىمىغان ۋە ئاغزىغا هېچنېمە سالمىغان ئىدى . لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ تەپتى قىزنىڭ بەدىنىگە راهەت بېغىشلىدى . . . مۇشۇنداق چاغدا بىرەر تونۇش ئۇچرىسا - هە ! ئاغرىقچان ئاتىسى هازىر نېمە قىلىۋاتىدىكىن ؟ باقەم قەيەرلەردە يۈرىدىغاندۇ ؟ ئۇ چۆل يوللىرىدا قالغانمىدۇ ياكى بۇ ناتونۇش يۇرتقا يېتىپ كېلەلىگەنمىدۇ ؟ . . .

نۇزۇگۇم ئۆزىگە قاتتىق هارغىنلىق يەتكەنلىگىنى هېس قىلدى . ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ هۇجۇم قىلغان «دۈشمەن» ئۇيقۇ بولدى . ئۇ قورام تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ، خىيال بىلەن ئۆزىنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغانلىغىنى سەزمەي قالدى . . .

تاغ ئىچىنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن چېرىكلەر قارىغايلىق ئىچىدىن كۆتۈرىلىۋاتقان ئىسنى كۆرگەندە ، بۇ يەردە بىرەر مالچىنىڭ قارا ئۆيى بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ ، گۆش ، قىمىز تەمە قىلىپ ، ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى ئىس چىقىۋاتقان تەرەپكە بۇرىدى .

نۇزۇگۇم ئات تۇياقلىرىنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلغان ئاۋازىدىن ئەندىكىپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندا ، يىگىرمىگە يېقىن ئاتلىق چېرىك ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ چىقىپ بولغان ئىدى . نۇزۇگۇم بىرىنچى بولۇپ كەلگەن چېرىككە قايناۋاتقان مىس كورىنى ئېلىپ ئاتتى - دە ، توشقاندەك بىر ئىرغىپلا غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

چېرىكلەر ۋارقىرىشىپ ، ئارقا - ئارقىدىن ئاتتىن چۈشتى . بۇ غارنىڭ ئاغزى تار ئىدى . نۇزۇگۇم غار ئىچىگە كىرىپ ، ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزى يېنىدا تاشقا چاپلىشىپ تۇرۇۋالغان ئىدى . ئۇنىڭ قولىدا يەنە قارا ساپلىق «ئاتا خەنجىرى» پارقىراپ تۇراتتى . ئېڭىشىپ كىرگەن بىرىنچى دۈشمەن نەق غولىدىن خەنجەر يېدى ، چېرىكنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن قىلىچ تاشقا ئۇرۇلۇپ جاراڭلاپ كەتتى . نۇزۇگۇم چېرىكنىڭ بەدىنىگە چوڭقۇر پاتقان خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمىدى . بۇ سېمىز چېرىك ئۆزىنىڭ ئېغىر گەۋدىسى بىلەن خەنجەرنى بىللە ئېلىپ يىقىلدى ۋە ئۆزىنىڭ دەرمانسىز قوللىرىنى سۇنۇپ نۇزۇگۇمنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى ، نۇزۇگۇم قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يەرگە چۈشكەن قىلىچنى سىيپاشتۇرۇپ دەرهال تاپتى - دە ، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ، چېرىكنىڭ كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكىگە يىپپىشقان قوللىرىنى بىر ئۇرۇپ ئۈزۈپ تاشلىدى .

ئۆلگەن چېرىكنىڭ ئىككى پۇتى تېخى غارنىڭ سىرتىدا تۇراتتى . قالغان چېرىكلەر ئۇنى پۇتىدىن تارتىپ سىرتقا چىقىرىۋالدى . بۇ چېرىكنىڭ بىر قولى بىلەن بېشىنىڭ يېرىم قىسمى غار ئىچىدە ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى . دۈمبىسىدە سېپىغىچە پېتىپ كەتكەن خەنجەر تۇراتتى . بۇ دەهشەتلىك هالەتنى كۆرۈپ، هېچ كىم غار ئىچىگە قەدەم بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . چېرىكلەرنىڭ باشلىغى چېرىكلەرگە ۋارقىرىسا ، چېرىكلەر بىر - بىرىنى ئالدىغا ئىتتىرەتتى . چېرىكلەرنىڭ باشلىغى قانچە زورلاپمۇ ئۆز ئادەملىرىنى غارنىڭ ئېغىزىغا ئاپىرالمىدى . ئىچى قاپ - قاراڭغۇ بولۇپ تۇرغان بۇ غار هەممىنىڭ كۆزىگە ئەجەل ئېغىزى بولۇپ كۆرۈنەتتى . شۇ تاپتا ، غارنىڭ ئىچىگە كىرىش ئەمەس ، ئۇنىڭ ئالدىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ بېقىش ئۈچۈنمۇ چوڭ قەهرىمانلىق كېرەك ئىدى .

نۇزۇگۇمنىڭ قورشىۋېلىنغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەر جىاڭجۈن مەهكىمىسىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن جىاڭجۈن يەنە ئىككى يۈزچە چېرىكنى تاغقا چىقىشقا بۇيرىدى . چۈشكە يېقىن تاغ ئىچىنى ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى قاپلىدى . ئۇركۈگەن تاغ قۇشلىرى ئېگىز ئۆرلەپ ، بۇ تىنچ ماكاندا پەيدا بولۇپ قالغان يېڭى «مېهمان» لار ئۈستىدە هەيران بولۇپ ئەگىشەتتى .

نۇزۇگۇمنى تىرىك تۇتۇش جېڭگە قوماندانلىق قىلىدىغان هەربىي ئەمەلدار ئاتتىن چۈشۈپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھېلىقى دەھشەتلىك غارغا يىراقتىن ئىچىشىپ قاراپ ، ۋەزىيەتنى كۆزەتتى .

— ئۇنىڭ قولىدا قانداق قورال بار ؟

— دۈشمەننىڭ خەنجىرى ئولجا ئېلىنىدى . قۇربان بولغان ئادىمىمىزنىڭ قىلىچى غارنىڭ ئىچىدە قالدى ، ـ دەپ جاۋاب بەردى چېرىكلەرنىڭ باشلىقى .

— ھوي ئەقىلسىزلەر ، بۇ كىچىككىنە تۆشۈكتىن بىر ـ بىرلەپ كىرىشىدىغان بولساڭ ، ئۇ ھەممىڭنى قىرىپ تاشلىمامدۇ ؟! ئۆككۈرنىڭ ئاغزىنى بۇزۇڭلار !

چېرىكلەر لوم تۆمۈرلەرنى تېپىپ كېلىشىپ ، غارنىڭ ئاغزىنى بۇزۇشقا باشلىدى . بىرەر سائەت ھەپىلەشكەندىن كېيىن ، غار ئاغزى ئۆيدەك ئېچىلدى . غار ئىچىنى يورۇتۇش ئۈچۈن چېرىكلەر قارىغاي شاخلىرىنى قارامايغا چىلاپ مەشئەللەرنى يېقىشتى . ھەربىي ئەمەلدار مەشئەل تۇتقان چېرىكلەرنى ئالدىغا ، قالغانلارنى ئارقىغا تىزىپ ، غار ئىچىدىكى «دۈشمەن» گە قارشى قىقاس ـ چۇقان بىلەن ھەيۋەتلىك ھۇجۇم باشلىۋەتتى . بۇ يەردە خۇددى ئەرەپلەر ياۋرۇپاغا يۈرۈش قىلغاندەك ، چىڭگىزخاننىڭ ئادەملىرى سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتكەندەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش شەكىللەندى . بىر ئاجىز قىزغا قارشى ئىككى يۈزدىن ئوشۇق قورallıق ئەسكەر سەپ تۈزۈپ ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان مۇنداق «ئاجايىپ» ئۇرۇش تارىختىمۇ كەم ئۇچرىسا كېرەك .

ھەرھالدا ئۇلار «غەلىبە» قىلدى . چېرىكلەر غار ئىچىدىن نۇزۇگۇمنى باغلاپ ئېلىپ چىققاندا ، يەنە بىر قانچە چېرىكنىڭ ئۆلۈگىمۇ بىللە چىقتى . نۇزۇگۇم غار ئىچىدە ھەر ـ بىر ئەگىلىشلەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ يىقىتقان ئىدى .

## ئون بىرىنچى باب: مويتۇغزىدا

ئىنىڭدەك بولسا خوتۇن سالىمى پاك ،
بۇ مانجۇلار زۇلۇمى ئاڭا نېدۇر باك .
بۇنىڭدەك بولسا خۇاتۇنلارچە ئالىي ،
تاپار جەننەت بۇزەنلەردە كامالى .
نۇزۇگۇم روھىغا ھەق رەھمەت ئېيتسۇن ،
شېھىت ئالىي مۇقامى ئۆزرە يەتسۇن .

— موللا بىلال ، «نۇزۇگۇم» دىن

نۇزۇگۇم كۈرەدىكى غەربىي يامۇلغا قامالغان ئىدى . خاننىڭ نۇزۇگۇم توغرىسىدىكى بۇيرىغى 40 نەچچە كۈندە ئاران يېتىپ كېلەلىدى . خانلىق مۆھۈر بېسىلغان بۇ ھۆكۈمنامىگە «بۇ خەت كېچىدە يېتىپ بارسا ، كۈندۈزگە قالدۇرۇلماي ئۆلتۈرۈلسۇن ؛ كۈندۈزى يېتىپ بارسا كېچىگە قويماي ئۆلتۈرۈلسۇن!» دەپ يېزىلغان ئىدى .

جياڭجۈن مەھكىمىسى نۇزۇگۇمنى غۇلجا شەھىرى يېنىدىكى مويتۇغزىدا ئۆلتۈرۈپ ، كاللىسىنى شەھەرگە ئېسىپ ، خەلققە ئىبرەت قىلىشنى جاكارلىدى .

مويتۇغزا شەھەرنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى دۆڭ ئۈستىدە ئىدى . بۇ كۈنى مويتۇغزىغا بارىدىغان چوڭ يولدا ئادەملەر سەل بولۇپ ئاقتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى كۈسىدا مۈكچىيىپ ئۆلتۈرۈپ ئۆتكۈزگەن موزدۇزلار ، شەھەرنىڭ ساتىراشلىرى ، تۆمۈرچىلەر ، قوللىرى سارغىيىپ كەتكەن كۆنچىلەر ، ئەتراپتىكى سەھرالاردىن كىرگەن ئاق مالخايلىق دېھقانلار ۋە باشقا ھەممە

كەسپتىكى ئادەملەر تېپىلاتتى .

نۇزۇگۇمنىڭ پۇتىغا ئېغىر كىشەن ، بوينىغا ياغاچ تاقاق سېلىنغان بولۇپ ، ئۇنى ئۇچ ئات قېتىلغان قەپەسلىك ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەكېلىشتى . چېرىكلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خالايىقنى رەھىمسىز قامچىلاپ ، ئىككى تەرەپكە سۈرۈپ يول ئاچاتتى . خەلق بۇ باتۇر قىزنى ياخشىراق كۆرىۋېلىش ئۈچۈن توپ ئىچىدىن باشلىرىنى سوزۇشاتتى . ئۇنى خەيرخاھلىق تۇيغۇلىرىغا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىشاتتى . چىڭ ئەمەلدارلىرى نۇزۇگۇمنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى مەھكەم باغلىۋەتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇسۇپ قالالمىدى . قىز ئارزۇ ـ ئۈمىد ۋە قايغۇلىرىنى ناخشا بىلەن ئېيتىپ ، خەلققە ئۆز مۇڭىنى تۆكۈپ كېلەتتى :

مانجۇلارنىڭ ياڭزىسى ،                    مويتۇڭزىدا چاپقاندا ،
غۇلاچچە بار غاڭزىسى .                    مەن ئۇ يەردە ئۆلۈرمەن .
چاقاي دېسەم چېقىلماس ،                   موللىلارنىڭ سۆزىچە ،
قولۇمدىكى كويزىسى .                       ئالىي شېھىت بولۇرمەن .

. . . . .

ئادەملەر جىمجىتلىققا چۆكۈپ ئەگىشىپ ماڭاتتى . ناخشىنىڭ ھەر ـ بىر سۆزى ، ناخشا ئېيتىۋاتقان قىزنىڭ ھەر ـ بىر تىنىقى ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ھەممە بۇ ئىپپەتلىك قىزنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىشاتتى . ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشاتتى .

دۆڭ ئۈستىدىكى كەڭ مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە ، چېرىكلەر دۈپ ـ دۈگىلەك دائىرە بولۇپ كىشىلەرنى توستى . نۇزۇگۇمنى بۇ دائىرە ئوتتۇرىسىغا ئەكىرىپ ، ھارۋىدىن چۈشۈردى ، جاللات باشلىقى ئۇنى تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغاندا ، قىز يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ ئولتۇردى . پۈتۈن مەيدان چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆكتى . شۇ تاپتا ھەممىنىڭ يۈرىگىنى غەزەپ ئۆرتەيتتى . ھەركىم بۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان قىزنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشنى ئويلايتتى . ھەركىم ئۆز ئىچىدە : «بۇ خورلۇق ۋە زۇلۇمنىڭ چېكى بارمۇ ؟» دەپ مۇشتۇمنى تۈگەتتى . لېكىن ، ھەر ـ بىر ۋىجدان ئىگىسىدىكى بۇ غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ، گۈلدۈرلەپ يانغان يالقۇنغا ئايلاندۇرىدىغان يولباشچى تېخى بۇ مەيداندا يوق ئىدى .

بىر جاللات نۇزۇگۇمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، قىلىچىنى شارتىلدىتىپ بىلەشكە باشلىدى، پۈتۈن مەيداننى ئۆلۈم ۋەھىمىسى باستى . لېكىن ، بۇ ئۆلۈمنىڭ نوزۇگۇم ئۈچۈن ھېچ قانچە دەھشىتى يوق ئىدى . ئۇ تويلۇق چىملىدىق ئىچىدە شىسەن مازىنى پارە ـ پارە قىلىپ تاشلىغان چېغىدىلا ئۆزىنى بۇ ئۆلۈمگە ئاتاپ قويغان ئىدى . شۇ مىنۇتلاردا ئۇ مەن ئاتا ۋەسىيتىنى ئورۇندىيالىدىممۇ ـ يوق ؟ دېگەننى ئويلايتتى . ئۆزىنىڭ پاكلىغى ، زوراۋان كۈچلەرگە باش ئەگمىگىننى ئويلىغىنىدا ، ئۇ دۇنيادا ھەرقانداق قېرىندىشىمغا يورۇق يۈزۈم بىلەن قارىيالايمەن ، دەپ ھۇزۇرلىناتتى . نۇزۇگۇم ئاپئاق بۇلۇتلار بىلەن بېزەلگەن كۆپ ـ كۆك ئاسمانغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى . شۇ چاغدا ، ئارقىدىن جاللات باشلىغىنىڭ ئۆزى كېلىپ قىزغا تۇيۇقسىز قىلىچ ئۇردى . نۇزۇگۇمنىڭ بېشى مەيدانغا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ ، ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى تۇپراق ئۈستىگە يېيىلدى . جاللات باشلىغى قان تېمىپ تۇرغان قىلىچىنى يالاپ ، غىلىپىغا سالدى ـ دە ، ئىغاڭلاپ بېرىپ ، قىزنىڭ كېسىلگەن بېشىنى ئېلىپ خالتىغا تاشلىدى .

نۇزۇگۇمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئەتراپقا ئۇچقاندەك تارقالدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كوزىچىنىڭ قولىدىن كوزىسى چۈشۈپ چېقىلدى ، چاچ ئېلىۋاتقان ساتىراشنىڭ قوللىرى توختاپ قالدى ، مومايلارنىڭ كۆزىدىن تارامالاپ ياش تۆكۈلدى . بوۋايلار قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى ، تۆمۈرچى بولقىسىنىڭ سىپىغا ئېڭىكىنى تىرەپ خىيالغا پاتتى . ئارا تۇتقان دېھقان ئاق مالخىينى بېشىدىن ئېلىپ غەزەپتە مىجىپ تاشلىدى . . .

## ئون ئىككىنچى باپ : قىساس كېچىكمەيدۇ

www.uyghurkitap.com



پەلەككە تەگرىدەك بولسام ھۆكۈمران ،
پەلەكنى تامامەن قىلاتتىم گۇمران .
ياسايتتىم يېڭىدىن شۇنداق بىر پەلەك ،
يېتەتتى مەقسەتكە ياخشىلار شۇئان .
— ئۆمەر ھەييام

نۇزۇگۇم مويتۇڭزىدا چېپىلغان كۈنى چۈشتىن كېيىن ، سېپىل ياقىسى (غۇلجا شەھىرىنىڭ «سېپىل ياقىسى» يېنىدىكى ھازىرقى تېرەك مازار مەھەللىسى ئورنىدا ئۆز ۋاقتىدا تەبىئىي تېرەكلىكلەر بولۇپ ، شەھەرنىڭ ئادەملىرى بۇ يەرگە ئارام ئالغىلى چىقاتتىكەن.) يېنىدىكى چايخانا ئالدىغا بىر توپ ئاتلىقلار كېلىپ چۈشتى . بۇ ئادەملەرنىڭ ئۈستىۋېشىنى باسقان قېلىن چاڭغا قاراپ ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى . بۇلار ھەسەن دەرۋىش بىلەن باقى باشلىغان يىگىتلەر ئىدى . ئۇلار ئازادىرەك ئولتۇرۇپ چاي ئىچىش ئۈچۈن چايخانىنىڭ ئارقىسىدىكى تاللىققا چىقىشتى . تاللىقتا شەھەرنىڭ بىر مۇنچە بىكارچى ئادەملىرى يىغىلغان ئىدى . سۇ بويىدىكى كىچىككىنە سۇپا ئۈستىدە بىر قېرى سازەندە ئولتۇرۇپ ، ساتار بىلەن نەغمە قىلىۋاتاتتى . باقىنىڭ ئادەملىرى ، بۇ يەردە نۇزۇگۇمنىڭ بوگۇن چۈشتە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ھېچ كىمنىڭ گېپىدىن بىر چىشلەم نەرسە ئۆتمىدى ، ھەممىسى ئېغىر سۈكۈت باستى . . .

قېرى سازەندە مۇقام ئېيتماقتا ئىدى . ساتارنىڭ تارلىرىدىن چىقىۋاتقان نالە مۇقامچىنىڭ مىسكىن ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ ، ئاڭلىغۇچىنىڭ يۈرىگىنى تىترىتەتتى . كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىقنىڭ ، بالىلىرى ئاچ ـ يالىڭاچ قالغان يوقسۇلنىڭ ، جۇدۇنلۇق كۈنلەردە كەچ قالغان يولۇچىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى كېلىپ ، كۆز ياش تۆكۈۋاتقان ئانىنىڭ پەريادى ئاڭلانغاندەك بولاتتى . كۆزلىرى يۇمۇلغان مۇقامچىنىڭ ھەر ـ بىر تىنىقىدا مىڭ بىر ھەسرەت ئىپادىلىنىپ ، مۇقامنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرنى چىداملىق ، سەۋرلىك بولۇشقا ئۈندەيتتى ، ئېغىر كۈلپەتلەرگە تاقەت قىلىشقا چاقىراتتى . ئاڭلىغۇچىلارنى غېرىپلىق بېسىپ ، ئۇلارنىڭ باشلىرى بارغانسېرى تۆۋەن چۈشمەكتە ئىدى .

مۇقام توختىشى بىلەن ھەسەن دەرۋىش ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە ، سورۇننى يېرىپ ئۆتۈپ ، مۇقامچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ قولىدىن ساتارنى ئالدى .

— بۇ نەرسە بوگۇنگىچە بىزگە پەقەت تەسەللىلا بېرىپ كەلدى ، بىرەر قېتىممۇ كۈرەشكە چاقىرىپ باقمىدى !

دەرۋىش شۇنداق دېدى ـ دە ، قولىدىكى ساتارنى سېپىدىن تۇتۇپ ، يېنىدىكى تېرەك كۆتىكىگە بىر ئۇرۇپ پېقىش ـ پېقىش قىلىۋەتتى .

— خالايىق ! ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى باقى ، ـ بىز نۇزۇگۇمنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن ئىدۇق ، كېچىكىپتۇق ، ئەمما قىساس كېچىكمەيدۇ . بىز بىلەن بىللە ئىنتىقام ئېلىشقا بارالايدىغانلار يۈرۈڭلار !

ئادەملەر دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى . قېرى سازەندە خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى .

يىگىتلەر چايخانا ئالدىغا چىقىپ ئاتلىنىشتى ـ دە ، نۇزۇگۇمنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، كۈرەگە قايتقان جاللاتلارنىڭ ئارقىسىدىن شىددەت بىلەن ئات سالدى .

× × ×

كۈرەگە قايتقان چېرىكلەر بايانداي سېپىلغا يېتىپ كېلىپ ، قەلئە ئىچىدە مېھمان بولدى . ئۇلار ھاراق ـ شاراپقا يېتەرلىك تويغاندىن كېيىن جياڭجۈنگە ھۆكۈمنىڭ ئىجرا بولغانلىق خەۋىرىنى بوگۇندىن

قالدۇرماي يەتكۈزۈش ئۈچۈن يەنە كېچىلەپ يولغا چىقتى .
مەست چېرىكلەر ئات ئۈستىدە ئىغاڭلاپ كېتىپ بېرىشاتتى . قايسى بىرلىرى مۈگدەيتتى . جاللات باشلىغىنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ ، قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ كېتىپ باراتتى . ئۇلار باياندىي بىلەن كۇرە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چىغلىق دالا يولىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلگەندە باقەمنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يىگىتلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى . بۇ ئىش شۇنچىلىك تۇيۇقسىز يۈز بەردىكى ، چېرىكلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىپ ، ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ بولغۇچە تامامەن قىرىلىپ بولدى . . . بىرقانچە مىنۇتقا بارمىغان بۇ ئويۇر ـ توپۇرچىلىق جىمىپ ، ئىگىسىز قالغان ئاتلار ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەندە ، باقەم ئېتىدىن چۈشۈپ چېرىكلەرنىڭ ئۆلگىنى ئارىلىدى . ئاي نۇرى ھەرتەرەپكە قىيسايغان چىرايلارنى ، بېشى قاتلىشىپ يىقىلغان ئاتنىڭ ساغرىسىنى ، تېخى غىلىپىدىن چىقىشقا ئۈلگۈرمىگەن قىلىچلارنىڭ نەقىشلىك دەستىلىرىنى ئېنىق يورۇتۇپ تۇراتتى . باقەم جاللات باشلىغىنىڭ جەستىنى ئىزدەپ تاپتى ـ دە ، قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ ئاتقا غانجۇغىلىدى .
باقەمنىڭ ئادەملىرى شۇ يەردىن قايتقىنچە كېچىلەپ توپ ـ توغرا شەھەرگە كىرىپ شەھەر يېنىدىكى دۆڭگە ئورنىتىلغان دارغا ئېسىپ قويۇلغان نۇزۇگۇمنىڭ بېشىنى چۈشۈرىۋېلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا جاللات باشلىغىنىڭ بېشىنى ئېسىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى .
تاڭ يورىغاندا ، باقەم ئۆز يىگىتلىرى بىلەن قارىغايلىق تاغ باغرىدىكى كەڭ بىر چىمەنلىككە كېلىپ توختىدى . ئۇلار نۇزۇگۇمنىڭ مۇبارەك بېشىنى دالا گۈللىرى بىلەن قاپلانغان مۇشۇ ئوچۇقچىلىققا دەپنە قىلماقچى بولۇشتى . باقەم ئۆز يارىنىڭ بېشىدىكى قان داغلىرىنى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇپ تازىلىغان ئىدى . قىزنىڭ چىرايى يەنىلا نورلىنىپ ، قاپقارا كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى . ئۇلار قەھرىمانىنىڭ بېشىنى كۆمۈپ ، قەبرە يېنىغا يوغان بىر تاشنى بەلگە قىلىپ قويۇشتى .
قەبرە يېنىدا تۇرغان ھەسەن دەرۋىشنىڭ كۆزلىرى يىراققا بېقىپ قىسىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ياكى خىيال سۈرۈۋاتقانلىقىنى ، ياكى يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى .
— بۇ قىزىمنىڭ ھاياتى پۈتۈن بىر داستان . خەلقىمىز ئۆز قەھرىمانىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇنتۇمايدۇ ، ـ دېدى دەرۋىش ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ .
— خەير ، ساداقەتلىك يارىم ! ـ دېدى باقەم ۋە قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يېنىدىكى تاغ تېرىگىنىڭ ئېگىلىپ چۈشكەن چوڭ بىر شېخىنى بىر چېپىپ ، شىرتتىدە ئۈزۈۋەتتى ـ دە ، ئېتىغا ئىرغىپ مىندى .
بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىنىشتى .
— خوش ، ھەسەن تاغا ! ئەمدى قاياققا تارتىمىز ؟
— قولىمىزدىكى قىلىچنى مەھكەم تۇتايلى . «كىمكى قىلىچنىڭ دەستىسىنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىسا ، ئۇ ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىغىغا دۇچ كېلىدۇ» . («ۋ . گ . يان : «چىڭگىزخان») ئاتلارنىڭ بېشىنى تاغ تەرەپكە بۇراڭلار ، بۇ تاغلار ئىچىدە چاڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئەزىمەتلەر گۈلخان يېقىپ تۇرۇپتۇ ، بىز ئۇلارنى تاپايلى . بۇ تېخى قىساس ئېلىشنىڭ باشلىنىشى ، ـ دېدى دەرۋىش .

## خاتىمە

ئېھتىمال ، كىتاپخانىلار ھەسەن دەرۋىش بىلەن باقىنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قىزىقىسا كېرەك ، ئۇلارنىڭ ھەر ـ بىرىنىڭ ھاياتى بىر كىتاپ بولىدۇ . لېكىن ، مەن بۇ يەردە قىسقىچىلا سۆزلەپ ئۆتەي .
ھەسەن دەرۋىش ئۆزۈن تايىغىنى قولىغا تۇتۇپ ، سەپەر خالتىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ، كىشلەر ـ نىڭ ئارىسىنى ئارىلاپ ، ئۇلارنى قوزغىلىشقا ، زالىملارنىڭ تەختىنى گۇمران قىلىشقا چاقىرىپ ، يەنە

www.uyghurkitap.com



بىرقانچە يىللاردىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى . باقەم بۇ ئاجايىپ ئادەمنى نۇزۇگۇم قەبرىسگە ياندىشتۇرۇپ دەپنە قىلدى .

ئارىدىن يەنە 30 يىلچە ئۆتتى . ئۇلۇغ تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋىنىڭ تەسرى بىلەن ئىلىدا چىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى بۈيۈك قوزغىلاڭ پارتلىدى . كىشلەرنىڭ ئىچىگە تىنىپ كەتكەن دەرد ـ ئەلمى غەزەپ ـ نەپرەتكە ئايلىنىپ ، بىراقلا ئېتىلىپ چىقتى . دېھقان ئارىسىنى ، ياغاچچى پالتىسىنى، تۆمۈرچى بازغىنىنى — ھەركىم قولىغا چىققان قورالنى ئېلىپ مەيدانغا يۈگۈردى . . . شۇ كۈنلەردە كىشلەر بېشىغا يىرتىق كۆلا ، ئۇچىسىغا كونىراپ كەتكەن ئۇزۇن جەندە كىيگە بىر كىشىنىڭ ئات ئۈستىدە باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ يۈرگەنلىگىنى كۆرۈشتى . خۇددى ۋاپات بولغان ھەسەن دەرۋىش بۇ ئۇلۇغ ئىشلاردىن تەسرلىنىپ ، يەنە ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كەلگەندەك ئىدى . قويۇق قارا ساقاللىق بۇ قورقماس كىشى ، ئەڭ خەتەرلىك جايلارغا ئۆزىنى ئۇراتتى ، دۈشمەن لەشكەرلىرىنى رەھمسىز قىلىچلايتتى . بۇ ئادەمنىڭ بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرىكى ياش ئىلگىرىكى باقەم ئىكەنلىگى ھېچكىمنىڭمۇ ئېسىگە كەلمەيتتى . باقەم بۇ جەڭ كۈنلىرىدە ھەسەن دەرۋىشنىڭ تەۋەررۈك كىيىملىرىنى كىيىپ ئاتلىنىپ چىققان ئىدى .

كۆرە يېنىدا بولغان بىر قېتىملىق قاتتىق جەڭدىن كېيىن كىشلەر بۇ ئادەمنى يىقىلغان ھالدا كۆرۈشتى . ئۇنىڭ ئەتراپى چېرىكلەرنىڭ ئۆلگى بىلەن تولغان بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ قانچىلىك قايتماسلىق بىلەن مەردانە جەڭ قىلغانلىقىنىڭ نىشانى ئىدى . ئۇ قان ئىچىدە ياتقان ئېتىغا يۆلىنىپ قالغان بولۇپ ، قوللىرى قىلىچىنىڭ دەستىسىنى مەھكەم تۇتقىنىچە قېتىپ قالغان ئىدى . شۇ چاغدا بۇ يەرگە ئۇلاشقان ئادەملەرنىڭ يېنىغا ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ توختاپ ئاتتىن چۈشتى . كىشلەر توپى ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئاق مالىخاي كىيگەن بۇ بەستلىك ئادەمگە يول ئاچتى . بۇ كىشى ئاجايىپ سەركەردە سادىر پالۋان ئىدى . سادىر قەھرىماننىڭ جەستى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن ئېگىشىپ ، ئۇنىڭ دۈشمەنگە قادالغان پېتى ئۇچۇق قالغان كۆزلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سىلاپ يۇمغۇزدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن قىلىچىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ توپ ئىچىدە تۇرغان بىر يىگىتكە سۇندى :

— بۇنى تۇت يىگىت . قەھرىماننىڭ قىلىچى بىلەن دۈشمەننى ئاداققىچە سۇر !

كىشلەر بۇ جەسەتنى ھۆرمەت بىلەن قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆتۈرۈشۈپ كېتىشتى . بۇ شېھىتنى يەرلىككە قويىدىغان چاغدا ئۇنىڭ قوينىدىن بىر پارچە خەت چىقتى . خەتتە : «مۇبادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم ، جەسىتىمنى شىمالىي تاغ ئېتىگىدىكى بىر جۈپ قەبرە يېنىغا قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىنغان ئىدى .

كىتاپخان !

سىز مەندىن : ئۇلارنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ بارمۇ ؟ دەپ سورارسىز . يىللارنىڭ شامالىرى بۇ قەبرىلەرنىڭ توپىسىنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى . ئۇ يەردە ھازىر رەڭمۇ ـ رەڭ تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئۇ ئۈچ كىشى تېخى ھايات، قەھرىمان تۇپراققا كۆمۈلسىمۇ خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ !

# مەھمۇت قەشقەرى




ئالەمشۇمۇل شاھ ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس، مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى XI ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ يازلىق پايتەختى قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرىدىن ئىدى. ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ 11 ـ ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ باللىق چاغلىرى قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى زەئىپلىشىپ، ئوردىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقوق تالىشىش زىد ـ دىيەتلىرى ۋە ئەتراپتىكى ئەللەر بىلەن بولغان نىزالار مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتقا توغرا كەلگەن ئىدى. بۇ خىل مۇھىت مەھمۇت قەشقىرىنىڭ گۆدەك قەلبىدە چوڭقۇر جاراھەتلەرنى قالدۇرغان بولسا، ئۇنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن قەيسەر، تىرىش ـ چان، ئىرادىلىك بولۇپ چىقىشى ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەيمۇ قالمىدى. ئۇ قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ ھا ـ كىمىيەت ھوقوقىغا ۋارىسلىق قىلىش ئالدىدىكى قىرانلىق مەزگىلدە، يەنى مىلادىيە 1058 ـ يىلى ھۈسەيىننىڭ ئوردىسىدا قانلىق سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ھۈسەيىن جەمە ـ تىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۆدەك قىرىپ تاشلانىدى. شۇ قېتىملىق ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشدە ئامان قالغان مەھمۇت قەشقەرى ئوردىدىن مەخپىي ئايرىلىپ ياقا يۇرتلاردا پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى بۇ جەرياندا ئىلى دەريا ۋادىسى، سىر دەريا ۋادىسى، ئوغۇز (دەريايى جەيھۇن) دەريا ۋادىلىرىدا ياشايدىغان تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق تۈركلەر زىمىننى ئايلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇخاراغا بارىدۇ.

مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى كىچىگىدىن تارتىپلا قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بولغان «مەدرىسەئى ھامىيە» ۋە «مەدرىسەئى ساچىيە» لەردە داڭلىق ئۇستازلارنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن ھەممىدىن خەۋەردار، يارامىلىق تالىپلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقى سەۋەپلىك، ئۇنىڭ كەڭ تۈرك زىمىنلىرىدىكى يىگانە پائالىيىتى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئۆتىدۇ. ئۇ بارغانلىكى يەردە بىر مەزگىلدىن تۇرۇپ، شۇ جايدا ياشاۋاتقان ئۇلۇسلار (مىللەت ياكى خەلق) غا مۇناسىۋەتلىك كۆپ تەرەپلىمىلىك ماتېرىياللارنى توپلايدۇ. 40 ياشقا قەدەم بېسىش ھارپىسىدا سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ بۇخارادىن سالجۇق تۈركلىرى ھامىيلىغىدىكى باغدادقا بارىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا مەشھۇر قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىشقا كىرىشىدۇ.

مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى مىلادىيە 1074 ـ يىلى باغدادتا يېزىپ تاماملايدۇ ۋە ئەسەرگە ئۆزىنىڭ قايسى يۇرتقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تەخەللۇسىغا «قەشقەرى» دىگەن نامنى قوللىنىشنى زۆرۈر تاپىدۇ (ئەسەرنىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن يېزىلىشى ئالىمنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ نامىنى تەخەللۇس قىلىپ تاللىشىغا سەۋەپ بولغان بولۇشى مۇمكىن). ئەسەرنىڭ يېزىلىشى مىلادىيە 1074 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تاماملانغاندىن كېيىن، دەمەشقلىق مۇھەممەت ئىبنى ئەبۇبەكرى ئىبىن ئەبلپەتھ بۇ كىتاپنى ئەسلى نۇسخىسىدىن ھجرىيە 446 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى قايتا كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. مەھمۇت قەشقىرى ھجرىيە 464 ـ يىلدىن 466 ـ يىلغىچە (مىلادىيە 1074 ـ 1073) تەھرىرلەپ قايتا تولۇقلاپ، ھجرىيە 467 ـ يىلى (مىلادىيە 1075 ـ يىلى) بۇ قىممەتلىك ئەسەرنى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ 27 ـ خەلىپىسى، ھاشىملار ئۇرۇغىدىن بولغان خەلىپە مۇھەممەت ئوغلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللا ھەزرەتكە تەقدىم قىلىدۇ.

ئالىمنىڭ ئۆز قەلبىگە پۈككەن ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى رىئاللىققا ئايلىنىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئانا يۇرتقا بولغان سېغىنىش ئوتى بارغانسىرى يالقۇنجاپ، ھىجرىيە 472 ـ يىلى (مىلادىيە 1080 ـ يىلى ) ئايرىلغىنىغا 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان ئانا يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراق ئوپالنىڭ ئازىخ دېگەن يېرىدە «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» نامىدىكى مەدرىسەنى قۇرۇپ، «ھەزرىتى موللام» (بىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم ) دېگەن نامدا ئۆزى مۇددەرىسلىك قىلىدۇ. 8 يىل مۇددەرىسلىك قىلغاندىن كېيىن، مىلادىيە 1105 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولىدۇ.

مەھمۇت قەشقىرى باغدادتىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەستىنلا ئەرەپ زېمىنلىرىنى ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلاشقا باشلىغان ئىدى. شۇ يىللاردىكى ئۇرۇشتا خەلىپە مۇقتەدىنىڭ ئوردىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ. ئوردا كۇتۇپخانىسىدىكى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك كىتاپلارمۇ كۆيۈپ كەتكەن بولۇپ، شۇ قېتىم كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئارىدىن يۈز يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ جەرياندا يوقالغان كىتاپلارنىڭ بىر قىسمى كىشىلەرنىڭ قوللىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئەمما «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ نەدىلىكىنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ. ئەجەبا بۇ قىممەتلىك قامۇس ئەنە شۇنداقلا ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنمىدۇ؟ مەھمۇت قەشقىرىنىڭ قان ـ تەرى سىڭگەن بۇ ئەسەر شۇنداقلا يوققا چىقارمۇ؟ ئەرەپ زېمىنىدا ھېچ كىممۇ بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ دېرىگىنى قىلىپ باقمايدۇ. ئەمما، ئۇرۇش ئوتلىرى خەلىپىنىڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىيالىغىنى بىلەن، بۇ ئېسىل ئەسەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىيالمىغان ئىدى. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئوردىدىكىلەر ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتقاندا، مۇقتەدىنىڭ ئوردىسىدا تەلىم ئېلىۋاتقان نامەلۇم بىر تالىپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئوردا كۇتۇپخانىسى ئىچىدىن بىر نەچچە پارچە قىممەتلىك كىتاپنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى كىتاپلارنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭمۇ بارلىغىنى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

تارىخ چاقى مىلادىيە 1200 ـ يىلىنىڭ سۇبھىسىگە قەدەم قويغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە باغداد كوچىسىدا چاچلىرى چۇۋۇلغان، جۇلدۇر كېپەن بىر قېرى تىلەمچى ئايال پەيدا بولۇپ قالىدۇ . ئۇ بىر كۈنى ھېچ كىمگە پەرۋا قىلماستىن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شاھ ئوردىسىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئازراقمۇ ئەيمەنمەستىن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ كېلىۋاتقان جۇلدۇر كېپەن بىر تىلەمچىنى كۆرگەن ئىشىك باقارلار ئۇنى قىلىچ ـ نەيزىلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ، نەدىن كەلگەنلىكىنى، پادىشاھقا ئېيتىدىغان قانداق ئەرز ـ دادىنىڭ بارلىغىنى سورايدۇ. ئۇلار بۇ تىلەمچى ئايالنىڭ شاھ ئالىيلىرىغا ئاتاپ بىر قىممەتلىك سوۋغا ئەكەلگەنلىكىنى، ئۇنى پادىشاھقا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بەرمەكتىن باشقا ھېچ قانداق ئەرز ـ داتىنىڭ يوقلىغىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەھۋالنى پادىشاھقا دەرھال مەلۇم قىلىدۇ . پادىشاھ تىلەمچىنىڭ ئوردىغا كىرىشىگە ئىجازەت قىلىدۇ. بۇ جۇلدۇر كېپەن بىچارىنىڭ ئەجەبا ماڭا بەرگىدەك قانداق قىممەتلىك نەرسىسى باردۇر؟ ياكى ئۇ ماڭا قەست قىلىشقا كىرگەن پىرىخونمىدۇ؟ تىلەمچىنىڭ تەققى ـ تۇرقىنى كۆرگەن پادىشاھ دەمال گاڭگىراپ قالىدۇ. قېرى تىلەمچى پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، قولىدىكى بوقچىنى ئاۋايلاپ يېشىپ، بوخچىغا ئوراپ نەچچە ئون يىل ساقلاپ يۈرگەن بىر پارچە كىتاپنى ئېلىپ پادىشاھقا ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ. بۇ چوڭ ھەم نەپىس ئىشلەنگەن كىتاپنىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن يېزىلغان « تۈركىي تىللار دىۋانى » ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئاbbاسىيلار سۇلالىسىنىڭ 34 ـ ۋارىسى خەلىپە ئەل ناسىر ئىنتايىن رازىمەنلىك بىلەن تىلەمچى ئايالغا كۆپ تارتۇقلارنى بىرىپ يولغا سالىدۇ. بۇ مىلادىيەنىڭ 1225 ـ يىللىرىغا توغرا كىلەتتى. خەلىپە ئەل ناسىر (مىلادىيە 1225 ـ 1180) بۇ كىتاپنىڭ بىباھا، تېپىلغۇسىز كىتاپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ،

دەرھال ئۇردا پۈتۈكچىلىرىنى تەشكىللەپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 10 نەچچە پارچە كۆچۈرتكۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى ئوردا كۇتۇپخانىسىدا قەدىرلەپ ساقلاشقا بۇيرۇشتىن سىرت ، باغدادتىكى مۇھىم مەكتەپلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا ئىجازەت بېرىدۇ. خەلىپە ئەل ناسىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بۇ كىتاپ بىر نەچچە زامان باغداد شەھىرىدىكى مۇھىم مەدرىسلەرنىڭ قىممەتلىك ئوقۇشلىغى سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ كېلىدۇ. ئەپسۇس، خىرىستىيان قىساسچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئەھلى سەلىپ (كىرىست قوشۇنى) ئىككىنچى قىتىم شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئەرەپ زېمىنلىرىنى يەنە بىر قېتىم خانىۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلىدۇ. ئاشۇ مالىمانچىلىقتا «تۈركى تىللار دىۋانى» يەنە بىر قېتىم دېڭىزغا تاش چۆككەندەك غايىپ بولۇپ كېتىدۇ. ئالتە ئەسىر ئۆتۈپ كەتكۈچە بۇ كىتاپنىڭ ئىز ـ دېرىگىمۇ بولمايدۇ. كىشىلەر قەدىمكى كىتاپ خاتىرىلىرىدىن مەھمۇت قەشقىرى دىگەن ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق بىر مەشھۇر ئەسەر يازغانلىغىنى بىلىشىدۇ. ئەمما، ھېچ كىممۇ بۇنداق كىتاپنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئارزۇسىغا يېتەلمەيدۇ.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇش مەزگىلىدە تۈركىينىڭ ئىستانبۇل شەھىرى ئېغىر بومباردىمانغا ئۇچرايدۇ. بىر زەمبىرەك ئوقى ئاق سۆڭەك دىيار بەكرى جەمەتىدىن بولغان بىر كىتاپپۇرۇچنىڭ ئۆگزىسىدە پارتىلاپ، ئۆلارنىڭ ئەل ئىمىر نامىدىكى مەشھۇر كۇتۇپخانىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. كىشلەر كىتاپ دۆۋىلىرى ئارىسىدىن ئۆزلىرى كۆرۈپ چۈشىنەلمەيدىغان، ئەمما ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن دىۋاننى بايقاپ قالىدۇ. بۇ ئەسلىدە «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ شۇ كەمگىچە ساقلىنىپ قالغان بىردىن ـ بىر نۇسخىسى بولۇپ، ئوسمان تۈرك ئېمپىرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولغان نازىپ بىينىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن بولغان بىر ئايال ئائىلىسىدە ئۇزاق يىل تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلاپ، كېيىنچە تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن دىيار بەكرى جەمەتىنىڭ ئەل ئىمىر كۇتۇپخانىسىغا رەنگە قويغان قولىيازما نۇسخىسى ئىدى. ئەل ئىمىر كۇتۇپخانىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىغىنى ئاڭلىغان مەشھۇر تىلشۇناس كىل سىلى رىفئەت ئەپەندى دەرھال كۇتۇپخانىغا كېلىپ (ھىجرىيە 1335 ـ يىلى ، مىلادىيە 1974 ـ يىلى) بۇ كىتاپنى باشقىلاردىن سېتىۋالىدۇ. ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ تەڭداشسىز مىراسنى ئۈچ تومغا ئايرىپ، 1917 ـ يىلى ئەسلى نامى بويىچە ئىستانبۇلدا مىخ مەتبەئەدە نەشر قىلدۇرىدۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ كىتاپ دۇنيادىكى ھەر مىللەت تۈركولوگلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا باشلايدۇ. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىملار بۇ كىتاپ توغرىسىدا تۈركچە، نېمىسچە، ئېنگىلىزچە، رۇسچە، ۋېنگىر تىللىرىدا كىتاپ ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ. گېرمانىيىلىك «تۈركى تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى بىلەن ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان ئالىم، سام تىللىرى مۇتەخەسسى كارىل. بىرىككىلمان 1928 ـ يىلى «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ نېمىسچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئىشلەپ چىققان ئىندېكسىنى ئېلان قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بۇ مەشھۇر قامۇسنى چۈشىنىشكە بولغان ئىنتىلىش xx ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە ئاندىن ھەل قىلىنىدۇ. تۈركىيىلىك داڭلىق تىلشۇناس ئاتالاي 21 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كىل سىلى رىفئەتنىڭ ئىستانبۇل مىخ مەتبەئە نەشرىگە ئاساسەن 1941 ـ يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۈچ توملۇق تۈركچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغاندىن باشقا، يەنە بۇ كىتاپنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىنىمۇ بەشر قىلدۇرىدۇ.

1960 ـ يىلى سابىق سوۋىت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېك ئالىمى، تىلشۇناس سالىھ مۇتەللىپوف «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈركچىدىن ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرىدۇ.

1955 ـ يىلى قەشقەردە ئاكا ـ ئۇكا مۇھەممەت پەيزى بىلەن مەرھۇم ئەھمەت زىيائى ئەپەندى بىرلىشىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەجىمە قىلغان بىرىنچى ئورگىنالى قولدىن چىققان، ئەمما نەشر قىلىنماسلىغى توغرىسىدىكى سەۋەپلەر تېخى ئېنىق ئەمەس.

1963 ـ 1966 ـ يىللىرى ئۇيغۇر سايرانى تەرىپىدىن بۇ كىتاپنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېكىتى www.uyghurkitap.com


ئىككىنچى تەرجىمىسى ئىشلەنگەن، ئەمما سولچىل خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن نەشر قىلىنماي نابۇت بولۇپ كەتكەن.

1980 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ھەر مىللەت تىلشۇناس، مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن ، جۇملىدىن ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن موللا ئابدۇلھەمىت ھاجى يۈسۈفى، ئابدۇرېھىم تىلەشىۋ ئۆتكۈر ئەپەندى، تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتئى ئەپەندى، مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقاتچىسى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى، ئابدۇسالام ئابباس ئەپەندى، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەپەندى، سابىت روزى ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرىشى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1941 ـ يىلى بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن ئەنقەرەدە نەشر قىلدۇرۇلغان فوتو سۈرەت نۇسخىسى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىنىپ، 1981 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە ھەممە قىسمى ھازىرقى زاماز ئۇيغۇر تىلىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلدۇرۇلۇپ، كەڭ كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى ياراتقان قىممەتلىك ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئاشكارا كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولغان ۋاختىدۇر. بۇ كىتاپ 2002 ـ يىلى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

مانا بۇ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىغا، جۇملىدىن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسگە بېغىشلىغان شاھانە قامۇسىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ــ ئۇزاق تارىخقا ئىگە باي تۈركىي تىلىنىڭ مول، بىباھا جەۋھەرلىرىنى ئۆزگە مۇجەسسەملىگەن، قاراخانىيلار دەۋرىنى مەركەز قىلغان پۈتۈن تۈرك ـ ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، ھاكىمىيەت، ئىلىم ـ پەن، يېزا ئىگىلىك، سەنئەت، دىن، ھۈنەر ـ سەنئەت، تىبابەتچىلىك، تارىخ، پەلسەپە، ئاسترونومىيە ـ كالىندارچىلىق، جۇغراپىيە، بالىلار ئىلمى، ئەخلاق ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسدە باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن مۇكەممەل قامۇس بولۇپ، تۈركىي تىل ئىگىلىرىنىڭ مەدەنىيەتتە ئۆز زامانىسدا يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىش بىلەن بىللە ، مەنىۋىي قۇرۇلۇش جەھەتتىمۇ ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىگىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مەزمۇنى قىسقىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. «دىۋان»دا تۈركىي قەبىلىلەر تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن.

2. «دىۋان»دا تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، بولۇپمۇ قاراخانىلارنىڭ شۇ زاماندىكى تېرىتورىيىسى، شۇنىڭدەك خوشنا ئەللەرگە دائىر جۇغراپىيىۋىي ناملارنىڭ مەشھۇرلىرى بېرىلگەن. ھەتتا بۇ ناملار ئادەتتىكى نام سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەزىلىرى بىرەر مۇھىم ۋەقەلەرگە بېغىشلاپ تونۇشتۇرۇلغان.

مەھمۇت قەشقەرى تۈركىي خەلقلەر جايلاشقان كەڭ دىيارنى يەر يۈزىنىڭ يۇمۇلاقلىغى ئۇقۇمى بۇيىچە قىياسەن خەرىتە قىلىپ سىزىپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ ئۆز تىلى بۇيىچە «دائىرە» دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ، ئەڭ قەدىمقى خەرىتىسىدۇر. بۇنىڭدا تاغلار، دېڭىز، دەريا ۋە كۆللەر ئاددىي ۋە گېئومېترىك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. مۇھىم شەھەرلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن.

3. «دىۋان»دا نۇرغۇن سۆزلەملەرنىڭ ئىستىمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەدەبىي پارچىلار بېرىلگەن. بۇ ئەدەبىي پارچىلار بىز ئۈچۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمقى باي ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى سانىلىدۇ.

بۇ پارچىلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئوغۇز ۋە ئاپراسىياپقا ئوخشاش قەھرىمانلار توغرىسىدىكى مەرسىيە ۋە مەدھىيەلەردىن ئىبارەت.

4. «دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا دائىر خىلە ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن، يېزا ئىگىلىگى ، چارۋىچىلىق ۋە مال دوختۇرلۇققا دائىر سۆزلەر،

ھەرخىل ھايۋاناتلار ، ئۇچار قۇشلاردىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«دىۋان» غا كىرگۈزۈلگەن ھۈنەر-سەنئەتكە دائىر سۆزلەردىن X - XI ئەسىرلەردە قول-ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى ، قول سانائەتتە ئىش تەخسىماتىنىڭ خېلە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

«دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ خېلە بۇرۇنلا شەھەر-قورغان سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدىمۇ مەلۇماتلار بار.

«دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ۋە كاتتا مەدەنىي ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلارمۇ بار.

«دىۋان»دا تىبابەتچىلىككە دائىر مەلۇماتلارمۇ بار.

يۇقارقىلاردىن باشقا تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ تونۇشتۇرۇلغان.

5. «دىۋان»دا ھاكىمىيەت قۇرۇلىشىغا دائىر قەدىمقى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى ئاتالغۇلار، ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ تەبىقىلىرى ۋە ئۇنۋانلىرى خېلە كۆپ ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن ھەربىي تۈزۈم، جەڭ ۋە تاكتىكا توغرىسىدىكى سۆزلەرمۇ بار.

6. «دىۋان»دا كالىنىدارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن.

XI ئەسىرگىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار ئاسترونومىيە ھەققىدە خېلە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. پەلەك بۇرجى ۋە سەييارىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويغان ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، «دىۋان»نىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەسىرىدە «خاقانىيە تىلى» نىڭ فونېتىكىلىق، گراماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرى ۋە لېكسىكو-لوگىيىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تىللىرىنىڭ فونېتىكا، گراماتىكا قائىدىلىرىنى ناھايىتى ئىخچام ، چۈشىنىشلىك ھالدا بايان قىلغان. «دىۋان»نىڭ روياپقا چىقىشى بىلەن نۇرغۇن خاتا كەتكەن مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتى. جۈملىدىن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ياۋرۇپادا 19- ئەسىردە باشلانغان بولسا، بىزدە ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى بۇ پەننى XI ئەسىردە يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرگەن. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئۆلمەس ئەسىرىدە تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەپ تىلىنى سېلىشتۇرغاندىن باشقا ، يەنە تۈركىي تىللارنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. تەتقىقات جەريانىدا ، تۈركىي تىللارنىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن بەيگىدە كېتىۋاتقان ئىككى ئاتتەك چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئەرەپ تىلىدىن زادىلا قېلىشمايدىغانلىقىنى، بەزىدە ھەتتا ئەرەپ تىلىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مەسىلەن، «دىۋان»دا بېرىلگەن پېئىل دەرىجىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن قارىغاندا ، سۆزلۈككە شۇنداق باي بولغان ۋە بىر سۆزنىڭ ئاللىقانچە تۈسلىرى بولغان ئەرەپ تىلىمۇ «تۈركىي تىل»دىكى پېئىل دەرىجىلىرىنى ئىزاھلاشقا يېتىشسىزلىك قىلغان. ھەتتا مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئەرەپ تىلى گراماتىكىسىنىڭ ئاتالغۇلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەرەپ تىلى گراماتىكىسىدا بولمىغان قائىدە ۋە ناملارنى ياساشقا مەجبۇر بولغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئالاھىدىلىگى ۋە مەزمۇنى توغرىسىدا باشقا يەنە بىرمۇنچە چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

قىسقىسى، تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى بۇ ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدىنىڭ مەيدانغا كېلىشى پۈتكۈل قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىگە يەنە بىر ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن بىرلىكتە ئەبەدىي يىقىلمايدىغان كاتتا مۇنار تىكلەپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «دىۋان»نىڭ ئىلمىي شۆھرىتى يالغۇز ئۇيغۇر - تۈرك خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىلا ئەمەس، بەلكى جاھان مەدەنىيەت

خەزىنىسىدىمۇ ئالاھىدە يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە.

پۈتكۈل قاراخانىيلار مىقياسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىش ۋە چوڭقۇرلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئەرەپ ـ ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيا خەلقلەر مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلىپ قۇرۇلغان قاراخانىيلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھال قاراخانىيلارنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيىتىنى پەيدىن ـ پەي دۇنيادىكى ئىلغار پەن ـ مەدەنىيەت قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا، ئۇيغۇرلارنى بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا شەرت ھازىرلاش ئىمكانىيىتى بەرگەن ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، قاراخانىلار سۇلالىسى تەۋەسىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، بۇددىزىم ئاساسىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە ئىسلاھ قىلىندى ۋە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ئىسلام مەدەنىيەت ـ مائارىپىغا لايىق مەكتەپ ۋە مەدرىسلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى تېررىتورىيىسىدە كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. «مەدرىسەئى ساجىيە» سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدىكى قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى ئالىي بىلىم يۇرتى ھېساپلىناتتى. **960** ـ يىلىغا كەلگەندە، مۇسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، خانلىق مەدرىسە ۋە كۇتۇپخانىلار تەسىس قىلىندى. بۇ مەدرىس ـ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بىر قىسىم يۇقىرى مەلۇماتلىق خادىملار يېتىشىپ چىقىپ، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىن مۇستەھكەملىنىشىدە ھەم سۇلالە ھۆكۈمرانلىق قىلغان كەڭ رايونلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىسلاملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىدى. شۇنداقلا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىم ـ پەن مائارىپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىمۇ رولى چوڭ بولدى. بولۇپمۇ، مەشھۇر خانلىق ئالىي ئوقۇتۇش يۇرتى «مەدرىسەئى ساجىيە»دە خەلقئارادىكى پەننىي دەرسلەرنىڭ ئىشىگى ئېچىلىپ، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە دەرسلىكلەر ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشقان ئىدى. دىنىي مەكتەپ(باشلانغۇچ مەكتەپ)، قارىخانا (دىنىي كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ) لەردە ئاساسلىغى ئەرەپ ئەدەبىياتى، «قۇرئان كەرىم»دىن پارچىلار، دىنىي مۇراسىم قائىدىلىرى ۋە بىر قىسىم شەرق ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى ئۆتۈلسە، ئالىي بىلىم يۇرتى ــ مەدرىسلەردە دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى تەپسىرلەش، ئەرەپ ئەدەبىياتى، ئەرەپ ، پارس گرامماتىكىسى، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىغى قاتارلىقلار بىلەن چەت ئەل تىلى، يۇنان پەلسەپىسى، ماتېماتىكا، لوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، سىپاگەرچىلىك (جەڭ تاكتىكىسى) قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ ئۆتىلەتتى. بۇ مەشھۇر «مەدرىسەئى ساجىيە» گە ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئالىم ـ ئۇستازلاردىن ھۈسەيىن ئىبنى خەلەب، سەئىد جالالىدىن باغدادى، خوجا ياقۇپ سۈزۈكى، ھۈسەيىن پەيزۇللا، جامالىدىن قەشقەرى، رەشىد ئىبنى ئەلى قەشقەرى، ئىمامىدىن قەشقەرى قاتارلىق نۇرغۇن نوپۇزلۇق ئالىملار مۇئەللىملىك قىلغان ئىدى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ قەدرىگە يېتىدىغان قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچى ۋە خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. ئەنە شۇلار قاتارىدا مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئالىم ـ ئۆلىمالار ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل بۇلىغىنى ئىسلامىي مائارىپ تەلىم ـ تەربىيىسى ئارقىلىق ئېچىپ، پەلسەپە، تارىخ، تىلشۇناسلىق، فولكلورشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇ ـ ناسلىق، ئەدەپ ـ ئەخلاق، قانۇنشۇناسلىق، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئېتنوگرافىيە، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق جەھەتلەردە مول نەزەرىيىۋىي ۋە ئەمەلىي بىلىملەرنى توپلاپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز ئەسىرىنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۇچۇن قانچىلىك مۇھىملىغىنى چۈشەنگەن م. قەشقەرى «دىۋان»نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا، ئۆز كىتاۋىنىڭ مەڭگۈلۈك يادىكارلىق ھەم يوقالماس روھىي بايلىق بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلىپ، سەمەرىلىك ئىلمىي ئىشى ھېساپلانغان مەشھۇر قامۇسى

«دىۋان»نى باغدادتا ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بولۇپ، مىلادىيە 1082 ـ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئۆز يۇرتى ئوپالدا «مەھمۇدىيە مەدرىسى» نى تەسىس قىلىپ ئۆزى مۇئەللىملىك قىلىدۇ. بۇ مەدرىستىمۇ تەسىس قىلىنغان دەرسلەر ئاساسەن «ساجىيە مەدرىسى» نىڭ دەرسلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدا دىنىي بىلىم ئوقۇتۇشى بىلەن پەننىي بىلىم ئوقۇتۇشى بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش سىستېمىسى جەھەتتە، ئەرەپ ئىسلام مائارىپىنىڭ سىستېمىسى، مەزمۇنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئەنئەنىسى ھەم شەكلىنى قوبۇل قىلىپ، تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇرغان ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە قىلغان ئىدى. بۇ بايان ئىلىم ـ مەرىپەت ـ جەمئىيەت تەرەققىي قىلىشىنىڭ، خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ بىردىن ـ بىر كاپالىتى ئىكەنلىكىنى بالدۇر چۈشەنگەن ھەم ئۆزىنىڭ غايىسىگە ئايلاندۇرغان بىر پېشقەدەم مائارىپچىنىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

«دىۋان» IX ـ XIII ئەسىرگىچە بولغان قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات تونۇرىسىدا ئەڭ دەسلەپكى ھەم تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان بىردىن بىر مەنبە. ئەدەبىي مىراسلار «دىۋان» سەھىپىسىدە خۇددى نۇرلۇق يۇلتۇزدەك ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەدەبىي مىراسلار «ئوغۇزنامە» ۋە «كۆلتېگىن ئابىدىسى»نى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھازىرغا قەدەر تېپىلغان ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى شۇنداقلا ئەڭ مول، ئەڭ رەڭدار نەمۇنىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئالىم مۇشۇ ئەدەبىي مىراسلار ئارقىلىق ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە مائارىپ قارىشىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن.

«دىۋان» دا شۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى سۆز ـ چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان 5007 دىن ئوشۇق تېرمىن بېرىلگەن ۋە سۆز ـ ئىبارىلەرنى سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق سۆزلۈكلەرنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەم لۇغەتچىلىكىمىزدە ھازىرغا قەدەر كۆرۈلۈپ باقمىغان يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى بىلەن سۆزلۈكلەرگە ئورگانىك باغلاشتۇرۇش ئاساسىدا، بىر قەدەر مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولغان 20 گە يېقىن ئەپسانە، رىۋايەت، قەدىمكى زاماندىن تارتىپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىي ھاياتى ۋە كۈرەش پائالىيىتى ھەم ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەقىل ـ پاراسەت، پېداگوگىكىلىق قاراشلىرىنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ چۈشەندۈرىدىغان 224 كۇبلېت شېئىر ـ قوشاق؛ تۈركىي خەلقلەرنىڭ رېئال ھاياتتا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى قىسقىسى، دۇنياغا ۋە مەئىشەتكە قانداق قاراشنى بىلدۈرىدىغان، پەلسەپىۋىلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك ئىپادىلەردىن تۈزۈلگەن 290 دىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىل، يىراق ئۆتمۈشتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق نورمىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، ئۆرپ ـ ئادەت تۈسىدىكى ئىككى ھېكمەتلىك سۆز كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەدەبىي مىراسلار يالغۇز ئۇيغۇر ـ تۈرك خەلقلىرىنىڭ XI ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى فولكلور ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ تاكى مۇئەللىپ ياشىغان دەۋرگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي باسقۇچتىكى تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، دىن، مىللەت، فولكلور، مائارىپ، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، تەبىئەت قاتارلىق پەن ـ ئىلىملەرنىڭ ياخشى نەمۇنىسىدۇر.

«دىۋان» دىكى ھەر ـ بىر سۆزلەمنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن بېرىلگەن ئەدەبىي پارچىلارنى نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلەر دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

نەسرىي ئەسەرلەر: «دىۋان» دا بېرىلگەن قۇلباق، ئوماي، ئىلاھى دەرەخ قاتارلىق تەڭرى ـ مەبۇدلار تونۇرىسىدىكى ئەپسانىلار، شۇ قاغان، ئارسلان تېكىن، ئىسكەندەر، تۈرك، ئۇيغۇر، ئوغۇز، تۈركمەن، تۇبۇت، چىگىل، 12 مۇچەل قاتارلىقلار تونۇرىسدا، شۇنىڭدەك ئوردۇكەنت، بارچۇق، قازۇن، ئەرتىش، تاشكەنت، بارمان، تابغاچ، تۇڭا، بارسقان قاتارلىق يەر ـ جاي، دەريا ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىم بولۇپ قېلىشى، سۆزلەرنىڭ مەنىسى تونۇرىسىدىكى ھەم يېمەك ـ ئىچمەك، زىبۇ ـ زىننەت، باللار ئويۇنى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنى كۆرستىدۇ.

نەزمىي ئەسەرلەر ئاساسەن «دىۋان» دىكى ئېپىك، لىرىك شېئىرلارنى كۆرستىدۇ. ئېپىك شېئىرلار: ئالىپ ئەرتۇڭا تونۇرىسىدىكى ئېپوس پارچىلىرى بىلەن بىكەچ ئارسلان تېكىن داستانىدىن پارچە، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭغۇتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن شېئىرىي پارچىلار ۋە باشقا داستانلاردىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



پارچىلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. لىرىك شېئىرلار: ئەمگەك، جەڭ، مۇھەببەت، تەبىئەت تەسۋىرىگە ئائىت ناخشا ـ قوشاقلار، ئافراسىياب ۋە باشقا ئىسمى نامەلۇم قەھرىمانغا ئۇقۇلغان مەرسىيە پارچىلىرى، بايرام ۋە مۇراسىم، پەندىنامە قاتارلىقلارغا دائىر قوشاق ـ نەزمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساقنامىلەر، ماقال ـ تەمسىل، هېكمەتلىك سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تەبىئەت تەسۋىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسىگە دائىر پارچىلارمۇ بېرىلگەن.

شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، «دىۋان» دا سۆزلەملەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن بېرىلگەن فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىگى خاقانىيەنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدىكى خەلقلەر (ئۇيغۇرلار)ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، بىر تەرەپتىن، قەدىمكى خاقانىيە خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ تەبىئەت هادىسىلىرىگە ۋە شۇ دەۋر جەمئىيەت تۈزۈمىگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى هەم گۈزەل ئارزۇ ـ ئىنتىلىشلىرىنى ئېنىقلاپ ئۆگىنىشىمىزگە ياردەم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگىنىشىمىزگە مۇناسىپ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر تىلشۇناسىلا ئەمەس، بەلكى مەشھۇر مىللەتشۇناس، فولكلورشۇناس ۋە ئەدەبىيات تەتقى ـ قاتچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيلىك ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانىيەت مۇناسىۋىتىگە هەم روهىيىتىگە، غايىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى سىياسىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىجابىي رولىغا قاراپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىلىم ـ مەرپەت ئۆلچىمى بىلەن كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

«دىۋان» دا بۇ خىل مەدەنىيەت هادىسىسى خەلق ئىچىدە بىر قەدەر كۈچلۈك مىل ـ لىي خۇسۇسىيەت ۋە تەسىرلىك ئەدەبىي پارچىلار، شېئىر ـ قوشاق، ماقال ـ تەمسىل ۋە يازما ئەدەبىيات شەكىللىرى ئارقىلىق ناهايىتى ئىخچام، ئوبرازلىق، جانلىق هالدا ئىپادىلەنگەن.

«دىۋان»دىكى ئەدەبىي مىراسلار سانىنىڭ كۆپلىگى، تارىخىي چىنلىقىنىڭ كۈچلۈكلىگى، مەزمۇنىنىڭ ساپ هەم موللىغى، شەكلىنىڭ رەڭدار، كۆپ خىللىقى بىلەن ئادەمنى هەيران قالدۇرىدۇ.

بۇ ئېسىل ئەدەبىي مىراسلارنى تەهلىل قىلىدىغان بولساق، قىسقىچە تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى چۈشەنمەي قالمايمىز.

1) ئىلىم ـ مەرپەت ۋە مائارىپ ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن ئەدەبىي پارچىلار:

بۇلار يۈكسەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن كۆڭلىگە پۈككەن جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىنسا ـ نىيەت بەخت ـ سائادىتى پەقەت ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىش، ئىلىم ـ مەرپەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەن ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان هەم تەهلىل ۋە تەتقىقات ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان ئىلىم ئەهلىلىرى ئۈچۈن تولىمۇ ئەهمىيەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى كۈچلۈك ئىلھام بېرىدۇ.

مەسىلەن:

▲«قۇت بەلگۈسى بىلىك» (بەخت بەلگىسى بىلىم، «دىۋان» 1 ـ توم، 557 ـ بەت)دەپ، بىلىم بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ بەلگىسى، دۇنيادا ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىن ئارتۇق بەخت ۋە دۆلەت بولمايدۇ، دېگەن ئىلىم ـ مەرپەت ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي هاياتى ۋە ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرىدە ئىلىم ـ بىلىم ۋە مەرپەتنىڭ رولىنى ئالاهىدە گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ، هاياتنى جاهالەت قاراڭغۇلىغىدىن ئاجرىتىپ تۇرغۇچى ۋە يورۇقلۇق هەم ئەقىل گۈلىستانىغا باشلاپ، نىشان كۆرسەتكۈچى مۇھىم ئامىلەتلەرنىڭ بىرى بىلىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر هېس قىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا ياشلارنىڭ جاپاغا چىداپ بىلىم ئىگىلەش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

▲«ئۆلا بولسا يول ئازماس، بىلىك بولسا سۆز يازماس»(بەلگە بولسا يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا سۆزدىن قايماس)، «دىۋان»، 1 ـ توم، 113 ـ بەت) دەپ، چۆل ـ جەزىرىدە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە

بولسا، يولدىن ئېزىپ قالمايدۇ، كىشىدە بىلىم بولسا سۆز ـ ئۇتۇقتا يېڭىلىشمايدۇ، دېگەن مەزمۇن يورۇتۇلۇپ، كىشىلەردە ئىلىم ـ بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت بولغاندا، ھەرقانداق ئىشنى توغرا نىشان بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بولىدىغانلىقىنى مەنتىقىلىقى كۈچلۈك، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىخچام تىل ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

▲«كىچىكىدە قاتتىغلانسا ئۇل غازۇ سەۋۇنۇر»(كىچىكىدە قېتىقىنسا، چوڭ بولغاندا سۆيۈنەر) «دىۋان»، 2 ـ توم، **390** ـ بەت.) دەپ، ئادەم كىچىكىدىن باشلاپ ئائىلىسى ياكى مەكتەپلەردە ئەتراپلىق ياخشى تەربىيىلەنسە، مەۋجۇد ئىلىملەرنى، جۈملىدىن ئۆز ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىمگە تايىنىپ، ئۆزى قىزىقىدىغان پەن ـ تېخنىكىغا ئائىت ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنى جاپاغا چىداپ، تىرىشىپ ئۆگەنسە، چوڭ بولغاندا ياكى بىرەر ئەمەلىي خىزمەت ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغاندا، ھېچقانداق قىينالمايلا، شۇ تەرىقىدىكى پەن ـ تېخنىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىقالايدۇ، ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيدۇ، دېگەننى ئىپادىلىگەن.

▲«كۆزەگۈ ئۇزۇن بولسا ئەلىك كۆيمەس»(كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس، «دىۋان»، **1** ـ توم، **584** ـ بەت.)دەپ، ئىشقا يارايدىغان بالا ـ چاقىلىرى كۆپ ئادەم راھەتتە ياشايدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەدەبىي مىراسلار، **149** ـ بەت)دېگەن مەنىدە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەقىل ـ پاراستىڭ، بىلىم ـ ئىدرىكىڭ كۆپ بولسا، ھەرقانداق قىيىن ئىشنىمۇ پەم ـ پاراسەت بىلەن دەل جايىدا، توغرا قىلالايسەن، ياكى باللىرىنى بىلىم ـ ئىدراكلىق قىلىپ تەربىيىلىگەن ئاتا ـ ئانىلار ئىززەت ـ ھۆرمەت ھەم كۆڭۈللۈك، راھەتتە ئۆتەلەيدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

▲«ئەردەمسىزدىن قۇت چەرتىلۇر» (پەزىلەتسىز ئادەمدىن بەخت كېتىدۇ،«دىۋان»، **2** ـ توم، **332** ـ بەت.) دەپ، ياخشى ئەخلاقىي تەربىيە كۆرمىگەن پەزىلەتسىز نادان ئادەملەر بېشىغا بەخت قۇشى قونسىمۇ، بىلىمسىز، پەزىلەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدىن بەخت ـ سائادەت ھامان كېتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىپ، كىشىلەرنى ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ۋە بىلىملىك ئادەم بولۇشقا ئۈندىگەن. رۇشەنكى، «پەزىلەتلىك» بولۇش ئىلىم ـ بىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلىكنىڭ، ساپالىق بولۇپ يېتىلگەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲«ئەردەم باشى تىل» (ئەدەپ ـ ئەردەمنىڭ بېشى تىل،«دىۋا»،**1** ـ توم، **145** ـ بەت.) دەپ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق كىشى چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئەدەپلىك، ئىلمىي سۆزلەيدىغان كىشى خەلق ئىچىدە ئابروي تاپىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى تىلنى تىزگىنلەش، ئىخچام، مەنىلىك سۆزلەشكە ئۈندىگەن.

مەلۇمكى، تىل — ئىجتىمائىي ھادىسە. شۇنداقلا كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت ئامىلىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئۇ بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي پسىخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. م. قەشقەرىنىڭ «ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ بېشى تىل» دەپ كۆرسەتكىنىدە، ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغۇچى مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى تىل ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش بىلەن بىللە، پەزىلەتلىك جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىردىن ـ بىر ئۆلچىمى ياخشى سۆز ـ ھەرىكەت، دېگەن پىكرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ماھىيەتلىك مەزمۇن قاراخانىيلار مەدەنىيەت مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش، ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ قېلىپلىشىشىدا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى بۈگۈنكى مەنىۋى مەدەنىيلىك ئۆزلۈكسىز تەكىتلىنىۋاتقان كۈندىمۇ يەنىلا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«دىۋان»دىكى يۇقارقى ماقال ـ تەمسىللەر ئەينى دەۋر فولكلورىنىڭ ئېسىل نەمۇنىسى بولۇش بىلەن شۇ دەۋر يازما ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇلاردا قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، پسىخىكىلىق ئېڭى سىڭدۈرۈلگەن، ئىلىم ـ ئىرپان، پەم ـ پاراسەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت گەۋدىلەنگەن. م. قەشقەرى «دىۋان»غا ئەينى دەۋردىكى يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىگە ئائىت دىداكتىكىلىق مەزمۇندىكى ئەدەبىي پارچىلارنىمۇ كىرگۈزگەن بولۇپ، بۇلار ئەينى دەۋردە ئىلغار دەپ تونۇلغان ئىجتىمائىي ئەخلاق نورمىلىرىنى تەشەببۇس ۋە تەرتىپكە سېلىش، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش، تەربىيە

www.uyghurkitap.com



ئۇسۇللىرىنى تەشەببۇس قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ.

▲ «ئالغىل ئۆگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،

بويىدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلىكىڭ ئۇلە» ، «دىۋان»1 ـ توم، 72 ـ بەت) دەپ، ئەي ئوغلۇم، مەندىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت ئال، پەزىلەت تىلە، ئەدەپلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇشقا تىرىش تاكى ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، ئەدەپ ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت تارات دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلىگەن. بۇ بېيىتتا ئالىمنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى مەرىپەت ئىدىيىسى ئىخچام شېئىرىي تىل بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن ۋە ئىلىم بابىدا مۇقامىغا يەتكەن ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ بىلىمگىنى، ئابرۇيىڭنى تار ـ قاتقىن، دېگەن مائارىپ قارىشى ئىپادىلىنىش بىلەن بىلىملىك كىشىلەر ھەممىنى پەرق قىلالايدۇ، ئىلىم ـ بىلىم، پەزىلەت بىلەن ئىنسان ھۆرمەت، ئېتىبارغا ۋە يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولالايدۇ، دېگەن تەرەققىيپەرۋەرلىك قاراش ئالغا سۈرۈلگەن.

▲ «ئەردەم تىلە ئۆگرەنىپەن بولما كۆۋەز،

ئەردەمسىز ئۆگۈنسە ئەڭمە گۇزە ئەڭەر»(«دىۋان» ،1 ـ توم، 335 ـ بەت.) دەپ، پەزىلەت تىلە، ئىلىم ـ ھېكمەت ئىستە، ئۆگىنىش بىلەن مەغرۇرلانما، ئۆگىنىشتىن چېكىنمە، غادايما، بىرەر نەرسىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپلا ئۆزىنى بىلىمدان كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان پەزىلەتسىز كىشى مەغرۇرلانسا، سىناقتا ھۇدۇقۇپ قالىدۇ، دېگەننى ئىپادىلىگەن. بۇ پەندىنامىدىكى ھېكمەتلىك تەرەپ شۇكى، ئىلىملىك بولۇش ـ پەزىلەتلىك بولۇش دېمەكتۇر، پەزىلەتلىك ئادەم بىلىملىك ئادەملەرنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىدۇ، بىلىملىك، پەزىلەتلىك بولۇش ئىنسانغا خاس خىسلەتتۇر، مەغرۇرلىنىش بولسا پەزىلەتسىز ئادەملەرگە خاس بەت پېشىلدۇر، ئۇنداق ئادەملەر رېئال ھايات سىناقلىرىغا جاۋاب بېرەلمەي ھامان مات بولىدۇ، دېگەن ھۆكۈم چىقىرىلىش بىلەن بىللە، جاپالىق ئۆگىنىش، بىلىم ئىگىلەش شەرەپلىك دېگەن ئىلغار ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن.

▲ «بىلگە ئەرىگ ئەزگۈ تۇتۇپ سۆزىن ئەشت،

ئەردەمنى ئۆگرەنىپەن ئىشقا سورا» ،(«دىۋان»1 ـ توم، 558 ـ بەت) دەپ، ئالىمنى ھۆرمەتلەپ سۆزىنى ئاڭلا، پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئىشقا ئاشۇر دېمەكچى بولغان. بۇنىڭ مەنىسىنى سەل كېڭەيتسەك، ئالىم، دانىشمەن، ئاقىل كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل، ئۇلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق، بىلىمنى ئۆگەن، ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئىش يۈزىدە كۆرسەت دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە ئېچىپ بەرمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇن مەيلى ھۆكۈمدار، مەيلى پۇلدار بولسۇن، بىلىملىك كىشىلەرنى قەدىرلەش، ئۇلارنىڭ بىلىم بايلىقىدىن پايدىلىنىش، ئىلىم ـ ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، خەلققە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىش دېگەن مەرىپەت ئىدىيىسى تەشەببۇس قىلىنغان.

▲ «ئوغلۇم ئۆگۈت ئالغىل بىلىمسىزلىك كەتەر،

تالقان كىمىڭ بولسا ئاڭار بەكمەس قاتار»(«دىۋان»1 ـ توم، 574 ـ بەت) دەپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىدىيىسى بار كىشى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەت، پەزىلەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىلىمسىزلىك ـ نادانلىقنى چۆرۈپ تاشلايدىغانلىقى، ئىلىم بابىدا قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن كىشى ئاخىرى ئىلىمدىن شىرنە يىغىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن بولۇپ، بىلىم ئۆگەنگۈچىلەرگە ئىلھام بېرىلگەن.

▲ «ئوغلۇم ساڭا قوزۇرمەن ئەردەم ئۆگۈت خۇمارۇ،

بىلگە ئەرىگ بولۇپ سەن باققىل ئانىڭ تابارۇ»(«دىۋان»، 3 ـ توم، 597 ـ بەت) دەپ، ئوغلۇم، ساڭا ئەدەپ ـ ئەخلاقنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن؛ ئىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەرنى تېپىپ، ئۇلارغا يېقىنلاش، ئۇلاردىن پايدىلان دېمەكچى بولغان. بۇ يەردە، بىلىملىكلەر بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم ئاملى ئىكەنلىكى شېئىرىي تىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇلارنى قەدىرلەپ ئىشلىتىش لازىملىقى چىن مەندىن ئىپادىلەنگەن.

بىلىم ئارقىلىق ئەقىل ـ ئىدرەككە ئىگە بولۇپ، نادانلىقنى تەرك ئېتىش، بىلىملىكلەرنى ئۇلۇغلاش، مەرىپەت ئارقىلىق مەۋجۇد ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىپ، پاراۋان ۋە بەختىيار غايىۋى

جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا ئىزچىللىقتا ئىگە مەزمۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپۋى، مەدەنىيەت، مائارىپ قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدۇر. يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بۇ قارشىمىزنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر.

«دىۋان» سەھىپىسىدە يەنە بىر قىسىم قەدىمكى شېئىر - قوشاقلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇلاردا ئەخلاق - پەزىلەت تىلغا ئېلىنىپ، ئادىل شاھ، بىلىملىك، پەزىلەتلىك بولۇشى كېرەكلىكىدەك غايىۋى مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

ئۆزلەك ئارىغ كەۋرەدى،
يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرادى.
ئەردەم يەمە ساۋرادى،

ئاۋزۇن بەگى چەرتىلۇر.» («دىۋان»3-توم، 55 - بەت.) دەپ، زامان پۈتۈنلەي زەئىپلەشتى، بۇلۇڭ - پۇچقاقتا قالغان يامانلار كۆچەيدى، ياخشى خىسلەتلەر ئازىيىپ كەتتى. چۈنكى، دۇنيا ئەمرى(خاقانى، يەنى ئافراسياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى،) دىمەكچى بولغان . مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان قوشاق ئادالەت ۋە پەزىلەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئافراسياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا)قا بېغىشلانغان مەرسىيە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا پەزىلەت بىلەن پەزىلەتسىزلىك روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ، پەزىلەتسىز يامان ئادەملەر باش كۆتۈرۈپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا، مۇقەررەر ھالدا زامان زەئىپلىشىپ، ئەدەپ - ئەخلاق، مەرپەت، ھەققانىيەت ئاياق ئاستى بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق پارچىلار ئەينى زاماندىكى رېئال ئىجتىمائىي قاراڭغۇ تەرەپنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئېچىپ كۆرسىتىپ، خەلقىنىڭ ئەنە شۇنداق پەزىلەتسىز، نادان، بۇزۇق بەگلەرگە قارىتا ئۆزلىرىنىڭ كۆچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇلار بىزگە زامانىنىڭ گۈللىنىشى - ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق - پەزىلەت، ئىلىم - بىلىم، ھەق - ئادالەت جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن غايىلىك، ئىنسانىي خىسلەتلەرگە باي قەھرىمانلارغا، جۇملىدىن مەنىۋى زەئىپلىكتىن خالىي بولغان، ئىلىم-مەرپەت، ئەخلاقىي - پەزىلەت ئىدىيىسىگە ئىگە پەزىلەتلىك جەمئىيەت كىشىلىرىگە باغلىق ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى، شۇنداقلا ئالەمنىڭ ماھىيىتى ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى بىلىم ئارقىلىق بىلىش مۇمكىنلىگىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئالىمنىڭ ئىلغار مەرپەت قارىشىدۇر. مەدەنىيەت - مائارىپ زاۋاللىق بىلەن نىجادلىق، چېكىنىش بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، نادانلىق بىلەن مەرپەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەشلەر نەتىجىسىدە گۈللىنىدۇ ياكى ھالاك بولىدۇ. بۇ مۇقەررەر ھادىسە. ئارىستوتىل پېداگوگىكا توغرىسىدا: «ئەقلىنىڭ تەرەققىياتى مەرپەتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى، دەپ قارايدۇ.(«چەت ئەل پەيلاسوپلىرى قىسقىچە لۇغىتى»، **1989** - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، **10** - بەت.) ئۇنىڭ بۇ خىل مەرپەت ئىدىيىسى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئالدىن بېرىلگەن بىشارەت ئىدى. مەھمۇت قەشقەرى ئىلىم - بىلىم ئىگىلەش، پەزىلەتلىك بولۇش - ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زور مەنىۋى بايلىقى، ئۇ، ئىنسانلارنى يورۇقلۇققا، بەخت-سائادەتكە باشلايدۇ، دېگەن مەرپەت ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئىلىم - پەن، مائارىپ، مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە زور ھەسسە قوشۇپلا قالماي، ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم - پەن، ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگىمۇ زور ھەسسە قوشقان.

بىلىش كېرەككى، ئىسلامىي ئاڭ -ئىدېلوگىيە بىلەن بىرلەشكەن ئىلىم - پەن - ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زور مەنىۋى بايلىقى. ئۇ يول تاپالماي گاڭگىراپ قالغان ھەرقانداق مىللەت ۋە كىشىلەرگە توغرا نىشان بەلگىلەپ بەرگۈچى كومپاس، زۇلمەت ۋە جاھالەتنىڭ قاراڭغۇ پەردىسىنى كېسىپ تاشلايدىغان ئۆتكۈر بىسلىق شەمشەر ۋە كەلگۈسى كېلەچەككە يېتەكلىگۈچى نۇرلۇق مەشئەلدۇر.

بۇ خىل ئىلىم - مەرپەت ئىدىيىسى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك «دىۋان»دا نۇقتىلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئەمگەكسۆيەر، ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە گۈزەللىك ۋەزنىنى پەقەت ئۇلارنىڭ بىلىملىك، پەزىلەتلىك بولغانلىقى بىلەن ئۆلچەپ، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جىسمى يوقالسىمۇ، نامى ئۆلمەيدىغانلىقىنى «ئەزگۈ ئەر سۆڭۆكى ئەرىر ئاتى قالىر»(ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى چىرەر، نامى قالار)(«داۋان»،3 ـ توم، 502 ـ بەت.)دېگەندەك تەمسىللەر بىلەن چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن ھەم پەزىلەتلىك بولۇشنى، كەمتەرلىك بىلەن بىلىم ئۆگىنىشنى، بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەت بابىدىكى پەزىلىتىنى ئۆلگە قىلىشنى نەسىھەت قىلغان.

مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت قانچىكى ئالدىن تەرەققىي قىلىدىكەن، شۇ ئەل، شۇ مىللەت شۇنچە ئالدىن تەرەققىي قىلىدۇ. كەلگۈسى ئىستىقبال ئۈچۈن پارلاق يول ئاچقىلى بولىدۇ. ئىلىم ـ پەننىڭ سىرى ۋە ئۇنىڭ مىسلىسىز قۇدرىتى تېخى ئىنسانلارغا تولۇق ئايان بولمىغان ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ھاكىممۇتلەقلىقى شارائىتىدا مۇنداق مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان»ى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىمۇ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم ـ مەرىپىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەن.

«دىۋان» يېزىلغان دەۋر قاراخانىيلارنىڭ گۈللەنگەن «ئالتۇن دەۋرى» ئىدى. چۈنكى قاراخانىيلار ئىسلامىي ئۇيغۇنۇشنىڭ تۈرتكىسىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ناھايىتى ساغلام ھالدا تېز تەرەققىي قىلغان ئىدى. ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئەنە شۇنداق ئىسلام مائارىپى تەرەققىي قىلغان مەرىپەتلىك مۇھىت ئىچىدە ياشىدى ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئالىمنىڭ ياراتقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى ـ بىزگە قالدۇرغان ئەبەدىي يادىكارلىغى«دىۋان» XI ـ X ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شۇ دەۋر ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، سەنئىتىنى ۋە تەبىئەت، جەمئىيەت ئىلىملىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېساپلىنىدۇ. بىز پەن ـ تېخنىكا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، بىلىم ئىگىلىگى، يېڭىلىق يارىتىش ما ـ ھىيەتلىك ئورۇنغا ئۆتكەن، مائارىپ يەنىلا پەن ـ تېخنىكا، ئىلىم ـ بىلىم، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە كىشىلەرنىڭ ھەر تەرەپتىكى ساپاسىنىڭ ھەم ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ تېز يېتىشىپ چىقىشىدا ئۇلۇغ ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، بىلىم ئىگىلىگى رىقابىتى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە «دىۋان» سەھىپىسىدە ئىپادىلەنگەن ئىلىم ـ مەرىپەت، پەزىلەت قاراشلىرىغا يەنىمۇ ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى تەۋرەنمەس روھىنى قەتئىي ئۆگىنىپ، بىلىم ئىگىلىگى، يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بېغىشلىشىمىز، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

2) ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ھەربىي تېخنىكا ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار:

بۇ مەلۇماتلاردىن ئايانكى، ئەينى زاماندا تۈركىي قەۋملەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا تۇرمۇش بىلەن ئۇرۇش بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ھەر ـ بىر كىشى ياخشى بىر ئەسكەر بولۇشتەك سالاھىيەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇرۇشقا ۋە ھەربىي تېخنىكىغا زور دەرىجىدە ئېتىبار بەرگەن. شۇ سەۋەبلىك، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان تۈرلۈك ئەسەرلەردە ھەربىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر ۋە بايانلار ئۇچرايدۇ. XI ئەسىردىكى ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان بۈيۈك ئالىملاردىن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىمۇ ئاشۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئەسىردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسقا، ئەمما ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى يورىتىلىشى ئۈچۈن باھاسىز ئىلمىي مىراسلارنى قالدۇرغان. سۆزلەملەرنىڭ مەنىسىنى ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئىلاۋە سۈپىتىدە كۆرسەتكەن ھەدىسلەر، مەنقىبەلەر، مىفلەر، داستانلار، شېئىرلار، ئەدەبىي پارچىلار ۋە ماقال ـ تەمسىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي خارەكتېرى، ھەربىي قىسىملار، ھەربىي قورۇلۇشلار، ئۇرۇش مەشقى، ئۇرۇش تاكتېكىسى، قورال ـ ياراغلار، ئۇنۋان ـ شەرەپ ناملىرى توغرىسىدا مۇھىم مەلۇماتلارنى بەرگەن. «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان ھەربىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلۈكلەرنىڭ سانى **120** گە يېقىنلىشىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى «تۈرك» نامىنى ئىزاھلىغاندا، تەڭرىنىڭ «تۈرك» دەيدىغان بىر قوشۇننىڭ بارلىقى ۋە قايسى قەۋمگە غەزەپلەنسە تۈركلەرنى شۇ قەۋمنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىپ جازالايدىغانلىقى ھەققىدىكى بىر ھەدىسنى نەقىل ئېلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا كۈچلۈك ھەربىي مىللەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى تىلغا ئالغان(1). ئۆزىنىڭمۇ ماھىر بىر ئەسكەر ئىكەنلىگىنى يوشۇرمىغان مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇش ماھارىتىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئىكەنلىگىنى بىلدۈرگەن. ئۇ «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا مۇنداق دېگەن: «زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئىلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ئىنان خۇزخۇرەند — بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ»(2).

بۈيۈك ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرى مەنقىبە ماھىيىتىدە چۈشەندۈرگەن بۇ بايانلىرىدا ئۇيغۇر نامىنىڭ «باھادىر»، «ئات مىنىشكە ۋە ئۇرۇش قىلىشقا ئۇستا»، «ھېچ كىمگە چېقىلمايدىغان» دېگەن مەنىلەردە كەلگەنلىگىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، بۇنى تارىختا بۈيۈك ئىستېلاچى سۈپىتىدە تونۇلغان زۇلقەرنەيننىڭ تىلىدىن بېرىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىق ھەربىي ماھارىتىگە ھەر قانداق بىر يات مىللەتنىڭ تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلغان. ھەقىقەتەن، ئۇيغۇر ئاتلىقلىرى تۈزلەڭ يەرلەردە ناھايىتى ئاسان ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، تاغلارنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، ۋادىلارنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە شۇڭغۇپ كىرگەندىمۇ ئاشۇ خىل شەكىلدە ھەرىكەت قىلىپ، ھەر تەرەپكە ناھايىتى ئۇستۇن ماھارەت بىلەن ئوق ئاتاتتى.

تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئۇرۇشتا ئۇستۇنلۇك قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى، يېنىك، ئىشلىتىشكە قولايلىق قوراللار بىلەن قوراللىنىشى ئىدى. خەنزۇچە مەنبەلەر- دە ئۇلارنىڭ تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قوراللارنى ئەركىن قوللىنىدىغانلىقى، تۆت تەرەپتىكى نىشانغا دەل تەككۈزىدىغانلىقى يېزىلغان. ھەقىقەتەن، ئوق، يا، قىلىچ، خەنجەر، نەيزە، سالغا، قالقان، ساۋۇت، دوبۇلغا قاتارلىقلار تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئاساسلىق قوراللىرى ئىدى. مەھمۇت قەشقەرى بۇ قوراللارنىڭ XI ئەسىردىكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە كەڭ مەلۇمات بېرىش ئارقىلىق، بۇ ھەقتە خەنزۇچە مەنبەلەردە تارقاق ھالەتتە ئۇچرايدىغان مەلۇماتلارنى تولۇقلىغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، قاراخانىيلاردا يەنە گۈرزە، قىلىچ قامچا، پالتا، چوماق ۋە ساپان قاتارلىق قوراللارمۇ ئۇرۇشتا قوللىنىلغان.

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان قوراللارنىڭ ماتېرىياللىرى، قۇرۇلمىسى، تۈرلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلارنى بېرىش بىلەن بىرگە يەنە قوراللىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىمۇ كۆرسەتكەن. مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلاردا ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى ھەممە كىشى زۆرۈر قوراللارنى ئۆزى تەييارلايتتى. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە، مەخسۇس قورال ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان گۇرۇھلارمۇ مەيدانغا كەلگەن. بۇ خۇسۇس «دىۋان»دىن ئېنىق مەلۇم بولغىنىدەك، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلاندى.

ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن، ئۆتكۈر قوراللار بىلەن بىللە ئاتنىڭ تېزلىگىدىن پەيدا بولغان قاتناش ئۇستۇنلىگى تۈركىي قەۋملەر ھەربىي تېخنىلوگىيەسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەش تۈركىي قەۋملەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. تۈركىي قەۋملەر ئاتلىق يىراق مەملىكەتلەرگە قىسقا ۋاقىتتىلا يېتىپ بېرىپ دۈشمەنلەرگە زەربە بېرەتتى ھەم شۇنداق تېز سۈرئەتتە چېكىنەتتى. ھەقىقەتەن، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەلۇمات بەرگىنىدەك، ئات تۈركىي قەۋملەرگە قانات بولغان ئىدى. بۇ قانات سايىسىدە نۇرغۇن يەرلەر ئۇلارنىڭ ئىلگە ئايلانغان، شۇ ۋەجىدىن، تۈركىي تىلدا ئات «ئىل» دېگەن ئىسىم بىلەنمۇ ئاتالغان ئىدى(3).

«دىۋان»دا بۇ خىل ماقال-تەمسىل ۋە تېرمىنلار تىلغا ئېلىنىش ئارقىلىق، ئاتنىڭ تۈركىي قەۋملەرنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىسىدىكى ۋە ھەربىي ئىشلار تارىخىدىكى رولى كۆرسىتىلگەن.

«دىۋان»دا ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ قانداق قىسملاردىن تۈزۈلگەنلىكى ھەققىدە توۋەندىكىدەك كىچىك قىسملاردىن سۆز ئېچىلىدۇ:

ياتغاق ــ قاراۋۇل، كۆزەتچى. خاقاننى، قورغاننى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىمۇ ھاپىزەت قىلغۇچى(4)؛ يەلىملەر ــ قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ئەڭ كىچىك بىر چارلىغۇچى قىسىم(5)؛ يەزەك ــ قوشۇننىڭ ئالدىدا يۈرگۈچى چارلىغۇچى قىسىم، ئاۋانگارت ئەترەت (6)؛ يورتۇغ ــ ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا خاقاننى قوغداپ ماڭغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر ياكى خاقاننىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن ھەمرالىرى(7)؛ تۇتغاق ــ تىل تۇتقۇچى. كېچىسى دۈشمەننىڭ كۆزەتچىلىرى بىلەن ئالدىنقى ئايغاقچىلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئاتلىق قىسىم(8).

تۈركىي قەۋملەردىكى ھەربىي ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، چوڭ ئۇرۇشقا ئاتلانغان قوشۇنغا ھۆكۈمدارنىڭ باشچىلىق قىلىشى ئىدى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئۇرۇشقا چىققان بىر قوشۇننىڭ مەلۇم مەزگىل تۇرۇش ئۈچۈن قارارگاھ قۇرغان يەرلىرى «توي» دەپ ئاتىلاتتى. خاقاننىڭ قۇرغان قارارگاھى بولسا «خان توي» دەپ ئاتىلاتتى(9). خاقان تەرىپىدىن قوشۇن توپلاش ۋە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن، چارلاش ئېلىپ بېرىلاتتى. مۇھىم يوللار توسىلاتتى.بۇ ۋاقىتتا باش قوماندان كېچىلىك چارلاش ئېلىپ بارىدىغان ئەسكەرلەرگە قورال ياكى قۇشلارنىڭ ئىسمىدىن بىرىنى مەخپىي بەلگە ، پارول قىلىپ بېكىتىپ بېرەتتى. «ئىم» دەپ ئاتالغان بۇ پارول ئىككى تۈركۈم ئەسكەر ئۇچراشقاندا بىر- بىرىنى تونۇشقا ۋە ئۇقۇشماي ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا خىزمەت قىلاتتى.كېچىسى ئىككى كىشى ئۇچراشقاندا، بىرى يەنە بىرىدىن مەخپىي بەلگە سورايتتى. سورالغان كىشى مەخپىي بەلگىنى بىلسە، ئۆز كىشىسى ھېساپلىناتتى،بىلمىسە ھۇجۇمغا ئۇچرايتتى(10). شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن، تىل (جاسۇس) تۇتۇشمۇ بۇ قىسمىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىدى(11).

ئۇرۇش تۈركىي قەۋملەردە ھەر بىر كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل بولغاچقا، قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە تەييار تۇرغان ئەسكەرلەر باتۇرلۇق بەلگىسى سۈپىتىدە «باتراق» دەپ ئاتالغان ۋە ئۇچىغا بىر پارچە يىپەك رەخت چىگىلگەن نەيزە قوللىناتتى. ئۇرۇش كۈنلىرى ئەسكەرلەر شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تونۇتاتتى(12). ئۇنىڭدىن باشقا «بەچكەم» دەپ ئاتالغان بىر ئۇرۇش بەلگىسىمۇ بار ئىدى. بۇ يىپەكتىن ياكى قوتاز قۇيرىقىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇرۇش كۈنلىرى ئەسكەرلەر ئۇنى تاقىۋالاتتى. قاراخانىيلار بىلەن قوچۇ خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر شېئىردا: «بەچكەم ئۇرۇپ ئاتلارىكا» (ئاتلارغا بەلگە تاقاپ) دېيىلگىنىگە قارىغاندا،بۇنىڭ ئومۇمەن ئاتلارغا تاقىلىدىغان بىر خىل بەلگە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ(13). مەھمۇد كاشغەرىي ئات قۇيرىقىنى تۈگۈشنىڭمۇ قەھرىمانلىق ۋە ئۇرۇش بەلگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت ئىدى(14). يەنە ھۇنلار دەۋرىدىن بېرى تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا قوللىنىلىپ كەلگەن ئوتاغ قۇرۇش، تۇغ تىكىش بىلەن بىللە نۆۋبەت دۇمبىغى ۋە بۇرغا چېلىش ئارقىلىق ئۇرۇش باشلاش ئۇسۇلىنىڭ XI ئەسىرگە قەدەر ئەينەن داۋاملاشقانلىقىنى يەنە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدىن بىلىمىز. ئۇ، «ئال» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا، ئۇنى خانلارغا بايراق قىلىشقا، ئەمەلدارلار ئىگەر قاپلاشقا ئىشلى-تىدىغان ھال رەڭ يىپەك رەخت، دەپ چۈشەندۈرگەن(15). بىر شېئىردا قىزىل رەڭلىك بايراقنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى يېزىلغان(16). بۇنىڭ ماھىيىتىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياردىمى بىلەن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇياش ئۆرلىدى، قوپتى يەردىن توزان، توققۇز رەڭدە ھال تۇغ يېقىنلاپ ھامان»(17) دەپ يازىدۇ. ئۇرۇش بەلگىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدىغان ۋە ھۆكۈمدارلارغا خاس بولغان بۇ قىزىل بايراقنى ئۇرۇش باشلانغاندا، ئاۋانگارت قىسمىدىكى بايراقدار كۆتۈرۈپ ماڭاتتى.

مەلۇم بولغىنىدەك، تېز ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى تۈرك ـ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىگى ئىدى. شۇ سەۋەپلىك، خىتايچە مەنبەلەردە ئۇرۇشقا ئاتلانغان ھۇن، كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكىتى چاقماقنىڭ چېقىشىغا، قۇشلارنىڭ ئۇچىشىغا ۋەكەلكۈننىڭ ئېقىشىغا ئوخشىتىلغان (18). بۇ خىل ئوخشىتىشلار ئورخۇن ئابىدىلىرىدىمۇ كۆرۈلگىنىدەك، «دىۋان»دىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. «دىۋان»دىمۇ كۆرسىتىلگىنىدەك، قەدىمكى تۈركچىدە قوشۇننىڭ «سۇ» دەپ ئاتىلىشى ۋە كېچىسى دۈشمەننىڭ ئۈستىگە بېسىپ كىرىدىغان قوشۇننىڭ «ئاقىنچۇ» دەپ ئاتىلىشى تۈركىي قەۋملەر قوشۇنىنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتىگە قاراپ قويۇلغان نام بولسا كېرەك (19). شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش، بۆكتۈرمە قۇرۇش، يالغان چېكىنىش ئارقىلىق دۈشمەن قوشۇننى قورشاۋغا ئېلىش، ۋارقىراش ۋە شاۋقۇن ـ سۈرەن چىقىرىش ئارقىلىق دۈشمەن قوشۇننى روھىي جەھەتتىن قورقىتىش قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش تاكتىكىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى. كۈنىمىزنىڭ تارىخچىلىرى تەرىپىدىن «تۇران تاكتىـ ـكىسى»، «بۆرە ئويۇنى» ياكى «غاز تاپىنى» دەپ ئاتالغان بۇ تاكتىكىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تولۇق تەتبىقلانغانلىقى «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن شېئىر ـ لاردىن مەلۇم بولماقتا. تۆۋەندىكى شېئىرلار بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆرنىگى ھېساپلىنىدۇ:

ئاتلارغا بەلگە تاقاپ
ئۇيغۇر (ئىلى)دىكى تاتلارغا،
ئوغرى ياۋۇز، ئىتلارغا (قاراپ)،
خۇددى قۇشلاردەك ئۇچتۇق(20).

كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق،
بۇتخاننى يىقتتۇق،
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق(21).

تۈن بىلەن باستۇق،
ھەر تەرەپتىن بۆكتۈرمە قۇردۇق،
ئاتلىرىنىڭ كۆكىلىرىنى كەستۇق،
مىڭلاق ئەرلىرىنى سويدۇق (22).

قىقراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان ـ نەيزە ئۇرايلى،
قايناپ يەنە يۇمۇشايلى،
قاتتىق يىغا بوشىسۇن(23).

(ئات) قۇيرۇغىنى قاتتىق تۈگدۇق،
تەڭرىگە كۆپ ھەمدۇ ـ سانا ئېيتتۇق،
ئاتنى دېۋىتىپ تەگدۇق (ھۇجۇم قىلدۇق)،

ئالداپ يەنە قاچتۇق(24).

چۆرىسىنى ئۆلىشىپ قورشايلى،
ئاتتىن چۈشۈپ يۈگرەيلى،
ئارسلاندەك ھۆكۈرەيلى،
كۈچى شۇنىڭ بىلەن ئاجىزلاشسۇن(25).

تۈركىي قەۋملەرنىڭ قوشۇنلىرى ئومۇمەن ئاتلىق ئەسكەرلەردىن تەشكىللىنەتتى، ئاز ساندا پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى قۇرۇلاتتى. قوشۇننىڭ كۈچىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، زاپاس قوشۇن ئايرىش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان ئىدى. بۇ خىل قوشۇن تەشكىللەش ئۇسۇلىغا XI ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بەكلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى يەنە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدىن كۆرۈمىز. مەسىلەن، «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان «ياداغ» سۆزى «پىيادە ئەسكەر» مەنىسىدە كەلگىنىدەك، «يەتۈت» سۆزى ئۇرۇشتا ئېھتىياج كۆرۈلگەندە ئەۋەتىلىدىغان «زاپاس قىسىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن(26). شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۈركىي قوۋملەردە يۇرۇشكە چىققان ھەر بىر ئەسكەرنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ئات ئېلىپ مېڭىشى شەرت ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان بىر خەنزۇ شائىرى بەش مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر ئەسكىرىدە ئون مىڭ ئاتنىڭ بارلىغىنى يازغان(27). مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، خاننىڭ يېنىدىكى زاپاس ئات «قوش ئات» دەپ ئاتىلاتتى(28). مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا «قوشلاندى» سۆزىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىزاھلىغاندا: «ئادەم ئۆزگە يەنە بىر ئات ياندىۋالدى»(29) دەپ يازغان. بۇنىڭدىن XI ئەسىردە ئۇرۇش بولغاندا ئەسكەرلەرنىڭ زاپاس ئات ئېلىپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

تۈركىي قەۋملەر مىللەت ۋە ۋەتەن يولىدا ھەرقانداق بىر تەھلىكىگە كۆكرەپ كىرىپ ئوتتۇرىغا چىقاتتى، ھەتتا بۇ يولدا ئۇرۇش مەيدانىدا جان بېرىشنى بىر خىل ئىدىئال ھايات دەپ قارايتتى، بۇنىڭدىن غورۇر ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ھېس قىلاتتى. قىز ـ ئاياللارمۇ مۇشۇنداق روھقا ئىگە ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە نوپۇزى ناھايىتى ئۈستۈن بولاتتى. مىللەت ئەزالىرى ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەيتتى، يەنى ھەيكەل، بالبال تىكلەش، قەۋرىسىنىڭ بېشىغا خاتىرە ئۆي سېلىپ، ئۇنىڭ تاملىرىغا قەھرىمانىنىڭ ئۇرۇش قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەش، ئابىدە تىكلەپ ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىنى خاتىرىلەش، ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ قوشاق ۋە داستانلارنى ئىجاد قىلىپ ئېيتىش ئارقىلىق، ئەدەبىيلىك سالاھىيەت بېرىشكە تىرىشاتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئەسكەرلەرنى مۇكاپاتلاش، ئۇنۋان ۋە شەرەپ نامى بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھەربىي ساھەدىكى ئورنىنى بېكىتىش ۋە جەمئىيەتتىكى قەدرىنى ئۈستۈرۈش ـ ھۆكۈمدار ۋە قوماندانلارنىڭ مۇھىم ھەربىي ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىدى. «دىۋان»دا بۇنداق ناملاردىن بىر قانچىسى ئۇچرايدۇ. بۇلار:

ئالپ — باتۇر،قەھرىمان(30). ئاتىم ئەر — ئاتقۇچى ئەر، ئوق ئېتىشقا ئۇستا ئەر(31). ئالپاغۇت — يېڭىلمەس،قەھرىمان، تاغ يۈرەك باتۇر(32). كۈر ئەر — جەسۇر ئەر(33). لاچىن — بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. باتۇر يىگىتلەرمۇ لاچىن دېيىلىدۇ(34). سۆكمەن — باتۇرلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋانلاردىن بىرى. مەنىسى «ئۇرۇشلاردا سەپلەرنى يارغۇچى قىران كىشى» دېگەنلىكتۇر(35). بۇلاردىن باشقا، مەھمۇت قەشقەرى ھەربىي ئۇنۋانلاردىن بىرى سۈپىتىدە «چاۋۇش» دېگەن نامنىمۇ تىلغا ئالغان. ئۇ ئۇرۇشلاردا سەپلەرنى تۈزەيدىغان، ئۇرۇش قىلمىغان چاغلاردا ئەسكەرلەرنى خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن چەكلەيدىغان ئوفىتسېر ئىدى(36).

مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەۋملەرنىڭ ھەربىي ئىشلار مەدەنىيىتى ھەققىدە بۇ قەدەر قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ھەربىي تەۋسىيىلىرىنىمۇ بىلدۈرگەن. مەسىلەن، تەھلىكە كۆرۈلگەن ھامان ئۇرۇش قىلىش، دۈشمەننى زادىلا سەل چاغلىماسلىق، دۈشمەندىن بۇرۇن ھەرىكەتكە ئۆتۈش، دۈشمەنگە ئۆتكۈر كۆز بىلەن نەزەر سېلىش، قاتتىق ئۇرۇشۇش ۋە زادىلا قورقۇنچ تۇيغۇسىدا بولماسلىق قاتارلىق پىكىرلەر ئۇنىڭ خاس چۈشەنچىلىرىگە مەنسۇپ ئىدى.

قىسقىسى، تارىختىكى ئۇيغۇر ئۆلۈغلىرىدىن بىرى بولغان مەھمۇت قەشقەرى يالغۇز تۈركولوگىيەنىڭ ئاساسىنى قۇرغان بىر تىلشۇناس ئەمەس، بەلكى ھەربىي ئىشلار توغرۇلۇقمۇ سۆز ئېچىش ئارقىلىق، قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ھەممە تەرىپى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەلۇمات بېرىشكە تىرىشقان ئېنسىكلوپېدىك ئالىمدۇر. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇشۇ دەۋرنى يورۇتۇشقا تىرىشقان ھەر قانداق ئالىم ئۆزى قولغا ئالغان ھەر قانداق بىر تېمىدا ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇردۇر. مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە كۆرسىتىپ بەرگەن ئالىم. شۇ سەۋەبلىك، ئۇنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىنىڭ نۇرى ئاستىدا بۈيۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ خاراكتېرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

باشقا يەنە كۆپلىگەن مەزمۇنلار بار بولۇپ، ئۇلارنى مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ «دىۋان»نى كۆرۈپ «بىۋاستە ھەزىم قىلىش» ئاساسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىۋېلىشىغا قالدۇرىمەن.

ئىزاھلار :

(1) «دىۋان»، 1 ـ توم، 456 ـ بەت.
(2) «دىۋان»، 1 ـ توم، 151 ـ بەت.
(3) «دىۋان»، 1 ـ توم، 67 ـ، 68 ـ بەتلەر.
(4) «دىۋان»، 3 ـ توم، 55 ـ بەت.

(5) «دىۋان»، 3 ـ توم، 469 ـ بەت.
(6) «دىۋان»، 3 ـ توم، 169 ـ بەت.
(7)«دىۋان»، 3 ـ توم، 55 ـ بەت.
(8) «دىۋان»، 1 ـ توم، 611 ـ بەت.
(9) «دىۋان»، 3 ـ توم، 192 ـ بەت.
(10) «دىۋان»، 1 ـ توم، 54 ـ بەت.
(11) «دىۋان»،3 ـ توم، 184 ـ بەت.
(12) «دىۋان»، 1 ـ توم، 607 ـ بەت.
(13) «دىۋان»، 1 ـ توم، 630 ـ بەت.
(14) رىشات گەنچ، يۇقىرىقى ئەسەر، 305 ـ بەت.
(15) «دىۋان»، 1 ـ توم، 111 ـ بەت.
(16) «دىۋان»، 3 ـ توم، 254 ـ بەت.
(17) يۈسۈپ خاس هاجىپ : «قۇتادغۇ بىلىك»(4893 ـ بېيىت)، 1009 ـ بەت.
(18) بەنگۇ : «خەننامە»، ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 290 ـ ، 314 ـ ، 691 ـ بەتلەر. لى يەنشۇ : «شىمالىي سۇلالىلەرتارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 571 ـ بەت. «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى»(كۆكتۈرك» ماددىسى)، توم، مىللىي مائارىپ نەشرىياتى، 1975 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 268 ـ بەت. سەنجەردىۋىتچى ئوغلۇ : «كۆكتۈركلەر»، ئىستانبۇل : ئادا نەشرىياتى، 1987 ـ يىلتۈركچە نەشرى، 206 ـ بەت.
(19) «دىۋان»، 3 ـ توم، 288 ـ بەت.
(20) «دىۋان»، 1 ـ توم، 630 ـ بەت.
(21) «دىۋان»، 1 ـ توم، 448 ـ بەت.
(22) «دىۋان»، 1 ـ توم، 565 ـ بەت.
(23) «دىۋان»،1 ـ توم، 574 ـ بەت.
(24) «دىۋان»، 1 ـ توم، 617 ـ بەت.
(25) «دىۋان»، 2 ـ توم، 194 ـ بەت.
(26) ئابدۇلقادىر دونۇك، يۇقىرىقى ئەسەر، 107 ـ ،109 ـ بەتلەر.
(27) ب . ئۆگەل :«ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقىتۈرك كۈلتۈر تارىخى» ئەنقەرە : تۈرك تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى تۈركچەنەشرى، 366 ـ بەت.
(28) «دىۋان»، 3 ـ توم، 174 ـ بەت.
(29) «دىۋان»، 2 ـ توم، 367 ـ بەت.
(30) «دىۋان»، 1 ـ توم، 58 ـ بەت.
(31) «دىۋان»، 1 ـ توم، 102 ـ بەت.
(32) «دىۋان»، 1 ـ توم، 195 ـ بەت.
(33) «دىۋان»، 1 ـ توم، 425 ـ بەت.
(34) «دىۋان»، 1 ـ توم، 533 ـ بەت.
(35) «دىۋان»، 1 ـ توم، 578 ـ بەت.
(36) «دىۋان»، 1 ـ توم، 477 ـ بەت.

**ئاخىردا ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىر ـ قوشاقلارنى هۆرمەت بىلەن سۇنىمەن:**

كەلدى ماڭا تات،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېيتتىم ئەمدى يات،
قۇشقا بولۇپ ئەت،
سېنى تىلەر ئۇس بورى.

(ماڭا بىر كاپىر ئۇيغۇر هۇجۇم قىلىپ كەلدى،مەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم؛قۇش بۆرىلەرگە يەم بولسۇن دەپ ئۇنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتىم.)

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟
يامان دۇنيا قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.(59 ـ بەت)
(خاقان ئافراسىياپ ئۆلدىمۇ؟بۇ ئاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ،يۈرەكلەپ پارا ـ پارا بولماقتا.)

ئۆچ ـ كەكنى هەممە كىشىنىڭ باشقىلار ئۈستىدىكى ئېلىمى (دەپ)بىل،
ياخشىلىقنى قولۇڭدىن كېلىشىچە كۆپ قىل.(61 ـ بەت)
(ئۆچ ـ ئاداۋەت دېگەن تەلەپ قىلىپ ئېلىنىدىغان قەرىزگە ئوخشايدۇ،ئۇنىڭدىن كەچ؛شۇنى بىلىپ چەتتىن كېلىپ قالغانلارغا ۋە مۇساپىرلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل.)

كۆركەم تونىنى ئۆزۈڭگە( قالدۇر)،
تاتلىق ئاشنى ئۆزگىگە،
مېھماننى ئىززەتلە،
داڭقىڭنى ئەلگە يايسۇن.(64 ـ بەت)
(كۆركەم چىرايلىق تونۇڭنى ئۆزۈڭ كىي،تاتلىق ئېشىڭنى باشقىلارغا بەر،مېھماننى ئىززەتلە،شۆھرىتىڭنى هەممىگە يايسۇن.)

كۆزۈمنىڭ يورۇقى كەتتى،
جېنىمنى ئالدى،
ئۇ قەيەردە بولغاي،
ئەمدى ئۇيقۇدىن ئويغىتار.(65 ـ بەت)
(كۆز نۇرۇم(سۆيگەن يارىم)كەتتى،ئۇ مېنىڭ روھىمنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ قەيەرلەردىكىن؟(ئۇنىڭ پىراقىدىن)كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.)

ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتتۈردۈم،
هەمرىيىنىمۇ قاچۇردۇم،
ئۆلۈم زەھرىنى ئىچۈردۈم،
تەرى تۈرۈلۈپ ئىچتى.(66 ـ بەت)
(ئۇنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئىشىنى تۈگەتتىم،هەمرىيىنىمۇ قاچۇردۇم،ئۇنىڭغا ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچۈردۈم،ئۇ تەرىنى تۈرۈپ ئىچتى.

(يېنىدا ئېگىر ساقلىغان ئادەم قورساق ئاغرىغىدىن ئۆلمەيدۇ،چۈنكى قورساق ئاغرىقىغا دۇچار بولغان ئادەم

ئۇۋلار مېنى خۇمار كۆز،
قارا خاللىق قىزىل يۈز،
تامار ئاندىن تۈگەل ئۈز،
ئۇۋلاپ يەنە ئاڭ قاچار.(82 ـ بەت)
(قارا مەڭلىك قىزىل يۈزلىرىدىن گۈزەللىك تېمىپ تۇرىدىغان خۇمار كۆز مېنى ئەسىر قىلىدۇ،ئەسىر قىلىدۇ ـ دە،يەنە قېچىپ كېتىدۇ.)

ئۇلۇغلۇققا ئېرىشسەڭ،ياخشى قىلىقلىق بول،
بەگلەرنىڭ قېشىدا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغۇچى بول.(87 ـ بەت)
(مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغلۇققا ئېرىشكەن ھامان خۇلقۇڭنى تېخىمۇ ياخشىلا،بەگلەر ئالدىدا باشقىلار ئۈچۈن دائىم ياخشىلىق قىلغۇچى كىشى بول.)

قايغۇ ماڭا توپلاندى،
كۆڭلۈم ئۇنىڭغا تەلپۈندى،
يۈزۈم مېنىڭ سارغىيار،(94 ـ بەت)
(يارغا بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىم مېنى ھاياجانغا سالدى،قايغۇ ـ ئەلەملەر ماڭا توپلاندى، كۆڭلۈم ھەمىشە يارغا ئىنتىلىدۇ، شۇڭا مېنىڭ يۈزۈم سارغايماقتا.)

ئېدىل(ۋولگا) سۈيى ئېقىپ تۇرار،
قىيالارنىڭ تۈۋىگە سوقۇپ تۇرار،
بېلىق،پاقا تولۇپ تۇرار،
كۆلچەك تېخى تېشىپ تۇرار.(100 ـ بەت)
(ئېدىل دەرياسى تاغا قىيالىرىغا ئۇرۇلۇپ ئاقماقتا،دەريا سۈيىنىڭ تېشىشىدىن پەيدا بولغان كۆلچەكلەردە بېلىق ۋە پاقىلار كۆپەيمەكتە.)

كۆرۈپ نېچۈك قاچىمىدىڭ،
يامار سۈيىن كەچمىدىڭ،
تاۋىرىڭنى چاچمىدىڭ،
يېسۈن سېنى يال بۆرە.(109 ـ بەت)
(يېڭىلىپ تۇتقۇن قىلىنغان كىشىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ:مېنى كۆرۈپلا نېمىشقا قاچمىدىڭ؟ نېمىشقا يامار سۈيىنى كەچمىدىڭ؟ نېمىشقا ماللىرىڭنى چېچىۋېتىپ،جېنىڭنى قۇتۇلدۇر ـ مىدىڭ؟ئەمدى سېنى سىرتلان يېسۇن.)

قىشقا راسلان كېلىش بىلەن قۇتلۇق ياز،
تۈن ـ كۈن كېچىپ تۈگەيدۇ زامان بىلەن ئاي.(112 ـ بەت)
(قۇتلۇق ياز كېلىشى بىلەنلا قىشقا تەييارلىق قىل،چۈنكى كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاي ۋە زامانمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.)

مېھمان كەلسە،قۇت دەپ بىلەر ئەرلەر كەتتى،
قارا كۆرسە،ئۆيىنى چۈۋار پەسلەر قالدى.(115 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(بىر مېھمان كەلسە،ئۇنى بەخت ۋە دۆلەت دەپ بىلىدىغان ئەرلەر ئۆلۈپ كەتتى. چۆلدىكى بىر قارىنى كۆرسە،مېھمان كېلىپ قالمسۇن دەپ كىگىز ئۆينى چۇۇۇيدىغان ئەسكىلەر قالدى.)

تاۋار ئۇچۇن تەڭرىنى يادىغا كەلتۈرمەي،

ئۇرۇق-تۇققىنىنىڭ ئوغلىنى راستىنلا بوغىدۇ.(116-بەت)

قېرىنداشلار ئارىسىدىكى رەھىمسىزلىكنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: «مال ۋە دۇنيا ئۇچۇن تەڭرىدىن تەپ تارتماي،بىر تۇغقانىنىڭ بالىسىنمۇ بوغىۋېتىدۇ.

ئۆتمۈشتە(شۇنداق)ئادەملەر بار ئىدى،

(ئۇلار)تاغدەك بىلىملىك،پەزىلەت ئىگىلىرى ئىدى،

(ئۇلار)نۇرغۇن ئۆگۈت-نەسىھەتلەرنى ئېيتتى،

ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆڭلۈم ئېچىلىپ كېتىدۇ.(120-بەت)

(بۇرۇنقى زامانلاردا ئىلىم،ھېكمەت ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى بار ئىدى.ئۇلار جىق ئۆگۈت-نەسىھەتلەرنى ئېيتقان ئىدى.بۇ ئۆگۈت-نەسىھەتلەرنى ئەسلىسەم،كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ.

(ساڭا) يوقسۇل بىر مېھمان ھاجىتى چۈشۈپ كېلىپ قالسا، تەييار بولغان ئاشنى (ئالدىغا) كەلتۈر،ئۇنى كۈتتۈرمە.(124-بەت)

(ھالى پەرىشان،كۆڭلى يېرىم بىر مۇساپىر كەلگىندە،تەييار بولغان تامىقىڭنى دەرھال ئالدىغا قوي،كېچىكتۈرمە.)

ئۇنىڭغا ئېيتتىم: سۆيۈملۈكۈم، بىزنىڭ تەرەپكە كەڭ يېزىق ۋە ئېگىز-بۈيۈك قىرلارنى كېچىپ قانداقمۇ ( كەلگەنسەن)؟(126-بەت)

(سۆيگىنىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:ئەي سۆيۈملۈكۈم،شۇنچە كەڭ داللارنى كېزىپ،ئېگىز تاغلاردىن ئېشىپ بىز تەرەپكە قانداق كەلدىڭ؟)

باھار كېتىش بىلەن ئەگۈز( سۇلار)، كەلكۈن ئېقىن بولۇپ ئاقتى.

يورۇق تۇلتۇز تۇغدى، سۆزۈمنى كۆلمەستىن ئاڭلا.(130-بەت)

(ئەتىياز تېگى يورىدى،مۇزلار ئېرىپ قاتتىق سەلدەك ئاقتى،تاڭ يۇلتۇزى نۇر چېچىپ چىقتى، ئاجايىپ سۆزۈمنى كۈلمەستىن ئاڭلا.)

ئۆرىق بېشى غاز (بوينى)غا ئوخشاپ(تۇرماقتا)،

ساغەر تولۇپ كۆزگە ئوخشاپ(تۇرماقتا)،

قايغۇنى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىپ،

كېچە-كۈندۈز سۆيۈنەيلى.(136-بەت)

ئۆرىقنىڭ بېشى خۇددى غاز بويىنىدەك تىك تۇرماقتا،ساغەرلەر خۇددى كۆز چانىقىدەك مەيگە تولدى.قايغۇ-ھەسرەتنى چۆرۈۋېتىپ،كېچە-كۈندۈز كۆڭۈل ئاچايلى.

ھيلىگەر،پەس(كىشى)يۈزگە ئوغرىلارچە قارايدۇ،

مۇساپىرنى قوغلاپ،بەرگەن ئاشنى باشقا قاقىدۇ.(138-بەت)

(مېھمانلارغا ئوغرىلارچە قارايدىغان ھيلىگەر،پەسكەش ئادەملەر قالدى؛ئۇلار مۇساپىرغا بەرگەن ئاشنى

مىننەت قىلىپ باشقا ئاتىدۇ.)

زامان پۈتۈنلەي ئاينىدى، پەزىلەت تامامەن سىيرەكلەشتى،
بولۇمسىز ـ ياۋۇز(كىشىلەر)تەۋرىدى، پەزىلەت بىگى يوقىلىپ.(139 ـ بەت)
(زامان زەئىپلەندى،پەزىلەت ئازايدى،بۇزۇق،يامان ئادەملەر باش كۆتۈردى،پەزىلەت بىگى يەنى خاقان ئافراسىياپ ئۆلگەنلىگى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.)

(ساڭا بىر)كىشى كەلسە،ئۇنىڭ(يۈزى)گە ئۆرتەيدىغان كۆل چاچما،ئۇنى ئوچۇق چىراي بىلەن ياخشى كۈتىۋال.(174 ـ بەت)
(ساڭا بىر كىشى كۈلۈمسىرەپ كەلسە،ئۇنىڭ يۈزىگە ئىسسىق كۈل چاچما،ئۇنى ئوچۇق چىراي بىلەن ياخشى كۈتىۋال.)

تۈلپارىم يۈگرۈك بولدى،
يۈگرۈك بولۇشنى مۇناسىپ كۆردى،
بۇلۇت چىقىپ كۆك(ئاسمان)قاپلاندى،
تۇمان تۆرۈپ،تولا ياغدى.(188 ـ بەت)
(شوخ ئېتىم تېزلىك بىلەن چاپتى،بەيگىدە ئۆزۈپ چىقتى،شۇنداق قىلىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆردى،چۈنكى بۇلۇت كۆتۈرۈلۈپ،تۇمان توپلاندى،تولا(مۆلدۈر)ياغدى.)

ئوتتۇز(ئۈچ قېتىم ئۈچتىن)ئىچىپ قىقرايلى،
يۈقىرى قوپۇپ سەكرەيلى،
ئارىسلاندەك هۆركىرەيلى،
قايغۇ قاچتى سۆيىنەيلى.(193 ـ بەت)
(ئۈچ قېتىمدىن ئىچەيلى،ئورنىمىزدىن تۇرايلى،ئارىسلاندەك هۆركىرەيلى،قايغۇنىڭ بىزدىن قىراق كەتكەنلىگىنى كۆرستەيلى.)

بۇزراچ يەنە قۇتىردى،
باتۇرلىرنى تالىدى،
قوشۇننى يەنە قايرىدى،
كەلمەك بولۇپ توپلىنىۋاتىدۇ.(196 ـ بەت)
ياباقۇ قەبىلىسىنىڭ بېگى بۇزراچ يەنە ئەسكەرلىرى بىلەن قايتتى،باتۇرلىرنى تاللىدى،كېلىش ئۈچۈن توپلاندى.)

ئامانەت ئېلىپ زېرىكمىدى،
ئېلىشى بار(كىشى)نى كۆرۈپ هارمىدى،
ئاداشلىقتا تۇرمىدى،
نۇرغۇن ئادەم توپلاشماقتا(202 ـ بەت)
(بىراۋنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتىلدۇ؛ ئامانەت ئېلىشتىن توختىمىدى،ئېلىملارنى قايتۇرۇشنى ئويلىمىدى، دوستلۇقتا رېئايە قىلمىدى، ئەمدىلىكتە ئەسكىرىنى توپلاپ ئۈستۈمگە يۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.)

ئۈسسىتىدىغان قۇياش قايىسىدى،

www.uyghurkitap.com


ئومۇنغان(ئۇمىت قىلغان)ئاداش(قوشۇننى)تارتماقچى بولدى،
(دۇشمەن)ئېرتىش سۈيىنى كەچمەكچى بولدى،
شۇڭا خەلق ئۈركۈشۋاتىدۇ.(211 ـ بەت)
(يازنىڭ ئاپتىۋى بىزنى قاپسىدى،ئۈمىت قىلنىغان ئاداش ـ دوست بىزگە ھەسەت قىلدى، دۈشمەن ئېرتىش سۈيىنى كەچمەكچى بولىۋاتىدۇ،شۇ سەۋەپتىن خەلق ئۈركۈپ كەتتى.)

(زامانىنىڭ)ئادىتى زادى مۇشۇنداق،
مۇندا باشقا سەۋەپمۇ بار ئېرخى،
دۇنيا چەنلەپ ئوق ئاتسا،
تاغلارنىڭ بېشى كەرتىلىدۇ.(217 ـ بەت)
(زامانىنىڭ ئادىتى شۇنداق،بۇنداق باشقا بىر مۇنچە قورقۇنۇچلۇق سەۋەپلەرمۇ بار.زامان تاغ بېشىنى چەنلەپ ئوق ئاتسا،تاغ بېشىمۇ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدۇ.)

كەينىدىن بېرىپ كۆپ ئالدىرىدىم،
جىق ئاۋارە بولۇپ،كۈچىنى ئازايتتىم(ھالسىراتتىم)،
ئېتىم بىلەن يېتىشۋېلىشقا ئازلا قالدىم،
مېنى كۆرۈپ تۈكلىرى ھۈرپەيدى.(226 ـ بەت)
(بۆرە ھەققىدە ئېيتىلىدۇ:ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئالدىرىدىم،قوغلاۋېرىپ ھالىدىن كەتكۈزدۈم، ئېتىم بىلەن ئۇنىڭغا يېتىشۋالدىم،مېنى كۆرۈپ تۈكلىرى ھۈرپەيدى.)

قىش ياز بىلەن توقۇنۇشتى،
قىڭغىر كۆز بىلەن قاراشتى،
تۇتۇشقىلى يېقىنلاشتى،
(بىر ـ بىرىنى)ئۇتماقچى بولىۋاتىدۇ.(230 ـ بەت)
(قىش بىلەن ياز بىر ـ بىرى بىلەن ئۆچەكىشىپ سوقۇشقىلى تۇردى،بىر ـ بىرىگە يامان كۆز بىلەن قاراشتى،بىر ـ بىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن يېقىنلاشتى،بىر ـ بىرىنى ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.)

قاقاسلىقلار پۇتۇنلەي كۆلگە ئايلاندى،
تاغلارنىڭ بېشى(كۆزگە)ئىلىندى،
دۇنيانىڭ تىنىغى ئىلىندى،
تۇرلۇك چېچەكلەر تىزىلدى.(242 ـ بەت)
(سۇلار كۆپىيىپ،ئويمانلىقلار كۆللەرگە ئايلاندى،تاغلارنىڭ چوققىلىرى غۇۋا كۆرۈندى، دۇنيانىڭ تىنىغى ئىلىندى، دەرەخلەر كۆكەردى، جانىۋارلار جۈپلەشتى، گۈل ـ چېچەكلەر كەينى ـ كەينىدىن بىخ ئۇردى.

باتۇر ئەرلەر(بى ـ بىرىنى جەڭگە)قىچىرىشتى،
قىڭغىر كۆز بىلەن قاراشتى،
ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،
قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى.(247 ـ بەت)
(يىگىتلەر بىر ـ بىرىنى جەڭگە چاقىرىشتى،قىڭغىر كۆز بىلەن قاراپ ھومىيىشتى،ھەممە قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇشتى،قىلىچلىرى قاننىڭ كۆپ ئۇيۇپ كەتكەنلىگىدىن قىنىغا تەستە سىغدى.)

قار،مۇز تامام ئېرىشتى،
تاغلار سۇيى ئېقىشتى،
كۆكۈش بۇلۇت(لار)ئۆرلەشتى،
قېيىق بولۇپ ئايلىنار.(251 ـ بەت)
(يازنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: قار ۋە مۇزلارنىڭ ھەممىسى ئېرىدى،تاغ سۇلىرى ئاقتى؛كۆكۈش بۇلۇتلار ھاۋاغا ئۆرلەپ چىقتى،ئۇلار خۇددى قېيىقلار سۇدا ئۈزگەندەك ئاسماندا ئۈزمەكتە.)

ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ،
ياقا يىرتىپ ۋارقىرىشىپ،
ئۈنىنىڭ بارچە چىرقىراپ،پەريات چېكىپ،
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلەر.(255 ـ بەت)
(ئادەملەر ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ،بۆرىلەردەك ھۇۋلاشتى،ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى،بەزىدە مۇڭلۇق نەغمە ئاۋازىدەك ئۈن سېلىپ پەريات چېكىشتى،كۆپ يىغلاپ،كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ كەتتى.)

ئۇنىڭ يارىسى ئەدىدى،
قېنى جىق ئېقىپ ئۇيىدى،
يارلىنىپ تاغقا چىقۋالدى،
ئەمدى ئۇنىڭغا كىم يېتەر؟(258 ـ بەت)
(قېنى توختىغان ياربدار ھەققىدە شۇنداق دېيىلىدۇ:ئۇنىڭ يارىسى بۇزۇلدى،يارىسىدىن قان كۆپ ئېقىپ،ھالى ئېغىرلاشتى،ئۇ تاغقا چىقىۋالدى،ئەمدى ئۇنى كىم تاپار؟)

خاننىڭ چېدىرى قۇرۇلدى،
تۇغ تىكىپ(دۇمباق)ئۇرۇلدى،
(دۇشمەن)قوشۇنى ئوتتەك ئۇرۇلدى،
ئۇ نەگە قاچسا تۇتۇلار.(262 ـ بەت)
(جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ:خاننىڭ قاتتىق ئىسسىقتىن ۋە قار ـ يامغۇردىن ساقلايدىغان يىپەك چېدىرى تىكىلدى،تۇغلار قادالدى. دۇمباقلار چېلىندى، دۇشمەن ئەسكەرلىرى ئوت ـ چۆپتەك ئۇرۇلدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ چوڭى مەندىن قانداق قېچىپ قۇتۇلار؟)

ئەمدى ئۇيقۇدىن ئويغاندى،
كېيىن تولا ئۆكۈندى،
ئەل بولۇشقا ئىكەندى،
ئۇنداق ئادەمنى كىم يېڭەر؟(270 ـ بەت)
(دۇشمەن ئەمدى ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى،ئەل بولۇشتىن باش تارتقانلىقىغا كۆپ پۇشايمان يېدى،ئۇنداق ئادەمنى مەندىن باشقا كىم يېڭەدۇ؟)

تابدۇ ماڭا ئەسىر چۈشتى،
جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ تولغاندى،
قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى،
ئۇ تۇتقۇن بولۇپ قىيلىنىۋاتىدۇ.(276 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(دۈشمەن ماڭا ئەسىر چۈشتى، بېشىغا كەلگەن جاپا ـ كۈلپەتتىن قىينالدى، ھەتتا جېنىدىن تويدى، قىلمىشىغا پۇشايمان يېدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىپلىدى، بۇرۇن ئەركىن ئۆتكەن ئادەمگە بۇ ئىشلار بەك ھار كېلىۋاتىدۇ.)

يەتكۈز مېنىڭ سۆزۈمنى بىلىم ئەھللىرىگە ئېيىت،
تاي ئات بولۇپ قالسا، بايتال تىنىدۇ.(278 ـ بەت)

ئەرىكلىك بېرىپ بوشاتتىم،
تۆلەم مالنى توشۇتتۇم،
ئەر گۇناھىنى ياپتۇردۇم،
يۈكنى پۈتۈنلەي ئۆزى چىگدى.(282 ـ بەت)
(قولغا چۈشكەن بىر ئەسىر توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ:«ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇشقا تۆلەملىك مال كەلتۈر»دەپ ئۇنى بوشاتتىم، كەلتۈرگەن مېلىنى ئۆزىگە توشۇتتۇم ۋە ئۇنى ئۆز گۇناھىنى ئۆزى يۇيۇشقا بۇيرۇدۇم، ھەتتا ئۇلارنىڭ چوگىمۇ يار ـ يۆلەكسىز قېلىپ، ئۆز يۈكىنى ئۆزى تاڭدى.)

قۇلان تۈگەل قوزغالدى،
ئارقار ـ كىيىك توپلاندى،
يايلاق تامان تەلپۈندى،
تىزىلىشىپ سەكرىشەر.(287 ـ بەت)
(باھارنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ:باھار كېلىپ قۇلانلار ئويناقلاپ كەتتى، ئارقارلار، كېيىكلەر توپلىنىشتى، ئۇلار يايلاققا قاراپ مېڭىشتى، ئۇلار قاتار ـ قاتار تىزىلىپ سەكرەشمەكتە.)

ھەددىدىن ئېشى
تۇمەن چېچەك تىزىلدى،
تۈگۈنچەكلىرىدىن ئۇ يېزىلدى،
(يەر ئاستىدا)تولا يېتىپ قىينالدى،
يەردىن قوپۇپ ئايرىلىشار.(311 ـ بەت)
(يازنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ:تۈرلۈك ـ تۈمەن چېچەكلەر تىزىلدى، غۇنچىلار پورەكلەپ ئېچىلدى، ئۇلار يەر ئاستىدا ئۇزاق يېتىپ ئېزىلگەن ئىدى، ئەمدى بۆسۈپ چىقىپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماقتا.)

چاقماق قارسلداپ چاقتى،
تۇمان تۇرۇپ ئوتتۇرىلاندى،
ئايغىر ـ بايتال كىشنىدى،
ئۈيۈر بولۇپ ئوقرۇقلىشار.(314 ـ بەت)
(باھارنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ:ھەممە ياقتا تۇمان ئۆرلەپ چاقماقلار چاقتى، باھار كەلگەنلىگىنى كۆرۈپ، ئايغىرلار بىلەن بايتاللار زوقلىنىپ، كىشنەپ ئۈيۈر بولۇشتى، بىر ـ بىرى بىلەن جۈپلەشتى.)

باتۇرلار(بىر ـ بىرىنى)شىددەت بىلەن يوقىتىشار،
كۈچ(نى)بىر قىلىپ(بىر ـ بىرىگە)يار ـ يۆلەك بولۇشار،
بىر ـ بىرىنى ئالقىشلىشار،

پەرۋا قىلماي ئوق ئاتار.(316 ـ بەت)
(جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ:باتۇرلار بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى،كۈچىنى توپلاپ ئۆز كىشىلىرىنى قوللاشتى،مەدەت بېرىپ بىر ـ بىرىنى ئالقىشلاشتى،ئۆلۈمدىن قورقماي ئوق ئېتىشتى.)

قۇچاقلىشىپ ياتسا(قاراپ)ئۇنىڭ يۈزىگە،
ئالدۇرار ئەقلىنى ئۇنىڭ سۆزىگە،
مىڭ كىشى پىدا بولۇپ(ئۇنىڭ)ئۆزلۈقىغا(گۈزەللىكىگە)،
بەرگۈسىدۇر ئۆزىنى(جېنىنى)ئۇنىڭ كۆزىگە.(324)
(ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ يۈزىگە قاراپ ياتقان كىشى ئۇنىڭ نازى ۋە سۆزلىرىدىن ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدۇ،مىڭ جېنى بولسىمۇ،ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە پىدا قىلىۋېتىدۇ.)

كۆڭلۈم ئىچى(يۈرەك ـ باغرىم)نى ئۆرتىدى،
پۈتكەن يارىنى تاتلىدى،
كەچكەن(ئۆتكەن)ئۇدۇك(ئىشق)نى ئىزدىدى(ئەسلىدى)،
كېچە ـ كۈندۈز ئىزدىنەر.(326 ـ بەت)
(بىر كىشىگە مەرسىيە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ:ئۇنىڭ مۇسىبىتى ئىچىمنى كۆيدۈرۈۋەتتى،پۈتكەن يارامنى تاتلاپ ئېچىۋەتتى،ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەتتى، زامان ئۆتكەنسېرى كۆڭۈل ئۇنى ئىزلەيدۇ.)

تۈندە بۇلۇت ئۆرتەنسە،خۇتۇن ئوغۇل تۈغقاندەك بولار،
تاڭدا بۇلۇت ئۆرتەنسە،ئۆيگە يىغا كىرگەندەك بولار.(333 ـ بەت)
(كەچقۇرۇن بۇلۇت قىزارسا،خوتۇنى ئوغۇل تۇغقاندەك بولىدۇ،تاڭدا بۇلۇت قىزارسا ئۆيگە يىغا كىرگەندەك بولىدۇ.تۈركلەر كېيىنكىسىنى ياخشىلىققا جورۇمايدۇ.
قاغا كۈچتە ۋە ئۈچۈشتا ئۆزىنى غازغا ئوخشاتسا،پۈتى سۇنىدۇ.بۇ ماقال كىشىنى ئۆز ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.)

ئاي قوپۇپ قوتانلىنىپ،
ئاق بۇلۇتلار ئۆرلىشىپ،
بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە دۈۋىلىنىپ،
سۈيى چېچىلىپ شارقىرار.(342 ـ بەت)
(ئاي چىقىپ قوتانلىنىش بىلەن ئاق بۇلۇتلار كۆتىرىلىپ،بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە شارقىراپ سۈيىنى تۆكىدۇ.ئاي قوتانلانغاننى تۈركلەر«يامغۇر ياغىدۇ»دېگەنگە جورۇيدۇ.)

يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ،
قۇلان ـ كىيىك ئوۋلىتىپ،
بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى.(348 ـ بەت)
(سەيلە ـ تاماشانى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: يىگىتلەرنى ئىشقا سېلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ،ياۋا ھايۋانلارنى ئوۋلىتىپ،بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى.)

كەيىندىن يىغلاپ ئادىدىم،
باغرىم يارىسىنى تاتلىدىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاچقان بەختنى ئىزلىدىم،
(كۆزۈم)يامغۇردەك قان چاچار.(360 ـ بەت)
(سۆيگۈنۈمنىڭ كەينىدىن يىغلاپ ئادا بولدۇم،پۈتۈپ بولغان باغرىم يارىسىنى يېڭىۋاشتىن تاتلاپ ئېچىۋەتتىم،قاچقان بەختنى ئىزلىدىم،كۆزۈمدىن يامغۇردەك قانلىق ياش قۇيۇلدى.)

يىلقا يازدا ئات بولار،
ئوتلاپ يۈرۈپ ئەتلىنەر،
سۆيۈنۈپ ئۈيۈر چىشلىشەر.(376 ـ بەت)
(باھارنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ:كۆكلەم ـ يازدا چارۋا ماللارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىدۇ،ئوتلاپ يۈرۈپ ئەت ئالىدۇ.شۇڭا،بەگلەرنىڭ مىنىشى ئۈچۈن سېمىز ئاتلار تەييار بولىدۇ،ئۈيۈر بولۇپ يۈرگەن ئاتلار خۇشاللىقىدىن بىر ـ بىرىنى چىشلەپ ئوينىشىدۇ. ئۇنىڭ تۈزلۈگى(گۈزەللىگى)بىلەن كۆڭلۈم ئۇۋۇلىنىدۇ.)

ئۇنىڭ(ئاياق)توزىنى بىلەن كۆزۈم ئەملىنىدۇ.(389 ـ بەت)
(شائىر سۆيۈملۈگىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئۇۋۇلىۋالىدۇ،ئۇنىڭ ئايىغىدىن چىققان توزان بىلەن كۆزۈم ئەملىنىدۇ.)

بېگىم ئۆزىنى دالدىغا ئالدى،
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشنى دەل ۋاقتىدا قىلدى،
ئۇلۇغ تەڭرى ئەزىزلىدى،
شۇنىڭ بىلەن بەخت ـ سائادىتى تۇغۇلدى.(395 ـ بەت)
(تاڭغۇت بېگىنىڭ دۈشمەندىن يوشۇرۇنىشىنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلگەن:بېگىم پۇرسەت كۈتۈپ،ئەسكەرلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يوشۇرۇندى،تەڭرى ئۇنى غەلبە بىلەن ئەزىز قىلدى،شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بەخت ـ دۆلىتى يۈكسەلدى.)

تاڭغۇت قوشۇنىنى ئۈششۈپ تۇرغاندا باستى،
ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى مەسخىرە قىلدى،
ئەرلىرىنى،ئاتلىرىنى غەنىيمەت ئالدى،
(تاڭغۇتلار)ئەسىر بولۇپ،بېشىنى ئەگدى.(404 ـ بەت)
(چىنغا يېقىن بولغان تاڭغۇت ئېلىنىڭ قوشۇنى غەلبە قىلالمىسۇن دەپ،قاتتىق سوغوقتا ئۇلارغا كېچىسى ھۇجۇم قىلىندى،ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى مەسخىرە قىلىندى،ئۇلار ئات ۋە ئەرلىرىنى بىزگە سوۋغا قىلدى،غەم ـ قايغۇغا پېتىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.)

ئۆزىنى ماختاپ كۆرەڭلىدى،
يىراق يەرنى گەزلەپ كەلدى،
ئاتنى دېۋىتىپ ھۆررا سالدى،
رەسۋا بولۇپ تۆپە ئاشتى.(406 ـ بەت)
(ئۆز ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بىر باتۇرنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ كۆرەڭلەپ،ھەددىدىن ئاشتى.ئۆزىنى سالاپەتلىك كۆرسىتىپ خۇددى يەرنىڭ تاناۋىنى تارتىدىغاندەك ئات بىلەن ھەملە قىلىپ كېلىۋىدى،ئاخىرەت شەرمەندە بولۇپ،دۆڭدىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتتى.)

بۆك ـ باراقسان سۆگەتكە قۇش قونار،
چرايلىق قىزغا سۆز كېلەر.(419 ـ بەت)
بەخت ـ دۆلەت بەرسە ئىگەم قۇلغا،
كۇندە ئىشى يۇكسىلىپ يۇقرى ئۆرلەر.(421 ـ بەت)
ئېرتىش سۈيى (بويىدىكى)يەمەكلەر،
بىلەكلىرىنى شىمايلاۋاتىدۇ،
(ئۇلار)يۈرەكلىرىنى قاپتەك قىلىشىپ،
كەلگىلى تويلىنىشماقتا.(426 ـ بەت)
(يەمەك ـ قىپچاقلارنىڭ بىر ئايمىغى.شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن : ئۇلار بىلەكلىرىنى چىڭ تۇرۇپ ، قاتتىق غەزەپ بىلەن بىزنىڭ ئۇستىمىزگە بېسىپ كېلىشكە توپلانماقتا.)

يېشىل چەش(ئاسمان)ياراتتى،
(ئۇنىڭغا)ئاق قاشتېشىنى چاچتى،
قارا قۇش(مىزان يۇلتۇزى)تىزىلدى،
تۇن كۇنگە يۆگىلدۇ.(432 ـ بەت)
(ئاسماننى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلدۇ:تەڭرى ئاسماننى چەش رەڭگىدە ياراتتى،ئۇنى ئۇزۇككە كۆز قىلىنىدىغان يۇرۇڭ قاش(تاش)تەك يۇلتۇزلار بىلەن بېزىدى؛ مىزان يۇلتۇز (تۈركلەر ئۇنى«قارا قۇش»دەيدۇ)تىزىلدى.كېچە بىلەن كۇندۇز بىر ـ بىرىنى يۆگىدى، ئورىۋالدى.)

كەلكۇن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۇستىگە چىقتۇق،
بۇتخانىنى يىقتتۇق،
بۇت ئۇستىگە چىچتۇق.(448 ـ بەت)
(ئۇيغۇرلارغا قارشى قىلىنغان جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلدۇ: ئۇلارنىڭ ئۇستىگە كەلكۇندەك ئېقىپ باردۇق،شەھەرلىرىگە باستۇرۇپ كىردۇق،بۇتخانىلىرىنى بۇزدۇق، بۇتلىرىنىڭ ئۇستىگە چىچتۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى شۇنداق،كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا بېسىپ كىرگەندە،ھاقارەتلەش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ بېشىغا تەرەت قىلىدۇ.)

قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا،
خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ،
بۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق كېتىدۇ،
بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ.(457 ـ بەت)

باتۇر ئەرلىرىنى ئايرىدىم،
ئۇنىڭ بويىنىنى قايرىدىم،
ئالتۇن ـ كۇمۇشلىرىنى ئالدىم،
قوشۇنى كۆپ كىم ئۆتەلەيدۇ؟(480 ـ بەت)
(بىر جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلدۇ:دۇشمەن قوشۇنلىرىنى پارچىلىۋەتتىم،بويۇنلىرىنى قايرىدىم،غەزىنىلىرىدىكى ئالتۇن ـ كۇمۇشلىرىنى ئالدىم،دۇشمەن ئەسكىرى كىشى ئۆتەلمەسلىكتەك دەرىجىدە كۆپ ئىدى.)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تۈركەن خوتۇن قېشىغا مەندىن قوشاق يەتكۈز،
سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز يېڭى خىزمەت ئۆتۈنىدۇ،دېگىن.(487 ـ بەت)
(خاننىڭ خۇتۇنى هۇزۇرىغا مەندىن(قوشاق) يەتكۈز،سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز يېڭى خىزمەتلەرنى ئۈمىت قىلىدۇ دېگىن.)

(ئۇنىڭ)بولۇتى ئۆزۈلمەي يېغىۋاتىدۇ،
(ئۇنىڭدىن)ئېرىغ(ساپلا)ئالتۇن تېمىۋاتىدۇ،
ئۇنىڭ ئېقىنى ئاقسا،مېنىڭ تەشنالىقىم قاندى.(488 ـ بەت)
(ئايال پادىشاهنىڭ ئېھسانلىرىنى تەرىپلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ:ئۇنىڭ ساخاۋەت بۇلتىدىن ساپ ئالتۇن ياغىدۇ،ئەگەر ئۇنىڭ سەل ئېقىنى بىزگە قاراپ كەلسە،شاتلىقىم تېشىپ، تەشنالىقىم قاناتتى.)

كىم ئېيتسۇن،(قانداق)قۇلاق ئىشىتكەنكى،
ئاينىڭ ئۆيى ئارتۇچ پۇچىغى،(دەپ).(489 ـ بەت)
(شائىر سۆيۈملىكىنىڭ يۈزىنى ئايغا،بويىنى ئارتۇچ دەرىخىگە ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاينىڭ ئۆيىمۇ تۇرار جايىمۇ ئارتۇچ دەرىخىنىڭلا پۇتىغى دەپ كىم ئېيتقان ۋە ئۇنى قايسى قۇلاق ئىشىتكەن؟)

مېنىڭ ئايىغىم ئاغىردى،
يۇشۇرۇن تۇزاقنى كۆرمەي(ئىلىنىپ قېلىپ)،
ئاندى ئۆزاق ئاغرىق تارتتىم،
سۆيۈملۈكۈم ئەمدى ئەملىگىن.(493 ـ بەت)
يۇشۇرۇن تۇزاقنى كۆرمەي،ئۇنىڭغا ئايىغىم ئىلىندى،مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇزاق ئاغرىدىم،ئەي سۆيۈملۈگۈم،ئەمدى مېنى ئۆزۈڭ ئەملىگىن.)

مېھمان كەلسە،قۇت دەپ بىلەر ئەرلەر كەتتى،
قارا كۆرۈپ ئۆيىنى چۆۋار پەسلەر قالدى.(499 ـ بەت)
(مېھمان كېلىشنى بەخت ـ سائادەت دەپ بىلىدىغان ئەرلەر دۇنيادىن ئۆتتى،يىراقتىن بىر قارا كۆرۈنسە،مېھمان كېلىپ قالمسۇن دەپ كىگىز ئۆيىنى چۇۋۇپ كۆچۈپ كېتىدىغان پەس ئادەملەر قالدى.)

قىزىل،سېرىق(چېچەكلەر)بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ،
يېشىل رەيھانلار كۆتىرىلىپ چىقىپ،
بىر ـ بىرىگە يۆگىشىپ تۇرماقتا،
ئىنسان ئۇنىڭغا تاڭ قالسۇن.(513 ـ بەت)
قىزىل،سېرىق چېچەكلەر قات ـ قات ئېچىلىپ،يېشىل رەيھانلار بىر ـ بىرىگە يۆمشىپ كەتتى.كىشلەر ئۇلارغا قاراپ تاڭ قېلىشتى.)

تالاي باشلار تومۇلدى،
يېغا ئاندىن يۇۋاشلاندى،
كۈچى ئۇنىڭ ئاجىزلاشتى،
قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى.(516 ـ بەت)
(بىر جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ:باتۇلارنىڭ باشلىرى تېنىدىن جۇدا قىلىندى،شۇڭا دۈشمەننىڭ هەيۋىسى سۇنۇپ،كۈچى ئاجىزلاشتى،قىلىچلار يۈزگە قاتقان قاننىڭ كۆپلىگىدىن قىنىغا تەستە سىغدى.)

ئەگەر خالىسام قوغلاپ بېرىپ،
قوشۇنىنى تار ـ مار قىلىپ تۇتاتتىم،
ئەنسىز قىلىپ بېشىنى ياراتتىم،
ماڭا بار ـ يوق نېمىسىنى تۆلەم قىلىپ قويدى.(520 ـ بەت)
(يېڭىلگەن بىر كىشى توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ.ئەگەر مەن خالىسام ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ،قوشۇنىنى تارمار قىلار ئىدىم ۋە ئۆزىنى تۇتقۇن قىلىپ،باش ـ كۆزىنى يارار ئىدىم؛لېكىن جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئامدىمغا نۇرغۇن مال قويدى،مەن ئۇنى قويۇپ بېرىپ ئۆزۈمدىن مىننەتدار قىلدىم .)

دۇنيا تۈزىغىنى قۇرۇپ ئۇنى ياربدار قىلدى،
ئۇنىڭغا دورا ـ دارمان ئىزلىسە دورىنى سىزدىن تاپىدۇ.(530 ـ بەت)
(ئۆزىنىڭ ھالىنى ئېيتىپ شۇنداق دەيدۇ:زامان مېنى جاپا مۇشەققەت تۇزىقىغا ئىلىندۇرۇپ، ياربدار قىلدى،كېيىن چارىسىنى ئىستىدى ۋە سېنىڭ يېنىڭدا دورا ـ داۋا تاپتى)

ھارغۇزدى سېنى قىز،
بويى ئۇنىڭ تال،
يېيىلۇر ئۇنىڭ ئارتۇچى،
بۇرنى تېخى قىر بۇرۇن.(538 ـ بەت)
(بىر قىزنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ:زىلۋا بويلۇق قىز سېنى ئالداپ كەتتى.ئۇنىڭ بويى خۇددى ئارتۇچ دەرىخىدەك ئېگىلەتتى؛بۇرنىمۇ قاڭشارلىق كېلىشكەن بۇرۇن ئىدى.)

مۇز دانچىسىنى ئۇنچە ھېسابلىماڭ،
سوۋغاتنى مانچە دەپ سەزمەڭ،
ئېرىشمىگەن نەرسگە سۆيۈنمەڭ،
بىلىملىك(كىشى)لەر ئۇنى ياقتۇرمايدۇ.(547 ـ بەت)
سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدىغان ئۈششاق مۇز دانچىلىرىنى ئۇنچە ـ مەرۋايىت دەپ يۈرمە، سوۋغات قىلىنغان يېمەكنى ئىش ھەققى دەپ سانىما؛ تاپالمىغان نەرسگە سۆيۈنۈپ يۈرمە، مۇنداق قىلىشنى دانىشمەنلەر ياقتۇرمايدۇ .
بۇ جاھاننى ياشاپ بولماس چەكمەي جاپا،
ھالاۋەتنى كۆتمەي تۇرۇپ دۇنيا تۇگەر.(548 ـ بەت(
بۇ دۇنيادا جاپا ـ مۇشەققەتسىز ياشاش ھېچ مۇكىن ئەمەس،ھالاۋەت كۆرگۈچە، دۇنيا(ئۆمۈر)تۈگەپ قالىدۇ .
قارچۇغا ئېلىپ،ئارقۇن(شالغۇت ئات)مىنىپ ئارقارغا يېتەر،
كېيىك ئوۋلار،تايغان قويۇپ تۈلكە تۇتار.(550 ـ بەت)
قارچۇغىنى قولىغا ئېلىپ،ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ،ئارقار قوغلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتىۋالىدۇ؛ ئۇزۇن قولاق، ئىنچىكە يەل تايغىنى بىلەن كېيىك ۋە تۈلكىلەرنىمۇ ئوۋلايدۇ.
تامغا سۇيى تېشىپ چىقىپ تاغدىن ئۆتەر،
ئارتۇچلىرى تىزگىن كەبى قاتار ئۆسەر.(553 ـ بەت)
تارماق ئېقىم سۇيى تېشىپ،تاغ ئاربلاپ ئۆتىدۇ؛ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئارتۇچ دەرەخلىرى تىزگىندەك قاتار ـ قاتار ئۆسىدۇ .
قارغا(ئاچلىق ـ تەشنالىق)دەردىنى بىلسە ئۇ مۇز چوقۇيدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئۇۋچى يۇشۇرۇنۇپ ياتسا،توزاقتىكى دانغا يېقىنلىشىدۇ.(555 ـ بەت)
قارغا ئاچلىق ـ تەشنالىق دەردىنى سەزسە،مۇزنى چوقۇيدۇ،يۇشۇرۇنۇپ ياتقان ئۇۋچىنى كۆرمەي،ئۇنىڭ تۇزىغىدىكى داننى يەيمەن دەپ بالاغا قالىدۇ .
بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ سۆزىنى ئىشىت،
پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئىشقا ئاشۇر.(558 ـ بەت)
ئالىم،دانىشمەن ۋە ئاقىل كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل،ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئەردەم (پەزىلەت)لىرىنى ئۆگەن،ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئىش يۈزىدە كۆرسەت.
تۇن بىلەن باستۇق،
هەر تەرەپتىن بۆكتۈرمە قۇردۇق،
ئاتلىرىنىڭ كوكۇلىلىرىنى كەستۇق،
مىڭلاق ئەرلىرىنى سويدۇق.(565 ـ بەت)
ئۇيغۇرلار ئۇستىگە قىلىنغان بىر هۇجۇم توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ:بىز ئۇلارنىڭ ئۇستىگە كېچىسى باستۇرۇپ باردۇق، هەر تەرەپتىن مۆكۈپ كىرىپ،هەتتا ئاتلىرىنىڭ كوكۇلىلىرىنى كەستۇق،مىڭلاق ئادەملىرىنى ئۆلتۈردۇق.(«مىڭلاق»بىر يەرنىڭ نامى.)
هەممە چېچەك يىغىلدى،
پوقاقلىنىپ پۈكۈلدى(غۇنچىلىدى)،
(خۇددى)تۆت بۇرجەكلىك تۇگۈن تۈگۈلدى،
ئېچىلىپ(بىر ـ بىرىگە)يۈگىلىشىۋاتىدۇ.(569 ـ بەت)
يازنى تەسۋىرلەپ شۇندا دېيىلىدۇ:هەرخىل گۈل ـ چېچەكلەر توپلاندى،غۇنچىلىرى خۇددى تۆت بۇرجەكلىك تۈگۈنلەردەك بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى ۋە ئېچىلاي دەپ قالدى .
قۇشنىڭ ئەسكىسى سېغىزخان،
ياغاچنى ئەسكىسى ئازغان،
يەرنىڭ ئەسكىسى قازغان،
خەلقنىڭ ئەسكىسى بارىسغان.(572 ـ بەت)
قۇشلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى سېغىزخان بولسا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ئازغاندۇر.ئازغان ـ سېرىق ۋە ئاچچىق چېچەكلەيدىغان،هالقىغا ئوخشاپ تۇرىدىغان قىزىل مېۋىسى بار بىر خىل ئۆسۈملۈك.بىزنىڭ تەرەپلەردە ئۇنى باغنىڭ چۆرىسىگە تېرىيدۇ.ئۇ ئوتۇن قىلىشقا يارىمايدۇ،چۈنكى كۆيگەندە ئۇچقۇنلىرى چاچراپ كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۆي ـ بىساتلىرىنى كۆيدۈرىدۇ.يەرنىڭ ئەسكىسى ئويمان ـ دۆڭ ۋە پاتقاق يەر هېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇنداق يەرلەردە چېدىر تىككىلى ۋە زىرائەت تېرىغىلى بولمايدۇ.ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى بارىسغانلىقلاردۇر.چۈنكى ئۇلارنىڭ خۇيى ئەسكى ۋە ئۆزلىرى بېخىل كېلىدۇ.
ئوغلۇم ئۇگۇت ـ نەسىهەت ئالغىن،بىلىمسىزلىكنى(ئۆزۈڭدىن)كەتكۈز،
كىمنىڭ تالقىنى بولسا،ئۇنىڭغا شىرنە قاتىدۇ.(574 ـ بەت)
ئەي ئوغلۇم ئۇگۇت ـ نەسىهەتنى قۇبۇل قىل.ئۆزۈڭدىن نادانلىقنى نېرى كەتكۈز؛تالقىنى بولغان كىشى ئۇنىڭغا شىرنا قاتىدۇ.ئەقلى بولغان كىشى ئۇگۇت ـ نەسىهەتنى قۇبۇل قىلىدۇ .
قىقراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان ـ نەيزە ئۇرايلى،
قايناپ يەنە يۇمشايلى،
قاتتىق يىغا بوشىسۇن.(575 ـ بەت)
دۈشمەننىڭ ئۇستىگە سۈرەن ـ شاۋقۇن بىلەن ئات سېلىپ باستۇرۇپ بارىمىز،قالقان تۇتۇپ،نەيزە بىلەن زەربە بېرىپ،قاتتىق ئېلىشىمىز.كېيىن دۈشمەن يارىشىشنى سورىسا، ئاندىن توختايمىز.شۇنداق قىلساق

قاتتىق دۈشمەن بوشايدۇ،
ئەگەر تەركەنىم كەلسە،
تور كۆنۈم ئوڭشىلىدۇ،

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


1. «تۈركىي تىللار دىۋانى»1، II، III، توملىرى.
2. ئا. مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 1997 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپىدىن ئوچېركلار»، 1987 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.
4. ئا. راخمان: «ئەدەبىياتقا دائىر مۇلاھىزىلەر»، 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.
5. «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە قۇتادغۇ بىلىك»، 1999 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.
6. «مەھمۇد قەشقەرى»، 1985 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.
7. «تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى ئەدەبىي مىسرالار»، 1998 ـ يىل، ئۇيغۇرچە.
8. م. روزىبىتال، پ. يۇدىن: «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى» 1984 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.
9. شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار» 1981 ـ يىل،ئۇيغۇرچە نەشرى.
10. «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى»،1992 ـ يىل 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە.
11. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»،1983 ـ يىل 3 ـ سان، 1985 ـ يىل 3 ـ سان
«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تۈركچە نۇسخىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى

www.uyghurkitap.com






«تۈركىي تىللار دىۋانى»



مەھمۇد كاشغەرى سىزغان تۇنجى دۇنيا خەرىتىسى.
تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئالىمنىڭ 900 يىللىغىدا تارقاتقان (1972 ـ يىلى) پوچتا ماركىسى










**ئالىمنىڭ قەۋرىسى**









# مەھمۇد كاشغەرىي

## (داستان)

جامالىدىن قاسىم (قازاقىستان)

## بىرىنچى باپ

ئوپالدا يېتىپتۇ ھەزرىتى مەۋى ،
كى موللام ئاتاپ ھەر زەيىفۇ* قەۋى .
چوڭ ـ كىچىك ، قېرى ـ ياش .

ـ ئابدۇرەھىم نەزارىي

*

شاھى ئېھرام* ئۇلۇغ پاناھ ،تاجدار،
(كاشغەر خانى مۇھەممەد بۇغراخان)
تاجدارنىڭ ئەللەر ئارا داڭقى بار.
كاشغەر بۇگۈن ساھىپخانا شاھلارغا،
ئىران ، كابۇل ، ھىندى ، ماچىن ، چىنمۇ
بار...
ئوردا ھەيۋەت ،
ئالتۇن دەرۋازا ئوچۇق ، كەڭ ،

سۆلەت دىگەن سەردارلاردا باركەن دەڭ!
ھۆكۈمالار ، ئۆلىمالار ، ۋەزىرلەر ،
يۇرتمۇ شادلىق كەيپتىن سۇرۇپ كىلەر تەڭ .
ئاھ ، كاشغەرنىڭ خوشلىغىنى قاراڭلار ،
مۇنداق چاغدا تارىلار كۆپ پاراڭلار.
بار مېھرىنى داستىخانغا تۆككەندە ،
بىلىنىدۇ تاتلىق تۇيغۇ ئارامىلار!...
مېھمان كۈتۈش بۇ يۇرتقىلا خاس ئىشتەك ،
پەقەت مېھمان بىلەن كۆڭۈل دىل خۇشتەك ،
چوكانلىرى ساپتۇ چاچقا چاچتەڭگە ،
يىگىتلىرى يەلپۈنىدۇ بىر قۇشتەك .
بىزگە يەتكەن قەدىمكىلار بولغاي قۇت ،
ساھىپخانا سىلەر ئۇچۇن مۇشۇ يۇرت !
ھۆرمىتىڭلار باش ئۇستىگە ، جانانلار ،

ياندى دوستلۇق تۇيەيلىدىن دىلغا ئوت !
مېھمانلارنىڭ يۈرىگىنى ئۇققاندەك ،
دىدى كاشغەر شاھى تۇغقاندەك :
ـ شادلىغىمنىڭ مانا بۇگۈن چېكى يوق ،
سىلەر بىلەن بولدۇم كۆككە ئۇچقاندەك .

*

ـ تۇلپار تەييار بەيگىلەردىن ئۆتەرگە ،
تەييار ئۇلار قويۇپ بەرسە ئۇچارغا.
مەن ئويلايمەن جاناپلارنىڭ يۈرىگى
تارتىپ تۇرار بولىدىغان شىكارغا .
كاشغەر شاھى سۆزلەر كۆڭۈل ئاچماق بوپ ،
كۆڭۈلسىزلىك ئىشىگىنى ياپماق بوپ .
ـ بەللى ، بەللى!
تۇلپارلاردا چاپقايمىز ،
راھەتلىنىپ يالادىن ئوق ئاتقايمىز .
كەلدۇق كاشغەر باغلىرىغا سەيلىگە ،
بولسا گەر جاپاسىنى تارتقايمىز !
ھەر تەرەپتىن چىقتى مانا شۇنداق ئۈن ،
شاھلار ئۈچۈن شىكار دىگەن ئۇلۇغ كۈن .
قىزىق بولار شىكاردىكى جاپامۇ ،
قىزىق بىزگە تونۇش ئەمەس دەشتى ـ چۆل!
ـ جاناپلار!
كاشغەر باغرى كەڭ دىيار ،
بۇ كەڭ دىيار خەلقىم بىلەن بەختىيار.
تىكەن كىرمەس بىر تاپانغا بىھۇدە ،
سەۋەپ ئەلگە ئۆزى سۆيگەن تەختى يار .
بۇلاقلارنى ساناپ بولالماس ئادەم ،
ئاھ ، دەريالار ،
كۆللەر قەدەممۇ ـ قەدەم .
كەم قىلماپتۇ كارامەتلىك تەڭرىمىز
سىخىيلىقتىن كاشغەر دىيارىنى ھەم .
ـ ئات سالغايمىز ، ـ دەر قىزىقىپ شاھ قابىل ،
يوغان بەستى شىرغا كىلەر تاقابىل .
مۇشۇ تاپتا ئۇ تەيياردەك تۇرىدۇ ،
شىكار ئۈچۈن بولسا ئەگەر ئايغا يول .
شۇ سەۋەبتىن بولدى ئۇلار ئاتلانماق ،
بارغۇ كۈچلۈك ھەۋەستىنمۇ ئوت يانماق.
ئۇچار تۇلپار
كىيىك قاچسا ئالدىدا ،
قوغلاپ يۈرۈپ تاپقان راھەت ،
ئاھ، قانداق! ...
تولىسىنىڭ ئۆمرى ئۆتكەن شىكاردا ،
شاھلار ئامراق شۇ سەۋەپتىن شىكارغا .
بەزەن شىكار
پالۋان ئۈچۈن بىر سىناق ،
ھەممە قادىر ئەمەس زەپەر قۇچارغا! ...
شىكاردىمۇ بوپ قالىدۇ قانلىق جەڭ ،

www.uyghurkitap.com

شىكاردىمۇ يېڭىلمەك بار،
يەڭمەك دەك .
ھەسرەت بىلەن قايتار بەزى شىكارچى ،
رەقىبىگە كېلەلمەستىن تەڭمۇ ـ تەڭ .

*

پۈتۈپ قالدى يولغا چىقار مەزگىلمۇ ،
مۇنداق ئىشنى كېچىكتۈرمەس ھەرگىزمۇ .
ھەممە شىكار كىيىمنى كىيىپتۇ ،
ئارغىماقلار، ئاھ ، بۆلەكچە سەزگۈرغۇ!
تىنىپ تۇرماس بىر ئورۇندا تىپىچەكلەپ ،
بويسۇنمايدۇ يۈرگەنلەرگە يېتەكلەپ .
تۇلپارلار ، ھە ،
يارالغانمۇ تاقەتسىز ،
ئۆتكۈسى بار تاغ ـ جىرادىن ئۇ سەكرەپ!
دەل شۇ تاپتا كاشغەر شاھى قاتتىق گەپ ،
كەلگىنىدەك بۇ ئىش ئاڭا راسا ئەپ :
ـ بىزنى باشلاپ بارغاي مەھمۇد شىكارغا ،
ئىز باسارىم مېنىڭ مانا مۇشۇ ، ـ دەپ .
تازىم قىلدى ئۇ شاھلارغا ئېگىلىپ ،
قالغىنىدەك نىيەتلەر بىر چىگىلىپ.
شاھزادىگە ھەۋەس بىلەن قاراشتى ،
كۆزلىرىدىن دىلدىكىسى بىلىنىپ .
ـ مۇشۇ كەن ـ دە، ـ دېدى ، ـ شاھلار شۇڭقارى ،
مۇشۇكەن ـ دە، ماختىنارى ، ئۈتارى .
مۇشۇكەن ـ دە، ئۇنىڭ يۈرۈق ئالەمدە
تەختى ئۈچۈن تىكلەپ قويغان چىنارى .
راستىنىلا ئۇ كۆرىنەتتى قامەتلىك ،
ياراتقاندەك تۇرار تەڭرى ئامەتلىك .
ـ ئات بېشىنى بىر ئويالغا تارتقايمىز ، ـ
دېدى ، ـ ئويال شىكار ئۈچۈن كەڭ ، ئەپلىك .
شىكار بولغاي شۇ سەۋەبتىن ئويالدا ،
مولدۇر تەڭرى خىسلەتلىرى ئۇ جايدا .
تاغ ، قايراقلار ئارا تۇلپار سالغايمىز ،
پاناھ بولغاي ئىشىمىزغا بىر ئاللا ! . . .

*

يارىشىپتۇ تۇلپار مەھمۇد بەستىگە ،
قويۇپ بەرسە ئۇ ئۇچۇشنىڭ قەستىدە .
كۆمۈش كەمەر ،
قىلىچ ئەرنىڭ كۆركىكەن ،
غورۇرى بار ئادەملەرمۇ باشقىدە ! . . .
يۈرىگىدە جىق ئىش باردەك تۇغۇلغان ،
تۇگۈچلەرنىڭ سىرىن بىلىپ ئۈلگۈرگەن .
قورامىغا ئەمدى تولغان مەھمۇدنىڭ
شىكارغا باش بولارنى كىم بىلگەن ؟!

## ئىككىنچى باپ

شىكارچىلار مونۇ دۆڭگە بولدى جەم ،
(ئاتلىرىغا بەرمەك ئۈچۈن بوغۇز ـ يەم.)
ئەمما كاناي چېلىنماقتا توختىماي ،
ئاۋازىدىن بىلىنەتتى ئەندىش ـ غەم .
ئۆزگىرىپتۇ شىكارچىلار تۇرقىمۇ ،
كۆزلىرىگە ئىلىنماپتۇ ئۇيقۇمۇ .
ئۆتمەي قالدى بەزى تۇلپار سىناقتىن ،
كېيىك قېچىپ ، يەتكۈزمەستىن ئوقنىمۇ .
شىكارگەشتى باشقىكەن ـ دە ، بارىدىن ،
شىكار دەردى باشقا تۇرمۇش دەردىدىن ،
بەزىدە ئىش ئوڭدىن كەلمەي قېلىش بار ،
مۇنداق پەيتنىڭ يۈكى ئېغىر ھەممىدىن ! . . .
ئات چاپتۇرۇپ كەلدى مانا چاپارمەن ،
(تېنىگەننى ، يىتكەننى تېز تاپارمەن.)
دەپ يۈرەتتى ئەزەلدىن ئۇ بۇ گەپنى :
< كىمگە ئازار يەتسە مېھرىم ياپارمەن > .
دېدى ، يىغدى كەتكەنلەرنى بارگاھ ،
شىكارچىلار ئۈچۈن ئارام سەيلگاھ .
بىراق ماچىن شاھزادىنى تاپمىدۇق ،
تاپالماستىن قايتتۇق بىزمۇ ھېرىپ ، ئاھ !
تاپالمىدۇق ئاختۇرۇپ تاغ ـ قىيانى ،
چۆل قالمىدى ، قويمىدۇق يول ـ جىرانى .
تاپالمىدۇق ئىزباسارلار سىلىپمۇ ،
ئوت قالدۇق بەلگە قىلىپ تۇرلارنى .
ـ بەس!
تۇرۇلدى شاھزادىدىن قوشۇما ،
ـ بەس ! ـ دېدى ئۇ ،

ـ چاپارمەنلىك مۇشۇما ؟!
ئىزدىگەيمىز ، قۇمۇشلۇقلار قالمىسۇن ،
ئىزدىگەيمىز ، يولسىز داۋان بولسىمۇ!
ماچىنلىقنى پۈتۈن ئىزدەپ تاپقايمىز ،
ئۇنى تىرىك ئارىمىزغا قاتقايمىز .
شىكار دېگەن جەڭ مۇشۇنداق ، بىراقكى ،
ئەندىشىنىڭ ئىشىگىنى ياپقايمىز!
ئارغىماقنىڭ بېشى كەتتى قويۇلۇپ ،
يولمۇ يوقتى قالغۇدەك ئۇ توسۇلۇپ.
بىر جىرادىن ئۆتكىنىدە شاھزادە ،
ئارقىسىغا قاراپ قويدى بۇرۇلۇپ .
ـ ئاۋۇ تۈزلەڭ توقايلىققا كىرىپ باق ،
توقاي چىگىچ كىرگەن چاچتەك قېلىن شاخ .
بەلكى يارىدار ،
(تەگرىم شەپقەت ئەيلىگەي)،
ئېلىپ چىققىن، بەختىمىزگە بولغاي ساق !
ـ خوپ ، شاھزادەم .
ئات ئىرغىدى تىكەنگە ،
بويسۇنمىغان كەبى ئۇنىڭ ئىلكىگە .
ـ بايقىغايسەن تۈزلىڭنى ، ئويىنى ،
كۆز سالغايسەن بۆرە ، يىلپىز ، تۈلكىگە.
ئات سېلىشتى ئۇلار ئېگىز قىياغا ،
تاشلىق سايلار ،
ئۆڭكۈرلەرگە ، جىراغا .
ئۆتتى قۇرۇق توپىلىق دۆڭ ، تۈزلەڭدىن ،
ئات سېلىشىپ توغرا كەلگەن قىرلارغا .
ـ قاراڭلارچۇ!
ھەممە ھەيران قالدى جىم .
ـ قاراڭلارچۇ ، بۇنى قوغلاپ كېلەر كىم ؟
ھەيرانلىقنىڭ ئىلكىدىدۇر ھەممىسى ،
بىر چوڭ ئولجا قېچىپ كېلەر يىراقتىن .
بىر چوڭ ئولجا قېچىپ كېلەر تۈزلەڭگە ،
قوغلىغان كىم ؟
كۆرۈنمەيدۇ كۆزلەرگە .
ـ ئاتمايمىزمۇ ، ـ
دېدى بىرى يا ئېلىپ ،
كېلىپ قاپتۇ رىزىق ئۆزى بىزلەرگە .
مەھمۇد قولىنى كۆتۈردى < بەس! >دېگەندەك ،
بۇ ئەھۋالنىڭ يىلتىزىنى بىلگەندەك .
ـ قېچىپ كەلگەن جانىغا ھۇجۇم قىلمايمىز ،
بوپقالامدۇ بۇ ئۆلگەنگە كۆلگەندەك !
كىم قوغلىدى ، مانا شۇنى بىلگەيمىز ،
ئاق ـ قارىنى كۆرۈپ ئىلغا قىلغايمىز .
رەقىپ كېلەر بەلكى ئىزنى يېتتۈرمەي ،
رەقىب بولسا بىزمۇ يەڭنى تۈرگەيمىز .
ئارغىماقلار قۇشتەك ئۇچتى تۆۋەنگە ،
بۇ ھەيۋەتلىك بىلىنەتتى كۆرگەنگە .
ئۇچۇپ چۈشتى قاناتلىق بىر شۇڭقاردەك ،
ئوخشمايتتى يەرنى دەسسەپ يۈرگەنگە .
ئوخشمايتتى ئۇ شۇڭقارنىڭ چېپىشى ،
ئەمدى تەسقۇ باشقىلارنىڭ يېتىشى .
مۇشۇ تاپتا ئىگە بولسا تىزگىنگە ،
ئاسان ئولجا دۈشمىنىنى تېپىشى .
ئېگىز دۆڭدىن چۈشكىنىدە ئارغىماق ،
بولغىنىدا چۆچۈپ كېتىپ قارغىماق ،
تاش تېپىلىپ يۇمۇلدى تۆۋەنگە ،
ئەتتەڭ!...
بۇنى غەپلەت دېسەڭ بولماس ، ياق !
يولۋاس ئىدى ئارغىماقنى چۆچۈتكەن ،
ھەيۋىتىدىن ئارغىماقنى ئۈركۈتكەن .
مەھمۇدنىمۇ دەس تۇرغۇزدى بۇ ئەھۋال ،
بۇ بالانى ،
بۇ دۈشمەننى كىم كۈتكەن ؟!
دەس تۇردى ـ دە ، يولۋاسقا ئۇ بولدى تەق ،
ئەمەستى بۇ ئەتراپىغا باقار ۋاق.
خىرىس قىلار ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ كەڭ ،
كەلدى ئىككى پالۋانلارنى بايقار چاغ .
ھەيۋە قىلىپ تاتىلماقتا يولۋاس يەر ،
ئىككى پالۋان تۆكەر ئەمدى قانلىق تەر .
پالۋانلارغا خاس جەڭ بولار بۇ قېتىم ،
سىنىلىدۇ بۇنداق جەڭدە كۈچلۈك ئەر .
ئىككى پالۋان بولدى مانا تۇتۇشماق ،
بولدى ئۇلار غەزەب بىلەن قۇچۇشماق .
قىلىچمۇ يوق ئەمدى مەھمۇد قولىدا ،
بولدى ئۇلار يەر تىلغاپ بەل تۇتۇشماق!
مەھمۇد ئالدى مانا بىردىن تۈگۈلۈپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى www.uyghurkitap.com



تۇتۇۋالدى كانىيدىن ئۆلگۈرۈپ .
يەر تىلغاندى ،
تاشلار قاڭقىپ بىردەمدە ،
تۈيۈقسىزدىن قالدى مانا يوكۇنۇپ .
يوكۇنگەنگە قالغىنى يوق ئۆكۈنۈپ ،
بەدەندىن تەر ئاقتى سۇدەك تۆكۈلۈپ .
ئېتىلغاندا يولۋاس بىردىن غۇلاپ تاش ،
ئالدى تاغنى يۈلغىندەك كۆتۈرۈپ:
ـ مەدەت بۇغرا!
يۈلۈۋالدى ئۇ يەردىن ،
يەرگە ئۇردى سىقىپ تۇرۇپ چىڭ گالدىن ،
ھۆركىرىدى...
تىترىگەندەك بولدى تاغ ،
ـ قۇتۇلمايسەن ، ـ دەپ تېپىچەكلەر ئۇ، ـ
مەندىن .
سۇندى بېلى تېخى ئۇ جان بەرمەدى ،
يولۋاسقا تەڭ كەلگەن ئەر بوش ئەرمەدى ؟!
بىر يوغان تاش ئۆرۈلمەكتە ۋاي ، ئەتتەڭ !
بۇ كۆرەشتىن تاغ ، چوققىلار تەۋرىدى .
تولۇپ كەتتى ئەتراپ گۈلدۈر ـ قاراسقا ،
قۇشلار ئۈركۈپ ،
قاراپ مۇنۇ تالاشقا .
ئىككى پالۋان ھەيۋەتىدىن ھەيران مەن ،
يەر تىلغىنىپ تەگدى تاشتىن تاش تاشقا!
تۈرمايدىكەن يولۋاس دېگەن خىرقىراپ ،
ئۆنچىقماسكەن پالۋاندىن ، بىل ، چىرقىراپ .
كۈچ بىلەن قول پاتقىنىدا كانايغا ،
ئىككى كۆزى سىرتقا چىقتى چاچراپ! ...

*

خېلى ئۇزاق قاپتىكەن ـ دە ، شاھلارمۇ ،
بۇ يۈرۈشتە ئاقساپتۇ كۆپ ئاتلارمۇ .
شىكاردا دوست بولۇپ كېتەر مۇشۇنداق
ئاتقا ئادەم ،
دىلغا يىراق ياتلارمۇ .
ئۆچقۇر ئاتلار كەلدى مانا يېقىنلاپ ،
شاھنىڭ بىردىن ئۆڭى ئۆچۈپ بارماقتا ،
قىلىچنىڭ دەستىسىنى سىقىملاپ !
يولۋاس ياتار ئىدى قانغا مىلىنىپ ،
يولۋاس ياتار كۆكرىگىدىن تىلىنىپ .
مۇشۇ تاپتا شاھزادىنىڭ قامىتى ،
تۇرار مەغرۇر چىناردەك تىك بىلىنىپ !
ـ ئاپىرىن شاھ !
ـ ئاپىرىن شىر يۈرەككە !
ـ شاھلار ئۆچۈن شۇنداق ئوغۇل كېرەك ـ دە .
شىكارچىلار ھەۋەستە كۆز تىكىشتى ،
ـ شاھ بالىسى دېگەن مانا بۆلەك ـ دە! ...
دەل مۇشۇ چاغ يېتىپ كەلدى بىر چاپار ،
(شىكاردا دەرد ، شادلىق بولسا بىر تارتار . )
ئۇ ئېتىغا ئارتىۋاپتۇ بىرىنى ،
ـ كىم بولدى بۇ ؟
ـ توختاڭلارچۇ ، بىر گەپ بار!
ھەممە ھەيران شۇ تەرەپكە باقتى كۆز.
ـ ماچىنلىققۇ!
ئەندىشىدە قاتتى سۆز .
چاينىلىپتۇ ئۇنىڭ قول ۋە پۇتلىرى ،
تونۇغۇسىز بوپ كېتىپتۇ گۈلدەك يۈز! ...
<ھە> دېيىشتى شاھلار قەلبىن ئوي قاپلاپ ،
شاھلار ئويىن مۇشۇ تاپتا ئوي ئاتلاپ .
قىلغانمىكىن ماچىنلىقمۇ قىسقا جەڭ ،
مەھمۇدتىن ئۇ قۇتۇلماپتۇ يەر تاتلاپ!

## ئۈچىنچى باب

قۇمباغ كۆكسى مېھمان بىلەن بولدى بەند ،
(< قۇمباغ > دېگەن باغ ـ ۋارانلىق گۈزەل
يۇرت . )
شىكارچىلار گۈزەل يۇرتنىڭ مېھمىنى ،
راھەتلىنىپ بۇگۈن ئاخشام چاقار قەنت .
چىقار مۇنداق جايدا بولسا دىلدا دەرد ،
دەردنى گۈزەل جايدا ساقلاش ئۆزى سەت !
قاراڭلارچۇ ، تەبىئەتنىڭ ھۆسنىنى ،
ئىنسان ئۆچۈن قانچە سېخىي،
قانچە مەرد !
خۇددى ياساپ قويغاندەكلا سەيلگاھ ،
مۇنداق ئېسىل زېمىن يەنە نەدە بار ؟

تاغ سۇلىرى چوقان سالار شارقىراپ ،
جەننەت دېگەن مۇشۇ يەردە ئىكەن ، ئاھ ! . . .

*

ئاقار ئىدى چوڭ ئۆستەڭ باغ ئايلىنىپ ،
كېتەلمىگەن كەبى باغدىن ئايرىلىپ .
مەپتۇن بولۇپ شىكارچىلار توختاشتى ،
يان ـ يېنىغا تويماي قاراپ ، قايرىلىپ .
قالغىنىدەك ئۆزلىرىمۇ يېنىكلەپ ،
چۈشكەن ئىدى سۇ بويىنى كۆرۈپ ئەپ .
ئىشلار ئۈگىدىن كەلسە شۇنداق ئۆتتۈشەر ،
قونغان يەردە بۇغا بىلەن كىيىك يەپ. . .

*

ئاھ ، بۇ يۈرەك ئامراق كېلەر ھەۋەسكە ،
ئىلاجى يوق ھەۋەسكە دىل بەرمەسكە .
قايناق قەلب پاتمايدۇ ئۆز قىنىغا ،
ئىلاجى يوق كۆڭۈل قانات كەرمەسكە .
شۈگىمىكىن ،
مەھمۇدمۇ باغ ئارىلاپ ،
ماڭدى ئاستا بۇ ئەتراپنى چارلاپ .
يۈرەك ، يۈرەك. . .
جۇش ئۇرماستىن قويامدۇ ،
تۇرسا سۆيگۈ دىل تارىدىن تار ئۆلاپ .
كۆز ئۆزمىدى ئۆزۈملۈك بۇك باراڭدىن ،
خالىي ئىدى مۇشۇ تاپ ئۇ پاراڭدىن.
ياقتۇرمايدۇ مۇنداق چاغدا كۆڭۈلمۇ
بىرەر سۆزمەن چېقىشنى ئاراڭدىن .
بولىدۇغۇ ، مۇڭدىشار چاغ دىل بىلەن ،
بولىدۇغۇ ، مۇڭدىشار چاغ تىل بىلەن.
ئېيتقىن كۆڭۈل ،
شۇنداق سەينا دۇچ كەلسە ،
دىلكەشلىكنى قىلار ئىدىڭ كىم بىلەن ؟!
تامسى باغلار رىشتىدىن ھېچ كېچەلمەي ،
خېلى ئۇزاق ماڭدى يېنىپ كېتەلمەي .
خېلى ماڭدى بۇ ئەتراپتىن ئۈزمەي كۆز ،
ياش قەلبتە يانغان ئوتنى ئۆچۈرمەي .
ئانارلىق باغ ،
كۆز دېگەننىڭ مەيلى بۇ ،
ئىختىيارنى كۆزگە بەرسەڭ مەيلىمۇ ؟
بىر قىز ئانار ئۈزەر سېۋەت تولدۇرۇپ ،
ئانارنى قىز ،
قىزنى ئانار دەيلىمۇ ؟
قىزبىللىغى بار ئانارنىڭ مەگزىدە ،
ئانار خىجىل قىزغا قاراپ بەرگىدە .
لەۋلەر تېمىپ تۇرار كۆزلەر ،
ئاھ ، بۇ كۆز ،
بىر قاراشقا بەرگىنىدەك قەرزگە .
مەپتۇن قىلار ئاڭا تويماي قارىساڭ ،
مەپتۇن قىلار قاراشقىلا يارىساڭ .
باغنىڭ ھۆسنى مۇشۇ قىزدەك بىلىنەر ،
قىز گۈل بولسا ،
سەن بۇلبۇلدەك سايرىساڭ .
كەتمەستىن قىز
ئانارلاردىن چەتلىشىپ ،
قويىدۇ بىر بوۋاي بىلەن گەپلىشىپ .
ئانار ئۈزۈپ قىز كەينىگە قايرىلدى ،
مەھمۇد بىلەن قالدى مانا بەتلىشىپ .
< لەپ > قىلىپ قىز كىرىپكتىن ئوق ئاتقاندەك ،
بولدى شۇ ئوق دەل يۈرەككە پاتقاندەك .
مەجرۇھ يىگىت كىرىپك ئوقى زەربىدىن ،
بىلىنەتتى كۆكرەك تۈتۈپ ياتقاندەك .
قىزلار ، قىزلار ،
مەرگەن ـ دە ، يار چېنەشكە ،
سالغان بىلەن يەرگە قاراپ بىلمەسكە .
قاراپ تۇرۇپ مەجرۇھ بولدى شاھزادە ،
مەجرۇھ بولدى بىراق مەڭگۇ ئۆلمەسكە! . . .

## تۆتىنچى باپ

قىلىچلىشار ياشلىرى تەڭ باللار ،
مانا بۇنى ئەڭ قۇدرەتلىك جەڭلار .
ئىككىسىنى بىرى يېڭىپ بارماقتا ،
قىلىچلاردىن ئوت چىقماقتا ، يا ئاللا !
ئىككى قىلىچ ھەر ـ بىرىنىڭ قولىدا ،
ئىككى رەقىپ يەڭمەك بولار ئويىدا .
ئولتۇرىدۇ شاھ كۆزنى ئۈزمەستىن ،

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كىم ئۇتاركىن دەيدۇ ئۇ بۇ ئويۇندا .
قىلىچ چۇشتى مانا بىرىنىڭ قولىدىن ،
ئاجرالدىمۇ ئۇ تۇيۇقسىز دولىدىن .
داجىپ كەلدى ئەمدى مۇنۇ < باتۇرمۇ > ،
ئەنسىرەيدۇ تىنىگەندەك يولىدىن .
ـ جەڭ توختسۇن شاهىم ،
بولدى قىلغايلا!
شاهىم ، هېرىپ قالدىمىكىن قىرانلار ؟!
ئەنددىشدە ۋەزىر رەڭگى ئاقاردى ،
ـ شاهىم ، ـ دېدى ، ـ ئەمدى رەھىم قىلغايلا !
ـ بەس ! ـ دېدى شاھ مەغرۇرانە يۈتىلىپ ،
ـ بەس ! ـ دېدى ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ .
رەڭگى ئۆچكەن ۋەزىرگە بىر باقتى ـ دە ،
رەنجىگەندەك ئالدى بىردىن يۈتىلىپ .
ـ سىناق پۈتتى!
شاھ چاقىردى مەھمۇدنى ،
شاھ چاقىردى كۆيۈۋاتقان بىر ئوتنى.
چاقىرغاندەك بولدى گويا مۇشۇ تاپ ،
ئۆز پەرزەنتى بىلەن ھەممە ئەل ـ يۇرتنى .
ـ بارىكاللا ـ !
دېدى ۋەزىر ، ـ تەسەننا ، ـ
شاهزادەمگە پاناھ بولغاي بىر ئاللا !
باشقا قىلىچ ئىلىشمىغاي ، ھە ، شاهىم ،
باشقا قىلىچ ئىلىشمىغاي ، تەڭداشلار !
ـ بۇ بىر مەشىق ،
بۇ دەسلەپكى نىشانە ،
كۆپ ئىش كۈرەر ئامان بولسا پېشانە ، ـ
دەپ مەھمۇدقا يېقىنلىدى ھۆكۈمران ،
ـ قىلىچىدىن ئامەت كۈتمەس مەردانە ! ...
ئىلىم ئۈچۈن قىلغىن بالام ھازىرلىق ،
ئىنسان ئۈچۈن باشقا نەرسە ئاللىق.
ئالىلىقنى ئاسراپ ئۆمرى ئۆتكەن بار ،
بىردەمدىلا تېپىلار دىل قارىلىق !
بىر هېكايەت بولغان قىلىچ توپەيلى ،
(قىلىچ تۇتۇش ھەركىمنىڭغۇ ئۆز مەيلى. )
ئاڭلا بالام ، يۇرىڭگە پۈكۈپ قوي ،
يۇرت بېغىدىن بىھۇدە گۈل ئۈزمەيلى .
قارلۇقلارنىڭ پادىشاھى هۆكۈمران
دەپ ، خەلقتىن تارتىۋالار مۈلكۈم بار ،
قىلىچ بىلەن ئۇ هۆكۈمنى تىكلەپتۇ ،
سەردارلارغا ئېيتىپتۇ : قان تۆكۈڭلار !
بىرمۇ ئەلنىڭ بىلىمدارى قالمىسۇن ،
بەس ، ئەقلىنىڭ شامى ئارتۇق يانمىسۇن .
باشلىرىنى ئۆتكۈر قىلىچ يوقلىغاي ،
ئىزى ئۆچسۇن ،
بۇ دىياردا ماڭمىسۇن !
شۇنداق قىرغىن بوپتۇ تىرىك يۇرگەنگە ،
قاراشقا كۆز ماغدۇرى يوق ئۆلگەنگە .
بىرمۇ كىتاپ دەرگاھنى قويماپتۇ ،
ئۆلۈم كەپتۇ ئىلىم ئىزدەپ يۇرگەنگە .
قىلىچ بىلەن شاھ تەختىنى تۇرغۇزۇپ ،
مۇنارلارغا ئوت قويۇپتۇ بۇزغۇزۇپ .
قىلىچ بىلەن باغ ـ ۋارانلار كۆيۈپتۇ ،
ئاپتۇ گۈللەر يىلتىزىنى يۇلغۇزۇپ .

*

ئىلىم ، هۈنەر چىققان چېغى دەل يوقىا ،
مەسچىت سالماق بولۇپ قاپتۇ شاھ يۇرتقا .
ئۇستا يىغسا چىقمىغۇدەك ئىچىدىن ،
چىقمىغۇدەك مۇشۇ ئەلدىن بىر ئۇستا .
شاھ تىپىرلاپ چاپتۇرۇپتۇ ئارغىماق ،
قىلىچ بىلەن بوپتۇ ئۇستا تاللىماق .
بىنا ئۈچۈن يىغىپ مىڭلاپ خەلقنى ،
بوپتۇ كېسەك قويمىغاننى چانىماق .
تام قويۇپتۇ بىلگىنىمۇ ، بىلمىگەن ،
تام قويۇپتۇ كۆرگىنىمۇ ، كۆرمىگەن .
خۇددى مۇشۇ تەڭشەلمىگەن ئالەمدەك ،
كۆرىدىكەن تالاي ئىشنى ئۆلمىگەن!...
خەۋەر كەپتۇ:
ـ شاهىم ، مەسچىت پۈتتى ، ـ دەپ ،
تەشۇش ئىچرە ئەل ئۆزىنىڭ غېمىن يەپ .
جاناپلىرى مۇبارەكبات نامىلىرىن ،
نامى قىلدى ،
بۇ نام بولدى راسا ئەپ !
شاھ قارىسا بىنا قىڭغىر ،
ـ يا ئاللا !

قېنى قىبلە ؟!
كۆن چىقىشچۇ ، يارانلا !
بايقالمىسا تائەت ئۈچۈن قىبلىگاھ ،
كەچۈرمىگەي بىزنى ئەمدى بىر ئاللا !
قىڭغىر بىنا قۇرغانلارنى قىرغايمەن ،
ئەل ئىچىدىن يەنە ئۇستا تىلغايمەن .
قىلىچ ھۆكمى بىلەن مىڭلاپ باش كېسىپ ،
ئىمارەتنى مەن باشقىدىن قۇرغايمەن .
ـ ھەق جانابىي ئاللىرى ، ھۆكۈمدار ،
يۇرت ئىچىگە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكمى يار.
بەكمۇ مۇشكۈل يەنە بىنا قۇرماقلىق ،
باشلىرىدا تۇرسا قانلىق قىلىچ، دار !
يۇرت بېلىنى ئالمايلى ، شاھ ، بىز پۈكلەپ ،
ئېغىرنى ئارتىپ باقاي مەن يۈكلەپ .
مەلىمىزنىڭ چېتىدە بىر كىرچى بار ،
تىلىگىمنى ئېيتىپ باقاي مەن تىلەپ .
ـ كىرچى دەمسەن ؟ ـ
ئالىيپتۇ كۆزلىرى ،
ـ كىرچى بولغان بىلەن ئوخشار خىزىرغا .
ـ مەيلى ئېيتقىن ، ـ
دەپتۇ ـ دە ، شاھ ۋارقىراپ ، ـ
قايتا مەسچىت قۇرۇپ بەرسۇن ئۇ بىزگە .
شەھەر چېتى...
تۇرار بىر ئۆي دۇمچىيىپ ،
قالغىنىدەك كۆرىنىدۇ شۈمشىيىپ .
كىرچى بوۋاي مۇشۇ ئۆيگە تەڭتۇشتەك ،
ئولتۇرۇپتۇ جايىنامازدا مۈكچىيىپ .
ۋەزىر كىرىپ كەپتۇ قولنى قوۋۇشتۇرۇپ ،
كىرچى بوۋاي ئالدىدا ئۇ تىك تۇرۇپ .
ـ خۇدا رەھمەت قىلغاي مۆمىن بەندىگە ، ـ
دەپتۇ كەلگەن مەقسىدىنى ئۇقتۇرۇپ ، ـ
ئەل بېشىدىن ئەگىپ يۈرەر بۇ گۇمان ،
يىتمەي شاھنىڭ يۈرىگىدىن شۇم تۇمان .
ئوڭلانمىغى كېرەك مەسچىت ، ئەللامە ،
ئوڭلانمىسا شەھەر بولۇر بىر خۇمدان .
ـ بەس!
يېتەرلىك ، ـ
دەپتۇ كىرچى ئويلىنىپ ،
قايتا قىرغىن بولارنى ئۇ بىلىپ .
ئاللا مەدەت ،
بىر تەڭننى يۆتكەپتۇ ،
ـ ئامىن ، ـ دەپتۇ ، سۆزى سۆزگە ئۇلىنىپ .
ـ ئامىن ، ئەمدى مەسچىدىڭگە بېرىپ باق ،
ناماز خۇپتەن بولۇپ قالدى ، چىراغ ياق.
ساخاۋەتتىن يورۇغاي ئاق پېشانەڭ ،
يۇرت قايغۇسى بولغاي سەندە مۇشۇنداق ! ...

*

ـ مانا بالام ، ـ دېدى ـ دە ، شاھ مەھمۇدقا ،
ھېكايەتتىن كۆيۈۋاتقان بىر ئوتقا .
ئەللامىنىڭ قۇدرىتىنى كۆردۇڭمۇ ؟
كارامىتىن كۆرسىتىپتۇ بۇ يۇرتقا .
كارامىتىن كۆرسىتىپتۇ ئىلمىنىڭ ،
ئويلىرىغا كەلمىگەن ئىش ھېچكىمنىڭ .
بىر ھەيۋەتلىك مەسچىت پۈتۈپ قاپتۇدەك ،
ئۇنى سۆزلەش ئۈچۈن كۈچى يوق تىلىمنىڭ .
بۇغۇ ئەلنىڭ ئىچىدىكى ئەپسانە ،
ئەپسانىگە قاراش كېرەك ھەققانە .
قىلىچ بىلەن تۈنگە چىراغ يېقىش تەس ،
بولسۇن ، بالام ، دىلىڭ ئەلگە غەمخانە ! ...

## بەشىنچى باپ

پېشانىسى كۆن تەپتىدىن ياللىراپ ،
كېتىپ بارار مونۇ يىگىت ئالدىراپ .
ئويچان كۆزلەر ئاختۇرىدۇ كىمنىدۇر ،
نېمىشقىدۇر قالدى بىردىن ئاستىلاپ .
ھە ، ئاستىلاپ قالدى يىگىت قەدىمى ،
ئۇچرىغاندەك ئىزدەپ كەلگەن ئادىمى .
كىتاب سېتىپ ئولتۇرار بىر مويسىپىت ،
تەگمەكچىمۇ كىتابپۇرۇش ياردىمى .
كىتابپۇرۇش كىم بىلەندۇر گەپلىشەر ،
(گەپ ئاستىنى دەيدىكەنغۇ گەپ تېشەر .)
بايقىمىغان بىلەن مۇنداق يەرلەردە ،
گادا بىلەن بەزى ئۈلۈغ بەتلىشەر .
ـ سالام ، ئاتا !

www.uyghurkitap.com



ـ ئۇ شاهزادەم بار بولغاي .
پىقىرنىڭ غەم ـ قايغۇلىرى ئۇنتۇلغاي .
ـ رەھمەت ، ئاتا ساقلىقلىرىن بىلگەيمەن ،
ـ شۈكۈر ، تەڭرىم ئۆمۈرلىرىن گۈل قىلغاي .
ـ مەن ئۇيلايمەن ، جاناپلىرى ئىزلەندى ،
ـ شۇنداق ، تاپتىم كىتاپ ساقلاپ يۈرگەننى.
بولغاندى دەرۋىش بوگۈن كەلتۈرمەك
بەلكى سىلى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەننى !
ئاڭلىغانتىم دەرۋىش كىتاپ كۆرمەسمىش ،
كىتاپ غېمىن ئەزەلدىنلا يېمەسمىش .
ـ بىراق ، ئاتا ، دەرۋىشلەرنىڭ غېمىنى
بۇ دۇنيادا ھېچبىر ئىنسان بىلمەسمىش ! . . .
كېلىپ قالار كىتاۋنى ساتقىلى ،
كېلەر بىزگە ئۈيى بولسا قاتقىلى .
جەڭدىن قېچىپ يۈرگەن بىلەن ئۇ مۆمىن ،
ئېغىرلىقنى كېلەر بىللە تارتقىلى .
مۇشۇ مەزگىل يەر تېگىدىن چىققاندەك ،
يەر ئاستىدىن بۇ سۆھبەتنى ئۇققاندەك ،
پەيدا بولۇپ قالدى ئېگىز بىر دەرۋىش ،
قولدا ئەلەم تەشۈنىشنى تۇتقاندەك .
ـ ماشايىخلار ،
قاناتلىقلار ، قاناتسىز ،
بوپ ئۆتمىگەي شاهزادەمىز ئامەتسىز .
يا غەۋس !
شاھ پەرزەنتىگە بىر سالام ،
كۆيۈپ كېتەر ئىنسان شەپقەن ، سايەڭسىز ،
ـ دېدى دەرۋىش بىردەم ئېگىپ بېشىنى ،
شامال يەلپۈر چىگىش كىرگەن چېچىنى.
ـ بېجىرگەنسەن ؟ ـ
كىتاپپۇرۇش دەرۋىشتىن
سوراپ قالدى ئېگىز قىلىپ قېشىنى .
ـ ئىشەنمەسلىك ، ـ دېدى ، ـ دىلغا ئاتقان تاش ،
دەرۋىشلەرگە بەرمە بوۋاي زەھەر ئاش !
ئۇ قوينىدىن ئىككى كىتاپ چىقىرىپ ،
ـ مانا ، ـ دېدى ، ـ
مۇنۇ بولسا دەرد ـ تالاش !
ـ مانا ، ـ دېدى ، ـ شاهزادەمگە تۇتقىنىم ،
ـ مانا ، ـ دېدى ، ـ بىر يۇرتلۇغۇم ، تۇغقىنىم .

شاهزادەمنىڭ كۆڭلىدىكى شۇ بولسا ،
ئىككى ئالەم بولار بەخت قۇچقىنىم ! . . .
ئىككى كىتاپ تۇرار دىلغا ئوت يېقىپ ،
تەلپۈنەتتى كىتاپلارغا ئۇ بېقىپ .
مەھمۇد ئۈچۈن بۇ كىتاپلار يالقۇنى
تەڭداشسىز بىر نۇردەك تۇرار كۆز چېقىپ .
تەڭداشسىزدۇر ـ ھە ، مەھمۇدقا بۇ كىتاپ ،
تۇيۇقسىزدىن چۈشكىنىدەك نۇر ـ ئاپتاپ .
كۆزلىرىگە ئۇنى ئاستا سۈركىدى ،
ئاھ ، ھاياتقا كەلدى شۇندا بىر خىتاپ:
<نىسپىكەن ـ دە ، ماڭا بۇنى كۆرمەگىلىك ،
نىسپىكەن ـ دە ، كۆزلىرىمگە سۈرمەگىلىك .
تەڭدىشى يوق ، ئىلىم ئۈچۈن بىباھا كىتاپ
نىسىپ بوپتۇ ئۇنى ئوقۇپ بىلمەگىلىك . . . >
مۇددىئادىن چىقىپتۇمۇ شاهزادەم ،
(مۇددىئاغا يەتمەكمىغۇ تەس ئادەم ) !
سوراپ قالدى كىتاپپۇرۇش تاقەتسىز:
ـ تېگىپتۇمۇ ئاز بولسىمۇ بىر ياردەم ؟
مەھمۇد ئاستا كىتاپلارنى ۋاراقلاپ ،
نېمىندۇر دىلغا پۈكەر ئۇ يادلاپ.
ـ بىراھىمى تىلىدىكى ئاتالغۇ ، ـ
ئېكەن دېدى خۇشاللىقتىن سۆز باشلاپ ،
ـ يەنە بىرى
ئاتالغۇلار بەلگىسى ،
تاۋۇشلارنىڭ يىغىندىسى ، مەنىسى.
بىردە قايغۇ ئاتا قىلىپ بەندىگە ،
بىربىدىكەن خۇشاللىقنى تەڭرىسى.
ـ دەرۋىش ئاتا ، كىتاپقا نە ئالۇرسىز ؟
دەرۋىش دېدى:
ـ كىتاپلىرىم باھاسىز .
ـ ئۇنداقتا نە بېرەرىمنى بىلمەيمەن ،
ـ يا غەۋس ،
بەندە قالسا يامان ئامالسىز.
دەرۋىش مېڭىپ كەتتى ھاسا تايىنىپ ،
مېڭىپ كەتتى شاهزادىدىن ئايرىلىپ .
ـ يا غەۋس!
دېدى بىر دوقمۇشقا يەتكەندە ،
قاراپ قويدى مەھمۇدلارغا قايرىلىپ .

تەگرى سالغان بىلەن جاھان كەزمىشكە ،
نىمە ئۈچۈن بار ھازىر مۇشۇ دەرۋىشتە ؟
بەلكى قويىدى كىتاپلىرىن ئامانەت ،
ھە، ئەمدىكى ئۇلۇغ مەقسەت ـ گەپ بىزدە !

*

تۇيۇقسىزدىن چىقىپ قالدى غۇلغۇلا ،
غۇلغۇلىنى چىقارغۇدەك كىم بولار ؟
بىر تۇتقۇننى ھەيدەپ كېلەر توپ ئاتلىق ،
نىمە قىلغان ئادەمدۇر بۇ شۇنچىلىك ؟
چىڭ باغلاپتۇ ،
ساپتۇ ئاتنىڭ ئالدىغا ،
(دۇكاندارلار ئالدى ئۆزىن دالدىغا.)
كۆك سەللىچان ،
ئاپئاق ساقال بۇ ئادەم ،
كەلمىگەنتى تېخى ھېچكىم يادىغا.
توپ ئالدىدا ماڭار نوچى بىر سەردار ،
كىم بىلىدۇ سەردارغا ئۇ قەرزدار.
كىم بىلىدۇ مۇشۇ ئادەم ئۈستىدىن ،
پادىشاھقا يېتىپ قالغان ئەرزى بار!
ئوراپ ماڭار قاراۋۇللار يېلىنىپ ،
ھېچكىم سوئال قويالمايتتى پېتىنىپ .
جان دېگەن ـ ھە ،
بەزىلەرگە بەك تاتلىق ،
دۇكان تاقاپ ئالغانلار بار بېكىنىپ .
ھەممە ھەيران ،
تۇيۇقسىزدىن ئېتىلىپ ،
ئالدى مەھمۇد ئۇشبۇ توپقا قېتىلىپ .
ـ توختا ـ !
دېدى ئالدىدىكى سەردارغا ،
ـ توختا ! ـ دېدى كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ .
سەردار ھاڭ ـ تاڭ
كۆتۈلمىگەن بۇ ئىشقا ،
شاھزات تۇرار چۈشمەكچىدەك چېلىشقا .
نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى ئەجەپ ئىش ،
كىم ئەۋەتتى ئوتتۇرىغا سىلىشقا ؟
ـ خىزمەت ، شاھزات!
ـ بۇ نە قىلمىش ، نىچۈك ھال ؟

كىم بۇ زاتنى مۇشۇ ھالغا دېگەن سال ؟
يەش قولىنى ، رەنجىپتۇ ھەببىي ،
بوپ قاپتىمۇ ئىلىم ئۈچۈن بۇ يۇرت تار ؟
بىجىرىلدى باش ۋەزىرنىڭ پەرمانى ،
پېقىرنىڭ يوق پەرمان بۇزار دەرمانى.
ـ مانا ئالغىن!
بىر خالتا پۇل تاشلىدى ،
ـ ھەل بوپ قالار سەردارنىڭمۇ ئارمانى.
سەردار پۇلنى ئالدى لېۋىن تامشىتىپ ،
سۇرلۇك يۈزگە قالدى كۈلكە يامشىپ .
پەرمان بىلەن يىشىلدى يۈت ، قوللىرى ،
ئالدى ھەسرەت بىلەن شادلىق ئالمىشىپ .
ـ بۇ كىم بولدى ؟ ـ
دەپ سورايتتى خالايىق ،
خانلارغىلا پەقەت مۇنداق ئىش لايىق .
ـ كىم بولدى ـ ھە ؟
يۈت ـ قوللىرى ماتالغان ،
سەردار ئۈچۈن ئىش قىپ قويغان نالايىق ؟
ـ كىم بولاتتى يۈت ـ قوللىرى باغلانغان ،
كىم بولاتتى ئۆلتۈرمەككە چاغلانغان .
موللا شەيخ ھەببىيغۇ ،
ـ يا ئاللا! . . .
ـ نە سەۋەپتىن بۇ زات قەلبى داغلانغان ؟
ـ ئالىم ئۇستاز ئىدى بۇ زات ئۆلما ،
ـ ئۆلىمانىڭ يەتكەن كۈنى مۇشۇما ؟
ـ قويۇڭلارچۇ ئۇقۇشماسلىق بوپتۇدەك ،
شاھزادىگە ئۇچراپ قاپتۇ ھېلىمۇ!
ـ ھە ، مەھمۇدمۇ ؟!
ـ نۇرلۇق شۇڭا چىرايى .
ـ بۇ بالىغا پاناھ بولغاي ئىلاھى !
ـ شاھزادىمىز مۇنداق ئىشقا ئەزەلدىن ،
بوپ كەلگەنغۇ يارۇ ـ يۆلەك پىدائىي .
ـ ئامىن ! ـ دېدى خەلق توپى گۈرىرىدە ،
ئولتۇرغانلار تۇرۇپ كەتتى دۈرىرىدە .
ـ ئۆزى پاناھ بولغاي تەڭرىم ، خالايىق ،
ـ ئامىن!
ـ ئامىن!
ياڭرىغان چاغ ئۆرىگە ،

- يا غەۋس!
دەپ ئاۋاز كەلدى يۈرەكتىن ،
ئۈچمەي قالغان كەبى دەردۇ - پىراقتىن .
- كىتاپ نەرخى مانا مۇشۇ ، - دېدى ئۇ ،
بۇ سۆز كەتمەي قالدى شۇئان قۇلاقتىن .
ئەلمۇ ھەيران ،
دەرۋىش نېمە دەپ كەتتى ،
كىمدىن رەنجىپ ،
كىم غېمىنى يەپ كەتتى ؟
مەھمۇد قەلبى كۆيمەكتىدى ، ئەجەپ ئىش ،
- ھەق ، يا ئاللا!
ئۇ يىراقلاپ كەتكەنتى...

## ئالتىنچى باپ

ئىككى كىشى سۆزلەر قىلىپ ئېھتىيات ،
باردى ئۇلار سۆزلىرىدە ئېتىقاد .
ئىككى كىشى سۆزلىشەتتى پىنھاندا ،
بىر - بىرىگە قىلىشىپ ھەم ئىلتىپات .
- قاچانغىچە ئەندىشىدە يۇمماق كۆز ،
نېسىپمىدى بىزگە ھامان پىنھان سۆز .
قىلغان ئىشلىك چىقتىمۇ يا پۇچەككە ،
ئېيتقىن ۋەزىر ، ئارلاشقانمۇ قارا يۈز ؟!
- پەرۋەردىگار پاناھىدا ساقلىغاي ،
پەرۋەردىگار دىلىمىزنى ئاقلىغاي!
يېقىن كۈندە بىز مەقسەتكە يەتكەيمىز ،
مەلىكىمىز بالدۇر قانات قاقمىغاي!
ئوردىدا بىر چوڭ زىياپەت بولماقچى ،
ھەشەمەتلىك ساراي شۇ چاغ تولماقچى .
تەخت تاپشۇرۇش...
- نېمە ، نېمە ؟
قايتىلا ،
- شاھ تەختىنى چوڭ ئوغلىغا سۇنماقچى !
- شۇر پېشانەم ،
رەڭگى بولۇپ قەغەزدەك ،
مەلىكىگە بۇ تارتقۇلۇق بوپ ئازدەك .
ئازاپلاندى ئارمانلىرى ئۆرتىنىپ ،
تېپىرلايتتى تورغا چۈشكەن بىر غازدەك .

- ئاھ ، تىلەكلەر ،
تاپمىدى - دە ، ئېپىنى
ھالسىز لەۋلەر مىدىرلار قىپ گېپىنى .
- گۈل ھۆسنىڭىز پۇچۇلمىغاي ، مەلىكەم ،
تۇتمايلىمۇ ئەمدى پالتا سېپىنى ؟
- قانداق پالتا ؟
ئەرۋاھ روھى ئۇردىمۇ ؟
يا ئىشەنگەن ئۆتكۈر قىلىچ سۇندىمۇ ؟
جاۋاپ ۋەزىر ،
نەدە قالدى باتۇرلۇق ؟
يا يانچۇقۇڭ باشقا ياندىن تولدىمۇ ،
باش ۋەزىرىم ، -
دېدى خېنىم ئەركىلەپ ،
باش ۋەزىرنىڭ يۈرىگىنى نەق چېنەپ .
بوسۇغىدا تۇرغىنىدا تەقدىرلەر ،
ئالغىنىمىز تۈزۈك بىر ئىش بەلگىلەپ .
- مەلىكەمنىڭ بۇيرۇغىدا بولغايمەن ،
ئېھتىياتلىق بىلەن قەدەم قويغايمەن .
بولىدىغان زىياپەتتە ئىشىنىڭ ،
پىيالىگە ئۆزۈم شاراب قۇيغايمەن !
تائاملارغا سېلىنار جان ئوغىسى ،
مۇشۇ بولار تەختنى راۋان سوۋغىسى.
مەلىكىمىز مەدەت بېرىپ تۇرسىلا ،
قالغان ئىشنى مەن قىلارمەن توغرىسى ! ...
- لەشكەرلەرچۇ ؟
قاراۋۇلبەگ ، مىرشاپلار ؟
كېيىن پۇشمان يەپ قالمايلى دەپ < ئاپلا ! >
- قاراۋۇلبەگ سىقىمىمغا ئېلىنغان ،
سىقىمىمدا ئەمەلدارلار بار ساپلا !
- ئەمەلدارلار
بىز تەرەپكە ئۆتكەنمۇ ؟
ئەمەلدارلار بىزنى ۋەزىر كۈتكەنمۇ ؟
- شۇنداق خېنىم ،
زەھەر سۆزى مەھمۇدنىڭ
تۇغۇلغاندىن بېرى بىزدىن يېتكەنمۇ ؟
تونۇگۈنلا سەردار ئوغلى يېدى تاش ،
مېنىڭدىنمۇ ئاقتى ، خېنىم ، رەنجىپ ياش .
ئەپلاتوندىن ،

سەيياردىن قىلىپ گەپ ،
زەھەر بىلەن ئالماشماقتا تاتلىق ئاش .
سەردار تەييار
تەختىنى ۋەيران ئەتمەككە ،
سەردار تەييار مەقسىدىگە يەتمەككە .
ئەمەلدارلار شۇ سەۋەپتىن بىتەرەپ ،
چىدالمايمىز ئەمدى ئارتۇق زەخمەتكە !
ھازىرلىقنى قىلىپ قويغانمەن ، مەلىكەم ،
قۇشۇم بىكار ئۈچقىنى يوق ھېلىھەم .
ئوغلىڭىزنىڭ ـ
شاھزادەمنىڭ غېمىنى
مانا شۇنداق قىلىپ يۈرگىلى مەن نەگەم ! . . .

*

دۇنيا ، دۇنيا ،
ئاھ ، بىۋاپا دۇنيا سەن !
بىرنى خوش قىلىپ ،
مىڭنىڭ قەلبىن تىلغايسەن .
بىرلىرىگە گۆھەر بولدۇڭ ئاجايىپ ،
بىرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ سۇنغانسەن .
ئاھ ، بىۋاپا ،
ئاھ ، ئالدامچى قىسمەتلەر!
ئاھ ، تارتقۇلۇق ،
ۋەيران بولغان خىسلەتلەر!
بۇ ئالەمگە ،
ئادەملەرگە ئىشەنچ يوق ،
كۆيدى . . .
ۋەيران بولدى ئوتلۇق تىلەكلەر !
يەنە تۇمان ،
باغ كاشغەرنىڭ ئاسمىنى ،
قارا قويۇن
باغ ـ باراڭنى تاسقىدى .
ئەمدى گۈللەر ئايلانماقچى غازاڭغا .
يۈرتتا قىرغىن ،
يۈرتتا ئاھ زار تاشقىنى .
شادلىقلارمۇ ئايلانماقچى ئەلەمگە ،
ۋەيرانچىلىق يۈكلەنمەكتە ئادەمگە .
تاماق بولدى قىلىچلاردىن قىزىل قان ،
ئۆزگەرمەكچى مانا بايراق ، ئەلەملەر! . . .
كاشغەر ، كاشغەر ،
ئاھ ، ئەلەملىك گۈل شەھەر ،
جەڭ ، جېدەلدە باغرى كۆيگەن كۈل شەھەر .
ئاسمىنىڭنى يەنە قۇزغۇن باسماقچى ،
يىتمەك بوپتۇ سەندىن يورۇق ، كۈن شەھەر ! . . .

* * * * * * * * * *

## يەتتىنچى باپ

مەدرىسىدە ،
كىتاپ تولغان ھۇجرا ،
ھۇجرىدىن ئاۋاز چىقماس بىر تولا .
ئولتۇرۇپتۇ مەھمۇد كىتاپ ئاختۇرۇپ ،
تەپتى ئوتلۇق ،
مېھرى ئىسسىق
نۇر تولا! . . .
ئۇ ھېچ نەرسە خىيالىغا كەلتۈرمەس ،
خىيالىنى مۇشۇ تاپتا بۆلۈش تەس .
نېمىنىڭدۇر مېغىزىنى چاققاندەك ،
پىچىرلايدۇ ئاۋازىنى قىلىپ پەس .
ـ تىل دېگەنمۇ ،
ھە ، قانچىلىك مۇرەككەپ ،
تىل دېگەننى بىلىش ئۆزى ئېغىر گەپ .
چىڭگىل ،
ياغما
ئۆز ئالدىغا بىر ئالەم .
توقسۇ ،
تاڭغۇت
ئۆزگىچىدۇر ، پاھ ئەجەب ! . . .
پەرقلىرى ھازىرغىچە يېپيېڭىلىق ،
سىرلىرىنىڭ يولى بولسا ئېتىگلىك .
رەتكە سالسام ،
بولسا مۇشۇ ئەللەرنىڭ
تىللىرىدا ئۆزگە خاس ئېنىقلىق .
يەتكۈزەرمۇ تىلگىمگە ئىلاھى ،
نىيىتىمنىڭ بىركۈن بولار ئىلاجى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇ كىتاپلار ئىچىن يەنە ئاختۇردى ،
باشقىچىرەك بولدى ئەمدى چىرايى .

*

يەنە كىتاپ ،
كۆز گۆھىرى كىتاپتا ،
ئۇخشار كىتاپ بىر ئاپتاپقا شۇ تاپتا.
بەزەن مىسرا تاۋۇدىن ئۇ ئويغىنار ،
مەزمۇننى يۇكلىگەندەك قاپ ـ قاپقا .
بەزەن جۈملە سىرلىرىنى يەشكىچە ،
ئولتۇرىدۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە .
بەزىدە چاچ دانىلىرى ئاقىرار
چىگىشلەرنىڭ تېگىگە ئۇ يەتكىچە .
ئويلار بىلەن قالار ئىككى پۈكلىنىپ ،
مۈرىسىگە ئېغىر بىر يۈك يۈكلىنىپ .
ئەجەب غۇۋا يېنىپ تۇرغان چىراقلار ،
پىلىلدايدۇ ئەھۋالغا ئۆكۈنۈپ .
پارس تىلى
باشقىچىرەك ئەرەپتىن ،
بايلىغىمۇ يېتەرلىك كۆپ تەرەپتىن .
بۇ ئىككى تىل ئۆز ئالدىغا بىر تېرەك ،
ئەزىزلىنەر چىققاندەك بىر يۈرەكتىن .
ئۇ خىيالغا يەنە پاتقان چېغىدا ،
يۈرگىنىدە ئىلىم تەھسىل بېغىدا ،
ئۆمەر پانسات كىرىپ كەلدى ئىشىكتىن ،
قولدا قىلىچ ،
قىلىچتا قان دېغى بار .
ـ تۇرۇڭ مەھمۇد !
يۈز بەردى چوڭ خىيانەت ،
مەلىكىمىز قىلدى بۈگۈن جىنايەت !
ئاھ ، قىرىلدۇق ،
تۆكۈلمەكتە قىزىل قان ،
پاك دىيارنى باسماق بولدى جاھالەت!
ـ ئاتاملارچۇ ؟
ـ زەھەرلەنگەن پاناھلار ،
ـ قىلىچ ! ـ دېدى ، ـ قورۇنمىغاي ئەرۋاھلار ،
ـ قىلىچ ! ـ دېدى ئۇ ئورنىدىن چاچراپ ،
ـ مۆكۈنگەننى كەچۈرمىگەن ئەۋلادلار !

ئويغىنىڭلار!
يۇرت ئويغانسۇن غەپلەتتىن ،
چىلىش ئەلا كېيىن قىلغان ھەسرەتتىن .
قىلىچ ئالغاي ،
پەيتى كەلگەن مەزگىلدە
بەخت كەلمەس ياۋ قېنىنى تۆكمەستىن ! . . .
ـ مەلىلەردە ئاينىپ بارار قانلىق جەڭ ! . . .
بىز كېلەلمەي قالدۇق دۈشمەن بىلەن تەڭ .
چېكىنمەكلىك كېرەك ئەمدى ، شاھزادە ،
كاشغەر خەلقى تۇرگەن بىلەن يەنە يەڭ !
ئاۋاز كېلەر نەلەردىندۇر دادلانغان ،
ئات ئاۋازى ،
كىملەردۇر بۇ ئاتلانغان ؟!
ئوت ياناماقتا ،
كاشغەر ئۈستى تۇمانلىق ،
قانلىق قىرغىن كوچىلاردا باشلانغان .
ئىككى قىلىچ ،
كۆككەلەككە قان تېمىپتۇ ،
مەھمۇد مانا توپ ئالدىدا مېڭىپتۇ .
جەڭ بارىدۇ تار كوچىلار ياقىلاپ ،
تۆكۈلگەن قان ئۆلگۈرۈپتۇ سىڭىپمۇ .

*

بەس ، ئەي ئىنسان ،
راۋا ئەمەس كۈلمەكلىك ،
راۋامدى كۈلمەي تۇرۇپ ئۆلمەكلىك ؟!
كاشغەر كۆكسى ئۆرتەنمەكتە ، نە هال بۇ ؟
ئەمەسمىدى نېسىپ ئەركىن يۈرمەكلىك ؟!
تۇتۇل ئاسمان ،
ئاچچىق يېشىڭ تۆكۈلسۇن ،
بۇ نومۇستىن پۈتۈن ئالەم ئۆكۈنسۇن !
تۇتۇل ئاسمان ،
ئادىل ھۆكمىڭ ئالدىدا
جىنايەتنىڭ قۇزغۇنلىرى يۈكۈنسۇن !
تۈن قاراڭغۇ ،
قۇزغۇن قانات يايغاندەك ،
مۇشۇ ئۇلۇغ يۇرتنى پۈركەپ ئالغاندەك.
كۆيۈك ئارىلاش ھىد ئۇرۇلار دىماغقا ،

يەر ـ يۈزىدە پەقەت زۇلمەت قالغاندەك ! . . .
شەھەر ھارغىن ،
ھارغىن يېزا ـ قىشلاقلار ،
يانماي قالغان شۇڭا نۇرلۇق چىراغلار .
شەھەر جۇل ـ جۇل ،
يىرتىلغان بىر كۆڭلەكتەك ،
ئىت ـ مۈشۈكنىڭ ئۈنى ئۆچكەن بىراقلا !
چوقانلارمۇ ئەمدى قاپتۇ سىلىكىپ ،
ھاردىمۇ يا پالۋانلار كۆپ ئېلىشىپ .
ئۇلار شۇنداق ئۆتتى چېغىر يوللاردىن ،
ماڭدى قىلىچ چۈشمەي كۈچلۈك قوللاردىن .
ئۆتتى چۆلدىن ،
كېچىلىپ تېز كېچىكلەر ،
ئۆتتى ئۇلار ئوتى ئۆچكەن تۇرلاردىن .

*

كىچىك شاھزادە ـ
ئىبراھىم شاھ بۇ كېچە
تاج كىيىپتۇ ئۇ بېشىغا ئۆزگىچە .
قانلىق قىرغىن ،
ئوردا ۋەيران ،
كىملەردۇر
قىلىچلىشار تۇتقۇن بولۇپ ئۆلگىچە .
ـ كۆيدۈرۈلسۇن ! ـ دېدى ، ـ تەختنى سۆيمىگەن ،
كۆيدۈرۈلسۇن بىزدىن قېچىپ ئۆلمىگەن .
دار ئالدىغا كەلتۈرۈلگەي مەھمۇدمۇ ،
قەھرىمىزنى ئۇ تېخىچە بىلمىگەن!
مەدرىسەئى <ھامىدىيە >كۆيمەكتە ،
مەدرىسەئى <ساجىيە > كۆيمەكتە .
ئاسراڭلار ،
ئاسراڭلار ، ئەي خالايىق ،
ئۇلۇغ ئوردا ،
تارىخىمىز كۆيمەكتە ! . . .
كۆيدى كىتاپ ،
كۆيدى قۇتلۇق بۇ ماكان ،
بايقا ، بۇگۈن ئەللەملەر باغرى قان!
كاشغەر ۋەيران ،
ئىس ،
تۈتەكنىڭ بېسىمى ،
نارەسىدىگە تېپىلمايدۇ پارچە نان ! . . .
ئىلىم كۆيەر ،
ئەقىل كۆيەر ،
ساخاۋەت ،
كۆيەر تارىخ ،
ساقلىنىپتۇ ئاداۋەت ،
چىرقىراشلار ،
ھۆۋقۇشلارنىڭ ئاۋازى ،
قىرغىنلاردىن كۆرۈش باركەن ھالاۋەت ! . . .

## سەككىزىنچى باپ

مەھمۇد كېلەر ھۆل تاياقنى تايىنىپ ،
مەھمۇد كېلەر ئانا يۇرتتىن ئايرىلىپ .
يىرتىق كۆڭلەك يەلپۈنەر بىر بايراقتەك ،
پۇتى بايا كەتكەن تاشتىن قايرىلىپ .
ھاسا بىرىپ كېلەر ئاڭا كۆپ مەدەت ،
قايرىلغان پۇت قىلمىغىدى ئېغىر دەرت .
قىلىچلارنى تايىنىپتۇ بەزىلەر ،
بەزىلەردىن چىقىپ قالار ئارىلاپ گەپ .
يالغۇز ئاياغ يول پۈتمىگى بولدى تەس ،
يالغۇز ئاياغ يولمۇ ئىكەن ئېگىز ـ پەس .
چاڭقاقلىقمۇ كۆرسەتمەكتە ئۆزىنى ،
ئاھ ، پالۋانلار قەلبىدە بار قايغۇ ـ غەش !
كېلەر ئۇلار يېقىلغاننى كۆتۈرۈپ ،
جاراھەتلىك تەنلەر بارار كۆكىرىپ ،
بىرلىرىنى يۆلىشىدۇ بىرلىرى ،
بىرلىرىنىڭ تېڭىقلىرى سۆكۈلۈپ .
ھە ، ئاسمانمۇ تۇرۇۋاپتۇ قوشۇما ،
ئېغىر كۈندە ساخاۋەتنىڭ مۈشۈما ؟
قىلارىڭنى ئەمدى سەنمۇ قىلىۋال ،
يەنە قانداق يازمىشنىڭ بار ، يوشۇرما!
بىردە < لىپ > قىپ چېقىپ قالار ئوت ـ چاقماق ،
بولغىنىدەك تۇن باغرىدىن نۇر تاپماق .
بىردە بۇلۇت ،
گۇلدۇرماما گۇلدۇرلەر ،
بىردە سەل تاشقىنلايدۇ بوپ تاشماق .

www.uyghurkitap.com



ـ يېتىپ كەلدۇق ، ـ
دېدى ، ـ مارجانبۇلاققا!
زەپ يېقىملىق ئىدى بۇ ئۈن قۇلاققا .
تولدى كۆكرەك ،
تولدى ھېسقا بۇ كۆڭۈل ،
جىگدە ھىدى ئارىلاش ئېسىل پۇراققا .
ئانا تۇپراق ،
چىمدىم توپاڭ ،
دەرگاھىم ،
سەندە قالار مانا مېنىڭ مۇڭ ـ زارىم .
سېنى تاشلاپ كەتمەك بولدۇم ، نە ھال بۇ ،
نە كۈن كەلدى بۇ بېشىمغا ، خۇدايىم ؟!
ئۇ ئەتراپقا تويماي قارار تەلپۈنۈپ ،
باقتى ئۇپال تاغلىرىغا تەلمۈرۈپ .
پۈتمەس خىيال ،
پۈتمەس ئويلار يىغلىدى ،
تۇرار مەھمۇد ھېسلار بىلەن تولغىنىپ .
كۆرگەن ئىدى يېقىندىلا ئۇ بىر چۈش ،
(چۈش كۆرۈشكە بولسىمۇ گەر ئۆزى ئۆچ .)
تۇيۇقسىزدىن گۈلدۈر ـ چاقماق چېقىلىپ ،
ۋەيرانچىلىق باشلانغانتى تۇشمۇ ـ تۇش !
قاراڭغۇلۇق ،
ھۆكۈمران سوغ ، ئەندىشە ،
نەدىن پەيدا بولدى مۇنۇ دەدىسە ؟
غەلىتە بىر چىرقىراشلار ئاڭلىنار ،
ئېغىركەنغۇ كۈن نۇرىنى بەرمىسە !
گۈلدۈرلىدى مانا ئەمدى ئەزىز يەر ،
بۇ ئەھۋالغا ئادەم ئەقلى نېمە دەر ؟
پەيدا بولۇپ قالدى يوغان ئەجدىھا ،
سۈمۈرمەكچى توغرا كەلسە تاغنى گەر .
بالىلىرى كېلىشمەكتە يەر يالاپ ،
كېلىشمەكتە ئۇچرىغاننى يەپ ، يالماپ !
بىردەمدىلا بار ئەتراپنى كۆيدۈرۈپ ،
نېمە بولسا قويماي كەلدى ھەم تالاپ .
يەر تاتىلايدۇ ئۇنىڭ قانلىق تىرنىغى ،
ئەجدىھانىڭ شۇنداققۇ شۇم قىلىغى.
بۇ ئەتراپتىن قويمىغاچقا تىرىك جان ،
ئىتتىكلىشىپ كەتتى زەھەر تىنىغى.
ئەمدى يېتەر تىرىك بىر جان قالمىغاچ ،
ئاغزىغا قان ئارىلاش گۆش سالمىغاچ .
بىر ـ بىرىگە ئالىيىشتى كۆزلىرى ،
يەر سۈپۈرگەن تىللىرىنى يالىغاچ !
پاتمىغاندەك باللىرى چىرقىراپ ،
گويا دەھشەت قۇيۇن كەبى پىرقىراپ .
ئانىسىغا ھۇجۇم قىلدى قاراڭلار ،
ھەر تەرەپتىن تالىشدۇ خىرقىراپ! . . .
كۆزلىرىدىن ئوت ياناتتى ، ئاغزى قان ،
بىردەمدىلا مانا ئانا يېرىمجان .
كۆيۈك تەندەك ئىس ـ تۈتەكنىڭ ئاستىدا
تۇرار ، نېتەي ،
خاراب بولۇپ بۇ ماكان .
ئانىسىنىڭ قاپتۇ يوغان بېشىلا ،
(تالىششلار ئەمدى قاچان بېسىلار ؟)
ئەجدىھانىڭ تۇرار قانلىق كۆزلىرى ،
زەھەرلىك تىل يەر سۈپۈرگەن پېتىلا !
بىردەمدىلا ئانىسىمۇ يەپ قويدى ،
بىر ـ بىرىگە ئەمدى ئۇلار تاشلىنىپ ،
ئەزىز يەرگە بۇ تالاشتىن قان تولدى ! . . .
ئاسمان يورۇپ قالدى مانا ئەجابا ،
بۇزۇلغان چاغ بۇ ئۆلكىدە پاك ھاۋا .
بىر سۇرمە قۇش قانات سوزۇپ كەلمەكتە ،
بولغىنىدەك ئاغرىق تەنگە ئۇ داۋا!
ئەجدىھالار قالدى ئەمدى پۈكلىنىپ ،
ئەجدىھالار قالدى ئەمدى تۈگۈلۈپ .
ئۆرتەنمەكتە ،
مونۇ مەخلۇق كۆيمەكتە ،
كەپتىكەن قۇش ئەجەب ۋاختا ئۆلگۈرۈپ .
قۇش ئايلىنىپ كۆك گۈمبەزگە قونغاندا ،
ئادەم بولدى ئەتراپ نۇرغا تولغاندا .
ـ يا ھەزرەت !
سۇتۇق بۇغرا قىبلىگاھ ،
مەدەت بەردى باغلاردا گۈل سۇلغاندا.
ـ ئۇلۇغ پاناھ ،
مەھمۇدتا ئۈن يوق ئەجەب ،
تۇرۇپ باقتى ئۇ ئورنىدىن تىرەجەپ .
سۆزلەي دېسە تىلى بارۇ ، ئۈنى يوق ،

پۈتى بارۇ ، ماڭالمايدۇ قىزىق گەپ .
ئۇ قىينىلىپ كەتكەنىدى ئۇيغىنىپ ،
بۇ دەھشەتلىك چۈشىدىن ملىڭ تولغىنىپ .
ئۇختىسىغا كەلگىنمۇ ، خۇدايىم ،
مۇنداق چۈشنى كۆرمىگۈدىم تۇغۇلۇپ !
ئۇلاشقاندەك بولدى سوغۇق بىر تىترەك ،
بولالماستىن قالدى يۈرەكمۇ تىرەك .
مۇشۇنداق ھال يۈز بەرگەنلەر ئېيتىڭلار ،
مۇشۇنداق ھال باشقا كەلسە نە كېرەك ؟!

*

ئۇ تۇغۇلغان يۇرتىنى ئەتمەكچى تەرك ،
يىتتۈردىغۇ ئۆز يېرىدە ئۇ ئەرك .
ئەرك ئىزدەپ ئاشماقچىغۇ تاغلارنى ،
كەتمەك بولدى شۇڭا دەردكە بوپ غەرق .
قالدى كاشغەر ،
ئۆتكەن چاغلار ، يىگىتلىك ،
قالدى ئوپال ،
خۇشپۇراقلىق جىگدىلەر .
ۋا دەرىخا ، قالدى يۈرەك يېرىمى ،
پەرۋەردىگار بۇ ھالغا نە دېگۈلۈك ؟!
ئۇ ھاسىنى قولغا ئالدى تەلمۈرۈپ ،
بىر نىمىنى ئىتقىنىدەك يالۋۇرۇپ .
مارجانبۇلاق يېنىغىلا تىكتى ـ دە ،
ـ كەتمەكچىمەن ! ـ دېدى ، ـ سېنى قالدۇرۇپ ،
سېنىڭ بىلەن قالدى ، بىلگىن ، مۇھەببەت ،
مېنىڭ بىلەن بىللە كەتسۇن بارچە دەرت !
كۆكلەپ قالغىن مارجانبۇلاق يېنىدا ،
ئۆزۈڭ ئۆسكەن يەردە، دوستۇم ئامەت بار ئامەت !
كۆكلەپ قالغىن يۇرتىمىزدا < مەن > بولۇپ،
ئۇنتۇمىغاي بۇ يۇرت مېنى سەن تۇرۇپ .
كۆكلەپ قالغىن ، كۆكلەپ قالغىن ، بۇرادەر،
قايغۇ باسار كېتىپ قالساڭ سەن قۇرۇپ !
ـ ۋاقىت ئەمەس خىياللارغا پۈركىنەر ،
ۋاقىت ئەمەس بۇ ئىشلارغا ئۆكۈنەر ، ـ
دېدى بىرى قولتۇغىدىن قولتۇقلاپ ،
ـ ۋاقىت ئەمەس ئەمدى ئارتۇق يۈكۈنەر !
ئارقىمىزدا باردۇر بىزنى بايقىغان ،
باردۇر سۆزۈڭ بۇلاقلارنى لاي قىلغان .
قېنى دوستلار پامىر بىزنى كۈتمەكتە ،
ئۆز باغرىدىن كۆز ياشلارنى ساي قىلغان .
ئاھ ، ئادەملەر ،
بارمىكىن دەرد كۆرمىگەن ؟!
بارمىكىن دەرد كۆرمەي يەرگە كۆمۈلگەن ؟
دەققىلەر ،
ئايرىلار چاغ كەينىدىن
كۆرمىسۇن ، ئاھ ، بۇ دەققىنى ئۆلمىگەن !
پامىر يېقىن ،
ئېغىرلىشار قەدەملەر ،
ئېغىرلىشار دىلدىكى بۇ ئەلەملەر .
ئۆزۈلمەستىن كېلەر مېھىر يىپلىرى ،
ئېغىركەنغۇ مۇنداق دەملەر ،
ئادەملەر! . . .
پامىر يېقىن ،
كۆزلەردىن ياش تاراملاپ ،
چىقماي قالدى ئەمدى ئۈنلەر جاراڭلاپ .
مۇنداق چاغدا باشقىچىكەن ئۈمىدمۇ ،
دەل ـ دەرەخلەر بارار ئاستا شالاڭلاپ .
يول باشلىدى ئۈمىدلىرى ئەجەب ئىش ،
بۇلۇت قاپلاپ باشلانغاندەك ئەمدى قىش .
ئارام بولار ئىكەن ئارمان بولسىلا ،
ئارمان ـ ھايات ،
بار نەرسىكەن ئەمەس چۈش .
ئۇلار ئېگىز< مۇق> يولغا يەتكەندە ،
ئاھ ، ۋەتەندىن ئۈزۈلمەكمۇ تەسكەن ـ دە !
قالدى قەبرە ،
قالدى ئۇلۇغ ئەللامە ،
قالدى دىلدا < ۋەتەن> نامى ھامانە .
قالدى ئۆمۈر بويى بولۇپ ئۇنتۇلماس ،
جان بەرگەنلەر ،
ئەرك ئۈچۈن مەردانە ! . . .

*

< مۇق > يولغا كۆپ ئادەملەر يەتمىگەن ،
قۇش يولى بۇ ،
قۇشلار تەرك ئەتمىگەن .

< مۇق > يولنى قۇشلار يولى دەر خەلق ،
ئەلەملىك يول ،
دەردى باشتىن كەتمىگەن.
خادا تاشلار كۆرىنىدۇ نەيزىدەك ،
كۆرىنىدۇ قۇشلارغىلا پەيزىدەك .
گىياھلار بار سۇنۇق تاشلار ئۈستىدە ،
سۇنۇق تاشلار كۆرىنەر بىر كەيزىدەك .
ئېغىر دەمدە ،
قۇشلار بىلەن بەسلىشىپ ،
قۇشلار بىلەن مۇڭدىشىپ ھەم بەتلىشىپ .
ئۆتتۇپ بارار ئۆز يېرىنى قالدۇرۇپ ،
ئۆتتۇپ بارار تارىخ بىلەن گەپلىشىپ .
ئاھ ،< مۇق > يولى ،
مېڭىش كەپتۇ مەھمۇدقا ،
مېڭىش كەپتۇ يۇرتى ئۈچۈن بىر ئۇتقا .
يۇرىگىدە قالدى ئەجىر چالىسى ،
قالدى يېرى تالان ـ تاراج بوپ جۇتقا !
كېتىپ بارار غەزەپتىن تەن شۈركىنىپ ،
تىك چوققىلار بارغىنىدەك يۈكۈنۈپ!
كېتىپ بارار مەھمۇد ئېگىز تاغ بىلەن ،
كېتىپ بارار بۇ ئىشلارغا ئۆكۈنۈپ! ...

## توققۇزىنچى باپ

بەرگىنى يوق ئوردا بوگۈن زىياپەت ،
بولغان بىلەن زىياپەتتەك قىياپەت .
ئەزەلدىنلا مەلىك شاھتا بار ئىدى
يېقىننى چاقىرغاندا بىر ئادەت :
ئولتۇرغۇزدى مەلىكنى يېنىغا ،
(ھە ، بۇ شاھنىڭ مەلىكىدەك گۈلى بار.)
مۇڭدىشاتتى قوبۇل قىلماي باشقىنى ،
پىنھان تۇتماس ئىدى دىلدا نىمە بار .
مانا ، بۈگۈن تۇركان خېنىم مەيۈسراق ،
چىرايىدا گۈلنىڭ ئەكسى بار بىراق .
ئولتۇرىدۇ تاجدارنىڭ يېنىدا ،
مەھمۇدمۇ بار ئىككىسىدىن نېرىراق .
ئولتۇرىدۇ ئۈچى ئۈچ خىل يۇلتۇزدەك ،
تۈننى قىلىپ ئۈچ خىل يۇلتۇز كۈندۇزدەك .

سۆھبەت كاشىغەر ،
ۋەيرانە تەخت ھەققىدە ،
ئۆتتى رەنجىپ كەلگەن پەرزەنت كۆڭۈلدەك .
ـ ھەسرەت كەپتۇ باغىرلىرىم بىشىغا ،
نېتەي بارماق نېسىپ بولماق قېشىغا ، ـ
دېدى تۇركان خېنىم ئاچچىق ئۆكۈنۈپ ،
ـ زەھەر ساپتۇ قېرىنداشلار ئېشىغا! ...
تۇركان خېنىم كۆڭلى بولدى پەرىشان ،
جىمىپ قالغان ئىدى سۆھبەتمۇ شۇئان .
ئارام بەرگەن كەبى بولۇپ مەلىكشاھ ،
دېدى :ـ زەئىپ قىلار چەكسە كۆپ يىغا .
نە كۈن كۆرمەك ، بارمۇ دىلدا مۇددىئا ؟
مۇددىئاغا كۆرەر چارە بىزدە بار .
يۈلگەندەك بوپ ھۆكۈمران مەھمۇدنى :
ـ تولا رەنجىپ چېكىپ كەتمەڭ سىزمۇ ئاھ!
مەھمۇد بېشنى ئەگدى ، قولى كۆكسىدە ،
قىزارغاندەك ئىككى مەڭزى ھۆپپىدە .
ـ مەرھەمەتلىك شاھقا رەھمەت ئېيتقايمەن ،
چالا ئەجرىم...
تەڭرى ئاتا يەتكۈزەر .
باردى مېنىڭ چالا قالغان ئەجرىم ،
بىللە كەلدى ، ئۈنى تەرك ئەتمىدىم .
تۈركى ئەللەر تىللىرىنىڭ پەرقىنى
يەشمەك ئىدىم ،
تېخى ئاتا يەتمىدىم .
ـ ھە ، شۇنداقمۇ ؟
مەقسەت ئۇلۇغ دەڭ ، پەرزەنت!
ـ كۆپ ئىشلەشكە ،
كۆپ چېكىشكە كېلەر دەرت .
ـ ئىنشائاللا ، بۇ مەقسەتكە تەختىمىز ، ـ
دەپ مەلىكە باقتى شاھقا ،ـ يار ، مەدەت !
ـ تۈركى تىللار ، ـ
دېدى مەھمۇد ياندىشىپ ،
ـ بىر ـ بىرىنى كەلمىدى تەڭ ئاڭلىشىپ .
ئۆزگىچىدۇر قەبىلىلەر تىللىرى ،
ئۆز تىللىرىنى ئۆتتى ھەركىم داڭلىشىپ .
چېچىلغان ئۇ ، تېرىۋالار كىشى يوق ،
تىلى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىشى يوق .

شۇ بىر بايلىق گۆھەر كەبى يېتىپتۇ ،
رەتلىگەنگە گۆھەرى بار ، تېشى يوق !
مەھمۇد سۆزلەر بۇ ئارماننى يورۇتۇپ ،
ئارمان تاتلىق ئالغانلارغا چىلىق تۇتۇپ .
تۇتاشقان ئۇ پەقەت كۆيۈپ پۈتمەسكە ،
تۇتاشقان ئۇ ئىلىم ئەھلىنى يورۇتۇپ .
كەڭ پېشانە ،
ئاھ ، بۇ كۆزلەر خاتىرجەم ،
ئاھ ، بۇ كۆزلەر ئىشەنچ بىلەن بولغان جەم .
شاھ كۆڭلىنى يورۇتقانىدەك قىلدى ، پاھ !
سۆز تەپتىگە قاقلىنىپتۇ مەلىكەم .
شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى بۇ قېتىم ،
ئۇلۇغلىغان كەبى مەھمۇد جۈرئىتىن .
- بارىكاللا!
بۇ ئالىيلىق ، - دېدى ئۇ
ئۆلچىگەندەك بولۇپ ئۇنىڭ قىممىتىن ،
- بۇ بىباھا ئىشقا تىللا چاچقايمەن ،
ھۆرمىتىگە خەزىنەمنى ئاچقايمەن .
ئاختۇرغاندا تۈركى ئەللەر زېمىنىن ،
سىزگە ياخشى دوستلىرىمنى قاتقايمەن.
پاناھ بولغاي، مەھمۇد ، ئۇلۇغ تەڭرىمىز ،
ساخاۋەتلىك تەرىپىدىن كەڭرى بىز .
ھەر قەبىلە ،
ھەر زېمىنغا بارغاندا ،
سايە بەرگەي بىزنىڭ پەرمان ، ئەمرىمىز !
شاھ بىر قاراپ مەلىكىگە تىكىلدى ،
مەلىكە شاھ ئالدىغا كەپ يۈكۈندى .
- رەھمەت ، شاھىم ، ماڭا يېنىك قىلدىلا
قايغۇلاردىن ئېغىرلاشقان يۈكۈمنى ، -
دەپ مەلىكە شاھ كۆڭلىدىن چىققاندەك ،
بولدى مۇشۇ سۆھبەتتىن ئۇ ئۆتقاندەك .
بولدى كۆكۈل پەتنۇسىدا مەھمۇدقا
ياخشىلىقنىڭ بارىنى سېلىپ تۇتقاندەك .
ئۈمىدسىز دىل يەنە ياندى ئارماندا ،
ئوخشايتتى ئوت ئايلانغان بىر پەرمانغا .
سۇنغان تەلەي
بىخ چىقاردى قايتىدىن ،
كۆچ قېتىلدى ھالسىزلانغان دەرمانغا .

ئۇ قاناتلىق مۇشۇ تاپتا بىر شۇڭقار ،
پەرۋازىغا ئەمەس ھازىر زېمىن تار !
ئارمان يانار ،
ئارمان ئۇلۇغ ھەمىشە ،
بۇ ئارمانغا باغدات بولۇپ تۇردى يار .

## ئونىنچى باپ

كۆن كۆيدۈرەر ،
ھۆپۈلدەيدۇ بۇ ئىسسىق ،
يەرنى دەسسەپ بولمايدۇ ، ئاھ ، يەر قىزىق .
شامالسىز چۆل گويا تونۇر تەپتىدەك ،
چاڭقاق تەنگە سانچىلغاندەك ئوتلۇق زىق !
ھارغىن كارۋان ئاستا تاشلار قەدەمنى ،
زېرىكتۈرەر بىللە ماڭغان ئادەمنى .
بېشى تۆۋەن ساڭگىلىغان جانۋارلار
بىر يىلغا تەڭ قىلىپ چامدار بىر دەمنى .

*

...كېچە بىلەن كۆچەيلى ،
يانار سۈيىن كېچەيلى...
ناخشا كېلەر ئەمدى يېقىن يېزىدىن ،
ناخشا كېلەر شۇ يېزىنىڭ قىزىدىن .
كارۋانبېشى شۇ تەرەپكە بۇرالدى
كىملەرنىڭدۇ سېلىپ كەتكەن ئىزىدىن .
ناخشا ئۈنى ئەمدى يېقىنلاشماقتا ،
ناخشا ئۈمىد يۇلتۇزىنى چاچماقتا .
ناخشا خىيال باسقان مۇڭلۇق يۈزلەرنىڭ
ئۇگدەك ئارىلاش كۆزلىرىنى ئاچماقتا .
كېچە بىلەن كۆچەيلى ،
يانار سۈيىن كېچەيلى! ...
سۇ بويىدا ئولتۇرۇپتۇ بوۋايلار ،
سۆزگە چېۋەر ئاق رومالىق مومايلار .
يول ئازابى چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەم
تونۇشۇپمۇ ئۆلگۈرگەندەك ئوڭايلا .
- تىنما بالام - !
دېدى موماي ئېسەنگىرەپ ،
نېمىشقىدۇر بىرنەرسىدىن ئەنسىرەپ .

< ئوغۇزلاركەن! > دېدى مەھمۇد ئىچىدە ،
قېرىلىقتىن ئاران ماڭار هاسىراپ.
< تىنما! > دەيدۇ توختىماقچى بولغاننى ،
يىراق جايدىن كېلىپ خورجۇن قويغاننى .
دېمەك ، خاتا بۇ ئىبارە ، دەپ مەھمۇد ،
< تىنما > دەيدۇ تىنىپ بولغان بىر جاننى .
< ئادەت قالماس ، ئەل قالار > دەپ بۇ ئەلدە،
كۆپ ئىشلارنى كۆرەر جېنى بار تەندە .
ئۆزلىرىدىن باردەك تۇرار سورارىم ،
رەنجىمگەي ، مېھمان بىزغۇ بىر بەندە .
كۆرۈنگەنگە ئەل ئارىلاپ كەلگەندەك ،
تۇرمايلا يۇرتلىرىدىن بەزگەندەك.
< تىل تۈگكەننى چىش يېشەلمەس > دەيدىكەن ،
كەپ قاپتىلا بىزگە خۇدا بەرگەندەك .
ـ ئەل كەزگىنىم چىقىپ تۇرار تۇرقۇمدىن ،
ئۆزۈن بولدى مەن چىققىلى يۇرتۇمدىن .
ـ ماكانلىرى يىراقمىكىن ، يېقىنمۇ ؟
ـ كاشغەر ،
باغداد خەۋەردار بار ـ يوقۇمدىن.
ـ ھەق ، راست ،
ـ ھەق ، راست ـ !
دېدى ساقال سىقىملاپ ،
بىرى قۇملۇق تاشلىرىنى ئۇچۇملاپ .
ـ < ئالدىراقسان چۆپىن سۈتكە چۈشەر > دەر ،
دەم ئالايلى ،
ماڭدى بىرى قولتۇقلاپ .
< تىل تۈگكەننى . . . >
دېدى مەھمۇد پىچىرلاپ ،
ئۇنىڭ قەلبى كەتتى بىردىن تېپىرلاپ ،
< چىش يېشەلمەس >،
قاراڭلارچۇ تىلدىكى
بايلىقلارنى يىغمىدۇقمۇ ئوچۇملاپ. . .
مەھمۇد تۇتقۇن بولدى خىيال ئىلكىگە ،
ئىگە بولغان كەبى ئەۋلاد مۈلكىگە ،
كۆز ئالدىدا تۇرار ئۇلۇغ بۇغراخان ،
ئۇستازىنىڭ قاراپ كۆڭۈل كۆكىگە .
ئىللىق ئۇستاز:
ـ توققۇز ئوغۇز ،
ئون ئۇيغۇر
يۇرگەن مۇشۇ كەڭ دىيارغا بوپ تۇرغۇن .
بەك بۇرۇنلا تىكلىگەن بۇ خانلىقنى ،
جەڭلەر بولغان ، ئاھ ، نۇرغۇن ! . . .
ـ ئۆزۈن تارىخ ،
تەكرارلىدى ھەم سۈتۈق ،
ئۆزۈن تارىخ بوپ قالدىغۇ بۇ قۇتلۇق .
مەھمۇد سۈتۈق بىلەن تۇرغاندەك ،
قەلبى كۆيەر ،
قەلبى كۆيەر ، پاھ ، ئوتلۇق!
بىر بوۋاي كەپ بۆزدى مەھمۇد خىيالىن ،
خىيال ئارىلاش كېلىۋاتقان پىلانىن .
ئەجەب مېھرىن قويدى ھارغىن بۇ زاتقا ،
تاپقىنىدەك چىگىش ئويلار ئامالىن .
ـ شۇنداق قىلىپ مېھمىنىمىز بولغاي قۇت ،
مېھمان ئۈچۈن داستىخانلىق مۇشۇ يۇرت .
ـ رەھمەت تەقسىر ،
ـ نەدۇر ئەينى مۇددىئا ؟
ـ ئەلنى كەزمەك ،
پۈكۈلمىسە يولدا پۇت .
ئارغۇلارغا سالام بېرىپ ئۆتكەيمەن ،
غازاڭ چۈشسە ياغمىلارغا يەتكەيمەن .
مەن بىر سەيياھ ،
مەرھەمەتتىن كۆرۈپ كۆپ ،
غەزىپىڭلار بولسا بىردىن يىتكەيمەن !
ـ ئەۋلىيامۇ ؟ ـ
ـ دېدى بىر پىچىرلاپ ،
كەتكىنىدەك بولۇپ قەلبى تېپىرلاپ .
ـ ئۆيگە ، مېھمان ، جاي قىلىنغان سىلىگە ، ـ
دەر ئالقانغا ئالغىنىدەك ئوچۇملاپ .
ـ خىزمىتىنى قىلىشايلى، بوۋايلار،
بۇ زات كۆڭلىن ئېلىش ئەمەس ئوڭايلا .
شۇنداق بولدى ئەڭ دەسلەپكى ئۇچرىشىش ،
ھېجرىلاردا قېتىق سۇنۇپ مومايلا. . .

*

بىردىن بىرى بوۋىنى شەرەت قىپ ،
ئۆز يېنىغا كېلىشنى تەلەپ قىپ .

چاقىرغاننى بوۋاي سالدى كۆرمەسكە ،
گەپنى بۇزماي تۇرۇپ باقتى غەيرەت قىپ .
موماي بولسا رەڭگى ئۆچۈپ شەرەتلەر ،
قولى بىلەن بىر نەرسىنى تەرىپلەر .
كۆرستىدۇ ئالدىدىكى تۇزلەڭنى ،
تۇزلەڭدە ئەل ،
كۆپى مۇشۇ يەرلىكلەر .
چاچلار چوۋۇق ،
يالاڭ ئاياغ ئاياللار ،
ھېچكىم دېمەس بۇ جانلارنى < ئاياڭلار! >
نارەسىدىلەر تاش ـ توپىغا تاشلانغان ،
< خۇدا! > دەپ ياش تۆكۈشمەكتە ، قاراڭلار !
باش قويۇشۇپ ، ياغدى ئەمدى تىلەكلەر ،
تىلەك تىلەپ كۆتۈرۈلدى بىلەكلەر .
سۇرلۇكرەك بولدى مۇشۇ ئىبارە ،
يىغا بىلەن سۆزلىمەكتە يۈرەكلەر.
تەلەپ قىلار تەلمۈرۈشۈپ ساماغا ،
دېگىنىدەك:
ـ چەكسىزلىكتە خۇدا بار!
داۋام قىلدى خېلى ئۇزۇن بۇ تاۋاپ ،
تاۋاپ دېگەن بەندە ئۆچۈن كۆپ ساۋاب .
مەھمۇد ھەيران ،
مۇشۇ تاۋاپ تۇپەيلى
يامغۇر قويدى كەتمەي تېخى ئەل تاراپ .
يامغۇر قۇيار مانا ئەمدى چېلەكلەپ ،
بۇلۇتلارنى ئەكەلگەندەك يېتەكلەپ .
بەندىسىگە سېخىي ئىكەن تەڭرىمۇ ،
بېرىدىكەن خالىغانغا ئېتەكلەپ .
كۆز ئالدىدا بولدى بۇ ئىش مانا نەق ،
كۆز ئالدىدىن كەتمەي تۇرۇپ تېخى خەق !
تىل ئايرىمى بولغان بىلەن بىراقتا ،
بۇنداق ئىشلار تارىخ بولۇپ قالار نەق !
ياغاچ كەپە ،
چىراغ كۆيەر ئىسلىشىپ ،
ئاجىز نۇردا كەپە ئىچىن ئىس بېسىپ .
مەھمۇد چېكىش ئويلىرىنىڭ تۇتقۇنى ،
تۇرار جۇملە ،
تۇرار جۇملە بىلەن سۆزلىشىپ .

ئارغۇلاردا < ي > ، < نى > < يا > غا ئالمىشىپ ،
كېلىدىكەن بىر ـ بىرىگە باغلىشىپ .
پېئىللار بۇ قائىدىگە بوي سۇنۇپ ،
ھەممە تۇرار جانلىق تىلدەك ئاڭلىنىپ.
ـ كۆل بېلىقلىق، ـ
دېگەنىكەن ، ـ پاتقاقلىق ،
ھارۋا سېلىپ قىلما يەنە ئاخماقلىق !
ئۇيغۇرلاردا شەھەر بولسا بىرەر جاي ،
< بېلىقلاندى >
دېگەن سۆز بار ئاتاغلىق.
پەرقلەرنى ئۇ ئېنىقلاپ يەشمەكتە ،
پەرقلەرنىڭ تېگىگە ھەم يەتمەكتە .
جۇملىلەرگە كۇنلەپ چۆكۈپ ئولتۇرار ،
ئاھ ، بۇ سۆزلەر ئۇنى مەپتۇن ئەتمەكتە .

*

كېچە بولغان بىر سۆھبەتنى ئەسلىدى ،
(بۇنداق سۆھبەت بولمىقىمۇ تەس ئىدى.)
يىل نامچۇن بولغاندەك بىر رىۋايەت ،
دەپ مەھمۇدقا بوۋاي سۆزنى باشلىدى:
ـ تاۋغاچلاردا باشلانغانىكەن قانلىق جەڭ ،
ياۋ كۈچىمۇ كەلگەن ئەمما تەڭمۇ ـ تەڭ !
شۇ جەڭدىكى پالۋانلارنىڭ ئىشى زور ،
قورال ئالغان ئاياللارمۇ تۇرۇپ يەڭ .
ئاھ ، قانلىق جەڭ ،
بىخۇدلۇقنىڭ دەردىنى ،
سۇندۇرغاندەك ئۇرۇش گۇلنىڭ بەرگىنى.
پەرزەنتلەرنىڭ قىرىلغىنىن دېمەمسىز ،
بولغان ئۇمۇ تەڭرىمىزنىڭ بەرگىنى.
ـ قايسى يىلى بولغان بۇ جەڭ ؟
ـ ھەي توۋا !
يىل ، ئايلارنى ئەسلەلمىدى ئۇ ئەمما ،
ـ قايسى پەسىل ؟
ـ قايسى ئايدا ؟
ـ قايسى كۈن ؟
ـ يېڭىلمىسەم، بولغانغۇ جەڭ بۇلتۇرلا.
ـ جەڭنى ئۇنتۇپ قالمىدۇققۇ بۇرادەر ،
نۇمۇس قانلىق جەڭنى ئۇنتۇپ قالسا گەر.
ـ قايسى يىلى ،
قايسى ئايدا بولغان جەڭ ؟
يىل ئېتىنى ئېيتىپ بېرەر بارمۇ ئەر ؟

www.uyghurkitap.com



بىرى دەيدۇ:
ـ قوناق پۆپۈك چىقارغان ،
جەڭگە كېتىپ ئېتىزلاردا ئىش قالغان .
ـ يوق گەپنى قوي ، ـ
دەيدۇ بىرى غەزەپتە ،
ـ قايسى چاغدا بىزنى خاقان چاقىرغان ؟
ئەسلىيەلمىدى ،
ۋاقىت ئەستە قالماپتۇ ،
نامسىز يىللار يىتتۈرۈپتۇ ، يالماپتۇ .
ئۇنتۇلمىغان بىلەن ئەلنىڭ كۆڭلىدىن ،
ۋاقىت نامىن ھېچكىم تىلغا ئالماپتۇ .
شۇندا ئۇلار تۈزدى مۇنداق كېلىشىم ،
كېلىشىمدە بولدى ئېسىل بىر پىشىم .
ئايرىغايمىز يىللار بىلەن پەسىلنى ،
ـ مۇشۇ بولغاي ، ـ دېدى تاۋغاچ ، ـ ئىش بىشىم .
ھايۋانلارنى ھەيدەپ ئىلى دەرياغا ،
ھەيدەپ قويدى كۆزەتچىلەر ساي ـ سايغا .
سۇدىن ئۈزۈپ چىققانلارنى بەلگىلەپ
بەرمەك بولدى ئارزۇلاپ يىل نامىغا .
ھەممە ھەيدەپ قوغلاشقاتا ئورماندىن ،
سۇغا چۈشتى قۇتۇلماستىن بۇ ئاندىن .
يولۋاس ،
توخۇ ،
ئات ، ئېشەكمۇ قوغلاندى .
خەۋەر ئېلىپ تۇردى ئىلى بويىدا ،
بولۇپ يىلنى ئېنىقلاشنىڭ كويىدا .
ئىلى بولسا دولقۇنلىنىپ ئاقاتتى ،
قېتىلغاندەك تاۋغاچ خاننىڭ ئويىغا .
ـ مەلۇم قىلغىن ئەڭ دەسلەپكى ئۈتكەننى ،
مەلۇم قىلغىن سۇغا كىرمەي مۆككەننى .
ـ ئەنە ، شاھىم ، چاشقان ئۈزۈپ كەلمەكتە ،
ـ چاشقان دەمسەن ؟
بىلگىنىمدەك كۆتكەننى .
ـ يا بىسمىللا ، چاشقان يىلى باشلاندى ،
يىل بېشىغا ئەمدى قەدەم تاشلاندى .
ـ يەنە قايسى ؟
ـ كالا ،
توخۇ ،
يولۋاس ،
ئات.
ـ ئېيتىۋەرگىن قىرغا قەدەم باسقاننى .
ـ ئون ئىككىسى ئۆتەلىدى دەريادىن ،
كېتەي دەپتۇ ـ ھە ، ئۇلارمۇ دەرماندىن.

ـ ھەر بىرىگە بىر يىل نامىن بەرگەيمەن ،
يىل نامى بوپ ئۆتكەي بۇلار زاماندىن .
شۇنداق قىلىپ پەيدا بولدى يىل نامى ،
ھەل بولغاندەك تاۋغاچ خاننىڭ ئارمانى.
توختىغاندەك بولدى مەھمۇد يېزىشتىن ،
تاڭ سۈزۈلۈپ ، كېتەي دەپتۇ دەرمانى...

*

بەك يىراقتىن كارۋان كېلەر كولدۇڭلاپ ،
دىلغا يېقىن ئارمان كېلەر ئۇدۇللاپ .
مەھمۇد ياتار خورجۇنىدا قولىرى ،
سۇ بولسا ـ ھە!
تۇرالمايدۇ نە چارە ،
كۆزلەردە قۇم ،
ئاچالمايدۇ بىچارە .
ھالسىز ياتار چۆل تەپتىگە قاقلىنىپ ،
غېرىچ يەرنى ئالغىنىدەك ئىجارە .
ئاڭلىنىدۇ ئەمدى بىر ئۈن بەك غۇۋا ،
ـ جېنى بارمۇ ؟
ـ باردەك تۇرار ، ھەي تۇۋا!
ـ قاراڭلارچۇ ، خورجۇندىكەن ئىككى قول ،
كىرىشىپلا كەتكەنىكەنغۇ ، ئاھ خۇدا!
مەھمۇد ئاستا ئاچماق بولار كۆزىنى ،
كىملەرنىڭدۇر ئاڭلاپ قىلغان سۆزىنى .
كىملەرنىدۇر قۇچاقلىماق بولدى ئۇ ،
تۇرالمايدۇ دەڭسەپ باقسا ئۆزىنى .
ئۇ لەۋلىرىن قىمىرلىتىپ ئۆلگۈرمەي ،
تۇرغان چاغدا كۆزىن ئېچىپ سۆزلەلمەي ،
ئادەملەرنى كۆردى بېشىن يۆلىگەن ،
قانداق چىدار ئۇلار ئۇچۇم سۇ بەرمەي .
ـ تەڭرى شەپقەت قىلىپ قايتا بەردى جان ،
تەڭرى شەپقەت قىلىپ ئەمدى ماڭدى قان .
دېدى بىرى خورجۇنغا كۆز يۈگۈرتۈپ ،
خورجۇندا نېمە باركىن ؟
ـ بەلكى نان!
ـ تەگمە بۇ زات ئۆزىمىزدىن ئەمەستەك ،
ـ كۆرۈنىدۇ بىزنىڭ تىلنى بىلمەستەك .
كىيگەن تونى ئوخشىمايدۇ قاراڭلار ،
راۋۇ ئەمەس مۇساپىرنى رەنجىتسەك.
شۇندا مەھمۇد ئاستا تۇردى ئورنىدىن ،
قۇم تۆكۈلۈپ تۇرار قۇلاق ، بۇرنىدىن .
چۆلنى بوران سۈپۈرگەندە ھۇۋلىشىپ ،

قالغان ئىكەن مۇشۇ يەردە يولىدىن .
ئاھ ، دېڭىزدەك قۇم ـ بوراندا مەن ئاقتىم ،
كۆز ئاچالماي چۆلدە ئۆتتى كۆپ ۋاقتىم .
ماغدۇر كەتكەن چاغدا تەگرىم سىلەرنى ،
ئاتا قىپتۇ ،
يولۇققىنىم زور بەختىم!
ـ ياغمىلار بىز.
ـ ياغما دەمسىز ؟
ئاھ ، تەگرىم ،
بار ئىدىغۇ ياغمىلاردىن گۈل تەرگۈم .
نېيتىمگە يەنكۆزگىنىن قاراڭلار ،
يېتەلمىسەم سۇنار ئىدى گۈل بەرگىم .
ـ تەگرى بىزنى ئۇچراشتۇردى مەشەدىن ،
ئېيتسىلىكەن ئۆزلىرى كىم ،
يۇرت نەدىن ؟
ـ مەن بىر سەيياھ ،
ئۇيغۇردىنمەن شۇنداقلا ،
يۇرتۇم مېنىڭ ،
يۇرتۇم مېنىڭ كاشغەردىن.
ـ كاشغەردىن ؟
ـ كاشغەردىن ؟!
قوللار كەتتى ياقىغا ،
داجىغاندەك بولۇپ بىرى ئارقىغا .
ئۇلۇغ يۇرتنىڭ ئادەملىرى كەپتۇ ـ دە ،
كاشغەرلىكنى كۆرۈپتۇ ـ دە ، ياغمىلار!
قوللىرىنى ئاران ئالدۇق بوشتىپ ،
خورجۇن بىلەن قالغانلىرىمۇ بوغىشىپ ؟
ـ خورجۇنۇمدا ئەجىرلىرىم تۆگۈنى ،
بوران ئېلىپ قاچماق بولغان ھۆۋلىشىپ!
شۇڭا ئۇنى كۆكرىكىمگە باسقانمەن ،
بوي بەرمەستىن خېلى قىردىن ئاشقانمەن!
پىرقىرىغان چاغدا قۇيۇن كەتمەستىن ،
خورجۇن بىلەن مۇشۇ جايدا ياتقانمەن .
ئاچتى مەھمۇد خورجۇنىنىڭ بېشىنى،
كۆرسەتمەك بوپ ئۇنىڭ ئىچى ـ تېشىنى.
ـ قەغەزلەرغۇ ؟ ـ
دېدى كۆرۈپ تۇرغانلار ،
قاقتى بىرى چاپىنىنىڭ پېشىنى!

## ئون بىرىنچى باپ

ئالدىرايدۇ بۇ ئادەملەر قاراڭلار!
خۇشاللىقتىن دېرەك بېرەر ، قاراڭلار.
ئاتلىقمۇ بار ،
ئارىسىدا ھارۋىلىق ،
نەگە شۇنچە ،
سوراڭلارچۇ ، ئامال بار ؟
ئاۋۇ ئايال بالىسىنى ھاپاشلاپ ،
كېتىپ بارار بىرلىرىگە يول باشلاپ .
كاشغەرلىكتەك تۇرار مۇشۇ ئاقساقال ،
ھارۋىسىغا يېتىۋاپتۇ يانپاشلاپ .
سوراڭلارچۇ ، ئۇلار ماڭدى قاياققا ؟
نېمە ئۈچۈن تۇرۇپتۇ يۇرت ئاياققا ؟
ياكى بازار قىزىقتۇرۇپ قاپتۇمۇ ،
ئالدىرىدىمۇ يېڭى كېيىم ئالماققا ؟
ئەكىرگەنمۇ مۇنۇ ھارۋا ئۆرۈك ، قاق ،
قىستاڭلارغا چۇشۇپ چىقار قىڭغىر چاق .
چاققا باقماي ، قامچا ئۇرار ئېتىغا ،
نەگە شۇنچە ،
دوستۇم ،قېنى سوراپ باق !
مۇنۇ چوكان قىڭغىر كىيىپ تۇمىقىن ،
ئېلىۋاپتۇ قۇچىقىغا بوۋىقىن.
ئالدىراشلىق چىقىپ تۇرار ئەپتىدىن ،
نەگە شۇنچە ،
بۇ چوكاندىن سورىغىن ؟
سوراڭلارچۇ ، يۇرت بۇلاردىن ئامال بار ،
سوراڭلارچۇ ، يېقىنلىغۇ ئاراڭلار ؟
ھەممىسىنىڭ چېھرىسىدە ئىللىقلىق ،
خۇشاللىقنىڭ ئەكسى بارغۇ ، قاراڭلا !

*

ھەي ، بۇرادەر ، نەگە شۇنچە ئالدىراش ،
نەگە شۇنچە چاپسان مېڭىپ جان تالاش ؟
قىلىپتۇمۇ يا شەھەرلىك بايۋەتچە
كەمبىغەلگە بىر ئېتىنى خامتالاش ؟
ـ ئاڭلىماپسەن يېڭىلىقنى ھەي يۇرتلۇق ،
بار ئىكەن ـ دە ، شۇنچىۋالا بىخۇدلۇق !
پۈتتۈپتىغۇ < تۈركى تىللار دىۋانى >،
ئىشقۇ ، دوستۇم ، بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ قۇتلۇق !
ـ < جاھاننەما >
پۈتتۈپتىمۇ بۇرادەر ؟
ساخاۋەتلىك بۇ ئىش ئۈچۈن قولۇڭ بەر !

www.uyghurkitap.com

شۇ سەۋەبتىن باغدادنىڭ پاك قويىنىنى ،
خاسىيەتلىك ئاسمىنىنى يورۇق دەر !
ـ < جاھاننەما > ئۆلگۈرمەپتۇ كۆچۈرۈلۈپ ،
خەتتاتلارمۇ كەتتى ئەمدى كۆتۈرۈلۈپ .
بۇيرۇتمىلار. . .
بۇيرۇتمىلار بار مىڭلاپ ،
تەگمەي تۇرار ئەل قولىغا ئۆلگۈرۈپ .
ئەل كەلمەكتە بەرمەك ئۈچۈن بۇيرۇتما ،
پۇلى ئازلار ،
كىتىپ بارار پۇللۇقمۇ .
كابۇل ،
تېھران خەتتاتلىرى يىغىلىپ ،
بىزدىن بۇرۇن ئېلىپ بوپتۇ چىنلىقمۇ .
< نىزامىيە > مەدرىسىدە ئىش باشقا ،
شاھتىن بۇگۈن چىچىلغاندەك بىر چاچقا .
تالىپلارنىڭ قولى كىتاپ رەتلەشتە ،
تېپىلىپتۇ ئەمدى ئىشمۇ نەققاشقا .
بېزىلىپتۇ كىتاپنىڭ بەت ـ بەتلىرى ،
گۈل ئارىلاپ يېزىلىپتۇ خەتلىرى.
ھەر ـ بىر بەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاچقاندەك ،
نەقىشلىك بوپ كۆرنەر بەت چەكلىرى .
ھەر بەت ئۈچۈن دىلدىن بىرىپ ھارارەت ،
خەتلىرىدىن ئېلىپ ئۆزى ھالاۋەت .
بىر جۈملىدىن بىر جۈملىنى ئايرىشتا ،
كۆكۈل قويۇپ يازىدىكەن ئالامەت!
خەتلەر چۈشەر بۇ نەقىشلىك بەتلەرگە ،
بەتلەر تولۇپ بارار گۈللۈك خەتلەرگە.
تېخى تولۇق يەتمگەنتى بۇ كىتاپ ،
نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان مونۇ خەقلەرگە.
ئاھ ، خەتتاتلار
چىداملىقكەن شۇنچىلىك ،
كىم بۇلارغا غەيرەت بەرگەن مۇنچىلىك ؟
كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە بۇيرۇتما ،
خەتتاتلىقمۇ ئىكەنغۇ بىر گۈلچىلىك .
كۆچۈرۈلەر كۈندۇزى ھەم تۈنىدە،
كۆچۈرۈلەر قويۇپ كۆڭۈل تۈرگە.
قاراڭلارچۇ ،< جاھاننەما > تۈپەيلى
خەتتاتنىڭمۇ نامى چىقتى ئۆرگە.

*

مەلىك شاھمۇ كۆرنىندۇ مۇلايىم ،
ئىنساپ بەرگەن كەبى بۇگۈن خۇدايىم .

خوشلۇغىدىن قولىرىنى ئۇۋۇلار ،
شاھلار شۇنداق بولسا ئىدى ھەردائىم .
ـ شۇنداق قىلىپ كىتاپقا كۆپ خېرىدار ،
دېدىڭلارمۇ باغدادتا جىق ئادەم بار ؟
ـ ھەق راست ، شاھىم ،
بۇ تەرەپتىن ئاجىز بىز ،
بولماي كەلدى خەتتاتلارغا ئوردا يار.
بار ، شاھلارنىڭ ، شاھىم سىزگە سالمى ،
بايان قىپتۇ < تۈركىي تىللار > نامىنى.
< نېسىپ بولغاي بىزگىمۇ >، ـ
دەپ سوراپتۇ ،
ئۆلگۈرەلمەي تۇرماقتىمىز يامىنى .
ئالەم كۆزى ئەمدى ، شاھىم ، باغداتتا ،
يەتكۈزگەندەك قىلدى كىتاپ ھەقدادقا .
يورۇپ بارار باغدادنىڭمۇ چىرايى ،
مەھمۇد ئەجرى بىلەن ، شاھىم ، شۇ تاپتا .
شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئەمدى دەس ،
ئالەم كۆزى چۈشكەن جايدۇر مۇقەددەس !
ئالەم كۆزى چۈشمەكتىكەن باغدادقا ،
باشقىچە يول تۇتماق دەركار ئەمدى ، بەس !
ـ ۋەزىر !
ـ لەببەي !
ـ بارغاي خانلىق خەتتاتلار ،
بارغاي رەسسام بىلەن ئۇستا نەققاشلار !
مېنىڭ نامىم بىلەن بولغاي ھەرنە ئىش ،
مېنىڭ نامىم بىلەن ، ۋەزىر، ئىش باشلا !
ـ قۇللۇق شاھىم !
ـ چەتكە بېئىز چىقمىغاي ،
چەتتىن داڭلىق رەسسام تەكلىپ قىلنىغاي !
بېرىلىدۇ ئوردىمىزدىن ئىئانە ،
شەرتنى بۇزسا جەرىمانە ئېلىنغاي !
ـ بەجا ، شاھىم !
بۇيرۇتمىلار ،
ھەركۈنى ئەل يۈزلىگەن ،
يۈزلىگەن ئەل كېلەر ئۈمىد ئۈزمىگەن .
خەتتات بىلەن كەشتە چېكەر نەققاشلار ،
شاھلارمۇ بار پۈتۈشنى كۆزلىگەن .
باغدات يولى ،
ھە ، قانچىلىك ئاۋات يول ،
ئادەم تولا ،
تەگرىم ، ئۆزۈڭ ئاگاھ بول !
كۆرنىندۇ تۇلپار مىنىپ ئۆتكەنلەر ،
كۆرنىندۇ ھاسا تۇتۇپ ماڭغان قول .

باغداد يولى ،
بۇ قەدىمىي ئاۋات يول ! . . .

## ئون ئىككىنچى باپ

ـ < جاھاننەما >،
ئەل قويۇپتۇ بۇ نامنى ،
ئەل تولدۇرار بولسا ئارتۇق ھەم كەمنى .
ئۆچۈرەلمەس قۇم ياغسىمۇ ئاسماندىن ،
يۇرت يارتىپ يېقىپ كەتكەن بىر شامنى .
ـ ئۇلۇغ باھا!
ـ < جاھاننەما > راستىنلا.
ـ بىرىلىپتۇ كۆپىنىڭ قەلبى بوپ لىللا .
ـ < تۈركىي تىللار >
< جاھاننەما > بوپقاپتۇ ،
باشلانماستىن تۇرۇپ تېخى بىسمىللا!
ـ ھېچكىم ئۇنى مۇشۇ نامدا سۇنمىغان .
ـ نېچۈن كىتاپ ئۆز نامدا تۇرمىغان ؟
< تۈركىي تىللار > دەپ ناملىسا ھەزرىتىم ،
كىملەر ئىكەن نامى بىلەن قويمىغان ؟!
ـ ئۆز خەلقىغۇ جاھانغا تەڭ ئەيلىگەن ،
جاھانغا تەڭ نام بولمىسا بەرمىگەن .
ـ راست ، جاھانغا تەڭداش كىتاپ .
ـ ئۆلمەس ئۇ ،
ـ كاشغەرىيى بۇ گۈلنى ئاسان تەرمىگەن .
ـ كاشغەرىيمۇ ؟
كەچۈرگەيلا ھەزرىتىم ،
سوئالىم بار ،
ئاڭلاپ قالاي بۇ قېتىم.
سوئالىم بار يۇرىكىمدە ساقلانغان ،
كاشغەرلىكمەن ،
ئۆزلىرىدىن يوق يېتىم .
ئۆزلىرىنى < كاشغەرىي > دەپ ناملاپلا ،
مۇشۇ نامنى لايىق دەپ تېپىپ تاللاپلا .
سەۋەبى نە ؟
كەچۈرگەيلا ھەزرىتىم ،
قالسا رازى پېقىر ئاڭلاپلا !
ئولتۇرغانلار بۇ سوئالدىن ئىدى خوش ،
بۇ سوئالنىڭ يىلتىزى چىڭ ، ئەمەس بوش .
مۇشۇ تاپتا ھەزرىتىمدە ھەممە كۆز ،
پەرۋازغا تەق تۇرغىنىدەك ئۇچقۇر قۇش .
سۆھبەت ئالدى باشقىچىلا قىياپەت ،
باشقىچە تۈس ئالدى ئەمدى زىياپەت .
ئەزەلدىنلا مۆتىۋەرلەر يىغىلسا ،
ئۇلۇغ ئىشلار سۆزلىنىدىغان بار ئادەت .
ـ راست كاشغەرنى نامىم قىلىپ تاللىدىم ،
كاشغەرىمنى ئۇنتۇپ نەپەس ئالمىدىم .
ئۆمۈر بويى تۇردى كاشغەر دىلىمدا ،
شۇ سەۋەپتىن ئوت ـ يالقۇنسىز قالمىدىم .
ئەجرىمنى كۆتۈردى ئەل ئالقانغا ،
< جاھاننەما > قىلىپ بۇيۇك ئاسمانغا .
ئەجرىم بىلەن بىللە تۇرسا كاشغەرىم ،
رەھمەت ئەلگە ،
بۇيۇكلەرنى قوشقانغا ـ !
دېدى مەھمۇد ساقىلىنى بىر سىلاپ ،
چېچىلغاندەك بولۇپ كەتتى نۇر ـ ئاپتاپ.
ھەممە جىمجىت ،
كۆڭۈللەردە يورۇغلۇق ،
كەڭ جاھانغا قىلىشقاندەك بوپ خىتاپ !
مېھىر قويۇپ تاڭ قالغىنى راست ئالەم ،
ئەجرى بىلەن ئالەمگە تەڭ بۇ ئادەم .
سۆزلەر كاشغەر ـ
دىيارىنىڭ نامىنى ،
تەخەللۇس قىپ يۇرگىنىنى ئۇ ھەردەم .
ـ كاشغەر نېمە ؟
كىم قويغان بۇ ئات بولدى ؟
نە سەۋەبتىن كاشغەر ئۆچۈن گەپ بولدى ؟
ـ كاشغەر دېگەن ئىسىم نەدىن چىقىپتۇ ،
بۇنى سوراپ قالغىنىڭلار خوپ بولدى .
شامان دىنى بولغان چاغدا ھۆكۈمران ،
قۇرامىغا بۇددىستلارمۇ راست تولغان ،
< كاش ـ ناگار > دەپ ئاتاپتىكەن بۇ جاينى ،
ھە ، خۇدانىڭ ئۆيى بولماس دەپ گۇمران .
شۇ سەۋەبتىن بۇ ماكاننى مۇقەددەس
بىلىپ كەلگەن ، قەست قىلغاننى قىلىپ پەس !
يۇرت خىسلىتى ـ
تەڭرى مېھرى چۈشكەن جاي ،
بۇ زىمىندە يوقلىشى ، بىلگىن ، تەس ! . . .
قول سەنئىتى ،
شايى ـ ئەتلەس ،
دوپپىلار ،
نەققاشچىلىق ،
كىم دەر كۆرمەي ، بوپتۇلا.
ھۈنەر بىلەن ھۆسنى باھار بۇ ئەلنىڭ ،
شۇڭا ئاتاپ كەلگەن < كاشا > دەپ ئۇلار.
< كاشا > دېگەن بىلگۈچىدۇ ر سەنئەتنى ،

ياسىغۇچى ئۆز يېرىدە جەننەتنى.
< كار > ياكى  < ئىر> ناملىرىنى تۇتقا قىپ ،
< كاشائىر > دەپ بىلدۇرگەندۇر ھۆرمەتنى.
< كاشائىر> دەپ ناملاپتىكەن ئۇلۇغلار ،
ئەل ئەجرىگە قىلىپ مىڭ بىر قۇللۇقلار .
تاجى بىلىپ ھۇنەر بىلەن سەنئەتنى ،
يىغىلغانىكەن قەبىلىلەر ، ئۇرۇقلار.
تۇمەن دەريا ئاقار لىقىلىشىپ ، داۋالغۇپ ،
بۇ ماكاننىڭ يۈرىگى بۇ ھەم ئۇرغۇپ .
ھۆسن بېرىپ ئۇنىڭ نۇرلۇق ھۆسنىگە ،
بىر كاش تۇرار چىققىنىدەك سۇغۇرۇلۇپ .
بىر كاش تۇرار تۇمەن كەبى سوزۇلغان ،
كاش ھۆسنى بوپ مۇشۇ ماكان تونۇلغان .
دەپ كەلگەنتى شۇڭا < كاشنىڭ قىرى > دەپ ،
< كاشنىڭ قىرى > دېگەن نامىمۇ قويۇلغان.
< كاش >دېگىنى خۇدا دېمەك تەپسىرى ،
< ناگار > ئۆيدۇر ،
< خۇدا ئۆيى > تەسۋىرى.
ئەجرى بىلەن پېشانىسى يورۇق جاي ،
ئاتالغانتى ئەل تىلىدا < كاشغەرىي >.
تەخەللۇس قىپ ئالدىم شۇڭا ئۆزۈمگە ،
ھەمراھ بولغاي كىتاۋىمنى كۆرگەنگە.
ئۇندىن باشقا بۈيۈكلۈكنى تاپماسمەن ،
كاشغىرىمىسىز ئۇخشايمەنغۇ ئۆلگەنگە !
كەلدى شۇڭا ئۆمرۈم مېنىڭ نۇرلىنىپ ،
مېنىڭ ئۈچۈن كەتتى جاھان ئويغىنىپ .
< جاھاننىما > بىلەن كاشغەر قوش كەتتى ،
مۇنداق بەخت كۆرمىگەنمەن تۇغۇلۇپ!

## ئون ئۈچىنچى باپ

كارۋان كېلەر كوچىلارنى قاق يېرىپ ،
كەتتى جىمجىت بۇ ئەتراپقا جان كىرىپ .
قوڭغۇراقلار مۇگدەك باسقان كۆزلەرگە
مەددەت بېرىپ ،
كارۋان كېلەر كۈچ بېرىپ .
قوڭغۇراقلار تۆگىلەرگە ھەمنەپەس ،
بىردە كۈچلۈك چىقار ئۈنى ،
بىردە پەس .
ئۇ ماسلاشقان تۆگە قەدەملىرىگە ،
چۆلدە قۇۋۋەت بولۇ ياڭرار دىلغا ، بەس !
كولدۇرۇڭ ، كولدۇرۇڭ...
ئېغىر قەدەم تۆگىدە ،
تەۋرىنىدۇ تۆگىدىكى ئۆگىلەر .
چۆل كېمىسى يېتىپ كەلدى باغداتقا ،
تېڭىقتىكى كىم بىلىدۇ نېمىلەر ؟!
قوڭغۇراقتىن باغدات كۆزىن ئاچقاندەك ،
بولدى ئويغۇ
مۇگدەكلىرى قاچقاندەك .
بىر سەگەكلىك پەيدا قىلدى كاشغەرگە ،
بەڭباش قىزلار بۇلاق سۈيىن چاچقاندەك .
كارۋان بارار چوڭ يول بىلەن ئېرەنسىز ،
كارۋان بارار چوڭ يول بىلەن ھېچ غەمسىز.
ئالدىرىماس ئېغىر يۈكلۈك تۆگىلەر ،
قەدەم تاشلاپ ماڭىدۇ بەك كېلەڭسىز.
تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرى پۆپۈكلۈك ،
ئادەملىرى بولسا قىزىل ئۈتۈكلۈك.
بۇ ھال ئېنىق كاشغەرلىكنى ئەسلىتەر ،
چەكمىنىنىڭ ئۈچى بەلگە پۈكۈكلۈك .
كارۋان ساراي ،
چۈشۈرمەك بوپ يۈكلەرنى ،
تۆگىلەرنى ئەمدى ئەپلىك چۆكۈردى .
بىر يۈتۈمدىن ئىچىشكەندە ئىسسىق چاي ،
بىلىنگەندەك بولدى جانغا يول دەردى .
باغدادتا گەپ تارالماقتا ھەممىگە ،
باغداد خەلقى تەييارەدەك بىر بەزمىگە ،
كەلدى ئېغىر يۈكلۈك كاشغەر كارۋىنى ،
سودىگەرلەر ئۈچۈن بۇ گەپ بەلگى ــ دە!..
سودىگەرلەر ئەھلى بۇگۈن تەۋرىدى ،
سودىگەرلەر بۇ سارايغا جەم ئىدى .
مالنى كۆرمەي قىزغىنىدۇ بەزىلەر ،
ئالماي تۇرۇپ تېخى مالنىڭ خەۋرىنى .
ــ جىگدىكەن ــ دە ،
ــ قاغا جىگدە ، ــ دەر بىرى ،
قاچۇرغاندەك قىلىپ تۇرار ئۇ نېرى .
ــ سەرگەز ئىكەن ،
ــ ياق ، چەكمەندەك كەلتۈرگەن ،
ئايلىنىشار بىلەلمەستىن بۇ سىرنى .
ــ كارۋانبېشى چىقمامدىكەن تالاغا ،
باھا قويسا يېڭى كەلگەن ماللارغا .
ــ كارۋانبېشى شاھ يېنىغا كەتكەنمىش ،
كېيىن مالنى سالار ئىمىش بازارغا .
ئاتلىق كەپتۇ ،
سودىگەرلەر ھارۋىلىق ،
يانچۇقلىرى پۇللۇق ، ئالتۇن ـ يامبۇلۇق !
جىگدىسىمۇ ئېتىبارلىق كاشغەرنىڭ ،

گۈلە ـ قاقلىرى ،
ئەنجۈرلىرى باھالىق .
ماتا چەكمەن ،
گىلەملىرى خوتەننىڭ ،
زىلچىلىرى كۆزچاقىدۇ بۇ ئەلنىڭ .
ئەتلەسلىرى ئەسلىتىدۇ باھارنى ،
ئەتلەسلىرى دىل قېتىدا بىلگەننىڭ .
يىپەك ، شايى ،
تەڭدىشى ئاز ئالەمدە ،
بىر ئېتىقاد ئۇيغۇتىدۇ ئادەمدە.
كاشغەر مېلى كەپتۇ دېسە باغدادقا ،
سودىگەرلەر پەيدا بولار بىردەمدە.

*

ئىككى كىشى گويا خىزىر قىياپەت ،
ئولتۇرىدۇ شۇنچە ئىللىق قىياپەت .
ـ پىرىم ـ !
دېدى كارۋانبېشى قۇچاقلاپ ،
ۋىسال پەيتى ياش تۆكمەكلىك بار ئادەت .
ـ پىرىم ، سىلىنى سېغىندۇرغان يۇرتتىن مەن ،
سىلى سېلىپ ئۆتكەن ئىزدىن ئۆتتۈم مەن .
ـ پەرۋەردىگار ، سېغىنىپتۇ كاشغىرىم ،
ئاھ ، كاشغەرنى مەنمۇ شۇنداق كۈتكەنمەن ،
دېدى مەھمۇد:
ـ سېغىندۇرغان تۇپرىغىم ،
بىلىنمەكتە تۇپرىغىمدا يوقلىغىم.
كىمگە دەركار يات يېرىگە بولۇپ گۈل ،
يەرسىز ئۆتكەن پادىشاھلىق توقلىغىم.
ـ كاشغەر سالام ئېيتتى ، پىرىم ، تاپقىن دەپ ،
چەكمەن بەردى پىرىمىزغا ياپقىن دەپ .
پەرزەنتىنى سېغىنىپتۇ ـ دە ، دېدى ،
بۇ ماللارنى شۇلار بەرگەن ساتقىن دەپ .
ياش يېتىپتۇ ، ئەمدى ، پىرىم ، قايتقايمىز ،
يەر دەردىنى بىللە تۇرۇپ تارتقايمىز.
بىز پاتقان جاي پىرىمىزنى كىنەپتۇ ،
ئەل كىنەپتۇ ،
كۆڭلىن ئۇقۇپ باققايمىز.
ـ ئىنشائاللا ،
يۇرتۇم مېنى كىنەپتۇ ،
يۇرتۇم مېنىڭ قايتىشىمنى تىلەپتۇ.
ئىنشائاللا ،
غېمىمنى ئەل يەپتۇ ـ دە ،
ياش يەتكەندە دەپتۇ پەرزەنت بىللە تۇر.
ئىنشائاللا ، بار غەم يېگۈدەك ،
خەلقىم باركەن قەدرىمنى ھەم بىلگۈدەك .
چۈشۈپ قالسۇن ھەم ئاخىرقى ئىزلىرىم ،
تونۇم قالسۇن بەرداشلىرىم كىيگۈدەك .
بىز قايتايلى ، پەرۋەردىگار ئاسرىغىن ،
پىرىمىزنى پاناھىڭدا ساقلىغىن ،
قول كۆتۈردى كارۋانبېشى دۇئاغا ،
دىيارىڭدا ياشاش ئۈچۈن باشقىدىن! . . .

## ئون تۆتىنچى باپ

باغدات بۈگۈن يىڭى كىيىم كىيگەندەك ،
باغدات بۈگۈن بىرنىمنى بىلگەندەك ،
كۆرىنىدۇ ئادەملەرمۇ باشقىچە ،
كۆرىنىدۇ ئەجەب خىيال سۈرگەندەك .
بولغانمۇيا بۈركۈتنى ئۈچۈرماق ،
بەخت قۇشى كەبى قولغا قوندۇرماق .
بولغانمۇيا ساخاۋەتتىن چېكىپ گۈل ،
ھەسەتخورنىڭ تەخسىسىنى سۇندۇرماق .
ئادەملەردە بىر تەشۋىش بار ئالامەت ،
كۆرستەرمۇ بىر سېھرىگەر كارامەت .
ھەممە شاھنىڭ ئوردىسىغا ئالدىرار ،
شاھ تەختىدە ئولتۇرارمۇ سالامەت ؟!
سودىگەرلەر دۇكان تاقار ئالدىراش ،
ناۋاي ناننى تېز ـ تېز ياقار ئالدىراش .
چالا قېقىپ ئېشىگىگە تاقىنى ،
ئىككى بوۋاي بىللە ماڭار ئالدىراش .
مەدرىسەئى < نىزامىيە > يېپىلغان ،
تالىپلارمۇ مۇشۇ توپقا قېتىلغان .
كېتىپ بارار ،
ئاشپەز ،
ناۋاي بۇ توپتا ،
دۇكانلار يوق بۈگۈن تاڭدا ئېچىلغان .
بىرى دەيدۇ:
ـ باغدادتىن كۈن كۆچەرمىش ،
بىزدىن ئەمدى ئۇ كاشغەرگە كېتەرمىش .
بىزنى تەرك ئېتىپ ئەمدى ئاشۇ ئەزىز جان ،
ئۇلۇغ كاشغەر دىيارىغا يېتەرمىش.
بىرى دەيدۇ:
ـ باغداد جاۋاپ بەرمەپتۇ ،
مەلىك شاھمۇ بۇ ئىشقا بوش كەلمەپتۇ.
تۈركان خانىم قارا خانىلار پۈشتىمىش ،

www.uyghurkitap.com



خەلپىگە كۆپ ئىختىيار تەگمەپتۇ .
ئەل ئىچىدە ئوخشىمىغان گەپ بولار ،
ئوخشىمىغان گەپ مۇشۇنداق كۆپ بولار.
ئوخشىمىغان گەپلەر بەزەن داۋالغۇپ ،
ئوخشىمىغان گەپلەر بىلەن دىل تولار.
ئېقىپ بارار ئادەملەرنىڭ ئېقىنى ،
كۆرۈنمەيدۇ تويىنىڭ يىراق - يېقىنى.
خوشلاشقىلى كېتىپ بارار بۇ خەلق ،
سۆرىگەندەك قىلىپ ئۆمۈر چېقىنى.

*

مەلىك شاھنىڭ ئوردىسىدا تەنتەنە ،
ئولتۇرىدۇ مەلىك شاھمۇ ، ئۇ ئەنە .
سەركەردىلەر ،
ئۆلىمالار سارايدا ،
كاشغەرىيمۇ خان يېنىدا بار يەنە .
شاھ يېنىدا كۆرستىپ ئۇ سالاپەت ،
چىقىپ تۇرار ئەجەپ ئۇلۇغ قىياپەت .
بار ئارىلاپ كاشغەر ۋەكىللىرىمۇ ،
بىرىلمەكتە شاھتىن بۈگۈن زىياپەت .
يەتكەنلىرى بۇنىڭ تېگى - تەكتىگە ،
شاھ تۇرۇپتۇ دېمەك، قىلغان ئەھدىگە .
ئۆزىتاركەن ئۆزى يورۇق يۇلتۇزنى ،
ئۆزىتاركەن ئەللامىنى ئەتىگە .
- ئەللامىلەر !
شاھ سۆزلىدى تەسلىكتە ،
شاھ سۆز قاتار ئەجەپ دىلى غەشلىكتە .
- بىزدىن كەتمەك بوپتۇ بۈيۈك ئەللامە ،
ئۆزىتىمىز بىز ئەتىگە كەچلىكتە .
سەلجۇقلار ھۆكمى قانات بولغان ، راست ،
سەلجۇقلار بولۇپ كەلگەن دوست - قاياش.
تەختىمىزنىڭ سايىسىدە بولىدۇ ئۇ ،
شۇڭا ئېگىز ئۇ كۆتۈرۈپ يۈردى باش !
سىرلىق دۇنيا بەرگىنىدەك تەختىنى ،
تاپقىنىدەك بولدى ئالەم بەختىنى.
كەلگەن بىلەن بۈگۈن قېرى بىر ناردەك ،
ئالدى قىلغان ئەجرىگە پاك ھەققىنى.
رەنجىمىگەي بۇ تەڭداشسىز ئەللامە ،
دەردلىرىگە بىز دەرداشقۇ ھامانە.
كەتمەك بوپتۇ بىزدىن يەنە كاشغەرگە ، -
دېدى - دە، شاھ ،
- قىزىق - دە ،زامانە ! . . .
مەھمۇد ئاستا تۇرۇپ قويدى ئورنىدىن ،
ساقىت قىلغان كەبى قەرزىن بوينىدىن .
شاھقا تۇتقان جاھانغا تەڭ كىتاپنى ،
كېلىپ ئۇيغۇر دىيارىدىن ، قوينىدىن. . .
سىرىق سەللە ،
چەكمەن كىيىپ ئۈستىگە ،
چەكمەن ھۆسن قوشۇپتۇ ، پاھ ، ھۆسنىگە.
شاھ تەرەپكە تىكىپ ئويچان كۆزىنى:
- رەھمەت ، شاھىم - !
دېدى مەھمۇد ،
- خەلپەم ،
يۈرىگىمدە ئۆتكەن ئىش بار ھېلىھەم .
ياخشىلىق بىر مېۋە بېرەر دەرەختەك ،
ئاسرىغايمەن يۇرتۇم بىلەن ئۇنى مەن .
ساقلىنىدۇ كاشغەر بىلەن بىرلىشىپ ،
ساقلىنىدۇ كاشغەر - باغداد كېلىشىپ .
ساقلىنىدۇ ياخشىلىقنىڭ يىلتىزى
ئىككى ئەلنىڭ يۈرىگىدە چىرمىشىپ .
- تون - !
دېدى شاھ ،
- تون ياپقايمىز ئالىمغا ،
خەزىنىچىلەر كېلىڭلار تېز ئالدىمغا .
تون يېپىڭلار-
ئالىمغا شاھ تونىنى ،
ئۇ ئەجرىنى تۇتتى مېنىڭ نامىمغا .
تون يېپىڭلار!
دىلىمىزنى ئېپ بارسۇن ،
تون باغداتنىڭ ئاق يوللىغى بوپ بارسۇن.
ھەم ئېچىلغاي خەزىنىلەرنىڭ ئىشىگى،
رەنجىپ كەلگەن ،
ئۇ يۇرتىغا خوش بارسۇن !
تون يېپىلدى ،
باغدات تونى ،
شاھ تونى ،
يېقىنلىرى قۇچاقلىدى دوستىنى .
ئىللىق سۆزلەر ياغدى تەرەپ - تەرەپتىن ،
- تون مۇبارەك ،
- تون مۇبارەك!
دەپ ئۇنى .
ئۇ بېشىنى ئەگدى قولى كۆكسىدە ،
ئوت ئالغاندەك بولۇپ قەلبى گۈپپىدە .
مۇشۇ ئوتنىڭ تەپتىدىنمۇ ، بىلمىدىم ،

ئىسسىغاندەك بولدى ئەتراپ ھۆپپىدە.
باغدات ، باغدات ،
ئۇ قەدىمىي گۈل ماكان ،
ئىلىم ئىزدەپ كەلگەنلەرگە سەن بىر كان.
ئۆز يېرىمدە كۆمۈلگەندە تەلىيىم ،
باغداد سەندىن تاپقانمەنغۇ زور ئىمكان.
يىلتىزىم بار مېنىڭ باغدات، كاشغەردە ،
مەن ئارماندا قالماي تاڭلا مەھشەردە !
سەندىن كەتمەك بولدۇم باغدات رازى بول ،
دوستلار يېرى بولغان ئەمەس بەخشەندە .
ئايرىلىشنىڭ ئالدىدا بىر تەۋرەندى ،
بىر تەۋرىنىپ قالدى كاشغەر پەرزەندى .
دەققىلەر يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ،
ئۇ جۇدالىق دەملىرىنى سەزگەندەك...

## ئون بەشىنچى باب

كارۋان پامىر ئېتىكىنى بېقىنلاپ ،
قالدى تونۇش قىرغاققىمۇ يېقىنلاپ.
تونۇش تۇپراق بويلىرىغا يەتكەندە،
باش ئېگىشتى توپىسىنى سىقىملاپ.
- ئاھ ، ھەزرىتىم ، ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن ،
دەھبىتقۇ ئۇ ،
مەن بۇ يەرنى كۆپ كۆرگەن ، -
دەپ كۆزىدىن تۆكتى مۆلدۈرئىسسىق ياش ،
- كۆرىدىكەن ئامان بولسا ئۆلمىگەن ،
ئازراق ماڭساق ، - دېدى بىرى تەلپۈنۈپ ،
ئانا تۇپراق ئارزۇسىدا يەلپۈنۈپ.
- ئازراق ماڭساق گەزگە يېتىپ بارىمىز ،
سەجدە قىلار چاغمۇ كەلدى يۈكۈنۈپ.
- ئەنە ،پىرىم ،كۆرۈنۈپمۇ قاپتىكەن ،
گەز دەرياسى ،
ئاۋۇ ئۇلۇغ ئارت دېگەن.
ئۇلۇغئارتتىن ئۆتكەندىلا ئوپالغۇ ،
باشقىكەن - دە ،
باشقىكەن شۇ يۇرت دېگەن ! ...
گەز دەرياسى پەسلىمەستىن شاۋقۇنى ،
يولچىلارمۇ پەسلەتمەي ئوت - يالقۇنى ،
يېتىپ كەلدى ئۇنىڭ ئىللىق بويىغا .
ھاپاش قىلىپ ئېغىر قىسمەت - تەقدىرنى ،
چۇشتى يوغان قېچىردىن ھەزرىتىم ،
چۈشكىنىدەك ئۆز يېرىگە بىر قېتىم .
كۆتۈۋالدى پەرزەنتىنى دەريامۇ ،
باشقىچەرەك سېغىنىپتۇ بۇ قېتىم .
- ئىمام مالىك!
- لەببەي ، تەقسىر !
- چۈشكەيمىز ،
گەز سۈيىنى تاۋاپ قىلىپ ئىچكەيمىز.
ئۇلۇغئارتنىڭ داۋانىدىن ئۆتكەندە ،
يۇرت توپىسىن پۇراپ يەرگە چۆككەيمىز.
- بەجا ، پىرىم!
بەجا بولغاي بۇ ئىشلار ،
ئالدىمىزدا تېخى تالاي مېڭىش بار .
كەلتۈرۈلدى گەز بويىغا ئېشەكلەر ،
چۈشۈرۈلدى قېچىردىن يۈك - تېڭىقلار .

*

قىزىق تۆمۈر ،
چاچرايدۇ ئوت - ئۇچقۇن ،
كىچىككىنە بۇ دۇكاندا ئىش جۇشقۇن .
قېرى ئۇستا بازغان ئۇرار سەندەلگە ،
ساداسىغا تەڭ كېلەلمەس ھېچ توسقۇن !
كۆيۈك پەشۋال ، ئوت ئالدىدا ئىسلىشىپ ،
ئارىلاپ قويار شاگىرت بىلەن گەپلىشىپ .
كۈنى ئۆتەر تۆمۈرچىنىڭ مۇشۇنداق ،
دوستلىرىنى كۆرگىنىدە دەردلىشىپ .
ئوچىقىغا تاشلار چېغى كۆمۈرنى ،
كۆمۈر بىلەن كۆمگەن پەيتتە تۆمۈرنى .
بىرى دېدى:
- تۆمۈر بىلەن ئېلىشىپ
ئۆتكۈزۈپتۇق ئۇستام گۈلدەك ئۆمۈرنى .
- ھە ، كەلسىلە ،
يوقلاپتىلا پېقىرنى ،
يۈيۈپ كەلگىن ، بالام ، مۇنۇ ھېجىرنى !
- كايىمىسلا ،
- قاراڭلار يۇرت ئېقىپتۇ ،
يۇرت ئوپالغا قاراپ قانات قېقىپتۇ .
كېلىۋاتقۇدەك ھەزرەت مەھمۇد كاشغەرىي ،
- نېمە ، نېمە ؟!
- قۇتلۇق قەدەم يېتىپتۇ .
يۇرت كۈتمەكتە شۇ ھەزرىتى موللامنى ،
ئادەم قاپلاپ كەتتى شۇڭا يوللارنى .

- ئاھ ، ھەزرىتىم ،
ئاھ ، كاشغەرىي بارمىكەن ؟!
قايغۇ يۈكى باسقان ئىدى غوللارنى ، -
دەپ پەشۋالنى يەشمەي كىردى ئىچىنغا ،
ئاڭلىنىپتۇ بۇ گەپ يىراق - يېقىنغا.
بولقىسنى تاشلىماپتۇ ئۇستامۇ ،
كېتىپ بارار ئۇخشاپ ئوت - چېقىنغا ! . . .
ئەل ئىچىنى ،
ئەجەب ئىشلار باركەن - دە .
يەر ئادەمگە ،
ئادەم يەرگە ، چۈشەنسەڭ ،
ياخشىلارغا ، ھە ، ياخشىلار زاركەن - دە ! . . .

*

ئوپال كۆكسى ئايلىنىپتۇ بىر تويغا ،
سىلىنىپتۇ گىلەم بۇلاق بويىغا ،
داش قازانلار ئېسىلىپ ئوت قالاپتۇ ،
مىنۋاپتۇ خەۋەرچىلەر قىل يورغا .
جىگدىلىكلەر ئادەم بىلەن بوش ئەمەس ،
كۆرۈنمەيدۇ بۇگۈن كۆڭلى خوش ئەمەس.
راۋاپ ياڭرار سېغىنىشلىق پەدىگە ،
بۇ ھەققەت ،
بۇ ئۇيقۇلۇق چۈش ئەمەس .
كۆتىدۇ ئەل ئېغىز تەگمەي تاماقتىن ،
ئەل كۈتمەكتە ناشتا قىلماي نە ۋاقتىن .
زىلچا تولغان مارجانبۇلاق بويىغا ،
مۇقام ياڭرار ئۆزھال بىلەن چارىگاھتىن .
تولۇپ كەتكەن مۇشۇ ئېگىز تۆپىلىك ،
ئوپال گۈللۈك ،
يەرلەر يېشىل كۆرپىلىك .
تەبىئەتنىڭ سېخىيلىقى بار مۇندا ،
باغلىرىدا ئانار بىلەن ئۈزۈملۈك !
ئۆي - ئۆيلەردە ھورلۇق ناننىڭ پۇرىقى ،
بوپ تۇرىدۇ قايماقلىق سۈت سورىقى.
تونۇرلاردا سامسا تەييار بوپ قالدى ،
گۆش گىردىلەر كاشغەر قوينىڭ قۇيرىقى.
تەييار بولۇپ قالدى مانا ئۆگرە ،
يېتىپ كەلسە ھەزرىتىمگە ئۈلگۈرە .
تىلنىماقتا كاشغەر سۆلىرى ،
كۆكچىلىرى ،
تۈلۈم، تۈلۈم بۇدرە ! . . .

*

گەزدەرياسىدىن ئۆتكىنىدە ھەزرىتىم ،
ئۆزاتقانلار قالغان ئۆتمەي دەھبىتتىن.
ئۇلۇغئارتنىڭ داۋىنىغا يەتكەندە ،
كۆتكۈچىلەر كەلدى تەرەپ - تەرەپتىن.
- پىرىم !
- مەھمۇد !
- يۇرتداشلىرىم ، ئەزىزلەر ! . . .
- ئۇھ ، ھەزرىتىم بىزنى كىنەپ كەپلا - دە ،
ئاپئاق ساقال ،
قەددى ئازراق پۈكۈلگەن ،
نۇرلۇق چىراي ،
كۆزلەردىن نۇر تۆكۈلگەن ،
كەڭ پېشانە بۇ يېقىملىق ئادەمنىڭ
مۇشۇ تاپتا دىل قاتلىرى سۆكۈلگەن .
قۇچاقلىشار ،
مېھرىلىك بۇ قۇچاقلار ،
ئۇلار شۇنداق بىر - بىرىگە دىل قاقلار .
قۇچاقلىشار ياش تامچىلاپ كۆزلەردىن ،
ئەمما ۋىسال ئوتىن ياقتى بۇ چاغلار.
- پىرىم ، ئەمدى بىز داۋاندىن ئۆتكەيمىز ،
مۇرىمىزگە سىلىنى ئېپ يۆتكەيمىز ، -
دېدى بۇ يۇرت كاشغەرىينى ھاپاش قىپ .
- ياق ، ئەپسىزغۇ!
- يەر دەسسەتمەي كەتكەيمىز .
ئۇلۇغئارتنىڭ داۋاندىن ھاپاشلاپ ،
ئەل ماڭدۇ مانا ئەمدى يول باشلاپ .
قولدىن - قولغا ،
قولدىن - قولغا يۆتكىلەر ،
مەھمۇد بارار مۈرىلەردە كۆز ياشلاپ .
قولدىن - قولغا يەر دەسسەتمەي ئېپ كەتتى ،
تالاي يوللار ئارقىسىدا قېپ كەتتى.
يەر دەسسەتمەي كېتىپ بارار مۇشۇنداق ،
يۈرەكلەرگە مانا بۇگۈن ئوت كەتتى !. . .
مۈرىلەرنى تۇتۇشماقتا مۇنۇ ئەل ،
مۈرىلەرنى تۇتۇشماقتا پۈكۈپ بەل .
كېتىپ بارار ئەل ئىچىنى تەۋرەنمەي ،
ئوپالغىمۇ كەپ قالغاندەك تۇرار دەل .
مۈرىلەردىن ئۇ مۈرىگە يۆتكىلەر ،
كاشغەرىيگە مۇرە تۇتۇپ يۇرت كېلەر .
بىرلىرىگە تەگمەي ئۆتۈپ كېتەر ئۇ ،
بىرلىرىگە گۈل پۇراقلىق بوپ كېلەر.

ئۇپالغىچە ئەل دەسسەتمەي مۇردە ،
ئۇپالغىچە تۇتۇپ كۆڭۈل تۆردە .
گويا يۇرتنىڭ ئالقىنىغا ئىپ كەلدى ،
ساناپ بولماس يۇرت تۇرار ئۆپ - چۆردە .

*

قۇرۇماستىن كۆزدىن شادلىق ياشلىرى ،
بىسلىماستىن يۇرتنىڭ قۇچاقلاشلىرى ،
مارجانبۇلاق يىيندىكى تېرەككە ،
قاراڭلارچۇ ، موللام قەدەم تاشلىدى .
مانا قىزىق:
قۇچاقلىدى تېرەكنى ،
ئەزگىنىدەك بولۇپ ئۇتلۇق يۈرەكنى .
تۇرۇپ قالدى ئۇنى سىلاپ بىر هازا ،
تاپقىنىدەك ئۇ ئۆزىگە كېرەكنى .
يوغان تېرەك تۇرار مانا ئېگىلىپ ،
مېهرى دىلغا قالغىنىدەك چېگىلىپ .
- تونۇدۇڭمۇ ؟
مانا سىرداش تېرىگىم ،
تونۇدۇڭمۇ ؟ - !
دەر تېرەككە يۆلىنىپ .
- هە ، تونۇدۇم ،
- قېنى تاغدەك گۈل بەستىڭ ،
نەدە ئۇتلاپ ،
قەيەرلەردە سۇ كەچتىڭ ؟!
قېرى ناردەك يىنىپ كەپسەن يۇرتۇڭغا ،
ئازاۋىنى تارتىپسەن - دە ، چۆل - دەشتىنىڭ .
- شۇنداق هاسام ،
قېلىۋىدىڭ ئورنۇڭغا ،
سېغىنغاندا پۇراپ تۇردۇڭ بورنۇمغا .
گۈۋاه قىلىپ مۇشۇ مارجانبۇلاقنى ،
كەتكىنىم راست ئىدى شۇ كۈن يولۇمغا .
جاهان كەزدىم ،
باشقا كەلدى يۈرمەكلىك ،
(راۋا باشقا كەلگەن ئىشنى كۆرمەكلىك.)
مانا تالاي قىش - ياز ئۆتۈپ كېتىپتۇ ،
نېسىپ بوپتۇ سېنى كۆزگە سۈرمەكلىك .
سەندە باهار ،
مەندە كۈزنىڭ شامىلى ،
بوغداي تۆگەپ ،
قالدى ئۆمۈرنىڭ سامىنى.
مەن بارمىغان شەرق - جەنۇپ قالمىدى ،
كۆرۈشتۇققۇ كۆز يۇلسىمۇ هامىنى.
هاي .- هاي! ...
كۆكلەپ كېتىپسەن ، كۆز تەگمىسۇن ،
شاخلىرىڭنى دۈشمەن قولى ئەگمىسۇن.
هاي - هاي تېرەك ،
هاي ، هاي بولۇپ قېلىۋەر ،
ساڭا هايات قېرىلىقنى بەرمىسۇن!
كۆزتەگمىسۇن هاي - هاي تېرەك ، هاي تېرەك ،
تەڭتۇشلىرىم بۆلەك ماڭا ، سەن بۆلەك .
بىر چاغلاردا هاسام بولدۇڭ ، يۆلەندىم ،
ئەمدى سىرداش، مۇڭدىشىم سەن، ئاه ،
پەلەك! ...

## ئون ئالتىنچى باپ

بىر چوڭ بىنا قۇرۇلماقتا ، ئىش قايناق ،
بىنا بەرپا قىلىشقىمۇ يۇرت ئامراق.
قەد كۆتىرىپ قاپتۇ ئۇنىڭ يېرىمى ،
ئەل ئىستەيدۇ پۈتۈشىنى چاپسانراق .
هەر كۈنلەرگە يۈزلىگەن ئەل پىدائىي ،
سودىگەرلەر قىلىپ تۇرار < خۇدايى >،
بىر مەدرىسە قۇرۇلماقتا ئۇپالغا ،
پاكىز نىيەت ،
پاناه بولۇپ ئىلاهى !
< مەهمۇدىيە > ،
يۇرت دېگەنمۇ يۇرتكەن - دە ،
يۇرت بەزىدە كۆيۈپ تۇرغان ئوتكەن - دە .
نام بېرىلىپ بولدى يۇرتنىڭ قەلبىدىن ،
تاقەت قىلىپ تۇرماي بىنا پۈتكەنگە .
ئۇپال ئاۋات ،
تاۋاپ قىلىپ كېلەر ئەل ،
تاۋاپچىلار هەركۈن يۈزلەپ بولار تەل.
كېلىشىدۇ بۇ دەرگاهقا ئېگىلىپ ،
ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار باغلاپ بەل .
بەزەن بىر يۇرت بىر ئادەمگە تەڭ ئىكەن ،
بىر ئادەمنىڭ مېهرى يۇرتتەك كەڭ ئىكەن.
مۇرتى كەلسە شەهەر بولۇپ ۋەيرانە ،
بىر ئادەمچۇن بولىدىكەن جەڭ دېگەن ! ...
ئۇپال ئاۋات ،
بۇ گۈل يۇرتقا كۆپ تەشنا ،
بۇ گۈل يۇرتقا كېلىشىدۇ كۆپ قوشنا.
زىيارەت قىپ < هۆددىگەر > نى كۆرۈشەر ،
بولغانلار بار هەم كۆرمەي تۇرۇپ هەم ئاشنا.

www.uyghurkitap.com



كىلەر بەزەن شاھلارنىڭمۇ مەكتۇبى ،
جاۋاب يازار < مەھمۇدىيە > مەكتۇۋى.
ھىندى ، ئىران ، مىسىردىن بار تالىپلار ،
تولۇپ بارار ئۇلارنىڭ دىل دەپتىرى .
ئايلىنىپتۇ ئالىملارنىڭ شەھرىگە ،
ئايلىنىپتۇ ئۇيپال ئىلىم تەختىگە.
< مەھمۇدىيە > ھۆسنى ئەمدى تولماقتا ،
تولماقتا ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ بەختىگە.

*

نورۇز بايرام ،
تالىپلاردا تەنتەنە ،
بۇ ئەجدادتىن بىزگە قالغان ئەنئەنە .
ھېسقا تولغان ئالىملارنىڭ يۈرىگى ،
ھېسقا تولغان شائىرلارمۇ بار يەنە .
چىقىپتۇ يۇرت ئۇيپال بويلاپ سەيلىگە ،
بۇگۈن ھەممە بوي سۇنار ئۆز مەيلىگە .
بۇگۈن ناخشا ،
بۇگۈن ئۇسسۇل بايرىمى ،
ھۆكۈمرانلار كىلىشەر بۇ مەرىكىگە ،
بەزمە بىلەن تولۇپ كىتەر جىگدىلىك ،
جىگدىلىككە غەزەل بىلەن كىرگۈلۈك .
مۆلدۈرلەيدۇ بۇلاقلارنىڭ كۆزلىرى ،
كىرەك ، ئۇنىڭ سىرىنىمۇ بىلگۈلۈك .
تاللىنىپتۇ مۇشۇ يەردە ھاپىزلار ،
ھېكمەت بىلەن قەلبى تولغان پاكىزلار ،
ئىللىق پۇراق چېچىپ پۇراپ تۇرۇپتۇ ،
مارجانبۇلاق يېنىدىكى يالپۇزلار .
دارۋازلىرى دار تىكىپتۇ بىرچەتكە ،
مەزمۇن بىرىپ بەرىكەن كىردى بەرىكەتكە.
چاقپىلەكتەك چۆرگىلەيدۇ چىغىرىقتا ،
كۆزلەر قاراپ تويمايدۇ بۇ ھەركەتكە.
بىر تەرەپتە ساپاينىڭ ئاۋازى ،
نەي ئاۋازى بىرتەرەپتىن كەلمەكتە ،
بۇ ئىشلارغا ھەر بىر يۈرەك - دىل رازى.
غەزەلخانلىق ،
بۇلاقلارنى چۆرگىلەپ ،
ئىيتىلماقتا بىر- بىرىنى بەلگىلەپ .
يۈرەكلىرى شائىرلارنىڭ بىر گۈلخان ،
ئالغىنىدەك ئوت تەپتىدە گۈل گۈللەپ.
ھەر نورۇزدا باھالىنار تالىپلار ،
مۇكاپاتقا ئىرىشىدۇ غالىپلار.

غالىبلارغا نام بېرىدۇ بۇ بايرام ،
باشقىچىرەك يۈرىشىدۇ ناملىقلار .
ئىلىم پاناھ ،
ھاي -ھاي تېرەك يېنىدا ،
نورۇز بايرام خوشاللىغى بار دىلدا.
شۆھرىتىمىز سىنىڭ بىلەن بىللە دەپ ،
ئەل باغلىغان پوتىسى بار بىلىدە.
پامىر تۇرار تارىخلارغا بوپ گۇۋا،
ئەۋلادلارغا ئۇ نەچچىنچى بىر بوۋا.
مۇكچەيمىگەن ،
ئۇنىڭ قارلىق چوققىسى ،
ئادەملەرچۇ ؟ ئادەملەرچۇ ؟
ھەي ، تۇۋا!
ئىلىم پاناھ خىيال قىلىپ ئۇلگۇرمەي ،
رەڭگى گۇلدەك تۇرۇپ ھېچ بىر ئۆزگەرمەي ،
كۆزئالدىنى قاراڭغۇلۇق باسقاندەك ،
بولدى ھايات ئەمدى ئارتۇق سۆز بەرمەي .
توختاتقاندەك قىلدى ھايات سۆزىنى ،
يۇمۇشقىمۇ ئۇلگۇرمەستىن كۆزىنى .
لەۋلىرىدە تېخى ئارمان تەپتى بار ،
ئەمما ئەجەل ئىلىپ بولغان ئۆزىنى .
ئەڭ ئاخىرقى تىنىق قالدى ئۈزۈلۈپ ،
كەتتى ھايات ئەزىز تەندىن يۈز ئۆرۈپ .
ھاي -ھاي تېرەك قالغىنىدەك بوراندا ،
كۆرىنىدۇ قاقشالدەك بوپ ئۆزگىرىپ .
كۆرىنىدۇ قۇرۇق قاقشال بولغاندەك ،
مارجانبۇلاق ئەمدى ياشقا ئايلىنىپ ،
كۆرىنىدۇ كۆكسى دەردكە تولغاندەك.
ئاھ ! ھەزرىتىم!
تەبىئەتكە ئەرزىم بار ،
تەبىئەتكە ئېيتارىم بار ، دەردىم بار.
كاشغەر قەلبى تىترەيدۇ نەچارە ،
ئېيتقىن، يەنە بىزدە قانچە قەرزىڭ بار ؟!
بارمۇ يەنە دىلنى ئېزىپ سالارىڭ ؟
قالمىدىمۇ زادى بىزدىن ئالارىڭ ؟
كاشغەر ماتەم ،
زېمىن ماتەم تونىدا ،
يەنە كىمنى ئېلىشتىن بار تامايىڭ ؟
يامغۇر چۈشەر كۆك ئاسماندىن سىملاپ ،
ئادەم تولۇپ كەتتى يەرگە قىملداپ.
مانا بۈگۈن پۈتۈن بىر يۇرت چۇۋۇلدى ،
كەتكەن ئوخشاش بۇ بۈيۈك يەر قىمىرلاپ.
ئاق يوپۇقلۇق تاۋۇت چىقتى مۇرىگە ،

ئاق يوپۇقلۇق تاۋۇت بارار ئۆرگە .
ئەل دېگىنى...
تاۋۇت ئوخشار مۇشۇ تاپ
مۇرىلەردە چايقالغان ئاق كېمىگە .
تاۋۇت بارار ئاستاغىنە يەلپۈنۈپ ،
تاۋۇت بارار كەڭ ئالەمگە تەلپۈنۈپ .
مۇكچەيگەندەك قىلار پامىر چوققىسى ،
قالغىنىدەك تۇرار ئۆمۈر يۈكۈنۈپ!
ھاي -ھاي تېرەك تۆكۈپ قالدى ياپراق ،
تەگكىنىدەك ھاياتتىن بىر شاپىلاق .
ئۇ تاۋۇتقا ئېگىلدۇردى تېنىنى ،
دېگىنىدەك:
< ئەمدى سۇنغان ياخشىراق ! >
ھاي - ھاي تېرەك قالدى مانا ئۇمچىيىپ ،
ھاي -ھاي تېرەك قالدى مانا شۇمشىيىپ .
ئېگىلىپتۇ يوغان بەستى ئەلەمدىن ،
قاپتۇ ئەجەپ بوۋايلاردەك مۇكچىيىپ .
ئاپارمىدى تاۋۇتنى بەك يىراققا ،
كۆڭلى تارتىپ ئەلنىڭ مارجانبۇلاققا .
ئالدىدىكى دۆڭگە دەپنە قىلىندى ،
تولۇپ تۇرار جىگدە پۇراققا! ...

## خاتىمە

ئىشەنمەيتتىم
قەبرەڭنى يوق دېگەنگە ،
ئىشەنمەيتتىم يات يەرلەرگە كۆمگەنگە .
كاشغەر تۇرسا سېنىڭ ئەسلى ماكانىڭ ،
ئىشەنمەيتتىم بىزدىن ئايرىپ بۆلگەنگە .
كىچىگىمدىن مېنىڭ ئويۇم باشقىدى ،
باشقا ئىدى يۈرىگىمنىڭ تاشقىنى.
كىندىك قېنىم تامغان يەردىن ئەجەبا ،
تېپىلماسمۇ دەيتتىم مەھمۇد كاشغەرىي ؟!

بار ھازىرمۇ بۇ تالاشتىن تويمىغان ،
ئۆز نەسلىنىڭ ئابروينى ئويلىغان .
ئالىملارمۇ يازدى تالاي دەستگاھ ،
دەپ كاشغەرگە: < جەستىنى قويمىغان ! >
كەلدى تارىخ سېنى ئېيتىپ بېرەلمەي ،
ھەقىقەتنى كۆپى ئۆتتى كۆرەلمەي.
- بىزدە مەھمۇد!
- بىزدە قەبرە ، - دېگەنلەر
ئۆتتى سېنىڭ شۆھرىتىڭنى سۈرەلمەي .
شۇنداق بولار ئىكەن بەزەن ھەقىقەت ،
ھەقىقەتكە كېلىدىكەن كۆپلەپ دەرت .
ھەقىقەتنى كۆمۈپ بولماس ئىكەنغۇ ،
يالغان گۇۋاھ بولۇپ يازغان بىلەن خەت ! ...
قەبرىستانلىق
ئەسرنى قىپ نامايان ،
بولغىنىدەك تالاي قىسمەت ،
سىر ئايان.
تۇرار كونا قەبرىلەرنىڭ يېنىدا ،
كونا گۈمبەز ،
پامىر بىلەن يانمۇ - يان .
كونا گۈمبەز ،
مۇشۇ بۈيۈك ئەللامە ،
مۇشۇ دۇنيا تاپالمىغان گۇلنامە .
مۇشۇ ئىلىم ھۆددىگەرنىڭ قەبرىسى ،
مۇشۇ مېنىڭ خەلقىم ئۇچۇن دۇردانە! ...
ئۆز يۇرتىدا يېتىپتۇ ئۇ ئەللامە
ئۆز يېرىدە يېتىپتۇغۇ ھامانە .
ئۆز يېرىدە ياتسا ھامان مۇشۇ زات ،
يەنە نېچۈن ئەنسىزلىنەر زامانە ؟! ....
( تۈگىدى)

( بۇلاق ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى)

## تۈركىي تىللار دىۋانىدىن جەۋھەرلەر (مەھمۇت قەشقەرىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىلەر)

ئۆزۈڭنىڭ ئېغىر يۈكىنى باشقىلارغا يۈدكۈزمە.
*ئىپار قاچىلىغان تۇلۇمدىن ئىپارنى ئېلىۋەتسىمۇ پۇرىقى قالىدۇ.

قەھەتچىلىك يىللاردا ئېلىك نەگە بارسا سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بارغىن ،
ئېلىككە قايغۇلۇق كۈنلەر چۈشكەندە ئۇلار بىلەن بىللە بولغىن.

ئارپىسىز ئات قىر ئاشالمايدۇ ، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يېمىرەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



*باتۇرلارنى خار قىلما ، يۈگرۈك ئاتنى يېغىر (قىلما).

*پۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا ، ئۇرۇشتىن كىيىن باتۇر (تولا).

*قىسماقتىن  قورققان قۇش قىرىق يىل ئاچا ياغاچ ئۈستىگە قونمايدۇ ، يىلان چاققان كىشى ئارغامچىدىن قورقىدۇ.

*بەختىنىڭ بەلگىسى بىلىم.

*يول بەلگىسى بولسا، يولدىن ئازمايدۇ ، بىلىم بولسا ، سۆزدە يېڭىلىشمەيدۇ

*بىلىملىك كىشىلەرنى هۆرمەتلەپ ، سۆزىنى ئاڭلاپ ، پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇر.

*ياش گىياهقا ئوت تۇتاشمايدۇ ،ئەلچىگە ئۆلۈم كەلمەيدۇ.

*بىرەر كىشى ساڭا كۆلۈپ قارىسا ، سەنمۇ ئوچۇق چىراي بىلەن باق ، شىرىن سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بول ، يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت.

*ئالدامغا چۈشۈش بىرلا قېتىم بولىدۇ ، بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ ، بىر ئەقىل تاپىسەن.

كۆچەتنى تىكمىگۈچە كۆكلىمەيدۇ ، كىشىدە غايە بولمىسا ،هېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

*ئەگەر ساڭا ئېغىر كۈنلەر كەلسە ، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر دەپ سەۋرى قىلغىن ، دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەن ، هەر ـ بىر جاپا ـ مۇشەققەتكە هەسرەت چېكىپ ، ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما.

*ئۇرۇغ ـ تۇققان ، خوشنا ـ خۇلۇملارغا ياخشىلىق قىل ، ئۇلارنى هۆرمەتلە ، ئۇلاردىن سوۋغا ئالساڭ ، تېخىمۇ قىممەتلىكرەك سوۋغا تەييارلا.

*كۆزدىن يىراقلاشسا كۆڭۈلدىنمۇ يىراقلىشىدۇ.

*بەلگە بولسا يولدىن ئازماس ، بىلىم بىلسە سۆزدىن ئازماس.

*ئىلىم ـ هېكمەت ئىزدە ، ئۆگىنىشتىن چىكىنمە ، غادايما ، بىرەر نەرسىنى ئۆگەنمەيلا ئۆزىنى بىلىمدان قىلىپ كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان كىشى سىناقتا هودۇقۇپ قالىدۇ.
ياشلىقتا تىرىشمىسا قېرىغاندا قايغۇرىدۇ.

*كىچىكلىكتە تىرىشسا قېرىغاندا سۆيۈنىدۇ.

*سودىگەرنىڭ ئوزۇغى هالال بولسا ، يول ئۈستىدە يەيدۇ.

*ئوۋچى قانچىلىك ھىيلە بىلسە ، ئېيىقمۇ قېچىش ئۇچۇن شۇنچە يول بىلىدۇ.

*تاغنى سالما بىلەن ئەگكىلى بولمايدۇ ، دېڭىزنى قېيىق بىلەن پۈككىلى بولمايدۇ.

*قۇش داننى دەپ توزاققا ئېلىنىدۇ ، قۇش يەمەكنى دەپ ئۆلىدۇ.

*تىزەك قاردا ياتماس ، ياخشى ، يامانغا قېتىلماس.

*كېمە ھەيدىيەلمىگەن دەرياننى ئەگرى دەيدۇ ، ئۇخلىيالمىغان تەكيە قىڭغىر دەيدۇ.

*ئوتنى يالقۇن بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ.

*مۇزدەك سۇ قورساققا خوش ياقماس ، قۇرۇق گەپ قۇلاققا خوش ياقماس.

*ئاتا ـ ئاناڭنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلا ، ئۇنى قايتۇرما ، مال ـ دۇنيا ۋە بەختكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ تەكەببۇرلىشىپ ، قوترىما.

*بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ ، سۆزىنى ئاڭلا ، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغىن.

*بىر كىشى بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىل ، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا مۇۋاپىقلاشقىن ، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشما ، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن ئۇستۇن چاغلىما.

*كۆركەم ، چىرايلىق تونۇشنى ئۆزۈڭ كەي ، تاتلىق ئېشىڭنى باشقىلارغا بەر ، مېھماننى ئىززەتلە ، ئۇ شۆھرىتىڭنى ھەممىگە يايسۇن.

*چوڭنى ھۆرمەتلىسەڭ بەخت تاپىسەن.

*يوشۇرۇن مۇھەببەت ئايرىلىش كۈنى ئاشكارە بولىدۇ.

*دۈشمەن ھەر قانچە كىچىك ، ئاجىز بولسىمۇ ، ئۇنى مەنسىتمەسلىك توغرا ئەمەس. ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ، ئۇنى نەزەرگە ئالمىساڭ ، ئۇ ئەلنى سەندىن تارتىۋالىدۇ.

*دۈشمەندىن قورقما ، ئۇنىڭغا دەلمۇ ـ دەل تاقابىل تۇر، ئۇنىڭ باتۇرلىقىنى يوقىتىپ، قەغەز پۈكلىگەندەك پۈكلەپ تاشلا.

*تىلىڭدىن ھەر ۋاقىت خەلق سەندىن خۇشال بولىدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى چىقارغىن.

*كىمكى ئۆلۈمدىن قاچسا ئۆلۈم شۇنىڭغا يېپىشىدۇ.

*ھەددىدىن ئارتۇق خۇشال بولسا (ئارقىدىن) ، قاتتىق قايغۇ ـ ئەلەم كېلىدۇ

www.uyghurkitap.com

سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك يارىشىدۇ، قېيىن ئانىغا قاتتىغلىق.

## مەھمۇد كاشغەرى

(«مەھمۇت قەشقەرى» گە قاراڭ)

## مەۋلانا لۇتفى

(«لۇتفى» غا قاراڭ )

## مەۋلىۋى ئابدۇرېھىم

(«ئابدۇرېھىم مەۋلىۋي» گە قاراڭ )

## موللا ئابدۇل ئەلەم شائىر ئاخۇن

(1756 ـ ؟)، «ئىسلامنامە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بار .

## موللا ئارىپ خوتەنى

مول مەزمۇنغا ئىگە قىممەتلىك مەخسۇس ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى موللا ئارىپ خوتەنى ، خوتەن ناھىيىسىنىڭ لاسكۇي يېزىسىدا مىلادى 1564 ـ يىلى مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، 91 يېشىدا ۋاپات بولغان . مازىرى ھېلىمۇ لاسكۇي يېزىسىنىڭ دۆڭ مەھەللىسىدە بولۇپ، «سەردارى ۋەلى يۇللا مازىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىك خەلق ئۇنى جانلىق تىلدا «سەرگەن مازار»دەپمۇ ئاتايدۇ .



ئالىم بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ 20 نەچچە ياشلىرىغىچە خوتەندە ئاتىسى موللا سەلىم ئاخۇنۇمدىن ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئىلمى نەھۋى (گىراممatika)، ئىلمى شەرىف (سىنتاكىس)، ئىلمى تەجۋىد (فونېتىكا) ، ئىلمى فىقهى (شەرىئەت ئىلمى)، ئىلمى تەفسىر، ئىلمى ھەدىس، ئىلمى مەنتىق قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن . تىبابەت ئىلمىدە ھەر قايسى پەنلەرنى ئۆگىنىشكە ، بولۇپمۇ يەككە دورىلارنىڭ تەبىئىتى ، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى ، مۇرەككەپ دورىلارنىڭ لايىقلاشتۇرۇلۇشى ، ياسىلىشى ، يەنى داۋاسازلىق ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن . ئالىم 28 ياشقا كىرگەندە بۇۋىسى موللا ئالىم داموللا ھەزرىتى ئۇنى تىبابەت ئىلمىدە تېخىمۇ يۇقىرى بىلىمگە ئېرىشسۇن دەپ ئەينى زاماندا ھاجى ئىككىنچى ئۇستاز ئەبۇ نەسر فارابىنىڭ شاگىرتلىرىدىن دەپ قارالغان يەكەنلىك تېبىبى ئالىم ئۇلۇغ بەگ يەركەندىنىڭ ھوزۇرىغا تىبابەت بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن . ئالىم بۇ پىر ئۇستاز ئالدىدا نەزىرىيە جەھەتتە ئۇيغۇر تېبىبى ئالىمى ئۇبۇلھەسەن قەرشىنىڭ مۇجىزىل قانۇنىنى، كېسەللىك تەشخىسى (دىئاگنوزى) جەھەتتە شەرھى ئەسبابنى، كېسەللىك داۋالاش جەھەتتە ئەلقانۇننىڭ ئۈچىنچى جىلتىنى ،

تەزكىرە تۇل ئەنتاكى ۋە فىردەۋسۇل ھېكمەت قاتارلىق كىتاپلارنى ئۆگەنگەن ھەمدە تىبابەت ئىشخانىلىرى ۋە داۋاسازلىق كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسگە كىرىپ، ئەمەلىي تىبابەت ساھەسىدە خېلى چېنىققان . كېيىن مەزكۇر پىر ئۇستازىنىڭ ئەمرى بىلەن ھىندىستاننىڭ سەھىندى دېگەن شەھىرىگە بېرىپ ھەيدەر ئەلىخان ساھىپ دېگەن تىبابەت ئۇستازىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ يەنە 3 يىل بىلىم ئاشۇرغان . ئۇيەردىن يەكەنگە قايتىپ ، بىر مەزگىل پىر ئۇستازىنىڭ خىزمىتىدە بولغاندىن كېيىن ، يۇرتى خوتەن لايكۇسغا قايتىپ كېلىپ خوتەن خەلقىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىببى ئالىمى موللا ئارىپ خوتەنى ئەينى يىللاردا كۈندىلىك ئىشلىرى تەرتىپىنى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ ، بىر تەرەپتىن چۈشتىن بۇرۇن ئايىغى ئۈزۈلمىگەن بىمارلارنى بىر تەرەپ قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن شاگىرتلىرى ۋە تالىپلارغا دەرس ئۆتكەن . يەنە بىر تەرەپتىن قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ پارىچە «گۇلدەستەئى ئافىيەت» (ساغلاملىق گۈلدەستىسى، چاغاتايچە) «تۈركى دەستۇرۇل ئىلاج» (تۈركىيچە داۋالاش قوللانمىسى ، پارسچە)، «مۇجەررەباتى ئارىف»(ئارىپنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسىپلىرى، ئەرەپچە)، «ئەسرارۇلنەبزى ۋەلبەۋلى ۋەلبىراز» (تومۇرنىڭ ۋە چوڭ-كىچىك تەرەتنىڭ سىرلىرى، پارسچە)، «رىسالەئى فەسەد ۋە ھىجايەت» (قان ئېلىش، شەخەك قويۇش ھەققىدە رىسالە») قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كىتاپلارنى يازغان . بۇ ئۇلۇغ زات خوتەن دىيارى مىقياسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تارىم ۋادىسى دائىرىسىدىن كەلگەن نى-نى بىمارلاغا شىپالىق ئېلىپ كەلگەن . نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن ۋە يۇقارقىدەك نۇرغۇنلىغان بىباھا ئەسەرلەرنى يېزىپ، داڭلىق تىببىي ئالىم بولۇپ تونۇلغان، ئالىمنىڭ بۇ تۆھپىلىرى ھازىرغىچە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد تىللاردە داستان، دىللاردا ياد ئېتىلىپ كەلمەكتە.

ھازىر بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئاز دېگەندە 5 - 6 خىل ئاز تېپىلىدىغان مەخسۇس ئەسەرلىرى بارلىغى مەلۇم . ئىشىنىمىزكى ، مەزكۇر گۆھەرلەر تېپىلسا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى ساھەسىدىكى نۇرغۇن بوشلۇقلار تولدۇرۇلۇپ ، غايەت زور ئىلمىي كۈچنى نامايەن قىلغۇسى.

## موللا ئالاۋىدىن غەرىبى

(1880؟ - ؟) قەشقەر، «دىۋان غەرىبى» ناملىق قىممەتلىك ئەسىرى بار .

## موللا ئەيت ئىبىن موللا غەرىب

ئۇنىڭ «جامىئۇل ھېكمەت» ناملىق كىتاۋى بار . بۇ كىتاپ ھازىر رۇسىيەنىڭ پېتىربورگ ئاسىيا خەلقلىرى ئېنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ توغرۇلۇق ئا. م . موگنوۋنىڭ «ئاسىيا خەلقلىرى ئېنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار» ناملىق كىتاۋىدا مەلۇمات ئېلان قىلىنغان . ئەمما، بۇ ئاپتورنىڭ ياشىغان زامانى ، ئەسىرىنىڭ مەزمۇنى توغرۇلۇق ئۈچۈرغا ئىگە ئەمەسمىز . لېكىن ، بۇ ئەسەر 1910 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر تەرەپتىن يىغىۋېلىنىپ ئېلىپ كېتىلگەن.

## موللا بىلال ئىبىن يۇسۇپ نازىمى

شائىر بىلال نازىمنىڭ تولۇق ئىسمى - موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ، ئۇ تەخمىنەن 1825-يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە نامرات موزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 10 - 11 ياشلارغا كىرگەندە دادىسىدىن يېتىم قالغان ۋە ئاكىسى جالالىددىننىڭ تەربىيىسىدە بولغان، مەدرىسىدە ئوقىغان.




موللا بىلال قورغاس «ئالتۇنلۇقۇم» ، يەنى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى يېنىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىدە 11 يىل ئوقىغان . ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن ، شەرق ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىز بىلەن پىششىق تونۇشقان ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى ئېسىل ئەسەرلەرنى توپلىغان . ئۇ 20 ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ ، ئاكىسى بىلەن تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كۆچۈرگەن. شۇنداق بولسىمۇ بىلال نازىم قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىپ، شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان . ئۇنىڭ نامى ئەل ئارىسىدا تاراشقا باشلاپ ، كىشىلەر ئۇنى «موللا بىلال» دەپ ھۆرمەتلەشكەن . ئۇ 27 ياشقا كىرگەندە ئۆزىنىڭ ھايات ، مۇھەببەت ، دوستلۇق ھاققىدە يازغان غەزەللىرىنى دىۋان قىلىپ توپلەپ ، «نازىم» دېگەن تەخەللۇس بىلەن يېشىل تاۋار جىلتىغا ئوراپ سۆيگەن قىزى رەناخان ئاپپاقا تەقدىم قىلغان .

مەرىپەتپەرۋەر زات ئابدۇمۇتالى خەلپەم شائىر موللا بىلالغا «تەرجىمەئى بىلال شائىر مەشھۇر»نامى بىلەن تەرجىمھال يېزىپ چىققان. مانا شۇ تەرجىمھالدا «غەزەلىيات» ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن : «فەقىر ۋە فەقە كۈنلەردە بىر ساھىپجامال مەھۋەش، پەرى پەيكارغا ئاشىق بىقارار ، ئىشىق مەجازىغا گىرىپتار بولۇپ ، ئىشىق مۇھەببىتى قايناپ ، ئىشىق ئوتى دىلىنى بىقارار قىلغانلىقتىن ئېيتقانىكەن . » ئەمما ، موللا بىلال بۇ ساھىپجامالنىڭ ۋەسلىگە نائىل بولالمايدۇ . موللا بىلالنى گاداي كۆرگەن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ئامرىقىنى ، قىزنىڭ رايىغا باقماي باشقا بىرىگە مەجبۇرىي ياتلىق قىلىۋېتىدۇ . ئىشىق ئوتىدا ھېساپسىز ئازاپلىنىپ، ئۆرتىنىپ يانغان موللا بىلال ئامرىقىغا بېغىشلاپ ھەر كۈنى بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ پەشتىغىغا چىقىپ نەزىم ئوقۇيدۇ .

مۇئەللىپ غەزەللىرىدە ئۆزى ئاشىق بولغان ساھىپجامالنىڭ كىملىگى توغرىسىدا مەلۇمات بەرمىگەن. كېيىنكى مەلۇماتلاردا بۇ قىزنىڭ ئىسمى «غۇنچەم»، «ھەجەر ئاپپاق»، «جانارخان ئاپپاق»، «رەناخان ئاپپاق» دېگەن نام بىلەن ھەر خىل ئاتالدى . تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۇ «ھۆسن ئىقلىمدا گويا بارچە قىزلار سەرۋەرى» نىڭ ئەسلى ئىسمى رەناخان ئاپپاق بولۇپ ، موللا بىلال يازغان نەزملىرىنى ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە رەتلەپ ، توپلەپ ، بىر يېشىل تاۋار جىلتىغا سېلىپ ، ئۇنىڭ ئۆزىگە تەقدىم قىلغان .

«غەزەلىيات» نىڭ بۇ قولىيازمىسىنى ئەينى ۋاقىتتىكى مۇدەررىس ئارۇپ داموللامغا ياتلىق قىلىنغان رەناخان ئاپپاق موللا بىلال بىلەن بولغان ياشلىق دەۋرىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنىڭ بۇيۈك نامايەندىسى دەپ بىلىپ قەدىرلەپ ، خاس ساندۇغىدا ساقلىغان . ئەينى ۋاقىتتا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئىشنى ئەلدىن پىنھان تۇتقان ، ھەتتا قىزنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان . شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئەسەر رەناخان ئاپپاق ئائىلىسىدە 1935 ـ يىلىغىچە ساقلانغان . رەناخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن قولىيازما ئۇنىڭ ئوغلى ھاشىر مەخدۇمغا قالغان . 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ھاشىر مەخدۇم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ھاشىرنىڭ ئوغلى ئابدۇمىجىت قارىيغا قالغان. 1940 ـ يىلى ئابدۇمىجىت قارىي قولىيازمىنى ئېلىپ غۇلجا دىيارىدىن كەتكەن . موللا بىلالنىڭ قاچان ، كىم بىلەن توي قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس . بىراق ، شۇنى جەزىملەشتۈرەلەيمىزكى، ئۇ توي قىلىپ بىر قىز، ئىككى ئوغۇللۇق بولغان . چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئايۇپ ، كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى قاسىم ، قىزىنىڭ ئىسمى ئايشەم ئىكەن . موللا بىلالنىڭ نەۋرىسى مەھەممەتجان بىلالنىڭ «بوۋام توغرىسىدا» ناملىق ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن :

«چوڭ دادام ئايۇپنىڭ ئابابەكرى ، رابىيەم، شەرۋانەم ئاتلىق ئوغۇل ـ قىزلىرى بولغان . چوڭ ئاپىمىز ئايشەمنىڭ ھۆرنىساخان دېگەن بىرلا قىزى بولغان . بوۋامنىڭ كىچىك ئوغلى قاسىم مېنىڭ دادام بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۆمەرجان ، غوجائەخمەت ، مەھەممەتجان دېگەن ئوغۇللىرى ، ئۇمگۈلسۈم ، تۇراخان

دېگەن قىزلىرى بولغان . بىزنىڭ ئائىلىدىكى مەندىن باشقىلىرى غۇلجا شەھرىدە ۋاپات بولۇشتى . »

تۆهپىكار ئەرنىڭ كەينىدە مەدەتكار ئايالنىڭ بولىشى تەبئىي . بىراق ، هازىرغا قەدەر يېزىلغان مەنبەلەردە موللا بىلالنىڭ ئانىسى ۋە ئايالىنىڭ ئىسمى پەقەت تىلغا ئېلىنمىغان . شائىر بىلەن زاماندىاش تەتقىقاتچى ، ئەدىپلىرىمىز بۇ نۇقتىغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمىگەن ، بۇ هال كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ .

ساۋۇت موللا ئاۋۇدوفنىڭ موللا بىلال توغرىلىق يازغان كىتاۋىدىكى ئىشەنچلىك دەلىللەرگە قارىغاندا ، 1959 - يىلى ئالمۇتىنىڭ چېلەك رايونىدا كونا كىتاپلار ۋە قولىيازمىلار تېپىلغان ، شۇ قولىيازمىلارنىڭ بىرىدە بىر ئايەتنىڭ تۆۋىنىگە يېزىلغان مەلۇماتتا ، موللا بىلالنىڭ چوڭ ئوغلى ئايۇپ ئاخۇننىڭ 1860 - يىلى (هىجرىيە 1277 - يىلى) تۇغۇلغانلىغى مەلۇم . ئېچىنىشلىق ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈپ ، تونۇرلاردا يېتىشقا مەجبۇر بولغان موللا بىلال تەخمىنەن 1859 - يىلى 34 يېشىدا توي قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

بىلال نازىم 1864 - يىلى پارتىلىغان ئىلى دېهقانلار قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان. شۇ يىللاردا «نازۇگۇم» ، «غازات دەر مۇلكى چىن » ، «چاڭموزا يۈسۈپخان» قاتارلىق نادىر داستانلارنى يېزىپ چىققان. 1895 - يىلىدىكى ئۇچىنچى قېتىملىق «كۆچ - كۆچ» تە يەتتە سۇ ۋادىسىدىكى ياركەنت دېگەن جايغا كۆچۈپ كەتكەن ، شۇ جايدا 1900 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن .

شائىرنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدا هازىر ئۈچ خىل قاراش بار . بەزىلەر 1899 - يىلى دېسە ، يەنە بەزىلەر 1902 - يىلى دەپ قارىدى . يېقىندا يەنە 1900 - يىلى دەپ توغرىلاندى . شائىر بىلەن زاماندىاش بولغان تەتقىقاتچى هەم ئۇنىڭ تۇغقىنى ۋە شاگىرتى ئابدۇمۇتالى خەلپەم (1960 - 1867) ۋە بىلالشۇناس ئالىم ساۋۇت موللا ئاۋۇدوفنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا ، بىلال نازىم هىجرىيە هېساۋىدا 1318 - يىلى 77 يېشىدا ، مىلادىيە هېساۋىدا 1900 - يىلى 75 يېشىدا ياركەنتتە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى هازىرمۇ شۇ جايدا ساقلانماقتا.

1993 - يىلى موللا بىلالنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئۇنىڭ هەيكىلى ئورنىتىلدى ، هەيكەل ئورنىتىلغان باغچىنىڭ يېنىدىكى مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى كوچا ئۇنىڭ شەرەپلىك نامى بىلەن ئاتالدى . هازىر بۇ يەر ئىلىم - مەرىپەت ئەهلىنىڭ مەشهۇر زىيارەتگاهى بولۇپ كەلمەكتە .

## موللا توختى غەرىبى

موللا توختى غەرىبى (1861 — 1951) خوتەن لوپ ناهىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدا ياشىغان شائىرلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ هازىرچە مەلۇم بولغان ئەسىرى «تۇهفەتۇل ئۇششاق سانى» (ئاشىقلار تۆهپىسىنىڭ ئىككىنچىسى) ناملىق كىتاۋى بولۇپ ، لىرىك غەزەللەردىن تەركىپ تاپقان . توپلامنىڭ باش قىسمى مۇخەممەس بولۇپ ، 30 كۇبلېت (مۇقەددىمە سۈپىتىدە بىر كۇبلېت يازغان بولۇپ ، جەمئىي 31 كۇپلېت) مۇخەممەسنىڭ هەر كۇبلېت باش هەرپىنى «هۇرۇفى هىجا» (هىجا هەرپلىك) شەكلىدە يازغان. قالغانلىرى مۇناجاد (مۇستەهزاد ، مۇرەببە) ، نەدامەت ئۇمر مازى ، سەرگۈزەشت ، نەسىهەت ، ئىشق مەجاز ، مۇخەممەس نەدامەت ، هەسرەت قاتارلىق ماۋزۇلاردا يېزىلغان . شائىر شېئىرلىرىنىڭ تىلى تاۋلانغان ، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ ، تەنقىدىي رېئالىزملىق پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ . شېئىرلىرى «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ ئومۇمىي 20 - ساندا ئېلان قىلىندى.

## موللا زەيدىن

داڭلىق خەلق قىزىقچىسى موللا زەيدىن 1815 - يىللار ئەتراپىدا لۈكچۈننىڭ باغرا يېزىسىدا نامرات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىگىدە بىر خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقىرىپ، 11 يېشىدا لوكچۇن ۋاقلىق «مەدرىسە» گە كىرىپ ئوقۇيدۇ ۋە بۇ مەدرىسەدە 17 ياشقىچە ئوقۇپ ئەرەپ، پارس تىلىنى ئۆگىنىپ، نەۋائى، سوپى ئاللايار، قول خوجا ئەخمەت، شامەشرەپ (بابارەھىم مەشرەپ) قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئېلىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن موللىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ زەيدىن دېگەن ئىسمىنىڭ ئالدىغا «موللا» دېگەن نام قوشۇلۇپ، موللا زەيدىن دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ.

موللا زەيدىن ياشىغان دەۋردە زالىم ۋاڭلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان زۇلمى ھەددىدىن ئاشقان، مۇتەئەسسىپ موللىلار ۋاڭ، گوڭلارغا قول چوماق بولۇپ خەلققە زۇلۇم سېلىۋاتقان يىللار ئىدى. شۇڭا موللا زەيدىننىڭ قەلبىدە زالىملارغا قارشى كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرەتى ئوتتەك ياندۇ . ئۇنىڭ دادىسى موللا ئەيسا بىننى موللا ئەزىزخان خوجا ئەينى ۋاقتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي زاتلاردىن بىرى بولۇپ، ئوغلىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ناھايىتىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى يەتتە يېشىدىلا ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان سايرام مەدرىسىسىدە ئوقۇتۇپ باشلانغۇچ ساۋادىنى چىقىرىدۇ. 1847 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇنى ئەينى زاماندا كۈچادىكى داڭلىق ساقساق مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. بۇ مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسى شۇ زاماندىكى داڭلىق ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان موللا ئوسمان ئاخۇن خەلپەت دېگەن كىشى ئىدى. موللا مۇسا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئۇستازىنىڭ غەمخورلىقىدا، قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، (تەقۋىم كالىندارشۇناسلىق)، ئاسترونومىيە ئىلىملىرى ھەمدە ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، «بالا موللا»، «موللا مۇسا» دېگەن ناملار ئوسمان ئاخۇننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنىڭ تەسىرىدە ئىدىيە جەھەتتىمۇ يېتىلىشكە باشلايدۇ. ئۇ 1954 ـ يىلى مەدرىسەنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئانا مەكتىۋى سايرام مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ.

1864 ـ يىلى كۇچا قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، موللا مۇسا سايرامى تالىپلىرىنى باشلاپ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۈچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق سەركەردىسى ماخمۇددىن خوجىنىڭ مۇھۇرچىسى ئومۇمىي ئىشلار باشلىقى بولىدۇ. بۇ جەرياندا خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭ، چوڭقۇرلىقى، كەمتەر، كىچىك پېئىللىقى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ۋە خەلق ئارىسىدا زور ئابرۇيغا ئىگە بولىدۇ. 1867 ـ يىلى ياقۇپبەگ ئۈچتۇرپاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇ ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى مىرزا بابابېك ھىسارىنىڭ كاتىۋى بولىدۇ. 1877 ـ يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن موللا مۇسا سايرامى ئاقسۇدا قېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 40 يىلغا يېقىن ۋاقتىنى يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بىر مۇنچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازىدۇ. بۇلاردىن مەشھۇرراق بولغانلىرى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، «دەربايان ئەسھابۇل كەھف»، «تارىخىي ئەمنىيە»، «دىۋان مەسنەۋى»، «تارىخىي ھەمىدى»، «سالامنامە» قاتارلىقلاردۇر.

موللا موسا سايرامىنىڭ كېيىنكى ئۆمرى ناھايىتى ئېغىرچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، بۇ ئېغىر تۇرمۇش ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرىدۇ. 1917 ـ يىلى 81 ياشقا كىرگەن موللا مۇسا سايرامى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يۇرتى سايرامغا قايتىدۇ. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بىرى، تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ ۋە ئانا يۇرتى ئاناقىر يېزىسىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

# موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى

موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى تەخمىنەن 1725 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ مەھەل ـ ـلىسىدىكى موللا شاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ئاتلىق مەشھۇر ئۆلىمانىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپكى مەلۇماتنى دادىسى شاھ ئەلەم ئاخۇنۇمدىن ۋە مەھەللىسىدىكى مەدرىسلەردە ئالغان ، كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ئۈچۈن دادىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىسىدىكى مەشھۇر بىلىم مەركەزلىرىدىن بولغان «مەدرىسەئى ھامدىيە»دە ئوقۇغان. بۇ يەردە ئەرەپ، پارس تىللىرى، ماتېماتىكا ، ئەدەبىيات ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، ئاسترونومىيە ، شەرىئەت ئىلمى ، تەپسىر ، ھەدىس قاتارلىقلاردىن بىر قەدەر سىستېمىلىق بىلىم ئېلىپ، ئۆز زامانىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەھلى ، موللا، ئۆلىما بولۇپ يېتىشىپ ، ئىلمىي كامالەت ۋە قەلىمىي ئىقتىدارنى قولغا كەلتۈرگەن.

موللا سادىق ئەلەم ئۆزىنىڭ قۇرئانى كەرىمنى پىششىق بىلىشى ۋە يۇقىرى سەۋىيىسى، تەپسىر ئىلمىدىكى ماھىرلىقى ، شەرىئەت قانۇنلىرىغا كامىل بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن قەشقەر خانلىق مەدرىسگە مۇدەررىس ، چاپان بازىرىدىكى جامە قەدىمىيگە خاتىپ بولغان بولۇپ ، ئۇستازلىق سالا ـ ھىيتى بىلەن ئىقتىدارلىق مىڭلىغان تالىبۇل ئىلىملەرنى يېتىشتۈرگەن، ئۆز زامانىدىكى تەڭداشسىز مۆتىۋەر ئۆلىما سۈپىتىدە پۈتكۈل يەتتە شەھەر دائىرىسىدە مۆھۈردار قازى ئەلەم بولغان.

موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم ئىلىم جەھەتتە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە كىتاب تەسنىپ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان بولۇپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخ ، ئەدەبىيات ۋە ئەخلاق ئىلمى قاتارلىق ساھەلىرىگە زور تۆھپە قوشقان ئالىملارنىڭ بىرى .

ئەينى دەۋردىكى قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى مىرزا ئوسمان بەگ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا موللا سادىق ئەلەمنىڭ ئىلمىي مەلۇماتى ، قەلەم قۇۋۋىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلغان ۋە ئالىمغا قەشقەر دىيارىدىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەزكىرىلىرىنى يېزىپ چىقىشنى تەكلىپ ـ تەۋسىيە قىلغان . موللا سادىق ئەلەم ھاكىم ۋە ئاغىچىلارنىڭ تەۋسىيىسىگە ئاساسەن «تەزكىرەئى ئەزىزان» (يەنى ئۇلۇغلار تەزكىرىسى) ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتاۋنى يېزىپ چىققان . مەختۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ھەرخىل پائالىيەتلىرى ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە خەلقنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ كىتاپنىڭ ھازىر ئۈچ خىل قولىيازمىسى بار.

موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم تەقۋادار ئىسلام ئالىمى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىسلامى ئىلمى ۋە ئەقىل قۇۋۋىتى ئارقىلىق قۇرئانى كەرىم ھېكمەتلىرى ، ھەدىس شەرىف ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى كەڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ ـ ئەھكام قىلىش مەقسىتىدە ئىسلامنىڭ ئاساسىي رۇكنلىرى ۋە مىزانلىرىنى مەزمۇن قىلغان ھالدا 1792 ـ 1793 ـ يىللىرى ئەتراپىدا «ئاساسۇل ئىسلام» (ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى) دېگەن كىتاپنى ۋە يەنە «كەشفۇل قۇلۇب» (دىلنى ئاچقۇچى) ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم ئۈچ يىل رىيازەت چېكىپ، 1795 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ھاكىمى يۇنۇس تاجبەگ ئىبنى ئىسكەندەر بەگنىڭ ھاۋالىسى ھەمدە قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا دۇنيا تارىخى ۋە ئىسلام تارىخىدىكى نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولغان «تارىخى تەبەرى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى «تەرجىمەئى تارىخى تەبەرى» نامىدا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇ يەنە ئىسكەندەر بەگنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانىنىڭ مەشھۇر تارىخى ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتاپنى پارس تىلىدىن ئەينى دەۋردىكى قەشقەر تىلى يەنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان.

موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم يەنە «مەسىلىلەرنىڭ جەۋھىرى ۋە ئەقىدىلىرى»، «ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى»، «ئىنسانىنىڭ قىياپەت تۈرقى»، «كەسپدارلار رىسالىسى»، «غار كىشىلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغاندىن سىرت، قۇرئانى كەرىمنىڭ چوڭ

ھەجىملىك تەرجىمە تەپسىرىنى يېزىپ چىققان ۋە «مۇكاشىفۇل لۇغەت» (يەنى سۆزلەرنى يېشىش) ناملىق سېلىشتۇرما لۇغەتنى تۈزگەن.

موللا سادىق ئەلەم ئەقلى ۋە ماھارىتىنىڭ كامالەتتە تۇرغان مەزگىلدە، يەنى **1849** ـ يىللىرى قەشقەردە يۈز بەرگەن بىر توپىلاڭدا ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى، دىن ۋە مىللەت ئاسىيلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. ئۇنىڭ جەسىتىنى شاگىرت ـ ئىخلاسمەنلىرى، قەشقەر خەلقى داغدۇغىلىق ھالدا ئۆز ۋەسىيىتىگە ئاساسەن سەئىد جالالىدىن باغدادى قەبرىستانىغا دەپنە قىلىنغان.

**1982** ـ **1983** ـ يىللىرىدىن باشلانغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنىڭ شاھ ئەسىرى «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىش ۋە ئۇنىڭ قەبرىگاھىنى ئىزدەش ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى جەريانىدا ئەل ئىچىدىكى كىتاب ساقلىغۇچىلار ۋە ئىلمىي تەتقىقاتچىلار ئىزدەپ تاپقان ئاپتورىنىڭ «مەسنەۋى شەرىف پارسى» دېگەن ئەسىرىدىكى «ۋەخپەنامە» كەڭ ئۇيغۇر جامائىتىگە ئالىم موللا سادىق ئەلەمنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىق سالاپىتىنى قايتا نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ نامى ئەل ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىندى.

**ئالىم موللا سادىق ئەلەمنىڭ بۇ ۋەخپەنامىسى مۇنداق يېزىلغان ئىدى:**

«ھىجرىيە **1252** ـ يىلى (مىلادى **1834** ـ يىللىرى) ئۇلۇغ رەجەب ئېيىنىڭ **14** ـ كۈنى شەرىـ ـئەت قانۇنى ئاساسىدا قۇرۇلغان قەشقەر قازى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى مەنكى موللا سادىق ئەلەم شاھ ئەلا ئاخۇن ئوغلى شۇل ھەقتە ھۆججەت قىلىپ مۆھۈرۈمنى باستىمكى، مەن **114** ياشقا كىرگەن تەن دۇرۇسلۇق ھالىتىم، ئىلىمگە بولغان ھېسسىياتىم، ئىشتىياقىم ۋە ئەدەپلىك كەيپىياتىم بىلەن مەرىپەتنىڭ مەنبەسى بولغان، ئىلىم ـ مەرىپەتنى مەزمۇن قىلغان، ئاللە دەپتەرنى بىر مۇقاۋىغا تۇپلەپ ئىجتىھات قەلىمى بىلەن ۋاراقلىرىغا زىننەت بېرىپ يېزىلغان، قىممەت باھالىق ئالتۇنغا سېتىپ ئالغان مۇلكۇم بولغان «مەسنەۋى شەرىف» ناملىق كىتاۋىمنى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا سۈزۈك بۇلاق ئۈستىدە دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلان، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۇسەيىن ئوغلى قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مازارىغا مۇتلەق ۋەخپە ۋە ئەبەدىي سەدىقە قىلدىم. بۇ ئۇلۇغ ئەدىبكە (مۇتلەق ۋەخپە قىلىنغان) بۇ كىتاۋىمنى ئەدىبلەر بىلەن ئىلىم ئەربابلىرىنىڭ دىنىنىڭ قۇياشى ھۇسەيىن (ئوغلى) مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە دۇئا قىلىپ، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى، مىللىتىمىزنىڭ خەلق ئاممىسىغا ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق پەزىلەتلىك بولۇشىغا تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ۋەخپە قىلىنغان مەزكۇر كىتاۋىمغا باش شاگىرتىم موللا ھېبىت خەلپەت بىننى موللا ئېۋەزنى باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىدىم، دەپ تۆۋەندە موللا سادىق ئەلەم ئۆز مۆھۈرۈمنى باستىم . مەزكۇر ئىقرارىمنىڭ راستلىقىغا مۇدەررىس ئۆلىما نەزەر ئاخۇنۇم ، باش كاتىپ ئابدۇرەھىم نىزارى ، نورۇز كاتىپ ، تۇردۇش كاتىپ ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم ، موللا غوجىلاق ، ئوپالدىن زەيدىن قۇرۇلبېگى گۇۋاھتۇر.»

بۇ تارىخىي ھۆججەت ـ يەنى «ۋەخپەنامە»نىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئوپال دىيارىدىكى ھەزرىتى موللام مازارىنىڭ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىگاھى ئىكەنلىكى موللا سادىق ئەلەمنىڭ ھۆرمەت ـ ئېتىبارى بىلەن تالاش ـ تارتىشسىز ھالدا ئىسپاتلانغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، مەشھۇر ئالىم موللا سادىق ئەلەمنىڭ شەك ـ شۈبھىسىز ئالىم ـ ئۆلىما ئىكەنلىكى زامانىمىز كىشىلىرى ئارىسىدا نامايان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ، خەت ـ پۈتۈكلىرى تارىخىمىزنىڭ تەۋرەنمەس ھەقىقەتى ئۈچۈن قىممەتلىك پاكىت بولدى . موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى يەنە «تەزكىرەئى خوجەكان» (خوجىلار تەزكىرىسى) دېگەن ئەسەرنى يازغان ، شۇنداقلا «غەزەل ۋە مەسنەۋىلەر» دېگەن ئەسىرىنى بىزگە قالدۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى نامايان قىلغان . ئۇيغۇر خەلقى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى موللا سادىق ئەلەمدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئالىمنى مەڭگۈ ياد ئەتكۈسى.

# موللا سۇپۇرگى سەنجەرى (غەرىبى)

بۇ كىشى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەنگە تەۋە گۇمان ناهىيىسىنىڭ نىشاندار يېزىسى سانجار كەنتىدە ياشىغان مەشھۇر شائىر ، تەرجىمان ھەم خەتتات . ئۇ «دىۋانى غىياس» ، «دىۋانى سۇپۇرگى» ، «غەرىبى سەنجەرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان . بۇ دىۋانلارنىڭ ھەر ـ بىرى 400 بەتتىن ئارتۇق بولۇپ ، ھەر بېتىگە 14 تىن 16 مىسراغىچە شېئىر يېزىلغان . بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقچىللىق ، مەرپەتچىلىك ، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاراشلىرى تەرغىپ قىلىنغان ھەمدە بەزى ناچار قىلىقلار قامچىلانغان.

شائىر «نەفھاتۇل ئۇنس» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى) ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان . ئۇ يەنە ئون نەچچە پارچە كىتاپنى كۆچۈرۈپ چىققان.

# موللا مۇسا سايرامى



مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە ئەدىبى موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامى 1836 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونى ئانقىز يېزىسى توغايلا مەھەللىسى (هازىرقى توخسۇن يېزىسىنىڭ 4 ـ كەنتى) دە دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ دادىسى موللا ئەيسا خوجا بىننى موللا ئېزىزخان خوجا خېلى يۇقۇرى دىنىي مەلۇماتقا ئىگە كىشى بولۇپ ، سايرام رايونى بويىچە ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ، ھۆرمەت ۋە ئابرويغا ئىگە خەلقپەرۋەر مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرى ئىدى . موللا ئەيسا تۇنجى ئوغلى موللا مۇسانىڭ ئىستىقبالىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ ، ئۇنى ياخشى ئەخلاق ۋە خۇلق ـ مجەز بىلەن تەربىيىلىگەن . كىچىگىدىنلا ئەقىللىق ، ھۇشيار ، چېچەن چوڭ بولغان موللا مۇسا ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىنى ناھايىتى ياخشى قوبۇل قىلغان . شۇڭا، ئاتىسى ئەمدىلا 7 ياشقا كىرگەن موللا مۇسانى سايرام مەدرىسىگە ئوقۇشقا بەرگەن ، موللا مۇسا ئۇستازلىرى ۋە دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىرقانچە يىلدىلا چىرايلىق ھۆسنخەت يازالايدىغان ، ھەپتىيەكنى ۋە سوپى ئاللايار، ناۋايى شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇيالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ ، ساۋاقداشلىرى ۋە جامائەتچىلىك ئىچىدە «بالا موللا» نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان . 1847 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ، موللا مۇسا ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەندە ، دادىسى ئۇنى يەتتە شەھەر بويىچە چوڭ ئوقۇش يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان كۇچادىكى ساقساق مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن ، موللا مۇسا بۇ مەدرىسىدە ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىمى موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ تەربىيىسىدە قۇرئان ، ھەدىس ، تارىخ ، ئەدەبىيات ، ئاسترونومىيە ، كالېندارچىلىق ، گراممатىكا ، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئوقۇش بىلەن بىللە ئەرەپ ، پارس، ئوردو تىللىرىنىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ ، كۇچا بويىچە تېزلا شۆھرەت قازىنىپ ، كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان . ئۇنىڭ جامائەتچىلىككە تونۇلۇشىغا پاراسەتلىك بىلەن قىلغان مۇنداق بىر ئىشى سەۋەپ بولغان : موللا مۇسا ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر باي سودىگەر مەدرىستىكى تالىپلارغا ئاز ـ تولا بىر نەرسە «سەدىقە» قىلىدۇ. ئۇ چاغدا موللا مۇسا مەدرىسىدە بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىش ئۆتۈپ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن، موللا مۇسا مەدرىسىگە كېلىدۇ. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتىپ ، سودىگەرنىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىشنى ، بىر نەرسە بەرسە ئاز بولسىمۇ ئېلىپ تۇرمۇشىغا سەرپ ئېتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ . موللا مۇسا خەلپەتلىك مەزگىلىدىكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن بىر ساۋاقدىشىنى ھەمرا قىلىپ ھېلىقى باينىڭ ئالدىغا بارىدۇ. سالام ـ سائەتتىن كېيىن، باي :ـ ھە ،

www.uyghurkitap.com



كېلىك خەلپەت ، بۇ ياققا كەپسىز ، بىرەر ئىشقا كەلگەنمىدىڭىز؟ ـ دەپ سورايدۇ. موللا مۇسا كېلىش مەقستىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، باي ئۇنى مەسخىرە قىلغان ھالدا كۆرەڭلىك بىلەن : بېرىدىغان سەدىقىمىز تۈگەپ قالدى ، سىز كېچىكىپ قاپسىز، كېلەر يىلى قايتا كېلىڭ، ـ دەيدۇ . باينىڭ بۇ گېپىدىن دىلى ئازار يىگەن موللا مۇسا گەپ ـ سۆز قىلماي چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇدۇل بىر دۇكانغا كىرىپ، ئىككى تاختا سامان قەغىزى سېتىۋېلىپ، باينىڭ بۇ رەزىللىكىنى سۆكىدىغان بىر شېئىر يېزىپ رەستىگە چاپلاپ قويىدۇ. بۇ ئىش شۇ ھامان كۇچا شەھرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىۋېتىدۇ . باي بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلغان قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن موللا مۇسانىڭ ئالدىغا كېلىپ ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كەچۈرۈم سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن موللا مۇسانىڭ داڭقى يىراق ـ يېقىنغا تارىلىپ كېتىدۇ. بۇ موللا مۇسانىڭ 16 ـ 17 ياش ۋاقىتلىرى بولسىمۇ، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى ئاشۇرىۋېتىدۇ (ئەپسۇسكى ، بۇ شېئىردىن بىرەر مىسرامۇ ساقلىنىپ قالمىغان) . موللا مۇسا 1854 ـ يىلى كۇچادىن ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىپ كېلىپ، سايرام مەدرىسىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا سايرام مەدرىسىسىمۇ خېلى چوڭ ، داڭلىق مەدرىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، يېقىن ئەتراپتىكى يېزا ـ قىشلاقلاردىن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلاتتى . سايرام كىچىك يۇرت بولسىمۇ، جەنۇبى ئۇيغۇر ئېلى بويىچە قەشقەر، كۇچا قاتارلىق يەتتە شەھەردىن قالسىلا خېلى نامى بار، ئىلىم ئەھللىرى كۆپ ، مەرپەتپەرۋەر كىشىلەر توپلاشقان ھەم يىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ، كىشىـ ـلەرنىڭ ئاغزىدا شەھەر نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جاي ئىدى . شۇڭا سايرامنىڭ نامى ھەرقاچان بايدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىناتتى (ھازىرمۇ سايرام ۋە سايرامغا قوشنا يېزىلارنىڭ كىشىلىرى باي ناھىيە بازىرىنى باي بازىرى ، سايرامنى سايرام شەھرى دەپ ئاتىشىدۇ) بۇنىڭغا بەلكىم ئەينى ۋاقىتلاردا سايرام ئەمەلدار ـ لىرىنىڭ ئاقسۇ، كۇچا ئەمەلدارلىرى مەرتىۋىدە ئوخشاش بولغانلىقى سەۋەپ بولغان بولسا كېرەك. «تارىخىي ھەمدى» دە .... «خاقانى چىن مەنسەپدارلىرى ئەمىرلەر ئورۇغىدىن بولغان بىر كىشىدىن: بۇ ئادەملەرنى قانداق قىلسا خانغا تەۋە بولۇپ خىزمىتىنى قىلىدۇ، دەپ سوراپتۇ، ئۇ : بۇ ئادەملەر مېنىڭ سۆز ۋە بۇيرۇقۇمدىن چىقمايدۇ . ماڭا چوڭ مەنسەپ بەرسىڭىز، مەن ئۇلارنى ئۇلۇغ خانغا تەۋە قىلىپ بېرەي، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ . خاقانى چىن مەنسەپدارلىرى بۇنى ماقۇل كۆرۈپ ، خانغا مەلۇم قىلىپ ، ئۇنىڭغا ئاقسۇ ، كۇچانىڭ ھاكىملىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئۈچىنچى جەرەكەلىك مەنسەپ بېرىپتۇ شۇڭلاشقا ، سايرامنىڭ ھاكىملىرى بۇرۇندىنلا ئاقسۇ ، كۇچانىڭ ھاكىملىرى بىلەن جەرەكە ۋە مەرتىۋىدە باراۋەر ئىدى . لېكىن ، ئۇلارغا قارىغاندا، پۇقرا ئاز ۋە يۇرتى كىچىك ئىدى» دېيىلگەن . «سايرام» دېگەن نام ۋە موللا مۇسانىڭ ئۆزىنى «سايرامى» دەپ ئاتىشىغا كەلسەك ، يەنە شۇ شاھنامە ئەسەردە مۇنداق مەلۇماتلار بار: « .. قۇنتەيجى ... سايرامغا يېنىپ بېرىپ ، بۇ جاينى ئىككىنچى قېتىم بېسىۋېلىپ ، بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ، تالان ـ تاراج قىلىپتۇ . بۇ چاغدا سايرام ئەھلى خوجا ئورۇغى ، شاھ ئورۇغى ، ئەمىر ئورۇغى دەپ ئۈچ قەبىلە ياكى ئۈچ ئورۇغتىن ئىبارەت ئىكەن . قۇنتەيجى بۇ ئۈچ ئورۇغنىڭ ئېسىل ۋە كاتتىلىرىنى تاللاپ ، ھەر ئورۇغتىن يىگىرمە ئۆيلۈكتىن ئاتمىش ئۆيلۈك ئادەمنى ئەھلى ئاياللىرى ۋە بالا پەرزەنتلىرى بىلەن ئاق ئۆيلۈك قىلىپ كۆچۈرۈپ ، ئۆز يۇرتى ئىلىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلارنى بۇ جايدا بىر يىل ئەتراپىدا تۇرغۇزۇپ، ئاندىن تۇرپانغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار تۇرپاندا ئىككى يىلغىچە تۇرۇپتۇ. بۇ كۇنلەردە قۇنتەيجى يوقلۇق ماكانىدىن ئورۇن ئېلىپتۇ ۋە خاقان لەشكەرلىرىنىڭ ئىلى بىلەن ئالتە شەھەرگە كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ 60 ئۆيلۈك ئادەم ئەمدى ئۆز يۇرتىمىزغا كەتسەك بولىدىكەن دەپ، ھەددىستە «ئۆز ۋەتىنىنى دوست بىلگەنلىك ئىماننىڭ جۇملىسىـ ـدىندۇر» دەپ كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۆز يۇرتىغا كېتىپ قۇۋم ـ قېرىنداشلىرىغا يېتىش ئارزۇ ـ ئىشتىياقى

بىلەن تۇرپاندىن قوزغىلىپ مۇز داۋانغا كەلگەندە، چىن خاقان چېرىكلىرىنىڭ باشچىسى ئۇچراپ : « سىزلەر نىمە ئادەم ؟ » دەپ سورىغاندا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرز ـ ھالىنى بايان قىلىپتۇ . چېرىكلەرنىڭ باشچىسى شەپقەت يۈزىسىدىن « ئۇلۇغ خاننىڭ چېرىكلىرى كەلدى ، يوللار قالايمىقان ، يۇرتلار تىنجىپ بولغىچە دېھقانچىلىق بىلەن كۈن ئېلىپ تۇرۇڭلار» دەپ باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ ، كېتىشكە يول قويماي ، ياقا ئېرىق دىگەن جايغا ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ . ئۇلار بۇ يەردىمۇ بىرنەچچە يىل تۇرۇپ ، ئاخىر باي تەۋەسىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپتۇ . بۇ يەردىمۇ بىر مەزگىل تۇرۇپ يەنىلا كۆڭلى تاغ ئېغىزى ۋە كەڭرى جاي ئىكەن دەپ ئۇشبۇ سايرامغا كېلىپ توختاپ قاپتۇ . ئۇلار ئەسلىدە ، تاشكەنتنىڭ سايرام دېگەن جايىدىن كەلگەنلىگى ئۈچۈن ، باشقىلار ئۇلارنى « سايرامى » دەپ ئاتاپتۇ . دەرۋەقە ، سايراملىق پىشقەدەملەر ھازىرغىچە : بىزنىڭ ئەسلى يۇرتىمىز تاشكەنتنىڭ سايرامى ، بۇ ـ كۆچكەن سايرام ، دېگەن گەپلەرنى قىلىپ قويىدۇ . ئالىم مۇشۇ مەشھۇر ئەسرىدە ، ئۆز نەسەبى ھەققىدە يەنە مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: .... خوجا ئۇرۇغى دېگەنلەر ئۆزىنى ئەلەۋىلەر يەنى ئەلى كىرە موللا ۋەجھۇ بىلەن نەسەپداش ھېساپلاپ ، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بولىمىز دەپ پەخىرلىنىدۇ . كەمىنە مەنمۇ ئۇشبۇ ئۇرۇغدىن بولىمەن . ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان خۇش مۇبارەك شەجرە ھازىرمۇ مەۋجۇت. «تارىخى ھەمىدى» دە قەيت قىلىنىشىچە ، خوجا ئۇرۇغىغا بېرىلگەن ئالىي يارلىق نىشانى **1538** ـ يىلى موللا مۇسا سايرامىنىڭ **12** ـ بوۋىسىغا بېرىلگەن بولۇپ ، موللا مۇسا مۇشۇ ئەسەرنى يازغىچە تەۋەررۈك قىلىپ ساقلاپ كەلگەن ۋە كىتاپقا كىرگۈزگەن.

بۇ دەۋر چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېرىك ۋە ئىستىبدات سىياستى ئەۋجىگە چىققان، يۇرت ۋە پۇقرالار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن خاراپلىشىپ ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىغان، جۇڭگونىڭ ھەممىلا يېرىدە چىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى چوڭ ـ كىچىك خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن دەۋر ئىدى. **1864** ـ يىلى **6** ـ ئايدا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جۇملىدىن كۇچاردىمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋە قول ـ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ مىللىي زۇلمىغا قارشى كەڭ ـ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى پارتلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۇچادىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنى ۋە يەرلىك فېئوداللارنى تېزلا گۇمران قىلىپ ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ، راشدىن خوجىنى خان قىلىپ سايلايدۇ . ئۇلار كۇچانى مەركەز قىلىپ ، شەرق ۋە غەرپ تەرەپلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلايدۇ . شۇ ۋەجدىن راشدىنخان خوجا ئۆزىنىڭ تۇققىنى بۇرھاندىن خوجىنى باش قوماندان موللا مۇسا سايرامىنىڭ ساقساق مەدرىسىدىكى ئۇستازى ، مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى بايلىق موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى قوشۇننىڭ باش قازىسى ، بۇرھاندىن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى مەھمۇدىن خوجىنى ئاتىسىنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ تەيىنلەپ ، **190** لەشكەر ۋە سەككىز زەمبىرەك بىلەن («تارىخى ھەمىدى» دە **168** لەشكەر **10** زەمبىرەك دېيىلگەن) سايرام ، باي ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ . بۇرھاندىن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى مەھمۇدىن خوجا موللا مۇسا سايرامىنىڭ ساقساق مەدرىستە سەككىز يىل بىر ھوجرىدا يېتىپ ـ قوپۇپ بىللە ئوقۇغان ئەڭ يېقىن ساۋاقدىشى ۋە سۆھبەتدىشى ئىدى . مەھمۇدىن خوجا سايرامدا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان ساۋاقدىشى موللا مۇسا سايرامغا كۇچادا بولۇپ ئۆتكەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى تەپسىلى بايان قىلىپ خەۋەر بېرىدۇ ۋە ئۇنى تېزدىن كېلىپ بۇ قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلىپ ، ئۆزىگە ھەمدەم بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ . موللا مۇسا سايرامى ھېچ بىر ئىككىلەنمەستىن ، ئۆز يېقىنلىرى ۋە دوست ـ يار ـ ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كۇچاغا ماڭىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلار بىلەن كۇچادا ئۇچرىشىدۇ . موللا مۇسا سايرامى سايرام مەدرىسىدە **8** ـ **10** يىل مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا ، ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ، ياخشى خۇلق ـ مىجەزى ، چىقىشقاقلىقى ۋە ئۆتكۈر زېھنىلىگى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولغاچقا ، مۇشۇنداق بىر ئاتاغلىق ئىلىم ئەھلىنىڭ بۇ خەلق قوزغىلىڭىغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشتىراك قىلغانلىقىنى كۆرگەن سايرام ۋە باي خەلقى ئىشەنچلىك هالدا ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ . بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدىلا قوزغىلاڭغا قىزىل ، سايرام ، بايدىن قاتناشقانلارنىڭ سانى 7 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ . موللا مۇسا سايرامى كۇچادا ئوقۇغان چاغلىرىدا هەرقايسى پەنلەردىن بىلىم ئىگىلەش بىلەنلا قالماي ، هەربىي ئىشلار ئىلمىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن ئىدى ، شۇڭا ئۇ ، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچىدە ئۆز تالانتى ۋە ئىقتىدارى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنىدۇ ۋە چوڭ ئابرويغا ئېرىشىدۇ . ئەمگەكچى ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن موللا مۇسا سايرامى هەر ۋاقىت خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ ، خەلق مەنپەئەتىگە پايدىلىق قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزۈپ ئېلان قىلىشقا مەسلىھەت بېرىدۇ.

**1864** ـ يىلى 7 ـ ئايدا قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاننى ئىشغال قىلىدۇ . قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئۇچتۇرپاندىكى قوماندانى مەھمۇدىن خوجا ئۇچتۇرپاندا هاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ . موللا مۇسا سايرامى بولسا باش مىرزا ، مۆھۈردار ، خەزىنە باشقۇرغۇچى ۋە ئوردا قاراۋۇللىرىنىڭ نازارەتچىسى قاتارلىق ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ . موللا مۇسا سايرامى ئەنە شۇنداق چوڭ هوقۇق ۋە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ ، قولىدا مالىيە هوقۇقى بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىگە تېگىشلىگىگە شۈكرى قىلىپ ، هەرگىز نەپسانىيەتچىلىك ، خىيانەتچىلىك قىلمايدۇ . هەرقانداق ئىشنى ئاقىلانىلىك ۋە ئادىللىق بىلەن بېجىرىدۇ . بۇ تەپسىلاتلارنىمۇ ئالىمنىڭ « تارىخى هەمىدى » دىن ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ : « مەن كەمىنە مۇئەللىپ مەھمۇدىن خوجام پادىشاھنىڭ هۇزۇرىدا دائىم بىللە بولىدىغان سىردىشى ئۇلپەتدىشى ئىدىم . خاهى ئۆلىما ، خاهى پازىل ، خاهى هاكىم ، خاهى دادخاهلار مېنىڭ مەسلىھەتىمسىز بىر ئىش قىلالمايتتى » .. « پادىشاھنىڭ هەممە مەخپىي گەپ ـ سۆز ۋە خەت ئالاقىلىرىگە ئەسرا ، ئوردىغا كىرىدىغان توققۇز قاراۋۇلغا مەسئۇل ئىدىم . مېنىڭ رۇخسىتىمسىز هېچ قانداق كىشى قاراۋۇلدىن ئۆتەلمەيتتى » . موللا مۇسا سايرامىنىڭ نەپسانىيەتچىلىك ، پارىخورلۇق ، خىيانەتچىلىك ئىللەتلىرىدىن ئۆزىنى پاك تۇتقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بايانلار بار : « مانجۇلاردىن قالغان بۇغداي ئامبىرى ، بۇغداي ئۇنى ئامبىرى ، ئارپا ئامبىرى قاتارلىق ئۈچ خىل ئاشلىق ئامبىرىنى مېنىڭ باشقۇرىشىمغا تاپشۇرغان ئىدى . مەن ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشقا ئورنۇمدا ئۆز ئىنىم مۇھەممەت خەلىپىنى قويدۇم ( بۇ ئېھتىمال ، موللا مۇسا سايرامىنىڭ كىچىك دادىسىنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك . چۈنكى ، موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۆچ ئىنىسى بولۇپ ، هېچ قايسىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەت ئەمەس ئىدى ) ... « مەن ئۆزەم بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن تاشقىرى بىر سەر ئاشلىقنىمۇ ئارتۇق ئالمىدىم . ئىنىم مۇھەممەت خەلىپە بىلەن بىر هويلىدا بولغانلىقىم ئۈچۈن ، بەزى چاغلاردا چىراغ يېغى ياكى شام لازىم بولۇپ قالسا ، بازار نەرخى هېساپلاپ پۇل بېرىپ ئالاتتىم » ...... ئاشخانا ، ئاتخانىلارغىمۇ ئۆلچەمدىن تاشقىرى ياغ ئىشلەتمىدۇق ياكى سېتىپ پۇلىنى يانچۇقىمىزغا سالمىدۇق . بۇ مېنىڭ پەرھىزكار ۋە تەقۋادارلىقىمدىنلا بولغان ئىش بولۇپ قالماي ، بەلكى ئىنساپ ، ئېھتىيات ۋە دىيانىتىمدىنمۇ بولدى . دېمەك ، موللا مۇسا سايرامى كەڭ مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن بايلىق هېساۋىغا راهەت ـ پاراغەت كۆرۈشنى راۋا كۆرمىگەن . هەر ۋاقىت ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ غېمىنى يېگۈچى بۇ زات شۇنچە يۇقۇرى مەنسەپ ، ئەۋزەل شارائىت ۋە ناز ـ نېمەتلەر ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۆزىنى پاك تۇتقان .

**1867** ـ يىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندىكى هۆكۈمىتى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ كۆپ قىسىم باشلىقلىرى ئۆلتۈرىلىدۇ ۋە نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىدۇ . جۈملىدىن موللا مۇسا سايرامىمۇ بىر مەزگىل نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىدۇ . ئاخىرىدا يەنىلا ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە تالانت ئىقتىدارى ئۇنى بۇ مەهكۇملۇقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ، ياقۇپبەگ

ھاكىمىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدا ، **1867** ـ يىلدىن **1877** ـ يىلغىچە ئاقسۇ رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆشرە ـ زاكات ھېساۋاتىنى خاتىرىلىگۈچى مىرزا بولۇپ ئىشلەيدۇ . **77** ـ يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ، **1878** ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىپ كېلىدۇ . بۇ ۋاقىتتا موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ ، ئىنىلىرى ئىسلام ئاخۇن ، قاسىم ئاخۇن ، ھېلاخۇن ، سىڭلىسى زىۋىدىخانلار قالغان ئىدى . موللا مۇسا سايرامى ئۆز يېزىسىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ، ئەينى يىللاردا ھەمسۆھبەت ۋە ئۈلپەتداش بولغان ئاقسۇلۇق بۇرادەرلىرى ۋە قۇرداشلىرىنىڭ « ئاقسۇغا كەلسەڭ ، بىرگە ئۆمۈر ئۆتكۈزسەك » دەپ يازغان تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ ئاقسۇغا بېرىش نىيىتىگە كېلىدۇ . ئاندىن ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بايان قىلىپ : « ماڭا يىگىلى بىر نان بولسىلا بولىدۇ ، ھەرقايسىڭلار ئوقەتنى بۆلۈشمەي ، بىرگە ئۆتۈڭلار . ‹ بۆلۈنگەننى بۆرە يەر › دېگەن گەپ بار ، بۆلۈنۈش ياخشى ئەمەس . ئىسلام ئاخۇن دېھقانچىلىقتا مەسئۇل ، شۇنىڭ بەرگىنىنى يەڭلار . قاسىم ئاخۇن چارۋىچىلىقتا مەسئۇل شۇنىڭ بەرگەن قوينى يەڭلار ، ھېلاخۇن يۇرتدارچىلىق قىلسۇن ھەم سودا ـ سېتىق ، كىيىم ـ كېچەك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولسۇن » دەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ، ياخشى كۈن ، ياخشى سائەتنى تاللاپ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئاقسۇغا ماڭىدۇ . ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن ، ئاقسۇنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەنسەپدارى مۇھەممەت ئىمىن باي ئاقساقال دادىخاھ بىننى مۇھەممەت ئالىمباي مەرغۇلانى دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى ۋە بىر نەچچە جان دوست ـ بۇرادەرلىرى ، پىشقەدەم يارۇ ـ ئاشنىلىرىنىڭ « سەن ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ، راشىدىنخان غوجا ، ياقۇپبەگلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلدىڭ ، نۇرغۇن ئىشلارنى ، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ ، ئەۋلادلىرىمىزغا بىر نەرسە يېزىپ قالدۇرۇپ كەتسەڭ ، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ، تەڭرىنىڭ رازىلىغى بىلەن ئۆزىنىڭ جېنىنى پىدا قىلغان شېھىتلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى توپلاپ كىتاپ قىلساڭ » دېگەن مەسلىھەتىگە بىنائەن ، ئىشقا كىرىشىدۇ . ئۇ ئاۋۋال شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى ، خوجىلار تارىخى ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار تارىخى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرنى توپلاپ ، ئاندىن ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ئۆزى قاتناشقان ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ زور ئىجتىھات ۋە زور ئىجادىي كۈچ بىلەن « تارىخىي ئەمنىيە » ناملىق مەشھۇر تارىخى ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ . بۇ ئەسەر **1905** ـ يىلى روسىيە تارىخچىسى نىكولاي پانتاسوۋنىڭ ياردىمى بىلەن قازان شەھرىنىڭ « مەدرىسە ئۇلۇم » باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنىدۇ . كىتاپ نەشردىن چىققاندىن كېيىن نىكولاي پانتاسوۋ موللا مۇسا سايرامىغا بۇ كىتاپتىن **25** پارچە ۋە **25** تىللا ئەۋەتىدۇ . موللا مۇسا سايرامى كىتاپ ۋە تىللانى تاپشۇرۇۋېلىپ ، پانتاسوۋغا بىر پارچە مىننەتدارلىق خېتى ئەۋەتىدۇ . بۇ خەت **1957** ـ يىلى ئالمۇتىدا چىقىدىغان « كوممونىزىم تۇغى » گېزىتىگە ئاپتورنىڭ ئەسلى قول يازمىسى بويىچە بېسىلغان ( بۇ گېزىت ھازىر جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا ) .

بۇ كىتاپ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن ، تۈركىيىنىڭ بىر تارىخچىسى كىتاپنىڭ ئايرىم قىسىملىرىغا تەنقىدىي پىكىر بايان قىلغان . ئاپتور بۇ پىكىرلەرنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ ، كىتاپنى ئەسلىسى ئاساسىدا **1908** ـ يىلى قايتىدىن تولۇقلاپ يېزىپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقان . كىتاپ دەسلەپ يېزىلغان **1903** ـ يىللىرى سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلار يوقىتىلىپ ئىچكى يېغىلىقلار تۈگەپ ، زامان تىنجىپ ، ئەل ئەمىن تاپقان مەزگىل بولغاچقا كىتاپنىڭ ئىسمىنى « تارىخىي ئەمنىيە » دەپ قويغان . كېيىن **1908** ـ يىلى تولۇقلاپ يازغان نۇسخىسى پۈتكەندىن كېيىن ، كىتاپنىڭ نامىنى تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلھەمىتخاننىڭ نامىغا قويۇپ ، بىر

www.uyghurkitap.com



نۇسخىسىنى كارۋانلار ئارقىلىق تۈركىيىگە ئەۋەتكەن . ئەپسۇسكى ، كارۋان يولدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىپ ، كىتاپ يوقىلىپ كەتكەن .

موللا مۇسا سايرامى ئۆز ھاياتىدا ، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە بىرمۇنچە مۇھىم ئەسەرلەرنى يازغان . مەسىلەن : **1885** - يىلى « تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا » ، **1898** - يىلى « دەربايان ئەسھابۇل كەھف » ، **1903** - يىلى « تارىخىي ئەمنىيە » ، « قەسىدەئىي سىدىق » ، **1907** - يىلى « غەزەلىيات » ، **1908** - يىلى « تارىخىي ھەمدى » ، **1916** - يىلى « سالامنامە » قاتارلىقلار . بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، موللا مۇسا سايرامى يەنە « تەزكىرەئىي خوجا ئافاق » ، « پەرھاد ۋە شىرىن » قاتارلىق تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان ، پارس تىلىدىمۇ بىرمۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان . بۇ ئەسەرلەردىن « تارىخىي ئەمنىيە » مەتبەدە نەشر قىلىنغاندىن باشقان (« تارىخىي ھەمدى » **1986** - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىندى ) ، قالغانلىرى قول يازما ھالىتىدا ساقلىنىپ كەلگەن . « تارىخىي ئەمنىيە » **1903** - يىلى ئاقسۇدا يېزىلغان بولۇپ ، بۇ ئەسەر - مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ **1551** - يىلى سۇلتان ئابدۇرەشت خاننىڭ نامىغا بېغىشلاپ يازغان داڭلىق ئەسىرى « تارىخىي رەشىدى » دىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ تارىخى ، جۇغراپىيەسى ، يەر - جاي ئىسىملىرىنىڭ مەنىسى ، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ، ھەر بىر شەھەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ ئادەملىرىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى قاتارلىق كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىردىن - بىر ئەسەر . بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ئاپتورنىڭ تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىپ ، تەرەققىيپەرۋەر رېئاللىق نۇقتىئىنەزەرنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدە .

قىسقىسى ، بۇ ئەسەر ئىككىنچى ئادەم - نوھ پەيغەمبەردىن تارتىپ XIX ئەسىرگىچە بولغان موغۇلىستان ۋە يەتتە شەھەردە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ، ھۆكۈمرانلىق قىلغان گۇرۇھلار ، ئۇنىڭ موغۇلىيە دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ ، مۇسۇلمان خانلىرىنىڭ نەسەبى ، يەتتە شەھەرنىڭ خاقان چىنغا تەۋە بولۇش جەريانىدىكى ۋەقەلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلغان . بۇ ئەسەر ئۆز ۋاقتىدىلا جۇڭگونىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپلىگەن تارىخشۇناسلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ ، بىر نەچچە خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان . تارىخچىلار تارىخ تەتقىقات خىزمىتىدە بۇ ئەسەردىن ناھايىتى كۆپ پايدىلانغان . موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئىجادىي تالانتىغا ، ئەسەرلىرىنىڭ تىلىغا يۇكسەك باھا بەرگەن . ئاتاغلىق شائىر ، جامائەت ئەربابى نىم شېھىت ئەرمىيە داموللامۇ بۇ ئەسەرنىڭ تىلىنى يۇكسەك دەرىجىدە ماختىغان ۋە مۇنداق دېگەن : « نېمە دېگەن گۈزەل پاساھەتلىك تىللار ، نېمە دېگەن جاراڭلىق ، يارقىن سادالار ، مەن ئۆمرۈمدە ناۋايىدىن باشقا مۇشۇ كىشىدەك تىلغا باي سۆز ئۇستىسىنى ، تىلى گۈزەل ئەدىپنى ئۇچراتمىغان ، XIX ئەسىرنىڭ ئەلىشىر ناۋايىسى » .

« سالامنامە » **1916** - يىلى **9** - ئايدا يېزىلغان ، ھەجمى **100** بەت ئەتراپىدا كېلىدىغان بۇ شېئىرىي داستان ئاپتورنىڭ سايرامدىكى تۇغقانلىرىغا يازغان سالام خېتى ۋە ۋەسىياتنامىسى بولۇپ ، ئۇنىڭدا :

« سالامەت بارمۇسىز ئىسلام ئاخۇن ،
كەتمەن چىپىپ ، قوش ھەيدەپ ھارماڭ ئاخۇن .
قاسىم ئاخۇن سىز تاغدا ئامان بارمۇ ،
ئارقار ، كىيىك ، جەرەنلەر سەمرىدىمۇ »

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار بار . ئاپتور شۇ ۋاقىتتا **3** - ئىنىسى ھېلاخۇنغا « ئاقسۇدا بۇغداي كەمچىل ، **20** - **30** ئېشەككە بۇغداي يۈكلەپ كېلىپ ئاقسۇ خەلقىنى بۇغداي بىلەن تەمىن ئېتىپ ، قايتىشىڭىزدا ئاقسۇنىڭ گۈرۈچىدىن ئالغاچ كېلىپ ، باي خەلقىنى گۈرۈچ بىلەن تەمىن ئەتسىڭىز » دەپ تاپىلىغان .

موللا مۇسا سايرامى 1917 ـ يىلى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قىلىپ ، تۇرمۇشى يوقسۇزلۇق ، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن . شۇ يىلى 6 ـ ئايلاردا سايرامدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا خەت يازغان ، خېتىدە :

« قېرىلىقتىن باشقان كېسەل مەندە يوق ،

قېرىلىق بەلكى مىڭ كېسەلدىن ئارتۇق »

دېگەن . تۇققانلىرى خەتنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن ، موللا مۇسا سايرامىنىڭ كىچىگى دادىسى ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىم ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كالا ھارۋىسى بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ ، موللا مۇسا سايرامىنى كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، سايرامغا قايتۇرۇپ كەلگەن .

موللا مۇسا سايرامىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە يىغقان بايلىقى بىر دۆۋە كىتاپ بولۇپ ، ئۇنى ئۇزۇنلىقى بىر مېتىر ، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى يېرىم مېتىر كېلىدىغان ، قەلەي بىلەن قاپلانغان ساندۇققا قاچىلىغان ئىكەن . بۇ نۆۋەت سايرامغا قايتىشىدا بۇ بىر ساندۇق كىتاپنى بىللە ئېلىپ كەتكەن . موللا مۇسا سايرامىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىم بۇ ساندۇقتىكى كىتاپ ۋە قولىيازمىلارنى ئەتىۋارلاپ ساقلىغان . 1944 ـ يىلى كۇچالىق شائىر بايىز قارى ئوغلى مەمتىمىن بايىز بىلەن بىللە ئاقسۇغا بېرىشىدا ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا ، « تارىخى ھەمىدى » نى ، بىر قىسىم كىتاپ ۋە شېئىرلارنىڭ قولىيازمىسىنى ئېلىپ كەتكەن . 1954 ـ ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىم ۋاپات بولغاندا ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشقا كىرگەن ئىمام ـ مەزىن ۋە ئاخۇن ئۆلىمالار ساندۇقتا قالغان كىتاپلارنى بۆلۈشىۋالغان . بىرنەچچە پارچە ئۇششاق كىتاپ ۋە بىر قىسىم پارچە ـ پۇرات قولىيازمىلار قالغاندا ، ئاخۇنۇملار : « بۇلارنى ساقلىيالىساڭلار ئوبدان ساقلارڭلار ، بولمىسا كەلسە ـ كەلمەس يەرگە تاشلىماي ، دەرياغا تاشلىۋېتىڭلار ياكى يەرگە كۆمۈۋېتىڭلار » دېگەن . شۇنىڭ بىلەن ، ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇلارنى ساندۇق بىلەنلا قەبرىستانلىققا كۆمۈۋەتكەن . شائىر بايىز قارى ھۇشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەتكەن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى ئەتىۋارلاپ پۇختا ساقلىغان بولسىمۇ ، ئاپەتلىك « مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى » جەريانىدا ئۆزى تارتىپ چىقىرىلىپ سۈرگۈن قىلىنغان ، كىتاپلىرى ( جۈملىدىن يۇقۇرقى ئەدەبىي مىراسلار ) بازارغا ئېلىپ چىقىلىپ سېتىۋېتىلگەن . مەلۇم بولۇشىچە ، ئۇنىڭ بەزىلىرىنى ئۇرۇمچىدىن كەلگەن كىشىلەر سېتىۋالغان ( مەسىلەن « سالامنامە » نى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوسمەن ئىسىملىك بىر كىشى سېتىۋالغان ) ، بەزىلىرىنى سېتىۋالغانلار بېيجىڭگە ئېلىپ كەتكەن . سېتىلماي قالغانلىرى كۆيدۈرىۋېتىلگەن . شۇنداق قىلىپ ، مەرپەتلىك ئۇيغۇر ئالىم ۋە شائىرى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان ۋە يىغقان ئەدەبىي بايلىقى ئاشۇنداق تۇگەپ كەتكەن . بەختكە يارىشا ئەنۋەر بايتۇردەك ياش ئالىملارنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى بىلەن ئالىمنىڭ « تارىخىي ئەمىنيە » ، « تارىخىي ھەمىدى » لىرى نەشر قىلىنىپ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى .

www.uyghurkitap.com






مۇللا مۇسا سايرامى سايرامدا 1917 - يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە تۇرۇپ ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كىچىك دادىسى ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىمىنىڭ يېنىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . ئالىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئۇنىڭ تاغىسى ، ئىنىلىرى ۋە سىڭلىسى قەشقەرلىق مەشھۇر مىمارچى يۇسۇپ ئاخۇننى تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ ئالىمنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرغان ، قەبرىنىڭ ئۇستىگە چوڭ بىر گۈمبەز ياسىتىپ ، قەبرىنىڭ يېنىغا مەسچىت سالدۇرغان ؛ بۇ گۈمبەز « مۇللا مۇسا گۈمبىزى » دەپ ئاتىلىپ ، 1965 - يىلغىچە ئوبدان ساقلىنىپ كەلگەن . ئاپەتلىك « مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى » باشلانغاندىن كېيىن بۇ تەۋەرۈك جايمۇ چېقىپ تاشلىنىپ ، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن . لېكىن ، خەلق بۇ سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى ئۇنتۇپ قالمىغاچقا ، 1982 - يىلى ئۆزلىگىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ، قەبرىنى خام كېسەك بىلەن بولسىمۇ قايتىدىن قاتۇرۇپ چىقتى . شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر بۇ جايدا ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ياتقانلىقىنى بىلەلەيدىغان بولدى .

پايدىلانغان ماتېرىياللار :

« بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ 1985 - يىللىق 15 - سانىدىكى ئەنۋەر بايتۇرنىڭ « مۇللا مۇسا شېئىرلىرى » غا يازغان كىرىش سۆز .

قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار باشقارمىسى نەشر قىلغان « قەدىمقى كىتاپلار تەتقىقاتى » ژورنىلىنىڭ 1 - سانى .

« تارىخىي ئەمىنىيە » ، « تارىخىي ھەمىدى » قاتارلىقلار .

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ 35 - سانىدىكى شۇ ناملىق ماقالىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

مەنبە: http://uyghur.xjass.com/uyghur/lishisuo/content/2009-04/01/content_69264.htm

# مولla مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى

(«خاراباتى»غا قاراڭ)

## موللا مۇھەممەد تۆمۈر

**(1717)** پارىسچىدىن «كەلىلە ۋە دەمنە» ، «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان .

## موللا مۇھەممەد سىيىتنىياز

**(1834 ـ 1931)** لۇكچۇن، پارىسچىدىن «مەلۇماتى ئافاق» نى تەرجىمە قىلغان .

## موللا مۇھەممەد نىياز

**(1856)** يېڭىسار، «مەنسۇر» ناملىق قىممەتلىك ئەسەرنى يازغان .

## موللا مۇھەممەد نىياز ياركەندى

**(1846)** ياركەند ، پارىسچىدىن «قىسسەسۇل غەرايىب» ، «تارىخى رەشىدى» قاتارلىق ئەسەر ـ لەرنى تەرجىمە قىلغان .

## موللا مىرسالىھ

**(18 ـ 19** ئەسىرلەر) قەشقەر ، «چىڭگىزنامە» ناملىق قىممەتلىك ئەسىرى بار .

## موللا نىياز

**(1777 ـ ؟)** خوتەن، «تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» (توت ئىمام تەزكىرەسى ، **1797)**

## موللا ھاجى

**(1830)** قەشقەر، «تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق ئەسىرى بار.

## موللا ھالاۋۇدۇن غەربى

موللا ھالاۋۇدۇن تەخمىنەن **1880** ـ يىللىرى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسى قارا باش كەنتىدە تۇغۇلغان. ئوپال كۆكچى لايپەشتاق مەدرىسەسى ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان. شۇ يەردە شائىر مۇددەرىسلەر ۋە شائىر تالەبەلەرنىڭ تەسىرىدە شېئىرىيەت مۇخلىسى موللا ھالاۋۇدۇن «غەربى» تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ۋە شېئىرلىرىنى توپلاپ «كىتابى غەرب» ناملىق كىتابىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا جاھالەت، ئادالەتسىزلىك، ئاچ كۆزلۈك، ئالدامچىلىق، ياۋۇزلۇق، رىياكارلىقلار قاتتىق پاش قىلىنغان. شائىر ئۆز شېئىرلىرىنى «جاھالەتكە چىراغ يېقىلسا، شېئىرلىرىم ياغ بولۇر» دەپ ئاتىغان. شائىر شېئىرلىرىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇنىڭدىن مەسخىرە ۋە ساتىرىك پۇراق گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ.

شائىر **1931** ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## موللا ھەيدەر

**(18** ـ ئەسىر) خوتەن، «جەڭنامەئى ھەزرەت ئېلى» ، « رەۋزەتۇش شۇھەدا» (شەھىدلەر باغچىسى)، «ئەمىر ئابامۇسلىم»نى پارىسچىدىن تەرجىمە قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# موللا ئىسلام ( شاڭزۇڭ )

(1890 ـ 1960) ، 1943 ـ يىلى دەسلەپتە 17 نەپەر ئۇيغۇر ياشتىن پارتىزان ئەترىتى تەشكىل قىلىپ ، گومىنداڭغا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان موللا ئىسلام ئالتاي ، تارباغاتاينى ئازاد قىلىشتا ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە يېقىندىن ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ ، پارلاق نەتىجە ياراتقان ، ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن بىر ھەربىي خەنجەر ، بىر ئالتۇن ئۈچلۈق قەلەم تەقدىم قىلغان . موللا ئىسلامنىڭ خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىدە كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى خەلق مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

# موللا ئىسمەتۇللا بىن موللا نېمەتۇللا مۆجىزى

( XVIII ئەسىر) «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى) ناملىق رىسالىسى بىلەن تونۇلغان موللا نېمەتۇللا ئوغلى موللا ئىسمەتۇللا (مۆجىزى) خوتەندە ئۆتكەن كىشى بولۇپ ، ھاياتى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق . ئەمما «تارىخىي مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسەر مۆجىزىنىڭ نامىنى كەڭرى تارقىتىپ شۆھرەتى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە.

# موللا يۇنۇس ياركەندى

(18 ـ ئەسىر) ياركەند، «مۇھەببەتنامە»(1755 ئابدۇراخمان جامىنىڭ « يۇسۇپ ـ زىلەيخا» داستانىنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان).

# مۇساباييېفلار

1909 ـ يىلى كۆز كۆنلىرنىڭ بىر ئەتتىگىنى، ئۇنۇمسىز يەرگە تالاي مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ ، يەتتە يىل ۋاقىت ، ئۈچ يېرىم مىليون سوم سەرمايە سەرپ قىلىپ سېلىنغان «ھۇسەنباي زاۋۇتى»دىن ياڭرىغان سادا غۇلجا ئاسمىنىنى لەرزىگە سېلىپ يىراق ـ يىراقلارغا تارقىلىپ كەتتى.





بۇ خاسىيەتلىك ئاۋاز ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ پەردىسىنى ئاچقان خاسىيەتلىك ئاۋاز بولدى . ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا يېڭى مائارىپ ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئارقىمۇ ـ ئارقا بارلىققا كەلدى . غۇلجا ، قەشقەر، ئاتۇش ، كۇچا ، كېرىيە ، قاغىلىق ، تۇرپان ، چۆچەك ، گۇچۇڭلاردا يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلدى . تۇرپاندا پاختا زاۋۇدى ، يەكەندە سەرەڭگە زاۋۇتى قۇرۇلدى .

كىسىپ ئېيتىشقا بولىدىكى ، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار بۇ زاۋۇتنى قۇرۇش ئارقىلىق تارىخىمىزدا يېڭى بۇرۇلۇش ياسىدى ، يېڭى تارىخ ياراتتى . ئۇلار بۇ زاۋۇتنى ھۆكۈمەتنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش پىلانىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان زاماندا رويابقا چىقاردى . ئۇ چاغدا يىگىرمە گۈللىنىۋاتقان خۇسۇسىي كارخانىلارنى يۆلەش ، ئوتتۇرا ، ئۇزاق

مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مالىيەسىنى كاپالەتلەندۇرۇش ، ئۇلارنى قۇرۇش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش دېگەندەكلەردىن ئەسلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى . ئۆزىنىڭ تۇرلۇك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان مۇكەممەل بولمىغان بىر جەمىيەتتە بۇنداق بىر زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى ، بۇنداق بىر يېڭى كارخانىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۆجىزە ھېسابلىناتتى . گەرچە زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مىللىي ئىگىلىك كۆپ مەنبەلىششكە ئاساس سالغىلى بولمىسىمۇ ، ئەمما بۇ يېڭى ھادىسە تېخىمۇ كۆپ كارخانىلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۇرتكە بولماي قالمايتتى . مىللىي كار ـ خانىلارنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى ، مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى تەبىئىي ھالدا مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ، يەن ـ تېخىنكا خادىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ، باشقۇرغۇچىلار ۋە زىيالىلار قوشۇنىنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەپ بولاتتى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىقتىسادنىڭ ۋە جەمىيەتنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى چۈشىنىدىغان، سىياسىي تەپەككۇرى يېتىلگەن ، مىللىي ئىگى ئۇيغانغان كىشىلەر توپى شەكىللىنەتتى . شۇڭا ، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىنى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ئەڭ زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بىز ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇش جەريانىنى قىسقىچە ئەسلەيدىغان بولساق، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئانا دىيارىمىز يەنىلا ئىنتايىن قالاق ھالەتتە ئىدى . بىرەر زاۋۇت ، بىرەر مەكتەپ، بىرەر دوختۇرخانا ، ياكى بىرەر گېزىت ـ ژورنال يوق ئىدى . كىشىلەر ئات ، تۆگە ، قېچىر ، ئۆكۈز ۋە ئېشەكنى قاتناش قۇرالى قىلاتتى ، ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ھايۋان كۈچىگە تايىنىپ تاماملايتتى . كىشىلەر قارا قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە قارا چىراق ياندۇرۇشۇپ ، توگمەس ھېكايە ـ چۆچەكلىرىنى ئېيتىشىپ زېرىكىشلىرىنى بېسىشاتتى . ئەكسىچە شۇ يىللاردا باشقا ئەللەر ، بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرى بەس ـ بەستە سانائەتلىشىپ كۆنسايىن تېز تەرەققىي قىلماقتا ئىدى . زاۋۇت ـ فابرىكىلار، ماشىنا ، پاراخوتلار ، مەكتەپلەر ، دوختۇرخانىلار، گېزىت ـ ژورناللار ، رادىئو ـ پاتېفۇنلار ، ئېلېكتىر چىراقلار ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ ، خەلق تۇرمۇشىدا مىسلىسىز قولايلىقلارنى ياراتماقتا ئىدى .

شۇ يىللىرى بىر قىسىم ئۇيغۇر بايلىرى تىجارەت ئېھتىياجى بىلەن باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ تۇراتتى . ئۇلار ئۆزگە ئەللەرنىڭ گۈللەپ ـ ياشناۋاتقان مەنزىرىسىنى كۆرگەندە ، ئۇنى ئۆز يۇرتىنىڭ ئېچىنىشلىق رېئاللىغى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى . شۇلار ئارىسىدا رۇسىيەلىك سودىگەرلەر بىلەن كۆپ سودا قىلىپ «مۇسابايېفلار» دەپ تونۇلغان ھۇسەنباي ۋە باۋۇدۇنباي ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكا سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار تولىمۇ غەيرەت ـ جاسارەتلىك ، پەم ـ پاراسەتلىك، ئىنساپ ـ دىيانەتلىك كىشىلەر بولۇپ ، دادىسى مۇسا باينىڭ ياخشى تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىدى . مۇسا باي ئوغۇللىرىغا دائىم: «پۇلىنىڭ غوجىسى بولماي ، بىلىمىنىڭ غوجىسى بولۇڭلار» ، دەپ نەسىھەت قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇلار ئانا دىيارىنىڭ ياۋروپادەك تەرەققىي قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى . ھەمىشە بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى .

1903 ـ يىلى ھۇسەنباي تەكلىپكە بىنائەن موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق يەرمەنكىگە قاتناشقىلى بارىدۇ . ئۇ يەرمەنكىدە ياۋروپالىق سودىگەرلەرنىڭ خىلمۇ ـ خىل سانائەت ماللىرىغا ئۆزىنىڭ ئانا دىيارىمىزدىن ئېلىپ چىققان ئاددىي ، قالاق ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن يەرلىك ماللىرنى سېلىشتۇرۇپ مەيۈسلىنىدۇ.

يەرمەنكە تۈگىگەندە ئۇ گېرمانىيە ، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ بىر نەچچە ئاي تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ زاۋۇت ـ فابرىكىلىرىنى ، مەكتەپ ، دوختۇرخانىلىرىنى كۆرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ئالدى بىلەن زاۋۇت قۇرۇپ ، سانائەتنى ئىگەللەش زۆرۈرلىگىنى ، سانائەتنىڭ بىر دۆلەتنىڭ ، بىر مىللەتنىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى ئىكەنلىگىنى تونۇپ يېتىدۇ . ئۇ گېرمانىيىدىكى «مېيۇنخېن كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى» نى تەكشۈرگىلى بارغاندا ، دىرېكتورغا مۇشۇنداق بىر زاۋۇت قۇرۇش خىيالى بارلىغىنى ئېيتىدۇ.

ـ قەيەردە قۇرىسىز ؟ ـ دەپ سورايدۇ دىرېكتور.

ـ ئىلىدا ، ـ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ ھۇسەنباي.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



دىرىكتور دەرھال تامغا ئىسقىلىق دۇنيا خەرىتىسگە قاراپ ، بىشنى چايقىغان ھالدا :
ئارىلىق بەك يىراق ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۈز يول يوق ، زاۋۇتنىڭ ئۇسكىنىلىرى ئىغىر ، ئۇلارنى پەقەت پويىز، پاراخوت بىلەنلا يۆتكىگىلى بولىدۇ . سىلەردە يول يوق ، ئىنژىنىر يوق ، تېخىمۇ مۇھىمى توك يوق . ئېلىكتىر ئىستانسىسى يوق يەرگە بۇنداق چوڭ زاۋۇت قۇرۇش خام خىيال ـ دەيدۇ .
ھۈسەنباي ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەت ئۇستىدە باش قاتۇرىدۇ. كۆتۈلمىگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىدۇ . ئاخىر كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇدى بىلەن ئاياق كىيىم زاۋۇتىنى ھەم بىر گېنىراتورنى سېتىۋالماقچى بولىدۇ. توختام تۈزىدىغان چاغدا قارشى تەرەپ «قولىڭىزدا ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ ئالاقىسى ياكى چەت ئەلدە شىركىتىڭىز يوق ئىكەن ، توختاملىشىشقا سالاھىيىتىڭىز توشمايدىكەن» ، دەپ توختاملىشىشقا ئۇنىمايدۇ . ئاسان بەل قويۇۋەتمەيدىغان ھۈسەنباي بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ ۋە ئامال قىلىپ ئىستانبۇل شەھرىدىن باغداتقا بارىدىغان تۆمۈر يولنى ياساشنى ھۆددىگە ئالغان گېرمانىيە تۆمۈريول شىركىتىنىڭ 400 مىڭ تىللالىق پاي چېكىنى سېتىۋېلىپ ، بۇ شىركەتنىڭ پايچېكىلىك گوۋاھنامىسىگە ئىرىشىپ توختام تۈزۈش سالاھىيتىنى ھازىرلايدۇ ھەمدە 500 مىڭ تىللا پۇلنى زاۋۇت ئۈچۈن زاكالەت قويۇپ يۈرتىغا قايتىدۇ .
ئۇ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىنىسى باۋۇدۇنباينى غۇلجىغا چاقىرتىپ :
ـ ئىنىم سەن چەتئەللىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ماھىر . مەن گېرمانىيىلىكلەر بىلەن زاۋۇت سېتىۋېلىشنى توختاملىشىپ كەلدىم . سەن دەرھال گېرمانىيىگە بېرىپ زاۋۇتنى ئىلغا ئېلىپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىل . رۇسىيە تەۋەلىگىدىن ئۆتىدىغان گەپ ، رۇسلانىڭ پەيلىنى ئۆزۈڭ بىلسەن ، ـ دەيدۇ .
باۋۇدۇنباي تەمكىنلىك بىلەن :
ـ زاۋۇت قۇرۇش خەلققە پايدىسى تېگىدىغان چوڭ ئىش . زاۋۇت قۇردۇق دىگەن گەپ تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيەلەيدىغان مەكتەپ قۇرمساق بولمايدۇ ، دىگەن گەپ . دىمەك ، ھەم سانائەت بىلەن ھەم مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ يۇلغا ئاتلىنىپتۇق . بۇ ئىشنىڭ جاپاسى قانچىلىك بولسا بولسۇن ، مەن ئۇستۇمگە ئالدىم . مۇشۇ ھەپتىلا يولغا چىقاي ، دەيدۇ.
1904 ـ يىلى قار لەپىلدەپ يىغىپ تۇرغان بىر كۆنى باۋۇدۇنباي «گېرمانىيە سانائەت شىركىتى»نىڭ ئىشخانا بىناسىغا كىرىپ كېلىدۇ . پايىنەكباش لىدىر ئۇيلىمىغان يەردىن :
ـ ئەپەندىم قول ئاستىمىزدىكى زاۋۇتلار ئۇقۇشماي ئاكىڭىزدىن زاكالەت پۇلى ئېلىپ قويۇپتۇ. قانۇنۇنىمىزدا « دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىگى ۋە مەنپىئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ دۆلەتنىڭ تۈۋرۈك سانائەتلىرىنى چەتئەللەرگە قوشنا دۆلەتلەرگە سېتىپ بىرىشكە ، ئۆتۈنۈپ بىرىشكە ، ياساپ بىرىشكە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . شۇڭا زاكالەت پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بىرىشكە مەجبۇرمىز، دەيدۇ .
باۋۇدۇنباي چىچەنلىك بىلەن:
ـ گېرمانىيە قانۇنىنىڭ كۈچى كۈچلۈك ، ھۆرمەتلىك ئەپەندىم ، بىز قانۇن بۇيىچە توختاملاشقان ، شۇڭا قانۇن بۇيىچە بولسۇن . بىز گېرمانىيە دۆلتىنىڭ مەنپىئەتىگە ياكى بىخەتەرلىگىگە زىيان سالمايمىز. زاۋۇتنى قۇرۇش، ئىشقا كىرىشتۇرۇش تېخنىكلارنى تەربىيلەشكە يەنىلا گېرمانىيلىكلەرنى تەكلىپ قىلىمىز، ئەنسىرىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوق ، ـ دەيدۇ.
ئىككى تەرەپ تەكرار سۆھبەتلىشىپ ، ئاخىر باۋۇدۇنباينىڭ تەلىۋىگە قوشۇلىدۇ .
لىدىر :
WVinP زاۋۇت قۇرۇش ئىشىڭىزغا بىز قوشۇلغان ، ياردەم قىلغان بىلەن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى رۇسىيە زېمىنى ئارقىلىق تۇشۇشۇڭلارغا قوشۇلماسلىقى مۇمكىن ، ـ دەيدۇ . باۋۇدۇنباي :
ـ ئاكام گېرمانىيە تۆمۈر يۇلىنىڭ پايچىسى، شۇڭا ئۈسكۈنىلەرنى ئومسكى شەھرىگە پويىزدا يەتكۈزۈپ بىرىش توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن ، ئۇلار شىركەت نامىدىن چاررۇسىيە بىلەن سۆزلىشىدۇ، ـ دەيدۇ .
«گېرمانىيە سانائەت شىركىتى» توختام بۇيىچە زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى 1906 ـ يىلى يۆتكۈزۈپ

بېرىدۇ.

ئىككى يىلغا سوزۇلغان سۆھبەت ۋە تىرىشچانلىقلار ئۈنۈم بىرىدۇ . چاررۇسىيە ھۆكۈمىتــمۇ ئۇسكۈنىلەرنى ئۈچ ئاي ئىچىدە رۇسىيە زېمىنىدىن توشۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە قوشۇلىدۇ ۋە بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئېلىپ چىقىپ كىتەلمىسە مۇسادىرە قىلىدىغانلىغىنى ئۇقتۇرىدۇ . ئۇسكۈنىلەر پويىزلاردىن قاتمۇ ـ قات ئۆتۈپ 15 كۈن بولغاندا رۇسىينىڭ ئومسكى شەھرىگە يەتكۈزىلىدۇ. ئەمما ھىلىگەر چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى :

ـ پادىشاھ ئالىيلىرى ئىمزا قويغان ياكى باش قۇماندان جاناپلىرى قول قويغان بۇيرۇق بولمىسا بولمايدۇ ، دەپ باۋۇدۇنباينىڭ قولىدىكى «چارروسىيە قاتناش ـ ترانسپورت شىركىتىنىڭ توختامنامىسى» نى ۋە «چارروسىيە سانائەت كومبىناتىنىڭ رۇخسەتنامىسى» نى ئېتراپ قىلمايدۇ .

قەيسەر، ئىرادىلىك ، تەدبىرلىك باۋۇدۇنباي رۇسىيە تەرەپنىڭ قەستىنى پەملەپ ، دەرھال پېتېربورگقا بېرىپ چىڭ سۈلالىسى كۇنسۇلىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ، **1881** ـ يىلى ئىمزالىغان «جوڭگو ـ روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دا بەلگىلەنگەن «جوڭگونىڭ چەتئەللەردىن ئىمپورت قىلىنغان ماللىرى چار رۇسىيە زېمىنى ئارقىلىق ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن ماددىسى بۇيىچە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، رۇخسەت ئېلىپ بىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . سۆزلىشىش نەتىجىسىدە، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئاخىر نائىلاج ئالاھىدە رۇخسەتنامە يېزىپ بېرىدۇ . ئۇسكۈنىلەر ئومسكى شەھرىدىن پاراخۇتقا قاچىلىنىپ ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي سىبىرىيە تەرەپتىكى مۇھىم شەھرى شەمەيگە يەتكۈزىلىدۇ . شەمەيدىن ئىلىغا يېقىن يەركەنت (ياركەت ) شەھرىگە بارىدىغان **1000** كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپە ناھايىتى ئىگىز ـ پەس ، ئەگرى ـ توقاي بولغاچقا ، قاتناش قۇلايسىز ئىدى . ئېغىر ئۇسكۈنىلەرنى باسقان چوڭ تىپتىكى ئاپتوموبىللار بۇ يولدا ماڭالمايتتى. باۋۇدۇنباي ئېغىر ئۇسكۈنىلەرنى يۆتكەشكە بولىدىغان **50** نەچچە ھارۋا ياسىتىدۇ . ئۇسكۈنىلەرنى پەم بىلەن چۇۋۇپ ، ھارۋىلارغا قاچىلاپ، ئىككى يۈزگە يېقىن ئات ـ ئۆكۈزنى ھارۋىغا قېتىپ ، بىرەر يۈزدەك ھارۋىكەش ۋە ياردەمچىنى ياللاپ يولغا چىقىدۇ . گېرمانىيەدىن بىللە كەلگەن **20** چە ھەمراھ بىلەن بىرەر يۈزدەك ھارۋىكەشلەردىن تەشكىل تاپقان بۇ زور كارۋان داللاردا تۈنەپ ، يامغۇر ـ يېشىن ، بوران ـ چاپقۇنلاردا قىينىلىپ ، ئوي ـ دۆڭ يەرلەرنى تۈزلەپ ، يول بويى نۇرغۇن ئورۇنغا كۆۋرۈك سىلىپ ، بىر ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، مىڭ بىر جاپادا يەركەنت شەھرىگە يىتىپ بارىدۇ . ئۇ يەردە ئۇلارنى غۇلجىدىن كەلگەن ھۈسەنباي ، يەركەنت ۋالىسى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ .

يەركەنت بىلەن غۇلجا شەھرى ئارىلىغىدىكى **100** نەچچە كىلومېتىرلىق يول تولىمۇ ناچار ئىدى ، توپىلىق كاتاڭ ھارۋا يولى ھەرقانداق ھارۋىنىڭ جۈلقىنى چىقىرىۋېتەتتى . يەركەنت ۋالىسى خەلقنى بۇ يولنى تۈزلەپ ۋە كەڭرىتىپ ، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ بۇ خەيرىلىك ئىشىغا ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ . مىڭلىغان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەر بىرەر ئايدىن ئارتۇق جاپالىق ئىشلەپ قورغاسقىچە بولغان يولنى پۈتكۈزىدۇ . قورغاس بىلەن غۇلجا ئارىلىغىدىكى يولنى ھۈسەنباي ئىلى دېھقانلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىپ تۈزلەيدۇ . **1907** ـ يىلىنىڭ ئاخىرى زاۋۇت ئۇسكۈنىلىرى غۇلجا شەھرىگە تولۇق توشۇلۇپ بولىدۇ . ئىككى يىل ئۆتۈپ ، **1909** ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى كۈز كۈنلىرى كەلگەندە زاۋۇت قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ، **25** مىتىر ئېگىزلىكتىكى زاۋۇت تۇرخۇنى قەد كۆتۈرىدۇ . زامانىۋى «ئىلى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى» رەسمىي ئىش باشلايدۇ . بىر يىلدىن ئوشۇق مەخسۇس تېخنىكا تەربىيىسى ئالغان **200** گە يېقىن ئۇيغۇر ئىشچى ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ ، **50** لامپۇچكا يورۇتۇلىدۇ ، سېخلار ئارا تېلىفون ئالاقىسى ئورنىتىلىدۇ ، شۇ ھالدا نەپىس ئىشلەنگەن كۆن ـ خۇرۇملار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ ، ۋاللداپ تۇرىدىغان سۇپەتلىك ، سپتا خۇرۇم ئاياقلار بازارلارنى قاپلايدۇ . ئىلى خەلقى بۇ زاۋۇتنى «ھۈسەنباينىڭ زاۋۇتى» دەپ ئاتىشىدۇ . تەتقىقاتچىلارنىڭ يېزىشىچە ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار قۇرغان بۇ كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى **1906** ـ يىلى شاڭخەيدە ياپونلار قۇرغان « جاڭنەن كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى » دىن ئۈچ يىل كىيىن قۇرۇلغان . **1913** ـ يىلى جوڭخۇا مىنگو ئۆزى قۇرغان **11** تېرە زاۋۇتىنىڭ ئومۇمى كاپىتالى **4** مىليون

www.uyghurkitap.com



608 ملىڭ يۈەن بولۇپ ،«ھۈسەنباينىڭ زاۋۇتى»نىڭ كاپىتالىدىن 1 مىليون يۈەنلا كۆپ بولغان .

«ھۈسەنباينىڭ زاۋۇتى» ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن رۇسىيەنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسيا رايونىنى ۋە موسكۋا ، پېتېربورگ قاتارلىق شەھەرلەرنى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەپ ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى 10 نەچچە خىلغا يەتكەن . شىنجاڭ سانائىتىنىڭ باشلامچىسى ، مىللىي كارخانىچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى بولغان ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ شانلىق تۆھپىلىرى شۇنىڭدىن كىيىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بارلىققا كېلىدۇ .

ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ تۆھپىسى سەككىز تۈرلۈك بولۇپ :

بىرىنجى تۆھپىسى : زاۋۇت قۇرغانلىقى . يۇقۇرىدا ئۇنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە ئەھمىيتى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلدۇق .

ئىككىنجى تۆھپىسى : چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار 20 گە يېقىن ئوقۇغۇچىنى روسىيە ، تۈركىيە ، لىۋان قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتكەن . ئۇلار تۈرلۈك كەسپلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئەينى دەۋردىكى ئالدىنقى قاتاردىكى زىيالىلار سۈپىتىدە ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار قازا قىلغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ ياردىمىدە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولغان.

ئۈچۈنچى تۆھپىسى : يېڭىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى يولغا قويغان . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار ئانا يۇرتى ئاتۇش ئىكساقتا باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىپ ئۇيغۇر دىيارى تارىخىدا تۇنجى بولۇپ يېڭى مائارىپنى يولغا قويغان . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئۇل سالغۇچىلىرى جاھالەتلىك يىللاردا مەرپەت مەشئىلىنى باتۇرلۇق بىلەن يىلىنجاتقان قەيسەر ئەزىمەتلەر ھىساپلىنىدۇ . ئۇلار ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى 1920 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرغان بولۇپ ، بۇ مەكتەپ « روشدىيە مەكتەپ » دەپ ئاتالغان .

تۆتىنچى تۆھپىسى : كەسپ ـ تېخنىكا مائارىپىنى يولغا قويغان . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار سېتىۋالغان ئۇسكىنلىرى غۇلجىغا تولۇق توشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار گېرمانىيىلىك ماكس ۋېنگېر دېگەن تېخنىكنى غۇلجىغا تەكلىپ قىلغان . ئۇ كەلگەندىن كېيىن 1908 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستۇتىنىڭ ئورنىدا تېخنىك ئىشچىلار مەكتۇنى قۇرغان . زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىچە بولغان بىر يېرىم يىل ۋاقىتتا ئۈچ قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ، 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىنىپ ، تېخنىك ، ماستېر ، توكچى ، باشقۇرغۇچى ، كاسسىر ، ئىشچى يېتىش-ـتۈرۈلگەن . بۇلاردىن 200 نەپىرى زاۋۇتقا تاللانغان . 1912 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ، زاۋۇت ئىشچىلىرى كۆپىيىپ 500 دىن ئاشقان . شۇ چاغدا ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار روسىيىنىڭ قازان شەھرىدىن خەلچە ئاپستەي قاتارلىق تۆت ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ ، غۇلجىدا « ئاياللار ھۈنەر مەكتۇۋى » دېگەن مەكتەپنى ئاچقان بولۇپ ، بۇ مەكتەپكە مەدىنىيەت دەرسلىرىدىن تاشقىرى، تىككۈچىلىك ، كېسىمچىلىك ، يۇڭ پوپايكا ، شارپا ، ياغلىق ، پەلەي توقۇش ، رېشلىيە ئىشلەش ، كەشتىچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەر ئۆگىتىلگەن . بۇ مەكتەپ 1950 ـ يىللىرى تاقىلىپ قالغانغا قەدەر، ئون مىڭغا يېقىن ئايال ھۈنەرۋەننى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

بەشىنچى تۆھپىسى : دارىلمۇئەللىمىن ( سىفەن )مەكتۇنى قۇرغان . 1913 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ ئىنىسى ئوبۇلھەسەن مۇساباييېۋ ھەج قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەككىگە بارىدۇ. قايتىشىدا ئاكىلىرىنىڭ تاپشۇرىغىغا ئاساسەن ئەھمەد كامال ئىسىملىك بىر مائارىپچىنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ . ئۇلار 1914 ـ يىلى ئەتىيازدا ئاتۇشقا يېتىپ كېلىدۇ . باۋۇدۇنباي ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ . ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ قەشقەردە دارىمۇئەللىمىن قۇرماقچى بولىدۇ . لېكىن قەشقەر شەھرىدىكى مۇتەسسىپ كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىغىغا ئۇچرايدۇ . ئاخىر ئامال بولمىغاندا مەكتەپنى ئۇستىن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئاچىدۇ . مەكتەپكە قەشقەر ۋە ئاتۇش تەۋەسىدىن باشلانغۇچ تەربىيە كۆرگەن زېرەك ياشلاردىن 40 نەپىرى تاللىنىپ ئوقۇتقۇچىلىقتا تەربىيىلىنىدۇ . ئۇستىن ئاتۇش خەلقى بۇ مەكتەپنى « ھەببىزادە

دارىلمۇئەللىمىن » دەپ ئاتايدۇ . چۈنكى ئەھمەد كامالنىڭ تولۇق ئىسمى ھەببىزادە ئەھمەد كامال ئىدى . لېكىن بۇ مەكتەپنىڭ ئورىنبورگدا باستۇرۇلغان دەرسلىكلىرىنىڭ مۇقاۋىسىغا بولسا « قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننىڭ دەرسلىگى » دەپ يېزىلىدۇ . ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى بۇ دارىلمۇئەللىمىن تۆرلۈك قارشىلىقلار ئىچىدە داۋام قىلىپ ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتكۈزۈش بىلەن تەڭ مەجبۇرىي تاقىلىدۇ . شۇنداقتىمۇ ، بۇ مەكتەپتە تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى يىللاردا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

ئالتىنچى تۆھپىسى : كىنونى ئېلىپ كىرگەن . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار گېرمانىيە تەرەپ بىلەن 1907 ـ يىلدىن 1909 ـ يىلغىچە بولغان زاۋۇت قۇرۇلۇش جەريانىنى ھۆججەتلىك فىلىم قىلىپ ئىشلەپ بېرىشكە پۈتۈشكەن ئىدى . 1912 ـ يىلى مەزكۇر زاۋۇت تونۇشتۇرۇلغان ھۆججەتلىك فىلىم ۋە بىر دانە فىلىم قويۇش ئاپاراتى گېرمانىيە تەرەپتىن باۋۇدۇن مۇساباييېفقا تاپشۇرىلىدۇ . باۋۇدۇن مۇساباييېف زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى تونۇشتۇرۇلغان بىر چاس فىلىمدىن باشقا يەنە ھەر خىل مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۆت چاس فىلىم ، بىر كىنو ئاپاراتىنى ئېلىپ تېخنىك خادىملار بىلەن بىللە قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ . بۇ ھۆججەتلىك فىلىملەر ئاتۇشتا بىر نەچچە نۆۋەت قويۇلغاندىن كېيىن غۇلجىغا ئېلىپ چىقىلىپ غۇلجىدا ئاممىغا قويۇپ بېرىلىدۇ . بۇ يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىسى ئەينى ۋاقىتتىكى نادان ئاۋامنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ئىلىم ـ پەنگە بولغان ئىشتىياقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يەتتىنچى تۆھپىسى: پوتبۇل ھەركىتىنى ئومۇملاشتۇرغان . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقارغان تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ئابدۇراخمان ئەپەندى (شادى) شىنجاڭدا پۇتبۇل ھەركىتىنى تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلتۈرگەن ئەزىمەتلەر ھېساپلىنىدۇ . تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ئابدۇراخمان ئەپەندى 1915 ـ يىلى چەتئەلدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئاتۇش ئىكساقتا ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا پۇتبول ھەرىكىتىنى ئومۇملاشتۇرغان . ئابدۇراخمان ئەپەندى 1920 ـ يىلى غۇلجىدا روشدىيە مەكتىۋىگە مۇدىر بولغاندا تۇنجى قېتىم غۇلجىدا پۇتبۇل مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرغان . تۇرسۇن ئەپەندى 1920 ـ يىلنىڭ ئوتتۇرلىرىدا كوماندا تەشكىللەپ ، قەشقەردە ئەنگلىيىنىڭ كونسۇلخانا خادىملىرى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن كوماندا بىلەن مۇسابىقە ئويناپ ، غەلبە قىلىپ ، پۈتۈن قەشقەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن .

سەككىزىنچى تۆھپىسى: «مۇساباييفلار روھى»نى ياراتقان . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار ، مۇسابا ـ يېفلار جەمەتىنىڭ نامىنى مەشھۇر قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سودا ـ سانائەت ، مەدەنىيەت ، مائارىپ تارىخىدا شانلىق سەھىپە ياراتتى . ئۇلار بۇ شانلىق سەھىپىنى نىمە بىلەن ياراتتى؟ بۇ يەردە رول ئوينىغان مۇھىم ئامىل نىمە؟ بەزىلەر بۇنى پۇل دەپ ئويلىشى مۇمكىن . ھەقىقەتەن ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار كاتتا بايلار . لېكىن ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەقەت ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارلا كاتتا بايلاردىن بولغان ئەمەس . بايلىقتا ئۇلاردىن قېلىشمىغىدەك يەنە نۇرغۇن بايلار بولغان ، لېكىن ئۇلاردا ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلاردەك روھ بولمىغان . بولغان تەغدىردىمۇ يېتەرلىك بولمىغان . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلاردا ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىشتەك قىممەتلىك روھ بار ئىدى . ئۇلار ياشاش ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلاتتى . ئۇلاردا ئۆزىدىن ھالقىيدىغان جاسارەت بارئىدى . ئۇلارنىڭ ھاياتى يول ئېچىش ، ئالغا ئىنتىلىش ، ئۆزىگە خاس يول تۇتۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن ھايات ئىدى . ئۇلار كۆكلىگە يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈككەن ھەم بۇ غايە ـ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جاسارەت ۋە پاراسەت بىلەن كۆرەش قىلغان ئىدى . ئۇلار خەلق ئۈچۈن ياشاشنى ھاياتنىڭ مىزانى قىلغان ئىدى . ئۇلار يېڭىلىققا ، تەرەققىياتقا ، ئىلغارلىققا ھېرىسمەن بولغان ، جاھالەتكە ، نادانلىققا ، قالاقلىققا دۈشمەن بولغان ئىدى . ئۇلار نەزىرىنى دۇنياغا تىككەن ئىدى . ئۇلار ئىقتىسادنى تۈۋرۈك ، مائارىپنى مەشئەل قىلغان ئىدى . مانا بۇ ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ روھى ! بۇ ئۇلاردىن ئەۋلاتلارغا مىراس قالغان قىممەتلىك بايلىق ! بىز ئەۋلاتلارنىڭ قەلبىنى ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھتا

تەربىيىلەشتە مانا مۇشۇ قىممەتلىك روھقا ھەر ۋاقىت مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز.

## مۇسا جارۇللاھ

**(1875 ـ 1939)** مۇسا جارۇللاھ ئابدۇكەرىم **1875** ـ يىلى روسىيەنىڭ روستوۋ(تاتارچە رۇستاغ دىگەن مەنىدە)شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ **19** ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى **20** ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دۇنياسىنى پۈتكۈل دېگۈدەك ئايلىنىپ ئۇسۇلى جەدىدنى تەشۋىق قىلغان ، دىنىدا مېھرىبان ۋە كەڭ قول بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان، ئىسمائىل غاسپىرالى بىلەن بىرلىكتە يېڭىچە مائارىپ ئۈچۈن تەر تۆككەن مائارىپچىلارنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ.

مۇسا جارۇللاھ **6** يېشىدا دادىسىدىن يىتىم قالغان . **11**ياشقىچە ئائىلىدە دىنى تەربىيە ئالغان ـ ـدىن كېيىن **11** ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنى روستوفتىكى دۆلەتكە قاراشلىق رېئال ئوتتۇرا مەكتۈپگە ئوقۇشقا بېرىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنى بۇ مەكتەپتىن چىقىرىپ قازاندىكى كۆل بۇيى مەدرىسگە ـ ئاكىسى زاھىرنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن . ئەمما مۇسا جارۇللا قازاندىكى مەدرىسىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا كۆنەلمەي ، قايتا روستوفقا قايتىپ كېلىپ يېرىم قالغان ئوقۇشنى تۈگەتكەن .

تاتار زىيالىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچمەن بولغاندا مۇسا جارۇللامۇ بۇخاراغا بارغان ۋە ئەرەپچە، پارسچە ۋە باشلانغۇچ ئىسلام بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. بۇخارادا يېڭىلىق تەرەپدارى بولغان داموللا ئىكرام ھەزرەتلىرى بىلەن داموللا ئىۋاز ھەزرەتلىرىدىن فىقھى ۋە پەلسەپە دەرسلىرىنى ئۆگەنگەن . ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى دامولla شرىپ ھەزرەتلىرىدىن دەرس ئالغان . ئېۋكلىد ، فىساگور ۋە ئارخىمىتنىڭ ماتېماتىكا نەزىرىيىسىنى ، پىلاتون ۋە ئارىستوتىلنىڭ پەلسەپىسىنى ئوقىغان . دىكارت ۋە باجۇننىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان . ماتېماتىكا ساھەسىدە يېزىلغان بەزى رۇسچە كىتاپلارنى ئۇستازى مىر شرىپنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان ۋە بۇ جەرياندا ماتېماتىكىغا بولغان قىزىقىشى بارغانسىرى كۈچىيىپ ، كەلگۈسىدە مېترولوگ بولۇش ئارقىلىق ماتېماتىكا ئارقىلىق ئۆز ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلماقچى بولۇپ داۋاملىق ئوقۇماقچى بولىدۇ . ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادىن مۇۋاپىق مەكتەپ ۋە مەدرىسە تاپالمىغانلىقتىن **1896** ـ يىلى رۇسىيىگە قايتىپ كېلىپ تەبئى پەن پاكولتىتىدا ئوقۇش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنغان بولسىمۇ لاتىنچە بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەكتەپكە قوبۇل قىلىنمايدۇ . رۇسىيىدىمۇ ئوقۇش ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىغان مۇسا جارۇللاھ ئانىسىنى قايىل قىلىپ ئىستانبۇلغا كەلدى . بۇ يەردە ئىنژىنىرلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن تىرىشقا ئالدۇرغان بولسىمۇ ، ئەمما ئىستانبۇلدا مالىيە ۋە ھەربىي مەكتەپلەردە رۇس تىل ۋە بوغالتىرلىق ساھەسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مۇسا ئاق يىگىت زادەنىڭ دەسلەپ ئۆگەنگەن ئىسلام بىلىملىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىشى بىلەن بۇ يەردە ئوقۇش قارارىدىن ۋاز كېچىپ مىسىرغا كەتتى . مۇسا جارۇللاھ قاھىرىدىمۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىسگە ئېرىشەلمىدى . مەدرىسلەرگە ئىشەنچىسى قالمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۆزى يالغۇز ئۆگىنىش قارارىغا كەلدى ۋە باشقا ـ باشقا ئۇستازلاردىن دەرس ئالدى. بۇ جەرياندا مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ دەرسلىرىگە قاتناشتى. شەيخ بەخت ھەزرەتلىرىدىن دەرس ئالدى. باشقا تەرەپتىن دارول كوتوبىل مىسرىيەدە بار بولغان مۇسھەپلەر ۋە قۇرئان تارىخى ھەققىدە تەتقىقاتىنى باشلىدى . مۇسا جارۇللاھ يەنە ئىلىم ئىزدەپ پەيغەمبەر دىيارى ھىجازغا باردى ، مەككىدە تۆرلۈك دەرسلەرگە قاتناشتى . شەيخ سالىھتىن ، نىسائىنىڭ «سۈنەن» دېگەن ھەدىس كىتاۋىنى ئوقۇدى . مەدىنىدە «مۇۋەتتا»نى تەتقىق قىلدى . ئىككى يىلدىن كېيىن ھىندىستانغا باردى ۋە دىيوبەند مەدرىسىسىدە ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن قايتىدىن قاھىرىگە قايتىپ كەلدى . بۇ يەردە قۇرئان تارىخى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى «تارىخۇل قۇرئان ۋەل مەساھىپ» تېمىسىدا يېزىپ چىقتى .

مۇسا جارۇللاھ مىسىردا ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن شۇ چاغدا فرانسىيە مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرىۋاتقان لىۋان پايتەختى بېيرۇتقا باردى . ئەمما قولى قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردىن دەمەشققە

پىيادە بارغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار . مۇسا جارۇللاھ 11 يىللىق ساياھەتىدە ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشەلمەي ، 1903 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ كەلدى . ئەمما يۇرتقا قايتىپ كەلگەن باشقا كەسىپداشلىرىنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش مۇددەرىسلىك قىلمىدى . قاھىرىدە تونۇشقان قازاننىڭ چىتاي يېزىسىدا ئىمام ۋە مۇددەرىسلىك قىلىدىغان شەيخ زاھىرنىڭ ئوغلى ئىبراھىم شەۋكەت كامالنىڭ سىڭلىسى ئەسما ئالىيە خانىمنى نىكاھىغا ئالدى ۋە ئالتە قىز ئىككى ئوغۇل بولۇپ، جەمئى سەككىز پەرزەنتى دۇنياغا كەلدى. ئائىلىنى ئانىسىنىڭ يېنىدا قويۇپ پېتربورگقا باردى ۋە رۇس قانۇن فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. قازاندا مېھمان بولغان ماراكەشلىك ئەھمەد شەنقىتى (1872 ـ 1913) بىلەن تونۇشتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جاھىلىيەت دەۋرى شائىرلىرىدىن تەرەفە ئىبنى ئابدۇ (مىلادى 563 ـ يىلى) نىڭ مەشھۇر دىۋانىنى تەتقىق قىلدى. رۇس ـ ياپۇن ئۇرۇشىدا رۇسىيىنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبى بىلەن دۆلەتنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن نارازىلىق ھەرىكەتلىرى نىكولاي II نىڭ يېڭىلىققا كۆچۈشكە يول ئاچتى . رۇسىيىدە يۈز بەرگەن 1905 ـ يىلدىكى قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن چەكلىك دېموكراتىيە مۇسۇلمانلارغا ئازراق ئەركىنلىك ئېلىپ كەلدى . مۇسا جارۇللاھ بۇ ئەركىنلىكتىن پايدىلىنىپ گېزىت چىقاردى . «ئەل ئەسرول جەدىد» ۋە «ۋاقىت» گېزىتلىرىگە ماقالە يازدى . قازى ئابدۇررەشىد ئىبراھىم بىلەن ھەمكارلىشىپ «ئۈلپەت» گېزىتىنى چىقاردى. تۈركچە «تىلمىز» گېزىتىگىمۇ ماقالە يازدى . سىياسى ۋە ئىجتىمائى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى ۋە بۇ دەۋرىدە ئېچىلغان 5 چوڭ قۇرۇلتايغا قاتناشتى . 1906 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە نىجنى نوۋگورودتا ئېچىلغان مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيىدا كاتىپلىق قىلدى . قۇرۇلتاي قارارلىرىنى كىتاپ شەكلىدە نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتى . ئۇنىڭ «ئىسلاھات ئاساسلىرى» ناملىق ئەسرى بۇ ھەقتە مۇھىم مەلۇماتلار بېرىدۇ . بۇ قېتىمقى ئۈچىنچى قۇرۇلتايدا يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ قارار بېرىشى بىلەن «مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» ئىسىملىك بىر سىياسى پارتىيە قۇرۇلدى . پارتىيەنىڭ 15 كىشىلىك كومىتېت ئەزالىرى ئىچىدىن مۇسا جارۇللاھمۇ بارئىدى. 1907 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن ئەركىنلىكلەر قايتىدىن يوق قىلىندى . «ئۈلپەت» گېزىتى پېچەتلەندى . ئابدۇررەشىد ئىبراھىم ياپونىيىگە قېچىپ كەتتى . جارۇللاھ قازانغا قايتىپ كەلدى ۋە بۇيەردە شەرق كۇتۇپخانىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەھمەد ئىسھاقى ھەزرەتلىرى بىلەن تونۇشتى . بۇ يەردە 1917 ـ يىلدىكى كوممۇنىست ئىنقىلاۋىغا قەدەر 20 گە يېقىن ئەسەر نەشر قىلدى ۋە باش قازى رىزائىددىن فەخرىددىن ھەزرەتلىرىنىڭ ئارزۇسى بىلەن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن «مەجەللەئى ئەھكامى شەرئىيە» نى ھازىرلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. «قاۋائىدى فىقھىيە» ناملىق ئەسىرى بۇ مەجەللىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ سانىلىدۇ. 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىسلاھ قىلىنغان مەدرىسلەردىن ھۈسەينىيە مەدرىسىسىدە ئەرەپچە ۋە دىن تارىخى دەرسلىرىنى بېرىش ئۈچۈن ئورونبورگقا تەكلىپ قىلىندى . ئەمما بۇ يەردىكى مۇدررىسلىك ئىشى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى . ئىبنى ئەرەبىنىڭ (ھەجرى 1163 ـ 1230 ـ يىللار) رەھمەتى ئىلاھىيەنىڭ ئومۇمىيتى يەنى مۇشرىكلىكتىن داخىل ھەرقانداق كىشىنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالمايدىغانلىقى ھەققىدىكى لېكسىيەلىرى ۋە رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن ھەزرەتلىرىنىڭ چىقارغان «شۇرا» ژورنىلىدا بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى يازغاندىن كېيىن ، مەدرىستىكى باشقا ئۇستازلار بىلەن مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى . ئورونبورگ «جەمئىيەتى خەيرىيە» زالىدا بۆلارنى سۆزلىشى بىلەن خەلقنىڭمۇ نارازىلىقىغا ئۇچرىدى . مەدرىسە مۇدىرى ۋە باشقا ئۇستازلار ئۇنىڭغا نارازىلىق ھەرىكىتىنى باشلىدى . زىددىيەتنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرسلىرىنى يېرىم يولدا توختىتىپ ئىستىپا بەردى ۋە ئورونبورگتىن ئايرىلدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماقالىلار يېزىلدى . ئۆزى «رەھمەتى ئىلاھىيە بۇرھانلىرى» ناملىق كىتاۋىدا بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى .

1910 ـ يىلى لۇتپۇللا ئىسھاقى بىلەن بىللە فىنلاندىيەگە باردى . (مۇسا جارۇللاھ شىمالى قۇتۇپنىڭ قۇياش پاتمايدىغان شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلاپلام بامدات نامىزى ئوقۇلىدىغان بۇ ئۇزۇن كۈنلىرىنى روزا تۇتۇش ئارقىلىق رامىزاننىڭ مۇشەققەتلىرى ھەققىدە تېخىمۇ

چوقۇر، مۇستەھكەم چۈشەنچىلەرگە ئېرىشمەك ۋە شىمالى قۇتۇپنىڭ بۇ قۇياش پاتمايدىغان مەنزىرىسىنى كۆرمەك ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.) 1913 ـ يىلى پېتىر بورگتا ئامانەت باسمىخانىسىنى قۇردى . ئاياز ئىسھاقى بىلەن بىرلىكتە «ئىل» گېزىتىنى چىقاردى . 1913 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چاقىرىلغان رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى . بۇ قۇرۇلتايغا رۇسىيەنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن كەلگەن تۈرك زىيالىلاردىن سەبرى مەقسۇدى ، رىزائىددىن فەخرىددىن ، ئەلى مەردانىلارمۇ قېتىلدى . ئالىمجان ئىدرىسى مۇسا جارۇللاھنىڭ رۇس ئىلمى جەمئىيىتىگە ئەزا بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ . كۈننىڭ تۇتۇلۇش ئەھۋالىنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆزىتىش ئۈچۈن ساھايەت تەشكىللەيدۇ . 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى كۈننىڭ تۇتۇلۇشىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق بىر يەردە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بۇ ھەقتە يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى كۆتۈرۈپ «بىرەست لىتۇسكى» شەھرىگە يولغا چىقىدۇ . ئۇنىڭ بۇ خىل بىنورمال ھالىتى رۇس ژانداrmىلىرىنىڭ گۇمانىنى قوزغايدۇ ۋە گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۆت ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدۇ . نەتىجىدە كۈننىڭ تۇتۇلۇشى ھەققىدىكى تەتقىقاتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ .

1917 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئېچىلغان 5 ـ قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ . بۇ قۇرۇلتايدا «ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ھەقلىرى» توغرىسىدا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئېتىرازىغا ئۇچرايدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا قۇرۇلتاي دائىمى ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان 12 كىشىنىڭ ئىچىدىن بىرى بولۇپ سايلىنىدۇ . بۇندىن باشقا 10 كىشىدىن تەركىپ تاپقان مىللى ئىتتىپاققا سايلانغانغا ئوخشاش قازىلىققا ۋەكىل كۆرسىتىلگەن 5 ئەزانىڭ ئىچىدىمۇ بار ئىدى . بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالىمجان ئەل بارۇدى كۆپ سانلىق سايلىغۇچىلارنىڭ قوللىشى بىلەن قازى بولغان ئىدى .

دەسلەپكى زامانلاردا 1917 ـ يىلدىكى كوممۇنىست ئىنقىلاۋىنى خەلقنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. 1915 ـ يىلى نەشر قىلالمىغان «ئىسلاھات ئاساسلىرى» كىتاۋىنى نەشر قىلدۇرىدۇ . كىتاۋىغا يېڭىدىن كىرىش سۆز يېزىپ «زۇلۇم تۈگىدى، مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى» دەيدۇ. ئەمما ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ . نۇرغۇنلىغان بىلىم ئىگىلىرى چەتئەللەرگە قېچىپ كېتىدۇ . ئۇ ۋەتەنىدە قېلىپ كۆرەش قىلىشقا قارار بېرىدۇ .

مۇسا جارۇللاھ 1918 ـ يىلى پېتىربورگتا «ئەل مۇنبەر» ئىسىملىك بىر ژورنال چىقىرىدۇ . ئىچكى ئۇرۇشنىڭ كۈچەيگەن ۋە ئۇندىن كېيىنكى ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ شەھەردە تۇرىدۇ . بىر قانچە قېتىم موسكۋاغا بېرىپ كېلىدۇ . ھىندىستان ئالىملىرىدىن مەۋلانا بەرىكەتۇللاھنى ئۆز ئۆيىدە 6 ئاي مېھمان قىلغان ئىدى . ئەنگىلىيەلىكلەرنىڭ سۈرگۈن قىلىشى بىلەن موسكۋاغا كەلگەن ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىدىن مەۋلانا ئۇبەيدۇللاھ ، ئەبۇ سەئىد ئەل ئەرەبى ، مەۋلانا ئابدۇراب ، ئابدۇجاپپار ، راجا پورتابلار بىلەن كۆرۈشكەن.

1920 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنگىچە ئۇفا شەھرىدە ئېچىلغان نەچچە مىڭ كىشى قاتناشقان بىر قۇرۇلتايغا قاتناشتى. بۇ يەردە زىيائۇددىن كامالى ۋە قىرىم قازىسى ئىبراھىم ھەزرەتلىرىنىڭ نۇتۇقلىرىدىن كېيىن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ خەلىپىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى رەسمى ئېلان قىلدى.

1922 ـ يىلى مىسىردا نەشر قىلىنغان «تۈركىيە پارلامېنتىغا مۇراجىئەت» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى ۋە پارلامېنتنىڭ ئىسلامى ھالىتىنى ساقلاشقا تىرىشتى. 1921 ـ يىلى تۈركىستانغا كەلگەن تۈركىيە پارلامېنت ئەزاسى ئىسمائىل سۇبھى ئەپەندىگە بۇ ماقالىنى بېرىش ئارقىلىق بۇنى مۇستاپا كامالغا تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ بۇ ماقالە مۇستاپا كامالنىڭ ئانچە دىققىتىنى تارتمىغان.

236 ماددىلىق ئاساسى قانۇن رولىغا ئىگە بولغان ئىسلامىيەتنىڭ ئېلىپبەسىنى يېزىپ چىققان. بۇنىڭ ئالدىنقى 68 ماددىسى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قالغان 168 ماددىسى بولسا پۈتۈن مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك «خەلىپىلىك»، «كىشىلىك ھوقۇق»، «ئۇرۇش قانۇنى» شەرتنامىلەر، ئاياللارنىڭ ھوقۇقى قاتارلىق تېمىلاردا يېزىلغان ئىدى. بۇ

ئەسەرنى نەشر قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇپاغا يىغىلغان ئۆلىمالار يىغىلىشىدا ئىككى كۈن ئوقۇدى ۋە ئۇلارنىڭ پىكىرىنى ئالدى. بۇ ئەسەردىكى ماددىلار ئۇپا قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى نۇرغۇن قۇرۇلتايلاردا ئوقۇلدى ۋە كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرى تۈركىستان، كاشغەر، ئافغانىستان ۋە تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىغا ئەۋەتىلدى . ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدىكى ئۇسلۇب ئاساسلىق چۈشەنچىلەرنى، بىر تۈركۈم كوممۇنىست رەھبەرلىرى بىلەن ئۆلىمگە ھۆكۈم قىلىنغان بۇخارىنىنىڭ «كوممۇنىزمنىڭ ئېلىپبەسى» ناملىق ئەسىرىدىن ئالغان بولغاچقا بۇ ئەسەرنى روسيەدە نەشر قىلدۇرالمايدۇ.

مۇسا جارۇللاھ 1923 ـ يىلى 236 ـ ماددىنىڭ ئالدىغا ئۇزۇن بىر مۇقەددىمە يېزىش ئارقىلىق فىنلاندىيەدە ياشايدىغان قازان تۈركلىرىنىڭ ئىمامى ۋەلى ئەھمەد ھاكىم ھەزرەتلىرىنىڭ باستۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئەسەر يازغۇچىنىڭ تەلۋى بۇيىچە «دىنى، ئەدەبى، ئىجتىمائى، سىياسى مەسىلىلەر، تەدبىرلەر ھەققىدە ئىسلام مىللەتلىرىگە» ناملىق ئىسىم بىلەن بېرلىندا نەشر قىلىندى . بېرلىندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بولغان سىياسى مولتەجى ئاياز ئىسھاقى ئەسەرنى مۇلاھىزە قىلىپ بەزى پىكىرلەرنى بەرگەن ئىدى . جارۇللاھ بۇ سەۋەبتىن پېتربورگتىن موسكۋاغا كەلتۈرۈلۈپ نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنىدۇ . ئەسەرنىڭ قەلەم ھەققى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مۇسۇلمان شېھىتلەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئاتالغان بولۇپ ، بۇ ئەسەر چاناققەلئە قەھرىمانلىرىغا بېغىشلانغان ئىدى . قولغا ئېلىنىش ھەققىدە بۇيرۇق چىقىرىلىدۇ . شەھەرنىڭ بازارلىرىنى كونترول قىلغان پېتربورگ تۈركلىرى ئۇنى قوللايدۇ . رۇس ۋە تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ئەركىنلىگى ، ئىسلامنىڭ تەجدىدى ئۈچۈن كۈرەشلەرنى داۋام قىلدۇرىدۇ . لېنىن بىلەن كېرىمل سارىيىدا ئۇزۇن مۇنازىرە قىلىدۇ. لېنىنىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان نازارەت تېخىمۇ كۈچەيتىلىدۇ . فىنلاندىيەدىكى مۇسۇلمانلار تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەكىلى ئىسمەت ئىنۆنۈگە تېلېگراپ ئەۋەتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بۇ ھەقتە كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىدۇ . بۇ تېلېگراپ تېكىستى ئىستانبولدا «ۋاقىت»، «جۇمھۇرىيەت»، ئەنقەرەدە «مىللىيەت» ۋە «يېڭى كۈن» گېزىتلىرىگە بېسىلىدۇ . دىپلوماتىيە يولى بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن مۇسا جارۇللاھ ئۈچ يىل موسكۋادا نازارەتتە تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ . بۇ ۋاقىتتا پىراۋدا گېزىتىگە مەجبۇرى يېزىلغان خەلىپىلىكنىڭ يوق بولۇشىغا سۆيۈنۈپ كوممۇنىزم مەدھىيىلەنگەن بىر باياناتىنىڭ مەزمۇنى ئىستانبولغا قەدەر كېلىدۇ.

1925 ـ يىلى 10 ـ ۋە 11 ـ ئايلاردا مۇسا جارۇللاھ قىرىمغا كېلىپ خەلق ۋە ئۇستازلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ . ئاق مەسجىدتە چىققان «ئەسرى مۇسۇلمانلىق» ژورنىلىدا ماقالە يازىدۇ. «مۇسكرات مەسلىسى» (مەس قىلغۇچى ئىچىملىك مەسىلىسى) ناملىق كىتاپ بۇ يەردە تەييارلانغان. 1926 ـ يىلى ئۇپا دىنى تەشكىلاتى مەككىدە ئېچىلغان دۇنيا مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. مۇسا جارۇللاھ يەتتە كىشىلىك بىر ھەيئەت بىلەن مەككىگە بېرىپ، كاشغەر مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدىن كېيىن «مەككە قۇرۇلتىيى ۋە قۇرۇلتايدا مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلىلەر» دېگەن رىسالىنى نەشر قىلدۇرىدۇ . قايتىشىدا ھەيئەتلەردىن ئايرىلىپ ئىستانبۇلغا كېلىدۇ. بۇ يەردىن ئەنقەرەگە كېلىپ تاشقى ئىشلار مىنىسترى تەۋفىق رۇشتى بىلەن كۆرىشىدۇ . پارلامىنتنىڭ مۇزاكىرىلىرىنى ئاڭلايدۇ . مۇخبىرلار بىلەن بولغان سۆھبەتتە قاھىرەدە ئېچىلىدىغان خەلىپىلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش نىيتىگە كېلىپ قاھىرىگە بارىدۇ . 1927 ـ يىلى ھەج ئۈچۈن رۇسلاردىن رۇخسەت ئالىدۇ. قايتىدىن ئىستانبولغا كېلىدۇ . «موسكرات» ناملىق كىتاۋىنى بۇ يەردە نەشر قىلدۇرىدۇ. «ئەل ۋەشىئە» ناملىق ئەسىرىدە ئىستانبۇلدىن قۇددۇسقا بېرىش ئارقىلىق 2 ـ قېتىملىق خەلىپىلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

1930 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى تاشلاپ تۈركىستانىنىڭ رۇسىيە چېگرىسىغا يېقىن شەھەرلىرىدىن سىمخانىدىن ئوغۇرلۇقچە ئۆتىدۇ. ئۇ يەردىن بىر سودىگەرنىڭ تۆگە كارۋىنىغا قوشۇلۇپ كاشغەرگە بارىدۇ. مەقسىتى بۇيەردىكى مەدرىسىلەردە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق بۇيەردە قېپ قالماق ئىدى . ئەمما جىنشۇرېن ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ . 3 ئاي داۋام قىلغان ئاتلىق

www.uyghurkitap.com



سەپەردىن كېيىن كىچىك پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ئافغانىستانغا بارىدۇ . موسكۋا ئىمامى ئابدۇللا سۇلايمانى ۋە باشقا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قېچىشىغا ياردەم قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ . قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئائىلىسىگە بېسىم ئىشلىتىدۇ .

ئافغان شاھى نادىر مۇسا جارۇللاھنى ياخشى قارشى ئالىدۇ . بۇيەردە 30 كۈن تۇرغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ياردىمىدە ئالغان بىر پاسپورت بىلەن ھىندىستاننىڭ بومباي شەھرىگە بېرىپ، كونا دوسلىرىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ ۋە 1931 ـ يىلى مىسىرغا بېرىپ «تۈركىيە پارلامېنتىغا مۇراجىئەت» ناملىق ئەسىرىنى باستۇرىدۇ . 1932 ـ يىلى فىنلاندىيەگە كېلىشىدە تۈركىيەدىن ئۆتىدۇ ۋە ئەنقەرەدە ئېچىلغان 1 ـ تۈرك تارىخ قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىدۇ. ئافەت ئىنان، يۇسۇپ ھېكمەت بايۇرلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغانلىقىنى «خاتون» ناملىق ئەسىرىدە يازىدۇ.

مۇسا جارۇللاھ 1933ـ يىلى بېرلىنگە بېرىپ بېرلىندا ياۋروپادىكى ئىسلام مۇنەۋۋەرلىرىنى توپلاپ يېڭى بىر ھەرىكەت باشلىتىش ئۈچۈن باسمىخانا قۇرىدۇ. بۇ يەردە باسقان «خاتون» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرت مۇقاۋىلىرىغا باسقان ئېلانلىرىدا «بۇ مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ مەركىزى ئىلمي ۋە دىنىي بىر مەركەز. ئەگەر بۇيۇك ئىنقىلاپ دولقۇنلىرىدا پىكىر ۋە قەلەملىرى بوش قالغان، تىللىرى تۇتۇلغان ئىجتىھاد ئەھلى ئارزۇ قىلسا مۇھىم ۋە پايدىلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلىمىز» دەپ يازىدۇ ۋە 20 گە يېقىن كىتاپ نەشر قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئەمما مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بۇنىڭغا ماددى جەھەتتە كۈچىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

مۇسا جارۇللاھ 1933 ـ يىلى قايتىدىن فىنلاندىيەگە بېرىپ ئىران ۋە ئىراقتا قىلىدىغان ساياھىتى ئۈچۈن ئىران ئەلچىخانىسىغا ئىلتىماس سۇنىدۇ . ئىستانبۇل يولى بىلەن ئاۋۋال ئىرانغا بارىدۇ . ئىراندا خەلق سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىدۇ . مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلىدۇ . مەدرىسە تالىپلىرى ۋە موللىلار بىلەن كۆرۈشىدۇ . مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن شىئە ، ھەدىس ۋە فىقھى كىتاپلار ھەققىدە ئەستايىدىل تەتقىقاتلار يۈرگۈزىدۇ . بۇ جەرياندا ئىرانغا زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن موھسىن ئىمىن ھۈسەيىن ئەل ئاملى (1867 ـ 1952) بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە بۇزاتقا ئۆزىنىڭ تەتقىقاتى نەتىجىسىدە ھازىرلىغان شىئەلەرنىڭ فىقھى ۋە ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك 20 گە يېقىن سوئال سورايدۇ. ئىراننىڭ مەشھەد، تېبرىز ۋە تېھران شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ نۇرغۇنلىغان شىئە ئۆلىمالىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن باغداتقا بارىدۇ ۋە نەجەفتە 26 كۈن تۇرۇپ بىر دوستىغا يازغان خېتىدە «ئىمامى ئەزەمنىڭ مۇبارەك قەۋرىسى بىلەن ياتىغىمنىڭ ئارىسى 5 ـ 6 مېتىر كېلىدۇ. مەن ھەنەپى مەزھەپىدە، ئەبۇ ھەنىفە ھەزرەتلىرىنىڭ قەۋرىسىدە بىر مەزگىل تۇرۇشنى ئارزۇ قىلدىم. ياتىغىمدا ئىككى ھەپتىدىن جىقراق ئېتىكاپتا ئولتۇردۇم ۋە بۇ جەرياندا ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر قىسىم كىتاپلارنى ئوقۇدۇم. بۇلاردىن بىرى 15 جىلدلىق ھەر جىلدى 350 ۋاراق بولغان «باغدات تارىخى»، يەنە بىرسى بولسا 30 جىلدلىق «ئەل مەبسۇت» ناملىق كىتاپتۇر. ھەممىنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ پايدىلاندىم» دەيدۇ.

مۇسا جارۇللاھ ئاخشاملىرى باغدات ئالىملىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ . ئىراندىكى ۋاقتىدا ئالىملاردىن سورىغان سوئاللارنى بۇلاردىنمۇ سورايدۇ . سوئاللىرى قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ جاۋاپلار يېزىلىشقا باشلايدۇ . بۇ جاۋاپلاردىن ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئابدۇل ھۈسەيىن شەرەفىددىن ئەل ئاملىنىڭ يازغان «ئەلجىبەتۇ مۇسا جارۇللاھ» ئىسىملىك 150 بەتلىك ئەسىرىدۇر.

مۇسا جارۇللاھ ئىران ـ ئىراقتا بىر يىلدىن كۆپرەك تۇرۇش جەرياندا چۈشەنچىلىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ. مۇددەرىسلىك تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ۋىزا ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن دەمەشق چېگرىسىدىن ئارقىغا قايتىپ قايتىدىن باغداتقا كېلىدۇ ۋە پەلەستىن يولى بىلەن كېتىش ئۈچۈن ئەنگىلىيە ئەلچىخانىسىغا ئىلتىماس قىلىدۇ . ئەلچىخانىنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن تەلەپ قىلغان 60 ئالتۇننى بېرەلمىگەنلىگى ئۈچۈن ۋىزا ئالالمايدۇ . نۇسەيبىن بېكىتىگىچە كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم سۇرىيەگە كىرىشكە تىرىشىدۇ . ئەمما يەنە رەت قىلىنىدۇ . ئاخىرىدا موسۇللۇق ئۆلىمالارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بىر پىلانى بىلەن تۈركىيەگە كېلىدۇ. لېكىن چېگرىدا قولغا ئېلىنىپ جەزرە ساقچىخانىسىدا نازارەت ئاستىغا

ئېلىنىدۇ . 3 كۈندىن كېيىن ماردىنغا كەلتۈرۈلۈپ سوراق قىلىنىدۇ . ماردىن ۋالىيسى ئۇنىڭ نام ـ ئاتىغىنى بىلگەنلىگى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۈتىۋالىدۇ . ماردىندىن ئاداناغا ۋە ئۇ يەردىن ئىستانبۇلغا كېلىدۇ.

مۇسا جارۇللاھ 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بەزى يېرىم قالغان تەتقىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قاھىرىگە كېلىدۇ . ئىران ۋە ئىراقتا يۈرگۈزگەن تەتقىقاتلىرىنىڭ مۇئسى بولغان «ئەل ۋەشىئە فى نەقدى ئائائىدىششىئە» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ ئىران، ئىراق ۋە مىسىردا تارقىتىدۇ. ئىسلامدىكى ۋاقىت ۋە كالېندارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «نىزامۇتتەۋقىم فىل ئىسلام» ، «نىزامۇننەسى ئىندەلئەرەب» ۋە«ئەييامۇ ھاياتۇننەبى» ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. قاھىرىدە ئەھمەت ئىمىن، مۇستاپا مەراغى، ئەلى ئابدۇررازىق، مەنسۇر فەھمى، ئابدۇل ۋەھھاب ئاززام قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر بىلەن دوست بولىدۇ . مۇسا جارۇللاھ 1937 ـ يىلى ھىندىستانغا كېلىدۇ . بومبايدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن بەنارىسقا بارىدۇ . بۇ يەردە سانسكرت يېزىغىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇھاباراھا بىلەت تۆت ۋىدانى ئەسلى نۇسخىسىدىن تەتقىق قىلىدۇ. بىر خېتىدە شۇنداق يازىدۇ. «مەن بانارىستە ھىندى بىراھمانلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئالىملىرىنىڭ قېشىدا ئاددى بىر تالىپ سۈپىتى بىلەن ئەڭ كونا ۋېدالىرىنى، ھىندى ئەۋلىيالىرىنىڭ ئۇلۇغ كىتاپلىرىنى، ھىندى پەيلاسۇپلىرىنىڭ پەلسەپەلىرىنى، ھېكمەتلىرىنى ئاز بولسىمۇ ئۆگىنىشكە تىرىشىۋاتىمەن.»

مۇسا جارۇللاھ 1938 ـ يىلى ياپونىيەگە قېچىپ كەتكەن دوستى قازى ئابدۇررەشىد ئىبراھىمدىن تەكلىپنامە تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ياپونىيەدە ئۇنىڭ بىلەن ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. جوڭگو، ياۋا ۋە سوماتراغا تەشكىللەنگەن بىر تەبلىغ ھەيئىتىگە ئەزا بولىدۇ . 1939 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىدۇ . مۇسا جارۇللاھ ھىندىستانغا قايتىپ كېلىپ كابۇلدا قېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما پىشاۋۇردا ئەنگلىيەلىكلەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئىككى يىل زور قىيىنچىلىقلار بىلەن تۈرمىدە ياتىدۇ. بىئوفال ھۆكۈمرانى مۇھەممەد ھەمدۇللاھنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن تۈرمىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ 1935 ـ يىلىغا قەدەر بۇ يەردە نازارەت ئاستىدا تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئىلمي پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلدۇرىدۇ. ئەرەپچە 8 پارچە ئەسەر يازىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ قەلەم ھەققىنى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى بولۇشغا قارىماي بومبايدا مۇساپىر باللار ئۈچۈن قۇرۇلغان مەدرىسكە تەقدىم قىلىدۇ. مۇسا جارۇللاھ 1936 ـ يىلى يېڭى دېھلىغا ئۇ يەردىن بومبايغا كېلىدۇ ۋە سالامەتلىگى ياخشى بولمىغانلىقتىن ئوپىراتسىيە قىلىنىپ ئىككى ئاي دوختۇرخاندا ياتىدۇ.

مۇسا جارۇللاھ 1937 ـ يىلى قاھىرىنىڭ مائارىپ ۋەكىلى ئەلى ئابدۇررازىق پاشاغا يوللىغان تېلېگراممىسدا ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ناچار ئىكەنلىگىنى، قاھىرىگە كېلىش ئۈچۈن ياردەم قىلىشنى سورايدۇ ۋە قاھىرىگە كېلىدۇ. ئايالى بىلەن بېرلىندا تېلىفۇندا كۆرۈشكەندىن باشقا ئالاقە قىلالمايدۇ. قاھىرىدە يۇسۇپ ئۇرالگىرايغا «ئوغلۇم كۆرۈپ تۇرۇپسەن مەن ئەمدى قېرىدىم، ئېچىمدە ھېچ توختىمىغان بىر تۇيغۇ بار، ئايالىمنى ۋە باللىرىمنى تاشلىۋەتتىم. ئۇ بىچارىلارغا ئېغىر زۇلۇم قىلدىم، بەك قېرىدىم، ئەگەر كوممۇنىستلار مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولسا ئۆلتۈرسۇن. ئەمما مەن رۇسىيەگە چوقۇم كېتىمەن» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا فاسفورتنى بىرىپ رۇس ۋىزىسى ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ ئىستانبولغا كېلىدۇ. ئايرۇپىلان ئىنژىنىرى بولغان ئوغلى ئەھمەدنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيەگە تەسلىم بولغانلىغىنى ئاڭلايدۇ. يۇسۇپ ئۇرالگىراي ئەھمەدنىڭ ئادرىسنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ خەت ـ ئالاقە قىلىشغا ياردەم قىلىدۇ. ئىقتىسادى قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئوغلى دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىلگىرى كېلىپ ئۇنى يوقلىيالمايدۇ.

مۇسا جارۇللاھ 1937 ـ يىلى ياز ئاخىرىدا ئاقسۇ ئىسىملىك تۈرك پاراخوتى بىلەن ئىستانبۇلغا يولغا چىقىدۇ. يولدا پاراخوتنىڭ پالابوسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ قولى ۋە پۇتى سۇنۇپ كېتىدۇ. گالاتا پورتىدىن ئۇدۇل غۇرەبا دوختۇرخانسىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. دوختۇرخاندىن چىققاندىن كېيىن ئەنقەرەگە كېلىدۇ. بۇ يەردە 10 كۈن ئەتراپىدا قازانلىق تونۇشلىرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئىستانبولغا قايتىپ كېلىدۇ. قىشقىچە ئىستانبولدا تۇرىدۇ. ئەھۋالى ناچار بولغانلىغى ئۈچۈن رۇسىيەگە كېتىش پىكرىدىن ۋاز كېچىدۇ

www.uyghurkitap.com



ۋە قاھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئالىي ئابدۇررازىق پاشانىڭ ۋاستىسى بىلەن كالاۋۇم دوختۇرخانىسىدا ياتقۇزۇلىدۇ. ۋە ھەر ئايدا **6** جۇنەيي ئايلىق بېرىلىدۇ. بۇ يەردە ئىككى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنىدۇ. يۈرىگى ئاجىزلىشىدۇ. قازى ئابدۇررشىد ئىبراھىمنىڭ قىزى فەۋزىيە خانىم ۋە ئالىمجان ئىدرىس ئۇنىڭغا قارايدۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ھىدىۋى تەۋفىقنىڭ قىزى خەدىچە خانىمغا يەتكۈزىدۇ. بۇندىن ئىلگىرى مۇھەممەد ئاكىف ئەرسويغا ياردەم قىلغان بۇ خانىم ئانىسىنىڭ كونا مىسىرغا قۇرغان ئىگە ـ چاقسىز ياشانغانلارنى بېقىش يېرىدە مەخسۇس دوختۇر ۋە سېستىراسى بولغان بىر ئۆي تەييارلاپ بېرىدۇ.

مۇسا جارۇللاھ بۇ يەردە **1937** ـ يىلى **10** ـ ئاينىڭ **28** ـ كۈنى ۋاپات بولىدۇ. **10** ـ ئاينىڭ **29** ـ كۈندىكى «ئەل ئېھرام» گېزىتىنىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا نامىزى سەييىدى نەفىسە مەسجىدىدە ئوقۇلۇپ، قاھىرەنىڭ ئەففىدىكى ھىدىۋىيە جەمەتىنىڭ پادىشاھلىق مازارلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

ئەمدى مەرھۇمنىڭ قەشقەردىكى «كاتتىلار» سورۇنىدىن كېيىن ئۇچراتقان ئەھۋاللارغا ئاساسەن تەييارلانغا **«ئەرنىڭ ئېپپىتى»** ناملىق بىر پارچە خاتىرىنى بايان قىلىمەن.

## ئەرنىڭ ئېپپىتى

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا داڭقى بار موسا جارۇللاھ ئىسمىلىك بىر ئۆلىما ياشىغان بولۇپ، بۇ كىشى قەشقەردىكى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ تەكلىۋى بىلەن زىيارەتكە قەشقەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىپتۇ. بۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆي ـ ئۆيلەردە ناھايىتى مول داستىخان ھازىرلاپ مېھمان قىلىش باشلىنىپ كېتىپتۇ. بىرىنىڭ زىياپىتى تۈگىسە يەنە بىرىنىڭ باشلىنىپ بۇ ئالىمنىڭ « ئۇھ. .. !!! » دېگۈدەك ھالىنى قويماپتۇ. شۇ تەرىقىدە ساق بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەردە زىيارەت ۋە ئالىملار بىلەن زىكرى ـ سۆھبەتلەردە بولارمەنمىكىن دەپ كەلگەن بۇ ئالىمنىڭ ئايىغى تۈگىمەس زىياپەتلەردىن ئىچى پۇشۇپ قەشقەردىكى ئاتالمىش كاتتىلارغا:

ـ كەمىنە قەشقەرگە كەلگەندىن بىرى ھەر قايسىلىرى پېقىرنى ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام ۋە مول زىياپەتلەر بىلەن كۈتتۈۋالدىڭلار. .. بۇ جەريانىدا سىلەرگە ئوخشاش يۇرت ئاتىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ تار نەزەرىمنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋالدىم . كەمىنىنىڭ يەنە بىر ئارزۇسى شۇكى، سانى بۇخارا ئاتالغان (يەنى، ئىككىنچى بۇخارا) ئەزىزانە قەشقەرنىڭ كوچىلىرىنى پىيادە بىر ئايلىنىپ چىققۇم بار ئىدى . بىلمىدىم ، بۇ ئارزۇيۇمغا يېتىشكە ئىمكان بېرىشەرلىمىكىن ؟!...دەپ تۆۋەنچىلىك بىلەن سوئال قويۇپتۇ.

كاتتىلار بولسا ۋاي، بولىدۇ. .. قەشقەر سىلىدىن ئايلانسۇن، دېيىشىپ، موسا جارۇللاھنى باشلاپ قەشقەرنى ئايلىنىش ئۈچۈن پىيادە يول ئاپتۇ.

موسا جارۇللاھ قەشقەرنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىش جەريانىدا قارىغۇدەك بولسا، قەشقەرنىڭ ئىگىلىرى بولمىش بىچارە مىللەت ناھايىتمۇ بىقۇۋۇل، ئاجىز، نەدىن كەلگەنلىگىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئېنگىلىز، رۇس ، شۋېت ، يەنە ئامبال ، لويى ، دوتەي ، تەيتەيي دېگەن نىملەر ناھايىتى كۆرەڭ، تەكەببۇر ۋە ئۇششۇق تۇرغىدەك . ھەتتا ، بۇ تائىپىلەرنىڭ ئالدىدا قەشقەرنىڭ يۇرت كاتتىلىرى بولمىش ھېلقى نىملەرمۇ مۇشۇكنىڭ ئالدىدىكى ساچقاندەك لاغ ـ لاغ تىترەپ تۇرغىدەك . بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ئالىم قەلبىدىكى ئېچىنىش ۋە غەزەپنى تەستە بېسىۋېلىپ قەشقەر كوچىلىرىنى ئايلىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ . ئۇلار ئايلىنا ـ ئايلىنا ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان بىر خالتا كوچا ئېغىزىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ كىشى بۇ خالتا كوچىغا قاراپ قەدەم ئالغانىكەن، ھېلقى «كاتتىلار» :

ـ يا تەقسىر، بۇ كوچىغا زىنھار كىرمىگەيلا ! دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ. ئالىم ئۇلارنىڭ نېمىشقا بۇ كوچىغا كىرىشنى توسقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ:

نىمە سەۋەبتىن بۇ كوچىغا كىرمەيمىز ؟! دەپ سوراپتۇ.

« كاتتىلار»:

- بۇ كوچىغا پاھىشەخانىلار ۋە ئەپيۇنخانىلار، شۇنىڭدەك قىمارخانىلار جايلاشقان. بۇ يەر سىلى-بىزنىڭ كېلىدىغان يېرىمىز ئەمەس. شۇڭا سىلىنىڭمۇ كىرمىگەنلىرى تۈزۈك، دەپ توسۇپتۇ. ئالىم بولسا گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن «كاتتىلار»مۇ ئامالسىز ئالىمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بۇ كوچىغا كىرىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. ئالىم قارىغۇدەك بولسا ھەقىقەتەن بۇ كوچا پاھىشخانا، ئەپيۇنخانا، قىمارخانا بىلەن توشۇپ كەتكەنىكەن. (ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى پاھىشخانا، ئەپيۇنخانا ۋە قىمارخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى خەنزۇلار ئىكەن.) بىچارە ئۇيغۇر قىز-جۇۋانلىرى بۇ يەردە ئىتنىڭ كۈنىدە ياشاۋاتقان ئىكەن. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ئالىمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، كۆزلىرىگە يىغا ئولىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر چەتتە، چېھرىدىن چەكسىز خورلۇق ۋە مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ، يالغان ناز قىلىپ خېرىدار چاقىرىۋاتقان بىر دىلى سۇنۇق جۇۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. «كاتتىلار» نىمە ئىش بولىدىكىن دەپ قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرسا، ئالىم ھېلىقى جۇۋاندىن:

- ئى بىچارە قىزىم. نىمە سەۋەپتىن بۇ يولغا كىرىپ قالدىڭىز ؟!. .. دەپ سوراپتۇ.

مۇشۇ كەمگىچە ھېچكىمدىن مۇنچىلىك ئىللىقلىق كۆرۈپ باقمىغان بىچارە جۇۋان كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ

-- مەن *** يېزىسىدىكى *** دىگەن ئادەمنىڭ ئىككىنچى قىزى *** بولىمەن. مەن 14 ياشقا كىرگەن كۈنى ئانام سىل كېسىلى بىلەن قازا قىلدى. بىز چۆچۈرىدەك تۆت بالا قاراپ تۇرۇپ يېتىم قالدۇق. دادام بىچارە بىزگە ھەم دادا، ھەم ئانا بولۇپ ، ھەم ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشىنى قىلىپ ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدى . ئۈچىنچى يىلى ئاچامنى يېزىمىزدىكى بەگنىڭ كەنجى ئوغلى ئاياغ ئاستى قىلىپ نومۇسنى بۇلغاپتۇ. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان ئاچام ئۆزىنى سىرتماققا ئېسىپ ئۆلۈۋالدى . دادام بەگ ئوغلىنىڭ ئۈستىدىن يامۇلغا ئەرز قىلسا، يامۇلدىكى لويىلار دادامنىڭ ئەرزىنى بەگكە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەگ مېنىڭ ئۈستۈمدىن يامۇلغا ئەرز قىلامدىغان دەپ دادامنى غالچىلىرىغا قاتتىق ئۇردۇرۇپ ، چالا ئۆلۈك ھېساۋىدا قىلىپ قويۇپ ئۆيىمىزگە ئەكىلىپ تاشلاپ قويدى. بىز دادىمىزنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە يۆلەشتۇرۇپ ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدۇق . ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك بىساتىمىزنى سېتىپ، يەتمىسە جازانىخورلاردىن قەرز ئېلىپ يۈرۈپ دادامنى تېۋىپقا كۆرسەتتۇق. داداممۇ ئاخىرى نىمجان بولۇپ ساقايدى . ئۇرۇغ - تۇغقانلاردىن قەرز ئالمىدىڭلارمۇ دىدىلىما ؟!. .. ئۇرۇغ - تۇققانلاردىمۇ نەدىكى پۇل دەيدىلا ؟

يۇرت كاتتىلىرى ؟!!! ھىھ !. .. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇ يۇرت كاتتىلىرى دىگەن نىملەرنىڭ كاساپىتى بىلەن بولۇۋاتامدۇ ؟!. .. دادام جازانىخوردىن ئالغان قەرزنى تۆلەپ بولالماي تەڭ قىسلىقتا مېنى جازانىخورغا توقاللىققا ياتلىق قىلدى. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ دادام رەھمىتىمۇ ئاچچىق يۇتۇپ يۈرۈپ ۋاپات بولدى. ئىككى قېرىندىشىمنىڭ بىرى بىر بەگنىڭ مېلىنى باقمەن دەپ يۈرۈپ جاڭگالدا ئىز - دىرەكسىز يوقاپ كەتتى. ئون - يىگىرمە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىچارىنىڭ ئۆلۈكىنى بىر توختام سۇنىڭ بويىدىن تېپىپ ئەپكېلىپ بەردى . يەنە بىرى ھازىر قەيەردە ئۇنى ئۇقمايمەن . جازانىخور مېنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن يېزىمىزغا بارسام مەھەللىدىكىلەر مېنى تىللاپ پاتقۇزمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز بۇ يەردە تېنىمنى سېتىش يولى بىلەن جان ساقلاۋاتىمەن ، دەپتۇ ئېسەدەپ يىغلىغانچە . ئالىم بولسا كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي جۇۋانغا بىر تۇتام پۇلنى تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ :

- ئى ناتىۋان قىزىم، سىز ھەر قېتىم تېنىڭىزنى ساتقاندىن كېيىن بويىڭىزنى سۇغا سالالامسىز ؟!

- دەپ سوراپتۇ.

جۇۋان:

- بەزىدە سالالايمەن. بەزىدە سالالمايمەن. - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئالىم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەيلى قانداقلا بولمىسۇن سىز ھەر قېتىم تىنىڭىزنى ساتقاندىن كېيىن چوقۇم بىر قېتىم بويىڭىزنى سۇغا سېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئاللاھ سىزنىڭ بۇ گۇناھىڭىزنى كەچۈرىدۇ، دەپتۇ.

ئالىمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان « كاتتىلار » غۇلغۇلا قىلىشىپ:

ـ يا تەقسىر ! بىر جالاپ خوتۇن زىنا قىلىپ ، ئارقىدىن غۇسلى ـ تاھارەت قىلسا ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلمايدۇ دەپ قايسى كىتاپتا بار ؟!. .. ئۇنداقتا ئۇنىڭ گۇناھى كىمنىڭ گەردىنىگە يۈكلىنىدۇ ؟!!!

ـ دەپ سورىشىپتۇ ناھايىتى غەزەپلەنگەن ھالدا.

ـ ئەلۋەتتە ھەر قايسىلىرىدەك يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ۋە ئۆزىنى ھەققىي ئوغۇل بالا ئەركەك ھېسابلايدىغان مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ گەردىنىگە يۈكلىنىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئالىم بۇلارنىڭ شۇنچىۋالا غەرەز ئۇقمايدىغان ھاماقەتلىكىگە ئىچىنىپ.

ـ نىمە سەۋەبتىن بىزگە يۈكلەنگۈدەك بۇنىڭ گۇناھى ؟!. ..

ـ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مەزلۇملارنى بىزدەك ۋە سىلەردەك يۇرت «ئاتا» لىرىنىڭ ئىگىدارچىلىغىدا قىلدى . سىلەر بۇلارغا جايىدا ئىگىدارچىلىقنى قىلالماي مۇشۇنداق خورلىنىشقا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە سىلىگە يۈكلىنىدۇ.... سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئىپپىتىنى جايىدا ساقلىيالمايسىلەرىۇ، ئەجىبا مۇشۇ ناتىۋان ئايالنى جالاپ خوتۇن دەپ ئىپپەتسىزلىكتە ئەيىپلەمسىلەر ؟!.. شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئىپپەتنى ساقلاش يالغۇز ئاياللارنىڭلار مەجبۇرىيىتى ئەمەس، بىزدەك ئەركەكلەرنىڭمۇ مەجبۇرىيىتى . بەلكىم ، سىلەر ئۆزۈڭلارنى پاك دەپ دەۋا قىلارسىلەر . ناھايىتى ئەپسۇس سىلەرنىڭ مۇشۇ ھالىڭلار جالاپ خوتۇندىن قىلچە پەرق ئەتمەيدىكەن . مەن قەشقەرگە كەلگەنىنىڭياقى بەزمە ـ زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالدىڭلار . زىياپەتلىرىڭلارغا قارىسام بىر ـ بىرىڭلاردىن مەنمەنلىك تالىشىپ ، ناھايىتى ئىسراپچىلىق بىلەن داستىخان قىلدىڭلار... تەييارلانغان نازۇ ـ نىمەتلەر يېگىلى ئېغىز يوق شۇ پېتى تۆكۈۋېتىلدى . دەسلەپتە ئەل ـ يۇرتمۇ مۇشۇنداق پاراۋان بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم . لېكىن بۇگۈنكى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، ئەھۋال ھەرگىز ئۇنداق ئەمەسكەن . خەلق نامرات ، ئاچ ـ يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ . ئالاجىسىز ئۇلۇۋېلىشقا ، ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇۋېتىپتۇ . سىلەر بولسا سېسىق كېكىرىپ يۈرۈيسىلەر . ئامبارلىرىڭلاردا نازۇ ـ نىمەتلەر يېگىلى ئېغىز يوق شۇ پېتى سېسىپ تۆكۈۋېتىپتۇ . بۇ ۋەتەننىڭ ھەقداسى بولمىش ناتىۋان خەلق قۇلنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قاپتۇ . تائىپلەر بولسا خۇددى تۇغما مۇشۇ يەرنىڭ خوجايىنلىرىدەك خەلقنىڭ شىللىسىگە دەسسەپ يۈرۈپتۇ . مانا بۇ خورلۇق ئەمەسما؟!!!... خىيال قىلىپ بېقىڭلار.... سىلەرنىڭ جالاپ خوتۇندىن پەرقىڭلار بارمىكەن؟!... سىلەر مۇشۇنداق غۇرۇرسىز ۋە ئارسىز بولغاچقا خەلق مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان.

شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئەرنىڭ ئىپپىتى ۋەتەن ۋە ئاياللارنىڭ ئىززىتىدە . كىمدە ـ كىم ۋەتىنى بىلەن ئاياللىرىنىڭ ئىززىتىنى قوغدىيالمايدىكەن شۇ كىشى شۇ كۈندىن باشلاپ جالاپ....!!!

## مۇسا سايرامى

(«موللا مۇسا سايرامى» غا قاراڭ)

## مۇھەممەت بىن ئابدۇللاخان مەخدۇم

(18 ـ ئەسىر) ئاقسۇ، «مىڭ بىر كېچە»نى ئەرەپچىدىن تەرجىمە قىلغان.

# مۇھەممەت تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر



مۇھەممەت تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر 1968 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كۇچا كونىشەھەردە تۇغۇلغان. 1975 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە كۇچا 3 ـ باشلانغۇچ ۋە كۇچا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ مەھەللىسىدىكى رۇزى ئەرشى ئىسىملىك زەرگەر ئۇستىغا شاگىرتلىققا كىرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ زەرگەرلىك ھاياتى باشلانغان. 1987 ـ يىلى ئۇستىسىدىن دۇئا ئېلىپ، 3 ـ ئايدىن باشلاپ باي ناھىيىسىدە دۇكان ئاچقان. بىراق، شۇ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن گۇمانلىق شەخس دەپ قارىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بىرقانچە قېتىم تۇتقۇن قىلىنغان. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق نازارەت ئاستىدا ياشىغان. 1991 ـ يىلى كۇچاغا يېنىپ كېلىپ، 7 ـ ئايدا كۇچا رەستە مەسچىت مەيدانىدا دۇكان ئېچىپ، ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. لېكىن ئۇ باي ناھىيىسىدىن كۇچاغا يېنىپ كەلگەن كۈنى ئۇنىڭ ساقچىدىكى ئارخىپىمۇ كۇچاغا يۆتكەلگەن بولغاچقا، كۇچادىمۇ نازارەت ئاستىدا ياشىغان ۋە مەجبۇرىي تۇتۇپ ئاپىرىلىپ، كوچىلاردا بىرقانچە قېتىم سازايى قىلىنغان ۋە ئىزچىل نازارەت ئاستىدا ياشىغان. شۇ ھالدا ئۇ خىتاي غالچىلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتى، خالىغانچە تۇتۇپ ئاپىرىپ سوراق قىلىشلىرى بىلەن غورۇرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى تۈپەيلى نائىلاج ئەزىز ۋەتىنىنى تاشلاپ، ۋەتەن سىرتىغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە پۇلغا زورلاپ پاسپورت ئىشلىتىپ، 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تۈركىيىگە كەلگەن. 1998 ـ يىلى ھەجگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىستانبۇل چەمبەرلىتاشتىكى «كارىزما كۈيۇمچۇلۇك» (زەرگەرلىك) شىركىتىدە ئىشلىگەن. كېيىنچە ھەر خىل كەسپلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 2003 ـ يىلى، يەنە پۇلغا زورلاپ پاسپورت ئىشلىتىپ، ئايالى ماھنۇرنى ئېلىپ چىققان. ئايالى 2006 ـ يىلى تۈركىيە ۋەتەندىشى سالاھىيىتى بىلەن ۋەتەنگە بېرىپ، 8 ـ ئايدا ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ چىققان. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئائىلە توققۇز يېرىم يىلدىن كېيىن جەم بولالىغان. ئۇنىڭ ھازىر ئىككى ئوغۇل، بىر قىز بولۇپ، 3 پەرزەنتى بار. 2006 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ئىستانبۇل زەيتىنبۇرنۇنىڭ نۇرپاشا مەھەللىسىدە «شەنلىك ئۇيغۇر ماركېت» ئىسىملىك تۈرلۈك ماللار دۇكىنى ئاچقان.

ئۇ چەتئەلگە ھىجرەت قىلىپ چىققاندىن كېيىن شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق داۋاسى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلغان. 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ مەشئىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى (پەيشەنبە) ئىستانبۇلدىكى گالاتا كۆۋرىكىدىن ئۆتتۈۋاتقاندا مەشئەلنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى دۇنيادا قىزىق خەۋەر بولغان. قورقۇپ كەتكەن خىتايلار مەشئەلنى باشقا يوللار بىلەن ئېلىپ قاچقان. 2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى (جۈمە) بېيجىڭدا خىتاينىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى باشلانغان كۈنى، خىتاينىڭ ئەنقەرەدىكى ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن خىتايغا قارشى نامايىش جەريانىدا ئۆزىگە بېنزىن چېچىپ ئوت ياققان. نەتىجىدە خىتاينىڭ بېيجىڭ شەھرىدە ۋە تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە شەھرىدە بىر كۈن ئىچىدە ئىككى دانە «ئولىمپىك مەشئىلى» يانغان. بۇ ئەينى يىللىرى دۇنيادىكى 1 ـ دەرىجىلىك خەۋەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، 3200 دىن ئارتۇق تېلېۋىزور قاناللىرى تەرىپىدىن تارقىتىلغان. بۇ ۋەقە تاجاۋۇزچى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىگە ئېغىر دەرىجىدە زەربە بەرگەن. ئۇ بۇ ۋەقەدە كۆيۈپ ئېغىر يارىلانغان بولغاچقا بىر يىل داۋالىنىپ ساقايغان. ئۇ 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە، خىتاي ۋاختى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com


ئەنقەرەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىغا بىنزىن بومبىسى ئېتىپ، ئەلچىخانىنىڭ 3 ـ قەۋىتىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئۇ نەق مەيداندا تۈركىيە ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغان. 3 ئاي تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن بەش يىللىق كېسىلگەن. 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى باشقا ۋەقە سادىر قىلماسلىق شەرتى بىلەن جازاسىنى ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. جازا مۇددىتى 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاخىرلاشقان.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئۇيغۇر ئەمەت ھاجىم ئۇيغۇر ھازىر ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىدىكى «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان كىتابخانىسى» دا ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ بۇيەردە ئىشلەۋېتىپ ، مىللەت سۆيگۈسى ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى تۈرتكىسى ئاستىدا ، شۇنداقلا ، مىللىتىمىزنىڭ ھەقىقىي تارىخىغا بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، سەۋىيىسىنىڭ چەكلىك بولۇشىغا قارىماي قىممەتلىك ئەسىرى «100 مەشھۇر ئۇيغۇر» ناملىق كىتاۋى ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىشكە كىرىشكەن .

چۈنكى تارىخنى بىلىش ، ئۆگىنىش ، ئۆگىتىش ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان كاتتا ئالىملىرىنىڭ ، داستان يازغان قەھرىمانلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىراس سۈپىتىدە يېزىپ قالدۇرۇش ھەر ـ بىر مىللەتنىڭ بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ۋىجدانى ئىلمىي بۇرچىدۇر . بىراق ، بىرەر ئىلمىي ئەمگەكنىڭ نەتىجىلىك ھالدا مەيدانغا كېلىشى ھەرگىزمۇ ئاسان ئەمەس ، بەلكى تارىخىي مەلۇمات ، يېزىقچىلىق ماھارىتى ۋە ئىلمىي تەسۋىرى ئىقتىدار ، شۇنداقلا چىدام بىلەن سائەتلەپ ئولتۇرالايدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك ، خۇددىي قايسى بىر يازغۇچىنىڭ «ئالتۇندەك نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن چۆيۈندەك قوڭ لازىم» دېگىنىدەك . ئەمما مۇھەممەتتۇرسۇن ھاجىم ۋەتەنگە ۋە مىللەتكە بولغان سەممىي ساداقىتى بىلەن گىرەلەشكەن ئوتلۇق ۋىجدانى ئىلھامى سەۋەپلىك غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت كۆرسىتىپ ، چۆيۈ=ڭقۇر ئىزدىنىپ ، «ئىنشا ئاللاھ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەنغۇ ! » دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئايلاپ ـ يىللاپ ئىزدىنىپ ئاخىرى ھەقىقەتەن بۇ كىتاۋنى مۇۋەپپىقىيەتلىك تاماملىدى .

كىتاپ بىزنى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ، تارىخ ۋە ئىلىم ھەقىقىتى قايىنىمىغا باشلاپ كىرىدۇ . بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك قىسمى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتتە دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتقان ئۇستاز مىللەت ئىكەنلىگى قانچىلىغان ئىلىم ئەھلىلىرىمىزنىڭ بايان قىلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ . ئاندىن تارىخىي بايانلارنى كۆرىدىغان بولساق ، خىتاي تەجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي قانخور دۈشمىنى ئىكەنلىگى ناھايىتى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ . بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ سەرگۈشەشتلىرىدىن ئېلىپ ئېيتساق ، ئۇيغۇرلار ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا ناھايىتى سەلتەنەتلىك دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ مىللەت دەسلەپتە ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ۋە قان قېرىندىشى بولغان ھۇنلار تەرىپىدىن بۈيۈك ھۇن ئىمپېرىيىسى (ئۇلۇغ ئوغۇز ـ ھۇن تەڭرىقۇتلىغى، مىلادىدىن بۇرۇن 240 ـ يىلىدىن مىلادى 216 ـ يىلىغىچە)، كۆك تۈرك دۆلىتى (ئۇلۇغ كۆك تۈرك غاقانلىغى، مىلادى 551 ـ 744)، كېيىنكى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىغى (646 ـ 840)، قاراخانىلار دۆلىتى (840 ـ 1212)، بۈيۈك ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىغى (850 ـ 1335)، كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىغى (870 ـ 1036)، سەئىدىيە خاندانلىغى (1514 ـ 1678) قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغان.

ئۇيغۇرلار مانا شۇ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي دەۋرلەردە، مەركىزىي ئاسىيادا قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، جۇغراپىيىلىك تارىخىنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. «ئالپ ئەرتۇڭا داستانى»، «ئوغۇز قاغان داستانى»، «تۇمارىس داستانى» دەك تارىخى داستانلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. «قۇتلۇق بىلگە قاغان»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «سەئىدخان»دەك قاغان، بادشاھلىرى بولغان. «مەھمۇد قەشقىرى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «ئەلىشىر ناۋايى»لاردەك ئالەمشۇمۇل ئالىملار

ۋە كۆپلىگەن باتۇر، قەھرىمانلار ئۆتكەن. دۇنيادا مانا مۇشۇنداق شانلىق تارىخ، يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سەلتەنەتلىك دۆلەتلىرىدىن بىرى بولغان سەئىدىيە خاندانلىغى **1678** ـ يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئەسىردىن كۆپ ۋاقىت ئەڭ قاباھەتلىك يىللار بولدى. بۇ يىللاردا شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ قانچىلىغان ئەسىر جەريانىدا جۇغلانغان ئەقلى تەپەككۇر جەۋھەرلىرى خانى ـ ۋەيران قىلىندى. مەرپەت، ئىلىم ـ پەن مەركەزلىرى زاۋاللىققا يۈزلەندى. مىللەت گەۋدىسىنى نادانلىق، قاششاقلىق، ئۈمىدسىزلىك، ھەسەتخورلۇق قاپلىدى. مىللى مەدەنىيەت، مىللى مائارىپ قاتارلىق ھەر جەھەتلەردىن ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار **19** ـ ئەسىردىن باشلاپ دۇنيادا ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈز تۇتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرغان ئاخىرقى دۆلەتلىرىدىن بىرى بولغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى **1949** ـ يىلى **9** ـ ئايدا كوممۇنىست خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغاندىن كېيىن ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. چۈنكى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن ھەرقانداق تاجاۋۇزچى، ھەرقانداق مۇستەملىكىچىگە ئوخشىمايدىغان قارانىيەت، ئىچ ـ ئىچىدىن قۇۋلۇق، شۇملۇق چىقىپ تۇرىدىغان، ئىنتايىن ۋەھشى، قانخور ھاكىمىيەت ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر مىللىتىنى تارىخ سەھنىسىدىن ئۆزۈل ـ كېسىل يوقىتىپ، شەرقى تۈركىستاننى مەڭگۈلۈك يۇتۇۋېلىشنى پىلانلىغان ئىدى . بۇ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى قەستەن بۇرمىلاپ، يالغان تارىخ ياساپ، ئۇيغۇرلارغا ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنى، ئەسلى نەسەبىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، « ئۇيغۇرلار تارىختا ھېچقاچان مۇستەقىل دۆلەت قۇرمىغان، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن قۇللۇق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن مىللەت، شەرقى تۈركىستان ئەزەلدىن خىتاينىڭ زېمىنى » دېگەن ئوقۇمنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈشكە جان ـ جەھلى بىلەن ئۇرۇنغان ۋە ئىزچىل ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. شۇنداق قىلىپ دۇنيا تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا ئىز قالدۇرۇپ، بۈيۈك، قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىلەرنى قۇرغان شۆھرەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەرقانداق ئىنساننى بەكمۇ ئېچىندۇرىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز ئەسلىدە تارىختا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاجايىپ قىممەتلىك قوشقان بولسا ، بۈگۈنكى كۈندە بىز مەدەنىيەتنى باشقىلاردىن ئۆگىنىدىغان بولۇپ قالدۇق. نەچچە ئون مىڭ يىللار داۋامىدا ئەجدادلىرىمىز تارىخنىڭ خوجايىنى سۈپىتىدە ئۆز تارىخىنى ئۆزى ياراتقان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىز خىتاينىڭ يېزىپ بەرگەن يالغان، ئويدۇرما، تارىخىنى ئوقۇيدىغان، ئۆگىنىدىغان، ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدۇق. مانا شۇ ھالدا ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قۇل قىلىنىپ، بارلىق ئەركىنلىگىدىن، ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىپ، ھايۋانچىلىك قەدىر ـ قىممىتى بولماي، دۇنيا دۆلەتلىرى، ئىسلام دۇنياسى ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭمۇ ياردىمىدىن مەھرۇم بولغان ھالدا، تەسۋىرلىگۈسىز پاجىئەلىك كۈنلەردە ياشىۋاتىمىز . مۇستەملىكىچى خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلاردىن چەتئەل تارىخچىلىرىغا ئوخشاش ئىنسانىيەت تارىخىغا دائىر بىرەر تېمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى ۋە زېھنىنى بېغىشلايدىغان، ئىزدىنىپ، مىللىتىنىڭ تارىخىنى قېزىپ، ھەققىي تارىخىنى خەلقىگە سۇنىدىغان تارىخچىلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئىمكان بەرمىدى. نەتىجىدە، تارىخىمىز داۋاملىشىپ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە ئۇيغۇر خەلقى خىتايلار غەرەزلىك ھالدا يېزىپ بەرگەن يالغان تارىخلارنى ئوقۇپ ئېغىر دەرىجىدە قايمۇقۇش ئىچىدە قالدى. ئەڭ ئالىي ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، دۆلەتچىلىك ئېڭى، مىللى روھ، مىللى غۇرۇرى ئاجىزلىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلدى. ئۆز ئارا مېھرى ـ شەپقەتنىڭ ئورنىنى ھەسەتخورلۇق، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك ئىگىلىدى. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى گويا **3** ـ **4** مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بىر مىللەتتەك، بۇ تارىخى جەريانىدا داۋاملىق خىتايلارغا قۇل بولۇپ ياكى بېقىنىپ ياشىغاندەك، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ كەلگەن، «ناخشا ـ ئۇسۇلغا ئامراق مىللەت»تەك، مېھماندوست، ئاقكۆڭۈل،

ياۋاش ـ يۇمشاق خەلقتەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. خىتاي ھاكىمىيتى 1990 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقىگە تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە مىسلىسىز ئېغىر زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر خەلقى بۇ تارىختىن باشلاپ، تىلى، يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيىتى قاتارلىق ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر خەلقى 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بىلەن تېخىمۇ ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىشكە باشلىدى. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھايات ـ ماماتلىق، خاراكتېرى كەسكىن بولغان شەپقەتسىز سىناق بولۇپ، ئەگەر ئۇيغۇر خەلقى تەخىرسىز ھالدا ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە جىددىي ئويلانمىسا، پۈتۈن خىيالى دېموكراتىيە شوئارى ئاستىدا ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەپىلىشىش بىلەن قالغان دۆلەتلەر بىلەن تولغان دۇنيادىن نام ـ نىشانسىز يوق بولۇپ كېتىش ئېھتىمالى يوق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر شەرقى تۈركىستانلىق ئالدى بىلەن زىيالىيلىرىدىن باشلاپ «بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟» دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويۇشى كېرەك!

مۇھەممەتتۇرسۇن ھاجىم  ۋەتىنىمدە مۇستەملىكە ـ قۇللۇق ئىچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم. مەكتەپ ھاياتىمدا ئۆزىمىزنىڭ مىللى ماھارىپى بولمىغاچقا خىتايلارنىڭ تۈزۈپ بەرگەن دەرسلىك كىتابلىرىنى ئوقۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئالىم، يازغۇچىلىرىمىز خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ھايات قالغانلىرى تۈرمىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت بارلىق كىتاب، ماتېرىياللار كۆيدۈرۈلۈپ، يوق قىلىنغان بولغاچقا، خىتاينىڭ «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشالىق ھەققىدە قىسسە» دېگەندەك يالغان تارىخ، خىيالىي قەھرىمانلىرىنى ئوقۇپ چوڭ بولدۇم. مەن شۇ ۋاقىتلاردا ئۆز ـ ئۆزەمگە داۋاملىق؛ بىزنىڭمۇ مۇستەقىل دۆلەتلىرىمىز بولغانمىدۇ؟، بىزنىڭ ئىچىمىزدىنمۇ پادىشاھلار، قەھرىمانلار، ئالىم، يازغۇچىلار چىققان بولغىيمىدى؟ دېگەندەك سوئاللارنى قوياتتىم. 14 ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا. ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمىنىڭ شىنجاڭ ئەمەس شەرقى تۈركىستان ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ ئەسلىدە قۇل ئەمەس، دۇنيا تارىخىدا ئىز قالدۇرغان، ئاجايىپ چوڭ ئىمپېرىيە، دۆلەتلەرنى قۇرغان، بىر مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىمىزنى ئاڭدىن بىلدىم. مەن ۋەتىنىمدە ياشاش ئىمكانىيىتىمدىن ئايرىلىپ تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈمگە سوزۇلغان مۇساپىرچىلىق ھاياتىمدا تولا ئويلىنىپ، بېرىپ ـ بېرىپ تۇز يولدىمۇ ماڭالماي پۈتلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى چەتئەلدىكى مەنزىرە مەن ئويلىغاندەك، تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئەمەستى. شۇنىڭ ئۈچۈن غايە ـ ئارزۇلىرىم بىر مەزگىل يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا كۆمۈلۈپ قالدى. بۇ جەرياندا مەن كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقى ئالدى بىلەن ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىشى، شانلىق تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان، تارىختا ئىز قالدۇرغان مەشھۇر شەخسلىرىنىڭ تارىخىنى بىلىشى زۆرۈر ئىكەن، دەپ ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ مەن ئاخىر قولۇمغا قەلەم ئالدىم. مەن ئەسلىدە تارىخچى ئەمەس، يازغۇچىمۇ ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ بىر قانچە يىل ئويلانغاندىن كېيىن، 2009 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن باشلاپ «يۈز مەشھۇر ئۇيغۇر» ناملىق بۇ كىتابىمنى يېزىشنى باشلىدىم. مەن كىتابىمغا مىللىتىمىزنىڭ تارىختا ئىز قالدۇرغان مەشھۇر شەخسلىرىمىزنىڭ تارىخىنى قىسقىچە بولسىمۇ ئامال بار توغرا، ئېنىق ۋە تەپسىلىيرەك يېزىپ چىقىش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشتىم. بۇ كىتاب 2 قىسىم بولۇپ، 1 ـ قىسىمغا 50 نەپەر مەشھۇر شەخسنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلدى. 2 ـ قىسىمغا 50 نەپەر مەشھۇر شەخسنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەندىن باشقا يەنە 10 نەپەر شەخس قوشۇمچە يەر ئالدى. شۇنداقتا «يۈز مەشھۇر ئۇيغۇر» ناملىق بۇ كىتابقا جەمئىي 110 نەپەر مەشھۇر شەخسلىرىمىزنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلدى. بىزنىڭ تارىخى بىلىمىمىز ۋە چۈشەنچىمىز بىر قەدەر تېيىز بولغانلىقتىن بەزى شەخسلىرىمىزنىڭ تارىخىنى يېزىشتا تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن شۇ دەۋرنىڭ تارىخى جەريانى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىشقا توغرا كەلدى. بىز ئالدى بىلەن خەلقىمىزدە مىللى ئاڭ، مىللى روھنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ئۆز ئىچىمىزدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا قۇرۇلغان، دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن،

شانلىق ئىمپېرىيە ۋە دۆلەتلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەردەك دۇنياۋى ئالىم ۋە مەشھۇر شەخسلىرىنىڭ بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. خەلقىمىزنى مانا مۇشۇنداق ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تارىخى بىلەن يۇزلەشتۈرۈپ، ئالدى بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىشكە، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىشكە، كەلگۈسى تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە يېتەكلەش كېرەك.

مۇھەممەتتۇرسۇن هاجىم قىممەتلىك كىتاۋىغا ئالاقدار بايانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ :

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخى جەريانىدا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇهىتتا يۇز بەرگەن زور ۋەقەلەرنى، ئىمپېرىيە، دۆلەتلىرىنى، قاغان، پادىشاھلىرىنى، باتۇر، قەھرىمانلىرىنى، تەبىئەت هادىسلىرىنى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەينى زاماندىكى بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولغان رىۋايەت، چۆچەك، ئەپسانە قاتارلىق ژانىرلارنى تاغلارغا، تاشلارغا، «ئورخۇن ئابىدىلىرى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دەك تاشلارغا پۇتۇپ، خاتىرلەپ ماڭغان. قىرغىز خەلقىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋمۇ ئەپسانىلەر توغرىلىق، «ئەپسانە خەلقىنىڭ قەلبىدە خاتىرە بولۇپ، ئاجايىپ گۇزەل شەكىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى ۋە تارىخنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان ۋەسىيتىنى ئىپادىلەيدۇ. (ئەسەت سۇلايمان «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيتى» **350** ـ بەت) دېگەن. دېمەك، چىڭغىز ئايتماتوۋ بۇ يەردە ئەپسانە دېگەن ئۇقۇمغا ناهايىتى ئىخچام، مېغىزلىق ۋە ئەمەلىي باها بەرگەن. بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشىمغا بىر قانچە يىل تەييارلىق قىلغىنىمنى هېسابقا ئالمىغاندا **9** يىلغا يېقىن ۋاقىت كەتتى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىم. ئىمكانلىرىم دائىرىسىدە تەييارلىغان ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، بەزى شەخسلەرنىڭ تارىخىنى يېزىش جەريانىدا ۋەتەن ئىچى ـ ۋە سىرتىدىكى تور، مۇنبەرلەرگە بىر قانچە قېتىم ئېلان چىقىرىپ قېرىنداشلاردىن ياردەممۇ سورىدىم. بەزى قېرىنداشلار قولىدىن كېلىشچە ياردەم قىلدى. مەن بۇ يەردە ئۇ بۇرادەرلەرگە سەممىي رەخمەت ئېيتىمەن. بۇ جەرياندا ئاجايىپ ئىنسانلارنىمۇ ئۇچراتتىم. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن مەشھۇر شەخسلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر شەخسلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شۇ دېگەنلىك ئەمەس. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىمىزدا، ئەجدادلىرىمىزدىن بۇگۈنكى كۈنىمىزگىچە بولغان شۇنچە ئۇزۇن زامان ئىچىدە يۇزلەپ ئەمەس، بەلكى مىڭلاپ مەشھۇر شەخسلىرىمىزنىڭ ئۆتكەنلىكىدە شەك يوق، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن مەشھۇر شەخسلىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى **7** ـ ئەسىردىن ئۇرخۇن ـ ئۇيغۇر دۆلتىئاياغلاشقان مىلادى **840** ـ يىلغىچە بىر دەۋر، قاراخانىلار دۆلتى قۇرۇلغان **840** ـ يىلىدىن باشلاپ سەئىدىيە خانىدانلىقى مۇنقەرز قىلىنغان **1678** ـ يىلغىچە بىر دەۋر، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يەنە بىر دەۋرگە ئايرىپ، ھەر قايسى دەۋرلەر بويىچە يېزىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما مېنىڭ سەۋىيەم چەكلىك، ئىمكانىم يېتەرسىز بولغاچقا پەقەت مۇشۇنچىلىك يېزىپ چىقتىم. سەۋىيەم چەكلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مېنىڭ بىرىنچى كىتابىم بولغاچقا بەزى سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبى. يەنە بىر تەرەپتىن كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيتى ۋەتىنىمىزنى مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن غەرەزلىك هالدا تارىخىمىزنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى شەخسلىرىمىزنىڭ تارىخى بىز بىلگەندەك بولماسلىق ئېھتىمالىمۇ يوق ئەمەس. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كېيىنكى نەشىردە تۈزۈتۈۋېلىشىم ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. دىنى ئالىم، شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى ۋە ئەمرى مەرھۇم ھەسەن مەخسۇم (**1964** ـ **2003**) بىلەن، ۋەتەنپەرۋەر ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، سىياسى يېتەكچى، مائارىپچى، جامائەت ئەربابى، «شەرقى تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيتى» قاتارلىق كۆپلىگەن تەشكىلاتلارنىڭ قۇرغۇچىسى مەرھۇم ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم هاجىم (**1963** ـ **2016**)نىڭ قىسقىچە تەرجىمىهاللىرىنىمۇ تەييارلىغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، هازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۇيغۇر

خەلقىنىڭ سىياسىي ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلغانلىقتىن ھازىرچە قەلبىمىزگە كۆمدۇق. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمەن. يېقىن كەلگۈسىدە تارىخ تەتقىقاتچى ئالىملىرىمىز تەرىپىدىن تارىخىمىز شۇنداقلا تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلىرىمىز توغرىلىق تېخىمۇ تولۇق ۋە مۇكەممەل يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىشىنىمەن ......

نۆۋەتتە مەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتىمەنكى ، بۇ كىتاپ ئىلىم ۋە تارىخ ھەققىتىنىڭ نۇرى ۋە گۈلتاجىسى ، ھەر ـ بىر ئاتا ئانا بۇ كىتاپنى ئەۋلات تەربىيىلەشنىڭ قىممەتلىك دەسۇرى قىلغايمىز ،

ئامىن!

## مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى

(1820) قاراقاش، «تەرزىرەتۇل رىشات» ناملىق قىممەتلىك ئەسىرى بار .

## مۇھەممەت تومۇر كاشغەرى

(17 ـ 18 ئەرىس) قەشقەر ، «كەلىلە ۋە دەمنە» ، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» ، «ئەخلاقۇل مۇھسىن» لارنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان.

## مۇھەممەتجان راشىدىن




مۇھەممەتجان راشىدىن 1940 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى غۇلجا ناھىيىسى ئونيار يۇزى يېزىسىنىڭ يۇقىرقى مەھەللىسىدە دىھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى شۇ يېزىدا پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1955 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە سابىق شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئوقىغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1968 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە چاپچال ناھىيىسى ۋە غۇلجا ناھىيىسى ئونيار يۇزى ئوتتۇرا مەكتۆۋىدە خىزمەت قىلغان . 1968 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» نىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، 1982 ـ يىلغىچە تۈرمىدە ياتقان. 1982 ـ يىلىنىڭ




ئاخىرىدا ئۆزۈل ـ كېسىل ئاقلىنىپ چىقىپ ، غۇلجا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئىلمى مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 2003 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

مۇھەممەتجان راشىدىن 1958 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ، «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئىلى دەرياسى» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن . شۇندىن بۇيان ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا شائىرنىڭ 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ، 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى ، 15 پارچە ئىلمى ماقالىسى ئېلان قىلىنغان . جۈملىدىن «كاككۇك

گۈلى »، «يىللار ئىزى» ، «كۆڭۈللەر ئەلبۇمى» ، «ئانا يەر قەسىدىسى» ، «ئۆمۈر ئىلھاملىرى» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى ۋە «تېنىگەن كۆكۆل» ناملىق ھېكايە ، پوۋېست ، ئەسلىمىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان .

2016 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەل قەلبىدىن ئورۇن ئالغان بۇ مۆھتەرەم خەلق شائىرىنىڭ شېئىرلىرى دىيارىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەتتاتلارنىڭ چېۋەر قوللىرى ئارقىلىق گۈل ـ چىمەنگە ، تولىمۇ قىممەتلىك بولغان ئاجا ـ يىپ رەڭدار ھۆسنخەت ئەسەرلىرىگە ئايلاندۇ ـ رۇلۇپ، بۇ مۆھتەرەم زاتقا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا سۇنۇلىدىغان تارىخىي خاراكتېرگە ئىگە ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولدى بۇ كۈن ھاياجانلىق مىنۇتلار ئىچىدە دەممۇ ـ دەم يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى، غۇلجا ناھىيىلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىغى توختى ئەلىنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى ئارقىلىق «ئەلقاينىاق لوڭقىسى» مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرى خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى رەسمىي باشلانغانلىقى ئېلان قىلىندى . باشلىنىش مۇراسىمىغا ھەرمىللەت ئاممىسىدىن بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن كۆرگەزمە باشلاندى، بىر ـ بىرىدىن ئېسىل يېزىلغان ھۆسـ ـنخەتلەر ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، تولىمۇ ھاياجانلاندۇراتتى. ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 10:40 ئۆتكەندە پائالىيەت مەركىزىنىڭ 3 ـ قەۋىتىدە مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرى ۋە ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ئىلمىي مۇھاكىمە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ئۇستاز خەتتاتلار، ھەرقايسى تاراتقۇلار ۋەكىللىرى، ئەدىب، ئەدىپەلەر بولۇپ 300 گە يېقىن ئادەم قاتناشتى.

يىغىندا ئىلى ئوبلاستلىق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇراخمان ئابلىمىت كۆرگەزمە ئېچىلىشىنىڭ ئالدىدىكى تەييارلىق خىزمىتى توغرىسىدا تەپسىلىي ئۇچۇر بەردى.

يىغىندا خەتتاتلىقنىڭ سېھرىي كۈچى، خەتتاتلىق ئەسەرلىرىنى ئائىلە ۋە سودا سارايلارغىچە ئېلىپ



www.uyghurkitap.com



كىرىش، ئانا تىل ـ يېزىقنى قەدىرلەش، مائارىپ تارماقلىرى بالىلارنىڭ دىلىغا خەتتاتلىقنىڭ قىممىتى ۋە مەدەنىيەتنى نۇرلاندۇرۇشتىكى رولى ھەققىدە كىچىگىدىن سىڭدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. خۇشئاۋاز ناخشىچى سەنۇبەر تۇرسۇن ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تەسىرى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ ئۆزى بىر مۇزىكا، شېئىرنى ئاھاڭغا سالماي ئوقۇسمۇ ئاجايىپ، ئېسىل بىر كۈي شەكىللىنىدۇ».

ئاخىرىدا نىياز كېرىم شەرقى ئەپەندى خەتتاتلىقىمىزنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە پارلاق ئەتىسى توغرۇلۇق مۇھىم سۆز قىلدى ھەم مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكىنىڭ ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىش بىلەن بىرگە نەسرىي تىلدا يېزىلغان بېغىشلىمىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. سۆھبەتتىن كېيىن يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىلى ئوبلاستلىق «دوستلۇق دوختۇرخانىسى»غا بېرىپ مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكىنى يوقلىدى، ھاجى ئابدۇقېيىۇم ئابدۇللا مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكىغا ھۆرمەت تونى كىيدۈردى، ھاياجانلىق مىنۇتلار نەق مەيداندىكى بارچە كۆزلەرگە ئىسسىق ياش ئالدۇردى.

چۈشتىن كېيىن «ئەلقىيناق سودا شەھەرچىسى» يەر ئاستىغا جايلاشقان كۇتۇپخانىدا خەتتات ۋە تىجارەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، «خەتتاتلىقنى سودا سارايلارغا، ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش» تېمىسىدىكى نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. يېزىلغان خەتلەر شۇ يەردىكى كارخانىچىلارغا سوۋغا قىلىندى. داڭلىق خەتتات قۇربانجان روزى شەيدائى، نەققاش ئەلى ئابدۇرېھىم مۇئەللىم قاتارلىقلار ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنى قوللاپ كېلىۋاتقان ھاجى ئابدۇقېيىۇم ئابدۇللاغا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى سوۋغا قىلدى. نىياز كېرىم شەرقى ئەپەندى بارلىق خەتتاتلار نامىدىن تون كىيدۈردى.

بۇ قېتىمقى خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەر بىر ـ بىرىدىن ئېسىل ۋە سۈپەتلىك بولۇپ، ھەر ـ بىر يۇرت ۋە ھەرمىللەت خەتتاتلىرىدىن بولۇپ 10 پارچە ئەسەر مۇنەۋۋەر ئەسەر قىلىپ تاللىنىپ، ھەر ـ بىر بىرەيلەنگە 1000 يۈەندىن نەق پۇل، ئەلقىيناق لوگوسى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى (مۇكاپاتقا ئېرىشكەن خەتتاتلار: ئۈرۈمچىدىن ئەرشىدىن راشىد، قەشقەردىن يۇنۇسجان قۇددۇس، قىزىلسۇدىن ھەيدەر ئەلى بەختەلى، تۇرپاندىن ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەت، قومۇلدىن شېرىنگۈل يۇنۇس، كورلىدىن جامالىدىن بىلال، غۇلجىدىن ئابدۇغوپۇر ئەبەيدۇللا، قارامايدىن جارقىن زامانبەك، خوتەندىن ياسىن كەرىم ئۇيغۇرى، ئابدۇراخمان نىياز ئاتەش قاتارلىقلار).

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ يارقىن نۇقتىلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچى، ئۇيغۇر خەتتاتلىق قوراللىرى «قەلەم، قەلەمدان، سىياھدان» قاتارلىقلار كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆرۈشىگە سۇنۇلدى. قەلەم ئۇستىلىرىنىڭ چۈۋەر قوللىرى ئارقىلىق پۈتۈپ چىققان بىر ـ بىرىدىن سىپتا، كۆركەم، ئۇيغۇر نەقىشلىرى سىڭدۈرۈپ ئىشلەنگەن ھەرخىل قەلەم، قەلەمدان، سىياھدانلار كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىردەك يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى، ئىككىنچى، ھەرخىل قەغەزلەر (خوتەن قەغىزى، ئەبرۇ قەغىزى، پىششىق قەغەز، تۈرلۈك نەقىشلىك قەغەز). ئۈچىنچى، خەتتاتلىققا ئائىت ھەرخىل دەرسلىك كىتاپلار، تۆتىنچى، مۆھۈر سەنئىتى، مۆھۈر بىلەن يېزىلغان خەت






سەنئىتى، بەشنچى ، خەتتاتلىقتا سىڭدۇرۇلگەن قول ـ ھۈنەر ، ياغاچ ئويما ئەسەرلىرى (شىنجاڭ فۇنۇن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شىركىتى مۇھەممەت ئاللابەردىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى)، ئالتىنچى، مۇھەممەدجان راشىدىنىنىڭ **1980** ـ يىلدىن ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان **21** پارچە شېئىرلار توپلىمى، يەتتىنچى، ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان نەققاشلىق سەنئىتى (ئەلى ئابدۇللانىڭ قولى بىلەن تۈجۈپلەپ سىزغان نەقشلىرى) تۆۋەندىكىسى پائالىيەتتىن تارتىلغان بىر قىسىم سۈرەتلەر:







# مۇھەممەت ئېلى ھاجىم ۋە ئەبراباي


مۇھەممەت ئېلى ھاجىم شاڭخەي ( 1870 ـ 1952)

قەشقەر جانقورغانلىق كاتتا سودىگەر تۇردى ئاخۇننىڭ **3** ئوغلى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە **3** ـ ئوغلى مۇھەممەت ئېلى ھاجىم شاڭخەي **1870** ـ يىلى تۇغۇلغان. **18** يېشىدىن باشلاپ ئاكىسى ئەبراباي ۋە ئەبرازبايلار بىلەن چاررۇسىيەدە سودا بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ئاخۇنباي بايۋەچچىنىڭ سىچۈەن، چېڭدۇ، خاڭجۇ، سۇجۇدا تۇرۇشلۇق سودا ۋەكىللىرى بىلەن سودا قىلىپ، كېيىن ئاخۇنبايىنىڭ ئوغلى كېرەم ئاخۇن بايۋەچچە بىلەن سۇجۇ خاڭجۇدىكى سودىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرغان. كېيىن تىجارىتىنى شاڭخەيگە يۆتكەپ، شاڭخەينىڭ ھازىرقى فۇجۇلۇ دىگەن يېرىدىكى پاكىستان مەسچىتى يېنىدىن ئىككى پارچە يەر سېتىۋېلىپ سودا ساراي ۋە ئۇيغۇر ئاشخانىسى ئاچقان . بۇ جەرياندا پاكىستانلىقلار بېجىرىپ بەرگەن ۋىزا بىلەن ئىچكىرىنىڭ توقۇلمىلىرىدىن تاۋار ـ دۇردۇن، خام يىپەك ۋە شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەن بۇغا ، بۆكەن مۈڭگۈزى ، ئەلتىرە ، كۆچا كۆرپىسى قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرگە ئاپىرىپ سودا قىلغان . تۈركىيەدە تۈرك ئايال بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توي قىلىپ كېيىن ياپونىيە ئارقىلىق نەنجىڭگە قايتىپ كەلگەن .

مۇھەممەت ئېلى هاجىم شاڭخەي شاڭخەيدىكى سودا سارىيى ۋە ئاشخانىسىنى ئىشقا سېلىپ ، شىنجاڭ ۋە چەتئەللىك سودىگەرلەرنى جەلپ قىلىش بىلەن بىللە نەنجىندە بىر سەرەڭگە زاۋۇتى ۋە سوپۇن زاۋۇتى قۇرغان بولۇپ سودىسى ناهايىتى گۈللىنىدۇ ، 1933 ـ يىلى مۇھەممەت ئېلى هاجىمنىڭ ئاكىسى ئەبراباي قەشقەردە قۇرۇلغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى»نىڭ ئەۋقاپ مۇدىرى بولۇپ قەشقەر يارباغ دەرۋازىسى بىلەن تۈمەن دەرياسى ئارىلىغىدىكى گۆركارلار مەهەللىسىدە ئۈز پۇلىغا 12سىنىپلىق دارىلتام سېلىپ سەككىز سىنىپ ئوغۇل، تۆت سىنىپ قىز ئوقۇغۇچىنى ياتاق ۋە كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمەكتىن تارتىپ دەپتەر ـ قەلەمگىچە بارلىق چىقىمنى كۆتۈرۈپ ھەقسىز ئوقۇتىدۇ . مەكتەپ يېنىغا دارىلئاجىزىن سېلىپ 300 دىن ئارتۇق مېيىپ ۋە ئاجىز يېتىم ـ يېسىرنى يىغىپ هالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ئەبرابايىنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى تارقىلىپ ھەممەيلەننىڭ قايىللىغى ۋە ھۆرمىتىنى قوزغىغاچقا «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى» نىڭ ھەرىكەتلىرى قوللاشقا ئېرىشىپ ھەر قايسى جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن دارىلتام قۇرۇلۇشقا باشلايدۇ ۋە 1935 ـ يىلى «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى»نىڭ باشقۇ ـ رۇشىدىكى دارىلتامىلار 180سىنىپقا يېتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا مەمتىلى هاجىم شاڭخەي ئائىلىسىنىڭ سودىسى روناق تېپىپ يىللىق سوممىسى ئون مىليۇن تىللادىن ئېشىپ كېتىدۇ. 1937 ـ يىلى شېڭشىسەي مۇھەممەت ئېلى هاجىمنىڭ قەشقەردىكى ئائىلىسىنى تالان ـ تاراج قىلىپ نەچچە مىڭ سەر ئالتۇنلىرىنى بۇلىغاننى ئاز دەپ ئىككى ئاكىسىنى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن مەمتىلى هاجىم شىنجاڭغا كېلەلمەي شاڭخەيدە تۇرۇپ قالىدۇ.

1949 ـ يىلى مۇھەممەت ئېلى هاجىم شاڭخەي قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. 1950 ـ يىلى چەتئەل جاسۇسى دەپ قولغا ئېلىنىپ، 1952 ـ يىلى 82 يېشىدا تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

# مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى ( 1990 ~1914 ) مول تارىخىي بىلىمگە ئىگە تارىخشۇناس ۋە تەزكىرىشۇناس بولۇپ ، «قەشقەردىكى يادىكارلىقلار» ، «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا» ، «ئابدۇقادىر داموللا ئۆلتۈرۈلگەن پاجىئەلىك كېچە» قاتارلىق بىر يۈرۈش تەتقىقات ۋە ئەسلىمە خاراكتېرىگە ئىگە ئېسىل ماقالىلىرى بار . بۇ قىممەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن بىلەن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى (ئىشقى) بىلىمخۇمار ئەۋلادلار قەلبىدىن مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

# مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف



(1915 ـ 1970) گېنېرال مايور مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا مۇھىم رول ئوينىغان مەشھۇ شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، 20 يېشىدىلا كۈرەش جەڭچىسى ، قابىل تەشكىلاتچى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ گومينداڭنى شىخودىن قوغلاش جېڭىدىكى باتۇرلىغىنى، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن شىددەتلىك ئوقلارغا پەرۋا قىلماسلىقتەك قەيسرانە روھىنى ئەۋلادلىرى مەڭگۈ ئەستىن چىقارمايدۇ .

## مۇھەممەد ئەۋەز

(18 ـ 19 ئەسىر) قاراقاش، «مەھدۇم ئەزەم» ، «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلىرى بار .

## مۇھەممەد بىن ئەلى جاففار

(12 ـ ئەسىر) سەمەرقەند، قاراخان مەسئۇد بىن ئەلى قىلىچ تابغاچ خان (1156 ـ 1162)غا بېغىشلاپ «دۆلەت سىياسىتىنىڭ ئاساسى ئۆلچەملىرى» ناملىق بىر ئەسەر يازغان.

## مۇھەممەد دۆلەت خوجايار ئوغلى غەرىب ~ شەھيارى

(19 ـ ئەسىر) شايار، «ئىشتىياقنامە» ناملىق داستانىنى يازغان.

## مۇھەممەد خوجا نىزامىدىن

(1837) قاراقاش، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىنى تەرجىمە قىلغان.

## مۇھەممەد رەھىم



مۇھەممەد رەھىم 1926 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىسىدە ياغاچچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى مەمۇرىي ۋە ھەربىي سەپلەردە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1954 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە قەشقەر شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1974 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا، كېيىن ئاتالمىش «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1981 ـ يىلى ئۇيغۇر دىيارى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالىغاندا، «باھار قوشاقلىرى» ناملىق چاتما شېئىرى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1986 ـ يىلى ئۇنىڭ «شېئىرغا ئىلتىجا» ناملىق شېئىرى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان . ئۇ توپلاپ رەتلىگەن «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» ناملىق كىتاۋىنىڭ 1 ـ قىسمى 1983 ـ يىلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ «بەخت ناخشىلىرى» ، «گۈلباھار» ، «ئايدىڭ كېچە» ، «سېغىنىش» ، «غۇنچىلارغا» ، «مۇھەببەت سەۋدالىرى» ناملىق شېئىر توپلاملىرىنى ئوقۇغان كىشىلەر مۇھەممەد رەھىمنىڭ دەۋرىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ئىكەنلىگىنى بىلىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېتىشكەن تىل ئۇستىسى ئىكەنلىگىنى بىلىشى ناتايىن. ئۇ كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، نادىر شېئىرلارنى يېزىپ ، شائىرلارغا ئۈلگە بولغاندىن سىرت ، تىلىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ، تۈزەتمىسە بولمايدىغان نۇقسان ، خاتالىقلارنى ئىلمىي ئوپېراتسىيە قىلىپ ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداپ ، تىلىمىزنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى ۋە قوشماقتا. كىشى ئۇنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئىخچام، مېغىزلىق، ئۆتكۈر ماقالىلىرىنى ئوقۇسا، ئۇنىڭ شوخ، جۇلالىق، لىرىك شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندەك ھاياجانلىنىدۇ، تىل ـ يېزىق توغرىسىدا يېڭى ـ يېڭى بىلىمگە، چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ ، ئاڭلىسا ،

www.uyghurkitap.com



«هاي، تەنتەكىم! ئۇرغۇي ئەمەس، ئۇيغۇر؛ يوقسۇز ئەمەس، يوقسۇل؛ كولبا ئەمەس، كۇلبە؛ ئاز ئۆتمەي ئەمەس، كۆپ ئۆتمەي؛ سىز نەگىلا بارماق ئەمەس، نەگىلا بارسىڭىز؛ ياندىكى ھېسپىنىڭ قەدرى يوق ئەمەس، ياندىكى كاسپىنىڭ قەدرى يوق؛ مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق بەزگە ئاغراق ئەمەس، مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق، گۆشكە ئامراق، قېرىنىڭ چىشى يوق تۆشكە ئامراق؛ ئۆردەك گۆشى يېسەڭ غازنىڭ پېيىدا بول ئەمەس، ئۆردەك گۆشى يېسەڭ ئۇنىڭ پېيىدە بول؛ بەش قول تەڭ ئەمەس، دېمەي بەش بارماق تەڭ ئەمەس، دەپ ياز » دېگەندەك ئورۇنلۇق سادا جاراڭلايدۇ.

مۇھەممەد رەھىمنىڭ تىل ـ يېزىق، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر ماقاللىرى **100** پارچىگە يەتمىسمۇ ، ئوينىغان رولى **1000** پارچە ماقالىدىن ئېشىپ كېتىدۇ . «بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى ئا، ئە سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ < ئې ، ئى > گە نۆۋەتلىشىشى توغرىسىدا» (**1957** ـ يىل)، «تىك چېكىتكە جاۋاپ» (**1957** ـ يىل)، «ئاياغ ۋە يولداش توغرىسىدا» ، «شېئىرلاردىكى پەش ئىسراپچىلىقى» ، «كىم بىلەن كىم ساۋاقداش» ، «ياخشىراق ئويلاپ كۆرەيلى» ، « < هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى > دىكى قىسمەن مەسىلىلەر توغرىسىدا» ، «تىلىمىزدىكى تەتۈر گەپلەر»، «بىر سۆز ئۈچۈن مىڭ سۆز» ، «رىيازەت چەككەن سەككىز ھەرپ» ، «سۆزلەر بىلەن مۇھەببەت»...قاتارلىق ماقاللىرى ئۇيغۇر تىلىنى تۈرمۈشتا ، مەتبەئە ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىدە ئىشلىتىش، قوللىنىشتا يول قويۇلىۋاتقان ئېغىر خاتالىق ، كەمچىلىك ، نۇقسانلارغا قارىتىلغان بولۇپ ، ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، جەمئىيەتتە زور زىلزىلە قوزغىدى . تىل ـ يېزىقتا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئېتىۋارىغا ئېرىشتى .

مۇھەممەد رەھىمنىڭ ماقاللىرىنىڭ ئىلمىيلىكى كۈچلۈك بولۇپ ، قاراتمىلىقى ئىگە . يېزىلىش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ، جەلپ قىلارلىق ، مەنتىقىلىق ، ئوقۇرمەنىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ ، قايىل قىلىدۇ ، ئويلاندۇرىدۇ . ئۇنىڭ **2000** ـ يىلى ئاۋغۇستتا يازغان «تىلىمىزدىكى تەتۈر گەپلەر» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا تىلىمىزدىكى تەتۈر گەپلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ، ئۇنىڭ زىيىنى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان . ئوقۇغان كىشى قەلەم ئىگىسىنىڭ كۆزىتىش كۈچى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ . بۇ يەردە تەتۈر گەپلەرنىڭ بىر قىسمىنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە: «سىز نەگە بارماق، مەن سىزنى ئىزدەپ تېپىۋالىمەن» ، «قانداق ئەھۋال يۈز بەرمىسۇن، ئۇن چىقارماڭ»، «سەن نېمىلا دېمە، مېنى ئىشەندۈرەلمەيسەن» ، «مەن كىمنىلا ئۆلتۈرمەي ، ماڭا بەرىبىر» ، «بۇندىن كېيىن مەيلى ئۇ قانداق خاتالىق ئۆتكۈزمىسۇن ، مەن سىلەرنى جازالايمەن» ، «ئۇ قانداقلا ئويۇن ئوينىمىسۇن ، قىلچە پايدىسى يوق»... مۇنداق تەتۈر گەپلەر ئۈستىدە مۇھەممەد رەھىمدىن بۇرۇن ھېچكىم توختالمىغان . مۇنداق تەتۈر گەپلەر تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ كەتكىلى ئۇزاق بولغان بولۇپ ، بەزىلەر ئۇنى يەنىلا ئاڭسىز ھالدا ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ .

مۇھەممەد رەھىم ئۆمرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ، شېئىرىيەت ، تىل ـ يېزىق ساھەسى بىلەن تەڭ شۇغۇللىنىپ كەلگەن . ئۇ 5 ـ ، **6** ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەربىيىسى بىلەن خەلق قوشاقلىرى ۋە ماقال ـ تەمسىللەرگە ئىشتىياق باغلىغان ، خەلق قوشاقلىرى ئۇنى تەدرىجىي شېئىرىيەت دۇنياسىغا ئېلىپ كىرگەن . ئۇ **1947** ـ يىلى **7** ـ ئايدا ھەرىبىي سەپتىن قايتىپ ، ئەينى چاغدىكى «كۈرەش» ژورنىلىدا كوررېكتورلۇق ۋە تەھرىرلىك قىلغان .

**1954** ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئىشلەۋاتقاندا ئاتالمىش شىنجاڭدا يېڭىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى» دە ئوتتۇرا ئەمزىنىڭ ئايرىغۇچ بەلگە قىلىنمىغانلىقى (رايە، ئانە، تەبەت، پىونىر، شېىر» لارنىڭ ئەمزىسىز يېزىلىدىغانلىقى) كاللىسىدىن ئۆتمەي، ئۆز پىكرىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئېرىنمەي سۇنغان . لېكىن بۇ پىكىرلەر ئۆز ۋاقتىدا

ئەمەلىيلەشمگەن ئىدى . 1981 ـ يىلى تىل ـ يېزىق كومىتېتى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى مۇھەممەد رەھىمنىڭ پىكرىنى توغرا تېپىپ ، يۇقىرقى سۆزلەرنىڭ «رىئايە، ئىئانە، تەبىئەت، پىئونېر، شېئىر»، دەپ يېزىلىدىغانلىغىنى بېكىتتى. 1983 ـ يىلى تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئىملا قائىدىسى» دە سوزۇق تاۋۇشلىرىمىزنىڭ ئىا، ئىە، ئىو، ئىۇ، ئىۆ، ئىۈ، ئىې، ئىى شەكىللىرى كۆرستىلمەي مۇھەممەد رەھىمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى . ئۇ 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «رىيازەت چەككەن سەككىز ھەرپ» ناملىق ماقالە يېزىپ، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرۇپ ، سەككىز ھەرپىنىڭ بۇ سەككىز شەكلىنى جايىغا كەلتۈردى .

1954 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە ئىملا قائىدىلىرى» قوللىنىلغاندىن كېيىن مەتبۇئاتلاردا «بەر، تەگ، چەك، دە، يە، كەچ، كەل، كەت» قاتارلىق پېئىل يىلتىزلىرى تۇرلەنگەندە «ئى، ى » گە ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ يېزىلىدىغان ئەھۋال ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مەسلەن: بەر ـ بىرىش، تەگ ـ تىگىش، كەل ـ كېلىش، كەت ـ كىتىش... ۋەھاكازا. مۇھەممەد رەھىم مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن «بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى < ئا، ئە > سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ < ئې، ئى > گە نۆۋەتلىشىشى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالە يازدى. مۇھەممەد رەھىمنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن «ئۇيغۇر يېڭى يېزىغىنىڭ ئىملا قائىدىسى» (1965 ـ يىلى) دە بىر بوغۇملۇق پېئىل يىلتىزلىرى: ئال، بەر، قاچ، كەت، ماڭ، يات، يەت، تەگ...لەر تۇرلەنگەندە ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى « ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى باشقا سۆز تۇركۈملىرىگە ئوخشاش «ئې، ئى» گە ئاجىزلىشىدۇ، دەپ ئۆزگەرتىلدى.

ماڭا نىسبەتەن، دەيدۇ مۇھەممەد رەھىم، تىل ـ يېزىق مەسىلىلىرى توغرىسىدا ماقالە يېزىش شېئىر يېزىشتىن نەچچە ھەسسە قىيىن. شۇڭا ھەر قېتىم بۇ تېمىدىكى ماقالىدىن بىرنى يېزىپ بولغىنىمدىن كېيىن، ئەمدى يازمايمەن، دەپ ۋەدە قىلىمەن، يەنە يېزىۋاتىمەن. چۈنكى ھەۋەس، ئىشتىياق بۇنداق پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغان ۋەدىلەرنى يىرتىپ تاشلىۋېتىدىكەن .

مۇھەممەد رەھىم مۇشۇنداق ئالىيجاناپ ئىشتىياقىنىڭ تۈرتكىسىدە 1947 ـ يىلدىن باشلاپ مەتبۇئات، ئاخبارات ساھەلىرىدە ۋە تۇرمۇشتىكى جانلىق تىل قايناملىرىدا يۈز بېرىۋاتقان تىل ـ ئىملا، تاۋۇش ۋە تەلەپپۇز مەسىلىلىرىگىچە «كۆز ـ قۇلاق» بولۇپ ، ھەتتا ئۆزى بىلەن ھېچقانچە ئالاقىسى يوق ئادەملەر ئارىسىدىكى سۆزلەرنىڭ تىل ـ ئىملا خاتالىقلىرىغا ئارىلىشىپ، «كوررېكتور»لۇق قىلىپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇچرىغان كۆڭۈلسىزلىك ، ئوڭۇشسىزلىق ، ئاۋارىچىلىق ، قىيىنچىلىقلارغا بەل قويۇۋەتمەي، ھېرىپ قالماي ، تىلىمىزدىكى كىرەكسىز ۋە ساغلام بولمىغان سۆز ئەخلەتلىرىنى قەيسەرلىك بىلەن چىقىرىۋېتىپ ، ئىختىلاپلىق شەكىللەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، تىلنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

# مۇھەممەد رۇسۇل شەۋقى

(1853 ـ ؟) گۇما، «دىۋانى شەۋقى» ناملىق قىممەتلىك ئەسىرى بار .

www.uyghurkitap.com



# مۇھەممەد سالىھ داموللام



دىنىي ئالىم، «قۇرئان كەرىم» ، «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى» (ھەدىس)، «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق كاتتا ئەسەرلەرنى ئەرەپچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان كىشى.

1991 ـ يىلى 10 ـ ئاي. ئەرەپ مىسىر جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى قاھىرەدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋلۇدىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن خەلقئارالىق تەنتەنىلىك يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. ئىلمى مۇھاكىمە خاراكتېرىنى ئالغان بۇ قېتىملىق يىغىندا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن تاللانغان خەلقئارا ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان 10 ئالىم مىسىر زۇڭتۇڭى مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەكنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ ، ھۇسنى مۇبارەكنىڭ ئۆز ئىمزاسى قويۇلغان تەبرىك شاھادەتنامىسىنى ئۆز قولىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ 1 ـ دەرىجىلىك ئىلىم پەن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلاندى . دۇنيادىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ تۆھپىكار ئالىملارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى بەس ـ بەستە خەۋەر قىلىشتى . بۇ ئون ئالىم ئىچىدىكى تولىمۇ يىراق تەكلىماكان باغرىدىن كەلگەن، بېشىغا يارىشىملىق بادام دوپپا، بەقەسەم تون كىيگەن بىر ئۇيغۇر گېزىت ـ ژورنال مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارەت قىلىش ئوبېكتى بولۇپ قالدى.

ئىسلام دىنى تەتقىقات ساھەسىدىكى سەمەرىلىك نەتىجىلىرى بىلەن ئۆز خەلقىنى خەلقئارالىق سەھنىلەرگە ئېلىپ چىققان بۇ كىشى دىنشۇناس ، قۇرئانشۇناس ، تەتقىقاتچى ئالىم مۇھەممەد سالىھ داموللام ئىدى.

1992 ـ يىلى رامىزان ئېيى. ماراكەش پادىشاھلىقىنىڭ راباتتىكى خان ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن رامىزان لېكسىيە ئوقۇش يىغىنى داۋام قىلىۋاتاتتى . كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگا ـ رەڭ گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن شاھلىق تۆشەك ئۈستىدە ماراكەش پادىشاھى ھەسەن 2 ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىلىرى ، سول تەرىپىدە ماراكەشنىڭ ھەربىي ، مۈلكى ئەمەلدارلىرى ، ئالدى تەرىپىدە بولسا مەخسۇس تەكلىپ قىلىنغان چەتئەللىك نوپۇزلۇق دىنىي ئالىملار ئولتۇراتتى . پادىشاھنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىسلامىيەت ئىلمى تەتقىقاتىنى ئاساس قىلغان لېكسىيە ئوقۇش يىغىنىغا پادىشاھ ھەسەن 2 شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى . بۈگۈنكى لېكسىيە ئوقۇش نۆۋىتى جۇڭگودىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئالىم مۇھەممەد سالىھقا كەلگەن ئىدى . مۇھەممەد سالىھ ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن ئەرەپ تىلىدا يېزىپ تەييارلىغان «شىنجاڭدىكى مەسجىدلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىدىكى رولى» دېگەن تېمىدىكى ئىلمى ماقالىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى . بىر سائەتكە يەتمىگەن قىسقا ۋاقىتتا ماقالىنىڭ ئاساسى ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئەمما مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنىڭ بۇنداق خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىششى تۇنجى قېتىم ئەمەس ئىدى، شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئانچە قىينالماستىن، ماقالىنى كۆڭلىگە پۈككەن پىلان بويىچە ئىخچاملاپ ، چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھىلىدى .

يىغىندىن كېيىن مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنى پادىشاھ ھەسەن 2 قوبۇل قىلدى . مۇھەممەد سالىھ ھاجىم ئۆزىنىڭ ئىسلام تەتقىقاتى ساھەسىدە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە «قۇرئان كەرىم» بىلەن «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى تەقدىم قىلدى. شۇ پۇرسەتتە مۇھەممەد سالىھ ھاجىم جۇڭگو ـ ماراكەش دوستلىقىنى مەدھىيىلەپ ئەرەپ تىلىدا يازغان قەسىدىسىنى پادىشاھقا سۇندى . كېيىن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ تەكلىۋى بىلەن بۇ قەسىدىنى لېكسىيە ئوقۇش يىغىنىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئېلىپ بېرىلغان داغدۇغىلۇق تەبرىكلەش پائالىيىتىدە دېكلاماتسىيە قىلىپ

ئوقۇپ بەردى . تەكلىماكان باغرىدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز ئانا تىلى بولمىغان ، يەنە كېلىپ ئەڭ تەس تىل ھېسابلىنىدىغان ئەرەپ تىلىدا يازغان بۇ پاساھەتلىك قەسىدىسىدىن يىغىن قاتناشچىلىرى ئىسلام تارىخىدا تۆھپىسى زور ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ تارىختىكى سىماسىنى قايتا كۆرگەندەك بولدى ۋە ئۇزاققىچە ئالقىش ياڭراتتى... قەسىدە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ ھەسەن2 بۇ ئالىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ: «قەسىدىنى ناھايىتى پاساھەتلىك يېزىپسىز، خۇددى ئىبنى زەيدۇن (ئەرەپلەرنىڭ ئاتاقلىق كىلاسسىك شائىرى) نىڭ شېئىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم» دېدى. ماراكەشنىڭ دىنىي ئىشلار ۋەزىرى ، ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇلكەبىر ئەلەۋى «پادىشاھ ئالىيلىرى سىزنىڭ قەسىدىڭىزنى چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى . ئىلگىرى بىرەر ئەدىپنىڭ ئوقۇغان شېئىرىغا چاۋاك چالغان ئەمەس» ، دېدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر ماراكەشتە يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان رامىزان ئېيى لېكسىيە ئوقۇش يىغىنىغا مۇھەممەد سالىھ ھاجىمنى بىرەر قەسىدە يېزىپ ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇردى . ھەر يىلى ئۇنىڭ يىغىندا يېزىپ ئوقۇغان قەسىدىلىرى شۇ يىللىق لېكسىيە توپلىمىنىڭ ئالدىنقى بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى.

**1998** ـ يىل مۇھەممەد سالىھ ھاجىم رامىزان ئېيى لېكسىيە سۆزلەش يىغىنىغا قاتنىش ئۈچۈن ماراكەشكە ئەمدىلا يېتىپ بېرىشىغا دىنى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەۋى ئۇنىڭغا: «سىزگە خۇشخەۋەر، يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا يىغىنغا قاتناشقان پۈتۈن ئالىملارغا ۋاكالىتەن پادىشاھ ئالىيلىرى ھوزۇرىدا خۇلاسە سۆزى قىلىشقا سىزنى تەيىنلىدۇق . بۇ چوڭ شەرەپ، بۇنىدىن بۇرۇن بۇ ئىشقا پەقەت ئەرەپ ئالىملىرىلا تەكلىپ قىلىنغان . غەيرى ئەرەپ ئالىملىرىدىن تۇنجى بولۇپ سىز تەكلىپ قىلىندىڭىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد سالىھ ھاجىم پۇختا تەييارلىق قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ، ئالىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى . پادىشاھ ھەسەن2 مۇھەممەد سالىھ ھاجىمغا تارتۇقلاش يۈزىسىدىن ، ماراكەشنىڭ ئادىتى بويىچە شاھانە كۇلالىق تون بىلەن يەتتە قەۋەت لىباس كىيگۈزدى.

مۇھەممەد سالىھ **1936** ـ يىلى ئاتۇشتىكى فازىل، تونۇلغان ئالىم سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سالىھ داموللا ھاجىم ئەينى زاماندا ئەرەپ، پارس ئەدەبىياتى بويىچە يېتىلگەن ئەدىپ، ئىسلام دىنى ئىلمىدا توشقان كاتتا ئۆلىما ، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى . يەننى مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن مۇھەممەد سالىھ دادىسىنىڭ تەسىرىدە كىچىگىدىنلا ئەتراپلىق دىنى تەلىم ئېلىشقا باشلىدى **11** يېشىدىلا خەتمىدىن ئۆتۈپ ، مۇرەتتەپ قارى بولغاندىن كېيىن ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى ، كېيىنكى ئېغىر جاپالىق كۈنلەردىكى قىيىن شارائىت ۋە بېسىم ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى ۋە بۈيۈك غايە ئۈچۈن تىكلىگەن ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمىدى . دادىسى سالىھ داموللا ھاجىم ئوغلىنىڭ يۇمران قەلبىدە ئۇنىڭ توغرا يۆلىنىش بويىچە ئەتراپلىق يېتىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئۇنتۇلغۇسىز، ئىلھامبەخش ئىزلارنى قالدۇرغان ئىدى.دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى ئىلىم تۈرلىرىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بولغان مۇھەممەد سالىھ كېيىن بېيجىڭغا بېرىپ ، جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتوتىدا بىر يىل ئوقۇدى . ئەينى چاغلاردا مىسىردىن تەكلىپ قىلىنغان بەھىيۇددىن زەييانى ، شەيخ ئابدۇللەتىپ ھامىد سۇلايمان قاتارلىق پىروفېسسورلارنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىگىدە ، تەپسىر ، ھەدىس ، فىقھى ، ئەقىدە ، ئىسلام پەلسەپىسى ، ئىسلام تارىخى ، ئىلمى بالاغەت ، ئىلمى كالام ، ئەرەپ ئەدەبىياتى قاتارلىق پەنلەرنى سىستېمىلىق ئۆگەندى . **1960** ـ يىلى كۆزدە مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا ئورۇنلاشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرى بويىچە پۈتۈن زېھنى بىلەن دىن تەتقىقات خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى . «قۇرئان كەرىم» دۇنيادا نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىۋاتقان شارائىتتا ، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ يوقلىغى زور بىر بوشلۇق ئىدى . ئۇنى تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇر كىتاپخانلىرىنى قۇرئاننى بىۋاستە چۈشىنىش ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى جىددى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئىلىم ـ پەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


خادىملىرىنى قۇرئاننى تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى . ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بۇ تەشنالىقىنى چۈشەنگەن مۇھەممەد سالىھ «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشنى نىيەت قىلىپ ، خېلى بۇرۇندىن تارتىپ نۇيۇزلۇق قۇرئان تەفسىرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىتاپلارنى توپلاشقا كىرىشكەن ئىدى . «قۇرئان كەرىم» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش مۇرەككەپ بىر تەتقىقات جەريانى بولدى . مۇھەممەد سالىھ ھەر ـ بىر ئايەتنى تەرجىمە قىلغاندا نۇپۇزلۇق تەپسىر كىتاپلىرىغا ۋە كىلاسسىك ئەرەپ تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئەرەپ تىلى سېلىشتۇرۇلغان لۇغەت ـ قامۇسلارغا مۇراجىئەت قىلدى. ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ھەر ـ بىر سۆز ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدەندى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالاھىدە ئۇرنىنى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر ـ بىر ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە ئەينەن تەرجىمە قىلدى . كىتاپخانىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ، زۆرۈر تېپىلغاندا جايلارغا قىستۇرما سۆز ۋە قىسقىچە ئىزاھلارنى بەردى. بۇ ئىزاھلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشەنچلىك قۇرئان تەپسىرلىرىدىن تاللاپ ئېلىندى.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەر ـ بىر مۆجىزە، ئۇلۇغ ئىشلار كىشىلەرنىڭ قان ـ تەر تۆكىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مۇھەممەد سالىھ كۆپ يىللىق جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» نى ئەرەپ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەلەپكە لايىق رەۋىشتە تەرجىمە قىلىپ چىقتى. قۇرئاننىڭ قىسقىچە تەفسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ تەرجىمە پۈتۈپ نەشر قىلىنىش ئالدىدا، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بويىچە دىيارىمىزدا مۆتىۋەر ھېساپلانغان 15 نەپەر نوپۇزلۇق ئالىمنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشىغا سۇنۇلدى . ئۆلىمالار تەرجىمىنى باشتىن ـ ئاخىر مۇتالىئە قىلىپ چىقىپ ، بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپ ، ئالاھىدە تەھسىن ئوقۇپ ، تەقرىز يېزىپ بەردى . بۇ تەرجىمە 1986 ـ يىلى مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 200 مىڭ پارچە بېسىپ تارقىتىلدى . شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم» نىڭ بۇ تەرجىمە نۇسخىسى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى فەھدىنىڭ تەستىقلىشى ۋە ئەمرى بىلەن پادىشاھنىڭ قۇرئان بېسىش مەتبەسىدە بىر قانچە يۈزمىڭ پارچە بېسىلىپ ، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرگە تارقىتىلدى. سەئۇدىدا بېسىلغان بۇ نۇسخا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئارقىلىق ئالدۇرۇلۇپ ، شىنجاڭدىمۇ خېلى نۇرغۇن تارقىتىلدى . ئۇنىڭدىن باشقا ئالىم ئىشلىگەن «قۇرئان كەرىم» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ سىلاۋيان يېزىغىدىكى نۇسخىسى مۇسكۋادا نەچچە مىڭ نۇسخا بېسىپ تارقىتىلىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مۇھەممەد سالىھ يەنە ھەدىس ئىلمىدىكى ئالتە ئىشەنچلىك ، نوپۇزلۇق كىتاپلارنىڭ بىرىنچىسى بولغان «سەھىھۇلبۇخارى»نى ۋە «ۋەھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق كىتاپلارنىمۇ ئەرەپ ـ چەدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

مەيلى قۇرئان ياكى ھەدىس بولسۇن، ئالاھىدە ئىجتىمائىي مۇھىتتا ۋە تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ، تىلى بۈنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى ئەرەپ بەدىئىي تىلىنى ئاساس قىلغان، پاساھەت بالاغىتى ۋە بەدىئىيلىگى يۇقىرى ئىدى . شۇڭا ئۇنى چۈشىنىش، ئەسلىگە سادىق بولغان ھالدا تەرجىمە قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى . ئىستىبداتلىق دىنى ئالىم مۇھەممەد سالىھ ھاجىم ئۇزۇن يىل كىتاپلار دېڭىزىدا ئۈزۈش، نۇرغۇن زېھنى قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭمۇ پاساھەت ، بالاغىتى ۋە بەدەئىلىگى يۇقىرى بولۇشتەك ئەۋزەللىگىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئاخىر بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

ئۇلاردىن باشقا، ئۇ يازغان ‹‹قۇرئان كەرىم ›نىڭ 29 ـ ۋە 30 ـ پارىلىرىنىڭ تەپسىرى›› . ئىسلام ئېتىكىسىغا ئائىت 30 نەچچە تېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ‹‹ ‹قۇرئان كەرىم› ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما›› ناملىق كىتاپ ۋە ئوتتۇرا ھەجىملىك «ئەرەپچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» نەشردىن چىقىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى . بولۇپمۇ بۇ ئىستىبداتلىق ئالىمنىڭ 20 يىللىق جاپالىق ئەجرى ۋە يۈرەك قېنىنىڭ مېۋىسى بولغان چوڭ ھەجىمدىكى «ئەرەپچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» 2002 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشردىن چىقىپ، بۇ ساھەدىكى زور بوشلۇقنى تولدۇردى. يەنە

«دۇئانىڭ ئەھمىيتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار» ناملىق كىتاۋىنى نەشرىدىن چىقىپ تارقىتىلدى.

مۇھەممەد سالىھنىڭ تەتقىقاتى دىنىي تېمىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، تارىخ، تىل، مائارىپ ساھەلىرىگىمۇ چېتىلىدۇ.

مۇھەممەد سالىھ **1961** ـ يىلدىن تارتىپ تارىخشۇناس ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ «دىۋان لۇغەتىتتۈرك» كىتاۋىنى ئەرەپچە فاكسىمىل نۇسخىسى بىلەن باسما نۇسخىسىغا ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. **4** يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك تاماملاپ نەشرگە سۇنۇش ئالدىدا «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلىنىپ، شۇ «ئىنقىلاپ» قالايمىقانچىلىقىدا ئۇ تەرجىمە نۇسخا تالان ـ تاراج قىلىنىپ زايا بولۇپ كەتتى. مۇھەممەد سالىھ يەنە ئۆزى يالغۇز ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئاساسىدا «جامىئۇتتەۋارىخ»، «تەۋارىخ خەمسە»، «غازات دەر مۇلكى چىن»، «ئىھيا ئۇلۇمىددىن»، «مەكتۇبات»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «سىررۇلمۇخلىس» ، «زەپەرنامە»، «تەزكىرەئى ئۇۋەيسىيە»، «تەۋارىخ جەدىدە»، «جەھدۇلمۇقىل» قاتارلىق كىتاپلارنى تەرجىمە قىلىپ، ئىلمى تەتقىقات ئىشلىرىنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئالىم مۇھەممەد سالىھ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە **27** يىل ئىشلەش جەريانىدا نۇرغۇن ئىجتىمائىي، ئىلمى تەكشۈرۈشلەرگە ۋە ماتېرىيال توپلاشقا قاتناشتى. جاپالىق ئىزدىنىپ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئېگەللەش ئۈچۈن دىيارىمىزدا ئۇنىڭ ئايىغى تەگمىگەن قەدىمى جايلار، يادىكارلىقلار، مازا ـ ماشايىخلار، مەسجىد ـ مەدرىسلەر قالمىدى. ئەينى چاغدىكى دىنىي ئۆلىمالار، پىشقەدەم ۋەقەشۇناسلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى زىيارەت قىلىپ ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇ شۇ جەريانىدا «ئۇلۇغ ئەدىپ تەجەللىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدا»، «رۇقەئاتى نەۋائىي ھەققىدە»، «ئاپپاق غوجا مازىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنىشى توغرىسىدا»، «مازارپەرەسلىك ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى خۇسۇسىيەت ـ ـلىرى»، «(قۇتادغۇبىلىك)تىكى ئۇدغۇرمىش ئوبرازى توغرىسىدا»، «شىنجاڭنىڭ دىنى مائارىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ئۆتمۈشى»، «ئىسلام دىنى تارىخىدىكى خاۋارىجلار گۇرۇھى»، «شىئە ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا»، «شىنجاڭدىكى مازارلار توغرىسىدا»، مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ نەسەپنا ـ مىسى»، «ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم پەن»، «دۇئانىڭ ئەھمىيتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار»، «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى» ، «تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن» قاتارلىق ئىلمى ماقالىلەرنى يازدى . بۇ ماقالىلەرنىڭ بەزىلىرى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلدى ۋە مەركەز ۋە يەرلىكتە چىقىدىغان «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» قاتارلىقلاردا ئېلان قىلىندى .

مۇھەممەد سالىھ يەنە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى . «تەجدىد» ناملىق غەزەللەر دىۋانىنى ، «تۇتنامە»نى، چوڭ ھەجىملىك داستان «مۇھەببەتنامە» ، ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ۋە دادىسى سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلىدى ۋە «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ بەزى سانلىرىدا ئېلان قىلدى.

مۇھەممەد سالىھ بىر تەرەپتىن جاپالىق ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن **1987** ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئىسلام ئېنىستىتوتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. يارامىلىق دىنىي ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ھاردىم ـ تالدىم دېمەي تەر تۆكتى. ئېنىستىتۇتنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىكى خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش تۈرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ ، نازارەتچىلىك قىلىشلا ئەمەس ، بەلكى ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ ئىشلىدى ، دەرسلىكلەرنى تۈزدى ، دەرسخانىغا كىرىپ بىۋاستە دەرس ئۆتتى .

**2018** ـ يىلى **1** ـ ئاينىڭ **24** ـ كۈنى **82** يېشىدا ختاي تۈرمىسىدا پاجىئەلىك قىيىن قىستاققا ئېلىنىپ شېھىت قىلىندى.

جەنابىي الله بۇ مۇبارەك ئالىممىزنىڭ ئۇ دۇنيا ھاياتىنى جەننەتى فىردەۋسى بىلەن

www.uyghurkitap.com


ئەۋزەللەشتۈرگەي ، امىن !!!

# مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى ، 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەدىبى ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى ، شائىر ، ئۆلىما مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى 1715 ـ يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان . ئۇ قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ ، ئۇزاق مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلغان . ئەرەپ ، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەندىن سىرت ، قانۇن ، پەلسەپە ، ئەدەبىيات ۋە ئىسلامىيەت قاتارلىق پەنلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۆتىۋەر ئالىملىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن .

مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى مۇسۇلمان شەرق ئەللىرى مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى نەمۇنىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا، 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىران ئالىمى قابۇس ئىبنى ۋەشمىگىرنىڭ ئۆز ئوغلى كالانشاھقا ۋەسىيەت ئورنىدا يېزىپ قالدۇرغان: «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرى بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆزىمۇ شۇ ماۋزۇدا بىر ئەسەر يېزىشنى پىلانلاپ ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە باي ماتېرىياللارنى توپلاش مەخسىتىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ، يازماقچى بولغان ئەسەرنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە قىممەتلىك ئىلمىي ماتېرىياللارنى يىغقان. نەتىجىدە، شۇ چاغدىكى قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەد ئىبراھىم بەگ كېپەك بەگ ئوغلىنىڭ تەۋسىيىسى ۋە ياردىمى بىلەن 1785 ـ يىلى كىشىلەر تەرىپىدىن «سىدىقنامە» دەپ ئاتالغان دىداكتىك ئەسىرنى يېزىشقا كىرىشىپ، 1787 ـ يىلى تاماملىغان.

ئالىم ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق ئىككى مىسرا نەزىم يازغان:

يېشىم يەتمىش بەشكە يەتكەندە كۆرەشتىم تاغ ئىلە،
قازدىم بەھرى يەتكەي دەپ تاغنى تىرناقىم ئىلە.

بۇ مىسرالاردىن مۇھەممەد سىدىق بەرشىدىنىڭ «سىدىقنامە» ئەسىرىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا، يەنى 75 ياشقا كىرگەندە يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى چۈشەنسەك، يەنە بىر تەرەپتىن خۇددى تىرناق بىلەن تاغ كولىغاندەك مۇشەققەتلىك ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، جاپالىق ئىزدەنگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

«سىدىقنامە» 44 بابتىن تۈزۈلگەن پەند ـ نەسھەت خاراكتېرىدىكى نەسرىي ئەسەردۇر. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تولىمۇ كەڭ دائىرىدە بولۇپ، سىياسەت، پەلسەپە، قانۇن، ئەدەبىيات، دىن، ئەخلاق، تۇرمۇش، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ئىلىم ـ پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ۋە مەلۇم ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. كىشىلىك ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ ئۆلچەملىرىنى مۇكەممەل ۋە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەت، ھەققانىيەت، راستچىللىق، ۋاپادارلىق، قەھرىمانلىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك كۆز قارىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

«سىدىقنامە» ئەسىرگە قىستۇرۇلغان بىر قىسىم شېئىرلار ئىنتايىن مۇكەممەل بەدىئىي تۈزۈلۈشكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالىمنىڭ سىياسىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن.

ئى كۆڭۈل قاچقىل بىيابانلاردا ۋەھشىيلەر كەبى،
تۇتمىغىل ئۆلپەت يامانلار بىرلە ياخشىلار كەبى.
تۇتقىچە ئۆلپەت يامانلار بىرلە، تەنھالىقتا بول،
لەئلەكانى ئىچرە قايىنالغان بەدەخشىلەر كەبى.

ئاپتور بۇ مىسرالاردا بىزنى يامانلار بىلەن ئۆلپەت بولماسلىققا ئاگاھلاندۇرسا، يەنە:

كى يامانلىق ئەيلىسە تاپماس يامانلىقتىن ئامان،
ئۆل يامانلىق ئاپتى يانغان ئۆزىگە بىگۇمان.

دەپ يېزىش ئارقىلىق يامانلىق، رەزىللىكنىڭ چوقۇم زاۋال تاپىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ.
مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى مەشھۇر ئالىم، ئەرەپ، پارس تىللىرىنىڭ نادىر ئۇستـ ـتىللىرىدىن بولۇشىغا قارىماي، شۇ دەۋرلەردە ئومۇمىي يۈزلىنىشكە ئايلىنىپ قالغان ئەسەرنى ئەرەپ ياكى پارس تىلىدا يېزىش قائىدىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، «سىدىقنامە» ئەسىرىنى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ئاپتور بۇ توغرىدا: «پۈتۈن ئالەمى خاسقا بەھرى يەتكۈزمەك ئۈچۈن، بۇ دىيارنىڭ خەلقى ئەلپازى تۈرك بىلەن سۆزلەشكەچكە، مەن بۇ ئەسىرىمنى تۈرك لەۋزىدە يازدىم» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. بۇنىڭدىن ئالىمنىڭ نام ـ شۆھرەت قازىنىشنى، ئۆز تالانتىنى كۆز ـ كۆز قىلىشنى خالىماي، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇشتەك ئالىي پەزىلىتىنى كۆرىۋالالايمىز..

# مۇھەممەد سىدىق رەشىدى

(1715 ـ ؟) ئاتۇش، «سىدىقنامە» (1785 ـ 7) ناملىق قىممەتلىك ئەسىرى بار .

# مۇھەممەد سىدىق زەلىلى



شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بەزى شېئىرلىرىدىن ئۇنى تەخمىنەن 17 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى يەكەندە تۇغۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ (1676 ـ 1755).
«دىۋان زەلىلى» بىلەن «سەپەرنامە» داستانى شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدۇر. يەنە ، «تەزكىرەئى چىخلتىن»، «تەز ـ كىرەئى خوجا مۇھەممەد شرىپ»، «ئالۋان ناخشىسى» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. شائىرنىڭ غەزەللىرى تىلى گۈزەل ، پىكرى چوڭقۇر، ئوخشىتىشلىرى تولىمۇ مەنتىقىلىق بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ ياراتقان.
شائىر «سەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە مۇقام، نەغمىلەرنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئۇنىڭ روھىيەت بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە سۆرەتلىگەن. بەزى لىرىكىلىرىدا «ئەجەم» ، «ئىراق» ، «بايات» قاتارلىق مۇقام ناملىرىنى؛ نەي، قالۇن، چاڭ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋاپلارنىڭ نامىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

## زەلىلى غەزەللىرىدىن

نە جانىم بۇلبۇلى ھەمدىڭغە يۈزمىڭ تىل بىلە گويا،
گۇلى سۇئۇئۇڭ تاماشاسىغە بەررى بەھرىدۇر جويا .
فەلەكدۇر يەتتە خىرگاھكى بىر ـ بىر ئۆزرە تىكمىشلەر،
ئاڭا فەندىل ئېتىپ خۇرشىددىن ھەي قادىرى دەنا .
تەفەررۇج گاھى سۇنئۇڭ قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبدىن،
مەشائىل ياندۇرۇپ تۈن ـ كېچەلەردە گۇنبەزى خەررا .
نىشانى رەھمەتى ئامىڭنى كۆرگۈزمەك ئۈچۈن زاھىر،
ساچار مەرۋارىدىنى مەۋجىدىن ھەر قەترەئى دەريا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىمەن سارىغا ناگەھ تۈندىيادى يەتسە قەھرىڭدىن ،
نە قالغاي لالەئى ئەھمەر نە قالغاي سۈنبۈلى رەئنا .
گۈلىستانۇ جەھانغە ئەي سەبا كەم ـ كەم تەفەررۇج قىل ،
مۇبادا باغبانى ئەيلەگەي بىر فىتنەئى بەرپا .
سەنا ئەيتۇرغە ، يارەب ، شۆئلەئى تىغى زەبان بەرگىل ،
زەلىلى بۇ تەلەبىدىن گوشەدە ئولتۇرۇر تەنھا .

## مۇھەممەد غەرىب شەھيارى

مۇھەممەد غەرىب شەھيارى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇنىڭ شايار ناھىيەسىدە ياشىغان شائىر.

شائىرنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد دۆلەت خوجەيار ئوغلى بولۇپ، ياشلىق دەۋرىدە بىر مەزگىل ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ھەج ـ تاۋاپ ئىشى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئاقسۇغا كەلگەندە ۋەزىيەتتە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، پۇل ـ بىساتى تۈگەپ، يولنى داۋاملاشتۇرالمىغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. ئۇ «ئىشتىياقنامە»دە دەۋرنىڭ رېئال مەسىلىلىرىنى ئوبرازلىق رەۋىشتە، تۇرمۇشقا سادىق بولغان ئاساستا ئىپادىلەپ، ئەسىرنى بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە قىلغان.

شائىر «غەرىبى» ۋە «شەھيارى» دېگەن ئىككى تەخەللۇس قوللانغان.

## مۇھەممەد قاسىم ھاجىم

بۇ كىشى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە تۇرۇشلۇق تونۇلغان ئالىم ۋە يازغۇچى بولۇپ ، «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىپ ، ئۆز چىقىمى بىلەن 500 نۇسخا باستۇرۇپ ھەقسىز تارقاتقان.

مۇھەممەد قاسىم ھاجىم «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق بىر كىتاپ بولسۇن، تەرجىمە قىلىش ئىشى ئاسان ئەمەس. مەن تەۋەككۈل قىلىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئەرەپچە تەرجىمە قىلدىم. ئەمما بۇنىڭ تەرجىمىسى پەقەت 4 ئاي ۋاقىت ئۆتتى. ئۆزۈمنىڭ پەخىرلىنىدىغان يېرىم شۇكى، مەن بۇ كىتاپنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا لۇغەت كۆرۈشكە ھاجەت بولمىدىم. ئاللاھ ماڭا بۇ ئىشنى شۇنداق مۇيەسسەر قىلىپ بەردى. بۇنىڭدىن بەك خوشالمەن. بۇ كىتاپتىن 500 دانە باستۇردۇم.»

بۇ ئۇلۇغ ئەسەر مۇندىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى تەرجىمە قىلىنىپ بولغان بولسىمۇ، ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلى ۋاقتىدا نەشر قىلىنالمىغان ئىدى. كىتاپ 320 بەتلىك بولۇپ، جەمى6645 بېيتتىن تەركىب تاپقان.

مۇھەممەد قاسىم ھاجىم «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، بېسىپ تارقىتىش ئارقىلىق ئەرەپ دۇنياسىدا ھېچ كىم ۋۇجۇتقا چىقىرالمىغان بىر ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغان تۇنجى كىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ئەرەپ تىلىغا شېئىر ھالىتىدە ئەينەن تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە مۇھەممەد قاسىم ھاجىمنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ۋە شەخسلەرگە ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلگەن.

# مۇھەممەد مەسۇم

ئوسمانىيە دەۋرىدە تۈركىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كېيىن ئۇيغۇر ئېلىغا قايتىپ خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بار. ياقۇپبەگ ئوسمانىيە پادىشاھىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ياشلار ئىلىم ئېلىشقا تۈركىيەگە ئەۋەتىلگەن. ياقۇپبەگ دەۋرىدىن كېيىنمۇ بۇ ئىش ئۈزۈلۈپ قالمىغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىمۇ نۇرغۇن ياشلار تۈركىيەگە كېلىپ ئوقۇغان. بۇلارنىڭ بىر ۋەكىلى مۇھەممەد مەسۇم بولۇپ، بۇ كىشى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى غۇلجىدا تۇغۇلغان، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركىيەگە كېلىپ ئوقۇغان. كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ «ھەمدى ھۈسەيىن مەكتىۋى»نىڭ مۇدىرى بولغان. ھەمدە غۇلجىدىن تۈركىيەگە ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈركىيەدىكى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە قايتىپ كېلىپ «ھەمدى ھۈسەيىن مەكتىۋى»دە خىزمەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن 1904 ـ يىلى ئوسمانىيە پادىشاھىغا تەشەككۇر خېتىنى يازغان. مۇھەممەد مەسۇم ئۇيغۇر ئېلى، جۈملىدىن غۇلجىنىڭ ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن يەڭ تۈرگەن مۇنەۋۋەر زىيالىلىرىمىزنىڭ بىرسىدۇر. ئۇنىڭدىن سىرت، ئەلۋەتتە چەتئەلدە ئوقۇپ كىرگەن نۇرغۇن زىيالىلىرىمىز بار. كېيىنمۇ ئوسمانىيە تېرىتورىيىسىدە ئوقۇغان زىيالىيلار غۇلجا باشلىق ئاتۇش ۋە قەشقەر شەھەرلىرىدە ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ تىزلىششىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان.

# مۇھەممەد مۇسا خارەزمى




مۇھەممەت مۇسا خارازمى 780 ـ يىلى خارازمنىڭ خىۋە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ شەھەر كېيىنچە شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىگىدە بولغان. ئۇ ياش ۋاختىدا خاقانىيە تىلى (ئۇيغۇر تىلى ) دىن باشقا ئەرەپ ، يۇنان ، پارس ، ھىندى تىللىرىنىمۇ پىششىق ئۆگەنگەن ھەمدە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ، جۇغراپىيە ، مەدىنىيەت ۋە تارىخ پەن ـ لىرىنى ئالاھىدە بىرىلىپ تەتقىق قىلغان ۋە مەشھۇر ماتېماتىك بولۇپ يېتىلگەندىن كېيىن ئەينى چاغدىكى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى باغداتقا تەكلىپ قىلىنىپ ئابباسىلار خاندانلىقىنىڭ 5 ـ خەلىپىسى بولغان ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى خەلىپە مەئمۇن رەشىدنىڭ سارىيىدا «ھىكمەت ئۆيي» دەپ ئاتالغان كۇتۇپخانىدا كۇتۇپخانا رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۇ ئاساسلىق ئەسەر ۋە تەتقىقاتىنى مۇشۇ يەردە ۋۇجۇتقا چىقارغان بولۇپ، تۇنجى يازغان ئەسىرى «تىرىگنومېترىك قىممەتلەر جەدۋىلى» دۇر.

مۇسا خارازمى ماتېماتىكىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەرنىڭ ئانالىتىك يېشىش ئۇسۇلىنى گېئومېترىيىلىك يېشىش ئۇسۇلىغا بىرلەشتۈرگەن تۇنجى ماتىماتىك . ئالگېبرا ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى ، ئۇنىڭ «ئالگېبرا» دىگەن ئەسىرى دۇنيا ماتېماتىكا تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ يازغان «ئەلجەبىر ۋە مۇقابەلا»(ئەزا يوتكەش ۋە ئوخشاش ئەزالارنى ئىخچاملاش) ، «ھېساپ ئىلمى» قاتارلىق ئەسەرلىرى شەرق ئىلىدە ئۇزۇن بىر مەزگىل دەرسلىك بولۇپ قوللىنىپلا قالماستىن ، 1140 ـ يىلغا كەلگەندە لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن(روبېرت تەرجىمە قىلغان) باشقا ياۋرۇپا تىللىرىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ ئۇزۇن مۇددەت يوۋرۇپالىقلارنىڭ ماتېماتىكا دەرسلىگى قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

ماتېماتىكىنىڭ تارمىغى«ئالگېبرا»مۇ ئەل خارازمىنىڭ تۆھپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

مۇسا خارازمى ئوتتۇرغا قويغان تەڭلىمە يېشىشتىكى «ئەزا يۆتكەش ، ئەسلىگە قايتۇرۇش» ئۇسۇللىرى ئۇنىڭ كىتاۋىدا «ئەلجەبىر» دەپ يېزىلغان بولسا ، ياۋرۇپالىقلار ئۇنى (Algebr) دەپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تەرجىمە قىلغان . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ پەن ئىسمى «ئالگېبرا» دەپ مۇقۇملاشقان . دىمەك بۇ پەن ئىسمى ئۇيغۇرلار تەرپىدىن قويۇلغان ئىسىم !!!

كومپيوتېر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ھېساپلاش پروگراممىسنى تۈزۈشكە قوللىنىلىدىغان پروگرامما تىلىمۇ مۇشۇ ئالىمىمىزنىڭ نامى بىلەن «ئالگول تىلى» ( Algolتىلى) دەپ ئاتالدى. چۈنكى بۇ ئالىمنىڭ لاتىنچىلاشتۇرۇلغان ئىسمى Alqaritmus بولىدۇ ، بۇ شۇ ئىسىمنىڭ قىسقارتىلمىسى!!!

مۇسا خارازمى ياشىغان دەۋرلەردە ھىندىلارنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر «سند ھند» دېگەن ئەسەر ئۇتتۇرا شەرقتە دەستۇر كىتاپ ھېساپلىناتتى ، مۇسا خارازمى بۇ ئەسەرنىڭ نۇرغۇن جاي-ـلىرىدا خاتالىق ۋە چۈشۈنۈكسىزلىكلەرنى بايقاپ ئۇنى تۈزۈتۈپ ، چۈشىنىشلىك قىلىپ قايتا يېزىپ چىقىدۇ . بۇ ئەسەرگە يەنە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ «يېڭى سند ھند» دېگەن ئوقۇشلۇقنى يېزىپ چىقىدۇ . بۇ ئەسەر ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن ياۋروپالىقلارمۇ بۇ ئەسەردە قوللىنىلغان ئەسلى ھىندىلەردە بولغان 0 نى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەقەم شەكلى 0 ، 1، 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8، 9 بىلەن تونۇشۇپ ، ئۆزلىرى ئەسلى قوللىنۋاتقان رىم رەقەملىرى ئورنىدا قوللانغان . ھەمدە بۇ ئەسەرنىڭ ئەرەپ تىلىدا يېزىلغىنىغا ئاساسەن ئۇنى «ئەرەپ رەقىمى» دەپ ئاتاشقان . بۇ نام ھېلىمۇ شۇنداق ئاتالماقتا .

دىمەك : بۇ خىل ئەك مۇكەممەل ، قوللىنىشقا ئەپلىك بولغان رەقەم سىستېمىسىنىڭ ئەسلى ئىجاتچىسى ھىندىلار بولسىمۇ پۈتكۈل ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتقان ۋە تاراتقان كىشى دەل ئۇيغۇر ماتېماتىكى مۇسا خارازمى بولىدۇ!!!

ئەرەپ ئالىملىرىدىن سارتۇن 9ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى «خارازىم دەۋرى» دەپ ئاتىغان ، شۇنداقلا «مۇسا خارازىم ئۆز دەۋرىنىڭ ئەك ئۇلۇق ماتېماتىكى ، شۇنداقلا ئەك ئۇلۇق ئالىمىدۇ » دەپ تەرىپلىگەن .

ئالىمنىڭ يەنە «ئاسترونومىيەلىك جەدۋەل» ، «قۇياش سائىتى ھەققىدە رىسالە» ، «يەر تەسۋىرى كىتاۋى» ، «يەھۇدىلارنىڭ تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ بايراملىرىنى بەلگۈلەش» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلىرى بار .

بۈيۈك ئۇيغۇر ماتېماتىگى مۇسا خارازمى 847 ـ يىلى ۋاپات بولغان . ئۇيغۇر خەلقى ئۇنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ!

**ئىلاۋە :** بۇ بۈيۈك ماتېماتىكا ئالىمىمىزنىڭ مىللەت تەۋەلىگى ھەققىدە خەلقئارادا نۇرغۇن ئىختىلاپ بار ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا قەۋملىرى ئۇنى تالىشىدۇ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەپ تىلىدا يېزىلغىنى ۋە ئەرەپ دۇنياسىدا ئىلىم تەھسىل قىلغىنى ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىياللاردا ئەرەپ ماتېماتىگى،دەپ يېزىلغان. بۇ ھەقتە ئابلىز مۇسا سايرامى ئەپەندى نۇرغۇن تارىخي پاكىتلارنى كۆرسۈتۈش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئالىمى ئىكەنلىگىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئىلمي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان . شۇڭا بىز شۇنداق قارىشىمىز كىرەك : ئۇنىڭ ئۇيغۇر ماتىماتىكا تارىخىدىكى ئورنىنى ھەرگىزمۇ ئاسانلىقچە باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ!

# مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كورەگانى

(«مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى»غا قاراڭ)

# مۇھەممەد ۋەلەد مىر ئەھمەد شەيخ غەربى

بۇ كىشى 19 ـ ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن شائىر ۋە تارىخچى. ئۇنىڭ «تارىخنامەئى يەئقۇبخان» ناملىق بىر ئەسىرى بار بولۇپ، 1911 ـ يىلى پېتىربورگدا ئېلان قىلىنغان ۋە «ئاسىيا مۇزېيىدىكى

مۇسۇلمانچە قولىيازمىلار (590) 8772» نامىلىق كاتولوگىنىڭ 14 ـ بېتىدە تونۇشتۇرۇلغان. ئەسلى قولىيازما لېنىنگرات (پېتىربورگ) ئىرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى م. ف. گاۋرىلوۋ 1927 ـ يىلى ئېلان قىلغان «قەشقەر هۆكۈمرانى ياقۇپبەگ ـ دۆلەت تارىخى» (رۇسچە) نامىلىق ئەسىرىنىڭ 125 ـ بېتىدە بۇ كىتاپ ھەققىدە توختىلىپ، ئاپتورنىڭ قەشقەرلىك مىر ئەھمەد دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئاپتور بۇ كىتاپنى 1898 ـ يىلى يازغان.

# مۇھەممەد ئىبنى مۇسا خارەزەمى

(«مۇھەممەد مۇسا خارەزمى»گە قاراڭ)

# مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى خىرقىتى ( گۇمنام )

(«خىرقىتى» گە قاراڭ)

# مۇھەممەد يۈسۈپ



مۇھەممەد يۈسۈپ 1968 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتى، كېرىيە ناهىيەسىدە تۇغۇلغان. تىلى چىقىشى بىلەنلا تۇنجى ئۆگەنگەن سۆزلىرى دادىسىنىڭ بەش ۋاخ  نامازدا ئوقۇغان قىرائىتى ۋە نامازدىن كېيىن ئۈنلۈك قىلغان دۇئالىرى سايىسىدا دۇئا ، قۇلغىغا سىڭىپ قالغانلىرى قىسقا سۈرىلەر بولدى.

ئۇ يەننى مەكتەپكە بېرىشتىن ئاۋۋال رەھمەتلىك ئانىسى ئۇنى مەھەللىسىدىكى تەقۋادار ئايال ئايشەم خېنىمغا قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىشقا ئاپىرىپ بەرگەن. بۇ ئايال ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتاپ ياتلىق بولمىغان، ھەمىشە ئىبادەتتە، ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى، ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي يۈزىگە قورۇق چۈشمىگەن، بەلكى يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى.

ئۇ قۇرئان ساۋادى چىقىپ بولۇپ ئۆزىمايلا يەننى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا (1979 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا) ناهىيىسىدە ھېيتكا جامەسى ئېچىلغاندا بەك خوش بولۇپ ھەر كۈنى ناماز بامداتقا بارىدۇ ۋە بىر كۈنى بامدات نامىزىدىن خۇشاللىق ۋە ھاياجان بىلەن بىر خاتىرە يازىدۇ. بۇنى مۇئەللىمى كۆرۈپ قېلىپ ئېلىۋالىدۇ ۋە قورقۇتۇپ: «سەن دىنغا ئىشىنىدىكەنسەن، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىتىگە زىت كېلىدۇ، سەندە بۇنداق قەغەزنى قايتا كۆرسەم يۇقىرىغا مەلۇم قىلىمەن» دەيدۇ. . . .

شۇ چاغلاردا شۇ مەھەللىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇھەممەد قۇربان قارىم دېگەن كىشى ئاخشاملىرى بالا ئوقۇتاي دەپ دەسلەپ ئۇنى ئۆز يېنىغا ئالىدۇ . كېيىن بۇ ئۇستاز ئۇنى تولۇقسىزغا چىققاندا قارى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇمۇ  خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولىدۇ. بۇ ئۇستازى ئۇنى مەكتەپتىن ئايرىلىپ قارىلىققا كېلىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما ئاتا ـ ئانىسى: « يەن دۇنيالىغىڭ ئۈچۈن، دىن ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن بولسۇن» دەپ ئۇنىڭ يەننى مەكتەپتىن چىقىپ كېتىشىگە قوشۇلمايدۇ. ئەمما ئۇستازى مۇھەممەد قۇربان قارىم جىم تۇرماي ئارالدىكى  ئىمىن ھاجىم قاتارلىق ئالىملارنى يىغىپ ئۇنىڭ دادىسىنى قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار: «ئاللاھ سىلىگە سەككىز پەرزەنت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاتا قىپتۇ، بىرىنى ئاللاھنىڭ يولىغا ئاتىۋەتسىلە» دەيدۇ. دادىسى دەرھال قوبۇل قىلىپ، «بولدى، مەن ئاتىدىم» دەيدۇ. ئەمما رەھمەتلىك ئانىسى قايىل بولماي، «ھەر ئىككىلىسىنى ئوقۇسۇن، ئاخشاملىرى مەدرىسىدە، كۈندۈزى مەكتەپتە ئوقۇسۇن» دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئۇ تولىمۇ زىرەك، چۈشۈنۈش پىكىرلىك ، ئاقكۆڭۈل، سەممىي ئايال ئىدى. شۇڭا، پەرزەنتىنىڭ ئەتراپلىق يېتىشكەن، بىلىم قابىلىيەتلىك ئادەم بولىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما دىنىي ئۆلىمالار تەكرار ۋەز ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ ، پەرزەنتىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد پەننىي مەكتەپتىن ئايرىلىپ ، قارىيلىق ئوقۇشنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلغانلىغىنى ئاڭلاپ ئەپسۇسلىنىدۇ ۋە :« ھەي مەمەت! بىز ياخشى ئوقۇپ، داشۆنى بېيجىڭغا بېرىپ ئوقۇيلى» دەيدۇ. ئەمما ئۇ قەتئىي قارىلىقتا ئوقۇيدىغانلىغىنى ئېيتىدۇ. دادىسى بولسا ئۇنىڭغا تەسەللىي بىرىپ :« بالام سېنى مەن ھىندىستاندا ئوقۇتىمەن، ئۇ دېگەن چەتئەل، بېيجىڭدا نېمە بار؟» دەيدۇ . كېيىنچە ئۇنىڭ دوستلىرى بېيجىڭ «مىللەتلەر ئىنىستىتوتى»دا ئوقۇشقا ئۆتىدۇ. ئۇ بولسا مىسىرغا بارىدۇ ۋە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بىرىپ ئەزھەر ئۇنىۋېرستىغا ئوقۇشقا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ چاغلاردا ئائىلىسىنىڭ پۇل ئەۋەتكۈدەك مادارى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئوقۇش ھاياتى نامراتچىلىقتا ئۆتىدۇ . ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇش پۇرستىگە مۇيەسسەر قىلغانلىغىدىن ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ بەختلىك، بەكمۇ خۇشال ھېس قىلىدۇ. باشقا دۆلەتلىك سىۋاقداشلىرى : « ئوقۇش پۈتتۈرۈپ نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ قايسى مەكتەپتە ياكى قايسى يەردە ئىشلەيسىلەر؟» دەپ سورىسا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى: «بىز ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بىلىم ئالىمىز، خەلقىمىزگە بىلىم بېرىش ئۈچۈن ئوقۇيمىز، قالغان ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالاغا قويىمىز» دەپ جاۋاپ بەرگىنىدە ئۇلار ھەيران قالاتتى ۋە : « سىلەر قانداق بىغەم ئادەملەر؟ ئادەم دىگەندە پىلان بولمامدۇ؟» دەيتتى.

ئۇ ئوقۇشتا بەك تىرىشچان بولغاچقا دەرسلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭىدۇ ۋە دوستى ئابدۇلئەھەد ھافىز بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 ـ يىللىغىدىن 4 ـ يىللىغىغا ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ 1989 ـ يىلى ئەزھەرنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1993 ـ يىلى پۈتتۈرىدۇ . ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋاختىدا مەرھۇم ئابدۇلقادىر تاش، مەرھۇم ئابدۇللەتىف قاسىم قاتارلىقلار ھەدىيەلەرنى ئېلىپ بېرىپ، قاھىرەدىكى مېرىدىياندا مېھمانخانىسىغا چاقىرىپ چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. مۇراسىمغا ئەللامە مۇھەممەد غەزالىي، ئەبدۇلھەي فەرماۋى قاتارلىق كاتتا ئۆلىما ۋە ئۇستازلار ئىشتىراك قىلىدۇ .

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ 2001 ـيىلى تەپسىر يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ، 2014 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇست كۈنى تاماملايدۇ.

ئۇ بۇ ئىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا ئۆزىنى ئىبادەت ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلغاچقا تاھارەتسىز ئولتۇرماسلىقنى ۋە ھەر كۈنلۈك ئىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا شۈكرى ئىزھار قىلغان ھالدا دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشنى ئادەت قىلىۋالىدۇ . شۇنداقلا ھەر كۈنى تەرجىمە قىلغان ئايەتلەرنى شۇ كۈندىكى نامازلاردا ئوقۇش ئارقىلىق بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا ئۆزىنى كۆندۈرىۋالىدۇ . بۇ ئىش جەريانىدا ھەتتا يىللىق دەم ئېلىش مۇناسىۋتى بىلەن چەتئەللەرگە ساياھەتكە چىققان ۋاقتىلىرىدىمۇ كومپيۇتېر ۋە بىلەن بىر قانچە تەپسىرنى بىللە ئېلىۋالىدۇ.

ئۇ 2002 ـيىلى 4 ـ ئاينىڭ17 ـ كۈنى سەئۇدى ئەرەبستان رادىيوسى تەركىۋىدىكى تۈركىستان بۆلۈمىدە ئىشلەشكە باشلايدۇ . 2005 ـيىلى 12 ـئاينىڭ 3 ـ كۈنى بۇ بۆلۈمنىڭ باشلىقلىغىغا تەيىنلىنىدۇ .

### يازغان كىتاپلىرى :

1) 1994 ـيىلىنىڭ ئاخىرى «ئىسلام ئەقىدىلىرى»؛

2) 1997 ـ «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» ؛ بۇ كىتاپ قازاقىستاندىمۇ كۆپ ئالقىشلىنىدۇ . «ئىسلام ئەقىدىلىرى» ناملىق كىتاپ قازاقىستاندا كىرىل ھەرپىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىدۇ ۋە قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستانلاردىكى ئۇيغۇرلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلىدۇ .

3) 1998 - يىلى شۇ يەردىكى جامائەتچىلىكنىڭ تەلىۋى بىلەن «ناماز ئوقۇش قائىدىسى» ناملىق كىتاپنى يېزىپ ، كىرىل ھەرپىدە بېسىپ ئالمۇتىدىكى ۋە ئۇيغۇر رايوندىكى مەسجىدلەرگە تارقىتىپ بىرىدۇ . قازاقىستاندا كىرىل ھەرپىدە نەشر قىلىنغان كىتاپلىرى 10 دىن ئاشىدۇ، ئەڭ كۆپ نەشر قىلىنغانلىرى ناماز، ئەقىدە، ھالال - ھارام ھەققىدە بولۇپ ، «ئەقىدە» ناملىق كىتاۋى قازاق تىلىدا ئىككى قېتىم، ئۇيغۇر تىلىدا 11 قېتىم نەشر قىلىنىدۇ . «ناماز» ناملىق كىتاۋى بولسا رۇس تىلىدا نەشر قىلىنىدۇ.

4) «دىن ۋە ھايات» ناملىق كىتاۋى بەش قېتىم نەشر قىلىنىپ، 15 مىڭ نۇسخا تارقىتىلىدۇ.

5) « 2000سوئالغا جاۋاب» ناملىق كىتاۋى بار.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەتتە مەن بىرەر كىتاۋىم نەشردىن چىققان كۈنى خۇددى يانچۇقۇمغا ئويلىمىغان يەردىن مىليون دوللار كىرگەندىنمۇ بەكرەك خوشال بولىمەن. چۈنكى كىتاپلىرىم مېنىڭ بايلىغىم ، كىتاپلىرىم مېنىڭ خۇشاللىغىم ، كىتاپلىرىم مېنىڭ ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن يىغقانلىرىم ، كىتاپلىرىم مېنىڭ پەرزەنتلىرىمگە ۋە مىللىتىمگە مىراسىم . دېمەك، كىتاپلىرىم مېنىڭ ھەر نەرسەمدۇر.»

# مۆجىزى

(«موللا ئىسمەتۇللا بىن موللانېمەتۇللا مۆجىزى» گە قاراڭ)

# مىرزا زىرەك چالىش

(16 - ئەسىر) قاراشەھەر، قەشقەر. «تارىخى رەشىدى (زەئىلى)» دە بىر قانچە شېئىرى بار.

# مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى




مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى مىلادىيە 1499 - يىلى موغۇلستان خانلىغىغا تەۋە تاشكەنتتە تۇغۇلغان بولۇپ، قەشقەر ھۆكۈمدارلىرىدىن ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەۋلادى. 1495 - يىلى ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگان سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ پەرمانى بويىچە ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئۈچۈن، خوتۇنى خۇبنىگار خانىم بىلەن ئۆرە - تۆپە (ھازىرقى تاشكەنت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا)گە بارغان. 1508 - يىلى مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگان شەيبانىخاننىڭ بۇيرىغى بىلەن ھېراتتا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان ئانىسى خۇبنىگار خانىم بىلەن بۇخاراغا قېچىپ كەلگەن، لېكىن بۇ يەردىمۇ بىخەتەر بولمىغانلىغى ئۈچۈن بەدەخشاندىكى قەلئەئى زەفەرگە كەتكەن، 1509 - يىلى كابۇلغا — بابۇرنىڭ ھوزۇرىغا بارغان. 1512 - 1513 - يىللىرى ئەنجانغا — سۇلتان سەئىد خاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان، 1514 - يىلى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان ھەمدە مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيتىنى يوقىتىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. شۇنىڭدىن تاكى 1533 - يىلى سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغانغا قەدەر، سەئىدىيە خانلىغىنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ساھەسىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن بەدەخشانغا كەتكەن، ئۇ يەردىن كابۇلغا — كامران مىرزىنىڭ سارىيىغا بارغان. ئۇ يەردىن ئەگرەگە — ھۇمايۇن مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، كەشمىرگە يۈرۈش

قىلىپ، 1541 ـ يىلى كەشمىرنى ئالغان. شۇ ۋاقىتتىن تاكى 1551 ـ يىلىغىچە كەشمىرنى ئىدارە قىلغان ۋە شۇ يىلى تاغلىق قەبىلىدىكىلەر ئاتقان ئوقتا يارىلىنىپ، كەشمىردە ئالەمدىن ئۆتكەن. مىرزا هەيدەر كوراگان كەشمىرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە، يەنى 1547 ـ يىلى يەركەند خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانى، سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننىڭ نامىغا ۋە ئۇنىڭ ئەھۋاللىرىغا ئاتاپ پارسچە «تارىخىي رەشىدى» (ئىككى كىتاپقا بۆلۈنگەن، ئاپتور بىرىنچى دەپتەر، ئىككىنچى دەپتەر دەپ ئاتىغان)نى يازغان، بىرىنچى كىتاپ «رەسمىي تارىخ» 70 باپقا بۆلۈنگەن بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان (1362 ـ 1329 يىللىرى)نىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىدىن تارتىپ ئابدۇرەشىدخان (1559 ـ 1510يىللىرى) دەۋرىگىچە بولغان ۋەقەلىكلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچى كىتاپ «ۋەقەلىكلەر بايانى» (ئاپتور بۇ قىسمىنى «مۇختەسەر» دەپ ئاتىغان 117 (بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئاساس قىلىپ، بوۋىسى يۇنۇسخاننىڭ تەختكە چىقىپ هاكىمىيەت تۇتقىنىدىن ئۆزىنىڭ كەشمىردە هاكىمىيەت تۇتقىنىغا قەدەر بولغان تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى بايان قىلغان.

ئومۇمەن، بۇ كىتاپقا 200 يىل ئىچىدىكى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ، ئومۇمەن، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مەدەنىيىتى، دىن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى هەمدە جۇغراپىيىسى قاتارلىق ئەھۋاللىرى؛ شۇنداقلا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۇيرات موڭغۇللىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي پائالىيەتلەر سۆزلىنىپ، موڭغۇل خانلىرى ۋە دوغلات جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى هۆكۈمرانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشلاپ، موڭغۇل هۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى يولغا قويۇپ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغانلىق تارىخمۇ بايان قىلىنغان .«تارىخىي رەشىدىي» ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ئەينى مەزگىلدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىۋاستە ماتېرىيال بولالايدۇ. ئۇ شەرق مەملىكەتلىرىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، هەر خىل قولىيازما نۇسخىلىرى ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا. خەلقىمىز ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ تۈرلۈك قولىيازمىلىرى ۋە تەرجىمە نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. 18 ـ ، 19 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن مۇهەممەد سادىق كاشغەرىي ۋە موللا مۇهەممەدنىياز بىننى ئەبۇلغەفۇرنىڭ تەرجىمىسى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كاشغەردە تەرجىمە قىلىنغان، هازىر تاشكەنتتە ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر نۇسخىسى بىزدە بارلىققا كەلگەن مۇهىم تەرجىمە نۇسخىسىدۇر. 1895 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك مەشهۇر تىلشۇناس، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم ئېدۋارد دېنىسون روسچىدىن تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، بۇ ئەسەر غەربىي ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلار ئارىسىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان هەمدە 1898 ـ يىلى 2 ـ نەشرى نەشر قىلىنغان، 1972 ـ يىلى قايتا بېسىلغان؛ ئەنە شۇ ئىنگلىزچە نۇسخا ئاساسىدا خەنزۇچە نۇسخىسى 1983 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىككى توم قىلىپ نەشر قىلىنغان .

تاكسون تەرىپىدىن ئىزاھ، ئىندېكس بېرىلگەن، پارسچە تېكىست بىلەن بىللە ئىشلەنگەن ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 1996 ـ يىلى ئامېرىكا هارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1996 ـ يىلى تاشكەنت «پەن»نەشرىياتى تەرىپىدىن رۇسچە تەرجىمىسى، 2003 ـ يىلى ئالما ـ ئاتادا قازاقچە تەرجىمىسى، 2004 ـ يىلى تېھراندا پارسچە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ 1895 ـ يىلىدىكى ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن تۈركچە تەرجىمىسى تۈركىيە سېلېنگا نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان .«تارىخىي رەشىدى»نى نەشرگە تەييارلاشتا موللا مۇهەممەدنىياز بىننى ئەبۇلغەفۇر تەرجىمىسىنىڭ سانت ـ پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان 0759 نومۇرلۇق قولىيازمىسىنىڭ مىكرو فوتو نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. موللا مۇهەممەدنىياز بىننى ئەبۇلغەفۇر تەرجىمىسىنىڭ بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىنىڭ هىندىستان كىتاپلىرى بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مىس. تۈركى.1 نومۇرلۇق قولىيازمىسىنىڭ كۆپەيتىلمىسى، ئامبىردگە ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان مىس.290 نومۇرلۇق قولىيازمىسىنىڭ مىكرو فوتو نۇسخىسى، «تارىخىي رەشىدىي»نىڭ موللا مۇهەممەد

سادىق كاشغەرىي تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنىڭ سانت-پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان 569. نومۇرلۇق قولىيازمىسىنىڭ كۆپەيتىلمىسى، بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان پارسچە قولىيازمىسىنىڭ كۆپەيتىلمىسى، ئادد.24090 نومۇرلۇق قولىيازمىسىنىڭ مىكرو فوتو نۇسخىسى قاتارلىق نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىلدى. ئۇلاردىن باشقا، خەنزۇچە، قازاقچە، پارسچە ۋە تۈركچە نەشرلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تېكىستولوگىيىلىك پەرقلەر ھاشىيەدە ئىزاھلاندى .دېمەك، بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى بىرقەدەر مۇكەممەل نەشر قىلىندى.

# مىرزا ھەيدەر

«جاھاننامە» ناملىق قىممەتلىك داستانى بار .بۇ داستاننى يەركەندە سەئىدخانغا ئەگىشىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ، ــ 1533-1528 - يىللىرى يازغان. بۇ كىشى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «ئاياز شىكەستە» ياكى « ئاياز » دېگەن سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلغان .«جاھاننامە» ئاپتورنىڭ تىبەت ۋە بەدەخشان سەپەرلىرى جەريانىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان.
شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى ، «جاھاننامە» ئىلگىرى «ئايازبەگ قۇشچى» ياكى «ئاياز شىكەستە» دېگەن ئايرىم بىر شائىرنىڭ ئەسىرى دەپ قارىلىپ كەلگەن. يېقىنقى تەتقىقاتلاردىن، بۇ ئەسەرنىڭ مىرزا ھەيدەرنىڭ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، شۇنداق بولسىمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشنى چەتكە قاقمايدۇ.

# مىرزاھىد كەرىمى

(«ھاجى مىرزاھىد كېرىمى» گە قاراڭ)

# مىسكىن - موللا ھەيدەر

مىسكىن ــ ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، 18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىماندۇر . ئۇ خوتەندە تۇغۇلغان بولۇپ ، ئەينى زاماندا خوتەن ھۆكۈمرانى ئەمىر ئەزىزنىڭ ھوزۇرىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن . موللا ھەيدەر 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا «جەڭنامە ھەزرەت ئەلى» ، «رەۋزەتۇش شۇھەدا» قاتارلىق داستانلىرىنى يازغان . «ئەمىر ئابامۇسلىم» ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان . ئۇنىڭ 14 مىسرا شېئىرى « ئون ئىككى مۇقام » غا كىرگۈزۈلگەن.

# نادىرە

(1792-1842) قوقان خانى ناربۇتابىك زامانىدا ئەنجان ھاكىمى بولغان رەھمان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. نارىبۇتابىك ئۆلۈپ ھاكىمىيەت ئۇنىڭ ئوغلى ئالىمقان قولىغا ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆمەرخان 1808-يىلى نادىرەنى نىكاھىغا ئالغان. ئۆمەرخان ۋاپات بولۇپ ئۇ تۇل قالغان. 1842-يىلى بۇخارا ئەمىرى نەسرۇللاخان قوقانغا قوشۇن تارتىپ كىلىپ نادىرەنى ئوغلى ۋە نەۋرىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.
شائىرەنىڭ«دىۋانى نادىرە» ناملىق توپلىمى بىزگىچە يىتىپ كەلگەن.

www.uyghurkitap.com



# نازۇگۇم




ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى نازۇگۇم 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن ئاتاغلىق خەلق قەھرىمانى ۋە شائىرەدۇر. ئۇ قەشقەردە تۇغۇلۇپ، كىچىگىدىن باشلاپلا ئەقىللىق، زىرەك، ئىرادىلىك قىز بولۇپ ئۆسىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ھەم بىلىملىك بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە ئەتراپلىق بىلىمى ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا «نازۇگۇم» دېگەن مۇھەببەتلىك نام بىلەن ئاتىلىدۇ. شائىر موللا بىلال موللا يۇسۇپ ئوغلى (نازىم) نازۇگۇم ھەققىدە: «... بۇ نازۇگۇم قىز موللا ئايال ئىدى، ئۆزى ئىلباغدەك ئۆتكۈلۈك، قارا كۆز، قارا قاش، نازۇك بەدەنلىك بولغان ئۈچۈن، قەشقەر خەلقى < نازۇگۇم > دەپ ئات قويغان ئىدى.» («نازۇگۇم قىسسىسى» دىن) دەپ يېزىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىدى.

**1826** ـ يىلى خەلقىمىزنىڭ چىڭ خاندانلىقى ئىستىبداتىغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، ئەجداتلارنىڭ قەھرىمانلىق پەزىلىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن نازۇگۇم بىر تەرەپتىن قولىغا قورال ئېلىپ دۈشمەنلەر بىلەن تىغمۇ ـ تىغ جەڭ قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ناخشا ـ قوشاقلىرى ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدۇ. نازۇگۇمنىڭ بۇ قېتىم قوزغىلاڭغا مەردانىلىق بىلەن ئاتلىنىپ، ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، جەڭ قىلىشى ھەرگىزمۇ تەساددىپى ئەمەس ئىدى، چۈنكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مىسلىسىز زۇلۇمى، قانلىق قىرغىنچىلىقىدىن جاق تويغان خەلق: «يە ئۆلۈم، يە كۆرۈم!» دەپ كۈرەشكە ئاتلانغاندا، خەلق بىلەن بىرگە ئازابلىق تەقدىرگە دۇچار بولغان شائىرەمىزمۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك يولىنى ئەنە شۇ خەلق سېپىدە كۆرگەن ئىدى.

قورال كۈچى نىسبەتەن ئۈستۈن ئورۇندا بولغان چىڭ قوشۇنى بۇ قېتىمقى خەلق قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك ھالدا باستۇرغاندا، نازۇگۇم ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۇن مىڭلىغان گۇناھسىز قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇ سۈرگۈن جەريانىدا باشقا تۇتقۇنلارغا ئوخشاش چېرىكلەرنىڭ قان تېمىپ تۇرغان قىلىچى ئاستىدا مىسلىسىز جەبىر ـ زۇلۇم، ئادەم بالىسى كۆرمىگەن خورلۇقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئاخىرى ئۆزى بىلەن بىرگە تۇتقۇن قىلىنغان ئاكىسى ئابدۇللا خوجا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يۇلتۇزدىن غۇلجا تەرەپكە قاچىدۇ. نازۇگۇم قاچقاندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈن قومۇشلۇقلاردا، ئورمانلاردا يوشۇرۇنۇپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك دىيارىنى، مېھرىبان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى بەكمۇ سېغىنىدۇ. نازۇگۇم قېچىپ 12 كۈن بولغاندا يەنە چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن بىر سولۇن (داغۇر مىللىتىنىڭ شۇ چاغدىكى ئاتىلىشى ـ نازىمى) ئەمەلدارغا مەجبۇرى خوتۇنلۇققا بېرىلىدۇ. ئۆزىنىڭ مىللىي غورۇرى، پاك ۋىجدانى، ئىپپەت ـ نومۇسنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن نازۇگۇم سولۇن ئەمەلدارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال چىڭ ئەمەلدارلىرىنى ساراسىمىگە سالىدۇ. نازۇگۇم شۇ قاچقانچە 6 ئاي ۋاقىت جاڭگاللاردا مۆكۈپ يۈرۈپ ھايات كەچۈرىدۇ.ئەمما جاللات چىڭ لەشكەرلىرى جاڭگاللارنى كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئاختۇرۇپ ئاخىرى نازۇگۇمنى تۇتتۇۋالىدۇ ۋە پۇت ـ قوللىرىنى كىشەنلەپ زىندانغا تاشلايدۇ. نازۇگۇم تۈرمىدىمۇ قەھرىمان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ باتۇرلۇق جاسارىتىنى ئىپادىلەپ، دۈشمەننىڭ تۈرلۈك قىيىن ـ قىستاقلىرى ۋە ئۆلۈم خەۋپى ئالدىدا قىلچىمۇ تىز پۈكمەيدۇ. يەنىلا ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق قوشاقلىرى ئارقىلىق زالىملارنىڭ ۋەھشىلىكىنى غەزەپ بىلەن ئەيىپلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يىرگىنچلىك ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. جاللاتلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا، ئەركىنلىككە تەلپۈنىدۇ. بىراق شائىرەنىڭ بۇ ئارزۇسى ئارزۇ پېتىچە قالدى. دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش نىسىپ بولمىدى. نازۇگۇم تۈرمىگە تاشلىنىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، جاللاتلار تەرىپىدىن چېپىپ تاشلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئەرك سۆيەر جەڭچى، شائىرە ئەجداتلىرىمىزنىڭ دۈشمەننىڭ كىشەن ـ

زەنجىرلىرى، تۈرمە-زىندانلىرى ۋە قاتىللىق تىغلىرى ئالدىدىمۇ باش ئەگمەيدىغان شانلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، باتۇرلارچە ۋاپات بولدۇ. مەردانە ۋە جەڭگىۋار ھاياتى ئارقىلىق خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ئورۇن ئالغان سۆيۈملۈك شائىرە نازۇگۇمنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قوشاقلىرى ئۇنىڭ كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن ياشلىق ئۆمرىنىڭ گۈزەل نەزمىي خاتىرىلىرىدۇر.

**ئەسكەرتىش:**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك، باتۇر قىزى نازۇگۇمنىڭ نامى ۋەتەندىكى مەتبۇئاتلاردا بىردەك «نوزۇگۇم» دەپ يېزىلىدۇ. بىراق ئۆز ۋاقتىدا موللا بىلال (نازىم) ھەزرەتلىرى تونجى بولۇپ نازۇگۇم ھەققىدە داستان يازغاندا «نازۇگۇم» دەپ تىلغا ئالغان. ئۇيغۇر تىياتىرچىلىق تارىخىمىزدىكى نامايەندىلەرنىڭ بىرى، كومپوزىتور، پروفېسسور قۇددۇس غوجامىياروف ئەپەندى ئىجاد قىلغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئوپېراسىنىڭ نامىمۇ «نازۇگۇم» دەپ ئاتالغان، يازغۇچى تۇرغان توختەموف ئەپەندى يازغان، ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان تارىخىي رومانمۇ«نازۇگۇم» دەپ ئاتالغان (بۇ رومان ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغاندا نامى «نوزۇگۇم» دەپ ئۆزگەرتىلگەن) ھەمدە مەن پايدىلانغان مەنبەدىكى مەزكۇر تەرجىمھالمۇ «نازۇگۇم» دەپ يېزىلغان. شۇڭا مەنمۇ ئەسلىسىگە ھۆرمەت قىلىپ «نازۇگۇم» دەپ يېزىشنى لايىق تاپتىم.

# ناسىر بەگ

( 1891~ 1979 ) يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەرجىمانلىق بىلەن تونۇلۇپ ، خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشقان ناسىر بەگ دىيارىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ياشىغان قابىلىيەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر . گەرچە ئۇ ياڭ ، جىن ، شېڭ ، ۋە گومىنداڭدىن ئىبارەت تۆت خىل ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا ئىشلىگەن بولسىمۇ ، ئەمما خەلق ۋە ئادالەت تەرەپتە تۇرۇشنى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ بۇرچى قىلغان.

# نەزەر خوجا

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى دېموكراتىك ئەدىب ـ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى (ئۇيغۇر بالىسى) يېڭى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان .

بۇ زات 1887 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غالجات يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ، 1950 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە ۋاپات بولغان . «ئۇيغۇر بالىسى» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ ، بۇ تەخەللۇسنى 1911 ـ يىلدىن باشلاپ «شۇرا» ژورنىلىدا رەسمىي قوللانغان . بۇ ژورنال روسىيىنىڭ قازان شەھرىدە 1910 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلغىچە نەشر قىلىنغان ۋە چاغاتاي (ئۇيغۇر) تىلىدا چىقىدىغان بىردىن-بىر ئايلىق ژورنال بولۇپ ، ئۇ بۇ ژرنالدا « ئۇيغۇر بالىسى » ئىمزاسى بىلەن 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى تونۇشتۇرۇپ ماقالە يازغان . بۇ ماقالە بېسىلغان «شۇرا» ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغىچە تارقالغان.

«شۇرا» ژورنىلىدا «ئۇيغۇر بالىسى» نامى بىلەن ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىغا قەدەر 20 نەچچە پارچە ماقالە بېسىلغان ، بۇ ماقالىلەرنىڭ مۇھىملىرى : «تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىسى» ، «يۈسۈپ سەككاكى ھەققىدە» ، «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم تارقىتىش ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ، «قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە كونا كىتاپلار» ، «ئۇيغۇر بالىسى بىلەن < شۇرا > نىڭ سۆھبەتلىرى» قاتارلىقلار بار.

نەزەر خوجا ئۇيغۇر بالىسى 1915ـ يىلى «تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق رىسالىنى ،

1923 ـ يىلى «نۇزۇگۇم» ھېكايىسىنى يېزىپ چىققان . بۇ ئىككى رىسالە ھازىرغىچە قازان ئۆلكىسى لېنىن ئۇنۋېرستېتىنىڭ كىتاپلار فوندىدا ساقلانماقتا . «نۇزۇگۇم» ناملىق ئەسەر رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان . ئۇيغۇر تىلىدىكى «كەمبەغەللەر ئاۋازى» ( 1921 ـ 1930 ) ، «ياش ئۇيغۇر» ( 1922 ـ يىلى ) ، «كۆمەك» (1918 ـ 1919 ) ، « ئۇچقۇن » ( 1920 ـ يىلى ) قاتارلىق گېزىت ـ ژورناللاردا شېئىر ـ ھېكايىلىرى كۆپلەپ بېسىلغان . «كېمچىگە» ، «سەھرا قىزى» ، « ئىنقىلاپچى ئۇيغۇر ياشلىرى» ، «ئۇيغۇر ئېلى» تېمىسىدىكى شېئىرلىرى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان نەپىس ، يېقىملىق ناخشىلارغا ئوخشايدۇ . «بەخت ـ تەلەي مەسلىسى» ، «ۋىسال» ، «ئۇماق بىلەن ئامراق» ، «كوچا پارتكى» ، «بىزنىڭ ئۇچاق» قاتارلىق نەسرى ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئۆرپ ـ ئادىتى ، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى نەپىس تىل ، بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن ئاممىباپ ، چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىنغان . ئۇنىڭ «ئۇماق بىلەن ئامراق» ناملىق ھېكايىسى 1921 ـ يىلى غالجاتتىكى ھۆسەيىن يۇنۇس مەتبەئەسىدە ئۇيغۇرچە كىتاپچە شەكلىدە نەشر قىلىنغان . بۇ ھېكايىدا 1880 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچۈش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساس قىلىپ يېزىلغان . بۇ ھېكايىنىڭ 1921 ـ يىلى غۇلجىدا بېسىلغان نۇسخىسى ھازىر ئالما ـ ئاتادىكى پېشقەدەم ئۇيغۇر يازغۇچىسى جامال بوساقوپنىڭ شەخسىي كىتاپخانىسىدا ساقلانماقتا . ئەنە شۇ نۇسخا يېقىنقى يىللاردا ئالما ـ ئاتادا ئۇيغۇر تىلىدا قايتا نەشر قىلىنغان . نەزەر خوجا ئۇيغۇر بالىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كۆچ ـ كۆچ دەۋرىدە يەتتە سۇغا كۆچۈپ بارغان . ئۇيغۇر بالىسى 1913 ـ يىلى يەتتە سۇدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا زىيارەت قىلىپ كەلگەن . 1914 ـ يىلى يەتتە سۇغا قايتىپ بېرىپلا «بىزنىڭ تۇرمۇش» ، «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ناملىق ماقالىلىرىنى «شۇرا» دا ئېلان قىلغان . بۇ ماقالىلەردە ئەينى زاماندىكى ئاقسۇ ، قەشقەردىكى رىيائىلىق ئىنكاس قىلىنغان ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى نورۇزنى خاتىرىلەش ئادەتلىرى تىلغا ئېلىنغان.

نەزەر خوجا ئۇيغۇر بالىسى كېيىنكى يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ستالىن يۈرگۈزگەن چېكىدىن ئاشقان «سول» ھەرىكەتلەرگە نارازى بولغانلىقتىن ، «تار مىللەتچى» ، «بۇرژۇئا زىيالىسى» دەپ ئەيىپلەنگەن . ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەسلى ئىلىلىق بولغاچقا ، 1929 ـ يىلى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئىلى ۋىلايىتىگە قايتىپ كېلىپ جاغىستايغا ماكانلاشقان . 30 ـ يىللاردا ئاقارتىش ساھەسىدە ئىشلىگەن ، جاغىستايىنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى ۋە «خۇشتۇرخان» تېمىسىدا داستان يازغان . «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى» يىللىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. نەزەر خوجا ئۇيغۇر بالىسى 1950 ـ يىلى قىشتا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرقى خۇنخاي مازىرىدا.

# نورۇزاخۇن زىيائى

(18 ـ 19 ئەسىرلەر) قەشقەر، «ۋامۇق ـ ئۇزرا» ، «مەسئۇت ـ دىلارا» ، «چاھار دەرۋىش» (نىزارى بىلەن) ، «مەھزۇنۇلۋائىزىن» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان.

# نۆبىتى

(1696 ـ 1760؟) خوتەن، «دىۋان نۆبىتى» (1747) ناملىق قىممەتلىك ئەسىرى بار.

# نىزامۇلمۇلۇك

(1092 ـ ؟) سەلجۇق ، «سىياسەتنامە» ناملىق قىممەتلىك ئەسىرى بار .

# نىزامى

(1141 ـ 1209) كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئوتتورا ئاسىيا ئېپىك داستانلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن شائىر نىزامى گەنجىۋى ئوتتورا ئاسىيانىڭ گەنج شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئىسلام مەدرىسسىدە بىر نەچچە يىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن سىرت ، كۆپ ۋاختىنى ئىجادىيەتكە سەرپ قىلغان . ئۇ يېزىپ چىققان «خەمسە» شەرقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك داستانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، شائىر ئەلىشىر نەۋائىمۇ ئۇنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان.

# نىمشېھىت




ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، داڭلىق شائىر ۋە جامائەت ئەربابى ئارمىيە ئېلى سايرامى 1906 ـ يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىدا ئېلى ئاخۇن (ئاقھۇن) ئىسىملىك مەرپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1922 ـ يىلدىن 1930 ـ يىلغىچە باي ۋە كۇچا ناھىيىلىرىدىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرى شەكلى بىلەن يازغان «بازار ۋە مازار» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى قول يازما ھالىتىدە خەلق ئىچىدە تارقالغان. 1930 ـ يىلى شۇ زامانىنىڭ داڭلىق ئىلىم مەركىزى ــ قەشقەر «خانلىق مەدرىسە»دە ئوقىغان. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئەرەپ، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگەن ھەمدە ئۇ «مادارا ئەزەم» (چوڭ ياراشتۇرۇش) ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان «ئەنـ ـۋارۇلھادا» (ھەقىقەت نۇرلىرى) ناملىق قەسىدىسىنى يېزىپ، جامائەتچىلىككە تالانتلىق شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان. 1933 ـ يىلى قەشقەردە جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ئارمىيە ئېلىمۇ بۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، بىر قېتىملىق جەڭدە ئېغىر يارىلانغان. دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىنى «نىمشېھىت» (يېرىم جان) دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلدۇرغان.

نىمشېھىت ئۆزىنىڭ 43 يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى، باللادا، داستان، ئوپېرالارنى يازدى ۋە جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا ۋە فاشىستىك مۇستەبىتچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش روھىنى ھەمدە ۋەتەننى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش، ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ خەلقنىڭ ئازادلىق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرىگە ئىلھام بەردى.

ئۇ يەنە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ، قەلبىدىن ـ قەلبكە كۆچۈپ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «مەلىك ئۆي ۋە پەرھات ـ شېرىن» داستانىنى يازدى. بۇ داستان 1945 ـ يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندا خەلق ئىچىدە خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان ئىدى. شائىر داستانىنى قايتا ـ قايتا ئىشلەپ ۋە تولۇقلاپ 1948 ـ يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن كىتاپ قىلىپ باستۇرغان. بۇ داستاننىڭ مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە موللىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچام ۋە مۇكەممەللىگى، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىگى، شەكلى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىگى بىلەن

www.uyghurkitap.com



بوگۈنكى كۈندىمۇ كىشلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

نىمشېھىت 1949 ـ يىلدىن بۇرۇن ئاقسۇدا ئىشلەپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن مەزگىلدە «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنىڭ خەلق ئىچىدىكى بىر نەچچە خىل ۋارىيانتلىرىنى توپلاپ، شۇ ئاساستا «لەيلى ـ مەجنۇن» ئوپېراسىنى يېزىپ چىققان ۋە بۇ ئوپېرا سەھنىلەردە ئوينىلىپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئوپېرانىڭ تولۇق نۇسخىسى 1966 ـ يىلى باشلانغان لەنەت تەككۈر «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» نىڭ قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە يوقىلىپ كەتكەن. 1949 ـ يىلدىن كېيىن شائىر نىمشېھىت شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ يارىتىپ، قايناق ھىسياتقا، باي پەلسەپۋى پىكىرگە، ئۆتتەك قىزغىنلىق ۋە ئۈمىدۋارلىققا تولغان شېئىرلىرى بىلەن كىتاپخانلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ «ئالدىدا»، «سېغىندىم»، «يۈرەك سۆزى»، «ئۇسسۇل»، «تارىم قىزى» قاتارلىق شېئىرلىرى خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جەڭ دۇمبىغىنى چالدى . ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «شېئىرىيەت»، «يەنخې» ۋە ئاتالمىش «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژورناللاردا ئېلان قىلىندى. 1981 ـ يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خىتايچە «نىمشېھىت شېئىرلىرىدىن تاللانما» نى نەشر قىلدى.

قوشۇمچە : نىمشېھىت شېئىرلىرىدىن قىسقىچە نەمۇنىلەر

دەۋرى ئىلكىدە بۇ جانىم،
بۇلبۇل بىناۋا بولدى.
سەيرى ئەتمەككە بۇ جانىم،
شەيدائى ھاۋا بولدى.

بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىككە،
قوشتۇق يانا ئىككىنى.
بۇ يىل يۇرتىمىزدا،
چوڭ پۈتمەس بالا بولدى.

قەشقەر يېڭى شەھرىدە،
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلماق.
باش ۋەكىلنىڭ ئەمرى دەپ،
مىلتىقنى ئاتا بولدى.

سوقۇش بولدى ئون ھەپتە،
قانلار ئاقتى ھەر سەپتە.
مەن ئالدىدا ئوق سەپتە،
ئەسكەردىن جۇدا بولدى.

يوق بولدى ماڭا سىدىق،
قولۇمدا ئىككى مىلتىق.
گەر كەلسە يېقىن دۈشمەن،
كۆكرەكنى يارا بولدى.

جەڭ ئوتى قىزىپ كەتتى،
ئەقلىمۇ ئېزىپ كەتتى،
سوقۇشمۇ؟! تاماشامۇ؟!
ئىش ئەمدى خاتا بولدى.

پەيشەنبە كۈنى كەچتە،
سائەتمۇ ئىدى بەشتە.
ساراڭ لەڭزىگە ئەگىشتە،
دۈشمەنىم ئاتا بولدى.

تەگكەن ئىدى گەردەندىن،
ئۆتۈپ چىقتى دەنداندىن.
پارچىلىۋەتتى ئېڭەكمنى،
جاندىن ئايرىلار بولدى.

ئوق تەگدىيۇ ھوش كەتتى،
دوستلارغا خەۋەر يەتتى.
"ئۆلگەن" دەپ گۇمان ئەتتى،
گۆرگە ئۆزىتار بولدى.

"جېنىڭنى ئالارمەن دەپ"
قابىز كەلدى بىر ياندىن،
ھەق ئېتىنى "جېنى تۇرسۇن"
دەپ رەھمى نادا بولدى.

ھەقنىڭ يارلىغى يەتتى،
قابىز پەيلىدىن قايتتى.
يېنىمدىكى دوستلارغا،
جېنىمدىن سادا بولدى.

ئەڭ ئاخىرقى ئۆمرۈم دەپ،
"ئىللەللا"نى ياد ئەيلەپ،
خىرقىرىغان نەپەس يۇردى،
ئۆلگىنىم خاتا بولدى.

دىللاردىن بولۇپ ۋولقان،
ياسىن پاتىھە قۇرئان،
بېغىشلاپ ماڭا شۇئان،
شەپقەتلەر ياغا بولدى.

دوستلار دىللىرى زارى،
قېنىم توختىماي جارى.
ھەر كىمنىڭ سۆيەر يارى،
شۇندا ئايرىلار بولدى.

ئارىدا ھايال ئۆتمەي،
كۆتۈردى مالال بولماي،
تېزلىك بىلەن دوختۇرغا،
يەتكۈزۈپ ئادا بولدى.

جېنىم بولدى ۋەيرانە،
كەلتۈردى شىپاخانە،
"ھەقنىڭ ئەمرى شۇنداق" دەپ،
سەبرى بىلەن ياتار بولدى.

گەجگەمدىن تەگكەن ئوق،
ئۆڭگەرچەك ئىدى يىرتۇق،
شۇڭلاشقا بەرگەن سۇ،
كانايدا تۇرار بولدى.

يۈرەك ئۆرتىنىپ پۈتتى،
تەندىن ماغدۇرۇم كەتتى،
ئەجەل شەربىتى ئەمدى،
راستلاردىن داۋا بولدى.

دوختۇرلار بولۇپ ھەيران،
ئىزدىشىپ ئامال ھەر يان،
تاپماستىن بىرەر دەرمان،
قارىشىپ تۇرار بولدى.

ئۈمىد ئۈزدىلەر جاندىن،
سۆزلەشمەكتە ھەر ياندىن،
"بىچارىنىڭ تۇپرىغى،
غۇربەتتە قالا بولدى."

شۇ ئارىدا بىر دوختۇر،
كۆپ جىددى جەھەت ئەيلەپ،
ماشىنىغا سۈت ئېلىپ،
كانايغا قۇيار بولدى.

سۈت بەرگەچ بىر ئاز ئارام،
غەم-قايغۇ بولدى تامام،
دورا بىلەن شەربەتتىن،
روھۇم ياشىرار بولدى.

باغرىم بولدىلەر بەريان،
دەردىم ئىدى يۈز چەندان،
يوق بولغاچ توققۇز دەندان،
چاينىماي يۇتار بولدى.

كۆپ ئاقتى مىنىڭ قانىم،
چىقىپ كەتتى يېرىم جانىم،
ئەمدى: "نېمشېھىت" نامىم،
تارىختا قالا بولدى.

كۈنلەرمۇ ئۆتتۇۋەردى،
ھەپتىلەر پۈتتۇۋەردى،
مەن دوختۇردا ياتقانغا،
ئىككى ئاي راسا بولدى،

سوقۇشمۇ بولۇۋەردى،
ئادەملەر ئۆلۈۋەردى،
كىملەر دوست ۋە كىم دۈشمەن،
بايقىماي ئاتا بولدى.

دۈشمەنلەر بولۇپ بىر ئوت،
خەلقلەرنى قىلدى نابۇت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يامۇل ئىچىدە ساۋۇت،
داموللا هاجى
كىمگە پادىشاھ بولدى.

دۈشمەنلەر چىقار ئوقتەك،
ئەسكەرلەر قاچار دۈتتەك،
خالىغانچە خەقلەرنى،
ئايىماي بۆلەر بولدى.

يۇرتلارنى قىلىپ ۋەيران،
خەلقلەرنى قىلىپ سەرسان،
مېلىنى بۇلاپ يەكسان،
يېڭى شەھەرگە يانا بولدى.

ئارقىدىن كېلىپ ئەسكەر،
قولىدا قەلەم دەپتەر،
كىم ئاش بەردى، كىم ئات ،
دۈشمەنگە يازار بولدى.

دۈشمەنگە تەرەپسەن! _دەپ،
ئات ئۇلاق بېرىپسەن! _دەپ،
دىنىڭدىن چىقىپسەن! _دەپ،
دارلارغا ئاسار بولدى.

بىرسىدىن بۇلانغانلار،
بىرسىدىن تالانغانلار،
زۇلۇمدىن تولا جانلار،
زىنداندا ياتار بولدى.

هىجرىيە 1352 ـ يىل، شەئبان ئېيى

## ئىلمگە ئىلهام

يۇرەكتە داغۇ هەسرەت، دىلدا "ئازادلىق" تەمەنناسى،
نەدۇر ئازاب دېسەم، كۆكسۈمدە بار "قۇللۇق" نىڭ تامغاسى.

هاياتىم هالال ئەمگەك ۋەتەن هەم ئىدى مىراسىم،
كېلىپ بىر مۇتتەهەم قىلماقتا خوجايىنلىق دەۋاسى.

هالال رىسقىمنى ئەركىنلىكتە مىننەتسىز يېيەلمەيمەن،
تۇرالمايدۇ بىر تۇخۇمغا تەڭ ئون توخامنىڭ هەممە ئەزاسى.

ئەگەر بىر كىم بۇ زۇلۇمدىن زارلەر مىڭ تۇمەنلەپ قىلسا،
چاتاق يوق تېخى ئاشماقتا ئۇنىڭ سەيلە تاماشاسى.

يېگۈزمەي تارتىۋالغان پۇل ۋە ماللار زادى كىمنىڭكى؟!...
ۋە يا ئەمگەك بىلەن تاپقانمۇ گومنداڭنىڭ ئىپلاسى!

زۇلۇمنىڭ قامچىسىدىن باشقا هېچ نەرسە كۆتۈرگەن يوق،
بۇ سۆزنىڭ هەقلىقىگە شاهىدىم ئىنسانى دۇنياسى.

قەبىھ دۈشمەنگە قارشى سەن كۈرەشكە چىقمىساڭ ئەسلا،
يۈز ئەللىك يىل ئۆمۈر كۈرۈشكە بارمۇ تەڭرىنىڭ ئىمزاسى؟!

قورال تۇتماي، كۈرەش قىلماي پەقەت ئەركىن ياشيالمايسەن،
جاهان بازارىدا شۇنداقلا ئازادلىقنىڭ سەۋداسى.

قاراقاش ئورنىغا ئەمدى قىلىچنى ياخشىراق سۆيگىن،
هايات ئۇ، هەرگىز ئۆلمەيدۇ، كۆرەشكە بولسا ئىخلاسى.

ئېلىڭ، يۇرتۇڭ، هاياتىڭ هەمدە ئەۋلادىڭنى قايغۇرماي،
قورساق تويغانغا شۈكرى ئېيتساڭ بولۇرسەن هەممىگە ئاسى.

كېسىپ - چاپ، دۈشمىنىڭنىڭ بېشىنى قويما يۇرتۇڭدا!...
بۇڭا تەكلىپ قىلۇر قەلبىڭدە ۋىجدانىڭنىڭ شولاسى.

ئۇ، بەد بەخلەرنى ئىنساپقا كېلىدۇ، دەپ ئويلىما هەرگىز،
كۈرەش قىلماق بۇ كۈندە بولدى هەممە ئىشنىڭ ئەلاسى.

دىلىڭغا ئەسلا نۇقسان يەتمىسۇن تۈرلۈك گۇمانلاردىن،
گۈلۈڭنى سولدۇرمىسۇن هەرگىز ئۇلارنىڭ پىتنە - ئىغۋاسى.

ئەگەر ئۆلسەڭ شېهىت سەن، هايات قالساڭ ئېتىڭ غازى،
بۇدۇر هەقنىڭ كالامى، نىمشېهىتنىڭ ساڭا ئىماسى.

**1945**-يىل نويابىر، غۇلجا

## ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاپ

كۆزۈڭ ئاچ، دەۋرى غەپلەت ئۆتتى،كۈرەش ئەمدى جانىڭنىڭ،
دېمەك كۈرەش بىلەن كەلدى، يۈرەككە دەردكە دەرمانىڭنىڭ.

ئۇزۇن يىللار قارا زۇلمەت - تۇمان ئاستىدا زارلاندىڭ،
ئېنىقكىم كۆيىقاپقا كەتكۈسدۇر ئەمدى شەيتانىڭنىڭ.

ئېسىڭدە بارمۇ "دىن" شۇ دەپ ئۆچ مەسىلەككە باش ئېگىپ،
شۇڭا بىغشلانغان شېئىرىڭ - ماقالەڭ هەمدە يازغانىڭنىڭ.

ئەگەر "يېڭىلىپ" ۋەتەن، مىللىتىڭ هەققىدە گەپ قىلساڭ،
گۇمان يوق يەتتە يىل زىنداندا ياتماق بولدى جەريانىڭنىڭ.

زىيالى دەپ تونۇلغان مەيلى ياشلار، مەيلى دېهقانلار،
خىيانەتكار دېگەن نامدا بۇزۇلدى لالە - رەيهانىڭنىڭ.

ناماز ئورنىغا هەر كۈنى ئىككى نۆۋەتتىن قەسەم ئىچتىڭ،
ئېسىڭدىن كەتمىگەندۇر، شۇم ياغاچ ئالدىدا تۇرغانىڭنىڭ،

قاراپ باق! ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن پەقەت تىنماي مىدىرلايسەن،

www.uyghurkitap.com

يەنە ئاخىر قۇرۇق قالغان قولۇڭ ـ يانچۇق ھەمدە پۇلدانىڭ.

تەشەككۇر ئېيتسەن مىڭ بارە ئوغۇل بالا يۈزىن كۆرسەڭ،
بىلىپ قوي! ئاڭا ئالۋانچى تۇغۇلغان قىز ۋە ئوغلانىڭ.

ساڭا مەھكۇمىيەتنى ھەق ئەزەلدىن تەقدىم ئەتكەنمۇ؟!
ئاڭا تەقدىم ئىتىلگەنمۇ چىرايلىق ھۆر ـ غىلمانىڭ؟!

تولۇق تەسۋىر قىلىشتا ئول لەئىنلەر زۇلۇمىنى بىر ـ بىر،
يېزىپ پۈتمەس ئەگەر ھەر قانچە بولسا ئىلمۇ ـ ئېرپانىڭ.

ئەزەلدىن ئاقىۋەت بۇ ھارام تۇرمۇش ساڭا خاسمۇ؟!
سائادەتمۇ جەھەننەم ئىتلىرىغا بەرگەن تۇرلۇك ئالۋانىڭ.

بۇنىڭدىن بىر يىل ئاۋۋال "ئويغىنىڭلار!..." دەپ سادا بولغان،
نىدىن ھازىرغىچە غەپلەتتە بولدۇڭ، يوقمۇ زەررە ۋىجدانىڭ؟!

دىلىڭدا قورقۇنىشتىن باشقىمۇ خىسلەتلىرىڭ بارغۇ؟!
تۇرۇپ بىر تەۋرىنىپ باققىن، قالمىسۇن كۆڭۈلدە ئارمانىڭ!...

پۈتۈن ئەل " ھۆررىيەت! " دېسە تېخى غەپلەتتە ئۇخلامسەن؟!
ئۆلۈمدىن قورقما ھەرگىز مۆكەممەل بولسا ئىمانىڭ!

تېخىچە: "ئۈجمە پىش ئاغزىمغا چۈش" دەپ ياتقىنىڭ ئۆيات،
قايان كەتتى ئۆزۈن يىللاردا يىغقان ھەمدە تاپقانىڭ؟!

كۆتۈر بېشىڭنى غەپلەتتىن، نەزىر سال ھەممە ئەتراپقا!
كۆڭۈلدە تىلگەننى قىلغىن ئەمدى كەلدى دەۋرانىڭ.

ۋەتەندىن ساڭا بۇيرۇق نىمشېھتىنىڭ قەلىمى بىرلە،
قوبۇل تۇتساڭ ساڭا رەھمەت قىلۇر ھەر دەمدە ئىمانىڭ!

## پېقىرنىڭ ئىقرارى

(مۇسەددەس)

شائىرنىڭ بۇ شېئىرى " تۆت كىشىلىك گۇرۇھ " نىڭ يەرلىك ئاتارمەن ـچاپارمەنلىرى ئۇنى سوراق قىلىپ
ئىقرارغا قىستىغاندا يېزىلغان .

پاتتى كۆكسۇمگە زەھەر تىرناقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،

ئۇردى قانلىق قامچىسىن ئالچاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
قاقشىتىپ يۇتتى مېنى پاتقاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
ئالدى گۈل ئورنى تىكەن ـ يانتاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
قان شوراپ چاقتى ـ زۇلۇك چاقغاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
ھەر قەدەمدە مىڭ تۇزاق ـ قىلتاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك .

قايسى بىر نەس كۈنكىم مەن تۆرەلدىم زېمىنغا ؟!
قايسى بىر دۇنيا جەھەننەم ئوخشىغاي بۇ تۇرمىگە ؟!
قان يۇتۇپ ھەر دەم زەھەر ـ زەقۇم يېدىم مەن كۈنگە ،
مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ يول تىرىلدىم چەرخى بىدات زۇلمىگە .
باستى بېشىمنى بۇ زۇلمەت تاغلىرىڭ ، ئەي شۇم پەلەك ،
بارمىكىن دۇنيادا ئادىل چاغلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ؟!

ئۇچتى شەمئى كۆزلىرىمدىن ئۇچتى ئۈمىدنىڭ نۇرلىرى ،
كەتتى سەۋرى ئىلكىمىزدە ئۆتتى ھۆرلۈك كۈنلىرى ،
قايدا بارسام زۇلۇمى بىداد نالە ـ پەرياد ئۈنلىرى ،
كۆزىمىزنى باستى زۇلمەت قاپقاراڭغۇ تۈنلىرى .
قان بىلەن ئالۇدە قول ـ بارماقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
بەلكى قول ـ پۇتتۇر ساڭا قورچاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك .

كىمگىدۇر روزى ـ ساپا ، كىملەرگىدۇر زۇلۇمى ـ ستەم ،
كىمگىدۇر بايراملىرىڭ ، كىملەرگىدۇر چەكسىز ئەلەم ،
بىز نىچۈن تەگلىك سۈيىدىن بەھرى ئالماي قەترە ھەم ،
سۈرسە شۇملەر ئەيشى ـئىشرەت بىز نىچۈن تەشنا شۇ دەم ؟!...
يوق ئىكەن ئەدلىڭ بىلەن ئىنساپلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
بوغۇزىمىزغا سۈردى تىغ قاسساپلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك .

بولدى زۇلمىڭدىن جۇدا گۈلزارىدىن بۇلبۇللىرى ،
بىگۇناھ چۈشتى قەپەسكە قىرىلىپ نۇرغۇنلىرى ،
ۋەتەنسىز بولدى قېچىپ يۇرتىدىن ئوغۇللىرى ،
بولدى خار بويۇن قىسىپ يېتىم ـيېتىمە تۇللىرى .
چىقمىدى دەردىڭ بىلەن ئارمانلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
قايدىدۇر ئەخلاق يەنە ۋىجدانلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ؟

قانىمدۇر ، مارجانىمدۇر ، يا قەترە شەبنەم ياشىمىز ،
تاشىمدۇر ، يا تاغىمدۇر ، قايغۇدا ياتقان باشىمىز ،
يوقمىدۇر دۇنيادا بىزنىڭ ئىچ كۆيەر يولداشىمىز ،
دائىما قايغۇ ـ ئەلەم ، ھەسرەتمىدۇر قۇرداشىمىز .
سورۇلۇپ باش ئۈستىگە تۇپراقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
بولدىغۇ زىندان كەبى ھەرياقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاھ ...ئەجەب قۇش ئۇۋىسىغا شۇم يىلان " مېھمانىكەن " ،
بىلمىدۇق ئاۋۋال دىلدىا بىر غەزەل پىنھانىكەن ،
ئالدىنىپ قىلتاقىقا چۈشتۇق ھېلىگەر دەۋرانىكەن ،
ياكى قىسمەتنى ئەزەلدە موللىسى يازغانمىكەن ؟!...
زەپمۇ پاتتى بوغۇزىمىزغا قارماقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
بىگۇناھلار كۆكسىنى يارماقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك .

نە گۇناھلىق بەندە بىز زۇلمەتتە قالدۇق ناگىھان ،
جايىمىز پۈرقەتكە تولدى ، داغ بىلەن قىينالدى جان ،
يوق ئاداۋەت ـ گىنە بىرلە بىزگە بولدۇڭ بەدگۇمان ،
كۆرمىگەندۇر شۇڭغىچە ھېچكىم بۇ ئىشنى ھېچقاچان .
كۆزۈڭ كىچىك، تار سېنىڭ قورساقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
قان ـ يىرىڭ ، زەرداپقا تولغان دوۋساقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك .

بولدى قويلار پاسبانى ، بۆرىلەر ئاغزىدا خۇن ،
كىم ھەقىقەتنى دېسە بولدى ھەم ھالى زەبۇن .
ئايلىنىپ تەتۈر ھەمىشە چەرخىڭ سېنىڭ كاج ـ ۋاجگۇن ،
باستى تۆھمەت ـ پىتنىلەر ئالەمنى مانەندى قۇيۇن .
بولدى ھاكىم ئۈستىمىزدە زاغلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
ئۆچمىگەي مەھشەرگىچە بۇ داغلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ...

ھېچ بۇلۇت كۈننى توسالماس ، پەردە زۇلمەت چاك بولۇر ،
نېمشىھەت قايغۇرمىغىن كۆپ ، كەلگۈسىڭ پارلاق بولۇر ،
نىسپى ئاي بولسا قاراڭغۇ ، نىسپى روشەن ئاق بولۇر ،
تا ئەزەلدىن بىرى بۇ قانۇن ئىرۇر ، شۇنداق بولۇر ...
ئاقىۋەت گۇم بولغۇسى راۋاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ،
ئۆرتىنىپ كۈل بولغۇسى تاياقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك ...

**ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە مەرسىيە**

نېمە دەپ قىلاي ئەي كاج پەلەك ھىكايىتىڭنى؟
پاش ئەيلەيىن ئەلگە سېنىڭ شىكايىتىڭنى،
كۆرگەنمۇ خەلق بىرەر قېتىم ئىنايىتىڭنى؟
تاشلارسەنمۇ قىلىپ كەلگەن رىيازىتىڭنى؟!

مانا بۇگۈن ھەممىگە تەڭ قايغۇ سالدىڭ،
كارابىمنى سۇدىن ئېلىپ لايغا سالدىڭ!
مىللىتىمنى بىردەك بۇگۈن ۋايغا سالدىڭ،
كىملەر سويسۇن سېنىڭ مۇنداق ئالامىتىڭنى!؟

تۆيۇقسىزدىن سالدىڭ بۇگۈن بىزگە ماتەم،

" قايان كەتتىڭ، ئەخمەتجان!؟" دەر ھەممە ئادەم!
ئاھ جىگىرىم ،قېرىنداشىم قاسىم ـ زادەم،
قىزغاندىڭمۇ بۇگۈن بىزدىن ھىدايىتىڭنى؟

قانداق قىلاي ئاھ جۇدالىق سەندىن بۇگۈن،
پىراقىڭدا قان يىغلىسام كۈندۈز ۋە تۈن،
زەرداب تولغان يۈرەك قانداق بولار پۈتۈن؟
خەلق قوپاردى، بۇگۈن سېنىڭ قىيامىتىڭنى!

تۈتتى ئەجەل يەردە ئەمەس، كۆكتە ئەمەس،
تۇمان ـ بۇلۇت ئارىسىدا يولۇقتى بەس،
جەستىڭنى تاپماقمۇ خوپ بولدىكى تەس،
يادلىغانسەن جان ئۆزگەندە ۋىلايىتىڭنى!

يېشىڭ كىچىك ئىدى، لېكىن قەدرىڭ ئۇلۇغ،
ھەر بىر ئىشقا پاراستىڭ ئىدى تولۇق،
كۈتكەن ئىدى، خەلق سەندىن يورۇقچۇلۇق،
ئارمان بىلەن تاشلاپ كەتتىڭ ساباھىتىڭنى.

ۋەدە بەرگەن خەلق سېنى ياقلايمىز دەپ،
كۆز قارىسى كەبى سېنى ساقلايمىز دەپ،
سىزىقىڭدا تارىخ بەتىن ئاقلايمىز دەپ،
ئېلىپ كەتتىڭ ئوزۇڭ بىلەن شايائىتىڭنى .

شۇم قۇشلاردىن باغنى ئازاد قىلغاندىڭ،
يىرتقۇچلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىن تىلغاندىڭ،
زەھەر تىلىن قارماق بىلەن ئىلغاندىڭ،
كۆرگەن ئىدۇق سېنىڭ قانچە كارامىتىڭنى.

تېنىڭ كەتتى، لېكىن روھىڭ بىزگە يولداش،
ھەر سائەتتە ، ھەر مىنۇتتا ئىشتا قولداش،
مەيۈسلەنمە ، سەن ئەلىڭدىن ، ئەي ۋەتەنداش،
ھېچ بۇزالماس شەيتان سېنىڭ ئىمارىتىڭنى!

بوشقا كەتمەس بىزگە قىلغان تەربىيىتىڭ،
قۇلاقتا بار سېنىڭ قىلغان نەسىھىتىڭ،
ئورۇندىلار ئەلگە قىلغان ۋەسىيىتىڭ،
ئوزۇڭ شۇنداق ئۇگەتكەنتىڭ جامائىتىڭنى.

ھەممىگە تەڭ كەلدى بۇگۈن دەرد بىلەن غەم،
چارە يوقتۇر، باشقا چۈشتى ئېغىر ئەلەم،

www.uyghurkitap.com

تارىخچىنى يازار ئەمدى ئالتۇن قەلەم،
ھۆرمەت بىلەن ساقلايمىز بىز ئامانىتىڭنى!

ئەي نىمشەھىت ،دۇنيادا ھېچ كامال بارمۇ؟
مەرسىيەدىن ئۆزگە ئىشقا ماجال بارمۇ؟
سەبىر دېمەي بۇ قىسمەتكە ئامال بارمۇ؟
ھۆرمەت بىلەن ساقلايمىز بىز ئامانىتىڭنى!
**1949** ـ يىل ،غۇلجا

## نىياز كېرىم شەرقى



نىياز كېرىم شەرقى **1948** ـ يىلى تۇرپان شەھرىدە تۇغۇلغان. **1951** ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ دۇنيا يېزىق سەنئىتى جەمئىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ **3** ـ، **4** ـ، **5** ـ، **6** ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، تەھرىرلىك ـ نەشرىياتچىلىق كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، جۇڭگو تارىخ مۇزېيى رەسىم گاللىرىيەسى سەنئەت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ ، مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتـ ـقىقاتچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۈچ قارار ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئىلمىي تەتقىقات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ يىپەك يولى خەتتاتلار ـ رەسساملار ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دۆلەتلىك **1** ـ دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئۇستازى.

ئۇ **1958** ـ يىلىدىن باشلاپ خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بالا چاغلىرىدىلا خەتتاتلىققا ئۆزىنى بېغىشلاپ، تىنىمسىز ئىزدىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم كۆرگەزمە قىلىنغان ۋە مۇكاپاتلانغان. ئۇ **1985** ـ يىلىدىن **2008** ـ يىلىغىچە بەش قېتىم شەخسىي كۆرگەزمە ئاچقان ھەمدە دۆلەت ئاتلاپ ئامېرىكا، تۈركىيە، پاكىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ كۆرگەزمە ئاچقان. ئەسەرلىرى يەنە ئۆزبېكىستان، تۇنىس، ياپونىيە، كورېيە، تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، خاربىن، خېنەن قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە كۆرگەزمە قىلىنغان.

ئۇ، ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنى قېزىپ، رەتلەپ، نۇسخىلىرىنى بېكىتىپ، خەتتاتلىقنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ، يېزىقتىن بەدىئىي شەكىللەرنى يارىتىپ، خەتتاتلىقنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ خەتتاتلىقنىڭ ھەممە ساھەسىدە يېڭى پەردە ئاچقۇچى سەركەردە. ئۇ، يېزىق ئۇستىدە تۇنجى بولۇپ ھەرپلەرنى ئەڭ كىچىك بۆلەكلەرگىچە پارچىلاپ، ھەر بىر قۇرۇلمىغا نام بېرىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى بېكىتىپ چىققان. شۇنداقلا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقىنىڭ مەتبۇئات ھەرپلىرىنى لايىھەلەشتە، تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە ناھايىتى زور تۆھپە ياراتقان تەتقىقاتچىدۇر.ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مەتبۇئات ھەرپلىرى ۋە كومپيۇتېر يېزىق نۇسخىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئۇ خەتتاتلىق نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيىتىدە باشلامچى بولۇپ، **28** قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى تەشكىللەشتىن باشقا، خەتتاتلىق مائارىپىغىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مەركىزىي مىللەتلەر

ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا كۆپ قېتىم دەرس ئۆتكەن ۋە لېكسىيە سۆزلىگەن. ئۇنىڭ ھۆسنخەت نۇسخىلىرى»، «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق كىتاپلىرى، «نىياز كېرىم شەرقى خەتتاتلىق ئەسەرلىرى» ناملىق 12 ۋاراقلىق ئاسما لەۋھە، «ئۇيغۇر خەتتاتلىقى قوللانمىسى» ناملىق 12 قىسىملىق «خۇشخەت» دەرسلىگى ۋە 12 قىسىملىق «ھۆسنخەت» دەرسلىگى، «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن دۇردانىلەر» ناملىق 10 ۋاراقلىق ئاسما لەۋھەسى، «سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى ئەسەرلىرى توپلىمى» ۋە «ئوتتۇرا ياش ۋە ياش خەتتاتلار ئەسەرلىرى توپلىمى»(10 كىتاپ)، «ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» قاتارلىق كىتاپ، لەۋھە ۋە كالېندارلارنى تۈزگەن ۋە نەشرگە تەييارلىغان.




خەتتاتلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي تېخنىكوملار ئۈچۈن 25 پارچىدىن ئارتۇق دەرسلىك كىتاپ ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى تۈزگەن ھەمدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسىدە 20 قىسىملىق لېكسىيە سۆزلىگەن. ئۇ يەنە 12 توملۇق زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»نى نەشرگە تەييارلاشتەك مۇشكۈل ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇنى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە لايىھەلەپ ئىشلەپ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى نامايەن قىلغان. ئۇنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىدىن باشقا، يېزىق تەتقىقاتى، گۈزەل سەنئەت، نەققاشلىق، مۇزىكا، ئەدەبىيات ۋە ھەرخىل لايىھەلەردىمۇ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك. شۇڭا ئۇنىڭغا جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى «ئەخلاق، كەسپتە تەڭ يېتىلگەن خەتتات» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى.

بولۇپمۇ ئۇ خەتتاتلىق ساھەسىدىكى كاتتا نەتىجىلىرى سەۋەپلىك شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئېنىستىتۇتىنىڭ ئالاھىدە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. بۇ ھەقتە شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىنستىتۇتىنىڭ فەنزىك، نىياز كېرىم شەرقى قاتارلىقلارغا پەخرىي دوكتور ئۇنۋانى بېرىش توغرىسىدىكى ھۆججەت (№1754129)لەرگە قارىغايسىز:

ھۆرمەتلىك نىياز كېرىم شەرقىي ئەپەندى:

1950 ـ يىل 9 ـ ماي، شۋېتسىيە بىلەن جۇڭگو رەسمىي ھالدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىككى دۆلەت ئۇزاق مۇددەتلىك دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تىكلىدى. شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىنگلىزچە نامى:

(Royal Institue fo Art) بولۇپ، شۋېتسىيە پايتەختى ستوكھولم (Stokholm) ئارىلىغا جايلاشقان. بۇ ، 1735 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شۋېتسىيە تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان سەنئەت ئىنستىتۇتى ھېسابلىنىدۇ. ئىنستىتۇتنىڭ ئەتراپىدا مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر تولۇق بولۇپ، ھازىرقى زامان سەنئەت مۇزېيى، دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيى، شۋېتسىيە قۇرۇلۇش مۇزېيى، يىراق شەرق سەنئەت مۇزېيى قاتارلىق مۇزېيلار ئوراپ تۇرىدۇ. يىراق شەرق سەنئەت مۇزېيىدا جۇڭگو، ياپونىيە، كورىيە قاتارلىق ئاسىيا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇن سەنئەت بۇيۇملىرى بار.

شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى بىر ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك لايىھەلەشنى بىر گەۋدە قىلغان مەكتەپ بولۇپ، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، كىنوچىلىق، مېتالچىلىق، ياغاچچىلىق، فار ـ فۇرچىلىق، ئەينەكچىلىك ھەمدە تىل، ئەدەبىيات، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىك كەسپ ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىنغان. ئىشخانىلارنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئېسىل بولۇپ، ياۋروپا قىتئەسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ھەر بىر كەسپكە تەيىنلەنگەن پىروفېسسورلارنىڭ ھەممىسى كەسپىي سەنئەتكارلار، تەتقىقاتچىلار، ئارخېتېكتورلار ياكى باشقا كەسپكە ماھىر ئوقۇتقۇچىلار توپى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەرستىن سىرت يەنە باشقا ئورۇندا كەسپى بار. بۇ خىل ئۇسۇل ئوقۇتقۇچىلارنى جەمئىيەت بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى ئالىي كۇرس سەنئەتكارلىرنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئىنستىتۇتنىڭ پىروفېسسورلىرىدىن باشقا يەنە ھەر يىلى بىر قىسىم دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئاتاقلىق ئاكادېمىكلەر بىلەن تەكلىپلىك پىروفېسسورلارنى، رەسساملىق، ھۈنەر ـ سەنئەت، تىل ـ ئەدەبىيات قاتارلىق ھەرخىل كەسپلەرگە تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزىدۇ.

شۋېتسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، شۋېتسىيە ـ جۇڭگو مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆۋرۈكىدىن پايدىلىنىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىش، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە ئىنستىتۇتىمىز مەشھۇر سەنئەتكارلارنىڭ نامزات كۆرستىشى بىلەن جۇڭگو ـ شۋېتسىيە ئىككى دۆلەتتىكى ئوخشاش كەسپتىكىلەرنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى زور نەتىجىلىرىڭىز، خەلقئارادىكى تەسىرىڭىز ھەمدە ئەخلاق ـ كەسپتە تەڭ يېتىلگەن سەنئەتكارلارغا خاس ئالىيجاناب پەزىلىتىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشىدا تولۇق بېلەت تاشلىنىپ، سىزگە شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىشنى، سىزگە گۇۋاھنامە ۋە تەقدىرنامە بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئىنستىتۇتىمىزنىڭ بىر يۈرۈش دوكتورلۇق كىيىمى، شۇنداقلا شۋېتسىيە خانلىقىنىڭ بىر نۇرلۇق يۇلتۇز ئوردىنى تەقدىم قىلىنىپ، سىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى بولۇپمۇ شۋېتسىيە ـ جۇڭگو مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى گەۋدىلىك تۆھپىڭىزنى تارتۇقلىماقچى.

ئەگەر سىز تەكلىۋىمىزنى قوبۇل قىلىپ 2015 ـ يىل 15 ـ مايدىن بۇرۇن كەم ماتېرىياللىرىڭىزنى يوللاپ، رەسمىيەتلىرىڭىزنى بېجىرسىڭىز، دوكتورلۇق جەۋبىلىنى تولدۇرۇپ، بىزگە يوللىشىڭىزنى، ئەگەر سىز مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلالمىسىڭىز، بىزگە خەت يېزىپ ياكى تېلېفون ئارقىلىق ئۇقتۇرۇشىڭىزنى سورايمىز. — شۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى / مۇدىر: مانس ئادىرس ۋرانگې (Mans Andevs Wrange)

ھۆرمەتلىك نىياز كېرىم شەرقى ئەپەندى:

سىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى تۆھپىڭىز زور، نامىڭىز خەلقئاراغا تونۇلغان، ئەخلاق ھەم ماھارەتتە پەزىلىتىڭىز يۈكسەك. شۇڭا، شىۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى ئۇنۇۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشىدا تولۇق بېلەت تاشلاش بىلەن سىزگە شىۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ شەرەپلىك دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىۋېتسىيە خان سارىيىنىڭ بىر دانە نورلۇق يۇلتۇز ئوردېنى تەقدىم قىلىندى. ھەمدە سىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى تۆھپىڭىز بىلەن شىۋېتسىيە جۇڭگو مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئالاھىدە تۆھپىڭىز ئۈچۈن ئۇشبۇ شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. — شىۋېتسىيە خان جەمەتى سەنئەت ئىنستىتۇتى / مەكتەپ مۇدىرى: مانس ئاندىرس ۋرانگى (**Mans Anders Wrange**) / مىلادى **2015** ـ يىل **15** ـ ئاپرېل

يېقىندا، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنى قىبلىنامە قىلغان، ئۆزىنى مىللىي تىل ـ يېزىق تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان ئوت يۈرەك قەدىرلىك قېرىنداشلارغا مەلۇم بولسۇنكى، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ بايراقدارى، دۇنيا يېزىق سەنئىتى جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئى ـ ـيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، دىيارىمىز خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمى مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتالمىش شىنجاڭ يىپەك يولى خەتتاتلار رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دۆلەتلىك **1** ـ دەرىجىلىك گۈزەل ـ سەنئەت ئۇستازى، دوكتۇر، ئۇستاز خەتتات نىياز كېرىم شەرقى ئەپەندىنىڭ ئازكەم **60** يىللىق خەتتاتلىق ھاياتىنىڭ نامايەندىسى «ئۇيغۇر خەتتاتلىغى قامۇسى» ئاتالمىش شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى .

رەڭدار ۋاراقلىق، قاتتىق مۇقاۋىلىق، ئىككى تومدىن تەركىپ تاپقان، ئېسىل قاپچۇققا قاچىلانغان بۇ قامۇس ھەممىمىزگە ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ھوزۇرىنى بېغىشلايدۇ.

بۇ قامۇسقا نۇرغۇنلىغان كونا ـ يېڭى خەت نۇسخىلىرى، دەلىللەشتىن ئۆتكەن مۇكەممەل خەتتاتلىق نەزىرىيىلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ جەھەتتە ئۇ خەتتاتلىققا ھېرىسمەن ھەرمىللەت ھەۋەسكارلىرىغا ئەڭ قولايلىق ئۆگىنىش قوللانمىسى، خەتتاتلىق گۈلىستانىنىڭ پەرۋىشكارلىرىغا ئەڭ ياخشى ئوقۇتۇش دەستۇرى بولالايدۇ.

بۇ قامۇس **18** باپتىن تەشكىل تاپقان، ھەر ـ بىر باپتىكى مەزمۇنلار ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تىللاردا تونۇشتۇرۇلغان. بۇ جەھەتتە ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۆلتاجىسى بولغان خەتتاتلىق سەنئىتىنى خەلقىمىزگە ئومۇملاشتۇرۇپلا قالماي، ئۇنىڭ تەسىرىنى پۈتكۈل دۇنياغا كېڭەيتەلەيدۇ.

بۇ قامۇسقا ھېكمەتلىك ماقال ـ تەمسىل، پاساھەتلىك شېئىر، ئۆلمەس ئاتا سۆزلىرى بىلەن قاناتلانغان نادىر خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن نۇرغۇن ئۈرنەكلەر كىرگۈزۈلگەن. چوڭقۇر مەنىلەر گۈزەل خەتلەر بىلەن جەۋلان قىلىپ قەلب خاتىرىڭىزگە ئۆچمەس نەقىش سالالايدۇ، ھېكمەت ۋە گۈزەللىك شەيدالىرىمۇ ئۇنىڭدىن زوق ۋە نەپ ئالالايدۇ.

بۇ قامۇستىن مىللىي تىل ـ يېزىقنىڭ ئۆچمەس نۇرىنى كۆرەلەيسىز، بۇ قامۇستىن مىللىي تىل ـ يېزىقنىڭ قىممىتىنى، نوپۇزىنى ھېس قىلالايسىز.

بۇ قامۇسنى كۆرسىڭىز، ئېمىنى ئەتىۋارلاپ ساقلاشنى، ئېمىنى ئەڭ يېقىن ئادىمىڭىزگە سوۋغاتلىق قىلىشنى بىلەلەيسىز. تەۋسىيىمىز شۇكى، بۇ قامۇس مەندىمۇ، سىزدىمۇ بولسۇن، ھەممىمىزگە تەۋەررۈك بولسۇن، يادنامە بولسۇن!

ھەرقايسى جايلارغا توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ، ئالاقىلىشىش تېلفۇنى:

**0991 ـ 2555336 ، 13899974772**

ئالاقىلاشقۇچى : مەۋلان شەرقى

ھېساپ ئاچقان بانكا كارتىسى: يېزا ئىگىلىك بانكىسى: **6228480898632292170**

قۇرلۇش بانكىسى: **6210814540000620179** ، سودا سانائەت بانكىسى: **9558803002107733514**

ئەمدى ، قامۇسقا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم ھۆسن خەتلىرىنى كۆرۈپ باقايسلەر.









ئەي ئوغۇل، مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق
سال، بىلىم-ھېكمەت ئىزلە، پەزىلەتلەرنى تىلە،
ئەل ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم بول، بىلىمگىنى
تارقات، بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ،
سۆزىنى ئاڭلا. پەزىلەتنى ئۆگىنىپ ئۇنى ئەمەل-
گە ئاشۇر، چىرايلىق كىيىمگىنى ئۆزۈڭ كەي،
مەززىلىك تائامىڭنى باشقىلارغا بەر، مېھمانلار-
نى ھۆرمەتلە، نامىڭ ئەل ئارىسىدا يېيىلسۇن.
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن نىيازكېرىم شەرقى
مەھمۇد قەشقەرى
1015 — 1112






بىلم بەردى ئنسان زورايدى بو كون،
ئەقل بەردى شونگا پىشلدى توگون،
بلمنى يوروك بلە ئوقوشنى ئولوغ،
بو ئىككى يوكسەلتور قولنى ئو تولوق.
بو سوزگە گوۋاھدور توۋەندەگى سوز،
بو سوزنى ئيشتكن سوزۇلۇش يوندالور:
ئەقل قايدا بولسا، ئولوغلوق بولور،
بىلم كەيدە بولسا، بويوكلوك تاپور،
ئەقللىق ئوقار ئول، بىلملىك بىلور،
بىلملىك، ئەقللىق تىلەككە يېتور،
بىلم مەنسەب بىلە، بىلم نېمە دەر،
بىلم تولسا قايتور كىيىل بولسا ئەر،
كىشىگە يېرور كوپ ئەقل پايدىسى،
بىلم بىلە ئنسان ئەزىز بولغوسى.
جەمىكى ئىشىڭنى ئەقل بىلە قىل،
بىلم بىلە ۋاقتىڭنى ساقلاشنى بىل.






**قوشۇمچە:**

نىياز كېرىم شەرقى : **خەتتاتلىق توغرىسىدا**

خەتتاتلىقتا خۇشبۇي بىلىم ، قويۇق مىللىي خاسلىق ، ھەر ـ بىر مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىغى، گۈزەللىك پەلسەپۋى قاراشلىرى ۋە تەپەككۇرى، مىللىي ھېسسىياتى ۋە خاسلىغى يۇغۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇ ھەر زامان خەلقنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە مۇ ـ يەسسەر بولۇپ كەلمەكتە.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، گەرچە ھەممە ئادەم گۈزەللىككە ئىنتىلىسمۇ، گۈزەللىكنى سۆيسىمۇ، لېكىن ھەممە ئادەمنىڭ گۈزەللىكنى ھېس قىلالىشى، گۈزەللىكنى يارىتالىشى ناتايىن. شۇنىڭدەك ساۋادى بار ھەممە ئادەم خەت يازالىغان بىلەن خەتتاتلىق ئەسەرلىرىدىن ھوزۇرلىنالىشى، خەتتات بولالىشى ناتايىن. خەتتاتلىق يېزىقتىن گۈزەللىك يارىتىش پائالىيتى بولۇپ، گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى كونكرېت سېزىش ياكى يېزىش مومكىن بولغان شەيئىلەر ئوبرازىدا مەۋجۇت. چۈنكى، بۇنداق ئوبراز ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن، كىشىلەرنى روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن شادلاندۇرالايدۇ ۋە كىشىلەردە ئىستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدۇ، شۇنداقلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، بۇنىڭدىن گۈزەللىك يېقىملىق ھېسسىيات پەيدا قىلىدىغان شەيئىلەر ئوبرازى ئىچىدە مەۋجۇت دەپ يەكۈن چىقىرالايمىز. خەتتاتلىقتا ئىپادىلىنىدىغان مەنبە يېزىق، ئەگەر يېزىقنى يېزىق سىزىقلىرى ئەمەس، كىشىلەر تونۇيالمايدىغان سىزىقلارنى يېزىپ قويغاندا ئۇ خەتتاتلىق بولالمايدۇ. شۇڭا خەتتاتلىق سەنئىتىدە بۇ نۇقتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.خەتتاتنىڭ قەلىمىدە ئۇيغۇر يېزىغىدىكى **124** خىل ھەرپ شەكلىنىڭ ھەممىسىگە گۈزەللىك يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ ھۆسنخەتلەر كىشىلەرنى روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن شادلاندۇرالايدۇ ۋە كىشىلەردە ئىستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدۇ. خەتتاتلىقتا يېزىق بىلەن مەزمۇن يۈكسەك دەرىجىدە

جىپسىلاشسا بۇنى خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەت دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر جانلىق تەسىرلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، كىشىلەرنى ئىختىيارسىز ھالدا روھلاندۇرالايدۇ ۋە تەسىرلەندۈرەلەيدۇ.

خەتتاتلىق ئادەتتىكى خەت يېزىش ئەمەس بەلكى بىر خىل سەنئەت. خەتتاتلىقتا گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە يېزىقتىن بەدىئىي شەكىل يارىتىلىدۇ، دۇنيانى قەلب ئارقىلىق كۆزىتىپ، يېزىقتىن ئىبارەت تىلنى خاتىرىلىگۈچى دېتالدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا گۈزەللىك بېغىشلايدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيلىكىگە شادلىق ئاتا قىلىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش خەتتاتلىق بولىدۇ، خەتتاتلار ئۆزىنىڭ ئىستېتىك قارىشى بويىچە بەدىئىي ئەسەر ئىجاد قىلىدۇ. ھەر بىر ئەسەردە خەتتاتنىڭ ئىدىيىسى، ئىجادىيەت مۇددىئاسى، ھېسسىياتى، ئارزۇسى قاتارلىقلار ئەكس ئېتىدۇ.

يېزىق خەتتاتلىقنىڭ بىردىن-بىر بۇلىغى. شۇڭا يېزىقنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان تەييارلىق باسقۇچى. بىر ئەدىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇستاز دېگەن شۇنداق ئادەملەركى، ئۇلار باشقىلار كۆرۈپ بولغان نەرسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغان، باشقىلار دائىم كۆرۈپ تۇرغان نەرسىلەردىن گۈزەللىكنى چېلىقتۇرالايدىغان كىشىلەردۇر». خەتتاتلارمۇ ئوخشاشلا كىشىلەر كۈندە كۆرۈپ تۇرغان، يېزىپ تۇرغان يېزىقتىن گۈزەللىكنى بايقىيالايدىغان ئۇنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان كىشىلەردۇر.

خەتتاتلىق ئىجادىيىتى دېگەن باشقىلار ئوتتۇرىغا قويمىغان يېڭى مەزمۇن، يېڭى شەكىل ۋە يېڭىچە ئۇسلۇبتا يارىتىلغان ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە بۇ ئەسەر مۇقىم بولغان بىر نۇسخىدا يېزىلمىسىمۇ، ھەر كىمنىڭ ئۆزى تاللىغان نۇسخا تۈرى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئىجادىي ئەسەر ھېساپلىنىدۇ. خەتتاتلىقتا ھەر بىر نۇسخىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆلچەملىك ھەرپلىرى بولىدۇ. ئەمما ھەر بىر نۇسخىدا يەنە نۇرغۇن ئىجادىيەت ئۈچۈن ئىمكانىيەتلەر كەڭرى بېرىلگەن، ئەگەر خەتتاتلار كۆڭۈل قويۇپ بۇ ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلانسا، مۇشۇنىڭ ئۆزى يەنە بىر ئىجادىيەت . بەزى نۇسخىلاردا خېلى كۆپ ھەرپلەرنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۆلچەملىك شەكلى بېرىلگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەتتە ئىزدىنىدىغان تەرەپلەر بولالايدۇ. ئەمما شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى بىر ياخشى مەزمۇنلۇق سۆز-ئىبارىنى ھەممە ئادەم دائىم يېزىۋەرسىمۇ كىشىلەرگە دەسلەپ ھوزۇر بېغىشلىغان بىلەن كېيىن ئاۋۋالقىدەك ھوزۇر بېرەلمەيدۇ. «ھەسەلنى يەۋەرسە ئەمەن تېتىيدۇ» دېگەن بىكار گەپ ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا خەتتاتلىقتا مەزمۇن گاداىلىغىدىن ساقلىنىش كېرەك.

ھۆسنخەت ئۆگىنىشتە ئۆلچەملىك، قائىدىلىك يېزىلغان ھۆسنخەتلەرنى كۆچۈرۈپ ئۆگىنىش ياخشى ئۇسۇل، بىر نۇسخىدا ياخشى يېزىلغان خەتنى قايتا - قايتا كۆپ كۆچۈرۈپ بەرسە شۇ نۇسخىنى تەدرىجى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا جەمئىيىتىمىز ھەر يىلى كۆچۈرۈلگەن ھۆسنخەتلەر كۆرگەزمىسى ئويۇشتۇرۇش ئارقىلىق خەتتات ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ خەتتاتلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى. كۆچۈرۈش ئارقىلىق ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىپ باشقا بىر مەزمۇندا سۆز تاللاپ ھۆسنخەت يېزىپ كۆرگەزمە ۋە مۇسابىقىلەرگە قاتناشسا بولىدۇ. بۇ، ئىجادىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما كۆچۈرۈلگەن ھۆسنخەت كۆچۈرگۈچىنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى بولمايدۇ.

ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى ئۆگەنگەنلەرگە نىسبەتەن ئىجادىيەتتە:

بىرىنچى، مەزمۇننى تاللاش بەك مۇھىم، ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تارتىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغىچە، خەلق قوشاقلىرى، خەلق ناخشىلىرى، ماقال-تەمسىللەرگىچە شۇنداقلا دۇنيادىكى، ئېلىمىزدىكى پەلسەپۋى پىكىرگە باي، ئىخچام، يارقىن ۋە تەسىرلىك، ئېسىل سۆز دۇردانىلىرىدىن تۈزۈلگەن كىتاپلار ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆسنخەت يازىدىغان ياخشى مەزمۇنلاردۇر. ئەمما سۆز تاللىغاندا يەنە پەلسەپۋىلىگى كۈچلۈك بولسىمۇ كىشىنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان سەت، يېقىمسىز، يىرگىنىشلىك سۆزلەر بولسا تاللىماسلىق كېرەك. خەتتات ئەدەبىي جەھەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


تەربىيەلەنسە سۆز ئىچىدىن سۆز تاللاشقا ماھىر بولىدۇ. خۇددى «چىمەنلەرنىڭ ئىچىدە نازۇك چىمەن بار» دېگەندەك يازغۇچىلارنىڭ سۆزلىرى ئىچىدە يەنە پاساھەتلىك سۆزلەر بار، شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە يەنە شاھانە مىسرالار بار. مانا مۇشۇنداق ئېسىل سۆزلەرنى تاللىيالىغاندا ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىدۇ، شۇڭا ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنىڭ جەلپكارلىقىنى مەلۇم مەنادىن تىل بەلگىلەيدۇ.

ئىككىنچى، سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ لەرزان، لىرىكىلىك ياكى جەڭگىۋارلىقىغا، ئۇر ـ غۇلىرىنىڭ كۈچلۈك ياكى يەڭگىللىكىگە قاراپ ھۆسنخەت نۇسخىسىنى بەلگىلەش كېرەك. يەنى مەزمۇن بىلەن شەكىل ھۆسنخەتنىڭ تاشقى گۈزەللىكى بىلەن ئىچكى گۈزەللىكى، شەكىل گۈزەللىكى بىلەن مەزمۇن گۈزەللىكى چەمبەرچاس باغلانسا بۇ ئەسەر ئۆز گۈزەللىكىنى تولۇق نامايەن قىلالايدۇ.

ئۈچىنچى، تاللانغان سۆز ـ ئىبارىلەردىكى ھەرپلەرنىڭ تىك سىزىمە ۋە تاقا، ئەگمە سىزىقلىرى دېگەندەك ھەرپ قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەكرار كېلىشىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

تۆتىنچى، سۆزنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ، قەلەمنىڭ ئىنچىكە ـ توملىقىنى ۋە قەغەز ئۆلچىمىنى بېكىتىش بۇمۇ ئەسەرنىڭ قەغەز يۈزىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھۆسنخەت توم بولۇپ كەتسە ھەرپ ئۆلچىمى ئۆزگىرىپ ھۆسنخەت تىقىلىپ قېلىپ سەت كۆرىنىدۇ. قەلەم ئىنچىكە بولۇپ قالسا، ھۆسنخەتنىڭ ئىنچىكە ـ توملۇق ئۆزگىرىشلىرى تولۇق ئىپادىلەنمەي، كىشىگە ھۇزۇر بەرمەيدۇ،

بەشىنچى، قەغەز تاللاشتا بىز ئومومىيۈزلۈك شۇەنزى قەغىزى ئىشلىتىۋاتىمىز، شۇڭا قومۇش، بامبۇك، ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان قاتتىق ئۇچلۇق قەلەملەردە ھۆسنخەت يازغاندا شۇشۇەن (پىششىق قەغەز) گە يېزىشىمىز كېرەك. ئەگەر موي قەلەم، ماي بوياق قەلىمى ۋە كەڭ ئۇچلۇق چوتكا قاتارلىق يۇمشاق ئۇچلۇق قەلەملەردە ھۆسنخەت يازماقچى بولغاندا سىڭ شۇەن (خام قەغەز) گە ھۆسنخەت يازسا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

ئومۇمەن خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدە ئۇچرايدىغان مەسىلەر ئاساسەن مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلغان ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر دەۋرىدە قول بىلەن خەت يازىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسنى كومپيۇتېر ئۈستىگە ئېلىۋېلىپ، يېزىقچىلىق ئىشلىرى ئاپتوماتىكلاشتۇرۇلۇپ قول بىلەن خەت يازىدىغان كىشىلەر تەدرىجى ئازايماقتا. بۇ بىر تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يولى، ھېچكىم بۇنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئەمما خەتتاتلىق دېگەن يەنىلا خەتتاتلىق. خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئورنىنى كومپيۇتېر ھەرگىزمۇ ئورۇنلىيالمايدۇ. شۇڭا «كومپيۇتېر خەتتاتلىغى» دېيىشكە بولمايدۇ. خەتتاتلىق بىر ئىلىم . ئۇنىڭغا سەممىي مۇئامىلە قىلىش كېرەككى، ساختىلىق ئىشلىتىشكە، ئۇنىڭ پەللىسىگە سەكرەپلا چىقىۋېلىشنى ئويلاپ ئوڭاي يول تاللاشلارنىڭ ھەممىسى خاتا.

خەتتاتلىق سەنئىتىگە بەزىلەرنىڭ تونىشى روشەن بولمىغاچقا، ئەنئەنىۋي خەتتاتلىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ياكى ھەر خىل شالغۇت خەتلەرنى «يېڭىلىق ياراتتىم» دەپ بازارغا سالىدىغان ۋە ياكى ئەنئەنىۋى نۇسخىلارنى پۈتۈنلەيلا بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز مۇقامى بويىچە بىر نېمىلەرنى يازىدىغان خاھشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا خەتتاتلىقتا يول قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مەيلى خەنزۇ خەتتاتلىغى، مەيلى ئەرەپ خەتتاتلىغى ياكى ئۇيغۇر خەتتاتلىغى بولسۇن، بۇ ئىلمىيلىغى، قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى قاتتىق سەنئەت تۈرى. نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا نۇرغۇن خەتتاتلارنىڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن ھۆسنخەت نۇسخىلىرى تاكامۇللاشقان بولغاچقا، خەتتاتلىرىمىز ئەنئەنىۋى نۇسخىلارنى ئېرىنمەي، تىرىكمەي ئەستايىدىل ئۆگىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا خەتتاتلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى چاقنىتىپ سەنئەت قىممىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىدۇ.

خەتتاتلىق ئىككى خىل قىممەتكە ئىگە، بىرسى ئىستېمال قىممىتىگە، يەنە بىرسى سەنئەت

قىممىتىگە. بۇ ئىككى قىممەتنىڭ ئىستېمال قىممىتى ئەرزانراق، سەنئەت قىممىتى قىممەت بولىدۇ. ئىستېمال قىممىتىنىڭ ئەرزانراق بولۇشى؛ ئىستېمال ئېھتىياجىدىن، پلاكات، لەۋھە، ئۇقتۇرۇش ھەر خىل ھۆسنخەت يېزىش پائالىيەتلىرى بولىدۇ، بۇ ھۆسنخەتلەر ئىستېمال قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھېچنىمىگە كېرەك قىلىنمايدۇ، ئەمما بىر جۈملە تەربىيۋى ئەھمىيىتى بار سۆزنى ئەسەر قىلىپ ئىشلىگەندە ئۇ خەتتاتنىڭ ئىجادىي ئەسرى بولۇپ ساقلاش ۋە ھۇزۇرلىنىش قىممىتىگە ئىگە، شۇڭا قىممەت بولىدۇ.

خەتتاتلىق ئەسەرلىرى يەنە ئىككى خىل قىممەتكە ئىگە، بىرى ھوزۇرلىنىش قىممىتىگە يەنە بىرى ساقلاش قىممىتىگە. بىز ھوزۇرلىنىش قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندە دىققەت قىلىدىغىنىمىز ئەسەرنىڭ ئۆزىلا بولۇپ، ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقى كۈچلۈك، ئىلھاملاندۇرۇش، شادلاندۇرۇش تەلپىگە يەتسىلا ئۇ كىمنىڭ ئەسرى بولۇشىدىن قەتئىنەزەر كىشىلەر تەرىپىدىن ئىتراپ قىلىشقا ئېرىشىدۇ ۋە ئونتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئەمدى بىز يىغىپ ساقلاش قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندە دىققەت قىلىدىغىنىمىز بۇ ئەسەرنىڭ كىمنىڭ ئەسرى ئىكەنلىكىدە بولىدۇ. چۈنكى يىغىپ ساقلىغان ئەسەرلەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى ئېشىشى مۇمكىن. يىغىپ ساقلىغان ئەسەرلەر خۇددى لاتارىيە بېلىتىدەك ئامىتى ئوڭ كەلسە نەچچە يۈز مىڭ سەر ئالتۇنغا ئۆزگىرىشى مومكىن ياكى بولمىسا بىر ۋاراق قەغەزلا بولۇشى مومكىن.

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى مابەينىدە ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلار بولدى. مەلۇم نادىر ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن ئورۇن ئالدى. بۇرۇن كىتاپ كۆچۈرۈش، قولىيازما كېزىت چىقىرىش، ھەر خىل پلاكات، لەۋھە ۋە ماۋزۇ خەتلەرنى يېزىش بىلەن چەكلەنگەن ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ئەمدىلىكتە سەنئەت قىممىتى يۇقىرى كىشلەرگە ئىستېتىك ھوزۇر بېغىشلايدىغان سەنئەت بويۇمىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ھۆسنخەتلەر كۆرگەزمە قىلىپ ھوزۇرلىنىشتىن باشقا ئىشخانا، ئۆي ۋە بەزى ئاممۋى سورۇنلارغا ئېسىلىپ ھۇزۇرلىنىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ يىغىپ ساقلىغۇچىلارمۇ كۆپەيدى. شۇڭا خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدە تونۇشنى ئۆستۈرۈپ نېمىنىڭ ئىجادىيەت ئېكەنلىگىنى بىلىش كېرەك. خەتتاتلىق سەنئەتنىڭ بىر تۈرى بولغاچقا خەتتات سەنئەتكار ھېساپلىنىدۇ. بىر خەتتاتنىڭ تاكامۇللىششى، ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئالىيجاناپ ۋە يۈكسەكلىگى خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىششىنىڭ يوشۇرۇن ئاساسىي سەنئەتتە ئىزدىنىشنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىگىنى تونۇپ يەتكەنلىگىدە بولىدۇ.

خەتتات دېگەن بۇ پەخىرلىك نام ھۆسنخەت يازالايدىغان ھەممە كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، پەقەت ئۆز ئېلىنى، خەلقىنى، ئۆز تىل يېزىغىنى سۆيىدىغان مويسىپىت ۋە ئالىيجاناپ، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر، باشقىلارغا يېزىقنىڭ گۈزەل شەكىللىرى ئارقىلىق ئېستېتىك زوق ھەم بەدىئىي لەززەت بىرەلەيدىغان كىشىلەرگە خاستۇر. مەن بارلىق خەتتات ۋە ھەۋەسكارنى بۇ شەرتلەرنى ھازىرلاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ خەتتاتلىق ئىجادىيىتىدە زور نەتىجىلەرنى قازىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

**ئەمدى نىياز كېرىم شەرقىنىڭ يەنە بىر قىسىم ھۆسنخەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىڭ:**



















# نىيازى

(1780 ـ 1865) ، موللا مۇھەممەت نىياز بىننى ئابدۇلغەفۇر خوتەننىڭ چىرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، كىچىگىدىن تارتىپ تىرىشچانلىق بىلەن بىلىم ئىگەللەپ ، كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ ، نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان ، « قىسسەسۇل غەرايىب» ،«دىۋانى نىيازى» ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدۇر . ئۇنىڭ يەنە تەرجىمە ساھەسىدىمۇ خېلى كۆپ نەتىجىلىرى بار بولۇپ ، «تارىخى رەشىدى» بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالىدۇر .

# ھاجى قۇتلۇق قادىرى

ھاجى قۇتلۇق قادىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن پاكىستانغا چىقىپ ئوقۇغان. كېيىن ياپونىيە كاگوشىما ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ماگىستىر ھەم دوكتورلۇقتا ئوقۇغان . ھازىر ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.
كاگوشىما خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزىدە 10ـئاينىڭ 16ـكۈنى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن »تۇنجى ئۇيغۇر دۇنيا خەرىتىسى ۋە ئۇنىڭدىكى ‹ياپونىيە › ئاتالغۇسى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى.
ئۇنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپ ساندا كىتاپ ۋە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. بۇلاردىن 1989 ـ يىلى «يىپەك» ناملىق تۇنجى شېئىرى تەگرتاغ ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان. 1996 ـ يىلى «ھەج سەپىرىدىكى پاراڭلار» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «ئىنگلىزچە ئۇيغۇرچە» كىتاۋى 1999 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 2000 ـ يىلى «ئىنگلىزچىدىن ئومۇمى چۈشەنچە» دېگەنگە ئوخشاش ئونغا يېقىن ئەسىرى ۋەتەندە نەشر قىلىنغان. ئۇ 2000 ـ يىلى تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «شېكىسپېر ئەدەبىياتى» ناملىق ئىنگلىزچە ئەسرى تۈركىيە سەلەڭگە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. چەتئەلگە چىققاندىن، جۇملىدىن ياپونىيىدىكى ژورناللاردا غەرپ ئەدەبىياتى ھەققىدە كۆپ ساندا ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.
ھازىر ياپونىيە كاگوشىما ئۇنىۋېرسىتىتىدا ئېنگلىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە دەرس بېرىۋاتقان ھاجى قۇتلۇق قادىرى ئەپەندى ياپونىيە ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئۆز تەتقىقاتلىرىنى ئاڭلاتماقتا.
ئۇ 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنگىچە ئەنقەرەدە 6 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تىل قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان .
ئۇ كاگوشىما خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزىدە 10ـ ئاينىڭ 16ـكۈنى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن »تۇنجى ئۇيغۇر دۇنيا خەرىتىسى ۋە ئۇنىڭدىكى ‹ياپونىيە › ئاتالغۇسى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى.
دوكلات يىغىنىغا تەكلىپ بويىچە كاگوشىما شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى چەت ئەللىك ۋە ياپونىيىلىك ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋە تەتقىقاتچىلار بولۇپ 250 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.
دوكتور ھاجى قۇتلۇق قادىرى ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە تەرتىپلىك بايان قىلدى:

www.uyghurkitap.com



(1) ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار؛
(2) ئىسلام دۇنياسىدىكى تۇنجى مەدرىسە «ساجىيە مەدرىسسى»؛
(3) مەھمۇد قەشقىرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»؛
(4) مەھمۇد ۋەتىنىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تارىختىكى رولى؛
(5) مەھمۇد قەشقىرى ۋە ماركو-پولونىڭ ياپونىيە ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى؛
(6) ماركو-پولودىن ئىلگىرى مەھمۇد قەشقىرى ياپونىيە خەرىتىسىنى سىزغان؛
(7) ئۇيغۇر،ياپون تىللىرىنىڭ گرامماتىكىلىق جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى؛




90 مىنۇتلۇق دوكلاتتىن كېيىن، دوكتور ھاجى قۇتلۇق قادىرىينىڭ ئۆزى كىرىشتۈرۈپ ئىشلىگەن «كاشغەردىن - ئىستانبۇلغىچە» دېگەن DVD سى كۆرسىتىلدى.

قىزغىن ئاخىرلاشقان دوكلاتتىن كېيىن، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھەر خىل سوئاللارنى سوراشتى. سوئال-جاۋاب 40 مىنۇت ئەتراپىدا داۋاملاشتى.

كاگوشىما خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور نىشىخارا دوكلات يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

« مەن مەكتەپ نامىدىن دوكتور ھاجى قۇتلۇق قادىرىيغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداقلا دوكتور ھاجى قۇتلۇق قادىرىينىڭ كېلەر يىلدىن باشلاپ مەكتىۋىمىزگە ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەتتىن ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە قوشۇلغانلىقىغا، مەكتىۋىمىز بۇ يىل 12-ئايدىن باشلاپ ئىشلەشنى پىلانلىغان خەلقئارالىق تېمىلار تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، تېمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئائىت تەتقىقاتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن».

دوكتۇر هاجى قۇتلۇق قادىرنىڭ «تۇنجى ئۇيغۇر دۇنيا خەرىتىسى ۋە ئۇنىڭدىكى «ياپونىيە" ئاتالغۇسى» ناملىق كىتاۋى 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۈركىيە ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقات، تەلىم ـ تەربىيە، پاراۋانلىق فوندى تەرىپىدىن ئىنگلىز، ياپون تىللىرىدا نەشر قىلىندى.




«تۇنجى ئۇيغۇر دۇنيا خەـ رىتىسى ۋە ئۇنىڭدىكى "ياپونىيە" ئاتالغۇ ـ سى» دىگەن ماقالە 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ياپونىيە كاگوشىما خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئالىمى مەهمۇت قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇهاكىمە يىغىنىدا ئوقۇپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتالىيىلىك ئېكىسپېدىتسىيىچى ماركو پولودىن 400 يىل ئاۋال ئۇيغۇر ئالىمى مەهمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىدە ياپونىيە خەرىتىسىنى سىزغانلىغى ۋە ئۇنىڭدا ياپونىيە هەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىش بىلەن بىرگە بۈگۈنكى ياپونىيەنى مەهمۇد قەشقىرىنىڭ "جابىرقا" نامى بىلەن ئۆز ئەسىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەنلىگىدىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

# هاجى مىرزاھىد كېرىمى



ئاتاغلىق شائىر، مول ـ هوسۇللۇق ۋە ئىجتىهاتلىق يازغۇچى، مەسئۇلىيەتچان مۇهەررىر، پەرۋىشكار ئۇستاز، جامائەت ئەربابى هاجى مىرزاھىد كېرىمى 1939 ـ يىلى قەشقەر شەهرى دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ تاربوغۇز كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1942 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1955 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئېنىستىتۇ ـ تى(هازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)نىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1959 ـ يىلى «سول» چىل سىياسەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كۆپ رىيازەت چەككەن. نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا مۇهەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، 1993 ـ يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن پېنسىيەگە چىققان.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا يېزىلىشقا

www.uyghurkitap.com



باشلىغان ھەمدە «ئوغرى مۈشۈك» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئەل ئىچىگە تارقىلىپ، «بالا شائىر» دەپ تونۇلۇشقا باشلىغان. 1956 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئانا ۋەسىيتى»، «جەڭچىمەن»، «بەخت قىزى ئالبۇمىدىن»...قاتارلىق بىرمۇنچە شېئىرلىرى ئەينى ۋا ـ قىتتىكى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»، «تارىم» ژورنىلى ۋە باشقا گېزىت ـ ژورناللاردا ئارقىمۇ ـ ئارقا ئېلان قىلىنىپ، بىرمۇنچە ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، شېئىرىيەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇرغان. ئۇ مۇھەممەتجان سادىق، مۇھەممەت رەھىم، ئابدۇسالام داۋۇت قاتارلىق پېشقەدەم شائىر ۋە پېداگوگلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى ئارقىسىدا، تىرىشىپ مەشىق قىلىپ، شېئىر ئىجادىيىتىدە تېز كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، مىرزاھىد كېرىمىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچەيگەن. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىنى، تارىخنى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى، يېزىقچىلىق بىلىملىرى ۋە لوگىكا پەنلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، ئەدەبىياتنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە بىر قەدەر ئېنىق تونۇشقا ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولغان. پۇشكىن، لېرمونتوۋ، نىكراسوۋ، ماياكوۋسكى، خەمىت ئالىمجان، مىر تۆمۈر، ھادى تاقتاش قاتارلىق رۇس ـ سوۋېت شائىرلىرى ۋە ل . مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوۋ قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆگىنىپ، شېئىرىيەت توغرىسىدا تىرىشىپ ئىزدەنگەن.

ئالىي مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ رېياللىق تۇسى قويۇق، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، مەقامى ئۇستۇن، تەسىرچانلىقى يۇقىرى بولغان مەشھۇر شېئىرى «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق» «تارىم» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب شىمالىدىكى كىشىلەرنىڭ دىل تارىسىنى چەككەن. شائىر بۇ شېئىرىدا يېڭى تۇغۇلغان بىر بوۋاقنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ ساندۇققا سولاپ تاشلىۋېتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق پاجىئەنى يېزىش ئارقىلىق، ۋاپاسىز، شەھۋانە مۇھەببەتكە لەنەت ياغدۇرۇپ، ساداقەت ھەم ۋاپادارلىقنى يادرو قىلغان چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى مەدھىيىلىگەن.

ئاتاغلىق شائىر ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ ھەقىقىي ئىجادىيەتتىكى ئالتۇن دەۋرى 1980 ـ يىللاردىن باشلانغان بولۇپ، شائىر بۇ دەۋردە ئاساسلىق ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى داستان ـ باللادا ۋە رومان يېزىشقا قارىتىپ، «قاناتلانغان تىلەك»، «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ھېيتگاھتا ھېيت كۈنى»...قاتارلىق بىر تۈركۈم داستان ـ باللادا توپلاملىرى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. كېيىنكى مەزگىللەردە پىروزا ئىجادىيتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «شېرىن چۈشتىكى قارا كۆلەڭگە»، «پەرىزات»، «يىگىت بولۇۋالغان قىز»، «بۇغدا قىزى» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېستلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان. «نازۇگۇمنىڭ قىلتىغى»، «ھەسەن ـ ھۈسەن پارلىغاندا»، «جۇدالىق»، «سەئىدخان»، «سۇلتان ئابدۇرېشىتخان»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»(ئىككى توم)، «مىرزا ئابابەكرى» قاتارلىق ھېكايە ـ پوۋېست توپلاملىرى ۋە تارىخىي رومانلىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئەلنىڭ ھۆرمەت تەختىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ يازغان ئىككى پارچە ئەسەر ئايرىم ئايرىم ھالدا 1991 ـ يىلى 2 ـ نۆۋەتلىك ۋە 2010 ـ يىلى 16 ـ نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ» مۇكاپاتىغا، ئۆزى بولسا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «21 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تۆھپىكار شائىر» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق نىشانى ھەققىدىكى مۇقەددەس بىر قاراشنى ئاللا بۇرۇنلا قەلبىگە نەقىشلىگەن شائىر بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈمى ئاشكارا» دېگەن ھېكمەتلىك ماقال بار. ھەرقانداق ئادەمنىڭ روھىيىتى ۋە ئەمەلىيىتىدە ئارتۇقچىلىق (پەزىلەت)، نۇقسان (ئىللەت) مەۋجۇد. ئارتۇقچىلىقنى يوشۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئىسىل پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما نۇقسانىنى يوشۇرۇش پەزىلەت ھېسابلانمايدۇ. بەلكىي ئىللەتنى ئاۋۇتۇشقا يول ئاچقانلىق بولىدۇ. ھورۇنلۇق، قاششاقلىق، تەمەخورلۇق، شەھۋەتخورلۇق، خۇشامەتگويلۇق، يالغانچىلىق، چېقىمچىلىق، سۇخەنچىلىك،

بوشاڭلىق، ئىككى يۈزلىمچىلىك، ئاسىيلىق، تەكەببۇرلۇق، ۋىجدانسىزلىق كەبى ئەخلاقىمىزغا، غۇرۇرىمىزغا يات بولغان ئىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە قامچىلىنىشى، بۇ ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇش يوللىرىمۇ كۆرسىتىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ئەخلاق بىلىمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. «ئالىم بولماقتىن ئادەم بولماق تەس» دېگەن ھېكمەت تارىخنىڭ يەكۈنىدۇر. شېئىرىيەتتە پىشىپ كامالەتكە يېتىش ئاسان ئەمەس، بۇ يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولاپ سۇ چىقارغاندەك مۇشكۇل ئەقلىي ئەمگەكتۇر. شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىپ ياشايدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئەۋج ئېلىپ شائىرلارنىڭ تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر قىلىشقا تۇسالغۇ بولۇپ قالغان قاتماللىق، مەدھىيىۋازلىق، ئوخشاشلىق، مەزمۇندىكى تەكرارلىق كەبى ئوقۇرمەننى بىزار قىلىدىغان بولمىغۇر ئىللەتلەردىن خالىي بولغان «يېڭى شېئىرىيەت»(مەن ئەركىن شېئىر دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرىمەن) مەتبۇئاتلىرىمىزدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. مەن بۇنىڭغا ياندىشىمغان بولسامىمۇ قوللىغانىدىم. ھالبۇكى، ئەركىن شېئىر يازىدىغانلار كۆپەيگەنسىرى بەزىلەرنىڭ يازغانلىرىنى چۈشىنەلمەي غەلىتە، تۇترۇقسىز ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، بوگۇنكى كۈنگە كەلگەندە ئەركىن شېئىر پىكىر ھېسسىيات، تۇيغۇنىڭ پايانسىز كەڭلىكىدە ئەركىن پەرۋاز قىلالايدىغان قانىتىغا ئايلاندى. پىكىرنى ھېسسىيات، تۇيغۇ، تەبىئەت بىلەن باغلاپ ئۆزىمۇ چۈشىنەلەيدىغان، ئوقۇرمەنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويمايدىغان ئەركىن شېئىرلارنى يېزىشنى شېئىر ئوقۇشقا خۇشتاركىشىلەر تەلەپ قىلماقتا... ۋاھالەنكى، بارلىق شائىر، يازغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنداق ۋە ياكى مۇنداق ياز، دەپ دەۋەت قىلىش ئاقلانىلىك بولمايدۇ. قانداق مەزمۇندا ۋە قانداق شەكىلدە يېزىش ـ قەلەم ساھىبىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. مەسىلە ئايدىڭكى، مېنىڭ ئۆز خاسلىقىمنى قەدىرلىشىمدىكى مەقسەت، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى قوغداش ۋە يۈكسەلدۈرۈش، شۇنداقلا، ئەركىن شېئىرلارنىڭ ئاچقىلى بولمايدىغان تىلسىماتتەك ئوقۇرمەنلەرنى بۇرۇقتۇرما قىلىپ قويماي، ئېچىلمىغان ئەقىل ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، يېڭىدىن گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇ، پىكىر بىلەن زوق ـ ھوزۇر، جاسارەت بەخش ئېتىشنى ئۈمىد قىلىشتۇر. شۇنى ئېسىمدە تۇتۇپ كېلىۋاتىمەنكى، شېئىر ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئالەم، ھايات، تەبىئەت ھادىسە ـ ۋاقىئەلىرىدىكى ھېكمەتلەرنى ئەڭ ئىخچام ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدىغان بەدىئىي ئىجادىيەت شەكلىدۇر».

بىزنىڭ بۇ ئەزىز دىيارىمىزغا كىندىك قېنى تۆكۈلۈپ، پاك روھىي كەيپىيات بىلەن ساپ ئەقىدە ئىلكىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان كاتتا، شۆھرەتلىك، جاسارەتلىك ئەدىبىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي ـ پائالىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، يوللىرىنىڭ ئەگرى ـ توقاي، مۇساپىسىنىڭ جاپالىق، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتىدا رومان ئىجادىيىتى، بولۇپمۇ تارىخىي رومان ئىجادىيىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئانا يۇرتىنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەچكە، ئۇ يازغان تارىخىي رومانلاردا تەسۋىرلەنگەن ۋەقە، ھادىسە، يورۇتۇلغان پېرسوناژلار تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى قايىل قىلىدۇ ھەم ئىختىيارسىز ھالدا ئاشۇ تارىخ ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ .

قىسقىسى، ئۇ قەدىمىي شەھەر قەشقەردە يېتىشىپ چىققان، 50 نەچچە يىللىق يېزىقچىلىق ھاياتىدا كۆپلىگەن نادىر شېئىر، داستان، ھېكايە، پوۋېست، رومان يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان تىرىشچان قەلەم ساھىبى.

ھازىر ئاتاقلىق شائىر، تېنىمسىز ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بۇ يازغۇچىمىز ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي يەنە داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ «قەلەمگە مۇھەببەت» ناملىق بىئوگرافىك كىتاۋى بىلەن غەزەل ـ مۇۋەششەھلىرىنى توپلام قىلىپ نەشرگە تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەممە ئەمگەك مىۋىسى پات ئارىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، قەلبلەردىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغۇسى. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ تەۋەررۈك ئەدىبنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئۆزىگە ئۇزۇن ئۆمۈر، ئىجادىيىتىگە يەنىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

# هافىز خارەزمى

ئابدۇرەھىم هافىز (تەخەللۇسى خارەزمىي)خارەزملىق بولۇپ. كېيىن شىراز شەھرىدە ياشاپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ تۆمۈرىيلەر دەۋرى ئەدەبىياتىدا ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلىكى ۋە نادىرلىقى بىلەن شۇ دەۋر ئەدەبىيات مۇنبىرىگە جۇلا قوشقان يىرىك ئەدىپلەردىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ «دىۋانى هافىز تۈركىي» ناملىق توپلىمى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ 28 مىسرا شېئىرى «ئون ئىككى مۇقام» غا كىرگۈزۈلگەن.

# هاپىز نىياز قومۇلى

هاپىز نىياز قومۇلى قومۇل، راھاتباغ يېزىسى شامالچارباغ كەنتىدە دېھقان مەھەممەت نىياز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ قومۇلغا 300 يىلدىن ئارتۇق ھۆ-كۈمرانلىق قىلغان قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىقىنىڭ خازانىغا شاھىد بولغان، تارىخچى-تەزكىرىچى، داڭلىق خەتتات ئىدى.



ئۇنىڭ دادىسى ۋاڭلىقنىڭ ھاشىرىغا تۇتۇلۇپ، شىڭ شىڭشىيادا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى بوۋىسارە ئاپپاق ئىسىملىك بىر ئۇقۇمۇشلۇق ئايال بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇ، يەتتە يېشىدىن 14 يېشىغىچە مەدرىستە ئوقۇپ، ئەرەپ، پارس، تۈركىي تىللاردىكى دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئۆگىنىپ دىنىي بىلىم ۋە يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن. كېيىن شۇ زامانلاردىكى داڭلىق قۇرۇلۇشچى، ھۈنەرۋەن ئابدۇرېھىم غەزنىچىگە شاگىرت بولغان. ئابدۇرېھىم غەزنىچى ۋاڭ ئوردىسىدىكى داڭلىق قۇرۇلۇشچى، لايىھە بىزەش، ياساش ئىشلىرىنىڭ مەسئولى ئىدى. هاپىز نىياز ئۇستازىدىن رەسىم سىزىش، خەتتاتلىق، سىرچىلىق ۋە تىككۈچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئۆگەنگەن. كېيىن، سىرچىلىقتا ئۆزۈپ چىقىپ جەمئىيەتتە سىرچى هاپىز ئاخۇن دەپ ئاتالغان. ئۇستازى ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوردا قۇرۇلۇشلىرىدا ئىشلىگەن. بۇ 10 يىل ئوردا ئىچىدىكى كۈنلىرىدە، ئوردىنىڭ ئىچكى-تاشقى ھەممە ئىشلىرىنى بىلگەن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بولۇپمۇ ئوردا كۇتۇپخانىسىدىكى قىممەتلىك كىتاپ، قولىيازمىلارنى ئوقۇش پۇرستىگە ئىگە بولغان، ئوردا كۇتۇپخانىسىدا، ئەرەپ، پارس، تۈركىي، مانجۇ، خەنزۇ تىللىرىدىكى نۇرغۇن كىتاپ ساقلانغان ئىدى. (شىڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى كۆيدۈرگەندە بىر ئايغا يېقىن لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۈگىگەن) هاپىز نىياز قومۇلنىڭ قىران ياشلىقى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىقى، خوجانىياز ھاجى قوزغىلىڭى ۋە قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ 300يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇرەككەپ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە توغرا كەلگەچكە، ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئەسلىمە ۋە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلار قالغان. ئارىلىقتا، قومۇل دېھقانلار ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبىرى خوجا نىيار ھاجىغا كاتىپلىق قىلغان. 1958-يىلدىن كېيىن سولچىل سىياسەتنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، «يەرلىك مىللەت- -چى» دىگەن قالپاق كەيگۈزۈلگەن. 10يىل داۋاملاشقان قاپ-قاراڭغۇ جاھالەتلىك مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدا پۈتمەس-تۈگىمەس رىيازەتلەر چەككەن، ئەڭ ئېچىنىشلىقى مەدەنىيەت

ئىنقىلاۋى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ (1978 ـ يىلى) بىر ئۆمۈر توپلىغان ئالەمشۇمۇل كىتاپلىرى، ئۆزىنىڭ قان ـ تەرى بىلەن يېزىپ چىققان كىتاپلىرى، قولىيازمىلىرى يامان نىيەتلىك رەزىل پەسكەش كىشلەر تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە كۆيدۈرىۋېتىلـ ـگەن... بىراق بۇ قەيسەر زات، يېشى 80 گە ئۇلاشقاندىمۇ، ئۆزى ياشاپ كەلگەن قەيىس غوجام مازىرىكى غېرىبانە كۇلبىسىدە ئۆز خەلقى ۋە دىيارىنىڭ تۆت ـ بەش ئەسىرلىك تارىخى پۈتۈلگەن ـ قومۇل گۈلستانلىغى، قومۇل بوستانلىغى، ئىسلام دىنىنىڭ قومۇلغا تارقىلىشى ۋە ھۆۋەيدا، ئەخمەت يەسەۋى ، مەشرەب...قاتارلىق شائىرلارنىڭ كىلاسىك شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «باياز» ۋە بىر قانچە جورنقاي،ئۈچ ساھابە تارىخى، تۇڭگانلار تارىخى، جۇڭگو تارىخى، سالار تارىخى...قاتارلىق كىتاپ، قولىيازمىلارنى يېزىپ قالدۇرۇپ، بەزىلىرىنى تېخى يېزىپ بولالماي ۋاپات بولغان...

مەرھۇم ھاپىز نىياز قومۇلنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە يازغان قولىيازمىلىرىنىڭ كۆپلىگى مەزمۇنىنىڭ رەڭگا ـ رەڭ، خلمۇ ـ خىللىغى بىلەن كۆرگەن كىشلەرنى ھەيران قالدۇ ـ رىدۇ.( ئۇ يەنە قومۇل ئۇردا رىتسپلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇپتىكەن، قومۇللۇق ياش تارىخ ـ تەزكىرىچى ئابلىز ئورخۇن ئەپەندى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ «ئۇردا رېتسپلىرى» نامىدا كىتاۋى نەشردىن چىقتى. كىتاپتىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگىدە مودا بولۇپ كەتكەن بىر قىسىم ئەرەپچە، پارسچە ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلى ساپ ئۇيغۇرچە نام ـ ئىسىملىرى ئەقلىگىزنى لال قىلىدۇ.

**«ئەسلىمىلەر»دىن ئۈنچىلەر:**

## ھاپىز نىياز قومۇلى بوۋامغا...

ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ياشىيالمىساڭمۇ،
بۇ خەلقىڭنىڭ دىل قەسرىدە ھايات سەن ئەبەت.
كۆيۈپ كەتكەن يازمىلىرىڭ پۈتىلەر بىر كۈن،
سەندەك بۈيۈك ئارمانى بار ئىزچىلار رەت ـ رەت.

تاۋاپ قىلىپ كېلەر ئىقلىم ئارا مېھمانلار،
سەن بىر شەيخ قوغداپ كەلگەن ئۇشبۇ مازارنى*.
ئىلىم بىلەن مەشغول بولۇپ ئۆتكەچ بىر ئۆمرۈڭ،
ئاتا قىلغان شۆھرىتىڭگە مەڭگۇ باھارنى.

نەچچە خاننى كۆردۈڭ يەنە پۈتتۈڭ نى كىتاپ،
يېزىپ چىقتىڭ خۇشقەلەمدە، چەكسەڭمۇ ئازاپ.
كۆرمەكتىمەن كۆز ئالدىمدا دۇردان قۇرلارنى،
ھېسلىرىمدە سەن تىرىكسەن مەن گوياكى تاپ...

## ھاپىز نىيازدىن قالغان يادىكارلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





قومۇلدا، ۋە دىيارىمىزنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىمۇ مۇشۇ كىشدەك يېشى 80 دىن ئاشقان بولسىمۇ ئىجادىيەتنى تاشلىمىغان، توختىماي ئىلىم كۆكىدە تۇلپار بولۇپ چېپىۋاتقان بىر قانچە مويسىپىت بار. ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، ئىجادىيىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولىشىغا تىلەكداشىمىز!

ھاپىز نىياز قومۇلى شەيخلىق قىلغان قەيىس غوجام مازىرى

مەرھۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك يازمىغا قايتۇرۇلغان بىر قىسىم ئىنكاسلار:

ئەڭ ئېچىنىشلىغى لەنەت تەككۈر مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ (1978 ـ يىلى) بىر ئۆمۈر توپلىغان ئالەمشۇمۇل كىتاپلىرى، ئۆزىنىڭ قان ـ تەرى بىلەن يېزىپ چىققان كىتاپلىرى، قولىيازمىلىرى يامان نىيەتلىك رەزىل پەسكەش كىشىلەر تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.......

كۆيدۈرۈشكە قانداقمۇ قولى بارغاندۇ پەسەندىلەرنىڭ ؟ بەك ئېچىنىشلىق ئىش بوپتۇ ، مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن .

ھاپىز نىياز بوۋىمىز كىتاپلىرىنى كۆيدۈرمەكچى بولغان ئېپلاسلارنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن شۇنچە يېلىنغان بولسىمۇ مۇمكىن بولمىغان. ئامالسىز قالغان ياشانغان ھاپىز نىياز ئاخىرىدا بۇ ئىبلىسلارغا: كىتاپلىرىمنى تونۇردا كۆيدۈرسەڭلار! دېگەن ئىكەن...مەقستى گەرچە كىتاپلىرى كۆيۈپ كۈلگە ئايلانسىمۇ، بىر ئۆمۈر يىغقان بايلىقلىرىنىڭ، قان ـ تەرىنىڭ مەھسۇلى بولغان كىتاپلىرىنىڭ كۈلىنى بولسىمۇ زايە قىلىۋەتمەسلىك ئىكەن...

## ھافىز نىياز قومۇلى

(« ھاپىز نىياز قومۇلى» غا قاراڭ)

# ھەبىبۇللا ئابلىمىت

ھەبىبۇللا ئابلىمىت 1965 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىدە بىر قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ئابلىمىت ئاخۇن ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان بولۇپ، ئۆز سىڭلىسىنى ئالى مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن كىچىكلا مەكتەپتىن ئايرىلىپ، تىرىكچىلىك يولىغا قەدەم قويغان. ئۇ ئۆزىنىڭ داۋاملىق ئوقۇيالمىغانلىغىنى چوڭقۇر ئىزدىراپ ئىچىدە تىلغا ئېلىپ، باللىرىنى ياخشى ئوقۇش ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرەتتى.

شوڭىلاشقا ھەبىبۇللا دادىسىنىڭ كىچىك چاغدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، داۋاملىق تىرىشىپ ئوقۇش ئىستىگى يېتىلگەنلىكتىن، **1978**-يىلى شەھەرلىك **12**-باشلانغۇچنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، غۇلجا شە- ھەردىكى نوقتۇلۇق **7**-ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندۇ. مەكتەپ خېلىلا ئۇزاقتا بولغاچقا بىر سائەتتىن ئوشۇق پىيادە مېڭىپمۇ مەكتەپكە **1**-بولۇپ يېتىپ كېلەتتى.



ئۇ **1983**-يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستو- تىنىڭ ماشىنسازلىق فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندۇ ۋە **1988**-يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تەلۋى بويىچە قاراماي شەھەرلىك تەلۋىزور ئۇنىۋېرستىغا ئوقۇتقۇ- چىلىق قىلىش ئۈچۈن تەخسىم قىلىندۇ. چۈنكى ئۇ كىچىگىدىنلا ئوقۇتقۇچى بولۇشقا بەكمۇ قىزىقاتتى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، ئۇ قارامايغا بارغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىقتا ئەمەس بەلكى باشقا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭغا ناھايىتىمۇ ئېغىر كېلىدۇ...

**1995** - يىلى **7**-ئاينىڭ **11**-كۈنى ئانا ۋەتەنىدىن ئايرىلىپ گېرمانىيەگە كېلىدۇ ۋە **1999**- يىلدىن **2002**-يىلغىچە گېرمانىيەدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرستىلارنىڭ بىرى بولغان مىيۇنخېن تېخنىك ئۇنىۋېرستىنىڭ ماشىنسازلىق فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندۇ. **2002**-يىلدىن **2004**-يىلغىچە كومپيۇتېر ساھەسىدىكى بىلىملىرىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ماشىنسازلىق دېتاللىرىنى **CNC** لىق پروگراملاش ۋە لايىھەلەش جەھەتتە نوقتىلىق بىلىم ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە گېرمانىيەدىكى مېتالچىلىق سانائىتىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان داڭلىق ئىستاتۇك زاۋۇتلىرىدىن بىرى بولغان«ئىنچكە تەڭشىگۈچ ئىستانوكى»نىڭ ئېنژىنىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ گەرچە تەبئىي پەن ساھاسىدىكى بىر كەسىپ ئەھلى بولغان بولسىمۇ، ئەمما كىچىگىدىنلا ئىجدىمائىي پەن ساھەسىدىكى كىتاپلارنى ئوقۇشقىمۇ ناھايىتى قىزىقىدىغان بولغاچقا ھازىرغىچە ئەدەبىيات، تارىخ ۋە پەلسەپە ساھەسىدىكى كىتاپلارنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ كىتاپلاردىن داۋاملىق خاتىرە قالدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ ئاساستا بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مەنىۋىي ھاياتىنى ساغلاملاشتۇرۇپ بارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى يېزىقچىلىق ۋە تەرجىمە ئىشلىرىغا سەرىپ قىلىپ، تارىختىن بېرى مەنىۋىي تۇۋرۈگىمىز بولۇپ كەلگەن ئالىم ۋە قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى يېزىش، ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان باي مىراسلىرىمىزنى خەلقىمىزگە كۆرستىش ئارقىلىق، خەلقتە ئىلھام، ئىشەنچ، ئۈمىد پەيدا قىلىش ۋە خەلقىمىزنى ئىلىم-پەننى ئۆگىنىشكە يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇندىن كېيىنكى ئۆمرىنى مۇشۇ ئىشقا سەرىپ قىلىشقا بەل باغلىدى.

ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «بىلىم خۇددى كىيىمگە قونغان چاڭدەك كۆرۈنمەي قونىدۇ، ئاستا- ئاستا قېلىنلىشىدۇ. بىر كېچىدىلا بىلىملىك بولۇۋالغان بىرەرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك. ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق بىلىمگە بولغان كۈچلۈك تەشنالىق بولسىلا، كۈنلەر، يىللار مەنىلىك ئۆتتۈۋېرىدۇ-دە، سىز بىلىدىغان نەرسىلەر كۆپىيىۋېرىدۇ. بۇگۈنكى دەۋر ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەپەككۇر قىلىش، سېلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش، ئىجات قىلىش دەۋرى. مانا بۇلار ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىر قانۇنىيىتى. بۇ يولدا بىلىم ئەھلى ھالاۋەتكە ئىنتىلمەيدۇ، ئۆمۈر بويى جاپا تارتىدۇ، بۇ تەرىپى دېھقانغا ئوخشايدۇ.»

شوڭىلاشقىمۇ ھېبىبۇللا ئابلىمىت ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، ئۆگىنىش ئاساسىدا بىلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلقىمىزگە قىممەتلىك نەتىجىلەرنى تەقدىم قىلماقتا.

تۆۋەندىكىلەر بۇ نەتىجىلىرىنىڭ بىر قىسمى:

**1)** گېرمان تىلىنى ئۆگىنىش جەھەتتىكى ماتېرىياللارنىڭ كەمچىلىكىنى ھېس قىلىپ، «نېمىس

www.uyghurkitap.com



تىلى گراماتىكىسى» ناملىق كىتاپنى تۈزۈپ، ئاتالمىش شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرستى نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۆز خىراجىتى بىلەن باستۇرۇپ تارقاتقان.

2) «نېمىس تىل ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ھېكايىلەر» ناملىق تىل ئۆگىنىش كىتاۋىنى تۈزۈپ، ئىنتېرنېت تاراتقۇلىرى ئارقىلىق تارقاتقان.

3) تۈركچە «ھاياتتا ئالغا قاراپ ئالغا باس» ناملىق كىتاپنى تەرجىمە قىلىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئىجدىمائىي تاراتقۇ ئارقىلىق سۇنغان.

4) 40 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە يېزىپ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىجدىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق ئېلان قىلىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىجابى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

بۇ ماقالىلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ تىزىملىگى تۆۋەندىكىچە:

1) غۇلجىدىكى يېڭى مائارىپ(جەدىدچىلىك) ھەرىكىتىگە بىر نەزەر.
2) ئۇيغۇر ئالىمى ئەخمەت يەسەۋى.
3) مەۋلانە جالالىدىن رۇمىنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى.
4) سۇلتان ئالىپ ئارسلاننىڭ سەلتەنەتلىك ھاياتى ۋە ئۇنىڭ تراگىدىيەلىك ئۆلۈمى.
5) ئۇمۇدىڭ قەيەردە يۈكسەلسە، مۆجىزە شۇيەردە چېچەكلەيدۇ.
6) يەتتە قىزلىرىم.
7) ماخاتما گەندى ۋە باگاۋاد گىتا.
8) نېلسون ماندېلا.
9) «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ناملىق روماندىن تۇغۇلغان ھېسلار.
10) «ئاق پاراخوت» ناملىق روماندىن تەسىراتلىرىم.
11) داھىلار توغرىسىدا.
12) ساداقەت ۋە ئېھانەت.
13) گۈزەللىك توغرىسىدا.
14) مىللەتپەرۋەرلىك توغرىسىدا.
15) ئېتىقات ۋە سۆيگۈ؛
16) «بىر يىلىڭىزدىكى 8760 سائەت» ناملىق كىتاپتىن خاتىرىلەر؛
17) سۆيگۈ ۋە ئېتىقاد(ھېكايە).
18) مۇقەددەس ۋەزىپە(ھېكايە).
19) ساداقەت.
20) «ئويغانغان زېمىن»دىن تۇغۇلغان تارىخىي تۇيغۇلار.
21) لوقمان ھېكىم كىم؟
22) «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» ناملىق كىتاپتىن خاتىرىلەر.
23) مەسنەۋى ـ روھنىڭ شىپاسى.

ھېبىبۇللا ئابلىمىت ھازىر ئايالى ۋە ئىككى پەرزەنتى بىلەن بەختلىك بىر ئائىلە بولۇپ گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ياشىماقتا.

تۆۋەندە ئەمدى ھېبىبۇللا ئابلىمىتنىڭ بىر پارچە قىممەتلىك ئەسىرىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمەن.

## داھىلار توغرىسىدا

داھىلار ھۇنلارغا يول كۆرستىشى لازىم، ھۇنلارنىڭ ئۇمۇتسىزلىنىپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلماسلىقى كېرەك.

ـــ هۇن تەڭرىقۇتى ئاتىللا خان

داهى دىگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق شەخسلەرنىڭ بىر يەرگە كىلىپ، بىرلىكتە ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە بىر گورۇپپا(تەشكىلات، پارتىيە....) ئەزالىرىنىڭ تەسرى نەتىجىسدە بەلگىلىك بىر پائالىيەت شەكلىگە سەۋەپ بولۇش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان بىر سىياسى ئۇقۇمدۇر.

داهى بولسا ئۆزى ئائىت بولغان شۇ گورۇپپا ياكى شۇ قەۋم(ئامما، خەلق)نىڭ باشقا ئەزالىرىدىن روشەن بىر ئالاهىدىلىككە ئىگە بولغان ۋە بۇ گورۇپپا پائالىيەتلىرىگە ئۆزىنىڭ ئىدىيسىنى تەسىر قىلدۇ۔ رالايدىغان ئالاهىدە تالانتقا ئىگە بىر شەخس.

داهىلىق ئالاهىدىلىككە ئىگە بولغان شەخس باشقا گورۇپپا ئەزالىرىغا قارىغاندا تېخمۇ ئاۋانگارتلىق بىلەن رول ئوينايدىغان، تېخمۇ ئالاهىدە هۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، بۇ گورۇپپا ئەزالىرى ياكى ئۆزى ئائىت بولغان قەۋم ئۇستىدىن ئۆزىنىڭ هۆكۈمىنى ئىجرا قىلىشقا ماهىر بولغان بىر شەخستۇر.

داهىلار بولسا گورۇپپا ياكى پۈتۈن ئاممىغا تەسىر قىلالايدۇ. ئۇلار ئەقىللىق، بىلىملىك، ئادالەتلىك، ئەدەپ۔ئەخلاقلىق، ئىغىر۔بېسىق، جەسۇر، مەرت، مۇلايىم، ۋاپادار، توغرا سۆزلۈك، شەپقەتلىك كىلىدۇ. ئۇلار ئۆز دوستلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى (مۇناپىقلىقتىن باشقا) كەچۈرۈم قىلالايدۇ، شۆهرەتپەرەستلىك قىلماسلىقتەك بىر قاتار ئېسىل ئالىجاناپ خىسلەتلەرگە ئىگە بولىدۇ.

دۇنيادا بىر پۈتۈن مۇكەممەل ئىنسان بولمايدۇ، پەقەت ئاللاھ تائالا هەرقانداق نوخسان سۈپەتلەردىن خالىدۇر. داهىدا يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن سۈپەتلەر ئاساسەن تولۇق بولغاندىلا كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئۆز

ئەتراپىغا توپلىيالايدۇ ۋە ئۆز قەۋمىنى كۆزلىگەن مەخسەت ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلالايدۇ.

داهى بولغان شەخس ئۆز خەلقىنى تولۇق چۈشەنگەن كىشىدۇر. جەنۇبى ئافرىقا خەلقىنىڭ داهىسى، نوبېل تېنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى نېلسون ماندېلا ئۆزىنىڭ «ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۇزۇن سەپەر» ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دىگەن:«داهى دېگەن ئۆزى رەهبەرلىك قىلغان خەلقنىڭ پۈتۈن ئەهۋالىنى تولۇق چۈشەنگەن كىشىدۇر».

داهى بولغان كىشى ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيتىنى، كۇلتۇرىنى، قىممەت قارىشىنى، سىياسى، پەلسەپىسىنى ۋە شۇ دەۋرىدىكى سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي ئەهۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۆز خەلقىنى توغرا يولغا يېتەكلەش بىلەن بىرگە ئۆز خەلقى ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا هەل قىلىپ، قاراڭغۇلۇقتا قالغان قەۋمىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنىڭ پارلاق ئىدىيسى ئارقىلىق نۇرلۇق چىراق ياقىدۇ.

داهى ئۆز ئىدىيسى ياكى ئۆزى تەۋە بولغان گورۇپىنىڭ ئىدىيسى بىلەن ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەت ۋە ياكى كۈرەش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە چوڭقۇر ئەهمىيەت بىرىشى لازىم. ئىدىيە بىلەن پائالىيەت (كۈرەش) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ئىش۔ هەرىكەتلىرى توغرىسىدا ئويلىغان ئويلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر تەبىئىي هادىسىدۇر.

داهى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئېلىپ بارماقچى بولغان پائالىيەت ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەت ياخشى بولغاندىلا شۇ ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسىدىكى پائالىيەت ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان ئاخىرقى نىشانغا تولوق يەتكىلى بولىدۇ.

ئەگەر داهىنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى سىياسەت يۈرگۈزۈش بولسا ئۇ هالدا ئىدىيە بىلەن سىياسى پائالىيەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ زۆرۈرلىگى هەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئىدىيە بىلەن سىياسى پائالىيەت ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەتنىڭ ماهىيتى ئاخىرىدا سىياسەت بىلەن شۇ مىللەتنىڭ پەلسەپىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بىرىپ تاقىلىدىغانلىغىنى ئوتتۇرىغا قويماي تۇرالمايمەن. چۈنكى داهى يۈرگۈزۋاتقان سىياسەت ئەلۋەتتە شۇ خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ، ئېلىپ بىرىۋاتقان سىياسى پائالىيەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇشى ۋە ئورتاق هاياتلىقنى تەشكىل قىلغان خەلق ئاممىسىنىڭ قابىلىيەت دائىرىسى ئىچىدە

www.uyghurkitap.com


بولىدۇ ھەمدە شۇ خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىش سەۋەبى بىلەن ئېلىپ بېرىلغاچقا شۇ خەلقنىڭ ياكى مىللەتنىڭ سىياسى ـ پەلسەپەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

سىياسەت بولسا ئىنساننىڭ ئاكتىپ پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنساننىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقى ئۈچۈن سىياسەت بىلەن شۇ مىللەتنىڭ پەلسەپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بولىدۇ. چۈنكى سىياسەت شۇ مىللەتنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرى ئۈچۈن رول ئوينايدىغان بىر سىياسەت بولۇشى ئۈچۈن شۇ مىللەتنىڭ ئەخلاق ـ پەلسەپىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. سىياسەت ئىككى ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاق مۇناسىۋىتىدىن ھالقىپ پۈتۈن جەمىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن سىياسەت يەنىلا پەلسەپە دەرىجىسىگە كۆتۈرىلىدۇ. بۇ مەنىدىن داھى شۇ مىللەت ياكى خەلقنىڭ ئەخلاقىغا ئۈلگە بولىدىغان بىر شەخستۇر.

داھى يەنە بەزىدە پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئۆزىدە تەبىئىي بىر ئالاھىدىلىكنىڭ بارلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن، خەلقى ئېغىر بۆھران ئىچىدە قالغان ۋاقىتلاردا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان، ئۆز خەلقىنى ماددى ۋە مەنىۋى بۆھراندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ئىنساندۇر.

داھىلار بولسا ئۆزىنىڭ قوماندانلىق قىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە شەخسى ئابرويىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى باشقۇرىدۇ ياكى باشقا مەخسەتلىرىگە يېتىدۇ. داھى مەخسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىش، تېزگىنلەش، باشقۇرۇش، ئامىمنىڭ كۈچىنى ھەركەتلەندۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلارنى قوللىنىدۇ. داھى ھەرگىز ئۆز خەلقىگە زوراۋانلىق ۋاستىلارنى قوللانمايدۇ بەلكى يەنە ئىجدىمائىي مۇناسىۋەتكە تايىنىدۇ ۋە ئادالەتلىك بولىدۇ. بۇ توغرۇلۇق ھىندى خەلقىنىڭ داھىسى ماھاتما گەندى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ھەقسىزلىككە بېقىنىپ، پۈتۈن ئىنسانلارنى ئارقامغا ئەگەشتۈرگەندىن، ھەق ـ ئادالەت يولىدا مېڭىپ يالغۇز قالغىنىم ياخشىراق!»

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئادالەتسىز رىجىمنى ئادالەت بىلەن ئۆرۈۋېتەيلى. ئالقىشلىغان خەلقنىڭ ئالدىغا قانغا ھېچ بويالمىغان ئىككى قولىمىزنى كۆتۈرۈپ چىقايلى!»

داھى ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، ئادالىتى بىلەن، ئالدىن ـ ئالا كۆرۈش قابىلىيىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ كەسكىنلىكى، جاسارەتلىكلىكى، توغرىلىقى، ئەقىل ـ پاراستى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، يۈكسەك ئابروينى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەرلەر، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، چىڭگىزخان، ماھاتما گەندى، مۇستاپا كامال، نېلسون ماندېلا، ئەخمەتجان قاسىمى......

بەزىدە مىللەتلەر ئۆز نىزامنى يوقاتقان ۋاقىتلاردا داھىلارغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى تۇپ ماھىيەتتىن ھېس قىلىدۇ. تەرەپ ـ تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتكەن، گاڭگىراپ ئۆز يولىنى تاپالمىغان بىر قەۋم ئۆز داھىلىرىنىڭ باشلىغان يولىدا مېڭىشقا رازى بولىدۇ. بۇنداق چاغدا داھى ئۆز قەۋمىنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى ۋە ئىمتىيازغا ئىگە تولۇق ھوقوقلۇق شەخس بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ، ئەسىرلەردىن بىرى مەيدانغا كەلگەن مودېل ياكى سىستېمىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. ھېچ بىر قەۋم ياكى سىستېما ئۆز داھىسىنىڭ باشقىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە، ئىدىيىلىرىگە قارشى قوللانغان تەدبىرلىرىنى ئالدىن ـ ئالا پەرەز قىلىپ يېتەلمەيدۇ، بۇنى داھى بولغان شەخس ئۆزى قارار قىلىپ بىكىتىدۇ. شۇڭا داھىلار بىلەن رەھبەرلەر(سايلام ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان رەئىسلەر ۋە باشقىلار...) ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە پەرق بولىدۇ.

داھىلار بولسا ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي جەمىيەتتىن توپلىغان تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز قەۋمىگە ئالاھىدە تەسىر قىلىپ، ئۆز ئىدىيىسىنى شۇ قەۋم ئىنسانلىرىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلدۇرغان ئالاھىدە شەخسلەردۇر. رەھبەرلەردە ئۇنداق قابىلىيەت بولمايدۇ، پەقەت قول ئاستىدىكىلەرنى ۋاستىلىق ھالدا ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھوقۇقنىڭ ۋە ئىجرا قىلىۋاتقان قانۇننىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ.

يەنە بىر پەرق بولسا داھى ئۆز خەلقىنىڭ شۇ دەۋرىدىكى سىياسى ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى

ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلغان شەخستۇر. داھى يەنە ئۆز خەلقىنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا ئۇستا بولغان، ئىچكى ھېسىياتلىرىنى چۈشەنگەن بىر شەخس. مۇنداق تۈغما ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان شەخسلەر ئۆز گورۇپپىسى(پارتىيە ۋە تەشكىلات...) ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن قاتلامدا بولسىمۇ يەنىلا يۇقارقىدەك ئالا ـ ھىدىلىكلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆز ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ شۇ تارىخى شارائىتتىن ئۇستۇلۇق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىگە چىقالايدۇ ۋە ئاخىرىدا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالىدۇ. مەسىلەن، ئادولف ھىتلېر ۋە باشقىلار.

ئادولف ھىتلېر ئۆز ۋاختىدا خەلقى بىلەن نامايىشقا چىققان ۋە ئوقتا يارىلانغان، ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنى ۋە ئۆز خەلقىگە ئۆزىنى سۆيدۈرگەن ئەمما يۇقۇرى دەرىجىگە چىققاندىن كىيىن قولىغا تۆمۈر پەلەي كېيىپ دىكتاتۇرلۇق يولىنى تۇتۇپ، تارىختا كەچۈرگۈسىز خاتالىق سادىر قىلغان ۋە بۇنىڭ بەدىلىنى ئۆز جېنى بىلەن ئۆتىگەن. تارىختا مۇنداق تىپتىكى داھىلار خېلە بار.

ئىنساندا داھىلارغا خاس بىر تۈغما قابىلىيەت بولمىسا ۋە ئەتراپلىق بىر پەلسەپەۋى بىلىملەرگە ئىگە بولمىسا ئۇ شەخس مىڭ تىرىشىپ ـ تېرمىشىپ سىياسەت يۈرگۈزسىمۇ، ھوقۇقپەرەستلىك قىلىپ ھەرخىل ۋاستىلارنى قوللانسىمۇ داھى بولالمايدۇ .

داھى يالغۇز ئۆز قەۋمىنىڭ نىمىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىغىنى بىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ بەلكى بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە بۇ ئىدىيىنى قەۋمى قوبۇل قىلىشى ۋە ئاخىرىدا بۇ ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قەۋمىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىشى لازىم. بۇ ئارقىلىق ئۆز ئىدىيىسىنىڭ توغرىلىغىنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىغان بولىدۇ ۋە ئۆز جاسارىتىنى، ئەقىل ـ پاراستىنى قەۋمىنىڭ ئالدىدا نامايەن قىلغان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق شەخسلەر تارىختا داھى دىگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولغان .

مانا مۇشۇ كۈرەش جەريانىدا داھى بولغان شەخس ھېچقانداق ماددىي مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشتەك شەخسى غەرەزدە قەتئىي بولۇپ باقمىغان. ئۆزىنىڭ پۈتۈن بارلىغىنى قەۋمىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئاتىغان. شۇڭا تارىختا مۇنداق داھىلار ئۆز قەۋمى ئىچىدە ناھىيىتى زور ئابروي قازانغان.

مۇنداق يۈكسەك ئابرويغا ئىگە داھىلار پۈتۈن پىلانلىرىنى ئۆزى يالغۇز تۈزگەن، گورۇپپىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ بەلگىلىگەن، گورۇپپىدىكى ئەزالارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنىمۇ ئۆزى يالغۇزلا بەلگىلىگەن، ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋەتلەرنى، پائالىيەتلەرنى پەقەتلا ئۆزى بەلگىلىگەن. يالغۇز ئۆزىنىڭ بۇيرىغى بىلەن پۈتۈن ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگەن. يۈكسەك ئابروينىڭ كۈچى بىلەن گورۇپپا ئەزالىرى بۇيرۇقنى شەرتسىز ئىجرا قىلغان. مۇنداق ئابرويلۇق داھىلار تارىختا ئۇلۇغ ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن ئېسىل ئەسەرلەرنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يېزىپ قالدۇرغان. بۇنداق ئابرويلۇق داھىلار يەنە ناھايىتى يۇقۇرى ناتىقلىق تالانتىغىمۇ ئىگە بولۇپ، ئۆز نۇتۇقلىرى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنى ئۆز ئەتراپىغا يىققان.

داھىلار ئۆز نۇتۇقلىرىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە باشقا داھىلارنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرىنى نەقىل قىلىپ سۆزلىسە نۇتۇغى تېخىمۇ جەلىپ قىلارلىق بولىدۇ. مۇنداق ناتىقلىقنىڭ رولى ئۆز نۆۋىتىدە يېزىقـ ـچىلىقتىنمۇ ئۇستۈن بولۇپ، خەلقنى ئويغۇتۇشتا زور رول ئوينايدۇ. بۇ توغرۇلۇق دۇنيا پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن سوقرات(مىلادىدىن بۇرۇن 469 ـ 399) مۇنداق دىگەن: «ناتىقلىق يېزىقچىلىقتىن تېخىمۇ ياخشىدۇر. يېزىلغان سۆزلەر ئىنسانغا جاۋاپ قايتۇرالمايدۇ. ئەگەر ئۇ يېزىلغانلارنى چۈشۈنەلمىسىڭىز ئۇنى سىزگە دەرھال ئىزاھلاپ بىرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈزمۇ ـ يۈز سۆزلەش ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. سۆزلىگەن ۋاختىڭىزدا، ئاڭلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ قانداق ئىنسانلار ئىكەنلىگىنى ئويلايسىز.»

يۈكسەك شەخسى ئابرويغا ئىگە داھىلار ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئۆزىنىڭ داھىلىق سالاھىيتىنى قوغدىمىسا، يەنى شەخسىيەتچى، مەنمەنچى، ماددى مەنپەئەتنى ئۈستۈن بىلىدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالسا ئۇ داھى دەرھال ئۆز سالاھىتىنى يوقاتقان بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بوغۇلۇق يەنە شۇ خەلققە بولۇپ، خەلقنىڭ ئىتىپاقى بۇزۇلۇپ، زور ماددى ۋە مەنىۋى بوھراننىڭ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



ئىچىدە قالىدۇ. چۈنكى مۇنداق بىر قەۋم باشقا بىر داھىنى ئۆزىگە باش قىلىشنى ئويلاپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ قەۋم چارىسىز قېلىپ، ئىگىسى يوق پادىدەك تەرەپ ـ تەرەپكە قاچىدۇ.

مەشھۇر سىياسىشۇناس ۋە تارىخچى نىكولا ماكىياۋېللى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بېشى يوق بىر قەۋمدىن ھېچ بىر ئۈمىد يوق! »

داھى بولغان شەخس ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلىشى لازىم. ئۆز ئابرۇيىنى تۆكىدىغان زۇرۇر بولمىغان ئۇششاق ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى لازىم. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى شۇ قەۋم ئۈچۈن ئاتىغان بولۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ شەخس تارىخنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىنساندۇر. بۇ تارىخىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆز خەلقىنى كۆرەش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە يۈزلەندۈرىشى شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا شۇ قەۋم ئىچىدە بەلگىلىك ئابرويغا ئىگە بولۇشى، قەۋم ئەزالىرى ئۆز داھىسىغا ھۆرمەت كۆرستىشى لازىم.

گېرمانىيەلىك جەمىيەتشۇناس ماخ ۋېبېر مۇنداق دەيدۇ:«پۈتۈن تارىخىي ئەمىلىيەتلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانلار داۋاملىق مۇمكىن بولمىغان نەرسىلەرگە ئېرىششنى ئويلىمىغان بولسا ئىدى، مۇمكىن بولغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيتتى. بىراق بۇلارنى قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلارغا يەنىلا بىر داھى بولۇشى لازىم . يەنە ئۇ داھى بىر قەھرىمان بولۇشى لازىم، ئەگەر قەھرىمان بولمىسىمۇ ئەڭ ئاز دېگەندە قاتتىق ئۈمۈتسىز ـ لەنگەن ۋاقىتلىرىدا ئۇنى جاسارەتكە كەلتۈرۈپ تىك تۇتىدىغان بىر يۈرەككە ئىگە بولۇشى لازىم. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلارغا كېرەكلىك بولغان نەرسە دەل مانا مۇشۇ جاسارەتلىك يۈرەكتۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىنسانلار مۇمكىن بولغان نەرسىلەرگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. سىياسەتنىڭ چاقىرىقىنى پەقەتلا پىلانلىغان نەرسىلەر ئۈچۈن بۇ دۇنيانى ناھايىتى گالۋاڭ ۋە ناھايىتى ئاددى دەپ قارىغان ھالدا قەتئىي ئىككىلەنمەي ئىلگىرلىگەن كىشىلەر ئورۇنلىيالايدۇ. پەقەت ۋە پەقەتلا پۈتۈن توساقلارنىڭ ئالدىدا «ھەممە نەرسىگە قارىماي» ئىلگىرلىگەن كىشىلەر شۇ سىياسەتنىڭ چاقىرىقىنى ئەمەللەشتۈرىدۇ» .

دىمەك داھى ھەم جەسۇر ۋە ھەر ۋاقىت ئۆز خەلقىگە ئۈمىد بەخش ئەتكەن شەخس بولۇشى لازىم. تولستوي :«ئۈمىد ئويغاق ئىنساننىڭ چۈشىدۇر» دېگەن. ئۈمىدسىز ئىنسان ياشاشنى بىلمەيدۇ. شۇڭا داھى بولغان ئىنسان باشقىلارغا ئۈمىد ۋە ئىلھام بېرىشى لازىم.

داھى سەممىي بولۇشى لازىم، ھەرگىز ئۆز خەلقىگە يالغان سۆزلىمەسلىگى كىرەك. ئۆز ئالا ـ ھەدىلىكلىرىنى بىلگىنىدەك، ئۆز كەمچىلىكلىرىنىمۇ بىلىشى ۋە بۇلارنى ئۆز ئالدىغا مۇۋاپىق ھەل قىلىشى لازىم. داھىلىق پەقەت يول كۆرسەتكۈچى، بۇيرۇق بەرگۈچىلا ئەمەس بەلكى يەنە ئۆز داۋاسىغا ئۆزىنى ئاتىغان ۋە يېڭى شەيئىلەرنى ئۆگۈنۈپ، ئۇنى ئۆز خەلقىگە ئۆزلەشتۈرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولۇشى لازىم.

داھىلار تۇغما تالانتنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ھايات ئەمەلىيىتىدە ئۆز خارەكتېرىنى ۋە كۆز قاراشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. بۇ، داھىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىجات قىلىش يوللىرىنىڭ بىرىدۇر.

داھىلار ئۆز مىللىتىگە چەكسىز خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى قىلغان بولۇپ، بۇنداق ئىنسانلار ئۆز مىللىتى ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلىشتەك قەھرىمان بولۇشلا يەتمەيدۇ، بەلكى ئۆزىگە شەرمەندىلەرچە قىلىنغان تۆھمەتلەرگە، ئۆزىنىڭ شەرىپىگە ۋە خاسىيەتلىرىنى يەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرخىل سۇيقەستلەرگە قارشى جەسۇر ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇشى لازىم.

داھىلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىغا، شارائىتىغا، شۇ مىللەتنىڭ سىياسى پەلسەپسىگە، ئەخلاق پەلسەپسىگە، مىللى روھىغا ئاساسەن سىياسەت بەلگىلىشى، ھەرگىز باشقا بىر مىللەت ياكى مەملىكەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىدېلوگىيەلەرنى كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ، ئۆز مىللىتىگە تاڭىدىغان شەخسلەردىن بولماسلىقى لازىم.

داھىلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ پۇل بىلەن ئەمەس بەلكى ئىلىم ـ ئىرفان، ئىمان، ئەخلاق بىلەن راۋاجلىنىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. مەدەنىيەت پۇلسىزلىقتىن ئەمەس بەلكى ئىلىمسىزلىكتىن،

ئىرفانسىزلىقتىن، ئىمانسىزلىقتىن، ئەخلاقسىزلىقتىن خاراپلىشىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم.
شۇڭا داھىلار ئالدى بىلەن ئۆز قەۋمىنى مەنىۋى بوھراندىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم. مىللەتلەرنىڭ قۇتۇلۇش يولىنىڭ پەلسەپەسى مانا مۇشۇ.
تارىختا ناھايىتى كۆپ ئىمپىراتورلۇقلار قۇرۇلدى، ناھايىتى يۈكسەلدى پەقەت بۇلارنىڭ ھېچ بىرى پۇلنىڭ كۈچى ۋە ئۆزىنىڭ كۆپلىگى بىلەن ئەمەس، ئاساسلىغى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ساپ مەنىۋىيەت، ئىمان ۋە مىللەتپەرۋەرلىگى بىلەن قۇرۇلغان. تارىختا زاۋاللىققا يۈزلىنىپ يوقالغانلىرى بولسا پۇلسىزلىقتىن، كەمبەغەللىكتىن ئەمەس بەلكى ئاساسلىغى مەنىۋى جەھەتتىكى بۇلغۇنۇشتىن يوقالغان.
گۈزەل ئەخلاققا، ئىلىمگە ئىگە بولمىغان، ساپ ئېتىقات ۋە مىللەتپەرۋەر بولمىغان، يۈكسەك تەشكىلاتچانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىق روھىغا ئىگە بولمىغان قەۋم ئۆز ئالدىغا بىر دۆلەت قۇرالمايدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دەۋردە ھېچ بىر دۆلەت يالغۇز قورال كۈچىغا تايىنىپ، قان تۆكۈش بىلەن قۇرۇلمايدۇ ۋە ياشىيالمايدۇ. شۇڭا داھىلار ئۆز قەۋمىنى ئالدى بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن ئويغۇتۇشقا، ھەر خىل مەنىۋى كېسەللەر بىلەن زەيىپلەشكەن روھلارنى داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم .
دۆلەت بولسا ئىنسانلار مەيدانىغا كەلتۈرگەن ئەڭ يۈكسەك ئەسەرلەر، ئەڭ يۈكسەك قۇرۇلمىلاردۇر. بۇنداق بىر ئېسىل ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇ قەۋم يۈكسەك ئېتىقات ئەخلاققا ئىگە بولۇشى، بىر غايىگە ئىگە بولۇشى ۋە يۈكسەك تەشكىلاتچان، ئىنتىزامچان بولۇشى، ساپ ، كىرلەشمىگەن روھقا ئىگە بولۇشى لازىم.
بىز بۈگۈنكى **21**-ئەسىردە تارىخنىڭ تېنچلىق دەۋرىگە كىرگەنلىگىنى ھەرگىز سۆزلىيەلمەيمىز، بەلكى ئەكسىچە ھەر يەرنى ئۇرۇش ئوتلىرى قاپلىغان، پىتنە-پاساتچىلىققا، زوراۋانلىققا ۋە ئادالەتسىزلىككە تولغان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز .
مۇنداق بىر تارىخى شارائىتتا دۇنيادىكى مەھكۇم مىللەتلەرگە باش بولغان داھىلار ئۆزىنىڭ ئاممۇۋى پائالىيەتلىرىدە سىمۋوللۇق يېڭى بىر شەكىل يارىتىش مەجبۇرىيىتىدە. بۇنىڭ ئۈچۈن **20**-ئەسىردىكىدەك يەر شارى خارەكتىرلىك پايدىسىز ۋە «ئاخىرقى ئۇرۇش»قا بېقىندى بولۇپ قالماي بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىگىگە ئاساسەن بۇ «يېڭى ئۇرۇشلارغا ئارىلاشمىغان ھالدا يېڭى بىر < قۇياش >نى كەشىپ قىلىشنى ئويلىششى لازىم. يەنى، يېڭى بىر پىكىر دۇنياسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى لازىم.
ۋاللاس ستېۋېنىنىڭ ئېيتقىنىدەك ، «بارغانلا يەردە ئۇنىڭ دۇنياسى قۇياشتۇر، يەنى يېڭى بىر ئۈمىد. «بۇ مۇمكىندۇر، مۇمكىن! مۇمكىن بولۇشى لازىم» دېيىشىمىز كېرەك. يەنىلا ئەسلىكى مەسىلە يېڭى بىر تېرىلىش يولىنى تاپماق. ھەقىقى بىر يېڭى قۇرۇلۇش ئىمكانى ياراتماقتۇر.

بىرىنچى ئادەملەر قۇياشنى سۆيەر،
ئىككىنچى ئادەملەر سايىنى سۆيەر.
— بېرنارد شاۋ

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

**1)** نېلسون ماندېلا:«ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۇزۇن سەپەر»(كىتاپ) **2)** ئالپ ئارسلان تۈركەش: «**9** نۇر» (كىتاپ) **3)** ئالەن بادىئۇ: «يېڭى بىر سىياسەت ئۈچۈن پەلسەپە» (كىتاپ)

# ھەمدەم بەگ ھاجى

قوزغىلىڭىنىڭ دېھقانلار شىنجاڭ جەنۇبىي قوزغالغان يىلى **1933**-  ،( **1938** ~ **1980** )

رەھبەرلىرىدىن بىرى، ھەربىي ئىلمدە يېتىلگەن ئىستىبداتلىق ئەرباپ ، پۈتۈن ئۆمرى جەڭ ئىچىدە ئۆتكەن ئەل ئوغلى ھەمدەم بەگ ھاجى ھەر قانداق جەڭدە مەغلۇپ بولماسلىغى بىلەن خەلق ئىچىدە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە نائىل بولغان ئىدى . ئەپسۇسكى جاللات شىڭ شىسەي ھەمدەم بەگ ھاجىنى خوجنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىرى قاتارىدا قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن . ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرغىچە نامەلۇم.

# ھۈسەينى



**(1438 ـ 1506)**ھۈسەيىن بايقارا (تەخەللۇسى ھۈسەينى) **1438** ـ يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان. **1469** ـ يىلى تۆمۈرىيلەرنىڭ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان. **1506** ـ يىلى ھەربى يۈرۈشتە ۋاپات بولغان. ناۋائى «مەجالىسۇن نەفا ـ ئىس» تا ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئەينى دەۋر مەدىنىيىتىدە ئوينىغان رولىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. شائىرنىڭ «رىسالەئى ھۈسەيىن بايقارا» ناملىق ئەسرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن . ئۇنىڭ **10** مىسرا شېئىرى «ئون ئىككى مۇقام» غا كىرگۈزۈلگەن.

# ھۈسەيىن ئىبن خەلەف كاشغەرى

**(973 ـ 1093)** قەشقەر، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى، قۇرئاننى شەرھلەپ ئەسەر يازغان.

# ھۇۋەيدا

مۇتەپەككۇر شائىر خوجانەزەر غايىپنەزەر(تەخەللۇسى ھۇۋەيدا) (ئاشكارە، ئوچۇق دىگەن مەنىدە) **18** ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ئوبلاستى چىميان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. بىر مەزگىل ئاپپاق خوجىغا مۇرت بولغان. **1780** ـيىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ «كىتابى ھۇۋەيدائى كىميانى» ناملىق دىۋانى بار. ئۇنىڭ **76** مىسرا شېئىرى «ئون ئىككى مۇقام »غا كىرگۈزۈلگەن.

# ھېكىم ھەسەن

ھېكىم ھەسەن **1951** ـ يىلى **12** ـ ئاينىڭ **15** ـ كۈنى مۇقام يۇرتى يەكەندە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، **1967** ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، **1971** ـ يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىدە ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ قايسى چالغۇنى قولغا ئالسا كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكىدەك چېلىشلىرى ۋە يېقىملىق ناخشىلىرى ئۈرۈمچىدە تېزلا تەسىر قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن سەنئەت ساھەسىدىكى ئالدىن كۆرەر كىشىلەر ۋە يېتەكچى رەھبەرلەر ھېكىم ھەسەننى تۆمۈر يول ئىدارىسىدىن سەنئەت قويىنىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ھېكىم ھەسەن ئوپېرا تىياتىرىغا دەسلەپ ئاددى سازەندە چالغۇچى بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئۇنىڭ سازەندە ناخشىچىلا ئەمەس، بەلكى سىېستىمىلىق تەربىيلەنسە، بىر تالانتلىق مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى بولۇپ چىقىشىغا كۆزى يېتىپ **1979** ـ يىلى شاڭخەي مۇزىكا ئىنىستىتۇتىغا مۇزىكا ئىجادىيەت ـ دىرىژورلۇق كەسپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ھېكىم ھەسەن ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن مۇزىكىغا بولغان ئوتلۇق ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ قېتىرقىنىپ

ئۆگەندى ۋە ئوقۇتقۇچى ساۋاقداشلىرى ئالدىدا تېزلا كۆزگە كۆرۈندى، ھەتتا بىر قېتىملىق كاتتا مۇزىكا كېچىلىگىدە ئۇستازى كېسەل بولۇپ يىقىلىپ قېلىپ، ھېكىم ھەسەننى «مېنىڭ ئورنۇمدا دىرىژورلۇق قىلسۇن» دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېكىم ھەسەن تېخىمۇ زور ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ھەم سۇپەتلىك ھەم نۇرغۇن جەۋھەر كۈيلەرنى ۋە نادىر ناخشا مۇزىكىلارنى ئىجات قىلدى. بۇ ئەمگەكلىرنى كۆرگەن سەنئەت ساھەسىدىكىلەر «ھېكىم ھەسەن چوقۇم سەئىدىيە سۇلتانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولىشى كېرەك» دەپ پەرەز قىلىشقان ئىدى.

ئۇ ئىجات قىلغان ناخشىلاردىن «مۇئەللىم» قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق ناخشا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالدى، ئۇ مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن "تاشۋاي"،"قانلىق يىللار"، "مۇقام ئەجداتلىرى"، "غېرىپ ـ سەنەم"، "تۇمان"، "سىرتماق"، "سىگان قىزى"، "نۇرخان"، "ئانا ھەققىدە رىۋايەت"، "نۇرتاي ھاجى" قاتارلىق ئۇيغۇر تىياتىر دىراممىلىرى، " تۇتقۇن قىلىنغان قاچقۇن"، " باغ"، "شەيتان بىلەن ساقچى"،"چۆلدە بوستان"،" ياقا يۇرتقا مۇھەببەت"،"قوغۇنچىنىڭ ھېكايىسى"،"بۇ كىشىنى تونۇمسىز"، "ئاخىرقى كۆل"، "ماھىرەنىڭ ھەسرىتى" قاتارلىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ، كىنو فىلىملەردىن "مۇھەببەت ھەققىدە پاراڭ"،"يالقۇن تاغدىن كەلگەن داپچى"،" پۇل دىگەن نەرسە"،"بويتاقلار ئائىلىسى" قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق كىنو تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى، " قاغىلىق ناۋاسى"، " كۆچا بەزمىسى"،"مۇقام يۇرتىدا بەزمە"،" ئاتۇش سەيلىسى"، " باش ئەتىمدە باھار" قاتارلىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىملىرىنىڭ، " دولان چېچەكلىرى"،" قەشقەر باھارى"،"كۈسەن نۇرى"،" گۆھەر زىمىن خوتەن" قاتارلىق ناخشا ـ ئۇسۇل كېچىلىگى بولۇپ 30 غا يېقىن سىمفونىيە خارەكتىرگە ئىگە مۇزىكىلارنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئىشلەپ، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە زور تەسىر قوزغىدى، ئۇنىڭ مۇزىكا ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى زور بىر نامايەندە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئۇ تالانتلىق ئىجادىيەتچى بولۇپلا قالماستىن قابىل مۇزىكا چالغۇلاشتۇرغۇچى، ئۇ ئىجات قىلىپ چالغۇلاشتۇرغان" چىنە ئۇسۇلى" خەلقئارا فېستىۋالدا ئالتۇن مىدالغا ئېرىشكەن، "ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ" قاتارلىق 10 غا يېقىن ناخشا پىلاستىنكىلىرىنىڭ مۇزىكىلىرنى چالغۇلاشتۇرۇپ ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسىنىڭ سېھرى كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

ھېكىم ھەسەن يەنە ئادىمىيلىك، كەمتەرلىك، ئالىيجاناپلىق، ئەخلاقى ـ پەزىلەت جەھەتلەردىمۇ ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە، ئۈلگە قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.ئۇ جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە بولۇپ 130 قېتىمدىن ئارتۇق ئالتۇن مۇكاپاتقا، جۇڭگو مەدەنىيەت مىنىستىرلىگىنىڭ تۆھپىكار مۇتەخەسسىسى، مەدەنىيەت جەۋھىرى مۇكاپاتىغا، ياپونىيىلىك شاۋداۋ كاكېيۇ ئەپەندىنىڭ مەدەنىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئەپسۇسكى ، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى ئۈچۈن دەۋر بۆلگۈچ تۆھپە قوشقان، زور تەسىرگە ئىگە، مەشھۇر كومپوزىتور، مول ـ ھوسۇللۇق مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى، يىتۈك ناخشا ـ كۈي چالغۇلاشتۇرغۇچى، قابىل سازەندە، ناخشىچى ھېكىم ھەسەن ئەپەندى ئېغىر كېسەل سەۋەبىدىن ، 2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 18دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، 56 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى. مەرھۇمنىڭ ئېغىر كېسەل بىلەن ۋاقىتسىز ۋاپات بولىشى ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى، مەدەنىيىتى ئۈچۈن تولدۇرغۇسىز زور يوقىتىش. بىز مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا چىن كۆڭلىمىزدىن قايغۇلۇق تەزيە بىلدۈرىمىز.

# ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف

ئوبۇلھەسەن مۇسابايوف 1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان. ئۇ 1967 ـ يىلغىچە ئائىلە، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسىدە بولغان. 1970 ـ يىلى قايتا تەربىيىگە بارغان. بۇ مەزگىللەردە ئۇ ناھايىتى ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئائىلىسى مۇسابايوفلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى قاتارىدا ھەرخىل بەتنامالار بىلەن خورلانغان، ھەتتا ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇللا ئەلا ھاجى تۈرمىگە تاشلانغان ئىدى. كىچىگىدىنلا تۈرمۈشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك تەمىنى خېلى ئوبدان تېتىغان ئوبۇلھەسەن

www.uyghurkitap.com






جان بېقىش كويىغا چۈشتى.

ئۇ دەسلەپتە ئاز ـ تولا دەسمايە بىلەن ئۇششاق تىجارەت باشلىدى. ئۆزىنى بىر ئاز رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ئىنىسى مەھەممەت ئىمىننى ئىچكىرىدە، يەنە بىر ئىنىسى ھەبىبۇللانى غۇلجىدا تۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ، پوچتىخانا ئارقىلىق پوسۇلكا مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

1987 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نامراتلارنى بېيىتىش ئىشخانىسى بىلەن ئۈچ يىللىق توختام تۈزۈپ، كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى قۇردى. توختام بويىچە تېخنىكا كىرگۈزۈش، ماشىنا ـ ئۈسكۈنە سەپلەش، تېخنىك ـ شاگىرت يېتىشتۈرۈش قاتارلىق تۈرلەرگە ئوبۇلھەسەن مەسئۇل بولدى. نەتىجىدە 50 تىن ئارتۇق ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە تېخنىك خادىملار يېتىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن زاۋۇت مۇستەقىل تۈردە كۈنىگە 200 ـ 300 پارچە خۇرۇم ئىشلەپچىقىرالايدىغان مۇنتىزىم زاۋۇتقا ئايلاندى.

ئوبۇلھەسەن ئىگىلىك تىكلىگەندىن كېيىن ئەجدادلىرى مۇسابايوفلارنى ئۈرنەك قىلىپ، جاھان سودىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ 1992 ـ يىلى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدە «جۇڭگو ـ قىرغىزىستان شېرىكچىلىگىدىكى دوستلۇق ھەسسىدارلىق شىركىتى»نى قۇردى. بۇ شىركەت كۈنىگە 1000 دانە خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىدىغان تېرە زاۋۇتىنى قۇردى. بۇ زاۋۇتنىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنە، تېخنىك ۋە بارلىق لاۋازىمات ئوبۇلھەسەندىن بولۇپ، باش دىرېكتورلۇقتىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. يەنە ئالمۇتادا جۇڭگو ـ قازاقىستان شېرىكچىلىگىدە «يۈلتۈز كىيىم ـ كېچەك ھەسسىدارلىق شىركىتى» قۇردى. بۇ شىركەتنىڭ بارلىق بىساتىغىمۇ ئوبۇلھەسەن مەسئۇل بولدى. مەزكۇر زاۋۇت تېرە، خۇرۇم ۋە باشقا رەختلەردىن كىيىم ـ كېچەك تىكىدۇ. ھازىر ئوبۇلھەسەن تەكلىپ قىلغان شىنجاڭلىق تېخنىكلار ۋە باشقا خادىملار قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا ئىش باشلىۋەتتى.

ئوبۇلھەسەن مۇسابايوۋ مۇشۇ بىر قانچە يىل جەريانىدا ئاتا ئىزىدىن مېڭىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قوللاپ، «تەڭرىتاغ مۇكاپاتى»، «غۇنچە مۇكاپاتى»، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرگە ۋە نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم بەردى. بۇ ياش كارخانىچىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى، ياراتقان مۆجىزىلىرى، ئۈمىد ۋە تىجارەت ئىقتىدارىغا قاراپ بىز يولداش ئوبۇلھەسەن مۇسابايوفنى دىيارىمىزدىكى مۇسابايوۋ سودا كارخانىسىنىڭ ئىز باسارى، دەپ ھېسابلاشقا ھەقلىقمىز. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىمۇ جەزمەن سودا تارىخىمىزدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغۇسى.

ئوبۇل ھەسەن ئالى جاناپ مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغاچقا، ئۇ ئۆزى ئۆلسىمۇ روھى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

ئۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئوبۇلھەسەن مۇساباي، باھاۋۇدۇن مۇسابايىنىڭ نەۋرىسى. مۇسابايلار جەمەتىنىڭ 3 ـ ئەۋلادى، مۇسابايلار جەمەتىنىڭ يارامىلىق ئىزباسارى. مۇسابايلار ئائىلىسى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدىدىلا زاۋۇت، مەكتەپ، يەر ـ مۈلۈك ۋە پۇتكۈل بايلىقلىرىدىن ئايرىلىپ، ئاددىي بىر كىشىلەردىن بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارمۇ خۇددى باشقىلاردەك مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ نۇرغۇن زىيانكەشلىكلىرىگە ئۇچرىغان، «مۇسابايلار» دېگەن ئىسىممۇ خەلقنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا سىياسەتتە ياخشىلىنىش بولۇپ، خەلقىمىزمۇ چوڭ ـ كىچىك تىجارەت قىلىپ، قايتىدىن بېيىش يولىغا ماڭدى. مانا شۇ ئىسلاھات دولقۇنىدا ئەقلىي كۈچى بىلەن تىجارەت قىلىپ بېيىغان تۇنجى بايلارنىڭ ئىچىدە يەنە مۇساباي ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئوبۇلھەسەن مۇساباي ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىمۇ مۇسابايلارنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلادى سۈپىتىدە يەنە قەد كۆتەردى، «مۇسابايلار» دېگەن ئىسىمنى قايتا جانلاندۇردى، خەلقنىڭ ئېسىگە قايتا سالدى.

ئوبۇلھەسەن مۇساباي ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرى تېزدىن بېيىپ، 1980 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچى كازىۋەن كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىنى كۆتۈرە ئېلىپ، ئاتا مىراس كۆنچىلىك ئىشىنى داۋام قىلدى. مۇسابايلارنىڭ ئۈچىنجى ئەۋلادى بولغان ئوبۇلھەسەن مۇساباي ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، چەت ئەلگە كېڭەيدى. 1993 ـ يىلى قىرغىزىستاننىڭ جالالئاباد شەھرىدە چوڭ تىپتىكى جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ھەمكار ـ لىغىدىكى كۆن ـ خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى قۇردى. 1994 ـ يىلىنىڭ




ئاخىرلىرى قازاقىستاننىڭ تالدىقورغان شەھرىدە يەنە بىر كىچىك تىپتىكى كۆن ـ خۇرۇم يېرىم پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى قۇردى. مۇسابايلارنىڭ كۆن ـ خۇرۇم تىجارىتى يىلدىن ـ يىلغا روناق تاپتى. قازاقىستان، قىرغىزىستاندا ئىشلەپ چىققان مەھسۇلاتلىرى جۇڭگونىڭ گۇاڭجۇ، شېنجېن شەھەرلىرىدە كۆلەملىك سېتىلدى.

ئوبۇلھەسەن مۇساباي يالغۇزلا تىجارەتچى، كارخانىچىلا ئەمەس ئىدى. ئۇ ياخشى مەسلىھەتچى، يول كۆرسەتكۈچى ئىدى. چىچەن، كىچىك پېئىل، خۇش مىجەز، پاراڭچى ئېسىل بىر ئىنسان ئىدى. شۇڭا چوڭ ـ كىچىك، ھەر ساھەدىكى كىشىلەر ئوبۇلھەسەن مۇسابايىنىڭ بۇ ئىشخانىسىغا كېلىپ سودا ساھەسىدە ئۇچۇر ئالاتتى. خەلق ئارىسىدا بولۇۋاتقان يېڭىلىقلار ھەققىدە مۇڭدىشاتتى. كىچىك تىجارەتچىلەرمۇ كېلىپ، ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىنى پۈتتۈرەتتى. قولىدا پۇلى بار، بىرەر سودىنىڭ ئېپىنى ئىزدەپ، ئۇچۇر مارىلاپ كىرگەنلەرمۇ يېڭى تىجارەت ئۇچۇرلارنى ئاڭلايتتى. مەسلىھەت سوراپ كىرگەنلەرمۇ ئۆز لايىقىدا مەسلىھەتلەرنى ئالاتتى. شۇ ۋاقىتلاردا «مۇسابايلار ھەسسىدارلىق شىركىتى» ۋە باشقا بىر نەچچە ئۇيغۇر شىركىتىنىڭلا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ھوقۇقى بار ئىدى. «مۇسابايلار ھەسسىدارلىق شىركىتى» خېلى كۆپ ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭماللىرىنى سىرتقا ئېكسپورت قىلىپ بېرەتتى ۋە سىرتتىن كىرگەن ماللىرىنىڭ ئىمپورت تاموژنا رەسمىيىتىنى بېجىرەتتى.

«مۇسابايلار ھەسسىدارلىق شىركىتى»نىڭ بۇ «گۇاڭخۇي بىناسى»دىكى ئىشخانىسى دۆڭكۆۋرۈك، ئىتتىپاق تىياتىرخانىسىغا يېقىن بولغاچقا، زوردۇن سابىر، ئابدۇللا تالىپ، ئابباس بۇرھان ۋە باشقا يازغۇچى، شائىر، سەنئەتچى ئەدىپلەرمۇ كىرىپ مۇڭدىشىپ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىپ كېتەتتى. ياردەمگە مۇھتاج ھاجەتمەنلەر كىرسىمۇ ياردەمسىز قالمايتتى. ئوبۇلھەسەن مۇساباي زاماندashلىرى ئىچىدە يۇقىرى بىلىملىك، تالانتلىق بىر كىشى ئىدى. تەپەككۇرى چوڭقۇر، يىراقنى كۆرەر، ئۆزىنى ئويلايدىغان بىر ئىستىراتېگىيەچى ئىدى. ئۇ يالغۇزلا پۇل تېپىپ بېيىشنى، ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان، ھەممە نەرسىنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان، پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەممە ئىشنى قىلىدىغان پۇل خۇمار كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەجدادلىرى كەبى مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، مەدەنىيەت ـ سەنئەتىمىزنى گۈللەندۈرۈ ـ رۇشنى قوللايدىغان بىر جامائەت ئەربابى ئىدى. ھەر زامان جەمئىيەتنى، جامائەتنى ئويلايتتى، غېمىنى يەيتتى. ئوبۇلھەسەن مۇساباي ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ ئىشلىرى تېخى ئەمدى گۈللىنىشكە باشلىغان 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۈرۈمچىدە قانات يايغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان مەتبۇئات ساھەسىدىكى ھەر تۈرلۈك مۇكاپاتلاشنىڭ تۇنجى مۇكاپاتىنى ئوبۇلھەسەن مۇساباي تارقاتقان ئىدى. 1988 ـ يىللىق «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭمۇنەۋۋەر يازمىلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئوبۇلھەسەن مۇساباي ئۈستىگە ئالغان ئىدى. يەنە شۇ يىلقى (1988 ـ يىللىق) «غۇنچە مۇكاپاتى»نىمۇ ئو ـ بۇلھەسەن مۇساباي بەرگەن ئىدى. ياش ـ ئەۋلادلارنى رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئۈمىدلەندۈرىدىغان ھەر قانداق پائالىيەتنى قوللايتتى. قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. ئوبۇلھەسەن مۇساباي ئۆزىنىڭ تىجارەت جەھەتتىكى سەزگۈرلىگى، قابىلىيىتى، تىرىشچانلىغى بىلەن پۇل تېپىپ بېيىپ، مۇسابايلار جەمەتىنىڭ ياراملىق ئىز باسارى بولۇپ قالدى. ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان مۇسابايلار نامىنى

www.uyghurkitap.com



ئەسلىگە كەلتۈردى. 1980 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ يېزىلغان مۇسابايلار ئائىلىسىگە ئائىت پۈتۈن يازمىلارنىڭ ئىقتىسادىنى مۇشۇ مۇسابايلار شىركىتى نامىدا ئوبۇلھەسەن مۇسابايى تەمىنلىگەن ئىدى. شىنجاڭدىكى مۇسابايلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پۈتۈن ماللىرى، تارىخىي بۇيۇملىرى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا ئۆيمۇ ـ ئۆي ئاختۇرۇلۇپ ئېلىپ كېتىلگەن، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، مۇسابايلار ئائىلىسىگە ئائىت تارىخ ماتېرىياللار يوقاپ كەتكەن ئىدى. مەتبۇئاتلاردا تارقىلىپ يۈرگەن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايلار رەسىمنىمۇ ئوبۇلھەسەن مۇسابايى چەت ئەلدىن تېپىپ كېلىپ شىنجاڭدىكى پۈتۈن مەتبۇئاتلارنى تەمىنلىگەن. 1985 ـ يىلى مۇسابايلارنىڭ يۇرتى ئاتۇش ئېكساقتا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر يېڭىچە مىللىي مائارىپىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنىڭ ئىقتىسادىنىمۇ مۇسابايى شىركىتىدىن كەلگەن. تۇنجى بولۇپ «سودا گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان مۇسابايلار ئائىلىسى ۋە كارخانىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 100 يىللىقىغا ئاتاپ نەشر قىلىنغان «مەشئەل» ژورنىلى، كېيىن ئابدۇللا تالىپ يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان شىنجاڭ مىللىي مائارىپى، شىنجاڭنىڭ سودا تارىخى، شىنجاڭدا يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىك چارۋىلار، مۇسابايلارنىڭ شىنجاڭ تارىخىغا قوشقان چوڭ تۆھپىسى ۋە مۇسابايلار زاۋۇتىنىڭ تارىخى قاتارلىق بىر نەچچە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان گېزىت، ژورنال، كىتاپلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىقتىسادىنى مۇسابايلار شىركىتى تەمىنلىگەن ئىدى.

ئاخىرىدا، ئوبۇلھەسەن مۇسابايى ھەققىدە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن بۇرادىرىمىزنىڭ يازمىسىدا، ئوبۇلھەسەننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلىغان دوستىغا قىلغان سۆزىنى نەقىل قىلىپ ئۆتىمەن:

ـ ياخشى كىشىلەر ئۆلۈپ كەتسە، يىغلاپ ئولتۇرغان بىلەن بولمايدۇ. ئۇلارغا دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە شۇ كىشىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى دېيىشمۇ مۇھىم بىر دۇئا ۋە ساۋاپتۇر. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ خۇش بولىدىغىنى ئۇلارنىڭ خەلققە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى كۆپرەك دېيىش، كۆپ كىشىلەرگە بىلدۈرۈشتۇر. بۇنى بىلگەن كىشىلەر ئۆزلىگىدىن مەرھۇملارغا ئاتاپ خالىس دۇئالىرىنى قىلىدۇ. ھەر دائىم ئۇلارنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى سۆزلەپ، ئۇنى ئەسلەپ تۇرۇش، بىزنىڭ مەرھۇملارغا قىلغان ئەڭ چوڭ دۇئالىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. مەرھۇملارنىڭ روھى مانا شۇنىڭدىن خۇش بولىدۇ. ئاللاھ مەرھۇم ئوبۇلھەسەن مۇسابايى ئاكىنىڭ روھىنى شاد قىلسۇن، ئىمانىنى سالامەت قىلسۇن، ماكانىنى جەننەت قىلسۇن. سەۋر قىلىش بىلەن بىرگە يۇقىرىقىلارنى بىرگە قىلايلى دوستۇم، ئامان بولغىن. . .

# ئۆمەرباي ھاجىم

ئۆزاق ئەسىرلەردىن تاكى بۈگۈنگە قەدەر قەشقەردە سانسىزلىغان باتۇر ئەزىمەتلەر ، باھادىرلار شۇنداقلا دۇنياغا مەشھۇر بۈيۈك ئالىم، مۇتەپەككۇرلار ، ئېلىم ـ مەرىپەت چولپانلىرى ، ئەدىپ ـ سەنئەتكەرلار ، ھاتەم كەبى ساخاۋەتچىلەر دۇنياغا كەلدى ۋە ئۇلار پارلاق مەدەنىيەتنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئىزنالىرى ھېلھەم قەلپتىن ـ قەلپكە كۆچۈپ بۈگۈنكىلەرگە يول ھازىرلاپ بەردى. بۈگۈن بىز ياراتقان نەمۇنىلەر ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ تۆھپىسىگە ۋە كېلەچەكنىڭ ياراتقۇچىلىرىغا مەنسۇپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەجدات ـ ئەۋلادىمىز بىسىپ ئۆتكەن ھەر ـ بىر ئىز، ھەر ـ بىر تەجرىبە ۋە ئۇتتۇقنى خاتىرلەپ قويۇشنى ئىسمىزدىن چىقىرىپ قويساق، ئۆزىمىزنى كۆمۈپ قويغان بىلەن ئوخشاش ئىش قىلغان بولىمىز.

قەشقەر دىيارىدا ياشىغان ئۆمەر باي ھاجى ئاخۇنباي ئەنە شۇنداق كىشىلىرىمىزنىڭ بىرى.

ئۆمەرباي ھاجى 1870 ـ يىلى قەشقەر شەھرىدىكى ئاخۇنباي ئوغلى ئىسمائىل ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە قەشقەر چاسا ۋە خانلىق مەدرىسلىرىدە دىنى بىلىم ئالغان. 1896 ـ يىلدىن باشلاپ ئاكىسى كېرىمباي ھاجىم بىلەن تىجارەتكە كىرىشىپ، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە شۆبە شىركەتلەرنى قۇرغان. 1921 ـ يىلى ئاكىسى كېرىمباي ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كىيىن پۈتۈن

ئاخۇنباي ئائىلىسىنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئاكىسى كېرىمباي ھاجى 1916 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆتەۋاتقان قەشقەرىيە مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ 1937 ـ يىلى شىڭسسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان ۋە تىجا رەتتىمۇ غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

ئاخۇنباي جەمەتىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۆمەرباي ھاجى ئاشلىق قىينچىلىغى يۈز بەرگەن يىللاردا يوقسۇللارغا ھەقسىز ئاشلىق تارقىتىپ بەرگەن ۋە يەكەن، يېڭىساردىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ، ئۆز باھاسىدا سېتىپ خەلقنىڭ ئاشلىق قىينچىلىقىنى ھەر يىلى دىگىدەك ھەل قىلىپ كەلگەن. قەشقەر دىيارىدىكى نەچچە مەكتەپ ۋە مەدرىس ئۆمەرباي ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى، قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن سېلىنغان.

دىنى ـ پەننى مەكتەپلەرنى قوللاپ كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇش راسخودى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ دىني ۋە پەننى جەھەتتە بىلىم ئېلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

شۇ دەۋردىكى ئىسلام ئالىمى مۇسا جارۇللا ئۆمەرباي ھاجىمغا خەت يېزىپ ئۇنىڭ دوختۇرخانا، مەكتەپ، مەدرىسلەرگە قىلغان ياردىمى ۋە قوللاشلىرىغا ئاپىرىن ئېيتىش بىلەن بىرگە، يەنە خانىم ـ قىزلارنىڭ ئوقۇش، ھۈنەر، ئېلىم ئىگەللەشتەك ئىشلارغا كۈچ چىقىرىشىنى، قوللىشىنى تەشەببۇس قىلغان.

ئۆمەر باي ھاجىم يەنە قەشقەر كەرەمباغ دوختۇرخانىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە كۆپ كۈچ چىقارغان. دىيارىمىز بولغان قەشقەر ئىلىدە قەشقەر ئىلدە داۋالاش مېدىتسىنا ئىشلىرى تازا تەرەققى قىلمىغان، خەلق تۇرلۇك كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىپ، بولۇپمۇ كىچىك باللاردىكى قىزىل، چېچەك قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلەتتى. ئۆمەر باي ھاجىم خەلقنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈنمۇ كۆپ كۈچ سەرىپ قىلغان. ئۇ كەرەمباغ دوختۇرخانىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تىببى خادىملارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئەينى ۋاقىتتا كەرەمباغ دوختۇرخانىسى ئۇنىڭ ئاكىسى كەرەمباي ھاجىمنىڭ يېرىگە بىنا قىلىنغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى يۇرت چوڭلىرى بۇ دوختۇرخانىنى كەرەمباي ھاجىمنىڭ نامى بىلەن ئاتاشنى لايىق كۆرۈپ دوختۇرخانىنىڭ نامىنى «كەرەمباغ دوختۇرخانىسى» دەپ ئاتىغان. كېيىنچە كەرەمباغ دىگەن بۇ نام دوختۇرخانىنىڭلا نامى بولۇپ قالماستىن دوختۇرخانا ئەتراپىدىكى يۇرت ـ مەھەللىنىمۇ كىشىلەر كەرەمباغ دەپ ئاتايدىغان بولۇشقان.

چەتئەلدىن كىرگەن بىر تۈركۈم چەتئەللىكلەرر قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق يۇرتلاردا داۋالاش ئېلىپ بارغان ھەمدە دوختۇرخانا ۋە مەكتەپلەرنى قۇرغان. ئۇلارنىڭ مەخستى كېسەل داۋالاشنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرمىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى، دىنى ئېتىقادىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ خىرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىپ ، خىرىستىئان مۇخلىسلىرىنى يېتىلدۈرمەكچى بولغان.

ئۆمەرباي ھاجىم خىرىستىئانلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا قاتتىق قارشى تۇرغان ھەمدە خەلقنى ئۆز دىنىدىن ۋە ئېتىقادىدىن ئايرىلىپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ، خىرىستىئانلارنىڭ دىيارىمىزدىن چىقىپ كېتىشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۆمەرباي ھاجى 1937 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ جاللات شىڭسسەي تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن.

# ئۆمەر ھەييام

ئۆمەر ھەييام (1040 ـ 1121) نىشاپۇردا تۇغۇلغان. ئۇ شۇ يەرلەردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ 11 ـ ئەسىردىكى ئەڭ يېتۈك ئالىملارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئۇ سالجۇقلار سۇلالىسىدىن مالىكشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە باشقا ئاسترونوملار بىلەن بىرلىكتە كالىندارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش




خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ پەلسەپە مەسىلىسىدىمۇ تۈرلۈك ئالىملار بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بارغان.

ئەمما ئۇ ئەدەبىيات، جۈملىدىن رۇبائىيچىلىقتا ئالاھىدە يۇقۇرى ئورۇنغا ئىگە ئىسيانكار شائىردۇر. ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، ئەمما ئۇ يازغان رۇبائىيلار مەيلى ئەدەبىيات نوقتىنەزەردىن بولسۇن، مەيلى پەلسەپۋىي نوقتىدىن بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەدەبىي ماھارىتى، كۆپ تەرەپلىمە بىلىمى بىلەن ئۆز كۆز-قاراشلىرىنى ھېچ قانداق بىر گۇرۇھ، مەزھەپ ھاكىمىيەتنىڭ دۇمبىغىنى چالمىغان ئاساستا ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ ھەر-بىر مىسراسىدا ئۆمەر ھەييامغا خاس پەلسەپە، دىن ۋە جەمئىيەت مەسىلىلىرى بىلەن تويۇنغان ئىسيانكارلىق روھ پۇراپ تۇرىدۇ. ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىكى ئىسيانكارلىق غەرپ ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى خېلى بۇرۇنلا تارتقان . ھازىرغىچە دۇنيادا **350** تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىغى مەلۇم. ئەڭ دەسلەپتە **1867**-يىلى فرانسوزچە نەشرى نىكولاس دېگەن ئەدىپنىڭ تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى پارژدا نەشر قىلىنغان . دېمەك ئۆمەر ھەييام شەرق ئەدەبىياتىدا بولۇپمۇ شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئورنىنى تولدۇرۇش ۋە يېتىشتۈرلىش تەس بولغان شائىر، پەيلاسوپ. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ قىممىتى زامان ۋە ماكان دائىرىسىدىن ھالقىپ بۈگۈنكى دەۋردىمۇ دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئۆزىنىڭ قىممىتى بىلەن قولدىن-قولغا ئېلىنىپ ئەتئۋارلىنىپ كەلمەكتە.

## ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى

چۈشۈمدە ماڭا بىر دانىشمەن دېدى :
ئۇيقۇدا بەختتىن گۈل ئېچىلمىدى ،
سەن نىچۈن ئۆلۈمدەك بىر ئىش بىرلە بەنت ؟
ئىچ شاراپ ! ئۇخلايسەن يەردە ئەبەدى !

قولۇمدا بولسۇن ئۇ ئۇزۇم شەربىتى،
بېشىمدا بولسۇن ئۇ يار مۇھەببىتى .
دېيىشەر: ھەق ساڭا توۋا بەرسۇن كۆپ،
بەرسە ھەم يوق ئاڭا كۆڭلۈم رىغبىتى .

تۇغۇلدۇم پەلەككە يەتتىمۇ پايدا؟
مەن ئۆلسەم ئابرويى ئۆسمىكى قايدا؟
ھېچ كىشى يېشىپمۇ بېرەلمەي ئۆتتى،
كېلىش ۋە كېتىشنىڭ سەۋەبى قايدا؟

مەي ئىچسەڭ ئەقلۇ دانا بىلەن ئىچ،
ياكى بىرگۈل يۈزلۈك رەنا بىلەن ئىچ.
ئاز-ئاز ئىچ،گاھ-گاھ ئىچ،ھەم يوشۇرۇن ئىچ،
ئەزمە مەست بولما،ھايا بىلەن ئىچ.

ساق چاغدا مېنىڭدىن خوشاللىق يىراق،

مەست بولسام ئەقلىمدىن ئاجرايمەن بىراق .
مەستلىك ۋە ھوشيارلىق ئارىسى - جەريان،
ھايات شۇ ئاڭا قۇل بولغان ياخشىراق.

# ئىلىجان رۇسۇل

ئىلىجان رۇسۇل لايىھىلىگەن «ئاپتوماتىك توك قاچىلىنىدىغان ئىشىك قوڭغىرىقى» **2006**-يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا جەمىيتى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك **21**-قېتىملىق ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، **2007**-يىلى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ھەمدە ئارمان شىركىتى **2007**-يىلى **12**-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئارمان مەرپەت مەشرىپى» دە ئارمان ئۇقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى بەش خىل كەشپىياتى **2006**-يىلى **11**-ئاينىڭ **8**-كۈنىدىن باشلاپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى . بۇنىڭ ئىچىدىكى <ئوغرى ئېلىۋېلىش،ئۇنتۇپ قېلىش،چۈشۈرۈپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ سىگنال بېرىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق پۇلقاپچۇقى> **2006**-يىلى شياڭگاڭغا ئۆتكۈزۈلگەن **6** - قېتىملىق شياڭگاڭ خەلقئارا پاتېنت كەشپىيات پەن-تېخنىكا كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ھەمدە ئۆزى شياڭگاڭ خەلقارا پاتېنت كەشپىيات پەن -تېخنىكا كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇش ، باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئالىي ئىنژىنىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. «بىخەتەر توك تېجەيدىغان، ئاپتوماتىك ئاسراش تېپىدىكى چاي قاينىتىش ئەسۋابى» **2007**-يىلى شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 7-قېتىملىق شياڭگاڭ خەلقئارا پاتېنت كەشپىيات پەن-تېخنىكا كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ھەمدە شياڭگاڭ خەلقارا پاتېنت كەشپىيات پەن -تېخنىكا كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇش ، باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئالىي ئىنژىنىرلىق ئۇنۋانىغا، «پۈتۈنلەي ئاپتوماتىك ھالدا توك قاچىلىنىدىغان، ئوغرىلىقتىن ساقلىنىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق مۇھىت ئاسراش، ئېنېرگىيە تېجەش تېپىدىكى ئىشىك قوڭغۇرىقى»**2007**-يىلى شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 7 -قېتىملىق شياڭگاڭ خەلقئارا پاتېنت كەشپىيات پەن- تېخنىكا كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ھەمدە شياڭگاڭ خەلقارا پاتېنت كەشپىيات پەن -تېخنىكا كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇش ، باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئالىي ئىنژىنىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئەپسۇس بۇ ئىجاتكار ئوقۇغۇچى ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن بۇ مۇكاپاتنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا قادىر بولالمىدى. ئۇ لايىھىلىگەن يۇقارقى ئۇسكىنىلەر جوڭگو ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى تەرىپىدىن **2008**- يىلىدىكى مۇھىم پاتېنت تۈرى بولۇپ باھالىنىپ ، پۈتۈن دۆلەتتىكى مۇھىم پاتېنت تۈرلىرىگە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ سېلىشقا ياردەم بېرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ **2007**- يىللىق خەلقئارا مەبلەغ سېلىش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە بېيجىڭدىكى دىياۋيۇتەي دۆلەتلىك مېھمانخانىسى چەتئەل خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن **2007**- يىللىق خەلقارا مەبلەغ سېلىش سۆھبەت يىغىنى ۋە باش تېما دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى.

ئۇنىڭ ئارخىۋى جوڭگو كەشپىياتچىلىق قامۇسىنىڭ **8**- تومىغا، جوڭگو كەشپىياتچىلىق لۇغىتىنىڭ **2**- تومىغا ، **2007** - يىلدىكى دېڭىز ئىچى سىرتىدىكى تۆھپىسى كۆرنەرلىك شەخسلەر لوغىتىگە كىرگۈزۈلدى.

ئۇ ھازىر ئاقسۇ كەشپىياتچىلىق جەمىيتى ۋە جوڭگو كەشپىياتچىلىق ئەزاسى . ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى جوڭگو گېزىتى ، خەلق گېزىتى،شىنخۇا گېزىتى، شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى ،ئاقسۇ گېزىتى، ئونسۇ رادىئو ئىستانسىسى ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «مەشرەپ پروگراممىسى»

، بەيدۇ ، گوگول قاتارلىق 20 نەچچە تور بەتلەردە تونۇشتۇرۇلدى.

ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشماقچى ، مەسلىھەت سورىماقچى ، ھەمكارلاشماقچى، ئەھۋال ئىگەللىمەكچى ۋە يول سورىماقچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى كىشلەر بىلەن ئالاقىلىشىڭ:

ئۈرۈمچىدىكى ئالاقىلاشقۇچىلا:
شىرئەلى مۇئەللىم 0991 ـ 8386166
ئېلخەت ئادرىسى: x2700863@126.com
زورىگۈل رۇسۇل 0991 ـ 8477940
ئېلخەت ئادرىسى: elijanrusul@163.com
ئاقسۇدىكى ئالاقىلاشقۇچىلار:
يۇسۇپجان رۇسۇل 13579137931 ، 13579123203
ئېلجان رۇسۇل 0997 ـ 4017134
ئېلخەت ئادرىسى: elijanrusul@163.com ، kaxpi.yat@163.com
QQ;825245159

ئېلجان رۇسۇلغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى تەپسىلي كۆرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئادرىسقا كىرىڭ:
http://www.alyar.cn ، bbs/read.php?tid=23

# ئېلخان ھەزرىتىم




ئېلخان ھەزرىتىم 1887 ـ يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ يورۇڭقاش بازىرىدا تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1897 ـ يىلدىن 1912 ـ يىلغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، چوڭ بولغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىگىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىغىنى چۈشىنىپ يېتىپ ، دادىسى سېيىت ئەخمەتخانغا شاگىرت بولۇپ ، تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن ۋە تېبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان . بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلى ـ يېزىغىدىن سىرت ئۇردۇ ، پارس ، ئەرەپ ، تۈرك تىللىرىنى ۋە يېزىقلىرىنى ئۆگەنگەن . كېيىن پاكىستانغا بېرىپ 1942 ـ يىلغىچە موللا ئابدۇلھەي ساھابىدىندىن مەخسۇس تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىپ ۋە قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ ، ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى نەزىرىيىۋى بىلىم ۋە ئەمەلىي داۋالاش تېخنىكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن . 1942 ـ يىلى پاكىستاندىن قايتىپ كېلىپ ، 1958 ـ يىلغىچە ئۆز ئالدىغا داۋالاش ، ئىز باسار يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1956 ـ يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ يورۇڭقاش بازىرىدىكى يەككە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان تۆت نەپەر كىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇيغۇر تېبابەت بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇپ ، نۇرغۇن كېسەللەرنى قوبۇل قىلىپ ، ياتاقتا ياتقۇزۇپ داۋالاپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن . ئېلخان ھەزرىتىم 2 يىل مۇشۇ شىپاخانىنىڭ مەسئۇلى ۋە باش تېۋىپى بولۇپ ئىشلىگەن . 1983 ـ يىلى ئۇيغۇر تېبابەت بويىچە مۇدىر ۋىراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن .

ئۇ، «ئۇيغۇر تېبابەت ئاناتومىيىسى» ، «ئالدىمىزدىن ئۆتكەن تەكرار كېسەللىك دورىسى» ، «تېبابەتچىلىك نەزىرىيىۋى ئاساسي» قاتارلىق تىببي ئەسەرلەرنى يازغان .

# ئىپارخان




گۈزەللىگى بىلەن ئەقلىنى لال قىلسا، باتۇر ۋە قەيسەرلىگى بىلەن دىللاردا ھۆرمەت ۋە قايىللىق تۇيغۇسى ئويغاتقۇچى ئۇيغۇر قىزى ئىپارخان 18 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر دىيارىدا ئۆتكەن چوڭ ـ كىچىك خوجىلاردىن خوجا جاھاننىڭ ئايالى. ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى. بەزى تارىخىي كىتاپتا ئىپارخاننى ئەسلى ئىسمىنىڭ ئەلانۇر خېنىم ياكى مەمۇرى ئەزەم ئىكەنلىگى يېزىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىپارخان لاتاپەت بابىدا تەڭداشسىز گۈزەل بولغانلىغى ۋە تېنىدىن تەبىئىي ھالدا ئىپار ھىدى كېلىپ تۇرىدىغانلىغى ئۈچۈن «ئىپارخان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. جەڭگە ماھىر بۇ گۈزەل، باتۇرلۇقتا داڭ چىقارغان خوجاجاھانغا ياتلىق بولغان. 1760 ـ يىلى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئاپپاق خوجا ئەۋلادىدىن بولغان خوجا بۇرھانىددىن بىلەن خوجا جاھان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىغا قارشى چىققان. ئۇلارنىڭ سانى ۋە ئەسىر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچىگەن چىڭسۇلالىسى جاۋخۇي باشچىلىغىدا زور قوشۇننى توپلاڭچىلارنى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن. ئادەم سانى جەھەتتىكى چوڭ پەرق تۈپەيلىدىن خوجىلار مەغلۇپ بولۇپ، خوجا جاھان ئۆلتۈرۈلگەن. ئىپارخان بولسا ئەسىر سۈپىتىدە بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىلغان. ئىپارخاننىڭ گۈزەللىگىدىن ھەيرانۇھەس قالغان چيەنلۇڭ خان ئىپارخانغا مەپتۇن بولۇپ قالغان . ئىپارخاننىڭ خان ئوردىسىغا كەلگۈچە بولغان ھاياتى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەر بىردەكلىككە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپى بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر تارىخ مەنبەلىرى ۋە ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن چىڭ سۇلالىسى ئوردا تارىخنامىلىرىدىن مەلۇمكى، يۇرت ـ قەۋمىدىن، ئېرىدىن ئايرىلغان ئىپارخان ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن خانغا قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان. پۇرسەت تېپىپ ئىنتىقام ئېلىش ئارزۇسىدا يېنىدا پىچاق ساقلاپ يۈرگەن. ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش، ئۇنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ۋە يۇرتىنى سېغىنىش ئارزۇسىنى يوق قىلىش ئۈچۈن چيەنلۇڭ خان خىلمۇ ـ خىل چارىلەرنى ئىشلەتكەن. ئىپارخان ئۈچۈن ئۇيغۇر پاسونىدا ئىمارەت سېلىپ ، ئۇيغۇر مەھەللىسى بىنا قىلغان.لېكىن ئىپارخان نىيىتىدىن ھەرگىز يانمىغان ، چيەنلۇڭ خاننى ئۆزگە يېقىن يولاتمىغان ۋە يەڭ ئىچىدە ساقلىغان خەنجەرنى كۆرسىتىپ:«ئەل ـ يۇرتۇم خانىۋەيران بولدى، ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئوغۇل ـ قىزلىرىمىزنىڭ بىكاردىن ـ بىكار ئۆلۈپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن، ئىنتىقام ئالماي قويمايمەن» ، دېگەن. چيەنلۇڭ خان يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمىگەن. ئىپارخان خانغا قول سالماقچى بولغان بولسىمۇ، مەخپىي پايلاقچىلارنىڭ قاتتىق نازارەت قىلىشى تۈپەيلىدىن ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان، بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن خان ئانا چيەنلۇڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىپارخاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. گەرچە كېيىن بەزى ۋەقەلىكلەر قوشۇلۇپ ئىپارخان ھەققىدىكى بايانلار رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ۋە ئۇنىڭ نەسەبى، كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، خەنزۇ تارىخ مەنبەلىرىدە بىردەكلىككە ئىگە يۇقىرىقى بايانلار ئىپارخاننىڭ ھەقىقىي ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدۇر. 1914 ـ يىلى ئاسارە ـ ئەتىقىلەر ئورنى پېكتىيەن خان سارىيى مۇزېيى ۋە چېڭدۇڭدىكى يازلىق ئوردىدىن ئېلىپ كېلىنگەن نۇرغۇن ئاسارە ئەتىقىلەر ئارىسىدا ئون نەچچە ساھىبجامال قىزنىڭ ماي بوياق رەسىمى بار بولۇپ، بۇلارنى چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە، ئوردىدا ياللاپ ئىشلەتكەن ئىتالىيىلىك رەسسام رومبرانت سىزغان ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىيچە ياسانغان، ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىزنىڭ رەسمى «يۇدى سارىيى»نىڭ غەربىي ھوجرىسىدا

كۆرگەزمە قىلىنغان. رەسىمنىڭ ئاستىغا «ئىپارخان ــ غەربىي دىيارلىق ۋاڭنىڭ مەلىكىسى...» دەپ يېزىلىپ، ئىپارخاننىڭ ھاياتى يۇقىرىقىغا ئوخشاش يوسۇندا قىسقىچە بايان قىلىنغان. شۇنداقلا ئاخىرىغا يېقىنقى زامان خەنزۇ شائىرى شى يىنىنىڭ جۇڭخۋا مىنگونىڭ 7-يىلى بۇ رەسىمگە يازغان بېغىشلىما شېئىرى قوشۇپ قويۇلغان. ئۇ شېئىر تۆۋەندىكىچە:

ھۆر گۈزەل جانان تۇرار شەمشەر ئېسىپ ھەيۋەت بىلەن،
سېغىنىپ ئۆز يۇرتىنى چەكسىز مېھىر- شەپقەت بىلەن.
تەلپۈنەر راۋاقتا قىز ئۆز يۇرتىغا غەمكىن بېقىپ،
كىيىمى قانغا بويالغان يىغلىغاچ ھەسرەت بىلەن.
قاقشىتىپ ئەپكەلدى خان شۇ قىزنى خان دىيارىغا،
تەڭرىتاغ قالغان غەزەپتە بوغۇلۇپ نەپرەت بىلەن.

بىيجىڭ تىياتىرى ۋە دىراما ساھەسىكىلەرمۇ بۇ باياناتلارغا ئاساسەن «ئىپارخاننىڭ غەزىپى»، «ئىپارخان» ناملىق تىياتىرلارنى ئوينىغان . بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىپارخان خوجا جاھاننىڭ ۋاپادار ئايالى، پادىشاھقا تىز پۈكمىگەن قەھرىمان، قەيسەر ئايال سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئاتاقلىق خەنزۇ شائىرى يەنچېڭ ئىپارخان ھەققىدە تۆۋەندىكى شېئىرنى يېزىپ قالدۇرغان:

باھار نۇرلىرىدا جانلانغان دالا،
جىگدىلەر چۆمۈلدى چاچقان پۇراققا.
گۈپۈلدەپ ئۇرۇلغان جىگدىنىڭ ھىدى،
ھالقىپ تەڭرىتاغدىن كېتەر يىراققا.
ئۆتمۈشتە بۇ ئانچە قەدىم چاغ ئەمەس.
قەشقەردىن چىققاندى بىر ئۇيغۇر قىزى.
ئىسمىدۇر ئىپارخان ، گۈزەللىكتە ئۇ
پۇراقلىق ئېچىلغان چېچەكنىڭ ئۆزى .
بوزەك قىلىپ بولامدۇ باتۇر مىللەتنى.
ئىپارخان شۇلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى.
................!

ئەمدى، ئىپارخاننىڭ ھاياتى ۋە جاسارىتىگە ئالاقىدار تارىخىي قىسىمىدىن قىسقىچە خەۋەردار قىلىمەن:

مانجۇلار قەشقەرىيىنى تولۇق تەسەررۇپ قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇدىكى ھەربىي كېڭەشنىڭ قارارى بويىچە بىر يىل پۇختا ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق كۆردى. مىلادى 1760 - يىلى قەمەرىيە 6 - ئايدا جاۋخۇي ئوتتۇزمىڭ قارا چېرىكنى جەنۇپ ۋە شىمال ئىككى تارامغا بۆلۈپ، ئۆزى شىمالىي تارامدىكى قوشۇننى باشلاپ، ئۇدۇل قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. جەنۇبىي تارامدىكى قوشۇننى يانداش سانغۇن فۇدې باشلاپ خوتەن دەرياسىنىڭ قىنى بىلەن تەكلىماكان چۆلىنى توغرىسىغا كېسىپ، خوتەنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. جاۋخۇي باشلاپ ماڭغان شىمالىي تارامدىكى قوشۇن بىلەن فۇدې باشلاپ ماڭغان جەنۇبىي تارامدىكى قوشۇن قەمەرىيە 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر بىلەن خوتەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھايال ئۆتمەيلا جەنۇپ ۋە غەربىي شىمال تەرەپتىن يەركەنگە قىستاپ كەلدى.......

مىلادى 1760 - يىلى 7- ئاينىڭ 5 - كۈنى. تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ مانجۇلار يەركەن سېپىلىنى جەنۇپ ۋە شەرقىي شىمال تەرەپتىن تەڭلا توپقا تۇتۇشقا باشلىدى.

مانجۇلارنىڭ يەركەن قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقىنىغا بۈگۈن ساقمۇ - ساق بەش كۈن بولدى.

يەركەنلىكلەر پىداكارلىق كۆرسىتىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ بەرداشلىق بېرىپ، بىر قەدەممۇ ئارقىغا چېكىنمىدى. بىراق، مانجۇلارنىڭ ئاتقان شىددەتلىك توپ ئوقلىرىدا كۆپ ئادەم چىقىم بولۇپ كەتتى. شۇڭا، يەركەننى مۇداپىئە قىلغۇچىلارنىڭ سانى بارغانسىرى ئازلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسىدىغان جەڭچىلەر تۈگەشكە باشلىدى. قەلئە سېپىلىنىڭ ھەر ـ بىر گەز ئارىلىغىنى قوغداپ تۇرۇشقا ئادەم يېتىشمەي قالدى. مانجۇلارنىڭ دەھشەتلىك توپ ئوقلىرىنىڭ پارتلاش زەربىسىدە ئۆلگەن ئەرلەرنىڭ ئورنىنى ئەمدى ئايال جەڭچىلەر ئىگىلىگەن ئىدى.

بۇ ئايال جەڭچىلەرگە يىگىتچە ياسانغان، ئۈستىگە كۆمۈشتەك زىرىھ ـ قۇياق كىيىپ، بېلىگە قىلىچ ئاسقان، بېشىدىكى پولات دۇبۇلغىسىنىڭ بۇرۇندۇقى يۈزلىرىگىچە چۈشۈرۈپ قويۇلغان، غۇنچە بويلۇق، زىلۋا بىر ياش چوكان باشچىلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇ 24 ـ 25 ياشلاردا بار بولۇپ، ئايال جەڭچىلەرگە چەبىـ ـدەسلىك بىلەن بېرىلىۋاتقان قىسقا ـ قىسقا بۇيرۇقلىرىدىن ئۇنىڭ ھەربىي ئىلىمگە تولغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. بۇ ئايال سەركەردىنىڭ ئىسمى نۇر ئەلانۇر خېنىم بولۇپ خوجا جاھاننىڭ بانۇسى ئىدى.

ئىلىدا تۇرغاقلىقتا ياشاۋاتقان ئۈچتۇرپانلىق ئەلى خوجىنىڭ(1) ئۆيىدە تۇغۇلغان بۇ نۇر ئەلانۇر خېنىمنىڭ ئەسلى ئىسمى مەئمۇرى ئېزىم ئىدى. ئۇ 17 يېشىدا خوجا جاھانغا ياتلىق قىلىنغان ئىدى. خوجا جاھان مۈلكىي قەشقەرىيىدە ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ ئېلان قىلغاندا، ئۇنىمۇ «خانىش» دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئۇنىڭغا «نۇر ئەلانۇر خېنىم» دېگەن ھۆرمەتلىك ئاتاقنى بەرگەن ئىدى.

16 يېشىدا شوخلۇق بىلەن يىگىتچە كىيىنىپ، گۈزۈل ئېرەن قابۇرغا يايلاقلىرىدا خوجا جاھان بىلەن بىللە چەۋگان ئويناپ، ئۇنىڭدىن ئۈرۈش سەنئىتىنى پۇختا ئۆگەنگەن نۇر ئەلانۇر خېنىم ئەمدى راستىنلا قوراللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتى ئۈچۈن ئېلىشىۋاتقان قەلئە ھىمايىچىلىرىگە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

باشقا ئايال جەڭچىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەرلەردەك كىيىنگەن بولۇپ، بەللىرىنى تاسما بىلەن چىڭ باغلىشىۋالغان ئىدى. ئۇلار ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتاتتى.

مانجۇلارنىڭ بىر قىسىم كۈچلىرى قالغات دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدا غوۋغا كۆتۈرۈپ، دەرۋازىخانىغا كۆيدۈرگۈچى ئوقلارنى ئېتىۋاتقان چاغدا، يەنە بىر گۇرۇھ قارا چېرىكلەر قەلئەنىڭ دالدا تەرىپىگە شوتا قويۇپ ئاستا شىپقاپ چىقىپ كەلدى. بۇنى ئۆگەكنىڭ كەينىدە ياتقان بىر يارىدار ئەر جەڭچى كۆرۈپ قېلىپ، ئايال جەڭچىلەرگە باشچىلىق قىلىۋاتقان نۇر ئەلا نۇر خېنىمغا ۋارقىرىدى:

ـ بىلقىس ئۇزما(2)، دۈشمەنلەر بۇ تەرەپتىن شوتا قويۇپ چىقىشماقتا! شوتا!!

نۇر ئەلانۇر خېنىم ئۆگەكنىڭ كەينىگە دۈۋىلەپ قويۇلغان قىرلىق تاشلارنىڭ بىرىسىنى ئىككى قوللاپ ئالدى ـ دە، پەسكە قارىتىپ ئاتتى. قالغان ئايال جەڭچىلەرمۇ قولىغا تاشلارنى ئېلىپ ئىككى قوللاپ كېلىپ پەسكە دومىلاتتى. تۆۋەندە مانجۇلارنىڭ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈشۈپ، ئىڭرىغان، ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ تاشلار قارا چېرىكلەرنىڭ بېشىغا تەگكەن ئىدى.....

ئاخىرى قالغات دەرۋازىسى قولدىن كەتتى! مانجۇلار قەلئەنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن شەھەر ئىچىگە خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك دەۋرەپ كىرىشكە باشلىدى! خوجا جاھان ئەمدى پۇرسەت قولدىن كەتكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن يارىدار بۇرھاندىن خوجا بىلەن ھەممە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلارنى ۋە يەنە بىر بۆلۈك ئاھالىنى ئېلىپ، شەھەرنى مانجۇلارغا تاشلاپ بەردى ـ دە، شەرق تەرەپتىكى ئالتۇن دەرۋازىسى ئارقىلىق سارىققول تەرەپكە چېكىندى.

ئائىلە ـ تاۋابىئاتلار بىلەن ئاھالە ئارىسىدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلار تېز ھەرىكەتلىنەلمىگەنلىكتىن، قوشۇننىڭ ھەرىكىتىگە دەخلى يېتىپ، چېكىنىش سۈرئىتىنى بەكمۇ ئاستىلىتىۋەتتى. شۇڭا، خوجا جاھان بىر قىسىم نۆكەرلەر بىلەن بىللە مانجۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، چېكىنىۋاتقانلارنى قوغداپ تۇردى. بۇ چاغدا نۇر ئەلانۇر خېنىم ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ، مانجۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى. خوجا جاھاننىڭ قېچىپ كېتىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرىگەن جاۋخۇي بىر گۇرۇھ يارامىلىق ئۈچقۇر ئاتلىقلارنى باشلاپ

www.uyghurkitap.com



ئۆلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. ئۇ ئالدى تەرەپتە ئېگىز بويلۇق ياش بىر ھەربىينىڭ چېكىنىۋاتقانلارغا تەمكىنلىك بىلەن يولىيورۇق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا زىلۋا بىر« يىگىت» مۇ پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى.

مانجۇلارنىڭ ساۋۇت - قوياقلىرى، ھەممە قورال - جابدۇقى تەل بولغاچقا، ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا كىرىچكە ئوقنى بېسىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۈلاپ ئېتىۋەردى. جاۋخۇي كىرىچكە ساۋۇت تېشەر ئوقتىن بىرنى بېسىپ، ھېلىقى ياش ھەربىينى چەنلەپ ئاتتى. ئوق ھېلىقى ھەربىينىڭ قالقىنىنى تېشىپ سادىغىغا چاپلاشتۇرۇپ قويدى. ئارقىدىن يەنە بىر تال ئوقنى ئۇلاپ ئېتىۋەتتى، بۇ ئوقمۇ ئۇنىڭ پۇتىغا تېگىپ سانجىلىپ قالدى.....

بۇ چاغدا مانجۇلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىۋاتقان نۇر ئەلانۇر خېنىم جوجا جاھاننىڭ پۇتىغا ئوق تەگكەنلىگىنى كۆرۈپ قالدى - دە، «تارت قولۇڭنى، مانا مەن كەلدىم !» دەپ ۋاقىرىغىنىچە ئات سېلىپ كېلىپ، جاۋخۇينىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى، ئۇنىڭ بېشىدا دوبۇلغا بار ئىدى، بېشى قىلىچ زەربىسىدىن ئايلىنىپ كەتتى. گەرچە، دوبۇلغىنىڭ بىر تال سىممۇ كېسىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بېشى خېلىلا ئەدەب يېگەن ئىدى. جاۋخۇي قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىگە قىلىچ ئۇرغان ھېلىقى«يىگىت» نىڭ كۆكسىگە تىغ ئۇردى. قىلىچ ئۇنىڭ خۇشپىچىم ھەربىي تونى ئېچىدىن كىيىنگەن زىرىھقا تېگىپ تېيىلىپ كەتتى. ھېلىقى« يىگىت» ئېتىنى سەكرىتىپ جاۋخۇيغا يەنە بىر قىلىچ ئۇرماقچى بولۇپ ھەملە قىلىۋىدى، جاۋخۇي قولىدىكى قىلىچنى ياپسالاپ تۇرۇپلا «يىگىت» نىڭ قولىدىكى قىلىچنى قېقىپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. قىلىچ زەربىسىدىن «يىگىت» نىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىسىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كېتىپ بېشىدىن دوبۇلغىسى ئۈچۈپ كەتتى - دە « يىگىت» نىڭ سۇمبۇل چاچلىرى يېيىلىپ يەلكىسىگە چۈشتى.

جاۋخۇي كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى: ئۇ باياتىن ئۆزىگە قىلىچ ئۇرغان«يىگىت» نىڭ ئايال ئىكەنلىگىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. تولىمۇ زىلۋا، تولىمۇ گۈزەل بىر ئۇيغۇر قىزى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

«خوجا جاھاننىڭ خوتۇنى؟!» دېگەن خىيال جاۋخۇينىڭ كاللىسىدا چاقماق تېزلىگىدە پەيدا بولدى. ئۇ ئۈچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجەسىدىن خوجا جاھاننىڭ ئايالىنىڭ قورال- ياراغ بىلەن ھەپىلىشىدىغان، تەڭدىشى يوق گۈزەل چوكان ئىكەنلىگىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدى. «ئۇنداق بولسا باياتىن مەن ئوق ئاتقان ھېلىقى ياش ھەربىي كىشى خوجا جاھان بولمىسۇن يەنە؟!»

- جاۋانمەردلەر، ئەمرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! - دەپ ۋاقىرىدى نۆۋكەرلەرگە ئۇ - خوجا جاھان ئالدىمىزدىكى ئاشۇ ياش ھەربىي شۇ. ئۇنى تىرىك تۇتقانلارغا كۆپ - كۆپ مۇكاپات بېرىمەن! ماۋۇ گۈزەل چەنتۇ مەلىكىسىنىڭ بىرەر يېرىگە شىكەستە يېتىدىغان بولسا بېشىڭلارنى ئالىمەن!

جاۋخۇينىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشمەي تۇراتتى، مانجۇلار دەۋرەپ كېلىشكىنىچە نۇر ئەلانۇر خېنىمنى قاتمۇ -قات قورشىۋالدى.

خوجام، مەن بىلەن كارىلىرى بولمىسۇن، تېز قاچسىلا! - دەپ كۈچىنىڭ بارىچە ۋاقىرىدى ئۇ خوجا جاھانغا. ئۇنىڭغىچىلىك مانجۇلار نۇر ئەلانۇر خېنىمنىڭ ئۈستىگە تور تاشلاپ ئۇنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن يىقىتىۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

- خېنىم، مانا مەن كەلدىم! قورقمىسىلا! - خوجا جاھاننىڭ ئاۋازى كىشلەرنىڭ باشلىرى ئۈستىدە ياڭرىدى.

ئەمما، ئارىلىقتا يولغا تىقلىپ قېلىشقان ھارۋىلار شەھەردىن قېچىپ چىققانلار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، سەپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدى. ھېچكىم ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايتتى. بۇ قالايمىقانچىلىقلار ئىچىدە خوجا جاھان بۇ تەرەپكە ئۆتۈشكە ئامالسىز قالدى. «قاچقان دۈشمەن كۆپ بولسىمۇ، ئاز قوغلىغۇچىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى، مەغلۇپ بولغان سەپكە بىر ( ھەي ) دېگەن ئاۋازمۇ كۇپايە! » دېگەن بىر گەپ بار. مانجۇلار نۇر ئەلانۇر خېنىمنى تىرىك تۇتۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان

بولسىمۇ ئەمما خوجا جاھان، بۇرھانىدىن خوجىلار يەنىلا بىر قىسىم ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ئادەملىرىنى ئېلىپ بەدەخشان تەرەپكە چېكىندى.

ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋۇمبىن قوۋۇغىنىڭ ئاستىدا قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. راۋاق ئۈستىگە قويۇلغان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان خاقانى چىن چەنلۇڭ بۇ ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى مەسخىرە نەزىرى بىلەن كۆزىتىپ، بىر ئەسىرنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە توختاپ قالدى. ئۇ كۆردىكى: قانتىي باغلانغان قوش مەسەللىك ياش بىر چەنتۇ ئايال تۆمۈر قەپەس ئىچىدە تەپەككۇر تىزىغا بېشىنى قويۇپ، غەزەپ - نەپرەت دېڭىزىغا غەرق بولغان ھالەتتە ئولتۇراتتى. تۆمۈر قەپەستە ئولتۇرغان بۇ نازىنىن گويا قۇياش تەلەت، ئاي سۈرەت، چولپان يۇلتۇز، يەنى ئايغا رەشك سالغۇچى، كۆكلىنىڭ ئارامى، گۇل يۈزلۈك، نازۇك بەدەن، بېقىشلىرى ئاھۇدەك، كىرپىكلىرى نەشتەردەك، تامام نازۇ كەرەشمە بىلەن پەردازلانغان بىر چەنتۇ ساھىپجامال ئىدى.

بۇ گۈزەل چەنتۇ ئەسىرنى كۆرۈپ دىلىغا ئىشتىياق ئوتى تۇتاشقان چەنلۇڭ ئاخىر تاقەت قىلالمىدى - دە، يېنىدىكى ساراي ۋەزىرى خې شىندىن بۇ ئەسىرنىڭ كىملىگىنى سۈرۈشتە قىلدى.

- پۇشتىپاناھىقا مەلۇم بولغايكى، - دەپ جاراپ بەردى خېشىن يەرگە باش ئۇرۇپ تۇرۇپ - بۇ چەنتۇ ئەسىرى ئاسىي توپىلاڭچىلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنى نېمە دەپ ئاتايدىغانلىغىنى خاقانى چىنغا ئەل بولغان تۇردى خوجىدىن سوراپ بىلىۋالغايمىز!

- تۇردى خوجا بىلەن ئول چەنتۇ كېنىزىگىنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈڭلار، چاقىرىڭلار، بىز ئول چەنتۇ كېنىزىگىدىن گەپ سورايمىز - دىدى خاقانى چىن چەنلۇڭ خې شىنغا.

- باش ئۈستىگە، پۇشتىپاناھىم، - دەپ قۇللۇق بىلدۈردى خې شىن، ئاندىن ياساۋۇللارغا:

- تۇردى خوجىنى چاقىرىڭلار! - دەپ ئەمىر قىلدى.

بىر كەملەردە، تۇردى خوجا ھېلىقى ئەسىرنى - نۇر ئەلانۇر خېنىمنى يېتىلەپ خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ ئالدىغا توغرى بولدى - دە، دەرھال بېشىدىكى مانجۇچە دىڭ قالپاق ختايىنى ئېلىپ يەرگە قويۇپ، چەنلۇڭغا باش ئۇرغىلى تۇردى.

- ئەركانىم، سىزگە ئىجازەت بەردۇق! - دېدى چەنلۇڭ قولىنى سىلكىپ، - بۇ ساھىپجامال كىم بولىدۇ؟

- لەببەي ! - دەررۇ قۇللۇق بىلدۈردى تۇردى خوجا، - ئول چەنتۇ كېنىزىگى ئاسىي خوجا جاھاننىڭ خانىشى نۇر ئەلانۇر خېنىم بولۇر، ئۇ ئەسلىدە پېقىر قۇللىرىنىڭ بىر تۇغقان ھەمشىرىسى بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئاسىي خوجا جاھان بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، خاقانى چىننىڭ نۇسرەت سۈپەت تەڭرى قوشۇنلىرىغا قارشى تىغ تارتقانلىغى ئۈچۈن، پېقىر قۇللىرى بىر تۇغقان قېرىنداشلىقنىڭ يۈزىنىمۇ قىلماستىن، ئۇنى تۇتۇپ بۇغدا خاقانغا تارتۇق سۈپىتىدە ئېلىپ كەلدىم. قوبۇل قىلغايلا. ياشغايلا، ياشغايلا! تۈمەن مىڭ يىل ياشغايلا!

شۇنداق، تۇردى خوجا دەپ ئاتالغان بۇ ئادەم زادى كىم؟

تۇردى خوجا مىلادى 1714 - يىللىرى ئەتراپىدا، ئاپاق خۇجىنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى، ئۇچتۇرپانلىق ئىنايىتۇللا (كارامىتۇللا) خوجىنىڭ نەۋرىسى ئېلى خوجا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادى 1742 - يىلى، دادىسىدىن يېتىم قالغان 28 ياشلىق تۇردى خوجا ئېرەن قابۇرغىدىكى تۇرغاقلىقتىن مۇلكىي قەشقەرىيىگە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن قۇمۇل، تۇرپان، كورلا، بۈگۈر ئەتراپلىرىدا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى بەزى ئىشانلار بىلەن بىرلىشىپ، شۇ چاغدا يەكەن تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان خوجا ياقۇپ - جاھان خوجا ئەرشى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. بىراق، مىلادى 1744 - يىلى قىشتا ئۇ جاھان خوجىنىڭ تەقىپىگە ئۇچراپ، قولغا چۈشۈپ قالغىلى تاس قالغانلىقتىن، قېچىپ يوقالدى. ئۇ «تەلەي يۇلتۇزى بەختسىزلىك چەرخىنىڭ چەمبىرىگىدىن چىقىپ، ھىجران ئادالىتىنىڭ ئىنتىھاسىغا يېتىپ، بەختى ياخشى تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئۈمىد كۆچىتى ۋىسال مېۋىسىگە تولغانغا قەدەر» قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى قىر خەلقى ئىچىدە سۈلۈك تەۋرىتىپ، «قىر قوۋملىرىنىڭ پىرى» سۈپىتىدە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مىلادى 1757 - يىلدىن ئېتىبارەن ئۇ مۇشۇ ئەتراپلاردا، مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ كېيىنكى رەتتىكى ھۆكۈمرانلىغىنى كۆزلەپ كۈچ توپلاپ يۈرگەن قاچاق

ھەربىي ئىشان، تاغىسى ھۇسەيىن خوجا ـ ئەرك خوجىغا قوشۇلۇپ، «ئۇلۇغ سۇلۇك» تەييارلىقلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئىشانلارنىڭ سابىق قوشۇن بەگلىرىدىن بىرى، تاغىسى پەرسا خوجا ۋە «شاھى قۇززات ھۇسەيىن»، «قۇرئەنداز پىر» ـ مامۇت خوجا قاتارلىقلار بىلەن مۇساپىر خوجىلار ھاكىمىيىتى ـ «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» تەشكىلاتىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ تەشكىلات نامىدا قىر خەلقى ئارىسىدىن ھەربىي كۈچ توپلىدى. مىلادى 1758 ـ يىلى خوجا جاھان بۇرھاندىن خوجا بىلەن بىللە ئۆزلىرى بېقىنىپ تۇرغان مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق ئىسيان كۆتۈرگەندە، تۇردى خوجا ئۆز كۈچلىرىنى جىددىي سەپەرۋەر قىلىپ، قەشقەرىيىنىڭ كەلگۈسى ھۆكۈمرانى بولۇش تەمەسى بىلەن «تاغدىن چۈشۈش»كە تەييارلاندى. ئەمما، مانجۇلار بىلەن خوجا جاھان كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قانلىق ئۇرۇش مانجۇلارنىڭ مەغلۇبىيەتكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان جىددىي پەيتتە، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى جاۋخۇي ئۆزىنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، «تاغ يولۋسى» تۇردى خوجا باشچىلىغىدىكى «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىدى ۋە تۇردى خوجا باشلىق يەتتە خوجىنى ئالىي مەنسەپ، يۇقىرى ئەمەل، چوڭ ھوقۇق، مول مائاش ۋەدىسى بىلەن سېتىۋالدى ھەمدە ئۇلارغا جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئوتتۇز ئالتە ھىيلىسى ئىچىدىكى يەتتىنچى ھىيلە ـ «ۋىبىي بەگلىگىنى قورشىۋېلىپ جاۋ بەگلىگىنى قۇتۇلدۇرۇش» ھىيلىسىنى قوللىنىپ، خوجا جاھاننىڭ ئارقا سېپى چېپانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا كۆرسەتمە بەردى. دېگەندەك، قەدىمدىن تارتىپ كارغا كېلىدىغانلىقى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلانغان بۇ ھىيلە يەنىلا جانغا ئەسقاتتى.

تۇردى خوجا جاۋ خۇينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە«مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» قوشۇنلىرىنى باشلاپ خوجا جاھاننىڭ جان تومۇرى ھېساپلىنىدىغان ئارقا سېپى چېپانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىۋىدى، راستتىنلا خوجا جاھان قاراسۇدا مانجۇ قوشۇنلىرىنى قورشىۋالغان قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ چېپانغا ھۇجۇم قىلغان تۇردى خوجىغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ خوجا جاھان كۈچلىرى ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق زەربە، مانجۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن زور ياردەم بولدى. شۇڭا، جاۋخۇي تۇردى خوجىنىڭ بۇ تۆھپىسىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالاپ، قاراسۇ بارگاھىدا «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» تەشكىلاتىنىڭ سەردارى تۇردى خوجا قاتارلىق يەتتە خوجىنىڭ مانجۇ سەلتەنىتىگە ئەل بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئالاھىدە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزدى. بۇ مۇراسىمدا تۇردى خوجا « ...... جاۋخۇي ھەزرەتكە مىڭ ئاتلىق ياساۋۇل، ئىككى مىڭ غالچا قۇل، ئون مىڭ قوتاز، قىرىق قوتان قارا مال، قىرىق تالقاندان ئېرىغ مال، زۆرۈر بولغان مۇلازىم، چاكار چوكان، مىراقۇل خىزمەتچىلەر، ئۈچ يۈرۈشلۈك ھەربىي كارۋان قوشۇنلىرىنى ھاردۇق سوۋغىتى سۈپىتىدە تەقدىم قىلدى ۋە مەڭگۈ پەرمانبەردارلىق بىلەن ئەل ۋە تەۋە بولغانلىقلىرىنى مۇسۇلمانلىق قەسىمى شەرتى بىلەن ئادا قىلىشتى(3)

مىلادى 1760 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۇردى خوجىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى ۋە ئاستانىنىڭ دۇڭسى 6 ـ كوچىسىدىكى يىگىرمە ئىككى ئېغىزلىق ھۆكۈمەت ئۆيىگە ئورۇنلاشتى. تۇردى خوجىنىڭ ئائىلىسىگە ئۆي ـ بىسات، خىزمەتچى ـ مالاي، كىيىم ـ كېچەك، ئات ۋە ئېگەر ـ جابدۇق، ھەرخىل مەنقۇلات، تەيىنجاھ.... تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش راسخوتى ئۈچۈن خەزىنە ئىمارەتتىن بەش يۈز سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ بېرىلدى. تۇردى خوجا يىللىق مائاشى يۈز سەر كۈمۈش، ياردەم قوشۇمچىسى يىگىرمە سەر كۈمۈش قىلىپ بېكىتىلدى....»(4).

دېمەك، جاۋخۇي باشچىلىغىدىكى مانجۇ مەمۇرىيىتى تۇردى خوجا باشچىلىغىدىكى «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» تەشكىلاتىنىڭ ياردىمىدە تارىم ۋادىسىدىكى نۇرغۇن شەھەر، كەنت، مەھەللە، بازار، لەنگەر، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سودا، ھۈنەر ـ كەسىپ نۇقتىلىرىنى «مانجۇ مەمۇرىيىتىگە قارشى ئىسيانچىلار ئۇۋىسى» دېگەن نام بىلەن ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. مانجۇلار مۈلكىي قەشقەرىيىدە يۈرگۈزگەن بۇ بىر قاتار ئادەم قېلىپىدىن چىققان قىرغىنچىلىقلاردا ئاز دېگەندىمۇ بەش يۈز مىڭ ئادەم قىرىپ تاشلاندى. ئاقسۇ دەرياسى ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەستى سەۋەپلىك، خەلق ئۈچ يىلغىچە ساپ سۇ ئىچەلمىگەن ئىدى(5).

خاقانى چىن چەنلۇڭ نۇر ئەلانۇر خېنىمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا: «ئىپارخان» دېگەن

ئاتاقنى بەردى ۋە خىشنىغا:

ـ ئول چەنتۇ كېنىزىگى ئۈچ ھەرەمنىڭ خانىكەلىرى ۋە ئالتە سارايدىكى خانىش، يەتمىش ئىككى بانۇدەك مەرتىۋىگە ئىگەدۇر، شۇڭا، بىز ئۇنىڭغا «ئىپاربانۇم» دېگەن مەرتىۋىنى بەردۇق ۋە چەنتۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى «ئىپار خان » بولسۇن ـ دىدى.

ئايۋاندا مۆكلىنىپ ئولتۇرغان ئىپارخان چەنلۇڭنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى تۇيمىدى.

چەنلۇڭ چۆرە قىزلارغا: «ئىپارخاننى چۆچۈتۈۋەتماڭلار!» دېگەندەك قىلىپ قولنى سىلكىپ قويدى. ئاندىن ئاستا ئىپارخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى ۋە:

ـ ئى ساھىبجامال چەنتۇ كېنىزىگى ـ دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، ـ كۇندەك جامالىڭىزنى كۆرگەندىن بۇيان، يېگىنىم زەققۇم، ئىچكىنىم زەھەر، ئۇيقۇ بىدار بولدى. تۈنلەر بويى سىزنى ئويلاپ ئۇيقۇسىزلىقتىن پەرىشان بولۇپ، خىيال دېڭىزىنىڭ تەكتىگە قاراپ چۆكۈپ كېتىۋاتىماقتىمەن! ئەي، قۇياشتەك ھۆسنى بىلەن ئالىنى خجالەتتە قويغان يېگانە گۈزەل، مۇشتاقلىق مېنى ئىزتىراپقا سېلىپ، تاقەتسىزلىك خاراب قىلدى.

ئىپارخان:

ـ ماڭا قارىتا سىنىڭدىن بىرەر ئادالەتسىزلىك ياكى ياۋۇزلۇق ھەركىتىنى كۆرمىدىم. گەرچە مەن ئۇرۇش ئەسرى سۈپىتىدە سىنىڭ قولۇڭغا چۈشكەن بولساممۇ، مېنى باشقا ئاياللىرىڭدىنمۇ چارە كۆرۈپ، ياخشى ئاسراپ، ياخشى قاراۋاتىسەن. شۇڭا، مەن ھازىرغا قەدەر ھايات ياشاپ كېلىۋاتىمەن. مۇبادا، خۇي ـ پەيلىڭنى يامان قىلىپ ماڭا چېقىلىپ، ئىمانىمنى بۇلغىماقچى بولىدىكەنسەن، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆلۈپ بېرىمەنكى، سەن كاپىرغا ھەرگىز خوتۇن بولمايمەن! چۈنكى مەن ساڭا ئوخشاش تاجاۋۇزچى پادىشاھقا ھەرگىزمۇ باش ئەگمەيمەن. سىنىڭ قان كەچكۈچى قارا چېرىكلىرىڭ مېنىڭ ۋەتىنىمگە باستۇرۇپ كىرىپ، پۇقرالىرىمنى شەپقەتسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلدى. بىزنىڭ پادىشاھزادە، ھۆكۈمرانلار دەپ ئۆلتۈرسۇن، چاپسۇن، سۈرگۈن قىلسۇن ، شۇنچىۋالا ئۆلتۈرۈلگەن، تالان ـ تاراج قىلىنغان بىچارە پۇقرالاردا نېمە گۇناھ؟ بۇنداق ئادالەتسىزلىككە كىممۇ تاقات قىلىپ تۇرالىسۇن؟! دېگىنىچە يېڭى ئىچىدىن بىر خەنجەرنى چىقاردى.

چەنلۇڭ ئىپارخاننىڭ قولىدىكى خەنجەرنى كۆرۈپ:

ـ يارەببىنا، ئەي ئىپارخان، ئاچچىغىڭىز بەكمۇ يامان ئىكەنغۇ سىزنىڭ؟ بىز سىز بىلەن چېقىشىپ قويدۇق. بىزدە باشقا مەقسەت يوق! ـ دەپ كەينىگە چېكىندى.

خۇدا ھەققى، مۇبادا سەن مېنى قىستاۋېرىدىغان بولساڭ، مەن ئۆلۈم ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ پاك مۇسۇلمانلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىمنى، ۋىجدانىمنىڭ ساپلىقىنى ئىسسىپاتلايمەن. مەن ئەسلىم بويىچە پاك ئۇيغۇر قىزىدۇرمەن! ـ دىدى ئىپارخان قولىدىكى خەنجەرنى ئۆزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ.

ـ بولدى، بولدى، بىز دېمىگەن بولايلۇق، سىز خاپا بولماڭ، بولامدۇ؟ ـ دىدى چەنلۇڭ كۈلۈپ كېتىپ، ئۇ قاتتىغلىق قىلىش بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىغىنى چۈشەنگەن ئىدى . شۇڭا:

ـ ئەگەر كۆڭلىڭىزدە ھەرقانچە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىز بولسا بىزدىن سورايدىغان تەلەپ ـ ئىلتىجايىڭىز بولسا ئېيتىڭ، بىز ئۇنى ھازىرلا تەييار قىلغۇزغايمىز!

ـ بۇ گېپىڭ راست بولسا، ـ دىدى ئىپارخان ئىلتىپات بىلەن چىرايىنى كۈلۈپ ئاچتى ۋە، ـ مېنىڭ ۋەتىنىم قەشقەرىيىنىڭ ئۈچتۇرپان دېگەن شەھرىدە يوپۇرمىغى كۈمۈشتىن، غولى تۆمۈردىن مېۋىسى ئالتۇندىن، يېلمى ئەنبەردىن بولغان، چېچىگى ئىپاردەك پۇرايدىغان بىر ئىلاھىي دەرەخ بار. شۇ دەرەختىن مۇشۇ باغۇ ـ ئېرەمگە ئەكەلدۈرۈپ قويغۇزۇپ بەرگەن بولساڭ، مەن ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن يۇرت ۋەتەننىڭ ھىدى بۇرنۇمغا پۇرىسا، كۆڭلۈم بەلكىم خوش بولۇپ ئېچىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

چەنلۇڭ ئىپارخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:

ـ شۇنچىلىك ئىشمىدى؟ بۇ بىز ئۈچۈن شامنى «پۇۋ!» دەپ ئۆچۈرگەندەكلا ئاددىي ئىش ھېساپلىنىدۇ. خاتىرجەم بولغايسىز ، بۇ تەلىۋىڭىز چوقۇم ئورۇندىلىندۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چەنلۈك ئىپارخاننىڭ ئىلتىپات قىلىپ، چىرايىنى ئاچقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ ئۆز خابگاھىغا قايتتى.

نىھايەت، ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سوچاڭ بىلەن ھاكىمبەگ ئابدۇللالارنىڭ خاقانى چىن نامىدىن ئۇچتۇرپان ئاھالىسىگە سالغان جىگدە ئالۋىنى بىردىنلا پۈتۈن جەنۇبىتىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى قاپلىغان «ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

خان ئوغلى چەنلۇڭنىڭ تېخى چۈيفۇدىن ئاستانىگە قايتمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شاھ سانىيە دەرھال كېنىزەكلەرگە:

- خاس ئۆيىنى ئالاھىدە گىلەم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن بېزەڭلار. ناھايىتى ئوخشىتىپ مۇسۇلمانچە غىزا تەييارلاڭلار! - دەپ بۇيرىدى. كېنىزەكلەر ھەش - پەش دېگۈچە شاھ سانىيەنىڭ پەرمانىنى ئادا كەلتۈرۈشتى. جىمى تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن شاھ سانىيە ئۆزىنىڭ يېقىن كېنىزەكلىرىدىن بىرىنى ئىپارخانىنى ئۆزىنىڭ خابگاھى - پىنھانى شاپائەت ھەرىمگە زىياپەتكە تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتتى.

بارغان كېنىزەك:

- شاھ سانىيەنىڭ مىجەزى يوق. ئۇ سىنىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرگۈدەك خۇش پۇراق تېنىڭنىڭ تەرپىنى ئاڭلىغان ئىكەن. شۇڭا، بىر كۆرۈش ئىستىگىدە سېنى ئۆزىنىڭ خابگاھىغا چايغا چىللايدۇ! - دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

باغۇ - ئېرەمدىكى ئۆز خانىسىدا مۆكلىنىپ يالغۇز ئولتۇرغان ئىپارخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولدى ۋە ئورنىدىن تۇرغىنىچە بوگلۇك ئالدىغا باردى - دە، ياستۇق ئاستىغا تىقىپ قويغان يىلان بېشى، كەكلىك قېشى، سۆكەك دەستىلىك بىر يېڭسار خەنجىرىنى ھېلىقى چۆرە قىزغا كۆرسەتمەستىن ئىتتىك يېڭى ئىچىگە يوشۇردى. ئۇ ئىشكتىن چىقىدىغان چاغدا ئۆزى بەش يىلدىن بېرى تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆيگە كۆز قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن بىر قاراپ چىقتى - دە، قەيسەرلىك بىلەن بېشىنى تىك كۆتۈرگەن ھالدا ھېلىقى چۆرە قىز بىلەن خانىدىن چىقىپ پىنھانى شاپائەت ھەرىمگە قاراپ ماڭدى.

ئىپارخان شاھ سانىيەنىڭ خابگاھىغا كىرگەندىن كېيىن دەرھال شاھ سانىيەگە تىزلىنىپ تەزىم - بەجا كەلتۈردى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

ئەسسالام، ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرنىڭ ئىگىسى، بىگانىلەرنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنغان دەرگاھنىڭ ساھىبى، پەغپۇرچىننىڭ ئانىسى بولغان ئالىيجاناب شاھ سانىيە، خۇدا سىزنىڭ بەخت - ئىقبالىڭىنى مەڭگۈ بەرقارار قىلسۇن! يىللار بويى ئالتۇن تېنىڭگە سالامەتلىك ئاتا قىلسۇن! - دېدى. ئاندىن كېيىن ئارقىچىلاپ يېنىپ ئۆرە تۇرۇشقان كېنىزەكلەر قاتارىغا كېلىپ تۇردى.

- ھەي ئىپارخان - دېدى شاھ سانىيە ئۇنىڭ ھۆسنى زىباسىنى تاماشا قىلىپ بولغاندىن كېيىن - مەرھابا، خۇش كەپسەن. قېنى، ئولتۇرغىن، ماھارىتىڭ ۋە ياخشى تۈسىپ - سۈپەتلىرىڭ بىلەن بىزنى خۇرسەن قىل!

- باش ئۈستىگە! - دېدى ئىپارخان ئۆزىگە ئىنئام قىلىنغان كۇرسى ئۈستىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن.

- ھەي ئىپارخان، ھۆسن - جامال بابىدا يەتتە ئىقلىمدا ھەقىقەتەن سېنىڭدەك ساھىپجامال يوق! ئاڭلىسام باھادىرلىق، كەمەندازلىق، شەمشەرۋازلىق، چەۋەندازلىق، نەيزىۋازلىق، سىپاھبازلىق بابىدىمۇ زامانىنىڭ يېگانىسىدۇر كەنسەن. بىراق، خانىنىڭ ھەرىمگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، سەرگەشتىلىك قىلىپ بويۇن ئەگمەي كېلىپتۇرسەن. بۇ بىئەدەپلىكنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ سەن ئۆلۈمدىن قورقمامسەن؟

- ئى بىلقىس ئۆزما، مەھدى ئۇليا، رەھىم قىل، زۇلۇم قىلما! مەن سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن. مېنىڭ مۇنچە بىئەدەپلىك قىلمىغىمنىڭ سەۋەبى ئۆز ئىمانىمنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشقا بەل باغلىغىنىمدىن بولغان. بولمىسا، مېنىڭدەك، بىر چۆمۈلىنىڭ پەغپۇرچىندەك شىرغا سەرگەشتىلىك قىلىپ، بويۇن تولغىشى

هەددىمۇ؟ نىهايەت، بۇنىڭ سەۋەبىنى مېنىڭدىن سورىغان ئىكەنسەن، مېنىڭ ساڭا دەيدىغان بىر هاجىتىم بار، شۇ هاجىتىمدىن چىقىشقا ياردەم قىلغايسەن. ئەگەر هاجىتىمنى راۋا قىلماي ئۆلۈپ كەتسەم، داغۇ - هىجراندا كەتكەيمەن!

قېنى ئېيتقىنچۇ، بىز ئاڭلاپ بېقىپ ئاندىن بىر نەرسە دېگەيمىز! - دىدى شاھ سانىيە ئىپارخاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىغا قىزىقىپ.

- خاقانى چىننىڭ قان كەچكۈچى لەشكەرلىرى ۋەتىنىم مۇلكىي قەشقەرىيىنى پايمال قىلىپ، خەلقىمنى قىردى. ۋەللاهۇ ئەئلەم، خەلقىمدىن خىراجەت تەلەپ قىلىپ، ئۆزىگە ئاداۋەت پەيدا قىلدى. ئەپسۇسكى، مەن مۇرەببىم بىلەن خاقانى چىن قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭ قىلىپ، خەلقىمنى مۇشۇنداق زۇلۇم - سىتەم ۋە تەشۋىشكە گىرىپتار قىلدىم. ئەلهال، ۋەتەن ماڭا ئات بولغان بولسىمۇ ئەمما مەن ۋەتەنگە يات بولدۇم. ئەمدى مەن ئۇچۇن ياشاش هارامدۇر! نىهايەت، مۇسۇلمانچىلىق ئۇدۇمىدا جان ئىمان بىلەن بىللە ئاللا تائالا تەرىپىدىن بىز بەندىسىگە ئاتا قىلىنغان، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، مېنى ئىمان بىلەن خۇدانىڭ دەرگاهىغا كەتكەي دېسەڭ، جانىمنى ئېلىشنى ساڭا تاپشۇردۇم!

- ئى ئىپارخان، بۇ سۆزۈڭ راستىمۇ؟

- بىر خۇدا تۇرۇپتۇ، بىر ئىمان تۇرۇپتۇ. ئەلهەمدۇلىللاهى مۇسۇلماندۇرمەن. بۇ سۆزۈمنىڭ راستلىغى ئۈچۈن مۇنۇ خەنجەرنىمۇ ساڭا تاپشۇرىمەن! - دىدى ئىپارخان ۋە يەڭ ئىچىدىن هېلىقى خەنجەرنى چىقىرىپ يەرگە تاشلىدى.

- نىهايەت، سېنىڭ ئارزۇيۇڭمۇ شۇ ئىكەن بىزنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىمىزمۇ هەم شۇ ئىدى. بىز سېنىڭ تەلىپىڭنى بەجا كەلتۈرگەيمىز.

- رەهمەت ساڭا! مېنىڭ مەقسىتىم هەم شۇ ئىدى. چۈنكى، مۇبادا مەن سەن كاپىرنىڭ قولىدا ئۆلسەم، شېهىتلىك مەقامىغا يېتىپ ئۆلگەن بولىمەن، مۇسۇلمان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئالىي شۆهرەت يوق بولسا كېرەك! ئۇ چاغدا روهىم جەننۇتتۇل فىردەۋستە مۇرەببىم خان خوجا بىلەن بىللە پەرۋاز قىلۇر!

- قايسىڭلار بار؟ - دەپ ئەمىر قىلدى شاھ سانىيە . شىياۋشيەن ئايىم، - ئۇل چەنتۇ كېنىزىگىنى زەڭگەر شايى پوتا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئىجازەت قىلدىم! - دىدى.

- ئىككى بەستلىك هەرەمئاغىسى ئىشكتە پەيدا بولدى. شاھ سانىيە كۆز قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن ئىپارخانغا قارىدى ۋە:

- ئىپارخان، سەن هەقىقەتەنمۇ ئۆز ئەقدەڭگە سادىق، تىللاردا داستان بولغۇدەك ئېسىل پەزىلەت ئىگىسى، ئېپپەت - نومۇسلۇق چەنتۇ قىزى ئىكەنسەن! - دىدى - دە، تەتۈر قاراپ قولىنى شىلتىدى.

بۇ چاغدا ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇشقان هېلىقى بەستلىك ئىككى هەرەمئاغىسى: «پەرمانبەردارمىز، شاھ سانىيە جەنابىي ئالىيلىرى!» دېيىشكىنچە يېتىپ كېلىپ، ئىپارخاننى قولىدىن تۇتۇپ يان ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى......

ئىپارخان ئۆلتۈرۈلۈپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خاقانى چىن چەنلۇڭ چۈيفۇدىن ئاستانە - بېيجىڭدىكى ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى ۋە دەرهال ئىپارخاننى كۆرمەك بولۇپ باغۇ - ئېرەمگە كىردى. كۆردىكى، قەشقەر ئۇسلۇبىدا ياسالغان بۇ هەشەمەتلىك كاشانە ئىمارەت جىمجىت بولۇپ، هېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئىپارخاننىڭ ناخشا - كۈلكە قايناپ تۇرىدىغان خانىسىدا ئەمدى بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. ئۆيدىكى هەشەمەتلىك جابدۇق - مەنقۇلاتلارنى توپا - چاڭ باسقان بولۇپ، خانا ئىچىدە بىرخىل غېرىپلىق هۆكۈم سۈرۈپ تۇراتتى.

چەنلۇڭ دەرهال ئىپارخاننىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان هەرەمئاغىسىنى ئالدىغا چاقىرتىپ سورىۋىدى، هەرەمئاغىسى دەرهال ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ئىپارخاننىڭ شاھ سانىيە تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خانغا مالۇم قىلدى.

ئىپارخاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ چەنلۇڭ يۈرىگىنىڭ بىر يېرى ئاچچىق ئېچىشقاندەك بولدى - يۇ، ئەمما قىلچە چاندۇرمىدى.« تەڭرىم ئىپارخاننى بىزگە نېسىپ قىلمىغانىكەن !» دېگىنىچە بۇ

ھەقىقەتنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.....

**ئىپارخاننىڭ مەقبەرىسى**




ئىزاھلار:

(1) ئەلى خوجا ( 1694 ـ 1759 ) چوڭ خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاپئاق خوجىنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى ئىنايىتۇللاخوجا ( كارامىتۇللا خوجا )نىڭ نەۋرىسى ئىدى.

(2) پادىشاھلارنىڭ چوڭ خوتۇنلىرىغا بېرىلىدىغان ھۆرمەت نامى.

(3) «بۇرقۇم ئەۋلىيا» قولىيازما

(4)شياۋ زىشېن:«ئىپارخانغا دائىر يېڭىدىن تېپىلغان تارىخىي ماتېرىياللار»

(5)بۇ ھەقتە ئابدۇۋەلى ئەلىنىڭ«بەدۆلەت ـ يانغىن قاپلىغان تۇپراق»دېگەن تارىخىي قىسسەسىنىڭ «ئاپتۇر سۆزى» گە قارالسۇن.

# ئىسمائىل داموللام




ئىسمائىل داموللام (ئىسمائىل ئابابەكرى،1902 ـ 1954)،قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزىسى لەڭگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1909ـ1920 ـ يىللىرى بەشكېرەمدىكى ئىپتىدائىي مەكتەپتە ۋە ئاتۇش مەشھەتتىكى سۇلتانىم مەدرىسلىرىدە ئوقىغان. 1920 ـ 1924 ـ يىللىرى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە، ئالىم، داڭلىق مۇدەررىس ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان.

ئىسمائىل داموللام 1924 ـ يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان. ئوقۇش تۈگەتكەندە ئابدۇقادىر داموللام ئۆز قولى بىلەن گۇۋاھنامە بەرگەن. ئىسمائىل داموللا ئوقۇش تاماملىغاندىن

كېيىن شۇ چاغدا ئابدۇقادىر داموللام ئۇنىڭغا ئېگەر-جابدۇقلۇق بىر ئات، بىر تون، بىر تۈركۈم كىتاپ تەقدىم قىلىپ، ئۇنى ئىلىم-مەرىپەتنى يىراقلارغا تارقىتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەگرىتاغلىرىدىن ھالقىتىپ، ئىلىغا يولغا سالغان. داموللام ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن غۇلجا شەھىرى ئىچىدىكى دەڭ مەسچىتىگە ئورۇنلىشىپ، ئۇ يەرگە خاتىپ ۋە ئىمام بولغان. كىشىلەر چوڭقۇر ھۆرمەتلەپ «ئىسمائىل خاتىپ، ئىسمائىل ئىمام، ئىسمائىل قارىم»دەپ ئاتاشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىمىنىڭ موللىغى، ئەرەپ، پارس تىلىنى پىششىق بىلىشى، تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، ئىلمى نۇجۇم،ئىلمى ھېكمەت، رىيازەت (ماتېماتىكا)، ئەبجەت، تېبابەتچىلىك ئىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىگى، ھەدىسنى شەرھىلەش، قۇرئان تەپسىرى، فىقھى ئىلمىگە كامىللىغى قاتارلىق ئالاھىدىلىگى بىلەن جامائەتچىلىك ئارىسىدا تېزلا كۆرۈنۈپ، ئىناۋىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەڭ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن«داموللا» (داموللام) دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. كېيىنچە غۇلجىدىكى ئۆلىمالار، جۈملىدىن كەڭ جامائەتنىڭ تەلىۋى بىلەن غۇلجا بەيتۇللا مەدرىسىدە مۇدەررىس بولغان.

غۇلجىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۇقۇمۇشلۇق كىشى قانائەتۇللا بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، بالا-چاقىلىق بولغان .

بۇ جەرياندا يەنە خەلق ئاممىسىنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان تېبابەتچىلىك بىلىمىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، تېبابەتچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇلـ- ـلانغان.

ئىسمائىل داموللىنىڭ شۆھرەت قازىنىشى بىر تۈركۈم مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھەسەتخورلىغىنى قوزغاپ، قارا كۈچلەر كېچە-كۈندۈز دىققەت قىلىدىغان، ئايىماي زەربە بېرىدىغان، ئىز قالدۇرماي ئۇجۇقتۇرىۋېتىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا توغرا كەلگەن . بۇ ۋەھىمىلىك ئۈچۈردىن ۋاقىپلانغان غۇلجىدىكى جامائەت ۋە قەشقەر، ئاتۇشلۇقلار تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، مەبلەغ توپلىغان. جۈملىدىن تەلئەت مۇسابايوف بىر ئات، پۇل، كىيىم-كېچەك، يېمەكلىك قاتارلىقلارنى تەييارلاپ ئۇنى يوشۇرۇن ھالدا قەشقەرگە يولغان سېلىپ قويغان. داموللام قەشقەرگە كېلىپ، غۇلجىدا قالغان ئائىلىسىنى ۋە جامائەتنى تولىمۇ سېغىنىپ، بىر يىلدىن كېيىن (1939-يىلى) غۇلجىغا يەنە كەلگەن. بىراق يەنە تۇرالماي، ئائىلىسى بىلەن ئالتاي شەھىرىگە كەتكەن. ئۇ يەردىمۇ خاتىپلىق، ئىمامەتچىلىك، مۇدەررىسلىك قىلغان.

**1945** -يىلى كۆكلەمدە ئىسمائىل داموللام غۇلجىغا قايتماقچى بولۇپ، دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن ئۆتكەندە ، بۇنىڭدىن چۆچەكتىكى جامائەت خەۋەر تېپىپ، چۆچەك قەشقەر جامەسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئىمامى ياسىن قازىنىڭ ئورنىغا ئىمامەتچىلىك قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارغان ھەمدە ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئۇنى چۆچەكتە ئېلىپ قالغان. بۇ خەلقچىل زات ئۇ يەردىمۇ جامائەت بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىناۋەتلىك جامائەت ئەربابىغا ئايلانغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا ئىسمائىل داموللام تارباغاتاي ۋىلايىتى دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىغى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

**1946**-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى مەنسۇر روزىباقىيوف (تەخەللۇسى: ۋەتەن ئوغلى)نىڭ قىزغىن قوللىشى، نەشر قىلدۇرۇپ يورۇقلۇققا چىقىرىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىشى بىلەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئەرەپچە نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، **1946** -يىلى بۇ ئىشنى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملىغان. تەكتى قەشقەرلىك ياسىن قارى دېگەن موللا ۋە خەتتات كىتاپنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى كۆچۈرۈپ چىققان. بۇ كىتاپ قىزىل پەرەڭ بىلەن مۇقاۋىلىنىپ، شىلىم بىلەن پاتلىنىلغان، بۇ ئىشقا ئايالى زەينەپخان قانائەتۇللابەگ (**1911** - **1989**) ياردەملەشكەن .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئىسمائىل نۇرۇللا

ئىسمائىل نۇرۇللا 1957 ـ يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان. 1963 ـ يىلدىن 1967 ـ يىلغىچە قۇمۇل شەھەر شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1969 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1973 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە قۇمۇل شەھەر شەر ئىچى يېزىسى چاھارباغ كەنتىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1975 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1979 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنىپ، مائارىپچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. 1982 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1983 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. خىزمەت جەريانىدا ئىزچىل تۆردە ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلغان ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق مەمۇرىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1993 ـ يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1997 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 40 ياشتىن ئاشقان ئىسمائىل نۇرۇللا ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلارغا پەرۋا قىلماي، ياپونىيىگە ئىلغار پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئاتلانغان. چەتئەلدىكى تۆت يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا، تىل جەھەتتىكى ۋە ئەمگەك سىجىللىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە چىقىدىغان مۇھىم ئىلمىي ژورناللاردا 10 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئىسمائىل نۇرۇللانىڭ تىرىشچانلىقى، جاپاغا چىداش روھى ۋە مول تەتقىقات نەتىجىلىرى ياپونىيىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى چوڭقۇر تەسىر ـ لەندۇرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

ئۇ ئەينى يىللاردىكى «ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» ئارىسىدىن چىققان بىردىن ـ بىر دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن كىشى.

2001 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاپ، ئەلا نەتىجە بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2001 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە پوستدوكتورلۇق بويىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ۋەتەنگە قايتقاندا خىزمەت ئورنىدا ئۆگىنىپ كەلگەن «پولىمېر ماتېرىياللىرى تەتقىقاتى» تېخى كۆتەرتىپكە قويۇلمىغانلىقتىن ھەممە ئىشنى نۆلدىن باشلاشقا توغرا كەلگەن. تەشكىلىنىڭ قوللىشى ۋە ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە نەچچە يىللىق جاپالىق خىزمىتى ئارقىلىق، يېڭىدىن «پولىمېر ماتېرىياللىرى سانائىتى»، «ماتېرىيال خىمىيىسى» قاتارلىق تولۇق كۇرس كەسپلىرىنى تەسىس قىلغان.

ئۇ 2003 ـ يىلدىن بۇيانقى قىسقىغىنە نەچچە يىل ئىچىدە سەككىز نەپەر ئاسپرانت تەربىيىلەپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشكە تۆھپە قوشقان. ئۇ ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەتقىقات جەھەتتە يېتەكلىگەن ھەمدە ئۆزى تىنماي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقئارا ۋە جۇڭگودىكى نوپۇزلۇق ژورناللاردا 60 نەچچە پارچە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. 50 نەچچە خىل پولىمېرنى تۇنجى بولۇپ سىنتېزلىگەن. 2003 ـ يىلدىن ھازىرغىچە دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىدىن ئىككىگە، ئۆلكە دەرىجىلىك ۋە كارخانىلارنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرى تەتقىقاتى قاتارلىق تەتقىقاتلاردىن ئۈچ تۈرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. جەمئىي ئىككى مىليون يۈەنگە يېقىن تەتقىقات فوند مەبلىغىگە ئېرىشكەن. ئىسمائىل نۇرۇللانىڭ تۇنجى ئۆتكۈزگەن پولىمېرلار، نەملىك ساقلايدىغان پولىمېرلار ھەمدە نېفىت قېتىلمىلىرى ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىدىن 20 نەچچە پارچىسى ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىدىغان تەبىئىي پەنلەر مۇجەسسەمى (سچى) ۋە تېخنىكا پەنلىرى مۇجەسسەمى (ئەى)گە كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ بىر تۈردىكى پاتېنتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن.

ئىسمائىل نۇرۇللا بۇ نەتىجىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا 2003 ـ يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، 2004 ـ يىلى دوكتور ئاسپرانتلار يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىندى.

(مەنبە: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»)

# ئىلھامجان قادىر



ئىلھامجان قادىر 1981 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ، 2005 ـ يىلى شىنجاڭ نېفت شىركىتى ئۈرۈمچى تارماق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا خىزمەتكە چۈشكەن. خىزمەت جەريانىدا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، جۇڭگو نېفت خۇادوڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنا ۋە ئېلېكتىر كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن.

ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، 2005 ـ يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ 2014 ـ يىلدىن ئېتىبارەن سۇلايمان ئىسمائىل خالى، كېرىم خوجا ۋە كەسپى خەتتات ئەرشىدىن رېشىت راشىد قاتارلىقلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن بىۋاستە تەلىم ئېلىپ ئۆگەنگەن . 2007 ـ يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «شىنجاڭ نېفت گېزىتى» ۋە «تارىم» ژورنىلى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىغا يېقىن خەتتاتلىق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئىلھامجان قادىرنىڭ «دۇنيا مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن گۈزەل» ناملىق بىر پارچە ئەسىرى 2015 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كىم ئارتۇق قىلىنىپ 5000 يۈەنگە سېتىلدى، بۇ پۇل ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر سەبىينىڭ داۋالىنىشىغا ئىئانە قىلىنىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى ھەم نۇرغۇن قەلبلەرنى ئىللىتتى، ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئاشۇ سەبىيگە مېھىرلىك قوللار كەڭ سۇنۇلدى، بەس ـ بەستە ئىئانە قىلىش دولقۇنى پەيدا قىلدى.

ئىلھامجان قادىر نۆۋەتتە ھۆسنخەت نۇسخىلىرىدىن تەئلىق خېتى، نەسخ خەتلىرىنى خەلقئارالىق ئۆلچەم بويىچە مەشىق قىلىشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە يېڭى ـ يېڭى ئىجادىي ئەسەرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ھازىر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پىشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق، رەسساملىق ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ بىر قىسىم ھۆسنخەتلىرى ؛





www.uyghurkitap.com















## ئىمادۇددىن قەشقەرى

ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ داڭلىق تاشقى كېسەللىكلەر ئالىمى ئىمادىددىن قەشقەرى مىلادى 10 ـ ئەسىردە ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، شۇ چاغدىكى بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئى ساجىيە»دە مۇددەرىسلىك قىلىپ، تىبابەتچىلىك ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈپ نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ جەڭدە يارىلانغانلارنى ئۇنىڭغا داۋالاتقانلىقى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن. ئىمادۇددىن قەشقەرىنىڭ «شەرھى ئەلقانۇن»، «شەرھى شىپا» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىگە شۇچاغدىكى سۇتۇق بۇغراخانمۇ ئالاھىدە ئىنئام بەرگەن.

## ياسىن كەرىم ئۇيغۇرى



ياسىن كەرىم ئۇيغۇرى 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭى ئېرىق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە. ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



ياسىن كەرىم ئۇيغۇرى 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پىشقەدەم خەتتاتلارنىڭ شۇنداقلا مەشھۇر ئەرەپ خەتتاتلىرىنىڭ ھۆسنخەت ئەسەر ـ لىرىنى ئۈرنەك قىلىپ ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇزاق مەزگىللىك ئۆگىنىش نەتىجىسىدە سۇلۇس، جەللى ، نەسخ، تەئلىق، نەستەئلىق، رۇقئى قاتارلىق خەت نۇسخىلىرىنى پۇختا ئىگەللىگەن.

ياسىن كەرىم ئۇيغۇرى يەنە ئۇيغۇر خەتتاتلىرى نىسبەتەن ئاجىز، ئۇقمايدىغان ياكى خاتا ئۆگىنىۋالغان ئەرەپ ئىسلام خەتتاتلىقىدىكى جەللى دىۋان، دىۋانى، مەغرىبى ۋە سۇمبۇل خەت نۇسخىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئىنچىكە ئىگەللەپ ، مەزكۇر نۇسخىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇيغۇر خەتتاتلىقىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنى بېيىتقان ھەمدە ئەرەپ ئىسلام خەتتاتلىقىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىغا مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا تەدبىقلاپ، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆزىگە خاس بىر قىسىم نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ كەسپداشلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

ئەرەپچە خەتتاتلىق ئەسەرلىرىنى ئىشلەپ، ئىسلام خەتتاتلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپداشلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن.

ياسىن كەرىم ئۇيغۇرى 2007 ـ يىلى خەلقئارا ئىسلام پەن ـ مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن 7 ـ قېتىملىق خەلقئارالىق ئەرەپ خەتتاتلىقى مۇسابىقىسىدە بىر پارچە ئەسىرى جەللى دىۋانى نۇسخىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالانغان. 2009 ـ ، 2010 ۋە 2014 ـ يىلى كورىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىگە بىر پارچىدىن ئەسىرى تاللىنىپ كۆرگەزمە قىلىندى. 3 ـ ۋە 4 ـ قېتىملىق جۇڭگو شىنجاڭ كورىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بىرلەشمە خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىگە بىر قانچە ئەسىرى قاتناشتۇرۇلغان. 2013 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان «مەدىنە مۇنەۋۋەر خەلقئارالىق مەدەنىيەت فېستىۋالى»غا ئىككى پارچە ئەسىرى قاتناشتۇرۇلۇپ، تەئلىق نۇسخىدىكى بىر

www.uyghurkitap.com



پارچە ئەسىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالانغان. 2013 ـ يىلى كورىيە دۇنيا خەتتاتلىق جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو خەتتاتلىق مۇزېيى بىرلىشىپ تەييارلىغان «ھۆسنخەت تاش ئويما باغچىسى» غا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون خەتتاتنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئەسىرى قويۇلۇپ مەڭگۈ تاشقا ئويۇلۇپ ئابىدە قىلىنىپ ساقلانغان. 2013 ـ يىلى جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ھۆسنخەت رەسىم كۆرگەزمىسىگە بىر تۈركۈم ئەرەبچە ئەسەرلىرى قويۇلۇپ كەسپداشلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. 2010 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتى تەشكىللىگەن 2 ـ قېتىملىق ھۆسنخەت كۆرگەزمىسىدە بىر پارچە ئەسىرى 1 ـ دەرىجىگە ئېرىشكەن. مەدەنىيەت نازارىتى ئويۇشتۇرغان 2 ـ قېتىملىق گۈزەل سەنئەت، ھۆسنخەت ۋە فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىدە 2 ـ دەرىجىگە ئېرىشكەن.

ئۇندىن باشقا خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل كۆرگەزمىلەردە كۆپ قېتىم 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

## ياسىنجان سادىق چوغلان




ياسىنجان سادىق چوغلان 1966 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يەكەن ناھىيە بازىرىدا ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، 1983 ـ يىلى شىنجاڭ سۇ ئېلېكتىر تېخنىك مەكتىپىنىڭ سۇ باشقۇرۇش كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەكەن دەريا باشقارمىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان.

ئۇنىڭ «يۈرىكىم يىغلايدۇ» ناملىق ھېكايە ـ نەسرلەر توپلىمى، «ئاي مۆككەن كېچە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، «جانانغا يېزىلغان خەت»، «كاككۇك بالىسى» قاتارلىق پوۋېستلار توپلىمى، «سۆكۈتتىكى زېمىن» ناملىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمى، «كۆيلەر خانىشى ـ ئامانىنساخان»، «ئادالەت ھامىيسى ـ سەئىدخان» قاتارلىق بالىلار پوۋېستلىرى، «ئاتەش قەلب، ساخاۋەتلىك زېمىن»، «يوللار ئېسىڭدە بولسۇن» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى، «داۋان»، «جاللات خېنىم» (ئىككى توم)، «نازىنىن قىزلار»، «شەرەنداز ئايال»، «باھادىرنامە» (ئالتە توم) قاتارلىق رومانلىرى نەشر قىلىنغان.

## يەتتە قىزلىرىم
## (ھەبىبۇللا ئابلىمىت)

ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆك ئاسماننى سېتىۋېلىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، پەقەت ۋە پەقەت روھىمىزنى ساتمىساقلا يېتىدۇ.

(نېلسون ماندېلا)

چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى چيەنلۇڭ (1711 ـ 1799) نىڭ ئەسكەرلىرى 1760 ـ يىللىرى ئۇچتۇرپانغا بېسىپ كىلىپ، ئەلانۇرخان (تارىختىكى مەشھۇر ئىپارخان) نى ئەسىرگە ئېلىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىدۇ. پەرىزات سۈپەتلىك، ئىپار پۇرايدىغان بۇ قىز بولسا ئەمىر مۇھەممەت ـ مەتخان بىلەن ئەزىم



ئەزىزە پاشا خېنىمنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئەلانۇرخاننىڭ رايىنى ئۆزگە مايىل قىلىش ئۈچۈن پادىشانىڭ ساراي خوشامەتچىلىرىنىڭ پال سېلىشى بويىچە «مۇسى ئالتۇن، يوپۇرمىغى كۆمۈش، شېخى پولات ، ھىدى«ئىپار»بولغان ئۈچتۈرپاننىڭ يەرلىك جىگدە كۆچىتىنى سارايغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن لەشكەر بىشى سۇ ـ چىلىك بىلەن ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللاغا پەرمان چۈشۈرىدۇ.

شۇ چاغلاردا ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا بىلەن ئامبال سۇ چىلىك بىرلىشىپ، خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ، خوتۇن ـ قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلغان بۇ زوراۋانلىقلىرىدىن، ئۈچتۈرپان خەلقىنىڭ چىدىغۇچىلىقى قالمىغان ئىدى. زالىملار خەلق ئۈستىدىكى سېلىقنى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيتىپ، خەلقنى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان قىلىپ قويغان ئىدى.

بۇ چاغلاردا ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلار خاتىرجەم تالا تۈزگە چىقالمايتتى. خان لەشكەرلىرى كۆرگەنلا ئاياللارغا خالىغانچە باسقۇنچىلىق قىلاتتى. بەزىدە يامۇلدا «زىياپەت» نامىدا ئاياللارنى مەجبۇرى تۇتۇپ كېلىپ، ھەپتىلەپ مەجبۇرى يامۇلغا سولىۋالاتتى. شۇڭا نومۇس كۈچىدىن باش كۆتۈرەلمىگەن نۇرغۇن ئەرلەر ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خەلق ئىچىدە يۈز ـ ئابرويى بار ئىناۋەتلىك رەھمەتۇللا دىگەن كىشىنىڭ گۈلزارە دىگەن چىرايلىق ئايالىنىمۇ يامۇلغا سولىۋېلىپ قويۇپ بەرمىگەنلىگى ئۈچۈن، رەھمەتۇللانىڭ ۋىجدانى چىدىماي، يۈرىگى ئۆرتىلىپ، قان ـ زەرداپقا تولۇپ، پارتلاش پۈرستىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا سۇ چىكىنىڭ نايناق ئوغلى سۇلۇن بىلەن ھاكىمبەگنىڭ ئوغلى كامال ئىككىسى تاماشا ئۈچۈن ئاقسۇغا كېتىۋاتقان يولدا، قولدا قاپاق كۆتۈرۈپ سۇغا چىققان بىر بوزچىنىڭ قىزى ئانارگۈلنى كۆرۈپ قالىدۇ . ئۇنىڭغا سۇلۇن ئېسىلىپ، نىيىتىنى بۇزىدۇ. قىز پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق قىلىدۇ، دەل مۇشۇ چاغدا جۇمە نامىزىدىن قايتقان جامائەت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇ ئىككى لۈكچەكنى قاتتىق ئۇرۇپ، قىزنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. بۇ ئىككى لۈكچەك مەسچىت ئىمامىنىڭ سالاسى بىلەن جېنى ئامان قېلىپ شەھەرگە تىكىۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋال رەھمىتۇللانىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغايدۇ. چۈنكى ئانارگۈل بولسا رەھمىتۇللانىڭ ئوغلى ئامانۇللانىڭ سۆيگىنى ئىدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئامانۇللا سەگەكلىك بىلەن ئەتراپىغا جىگەرلىك ئۇيغۇر ياشلىرىنى يىغىپ ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق كۆرىدۇ. ياشلارنى پالتا ـ كەكە، كالتەك ـ توخماق، قىلىچ ـ ئورغاقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، تەييارلىق قىلىپ، «قولتۇق» دىگەن تاغلىق رايونغا چىقىپ كېتىدۇ.

دەل شۇ چاغلاردا خاندىن «جىگدە كۆچۈرۈش» پەرمانى يېتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇ چاڭ ۋە ئەبەيدۇللا سۆيقەست پىلانلاپ، بۇ ئىشقا رەھمىتۇللا بىلەن ئوغلى ئامانۇللانى مەسئۇل قىلىپ بېكىتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەخسىدى بۇ ئىككىسىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئانارگۈلنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. لېكىن سەگەك ئامانۇللا بىلەن ئانارگۈل دادىسى رەھمىتۇللاغا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرۇلۇق مۇنداق خەت يازىدۇ:

| | |
|---|---|
| قارا تاشلار زار يىغلايدۇ، | بۇندىن ئارتۇق چىدارىغا ، |
| باشقا چۈشكەن دەرتلەرگە. | ئەمدى بىزدە دەرمان يوق. |
| سەركەردە بولۇڭ ئەمدى، | ئاقتۇقاينىڭ سېپىدا ، |
| جاندىن تويغان خەلقلەرگە. | سەلدەك ئاقسۇن قېنىمىز. |
| جىگدىلىكتىن جەڭ باشلاپ، | ئەركىنلىك دەپ جان بەرسەك، |
| شېھىت بولساق ئارمان يوق. | سۆيۈنمەمدۇ جېنىمىز. |

بۇچاغ **1765** ـ يىلى **2** ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. **2** ـ ئاينىڭ **14** ـ كۈنى ھاشارچىلار جىگدە كۆچەتلىرىنى نەچچە يۈزلىگەن تاغارلارغا قاچىلاپ ، يولغا چىقىش ئۈچۈن تەپلىشىدۇ ۋە بۇلارنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ئايال ـ باللار كۆز ياشلىرىنى قىلىپ، يىغلىغان چوڭ مەيدان ئوتتۇرىسىغا بىر قامەتلىك، قەيسەر بىر كىشى زەبەردەست دەسسەپ كېلىپ، ئوت چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزى بىلەن ھەسرەتلىك قان ـ ياش تۆكىلىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ پەرىشان يۈزلىرىگە تەكشى نەزەر سالىدۇ. بۇ كىشى دەل رەھمىتۇللا ئىدى.

«قېرىنداشلار! بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشۈۋاتقان زۇلۇم ـ كۈلپەتلەرگە سايدىكى قارا تاشلارمۇ نالە قىلىشماقتا. بۇ زۇلۇمغا قول قوشتۇرۇپ، «لەببەي!» دەپ تۇرىۋېرەمدۇق؟ ياق، ياق! ئەمدى تاقىتىمىز تاق بولدى. بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىلەرگە سەركەردە! بىز ئاتلىنايلى، جىگدە قاچىلانغان مالتاقلارنى ئۇرۇپ چېقىڭلار! قولۇڭلارغا قورال ئېلىڭلار! قېنى، يۈرەكلىرى زەرداپقا تولغان يۇرتداشلار، قەلئەگە قاراپ ئالغا!» دەپ خىتاپ قىلدى.

قەھرى ـ غەزىۋى تېشىپ تۇرغان دېھقان يىگىتلىرى شۇئان ئاۋاز قوشۇپ، ھەرىكەتكە ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خەلق قوزغۇلۇپ شۇ كۈنىلا قوزغىلاڭچىلار سانى ئونمىڭغا يەتتى. بۇ تارىختىكى «جىگدە يېغىلىغى» دەپ نام ئالغان شانلىق قوزغىلاڭ ئىدى.

بۇ توغرۇلۇق بىر شائىر مۇنداق يازىدۇ:

ئىلاھىم بەندىلەرنى مۇڭغا سالدى،
كۆچۈرۈپ جىگدىلەرنى تۈگغا سالدى.
تېگىپ باشقا ھەمىشە تاياق ـ توقماق،
يېرىپ تەننى تۆمۈر دەررە بىلەن چوقماق.
زۇلۇم ئاشتى، ھاشار ـ ئالۋان كېلىپ تېز،
ئاياق ئاستى بولدى كۆپلەپ خوتۇن ـ قىز.
تۈگەپ تاقەت، ئۈنىڭغا سەۋر ـ ئىمكان،
دېدۇق بولسۇن، پىدا بۇ جان، تۆكۈپ قان.

رەھمىتۇللا سەركەردە قوزغىلاڭچىلارنى ئۈچ چوڭ لىنىيە بويىچە قەلئەگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرىدى. بۇنىڭ بىلەن قەلئەنى قورشاۋغا ئالدى. ئەتىسى قەلئەدىن ئايالچە ياسىنىپ، ئوغرۇلۇقچە چىققان ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا بىلەن ئامبالنىڭ ئوغلى سۇلۇننى ئانارگۈل باشلىق قوزغىلاڭچىلار قولغا ئالدۇ ۋە خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا قەتلە قىلدۇ.

ئامبال سۇ چىڭ بولسا ئازغىنا چېرىكلىرى بىلەن سېپىلنىڭ ئىچىگە سولۇنۇپ قالدۇ. ھاياتىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزگەن قانخور ئامبال سېپىلنىڭ ئىچىدىكى دەرەخقە ئېسىلىپ ئۆلۋالدۇ. چېرىكلەر يامۇلنىڭ قورال ئىسكىلاتىدىكى ئوق ـ دورىلارنى يىغىپ ھەممىسنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ پارتىلىتىپ ھالاك بولىشدۇ.

گەرچە قوزغىلاڭچىلار غەلىبە قىلغان بولسىمۇ بۇ تېخى جەڭنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۈچتۇرپاننى مۇداپىئە قىلىشتىن باشقا ئەتراپتىكى رايونلاردىكى خەلقنى قوزغاش ئۈچۈن كۈچ ئەۋەتىش لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلى بولۇپ، يەرلەرنى ئاق تاشلاپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى. شۇڭا دېخانلار بىر تەرەپتىن دېخانچىلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا بىر تەرەپتىن ئۈچتۇرپاننى قوغداش غېمىدا ئىدى . شۇ چاغدا قەشقەر تەرەپتىن قەشقەر ئامبىلى نۇرغۇن لەشكەر تارتىپ ئۈچتۇرپانغا قاراپ يول ئالدۇ ، بەن تاخەي دىگەن ئاقسۇ ئامبىلىمۇ خان لەشكەرلىرىنى باشلاپ يولغا چىقدۇ.

رەھمىتۇللا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدۇ، ئاردىن بىر ئاي ئۆتكەندە ئۇرۇش شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن تەڭلا باشلىندۇ. رەھمىتۇللانىڭ چوڭ ئوغلى ئەسىمتۇللا قەشقەر تاغ يولىدىن كەلگەن لەشكەرلەرگە توراپ زەربە بىرىپ، نۇرغۇن قورال ئولجا ئالدۇ. ئىككىنچى ئوغلى ئامانۇللا بولسا يېڭى توي قىلغان ئايالى ئانارگۈل باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن ئاقسۇدىن كەلگەن چېرىكلەر بىلەن قانلىق جەڭ قىلدۇ. ئىككى سەپتىكى بۇ ئۇرۇش بىر ھەپتە داۋام قىلدۇ ۋە غەلىبە بىلەن ئاخىرلىشدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كۆرە جاڭجۈنى ئۈچتۇرپانغا 3 مىڭ تاللانغان خان قوشۇننى ئەۋەتىدۇ. بۇ قوشۇن ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئاقسۇ سايلىغىدىن بېسىپ كىرگەن خان قوشۇنى بىلەن ئانارگۈل باش بولغان قوشۇن تۇتۇشىدۇ. قەھرىمان ئانارگۈل(بەزى ماتېرىياللاردا مايىمخان دەپ ئېلىنغان) تاللىۋالغان ئالتە قىز قوغدىغۇچىسى بىلەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، لەشكەرلەرنى ئاخىرى چېكىندۇرىدۇ.

ۋاھالەنكى قاتتىق غەزەپكە كەلگەن كۆرە جاڭجۈنى ئاخىرى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، جەڭگە ئاتلىندۇ، ئۈچتۇرپان ئەتراپىدا خان لەشكەرلىرى خۇددى قاغا ـ قۇزغۇنلاردەك مىغىلداپ كېتىدۇ. يەنى ئۇنىمىڭلىغان قوشۇن توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرغان قەھرىمان ئۈچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سېپىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

قەھرىمان ئامانۇللا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئاشۇ مۇبارەك تۇپراقتا خان ئەسكەرلىرى بىلەن قانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلارچە شېھىت بولىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدىكى بەزى تەسلىمچى مۇناپىقلار تەسلىمچىلىك يولىنى تۇتۇشقا باشلايدۇ. لېكىن رەھمىتۇللا ئاخىرغىچە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرگە سېپىلغا چىقىپ جەڭ قىلىپ، جەڭدە شېھىت بولىدۇ. ئۇرۇشقا چوڭ ئوغلى ئەسمىتۇللا قوماندانلىق قىلىدۇ. لىكىن خائىن سابىر بىلەن شاكىر دىگەنلەر ئۆزىنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ، ئەسمىتۇللانى قولغا ئېلىپ، باغلاپ خان لەشكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىڭلىغان شېھىتلەرنى بەرگەن بۇ قوزغىلاڭ تەسلىمچىلىكنىڭ سەۋەبى بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، تىرادېگىيىلىك ئاخىرلىشىدۇ.

لېكىن تارىختا ئاجايىپ كومىدىيەلىك ئىشلار بولىدىكەن، خان لەشكەرلىرى ئالدى بىلەن تەسلىمچى خائىن سابىر بىلەن شاكىرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، كاللىسىنى ئالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى خائىننىڭ ھاياتى شەرمەندىچىلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، تەسلىم بولۇشنى خالىماي ئۇزۇل ـ كېسىل جەڭ قىلىش تەرەپتەرى بولغان ئەسمىتۇللانىڭ ئۆلۈمى بولسا شەرەپلىك ، خەلقىمىز مەڭگۈ ياد ئېتىدىغان ئۆلۈم بولىدۇ.

بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچتەن بىرى قىرغىن قىلىنغان بولۇپ، 10 مىڭدەك كىشى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ، بۇ سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ يېرىمى يوللاردا ئاچلىقتىن، قەھرىتان سوغۇقلارنىڭ دەستىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. يۇرتلىرىدا قالغان ئايال ۋە ئۈششاق باللارنىڭ بېشىغا تېخىمۇ ئېغىر بالايى-ئاپات كېلىدۇ.

دەل ماشۇ چاغدا تاغلاردا مۆكۈنۈپ يۈرگەن ئانار گۈل قايتا تەشكىللىنىپ ئۆز ئەتراپىدىكى 6 قىز بىلەن خان لەشكەرلىرىگە قارشى پارتىزانلىق جەڭ ئېلىپ بارىدۇ.

ئانار گۈل ناھايىتى باتۇر ، قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ يېتىشكەن قىز بولۇپ، ئۆزى ناھايىتى قاملاشقان. ئامانۇللا بىلەن ئاز ۋاقىت بىرگە بولغان چاغلاردىكى ئۈمىدىنى، ياشلىق ئارزۇلىرىنى، كەلگۈسى ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرىنى يوشۇرغان بىر جۈپ قارا كۆزلىرىدە ئىنتىقام ئوتى چاقنىغان، بۇ باھادىر قىز قالغان غۇنچە قىز، زۇھرە گۈل، قەمبەرنىسا، گۈل ئايىم، ئەختەرنىسا، دىلبەر قىز قاتارلىق 6 قىز بىلەن بىرگە دۈشمەنگە تۈيۈقسىز زەربە بېرىپ، دۈشمەن چېرىكلىرى ئىچىدە رىۋايەتكە ئايلىنىدۇ.

خان لەشكەرلىرى ئارىسىدا ئانارگۈل (مايىمخان) توغرىسىدا «ئوق ئۆتمەيدىغان ئەۋلىيا قىز» دىگەن سۆز-چۆچەكلەر تارقىلىدۇ. ئانارگۈل باشچىلىغىدىكى 7 قىز ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچلىرىنى ئوينۇتۇپ خان ئەسكەرلىرى ئارىسىغا بۆسۈپ كىرگەندە ، خان لەشكەرلىرىنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ، ھەرتەرەپكە پىتىراپ قېچىشىدۇ. 7 قىزنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان سادالار تاغ باغىرىدىكى سايلىقلارنى زىل-زىلىگە سالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ گۈزەل 7 قىزنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئۈچ ئاي داۋام قىلىدۇ. ئاخىرى بۇ زەربىگە چىدىمىغان مىڭلىغان خان لەشكەرلىرى توپ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللىنىپ، مۇلجەر تاغلىرىنى ئومۇمى يۈزلۈك قورشاۋغا ئالىدۇ.

بۇ جەسۇر 7 قىز قەتئىي تەسلىم بولماي دۈشمەن بىلەن ئېلىشىدۇ ۋە تىك تاغ چوققىلىرىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ، ئارقىدىن مىڭلىغان خان لەشكەرلىرى تاققا قاراپ يامىشىدۇ. ئۆزلىرىگە قاتتىق ھاردۇق يەتكەن بۇ 7 باھادىر قىز بەدەنلىرىدىكى يارىلىرىنىڭ ئاغرىغىنىمۇ تۇيماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن تاغلاردىكى قورام تاشلارنى، چاشقانلاردەك ئۆمۈلەپ كىلىۋاتقان چېرىكلەر ئۈستىگە ياغدۇرۇپ، يۈزلىگەن ھەزىلەك چېرىكلەرنىڭ مىجىغىنى چىقىرىۋېتىدۇ ۋە كۈچلۈك تارتىلغان ئوقيا كىرەچلىرىدىن چىققان ئەڭ ئاخىرقى ئوقلار دۈشمەننىڭ يۈرىگىگە گاچ قىلىپ سانجىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىپلاس جانلىرىنى ئالىدۇ.

ئەمما تاغ باغرىدىكى چېرىكلەر چەبدەس 7 قىزنىڭ نازۇك تەنلىرى ئۈستىگە زەمبىرەك ئوقلىرىنى

ياغدۇرۇشقا باشلايدۇ. زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن تاغلاردىكى قورام تاشلار پاختىدەك توزۇشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا چىرايىدىن تاغدىكى چولپاندەك نۇر تۆكۈپ تۇرىدىغان زۆھرە گۈل ئىغىر يارىلىنىدۇ. غۇنچە قىز بىلەن دىلبەر سەپدىشىنى دەرھال يۆلەپ قاپ ـ قارا بۇلۇتلار قاپلىغان تاغ چوققىسىغا قاراپ ئېلىگىرلەيدۇ.

ئۆز غۇرۇرىنىڭ ئاياق ئاستى بولۇشىغا باش ئەگمىگەن، ياتقا بوي ئەگمەس ئىرادىنى ئۆزىگە مۇقەددەس دەپ بىلگەن بۇ ناتىۋان 7 قىز دۈشمەن بىلەن ھايات ـ ماماتلىق ئېلىششتا كىيىملىرى جۇل ـ جۇل تىتىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ گۈزەل نازۇك بەدەنلىرى دۈشمەن تىغلىرىنىڭ زەربىسىدىن تىلىۋېتىلگەن بولۇپ، يارا ئېغىزلىرىدىن چىققان ئىسسىق قانلىرى بىلەن ئېپپەتلىك پاك بەدەنلىرى نەملەنگەن ئىدى. مۇقەددەس ئېتىقادىنىڭ كۈچى بىلەن، چەبدەسلىك بىلەن ئەپچىل ھەرىكەت قىلىۋاتقان باھادىر 7 قىزنىڭ بۇ قەھرىمانلىقىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرسىڭىز ئۇلارغا ئالەمچە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايسىز.

قورقماس، شىر يۈرەك 7 قىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى چۇۋۇلغان، لەۋلىرى قورۇغان، نەپەسلىرى سىقىلغان، كۆزلىرى ھارغىنلىقتىن ئولتۇرغان بولسىمۇ يەنىلا قەتئىي ئىرادىسىدىن يانمىغان، تەسلىمچىلىكنى ئۆزىگە نومۇس دەپ بىلگەن ھالەتتە تاغ چوققىسىدا مەردانە تىك تۇرىدۇ.

تاغ چوققىسىدىكى گۈرۈلدەپ چىقىۋاتقان قاتتىق سوغۇق شامال ئۇلارنىڭ چۇۋۇلغان قاپقارا چاچلىرىنى ئۇچۇرتۇپ تۇراتتى. بۇ سۇمبۇل چاچلار ئەلۋەتتە مۇھەببەت گۈلزارىنىڭ ئىشىگىنى ئەمدىلا چەككەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ يۇمران قاپ ـ قارا چاشلار تېخى ئۆز سۆيگىنىنىڭ مېھرى بىلەن سىلىشىغا قانمىغان ئىدىغۇ!

مانا شۇ تاپتا بۇ يۇمران چاشلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆز يارى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك، پەرىشتە سۈپەتلىك 7 قىزنىڭ قىزىل ئالمىدەك يۈزلىرىنى ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى تويماي ئارقا ـ ئارقىدىن سۆيۈۋاتاتتى. كۆك يۈزىدە دائىم پارلايدىغان قۇياشنىڭ پاقىراق يۈزىنى قاپلىغان قارا بۇلۇتلار بولسا ھەسرەتلىك ۋىدالىشىش ياشلىرى بىلەن گۈزەل 7 قىزنىڭ پارقىراق چاچلىرىنى نەمدىدى. تۆۋەن تەرەپتىن چىقىۋاتقان يۈزلىگەن خان لەشكەرلىرى لەش يۈراپ كەتكەن سىسىق بەدەنلىرى بىلەن ئاخىرى ئېرىشكەن ئولجىغا قول سىلىش ئۈچۈن ياۋۇزلۇق بىلەن يېقىنلاپ كەلدى. لېكىن جەڭگىۋار 7 قىز بۇ توخۇ يۈرەك ياللانما لەشكەرلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى مۇجىۋەتكەن بولغاچقا ئالدىراپ يېتىنالمىغان ئىدى.

ئۇيغۇرنىڭ باھادىر 7 قىزى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدا ئۆزلىرىنى چارىسىز، ئامالسىز، ئاجىز ھېس قىلىشتى. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئانا يۇرتى ئەزىززانە ئۈچتۇرپاننىڭ گۈزەل بۇ مۇبارەك يۈزىگە مۆلجەر تېغىنىڭ چوققىسىدىن يەنە بىر قېتىم ئۈمۈدلىرى سۇنغان ھالدا نەزەر تاشلىدى. چىرىكلەر ئاستا ـ ئاستا سەبىرسىزلىك بىلەن قىستاپ كەلدى.

باھادىر 7 قىز تاغ چوققىسىنىڭ لېۋىگە كېلىپ تۆۋەنگە قارايدۇ. تۆۋەن تەرەپ چەكسىز قاراڭغۇلۇققا تولغان تېگى يوق ھاڭ ئىدى. بۇ ھاياتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن ھېچ بەھرىمەن بولالمىغان 7 قىزنىڭ ئۈمۈتسىز كۆزلىرى بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشتى. پۈتۈن تەبىئەت بۇ ئادالەتسىزلىكنى، بۇ زۇلۇمنى، بۇ نامەرتلىكنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ، كۈچلۈكلەر، قانخورلار ئالدىدا بېشىنى سىلىپ، چارىسىز تۇردى. پەقەت 7 ئۇيغۇر قىزى، پەقەتلا مۇشۇ قەھرىمان 7 قىز بۇ زۇلۇمغا، بۇ ئادالەتسىزلىككە باش ئەگمەي، يار لېۋىدە تىك تۇرغان ئىدى.

ئەلۋىدا ئانا ۋەتەن، ئەلۋىدا ئۇيغۇر مىللىتىم دىگەن 7 خىل نازۇك ئاۋاز تاغ چوققىسىدا ياڭراپ، كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ئەرشنى تىترەتتى، ئاندىن ئاستا تۆۋەنلەپ پۈتۈن ئانا تۇپراقنىڭ يۈزىنى سىلىدى، تۇپراق ئانا بۇلارغا گۇۋا بولۇش ئۈچۈن ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا 7 قىزنىڭ نازۇك بەدىنى ھاڭغا شۇڭغۇدى. ئانا تۇپراق بىر سىلكىنىپ 7 قىزنىڭ مۇبارەك پاك بەدىنىنى ئۆزىنىڭ ئىللىق ئانىلىق باغرىغا باستى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەرىزات 7 قىزنىڭ بۇ قەھرىمانلىق روھى كۆككە كۆتۈرۈلدى، كۆكتىكى بۇلۇتلارغا قوشۇلۇپ، يامغۇر دانچىلىرىغا ئايلانغان ئىدى، ھەر ـ بىر تامچە بىر سۆز، بىر رىۋايەت، بىر ئەپسانە، بىر داستان بولۇپ تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىنى پاكلىدى ، روھىنى كۆكەرتتى.

مانا بۇ تارىخىمىزدىكى باھادىر 7 ئۇيغۇر قىزى.

مانا بۇ ئادالەتنىڭ يۈزىنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ روھى!

مانا بۇ مىللىتىمىزنىڭ كۆزىدىكى ئۈمۈدلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى يۇلۇپ ئالغان زالىملارغا قارشى كۈرەشتە ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ روھى!

بۇ قەھرىمانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ، ھېكايىلىرى مىڭلىغان قەھرىمان ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمى.

تارىخ بولسا ھاياتنىڭ ئەينىكى، تارىخ ئەۋلادلارنىڭ ئۇستازى. تارىختىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش بولسا داۋاملىق قىلىنغان ئىبادەتكە ئوخشايدۇ. چۈنكى تارىخ ئىنساننى تەپەككۇرغا باشلاپ، ئىنساننىڭ روھىنى پاكلايدۇ، ئىنسان روھىنى كىرلىشىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇچتۇرپان شەھىرىدە قەتلىئام (ئومۇمىي قىرغىن) يۈرگۈزىدۇ، ئۇچتۇرپان دىيارىدا ئادەم زاتى قالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەنە شۇ ۋەقەلەرنىڭ قەلەمگە ئالغۇچىسى موللا شاكىر ئۆزىنىڭ «زەپەرنامە» داستانىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئۇچتۇرپان شەھرىدە ئاتا ئۈچۈن يىغلايدىغان بالا، ئەر ئۈچۈن يىغلايدىغان خوتۇن قالمىدى. توشقان دەرياسىنىڭ سۈيىنى قان ئېقىپ تۇرغانلىقتىن ئۈچ يىلغىچە ئىچكىلى بولمىدى.»

ئاخىرىدا قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ قېتىمقى ئۇچتۇرپان «جىگدە يېغىلىغى» چىڭ سۇلالىسىنىڭ دىيارىمىزدىكى ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قوزغالغان تۇنجى قېتىملىق خەلق ئىنقىلاۋىدۇر.

مايىسخان: يەتتە قىزنىڭ سەردارى،قەلەمى ۋە ئەلەمىي ئىشلارغا ماھىرلىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچكىم ئۆتەلمەيدۇ.

غۇنچە قىز: يەتتە قىز ئارىسىدىكى ئەڭ زۇۋاندارلاردىن، چېچەنلىك ۋە ھازىر جاۋاپلىقتا ئۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

دىلبەر: كۆپ ۋاقتىنى گۈزەل خىياللار بىلەن ئۆتكۈزىۋېتىدىغان بۇ ئويچان قىز شائىرلىق ماھارىتىدە ھەممىنى تاڭ قالدۇرىدۇ؛

زۆھرەگۈل: چىرايى تاڭدىكى چولپاندەك نۇرلۇنۇپ تۇرىدۇ؛

قەمبەرنىسا: تەققى ـ تۇرقى تۈپ ـ تۈز ئۆسكەن شەمشادنى ئەسلىتىدۇ؛

گۈلئايىم: بۇلاقتەك كۆزلىرى بىلەن يىگىتلەرنى چۆكتۈرۈۋېتىشكە ئاران تۇرىدىغان شەھلا كۆزلۈك قىز؛

ئەختەرنىسا: بويى ئۆسسمۇ،باللىق مىجەزى كەتمىگەن ئەركە قىز ؛

يەنە بىر مەنبەدە مۇنداق دېيىلىپتۇ: يەتتە قىزلىرىم مازىرى ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ مۆلجەر تاغ باغرىنىڭ شىمالى يان باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، يەتتە قىزنىڭ قەبرىسى ياغاچ رېشاتكا ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تارىخى مەنبەلەردىن قارىغاندا مىلادى 1765 ـ يىلى زۇلۇمغا قارشى ئۇچتۇرپاندا يۈز بەرگەن ئاكا ـ ئۇكا رەھمىتۇللا ۋە ئەسمىتۇللا باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى (جىگدە يېغىلىغى) قاتناشچىلىرىدىن ئايال پالۋان مايىسخان باشلىق يەتتە قىز نەۋكەرنىڭ مەقبەرەسىدۇر. ئۇچتۇرپان دېھقانلىرى رەھمىتۇللا ۋە ئەسمىتۇللا بەگلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تەجاۋۇزچى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ ئاخىرى مەغلۇپ

بولىدۇ ۋە قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئۈچتىن بىرى قىرغىن قىلىنىدۇ، 10 مىڭدەك كىشى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ ، بارلىق بالايى - ئاپەت يۇرتتا قالغان قىزلارنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچىك ۋە ھاكىمبەگ ئابدۇللا ۋەكىللىگىدىكى مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن دەھشەتلىك يۈرگۈزۋاتقان زۇلۇمغا چىدىمىغان بىر تۈركۈم ئەر - ئاياللار ئاخىرى رەھمىتۇللا بەگنىڭ سىڭلىسى مايسىخاننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ تاغ، جىلغا، ئورمانلىقلاردا يوشۇرۇن چىك سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا داۋاملىق زەربە بېرىدۇ . مانا بۇ تارىختىكى مايسىخان جېڭى. ئېيتىلىشىچە بۇقتىمقى جەڭ ئۈچ ئاي داۋام قىلىپ. مايسىخان بىلەن غۇنچە قىز باشچىلىقىدىكى يەتتە نەپەر ئايال دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قېلىپ ئاخىرى تاغدىن ئۆزىنى ئېتىپ مەرتلەرچە قۇربان بىلىدۇ . كىيىن كىشلەر بۇ يەتتە نەپەر قەھرىمان قىزلىرىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن مۇلجەر تېغىنىڭ غەربىي شىمالىغا يەتتە قىز مەقبەرىسىنى ياساتقان ئىكەن.

## يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى

1942 - يىلى ئۇچتۇرپانغا ھاكىم بولۇپ تۇرغان لۈجى يازغان «ئۇچتۇرپاندىكى ئاسارە - ئەتىقىلەر ۋە جۇڭگو - رۇسيە چېگرىسى توغرىسىدا ئىزاھات» دىگەن ماقالىسدە: «يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى مۇسۇلمانچە ياسالغان، ئۈستى يېپىقلىق. بۇ مەقبەرىنى ئۇيغۇرچە «يەتتە قىزلىرىم» دەپ ئاتايدۇ. مەقبەرىنى بىر شەيخ ساقلايدۇ ، ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر كىشلىرى كېلىپ مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر بېرىدۇ . ئاياللار دۇئا تىلاۋەت قىلىپ يىغا- زارە قىلىشىدۇ ، بۇ ئۇچتۇرپاندىكى مۇھىم ئاسارە- ئەتىقىلەرنىڭ بىرى» دەپ كۆرسەتكەن. دىمەك يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى 20- ئەسىردىن بۇيان ئىزچىل تاۋاپكار ۋە زىيارەتگاھ بولۇپ كەلمەكتە.



# يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى بۈيۈك، مۇتەپەككۇر شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار سۇلالىسى (880 - 1212) دەۋرىدە مەيدانغا چىقىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» (« بەخت -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم») ناملىق زور ھەجىملىك داستانى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۈيۈك بىر ئابىدە تىكلىگەن شائىر . ئۇنىڭ بۇ دىداكتىك داستانى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت قوبۇلدىن كېيىنكى يازما ئەدەبىياتىدىن ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن تۇنجى بەدىئىي ئەسەر. شۇنداقلا 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى ھەم قارا خانىلار دەۋرى ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن ئىدىئولوگىيىسىنىڭ روشەن ئىنكاسى ۋە ئىپادىسىدۇر . بۇ داستان پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىدىمۇ زور قىممەتكە ئىگە .




ئايانكى، 10 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەردە جۇڭگودا بىر قانچە ھاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى . شىمالى جۇڭگودا كىدان ( قىتان ) لار ھاكىمىيتى ، جەنۇبى جۇڭگودا سۇڭ سۇلالىسى، غەربىي شىمال ئېگىزلىگىنىڭ بىر قىسمىدا تاڭغۇتلار ھاكىمىيتى، خېشى كارىدورىدا گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيتى ، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم جايلاردا قوچو ( ئىدىقۇت ) ئۇيغۇر ھاكىمىيتى ، كۇچارنىڭ غەربىدىن تارتىپ بۇخاراغىچە ۋە شىمالدا ئىسسىق كۆلدىن تارتىپ جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان كەڭ زېمىندا قارا خانىلار ھاكىمىيتى مەۋجۇت ئىدى . دەسلەپ بالاساغۇن① شەھرىنى ، ئاندىن قەشقەر (ئوردا كەنت) نى پايتەخت قىلغان قارا خانىلار ھاكىمىيتىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر سۇلالە بولۇپ ، بۇ سۇلالە مىلادى 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەۋر سۈرگەن ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىساد ھەم مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى . قارا خانىلار سۇلالىسى بولۇپمۇ 11 ـ ئەسىردە زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. بۇ دەۋردە بىر تەرەپتىن، ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن يېزائىگىلىك ۋە قول ھۈنەر سانائىتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئاساسى قىسمى بولۇپ قېلىش نەتىجىسىدە ، ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ئومۇملىشىپ كەتتى . قەشقەر ، بارچۇق (مارالۋېشى)، بالاساغۇن ، ئوترار، ئاراپ ، سەمەر قەنت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يىرىك ئىقتىسات ، سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى مەيدانغا كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا ، ئىسلام مەدەنىيتى ۋە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىگى مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. بۇ يېڭى دەۋر مەدەنىيىتى (تاكى 13 ـ ئەسىرگىچە) غەرپ مەدەنىيىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئەنە شۇ چاغلاردا قارا خانىلار سۇلالىسى تەۋەسىدە ئەبۇ ئابباس پەرغانى ، ئەبۇ نەسىر فارابى ، ئەبۇ رەيھان بىرونى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، مەھمۇت قەشقىرى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم ، مۇتەپەككۇر ۋە شائىرلار مەيدانغا كەلدى . شەرقتىكى «ئىدىقۇت» ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ساڭقۇسالى تۇتۇڭ قاتارلىق بۇددىپەرەست تەرجىمان ۋە ئالىملارمۇ يېتىشىپ چىقتى . شۇ ئاساستا ،دىننى ئايرىمىلىقلاردىن قەتئىنەزەر ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك سەۋىيىگە ئىگە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيتى ۋۇجۇتقا كەلدى.

«قۇتادغۇ بىلىك » داستانى دەل ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلدى .

بۇ داستان قەشقەردە يېزىلغان بولۇپ ، مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە ، ھىجرىينىڭ 462 ـ يىلى 18 ئايدا تاماملانغان . شۇنىڭغا قارىغاندا ، داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى مىلادى 1069 ـ 1070 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ئۆزى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، ئىجادى پائالىيىتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن .

تەگۈردى مەڭا ئەلگىن ئەلگىن ئەلىگ ياشىم ،
قوغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسى تەگ باشىم .
(تەككۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك يېشىم ،
قوغۇ① قىلدى قۇزغۇن تۈسىدەك بېشىم . )

بۇ مىسرالاردىن مۇئەللىپنىڭ بۇ داستاننى يېزىۋاتقان چاغلىرىدا ئەللىك ياشلاردىن ئاشقانلىقىنى ، داستاننى يېزىپ بولغان ۋاقتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا ، تەخمىنەن مىلادى 1018 ـ ياكى 1019 ـ يىلى تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.
داستان يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇئەللىپ ئۇنى قارا خانىلار ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئېلى ھەسەنگە تەغدىم قىلغان ، ھەسەن بۇغرا خان مۇئەللىپكە خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن .
داستاننىڭ ئەسلى قولىيازمىسى تېخى تېپىلغىنى يوق ، ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى ئۈز زامانىسىدىن خېلى كېيىن كۆچۈرۈلگەن ۋېنا ، قاھىرە ، پەرغانە ( ياكى نەمەنگان ) نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت .
ۋېنا نۇسخىسى : مىلادى 1439 ـ يىلى ھىرات شەھرىدە ھەسەن قارا سايىل شەمس دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلۈپ ، مىلادى 1474ـ يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن ۋە كېيىن ئاۋستىرالىيەلىك شەرقشۇناس ھامىمر پورگىشتال بۇ نۇسخىنى ۋېنا ئورادا كۇتۇپخانىسىغا كەلتۈرگەن ، بۇ ھازىرمۇ شۇ كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا (بۇ نۇسخا ھىرات شەھرىدە كۆچۈرۈلگىنى ئۈچۈن ، ھىرات نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) . 1823ـ يىلى فرانسۇز شەرقشۇناسى ژائۇبېرت ئامېدى تۇنجى بولۇپ مەتبۇئاتتا «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە خەۋەر ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭدىن بەزى نەمۇنىلىرىنى نەشر قىلدۇرغان . 1870ـ يىلى ۋېنگرىيە ئالىمى ۋامبىرى شۇ نۇسخا بويىچە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان .
قاھىرە نۇسخىسى : ئەرەپ ھەرپى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ ، قاھىرەدىكى «ھىدىۋ» (ھازىرقى قىرال) كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخىنى 1896 ـ يىلى نېمىس ئالىمى مورىتىز تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغان ھەم 1897 ـ يىلى مەشھۇر رۇس ئالىمى رادلوفقا شۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرمىسىنى ئەۋەتكەن . رادلوف ۋېنا نۇسخىسى بىلەن بۇ نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ ، نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۇرگەندىن كېيىن 1910ـ يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن نېمىس تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان . 1943ـ يىلى قاھىرە نۇسخىسىنىڭ فوتو نۇسخىسىنى تۈركىيىگە كەلتۈرۈپ قايتا باستۇرغان .
پەرغانە نۇسخىسى : ئەرەپ ھەرپى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋە ھەممىدىن تولۇق نۇسخا بولۇپ ، بۇ نۇسخىنى تۇنجى قېتىم تاتار ئالىمى زەكى ۋەلىدى 1914 ـ يىلى پەرغانىنىڭ نەمەنگان شەھرىدىكى مۇھەممەت ھاجى ئىشان لالەرىش دېگەن كىشىنىڭ شەخسى كۇتۇپخانىسىدا كۆرگەن ۋە بۇ ھەقتە خەۋەر ئېلان قىغان. 1924 ـ يىلى ئۆزبېك ئالىمى پىترەت بۇ نۇسخىنى قولغا چۈشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ۋە بىر يىلدىن كېيىن بۇ نۇسخا ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلغان ، ئاندىن 1928 ـ يىلى بۇ نۇسخىنىڭ ئايرىم پارچىلىرىنى زۆرۈر ئىزاھلار بىلەن ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلدۇرغان .

---

① قوغۇ _ ئاققۇ .

يۇقىرىدىكى 3 خىل كۆچۈرمە نۇسخىدا بېيىتلار سانى ھەرخىل ئىدى . مەسىلەن : قاھىرە نۇسخىسى 5.400 بېيىتتىن ، پەرغانە نۇسخىسى 6.095 بېيىتتىن تەركىپ تاپقان . ۋېنا نۇسخىسى تېخىمۇ تولۇقسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 3 نۇسخىدا دېگۈدەك كۆچۈرگۈچىلەردىن كەلگەن ئايرىم خاتالىقلارمۇ بار

www.uyghurkitap.com



ئىدى. كېيىن تۈركىيە ئالىمى رېشىت رەھمىتى ئارات يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 3 نۇسخىنى تەپسىلى سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش بىلەن 1947 ـ يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ A . نەسرى مۇقەددىمە ؛ B . نەزمى مۇقەددىمە ؛ C . باپلار مۇندەرىجىسى ؛ D . « قۇتادغۇ بىلىك » تېكىستى؛ E . مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە لىرىكىدىن ئىبارەت ترانسكرىپسىيلىك تولۇق مەتىن (تېكىست) نى تۈرغۇزۇپ چىقتى. شۇ مەتىن بويىچە ئېيتقاندا ، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى 85 باپقا بۆلۈنگەن بولۇپ ، 6.645 بېيىت ، يەنى 13.290 مىسرادىن تەركىپ تاپقان ( كېيىن قوشۇلغان نەسرى ۋە نەزمى مۇقەددىمىلەر بۇنىڭ سىرتىدا ) .

داستان ئايرىم تۆتلىكلەرنى ھساپقا ئالمىغاندا ، مەسنۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان بولۇپ ، 3.800 ـ 3.801 ـ بېيىت بىلەن ئاخىرىدا ئىلاۋە قىلىنغان 3 لىرىكىنىڭ ئىككىسى مۇتاقارىپ مۇسەممەنى سالىم ( يەنى فەلۇن، فەلۇن ، فەلۇن ،) ۋەزنىدە يېزىلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ھەجىم جەھەتتىن چوڭ ژانىر ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بىر بەدىئى ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە ، شۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ مۇجەسسەم قامۇسىدۇر . مەشھۇر سوۋېت ئالىمى س . ي . مالوفمۇ «قۇتادغۇ بىلىك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىسلامى دېداكتىك مەزمۇندىكى يادىكارلىقىدۇر » ... ئۇنىڭ ئەرەپ ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان نۇسخىلىرى 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇشلىرىنى بىر قەدەر روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ » دەيدۇ .②

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن بىر ئەدىبى ئەسەر ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر . ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان ، دىراممىلىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى ، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن شەخس ( ئادەم ) خاراكتىرى ، پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز ( مىتافورا ) ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان . لېكىن ئۇ مۇھەببەت داستانى ياكى قەھرىمانلىق داستانى ئەمەس . بۇ ئەينى زامان ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەدىبىي ئەسەر بولۇش بىلەن ، ساپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەجداتلارنىڭ ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۇل قىلغان زور ھەجىملىك قامۇس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا يېزىلغان ھەر قانداق بىر ئىلىم ـ پەن مۆجىزىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئىلىم ـ پەن غەزىنىسىگە قوشقان ئەڭ مۇھىم تۆھپىلىرىنىڭ بىرى ھسابلىنىدۇ.

شۇنى ياخشى ئويلىنىشىمىز ۋە بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇلۇغ «قۇرئانى كەرىم» ئۆزىگە سىغدۇرغان ئىلاھىي ھېكمەت، پۈتمەس ـ تۈگمەس ئىلمۇ ـ ئىرپان بىلەن بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئەقلىگە ئەقىل ، كۈچىگە كۈچ ، ئىرادىسىگە جاسارەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئۈچۈن نۇرلۇق چىراغ بولۇپ ، ئىلمىي تەتقىقات، سەھى ئىجتىھاتلىرىغا كەڭ يول ئېچىپ ، چەكسىز پەخىرلىنىش ۋە ئۇلۇغلىنىشقا مۇيەسسەر بولۇپ كەلدى. ئاللاھنىڭ قۇدرەتلىرىنى تەپەككۇر قىلدىغان، چۈشەنگەن ئالىملار ئۈچۈن ئىلىم ـ ئىرپان مەنبەسى، چەكسىز ئالەمنىڭ ۋۇجۇدقا كەلتۈرىلىشى، ھاياتلىق ۋە ماماتلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، تەقدىر ـ ئىرادە، تەبىئەت، جەمئىيەت ھەققىدىكى يۈكسەك ئىزدىنىشلەرگە چەكسىز ئىلھام مەنبەسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىگە ئىككى ئالەملىك يۈكسەك شان ـ شەرەپلەرنى بەردى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېتۈك ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئۇلۇغ «قۇرئانى كەرىم» نىڭ مانا شۇنداق پارلاق ئىلھامى ۋە ئۇلۇغ ئىزنىسى بىلەن يۈكسەك ئىجتىھاتقا تولۇپ قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ئالىملىق بۇرچىنى ئادا قىلغان ھالدا يېزىپ چىققان «قۇتاتغۇ بىلىك» ئىسلامىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئەھكاملىرىنى چىن ھەقىقەت بىلەن تەبلىغ قىلغان پارلاق ئابىدىلەرنىڭ بىرى

بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلارنىڭ ئىلىم ـ مەرپەت راۋاج تاپقان، داڭلىق ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن مەدرىس ـ مەكتەپلىرىدە ئاجايىپ دانا پىكىرلىك، قابىل ئالىم ـ ئۆلىمالاردىن ئۇستاز تۇتۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلمىي، ئەدەبىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان. نۇرغۇن پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى پىششىق تەتقىق قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى قابىلىيىتى، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەن. شۇنداقلا ئۇ قاراخانىلارنىڭ دۆلەت دىنى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ پارلاق مۇھىتىدا تەربىيە ئېلىپ «قۇرئانى كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرگەن، كامىل قابىلىيەتلىك ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر شەرەپلىك بىر شەخسكە ئايلانغان. ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم ـ مەلۇمات، ئەقىل ـ تەپەككۇرلىرىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى بولغان «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنى ھەقىقەت كۆزى، تارىخ ئەينەنلىگى بىلەن كۆرگەن، ئۆگەنگەن، چۈشەنگەن، ئۇنىڭ ھەر ـ بىر باب، ھەر ـ بىر بېيت، ھەر ـ بىر مىسرادىن ئىبارەت باغۇ ـ بوستان، گۈل ـ گۈلستانىغا قەدەم قويغان ھەر ـ بىر كىشى ئۇنىڭدىكى ئىلىم ـ ھېكمەت، پەند ـ نەسىھەت ۋە ئىماننىڭ كۈچلۈك نۇرى، ھەقىقەتنىڭ جاراڭلىق ساداسىدىن ئالىمنىڭ ئۇلۇغ ۋە سائادەتمەن سىيماسىنى، يېتىشكەن پاك، مۆمىن مۇسۇلماننىڭ قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولىدۇ.

ئۇ دۇنياغا مەشھۇر شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ»(«بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم») دېگەن ئەسىرىنى قاراخانىلارنىڭ خانى ئەبۇ ھەسەن سۇلايمان بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان بولۇپ، خان ئۇنىڭغا خاس ھاجىپ، يەنى مەخسۇس مەسلىھەتچى مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلغان. پۈتكۈل داستان **85** باب، **6654** بېيت، **13** مىڭ **300** دىن ئارتۇق مىسرادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، مەسنەۋى (ئىككىلىك شەكىل)، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. ئۇ ئەرەپ ـ پارس تىللىرىنى پەقەت ناھايىتى چوڭ زۆرۈرىيەت ئاستىدىلا ئىشلەتكەن بولۇپ، پۈتۈنلەي ساپ ئۇيغۇر تىلى، قەشقەر تىلى بىلەن يېزىلغان. داستان ھەجىمىنىڭ چوڭلىغى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلىغى، بايان قىلىش شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىگى بىلەن جاھان مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ساھەسىدە مىسلىسىز كاتتا ئەسەر ھېساپلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ يېگانە ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» نى ئۇلۇغ «قۇرئانى كەرىم» نىڭ ئىزناسى ۋە يۈكسەك ئىلھامى بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مۇستەھكەم ئىسلام ئېتىقادىنى چىقىش قىلىپ يېزىپ چىققان بولۇپ، داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن تارتىپ تاكى خاتىمىسىغىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپە جەريانىدا بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار قوللىنىپ كەلگەن روھ ۋە ئەنئەنە ئادەتلەرنى قوللىنىپ، داستانىنىڭ قۇرۇلما ـ ئۆلچەملىرىنى پۈتۈنلەي ئۇسۇلى ئىسلامغا ئۇيغۇنلاشتۇرغان.

«قۇتادغۇ بىلىگ» ئۇسلۇپ جەھەتتىن شېئىر ـ نەزمە بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇلۇغ «قۇرئانى كەرىم» ئايەتلىرى، ھەدىس شەرىفتىكى سۆھبەتلەرنى ئەينەن كۆچۈرمە جۈملە شەكلى بىلەن ئېلىشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئاجايىپ سۆز سەنئەتكارى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇستۇن تىل ماھارىتى، بەدىئىي تالانتى بىلەن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كالامى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبەتلىرىنىڭ روھىنى ئۇستىلىق بىلەن ناھايىتى مۇۋاپىق، دەل جايىدا ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. مۇنداق يېزىقچىلىق ئىستىلى ئالىمنىڭ مۇۋاپىق مۇسۇلمانلىق، سادىق مۆمىنلىك ئىمان ئېتىقادى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ۋە ئۇنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر ئىش بىسمىللاھ بىلەن، ھەمدى بىلەن باشلانمىسا ئۇ ئىش مۇكەممەل بولماي قالىدۇ». يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇسۇلمان ئالىملارغا خاس پەزىلەت بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسىي نۇقتىسى «قۇرئان كەرىم» دىكى باشلانما ئايەت «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم»، يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەن ئايەت بىلەن باشلىغان. پۈتكۈل باب **33** بېيت، **66** مىسرا بولۇپ، خۇددى ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ «سۇبھان ئاللاھ»، «ئەلھەمدۇلىللاھ»، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دىن ئىبارەت تەسبىھى **33** قېتىمدىن ئېيتقان ئۆلچەم بويىچە ئاللاھقا چىن كۆڭۈل، سەممىي نىيەت بىلەن ھەمدۇ ـ

www.uyghurkitap.com



سانا ئېيتقان. ئۇ ئاللاھنى ئەزىزلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ ئاللاھنى پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى، ياراتقۇچىسى، پادىشاھى، پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە مەۋجۇدات ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ۋە تەسەررۇپىدا دەپ قىلچە مۇجمەللەشمىگەن، دۇدۇقلىمىغان ھالدا قايتا ـ قايتا مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەلتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىزىم.
(1 ـ بېيىت)

تولا مەدھى بىرلە تۈمەنمىڭ سەنا،
قادىر بىر خۇداغا، ئاڭا يوق پەنا.
(2 ـ بېيىت)

قوڭۇر يەر، يېشىل كۆك، كۈن، ئاي بىرلە تۈن،
ياراتتى زامان، ۋاقىت، مەخلۇق ۋە كۈن.
(3 ـ بېيىت)

ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن،
ئۇ بىرلا دېدى «بول»، بار ئولدى پۈتۈن.
(4 ـ بېيىت)

بۇ بارچە يارالغان موھتاجدۇر ئاڭا،
ئىگەم سەن بىھاقەت، يوق ھەمراھ ساڭا.
(5 ـ بېيىت)

ئەي قادىر ۋە مەڭگۈ بىھاجەت بايات،
سېنىڭدىن بۆلەككە ياراشماس بۇ ئات.
(6 ـ بېيىت)

ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى تەپەككۇرنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

ئىچۇ تاش بىلۇچى، ئەي ھەققۇلىيەقىن،
كۆزۈمدىن يىراقسەن، كۆڭۈلگە يېقىن.
(11 ـ بېيت)

ئۇ يۇرمەس، ئۇ ياتماس، ئويغاق، ئۇخلىماس،
ئۇنىڭدىن يىراقتۇر تەسەۋۋۇر ـ قىياس.
(17 ـ بېيت)

ئورۇن ئول ياراتتى، ئورۇن يوق ئاڭا،
ئۇنىڭسىز ئورۇن يوق، ئىشەنگىن بۇڭا.

(19 - بېيت)

ئايا ھەققە يۈتكەن، ئاچ ھەمدىگە تىل،
دىلىڭ يۈتسە شەكسىز، يۈرۈتمە ئەقىل.
(25 - بېيت)

ئۇ قانداق دېمەكتىن كۆڭۈلنى كۈزەت،
پۈتۈپ بارلىقىغا ئاسايىشقا يەت.
(26 - بېيت)

ئىچۈك، قانچە دەپ يۈرمە، تۈتقىن ئۆزۈڭ،
ئىچۈك، قانچىسىز بىل، ئۈزارتما سۆزۈڭ.
(27 - بېيت)

داستاننىڭ مۇقەددىمىسىلا ئەمەس، بەلكى باشقا بابلارنىڭ بېشى ۋە ئاخىرلىرىدا داۋاملىق ھالدا ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش، ئاللاھدىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەش، قىلغان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىكى سەھۋەنلىك ـ خاتالىقلارغا مەغپىرەت تىلەشتەك بىر مۇسۇلماننىڭ سەممىي، قىزغىن كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ.

داستاننىڭ ئىككىنچى بابى ئىسلام ئۇسۇلى بويىچە نەبۇۋەت، يەنى پەيغەمبەرلەرگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرامنى مەزمۇن قىلغان ماۋزۇسى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا» بولۇپ، 15 بېيت، 30 مىسرا ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالام ۋە دۇرۇد ئېيتىلغان:

ئەۋەتتى رەسۇلنى رەھىملىك ئىگەم،
كىشى ياخشىسى، تاللىنىلغىنى ھەم.
(34 - بېيت)

چىراغ ئىدى خەلققە قاراڭغۇ تۈنى،
يورۇقلۇقنى چاچتى، يورۇتتى سېنى.
(35 - بېيت)

خۇدادىن دەۋەتچى ئىدى ئۇ ساڭا،
يىگىت، توغرا بىر يولنى تاپتىڭ، شۇڭا.
(36 - بېيت)

ئۇنىڭ يولىغا مەن كۆڭۈل باغلىدىم،
ئىشەندىم، سۆيۈپ ھەم سۆزىن ئاڭلىدىم.
(46 - بېيت)

داستاننىڭ قالغان قىسىملىرىنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدا يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسا ـ لامنىڭ سۈپەتلىرى، سۆھبەتلىرى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، قىزغىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان.

ئۈچىنچى باب «تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا مۇھەممەد ئەلەيـ ـ

ـھسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن ساھابىلىرىدىن بولغان چاھارىيارلار ـ ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر پارۇق، ئوسمان زەينۇرەيىن، ھەزرىتى ئەلى قاتارلىقلارغا ئاتاپ 14 بېيىت، 28 مىسرا قاتارلىق قىزغىن سالام ۋە ھۆرمەت بىلدۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچ بابىدا 62 بېيىت، 124 مىسرادا بىر مۇسۇلمان شائىرنىڭ بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىپتىدا سۆزىگە ئورۇن بەرگەن.داستانىنىڭ مۇنداق ئايرىم بابلىرىدىن باشقا بابلىرىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىششلىرىدا ئالدى بىلەن ئاللاھقا سېغىنىش، پەيغەمبەرلەرگە سالام ـ دۇرۇت، چاھارىيارلارغا ھۆرمەت مۇھىم تەشكىلىي قىسىم قىلىنغان بولۇپ، بۇنداق كومپوزىتسىيەلىك تەشكىلىي قۇرۇلما نوقۇل ھالدىكى ئەنئەنە، ئۇسلۇب، يېزىقچىلىق ئادىتى بولۇپ قالماي، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى مۇستەھكەم بولغان مۆمىن مۇسۇلمان ئالىم، مۇسۇلمان شائىر ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ.

ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردىكى ئالىم ۋە ئىجادىيەتچىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىدىيە پەلسەپىلىرى ئۇلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى، ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نامايەندىلىرى بولغان ئەسەرلىرىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەشھۇر مۇسۇلمان ئالىم. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىلىم پەلسەپىسى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىسلامىي دۇنيا قاراش ۋە ئىسلامىي پەلسەپە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» تە كەڭ ساھە، نۇرغۇن مەسىلىلەر، جۇملىدىن مۇھىم قانۇنىيەتلەر، مۇكەممەل پەلسەپىلىك مەسىلىلەر ھەققىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ بېيىت ـ نەزمىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشى ۋە ئىمان ـ ئېتىقادىغا ماس كەلمەيدىغان، يەنى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى، پۈتكۈل ئالەمنى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئاللاھنىڭ تەسەررۇپىدا ئىكەنلىكىگە زىت ياكى مۇجمەل بولغان ئىدىيە ـ پىكىرلەرگە، مۇجمەللىك ۋە شۈبھىگە قەتئىي ئورۇن قالدۇرمىغان. مۇنداق قىلىچە مۇجمەللىك بولمىغان مۇستەھكەم دۇنيا قاراش ۋە ئاساسىي ئىدىيە پۈتكۈل داستانىنىڭ ھەر ـ بىر باب، ھەر ـ بىر قىسىملىرىغا باشتىن ـ ئاخىر سىڭگەن بولۇپ، داستاندا چاقناپ تۇرغان پاك ئەقىل، پاك ئىماننىڭ پارلاق نۇرى ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەك مەرتىۋە، ئۇلۇغ شان ـ شەرەپ، قەلبلەرنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر قىلدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلدۇ:« ئاللاھ سۇبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، ئاللاھ كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېساپلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى. قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنى كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەدى. (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغـ ـلىغىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەققەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق.» (سۈرە «ئەنئام» ، 96ـ 97 ـ ئايەتلەر) . « ئاللاھ قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېساۋىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ئايغا مەنزىللەرنى (يەنى بۇرجلارنى) تەيىن قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنى بىكار ياراتقىنى يوق (بەلكى بۈيۈك ھېكمەت ۋە زور پايدىلىق ئۈچۈن ياراتتى)، ئاللاھ ئايەتلىرىنى (قۇدرىتى ئىلاھىنى) بىلىدىغان (ۋە ھېكمەتنى پىكىر قىلىدىغان) قوۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسماندا ۋە كەڭ زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (ئاللاھتىن) قورقىدىغان قوۋم ئۈچۈن ھەققەتەن (ئاللاھنىڭ بارلىغىنى ۋە بىرلىگىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.»(سۈرە «يۇنۇس» 5 ـ6 ـ ئايەتلەر).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا» ناملىق بەشىنچى بابىدا ئىسلام ئېتىقادىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئالىملارغا خاس پىكىر يۈرگۈزىدۇ. يەنى قۇياش بىلەن ئاينىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت، ئاللاھنىڭ: «بىز ھەققەتەن يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار (نۇرى) بىلەن زىننەتلىدۇق» (سۈرە «سافات» 6 ـ ئايەت) دېگەن سۆزى ۋە «ئاللاھ يەتتە ئاسماننى بىرىنى

بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇق كۆرەمسەن» (سۈرە «مۇلك»3 ـ ئايەت) دېگەن سۆزى ھەققىدە پاك قەلبى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، 24 بېيت، 48 مىسرا ئارقىلىق گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزىدۇ. بۇ رەسىمدە ئاسمان كۆكىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ نامى، ئۇلارنىڭ بىپايان كۆكتىكى ئورنى، پەسىل، ۋاقىت ئۆزگىرىشلىرى ئاجايىپ ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا دانىشمەن مۇنەججىم ـ ئاسترونوم زاتىنىڭ قىياپىتىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ باپتا بىر قىسىم يۇلتۇزلارنىڭ دەۋرلىگى ھەققىدە خېلىلا ئېنىق مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئاددىي قوراللار، ئىنسان كۆزى بىلەن بىپايان كائىناتقا نەزەر سېلىپ ئېرىشلگەن مۇنداق مەلۇمات ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىدىغان زامانىۋى قوراللار تۇغۇل، ھەتتا گاللىلىنىڭ تۇنجى تېلېسكوپىدىن 6 ـ 7 يۈز يىل مۇقەددەم نەچچە يۈز مىڭ كىلومېتىر يىراقتىدىكى سەييارىلەرنىڭ ئورنىنى دەل ھېساپلاپ چىقىش بولۇپ، ھازىرقى زامان ھېساپلاش ئىلمىدا ھېساپلانغىنى بىلەن خاتالىق پەرقى چوڭ ئەمەس. بۇ پەقەت ئاللاھ ئاتا قىلغان ساپ ئەقلىنىڭ قۇدرىتى، ھېساپلاش ئىلمىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن بولغان. تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قاراخانىلار خانىدانلىقى دەۋرىدە ھېساپلاش ئىلمى ـ ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە (ھەندەسە) ۋە ماتېماتىكا ئانالىز قاتارلىق ساھەلەر خېلىلا تەرەققىي قىلغان ۋە ئۇلار بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەنگەن ھەم چوڭ مەدرىسلەردە ئوقۇلىدىغان دەرسلەر قاتارىغا كىرگۈ ـ زۈلگەن. شۇنداقلا ئىلمىي نۇجۇم يۇلتۇزلارنى تۈركۈملەرگە ئايرىپ، ئۇلاردىن يىل ـ پەسىل قاتارلىقلارنى تولۇق ھېساپلاپ چىققان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا يەتتە يۇلتۇزنىڭ تىزىلىشىنى قىزىقارلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن:

قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدا سەكەنتىر (ساتورىن) بولۇپ، بىر بۇرجىدا ئىككى يىل، سەككىز ئاي تۇرىدۇ. ئىككىنچى قاتاردا ئوڭاي (يۇپىتېر) بولۇپ، بىر بۇرجىدا 12 ئاي تۇرىدۇ. ئۈچىنچىسى كۇرۇد (مارس) بولۇپ، ئۇ ئاپەت ـ ئوت يۇلتۇزى دەپ ئاتىلىدۇ. تۆتىنچىسى، ياشىق (قۇياش) بولۇپ، ئۇ خۇشاللىق يۇلتۇزى دەپ ئاتىلىدۇ. بەشىنچىسى، سەۋىت (ۋېنېرا) يۇلتۇزى بولۇپ، ئۇ زۆھە يۇلتۇزى ياكى چولپان يۇلتۇزى دېيىلىدۇ. ئالتىنچىسى، ئارزۇ (مېركورى) بولۇپ، ئۇ بەخت يۇلتۇزى دېيىلىدۇ. يەتتىنچىسى، يالچىق (ئاي) بولۇپ، ئۇ تولۇن، غەيرىي تولۇن ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. داستاندا تەسۋىرلەنگەن 12 بۇرج (ئۈكەك) مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ئۇلار قوزى (ھەمەل)، ئۇي (سەۋر)، ئەرەندىز (جەۋزا)، قۇچى (سەراتان)، ئارسلان (ئەسەد)، بۇغداي بېشى (سۇمبۇلە)، ئۈلگۈ (مىزان)، چايان (ئەقرەب)، يا (قەۋس)، ئوغلاق (جەدى)، سوغا (كونەك، دەلۋە)، بېلىق (ھۇت) تىن ئىبارەت. 12 بۇرج يۇلتۇزلار تۈركۈمى تۆت پەسىلدە ئۈچتىن كۆرۈنۈپ، پەسىل ئالامەتلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ ھەمەل، سەۋر، جەۋزا يۇلتۇزلىرىنى باھارلىق؛ سەرەتان، ئەسەد، سۇمبۇلە يۇلتۇزلىرىنى يازلىق؛ مىزان، ئەقرەب، قەۋس يۇلتۇزلىرىنى كۈزگى؛ جەدى، دەلۋە، ھۇت يۇلتۇزلىرىنى قىشقى يۇلتۇزلار تۈركۈمى دەپ قارىغان ھەمدە بىپايان ئاسماندىكى بىر قىسىم يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرىنىمۇ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئالەمدىكى يۇلتۇزلار ھەمدە ئۇلار ھەققىدىكى ھېساپلاشلىرى ھازىرقى زامان يۇلتۇز ئىلمى ـ ئاسترونومىيەدىكى ئىلمىي ھېساپلاش ۋە پەرەزلەرگە تامامەن ئۇيغۇن. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى، بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرىنى پۈتۈنلەي نام بىلەن ئاتىغان. داستاندا مۇنداق يېزىلىدۇ:

ياراتتى پەلەك، كۆر، دائىم ئايلىنۇر،
ھايات ھەم ئۇ بىرلە تىنماي چۆرگىلۇر.
(126 ـ بېيت)

ھازىرقى زامان ئىلملىرى ئىسپاتلاپ چىقتىكى، ھايات مېتابولىزىمى (ماددا ئالمىشىش) يەر شارىنىڭ ئايلىنىش ۋاقتى بىلەن توغرا تاناسىپ بولىدۇ، يەنى پەلەكنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھاياتلىق ۋە ماددا ئالمىشىش ماس قەدەمدە بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ «قۇرئانى كەرىم» دىكى ئاللاھنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھاياتلىق ۋە دۇنيا ھەققىدىكى ئۇلۇغ كالاملىرىدىن ئىلھاملىنىپ، **1000** يىل مۇقەددەم ئالەم بىلەن ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپۋىي ۋە ئىلمىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھازىرقى زامان ئالەم ئىلمى ۋە ئالەم تەتقىقاتى بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ياراتتى يېشىل كۆكتە يۇلتۇزنى ئۇ،
ياراتتى قاراتۈن ۋە كۈندۇزنى ئۇ.
**(127 ـ بېيىت)**

كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزىسى بېزەك،
يول باشلار بەزىسى، بەزىسى يەزەك.
**(128 ـ بېيىت)**

تۆتىنچى قۇياشتۇر يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.
**(134 ـ بېيىت)**

بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا، تولۇن بولار.
**(137 ـ بېيىت)**

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا ناھايىتى روشەن ۋە ئوچۇق پىكىرلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە مۇناسىپ ھالدا ئەينى زاماندىكى مۇسۇلمان ئالخىمىيە ئالىملىرى، مېدىتسىنا ـ تېبابەت ھەكىملىرىنىڭ كىتاپلىرىدا قەيت قىلىنغان ۋە راۋاجلادۇرۇلۇپ، ئىلمىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن «تۆت زات» (تۆت تادۇ) ئاناسىر ـ ئابى، ئاتەش، بادى، خاك يەنى سۇ، ئوت، شامال ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ماددا ھەمدە تېبابەتتىكى تۆت خىلىت، يەنى قان، سەپرا، سەۋدا، بەلغەم ۋە ئىنسان مىجەزىدىكى ھۆل، قۇرۇق، ئىسسىق، سوغۇق قاتارلىق مىجەز، ئىنسان ھاياتىدىكى بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك (ياشلىق)، ئوتتۇرا ياشلىق، قېرىلىقتىن ئىبارەت تۆت مەزگىل ھەققىدە توختىلىپ، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئۇچى سۇ، ئۇچى يەل، ئۇچى بولدى ئوت،
ئۇچ تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت.
**(143 ـ بېيىت)**

يېغىدۇر بۇلارنىڭ بىرىگە بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ، قىلدى جەڭنى نىرى.
**(144 ـ بېيىت)**

ئۇرۇشماس بۇ ياۋلار، ياراشقان ئۇچۇن،
كۆرەشمەس بۇ ياۋلار كۆتۈرگەچ ئۇچۇن.
**(145 ـ بېيىت)**

يېتىشلىك ئىلاھىم سىلىپ ئىزغا ئۆز،

ياراتتى ئۇلارنى، ياراشتۇردى تۈز.
(146 ـ بېيت)

تېگىدۇر قوڭۇر يەر بىلەن يېشىل سۇ،
ئۈستى سۈپ ـ سۈزۈك يەل بىلەن ئوتتۇر ئۇ.
(3725 ـ بېيت)

قۇرۇق، هۆل بىلەن بۇ ئىسسىق، سوغۇقنى،
ياراشتۇردى، بەدى خەلققە رىزىقنى.
(3726 ـ بېيت)

مىجەزىڭنى ئېيتاي ئوچۇق ساڭا بىل،
سېرىق،ئاق، قارادۇر ۋە ياكى قىزىل.
(4632 ـ بېيت)

يۇسۇپ خاس هاجىپ داستانىدا پۈتكۈل كائىناتنى، ئاسمان سەييارىلىرىنى، هاياتلىقنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق سەھىپە ئاجرىتىشى ئۆز داستانى ئۈچۈن گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزىپ كۆرسىتىش ياكى تەسۋىرىي يول بىلەن سۆز ئويۇنى قىلىش بولماستىن، بەلكى بىر ئۇلۇغ ئىلاهىي هېكمەت، ئاللاهنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ ئىجادىيىتى بولغان پۈتكۈل تەبىئەت، ئۇنىڭدىكى ئىنسان هاياتى ئۈچۈن زور پايدىلىق بولغان تەرەپلەر، روشەن ئالامەت ۋە پاكىتلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن قايىل بولۇش، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىمۇ ئاللاهنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە، ئىنسان ئۈچۈن بەرگەن رەھمەت ۋە نېمەتلىرىگە چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۈرۈشكە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت.

يۇسۇپ خاس هاجىپ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمگىكى بولغان «قۇتادغۇ بىلىگ» تىن ئىبارەت بۇ سەلتەنەتلىك ئىمارەتنى ھەيۋەتلىك تۆت تۈۋرۈك ئۈستىگە قۇرغان. بۇ غايەت زور تۈۋرۈك ئەدلى، ئىلىم، ئەقىل ۋە سەۋردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككىسى بولغان ئەدلى بىلىم بىلەن ئىلىم ئۇلۇغ ئاللاهنىڭ ئۆز سۈپەتلىرى بولۇپ، ئەدلى ـ ئادالەت، ئىلىم ـ هېكمەت ئاللاهقا مەنسۇپ. كېيىنكى ئىككىسى بولغان ئەقىل بىلەن سەۋر ئۇلۇغ ئاللاهنىڭ ئىنسانغا بەرگەن سۈپەتلىرى بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەت، سەۋر ـ قانائەت ئىنسانغا مەنسۇپ. پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنساننىڭ خەلق ئېتىلىشى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئۆلچەملىك ۋە قانۇنلۇق بولۇشى، ئۇنىڭدىكى مۆجىزە ـ سىر هېكمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاهنىڭ ئادالىتى ۋە ئىلىم ـ هېكمىتىدىن بولغان. ئىنسان ئاللاھ بەرگەن ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئاللاهنىڭ ئەدلى ـ ئادالىتى، ئىلىم ـ هېكمەتلىرىنى، ئاللاھ بىلدۈرۈشكە ئىرادە قىلغان شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماهىيەتلىرىنى تونۇيدۇ، ئاللاهقا ھەقىقىي مەنسى بىلەن قۇلچىلىق ۋە ئىبادەت قىلىدۇ، يەنى ئاللاهنىڭ ئەدلىدىن قورقۇپ، پەزلىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى يۇسۇپ خاس هاجىپ ئەدەبىياتنىڭ مەجازى ۋاستىلىرى، ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلى بىلەن بۇ تۆت سۈپەتنى تۆت زات ـ تۆت پېرسوناژ قىياپىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا نامايان قىلىپ، هېكايە شەكلى بىلەن ئۇلۇغ ئىسلامىي ھەقىقەتنى مۇكەممەل شەرھلەپ بەرگەن. ئۇ ئەدلى ـ ئادالەتكە ئۇلۇغ پادىشاهنى تەمسىل قىلغان، ئۇنىڭ ئىسمى كۈنتۇغدى ئىلىك؛ ئىلىم ـ هېكمەتكە ۋەزىر تەمسىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئايتولدى؛ ئەقىل ـ پاراسەتكە ۋەزىرنىڭ ئوغلى تەمسىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئۆگدۈلمىش؛ سەۋر ۋە قانائەتكە ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى تەمسىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئودغۇرمىش دەپ ئاتالغان. يۇسۇپ خاس هاجىپ داستانىنىڭ ھەر ـ بىر بۆلەك، ھەرقايسى بابلىرىدا ئۆزىنىڭ هېسابسىز باي تەپەككۇرى بىلەن ئۆز قەلبىدىكى ئۇلۇغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىمان ـ ئېتىقاد، تەسەۋۋۇرلىرىنى زىچ ماسلاشتۇرۇپ، كىتابنىڭ مەزمۇنىنى يۇقىرىقى تۆت سۈپەت قىياپىتىدىكى تۆت زات ـ تۆت پېرسوناژ ئەتراپىدا تەرتىپلىك ھالدا دەۋر قىلدۇرىدۇ. داستاندىكى ۋەقەلىك ـ داستان سيۇژىتى باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇ تۆت شەخس ئوتتۇرىسىدىكى كۆچلۈك سوئال ـ جاۋاب، مۇنازىرە ئارقىلىق راۋاجلىنىپ بارىدۇ. مۇشۇ مۇنازىرە جەريانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ تەشۋىق قىلماقچى بولغان دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم، ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە باشقۇرۇش ھەققىدىكى ئۇلۇغ ئىسلامىي ئەقىدىگە خاس غايە ۋە قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بىلىم ـ ھېكمەت ۋە ئەخلاقنى پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى دەپ قارايدۇ. بىلىمگە ئىگە بولغاندا ئادالەتنى جارى قىلدۇرغىلى، قانۇنغا ئەمەل قىلىپ ئۇنى يۈرگۈزگىلى، قالايمىقانچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك ۋە جىنايەتنى چەكلىگىلى، خەلقنى، دۆلەتنى ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. بىلىمگە سەل قاراش قانۇن، ئادالەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت، بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاساسىنى ۋەيران قىلغانلىق بىلەن باراۋەر دەپ ھېسابلايدۇ.

مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادىغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزىنىڭ دۆلەت، قانۇن ۋە ئادالەت ھەققىدىكى دادىل تەسەۋۋۇر، ئىلمىي تەشەببۇسلىرىنى شېئىر ـ نەزمىي بىلەن داستان شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ غايىۋى دۆلەت تەسەۋۋۇرى دېموكراتىك خاراكتېرگە ئىگە دۆلەت فورمىسى بولۇپ، قانۇن بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر بولۇش، ئادالەت، ئىنسانپەر ـ ۋەرلىكنى چىقىش قىلىش دەپ قارايدىغان ئىدىيە ئۆزىنىڭ تارىخىي ئورنى، تارىخىي شارائىتى بولغان 1000 يىل مۇقەددەم ئۆتكەن خاقانىيە دەۋرى ئېتىبارى بىلەن يۈكسەك ئىلغارلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىگە. بۇنداق شانلىق نامايەندە ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن پەيلاسوپلارنى، قانۇنشۇناسلارنى ئاجايىپ ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇلار بىردەك: «بۇ ئاجايىپ يۈكسەك تارىخىي نامايەندە، ئۇلۇغ تۆھپە» دەپ ھېساپلىدى.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن چۈشۈردۇق ۋە ئۇلار بىلەن ئىنسانلارنى ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.» (سۈرە «ھەدىد»25 ـ ئايەت)

«قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا ئادالەتنىڭ سۈپەتلىرى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

ئېلى بولدى باي، يۈرتى تۈزگەچ خاقان،\
بۆرە، قوي سۇ ئىچتى بىر جايدا شۇئان.\
(449 ـ بېيت)

قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،\
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.\
(809 ـ بېيت)

ئادالەت ئۈستىدە بۇ بەگلىك ئۆلى،\
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.\
(821 ـ بېيت)

ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر،\
بېيىپ ھەممە خەلقى جاھان تۈزىلەر.\
(895 ـ بېيت)

ئىككى نەرسە ئەلگە باغ، ئاچقۇچى ئۆزى،\
ھوشيارلىق ۋە قانۇن ئەلنىڭ يىلتىزى.\
(2015 ـ بېيت)

زۇلۇم ـ ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۈرەر،

قانۇن ـ سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۇنەر.
(2032 ـ بېيتت)
ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزىلۇر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىيىپ ئەل، بۇزۇلار جاھان.
(2034 ـ بېيت)
تۈزەپ بەگ كۆڭلىنى يورۇتسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، تۇرار بەك ئۇزۇن.
(2036 ـ بېيت)
قانۇن سۇ كەبىدۇر، زۇلۇم ـ ئوت، بالا،
ئېقىتتىڭ سۇزۇك سۇ، ئۆچتى ئوت مانا.
(3017 ـ بېيت)
ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
ئۇ قانۇن بۇزۇلسا، ئاسمان يىقىلۇر.
(3463 ـ بېيت)

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلىملىك، دانىشمەن پادىشاھلار، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك خادىملىرى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى باي قىلىشنىڭ ئاساسىي قورالى، ئادالەتلىك قانۇن ئۇنى جارى قىلدۇرغۇچىلارنىڭ بىلىمى، ئەقلى ۋە ئىمان ـ ئېتىقادىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قاراپ، مۇنداق سۆز ئويۇننى كەلتۈرىدۇ:
بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىك «لامى» كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر.
(1953 ـ بېيت)
ئەمەلدارلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە بىلىمى خەلقنىڭ تىنچ ـ ئامان، خاتىرجەم، ئاسايىشلىق زامان ئاستىدا ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئادالەتنى، ئىنسانىنىڭ ئاللاھ بەرگەن ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قانۇن قوغدىمىسا، خەلقنىڭ پاراۋان تۇرمۇشى، بەخت ـ سائادىتى ھەرگىز كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ دەپ قاراپ مۇنداق چاقىرىق قىلىدۇ:
بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر،
بىرىنى بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.
(5576 ـ بېيت)
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش دەپ قارايدىغان جەمئىيەت تەلىپى 11 ـ، 12 ـ ئەسىردىكى فېئوداللىق جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن، «خاننىڭ دېگىنى ـ قانۇن» دەپ قارايدىغان مۇستەبىت، زالىم سىياسەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىلغار، دېموكراتىك پىكىر ئېقىمى بولۇپ، ئۇنى ئالاھىدە مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدۇ. داستاندا ئادالەتنى، ياخشىلىق، باراۋەرلىك، ئادىمگەرچىلىكنى ئاساس قىلغان خانلار قىزغىن مەدھىيەلەنگەن، ئاچكۆز، زالىم، مۇستەبىت، فىرئەۋن، زاھاكتەك شاھلار «قۇرئانى كەرىم» نىڭ روھى بويىچە قاتتىق قامچىلىنىپ، ئۇلارغا لەنەت ـ نەپرەت بىلدۈرۈلگەن. مۇنداق ئىككى خىل پوزىتسىيە ئەينى تارىخي شارائىت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاجايىپ جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق روھىغا ئىگە. داستاندا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كىشى قەلبىنى زىل ـ زىلىگە سالىدىغان مۇنازىرە ۋە كەسكىن پىكىرلەردە ئەكس ئەتكەن دۆلەت ۋە ھوقۇق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئادالەت ھەققىدىكى ئېنىق كۆز قاراش يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پاك ئىمان ـ ئېتىقادى، مۇستەھكەم ئەقىدىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، بۇ خىل تەلەپ ۋە تەشەببۇس ئالىمنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىلمي پەلسەپىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com



مۇقەررەر لوگىكىسى.

ياراتقۇچى ئوقۇش ۋە بىلىشنى بارلىق ئىنسان بالىسىنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى ۋە مۇقەددەس ھوقۇقى قىلىپ بەلگىلىدى. دانىشمەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ «قۇرئانى كەرىم» دىكى ئىلاھىي ھۆكۈمنى رەھنامە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىلھام ۋە ئىزنىسى بويىچە ئىلىپ بارغان ئىزدىنىش ۋە چوڭقۇر تەپەككۇرنىڭ شەرەپلىك مېۋىسى بولغان «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا ناھايىتى كۆپ سەھىپە ئاجرىتىپ ئوقۇشنى، بىلىم ئىگىلەپ بىلىملىك بولۇشنىڭ ئىنتايىن شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلدى. ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىمنى ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ تۈپكى پەرقى دەپ قاراپ، ئىلىمگە يۈكسەك باھا بەردى. بۇ خىل قاراش كىشىلىك جەمئىيەتتە قىممىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىر ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇ، ئاللاھ ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا ئۆز پەزلىدىن ئەقىل ـ ئىدرەك ئاتا قىلدى، شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى بىلدۈردى، ئۇنى سۆزلەشكە لايىق قىلدى، بىلىملىك قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا بىلىمنىڭ ئەڭ گۈزەل گۈلتاجى بولغان ئىنسانىي خىسلەت، ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئاتا قىلدى. مۇشۇ بىلىم ۋە ئەخلاق بىلەن ئىنسان بالىسى بۇ ئالەمدىمۇ، ئۇ ئالەمدىمۇ بەختلىك ۋە يۈزى يورۇق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.
(154 ـ بېيت)
ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.
(155 ـ بېيت)
كىشىگە ئېرۇر كۆپ بىلىم پايدىسى،
بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى.
(160 ـ بېيت)
ئەقىللىق تىرىكتۇر، ئەقىلسىز ئۆلۈك،
ئەقىل ئەرنى ئايرۇر، شۇ خىل تەڭ بۆلۈك.
(1839 ـ بېيت)
كىشى تۈن كەبى بىر قاراڭغۇ ئۈيدۇر،
ئەقىل بىر چىراغتەك ئۇنى يورۇتۇر.
(1840 ـ بېيت)

بىلىم ئىگىلەشنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ يالغۇز دىنىي بىلىم بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى كەڭ دائىرىنى يەنى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تۈرلۈك قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ھەمدە ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىغا دائىر مەسىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان مۇشۇ ساھە ـ لەردىكى ئىزدىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىمى، ئەقلى ۋە تەپەككۇرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ماھارەت ۋە قابىلىيىتىنى، تىزگىنلەش، پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ئاللاھ ياراتقان، ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق بولغان مۆجىزىلەردىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنى تىزگىنلەش ۋە تونۇش ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ ئىنساننى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىشىدىكى ئىلاھىي ھېكمەتنى چۈشىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىلەر، مۇرەككەپ پەنلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئىلىم ـ پەننى دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ كۈچلۈك قورالى، تىرىكچىلىكنىڭ ۋاستىسى، دىننى ھىمايە قىلىش، ئۆزىنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادىنى قوغداش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك

يولى دەپ خۇلاسە قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئالىم بولغىن ياكى ئۆگەنگۈچى بولغىن، ئاڭلىغۇچى بولغىن ياكى بىلىم ئاشىقى بولغىن، بەشىنچىسى بولمىغىن، مۇنداق بولساڭ ھالاك بولىسەن» (تەبرانى توپلىغان).

«قۇتادغۇ بىلىگ» تە مۇنداق يېزىلغان:
بۇ ئىككى خىل ئىنسان كىشى ئاتىلۇر،
بىرى ئۆرگەتۈچى، بىرى ئۆرگىنۇر.
(3217 ـ بېيت)
ئىككىدىن بۆلەكنى سەن يىلقى سانا،
يا ئۇ بول، يا بۇ بول، تاللاپ ئال مانا.
(3218 ـ بېيت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئومۇمىي خەلق مائارىپى ئىدىيەسى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىشنىڭ ئىنتايىن ياخشى پەزىلەت، بولۇپمۇ بىر مۆمىن مۇسۇلماندىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ئىكەنلىگىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ھەم ئۆزىمۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئارقىلىق ئۆز قەلبىدىكى ئىلىم ۋە قابىلىيەتنى جارى قىلىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا كەڭ ئاممىغا ئىسلامىيەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى، ئاللاھ بۇيرىغان ئەخلاق مىزانلىرىنى، توغرا ھىدايەت ۋە سۈننەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلدى ھەمدە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگەتكۈچىلەرگە بېرىلىدىغان كاتتا ساۋاب، مەڭگۈلۈك ئىززەت ـ ھۆرمەتكە نائىل بولدى. «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىدا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىگى ۋە ئۇنىڭ ئىبادەت بىلەن بولغان چەمبەرچەس مۇناسىۋتى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ تەشۋىرلەنگەن:
ئىبادەتكە ئاۋۋال بىلىم كۆپ ئۆگەن،
ئىلىمسىز ئىبادەت بى پايدا، چۈشەن.
(3216 ـ بېيت)
تائەتكە بىلىملە سەن بارغىن يېقىن،
بىلىم تامغۇلايدۇ دوزاخ ئىشىگىن.
(3223 ـ بېيت)
بىلىپ قىلسا تائەت ساۋابى تۈمەن،
ساۋاب كۈتمە بىلىمسىز ئىبادەت بىلەن.
(3224 ـ بېيت)
بىلىمسىز قىلىنغان تائەتتىن كۆرە،
گەر ئۇخلار بىلىملىك ساۋابى ئۆرە.
(3225 ـ بېيت)

«قۇتادغۇ بىلىگ» تىن ئىبارەت بۇ جاھاننامىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز قەلىمى ئارقىلىق سىزىلغان ھەيۋەتلىك ئوبرازى ۋە پاك قەلبىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ مىلادى 11 ـ ئەسىردە ياشىغان يېتۈك شائىر، ھەر قايسى ئىلىم ـ پەنلەر بويىچە شۆھرەت قازانغان ئالىم، بەدىئىي ئىجادىيەتچى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئالدى بىلەن كامىل مۇسۇلمان، يېتىشكەن مۇسۇلمان ئالىم، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان بۈيۈك مۇجتەھىت ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ پەزىلىتى ۋە ئىجتىھاتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە پەخىر ـ ئىپتىخارى بولۇشقا مۇناسىپ.

داستاندىكى مول بىلىم، يۈكسەك پەلسەپە، ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى بىرلىشىپ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىدىيەۋى قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى، ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن مىڭ يىللار مابەينىدە كونىرىماي، ئىلهامى، بەدىئىي قىممىتىنى يوقاتماي، قايسى مەزمۇن، قايسى ساهە، هەتتا هەر ـ بىر بېيت، هەر ـ بىر مىسراسى ئارقىلىق بىلىم ئېلىشقا تەلپۈنگەن ئىلىم تەشنالىرى، هېكمەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئۈمىد ۋە ئىزدىنىشلىرىگە تولۇق جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتى، تارىخىي ئەهمىيىتى ۋە بەدىئىي شان ـ شەرپى، مەنە ـ هېكمەتلىرىنى تولۇق ساقلاپ كەلمەكتە.

**ئىزاهلار :**

① هاجىپ ـ (ئەرەپچە ) ئارىچى ، ۋاكالەتدار ، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىهەتچىسى دېگەن مەنىلەردىكى سۆز بولۇپ ، مەهمۇت قەشقىرىنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى تۈركچىسى " تاياڭۇ " يەنى تايانچ ، سەلتەنەت تايانچى ، دۆلەت تۈۋرۈكى دېمەكتۇر . ( « دېۋانى لۇغەت تۈرك » ، فوتۇ نۇسخا **230** ـ بەت . )

② س . ي . مالوف : « قېدىمقى تۈركىي يېزىقلار يادىكارلىقلىرى » ، **229** ـ بەت ، **1959** ـ يىل ، موسكۋا ، ـ لېنىنگراد

③ بالاساغۇن شەهرىنىڭ ئورنى : هازىرقى سوۋېت قىرغىزىستانى توقماق رايونىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

## يۈسۈپ خاس هاجىپ هېكمەتلىرىدىن تاللانمىلار

1 .پەگادىن ئورۇن تەگسە،بۇ پەگا تۆردىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ.
2 .ئۆلۈكتىن تىرىككە مىراس قالىدىغان نەرسە سۆزدۇر، مىراس قالىدىغان سۆزنى ئاڭلىسا، (ئۇنىڭ)كۆپ پايدىسى بار.
3 .ئېنىقكى ،بىلىمسىز بىر قارىغۇدۇر، ئەي كۆزسىز قارى،بىر ئۆلۈش بىلىم ئال.
4 . كىشى كۆركى سۆزدۇر،سۆزنىڭ تۈرى كۆپ،يۇر ئەي تىلىم، ياخشى سۆزلۈك كىشىنى ماختا.
5 .ئىنسان سۆزنى تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ،سۆزى ياخشى بولسا،يۈزى يورۇق بولىدۇ.
6 . جاهان سوراش ئۈچۈن مىڭ (تۈرلۈك)پەزىلەت كېرەك، قۇلاننى بېسىش ئۈچۈن ئارسلان كېرەك.
7 . جاهان سورىغۇچىغا مىڭ (تۈمەن) پەزىلەت كېرەككى،ئۇنىڭ بىلەن ئەل ـ يۇرتنى سورايدۇ ۋە تۈماننى سۈرۈلدۈرىدۇ.
8 .دۇنيادا بىلىمدىن ئەزىز يەنە نېمە بولسۇن،بىلىمسىز دېگەنلىك ئەر ئۈچۈن سەت هاقارەتتۇر.
9 . دۇنيا بەگلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ بىلىمى بولسا،ياخشى قانۇن تۈزغۈزدى،ياخشى كىشىلەردىن (بولدى) .
10 .قايسى بەگ دانا بىلىمگە يېقىن بولغان بولسا، ئۇ ،بىلىملىك كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتتى.
11. سېخىي دەپ ئاتىلىپ ياخشى نام چىقارغان،سېخىي (ئادەم) ئۆلسە،(ئۇنىڭ) نامىنى تىرىك دەپ بىل.
12 . يامان ـ سۆكۈش،ياخشى ـ ماختاشقا ئېرىشىدۇ،ئۆزۈڭگە قاراپ كۆرگىن،قايسىسىنى خالايسەن؟
13 .ئۆزۈڭ ياخشى بولساڭ ،نامىڭ ماختىلىدۇ،ئەگەر يامان بولساڭ، سۆكۈلسەن ،ئەي پاك كىشى.

### مۇهىم قوشۇمچە:
### يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قەبرىگاهى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز

يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قەبرىگاهى قەشقەر شەهرىدىكى ئەسكىهىسار قەدىمكى شەهرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان «پايناپ» يېزا تەۋەسىدىكى «ئالتۇنبىلىق» تا ئىكەنلىگى تارىختىن بۇيان هەممىگە ئايان . بۇ قىل سىغمايدىغان ئەمەلىي پاكىت . ئەمما ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى كىشىلەر : «بۇ

قەبرىگاھ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەس ، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمىنىڭ ئىدى» ، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلاد ساغۇنلۇق بولغاندىن كېيىن ، قەبرىگاھىمۇ بىلاد ساغۇندا بولىشى كېرەك.» دېگەن دەۋالاردا بولۇپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا بەزى مۇجمەل قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدى.

ئەپسۇسلىنارلىغى شۇكى ، بۇ كىشلەر يۇقۇرىقىدەك ئاساسسىز دەۋالاردا بولۇشقان بولسىمۇ ، لېكىن ھازىرغىچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ ئورنى توغرىسىدا ھېچقانداق بىر پاكىت ئاساسى ئوتتۇرىغا قويالمىدى . مانا بۇ يۇقۇرىدىكى دەۋانىڭ يالغانلىغىنى كۆرستىدۇ .
قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىغا ھۆل قويۇشتىن ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدىنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ، باشقۇرۇش ئورنى 3 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئاجرىتىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ ئورنىغا دائىر بىرمۇنچە پاكىتلارنى توپلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، ئالىم ، مۇتە ـ خەسسىلەرنى ئەۋەتىپ ، پاكىتلارنى دەلىللەش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى . ئالىم ۋە مۇتەخەسسىلەر پاكىتنى تەكشۈرۈش ، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ھەقىقىيلىگىنى مۇئەييەنلەشتۈردى .

ھازىر قولىمىزدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھىجرىيە 410 ـ يىلى بىلاد ساغۇندا تۇغۇلۇپ ، ھىجرىيە 478 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغانلىغى ، جەسىتىنىڭ دەسلەپ قەشقەر شەھرىنى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدىغان تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىغىدىكى دۆلەتباغ يېزىسىغا قاراشلىق «بارىگاھ» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغانلىغى ، ھىجرىيە 514 ـ يىلى ئۇ جايدىن ھازىرقى «ئالتۇنبېلىق» قا يۆتكەپ دەپنە قىلىنغانلىغى توغرىسىدا خېلى كۆپ پاكىتلار ساقلانماقتا .

بۇ پاكىتلاردىن 19 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئىككى پارچە ھۆججەتنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى ھۆججەت «بەھرۇل ـ ئەنساب» (نەسەپ دەرياسى) ناملىق ئەسەر بولۇپ ، بۇنى 19 ـ ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى تۈزگەن . بىراق ، سەبۇرىنىڭ ئۆمرى «بەھرۇل ـ ئەنساب» نى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يار بەرمىگەنلىكتىن ، شاگىرتى قازى مۇھەممەت سايىم سۇفىئال ـ لايارىغا ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنى تاپشۇرغان . ھەمدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان يىلنامىسىنى ، قەبرىگاھ ئورنىنى شۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان . قازى مۇھەممەت سايىم سوفىئاللايارى ئۇستازى سەبۇرىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن «بەھرۇل ـ ئەنساب» نىڭ ئەڭ ئاخىرىسىنىڭ سول بۇرجىكىگە : «ئەز ھەزرىتى يۈسۈف خاس ھاجىپ دەرسىنە چەھارسەد ھەجتاد ھەشت ھىجرىيە ۋەفات شۇدە . قەبرى شىمالىي كۈھنە ھىسار زەمىنى فابى ئاب مەدفۇن شۇدەست ، ئامىن . مىن شەيخى دۇئاگۇيي مۇھەممەت سائىم سۇفى ئاللايارى سۇبھۇ شام ، بەلكى ئەلەددۋام مەرازى مەزكۇر سېھتەن بۇزۇرۇكۋار روھى پۇرفۇتۇھ دۇئايى قۇرئان مىكۇنەم» ، دەپ يېزىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋاپاتىنىڭ ھېجرىيە 478 ـ يىلى ئىكەنلىگىنى ، قەبرىگاھىنىڭ شىمالىي كوھنە ھىساردىكى «فايى ئاب» تا ئىكەنلىگىنى ، بۇ قەبرىگاھتا يەنە يۈسۈپ قىدىرخان غازى پادىشاھىنىڭ ۋە يۈسۈپ قىدىرخان ئىسمىلىك شاھشادىنىڭ مازىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئىزاھلىغان . تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە ، يۈسۈپ قىدىرخان مىلادى 1040 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلار زېمىنىدىن شەرقىي قاراخانلار زېمىنىگە قېچىپ كەلگەن يۈسۈپ ئىبنى ئەلى ئىسىملىك شاھزادە ئىكەن . قارى مۇھەممەت سايىم سوفى ئاللايارى «بەھرۇل ـ ئەنساب» نىڭ ئاخىرقى بېتىنىڭ ، تۆۋەنكى ئوڭ بۇرجىكىگە :« ئەر ھەزرىتى ساھىب قەلەم ئۇستادىم موللا مىر ھۈسەيىن سەبۇرى بۇ مەزكۇر ' بەھرۇل ـ ئەنساب ' نىڭ تەمامىغە يۈسۈج خاس ھاجىپنىڭ قەبرى شەرىفلىرى شىمالىي كۈھنە ھىسادۇر . مەزافىئىي فايى ئابتا مەدفۇن ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ ، يېزىپ تاماملاشنى پەقىرگە تەماملاشنى تەۋسىيە قىلغانلىغى ئۈچۈن ، ئۇستادىم مەرھۇم موللا مىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ دەفنىگاھىنى بۇ ' بەھرۇل ـ ئەنساب' قا كىرگۈزۈپ ، جامائە مۇسۇلمان ، ئەۋلادى تۈرك خەلقلىرىگە يادىكار قىلدىم . قازى مۇھەممەد سايىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



سوفى ئاللايارى» دەپ يېزىپ ، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىنى ، قەبرىگاھىنىڭ ئورنىنى ، كىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ، نېمە سەۋەبتىن بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» قا كىرگۈزۈپ قويغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ قازىلىق مۆھرىنى باسقان .

ئۇزۇنلۇقى 8.20 مېتىر ، كەڭلىكى 26 سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ «بەھرۇل-ئەنساب» نى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە قوغان يېزىسىنىڭ ئاياقچىلا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۆلىما شائىر ئابدىرىيىم ھاجىم ساقلاپ كەلگەن . ( 1877 - 1845 - يىللار) . ئابدىرىيىم ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» مەرىپەتپەرۋەر ئوغلى مۇھەممەتئىمىن قارىمغا مىراس قالغان . 1965 - يىللاردا بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» مۇھەممەتئىمىن قارىمنىڭ قولىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ياشىغان تارىخچى ئالىم تالانتلىق شائىر ئىمىر ھەسەن قازى ھاجىم ( 1900 - 1985 - يىللار) نىڭ قولىغا ئۆتكەن . مەرھۇم ئىمر ھەسەن قازى ھاجىم 1985 - يىلى بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» نى ئاۋۋال قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدىنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ، باشقۇرۇش ئورنىغا ، كېيىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەقدىم قىلغان . بۇ «بۇھرۇل- ئەنساب» ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ماتېرىيال بۆلىمىدە ساقلانماقتا .

ئىككىنچى ھۆججەت : «قەلەمىي قۇرئان» ( كىتاپنى تىزىمغا ئېلىش جەريانىدا قويۇلغان ئىسىم بولۇپ ، ئەسلى قۇرئاندا بۇ ئىسىم مەۋجۇت ئەمەس . قۇرئان قولدا ، قومۇش قەلەمدە خوتەننىڭ يىپەك قەغىزىگە خۇش خەت قىلىپ يېزىلغانلىقتىن ، تىزىمغا ئالغۇچىلار شۇنداق دەپ نام قويغان بولسا كېرەك . ئاپتوردىن ) بولۇپ ، خوتەندىن تېپىلغان . بۇ قۇرئاننى خوتەنلىك بىر يارى بۇرادەر ئىمىر ھەسەن قازى ھاجىمغا ھەدىيە قىلغان . ئىمر ھەسەن قارى ھاجىم بۇ قۇرئاننى 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ، باشقۇرۇش ئورنىغا تەقدىم قىلغان .

قۇرئان 726 بەت بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى 34 سانتىمېتىر ، كەڭلىگى 22 سانتىمېتىر ، قېلىنلىقى 6 سانتىمېتىر ، ھەر بىرىدە 13 قۇردىن خەت بار . قۇرئاننىڭ تاش مۇقاۋىسى بىلەن باشتىكى ئىككى بېتى يوقالغان . قۇرئاننى ساقلىغۇچى تاش مۇقاۋىسىنى ھازىرقى زامان رەختىنى ئىشلىتىپ قاتتىق قەغەز بىلەن مۇقاۋىلاپ قويغاندىن باشقا ، ئىچ بېتىگە : «قۇرئاننى بىتەرەت قولغا ئالساق گۇناھكار بولىمىز» دېگەن خەتنى ۋە يوقالغان ئىككى بەت ئورنىغا : «سۈرە فاتىھە» بىلەن «سۈرە ئەلىف ، لام ، مىم» نى خۇش خەت قىلىپ يېزىپ ، تولۇقلاپ قويغان . قۇرئاننىڭ ئاخىرىدا يەنە ئەسلى كۆچۈرگۈچى كاتىپ تەرىپىدىن يېزىپ قويۇلغان «ئەللاھۇممە ئەنفەئنا» دېگەن دۇئا بار .

بۇ قۇرئاننى قەشقەر شەھىرىنىڭ تاشقىرقى سېپىلىنى سوقۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان مىلادى 1835 - يىلدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ ، ئەڭ كەم دېگەندە 155 يىللىق تارىخقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ .

بۇ قۇرئان ئەسلىدە 1830 - يىلدىن 1848 - يىلغىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ھېكىمبەگلىككە ئەۋەتىلگەن زوھۇرىدىن ھېكىمنىڭ دىۋانىدىكى كىتاپ بولۇپ ، بۇ كىتاپنى زۇھورىدىن ھېكىمبەگ يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرىغا چىقىپ 11 كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ، ئىستىخارە قىلىپ ، قەشقەر شەھىرىنىڭ تاشقىرقى شەھەر سېپىلىنى سوقسا خەيرلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇش-خەۋەر بىشارىتىنى ئېلىپ كەلگەن شۇ زاماننىڭ مەشھۇر مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن نېئمەتۇللا كاشغەرىغە تەقدىم قىلغان . زۇھورىدىن ھېكىمبەگ نېئمەتۇللا كاشغەرىنى بۇ ئىشقا ئۆزى بۇيرىغان . بۇ ھەدىيەدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتكەن نېئمەتۇللا كاشغەرىنى بۇ ئىشنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قۇرئاننىڭ 723 - بېتىنىڭ ھاشىيەسىگە (چەت چۆرىسىدىكى بىكار جايغا) مونۇلارنى يېزىپ قويغان : «بۇ سۈرەتنى ۋاقىمئە تەھرىر ئولدىكىم ، ھەزرەتى ۋالى زۇھورىدىن ھاكىم ئالىيلىرى فەقىر دەرۋىش كەمتەرىنى كاشغەر قەلئەسىنىڭ تەئمىراتى ئۈچۈن نەھىس - سەئىدلىككە بىر ئىستىخارە قىلدىم . كاشغەر قەلئەسىنىڭ تەئمىراتىنىڭ ياخشى ئاقىبىتىگە رۇخسەت بولدى . بۇ رۇئىيانى ھەزرەتى ھاكىم ئالىيلىرىغە بەيان قىلدىم . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزراتى ھاكىم دىۋانە شاھانەدىن بۇ كەلام شەرىفتى فەقىرغە ھەدىيە ، ئىنئام قىلدى . رەھمەت ، فەقىر ساھىب دۇئا نېئمەتۇللا كاشغەرى مۆھۈرۈمنى باستىم . 1253 - ھىجرى » .

تامغا ( مۆھۈر ) ھجىرىيە 1238 ـ يىلى ئويۇلغان . تامغىدىكى خەت «نىئىمەتۇللا بىن سەدرىددىن» دۇر .

مانا بۇ ئىككى پارچە ھۆججەت يالغۇز يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ ئورنىنى ، ۋاپات بولغان ۋاقتىنى ئىسپاتلايدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇ ، كىشىلەرنىڭ يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرىغا بولغان ئېتىقادىنى ۋە 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئېمىر ھۇسەيىن سەبۇرى ، قازى مۇھەممەت سايىم سوفى ئاللايارى، زۇھۇرىدىن ھېكمىبەگ، نىئىمەتۇللا كاشغەرىدەك بەزى تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىنىمۇ يورۇتۇشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان مۇھىم ھۆججەتلەر ھېساپلىنىدۇ.

# يۇسۇپ سەككاكى

**( «سەككاكى»غا قاراڭ)**

# يۇسۇپجان ياسىن

يۇسۇپجان ياسىن 1971 ـ يىلى ئاتۇش تىجەندە مەرپەت ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1977 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1982 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە تىجەن باشلانغۇچ مەكتۇۋىدە، 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئاتۇش شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقىغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە جۇغراپىيە، تارىخ دەرسىدە مەكتەپنىڭ ئالدىدا ئىدى. ھوسنخەت جەھەتتىمۇ قالتىس تالانتى بار ئىدى. 1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتى تارىخ كەسپىدە ئوقىغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ مەزگىللەردە ئۇ دەرس ئوتسە ئوقۇغۇچىلار زوقلىنىپ ئاڭلايتتى. ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى.

**ئۇنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى(ئەسەرلىرى) :**

«مۇ مەدىنىيىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر» (ئىلمىي ماقالە)، 2004 ـ يىلى «تۇرپان» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

«تەڭرى قامچىسى ئاتتىلا» (كىتاپ)؛ 2000 ـ يىل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ ئاساسلىرى؛

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ۋە ئۆمەر باي؛

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا توتېمىزىم مەسىلىسى؛

ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىن قىسقىچە بايان؛

رۇس ئەدەبىياتىدا تەسۋىرلەنگەن شەرق؛

داستان ـ مىللىي بايلىق؛

**تەرجىمە ئەسەرلىرى**

«ئۇيغۇرلار»(تۈركىيە) ئاپتورى ـ رەشىد رەھمەتى ئارات؛

«مىللىي كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت» (تۈركچىدىن تەرجىمە)؛

ئەمدى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئۇنىڭ ئىككى پارچە ئەسىرىنى سۇنىمەن.

1) داستان ــ مىللىي بايلىق

داستان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە ئەڭ دىققەتنى تارتىدىغان بىر تۈر. ئۇ ئۆزى مەنسۇپ بولغان

www.uyghurkitap.com



مىللەتنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇتلىغىنىڭ، تەپەككۇر، دۇنيا قاراش، ئېتىقاد، پەزىلەت ۋە مىللىي قەھرىمانلىق كۆرەشلىرىنىڭ ئۆزۈن شېئىرىي ھېكايىلىرىدىن ئىبارەت. لېكىن، ھەممىلا مىللەتنىڭ داستانغا ئىگە بولۇشى ناتايىن. بىر مىللەتتە داستاننىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇچۈن ئاشۇ مىللەت ئىنساننىڭ ئىدراكلىرىنى ئەڭ ياخشى قوزغىتىدىغان ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولۇشى، بولۇپمۇ شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدا خەلقنىڭ ھاياتى ۋە خاتىرىسىدە نەچچە ئەۋلاد ئۇنتۇلماي كەلگەن چوڭ ئۇرۇشلار، ئىستىلا ھەرىكەتلىرى، مىللىي تولۇنۇشلار، كۆچۈشلەر ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئوخشاش ئالاھىدە ۋەقەلەر مەيدانغا كەلگەن بولۇشى كېرەك. مانا شۇنداق ۋەقەلەرنىڭ تەسىرى بىلەن شەخسلەردە ئاستا ـ ئاستا ئورتاق پوزىتسىيە ھاسىل بولىدۇ ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىللەتلىك خاراكتېرنى يارىتىپ، دەۋرداشلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئېرىشىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مىللىي داستانغا ئىگە بولمىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي قىممەتلىرى ۋە تارىخىي بايلىقلىرى قىس بولىدۇ. بۇنداق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىن ئورۇن ئېلىشى قىيىنغا توختايدۇ. ھەقىقەتەن، بۇ بوشلۇقنى ھىس قىلغان بەزى مىللەتلەر «سۈنئىي داستانلار» يارىتىش ئارقىلىق داستان ئەدەبىياتىغا قەدەم قويغان. بىر مۇنچە مىللەتلەر قەدىمكى يۇنان، لاتىن ۋە شەرق مىللەتلىرىنىڭ داستانلىرىدىن ۋە مىفلىرىدىن ئىلھام ئېلىشنىڭ لازىملىغىنى ھىس قىلىپ يەتكەن. ئۇيغۇر تارىخى قەھرىمانلىق بىلەن باشلىنىپ، يەنە قەھرىمانلىق بىلەن داۋاملاشقىنىدەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ داستان بىلەن باشلىنىپ، يەنە داستان بىلەن تەرەققىي قىلغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي روھى ۋە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ سىرى دەل داستانلىرىمىزغا يوشۇرۇنغان. داستان مىللەتنىڭ ھاياتىنى يېڭىدىن يارىتىش، مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە مىللىي شان ـ شەرەپ قازىنىشنىڭ مەنبەسىدۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ داستانلارنى تەتقىق قىلىپ كۆر ـ سەكلا، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن بىر خىل كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە مىللىي بايلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. داستان بىر مىللەتنىڭ ئورتاق ئىجادىيىتى بولۇپ، داستاننىڭ ئاپتورى دەل مىللەتنىڭ ئۆزىدۇر.

داستان مىللەتنىڭ ئورتاق تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ مىللەتنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي زوقىنىڭ سۈزگۈچىدىن ئۆتىدۇ. شۇڭا، داستاندا مىللەتنىڭ ھاياتلىق قارىشى ۋە مىللىي پەلسەپىسى ھەقىقىي ئەكس ئېتىدۇ. «ئوغۇزنامە»دىكى «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھانغا خاقان بولۇشىم كېرەك»1 دېگەن مىسرالاردىن ئۇيغۇر تەپەككۇرىنىڭ ھوقۇق پەلسەپىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىغىنى بىلىشكە بولىدۇ.

داستان ئاساسەن ئۆزۈن شېئىرىي ئەسەر. ئۇنىڭ نەزىم ۋە نەسىر تۈرى ئارىلاشقانلىرى بەكلا ئاز ئۇچرايدۇ. نەسرىي شەكىلدىكى بەزى داستانلاردا پات ـ پات كۆزگە چېلىقىدىغان نەزمىي ئالاھىدىلىكلەرمۇ داستاننىڭ ئەسلىدە نەزمىي ھالەتتە ئېيتىلىدىغانلىغىنى چۈشەندۈرىدۇ. شەكىل ۋە تۈر جەھەتتە داستاندا مىللىي زوق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋەزىن ۋە قاپىيە قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر ئاشۇ داستاننى ياراتقان مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىگە باغلىنىدۇ. مەسىلەن، يۇنان داستانلىرىدا ۋەزىن ئالاھىدە بولسىمۇ، لېكىن قاپىيىگە ئانچە ئېتىبار بېرىلمىگەن. «شاھنامە» ئارۇز ۋەزنىدە ۋە مەسنەۋىي شەكلىدە يېزىلغان. فىن داستانى «كالېۋالا» تۆتلۈك شەكلىدە يېزىلغان ۋە «رونۇ» دەپ ئاتىلىدىغان خەلق ناخشىلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن. ئۇيغۇر داستانلىرىدا قاپىيىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. شەكلى تۆتلۈك ۋە قوشاق تىپىنى ئاساس قىلغان.

دېمەك، داستان مىللەتنىڭ ساپ تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت. شۇ ۋەجىدىن، داستاننىڭ مىللەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك، مىللەتنىڭ روھىنى غىدىقلاش ۋە ئۇنى قوزغاشتىكى رولىمۇ ئىنتايىن زور بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، داستان مىللەتنىڭ ھاياتىنى مەزمۇن قىلىدۇ. شۇڭا، داستان مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەت قىممەتلىرىنىڭ بىر غەزىنىسى دەپ قارىلىدۇ. ھەتتا داستاننىڭ نېگىزلىك مەزمۇنىغا قوشۇلغان ئىلاۋىلەر ۋە مەدەنىيەت تەركىپلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار بىزگە ئاشۇ مىللەتنىڭ تارىخىي خاراكتېرىنى،

ئىرقىي ئالاھىدىلىگىنى، يۈكسەك ئىنسانىي تۇيغۇلىرىنى، قىسقىسى مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن خاراكتېرىستىكىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، يۇناننىڭ داستان قەھرىمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالار، ھىيلە ۋە يالغانچىلىقلار، ئەسەبىي جىنسىي ئىستەكلەر، قىز بۇلاپ قېچىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە ئوغۇرلۇقتا ئوخشاش جىنايەت ۋە ئەخلاقسىزلىقلار بىزگە قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ خاراكتېر ۋە تەبىئىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھالبۇكى ئۇيغۇر داستانلىرىدا بۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىر دۇنيانىڭ، ساغلام ۋە تەشكىللىك بىر ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ۋە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرەلەيمىز.

داستاننىڭ تىلى خەلقنىڭ ئاغزىدا تالاي ئەسىر تەكرار- تەكرار سۆزلىنىپ تاۋلانغان ۋە سۇزۇلۇپ ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ئېرىشكەن بىر تىلدۇر. بۇ ئېتىبارى بىلەن داستان تىلى ئۆزى مەنسۇپ تىلنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنىگىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تىل كۆپىنچە قەھرىمانلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى(ۋەقەلىرى)نى چۈشەندۈرگەنلىگى ئۈچۈنمۇ پەۋقۇلئاددە بىر جۇشقۇنلۇقنى ئىپادىلەيدۇ. قەھرىمانلار، تەبىئەت جىسىملىرى ۋە ھايۋانلار تەسۋىرلەنگەندە قوللىنىلغان سۈپەتلەر ۋە كەلتۈرگەن ئوخشىتىشلار يۈكسەك دەرىجىدە دىققەتنى تارتىدۇ. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»دە مۇنداق تەسۋىرلەر بار: «بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز- چىرايى كۆك ئىدى. ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى. ئۇ ھۆر پەرىدىنمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى.... بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنھا ئولتۇرغان، ئۇ ساھىپجامال بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە چوغدەك پاقىراق مېڭى بولۇپ، خۇددى تۆمۈر قوزۇقتا ئوخشايتتى.... تاڭ سۈزۈلگەندە ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى. ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە چىقتى، بۆرە ئوغۇز خاقانغا مۇنداق دېدى: ھەي ئوغۇز سەن ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ، مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن.»2

دېمەك، داستان تىلىنىڭ پىشقان ئەڭ تاتلىق سۆزلىرىدىن ۋە مىللىي تەسەۋۋۇرنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىدىن قۇرۇلغاچقا، خەلق پەقەت داستان ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي زوقىنى تولۇق ئالالايدۇ.

ھەرقانداق بىر داستاننىڭ باغلىنىدىغان بىر جۇغراپىيىلىك مۇھىتى بولىدۇ. داستان تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقەلىكنىڭ ئورنىنى جۇغراپىيىۋىي جەھەتتىن كەسكىنلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. فىنلاندىيە قار- مۇزلىرى بىلەن، يۇنان ۋە بالقان ئارال ۋە دېڭىزلىرى بىلەن، ئۇيغۇر يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىيا بولسا بوزقىر، ئورمان، تاغ، دەريا ۋە يايلاقلىرى بىلەن داستاننىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۇرغۇن ھالەتتە بولماستىن، بەلكى ھەرىكەتچان تەبىئەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «كۆچ- كۆچ داستانى»دا بىر قىيانىڭ تابغاچلارغا بىرىۋېتىلىشىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا ئېغىر ۋەيرانچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ. داستاندا يەنە ھەقىقىي بىر ماكانغا تايانمىغان، خىيالنىڭ مەھسۇلى بولغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

جۇغراپىيە داستاندا پەقەت بىر خىل ماكان ۋەزىپىسىنىلا ئۆتىمەيدۇ. ئۇ يەنە ئاشۇ مۇھىتتا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ تۇيغۇ، تەپەككۇر ۋە خىياللىرىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرا دېڭىز جۇغراپىيىسى يۇنانلىقلارغا دېڭىز، دېڭىز بوژغۇنلىرى ۋە يۇنۇلغان قىيالارنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قۇرغاق ئىقلىمى، يايلاق، چۆللۈك، دالا، تاغلىق گىرەلىشىپ كەتكەن تەبىئىي شارائىتى ۋە ھايات غېمى ئۇيغۇرلارغا ھۆر تۇيغۇنى بېغىشلىغان. دېمەك، داستاندا ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مىللەت خاراكتېرىنى ئېلىشىغا ۋە مىللىيلىكنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان بىر جۇغراپىيىلىك دائىرە ۋە ئاشۇ مىللەتنىڭ ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە بۇ ئارقىلىق مىللىي سىمۋولغا ئايلانغان بىر مۇنچە ھايۋانلار (ئۇيغۇرلاردا كۆك بۆرە، ئات ۋە بۇركۈت) تىلغا ئېلىنىش بىلەن فولكلور ھاياتى يورۇتۇلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى بۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ پەقەت تەبىئەت ۋە تەبىئەتتىكى باشقا جانلىقلار دۇنياسى بىلەن بىر

گەۋدە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت قانۇنىيەت ئېچىپ بېرىلىدۇ.

داستاننىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى تارىخقا باغلىنىدۇ. ئۇ زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىن تارىخنىڭ پاسىلىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. داستان تارىخ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقىي بىر تارىخنىڭ ئۆزى ئەمەس. داستاننىڭ ھەر سەھىپىسى ئىدراك (خىيال) تىن ئايرىلمايدۇ. ھەقىقىي بىر ۋەقە ئىدراك كۈچى بىلەن بايان قىلىنىشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭغا ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرمۇ ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي ۋەقەنى ئايرىش قىيىنلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاشۇ ۋەقەنىڭ دەۋرىنى تەخمىنىي قىلىپ بېكىتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، داستان تارىخنىڭ خەلقنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق يۈكسەك سەنئەت قىممىتىگە ئىگە بىر ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدە بايان قىلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. نەتىجىدە داستاندىن مىللەتنىڭ تارىختىكى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ دائىرىسىنى ۋە ئەڭ ئاخىرقى چېكىنى بىلگىلى بولىدۇ. داستان بىر قەھرىمانلىق ھېكا ـ يىسىدىن ئىبارەت. قەھرىمانلىق داستان ئۈچۈن ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان تېمى. داستاندا ۋەقەلەر دائىم بىر قەھرىماننى چۆرىدەپ رەت ـ رېتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ تېز داۋاملىشىدۇ. قەھرىمانلىق شەخسنىڭ مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ مەۋجۇتلىغى ۋە شەرىپى ئۈچۈن ھاياتىنى بەدەلسىز تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىل بۈيۈك روھ. قەھرىمانلىق تارىختا نۇرغۇن مىللەتتە ئىنسانلار ئۈچۈن ئىدىئال تىپ ھېساپلانغان. قەھرىمانلارنىڭ ھاياتى مىللىي ئىپتىخارلىق مەنبەسىگە ئايلانغان. ئۇلارنىڭ نامىغا ئاتاپ داستانلار توقۇلغان. بۇ داستانلار توي، يىغىلىش، بايرام ۋە دەپنە مۇراسىملىرىدا خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئېيتىلىپ، بىر تەرەپتىن قەھرىمانلار قۇتلۇقلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياشلارغا تىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن تەشۋىق قىلىنغان. دېمەك، داستان ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشتە مىللىي دەرسلىك بولۇش رولىنى ئوينىغان.

ئالپ ئەرتۇڭادىن تارتىپ تۆمۈر خەلىپە ۋە سىيىت نوچىغا قەدەر تارىخىمىزدا مەيدانغا كەلگەن پۈتكۈل داستانلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ يارىتىش ئىقتىدارىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەنتىقىسىنىڭ ھەقىقىي ھالىتىنى چۈشىنىشتە بىزنى يېتەرلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. مىللىي تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيىمىز ھەققىدىكى تەتقىقاتلار چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇيغۇر مىللىي داستاننىڭ كەڭلىگى ۋە بايلىغى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز تامامەن كۈچىيىدۇ. ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي داستانلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن 19 ـ ئەسىردىن بېرى قايسى دەرىجىدە غەيرەت كۆرسەتكەنلىگىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرسەكلا بۇ يولدا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ نەقەدەر پايدىلىق ۋە زۆرۈر ئىكەنلىگى مەلۇم بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، تۈرك ـ ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئىدى. پوتانىن دېگەن بىر رۇس ئالىمى 1899 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپا داستانلىرىدا شەرق تېمىلىرى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك مۇھىم بىر ئەسىرىدە تۈرك(ئۇيغۇر) ۋە موڭغۇل داستانلىرىنى ياۋروپادىكى تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ داستانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بۇلارنىڭ غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا مىللەتلىرىگە، ھەتتا يەھۇدىي ۋە خرىستىئان مۇقەددەس كىتاپلىرىغا تەسىر قىلغانلىغىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان. ئۇنىڭ قارىشىچە، سلاۋيانلار، فىنلار، گېرمانلار ۋە فرانسۇزلارنىڭ قەدىمكى خەلق ئەدەبىياتىدىكى داستانىي موتىفلارنىڭ دەستلەپكى بەلگىلىرى تۈركلەر ۋە موڭغۇللارغا ئائىت ئىدى. ئوتتۇرا ياۋروپا مىللەتلىرى ياراتقان داستان ئەدەبىياتىنىڭ دەستلەپكى ئاساسلىرىنى قۇرۇش رولى مۇشۇ شەكىلدە ئاتتىلا ھۇنلىرىغا باغلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئاتتىلانىڭ ۋە ھۇنلارنىڭ ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى داستان ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى شۇ قەدەر زور ئىدىكى، گېرمان ئەدەبىياتىنىڭ بەزى تارىخچىلىرى ئۇنىڭ گېرمان داستانىدىكى ئەھمىيىتىنى يۇنان داستانىدىكى ئاگامېمنونغا ئوخشىتىدۇ.

رۇسلارنىڭ 12 ـ ئەسىرگە ئائىت «ئىگور يۈرۈشى»(ئىگور داستانى) دا تۈرك تەركىپلىرىنىڭ ئەھمىيىتى زور بولغىنىدەك، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ يەنى، سىرپلارنىڭ ۋە يۇنانلىقلارنىڭ بۇ خىل ئەسەرلىرىدىمۇ يەنە تۈركلەرنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرى بولغان ئىدى.(3) بىلىش كېرەككى، ھەر قانداق بىر ئەسەرنىڭ ئىلھامى مىللىي مەنبەدىن كەلگەندىلا ئاندىن ئۇ بۈيۈك ۋە گۈزەل بىر ئەسەرگە

ئايلىنىدۇ. مانا شۇ مىللىي مەنبەلەرنىڭ ئىچىدە مىللەتنىڭ هاياتلىق مەنبەسى ۋە تەپەككۇرىدىكى چەكسىزلىكنىڭ بەلگىسى هېساپلانغان داستان ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئەگەر پىكىر ۋە سەنئەت جەھەتتە ئادەملىرىمىزنىڭ دىققىتى ئۇيغۇر داستانلىرىغا قارىتىلسا، ئەدەبىيات ۋە سەنئىتىمىزنىڭ ئۇلى مۇشۇ مىللىي مەدەنىيەت تاشلىرى بىلەن قۇرۇلسا، شۇبھىسىزكى، بۈگۈنكى دۇنيادا مىللىي ئوبرازىمىز ۋە ئىنسانىي ئېتىبارىمىزمۇ يۈكسىلەتتى. مىللەتنىڭ سىر خىل كىشىلىرى مۇشۇ بۈيۈك ۋە نۇرلۇق ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتەلمىسە، ئۇلار بايلىق ئىچىدە يوقسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان بىر بىچارىدەك غەپلەتتە ياشايدۇ.

داستان قارىماققا ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە كۆرۈلسىمۇ، ئۇنىڭغا ناھايىتى بۈيۈك مەنالار يوشۇرۇنغان. يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، مىللەتنىڭ هاياتلىق پەلسەپىسى هېساپلانغان مانا شۇ داستانلاردا مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە ھەقىقىي خاراكتېرى ساقلانغان. بۇ روھنى تونۇپ يېتىش ۋە ئۇنى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈش نەتىجىسىدە تارىخ بىلەن كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدا هېسسىيات ۋە پىكىر جەھەتتىن مىللىي ئاڭ كۆۋرۈكىنى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. داستانلار قەھرىمانلار، جەڭگىۋار كىشىلەرنى تېپ قىلىش ۋە ئىدىئال چۈشەنچە بىلەن يۇغۇرۇلۇشتەك ئالاھىدىلىگى بىلەن مىللەتنىڭ مىللىي بىرلىگىنىڭ كۈچىيىشىدە، مىللىي گۈللىنىشىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە، ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىكنى قوغدىشىدا، قايتىدىن بۈيۈك بىر مىللەت سالاھىيتىنى يارىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىدا، شۇنىڭدەك يېتەكچى ۋە داھىي شەخسلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا تۈرتكۈلۈك كۈچ بولۇشتەك زور ۋەزىپىنى ئورۇندايدۇ.

بىز روناق تاپقان ۋە مىللىي ئاڭ شۇئارىغا ئىگە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سىياستىگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇ خىل ھەقىقەتنى ئاسانلا كۆرەلەيمىز. مىسال قىلىدىغان بولساق، گېرمانلارنىڭ «نىبۇلۇڭ داستانى»نى، شۇنىڭدەك ئۆز تارىخىدىكى داستان قەھرىمانلىرىنى قايتىدىن تۇنۇشى تارىختا بىر قانچە قېتىم گۇمران بولغان گېرمانلارنى قايتىدىن تىرىلىشكە، يېڭىۋاشتىن زور كۈچ بىلەن جانلىنىپ، بۈيۈك بىر مىللەتنى ۋە بۈيۈك بىر مەدەنىيەتنى يارىتىشىدا ھەممىدىن كۈچلۈك رول ئوينىغان. بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى ئىران. پارسلار ئۇزۇن مەزگىل ئەرەپلەرنىڭ ۋە تۈركلەردىن غەزنەۋىيلەر ۋە سەلجۇقلارنىڭ هاكىمىيتى ئاستىدا قالغان بولسىمۇ، مىللىي مەدەنىيتىنى مۇهاپىزەت قىلىپ كەلدى. **15** ـ ئەسىردىن كېيىنمۇ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئارمىيىسى ئالدىدا مۇستەقىللىقىنى قوغدىيالىدى. پارسلارنىڭ بۇ مۇۋاپپىقىيىتىنىڭ كۈچى دەل «شاھنامە»دىن كەلگەن. بۇ ھەقتە فىردەۋسى مۇنداق دەپ يازغان: ئوتتۇز يىل كۆپ زەھمەت چەكتىم، پارسچىدا ئەجەمنى تىرىلدۈردۈم. **(4)**

فىردەۋسى ساسانىيلارنى ئاغدۇرۇپ ئىراننى ئىشغال قىلغان ئەرەپ ئىسلام ئارمىيىسىگە ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئۆزلىرىنى مۇشۇ ئاقىبەتكە دۇچار قىلغان تەقدىر قەلىمىگە لەنەت ئوقۇغان. ئۇ ۋەقەلەرگە ئەرەب ئىسلام نوقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى پارس بۇتپەرەسلىك نوقتىسىدىن قارىغان. يەنى ئۇنىڭ ئەندىشىسى دىنىي ئەمەس، بەلكى ئىرقىي مەسىلە ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ داستانى ئارقىلىق يىلتىزى تارىخنىڭ قاراڭغۇ چاغلىرىغا ۋە زەردۇشت دىنىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە تاقىلىدىغان پارس مىللىي ئېڭىنى كۈچەيتىپ ئۇنى ئەبەدىيلەشتۈرگەن. پارسلار بۇ مىللىي ئاڭغا شىئە ماركىلىق كىيىم كىيدۈرۈپ ئۇنى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋە مىللىي دۈشمەنلىرىگە قارشى ئەڭ كۈچلۈك قۇرال قىلىپ كەلمەكتە. ئىراندا مەۋجۇت بولغان سىياسىي، دىنىي ۋە ئىدىئولوگىيىلىك چۈشەنچە قانداقتۇ شىئە مەزھىپى مەسلىسى ئەمەس، بەلكى فىردەۋسىنىڭ قولىدا مۇكەممەللەشكەن ۋە شىئە مەزھىپى نامىدا ئاتالغان پارس مىللەتچىلىكىدۇر. ئۇنىڭ رەقىبى قانداقتۇر خىرىستىئانلار ۋە خىرىستىئان دۆلەتلىرى ئەمەس، ئەكسىچە بارلىق سۈننى مۇسۇلمانلاردۇر. بۇ سۈننى مۇسۇلمانلار دەل پارسلارنىڭ تارىخى ۋە مىللىي دۈشمەنلىرى بولغان تۈركلەر بىلەن ئەرەپلەردۇر.

قىسقىسى، فىردەۋسىنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى پارسلارنى ئەرەپ ئىسلام دولقۇنى ئالدىدا ئېرىپ يوقىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغانلىقىدۇر. ئەگەر «شاھنامە» داستانى بولمىغان بولسا شىمال ئافرىقا مىللەتلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن تەقدىر پارسلارنىڭمۇ بېشىغا كېلەتتى. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇش بىلەن بىللە يەنە

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىللەتلىگىنى يوقىتىپ ئەرەپلىشەتتى. مىسىر بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر. مىسىرمۇ ئىرانغا ئوخشاش، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق تارىخقا ۋە كۈچلۈك مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولسىمۇ، فىردەۋسىدەك بىر كىشىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام ھاكىمىيىتىگە كىرىشى بىلەنلا ئەرەپلىشىشتىن قۇتۇلالمىدى. دېمەك، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ يېزىپ ئەۋلادقا يەتكۈزۈلمىگەن قەدىمىي ۋە كۈچلۈك مىللىي مەدەنىيەتنىڭ زادىلا قىممىتى ۋە قۇدرىتى بولمايدۇ. مىللىي ئاڭنىڭ تەشكىل تېپىشى پەقەت مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جانلىق قوغدىلىشى بىلەن رېئاللىققا چىقىدۇ.

ئۆز ئالدىغا بىر قەھرىمانلىق ۋە پەزىلەت ئابىدىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئۇيغۇر داستانلىرى بىز ئېھتىياج بولىۋاتقان مەنىۋىي كۈچنى ھەسسىلەپ بەرگىدەك دەرىجىدە مۇكەممەللىككە ئىگە. دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، شۇنى ئېنىق كۆرىمىزكى، داستانلىرىمىز مىللىي ۋە تەبىئىي ئامىللار ـ تەركىپلەر جەھەتتىن باشقا مىللەتلەرنىڭ داستانلىرىدىن ناھايىتىمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. يامانلىق ۋە رەزىللىكتىن خالىي ھالدا، قەھرىمانلىق، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ۋەتەن ۋە مىللەتكە ساداقەت بىلەن كۈچ بىرىش پىكرىگە تايانغان داستانلىرىمىز ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەقىقەتنى يوغۇرۇپ چىققان بۈيۈك قىممەتلەر بىلەن تولغان. بۇ قىممەتلەرنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تونۇش ۋە يورۇقلۇققا چىقىرىش بىز ئۈچۈن مۇقەددەس بىر بۇرچ. ئۇيغۇرلارنىڭ پىكرىي ۋە سەنئەت ھاياتى پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىقلا بىز ئىنتىلىۋاتقان سەۋىيىگە يېتىشەلەيدۇ. دېمەك، داستان مىللەتنىڭ تەپەككۇر ھاياتىنىڭ جانلىنىشى ۋە مىللىي ئىرادىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ھەقىقىي بىر مەنبە ھېساپلىنىدۇ.

تارىختا نۇرغۇن شائىرلار، يازغۇچىلار، ھەيكەلتاراشلار، مۇزىكانتلار ۋە مىمارلار تەپەككۇر ۋە ئىجادىيىتىنىڭ تۈنجى ۋە ئاساسىي ماتېرىيالىنى مىفلەر ۋە داستانلاردىن ئالغان. غەرپنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بۇنىڭغا تىپىك بىر مىسال بولىدۇ. غەرپنىڭ پىكىر ۋە سەنئەت تارىخىدىكى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرگە ئايلانغان مەشھۇر شېئىر، رومان، دراما، تراگېدىيە، ئوپېرا، بالېت، رەسىم، ھەيكەل ۋە قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىجادىيەت ئىلھامى دەل داستانلاردىن كەلگەن. ئەدەبىياتنىڭ كۈچى ئارقىلىق قوزغىلىدىغان مىللىي ئويغىنىشمۇ ئەسلىدە داستاننىڭ قۇدرىتىنى تونۇش ۋە ئۇنى قېزىشتىن باشلىنىدۇ. يەكۈن شۇكى، داستان بىر مىللەتنىڭ ۋىجدان ۋە غۇرۇرىدىن بىشارەت بېرىدۇ. مىللەتنىڭ تۇيغۇ ۋە تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقى ئۈچۈن روھ ۋە كۈچ بېرىدۇ. دېمەك، ئۇ بىر مىللىي بايلىق.

**ئىزاھات:**

(1)«قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ئوغۇزنامە»، ئۇيغۇرچە، 46 ـ بەت. 1980 ـ يىلى، بېيجىڭ.

(2) «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ئوغۇزنامە»، ئۇيغۇرچە، 41 ـ 44 ـ 48 ـ بەتلەر، 1980 ـ يىلى، بېيجىڭ.

(3)م. فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، تۈركچە، 88 ـ، 89 ـ بەتلەر، 2004 ـ يىلى، ئەنقەرە.

(4) «ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈرك ئەدەبىياتى»، تۈركچە، 65 ـ بەت، 1986 ـ يىلى، ئىستانبۇل.

## 2) ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا داستان

بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۇنىڭ ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، كۇلتۇر ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى دەۋرگە ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى چوڭ جەھەتتىن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋر، دەپ ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ.
ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەسەرلىرى داستاندىن ئىبارەتتۇر. مەلۇمكى، داستان ئېغىز

ئەدەبىياتى ئىچىدە ئەڭ دىققەتنى تارتىدىغان ۋە سەنئەتلىك دەرىجىسى ئەڭ كۈچلۈك بىر تۈر. ئۇ ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ، تەپەككۇر دۇنيا قاراش، ئېتىقاد، پەزىلەت ۋە مىللىي قەھرىمانلىقىنىڭ شېئىرىي ھېكايىسى.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى داستانلارغا ئائىت يازما ھۆججەتلەر قولىمىزدا يوق، لېكىن داستان تېمىلىرىنىڭ خۇلاسىلىرىنى ۋە بەزى پارچىلىرىنى پارسچە ۋە ئەرەبچە مەنبەلەردىن تاپالايمىز. راشىدىنىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ»، جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جىھانگۇشاي»، مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇجوز زەھەب» ۋە فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» لىرىدە قەدىمكى تۈرۈك ـ ئۇيغۇر داستانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات بار.

قەدىمكى ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قولىمىزدا بار پارچىلىرى تۈرلۈك مەنبەلەردىن توپلانغان، بۇنىڭ بەزىلىرىنى ئۆزىمىزدىن يېتىشكەن ۋە باشقا مىللەتلەردىن چىققان تەتقىقاتچىلار توپلىغان؛ بەزىلىرى خەنزۇ، ئەرەپ ۋە رىم مەنبەلىرىدە ئۇچرايدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ» تىمۇ ئايرىم داستان پارچىلىرى تىلغا ئېلىنغان، بۇ داستانلارنىڭ بىر قىسمىنى مىلادى 11 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇر ئاپتورلار قەلەمگە ئالغان. تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە مىلادى 13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى مەزگىلگە ئائىت، يەنى ساك، ھۇن، كۆكتۈرك، ئۇيغۇرلارغا ئائىت داستانلاردىن تۆۋەندىكىلەر مەلۇم بولدى:

1 ـ يارىتىلىش داستانى
2 ـ ئالپ ئەرتۇڭا داستانى
3 ـ شۇ داستانى
4 ـ ئوغۇزخان داستانى
5 ـ كۆكبۆرە داستانى
6 ـ ئەرگىنەقۇن داستانى
7 ـ تۆرىلىش داستانى
8 ـ ماناس داستانى

يارىتىلىش داستانى ـ بۇ ئالەمنىڭ ۋە ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى داستاندۇر، بۇنى 19 ـ ئەسىردە رادلوف ئالتا تۈرۈكلىرى ئارىسىدىن توپلىغان. داستاندا مۇنداق مەزمۇن بار: ئالەمدە ئاۋۋال تەڭرى قايىراقان بىلەن سۇ بار ئىدى، كېيىن تەڭرى قايىراقان ئۆزىگە ئوخشاش بىر جانلىقنى يارىتىپ، ئۇنى «كىشى» دەپ ئاتايدۇ. تەڭرى كىشىگە بۇيرۇق قىلىپ تۇپراقنى يارىتىدۇ. تەڭرى يەرگە توققۇز شاخلىق بىر دەرەخ تىكىپ، ھەر ـ بىر شاخنىڭ ئاستىدا بىر ئادەمنى يارىتىپ، ئۇلارنى توققۇز مىللەت بولسۇن دەيدۇ، لېكىن تەڭرى تۇپراقنى ۋە ئادەمنى ياراتقاندا، كىشى كەينى ـ كەينىدىن ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. تەڭرى ئۇنى ئەرلىك (شەيتان) دەپ ئاتاپ، يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇ دۇنياغا سۈرۈپ، قىيامەتكىچە ئۇ يەردە تۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. ئۆزى كۆكنىڭ 17 ـ قەۋىتىدە ئالەمنى باشقۇرىدۇ. بۇ داستان قەلەمگە ئېلىنغىچە بولغان جەرياندا ھىندى، ئىران مەدەنىيىتىنىڭ ۋە شامانىزمنىڭ قىسمەن تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئالپ ئەرتۇڭا داستانى ـ بۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردە ياشىغان (ئىرانلىقلار ئارىسىدا «ئافراسىياپ» دەپ ئاتالغان) ساك ھۆكۈمدارىغا ئائىت داستان بولۇپ، داستاننىڭ ئاساسىي پارچىلىرى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدا ئۇچرايدۇ. ئالپ ئەرتۇڭا شۇ ۋاقىتتىكى تۇران ـ ئىران ئۇرۇشىدا ئىراننى كۆپ قېتىم يېڭىپ شۆھرەت قازانغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 624 ـ يىلى ئىران (مېدىيە) نىڭ پادىشاھى كىياكسارس ئۇنىڭغا قەست قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىمۇ ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك پارچىلار تىلغا ئېلىنىدۇ، ئالپ ئەرتۇڭانىڭ خاتىرىسى تۈركىي قەۋملەر ئىچىدە ئۇزاققىچە داۋاملاشقان. كۆكتۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلاردا ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ «يوغ» (دەپنە مۇراسىمى) ئۆتكۈزۈلگە، بىزەكلىك تام رەسىملىرىنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇ داستانى ـ بۇ ساكلارغا ئائىت داستان، هازىر داستاندا نامى ئاتالغان شۇنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىردە ياشىغان ساك هۆكۈمدارى ئىكەنلىگى قەيت قىلىنىۋاتىدۇ. داستاندا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى چۈشەندۈرۈلگەندىن كېيىن، ماكىدونىيەلىك ئىسكەندەرنىڭ ئىراندىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىستىلا يۈرۈشى قىلغان يۈرۈشلىرى ۋە بۇ ئۇرۇشلارنىڭ تۈركىي قەۋملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سۆزلىنىدۇ. بۇ داستانغا ئائىت مەلۇماتلار «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇچرايدۇ.

ئوغۇزخان داستانى ـ هازىر ئۇيغۇرلاردا «ئوغۇزنامە» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بۇ داستاننىڭ تېمىسى هۇن تەڭرىقۇتى باتۇرنىڭ هەربىي يۈرۈشلىرى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلغان هالدا، مىلادىي 13 ـ ئەسىرگە قەدەر بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە كۈلتۈرى هەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. داستاننىڭ ئەڭ چوڭ ئالاهىدىلىگى تۈركى قەۋملەرنىڭ دۆلەت پەلسەپىسىنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ دۇنياۋىي هاكىمىيەت چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىگىدە. 17 ـ ئەسىردە ياشىغان تۈرك ئالىمى ۋانى مەهمەد ئەپەندى ئۆز تەپسىرىدە «قۇرئان» نىڭ «ئەل كەهف» سۈرىسىدە سۆزلىنىدىغان زۇلقەرنەيىننىڭ ئوغۇزخاننى كۆرسىتىدىغانلىغىنى، بۇنىڭدا ئىككىلىنىدىغان هېچقانداق نۇقتا يوقلىغىنى بىلدۈرگەن.

«ئوغۇزنامە» داستانى ئوتتۇرا ئەسىردە باشقا مىللەتلەرگىمۇ مەلۇم بولغان، هەتتا بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ داستان ساسانىيلار دەۋرىدە پارسچىغا، كېيىن پارسچىدىن ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇ هەقتە مەملۇكلار دەۋرىدە ياشىغان مۇئەللىپلەردىن ئايبەگ ئەد ـ دەۋادەرى «دۇرەر ئۇت ـ تىجان ۋە گۇرەرۇ ئىل ـ تەۋارىخ ئىل ـ ئەزمان» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «تۈركلەرنىڭ ئىككى مۇقەددەس كىتابى بار: بىرى، ‹ئۇلۇغ خان ئاتام بىتىگ›، يەنە بىرى ‹ئوغۇزنامە› دۇر. ‹ئوغۇزنامە› نىڭ پارسچە تەرجىمىسى ئەبۇ مۇسلىمنىڭ خوراساندىكى كۇتۇپخانىسى باغداتقا كەلتۈرۈلگەن، هارۇن رەشىد ئۇنى تېپتۇرى تېۋىپ جىبرىل بۇختىيشۇغا بۇ پارسچە تەرجىمىسنى ئەرەپچىگە ئاغدۇرغۇزغان، جىبرىلنى هارۇن رەشىدكە ئاقھۇنلۇ ئوسمان تونۇشتۇرغان». لېكىن بۇ تەرجىملەر ۋە ئۇنىڭغا ئاساس بولغان تۈركچە نۇسخا دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كېلەلمىگەن. مۇڭغۇللار دەۋرىدە «ئوغۇزنامە» داستانى كەڭ يېيىلغان، دەشتى قىپچاق ۋە غەربىي ئاسىيادا بۇ داستاننىڭ هەر خىل ۋارىيانتلىرى بارلىققا كەلگەن. مۇڭغۇللار ئەزەربەيجاننى ئىشغال قىلغان چاغدا، ئابدۇلھەق ئىبىن سۇلايمانۇل ئەزەربەيجاننى مۇڭغۇل قەۋملىرىنىڭ ئاغزىدىن «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بەزى مەنقىيەلىرىنى ئاڭلاپ خاتىرىلىۋالغان، جون پائۇل روكس بۇ داستاننىڭ مۇڭغۇللار دەۋرىدىكى تەسىرى هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مانى مۇھىتىدا شەكىللەنگەن بۇ بۈيۈك ئۇيغۇر داستانىنىڭ بۇ قەدەر كەڭ تارقىلىپ مۇسۇلمان ۋە خەنزۇلارغا، هەتتا ماركوپولوغا قەدەر ئۇلىشىشى هېچ سەل قارايدىغان ۋەقە ئەمەس. بۇ داستان ئوغۇز، نايمان، ئۆڭگۈت، قالماق، ئويرات ۋە باشقا تېخىمۇ كۆپ خەلقىنىڭ داستانلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن».

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ هازىر بىزگە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى نۇسخىسى 1300 ـ يىلى تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن، بۇ نۇسخا هازىر پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ نۇسخىنى ۋ.باڭ بىلەن رەشىد رەهمەتى ئارات ئاۋۋال 1932 ـ يىلى گېرمانچە تەييارلىغان. كېيىن 1936 ـ يىلى رەشىد رەهمەتى ئارات ئۇنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ، «ئوغۇز قاغان داستانى» دېگەن نام بىلەن ئىلىم دۇنياسىغا سۇنغان. داستاننىڭ باشقا نۇسخىلىرى ئىسلامىيەت دەۋرىگە ئائىت.

كۆكبۆرە داستانى ـ بۇ داستان مىلادى 6 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرلەرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان كۆكتۈركلەرگە ئائىت ئىدى، ئۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە ئىككى رىۋايەت شەكلىدە خاتىرىلەنگەن، ئاشۇ مەنبەلەردە بۇ رىۋايەتلەرنى پۈتۈنلەشتۈرىدىغان باشقا مەلۇماتلارمۇ بار. داستاندا قوشنا ئەلنىڭ قىرغىن قىلىشىغا دۇچار بولۇپ نەسلى يوقۇلۇشقا يۈزلەنگەن كۆكتۈركلەرنىڭ قايتىدىن كۆپىيىپ كۈچىيىشىدە بىر كۆك بۆرىنىڭ ئانا بۆرە سۈپىتىدە رول ئوينىغانلىغى سۆزلىنىدۇ.

ئەرگىنەقۇن داستانى ـ بۇ كۆكتۈركلەرگە ئائىت يەنە بىر داستان، مىلادى 13 ـ ئەسىردە ئىلخانىيلارنىڭ ۋەزىرى راشىدىننىڭ ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن. داستاندا كۆكتۈركلەر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ

قىرىپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئىلخاننىڭ ئامان قالغان ئوغلى قايان (قايى) بىلەن ئىلخاننىڭ جىيەنى تۇقۇز ئىككىسى بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ، «ئەرگىنەقۇن» دېگەن جايغا يوشۇرۇنۇپ ھاياتىنى ساقلايدۇ. ئۇلار بۇ جايدا 400 يىل ياشاپ كۆپىيىدۇ، ئاندىن بۇ يەردىن چىقىپ يېڭى بىر ماكان تۇتماقچى بولغاندا، بىر تۆمۈر تاغنى ئېرىتىپ يول ئاچىدۇ. بىر كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇ يەردىن چىقىپ، دۈشمەنلىرىدىن قىساس ئالىدۇ.

تۆرىلىش داستانى ـ بۇ مىلادى 745 ـ يىلىدىن 840 ـ يىللارغىچە دەۋر سۈرگەن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت داستان، داستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلى بىر ئىلاھىي مەنبەگە باغلىنىپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. داستاندا مۇنداق مەزمۇن بار: ھۇن تەڭرىقۇتى ئىككى مەلىكىسنى تەڭرىگە ياتلىق قىلماقچى بولىدۇ، شۇڭا دۆلىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر قورغان ياسىتىپ، قىزلارنى شۇ يەردە ساقلايدۇ. نىھايەت بىر كۈنى تەڭرى كۆك بۆرە شەكلىدە كېلىپ كىچىك مەلىكە بىلەن قوشۇلىدۇ، ئۇ ئىككىسىدىن تۇغۇلغان بالىلار «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاۋازىمۇ كۆكبۆرىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە كۆكبۆرە روھى بىلەن كۆپىيىدۇ.

كۆچ ـ كۆچ داستانى ـ بۇ ئۇيغۇرلارغا ئائىت داستان، ئۇنى تۆرىلىش داستانىنىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ داستان خەنزۇ ۋە پارس مەنبەلىرىدە ئوخشىمىغان ئىككى خىل رىۋايەت شەكلىدە خاتىرىلەنگەن. ئىران تارىخچىسى جۇۋەيىنىنىڭ ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، داستاندا تىلغا ئېلىنغان ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئەسلىدە مانىنىڭ «ئىككى ئاساس» ناملىق ئەسىرىدىكى ئىككى تۈپ دەرەخكە سىمۋول قىلىنغانلىقى پەرەز قىلىنغان. ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن (ئورخۇن) دەرياسى بويلىرىدىن تېپىلغان ئابىدىلەرنىڭ بىرىدە بۇ داستاننىڭ يېزىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. «كۆچ ـ كۆچ داستانى» دا مىللەتكە ۋە ۋەتەنگە سائادەت كەلتۈرگەن بىر قىيا (قۇتلۇق تاغ) نىڭ تابغاچلارغا بېرىۋېتىلىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەيران بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

ماناس داستانى ـ بۇ داستان ھەققىدە تۈركىيە ئالىمى نىھال ئاتسىز مۇنداق دەيدۇ: «ماناس» داستانى تۈركلەر ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن تۇنجى داستان بولغاچقا، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچ ـ كۆچ داستانىنىڭ داۋامى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ داستان مىلادى 11 ـ ۋە 12 ـ ئەسىرلەردە يەتتە سۇ ۋادىسىدا مەيدانغا كەلگەن، 7 يىل ئىسلامىيەتنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان ‹ماناس› دېگەن پەۋقۇلئاددە بىر قەھرىماندىن سۆز ئېچىلىدىغان بۇ داستان شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ پۈتكۈل تۈركلەرگە ئورتاق ئىدى، كېيىنچە زور تارىخىي ۋەقەلەر بۇ داستاننى نۇرغۇن تۈرك قەۋملىرىنىڭ يادىدىن كۆتۈردى، بۈگۈن پەقەت قىرغىزلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان بۇ داستان مىلادى 19 ـ ئەسىردە قەلەمگە ئېلىنغان. مەلۇمكى بۇ داستاندا تارىخىي تۈرك داستانلىرىنىڭ ئورتاق موتىفلىرى بار، يەنى بۇنىڭ تېمىسى قەھرىمانلىق ، ئات قەھرىماننىڭ ئەڭ چوڭ ياردەمچىسى ئىدى. ئايال ئەر بىلەن تەڭداش ئورۇندا تۇرۇپ، ئەرنىڭ ۋاپادار سەپدىشى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ دائىم ئېرىگە ياخشى نەسىھەت قىلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىماسلىق ئىنساننى ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچار قىلىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدە ماناس دېگەن بىر قەھرىماننىڭ ياشىغان ياكى ياشىمىغانلىقىنى بىلمەيمىز، بەلكىم بۇنداق بىر كىشى ياشىمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ‹ماناس داستانى› دا كۆرۈلگىنىدەك، يات دىن مۇرتلىرى بىلەن كۈرەش قىلغان تۈرك قەھرىمانلىرى چىققان، ماناس دەل ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىنىڭ ياكى ھەممىسىنىڭ بىر ـ بىرلەپ مىللەت خاتىرىسىدە ئەدەبىي ۋە ئەبەدىي سىمۋوللىدۇر».

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، شائىرلارنىڭ قولىدا داستانلار يېزىلدى. بۇ داستانلار تېما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئەرەپ ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئىچىدە يەنىلا ساپ مىللىي تۇيغۇنىڭ مەھسۇلى بولغان ۋە سىرتنىڭ تەسىرىدىن خالىي نۇرغۇن ھەقىقىي داستانلار داۋاملىق مەيدانغا كەلدى. شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، تارىخىي رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي داستانلارنىڭ رېئاللىقتا يېقىنلىق نىسبىتى تۈرلۈك مىللەتلەردە ناھايىتى پەرقلىق ھالدا كۆرۈلىدۇ، تۈرك ـ ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ رېئاللىقتا يېقىنلىغى، مۇبالىغىدىنمۇ يىراقلىغى ئورخون

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئابىدىلىرىدە ئىسپاتلىنىپ كەلگەن بىر خۇسۇسىيەتتۇر.

مانا شۇ مىللىي داستانلاردا تۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن قاپىيەگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن، شۇنىڭدەك شەكلى تۆتلۈك (بوغۇم ۋەزنى) ۋە قوشاق تىپىنى ئاساس قىلغان. بەزى داستانلاردا قىسمەن ھالدا نەزمىي ۋە نەسرىي تۈرلەر ئۆز - ئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسلىدە نەزمىي ھالەتتە ئېيتىلغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ، يەنى بەزى داستانلاردا نەسرىي شەكىلدىمۇ ئوتتۇرىغا چىققان بۇ داستانلار مىللىي ۋە بەدىئىي ئامىللار جەھەتتىن باشقا مىللەتلەرنىڭ داستانلىرىدىن ناھايىتى ئۈستۈن تۇرىدۇ. يامانلىق ۋە رەزىللىكتىن خالىي ھالدا قەھرىمانلىق، ئەخلاق پەزىلەت، ۋەتەن ۋە مىللەتكە ساداقەت بىلەن كۈچ بېرىش قارىشىنى ئاساس قىلغان داستانلىرىمىز ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەقىقىتىنى يۇغۇرۇپ چىققان بۈيۈك قىممەتلەر بىلەن تولغان. شۇ ۋەجىدىن تارىخىمىزدا يارىتىلغان داستانلىرىمىز ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ۋە يېتىشتۈرۈشتە مىللىي دەرسلىك بولۇش رولىنى ئوينىغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىيات دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ داستانچىلىق داۋاملاشقان، **8** - ئەسىردە تىكلەنگەن «ئورخۇن ئابىدىلىرى» بۇنىڭ تۇنجى ئۆرنىكى. بۇ ھەقتە مەشھۇر تۈركولوگ، ئەدەبىياتشۇناس م. فۇئاد كۆپرۈلۈ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى پارچىلاردا ئىپادىلەش شۇ قەدەر جانلىق ۋە ئاھاڭدار، شۇ قەدەر سەممىي ۋە چوڭقۇر ھېسلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇكى، بۇ يەردە ناھايىتى كۈچلۈك ‹ئىجتىمائىي بىر لىرىكىزم› بىلەن ‹داستانىي بىر روھ› ئۆزىنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلدۇرىدۇ» دېسە، س. گ. كلياشتورنىي بىلەن ت. ئى. سۇلتانوۋ: «پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك ئەدەبىياتىدا خىتابەت سەنئىتىنىڭ ۋە ئەسىرلەر بويىي ئوتتۇرىغا چىققان قەھرىمانلىقلارنى تىما قىلغان ئاغزاكى داستانلارنىڭ ئەنئەنىۋىي شەكىللىرىنى ساقلىغان سىياسىي نەسر تۈرىنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق پارلاق ئۆرنىكى يوقتۇر» دەپ تەرىپلىگەن. جون پائۇل روكس بولسا: «خېلىلا ناچار بىر شەكىلدە يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما داستانىي ۋە شائىرانە ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر خىل ئەدەبىي ئەسەر خاراكتېرىنى ئالغان بۇ تېكىستلەر دىنىي تەمسىللەر، ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە دىنىي ئىدېئولوگىيە تېمىسىدا كەسكىن بىلىملەرنى بەرگەن» دەيدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر نۇقتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۈركىي قەۋملەرنىڭ تارىختىكى كۆپ قېتىملىق كۆچۈش ۋە يۆتكىلىشى، ئاتلىق ۋە جەڭگىۋار تۇرمۇش شەكلى، بولۇپمۇ قەھرىمانلىقنى تېما قىلغان داستان ئەدەبىياتى ئۇلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ساھەسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. پوتانىن ئىسىملىك بىر رۇس ئالىمى تۈركىي قەۋملەر ۋە مۇڭغۇللارنىڭ داستانلىرىنى «شىمالىي ئاسىيا داستانى» دېگەن نام ئاستىدا مۇستەقىل ۋە بىر پۈتۈن ھالەتتە تەتقىق قىلىپ، «ئوتتۇرا ئەسىر ياۋرۇپا داستانىدا شەرق تېمىلىرى» دېگەن نام بىلەن **1899** - يىلى نەشر قىلغان چوڭ ھەجىملىك مۇھىم ئەسىرىدە ئۇلارنى ياۋرۇپانىڭ داستانلىرى بىلەن سېلىشتۇرغان ھەمدە بۇنىڭ غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا مىللەتلىرىگە، ھەتتا يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان. فۇئاد كۆپرۈنىڭ قارىشى مۇنداق: «سلاۋىيانلار، فىنلەر، گېرمانلار ۋە فرانسۇزلارنىڭ قەدىمكى خەلق ئەدەبىياتىدىكى داستانى - ئېپوسلۇق موتىفلارنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى تۈركىي قەۋملەر ۋە مۇڭغۇللارغا ئائىت ئىدى، مەركىزىي ياۋرۇپا مىللەتلىرى ياراتقان داستان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسلىرىنى قۇرۇش رولى مۇشۇ شەكىل بىلەن ئاتىللا ھۇنلىرىغا باغلانغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاتىللا ۋە ئاتىللا ھۇنلىرىنىڭ ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى داستان ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى شۇ قەدەر زوركى، بەزى گېرمان ئەدەبىياتى تارىخچىلىرى ئۇنىڭ گېرمان داستانىدىكى ئەھمىيىتىنى يۇنان داستانىدىكى ‹ئاگامېننون› غا ئوخشىتىدۇ. رۇسلارنىڭ مىللىي داستانى بولغان **12** - ئەسىرگە ئائىت ‹ئىگورنىڭ سەپىرى› دېگەن ئەسەر ئومۇمەن روسلارنىڭ قىپچاقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ داستاندىكى تۈرك تەركىبلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى ، ھەتتا ئۇنىڭدا بىر يۈرۈش تۈركچە سۆزلۈكلەرنىڭ بارلىقى ھازىر ئېنىق مەلۇم بولدى. شەرقىي جەنۇبىي ياۋرۇپا مىللەتلىرىنىڭ ، يەنى سىربلار، يۇنانلىقلار ۋە باشقىلارنىڭ بۇ خىل ئەسەرلىرىدىمۇ يەنە تۈركىي قەۋملەرنىڭ ناھايىتى چوڭ تەسىرى بولغان. مانا بۇلار تۈرك داستانلىرىنىڭ ئومۇمەن ئالەمشۇمۇل ئەھمىيىتى ۋە بۇ خۇسۇستا

تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىگى ھەققىدە پىكىر بىلدۈرۈشكە يېتەرلىكتۇر».
بىز توختىلىۋاتقان دەۋرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا داستانلاردىن باشقا يەنە مەرسىيە، قوشاق، ماقال ـ تەمسىللەر ياكى پەندى ـ نەسىھەتلەرمۇ بار ئىدى، بۇ جەھەتتە مەھمۇد كاشغەرىي تىلغا ئالغان ئالپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى مەرسىيەلەر ۋە ھۇن ئېمپىراتورى ئاتىللانىڭ ئۆلىمىدە ھۇن شائىرلىرى ئوقۇغان مەرسىيەلەرنى ئەسلەش يېتەرلىكتۇر. خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن ھۇنلارنىڭ «ئالچى تېغى قوشغى» ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي نەزم ئۇسلۇبىمىز بولغان تۆتلۈك شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققان، يەنە ئاشۇ ئۇسلۇپتا مىلادىي 5 ـ ۋە 6 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت «يايلاق شېئىرلىرى» دېگەن نام بىلەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «تېلى ـ تۈرك قوشغى»، «بەگقۇلى ھەققىدە قوشاق» تىمۇ قەھرىمانلىق، مۇھەببەت ۋە تەبىئەت تېمىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ شېئىرلار تۇيغۇ ـ ھېسسىيات جەھەتتە ناھايىتى كۈچلۈك، پىشقان ۋە گۈزەل ئەدەبىي ئەسەرلەردۇر. بۇ دەۋرگە ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر ۋە پەندى ـ نەسىھەتلەردىن ھازىرچە بىزگە تۇرپان تېكىستلىرىدىن 28 پارچىسى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دىن 298 پارچىسى مەلۇم بولدى. يەنە ھازىرچە بىز تونجى ئۇيغۇر شائىرىنىڭ مىلادى 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان قوغۇرسۇ ئالتۇن ئىكەنلىگىنى بىلدۇق، بەزى مەلۇماتلاردا «تېلى ـ تۈرك قوشغى» نىڭ ئۇنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىگى تىلغا ئېلىنىدۇ.
مەنبە: ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى

## يۈسۈپ غەرىبى، ئىبنى يۈسۈپ جۇبەيرى ئىبن پەتەنۇش

يۈسۈپ غەرىبى (1864 — 1940) نىڭ تولۇق ئىسمى ئىبنى جۇبەيرى ئىبنى پەتەنۇش غەرىبى بولۇپ، قۇمۇلدا ياشاپ ئۆتكەن. شائىر قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا بىر مەزگىل مەنسەپدار بولغان، يەنە ئەمچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.
شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن كۈچلۈك دەۋر پۇرىغى چىقىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ بەزى شېئىرلاردا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى، ھىجران، پىراق ۋە سېغىنىش كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تۇتاشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

www.uyghurkitap.com



# 2 . مۇھىم قوشۇمچىلار

## 1) ئۇيغۇرلاردىكى ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى

### (1) ئىسىملارنى تاللاش

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىمۇ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ باشقا مەدەنىيەتلىرىگە ئوخشاشلا ئەڭ دەسلەپكى چارۋىچىلىق دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇ چاغدىكى بوۋاقلارغا قويىلىدىغان ئىسىملار بىرىنچى دەۋر ئىسىملىرى ھېساپلىناتتىكەن. يەنى ھامىلدار ئايالنىڭ ئاي كۈنى توشۇپ كۆزى يورىغاندا يېنىدىكى تۇغۇت ياردەمچىسى (تۇغۇت ئۇستىدە تۇرغان كىشى) كۆزىگە تۇنجى قېتىم كۆرۈنگەن نەرسىنىڭ ئىسمىنى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ئىسىم قىلىپ قويغان ئىكەن. مەسىلەن: پالتا، تۆمۈرئا، چاۋار، سۆپۈرگە، ناۋات، شىكەر، ئالتۇن، تىللا، ياقۇت... دېگەنلەرگە ئوخشاش. كېيىنچە ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «ئاخۇن» ، «خان» قوشۇمچىسى ئۇلاپ پالتاخۇن، تىللاخان،،، دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان ئىكەن. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئىسىم تاللاش ئىككىنچى دەۋرگە قەدەم قويغان بولۇپ، ئۇ دەۋردە پەيغەمبەرلەرنىڭ، ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە ئىسلامغا دائىر كىتاپلاردا تىلغا ئېلىنغان ياخشى ئىسىملارنى قويۇش باشلانغان . مەسىلەن : مۇھەممەت ئېلى، قادىر، يۇسۇپ، داۋۇت، بۇۋىھەجەر، بۇۋى خەلچە، پاتىمە، زۆھرە، ئايشەم، ئىسلام، بۇۋى مەريەم، يۇنۇس، شەمسى، قەمەر، ئاي، يۇلتۇز، ئىدرىس، ئىسرائىل، ئىسراپىل، خۇدا بەردى، ئاللا بەردى، ئەلى، ئىبراھىم، ئابدۇرەھمان، ئابدۇمۆمىن، ئابدۇروسۇل، .... قاتارلىقلار. كېيىنچە ئىسىملارنىڭ كەينىگە قوشۇمچە گۈل، جان، خان، قىز، قارى، ھاجى، تۆرەم، غوجام، خېنىم... قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن: پاتىگۈل، پاتەمخان، زۆھرەگۈل، زورىخان، مەريەمگۈل، مەريەمخان، پاتى خېنىم، ئاتى خېنىم، قاسىمجان، ھاشىمجان، مۇختەرجان، مەھمۇتجان، يۇسۇپھاجى، مەمتاجى، ئەكبەرھاجىم، مامۇت تۆرەم... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. ھەم يەنە يۇرت مۆتىۋەرلىرى، مەسچىت ئىماملىرى، مەزىنلەر، قازىلار... قاتارلىقلارنىڭ مەنسەپ-دەرىجىسى بىلەن قوشۇپ ئاتايدىغان ئادەتمۇ بولغان. مەسىلەن؛ سەمەتخان مەخسۇم، قازى ھاجىم، يۇنۇس قارى، ياسىن قارىم، تۇرسۇن مەزىن، سادىقبەگ، سىدىقھاجىم، ئابلا غوجى، داۋۇت يۈز بېشى، ئاۋۇت بېگىم... دېگەنلەرگە ئوخشاش...

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» باشلىنىپ دىيارىمىزمۇ جىددىچىلىككە چۆمگەن، كۈرەش كەسكىنلەشكەن شۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم تاللىشى ئۈچىنچى دەۋرگە قەدەم قويۇپ، مەيلى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق بولسۇن ۋە ياكى تۇغۇلغىنىغا بىر نەچچە يىل بولغان بولسۇن بالىلارنىڭ ئىسىملىرىنى جۈرئەت، غەيرەت، دولقۇن، مەدەنىيەت، جۇشقۇن، شىجائەت، قەيسەر، باتۇر، ئەنۋەر، ئەركىن، كۈرەش، قاۋۇل، ئەزىمەت، ئۆركەش، مۇرات، ئازات، مۇنەۋۋەر، دىلنۇر... قاتارلىق ئىسىملارنى قويغان ئىكەن. قىزلارغا بولسا گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ۋە گۈللەرنىڭ ئىسىملىرىنى تاللاپ قويۇپ، گۈلزار، گۈلنار، گۈلباھار، گۈلچېھرە، گۈلمىھرە، گۈزەلنۇر، ئاينۇر، ماينۇر، رەيھانگۈل، زەيتۇنگۈل، تاجىگۈل، چىمەنگۈل،

ئامانگۈل، رىزۋانگۈل، مېھرىگۈل... دەپ قويغان. 1990 ـ يىلدىن كېيىن ئىسىم تاللاشتا يەنە بىر بالداق ئىلگىرلەپ «تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن» ئىسىملار ئوتتۇرىغا چىقىپ مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان، قايسى مىللەتكە ياكى قايسى دۆلەتكە تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان ئىسىملارنى قويۇش ئەۋج ئالغان.

ھازىرقى دەۋردە بولسا بىلىملىك، ئەقىللىق، ساپالىق كىشىلىرىمىز، بالىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تاللىغاندا مەخسۇس كىتاپ ئاختۇرۇپ، مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئەستايىدىل ئويلىشىپ، كەلگۈسىدە بىر جەمەتكە فامىلە بولالىغۇدەك ياخشى ئىسىملارنى تاللاپ قويۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئېلتەبىر(ئىلىملىك، تەدبىرلىك)، ئېلزاد (ئىلىملىك زات)، ئېرشات (يېتەكلىمەك، توغرا يولغا باشلىماق)، ئېلنۇرى(نۇرانە ئىلىم)، ئىقبال (راۋاج تاپماق)، سەئىد (تەلەيلىك)، سابىر (چىداملىق، ئىرادىلىك)، ئىسمەت (خاتالىقتىن يىراق تۇرۇش)، فەيسەل (قازى، گۇۋاھچى)، رەشىدە (ئەقىللىق ئايال)، سەبىخە (گۈزەل ئايال)، نۇرجاھان (جاھاننىڭ نۇرى) ... قاتارلىقلار.

## (2) ئىسىم قويۇش قائىدىلىرى

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بوۋاقلارغا ئىسىم قويۇشتا ئالدى بىلەن شۇ دەۋردىكى ئىسىم تاللاش ئۇسلۇبىغا ئاساسەن ئۆزى ياقتۇرغان، ياكى شۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىرىغا ماس كېلىدىغان، ھەم قاپىيىلىك بولغان ئىسىملارنى تاللاپ تەييارلىۋالىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ مەسلىھەت قىلىشى بىلەن مۇۋاپىق دەپ قارىغان ئىسىملارنى تاللايدۇ، تۇغۇلغان بوۋاق قىز بولسا ئانىسىنىڭ، ئوغۇل بولسا دادىسىنىڭ ئىسمىغا ماسلاشتۇرىدىغانلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇمكىن قەدەر ئەر تەرەپنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئىسىم قويۇشنى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 2 ـ 3 كۈن ئىچىدە تاماملايدۇ. ئىسمىنى بوۋاقنىڭ دادىسى ئۆزى قويىدۇ، ئەگەر بىلمىسە ئاتىسىنى ياكى شۇ يۇرتتىكى ئۆلىما كىشىدىن بىرنى چاقىرىپ ئىسىم قويۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئىسىم قويغاندا ئالدى بىلەن ئىسىم قويۇپ بەرگۈچى مۇكەممەل تاھارەت ئېلىپ (ياكى بوي تاھارەت ئېلىپ)، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن جايناماز دا تۇرۇپلا بوۋاقنى يۆگەك بىلەنلا قولىغا ئېلىپ، ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ، ئاندىن تەييارلىغان ئىسمىنى ئاتاپ «بۈگۈندىن باشلاپ ئىسمىلىرى ** بولسۇن» دەپ سۈفلەپ جاينامازغا بىر دۈملىتىپ ئېلىپ ئائىلە چوڭلىرىغا بېرىدۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن بوۋاقنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىشقا باشلايدۇ. بۇ كۈنى «ئات تويى» دېيىلىپ، بۇ مەرىكىگە ئىككى تەرەپنىڭ دادىلىرى، تاغىلىرى ھەم ئانىلىرى قاتنىشىدۇ. شۇ كۈنى مىجەز ـ خارەكتېرى ياخشى، ئېسىل پەزىلەتلىك بىرسى بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇپ بېرىدۇ. ئېغىزلاندۇرۇش _ تۇنجى قېتىم ئېغىزىغا تاماق سېلىش بولۇپ ئۇيغۇرلاردا ئېغىزلاندۇرغۇچى ئېغىر ـ بېسىق كىشى بولسا بوۋاقمۇ تولا گەپ قىلمايدىغان چوڭ بولىدۇ، ئەگەر ياخشى مىجەزلىك ئادەم ئېغىزلاندۇرسا بوۋاقمۇ ياخشى مىجەزلىك ئادەم بولۇپ يېتىشىدۇ، دەيدىغان ئېرەملىك قائىدە بار.

بوۋاق تۇغۇلۇپ 7 كۈن ئىچىدىكى خەيرلىك بىر كۈننى تاللاپ، مەخسۇس «ئات تويى» قىلىپ مەرىكە ئۆتكۈزىلىدۇ. مەرىكىگە ئائىلە ئەزالىرى، ئىككى تەرەپ يېقىن تۇققانلار، ئەڭ يېقىن بۇرادەرلەر، يېقىن ھەقەمسايىلار، مەھەللە ئۆلىمالىرى قاتنىشىپ بوۋاق ئوغۇل بولسا ئىككى قوي، قىز بولسا بىر قوي سويۇلۇپ، خەتمە ـ قۇرئان ئوقۇلۇپ، بوۋاقنىڭ ئامان ـ ئېسەن، ساغلام چوڭ بولىشىنى، يارامىلىق، بىلىملىك ئۆسۈپ يېتىلىشىنى، كەلگۈسىدە بەخت ـ تالەيلەك بولۇشنى ئاللاھتىن تىلەپ دۇئا تەگبىرلەر ئوقۇلىدۇ. بۇ مەرىكە «ھېقىق چېپىي مەرىكىسى» دېيىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا «قىرىق سۈيى» قۇيۇلىدۇ. بوۋاقنى قىزنىڭ ئانىسى داسقا ئۇدۇل تۇتۇپ بېرىدۇ، ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئىلمان سۇ بىلەن بوۋاقنى يۇيىدۇ. مەھەللىدىكى ئۇرۇق - تۇققان ۋە خوشنىلارنىڭ 7 ياشتىن تۆۋەن باللىرىدىن 7 بالىنى چاقىرىپ كىرىدۇ، باللار بولسا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان «ئېرەملىك سۇ» دىن 7 قوشۇقتىن بوۋاقنىڭ ئۇستىگە «يۇۋاش، يۇۋاش،،،» دەپ تۆرۈپ قۇيۇپ بېرىدۇ. بوۋاقنىڭ «قىرىق سۈيى» قۇيۇلۇپ يۆگەككە يۆگەپ ياتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن سۇ قۇيغان باللارغا بىر داندىن كىچىك مايلىق توقاچقا ئازراقتىن ھالۋا سۈركەپ تارقىتىپ بېرىلىدۇ. «ئېرەملىك سۇ» نى ئوغۇل بوۋاق ئۈچۈن 7 خىل مۇئىلىك دەرەخنىڭ ئۇششاق شېخىدىن بىر تالدىن، ئەكىرىپ يۇيۇۋېتىپ، قايناق سۇغا چىلاپ ئىلمان ھالەتكە كەلتۈرۈپ تەييارلايدۇ. بۇ شۇ بوۋاق چوڭ بولغاندا ئەۋلاتلىق بولسۇن، 7 پەرزەنت كۆرسۇن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بوۋاق قىز بولسا «ئېرەملىك سۈيى» ئالتۇن، ناۋات قاتارلىقلارنى چايقاش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەد قىزىم ئالتۇندەك ئەتىۋارلىق بولسۇن، ناۋاتتەك تاتلىق بولسۇن... دېگەنلىكتۇر.

## (3) ئەكىلەتمە ئىسىم بىلەن ئاتاش

ئۇيغۇرلاردىمۇ ئەكىلەتمە ئىسىم قويلىنىش ئادىتى بار بولۇپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئوماقلىرىغا ئامراقلىقى كېلىپ ئاتىۋالغان قوشۇمچە ئىسىملىرى بارا بارا سىرتلاردىمۇ شۇنداق چاقىرىپ قېلىش ئارقىلىق باشقىلار تەرىپىدىنمۇ شۇ خىل ئەكىلەتمە ئىسىم بىلەن چاقىرىش ئادەت بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەكىلەتمە ئىسىملار كۆپىنچە ھاللاردا چالا ئىسىم، مەنىسىز ئىسىملاردىن ئىبارەت بولۇپ؛ مە خېنىم، ئىبا خېنىم، ئانا خېنىم، گۈل خېنىم، ئاي خېنىم، ئاپپاق، ئاي، خان، گۈل، ئەبەي قارى، نۇرھاجىم، قارىم، مىنەقىز، بۇچەم، ئىننەجان... دېگەندەك ئىسىملارنى سىڭدۈرۈپ قويىدۇ.

## (4) لەقەم بىلەن ئاتاش

لەقەم بىلەن ئاتاش بۇرۇندىن بار ئادەت بولۇپ بىر يۇرتتا ياكى بىر مەھەللىدە ئىسىمداش ئادەملەر كۆپرەك بولسا ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ كەسپى، ھۈنىرى، ئالاھىدىلىگى، مىجەز - خارەكتېرى ۋە ئەيىپ - نوقسانلىرىغا ئاساسەن لەقەم قويۇلۇپ، شۇ لەقەم ئاشۇ كىشىگە ماس كەلگەن بولسا ھەممە جامائەت ئۇ لەقەمنى قوبۇل قىلغان بولسا شۇ ئادەمنى باشقىلارمۇ لەقىمى بىلەن ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: مۇرات ئىسىملىك بىرسى رەخت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسا «مۇرات گەزمال» دېگەن لەقەمنى بىرسى قويغان بولسا باشقىلارمۇ ئۇنى شۇ لەقەم بىلەن ئاتاشقا باشلايدۇ. پەرھات ئىسىملىك بىرسىنىڭ بويى ئادەتتىكىدىن ئېگىزرەك بولسا «پەرھات شوتا»، تۇرسۇن ئىسىملىكنىڭ قولى سۇنۇپ مايماقراق ساقىيىپ قالغان بولسا «تۇرسۇن چولاق»، بارات ئىسىملىك بىرسى ئىنتايىن پىخسىق بولسا «بارات بېخىل»، ھاشىم ئىسىملىك بىرسى ئاقساپ ماڭىدىغان بولسا «ھاشىم توكۇر»، داۋۇت ئىسىملىكنىڭ ساقىلى جىغراق بولسا «داۋۇت ساقال»..... دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ.

قىز - ئوغۇللارغا ۋە ئەر - ئاياللارغا ئورتاق قويىلىدىغان ئىسىملار كۆپ بولۇپ، بەزى ئىسىملارنى ئەرگىمۇ ئايالغىمۇ قويغىلى بولىدۇ. ئىسىم قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىقلا بىر ئىسىمنى ئەرلەرگە ياكى ئاياللارغا خاس ئىسىم دەپ ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: «ئىسلام» دېگەن ئىسىمغا «خان» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ «ئىسلامخان» دەپ ئاياللارغا قويۇلسا، «جان» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «ئىسلامجان» دەپ ئەرلەرگە قويۇلىدۇ. «زۇنۇن» دېگەن ئىسىمغا «قىز» قوشۇمچىسى قوشۇپ

«زۇنۇنقىز» دەپ قىزلارغا قويۇلسا، «ئاخۇن»
ياكى «قارى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ ئوغۇللارغا ياكى ئەرلەرگە قويىلىدۇ.....

# 2) ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇغ تۇغقان نامىلىرى

ئىمىن تۇرسۇن

(مەرھۇم ئۇيغۇر ئالىمىمىزنىڭ ياتقان جايى ئۇجماغدا بولسۇن)

بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۇزاق ئۆتمۈشتەئانىلىق ئۇرۇغداشلىق جەمىيىتىدىلا ئۇيا ـ قاياش، تۇركۈن، بوي ـ سوي بولۇپ تەشكىللەنگەندىلا ئۇرۇغ ـ جەمەتلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ناملار بىلەن ئاتاپ پەرقلەندۇرگەن. قانداش ـ تەگداش، بوي ـ ئايماقلار قوشۇلۇش ـ ئارىلىشىش نەتىجىسدەئۇلارنىڭ سۆز ـ نامىلىرى بىر ـ بىرىگە سىڭىشكەن. تىل تۇغقانچىلىغى بولغان ئەل ـ ئەلەتلەر تىللىرىدائۇرۇغ ـ تۇغقانلانلارنىڭ ئاتلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن ئورتاقلاشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىۋىگە كىرگەن ئەل ـ ئەلەتلەر مۇرەككەپ ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان، كۆچۈپ يۈرگەن ماكانلىرى كەڭرى بولغاچقا، ئۇيا قاياشلارنىڭ ئاتىلىشىدا بەزى پەرقلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن. مەسلەن، قەشقەر ـ خوتەن رايونلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تۇغقان ئاتا ـ ئانىلىرىنى مادادا ـ ئانا دېسە ، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى رايۇنلىرىدا ئومۇمەن ئاتا ـ ئاپا دەيدۇ. لېكىن ھەممە رايۇنلاردا جۈپلۈك سۆز قىلىپ قوللانغاندا دادا ـ ئاپا ياكى ئاتا ـ ئاپا دېمەي ئاتا ـ ئانا دەيدۇ. ئۆزىدىن چوڭ قىز قېرىندىشىنى ھەممە رايۇنلاردا دېگۈدەك ئاچا دەيدۇ. پەقەت تۇرپان رايۇنىدىلا «ئايلا» ، كېرىيەدە «ئاپا» ، ئىلىدا «ھەدە» دەيدۇ . «ئاپا» سۆزى ئوغۇز ـ قارلۇقلاردىن قالغان سۆز.«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يېزىلىشچە «ئەچە» (ئاچا) — بۇ سۆز «ئەگە»مۇ دېيىلىدۇ. گاھىدا«ئەگە»بىلەن«ئەچە» قوش سۆز قىلىنىپ «ئەگە ـ ئەچە»—ئېگىچە دېيىلىدۇ. ياغمىلار بۇنى «ئەزە» دەيدۇ. ئىلى رايۇنىدىكى ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان «ھەدە» سۆزى ئېھتىمال «ئەزە» دىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

قەدىمقى ۋەسىقە، كىتاپ ۋە ئابىدىلەردىكى ئۇرۇغ ـ تۇغقان ئاتلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا كەڭرەك ئىستىمال قىلىنىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتلىرىنى توپلاش ۋە خەلق ئارىسىدا كەڭرەك ئىستىمال قىلىنىدىغان تۇغقانچىلىق نامىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش زۆرۈرىيتى تۇغۇلدى. ئادەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ سىنخرونىك جەھەتتىن يەتتە «يەتتە پۇشتى»، دىئاخونىك جەھەتتىن«يەتمىش پۇشتى» دەيدۇ. «پۇشت» — ئەۋلاد دېگەن مەننىنى بىلدۈرىدۇ. قازاقلاردا «يەتتە ئاتا» نى بىلىش زۆرۈر شەرت ھېساپلىنىدۇ.

ئادەتتە «جەمەت» سۆزىنى «بوي» ئورنىدا ئىشلىتىپ، «ئاتا جەمەت»، «ئانا جەمەت» دەپ ئاتايمىز. ئەسلىدە بۇ «ئاتا بويان»، «ئانا بويان» دېيىلسە ئۇنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى ئېنىقلاش ۋە بىر ـ بىرىگە باغلاشقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. «جەمەت» جامائەتتىن ئىخچاملانغان بولۇپ، «توپ» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «بويان» بىر بويدىن تارالغانلار دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارنى «ئاتا بويان»، «ئانا بويان» دېگەن تارماقلار بويىچە قېلىپلاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئاتا بويان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


7 ـ ئاتا—ئاغۇن(ئۇلۇغ ئەجداد)
6 ـ ئاتا—قاك بابا
5 ـ ئەجۇم بابا
4 ـ بابا
3 ـ دادا(بوۋا)
2 ـ ئاتا—ئاتا(مەننىڭ ئاتىسى)
1 ـ ئاتا ـ مەن يەنى بالا(ئۇر ـ پەرزەنت) نىڭ ئاتىسى
2 ـ بالا
3 ـ نەۋرە
4 ـ ئەۋرە
5 ـ چەۋرە
6 ـ پەينەۋرە
7 ـ كۇكۇنەۋرە
ئاتا تەرەپ تۇغقانلار
باباغا ـ بابانىڭ ئاغىسى—چوڭ بوۋا
باباغى ـ بابانىڭ ئىنىسى—كىچىك دادا
دادا—ئاتىنىڭ ئاتىسى، چوڭ دادا(ئاتا ـ ئوغۇز قىپچاق تىلدا دادا دېيىلدۇ)
داداغا—دادىنىڭ ئاغىسى—چوڭ دادا
دادغانا ـ دادىنىڭ ئاغا ـ ئىنىلىرىنىڭ خوتۇنلىرى
ئاتا—ئۆزىنىڭ تاپقان ئاتىسى
ئاتاغا—ئاتىنىڭ ئاغىسى—چوڭ ئاتا
ئاتاغى ـ ئاتىنىڭ ئىنىسى—كىچىك ئاتا
ئاپاغا/ئاپاغى—ئاتىنىڭ ئاچا سىڭىللىرى—ھامما(ھامما ئەرەبچە سۆز ئەممە دىن ئۆزگەرگەن)
ئۇر ـ پەرزەنت(ئوغۇل ئۇر، قىز ئۇر)
ئاغا ـ ئاكا/ئىنى ـ ئۇكا—بىر تۇغقان قېرىنداشلار.
ئاچا ـ ئېگىچە(ئاپلا ـ ھەدە)/سىڭىل ـ قىز ئۇكا—بىر تۇغقان قىز قېرىنداشلار.
يەڭگە—ئىنىغا نىسبەتەن ئاغىنىڭ خوتۇنى.
نەۋرە(ئەسلىدە ئوغۇل نەۋرە تۇرۇن، قىز نەۋرە «يىگەن» دەپ ئاتالغان. نەۋرە ئەرەپچىدىكى«نەبىرە» دىن ئۆزگەرگەن.
نەۋرىداش—تۇرۇنداش—ئىككى تۇغقان
ئەۋرە—نەۋرىنىڭ بالىسى
ئەۋرىداش—ئۈچ تۇغقان.
چەۋرە—ئەۋرىنىڭ بالىسى.
چەۋرىداش—تۆت تۇغقان.
پەينەۋرە—چەۋرىنىڭ بالىسى
پەينەۋرىداش ـ بەش تۇغقان
كۇكۇنەۋرە ـ پەينەۋرىنىڭ بالىسى
كۇكۇنەۋرىداش—ئالتە تۇغقان

ئاتا بويانىدىن تارالغانلار ئاتا قاياش، ئاغا قاياش، ئىنى قاياش. ئاچا قاياش، سىڭىل قاياش دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتىلىدۇ
ئانا بويان
7 ـ ئانا ـ ئۆگە موما.
6 ـ ئانا—ئەجۇم موما
5 ـ ئانا—بوي موما
4 ـ ئانا—ئۇلۇغ موما
3 ـ ئانا ـ موما
2 ـ ئانا ـ ئانا(مەنىنىڭ ئانىسى)
1 ـ ئانا ـ مەن يەنى بالا(ئۇر ـ پەرزەنت) نىڭ ئانىسى
2 ـ بالا
3 ـ نەۋرە
4 ـ چەۋرە
5 ـ ئەۋرە
6 ـ پەينەۋرە
7 ـ كۈكۈنەۋرە
ئانا تەرەپ تۇغقانلار
موماغا ـ مومانىڭ ئاغىسى
موماغى ـ مومانىڭ ئىنىسى
ئېگە موما—مومانىڭ ئاچىسى
ئىجى موما—مومانىڭ سىڭلىسى
ئانا ـ ئۆزىنى تۇغقان ئانىسى
ئاناغا—ئانىنىڭ ئاغىسى—چوڭ ئاتا
ئاناغى ـ ئانىنىڭ ئىنىسى—كىچىك تاغا
تاغانا(تاغا ـ ئانا)—تاغىنىڭ خوتۇنلىرى
كۆكۈي—ئانىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى(چوڭ كۆكۈي، كىچىك كۆكۈي ).
كۆكۈياتا ـ ئانىنىڭ ئاخچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئەرلىرى
چىقان—كۆكۈينىڭ ئوغلى
سويان—كۆكۈينىڭ قىزى
قىز:
نەۋرىدىن كۈكۈ نەۋرىگىچە.
ئانا بوي نەۋرە، ئانا بوي ئەۋرە، ئانا بوي چەۋرە، ئانا بوي پەينەۋرە، ئانا بوي كۈكۈنەۋرە.
كېلىن ـ ئوغۇلنىڭ خوتۇنى
قېيىن بويان
قۇدا—ئوغۇل ـ قىزلىرى تويلاشقان ئاتا ـ ئانىلار.
قايچىقۇدا ـ قوش قۇدا—بىر كىم قىزىنى ئىككىنچى بىركىمنىڭ ئوغلىغا بەرسە، ئىككىنچى بىركىممۇ قىزىنى شۇ كىشىنىڭ ئوغلىغا بەرسە ياكى قۇدا ئۈستىگە قۇدا بولسا قايچىقۇدا بولىدۇ.
قېيناغۇن—قېيناتا ـ قېينانىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


قېيناتا—ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرگە نىسبەتەن ئاتىلىرى.
قېينانا—ئەرخوتۇننىڭ بىر ـ بىرگە نىسبەتەن ئانىلىرى.
قېيناغا ـ ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرگە نىسبەتەن ئاغىلىرى
يۇرچ ـ قېيىننى—ئەر خوتۇننىڭ بىر ـ بىرگە نىسبەتەن ئىنىلىرى
بالتىر—قېيناچا ـ ئەر خوتۇننىڭ بىر ـ بىرگە نىسبەتەن ئاچىلىرى.
بالدىز ـ قېينسىڭىل ـ ئەر خوتۇننىڭ بىر ـ بىرگە نىسبەتەن سىڭىللىرى.
كۈيوغۇل—قىزنىڭ ئېرى.
توڭۇر ـ ئەرگە نىسبەتەن خوتۇن تەرەپتىن بولغان تۇغقانلار، يەنى خوتۇننىڭ قېرىنداشلىرى.
باجا ـ ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئەرلىرى.
يەزنە—ئاچىنىڭ ئېرى
بۇلاردىن باشقا يېقىن ـ يورۇقلارنىڭ ۋە ھەرخىل مۇناسىۋەتلىكلەرنىڭ مەخسۇس ئاتىلىرى بار:
قايداش—ئاتا بىر، ئانا باشقا بىر تۇغقان.
ئىگداش—ئانا بىر، ئاتا باشقا بىر تۇغقان.
ئىككىزەك ـ قوشكېزەك—بىر قوساقدىن تۇغۇلغان ئىككى بالا.
قايلىق ـ بويىغا يەتكەن قىز، بۇنىينچىك قىزدەيمۇ ئاتايدۇ.
ئەتەگە ـ ئەتكە—باققۇچى ئاتا.
ئىنەگە ـ باققۇچى ئانا.
ئۆگەي ـ قاڭسىق ـ ئاتا ـ ئانىدىن بىر تەرەپ بىللە ئېلىپ كەلگەن بالا. بۇ بالىغا نىسبەتەن ئۆگەي ئاتا ـ ئانىدىن بىر تەرەپمۇ ئۆگەي دېيىلىدۇ.
تۇ تۇنچۇ—تۇتۇنغان، ئاتا ياكى ئانا ئانا تۇتقان، شۇنىڭدەك بالىغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.
تۇ تۇنچۇ ئاتا، تۇ تۇنچۇ ئانا، تۇتۇنچۇغۇل، تۇ تۇنچۇ قىز.
تۇل ـ ئەرسىز خوتۇن.
بويتاق—خوتۇنسىز ئەر.
قودۇز ـ چوكان، جۇۋان،سېكىلەك ,ئەرگە تەككەن ياش ئايال.
چوكان ـ يېڭى پوتلا چىقارغان تال ـ سۆگەت.
جۇۋان ـ پارسچە يىگىت مەنىسىدىكى سۆز،بۇ سۆز كۆچمە مەنىدە ياش ئايالغىمۇ ئىشلىتىلگەن.
يوفغا—يۇۋغا—ئاسراندى،ئاسراپ قېلىنغان
يېتىم—ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بالا.
قارا يېتىم—ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالا.
ئوبۇشقا—قېرى ئەر.
ئوراغۇن—قېرى خوتۇن.
كىشى ـ ئەرگە نىسبەتەن ئۆز ئايالى ۋە ئايالغا نىسبەتەن ئۆز ئېرى
ئېمىلداش—بىر ئانىنى ئەمگەن ئۇرۇغ ـ تۇغقان بالىلار.
كۆكۈلداش—ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىقى يوق بالىلاردىن بىر ئانىنى ئەمگەنلەر.
تۇركۇن—ئائىلە ،ئۇيا ـ قاياشتىن ئايرىلىپ چىقىپ.ئايرىمۇي ـ ئوتاققۇرغانلار.شۇنىڭدەك بىر فامىلىنى تەشكىل قىلغانلار.شۇڭا بۇ سۆزنى (ئائىلە مەنىسىدە ئەمەس )فامىلە ئورنىدا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.
قاڭداش—ئەجدادى بىر بولغانلار.
بويداش—بىر بوي(قەبىلە)دىن بولغانلار.

ئاغۇن—يىلتىزى ئىپتىدائىي جەمىيەتتىن باشلانغان ئەجدادلار.
ئوغۇش—ئەۋلاد،ئەجدادنىڭ ئىزباسارلىرى، كەلگۈسى ئوغۇش—كەلگۈسى ئەۋلاد(قۇمۇل تەرەپلىرىدە بوغۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
ئەل ـ كۈن—خەلقى ئالەم،ئاھالە،ئىنسانىيەت.
ئەل ـ يۇرت—يۇرت جامائەت.
ئۆز ـ ئۆز ئادەم، ئۆز خەلق.
ئۆزگە—باشقا،بىگانە.
ئەنەچ ـ ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە زېرەكلىكى بىلەن كىشىلەرگە ئۆز سىڭلىسىدەك تۇيۇلىدىغان قىزچاق.بۇ سۆز قىزچاقلارنى ئامراق كۆرۈش ۋە ئەركىلىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ (دىۋان1جىلد)
ئەنەچ—كىچىك بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن ھەممىگە ئۆز ئانىسىدەك تۇيۇلىدىغان قىزچاق،ئانىقىز.بۇ سۆز قىزلارنى ئەركىلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.(دىۋان 1 جىلد)
ئىمرەم—جامائەت،يۇرتتىن بىرەر ئىشقا توپلانغان خەلق توپى.
كۈدەن—بالىغا ئات قويۇش زىياپىتى(دىۋان 1 جىلد)
گۈل قويۇش—بىر كىمنىڭ قىزىنى دەسلەپكى قەردەمدە ماقۇللىشىپ ئازراق ئادەمگەرچىلىك قىلماق.مۇنداق قىلىپشى باغلاقلىقدېيىلىدۇ.ماقۇللۇق ئالغان تەرەپپالانچىنىڭ قىزىغا گۈل قويۇپ كەلدۇق>>دەيدۇ.
ئەسلەتمە:
1) بۇ ناملارغا ئەرەبچە ـ پارسچىدىكى ئەممە،ئابا،خالە،بۇرادەر،پەدەر ـ مەدەر،ۋالىد ـ ۋالىدە،ئايىم دېگەندەك سۆزلەرنى قوللانمىدۇق.
2) ئادەتتە ئانىنىڭ ئاغا ـ ئىنىلىرى تاغا دېيىلەتتى.لېكىن بەزى جايلاردا ،ئاتىنىڭ ئاغا ـ ئىنىلىرىمۇ تاغا دېيىلمەكتە.شۇڭا تاغا سۆزىنى ئۆزىدىن چوڭ ۋە تونۇمايدىغان بىر كىمنى قىچقىرىشقا قوللانسا؛شۇنىڭدەك ئۆزىدىن چوڭ ۋە تونۇمايدىغان ئاياللارنى ھامما دەپ چاقىرسا،ئۇرۇغ ـ تۇغقانلار ئاتلىرىغا ئايرىلىشىپ كەتمەس دېگەن پىكىردىمەن.
3) قى/غى قوشۇمچىسى ھەققىدە تۈركىي تىللار دىۋانىدا مۇنداق دېيىلگەن:تۇغقانچىلىقنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، سۆيۈمچانلىقنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە،ئاتاقى(3.293).باشقا قېرىنداش تىللاردىمۇ ‹‹غى›› قوشۇمچىسى ئىشلىتىلىدۇ.مەسلەن،قۇدا ـ قۇداغى ـ (ئەر ـ ئايال قۇدىلار).مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ بابا،دادا،ئاتا،ئانىلارنىڭ ئىنىلىرىنى :باباغى،داداغى،ئاتاغى،ئاناغى دەپ ئاتىسا،ئەركەك قۇدا،چىشى قۇدا دېمەي قۇدا،قۇداغى دېيىلسە ،دىۋان دا ئەركەك،چىشى دېگەن سۆزلەر ھايۋانلارغا ئىشلىتىلىدۇ دېيىلگەن.
ماتېرىيال مەنبەسى:
نورۇزنامە، ئىمىن تۇرسۇن شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. 2001 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2009 ـ يىل 4 ـ ئاي ـ 3 باسما كىتابىنىڭ 70 ـ 77 بەتلەرىدىن ئالدىم ئارسلان ئاخۇن
ئوغۇز تىگىن.
ئۈرۈمچى بالۇق 2014 ـ 9 ـ

www.uyghurkitap.com



# 3) قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئىسملار

| ئىسملار | مەنىسى ياكى ھازىرقى ئاتىلىشى |
|---|---|
| ئابا | دادا ، ئاتا |
| ئابامبەگ | ئەبەدىيلىك بەگ |
| ئابام ئۇلۇغ | ئەبەدىي ،مەڭگۈلۈك |
| ئابىنچۇ | خوشاللىق ،كۆڭۈلنى ئالغۇچى |
| ئابىنچۇ قاتىن | كۆڭۈلنى ئالىدىغان خېنىم ،خانىش |
| ئابىنىق | بەختلىك ،تىنىچ |
| ئاتابىك | ئوردا تەربىيىچىسى ،تەربىيىچى |
| ئاتات | تاي، قۇلان |
| ئاتاش | ئاتەش ،ئوت |
| ئاتاي | بالا ،باچكا |
| ئايلىغ | ئابرويلۇق ،ئاتالغان ، مەشھۇر، باشلىق |
| ئاتىش | ئېتىشماق |
| ئاتمىش قار | ئاتمىش : ئىسمى ، قارا: سۈپىتى |
| ئاتىم | مەرگەن |
| ئاچارى | ھەزرەت ،ئۇستاز |
| ئاچۇق | ئوچۇق |
| ئاچىق | چوڭ ئاكا |
| ئادام توغرۇل | توغرۇل ( بىرخىل يىرتقۇچ قۇش) دەك چۇۋەر ئادەم |
| ئادابۇ | ئېزىز ،قىممەتلىك |
| ئادۇغ(ئادىغ) | ئېيىق |
| ئارقىش | كارۋان باشلىقى،خەۋەرچى |
| ئارا بۇغا | ئوتتۇراھال بۇغا |
| ئارتۇق | ئارتۇق ، ئېشىپ كەتكەن ،جىق، نۇرغۇن |
| ئارتۇن | زىرە ( ئۆسۈملۈك) |
| ئارسلان | شىر بالىسى |
| ئارغۇ | ئىككى تاغ ئارىسى |
| ئارغۇن | ئارغىماق |
| ئارقار | ياۋاقوي |
| ئارقۇ | باھالىق ،قىممەتلىك |
| ئارقىش | خەۋەرچى |
| ئارىش | تازا، پاك ،پاكىز |
| ئارىغ | پاكىز ،ساپ |
| ئازغىر(ئادغىر) | ئايغىر |
| ئازۇق | ئوزۇق ،يىمەكلىك |

| | |
|---|---|
| ئازۇقلۇغ | ئۇزۇقى بار ئادەم |
| ئازىغ | ھۇشيار كىشى |
| ئاژۇن | دۇنيا ،دەۋر |
| ئاسغۇ | مارجان (بويۇنغا ئاسىدىغان) |
| ئاسىغ | نەپ، مەنپەئەت ، پايدا |
| ئاسقىن | ئېسىل ،ئالىيجاناپ |
| ئاشان | ھۆرمەتلەن ،غىزالان |
| ئاشان توغرۇل | توغرۇلدەك غىزلان |
| ئاشتال | كەنجى ئوغۇل |
| ئاشاي | غايە ،مەقسەت |
| ئاغارلاغ | ھۇرمەتكەلايىق ،شەرەپلىك ،ئۇلۇغ |
| ئاغۇش | ئۇرۇق ،جەمەت |
| ئاغىر | قەدىرلىك ،ئېزىز ،شەرەپلىك ئۇلۇغ |
| ئاقاش | ئاكا ،ئاكاش |
| ئاقى | مەردانە ،جەسۇر ،مەرد |
| ئاقخان | ئاق:ئىسمى ،خان:سۈپىتى |
| ئالىپ | جەسۇر، باتۇر ،قەھرىمان |
| ئالىپ ئايا | ئەڭ ياخشى قەھرىمان |
| ئالىپ ئاتا(ئەلپەتتا) | باتۇر ئاتا |
| ئالىپ ئەرتۇڭا | قاپلاندەك باتۇر ئەر |
| ئالىپ تىكىن | باتۇر شاھزادە |
| ئالپاغۇت | يېڭىلمەس ،تاغ يۈرەك باتۇر |
| ئالتۇن | ①ئالتۇن، ②زۆھرە يۇلتۇزنىڭ ئىسمى |
| ئالتۇن قارا | ئالتۇن:ئىسمى ،قارا:سۈپىتى |
| ئالقا | مەدھىيىلمەك |
| ئالقىش | بەخىت ،خوشاللىق، تەنتەنە |
| ئامساق | ھەۋەس |
| ئامۇل | تەمكىن ،ئېغىر- بېسىق |
| ئاناچ | ئۆزىنىڭ زىرەكلىكى بىلەن ھەممىگە ئانىدەك تۇيۇلىدىغان قىز؛ |
| ئانۇغ | ئۈمىد ،ئارزۇ |
| ئاي | ئاي(ئاسماندىكى ئاي) |
| ئايۇق | ئايغۇچى ،قوغدىغۇچى |
| ئاي- كۈن | ئاي ۋە كۈن |
| ئاي سىلىگ | ئايدەك پاك |
| ئايخان | ئايدەك خان |
| ئايتەڭرى | تەڭرى: ئىسمى، ئاي:سۈپىتى |
| ئاي تۇغمىش | ئايدەك تۇغۇلغان |
| ئايتولدى | ئايدەك تولغان |

www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| ئاي چەچەك | ئايدەك چىرايلىق (قىز) |
| ئەدگۈ( ئەزگۈ) | ياخشى ،ئېسىل ،چىرايلىق |
| ئەرەن | يىگىت ،ئەركەك ،ئەر |
| ئەر بۇقا | بۇقىدەك كۈچلۈك ئەر |
| ئەردەم | ئەدەپ ،ئەخلاق ،پەزىلەت |
| ئەردەنى | گۆھەر ،مەرۋايىت ،ئۈنچە |
| ئەردەنى قاتىن | گۆھەر خېنىم |
| ئەرك | ئەركىنلىك ،سەلتەنەت |
| ئەركەچ | تېكە |
| ئەسەن | ئېسەن ،ساق ـ سالامەت |
| ئەسەن قارا | بۇيۇك ساقلىق ،كاتتا ئېسەنلىك |
| ئەكە | ئۇكا سىڭىل |
| ئەلكۈن | خەلق ،قەبىلە |
| ئەۋلىك | خوجايىن ،ئۆيلۈك ،ئۆي ئىگىسى |
| بابا | بوۋا ، ئاتا |
| ياخشى | ئۆگەتكۈچى موللا ،ئۇستاز ،دوختۇر |
| بادۇر | ئۆلچەن |
| بارچاتۇرمىش | ھەممىسى تۇرغان ،ھەممىسى تەل |
| بارچا تۇغمىش | ھەممىسى تۇغقان |
| بارس | يولۋاس |
| بارغۇت | قەبىلە نامى |
| بارغۇن كۈن | بارغۇت :ئىسمى ،كۈن : سۈپىتى |
| بارلىغ | باي ئادەم |
| بارمان | دىلەتمەن |
| باسا تۇمۇر | تەمۇر(تۇمۇر) :ئىسمى ،باسا (ياردەم) :سۈپىتى |
| باسمىل | قەبىلە نامى |
| بارسغان | يولۋاستەك خان |
| باسۇت | ياردەمچى ،يۆلەگۈچى |
| باشلاغ | باشلىغۇچى ،باشلىق |
| باقلان | پاقلان |
| بالتۇ | پالتا |
| بالىغ | ① شەھەر ،قەلئە ،②بېلىق ،دۆلەتمەن ،باي |
| باياغۇت | دۆلەتمەن ،باي |
| باي تەمۇر | تەمۇر :ئىسمى ،باي : سۈپىتى |
| بەدۇك | بۇيۇك ،كاتتا ،يۈكسەك |
| بەرك | كۈچلۈك ،ساغلام |
| بەكرىش | مۇستەھكەم |
| بەكتۇر | چىڭ تۇر |

| | |
|---|---|
| بەگ | بەگ ، خان ، شاھزادە ،ئەركەك ،ئەر |
| بەگى | بەگدەك |
| بەگ ئارسلان | ئارسلاندەك ئەر |
| بەگ بۇقا | بۇقىدەك كۈچلۈك ئەر |
| بەگلەن | بەگ بول ،بەگدەك بول ،قابىل ئەر بولۇپ چىق |
| بەگتاش | تاشتەك مۇستەھكەم ئەر |
| بەگ تەمۇر | تۆمۈردەك بەگ ، تۆمۈردەك ئەر |
| بەگلىك | بەگە ئەۋلادى ،ئالىيجاناپ |
| بەگ تۇتۇق | مەرتىۋىلىك ئەر |
| بەگ تۇرمىش | بەگدەك تۇرغان |
| بوتۇق | بوتىلاق |
| بۇرخان قۇلى | بۇددانىڭ قۇلى |
| بۇغۇغ | ئالىم ،دانىشمەن |
| بۇرسلان | قاپلان |
| بۆرە تىگىن | بۆرىدەك باتۇر شاھزادە |
| بۇزاغۇ | موزاي |
| بۇغرا | ئەركەك تۆگە |
| بوغۇ( بۇغا) | بۇغا(ھايۋان ئىسمى) |
| بۇقا | بۇقا(ھايۋان ئىسمى) |
| بۇقاخان | بۇقىدەك كۈچلۈك خان |
| بۇلاق | ①بۇلاق ،②قەبىلە نامى③ئېقىن دەريا |
| بولان | بىرخىل ھايۋاننىڭ ئىسمى |
| بۇيان | ساۋاب ،بەخت ،ياخشىلىق |
| بۇيان قار | بەخت ياغدۇرغۇچى قار |
| بۇيان قارا | كاتتا بەخت ،چوڭ ياخشىلىق |
| بۇيرۇق | ئەمەلدار |
| بۆكە( بۆكا) | ①جەسۇر ،پالۋان ،باتۇر ،②ئەجدىھا ، ياۋۇز |
| بۆكەخان | باتۇر ،پالۋان خان |
| بۆگۈ | بىلىملىك ،ئەقىللىق |
| بۆگۈ بىلگە | ئەقىللىق ئالىم |
| بۆگۈخان | دانىشمەن خان |
| بۆگۈش | ئەقىلدار ،دانىشمەن |
| بىكە | خېنىم |
| بىگۈ | ئەقىللىق |
| بىلگە | ئالىم ،دانىشمەن ، بىلىملىك |
| بىلگە بەگ | دانىشمەن بەگ |
| بىلگە قاغان | دانىشمەن خان |
| بىلگە تۇتۇق | بىلىملىك ،ئىدارە قىلغۇچى بەگ |

www.uyghurkitap.com


| | |
|---|---|
| بىلگە ئەر | بىلىملىك ئەر |
| بىلگە قاتىن | بىلىملىك مەلىكە |
| تابدۇر | تاپار |
| تاردۇش | مەرتىۋە ،دەرىجە |
| تارىقچى بەگ | دېھقان يىگىت |
| تاگسۇق | نەپىس،قىممەتلىك ،كەم ئۇچرايدىغان |
| تارخان | خان ،بەگ |
| تاش | تاشتەك مۇستەھكەم |
| تايۇق | تۇيغۇن ،زىرەك |
| تايانغۇ | تايىنىدىغان ،ئىشىنىدىغان |
| تايانچ | تىرەك ،يۆلەك |
| تەركەن | خاقان،پادىشا ،ۋىلايەت ھۆكۈمدار |
| كەكىش | ھەر نەرسىنىڭ ئاخىرى |
| تەگىن(تىگىن،تېكىن) | ① قۇل② شاھزادە |
| تەگىن ئۈگە | بىلىملىك شاھزادە |
| تەمۈر | تۆمۈر |
| تەمۈر بۇقا | تۆمۈردەك بۇقا |
| تەڭىز | دېڭىز |
| تەڭىزخان | دېڭىزخان |
| تەڭرى | ئىلاھ،تەڭرى،ئاسمان |
| تەڭرىلى | تەڭرىلىك ،خۇداگۆي ،مۆئمىن |
| تەڭرى تۇغمىش | تەڭرى تۇغقان |
| تەڭرىدە بولمىش | تەڭرى ياراتقان |
| تۇتۇش | كايىماق ،قاتتىق سۆزلىمەك |
| تۇدۇڭ | باشلىق |
| تۇركان قاتىن | تۇرۇك خانىشى |
| تورۇم | بۇتا(ھايۋان ئىسمى) |
| تۇرۇمتاي | بىرخىل يىرتقۇچ قۇشنىڭ نامى |
| توسۇن | مىنىلمىگەن ئات |
| توغرۇل | بىر خىل يىرتقۇچ قۇش |
| توقىش | جەڭ،ئۇرۇش ، توقۇنۇش |
| تولۇن | تولغان ،تولۇق ،پۈتۈن،يېتىلگەن |
| تۇڭا | قاپلان جىنسىدىن بىرھايۋان |
| تۇڭاخان | قاپلاندەك خان |
| تۇتۇق | ① مەرتىۋە،② ئىدارە قىلغۇچى |
| تۇتۇق بەگ | ① مەرتىۋىلىك بەگ ،②ئىدارە قىلغۇچى بەگ |
| تۇرمىش | تۇرغان (ئورنىدىن تۇرغان) |
| تۇغمىش | تۇغۇلغان ،ئەۋلات |

| | |
|---|---|
| تۇزۇن | كېلىپ چىقىشى ياخشى ،ئېسىل ،ئوچۇق ـ يورۇق |
| تۆلىك | جاسارەت ،غەيرەت |
| تۇدۇش | سوقۇش ،ئۇرۇش |
| تويىن | راھىب |
| تويىن قۇلى | راھىبنىڭ قۇلى |
| تويىزۇن | يېزا ئاقساقىلى |
| تۇزمىش | تۇزۇلگەن ،توغرا ،قۇسۇرسىز |
| تۇزۇن | تۇزۇتلۇك ،كەمتەر،مۇلايىم |
| تېتىك | تېتىك ،جانلىق،ماھىر |
| تىگىن بەگ | شاھزادە يىگىت |
| چاغرى | ①لاچىن،② بۇركۇت |
| چاغرى بەگ | بۇركۇتتەك ئەر |
| چاۋىش | يول،تەدبىر،تەدبىرچى |
| چەبەر | چېۋەر،قابىل |
| چەچەك(چېچەك) | گۇل،غۇنچە،چېچەك |
| چوغلۇغ | ① نۇرلۇق،ئىسسىق، ②بىرخىل گۇل ئىسمى |
| چوبەن | چوپان،چارۋىچى |
| چىگىل | تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى |
| چىگىل ئارسلان | چىگىللارنىڭ ئارسلانى |
| خان | ① خان ھۆكۈمدار،② قان |
| خانبابا | خاندەك ئاتا |
| راتنا | گۆھەر ،ئۈنچە |
| راتنا قار | ئۈنچىدەك قار |
| زەمۇران | زۇمرەد |
| ساچۇ | چۇسا(ياغلىق چۇچىسى) |
| سارسال | سۆسەر(بىرخىل ھايۋان ) |
| سارمۇساق | سامساق |
| سارىغ | سېرىق رەڭ |
| سارىغ خان | سارىغ:ئىسمى ،خان :سۇپىتى |
| ساغۇن | قارلۇق قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان |
| سالچۇق | قەبىلە نامى |
| سانغۇن(سەنگۇن) | سەركەردە،قوماندان |
| سانمىش | سانالغان |
| ساۋ | سۆھرەت،خەۋەر |
| سەۋۇگ | سۆيگۈ |
| سەۋىگ | ئەزىز |
| سەۋىگلى | سۆيۈملۈك |
| سەۋىنچ | شادلىق |

www.uyghurkitap.com


| | |
|---|---|
| سۆڭۈ | خەنجەر،نەيزە |
| سۈنغۈش | نەيزىۋازلىق |
| سۇقاق | بۆكەن(هايۋان ئىسمى) |
| سۇڭقۇر | شۇڭقار |
| سۈپۈرگە | سۈپۈرگە |
| سوغۇن | تاغ تېكىسى،كېيىك |
| سىم | كۈمۈش |
| سىلىگ | سىلىق،پاكىز،زېرەك،مۇلايىم |
| سىلىغ | سىلىق،مۇلايىم |
| سىنان | سىنالغان |
| قابان | تاۋاق |
| قاپان | قاۋان(هايۋان ئىسمى) |
| قاپلان | يولۋاس |
| قاتمىش | قاتقان،مۇستەھكەم،چىڭ |
| قاچغار | قوشقار |
| قارا | ① قارا رەڭ ②پۇقرا،خەلق،مىللەت،③ئۇلۇغ،كاتتا،چوڭ |
| قاراخان | پۇقرانىڭ خانى،ئۇلۇغ خان |
| قارا باقشى | چوڭ ئۇستاز |
| قارابۇغا | چوڭ بۇغا |
| قارا تەمۇر | تەمۇر:ئىسمى ،قارا:سۈپىتى |
| قاراتوين | چوڭ راهىپ |
| قارا قۇش | بىرخىل قۇش ئىسمى(چوڭ قۇش) |
| قارۇغچى | مۇھاچىزەتچى |
| قارغىلاچ | قارلىغاچ |
| قارلۇق | ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى |
| قاسۇق | قىق(مىخ) |
| قاغان | خاقان،خان ،پادىشاھ |
| قانتۇرمىش | قاندۇرغان،رازى قىلغان |
| قاۋۇش | كېلىشمەك ، ئۇيۇشماق |
| قاۋشۇت | كېلىشتۈر،ئۇيۇشتۇر |
| قاياق | قايماق |
| قاي | قەبىلە نامى |
| قەدىر | قەيسەر،كەسكىن |
| قەيسەر | رۇم شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى |
| قۇرسۇز | يۈز-ئابرۇي،سالاپەت |
| قورۇمچى ئوغۇل | چوڭ ئوغۇل |
| قوزى | ①قوزا ،②سۆيۈملۈك |
| قۇنشى | قوشنا |

| | |
|---|---|
| قۇت | بەخت ، دۆلەت |
| قۇت ئادمىش | بەخت كەلتۈرگەن |
| قۇتلۇغ | قۇتلۇق ،بەختلىك |
| قۇتلۇغ بەگ | بەختلىك ئەر |
| قۇتلۇق بۇغا | بۇقا:ئىسمى،قۇتلۇغ:سۈپىتى |
| قۇتلۇغ بۇقا | بۇقا ؛ئىسمى،قۇتلۇغ:سۈپىتى |
| قۇتلۇق تىگىن | بەختلىك شاهزادە |
| قۇتلۇغ تەڭرى | بەخت كەلتۈرگۈچى تەڭرى |
| قۇتلۇغ تەمۇر | تەمۇر:ئىسمى،قۇتلۇغ:سۈپىتى |
| قۇتلۇغ تۇرمىش | بەختلىك تۇرغان،خوشال تۇرغان |
| قۇتلۇغ ئوغۇل | بەختلىك ئوغۇل |
| قۇتلۇغ بىلگە قاغان | بەختلىك ، دانىشمەن پادىشاھ |
| قۇتغان | بەختلىك ، بەخت تاپقان |
| قۇر تۇلمىش | قۇتۇلغان ، يەڭگىللىگەن |
| قۇشتىر | مۇئەللىم ، ئۇستاز |
| قوغۇرسۇ | ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى |
| قوغۇرسۇ ئالتۇن | ئالتۇن:ئىسمى،قوغۇرسۇ:سۈپىتى |
| قۇلان | قۇلان(ياۋا ئېشەك) |
| قۇلۇن | قۇلۇن(هايۋان ئىسمى) |
| قۇلۇن قارا | قارا رەڭلىك قۇلۇن |
| قۇنتۇز(قۇندۇز) | بىرخىل هايۋان ئىسمى |
| قۇنچۇي (خۇنچۇي) | مەلىكە |
| قىرا | ئېتىز ،يۇرت |
| قىرچەچەك | قىردا ئۆسكەن گۈل |
| قىز | قىز بالا ،قىزچاق |
| قىنىم | جەسۇر |
| قىيىمتۇ | هۇشيار |
| كەنچ(كەنج) | كەنجى،كىچىك،كىينكى،ئاخىرقى |
| كەنچ تۇغمىش | كېيىن تۇغۇلغان |
| كەنچ ئوغلان | كەنجى ئوغۇل |
| كۆركلۈگ | كۆركەم ،چىرايلىق |
| كۆزۈن | كۈچ ـ قۇۋۋەت |
| كۆل | كۆل ،دېڭىز |
| كۆلتىگىن | ئەقلى كۆلدەك شاهزادە |
| كۆۋشەك | گۈزەل،چىرايلىق،يۇمشاق |
| كۈچ تەمۇر | تەمۇر:ئىسمى،كۈچ(كۈچلۈك):سۈپىتى |
| كۈچ تىگىن | كۈچلۈك شاهزادە |
| كۈچلۈگ | كۈچلۈك ،قۇدرەتلىك |

www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| كۆسەن | كۇچارنىڭ قەدىمكى نامى |
| كۆسەنچ | ئارزۇ ، تىلەك |
| كوگەلىك | مۇقەددەس ،مەشھۇر |
| كۆلچىرە | خۇش چىراي |
| كۆل بىلگە قاغان | بىلىملىك ،ماختاشقا لايىق خان |
| كۆل قاغان | خۇش چىراي خان |
| كۆمۈش تىگىن | تېنى كۆمۈشتەك ئاق شاھزادە |
| كۆرشاد | قەدىمكى ئۇيغۇر شاھزادىسىنىڭ ئىسمى |
| كۆشان | قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نامى |
| كۆن | كۆن ،قۇياش، شەرق |
| كۆنخان | كۆندەك خان |
| كۆن بەرمىش | كۆن بەرگەن ،بەختكە ئېرىشتۇرگەن |
| كۆن تۇغدى | كۆ ن چىقتى |
| كۆن تەڭرى | كۆندەك تەڭرى |
| كۆن سىلىگ | كۆندەك ئىللىق |
| كىشى | ئۇستاز |
| كىشى قارا | چوڭ ئۇستاز |
| لاچىن | لاچىن ،بۈركۈت |
| مەڭۇ تەمۆر | ئەبەدىي تۆمۈردەك مۇستەھكەم |
| مەڭلىگ(مەڭلىك) | ①بەلگىلىك ،②مەڭلىك ،③بەختلىك ،خۇشال |
| مەڭلىگ سەنگۈن | قۇتلۇق باتۇر |
| مۇڭسۇز | غەم ـ قايغۇسىز ،خاتىرجەم |
| مىڭ تەمۆر | مىڭ: ئىسمى ،قارا:سۈپىتى |
| نوم قۇلى | دىن قۇلى |
| نىكۇ | ياخشى |
| ئوتاچى | تېۋىپ ،دورىگەر |
| ئوردۇبەگ | ئوردىدا خىزمەت قىلغۇچى بەگ |
| ئوزمىش | قۇتۇلغان ،نىجات قىلغۇچى بەگ |
| ئوغلان | ئوغۇل بالا، ئەزىمەت |
| ئوغلاغۇقاتىن | دۆلەتمەن خوتۇن |
| ئوغۇز | ①ئوغۇز سۈتى ،②تۆرۈك قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى |
| ئوغۇل | ئوغۇل بالا |
| ئوغۇل تىگىن | ئوغۇلدەك شاھزادە |
| ئۇتۇش | يەڭگۈچى، ئۇتقان |
| ئۇچقۇر | بىلىملىك كىشى |
| ئۇدغۇرمىش | ئۇيۇشقان ،غەلبە قىلغان |
| ئۇدمىش | شەپقەتلىك |
| ئۇتار | ئۇتۇپ چىقىدۇ |

| | |
|---|---|
| ئۇز | چىرايلىق،گۈزەل |
| ئۇسۇق | ئۇسسىغان |
| ئۇسۇن | ئۇزۇن،ئۇزاق |
| ئوغراق | ئارزۇ،نىيەت |
| ئۇلۇغ | ئۇلۇغ،كاتتا،چوڭ |
| ئۇلۇغ بەگ | ئۇلۇغ ئەر |
| ئۇلۇغ خان | ئۇلۇغ پادىشا ،كاتتا خان |
| ئۇماي | ①بىرخىل هايۋان ئىسمى② يولداش،هەمرا ③ پەيغەمبەر |
| ئۇمۇن | ئۇمۇد |
| ئۇئىغۇر | ئۇيغۇر |
| ئۆتكۈر | ئىتتىك، تېز ، كەسكىن |
| ئۆتكۈرمىش | ئۆتكۈرلەشكەن |
| ئۆتەمىش | ئۆتكۈر، ئۇزۇپ ماڭغۇچى |
| ئۆتۈنچ تەمۇر | تەمۇر:ئىسمى ، ئۆتۈنچ(قەرىزدار):سۈپىتى |
| ئۇكۇش قارا | ئۇكۇش(يىلقا): ئىسمى، قارا: سۈپىتى |
| ئۇگرۈنچ | خوشاللىق،شاتلىق |
| ئىدىقۇت | مۇقەددەس بەخت |
| ئىسىگ تارجان | مۇلايىم خان |
| ئىش بۇغا | بۇغا: ئىسمى،ئىش(دوست):سۈپىتى |
| ئىش قارا | ئىش(چاچ ئۆرمى):ئىسمى، قارا:سۈپىتى |
| ئىل | هۆكۈمدار، مەملىكەت، مىللەت، خەلق |
| ئىل ئاشمىش تىگىن | هۆكۈمدارلىقتا يۈكسەك شاهزادە |
| ئىل ئالمىش | دۆلەت ئالغان |
| ئىل ئەتمىش | دۆلەت قۇرغان،ئەلنى ئىدارە قىلغان |
| ئىل ئەتمىش تىگىن | ئەلنى ئىدارە قىلغان شاهزادە |
| ئىل ئەتمىش بىلگە قاغان | ئەلنى ئىدارە قىلغان دانىشمەن قاغان |
| ئىل ئەردەم | ①خەلقپەرۋەر،② مىللەتنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى |
| ئىل بۇغا | بۇغا:ئىسمى، ئىل: سۈپىتى |
| ئىل تەمۇر | تەمۇر:ئىسمى، ئىل : سۈپىتى |
| ئىل تۇتمىش | دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرغۇچى |
| ئىل تۈزمىش | دۆلەتنى تۈزگەن |
| ئىل قۇتامىش | ئەلنى بەختىيار قىلغان |
| ئىل ئۆگەسى | دۆلەتنىڭ دانىشمىنى، ئەلنىڭ ئۇستازى |
| ئىل ئۆگەسى ئاتا | دۆلەتنىڭ دانىشمەن ئاتىسى |
| ئىل ئىككەرمىش | ئەلنى ئىدارەقىلغان، دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرغان |
| ئىل ئىنانچ | دۆلەتنىڭ ئۈمۈدى، ئەل ئىشەنچىسى |
| ئىل ئىنانچ تىرەك | دۆلەتنىڭ ئىشەنچىلىك تىرىكى |
| ئىل يىغمىش | ئەلنى توپلىغان |

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكى www.uyghurkitap.com


| | |
|---|---|
| ئىل يىغمىش تەڭرىم | ئەلنى توپلىغان تەڭرىم(پادىشاھىم) |
| ئىلكىتا | يەر ئىگىسى |
| ئىلىگ (ئىلىك) | ①خان ، ②خاقان ئەل ، قۇل③ ھۆكۈمدار |
| ئىلىگ بەگ | ① شاھزادە② ھۆكۈمدار بەگ ③خان ④قارام بەگ |
| ئىلىگ قان | پادىشا |
| ئىلچى | ئەلچى |
| ئىلچى قار | كاتتا ئەلچى |
| ئىلچى قارا باقشى | كاتتا ئەلچى ئۇستاز |
| ئىنىگە | ھىنگان تۆگە |
| ئىنىگ | ئۇكا |
| ئىناق قۇلى | دوسلۇق قۇلى |
| ئىنانچ | ①ئىشەنچ ، ئىشەنچلىك ،② ۋەزىر ، |
| ئىنانچ بۇيرۇق | ئىشەنچلىك ئەمەلدار |
| ئىنال | ئانىسى ئىسلزادە، ئاتىسى ئاددى خەلقدىن بولغان كىشى |
| ياپغۇ | بىرخىل ئۇنۋان نامى |
| ياچانقىر | ئۇياتچان، ھايالىق |
| ياراغ(ياراق) | قۇرال |
| ياران | دوست، ھەمرا |
| يارۇغلۇ | ئوتلۇق ، نۇرلۇق |
| يارۇق | يورۇقلۇق ، يورۇق |
| يارىچى | ياردەمچى |
| ياشقان | ياش يىگىت |
| ياغما | تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى |
| يانداق | يانتاق |
| ياغان | پىل(ھايۋان ئىسمى) |
| يەتمىش قارا | يەتمىش: ئىسمى،قارا : سۈپىتى |
| يورتوغ | ھەمرا |
| يوللۇغ تىگىن | يولى بار شاھزادە |
| ىبدلاغ | خۇشپۇراق |

## 4) قەدىمقى ئۇيغۇرلار قوللانغان دەرىجە ـ ئەمەلناملىرى

دەرىجە ـ ئەمەل ناملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە ۋە يېقىنقى زامانلاردا قوللانغان ھەربىي، مەمۇرى ۋە دىنى دەرىجە ـ ئەمەل ناملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز بىرقىسمىنى بىز ھازىرغىچە قوللىنىۋاتقان بولساقمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمى، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان، كونىرىغان سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئەمما بۈھەقتىكى

تەتقىقات بىزنى ئەجداتلار بېسىپ ئۆتكەم مۇرەككەپ، ئۇزاق مەزگىللىك تارىخى مۇساپىنى، ئۇلارنىڭ ئىجدىمائى هايات شەكىللىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.يەنە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بۇخىل دەرىجە - ئەمەل ناملىرى بولۇپمۇ دىنى نام-ئاتالغۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن خاس ئىسىم قىلىپ قوللىنىلىپ، كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەركىۋى قىسمىغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ هەقتە ئىزاهات بېرىش مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە. شۇڭا بۇ مەزمۇننى ئالاهىدە قوشۇمچە قىلدىم.

ئابىنچۇ قاتىن (ئۇ)بۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا خانىش، خېنىم دىگەنلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلار كۆچۈشتىن ئىلگىرى شۇنداق قوللانغان .

ئاتابىك (ئۇ)ئوردا تەربىيىچىلىرىنى كۆرستىدۇ.

ئاتلىغ (ئۇ) باشلىق، ئاقساقال ،ئاتالغان، مەشھۇر دىگەن مەنىلەردىكى ئاتالغۇ.

ئارقىش (ئۇ) سودىگەر ، كارىۋان باشلىقى ۋە خەۋەرچى دىگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان.

ئاغا (ئۇ) ئاكا ، تاغا ، ئاقساقال، قەۋم باشلىقى دىگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسلەن: يۇرت ئاغىسى - يۇرت باشلىغى، مەهەللە ئاقساقلى دىگەنلەردەك.

ئاغىچى (ئۇ) قاراخانىلار دەۋرىدە مالىيە ۋەزىرىنى كۆرسەتكەن، كىيىن ئەرەپچە بىلەن ئۇيغۇرچىدىن تەركىپ تاپقان «خەزىنىچى» دىگەن ئاتالغۇ بۇنىڭ تەگتۇشى قىلىپ ئىشلىتىلگەن«تۈركى تىللار دىۋانى»دا :« ئاغىچى-يىپەك راختىلەرنى ساقلىغۇچى،غەزىنىچى» دەپ شەرھىلەنگەن.

ئاقىنچى باش (ئۇ) كېچىسى دۈشمەننى قامال قىلىدىغان ئەسكەرلەر باشلىغىنى كۆرستىدۇ.

ئالىپ (ئۇ) «باتۇر،قەهرىمان» دىگەن مەنىدە قوللىنىلغان ئۇنۋان نامى.

ئايۇق (ئۇ) قوغدىغۇچى ياكى خاس مۇهاپىزەتچىنى كۆرستىدۇ. ئۇ،« ئايىغۇچى»دىگەن مەنىگە ئىگە.

ئەلەم (ئە) ئەرەپچە«ئەئلەم»(ئىلىمدا ئۇستۇن)دىگەن سۆز بۇلۇپ، شەرئەت مەهكىمىسىنىڭ دىلو تەكشۇرگۈچىسىنى كۆرستىدۇ.

ئەللىك بېشى (ئۇ)ئەللىك چېرىكنىڭ باشلىقى، مەمۇرىدا بولسا بەگلەرنىڭ قول ئاستىدا ئەللىك تۈتۈن (ئۆيلۈك)نى باشقۇرغۇچىنى كۆرستىدۇ.

ئەمىر (ئە) «بۇيرۇغۇچى»، «بۇيرۇق چۈشۇرگۈچى» دىگەن مەننى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، شەهەر باشلىقى دەرىجىلىك مەنسەپ نامى.

ئەمىرى لەشكەر (ئەپ) بىر پۈتۈن ئاتالغۇ بۇيىچە «لەشكەر بېشى» ، «قوماندان» مەنسەپلىرىنى كۆرستىدۇ.

باخشى (هى) بۇ قەدىمكى هىندى (سانسكرىت) تىلىدا «باكچۇ» (باقشۇ)دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋە «راهىپ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم بولۇپ، ئىلگىرى مانى راهىپلىرىنى ياكى بۇدخان دەرۋىشلىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار ئارىسدا دۇئا ئوقۇپ، داپ چېلىپ روهى كىسەللىكلەرنى ساقايتىش بىلەن شوغۇنلانغۇچىلارنى كۆرستىدىغان بولدى.يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە «باقشى» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغان بولۇپ، «ئۇستاز» دىگەن مەننى بىلدۈرگەن.كىيىن دۇئا بىلەن كىسەل ياندۇرغۇچى مەنىسىدە قوللىنىلغان، دىيىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com


باقساقبەگ (ئۇ) هازىرقى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇننىڭ باشلىقىغا تەڭ ئەمەل نامى .

باقاۋۇل (ئۇ) «نازارەتچى ، پوست» مەنىلىرىنى بىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى«ۋۇل» قوشۇمچىسى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «چى» بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. (تۆۋەندىمۇ شۇنداق)

باكاۋۇل (بۇكاۋۇل) (بۇ) پادىشاهنىڭ زىياپەتچىسى ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ. بۇئاتالغۇ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»دە، «پادىشاهنىڭ داستىخانچىسى» دەپ كۆرسىتىلگەن .

بەدەل بېگى (ئەئۇ) هەرخىل ماللاردىن باج ئالغۇچى، سېلىق ۋە زاكات يىغقۇچى هۆكۈمەت خادىمىنى كۆرسىتىدۇ.

# 5) قۇرىقار (غەربىي دىيار) دىكى قەدىمكى بەگلىكلەر

غەربىي دىياردىكى بەگلىكلەر «ئالدىنقى خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ئۈچ پادىشالىق تەزكىرىسى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» قاتارلىق تارىخىي كىتاپلاردا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىتاپلاردا هەرقايسى دەۋردىكى تارىخىي بەگلىكلەرنىڭ سانى، ئاتىلىشى (خەنزۇچە يېزىلىشى) بىردەك ئەمەس. مەن بۇ يەردە غەربىي دىياردىكى بەگلىكلەرنىڭ يۇقىرىقى كىتاپلاردا بايان قىلىنغانلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرستىپ ئۆتتۈم، بەگلىكلەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى بۇ تۆت كىتاپنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاساسەن ئېلىندى. ئىككى خىل ئاتالغانلىرىنىڭ هەر ئىككى خىلى كۆرسىتىپ قويۇلدى.

ئارقا قۇس بەگلىگى
ئالدى قۇس بەگلىگى
ئەركەشتام بەگلىگى
ئەندىرە بەگلىگى
بارىكۆل بەگلىگى
بەشبالىق (فۇكاڭ) بەگلىگى
پاسئان بەگلىگى
~ گۇما بەگلىگى
كىروران بەگلىگى
پىشامشان بەگلىگى
توخارا بەگلىگى ~ چىرا بەگلىگى
خۇزخۇر (يۇلغۇنتېرەك) بەگلىگى
چانبالىق (جيې) بەگلىگى
چەرچى بەگلىگى
ئۇلۇغچات بەگلىگى
چۇەنيومۇ بەگلىگى
چۇرچان بەگلىگى ~ چەرچەن
چۇقۇ بەگلىگى ~ باغراش بەگلىگى

چېدىر بەگلىگى
دېرو بەگلىگى
سارىقول بەگلىگى ~ تاشقورغان بەگلىگى
ساكارائۇل بەگلىگى
سەپەرباي بەگلىگى
سۇلى بەگلىگى ~ قەشقەر بەگلىگى
شەرقىي جۇمىي بەگلىگى
غەربىي جۇمىي بەگلىگى
قارغالىق بەگلىگى
قۇرۇق تاغ بەگلىگى
قۇم بەگلىگى
كورلى بەگلىگى
كۆكيار بەگلىگى
كۇسەن بەگلىگى
كىنگىت بەگلىگى ~ ئاگنى بەگلىگى،

قاراشەھەربەگلىگى يول ئارىش (رۇگلۇ) بەگلىگى
ناندۇ بەگلىگى ئىناي بەگلىگى

يولئىرىق بەگلىگى

# 6) ئۇيغۇر تارىخىدىكى كەشپىياتلار

**قەغەز**

تۇرپان بىزەكلىك ئەتراپى ۋە يىپەك يولى بويلىرىدىكى باشقا شەھەرلەردىن تېپىلغان قەغەز بۇيۇملارنىڭ يىل دەۋرى جۇڭگو قەغەزنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سەيلۇن دىگەن كىشى كەشىپ قىلغان دىگەن دەۋىردىن تۇپ ـ توغرا 400 يىل بۇرۇندۇر.

**مەتبە**

مىخ مەتبە : جۇڭگو ھۆكۈمىتى 1992 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىلىم ـ پەن كومىتېتىغا دۇنخۇاڭدا پاكىت سۈپىتىدە كۆرسەتكەن 6 دانە مىخ مەتبە ھەرپى قەدىمكى ئۇيغۇر ھەرپلىرى ئىكەنلىگى ئالىملار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان.

**كومپاس**

تۇركولوگلار، كومپاس ئەمىلىيەتتە يىپەك يولى مەركىزىدە سودا قىلىپ يۈرگەن ئۇيغۇر كارۋانلىرىنىڭ تەكلىماكان چۆلىدە يولدىن ئېزىپ قالماسلىق ئېھتىياجى سەۋەبىدىن كەشىپ قىلىنغان دەپ قارىماقتا.

**كاستيۇم ۋە گالستۇك**

باي ناھيىسىنىڭ قىزىل مىڭ ئۆي غارلىرىدىكى تام رەسىملىرى ئىچىدە (104.نۇمۇرلۇق رەسىم) گالستۇك تاقىغان، كاستيۇم كەيگەن بىر ئادەم تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئىلگىرى نۇرغۇن تۇركولوگلار بۇ رەسىمدىكى ھازىرقى زامان ياۋرۇپا پاسونىغا يېقىن قىياپەتتە كىيىنگەن ئادەمنىڭ تۇرقىغا قاراپ، «مىڭ ئۆي رەسىملىرىنى ۋىزانتىيەلىكلەر سىزىپ كەتكەن بولىشى مۇمكىن» دىگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئىدى. ئەمما، ئۆمۈر بويى تۇركلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغان گېرمانىيە ئالىمى فون گابائىن خانىم بۇ قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ۋە بۇ خىل كىيىم، بۇ خىل مەدەنىيەتنى ئۇيغۇرلار بارلىققا كەلتۈرگەن. «گالستۇك» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدىكى« گالغا ئاستۇق» (گالغاستۇق) ۋە «كاستيۇم» سۆزى كاسىغا كېلىدىغان تون، يەنى «كاستون» دىگەن سۆزنىڭ ياۋرۇپا تىللىرىدىكى بۇزۇلغان ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر، دىگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا باشلىغاندىن باشلاپ، كاستيۇم ۋە گالستۇكنىڭ ئورنىنى ئەرەپلەرنىڭ ئۇزۇن كىيىملىرى ئالغان ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇمۇملاشقان. يىپەك يولى ئارقىلىق كاستيۇم ۋە گالستۇك ياۋرۇپاغا كارۋانلار ئارقىلىق تارقىلىپ مودا بولغان.

**تارىختىكى ئۇيغۇر زەمبىرىگى**

ئاپتورى: قۇربان ۋەلى

«سۇڭ تارىخى(宋史)نىڭ «ئەسكەر ـ ياراغ تەپسىراتى»بابىدا قەيت قىلىنىشىچە، جەنۇبىي سوڭ تارىختىكى ئۇيغۇر زەمبىرىكىدۆلىتىدە چۇنشىنىڭ 9 ـ يىلى(مىلادى1182 ـ يىلى)چېگرا رايونلاردىكى ۋىلايەتلەردە «خۇي ـ خۇي زەمبىرىكى(回回炮)»گە تەقلىد قىلىپ ياسالغان زەمبىرەكلەرنىڭ ئەپچىللىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



،يىراقتىكى نىشانغا تەگكۈزۈش جەھەتلەردە بۇرۇنقى زەمبىرەكلەردىن ئېشىپ چۈشتى، دېگەن بىر يېڭى خەۋەر (ھەربىي تېخنىكا جەھەتتىكى بىر چوڭ يېڭىلىق )تارقالغان.① (بۇ تارىخىي خاتىرىدىكى«پاۋ(炮)»دېگەن خەت بۇ يەردە كۆيدۈرگۈچ نەرسىنىڭ پارتلاش كۈچىنى نو شەكىللىك ئەسۋاب ئارقىلىق جارى قىلدۇرىدىغان زەربە بەرگۈچ قورال ـ زەمبىرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىۋاتىدۇ. لېكىن شۇ زاماندىن بۇرۇن، بۇ خەت تېۋىپلەرنىڭ دورا ياساش جەريانىدىكى كۆيدۈرۈش، قۇرۇتۇش، قاقلاشتىن ئىبارەت ئىش ـ ھەركىتىنىلا بىلدۈرەتتى.) ئەينى زاماندا بۇنداق بىر يېڭى ھەربىي قورالنىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ نامىنىڭ«خۇي ـ خۇي زەمبىرىكى»دەپ ئاتالغانلىقى بۇ كەشپىياتنىڭ ئىگىسىنى ۋە ئۇنىڭ زامانىمىزدىكى ۋارىسىنى چۈشىنىشكە بىۋاستە ياردەم بېرىدۇ. «خۇي ـ خۇي (回回)» دېگەن نام مىلادى XIئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يېزىلغان «مېڭشى بىغىدا پۈتۈلگەن تەپسىرات(梦溪笔谈)»دېگەن كىتابتا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدا بۇ نامنىڭ «ئۇيغۇر(回鹘)»دېگەن مەنىدە ئىپتىلغانلىقى ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن. جۈملىدىن، ئەينى زاماندا يېڭىدىن كەشىپ قىلىنغان بۇ خىل ھەربىي ياراغنىڭ نامى«ئۇيغۇر زەمبىرىكى» ئىدى. فەن ۋېنلەن ئەپەندى يازغان«جوڭگو تارىخى»دا جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدىكى قورال ـ ياراغلار ھەققىدە بېرىلگەن بايانلارغا قارىغاندا②، جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتىدە، شاۋشىڭنىڭ 2 ـ يىلى(مىلادى1132ـ يىلى) «ئوت نەيزە(长竹竿火枪)»(ياكى(火箭)ياسىلىپ چىققان. ئۇ بولسا قاغەزنى16قات چاپلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى گەز ئۇزۇنلۇقتا نو شەكىللىك ئەسۋاب ياساپ، ئۇنى ئۇزۇن نەيزىنىڭ ئۇچىغا باغلاپ،جەڭلەردە ئوي تۇتاشتۇرۇپ، دۈشمەنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلايدىغان قورال ئىدى. بۇنداق«ئوت نەيزە»دىن چىققان ئوت ئون گەز چامىسىدىكى دائىرە ئىچىدە زەربە بېرەلەيتتى. مىلادى1225ـ1227ـ يىللارغا كەلگەندە، بۇنداق«ئوت نەيزە»نىڭ ئۇچىغا بېكىتىلىدىغان نو شەكىللىك ئەسۋاب بامبۇكتىن ياسىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئىچىگە كومۇلا داشقالمۇ سېلىنىدىغان بولدى.بۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە ئون قەدەم يىراقلىقتىكى دۈشمەنگە زەربە بەرگىلى بولىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن «ئوت توپ(火球)»دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئەسكىرىي قورالمۇ بولۇپ ئۆتكەن. .مەسىلەن: مىلادى1161ـ يىلى چاڭجىياڭ دەرياسىدا جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتى بىلەن جىن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، جەنۇبىي سۇڭ ئەسكەرلىرى گۈڭگۈرت، ھاك قاتارلىقلارنى قەغەزگە ئوراپ، قارشى تەرەپنىڭ كېمىلىرى يېقىنلاشقاندا سۇغا تاشلىغان. ھاك سۇدا ئۆركۈپ،گۈڭگۈرتكە ئوت تۇتىشىپ، «ئوت توپ»سۇدىن ئېتىلىپ چىقىپ پارتلاپ، ئەتراپىنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان. لېكىن ئۇنى يىراقتىكى نىشانغا ئاتقىلى بولمايتتى. مىلادى1265ـ ، 1274 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر زەمبىرىكى (回回炮)گە تەقلىد قىلىپ ياسالغان زەمبىرەكلەر ئالاھىدە بىر خىل ئەسكىرىي قورال بولۇپ چىقتى. جىن دۆلىتى بىلەن موڭغۇل دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، جىن دۆلىتى بۇ خىل يىراقتىكى نىشاننى پارتلىتىدىغان قورالنى ئىشلەتكەن. بۇنداق زەمبىرەكتىن ھەر قېتىم ئېتىلغان ئوق يەر ـ زېمىننى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگەن.يېرىم مو كېلىدىغان دائىرە ئىچىدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنى كۆيدۈرگەن. شۇ زامانلاردا، جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتىمۇ قارشى تەرەپنىڭ قەلئەلىرىگە يىراقتىن تۇرۇپ ئوق ئاتىدىغان بۇنداق زەمبىرەكلەرنى كۆپ ئىشلەتكەن. يۇقىرىدىكى تارىخىي بايانلار ئارقىلىق ئۇيغۇر زەمبىرىكى ۋە ئۇنىڭ رولى، ئۇنۇمى ھەققىدە تېخىمۇ مۇئەييەن چۈشەنچە ھاسىل بولىدۇ. جۈملىدىن ئەينى زاماندا ئۇيغۇر زەمبىرىكى بىر يېڭى كەشپىيات ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربىي قورال بولۇپ قالغان. يۇقىرىدا نامى ئاتىلىپ ئۆتكەن «جوڭگو تارىخى»نىڭ 491 ـ بېتىدە يەنە موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەر ـ قەلئەلەرنى ئالغاندا، ئۇ يۇرتلاردىكى ھۈنەرۋەن ئۇستىكارلارغا چېقىلماسلىق توغرىسىدىكى خان تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن يارلىقنى ئەستە تۇتۇپ، ئۇلارنى زەخمىلەندۈرمەي تۇتۇپ خان

ئوردىسىغا تاپشۇرغانلىقى، ئۇستىكارلار ئىچىدە ھەربىي قورال ـ ياراغ ئۇستىلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر زەمبىرەكچى ياسايدىغان ئۇستىلار ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىپ،مۇئامىلە قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە،جۇيۈەننىڭ16 ـ يىلى(مىلادى1279 ـ يىلى)ھەممە جايدىكى ئۇيغۇر زەمبىرەكچى ياساشنى بىلىدىغان ئۇستىلارنى تايدۇ(ھازىرقى بېيجىڭ)غا يىغىش توغرىسىدا خاندىن يارلىق چۈشكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

مىلادى1040 ـ ،1044 ـ يىللاردا يېزىلغان «ئەلەم ھەققىدىكى تەپسىراتلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى(武经总要)»دېگەن كىتابتا ئۈچ خىل كۆيدۈرگۈچ دورا رېتسىپى خاتىرلەنگەن.«جوڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا تارىخى»دېگەن كىتابنىڭ2 ـ توم 6 ـ بېتىدە بۇ دورا رېتسىپلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، بۇ دەۋردە قوللىنىلغان كۆيدۈرگۈچ دورىلارنىڭ تەركىبىدىكى گۈڭگۈرت بىلەن ئىشقارنىڭ مىقدارى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى رېتسىپلاردىن چوڭ پەرق قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا،شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە پارتلاپ كۆيدۈرىدىغان دورا ياساش ئۇسۇلىدا ئىلگىرلەش بولغان. ئۇ پەقەت پارتلىتىش، ئىس ـ تۈتەك پەيدا قىلىش مەقسىتىدىلا قوللىنىلغان. لېكىن بۇ دەۋردە «ئۇيغۇر زەمبىرەكچى»دەك ئۈنۈملۈك قورال تېخى مەيدانغا كەلمىگەن. بۇنداق قورال پەقەت ئۇنىڭدىن كېيىنكى جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدە «ئۇيغۇر زەمبىرەكچى»گە تەقلىد قىلىپ ياسىلىشقا ۋە ئىشلىتىشكە باشلىغان. يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان «جوڭگو تارىخى»نىڭ 483 ـ بېتىدە، سۇڭ دۆلىتى «ئۇيغۇر زەمبىرەكچى»گە تەقلىد قىلىپ ياساپ چىققان زەمبىرەكلەرنىڭ ئەينى زاماندا ناھايىتى ئىلغار قورال بولۇپ قالغانلىقى ۋە بۇنداق «ئۇيغۇر زەمبىرەكچى»دىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، قارشى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ شەھەر سېپىللىرىنىڭ دەرۋازىلىرىغا،راۋاقلىرىغا شال پاخلىدا توقۇلغان توم ئارغامچىلارنى تارتىپ،ئۈستىگە قېلىن لاي سۈركەپ قويغان كۆرۈنۈشلەرنىڭمۇ بارلىقى بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن.دېمەك، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر زەمبىرەكىنىڭ يىراقتىن چەنلەپ ئېتىش، كۆيدۈرۈش ئۈنۈمى مىسلىسىز بولغان. ھازىر بېيجىڭدىكى جوڭگو تارىخى مۇزېيىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇيۈەننىڭ 3 ـ يىلى (مىلادى1332 ـ يىلى)ياسالغان بىر مىس زەمبىرەك ساقلانماقتا. بۇ زەمبىرەك ھازىرغا قەدەر تېپىلغان قەدىمكى ھەربىي قورال يادىكارلىقلىرى ئىچىدە دۇنيا بويىچە دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان زەمبىرەكتۇر. بىز يۇقىرىدا «ئۇيغۇر زەمبىرەكچى» دېگەن بىر سۆزنىڭ مىلادى 1182 ـ يىلى خەنزۇ تىلىدا پەيدا بولغانلىقى ۋە مىلادى 1279 ـ يىلى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ «ئۇيغۇر زەمبىرەكچى ياسىيالايدىغان ئۇستىلارنى يىغىپ كەلگەنلىكى قاتارلىقلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. دېمەك، جوڭگو تارىخى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان IVX ئەسىردىكى موڭغۇل زەمبىرەكچى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئۇستىكارلارنى يىغىپ كەلگەندىن كېيىن ياسالغان زەمبىرەكلەر ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن موڭغۇللار بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلاردا موڭغۇللار زەمبىرەك ئىشلەتمىگەن. شۇ زامانلاردىكى ئۇرۇشلاردا جىن دۆلىتى ۋە جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتى ئىشلەتكەن زەمبىرەكلەرمۇ دەل«ئۇيغۇر زەمبىرەكچى»گە تەقلىد قىلىپ ياسالغان زەمبەرەكلەر ئىدى. بۇنداق زەمبىرەكنىڭ نامىمۇ«ئۇيغۇر زەمبىرەكچى»ئىدى. مىلادى XII ئەسىردە، جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتىنى قارشى تەرەپكە يىراقتىن ئوق ئېتىپ، زەربە بېرىشتە يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە غالىب ئورۇندا تۇرغۇزغان «ئۇيغۇر زەمبىرەكچى»، ئەينى زاماندا ھەربىي ھۈنەر ـ سەنئەت سانائەت جەھەتتىكى بىر چوڭ كەشپىيات ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ـ ئۇيغۇر خەلقى تىكلىگەن، ھەربىي سانائەت تارىخىدىكى بىر چوڭ نامايەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ھەممە كىشىگە ئايان. بىراق، ھازىر ئەينى زاماندىكى «ئۇيغۇر زەمبىرەكچى»نىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى شەھەرلىرىدە ۋە قايسى تارىمقى تەرىپىدىن قەشىپ قىلىنغانلىقى توغرىسىدا تېخى تەپسىلى تارىخىي ماتېرىيال يوق. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندىكى پارتلاپ كۆيدۈرگۈچ دورىلىرىنىڭ رېتسىپ تەركىبى قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدىمۇ ھۆججەتلىك ماتېرىيال يوق. بۇ سىر بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېتىبارىنى قوزغىغۇسى. 1983 ـ يىل9 ـ ئاي. ئۈرۈمچى

ئىزاھاتلار:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



①بۇ تارىخىي خاتىرە «جوڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا تارىخى» دېگەن خەنزۇچە كىتابنىڭ 2 ـ توم 6 ـ بېتىدىمۇ نەقىل كەلتۈرۈلگەن.
② 1949 ـ يىل چاڭچۈن نەشرى،427 ـ ،428 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. ئاتالمىش «شىنجاڭ ياشلىرى»ژۇرنىلىنىڭ1983 ـ يىل11 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

# 7) ئۇيغۇرلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە تائاملىرى

يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇ مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەكس ئېتىدۇ.
ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلىرى ياشىغان ئىقلىم شارائىتىغا ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە ئاساسەن، نۇرغۇنلىغان تاماق ئېتىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى تاماقلارنى ئىجاد قىلغان.
ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تۈرى كۆپ. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە گۆش ۋە ئاشلىق بىلەن قىلىنغان تاماق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىكى كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى شۇكى، مەلۇم ئائىلىدە ياخشىراق تاماق ئېتىلسە، ئۇنىڭدىن نىسۋە قىلىپ، يېقىن قولۇم ـ قوشنىلارغا ئۆز ـ ئارا تاماق چىقىرىپ تۇرۇش ئادىتى بار. شۇنداقلا بەزى يېڭى تاماقلارنى، مەسىلەن، باشقىلاردىن بۇرۇن تەييارلىغان كۆك چۈچۈرىسى، كۆدە مانتىسى، قاپاق مانتىسى، ياپيۇز جۇۋاۋىسى قاتارلىق تاماقلارنى تۇغقانلار ياكى يېقىن ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە «يېڭىلىق تۇتىدىغان» ئادەت بولۇپ، «يېڭىلىق تۇتۇش» ياخشى كۆڭۈل ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى.
ئۇيغۇرلاردا تاماققا قوشۇپ ئېچىتقۇلۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئادىتى ئومۇملاشمىغان. بولۇپمۇ ئىسلام شەرىئىتىدە ھاراققا ئوخشاش مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش مەنئى قىلىنغاچقا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئۇيغۇرلارمۇ بۇ قانۇنىيەتكە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئەمما ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە يەرلىك ئۇسۇلدا قورۇق ياكى ھۆل ئۈزۈمدىن مۇسەللەس، مەيزاب ئىشلەش ئەنئەنىسى ھازىرغىچە بەزى رايونلاردا داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ خىل ئىچىملىكلەرگە غەيرىي ئىسپىرتلىق ئېچىتقۇ ئارىلاشتۇرمايدۇ .
ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا شەكىللەنگەن بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نىسپىي ھالدا ئۆزگىرىدۇ ۋە يېڭىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ، قورۇما تاماقلارنى يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن. مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە قورۇلغان سەي تۈرلىرىمۇ خېلى كەڭ سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. لېكىن قورۇما سەيلەرنىڭ تۈرى، ماتېرىيالى ۋە تەمى جەھەتتىن يەنە مەلۇم مىللىي ئالاھىدىلىك مەۋجۇت.
تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى تاماق تۈرلىرىدىن بىر قانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز .

### ئائىلە تامىقى

ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق ئادىتى ئەتىگەن، چۈش، كەچتىن ئىبارەت ئۈچ ۋاخ بولىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ھەر ـ بىر ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. كۈنلۈك ئوزۇقلىنىش ئادىتى ئادەتتە ئىككى ۋاخ نان بىلەن چاي ئىچىدۇ، كەچتە تاماق ئېتىپ يەيدۇ (ھازىر چۈشتە تاماق ئېتىپ

يېيىش ئادىتى ئومۇملاشتى). ئۇيغۇرلار سەھەر تۇرۇپ يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ ساپ هاۋادىن بەھرىمەن بولىدۇ (چوڭلار تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ)، ئاندىن يىغلىپ چاي ئىچىشكە باشلايدۇ. ئەتىگەنلىك چايدا ئىمكانىيىتى بار ئائىلە سۈتلۈك چاي ياكى قايماقلىق چاي تەييارلايدۇ. ئائىلە ئەزالىرى هۆرمىتى بويىچە چازا قۇرۇپ، داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. چاي چوڭ چىنىگە قۇيۇلغان بولسا ناننى چىلاپ، كىچىك چىنىدە بولسا توگرۇپ ئىچىلىدۇ.

چۈشلۈك چاي تارقاق بولۇپ ئېتىزدا چاي بىلەن نان ياكى قېتىق بىلەن نان يېيىلىدۇ. ياز پەسلىدە قوغۇن ـ تاۋۇز بىلەن نان يېيىلىدۇ .

كەچتە، ئائىلە ئەزالىرى ئەمگەكتىن قايتىپ يىغىلغاندىن كېيىن، قوللىرىنى يۇيۇپ، ئائىلە تەرتىپى بويىچە داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. تەييارلانغان تاماق كەلتۈرۈلىدۇ. تاماقتىن كېيىن، لەڭمەن بولسا ئاش سۇيىنى، پولۇ، مانتا قاتارلىقلار بولسا سىنچاي ئىچىدۇ.ياز كۈنلىرى تاماقتىن كېيىن ھەرخىل هۆل مېۋىلەرنى يەيدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قوشۇمچە يېمەكلىكلىرىدە، ئائىلە ئىقتىسادىي ئەهۋالىغا قاراپ قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق مېغىزى، ھەرخىل مۇراببا، قەنت، ناۋات بىلەن چاي ئىچىش، هۆل ئۈزۈم بىلەن يۇمشاق توقاچ نان يېيىش ئادىتى خېلى ئومۇملاشقان .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تامىقى گۆشلۈك ياكى گۆشسىز بولسۇن، كۆپ خىل بولۇپ، ھەر كۈنى مۇمكىن قەدەر ئوخشاشمىغان تاماق ئېتىلىدۇ. سەيلىك قورۇما تاماقلار كۆپ ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

## مېهمان تامىقى

ئۇيغۇر خەلقىدىكى مېهماندوستلۇق قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئە ـ نىلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى مېهمان كەلسە «رىزقىنى ئېلىپ كېلىدۇ»، مېهمان كەلسە «بەخت كېلىدۇ» دەپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئۆيدە بارىنى مېهمانغا ئاچىقىدۇ. يوقنى تەييارلايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى چاقىرىلغان مېهمان ياكى تاسادىپىي كېلىپ قالغان مېهمان بولسۇن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاش قەدىرلەپ كۈتىدۇ. مېهماننى ئەڭ ئېسىل، ياخشى تاماق، ياتاقلار بىلەن كۈتۈشتىن تاشقىرى، ئات ـ ئۇلاغلىرى بولسا ئۇنىڭغا ياخشى قارايدۇ .

ھەرقانداق ئائىلە مېهمان كەلگەن هامان، ئۇنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان سالىدۇ، ئالدى بىلەن، سىنچاي بىلەن كاكچا نان ياكى قاتلىما نان قويىدۇ، چىنىگە قەنت ياكى ناۋات سالىدۇ. ئاندىن ئۆز هالىغا قاراپ سۈتلۈك چاي ياكى هالۋا ئېتىپ كىرىدۇ. چايدىن كېيىن، ياز بولسا هۆل مېۋە كەلتۈرىدۇ ۋە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېهماندىن قانداق تاماق يېگۈسى بارلىغىنى سورايدۇ. مېهمان خالىغان تاماقنى ئېتىدۇ. ئەگەر مېهمان تۈزۈت قىلىپ تاماق بۇيرۇمىسا، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان تاماقلار، مەسلەن، كاۋاپ، پېتىر مانتا، بولاق مانتا، پولۇ، ئۈگرە، چۆچۈرە، لەڭمەن دېگەندەك تاماقلاردىن بىرىنى ئېتىدۇ (بۇ ئەلۋەتتە ئائىلە ئىقتىسادىي ئەهۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ). كۆپ هاللاردا مېهمان تامىقى جۈپ بولۇپ، پولۇ ئەتسە ئارقىدىن ئۈگرە، شورپا سالسا ئارقىدىن چۆچۈرە دېگەندەك تاماقلار قوشۇپ ئېتىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادىتىدە، ئەگەر مېهمان تۇن يېرىمدە كېلىپ قالسىمۇ، هېچقانداق ئېرىنمەي هاردۇق ئېشى دەپ، ئۈگرە، مەنچىزە قاتارلىق سۇيۇق تاماق ئېتىپ بېرىش ئەنئەنىسى بار. چاقىرىلغان ئايال مېهمانلار بولسا ياخشى كۈتۈشتىن تاشقىرى مېهمانلار قايتىش ۋاقتىدا پولۇ، مانتا قاتارلىق تاماقلاردىن زەللە قىلىدۇ. (ئاش يۆگەيدۇ). ئەر مېهمانلارغا پىششىق گۆش بىلەن نان ئالدۇرۇش، ئەڭ بولمىغاندا ئىككى نان تۇتتۇش ئادىتى بار .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە بىرەر ئۆيگە مېهمان كەلسە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قولۇم ـ قوشنىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مېهمان ئالدىغا كىرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، نۆۋەت بىلەن بۇ مېهمانلارنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىدىغان ئادەت بار. تەكلىپ قىلغان قوشنىلار مېهمان هۆرمىتىگە ئاتاپ بىرەر خىل ياخشى تاماق تەييارلايدۇ. بۇ ئادەت بولۇپمۇ يېزىلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. قىسقىسى «تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر، تاپمىغىنى چۈجە - خوراز» دېگەندەك، هەر - بىر كىشى ئۆزىنىڭ هالىغا قاراپ، مېهماندىن هېچ نەرسىسىنى ئايىماي، ساخاۋەت بىلەن داستىخان سالىدۇ.

## هېيت - ئايەم يېمەكلىكلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئۆرپ - ئادەتلىرى ئىچىدە هېيت - ئايەم ، توي - تۆكۈن، مۇراسىملار ۋە سەيلە - باراۋەت يېمەك - ئىچمەكلىرى ئۆزگىچە خاس روشەن مىللىي تۈسكە ئىگە.

هەر - بىر هېيت - ئايەمنىڭ ئۆزگىچە خاس ئەنئەنىۋى تاماقلىرى بار. مەسىلەن، «نورۇز» كۈنى بۇغداي يارمىسىدىن قىلىنغان مەخسۇس «نورۇز كۆجىسى» ئىچىپ، كوللېكتىپ ئېغىز تەگكۈزىدۇ. دېهقانلار كالېندارى بويىچە هوشۇر ئېيىدا مول هوسۇل خاتىرىسى ۋە دىنىي ئەقىدە بويىچە كۆكباش يارمىسى بىلەن گۆلە، جىگدە، قاق، گۆش، هەرخىل قۇرۇق گۆلە - قاق سېلىنغان «كۆجە» ئىچىدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياغ پۇرىتىپ يىت (پوشكال) سالىدۇ.

مەۋلۇت ئېيىدا ياغ پۇرىتىپ پولۇ ۋە باشقا تاماقلارنى ئېتىپ دۇئا - تەكبىر قىلىدۇ .بارات ئېيىدا هەر - بىر ئائىلە ياغ پۇرىتىپ قۇيماق سالىدۇ ۋە باشقا ئېسىل تاماقلارنى ئېتىپ تۈنەيدۇ.

رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش مۇناسىۋىتى بىلەن زولۇق ۋە ئىپتار ۋاقتىدا خىلمۇ - خىل ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ، روزا تۇتىدۇ، ئىپتار قىلىدۇ.

روزا هېيت كۈنى ئەتىگەندە هەرقانداق ئائىلە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرىنى ئېتىش بىلەن روزىنى ئۇزاتتۇق، دېيىشىدۇ. يەنە، روزا هېيت ئۈچۈن، ساڭزا، پېچىنە - پىرەنىك، پوشكال، سامبۇسا، قەنت - گېزەك، هۆل، قۇرۇق يېمىشلەرنى تەييار قىلىدۇ. ئۆيمۇ - ئۆي پەتىلەپ، خىلم - خىل نازۇ نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكۈزىدۇ. روزا هېيتتا گەرچە قۇربانلىق قىلىنمىسىمۇ، هەر - بىر ئائىلە ئۆزىنىڭ هالىغا يارىشا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

قۇربان هېيت ئالاهىدە بولۇپ، قۇربى يەتكەن ئائىلىلەرنىڭ هەممىسى قۇربانلىق قوي سويىدۇ. بۇ كۈندىكى تۈنجى تاماق قۇربانلىق قىلىنغان قوينىڭ دۇمبە جىگىرى بولۇپ، ئاندىن پىشۇرۇلغان گۆش يېيىلىدۇ. قۇربانلىق قىلغان ئۆيلەرنىڭ هەممىسىدە ئۆپكە - هېسىپ قۇيۇلىدۇ. قۇربانلىق قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن يوقسۇل ئائىلىلەر بولسا هەرقايسى قوي سويغان ئائىلىلەر كىرگۈزگەن خامتالاش (خام تارقىتىلغان) گۆشنى پىشۇرۇپ يەيدۇ. هەرقانداق ئائىلە گۆشسىز قالمايدۇ.

باللارغا ئىسىم قويۇش (ئات) تويىدا، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن ئۈچۈن لەڭمەن قاتارلىق تاماق ئەتسە، قىرىق تويىدا باللار ئۈچۈن مەخسۇس ئاتىلا ئېتىپ كىچىك تۇقاچلار بىلەن بېرىدۇ.

سۈننەت تويىدا، كۆپ مېهمان چاقىرىپ قوي، كالا سويۇپ ئاش (پولۇ) ئېتىشتىن تاشقىرى، ئائىلىدە تۇخۇم يېيىش ئەنئەنىسىمۇ بار. قىز - يىگىت تويلىرىدا ئاساسىي تاماق پولۇ بولىدۇ. بىر لېگەن ئاش ئۈچ كىشىگە قويۇلىدۇ. توي داستىخىنى هەرخىل نازۇ - نېمەتلەر بىلەن تولىدۇ. ئاياللار داستىخىنى تېخىمۇ مولراق بولىدۇ. بەزى جايلار (جەنۇبىي شىنجاڭ)دا ئاياللارغا نىشالا قويۇش، نان قورداق قىلىش ئادەتلىرىمۇ بار.

توي چېيى قاتارلىقلاردا پولۇ ۋە قورداق ئېتىلىدۇ، دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ هېيت - ئايەم، توي - تۆكۈن تاماقلىرى ئالاهىدە بولۇشتىن تاشقىرى يەنە مول بولىدۇ .

## تاماق بىلەن كېسەل داۋالاش

ئۇيغۇرلاردىكى تاماق بىلەن كېسەل داۋالاش، كېسەل ئەهۋالىغا قاراپ، يېمەك - ئىچمەكنى

مۇۋاپىق تەڭشەش، پەرھىز تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلگە خىل كەلمەيدىغان تاماقلارنى چەكلەش ئارقىلىق كېسەلنى يەڭگىللىتىش ۋە ھەرخىل شىپالىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى بېرىش ئارقىلىق بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ تېزراق ساقىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

ئۇيغۇرلار كېسەلنى تاماق بىلەن داۋالاشتا، كېسەلگە مۇۋاپىق تاماقنى ئۈچكە بۆلىدۇ: (1) غىزايى مۇتلەق: ئوزۇقلۇق رولىنىلا ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر. (2) داۋائى غىزايى: ئالدى بىلەن داۋالىق رولىنى، كېيىن ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان داۋالىق يېمەكلىكلەر. (3) غىزايى داۋائى: ھەم ئوزۇقلۇق، ھەم داۋالىق رولىنى ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر.

**غىزايى مۇتلەق:** ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان ۋە قۇۋۋەت بولىدىغان يېمەكلىكلەر غىزايى مۇتلەق دېيىلىدۇ. بۆلار، سۈيۈق، يۇمشاق، ئاسان سىڭىدىغان، ھەجمى ئاز، قۇۋۋەتى كۆپ يېمەكلىكلەر. مەسىلەن، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، كۆپ خىللىق دورا - دەرمان بىلەن تەييارلانغان گۆش شورپىسى، كەكلىك، قۇشقاچ، چۈجە، مۇجۇلغان ئۈزۈم شەربىتى، ئانار، ئالما، ئامۇت، نەشپۈت قاتارلىق مېۋە مۇراببالىرى، بۇغداي ئۇنى تامىغى، شوۋىگۈرۈچ، سېرىقماي، كالا سۈتى، يۇمشاق پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، بېلىق، پالەك، يېسىۋىلەك، شوخلا، سۈڭپىياز قاتارلىقلار.

**داۋائى غىزايى:** قىزىلگۈل، پىننە، رەيھان بىلەن ياسالغان گۈلقەنت، قىياملار، ئەنجۈر، ئالما، بېھى، ئامۇت، سەۋزە ۋە باشقىلاردىن ياسالغان مۇراببا، بادام، نوقۇت، ياڭاق تالقانلىرى قاتارلىقلار ئالدى بىلەن داۋالىق ئۈنۈمدىن كېيىن ئوزۇقلۇق رولغا ئىگە يېمەكلىكلەردۇر. گۈلقەنت ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرى، ھەزىم قىلىش تەس، جىگەر، بۆرەك، ئۆپكە سىل، ئۆپكە ھاۋا يوللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، ئۆپكە يەللىك ئىششىغى، دەم سىقىلىش كېسەللىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

**غىزايى داۋائى:** چامغۇر، تۇرۇپ، سەۋزە، شوخلا، پالەك، يېسىۋىلەك قاتارلىق كۆكتاتلار ئالدى بىلەن ئوزۇقلۇق، ئاندىن داۋالىق رولىنى ئوينايدۇ. بۇلار سۈيدۈك ھەيدەش، قەۋزىيەتنى يوقىتىش، سەپرانى پەسەيتىش، ئىشتىھانى ئېچىش رولىغا ئىگە.

**پەرھىزلىك تاماقلار**

ئۇيغۇرلار تارىخىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، كېسەللەرنى شىپالىق ئوزۇقلۇق تاماق بىلەن داۋالاشتىن تاشقىرى، پەرزىلىك تاماق بىلەنمۇ داۋالايدۇ.

پەرھىزلىك تاماقلار دېگىنىمىز، كېسەللىك خاراكتېرىگە ئاساسەن «زىيان قىلىدۇ» دېيىلىپ، يېيىش چەكلەنگەن تاماقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، قان بېسىم، جىگەر، بۆرەك، ئۆت، يۈرەك كېسەللىكلىرى مايلىق گۆشنى پەرھىز قىلىدۇ. ئۇششاق يارا، تەمرەتكە، دانىخورەك، بوۋاسىر قاتارلىق يەرلىك كېسەللەر ئاچچىقسۇ، لازا، جاڭيۇلاردىن پەرھىز قىلىدۇ.

يۇقىرى ھارارەتتىكى (ئىسسىق دەپ قارالغان) كېسەللەر ياغدا قورۇلغان گۆش، تۇخۇم، ئۆردەك، غاز، كەپتەر گۆشلىرىنى پەرھىز قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار كونا گۆش، ئورۇق قېرى كالا، قېرى ئۆچكە، قېرى ساغلىق، ئورۇق توخۇ گۆشلىرىنى زىيانلىق دەپ، ئۇنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ .

ئاشقازان كېسەللىرى ھۆل مېۋە - چېۋە يېيىشتىن پەرھىز تۇتىدۇ.

قەنت سىيىش كېسىلى ۋە بۆرەك كېسىلىگە تاتلىق تاماق، بۇغداي ئۇنى بەرمەيدۇ.

زاغۇن يېغى، قىچا يېغى ۋە شىرنىلىك تاماقنى، كېزىك، زاتىل، سەرسام، زۇكام، زىققى، كېكىردەك، كاناي، قىزىتما كېسەللىرىگە بەرمەيدۇ.

كېسەل داۋالاشتا، قوي يېغى، قىچا يېغى، زىغىر يېغىدىن باشقا ياغلارغىمۇ شەرتلىك قارايدۇ.

ئۇيغۇرلار تاماق بىلەن كېسەل داۋالىغاندا، پەرھىز تۇتۇش بىلەن بىرگە، يېتەرلىك ۋە مۇۋاپىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئوزۇقلاندۇرۇش، تاماقنىڭ سىڭىشى، مىجەزنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارغىمۇ دىققەت قىلىدۇ ۋە كېسەلنىڭ ئىشتىهاسىنى ئېچىش ئۈچۈن، تاماقنىڭ رەڭگى، كۆرۈنۈشى، تۈرى، پۇرىقى، تەمى، تازىلىقى، تاماق تەييارلىغۇچىنىڭ خۇلق مىجەزى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ .

ئۇيغۇرلار ئادەتتىكى تۇرمۇشىدا، ئۆز ـ ئۆزىنى تاماق بىلەن داۋالاشقا ئادەتلەنگەن. مەسىلەن، سوغۇقى ئېشىپ قالسا ئۇستۇن هارارەتلىك، ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلارنى يەپ مىجەزنى تەڭشەيدۇ. ئىسسىقى ئېشىپ قىزىپ قالسا، سوغۇق تەبىئەتلىك تاماقلارنى يېيىش ئارقىلىق مىجەزنى تەڭشەيدۇ .

ئومۇمەن، تاماقتىن پەرهىز تۇتۇش خەلق ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ، ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى كېسەل داۋالاشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرىدىن بىرى هېسابلىنىدۇ.

## 8)ئۇيغۇر مىللى ئارمىيە تارىخىدىكى مۇهىم ۋەقەلەر

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجىدا «مىللى هۆكۈمەت» قۇرۇلدى .

1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 4 ـ قېتىملىق يىغىندا ئىنقىلاپ مېۋىسىنى ۋە تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن، هەر مىللەت خەلقىدىن ئەسكەر ئېلىپ، قۇدرەتلىك قوشۇن تەشكىللەش قارار قىلىندى .

1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتلىق هۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىندا 6 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، هەربىي ئىشلار نازارىتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، پېتىر رومانوۋىچ ئالىكساندىروفنى نازىرلىققا تەيىنلىدى. يەنە مۇنتىزىم قوراللىق ئارمىيە قۇرۇپ، هەربىي ئۇنۋان تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، هەربىي ئۇنۋاننى ئەسكەر (ئاددىي ئەسكەر، يېفرېيتور، ئۇنتېر ئوفتسېر، ستارشى ئۇنتېر ئوفتسېر، فېلد فېبىل)، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفتسېر (پىراپورشىك، پودپورۇچىك، پورۇچىك، كاپىتان)، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفتسېر (مايور، پودپولكوۋنىك، پولكوۋنىك)، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفتسېر (گېنېرال مايور، گېنېرال لېيتىنانت گېنېرال پولكوۋنىك) دىن ئىبارەت تۆت دەرىجىگە ئايرىش. پاگون ۋە هەربىي فورمىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭكىگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەش، پاگون جىيەگىدىكى كۆك، قىزىل، ئاق رەڭلەر ئارقىلىق ئاتلىق ئەسكەر، پىيادە ئەسكەر، توپچى ئەسكەرلەرنى پەرقلەندۈرۈش، پاگون تۈگمىسىگە ئاي ـ يۇلتۇز بەلگىسىنى چۈشۈرۈش، هەربىي فورمىنىڭ رەڭگى ماشرەڭ بولۇشنى بەلگىلىدى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ۋاقىتلىق هۆكۈمەت مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن غۇلجا شەهرىدە داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزدى. مۇراسىم تۇغ مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى (هازىرقى خەلق باغچىسى). ئېلىخان تۆرە مۇراسىمدا سۆز قىلدى هەمدە قىسىملارغا ئاي ـ يۇلتۇز بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن، « مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئالغا » دېگەن شوئار يېزىلغان هەربىي بايراق ۋە ئايەت يېزىلغان ئاق رەڭلىك ئىسلام بايرىقىنى تەقدىم قىلدى. مۇراسىمدا مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

غۇلجىدا مىللىي ئارمىيە باش شتابى قۇرۇلدى. باش شتاب قارمىقىدا ئوپېراتسىپ بۆلۈمى، هەربىي تەييارلىق بۆلۈمى، رازۋېدكا بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈم، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

ئىۋان ياكوۋلوۋىچ پالىنوف (رۇس) مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، ئىسھاقبېك مۇنونوف (قىرغىز)، زۇنۇن تېيىپوف (ئۇيغۇر) مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا، ۋ، م، مازاروف (رۇس) شتاب

باشلىقلىقىغا، ئەخمەتجان قاسىمى (ئۇيغۇر) ھەربىي بۆلۈم مۇدىرلىقىغا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف (ئۇيغۇر) سىياسىي بولۇم مۇدىرلىقىغا، رەسۇلوپ پەخرىدىن خوجا (ئۆزبېك) ئارقا سەپ تەمىنات مۇدىرلىقىغا، غېنى مەھەممەت باقى (ئۇيغۇر) ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجى (ئۇيغۇر) ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، داموللا رازىيوپ (ئۇيغۇر) دىنىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە تۆۋەندىكى قىسىملار تەسىس قىلىندى.

سۈيدۈڭ پارتىزانلىرىنى ئاساس قىلىپ بىرىنچى سۈيدۈڭ ئاتقۇچى پولكى قۇرۇلدى. پولك كوماندىرى موگوتنوف (رۇس)، پولك كومىسسارى مەرغۇپ ئىسھاقوف ھەرەمباغ ئۇرۇشىغا قاتناشقان پارتىزانلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاساس قىلىپ ئىككىنچى غۇلجا ئاتقۇچ پولكى قۇرۇلدى.

پولك كوماندىرى فىدايىۋ ( رۇس)، پولك كومىسسارى موللاخۇن (ئۇيغۇر)

كەڭساي پارتىزانلىرىنى ئاساس قىلىپ ئۈچىنچى كەڭساي ئاتلىق پولكى قۇرۇلدى.

پولك كوماندىرى فاتى ئىۋانوۋىچ لېسكىن (رۇس)، پولك كومىسسارى ۋاسلىيۋىچ ۋاسلىي (رۇس)، شتاپ باشلىقى بارىسوف (رۇس).

ھەرەمباغ ئۇرۇشىغا قاتناشقان پارتىزانلارنىڭ يەنە بىر قىسمىنى ئاساس قىلىپ تۆتىنچى غۇلجا زاپاس پولكى قۇرۇلدى.

پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ غوجا (ئۇيغۇر)، پولك كومىسسارى ھاشىم گۆھەر باقى ( ئۇيغۇر) شتاب باشلىقى ماتسوك (رۇس)

ئىسھاقبېك مۇنۇنوفنىڭ پارتىزان ئەترىتىنى ئاساس قىلىپ تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكى قۇرۇلدى.

كوماندىرى مەۋلانوف رازاق (قىرغىز)، پولك كومىسسارى ئىبراھىموف، شتاب باشلىقى سىدىقجان ئاخۇنبايوپ (ئۇيغۇر)

تېكەس، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردىكى پارتىزانلارنى ئاساس قىلىپ تېكەس 2 ـ ئاتلىق پولكى قۇرۇلدى.

پولك كوماندىرى نوغايبايوف (قىرغىز)

پولك كومىسسارى ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف (ئۇيغۇر)

توققۇزتارا ئاتلىق پولكى

پولك كوماندىرى نۇسۇپقان كۇنبايوف (قازاق)، كومىسسارى مەننازاروف تۇرسۇن ( قىرغىز)، شتاپ باشلىقى تورغايوف (قىرغىز)

پولكتىن تۆۋەن بىرلىكتىكى باش شتاپقا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملاردىن تۆۋەندىكىلەر بار ئىدى.

مۇستەقىل دىۋىزيون (ئاتلىق باتاليون)

كوماندىرى ناسىروف مىرزىگۇل (ئۇيغۇر)

مۇھاپىزەتچىلەر باتاليونى

كوماندىرى قېيۇم سابىر ھاجى (ئۇيغۇر)

تۇڭگان پارتىزانلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان تۇڭگان دىۋىزيونى (ئاتلىق باتاليون)

كوماندىرى كېرىم ھاجى (خۇيزۇ)، مۇئاۋىنى مەنسۇر لومىيوۋ (خۇيزۇ)

موڭغۇل پارتىزانلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان موڭغۇل دىۋىزيونى (ئاتلىق باتاليون)

كوماندىرى ئېردى بولغۇنوف (موڭغۇل)

زەمبىرەكچىلەر باتاليونى

كوماندىرى زاركوف (رۇس)

www.uyghurkitap.com



شىبە ئىسكادرون (ئاتلىق روتا)
كوماندىرى نار بايانتۇ (شىبە)، مۇئاۋىنى فۇچا شىڭسەن (شىبە)
( شىبە ئىسكادرون مۇستەقىل دىۋىزىيونىنىڭ تەركىبىدىكى 1 ـ ئىسكادرون ئىدى)
مىللىي ئارمىيە دەسلەپتە قۇرۇلغان چاغلاردا ئادەم سانى 15 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، مۇنتىزىم ئارمىيىدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى پارتىزان ئەترەتلىرىمۇ بار ئىدى.
ئۇلار ئالتاي رايونىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوسمان ئىسلام، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ باشچىلىقىدىكى پارتىزان ئەترىتى. چۆچەك رايونىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان مائىل پارتىزان ئەترىتى، شىخۇ شياۋگوۋې ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان قازىقان پارتىزان ئەترىتى، دىنسوف پارتىزان ئەترىتى، ساۋەن ئەتراپىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان قالىبېك ئەترىتى، جىمنەي، قۇبۇقساردا ھەرىكەتلىنىۋاتقان موللا ئىسلام شاڭزۇڭ، خوجەخمەت پارتىزان ئەترىتى، ئايغىربۇلاقتا ھەرىكەتلىنىۋاتقان نائىل پارتىزان ئەترىتى. يۇلتۇز رايونىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان نىكتىن پارتىزان ئەترىتى، جىڭ، شىخۇ ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان رەپىق بايچۇرىن پارتىزان ئەترىتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغان پارتىزان ئەترىتىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ پارتىزان ئەترەتلىرىدە 2500 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى.
مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال ئاساسىي كۈچنى باشقا ۋىلايەتلەرگە يۆتكەپ، شىمالىي، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئۈچ يۆلىنىش بويىچە جەڭ قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. شىمالىي يۆلىنىشنىڭ ۋەزىپىسى چۆچەك ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش ئىدى. ئاساسلىق جەڭ ۋەزىپىسىنى كەڭساي ئۈچىنچى ئاتلىق پولكى ئۈز ئۈستىگە ئالدى. كەڭساي ئۈچىنچى ئاتلىق پولكى كوماندىر لېسكىننىڭ باشلامچىلىقىدا 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بورتالا ئارقىلىق چۆچەككە يۈرۈش قىلىپ 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دۆربىلجىننى ئازاد قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۆچەكنى ئازاد قىلدى. چۆچەك ئازاد بولغاندىن كېيىن كەڭساي ئۈچىنچى ئاتلىق پولكى كېڭەيتىلىپ مۇستەقىل2 ـ ئاتلىق بىرىگادا قۇرۇلدى. بىرىگادا تەركىۋىدە تۆۋەندىكى پولكلار بار ئىدى ئەسلىدىكى كەڭساي ئۈچىنچى ئاتلىق پولكىنىڭ چاقانبېك باتالىيونى كېڭەيتىلىپ كەڭساي3 ـ ئاتلىق پولكى بولدى. ئايتۇغان باتالىيونى كېڭەيتىلىپ دۆربىلجىن 4 ـ ئاتلىق پولكى بولۇپ تەشكىللەندى. چۆچەكتە گومىنداڭدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ قوشۇلغان گومىنداڭنىڭ باتالىيون كوماندىرى مايور ئابلاخان (ئۇيغۇر) نىڭ قوشۇنى ئاساسىدا چۆچەك 6 ـ ئاتلىق پولكى تەشكىللەندى. مۇستەقىل 2 ـ ئاتلىق بىرىگادا قۇرۇلغاندىن كېيىن قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىپ ئارام ئالدۇرۇش ئىشلىرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن چۆچەك 6 ـ ئاتلىق پولكى شىخۇغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلدى. كەڭساي 3 ـ ئاتلىق پولكى بىلەن دۆربىلجىن 4 ـ ئاتلىق پولكى داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن باشلاپ قۇبۇقساردا ھۇجۇم قىلىپ 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قۇبۇقسارنى ئىشغال قىلدى ۋە داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە ئوسمان، دەلىلقان پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىشىپ بىرچىن، سارسۇمبە ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىپ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ ئالتاي ۋىلايىتىنى ئازاد قىلدى. ئالتاي ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ئوسمان، دەلىلقان پارتىزانلىرىنى ئاساس قىلىپ ئالتاي 3 ـ ئاتلىق پولكى قۇرۇلدى. مۇستەقىل ئاتلىق بىرىگادا 1 ـ ئايلارنىڭ باشلىرىدا ماناس دەرياسى بويىغا كېلىپ شۇ يەردە بۆيرۇق كۈتۈپ تۇردى.
ئوتتۇرا يۆلىنىشنىڭ ۋەزىپىسى جىڭ شىخۇدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلەش ئىدى. بۇ يۆلىنىشتە گومىنداڭ قىسىملىرى كۆپ بولغانلىقتىن بۇ يۆلىنىشكە ئاجرىتىلغان ھەربىي كۈچمۇ ئەڭ كۆپ بولدى. جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىشقا غۇلجا ئىككىنچى پىيادە پولك، تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولك، غۇلجا 4 ـ زاپاس پولك، تۇڭگان دىۋىزىيون، شىبە ئىسكاد ـ

رون قاتارلىق قىسىملار ئاجرىتىلىپ، ئۇرۇشقا گېنېرال ئىسھاقبېك مۇنۇنوف قوماندانلىق قىلدى. 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى باشلاندى. دەسلەپتە ھەر ئىككى تەرەپ تىركىشىش باسقۇچىدا تۇردى. 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىنىپ 8 ـ كۈنى جىڭ ناھىيە بازىرى ئىشغال قىلىندى.

شىخۇ ناھىيىسىگە قىلىنغان ھۇجۇمغا سۈيدۆك 1 ـ پىيادە پولك، چۆچەك 6 ـ ئاتلىق پولك، موڭغۇل دىۋىزىيون، زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى قاتارلىق قىسىملار ئاجرىتىلىپ، گېنېرال پالىنوفنىڭ قوماندانلىقىدا 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە تۆت كۈن قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، شىخۇ ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى ۋە جىڭ ناھىيىسىنى ئىشغال قىلغان قىسىملار بىلەن بىرلىكتە تېزلىكتە ئىلگىرىلەپ مايتاغ، ساۋەن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ماناس دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى.

جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى ئۇرۇش قىلىش پىلانى مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم كۈچىنى كۈنەستىن يۇلتۇزغا ئەۋەتىپ، بايغا ھۇجۇم قىلغۇزۇپ، كۇچارنى ئىشغال قىلغۇزۇش، يەنە بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى موڭغۇلكۈرەدىن مۇزداۋان ئارقىلىق قورغانغا ئەۋەتىش ئۇ يەردىن ئاقسۇ ئاقسۇ كونىشەھەر بازىرىغا، ئاندىن ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئاقسۇ شەھىرىنى ئىگىلەش ئىدى. جەڭ ۋەزىپىسىنى سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى پارتىزان ئەترىتى، ناسىروۋ مىرزىگۈل قوماندانلىقىدىكى دىۋىزىيون ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلەر قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلدى. ناسىروۋ مىرزىگۈل قوماندانلىقىدىكى دىۋىزىيون 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كۈنەس ئارقىلىق تەلەمەت داۋىنىغا قوماندانلىقىدىكى دىۋىزىيون ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلەر قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلدى ناسىروۋ مىرزىگۈل قوماندانلىقىدىكى دىۋىزىيون 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كۈنەس ئارقىلىق تەلەمەت داۋىنىغا يۈرۈش قىلىپ داۋاننى ئىشغال قىلدى. سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى ئەترەت 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدىن يولغا چىقىپ بىر قاتارتەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېكەس ناھىيىسى ئارقىلىق باينىڭ قىيىر دېگەن يېتىپ باردى. 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بۇ ئىككى قىسىم بىرلىشىپ باي ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت قۇردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ كۇچاردا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى بايغا كېلىپ باي ناھىيىسىنى قايتا ئىشغال قىلدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بايدىن چېكىندى ۋە مۇزداۋاندىكى مۇھىم ئۆتكەل قورغاننى ئېلىپ غۇلجىدىن كېلىدىغان ياردەمگە ئېرىشمەكچى بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قورغانغا ھۇجۇم باشلاپ 24 ـ قورغاننى ئىشغال قىلىپ ئىلىدىن ئاقسۇغا بارىدىغان يولنى ئاچتى. مۇزداۋان يولى ئېچىلغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە باش شتاۋى تېكەس 2 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ بىر دىۋىزىيوننى ياردەمگە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن باينى يەنە بىر قېتىم ئازاد قىلىپ ئاقسۇ كونىشەھەرگە يۈرۈش قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىپ ئاندىن ئاقسۇ شەھىرىنى قورشىدى. بىراق شەھەردىكى گومىنداڭ قوشۇنى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئاقسۇنى ئۇزاققىچە ئالالمىدى. ئىككى تەرەپ بىر بىرىنى يېڭەلمەي تىركىشىپ قالدى. 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئاقسۇنى قورشاپ تۇرغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بۇيرۇققا بىنائەن چېكىنىشكە باشلىدى ۋە 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگە كەلگەندە پۈتۈنلەي قايتىپ كەلدى.

كۈرەش جەريانىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ سانى كۆپەيدى ۋە بەزى قىسىملار يېڭىدىن قۇرۇلدى.

قوجاي دوقاس ئەپەندىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قىسىم قۇرۇلمىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە يېزىلىشىچە 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ تەركىۋىدە تۆۋەندىكىدەك قوشۇنلار بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇستەقىل 2 ـ ئاتلىق بىرىگادا.
بىرىگادا كوماندىرى فاتى ئىۋانوۋىچ لىسكىن (رۇس)، ئىۋانوف مۇئاۋىن كوماندىر ـ لىققا (رۇس)، مارۇپىن (رۇس) شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. بىرىگادا قارمىغىدا تۆۋەندىكى ئۈچ ئاتلىق پولك بار ئىدى.
كەڭساي 3 ـ ئاتلىق پولكى
پولك كوماندىرى دەسلەپتە ئىۋانوف ( رۇس)، كېيىن دېنىسوف ( رۇس)
شتاپ باشلىقى ئەنباتوف، سىياسىي بۆلۈم باشلىقى ئەنناس
دۆربىلجىن 4 ـ ئاتلىق پولك كوماندىرى ئايتۇغان يۇنۇچى (تاتار)، سىياسىي بۆلۈم باشلىقى ئەخمەتشايوف
تارباغاتاي 6 ـ ئاتلىق پولك
پولك كوماندىرى ئابلاخان ماخمۇدوف (ئۇيغۇر)، پولك كومىسسارى ۋاسلىيېۋىچ ۋاسلىي (رۇس)
1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نىلقا ئاتلىق پولكى قۇرۇلدى. پولك كوماندىرى نازاروف (رۇس)

تۇڭگان دېۋىزىيون ئاساسدا كېڭەيتىلىپ قۇرۇلغان تۇڭگان ئاتلىق 10 ـ پولكى.
كوماندىرى كېرىم ھاجى (خۇيزۇ)، مۇئاۋىنى مەنسۇر لومىيوف (خۇيزۇ)
موڭغۇل دېۋىزيون ئاساسدا قۇرۇلغان موڭغۇل ئاتلىق پولكى.
كوماندىرى ئېردى بولغۇنوف (موڭغۇل)
1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان 7 ـ ئاتلىق پولك
پولك كوماندىرى ماناسبايىۋ قازىقان (قازاق)، كومىسسارى ئەبشوف سەرسەنبېك (قازاق)
3 ـ ئاتلىق پولك، 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قۇرۇلغان
پولك كوماندىرى يىگانوۋ، پاتىخ جابىقبايۇۋ (قازاق)، شتاب باشلىقى زېنكوۋ (رۇس)
سارسۇمبە 3 ـ ئاتلىق پولك، 1945 ـ يىلى قۇرۇلغان
پولك كوماندىرى بەدەلقان سۇگۇرباييوب، كومىسسارى يۇسۇپجان ياسنوف، شتاب باشلىقى ئەيتىكەن
بىرىنچى سۇيدۇڭ پىيادە پولكى 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كېڭەيتىلىپ پىيادىلەر 1 ـ بىرىگادا بولۇپ قۇرۇلدى.
بىرىگادا كوماندىرى موگوتنوف (رۇس)، بىرىگادا كومىسسارى مەرغۇپ ئىسھاقوف (تاتار)، شتاپ باشلىقى بارىسىق (رۇس).
ئىككىنچى غۇلجا ئاتقۇچ پولك، 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كېڭەيتىلىپ پىيادىلەر 2 ـ بىرىگادا بولۇپ قۇرۇلدى.
بىرىگادا كوماندىرى فىدايوف (رۇس)، بىرىگادا كومىسسارى موللاخۇن (ئۇيغۇر)
تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولك، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى كېڭەيتىلىپ، تېكەس 1 ـ ئاتلىق بىرىگادا بولۇپ قۇرۇلدى.
كوماندىرى ئىسھاقبېك مۇنۇنوف (قىرغىز)، كومىسسارى ئىبراھىموف، شتاپ باشلىقى يۇنۇس
تېكەس 2 ـ ئاتلىق پولك، 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى كېڭەيتىلىپ، تېكەس 2 ـ ئاتلىق بىرىگادا بولۇپ قۇرۇلدى.
بىرىگادا كوماندىرى نوغايبايوف (قىرغىز)، كومىسسارى داكىپوف، شتاپ باشلىقى سايىم قاتوف
3 ـ پولك، كوماندىرى رەپىق بايچۈرىن
12 ـ پولك، كوماندىرى ئىمىر ھاجى

يۇقىرىقى ئىككى پولكىنىڭ ئادەم سانى ئازراق بولۇپ ئىسكادروندا بولۇشقا تېگىشلىك ئادەم بار ئىدى.

«گېنېرال ئىسهاقبېك» ناملىق كىتاپتا يېزىلىشچە تېكەس 1 ـ ئاتلىق بېرىگادىسى، تېكەس 2 ـ ئاتلىق بېرىگادىسى، مۇستەقىل 2 ـ ئاتلىق بېرىگادا قاتارلىقلار قوشۇلۇپ ئاتلىق دېۋىزىيە بولۇپ تەشكىللىنىپ ئىسهاقبېك مۇنۇنوف دېۋىزىيە كوماندىرى بولغان ئىكەن.

1945 ـ يىلنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى 29 مىڭ 650 كىشىگە يەتتى (بەزى ماتېرىياللاردا 33 مىڭ دەپمۇ ئېلىنغان).

1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن جاڭ جىجۇڭ « تىنچلىق بېتىم » نىڭ قوشۇمچە هۆججىتى (2) گە رەسمىي ئىمزا قويدى. بۇ هۆججەتنىڭ روهىغا ئاساسەن شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا مىللىي ئارمىيە ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىندى. قايتا تەشكىللەنگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 13 مىڭ 500 ئادەم بولدى، باش قوماندانلىق شتاۋى غۇلجىدا تەسىس قىلىندى. باش قوماندانلىق شتاۋىنىڭ قارمىغىدا ئارقا سەپ بۆلۈمى، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ئۇرۇش قىلىش باشقارمىسى، رازۋېدكا باشقارمىسى، خوجىلىق ئىشلىرى باشقارمىسى، زەمبىرەكچىلەر باشقارمىسى، سەهىيە باشقارمىسى، هەربىي سوت مەهكىمىسى، هەربىي تەپتىش مەهكىمىسى تەسىس قىلىندى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى: ئىسهاقبېك مۇنۇنوف

مۇئاۋىن باش قوماندان: دەلىلقان سۇگۇرباييوف، زۇنۇن تېيىپوف

سىياسىي مۇئاۋىن قوماندان: ئابدۇرېهىمجان ھەسەنوف

شتاب باشلىغى: ۋ. م.

## 9) ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخى رولى توغرىسىدا

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېهرىبان ئاللاهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن!**

ئىنسانىنى بارچە مەخلۇقاتتىن تىل شەرىپى بىلەن ئۈستۈن ۋە سۆزلىشىش لەززەتى بىلەن يۈكسەك قىلغان ئاللاھۇ تائالاغا سانسىز تەشەككۈر ۋە تۈگىمەس هەمدۇ ـ سانالار بولسۇن!

«سۆز ئۈنچەدۇر، ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر. كۆڭۈل پۈتۈن مەنالارنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغۇچىدۇر. گەۋهەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ،

گەۋھەرشۇناسلار ئىچىدە ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، كۆڭۈلدىكى سۆز ئۇنچىلىرىمۇ نۇتۇق شەرپىگە شۇ ئىشنىڭ ماھىرلىرى ۋاستىسى بىلەن ئېرىشىپ ئۆز كۆركىنى تاپىدۇ ۋە ئۆز قىممىتى ھەم مەرتىۋىسىگە قاراپ يېيىلىدۇ ۋە شۆھرەت قازىنىدۇ. گەۋھەرنىڭ قىممەت دەرىجىسى بەك كۆپتۇر، ھەتتا بىر تەڭگىدىن يۈز تۇمەن تەڭگىگىچە دېيىشمۇ بولىدۇ.»(ناۋايى)

بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قەلىپ دېڭىزىدىكى مۇنداق بى باھا گۆھەردەك قەدىر-قىممەتلىك ئۇنچە - مەرۋايىتتەك سۆزلىرىلا شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ تەسۋىر يەتكۈسىز بەخت خۇشاللىغىنىڭ تەسۋىر يەتكۈسىز مەنالارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ.

بۇ ھەققەتنى چۈشەنمەسلىك ئۇچىغا چىققان نادانلىق.

بۇ تىرىكلىك ئالىمىدە كىشىنى ئانا تىل ئەركىنلىگىدىن مەھرۇم قىلىش ، ماھىيەتتە ئۇ مىللەت كىشىلىرىنى يۇقىرىدا تەرىپلەنگەن بى باھا گۆھەردەك قەلىپ سۆزلىرىدىن مەھرۇم قىلىش، ھەتتا ئۇ مىللەتنى يوق قىلىش دېمەكتۇر. بۇ دېمەك، ئىنسان تەبىئىتىگە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان خاھىش ۋە ھەتتا كىشىنىڭ ئىنسانلىق شەرپىنى يەرگە ئۇرىدىغان رەشەن بىر ئىپادىسىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەرلىك مىللەت مائارىپى ھەققىدىكى قانۇنىدا ھەرمىللەتنىڭ ئانا تىل - يېزىغىنى قوللىنىش ئەركىنلىگى بارلىغى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

ئەمما كۆپ ئەپسۇس، نۆۋەتتە بۇ قانۇن - نىزاملارغا بەزى جايلاردا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىك -تىن ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىغىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى تونۇپ يېتىلمىدى . شۇڭلاشقىمۇ ئۇيغۇر تىل - يېزىغىنىڭ قوللىنىلىشى چەكلىنىدىغان خاتا خاھىشلارمۇ باش كۆتۈرۈپ قالدى.

ئۇنداق بولسا چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرەيلى، ـــ زادى ئۇيغۇر تىل - يېزىغى ھەقىقەتەن ئىلمىي قىممىتى يوق ، تارىخىي رولىغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىمەيدىغان تىل - يېزىقمىدۇ ؟؟؟

زادى ئۇيغۇر تىل-يېزىغى ھەقىقەتەن ئەمەلدىن قېلىشى كېرەكمىدۇ؟

ياق!

مۇقەررەركى، بۇ ئازىراقلا ئىمانى ، ۋىجدانى بار ھەر قانداق ئىنساننى قاتتىق ئويلاندۇرىدۇ!

ئەلبەتتەكى، ـــ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـــ يېزىغىنى « تۇسالغۇ » دەپ قاراش ۋ ئۇيغۇر ئىلىم ئەرباپلىرىنىڭ دەرس مۇنبەرلىرىدە خاس ئانا تىلنى قوللىنىشنى چەكلەپ، قوللانسا«گۇناھكار » ھېساپلاپ ئىلىم - مەرپەت ساھەسىدىن سىقىپ چىقىرىش ، ھەتتاكى پەرزەنتلىرىمىزنى ئانا تىلدىن مەھرۇم قىلىۋېتىش ـــ بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قاتتىق ۋىجدان ئازاۋى چەكتۈرگەن ۋە چەكتۈرىۋاتقان ھاقارەتلىك ھادىسە ........!

ئەمما، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتتا مۇتلەق ئۈستۈنلىگىمىزنى ئەبەدىي ساقلىيالايدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىزچىل ھالدا ئاكتۆڭۈللۈك بىلەن ئەبەدىي زور تۆھپىلەرنى قوشالايدىغان ئېقىل ـــ پاراسەتلىك ، چىدام ـــ جاسارەتلىك مىللەت ئىكەنلىگىمىزدىن ئىبارەت ھەققەتنى ھەرقانداق بانايى ـــ سەۋەپلەر بىلەن يوق قىلىۋېتىش ئەسلا ۋە ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ۋە مەن قۇياشنىڭ نۇرىدەك پارلاق ئىلمىي ھەققەتنىڭ ھۆكمى بىلەن شۇنى ئېيتىشقا ئىمانىم كامىلكى ، بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئانا تىل - يېزىغىمىز خەلقئارالىق ۋە باشقا خىل تىللاردىن ( جۈملىدىن شۇ تىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېزىقلاردىن ) زادىلا قالغۇچىلىگى يوق تىل - يېزىق بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇشتا ھەر قانداق تىل - يېزىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرالىغان ۋە مەڭگۈ تۇرالايدىغان ئالەمشۇمۇل ئىلمىي قىممەتكە ۋە ئۇلۇغۋار تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە شۇڭا قوللىنىلۇش قىممىتى ئاجايىپ يۈكسەك ھەقىقىي دۇنياۋىي تىل - يېزىقتۇر !!!

مۇشۇ تىل ـ يېزىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار بولسا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي جاسارەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە داھىيانە يېتەكچىسىدۇر !!!




ئەنە تارىخ! ـــــــ

دۇنيادا مەۋجۇت 7000 خىلدىن ئارتۇق تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىي ھايات سەۋىيىسى ئۆزئۆزىن جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ۋە يۇقىرىدىكى سىخىملىق باغلىنىشتىكىدەك ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسەتتى .

**دىققەت !**

**سىخىمىدىكى « ئۇيغۇر » دېگەن نامىنىڭ ئورنىغا قاراڭ!**

سىخىمىدا كۆرۈنگەن مانا شۇ « مۇ » غا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتى ئۇچۇن 50 نەچچە يىللىق ھاياتىنى سەرپ قىلىپ پۇلاتتەك دەلىللارنى توپلىغان ئىنگىلىز تارىخشۇناسى، ئارخېئولوگ جەيمىز چېچۋورد (James Churchward) ئەپەندىنىڭ « مۇ قۇرۇغلۇقى » ناملىق كىتاۋىدا ، ئىنسانىيەت تەخمىنەن بۇنىڭدىن 200 مىڭ يىل بۇرۇن « مۇ قۇرۇغلۇقى » دا پەيدا بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئاپتور بۇ كىتاۋىدا ئىنسانلارنىڭ ئاللاھۇ تەئالا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى دەلىللىگەن.

ئاپتور بۇ كىتاۋىدا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولىشىغا مۇستەھكەم ئاساسلارنى سالغان يادرولۇق مىللەت ئىكەنلىكىنى، دېمەك پارلاق ئىنسانىي مەدەنىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمقى ئۇستازى دەل ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ، ئۇيغۇرلار **« بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى»**نى قۇرۇپ ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ، ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە گۈللىنىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىكىنى ئالاھىدە سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىپ ، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ تېررىتورىيىسى ، قۇدرىتى ، تەسىرى ۋە دۆلەت قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى كۆپلىگەن تارىخىي ھەمدە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بىلەن ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ، **« ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت جەھەتتە**

**ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ ، ئاسترونومىيە ، مېتاللورگىيە ، توقۇمىچىلىق سانائىتى ، بىناكارلىق ، ماتېماتىكا ، زىرائەت يېتىشتۈرۈش ، مائارىپ ، دوختۇرلۇق ــ تىبابەت ۋە باشقا جەھەتلەردە بىلىملىك خەلق ئىدى ، يىپەك ، تاختا ۋە مېتال ئۈستىگە خىلمۇ ـ خىل گۈل ـ نەقشلەرنى چىقىرىشنىڭ ئۇستىلىرى ئىدى . ئالتۇن ، كۈمۈش ، برونزا ( تۇچ ) ۋە سېغىز توپىلاردىن ھەيكەل ياسىيالايتتى. بۇ ، مىسىر تارىخىنىڭ باشلىنىشىدىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللار ئىدى »** دەپ كۆرسىتىدۇ .خەرىتىگە قاراڭ.

ئاپتور بۇ كىتاۋىدا «ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى (« مۇ قۇرۇغلۇقى») بارلىق قەدىمقى يېزىقلارنىڭ ئاچقۇچى» دەپ يېزىپ ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پاكىت ـ دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، « سېھىرلىك يېزىق» مەسىلىسىدە ئۇيـ ـغۇرلارنى دەرھاللا تىلغا ئېلىپ ، « ئۇيغۇرلار بولسا ئادەتتە سانلارنى ئىپا ـ دىلەش ئۈچۈن تىك ياكى تۈز سىـ ـزىقلاردىن پايدىلانغان،..» دەپ كۆرسىتـدۇ .

ئاپتور «مۇنىڭ قۇتسال سىمۋول ـ ـلىرى»ناملىق كىتاۋىدا يەنە : **« پۈتكۈل مۇ مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئۇيغۇرلارنىڭكىنى ئاساسلىق ھالدا تاللىغان. .... ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقات ،**



**بىلىم ، ئىجتىمائىي ھايات ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق، ئىنسان بىلەن كائىنات ئارىسىدىكى قۇرۇلمىلار جەھەتتىن قالدۇرۇپ كەتكەن ئاساسلار ناھايىتى توغرا »**، دەپ يازىدۇ .

ئاپتور ئەمدى «مۇ قۇرۇغلۇقىنىڭ ئەۋلاتلىرى» ناملىق كىتاۋىدا بولسا خەنلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : « خەن مەدەنىيىتىنى ناھايىتى قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى، دېگەن كۆز قاراش تولا ئۇچرايدۇ. ئەسلىدە خەن مەدەنىيىتى ئارانلا بەش مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە خەنلەر ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنمىش.ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار بۇ مەدەنىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجداتلىرىدىن ئالغان. خەنلەر مۇڭغۇللارغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلار يېرىم مۇڭغۇللار. ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئاق تەنلىك ئۇيغۇرلار بىلەن سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللار ئوتتۇرىسىدا ئارىلاش نىكاھ ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئەۋج ئالغان. مۇڭغۇللارنىڭ ئېلى جەنۇپ تەرەپتە ئىدى. ئەنە شۇ نىكاھلاردىن تۇغۇلغانلار دەسلەپكى خەن ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. يازما مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيغۇر ئەركەكلىرى ئەڭ گۈزەل سېرىق تەنلىك ياۋايىلارغا ئۆيلەندى.» بۇ بىر خاتا تەرجىمە. چۈنكى مۇنداق نىكاھلار قىلىنغان دەۋرلەردە يەر يۈزىدە ھېچ قانداق ياۋايىلىق بولمىغان . بۇ يەردە سۆز «تۆۋەن سېرىق ئىرق» ھەققىدە بولغان. بۇ رىۋايەتلەر بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇ رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن: « سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللار ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا خېلىلا ناچار تەرەققىي قىلغان.ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى خېلىلا تۆۋەن ئىدى.» ھازىرقى خەنلەرنىڭ كۆپچىلىگى ، بولۇپمۇ ئېسىل قانلىق خەنلەر ئاق تەنلىكلىگى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تومۇرىدا ئۇيغۇر قېنى ئېقىۋاتىدۇ. قاتاردىكى تۆۋەن سىنىپ ۋەكىللىرى بولغان جەنۇپلۇق خەنلەردە ئۇيغۇر قېنى يوق. ئۇلار قېدىمىي سېرىق تەنلىك مۇڭغۇللارنىڭ ئەۋلاتلىرى.

مۇنداق ئارىلاش ئائىلىلەردىكى ئۇيغۇر ئاتىلار بالىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە قېلىپلاشقان ئۆلچەم بويىچە بىلىم ئېلىشىنى جىددىي نازارەت قىلاتتى. دېمەك، خەنلەرنىڭ ئىمپېرىيىسىنى ئۇيغۇر قانلىق، ئۇلۇق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن ئادەملەر قۇرغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، خەنلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن كەلگەن. بۇ مەدەنىيەتنى خەنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئاتىلىرى تاپشۇرغان.

خەنلەرنىڭ داۋجاۋ ئىبادەتخانىلىرىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەر ساقلانماقتا.» ( شۇ كىتاپنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى (قىرغىزستان ـ بىشكەك)، 227 ـ 228 ـ بەتلەر)

مەلۇمكى ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە تۇنجى ماكانى توغرۇلۇق ياۋروپا تارىخچىلىرى قېدىمقى مىسىر ، بابىلون ، گرېتسىيە ۋە رىم ئېمپېرىيىسى ، ئاندىن قالسا جۇڭگو ۋە ھىندىستاننى تىلغا ئېلىشىدۇ .

ئەمما جەيمىز چېرچۋود 50 يىللىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ سەمەرىلىك مېۋىسى بولغان « **ئۇلۇق ئۇيغۇر ئېمپېرىيىسى** » ناملىق كىتاۋىدا بۇنى رەت قىلىپ ، مۇنداق دەيدۇ : « ئۇيغۇرلار مۇندىن 20000 يىل بۇرۇنلا مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن . ئۇلار ئاسترونومىيە ، كانچىلىق توقۇمىچىلىق ، ئارخېئولوگىيە ، ماتېماتىكا ، يېزا ئېگىلىگى ، يېزىق ، تىبابەتچىلىك ۋە باشقا پەنلەرنى بىلەتتى . ئۇلار يىپەك ، مېتال ۋە ياغاچتىن ھەشەمەتلىك بويۇملارنى تەييارلاشقا ماھىر ئىدى . ئالتۇن ، كۈمۈش ، برونزا ۋە لايدىن ھەيكەللەرنى ياسايتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى مىسىر مەدەنىيىتى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن . قېدىمىي گرېك ، خالدېي ، ۋاۋىلونلار ، پارسلار ، مىسىرلىقلار ۋە ھىندىلارنىڭ مەدەنىيىتى قېدىمىي « مۇ » دەۋرىدە يارىتىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا پەيدا بولغان .» ( ئۇيغۇرچە نەشرى ، **14** ـ بەت )

يەنە تۈركىيىنىڭ «ئەرگىنەقۇن» (Ergine Qun) گېزىتىدە مۇھەررەم قىلىچ تەرىپىدىن «شىئەندە قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئەلئېھرامى » ناملىق بىر پارچە ناھايىتى قىممەتلىك ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ ، ماقالىدە « ئۇيغۇر رايونىدا بايقالغان ، ياسىلىش دەۋرى مىسىر ئەلئېھرامىدىن **100** نەچچە يىل بۇرۇن

www.uyghurkitap.com



بولغان ، مىسىردىكى ئەلئېھرامدىن تېخىمۇ ئىگىز ھەم ھەيۋەتلىك بولغان ئەلئېھرامنى ياسىغۇچى خەلق ھەققىي ئۇيغۇر تۈركلىرىدۇر . بۇ رايۇنغا كىرىش جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي چەكلەنگەن . بۇ رايۇنغا ھەتتا ئارخېئولوگلارنىڭ كىرىشىگىمۇ قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ . چۈنكى بۇ ئەلئېھراملارنىڭ ئىچىدە پروتو ـ تۈرك (Proto - Türk) يازمىلىرى بار بولۇپ،بۇ سىرلىق ئەلئېھراملار دۇنيا تارىخىنىڭ قايتا يېزىلىشىغا سەۋەپچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى شىئەندىن **100** كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىنلىشەن تېغى ئۈستىدە قېدىمقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان **100** دىن ئارتۇق كىچىك ئەلئېھراملار ۋە ئىگىزلىگى **300** مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئەلئېھراملارنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن **1994** ـ يىلى شەنشى رايۇندا بىر تەتقىقات ساياھىتى ئېلىپ بارغان گېرمانىيىلىك ئالىم ھارتۋېگ ھاۋستوف ئۆزىنىڭ رەسىم ئالبومىدىن بىر قانچە رەسىمنىڭ خەلققە كۆرسىتىلىشىگە رۇخسەت قىلىنغان . ھاۋستوفنىڭ قارىشىچە ، ئەلئېھراملارنىڭ بىنا قىلىنىش تارىخى ئەڭ ئاز مىلادىدىن ئىلگىرىكى **2500** يىللار ئەتراپىدىدۇر . بۇ رايۇننىڭ چەكلەنگەن رايۇن قىلىنىپ ئېلان قىلىنغانلىقى سەۋەپلىك ئەلئېھراملارنىڭ ئىچىدىكى مىسىر ئەلئېھراملىرىدىنمۇ يۇقىرى تېخنىكا بىلەن مۇمىيالاشتۇرۇلغان جەسەتلەر ۋە قېدىمقى تۈركچە يازمىلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ » دېيىلگەن .





يۇقىرىدىكى رەسىملەر مانا شۇ ئەلئېھراملارنىڭ بىر قىسمىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى.

مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ، ئىلىم ـ پەن ، تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتە قانچىلىك ئىلگىرى ئىكەنلىگى ۋە قانچىلىك ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىگىنى ناھايىتى رۇشەن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ .

ئۇيغۇرلار مانا شۇنداق ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپلا يېزىق قوللىنىپ سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ ئىنسانىي ياشاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىۋاتقاندا ، باشقىلار خىلمۇ ـ خىل دەت ـ تالاش ، جەڭگە ـ جېدەللەر بىلەن ئاۋارە ئىدى . بۇ ھەقتە تۈركچە ئىشلەنگەن « **بوز قىرنىڭ ئۇيغىنىشى** » ناملىق خەرىتىدە تەپسىلى چۈشەنچىلەر بېرىلىپ، ئۇيغۇرلارغا نىسپەتەن ، « **ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ ئورنىغا ئەدەبىيات** » ماۋزۇسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئىنسانىي ھاياتنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغانلىغى ، قەدىمى تەككەنلا يەردە ئىلىم ـ مەرپەت گۈللىرىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغانلىغى قىزغىن مەدھىلىنىپ ، « .... شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار تۈرك ، مۇڭغۇل قەۋملىرى ئىچىدە بۈيۈك ، ئىلغار بىر قەۋم ئىكەنلىگىنى نامايان قىلدى ، چىڭگىزخان زامانىغا كەلگەندىمۇ ئۇلار قەۋملەرنىڭ تەربىيىچىلىرى بولغان ئىدى . .... » دېيىلىدۇ . بۇ باھاغا ناھايىتى يېقىن ھالدا فرانسىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس تارىخچى گراسىر ئەپەندى **1930** ـ يىللىرى يازغان « يايلاق ئىمپېرىيىلىرى » ناملىق كىتاۋىدا قېدىمقى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختىلىپ ، « ئۇيغۇرلار تۈرك ، مۇڭغۇل خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ ، چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندىمۇ يانىلا تەربىيىلىگۈچىلەردىن ئىدى » دەپ يازغان بولسا ، ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى دېنىس سىنور ئەپەندى **1960** ـ يىللىرى يازغان « ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا » ناملىق كىتاۋىدا ئۇيغۇرلارنى « تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر

ئىچىدە ھېچ قايسىسى ئۇيغۇرلار يەتكەن مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن » دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. دەرۋەقە تارىختا چىڭگىزخاندەك قۇدرەتلىك جاھانكەشتىلەرمۇ بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەتتە ئۇيغۇر كاتىپ - باخشىلىرىنى ئۇستاز تۇتقان ۋە ئۇيغۇر يېزىغىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېزىغى موڭغۇللارنىڭ دۆلەت يېزىغى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئىلىم ھەققىدە ئۆتكەنكى مۇھەببەتلىك يەنە قانچىلىغان ئالىملارمۇ باركى ، ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ناھايىتى يۇكسەك باھالارنى بەرگەن . بۇلاردىن شۋېتسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس گۇننار ياربىڭ « ئۇيغۇر تىلى » ناملىق 4 توملۇق كىتاۋىنى يازغان بولسا ، گېرمانىيىلىك پروفېسسور گاباتىن خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ، دىنىي ئېتىقادى ، تىل - يېزىغى ۋە مەدەنىيەت - سەنئىتى ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلىغانكى ، ئۆمۈرۋايەت تۇرمۇشلۇق بولماي ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئاجايىپ قىممەتلىك ئىلمىي نەتىجىلەرنى ياراتقان بولۇپ ، ئۇنىڭ « قېدىمقى ئۇيغۇر تىلى » ، « قېدىمقى تۈركىي تىللار » ، « ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى» ...... قاتارلىق 10 نەچچە پارچە ئىلمىي ئەسىرى ، 200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ۋە تەقرىزلىرى بار .

ئۇلاردىن باشقا تۈرك ئالىم ، پروفېسسورلاردىن ئوكتاي سىنان ئوغلى مۇنداق دەيدۇ : « بىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ ياخشى تەتقىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئىنگلىزچىنى بىلىدىغان ئەمەس ، ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان مىڭلىغان مۇتەخەسسىلەرنى يېتىشتۈرۈپ ئون مىڭلىغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلدۇرۇش لازىم . » ( تەتقىقاتچى يازغۇچى تۇرغاي تۆپەكچى ئوغلى : « پروفېسسور دوكتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى ۋە تۈركچە » ، 289 - 290 - بەتلەر ) ،« ئۇيغۇر تۈركلىرى دۇنيانىڭ ھازىرقى ۋە ئۆتمۈشىدىكى ئەڭ بۈيۈك ، ئەڭ ئىنسانىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىدى . ئىنسانىنىڭ باياشاتلىقى ، ھۇزۇرى ۋە بەخت - سائادىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەت ھاكىمىيىتى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۇرت سورىغانلارمۇ ئۇيغۇرلاردۇر . باشقا تۈرك دۆلەتلىرى ۋە ئاخىرىدا ئوسمانلىقلارمۇ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە داۋاملاشتۇرغان . » ( شۇ كىتاپ ، 252 - بەت ) ، « تۈرك دۇنياسى ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇيغۇرلارغا كۆپ جەھەتتىن قەرزدار . ئۇيغۇرلار ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن . دۇنيا بويىچە ئىنساننىڭ بەخت - سائادەتلىك بولۇشىنى ئالدىنقى رەتتە قويغان دۆلەت باشقۇرۇش ئېڭىنى ۋە تۈزۈلمىسىنى ، نۇرغۇنلىغان سەنئەت ۋە تېخنىكىنى ، ئەڭ ئىلغار تېرىقچىلىق ۋە سۇغۇرۇش ۋە بوستانلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۇلار ئىجات قىلغان . ئوسمانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېيىنكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ بۈيۈك مۇۋاپپىقىيەتلىرى مانا شۇ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن ... 20 يىل بۇرۇن ياپونىيىدىكى جىددىي ئىزدىنىشلىرىم جەريانىدا ياپونلارنىڭ دىققىتى قوزغالدى . ھازىر ئۇلار تەتقىقاتنى باشلىۋەتتى . بىز ياپونلار بىلەن بىرلىشىپ **« ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىش مەركىزى»** نى قۇرىشىمىز لازىم . ئوسمانلىق ئارخىپ بەلگىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر بىلىم قوشۇنىنىڭ يېنىدا يەنە ئۇيغۇر تىلى ، يېزىغى ۋە تارىخى بويىچە كۆپلىگەن مۇتەخەسسىلەرنى تېزلىكتە يېتىشتۈرىشىمىز لازىم .» ( شۇ كىتاپ ، 283 - بەت )

ئەمدى ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونا مەدەنىيەت مىنىستىرى نامىك كەمال زەيبەك ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ : « .... تۈركىيىدە قوللىنىلىۋاتقان ‹ئۇيغارلىق› سۆزىنىڭ ئەسلىسىمۇ ‹ئۇيغۇرلۇق› تۇر . .... « ھازىرقى زامان تارىخى » ئىنسانىيەت تارىخىنى ئەڭ كۆپ 6 - 7 مىڭ يىل كەينىگە قايتۇرۇپ سۈمەرلەر بىلەن باشلىنىدۇ . ... ئەمما تارىخنى تېخىمۇ كەينىگە سۈرىۋاتقان تەتقىقاتچىلارمۇ بار . مەسىلەن ، « مۇ » ( MU ) ئۇيغارلىغى ناملىق ئىلمىي ماقالىنى كۆرىدىغان بولساق ، ئۇنىڭدا بۈگۈن ياشاۋاتقان دۇنيامىزغا 12 مىڭ يىل بۇرۇن ھاكىم بولغان ، دۇنيانى باشقۇرغان بىر ئىمپېراتۇرلۇق بار بولۇپ ، **ئۇنىڭ ئىسمى «ئۇيغۇر ئىمپېراتۇرلىغى»**دىن ئىبارەت ..... دېگەن ئۇلۇق ئىلمىي ھەقىقەت ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان » ، « قوللىنا - قوللىنا ئۆگۈنۈپ قالغان ئاشۇ « ئۇيغارلىق » دېگەن سۆزگە بىر قاراپ باقايلىمۇ ؟ بۇنىڭ ئەسلىسى « ئۇيغۇرلۇق » تۇر . «ئۇيغۇرلۇق» دېگەن سۆز

www.uyghurkitap.com



بىرئاز ئۆزگەرتىلىش ئارقىلىق مانا شۇنداق «ئۇيغارلىق» دېيىلىدىغان بولۇپ قالغان . ... بۇ ئۇيغۇرلار زادى كىم ئىدى ؟ ... نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلۇق ؟ چۈنكى ، مۇندىن 12 مىڭ يىل ئىلگىرى ئاسىيا ۋە ياۋروپانى ئۇيغۇرلار باشقۇرغان ۋە پۈتكۈل خەلقلەرگە «ئۇيغارلىق» نى ئېلىپ كەلگەن ئىدى . بىلىنگەن پۈتكۈل مەدەنىيەتلەرنىڭ تۈنجى مەنبەسىمۇ ئۇيغۇرلار ئىدى . .... ئاتا تۈرك نىمە دېدى ؟ خوش ، تارىخىي قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەر ئۇيغۇرلارنى نەگە باغلايدۇ ؟ جەيمز چېرچۋود « **مۇ ئۇيغارلىغى** » دەيدۇ ۋە «**مۇ قىتئەسى**» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئاتا تۈركمۇ يۇقىرى قابىلىيىتى ، ئالاھىدە سەزگۈ كۈچى ۋە ھەققىي ئىلمىي تەھلىللىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيادا ياشىغانلىغىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . 50 مىڭ يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر - بىرىگە تۇتاش دېڭىزلاردىن تەركىپ تاپقان بىر ئىچكى دېڭىز بار ئىدى . بۇ ئىچكى دېڭىزنىڭ ئەتراپىدا كۆركەم بىر مەدەنىيەت ( ئۇيغارلىق ) بار ئىدى. بۇ ئۇيغارلىق ئامېرىكا قىتئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پۈتكۈل دۇنيانى ئىدارە قىلدى ، تەسىرلەندۈردى ۋە ئۇيغارلىقنى تارقاتتى. .... » ( نامىك كەمال زەيبەك : « ئاناتولىيەگە قاچان كەلدۇق ؟ » )

يەنە ، مەشھۇر تارىخشۇناس مورگان ئەپەندى :« دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەريا ۋادىسىغا كۆمۈلگلۈكتۇر . قاچان شۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرىمۇ شۇ چاغدا ئېچىلىدۇ .» دېگەن بولسا ، رۇس ئالىمى كوزنتسوف : « ئوتتۇرا ئاسىيانى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئوچىغى دەيدىكەنمىز ، شۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك .» دەپ ئالاھىدە ئىزاھلايدۇ .

ئەمدى ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىمى ، تۈركلوگ مەھمۇت قەشقىرى ئالەمشۇمۇل شاھ ئەسەر « تۈركىي تىللار دىۋانى » نى يېزىپ ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ، مەدەنىيتى ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاجايىپ قىممەتلىك چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، شەرق مەدەنىيەت ئويغۇنىشىنىڭ تۈنجى باسقۇچىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان ئىدى . « تۈركىي تىللار دىۋانى » ياۋروپا ئىلىم - پەن ئالەمىدە ، بولۇپمۇ تۈركلوگىيە ساھەسىدە زور ۋەقە ھېساپلانغان ئىدى . بۇ ھەقتە يېزىلغان نېمىسچە ، ۋېنگىرچە ، رۇسچە ئىنگلىزچە كىتاپ ۋە ماقالىلار ھەددى - ھېساپسىز . خۇسۇسەن ، نۆۋەتتە « تۈركىي تىللار دىۋانى » سەۋەپلىك ئالەمنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ئۈچۈن ب د ت بۇيىلنى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ خاتىرلىنىش يىلى قىلىپ بېكىتتى !

مەشھۇر شائىر ، تىلشۇناس ۋە خەتتات مىرزا ئەلىشىر ناۋايىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغۋار تىل ئىكەنلىگى توغرىسىدا « ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە » ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ ، ئۆزىنى تىپ قىلغان ھالدا شەرق مەدەنىيەت ئويغۇنىشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرىنى يارىتىشقا قاتتىق كۈچ سەرپ قىلغان ئىدى .

يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ چوڭ ھەجىملىك داستان « قۇتاتقۇ بىلىك » ( بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم ) نى يازغان بولۇپ ، بۇ ئەسەر ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بىلەن جاھان مەدەنىيىتى سەھنىسىدە ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئىسىل دۇردانىلىرىدىن بولغان مەشھۇر شاھ ئەسەرلەر قاتارىدا ئۇزۇندىن بۇيان پەخرى ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە . يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسىردە ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش ، بىلىم ، ئېقىل - پاراسەت ۋە ئەخلاقنى ئىززەتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىجتىمائىي غايىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . بۇ ئەسەر تىل ۋە شېئىرىي ئۇسلۇپ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 11 - ئەسىردىلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

يەنە كۆرسەك ، مۇندىن 2 - 3 مىڭ يىللار بۇرۇن ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلىغى ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭگودىن رىمغىچە بولغان كەڭ رايونلار ۋە نۇرغۇن مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسى ، ئىقتىسادى ، سودا مۇناسىۋىتى ، دوستانە بېرىش - كېلىش ۋە

مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ۋە يەرلىك ئاھالىلار تەرىپىدىن « كارۋان يولى » دېيىلسە ، تارىختا ئۇيغۇر ئۇينىغان مىسلىسىز كاتتا رولىغا ئاساسەن « دوستلۇق يولى » ، « ئالتۇن كۆۋرۈك » دەپ تەرىپلەنگەن ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ يولنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىگە ئاساسەن گېرمانىيىلىك فېردىنانت فون رىچتخوفىن تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم « يىپەك يولى » دېيىلگەن يولمۇ بار .

بۇ يەردە ئەمدى شۇنىمۇ ئالاھىدە سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەنكى ، 2005 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەنگىلىيىدە ئەنگىلىيە خان جەمەتى سەنئەت ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن « تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىڭ يىللىق سەپىرى » تېما قىلىنغان كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ ، بۇ كۆرگەزمە 1930 ـ يىلىدىن بۇيان لوندوندا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەڭ چوڭ كۆرگەزمە ھېساپلىنىدۇ . كۆرگەزمىگە كۆك تۈرك ، ئۇيغۇر ، سەلچۇق خانلىقى ۋە ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسىگە ئائىت تارىخىي يادىكارلىقلار قويۇلغان ۋە تۈركىي خەلقلەرگە ئائىت 370 پارچە ئاسارە ـ ئەتىقە كۆرگەزمە قىلىنغان . بۇلار نيۇيوركتىكى مىتروپولىتان مۇزېيى ، پېتېرسبورگدىكى ھېرمىتاگې مۇزېيى ، پارىژدىكى لۇر مۇزېيى ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئەسەرلەردىن توپلانغان . كۆرگەزمىدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلار ئەڭ كۆپ بولۇپ ، ئۇيغۇرلارغا ئائىت مىڭ ئۆي رەسىملىرى ، تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق يەرلەردىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تېكىستلەر ، ئۇيغۇرلارغا ئائىت بولغان ئۆلۈكلەر كىتابى ، ئىرىق بىتىك ، ئوغۇزخان داستانىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ، ۋېيانا دۆلەتلىك مۇزېيخانىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ، بېرىتانىيە مۇزېيخانىسىدىن تاللانغان ئۇيغۇرچە تېكىستلەر ۋە ھەرقايسى مۇزېيخانىلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن ئۇيغۇر دۆلىتى مەزگىلىدىكى نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار بار بولۇپ، **كۆرگەزمىدە بىرىنچى قاتارغا ئۇيغۇرلارنىڭ تىزىلغان !!!**

بۇ جەھەتتىكى تەپسىلىي مەلۇماتلارغا تۆۋەندىكى ئادرېس ئارقىلىق تۇلۇق ئېرىشكىلى بولىدۇ :

http://www.turks.org.uk/index.php?pid=8

يۇقارقىلاردىن باشقا، 19 ـ ئەسىرلەردە غەرپلىكلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تېخى ئېچىلمىغان ئوتتۇرا ۋە شىمالى ئاسىيا ئىچكى قۇرۇغلىقىغا بولغان كۈچلۈك قىزىقىشى، شۇنداقلا تۈرلۈك سىياسى ـ ئىقتىسادى مەسىلىلەر سەۋەبىدىن كۆپلىگەن چەتئەللىك ئېكىسپېتدىتسىيىچىلەر ئاسىيا ئىچكى قۇرۇغلىقىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ تۈرلۈك تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئىلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ، مەزكۇر رايوندىن كۆپلىگەن تارىخى مەدنى يادىكارلىقلارنى بايقىغان ۋە ئۇلارنى ئۆز مەملىكەتلىرىگە ئېلىپ كەتكەن. مانا مۇشۇ «ئولجىلار»نىڭ تۇرتكىسىدە ئوتتورا ۋە شىمالى ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدنىيىتى، تىلى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى غەرپ ئەللىرىدە ناھايىتى ئەۋج ئىلىپ كەتكەن. كۆپلىگەن شەرقشۇناسلار، ئالتاي ـ ئورالشۇناسلار، تۈركشۇناسلار ۋە ئۇيغۇرشۇناسلار يىتىشىپ چىقىپ، ئاز بولمىغان ئىجادى ئەمگەكلەرنى قىلىش ئارقىلىق، ئوتتورا ۋە شىمالى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدنىيىتىنى پۈتۈن دۇنياغا نامايەن قىلغان.

تۆۋەندىكىلەر مانا شۇ جەھەتتە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى.

**1. چوقان ۋەلىخانوۋ(1837 ـ 1865 ، قازاق ):** «چوقان ۋەلىخانوۋ ماقالىلەر توپلىمى» ؛

چوقان ۋەلىخانوۋ ھازىرقى روسىيەگە قاراشلىق سىبىرىيىدىكى ئومىب شەھرىدە توغۇلغان بولۇپ، قازاق . ئۇ چار روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بۇيىچە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر دىيارىغا كىلىپ نۇرغۇن تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىلىپ بارغان.

**2. ن.م. پىرژىۋالىسكى(1839 ـ 1888،رۇس):**«ئوسسورىيە»(سىبىرىيەنى تەكشۈرۈش دوكلاتى)؛ «زەيساندىن يولغا چىقىپ قۇمۇل ئارقىلىق شىزاڭ، خۋاڭخىنىڭ باش ئىقىنىغا بىرىش»(تەكشۈرۈش دوكلاتى)؛

**3. ۋ.بارتولد (1869 ـ 1930 ، رۇس ) :** «مۇڭغۇل ئىستىلاچىلىرى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، « ئوتتورا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي ئەسەرلەر»، «تۈرك ـ مۇڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى

ۋە فىلولوگىيىسى ـ ئوتتورا ئاسىيا، ئىراق شەرق»،«شەرقشۇناسلىقتا ئائىت ئەسەرلەر»،« يەتتە سۇ تارىخى ئوچېرىكلىرى »،«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېكىسپېدىتسىيە دوكلاتى »، « تۇركىستان »،« موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۇركىستان »،« قىرغىزلار »، « تۇركى ۋە موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى » ؛

**4. ۋ.ۋ.رادلوف (1837 ـ 1918 ، رۇس )** : «سىبىرىيە»، «سىبىرىيەدىكى قەدىمقى ئىزلار»، «تۈركى تىللار دىئالىكت لوغىتىنىڭ سىناق نۇسخىسى»، «ھەرقايسى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ؛

**5.س.ئى.مالوف(1880 ـ 1957 ، رۇس )** : «قەدىمقى تۈركى ۋەسىقىلەر»، «سېرىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولگىيىسى ۋە سىنتاكسىس»، «ئالتۇن يارۇغ»، «قۇمۇل شىۋىسى»، «لوپنۇر شىۋىسى» ؛

**6. پ.ك. كوزلوف(1863 ـ 1935 ، رۇس )** : «موڭغۇلىيە ئامدۇ ۋە ئۆلۈك شەھەرقاراخوتو» ؛

**7. ئا. ن. بىرنىشتام (1910 ـ 1956 ،رۇس )** : «هونلار تارىخىنىڭ ئوچېرىكى»، « 6 ـ ،8 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇرخۇن ـ ئىنساي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادى قۇرۇلمىسى»، «يەتتەسۇ ئارخىلوگىيە توپلىمى»، «ئوغۇزخان رىۋايىتىدىكى تارىخى ھەقىقەت» ؛

**8. ئا.ن. كىروپاتكىن ( رۇس )**: «قەشقەرىيە» ؛

**9. ئى.ي. بىچۇرىن ( رۇس ، 20 ـ ئەسىر)** : «قەدىمقى ئوتتورا ئاسىيادا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتىرىياللار» ؛

**10. ئا.م. شىرباك ( رۇس ، 20 ـ ئەسىر)** : «تىلشۇناسلىقتا ئالتاي قىياسى»، «شىنجاڭدىن تېپىلغان 10 ـ ،13 ـ ئەسىرلەردىكى تۈركچە تېكىستلەرنىڭ گىراماتىكىسىدىن ئوچېرىكلار»، «يىڭىدىن بايقالغان رونىكچە تېكىستلەر» ؛

**11.باسكاكوف ( رۇس ، 20 ـ ئەسىر)** : «ئالتاي تىللىرى»، «تۈركى تىللار» ؛

**12. د.ئى.تىخونوۋ ( رۇس ، 20 ـ ئەسىر)** :1966 ـ يىلى « 10 ـ 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى » دىگەن ئەسەرنى يېزىپ ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. يەنە **شۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى مالياۋكىن** 1983 ـ يىلى « 9 ـ 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى » دىگەن ئەسەرنى يازغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى 1988 ـ يىلدىن باشلاپ تىخۋىنىسكى ۋە لىتۋىنىسكىلارنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە كوللېكتىپ ھالدا كۆپ توملۇق « قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى » دىگەن ئەسەرنى يېزىپ تۆت تومنى نەشىردىن چىقاردى.

ئاپتور بۇ ئەسەردە غەرپتىكى ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى توم ئالتىنچى بابىدا قەدىمقى يۇنان، رىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۇيغۇر دىيارى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن زور مىقداردا پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ پەقەت خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللارغىلا تايىنىدىغان تارىخچىلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويدى.

**13.س.ۋ. كىلياشتورنى (20 ـ ئەسىر)** : «قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» ؛

**14. ئا. گ. مالىيۋكىن(20 ـ ئەسىر):** «8 ـ ئەسىردىكى تۇرپان خاندانلىقى»، «9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى گەنسۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە تاڭغۇتلار» ، «840 ـ 848 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە جۇڭـ ـگو»، «9 ـ ،12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ؛

**15. ۋ.م. ناسىلىۋ (20 ـ ئەسىر)** : «ئۇرخۇن ـ يېنىسەي يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى»، «ئۇرخۇن يېزىقىدا خاتىرلەنگەن تۈركى تىلدىكى يادىكارلىقلار» ؛

**16. ن.ف. كاتانوف** (خاكاس تۈركلىرىدىن كىلىپ چىققان) : <كۇن چىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى> ؛

**17. ياكۇبوۋىسكى** :1947 ـ يىلى « ئەرەپ، پارس مەنبەلىرىدىكى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى (9 ـ 10 ـ ئەسىرلەر) » دىگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ماقالىسىدا ئەرەپ ۋە پارس

تىلىدىكى يازما ماتېرىياللار ئارقىلىق تۇرپاندىكى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ 9 ـ 10 ـ ئەسىرلەردىكى تارىخىنى بايان قىلغان.

**18. گىرۇم گىرژىمايلو:**« جۇڭگونىڭ غەربىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرى». بۇ ئەسەرنىڭ 2 ـ تومىدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى تارىخى ھەققىدە مەخسۇس توختالغان. بۇ ئەسەردىمۇيۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان گىرىگورىيوۋنىڭ ئەسىرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارتارىخى ھەققىدىكى ماتېرىياللار كىرگۈزۈلۈش بىلەن بىرگە بۇ ئەسەرلەرگە بىرمۇ ـ بىر ئىزاھ يازغان؛

**19. پىراۋۇسلاۋىيە ئېپىسكوپى بىچۇرىن :** « قەدىمقى ۋەھازىرقى زاماندىكى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تۇركىستانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى » ۋە « قەدىمقى شەرقى تۇركىستانىنىڭ مىللەتلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار »؛

**20. بىرېتسچنېيدېر :** « ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار» ؛

**21. دوسسان :** «موڭغۇلتارىخــــچىڭگىزخاندىنتۆمۇرلەڭگىچە» ( ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا چېتىلىدۇ).

## ياپۇنىيە:

**1. نىشى توكوجىرو(1847 ـ 1912) :** «ئوتتورا ئاسىيا خاتىرىلىرى» ؛

**2. ئوتانى كوئول(1876 ـ 1948) :** «غەربى يۇرتنىڭ ئارخىلوگىيىلىك رەسىم شەجەرىسى»، «يىڭى غەرپكە ساياھەت» ؛

**3. خىنوتسۇ تومۇ (1866 ـ 1920) :** «ئىلى خاتىرىلىرى» ؛

**4. ماتسۇدا توشئو (1903 ـ 1983):** «كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، «ئوتتورا ئاسىيا تارىخى»، «قەدىمقى تەڭرى تىغىنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» ؛

**5. ئومىمورا خىروشى(20 ـ ئەسىر):** «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىلخەت ۋە ھۆججەتلەر توپلىمى».

**6. نىشىخاما جۇنتارۇ(20 ـ ئەسىر) :** «قەدىمقى دۇنخۇاڭ پۇتۇكلىرى»، «ئۇيغۇرچە بۇددا كىلاسسىك ئەسەرلىرى»، «غەربى رايون مەدىنىيىتىگە دائىر ماتىرىياللارنىڭ رەتلىنىشى ۋە تەتقىقات» ؛

**7. يامادا نوبو (20 ـ ئەسىر) :** «قەدىمقى ئۇيغۇرچە ماتىرىياللار ۋە ئۇلارنىڭ شەرھى»، «قەدىمقى ئۇيغۇرچە توختام ۋەسىقىلەر توپلىمى»، «قەدىمقى ئۇيغۇرچە سودا ـ سىتىق توختامنامىلىرىنىڭ فورماتى»، «ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان غەربى يۇرتقا ئائىت يادىكارلىقلار»، «ئوتانى ئىكسپىدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ مۇندەرىجىسى» ؛

**8. مورى ماسائو(20 ـ ئەسىر) :** «قەدىمقى ئۇيغۇرچە قانۇن ۋەسىقىلەرگە ئائىت مەسىلىلەر»، «قەدىمقى ئۇيغۇرچە تەكلىك سېتىش توختامنامىسى»، «بۆگۈخان ۋە قۇجۇ»، «ئورخۇن يادىكارلىقلىرىـ ـنىڭ تۇنىلىشى»، «ئەلشىر ناۋايى» ؛

**9. ئودا يوتىن(20 ـ ئەسىر) :** «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى سەككىز يۇكمەك ھەققىدە ئىزدىنىش» ؛

**10. كودارا كوگى(20 ـ ئەسىر) :** «شۋىتسىيە مىللى مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ ۋاقىتلىق تىزىملىگى» ؛

**11. شۇگايتوماساخىرو(20 ـ ئەسىر):** قەدىمقى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى»، «بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزىيىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار» ؛

**12. خامادا ماسامى(20 ـ ئەسىر، چاغاتاي ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتچىسى) :** «زەپەرنامە»(كۆچا دىھقانلار ئىنقىلاۋى توغرىسىكى ئەسەر ۋە بۇ توغرۇلۇق تەتقىقات)، «تارىخى ئەمنىيە»، «غازات دەرمۇلۇك چىن ھەققىدە»، «ئىلى كىرىزىسى ۋە ئۇيغۇرلار»، «خوتەن تارىخى» ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**13. مانۇ ئىيجى (20 ـ ئەسر) :** «بابۇرنامىنىڭ سىھرى كۈچى»، «تارىخى رەشىدى»، «بابۇر ۋە ھىرات» ؛

**14.مورىيا سوتاكائو (20 ـ ئەسر) :** «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يۈەن دەۋرىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇرچە بۇددا راھىپلىرى يازمىلىرى» ؛

**15.خاندا تورو(20 ـ ئەسر) :** «تاڭ سولالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەتقىقات»، «تۈركلەر ۋە بۇددا دىنى»، «ئۇيغۇرچە بۇددىزىم كىلاسسىك ئەسەرلىرى»، «غەربى يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، «تۇرپاندىن تېپىلغان مانى مۇخلىسلىرى تىلاۋەتنامە پارچىسى» ؛

## گېرمانىيە:

**1.ئالبېرت فون لىكوك (1860 ـ 1930) :** «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»، «شەرقى تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرى»، «ئىدىقۇت» ؛

**2.ئا. گرونۋېدېل (1856 ـ 1935) :** «قەدىمقى كۈچا»، «گىرىتسىيە، تۈركىستاندىكى قەدىمقى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى» ؛

**3. ئاننى فون گاباىن (1901ـ 1993 ، گېرمانىيەلىك)** پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخى، دىنى ۋە سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىدى ۋە بۇ ھەقتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 300 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ئۇستازى ۋ. باڭ بىلەن بىرلىشىپ 6 توملۇق « تۈركچە (ئۇيغۇرچە) تۇرپان تېكىستلىرى » ۋە « قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى < سامىتسو ئاچارىنىڭ تەرجىمىھالى> (شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى) » دىگەن ئەسەرلەرنى تەييارلىدى. 1941 ـ يىلى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسىرى « قەدىمقى تۈرك تىلى (ئۇيغۇر تىلى) گىراماتىكىسى » دىگەن ئەسەرنى يازدى. 60 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىنى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىني ئېتىقادى ۋە سەنئىتىگە قاراتتى ھەم بۇ جەھەتتە شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى 50 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا « قەدىمقى تۈركلەر ھاياتىدا شەھەرنىڭ رولى»،«ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخى »، « تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بۇددىزىم »، « قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ يىلنامىسى »، « ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇددىزىم »، « ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى »، « تۇرپاندىن بايقالغان بوياقلاردىكى مەتبەچىلىك تېخنىكىسى »، « ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرمۇش » (ئىككى توم)، « ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىققا كىرىش » قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇيغۇر سەنئەت تارىخى ھەققىدە ئابىدە خاراكتېرلىك ئەسەر « ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزىم سەنئىتى » ۋە «ئۇيغۇرچە يېزىلغان بۇددا سۇترالىرىدىكى ياغاچئويماقىستۇرماسۇرەتلەر ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى.

**4. ئومىليان پرىتساك (20 ـ ئەسر) :** «تۈركى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، «قاراخانىلار دۆلىتى»، «ئوغۇز يابغۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەيران بولۇشى». «قارلۇقلاردىن قاراخانىلار دۆلىتىگىچە» ؛

**5. ج. ماركۋارد (20 ـ ئەسر) :** «قەدىمقى تۈركلەردە يىلنامە»، «كومانلار» ؛

**6.ئىمىرساك (20 ـ ئەسر) :** «ساك تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۇدۇن يېزىغىدىكى ئالتۇن يارۇق نومى» ؛

**7.ھىرمان ۋامبىرى (20 ـ ئەسر) :** «چاغاتاي تىلى ھەققىدە تەتقىقات»، «سەمەرقەنت تا ـ رىخى» ؛

**8 . ۋىللى بانگ (20 ـ ئەسر) :** «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» ؛

## رۇسىيە ۋە گېرمانىيەدىن باشقا ئەللەر

**1. ستانىسلاس ژۇلىن(1797 ـ 1873، فىرانسىيە) :** «شەرقى تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ؛

**2. ئاۋرېل ستەيىن (1862 ـ 1943 ، ئەنگىلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگىرىيىلىك) :** «غەربى را ـ يون» ، «غەربى رايون ئارخىلوگىيىسى» ؛

**3. ۋ. تومسىن(1842 ـ 1927، دانىيە) :** «ئۇرخۇن ـ يېنسەي يادىكارلىقلىرىنى يېشىپ ئوقۇشتىن دەسلەپكى نەتىجە» ؛

**4. سىۋېن ھېدىن(1865 ـ 1952، شىۋىتسارىيە) :** «ئوتتورا ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» ، «جوڭگونىڭ غەربى شىمالىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» ، «1899 ـ 1902 ـ يىللاردا ئاسىيانى تەكشۈرۈشتىن ئىلمى نەتىجىلەر» ؛

**5. گۇننار يارىڭ(1907 ـ ؟شىۋىتسىيە):** «ئوتتورائاسىياھەققىدە چۆچەك، رىۋايەتلەر» ، «ئۇيغۇر ـ شۇناسلىق» ، «ئۇيغۇر تىل تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرىياللار» ، «شىۋىتسىيىدىكى تۈركشۇناسلىق» ، «جەنۇبى شىنجاڭدىكى شىۋىتسىيە مىسسىيونېرلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئېتنوگرافىك مەسىلىلەر» ، «ئوتتورا ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەن ـ بەلگىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر» ، «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ؛

**6. ئېدۋار يۇھاننىس(1865 ـ 1918فرانسىيە) :** «غەربى تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، «مانى دىنىنىڭ جوڭگوغا تارقىلىشى» ؛

**7. رېنى گىروت(1906 ـ 1968 ، فرانسىيە) :** «تۈرك خانلىقىنىڭ مەڭگۈ تاشلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ؛

**8. دابرى دې تىرسانت(1826 ـ 1893 ، فرانسىيە) :** «جوڭگو يايلاقلىرى ۋە غەربى يۇرتتىكى ئىسلام دىنى» ؛

**9. مونىك مائىلارىد(20 ـ ئەسىر،فرانسىيەلىك ئايال تەتقىقاتچى) :** «كۇچاردىكى قەدىمقى ئىزلار» ، «غەربى يۇرتتىكى ملىڭ ئۆي ۋە ئىمارەتلەر» ، «قەدىمقى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ماددى مەدەنىيتى» ؛

**10. لىگېتى (20 ـ ئەسىر، ۋېنگىرىيە) :** «ئاتىللانىڭ نەسەپنامىسى ۋە ھونلاردىكى تۈنگۈس نامى» ، «تۈرك تىلىنىڭ لوغەت فوند تارىخى» ؛

**11. ك. بروكىلمان(20 ـ ئەسىر،ۋېنگىرىيە):** «قەدىمقى تۈركىستان ئېتنوگرافىيىسى» ، «مەھمۇد قەشقىرى بايانىدىكى 11 ـ ئەسىردىكى تۈركى تىللار ۋە قەۋملەر» ؛

**12. ۋ. گىروست(20 ـ ئەسىر، فرانسىيە) :** «يايلاق ئىمپىرىيىسى» ؛

**13. جەيمز ھامىلتون(20 ـ ئەسىر، ئامېرىكا):** «بەش دەۋرگە ئائىت ئۇيغۇر تارىخى ما ـ تېرىياللىرى» ، «ئىككى تىكىن ھېكايىسى ھەققىدە» ، « 9 ـ ،10 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دۈنخۇاڭ تېكىستلىرى» ، «9 ـ ،10 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت تۈركچە ـ سوغدىچە دۈنخۇاڭ تېكىستلىرى» ؛

**14. ژانپول روكسى(20 ـ ئەسىر، فرانسىيە):** «ئالتاي تىللىرىدىكى مىللەتلەردە سىرلىق ھايۋان ۋە ئۆ ـ سۈملۈكلەر» ، «ئالتاي تىللىق مىللەتلەردىكى ئۆلۈم ـ يېتىم» ، «تۈرك ۋە مۇڭغۇل تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ دىنلىرى» ؛

**15. ج. كىلاۋسىن(20 ـ ئەسىر، ئەنگىلىيە) :** «تۈرك ۋە مۇڭغۇل تىللىرى تەتقىقاتى» ، «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركى تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لوغىتى» ؛

**16. خ. ۋ. بېل(20 ـ ئەسىر،ئەنگىلىيە) :** «ئۇدۇن تېكىستلىرى» ؛

**17. ك. سىزىگىلد(20 ـ ئەسىر،ۋېنگىرىيە):** «تۈركى تىللىق ئۇرۇق قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل ـ لىرىدىكى بۆلۈنۈش» ، «كاۋكاز ھونلىرى ۋە ئاۋارلار» ، «قارلۇقلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى» ؛

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



**18. د. سىنوز(20 ـ ئەسىر، ۋېنگرىيە، ئورال ـ ئالتاي ئىلمى جەمىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى) :** «تۈركچە بۇددا ھۆججەتلىرىنىڭ ئومۇمى مۇندەرىجىسى»، «5 ـ ئەسىردە مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشلىرى»، «ئوغۇزخان داستانى ھەققىدە»، «تۈرك ئىمپرىيىسىنىڭ تارىخى رولى» ؛

**19. ن. ئىسدۇ (20 ـ ئەسىر، ۋېنگرىيە) :**«790 ـ 791 ـ يىللىرىدىكى بەشبالىقتىكى ئۇيغۇر ۋە تۈبۈتلەر» ؛

**20. بازىن (20 ـ ئەسىر، فرانسىيە) :** « قەدىمقى تۈركلەردە كالىندارچىلىق» ؛

**21. چارلىز بولگىر (فرانسىيە):** «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ؛

**22. ھامىلتون** (ئەسلى ئامېرىكىلىق بولۇپ، 1974 ـ يىلى فرانسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ، **فرانسىيەلىك تارىخشۇناس)** 1954 ـ يىلى دوكتورلۇق ئىلمي ماقالىسى « بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلار » دىگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇردى. ئارقىدىن 1971 ـ يىلى ئۇ يەنە « دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئىككى تېكىننىڭ ھىكايىسى » دىگەن ئەسىرى ئارقىلىق تۈرك ئەدەبىياتشۇناسلىقى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1983 ـ يىلى يەنە ئىككى توملۇق بۈيۈك ئەسىرى « دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە تەتقىقات » دىگەن ئەسىرى ئارقىلىق فرانسىيە دۆلەت دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە مەخسۇس ئەسەلەردىن باشقا يەنە نەچچە ئون پارچە ئىلمي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىل خاراكتىرىگە ئىگە بولغىنى « توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات » دىگەن ئەسىرى بولۇپ، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ؛

**23. سامولىن (ئامېرىكىلىق ئالىم) :**1964 ـ يىلى« 12 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى شەرقى تۈركىستان » دىگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقتى، ئۇ بۇ ئەسىرنى 1961 ـ يىلى يازغان دوكتورلۇق ئىلمي ماقالىسى « تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۈركلىششى » دىگەن ئەسىرىگە ئاساسەن يازغان بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛

**24. كوردىر :** (فرانسىيەلىك خەنزۇشۇناس ) . ئۇنىڭ « جۇڭگونىڭ ئومۇمي تارىخى » دىگەن ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى تومىدا پۈتۈنلەي دىگۈدەك تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. ئۇيغۇر تارىخى؛

**25. گىرېئوسسېت :** (فرانسىيەلىك ئالىم ) : « يىراق شەرق تارىخى » ۋە «بوزقىر ئېمپىرىيە ـ لىرى» ؛

**26. گۇبېل** ( فرانسۇز):ئۇ 1739 ـ يىلى ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان « موڭغۇل تا ـ رىخى » ناملىق ئەسەرنى يازغان؛

**27. دېگۇيگىنىس :** (فرانسۇز) « ھۇنلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە تەتقىقات»، تۆت توملۇق كاتتا ئەسەر « ھۇنلار، تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئومۇمي تارىخى »

**28. كىلاپروت:** 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پارىژدا نېمىس تىلىدىكى مەشھۇر ئەسىرى «ئۇيغۇرلار ـ نىڭ تىل ـ يېزىغى ھەققىدە تەتقىقات »ى ئېلان قىلىندى.

## تۈركىيە

(ئۇيغۇر جەمىيىتىگە بىر قەدەر چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلەر بىرلىدى)

**1. كازىمبىك ئەلى**(19 ـ ئەسىر، تۈركىيەدە تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچى): «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» ؛

**2. ئەھمەت رىفات :** «تۈركى تىللار دىۋانى» (تۇنجى بولۇپ مەزكۇر ئەسەرنىڭ تۈركچە نوسخىسىنى چىقىرىپ، دىۋانشۇناسلىققا ئاساس سالغۇچى)؛

**3. زەكى ۋەلىدى توغان**(20 ـ ئەسىر): «بىروننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شىمالدىكى مىللەتلەر» ؛

**4. رىشىد رەھمەت ئارات**(20 ـ ئەسىر) : «تۈرك تىلىدىكى تۇرپان يادىكارلىقلىرى»، «قەدىمقى

تۈرك قانۇن ۋەسىقىلىرى»، «قەدىمقى تۈرك شېئىرىيىتى» ؛

**5. رىشات گەنجى:** «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ؛

**6. سىناش تىگىن:** «ئۇيغۇر يېزىغىدا يېزىلغان قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت يەر ھۆججەتلىرى» ؛

**7. ئەھمەت ئاتەش:** «فارابى ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسى» ؛

**8. يۇسۇپ زىيا :** «11 ـ 12 ـ ئەسىرلەردىكى قاراخانىلار ۋە ماۋەرائۇننەھىر ئىسلام ھوقۇقچىلىرى» ؛

**9. كۆپرۈلزادىمۇھەممەت فۇئاد :** «قاراخانىلار ياكى خاقانىيە دۆلىتى» ؛

**10. خەلىل ئىنالچىق:** «قۇتاتقۇ بىلىكتە تۈركى ۋە ئىران يۇرتدارچىلىق نەزىرىيىسى ۋەئەنئەنىلىرى» ؛

**11. ئىبراھىم كافەس :** «قۇتاتقۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدىنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» ؛

## مۇھىم قوشۇمچە :

### خەلقارادىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى ئىلمىي ئورگانلار

1. ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى كۇتۇپخانىسى
2. گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈم
3. پارىژ مىللى كۇتۇپخانىسى
4. ئەنگلىيە بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيى
5. رۇسىيە سان پېتىربورگ مۇزېيى
6. ياپونىيە توكيو دۆلەتلىك مۇزېيى
7. شۋېتسىيە مىللى مۇزېيى
8. ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتورا ئاسىيا ئىلمى جەمىيىتى
9. ئامېرىكا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتى تۈركى تىللار تەتقىقات ئورنى
10. ئامېرىكا ھىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى ئورال ـ ئالتايشۇناسلىق فاكولتېتى ئوتتورا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى
11. ئىستامبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى
12. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى
13. تاشكەنت شەرقشۇناسلىق تەتقىقات يۇرتى
14. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى «ئەبۇرەيھان بىرونى» شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى

بەزى كونكرېت مەسىلىلەرگە ئائىت تېخىمۇ تەپسىلى ئۇچۇر ئىگەللىمەكچى بولغان قېرىنداشلار ھۆرمەتلىك ياۋۇز ئەپەندىمنىڭ تۆۋەندىكى تېمىلىرىنى زىيارەت قىلغايسىلەر:

«غەرپ ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى»

(http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=401)

«ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى »

(http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=226)

تۇران تىكىن:«گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى»

(http://www.orkhun.com/BBS/read.php?tid=59)

مانا شۇنداق .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمدى بىز ئۇبدانراق ئويلۇنۇپ كۆرەيلى ، بۇ ئىنكاس ۋە قىسقا بايانلار زادى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي رولى ۋە كاتتا شان - شەرىپىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىمامدۇ ؟

زادى، ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ مانا شۇنداق يۈكسەك ئىنسانىي خارەكتېرىنىڭ رۇشەن ئىپادىلىنىشىگە ئىمكان بېرىدىغان ئاجايىپ مۇكەممەل ۋە گۈزەل تىل-يېزىق ئىقتىدارى بولمىغان بولسا دۇنيا ئالىم-ـلىرىنىڭ شۇنچىۋالا دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالىشى ، بەلكى يۈكسەك مەدھىيە تۈسىنى ئالغان قىم-ـمەتلىك باھالىرى مەيدانغا كېلىشى مۇمكىنمىدى ؟

زادى ، ئۇيغۇرلارۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىغىنىڭ بىرىلگەندەك مانا شۇنداق يۈكسەك مەدھىيىۋىي باھالار يەنە قايسى مىللەت ۋە قايسى تىل - يېزىققا بىرىلگەن ؟؟؟

بارمۇ ؟؟؟!!!

تارىخ شاھىتكى ، يوق ، يوق ، يوق !!!!!

زادى ، ئەگەر ئۇيغۇرلار مانا ئەنە شۇنداق تەڭداشسىز يۈكسەك قابىلىيىتىنى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇش ئىمكانلىرىغا داۋاملىق ئىگە بولغان بولسا مائارىپ ، مەدەنىيەت ، پەن - تېخنىكا ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە باشقا ساھەلەردە ئىنسانىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشماسلىقى مۇمكىنمىدى ؟

ئەلبەتتە تامامەن مۇمكىن ئىدى!!!

شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن - نىزاملارغا ئومۇميۈزلۈك رىئايە قىلىنىشى ۋە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىغىنىڭ قەدىر - قىممىتى يېتەرلىك ھالدا تونۇپ يېتىلىشى كېرەك.

## 10) ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئۇيغۇر ساتقۇنلار

### (1) ئاسىناشىر

ئەسلىدە ئۇ كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ باتۇر شاھزادىسى ئىدى. كۆكتۈرك خانلىقى مىلادى 583-يىلى غەربى تۈرك خانلىقى ۋە شەرقى تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، مىلادى 626-يىلى شەرقى تۈرك خانلىقى تەۋەسىدىكى 15 كە يېقىن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركى قەبىلىلەر بىرلىشىپ شەرقى تۈرك خانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە شەرقى تۈركلەر خاقانى قارا خاقان بۇ ئىسياننى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاسىناشىر بىلەن ئۆز ئوغلى يوغۇق شاد باشچىلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ماڭدۇردى. ئاسىناشىر ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇر سەركەردىسى ــــ بوسات تېكىن تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇپ بولدى. مىلادى 629-يىللىرى ئاسىناشىر يەنە بىر قېتىم بوسات تېكىن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ ھازىرقى جىمسار ئەتراپىغا كېلىۋالدى. شۇ يىلى شەرقى تۈركلەر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن غەربى تۈركلەر ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىمۇ ئىچكى ماجرا يۈز بېرىدۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان ئەقىللىق ئاسنا شىر غەربى تۈركلەر تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ غەربى تۈركلەر زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئىگەللەپ ئۆزىنى دۇب خاقان دەپ جاكارلايدۇ. دەل شۇ پەيتتە شەرقى تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىنى سىرتاردۇشلار خانلىقى(مىلادى 628~646-يىللار) ئىگەللىگەن. غەربى تۈرك خانلىقىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى ئىگەللەپ ئۆزىنى ئازىراق كۈچلەندۈرگەن ئاسىناشىر شەرقى تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان سىرتاردۇشلار خانلىقىنى ئىگەللەپ شەرقى تۈرك خانلىقىنى قايتا تىكلىمەكچى بولىدۇ. ئەمما بۇ قېتىممۇ قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ

تۇرپانغا چېكىنىدۇ.

تۈركلەرگىمۇ، سىرتاردۇشلارغىمۇ ۋە باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگىمۇ قاتتىق نارازى بولغان ئاسىنا شىر مىلادى 635 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدۇ. ئۇ تاڭ تەيزۇڭنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ سولقانات باقاۋۇللار ئۇلۇغ سانغۇنى دېگەن مەنسەپكە تەيىنلىنىپ خاننىڭ سىڭلىسى نەنياڭ مەلىكىگە ئۆيلىنىدۇ، ئاسناشىرمۇ تاڭ تەيزۇڭغا ناھايىتى ساداقەتمەن بولۇپ خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ.مىلادى 637 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى شەرقتە باش كۆتەرگەن ئۇيغۇرلار ئىتىپاقىدىكى سىرتاردۇشلار خانلىقىنىڭ، شەرقى ـ جەنۇبتا تىبەت خانلىقىنىڭ، غەرپتە غەربى تۈركلەر ۋە غەرپتىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا تاڭ تەيزۇڭ « ياتلارنىڭ قولى بىلەن ياتلارنى يوقىتىش ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە» دېگەن ئەنئەنىگە ئاساسەن، غەربى تۈركلەرنى ئاسىناشىر ئارقىلىق يوقىتىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسناشىرنى غەرپكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلارنىڭ باش سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن غەرپكە يولغا سالىدۇ. ئاسىناشىر ئالدى بىلەن قۇجۇ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغاندا قۇجۇ خانلىقىنىڭ خانى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ. بۇ قېتىم ئاسنا شىر توسالغۇسىزلا ئىدىقۇتنى ئالىدۇ ھەمدە قېينىئاكىسى تاڭتەيزۇڭغا بۇ خوشخەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. ئاسىناشىر چېكىنىۋاتقان ئۇيغۇنلارنى، ئاندىن قومۇلنى، قۇجۇنى بىرلا ۋاقىتتا ئالغاندىن كېيىن، غەربى تۈركلەر جىددى تەدبىر قوللىنىپ كۆسەنگە بولغان كونتروللۇقنى ھەسسىلەپ كۈچەيتكەن، ھەتتا كىنگىت(ھازىرقى قارا شەھەر) خانىنىڭ قىزلىرىغا غەربى تۈرك يابغۇسى چۇلى ئاكا ـ ئۇكىلار ئۆيلىنىپ قۇدىلاشقان. مىلادى 644 ـ يىلى ئاسىناشىر 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ، كىنگىتكە ھۇجۇم قىلىپ ئۆز ـ ئارا ئۇرۇشۇۋاتقاندا غەربى تۈركلەر بىلەن كۆسەن خانلىقى ئاسىناشىرغا قارشى زور قوشۇن چىقىرىپ، كىنگىتنى ماددى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن. يەنە كېلىپ ئاسىناشىر قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ ئۇنى چېكىندۈرگەن. مىلادى 648 ـ يىلغا كەلگەندە تاڭ تەيزۇڭ كۆسەنگە ئىككىنچى قېتىم ئاسىناشىر قوماندانلىقىدىكى 100مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يۈرۈش قىلىدۇ.ئاسنا شىر بۇ قېتىم كۆسەن خانلىقى بىلەن غەربى تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزىۋېتىش ئۈچۈن بىر يۈلىنىش قوشۇنى كۆسەننىڭ شەرقى شىمالىغا ھۇجۇم قىلدۇرغان. دەل ھالقىلىق پەيتتە غەربى تۈركلەرنىڭ يابغۇسى قۇلۇبۇ بىلەن شىخۇي تۈركلەرگە ئۆزلىگىدىن تەۋەلىك بىلدۈرۈپ تاڭ قوشۇنلىرىغا يول باشلىغۇچى بولغان. شۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا ئاسىناشىر بىرقانچە قېتىم ئېلىشىش ئارقىلىق كۆسەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. كۆسەن خانى خېلىبوسبى ۋە باش سانغۇنى جالالىدىن قاتارلىقلارنى تىرىك ئەسىر ئالغان. كۆسەن ۋەزىرى نالى كېچىدە قېچىپ كېتىپ غەربى تۈركلەر تەرەپكە بېرىپ ياردەم سوراپ ھەمدە قالدۇق كۆسەن قوشۇنلىرىنى يىغىپ، كۆسەن شەھىرىنى ساقلاشقا قالغان گوشيۇلۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ كۆسەن شەھىرىنى ئىگىلىۋالغان. بۇنى ئاڭلىغان ئاسىناشىر كۆسەنگە قايتا يۈرۈش قىلغان،بۇ ۋاقىتتا نالىنى كۆسەنلىكلەر ئۆزلىرى تىرىك تۇتۇپ ئاسىناشىرغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئاسىناشىر ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بەش چوڭ شەھەرنى ۋە 70 نەچچە كىچىك شەھەرنى تاڭ سۇلالىسىگە قارام قىلىپ بەرگەن. ئاسنا شىرنىڭ ھاياتى كېچە ـ كۈندۈز تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلىش، تاڭ ھۆكۈمىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش، تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش، چېگرا رايۇنلىرىنى تېنچلاندۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش بىلەن ئۆتكەن. مىلادى 655 ـ يىلى ئاسىناشىر پايتەخت چاڭئەندە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندا تاڭ گاۋزۇڭ ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ جەسىدىنى ۋاڭلىڭ قەبرىستانلىقىغا قويۇپ، قەبرىسى ئۈستىگە ئابىدە تىكلىگەن ① .

## (2) كۈلۈگ باغا

ئۇ، قىرغىزلارغا تۆھپە كۆرسەتكەن ئۇيغۇر سانغۇن. مىلادى 839 ـ يىلى ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىچكى جەھەتتىن نىزا پەيدا بولۇپ، پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە يۈز بەرگەن جۇدۇن ئاپىتىدە ئات ـ ئۇلاغلار، مال ـ چارۋىلار كۆپلەپ ئۆلۈپ ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، خانلىق قىين ئەھۋالدا قالدى، ئۇندىن سىرت ئۇيغۇر قاغانى كىسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى، تۆت ئۇيغۇر خانزادە ئارىسىدا زىددىيەت كۆچىيىپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، بۇ پەيتتە ئۇيغۇر سانغۇنى كۆلۈگ باغا (تېگى قىرغىز)خاككاسلار(قىرغىزلار) تەرەپكە بېرىپ ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىغىنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى چاڭ تۇتقان خاككاسلارنىڭ 100 مىڭ كىشلىك قوشۇنى كېلىپ ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ بارگاھى قارا بالغاسۇننى ئىشغال قىلدۇ(ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنى تۆت خانزادە تۆت تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن پايتەختتە ھېچكىم يوق قورۇق شەھەر ئىدى).ئۇيغۇر خانلىغى ۋەيران بولۇپ بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ ھەر تەرەپكە كۆچۈشكە باشلايدۇ. كىيىن قىرغىزلار ئۇ قورۇق شەھەرنى باشقۇرالماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ دەرھال قايتۇرما زەربە بېرىپ جازالىشىدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنىڭ ماكانىغا قېچىپ كېتىشىدۇ. تاڭ سۇلالىسمۇ بۇ قورۇق شەھەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ياشىغانلىغىدىن سۆز بېسىپ ئۆزلىرنى ئىنتايىن يىراق تۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر پايتەختى قارا بالغاسۇن قۇپقۇرۇق پېتى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇيغۇر خانزادىلەر بولسا، بىرىنچى يۈنىلىش خانزادە ئۇيغۇر خەلقىنى باشلاپ ھازىرقى قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ بۈيۈك قاراخانىلار ئۇيغۇر سۇلالىسىنى قۇرىدۇ، ئىككىنچى يۆنىلىش خانزادە خەلقى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ تۇرپاندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ بۈيۈك ئىدىقۇت ئۇيغۇر سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ، ئۈچىنچى يۆنىلىشتە ماڭغان ئۇيغۇر خانزادە كەڭسۇ (ھازىرقى گەنسۇ) دىيارىغا كېلىپ، ئۇ يەردە بۈيۈك كەڭسۇ ئۇيغۇر سۇلالىسىنى قۇرىدۇ. تۆتىنچى خانزادە بولسا خەلقنى باشلاپ ئەينى ۋاقىتتا تاڭ خانلىقى ئۇيغۇر ئورخۇن ئىمپىرىيىسىگە بوغۇلغان قەرزنى قايتۇرۇېلىش ئۈچۈن تاڭ خانلىغى زىمنى بولغان سەددىچىننىڭ ئىچىگە كىرىپ تاڭ پادىشاھىغا قەرزنى دەرھال قايتۇرۇشقا بۇيرىيدۇ. ئەپسۇس، رەزىل ھىيلىگەر تاڭ خانلىغى ئۇلارغا قەرزنى دەرھال قايتۇرىدىغانلىقنى ئېيتىپ، ئۇلارنى قىزغىن كۈتىۋالغاندەك قىياپەتتە كېچىسى ئۇلارغا زەھەر بېرىپ نامەرتلارچە قەست قىلىپ يوقىتىدۇ.

## (3) ئاپاق غوجا

ئۇ، موڭغۇللارغا يېلىنغان قورچاق غالچا ‹پادىشا› بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ھىدايىتۇللا ئىشان. ئۇ مىلادىيە 1626 ـ يىلى لەنەتتەككۇر دادىسى ئۇيغۇر سەئىدىيە سۇلالىسى تەۋەسىگە پالچىلىق قىلغىلى چىگرا سىرتلىرىدىن كەلگەندە قۇمۇلدا تۇغۇلغان . دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا مىلادىيە 1620 ـ يىلى نەمەنگاندىن قۇمۇلغا كەلگەن . ئاپپاق غوجا مىلادىيە 1638 ـ يىلى ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا ، دادىسى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دادىسىدىن رەسمى سوپى ئىشانلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان . 1667 ـ يىلى دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ يەكەندە « ئىسھاقىيە » مەزھىپىدىكى ئۆزىنىڭ نەۋرە ئەۋلادى بولغان خوجا ئەبەيدۇللا تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئاپپاق غوجا ئۇزلۇكسىز مۇرت كۆپەيتىش ، كۈچ توپلاش ۋە تەسىرى دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى تىغ ئۇچىنى دىنى پائالىيەتتىن ھالقىتىپ، ھاكىمىيەتكە قاراتتى ۋە مىلادىيە 1678 ـ يىلى جۇڭغار ئىشغالىيەتچىلەرنى باشلاپ كېلىپ ، سەئىدىيە خاندانلىغىنىڭ ئون ئىككىنجى سۇلتانى ئىسمائىل خانى ئاغدۇرۇپ ، تارىختا 165 يىل ھۆكۈم سۈرگەن شۆھرەتلىك سەئىدىيە خانلىغىنى بەربات قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭغارىيە ھامىيلىغىدىكى ئاپپاق خوجا خانلىغىنى تىكلەپ، بۇ خانلىققا ئون بەش يىل ھۆكۈمران بولدى.

ئاپاق غوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بۇ دەۋردە ، ئىلگىر كېيىن بولۇپ 11 قىتىم چوڭ قىرغىنچىلىق بولدى. 180 مىڭ ئادەم قىرغىنچىلىقتا ئۆلدى. ئاپاق غوجىغا ۋە ئۇنىڭ ھامىيسى بولغان جوڭغار ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ قاتمۇ ـ قات زۇلۇملىرىغا قارشى 200 قېتىمدىن كۆپرەك خەلق ئىسيانى كۆتۈرۈلدى.

ئاپاق غوجا مانا شۇنداق ئىسيانچىلاردىن ۋە ئۇ يۇرگۈزگەن زوراۋانلىقغا قارشى چىققان تالىپلاردىن يىلىغا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ ، مىلادىيە 1679 ـ يىلى جۇڭغارلارنىڭ كۈچى بىلەن ئىلىغا پالاپ، غالچا يىگىت ۋە غالچا چوكان نامىدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قۇل قىلىپ بەردى.ئۇ يەنە خانلىق يارلىغى چۈشۈرۈپ ، مەسچىت ـ مەدرىسلەرنى خانىقا بىلەن تۈتەكخانىلارغا ئۆزگەرتتى ، قۇرئان بىلەن ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق كىتاپ، مەدەنىي مىراس ۋە تارىخى قول يازمىلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇنىڭغا نارازى بولغان، قارشى چىققان شەرئەت پىشۋالىرىنى، دىنى ئۆلىمالارنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئۆلتۈردى .② ئاپپاق غوجا مىلادىيە 1693 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ بىشىدىكى بىر پەيشەنبە كۈنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى . بىر كېچە ـ كۈندۈزدە يەكەندىن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، ھازىرقى ھەزرەتتىكى ئۆزى بىنا قىلدۇرغان «مازارى شاھان» غا ئاپىرىپ دادىسىنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلىندى.

## (4) نىياز ھېكىم بەگ

پۈتكۈل ئۇيغۇر ئېلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ياتلارنى تازىلاپ ، مۇناپىق خوجىلارنىڭ خەلقىمىزگە سالغان زۇلۇم ـ ستەملىرىدىن جاق تويۇپ، نەپەسمۇ ئالالماس ھالەتكە كېلىپ قالغان ئاۋامنى قايتىدىن قەددىنى رۇسلاش ۋە سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بەل باغلىغان ياقۇپ بەگ (بە دەۋلەت) نى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ساتقىن تۆن بالىسى نىياز ھېكىمبەگمۇ تارىخىمىزدىكى تالاي پاجىئەلەرنىڭ سەۋەپچىسىدۇر. نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىنى شۇنچە ئەتىۋارلىغان ياقۇپ بەگنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن «زوڭتۇڭ دارېن»نىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى ئېلىپ قېلىپ ئىشلەـ ـتىشنى، ھېچ بولمىسا «چەنتو» لارنىڭ يېرىدە پايدا يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، «زوڭتۇڭ دارېن» مىيىغىدا كۈلۈپ، «ئۆز پادىشاھىغا ئاسىلىق قىلغان كىشى ھامان بىز ـ گىمۇ ئاسىلىق قىلىدۇ ،ئۇنى ئاپىرىپ تۈرمىگە تاشلاڭلار!» دەپ تۈرمىگە قامىغان. شۇندىن ئېتىۋارەن نىياز ھېكىمبەگ زىنداندا سۇنىڭ ئورنىدا ھاراق ئىچىشكە، ئوزۇقنىڭ ئورنىدا ئۆزىنىڭ تېنىدىن شىلىۋېلىنغان گۆشتىن قورۇلغان قورۇمىنى يىيىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنداق قىلىپ 25 كۈن بولدى دېگەندە ئۇنىڭ جېنى كۆپ يەرلىرىنىڭ گۆشى شىلىۋېلىنغان، زەي زىنداندا سېسىپ، يىرىڭلاپ، قۇرتلاپ، بەدبۇي ھىد تارقىتىۋاتقان تېنىدىن جۇدا بولغان. ئۇنىڭ ئۆلگىنى مەھبۇسلارغا بورىغا يۆگەتكۈزۈپ كۆتەرتىپ يېڭىشەرنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى بارىن قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ، شۇ پېتى كۆمدۈرىۋەتكەن.

## (5) ئەھمەد مەزىن

ئۇ، ئابدۇقادىر داموللام كېچىدە تەرەت ئالغىلى چىققاندا پىچاقلاپ ئۆلتۈرگەن جاللات.

ئەھمەت مەزىننىڭ ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆلتۈرگەنلىگىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھىندىستاندىكى ئوقۇشىنى تاشلاپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ بۇ دېلۇنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ ئەرز سۇنغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ئەمەلدارلار(ئۆمەربەگ بىلەن زۇنۇن پاششاپلار) شەھەر كاتتىسى تەرىپىدىن سۆڭگۈتۈلگەن ئالتۇن يامبۇنىڭ كۈچى بىلەن بۇ سىرنى ئاشكارلىماسلىقتا ۋەدە بېرىدۇ. ئەھمەت مەزىننىڭ ئۆزىگىمۇ بارلىق جىنايەتلىرىدىن تېنىش كىرەكلىگى، شۇندىلا ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن خالاس بولىدىغانلىغى ئالاھىدە جېكىلىنىدۇ. لېكىن توختىماي قىلىنغان بۇ دەۋادىن زېرىككەن شەھەر كاتتىلىرى ئەھمەت مەزىننى تۆمۈر قەپەزگە سولاپ ئۆرۈمچىگە ماڭدۇرىۋېتىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئىز قوغلىشىپ ئۆرۈمچىگە كېلىپ ئەرز سۇنىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ ئەھمەت مەزىننى ئېتىپ بېرىشنى ئېيتقان بولسىمۇ ئابدۇلئەزىز مەخسۇم بۇنىڭغا قوشۇلماي پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلارنىمۇ جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قاتىل ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ . لېكىن پەردە ئارقىسىدىكىلەر يەنىلا ئاشكارىلانمايدۇ. قەشقەر كاتتىلىرىنىڭ تەلۋى ۋە ۋەدىسى بويىچە ئەھمەت مەزىن سولاقتىن بوشىتىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قويۇپ بىرىلىدۇ. بۇ قاتىل ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا بىر مەزگىل لاغايلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارلىكى كىشىلەرنىڭ تىل ـ ئاھانەت، دەشناملىرىدىن بىر مىنۇتمۇ ئارام تاپالماي، ياقا يۇرتلارغا قېچىپ بېرىپ جان باقىدۇ . روھى جەھەتتىن قاتتىق زەربە يېگەن مەزىن ئاقۋەتتە ئېلىشىپ قېلىپ شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ھەتتا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېيىشكە باشلايدۇ . نەتىجىدە ئەنە شۇنداق ساراڭلىقتا بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆلىدۇ.

1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، سۇيىقەستچىلەرنىڭ نىشانى ئۇنىڭ شاگىرتى سابىت داموللامغا مەركەزلىشىدۇ. . . .

## (6) ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام

ئۇشبۇ شىسەيگە ساداقىتىنى بىلدۈرگەن پەيزاۋات شاپتۇللۇق كىشى بولۇپ، دىنى مەلۇماتى يۇقۇرى بولغاچقا، قەشقەر تەۋەسىدە تەسىرى زور بولغان. لېكىن بۇكىشى سىيى ئۆزىدىن مۇناپىق بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلىش سۇيىقەستىگە قاتناشقان. ئوسمان پاشا بىلەن تۆمۈر شىجاڭنى زىندىيەتكە سىلىپ، ما جەنساڭ ئۇچۇن كەتمەن چاپقان. ئۇ 1934 ـ يىلدىن كېيىن يەنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن ھەم قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان . 1935 ـ يىلى يازدا ئۇرۇمچىگە كېلىپ، ئۆلكە بويىچە ئېچىلغان «ئىككىنچى قېتىملىق ئاۋام كونفىرىنىيىسى» گە قاتناشقان. قايتىپ بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەيگە بولغان ئالاھىدە ئىخلاسى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرگەن ھەم شاڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياستى» نى تەشۋىق قىلغان. 1936 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شېڭ شىسەي قەشقەرنىڭ ۋالىسى ۋاڭ باۋچەنگە تېلېگرام بېرىپ «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولۇش ئۇچۇن سودا ـ سانائەتچىلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىل قىلغانلىقىنى، شۇڭا قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بېرىشى لازىملىقى»نى ئۇقتۇرغان. شېڭ شىسەينىڭ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامدىن پايدىلانماقچى بولىـ ـۋاتقانلىقىنى بىلگەن مەھمۇت شىجاڭ ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىشىغا يول قويمىغان ۋە 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېچىدە ئادەم ئەۋەتىپ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللىنى قەشقەر كونا شەھەرنىڭ ئۆتەڭ بازىرىدا يوشۇرۇن ئولتۇرگۈزىۋەتكەن.

## (7) روزى موللا

ئۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى شىڭشىسەيگە چاقىقان سادىق غالچا. 1933 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئەجەللىك زەربە يەپ، ئۇرۇمچىگە قېچىپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي تۇرپانغا كەلگەندە ، روزى موللا شىڭ شىسەيگە غالچىلىق قىلىپ، ئېشەك مىنىپ ئالدىغا بېرىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى «دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنىۋى تەرغىباتچىسى» دەپ چاقىدۇ. شىڭ شىسەي بۇنى ئاڭلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەپداشلىرى بىلەن باتۇرلاچە قۇربان بولىدۇ .

## (8) ھېكىم نۇر

ئۇ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنى چاقىقان گومنداڭچى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلۇق بۆلۈمىدىن مۇتەللىپنى كۆزىـ ـتىدىغان ئادەملەر ئاللىبۇرۇن تەشكىللەنگەن. شۇ چاغدا ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تەكشۈرىدىغان «ئەپەندى»، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا «ياخشى»، «كاڭجيەن»، جەمئىيەتتە «گاڭبى» دېگەندەك مەخسۇس ئادەملەر بار ئىدى. ل.مۇتەللىپ قاتارلىقلارنى ئاشكارىلاپ قويغان ھېكىم نۇرنىڭ مەخپى ئىسمى «گاڭبى» ئىدى. ھېكىم نۇر شۇ يىللاردىكى ساقچى ئەمەلدارى، ل. مۇتەللىپلەرنىڭ تەشكىلاتىغا

سوقۇنۇپ كىرگەن ئىشپىيون ھەم ل مۇتەللىپىنىڭ قاتىلى ئىدى.

**ئىزاھلار :**

① : ئابلىز مۇھەممەت سايرامى،«سۈي،تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخى شەخسلەر» 65~71 ـ بەتلەر،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل 7 ـ ئاي

② :ئەخەت تۇردىنىڭ «بەختسىز سەئىدىيە» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى،

③ئابدۇۋەلى ئەلى ئەپەندى يازغان«بەدەۋلەت ـ ئۆركەشلەپ ئاققان قايدۇ دەرياسى» ناملىق رومانىنىڭ 11 ـ بابىدىن ئېلىندى.

# 3 . ئاخىرقى سۆز

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

ئەزىز ۋە مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىم!

ئەنە، بۇ كىتاپتا تونۇشتۇرۇلغان كىشلەرنىڭ ھاياتى، پائالىيىتى شۇنداقلا تارىخي ۋەقە ـ ھادىسىلەردىن كۆرگەنىسلەركى:

**1)** بۇ دۇنيا ئاللاھۇ تەئالاغا تەسبىھ، ھەمدۇسانا ئېيتىش ئاساسىدا ئىشلەپ ياشايدىغان دۇنيا. بۇنىڭدىن غەيرىچە ئوي ـ خىياللاردا بولۇپ ياشاش يولى ئىككىلا دۇنيادا خاراپ، ۋەيرانچىلىققا ، خارۇ ـ زارلىققا مەھكۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى قايسىلا ساھەدە ئىزدىنەيلى ۋە نەتىجە قازىنىشقا تىرىشايلى، كىتاپتا نامۇ ـ شەرىپى تىلغا ئېلىنغان ئىسلام ئالىملىرىنى ئۈلگە قىلغان ھالدا تىرىشچانلىق كۆرستىشىمىز كېرەك.

ئەمما كۆپ ئەپسۇس، ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى يىل ـ ئەسىرلەردىكى تەلىم ـ تەربىيە يۆنىلىشىدە ئىسلامى ئاڭ ، ئىدېلوگىيىگە ئىتبار بىرىلمىگەچكە ، ياشاشنىڭ توغرا ـ دۇرۇس يولىنى بىلىش ـ چۈشىنىش جەھەتتە ئېغىر ھالدا قايمۇقۇش، گاڭگىراش ئەھۋالى مەۋجۇت ۋە شۇڭا ئىمان، ئېتىقاتنىڭ قىممىتى ۋە زۆرۈرىيىتى يېتەرلىك ھالدا تونۇپ يىتىلمەيۋاتىدۇ. شۇ جۈملىدىن ئىنسانغا ئىنسانچە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى تولۇق ھەل بولغىنى يوق. بۇ ھال بولۇپمۇ ئەمەل ئەھلىلىرىدە بەكمۇ ئېغىر. ئىجادىيەت ، كەشپىيات ياراتتۇق، دېگەن كىشىلەردىن بەزىلەردە بولسا ئۆزىگە تەمەننا قويۇش، گېدىيىۋېلىش، مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق خاھىشى شەكىللىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ تولىمۇ خەتەرلىك! چۈنكى ئاللاھۇ تەئالا ئۆز زاتى سۈپىتىگە يارىشا بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ دەپ، ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مېھرىبان، شەپقەتلىك بولىشىنى تەۋسىيە قىلدى! «**.... ھەر ـ بىر بىلىمدارنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**بىلمىدار زات بار...»** دەپ، تەكەببۇرلۇق ، چوڭچىلىق قىلماسلىق كېرەكلىكىنى، دېمەككى، ئىنسان ئۆزىنى هەر قانچە ئېقىللىق، بىلەرمەن هېساپلىسىمۇ ، يانىلا ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئالدىدا ئاجىز ئىكەنلىكىنى، پەقەتلا ئاللاھۇ تەئالانىڭ هەممىدىن خەۋەردار، مەدهىيىگە ئەڭ لايىق زات ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شۇڭا، قانچىلىغان ئىمانى ئويغاق، ۋىجدانى قايناق ئالىملىرىمىز يازمىلىرىدا زامان ئاۋالدىلا ئاللاھۇ تەئالاغا هەر جەھەتتىن لايىق بولۇشقا تىرىشقان. كېيىن بولسا ئويغانغان يەنە قانچىلىغان ئالىم، مۇتەپەككۇرلىرىمىزمۇ هىدايەت يولىدا ئىلگىرلەپ، بۇ ساغلام ئېتىقات بىلەن ياشاشنى ئۆزىگە ئالى مىزان قىلغان. شۇڭا مەن، بۇ كىتاۋىمىزنىڭ ئاخىرىدىكى «ئالىملىرىم» ناملىق شېئىرغا هاياجان بىلەن تۆۋەندىكى بىر كۇپلىتنى قوشقان ئىدىم:

ئۆتتى زامان، تۇنۇپ يەتتىڭ ئېتىقاتىنىڭ قىممىتىن،
پۈتمەس بەخت، هۇزۇر تاپتىڭ هىدايەتنىڭ نۇرىدىن .
نى-نى ئىزىم مانا شۇهال بولدى بەربات قەستىدىن،
بۇدۇر نىشان ئاللاھ سۇنغان ئىلمۇ-ئېرپان هىكمىتىن،
پارلاق يولغا دادىل قەدەم تاشلىغان ئالىملىرىم.

2) ئۇيغۇرلار ناهايىتى قەدىمقى زاماندىلا «بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى» نامىدا دۇنيا سەھنىسىگە چىقىپ كاتتا سەلتەنەت سۈرگەن ئۇلۇقۋار مىللەت بولۇپ، يۇرت سوراش، خەلققە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا يولى بىلەن ياشىغان ئەڭ ئادىل، ئەڭ هەققانىي پىسخولوگىيىلىك بىر مىللەتكى، زۇلۇم، خورلۇق بۇ مىللەتنىڭ پىسخىكىسىدا مەۋجۇت ئەمەس، ئاز ساندىكى قېنى بۇزۇق ئازغىندى كىشىلەردىن باشقىلار ساغلام، هالال بولغان ئىنسانى هايات كۆچۈرۈشنى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئالى مىزانى قىلغان.

3) ئۇيغۇرلارنىڭ خارەكتىرىدە تەجاۋۇزچىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق، قىزىلكۆزلۈك، كاززاپلىق خاهىشى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسكى، بۇ تۈردىكى هەر قانداق قىلمىشلارغا سوكۇت قىلىپ قاراپمۇ تۇرمايدۇ، بەلكى ئادالەت-هەققانىيەتچىلىك تۇيغۇلىرى بىلەن مەرت-مەردانە كۆكرەك كىرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ يۇرتنى ، ئىنسانلىق پەزىلەتنى قوغداش يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلىدۇ.

4) ئۇيغۇرلار باشقىلارنىڭ يۈلىشىگە، ياردىمىگە تايىنىپ ياشاشنى قاتتىق ئېغىر ئالىدىغان نومۇسكار بىر مىللەتكى، «ئۆز ئۆزىنىي ئۆزى تېپىپ يېيەلەيدۇ»غان باتۇرلۇق، چەۋەندازلىق خارەكتېرىگە ئىگە.

5) ئۇيغۇرلار هۈنەر-سەنئەت، مەدەنىيەت ساھەسىدە ۋە تۇرلۇك ماهارەت، كۈچ سىنىششلاردا يانىلا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشنى قولدىن بەرمەيدىغان ئەقىل-پاراسەتلىك، چىدام-جاسارەتلىك جەڭگىۋار مىللەت.

6) ئۇيغۇرلار ئىلىم - مەرىپەتتە هەر قانداق دۆلەت ۋە رايوندا ئوقۇسا شۇ يەرلىك تىل ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىلىم - بىلىملەرنى ئىگەللەشتە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ ئوقۇش بىلەن ئوردېن - مۇكاپات دېگەنلەرنى قاتمۇ - قات ئېلىپ تۇرۇپ ئوقىغان ئەقىل - پاراسەتلىك ، چىدام - جاسارەتلىك مىللەت

7) ئۇيغۇرلار ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ساھەلىرىدە هەر قانداق دۆلەت ۋە رايوندا كاتتا نەتىجىلەرنى يارىتىپ ، ئۆلگۈلۈك ، باشلامچىلىق ، ئۇستازلىق سالاهىيتىگە ۋە دۇنياۋىي شان - شۆهرەتكە ئېرىشىپ ماڭغان داهيانە مىللەت !

مانا شۇنداق روهى بىلەن دۇنيادىكى كاتتا مۆجىزىۋىي كەشپىياتلارنى يارىتىشتا هەر قانداق مىللەتتىن ئاجايىپ يۇكسەك ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن مۆجىزىۋىي مىللەت !

8) ئۇيغۇرلار ئاجايىپ مېھرىبان، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ياشايدىغان مېھماندوست، خۇشپېچىم بىر مىللەتكى، بۇنى ئۆز ئىچىدىكى مۇناسىۋەتتىلا ئەمەس، باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىمۇ ئەتراپلىق ئىپادىلەپ، ھەقىقىي ئىنسانى پەزىلەتنىڭ روھى بىلەن ياشاشنى زامان ئاۋالدىلا نامايان قىلىشقا باشلىغان . مانا شۇنداق بولغاچقا سانىسىزلىغان ئالىم-مۇتەخەسسىلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولغان مىللەت.

مۇشۇنداق بولغان ئىكەن، بىز تارىخىمىزدا ئۆتكەن ۋە زامانىمىزدا ياشىۋاتقان بىلىم ئەھلىلىرىمىزنىڭ پىكىر-چۈشەنچىلىرىدىن خەۋەردار بولىشىمىز ، مۇشۇنداق ئەجدات ۋە ئەۋلاتلىرىمىزنى بىلىپ تونىشىمىز كېرەك ئەمەسمۇ؟

زادى بۇ كىتاپتا بايان قىلىنغان شەخس ۋە ھەرىكەتلەرگە سەل قاراشقا ، ھەتتا ئۇنتۇپ قېلىشقا بولامدۇ؟

خەير، ھەر-بىر ئۇستاز، ھەر-بىر ئاتا-ئانا بولغۇچى تەلىم-تەربىيە ئىگىلىرى مىللىتىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەۋلات تەربىيلەشنىڭ مىزانى قىلىشلىرى لازىم، ئەلبەتتە!

# 4. مەنبەلەر

## 1. كىتاپلار :


1) نۇرۇللا مۆئمىن يۇلغۇن: «غەربى يۇرت-تارىخىمىزدىكى خاقانلار» ؛
2) «ئۇيغۇر ئورپە-ئادەتلىرى» ؛
3) «(1)،(2) غەربىي يۇرت تەرجىمە تارىخى» ؛
4) «ئىبنى سىنانىڭ 100 نەسىھەتى» ؛
5) ئابدۇۋەلى ئەلى: «تۇرغاق خوجىلار»، 1 - 2 - قىسىم؛
6) شېرىپ خۇشتار:«شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» ؛
7) «ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر2»
8) «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار» ؛
9) «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت تەبىئىي پەن مۇتەخەسسىلىرى» ؛
10) «ئالىم ۋە ئەدىپلىرىمىز ھەققىدە ھېكايىلەر» ؛
11) «سۇي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر» ؛
12) «قومۇلدىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر» ؛
13) «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى» ؛
14) سىماچيەن «تارىخى خاتىرىلەر» ؛
15) «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» ؛
16) «مەمتىلى ئەپەندى» ؛
17) ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ؛
18) غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ؛
19) ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ؛
20) ئابدۇشۇكۇر تۇردى: «ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ‹لەيلى-مەجنۇن› داستانى توغرىسىدا» ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



21) ئابلاجان مۇھەممەت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2 ـ قىسىم)؛
22)«مەسنەۋى خاراباتى»؛
23)لىيۇڭ قاتارلىقلار: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئۆلۈمى»( خەنزۇچە )
24) «ھىدايەت گۈلزارى» 2 ـ توم؛
25) ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت: «خاراباتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى»؛
26) ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋائى ھەققىدە»؛
27) ئىمىن تۇرسۇن: «شېئىر ۋە شائىر»؛
28) مۇھەممەت قازى ئەيسا: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى»؛
29) « ئائىلە تەزكىرىسى»؛
30) «مۇقام پېشۋالىرى»
31) بايىنغۇلىن تارىخ ماتېرىياللىرى(10 ـ توم)؛
32) سۇپاخۇن سۇۋۇروف: «مەن كەچكەن كېچىكلەر»؛
33) راھىلە داۋۇت : «ئۇيغۇر مازارلىرى»؛
34)ئورخۇن:«ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزلار»؛
35 «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر»؛
36) داۋۇت ئوبۇلقاسىم تەرجىمە قىلغان، مۇسا مۇساۋى (ئىراق) يازغان: «ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە» 6 ـ باب.
37) «فارابىنىڭ تەنھالىق ئىستىگى»؛
38) باتۇر روزى : «شاھ مەشرەپ ھەققىدە» (تارىخى پوۋېست)؛
39) «شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر كىشىلەر» («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژورنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن)؛
40) ھىرودوت ، جورجى ماكاۋلىي تەرجىمىسى : «تارىخ»؛
41) پىررى بىريانت : « كۇرۇشتىن ئالېكساندىرغىچە : پارس ئىمپىرىيىسى تارىخى»؛
42) ئا ئاموستىد :« پارس ئىمپىرىيىسى تارىخى»؛
43) يۇلىي : «مەدەنىيەتلەر تارىخى»؛
44) سوڭ شىنجياڭ : «خۇاشىيا ۋە ياتلارنىڭ ئارىلىششى: دۇنخۇاڭدىكى مىللەتلەر ۋە جۇڭگو غەربىنىڭ ئالاقىسى»؛
45) «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار»؛
46) غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر:««ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»؛
47) ئىمىنجان ئەخمىدى: «شاھ قۇلى ئۇيغۇر»؛
48)«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»؛
49)«سەرخىل ئەسەرلەردىن جەۋھەرلەر»؛
50) ئۆمەر ئوسمان سەبۇرى: «ئۇيغۇر تارىخچىسى ئەبۇلغازى باھادىرخان»؛
51) «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»؛
52) شىرىپ نىياز خۇشتار : «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر»؛

### 2. ژورناللار

1) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»؛

2) «ھىدايەت گۈلزارى»ژۇرنىلى؛
3) «بۇلاق» ژۇرنىلى؛
4) «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى؛
5) «تىل ۋە تەرجىمە » ژۇرنىلى، 2003-يىللىق3-سانى؛
6) «شىنجاڭ ياشلىرى»، 2010 يىل 5-سان؛
7) «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلى؛
8)«كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىلى 1-2-سانى؛
9)«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىللىق 7- سانى؛
10)«سەئىدىيدىن مۇھەممەد كاشغەرىي»(«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»،2010-يىللىق 2-سان)؛

**3. ماقالىلار:**

1) يۇسۇپجان ياسىن: «مۇ مەدەنىيىتى»؛
2) ئابدۇللا تالىپ: «شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتى»؛
3) تۇرسۇن ئەرشىدىن: «لۇتۇن»، «تەڭرىتاغ دىيارىدىكى ئۈچمەس يۇلتۇز»، «ل. مۇتەللىپ»، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى»؛
4) باھارگۈل قادىر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئاياللار ئوبرازى»(«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001- يىل 3- سان)؛
5) گۈلشەن بەسىر: «نەۋايى-نىزارى داستانلىرىدىكى ئاياللار ئوبرازى ۋە ئۇلاردىكى ئوخشاشلىق، پەرقلىرى توغرىسىدا»(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2002- يىل 3-سان)؛
6) ئابدۇرېھىم نىزارى: (مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن نەشرگە تەييارلىغان): «مەھزۇن-گۈلنىسا»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1981-يىل 2- سان)؛
7) ئابدۇرېھىم نىزارى (ئابدۇشۇكۇر تۇردى نەشرگە تەييارلىغان): «لەيلى-مەجنۇن»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1982- يىل 1-سان)؛
8) ئابدۇرېھىم نىزارى (ۋاھاپ ئابدۇرېھىم نەشرگە تەييارلىغان): «رابىيە-سەئىدىن»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1982- يىل 2-سان)؛
9) ئايگۈل مۇھەممەت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئاياللار ئوبرازى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2005-يىل 6-سان)؛
10) كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «زۇنۇن قادىرى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا قوشقان تۆھپىسى»(«ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1997-يىل 30-ئۆكتەبىر سانى)؛
11)خۇرشىدە ئابلىمىت: «زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئايال زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى»(جۇڭگو ئۇيغۇرچە رادىيو تورى)؛
12) مۇرات ھەمرايىف : «زىيا سەمەدى بىلەن تونۇشۇش»(باغداش تورى)؛
13) ئوغۇز مۇراد: «تۇمارىسنىڭ تارىخى روھىيىتى»؛
14) ئابدۇۋەلى ئەلى : « تۇرغاق خوجىلار»
15) غوجائەخمەت يۇنۇس : «چاغاتاي دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى — سەككاكى»؛
16) يۇسۇپجان ياسىن: ««دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى ھەرىپىي ئىشلارغا دائىر مەلۇماتلار»؛
17) ئابدۇلقۇددۇس ھافىز: «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل-يېزىغىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي رولى توغرىسىدا»؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**4. مۇنبەرلەر، تورلار:**

1) يۇلتۇزلار يۇرتى مۇنبىرى؛
2) بەشتاش باللار مائارىپ تورى؛
3) مەرپەت تورى؛
4) باغداش تورى؛
5) ئەلكۈيى تورى؛
6) خوتەن داۋايى تورى؛
7) ئىسلام يولى تور دۇنياسى؛
8) ئەسرىم تورى؛
9) چاكچاك مۇنازىرە مۇنبىرى؛
10) بىلىۋال تورى؛
11) ئۇيغۇر ئىسلام تورى؛
12) «باخشى» توربېتى؛
13) كائىنات مۇنبىرى؛
14) مائارىپچى بىلوگى؛
15) بەشتاش باللار مائارىپ تورى؛
16) ئەلپىدا ئۇچۇر تورى؛

http://bbs.xabnam.com/read.php?tid-88209-keyword-.html
http://www.baxtax.cn
http://www.baxtax.cn/oqutush/meshhurlar/699.html)
http://menzil325.blogbus.com/logs/40637879.html
http://islam.blogbus.com/logs/37823606.html
http://ug.wikipedia.org/wiki/%D8%A6%D8%A7%D8%A8%D8%AF%DB%87%D9%84%D9%84%D8%A7_%D8%A6%D8%A7%D8%A8%D8%AF%DB%87%D8%B1%DB%90%DA%BE%D9%89%D9%85"
www.alpida.com
http://www.berqi.com/bbs/viewthread.php?tid=3338
http://www.uygoogle.com/s.aspx?q=%D8%A6%DB%95%D8%AA%DB%95%D8%A8%DB%95%D8%AA%DB%87%D9%84%DA%BE%DB%95%D9%82%D8%A7%D9%8A%D9%89%D9%82
www.shewqiy.com
http://www.uyghurqamus.cn/uy/read.php?tid=540
http://www.kuktulpar.com/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=1074
http://uyghurbook.com
http://bbs.xjzjxh.com
www.uchur.com
http://uyghur.people.com.cn
http://uyghuracademy.com
http://www.uyghurlar.tv/wp-content/uploads/2011/03/heyitgah.jpg
http://www.baxtax.biz
http://baxtax.biz/tarixweorpadet/tohpikarlar/120.html
http://bbs.bagdax.cn/thread-18498-1-1.html
http://www.baxtax.cn
http://www.baxtax.cn/oqutush/meshhurlar/7627.html
http://www.yanbilog.com/index.php?mid=339
http://lvyou.souezu.cn/youji/2007/200711/56975.html
http://bbs.bagdax.cn/thread-29647-1-5.html